جون تولاند

# ئادولف ھىتلېر

## Adolf Hitler

## — سەرگۈزەشتىلىرى

ئا. بوران تەرجىمىسى

قاربوران نەشرىياتى _ قاراماي

2013

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى كىتاب

ئۈسۈپ يېتىلىش ۋە تەختكە چىقىش جەريانى

ئاپتوردىن ............................................................................... 4
مۇقەددىمە ”دۆمبىمىزدىن پىچاقلاندۇق“ ............................................... 8

## بىرىنچى بۆلۈم ”مەن بىر خىيالپەرەس“

1. ئائىلە جەمەتى ..................................................................... 20
2. ”تۇرمۇش ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈشۈم“ ................................................. 66
3. خۇشاللىقتىن ياياراپ كېتىش ..................................................... 110

## ئىككىنچى بۆلۈم بىخلىنىش دەۋرى

4. بىر سىياسىي پارتىيىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ............................................ 183
5. ”رەھىمسىز ھەم مېھرىبان“ ........................................................ 239
6. پۇۋىخانا ئىسيانى ............................................................... 283

## ئۈچىنچى بۆلۈم تاۋلىنىپ يېتىلىش

7. لاندسبېرگ تۈرمىسىدە ............................................................ 342
8. ھىتلېرنىڭ مەخپىي كىتابى ........................................................ 387
9. تۇغقىنىدىن ئايرىلىش ............................................................ 440

## تۆتىنچى بۆلۈم  قوڭغۇر كۆڭۈلەكلىكلەر ئىنقىلابى

10. ”ئوڭكۇمۇ_چۈشۈم؟“ ............ 486
11. ئۈلنى چىگىتىش ............ 549
12. ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب ............ 614
13. جاسارەتنىڭ زەپىرى ............ 667

## بەشىنچى بۆلۈم  ئىككى يۈزلىمە ئۇرۇش

14. جۆيلۈپ قىلىنغان قەسەم ............ 715
15. ئىنسان نىمە دېگەن ئاجىز مەخلۇق ............ 760
16. يۇرتىغا قايتىش ............ 798
17. تىغ ئۈستىدە ............ 847

# ئاپتوردىن

ئادولف ھىتلېرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىشى ھامان، كىشىلەر بەلكىم بۇ ئادەم يىگىرمىنچى ئەسىر تارىخىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن ئەڭ مەشھۇر ئادەم دەپ تونۇشى مۇمكىن. دېمىسىمۇ، بۇ دەۋردە شۇنچە نۇرغۇن جاننىڭ بېشىغا چىققان، شۇنچە زور غەزەپ-نەپرەتنى پەيدا قىلىۋېتەلىگەن ئۇنىڭدەك يەنە بىرى كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. ئەسلىدە، بۇ ئادەم دەسلەپىدە كەڭ كۆلەملىك ھۆرمەتكە ئېرىشكەن، ئەينى ۋاقىتتا مىليونلارچە ئىنسانلارنىڭ ئۈمىدى ۋە غايىسى ھالىغا كەلگەن بىر كىشى ئىدى. ھىتلېر ئۆلۈپ ئوتتۇز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، مەيلى ئۇنىڭ دوستلىرى ياكى دۈشمەنلىرى ئۇنىڭغا بولغان قاراشلىرىنى تا بۈگۈنگىچە ئاساسەن ئۆزگەرتمەي ساقلاپ كەلمەكتە. بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئۇنىڭ دەۋرداشلىرى بولغان باشقا داھىي كىشىلەردىن روزېۋېلت، چېرچىل، مۇسسولىنى، ستالىن قاتارلىقلارغا بولغان قاراشلىرىمىزنى قايتا-قايتا ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىيەتكە نىسبەتەن ئۇيغۇن ھالغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان بولساقمۇ، بۇ جەرياندا ھىتلېرنىڭ ئوبرازىغا بولغان قاراشلار قىلچە ئۆزگەرمەي ئۆز پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە. يەنى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن سادىق بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قارىشىدا ھىتلېر بىر قەھرىمان، ئاخىرقى غەلىبىيەتكە ئېرىشەلمىگەن ئۇلۇغ قۇتقۇزغۇچى ھېسابلانسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ھىتلېرنى ئۇچىغا چىققان ساراڭ، ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردە ئەڭ ھاماقەت، ئۆزگەرمەس قاتىل؛ ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن بىر قىسىم ئۇتۇقلىرىمۇ پۈتۈنلەي جىنايەت ئىشلەش يولىغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن، دەپ قارىماقتا.

باشقا نۇرغۇنلىغان ئادەملەرگە ئوخشاش ـ مەنمۇ بىر مەزگىل ھىتلېرنىڭ ۋەيران قىلىنىشىغا ئۇچرىغان بىرى بولۇشۇمغا قارىماي، ئۇنىڭ ھەققىدە كىتاب يېزىش جەريانىدا ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بېسىۋېلىپ، ئۇنى، مەن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئەسىرلەر ئىلگىرى ياشىغان ئۆتمۈش تارىخقا ئائىت بىرسى دەپ تونۇپ پۈتۈنلەي بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ تەسۋىرلەشكە تىرىشتىم. مەن بۇ جەرياندا ھىتلېرنى ئەتراپلىق بىلىدىغان، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان ياكى ئۇنى كۆزگە ئىلماي پەس كۆرىدىغان بەكلا كۆپ كىشى بىلەن كۆرۈشتۈم. بۇ كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۇ پاجىئەلىك

ئۆتمۈش كۈنلەر ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنى قەتئىي ئەنسىرىمەي، قىلچە قورقماستىن تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۆتمۈش يىللاردىكىدەك ئۇنداق قورقۇپ (دۆلەت ياكى پارتىيە باشلىقى، داھىي _ ئۇ.ت) دېيىلسىلا كۆز ئالدىغا شۇ قورقۇنچلۇق دەۋرلەر كېلىۋېلىپ بەدەنلىرى شۈركۈنۈپ گەپنى باشقا تەرەپكە بۇراپ دۇدۇقلاپ بىر نېمە دېيەلمەيدىغان روھىي ھالەت بولغان كەلمەسكە كەتكەن ئىدى. مەن ھىتلېرنىڭ ئادىيۇتانتلىرىدىن پۇتكامېر، بېلوۋ، ئېنگېل، گۈنش، ۋۈنش ۋە شۇلز؛ كاتىپلىرىدىن تراۋدىل جيۇڭ، گېردا كرىستئان؛ ئۇچقۇچىسى باۋۇر؛ دوختۇرلىرىدىن گېبىسىك، ھاسسېلباك؛ ئۇنىڭغا يېقىن ئوفىتسېرلاردىن سكورزېنى، رۇدېل؛ ئۇنىڭغا يېقىن ئىنژېنېرلاردىن سپېر، گېيسلېر؛ بىرىنچى نومۇرلۇق ئاخباراتچىسى خانفستاينگىل؛ ھەربىي رەھبەرلەردىن مانىستېيىن، ملىچ، دۆنىتز، مانتېۋفېل، ۋارلىمونتت؛ شۇنىڭدەك يەنە، ئۇ قاتتىق چوقۇنىدىغان ئايالالاردىن لېنى رىيفېنستاخىل، پروفېسسور تروست خانىمى، ھېلېنا خانفستاينگىل خانىم قاتارلىقلار بىلەن ئاز دېگەندىمۇ 250 قېتىمدەك كۆرۈشتۇم. بۇ كۆرۈشۈشلىرىمدىن ئۇنئالغۇغا ئېلىۋالغانلىرىمنىڭ ئۆزىلا نەچچە ئون قېتىمغا يېتىدۇ. بۇ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى ھازىر پارلامېنت كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. كۆرۈشۈش جەريانىدىكى سۆھبەتلەردىن بۇ كىتابقا كىرگۈزگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك سۆھبەت ئىگىلىرى بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى. شۇنىڭدەك، ئۇلار بۇ كىتابتا ئۆزلىرىگە ئالاقىدار يازغانلىرىمغا تۈزىتىش بېرىپلا قالماي، نۇرغۇنلىغان پايدىلىق مەسلىھەتلەرنىمۇ بەردى.

مەن بۇ جەرياندا ھىتلېرنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھۆججەت، دوكلات ۋە مەخسۇس تەتقىقات ماقالىلىرىدىن پايدىلاندىم: مەلۇم بىر ئىستىخباراتچىنىڭ ھىتلېرنىڭ سىڭلىسى پاۋلا بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئا ق ش ئارمىيىسى قارشى جاسۇسلۇق بۆلۈم ئارخىپلىرى؛ 1918-يىلى ھىتلېرنىڭ روھىي كېسەللىكى ھەققىدىكى مەخپىي دوكلاتقا ئوخشاش دۆلەتلىك ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ ئېلان قىلىنمىغان ھۆججەتلىرى؛ ئەنگلىيە ھۆكۈمەت ئارخىپخانىسىدىكى ئېلان قىلىنمىغان ھۆججەتلەر؛ يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان 1924~1925-يىللاردا گيۆرىڭ بىلەن نېگرىللى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا يېزىشقان خەتلىرى _ بۇ خەتلەر ناتسىستلار بىلەن فاشىستلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە يېڭى پاكىتلار بىلەن تەمىنلىمەكتە؛ ھىملېرنىڭ مەخپىي سۆزلىرى؛ ئېلان قىلىنمىغان كۈندىلىك خاتىرىلىرى، نەق مەيدان خاتىرىسى، ئەسلىمىلىرى، شۇنىڭدەك يەنە ھىتلېرنىڭ ئەڭ ياش كاتىپى گىرتىراۋد تراۋدىل جيۇڭ ئەسلىمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەتلەرمۇ بار بولۇپ، بۇ ئەسلىمىلەر نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاشكارىلاپ بېرەلەيدۇ.

مېنىڭ بۇ كىتابىم قانداقتۇر بىرەر كۆزقاراشنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان ئەسەر ئەمەس. ئەگەر بۇ كىتابىمدا ھەر قانداق بىر خۇلاسە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، بۇ تۈر خۇلاسىلەر ئاساسەن كىتاب يېزىلىش جەريانىدا ئۆزلۈكىدىن ئوتتۇرىغا چىققان خۇلاسىلەر بولۇپ، بۇ تۈردىكى خۇلاسىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئەسەرنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق تەرىپىنى يورۇتۇپ بەرگەن دېيىشكىلا بولار. ئالايلۇق: ھىتلېر، مەن ئويلىغاندىنمۇ بەك مۇرەككەپ، بەك زىددىيەتلىك بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرستىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. گراخام گرىين قەلىمى ئاستىدىكى بىر پېرسوناژ مۇنداق دېگەنلىكى ئېسىمدە: "ئەڭ ئۇلۇغ غەلىتە كىشىلەر، ئەزەلدىن پەۋقۇلئاددە ۋەھشىيلىك قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەر بولۇپ، ئەڭ رەھىمسىز كىشىلەر بەزىدە ھەقىقەتەن غەلىتە مىجەزلىك بولىدۇ." چۈنكى، ھىتلېردەكلەر جەننەتتىن مەھرۇم بولغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن دوزاخ يولىنى تاللىۋېلىشقان. ئەسلىدە، ھىتلېرمۇ جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ياخشى- يامانلىق پەرقىنى ئىلغىيالايدىغان بىرى دېيىش مۇمكىن. ئۇ، يەھۇدىيلارنى ياۋروپا قىتئەسىدىن تولۇق تازىلىۋېتىمەن دەيدىغان ئارزۇسىنىڭ قىستىشى بىلەن ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى يەنىلا ئەھلى سىلىپ چەۋەندازى، بىنورمال پەرىشتە؛ پرومېتېيۇس بىلەن لۇسىفېرنىڭ ئارىلاشمىسىدىن پەيدا بولغان ئالۋاستى دېيىشمىز مۇمكىن.

ــ جون تولاند

# بىرىنچى كىتاب

# ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە تەختكە چىقىش جەريانى

# مۇقەددىمە

## ”دۆمبىمىزدىن پىچاقلاندۇق“

1

1918-يىلى ئۆكتەبىر ئېيى ئوتتۇرىلىرىدا، ئىچى ياردار ھەربىيلەر بىلەن لىق تولدۇرۇلغان ئۇزۇن كەتكەن ۋاگونچاتمىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىنقىلابى شوئارلار چاپلانغان پويىز قاتارى، گېرمانىيەنى غەربتىن بويىغا بېسىپ ئۆتۈپ ئىمپېرىيىنىڭ شەرق چېگراسىدىكى بىخەتەر دەپ قارالغان رايونلارغا قاراپ ھارغىن پۇشۇلداپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ۋاگونلار تىزمىسىدىكى نەچچە يۈزلىگەن ياردار ھەربىينىڭ كۆپ قىسمى تېخى يېڭىلا بېلگىيەدە يۈز بەرگەن زەھەرلىك گاز ئۇرۇشىدا زەھەرلىنىپ كۆزلىرى كۆرمەس ھالغا كەلگەن ياردارلار ئىدى. يەنى، 13-ئۆكتەبىر ئاخشىمى برىتانىيە قوشۇنلىرى ئاۋۋال شىددەتلىك توپ-زەمبىرەك ھۇجۇمى قوزغاپ نېمىس ئالدىنقى سەپلىرىنى قاتتىق توپقا تۇتتىدۇ. كەينىدىنلا زەھەرلىك گاز بومبىسى ئاتتىدۇ. بۇ قېتىمقى توپ ھۇجۇمى، گېرمانىيە قوشۇنلىرى باشتىن ئۆتكۈزگەن ئۈچ ئايلىق ئۇرۇشتا تىز سۈرئەت بىلەن پەسكويغا چۈشۈرۈپ قويۇلغان بىر قاتار رەھىمسىزلەرچە زەربىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ شىددەتلىك توپ ھۇجۇمى ئىدى. گەرچە نېمىس قوشۇنلىرى كەينىگە چېكىنىشكە باشلىغان، ئۇرۇش سەپلىرىمۇ ئەگرى-توقاي، ئىلگىرى-كېيىن ھالغا كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا پۈتۈن سەپ بويىچە تارمار قىلىنغان ھېسابلانمايتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىدە ئەڭ ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان قىسىملاردىن بىرى باۋارىيە 16-زاپاس پىيادىلەر بېرىگادىسى ئىدى. ئۇلار تاغ جىلغىلىرى ياكى ئېتىزلىقلاردىكى ئاكوپلاردا بېشىنىمۇ چىقىرالماس ھالغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇرۇش سەپلىرى بۇزۇلۇپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن، ھەممە يەر توپ-زەمبىرەك ئوقلىرى ئويۇۋەتكەن ئازگاللار بىلەن تولغان، پۈتۈن ئۇرۇش سېپى پاتقاقلىق ئىچىدە قالغان ئىدى. پۈتۈن كۈچى بىلەن جەڭ

قىلىپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن جەڭچىلەر ئاكوپلاردا بېشىنىمۇ چىقىرالماي تۈگۈلۈپ يېتىشتىن باشقا قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيتتى. برىتانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئاتقان توپ ئوقلىرى پۇتۇن ئاكوپ ئەتراپىدا يەر يېرىلغاندەك شىددەتلىك گۇمبۇرلەپ پارتلاپ جاھاننى زىلزىلىگە سالاتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئۇ كۆلەردە نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇش سەپلىرىدە ھەر تۈرلۈك ئىغۋالار يامراپ كەتكەن، نۇرغۇنلىغان ھەربىيلەرنىڭ تۈيۈقسىز تۇيپلاڭ كۆتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەر ئاكوپلاردا قۇلاقتىن-قۇلاققا ئۇچۇپ يۈرەتتى. بۇنداق سۆز-چۆچەكلەرنىڭ تارقىلىپ يۈرۈشىمۇ ئەسكەرلەرنى ئۈمىدسىزلە - ندۈرۈپ تېخىمۇ بەك روھىنى چۈشۈرۈۋېتەتتى. بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا كونا ئەسكەرلەر ھېچ نېمە بولمىغاندەك ئەنسىرىمەس، خامۇش ھالدا يۈرۈشسە، يېڭى ئەسكەرلەر قورققىنىدىن ھوشىنى تاپالمايلا قېلىشقان ئىدى.

تۈيۈقسىز، توپ ئوقلىرىنىڭ پارتلىشىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا-چاڭ، بۇرۇننى ئېچىشتۇرىدىغان ئاچچىق گاز پۇرىقى بىلەن قوشۇلۇپ پۈتۈن ئاكوپلارنى تولدۇرۇشقا باشلايدۇ. كىمدۇر بىرى "گاز! بۇ زەھەرلىك گاز!" دەپ ۋارقىرىغىنىچە سەپداشلىرىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئەسكەرلەر تۇنجى قېتىم بۇنداق خاردال گاز پۇرىقىغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. بەزى ئەسكەرلەر ئەتراپتىكى ھاۋانى پۇراپ بېقىپ بۇ پۇراق ئەتىر پۇرىقىغىلا ئوخشايدىكەن دېيىشسە، يەنە بەزىلەر ياق، بۇ قىزىلمۇچ پۇرىقىدەك قىلىدۇدېيىشەتتى. ئەمما ھەممەيلەننىڭ بۇرنى چىدىغۇسىز ئېچىشىشقا باشلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئالدىراپ-سالدىراپ گاز ماسكىلىرىنى تاقىشىپ ھەممە كىشى ئاكوپ بويىدا تامغا قاراپ تۈگۈلگىنىچە گازدىن ساقلىنىشقا تىرىشىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە سائەت ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ گاز ماسكىسىدىن يەنىلا چىدىغۇسىز زەھەرلىك گاز پۇرىقى كىلىپ تۇراتتى. قاتاردا بىر يېڭى ئەسكەر بۇ ھالەتكە دېمى سىقىلىپ بەرداشلىق بېرەلمىدى ئەتىمالىم، گاز ماسكىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ چوڭقۇر نەپەس ئالىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئۆپكىسى شۇ ھامان ئەجەللىك زەھەرلىك گازغا تولۇپ تولغۇنۇپ يىقىلىپ چۈشىدۇ.

"زەھەرلىك گاز ئۆپكىسىنى تولدۇرۇشى ھامان، ئۇ ئەسكەرنىڭ ئېغىزىدىن ئاپئاق كۆپۈك چىقىپ تۈگۈلۈپ بىر ھازا خارقىراپ ياتقاندىن كېيىن جېنى چىقىپ جىمىدى" دەيدۇ بىر سەپدىشى شۇ ۋاقىتنى ئەسلەپ كىلىپ. تاڭ سەھەرگە يېقىنلاشقىنىدىلا زەھەرلىك گاز پۇرىقى ئاستا-ئاستا تارقىلىپ ھاۋامۇ قايتا تازىلىنىشقا باشلايدۇ. ئەمما بۇ چاغدا دۈشمەن توپ ئېتىشى قايتىدىن باشلىنىپ كېتىدۇ. جەڭچىلەر ماسكىلىرىنى چىقىرىپ سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىشىدۇ. "شۇنىڭغا قارىماي ھاۋادا يەنىلا خاردال پۇرىقى تۈگىمىگەن ئىدى. _ دەپ يازىدۇ بىر بىر ئەسكەر ئەسلەپ كېلىپ، _ ھاۋادا

خاردال گاز پۈرىقى بىلەن قوشۇلۇپ يەنە كۆچلۈك پارتلىغۇچى دورا پۇرىقمۇ پۇراپ تۇراتتى. ئەمما بىز ئۆچۈن پارتلاتقۇچ پۇرۇخنىڭ پۇرىقى خاردال پۇرىقىغا قارىغاندا جەننەتنىڭ ھاۋاسىدەك مەززىلىك بىلىنەتتى.“ بۇنداق ساپ ھاۋالىق ھالەت ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. بۇ چاغدا دۈشمەن تەرەپ تېخىمۇ ۋەھشىيلىك بىلەن ئالدىن پەرق قىلىش پۈتۈنلەي مۇمكىن بولمايدىغان بىر شەكىلدە نەپەسنى بوغىدىغان گاز ھۇجۇمىنى قايتا باشلاپ، ھاۋانى يېڭىدىن خاردال ۋە نىترىت پۇرىقى بىلەن توشقۇزۇۋېتىدۇ. گاز ماسكىسى تاقاشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەر، خۇددى ھېلقى يېڭى ئەسكەرگە ئوخشاش تىك چۆشۈپ بىر ھازا خارقىراپ ياتقاندىن كېيىن جان بېرىدۇ. تەلىيى ئوڭ كېلىپ ساق قالغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆزى كۆرمەس قارىغۇ بولۇپ كېتىدۇ. ئارىدىن بىرىنىڭ كۆزى يەنىلا ئاز-تولا بىر نەرسىلەرنى ئىلغىيالىغۇدەك غۇۋا كۆرەلەيتتى. ئۇ ئەسكەر قالغان سەپداشلىرىغا، ھەممىڭلار بىر-بىرىڭلارنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ كەينىمدىن مېڭىڭلار، مەن سىلەرنى بۇ يەردىن قېچىپ قۇتۇلۇش يولىغا باشلاپ ماڭىمەن، دەپ ۋارقىرايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەسكەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سوڭدىشىپ ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ يۇرۇپ يولغا چىقىدۇ. چالا كۆرىدىغىنى تولۇق قارىغۇ بولۇپ قالغانلارنى يېتىلىگىنىچە ئەڭ يېقىندىكى جىددىي قۇتقۇزۇش پونكىتىغا ئېرىشالىدۇ. بۇ زەھەرلىك ئەججەل ئىلكىدىن قۇتۇلغاان ئەسكەرلەر ئارىسىدا 29 ياشلىق بىر ئون بېشى (گېفرېيتېر، يەنى مىلادشىي سېرژانت ــ ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن، يەنى ــ ئۇ.ت) بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئادولف ھىتلېر ئىدى.

ھىتلېر ياتقان پويىز تىنماي شەرققە قاراپ تاراقلاپ كېتىۋاتاتتى؛ ئۇنىڭ ھەر ئىككىلا كۆزى ھېلىغىچە ھېچ نېمىنى كۆرەلمەيتتى. بۇ چاغدىكى ھىتلېر روھى چۈشكۈن، ھارغىن، پۈتۈنلەي تۈگەشكەن بىر ئەھۋالدا ئىدى. باشقا زەھەرلەنگەنلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئىككى كۆزى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن، يۈز-كۆزىمۇ تۇلۇمدەك ئىششىپ يۇمىلاق كاۋىدەكلا بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ گەپ قىلغاندىكى ئاۋازىمۇ خۇددى ئالۋاستىنىڭ ئاۋازىدەك بەكلا غەلىتە بۇغۇلۇپ چىقىپ، دېگەن گېپىنى زادىلا ئۇققىلى بولمايتتى. ئۇلار ھەققەتەنمۇ قورقۇنچلۇق ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئەگەر بىرەر سىبستىرا كېلىپ ئۇلارغا ياردەم قىلمىسا دېسمۇ ۋارقىراپ-جارقىرىشىپ ئۇلارنى يېقىن يولاتمايتتى. ئۇلار بىرنېمە يېمەيتتى؛ بىرنېمە ئىچىشكىمۇ ئۇنىمايتتى؛ دوختۇرلارنىڭ كېلىپ يىرىڭلاپ كەتكەن كۆزلىرىنى تەكشۈرۈشكىمۇ يول قويۇشمايتتى؛ دوختۇرلار ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ، كۆزۈڭلار تىز ئارىدا ساقىيىپ قايتىدىن ئەسلىگە كېلىدۇ، دەپ شۇنچە يالۋۇرسىمۇ كار قىلمايتتى؛ ئۇلار، شۇنچە يىلدىن بېرى ئاقماي قىلىنىپتىمىز دەپ زارلىنىپ دات-پەريات قىلىشاتتى.

ئۇلار، ئەمدى جىمجىت يېتىپ تەقدىرگە تەن بېرىشىمىزگە، ئازابتىن قۇتقۇزغۇچى ئەزرائىلنىڭ جېنىمىزنى ئېلىشقا كېلىشىنى كۈتۈشىمىزگە، يەنى ئۆلۈم ئارقىلىق بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشىمىزغا يول قويۇڭلار دەپ دوختۇرلارغا يالۋۇرىشاتتى.

شۇنىڭدىن ئۇن بەش يىل كېيىن ئىمپېرىيىنىڭ بىردىن-بىر داھىيسىغا، يەنى فۇھرېرى ئورنىغا كۆتۈرۈلىدىغان بۇ ئۇن بېشى، بۇ مىلادشىي سېرژانت، پۈتۈن ۋۇجۇدى چىدىغۇسىز ئاغرىق ئازابى چېكىپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پېتىپ ياتقان بۇ روھسىز ئەسكەر، بۇ كۈنلەردە گېرمانىيەنىڭ قايسى دەرىجىدە تارمار كەلتۈرۈلگەنلىكىدىنمۇ خەۋىرى يوق ياتاتتى. بۇندىن تۆت يىل ئاۋۋال، نېمىس قوشۇنلىرى تۇنجى قېتىملىق كۈچلۈك ھەربىي قۇۋۋەت بىلەن ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بىلگىيە، فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيە قوشۇنلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن ۋاقىتدا ھىتلېر تۇرۇۋاتقان بىرگادا، يەنە شۇ يەردە تۇنجى قېتىم قانلىق جەڭگە قاتناشقان، بىر ھەپتىگە قالماي مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە چىقىمغا ئۇچراپ، قىسمىنىڭ 80 پىرسەنتكە يېقىن ئادىمى جەڭدە ئۆلگەن ئىدى. شۇ چاغدا جەسۇر ئەسكەر ھېسابلانغان ھىتلېر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنچىلىك چىقىم مەيۇسلىنىشكە ئەرزىگۇدەك پاجىئە ھېسابلانمايتتى. ئەكسىچە بۇ ئەھۋال نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق ئىرادىسىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىلا كۆرسىتەلەيتتى، خالاس. شۇ چاغدا ھىتلېر ميۇنخېندىكى ئۆي خوجايىنىغا يازغان خېتىدە ”... مەن سىزگە غۇرۇر بىلەن شۇنى بىلدۈرىمەنكى، جەڭگە كىرگەن بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا بىزنىڭ قىسمىمىز ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى، يەنى قىسمىمىزدىكى ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇرۇشتا باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ قۇربان بولدى، بىزنىڭ روتىدا مەن بىلەن قوشۇلۇپ ئارانلا ئىككى نەپەر سېرژانت ساق قالدۇق. ئۇرۇش ئالتىنچى كۈنگە كەلگەندە قىسمىمىزدىكى 3600 نەپەر ئوفىتسېر-جەڭچىدىن ئارانلا 611 نەپىرىمىز ساق قالدۇق.“

شۇ كۈنلەردە، نۇرغۇنلىغان نېمىسلار شاد-خۇراملىققا چۆمگەن ھالدا، مانا بۇ گېرمانىيەگە خاس تېئوتونلارچە قەھرىمانلىق، دېيىشكەندى. شۇنداقتىمۇ، ئايلار كەينى-كەينىدىن قوغلىشىپ ئۆتمەكتە، ئۇرۇش زېرىكىشلىك تىركىشىش ئۇرۇشى بولغان ئاكوپ ئۇرۇشىغا ئايلانماقتا ئىدى. ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى بىر-بىرىگە خىرىس قىلىپ ياتقان، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئادەمسىز خارابە بوشلۇق، پەقەت قايسى بىر تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ سېپىنى بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولۇپ ئاتاكىغا ئۆتكەندىلا توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇراتتى. ھەر چاقىرىملىق ئىلگىرىلەش، ھەتتا ھەر قەدەم ئالغا سىلجىش ئۈچۈنمۇ مىليونلارچە ئەسكەر ئۆلۈپ يارىلىنىشىدەك ئېغىر بەدەل تۆلەشكە مەجبۇرلىناتتى. شۇڭا،

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىكىدەك ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى ئۇنداق كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتلار ئاستا-ئاستا يوقالغان. مەغلۇبىيەتچىلىك قارىشى بىلەن ئۈمىدسىزلىنىش روھى ھالىتى خۇددى كۈسۈتكىدەك ئەسكەرلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ يوشۇرۇنچە ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىق ئىرادىسىنى غاجىلاپ خوراتماقتا ئىدى. ۋەتەن ئىچىدە بولسا، ئېنگلىزلارنىڭ قامال قىلىشى تۈپەيلىدىن ئاساسلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ تەمىنلىنىشىمۇ ئۈزۈلۈپ قالغان، ئاچارچىلىق، ئازاب-ئوقۇبەتلەر نېمىس خەلقى ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە يامرىغان ئىدى. ئۇرۇش ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى يىلىغا كىرگەن ۋاقتىدا بولسا، نېمىس ئارمىيىسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ پىكىر-خىيالى غەلىبىنى كۆزلەش ئورنىغا قانداق قىلىپ جېنىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۆزگەرگەن ئىدى. ئەسكەرلەر ئالىي قوماندانلىق شىتابىدىكىلەرنىڭ دۆتلۈكىدىن زارلىنىپ، داۋاملىق ئۇرۇشۇشنىڭ قىلچە پايدىسى يوقلۇقىنى ھەر يەردە سۆزلەپ يۈرۈشەتتى. ھىتلېرغا ئوخشىغان ئاز ساندىكى بىر قىسىم كوماندىر-جەڭچىلەر بولسا، بۇ تۈردىكى مەغلۇبىيەتچىلىك قاراشلىرىغا پەرۋايى پەلەك، مېيىغىدا كۈلۈپلا قويۇشاتتى. گەرچە ھىتلېرمۇ ئىزچىل تۈردە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بولۇشىغا قارىماي ھازىرغىچە يەنىلا شۇ ئون بېشى دەرىجىسىدە قالغان ئىدى. ئۇ، قىسىمدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالماي يۈرگىنىگە قارىماي بۇنىڭدىن بەك مەيۈسلەنگەندەكمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ھەر دائىم ۋارقىراپ-جارقىراپ سەپداشلىرىنى تەنقىدلەپ يۈرگىنى يۈرگەن، ”ۋەتەندىن زەھەر تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەنلەر“ دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن يېڭى ئەسكەرلەردىن بەكرەك يامانلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بىر سەپدىشىنىڭ دېيىشىچە، ئەگەر بىرەرى چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكۈدەك بولسا، ”ئۇ شۇ ھامان ئىككى قولى يانچۇقىدا ۋارقىراپ، ئالدى-كەينىگە ماڭغىنىچە ئۈمىدسىزلىكنى تەرغىب قىلغۇچىلارنى تىللاپ كېتەتتى.“

ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پېتىپ قالغانلار ھىتلېرنىڭ قاقشىغىنىدەك راستىنلا خاتالاشتىمۇ قانداق، 1918-يىلىغا كىرىشى بىلەن 4 يىلدىن بېرى ئىزچىل تۈردە بىر يەرگە مىخلىنىپ مۇداپىئەدە ياتقان نېمىس قوشۇنلىرى، غەرب ئۇرۇش سېپىنىڭ تۇرغۇن ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا قارىماي ئۆزىنى ئوڭشاپ يەنە بىر قېتىملىق ئومۇمى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. شۇڭا غەرب ئالدىنقى سەپلىرىدە تىركىشىپ تۇرۇپ قالغان باشقا ئۇرۇش سەپلىرىدىمۇ نېمىس قوشۇنلىرى ئومۇمى يۈزلۈك غەلىبە قازىنىدۇ. نەتىجىدە سېربىيە، رۇمىنىيە، ئاخىرىدا رۇسىيە قاتارلىق ئەللەر نېمىسلارغا تىز چۆكىدۇ. رۇسىيە، نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئىچكى قىسىمدىكى ئىنقىلابقا بويۇن ئېگىدۇ. نېمىسلار، يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان سوۋېت

ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىشىپ، ئۇكرائىنانىڭ بىر مۇنچە تۈزلەڭلىكلىرىنى _ ياۋروپانىڭ بولكا ئامبىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. شەرق ئۇرۇش سېپىدىكى دۈشمەن كۈچلىرى پۈتۈنلەي تارمار كەلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، نېمىس قوشۇنلىرى شەرق ئۇرۇش سېپىدىن غەربتىكى ئۇرۇش سېپى فرانسىيەگە بىر مىليون كىشىلىك ئەسكەر يۆتكەيدۇ. ئۇلار بۇ تولۇقلانغان ھەربىي كۈچكە تايىنىپ فرانسىيە ئۇرۇش سېپىدىكى تىركىشىش ۋەزىيىتىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئومۇمى يۈزلۈك ھەل قىلغۇچ ھۇجۇمغا ئۆتۈش تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابىدا باشقىلارغا قارىغاندا گېنېراللىق دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن بولغىنىغا قارىماي ئەڭ مۇھىم ئادەم ھېسابلىنىدىغان گېنېرال ئېرىك ۋون لۇدېندورف تەرىپىدىن ”ئىمپېراتور ئوپېراتسىيىسى“ دەپ نام بېرىپ پىلانلانغان ئومۇمى يۈزلۈك ھۇجۇم ھەرىكىتى باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

شۇ يىلى ئەتىيازدا نېمىس قوشۇنلىرى 4 قېتىم كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە كۈچلىرىنى ئىلگىرى-كېيىن چېكىنىشكە مەجبۇرلايدۇ. جان تۇمشۇققا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەسكىرى قالغۇچە جەڭ قىلىش بۇيرۇقى ئېلان قىلىدۇ. 15-ئىيۇل كۈنى، ھەل قىلغۇچ جەڭ رېيم شەھەر ئەتراپىدا باشلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇش چوقۇم كىمنىڭ يېڭىپ كىمنىڭ يېڭىلىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بىر ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى ھەر ئىككىلا تەرەپكە ئېنىق ئىدى. ”ئەگەر مەن رېيمغا ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئالالىسام، _ دەيدۇ لۇدېندورف، _ بۇ ئۇرۇشتا بىز غەلىبە قىلغان بولىمىز.“ ئىتتىپاقداش قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى مارشال فېردىناند فوكمۇ دەل شۇنداق قاراشتا ئىدى. گېزىت خەۋەرلىرىدىن قارىغاندا، بۇ مارشال مۇنداق دېگەن: ”ئەگەر نېمىس ئارمىيىسى رېيم شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى قولغا چۈشۈرەلىسە، بۇ ئۇرۇشتا بىز يېڭىلگەن تەرەپ بولۇپ قالىمىز.“ ئەمما نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ زاپاس قىسىملىرى قالمىغان، ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى بولسا، ئامېرىكا دېۋىزىيىلىرى بىلەن كۈچەيتىلىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ قورال-يارىغى بىلەن يېمەك ئىچمىكىمۇ ئا ق ش دىن ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، نېمىس ئارمىيىسىنىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

نېمىس قىسىملىرىدا ئەسكەردىن قېچىش ئەھۋالى بەكلا ئېغىر ئىدى. كىشىلەر ھەممىلا يەردە توپىلاڭ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھەققىدە سۆزلىشىپ يۈرەتتى. ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئامىيېنس ئەتراپىدا تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. بۇ ھۇجۇمدا نېمىس قوشۇنلىرى بىرەر پاي ئوق چىقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي پۈتۈن سەپ بويىچە تارمار بولىدۇ. بەزى يەرلەردە پەرىشان بولۇپ چېكىنگەن قوشۇنلاردىن بىر قىسمى قارشى

تەرەپنىڭ بىرەر ئەسكىرىگە ئۇچراپ قالسىلا دەرھال قول كۆتۈرۈپ بىرلىكتە ئەل بولىدىغان غەلىتە ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. كەينىگە چېكىنىۋاتقان قىسىملار ئالدىنقى سەپكە قاراپ كېتىۋاتقان ياردەمچى ئەسكەرلەرگە قاراپ ”بۇزغۇنچىلار!“ دەپ ۋارقىراشقانلىقىنى ھەر دائىم ئاڭلاش مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئىشلار بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. نېمىس قوشۇنلىرى كەينىگە چېكىنگىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىلىرى يەنىلا جايىدا ئىدى. ئەگەر شۇ كۈنلەردە مەغلۇبىيەت قارشىدا بولغانلارنى بىردە-يېرىم ئادەم دەپ قارىغىنىمىزدا، ھەربىيلىك ۋەزىپىسىگە سادىق ئەسكەرلەر يەنىلا يۈزلەپ-مىڭلاپ تېپىلاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ۋەتەن ئىچىدىكىلەر تەدرىجىي شەكىلدە ئىشەنچىنى يوقاتماقتا ئىدى. ئىش تاشلاش ۋەقەلىرى دولقۇنسىمان يامراپ، شەھەر ئىچىدىكى رادىكال سوتسىيالىستلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ئىنقىلاب تۇغرىلىق بەس-مۇنازىرە ئىچىگە پېتىپ قالغان ئىدى. ھىتلېرغا ئوخشاش جاھىل ئۇنسۇرلارغا تەۋە كىشىلەر بولسا بىخەتەر، بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىمىغان ئارقا سەپتىكىلەر، شۇنىڭدەك ئۇ يەردىكى سەپتىن چۈشۈپ قالغانلار، مەنسەپ پەرەس پۇرسەتچىلەر، يالغان كېسەل بولۇۋېلىپ ۋەزىپىسىدىن قاچقانلار، ۋەتەن ساتقۇچلار، شۇنىڭدەك يەنە گېرمانىيە دېگەن بۇ ۋەتەننى سۆيۈپمۇ كەتمەيدىغان، ئۇنىڭغا ھۆرمەتمۇ قىلىپ كەتمەيدىغان يەھۇدىيلار ۋەزىيەت ئېغىرلاشقىنىدا جەڭ قىلىۋاتقان ئالدىنقى سەپتىكىلەرنى سېتىۋەتتى دەپ قارىشاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ھەقىقىي قورقۇنچاق لۈدېندورفنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. مەمۇرى ئەمەلدارلارنى زورلاپ ھۆكۈمەتنى تىنچلىق شەرتنامىسىگە قول قويدۇرۇشقا ئۈندەپ كەلگەن ئادەممۇ يەنە شۇ لۈدېندورف ئىدى.

گەرچە ۋاقىت قولدىن كەتكەن بولسىمۇ، ھىتلېرغا ئوخشىغان قاتتىق قول كىشىلەر ئاخىرغىچە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلا بولساق، غەلىبە قازىنىشتىن يەنىلا ئۈمىد بار، چوقۇم چارە تېپىلىدۇ دەپ قارىشاتتى. ئۇلار، ئالدىنقى سەپلەر تېخى تولۇق تارمار قىلىنغىنى يوق، كەينىگە چېكىنىشلەرمۇ يەنىلا ئىنتايىن تەرتىپلىك داۋام قىلىۋاتىدۇ دېگەننى باھانە قىلىشىپ، مەغلۇبىيەت ئىچكى قىسىملاردىن كەلمەكتە، مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلار دەل شۇ پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ ئەمەلدارلىقتا كۆز تىككەنلەر، يالغان كېسەل بولۇۋېلىپ مەسئۇلىيەتتىن قاچىدىغانلار ھەمدە يەھۇدىيلار، دېيىشتە چىڭ تۇراتتى.

ھىتلېرنىڭ شۇ كۈنلەردە قارىغۇلارچە چىڭ تۇرۇپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن غالىبىيەت خىيالىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قەتئىي ئىككىلەنمەي ھىمايە قىلىپ كېلىۋاتقان ھاكىمىيەتنىڭ يىمىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقى، كىشىنى قاتتىق ھەيران قالدۇرىدىغان بىر شەكىلدە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىش خىيالىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرمەكتە ئىدى. ئەسلىدە ئۇ ۋاقىتلاردىكى ھىتلېر تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگەن دۇنيا، كونا خانىدانلىقلارنىڭ ئەۋلادى بولغان كىشىلەر، يەنى ئېسىلزادە-ئاقسۆڭەكلەرلا ھاكىمىيەت يۈرگۈزەلەيدۇ دەيدىغان قاراش ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر دۇنيا ئىدى. يەنى بارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار، دىپلوماتىك ۋەزىپىلەر، شۇنىڭدەك ئارمىيە ئىچىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان ئورۇنلارنىڭ ۋەزىپىسى پۈتۈنلەي كونا ئاقسۆڭەك سۇلالىسىدىن كەلگەن ئېسىلزادە كىشىلەر تەرىپىدىن، ئالاھىدە يۇقىرى تەربىيە كۆرگەن، مەدەنىيەتلىك ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ئۈستىگە ئېلىنغان بولىشى كېرەك دەپ ئويلايتتى. ئەمما بۇ قېتىمقى ئۇرۇش، ئۇنىڭ بۇنداق قاراشلىرىنى پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. ئاكوپلاردا ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدىن كەلگەنلەر بىلەن تۆۋەن تەبىقىلىك كىشىلەر ئوخشاش شارائىتلاردا مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ بىرلىكتە جەڭ قىلالىغانلىقىنى، ئاقسۆڭەكلەر سۇلالىسىگە مەنسۇپ كىشىلەرلا ئۈستىگە ئالالايدۇ دەپ قاراپ كېلىنگەن نۇرغۇنلىغان مۇھىم ۋەزىپىلەرنىمۇ تەدرىجىي شەكىلدە ئادەتتىكى كىشىلەر ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئۈستىگە ئېلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ.

ئەسلىدە، پۈتكۈل ياۋروپادا خان جەمەتىدىن بولغان ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ئىسمى بار جىسمى يوق ھوقۇقدارلار ئىدى. قىلچىمۇ نامى يوق ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدىمۇ خۇددى ھىتلېرغا ئوخشايدىغان ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى بەرپا قىلالايدىغان كىشىلەر يېتىشمەكتە ئىدى. بۇ تۈر كىشىلەر دەسلەپىدە بەكلا ئادەتتىكىچە ياشاپ كەلگەن، ھەتتا بەكلا پاسكىنا مۇھىتلاردىن كەلگەن كىشىلەر بولۇشىغا قارىماي، ئۇنداق ئادەملەر خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇرۇشقا قارشى شىددەتلىك ھەرىكەت دولقۇنلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ سەلدەك يېتىپ كەلمەكتە ئىدى. خەلق ئاممىسى كىشىلەرنىڭ كىم ئۈچۈن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان قانداقتۇر بىر غايىنى دەپ ئۆزىنى پىدا قىلىدىغان بۇ ئۇرۇشقا قارشى تۇرالايدىغان ھالغا كەلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسىغا يېتەكچىلىك قىلالىشىنىڭ سىرى ئىدى.

پويىز، ھىتلېر ئولتۇرغان ۋاگوننى سۆرەپ پومېرانىيە شتاتىنىڭ كىچىك بىر شەھىرى ھېسابلانغان پاسېۋالك دېگەن شەھىرىدىكى بىر ھەربىي دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان

ۋاقتىدا، ھىتلېرنىڭ بەدىنىدىكى قاتتىق ئاغرىق، روھى جەھەتتىكى يىمىرىلىش ئۇنىڭ كاللىسىدىكى يوْكسەك غايىلىرىنى پۈتۈنلەي توزۇتۇۋەتكەن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزى بىر قانچە ھەپتىلىك داۋالاشتىن كېيىن تەدرىجىي شەكىلدە ساقىيىپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىمۇ ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلايدۇ. كۆز پەردە ياللۇغى يوقىلىشقا باشلاپ، ئىككى كۆزىدىكى ئىششىقلار يېنىپ، كۆز چانىقىدىكى چىدىغۇسىز ئاغرىقلارمۇ پەسىيىشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ساقىيىپ "ئاستا-ئاستا ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى پەرق قىلالىغۇدەك" ھالغا كەلمەكتە ئىدى. شۇنداق قىلىپ ھىتلېرنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭدىكى ئۈمىدسىزلىك روھى ھالىتىمۇ ئاستا-ئاستا يوقىلىشقا باشلايدۇ. ئەسلىدە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتى نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىرى، نېرۋا كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى پروفېسسور دوكتور ئېدمۇند فورستېرنىڭ مەخسۇس داۋالىشى نەتىجىسىدە، دىئاگنوزدا كۆرسىتىلگەن زېھنى چېچىلىش كېسىلىمۇ تولۇق ساقايغان ئىدى. دوختۇر فورستېر، خاردال گازى ھەققىدە تولۇق مەلۇماتى يوق بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېرغا قويغان دىئاگنوزىدا ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قېلىشى ھىستىرىيىلىك (ھىستېرىيە سۆزى ئەسلىدە ئاياللار جىنسى يولىغا خاس كېسەللىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئېغىر روھى جىددىيلىشىش ئالامىتى ئۈچۈن بېرىلگەن بىر ئىسىم بولسىمۇ، كېيىن بۇ ئىسىم بارلىق روھى بۇزۇلۇش ھادىسىلىرى ئۈچۈن ئورتاق ئاتالغۇ ھالىغا كەلگەن، ئېغىر نېرۋا ئاجىزلىق، ئۈمىدسىزلىك، قاتتىق تېرىككەك، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تۇيۇقسىز پارتلاپ كېتىش قاتارىدىكى پسىخولوگىيىلىك كېسەلنى كۆرسىتىدۇ. _ ئۇ.ت) بىر ئالامەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ئوتتۇرىغا چىققان ھادىسە دەپ قارىغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ھىتلېرنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى يەنىلا ئىزاھلاش مۇمكىن بولمىغان ئالاھىدە بىر ئەھۋال دېيىش كېرەك. شۇنداقتىمۇ بۇ كېسەللىكنىڭ ساقىيىپ كېتىشى، بۇ دوختۇرنىڭ دىئاگنوزىنىڭ بىردىن-بىر توغرا دىئاگنوز دەپ قوبۇل قىلىنىشىغىمۇ سەۋەب بولۇپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ھىتلېر ئەسلىدە خاردال گازى تەرىپىدىن يەڭگىل زەھەرلەنگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىگە ئىگە ئىدى: قىزىتمىسى ئۆرلەش، قىزىرىپ ئىششىپ كېتىش، تىنماي ئىگراپ چىقىش، ئۈمىدسىزلىنىش ۋە شۇنىڭدەك بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە تۈزۈلۈپ كېتىشى قاتارلىقلار، يەڭگىل زەھەرلىنىشنىڭ ئالامەتلىرى ئىدى.

كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ھىتلېرغا يېڭىدىن ئۈمىدۋارلىق بەخش ئېتىپ، نۆۋەتتىكى ھەر تۈرلۈك ۋەقەلەرگە بولغان قىزىقىشى قايتا ئەسلىگە كېلىشكە باشلايدۇ. ئۇ كۆڭلىدە بېرلىن ئەمەلىيەتتە ئۇرۇشقا قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي قورشاۋغا

ئېلىنغان بولۇپ، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش مىنىستىر گېرمانىيە ئىمپېراتورىنى تەختتىن چۈشۈشكە قىستاش ئارقىلىق ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە قول قويۇشقا شارائىت يارىتىشنىڭ كويىدا ئىدى. گەرچە ھىتلېر گېرمانىيە تەۋەسىدە ئىسيان كۆتۈرۈش ھەرىكەتلىرى دولقۇن ھالىغا ئايلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇ گەپلەرنى پۈتۈنلەي ئويدۇرۇلغان يالغان-ياۋىداق گەپلەر دەپ ئىشەنمىگەن ئىدى. نويابىر ئېيىنىڭ بىر ئەتىگىنى، بىر توپ "قىزىل ماتروسلار" ئۇ ياتقان بالىنىستقا بېسىپ كىرىپ، ياربىدارلارنى ئىنقىلابقا قاتنىشىش ئۈچۈن قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى كۆرگىنىدىلا بۇ تۈر كوچىدا خەۋەرلەرنىڭ راست گەپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلايدۇ. ھىتلېر بۇرۇندىن تارتىپلا بولشېۋىكچىلىققا قارشى بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرگەن دېڭىزچىلارنىڭ باشلامچىلىرى بولغان ئۈچ نەپەر ياشنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىدىن ھەمدە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ باقمىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بولشېۋىكچىلىققا بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. "ئەمدى ئۇلار ۋەتىنىمىزدىمۇ قىزىل بايراق كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدىغان ھالغا كېلىپتۇدە!" ھىتلېر غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك ھالغا كېلىپ ئاخىرى شوك بولۇپ قالىدۇ. ئۇ قايتا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. "مەن قاتتىق ئازابلىنىپ ئورنۇمدىن تۇرغۇدەك ماجالىم قالمىغان ھالدا كارىۋىتىمدا يېتىپ قالغان ئىدىم. شۇنىڭدەك ھېسسىياتىمنىمۇ تولۇق ئىپادىلىيەلمەي قالدىم. مەن ئەسلىدە باشقىلار گېرمانىيەنىڭ يىمىرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ يىغلاپ كەتسە، مەن ئۇنىداقلاردىن نەپرەتلىنىدىغان بىرى ئىدىم." ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 9-نويابىر كۈنى سالاپەتلىك، ياشانغان بىر پاستېر (خرىستىئان دىنى مەسئۇلى _ ئۇ.ت) دوختۇرخانىغا كېلىپ ئۇلارنى زىيارەت قىلىدۇ. بۇ پاستېر، ئىسيان ۋەقەسىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ميۇنخېندىمۇ ئىسيان پارتلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ھىتلېرنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدا ياربىدارلار دوختۇرخانىنىڭ كىچىك زالىغا يىغىلغان. پاستېر، "خوخېنزورنىلار بۇندىن كېيىن شەھەرلىك پارلامېنتقا ئۆزلىرىنىڭ گېرمانىيە خانىدانلىقىغا تەۋە گېربىنى ئاسالمايدىغان بولدى، گېرمانىيە بۈگۈندىن باشلاپ 'جۇمھۇرىيەت' بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بولدى،" دەپ ئېيتقىنىدا، كۆپچىلىك غەزەپتىن غالىلداپ تىترەپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ياشانغان پاستېر خوخېنزورنىلار سۇلالىسىنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئەسلەپ بىر-بىرلەپ مەدھىيىلەپ تىلغا ئالغان ۋاقتىدا، ھىتلېر "ئىختىيارسىز ھالدا كۆزىگە ياش ئېلىپ يىغلىغانلىقىنى، بۇ زالدىكى ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولغانلىقىنى، ھەممە كىشى دېگۈدەك كۆز يېشىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىغانلىقىنى" ئەسلەيدۇ. پاستېر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىپ يەنە

مۇنداق دەيدۇ: ئۇرۇش دەرھال توختىتىلىدىغان بولدى. گېرمانىيە ھەممىنى قولدىن بېرىپ قويدى. بۇندىن كېيىن نېمىس خەلقى غالىپ چىققان ئىتتىپاقداشلار ئالدىدا تىزلىنىپ كەچۈرۈم سوراشقا مەجبۇر. ... بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا ھىتلېرنىڭ كاللىسىدىن، بۇ ئىنقىلابقا ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك، دېگەن خىياللار ئۆتىدۇ. "مەن ئۇ يەردە داۋاملىق ئولتۇرۇشقا، ھەتتا بىر مىنۇتلۇققا بولسىمۇ ئولتۇرۇشقا چىدىمىدىم. ئۆتكەن ھەممە ئىشلار قايتىدىن كۆز ئالدىمدىن تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. مەن دەلدەڭشىپ ماڭغىنىمچە ئۇ يەر-بۇ يەرنى سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ ياتىقىمغا كىرىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ، ئەديال بىلەن ياستۇقنى بېشىمغا يۆركەپ يىتىۋالدىم."

ھىتلېر، بۇندىن 11 يىل بۇرۇن ئاپىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تۇرۇپ (ئۇنىڭ ئاپىسى كۆكس راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئازاب ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان ئىدى)، يەنى ئاۋستىرىيەنىڭ لېئوندىڭ كەنتىدىكى قەبرىستانلىقتا يىغلىغىنىدىن بۇيان، بۇگۈن تۇنجى قېتىم يىغلىماقتا ئىدى. ھىتلېر، ئەسكەرلىك ھاياتىدا "ھېچ نېمىگە پەرۋا قىلماي بىغەم ياشاش" جەريانىدا ئىككى كۆزىنىڭ قارىغۇ بولۇپ قېلىش غېمىغا، شۇنچە نۇرغۇن يولداشلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەتلەرگە چىداپ كەلگەن ئىدى. "ئەمما مەن بۇنداق بىر پاجىئەگە زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدىم. ئۆزۈمنى پەقەتلا تۇتىۋالالماي ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتىم. ۋەتەننىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ بەختسىزلىك ئالدىدا، شەخسى ئازاب ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقنى مانا ئەندىلا ئېنىق تونۇپ يەتمەكتە ئىدىم." ئەنە شۇنداق چېكىدىن ئاشقان ئۈمىدسىزلىكلەرگە قارىماي، ئۇ قايتىدىن غەيرەتنى توپلايدۇ: "شۇ كۈنلەرگىچە سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىش يولىغا كىرەيمۇ ياكى بىناكار ئىنژېنېرى بولۇش ئۈچۈن يولۇمنى داۋاملاشتۇرايمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئۇزۇندىنچە ئىككىلىنىپ يۈرگەن ئىدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ قەتئىي ئىرادىگە كەلدىم. شۇ كۈنى ئاخشىمى، مەن قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ئۆزۈمگە شۇنداق قەسەم بەردىم: ئەگەر كۆزۈم ساقىيىپلا قالىدىكەن، چوقۇم سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن!" ھىتلېرنىڭ ئىككىنچى دەرىجىدە قارىغۇ بولۇپ قالغانلىقىغا مىدىتسىنادا زادىلا ئىزاھات تاپقىلى بولمايتتى. دوختۇر فورستېرمۇ ئۇنىڭ ساقىيىشىغا قاراپ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى دىئاگنوزىنىڭ توغرىلىقىغا تېخىمۇ بەك ئىشىنىشكە باشلايدۇ. يەنى ئۇ، بۇ بىمار "ھىستېرىيە ئالامىتى كۆرۈلگەن روھى كېسىلگە گىرىپتار بولغان" دېيىشتە چىڭ تۇرىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ھىتلېر ئۇ كۈنلەردە ئۆزىنىڭ مەڭگۈ قارىغۇ بولۇپ قالغانلىقىغا پۈتۈنلەي ئىشەنگەن ئىدى.

11-نويابىر كۈنى، گېرمانىيە، كومپىيېگن ئورمانلىقىدا (شىمالدا پارىژغا يېقىن ئورمانلىقتىكى بىر ۋاگون ئىچىدە _ ئۇ.ت) شەرتنامە ئىمزالاپ تەسلىم بولىدۇ. تەسلىم

بولۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان نومۇستىن ھېتلېر چەكسىز ئازابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق كۆڭۈلدىكى بىرەر نەرسە ھېچ نەرسىگە بەرداشلىق بېرىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ شۇ كۈنى ئاخشىمى، بەلكىم ئەتىسى ئاخشىمى، ئۇمىدسىزلىنىپ كارىۋىتىدا ئۆرۈلۈپ ئۇيقۇسىز ياتقىنىدا، قانداقتۇر بىر ”تەبىئەتتىن ھالقىغان خىيالى تەسۋىر“ (بۇ خىيالى تەسۋىرنى بەلكىم دوختۇر فورستېر مەخسۇس خىيال قىلدۇرۇپ پەيدا قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن) ھېتلېرنى بۇنداق دەردتىن قۇتۇلدۇرغانمىش (ھېتلېرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگىنى، ئېھتىمال دوختۇر فورستېرنىڭ گىپنوز قىلغانلىقىدىن ئۆتتۈرىغا چىققان خىيالى تەسۋىر بولۇشىمۇ مۇمكىن. «شاھىت» دېگەن بىر روماندا بۇنداق گەپكە ئىشىنىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئىدى. بۇ رومان، ھېتلېر بىلەن فورستېرنىڭ كۆرۈشكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بىر رومان بولۇپ، رومان ئاپتورى دوختۇر فورستېرنىڭ دوستى بولغان ئېرنىست ۋېيس دېگەن كىشى ئىدى. بۇ كىشى ئەسلىدە بىر دوختۇر بولۇپ، كېيىن كەسپىنى ئۆزگەرتىپ رومان يېزىقچىلىقىغا ئۆتكەن. ئۇنىڭ يازغان بۇ روماندا مۇنداق بىر ۋەقە تەسۋىرلەنگەن: 1918-يىلى، 'A.H' ئىسىملىك بىر ئەسكەر پاسېۋالكتىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە گوسپىتالىغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئەسكەر ئۆزىنى زەھەرلىك گازدا ياربدارلاندىم دەپ تونۇتىدۇ. ئۇ يەردىكى بىر روھى كېسەللىكلەر دوختۇرى، يەنى بۇ ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ بەرگۈچى، ئۇ ئەسكەرگە، ئۇنىڭ كۆرەلمەسلىكى ھىستېرىيە دەيدىغان بىر كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆتتۈرىغا چىققان دەپ دىئاگنوز قويىدۇ. ئۇ دوختۇر بۇ ئەسكەرنى گىپنوز قىلىپ ئۇنى خىيالى دۇنيادا ساياھەت قىلدۇرغان. ــ ئاپتورنىڭ ھاشىيەدىكى ئىزاھاتى ياكى ئا. ھ. ئى). ئۇمۇ خۇددى قانداقتۇ بىر پەرىشتە قۇلىقىغا پىچىرلىغاندەك ”گېرمانىيەنى قۇتقۇز“ دېگەن بىر ئاۋازنى ئۇيغانمىش؛ دەل شۇ پەيتتە ئۇيۇقسىز بىر مۆجىزە كۆرۈلگەن ــ ھېتلېرنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلەپ تۇرغان قاراڭغۇ تۇمانلىق پەردە ئۇشتۇمتۇت تارقىلىپ بىردىنلا ئەتراپ يورۇپ كەتكەن! ــ ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى! ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ۋەدە قىلغىنىغا ئوخشاش، تەنتەنە بىلەن مۇنداق دەپ قەسەم قىلىدۇ: ”چوقۇم بىر سىياسەتچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىمەن، ئۆمرۈم بويىچە پۈتۈن زېھنىمنى بۇ ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىمەن.“ شۇ كۈنى ئاخشىمى، پاسېۋالكدىكى تىپ-تىنچ بىر دوختۇرخانا بالنىستىدا، يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئەڭ ياۋۇز ئادىمى ئەنە شۇنداق دۇنياغا كېلىۋاتاتتى. ئەسلىدە ، ئۇ كۈنلەردە ھېتلېر سىياسەتنى ئەمەس بەلكى سىياسەت ھېتلېرنى تېپىۋالغان ئىدى.

# بىرىنچى بۆلۈم

# ”مەن بىر خىيالپەرەس“

1.ھىتلېرلار جەمەتى

1907~1889

1

ھىتلېر، ئۆز ئائىلە كېلىپ چىقىشى توغرىلىق ئارتۇق گەپ قىلىپ يۈرمەيتتى. شۇنداقتىمۇ بەكلا ئاز بەزى سىرلىرىنى ئېيتىپ سالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ يوق ئەمەس. ئالايلۇق ئاتىسىنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بىرى ئىكەنلىكىنى، شۇنداق بولغاچقا ئاتىسى بىلەن پەقەتلا چىقىشالماي ئۆتكەنلىكىنى؛ ئاپىسىنىڭ بولسا ئىنتايىن شۇك مىجەزلىك مۇلايىم بىر ئايال ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. ھىتلېر ئاپىسىغا بەكلا ھۆرمەت قىلاتتىكەن، ئەمما ئائىلىسىنىڭ ھۆكۈمرانى يەنىلا ئۇنىڭ ئاتىسى ئىكەن. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەر ئىككىسى ۋالدىۋيېرتېلىق ئىدى. ئۇ يەر ئاۋسترىيەنىڭ بىر يېزىسى بولۇپ، ۋېيىننانىڭ غەربى شىمالىغا توغرا كېلىدىغان، يەنى بوگۇنكى چېخىيە چېگراسىغا يېقىن بىر يەر ئىدى. ھىتلېر ئائىلە جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئائىلە جەمەتىدە موراۋىيە قانداشلىقى بارمىش. ئاۋسترىيەدە، ھىتلېر دېگەن بۇ فامىلە بەكلا ئادەتتىكى بىر فامىلە بولۇپ، بۇ ئىسىم ئېھتىمال چېخلاردىكى ”ھىدلار“ ياكى ”ھىدلارچېك“ دېگەندىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. 1430-يىلىدىن بېرى، ۋالدىۋيېرتېل كەنتىدىكىلەردە فامىلىسى ھىيدلېر بولغانلار بۇ ئىسىمنى نەچچە خىل شەكىلدە يېزىشاتتىكەن. مەسىلەن Hydler دىن Hytler غا، ئۇنىڭدىن يەنە Hidler غا ئۆزگەرتىپ يېزىشاتتىكەن. 1650-يىللىرىدا ئادولف ھىتلېرنىڭ ئاتا تەرەپ بىۋاسىتە

ئەجدادلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمىمۇ گېئورگ هىيدلېر ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمۇ بەزىدە فامىلىسىنى Hüttler ياكى Hitler شەكلىدە يازىدىغانلار بولغان. ئۇ دەۋرلەردە خۇددى شېكسپىيىر دەۋرىدىكى ئەنگلىيەگە ئوخشاش ئىملا مەسىلىسى ئۇنچە بەك مۇھىم هېسابلانمايدىغان، تۈزۈك ئىملا قائىدىلىرىمۇ يوق بىر دەۋرلەر ئىكەندۇق.

ۋالدۋيېرتېل كەنتىنىڭ مەنزىرىسى خېلى چىرايلىق، كەنت يېرىمۇ ئېدىرلىق، قويۇق ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان بىر يەر ئىدى. يانتۇلۇقلىرى تەكشى ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئورمانلىق ئارىلىرىدا ئەمگەكچان، ئەستايىدىل دېهقانلارنىڭ ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئاچقان تېرىلغۇ يەرلەرمۇ بار ئىدى. هىتلېرنىڭ ئاتىسى 1837-يىلى 7-ئىيۇن كۈنى ستىرونېس كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئاپىسى ئۇنى تۇغقان ۋاقىتدا 42 ياشلىق تويى قىلمىغان بىر قىرى قىز هېسابلىناتتىكەن. هىتلېرنىڭ بۇ ئاتا تەرەپ چوڭ ئانىسىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى مارىيە ئاننا شىكلگرۇبېر ئىكەن. ستىرونېس دېگەن بۇ يېزا كىچىك بىر كەنت بولغاچقا، ئۆز ئالدىغا بىرەر چېركاۋمۇ يوق ئىكەندۇق. شۇ سەۋەبتىن، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق دۆللېرشېيمدا "ئىسىم-فامىلىسى: ئالويىس شىكلگرۇبېر، ئائىلىسى: نىكاهسىز تۇغۇلغان" دەپ ئەنگە ئېلىنغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئالويىسنىڭ ئاتا ئىسمى يېزىلىدىغان كاتەكچە داۋاملىق بوش قالدۇرۇلغان4 (چېكىدىكى ئۇششاق رەقەم، ئاتالغۇ سىلىشتۇرۇشتا پايدىلىنىلغان ۋوردسۇورد ئېدىتور لىمتېد 1997-يىلى نەشرى ئېنگلىزچە نۇسخا كىتاب بېتى _ ئۇ.ت). شۇنداق بولغاچقا، بۇ مەسىلە تا بۈگۈنگىچە يېشىلمىگەن بىر سىر هالىدا كەلمەكتە: ئۇنىڭ ئاتىسى بولغان كىشى بەلكىم شۇ كەنت ئەتراپىدا ياشايدىغان بىرى بولۇشى، هىتلېرنىڭ چوڭ بوۋىسى بولغۇچى كىشىمۇ بەلكىم شۇ يەردىكى باي بىر يەهۇدىي، ئىسمىمۇ فرانكېنبېرگېر ياكى فرانكېنرايدېر بولۇشىمۇ مۇمكىن دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈرگەن. دېگەندەك، مارىيە ئاننامۇ بۇرۇن بىر مەزگىل گراز ئىسىملىك بىر يەهۇدىيلار ئائىلىسىدە خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەپ باققان بولغاچقا، بىر هېساپتا مارىيەنىڭ خوجايىنىنىڭ ياش ئوغلىدىن هامىلە قىلىش ئېهتىماللىقىمۇ يوق دېيىشكە بولمايتتى.

ئالويىس بەش ياشقا كىرەي دەپ قالغان ۋاقىتلاردا، سېپتال دېگەن قوشنا كەنتلىك تىنماي كۆچۈپ يۈرۈپ تۈگمەنچىلىك قىلىدىغان جوهان گېئورگ هىيدلېر ئىسىملىك بىرى مارىيە بىلەن توي قىلىدۇ. مارىيە توي قىلغىنىدىن كېيىنمۇ بالىسى ئىككىسىنىڭ كۈنى يەنىلا بەك جاپالىق ئۆتكەن ئىكەن؛ ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە ئالويىسنىڭ ئاپىسى مارىيە ئۆلۈپ كېتىكەن. كۆچمەن تۈگمەنچى بولغان ئالويىسنىڭ ئۆگەي ئاتىسى قايتىدىن جاهانكەزدىلىك هاياتقا قايتىپ كېتىكەن. شۇندىن كېيىن، ئالويىسنى تۈگمەنچى هىيدلېرنىڭ ئاكىسى، سېپتال كەنتىنىڭ 36-نومۇرلۇق قورۇسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئۆگەي

كىچىك ئاتىسى جوھان نېپوموك بېقىۋېلىپ چوڭ قىلغان. بۇ كەنتتىكى يېزا قورۇسى بىلەن قوشنا كەنتتىكى قورۇ، ھىتلېر يازلىق دەم ئېلىش ۋاقىتلاردا 5~6 قېتىمدەك تۇرۇپ كەتكەن بولغاچقا، بۇ قورۇ ئادولف ھىتلېرنىڭ بالىلىق دەۋرىدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىككى قورۇ ھېسابلىنىدۇ.

كېيىنچە، سېپتال كەنتىنىڭ ئەھۋالى ئالويس ئۈچۈن بەكلا جاپالىق بولۇپ كەتكەچكە، 13 ياشقا كىرگەن يىلى "كىچىك بىر سومكىغا كىيىم-كېچەكلىرىنى قاچىلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ." بۇ ھادىسە (ئەگەر بۇ دېگەنلىرى راست بولغىنىدا)، كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ ئوغلى ئادولف ھىتلېرنىڭ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر ھېكايىغا ئايلاندۇرۇلۇپ تەسۋىرلىنىدۇ: "ئۇ پۈتۈنلەي ئامالسىزلىق ئىچىدە بۇنداق بىر قارارغا كەلگەن ئىدى، _ ئۇ سەپەرگە چىقىدۇ، يېنىدا ئارانلا ئۈچ گۈلدىن تەڭگىسى (گېرمانىيە-ئاۋسترىيە ئىككى دۆلەت بىرلىكتە ئىشلەتكەن تەڭگە پۇل) بولغان ئاتام، شۇ تەڭگىلەرنى يول خىراجىتى قىلىپ ئۆزىنى قانداق بىر كۈن كۈتۈۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشى مۇمكىن بولمىغان قاراڭغۇ بىر دۇنياغا قاراپ سەپەر قىلغان ئىكەن." ئالويس يول بويى مەدىكارلىق قىلىپ يۈرۈپ، شۇ دەۋرلەردە تەۋەككۈلچى ياشلار تەلپۈنىدىغان مەككىسىگە ئايلانغان شەھەر _ ۋېيىناغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ، ۋېيىنادا موزدۇزلۇققا شاگىرت بولۇپ كىرگەن.

ئالويس، ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە ئاياق تىكىش ھۈنىرىنى ئىگىلەپ ئۇستا موزدۇز بولۇپ يېتىشىپ چىققان بولسىمۇ، بۇ ئىشتىن رازى بولماي، تىلغا ئالغۇدەك بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش خىيالىغا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئالويس ئەسكەرلىككە تىزىملىتىپ ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ چېگرا مۇداپىئە ئەسكىرى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇ رەسمىي دۆلەت كادىرى بولۇش پۈرستىگە ئېرىشىپ، كەسپى جەھەتتە يەنىمۇ بىر بالداق ئۆرلىۋالىدۇ. ئالويس، تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرۈپ كادىرلىق دەرىجىسى ئېلىش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈۋالىدۇ. ئۇ 24 ياشقا كىرگىنىدە تاموژنىدا ئاددىي تەپتىش ئەمەلدارى دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇنداق دەرىجە، شۇ دەۋرلەردە ۋالدۋېيېرتېل كەنتىدىكىلەر ئۈچۈن قالتىس ئابرۇيلۇق بىر ئىش ھېسابلىناتتىكەن. ئىنتايىن كۈچلۈك ئىرادىلىك ئالويسنىڭ كەسپى دەرىجىسى، شۇندىن باشلاپ مۇددەت بويىچە دەرىجىسى ئۆسۈپ تۇرغان. 1875-يىلىغا كەلگىنىدە، دوناي دەرياسى بويىدىكى گېرمانىيە تەرەپكە ئۇدۇل براۋناۋ تاموژنىسىدا تەپتىش ئەمەلدارى دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلگەن.

ئالويسنىڭ بۇ دەرىجىدىكى كادىر ھالىغا كېلەلىشىگە ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان جوھان نېپوموك ھېيدلېر ھەممىدىن بەك مەغرۇرلانغان. چۈنكى، شۇ چاغقىچە ھىتلېرلار

جەمەتى ئارىسىدا مۇنچە يۇقىرى مەمۇرى ئەمەلدارلىقىقا كۆتۈرۈلگەن بىرمۇ ئادەم چىقىپ باقمىغان ئىكەن. بۇ جەمەتتە ھىتلېر دېگەن بۇ فامىلىنى داۋاملاشتۇرالىغۇدەك تۇرۇزۇك بىر ئوغۇل بولمىغاچقا، نېپوموۇك، 1876-يىلى باھار ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا بەزى تەدبىرلەرنى ئېلىپ بۇ ئىشنى رەسمىيلەشتۈرۈپ بېكىتىۋېتىشنى ئويلىغان (ھىتلېر بۇ ئىشنى چۈشۈپ ئۆتتۈرىغا چىقىرىشىدا بەلكىم باشقىچە مەقسىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ دېيىشى بويىچە، كەنتتىكى غەيۋەت-شىكايەتلەردىن قارىغاندا ئالويس، نېپومكىدىن بولغان بالىمىش؛ ھىتلېرنىڭ ياشلىق دەۋرى ھەققىدە كىتاب يازغان يازغۇچى فرانز جېتزىنگگېرنىڭ ئېيتىشىچە، ھىتلېر بەلكىم ئاتىسى ئالويىسنى قانۇنلۇق بالا ھالىغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ بۇ گەپلەرنى تىشىپ يۈرگەن بولۇشى ئېھتىمال ئىكەن. "ئەگەر ئۇنى تاپقان كىشى بىر يەھۇدىي بولۇپ چىققۇدەك بولسا، ئۇنىڭ بۇنداق سۇۋلالە ئۆزگەرتىش قىلىشقا ئۇرۇنۇشىدىكى مەقسىتى ئېنىق دېگەن گەپ" _ ئا. ھ. ئى). بۇ ئىشنى پىلانلاپ يۈرگەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ كۆيئوغلى بىلەن يەنە ئىككى نەپەر تۇغقىنى بىكارچىلىقتا ئايلىنىپ بۇ مەھەللىگە كېلىپ قالغىنىدا، 6-ئىيۇن كۈنى ۋېيترا ناھىيە بازىرىغا بىرگە بېرىپ نوتارىيىچىلەر ئالدىدا يالغاندىن "بىز ھىيدلېرنىڭ ئاكىسى" دەپ شاھىتلىق قىلىپ، ئۇنى ھىتلېر دەپ ئاتاشقان. شۇ ۋاقىتتا نېپومۇكمۇ ئالويىسنى ھىتلېرلار جەمەتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە سەكراتتا ياتقان ۋاقتىدا (1857-يىلى) تۇزگەن ئاخىرقى ۋەسىيەتنامىسىدا ئالويس ئىسمىلىك بىر قانۇنسىز بالىسى بولغانلىقىنى يازدۇرغان. شۇ ئارقىلىق ئالويىسنى قانۇنلۇق ۋارىس قاتارىغا ئېلىپ، ھىتلېر دېگەن فامىلىنىڭ داۋاملىشىشىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان.

"ھىيدلېر" نىڭ "ھىتلېر" غا ئۆزگىرىپ قىلىشى، بەلكىم دىققەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققان بىر ئىش بولۇشىمۇ ۋە ياكى بۇ ئىش يېزىلىقلارنىڭ ئوينىغان قۇۋلۇق ئويۇنلىرىدىن بىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەنى ئۇلار بۇ تۇر ھەرپ ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بۇ ئىشنى كېيىن بىلگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەتىسى، جوھان نېپومۇك ھىيدلېر ئۈچ نەپەر تۇغقىنى بىلەن بىرگە دۆللېرشېيىم5 غا بارغان. ئالويس تۇغۇلغاندا ئۇنى ئەنە شۇ يەردە ئەنگە ئالدۇرغان ئىكەن. شۇ يەردىكى چېركاۋنىڭ ياشانغان پاستورى كەلگەن ئۈچ نەپەر گۇۋاھچىنىڭ ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ شۇ يەرنىڭ نىكاھ تىزىملىك ژۇرنىلى دەپتەردىن 1842-يىلى ھەققەتەن گېئورگ ھىيدلېر دېگەن بىر ئەر، شىكىلگرۇبېر فامىلىلىك بىر قىز بىلەن توي قىلغانلىق تىزىمىنى تېپىپ چىققان. شۇنداق قىلىپ، بۇ پاستور ئالويىسنىڭ تۇغۇلۇش جەدۋىلىنى ئۆزگەرتىشكە ماقۇل بولغان. ئەمما ياشانغان پاستور، زېھنى كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى

ئۆزىچە ئىپھتىيات قىلغانلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، كاتەكچىدىكى ”نىكاھسىز تېپىلغان“ دېگەن سۆزنى ”نىكاھلىق تۇغۇلغان“ دېگەنگە ئۆزگەرتىپ، بۇۋاقنىڭ فامىلىسى بولغان ”شىكىلگرۇبېر“ دېگەن ئىسمنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، يېڭى فامىلىنى توشقۇزماي ئورنىنى ئاق تاشلاپ قويغان. ئەڭ ئاخىرقى كاتەكچىگە ئىجىر-مىجىر قىلىپ ”ئىمزالىغۇچىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بۇ جەدۋەلدە تىزىملىتىلغان 'ئاتىسىنىڭ ئىسمى' دېگەن يەردە يېزىلغان گېئورگ ھىيدلېر گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر پىششىق تونۇيدىغان بىرى بولۇپ، ئاپىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئالويسنى ئۆز بالىسى دەپ تونۇيدۇ، ھەمدە بۇ چېركاۋدا بۇۋاقنى چوقۇندۇرۇش مۇراسىم تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈشىنى تەلەپ قىلىمەن“ دەپ يازغان. ئۈچ نەپەر شاھىتنىڭ ئىمزاسىنى ئۇلار ئۈچۈن يېزىپ بېرىپ قول قويغۇزغان. يەنى قول قويۇش ھېسابىدا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە كرېست بەلگىسى سىزدۇرغان.

جەدۋەلدىكىلەرنىڭ ئۆزگەرتىلىشى يا ئىمزاسى يوق، يا چېسلاسى يوق بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا ئۇ پوپنىڭ گۇماننى قوزغىشى تۇرغانلا گەپ. شۇڭا ئۇ، بۇۋاقنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى توي قىلىش تىزىملىكىدىكى بويىچە ”ھىيدلېر“ دەپ يازماستىن ”ھىتلېر“ دەپ يېزىپ قويىدۇ. ئۇ يەنە بۇ ئىشلارنىڭ باشتىن ئاخىرى قانۇنسىز ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. چۈنكى، ئۆلۈپ كەتكەن بىرىنىڭ ئاتا بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىش، سوت قارارى بولماي، ھەمدە ئاپىسىنىڭمۇ ئىسپاتى بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇ ئىشتىكى يەنە بىر مۇجمەل تەرەپ، ئالويس شىكىلگرۇبېر بۇ يېڭى فامىلىنى قوبۇل قىلىش-قىلماسلىق مەسىلىسى ئىدى. نىكاھسىز تېپىلغان دېيىش ئۇنىڭغا ئۇنچە بەك ئېغىر كەلمەيتتى. ئاۋستىرىيەنىڭ جەنۇب تەرەپلىرىدە بۇنداق ئىشلارغا ھېچكىم ھەيران بولۇپمۇ يۈرمەيتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا يىراق تاغلىق يېزىلاردىكى نىكاھسىز تېپىلغان باللارنىڭ سانى ھەتتا 40 پىرسەنتتىنمۇ ئارتۇق ئىدى. ئۇ يىللىرى يېزىلاردا بالا دېمەك، بىر بايلىق ھېسابلىناتتى. ئۇ يەرلەردە بەستلىك، قاۋۇل ئەمگەك كۈچى بولغۇدەكلا بىرى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ ياق دېمەيتتى. شۇڭا، ئۇنداق بىر بالا ئۈچۈن قانداق تۇغۇلغانلىقى ئۇنى بىئارام قىلماستىن، بەلكى فامىلىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك بىئارام قىلىشى ئېنىق ئىدى. چۈنكى، ئالويس، 'شىكىلگرۇبېر' دېگەن فامىلە بىلەن يۈرگىنىدە بىر مۇنچە ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن بولغاچقا، شىكىلگرۇبېر دېگەن بۇ فامىلىسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى چوقۇم.

بۇ ئىشتا ھەر قانداق بىر غەرەز يوشۇرۇنغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، جوھان نېپومۇك ھىيدلېر، ئالويسقا فامىلىسىنى ئۆزگەرتىشكە قىزىقتۇرۇپ كەلگەن ئىدى (كەنتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا، بۇۋاينى ۋەسىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە ماقۇل كەلتۈرۈش نىيىتىدە

ئۇنى فاملە ئۆزگەرتىشكە سالا قىلغان دەپ سۆز-چۆچەك تارقالغان. ھېيدلېر ئۆلۈپ ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەندە، ئالويس بەش مىڭ فلورىن، _ ئەينى ۋاقىتدىكى ئاۋستىرىيە پۇلى بولۇپ، بىر فلورىن تەخمىنەن ئىككى شىللىڭغا تەڭ، _ پۇلغا بىر قورۇق سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى يېزىدىكىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئاز-تولا ئىسپاتلاپ بەرمەكتە). نېمىلا بولسا بولسۇن، ئالويس "ھىتلېر" دېگەن بۇ فامىلىنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىگە ھەقىقەتەن بەكلا مۇھىم بىر ئىش سەۋەب بولغانلىقى ئېنىق. ھېلىمۇ ياخشى ئۆزگەرتىلگەن ئىكەن. ئويلاپ كۆرەيلى، ئەگەر ئۇنداق بولماي، كېيىنكى ۋاقىتلاردا 70 مىليونلۇق گېرمانىيە خەلقى قىسقىچە "خايل ھىتلېر!" دېيىش ئورنىغا "ياشىسۇن شىكىلگرۇبېر!" دەپ شوئار توۋلاشتا مەجبۇر بولغىنىدا قانچىلىك قىينىلىپ كېتەردى!

ئۈچىسىدا مەخسۇس فورما، ھەربىيلەردەك قىسقا چاچ قويغان، قويۇق قاشلىق، چوڭ كۆزلۈك، شاپ بۇرۇت، ساقاللىرى پاكىز قىرىلىپ قويۇق چېكە ساقال قويۇۋالغان ئالويس، سېپتالدىكى قىزلارنىڭ كۆزىدە قامەتلىك، ئىشەنگەن يىگىت بولۇپ كۆرۈنىدىغانلىقىدا گەپ يوق. تەبىئىيكى، ئالويسمۇ قىزلارغا شەھلا كۆزى بىلەن قاراپ يۈرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس. كېيىن ئۇمۇ ئۆز ئاتىسىغا ئوخشاش نىكاھسىز تۇغۇلغان بىر قىزنىڭ ئاتىسى بولغان ئىدى. گەرچە ئۇ ئىمپېرىيە ئىگىلىكىدىكى تاماكا شىركىتىنىڭ بىر پرىيومچىكىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، ئۈچرىغانلا گۈلنى پۇراپ كۆرۈشتىن يانمايدىغان بىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئايالى ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ھېسابلانمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئايالىمۇ ئورۇق كېسەلچان بىرى بولۇپ، يېشىمۇ ئۇنىڭدىن 14 ياش چوڭ ئىدى.

سېپتال كەنتىدە، جوھان نېپومۇك ھېيدلېرنىڭ قىز نەۋرىسى كلارا پۆلزل ئەڭ جەلپ قىلارلىق قىزلاردىن ھېسابلىناتتى.

ئۇ قىز ئەندىلا 16 ياشنىڭ قارىسىنى كۆرگەن، 6 مۇلايىم، چىرايلىق، ئەۋرىشىم، بوي-تۇرقىمۇ قامەتلىك ئالويسنىڭ بويىغا تەڭ دېگۈدەك بىر قىز ئىدى. ئۇ قىز بەكلا قاملاشقان بولۇپ، قويۇق قوڭۇر چاچلىرى بەكلا يارىشىملىق ئىدى. بىر كۆرۈپ ئاشىق

بولۇپ قالغانلىقىدىنمۇ ياكى كېسەلچان ئايالىغا بىرەر خىزمەتچى لازىملىقىنى ئويلىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر، ئاتا-ئانىسىنى ماقۇل كەلتۈرۈپ ئۇ قىزنى براۋناۋغا ئېلىپ كېلىۋالغان. ئۇ قىز ئالويس ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە شۇ دىڭدە تۇرغان. ئەسلىدە، ئالويس ئۆيىدىمۇ جىم يۈرمىگەن بولۇپ، ئۆيىدە ئاشپەز ياردەمچىلىكىنى قىلىپ كېلىۋاتقان فرانزىسكا ماتزېلسبېرگېر (مېھمانلار ئۇنى فاننى دەپلا چاقىرايتتى) بىلەنمۇ يوشۇرۇنچە مۇناسىۋەت قىلىپ يۈرگەن.

يولدىشىنىڭ بۇ تۈردىكى ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگىنىگە ھىتلېر خانىم پەقەتلا

تـاقەت قىلالمىغـان. شـۇڭا بـۇ ئايـال، ئالويسـتىن ئاجرىشـىپ ئۇنـىڭ بىـلەن قـانۇنلۇق بىـر شەكىلدە ئايرىم ئۆيدە يېتىپ-قوپۇپ يۈرگەن. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېرلار ئائىلىسىدە فاننى رەسمىي ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ قىز ئۆي ئىچىدە ھەرگىز بىر ئاشنا سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن سالاپەتلىك بىلەن رەسمىي نىكـاھلىق ئايالىـدەك يـۈرگەن. ئـۇ، چىرايلىـق بىـر قىـز خىزمەتچىنىڭ ئاسانلا ھاياجانلىنىدىغان ئالويس ئۈچۈن ئالاھىـدە جەلـپ قىلىـش كـۈچى بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەچكە، بىرىنچى ئىش بولـۇپ قىلغـان ئىشـى كىلارانـى ئۆيـدىن چىقىرىۋېتىش بولغان. ئاردىن ئىككى يىـل ئۆتـۈپ، يەنـى 1882-يىلـى، فـاننى بىـر ئوغـۇل تۇغقان. بۇ ئوغۇلمۇ خۇددى ئاتىسىغا ئوخشاش نىكاھسىز تۇغۇلىدۇ.

كېيىنكـى يىلـى، ھىتلېـرلار ئـۆيىنى تاشـلاپ چىقىــپ كەتـكەن ئايـالى تۇيبىركۇلـيوز كېسىلىگە گىرىپتار بولـۇپ سـاقىيالماي ئۆلـۈپ كېتىـدۇ. شـۇنداق قىلىـپ، ئالويسـمۇ فـاننى بىلەن رەسمىي نىكاھلىنىپ توي قىلىۋالغان. ئۇلارنىڭ توي قىلىشى ھەقىقەتەن ۋاقتىـدا بىـر ئىش بولغان. يەنى توي قىلىپ ئىككى ئـاي بولمـايلا ئىككىنچى بالىسـى ئـانگېلا تۇغۇلغـان. شـۇنداق قىلىـپ، نىكاھسـىز ھامىلىـدار بولغـان بولسـىمۇ ئالويسـنىڭ قـانۇنلۇق بىـر قـىزى بولغــان ھېســابلانغان. ئـۇ يەنە تـۇنجى بالىسـى كىچىـك ئــالويس ھىتلېـر دېـگەن بىـر ئوغۇلنىڭمـۇ قـانۇنى مەسـئۇلىيىتىنى ئۈسـتىگە ئالغـان. فـاننى قـانۇنلۇق ئايـالى ئورنىغـا ئېرىشــەلىگەن بولســىمۇ، ئــالويس ھەر دائىــم ئەتراپىــدىكى قىــزلاردىن كــۆزىنى ئــۈزمەي يۈرىدىغان بىرى بولغاچقا، بەربىر ئـۇنىڭچە بەك بەختلىـك بولالمىغـان. شـۇڭا ئۇمـۇ خـۇددى ئالـدىنقى ئايالىغـا ئوخشـاش ئېغىـر ئـۆپكە كېسـىلىگە گىرىپتـار بولـۇپ براۋنـاۋ كەنتىـدىن ئايرىلىپ، ھاۋاسى سـاپ بولغـان قوشـنا يېزىغـا بېرىـپ تۇرۇشـقا مەجبۇر بولغـان. ئـالويس يېنىغا ئىككى بالىسىنى ئېلىـپ كونـا مەھەللىسـىدىكى پـومىر دېگەننىـڭ ئـۆگزە قەۋىتىـدىن ئـۆي ئىجـارىگە ئېلىـپ كۆچـۈپ كـىرگەن. ئەمـدى ئـۇ چىرايلىـق قىـز جېيەننىـى يـاردەمگە چاقىرىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. بۇ قېتىم ئـۇنى ئـۆيىگە چاقىرىۋېلىشقا ھەققىمـۇ بار دېيىشكە بولاتتى. كىلارامۇ ماقۇل بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا، يەنـى پـومىر سـارىيىغا قايتىـدىن كۆچۈپ كېلىۋالىدۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ سالاھىيىتى ئۆي خىزمەتچىسى، بالا بـاققۇچى ۋە ئاشـنا بولۇش ئىدى. ئادولف ھىتلېرنىڭ ئاپىسى بولغۇسى بۇ ئايال، بەكلا كۆڭلى يۇمشـاق بىـر قىـز ئىدى. شۇڭا ئۇ پات-پات فاننىنىڭ يېنىغا بېرىپ يوقلاپ ئۇنىـڭ تېزرەك سـاقىيىپ كېتىشـى ئۈچۈن ياردەم قىلىپ تۇرىدۇ. قىزىـق يېـرى، فـاننىمۇ كۈندىشـىنىڭ بـۇ تـۇردىكى يـاردىمىنى ھەرگىــز رەت قىلمايـدۇ. 1884-يىلـى يـازدا، بىچـارە فـاننى بـۇ دۇنيـا بىـلەن ۋىدالىشـىدۇ. دېگەندەك، ھىتلېرلار ئائىلىسىنىڭ كېيىنكى خانىمى بولىدىغان ئايالنىڭ ئېغىـر ئايـاقلىقىمۇ كــۆزگە كۆرۈنــۈپ قالــدۇ. شــۇڭا، ئالويســمۇ ئىككــى بالىســىغا قارايــدىغان باشــقا بىــرى

بولمىغاچقا، دەرھال كىلارا بىلەن نىكاھلىنىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ. ئۇنىڭ بالىلىرىمۇ كىلارا بىلەن بەكلا چىقىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئەمما شۇ يەردىكى چېركاۋ بۇرۇن كۆرسەتكەن يالغان ئىسپاتقا ئاساسەن ئالويىسنىڭ ئاتىسى بىلەن كىلارانىڭ بوۋىسى ئاكا-ئۇكا ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئىككىسىنىڭ نىكاھلىنىشىغا قوشۇلمىغان. ئامال يوق، ئالويىس، چېركاۋ پاستورى ئۈستىدىن رىم پاپىسىغا ئەرز سۇنۇپ، ئالاھىدە ئەھۋال بويىچە بۇ ئىشنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن. بىرەر ئايغا قالماي ئۇنىڭ ئىلتىماسى تەستىقلانغان. روشەنكى، كىلارانىڭ ئېغىر ئاياقلىقى سەۋەبىدىن بۇ تەلەپ دەرھال تەستىقلانغان. شۇنداق قىلىپ، 1885-يىلى 7-يانۋار كۈنى، ئالويىس بىلەن كىلارا ئىككىسى پوممېر ئىن سارىيىدا رەسمىي نىكاھلىنىپ توي قىلىشىدۇ. ئۇلار توي قىلىشۋاتقان سورۇندا ئالويىسنىڭ ئوغلى كىچىك ئالويىس ۋە قىزى ئانگېلامۇ بار بولۇپ، ئۇندىن باشقا يەنە كىلارانىڭ سىڭلىسى جوھاننا بىلەن ئىككى نەپەر تاموژنا كادىرىمۇ نەق مەيداندا گۇۋاھچى بولۇپ تۇرۇپ بەرگەن. نىكاھ مۇراسىمىنىڭ بارلىق تەييارلىق ئىشلىرىنى يېڭى ئۆي خىزمەتچىسى قىز ئۈستىگە ئالغان. بۇ خىزمەتچى ساراي ئۆيىنى ئوت قالاپ بەكلا ئىسسىتىۋەتكەچكە، پۈتكۈل مۇراسىم بويىچە ئالويىس ئۇ قىزنى ئۆيىنى قالتىس ئىسسىتىپسەن دەپ چاقچاق قىلىشتىن توختىمايدۇ. بۇ يېڭى توي قىلغان جۈپلەر نىكاھتىن كېيىنكى شېرىن كۈنلەر ساياھىتىنىمۇ قىلماي، ئادەتتىكىچە تاماقلانغاندىن كېيىن ئالويىس تاموژنىدىكى ئىشىغا كەتكەن. كىلارا كېيىن شۇ كۈننى ئەسلەپ، ”يېڭى ئېرىم بولغان بۇ كىشى نىكاھتىن كېيىن چۈشتىن بۇرۇنلا ئالدىراپ ئىشقا كەتكەن ئىدى“ دەيدۇ.

مۇھىم بولغىنى ئالويىس شەخسى تۇرمۇشىغا تولا بەك دىققەت قىلىپ كەتمىسىمۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى نۇقسانلىرى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا قىلچە تەسىر قىلمايتتى.7 ئۇ ۋەزىپىسىنى ئىنچىكە تۈردە ساداقەتلىك بىلەن ئورۇنداپ، ئىشنى تولۇق پۈتتۈرۈۋېتىشكە ئادەتلەنگەن سادىق مەمۇرى خىزمەتچى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ باشلىقلىرى بىلەن خىزمەتداشلىرى ئۇنى داۋاملىق ھۆرمەت قىلىپ تەقدىرلەپ تۇراتتى. گەرچە مەھەللىسىدىكىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ بەك ئىناۋەتى بولمىسىمۇ، _ ئادەتتە بۇنداق كىچىك مەھەللىلەردە بىرەرسىنىڭ ئاشنا ئويناپ يۈرىدىغان قىلىقنى چايخانىلاردا مازاق قىلىپ سۆزلىشىپ يۈرىسىمۇ، _ ئالويىس يەنىلا ئۆزىنى نىسبەتەن پاكىز بىرى دەپ ھېسابلايتتى. بۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئۈستىدە توقۇلغان گەپلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئېغىر بولغان گەپلەردىن بىرى، ئالويىس بىرىنچى ئايالى تېخى ئۆلمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تاۋۇت تەييارلاپ قويۇپتۇ دېگىنى ئىدى.

كىلارا بۇ ئائىلىنىڭ رەسمىي ئايال خوجايىنىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ھەممە ئىشلار

دېگىدەك ئۆز يولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۆي ئىشىغا كەلگەنىدە كىلارا ھەقىقەتەن چەبدەس بىر ئايال ھېسابلىناتتى؛ ئالوئىسچىك بىلەن ئانگېلا ئىككىسىنى ھەقىقەتەن چىن قەلبىدىن سۆيۈنۈپ ئۆز بالىسى ھېسابلاپ كۆڭۈل بۆلەتتى. توي قىلىپ تۆت ئايدىن كېيىن ئۇمۇ بىر بالا تۇغۇپ بېرىدۇ؛ ئىككى يىلغا قالماي يەنە بىر قىز ۋە بىر ئوغۇل تۇغىدۇ. كىچىك ئوغلى تۇغۇلۇپ نەچچە كۈن بولمايلا ئۆلۈپ قالىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، قالغان ئىككى بالىسىمۇ بوغما كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ پاجىئەلەرگە كىلارا ھەقىقەتەن بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ھېلىمۇ ياخشى كىچىك ئالوئىس بىلەن ئانگېلا ئىككىسى بار ئىكەن. كىلارا بۇ ئىككى بالىغا ئانىلىق مېھرىنى بېرىپ ئانىلىق دەردىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يولدىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەكلا غەلىتە ئىدى. كىلارا باشتىن تارتىپلا ئالوئىسنى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر ئادەم دەپ تونۇپ كەلگەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئۆي خىزمەتچىلىكىدىن ئاشىنىلىقا، ئاشىنىلىقتىن يەنە نىكاھلىق ئايالى بولۇشقا ئۆزگىرىش جەريانى سىپتاللىق ئادەتتىكى بىر سەھرا قىزى ئۈچۈن بەكلا مۇرەككەپ بىر جەريان ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ ئىشلارغا تولا بەك ئەقىل ئىشلىتىپ بولالماي، يولدىشىنى يەنىلا تاغا دەپ ئاتاپ يۈرۈۋېرىدۇ.

ئۈچ بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى، ئۇنىڭ ھامىلە بولۇشىغىمۇ يامان تەسىر كۆرسەتكەن بولسا كېرەك، تا 1889-يىلى 20-ئاپرېلغا كەلگەنىدىلا ئاندىن تۆتىنچى بالىسىنى تۇغالايدۇ (شۇ كۈنلەر مايېرلىڭدا شاھزادە رۇدولف ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كۈنلەر ئىدى _ ئا. ھ. ئى). بۇ يېڭى بوۋاق نەسەب جەھەتتە چارەك پىرسەن ھىتلېرلار سۇلالىسىغا، چارەك پىرسىنى ھىتلېرلارغا تەۋە بولمىغان شىكىلگرۇبېرلارغا مەنسۇپ، يەنە چارەك قىسمى بولسا پۆلزىللارغا تەۋە ۋە ئاخىرقى چارەك قىسمى بولسا ئېنىق بولمىغان سۇلالىلارغا مەنسۇپ بىرى ھېسابلىناتتى. چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى ژۇرنىلىدا ئۇنىڭ ئىسمى ئادولف ھىتلېر دەپ يېزىلغان ئىدى. كىلارا بۇ ھەقتە ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: ”كىچىك ۋاقتىدا ئادولفىم بەكلا ئورۇق، كېسەلمەن بىر بالا ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالارمەنمۇ دەپ ھەر دائىم قورقۇپلا يۈرەتتىم.“ ئەمما ئۇلارنىڭ ئايال خىزمەتچىسى ئەسلەپ، ”ئادولف ئىنتايىن ساغلام، شوخ بالا، ئىنتايىن بىجىرىم چوڭ قىلىنغان“ دەپ پۈتۈنلەي ئاپسىنىڭ ئەكسىچە گەپلەرنى قىلىدۇ.

قانداقلا بۆلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھىتلېر خانىم بۇ ئوغلىنى بەكلا ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان بولغاچقىمىكىن، بۇ بالا بەكلا ئەركە چوڭ بولىدۇ. ھىتلېر ئائىلىسىنىڭ پومېر ئىن مېھمان سارىيىدىكى كۈنلىرى ئادەتتە بەكلا تىنچ ئۆتەتتى. ئاتا بولغۇچى ئالوئىسمۇ پات-پات دوستلىرى بىلەن يىغىلىپ كۆڭۈل ئاچاتتى. شۇنىڭدەك يەنە ھەسەل ھەرىسى

بىقشقمۇ بەكلا قىزىقاتتى. شۇڭا بۇ ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ھەپىلىششكە ئارتۇق ۋاقتى قالمايتتى. ئەمما بۇ كۆڭۈلدە ئۇنىڭ جىنسىي ھەۋىسىمۇ كۆپ جىمىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئەتراپتىكىلەرگە كۆز تىكىپ يۈرىدىغان ئادىتىمۇ ئاساسەن يوقالغان ئىدى. ئايال خىزمەتچىمۇ ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ "كىشىلەرگە قاتتىق مۇئامىلە قىلغاندەك قىلغىنى بىلەن، ھەممە كىشى بىلەن چىقىشىپ ئۆتەتتى" دەيدۇ. نامراتلارغىمۇ بەكلا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەسىلەن، بىر كۈنى ئەندىلا يۇپ تازىلانغان پولنى پاسكىنا قىلماسلىق ئۈچۈن قىلچە نارازىلىق بىلدۈرمەي ئۆتۈكىنى سېلىپ ئۆيگە كىرگەن ئىدى، دەيدۇ ئايال خىزمەتچىسى. ئەمما تاموژنىدا يېڭىدىن مەسئۇل بولۇپ كەلگەن تەپتىشنىڭ قارىشىچە، ئالويس ھىتلېر بەكلا سوغۇق چىراي بىرى ھېسابلىنىدىكەن: "ئۇ بەكلا جاھىل بىرى بولۇپ، بىرنى بىر دەپ قەتئىي چىڭ تۇرۇۋالاتتى. ئۇ بەكلا غەلىتە مىجەزلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىششىش ھەقىقەتەن تەس ئىدى، ... خىزمەت فورمىسىنى كىيىۋالسا مەغرۇرلىنىپ تېرىسىگە پاتماي قالاتتى. ھەر قېتىم يېڭى فورما كىيگىنىدە چوقۇم رەسىمگە چۈشۈپ ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى."

ئادولف ئۈچ ياشقا كىرىپ تۆت ئاي ئۆتكەندە ئۇنىڭ ئاتىسى يەنە بىر قېتىم دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ئائىلىسى بويىچە پاسساۋغا كۆچۈپ كېتىدۇ. پاسساۋ دېگەن بۇ شەھەر خېلى چوڭ بىر شەھەر ھېسابلىناتتى. پوممېر ئىن ئېقىنىنىڭ سەل تۆۋەن تەرىپىدە، دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى گېرمانىيە چېگراسى ئىچىدىكى بىر شەھەر بولۇپ، تاموژنا ئىشخانىسى ئەنە شۇ يەرگە جايلاشقان ئىدى. گېرمانىيە شەھەرلىرىنىڭ بىرىدە ئولتۇراقلىشىپ، نېمىس باللىرى بىلەن بىرگە ئويناپ چوڭ بولۇشى، بالا ۋاقتىدىكى ھىتلېرغا مەڭگۈ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان ئىدى. مەسىلەن، باۋارىيەنىڭ جەنۇبىدىكى نېمىس شېۋىسى ئۇنىڭ تىلى چىققان شېۋىسى ئىدى.8 ھىتلېر كېيىن ئۇ ۋاقىتلارنى ئەسلىگىنىدە، ئۇ ۋاقىتلار مېنى باللىق دەۋرىمدىكى خاتىرىلىرىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىدۇ، دەيدۇ.

ھىتلېر خانىم ئۇزۇنغىچە ھامىلىدار بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، كىلارا ئاجىز، ئورۇق ئوغلىنى بەستلىك، كۆچلۈك چوڭ قىلىمەن دەپ ئادولفنى نەچچە يىلغىچە ئەمچەكتىن ئايرىمىغانمىش. شۇڭا، ئۇ، بۇ ئوغلى 5 ياشقا كىرگىنىدىلا ئاندىن ئىبدمۇند دېگەن ئوغلىنى تۇغقان ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئادولفمۇ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈپ ئاساسەن ئەركىن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغانمىش. ئالويس ئائىلىسى كىچىك ئوغلى تۇغۇلغۇچە بولغان ۋاقىتلاردا يەنىلا شۇ پاسساۋ دېگەن يەردە ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئادولف يەرلىك نېمىس باللىرى بىلەن يەتكۈچە شوخلۇق قىلىپ ئويناپتىكەن.

ئادولف، بۇنداق ئەركىن-ئازادە تۇرمۇش ئىچىدە يەنە بىر يىلنى ئۆتكۈزىدۇ. 1895-

يىلى باھاردا، ھىتلېرلار ئائىلىسى خافېلدقا كۆچىدۇ. بۇ يەر لىنزنىڭ غەربى جەنۇبىدىن 30 مىل (بىر مىل 1609.3 مېترغا تەڭ _ ئۇ.ت) يىراقلىقتا جايلاشقان كىچىك بىر كەنت ئىدى. ئۇلار تاغ يامزىلىدىن بىر يۈرۈش سەھرا ئۆيى بار 9 ئاكر (بىر ئاكر 4046.86 كۋادرات مېترغا تەڭ _ ئۇ.ت) يەر سېتىۋېلىپ جايلىشىدۇ. ئارىدىن بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندە، 6 ياشقا كىرگەن ئادولف باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىلىدۇ. بۇ مەكتەپ ئۆيدىن بىر قانچە مىل يىراقلىقتىكى فىشلامدا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئادولف ئاپىسىنىڭ بەكلا چىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇشىدىنمۇ قۇتۇلۇپ مەكتەپ ھاياتىنى باشلايدۇ. ئۇ مەكتەپكە كىرىپ بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئاتىسى ئالويس پېنسىيىگە چىقىدۇ. كىچىك ھىتلېر ئەمدىلىكتە مەكتەپنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىگە بوي سۇنۇشىدىن باشقا، ئاتىسىنىڭمۇ قاتتىق باشقۇرۇشى ئاستىغا ئۆتىدۇ. بۇنداق چىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇلۇۋاتقان ئادولف، ھەقىقەتەن باش كۆتۈرەلمەيلا قالىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى 40 يىللىق مەمۇرى خىزمەتچىلىك ھاياتىدىن ئايرىلىپ يېزىغا كېلىشى بىلەن ئۆزىنى خېلىلا ئەركىن ھېس قىلىپ يۈرگەن. ئالويس، بۇ يېزىدا كىچىك بولسىمۇ مۆتىۋەر بايىۋەتچى بىرى ھېسابلىناتتى.

ئۇلارنىڭ بۇ قورۇجايى ئۇنچە بەك چوڭ ھېسابلانمايتتى. ئەمما يېزا بويىچە ئەڭ چىرايلىق سېلىنغان بىنا بولۇپ، ئەتراپى ئالما-ياڭاق دەرەخلىرى بىلەن پۈركەلگەن بىر تاغ يامزىلىغا جايلاشقان ئىدى. قورۇنىڭ ئالدىدىن تۆپتۈز ياسالغان بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ ئۆتەتتى. سۈپسۈزۈك ئۆستەڭ سۈيى كۆن بويى شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. بۇنداق مەنزىرىلىك بىر يەردە تۇرۇۋاتقان ئادولف، شۇنچە قاتتىق باشقۇرۇلۇۋاتقانلىقىغا قارىماي كۆڭلىرىنى بەكلا كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەنلىكى ئېنىق. قوشنىلارنىڭ بالىلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئويناپتتىكەن.

ئادولف مەكتەپ يولىدا ئاتا بىر ئانا باشقا ئۆگەي ھەدىسى ئانگېلا بىلەن بىرگە بىرەر سائەتتىن ئارتۇق يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. كىچىك بىر بالا ئۈچۈن بۇ يول ھەقىقەتەنمۇ ئۇزۇن بىر يول ھېسابلىناتتى. مەكتەپمۇ كىچىك بولۇپ، كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئىككى سىنىپلىق بىر بىنا ئىدى. سىنىپلارنىڭ بىرىدە ئوغۇللار، يەنە بىرىدە قىزلار ئوقۇيتتى. ھىتلېرلار ئائىلىسىنىڭ بۇ ئىككى بالىسىنى مەكتەپ مۇدىرى بەكلا ياقتۇرۇپ قالىدۇ. بۇ ئىلمىي مۇدىر شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دېگەن: ئادولف ”زېھنى ئۆتكۈر، ئوقۇتقۇچىلىرىغا بەكلا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئەمما شوخ بىر بالا ئىدى. ھەمدە بۇ ئىككى ئوقۇغۇچى كىتابلىرىنى سومكىسىغا رەتلىك سېلىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار ھەقىقەتەن ئۈلگىلىك ئوقۇغۇچى ئىدى.“

”مېنىڭ دەسلەپكى كۆزقاراشلىرىم ئەنە شۇ دەۋرلەردىن باشلاپ شەكىللىنىشكە

باشلىغان ئىدى، _ دەيدۇ ھىتلېر «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدا (بۇ كىتاب، ئەسلىدە ھىتلېرنىڭ تەرجىمھالى قاتارىدىكى بىر كىتاب بولۇپ، كىتابتا نۇرغۇن ئىشلار بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرۈپ بايان قىلىنغان)، _ دالالاردا يۈگۈرۈشۈپ مۆكۈمۆكىلەڭ ئويناش، ئۇزۇن مەكتەپ يولىدا مېڭىش، بولۇپمۇ ئۇ يەردىكى شوخ يېزا باللىرى بىلەن بىرگە ئويناشلار، ... مېنى زادىلا ئۆيدە تۇتۇپ تۇرالمايتتى.“ ئادولف شۇ يېشىدىن تارتىپلا جاراڭلىق ئاۋازدا ئۆز مەقسىتىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان قابىلىيىتى بولغاچقا، ئۇزۇنغا قالماي كەنتتە ”باللار يېتەكچىسى“ گە ئايلىنىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ئاي ئىچىدە، ھىتلېرلار ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىدۇ. ئالويس دېھقانچىلىقتىن خەۋىرى بولمىغاچقا پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنكى كۈنلىرى ئۇنىڭغا بەكلا زېرىكىشلىك تۇيۇلاتتىكەن. 1896-يىلىنىڭ بېشىدا، پاۋلا ئىسىملىك يەنە بىر بالىسى دۇنياغا كېلىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىنلىششقا باشلايدۇ. بەش بالىنىڭ غېمى، بولۇپمۇ ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە يىغلاپلا تۇرۇشى، ھەممە بىر ئۆيگە قىستىلىپ قېلىشى، ئالويسقا بۇ ئائىلە تارلىق قىلىشقا باشلاپ ئۆزىنى تېخىمۇ بەكرەك ھاراققا ئۇرۇشقا باشلىغانلىقىنىڭ بىر سەۋەبى بولۇشىمۇ مۇمكىن.9 شۇنىسى ئېنىقكى، ئالويسنىڭ مىجەزى بەكلا تېرىككەك، بىر ئىشلارغا ئاسانلا خاپا بولۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇ دەردىنى ھەر دائىم كىچىك ئالويستىن چىقىرىۋالاتتى. ئالويس ئوغلىنى گەپ ئاڭلىماس بولۇۋالدىڭ دەپ پات-پاتلا تىللاپ سىلكىشلەيتتى، ئىككىسى پات-پاتلا گەپ تالىشىپ قالاتتى، ئوغلىمۇ ئاتىسىنىڭ دېگىنىگە ئۇنىماي تۇرۇۋالاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، كىچىك ئالويس قاتتىق مەيۈسلەنگەن ھالدا دەرد ئېيتىپ، ئاتىسىنىڭ ئۇنى دائىم دېگۈدەك قامچىلاپ ئۇرىدىغان بولۇۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئۇ يىللاردىكى ئاۋسترىيە مۇھىتىدا ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىنى ئۇرىدىغان ئەھۋاللار ئادەتتىكى ئىشلاردىن ھېسابلىناتتى. ھەتتا تاياق بالىنى ئوڭلايدىغان دورا دەپمۇ قارىشاتتى. دېمىسىمۇ كىچىك ئالويس بەزىدە راستىنلا ھەددىنى بىلمەي قالاتتى. مەسىلەن ئۇ بىر قېتىم ئويۇنچۇق كېمە ياسايمەن دەپ ئۈچ كۈنگىچە مەكتەپكىمۇ بارماي ئوينىغان. بۇرۇنلاردا بالىسىنىڭ بۇنداق قىزىقىشلىرىغا تۆرتكە بولۇپ كەلگەن ئالويس، ئوغلى كىچىك ئالويسنى قاتتىق جازالايدۇ. ھەتتا بىر قېتىم ”ئۇنى پاتىڭىدىن تۇتۇۋېلىپ بېشىنى ھوشىدىن كەتكۈچە دەرەخكە ئۇستۇرگەن.“ يەنە بەزى گەپلەردىن قارىغاندا ئالويس ئوغلىنى ئۇنداق قاتتىق ئۇرۇپ دەردىنى چىقىرالمىغان ۋاقىتلىرىدا بېرىپ ”ئىتنى ئۇرۇپ سىيدۈرۈۋېتەر ئىكەن“. كىچىك ئالويسنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، ھەتتا ئىنتايىن مۇلايىم ئۆگەي ئاپىسىمۇ بەزىدە ئاتىسىغا بولۇشۇپ ئۇ ئىنتقا بەكلا قوپاللىق قىلار ئىكەن.

ئەگەر بۇ دېگەنلەر راست بولغىنىدا، بۇ ھادىسلەر ئادولفقا مەڭگۈ ئۇنتۇلمىغۇدەك تەسىر قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

ياش ئالويىسچىك ئۇچۈن، خافىلىدىنكى تۇرمۇشقا بۇنىدىن ئارتۇق زادىلا تاقەت قىلغۇچىلىقى قالمايدۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ قاتتىق خارلىغانلىقىنىلا ھېس قىلىپ قالماي، ئۆگەي ئاپىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي تاشلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ، ئادولفقىمۇ قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتكەن. 1948-يىلى، يەنى ئارىدىن 52 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بىرىگە دەپ بەرگەنلىرىدىن قارىغاندا، كىچىك ئالويىس تا شۇ ۋاقىتلارغىچە ئادولفقا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئۇنۇتالماي دەرت تۆكۈپ بەرگەن: ئۇ ۋاقىتلاردا ئادولف نېمە قىلمەن دېسە شۇنى قىلاتتى؛ كىچىكىدىن تارتىپلا تېرىككەك بىرى ئىدى. ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى. "ئۆگەي ئاپامۇ ھەر دائىم ئۇنىڭ تەرپىنى ئېلىپ كەلگەچكە، ئادولف نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىپ، قىلغان ئىشىدىن تاياق يېيىشتىن ئاپىسىنىڭ سايىسىدە قۇتۇلۇپ قالاتتى. ئەگەر ئادولف دېگىنىنى قىلدۇرالمىسا ۋارقىراپ-جارقىراپ ئۆيىنى بېشىغا كىيەتتى. ... ئادولفنىڭ بىرمۇ ئاغىنىسى يوق، ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيدىغان مۇز چىراي؛ كىچىككىنە ئىشلارغا ئاچچىقلاپ جاھاننى بېشىغا كىيىدىغان بالا ئىدى."

بۇ ئائىلىدە ئۆزىنى بەكلا ئېغىر يەكلەنگەن، ھېچ كىمنىڭ كارى بولماي تاشلىۋېتىلگەن دەپ ھېس قىلغان كىچىك ئالويىس، ئاتىسىنىڭ يولىنى تۇتۇپ 14 ياش ۋاقىتلىرىدا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ تا ئاتىسى ۋاپات بولغان ۋاقىتقىچە بۇ يېزىغا پەقەتلا ئاياق باسمايدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىگەن ئالويىسمۇ ئوغلىنىڭ مىراسىنى قانۇن رۇخسەت قىلىدىغان ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ. ئۆگەي ئاكىسىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى بىلەن، ئادولفمۇ ئاتىسىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغان بىردىن-بىر بالىسىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا بىر مۇنچە ئارتۇق ئىشلارنى يۈكلەشكە كىرىشىدۇ. ئەگەر ئادولف بۇ ۋەزىپىلەرنى ۋاقتىدا ئورۇنداپ كېتەلمىسە شۇ ھامان تاياق يەيتتى. ئارىدىن بىر قانچە ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە، ۋارقىراپ-جارقىراپ يۈرىدىغان بۇ سەھرا بايۋەچچىسى يېزا ھاياتىغا رازى بولماي ئۇستىگە يۈك بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ يەردىكى يەر-زېمىنلىرىنى سېتىۋېتىپ بالىلىرىنى ئېلىپ بۇ يەردىن 6 مىل يىراقلىقتىكى لامباچ شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىپ بۇرۇندىن ئادەتلىنىپ كەلگەن شەھەر تۇرمۇشى كۆچۈرۈشكە باشلايدۇ. ئۇلار ئاۋۋال لامباچتىكى ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بېنېدىكتىنا موناستىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى گاستخوف لېينگارتنېر ناملىق مېھمانخانىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە يېرىم يىلدەك تۇرۇپ قالىدۇ.

داچىدىكى تۆگمەس ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئادولف، بۇ يەردە خېلىلا ئارام تېپىپ كۆڭلى خېلىلا كۆڭۈللۈك ئۆتىدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ زامانىغا خاس مەكتەپتىكى ئوقۇشىمۇ ئالاھىدە ياخشىلىنىپ، نەتىجىسىمۇ كۈندىن-كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. 1897~1898 ئوقۇش يىلىدىكى يىللىق ئىمتىھاندا ئەڭ يۇقىرى نومۇر ھېسابلىنىدىغان ئەلاچىلارغا بېرىلىدىغان 12 نومۇر دېگەن نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئالاھىدە جاراڭلىق چىقاتتى. شۇڭا ئۇ، بەزىدە چۈشتىن كېيىنكى بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ موناستىرنىڭ خور گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلاھىيەت ناخشىلىرىنى ئېيتىش كۇرسىغا قاتنىشىدۇ. پوپ بېمخارد گرۆنېر بۇ كۇرسىنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. موناستىردىن ئۆيىگە قايتىش يولىدا بىر ئەگمە كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە موناستىرنىڭ قالقانسىمان قاپارتما خەتلىك كىرېست بەلگىسى ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

(سخىما ئورنى: ھىتلېرلار جەمەتىنىڭ شاخلىنىشى 10-11)

ئادولف ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلگىنىدە ”ھەيۋەت بىلەن چاقناپ تۇرغان موناستىر ئىچىدىكى داغدۇغىلىق مۇراسىم تۈسى كۆز ئالدىغا كېلىپ ئۇنى مەست قىلىۋېتەتتى“. بۇ موناستىرنىڭ باش راھىبى ئۇنىڭ ھەۋەسلىنىدىغان مەبۇدىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە دىنىي جەمئىيەتكە ئەزا بولۇپ كىرەلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولىدۇ. قىزىق يېرى، ئۇنىڭ بۇنداق خام خىيال قىلىشى ئاتىسىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئاتىسى دىنغا قارشى بىرى ئىدى.12 كېيىنچە ئادولف، ھېلېنا خانفستايىنگىل خانىمغا مۇنداق دەپ سۆزلەپ بەرگەن: ”مەن بالا ۋاقتىلىرىمدىلا پاستور بولۇشنى ئالاھىدە ھەۋەس قىلاتتىم. شۇڭا ھەر دائىم ئاشخانا ئۆيىمىزدىكى خىزمەتچى ئايالنىڭ پەرتۇقىنى ئۆتنە ئېلىپ ئۈستۈمگە ئارتىۋېلىپ پوپ قىلىقىغا كىرىپ ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقاتتىمدە، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا ھاياجانلىق ۋەز ئېيتىپ كېتەتتىم.“ ئىخلاسمەن ئاپىسىمۇ ئوغلىنىڭ بۇنداق بىر كەسىپنى تاللىۋېلىشىنى بەكلا خالايتتى، ئەلۋەتتە. ئەمما ئادولفنىڭ موناستىرغا بولغان قىزغىنلىقى قانچە تېز پەيدا بولغان بولسا شۇنچە تېز غايىب بولىدۇ. ھەتتا ئۇ بىر قېتىم تاماكا چېكىۋاتقىنىدا باشقىلارغا تۇتۇلۇپمۇ قالىدۇ.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىككى قەۋەتلىك بىر بىناغا كۆچكەن بولۇپ، بۇ ئۆي بۇرۇنقىسىغا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا چوڭ، ئازادە ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئۆيى بىر زاۋۇتقا تام قوشنا ئىدى. ھەر دائىم تەۋەككۈلچىلىكلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان شوخ

بىر بالا ئۇچۇن بۇ يەر راستىنلا بەكلا مۇۋاپىق قوماندانلىق شتاب بولۇپ بەرگەن ئىدى. ھىتلېرغا ئۇ يەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئامېرىكا "غەرب كوۋبوي نوچىلىرى (پادىچىلىرى) بىلەن ھىندىيانلار" رولىنى ئوينايدىغان ئەڭ مۇۋاپىق ئويۇن سورۇنى بولۇپ بېرەتتى. زاۋۇت خوجايىنلىرى (ئەر-خوتۇن) نىڭ نەزىرىدە ئادولف "كىچىك لوكچەك" ھېسابلىناتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنى ئۆيدىن تاپقىلى بولمايتتى، نەدە بىر جېدەل بولىدىكەن، ئادولف چوقۇم شۇ يەردە ئىدى. شۇنىڭدەك ھەر دائىم نەشپۈت دەرىخىنىڭ تالان-تاراج قىلىنىشىغا باشچىلىق قىلاتتى ياكى باشقا ناچار ئىشلارغا باش بولۇپ بېرەتتى. ئۇ ھەر دائىم ئۇستى-بېشى يىرتىلغان، ئۇ يەر-بۇيېرى يارىلانغان "رەسمىي ياۋايى" قىياپەتتە ئۆيگە كىرىپ كېلەتتى.

ھېچقانداق بىر ئىشتىن خاتىرجەم بولالماي يۈرگەن ئالويىس ئۇچۇن لامباچتىكى كۈنلىرىمۇ ئۇنىڭغا زېرىكىشلىك تۇيۇلۇشقا باشلايدۇ. شۇڭا، ئۇ 1899-يىلى لىنز شەھەر رايونىدىكى لېئوندىڭ كەنتىدىن راھەت ياشاشقا بولىدىغان بىر قورۇ-جاي سېتىۋېلىپ كۆچۈپ بېرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ يېڭى قورۇسى شۇ يەرنىڭ قەبرىستانلىق قورۇق تېمى يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئادەتتىكى ئۆيلەردەك ئازادە ھېسابلانمىسىمۇ، ئۇ ئۆي ئالويىسنىڭ كۆڭلىگە بەكلا ياقاتتى. لېئوندىڭنىڭ نوپۇسى ئۈچ مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۆيىنىڭ يېنىدا بىر تىياترخانا، بىر كۇلۇب ھەمدە لىنزنىڭ ھەشەمەتلىك ھۆكۈمەت بىناسى جايلاشقان ئىدى. شۇڭا ئۇ يەرنىڭ مۇھىتى خېلىلا مەدەنىيەتلىك، خەلقىمۇ ئۆزئارا ئىناق ئۆتەتتى.

ئادولف، ئۆگەي ئاكىسى ئالويىسچىك ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلەيدىغان ئاساسلىق بالىسىغا ئايلىنىدۇ. پاۋلا ھىتلېر ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، ئادولف "ھەر دائىم ئاتامنى تېرىكتۈرۈپلا يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ دائىم دېگۈدەك ئاتامدىن تاياق يەيتتى. ئۇ ھەرگىز تۈزەلمەيدىغان بىكچىك لوكچەك ئىدى. ئاتام ئۇنى ھەر قانچە ئۇرۇپ، ھەر قانچە ئەدەپلەپ، مەجبۇرلاپمۇ مەمۇرى خىزمەتچىلىكنى ياخشى كۆرىدىغان قىلالمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاپامنۇ ئۇنى بەكلا ئەركىلىتىپ، ئۇنىڭ ئاتا مېھرىدىن مەھرۇم بولغان روھىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشاتتى" دەيدۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئادولف ئاتىسىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇچۇن ئۆيىنى تاشلاپ قېچىپ كەتمەكچىمۇ بولغان. ئالويىس ئوغلىنىڭ بۇ پىلانىدىن خەۋەر تېپىپ قېلىپ، ئۇنى بالكون قەۋىتىدىكى قازناققا سولاپ قويغان. ئاخشىمى، پەنجىرىنىڭ تۆمۈر رىشاتكىلىرى ئارىسىدىن قىستىلىپ چىقىپ قاچماقچى بولۇپ ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، پەنجىرىگە بويى يەتمەي ھەم پاتماي قالىدۇ. ئاخىرى ئۇ يالىڭاچلىنىپ پەنجىرىگە ئېسىلىپ ئەركىنلىككە ئېرىششكە ئاز قالغان پەيتىدە ئاتىسىنىڭ پەلەمپەيدىن يۇقىرى چىقىپ كېلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال دېرىزىدىن تاقلاپ چۈشۈپ، كىيىملىرىنى كىيىشكە ئۈلگۈرەلمەي

يالىڭاچ بەدىنىنى داستىخان بىلەن ئورىۋالىدۇ. بۇ قېتىم ئالويىس ئوغلىنى قامچىلاپ ئۇرۇپ جازالاش ئورنىغا قاقاقلاپ كۈلگىنىچە دەرھال كىلارانى چاقىرىپ "ئاق كېپەنگە ئورىنىۋالغان ئوغلۇڭنىڭ ھالىغا قارا" دەپ ئادولفنى قاتتىق مازاق قىلىدۇ. ئاتىسىنىڭ بۇنداق مازاق قىلىپ كۈلگىنى ئادولفقا تاياقتىن بەكرەك ئېغىر كېلىدۇ. ھىتلېر بۇ ئىشنى خېلى ۋاقىتلارغىچە ئېسىدىن چىقىرالماي، كېيىنكى بىر كۈنلەردە بۇ ئىشنى خانفستاينىگىل خانىمغا پىچىرلاپ ئېيتىپ بېرىدۇ: "مەن بۇ سەتچىلىكنى ئۇزۇنغىچە ئېسىمدىن چىقىرالمىغانىدىم."

خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يېقىندىكى كاتىپلىرىدىن بىرىگە مۇنداق دەپ سۆزلەپ بېرىدۇ: شۇ كۈنلەردە، مەن تاياقتىن قورقماسلىق قەھرىمانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى دېيىدىغان بىر ھېكايىنى ئوقۇغانلىقىمنى ئېسىمگە كەلتۈردۈم. "شۇندىن كېيىن مەن قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، بۇندىن كېيىن ئاتام مېنى ئۇرغىنىدا چىشىمنى چىشلەپ ھەرگىز يىغلىمايمەن دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم قەسەم قىلدىم. دېگەندەك، ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا مەن بۇنداق ئىرادەمنى سىناش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. يەنى ئاتام مېنى پالاق جازاسىغا تۇتقان ئىدى. ئاپام قورققىنىدىن يوگۇرگىنىچە تالاغا چىقىپ يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدى. مەن بولسام ئاتامنىڭ ئۇرغان تايىقىغا قىلچە پىسەنت قىلماي سۆڭگىچىمگە چۈشۈۋاتقان پالاق سانىنى بىر خىيالدا يوق ساناپ تۇرۇپ بەردىم."13 ھىتلېر، مەغرۇرلانغان ھالدا، شۇ كۈندىن كېيىن ئاتىسى ئۇنىڭغا پەقەتلا تەگمىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئادولف ئەندىلا ئون بىر ياشقا كىرگىنىگە قارىماي، ئۇنىڭ ئۇرۇق يۈزىدە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان قانداقتۇر بىر ئىپادىلەر ئەكس ئەتكەندەك كۆرۈنەتتى. شۇ يىلى لېئوندىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىدە سىنىپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە چۈشكەن رەسىمدە ئۇ ئەڭ يۇقىرىقى رەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بولۇپ، قالغان ساۋاقداشلىرىدىن نەچچە سانتىمېتىر ئېگىز كۆرۈنەتتى. رەسىمدىكى شاكىچىك ئادولف غادايغىنىچە ئىككى قولى مەيدىسىدە تىك تۇرغىنىچە تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى ھەقىقەتەن ئىسيانكار روھقا ئىگە بولۇپ، بەكلا مەغرۇر كۆرۈنەتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەقىقەتەن سىنىپنىڭ ئەڭ ئەقىللىق بالىسى ئىدى. ئۇ ئوقۇشتا قىلچىمۇ قىينالمايتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە بىر قابىلىيىتىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلىپ قالغان بولۇپ، ئۇ، رەسىم سىزىش قابىلىيىتىگىمۇ ئىگە ئىدى. 1900-يىلى 26-مارت كۈنى سىزغان ۋاللېنستېيىندا تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە رەسىمدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئۇنىڭ رەسساملىق تالانتى ھەقىقەتەن دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان ئىدى. سىنىپتا دەرس ئىچىدە يوشۇرۇن رەسىم سىزىپ ئولتۇراتتى. بىر قېتىم ۋېينبېرگېر ئىسىملىك بىر ئوغۇل ساۋاقدىشى ئۇنىڭ

شاۋۇمبىرگ قەلئەسىنى يادىدا قالغىنىچە سىزىپ پۈتتۈرگىنىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقىدا ئاغزى ئېچىلىپلا قالغان.

تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا ياكى مەكتەپتىن قايتقان ۋاقىتلىرىدا ئۇ يەنىلا ساۋاقداشلىرىنىڭ باشلامچىسى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن بىرگە كۆچۈپ يۈرۈپ ياشىغان جايلار شۇنچە كۆپ ئىدىكى، ساۋاقداشلىرى ئۇنداق يەرلەرنى ياشاش تۇرماق، ھەتتا بىر ئۆمۈر كۆرگەن يەرلىرىمۇ ئۇنىڭ ياشىغان يەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە يەتمەيتتى. شۇڭا، ساۋاقداشلىرى ئادولفقا كۆپنى كۆرگەن چوڭ ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشاتتى.

دوستلىرى بىلەن بىرگە ئوينىغان ۋاقىتلىرىدا ئۇ ھەر دائىم فېنىمور كوپېر ۋە ئۇنىڭ تەقلىدچىسى بولغان نېمىس يازغۇچى كارل ماينىڭ سەرگۈزەشت رومانلىرىدىكى ۋەقەلەرنى تەقلىد قىلىپ ياكى شۇلاردىن ئىلھام ئېلىپ ئوينايتتى (ئادولف بۇنداق ھېكايىلەرنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوقۇيتتى). يازغۇچى كارل ماي ھېچقاچان ئامېرىكىغا بېرىپ باقمىغان بولىشىغا قارىماي، ئۇنىڭ پەزىلەتلىك ھىندىيانلار بىلەن بەستلىك پادىچى كوۋبوي نوچىلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلىرى گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيەدىكى بالىلارنىڭ ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد چوقۇنۇپ ئوقۇيدىغان ئىنجىلىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئادولف، بۇ ھېكايىلەردىكى شاتتېرخاند بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ تەۋەككۈلچىلىكلىرىدىن بەكلا سېھىرلىنىپ كېتەتتىكەن. ئۇ، ساۋاقداشلىرىغا باشلامچىلىق قىلىپ بۇ تۈردىكى ئويۇنلارنى ئويناشتىن قىلچە زېرىكمەيتتى. بېشى چوڭراق ساۋاقداشلىرى بۇنداق ئويۇنلاردىن زېرىككىنىدە، كىچىكرەك ساۋاقداشلىرىنى تەشكىللەپ بۇ ئويۇنلارنى داۋاملىق ئوينايتتى. ھەتتا بەزىدە بۇ ئويۇنلارغا قىزلارنىمۇ قوشۇۋالاتتىكەن.

تەخمىنەن شۇ دەۋرلەردە، ئۇ 1870-يىلقى پىروسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشىنى تەسۋىرلەيدىغان ژۇرناللار ئارىسىدىن تېخىمۇ قىزىقتۇرارلىق نەرسىلەرنى تېپىۋالغان. ئادولف، بۇ ژۇرناللاردىكى ھېكايە ۋە چاتما رەسىم ھېكايىلىرىنى زېرىكمەي كۆرۈپ چىقىدۇ. ”ئۇزۇنغا قالماي، تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەت روھى دۇنيايىمنىڭ تەرەققىياتىدا ئەڭ ئۇلۇغ سەرگۈزەشتىم ھالىغا كەلدى. ... شۇندىن ئېتىبارەن ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ياكى ھەربىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرگە بارغانسېرى قىزىقىدىغان بولدۇم.“ («كۈرەش يولۇم» غا قارالسۇن. بۇ كىتاب، سىياسىي مەقسەتنى دەپ بەزى يەرلىرىدە پاكىتلار بەكلا بۇرمىلاپ كۆرسىتىلىشكە ئۇرۇنۇلغان).

بىر يىل ئاۋۋال پارتلىغان بوئېر ئۇرۇشى، ئادولفنىڭ قەلبىدە گېرمان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇش بىلەن قالماي، ئۇنىڭ ئويۇن ئويۇنىشى ئۈچۈنمۇ تۈرتكىلىك ماتېرىيال بولۇپ بېرىدۇ. ئۇ، ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ”ئارمىيىسى“ بىلەن، ئەنگلىيە ئەسكىرى

بولۇشقا تاللىنىپ قالغان تەلەيسىز قارشى سەپتىكى ساۋاقداشلىرىغا قارشى سائەتلەرچە "شىددەتلىك ھۇجۇم" قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ دادىسىغا موخوركا ئالغىلى چىققان ئادولف بۇ ئويۇننى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيماي، ئاتىسىنى تاماكىغا يولغا سالغان ئوغلىنى ساقلاپ غەزەپلىنىپ سائەتلەپ قورۇق غاڭزىسىنى چىشلىگىنىچە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قالدۇراتتى. ۋېيىنبېرگېرنىڭ ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ دېيىشىدىن قارىغاندا، بۇنداق كۈنلەردە ئادولفنى ئۆيدە "قىزغىن تاياق مۇراسىمى" كۈتۈۋالغان بولاتتى. بۇ تەۋەككۈلچىلىك كۈنلەر بەلكىم ھىتلېرنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. "ئۇرمانلىق ۋە چاتقاللىقلار _ دەپ يازىدۇ ھىتلېر، _ ھاياتىمدا دائىم دۈچ كېلىپ تۇرىدىغان 'توقۇنۇشلار' دىكى يېڭىش-يېڭىلىشىمنى كۆزدىن كۆچۈرۈشۈمدە ئىنتايىن مۇھىم بىر سورۇنغا ئايلانغان ئىدى."

شۇ يىلى، 6 ياشلىق ئېدمۇند قىزىل چىقىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. تۆت بالىسىنىڭ ئۆلۈمى كلارانى تۈگەشتۈرۈپلا قويىدۇ. ئەمما شۇ ۋاقىتلاردا كىچىك ئالويىسنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، بۇ ئائىلىنىڭ فامىلىسىگە ۋارىسلىق قىلالىغۇدەك ئوغۇلدىن يالغۇز ئادولفلا قالغان ئىدى. گەرچە ئادولف ئۆزىنىڭ قالماي باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، ئائىلە ئىچىدىكى جىدەللەر ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ بەك كۈچەيتىۋېتىدۇ.14 ئاتىسى ئالويىس ئوغلىنى ئۆزىگە ئوخشاش بىر دۆلەت كادىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ھەر دائىم ئوغلىغا كادىرلىق ھاياتى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ ئوغلىنى بۇ ئىشقا قىزىقتۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئوغلى بولغان ئادولف بولسا پۈتۈن خىيالى رەسسام بولۇپ يېتىشىپ چىقىشتىلا قالغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئىنقىلاب پىلانلىرىنى ۋاقتىنچە قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە كۆمۈۋېتىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا تالاش-تارتىش قىلمايلا ئاتىسىنىڭ كېيىنكى ئوقۇتۇش پىلانىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ چاغدا ئادولف كلاسسىك گىمنازىيە مەكتىپىدە ئوقۇشى (ئالىي مەكتەپ ئوقۇشى ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان كلاسسىك ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى ئادەتتىكى تولۇقسىز-تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇشى) ياكى بولمىسا كەسپى ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشى (ئاساسلىقى پەن-تېخنىكا دەرسى ئالىدىغان كەسپى مەكتەپ ئوقۇشى) دىن بىرنى تاللىۋېلىشىغا بولاتتى. رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئالويىس ئوغلىنىڭ كەسپى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشىنى ماقۇل كۆرىدۇ. ئادولفمۇ، بۇنداق مەكتەپلەردە رەسىم دەرسى بار دەپ ئويلىغاچقا، دادىسىنىڭ بۇ قارارىغا ئۇن چىقارمايدۇ.

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ يېقىنىدىكى كەسپى ئوتتۇرا مەكتەپ لىنزدىكى مەكتەپ ھېسابلىناتتى. 1900-يىلى 17-سېنتەبىر كۈنى، ئادولف كۆك رەڭلىك مەكتەپ سومكىسىنى

مۇرىسگە ئىبسېن بىرىنچى قېتىم ئۆزى يالغۇز يولغا چىقىدۇ. ئۆيى بىلەن مەكتەپ ئارىلىقى بەكلا يىراق بولۇپ، ئۈچ مىلدىن ئارتۇق يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ يول بويى ئەتراپنى تاماشا قىلىپ يېرىم يولغا كەلگىنىدە، ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان لىنز شەھىرى بىلەن دۇناي دەرياسى كۆرۈنىدۇ. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئادەتتىكى شۇ يېشىغىچە ئۇچراشقان يېزا-كەنتلەردە ياشاپ كەلگەن بىر بالىغا نىسبەتەن، ئالدىدىكى بۇ مەنزىرە ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك ۋە سىرلىق بولۇپ كۆرۈنۈشى ئېنىق. يىراقلاردا، ئىگىز تۆپىلىكتە دۇنياغا داڭلىق كۈرنبېرگ قورغىنى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا نىبېلۇڭگېنلېيدېر شېئىرى (گېرمانىيەنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى بىر داستانى) دەل شۇ قەلئەدە يېزىلغان ئىكەن. ھازىر ئۇ يەردە قاتار كەتكەن چېركاۋلارنىڭ ئۈچلۇق مۇنارلىرى بىلەن قاتار-قاتار تىزىلغان ھەيۋەتلىك بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئادولف، تاغ ئارىسىدىكى ئەگرى-بوگرى تار چىغىر يولدىن ئايلىنىپ تۆۋەنلەپ شەھەر مەركىزىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ كېلىدۇ. مەكتەپ بىناسى تۆت قەۋەتلىك قاپ-قارا بىر بىنا بولۇپ، تار بىر كوچا بويىغا جايلاشقان ئىدى. مەكتەپ بىناسىنىڭ كۆرۈنۈشى مەكتەپكە قارىغاندا بىرەر مەمۇرى ئىشخانىغا بەكرەك ئوخشايتتى: بىنا ئىشلىتىشكە ئەپلىك ئەمما سۈرلۈك ئىدى.

ئادولفنىڭ مەكتەپتىكى نەتىجىسى ھە دېگەندىلا كۆرۈنەرلىك ناچارلىشىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئەمدى باللارنىڭ بېشىمۇ ئەمەس ئىدى، شۇنىڭدەك سىنىپتىكى ئەڭ ئۆتكۈر، ئەڭ ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچىمۇ ھېسابلانمايتتى؛ ئۇ، بۇنداق بىر مۇھىتتا كۆڭلى بەكلا سىقىلىپ كېتىدۇ. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئادەتتە سەھرادىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى بەك كۆزگە ئىلىپمۇ كەتمەيتتى؛ ئۇنىڭ كىچىك يېزا مەكتىپىدە كۆرگەن ئەتىۋارلىنىشلارنى بۇنداق چوڭ مەكتەپلەردە پەقەتلا كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ، بۇرۇنقى مەكتىپىدە سىنىپ بويىچە چۈشكەن رەسىملەردە بىرلا قارىسا كۆزگە چېلىقىدىغان ئەڭ ئۈستى تەرەپتە كۆرۈنەتتى. مانا ئەمدى سىنىپنىڭ بىرلىكتە چۈشكەن رەسىمى ئىچىدىن ئۇنى ئالدىراپ تاپقىلىمۇ بولمايدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ يەردە ئەتىۋارلىنىپ ئۆسكەن ئەڭ باللىنىڭ ئورنىغا قوپال، كۆرۈمسىز بىرى ئالمىشىپ قالغاندەكلا ئىدى.

ئادولف بۇ مەكتەپتە ئاستا-ئاستا تارتىنچاق، جىمغۇر بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. بۇ يەردە ئۇنى دەرسلەرمۇ بەك قىزىقتۇرالماس بولۇپ قالىدۇ. ”ئەگەر مەن بۇ مەكتەپتىمۇ ياخشى ئوقۇماي، ياخشى نەتىجە ئالالمىغانلىقىمدىن خەۋەر تېپىپلا قالسا، ئاتام مەيلى خالىسۇن-خالىمىسۇن، مېنى ئاخىرى بىر كۈنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويۇپ بېرىدۇ دەپ ئويلايتتىم.“ ھىتلېر «كۈرەش يولۇم» كىتابىدا نەتىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى بىر ھېسابتا ئەنە شۇنداق باھانە كۆرسىتىپ چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ماتېماتىكا، تەبىئىي

پەنلەر، تارىخ قاتارلىق دەرسلەردە لاياقەتسىز بولۇپ سىنىپتىن قېلىشنى ئەنە شۇنىڭ بىر باھانىسى، ياكى سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان. ھىتلېرغا ھاقارەت قىلماقچى بولغان كىشلەر ئۇنىڭ بۇ كەمچىلىكىنى باھانە قىلىشىپ، ھىتلېر ئەسلىدىنلا ھورۇن، دۆت بىرى ئىدى دېيىشتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق تىرىشماسلىقى بەلكىم ئاتىسىدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ بىر شەكلى، ھېسسىياتىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنىڭ بىر ئالامىتى بولۇشى ۋە ياكى ئۆزى قىزىقمايدىغان دەرسلەرگە تىرىشچانلىق كۆرسەتمەسلىكىنىڭ بىر ئىپادىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

كېيىنكى يىلى، ئادولف تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ دەرس نەتىجىلىرى تېزلىكتە ياخشىلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ يېشى قالغان ساۋاقداشلىرىغا قارىغاندا سەل چوڭراق بولغاچقا، ئۇزۇنغا قالماي ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا قايتىدىن باشلامچىلىق ئورنىغا ئۆتۈشكە باشلايدۇ. "بىز ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئامراق ئىدۇق، دەرسلەردە، بىرگە ئويۇن ئوينىغان ۋاقىتلاردا بىز ھەممىمىز ئۇنى ياخشى كۆرەتتۇق. _ دەيدۇ جوزېف كېپلىڭگېر، _ ئۇ ھەقىقەتەن سېھىرلىك بىرى ئىدى. ئۇ ئادەتتە بەك ئاسان ئاچچىقلىنىپمۇ كەتمەيتتى. نۇرغۇنلىرىمىزغا سېلىشتۇرغاندا ئۇنى مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل دېيىشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭ مىجەزى ئادەتتە بەكلا ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ئاسانلىقچە بىر خىل تۇرمايتتى. ئۇ، جىمغۇر، تەرسا مىجەزلىك ئىدى."

ئۇ ساۋاقداشلارنى تەشكىللەپ ئويۇن ئويناشقا يېتەكلەش جەھەتتە بەكلا ئۇستا بولغانلىقى ئۈچۈن، دەرستىن چۈشكەن ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا دوناي دەرياسى بويىدىكى چىمەنلىكتە "كوۋبوي نوچىسى بىلەن ھىندىئانلار ئۇرۇشى" ئويناتتى.15 دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ئادولف يەنىلا باللارنى بىر يەرگە يىغىۋېلىپ بوئېر ئۇرۇشى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. يەنە بەزىدە ئۆزى سىزغان بوئېر قەھرىمانلىرى رەسىمىنى ساۋاقداشلىرىغا كۆرسىتەتتى. ھەتتا ئۇ بوئېرلار قوشۇنىغا بېرىپ قوشۇلۇپ ئۇرۇش قىلىش خىيالىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئېيتاتتى. بۇ ئۇرۇش، ئۆسمۈر ھىتلېرنىڭ قەلبىدە نېمىس ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يېتىلدۈرمەكتە ئىدى. ئەسلىدە بۇنداق ھېسسىياتلار نۇرغۇنلىغان ئوغۇل ساۋاقداشلارغا ئورتاق بىر ھېسسىيات ھېسابلىناتتى. "بىز ئۈچۈن بىسمارك، مىللىتىمىزنىڭ بىر قەھرىمانى ھېسابلىناتتى. _ دەيدۇ كېپلىڭگېر ئەسلەپ كېلىپ، _ بىسماركنىڭ قەھرىمانلىقىنى مەدھىيىلەيدىغان ناخشىلار بىلەن بىر قاتاردا شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ناخشىلار، ئېيتىش چەكلەنگەن ناخشىلار ھېسابلىناتتى (ھايدىن يازغان ئاۋستىرىيە مارشى بىلەن گېرمانىيەنىڭ خەلق ناخشىسى «گېرمانىيە ھەممىدىن ئۈستۈن» دېگەن ناخشىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتەتتى.

ئاۋستىرىيەدە گېرمانپەرەستلەر ئادەتتە گېرمانىيە مەدھىيىلىنىدىغان ناخشىلارنى ئېيتىشاتتى. ھەتتا ئۆزئارا سالاملاشقانلىرىدىمۇ ئۇز ئىچىدە بىر-بىرىگە نىمىسچە "ياشىسۇن! _ خايل" _ دەپ سالام بېرىشەتتى _ ئا. ھ. ئى). ئادەتتە بىرەر پارچە بىسماركنىڭ رەسمىنى يېنىدا ساقلاشمۇ جىنايەت ھېسابلىناتتى. گەرچە ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۆز ئىچىدە باللاردىكىمىللەتچىلىك روھىنىڭ ياخشى بىر ئىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەشسىمۇ، كىمكى بۇ تۇردىكى ناخشىلارنى ئېيتىشقا ياكى بولمىسا كىمدە كىم ئاۋستىرىيەگە بولغان ساداقەتكە زىيانلىق سۆزلەرنى قىلىشقا پېتىنىدىكەن، دەرھال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەدەپلىشىگە ئۇچراپ تۇراتتى."

بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئادولف باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك گېرمانىزم ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلغۇالغان بىرى ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى بەلكىم ئاتىسىغا خائىنلىق قىلىشىنىڭ بىر ئىپادىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئاتىسى ھابسبۇرگ خانىدانلىقىنىڭ سادىق ھىمايىچىسى ھېسابلىناتتى. بىر قېتىم كىپلىڭگېر دەرستىن چۈشۈپ ئادولف بىلەن بىرگە ئۆيىگە قايتىدۇ. ئۇلار ئىككىسى تار قىيالىق يوللاردىن مېڭىپ كاپۇزىنېرستراس كوچىسىغا قاراپ كېتىۋېتىپ تاغ چوققىسىغا يېتىپ بارغىنىدا ھىتلېر بىر چېركاۋنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالىدۇ. "سەن گېرمان قېنىدىن تۇرۇلگەن ئەمەسكەنسەن. _ دەيدۇ گېپىنى ئۇدۇللا قىلىپ، _ سېنىڭ چاچلىرىڭ قارا، كۆزۈڭمۇ قارا." ئۇ مەغرۇرلانغان ھالدا ئۇنىڭغا قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كۆزلىرى قارا رەڭدە بولغىنى بىلەن، چېچى سۇس قوڭۇر رەڭدە ئىدى (كىپلىنگېرنىڭ دېيىشى بويىچە).

ئۇ ۋاقىتلاردا نېمىس ئەپسانىلىرىدىكى قەھرىمانلارمۇ ھىتلېرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇالغان ئىدى. ئەندىلا 12 گە قەدەم قويغان ھىتلېر لىنز تىياتىرخانىسىدا ۋاگنېرنىڭ «لوخېنگرىن» (گېرمانىيە رىۋايەتلىرىدىكى بىر ئەپسانىۋى رىتسار قەھرىمان ئوبرازى) دېگەن ئوپېراسىنى كۆرىدۇ. بۇ ئوپېرادىكى نېمىس تۇيغۇسى بىلەن ئوپېرانىڭ مۇزىكىسى بالا ھىتلېرنى پۈتۈنلەي مەست قىلىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ ئوپېرادىكى پادىشاھ ھېنرىگىنىڭ رىتسارلىرىغا ئېيتقان گېپى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىرقچىلىق، مىللەتچىلىك ھېسسىياتىنى كۈچلۈك دەرىجىدە ئۇرغۇتۇۋېتىدۇ:

ئىمپېرىيە دۈشمەنلىرى ئالدىمىزغا تىكلەندى، قىلىچ نەيزىلىرىمىزنى ئۇلارغا قاراتتۇق.
شەرقتىكى چۆللۈكتىن تۇزلەڭلىككىچە، دۈشمەنلىرىمىز بىر غېرىچمۇ ئىلگىرىلىيەلمىدى.
نېمىس تۇپراقلىرىنى نېمىس قىلىچى قوغدايدۇ، ئىمپېرىيىمىزنىڭ ھەيۋىسى تەۋرەنمەستۇر!

بـۇ مەۋسـۇمدە ئـۇ، دەرسـلـەرنىڭ ھەممىسـىدە دىگـۇدەك لاياقەتلـىك دېـگەن نەتـىجە ئالـدۇ. ئەدەپ-ئەخـلاق نەتىجىسـى بىـلەن تىرىشـچانلىق كۆرسـىتىش دەرىجىسـىدە يەنە "ياخشى" ۋە "ئەلا" دېگەن نەتىجىلەرگىمۇ ئېرىشـىدۇ. ئەممـا ئىككىنچـى يىللىقـىدا ئوقـۇش باشـلانغان كۈنـدىن تـارتىپلا دەرسـلـەرگە يېتىشـەلمەي قالـدۇ. ئۇنـىڭ ماتېماتىكـا دەرس نەتىجىسـى قايتـىدىن لاياقەتسـىز بولـۇپ، تىرىشـچانلىق كۆرسـىتىش دەرىجىسـىمۇ "ئوتـا" سەۋىيىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمما روژدېستۋو بايرىمىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەنلەر مەكتەپتىكى ئوڭۇشسىزلىقلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدۇ.

1903-يىلىنىـڭ 3-يـانۋار كـۈنى، ئاتىسـى ئـالويس خـۇددى باشـقا كۈنلەردىكـىدەك ئەتىگەنلا ئۆيىدىن چىقىپ ستانىپىل قاۋاقخانىسىغا يۈرۈپ كېتىدۇ. ئـۇ قاۋاقتا ئەنـدىلا بىـر ئـورۇن تېپـىپ ئولتۇرۇشـىغا، مىجەزىنىـڭ بەكـلا بولالمايۋاتقـانلىقىنى ھـېس قىلىـپ قىڭغايغىنىچە يېقىلىپ چۈشىدۇ. بىر قانچە مىنۇت ئۆتمەيلا بۇ دۇنيا بىـلەن ۋىدالىشـىدۇ. _ ئالويس، كۆكرەك پەردىسىدىن قان كېتىپ ئۆلگەن ئىدى.

ئىككـى كۈنـدىن كېـيىن ئـۇنى ئۆيىنـىڭ يېنـىدىكى چىركـاۋ قەبرىسـتانلىقىغا كۆمىـدۇ. ئۇنـىڭ قەبـرە تېشـىغا بـۇ پېشقەدەم تاموژنـا خادىمىنـىڭ سـوقچاق رەسـىمى 16 _ مەغـرۇر قىياپەتتە ئالدىغا تىكىلىپ چۈشكەن رەسـىمى ئورنىتىلـىدۇ. لىنزدىكـى «كۈنـدىلىك پوچتـا» گېزىتى ئۆلگۈچىنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئۈستىدە توختالغـان قىسقا خەۋەردە ئالويىسـقا مۇنـداق دەپ باھا بېرىدۇ: "ئۇنىڭ ئاربلاپ دەيدىغان ئۆتكـۈر سـۆزلىرى ئۇنـىڭ قوپال كۆرۈنۈشلۈك ۋۇجۇدىـدىكى قەلبىنـىڭ يۇمشـاقلىقىنى ھەرگـىز كۆمۈۋېتەلمەيـدۇ. ئـۇ ئەزەلـدىن قـانۇن-ئىنتىزامنىـڭ سـادىق ھىمايىچىسـى ئىـدى، ئـۇ بىشـىدىن كـۆپ ئىشـلارنى ئۆتكـۈزگەن، تەجرىبىلىك بىرى ئىدى، ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەقىقەت تەرەپتە ئىدى."

2

ئالويس ئائىلىسىگە ئادەتتە كىشىلەر دەپ يۈرگىنىدەك ئۇنچىۋالا كەمبەغەل تۇرمۇش مىراس قالدۇرۇپ كەتكەنمۇ ئەمەس. ئۇ ۋاپاتىغا قەدەر ئېلىۋاتقـان پېنسـىيە مائاشـى يىلىغـا 2420 كرونىن بولۇپ، بۇ پۇلنى ئادەتتىكى بىر باشـلانغۇچ مەكـتەپ مۇدىرىمـۇ ئالالمـايتتى. ئۇنىڭ قالدۇرغان مىراسلىرىدىن يېرىم پېنسـىيە پۇلـدىن باشـقا يىللىـق پېنسـىيە پۇلىنـىڭ تۆتتە بىـرىگە تەڭ يـاردەم پۇلمـۇ بـىراقلا تـۆلەنگەن ئـىدى. بـۇلاردىن باشـقا ھەر بىـر بـالا ئۈچـۈن يىلىغـا 240 كـرونىن، 24 ياشـقا كەلگـۈچە يـاكى مۇسـتەقىل تۇرمـۇش كۆچـۈرۈش

شارائىتتىغا ئېرىشكىچە تۆلىنىدىغان بولىدۇ.

بۇ ئائىلىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىشلەردىن بىرى شۇكى، شۇندىن ئېتىبارەن بۇ كىچىك ئائىلىدە جىددىي ھالەتكە خاتىمە بېرىلگەن ئىدى. شۇ يىلىدىن باشلاپ ئالويسنىڭ ئائىلىدە تىكلىگەن ھاكىممۇتلەقلىقى كەلمەسكە كەتكەن ئىدى. 14 ياشقا قاراپ كېتىۋاتقان ئادولف، بۇ ئائىلىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان ئىدى. كلارا ئەسلىدە بالىسىنىڭ ئىستىقبالى توغرىلىق يولدىشىنىڭ ۋەسىيەت قىلغان يولىدا مېڭىشىنى ئارزۇ قىلسىمۇ بۇ جەھەتتە ئوغلىنى مەجبۇرلىيالىغىدەك كۈچىمۇ يوق، ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى پەقەتلا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىشلا ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئاپىسىنىڭ بۇنداق دۇئالىرى ئادولفنىڭ خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن قىلچە توسالغۇ بولالمايتتى. بىرسى ئۇنىڭدىن كەلگۈسىدە نېمە ئىش قىلماقچىسەن دەپ سوراپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ بېرىدىغان جاۋابى ئېنىق بولۇپ، قىلچە تەمتىرىمەي "داڭلىق رەسسام بولىمەن" دەپ كېسىپلا ئېيتاتتى. ئادولف، ھەر كۈنى ئۇزۇن يول مېڭىپ مەكتەپكە قاتراشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىككىنچى مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلانغان ۋاقتىدا لىنزدىكى مەكتەپ ياتىقىدا يېتىپ-قوپۇش رۇخسىتىنى ئېلىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاپىسىنىڭ شۇنچە ئازىيىپ كەتكەن باشقۇرۇش پۇرسىتىمۇ قالمىغان دېيىشكە بولاتتى. ئادولف، لىنزدا 5 نەپەر بالا بىلەن بىرلىكتە سېكرا ئىسىملىك بىر موماينىڭ ئۆيىدە يېتىپ قوپىدىغان بولىدۇ. بۇ ئۆيدە ئادولف ئىنتايىن ئەدەپلىك بولۇپ ئۆزگىرىپ، ئۆي ئىگىسى موماينىلا ئەمەس ھەتتا ساۋاقداشلىرىنىمۇ سىزلەيدىغان بولىدۇ. گەرچە مۇھىت ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈزۈك تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن رەسىم سىزىش ۋە كىتاب ئوقۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت چىققان ئىدى. ئۆي ئىگىسى موماي سېكرا، ھىتلېر ئادەتتە ئاخشاملىرى دەرس تەكرارلايمەن دەپ بەكلا كۆپ شام ئىشلىتىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ ھال ئېيتىدۇ. بىر قېتىمدا، ئۇنىڭ باش چۆكۈرۈپ خەرىتىگە ئېگىلىپ قالغانلىقىنى، ئارىلاپ خەرىتە ئۈستىنى رەڭلىك قېرىنداشلار بىلەن سىزىپمۇ قويغانلىقىنى كۆرىدۇ. "ھوي ئادولف، سەن بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟" دەپ سورىۋىدى، "خەرىتە كۆرۈۋاتىمەن" دەپ قىسقىچىلا جاۋاب بېرىدۇ.

زېرىكىشلىك دەرس مەۋسۇمى ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما ئادولفنىڭ ماتېماتىكا دەرسىدىن ئالغان نەتىجىسى يەنە بىر قېتىم نەتىجىسىز بولۇپ چىقىدۇ. ھىتلېر خانىمغا، ئەگەر كۈزدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قايتا ئىمتىھان بېرىشتە يەنىلا نىيوت ئېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئادولفنىڭ سىنىپتىن قالىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئائىلىسىدىكىلەرگە قىسقا ۋاقىتلىق بولسىمۇ كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، شۇ يىلى ياز ئايلىرىدا ئۇلار

ئائىلىسى بويىچە سېپتالدا يازلىق دەم ئېلىشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ھىتلېرلار ئائىلە بويىچە پويىزغا ئولتۇرۇپ يېزىسىغا قاراپ يولغا چىققىنىدا كونا پاسوندىكى چوڭ ئىككى ياغاچ چامادان ئېلىۋالغان بولۇپ، ساندۇقلار تەتىلدە كىيگۈدەك كىيىم-كېچەك ۋە ئىشلىتىدىغان چىنە-تەخسىلەر بىلەن لىق تولغانىدى. ۋېيترا پويىز ئىستانسىغا يېتىپ كەلگىنىدە سىڭلىسىنىڭ يولدىشى ئانتون شمىدت بىر كالا ھارۋىسى بىلەن ئۇلارنى ئالغىلى پويىز ئىستانسىسىغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنى ھارۋىغا سېلىپ كەنتكە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ياز ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك بىر ياز بولغان ئىدى. كىلارا ئائىلىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەممىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىدۇ؛ ئادولفچۇ؟ ئۇ ئېتىزلىق ئىشلىرىدىن قېچىپ ئويناپتىتى. بەزىدە شمىدتلار ئائىلىسىنىڭ بالىلىرى بىلەن بىرگە ئويناپمۇ قوياتتى.17 بىر قېتىم ئۇلارغا لەگلەك ياساپ ئۇچۇرۇپ بېرىدۇ. "لەگلەكنىڭ رەڭلىك قەغەزلەردىن چاپلاپ ياسالغان رەڭدار چىرايلىق ئۇزۇن قۇيرۇقى بار ئىدى." ئاسماندا ئۇچۇرۇلغاندا "بەكلا چىرايلىق كۆرۈنەتتى." شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ يېزىدىكى ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا كىتاب ئوقۇش، رەسىم سىزىش بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىككى تۇرلۇك ھەۋىسىنىڭ ئۆزىلا شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ باشقا باللارغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ چوڭ بولغان ئىدى؛ ئۇ نېمىلا بولسا بولسۇن، ئۆزىنىڭ خىيالى دۇنياسىدا ياشاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئادولف، ھەر قېتىم يامغۇر ياغقان ۋاقىتلاردا يامغۇردىن قېچىپ باللار ئۆيگە كىرىۋالاتتى. شۇنداق كۈنلەر ھەققىدە نەۋرە سىڭلىسى مارىيە شمىدت ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇ ئۆيدە جىم تۇرماي ئالدى-كەينىگە ماڭاتتى ياكى توختىماي رەسىم سىزاتتى. ئەگەر بىرەرى ئۇنى ئاۋارە قىلدىمۇ، بولدى، دەرھال خاپا بولۇپ چىچاڭلاپ كېتەتتى. ئۇ مېنىمۇ ئىتتىرىپ تالاغا چىقىرىۋېتەتتى. ئەگەر مەن سىرتتا تۇرۇۋېلىپ يىغلاشقا باشلىسام، ئاپىسىدىن تاتلىق-تۈرۈم دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ مېنى بەزلەيتتى. بىز ئادەتتە ئۇنى تېرىكتۈرۈپ ئويناتتۇق. ئۇ ئۆيدە بولغىنىدا دېرىزىدىن تاش ئېتىپ ئۇنى تېرىكتۈرەتتۇق. ئۇمۇ تېرىككىنىدىن چىقىپ بىزنى قوغلاپ كېتەتتى."

ئۇلار لىيوندىڭغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ھىتلېرلار ئائىلىسىدە يەنە بىر ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. "تۇغۇلۇشىدىنلا خۇشخۇي مىجەزلىك، تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىشقا ئۇستا، كۈلۈپلا يۈرىدىغان" ئانگېلا، لىنز شەھىرىدىكى لېئو راۋبال دېگەن بىر باجگىر بىلەن توي قىلىدۇ. ئادولف، لېئو دېگەن بۇ باجگىرنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇنى ھاراقكەش، قىمارۋاز بىرى دەپ قارايتتى. ئەسلىدە، ھەدىسى بىلەن توي قىلغان بۇ يېزنە رەسسامىلىقنى ھەرگىز بىر كەسىپ دەپ تونۇمايدىغان بىرسى بولغاچقا، ئادولف ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

كـۈزدە ئـادولى قايتـا ئىمتىھـان بېرىـپ لاياقەتلىـك دېـگەن نەتىجىـگە ئېرىشـتى. شـۇنداقتىمۇ ئـۇچىنچى يىللىقتا كۆچـۈش ئۈچـۈن تەييـارلىق قىلىشـى لازىم ئىدى. ئۇنـىڭ ئۈچۈن فرانسۇز تىلى ئەڭ قىيىن دەرسلەردىن بىـرى ئىـدى. شـۇ سـەۋەبتىن بولسا كېـرەك، ھىتلېـر ئاربـدىن ئـۇزۇن يىلـلار ئۆتكەنـدىن كېيىن "بـۇ تىلنـى ئـۆگىتىش پۈتـۈنلەي ۋاقىـت ئىسراپ قىلغانلىق!" دەپ، فرانسۇزچە ئۆگىنىشنى سۆكۈپ قـاتتىق تەنقىـد قىلـدى. فرانسـۇز تىلى ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور خۇمبر بۇ ئـادولى دېـگەن ئوقۇغۇچىسـى ھەققـدە تۈرلـۈك-تۈمەن خىياللارغا كېلىـپ كېتـدۇ. "بـۇ بـالا ھەقـقەتەن تـالانتلىق ھېسابلانسـىمۇ، ئۇنـىڭ قىزىقىش دائىرىسى بەكـلا تـار ئىـدى. _ دەيـدۇ بـۇ فرانسـۇز تىلـى ئوقۇتقۇچىسـى كېيىنكـى كۈنلەردە ئەسلەپ، _ ئادولفتا ئـۆز-ئـۆزىنى يېتىلـدۈرۈش ئىقتىـدارى كەم، ئۇچىغا چىققان جېـدەلخور بىـرى. ئـۇ بەكـلا ئەركە، ماختانچـاق، تېـرىككەك بىـر بـالا ئىـدى. شـۇڭا ئـۇ دەرسلەردە پەقەتـلا يېتىشـەلمەيتتى. ئۇنـىڭ ئۇسـتىگە بەكـلا ھـۇرۇن. بولمىسـا ئۇنىڭـدىكى تالانت كۆپچىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دەرس نەتىجىسى چوقۇم كـۆپ ياخشى بولـۇشى كېـرەك ئىــدى. ئـۇ رەســم سىزىشــقا ھەقىقەتەنمــۇ ئۇســتا ئىــدى. ئۇنــىڭ تەبىئىــي پەن دەرس نەتىجىلىرىمۇ يامان ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭدا جاپاغا چىداپ ئوقۇش دېگەندەك خىيال يـوق." دوكتور خۇمبر يەنە ئادولفنىڭ نېمىس تىلى ئوقۇتقۇچىسى ھەمـدە سىنىپ مەسـئۇلى ئىـدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئادولفقا بولغان يېقىنلىقى ھەرگىز بىر مەزگىللىكلا يېقىنلىق بولماستىن پۈتۈن يىلغا سوزۇلغان بىر يېقىنلىق ئىدى.

"ئەگەر ئـادولى نەسـھەت قىلىنسـا يـاكى تەنقىدلەنسـە، ئۇنـداق بىـرىگە ئىچىـدىن ئۆچمەنلىك ساقلايتتى. شۇنىڭدەك يەنە، ساۋاقداشلىرىدىن شەرتسىز ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى تەلەپ قىلىپ، ئوقۇغـۇچىلار يېتەكچىسى بولۇشـنى ئـارزۇ قىلـىپلا يـۈرەتتى. ئـۇ يەنە قىلـچە تەپ تارتماي بەتقىلىق ئىشلارنى قىلاتتى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ بۇنـداق شـوخلۇق قىلىشـلىرىنىڭ قورققـۇدەك بىـر يېرىمـۇ يـوق ئىـدى. ئۆسـۈپ يېتىلـىۋاتقـان بىـر ئۆسـمۈر ئۈچـۈن ئېيتقانـدا، بۇنداق قىلىقلارنى چىقىرىپ يۈرۈشكە تولا بەك ھەيران بولۇشقىمۇ ئەرزىمەيتتى." شـۇنىڭغا قارىماي، "ئۇرۇق كېسەلچان كۆرۈنۈشلۈك" بۇ بالىنىڭ تىل دەرسى ئوقۇتقۇچىسىنى خۇشال قىلىدىغان ۋاقىتلىرىمـۇ بولـۇپ قـالاتتى. شـۇڭا بـۇ ئوقۇتقـۇچى ھەر دائىـم ۋاقىـت چىقىرىـپ ئادولفنى يېتەكلەشكە تىرىشاتتى. شـۇنىڭغا قارىمـاي ئۇنىڭغـا قىلىنغان شـۇنچە ئەجىرنـىڭ قىلچە پايدىسى بولمايمۇ قالاتتى. ئادولى كىچىككىنە تۇرۇپلا مىجەزى تۇراقلىشـىپ قالغـان، ئۆز سەنىمگە دەسسەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغان بىر بالا ئىدى. ئەگەر بىرەرى ئۇنـىڭ شەخسـى ھاياتىغـا كىرمەكچـى بولـدىكەن، ئـۇ دەرھـال جىمغۇرلىشـىپ ھېچكىمگە يېقىن يولىماس بولۇۋالاتتى.

ئەمما تارىخ دەرس ئوقۇتقۇچىسى بولغان لېئوپولد پوّتىش جىمغۇر مىجەزلىك ئادولفقا كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغان ئوقۇتقۇچى ئىدى. بۇ ئوقۇتقۇچى قەدىمكى تېۋتونلار تارىخىنى سۆزلىگىنىدە (بۇ ئوقۇتقۇچى دەرستە رەڭلىك پروپېكسىيىلىك ئېكرانىدىنمۇ پايدىلىنىپ سۆزلەيتتى)، ئادولف بۇ دەرسنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتەتتى. ھىتلېر «كۈرەش يولۇم» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ كېلىپ، ”تا بۈگۈنگىچە بېشىغا ئاق سانجىغان بۇ بوۋاينى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم ئۇنىڭدىن ئىنتايىن يېقىنلىق ھېس قىلىمەن. بۇ ئوقۇتقۇچىمىز دەرسلەرنى شۇنداق ھېسسىياتلىق سۆزلەيتتىكى، بەزىدە بىز بۈگۈننى ئۇنتۇپ خۇددى شۇ تارىخى دەۋردە ياشاۋاتقاندەك ھېسسىياتلارغا كېلىپ قالاتتۇق. ئۇنىڭدا بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدىغان قاندىقتۇر بىر سېھىرلىك كۈچ بار ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم بىزنى شۇ قەدىمى دەۋرلەرگە باشلاپ كىرىپ كېتەتتى. بۇ ئوقۇتقۇچىمىز، نەچچە مىڭ يىللىق يىراق تارىخ بەتلىرىگە كۆمۈلۈپ قالغان ۋەقەلەرنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق كۆز ئالدىمىزدا جانلاندۇرۇۋېتەتتى.18 بىز بۇنداق تۇيغۇغا كەلگەن ۋاقىتلىرىمىزدا ئۇن-تىنسىز چىقارماي پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن دەرسكە قۇلاق سېلىپ، قايىنام-تاشقىنلىق ھېسسىياتلار ئىچىگە چۆمۈپ كېتەتتۇق، بەزىدە ھاياجاندىن كۆزىمىزگە ياش كېلىپ كېتەتتى.“

ئەمما تەنەپپۇس ۋاقتى كېلىشى ھامان، ھىتلېرنى ئارامىدا قويمايدىغان نەرسە زېرىكىش ئىدى. 1904-يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە، مەكتەپ مۇھىتى ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلچە قىزىقى يوق مەنىسىز بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلايدۇ. شۇ يىلى ماي ئېيىدا، يەنى خرىستوس بايرام كۈنى، ئۇ لىنز چېركاۋىدا ئىمان پۇختىلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. ئادولفنى بۇ ئىشلارمۇ بىزار قىلاتتى. ئېمانۇئېل لۇگېرت ئەتراپىدىكى ئوغۇللار ئارىسىدا ”ئادولف ھىتلېردەك قاپىقى تۈرۈك، جىم ئولتۇرالمايدىغان بىرمۇ بالا يوق ئىدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى مەن بىرىپ ئاغزىدىن تارتىپ چىقارمىغۇچە دېمەيدىغاندەك جىم ئولتۇرۇۋالاتتى. ... ئۇ، ئىمان پۇختىلاش مۇراسىمىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا بەكلا ئۆچ بولۇپ كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ مۇراسىمنى بەكلا زورلىنىپ ئاران ئورۇندايتتى.“ ئىمان پۇختىلاش مۇراسىمى تارقىلىپ كىشىلەر لىئوندىڭغا قايتىشى ھامان، ئادولفمۇ دەرھال مەھەللىسىگە قايتىپ ئويۇن ئويناشقا باللارنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كېتەتتى. لۇگېرت خانىم شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئۇلار ئۆيىمىزنىڭ ئالدى-كەينىدە چىپىپ 'قىزىل ھىندىيان' دېگەندەك بىر نېمىلەر دەپ ۋاراپ جاھاننى بېشىغا كىيىشەتتى.“

شۇ يىلى ئادولف فرانسۇز تىلى دەرسىدە لاياقەتلىك بولالمايدۇ. گەرچە كۈزدە قايتا بەرگەن ئىمتىھاندا ئارانلا ئۆتتۇۋالغان بولسىمۇ، مەكتەپ ئۇنىڭ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى

ئالالىشى ئۇچۇن شەرت قويىدۇ: ئۇ لىنز ئوتتۇر مەكتەپدە مەكتەپ پۈتتۈرۈش يىلى ئوقۇۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئەمما ئوقۇشىنى باشقا مەكتەپتە داۋاملاشتۇرىمەن دىسە، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەڭ يېقىن بولغان مەكتەپمۇ ستېيىردە بولۇپ، 25 مىل يىراقلىقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئادولىق يەنە بىر قېتىم ئۆيىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھىتلېر خانىم 15 ياشلىق ئوغلىغا ھەمراھ بولۇپ بىرلىكتە ستېيىرغا بېرىپ سىچىنلار ئۆيىدىن ئوغلى ئۈچۈن كىچىك بىر ئېغىز ئۆي ھەل قىلىدۇ. ئادولىق بۇ يېڭى شەھەرگە ئاياق باسا-باسمايلا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە پەنجىرىدىن كۆرۈنگەن مەنزىرىمۇ كىشىنى يىرگەندۈرگىدەك سەت ئىدى. ”مەن ھەر دائىم دېرىزىگە چىقىۋېلىپ چاشقانغا تاش ئېتىپ ئويناپتىمەن“ دەيدۇ كېيىن. ئۇنىڭ چاشقانغا تاش ئېتىپ ئويناش ۋاقتى بىلەن رەسىم سىزىشقا ئاجراتقان ۋاقتى دەرس تەييارلاش ئۈچۈن ئاجراتقان ۋاقتىدىن بەكلا كۆپ ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇنىڭ بىرىنچى مەۋسۈمدا ئالغان دەرس نەتىجىلىرىمۇ بەكلا ناچار ئىدى. ئۇ، دەرسلەر ئارىسىدا تەنتەربىيە دەرسىدە ”ياخشى“، رەسىم دەرسىدە ”ئەلا“ دېگەن نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تارىخ دەرسى بىلەن جۇغراپىيە دەرسلىرىدىن ئارانلا ”ئوتتۇرا“ دېگەن نەتىجىنى ئالىدۇ. ماتېماتىكا بىلەن نېمىس تىلى دەرسلىرىدە ”لاياقەتسىز“ دېگەن دەرىجىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ مەكتەپتىن قېچىش كۆڭۈللىرى شۇنچە كۆپىيىپ كەتكەنكى، نېمىشقا بۇنداق قىلغىنىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. بىر كۈنى ئۇ بوينىنى قىلىن ئورىۋېلىپ سىنىپقا كىرىدۇ. سورىغانلارغا گېلىم ئاغرىپ قالدى دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ [ئادولىق، شۇ يىلى ئەتىيازدا يېقىندىكى بىر كىچىك شەھەر بازىرىنى زىيارەت قىلغىلى بارغىنىدا خاتىرە دەپتىرىگە بىر پارچە شېئىر يېزىپ تۈيغۇلىرىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ بۇ شېئىرىدىكى 4 ئېغىز سۆزنى زادىلا ئوقۇغىلى بولمىدى:

(1) كىشىلەر ھاۋالىق سارايدا قېتىپ ئولتۇرىدۇ، پىۋا، شاراب بىلەن قىزغىن تەنتەنە قىلىشىدۇ، يەڭلار، ئىچكىلار، خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، (...) ئاندىن ئۇلار ھەممىسى غەرق مەست سوزۇلۇپ يېتىشتى.

(2) ئۇلار ئېگىز تاغلارغا يامىشىدۇ، (...) مەغرۇر چىرايلار، موللاقلاپ پەسكە دوملايدۇ، ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالىمۇ يوق. (3) ئۆيلىرىگە مېڭىشتى، ھەممىنىڭ رەڭگى تۇتۇق، ۋاقىت، ئاھ، ھېچنېمە ئەستە يوق، ئايالى (...) ئىدى، ھەي (شۇ بىچارىلەر؟)، يارىسىنى قامچىلاپ ساقايتىدۇ.

ئۇ يەنە بىر پارچە رەسىممۇ سىزغان بولۇپ، رەسىمدە پاكار، ۋىجىك بىرى ياتقۇزۇلۇپ دۈمبىسىگە ئۇرۇلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن، رەسىمدىكى ئۇرغۇچى ئىككى كۆكسى تولغان

بىر ئايال ئىدى. شۇ قېتىم يازغان شېئىرى بىلەن بۇ رەسىمى ھەقىقەتەن قالتىس ئىدى. بۇنداق بىر شېئىرنى، بۇنداق بىر رەسىمنى 15 ياشلىق بىر بالىنىڭ ئىجادىيىتى دېيىشكە، شۇنىڭدەك مۇنچە غەلىتى بىر شەكىلدە خاتىرە دەپتىرىگە يېزىلغانلىقىغا ھەقىقەتەن ئىشەنمەك تەس. _ ئا. ھ. ئى]19

شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ دەرس نەتىجىلىرى كېيىنچە ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. مەكتەپ تەرەپ ئۇنىڭغا كۆزدە قايتا تولۇقلىما ئىمتىھانغا قاتنىشىش پۇرسىتى بېرىدىغانلىقىنى، ئىمتىھاندىن لاياقەتلىك نەتىجە ئالالىسا مەكتەپ پۈتتۈرۈش شاھادەتنا - مىسىمۇ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. 1905-يىلىنىڭ ئىيۇل ئايلىرىنىڭ بەكلا ئىسسىق بىر كۈنى، ئادولف بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بەكلا خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، بۇ خوش خەۋەر (ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتەن بىر خوش خەۋەر ئىدى) نى شۇ ھامان بېرىپ ئاپىسىغا ئېيتىدۇ. شۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ئاپىسى بۇ يەر بەكلا قالايمىقان، ئادەم ئارام تاپقىلى بولمايدىغان بىر يەر ئىكەن دەپ، لېئونديڭدىكى باغۋارانىنى سېتىۋېتىپ لىنز شەھەر مەركىزىدىكى خۇمبولدتستراس كوچىسى 31-نومۇرلۇق ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئىجارىگە ئالغان بۇ ئۆي بىنانىڭ تەسكەي تەرەپ ئۈستى قەۋىتى قاراڭغۇ بىر يۈرۈش ئۆي ئىدى. ئادولف ئۆيىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ئاپىسىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بولىدىغان بولۇپ ئۆزگىرىپ، بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش ياسىغان ئىدى. ئەمدى ئۇ كىچىك بالا ئەمەس، بەلكى چاچلىرى پاخپايغان بىر يىگىت بولۇپ قالغان، ساقال-بۇرۇتىمۇ خەت تارتىشقا باشلىغان ئىدى. ئەمدى ئۇ خام خىيال ئىچىدە لەيلەپ يۈرىدىغان، رومانتىك خىياللارغا پېتىپ يۈرىدىغان رەسىمىي بوخېمىيەلىكنىڭ نەق ئۆزىلا ئىدى. ستېيردە تۇرۇۋاتقان ستۇرمبېرگېر دېگەن بىر سىنىپ ساۋاقدىشى ئۇنىڭ بۇ قىياپىتىنى روشكا بىلەن سىزىپ رەسىمنى ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تېز سىزما رەسىمى ”ياش رەسسامنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى بىردىن-بىر پورترېتى“ بولۇپ ساقلىنىپ قالىدۇ.

بۇ كۈنلەردە ئاپىسى كلارامۇ مىنىڭ بالام ھەقىقەتەن بىر قەھرىمان دەپ ئوغلىدىن بەكلا ماختىنىپ يۈرىدۇ. نەتىجىدە ئانا-بالا ئىككىسىمۇ قايتىدىن ئالاھىدە يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. كېيىن ئۇلار پاۋلانى بىرگە ئېلىپ سپىتالدا يازلىق دەم ئېلىشقا چىقىدۇ. ئۇ يەردە، ئادولف ئۆپكە ياللۇغى كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ (ئەسلىدىنلا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئارىسىدا نەپەس يولى كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغانلار بار ئىدى). ئادولفنىڭ بۇ كېسىلى، ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يېقىن قىلىۋېتىدۇ. گەرچە ئادولف ستېيردىن ”پالانغان“، بۇ يازلىق دەم ئېلىشتىمۇ كىچىك بىر ئوڭۇشسىزلىق كۆرۈنگەندەك قىلسىمۇ، ئانا-بالا ئىككىسىگە نىسبەتەن بۇ يازلىق دەم ئېلىشنى يەنىلا

كۆڭۈللۈك ئۆتكەن بىر تەتىل دېيىشكە بولاتتى.

يېزىدىن ئايرىلىدىغان كۈن كەلگۈچە ئادولفىنىڭ كېسىلىمۇ تۈزۈلۈپ، ستېپىر شەھەردىكى مەكتەپكە قايتىپ 16-سېنتەبىردە ئۆتكۈزۈلىدىغان تولۇقلاش ئىمتىھانىغا قاتناشقۇدەك ھالغا كېلىدۇ. ئادولف، قايتا ئىمتىھان بېرىپ لاياقەتلىك بولىدۇ. شۇ ئاخشىمى، ئادولف بىر قانچە يېقىن ساۋاقدىشى بىلەن يوشۇرۇنچە جەم بولۇپ بۇ نەتىجىسىنى تەبرىكلەپ ئولتۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئولتۇرۇشتا ئادولف ھاراقنى بەكلا جىق ئىچىۋېلىپ مەست بولۇپ خۇدىنى بىلمىگۈدەك ھالغا كېلىپ كوچىدىلا يېتىپ قالىدۇ. ”مەن شۇ ئاخشىمقى ئىشلارنى پەقەتلا ئەسلىيەلمىگۈدەك ئېغىر مەست بولۇپ كەتكەن ئىكەنمەن“ دەيدۇ. كېيىن ھوشىغا كەلگىنىدە قارىسا سەھەردە يول بويىدا يېتىپ قالغان بولۇپ، ئەتىگەندە سۈتچى ئۇنى ئويغاتقاندىلا ئاندىن ئۆزىگە كېلىدۇ. ئادولف، شۇ كۈنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمىغۇدەك سەتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ قېتىملىق مەست بولغۇچە ھاراق ئىچىشى ئۇنىڭ ئۇچۇن تۇنجى قېتىم ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسى بولۇپ قالىدۇ.

گەرچە ئۇ لاياقەتلىك نەتىجە ئالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تونۇشتۇرۇش قەغىزىنى قولغا ئالالىغان بولسىمۇ، مەكتەپ پۈتتۈرۈش شاھادەتنامىسى ئېلىش ئىمتىھانىغا قاتنىششقا پەقەتلا كۆچى يەتمەيتتى. ئەسلىدە ئۇ، كەسپى تېخنىك ئوتتۇرا مەكتىپىدە داۋاملىق ئوقۇشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا شۈركىنىپ كېتەتتى (تۇيۇقسىز كېسەللىك كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنغان ئىدى). شۇڭا ئۇ، ئۆپكە كېسىلىنى باھانە قىلىپ مەكتەپتىن توختاش خىيالىنى ئاپىسىغا ئېيتىپ يالۋۇرىدۇ. كلارامۇ ئوغلىنىڭ تەلىپىگە كۆنۈپ ئۇنى داۋاملىق ئوقۇشقا زورلىمايدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرى ھىتلېرنى قارىلاپ كېلىپ، سالامەتلىكنى باھانە قىلىپ ئوقۇشتىن ئايرىلغانلىقى ھەققىدە «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدا يالغان ئېيتىدۇ، دېيىشتى.

ئەمما پاۋلا ئۇنىڭ راستىنلا قان تۈكۈرۈپ يۈرگەنلىكى ھەققىدە گۇۋاھ بېرىدۇ. ھىتلېرنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىكى دوستلىرىدىن بىرىمۇ ”ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق يۆتىلىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئۆستىگە بۇرۇن پەردىلىرىمۇ ياللۇغلىنىپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ ھۆل-يېغىنلىق، نەم ھاۋالىق كۈنلەردە ھەقىقەتەن قاتتىق يۆتىلەتتى“ دەيدۇ. ئادولفنىڭ قوشنىلىرىدىن بىرىمۇ ”ئۇنىڭ سالامەتلىكى بەكلا ناچارلىشىپ كەتكەن، ئۆپكىسىدىن كاشىلا چىققانلىق سەۋەبتىن ئوقۇشتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. ئۆپكىسى ناچارلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كېيىنكى كۈنلەردە قان تۈكۈرۈپ يۈردى“ دەپ كېسەللىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

16 ياشلىق بۇ يىگىت، ئاپىسى بىلەن مەكتەپنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەركىن ھەرىكەت قىلىدىغان، خالىغان يەرلەردە لاغايلاپ يۈرىدىغان، كىشىلىك سالاھىيەتنى كۆزگە ئىلمايدىغان بىرىگە ئايلىنىشقا باشلاپ، ئۆيدىن قېچىپ قۇتۇلغان بىرىدەك خالىغانچە ھەرىكەت قىلىپ يۈرەتتى. ئەمدى ئۇ ئوقۇشقا ئىچىرقاپ كەتكەنىدەك پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇشقا، تېز سىزما رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ دەپتەرلىرى ھەر تۈرلۈك سىزما رەسىملەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. ئۇ پات-پاتلا مۇزېيلارنى زىيارەت قىلاتتى، تىياتىرلارغا كىرىپ تۇراتتى، مومىدىن ياسالغان ھەيكەل كۆرگەزمىلىرىنىمۇ بوش قويمايتتى. ئۇ بىر قېتىم پويىز ئىستانسىسى يېنىدا بىر كىنو كۆرگەن بولۇپ، بۇ كىنودىن ئۇنىڭ ئېتىك قاراشلىرى قاتتىق تەۋرىنىپ كېتىدۇ ("نېمە دېگەن ئەخلاقسىزلىق، نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق كىنو بۇ!"). ئادولف شۇندىن كېيىن باشقىلار بىلەن ئىزدىشىپ يۈرۈشنى، ھەتتا باللارنىڭ ئويۇن ئويناشلىرىدا باشلامچى بولۇشلارنىمۇ تاشلايدۇ. ئۇ دائىم دېگۈدەك لىنز كوچىلىرىدا ئۆز بېشىغا يالغۇز ئايلىنىپ يۈرسىمۇ قەتئىي زېرىكىش ھېس قىلمايتتى. ئۇ كېلەچەك ھەققىدىكى خىياللار ئىچىگە چوڭقۇر پېتىپ، 20 كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشتىن قەتئىي يىرگىنىدىغان بولۇپ ئۆزگەرمەكتە ئىدى. 1905-يىلى كەچ كۈز ئايلىرىدا، ئاخىرى ئۇ چىقىشالايدىغان گۈستىل دېگەن بىرى بىلەن، يەنى ئاۋگۇست كۇبىزېك ئىسىملىك بىرسى بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. ئاۋگۇست كۇبىزېك ئەسلىدە بىر ئۆي بېزەش تىجارەتچىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇمۇ تۈگىمەس خام خىياللار ئىچىدە لەيلەپ يۈرىدىغان بىرى ئىدى: ئۇ، دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق مۇزىكانتلاردىن بىرى بولىمەن دەپ خام خىيال قىلىپ يۈرەتتى. كۇبىزېك ئىسكرىپكا بىلەن سىيللو _ ئۇزۇن بوي ئىسكروپكا چېلىشنى بىلەتتى. شۇنىڭدەك ئۇ سۇناي بىلەن چوڭ كاناي _ كونترا باسسۇن چېلىشنىمۇ ئۆگەنگەن ئىدى. ئۇ شۇ كۈنلەردە پروفېسسور دېساۋېرنىڭ مۇزىكا مەكتىپىدە مۇزىكا ئۆگەنمەكتە ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاخشىمى، ئادولف بىلەن كۇبىزېك ئىككىسى ئوپېرادا تونۇشۇپ قالىدۇ. ھىتلېرنىڭ ئەدەپلىك، كەم سۆز ۋە رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان بىرى ئىكەنلىكى كۇبىزېكنى قىزىقتۇرغان ئىدى. كېيىنچە ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "يېڭى تونۇشقىنىمدا ھىتلېر تاتىراڭغۇ چىراي، تاياقتەك ئۇرۇق كۆرۈنىدىغان بىرى ئىدى. ئۇنىڭ يېشى مەن بىلەن تەڭ دېگۈدەك بولۇپ، ئويۇن باشلىنىشى بىلەن تەڭ جىم ئولتۇرالماي مۇرىلىرىنى ئويۇنغا تەڭكەش قىلىپ ئېتىپ كېتەتتى." كۇبىزېكنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى تېتىك، كەڭ پېشانىلىق، بۇدۇر چاچلىق بولۇپ، نەق بىر سەنئەتچى قىلىپىدا قويۇپ چىقىرىلغان بىرىگە ئوخشايتتى.

ئادولف بىلەن گۈستىل ئىككىسى ھەر ئاخشىمى دېگۈدەك بىرگە بېرىپ تىياتىر

كۆرىدىغان بولىدۇ (ھىتلىر ئۆزى يېقى تونۇشلاردەك ئاۋگۇست دەپ ئاتىماي گۇستىل دەپلا چاقىرىدىغان بولۇۋالىدى). ئەگەر تىياتىر كۆرۈش خۇشياقمىغاندا ئىككىسى بىرگە لاندستراس كوچىسىنى بويلاپ ئايلىنىپ مۇڭدىشاتتى. ئەنە شۇنداق ۋاقىتلاردا ئادولف ھەر دائىم سىپى پىل چىشىدىن ياسالغان قارا رەڭلىك ھاسا تاياقنى قولىغا ئېلىۋالاتتى. بىر كۈنى، كۇبىزېك جاسارەت بىلەن بۇ كەم سۆز دوستىدىن، نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىسەن، دەپ سوراپ قالىدۇ. "ئىشىم يوق! _ دەپ قوپاللا جاۋاب بېرىدۇ ئادولف، _ قۇرساق غېمىنى دەپ ئىشلەش ماڭا يارىشامدۇ؟"

ئادەتتە ھىتلىر ئۆزى ھەققىدە گەپ قىلىشنى بەك خالىمايتتى. شۇڭا ئۇلار ئىككىسى مۇزىكا بىلەن سەنئەت ھەققىدىكى ئىشلار ئۈستىدىلا كۆپرەك پاراڭلىشاتتى. بىر كۈنى، ھىتلىر تۇيۇقسىزلا يېنىدىن قارا تاشلىق بىر خاتىرە دەپتەر چىقىرىپ كۇبىزېكقا يېڭى يازغان بىر شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ كېتىدۇ. ئاندىن بىر قانچە پارچە سىزغان رەسىمى بىلەن رەسىم لايىھىسىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىدۇ: "كەلگۈسىدە رەسسام بولۇش ئويۇم بار." بۇ ياشتىكى بىرىنىڭ مۇنچە غايىلىك بولالىشى ھەقىقەتەن كۇبىزېكقا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ ("مۇنچە ئىستىقباللىق سەنئەت ئەسىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلانغان ئىدىم" دەيدۇ كۇبىزېك). شۇندىن كېيىن، ئۇ ھىتلىرنى بىر قەھرىمان قاتارىدا ھۆرمەت قىلىدىغان بولىدۇ. كۇبىزېكنىڭ ئەسلىمىلىرى بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن، ھەتتا بىر مۇنچە ھېكايىلەر ئۇيدۇرۇلغان بولسىمۇ، ھىتلىرنىڭ يىگىت ۋاقتلىرىنى ئۇنىڭدەك بىلىدىغان باشقا بىرسىمۇ يوق ئىدى.

گەرچە ئۇلار ئىككىسىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئوخشاش نۇقتىلىرى باردەك قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرلىرى بىر-بىرىگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى. كۇبىزېك ئۆزىنى "مۇھىتقا ئاسانلا ماسلىشالايدىغان، باشقىلارغا ھەر دائىم يول قويۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بىرىمەن" دەپ ھېسابلايتتى. ئەمما ھىتلىر "بەكلا قوپال، باشقىلارغا يول قويماي ۋارقىراپ-جارقىراپلا يۈرىدىغان بىرى" ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇلار ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق بىر-بىرىگە زىت مىجەز ئالاھىدىلىكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ يېقىنلىششىغا سەۋەبچى بولغان مۇھىم ئامىل ئىدى. كۇبىزېك ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ بېرىدىغان، ئۇنىڭ دېگىنىگە ماقۇل دەپلا يۈرىدىغان ياۋاش بىرى رولىنى ئوينايتتى. "مېنىڭ بۇ دوستۇم ھەقىقەتەن ماڭا بەكلا ئېھتىياجلىق ئىدى" دەيدۇ كۇبىزېك. ئۇنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاپ بېرىدىغانلىقى ھىتلىرغا بەكلا ياقاتتى. شۇڭا، ئۇ دائىم يوقۇرى ئاۋازدا توختىماي سۆزلەپ كېتەتتى. "ھەتتا مېنى ياخشى ئاڭلىسۇن دەپ قول ئىشارەتلىرى بىلەن ھەۋەسلىنىپ سۆزلەپ كېتەتتى" دەيدۇ. ھىتلىرنىڭ بۇنداق ھاياجانلىنىپ سۆزلەيدىغان

ۋاقىتلىرى ئاساسلىقى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىپتىزلىق بويلىرىدا كېتىۋاتقانلىرىدا ياكى ئادەمى شالاڭ چىغىر يوللاردا كېتىۋاتقانلاردا كۆرۈلەتتى. كۇبىزىكنىڭ نەزىرىدە ھىتلىر خۇددى پارتلىغان ۋولقاندەك بىرى، شۇڭىدەك يەنە سەھنىدىكى بىر پەردىلىك ئويۇنغا چىققان بىر ئارتىسقىلا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ”مەن ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاۋېتىپ ئىغىزىم ئىچىلىپ تۇرۇپلا قالاتتىم. ھەتتا ئۇنى تەبرىكلەپ چاۋاك چېلىشىمۇ ئەقلىمگە كەلمىگۇدەك ئۇجۇقۇپ كېتەتتىم.“ بىر ھازا ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كۇبىزېك ھوشىغا كېلىپ ئۇنىڭ سەھنىدە ئويۇن قويىۋاتقان بىرى ئەمەس بەلكى ئالدىدا ھاياجان بىلەن رەسمىلا نۇتۇق سۆزلەپ كېتىۋاتقان بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرەتتى. ئۇ يەنە ھىتلېرنىڭ ئۇنى ئاڭلاشقىلا رۇخسەت قىلىپ، رەددىيە بېرىشكە ھەرگىز يول قويمايدىغانلىقىنىمۇ پەرق قىلىپ قالىدۇ. كۇبىزېك، ئادەتتە ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىگە دىققەت قىلماي ئەسەبىيلەشكەن ھىتلېرنىڭ ئىغزىغا قاراپ ھەيران بولۇپ قېتىپلا قالاتتى. شۇڭا ئۇ، ھىتلېرنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇقماي تۇرۇپلا ماقۇللاۋېرەتتى.

ئۇ كۇنلەردە، ئۇلار ئىككىسى پات-پات تۇرمىلېيتېنۇېگكە بېرىپ سەيلى قىلىپ تۇراتتى. ئۇ يەردە ئادولف بەزەن ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇسا، بەزەن تېز رەسىم، سۇ بوياق رەسىم سىزاتتى. بەزىدە ئۇلار ئىككىسى يەنە دوناي دەرياسى بويىدىكى تاش پەلەمپەيلەر ئۈستىدە مۆكىدىشىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بۇنداق مەنزىرىلىك يەرلەردە ھىتلېرمۇ ئاغىنىسىنىڭ ئارزۇلىرىنى، كەلگۈسى پىلانلىرىنى ئاڭلاپ بېرەتتى. ئۇ ھەتتا بەزىدە پۇتۇنلەي قۇرۇق خام خىيال ئىچىگە پېتىپمۇ قىلاتتى. دەرۋەقە بۇنداق ئەھۋاللار ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىلا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋاللار ئىدى. ئادولف، كۇبىزېكنىڭ قاراشلىرىنى تولۇق بىلىپ بولغان ئىدى.21 ”ھىتلېر مېنىڭ نېمىلەرگە ئېھتىياجىم بارلىقىنى، قايسى جەھەتلەردە يېتەرسىز ئىكەنلىكىمنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىپ تۇراتتى. ھەتتا بەزىدە ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، مېنىڭ تۇرمۇشۇمغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم.“

گەرچە ئادولف جاھانكەزدىلەردەك غەم-ئەندىشىسىز يۈرگەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇنىڭ تۇرىدىغان ئۆيى بەكلا ئاددىي بىر ئۆي ئىدى. خۇمبولدتسىتراس كوچىسىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك بىنادا ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان ئۆيى سەل كىچىكلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا يەنىلا بولىدىغان ئۆي ئىدى. ئاشخانا ئۆيىدە ھويلا ئىچىگە قاراپ ئېچىلغان بىرلا پەنجىرىسى بار ئىدى. ئاشخانا ئۆيىمۇ چاققانلىقىغا قارىماي رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىدى. پاۋلا بىلەن كلارا ئىككىسى مېھمانخانا ئۆيىدە يېتىپ قوپاتتى. ئۇ بۆلۈمدە دۆلەت كادىرى ئالويسنىڭ مەغرۇرانە چۈشكەن بىر پارچە رەسىمى ئېسىقلىق ئىدى. يەنە بىر بۆلۈم مۇنچا

ئۆيىچىلىكلا چوڭلۇقتا بولۇپ، ئۇ ئۆيدە ئادولف ياتاتتى. بۇ ئۆي ئۆلارنىڭ بۇرۇنقى ئۆيىگە قارىغاندا خېلىلا تىنچ بولۇپ، پۈتۈن بىر ئائىلە بۇ ئۆيدە خاتىرجەم ياشايتتى. ئەسلىدە، بۇ ئۆينى كىچىك خوجايىن ئادولف ئۆچۈنلا تەييارلانغان بىر ئۆي دېيىشكە بولاتتى. ئادولف، ھەر قېتىملىق روزدېستۇو بايرىمىدا ئاپىسىغا ھەر دائىم تىياتىر بىلىتى سوۋغا قىلىپ تۇراتتى. كلارا ئۆچۈن ئوغلى ئادولف خۇددى بىر شاھزادىدەكلا بىرى بولۇپ، ئوغلۇمنىڭ قابىلىيىتى تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىدى، ئوغلۇم كېلەچەكتە چوقۇم داڭلىق بىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ، دەپ ماختىنىپ يۈرەتتى. تۇغقانلىرى ئوغلىنى ئائىلىگە كىرىم قىلغىدەك بىرەر ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىشى ھەققىدە مەسلىھەت سالسىمۇ كلارا دائىم باش چايقاپ رەت قىلاتتى.

1906-يىلى ئەتىيازدا، ئادولفنىڭ خىياللىرىدىن بىرى ئىشقا ئاشىدۇ: ئاپىسى ئۇنىڭ سەنئەت، مۇزىكا ۋە بىناكارلىق جەھەتلەردە داڭلىق شەھەر ھېسابلىنىدىغان ۋيېننا (بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى بەزى لۇغەت-كىتابلىرىمىزدا ۋېنا، ۋىيېنا، ۋيېننا دېگەندەك ئوخشىمىغان ئاھاڭ تەلەپپۇزىدا ئېلىنغان بولۇپ، كىتابنىڭ ئەسلى ئورىگىناللىدا ۋە ئېنگلىزچە لۇغەتلەردە Vienna، تۈركچىدە Viyana شەكلىدە يېزىلغان. بۇ تەرجىمىدە 2008 نەشرى «خىتايچە-ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» تىكى يېزىلىشى بويىچە ۋيېننا دەپ ئېلىندى ـ ئۇ.ت) غا بېرىپ ساياھەت قىلىشىغا ماقۇل بولىدۇ. ئادولف، بۇ قەدىمى رومانتىك شەھەردە تولۇق بىر ئاي بويىچە ساياھەت قىلىپ ياشايدۇ (بىر ئېھتىمالدا ئۇ ۋيېننادا تۇرىدىغان روھىي ئاتا-ئانا جوھان بىلەن جوھاننا پۆلزىللارنىڭ ئۆيىدە تۇرغان بولۇشى مۇمكىن). ۋيېننا مەنزىرىسى ھىتلېرنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان ئىدى. ۋيېننادىكى ۋاقتىدا ھىتلېر دوستى كۇبىزېك بىلەن ئىزچىل خەت ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ خېتىدە "ئەتىلىككە «ترىستان» ئوپېراسىنى كۆرگىلى بارىمەن (بۇ سەھنە ئەسىرى ۋاگنېرنىڭ 1859-يىلى يازغان ئوپېراسى بولۇپ، 1865-يىلى تۇنجى قېتىم سەھنىلەشتۈرۈلگەن)؛ ئۆگۈنلۈككە «پەرۋاز قىلىۋاتقان نېمىس» ئوپېراسىنى كۆرىدىغان بولدۇم" دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ 7-ماي كۈنى كۇبىزېكقا ئەۋەتكەن بىر پارچە ئاتكرىتكىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: "گەرچە بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە شۇنچە گۈزەل بولسىمۇ، مەن يەنىلا لىنزنى سېغىندىم. بۇگۈن دۆلەتلىك ئوپېرانى زىيارەت قىلىشقا بارماقچىمەن." شۇ كۈنى، ئۇ ئەۋەتكەن ئىككىنچى ئاتكرىتكىسىدا خانلىق تىياتىرخانىسىنىڭ كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن بولۇپ، تىياتىرخانىنىڭ ئىچى بەكلا ئاددىي ئىكەن دەپ يازىدۇ. "بۇ تىياتىرخانىدا جاراڭلىق سادالار پۈتكۈل زالنىڭ بارلىق بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا تەڭ يېيىلىدىكەن. ئەكس ئەتكەن ئاۋازلار كۈچلۈك سەھنە ساداسى ئىچىدە كۆمۈلۈپلا قالىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر بۇ

زالغا ھەيران بولۇپ، بۇ تىياتىرخاننى ئالتۇن ھەل بىرىلگەن نەقىشلەر، ئالتۇن زەر تۇتقان پەردىلەر بىلەن زىننەتلەشنى ئىبسەندىن چىقىرىۋەتكەن بولسا كېرەك؟" بۇ جۈملىلەر يېڭىدىن بىخلىنىۋاتقان بۇ ياش رەسسامنىڭ تىپىك سۆزلىرى ئىدى. يەنى ئۇنىڭ جۈملىلىرى بەك راۋان بولمىسىمۇ، يېڭىلىقچى ئەمما ئۆتكۈر سەزگۈرلۈككە ئىگە، كۈچلۈك ھېسسىياتقا تولغان شېئىرى تۇسكە ئىگە ئىدى.

ئادولف، لىنزغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پۈتۈن زېھنى بىلەن لىنز ئۈچۈن مەنزىرە ۋە بىنا رەسىملىرىنى سىزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇ، گۈستىلنى بىرگە بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈندەيدۇ. ئەمما بۇنىڭغا كۇبىزېك ئۇنىماي تۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئادولف سۆزلەپ يۈرۈپ ئاخىرى دوستىنى قايىل قىلىدۇ. ئۇ ئىككىسى بۇ مەقسىتى ئۈچۈن بىرلىشىپ ئون كرونىلىق دۆلەت تارقاتقان لاتارىيە بىلىتى سېتىۋالىدۇ. ھىتلېر، بۇ بىلەتتىن چىقىدىغان پۇلنى قانداق خەجلەيدىغانلىقى ھەققىدىكى پىلانلىرىنى تىنماي سۆزلەشكە باشلايدۇ. لاتارىيىدىن چىقىدىغان پۇلغا دوناي دەرياسى بويىدىن بىر بىنا تېپىپ ئىككىنچى قەۋەتنى پۈتۈنلەي ئىجارىگە ئېلىۋالىدىغانلىقىنى، كۇبىزېكنىڭ مۇزىكا مەشىق ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلەلمەسلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسى بىنادا بىر-بىرىدىن يىراق ئايرىم-ئايرىم بۆلۈملەرگە جايلىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېتەتتى. بۆلۈملەرنىڭ زىننەت ئىشلىرىنى مەن ئۆزۈم لايىھەلەپ بېرىمەن؛ تام رەسىملىرىنىمۇ ئۆزۈم سىزىپ چىقىمەن؛ ئەمما ئۆي سايمانلىرىنى سەن لايىھەلەيسەن، دەيدۇ. ئادولف يەنە ئۇلارنىڭ بۇ ئۆيى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ لاگېرى ھالىغا كەلتۈرۈلىدىغانلىقىنىمۇ خام خىيال قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "بىز ئۇ ئۆيدە مۇزىكا ئۆگىنىمىز، ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىمىز، كىتاب ئوقۇيمىز، شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشىمىز ئۆگىنىش بولىدۇ؛ نېمىس سەنئەت ساھەسى ھەققىدە كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىر دوستۇم ماڭا، بۇ نېمىس سەنئىتىنى ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ تۇگەتكىلى بولمايدۇ دېگەن ئىدى." ئۇ يەنە كىشىنى خۇشال قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ بىر يوشۇرۇن ئارزۇسىنى ئاشكارىلاپ بېرىدىغان بىر قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: "بۇ ئۆيدە ئىنتايىن مۇكەممەل تەربىيە كۆرگەن بىر قىز باشقۇرغۇچىمىز بولىدۇ. بۇ ئائىلىمىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئەنە شۇ 'مەدەنىيەتلىك ئايال خوجايىن' باشقۇرىدۇ. بۇ قىز چوقۇم ئەدەپلىك، مەدىنى بۆلىشى، بىزگە زىيانلىق ھەرقانداق ھەۋەسلەردىن ئۇزاق تۇرىدىغان بىرى بۆلىشى كېرەك."22 ئۇنىڭ بۇ تۇردىكى خام خىياللىرى باشقا بارلىق خىياللىرىغا ئوخشاش رېئاللىقتا خۇددى كۆپۈكتەك تۇزۇپ كېتىدۇ _ ئۇلارنىڭ لاتارىيە بىلىتىگە ھېچ نېمە چىقمايدۇ.

شۇ يىلى ئادولف، سپىتالدا يەنە بىر يازنى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ قىتىمقى يازلىق دەم ئېلىشتا

تىلغا ئالغۇچىلىك ھېچقانداق بىر ۋەقە يۈز بەرمەيدۇ. ئۇ قېتىمقى دەم ئېلىشتىكى ئەڭ ھاياجانلىق ئىش، ئادولفنىڭ شىمدىتلار ئائىلىسىدىكى باللارغا سېتىۋالغان رەسىم پرىيومنىڭ ئاپپاراتىنىڭ پەيدا قىلغان ھاياجىنىدىنلا ئىبارەت ئىدى. سەھرادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان بىر رەسسام بولۇش ۋە فانتازىيىلىك خىياللار ئىچىدە ياشايدۇ. ئۆكتەبىر باشلىرىدا، كۇبىزېكنىڭ مۇئەللىمى يېتەكچىلىكىدە پىيانو چېلىشنى ئۆگىنىدۇ. پاۋلا بۇ ئىشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئاپام ئۇنىڭغا «خېيتزمان» ماركىلىق چوڭ بىر پىيانو ئېلىپ بەردى. ئادولف بۇ پىيانونى چالغىلى تۆرسا بىر ئولتۇرۇشىدا بىر قانچە سائەت ئولتۇرۇۋالاتتى.“ بۇنداق بىر بالا ئۈچۈن ھەر قانچە پۇل خەجلىسىمۇ ئاز دەيتتى ئاپىسى. تەخمىنەن شۇ ۋاقىتلاردا ھىتلېر دوستىغا ئۇنى بەكلا ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر سىرىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئىش، ئۇ ئىككىسى تۇنجى قېتىم ۋاگنېرنىڭ «رېينزى» نى كۆرگىلى بارغاندا يۈز بېرىدۇ. ئوپېرادىكى باش قەھرىمان رىمنى قوغداپ كېلىۋاتقان ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنىڭ ئۆرلەپ-چۈشۈپ تۇرۇشى ئادولفقا باشقىچىلا تەسىر پەيدا قىلغان ئىدى. ئادەتتە ئۇ، پەردە يېپىلىشى بىلەن تەڭ، دەرھال قوللىرىنى شىلتىغىنىچە ئارتىسلارنى ياكى بولمىسا ئوركېستىرىنى تەنقىدلەپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ ئاخشىمى، ئۇنىڭمۇ چىقارمايدۇ، ئەكسىچە غەلىتە بىر قاراشتا، ھەتتا غەزەپلىك قارىشى بىلەن دوستىغا تىكىلىپ قاراپ ئۇنى تەمتىرىتىپلا قويىدۇ. ھىتلېرنىڭ چىرايى شۇ چاغدا ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك تاترىپ كەتكەن بولۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ ئىتتىك قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كۇلۇۋېتىن كوچىغا چىقىدۇ. ئۇ كۈنلەر نويابىر ئايلىرى بولغاچقا، ھاۋامۇ سوغۇق ئىدى. ئۇ بەكلا خاپا كۆرۈنەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغان دوستىنى يېتىلىگىنىچە تاغ يامرىلىدىكى چىغىر يول بىلەن مېڭىپ تىك يارلىق تاغ چوققىسىغا چىقىدۇ. ئۇ تۇيۇقسىزلا دوستىنىڭ ئىككى قولىنى قاملاپ ئەسەبىيلەرچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئۇنى پۈتكۈلچە قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قېلىۋاتاتتى. كۇبىزېك ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ دوستىنى ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان باشقا بىرىگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلغان ئىدى. يەنى ”ئۇ پۈتۈنلەي ئەسەبىيلىشىپ تۇرۇپلا خۇشال بولۇپ كەتسە تۇرۇپلا غەزەپلىنىپ كېتەتتى. ئۇ كۈنى ئادولف ئويۇندىكى باش قەھرىماننىڭ ئۇنىڭ ئۆلگىسى ئىكەنلىكىنى دېمەكچى بولسىمۇ، ئۇنىڭ فانتازىيىلىك ئىپادىلەش كۈچى باش قەھرىمان رېينزىنى ئۆزىنىڭچۇقۇنىدىغان قەھرىمانلىق ئۆلگىسى دەپ تەسۋىرلەپ كەتتى.“ شۇ چاغقىچە كۇبىزېك بۇ دوستىنىڭ بىردىن بىر غايىسىنىڭ بىر رەسسام ياكى بىناكار بولۇپ چىقىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ يۈرگەن ئىدى. مانا ئەمدى ئادولفنى پەقەتلا تونۇيالماي

قالغان ئىدى. ئۇ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ ”گويا ئۇنىڭغا ئىبغىر بىر ۋەزىپە يۈكلەنگەندەك، كۆڭلەرنىڭ بىردە خەلق ئۇنىڭغا ئىبتىقاد قىلىپ پۈتۈن ھوقۇقلارنى بىرىدىغاندەك“ ئۇنى ھۇررا دەپ تووۋلاشقىنىچە ئالقىشلايدىغانلىقىنى، خەلق ئۇنى ئۆزلىرىگە داھىيلىق قىلىپ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يېتەكلەپ مېڭىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېتىدۇ. بۇ ئاجايىپ غەلىتە تەسۋىر بەلكىم ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان بىر خىيالى تەسۋىر بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇ ھەقىقەتەن ھىتلېرنىڭ رومانتىك خىياللىرى بىلەن قەلبىنى تولۇق تەسۋىرلەپ بېرەلىگەن ئىدى. ئۇلار تاغدىن چۈشۈپ كۇبىزېكنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىگە كەلگىنىدە، ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقان، سائەت ئۈچ بولغان ئىدى. ئىككىسى ھاياجان ئىچىدە قول ئېلىشىپ تەنتەنىلىك بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىنمۇ ئادولف ئۆيىگە قايتىش ئورنىغا قايتىدىن تاغ چوققىسىغا چىقىپ يالغۇز بىر ئاز تۇرماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئائىلىسىدىكىلەر ئادولفنىڭ خىياللار ئىچىدە يۈرگىنىدىن خۇشال كۆرۈنسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدىن ئەنسىرەمەي قالمايتتى. پاۋلا ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئۇ بىزگە رەپىتىس قىلغاندەك قىياپەت بىلەن تارىخ توغرىلىق، سىياسەت ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەپ كېتەتتى.“

تاغدىكى ۋەقە يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ قايتىدىن جىمىپلا قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۆزىنى خۇددى دوستويېۋسكى (1821~1881، ئورۇس يازغۇچى) نىڭ ھېكايىسىدىكى باش قەھرىمانغا ئوخشاش قەلبى جاراھەتلەنگەن، باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەندەك ھېس قىلىدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى دەۋرىدىلا بۇ دۇنياغا كىرىپ كېلىۋاتقاندەك ئويلاپ كېتىدۇ. ئۇ، پىيانو چېلىش دەرسىنىمۇ تۆت قېتىملىق دەرستىن كېيىنلا تاشلاپ قويىدۇ. كۇبىزېك، ”زېرىكىشلىك بارماق ھەرىكەت مەشىقى ئۇنىڭغا پەقەتلا ماس كەلمەيتتى، شۇڭا ئۇ پىيانو ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويىدى“ دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇنىڭ باشقا بىر سەۋەبى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. يەنى، ئاپىسى كلارا ھىتلېرنىڭ سالامەتلىكى ئۇ كۈنلەردە كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. 1907-يىلىنىڭ 14-يانۋار كۈنى، يەنى ئادولف پىيانو ئۆگىنىشنى توختىتىشتىن ئىككى ھەپتە ئاۋۋال، ئاپىسى نامراتلار دوختۇرى دەپ شۆھرەت قازانغان يەھۇدىي دوختۇر ئېدۇارد بلوكنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆرۈنىدۇ. كلارا دوختۇرغا، كۆكسىدە بىر تۇرلۇك ئاغرىق پەيدا بولغانلىقىنى، بۇ ئاغرىق دەردىدە كېچىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. دوختۇرنىڭ دىئاگنوزى ھىتلېر خانىمنىڭ ”كۆكسىدە يوغان بىر ئۆسمە بارلىقى“ نى كۆرسەتمەكتە ئىدى. دوختۇر بلوك، بۇ بىمارىغا راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىدىن پەقەتلا ئېغىز ئاچمايدۇ.23 ئەتىسى، دوختۇر بلوك كلارانىڭ باللىرى ئادولف بىلەن پاۋلا

ئىككىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئاپىسىنىڭ بەكلا ئېغىر كېسەل ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ بىردىن-بىر چارىسى ئوپېراتسىيە قىلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئادولف بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پەقەتلا چىدىماي قالىدۇ. بۇنىڭدىن دوختۇر قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىدۇ: "ئۇنىڭ تاتارغان ئۈزۈن يۈزى دومسىيىپ دەرھال يىغا ئۇلىشىپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى: 'ئاپامدىن پەقەتلا ئۈمىد يوقمىدۇ؟' سورىدى. مەن ئادولف بىلەن كلارا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئانا-بالىلىق مۇھەببىتىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم."

پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر كلارا ھىتلېرنى تەۋەككۇل قىلىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ. 17-يانۋار كۈنى، كلارا ھىتلېر لىنز شەھىرىدىكى «ئاچا-سىڭىللار خەير-ساخاۋەت دوختۇرخانىسى» غا ياتقۇزۇلىدۇ. ئەتىسى دوختۇر كارل ئۇربان، كلارانىڭ بىر كۆكسىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىپ تاشلايدۇ. بۇ چاغدا، قاچانلا كەل دېسە دەرھال يېتىپ كېلىدىغان بەكلا تېرىككەك دۈمچەك كىچىك ئاپىسى جوھاننا، چاقىرىلغان كۈنلا سىپىتالدىن كېلىپ ئۆيدە بالىلىرىغا قاراپ تۇرۇپ بېرىدۇ. كلارا كۈنلۈكى 3 كرونىپلىق ئۈچىنچى دەرىجىلىك بالنىستا 19 كۈن ياتىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭدا تېخىمۇ ئازادە ياتاقتا يېتىش ئۈچۈنمۇ يەتكىدەك پۇلى بار ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ تېجەشلىك بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش ئادىتى بولغاچقا بۇ ئەرزان ياتاقنى تاللىۋالىدۇ. دوختۇرخانىدىن چىققىنىدا خۇمبولدتىستراس كوچىسىدىكى بىنانىڭ ئۈچ قەۋەتلىك پەلەمپىيىدىن چىقىپ چۈشۈش كلاراغا ئېغىر كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يىلى ئەتىياز ئاخىرلىرى دوناي دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى ئۇرفار شەھەر ئەتراپى رايونىنىڭ بلۈتېگگاس كوچىسى 9-نومۇرغا كۆچۈپ كېتىدۇ. بۇ يېڭى ئۆي تاشتىن ياسالغان ئۆي بولۇپ، چىرايلىق كۆرۈنۈشلۈك بىر بىنا ئىدى، ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتتىدىن ئۈچ ئېغىزلىق بىر ئۆيدە تۇرىدۇ. بۇ يەر بەكلا تىنچ، ئازادە بىر يەر بولۇپ، ترامۋايغا ئولتۇرۇپ چوڭ كۆرۈكتىن ئۆتسىلا ئادولف پات-پات بېرىپ تۇرىدىغان يەرگە بارغىلى بولاتتى.

بۇ كۈنلەردە ئادولفتا باشقا بىر روھىي ھادىسە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: يەنى ئۇ ئاشىق بولۇپ قالغان ئىدى. تا شۇ يېشىغا كەلگۈچە ئادولفنىڭ قىزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەكلا يۈزەكى ئىدى. ئالايلۇق، بىر قېتىم سىپىتالدا يازلىق دەم ئېلىش قىلىۋاتقىنىدا، ئېغىلدا كالا سېغىۋاتقان بىر قىز بىلەن تەسادىپىي دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ. قىز ئۇنىڭدىن باشقىچە تەلەپىنىمۇ قويغىنىدا، ئادولف دەرھال قىزنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن ئىدى. ھەتتا قاچىمەن دەپ لىق سۈت چېلەكنىمۇ پۈتلىشىپ ئۆرۈۋەتكەن ئىدى. بىر كۈنى ئۇ كۇبىزېك بىلەن لاندىستراس كوچىسىدا سەيلە قىلىپ يۈرگىنىدە "سالاپەتلىك كۆرۈنۈشلۈك، ئېگىز بويلۇق زىلۋا بىر قىز" غا دۇچ كېلىدۇ. ئۇ قىز قويۇق چاچلىرىنى چىرايلىق تاراپ تۈگۈۋالغان بولۇپ،

ئۇنى ھەقىقەتەن شىمالى ياۋروپا رىۋايەتلىرىدىكى ئىلاھىيەلەرنىڭ دېدەكلىرىدەك ياش "ۋالكىيرىيە" گە ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى. ئادولف قىزنى كۆرۈپ ھاياجانلانغانلىقىدىن دەرھال ھەمراھىنىڭ بىلىكىنى نوقۇپ تۇرۇپ: "ماۋۇ قارا گۈستىل، بۇ قىزغا كۆيۈپ قالدىم" دەپ كېسىپلا ئېيتىدۇ. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى ستېفانىيە جانستېن بولۇپ، ئۇمۇ ئۇرفاردا تۇراتتى. ئادولف ئۇ قىزغا ئاتاپ بەكلا كۆپ مۇھەببەت شېئىرى يازىدۇ. بۇ شېئىرلىرىدىن بىرى «سۆيگەن قىزىمغا» دېگەن بېغىشلىما شېئىرى ئىدى. ئادولف بۇ شېئىرىنى سادىق دوستى گۈستىلغىمۇ دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىدۇ. ھىتلېر، ئۇ قىز بىلەن پەقەتلا سۆزلىشىپ باقمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، "بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشمىساقمۇ ھەممە ئېنىق ئوتتۇرىدا!" دەيتتى ھىتلېر. ئۇ ئىككىسى ھەقىقەتەن بەختلىك جۈپتە بولالايتتى. بۇنى ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە يىراقتىن بېقىشىغا قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. "بۇنداق ئىشلارنىڭ سىرىنى زادىلا بىلگىلى بولمايدىكەن. _ دەيدۇ ھىتلېر، _ مېنىڭ قەلبىمدە ھېس قىلغانلىرىمنى ئۇ قىزمۇ چوقۇم ھېس قىلغان بولۇشى كېرەك." كۇبىزېك ئۇنى دەرھال بېرىپ قىزغا ھەمدە ستېفانىيەنىڭ ھەر دائىم بىرگە ئايلىنىپلا يۈرىدىغان ئاپىسىغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما ھىتلېر بۇنداق قىلىشقا ئۇنىمايدۇ. ھىتلېر، ئەگەر مەن بېرىپ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرماقچى بولسام، نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىمنىمۇ ئېيتىشىمغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما مەن تېخى كەسپى رەسسام ئەمەستە، دەيدۇ. ھىتلېر يەنە بىر تەرەپتىن نورۋېگ ئەپسانىلىرى بىلەن نېمىس ئەپسانىلىرىنىمۇ قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. بۇ جەرياندا، ئەپسانىلەردىكى قىزلارنىڭ ھەممىسىلا پەۋقۇلئاددە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەمما ھىتلېر جىنسىي چۈشەنچىلەر ھەققىدە رومانتىك، چەۋەندازلارچە قاراشقا ئىگە بىرى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى خۇددى نېمىس رىۋايەتلىرىدىكى سېيگفرىېدقا ئوخشاش بېرىپ ئادەتتىكى بىر ئادەم قاتارىدا تونۇشتۇرۇشنى قەتئىي خالىمايتتى. ئۇنىڭ بۇ رومانتىك خىيالى ئاخىرى تەلۋىلىككە ئايلىنىدۇ. ئەمما ئۇ قىز توغرىلىق بارلىق ئۇرۇنۇشلىرى كارغا كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ كۇبىزېك بېرىپ قىزنىڭ ئاپىسىنى گەپكە تۇتۇپ تۇرسا، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېرىپ قىزنى قاچۇرۇشنىمۇ ئويلاپ كېتىدۇ.

ستېفانىيە ئۇنىڭغا كۆزقىرىنىمۇ سالماي يۈرۈۋېرىدۇ. شۇڭا ھىتلېر، بەلكىم قىز مەندىن رەنجىپ يۈرسە كېرەك دەپ ئويلايدۇ (ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ قىز بىر لېتېنات بىلەن پۈتۈشۈپ قويغان ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندە، ئەگەر بۇ قىز ھىتلېرنىڭ بىر ۋاقىتلاردا ئۆزىنى ھەقىقەتەن چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپسا ھەقىقەتەن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن بولار ئىدى).24 مۇھەببەتتە مەغلۇپ بولغىنىدىن كېيىن، بۇنىدىن كېيىن

ئاشىق دېگەن بۇ ئىشقا قەتئىي يېقىن يولىمايمەن دەپ قەسەم قىلىۋېتىدۇ. ”مەن بۇ ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇشۇم كېرەك!“ دەپ، ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپ ئۆلۈۋېلىشنى، كۆۋرۈكتىن دوناي دەرياسىغا سەكرەپ ئۆلۈۋېلىشنى ئويلاپ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇ چاغدا ستېفانىيمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشقى مۇھەببەت يولىدا ئۆلۈۋېلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ ئىشنى باشقىلارنىڭ توقۇپ چىقىرىدىغان سۆز-چۆچەكلىرىنىمۇ كۆزدە تۇتقان ھالدا ئەتراپلىق ئويلاپ پىلانلاشقا كىرىشىدۇ. بۇ پاجىئەلىك ئىشتا كۇبىزېك شاھىتلىق رولىنى ئوينىشى كېرەك ئىدى.

بۇ ئاشىق ۋەقەسى، خىيالى دۇنيادا ياشايدىغان، ھېسسىياتچان، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان بىر يىگىتكە نىسبەتەن غەلىتە ھېسابلانمايتتى. بۇ ئىش ئوخشۇشلۇق بولغىنىدا ئۇلار ئىككىسى بىرلىشەلىگەن ھېسابلىناتتى. نەتىجىدە رەسسام بولۇش دەيدىغان خام خىيالىمۇ شۇنىڭ بىلەن كۆمۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر بۇ پىلانى مەغلۇپ بولغۇدەك قىلسىمۇ كېرەك يوق، ئۇ چاغدا ھەم تاتلىق، ھەم ئاچچىق خىياللار ئىچىدە تەڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما بۇ جەرياندا تېخىمۇ مۇھىم بولغان باشقا بىر ئىش، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ستېفانىيە تەسۋىرىنى تېزلا ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئادولفنىڭ ئىجادىيەت ھەۋىسى رەسىمدىن بىناكارلىققا ئالماشقان ئىدى. ئادولف گەرچە رەسىم سىزىش ئىشىنى تاشلاپ قويماي بېرىلىپ سۇ بوياق رەسىمى سىزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن، ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە ھەقىقەتەن بەزى تالانتلىرى ئىپادىلەنگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئىچىدىن قايناپ تۇرغان ئارزۇسى بىلەن ھېسسىياتىنى قاندۇرۇشقا زادىلا يەتمەيتتى. ”ئادولف ھېچ قاچان ئەستايىدىللىق بىلەن رەسىم سىزىپ باققان ئەمەس. _ دەيدۇ كۇبىزېك، _ ئۇنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى غايىلىرى بار ئىدى. رەسىم سىزىش، ئۇنىڭ بۇ غايىسىدىن تاشقىرى ئىشتىن سىرتقى بىر ھەۋەسلا ئىدى، خالاس.“ شۇنداقتىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدىكى بىنا لايىھەلەش ھەۋىسى ئۇنىڭ ھەرگىز ۋاز كېچەلمەيدىغان كەسپىيات ھەۋىسى بىلەن ئېنىق قانۇنىيەتكە بېرىلىش خاراكتېرىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇ، غايىسىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، ھەتتا لىنزنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئىشىنىمۇ خىيال قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ دائىم دېگۈدەك لىنزنىڭ يېڭى چېركاۋ بىناسى ئالدىدا تۇرۇپ، بۇ بىنانىڭ بەزى تەرەپلىرىنى ماختاپ كەتسە، يەنە بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ تەنقىدلەپمۇ قوياتتى. ھىتلېر بۇ چېركاۋ بىناسىنى ئۆزگەرتىپ چىقىش ئۈچۈن بىنانى قايتىدىن لايىھەلەشكە كىرىشىپ، بىراقلا بىر قانچە خىل لايىھىسىنى سىزىپ چىقىدۇ. ”ئۇ، ئۆزىنى پۈتۈنلەي خىيالىدىكى بىنالارغا ئاتىۋەتكەن بولۇپ، بىنالار ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ مەپتۇن قىلىۋالغان ئىدى“ دەيدۇ، كۇبىزېك. ھىتلېرمۇ ئۆزىنىڭ بىردىن بىر تىڭشىغۇچىسى

بولغان بۇ دوستى بىلەن كوچا ئايلانغان ۋاقىتلىرىدا، كوچىدىكى قايسى بىر بىنانىڭ ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بولغان يەرلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قانداق ئۆزگەرتىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى لايىھىسىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى دېگەندەك ھەيۋەتلىك ھېسابلانمايدىكەن. شۇڭا ئۇ، بۇ بىنانى زامانىۋى بىر بىنا بىلەن ئالماشتۇرۇش لايىھىسىنى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشىدۇ. شەھەر سىپپىلىمۇ بەكلا سەت بولغاچقا، ئۇنىمۇ قايتا لايىھىلەپ چىقىش كېرەكلىكىنى، شۇ ئارقىلىق شەھەر سېپىلىنىڭ بۇرۇنقى ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كېتەتتى. يېڭىدىن سېلىنغان مۇزى بىناسى ئۇنى ھەقىقەتەن ھاياجانغا سالاتتى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ مەرمەردە ياسالغان نەقىشلىق تاملارنى ئالاھىدە ماختاپ باھالاپ كېتەتتى. بۇ تاملاردا بىر قىسىم تارىخى مەنزىرىلەر تەسۋىرلەنگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا بۇ تامنى ئۆزگەرتىشتە چىڭ تۇرۇۋالاتتى. ئۇ، بۇ مەرمەر تامنى يەنە بىر ھەسسە ئۇزارتىپ، ياۋروپانىڭ ئەڭ ئۇزۇن بېزەكلىك تېمىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك دەپ قارايتتى.

ئۇ يەنە پويىز ئىستانسىسى ئۇچۇنمۇ يېڭىدىن بىر بىنا لايىھلەپ چىققان بولۇپ، بۇلار ئۇنىڭ شەھەر لايىھلەش  پىلانىغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىش قىزغىنلىقىنى نامايەندە قىلماقتا ئىدى. لىنز كۆنسايىن كېڭىيىپ بېرىۋاتقان بىر شەھەر بولغاچقا، قاتناش راۋانلىقىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان شەھەر كۆرۈنۈشىنى بۇزىدىغان تۆمۈر يولنىمۇ سۆكۈۋېتىش كېرەكلىكىنى، پويىز ئىستانسىسىنىمۇ شەھەر ئىچىدىن كۆچۈرۈپ شەھەر سىرتىغا سېلىش كېرەكلىكىنى، رېلىسلارنىمۇ يەر بىلەن تەڭ قىلىپ ياتقۇزۇش كېرەكلىكىنى سۆزلەيتتى. شەھەر باغچىسىنىمۇ ھازىرقى پويىز ئىستانسىسى ئورنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا كېڭەيتىپ قۇرۇش كېرەك دەيتتى. ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىنىڭ چېكى يوق ئىدى. ئۇ يەنە تۆمۈريولنى لېچتېنبېرگنىڭ چوققىسىغىچە ئۇزارتىش كېرەكلىكىنى، ئۇ يەرگە ئازادە مېھمانخانىدىن بىرنى سېلىپ، يېنىغا ئېگىزلىكى 300 فود كېلىدىغان پولات مۇنارىدىن بىرنى تىكلەپ، بۇ مۇنارنى دوناي دەرياسىدىكى سۇپەتلىك كۆرۈك بىلەن بىر پۈتۈن ھالغا كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى خىيال قىلاتتى.

ھىتلېر ئاساسەن كىشىلەرگە ئارىلاشماي يۈرەتتى. ئاخشاملىرى بەكلا كەچ ياتاتتى؛ كۈندۈزلىرى پۈتۈن كۈن ئۆيىگە قاملىشىپ كىتاب ئوقۇيتتى يا بولمىسا رەسىم سىزىش، بىنا لايىھىسى سىزىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇ تۇرۇۋاتقان بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى قوشنىسى پوچتا ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئايالى بولۇپ، بۇ ئايال، ئادولفنىڭ ھەر كۈنى ئاخشىمى سائەت 6 دىن كېيىن تالاغا چىقىدىغانلىقىنى، كۈبىزېك بىلەن بىرگە قايتقاندىن

كېيىن ئاشخانا ئۆيىدە تىنماي تارقىشىپ تا يېرىم كېچىگىچە بىسقمايدىغانلىقنى ئېيتىدۇ. بىر كۈنى، بۇ ئايالنىڭ يولدىشى ئادولفنى پوچتىخانىدا ئىشلەپ قېلىشىنى مەسلىھەت قىلغۇېدى، ئۇنىڭغا كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم ئاتاقلىق بىر رەسسام بولۇپ چىقىمەن، دەپ جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى سىلىقلىق بىلەن رەت قىلىدۇ.25 ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭغا رەسسام بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر مۇنچە يېتەرسىزلىكلىرى بارلىقنى ئېيتقىنىدا، ھىتلېر: "ماكارت بىلەن روپونسېت ئىككىسىمۇ ئۆزىنى تونۇتۇشتىن بۇرۇن بەكلا نامرات ئىكەندۇق" دەپ قىسقا مىسال بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

ئادولف جىم تۇرالمايدىغان بىرى ئىدى. لىنزدىمۇ ئۇنىڭغا يارىغىدەك بىرەر ئىش يوق دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ، سىرتقا چىقىپ تاشقى دۇنيانى كۆرۈپ بېقىشنى، بولۇپمۇ ۋيېنناغا بېرىشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سېلىپ يۈرۈپ ئاخىرى ۋيېنناددىكى سەنئەت ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇماقچى ئىكەنلىكىگە ئاپىسىنى قايىل قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن كلارامۇ كۆيئوغلى، بالىلىرىنىڭ ھىمايىچىسى بولغان جوزېف مايرخوفېرنىڭ گېپى بويىچە بۇنىڭغا ماقۇل بولماي يۈرەتتى. ئۇ ئىككىسى ئادولفنىڭ بىرەر ئىشقا يارىغىدەك كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋاقتى كەلدى دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشاتتى. مايرخوفېر ھەتتا ئادولفنى شاگىرتلىققا ئېلىشقا ماقۇل بولغان بىر بولكىخانا خوجايىنىنى تېپىپ قويغانلىقىنىمۇ ئېيتىدۇ.

شۇنىڭغا قارىماي، كلارادىمۇ ئوغلىنىڭ چىڭ تۇرۇپ قىلغان ئىلتىماسىنى رەت قىلغۇدەك كۈچى يوق ئىدى. شۇ يىلى يازدا، ئۇنىڭ ئاۋسترىيە ۋاكالەت بانكىسىدىكى 7 يۈز كرونېن مىراسىنى ئېلىشىغا ماقۇل بولىدۇ. بۇ پۇل، ئادولفنىڭ ۋيېننادا بىر يىل تۇرۇپ خەجلىشىگە يېتەتتى. ھەتتا سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلەشكىمۇ يېتەتتى. ئادولفنىڭ قولغا كەلتۈرگەن بۇ ئۇتۇقى ئاپىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ، بىر تەرەپتىن مەيۈسلەنگەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلغان ھالدا ھاياجان ئىچىدە ئۆيىدىن ئايرىلىدۇ. سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچى ئېلىش ئىمتىھان كۈنى ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، دەرھال ۋيېنناغا قاراپ يولغا چىقمىغىنىدا ئۇنىڭ بۇ ئىشى يەنە بىر يىل كەينىگە سوزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

1907-يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى، كۇبىزېك، بلۇتېگگاس 9-نومۇرلۇق بىنانىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. كلارا بىلەن پاۋلا ئىككىسى يىغلىشىپ تۇراتتى. ئادولفنىڭمۇ كۆزلىرى ياشقا تولغان ئىدى. ئۇنىڭ تىرە چامادانى خېلىلا ئېغىر كۆرۈنەتتى. شۇڭا كۇبىزېك ئىككىسى بىرلىكتە كۆتۈرۈپ تراموايغا چىقىدۇ.

ئۇ بىرىنچى قېتىم ۋېيىنناغا بارغان ۋاقتىدا، دوستىغا ئۆزۈلدۈرمەي پوچتا ئاتكرىتكىسى ئەۋەتىپ تۇرغان ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم كەتكىلى ئون كۈن بولاي دېگەن بولسىمۇ ھېلىغىچە بىرەر خەۋىرى يوق ئىدى. شۇڭا كۇبىزېك كۆڭلىدە ئەجەبا ئادولف كېسەل بولۇپ قالدىمۇ قانداق دەپ غەم قىلىشقا، ھەتتا بىرەر قاتناش ۋەقەسىگە يولۇققان، ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن بولمىسۇن يەنە دەپ ئەنسىرەشكە باشلايدۇ. شۇڭا ئۇ، ئوغلىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالغان-ئالمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ھىتلېر خانىمنىڭ يېنىغا بارىدۇ. ئەمما كلارا كۇبىزېكنى كۆرەر-كۆرمەي ”ئادولفتىن بىرەر خەۋەر يوقمۇ؟“ دەپ ئالدىراپ سورايدۇ. ئاپىنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ قاتتىق ئەنسىرەۋاتقانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىنمۇ ئوغلىنىڭ خەۋەر بەرمەي جىم يېتىۋېلىشىدىن رەنجىگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئادولف ئۆيدىن ئايرىلىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭمۇ كۆڭلى ئوغلى بىلەن بىرگە ۋېيىنناغا كەتكەندەك ئىدى. شۇڭا بۇ ئايال ساغىرىپ تاتىرىپ مۆكچىيىپلا قالغان ئىدى. ئانا يەنە شۇ بۇرۇنقى گېپىنى تەكرارلاپ، ئوغلۇم نېمىشقا تۈزۈك بىر كەسىپ تاللاشقا ماقۇل دېمەيدىغاندۇ، دەپ غۇدۇراشقا باشلايدۇ. ”رەسىم سىزىپ، كىتاب يېزىپ قانداقمۇ تۇرمۇشىنى قامدىغىلى بولسۇن؟“ ئوغلىنىڭ مىراس پۇلىنى بۇنداق كارغا كەلمەس ۋېيىننا ساياھىتى دېگەندەك ئىشلارغا خەجلەپ تۈگىتىۋېتىشىگىمۇ نارازى ئىدى. بۇ بالا ئۇكىسى پاۋلانىڭ غېمىنى بولسىمۇ قىلسا بولماسمىدى؟

ئادولف، ۋېيىنناغا بېرىپ ستۇمپېرگاس كوچىسى 29-نومۇرلۇق بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بىر ئۆيگە چۈشىدۇ. بۇ يەر ۋېستباخىنخوفقا يېقىن بىر يەر بولۇپ، ئۆي خوجايىنى زاكرېيس دېگەن پولەك ئايال ئىدى. ئادولف، مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىغا قاتنىششتىن بۇرۇن چوقۇم تاللىنىمەن دەپ ئۆزىگە بەكلا ئىشەنچ قىلاتتى. ئەمما ئىمتىھان نەتىجىسىنى كۆرۈپ ئۈجۈقۈپلا كېتىدۇ: ”ئىمتىھان ئۈچۈن تاپشۇرغان رەسىملىرى قايىل قىلارلىق ئەمەس“ دېيىلگەن ئىدى. بۇنىڭدىن ئۈجۈقۈپ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ تاڭ قېتىپلا قالىدۇ. ئۇ ئىنستىتۇت مۇدىرىنىڭ قېشىغا كىرىپ سەۋەبىنى سورىغىنىدا مۇدىر ئۇنىڭغا، ”سىزغان رەسىملىرىڭ سېنىڭ رەسىم سىزىشقا مۇۋاپىق بىرى ئەمەسلىكىڭنى كۆرسەتمەكتە. بەلكىم نورمال رەسىم سىزىشقا قارىغاندا بىنا لايىھەلەش رەسىملىرىنى سىزىشقا قابىلىيەتلىكتەك كۆرۈنىسەن“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ھىتلېر پۈتۈنلەي روھى چۈشكەن ھالدا ئىنستىتۇتتىن ئايرىلىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، كۇبىزېكنىڭ بىر ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا: سىزغان رەسىملىرىڭ ئىشتىن سىرت قىزىققۇچى بىرىنىڭ سىزغان رەسىملىرىگىلا ئوخشايدىكەن، ئەسلىدە سەن بىناكارلىق ئىنژېنېرى بولۇشىڭ كېرەك ئىكەندۇق، دېگىنىدە، ئەسلىدە دوستىنىڭ نېمە دېمەكچى

بولغانلىقىنى مانا ئاندىلا چۈشەنگەندەك قىلدى. ئادولف، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە دۈچ كەلگەن بۇ قىيىنچىلىقتىن قانداق قۇتۇلۇش لازىملىقى ھەققىدە غەم ئىچىگە پېتىپ قالدۇ. 26 بىناكارلىق ئىنستىتۇتىدا ئوقۇشى ئۈچۈن بىناكارلىق مەكتەپلىرىدىن بىرىنىڭ دىپلومىغا ئىگە بۆلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ، بۇنداق بىرەر مەكتەپتە ئوقۇيالىشى ئۈچۈن ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بۆلىشى كېرەك. ئادولف بۇنداق بىر دىپلومغا ئېرىشىش ئۈچۈن غەيرەت كۆرسىتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنداقتىمۇ كۆز ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ھەر خىل قىيىنچىلىقلار ئۇنى بۇنداق بىر مەكتەپتە ئوقۇشىنىمۇ چەكلەپ تۇرماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ، بىر قانچە ھەپتىنى قىلچە ئۈمىدى بولمىغان، ھېچ قانداق بىر غايىسى يوق ھېسسىياتلار ئىچىدە ياتقىنىغا قاملىپ ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ توختىماي كىتاب ئوقۇيتتى. كەچلىرى تىياتىر كۆرگىلى باراتتى ياكى كوچىلاردا مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بىنا مەنزىرىلىرىنى كۆرۈش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى.

ئۇرفاردا، كلارا ھىتلېر خانىمىنىڭ ھاياتى خەتەر ئاستىدا قالغان ئىدى. پوچتىخانا مۇدىرىنىڭ ئايالى ھودۇققىنىچە ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئادولف دەرھال ئاپىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىدۇ. 22-ئۆكتەبىر كۈنى، ئۇ بىرىپ دوختۇر بلوك بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشىدۇ. دوختۇر بلوك، ئاپىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى، دەرھال چوڭ بىر ئوپېراتسىيە قىلىنىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. قارىغاندا كلارانى ئوپېراتسىيە قىلىش ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. "ۋىرۇسلار قوۋرىغىسىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ" دەيدۇ بلوك دوختۇر (ئۇ دەۋرلەردە راك كېسەللىنى گېنىتىكا بۇزۇلۇشتىن پەيدا بولغان ئەمەس بەلكى مىكروپ-ۋىرۇسلار كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارىسا كېرەك؟ _ ئۇ.ت ). دوختۇر يەنە، بۇ تۈر داۋالاش ئۇسۇلى بەكلا خەتەرلىك بىر ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى، يارىسىغا ئارتۇق مىقداردا يودىد ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى، بۇ يەنە كېلىپ چىقمىنىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئادولف، قانچە پۇل كەتسە كەتسۇن، بىز يودىد پۇلىنى ئالدىن ئۆتەپ تۇرىمىز، داۋالاش پۇلىنى كېيىن تولۇقلاپ بېرەلەيمىز دەيدۇ.

ئادولفنىڭ تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن دوستى چۆچۈپ كېتىدۇ. ئادولفنىڭ چىرايى سولغۇن، كۆزلىرىمۇ نۇرسىز بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇ، دوستىغا ۋيېنىنادىن ئالدىراپ قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بولۇپ دوختۇرلارنى تىللاپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. ئۇلار ئاپاڭدىن ئۈمىد يوق دېگەن گەپنى قانداقمۇ ئېغىزىدىن چىقىرالايدۇ؟ قولىمىزدىن ئىش كەلمىدى دەپ ئوچۇق ئېتىراپ قىلىشتىن نېمىشقا قورقۇشىدۇ؟ ئادولف دوستىغا، ئۆگەي ھەدىسى ئانگېلا ئىككىنچى بالىسىنى تۇغۇپ ياتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى ئۆيدە بىر

مەزگىل ئاپىسىغا قارىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. كۈبىزېك ئۇنىڭ ستېفانىيە ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانلىقىغا ھەيران قالىدۇ. بىر مەزگىلگىچە كۈبىزېكمۇ ئۇ قىز توغرىلىق ھىتلېرغا ئېغىز ئاچمايدۇ. ئادولف، پۈتۈن دىققىتىنى ئاپىسىنىڭ كېسىلى ئۈستىگىلا مەركەزلەشتۈرگەن ئىدى.

6-نويابىر كۈنى، كىلارا ھەر كۈنى دېگۈدەك يودىدفورمغا موھتاج ھالغا كەلگەن ئىدى. يودىدفورم سۈرۈش ۋاقتى شۇنچە ئازابلىق بولۇپ، ئاغرىپ جاننى ئالغۇدەك ئېچىشتۇراتتى. ئاۋۋال داكىنى يودىدفورم سۈيىگە چىلاپ قاتلىغاندىن كېيىن يارا ئۈستىگە سۈرتۈلەتتى (ئۇنىڭ پۇرىقى ھەققەتەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتاتتى، ئۇ نەق دوختۇرخانا ھاۋاسى پۇرىقىنىڭ ئۆزىلا ئىدى). يودىدفورم مۇسكۇلغا سىڭىپ قاتتىق ئېچىشتۇرۇپلا قالماي، ئىچكى ئەزالارغا يېتىپ بارغۇدەكلا بولىدىكەن، بىمار ھېچنېمىنى گېلىدىن ئۆتكۈزەلمەي قالاتتى. كىلارانىڭ كانىيى قۇرۇپ ئوت بولۇپ يېنىپ كەتسىمۇ ئاغزىغا سۇ ئالالمايتتى. چۈنكى گېلىغا تەككەن ھەر قانداق بىر سۇيۇقلۇق خۇددى زەھەردەك ئېچىشتۇرىۋېتەتتى. ھىتلېر ئانىسىغا قاراش بىلەن بىرگە، يەنە پوچتىخانا باشلىقىنىڭ ئايالى، پاۋلا ۋە جوھاننا ھاممىسى بىلەن تەڭ ئۆي ئىشلىرىغىمۇ قارىشىپ يۈردى. دائىم ئوت قالاپ ئىسسىتىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن كىلارا ئاشخانا ئۆيىگە ياتقۇزۇلغانىدى. قاچا-قۇچا ئىشكاپلىرى ئورنىغا بىر كارىۋات جايلاشتۇرۇلدى. ئادولف ئاپىسىنىڭ چاقىرىشىغا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى ئۈچۈن ئەنە شۇ كارىۋاتتا يېتىپ-قوپاتتى. كۈندۈزلىرى ئادولف تاماق ئېتىش ئىشىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان كىلارا خانىم كۈبىزېككە ماختىنىپ مۇنداق دەيدۇ: ھېچ قاچان مۇنچە ئىشتىھالىق بولۇپ باقماپتىكەنمەن، ئوغلۇمنىڭ تامىقىدىن ئىشتىھايىم بەكلا ئېچىلىپ كەتتى. بۇ گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ سامانىدەك ساغىرىپ كەتكەن چىرايىغىمۇ ئاز-تولا قان يۈگۈرۈپ قالاتتى. "ئوغلىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بەرگەن خۇشاللىقى، يېنىدىن ئايرىلماي ئۇنىڭغا قاراپ كېلىشى، ئۆيدە ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەي غەمدىن بېرى كەلمەي يۈرىدىغان بۇ بىچارە ئانىنىڭ يۈزىگە كۈلكە بېرىپ، ئۇنى خېلىلا خۇشال قىلغان ئىدى."

بىر تەرەپتىن زىمىستان سوغۇق، يەنە بىر تەرەپتىن تۇمان قاپلاپ كەتكەن شۇ كۈنلەردە ھىتلېردا كۆرۈلگەن شۇنچە زور ئۆزگىرىشلەردىن دوستى بەكلا ھەيران بولىدۇ. "بىرەر ئېغىزمۇ قاتتىق گەپ قىلمايتتى، غۇدۇراشلىرىمۇ يوقاپ كەتكەن بولۇپ، قوپاللىق قىلىپ ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان مىجەزى پۈتۈنلەي يوقالغان ئىدى. _ دەيدۇ ئەسلەپ كېلىپ كۈبىزېك، _ بۇ كۈنلەردە ئادولف ئاپىسى ئۈچۈنلا ياشىماقتا ئىدى." ھەتتا ئۇ ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ رەسمىلا ئائىلە بېشى بولۇپ قالغان ئىدى. پاۋلانىڭ

ئوقۇش نەتىجىسى ناچار بولۇپ قالسىلا ئۇنى ئەيىبلەپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئۇ سىڭلىسىدىن بۇندىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئەڭ تىرىشچان ئوقۇغۇچىسى بولۇشى ئۈچۈن ۋەدە ئېلىۋالىدۇ. ھىتلېردا يۈز بەرگەن بۇ تۇردىكى غەلىتە ئۆزگىرىشلەر كۆپىنچىكى ھەقىقەتەن قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ.27 "بەلكىم ھىتلېر ئاپىسىغا چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈنلا شۇنداق بولۇۋالسا كېرەك ياكى ئاپىسىغا ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك" دەپمۇ ئويلايدۇ.

كلارا ئۆيقۇسىدىن ئويغىنىشى ھامان ئاغرىقنىڭ دەردىدە قاقشاشقا باشلايتتى. "كلارا ھەقىقەتەن چىداملىق بىر ئايال ئىدى. ــ دەيدۇ دوكتور بلوك كېيىنكى يىللاردا ئەسلەپ كېلىپ، ــ چىشىنى چىشلەپ قىلچىمۇ زارلانماي ياتاتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئوغلى ئادولفنى بەكلا ئازابلايتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن ئازابلىنىش ئىزنى كۆرگىنىدىن كېيىن ئۆزمۇ تەڭ ئازابلىنىپ كېتەتتى." 20-دېكابىر كۈنى ئاخشىمى، كۆپىنچە ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرگىنىدە ھىتلېر خانىمى ئادولفىغا بېشىنى قويۇپ كارىۋاتتا ئولتۇرغانلىقىنى، ئۆزىنى خېلىلا راھەت ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى، لېۋىنى چىشلەپ كۆزىنى يۇمۇۋالغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ چاغدا ئادولف دوستىغا قول ئىشارەت قىلىپ ئاپىسى بىلەن يالغۇز قالماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئەندىلا بۇرۇلۇپ ئۆيدىن چىقماقچى بولۇۋاتقىنىدا كلارا بوش ئاۋازدا ئۇنى توختىتىدۇ: "گۇستىل، ــ ئۇنى ھەمىشە كۆپىنچە ئەپەندىم دەپ چاقىراتتى، ــ مەندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوغلۇمنىڭ داۋاملىق يېقىن دوستى بولۇپ بەرگىن بولامدۇ؟ ئوغلۇمنىڭ سەندىن باشقا يېقىنى يوق."

روشەنكى، شۇ كېچىسى كلارانىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى كېلىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۆيدىكىلەر بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىپ دوختۇر بلوكنى يەنە ئاۋارە قىلىپ يۈرۈشنى خالىمىدى. بۇ پەيتتە دوختۇر بلوكنىڭمۇ قولىدىن ھېچقانداق بىر ئىش كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. 21-دېكابىر سەھەر، ھىتلېرنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا روژدېستۋو بايرىمى ئۈچۈن شام يېقىلىۋاتقان پەيتلەردە كلارا ئۇن-تۈنسىز بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا، ئانگېلا بىرىپ دوختۇر بلوكنى چاقىرىپ كېلىپ ئۆلۈم سەۋەبى ھەققىدە قول قويدۇرىدۇ. دوختۇر بىر تەرەپتە ئولتۇرغان ئادولفقا كۆزى چۈشىدۇ. ئۇنىڭ چىرايى بەكلا مەيۈس كۆرۈنەتتى. بىر دەپتەردە كلارانىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىياپىتىنىڭ تېز رەسىمى سىزىلغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن دوختۇر ئۇنىڭغا "مانا مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا بەرداشلىق بېرەلىگىنىڭدىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ياردەم قىلالىغان ھېسابلىنىسەن" دەيدۇ. ئەمما بۇنداق گەپلەر ئادولفقا تەسەللى بولالمايتتى. "مېنىڭ بىر ئۆمۈر دوختۇرلۇق ھاياتىم بويىچە، ــ دەيدۇ بۇرۇن ئۇرغۇنلىغان ئۆلۈم مەنزىرىلىرىنى كۆرگەن دوختۇر

ئەسلەپ كېلىپ، _ ئادولف ھىتلېردەك مۇنچە كۆڭلى يېرىم بولغان بىرىنى كۆرگەنلىكىمنى ئەسلىيەلمەيمەن.“

## 2. "تۇرمۇش مېنىڭ مەكتىپىم"

## 1913.5~1907.12

1

1907-يىلى 23-دېكابىر ئەتىگىنى، ھەممە يەرنى تۇمان قاپلاپ كەتكەن، ھاۋا بەكلا نەم ئىدى. "قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان سىلىق لاكلانغان، ئەتراپى مېتال چەمبەرلەر بىلەن كۆچەيتىلگەن تاۋۇت" ئىچىدە ياتقان كلارانىڭ مېيىتى بلۇتېنگگاس 9-نومۇرلۇق بىنادىن چىقىرىلدى. جىنازا ماشىنىسى جىمجىت كوچىنى بويلاپ چېركاۋ تەرەپكە قاراپ يولغا چۈشتى. چېركاۋدا ئاددىي بىر مۇراسىمدىن كېيىن، ئانچە كۆپ بولمىغان ماتەم مۇراسىمغا قاتناشقانلار ـ بىر جىنازا ماشىنىسى بىلەن ئىككى قارا ماشىنىلىق ئاستا ماڭغىنىچە دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بىر تاغدىن ئاشقىنىچە لىئوندىڭغا قاراپ يولغا چۈشتى. كلارانىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇمۇ يولدىشىنىڭ يېنىغا يەرلىككە قويۇلدى. ئىسمىمۇ يولدىشى ئۇچۇن تىكلەنگەن قەبرە تېشى ئۈستىگە ئويۇلدى. پۈتۈن ئائىلە جەمەتى قارىلىق ئىچىدە، بۇرۇنقى ئۆيىنىڭ يېنىدىكى سۇرلۇك قەبرىستانلىق ئىچىدە ماتەمدە تۇرۇشتى. ئادولف قارا پەلتولۇقى، قولىدا قارا رەڭلىك ئۇزۇن قالپاق قاتاردا تۇردى. گۇستىل، ئادولفنىڭ يۈزى تاتارغان ئەمما ئېغىر بېسىق ھالدا تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ھىتلېر ئائىلىسىدىكىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى روژدېستۋو كېچىسى ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بىر كېچە ئىدى. پۈتۈن ئائىلە جەمەتى داۋالاش پۇلىنى تۆلەش ئۈچۈن دوختۇر بلوكنىڭ ئۆيىگە باردى. دورا پۇلى 359 كرونىېنىن تۇتقان بولۇپ، 59 كرونىېنىن ئالدىن تۆلەنگەن ئىدى. تۆلىنىدىغان پۇل ئۇلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئاز پۇل ھېسابلانمايتتى. ئۇ پۇل كلارانىڭ پۈتۈن جۇغلانمىسىنىڭ تەخمىنەن ئوندا بىر قىسمىغا توغرا كېلەتتى. شۇنداقتىمۇ، تۆلەنگەن پۇلنى بەك قىممەت بولۇپ كەتتى دېيىشكىمۇ بولمايتتى. چۈنكى بۇ پۇل دوختۇرنىڭ ئۆيىگە بىرىپ ياكى كېلىنىكىسىدا دېگەندەك جەمئىي 77 قېتىم دېئاگنوز قويۇش بىلەن كۆپىنچىسى يودىدلىق داۋالاش بولغان 47 قېتىملىق داۋالاش ئۈچۈن تۆلەنگەن پۇل ئىدى. شۇڭا ئۇلار كەم قالغان پۇلنى رازىمەنلىك بىلەن تۆلىشىدۇ. بۇ

جەرياندا ھەدە-سىڭىل ئىككىسى دوختۇر بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرىدۇ. ئەمما ئادولف قارا پەلتو ئىچىدە گالستۇكىنى سەل بوشىتىپ قويۇپ يەرگە تىكىلىپ ئۈن-تۈنسىز ئولتۇراتتى، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ پىشانىسىغا تۆكۈلۈپ تۇراتتى. كېيىن ئۇ دوختۇرنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى: "سىزگە مەڭگۈ رەھمەت ئېيتىمەن. ـ ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ دوختۇرغا ئېگىلىپ تەزىم كەلتۈردى، ـ ئۇ ھازىر شۇ كۈندىكى ئەھۋاللارنى ئەسلىيەلەمدۇ بىلمەيمەن دەيدۇ بلوك 35 يىلدىن كېيىن يازغان «كانچىلار ـ شاختورلار» دېگەن كىتابىدا، ـ ئىشىنىمەنكى، ئۇ بۇ ئىشلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئادولف ھىتلېر ۋەدىسىدە تۇرىدىغان بىرى ئىدى.29 مىنىڭچە، ئۇنىڭ ماڭا قىلغىنىدەك بۇنداق ياخشىلىقنى گېرمانىيە بىلەن ئاۋسترىيە بويىچە مەندىن باشقا ھېچ بىر يەھۇدىيغا قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن."

شۇ كۈنى، راۋباللار ئائىلىسى ئادولف بىلەن پاۋلا ئىككىسىنى روژدېستۋو ـ ئارچا بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆيىگە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئادولف بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇ قېيناكىسى لېئوغا پەقەتلا ئىشەنمەيتتى. چۈنكى قېيىن ئاكىسى ھەر بىر پۇرسەتتە ئۇنى رەسسام بولىمەن دەيدىغان بۇ ئەخمىقانە خىيالىنى تاشلا دەپ زورلاپلا كەلگەن ئىدى. ئۇ، دوستىغا، پۈتۈن تۇغقانلىرىم مەن بىلەنلا قاپتۇ، دەپ قاخشاپ بەرگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ تۇردىكى گەپلەردىن ۋىيېنناغا قېچىپ كېتىپ قۇتۇلماقچى بولغان ئىمىش. ئادولف قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن بولۇپ، چوقۇم داڭلىق بىر رەسسام بولۇپ چىقىمەن، بۇ پىكرىمدە خاتالاشمىغانلىقىمنى چوقۇم ئۇلارغا ئىسپاتلاپ كۆرسىتىمەن دەپ ئۆزىگە ۋەدە قىلغان ئىدى.

ئۇ يەنە كۇبىزېككىمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ بىزەكچىلىك دۇكىنىدىن قەتئىي تۇردە ئايرىلىپ چىقىش، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇزىكانت بولۇش يولىغا داۋام قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتاتتى. ئالدىنقى يىلى كۈزدىن بېرى، كۇبىزېكلار ئائىلىسى گۇستىلنىڭ ۋىيېنناغا بېرىشىغا قەتئىي قارشى چىقىپ كەلگەن ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ھىتلېرمۇ بۇ ئىشنى بەزىدە يالۋۇرۇپ، بەزىدە مۇنازىرىلىشىپ تۇرۇپ بولسىمۇ قايتا-قايتا سۆزلەپ يۈرۈپ، ۋىيېننادىكى گۈزەل نەرسىلەردىن، يەنى ئوپېرا، سىمفونىيە، ۋە شۇنىڭدەك ۋىيېننادىكى ساناپ تۈگەتكۈسىز مۇزىكا ئۆگىنىش پۇرسەتلىرىدىن پايدىلىنىشى كېرەكلىكى ھەققىدە گۇستىل بىلەن ئاپىسىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن تىرىشقان ئىدى. كۇبىزېك بوۋاينى گەپكە كۆندۈرۈش ھەققەتەن ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ بوۋاي ئادولفنى "مەكتەپنىمۇ تولۇق پۈتتۈرەلمىگەن بىرى تۇرۇقلۇق، ئۆزىنى بەكلا قالتىس چاغلاپ كېتىدىكەن. ئۇ ئۆمۈر بويى ھېچ نېمە ئۆگىنەلمەيدىغان تېپىقا مەنسۇپ بىرى" دەپ ھېسابلايتتى. ئەمما، ھىتلېر شۇ

ياشلىرىدىن تارتىپلا كىشىنى سۆز بىلەن قايىل قىلىش كۈچى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك ئىدى. پراگماتىس بولغان بوۋاي، ئوغلىنىڭ ۋىيىننادا بىر سەنئەت ئوقۇغۇچىسى بىلەن بىرگە تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولىدۇ ۋە ئوغلىنىڭ پايتەختتە بىر مەزگىل چىنىقىشىغا كۆنىدۇ.

ئادولف ۋىيىنناغا بىرىپ ئۇ يەردە مەڭگۈ تۇرۇپ قىلىش ئويىنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇكسىغا ھامىيلىق قىلىۋاتقان كىشىگە ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن قايتىدىن لىئوندىڭغا بارىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ يەردە ھېچ قانداق بىر مۇنازىرە يۈز بەرمەيلا ئۇنىڭ دېگەنلىرى ماقۇل كۆرۈلىدۇ. مايرخوفېر ئەپەندى گەرچە ئىلاجسىز قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدۇ. كېيىن ئۇ قىزىغا، ماقۇل بولۇش، مىنىڭ ئۈستۈمدىكى بىر مەسئۇلىيەت، دەيدۇ. ئادولف ماقۇللۇق ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئانگېلا ۋە يەڭگىسى جوھاننالار بىلەن بىر-ئىككى ھەپتە بىرگە تۇرۇش جەريانىدا ئۆي ئىچى ئىشلارنى ئۇلارغا بىر قۇر تاپىلاپ چىقىدۇ. شۇ جەرياندا ئۆيىنىڭ بارلىق قەرزلىرىنىمۇ تۆلەپ تۈگىتىدۇ. بۇ قەرزلەردىن 370 كرونىنىلىق دەپىنە قىلىش چىقىملىرىمۇ بار ئىدى. ئادولف يەنە پۇلتۇن قوشىنىلىرىغىمۇ ئاپىسىنىڭ كېسەل كۈنلىرىدە قىلغان ياردەملىرى ئۈچۈن رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ. بولۇپمۇ پوچتىخانا باشلىقى ئەر-خوتۇن ئىككىسىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ئۆزى سىزغان رەسىمدىن بىرنى سوۋغات قىلىدۇ. پۇلتۇن قەرزلەر تۆلەنگەندىن كېيىن، كىلارا تېجەشلىك خەجلەش نەتىجىسىدە ئاشۇرغان ئۈچ مىڭ كرونىدىن ئارتۇق پۇل قالغان ئىدى. ئانگېلا 11 ياشلىق سىڭلىسى پاۋلانى بېقىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بۇ پۇلنىڭ ئۈچتە ئىككىسىدىن ئارتۇقراقى تېگىدۇ. كېيىن، كىچىك ئالويىس ئوغلىغا ئادولفنى "ئالغان مىراسىنى قىزلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ماقۇل كەلتۈرگەنلىكىنى" ئېيتقان. چۈنكى راۋباللار ئائىلىسىدە مەبلەغ يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئادولفمۇ ئۆزىگە تەۋە مىراسىنىڭ ھەممىسىنى ھەدىسى ئانگېلاغا ئۆتۈنۈپ بېرىۋەتكەن، كىچىك ئالويىسمۇ ئۆزىگە تەۋە مىراس پۇلنى پاۋلاغا ئۆتۈنۈپ بېرىۋەتكەنمىش. بۇ گەپلەر راست بولغىنىدا، ئادولف ۋىيىننا سەپىرىگە بەكلا ئاز پۇل بىلەن، يەنى يېتىملەر پۇلى ۋە مىراسىنىڭ قالغان ئاز قىسمىنىلا ئېلىپ ماڭغان بولۇشى كېرەك.

فىۋرالنىڭ باشلىرىدا ۋىيىننادىن پەۋقۇلئاددە بىر خوش خەۋەر كېلىدۇ: ئۇنىڭ بىر قوشنىسى مەلۇم بىر خانىلىق ئوپېرانىڭ سەھنە لايىھىلىگۈچىسى بولغان پروفېسسور ئالفرېد روللىرنى قايىل قىلىپ ئادولف سىزغان رەسىملەرنى كۆرۈپ بېقىشقا ھەمدە مۇمكىن بولغىنىدا ئۇنىڭغا كەسپى ئىشلاردا مەسلىھەتچىلىك قىلىپ بېرىشكە ماقۇل كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ خەۋەر ھىتلېرنى بەكلا ئۈمىدلەندۈرىدۇ.30 بۇ خەۋەر، ئۇنىڭ

ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نارازىلىق پىكىرلىرىنى جىمىتىش ئۈچۈنمۇ كۆپ پايدىلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھىتلېر ۋېيىنناغا بېرىشنى قورقماي پىلانلايدۇ. 1908-يىلى 10-فېۋرال كۈنى، ئۇ، ئۆزى بىلەن سىڭلىسى پاۋلانىڭ يېتىملەر ياردەم پۇلى ئېلىش جەدۋىلىنى تولدۇرۇپ تاپشۇرىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن، بۇ جەدۋەل بىر پارچە ئۇقتۇرۇش بىلەن بىرگە قوشۇپ قايتۇرۇۋېتىلىدۇ. ئۇقتۇرۇشتا، بۇ جەدۋەلنى ئۇلارنىڭ ھامىيسى بولغان كىشى تەرىپىدىن قول قويۇپ ئىمزالانغان بولۇشى كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، جەدۋەلنى مايرخوفېر ئەپەندىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ياردەم بېرىش ئىشخانىسىنىڭ تەستىقلاش جاۋابىنى كۈتمەيلا ئالدىرىغىنىچە چامادانىنى يىغىشتۇرۇپ (كىيىم-كېچەكنى، كىتابلىرى ۋە رەسىم سىزىش ئەسۋابلىرى قاچىلانغان چامادان) ئۆيىدىكىلەر بىلەن ۋىدالىشىپ بىلۇتىېگگاس 9-نومۇردىن مەڭگۈگە ئايرىلىدۇ.

گۇستىل ئۇنى پويىز ئىستانسىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقىدۇ. شۇ كۈنى تەخمىنەن ئالغاندا 17-غېنۋارغا توغرا كېلەتتى. پويىز كۈتۈش زالىدا ھىتلېر ستېفانىيە ھەققىدە ئېغىز ئېچىپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا تېخىچە ئۆزىنى تونۇشتۇرمىغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ كېيىن ئۇنىڭغا خەت يېزىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ ياش يىگىت خوراتىئو ئالگېرنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئەسىرىنى ئوقۇغانمۇ-يوق نامەلۇم، ئەمما ئوقۇغانلىقى ناتايىن. ئەگەر راستىنلا ئوقۇغان بولسا، ئادولف ھەقىقەتەن ئۆزىنى ئالگېرنىڭ باش قەھرىمانىغا ئوخشاتقان بولۇشى كېرەك، پويىز قوزغالغىنىدا ئادولف پەنجىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ دوستىغا شۇ رومان قەھرىمانىنىڭ سۆزى بىلەن "دوستۇم گۇستىل، سەنمۇ تېزرەك يېنىمغا كەل!" دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇنىڭ بىلىتى بەش يېرىم كرونىلىق 3-دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ بىلىتى ئىدى. بەش سائەتتىن كېيىن، 18 ياشلىق ئادولف ھىتلېر ئۈچىنچى قېتىم كىشىنى سېھىرلەيدىغان ۋېيىننا شەھىرىگە كىرىپ كېلىدۇ. ۋېستباخنخوفدىن ستۇمپېرگاس كوچىسىنىڭ 29-نومۇرلۇق زاكرىيىس خانىمنىڭ ئۆيى ئوتتۇرىسى بەش مىنۇتلۇقلا يول ئىدى. ئەمما ئۇ ئېغىر يۈك كۆتۈرۈپ ماڭغان بولغاچقا، بۇ يول ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئېغىر كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇ يىلى فېۋرالدا، ھاۋا دىمىق بولۇشىغا قوشۇلۇپ ئادولفمۇ بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئىدى. 18-غېنۋار كۈنى، دوستىغا ھاياجان بىلەن يېزىلغان بىر پارچە پوچتا ئاتكىرتكىسى يوللايدۇ:

"قەدىناس دوستۇم!

سېنىڭ يېتىپ كېلىش خەۋىرىڭنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتىمەن. چوقۇم كەلگىن. مېڭىش ئالدىدا بالدۇرراق خەت يېزىۋەت، مەن سېنى ياخشىلاپ كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى

قىلىپ تۇرىمەن. پۈتكۈل ۋېيىننا ساڭا تەقەززا ... بىز دېيىشكىنىمىزدەك، ئاۋۋال مەن بىلەن بىر مەزگىل بىرگە تۇرىسەن. كېيىن يەنە ئەھۋالغا قاراپ ئۆزۈڭ بىلىپ بىر ئىش قىلارسەن. بۇ يەردە ھۆكۈمەت كومىسسىيىسى دەيدىغان بىر رەنە قويۇش دۇكىنىدا 50~60 فلورىنغىلا بىر پىيانو سېتىۋېلىشقا بولىدىكەن. ساڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن، سېنى يەنە بىر قېتىم تېز كەلسۇن! دەپ تىلەپ، دوستۇڭ:

_ ئادولق ھىتلېر"

بەش كۈندىن كېيىن، قويۇق تۇمانلىق بىر يەكشەنبە كۈنى، گۇستىل "لىق يېمەك-ئىچمەك" بىلەن تولغان قوڭۇر رەڭلىك كىلىونكا خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ ۋېستباخنخوفقا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ، ۋېيىن ئىستانسىسىنىڭ يولۇچىلار زالىدا مىغىلداپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىدا، رەسمىي بىر ۋېيىننالىققىلا ئايلانغان ئادولفنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. "ئۇ، ئۇچىسىغا ئەلا سۈپەتلىك قارا پەلتو، بېشىغا قارا قالپاق كىيىۋالغان بولۇپ، قولىدا ھېلىقى پىل چىشى ساپلىق ھاسىسى بار ئىدى. كۆرۈنۈشى ھەقىقەتەن قالتىس ئىدى." ئادولفمۇ دوستىنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ قاتتىق خۇشال بولۇپ يايراپ كېتىدۇ. دەرھال كېلىپ ئۇنى ياڭىقىدىن سۆيۈپ قويىدۇ. ئۇلار ئىككىسى بىردىن خالتىنى ئۆتنىسىگە ئالغىنىچە قايناپ تۇرغان شەھەر كوچىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. كەچ كىرىپ قالغان بولسىمۇ، كوچا چىراغلىرى ۋېيىن ئىستانسىسى مەيدانىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئۇ ئىككىسى ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشتىكى ستۇمپېرگاس 29-نومۇرنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسىدىن كىرىپ، چاققانغىنە بىر ھويلىدىن ئۆتىدۇ. ئۇ يەردە كونىراق بىر بىناغا كىرىپ قاراڭغۇ پەلەمپەيلەردىن مىڭ تەستە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىدۇ. ھىتلېرنىڭ تۇتقان ئۆيىنىڭ ھەممىلا يېرى رەسىم نۇسخىلىرى بىلەن تولغان ئىدى. ئادولق ئۈستەلگە بىر ۋاراق گېزىتنى داستىخان قىلىپ يېيىپ، ئۈستىگە ئۆزىنىڭ بىردىن-بىر يېمەكلىكى بولغان سۈتنى، قېزىسى بىلەن بولكىسىنى تىزىدۇ. بۇ چاغدا كۈبىزېك ئۇ نەرسىلەرنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ خۇددى سېھىرگەرلەردەك چاققان ھەرىكەتلەر بىلەن كاناپ خالتىسىدىن كاۋاپ، يېغلىق لېستىن چىققان بولكا، پىشلاق، مۇرابا، قەھۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى چىقىرىپ ئۈستەلگە تىزىشقا باشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن ھىتلېر خۇشاللىقىدىن "مانا قارا، ئاپا دېگەن مۇنداق بولمامدۇ!" دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ.31

ئۇلار قورساقلىرىنى باپلىۋالغاندىن كېيىن، ھىتلېر ھېرىپ ماجالى قالمىغان دوستىنى سۆرەپ دېگۈدەك شەھەر مەنزىرىسىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئېلىپ چىقىدۇ. "سېرك مەيدانىنى

كۆرمەي قانداقمۇ كۆزۈڭگە ئۇيقۇ كەلتۈرەلەيسەن كۇبىزبېك دوستۇم؟“ ئادولف دوستىنى ئاۋۋال ھەشەمەتلىك ”تىياتىرخانا“ بىناسىغا باشلاپ باردۇ. ئۇ يەردە ”مەن ئۆزەمنى باشقا بىر پىلانېتقا بېرىپ قالغاندەكلا ھېس قىلغان ئىدىم، ئۇ يەرنىڭ كۆرۈنۈشى ماڭا بەكلا چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىدى. مىنىڭ ئەقلىمنى پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن ئىدى“ دەيدۇ كۇبىزبېك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئىنچىكىلىك بىلەن زىننەتلىنىپ ياسالغان سان ستېفېن مۇنارىغا باردۇ. ئاندىن ئادولف يەنە ”ئاجايىپ بىر يەرنى كۆرمىسەڭ بولمايدۇ“ دەپ چېك تۇرۇۋالدۇ. يەنى بەكلا نازۇك ۋە چىرايلىق ياسالغان چاققانغىنە سان مارىيە گىستاد چېركاۋىغا باردۇ. ئەمما ھەممە يەرنى تومان قاپلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كۇبىزبېك بىنالارنىڭ بىر مۇنچىسىنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ، ياتقىغا بالدۇرراق قايتىپ كېتىشكە ئالدىرايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يېرىم كېچە بولغاندىلا ئاران ئۆيگە قايتىپ بارالايدۇ. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن، كۇبىزبېك ئالدىرىغىنىچە ئۆي خوجايىنى ئايال ئۇنىڭ ئۈچۈن راسلاپ قويغان ئورۇنغا كىرىپ ئۇيقۇغا غەرق بولىدۇ.

بۇ ئۆي بەكلا تار بولغاچقا، ئىككى كىشى بىلەن بىر پىيانو سىغمايتتى. گەپكە ئۇستا ئادولف ئۆي خوجايىنىنى ماقۇل كەلتۈرۈپ، تۇرغان ئۆينى ئۇنىڭ چوڭ ئۆيىگە ئالماشتۇرۇۋالدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئۆي ئىجارە ئايلىقىنى بىر ھەسسە ئارتتۇرۇپ 20 كرونىندىن تۆلەيدىغانغا كېلىشىدۇ. ئۇلار كېلەڭسىز پىيانونىڭ بەكلا كۆپ يەر ئىگىلەيدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادولفنىڭ ئۆي ئىچىدە ماڭىدىغان ئادىتى ئۈچۈنمۇ يەر قىلىشى كېرەك. شۇڭا، ئۆيدىكى نەرسە-كېرەكلەرنى قايتىدىن رەتلەپ تىزىپ ئادولفنىڭ مېڭىشى ئۈچۈن ئۈچ قەدەم كەڭلىكتە بوشلۇق چىقىرىشىدۇ.

ئارىدىن ئىككى كۈنمۇ ئۆتمەيلا گۇستىل مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا تىزىملىتىپ مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدىنمۇ ئۆتىۋالغان ئىدى. ”دوستۇمنىڭ مۇنچە ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى پەقەتلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن“ دەيدۇ ھىتلېر دوستى ھەققىدە قىسقىچە باھا بېرىپ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن دوستىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگىمۇ قىزىقماس بولۇۋالدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۇبىزبېكنىڭ كېلىشكەن بىر قىز ساۋاقدىشى كېلىپ ئۇنى زىيارەت قىلىۋېدى، ئادولف بۇنىڭغا چىدىماي دوستى بىلەن قاتتىق جېدەللىشىپ كېتىدۇ. قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھىتلېر ئۆي ئىچىدە ئالدى-كەينىگە ماڭغاچ قۇرۇق گەپ سېتىشقا باشلايدۇ: ”قىزلارنىڭ بىلىم ئېلىشى ھەققەتەن بىر ئەخمىقانىلىك.“ كۇبىزبېك ئىچىدە ”ئادولف ئەقىلدىن كېتىپ قالغانمۇ قانداق؟ چۈنكى كىچىككىنە بىر ئىشلارغىلا ۋارقىراپ-جارقىراپ كېتىدىكەن“ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. كۇبىزبېك

نېمىلا ئىش قىلمىسۇن، ھىتلېر ھەر دائىم ياقتۇرمايتتى. "قارىغاندا، ئىككىمىزنىڭ بىرگە تۇرالىشىمىز تەس كۆرۈنىدۇ ... ئۇ، بۇ دۇنيادا ھېچ كىم بىلەن چىقىشمايدىكەن، ئۆزىنى ئازابلاپلا يۈرىدىكەن. ئۇنىڭ كۆزىدە ھەممىلا يەر ناھەقچىلىك، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك ھېسسىياتلار بىلەن تولغان ئىدى."

ئەسلىدە ھىتلېرنىڭ بۇ دۇنياغا تۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزىلا مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئىدى. بىر كۈنى ئادولف تۇيۇقسىز سەنئەت ئىنستىتۇتىدىكىلەرنى تىللاپ غۇدۇراپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنياغا شۇنچە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغانلىقىنىڭ تۈپكى سەۋەبى ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. "... ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا كاللىسى قېتىپ كەتكەن جاھىللار، بيۇروكراتلار ئىكەن! ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئايىمايدىغان ھارامتاماقلار! بۇنداق بىر ئىنستىتۇتنى پارتلىتىپ تۈپ-تۈز قىلىۋېتىش كېرەك!" ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى ("ۋەھشىيلىك"چىقىپ تۇراتتى دېسىمۇ بولاتتى). كېيىن ئۇ بولغان ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ: ئەسلىدە ئۇ ئىنستىتۇتتىن قوغلاپ چىقىرىلغان، يەنى تاللىنالماي قالغان ئىدى. "ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟" دەپ سورايدۇ دوستى ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا. ھىتلېر ئۈستەل ئالدىغا كېلىپ بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇرغىنىچە بايىتىدىن بېرى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. "ھېچقىسى يوق" دەيدۇ ئۇ بەكلا خاتىرجەم ھالدا.

گەرچە ئۇ چوقۇم نەتىجە قازىنىمەن دەپ يۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن، بەرىبىر پروفېسسور رولىلېرنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى. ئۇ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ داڭقى جاھانغا پۇر كەتكەن بۇ سەھنە لايىھىلىگۈچىنىڭ رەسىمخانىسىغا نەچچە قېتىم بېرىپ باققان بولسىمۇ، ئىشىكنى چېكىشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي قايتىپ كېتىدۇ. ئاخىرى ئۇ، بۇ پروفېسسورغا قارىتىپ يېزىلغان تونۇشتۇرۇش قەغىزىنى قولىغا ئېلىپ، كېيىن بىر كۈنلىرى يەنە ئۇنىڭدىن تەمە قىلىپ يۈرمەي دەپ ئۇششاق تىتىپ چۆرۈۋېتىدۇ. ئۇ بەلكىم سىزغان رەسىملىرىنىڭ ئۆلچەمگە توشمىغانلىقىدىن قورقۇش، ياكى ئىچىدىن قايناپ تۇرغان مەغلۇبىيەتچىلىك تۇيغۇسىنىڭ بېسىمىدىن، ۋە ياكى بولمىسا بۇ سەھنە لايىھىلىگۈچى پروفېسسور بەكلا داڭلىق كىشى بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقىدىن شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ھىتلېر لىنزدىن ئايرىلىپ بىرەر ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەندە، مايىرخوفېر ئەپەندى ياردەم قىلىش ئىشخانىسىدىكىلەرنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.32 ئۇلار پاۋلا بىلەن ئادولف ھىتلېر ئىككىسىگە يىلىغا ئايرىم-ئايرىم 3 يۈز كرونىدىن يېتىملەر ياردەم پۇلى بېرىدىغان، بۇ پۇلنى تا 24 يېشىغىچە بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ

ئىشخانىدىكىلەر مايرخوفېر ئەپەندى يېتىملەرگە ۋاكالىتەن يىلىغا بىراقلا 6 يۈز كرونىن نەق پۇل تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزى بۇ پۇلنى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئايدا 25 كرونىدىن ئۈلەشتۈرۈپ تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشىدۇ.

مۇددەت بويىچە بېرىلىدىغان، تەخمىنەن بۆگۈنكى ئالتى ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ بۇ پۇل، شۈبھىسىزكى ھىتلېرغا يېتىشى بىر ئۈمىد پەيدا قىلغانلىقى ئېنىق. ئەگەر بېرىلىدىغان 650 كرونىن مىراسىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۇنىڭغا بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بۇ يەردىكى كۈنى يەنىلا بەكلا جاپالىق ئۆتىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ياتاقدىشى كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ھىتلېر دائىم ئاچلا يۈرىدىغانلىقىنى، "ئۇدا بەش كۈن سۈت، بولكا ۋە سېرىقماي بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن" لىكىنى ئېيتىدۇ. كۆپىنچە، ھىتلېرنىڭ زادى قانچىلىك پۇلى بارلىقىنى پەقەتلا بىلەلمەيدۇ. پەرىزىچە، "ھىتلېر، پۇلى ئاز بولغاچقا ئىچ-ئىچىدىن نومۇس قىلىپلا يۈرسە كېرەك. ئۇ بەزىدە خاپا بولسىلا 'ئىتنىڭ كۈنىدىنمۇ بەتتەر نېمە كۈنلەر بۇ!' دەپ قايناپ كېتەتتى" دەيدۇ. ھىتلېر ھەپتىدە بىر قانچە قېتىم بۇرگ تىياتىرخانىسىغا ياكى ئوپېراغا بېرىپ ئويۇن كۆرەلىشى ئۈچۈن يېمەك-ئىچمەكىدىن، كىيىنىدىلىك چىقىملاردىن سىقىپ پۇل تېجەشكە مەجبۇر ئىدى. مەسىلەن ئۇ ھەتتا ئىشتىنىنى دەزماللاشقىمۇ پۇل خەجلىمەي كۆرپىسىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قىر چىقىراتتى. ھىتلېر قىزلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشنىمۇ خالىمايتتى. چۈنكى "ئۇلارنىڭ خالايدىغىنى ئوغۇللار بىلەن قالايمىقان ئوينىشىپ ئولتۇرۇشتىنلا ئىبارەت" مىش. شۇڭا قىزلارنىڭ كىرىشى چەكلىنىدىغان تانسىخانىلارغا ھىتلېر ئىككى كرونىن ئارتۇق پۇل تۆلەشكە توغرا كەلسىمۇ كۆپىنچە زورلاپ ئاپىراتتى. ئۇزۇنراق ئوينىلىدىغان ئوپېراغا كىرىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلار ھەر دائىم ئويۇن تۈگىمەستىنلا كەچ سائەت 9 دىن 45 مىنۇت ئۆتكىچە ستۇمپېرگاس 9-نومۇرلۇق بىنادىكى ياتىقىغا بېرىۋېلىش ئۈچۈن، ئويۇننى چالا كۆرۈپ تىياتىرخانىدىن بالدۇرلا ئايرىلىشقا مەجبۇر ئىدى. بولمىسا ياتىقىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتۇرۇش ئۈچۈن كۆزەتچىگە بىھۇدە تاپان ھەققى بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇلار ئۆيىگە كىرىشى ھامان، ھىتلېر كۆپىنچە ئويۇننىڭ قالغان قىسمىنى پيانودا قايتا ئورۇنداپ بەر دەپ تۇرۇۋالاتتى.

ھىتلېر، ۋاگنېرنىڭ ئەسەرلىرىنى مىڭ قېتىم ئاڭلىسىمۇ ھەرگىز زېرىكمەيتتى. ھەتتا كۆپىنچە ئىتالىيە ئوركېستىراچىسى ۋېردى ئەسەرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئوينىلىشىغا بارايلى دەپ تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ھىتلېر ئۇنى ۋاگنېر ئەسەرلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئوينىلىشىنى كۆرۈشكە مەجبۇرى سۆرەپ خانلىق تىياتىرخانىسىغا كەتكەن ئىدى. ۋاگنېرنىڭ سىمفونىيىلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى سېھىرلىك دۇنياسىغا غەرق بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەسەبىيلەرچە تۇغما مىجەزىدىن كەلگەن جىددىيچىلىكلىرىگە

بەرداشلىق بېرىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرەتتى. ئادولف ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «لوخېڭگرىن» نىڭ ئۆزىنىلا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئون قېتىمدەك كۆرسەم كېرەك؟ 14~16-ئەسىرلەردە گېرمانىيەنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدە ئىشچىلار تەبىقىسىنى ئاساس قىلغان «شېئىر كۇلۇبى» مۇ ئۇنى قىزىقتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇ دائىم بۇ ئويۇننىڭ ئىككىنچى پەردىسىدىكى شېئىرلاردىن دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى:

"مەن يەنىلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدىم، بۇنى ھېس قىلغان بولسامۇ چۈشىنەلمىدىم، تۇرۇپ قالالمايمەن، ئەمما ئۇنتۇپمۇ كېتەلمەيمەن، قىلماقچى بولسامۇ ئۆلچىمىنى بىلەلمەيمەن."

كۇبىزېك ئۇنى قىزىقتۇرۇپ يۈرۈپ ۋېردىنىڭ ئوپېراسىنى نەچچە قېتىم بىرگە كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا «ئائىدانى ماختاپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇ ياسالما سەھنە كۆرۈنۈشلىرىگە بەكلا ئۆچلۈك قىلاتتى. "ئەگەر قىلچى بولمىسا بۇ ئىتالىيانلار قانداق قىلاتتىكىن؟" دەيتتى. ھىتلېر بىر كۈنى بىرسىنىڭ كوچىدا ئاككوردىيون بىلەن «باي خېنىم ۋە ئاۋام خەلق» نى چېلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قېلىپ ۋارقىراپ كېتىدۇ: "مانا بۇ سەن ماختىغان كەتكەن ۋېردىنىڭ ئەسەرلىرى! ئويلاپ باقە، لوخېڭگرىن ھېكايىلىرىنى بۇلاردەك ئاككوردىيوندا كوچىلاردا ئورۇنداش مۇمكىنمۇ؟"

كۇبىزېك مۇزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغاچقا بىكارغا بىلەت تاپالايتتى. شۇڭا ئۇلار نۇرغۇن كېچىلەرنى بىرلىكتە ھەقسىز كونسېرت كۆرۈپ ئۆتكۈزىدۇ. ئادولفنىڭمۇ ئارىلاپ سىمفونىيە ئورکېستىرلىرىغا خۇمار بولىدىغانلىقىنى سەزگەن كۇبىزېك، بۇنىڭغا بەكلا ھەيران قالىدۇ.33 ھىتلېر رومانتىك كومپوزىتور ۋېبېر، شۇبېرت، مەندېلسون ۋە شيۇمان قاتارلىقلارنىڭ سىمفونىيىلىرىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كومپوزىتورلىرىدىن يەنە برۇكنېر، بېتخوۋېن ۋە گرىيېگلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئا تونلۇق پىيانو تەڭكەش مۇزىكىسى ئۇنى ھەر دائىم ھاياجانلاندۇراتتى.

پۈلىنىڭ يوقلۇقى ئۇلارنىڭ ۋىيېنادىكى كۆڭۈللۈك كۈنلىرىگە داغ چۈشۈرەلمەيدۇ. ئۇ ۋاقىتلار ھەقىقەتەن ئوپېرا بىلەن مۇزىكا-تىياتىرلار دەۋر سۈرۈۋاتقان كۈنلەر ئىدى. گۇستاف ماھلېر، خانلىق ئوپېراسىدىن چېكىنىپ چىقىپ نيۇيورك شەھىرىدە "چوڭ شەھەرلىك مۇزىكا ئۆمىكى" گە بېرىپ قوشۇلۇۋالغان بولسىمۇ، ۋىيېنادا يەنىلا نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپىنى روللېر سەھنىلەشتۈرىدۇ. بولۇپمۇ داڭق چىقىرىۋەتكىنى ئۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ سەھنىلەشتۈرگەن ئەسەر «رېينزى» ۋە «ئوزۇك» نىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قىسىملىرى ئىدى. يېڭىدىن رېژىسسورلۇققا تەيىنلەنگەن فېلىكس ۋېيىنگارتنېر، ماھلېرنىڭ قايسى بىر ئەسىرىدىكى

بەزى كۆرۈنۈشلەرنى قىسقارتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن نارازىلىق كۆتۈرۈلگەن ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ بەربىر بۇرۇنقى ئۇستازى پۈتتۈرەلمىگەن «ئۈزۈك» نىڭ قالغان قىسىملىرىنى سەھنىلەشتۈرۈپ تاماملايدۇ. سەھنە لايىھىسىنى يەنە روللېر ئۈستىگە ئالغان ئىدى. شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ئىككىلا رېژىسسور يەھۇدىي ئىدى. مەسىلەن، ھېۇگو ۋون خوفمانىستال، ئارتۇر شنىتزلېر، رىچارد بېئېر خوفمان ھەمدە ھېرمان باھرلارنىڭ ھەممىسىلا يەھۇدىي ئىدى.

ئۇ ۋاقىتلاردىكى ۋىيېننا، ئاۋسترو-ۋېنگىر ئىمپېرىيىسىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى ياشاۋاتقان بىر پايتەخت بولۇپ، نۇرغۇن تىللار ئارىلىشىپ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، ئورتاق تىلى يوق بىر شەھەر ئىدى. شەھەر نوپۇسى ئاۋسترو-ۋېنگىر ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەر تەرىپىدىن يىغىلغان كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدىغان پارلاق شەھەر ئىدى. ئۇ يەردە بۇزۇپ-چېچىشتەك تۇرمۇش راھىتى بىلەن يوقسۇللۇق ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش بىرلىكتە قوشنا بولۇپ ياشايتتى. ئەنئەنىۋى جەھەتتىن ئالغاندا، ھابسبۇرگ خانىدانلىقى نېمىس تىپىنى ئالغان بولسىمۇ، شەھەر قىياپىتى بەربىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر شەھەر ئىدى. ۋىيېننا شەھىرى پۇل مۇئامىلە سودىسىنىڭ مەركىزىلا بولۇپ قالماستىن، كىيىم مودىسى بىلەن مەدەنىيەتلەرنىڭمۇ مەركىزى ئىدى. ئۇ يەر گېرمانىيەدىن پەرقلىق ھالدا بىر-بىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇش ئىمكانى بولمىغان مىللەتلەر داشقاينىقى ئىدى. ”ئەسىرلەر بويى سلاۋيانلار، ماگيارلار ۋە ئىتالىيانلار بۇ شەھەرگە تەلپۈنۈپ كەلگەن“ ئىدى. ھىتلېر بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان بىر مۇخبىر بۇ شەھەرنىڭ مىللىي تەركىبى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: ”ئۇلار، 'بۇ شەھەردە بىر تامچىمۇ نېمىس قېنى قالمىدى' دېيىشمەكتە. بۇ شەھەردە بىر بوھېمىيەلىكلەر تىياتىرخانىسى، كۆلۈبلىرىمۇ بار. بەزى قەھۋەخانىلاردا چېخچە، سلاۋيانچە، پولەكچە ۋە ۋېنگىرچە گېزىتلەرنى بىرلا ۋاقىتتا ئوقۇيالىشىڭ مۇمكىن بىر ئىتالىيانلار تىياتىرخانىسى بار بولۇپ، ئۇ يەرلەردە فرانسىيەلىك ناخشا چولپانلىرى سەھنىدە ئۆزىنى كۆرسىتەلەيدۇ. شۇنىڭدەك پولەكلەرنىڭ بولسىمۇ، ئوقىغىدەك بىر پارچىمۇ نېمىسچە گېزىت تاپالمايسەن. بەلكىم سەن ئۆزۈڭنى ساپ نېمىس ھېسابلىشىڭ مۇمكىن. ئەمما سېنىڭ ئايالىڭ بەلكىم گالىتسىيەلىك ياكى پولەك بولۇپ چىقىشى، ئاشخانا خىزمەتچىڭ يەنە بوھېمىيەلىك، بالا باققۇچىڭ ئىستىرئوت ياكى دالماتسىيەلىك، ئەر خىزمەتچىڭ سېرب، ھارۋىكەشىڭ سلاۋيان، ساتىراشىڭ ماگيار، ئوقۇتقۇچىڭ فرانسۇز ... دېگەندەك بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ياق، ياق، ... ۋىيېننانى ھەرگىز بىر نېمىس شەھىرى دېيەلمەيمىز، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر نېمىس شەھىرى ئەمەس.“

ئادولفقا ئوخشاش، ئاۋسترىيەنىڭ ھەر قايسى شەھەر- يېزىلىرىدىن كېلىپ ۋىيېنناغا يىغىلىپ قالغانلار كىشىنى بىئارام قىلغۇدەك زىددىيەتلىك كىشىلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ قانداق، ھەممىسىلا بۇ شەھەرگە كېلىشى بىلەن شەھەرنىڭ سېھرىلىك كۈچىنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ۋىيېننا شەھىرى، ئالۋاستىلار بىلەن پەرىلەر داشقايناق ھالغا كەلگەن بىر شەھەر بولۇپ، بىر تەرەپتە پولاتتەك ئەنئەنىلەر ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن زىيالىيلارنىڭ ئىلغار سىناقلىرى بولۇپ تۇرىدىغان؛ بىر تەرەپتىن كۆزقاراش ئەركىنلىكى ھۆكۈم سۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۈچلۈك مىللەتچى بىر تەرەپلىمىلىكلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى. ئادولف گەرچە ئەنە شۇنداق چاقناپ تۇرغان ۋىيېننا تەرىپىدىن كۈچلۈك جەلپ قىلىنغان بولسىمۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈمىدىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، "كىشىنى ئويغا سالىدىغان، سېھرىلەنگەندەك مىللەتلەر داشقازىنى" (كېيىن ۋىيېننانى ئەنە شۇنداق تەرىپلەيدۇ) دىن زېرىكىشكە باشلايدۇ.

ئادولف كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كۆبرىيك بىلەن بىرگە ئاچ قورساق ستۇمپېرگاستىكى ئۆيىدىن چىقىپ، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئولتۇراقلاشقان تىنچ كوچىلاردىن ئۆتۈپ، "ھەيۋەتلىك بىنالار، ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلار بىلەن تولغان، دەرۋازىسىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان خىزمەتچىلەر تىكىلىپ تۇرىدىغان" شەھەر مەركىزىگە قاراپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئادولف كۈندىن-كۈنگە بۇ شەھەرگە يۇزىسىزلىك بىلەن قارايدىغان؛ ھەر دائىم ئەمگەك قىلماي باي بولۇۋالغان مۆلۈكدارلارنىڭ ناھەقچىلىكلىرى بىلەن تولغان جەمئىيەتنى تىنماي تىللايدىغان بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇ قورسىقىنىڭ كوركىراپ ئېچىپ كېتىۋاتقانلىقىدىنمۇ بەكرەك ھەممە يەرنى چۈسا قاپلاپ كەتكەن ستۇمپېرگاستىكى تۇرۇۋاتقان ئۆيىدىن دەرد تۆكەتتى.34 دوستى كۆبرىيك ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھىتلېر "سالامەتلىكنى بۇزىدىغان، كېسەلگە سەۋەب بولىدىغان ھەر قانداق نەرسىگە دىققەت قىلىپ، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى."

ئۇنىڭ ۋىيېنناغا بولغان بۇ تۇردىكى ھېسسىياتى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. "ۋىيېننا كىشىلەرگە ئەڭ يۇكسەك ئۇتتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ نۇرغۇن پۇرسەتلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر شەھەر بولۇش بىلەن بىرگە، بۇ تۈردىكى ئۇتتۇقلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەڭ كۈچلۈك جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدىغانمۇ بىر شەھەر ئىدى. ئەنە شۇنداق غەلىتە روھى ھالەت ئىچىدە ئۇسۇپ يېتىلىدىغان داڭلىق بىرى، بىرلا قېتىم نام چىقىرالىدىمۇ-بولىدى، سۆيگۈ بىلەن ئۆچمەنلىك ئارىلاشمىسىدىن تەشكىل تاپقان ۋىيېننا ئۆزگىرىشچان مۇھىتىدا ياشاپ كېتەلەيتتى." برۇنو ۋالتېر ئۆزىنىڭ تەرجىمىھال كىتابىدا ماھلېر ئۇستىدە توختالغىنىدا يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى قىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن

كېيىنكى 5 يىل جەريانىدا ھىتلېر ھەر ئايدا دېگۈدەك بىر قېتىم رولىلېرنىڭ كىشىنىڭ قەلبىنى ئۇرغۇتىدىغان سەھنە ئەسىرى «تىرىستان» نى كۆرگىلى بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسىرى ئۇچۇن روللېر جانلىق سەھنە كۆرۈنۈشى لايىھىلەپ چىققان بولۇپ، قوڭۇر رەڭلىك، بىنەپشە رەڭلىك ۋە كۈلرەڭ بوياقلاردىن تولۇق پايدىلانغان ئىدى. قىسقىسى، ۋېيىننادا ئولتۇراقلاشقانلار ئاساسەن دېگۈدەك ئويۇن-تاماشىغا بېرىلگەن بايۋەچچىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىلا داڭلىق كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىشنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىۋېلىشقان ئىدى. ئۇلار فرېئۇدنىڭ پسىخوئاناللىزىنى شاڭخو قىلىشاتتى؛ ئامولد شۆنبېرگنىڭ ئاۋازشۇناسلىق ئاساسىدىكى زامانىۋىلىقنى شاڭخو قىلىشاتتى؛ ئوسكار كوكوشكانىڭ بوياقنى ئاساس قىلىپ سىزغان ئوچۇق رەڭلىرىنى، خوفمانستال بىلەن شىنىتزلېرنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ قوشۇپ شاڭخو قىلىشاتتى. بۇ بايۋەچچىلەرگە ۋېيىننادا تەنقىدلەشكە تېگىشلىك نەرسىلەر بەكلا كۆپ ئىدى.

ياش ۋاقتىدىكى ھىتلېر كۆرۈنۈشتە ھەشەمەتلىك بولغان بۇ شەھەرنىڭ جىنايەتلىرىنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىپ بېقىش مەقسىتىدە بەزىدە ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتسە، يەنە بەزىدە بۇ شەھەردىن يىرگىنىپ زېرىكىپلا كېتەتتى. كۆبىزېك، ھىتلېرنى جەمئىيەتكە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قارايدىغان قەلبى سۇنغان بىر كىشى دەپ ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، ھىتلېرنىڭ ئۆزىنى يېتىشتۈرۈش پىلانى بەكلا ئۆزگىرىشچان ئىكەن. ئۇ بەزىدە مېيدلىڭ رايونىغا بېرىپ ئىشچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى ”تەتقىق“ قىلىپ كەلسە، يەنە بەزىدە رىنگستراس كوچىسىدىكىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى تەكشۈرۈپ سائەتلەپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. پاسكىنا ھەم كىچىك ياتىقىغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، بۇ پايتەخت شەھىرىنىڭ لايىھىسىنى يېڭىدىن سىزىشقا كىرىشىدۇ. بۇ يىگىت ئۆزىنى بىرەر شەھەر قۇرۇلۇشى لايىھىلىگۈچىسى ھەم ئارخىتېكتور ھېسابلاپ كېتەتتى. ئۇ تار ئۆيدە ئىشىك بىلەن پىيانو ئارىسا ئالدى-كەينىگە توختىماي مېڭىپ كۇبىزېكنى ئۇنىڭ ”ئەستايىدىللىق بىلەن تۈزۈپ چىققان شەھەر لايىھىسى“ غا ئوخشاش پۈتمەس-تۈگىمەس پىلانىنى ئاڭلاشقا زورلايتتى. بىر قېتىم، ئۇ ئۈچ كۈنگىچە ئۆيگە قايتماي يوقاپ كېتىدۇ. قايتىپ كېلىپلا ”ئائىلىلىكلەر رايونىنى تۈزلىۋېتىش كېرەك“ دەپ كېچىچە ئولتۇرۇپ ئىشچىلار ئائىلىلىكلەر رايونىنىڭ ئۆلگىسىنى لايىھىلەشكە كىرىشىپ قالىدۇ. ئاخشاملىرى ئۆينى يورۇتۇپ تۇرىدىغان بىردىن- بىر چىراغ _ ئۆيدە بار بىرلا كىرسىن لامپىسى ئىدى. ئۇ ھەر دائىم ئۈستەلگە قادىلىپ يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ پىلدىرلاپ تۇرغان چىراغ يورۇقىدا بىر نېمىلەرنى يېزىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ نېمە يېزىۋاتقانلىقىغا قىزىققان كۇبىزېك، نېمە

يېزىۋاتسەن دەپ سورىۋىدى ھىتلېر ئۇنىڭغا ئىجىر-مىجىر رەسىملەر سىزىلغان نەچچە ۋاراقنى سۇنىدى:

بۇ رەسىملەردىن بىرىدە ئارقا كۆرۈنۈشى "ھەيۋەتلىك تاغ"؛ ئالدى تەرىپى چوڭ بىر تاۋاپ قىلىش تېشى، ئەتراپى دۇب دەرەخلىرى بىلەن قورشالغان؛ ئىككى نەپەر بەستلىك پالۋان ھەيۋەتلىك بىر قارا بۇقىنى بىرلىكتە تۇتۇپ كالىلىسىنى ھېلىقى تاشتىكى كاۋاك ئۈستىگە بېسىپ تۇرغان؛ ئۇلارنىڭ كەينىدە قارا پەرىجىلىك بىر تېخنىك تىك تۇراتتى. ئۇ قولىغا ئۇزۇن بىر قىلىچ تۇتقان بولۇپ، بايىقى بۇقىنىڭ كالىلىسىنى ئالماقچى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى بىر مۇنچە ئۇزۇن ساقاللىق كىشىلەر قورشىۋالغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قولىدا نەيزە-قالغان، ئۇ تېخنىكقا تىكىلىپ قالغان ئىدى.

كۇبىزېك بۇ رەسىمدىن ھېچ نېمىنى چۈشىنەلمەي تۇرۇپ كېتىدۇ. ھىتلېر، بۇ بىر تىياتىر كۆرۈنۈشى دەيدۇ. ئۇ، ھاياجانلانغان ھالدا خرىستىئان دىنىنىڭ باۋارىيىگە تارقىلىش ۋاقتىدىكى مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ كېلىپ، تاغلىقلار بۇ يېڭى دىنغا كىرىشنى خالىماي دىن تارقاتقۇچىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ھىتلېر بەلكىم بۇ درامىسىنى زادىلا يېزىپ پۈتتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنچۇ؟35 مەسىلەن رەسسام مۇرىللونىڭ بالىتى ئۈچۈن سىزغانلىرىنى ئالساق، ئۇ، بۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنىلا يازغان بولۇپ، يەنە بەزىلىرىنى تېخى يېڭىلا باشلاپ قويغان، تەسۋىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى گېرمان رىۋايەت ياكى تارىخىدىن ئېلىنغان نەرسىلەر ئىدى. ئۇ بەزىدە تاڭ ئاتقىچە يېزىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. تاڭ ئاتقاندا ئورىگىنالىنى كۇبىزېكنىڭ كارىۋىتىغا تاشلاپ قوياتتى ياكى ئۇنىڭغا بىر نەچچە ۋاراقنى ئوقۇپ بېرەتتى. بۇ ئويۇنلارنىڭ تەسۋىرلىرى جەننەتتىن جەھەننەمگىچە بولغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق ئويۇنلارنى سەھنىلەشتۈرۈشكە بەكلا كۆپ پۇل كېتەتتى. شۇڭا ئۇ ھىتلېرغا سەل ئاددىي نەرسىلەرنى، مەسىلەن سۇئىيلىك بولمىغان كومېدىيە يازساڭ بولمامدۇ، دەپ مەسلىھەت بېرىپمۇ باقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆيپەتلەش گېپى ھىتلېرنىڭ جېنىغا تېگىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئەقلى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق باشقا بىر لايىھە ئۈستىگە بۇرۇلىدۇ. بۇ ئىشلارنى سۆزلەۋاتقان كۇبىزېك ئىختىيارسىز يەنە بىر ئىشنىمۇ تىلغا ئالىدۇ.

ئۇنىڭ دېيىشىچە، ۋاگنېر ۋاپات بولغاندا، ھۆججەتلىرىنى رەتلەش جەريانىدا ئۇنىڭ يازغان ۋىيلاند ھەققىدىكى مۇزىكىلىق تىياتىرىنىڭ تېزىسىنى كۆرۈپ قالغان. ئەتىسى، كۇبىزېك سىرتقا چىقىپ چۈشلۈك تاماقنى يەپ كىرىپ قارىسا ھىتلېر پىيانو ئالدىدا ئولتۇرغان ئىكەن. ھىتلېر ئۇنىڭغا: "مەن ۋىيلاندنى بىر مۇزىكا ئوپېراسىغا ئايلاندۇرۇپ يازماقچى بولدۇم" دەيدۇ. ئادولف بۇ مۇزىكىلىق ئوپېرانى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن

مۇزىكىسىنى ئۇنىڭغا پيانودا ئورۇنداپ بېرىش بىلەن بىرگە، ”بۇ مۇزىكامنى نوتىغا ئېلىپ تۈزىتىپ بېرىسەن ۋە ئۇنىڭغا باھا يېزىپ بېرىسەن“ دەيدۇ. ئارىدىن بىر قانچە كېچە ئۆتكەندىن كېيىن، ھىتلېر ئۇنىڭغا كىرىش قىسمىنىڭ ئاھاڭىنى چېلىپ بېرىدۇ. ئاندىن دوستىنىڭ باھالىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ.

كۇبىزېك بۇ ئاھاڭ ۋاگنېرنىڭ ناچار تەقلىدى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاساسى تېمىسىنى يەنىلا يامان ئەمەس بولۇپتۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا بۇلارنى شېئىر شەكلىگە كەلتۈرۈپ يېزىپ چىق دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. ھىتلېر دوستىنىڭ بۇنداق ئۆزگەرتىشىگە رازى بولماي، ئۇ ئۆزى كېچە-كۈندۈز ئولتۇرۇپ ئاھاڭ تۈزۈشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سەھنە كۆرۈنۈشى بىلەن ئارتىسلارنىڭ كىيىمنىمۇ لايىھىلەپ چىقىدۇ. ئاندىن يەنە چالا كۆيگەن ياغاچنى قەلەم قىلىپ باش قەھرىمانىنىڭ رەسىمىنىمۇ سىزىپ چىقىدۇ. ئاخشىمى ئادولف بىر تەرەپتىن ناخشا تېكىستلىرىنى يازغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن كۇبىزېكنى كۆرۈۋاتامدۇ قانداق دەپ ئۇنىڭغا قارايدۇ. دوستى بىر خىيالدا ئۇخلاۋاتقان، شۇڭا ئۇ دوستىنى تۇرتۇپ ئويغىتىدۇ. تۇن يېرىمى بولۇپ كەتكەچكە ئۇنىڭغا ئۇننى پەسەيتىپ يازغانلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىدۇ. ئەمما ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئوپېرا ئىشىنى يىغىشتۇرۇپ باشقا ئىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. بەلكىم ئۇنىڭ باشقا جىددىي ئىشى چىقىپ قالغان ياكى ئىلھامى كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ بۇ چالا قالغان ئىشى توغرىلىق دەسلەپكى كۈنلەردە بەكلا ئاز تونۇشتالىسىمۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايدىغانلا بولىدۇ.

شۇ يىلى ئەتىيازدا، كۇبىزېك پاسخا بايرىمنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يۇرتىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئۇ ئادولفقا يازغان خېتىدە كىرسىن چىرىغى ئاستىدا ئولتۇرۇپ بەكلا كۆپ دەرس تەييارلىق قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك، خۇلېرا كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، ۋېستىباخىنخوفقا قايتقىنىدا بەلكىم كۆزەينەك تاقاپ كېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئادولفقا نىسبەتەن پاسخا كۈنى بولغان ئۇ يەكشەنبە بەكلا زېرىكىشلىك ۋە يالغۇزلۇقتا ئۆتكەن بىر كۈن ئىدى. شۇ يىلقى (1908) پاسخا بايرىمى 19-ئاپرېلغا، يەنى ئۇنىڭ 19 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىنىڭ بىر كۈن ئالدىغا توغرا كەلگەن ئىدى. ئۇ گۇستىلغا يازغان جاۋاب خېتىدە بەكلا روھى چۈشكۈندەك بىلىنسىمۇ يەنىلا قىزىقچىلىق قىلىپ ”كۆزۈڭ كۆرمەس بولۇپ قالغىنىدىن خەۋەر تېپىپ بەكلا غەم قىلدىم، ئەمدى سېنىڭ خاتا بېسىپ قويىدىغان پيانو تىللىرىنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپىيىپ، نوتىلارنى تېخىمۇ كۆپ خاتا ئوقۇپ سالىدىغان، ئاخىرى بىراقلا قارىغۇ بولۇپ قالساڭ قانداق قىلارمەن؟ بولمىسا پەدىلەرنى بۇزۇپ چالغىلى تۇرساڭ مەنمۇ گاس بولۇۋالارمەن، ئامال يوق!“ دەپ يازىدۇ.

گۇستىل، لىنز سەھرالىرىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ستۇمپېرگاستىكى بىر ياتاقتىن بارغانسېرى زېرىكىشكە باشلايدۇ. شۇڭا ئۇ، ھېتلېرغا يېزىلارنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىپ كەلسەك دەپ مەسلىھەت قىلىدۇ. ئۇلار ئىككىسى ئىللىق باھار كۈنلىرىدە "ۋېيىننا ئورمانلىقى" غا بېرىپ نەچچە يەكشەنبە تۇرۇپ ئارام ئېلىشىدۇ. ئۇلار يەنە قىيىققا ئولتۇرۇپ دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قاراپ دەريا ساياھىتىمۇ قىلىشىدۇ. بەزىلەر بۇنداق پەسىللەردە ياشلارنىڭ ھېسسىياتى قوزغىلىپ شوخلىشىپ كېتىدۇ دەپ قارىشىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى يىگىتنىڭ تۇرمۇشىدا جىنسىي ھاياجانغا ئاساسەن ئورۇن يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇلار پىيادە ئايلىنىپ يۈرگىنىدە، دائىم دېگۈدەك قىزلار ئۇلارغا مۇغەمبەرلەرچە كۆز تاشلاپ ئۆتەتتى. كۇبىزېك دەسلەپىدە بۇنداق كۆز تاشلاشلارنى سېزىپ ئۇ قىزلار ماڭا ئىچىپەش تارتىپ يۈرسە كېرەك دەپ ئويلايدۇ.36 ئەمما ئۇزۇنغا قالمايلا ئۇ قىزلار ئەسلىدە ئادولفقا كۆز تىكىپ يۈرگەنلىكىنى تۇيۇپ قالىدۇ. ئەمما ئادولف ئۇ قىزلارنىڭ كۆز تاشلاپ كۆزىتىشلىرىگە پەرۋامۇ قىلمايتتى. ئۇلار قىزلار بىلەن پەقەتلا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىپ باقمىغان بولۇشىغا قارىماي، ئاخشاملىرى ئۆيدىكى ۋاقىتلىرىدا قىزلار ھەققىدە، مۇھەببەت، تويى قىلىش توغرىسىدا سائەتلەپ مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. تەبىئىيكى، بۇنداق سۆھبەتلەردىمۇ گەپ يەنىلا ئادولفنىڭ بولاتتى. ئادولف بۇ جەھەتتە "ھاياتلىق كۈچى" نى ساپ تۇتۇش كېرەكلىكىدە ئىزچىل چىڭ تۇرىۋالاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، _ يەنى ئۇنىڭ كاتولىك دىنى تەربىيىسى بويىچە ئالغاندا _ مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، نىكاھ قىلىشتىن بۇرۇن بەدەن جەھەتتە ۋە روھى جەھەتتە ئۆزىنى قەتئىي پاكىز تۇتۇشنى بىلىشى، شۇ چاغدىلا مىللەتنىڭ ساغلام ئەۋلاد قالدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىكەن. شۇنىڭغا قارىماي جىنسىي ھەۋەسنىڭ سەھرىلىك كۈچى ئۇنىڭ قەلبىنىمۇ پات-پاتلا ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالاتتى. ئۇ ھەر دائىم سائەتلەپ جىنسىي چۈشكۈنلۈك ئادەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ، پاھىشىلىككە ئەشەددىيلىك بىلەن قارشى ئىدى. ئۇ پاھىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ خېرىدارلىرىنى قاتتىق قارىلاپلا قالماي، بۇنىڭغا سەۋەبچى بولۇۋاتقان جەمئىيەتنىمۇ قاتتىق ئەيىبلەپ سۆكۈپ كېتەتتى. بۇ جەھەتتە ئۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنى يوقىتىپ قويغۇدەك بىرىلىپ تەكشۈرۈپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى، ئۇلار ۋېدىكىندىنىڭ «باھارنىڭ ئويغىنىشى» دېگەن ئوپېراسىنى كۆرۈپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، "ئىككىمىز چوقۇم بىرىپ 'پاتقاقلىقتىكى گۈناھلار' نى كۆرۈپ كېلىشىمىز كېرەك" دەيدۇ ئادولف گۇستىلنىڭ بىلىكىنى چىڭ تۇتقىنىچە. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىككىسى قاراڭغۇ تار كوچىدىن بىرىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىدۇ _ ئۇ كوچا سپىتتېلبېرگگاس ئىسىملىك بىر كوچا ئىدى. بۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپى قاتار

كەتكەن ئۈششاق ئۆيلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئۇ ئۆيلەردە چىراغ يورۇق، ئىچىدىكى قىزلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. "قىزلار ئۆي ئىچىدە ئۇچىسىغا تۈزۈك بىر نىمە كىيمىگەن، ھەتتا شۇ ئازغىنە كىيىمىنىمۇ ئۇ يەر-بۇ يېرىنى ئوچۇق قالدۇرغان ھالدا ئولتۇرۇشاتتى. _ دەيدۇ كۇبىزېك ئەسلەپ كېلىپ، _ ئۇ قىزلارنىڭ بەزىلىرى ئىرناقلىرىنى پەردازلاپ ئولتۇرغان بولسا، يەنە بەزىلىرى چېچىنى تاراپ، يەنە بەزىلىرى ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى تۈزەپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزى يولدا كېتىۋاتقان ئەرلەردىلا ئىدى." بەزىدە بىرەر ئەر كېلىپ ئۇ ئۆيلەرنىڭ بىرى ئالدىدا توختاپ ئۆيدىكى قىز بىلەن بىر نىمىلەرنى دېيىشىپ پاراڭلىشىپمۇ قوياتتى. كەينىدىنلا ئۇ ئەر غىپلا قىلىپ ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى ۋە چىراغمۇ شۇ ھامان ئۆچەتتى. ئۇ ئىككىسى بۇ تار كوچىنىڭ ئىخرىغا يېتىپ بېرىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ بۇ تار كوچىدىكى قورقۇنچلۇق مەنزىرىگە قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدۇ. ئۇلار ياتىقىغا قايتىپ كېلىشى ھامان ئادولف پاھىشىۋازلىق ھەققىدە باشقىلاتتىن غەزەپلىنىپ نۇتۇق سۆزلەپ كېتىدۇ: "سۆرۈن كۆرۈنۈشلەر، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە بار ئىشلار. سىفلىس بىلەن كۈرەش قىلىش-قىلماسلىق، ئىرقنىڭ داۋاملىشىش ياكى يوقۇلۇش مەسىلىسى بولۇپ، بۇنى بەلگىلەيدىغان كىشى يەنىلا ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى."

تاللاش ئىمتىھانىدا گۇستىلنىڭ ئالغان نەتىجىسى بەكلا ياخشى بولغاچقا، مەۋسۇملۇق مۇزىكا كەچلىكىدە ئوركېستىر رېژىسسورلۇقىغا تاللىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ يازغان ناخشىلىرىدىن ئۈچى خورغا تاللىنىپ، ئالتە بۆلۈملۈك ئوركېستىردا ئىككى بۆلۈمى ئۇچۇن ئۇنىڭ يازغىنى ئورۇندىلىدىغان بولىدۇ. ئارتىسلارنىڭ دەم ئېلىش بۆلۈمىدە، ئادولف مەغرۇرلانغان ھالدا دوستىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنى تەبرىكلىگەنلەر ئارىسىدا رېژىسسورلۇق مەكتىپىنىڭ مۇدىرىلا بولۇپ قالماستىن، مۇزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرىمۇ بار ئىدى.

ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا، گۇستىل لىنزغا قايتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ قايتىپ بېرىپ ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرگە يازنى ئۆتكۈزۈپ كۈزدە ۋېيىنناغا قايتماقچى بولىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئۆزى ياتمىغان بۇ كۈنلەر ئۇچۇنمۇ ئىجارىنىڭ يېرىمىنى مەن تۆلەي دەپ چىڭ تۇرىۋالغان ئىدى. ھىتلېر بولسا، ئۆزىنىڭ كېيىن نىمە ئىش قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى پىلانى توغرىلىق دوستىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ. ئەمما بۇ دوستى ۋەدە بېرىپ چوقۇم ۋېيىننا سىمفونىيە ئوركېستىراسىنىڭ ئىسكىرىپكىچىسى بولۇپ تاللىنىمەن، شۇ چاغدا ئۆي ئىجارىسىنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقىنى مەن تۆلەيدىغان بولىمەن دېگىنىدە، ھىتلېر قاتتىق رەنجىپ كېتىدۇ. كىشلەرگە يول قويۇشقا ماھىر گۇستىل ئادولفنىڭ بۇنداق قوپال مىجەزلىرىگە خېلىدىن بىرى كۆنۈپ قالغاچقا، ئۇنىڭ رەنجىشىگە پەرۋا قىلماي ئۆزىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن

ئۇتتۇقلىرىنىڭ خۇشاللىقى ئىچىدە ياشىماقتا ئىدى. ۋېستىباخىنخوف پويىز ئىستانسىسىدا ئادولف دوستىغا ستۇمپېرگاستا يالغۇز قېلىشىنىڭ نەقەدەر زېرىكىشلىك بولىشىنى يۈز قېتىمدەك تىلغا ئالغان بولسىمۇ، يەنىلا تولا بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەندەك قىلمايتتى (ئۇ قانچىكى ھاياجانلانسا، شۇنچە ئېغىر بېسىق، شۇنچە سوغۇققان بولۇپ قالاتتى). ئاندىن ئۇ، تويۇقسىز دوستىنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلغىنىچە ئۆرۈلۈپ قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدۇ.

گۇستىل لىنزدىن ھىتلېرغا بىر پارچە ئاتكرىتكا ھەم بىر پارچە خەت سالدۇ. كېيىن ئۇمۇ ھىتلېرنىڭ بىر پارچە جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇ. ھىتلېر جاۋاب خەتتە ”ئىنتايىن تىرىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى، دائىم دېگۇدەك ھەر كۈنى سەھەر سائەت ئىككى-ئۈچلەرگىچە يازىدىغانلىقى“ نى، سېپتالغا يازلىق دەم ئېلىشقا بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا خەت يازىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ خېتىدە يەنە مۇنداق دەپ پۈرتىپمۇ قويىدۇ: ”ئەگەر ھەدەم مېنى كۆرگىلى كېلىپ قالسا بەلكىم بارماسلىقىممۇ مۇمكىن.“ ھىتلېر بۇ يەردە ھەدەم دەپ ئانگېلانى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ھەدىسى بىلەن ئۇنىڭ يولدىشى ھىتلېرنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ئىككى ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئادولفتىن بىرەر ئىلىك بولسىمۇ خەت كەلمەيدۇ. ئاخىرى، 20-ئىيۇلدا ئۇنىڭدىن خەت كېلىدۇ. بۇ خېتىدە ئېيتقانلىرى بىلەن ئېيتمىغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ھىتلېرنىڭ تۇرمۇشى بەكلا غەلىتە، بەكلا يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن ئىدى. ئۇ خېتىدە مۇنۇلارنى يازغان ئىدى:

قەدىرلىك دوستۇم: ئۈزۈندىن بېرى ساڭا خەت يازماي كېلىۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى پەرەز قىلغانسەن بەلكىم. بۇنىڭ سەۋەبى بەكلا ئاددىي: مەن ساڭا يازغىدەك تۈزۈك بىرەر ئىشنى ئەقلىمگە كەلتۈرەلمىدىم. سېنىڭمۇ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىڭنى بىلەلمىدىم. مەن يەنىلا ۋېيىننادا تۇرۇۋاتىمەن. بىر يەرلەرگە كېتىشتىنمۇ ۋاز كەچتىم. مەن بۇ ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز قالدىم. ئۆي ئىگىسى زاكرېيسمۇ ئىنىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. مەن بۇ يەردە رەسمىي بىر دەرۋىشتەك ياشىماقتىمەن. شۇنداقتىمۇ يەنىلا كۆڭۈللۈك ئۆتىۋاتىمەن. مېنىڭ بىرلا غېمىم بار: ئەتىگەن تۇرۇشۇم ئۈچۈن مېنى ھەر دائىم ئويغىتىپ قويىدىغان زاكرېيس خانىم يوق. ئىشىمنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبىدىن ئەتىگەن تۇرۇشقا كۆنۈپمۇ قالدىم. مانا ھازىر ئۆزۈمنى ئۆزۈم باشقۇرۇپ ياشاشقا تىرىشماقتىمەن. لىنزدىن قانداق خەۋەرلەر بار؟

ئادولف، دوستىدىن لىنز ساياھەت خەرىتىسى بىلەن دوناي دەرياسىدا قاتنايدىغان پاراخوتلارنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىدىن بىرنى ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ.

... مەن ھېچ بىر خەۋەرگىمۇ ئېرىشەلمەي قالدىكەنمەن. بۈگۈن ئەتىگەن،

كارىۋتىمدا بىرمۇنچە چۈشا ئۆلتۈردۇم. ئۇلار مېنىڭ قېنىم ئىچىدە بوغۇلۇپ ئۆلدى. مانا هازىر مېنىڭ چىشلىرىم 'ئىسسىققا چىدىماي' تۇختىماي كاسىلدىماقتا، ھەيرانمەن، بۇنداق 'سوغۇق ياز مەۋسۇمى' ۋېيىنادا بەكلا كەم كۆرۈلىدىغان ئەھۋال.

ئادولف بۇ ئاينى ھاۋاسى دىمىق، پۇتۇن ئەتراپنى چۈشا قاپلاپ كەتكەن يەنە شۇ ئۆيدە ئۆتكۈزدۇ. ئاۋغۇست ئېيىدا ئۇ كۇبىزېككە يەنە بىر پارچە خەت سالدۇ: بۇ كۇنلەر ھەققەتەن مەنىسىز ئۆتمەكتە، ھەر دائىمقىدەك ئۆز غېمىم بىلەن ئۆتمەكتىمەن، دەپ يازدۇ خېتىدە. ئۇنىڭ بۇ خېتى پۇتۇنلەي دېگۈدەك ئىملا خاتاسى بىلەن جۈملە خاتاسىغا تولغان بولسىمۇ، پۇتاق چىقىرىشنى ياخشى كۆرمەيدىغان كۇبىزېكنىڭ قارىشىدا بۇ خەت ئىنتايىن ياخشى يېزىلغان بىر خەت ھېسابلىناتتى. يەنى "ھىتلېرنىڭ بۇ خېتى، ماشىنا يېزىلغان خەتلەر ئىچىدە ئەڭ مەزمۇنلۇق بىر پارچە خەت ھېساپلىنىدۇ." بۇ خەت ھەققەتەن مەزمۇنغا باي، ھېسسىياتلىق يېزىلغان بىر خەت بولۇپ، خەت، "قەدىناس دوستۇم!" دەپ باشلانغان ئىدى. خەتتە ئاۋۋال بۇ يېقىندا ئۇنىڭغا خەت يازالمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورالغان. خەت يازالمىغانلىقىغا "ئۆزۈمنىڭ ھەقلىق بىر باھانەم، يەنى سېنىڭ ئۇچۇن ھەقلىق ھېسابلىنىپ كەتمەيدىغان بىر باھانەم بار. يەنى ساڭا يازغىدەك بىرەر ئىشنى ئەقلىمگە كەلتۈرەلمىدىم، بوۋگۇن ساڭا تۇيۇقسىز خەت يازماقچى بولۇشۇمنىڭ سەۋەبى، ساڭا ئازغىنا بولسىمۇ يېڭىلىق تېپىپ قويالىغىنىم بولۇپ، بۇنىڭغا قاراپ سەن ئۇچۇن بىر قانچە خەۋەر تېپىپ يېزىش ئۇچۇن بەكلا كۆپ ئىزدەنگەنلىكىمنى بۇ خېتىمدىن ئوچۇق كۆرۈپ ئالالايسەن. مانا ھازىر بۇ خەتنى يازغىدەك ئازغىنا بولسىمۇ باھانە تاپالىدىم." ئۇ خېتىدە بىرىنچى خەۋەر قاتارىدا ئوي ئىگىسى خانىمنىڭ يوللانغان ئۆي ئىجارە ھەققىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا ئېيتقان رەھمىتىنى يەتكۈزگەن. گەرچە ئۇ، بۇ ئايالنىڭ 'زاكرېيس' دېگەن ئىسمىنى ئالدىنقى قېتىملىق خېتىدە توغرا يازالىغان بولسىمۇ، بۇ قېتىمقىسىدا خاتا ھالدا "زاكايىس" ياكى "زاكرايىس" دەپ يېزىۋالغان ئىدى. يەنە بىر ئىش، ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ "كاناي ياللۇغى كېسىلى" گە گىرىپتار بولۇپ تېخى يېقىندىلا تۈزەلگەنلىكىنى ئېيتقان؛ ئۇ يەنە "بۇ كۈنلەردە ھاۋا ئىنتايىن ياخشى، يەنى يامغۇر قويۇۋەتتى. بۇ يىل ھاۋا شۇنچە ئىسسىق بولۇپ كەتتىكى، بۇنىڭغا تەشەككۈر رەخمەت ئېيتماي بولمايدۇ" دەپ ھاۋا توغرىلىق چاقچاقمۇ قىلغان ئىدى؛ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىشلاردىن بىرى، لىنز دائىرىلىرى يېڭىدىن تىياتىرخانا سېلىش ئورنىغا (بۇ ئىش ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن بىرى ئىدى)، "خارابە بىنانى قايتا رېمونت قىلىش قارارى ئالغان" لىقى ئىدى. ئۇ، بۇ قارارغا نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەگەر ئۇلار "راستىنلا يېڭىدىن تىياتىرخانا سالىدىغان ئويغا كەلسە ئىدى، سۇ

ئايغىرلىرىمۇ ئىسكىرىپكا چالالىغان بولاتتى“ (كۆن غەربتىن چىقاتتى دېگەن مەنىدە ـ ئۇ.ت) دەپ يازىدۇ.

ھىتلېر يەنە ئۆزىنىڭ ۋيېننادىن ئايرىلىپ سىپتالغا بارماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ”ئېھتىمال شەنبە ياكى يەكشەنبە كۈنى يولغا چىقىشى مۇمكىنلىكىنى،“ ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرلىرىدا سەھرا ھاۋاسىنىڭ پەيزىنى چىقىرىش خىيالىنىڭ بارلىقىنىمۇ تىلغا ئالغان.38 شۇنىڭ بىلەن باشقا يېڭىلىق يوق، دەپ قوشۇپ قويغان. بارغانسېرى كۆچىيىپ بېرىۋاتقان ھەر تۈرلۈك تۇرمۇش بېسىملىرى ئۇنىڭ ۋيېننادىكى تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى بېسىم جوھاننا كىچىك ئاپىسىدىن كەلگەن ئىدى. پاۋلا بۇ ھەقتە ئەسلەپ كېلىپ، ”ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق مەمۇرى كادىر بولۇشقا بېرىلگەن مەسلىھەتلەرمۇ كار قىلمىدى“ دەيدۇ. ھەتتا بۇ سىڭلىسىمۇ ئاكا بولغان بۇ ئادەمدىن رەنجىپ يۈرگەنلىكىنى پۈرتىپ ئۆتكەن. بۇ ۋاقىتلاردا پاۋلا 12 ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ، ئاكىسىنىڭ نەسىھەتلىرىدىن قاتتىق زېرىككەن. بولۇپمۇ ئاكىسىنىڭ كۆرسەتكەن ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلار تىزىملىكىدىن تېخىمۇ بەتتەر زېرىككەنلىكىنى ئېيتىدۇ (بۇ كىتابلار ئارىسىدا «دون كىخوت» مۇ بار بولۇپ، بۇ كىتابنى ھىتلېر ۋيېننادىن ئەۋەتىپ بەرگەن ئىدى). ”تەبىئىيكى، ئۇ مېنىڭ ئاكام، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئىچىمدىلا قارشى تۇرالىشىم مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭغا بوي سۇنماقتىن باشقا ئامالىم يوق. ئەسلىدە بىز ئىككىمىز قېرىنداش بولغاچقا، ھەر دائىم جېدەللىشىپ يۈرگەندەك قىلساقمۇ بەربىر بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەتلىشەتتۇق، ئەمما بىرلىكتە ياشاشقا توغرا كەلگەن كۈنلەردە ھەر دائىم بىر-بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپلا يۈرەتتۇق“ دەيدۇ پاۋلا. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە سۆيگۈ باردەك قىلسىمۇ، بەربىر بىر-بىرىنى تولۇق چۈشەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ تۈزۈكرەك ئورتاق قىزىقىدىغان نەرسىلىرىمۇ يوق ئىدى.

بۇرۇن ئانگېلا ۋە ئالويسچىكلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ خۇددى شۇنداق ئىدى. مانا ئەمدى پاۋلا بىلەنمۇ شۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. شۇ يىلى يازدا سىپتالدا يۈز بەرگەن بىر كۆڭۈلسىزلىك ھىتلېرنىڭ ياشلىق باھارىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى. ئائىلىسىدىكىلەر ئادولفنى پايدىلىق بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئۈيلىنىپ كۆرۈشى ھەققىدە مەسلىھەت قىلغىنىدا ئادولف رەت قىلىۋېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئادولف ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن سىپتال، بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ خاتىرجەم بېرىپ كېلىدىغان يۇرتى بولۇشتىن چىقىدۇ. ئۇ، تۆتىنچى قېتىم ۋيېنناغا سەپەر قىلغىنىدا ھەقىقەتەن ئۆز خاھىشى

بويىچە يولغا چىققان ئىدى.

سېپتەمبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ھىتلېر يەنە بىر قېتىم سەنئەت ئىنستىتۇتىغا كىرىش ئىلتىماسىنى سۇنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تاپشۇرغان رەسىملىرى، بۇ بىر يىللىق يالغۇزچىلىق ئىچىدە تىرمىشىپ يۈرۈپ سىزغان رەسىملىرى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمايدۇ. ھەتتا تاپشۇرغان رەسىملىرى لايىق كۆرۈلمىگەچكە، ئىمتىھانغا قاتنىشىشى ئۈچۈنمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۇ ئىككىنچى قېتىم رەت قىلىنىش زەربىسىدىن كېيىن باشقا ئارزۇلىرىنى ئويلاش تۇرماق، بۇندىن كېيىن قانداق كۈن ئۆتكۈزۈش غېمىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىشقا يېتىپ ئاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ستۇمپېرگاستىكى تۇرۇۋاتقان ئۆيى قولىغا كەلگەن بارلىق مىراسلىرىنى يەپ تۈگىتىۋەتكەن ئىدى. گەرچە ئۇمۇ ئاپىسىنىڭ بىر قىسىم مىراسىغا ئىرىشەلىگەن بولسىمۇ، ـ بۇنداق بىر مىراسقا ئېرىشكەنلىكى دېگەندەك ئېنىق ئەمەس ـ بۇ مىراس ئۇنىڭ ۋىيېننادا يەنە بىر يىل ياشىشى ئۈچۈن پەقەتلا يەتمەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان ئىشى ئىجارىسى تېخىمۇ ئەرزان بولغان باشقا بىر ئۆي تېپىش بولىدۇ. نويابىر ئوتتۇرىلىرىدا ئۇ زاكرىيىس خانىمغا ئۆيىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شۇ ئايقى تۆلىنىدىغان بىر كىشىلىك ئىجارە ھەققىنى تۆلىۋېتىدۇ. گەرچە ئۇ كۇبىزېكنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئازراق كۈتۈپ باققان بولسىمۇ، كېيىن ئۇنىڭغا بىر ئىلىك بولسىمۇ خەت تاشلاپ قويماي، ۋېستباخىنخوف كوچىسىنىڭ نېرىقى بېشىدىكى قاپقاراڭغۇ بىر بىناغا كۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇ يەر فېلبېرستراس كوچىسىدىكى بىر بىنا بولۇپ، تۆمۈريول بويىدىكى بىر يەر ئىدى.

ئادولف، 18-نويابىر كۈنى ساقچىغا بېرىپ يېڭى كۆچكەن ئادرېسىنى ئەنگە ئالدۇرىدۇ (يېڭى ئادرېسنى تىزىملىتىش ئاۋسترىيە بىلەن گېرمانىيەدە بىر قائىدە بولۇپ، ئۆي كۆچكەندىن كېيىن چوقۇم ئەنگە ئالدۇرۇش شەرت ئىدى). ئۇ، جەدۋەلدىكى كەسپى دېگەن كاتەكچىنى "رەسسام" دەپ توشقۇزماي "ئوقۇغۇچى" دەپلا يېزىپ قويغان ئىدى. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ دوستى كۇبىزېكمۇ ۋىيېنناغا قايتىپ كېلىدۇ. سېپتالدىكى ۋاقتىدا ھىتلېر ئۇنىڭغا بىر پارچە ئاتكرىتكا ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا "سېنىڭ ئات قويۇلغان مۇراسىم كۈنۈڭنى چىن قەلبىمدىن ياخشى تىلەكلەر بىلەن تەبرىكلەيمەن" دېگەندىن باشقا ھېچ بىر گەپ يېزىلمىغان ئىدى. شۇ كۈندىن كېيىن كۇبىزېك ھىتلېردىن بىرەر پارچىمۇ خەت تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۆزۈنىغچە جىم بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا كۆنۈك بولغاچقا، ۋىيېنناغا بارغىنىدا چوقۇم ئالدىمغا چىقىپ مېنى كۈتۈۋالىدۇ دەپ ئويلايدۇ. ئەمما پويىز ئىستانسىسىدا ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئامالسىز ئېغىر يۈك-تاقلىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن ئالدىراشلىق بىلەن

يولغا چىقىپ ستۇمپېرگاس 29-نومۇرغا يېتىپ كېلىدۇ. ھىتلېر كۆچۈپ كېتىش ۋاقتىدا نېمىشقا بىر ۋاراق بولسىمۇ خەت تاشلاپ كەتمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقالماي ھەيران بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان يېڭى ئادرېسىنى زاكرېيس خانىمغا تاشلاپ قويۇپ ياتىقىغا كېتىدۇ. ۋاقىت ھەپتىلەپ ئۆتمەكتە، ئەمما تېخىچىلا ھىتلېردىن خەۋەر يوق. ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى شۇنچە ئويلاپمۇ ھېچ نېمە ئۇقالمايدۇ. يا بولمىسا ئۇنى بىلمەستىن رەنجىتىپ قويغان يېرى بارمىدى؟ ئۇنداق بىر ئىشنىڭ بولغانلىقىنىمۇ ئەسلىيەلمىدى. ئايرىلىش ۋاقتىدا ئۇ ئىككىسى يەنىلا يېقىن دوست ئىدى.39 كېيىن يازغان خەتلىرىدىمۇ ھېچقانداق قۇرساق كۆپكى تىلغا ئېلىنمىغان ئىدىغۇ؟

كۇبىزېك لىنزغا قايتا بىر بارغىنىدا ئادولفنىڭ ھەدىسى ئانگېلانى تېپىپ، ئۇنىڭدىن ھىتلېرنىڭ ۋىيېننادىكى يېڭى ئادرېسىنى سورايدۇ. ئۇنىڭ ھەدىسى، مەندە ئۇنىڭ ئادرېسى يوق، ئۇ ماڭىمۇ خەت يازمىدى، دەپ قوپاللا جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئانگېلا كۇبىزېكتىن رەنجىپ، ئىنىمنىڭ رېئاللىقتىن قېچىپ يۈرۈشىدە سېنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسەڭ بار دەپ دوق قىلىدۇ. ئەمما كۇبىزېك ئۇنىڭغا، سەن ھېچ نىمىدىن خەۋىرىڭ يوقلا يولدىشىڭنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ بىر نېمىلەر دەيدىكەنسەن، دېگىنىچە دوستىنىڭ يېنىنى ئالىدۇ. دوستى ھەققىدە ئانگېلا بىلەن كېلىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ گېپىنى ئۈزۈپ كېتىپ قالىدۇ.

ئادولف، شۇندىن كېيىن كۇبىزېك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدۇ. ئۇ ھەتتا لىنزنى، يۇرتىدىكىلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئەسلىتىدىغان ئىشلارنىڭ ھېچ بىرى بىلەن چاتىقى بولمايدۇ. ئادولفنىڭ كۇبىزېككە بولغان ھېسسىياتى كۇبىزېكنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىدەك ئۇنچىلىك چوڭقۇر ئەمەس ئىدى. ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھېچ بولمىغاندا شۇ ۋاقىتقىچە بولسىمۇ ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەن بىر مۇناسىۋەت ھېسابلىناتتى. ئۇنىدىن باشقا، گۇستىل ئوقۇشىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بىرى ھېسابلىناتتى، ئەمما ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ھىتلېر مەغلۇپ بولغان بىرى ئىدى. 1909-يىلىنىڭ 20-ئاپرېل كۈنى، ھىتلېر، 20 ياش تۇغۇلغان كۈنى فېلبېرستراس كوچىسىدىكى ئۇ قورقۇنچلۇق بىنا ئىچىدە ياپيالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەيدۇ. ئايلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوغلىشىپ ئۆتۈپ بارماقتا، ھىتلېرمۇ ئەتراپىدىكى قىلچە ھاياجان پەيدا قىلالمايدىغان مۇھىتقا چىداپ لىنزدىكى ۋاقىتلىرىدا قىلغان فانتازىيىلىك خىياللىرىدەك خام خىياللار ئىچىدە ياپ-يالغۇز، جىمجىتلىق ئىچىدە بۇ مەنىسىز كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ، ھەقىقەتەن خىيالى ئۇلۇغ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ھېچ ئىش يوق كۈنلەر ئىدى. قوشنىلىرى ئۇنىڭ كىشىلەرگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەمما ھېچ كىم بىلەن

يىقىنلىششىنى خالمايدىغان بىرى ئىدى دەپ ئەسلەيدۇ. يىقىندىكى بىر ئاشخانىدا (كۇباتا ئۆز كۇچگە تايىنىش رېستورانى دېگەن ئاشخانا) كاسسىغا قارايدىغان بىر ئايالنىڭ ھىتلېرغا بولغان تەسىراتى بەكلا چوڭقۇر بولۇپ، "ئۇنىڭ مىجەزى يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بەكلا تىنچ، كىتابقا بەكلا ئامراق، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بىرى بولۇش بىلەن قالغان ياشلاردىن تۇپتىن پەرقلىنەتتى" دەيدۇ. ئۇ ئايال ئادولفقا بەكلا ئامراق بولغاچقا، ئۇنىڭغا پات-پات بىكارغا چوڭ بىر پارچە گۆشلۈك قاتلىما بېرىپ قوياتتى.

كۈزگە يېقىن، ھىتلېرنىڭ بېشىغا يەنە بىر ئېغىرچىلىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھەر ئايلىق ئېلىپ تۇرۇۋاتقان 25 كرونىلىق ياردەم پۇلىدىن باشقا ھېچ نېمىسى قالماي ئەڭ گاداي ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ، فېلبېرستراس كوچىسىدىن ۋېستباخنخوفنىڭ جەنۇبى تەرىپىدىكى كىچىكرەك بىر بىناغا كۆچۈپ كىرىۋالىدۇ. ئۇ يەرنىڭ ئادرېسى سېچشاۋۇسېرستراس كوچىسى 58-نومۇر بولۇپ، ئۇ بىنانىڭ 21-نومۇرلۇق چاققان بىر ئېغىزلىق ئۆيىگە جايلىشىدۇ. بۇ يەرمۇ خۇددى بۇرۇن تۇرغان يېرىدىكىدەك بەكلا ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىر يەر ئىدى. بۇنى ئاز دەپ، بىنانىڭ ئالدىدىكى تار يولدا تراموۋايلار تىنماي تاقىرلىشىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. 22-ئاۋغۇست كۈنى، ھىتلېر قايتىدىن ساقچىغا بېرىپ يېڭى ئادرېسىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنى "يازغۇچى" دەپ تونۇشتۇرىدۇ. ئەمما ئۇ بىر ئاي بولمايلا يامان ئەمەس ھېسابلىنىدىغان بۇ ياتاقتىنمۇ چىقىپ كېتىپ، چىكىدىن ئاشقان ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى نامراتلار جەمئىيىتى ئارىسىدا يوقاپ كېتىدۇ. ئۇ ھېچقانداق ئادرېس قالدۇرماي يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ساقچىدىكى تىزىملىتىش جەدۋىلىنىڭ "كېيىنكى ئادرېسى" دېگەن كاتەكچىنى ئاق تاشلاپ قويىدۇ. "قاچان كۆچكەن" دېگەن يېرىنى "ئېنىق ئەمەس" دەپلا توشقۇزۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ يانچۇقى قۇپقۇرۇق، قىلىدىغانغا ئىشىمۇ يوق ياكى ئىشلەپ پۇل تېپىشنىمۇ خالىمايتتى. شۇندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي جەريانىدا ئۇ بېشى قايغان پۈتى تايغان يەرلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ رەسمىلا بىر تىلەمچىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ بەزىدە باغچىدىكى ئورۇندۇقلاردا ياكى قايسى بىر بىنانىڭ ئىشىكىدە يېتىپ-قوپۇپ يۈرىدۇ. بىر مەزگىل پراتېر يەنى دوناي دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى داڭلىق باللار ئويۇنچۇق باغچىسى ئۇنىڭ يېتىپ-قوپىدىغان ئۆيىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتسە باغچىدىكى لەمپىلەردىن بىرىنىڭ ئاستىغا كىرىپ پەلتوسىنى دالدا قىلىپ ھۆل بولۇشتىن ساقلىناتتى. شۇ يىلى قىشمۇ ئۇنىڭ تەلىيىگە بەكلا بالدۇر كىرىدۇ. 1909-يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ پۈلى يوق بىرەر يەردىن قونغىدەك ئۆي تاپالماي قاۋاقخانىلاردا، پاسكىنا كاتەكلەردە ياكى بەكلا ئەرزان ناچار ياتاقلاردا يېتىپ قوپۇشقا باشلايدۇ. ئۇ، بىر قېتىم

كايسېر كوچىسىدىكى بىر قەھۋەخانىدىمۇ قونۇپ چىقىدۇ، يەنە بىر قېتىم ئېردىبېرگسىتراس كوچىسىدىكى بىر يەھۇدىي خەيرچى ئاچقان "ئىسسىق ئۆي" دىمۇ قونۇپ باقىدۇ. يەنە بىر قېتىمدا، قايسى بىر ئەمگەك مەيدانىدا بىر كىشلىك ياتىدىغان يەرگىمۇ ئېرىشىدۇ. ئۇ يەر بەكلا پاسكىنىچىلىق بىر يەر بولۇپ، ئۆيى يوق نۇرغۇنلىغان يېتىمچىلار بىلەن بىرگە يېتىپ قوپۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۇ يەردە ئۇخلاش ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىدى. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى شۇنچىلىك سېسىق پۇرايتتىكى، نەپەس ئېلىشمۇ تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇششاق باللارنىڭ تىنماي يىغا-زار قىلىشلىرىغا بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.40 بومۇ ئازلىق قىلغاندەك، مەست زابويلار تاڭ ئاتقىچە ئايالىلىرىنى دۇمبالاپ يىغلىتىپ چىقاتتى.

ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يازغان ئەسلىمىسىدە شۇ كۈنلەر ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بوگۈنمۇ شۇ پاجىئەلىك ئۆۋلارنى، شۇ يېتىمخانىلارنى، تىلەمچىلەر سورۇنلىرىدىكى غالىلداپ تىترەپ ياتقان كىشلەرنى، سېسىق پۇراپ تۇرغان، پەت-چۇسا قاپلاپ كەتكەن ۋەيرانە مەنزىرىلەرنى ئەسلىسەم پۈتۈن ۋۇجۇدۇم شۈركۈنۈپ تىترەپ كېتىدۇ. 'ئۇ يەرلەر' ھەقىقەتەنمۇ 'مىڭ بىر كېچە' چۆچەكلىرىدىن ئۈنۈپ چىققان دەرد-ئەلەم شەھىرىگىلا ئوخشايتتى." ھىتلېر شۇنداق دەپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بۇرۇنقى تەسۋىرىدىكى ۋېيىننانى بىر دوملاپلا قاپقاراڭغۇ دوزاخقا ئوخشىتىپ تەسۋىرلىمەكتە ئىدى. "كەچۈرۈڭلار، ۋېيىننا ھاياتىمدىكى ئەڭ قاراڭغۇ، ئەڭ جاپالىق كۈنلىرىمنىڭ بىر يالدامىسى بولۇپ كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ." شۇڭا ئۇ، بۇ نامراتلار ئۆۋىسىدىن چىقىپ چېركاۋلاردىن ياردەم تىلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا ئۇنىڭ دەسلەپتە تۇرغان ستۇمپېرگاس يېنىدىكى موناستىر دەرۋازىسى ئالدىدا قاتارغا كىرىپ ئۇماچقا ئۆچىرەت تۇتىدۇ. ئۇنىڭدەك سەرگەردانلار بۇ ئىشنى "كاتىيەنى زىيارەت قىلىش" دېيىشەتتى. كاتىيە، بەلكىم ئۇ موناستىر مۇدىرىنىڭ ياكى سان كاتېرىن موناستىرىنىڭ ئىسمى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

كۈز ئايلىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگۈچە كېيىدىغان بارلىق كىيىملىرىنى دېگۈدەك رەنىگە قويۇپ تۈگەتكەن بولۇپ، ھەتتا ئۇ سوغۇقتى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ۋچىسىدىكىقارا پەلتوسىنىمۇ سېتىپ خەجلەپ بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قار-شۇرغانلىق زىمىستان قىشقا پەلتوسىز كىرىپ تېخىمۇ بەتتەر خور كۈنگە قالىدۇ. روزدېستۋو بايرىمىدىن سەل ئاۋۋالقى بىر گۈگۈم ۋاقتىدا، ئۇ يېلىڭ كىيىملەر ئىچىدە غالىلداپ تىترەپ مۆكچەيگىنىچە شەھەر سىرتىدىكى مېيدلىڭ دېگەن قەلەندەرلەر خەيرىيەت ئورگىنىغا سائەتلەرچە يول يۈرۈپ ئاران ئېلىشىدۇ. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغىنىدا ئۇنىڭ ئايغى ئۇششۇپ قاتتىق ئېچىشىپ

ئاغرىپ ھالىدىن كەتكۈزىۋېتىدۇ. بۇ ئورگان قايسى بىر خەيرى ساخاۋەتچى جەمئىيەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئورۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمىنى ئىپىسكوپ جەمەتى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇ يەر 1870-يىلى سېلىنغان بولۇپ، كېيىن ئومۇمىي يۈزلۈك رېمونت قىلىنىپ ئۆتكەن يىلى قايتىدىن ئېچىلغان ئىدى. بۇ يەردە كىرىدىغان ئۆيى يوق كىشىلەر بالا-چاقىسى بىلەن بىرگە ئازراقلا پۇل تۆلىسە ياتىقىدەك بىر ئۆيگە ئېرىشەلەيتتى. كۆچىدىن قالمىغانلار ئۇ يەردە تازىلىق ئىشلىرىغا ئوخشاش ئىشلارغا ياردەملىشىپ ئاز-تولا چاي پۇلى چىقىرىۋالاتتى. بۇ يەر زامانىۋى سېلىنغان بىر قۇرۇلۇش بولۇپ، تۆپىتۈز بىر بوشلۇقتا تىكىنىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بىنادىكى ئۆيلەر كەڭ-كۇشادە بولۇپ، ھاۋاسى ياخشى، كارىۋاتلىرى ھەربىي گازارمىلاردىكىدەك نومۇر قويۇلۇپ قاتار تىزىلغان ئىدى. ئاساسلىق تامىقى بولكا بىلەن ئۇماچ شورپىسى بولۇپ، تويغىچە بېرىلەتتى. ئۇ يەرنىڭ باشقۇرۇلۇشى رەتلىك بولۇپلا قالماي كىشىلەرنىڭ كۆڭلىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. بىنادا بىر مۇنچە دۇش ئالىدىغان يەرلەر، قاچا يۇيۇش ئورۇنلىرى ۋە ھاجەتخانىلىرى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پاك-پاكىز تازىلىنىپ تۇراتتى.

دېكابىر ئېيىدا، ھاۋا بەكلا سوغۇق بولۇپ كېتىدۇ. ھىتلېر سوغۇقتىن تولغىلاپ تىترەپ يۈرگەن نۇرغۇن خارلانغان كىشىلەر بىلەن بىر قاتاردا بۇ خەيرىيەت ئورگىنىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قوبۇل قىلىنىشنى كۈتۈپ ئۆچىرەتكە تىزىلغان ئىدى. ئاخىرى دەرۋازا ئېچىلىدۇ. بارغۇدەك يېرى يوق بۇ بىچارىلەر قاتار تىزىلغىنىچە ئىچكىرىگە كىرىپ، ئىسىم-فامىلىلىرى بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىدۇ. ئۇششاق باللار ئانىسى بىلەن بىرگە قالىدۇ. ھىتلېرمۇ بىر كارتوۇشكىغا ئېرىشىپ، بۇ يەردە بىر ھەپتە قېلىشى ئۈچۈن تەستىقلىنىدۇ. ئۇنى چوڭ بىر ياتاق زالىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۆز ئالدىغا يالغۇز يېتىپ-قوپۇپ ئادەتلىنىپ قالغان بىر يىگىت ئۈچۈن بۇنداق ئويچە ياتاقتا يېتىش ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. ئاۋۋال ئۇ ئورتاق مۇنچىغا چۈشۈرۈلۈپ تازىلىنىشى، پىتلاپ كەتكەن، چۇسا قاپلاپ كەتكەن كىيىملىرىنى دورىلاش نومۇسىغا چىدىشى، ئاندىن گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن قاتار تىزىلغىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ ئۇمىچى بىلەن بولكىسىنى ئېلىشقا كۆنۈشكە مەجبۇر ئىدى.

بىر خەيرىيەت ئورگىنى تەرىپىدىن بېقىلىۋاتقان بىرى ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە شۇنچە ئەركە ئۆستۈرۈلگەن بىر ياش يىگىتنىڭ بۇنداق بىر ئورگان دەرۋازىسى ئىچىدە بىرىنچى كۈنى دۇچ كەلگەن بۇ تۇردىكى خورلۇققا چىدىيالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەنمۇ تەس. ئۇنىڭدەك بىر يىغىۋېلىش ئورنىنىڭ يېتىم-يېسىرلارغا ياخشى قاراپ، ئۇلارغا ياتىقىدەك بىر يەر بېرەلىگىنى بىلەن، بۇنداق بىر يەرگە بىر قېتىم كىردىمۇ- بولدى، شۇندىن كېيىن ئۇنداق بىرى بۇنداق نامراتلار سېپىدىن ئىككىنچى

ئايرىلالماس ھالغا كېلىشى مۇقەررەر ئىدى. بۇنداق يىغىۋېلىش ئورنىدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ.41 مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا رەسمىي بىر جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالغان ھېسابلىناتتى. بۇنداق يەرگە يېڭى كىرگەن بىرى خىجىللىق سەۋەبىدىن ھە دېگەندىلا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالاتتى. ھىتلېرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. بۇ يىغىۋېلىش ئورنىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇ تۆر ئۆيچىۋاي تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن يۇۋاش كىشىلەر ئىدى. بۇ يەردىكى ھەربىي گارنىزوندەك چوڭ ياتاقلاردا يېتىۋاتقانلار تىنماي ۋالاقلاپلا يۇرۇشەتتى. بۇنداق بىر مۇھىتتا، پاكىز يوتقان-كۆرپىلەرگە ئۈرۈنۈپ ياتقان ھىتلېر، تۇنجى كېچىدە روھى چۈشۈپ كۆڭلى يېرىم قىياپەتتە ياتىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ھىتلېرنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن كىشى ياندىكى كارىۋاتتا ياتقان بىر سەرگەرداں خىزمەتچى بولىدۇ. ئۇ قەلەندەر ھىتلېرغا بىر ھۈنىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ: ئەگەر بۇ يىغىۋېلىشتا بەلگىلەنگەن بىر ھەپتە قېلىش مۇددىتىدىن ئارتۇق تۇرۇپ قالماقچى بولىدىكەنسەن، ئازراقلا پۇل خەجلىسەڭ، بۇ يەردىن مۇددەتتىن بۇرۇن ئايرىلماقچى بولغانلارنىڭ ياتاق كارتوچكىسىنى سېتىۋالساڭلا كۇپايە، دەيدۇ. بۇ چاكار ـ ئۇنىڭ ئىسمى رېينىخولد ھانىش ئىدى ـ بۇرۇن رەسسام بولۇشنى خام خىيال قىلىپ يۈرىدىغان بىرى ئىكەن. ھىتلېرنىڭ ئەدەپلىك گەپ-سۆز قىلىشى ۋە قىياپىتى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان ئىدى. ھىتلېرمۇ ئۇنىڭ گېرمانىيەدە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە توقۇۋالغان ھېكايىلىرىگە قىزىقىپ قالىدۇ ـ ھانىش بۇرۇن بېرلىندا بىر قانچە يىل تۇرغان ئىكەن. ھانىش ("بىز ھەر كۈنى چوقۇم كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. گەرچە بەكلا قىيىن كۈنلەردە قالغان بولساقمۇ، يەنىلا روھىمىزنى كۆتۈرەڭگۈ تۇتۇشىمىز كېرەك" دەپ نەسىھەت بېرىپ تۇراتتى) يېڭى دوستى ھىتلېرغا "رېيىن دەرياسىنى ساياھەت قىلىش ئۇسۇلى" ھەققىدە سۆزلەپ كېتەتتى. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭ "بىز نېمىسلار بۇ دۇنيادا تەڭرىدىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايمىز" دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، قايتىدىن ئۈمىدلىنىپ كۆزلىرى چاقناپ كېتىدۇ.

ئېھتىمۇ مۇھىم بولغىنى، ھانىش بۇ يېڭى ئوقۇغۇچىسىغا تەلىم بېرىپ كېلىپ مۇنداق دېيىشى ئىدى: جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىرىدا زىمىستان قىشلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بىرى باسقان ھەر بىر قەدىمىنى ھەرگىز بىكارغا باسماسلىقى، ھەر قانداق بىر پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەسلىكى لازىم، دېيىشى ئىدى. ئەتىگەن سەھەردە، ئۇ ئىككىسى يىغىۋېلىش ئورنىدىن چىقىدۇ ـ ئادولف ئۇ يېرىنى ياپسا بۇ يېرى ئېچىلىپ قالىدىغان بەكلا يېلىك بىر پەلتو كىيگەن بولغاچقا، سوغۇقتىن توڭلاپ غالىلداپ تىترەپ

كۆكرىپلا كېتىدۇ. ئۇلار شۇ سوغۇقتا پىيادە يول يۈرۈپ مەلك تەستە "كاتىيە" گە يېتىپ بېرىپ ئۇماچقا ئۈلگۈرىدۇ؛ ئاندىن قايسى بىر ئىسسىق زال ياكى دوختۇرخانا زالىدا بىر قانچە سائەت ئولتۇرۇپ زىمىستان سوغۇقتىن ساقلىنىدۇ. ئاندىن يەنە قايتا موناستىرغا بېرىپ ئازراق ئۇماچ ئىچىشىدۇ. گۈگۈم ۋاقتىدا، يىغىۋېلىش دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلىشىغا ئۈلگۈرۈپ ياتىقىغا كىرىۋالىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىرتتىن يىغىۋېلىش ئورنىغا قايتىشىدا دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىنى بەك ئۇزۇن ساقلاشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىشىنى مۆلچەرلىگەن ۋاقىتلىرىدا، يولدا بىرەرگە قار سۈپۈرۈپ بېرىش ياكى ۋېستىباخىنخوق كوچىسىدا بىرەرىنىڭ يۈك-تاقىسىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن بىر قانچە تەڭگە پۇل تاپقاچمۇ كېلەتتى. ئەمما ھېتلېرنىڭ تېنى بەكلا ئاجىز بولغاچقا، تۇزۇك ئىشمۇ قىلالمايتتى: يۈك كۆتۈرۈپ ھەر بىر قەدەم باسقىنىدا ئۇنىڭ پۇتلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي تىزلىرى پۈكۈلۈپلا قالاتتى. بىر قېتىم ئۇ بىرىنىڭ ئېرىق كولاش ئىشى بارلىقىنى بىلىپ، بېرىپ ئۇ ئىشقا ئىلتىماس قىلىش نىيىتىگە كېلىدۇ. ئەمما ھانىش ئۇنى بۇ ئىشتىن ۋاز كەچتۈرىدۇ: "سېنىڭ مۇشۇ ھالىڭدا، بۇنداق بىر ئىشنى قىلماقچى بولىدىكەنسەن، ئەتىسى ئورنۇڭدىن تۇرالماي يېتىپلا قالىسەن."

ئادولف ئالدامچىلىق قىلىپ تەلىيىنى سىناپ بېقىشنىمۇ ئويلايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا ئادەم ئالدىغۇدەك بۇنداق بىر قابىلىيەت يوق ئىدى. ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ يېنىغا قول سالغىدەك جاسارىتىمۇ يوق ئىدى. كېيىن ئۇ، يىغىۋېلىش ئورنىدىكى بىر ھەمراھىنىڭ خېرىدارى بولىدۇ. بۇ ھەمراھى بۇ يەردىكىلەرگە "كۆڭلى يۇمشاق سەدىقە بېرىدىغان كىشلەر" نىڭ ئۆي ئادرېسلىرىنى سېتىش بىلەن قالماي، يەنە قانداق قىلىش ھەققىدىمۇ تەلىماتلارنى بىرگە قوشۇپ بېرەتتى. ئالايلۇق، ئەگەر شوتتېنرىڭدا بىرەر مومايغا دۇچ كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئاۋۋال "ئەيسا مەسىھىمىزگە مەدھىيىلەر بولسۇن!" دەپ سالام بەرگىنىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قايسى بىر چېركاۋنىڭ رەسسامى ياكى مەبۇد ھەيكەلتىراشى ئىكەنلىكىنى، ئەمما ھازىر ئىشسىز قالغانلىقىنى ئېيتىش كېرەكلىكىنى؛ كۆپىنچە ھاللاردا بۇنداق گەپلەر ئۈچۈن بىر-ئىككى كرونېن تاشلاپ يولىنى داۋام قىلىدىغانلار تېپىلىدىغانلىقى دېگەندەك تەلىماتلارمۇ بولاتتى. ئەمما ھېتلېر بۇ تۆردىكى دىنى قۇرۇق گەپلەر ئۈچۈن ئالدىغىنى كۆپىنچە بىر مۇنچە دەشنام ئىشتىش بولۇپ چىقاتتى. باشقا ئۇسۇللاردىمۇ ئۇنىڭ تەلىيى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا ئۇ، قايتا چېركاۋغا باش ئۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. چېركاۋدا ئۇنىڭغا كىچىك 3 پارچە گۆشلۈك قاتلىما تۇتقۇزۇپ يولغا سالاتتى. بەزىدە موناستىر ئارخىماندرىتى ئۇنىڭ مەسىھگە مەدھىيە ئوقۇش سالىمىنى ئالغىنىدىن كېيىن بىرەر كرونېن پۇل تاشلاپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنى كېيىن "ئىلاھىيەتچى تالىپلار جەمئىيىتى"

دىكىلەر بىلەن كۆرۈشكىن دەپ تاپىلايدۇ.

ھانسنىڭ ئەقلى يەتمىگىنى، ھىتلېردەك شۇنچە ياخشى تەلىم ئالغان، بۇنچىۋالا ئىقتىدارلىق بىرى قانداقلارچە بۇنداق سەرگەردان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئىدى. ئۇ ھىتلېردىن سەن چوقۇم بىرەر ئىشنى ساقلاپ يۈرگەن بىرسەن، دەيدۇ. "مەنمۇ بىلەلمىدىم نېمىنى كۈتۈۋاتقانلىقىمنى" دەپ روھسىز بىر قىياپەتتە جاۋاب بېرىدۇ ھىتلېر ئۇنىڭ سوئالىغا. ھانس بۇنچە ئازابقا قالغان،42 بۇنچە ئېچىنىشلىق بىر چىراينى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئادولفقا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭغا ئاز-تولا ياردەم قىلىش نىيىتىگە كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش خىيالىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئورۇقلاپ بىر تېرە- بىرئۇستىخان بولۇپ، غەم-قايغۇدا قالغان ھىتلېرنىڭ تۇرقىدىن پايدىلىنىپ كېيىنچە تاماق تېپىپ يېيىش ئېھتىمالى بارلىقىنى پەرەز قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن ئۇنى ئاتكىرىتكا سىزىپ پۇل تېپىشقا ئۈندەيدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە قارىتا كىيىم كېچەكلىرىنىڭ بەكلا ۋەيرانە ئىكەنلىكىنى، شۇڭا كوچىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاتكىرىتكا سېتىشقا ئىمكانى يوقلۇقىنى، شۇنىڭدەك ئۇنى ساتىمەن دەپ ئىشىكمۇ-ئىشىك قاتراپ يۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ غېمىنى قىلما، دەيدۇ ھانس، ئاتكىرىتكىنى سېنىڭ ئۈچۈن مەن سېتىپ بېرىمەن. ئەمما تاپقان پۇلنى تەڭ بۆلىشىمىز، دەيدۇ. شۇنداقتىمۇ يايمىچىلىق قىلىش رۇخسەت قەغىزى بولمىسا ئۇلارنى ساقچىلار قوغلاپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ھانس ئۇنىڭغىمۇ ئامال بارلىقىنى ئېيتىپ، قارىغۇ ياكى مېيىپ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئۇششاق قاۋاقخانىلاردا ساتالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېرنىڭ يەنە بىر غېمى بار ئىدى: ئۇ پۈتۈن رەسساملىق ئەسۋابلىرىنى پەلتوسى بىلەن بىرگە قوشۇپ سېتىۋەتكەن ئىدى. چارە تېپىشقا ئۇستا ھانس، ئۇنىڭغىمۇ ئامال بار، سەن تۇغقانلىرىم بار دېمىگەنمىدىڭ، خەت يېزىپ شۇلاردىن ياردەم سورا، دەيدۇ. ئادولف يەنە، بۇنى يېزىشقىمۇ قەلىمى يوقلۇقىنى ئېيتىپ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنغىنىدا، ھانس ئۇنىڭدىنمۇ قورقۇپ قالمايدۇ. شۇڭا ئۇ سىلېزىيەدىكى كىچىك بىر دەللال بىلەن بىرگە ئادولفنى مېيدلىڭ پويىز ئىستانسىسى ئالدىدىكى ئارتابىر رېستورانىغا ئاپىرىدۇ. ھىتلېر بىردىن ئۆتنە ئالغان قەلەم بىلەن بۇ ئىككى سېتىقچىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۆيىدىكىلەرگە (ئېھتىمال جوھاننا ھاممىسىغا بولسا كېرەك) بىر پارچە ئاتكىرىتكا ئەۋەتىپ، پوچتىدىن ئاددىي پېرېۋوت ئارقىلىق ئازراق پۇل ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ھىتلېر پوچتىخانىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. كونۋېرت ئىچىدە 50 كرونېنلىق بىر ۋاراق بانكا پۇل چېكىمۇ بار ئىدى ("ئۇ كۈنلەردە بۇ پۇل مېنىڭ ئۈچۈن خېلىلا چوڭ پۇل ھېسابلىناتتى" دەيدۇ ھىتلېر). ئۇ شۇنداق خوش بولۇپ كېتىدۇكى، شۇ

كۈنى ئاخشىمى يىغىۋېلىش دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ ئۆچىرەتتە تۇرغان كىشىلەرگە داۋراڭ قىلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قۇۋ دوستى ئۇنىڭغا پۇلنى چىڭ ساقلا، بولمىسا ئۇلار پۇلۇڭنى ئوغرىلىۋالىدۇ ياكى سەندىن قەرز سوراپ بېشىڭنى ئاغرىتىدۇ، دەيدۇ.

بۇ كۈنلەردە ھىتلېرنىڭ يۆتىلىمۇ كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىشى دەرھال بىر قىشلىق پەلتو سېتىۋېلىش ئىدى. دوستى ئۇنىڭغا يەھۇدىيلار رايونىغا بېرىپ كومىسسيونچىلار ماگىزىنىدىن سېتىۋېلىشنى مەسلىھەت قىلىدۇ. ئەمما ئادولف، بۇرۇنقى پەلتوسىنى سېتىۋالغان ۋاقىتتا يەھۇدىيلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشكەنمەن دەپ ئۇنىمايدۇ. كېيىن ئۇ ھۆكۈمەت ئاچقان گۆرۈخانىغا بېرىپ 12 كرونىغا بىر قارا پەلتو سېتىۋالىدۇ. ھانىش ئۇنى دەرھال ئاتكرىتكا سىزىش ئىشىنى باشلاشقا ئۈندەيدۇ. ئەمما ئۇ بىر ھەپتە ياخشىراق دەم ئېلىۋېلىپ ئاندىن باشلايلى دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىغىۋېلىش ئورنىدا رەسىم سىزىش ئۈچۈنمۇ تۈزۈكرەك بىر يەر يوق ئىدى. مانىرھېيمدا بىر بويتاقلار ياتىقى بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ شۇ يەرگە كۆچۈپ چىقماقچى بولىدۇ. ئۇ يەردىكى ھۇجرىلار بەكلا كىچىك بولغىنى بىلەن، ئۇ بۆلۈملەردە يالغۇز يېتىپ-قوپۇشقا بولاتتى. شۇنىڭدەك ئوپچىۋاي ئولتۇرۇشقا بولىدىغان بىر زالمۇ بار بولۇپ، كۆپچىلىك ئۇ يەردە ئۆز ئىشلىرىنى قىلىشىغا رۇخسەت، يەنى بۇ يەرنىڭ شارائىتى نىسبەتەن ياخشىراق ئىدى.

بۇ بويتاقلار ياتىقىنىڭ ئورنى دوناي دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىدا ئىدى. 1910-يىلى 9-غېنۋار كۈنى ھىتلېر ۋېيېننا شەھىرىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ پىيادە ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئاخىرى ئۇ يەرگە بېرىۋالىدۇ. ھانىش ھىتلېرنىڭ كەينىدە سۆرىلىپ خىزمەتچىلىكىنى قىلىپ يۈرۈشتىن بۇرۇنقى قىلىۋاتقان ئاددىي مالايلىق ئىشنى تاشلىغۇسى كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ھىتلېر بىلەن ئۇ يەرگە بىللە بارمايدۇ. بۇ رايون ۋېيېننانىڭ 20-رايونى بولغان برىگىتتېناۋ رايونى ئىدى. بۇ يەر ئەسلىدە بىر سانائەت رايونى بولغاچقا، ئولتۇراق ئاھالە بەكلا قالايمىقان، يەھۇدىيلار نوپۇسى لېئوپولد رايونىدىن قالسىلا ئەڭ كۆپ بىر رايون ھېسابلىناتتى. بۇ يەرمۇ بىر ۋاقىتلىق ئاھالىلەر رايونى بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يەرنى ياخشىراق ئىش تېپىۋالغۇچە تۇرىدىغان باشلىنىش نۇقتىسى سۈپىتىدە پايدىلىناتتى. مانىرھېيم دوناي دەرياسىدىن يېرىم چاقىرىمدەك يىراقتا بىر بىنا بولۇپ، ئۇ بىنا مېلدېمانىستراس كوچىسىنىڭ 25~27-نومۇرلۇق قورۇسى ھېسابلىناتتى. ئۇ بىنادا 5 دەك بويتاق تۇرالايتتى.

بۇ بىنا زامانىۋى سېلىنغان بىر بىنا بولۇپ، بىنا سېلىنغىنىغا ئەندىلا بەش يىل بولغان ئىدى. بىنانىڭ ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر تولۇق بولغاچقا، ۋېيېننالىق بەزى

ئوتتۇرا ھال سىنىپ ئاھالىسى بۇ يەرنىڭ ئالاھىدە ھەشەمەتلىك بىر بىنا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقان. ئاساسى بىنادا چوڭ بىر تاماقخانا بولۇپ، چىراغلار بىلەن يوپيورۇق يورۇتۇۋېتىلگەن؛ تاملارنىڭ تۆۋەن يېرىمى يېشىل چاقچۇقلار بىلەن بېزەلگەن بولغاچقا، كىشىگە ئىللىق تۇيغۇ بېرەتتى.43 تاماقلار پۇتۇنلەي تاماق سۇپىلىرىدا بېرىلەتتى. تاماق كارتۇشكىسىنى شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار ماشىنىسى بولغان ئاپتوماتىك ماشىنىغا كىرگۈزسىلا بولاتتى. تاماقلارنىڭ باھاسىمۇ بەكلا ئەرزان، سۇپىتىمۇ ياخشى، مىقدارى كۆپ ئىدى. بىر تەخسە گۆشسىز قورۇما بىلەن بىر تال تاۋا كاۋىپى 19 مىس تەڭگە ئىدى. يەنە 4 تەڭگە ئارتۇق تۆلىسىلا قورساق لىق توياتتى.

ئايرىم-ئايرىم ئۆيلەردە ئون نەچچە گاز ئۇچاق بار بولۇپ، تاماققا پۇل چىقىش قىلالمايدىغانلارنىڭ ئۆزى تاماق قىلىپ يېيىشى ئۈچۈن قويۇلغان ئىدى. ياتاقتا ياتىدىغانلار بۇ يەردە ھەقسىز قازان-قومۇچتىن پايدىلىنالايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۆزلىرى تېخىمۇ ئاز پۇلغا تاماق ئېتىپ يېيەلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تامىقى قومچامغۇر تامىقى بولۇپ، كىشىلەر مەيلى گۆشلۈك بولسۇن بولمىسۇن، قومچامغۇرنى ياغدا قىزارتىپ يېيىشكە ئامراق ئىدى. ئۇ يەردىكىلەر بىر قانچىسى بىرلىشىپ ئىشى يوقلار ياتاقتا قىلىپ تاماق ئېتىشكە، ئىشى بارلار نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىشقا مەسئۇل قىلىپ ئىش تەقسىم قىلىشىپ تاماق ئېتىپ يېيىشەتتى. ئاشخانىنىڭ سىرتىدا، پەلەمپەيدىن ئۈچ قەدەم نېرىسىدىلا بىر قىرائەتخانا بار بولۇپ، ئۇ يەرگە كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن ئون نەچچە ئۈستەل قويۇلغان ئىدى. ئۇنىڭدەك قىرائەتخانا يېرىدىن يەنە بىرقانچىسى ھەمدە كۆڭۈل ئېچىش يەرلىرى بار ئىدى. بىنادا يەنە، بىر كۇتۇپخانا ۋە بىر "يېزىقچىلىق" بۆلۈممۇ بار ئىدى. ئۇ يەردە ئون نەچچە ئادەم ھەۋەسلىنىدىغان ئىشلىرىنى قىلالايتتى. ئۇ يەردە بىر ۋېنگىر كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا، قاۋاقخانىلاردا سېتىش ئۈچۈن قاتتىق قەغەزدىن كارتوشكا ياسايتتى؛ يەنە بىر بوۋاي دۇكاندارلارغا سېتىش ئۈچۈن گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان توي قىلىدىغان ئاياللارنىڭ ئىسمىنى كۆچۈرۈپ ئولتۇراتتى.

بۇنداق ياتاق بىنالىرىدىن بىر قانچىسى بار بولۇپ، ياتاقلىرى يىغىۋېلىش ئورنىغا ئوخشاش پاكىز ھەم رەتلىك ئىدى؛ بۇ يەردىكى بويتاقلار ئاساسەن يالغۇز يېتىشنى خالايدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياتىقى، ئۇزۇنلۇقى يەتتە فۇت، كەڭلىكى بەش فۇت كېلىدىغان، ئارانلا تار بىر كارىۋات، كىچىك بىر ئۈستەل، بىر كىيىم ئاسقۇ، بىر تام ئەينەك، بىر كىچىكلىك داس سىغىدىغان بەكلا تارچۇق بۆلۈملەر ئىدى. كارىۋاتتا ئۈچ پارچە كىرلىك، يۇڭ بىلەن توشتۇرۇلغان ياستۇق، ئىككى ئەديال بار ئىدى. كىرلىكلەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم يەڭگۈشلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەر ھەرقانداق بىر تۆۋەن تەبىقە ئادىمى ئۈچۈن بەكلا

ئالاھىدە يەر ھېسابلىناتتى. بۇ ئۆيلەرنى سۆرۈن چىراي تۇرمە ئۆيىمكىن دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئۆيلەردە يېتەرلىك چىراغ يورۇتۇلۇش بىلەن قالماي، ھەر بىر بۆلۈمنىڭ ئايرىم دېرىزىسىمۇ بار ئىدى. ھەر قەۋەتتە بىر مۇنچە قاچا يۇيۇش يېرى، پۇت يۇيۇش ئوقۇرى ۋە قول يۇيۇش بۆلۈملىرى قاتارلىق تازىلىق يەرلىرى بار؛ يەر ئاستى قەۋەتتە ئون نەچچە دۇش ئالىدىغان مۇنچىسىمۇ بار ئىدى. بۇ بىنالاردا تىككۈچىلەر خانىسى، ساتىراشخانا، موزدۇزچىلىق ئۇسكۇنىلىرى ۋە كىر يۇيۇشخانىلارمۇ بار. ئۇندىن باشقا بىساقلاش ئىشكاپلىرىمۇ تىزىلغان بولۇپ، ئۇلارنى نەرسە-كېرەك ساقلاش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغىلى بولاتتى.

ئەمما بۇ ياتاق بىنالىرىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرى بەكلا چىڭ ئىدى. بۇ ئورۇن خېرىدارلىرىدىن قائىدە-تۈزۈملەرگە قەتئىي بويى سۇنۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. يەنى كۈندۈزلىرى چوقۇم سىرتقا چىقىپ كېتىشلىرى كېرەك؛ كۆڭۈل ئېچىش يېرىدە پەقەت دامكا، شاھمات ۋە قارت ئوينىشقىلا رۇخسەت؛ ۋارقىراپ-جارقىراش ياكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلغۇچىلار مەيلى قاتتىق كۈلكە-چاقچاق قىلغان ياكى ۋارقىرىشىپ مۇنازىرە قىلىشقان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنداقلار بۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىلاتتى؛ بۇ ئورۇندا ئۈزۈم شارابى ياكى پىۋا ئىچىشكە رۇخسەت (نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ يەر ۋېيىنانىڭ بىر يېرى-دە!)، ئەمما كۈچلۈك هاراق ئىچىش قەتئىي مەنئى قىلىناتتى؛ ئاممىۋى مۆلۈكلەر قەتئىي ئاسرىلىشى كېرەك (كارىۋات ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۆرە تۇرۇۋشقا بولمايدۇ دېگەندەك). بۇ ئورۇندىكى خېرىدارلاردىن تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىدىغانلىرىنىڭ سانى بەكلا ئاز؛ مۇتلەق كۆپ كىشىلەر تىرىشىپ ئۆز ئىشىنى قىلىپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە قايتىدىن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ يۈرىدىغان كىشىلەردىن ئىدى.

ئادولف ھىتلېر 1910-يىلىنىڭ غىنىۋار ئېيىدا بۇ بارىدىغان يېرى يوق يېتىمچىلار ئورنىغا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ.44 ئۇ پۇلنى تۆلىگەندىن كېيىن (كۈنلۈكى يېرىم كرونېن بولۇپ، ئەگەر ھەپتىلىكنى بىراقلا تۆلىسە تېخىمۇ ئەرزان)، دورىلىنىپ يۇيۇنۇپ كىچىك بىر بۆلۈمگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ (خېرىدارلارغا نىسبەتەن ئۈچىنچى قەۋەت ھېسابلىنىدۇ). گەرچە بۇ يەرنىڭ ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرى يىغىۋېلىش ئورنىنىڭكىدىن ياخشى ئەمما بۇ يەردىكى ساخاۋەتخانىنىڭ كىشىلەرنى باشقۇرۇش ئىشلىرى ئۇ يەردىكىدەك ئۈنچىۋالا سىستېمىلىق بولمىغاچقا، ئۆزىنى خىلىلا ئەركىن ھېس قىلىشقا باشلايدۇ.

بىر ھەپتىگە قالماي، ھانىشمۇ مانىرھېيمغا كېلىۋالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ خىزمەتچىلىك قىلىشى ھەپتىسىگە تۈت كۈن بولسىلا يېتەتتى. شۇڭا ئۇ قايتىدىن ھىتلېرغا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلايدۇ. ئۇنى "يېزىقچىلىق" بۆلۈمىنىڭ دېرىزە تۈۋىدە بىر ئورۇنغا ئولتۇرغۇزىدۇ

ـ ئەلۋەتتە رەسىم سىزىشقا لازىملىق ھەممە نەرسىنى تەل قىلىپ بەرگەن ئىدى. ھىتلېر دەرھال تۇتۇش قىلىپ ئاتكرىتكا چوڭلۇقىدا بىر قانچە پارچە رەسىم سىزىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ رەسىم سىزىش سۈرئىتى ئاستا بولغىنى بىلەن، بەكلا ئەستايىدىل سىزاتتى. ئۇ رەسىمدە ئادەتتە ۋېيننا مەنزىرىلىرىنى رەسىمگە تارتقاندەكلا ئوخشىتىپ سىزاتتى. سىزىلغان ئاتكرىتكىلارنى ھانىش دەرھال كۆڭۈل ئېچىش مەيدانلىرىدىكى قاۋاقخانىلاردا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ سېتىپ بولۇپ، كىرىمنىڭ يېرىمىنى چۆنتىكىگە سالاتتى. ئەمما ئۇ، چوڭراق رەسىملەرنىڭ تېخىمۇ قىممەت بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ، ھىتلېرغا مەخسۇس سۇ بوياق رەسىملىرىنى سىزدۇرىدۇ. رەسىملەر يەنىلا ۋېيننا مەنزىرىسى بولۇپ، كۆندە بىر پارچە سىزاتتى. ئادەتتە بۇ رەسىملەرنىڭ چوڭلۇقى ئىككى پارچە ئاتكرىتكا چوڭلۇقىدا بولاتتى.

ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتمەيلا ئۇ ئىككىسى بىرلىشىپ تاپقان كىرىمى، شۇنىڭدەك مانېرھېيمدىكى بىر قەدەر ياخشى تۇرمۇش شارائىتى بۇ ئىككى ياشنى زىمىستان سوغۇق ۋە يوقسۇزلۇق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قىلىش بىلەن قالماي، ئاخشاملىرى ئاچ قورساق يېتىشتىنمۇ قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. ھىتلېر پار-پۇر چىنە بىلەن بىزەلگەن دۇشتا پاك-پاكىز يۇيۇنۇۋالغىنى ئۈچۈن بەكلا خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ ئاران بىر قۇرلا كىيىمى بولغاچقا، مۇنچىغا چۈشكەن ۋاقتىدا نەچچە كۈندە بىر پاكىز يۇيۇۋالاتتى. گەرچە ئۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئاز-تولا پۇل كۆرگەندەك قىلغىنى بىلەن يەنىلا يېڭى كىيىم ئېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىم يەنىلا شۇ دورىلانغان كىيملىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە چاچ-ساقىلىمۇ بەكلا ئۆسۈپ كەتكەن بولغاچقا، كۆرۈنۈشى بەكلا ئاۋارە كۆرۈنەتتى.

ھىتلېر ئىسسىق ئۆيدە يېتىپ، تويغۇدەك تاماق يەيدىغان شارائىتقا ئېرىشكەندىن كېيىن قايتىدىن سىياسىي ئىشلارغا قىزىقىشقا باشلايدۇ. ئۇ "يېزىقچىلىق" ئۆيىنى پات-پاتلا مۇنازىرە قىلىدىغان ۋە نۇتۇق سۆزلەش سورۇنىغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. بۇ بۆلۈم مانېرھېيمنىڭ بىلىملىكلەر تەبىقىسىنىڭ يېرى، يەنى ئەدەبىياتقا، مۇزىكىغا ۋە سەنئەتكە نىسبەتەن ئاز-تولا قىزىقىشى بولغان كىشىلەرنىڭ يىغىلىدىغان يېرى بولۇپ، بۇ يەرگە توپلىشىدىغانلار ئادەتتە 15~20 دەك ئوتتۇرا مەكتەپ بىلىم سەۋىيىسىدىكى كىشىلەردىن تەشكىل تاپاتتى. "ئاق كۆڭۈل" ئىشچىلارمۇ بۇ يەرگە كىرىپ قالاتتى. ئادولف، بۇ كىشىلەرنىڭ باشلامچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىكىنى قاتتىق تەنقىدلەپ، دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە بار بولغان نامراتلار كوچىسىدىكى كىشىلەرنىڭ غېمىنى قىلىپ قايناپ كېتەتتى. بۇ نۇتۇقلىرىنى (بەزىدە بۇ تۇر مۇنازىرىلەر

ئېغىر تىللاش بىلەن بەسلىشىپ ھاقارەتلەشكىمۇ ئايلىنىپ كېتەتتى) بەزى ۋاقىتلاردا ئىش ۋاقتىدىمۇ سۆزلەپ كېتەتتى. ئەگەر بۇ بويىتاقلار بىناسىنىڭ نېرىقى ئۇچىدا بىرەر سىياسىي مۇنازىرە باشلىنىپ كەتكەن بولسا، قىلتۇۋاتقان ئىشى بار بولسىمۇ بۇنداق جەڭ سادالىرىدىن نېرىدا تۇرۇشقا چىدىيالماي قالاتتى. شۇڭا ئۇ سىزىۋاتقان رەسىمنى تاشلاپ بىرىپ قولىدا سىزغۇچ-چوتكىلىرى بىلەن كېلىپ خۇددى بىر چەۋەندازدەك مۇنازىرە جېڭىگە كىرىشىپ قالاتتى. بۇنداق ۋاقىتلار ئەگەر ھانىش رەسىم سېتىپ قايتىپ كەلگەن ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ دەرھال بىرىپ ھىتلېرغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئۇنى رەسىم سىزىش ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىۋالاتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ھانىش يوقلا بولىدىكەن، ئادولف دەرھال ئۇنداق سورۇنلارغا بىرىپ قوشۇلۇۋېلىپ سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ رەزىللىكلىرىنى پاش قىلىپ قايناشقا باشلايتتى ياكى كارل لۇگېر ئىسىملىك يەھۇدىي دۈشمىنى بولغان خرىستىئان سوتسىئال پارتىيىسىنىڭ داھىيسىنى قوللاپ سۆزلەپ كېتەتتى. بۇ داھىيىلىك خەلق ئاممىسىغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى ھىتلېرغا قاتتىق تەسىر قالدۇرغان ئىدى. بۇ ھەقتە ھېينىك مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر ئۇ بىرلا ھاياجانلانىدىمۇ-بولدى، ئۆزىنى زادىلا بېسىۋالالماي تۇرۇپ ۋارقىراپ جارقىرىغىنىچە قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئەمما ئۇ ھاياجىنى بېسىلغىنىدا باشقىچىلا بىرىگە ئايلىنىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بەكلا ئېغىر بېسىق ھالغا قايتىپ كېلەلەيتتى."45

ئادولف سىياسەتكە بەكلا قىزىقاتتى. ئۇ پات-پات پارلامېنت بىناسىنىڭ "ئاۋام پالاتا" زالىغا بېرىۋېلىپ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ دېپوتاتلارنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاپ كېلەتتى. ئۇ يەردىكى ھەر تۈرلۈك مۇنازىرىلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنى يوقىتىپلا قوياتتى. دېگەندەك، پارلامېنتتىكى بۇ تۈر مۇنازىرىلەر شۇنداق قىزغىن مۇنازىرىلەرگە ئايلىنىپ كېتەتتىكى، بەزىدە ھەرقايسى ئۆز ئانا تىللىرىدا ۋارقىراپ جارقىرىشىپ بىر- بىرىنى ھاقارەت قىلىشقىدەك دەرىجىگىمۇ بىرىپ يېتەتتى. ئۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ، ھېلىقى "قىرائەتخانا" دا ئۆزى يالغۇز ۋارقىراپ نۇتۇق سۆزلەپ كېتەتتى. ئەسلىدە ئۇ يەردىكى مۇنازىرىلەر پان گېرمانىزم ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ ئاتېئىزملىق قاراشلىرىغا قارشى تۇرۇشىنى ۋە ئۇلارنىڭ دۆلەتكە قارشى تۇرۇپ بارلىق دۆلەت ھوقۇقىنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولۇشىنى ئەيىبلەيدىغان كىشىلەر تويىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

شۇنداقتىمۇ مەيلى شەخسى سۆھبەتلەردە ياكى بايىقىدەك شىددەتلىك مۇنازىرىلەردە بولمىسۇن، ھانىش ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى بىرەر ئېغىز گەپ قىلغىنىنى ئاڭلىمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ھىتلېر ھەرگىز يەھۇدىيلارغا قارشى بىرى ئەمەس دەپ چىڭ تۇرىدۇ.

چۈنكى ئۇ، ھىتلېرنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئارتىسلىرى بىلەن ناخشا چولپانلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك يەھۇدىيلار ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ھەتتا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، يەھۇدىيلارنىڭ ساخاۋەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ يۈرۈشىدىن (بۇنداق ساخاۋەتچىلەردىن مەنپەئەت ئېلىۋاتقانلاردىن بىرى دەل ھىتلېرنىڭ ئۆزى ئىدى) بەكلا تەسىرلىنىدىغانلىقىنى؛ يەھۇدىيلارنىڭ زىيانكەشلىككە قارشى ھەرىكەتلىرىگىمۇ ئالاھىدە قايىل، شۇنىڭدەك بىر قېتىمدا ئۇ يەھۇدىي كاپىتالىستلىرنى ھايانكەشلەر دېيىشنى رەت قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقىنى ئاڭلىغان. ھانشىنىڭ ئېسىدە قالغانلىرىنىلا ئېيتىدىغان بولساق، ھىتلېر پەقەت بىرلا قېتىم يەھۇدىيلارغا قارشى نۇتۇق سۆزلەپ باققانىكەن. ئۇ قېتىمدىمۇ يەنىلا يەھۇدىيلارغا بەك ئېغىر تەگمىگەن ئىكەن. يەنى، بىرى ئۇنىڭدىن بۇ دۆلەتتە يەھۇدىيلارنى نېمە ئۈچۈن يات كۆرىدۇ دەپ سوئال قويغىنىدا، ھىتلېر: ئۇلارنىڭ ئىرقى باشقا، باشقىچە پۇرايدىغانلىقى ئۈچۈن يات كۆرىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى ئېسىدە قالغان.

ئادولفنىڭ مانىبرھېيم (بويتاقلار يۇرتى) دىكى ۋاقتىدا ئەڭ يېقىن تونۇشلىرىدىن ئىككىسى يەھۇدىي بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى روپونسىتون ئىسىملىك بىر كۆزلۈك ياغاچچى ئىدى. بۇ كىشى ھىتلېرغا دائىم ياردەم قىلىپ تۇراتتى؛ يەنە بىرى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى يىغىپ ساتىدىغان ۋېنگرىيەلىك بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى جوزېف نيۇمان ئىدى. بۇ كىشى ھىتلېرنىڭ بەكلا يېقىن يۈرۈپ كېتىشىدىن ئىچى ئاغرىپ ئۇنىڭغا بىر پەلتو سوغا قىلغان. ھىتلېر بۇنىڭ ئۈچۈن نيۇمانغا ”چىن قەلبىدىن رەخمەت ئېيتقان“. ھەتتا ئۇنى ”ئۇ ھەققەتەنمۇ ئېسىل ئادەم“ دەپ ماختاپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن رەسىم سېتىشىپ بېرىۋاتقان ئۇلاردىن باشقا ئۈچ نەپەر يەھۇدىينىمۇ بەكلا ھۆرمەتلەيتتىكەن. ھانشقا ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگىنىدە، ”مەن يەنىلا يەھۇدىيلار بىلەن سودا قىلىشنى خالايمەن. چۈنكى ئۇلار تەۋەككۈل قىلىشتىن قورقمايدىغان ئادەملەر“ دېگەن. بۇ چاغلاردا ھانىش يەنىلا ھىتلېرنىڭ ۋاكالەتچىلىكىنى قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتلار ئىدى.

ھىتلېر ئۆزىمۇ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدا پەقەت ۋېيىنادىلا يەھۇدىيلارنىڭ ”تاش يۈرەك، نومۇسسىز، سەرلەپ مىسقاللاپ زىغىرلايدىغان پاھىشە خوجايىنى“ ئىكەنلىكىنى، مۇزىكا ۋە سەنئەت ساھەلىرىنىڭ ساپلا يەھۇدىيلارنىڭ تىزگىنىدە ئىكەنلىكىنى، ئەڭ مۇھىمى سوتسىئال دېموكرات پارتىيىسىنىڭ گېزىتىنىمۇ ”ساپلا يەھۇدىيلار تىزگىنىدە“ ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدىن كېيىنلا، ئۇ يەھۇدىيلارغا نىسبەتەن ئۆلگۈچە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق گەپلىرى چوقۇم كېيىنكى ۋاقىتلاردىلا ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ئېنىق. ئەينى ۋاقتىدا ئۇنىڭ

يەھۇدىيلار ھەققىدىكى بىر تەرەپلىمە قارىشى ئادەتتىكى بىر ۋېيىنالىقنىڭ قارىشىدىن تولا بەك پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ئاۋسترىيە پايتەختى ۋېيىننادا بارلىق دىنىي كىشىلەر دېگۈدەك يەھۇدىيلارغا قارشى ئىدى. ۋېيىننادا كىشىلەر تەشكىللىك ھالدا يەھۇدىيلارغا قارشى ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدىغان بروشۇرلارنى تارقىتىپ يۈرىشەتتى، چوڭ-كىچىك كىتاب بوتكىلىرىدا ئەنە شۇنداق قىممىتى يوق كىتاب-ژۇرناللارنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئوقۇيدىغان ھىتلېرنىڭ ياش ۋاقتىغا ئوخشايدىغان بىر قىسىم كىتابخانلار پەيدا بولغان ئىدى.

پاكىتلار شۇنى كۆرسەتمەكتەكى، ھىتلېر دائىم دېگۈدەك «شەرق ئارا يۇلتۇزى» دېگەن ژۇرنالنى ئوقۇپ تۇراتتىكەن. بۇ ژۇرنال لىنزدىكى لانز ۋون لىيبېنفېلس دېگەن بىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ژۇرنال بولۇپ، بۇ كىشى سېھىرلىك بىر نەزەرىيىچى ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىيىلىرى بىلەن قاراشلىرى ھىتلېرنىڭ قاراشلىرىغا نۇرغۇن جەھەتتە ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ ژۇرنال ئىلاھىيەتشۇناسلىق بىلەن شەھۋەتپەرەسلىكنىڭ داشقاينىقى بولۇپ، نەشرىياتچىلىق پرىنسىپى "ئىرق تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەمەلىيەت ئۈچۈن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئىرق ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈسۈلىدا چىڭ تۇرۇپ، ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ھالىتىنى ساقلاپ، ئۇنىڭ بۇلغىنىپ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش" ئىدى. بۇ ژۇرنالنىڭ ئېگىسى بولغان لىيبېنفېلس تىنماي چالۋاقاپ ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئاساسىي تېمىسى "ئېگىزلار بىلەن مەرەز، شالغۇت ئىرقلارنى تازىلاش ئارقىلىق ئارىيانلارنى دۇنياغا ھۆكۈمران ھالغا كەلتۈرۈش" ئىدى.46 ئۇ قارا تەنلىك ۋە شالغۇت ئىرقلارنى ناچار ئىرققا مەنسۇپ ئادەملەر دەپ قارايتتى. ئەمما «شەرق ئارا يۇلتۇزى» ژۇرنىلىدا بولسا ئارىيان ئاياللىرى بۇ تۈردىكى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى يۈك قاپلاپ كەتكەن گورىللا ۋە شىمپەنزە قاتارىدىكى ئورانگۇتان مايمۇنغا ئوخشايدىغان نەرسىلەر تەرىپىدىن جەلپ قىلىنىشى، ئۇلارنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى قابىلىيىتىنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا باش ئېگىپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر بىلەن تولۇپ تاشاتتى (فرېئۇد، ۋېيىننادا بۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ تارقىلىپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپسا ئىدى، ھەققەتەنمۇ بەكلا ئازابلانغان بولار ئىدى. فرېئۇد، بۇنداق يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنىڭ كەينىدە 'نەرسىنى كېسىپ تاشلاش قورقۇنچى يوشۇرۇنغان بولۇشى ئېنىق' دېگەن پسىخوئانالىزدا بولار ئىدى. چۈنكى، يەھۇدىيلار سۈننەت قىلدۇرىدىغان ئادىتى بار خەلق _ ئا. ھ. ئى). بۇ ژۇرنال ئىرق ئەۋزەللىكىنى داۋراڭ قىلىش بىلەن بىرگە، مەلۇم دەرىجىدە ئۆركىگەكلىكنى ئېپادىلەپ تۇراتتى. بۇنى ئۇلارنىڭ قويغان تېمىسىغا قاراپلا ئوچۇق كۆرىۋېلىش مۇمكىن:

سەن سېرىق چاچ، كۆك كۆز، ئاق تەنلىك بىرىمۇسەن؟ ئۇنداقتا، سەن مەدەنىيەت ياراتقۇچى، مەدەنىيەت ياراتقۇچىلارنىڭ ھىمايىچىسى بىرى ھېسابلىنىسەن! سەن سېرىق

چاچ، كۆك كۆز، ئاق تەنلىكمۇسەن؟ ئۇنداقتا، خەۋپ-خەتەرنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالغان بىرى سەن!

«شەرق ئارا يۇلتۇزى» ژۇرنىلى مۇشتېرىلىرى ئارىسىدا يەھۇدىيلىققا قارشى پۇتمەس-تۈگىمەس ئىپتىدائىي قورقۇتۇشنى تەرغىب قىلاتتى _ يەھۇدىيلار پۇتۇن پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى تىزگىنىگە ئېلىۋالغانلىقى، ئۇلار سەنئەت، تىياتىر ساھەلىرىدە كۈچلىنىپ كېتىشى، ئۇلار خوتۇن-قىزلارنى ئۆزىگە تارتىشنىڭ سېھىرلىك كۈچىگە ئىگە بولۇشى دېگەندەك گەپلەرنى ھەدەپ تەرغىب قىلاتتى. بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك قىزنىڭ بىر نېگىرنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالغاندەك شەھۋانىي رەسىملەر ئادولفنى چوقۇم غەزەپلەندۈرۈپ قويىقا چاچلىرىنى تىك تۇرغۇزۇۋەتكەن بولىشى كېرەك! ئەمما شۇ كۈنلەرگىچە ھىتلېرنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىياللىرى تېخى ئەمەلىي چۈشەنچە ھالغا، تېخى مۇھىم غايە ھالىغا كەلمىگەچكە، يېگىچە قاراش، يېڭى تېمىلار ئىچىگە پېتىپ قېلىپ يەھۇدىي دۈشمەنلىك قاراشلىرىغا چولىسى تەگمىگەن ئىدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ، خانفىستاينگىل خانىمغا ”مەندىكى يەھۇدىي دۈشمەنلىكى، ئەسلىدە مېنىڭ شەخسىي ئىشىم“ دېگەن؛ سىگلىسى پاۋلاغىمۇ ”رەسسامىلىق جەھەتتە مەغلۇپ بولۇشۇمدىكى ئاساسىي سەۋەب، سەنئەت ئەسەرلىرىنى سېتىش ئىشلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يەھۇدىيلار ئىلكىدە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بولغان“ دېگەن. ھىتلېرنىڭ ئۆزى دېگىنىدەك، ئۇنىڭ يەھۇدىيلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشى ھەقىقەتەنمۇ شەخسىي ئىشى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان دېيىش مۇمكىن. بىز بۇ ھەقتە پەقەتلا بىر قىسىم پەرەزلەرنىلا قىلالىشىمىز مۇمكىن. يەنى ئۇنىڭ يەھۇدىي دۈشمەنلىكىم مېنىڭ شەخسىي ئىشىم دېيىشىدىكى مەقسەت، مەلۇم بىر سەنئەت ئەسەرلىرى ئېلىپ-ساتارنى ياكى قايسى بىر گۆرۈخانا خوجايىنىنى؛ سەنئەت ئىنستىتۇتىدىكى قايسى بىر ئەمەلدارنى؛ ياكى بولمىسا بۇ تۇر كىشىلەر ئىپادىلىگەن ئورتاق ئالاھىدىلىكنى؛ ھەتتا ئۇنىڭ چوڭقۇر قەلبىگە يوشۇرۇنغان قايسى بىر ئىشنى كۆزدە تۇتقان بولىشىمۇ مۇمكىن. ۋە بەلكىم دوختۇر بلوكقا قارىتا قانداقتۇر بىر ئۆچمەنلىك شەكىللىنىشكە باشلىغانلىدىنىمۇ بۇنداق قاراشقا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان بولۇشىنىمۇ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. گەرچە ئاپىسى كلارا ئۆلۈپ كېيىنكى يىلى ئۇ دوختۇرغا رەخمەت ئېيتىپ ئەۋەتكەن يېڭى يىلنى تەبرىكلەش ئاتكىرىتكىسىدا ”سىزنىڭ ئاپامغا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن“ دەپ يازغانلىقىدىن قارىغاندا ئۇنىڭغا قارىتا بۇنداق بىر ئۆچمەنلىكنىڭ شەكىللىنىش ئېھتىمالىنى يوق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئادەتتە يېقىنلىرى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكىنىدە گۇناھنى دوختۇرغا ئارتىپ قويىدىغان ئۆچمەنلىكلەر كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەھۋال. بۇنى ئاز دەپ بۇ داۋالاشقا بىر

يەھۇدىي دوختۇر چىتلىپ قالغان، شۇنىڭدەك ئۇ دوختۇرنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىمۇ ھەممە قوبۇل قىلىپ كېتەلمىگەن تېخى تالاش-تارتىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان خەتەرلىك بىر داۋالاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتقىنىمىزدا، بۇنداق ئۆچمەنلىكنىمۇ يوق دەپ قارىيالمايمىز (كېيىنكى يىللاردا ئۇ دوختۇر، كلارانىڭ داۋالىنىشى ئۈستىدە توختالغىنىدا داۋالاش رولى ئېنىق بولمىغان يودىد فىروم داۋالاش ھەققىدە يوشۇرۇپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ).

ھىتلېرنىڭ ۋېيىنادىكى تېخى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەن ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىلىرىدا، بىر دوستىغا يازغان خېتىدە بۇنداق يوشۇرۇن جىسمانىي ئازابلىنىش تەسىرىنى پەيدا قىلىشلارغا دارىتمىلاپ تۇرۇپ نارازىلىقىنى ئىپادىلەشلىرىدىنمۇ ("ئاق خالات كەيگەنلەرنى كۆرسەملا يىرگىنىپ كېتىمەن" دېيىشى) ئۇنىڭ دوختۇرغا ئۆچ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەتتى. ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرغىنىدىمۇ بۇ خاراكتېرى كۆرۈلەتتى:

"... مەيدەمنىڭ ئىچىشىپ ئاغرىشى زەردەم قايناپ قالغانلىقىدىن بولغان ئىش بولۇپ، بۇنداق ۋاقىتلاردا مەن يەڭگىل تاماقلارنى يېيىش (مەسىلەن مېۋە-چېۋە، كۆكتات قاتارلىقلار) ئارقىلىقلا ئۆڭشىلىپ كېتەلەيتتىم. بۇنچىلىك ئىشلارغىمۇ دوختۇرغا يۈگۈرۈش ھاجەتسىز. چۈنكى دوختۇر دېگەننىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ئەقلى يوق كالۋا نەرسىلەر. مېنىڭچە، مېنى نېرۋا سىستېمىسىدا كاشىلىسى بار دېگىنىنىڭ ئۆزىلا ئۇچىغا چىققان دۆتلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭ ئاشقازىنىمدىن باشقا يەرلىرىم پۈتۈنلەي ساق. نېمىلا بولسا بولسۇن، مەن قايتىدىن قولۇمغا چوتكامنى ئېلىپ رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كېتەلىدىم. گەرچە ماي بوياق رەسىم ماڭا بەكلا تەس بىلىنگەندەك قىلسىمۇ رەسىم سىزالىغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى يەنىلا چەكسىز خۇشال ھېس قىلاتتىم.47 ... ساتقىمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇ ھەققەتەنمۇ بەكلا ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدى، مەن سەنئەت ئىنستىتۇتىقا رەسىم ئۆگىنىش ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدى دەپ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىم، ھەققەتەنمۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەكلا چوڭ يوقىتىش ھېسابلانغان ئىدى. بەلكىم تەقدىرىم مېنى باشقا ئىشلارغا ساقلاۋاتقان بولسا كېرەك؟" (بۇ خەت، شۇنىڭدەك بۇ كىتابىمدا ئۇچرايدىغان ھىتلېرغا مۇناسىۋەتلىك بەزى خەت-چەكلەر بىلەن باشقا بىر قىسىم ھۆججەتلەر ۋېيىنادىكى دوختۇر جوھانىس ۋون مۆللېرن-شۆنخاۋسېننىڭ شەخسى ئارخىپىدىن ئېلىنغان بولۇپ، راست-يالغانلىقى ئىسپاتلانمىغان. ئۇ دوختۇر بۇ ماتېرىياللارغا "HBH خۇسۇسى ئارخىپى" دەپ ئات قويىۋالغان _ ئا. ھ. ئى)

1910-يىلى باھار ئايلىرىغا كەلگەندە، ھىتلېر سىياسىيغا ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتكە ئالاھىدە قىزىقىپ قالدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئەمدى ھانىشنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى سىزىپ

پۈتتۈرۈشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغۇدەك ھالغا كەلگەن ئىدى. دوستى ئۇنى ئەيىبلىگىنىدە، بۇنىدىن كېيىن ئىشىمنى چوقۇم تىرىشىپ ئورۇندايمەن دەپ ۋەدە قىلىدۇ-يۇ، ھانىش سىرتقا چىقىشى ھامان دەرھال قولىغا ھەر تۈرلۈك گېزىت-ژۇرناللارنى ئېلىۋېلىپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. گەرچە ئۇ رەسىم سىزىش ئىشىنى باشلىۋالغاندەك قىلسىمۇ، قايسى بىر مەسىلە ئۈستىدىكى مۇنازىرىلەر يەنىلا ئۇنى جەلپ قىلىۋېلىپ، قىلچە خۇشياقمايدىغان ئۇ رەسىملەرنى جىم ئولتۇرۇپ سىزىشقا پەقەتلا كۆڭلى بارمايتتى. ئاخىرى ئۇ ھانىشنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىشىدىن زېرىكىپ، ياز ئايلىرى كىرىشى بىلەن تەڭ يەنە بىر يەھۇدىي دوستى، يەنى ۋېنگىر دوستى نيۇمان بىلەن بىرلىشىپ ئۇ ياتاقتىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ئىككىسى بۇرۇنلاردا گېرمانىيەگە بېرىپ تۇرۇپ قېلىش توغرىلىق كۆپ پىلان تۈزۈشكەن ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئىككىسى بىرلىكتە ئۆز غايىلىرىنى دەپ يولغا چىقىدۇ. ئەمما ۋېيىننادىكى ئۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەر، بولۇپمۇ ئادولف بەكلا ياخشى كۆرىدىغان مۇزېيغا بولغان قىزىقىشى ئۇنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشىنى توسۇپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇڭا ئۇ ۋېيىننادىن بىر قەدەممۇ ئايرىلالماي، بەش كۈندەك كۆڭۈل ئېچىپ ئويناپ يۈرىدۇ. ئاخىرىدا، يېنىدا بىر تىيىنمۇ پۇلى قالماي، 26-ئىيۇن كۈنى ئىلاجسىز مانىبرھېيمغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ قىسقىغىنە ئىختىيارى ئايلىنىپ يۈرگىنى ئۇنى خېلىلا ئارام ئالدۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قايتا زېھنىنى قويۇپ رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ تاپقان پۇلى ئارانلا بىر ھەپتىلىك خەجلەشكە يېتەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھانىش بىلەن بۇزۇلۇشۇپ قايتىدىن ئۆز بېشىغا يالغۇز قالىدۇ.

شۇ يىلى كۈزدە، ھىتلېر سەنئەت ئىنستىتۇتىغا كىرىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئىمتىھان بېرىپ باقىدۇ. ئۇ لىق بىر سومكا رەسىمنى كۆتۈرۈپ خوف مۇزېيىدىكى پروفېسسور رىتشېلنىڭ ئىشخانىسىغا بارىدۇ. پروفېسسور رىتشېل ھەر تۈرلۈك رەسىملەرنى ساقلاش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ھىتلېر ئۇنىڭدىن سەنئەت ئىنستىتۇتىغا كىرگۈزۈپ قويۇشى ئۈچۈن ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ يالۋۇرۇپ باقىدۇ. گەرچە بۇ پروفېسسور ھىتلېرنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى بىناكارلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئىنتايىن ياخشى سىزىلغان رەسىملەر ئىكەن دەپ باھالىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ رەسىملىرى پروفېسسورنى ئازراقمۇ قىزىقتۇرالمايدۇ. ئادولف يەنە بىر قېتىم روھى چۈشكەن ھالدا مانىبرھېيمغا قايتىپ كېلىپ قىرائەتخانا بۆلۈمىدە داۋاملىق رەسىم سىزىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئەمما ھانىشتىن ئايرىلغىنىدىن كېيىن سىزغان رەسىملىرىنى زادىلا ساتالمايدۇ. يېنىدا پۇلىمۇ قالمىغان، ئامال يوق ھامىسى جوھانناغا يالۋۇرماقچى بولۇپ خەت يېزىپ بېقىپ بولماي، ئاخىرى ئۇنىڭ يېنىغا، يەنى سپىتالغا بارىدىغان بولىدۇ. نەچچە يىل ئاۋۋال،

ئۇ ئىككىسى قاتتىق ئۇرۇشۇپ قىلىپ كېلىشەلمەي ئايرىلغان ئىدى. مانا ئەمدى، ئۇ ئايال بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان ئەھۋالدا بولۇپ، بۇرۇن ھىتلېرغا شۇنچە قوپاللىق قىلغانلىقىدىن كۆڭلى قاتتىق يېرىم ئىدى. 1-دېكابىر كۈنى، ئۇ يىغقان بارلىق پۇلىنى بانكىدىن ئېلىۋالدۇ. ئۇنىڭ بۇ پۇلى خېلىلا جىق پۇل ئىدى. يەنى ئۇنىڭ تېجىگەن پۇلى 3800 كرونېن بولۇپ، بۇ پۇلنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى بۇ جىيەن بالىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1911-يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋەسىيەتمۇ قالدۇرالماي بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئانگېلا راۋبال، ھامىسىنىڭ مىراسىدىن ھىتلېر ئەڭ كۆپ ھەسسىگە ئېرىشكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئادولفقا بېرىلىۋاتقان يېتىملەر ياردەم پۇلىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ دەرھال لىنز سوتىغا ئەرز قىلىدۇ. ئانگېلانىڭ بۇ تەلىپى ھەقىقەتەنمۇ ئورۇنلۇق بىر تەلەپ ئىدى.48 چۈنكى ئۇ، يېڭىدىن تۇل قالغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ بالىسى بىلەن بىرگە يەنە سىڭلىسى پاۋلانىمۇ بېقىشى كېرەك ئىدى. ھىتلېر، ئائىلە بېسىمى سەۋەبىدىنمۇ ياكى نومۇس قىلغانلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، نەچچە يىلدىن بېرى تۇرمۇشىغا ياردەمچى كىرىم بولۇپ كېلىۋاتقان ئايلىق 25 كرونېنلىق ياردەم پۇلىدىن ۋاز كېچىپ ئۇنى ھەدىسىگە ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولىدۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن ئۆزى بىۋاستە لىنزغا بېرىپ يەرلىك سوت مەھكىمىسىگە كىرىپ، "بۇندىن كېيىن ئۆزۈمنى ئۆزۈم بېقىپ كېتەلەيمەن، شۇڭا بارلىق يېتىملەر ياردەم پۇلىنى سىڭلىمغا مەنسۇپ بولۇشىنى ماقۇل كۆردۈم" دەپ بايانات بېرىدۇ. سوت مەھكىمىسى دەرھال مايرخوفېر ئەپەندىگە ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئادولفقا تەۋە ياردەم پۇلىنىڭ پاۋلاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن، باللارغا مەسئۇل بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ كىشىمۇ ھىتلېردىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالغان بولۇپ، ئۇ خەتتە ھىتلېر بۇندىن كېيىن ئۆزىگە بېرىلىۋاتقان يېتىملەر ياردەم پۇلىغا ئېھتىياجى يوقلۇقىنى بىلدۈرگەن (شۇ چاغدا، مايرخوفېرمۇ قىزى بىلەن پاراڭلىرىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ كېلىپ، بۇ ئىشتا ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىش قىلدى دەيدۇ _ ئا. ھ. ئى) ئىدى.

گەرچە ھىتلېرنىڭ بۇ ياردەم پۇلى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشاۋاتقان تۇرمۇشىنى مانىبرھېيم بوياتاقلار ياتىقىدا يېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھېچ قايسىسى خىيالىغا كەلتۈرەلمەيتتى. شۇنىڭدەك يەنە، ھىتلېر مۇنچە پۇللۇق بولۇپ تۇرۇغلۇقمۇ يەنىلا بۇرۇنقى تۇرمۇش ئادىتىنى بۇزماي ياشاۋېرىدۇ. ئۇ يەنىلا ئۆزى تاماق ئېتىپ يەيتتى، ئۈچىسىدىكى كىيىملىرىمۇ يەنىلا شۇ بۇرۇنقى كونا كىيىملەر ئىدى. شۇڭا ئۇ، ياتاق باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن پات-پاتلا رەنجىشىپ يۈرەتتى. ھىتلېر، ھامىسىدىن مىراس

ئالغان شۇنچە كۆپ پۇلنى تىياتىرخانىلاردا خەجلەپ تۈگىتىشكەنلىكى توغرۇلۇق قانداق، بۇ ھەقتە قىلچە مەلۇمات يوق. ياكى ئۇ سەپداشلىرى بىلەن بىرگە تۈزۈشكەن پىلانلىرى ئۈچۈن خەجلىشكە ئۇنىمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەسلىدە، بۇ بويىتاقلار ياتىقى تەۋەسىدە ياتقانلار ئارىسىدا قانۇنلۇق-قانۇنسىز ياكى پۇتۇنلەي يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھادىسىلەر بەكلا كۆپ ئىدى. بەلكىم بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدەك ئەخمەقانىلىك بىلەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا داۋراڭ قىلىپ پۇللىرىنى پۈتۈنلەي خەققە تارتقۇزۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر ئېھتىمال، پۇلنى بىر يەرلەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ ئاز-ئازدىن خەجلەپ يۈرۈشى مۇمكىن. ھىتلېر، رەسسام بولماقچى بولغاندا ھەر دائىم شۇنداق قىلاتتى.

ئادولف ئۆز كۆچىگە تايىنىپ كۈن ئېلىش شارائىتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ھېلىقى تارچۇق ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ھېرىپ چارچاشقا قارىماي رەسىم سىزىش بىلەن مەشغۇل بولدى. ھىتلېردا رەسىمى بىر سەنئەتكار قىياپىتى نامايان بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە بەكلا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ ھەر دائىم ئىشچىلارغا ياردەم قىلىپ ياكى ئۇلارغا مەسلىھەتلەر بېرىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ ھەرگىز خەقنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ئىشلارنى قىلماي، ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە تىرىشاتتى. ئەمما گەپ سىياسىي ئىشلارغا بېرىپ تاقالدىمۇ_ بولدى، دەرھال ھاياجانلىنىپ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كېتىشكىنىمۇ پەرۋا قىلماي باش_ قوللىرىنى شىلتىغىنىچە ۋارقىراپ-جارقىراپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ ھەر دائىم شۇنداق سۆزلەپ يۈرگەچكە ياتاقتىكىلەرمۇ ئۇنىڭدىن ئاستا-ئاستا قاچىدىغان بولۇشقانىدى. بىر كۈنى، ئادولف ئاشخانىدا تاماق قىلىۋاتقىنىدا ئىككى ھامال ئىشچىنى رەنجىتىپ قويىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئىككى ئىشچى سوتسىئال دېموكرات پارتىيىسى ئىشچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. ھىتلېر ئۇلارنى دۆت، ئەخمەقلەر دەپ قاتتىق ھاقارەتلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئاغزىنى بۇزۇپ سۆزلىشى بەكلا ئېغىر بەدەل تۆلىتىدۇ: بېشىدا تاياقتىن بىر مونەك ئىششىپ چىقىدۇ. رەسىم سىزىشقا كېرەكلىك قولىمۇ يارىلىنىپ يۈز-كۆزى ئىششىپ كۆكىرىپ، بۇرنىمۇ يېرىلىپ كېتىدۇ.

كۇبىزېك بىلەن ھانىشتىن ئايرىلىپ كېيىن تونۇشقان بىر دوستى ھىتلېرنى ئاگاھلاندۇرغان ھالدا، "بۇ تاياق ساڭا دورا ئىدى. سەن پەقەتلا نەسىھەت كار قىلماس بىرى ئىكەنسەن، بۇنداق كېتىۋەرسەڭ، ساڭا ھېچكىم يانتاياق بولالمايدۇ" دەيدۇ. بىر قانچە ئاي ئىلگىرى باش كۆتۈرمەي بىر چىركاۋ رەسىمىنى سىزىۋاتقىنىدا، جوزېف گرېينېرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئۇ ئاجايىپ خىيالپەرەس بىر يىگىت ئىدى. ھىتلېر بىلەن

پات-پاتلا سائەتلەپ مۆكۈدىشىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇلار ئىككىسى بەكلا كەڭ دائىرىلەر بويىچە سۆھبەتلىشىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئىقتىساد، دىن، ھەتتا ئاسترونومىيەدىن تارتىپ دىنىي ئۇلىمالارغىچە كېڭىيىپ كېتەتتى. ئۇ ئىككىسى ئولتۇرۇپ ئادەملەرنىڭ بەكلا ئاسان ئالدىنىپ يۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ تەپسىلى مۇنازىرە قىلىشىپ كېتەتتى. مەسىلەن ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى پاراڭلىرىدىن بىرى گېزىتتە ئېلان بېرىلگەن بىر رېكلام ئۈستىدە بولىدۇ. بۇ ئېلاندا يەرگە سۆرۈلگىدەك ئۇزۇن چاچلىق بىر قىزنىڭ رەسىمى بېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ”بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئەرنا چىللاگ، ئۇنىڭ خۇددى دوناي دەرياسىدەك ئۇزۇن سوزۇلۇپ ياتىدىغىنىچە چۈشىدىغان سۇمبۇل چاچلىرى بار.49 بۇ گۈزەل چاچ قانداقلارچە شۇنچە ئۇزۇرۇپ كەتكەنلىكىگە قىزىقامسىز؟ بۇ چاچ، مەن كەشىپ قىلغان بىر خىل چاچ مېيى قوللىنىپ بۇ ھالغا كەلگەن. ئەگەر بۇنداق بىر چاچقا ئېرىشىشنى خالايدىغانلار بولسا ئېلاندىكى بۇ قىزغا خەت يېزىڭلار. سىلەرگە ھەقسىز چۈشەندۈرۈش قوللانمىسى بىلەن بىر رەخمەت خېتىمۇ ئەۋەتىدۇ“ دېگەنلەر يېزىلغان ئىدى.

”مانا بۇ، مەن دېمەكچى بولغان رېكلام _ دەيدۇ ھىتلېر، گرېينېرنىڭ دېيىشىچە، _ تەشۋىقاتقا ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. ئەگەر بۇ دۇنيادا بۇنداق يالغان گەپلەرگە ئىشىنىدىغانلار بارلا بولىدىكەن چوقۇم تەشۋىقاتتىن زېرىكمەسلىك كېرەك، دەيتتى.“ ئۇ بۇ ھەقتە ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا توختىلىپ كېلىپ، تەشۋىقات دېگەن بۇ نەرسە، ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى گۇمانلىنىشلارنى ئالا قويماي سۈپۈرۈپ تاشلاپ سادىق ئىشەنگۈچىلەردىن بىرى ھالىغا كەلتۈرەلەيدىكەن، شۇڭلاشقا ئىشىنىمەنكى، مەنمۇ ئەڭ ئەخمىقانە بىر نەرسىنى، مەسىلەن ئەينەكنى ئۇرسىمۇ چېقىلماس قىلىۋېتەلەيدىغان مەلھەم كەشىپ قىلدىم دەپ نۇرغۇن خېرىدار تاپالىشىم مۇمكىن، دەيدۇ. ”تەشۋىقات قىلىش كېرەك. پەقەت تەشۋىقاتنىلا مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. چۈنكى پۈتۈن ئاخماقلار تەشۋىقاتقا ئىشىنىدۇ.“

1911-يىلىنىڭ قالغان قىسمىدا ھەممە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىلدا ھىتلېر ئۆزىنى بىر قەدەر تۇتتۇرالغان ئېغىر بېسىق بىرسى بولۇپ ئۆزگەرىدۇ. ئۇ ئەمدى باشقىلار بىلەن قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان تۈگىمەس تالاش-تارتىشلارغا ئالدىراپ كىرىشمەيدىغان، ئۇنىڭ ئورنىغا رەسىم سىزىشقا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ رەسىم سىزىش سەۋىيىسىمۇ كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈپ بارماقتا ئىدى. مەسىلەن، ئۇنىڭ سىزغان «ۋېيننا مىنورىتى چېركاۋى» دېگەن سۇ بوياق رەسىمى ھەقىقەتەنمۇ ھەممە تەرەپتىن ماختاشقا ئەرزىگۈدەك بىر رەسىم بولۇپ، بىر ھېسابتا ئۇنى رەسىمىي فوتوگراف رەسىمى

دېيىشكىمۇ بولاتتى. تېخنىكا نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ بۇ رەسىمنى مەخسۇس كەسىپ ئەھلىنىڭ قولىدىن چىققان رەسىم دېيىشكىلا بولاتتى. ئۇ رەسىم ھەقىقەتەنمۇ قالتىس سىزىلغان ئىدى. ئەمما بۇ رەسىمنى سىزغان ئادەم ھېچقاچان رەسمىي رەسساملىق تەلىمى كۆرمىگەن ئاددىي بىر ياش ئىدى. بىنا رەسىملىرىنى سىزىشتا ھىتلېرنى ھەقىقەتەنمۇ تالانتلىق ئىگە بىرسى دېيىشكە بولاتتى. ئەمما ئادەم رەسىمىنى ئادەمنى پەقەتلا كېلىشتۈرەلمەي نىسبەتتىنمۇ بۇزۇۋېتەتتى. ئۇنىڭ بىر مۇنچە رەسىمنى سەنئەت قىممىتى بەك يۇقىرى بولمىسىمۇ يەنىلا چىرايلىق دېيىشكە بولاتتى. سىزغان رەسىملىرىدىن قارايدىغان بولساق، ھىتلېردا ھەقىقەتەنمۇ رەسساملىق قابىلىيىتىنىڭ بارلىقىنى، ئەمما كەسپىي تەربىيىلىنىشنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. قىسقىسى، ھىتلېرنى بىر سەنئەتكار دېگەندىن كۆرە ئۇنى ئۇستا بىر تېخنىك دەپ قاراشقىلا بولاتتى. يەنى ئۇنى بىر رەسسامغا ئەمەس بەلكى بىر بىناكارغا ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى. ئەگەر رەسىم ئۇستىگە بىرەر ئادەم رەسىمى قويۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭ قابىلىيىتى كارغا كەلمەي قالاتتى. 1912-يىلىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ قېرىنداشتا سىزغان رەسىملىرىمۇ خېلىلا ياخشىلانغان، سۇ بوياق رەسىم سەۋىيىسىمۇ خېلىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ماي بوياق رەسىملىرىنى ئەڭ ياخشى دېيىشكە بولاتتى.

ئۇ تىنماي سىزاتتى. ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى جاكوب ئالتېنبېرگ ۋە باشقا رەسىم سودىگەرلىرى تەرىپىدىن سېتىلىپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ رەسساملىق جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى ماختاپ يۈرۈشكىمۇ ھاجىتى قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ يېنىغا يىغىلىۋېلىپ سىزغان رەسىملىرىنى ماختىشىپ كېتەتتى. ھىتلېر بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇلارغا كىچىك پېيىللىق بىلەن مەن بۇ كەسىپنىڭ ئەھلى ئەمەسمەن، مەن تېخى رەسساملىق ساۋاتىنى تولۇق ئىگىلىگىنىم يوق دەيتتى. ئۇنىڭ ئويىچە، ئۇنىڭدىكى ئەسلى تالانت، بىناكارلىقتا يوشۇرۇنغان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ بىر يېقىنىغا، مەن رەسىمنى پۇل ئۈچۈنلا سىزىپ يۈردۈم، ئەسلىدە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان رەسىمىم بىر نەچچە پارچە بىنا كۆرۈنۈشىنى ئاساس قىلىپ سىزغان رەسىملەر، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي  ئەھۋالى سەل ياخشىلىنىپ قالغاندىن كېيىن، تاشقى قىياپىتىدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى بەكلا كونا بولغىنى بىلەن بۇرۇنقىسىدىن كۆپ پاكىز، رەتلىك ئىدى. ساقىلىنىمۇ چۈشۈرتىۋەتكەن ئىدى. ئەمدى ئۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگىمۇ ئېرىشكەن بولۇپ، بويتاقلار ياتىقىنىڭ مەسئۇلىمۇ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇرىدىغان بولدى. ”بۇنداق شەرەپكە ياتاقتا ياتىدىغانلار ئاسانلىقچە ئېرىشەلمەيتتى.“

ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىمۇ كۆپ ئۆزگەرگەن ئىدى. گەرچە ئۇ يەنىلا تىنماي سىياسىي

مۇنازىرە قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ جەھەتتە مۇھىم بىر تەجرىبە-ساۋاققا ئېرىشكەن ئىدى. "مەن ئۇ يەردە كىشىلەر ھەر قانچە سەۋىيىسىز گەپ قىلىشسىمۇ ئاز گەپ قىلىپ كۆپرەك ئاڭلاپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىۋالغان ئىدىم" دەيدۇ. ئۇ، ئۆزىگە دۈشمەن كۆپەيتىۋېلىش بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

ھىتلېرنىڭ پىششىپ يېتىلگەنلىكىنى ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش ئورنىنىڭ ھېچ كىم تەرىپىدىن ئىگىلەنمەيدىغان ھالغا كەلگەنلىكىدىنلا كۆرۈۋېلىش مۇمكىن ئىدى. ھىتلېرغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ دېرىزە تۈۋىدىكى ئورنىغا ھېچ كىم يېقىن يولىمايتتى.50 ئەگەر يېڭىدىن كەلگەنلەردىن بىرەرى بۇ ئورۇنغا ئولتۇرماقچى بولغىنىدا، چوقۇم بىرى كېلىپ "ئۇ ئورۇننىڭ ئىگىسى بار، بۇ ئورۇن ھىتلېر ئەپەندىگە تەۋە" دەپ جېكىلەپ قوياتتى. يېڭى كىرگەنلەردىن كارل خونش ئىسىملىك بىرى ھىتلېرنىڭ ھېچ كىمگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى تېزلا سېزىۋالىدۇ. "ئۇ كۈنلەردە، بىز ھەممىمىز ھېچ نېمىنى چۈشەنمەي كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈرەتتۇق. ... ئارىمىزدا پەقەت ھىتلېرلا ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ئېنىق كۆرەلەيدىغان ئادەم ئىدى" دەيدۇ. ھىتلېر بۇ يېڭى مېھمانغا، سەنئەت ئىنستىتۇتىغا كىرىش تەلىپىم رەت قىلىنىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇزۇنغا قالماي ميۇنخېنغا بېرىپ بۇ مەقسىتىمنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، دەپ ئېيتقان.

بۇ قىرائەتخانىدا، ھىتلېر بىلىمى بار كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. خونش بۇ ھەقتە ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ ھەر كۈنى شۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى. بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ شۇ ئورۇندا يوقلۇقىنى كۆرمەيتتۇق. ئۇ سىزغان رەسىملىرىنى تاپشۇرغىلى كەتكەن ۋاقىتلىرىدىلا بۇ ئورۇن قىسقا بىر مەزگىل بوش قالاتتى. ئۇنىڭ مىجەزىمۇ بەكلا غەلىتە ئىدى. ئومۇمەن ئالغاندا، ھىتلېر كىشىلەرگە بەكلا سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. ئۇ ئۆزىدەك قىيىن كۈنگە قالغانلارنىڭ ھەممىسىگە بىر تۈرلۈك قىزىقىش بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى." گەرچە ھىتلېر كىشىلەر بىلەن ئىناق ئۆتكەندەك قىلسىمۇ، خونش ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىلا چەكلىك مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى دەپ كېلىپ: "ھېچ كىم ئۇنىڭدىن پايدا ئۇندۇرۇۋالاي دېمەيتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ھىتلېر ھەرگىز مەغرۇرلىنىپ كېتىدىغان، ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىغان بەرسى ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا يۇمشاق، كىشىلەرگە ياردەم قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىرى ئىدى. ئەگەر بىرەرى يەنە بىر كېچە قونالىشى ئۈچۈن ئەللىك تەڭگە پۇلغا ئېھتىياجى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپلا قالسا بېرىپ ئۇنىڭغا مەردلىك بىلەن ياردەم قىلاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاچ قالسىمۇ رازى ئىدى. مەن ئۇنىڭ نەچچە قېتىم قالپىقىنى گۈرۈگە قويۇپ بولسىمۇ باشقىلارغا ياردەم قىلغانلىقىنى

كۆرگەن ئىدىم" دەيدۇ.

ئادەتتىكىچە سىياسىي مۇنازىرىلەردە، ھىتلېر رەسمىي سىزىشتىن توختىماي تۈرۈپ ئارىلاپ گەپ قىستۇرۇپمۇ قوياتتى. ئەگەر "قىزىلپاچاق"، "ئەيسا جەمئىيەت ئەزاسى" دېگەندەك گەپلەر ئوتتۇرىغا چىقىپلا قالىدىكەن، ياكى بىرەرسى ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدىغان گەپلەرنى قىلىپلاسالىدىكەن، ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە ئۇنىڭ بىلەن تىغمۇ-تىغ مۇنازىرىگە چۈشۈپ كېتەتتى. بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكىنىدە سۆزىنىڭ قوپال چىقىپ كېتىشىگىمۇ دىققەت قىلىپ كېتەلمەيتتى." ئاندىن قولىنى شىلتىپ ئورنىغا قايتىپ بېرىپ، "ئىسسىت، سېنىڭدەك بىرى بىلەن تاكاللىشىمەن دەپ راستىنلا ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىپتىمەن. ساڭا پەقەتلا گەپ ئۆتمەيدىكەن، بۇنداق گەپلەرنى ھەرگىز چۈشەنمەيدىغان بىرنېمىكەنسەن" دېگەندەك قىياپەتتە ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كېتەتتى.

بىر ھېساباتا، ھىتلېر ۋېيىنالىقلار ۋە ئۇ يەردىكى تۆۋەن قاتلام كىشىلىرى بىلەن ئىچ قويۇن-تاش قويۇن بولۇپ يۈرەتتى. بۇ جەھەتتە نۇرغۇن مەلۇماتلارنى، نۇرغۇن بىلىملەرنى قولغا كەلتۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنىمۇ قولغا كەلتۈرەلەيتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا ۋېيىنادا ئۆگەنگۈدەك تۈزۈك بىر نېمە قالمىدى دېيىشكە بولاتتى. شۇڭا، يېقىنقى ئايلاردىن بۇيان ئۇنىڭ قەلبى گېرمانىيە دېگەن بۇ "ۋەتەن" گە تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان بولدۇ. ئۇ كارىۋىتىنىڭ بېشىغا مۇنداق بىر شوئارنى ئەينەك رامكىغا ئېلىپ ئېسىپ قويدۇ:

ئەركىنلىك يولىمىز پارلاق، ئىشەنچىمىز پۈتۈن.
ۋەتەنگە تەلپۈنىمىز بىز! ياشىسۇن ۋەتەن!
خايل!

ئادولف ھىتلېر، ھابسبۇرگلار خاندانلىقىنىڭ بۇ سېھىرلىك پايتەختىدە بەش يېرىم يىللىق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كۆچۈردۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ۋېيىنانى بىر تەرەپتىن ياخشى كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ شەھەرگە ئۆچلىكى كېلەتتى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بۇ بىر پەردىلىك كەچۈرمىشىنى "ۋېيىنادا ئوقۇش ئۆچۈن تارتقان جاپالىق كۈنلىرىم" دەپ نام بېرىش مۇمكىن. ئۇ، بۇ دەرد-ئەلەملىك كۈنلىرىنى "ھاياتىمدىكى ئەڭ پاجىئەلىك كۈنلىرىم" دېيىش بىلەن بىرگە، ئۇ يەردە ئېرىشكەن بىلىملەرنى ھەر قانداق ئالىي مەكتەپتىمۇ ئېرىشكىلى بولمايدۇ دەيتتى. شۇڭا ئۇ، "بۇ يەردىكى ھاياتىم مېنىڭ ئەڭ جاپالىق، ئەڭ مۇكەممەل مەكتەپ ھاياتىم ھېسابلىنىدۇ" دەيدۇ.

1913-يىلى 24-مايدا، ھىتلېر پۈتۈن نەرسىلىرى قاچىلانغان كونا بىر تاغارنى

ئۆشنىسگە ئارتىپ، بويتاقلار ياتىقى ئورنىنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چىقىدۇ. خونىش شۇ كۈنىدىكى مەنزىرىنى ئەسلىگىنىدە51 ئۇنىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەممەيلەننىڭ قاتتىق كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى دەيدۇ: ”بىز ھەقىقەتەنمۇ ياخشى بىر سەپدىشىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدۇق. ئۇ ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان، ھەممىگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدىغان بىرى ئىدى.“

ئادولف ھىتلېر، ۋېنىنادىن ئايرىلىپ ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ئاختۇرۇش ئۈچۈن ميۇنخېنغا قاراپ سەپەر قىلىدۇ. ”بۇ شەھەرگە كىرىپ كەلگىنىمدە تېخى ياش بىر يىگىت ئىدىم. ئۇ يەردىن ئايرىلغىنىمدا بولسا رەسمىي بىر ئادەم بولۇپ يېتىشكەن ئىدىم. مەن ۋېنىنادا ئۆزىنى تۆتىۋالغان ئېغىر بېسىق بىرىگە ئايلانغان ئىدىم. ئۇ يەردە مېنىڭ ئىدىيەم، بولۇپمۇ سىياسىي قاراشلىرىم دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن ئىدى. شۇ چاغدا ئۇلىنى سېلىشقا باشلىغان قاراشلىرىمدىن قەتئىي ۋاز كەچمىدىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا پەقەت ئۇلارنى تەپسىلىي تولۇقلاش بىلەنلا ئۆتتۈم“ دەيدۇ ھىتلېر تەرجىمىھال كىتابىدا.

ھىتلېر ھېلىقى بويتاقلار ياتىقىدا ساق ئۈچ يىل ئۈچ يېرىم ئاي ياتىدۇ. ئۇ يەر ئۇنىڭ ئائىلىسىگە، ئۇنىڭ سېغىنىدىغان ئۇۋىسىغا ئايلانغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىش ۋاقتىدىكى مەنزىرىنى خونىش مەڭگۈ ئېسىدىن چىقىرالمايتتى. ئۇ، ھىتلېر بىر ھەمراھى بىلەن (ئۇ ھەر قانچە ئەسلەپمۇ ھىتلېر بىلەن بىرگە كېتىۋاتقان ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى) بىرلىكتە پىيادە سەپەرگە ئاتلانغان ۋاقتىدىكى كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولغان ئىدى. ئۇنىڭ بىرلىكتە يولغا چىققان ھەمراھى ئەگەر يەھۇدىي نيۇمان بولغىنىدا (ئۇمۇ ئۇزۇندىن بېرى ئىمپېرىيە تۇپراقلىرىغا كۆچۈپ كېتىشنى نىيەت قىلىپ يۈرگەن بىرى ئىدى)، بۇ ئىش ھىتلېر ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ بەكلا قاتتىق مەسخىرە ھېسابلىناتتى.

# 3. قاتتىق خوشاللىق
# 1918.11~1913.5

1

ۋېينىدا بىكتىدە پويىزدىن چۈشكەن ھىتلېر، پەلەمپەيلەردىن چىقىپ مىيۇنخېننىڭ ۋاراك-چۇرۇڭلۇق خۇببۇب رايونىغا كىرىپ كېلىدۇ. شۇ مىنۇتتىن باشلاپ باۋارىيىنىڭ بۇ مەركىزى شەھىرىنىڭ ھەممە نەرسىسى ئۇنىڭغا چىرايلىق كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ۋېيىندا ھەر تۇرلۇك تىل ۋە شېۋىلەرنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەن ۋاراك-چۇرۇڭغا كۆنۈپ كەتكەن ھىتلېر، بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا سۆزلىششلىرىنى ئاڭلاپ ئالاھىدە يېقىملىق ھېس قىلىدۇ. "بۇ شەھەر ماڭا شۇنداق يېقىملىق بىلىنمەكتىكى، گويا مەن بۇ شەھەردە بۇرۇن ئۇزۇن يىللار ياشاپ باققاندەكلا ھېسسىياتلارغا كېلىپ قالغان ئىدىم" دەيدۇ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدا.

ئۇ كۈنلەر دەل باھار كۈنلىرىگە توغرا كەلگەن ۋاقىت بولۇپ، ئەتىيازنىڭ ئىللىق كۈن نۇرى ھەممە يەرنى ئىسسىتىۋاتقان، باۋارىيە تەرەپتىكى ئالپ تاغلىرىدىن ئۇرغان شامال ھاۋانى تازىلاپ گويا ۋېيىنادىكىدىنمۇ ساپ ھاۋانى بۇ شەھەرگە ئېلىپ كەلگەندەك تۇيغۇ بەرمەكتە ئىدى. ئۇ كۈنى ھەپتىنىڭ يەكشەنبە كۈنى، مايىنىڭ 25-كۈنى بولۇشىغا قارىماي كوچىلاردا سەيلە ئارتۇق ئادەم كۆرۈنمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ھىتلېر كوچىدىكى بىنالار بىلەن ھەيكەللەرنى كۆرۈپ ھەيران قالغانلىقىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپلا قالىدۇ. شۇڭا ئۇ "بۇ شەھەرگە كىرىپ كەلگەن ۋاقتىمدىن باشلاپلا، بۇ يەرنى باشقا ھەر قانداق بىر شەھەردىن بەكرەك چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم. مانا بۇ _ ھەقىقىي نېمىس شەھىرى" دەيدۇ.

ئادولف بۇ شەھەردە ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا يېرىم سائەتتەك ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ھىتلېر، ئېھتىمال كۆنىگسپلاتز مەيدانىدىن كېسىپ ئۆتكەن بولۇشى كېرەك، بىر چاغدا شلىيىسخېيمېرستراس كوچىسىغا يېتىپ كېلىدۇ. كۆز ئالدىدىكى پروپىيلايىن كىمىر شەكىللىك قورۇلۇش بىلەن يىراقتىكى مەيداننى كۆرۈپ ھەيران بولغانلىقىدىن ھاڭۋېقىپ ئېغزى ئېچىلىپلا قالىدۇ. كېيىن ئۇ بىرىيېننېرستراس كوچىسىغا قاراپ يۈرگەن بولسا كېرەك،

خۇددى شەھەر سېپىلىدەك ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھاراق زاۋۇتىغا، يەنى لۆۋېن پىۋا زاۋۇتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدۇ. بۇ يەر شۋابىڭ رايونىغا تەۋە، يەنى ستۇدېنتلار رايونىنىڭ چەت ياقىسى ئىدى. شلېيسخېيمېرستراس كوچىسى بۇ يەردىن باشلىنىپ شىمالغا قاراپ سوزۇلغان ئىدى.53 ئىككى بىنادىن ئۆتۈپ 34-نومۇرغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەر پوپ كىيىم تىكىش دۇكىنى ئىدى. بۇ دۇكاننىڭ دېرىزىسىگە قولدا يېزىلغان بىر ئېلان چاپلانغان بولۇپ، "ئىجارىگە ئۆي. ئۆي ئەسۋابلىرى تولۇق، دۇرۇس بىرىگە ئىجارە بېرىلىدۇ" دەپ يېزىلغان.

بۇ ئېلاندا كۆرسىتىلگىنى بويىچە ھىتلېر 3-قەۋەتكە چىقىدۇ. ئۆي ئىگىسى پوپ خانىم ئۇنى ئىجارىگە بېرىلىدىغان ئۆيگە باشلاپ كىرىدۇ. ئۆيدە بىر كارىۋات، بىر ئۈستەل، بىر ساپا، بىر ئورۇندۇق قويۇلغان ئىدى. تامدا ئىككى پارچە كۆچۈرۈلمە ماي بوياق رەسىم ئېسىقلىق تۇراتتى. "كەلگەن بۇ يىگىت مېنىڭ بىلەن دەرھال توختام تۈزۈشۈپ ئۆيۈمنى ئىجارىگە ئالدى. _ دەيدۇ ئۆي ئىگىسى خانىم كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، _ بۇ ئۆي ماڭا بەكلا ئۇيغۇن ئۆي ئىكەن دەپ، ئىجارە ھەققىنى ئالدىن تۆلىۋەتكەن." ئۆي ئىگىسى خانىم ئۇنىڭغا بىر تىزىملىتىش جەدۋىلى ئۇزارتىدۇ. ئادولف ئۇ جەدۋەلنى "ئادولف ھىتلېر، بىناكارلىق رەسسامى، ۋېيىنادىن كەلگەن" دەپ تولدۇرىدۇ.

"ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن ھىتلېر ئەپەندى سىرتقا چىقىپ كېتىپ ئۇزۇنغا قالماي يەنە قايتىپ كىرىپتۇ. قولىدا نەدىندۇ بىر يەرلەردىن تېپىۋالغان كونىراپ كەتكەن بىر رەسىم سىزىش قوندىقى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ دەرھال رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇ ئولتۇرۇشىدا نەچچە سائەت رەسىم سىزدى. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە ئۇنىڭ يەنە ئىككى پارچە رەسىم سىزىپ چىققانلىقىنى كۆردۈم. سىزغان رەسىمى بەكلا چىرايلىق ئىدى. ئۈستەل ئۈستىگە يېيىپ قويۇپتۇ. بىر پارچىسى بىر چىركاۋ رەسىمى بولۇپ، يەنە بىرى قايسى بىر تىياتىرخانىنىڭ رەسىمى ئىدى. مېنىڭ بۇ خېرىدارىم پوپكىسىنى ئېلىپ رەسىمگە خېرىدار تېپىش ئۈچۈن سەھەردىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى" دەيدۇ پوپ خانىم.

ھىتلېر ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن ميۇنخېنغا كەلگەن بولۇپ، بۇ يەردە ئۈچ يىل رەسساملىق بىلەن بىناكارلىقتا ئوقۇش خىيالىدا ئىدى. ئەمما ئەمەلىيەت ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پەقەتلا پۇرسەت بەرمەيدۇ. نەتىجىدە ھىتلېرمۇ ئۇ يەرنىڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا زادىلا ئايىقىنى باسالمايدۇ. ۋېيىناغا سېلىشتۇرغاندا بۇ يەردە رەسىم سىزىشكە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزمەك تېخىمۇ تەس ئىدى. بۇ يەردىكى شەھەر ئىچى تىجارەت مۇھىتى ۋېيىنادىكىدىن بەك پەرق قىلىپ كەتمىسىمۇ، بۇ شەھەردە خىجىل بولۇشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئىشىكمۇ-ئىشىك، قاۋاقمۇ-قاۋاق قاتراپ رەسىم

سىتىش ھەققەتەنمۇ نومۇس قىلارلىق بىر ئىش ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ يەنىلا ئىرادىسىدىن يانمايدۇ. ھەر قانچە قىيىن بولۇشىغا قارىماي ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مەقسىتىگە يېتىشكە بولغان ئىشەنچى كامىل ئىدى.

1913-يىلى ميۇنخېن 6 يۈز مىڭ نوپۇسلۇق بىر شەھەر ئىدى. ميۇنخېن، ياۋروپادا پارىژدىن قالسىلا ئالاھىدە جانلانغان مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. نۇرغۇن يىللاردىن بېرى بۇ شەھەر بەكلا كۆپ رەسسامنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەمما ھىتلېرنىڭ ھېس قىلىشىچە بۇ كىشىلەر پۈتۈنلەي چىرىگەن كىشىلەر بولۇپ، شىۋېتساريىلىك پاۋۇل كلېي، ئاندىن كاندىنسكى، ژاۋلېنسكى ۋە بۇرلىيۇك ئاكا-ئۇكىلارغا ئوخشاش كىشىلەر شەرقتىن كەلگەن مۇساپىرلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ”يېڭى رەسساملار جەمئىيىتى“ نىڭ يېتەكچىلىرىدىن ھېسابلىناتتى. بۇ جەمئىيەت بۇندىن تۆت يىل بۇرۇن قۇرۇلغان بىر تەشكىلات بولۇپ، ئۆز ئەزالىرىغا تېخىمۇ كۆپ ئەركىن مۇھىت يارىتىپ بېرىشنى ئاساسى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان ئىدى. ھىتلېر بولسا كلاسسىك ئېقىمغا مەنسۇپ رەسسام بولۇپ، بۇ جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ چۈشەنچىلىرى بىلەن پەقەتلا كېلىشەلمەيتتى. شۇنىڭغا قارىماي بۇ خىل يېڭىچە نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار سەنئەت ساھەسىدە ميۇنخېنغا تۈركە بولۇپ ھاياجان ئېلىپ كەلگەن ئىدى. تەبىئىي ھالدا بۇنداق نەزەرىيە ئاۋسترىيەلىك ياش ھىتلېرنىمۇ قىزىقتۇراتتى. ”ميۇنخېندىكىلەر شەرقتىكى رۇسىيە بىلەن بالقان يېرىم ئارىلىدىن قېچىپ كەلگەن ئۇزۇن چاچلىق بۇ كىشىلەرنى كۆچمەن مىللەت دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلار ئۇزۇلمەي شۇۋابىڭغا، يەنى شىمالى شەھەر رايونىغا كۆچۈپ كىرمەكتە ئىدى. ئۇ يەرلەرنىڭ يوللىرى تۈپتۈز ياسالغان. ... بۇنداق ياسىلىشتىكى مەقسەت، كۆپ سانلىق رەسسام ئۆيلىرىگە يېتەرلىك كۈن نۇرى چۈشۈشنى مەقسەت قىلىشقان بولىشى مۇمكىن.“ گەرچە ھىتلېر بۇ تۈردىكى شەرقتىن كەلگەن كۆچمەنلەرنى مەنسىتمىگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر بوخېمىيىلىك ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇمۇ شەرقلىقلەرنىڭ ئەركىنلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇ يەردە، ئۇنىڭ چوقۇنىدىغىنى «ترىستان بىلەن ئىسولد»، «شېئىر جەمئىيىتى»، «رېيىن قىنىدىكى ئالتۇن» قاتارىدىكى كونا رەسىملەر ئىدى؛ بۇ شەھەر رايونىدا يەنە ستېفان گېئورگ، راينېر مارىيە رىلكلارغا ئوخشاش داڭلىق نېمىس شائىرلىرىمۇ ياشايتتى؛ شۇنىڭدەك يەنە بۇ يەردە رىچارد ستراۋۇسمۇ دراما يېزىشنى داۋام قىلماقتا، توماس مان تېخى يېقىندىلا «ۋېنۇسنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن رومانىنى پۈتتۈرگەن، ئوسۋالد سپېڭگلېر بولسا 54 ھىتلېر تورۇۋاتقان ئۆيدىن تولا بەك يەرق قىلمايدىغان قۇپقۇرۇق بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ «غەربنىڭ يىمرىلىشى» دېگەن ئەسىرىنىڭ

بىرىنچى قىسمىنى يېزىۋاتاتتى. يېقىن بىر يەردە، ”ئون بىر قاراقچى“ دېگەن بىر رېستوراندا، «زوراۋانىنىڭ كارىكاتۇرىيىسى» نىڭ يازغۇچىسى، ئەسكى نام چىقىرىۋەتكەن تالانت ئىگىسى فرانىك ۋېدېكىند ئۆزى يازغان ناخشىسىنى ئورۇنداۋاتاتتى؛ پۈتۈن گېرمانىيە بويىچە شەھۋانىيلىق بىلەن تولغان ئۇنىڭ ئىجادىيىتى _ پەسكەش تىياتىرلىرىنى ئوينىماقتا بولۇپ، تاماشىبىنلار ھۆ قىلغۇدەك ھالغا كەلسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە بولغان قىزىقىش پەسەيمىگەن ئىدى.

بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، كىشىلەر بەكلا ئۆچ كۆرىدىغان ئەڭ ئەخمىقانە سەنئەت بىلەن سىياسىي نەزەرىيىلەرنى ھەممە تەڭ مەدھىيىلەيدىغان بوخېمىيىچىلىك روھى ميۇنخېنىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە، ھەممە بۇ چاكىنىلىقلار پۈتۈن دۇنيادىكى ئەدەپسىز كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا ئىدى. شلېيسخېيمېرستراس كوچىسىدىن نەچچە بىنالا نېرىسىدا، يەنى 108-نومۇردا يەنە بىر رادىكال سىياسەتچى ئولتۇراتتى. ئۇ ئادەم رۇسىيەدىن سۈرگۈن قىلىنغان بىرى بولۇپ، بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىغىمۇ بىر يىلدىن ئېشىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغاندا يازغان ئىسمى مېيېر ئەپەندى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ۋلادىمىر ئىلئىچ ئۇليانوۋ ئىدى. يەر ئاستى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگىنىدە سەپداشلىرى ئۇنى لېنىن دەپلا ئاتىشاتتىكەن. بۇ كىشى، بۇندىن ئون يىل ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ ماركسىزم نەزەرىيىلىرى ئاساسىدا كىتاب يېزىپ ئۆز تەلىماتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مانا ئەمدى، ھىتلېرمۇ شۋابىڭدىكى بۇ تۈر قەھۋەخانىلارغا، مېھمانخانا-رېستورانلارغا كىرىپ چىقىپ يۈرىدىغان، ئۇ يەرلەردىكى ئەركىنلىك ئىدىيىسىنىڭ يەڭگىل ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ يۈرىدىغان بولدۇ. ئۇنىڭدىكى بۇنداق ئاسىيلارچە تۇغما مىجەزى بىلەن قوپال مىجەز-خاراكتېرىدىن بۇ يەردە ھېچكىم قورقۇپ قالمايتتى. ھىتلېر بۇ يەردە، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يېڭى پەيدا بولغان يەنە بىر غەلىتە مىجەزلىك بىرىلا ھېسابلىناتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئارىلاپ ئۆزىنىڭ قۇرساق كۆپۈكلىرىنى تۆكىدىغانغا، غايىلىرىنى ئاڭلاپ بېرىدىغانغا بىرەرى چىقىپ قالسا ئىچىنى تۆكۈۋېلىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلەيتتى. گەرچە ئۇ شۋابىڭدىكى بوخېمىيىچىلىك ئېقىمىدىكىلەر بىلەن ئاز-تولا مۇناسىۋىتى بار بىرى ھېسابلانسىمۇ، ئۇنىڭ رەسىم سىزىشتىكى پاسونى قىلچە ئۆزگەرمىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سەنئەتتىكى بۇنداق مۆتىدىل ئۇسلۇبى ئۇنىڭدىكى ھاياجانلىق خاراكتېرى بىلەن يالقۇنلۇق سىياسىي قاراشلىرىغا پەقەتلا ماس كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى يەنىلا ئىنستىتۇت تۈسىنى ئالغان بولۇپ، تەجرىبە قىلىپ يېڭىلىق چىقىرىش ئېقىمىغا ھەرگىز ماس كەلمەيتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى مەردانە ئۇسلۇب، ھەتتا كۈچلۈك تۇيغۇلارغا ئىگە

دېيىشكىمۇ بولاتتى.

ھەممە ئېقىملار تەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ يەردە، ئۇ ماركسىزمغا يېقىدىن قىزىقىشقا باشلايدۇ. ئۇ، بىرەر قىرائەتخانىغا كىرىۋالسا، كىتاب كۆرۈپ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئادولف، بۇنداق ۋاقىتلاردا ۋەيرانچىلىق پەيدا قىلىشقا يېتەكلەيدىغانلىكى نەزەرىيىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ماتېرىياللارنى كۆرۈپ تەھلىل قىلاتتى. "... مەن بۇ يەردە بۇ تۈر يېڭىچە دۇنيا قاراش نەزەرىيىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى قېتىرقىنىپ تەھلىل قىلىشقا تىرىشتىم. شۇ ئارقىلىق بۇ يېڭىچە دۇنيا قاراش پەيدا قىلىش ئېھتىمال بولغان تەسىرلىرىنى بىلىپ چىقىشقا ئۆزۈمنى ئاتىغان ئىدىم. شۇنىڭدەك، بۇ يېڭىچە دۇنيا قاراشنىڭ سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىمىزدا پەيدا قىلىۋاتقان ھەر تۈرلۈك ھادىسىلەر بىلەن ئەمەلىيەتلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك ئاقىۋەتلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مىسلى كۆرۈلمىگەن يالغانچىلىقنىڭ ئاخىرقى غايىسى بولغان بۇ ئەقىدىنىڭ پۈتكۈل دۇنيانى قولغا چۈشۈرۈشنى بىردىن بىر مەقسەد قىلغان ئەك قورقۇنچلۇق ۋابا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم."

ھىتلېر، قىرائەتخانىدىن ياتىقىغا قايتقىنىدا ھەر دائىم بىر قولتۇقىغا بىر نەچچە پارچە كىتاب، يەنە بىر قولتۇقىغا قېزا-بولكا قىستۇرغان ھالدا پەلەمپەيدىن ئالدىراش چىققىنىچە ياتىقىغا كىرىپ كېتەتتى. پوپ ئەپەندىم ئۇنىڭ لوۋېنبراۋكېللېر رېستورانى تۇرماق باشقا بىرەر كىچىكرەك ئاشخانىغىمۇ كىرمەس بولۇۋالغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، ئادولفنى "بىزنىڭكىگە كىرىپ تاماق يېگەچ بىردەم-يېرىمدەم ئولتۇرۇپ چىق" دەپ بىر قانچە قېتىم ئۆيىگە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئادولف بۇنداق تەكلىپلەرنى پەقەتلا قوبۇل قىلمايدۇ. پوپ خانىمۇ بۇ "ئاۋستىرىيەلىكنى بەكلا سىرلىق بىرى" دەپ بىلەتتى. بۇ ئايال، ھىتلېرنى بەكلا چىقىشقاق، كىشىلەرگە ياردەم قولىنى ئۇزارتىشقا ئامراق ياش بىرى ئىكەن، شۇنداقتىمۇ يەنىلا چۈشەنگىلى بولمايدىغان سىرلىق بىرى دەپ قارايتتى. "ئۇنىڭ نېمە خىياللارنى قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى پەقەتلا بىلەلمەيسەن، ئۆيىگە بىر كىرىۋالسا نەچچە كۈنلەپ سىرتقا چىقمايدۇ. بۇ ئادەم خۇددى بىر سىرلىق چەۋەندازغا ئوخشاش ئۆيىگە قاملىپلا ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆيىدە ئەتىدىن كەچكىچە قېلىن كىتابلارنى قولىدىن چۈشۈرمەي قادىلىپ ئولتۇراتتى" دەيدۇ ئاق كۆڭۈل ئۆي ئىگىسى خانىم. ئۇنى ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ تاماق يەپ چىق دەپ ھەر قانچە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئادولف چوقۇم بىرەر باھانە كۆرسىتىپ سىلىقلىق بىلەن رەت قىلاتتى.55 بىر قېتىم ئادولفتىن "ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىڭىزنىڭ رەسساملىق بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟" دەپ سورىۋېدى، ھىتلېر ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتقىنىچە "سۆيۈملۈك پوپ خانىم، ھاياتى بويىچە ئۆگەنگەن نەرسىلىرىدىن قايسىلىرىنىڭ كارغا كېلىپ

قايسىلىرىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئالدىن بىلەلەيدىغان ھېچ كىم يوق. مەنمۇ ھەم شۇنداق، بۇلارنىڭ كېيىن ئەسقېتىپ-ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلەلمەيمەن" دەپ سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بەرگەن ئىدى. ئادولف، كىتاب ئوقۇشتىن كېيىن ئادەتتە قەھۋەخانا ياكى پىۋىخانىلارغا كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقاتتى. ئۇ يەرلەردە ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلايدىغانغا چوقۇم بىرسى تېپىلىپ تۇراتتى. ئۇنداق يەرلەردە، ھىتلېر ھە دېگەندىلا بەزى جان ئالىدىغان مەسىلىلەرگە بولغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. بۇنىڭغا بەزىلەر دەرھال رەددىيە بېرىشكە ئۇرۇناتتى. شۇنداق قىلىپ ھەممە ئۆز بىلگىنىچە بىر نېمىلەر دەپ سۆزلىشىپ، قىزغىن سىياسىي مۇنازىرە ئىچىگە كىرىپ كېتىشەتتى. ئەمما بۇنداق سورۇنلاردىكى مۇنازىرىلىشىشلار ھىتلېرنىڭ كۆزقاراشلىرى بىلەن نەزەرىيىلىرىنى تېخىمۇ پۇختىلىۋېلىش پۇرسىتىنى بېرەتتى.

قىش كېلىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ رەسىمنى ئالىدىغان خېرىدارلارمۇ ئازىيىپ، تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئادولف "ئۇ ۋاقىتلار ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك، ئەڭ خۇشاللىق كۈنلىرىم ئىدى" دەيدۇ. شارائىت ناچار ۋاقىتلاردا ۋېيىننا بەكلا زېرىكىشلىك بىر يەر ئىدى. ئەمما مىيۇنخېن ھېچ قاچان ئۆزىنىڭ سېھىرلىك كۈچىنى يوقاتمايدىغان بىر شەھەر. "بۈگۈنكى كۈندە، ئەگەر دۇنيادىكى باشقا يەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا مىيۇنخېننى ھەممىدىن بەكرەك ياخشى كۆرگەن بولسام، _ دەيدۇ ھىتلېر ئارىدىن 11 يىل ئۆتكەندىن كېيىن تۈرمىدە ئەسلەپ، _ بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، بۇ شەھەر مەيلى بۇرۇن، مەيلى ھازىر، مەن باشلىغان كۈرەش يولۇمغا زىچ باغلىق بىر شەھەر بولغانلىقى. مەن شۇ ۋاقىتلاردا بۇ شەھەردە كۆڭلۈم خاتىرجەم، بەخت ئىچىدە ياشىيالىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى، بۇ شەھەر خەلقىنى تەشكىل قىلغان ۋىتتېلسباخلىقلارنىڭ تۇرغان بۇ يەردىكى كىشىلەر ھەممە ئىشنى زىغىرلاپ ھېسابلايدىغان كىشىلەرلا بولۇپ قالماي، ھېسسىياتقا باي خاراكتېرىنىڭ سېھىرلىك كۈچى سەۋەبچى بولغان دېيەلىشىم مۇمكىن."

1914-يىلى يېڭى يىل بايرىمىدىن كۆپ ئۆتمەي، يەنى بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، ھىتلېرنىڭ قىينچىلىق ئىچىدە ئۆتسىمۇ يەنىلا تۇرمۇشىنى قامداپ كېتەلىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ كېلىۋاتقان شارائىت تۇيۇقسىزلا تەھدىتكە ئۇچرايدۇ: 18-يانۋار چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ يېرىم بولغاندا، بىرى كېلىپ ئىشىكنى قاتتىق ئۇرۇپ كېتىدۇ. ھىتلېر ئىشىكنى ئېچىپ سۈرلۈك قىياپەتلىك مىيۇنخېن ساقچىسى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىدۇ. ھېرلې ئىسىملىك بۇ ساقچى ئۇنىڭغا ئاۋستىرىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بىر ئۇقتۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇقتۇرۇشتا "ھىتلېر 1914-يىلى 20-يانۋار كۈنى

لىنزدىكى كايزېرىن ئېلزابېت 30-نومۇرلۇق پرېستانغا بېرىپ ھەربىيلىككە تىزىمغا ئالدۇرسۇن" دېگەنلەر يېزىلغان ئىدى. ئەگەر ۋاقتىدا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرمايدىكەن، سوتقا بېرىلىشى مۇمكىنلىكى ياكى جەرىمانە جازاسى بېرىلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. ئىشنىڭ ئەڭ يامان تەرىپى، ئەگەر ھەربىيلىكتىن قېچىش سەۋەبىدىن چەتئەلگە قاچقانلىق جىنايىتى بارلىقى ئىسپاتلانغىنىدا تېخىمۇ ئېغىر جەرىمانە جازاسىغا تارتىلىپلا قالماي، بىر يىل قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىش خەۋپىمۇ بار، دەپ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى ئىدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئادولف بەكلا جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. ئەسلىدە، ئۇ بۇندىن ئۈچ يىل ئاۋۋال مانىبرھېيم بويىتاقلار يۇرتىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا ۋېيىننادا ئەسكەرلىككە ئېلىنماس قىلىپ باققان بولسىمۇ، ھېچ قانداق بىر جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن ئىدى. بۇ ساقچى ھەربىيلىككە تىزىملىتىش ئۇقتۇرۇشىغا قول قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھىتلېرنىڭ كۆڭلى بەكلا پەرىشان ئىدى. قوللىرى تىترىگىنىچە "ئادولف ھىتلېر" دەپ ئىمزا قويۇپ بېرىدۇ. بۇ ساقچى ھىتلېرنى قولغا ئالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى باش شتابقا ئېلىپ بارىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇنى "ئاۋستىرىيە كونسۇلخانىسى" غا يالاپ ماڭىدۇ. بۇ چاغدا، ساقچى دائىرىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ كېتىدۇ. ئۇ كۆنلەردە ھىتلېر ئۆز ھالىنى چۈشەندۈرۈپ يۈرمىسىمۇ ئۇنى كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنەلەيتتى. باش كونسۇلمۇ چىرايى ساغرىپ كەتكەن، ئاچ قورساق، بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، كىيىملىرىمۇ ۋەيرانە بۇ ياش بىچارە رەسسامغا قاراپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ ھەربىيلىككە كىرىش ۋاقتىنى غىنىۋارنىڭ باشلىرىغىچە كېچىكتۈرۈپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىپ لىنزغا تېلېگىرامما بېرىپ بېقىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. ئەتىسى، لىنزدىن "قەتئىي تۈردە 20-يانۋار كېلىپ تىزىمغا ئالدۇر" دېگەن جاۋاب تېلېگىراممىسى كېلىدۇ. شۇ كۈننىڭ ئۆزىلا 20-يانۋار ئىدى. بۇنىڭدىن ھىتلېر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئۇنى ئېچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن باش كونسۇل ئەپەندى ھىتلېرغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ لىنز دائىرىلىرىگە بىر پارچە چۈشەندۈرۈش خېتى يېزىپ بېقىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. ھىتلېر خېتىنى قاتتىق يالۋۇرۇش سۆزلىرى بىلەن يازىدۇ. يازغان خېتى ھەققەتەنمۇ ھودۇقۇش، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇراتتى.56 بۇ خەت بەكلا كۆپ ئىملا خاتالىرى بىلەن تولغان ئىدى. كېيىن ئۇ شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ غەزەپلەنگەن ھالدا، ۋەزىيەت بەكلا جىددىي ئىدى، بۇ يەردىكى ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشقىمۇ پۇرسەت بەرمىدى، ھەتتا يۇيىنىۋېلىشىمغىمۇ ئىمكان بەرمىدى، دەيدۇ.

"ئەسكەرلىككە چاقىرىش ئۇقتۇرۇشىغا ئۆزۈمنى رەسسام دەپ يازدۇرغان ئىدىم، مەن بۇنداق ئاتىلىشقا ھەققىم بار دەپ قارايتتىم. شۇنداقتىمۇ مەلۇم چەك ئىچىدىلا شۇنداق

ئاتلىنىشىم مۇمكىن ئىدى. توغرا، مەن ھەقىقەتەنمۇ سىزغان رەسىملىرىمنى سېتىشقا تايىنىپ كۈن ئېلىشۋاتقان بىرى ئىدىم. مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھېچ قانداق تۇرمۇش ئاساسىم يوق (ئاتام ھايات ۋاقتىدا بىر دۆلەت كادىرى ئىدى)، مېنىڭ رەسىم سىزىپ سېتىشتىكى مەقسىتىم ئۇقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا ئىدى. مەن بىناكار رەسسامى بولغىنىم بىلەن، يەنىلا ئۆگىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بىر شاگىرت ھېسابلىنىمەن. شۇڭا، مەن پەقەت ئازلا ۋاقتىمنى تۇرمۇشۇمنى قامداشنى مەقسەت قىلىدىغان رەسساملىق ئىشىغا سەرپ قىلالايمەن. بۇنىڭدىن قولغا كەلتۈرىدىغان كىرىمىنىڭمۇ تايىنى يوق بولۇپ، ئارانلا كۈن ئېلىشىمغا يېتىدۇ.“

راست دېگەندەك، ئۇنىڭ ئايلىق كىرىمى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا تۇراقسىز ئىدى. شۇ كۈنلەردە ميۇنخېننىڭ رەسىم بازارلىرى قىشلىق ئۇيقۇ مەۋسۇمىگە كىرىپ قالغان، بۇنى ئاز دەپ ميۇنخېندا بۇ ئىش بىلەن كۈن ئالىمەن دەپ يۈرگەن رەسسامدىن ئۈچ مىڭدەك كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ تاپقان پۇلى تېخىمۇ ئازىيىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ھەقتە ئىزاھلاپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: 1910-يىلىدىلا ۋېيېننا دائىرىلىرىگە ئەسكەر بولۇش تەلىپىدە بولۇپ ئىلتىماس سۇندۇم، ھەمدە ۋېيېننادا تارتقان پاجىئەلىك كۈنلىرىمنى تەسۋىرلەپ بىر پارچە رەسىممۇ سىزدىم.

ئۇ ۋاقىتلاردا ياش ۋاقىتلىرىم بولغىنى ئۈچۈن بەكلا تەجرىبىسىز ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىقتىسادىي جەھەتتە ماڭا ياردەم قىلغۇدەك ھېچ كىمىم يوق ئىدى. مەنمۇ غۇرۇرلۇق بىرى بولغىنىم ئۈچۈن باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش ياكى باشقىلارنى قاقتى-سوقتى قىلىشنىمۇ ھەرگىز خالىمايتتىم. شۇڭا ئۆز كۈنۈمنى ئۆزۈم ئامال قىلىپ قامداشقا تىرىشىپ يۈردۈم. بۇ جەرياندا تاپقان بىر نەچچە تىيىن پۇلۇممۇ ئارانلا تاك ئاتقۇزۇۋېلىشىمغا يېتەتتى. شۇ دەۋرلەردە ئىككى يىل بويىچە مېنىڭ بىردىن-بىر سۆيگۈنۈم ”غەم“ ۋە ”يوقسۇزلۇق“ ئىدى، مېنىڭدىن ئايرىلماي كەينىمدىن سوكۇلدىشىپ يۈرىدىغان، تاپقىنىمنى تەك تالىشىپ يەيمەن دەپلا يۈرىدىغان بىردىن-بىر ھەمراھىممۇ ”ئاچلىق“ ئىدى. مەن ”ياشلىق باھار“ دېگەن بۇ گۈزەل سۆزنىڭ نېمە مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىش پۇرسىتىگە ھېچ قاچان مۇيەسسەر بولالمىدىم. ئاردىن بەش يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ ۋاقىتلار ھەققىدە ئېسىمدە قالغىنى ئاچ قورساقلىق، توڭلاپ قېتىپ قالغان پۇت-قوللىرىمنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشىلا ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن شۇ كۈنلەرنى ئېسىمگە كەلتۈرگىنىمدە، يەنىلا خۇشاللىق ھېس قىلماي تۇرالمايمەن. چۈنكى مەن، شۇ ۋاقىتلاردا خەلقىم ياشاۋاتقان ئىنتايىن جاپالىق كۈنلەرنى تەڭ تالىشىپ ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدىم. گەرچە مەن ئىنتايىن ئېغىر نامراتلىق ئىچىدە قاتتىق جاپا تارتقان بولسامۇ،

ئەتراپىمدىكى مۇھىتتىن، كىشىلىرىمدىن ئۈمىد ئۈزىدىغان، تۇيۇق يولغا كىرىشكە تەييار مىجەزنى شەكىللەندۈرۈش ئورنىغا، سەۋر قىلىپ ئۆزۈمنى ساپ تۇتۇشقا غەيرەت كۆرسىتەلىدىم. ھېچ قانداق بىر جىنايى ۋەقەلەرگىمۇ ئارىلىشىپ قالمىدىم. ئەسكەرلىك مەسىلىسىدىكى بىرىپ تىزىمغا ئالدۇرمىغىنىمدىن باشقا، مەن ئۆزۈمنى نومۇسقا قويغۇدەك ھېچ قانداق يامان ئىشقا بۇلغاپ يۈرمىدىم. مېنىڭ ھەربىيلىككە تىزىملىتىش ئۈچۈن بارمىغانلىقىمنىڭ ئاساسى سەۋەبى، بۇ ئىشلاردىن پەقەتلا خەۋىرىم بولمىغانلىقىدىندۇر. مېنىڭ بوينۇمغا ئالىدىغان بىردىن- بىر خاتالىقىم، بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولالالماسلىقىمدىنلا ئىبارەت. ئەگەر بۇنىڭ ئۈچۈن جەرىمانە قويماقچى بولسىڭىزلار، قۇربۇم يەتكۈدەك جازا بولسا تۆلەشكە تەييارمەن.

ئۇنىڭ بۇ خېتى، ئۆزىنىڭ بەكلا ئاجىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىر پارچە يالۋۇرۇش خېتى بولسىمۇ، خېتىدە باش كونسۇلنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىدىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلانغان. شۇ سەۋەبتىن، باش كونسۇلمۇ ئۆز پىكرىنى ھىتلېر يازغان خەتكە قوشۇپ لىنىز دائىرىلىرىگە ئەۋەتىۋېتىدۇ. باش كونسۇل بۇ ئەسكەرتىش خېتىدە ھىتلېرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ سەممىيلىك بىلەن راست گەپ قىلغانلىقىغا مېيىنخېن ساقچىسى بىلەن ئۆزى بىرلىكتە گۇۋاھچى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويىدۇ. ھەمدە، ھىتلېر ھازىر ئالاھىدە ئېتىبار قىلىنىشقا بەكلا موھتاج بولغىنى ئۈچۈن، باش كونسۇل، ئۇنىڭ لىنىزغا بېرىپ يۈرمەي يېقىندىكى سالزبۇرگقىلا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. لىنىز دائىرىلىرىنىڭ ماقۇل جاۋابى كەلگەندىن كېيىن، ھىتلېر

5-يانۋار كۈنى كونسۇل چىقىمى بىلەن سالزبۇرگقا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ يەردىكىلەر "ھىتلېرنىڭ راستىنلا سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ بەكلا ناچار، بەكلا ئاجىز ئىكەنلىكىنى، جەڭلەرگە قاتنىشىش ياكى ياردەمچى ھەربىي سەپ ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا مىلتىق كۆتۈرگۈدەك قۇربىنىڭمۇ يوقلۇقىنى كۆرىدۇ." دېمەك، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتلاردىكى ھەربىيلىككە شەرتى توشمايدىغان ئاجىز بەدىنى ئۇنى ھەرگىز خالىمايدىغان ئاۋسترىيە ئۈچۈن ئەسكەر بولۇشتىن ساقلاپ قالغان.

شۇنداق قىلىپ، ئادولف يەنە شۇ بۇرۇنقى ياتىقىغا قايتىپ رەسىم سىزىپ سېتىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەمما، 28-ئىيۇن كۈنىدىكى بىر ۋەقە، ئۇنىڭ ئارانلا ئۆزىنى قامداشقا يېتىپ كېلىۋاتقان شۇ رەسىم سىزىش ئىشى بىلەن بىناكار بولۇپ يېتىشىش ئارزۇسىنى ئاخىرقى ھېسابتا پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىدۇ. شۇ كۈنى، ئۇ ياتىقىدا ئولتۇرغىنىدا تۇۋەندە، كوچىدىن تۇيۇقسىزلا ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ.

نىمە ئىش بولدى دەپ دەرھال پەسكە چۈشىدۇ. بىنادىن چۈشۈۋاتقىنىدا ئۆي ئىگىسى پوپ خانىم جىددىيلەشكەن ھالدا "ئاۋستىرىيە شاھىنىڭ ۋارىسى، شاھزادە فرانز فېردىناند سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ!" دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ.57 ھىتلېرمۇ پوپ خانىمنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ كوچىغا يۈگۈرگىنىچە چىقىپ توپلىشۇۋالغان كىشىلەر ئارىسىغا قىسىلىپ كىرىدۇ. كوچىدا، بىر مۇنچە كىشى تامدىكى قارا تاختىغا قاراشقىنىچە قىستىلىشىپ قالغان بولۇپ، ھىتلېر مىڭ تەستە قىستىلىپ يۈرۈپ ئالدىغا ئۆتۈپ تاختىدىكى خەتلەرنى ئوقۇيدۇ: ئېلاندا شاھزادە بىلەن ئۇنىڭ ئايالى سوفىيەنىڭ قاتىلى گاۋرىلو پرىنسىپ دېگەن سېربىيەلىك ياش بىر تېرروررچى ئىكەنلىكى يېزىلغان ئىدى. ھىتلېر بۇرۇن ۋېيىنادا تۇنجى قېتىم ئاۋام پالاتاسىغا كىرىپ دېپوتاتلارنىڭ نۇتۇقلىرىنى ئاڭلاپ سلاۋيانلارنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىغا قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ بۇ ئۆچمەنلىكى قايتا ئەۋجىگە چىقىدۇ.

ۋېيىنادا، غەزەپلەنگەن خەلق ئاممىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ سېربىيەلىكلەر كونسېپسىيە رايونىنى قورشۇۋالىدۇ. بەزى سىياسىي كاتتىۋاشلار بۇ پاجىئە ياۋروپادا بىر قېتىملىق ئېغىر سىياسىي بوھران پەيدا قىلىۋېتىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. دېگەندەك، گېرمانىيە پادىشاھى ھابسبۇرگ خانىدانلىقىغا يوشۇرۇن بېسىم ئىشلىتىپ، سېربىيەگە بېسىپ كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. گېرمانىيە ئاللىبۇرۇن ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىپ قويغانلىقىنى، سېربىيەگە بىرىنچى بولۇپ ياردەم قىلىش ئېھتىمالى بولغان دۆلەت رۇسىيە ئىكەنلىكىنى، ئەمما رۇسىيە بۇ ئۇرۇش ئۈچۈن قىلچە تەييارلىقى يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ. بۇنداق بېسىم ئاستىدا، ئاۋستىرىيە 28-ئىيۇن كۈنى سېربىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. كېيىندىنلا، رۇسىيەمۇ ئاۋستىرىيەگە قارشى ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكى ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ۋىلھېلمۇ ئوردا سارىيى بالكونىغا چىقىپ "ئۇرۇش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا" دەپ ئېلان قىلىدۇ. كېيىندىنلا رۇسىيەگە، ئەتىسى چۈشكىچە ئومۇمىي سەپەرۋەرلىكنى توختىتىش توغرىلىق ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇم تاپشۇرىدۇ. بۇ ئۇلتىماتۇمغا قارىتا رۇسىيەدىن ھېچ قانداق بىر جاۋاب كەلمىگەچكە، گېرمانىيە پادىشاھى 1-ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن ئومۇمىي يۈزلۈك سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى ئېلان قىلىدۇ.

رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر مىيۇنخېنغا يېتىپ كەلگەندە، دالا ئارمىيىسى مارشاللار بىناسى ئالدىدا خەلق ئاممىسى ئىنتايىن ھاياجانلىق ئىچىدە يىغىلغان ئىدى. بۇ خەلق توپىنىڭ ئالدى تەرەپلىرىدە ئادولف ھىتلېرمۇ بار ئىدى. ئادولف خەلق ئارىسىدا ياللىغۇاشتاق تۇرغان بولۇپ، كىيىملىرى رەتلىك، قىسقا بۇرۇت

قويۇۋالغان هالدا كۆرۈنەتتى. گېرمانىيەدە بۇ ئۇرۇشنى ئۇنۇڭچىلىك ئارزۇ قىلىدىغان باشقا بىرى يوق دېگۈدەك ئىدى. «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدا "ھەتتا بوۋاقلىق كۈنىدىمۇ قىلچە تەپ تارتماستىن دېيەلەيمەنكى، ئۇ كۈنلەردە شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتكەن ئىدىمكى، يەردە تىزلانغىنىمچە، مېنى بەختلىك ھالدا بۇنداق كۈنلەردە تۇغۇلغانلىقىم ئۈچۈن تەڭرىگە مىڭلارچە قېتىم چىن قەلبىمدىن رەخمەت ئېيتاتتىم." بۇ ئۇرۇش، ئۇنىڭ ئۈچۈن بالا ۋاقتىدىن تارتىپ خىيال قىلىپ كېلىۋاتقان بۈيۈك نېمىس ئىمپېرىيىسى قۇرۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتى كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇرۇش قىزغىنلىقى پۈتكۈل گېرمانىيەنى قاپلايدۇ. بۇ تۆردىكى تەلۋىلەرچە قىزغىنلىق كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىدىن كەلگەن قىزغىنلىق بولماي، ھېسسىياتقا تايىنىپ پەيدا بولغان قىزغىنلىق ئىدى. كىشىلەر خۇددى ھىستېرىيەلىك روھىي بىنورماللىق باسقۇچىغا كىرىپ قالغاندەك ھەققانىيەت ئۈچۈن، دەپ ئەسەبىيلەرچە تەنتەنە قىلىشاتتى. ئەمما بۇ تەنتەنىسىنىڭ قانچىلىك بەدەل تۆلەش بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ھېچ كىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايتتى. كىشىلەر ئۇرۇشنى گويا سېرك ئويۇنىدەكلا بىر ئىش دەپ قاراشماقتا ئىدى. ئوقۇغۇچىلار كوچىغا چىقىۋالغان بولۇپ، ھەممە بىردەك «رېيىن قوغدىغۇچىلىرى» مارشىنى تووۋلاشماقتا ئىدى. ھەممە بىرلىكتە چارە قىلىنسۇن، بۇنىڭغا بىر ئامال قىلىنسۇن دەپ ۋارقىرىشاتتى. كارلسپلاتز مەيدانىدا، بىر قىسىم ئەسەبىي كىشىلەر قەھۋەخانا ئوركېستىر ئۆمىكى دۆلەت گىمنىنى تىنماي چېلىپ بېرىشنى رەت قىلدى، دېگەننى باھانە قىلىپ فاخرىگ كافېخانىسىنى چېقىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىشىدۇ. بۇ جەرياندا زىيالىيلارمۇ خۇددى شۇنداق ھاياجاندىن سەكرەپ كېتىشكەن ئىدى. ئۇلار، مانا ئەمدى خەلق بىزارلىقتىن قۇتۇلىدىغان بولدى، بۇ دېگەنلىك بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ساختىپەزلىكىنىڭمۇ ئاخىرلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دېيىشەتتى. ئۇرۇش يالقۇنى خەلقنى ئىجتىمائىي ۋە مەدىنى ئەيىبلىرىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىشماقتا ئىدى. ھەتتا بۇنىدىن نەچچە ئاي بۇرۇن ۋىلھېلم تەرىپىدىكىلەرنى قۇرت-قوڭغۇزلار، "ئىمپېرىيە دۈب دەرىخى" نى غاجىلايدىغان قۇرۇتلار دەپ ھاقارەت قىلغان سوتسىئالىزمچىلارمۇ گېرمانىيە پادىشاھىنىڭ چاقىرىقىنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشىدۇ (بىز بۈگۈن بىر-بىرىمىزگە پۈت-قول بولىدىغان كۈندە تۇرماقتىمىز) ھەمدە ۋەتەنپەرۋەرلىك كىرىست ئارمىيىسى سەپلىرىگە قېتىلماقتا ئىدى.

پان گېرمانىزمچىلارمۇ ئۆزلۈكىدىن بۇ داغدۇغىلىق نامايىش قوشۇنى سېپىگە قوشۇلغان بولۇپ، بىرلىكتە "ياشىسۇن گېرمانىيە پادىشاھى! خايىل _ ياشىسۇن!" دەپ شوئار تووۋلاشماقتا ئىدى _ ھەتتا پان گېرمانچىلىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ رەسمىي

تۇردە ”بىز چوقۇم نېمىس تىللىق مىللەتلەرنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ بۈيۈك بىر ئىمپېرىيە ھالىتىگە، بىر مىللەت ھالىتىگە كېلىشىمىز كېرەك. شۇ چاغدىلا مەڭگۈ ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەت ھالىغا كېلىپ، پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان بولىمىز!“ دەپ ئېلان قىلىشىدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئادولف ھىتلېرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىشاتتى. ئۇ يەنە خوخېنزوللېرن خانىدانلىقىنى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە شەرق سىلاۋيانلىرىنىڭ زېمىنلىرىنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىشقان گېرمان چەۋەندازلىرىنى تېئۇتوننىڭ ئەۋلادلىرى دەپ تونۇيتتى.58 شۇڭا ئۇ، گېرمانىيە چوقۇم ياششى، ئەركىنلىك ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك دېگەنگە قاتتىق ئىشىنەتتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ 3-ئاۋغۇست كۈنى كەلگەندە، يەنى فىرانسىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى، ھىتلېر ئۈچىنچى لۇدۋىگقا بىر پارچە ئىلتىماس سۇنۇپ (باۋارىيە ئۇ ۋاقىتلاردا نېمىس ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلانسىمۇ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تا 1918-يىلىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىدى _ ئا. ھ. ئى)، ئۆزىنىڭ ئارمىيىسىگە ئەسكەر قىلىپ قوبۇل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ھىتلېرمۇ ۋىتتېلسباچ ئوردا سارىيى ئالدىغا يىغىلغان خەلق ئارىسىدا ئىدى. ئۇمۇ ياشانغان پادىشاھنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان ئىدى. ئاخىرى، لۇدۋىگ پەشتاختا كۆرۈندۇ. لۇدۋىگ سۆزلەۋاتقاندا، ھىتلېر ”پادىشاھ مېنىڭ يازغان خېتىمنى كۆرۈپ، ھەربىيلىك ئىلتىماسىمنى تەستىقلىۋەتسە نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى“ دەپ ئويلاپ كېتىدۇ. دېگەندەك ئەتىسى پادىشاھنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. خەتنى يىرتىپ ئاچقىچە ھاياجاندىن ”قوللىرى تىترەپ كېتىدۇ“. ھىتلېر باۋارىيەدە ھەربىيلىككە قوبۇل قىلىنغان ئىدى، ئۇ ئەمدى بىر پىدائىي ئەسكەر ھېسابلىناتتى. 16-ئاۋغۇست كۈنى باۋارىيە پادىشاھىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر پولكىنىڭ گازارمىسىغا تىزىملاتقىلى بارىدۇ. بۇ قىسىم ئۇنىڭ بىرىنچى تەلىپى ئىدى. ئەمما قىسىم گازارمىسى دەرۋازىسىدا ”پولكىمىزنىڭ ئادىمى توشۇق“ دەپ يېزىلغان تاختاي ئېسىقلىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھىتلېر، ئىككىنچى تەلىپى بولغان باۋارىيە بىرىنچى پىيادىلەر پولكىغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇنداق ئىككى مۇھىم ئىشى ھەل بولۇپ كەتكەن ئىدى: بىرىنچى ئىشى، ئەمدى ئۇ ئىچ-ئىچىدىن ئۆچمەنلىك قىلىپ كېلىۋاتقان ئاۋىستىرىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە قاتنىششتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. ئىككىنچى ئىشى بولسا، ئەمدى ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۆتكۈزىمەن دەپ جاپالىق ئىشلەپ يۈرۈشتىنمۇ قۇتۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ھىتلېر تويغۇدەك تاماق، يېتەرلىك كىيىم، خاتىرجەم تۇرالغۇغا ئېرىشىپ، تۇرمۇشى خاتىرجەم، ھاياتىمۇ بىر غايىگە ئىگە بولغان ئىدى. بۇندىن كېيىن ھىتلېر ھەممىدىن گۇمانلىنىپ

يۇرمەيدىغان، ھاياتى بويىچە قايسى يولدا مېڭىشى ئېنىق بەلگىلەنگەن، نېمە ئىش قىلىشى ئېنىق ھالغا كەلگەن ئىدى. يەنى ئۇ ھەربىي كىيىم ئىچىدە ئىدى. ئەمدىكى ئۇنىڭ غېمى، ئالدىنقى سەپكە بارماي تۇرۇپلا ئۇرۇش توگەپ كەتمىسە بولاتتى دېيىشتىلا قالغان ئىدى.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن ھىتلېرنى باۋارىيە ئىككىنچى پىيادىلەر پولكىغا ئالماشتۇردى. بۇ پولك ئېلىزابېت مەيدانىدىكى چوڭ تېپىشكى ئامموۋى مەكتەپتە ئادەتتىكى ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئىشىنى باشلىۋېتىدۇ. بۇ قېتىمقى مەشىق ۋاقتى بەكلا قىسقا بولسىمۇ، تەلىم تەربىيىلەر بەكلا چىڭ تۇتۇلۇپ، مەشكە دەسسەش مەشقىدىن باشقا نەيزە مەشقىمۇ بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ يېڭى ئەسكەرلەر ئەتىگەندىن كەچكىچە مەشىق قىلىپ ئاخشىمى ھېرىپ ئارانلا ياتىقىغا ئۆلگۈرەلەيتتى. بىر ھەپتە مەشىقتىن كېيىن، ھىتلېر رەسمىي تۈردە باۋارىيە 16-پىيادىلەر بېرىگادىسىغا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئادولف، مىيۇنخېندا تۇرۇپ يەنە بىر مەزگىل مەشىق قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى مەشىقلەر بۇرۇنقىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ چىڭ تۇتۇلغان ئىدى. قىسىمدا خانىس مېند ئىسىملىك بىر سەپدىشى، "ئادولف بىرىنچى قېتىم قولىغا قورالنى ئالغىنىدا خۇددى قىزلار زىننەت بويۇمىنى كۆزەتكىنىدەك مىلتىقنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ ئىنچىكىلىك بىلەن سەپ سېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۈلگۈم كېلىپ كەتتى" دەيدۇ.

2

ھىتلېر 7-ئۆكتەبىر كۈنى پوپ ئەر-خوتۇنغا، تۇرۇۋاتقان ھەربىي قىسمىنىڭ مىيۇنخېندىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ، ئۆي خوجايىنى ئەپەندىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقىنىچە، ئەگەر جەڭدە ئۆلۈپ كەتسەم، سىڭلىمغا خەت يېزىپ خەۋەر قىلىپ قويارسىز، بەلكىم ئۇ يوق ھېسابىدا بولسىمۇ مېنىڭ بەزى نەرسىلىرىمنى خاتىرە ئۈچۈن ئېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئېلىشنى خالىمىسا سىزلەردە قالسۇن دەپ ئۆتۈنىدۇ. ھىتلېر ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىككى بالىسىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ خوشلىشىۋاتقىنىدا، پوپ خانىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي رەسمىلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىدۇ. ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، ھىتلېر كەينىگە بۇرۇلۇپلا "خۇددى بۇ يەردىن قېچىپ كېتىۋاتقاندەك" يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالىدۇ. ئەتىسى، پىيادىلەر خانلىق مۇھاپىزەتچىلەر بېرىگادا گازارمىسىغا بېرىپ، داغدۇغىلىق سەپەرگە ئاتلىنىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ.

ئەسكەرلەر ئۈچىنچى لۇدۇىگ ئالدىدا ئۇنىڭغا ۋە گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلمغا ساداقەت قەسىمى قىلىشىدۇ. ئاندىن، ھىتلېر بىلەن بىرگە بىر قانچە ئاۋستىرىيەلىك ئەسكەر ئايرىلىپ ئۆز پادىشاھى بولغان ئاۋستىرىيە خانى فرانز جوزېفقا ساداقەت قەسىمى قىلىشىدۇ. ھىتلېرنىڭ شۇ قېتىمقى خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان مۇراسىمدىكى تەسىراتى توغرىلىق بار بولغان بىردىن-بىر خاتىرىگە قارىغاندا، ھىتلېر سەپداشلىرىغا مۇنداق دېگەن:59 ”8-ئۆكتەبىر كۈننى ھەرگىز ئۇنتۇلمايمەن، چۈنكى، مەن شۇ كۈنى ئىككى تال قاتلىما نان، شۇنىڭدەك يەنە مەززىلىك چۆشلۈك تاماق يېيەلىگەن ئىدىم. يەنى شۇ قېتىملىق چۈشلۈك تاماقتا مەززە قىلىپ توڭگۇز گۆش قورۇدىقى بىلەن قۇمچامغۇرلۇق سالات يېيەلىگەن ئىدىم.“

ئەتىسى سەھەردە، پىيادىلەر قىسمى مىيۇنخېندىن ئاتلىنىپ، 40 كىلومېتىر يىراقتىكى لېخفېلد گازارمىسىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئەسكەرلەر يۈك-تاقلىرىنى ئۆشنىسىگە ئېلىپ، ئون بىر سائەتلىك جاپالىق ھەربىي يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ ھەربىي يۈرۈشتە ئاساسەن ئالغاندا چېلەكتە قويغاندەك شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا پاتقاق كېچىپ پىيادە يول يۈرىدۇ. ”گازارمىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن بىر ئات ئېغىلىدا ياتتىم. — دەپ يازىدۇ ئادولف، پوپ خانىمغا يازغان خېتىدە، — كىيىم-كېچەكلىرىمىز چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەچكە، كۆزۈمگە پەقەتلا ئۇيقۇ كەلمىدى.“ ئەتىسى يەكشەنبە ئىدى. ئۇلار يەنە 13 سائەتلىك جىددىي ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ئاخشىمى ئوچۇق دالادا چۈشكۈن قىلىدۇ. ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، ئەسكەرلەر يەنە بىر كېچىنى ئۇخلىيالماي تاڭ ئاتقۇزىدۇ. ئۇلار دۈشەنبە چۈشتىن كېيىنلا ئاخىرقى نىشانغا يېتىپ بارالايدۇ. گەرچە ئەسكەرلەر ھارغىنلىقتىن تۇرغان يېرىدىلا يېتىپ قالغۇدەك چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان فرانسۇز ئەسىرلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن مەغرۇر قەدەملەر بىلەن گازارمىغا كىرىپ كېتىشىدۇ.

بۇ گازارمىدا ئۆتكۈزگەن دەسلەپكى بەش كۈن، ئۇنىڭ كۆرگەن ئەڭ جاپالىق كۈنلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. ”بەكلا ئۇزۇن مەشىق قىلدۇق. ئاخشىمى بىرىگادىنىڭ مەشىق قىلىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن يەنە ھەربىي يۈرۈشى قىلاتتۇق.“ ئون ئالتىنچى پىيادىلەر قىسمى باشقا بىر پولك بىلەن بىرگە يېڭى بىر بىرىگادا بولۇپ تۈزۈلىدۇ. بۇ تۈر مەشىقلەر ئەسلىدە بىرلىشىشنىڭ تەييارلىق باسقۇچى ئىدى. يېڭى ئەسكەرلەر تولا مەشىق قىلىپ چارچاپ ھالىدىن كەتكۈدەك ھېرىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېر 20-ئۆكتەبىر كۈنىلگە كەلگەندىلا بوش ۋاقىت چىقىرىپ پوپ خانىمغا خەت يازالايدۇ. ئۇ خېتىدە ”بىز بۇ ئاخشام ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىدىغان بولدۇق، ... بۇنىڭدىن شۇنداق خۇشالمەنكى،

خۇشاللىقىمدىن يىرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتىم، ... مەن سىزگە نىشانغا بارا- بارمايلا قايتا خەت يازىمەن. شۇ چاغدا ئادرېسىمنى سىزگە ئۇقتۇراي. شۇ يۈرۈشىمىز بىلەن ئەنگلىيەگىچە بارالىشىمىزنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم“ دەپ يازىدۇ. شۇ ئاخشىمى بۇ يىگىت ئەسكەرلەر پويىز بىلەن يولغا چىقىدۇ. ئاۋستىرىيەلىك كۆچلۈك ۋەتەنپەرۋەر ئادولف ھىتلېرمۇ، ئاخىرقى ھېساپتا گېرمانىيە ئۈچۈن جەڭ قىلىش سەپىرىگە ئاتلانغان ئىدى.

ئادولف بىلەن سەپداشلىرى پويىز ئارقىلىق يولغا چىقىۋاتقىنىدا، بىرىگادىنىڭ بىر لېتېنانتى، كەسپى ھەربىي فرىتز ۋېيدېمان يىگىت ئەسكەرلەرنىڭ ھاياجانغا تولغان بۇ ھالىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالىدۇ. بۇ پولكنىڭ پولكوۋنىكى ئۇزۇن يىل مابەينىدە ھەربىي سەپتە بولۇپ باقمىغان بىرى بولغاچقا، ھەرقايسى روتىلار زاپاس ئوفىتسېرلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ئالدىراش ھەربىي تەلىم ئالغان ساپلا يىگىت ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. پولكتا پىلىموتنىڭمۇ تايىنى يوق، قىسمىنىڭ تېلېفونلىرىمۇ بۇرۇنقى نيۇرىمبېرگ شىركەتلىرىدىن بىرىنىڭ ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ياسىغان كونا تېلېفونلار ئىدى. ھەتتا ئەسكەرلەرنىڭ مىس قالپاقلىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇلارغا ئالدىنقى سەپتە كېيىشكە كىلىونكا شەپكىلا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىياپىتى خۇددى 1812~1813-يىللاردىكى ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان پىدائىيلارغىلا ئوخشايتتى. بۇ بىرىگادىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ قىزغىنلىقى ئۇلارنىڭ قورال-ياراغ ۋە ھەربىي تەلىم-تەربىيىدىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆمۈۋەتكەندەك قىلاتتى. ۋاگونلار بېكەتتىن قوزغىلىپ مېڭىشىغا ئەسكەرلەر خۇشاللىقىدىن كۆلكە-چاقچاقلار بىلەن ناخشا توۋلاشقىنىچە خۇددى ھەشەمەتلىك كەچلىك زىياپەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندەك خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇلار قەھرىمانلارچە جەڭ قىلساق ئۇرۇش بىر قانچە ھەپتىدىلا ئاخىرلىشىپ يىگى يىل بايرىمىدىن بۇرۇن غەلىبە قازىنىپ ئۆيلىرىمىزگە قايتىمىز دەپ ئويلىسا كېرەك؟ ئەسكەرلەرنىڭ بۇ ئۈمىدۋارلىقىغا گەپ كەتمەيتتى.

گۇگۇم چۈشىشى بىلەن تەڭ، ھىتلېر ئولتۇرغان پويىز رېيىن دەرياسى بويىغا يېتىپ كېلىپ دەريا بويلاپ تولغىنىپ يولىنى داۋام قىلىدۇ. باۋارىيەلىك ئەسكەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى رېيىن دەرياسىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئەتىگەن سەھەردە تۇمانلار ئىچىدىن شەپەق كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. بۇ چاغدا نىېدېرۋالدتا گېرمان ئىمپېرىيىسىنىڭ زەپىرىنى خاتىرىلەپ تىكلەنگەن ھەيۋەتلىك خاتىرە مۇنارى تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كېلىدۇ. ۋاگونلاردىكى بارلىق ئەسكەرلەر بۇ خاتىرە مۇنارىسىنى كۆرۈشى ھامان ئۆزلۈكىدىنلا «رېيىن قوغدىغۇچىلىرى» مارشىنى باشلىۋېتىدۇ. شۇ ۋاقىتنى ئەسلەپ كېلىپ

ھىتلېر مۇنداق دەيدۇ: "شۇ چاغدا يۈرىكىم خۇشاللىقتىن قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەنلىكىنىلا ئەسلىيەلەيمەن."

ئارىدىن سەككىز كۈن ئۆتكەندە، ھىتلېر تۇرۇۋاتقان رۇتا يىپرېس ئەتراپىدىكى جەڭگە قاتنىشىدۇ.60 ئەسكەرلەر ئەتىگەنلىك قويۇق تۇمانغا قارىماي قورشاۋدا قالغان قىسمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كەلگىنىدە، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بىلەن بېلگىيە قوشۇنلىرىنىڭ سىناربىيەت ئوقلىرى ئۇدۇلدىكى ئورمانلىق ئىچىدە گۈمبۈرلەپ پارتلاپ تۇراتتى. "شۇ چاغدا، كەينى كەينىدىن ئېتىلىۋاتقان توپ ئوقلىرى ئۈستىمىزدىن غۇيۇلداپ ئۆتكىنىچە ئورمانلىق ئىتىراپىغا چۈشۈپ پارتلىماقتا، دەرەخلەر خۇددى بىر تۇتام ئوتقا ئوخشاش توپ يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ ئۆرۈلۈپ چۈشمەكتە ئىدى." ھىتلېر، مېيۇنخېنلىق يارىدەمچى سوتچى تۆنىشى ئېرنىست خېپقا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "بىز ئاكوپلاردا بۇ مەنزىرىنى ھەيرانلىق ئىچىدە تاماشا قىلىپ ياتاتتۇق. بىز ئۇ ۋاقىتلاردا قانچىلىك ئېغىر خەتەر ئىچىدە تۇرغانلىقىمىز خىيالىمىزغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. شۇڭا ھېچقايسىمىزدا قورقۇش دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ھەممىمىز 'ئالغا' دېگەن بۇيرۇقنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ياتاتتۇق. ... بىز ئۆزۈم باراڭلىرى بىلەن توسالغان ئورمانلىق بىر يەرگە تارقىلىپ جايلاشقان ئىدۇق. بېشىمىزدىن غۇيۇلداپ توپ ئوقلىرى ئۇچۇپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئەتراپىمىزنى توپ ئوقىدا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن دەرەخ ۋە شاخ-شۇمبىلار قاپلاپ كەتكەن ئىدى. تۇيۇقسىزلا توپ ئوقلىرى ئورمانلىقنى بويلاپ پارتلاپ پۈتۈن ئەتراپنى ئىس-تۈتەك قاپلاپ كەتتى، تاش-توپىلار ھەر تەرەپكە چاچرايتتى، شۇنچە يوغان قېرى دەرەخلەر توپ-يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ ئۆرۈلۈپ چۈشمەكتە. بىز ئاكوپلاردا يەرگە چاپلىشىپ يېتىپ بۇيرۇق كۈتۈشكە زادىلا تاقىتىمىز قالمىغان ئىدى، ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈشنى خالايتتۇق."

ئاخىرى، نېمىس قوشۇنلىرى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. "بىز ئۇدا تۆت قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولساقمۇ بولمىدى. ھەر قېتىمدا چېكىنىدۇرۇلدۇق. بىزنىڭ رۇتىدىكى ئەسكەرلەر بىر-بىرلەپ يىقىلىپ، ئاخىرى مەن ۋە يەنە بىر سەپدىشىملا ساق قالدۇق. كېيىن ئۇ ھەمراھىممۇ يىقىلىپ چۈشتى. بىر پاي ئوق كېلىپ مېنىڭ ئوڭ يېڭىمنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما ماڭا بىر نېمە بولمىغان ئىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە. كېيىن بىز بەشىنچى قېتىملىق ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئورمان بويلىرى بىلەن كەنت مەھەللىسىنى بېسىۋالدۇق."

بۇ جەڭ ئۇدا ئۈچ كۈن داۋاملىشىدۇ. پولك كوماندىرى ئۇرۇشتا قۇربان بولىدۇ. پودپولكوۋنىك مۇئاۋىن پولك كوماندىر ئېغىر يارىلىنىدۇ. ھىتلېر بۇ چاغدا پولك شتابىنىڭ

ئالاقىچىلىقىغا تاللانغان ئىدى. ئۇ شىددەتلىك توپ ئوقى ئارىسىدا ئۇ ئازگالدىن بۇ ئازگالغا، ئۇ ئاكوپتىن بۇ ئاكوپقا سەكرەپ يۈرۈپ ھەربىي دوختۇردىن بىرنى تېپىپ كېلىدۇ، ئۇ ئىككىسى بىرلىشىپ مۇئاۋىن پولك كوماندىرىنى جىددىي قۇتقۇزۇش پونكىتى بار يەرگە سۆرەپ كېلىۋالىدۇ. ھىتلېرنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، يانۋار ئوتتۇرلىرىدا 16-پىيادىلەر بىرگادىسىدا ئارانلا 30 نەپەر ئوفىتسېر ساق قالغان بولۇپ، ئەسكەرلەردىنمۇ 7 يۈزدىن ئازى ساق قالغان. يەنى ساق قالغان ئەسكەر سانى بىرگادىنىڭ ئاران بەشتە بىرىگە تەڭ بولىسىمۇ، ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى توختىماي كېلىپ تۇراتتىكەن. يېڭى پولك كوماندىرى پودپولكوۋنىك ئىنگېلخارد، ھىتلېر بىلەن يەنە بىر ئەسكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالدىنقى سەپكە كېلىپ دۈشمەن پوزىتسىيىلىرىنى كۆزىتىۋاتقىنىدا دۈشمەن تەرەپ سىزىپ قېلىپ، يامغۇردەك پىلىموت ئوقىغا تۇتۇشقا باشلايدۇ. ئىككى ئەسكەر پولك كوماندىرىنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى خەندەك ئىچىگە تارتىپ چۈشۈرۈۋالىدۇ. ئىنگېلخارد بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي بۇ ئىككى ئەسكەرنىڭ قولىنى ھاياجان بىلەن سىقىپ قويىدۇ. پولك كوماندىرى ئۇلار ئىككىسىگە قارا كرېست مېدالى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، باشقىلار بىلەن مېدال مۇكاپاتى ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىشىۋاتقان پەيتتە ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئاتقان توپ ئوقلىرىدىن بىرى پولك شتابى جايلاشقان چېدىرنىڭ نەق ئۈستىگە چۈشۈپ پارتلايدۇ. ئۈچ نەپەر كىشى شۇ ھامان جان بېرىدۇ. پولك كوماندىرى بىلەن قالغان كىشىلەر ئېغىر يارىدارلىنىدۇ. شۇنىڭدىن بىر قانچە مىنۇت ئاۋۋال، تۆت نەپەر رۇتا كوماندىرى يىغىنغا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھىتلېر بىلەن يەنە ئۈچ نەپەر ئەسكەر ئۇلارنى تېپىپ كېلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ شتاب جايلاشقان بۇ چېدىردىن چىقىپ كەتكەن، ھىتلېرمۇ شۇ باھانىدە ساق قالغان ئىدى. بۇ ۋەقە، ھىتلېرنىڭ نۇرغۇن قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىش مۆجىزىلىرىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ. "ئۇ كۈنى ئۆمرۈم بويىچە كۆرگەن ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرىنى كۆرگەن ئىدىم. - دەيدۇ ھىتلېر سودىيە دوستىغا يازغان خېتىدە، _ بىز ھەممىمىز خۇددى تەڭرىگە ئىشەنگەندەك ئىنگېلخارد پولك كوماندىرىمىزغا ئىشىنەتتۇق."

ئېمىس قوشۇنلىرى يىپرېسنى ئوكۇپاتسىيە قىلىش تۈردە قايتۇرۇپ ئېلىشى بىلەن ھۇجۇممۇ ئاخىرلىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇشلار ئاكوپ ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پولك شتابىدىكى ئادەملەرمۇ خېلىلا ئارام تېپىپ قالىدۇ. شۇ چاغدا، پولك شتابى مېسسىنېس كەنتى يېنىدىكى بىر تىنچ يەرگە يۆتكىلىپ61 ھىتلېرمۇ رەسىم سىزىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ھىتلېر، رەسىم سىزىشقا كېرەكلىك نەرسىلەردىن بىر قىسمىنى يېنىغا سېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ يەردە بىر قانچە پارچە سۇ بوياق رەسىمى سىزىدۇ.

رەسىملىرىنىڭ بىرىدە مېسسىنېس كەنتىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇرۇش خارابىلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، يەنە بىرىدە ۋىنتشېت كەنتى ئەتراپىدىكى ئاكوپلار تەسۋىرلەنگەن ئىدى. يېڭى پولك كوماندىرىنىڭ ئادىيۇتانتى لىتېنات ۋىيېدېمان ھىتلېرغا باشقا بىر رەسىم ئىشىنى، يەنى ئوفىتسېرلار ئاشخانىسىنى بوياش (بۇ بىر كىچىك ئۆي بولۇپ، پولك تەرىپىدىن پايدىلىنىشقا ئېلىنغان بىر داچا ئىدى) ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىدۇ. بۇ تاماقخانىدا بىر پارچە رەسىم بار بولۇپ، رەسىمدە ئۆلگەن بىر ئەسكەر چېگرا سىملىرى ئۈستىدە ئارتىلغان پېتىچە ئۆلۈپ قالغانلىقى رومانتىك بىر شەكىلدە تەسۋىرلەنگەن ئىدى. بۇ رەسىم ئاشخانا مۇھىتىغا پەقەتلا ماس كەلمەيتتى. شۇڭا ۋىيېدېمان پولك شتابى ئىچىدىكى خىزمەتچىلەر ئارىسىدىن بوياقچىلىق قىلالايدىغان بىرىنى تېپىپ كېلىشى ئۈچۈن ماكس ئامان ئون بېشى (سېرژانت) غا بۇيرۇق قىلغان، بۇ ئون بېشىمۇ بۇ ئىشقا ھىتلېر ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قاراپ ئۇنى چاقىرىپ كەلگەن ئىدى. ۋىيېدېمان، بۇ ئاشخانا ئۆيىنى زەڭگەر رەڭدە بوياش كېرەكمۇ ياكى قىزىل رەڭدە بويىغان ياخشىمۇ دەپ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇراتتى. ھىتلېر كۆن نۇرى چۈشۈپ ئۆي ئىچى سۇس قىزىل بولۇپ كۆرۈنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆيىنى زەڭگەر رەڭدە بوياشنى مەسلىھەت قىلىدۇ. ھىتلېر دەرھال شوتا، بوياق-چۆتكىلارنى تېپىپ كىرىپ ئۆيىنى بوياشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆي ئاقلىغاچ ۋىيېدېمان بىلەن پاراڭغا چۈشىدۇ. ”مەن دەسلەپتە ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى پەقەتلا ئەسكەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، شېۋىسىمۇ ئاۋسترىيە شېۋىسى ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئىدىم. ــ دەيدۇ ۋىيېدېمان كېيىن ئەسلەپ، ــ ئەڭ مۇھىمى، ئۇ بەكلا ئەستايىدىل ئىدى. دېمەككى، بۇ ئادەمنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى بەكلا مول ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.“

لىتېنات ۋىيېدېمان بىلەن سېرژانت ئامان ئىككىسى، ئوردېن بېرىشكە تېگىشلىك بولغان كىشىلەرنىڭ تىزىمىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئۇ ئىككىسى ھىتلېرنى بىرىنچى دەرىجىلىك قارا كرېست ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلاشقا قارارلىشىدۇ. ئەمما ھىتلېر پولك شتابىغا تەۋە ئەسكەر بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىسمىنى تىزىملىكنىڭ ئەڭ كەينىدە كۆرسىتىشكە توغرا كېلەتتى. شۇ سەۋەبتىن مۇكاپاتلىنىدىغانلار تىزىملىكىدىن يۇقىرىدىن باشلاپ تاللاش ۋاقتىدا ئاخىرىدىكىلەر ئۆزلۈكىدىنلا مۇكاپاتلىنىش تىزىمىدىن چۈشۈپ قىلىپ، ھىتلېر ئىككىنچى دەرىجىلىك ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ھىتلېر بۇنداق بىر مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىدىن يەنىلا ئىنتايىن خۇشال ئىدى. ئۇ شۇندىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە پوپ خانىمغا يازغان خېتىدە ”بۇ، ھاياتىمدىكى ئەڭ خۇشاللىق پەيتلىرىم. ئەپسۇسكى، ئوردېنغا لايىق سەپداشلىرىمنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قۇربان بولۇپ كەتتى. ــ ھىتلېر بۇ خېتىدە بۇ قېتىمقى ئۇرۇش بايان قىلىنغان گېزىتنى ساقلاپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ،

_ ئەگەر ئۇلۇغ تەڭرىم ماڭا رەھىم قىلىپ ئۆلمەي قايتالىسام، ئۇ گېزىتنى خاتىرە قىلىپ ساقلىۋالماقچىمەن"ئۇ يەنە ئۇن بېشىنچى قېتىم ئۇنىڭ ساقلىغان ھەممە نەرسىلىرىگە قارىدى. كەينىدە كوماندىر دەرىجىسىگە تەڭ سالادشىلى سېرژانتلىقى ئۆستۈرۈلدۇ. شۇنداق قىلىپ باشقىلارنىڭ ئايىقىنى مايلاپ قويىدىغان ئەسكەر دەيدىغان پەس كۆرۈلۈشتىنمۇ قۇتۇلۇپ، جەڭچىلەر تەپ تارتىپ ھۆرمەت قىلىدىغان بىرىگە ئايلىنىدۇ.

مىۇنخېندا ھەربىيلىككە قاتناشقىنىدىن تارتىپ ئەسكەر خانىس مىند ھىتلېرنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. مىۇنخېندىكى ۋاقتىدا ئادولفنىڭ بەدىنى بەكلا ئاجىز بولۇپ، يۈك سومكىسىنىمۇ تەستە كۆتۈرۈپ ماڭالايدىغان بىرى ئىدى؛ مانا ئەمدى، قولىدا مىلتىق، بېشىدا قىيپاش كىيىۋالغان مىس قالپاق، شاپ بۇرۇت، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان، تىنماي ئۇياق- بۇياققا چېپىپلا يۈرىدىغان رەسمىي ئالدىنقى سەپ جەڭچىسىگە ئايلانغان ئىدى. قالغان ئالاقىچى ئەسكەرلەر ئۇنى قاتتىق ھۆرمەت قىلىشاتتى. ئەمما ئۇلار، ھىتلېرنىڭ ئاۋستىرىيەلىك بىر ئەسكەر تۇرۇقلۇق باۋارىيە قوشۇنى ئىچىدە شۇنچە خېيىم خەتەرگە قارىماي چېپىپ يۈرۈشىگە زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى. "ئۇ راستىنلا غەلىتە بىرى، _ دەيدۇ ئۇلاردىن بىرى مىندقا، _ مېنىڭچە ئۇ باشقىلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈنلا شۇنداق ئاكتىپ ئىشلەپ يۈرەمدىكىن دەپ ئويلايمەن. بولمىسا ئۇ باشقا تەرەپلەردىن خېلى يامان ئەمەس بىرى" دەيدۇ.

گەرچە ئۇ سەپداشلىرىغا ھەر دائىم تاماكا چېكىش زىيانلىق، ھاراق ئىچىش ناچار ئادەت دەپ تىنماي تەنقىدلەپ تۇرغان بولۇشىغا قارىماي كىشىلەر ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرۈپ "ئادى" دەپ چاقىرىشاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئەڭ خەتەرلىك پەيتلەردە ئۇنۇڭچىلىك ئىشەنچلىك باشقا بىرىنىڭ يوقلۇقى ئىدى. ئەگەر بىرەر يارىدارلانغان ئەسكەرگە يولۇقۇپ قالسا ئۇ ئەسكەرنى ھەرگىز ياتقان يېرىدە تاشلاپ قويمايتتى؛ بىرەر خەتەرلىك ۋەزىپە تاپشۇرۇلغىنىدىمۇ ھەرگىز يالغان كېسەل بولۇپ يېتىۋالمايتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇزۇنغا سوزۇلغان زېرىكىشلىك ئۇرۇش ئارىلىقلىرىدا ئۇ ھەققەتەنمۇ ياخشى بىر ھەمراھ ھېسابلىناتتى. ئۇ بىر رەسسام بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى ئۆزلىرىگە تېخىمۇ يېقىن ھېس قىلىشاتتى. ئەگەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىرەر كۆلكىلىك ئىشنى ئۇچرىتىپ قالسىلا ئۇ ئىشنى دەرھال ھەجۋىيلەشتۈرۈپ رەسىم قىلىپ سىزىپ چىقاتتى. مەسىلەن، بىر قېتىم قايسى بىر ئەسكەر توشقاندىن بىرنى ئېتىۋېلىپ، ئۇنى يۈرتىغا قايتىشىدا ئۆيىگە ئالغاچ كەتمەكچى بولۇپ سومكىسىغا قارىسا توشقاننىڭ ئورنىدا بىر پارچە خىش پارچىسى تۇرغان. بىرى ئۇنىڭ توشقىنىنى ئوغرىلىۋېلىپ ئورنىغا خىش سېلىپ قويغانىكەن. بۇ ۋەقەنى ئۇ ئىككى پارچە ھەجۋىي رەسىم قىلىپ سىزىپ ئۇ سەپدىشىغا ئەۋەتىپ

بىرىدۇ.62 رەسىمنىڭ بىرىدە ئۇ ئەسكەر ئۆيىگە بىرىپ سومكىسىنى ئىچىپ قارىسا بىر پارچە خىش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالغانلىقى، يەنە سىلىۋالدۇ. كىيىن ئۆيىگە بارغاندا بىر رەسىمدە بولسا ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئالدىنقى سەپتە مەززە قىلىپ توشقان گۆشى يەۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئىدى.

ھىتلىرنىڭ ئەھۋالى باشقا ئەسكەرلەرگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭغا باشقا ئەسكەرلەردەك ئۆيىدىن كونسېرۋا دېگەندەك يەيدىغان نەرسە كەلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەڭگۈ تويماس ئىشتىھانى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئامال يوق بىرىپ ئاشخانىدا ئاشپەزلەرگە ياردەم قىلىش ھېسابىغا نورمىدىن سىرت بىر نەرسىلەر سىتىۋېلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. شۇڭا ئۇ، پولك بويىچە پىشقەدەم ئاشپەز دېگەن چىرايلىق بىر نامغمۇ ئېرىشكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئادولف باشقىلارنىڭ كونسېرۋالىرىغا ئېغىز تېگىشىشنىمۇ نومۇس ھېس قىلغاچقا، سەپداشلىرىنىڭ تاماققا تەكلىپ قىلىشلىرىنىمۇ چىرايلىقچە رەت قىلاتتى. بەكىرەك زورلاپ كەتسە، مىنىڭ سىلەرنى مېھمان قىلىپ جاۋاب قايتۇرالىغۇدەك ئىمكانىيىتىم يوق، دەپ ئوچۇقنى ئېيتاتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان لىتنېات ۋېيدېمان ئۇنىڭغا، روژدېستۋو بايرىمىدا تۇرمۇش پۇلىدىن ساڭا ئون مارك ئايرىپ بېرەيلى دەپ تەكلىپقىلىشۇدى، ھىتلىر بۇ تەكلىپنىمۇ چىرايلىقچە رەخمەت ئېيتىپ رەت قىلىدۇ.

دەم ئېلىشتىن كىيىن پۇتۇن پولك قايتىدىن ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىدۇ. ئەمما بۇ ئۇرۇشلاردا ھىتلىر پەقەتلا خۇمارىدىن چىققۇدەك ئۇرۇشقا قاتنىشالماي كەلمەكتە ئىدى. ”بىز ھازىرغىچە يەنە شۇ كونا ئاكوپلىرىمىزدا ياتماقتىمىز. ئارىلاپ فرانسىيە سېپى بىلەن ئەنگلىيە سېپىگە ئۈزۈلمەي ھۇجۇم قىلىپمۇ قويىمىز. — دەپ يازىدۇ ھىتلىر 1915-يىلى 22-يانۋاردا يوپ خانىمغا سالغان خىتىدە، _ ھاۋا بەكلا ناچارلىشىپ كەتتى. ئادەتتە دۈشمەن توپ ئوقى زەربىسىدىن ئۆزىمىزنى ساقلاش ئۈچۈن يامغۇر سۈيى بىلەن تولغان ئاكوپلاردا نەچچە كۈنلەپ بېشىمىزنىمۇ چىقىرالماي يېتىپ كېتىمىز. بىز يەنە بىر قانچە كۈن نەپەس ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشنى ھەمدە يېقىن كۈنلەردە پۇتۇن سەپ بويىچە قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتىشىمىزنى ئۈمىد قىلىپ كۈتۈپ ياتتۇق. بۇ ئۇرۇش بۇنداق تۇرغۇنلۇقتا كېتىۋەرمەسلىكى كېرەكتە!“

ئەنە شۇنداق تىركىشىش جىڭى بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاق يۇڭلۇق كىچىك بىر كۈچۈك (شۈبھىسىزكى، بۇ ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئىلىپ كەلگەن ئىسىل سورتلۇق بىر سوۋغات ئىدى) توشقان قوغلاپ يۈرۈپ ھىتلىر تۇرغان ئاكوپقا سەكرەپ چۈشۈپ قالىدۇ. ھىتلىر بۇ كۈچۈكنى تۇتۇۋېلىپ باقىدۇ. دەسلىپىدە بۇ كۈچۈك قاچمەن دەپلا تۇرىۋالاتتى. ”مەن ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيىلەشكە كىرىشتىم. (بۇ كۈچۈك

نىمىسچە بىلمەيتتى، ئەلۋەتتە) ئۇ ئاخىرى ئاستا-ئاستا ماگا كۆنۈشكە باشلىدى.“ ھىتلېر ئۇنىڭغا ”فۇشل ــ تۈلكىچاق“ دەپ ئات قويۇۋالدۇ. ئۇ يەنە بۇ كۈچۈككە شوتىغا چىقىش دېگەندەك ئويۇنلارنى ئۆگىتىشكە باشلايدۇ. كۈندۈزلىرى بۇ ”تۈلكىچاق“ ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي كەينىدىن ئەگىشىپلا يۈرەتتى؛ ئاخشىمى ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ خورۇلداپ ئۇخلاپ كېتەتتى.

ھىتلېر، يانىۋارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەر-خوتۇن پوپلارغا يەنە بىر پارچە خەت يېزىپ، تىركىشىش ئەھۋاللىرىنى ئىنتايىن جانلىق شەكىلدە نەق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. شۇندىقتىمۇ ئۇنىڭ تەسۋىرى پاجىئەلىك ئۇرۇش مەنزىرە تەسۋىرىلا ئىدى:

... يامغۇر توختىماي يېيىپ تۇرغاچقا (بۇ يىل قىش بولمامدىكىن تاڭ؟)، شۇنىڭدەك ئۇرۇش مەيدانى دېڭىزغا يېقىن، چوڭقۇر بىر يەر بولغاچقا، بۇ يەرلەر خۇددى تېگى يوق سازلىقتەكلا بىلىنەتتى. كوچىلار مىلچىلاپ تۇرغان چوڭقۇر پاتقاقلىق، پىيادىلەرنىڭ ئاكوپلىرى، يوشۇرۇنۇش يەرلىرى، توپ-زەمبىرەك پوزىتسىيىلىرى، ئۆتۈشمە يوللىرى ۋە تىكەنلىك سىم توسۇقلىرى، بوۋرە ئىنلىرى، مىنا كۆمۈلگەن يەرلەر، ... ھەممىلا يەر پاتقاقلىق. بۇ ئۇرۇش سېپى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا ئاجايىپ بىر فرونت ئىدى.

فېۋرالدا ئۇ سودىيە تونۇشى خېپقا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ جەڭ قىلىش جەريانىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. قىزىق يېرى، ھىتلېر بۇ خېتىنىڭ ئاخىرىدا سىياسىي ئىشلار ھەققىدىمۇ توختىلىپ ئۆتكەن ئىدى:

بۇ كۈنلەردە پات-پاتلا مىيونخېننى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدىم. كاللامدا بىرلا ئىش بار ئىدى: بىز ئۇ يەردىكى مەلئۇنلاردىن چوقۇم ھېساب ئېلىشىمىز، ھەر قانچە بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلسىمۇ ئۇلار بىلەن ئېلىشىشىمىز كېرەك. ئارىمىزدىكىلەردىن تەلىيى كېلىپ يۇرتىغا قايتالايدىغانلار بولغىنىدا، يۇرتىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ پاكىز كۆرۈنۈشتە بولۇشىنى، چەتئەل تەسىرى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلانغان بولۇشىنى كۆرەلىشى كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئادەملەر بۇ يەردە قۇربان بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى،63 يارىدار بولۇۋاتقانلىقى، ئازاپ چېكىۋاتقانلىقى، خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەرگە قارشى قانلىرىنى دەريا بولۇپ ئېقىتقانلىقىغا ئەرزىيدىغان، گېرمانىيىنىڭ تاشقى دۇنيادىكى نومۇسىنى يۇيۇپ تاشلىغىلى، ھەمدە ۋەتەن ئىچىدىكى ئىنتېرناتسىئونا -لىستچىلارغىمۇ قاتتىق زەربە بېرەلىگەن ھېسابلىنىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ھەر قېتىم بىرەرسى ئۇنىڭدىن، سەن نەلىك دەپ سوراپ قالسا، ھىتلېر قىلچە تەمتىرىمەي، مەن ئاۋۇستىرىيەلىك ئەمەسمەن، مېنىڭ يۇرتۇم 16-بېرىگادا، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مىيۇنخېندا تۇرۇپ قالىمەن دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئەمما بۇنىڭ

ئۇچۈن ئۇلار ئاۋال بۇ ئۈرۈشتا غەلبە قىلىشى شەرت ئىدى! بۇ نۇقتىغا كەلگەندە ئۇ بەكلا تەرسا ئىدى: ئەگەر بىرەرسى چاچچاق قىلىپ بولسىمۇ بۇ ئۇرۇشتا بىز ھەرگىز يېڭەلمەيمىز دەپ سالسا، ھىتلېر غەزىۋىدىن يېرىلىپ كەتكىدەك بولۇپ ئالدى-كەينىگە مېڭىپ كېتەتتى: "ئەنگلىيە چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ! بۇ ئىش، دۇئا قىلغىنىمىزدا 'ئامىن' دېگەندەكلا ئاسان ئىش" دەپ قايناپ كېتەتتى.

سەپداشلار ئوتتۇرىسىدا يېمەك-ئىچمەك بىلەن خوتۇن خەق ئۈستىدە گەپ باشلىنىپ قالغىدەك بولسا، ئادولف ئۇلارغا قۇلاق سالماي قولىغا كىتابىنى ئېلىپ ئوقۇشقا كىرىشەتتى ياكى رەسىم سىزىپ ئولتۇرىۋالاتتى. ئەمما گەپ رەسمى سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىگە كېلىشى ھامان قولىدىكى ئىشىنى تاشلاپ قاتارغا قوشۇلۇپ قايناپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى ساۋاتسىز ئاددى كىشىلەر بولغاچقا، ئۇنىڭ تىنماي سۆزلەشلىرىگە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلەتكىنىچە قاراپ مۆكۈدەك ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىشاتتى. ئۇلار ھىتلېرنىڭ سەنئەت ھەققىدە، بىناكارلىق ھەققىدە سۆزدەك راۋان سۆزلەپ كېتىشلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. "ئۇ دائىم دېگۈدەك بىرەر كىتابقا تىكىلگىنىچە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن،" كىشىلەر ئۇنى بىر زىيالى ئىكەن دەپ قاتتىق ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ سومكىسىدا ھەر ۋاقىت بىر قانچە پارچە كىتاب تېپىلاتتى. ئۇ كىتابلىرى ئارىسىدا ئارتۇر شوپېنخاۋئېرنىڭ كىتابىمۇ بار ئىدى ("مەن ئۇنىڭدىن بەكلا كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندىم" دەيدۇ ھىتلېر). بۇ پەيلاسوپ قايتا-قايتا تەكىتلەپ ئوتتۇرىغا قويغان قارام كۈچنى، بۇنداق كۈچنىڭ چوقۇم غەلىبىگە يېتەكلەيدىغان كۈچ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشى، ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

1915-يىلى ياز ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا ھىتلېر پولك شتابىنىڭ كام بولسا بولمايدىغان ئادىمىگە ئايلىنىدۇ. ھەر قايسى باتالىيون-روتىلار بىلەن شتابنى باغلاپ تۇرىدىغان تېلېفون سىملىرى دۈشمەن توپ ئوقىدا پات-پاتلا ئۈزۈلۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئالاقىچىلارغا تايىنىپ خەۋەر يەتكۈزمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى. "بىز پاتلا شۇنى ھېس قىلدۇقكى، _ دەيدۇ لېتنانت ۋىيېدېمان ئەسلەپ، _ پەقەت ئادولفلا ئەڭ ئىشەنچلىك ئالاقىچىمىز ئىدى." (1935-يىلى، فرىز ۋىيېدېمان ھىتلېرنىڭ ئاديۇتانتى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندە، داھىسىنىڭ، يەنى فۈھرېرىنىڭ تاشقى سىياسىتىگە قارشى چىققىنى ئۈچۈن خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ۋىيېدېمان كېيىن يازغان كىتابىدا، ھىتلېر شۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئەسلىملىرىنى پەقەتلا ئۇنۇتمىغان ئىدى، ئۇ، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلىگىنىدە كۆپتۈرۈپ ياكى يوشۇرۇپ يالغان سۆزلىگىنىنى بىرەر قېتىممۇ ئاڭلاپ باقمىدىم، دەيدۇ _ ئا. ھ. ئى) قالغان ئالاقىچىلارمۇ ئۇنىڭ زېرەكلىكى، ئادەتتىن

تاشقىرى جاسارىتىغا پۈتۈنلەي قايىل ئىدى. يەنى، ئادولف خۇددى بالا ۋاقتىدا ئوقىغان ھىندىيانلار ھەققىدىكى ھېكايىلارغا ئوخشاش چەبدەسلىك بىلەن ئالدىنقى سەپلەرگە قوقماي ئۆملەپ بارالايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بار بولغان بەزى نەرسىلەر باشقا ئەسكەرلەرنى ئەنسىرەتمەيمۇ قالمايتتى. ئۇ باشقىلارغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى بەكلا كۈچلۈك ئىدى. "خەۋەرنى جايىغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى بەكلا مۇھىم بىر ۋەزىپە، _ دەيدۇ بىر قېتىم باشقا بىر ئالاقىچىنى تەنقىدلەپ، _ شەخسىي قەھرىمانلىقىڭدىن ياكى قىزىقىشىڭدىنمۇ مۇھىم!" ئۇ ھەر دائىم ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا ئىنتىلىپلا تۇراتتى. ئۇ، دائىم دېگۈدەك باشقىلار ئۆچۈنمۇ خەۋەر يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۈستىگە ئېلىۋالاتتى.

6~7-ئايلاردا، ئۇرۇش سۈرئىتى تېزلىشىپ، خەۋەر يەتكۈزۈش ئىشلىرىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ. بۇنداق جىددىيلىك ھىتلېرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ چىرايى ساغرىپ ئۇرۇغلاپلا كەتكەن ئىدى. ھەر كۈنى تاڭ يورىماي تۇرۇپلا ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ توپقا تۇتۇشى بىلەن تەڭ ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە گازارما ئىچىدە قولىغا قورالىنى ئېلىپ ئالدى-كەينىگە ماڭغىنىچە يوگىرەشكە تەييار تۇرغان ئارغىماقتەك جىم تۇرالمايلا قالاتتى. ئاندىن ئۇ ھەممىنى بىر-بىرلەپ ۋارقىراپ ئويغۇتاتتى. باشقىلارنىڭ چاققان بولماسلىقىغا پەقەتلا چىدىمايتتى. ئەگەر بىرەرسى تويغىدەك تاماق بېرىلمىدى دەپ قاخشىغىدەك بولىدىكەن، دەرھال بۇ ئەسكەرگە: "1870-يىلقى جەڭدە فرانسۇز ئەسكەرلىرى يەيدىغان نەرسىسى يوق چاشقان تۇتۇپ يېگەن ئىكەن!" دەپ رەددىيە بېرەتتى.

25-سىنتەببىر كۈنى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ھۇجۇمنى كۈچەيتىدۇ. ئاخشىمى گۈگۈم ۋاقتىدا 16-بىرگادا پۈتۈن سەپ بويىچە قاتتىق تۇرۇپ تىركىشىدۇ. بۇ جەرياندا ئالدىنقى سەپ بىلەن بولغان تېلېفون ئالاقىسى تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.64 ھىتلېر بىلەن يەنە بىر ئالاقىچى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. ئۇ ئىككىسى ساق قايتىپ كېلىپ تېلېفون سىمىنىڭ پارتلاشتا ئۈزۈلگەنلىكىنى دوكلاد قىلىدۇ. دۈشمەن تەرەپنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن ھىتلېرنى ئالدىنقى سەپكە رادىئو كانىيى ئارقىلىق ھەر قايسى قىسىملارنى ئاگاھلاندۇرۇشقا ئەۋەرتىدۇ. ئۇ، بۇ ۋەزىپىنىمۇ غەلىبىلىك ئورۇنداپ شۇنچە كۈچلۈك دۈشمەن توپ ئوقىدىن يەنە بىر قېتىم ساق قۇتۇلۇپ كېلەلەيدۇ.

ھىتلېر ئۆتكەن بىر قانچە ئاي ئىچىدە كۆپ قېتىم ئۆلۈم بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، ئامالىنى قىلىپ ساق چىقالىغان ئىدى. ئۇنى قانداقتۇ بىر پەرىشتە ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ كېلىۋاتقاندەكلا بىلىنەتتى. ھىتلېر "بىر قېتىم، ئاكوپتا بىر قانچە سەپدىشىم

بىلەن تاماق يەپ ئولتۇراتتىم، ـ دەيدۇ ئەنگلىيەلىك بىر مۇخبىر ۋارد پرىسقا خىلى يىللاردىن كېيىن ئەسلەپ بېرىپ، ـ تۇيۇقسىز بىرسى قۇلىقىمغا چاققان بول، دەرھال نېرىسىغا يۆتكىلىۋال! دەپ ۋارقىرىغاندەكلا بىلىندى. قۇلىقىمغا ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز بەكلا ئېنىق، خۇددى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا جاراڭلىغاندەك ئىدى. مەنمۇ بۇ ئاۋازنى خۇددى بىر ھەربىي بۇيرۇقنى قوبۇل قىلغاندەك دەرھال ماقۇل بولۇپ ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن يۆتكىلىپ نېرىسىغا بېرىپ ئولتۇرىۋالدىم. يەنى شۇ چاغدا قولۇمدا تاماق قۇتىسى ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاكوپ ئىچىدە يىگىرمە قەدەمدەك نېرىغا بېرىۋالغان ئىدىم. يۆتكەلگەن يېرىمدە ئولتۇرۇپ قايتا تاماق يېيىشكە كىرىشتىم. كۆڭلۈممۇ خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغاندەك ئىدى. ئەمما مەن ئەندىلا تاماققا قوشۇق سېلىپ تۇرىشىمغا كۆز ئالدىمدا بىر ئوت ئۇچقۇنى چاقنىغاندەك بولۇپ، بايا ئولتۇرغان يېرىمگە بىر توپ ئوقى چۈشۈپ قۇلاقنى يارغىدەك گۈلدۈرلەپ پارتلايدۇ. ئۇ يەردە قالغان سەپداشلىرىمنىڭ ھەممىسى تىتما-تىتما بولۇپ بىرىمۇ ساق قالماي ئۆلۈپ كەتتى."

بەلكىم ئۇ ۋاقىتلار ئالدىن كۆرەلەيدىغان، ئالدىن ھېس قىلالايدىغان تۇيغۇلىرى ئۇيغانغان ۋاقىتلىرى بولسا كېرەك؟ شۇ يىلى كۆز ئايلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى پۈتۈن ئەتراپنى قويۇق تۇمان قاپلاپ كەتكەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ بىر شېئىر يېزىپ چىقىدۇ. شۇ پەيتتىمۇ ھىتلېر ئۆز تەغدىرىنىڭ قانداق بولىشىنى ھېس قىلغاندەك ئىدى:

ھەر قېتىم زىمىستان قىش يېتىپ كەلگەندە، تىپ-تىنىچ ساسلىقتىكى دەرەخ تۈۋىدە،

دوب تۈۋىدە يالغۇز ئولتۇرىمەن.

قاراڭغۇلۇق كۈچلىرىدىن ھەممىنىڭ ئىرادىسى پولات ئىستىھكام بولۇپ چىڭىپ،

ئاي شولىسى شەپىسى شىمالى ياۋروپا قەۋرىلىرىنى قاتۇرماقتا،

كۈندۈزلىرى بولىشىچە كۆكۈل ئاچقانلار، كېچىلىرى سېھىرلىك ۋەھىمە ئىچىدە قالدى!

چاقناپ تۇرغان پولاتنى شولار تاۋلىغان، ئۇرۇش ئۇچۇن ئەمەس غارىدىكى ستالاگمىتتەك.

شۇڭا راس بىلەن يالغان ئايرىلدى، ھەرپ-رەقەملەر بىلەن قانۇن چىقىرىمەن،

بەخت-تەرەققىياتقا يېتەكلەيمەن، ئۆزەمنى ھەققانىيەتچى كىشلەرگە ئاتايمەن!

ئاردىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندە ئۇ سەپداشلىرىغا ھەيران قالارلىق بىر ئالدىن ھۆكۈمنى جاكارلايدۇ: "ھەممىڭلار مېنىڭ دەۋرىمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈڭلار، مەن سىلەرنى چوقۇم داڭلىق كىشىلەرگە ئايلاندۇرىۋېتىمەن!"

شۇ يىلى دېكابىردا، قار ئورنىغا توختىماي سىم-سىم يامغۇر يېغىشقا باشلايدۇ. پوتون پولكنىڭ ئەگرى-بۈگرى سوزۇلغان پوتون ئاكوپلار چىلىق-چىلىق سۇ ئىچىدە قالىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق روژدىستۋو بايرىمى بىرىنچىسىدىنمۇ بەتەر ئېچىنىشلىق ئۆتىدۇ. پوتون ئەسكەرلەر ئۆيلىرىدىن خالتا ۋە ھال سوراش خېتى تاپشۇرۇپ ئالغان بولۇپ، ھىتلېرغا ھېچ نېمە كەلمىگەچكە ئۇزى يالغۇز قاتلىما كارىۋىتىدا بېشىنى چۆكۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ، ئۈچ كۈنلۈك دەم ئېلىش جەريانىدا ھېچ كىمگە بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ. سەپداشلىرى ئامالىنىڭ بارىچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشىپ، ئائىلىسىدىن كەلگەن ھېيتلىق خالتىلىرىنى ئېچىپ بىرگە تەڭ يېيىشنى تەكلىپ قىلىشىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئايرىم-ئايرىم رەخمەت بىلدۈرۈپ يېيىشنى رەت قىلىپ بىرىپ ئۆزىنىڭ دۇنياسى بولغان ئورنىغا كىرىپ يېتىۋالىدۇ. دەم ئېلىش ئاخىرلىشىشى ھامان، ھىتلېر غەم-ئەندىشىلىرىنى بىراقلا ئۇنۇتۇپ قايتىدىن خوشخوي ھالغا كېلىدۇ. ھەممەيلەننى خۇشال-خۇرام ئۆتكەن ھېيتى ئۈچۈن تەبرىكلەپ بىرمۇنچە چاخچاقلارنىمۇ قىلىدۇ. ھەتتا ئۇلارنى قاھ-قاھلىتىپ كۈلدۈرۈپمۇ ئالىدۇ.

1916-يىلىنىڭ ياز ئايلىرى كىرىشى بىلەن ھىتلېر تۇرىۋاتقان بىرىگادا جەنۇپقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ھەل قىلغۇچ دالا ئۇرۇشى ھېساپلانغان سوممې ئۇرۇشىغا ئۇلگۈرۈپ ئالدىنقى سەپكە يېتىپ بارىدۇ.65 ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەن تەڭ، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى كۈنىدىلا 20 مىڭغا يېقىن ئىنتىپاقداش ئارمىيىسى ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ ياكى يارىدار قىلىنىدۇ. 14-ئىيۇل ئاخشىمى فىروملېلېس ئەتراپىدا 16-بىرگادىنىڭ ئالدىنقى سەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان پوتون تېلېفون سىملىرى توپ ئوقىدا ئۈزۈلۈپ تاشلانغان ئىدى. ھىتلېر بىلەن يەنە بىر ئالاقىچى قەدەممۇ-قەدەم بىر ئۆلۈم خەۋپى پۇراپ تۇرغان بولىشىغا قارىماي بىرىپ سىم يولىنى تەكشۈرۈشكە ئېۋەرتىلىدۇ. ئۇلار لىق سۇغا تولغان ئاكوپ ياكى توپ ئوقى ئويىۋەتكەن ئازگاللارغا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ سىم تەكشۈرەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىققان ئالاقىچى ئەسكەر ھارغىنلىقتا بەرداشلىق بىرەلمەي يېتىپلا قالغان ئىدى. ھىتلېر ئامال يوق بۇ سەپدىشىنى سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاكوپقا قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

20-ئىيۇل كۈنى، فىروملېلېس ئۇرۇشى ئوتتەك قىزىپ كېتىدۇ. ئۇرۇشتا ھەر ئىككىلا تەرەپتىن بەكلا كۆپ كوماندىر-ئەسكەر يارىدار بولىدۇ ياكى ئۆلىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ھېچ قايسى تەرەپ بىر قەدەممۇ ئالغا ئىلگىرلىيەلمەيدۇ. شۇندىن كېيىنكى ئىككى ئاي جەريانىدا جەڭلەر ئاساسەن زىرىكىشلىك ئاكوپ ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ قىلىپ، بىر-بىرىنى

شىددەت بىلەن تويقا تۇتۇش بىلەنلا دىگىدەك ئۆتىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ بىر غىرىچمۇ ئالغا ئىلگىرلىيەلمەيدۇ ياكى كەينىگە چېكىنمەيدۇ. دەل شۇ پەيتتە ھىتلىرنىڭ يېقىن بىر سەبدىشى بۇ يەردىن يۆتكىلىپ كېتىدۇ. ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە تەرجىمانلىق قىلىدۇرۇش ئۈچۈن ھانس مىندنى ئارقا سەپكە يۆتكەپ كەتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھىتلىرنىڭ يەنە ئېرنست شمىدت بىلەن ئىگناز ۋېستېنكىرچنىر دىگەن ئىككى يېقىن سەپدىشى بار ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ ھېلىقى سۇيۇملۇك كۈچۈكىمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغان ئىدى. "بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، فرومىلدا مەن شۇ سۇيۇملۇك تۈلكىچاقىغا دىققەت قىلىپ قاراپ كېتەتتىم. ــ دەيدۇ ھىتلىر ئارىدىن 25 يىل ئۆتكەن بىر قىش ئاخشىمى ئىتنى ئېسىگە ئېلىپ، ــ بەكلا ئۇماق ئىت ئىدى-دە! ــ ئۇ تۈلكە ئىسىملىك ئىتى توغرىلىق گەپ بولغىنىدا، ئىتنىڭ ئۈستىدە ئۈچۈپ يۈرگەن چىۋىننى تۇتىمەن دەپ قىلغان قىزىق ئويۇنلىرى ئېسىگە كېلەتتى. كۈچۈك دەسلىۋىدە خۇددى گېپىنوز قىلىنغاندەك تىترەپ قاشلىرىنى تۈرۈپ كەتسە، يەنە تۇيۇقسىز سەكرىگىنىچە چېۋىنغا تاشلىناتتى. ــ مەن ئۇنىڭ ھەركىتىگە دىققەت قىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم. ئۇ كۈچۈك خۇددى ئادەمدەك قىلىقلارنى قىلىپ ئاچچىقى كېلىپ خېقىراپ كېتەتتى." ھىتلىر تاماققا ئولتۇرغىنىدا ئۇنىڭ كىچىك تۈلكىسى يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئەگەر ھىتلىر 5~6 قوشۇق كاپ قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا بىر كاپام بىر نېمە بەرمىسە كۈچۈك دەرھال زوڭ ئولتۇرغىنىچە غوجايىنىغا يانچە چەكچىيىپ "ماڭچۇ؟" دىگەندەك قىلىقلارنى قىلاتتى. "قىزىق، مەن ئۇ كۈچۈككە راستىنلا ئامراق بولۇپ قاپتىكەنمەن."

ئارىدىن ئۈچ ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، سوممې ئۇرۇشى ئاخىرى چىقماس بىر ئۇرۇشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى تىنماي ھۇجۇم قوزغاپ تۇراتتى. بۇ ئۇرۇشتا ھەر ئىككىلا تەرەپتىن 614 مىڭ ئادەم چىقىم بولىدۇ. بۇ ئۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ قىلچە مەنىسى يوق قىرغىنچىلىق ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا نېمىس قوشۇنلىرى ھەپتىلەپ نۇرغۇن قېتىم قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ يەنىلا بىر قەدەممۇ كەينىگە چېكىنمەي تىركىشىدۇ. بۇ جەرياندا ھىتلىر يەنىلا پەرىشتىلەرنىڭ ھىمايىسىدە تۇرغاندەك ساق ئىدى. 7-ئۆكتەبىر كۈنى، ئۇنىڭدىن تەلەي قاچقان بىر كۈن بولغان ئىدى. ئادەتتىكىدەك قالغان ئالاقىچىلار بىلەن بىرلىكتە پولك شتابىغا تۇتىشىدىغان تار بىر ئۆڭكۈردە ئولتۇرغىنىچە ئۇيقىغا پېتىپ قالغان ئىدى. تۇيۇقسىز بىر پاي توپ ئوقى يەر ئاستى ئاكوپىنىڭ ئاغزىغا چۈشۈپ پارتلاپ، ئالاقىچىلارنى تىرە-پىرەڭ قىلىۋېتىدۇ. ھىتلىر پاقالچىقىدىن يارىلىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي لىتنات ۋىيدېمان بىلەن

تالىشىپ يارام ئېغىر ئەمەس، ئالدىنقى سەپتىن قايتۇرماق دەپ چىڭ تۇرىۋالدۇ. "لېتنانت، قاراڭ، مەن يەنىلا ئۆرە تۇرالايمەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ _ دەيدۇ ھىتلېر ئالدىرىغىنىچە، _ مەن سىزدىن ئايرىلغىم كەلمەيدۇ، مېنى پولك شتابىدىن ئارقا سەپكە قايتۇرىۋەتمىسىڭىز" دەپ يالۋۇراتتى.

ھىتلېر، بىر دالا ئارمىيە دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ ياتقۇزۇلدۇ. ئۇنىڭ يارىسى ئۇنچە بەك ئېغىر ھېساپلانمىسىمۇ، دوختۇرخانا بالىنىسىغا كىرىشى بىلەن تەڭ ئۇنى باشقا بىر روھى ئازاپ، ئەنسىزلىك كېسلى يېقىتىپلا قويىدۇ. بۇ ئىش مۇنداق بولغان ئىدى: ھىتلېر ياتاقتا ياتقىنىدا قۇلىقىغا ئۇشتۇمتۇت بىر نېمىس ئايالىنىڭ، يەنى بىر سېستىرانىڭ ئۇنىڭغا گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. "بۇ مېنىڭ ئىككى يىلدىن بويان تۇنجى قېتىم ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشىم! _ دەيدۇ ھىتلېر شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ.66 كۆپ ئۆتمەي ئۇنى گېرمانىيىگە قاراپ ماڭغان ياردارلار پويىزىغا ياتقۇزۇشىدۇ، _ بىزنى ۋەتەنگە ئېلىپ ماڭغان پويىز گېرمانىيە چېگراسىغا يېقىنلاپ كەلگەنسىرى، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىگە پېتىشقا باشلىدى. _ ئاخىرى ئۇ، تۇنجى نېمىس ئۆيلىرىنىمۇ كۆرۈشكە باشلايدۇ، _ بىز ئۆگزىلىرى تىك ۋەتەنگە خاس ئۆيلەرنىڭ چىرايلىق قوش قاناتلىق، قوش قاپلىق پەنجىرىلىرىنى كۆرمەكتە ئىدۇق. ئاھ ۋەتەن!"

3

ئادولف بېرلىننىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان بىر قۇرۇقلۇق ئارمىيە گوسپىتالىغا ياتقۇزۇلدۇ (گوسپىتال، يەنى ئېنگلىزچىدا ھوسپىتال، دوختۇرخانا. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاتمىشىنچى يىللىرىغىچە سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت بولغان يىللاردا ئۈرۈمچىدە ئادەتتە دوختۇرخانىلار سوۋېتتىكىگە ئوخشىتىپ كەسپى بويىچە نومۇر بىلەن ئاتىلاتتى، يەنى ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى بىرىنچى دوختۇرخانا، شىمالى قۇۋۇقتا؛ تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ئىككىنچى دوختۇرخانا، بۇلاق بېشىدا؛ يۇقۇملۇق ئۆيكە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ئۈچىنچى دوختۇرخانا، شامالباغ ۋە ئۈنۈۋېلشىتىت يېنىدا؛ ۋە روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى تۆتىنچى دوختۇرخانا، ... ھەربى دوختۇرخانا ئون ئۈچىنچى گوسپىتال، يېقىلغانتاش_ئەخمەتجان يولىدا، ... دېگەندەك. _ ئۇ.ت). بىر مەزگىل ئاكوپ تۇرمۇشىغا ئادەتلىنىپ قالغان ھىتلېر، بالىنىستىكى پاك-پاكىزە ئاق كىرلىكلەر بىلەن قاپلانغان كېسەل كارىۋىتىنى كۆرۈپ

ھەيران قالغان ئىدى. دەسلىۋىدە "بۇنداق پاكىز كارىۋاتلاردا يېتىشىنى ئۆتتۈپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن كارىۋاتتا ئولتۇرۇشتىنىمۇ ئەيمىنىدۇق" دەيدۇ ھىتلېر. ئۇلار بۇنداق راھەت مۇھىتقا ئاستا-ئاستا كۆنۈشكە باشلايدۇ. شۇنداقتىمۇ بەزىلەردىكى ئەدەپسىزلىك خاراكتېرلىرى ئۇنىڭغا بەكلا ياد بىلىنەتتى. ئادولف، داۋاللىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭالىغىدەك بولغىنىدا بىرلىنىدا يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش قىلىپ كېلىشىگە رۇخسەت ئالىدۇ. ھىتلېر بېرلىندا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاچارچىلىقنى، يوقسۇللۇقنى ھەمدە كىشىلەرنى تىنچلىق ئۈچۈن كۆشكۈرتىدىغان مۇتىھەملەر ھەرىكىتىنىڭ يامراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

ئىككى ئاي داۋاللىنىپ ساقىيىپ بالنىستىن چىقىدۇ. ئۇنى ميۇنخېندىكى بىر ئارقا سەپ تەمىنات باتالىيونىغا يۆتكەيدۇ. ئۇنىڭ «كۈرەش يولۇم» دېگەن ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغىنىمىزدا، ئادولف ميۇنخېنغا كېلىپ جەڭگىۋارلىقنىڭ يوقۇلۇش سەۋەبىنى تاپقان ئىدى. گېرمانىيىدە جەڭگىۋارلىقنىڭ يوقۇلۇشىغا بىردىن بىر سەۋەپچى بولىۋاتقانلار ـ يەھۇدىيلار! ئارقا سەپتە گېرمانىيىنىڭ يىمىرىلىپ كېتىشى ئۈچۈن سۇيىقەست تەييارلاشقانلار دەل شۇ يەھۇدىيلار! دېگەن خۇلاسىغا كەلگەن ئىدى. "گويا ھەممىلا مەمۇرى كادىرلىقنى يەھۇدىيلار ئىگەللىۋالغان، ھەممىلا يەھۇدىي مەمۇرى كادىر بولىۋالغاندەكلا قىلاتتى. بۇ ئاتالمىش تاللانغان مىللەت ئارىسىدىن بۇنچىۋالا كۆپ قابىلىيەتلىك ئادەم چىقىدىغانلىقىغا بەكلا ھەيران ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپلىكىدىن، ئالدىنقى سەپلەرگىمۇ ئېشىنالماي قالغان. ـ ھىتلېر شۇنىڭغىمۇ قول قويغان ئىدىكى، ـ يەھۇدىيلار پۇل مۇئامىلە ساھەلىرىدە گېرمانىيە ئىشلەپچىقىرىشىنى تېزگىنىگە ئېلىۋالغان، بۇ قان شورىغۇچى قۇرتلار خەلقىنىڭ تومۇرلىرىدىكى قاننى شوراپ قۇرۇتماقتا ئىدى."

ئالدىنقى سەپتە، ھىتلېرنىڭ سەپداشلىرى ئۇنىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. بىر ھېساپتا ھىتلېر باشقىلارچىلىكمۇ يەھۇدىي دۈشمەنلىكى بار بىرى ھېساپلانمايتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇمۇ يەھۇدىيلارغا قارشى ئانچە ئېغىر كەلمەيدىغان بىرەر-ئىككى ئېغىز گەپلەرنىمۇ قىلىپ قوياتتى. مەسىلەن "ئەگەر بارلىق يەھۇدىيلار بىزنىڭ كونىدوكتۇرىمىز بولغان ستېپىنچىلىك ئەقىللىقلا بولمىغان ئىكەن، ئۇنداقتا، يەھۇدىي دېگەنلەردىن تولا بەك ئەنسىرەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق." ئۇنىڭ ۋىيىنادا يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىلا يەرگە بۇرنىنى تىقىپ يۈرىدىغانلىقى ھەققىدە دېگەن ھەر قېتىمقى گەپلىرىدىمۇ ھېچقاچان يامان غەرەز يوق ئىدى، دەيدۇ ۋىستېنكىرچىنېر بۇ ھەقتە ئەسلەپ كېلىپ. ئەسلىدە سىمدەتمۇ ئۇنداق بىر گەپ قىلغانلىقىنى ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. لېتنات ۋىيېدېمانمۇ ئۇنىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ

باققانلىقنى ئاڭلىمىدىم دەيدۇ (راستىنى دېسەم مەن ھىتلېرنىڭ يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنىغا زادىلا ئىشەنگىم كەلمەيدۇ، دەيدۇ ۋىيېدېمان). ئەندى ھىتلېر، مىيۇنخېنغا ئۆچ بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە بۇ ئارقا سەپ تەمىنات باتالىيونىدىكى سىياسىي مۇھىت ھەققەتەنمۇ كىشىنى يىرگىنىدۈرەتتى. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچقايسى ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن ئەسكەرلەرگە ھۆرمەت قىلىشنى بىلمەيتتى. يەنى ئۇ يەردىكى كىشىلەر ھىتلېرنىڭ ئالدىنقى سەپ ئاكوپلىرىدا تارتقان جاپالىرى ھەققىدە قىلچىمۇ تەسىراتى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئارىسىغا قايتىپ كېتىشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتتىدۇ. ئاخىرى، 1917-يىلى يانۋاردا لېتىنانت ۋىيېدېمانغا خەت يېزىپ، سالامەتلىكى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىپ بولغانلىقىنى، شۇڭا قايتىدىن ئالدىنقى سەپكە قايتىپ كېتىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى، مۇمكىن بولسا بۇرۇن تۇرغان پولكىغا، بۇرۇنقى سەپداشلىرىنىڭ قېشىغا قايتۇرۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. 1-مارت كۈنى، ھىتلېر 16-پولكقا قايتىپ بارىدۇ. كونا سەپداشلىرى ھىتلېرنى قىزغىن كۈتىۋالىدۇ. ئۇنىڭ سۆيۈملۈك كىچىك تۈلكىسىمۇ خۇشاللىقىدىن غىڭشىپ ناينىقشىپ كېتىدۇ. "كۈچۈكۈم ماڭا ئېتىلغىنىچە كېلىپ ئېسىلىۋالدى" دەيدۇ ئادولف. كەچلىك تاماقتا روتىنىڭ ئاشپىزى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە تاماق تەييارلايدۇ. دەستىخان بولكا، مۇراببا ۋە پېچىنە-پىرەنىدىكلەر بىلەن تولغان ئىدى. ھىتلېر ئاخىرقى ھېساپتا ئۆز ئائىلىسىنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلگەن ئىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى، ھىتلېر قول چىرىقنى ئېلىپ مىلتىق شتىكىگە قاراپ خائىنلارغا ھاقارەت قىلىپ بىر مۇنچە ۋارقىرىۋالىدۇ. كېچىدە يەنە سىرتقا چىقىپ بىر ھازا ئايلىنىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭ جىم تۇرماي تاراخشىپ يۈرگىنىگە خاپا بولۇپ، بىزنى ئارامىدا ئۇخلىغىلى قوي، دەپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاياقلىرىنى ئېتىپ ۋارقىراشقىنىدىن كېيىنلا ئاندىن ياتىقىغا كىرىپ ئۇخلايدۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە پولك بويىچە ئارراس رايونىغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، يەنە بىر قېتىملىق ئەتىيازلىق ھۇجۇم ئۈچۈن تەييارلىق باشلىنىپ كېتىدۇ. شۇنداق پەيتلەردىمۇ ھىتلېر رەسىم سىزىش ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرالايتتى.67 بۇ ۋاقىتتا ئۇ بىرەر مەنا ئىپادىلەيدۇ دەپ قارىغان ئۇرۇش مەيدانىنى تەسەۋۋۇرلەيدىغان خېلى جىق سۇ بوياق رەسىمى سىزىپ چىقىدۇ. (ئۇنىڭ نەشرى قىلىنمىغان خاتىرە دەپتىرىدە سەھنە لايىھىلەش مۇتەخەسسىسى گوردون كرايگ، ھىتلېرنىڭ ئۇرۇش مەيدانى رەسىملىرىنى ئىنتايىن يۇقىرى سەنئەت قىممىتىگە ئىگە دەپ باھالايدۇ. بۇ رەسىملەرنى شۇنچە مەدىھلەپ كېتىشى بەلكىم ھىتلېرغا بولغان رەخمىتىدىن كەلگەن بولىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، ھىتلېر بۇ

مۇتەخەسسىسنى ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان، ھەمدە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە پارتىزغا بىرىپ تۇرۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدا ھىتلىر پات-پات بىرىپ ئۇنىڭ رەسىملىرىنى سېتىۋالاتتىكەن _ ئا. ھ. ئى). شۇ يىلى مەسىخ بايرىمىدا، ئۇ ھۆنىرىنى ئوچۇق ئوتتۇرغا قويىدۇ: ئادولف، ھاك بىلەن كۆمۈر كومۇلاچلىرىنى ئاققا بوياپ، پولكوۋنىك باغچىسىغا "1917-يىللىق پاسخا بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن" دىگەن خەتلەرنى تىزىپ چىقىدۇ. بىر قانچە ئايدىن كىيىن، 16-بىرگادىغا فرىيىخىر ۋون تۇبىۋۇف ئىسىملىك بىر مايور يىڭىدىن پولك كوماندىرى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. بۇ يىڭى پولك كوماندىرى پولكوۋنىكلار جەمەئەتىگە تەۋە بەكلا تىتىك كىشى ئىدى. ئۇ كىلىپلا پولك ئىنتىزامىنى قايتا رەتكە سېلىشقا كىرىشىپ كىتىدۇ. ئۇ ئوفىتسىر-جەڭچىلەرنى جاپاغا قويغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇلارنى يوقىرى دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدارلارنى تەنقىتلىيەلەيدىغان جاسارەتكىمۇ ئىگە قىلغان ئىدى. ئۇ، پولكتىكى زىرىكىشلىك بۇرۇختۇرمىلىق ۋەزىيەتنى ئۆگشاش ئۈچۈن ئۆزى باشلاپ ئوۋغا چىقىپ بىرەتتى. ھىتلىر ئورمان ئىچىدىن ياۋايى ھايۋانلارنى قوغلاپ چىقىرىپ بىرەتتى. ئالدىنقى سەپكە تۇتاش ئورمانلىق ئىچىدە ھىتلىر تاياق بىلەن  تىنماي ئىككى سائەتكىچە ئۇياقتىن بۇياققا چىپىپ ئۇشقىتىپ يۈرۈپ پولك كوماندىرىنىڭ ئىتتۈپلىشى ئۈچۈن توشقانلارنى ئۈركۈتۈپ ئوتتۇرغا چىقىرىپ بىرەتتى (شۇنىڭدىن 16 يىل ئۆتكەندە ھىتلىر بۇ پولك كوماندىرىنى گىنىراللىققا ئۆستۈردۇ).

گەرچە ھىتلىرنىڭ ھەربىلىككە قاتناشقىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەڭلەردە ئالاھىدە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ كىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دەرىجىسى يەنىلا شۇ ئون بېشىلىقتا تۇرۇپ قالغان ئىدى. بۇ ھەقتە ۋىيىدىمان مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭ مۇھىم سەۋەپلىرىدىن بىرسى، ھىتلىردا رەھبەرلىك قىلىش قابىلىيىتى يىتەرسىز ئىدى. يەنە بىر سەۋەپ، ئۇ ئادەتتىكى يۈرۈش-تۇرۇشلاردا بەك دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇ ئادەتتە دائىم دىگىدەك بېشىنى سىڭايان قىيسايتىپلا يۈرەتتى. يول ماڭغاندىمۇ بېشىنى ئىگىپ دۈمچىيىپ ماڭاتتى. گەرچە ئۇ ئازىراقلا پۇرسەت تاپسا يۇيۇنۇپ يۈرىدىغان، يۇيۇنمايدىغان ئەسكەرلەرنى تىرىك قىغ دۆۋىسى دەپ مازاق قىلىدىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۆتۈكىنى سۈرتۈپ مايلاشقا بەكلا قىرىق ئىدى. بىرەر ئوفىتسىرغا دۈچ كىلىپ قالسىمۇ دىققەتتە تۇرمايتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئادەتتە پولكلاردا ئالاقىچىلارغا سىرژانت ئەسكەر دەرىجىسى بېرىشنىڭ بىرەر مۇۋاپىق مۇھتىمۇ يوق ئىدى. ئەگەر ئۇنى ئۈستۈرۈشكە توغرا كەلسە، چوقۇم ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىدىن چىقىرىشقا توغرى كىلەتتى، يەنى ئۇنى داۋاملىق ئاددى ئالاقىچى قىلىپ ئىشلىتىشكە بولمايتتى. ئۇ چاغدا، پولك شتابىمۇ ئەڭ قابىلىيەتلىك بىر ئالاقىچىسىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغان ھېسابلىناتتى.

شۇ يىلى يازدا، قىسىم بۇرۇن ئۇرۇش قىلغان بىلگىيە ئۇرۇش مەيدانىغا قايتۇرۇلۇپ يىپرېسنى تارتىۋېلىشنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئۇرۇشىغا قاتنىششقا يوللىنىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش، تۇنجى قېتىمقىسىغا ئوخشاشلا قاتتىق شىددەتلىك بولىدۇ. ئىيۇل ئوتتۇرلىرىدا ئۇلار ئۇدا 10 سوتكا دۈشمەن توپ ئوقى ئاستىدا قالىدۇ. توپقا تۇتۇشلار ئارىلىقىدا ئۇلار يەر ئاستىدا قانداقتۇ بىر قورقۇنۇشلۇق يەر كولاش ئاۋۇشى كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيىدۇ. دۈشمەن قىسىملىرى ئۇلارغا قارىتىپ يەرئاستى يولى كولىماقتا ئىدى. يوقۇرىدا دۈشمەن ئايروپىلانلىرى قۇلاقنى يارغىدەك گۈرۈلدەپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەينىدىنلا قورقۇنۇچلۇق پارتلاشلار باشلىنىدۇ. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ قىسىم تىنىماي زەھەرلىك گاز ھۇجۇمىغىمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. شۇڭا ئەسكەرلەر پات-پاتلا سوتكىلاپ زەھەردىن قوغدىنىش ماسكىسى تاقاشقا مەجبۇر ئىدى. ئىيۇلنىڭ ئاخىرقى كۈنى پوزىتسىيىسىنى قوغداپ تۇرىۋاتقان قىسىملار يەنە بىر قورقۇنۇچلۇق دۈشمەن ھۇجۇمى بولغان تانكا ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ بەختىگە پۇتكۇل ئىككى سەپ ئارىسىدىكى بوش يەر يامغۇردا مىچىلداپ كەتكەچكە، تانكىلارمۇ پاتقاققا پېتىپ قىمىرلىيالمايلا قالىدۇ.

ئاۋغۇست كىرىشى بىلەن، ئېغىر چىقىمدار بولغان ھىتلېر تۇرغان 16-قىسىم جەڭدىن چىقىرىلىپ ئالساسقا كەلتۈرۈلۈپ قايتا تەرتىپكە سېلىپ دەم ئالدۇرۇلىدۇ. دەل شۇ پەيتلەردە ھىتلېرمۇ ئىككى قېتىم ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ: بىر تۆمۈريول ئەمەلدارى "تۈلكىچاق" نىڭ قىلىقىغا مەس بولۇپ، ئۇنى ماڭا 2 يۈز ماركقا سېتىپ بەر دەپ تۇرىۋالغان ئىدى. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغىنىچە "ھېلىغۇ 200 مارك بەرگىدەكسەن، بۇ كۈچۈككۈمگە 200 مىڭ مارك بەرسەڭمۇ ساتمايمەن!" دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. كۈتۈلمىگەندە قىسىم پويىزدىن چۈشىۋاتقىنىدا كۈچۈك يوقاپ كېتىدۇ. قىسىم يولغا چىقىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېرمۇ ئىتنى ئىزدەشنى تاشلاپ ئامالسىز يولغا چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. "بەكلا كۆڭلۈم يېرىم بولدى. مەن ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان كۈچۈكۈمنى ئوغرىلىغان ئۇ توڭگۇزنىڭ كۈچۈكى نېمىشكە ئۇنداق قىلىدۇ؟"68 دەل شۇ پەيتلەردە يەنە بىر "توڭگۇزنىڭ كۈچۈكى" ئۇنىڭ يوك تاغىرىنى كېسىپ ئىچىدىكى تىز رەسىم، ماي بوياق ۋە سۇ بوياق رەسىملىرى سېلىنغان قۇتىسىنى ئوغرىلاپ كېتىدۇ. ئۇ، بىرىنچى قېتىمدا تۆمۈريولچى مۇناپىق تەرىپىدىن، ئىككىنچى قېتىم بولسا يېقى ئەسكەر مىتىلىرى تەرىپىدىن (ئالدىنقى سەپتە ئەسكەرلەر دائىم دىگىدەك بىر-بىرىنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلىشاتتى) ئوغرىلىنىپ كۆڭلى سۇۋۇپ، رەسىم سىزىش ماتېرىياللىرىنىمۇ كارى بولماي تاشلىۋېتىدۇ.

شۇ يىلى ئۆكتەبىر باشلىرىدا شىمدت ئادولفنى دەم ئېلىپ كېلىشكە ماقۇل كەلتۈرۈپ،

ئۇنىڭ بىلەن بىرگە 18 كۈنلۈك دەم ئېلىشقا چىقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دەم ئېلىشى، ئۇرۇش باشلانغىنىدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق تەتىلى ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ بارىدىغان يېرى درېسدېن ئىدى. شەھەرنىڭ سىگىلىسى شۇ يەردە تۇراتتى. ئەمما ئۇ ئىككىسى يول ئۈستىدە برۇسسېلس، كولوگن ۋە لېيپزىگلاردا توختاپ ئۇ يەرلەرنىڭ مەنزىرىسىنى زىيارەت قىلىپ ئۆتىدۇ. ھىتلېر لېيپزىگنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ يەردىكى سان توماس چېركاۋى مارتىن لۇتېرنىڭ تۇنجى قېتىملىق ۋەز ئېيتقان يېرى ئىدى. يەنە شۇ چېركاۋدا باخ 27 يىلغىچە دۇخراتكا چالغان، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يەنە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان ئىدى؛ يەنە شۇ چېركاۋدا ۋاگنېر ئۇچۇن چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغىنى، ئۇ يەردىكى 3 يۈز فوت ئېگىزلىكتىكى "مىللى ئازاتلىق ئۇرۇشى" نىڭ ھەيۋەتلىك خاتىرە مۇنارىسى ئىدى. بۇ خاتىرە مۇنارىسى 1813-يىلقى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان قەھرىمانلارنى خاتىرلەش يۈزىسىدىن تىكلەنگەن مۇنار ئىدى. بىر قارىماققا بۇ مۇنار روھلار ئۇچۇن تىكلەنگەن خاتىرە مۇنارىسىغا قارىغاندا بىر قەلئەگە بەكرەك ئوخشاپ كېتەتتى. "بۇ خاتىرە مۇنارىسى گۈزەل سەنئەت بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق بولسىمۇ، ھەيۋەتلىك بولۇپلا قالماي ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى" دەيدۇ ھىتلېر. درېسدېندە ئۇلار شىلېۋىگ گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىخانىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان داڭلىق بىنالارنى، ھەر خىل رەسىم كۆرگەزمىلىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇتىياتىرغا كىرىشنى بەكلا ئارزۇ قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇ كۈنكى سەھنىگە قويۇلىدىغان ئەسەرلەر تىزىمىدا ۋاگنېرنىڭ ئەسەرلىرى كۆرۈنمىگەچكە، كۆرگىدەك بىر نېمە يوق ئىكەن دەپ كىرمەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئۆزى يالغۇز بېرلىنغا بېرىپ، ئالدىنقى سەپتىكى سەپداشلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىدە بىر قانچە كۈن قونۇپ قالىدۇ. ھىتلېر شەھەرتقا يوللىغان بىر ئاتكىرتكىدا "بۇ شەھەر ھەقىقەتەنمۇ ئېسىل شەھەر ئىكەن، بۇ شەھەر ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق دۇنياۋى پايتەخت بولۇشقا لايىق بىر شەھەر ئىكەن. قاتناش بۇگۈنكى كۈندىمۇ ئوخشاشلا تىقما-تىقما بولۇپ تۇرىدىكەن. مەن ھەر كۈنى دىگىدەك شەھەرنى ئايلىنىپ يۈردۈم. بۇ شەھەردىكى ھەر خىل مۇزېيلارنى تەپسىلى كۆرۈپ چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. قىسقىسى، نېمىنى خالىساڭ شۇنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر شەھەر ئىكەن" دەپ يازىدۇ.

شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا، 16-بىرىگادىنىڭ ئانچە كۆپ جەڭ ۋەزىپىسى يوق ئىدى. شۇڭا ھىتلېرگىمۇ كىتاب ئوقۇشقا يېتەرلىك ۋاقىت چىققان ئىدى. ئۇ رومان بىلەن ژۇرنال دېگەندەك نەرسىلەرگە قاراپمۇ قويمايتتى. ئۇ، پۈتۈن زېھنىنى تارىخ ۋە پەلسەپە كىتابلىرىنى ئوقۇشقىلا سەرپ قىلاتتى. "ئۇرۇش كىشىلەرنى ئىنسان خاراكتېرىنى چوڭقۇرلاپ ئويلىنىشقا مەجبۇرلىدى _ دەيدۇ ھىتلېر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھانس فرانكقا، _

تۇرمۇشىمىزدا دۇچ كېلىدىغان ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تۆت يىللىق ئۇرۇش 30 يىللىق ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇشىغا تەڭ تۇراتتى. مېنىڭ ئەڭ يامان كۆرىدىغىنىم زېرىكىشنى باستۇرۇش ئۈچۈن يېزىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىدى. ئەگەر ئىنسانىيەت تەغدىرىگە قىزىقماقچى بولىدىكەنمىز، پەقەتلا خومېرنىڭ «چاقىرىق» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇشىمىز شەرت. ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە مېنىڭ ئاساسلىق ئوقۇغان كىتابىم شوپېنخاۋئېرنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى قايتا-قايتىلاپ تەتقىق قىلىپ چىققان ئىدىم (ھەقىقەتەنمۇ يېنىدا ساقلاپ يۈرگەن شوپېنخاۋئېر ئەسەرلىرىدىن بىرسى تۇلا ۋاراغىدىنىپ تىتىلىپ كەتكەن ئىكەن). شۇنىڭدىن كېيىن، گەرچە ئەيسا ھەققىدە جەڭچى دېيىلگەنىدىمۇ، «چاقىرىق» كۆرسەتمىلىرىدىن پايدىلانماي تۇرۇپمۇ ئەركىن ھەرىكەت قىلالىدىم. شۇنداقتىمۇ سول ئىككىنچىگە مۇش يىسەك ئوڭ ئىككىنچى تۇتۇپ بەر، دېيىشنىڭ ئالدىنقى سەپكە بەك ماس كېلىدىغان سۆز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم."

شۇ يىلى قىشتا، بۇرۇنقى غەرب ئۇرۇش سەپلىرىدىكىگە ئوخشاش ئالدىنقى سەپلەردە جەڭ قىلىۋاتقان جەڭچىنىڭ شارائىتى بەكلا قىيىن ئىدى. ئۇلارغا بېرىلگەن تاماقلىرىنىڭ قۇۋۋىتى بۇرۇنقى كۈنلەرنىڭ ھەر قانداق ۋاقتىتكىدىنمۇ تۆۋەن بولۇپ، ئەسكەرلەر ئىلاجسىز ئىت-مۈشۈكلەرنى ئۆلتۈرۈپ قورساق تويغۇزۇشقا مەجبۇر قالدۇ. ھىتلېرنىڭ سەپداشلىرىدىن بىرسى ئەسلەپ كېلىپ، "بەلكىم سۆيۈملۈك كۈچۈكىنىڭ ئوغۇرلانغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئىت-مۈشۈك ئىچىدە ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان گۆشى مۈشۈك گۆشى ئىدى. ئەگەر يەيدىغانغا بىرەر نەرسە تاپقىلى بولسىلا، ئۇ قاخلانغان بولكىغا ھەسەل ياكى مىراببا مىلاپ يېيىشنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى. بىر قېتىمدا، ئۇ بىر بىر ئازگاللدا لىق كۆمۈلگەن بولكا پارچىسى تېپىۋالدۇ. ئېچىرقاپ كەتكەن ئاشقازىنىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇ بولكا پارچىلىرىنى ئاۋايلاپ چىقىرىشقا كىرىشىدۇ. ھەتتا ئاستى تەرىپىدىن بولكىلارنى پۈتۈن بويىچە چىقىرىۋالدۇ. ئۇ، بۇ پەۋقۇلئاددە ئۆلجىسىنى سەپداشلىرى بىلەن تەڭ بۆلۈشىدۇ. ئۇلار بۇ بولكىلاردىن بىر قىسمىنى قۇم شىكەرگە تېگىشىپ ئالدىنقى سەپ پاسونىدا 'شىماررېن' دەيدىغان ئاۋستىرىيە تورتى ياساپ يېيىشتى" دەيدۇ.69

ۋەتەن ئىچىدىكى پۇخرالارمۇ "ئۆگزە توشقىنى" دەپ ئاتىۋېلىشقان ئىت-مۈشۈك گۆشلىرى بىلەن قورساق تويغۇزۇشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدى. بولكىلار ھەرە كېپەكى بىلەن قومچامغۇرنى ئاساس قىلىپ يۇغۇرۇپ پىشۇرۇلەتتى. سۈت تاپماق ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گېرمانىيىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمۇ بۇ جاپالىق كۈنلەرنى تەڭ تارتىشماقتا ئىدى. ۋېيىنادا يېمەكلىك يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاۋستىرىيە ھۆكۈمىتى بېرلىندىن ياردەمگە ئاشلىق تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇداپېشت بىلەن ۋېيىنادا پات-پات ئىش

تاشلاشلار پارتلاپ تۇراتتى. بۇ تۇر ئىش تاشلارنىڭ سەۋەبى يالغۇز ئاچارچىلىقلا بولۇپ قالماي، گېرمانىيە بىلەن روسىيەنىڭ يېڭى بولشېۋىك ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەلىششىنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىمۇ بىر سەۋەپ بولماقتا ئىدى. بىر قانچە ئايدىن بۇيان گېرمانىيىدە ھەربى ھالەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋاتقان بولۇشىغا قارىماي ئىش تاشلاش دولقۇنى گېرمانىيىگە يېيىلىشقا باشلايدۇ. 1918-يىلى 28-يانۋار دۈشەنبە كۈنى گېرمانىيە بويىچە ئومۇمي يۈزلۈك ئىش تاشلاش ھەرىكىتى باشلىنىدۇ. ئىش تاشلاشنىڭ ئاساسلىق مەقسىدى تىنچلىق تەلەپ قىلىش بولسىمۇ، ئىشچىلار ۋەكىلى ئىنتىپاقداش كۈچلىرى بىلەن سۆھبەتكە بىرلىكتە قاتنىشىش، ئاشلىق نورمىسىنى ئۆستۈرۈش، ھەربى ھالەت قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، گېرمانىيە بويىچە دېموكراتىك ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىش دېگەندەك تەلەپلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ميۇنخېن بىلەن نيۇرېمبېرگ شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا ھەر قانداق بىر شەرت قويماستىن تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ نامايىش قىلىۋاتقان ئىشچىلار سانى نەچچە مىڭ كىشى ئەتراپىدا بولسىمۇ، بېرلىندا زاۋۇتلاردىن كوچىغا چىقىپ ئىش تاشلاش كومىتېتى قۇرۇش تەلىۋىدە بولغان ئىشچىلار سانى 4 يۈز مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. گەرچە ئىش تاشلىغان ئىشچىلار بىر ھەپتىگە قالماي زاۋۇتلارغا قايتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئىسيان كۆتۈرۈش روھى پايتەختتە يەنىلا كۈچلۈك ئىدى. قارىغاندا ئومۇمى يۈزلۈك ئىنقىلابنىڭ پارتلىشىغا ساناقلىقلا كۈن قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئومۇمى يۈزلۈك ئىش تاشلاش خەۋىرى ئالدىنقى سەپكە يېتىپ كەلگەن ۋاقىتلاردا، بۇ ئىشقا ئەسكەرلەرنىڭ ئىنكاسلىرى ھەر تۈرلۈك ئىدى. نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەر ئارقا سەپتىكى پۇخرالارغا ئوخشاش ئۇرۇشتىن زېرىككەنلىكىنى ئىپادىلەشسە، يەنە نۇرغۇنلىرى بىزنى ئۆز قېرىنداشلىرىمىز سېتىۋەتتى دەپ قارىشاتتى. ھىتلېر بۇ ھادىسىنى ”پۈتۈن ئۇرۇش جەريانىدىكى ئەڭ چوڭ سۇيىقەست“ دەپ قارايدۇ. ھىتلېر بۇ تۈردىكى قاشقاقلار ۋە قىزىللارنىڭ ئىشلىرىدىن تېرىكىپ ئەقلىنى يوقاتقىدەك ھالدا ئىدى. ”ۋەتەندىكى كىشلەر غەلىبە قازىنىشىمىزنى خالىمايۋاتقان يەردە، ھەربى قىسىملار يەنە نېمىنى دەپ ئۇرۇش قىلغىدەك؟ شۇنچە زور قۇربان بېرىش ۋە شۇنچە ئېغىر نامراتلىشىش بەدىلىگە كېلىدىغان بۇنداق تىنچلىقنىڭ نېمە قىممىتى بار؟ ئەسكەرلەر بۇ ئۇرۇشتا چوقۇم غەلىبە قىلىمىز دەپ جەڭ قىلماقتا، ئەمما ۋەتەندىكىلەر ئىش تاشلاپ بۇنىڭغا قارشى چىقماقتا!“

3-مارت كۈنى، بېرلىن ھۆكۈمىتى برېست-لىتوۋسكتا سوۋېت تەرەپ بىلەن ئۇخشۇشلۇق تۈردە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ شەرتنامە ئىمزالىشىدۇ. ئەمما بۇ شەرتنامىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان سوۋېت تەرەپكە بەكلا ئېغىر شەرتلەر قويۇلغان ئىدى. بۇنىڭدىن نارازى

بولغان گېرمانىيە سولچىلىرى بۇ تىنچلىق شەرتنامىسىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى روسىيە ئىنقىلابىنى يوقۇتۇش دەپ بايانات بېرىدۇ. بولشېۋىكلارنىڭ تەسلىم بولغانلىقى ھەققىدىكى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھىتلېرغا ئوخشاش كىشىلەر، ئەندى بۇ ئۇرۇشتا گېرمانىيە چوقۇم غەلىبە قىلىدىغان بولدى دەپ قاتتىق ئىشەنچ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئۇرۇش غالىبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. شۇڭا باش قوماندانلىق شتابى ئومۇمى يۈزلۈك قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى بېرىدۇ. بەك قىزغىن بولمىسىمۇ كۆپ ساندىكى قىسىملار ئاۋاز قوشۇپ بۇ بۇيرۇققا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە ھىتلېر تۇرىۋاتقان قىسىم لۇدېندورفنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك ئەتىيازلىق ھۇجۇمغا ئۆتۈش پىلانىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىغا قاتنىشىدۇ: سوممىدا، رېيىن دەرياسىدا ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مارنېدا بولغان ھۇجۇملارغا قاتنىشىدۇ. بۇ جەريانىدا ھىتلېرنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى ئالدىنقى قېتىملىق ئۇرۇشلارغا قارىغاندا تېخىمۇ يوقۇرى ئىدى. ئىيۇن ئېيىدا، ئالدىنقى سەپتە ھىتلېر بىر ئاكوپتا ياتقىنىدا فرانسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ مىس قالپىقىغا ئوخشاش بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ھىتلېر ئۆمىلىگىنىچە بېرىپ قارىسا ئۇ يەردە تۆت نەپەر فرانسۇز ئەسكىرى يوشۇرۇنغان ئىكەن. ھىتلېر دەرھال ناگىننى بەتلەپ تۇرۇپ نېمىسچە قاتتىق ۋارقىرايدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا بارلىق ئالاقىچىلارغا مىلتىق ئورنىدا تاپانچا بېرىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ۋارقىرىشى فرانسۇزلارنى قاتتىق ئۈركۈتىۋېتىدۇ. ئۇلار، ھىتلېرنىڭ كەينىدە يەنە نۇرغۇن نېمىس ئەسكىرى كېلىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ دەرھال ئەل بولىدۇ. ھىتلېر بۇ تۆت نەپەر ئەسىرنى يالاپ كېلىپ پولكوۋنىك ۋون تۇبېۋفقا تاپشۇرىدۇ. پولكوۋنىك ھىتلېرنىڭ بۇ جاسارىتىنى ئالاھىدە ماختاپ تەقدىرلەيدۇ. كېيىن بۇ ئىشنى ئەسلەپ پولكوۋنىك ۋون تۇبېۋق مۇنداق دەيدۇ: "ھىتلېرنىڭ ئەڭ جاپالىق، ئەڭ قىيىن ۋە ئەڭ خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئورۇندىشىغا ھېچقانداق بىر ئىش توسالغۇلۇق قىلالمايتتى. 70 ئۇ، ۋەتەن، خەلقى ئۈچۈن ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ تىنچ تۇرمۇشى ۋە ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا ھەر دائىم تەييار ئىدى." 4-ئاۋغۇست كۈنى، ھىتلېر، بۇ ئىشى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى بۇرۇنقى ئۇرۇشلاردا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك قارا كرېست مېدالىغا ئېرىشىدۇ. مۇكاپاتلىنىش بۇيرۇقىدا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى: "ئۇنىڭ كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى بىلەن ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىسىل ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن بۇ ئوردېن بېرىلدى." (ھىتلېر، شۇ قېتىم ئالغان ئوردېنىدىن ۋە 1914-يىلى ئالغان ئىككىنچى دەرىجىلىك قارا كرېست ئوردېنىدىن باشقا يەنە 1917-يىلى 17-سېنتەبىردە ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھەربى مۇلازىمەت قارا كرېست مېدالى ۋە بىر ھەربى خەنجەر، 1918-يىلى 9-مايدا جەڭگاھدە ئالاھىدە قەھرىمانلىق

كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن دەپ بىر تال پولك شتابى ئوردىنى، 1918-يىلى 18-مايدا يارىدارلىنىش ئوردېنىدىن بىر تال، 1918-يىلى 25-ئاۋغۇستتا ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھەربى سەپ ئوردېنىدىن بىرسىگە ئېرىشكەن ئىدى _ ئا. ھ. ئى). قىزىق يېرى، بۇ قېتىمقى ئوردىن مۇكاپاتىغا ھىتلېرنى كۆرسەتكەن ئادەم، يەھۇدىي باتالىيون ئاديۇتانتى لىتېنات ھيۇگو گۇتمان بولۇپ، گۇتمان بۇ مېدالنى ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن تاقاپ قويغان ئىدى.

شۇ كۈنلەرگە كەلگىنىدە، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئاقىۋىتى بەكلا ئېنىق ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلايدۇ. ئېيىپىل مۇنارىسىنىڭ يېنىغىچە ئىلگىرلەپ پارىژنى ئىگەللەشكە قىل قالغان لۇدېنىدورفىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. غەرب ئۇرۇش سېپىدىكى بۇ مەغلۇبىيەت كىشىلەرنى قاتتىق ئۈركىتىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ غەرب سېپىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ قېتىمقى تارىخى غالىبىيەتتىن كېيىن، غەربى سەپتە، كاپىكازىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان رايونلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن دۈچ كەلگەن بۇ مەغلۇبىيەت، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر مەغلۇبىيەت ئىدى. شۇڭا، ئەسكەرلەرنىڭ ئىرادىسى قاتتىق سۇنۇپ كېتىدۇ. تەبىئىكى، كونا ئەسكەرلەرنىڭمۇ قاتتىق روھى چۈشۈپ كېتىدۇ. ھەربى ئاپتوموبىللار بىلەن دەم ئېلىشقا كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ تەرتىۋى قاتتىق قالايماقانلىشىپ كېتىدۇ. ئوفىتسېرلار بۇ قالايماقانچىلىقنى توختىتىش ئۈچۈن ئاسمانغا ئوق چىقىرىشقىمۇ مەجبۇر ھالغا كېلىدۇ. ھەر بىر پويىز ئىستانسىسىدا ئەسكەرلەر ھەر تەرەپكە قاراپ پاتپاراق بولۇپ قېچىشاتتى. تەرتىپ ساقلاشقا تىرىشقان ئوفىتسېرلار ئەسكەرلەرنىڭ تاش-توخماقلىق، ھەتتا گراناتلار بىلەن ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. پويىز ۋاگونلىرىنىڭ ئىككى يېنى ”بىز گېرمانىيىنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى مىليونېرلار ئۈچۈن جەڭ قىلىپتۇق“ دېگەندەك بوردا يېزىلغان ئىنقىلابى شوئارلار بىلەن تولغان ئىدى.

ھىتلېر كرىست ئوردېنىغا ئېرىشىپ 4-كۈنى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسى ئامىيېنس ئەتراپىدا ھاۋانى قويۇق تۇمان قاپلاپ كەتكەن بولىشىغا قارىماي قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، گېرمانىيە سەپلىرىنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ. لۇدېنىدورف ئالدىنقى سەپكە بىر مۇئاۋىن قۇماندانىنى ئەۋەرتىش بىلەن بىرگە، بۆسۈۋېتىلگەن ئۇرۇش سېپىگە زاپاس قوشۇن ئەۋەرتىدۇ. ياردەمگە ئەۋەرتىلگەن قىسىم ئالدىنقى سەپكە قاراپ كېتىۋاتقىنىدا، كەينىگە چېكىنىۋاتقان ئەسكەرلەر ئۇلارغا قاراپ ”ئالدامچىلار! سىلەر ئۇرۇشنى ئۇزارتىش ئۈچۈنلا كېلىۋاتىسىلەر!“ دەپ ۋارقىرىشاتتى.

لۇدېنىدورف خاتىرىسىگە ”بۇ كۈنكى ئۇرۇش نېمىس ئارمىيىسىنىڭ ئەجەل كۈنى بولدى!“ دەپ يازىدۇ. گېرمانىيە پادىشاسى كۆڭلى قاتتىق يېرىم ئەمما ئېغىر بېسىقلىق

بىلەن بۇ ھادىسە ھەققىدە كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: "بىز بۇنىڭدىن پەقەت بىرلا خۇلاسىنى چىقىرالىشىمىز مۇمكىن: بىزنىڭ پۈتۈن مەنبەلىرىمىز قۇرۇپ تۈگىدى. شۇڭا، بۇ ئۇرۇشنى قەتئىي تۈردە ئاخىرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك." ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، لۇدېندورف بىلەن ھىندېنبۇرگ ئىككىسى سپا ئارشاڭدا ئىمپىراتور ۋىلھېلم بىلەن ۋەزىيەتنى مۇھاكىمە قىلىشىدۇ. ئۇ يىغىندا گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلم، تاشقى ئىشلار ۋەزىرىگە تىنچلىق سۆھبىتىنى باشلاش بۇيرۇقىنى بەرگىنىدە، بۇنىڭغا باش قوماندان ھىندېنبۇرگ قارشى چىقىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قولىدا ئىشغال قىلىنغان بىپايان دۈشمەن زېمىنلىرى ھېلىغىچە مەۋجۇتلۇقنى ئېيتىدۇ. ئەمما لۇدېندورف ھاياجانلانغان ھالدا، ئاۋال دۆلەت ئىچىدە تەرتىپ-ئىنتىزامنى قاتتىق كۈچەيتىشىمىز كېرەك دەپ تۇرىۋالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە "يەھۇدىي ياشلىرى ئارىسىدىنمۇ مەجبورى ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىشىمىز كېرەك، ئۇلار تا بۈگۈنگىچە ئاساسەن ئەسكەرلىككە ئېلىنمايۋاتىدۇ" دەيدۇ.

ۋەتەن ئىچىدە ئىسيان كۆتۈرۈش خەۋپى يامراپ كەتكەن، ئالدىنقى سەپلەر يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ھىتلېر ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا ۋەزىيەت تالاش-تارتىشى قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ قىزىللارنىڭ ئالدامچىلىقلىرى ھەققىدە كۈچەپ سۆزلەپ يۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ، ھىتلېرنىڭ زارلىنىشلىرى زاپاس قىسىملارنىڭ غەزەپ-نەپرىتى ئاستىدا قېلىپ ئاڭلانمايلا قالغان ئىدى. شىمىدتنىڭ ئېيتىشىدىن قارىغاندا، بۇنداق ۋاقىتلاردا ھىتلېر "ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي ۋارقىراپ جارقىرىغىنىچە ئۇرۇش مانا مۇشۇنداق تىنچلىقپەرۋەرلەرنىڭ، قورقۇنچاقلارنىڭ قولىدا قېلىپ مەغلۇپ قىلىنماقتا، دەپ قايناپ كېتەتتى." بىر كۈنى، بىر پراكتىكانت ئوفىتسېر داۋاملىق ئۇرۇشۇش ئاخماقلىق دېگىنىدە، ئۇ ئوفىتسېر دەرھال ھىتلېرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. ئۇ ئىككىسى مۇشتلىشىپ كېتىدۇ. ئاخىرى بۇ ئەسكەرنىڭ راسا ئەدىۋىنى بېرىپ ئۇنى تىنجىتىدۇ. شىمىدت ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: شۇ كۈندىن باشلاپ، "يېڭى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا ھىتلېرغا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ. ئەمما بىز كونا ئەسكەرلەر ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈشكە باشلىغان ئىدۇق" دەيدۇ.71

تۆت يىلدىن بۇيان، كىشىلىك خاراكتېرلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرغان بۇ ئاكوپ ئۇرۇشى، نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەر نېمىسلارغا تەسىر كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش ھىتلېرمۇ ۋەتەن ئىچىدىكى "ۋەتىنىگە كەينىدىن پىچاق سالغان" تىنچلىقپەرۋەرلەر بىلەن ئەسكەر قاچقۇنلىرىغا بولغان ئۆچمەنلىكى چېكىگە يېتىدۇ. ھىتلېر ۋە ئۇنىڭدەك قاراشتىكى كىشىلەر كۈچلۈك ھاياجان ئىچىدە بۇ تۈردىكى ۋەتەن خائىنلىرىدىن قەتئىي تۈردە قىساس

ئىلىش كېرەك دەپ قەسەم قىلىشاتتى. بۇ تۇر قاراشلار ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى سىياسىي قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئالاھىدە تۈرتكە بولۇپ بېرىدۇ. بۈگۈنكى ھىتلېر ھەرگىزمۇ 1914-يىلىقى ھېچ نېمىنى سەزمەس بىر پىدائى ئەسكەر ئەمەس ئىدى. تۆت يىللىق ئاكوپ ھاياتى ئۇنىڭغا تەۋەلىك تۇيغۇسىنى بېغىشلىغان ئىدى. شۇنىڭدەك، ئۇنى مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بىرسىگە ئايلاندۇرغان ئىدى. ئۇ ئەسلىدە گېرمانىيە ئۈچۈن جەڭ قىلالىغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي نېمىس بولالىشى مۇمكىن دەپ قارايتتى. ئۇ بۇرۇن قىلچە ھېلە ئىشلەتمەي ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامداشقا مەجبۇرلىغاندا، چوڭ بولغاندىمۇ ئۆزىدىن غورۇرلىنىدىغان تەرەپلىرى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ھەربىي سەپكە قاتناشقان ۋاقتىدا ئۇ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن بىر ياش ھېسابلىناتتى. گەرچە ئۇ يۇرتىدا ۋە ۋيېننادا جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە 24 يىشىغىچە ياشىغان بولسىمۇ، يەنىلا بەكلا ساددا بىرسى ھېسابلىناتتى. مانا ئەندى، ئۇ پىشىپ يېتىلگەن بىر ئادەم ئىدى. ئۇمۇ بۇ دۇنيادا پىشىپ يېتىلگەنلەر ئېرىشىشكە تېگىشلىك بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىرسىگە ئايلانغان ئىدى.

سىنتەبىرنىڭ باشلىرىدا، 16-قىسىم فلاندىرىسقا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ پولك ئەسلىدە بىر زاپاس قوشۇن بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئەسكەرلىرىنىڭ دەم ئېلىش قىلىپ كېلىشىگىمۇ رۇخسەت قىلىناتتى. ھىتلېر، ئارىيەدت ئىسىملىك بىر سەپدىشى بىلەن بىرگە بېرلىنغا كېلىدۇ. پايتەختتە، كۆنسايىن ئارتىپ كېتىۋاتقان نارازىلىق ھېسسىياتلار ئۇنى زېرىكتۈرۈۋېتىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى سېپتالغا بېرىپ بىر قانچە كۈن تۇرۇپ كېلىدۇ. پولكقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە 16-قىسىم ئۈچىنچى قېتىم يىپرېسنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە كىرىپ يەنە ئۈچىنچى قېتىم كومېس ئەتراپىدىكى چاتقاللىق تاغ جىلغىلىرى ئىچىدە غايىپ بولىدۇ. 14-ئۆكتەبىر كۈنى، ۋېرۋىك كەنتى ئەتراپىدا ھىتلېر زەھەرلىك گاز ھۇجۇمىدا ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كۆزلىرى ساقىيىدۇ. ئەمما 9-نويابىر كۈنى گېرمانىيىنىڭ يېقىندا تەسلىم بولىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇيۇقسىزلا ئېچىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن كېيىن قۇلىقىغا غۇڭۇلدىغان ئاۋازلار كېلىپ، غەلىتە خىيالى تەسۋىرلەر كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ.

ئادولف ھىتلېرنىڭ بىلىگىيدە زەھەرلەنگەن كۈنلىرىدە يەھۇدىي قورقۇنچى بىلەن يەھۇدىي ئۆچمەنلىكى قايسى دەرىجىدە، قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىمكانىيىتىمىز يوق. ئەمما كېيىنكى يىلى ئۇنىڭدا شەكىللەنگەن يەھۇدىي ئۆچمەنلىكى، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاساسلىق روھى كۈچىگە ئايلانغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ھىتلېر يەھۇدىيلار

بىلەن قىزىللاردىن ئۈركۈپ كەتكەن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان "ۋەتەنپەرۋەر" لەرنىڭ بىرىلا ئىدى (ئۇ ۋاقىتلاردا يەھۇدىيلەر بىلەن قىزىللار تەڭ مەنىدە قارىلاتتى). يېقىنقى بىر قانچە ئاي ئىچىدە، ماركسىزمچىلار كۆشكۆرتۈپ يۈرگەن ئىسيانلار دولقۇنىسىمان يۈز بېرىپ، كىشىنى بەكلا قورقۇتۇپ نېمىس خەلقىنىڭ تۇرمۇش شەكلىگە ئېغىر تەھدىت سالماقتا ئىدى.

4

قىزىق يېرى، بۇ ئىنقىلابلارنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ھىتلېرنىڭ گازدىن زەھەرلىنىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن كېسەل ئاسارىتىغا گىرىپتار بولغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ پارتلىشى ئىدى. ھىتلېر ياردارلار پويىزى بىلەن شەرققە قاراپ كېتىۋاتقىنىدا، يەنى 6-ئۆكتەبىردە، بادېن 16-شاھزادىسى ماكس، يەنى گېرمانىيىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش ۋەزىرى، پرېزدېنت ۋودروۋ ۋىلسوندىن بىر پارچە ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ ئالدۇ. بۇ ئۇلتىماتومدا ۋىلسون گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلم تەختتىن چۈشۈرۈلمىگىچە ئامېرىكا ئۇرۇش توختۇتۇش كېلىشىمگە قول قويمايدۇ دېگەن تەلەپنى قويۇپ چىڭ تۇرىۋالدۇ. بۇ تەلەپ، گېرمانىيە ھەربىي تەرەپنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلەشتۈرىۋېتىدۇ. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن دېڭىز پىلوتلىرى بۇيرۇق بويىچە يولغا چىقماقچى بولىۋاتقىنىدا، ئاشكارە توپىلاڭ پارتىلاپ چىقىدۇ. يەنى 6 ئۇرۇش پاراخوتى نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ ئىسيان كۆتۈرىدۇ. كېيىل شەھرىدە ئىسيان پارتىلىغاندىن كېيىن ماتروسلار ھەربىي قۇرال ئىسكىلاتى بىلەن يەڭگىل قۇرال ساندۇقلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ قۇرۇغداپ قويىدۇ. ئاندىن بۇ شەھەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. مەلۇم بىر گازارمىدا بىر ئاشپەز "كېيىل دېڭىزچىلار سوۋېتى" نىمۇ قۇرۇپ چىقىدۇ.72پورتتىكى پاراخوتلار ئارىسىدا پەقەت بىرسىلا ئىنقىلاب بايرىقىنى ئاسمىغان بولۇپ، ئەسكەرلەر بۇ پاراخوتنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، پاگونلىرىنى سۆكۈۋېلىپ قامىۋېتىدۇ.

7-نويابىر كۈنى، ميۇنخېندا باشقا بىر قوزغىلاڭ پارتلايدۇ. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا كۇرت ئېيسنېر دېگەن پاكىنەك بىر قىرى يەھۇدىي باشلامچىلىق قىلغان ئىدى. بۇ كىشى ئادەتتە پۇرلىشىپ كەتكەن بەكلا چوڭ قارا شىلەپە كىيىپ يۈرىدىغان بىرى بولۇپ، چىگىشلىشىپ كەتكەن چاچلىرى شۇنچە چوڭ قالپىقىغا سىغماي سىرتقا چۇۋۇلۇپ چىقىپ قالغان پاخپاق باش بىرى ئىدى. ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىمۇ بەكلا رەتسىز، كۆرۈنۈشى

ئالاھىدە رومانتىك بىرى بولۇپ، ئۇنى نەقلا بومبا ئېتىپ قاچىدىغان قىزىللارنىڭ تىپىك ئۈلگىسى دېيىشكە بولاتتى. ئۇرۇش ۋاقتىدا ئىش تاشلاشنى تەشكىللىگەنلىكى ئۈچۈن 9 ئايدەك تۈرمىدە قاملىپ ياتقان ئىدى. ئاخشىمى گۈگۈم ۋاقتىدا نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنقىلابچىلار، مىيۇنخېندىكى مۇھىم ھەربىي نوقتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك ئىگەللەپ بولدى. ۋىتتېلسباخ سارىيىدا تۇرۇۋاتقان ئۈچىنچى لۇدۋىگ ئاپتوموبىللىق قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شەھەرنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە ئۇنىڭ پىكاۋى يولدىن چىقىپ يول بويىدىكى قومچامغۇرلۇققا ئۆرۈلۈپ چۈشتى. بۇ ۋەقە، باۋارىيە كىنەزلىكىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئاقىۋىتى ھېسابلىناتتى.

شۇ ئاخشىمى، كەينى-كەينىدىن ئۇيۇشمىغا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان قىزىل بايراق كۆتۈرۈشقان كىشىلەر جاراڭلىغان مارشلارنى توۋلاشقىنىچە دەبدەبىلىك بىلەن شەھەردىن كېسىپ ئۆتتى. ئېيسنېرنىڭ ئادەملىرى تۆمۈريول ئىدارىسى بىلەن ھۆكۈمەت بىناسىنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇ ھەرىكەتلەرگە قارىتا ھېچكىم قارشىلىق كۆرسەتمىدى. ئىسيانچىلار ئىستېھكام سەپلىرى بويىچە پىلموتلارنى تىكلىشىۋاتقىنىدا نەق مەيداندا تۇرغان ساقچىلارمۇ ئۇلارنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتتۈرۈلۈشتىن يوقىلىدۇ. مىيۇنخېن شەھەر خەلقى ئەتىسى سەھەر كوچىغا چىققىنىدا، ئۇلارنىڭ باۋارىيىسى جۇمھۇرىيەتكە ئايلىنىپ بولغانلىقىنى كۆردى. بۇ ئىنقىلاب نېمىس پاسونى بويىچە يۈز بەرگەن بىر ئىنقىلاب بولۇپ، تۆزۈك قان تۆكۈلۈشمۇ يۈز بەرمەستىن بەكلا ئاسان ئىشقا ئاشقان ئىدى. خەلق ئاممىسىمۇ ئۇخشاش روھتا ئۇلار بىلەن تەغدىرداش بولۇپ بەرگەچكە، بىرەر زوراۋانلىق ھەرىكىتىمۇ يۈز بەرمىدى. مىيۇنخېنلىقلار ئەنە شۇ ھالەتتە سۈكۈت ئىچىدە نېمە ئىش بولىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

تەرتىپلىك بىر شەكىلدە قانات يايدۇرۇلغان ئىنقىلاب يالقۇنى پۈتكۈل گېرمانىيە بويىچە ئۆزلىكىدىن قوزغىلىپ يېيىلىشقا باشلايدۇ. فرىدبېرىخشافېن شەھرىدە زېپپېلىن زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تەشكىللەپ چىقىدۇ. ستۇتگارت رايونىدىكى ئىشچىلار، دايملېر ئېغىر تىپلىق ئاپتوموبىل زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىش تاشلايدۇ. ئېيسنېرغا ئوخشاش كۆزقاراشتىكى سوتسىئالىزمچىلار رەھبەرلىكى ئاستىدىكىلەرمۇ شۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىشىدۇ. فرانكفۇرتتىمۇ ماتروسلار قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. كاسسېلدا، بىر نەپەر قوماندانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پۈتكۈل شەھەر قوغداش قىسىملىرى بىر پايمۇ ئوق ئاتماي ئىسيان قىلىپ غەلىبە قىلىدۇ. كولوگنىدا بولسا، پەقەت بىر قانچە پاي ئوق ئېتىش بىلەنلا 45 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرى بولغان شەھەر قوغداش قىسمى بىراقلا قىزىللار تەرەپكە ئۆتۈپ

كەتكەن بولسىمۇ شەھەر ئىچى تەرتىۋى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدۈ. خانىۋېردا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھەربى قىسىملارغا قۇرال ئىشلىتىش توغرىلىق بۇيرۇق بەرگەن بولسىمۇ مەمۇرلار توپىلىڭى غەلىبە قىلىپ ھەربىلەر پۇتۇنلەي ئىسيانچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. دۇسسېلدورف، لېيپزىگ، ماگدېبۇرگ قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ ئەھۋال ئوخشاش ئىدى.

پۈتكۈل گېرمانىيە تەۋەسىدە، ھۆكۈمەتلەر يا ئىشچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن، يا بولمىسا ئەسكەر ۋەكىللەر كومىتېتىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى نەتىجىسىدە بىر-بىرلەپ ئاغدۇرۇلىدۇ. 9-نويابىرغا كەلگەندە، گېرمانىيە پادىشاھى تەختىنى بوشىتىپ بەرگە - نلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ دۆلەت ھاكىمىيىتى موتىدىل سوتسىئالىزمچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ رەھبىرى ئەسلى بىر ئىگەرچى بولغان فرىيېدرىخ ئېبېرت دېگەن كىشى ئىدى. نەتىجىدە، 1871-يىلى 18-يانۋاردا فرانسىيىنىڭ ۋېرسايىل ئوردىسى "ئەينەككىلىك ساراي" دا پروسسىيە ئىمپىراتورى بىرىنچى ۋىلھېلمنى، يەنى ئىككىنچى ۋىلھېلمنىڭ بوۋىسىنى گېرمانىيىنىڭ تۇنجى ئىمپىراتورى دەپ ئېلان قىلىش بىلەن قۇرۇلغان نېمىس ئىمپېرىيىسى ئاخىرلاشقان ھېسابلاندى.

بۇ ھادىسىلەر يەنە بىر دەۋرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىمۇ بىشارىتى ئىدى. شۇندىن 48 يىل بۇرۇن، بىسمارك ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ گېرمانىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق گېرمانىيە بىلەن نېمىس خەلقى ئۈچۈن يەپ-يېڭى بىر ئۇلگە تىكلەپ بەرگەن ئىدى. شەرقى پروسسىيە باي-پومىشچىكلىرى بىلەن چوڭ سانائەتچىلىرىنىڭ راھەت-پاراغەت ئىچىدە ياشىشىنىڭ ئۇلى بىر كېچىدىلا غۇلاپ چۈشىدۇ. يەنە شۇ بىر كېچىدە ئىمپېرىيە دۆلەت بايرىقىنىڭ يەرگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ،73 كوپ سانلىق نېمىسلارنىڭ ۋەتەن سۆيۈدىغان، ئەمما كونسېرىۋاتىپلارچە ھاياتىنىڭ ئاساسى بولغان سىياسىي پەلسەپە قارىشىمۇ يىمىرىلىپ پارچىلىنىپ يوق بولىدۇ.

ئېبېرتنىڭ باش ۋەزىرلىك تەختىگە ئولتۇرغانلىقى، بەلكىم نېمىس خەلقىنى ئەڭ قاتتىق ھەيران قالدۇرغان ئىشلاردىن بىرى ھېسابلانسا كېرەك. پەقەت بىرلا كۈن ئىچىدە، خوخېنزوللېرنلار جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ تۈزۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئادەتتىكى بىر پۇخرا ئولتۇرۇپ گېرمانىيىگە بۇيرۇق قىلىش ھوقۇقىنى قولىغا ئالغان ئىدى. بۇ قانداق گەپ؟ بۇنداق بىر ئىش قانداقلارچە مۇكىن بولالايدۇ؟ ئېبېرتمۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنى تىكەنلىك بىر گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرىۋالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، جاھانگىرلار يولەپ تۇرغۇزغان خەلق ئۈچۈنمۇ بىر نومۇسلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى ئېبېرتنىڭ ئۆزىمۇ ئېنىق بىلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ھەتتا كوچىدىكى رادىكال ئىدىيىلەرگىمۇ ۋەكىللىك قىلالمىغىدەك تايىنى يوق بىرسى

ئىدى. ئەسلىدە، ئۇ زادى كىمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ بۇنىمۇ ھېچ كىم بىلمەيتتى. ئاخشىمى گوگۇم ۋاقتىدا، شاھزادە ماكس خوشلاشقىلى كەلگىنىدە ئېبېرت نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ ھوجۇقۇپلا كەتكەن بولۇپ، كەينى كەينىدىن يالۋۇرۇپ ئۇنى بېرلىندا تۇرۇپ قېلىشىنى، خوخېنزوللېرن سۇلالىسىغا ۋاكالىتەن ئىجرائىيەت مەسئۇلى بولۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەن ئەتىگىنى، يەنى سەھەر سائەت 5 تە، ئېبېرت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ماتتىئاس ئېرزبېرگېر، مارېشال فوكنىڭ خۇسۇسى ۋاگونىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالايدۇ. شۇنداق قىلىپ، چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دا دۈشمەنلىشىش ھەرىكەتلىرى توختىتىلىدۇ. يەنى، شۇ يىلىنىڭ 11-نويابىر كۈنى سائەت 11 دا، بۇ كېلىشىمنامە ئارقىلىق ئۇرۇشتا پارمۇ-پارچە بولۇپ كەتكەن بىر مىللەتكە تىنچلىق كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، شۇ قاتاردا ”نويابىر جىنايەتچىسى“ دېگەن ئەپسانىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەنى ئاتالمىش 'سوتسىيالىزمچىلار مىللىتىمىزنى سېتىۋەتتى' دەيدىغان ئەپسانە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەسلىدە، بۇ ئۇرۇشنى ئۇتقۇزۇپ قويغانلار بۇ سوتسىيالىزمچىلار ئەمەس بەلكى گېرمانىيە ئىمپېراتورى بىلەن گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ گېنېراللىرى ئىدى. ئەمما پرېزدېنت ۋالىسون ئۇلار بىلەن ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسى ئىمزالاشنى رەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا دېموكراتىك كۈچلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەسلىدە ۋالىسون، سوتسىيالىزمچىلارنى ئۆزلىرى مەسئۇل بولالمايدىغان بۇ ئاقىۋەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇرلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئادولف ھىتلېرغا ئىنتايىن كۈچلۈك ۋەيران قىلىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلالىشقا يارايدىغان بىر سىياسىي قورالنى تۇتقۇزغان دېيىشكە بولاتتى.

5

1918-يىلى11-نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، بىمارنىڭ ”يالۇغلىنىش سەۋەبىدىن كۆزى ئېچىشقاندىن باشقا دەردى بولمىغاچقا ھەربىي سەپكە قايتىشى مۇمكىن“ دەپ دىياگنوز قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېر، پاسۋالك دوختۇرخانىسىدىن ئايرىلىدۇ. كېيىنچە، ھىتلېر سوتتا شاھىتلىق قىلىپ گېزىت تېمىلىرىنىلا غۇۋا كۆرەلەيدىغان ھالغا كەلگەنلىكىنى، بۇندىن كېيىن كىتاب ئوقۇيالمايدىغان ئوخشايمەن دەپ بەكلا قورققانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ

غەزەپلەنگەن ھالدا ”ئۇ كۇنلەردىكى دوختۇرخانا دىئاگنوزى ئىنقىلاب دەۋرىدە يېزىلغان بىر دوكلاتتۇر. ئۇ ۋاقىتلاردا ھېچ بىر مىزنىڭ كېسىلىگە تۈزۈك قارىمايتتى. بىزنى پادىدەك ھەيدەپ دوختۇرخانىدىن چىقىرىۋېتىشتى. ھەتتا مەن ئۇ چاغدا بېرىلىدىغان ئازغىنە ئەسكەرلىك مائاشىمنىمۇ ئالالمىغان ئىدىم“ دەيدۇ سوتتا.

ھىتلېرنى زاپاس 16-بېرىگادىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشى بۇيرۇق قىلىنىدۇ. قىسمىنىڭ شتاپ ئورنى ميۇنخېندا ئىدى. يول ئۈستىدە ھىتلېر چوقۇم بېرلىندىن بېسىپ ئۆتكەن بولىشى كېرەك. ئۇ ۋاقىتلاردىكى بېرلىن، ”ئىشچى-ئەسكەر ۋەكىللەر ئىجرائىيە كومىتېتى“ نىڭ قولىدا بولۇپ، بۇ ئورگان ئەسكەر، ئىشچى ۋە ”مۇستەقىل ۋە كۆپسانلىق سوتسىئالىزمچىلار“ بىرلەشمىسىدىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىجتىمائى ئىسلاھات قىلىشقا كىرىشكەن بولۇپ، بۇنداق بىر ئىسلاھاتنى بۇندىن بىر قانچە ئاي ئاۋال خىيال قىلىشمۇ مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش؛ ئىشچىلارغا چەكلىمىسىز تۈردە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى تەشكىللەش ھوقۇقى بېرىش؛ قېرى، كېسەلمەن، مېيىپ ۋە ئىشسىز ئىشچىلارغا پاراۋانلىق ياردىمىنى كۆپەيتىش؛74 گېزىت-ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش تۈزۈملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش؛ شۇنىڭدەك سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ھىتلېر بۇ تۈردىكى ئىجتىمائى ئىسلاھاتلارغا قارشى بولمىغاندەك قىلسىمۇ، ئىنقىلابى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بۇ تۈردىكى ئىسلاھاتلارنى قىلالايدىغانلىقىغا پەقەتلا ئىشەنگىسى كەلمەيتتى: بۇ ئىجرائىيە كومىتېتى بولشېۋىكلارنىڭ بىر قۇرالىدىنلا ئىبارەت، ئۇلار ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلەرنى سېتىۋەتكەن خائىنلار؛ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى باشقا بىر قىزىللار ئىنقىلابى قوزغاش دەپ قارايتتى. ھىتلېر، ميۇنخېننىڭ شۋابىڭ رايونىغا يېقىن بىر يەردىكى تۈركېنستراس كوچىسىغا جايلاشقان ھەربى گازارمىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتىدا بۇ يەردىمۇ يوقۇرقىدەك ساتقۇنلۇق روھى ئالامەتلىرىنى سېزىدۇ. شۇ ئاينىڭ باشلىرىدا، بۇ قىسىم ئاللىمۇقاچان ئېيسنېر ھاكىمىيىتى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ”ئەسكەر ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى“ نىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بىر يەرگە ئايلانغان ئىكەن. بۇ يەردە ھەربى ئىنتىزام دېگەندىن زادىلا ئەسەر يوق ئىدى. پۈتۈن قىسىم رەسمى توڭگۇز قوتىنى ھالىغا ئايلىنىپ بولغان. بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا ئاكوپلاردا جەڭ قىلىپ كەلگەن كونا ئەسكەرلەرگە پەقەتلا ھۆرمەت قىلىشمايتتى. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كۈندىلىك ئۈچ ۋاقىت تاماقنى بىلەن ئاخشىمى بېشىنى تىققىدەك بىر يەرنىڭلا غېمىدا يۈرىدىغان كىشىلەر ئىدى. بۇ يەرنىڭ ھالى بىر

زامانىلار ھىتلېر يوقسۇللۇق دەردىنى تارتىپ كىرىپ ياتقان ۋېيىنادىكى مانىبرھېيمدىنمۇ خاراپ ئەھۋالدا ئىدى. بولۇپمۇ ھىتلېرنى بەكىرەك بىئارام قىلغىنى، كومىتت ئەزالىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى بولۇپ، "ئۇلارنىڭ شوغۇللىنىۋاتقان ھەممە ئىشى مېنى قاتتىق يىرگەندۈرەتتى. شۇڭا مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇ يەردىن تېز چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم" دەيدۇ ھىتلېر. ھىتلېرنىڭ تەلىيىگە، بۇ قىسىمدا ئۆزىگە ئوخشاش بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىدىن يىرگىنىدىغان كونا سەپدىشىدىن بىرسى ئۇچۇراپ قالىدۇ. "ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ھورۇن، ئەڭ داپشاق، ئەڭ يۈزسىز بولغانلىرى، شۆبھىسىزكى ھېچ قاچان ئاكوپ كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەر ئىدى. ــ دەيدۇ ھىتلېر بىلەن بىرلىكتە ئالاقىچىلىق قىلغان كەسپدىشى ئېرنىست شمىدت شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ، ــ ئۇ يەر ھورۇن، قورقۇنچاقلار بىلەن تولغان بىر يەر ئىدى." ئارىدىن ئىككى ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەندە، تراۋۇنستېين ئۇرۇش ئەسىرلەر لاگېرى (سالزبۇرگ يولىدا بولۇپ، ميۇنخېننىڭ 60 مىل شەرقىدىكى بىر يەر) گۇندىپايلىقا ئادەم ئىستەپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ھىتلېر، شمىدتقا، ئىككىمىز بىرلىكتە بۇ ئىش ئۈچۈن تىزىمغا ئالدۇرايلى دەپ مەسلىھەت قىلىدۇ. ئۇ يەردىكى كۆزەتچىلەر گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك "ئىنقىلابىي ئەسكەرلەر" دىن تەشكىل تاپقان ئىكەن. ئۇلارنى كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن ئوفىتسېرلاردىن بىرى ئالدىغا چىقىدۇ. ئۇ ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق قىلىۋىدى، ئەسكەرلەر، بۇ ئەمەلدارىمىز ھەربىي ئىنتىزام تۈزۈمىنىڭ ئاللىمۇقاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىدىن پەقەتلا خەۋىرى يوقمۇ-قانداق؟ دەپ مازاق قىلىپ كۈلۈشىدۇ. ئەتىسى، ئەسكەرلەردىن بۇرۇن ئاكوپلاردا جەڭ قىلغان بىر قانچە كىشىدىن باشقا قالغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ميۇنخېنغا قايتۇرۇلىدۇ. ھىتلېر بىلەن شمىدتنىڭ ھەر ئىككىسىلا بۇ يەردە قالىدۇ.

6

شۇ كۈنلەردە، بېرلىندا چېكىدىن ئاشقان سولچى گۇرۇپ ھېساپلانغان "سپارتاكچىلار" (سپارتاك، قەدىمقى رىمدا بىر قۇل گلادىياتور بولۇپ، كېيىن رىملىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغالغان ئىسيانچىلارنىڭ داھىيسى بولغان، بۇ قىسىم نامى شۇنىڭدىن ئېلىنغان ــ ئىزاھات)، ئىسيان كۆتەرگەن ماتروسلارنىڭ ھەمكارلىقىدا كوچىلاردا ئىنقىلاب قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ ئىنقىلاب ميۇنخېن پاسونىدىكىدەك ئۇنداق تەرتىپلىك ئىسيانلاردىن ئەمەس ئىدى. روزدىستۇو بايرىمى ھارپىسىدا پايتەخت بېرلىن ئاساسەن

ھۆكۈمەتسىز ھالدا ئىدى. باشقا شەھەرلەردىمۇ كەينى-كەينىدىن ئېسيانلار كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەردىكى ئىسيانلار بىرلىشىدىكەنلىك شىددەتلىك بولمىدى. پۈتۈن گېرمانىيىدە ھەربى ۋە ساقچى ئورگانلىرى ئومۇمى يۈزلۈك ۋەيرانە ئەھۋالدا ئىدى.

ھاكىمىيەت كۈچىنىڭ يوقىلىشى يېڭى بىر تۈركۈم كۈچلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. يەنى ئاتالمىش "ئەركىن پولك" دېگەندەك كۈچلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ پولك ھەربى قىسىملارغا تەۋە ئوخشىمىغان ئاكتىپ كۈچلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ كۈچلەر خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش نېمىس ئىمپېرىيىسىنى قىزىللار كۈچىنىڭ ۋەيران قىلىشىدىن قوغدايلى دەيدىغان قىزغىن ھېسسىياتقا تولغان ئىدى. ھىتلېر بىلەن بىر دەۋردىكى گېرمانىيىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلادلىرىدىن تەشكىل تاپقان بۇ "ئەركىن پولك" لار، بۇرۇنمۇ بولغىنىدەك ھەرىكەت قىلىشلىرى ئۈچۈن ئىككى قېتىم تەييارلىقتا بولغان ئىدى. بۇلاردىن بىر قىسمىسى ئۆزۈشتىن بۇرۇنقى ياشلار ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ ھەرىكەت "ۋىچىر-ۋىچىرلار ھەرىكىتى" (چۈشىنىكسىز غىڭشىلدايدىغانلار ھەرىكىتى ياكى دادائىزم ھەرىكىتى) دەپ ئاتالغان ئىدى.75 بۇ ھەرىكەتنى قوزغىغان ياشلار ئادەتتە ھەر خىل-ھەر رەڭدە كىيىملەرنى كىيىپ ھەممە يەردە ئايلىنىپ يېڭىچە تۇرمۇش يوللىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈشىدىغان ياشلاردىن ئىدى. بۇ ياشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باي ئائىلە تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان ياشلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەركىن بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنى پەس كۆرەتتى. ئۇلار، "ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ دىنى ئېتىقاتلىرىنىڭ پەقەتلا ئاساسى يوق ساختا ئېتىقاتلار؛ سىياسەت دېگىنى پو ئېتىش سەنئىتى بولۇپ، قىلچە مەنىسى يوق بىر ئىش؛ ئىختىساد دېگىنى نومۇسسىزلىق، ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس؛ مائارىپ دېگىنى كونا يولدا چىڭ تۇرىۋالىدىغان بېغىشلىق كۈچى بولمىغان بىر ئىش؛ سەنئەت دېگىنى قورۇق گەپ ساتىدىغان ساددا بىچارىلارنىڭ ئىشى؛ ئەدەبىيات دېگىنى يالغانچىلىق بىلەن تولغان تووارلاشقان بىر ئىش؛ ئويۇن-تىياتىرلارمۇ قىلچە ئۆزگەرمەيدىغان بىر خىللا مۇقامغا تووۋلايدىغان ساھە" دەپ قارىشاتتى. ئۇلار يەنە ئائىلە ھاياتى ئادەمنى چەكلەپ تۇرىدىغان بىر توساق بولۇپ، ئۇنىڭدا قىلچە سەممىلىك يوق دەپ قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىككى جىنىس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرمۇ مەيلى نىكالىق ياكى نىكاسىز بولسۇن "پۈتۈنلەي ساختىلىق بىلەن تولغان" ئىكەن. ئۇلارنىڭ غايىسى، ياشلاشتۇرۇلغان، بۇرژۇئازىيىچە ئائىلە، مەكتەپ ۋە چېركاۋدىن ئىبارەت ئۈچىسىنى بىر گەۋدە قىلغان تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەن.

بۇ تۈردىكى ياشلار ئادەتتە بىر دۆۋە گۈلخاننىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ بىر

يېتەكچىنىڭ باشلامچىلىقىدا «ئەركىنلىك جەڭچىلىرى» مارشىنى ئېيتىشاتتى. بەزىدە يەنە ئۇلار ئوت ياللىقۇنىغا تىكىلگىنىچە ئۇن-تىنسىز ئولتۇرۇپ ”ئورمانلىقتىن خەۋەر ئالماقچى بولىشىدىكەن ياكى بولمىسا قايسى بىر ھەمرايىنىڭ نېتچى ياكى ستېفان گېئورگ ئەسەرلىرىدىن ئوقۇلغان قەلبنى تىترىتىدىغان بىرەر كوپلېت شېئىرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشىدىكەن. يەنى، ئۇلار ئادەتتە ”خەلق تەڭداشسىز ئەقىللىق ئادەمگە، ھەرىكەتكە تەشنا! ... بەلكىم، سېنىڭدىكى قاتىل تەرپىڭدە ئۇزۇن يىل كۈتۈپ ياتقان، سېنىڭ تۆرەمەڭدە نۇرغۇن يىل ئۇيقىدا ياتقان بىرسى ئۇشتۇمتۇت سەكرەپ قوپۇپ بۇ ھەرىكەتنى ئورۇندىشى مۇمكىن!“ دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاڭلايدىكەن. ئۇلار مىستىتسىزم بويىچە گۈللەپ ياشناپ، ئىدېئالىزم تۆرتكىسى بىلەن ھەرىكەت قىلىش دېگەندەك ھەرىكەتلەرگە تەشنا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىشىدىكەن.

ئۇلار ئارزۇ قىلىشقان بۇنداق ھەرىكەتكە جاھان ئۇرۇشى جەريانىدا ئېرىشكەن ئىدى. ئېھتىمال، مانا بۇ تەرىپى ئۇلارنىڭ ھىتلېرغا ئوخشايدىغان تەرىپى بولۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن قىلىنغان ھەرقانداق بىر ئىشنى ھەققانىي دەپ قارىشىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئورتاق تەرىپى بولىشى كېرەك. جەڭ مەيدانىدىكى ھايات، ئەسكەرلەر بىلەن كوماندىرلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، ھايات-ماماتلىقتا ئورتاق تەغدىرلىك، بىر-بىرىسىگە قول-پۇت بولۇش تۇيغۇسىنى يارىتىپ بېرەلەيتتى. ئەسكەرلەر ئۆزلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىرلىكتە قول تۇتۇشۇپ جەڭ قىلىشلىرىغا قاراپ ئۇلارغا قايىل بولغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئايىقىنى سۆيگىدەك ھالغا كېلىشەتتى. ”ئۇلار ئۈچۈن ئۇ ئەمەلدارلار ھەرگىز بىر كوماندىرلا بولۇپ ھېسابلانماستىن، ئۇلارنىڭ داھىيسى ھېسابلىناتتى! ئەسكەرلەر بۇ داھىنىڭ بىر سەپدىشى ھېسابلىناتتى! شۇڭا ئەسكەرلەر ئۇ داھىسىغا قارىغۇلارچە بوي سۇنۇشاتتى، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا داھىلىرى بىلەن بىرگە دوزاققا كىرىشكىمۇ تەييار ئىدى.“ ئۇلار ئالدىنقى سەپلەردە گېرمانىيىدە بوگۇنگىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان دېموكراتىك مۇناسىۋەتلەرنى يارىتىشقان ئىدى. نەچچە چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى ئاكوپلاردا دۇنيادىن بىخەۋەر يېتىشىپ، بىر ھېساپتا ”تاملىرى ئوتتىن ياسالغان چېركاۋدا بىرلىكتە ياشىغانلار“ دېيىشكىمۇ بولاتتى.

ئالدىنقى سەپلەردىن كەلگەن بۇ يولداشلار، يەنى بۇرۇنقى بۇ ”ۋەتىنىداقلار“، خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش تەسلىم بولۇشنى ئەڭ ئېغىر نومۇس ئىش دەپ تونۇيدىغان، ۋەتەن ئىچىدىكى بىرلىك سەپكە ئىشەنمەيدىغان ھالغا كەلگەن ئىدى. چۈنكى تەسلىمىيەتچىلەرنى بولشېۋىكلار قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقان كىشىلەر دەپ قارىشاتتى. ھەربى دائىرىلەرمۇ گېزىت-تەشۋىقات تاختىلىرى ۋاستىسى بىلەن ”سپارتاكچىلار“ نىڭ خەۋپىدىن

ھېلىغىچە تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنلىكىنى، ئەسكەرلەر بىرلىكتە "ئەركىن پولك" تەشكىللاتىغا قاتنىشىپ "گېرمانىيىنى دۇنيادا كۆلكە ئوبيېكتىغا" بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا چاقىرىق قىلىشاتتى. بۇنداق بىر چاقىرىققا كونا ئەسكەرلەرنىڭ قىزغىنلىق بىلەن ئاۋاز قوشقانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. بۇ تۈردىكى قانۇنسىز قىسىملار تەشكىللىنىۋاتقان كۈنلەردە، كۆپلىگەن بېرلىنلىقلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن "سپارتاكچىلار" مۇ بېرلىننى قولغا چۈشۈرۈشكە كىرىشكەن ئىدى. ئۇلار نۇرغۇنلىغان ئاممىۋىي ئورگانلارنى، قاتناش-ترانسپورتنى ۋە شۇنىڭدەك ھەربىي زاۋۇتلارنى تىزگىنلىۋالغان ئىدى. 1919-يىلىنىڭ 3-يانۋار كۈنى، ئۇمىتسىزلىك ئىچىدە قالغان ئېبېرت ھۆكۈمىتى "سپارتاكچىلار" غا ھېسداشلىق قىلدىڭ، تېخى يېقىندىلا ماتروسلارنىڭ ئىسيان قىلىشىنى قوللىغان ئىدىڭ، دېگەننى باھانە قىلىپ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. شۇ كۈلەردە ئۆزلىرىنى ئاشكارە ھالدا كومپارتىيە دەپ ئېلان قىلىشقان بۇ "سپارتاكچىلار"، قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئاشكارە ئىنقىلاب قوزغاشقا چاقىرىق قىلدۇ.76 بېرلىندىكى ئىشچىلار بۇ چاقىرىققا قىزغىن ئاۋاز قوشىدۇ. 6-يانۋار چۈشتىن بۇرۇن، 200 مىڭ كىشىلىك ئىشچىلار قوشۇنى مۆرىسىدە مىلتىق، قولىدا قىزىل بايراقلارنى كۆتۈرۈشۈپ ئالېكساندېر مەيدانىدىن يولغا چىقىپ تىيېرگارتېنىدا بىر يەرگە يىغىلىشقا باشلايدۇ. زىمىستان سوغۇق بىلەن ئەتراپنى قاپلىغان قويۇق تۇمانمۇ ئۇلارنىڭ قىزغىنلىق روھىنى سۇۋۇتالمىغان ئىدى. ئۇلار سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ پارتىيە گېزىتى «ئالغا» گېزىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى بىلەن ۋولف پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىنىمۇ بىرلىكتە قولغا ئالىدۇ. باش مىنىستىرلىك بىناسىمۇ بۇ غەزەپلەنگەن خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىدۇ. ئۇ يەردە ئېبېرت بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۆكۈنىۋالغان ئىدى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، كوممۇنىستلار براندېنبۇرگ دەرۋازىسى ئۈستىدىكى ھەيكەللەر ئەتراپىدا ئولتۇرۇۋالىدۇ. ئۇنتېردېنلىندېن، كۆنىگىستراس كوچىسى، چارلوتتېنبۇرگېر كوچىسى قۇراللىق ئادەملىرى بىلەن تولغان ئىدى. ئۇلار ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە پويىز ئىستانسىسىنى ئىگەللىۋالغاندىن باشقا، ھۆكۈمەت باسمىخانا بىناسى بىلەن بۆتزوۋ ھاراق زاۋۇتىنىمۇ ئىگەللىۋېلىشقان ئىدى. بىر سوتكىغا قالماي، شەھەر ئىچىدە ئاساسلىق ھۆكۈمەت بىنالىرىدىن ھۆكۈمەت تۇتۇپ تۇرالىغانلىرى يوق دېيەرلىك ئاز قالدۇ.

ئەگەر "ئەركىن پولك" چىلار قول سالمىغان بولسا، بېرلىن، ھەتتا ئاخىرقى ھېسابتا پۈتكۈل گېرمانىيە كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. بىر ھەپتىگە

قالماي ھەربى قىسىملار شەھەر سىرتىدىن بېسىپ كىرىپ قىزىللارنىڭ تىركىشىش نۇقتىلىرىنى بىر- بىرلەپ يىمىرىپ تاشلايدۇ. "سپارتاكچىلار" تەشكىلاتىنىڭ روزا لىيۇكسىمبۇرگ ئىسىملىك، "ئەتىرگۇل" لەقەملىك پاكىنەك داھىيسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق رەھبەرلىرى قولغا ئېلىنىپ ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

"ئەتىرگۇل" ئۆلتۈرۈلۈپ تۆتىنچى كۈنى، يېڭى جۇمھۇرىيەتتە تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك ئومۇمى سايلام ئۆتكۈزۈلىدۇ. سايلام، بەكلا سوغۇق بىر يەكشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ قېتىمقى سايلامدا گېرمانىيە تارىخىدا ئاياللارغا تۇنجى قېتىم سايلامغا قاتنىشىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. سايلامغا قاتنىشىش سالاھىتى بار 35 مىليون خەلقتىن 30 مىليون كىشى 423 نەپەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئۈچۈن ئاۋاز بېرىدۇ. سايلام نەتىجىسىنى پەرەز قىلىشقا بولسىمۇ، يەنىلا ھەيران قالارلىق نەتىجە ئىدى. خوجىنزوللېرن جەمەتى ئورنىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى كۆرۈنۈشتە قوبۇل قىلمايدىغان، ئەمما ئاستىرتتىن ئارزۇ قىلىدىغان ئىككى ئوڭچىل پارتىيە پارلامېنت دېپوتاتلىق ئورنىنىڭ يۈزدە 15 قىسمىغا ئېرىشكەن بولۇپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قوللايدىغان ئىككى ئوتتۇرىدا قالغان پارتىيە خۇددى ئېيىتىلغاندەك "سوتسىئالىزمچىلار كۆپ سانلىق" غا ئوخشاش 40 پىرسەنت پارلامېنت ئورنىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. رادىكال سول پارتىيە بولغان "مۇستەقىل سوتسىئالىزمچىلار" بولسا ئاران 7 پىرسەنت دېپوتات ئورنىغا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ سايلام، گەرچە ئەكسىل ئىنقىلابچىلار ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسەتسىمۇ، جۇمھۇرىيەتنى ھىمايە قىلىدىغانلارنىڭمۇ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىر سايلام بولغان ئىدى. بۇ ئەھۋال، پارلامېنت ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ قايسى شەكىلدە بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىناتتى.

ھەممە يەرنى قۇراللىق تىركىشىش قاپلاپ كەتكەن بېرلىن بىخەتەر ئەمەس دەپ قارىلىپ، پارلامېنت ئورنى پايتەختتىن 150 مىل غەربى جەنۇبقا جايلاشقان ۋېيمار شەھىرىگە يۆتكىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ تاللىنىشى مەدەنىي ۋە جوغراپىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. يەنى بۇ يەر گېيتى، شىللېر ۋە لىسزتنىڭ يۇرتى ئىدى. خەلق كېڭىشى، يەنى پارلامېنت يىغىنى 6-غېنىۋاردا يېڭى دۆلەتلىك تىياتىرخانىسىدا ئېچىلىدۇ. قۇرۇلتاي خوجىنزوللېرن ۋاقتىدىكىدەك ئۇنچىۋالا داغ-دۇغا كۆتۈرۈلۈشمەي رەسمىيەتلىرىسىزلا ئېچىلىدۇ. ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئوركىستىر، ئاتلىق پاراتچىلار ياكى كۆزنى چاقنىتىدىغان ئاجايىپ كىيىملىك پاراتچىلارمۇ يوق ئىدى.

قۇرۇلتاي، 5-كۈنى بىر ئىجرائىيە ھۆكۈمىتى تەشكىللەپ ئېبېرتنى ئۈستۈن ئاۋاز بىلەن رىيچنىڭ، يەنى ئىمپېرىيىنىڭ تۇنجى قېتىملىق پرېزدېنتلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئۇمۇ بىر

باش ۋەزىر تەيىنلەيدۇ. تەيىنلەنگەن باش ۋەزىر ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىشقا كىرىشىپ، كۈچلۈك ئىرادىلىك، ئۆزىنى ساقچى ئاپپاراتىسى دەپ ئاتىۋالغان نوسكىنى دۆلەت مۇداپىيە ۋەزىرلىكىگە كۆرسىتىدۇ. بۇ، ھەقىقەتەنمۇ قىزىق بىر تاللاش ئىدى. بۇ دېمەك، "ئەركىن پولەك" ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا پائالىيەت قىلىشى ھەمدە دۆلەت مۇداپىيىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى ئۈچۈن قىزىللىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.77

7

باۋارىيىلىكلەر ئادەتتە پروسسىيىلىكلەرگە ۋە ئۆلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئۆچلۈك قىلاتتى. بۇنى باۋارىيىلىكلەرنىڭ بىر ئادىتى دېيىشكىمۇ بولاتتى. شۇنداق بولغاچقا، ميۇنخېندىكىلەر ۋېيماردا يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئاساسەن بەك قىزىقىپ كەتمەيدۇ. ئېبېرت ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن گېرمانىيىدە دېموكراتىك تۈزۈم تىكلەشكە ئۇرۇنۇشلىرى ميۇنخېن شەھەرىدىكى كىشىلەرگە بەك تونۇشلۇق بولمىغان ميۇنخېنلىق زىيالىيلار ساھەسىنىڭ رەھبىرى بولغان ئوسۋالد سپېڭگلېرنىمۇ قىلچە قىزىقتۇرمايدۇ. 1918-يىلى ئەتىيازدا، تەركىدۇنيالىقنى ياخشى كۆرۈپ ئاياللاردىن يىرگىنىدىغان، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان نامرات بويتاق ئېبېرت، «غەربنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى» دېگەن كىتاۋىنىڭ بىرىنچى قىسمىنى نەشرى قىلدۇرۇۋالغان ئىدى. كىتابىنىڭ قالغان قىسىملىرى تېخى تولۇق بازارغا چىقماي ئۇرۇپپىلا بۇ كىتاب گېرمانىيە بويىچە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىۋېتىدۇ. "1789-يىلقى فرانسۇزلارغا ئوخشاش، بىزمۇ بۇ بەختسىزلىك ئىچىدىن چوقۇم ئاخىرقى غەلبىنى قولغا كەلتۈرگىچە ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز شەرت. بىز ئەسلىدە رەھىمسىزلەرچە جازالىنىشقا تېگىشلىك ھالغا كېلىپ قالغان ئىدۇق. ئەمما 4 يىللىق ئۇرۇشمۇ بىز ئۈچۈن بىر جازالىنىش ھېسابلانمايتتى. _ دەيدۇ قايسى بىر سەپەردىشىغا يازغان خېتىدە، _ ... ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلغاندا ۋەھىمە شۇنچە ھاياجان پەيدا قىلىدىغان، شۇنچە ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلىدىغان شەكىلدە بۇگۈنگىچە تەرەققىي قىلىپ كەلدىكى، ھەتتا ناپالئوندەك بىر مۇستەبىتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىمۇ كۆپچىلىك قۇتقۇزغۇچىمىز كەلدى دەپ قارشىدىغان ھالغا كەتۈرۈلدۇق."

ئۆزىنى سىياسەت ئۈچۈن تۇغۇلدۇم، شۇڭا چوقۇم سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىشىم كېرەك دەپ ھېسابلاپ يۈرگەن ھىتلېر، شۇ كۈنلەردە ميۇنخېنغا قايتىش تەييارلىقىغا

كىرىشكەن ئىدى. تراۋنستېيىندىكى ئەسىرلەر لاگىرى تاقىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، شىمدت بىلەن ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا 2-پىيادىلار پولكىغا تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ پولك گازارمىسى شىۋابىڭدا ئىدى. بۇلاردەك غايىلىك يەنە بىر سەپدىشىمۇ مىيۇنخېندا ئاساس سېلىنىۋالغان ئىدى. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئالفېرد روزېنبېرگ بولۇپ، بۇ ئادەم ئەسەبىي يەھۇدىي دۈشمىنى ۋە ماركسىزمغا قارشى ئېستونىيىلىك بىرى ئىدى. ئۇ روسىيەنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۆزىنىڭ ھەقىقى يۇرتى بولىدىغان يەر ئاختۇرۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان بىرسى ئىدى. ئۇمۇ ھىتلېرغا ئوخشاش ھەم رەسسام ھەم بىناكار بىرى؛ يەنە شۇنىڭدەك ئۇمۇ خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش بۇ يەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغان نېمىسلاردىنمۇ بەكرەك نېمىسچى ھېسسىياتتىكى بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئانا ۋەتىنىنى تاشلاپ چىقىشىدىكى بىردىن-بىر مەقسىدى، بۇ يەرلەردە ئۆزىگە بىر ۋەتەن ئاختۇرۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ۋەتىنىدىكىلەرنى ئۇنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىنى خانىۋەيران قىلىۋەتكەن بولشېۋىك تېررورچىلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، شۇنىڭدەك ۋەتىنىنىڭ يەھۇدىي كوممۇنىستلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشنى غايە قىلغان ئىدى (ئا. بوران تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان، تور بەتلەرگە قويۇلغان پروفېسسور ئابدۇلئەھەت ئەنجاننىڭ «جەدىتچىلىكتىن مۇستەقىللىققىچە چەتئەللەردە تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەشلەر» دېگەن ئەسىرىدە روزېنبېرگنىڭ سوۋېت قىزىل ئارمىيە ئەسىرلىرىدىن پايدىلىنىش جەريانىدا ئورتا ئاسىيا تۈرك ئەسىرلىرى ۋە ئورتا ئاسىيالىق مۇھاجىر سىياسىي كۈرەشچىلەر بىلەن ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى بىر قەدەر تەپسىلى بايان قىلىنغان. _ ئۇ.ت).

روزېنبېرگ، ئېكارت ئىسىملىك گېرمانىيەلىك يازغۇچىدا نۇرغۇن جەھەتلەردە ئورتاقلىقلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ يازغۇچى بىلەن تونۇشۇش خىيالىغا كېلىدۇ. دىيېترىخ ئېكارت دېگەن ئۇ ئادەم شائىر، دراماتورگ، قەھۋەخانا سۆھبەت زىيالىسى بولۇپ، ئىگىز بويلۇق، بەستلىك، چوققىسى پارقىراپ تۇرىدىغان تاقىرباش غەلىتە كۆرۈنۈشلۈك بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئادەتتە قەھۋەخانىلار بىلەن قاۋاقخانىلاردىلا يۈرەتتى. شۇنىڭدەك ھاراقنا ئامراق، مۇنازىرە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىرى ئىدى. ئۇ، باۋارىيە كىنەزى مەسلىھەتچىسىنىڭ ئوغلى (بىر چاغلاردا "نېرۋىسىدا چاتاق" دېيىلىپ بىر مەزگىل قايسى بىر دوختۇرخانىنىڭ بالىنىسىغىمۇ چۈشۈپ چىققان) بولغاچقا، كونا ئېسىلزادىلار ئارىسىغا كىرىش ئىمكانىمۇ بار ئىدى. ئۇ بەكلا غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ يۈرگىنىگە قارىماي يەنىلا بەزى تالانتلىق تەرەپلىرىنىمۇ يوق دېيىشكە بولمايتتى (ئۇ تەرجىمە قىلغان «ئاق سۆڭەك پېر» دېگەن كىتابىنىڭ تەرجىمە سۈپىتى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغاچقا، بۇ

تەرجىمە نۇسخىسى ئەڭ ئۆلچەملىك نېمىسچە تەرجىمە دەپ قوبۇل قىلىنغان). ئۇ، نېمىس پەرەس، يەھۇدىيلارغا قارشى بىرى ئىدى. ئۇ ئۆز چىقىمى بىلەن ھەپتىلىك گېزىتتىن بىرنى چىقارغان بولۇپ، ھەر سانىنىڭ 30 تىراژى مىڭ نۇسخىغا يەتكەن ئىدى.

روزېنبېرگ بىرەرسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىسىزلا ئېكارت دېگەن بۇ ئادەمنىڭ ئىشىكىدە پەيدا بولىدۇ. روزېنبېرگ كورىدورغا كىرىشى ھامان، ئېكارت بۇ يىگىت ھەققەتەنمۇ قىزغىن مۇئامىلىلىك، بەكلا ئەستايىدىل كىشى ئىكەن دەيدىغان تەسىراتقا كېلىدۇ. روزېنبېرگ ئۇنىڭدىن "جانابىڭىزدا ئېرۇسالىمغا قارشى جەڭچىلەر بارمۇ؟" دەپ ئۇدۇللا سورايدۇ. ئېكارتمۇ كۈلۈپ كېتىپ "ئەلۋەتتە بار!" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مېھمان ماڭا نېمىلەرنى يېزىپ كەلدىڭىز، دەپ سورىشىغا روزېنبېرگ دەرھال يېنىدىن بىر پارچە ماقالىنى چىقىرىپ ئۇزارتىدۇ، بۇ «يەھۇدىيچىلىق بىلەن بولشېۋىكچىلىقنىڭ رۇسىيەدە پەيدا قىلغان ۋەيرانچىلىقلىرى» دېگەن تېمىدىكى بىر ماقالە ئىدى.78 ئۇ ئىككىسىنىڭ كېيىن ھىتلېرنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتكىدەك تەسىراتلارنى پەيدا قىلىدىغان ھەمكارلىق ئىشلىرى ئەنە شۇ تېرىقىدە باشلىنىدۇ. ئېكارت، روزېنبېرگنى "ئېرۇسالىمغا ئورتاق قارشى سەپداش" دەپ تونۇيدۇ. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، روزېنبېرگنىڭ روسىيە توغرىسىدا يازغان ماقالىلىرى ئېكارت تەھرىرلىكىدىكى گېزىتتا ئېلان قىلىنىش بىلەنلا قالماي، ميۇنخېندا چىقىۋاتقان «گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىدىمۇ ئېلان قىلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ تۈر ماقالىلارنىڭ ئاساسى مەزمۇنى "يەھۇدىيلار دۇنيادىكى بارلىق رەزىللىكلەرنىڭ مەنبەسى؛ دۇنيا ئۇرۇشى ۋە قىزىللار ئىنقىلابىنىڭ ھەممىسى يەھۇدىي سىيونىستلىرى تەرىپىدىن كۈشكۈرتۈپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ئۇلار بۈگۈن دۇنيانى قولغا كىرگۈزۈش خىيالىدا خەلقئارا مالىيە ئورتاق گەۋدىسىنى يۇشۇرۇن پىلانلىماقتا" دېگەنلەر ئىدى.

8

خېلى كۆپ باۋارىيىلىكلەرنىڭ نەزىرىدە، كۇرت ئېيسنېر دېگەن بۇ ئادەمنى ئىنقىلاب ئۆلگىسى دەپ تونىسا، يەنە نۇرغۇنلىرى ئۇنى موسكۋانىڭ مالىيە ياردىمىگە تايىنىپ ئىنقىلاب قىلىۋاتقان بىرسى دەپ قارىشاتتى. ئەمما ئەسلىدە ئەھۋال بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ، تارىخى كۆن بولغان نويابىردا ئۇنىڭ يېنىدا ئارانلا 18 مارك پۇلى بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ رەھىمسىز رىيالىست روسىيە بولشېۋىكلىرىنىڭ دەل ئەكسى بىرى ئىدى. گەرچە ئۇ باۋارىيە سوتسىئالىستىك جۇمھۇرىيىتىنى باشقۇرىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا شۇ

قەھۇخانىدىكى قىياپىتىدە يۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئېيسنېر ھەرگىز كوممۇنىزم تۈزۈمىنى تىكلەشنى نىيەت قىلىدىغان بىرى ئەمەس، ھەتتا سوتسىئالىزم تۈزۈمىنىمۇ خالاپ كەتمەيتتى. ئۇ ئەسلىدە ئۆزىگىچە رادىكال دېموكراتىك تۈزۈمنى تىكلەش مەقسىتىدىلا ھەرىكەت قىلىدىغان بىرسى ئىدى. شۇڭىدەك ئۇ، سىياسىيونلار ئارىسىدىكى بىر شائىر بولغاچقا، گۈزەل، چاقناپ تۇرغان، ئەقىل كۆچىگە تايىنىدىغان بىر ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىلا ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنى ماركسقا قارىغاندا شىللېيرغا بەكرەك ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى. ئۇ، كىشلەر ئالىبۇرۇن ئىسىدىن چىقىرىۋەتكەن بىر يولدا كېتىۋاتماقتا ئىدى. ئەمما يانۋاردىكى سايلام ئوتتۇرا بۇرجۇئازىيە پارتىيىلىرىگە زور غالىبىيەت ئېلىپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۇنى ئىستىپاغا زورلايدىغان تەلەپلەر ئومۇمىي يۈزلۈك ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ.

ئېيسنېر تۇتقان يولنى ئىجرا قىلىشتىن ئۈمىد يوقلىقىنى ھېس قىلىپ، 21-فېۋرال ئەتىگىنى بىر پارچە بايانات يېزىپ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلماقچى بولىدۇ. ئەمما ئىستىپاسىنى بېرىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپ لاندتاگقا قاراپ كېتىۋاتقىنىدا گېرتسوگ ئانتون ئاركو-ۋاللېي تەرىپىدىن سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. گېرتسوگ ئاركو-ۋاللېي ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ياش بىر ئوفىتسېرى ئىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى يەھۇدىي بولغاچقا، يەھۇدىيلارغا قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ئىدى. ئەسلىدە ئېيسنېر بىر سائەت ئىچىدە ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىدىغان، ھاكىمىيەتنىمۇ ئوتتۇرا يولنى تاللىۋالغان ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بولغان ئىدى. ئەمما ئاركو-ۋاللېينىڭ بۇ سۇيىقەست ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتى بەكلا قورقۇنۇچلۇق بولىدۇ. يەنى، بۇ سۇيىقەست تۈپەيلىدىن يەنە بىر قېتىم سولچىلار دولقۇنى كۆتۈرۈلىدۇ. تېخى يېقىندىلا پۈتۈن خەلق تەرىپىدىن يامان كۆرۈلۈپ، ھەممىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كېلىۋاتقان ئېيسنېر، بىراقلا ئىنقىلابىي قۇربان، پرولېتارىياتنىڭ دانىشمىنى دەپ تونۇلۇپ، ئىنقىلاب دولقۇنى قايتىدىن قوزغىلىپ كېتىدۇ. ئىشچى-ئەسكەر مەركىزى كومىتېتى دەرھال ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، بۇرۇن ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئادولف خوفمان باشچىلىقىدا تولۇق سوتسىئالىست ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ ھۆكۈمەت دەرھال ئومۇمىي يۈزلۈك ئىش تاشلاش ئېلان قىلىدۇ. ئاخشىمى سائەت 7 دىن باشلاپ كوچىغا چىقىش مەنئى قىلىنىدۇ. ستۇدېنتلار قەھرىمانىمىز دەپ تونىغان ئاركو-ۋاللېيغا تەنتەنە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ميۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتى نىمۇ تاقىلىدۇ.

ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىيونال، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن موسكۋادا قۇرۇلتاي چاقىرىپ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال قۇرۇش قارارىنى بىردەك ماقۇللايدۇ. بۇنىڭ كەينىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان غالىبىيەتنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە، لېنىن، ھەر قايسى ئەل ئىشچىلار

سىنىپىغا قوزغىلىپ ئۆز دۆلىتىنىڭ يېتەكچىلىرىگە بېسىم قىلىپ رۇسىيىدىن ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈش، دىپلوماتىيىلىك ۋە سودا مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھەمدە تېخى يېڭىلا تۇغۇلۇپ ئۇچۇرۇم بولغان بۇ دۆلەتنىڭ قايتا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەر قايسى ئەللەردىن تېخنىك-ئىنژېنېرلارنى، يېتەكچىلەرنى ئىۋەرتىشكە ھەرىكەتلەندۈرۈش چاقىرىقى چىقىردى.79

ئۇ ۋاقىتلاردا، بېرلىنمۇ دۇنيا ئىنقىلابى چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشىدۇ. شۇنىڭدىن بىر كۈن ئاۋال، بېرلىن ئىشچىلىرى كومپارتىيىنىڭ بۇيرۇقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئومۇمىي يۈزلۈك يۈرۈلۈپ شەھەر مەركىزىگە يىغىلىپ نامايىش ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ھەرىكىتىنى باشلايدۇ. "قىزىل ماتروسلار ئىنتىپاقى" بىلەن باشقا رادىكال ھەربىي گۇرۇھلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئوتتۇزغا يېقىن يەرلىك ساقچى ئىدارىلىرىنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. دېڭىزچىلار ئالېكساندېر مەيدانىدىكى باش ساقچى ئىدارىسىنى قورشىۋالىدۇ. ئۇ يەر "ئەركىن پولك" نىڭ بىر قانچە پىيادىسى تەرىپىدىن مۇداپىيە قىلىنماقتا ئىدى. ئەتىسى، "ئىشچىلار كومىتېتى" نىڭ بىر يېرىم مىڭ نەپەر ۋەكىلى كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پايتەخت بېرلىن بىر ئۆلۈك شەھەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. يەنى توك كېسىلگەن، قاتناش-ترانسپورتلار توختاپ كەتكەن ئىدى.

ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەممىسىلا شەرقى شەھەر رايونىغا يىغىلغان بولۇپ، مۇھىم نوقتىلارغا پىلىموتلار تىكلەنگەن ئىدى. قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈش مەقسىتىدە دۆلەت مۇداپىيە ۋەزىرى نوسك يېڭىدىن ئۆزىگە بېرىلگەن ھەربىي ھوقۇقىنى ئىشقا سېلىپ، 5-مارت كۈنى "ئەركىن پولك" نىڭ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى شەھەرگە باشلاپ كىرىدۇ. ئىسيانچىلارنى بىنامۇ-بىنا، ئۆيمۇ ئۆي قوغلاپ سۈرۈپ ماڭىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا بېرلىندىكى قاۋاقخانىلار، تانسىخانىلار بىلەن رېستورانت قاتارىدىكى كۆڭۈل ئېچىش يەرلىرى ئادەتتىكىدەك ئوچۇق ئىدى؛ بېرلىندا بولسا شىددەتلىك كوچا ئۇرۇشى داۋام قىلىۋاتاتتى؛ يەنى، بىر تەرەپ كۆچلۈك زەمبىرەك، پىلىموت ۋە ئايروپىلانلار بىلەن قىرغىن قىلسا، يەنە بىر تەرەپ مىلتىق-گراناتلار بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى.

تۆت كۈنلۈك شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، نوسك، "ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە قۇراللىق قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ" دەپ ئېلان قىلىدۇ. دېگەندەك، يۈزلىگەن ئىشچىنى تام تۈۋىگە تىزىپ سوتسىز-سوراقسىز ئېتىپ تاشلىشىدۇ. بىر يېرىم مىڭدىن ئارتۇق ئىنقىلابچى ئېتىپ تاشلىنىپ، كامىدا ئون مىڭ كىشى يارىلىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئىسيان روھى پۈتۈن گېرمانىيىگە يېيىلماقتا ئىدى. ساكسونىيىدە

ھاكىمىيەت رادىكال كۈچلەرنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. رۇر ئويىمانلىقىمۇ قورشاۋ ئاستىدا ئىدى. چىكاگو «كۈندىلىك خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ گېرمانىيىدىكى ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى بېن خېچت ئەۋەتكەن تېلېگراممىا خەۋەرىدە بۇ قالايماقان ۋەزىيەتنى جانلىق تەسۋىرلەپ: ”گېرمانىيىدە روھى كېسەللىك يامراپ كەتكەچكە، ئەقلى-ھوشى جايىدا بىرمۇ ئادەمنى ئۇچۇرىتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئىشەنچلىك خەۋەرنىمۇ تاپقىلى بولماس بولۇپ كەتتى“ دەپ يازىدۇ.

ميۇنخېنمۇ يەنە بىر قېتىملىق ئىنقىلاب دولقۇنى گىرداۋىغا كىلىپ قالغان ئىدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب بۇداپېشتتىكى بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ئىلھام ئېلىپ قوزغالغان بىر ئىنقىلاب ئىدى. 22-مارت كۈندىكى بىر خەۋەردە، ۋېنگىرىيىدە سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم خەلق سېپى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر كومىتېتى نامىدا ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىشقان بولۇپ، نامى چىقمىغان بېلا كۇن باشچىلىقىدا ۋېنگىرىيە سوۋېت رېسپوبلىكىسى قۇرۇلغان. بېلا كۇن ئەسلى بىر يەھۇدىي بولۇپ، 32 كىشىلىك كومىسسارىياتتا 25 نەپەر كومىسسار يەھۇدىي ئىدى. شۇڭا، لوندوندا چىقىدىغان «تايمىس» گېزىتى بۇ ھاكىمىيەتنى ”يەھۇدىي قاراقول پارتىيىسى“ قۇرۇپ چىققان بىر ھاكىمىيەت، دەپ خەۋەر قىلىدۇ. بېلا كۇننىڭ غالىبىيىتى، ميۇنخېندىكى سولچىلارنى جاسارەتلەندۈرگەن بولۇپ، 4-ئاپرېل كۈنى ئاخشىمى، كومىتېت ۋەكىللىرى، تېزدىن ئاشىدىغان قىلىن قاردا ئېغىر قەدەملەرنى بىلەن (شۇ يىلى قىشتا ئۈزۈن يىلدىن بويان كام كۆرۈلىدىغان قاتتىق قار يېغىپ كېتىدۇ) ئۇرۇشتىن بۇرۇن ھىتلېر ئولتۇرغان يەردىن ئىككى بىنا نېرىدىكى لۆۋېنبراۋخاۋۇس بىناسىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ مۇنداق بەلگىلىمە ئېلان قىلىدۇ: ”پارتىيە-گۇرۇھلارنى يوقۇتۇش، پۈتۈن پرولېتارلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، سوۋېت رېسپوبلىكىسى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىش، روسىيە بىلەن ۋېنگىرىيە پرولېتارلىرى ئارىسىدا ئاكا-ئۇكىلىق مۇناسىۋەت تىكلەش. شۇ چاغدىلا دۇنيادا ھېچ قانداق كۈچ بىزنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىك تۈزۈمگە كۆچۈشىمىزنى توسيالمايدۇ.“

بۇ بىر قېتىملىق قەھۋەخانا ئىنقىلابى بولۇپ، قانلىق ئىنقىلابنىڭ ساددا كۆچۈرۈلمىسى ئىدى. بۇ ئىنقىلابقا ئېرنىست توللېر دېگەن بىر شائىر يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇ كىشى سەھنە ئەسەرلىرى، رەسىم ۋە شۇنىڭدەك بىناكارلىقنىڭ سەنئەت پاسونىنى ئىسلاھات قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىيەت روھى دۇنياسىنى ئەركىنلىكتە ئېرىشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلاتتى.80 ھۆكۈمەت كابىنىتىمۇ بەكلا غەلىتە كىشىلەردىن تەشكىل قىلىنغان ئىدى. ئالايلۇق، ئولتۇراق ئۆي كومىسسارى بويرۇق چۈشۈرۈپ، بۇندىن كېيىن بارلىق ئائىلىلەرنىڭ

تاماق يېيىش ئۆيى چوقۇم ئاشخانا ئۆي بىلەن ياتاق ئۆيى ئوتتۇرىسىدا بولۇشى شەرت، دېگەندەك غەلىتە تۈزۈملەرنى چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا قارىماي، بۇ ئاجايىپ كىشىلەر ئارىسىدا يەنىلا فرانز لىپقا ئوخشاش ئالاھىدە كىشىلەرمۇ بار ئىدى. لىپ، تاشقى ئىشلار كومىسسارى قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىدى (بۇ ئادەم يەنە كېلىپ روھى كېسەللىكلەر بالنىسىدا بىر مەزگىل داۋالىنىپ چىققان ئىكەن). ئۇنى بۇ ئورۇنغا تەيىنلىشكە سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەن باھانىمۇ بەكلا غەلىتە ئىدى: بۇ ئادەم چاچ-ساقىلىنى رەتلىك ياساپ، دائىم كۆلرەڭ پەلتۇ كىيىپ يۈرىدىغان نەق بىر دىپلوماتتەك كۆرۈنۈشتە بىرسى بولغاچقا بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنمىش. لىپ دەرھال موسكۋاغا بىر پارچە ھاياجانلىق تېلېگراممىا يوللاپ، ئېيسنېرنىڭ ئىزباسارى مىنىستىرلىكتىكى بىر تەرەتخانىنىڭ ئاچقۇچىنى ئوغۇرلىۋالغىدى دەپ شىكايەت قىلىدۇ؛ شۇنىڭدەك يەنە ۋۈرتتېمبېرگ ۋە شۋېتسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ: "بۇ توڭگۇز كۆچۈكلىرى بىزگە 60 دانە پاراۋوز قەرز بېرىپ تۇرۇشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا مەجبۇرمىز." ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك بىر ھۆكۈمەت ئىدى.

13-ئاپرېل كۈنى، يەنى پاسخا بايرىمىدىن ئاۋالقى يەكشەنبە كۈنى، سابىق باش ۋەزىر مىنىستىرى، يەنى ھېلىقى سوتسىيالىست ئوفۇتقۇچى خوفمان، مىيۇنخېننى قۇراللىق تارتىپ ئېلىشقا ئۇرۇنغان ۋاقىتىدىلا ئىنقىلابمۇ ئاخىرلاشقان ئىدى. گەرچە ئۇ، جەڭدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ھىتلېرغا ئوخشاش پىشقەدەم ھەربىلەردەك بىر قوشۇن ھېسابلانسىمۇ، بۇ قوشۇن ھەرىكەت باشلاش پۇرسىتىگە زادىلا مۇيەسسەر بولالمايدۇ. بۇنىڭ بىر سەۋەبى، ئىككىنچى پولكنىڭ قىزىللىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن خوفمان ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ: "بىزنى بىتەرەپلىكنى ساقلاشقا ئۈندىگەن كىشىلەر توغرا ئېيتىدۇ! چۈنكى بىز ئۈنداق ئوتتۇردا لەيلەپ يۈرىدىغان يەھۇدىيلار ئۈچۈن پوستا تۇرىدىغان ئىنقىلابى قوغدىغۇچىلار ئەمەسمىز!" دەپ تۇۋلاپ بەرگەن ئىدى. گەرچە ھىتلېر قاتارىدىكى كىشىلەر مىيۇنخېن شەھەر قوغداش قىسىملىرىدا بىتەرەپ تۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئاخشىمى گۈگۈم ۋاقتىدا، "خوفمان قوزغىلىڭى" بەربىر تارمار قىلىنىپ، ھوقۇق قىزىللارنىڭ قولىغا، يەنى ئېيۈگېن لېۋىننىڭ رەھبەرلىكىدىكى قىزىللارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ كىشىنىڭ تېگى-تەكتى پېتېربورگلۇق بولۇپ، ئاتىسى بىر يەھۇدىي سودىگەرى ئىدى. ئۇلار كومپارتىيە تەرىپىدىن ئىنقىلاب تەشكىللەش ئۈچۈن مىيۇنخېنغا ئەۋەرتىلگەن ئىدى. ئۇلار شائىر تولېرنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى تېزلىكتە رەسمى سوۋېت ھاكىمىيىتى شەكلىگە ئۆزگەرتىدۇ. ئەمما ئۇلار "قىسمەنلىكتە ياكى ۋاقىتلىق بولسىمۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندەكلا پۇرسەت بولىدىكەن قەتئىي قورال

ئىشلەتمەسلىك“ دېگەن پارتىيە قارارىغا خىلاپلىق قىلىپ، خوفماننىڭ مىيۇنخېننى ئىككىنچى قېتىم تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ-سالدىراپ توپلىغان سەككىز مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا قارشى قويۇش ئۈچۈن باۋارىيە سوۋېت رېسپوپلىكىسى نامىدا بىر مۇنچە قۇراللىق كۈچلەرنى يولغا سالىدۇ. ئۇ كۈنلەردە خوفماننىڭ قۇراللىق كۈچلىرى شەھەردىن 10 چاقىرىم نېرىسىدىكى داچاۋغا كېلىپ يىغىلماقتا ئىدى.

قىزىل ئارمىيە باش قۇماندانى تېخى يېڭىلا كوممۇنىستلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان شائىر ئېرنىست توللېر دېگەن كىشى ئىدى. بۇ كىشى تۈرمىدىن چىقار-چىقماي، بىرسىدىن قەرزگە ئالغان ئاتقا مىنىپ خۇددى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى كاۋاللېرلارغا ئوخشاش ”ئىنقىلاب ئۈچۈن قەتئىي كۈرەش قىلىمەن“ دەيدىغان غەيرەت بىلەن جەڭ مەيدانىغا چېپىپ كېتىدۇ.

18-ئاپرېل كۈنى، بۇ قىزىل ئارمىيە رىتسارى قىسىملارغا قوماندانلىق قىلىپ خوفمانغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئەمما ئۇ، بىر ئىنسانپەرۋەر، شۇنىڭدەك يەنە لىبىرالىست بىرى بولغىنى ئۈچۈن، مىيۇنخېننى قەتئىي ئېلىش دېگەن بۇيرۇقنى ئەمەل قىلمايدۇ. ئۇ ئاۋال سۆھبەت يولى بىلەن توقۇنۇشتىن ساقلىنىش مەقسىتىدە داچاۋنى تويقا تۇتۇشنى رەت قىلغان ئىدى؛ يەنە بىر سەۋەپ، ئۇرۇش يېڭى باشلانغىنىدا ئەسكەرلىرىنى باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىپ ئاساسەن قان تۆكمەي دېگىدەك غەلىبە قازانغان؛ خوفماننىڭ قۇراللىق كۈچلىرى پاراكەندە بولۇپ كەينىگە چېكىنگەن ئىدى. بۇ غەلىبىدىن كېيىن سوۋېت رەھبەرلىكى ئۇلار ئەسىر ئالغان ئوفىتسېرلارنى ئېتىپ تاشلاشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. تەبىئىكى، شائىر قوماندان بۇ ئەسكەرلەرنى قويۇپ بېرىدۇ. ئاقىۋەت، ئۇ ئۆزىمۇ قايتا تۈرمىگە تاشلىنىدۇ.

خوفمان، داچاۋ جېڭىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئامالسىز دۆلەت مۇداپىيە ۋەزىرى نوسكىنىڭ ”ئەركىن پولك“ لىرى ياردىمىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مىيۇنخېننى ئىشغال قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ، بۇ پىلاننى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. 27-ئاپرېل كۈنى، مىيۇنخېن پۇتۇنلەي قورشاۋغا ئېلىنىدۇ.81 قورشاۋدا قالغان قىزىل ئارمىيە قانلىق قىساس ئېلىش ئۈچۈن سوۋېت رېسپوپلىكىسىنىڭ مىيۇنخېندىكى دۈشمەنلىرى دەپ قارىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ كېلىدۇ. ماتروسلار يەھۇدىي دۈشمىنى بولغان ”تۇلې جەمئىيىتى“ نىڭ چىرايلىق بىر كاتىپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتى ئەزاسىنى تۇتۇپ كەلگەن ئىدى. گۆرۈدە تۇتۇلغان بۇ يىگىرمە ئادەم لۇئىتپولد ئوتتۇرا مەكتىپىگە قاماپ قويۇلىدۇ.

29-ئاپرېل كۈنى، مىيۇنخېن قورشاۋى بارغانسىرى تارىيىپ قىستاپ كېلىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى ئىنقىلابچىلار ھۇلۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي پاراكەندىچىلىك ئىچىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بەزىلەر، ئاقلار مۇھىم بويىز ئىستانسىسىلىرىنى ئىشغال قىلىپ بوپتۇ دەپ

يالغان خەۋەر تارقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزىل ئارمىيە قوماندانلىق شىتاۋىدىكىلەردىن تولىلىرى (ئۇ قاماقتىن چىقىپ ئەڭ ئاخىرقى تىركىشىشكە كىرىشىدۇ) ۋە قىزىل ئارمىيە كوماندىرلىرىدىن باشقا كىشىلەر بىرمۇ قالماي تارقىلىپ كېتىدۇ. قىزىل ئارمىيە كوماندىرى ئاقلار قوشۇنىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق قىساس ئېلىشنى قارار قىلىدۇ. شۇندىن سەل ئاۋال "ئەركىن پولك" بىر تاش كولاش مەيدانىدا 52 نەپەر روسىيە ئەسىرى بىلەن قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ بولمىغان ئۇ نەچچە ئىشچىنى قوشۇپ ئېتىپ تاشلىغانلىقى سەۋەبىدىن، مەكتەپتىكى گۆرۈگە ئېلىنغان ئادەملەرنى بىرنىمۇ قويماي ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلغان ئىدى. تولىلىرى بۇنىڭدىن قورقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، دەرھال بىرىپ ئۇلارنىڭ قىرغىنچىلىقىنى توساشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۇ يەرگە بارغىنىدا كامىدا 20 ئادەم ئۆلتۈرۈلۈپ بولغانلىقىنى كۆرىدۇ.

بىر نەپەر ئوقۇغۇچى قىزىل ئارمىيە قالدۇق كۈچلىرى تىزگىنىدىكى يەردىن قېچىپ چىقىپ، بۇ قىرغىنچىلىقتا كۆرگەنلىرىنى "ئەركىن پولك" كوماندىرىغا مەلۇم قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئاخشىمى قاراڭغۇدا شەھەرگە كىرىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. 1-ماي كۈنى، قوياش چاقناپ تۇرغان ئىللىق بىر كۈن بولغان ئىدى. "ئەركىن پولك" بىر قانچە يولدىن شەھەرگە قاراپ ئېتىلىپ قىلىدۇ. خاۋپتىن ئاھىنخوف بىلەن شۋابىك رايونلىرىدا بەزى تىركىشىشلەر كۆرۈلگىنىدىن باشقا، قىسىملار قىينالمايلا تارقاق ئىنقىلابىي كۈچلەرنى بېسىقتۇرىدۇ. "ئەركىن پولك" قىسىملىرى ھەممە يەردە قوتقۇزۇلغان شەھەر خەلقى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. مارىيىن مەيدانىدا يەنە ئاممىۋى يىغىنمۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىزىل بايراق چۈشۈرۈلۈپ، ئورنىغا باۋارىيە دۆلىتىنىڭ كۆك-ئاق رەڭلىك بايرىقى چىقىرىلىدۇ.

لېنىن، موسكۋادىكى قىزىل مەيداندا داغدۇغىلىق «بىرىنچى ماي» بايرىمى ئاممىۋى يىغىنىدا كوممۇنىزمنىڭ غەلىبىسىنى ئېلان قىلىۋاتقان پەيتلەردە (يەنى "سوۋېت رۇسىيىسىدىلا ئەمەس، بەلكى سوۋېت ۋېنگرىيىسى بىلەن سوۋېت باۋارىيىسىدىمۇ ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرگەن ئىشچىلار سىنىپى ئەركىن، ئاشكارە ھالدا ئازاتلىق كۈنىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلىمەكتە" دەپ نۇتۇق سۆزلەۋاتقان پەيتلەردە)، "ئەركىن پولك" ميۇنخېندا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى كۈچلەرنىڭ ئۇۋۇسىنى چۇۋۇپ، قىزىللار رەھبەرلىرىنى قولغا ئالماقتا ئىدى. ميۇنخېننىڭ چوڭ-كىچىك كوچىلىرى "ئەركىن پولك" نىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولىدۇ. كەينىدىنلا ئۇلار لۇدۋىگ كوچىسىدا داغدام قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرلەپ فېلدخېرمهال زالىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا يەنە پارات قەدەملىرى بىلەن ماڭىدۇ. ئېخرىخاردىت برىگادىسىنىڭ ئەسكەرلىرى باشلىرىغا كىرىس بەلگىلىك

مىس قالپاقلارنى كىيىشىپ، ”بېشىمىزدا كىرىست مىس قالپاق، بىلىكىمىزدە قارا-ئاق-قىزىل يەڭلىك ...“ دېگەن ناخشا سادالىرى بىلەن پاراتتىن ئۆتىدۇ.

3-ماي كۈنى، ئەركىن پولىك مىيۇنخېننى پۈتۈنلەي تارتىپ ئالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ”ئەركىن پولك“ نىڭ بەرگەن بەدىلى 68 نەپەر ئەسكەر بولىدۇ. تەبىئىكى، بۇنىڭ قىساسى چوقۇم ئېلىنىشى كېرەك ئىدى. سانت جوزېف جەمئىيىتىنىڭ كاتولىك مورتى بولغان 30 نەپەر ئىشچى بىر قاۋاقخانىدا تىياتىر ئۇيۇنى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشىۋاتقىنىدا قولغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئىشچىلار ۋىتتېلسباخ ئوردىسىنىڭ گەمىسىگە يالاپ كىرگۈزىلىدۇ. ئۇلاردىن 21 نەپىرى خەتەرلىك قىزىل پاچاق ئۇنسۇر دەپ ئېتىپ تاشلىنىدۇ ياكى شىتىكلىنىپ ئۆلتۈرىلىدۇ. يۈزدەك ئادەم ئەنە شۇنداق ئۆلتۈرىلىدۇ، يەنە مىڭدەك ئادەم ”ئەركىن پولك“ قا مەنسۇپ ھەرقايسى قىسىملارغا يالاپ ئاپىرىلىپ سازايى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر مۇنچە رەھىمسىز ئۇقتۇرۇشلارنى چىقىرىپ باستۇرۇشنى داۋام قىلىدۇ. بەزى ئۇقتۇرۇشلارنى ئىجرا قىلىش پەقەتلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەسىلەن بىر ئۇقتۇرۇش بۇيرۇقىدا قوراللار دەرھال تاپشۇرۇلسۇن، بوي سۇنمىغانلار دەرھال ئېتىپ تاشلانسۇن دېيىلگەن.

قانۇن-تەرتىپ نامى ئاستىدا شەھەر خەلقى ئۆيلىرىدىن ھايداپ چىقىرىلاتتى ياكى نومۇسغا تېگىلەتتى ۋەياكى ئۇرۇپ دەسسىلەتتى. ھەتتا ئۆلتۈرۈلەتتى.82 ”ئەركىن پولك“ مىيۇنخېننى سوۋېت رېسپوبلىكىسى تۆمۈر تاپىنىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. گەرچە رېسپوبلىكا ھۆكۈمىتى راستىنلا بەكلا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتكەن بولسىمۇ، بۇنداق ئازاتلىقنى ئۇلارنىڭ قىلغىنىغا سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەس جىنايەتلەر دېيىشكە بولاتتى.

”ئاقلار ئەسكەرلىرىنىڭ زوراۋانلىقىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن قېلىن بىر كىتاب يېزىپ چىقسىمۇ ئاز. _ دەيدۇ فرانسىيىنىڭ مىيۇنخېن كونسۇلىدا تۇرۇشلۇق ھەربى مەسلىھەتچىسى دوكلاتىدا، _ ... خالىغانچە زومىلىق قىلىش بىلەنلا قالماستىن يەنە تەشكىللىك زوراۋانلىقلارمۇ كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ... ۋەھشىلەرچە قىرغىنچىلىق قىلىشلار، تەسۋىرلىگۈسىز ئېغىر لۈكچەكلىكلەر ھەممە يەرنى قاپلىغان ئىدى. ...“ ئەمما ئەنگلىيىلىك ئەلچىخانا ئەمەلدارلىرى بۇ زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى يا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن ياكى بولمىسا كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋالغان بولۇپ، بۇ تۈردىكى زوراۋانلىقلارنى سۈكۈت بىلەن تەستىقلىغان بولدى. ”بۈگۈنگىچە ئىگەللىگەن ماتېرىياللىرىمىزدىن قارىغاندا، مىيۇنخېن سوۋېتى دېگەن بۇ قىسقا مۇددەتلىك تىياتىر، _ دەيدۇ ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ سىياسىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ دوكلاتىدا، _ پۈتكۈل گېرمانىيىدە قانۇن-تۈزۈمنىڭ كۈچەيتىلىشىگىلا سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسپارتاكچىلىق بىلەن

بولشېۋىكچىلىكنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى تەسىرىنى سىرىپ سۈپۈرۈپ تاشلىغان ئىدى.“ جەمئىي مىڭدىن ئارتۇق ”ئاتالمىش قىزىل پاچاق“، ”ئەركىن پولك“ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ميۇنخېندا بۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇنچە كۆپ جەسەتنىڭ يىغىلىپ قېلىشى خەلق ئاممىسىنىڭ سالامەتلىكىگىمۇ ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، تونۇلمىغىدەك بولۇپ كەتكەن، ئىگە-چاقىسىز جەسەتلەر بىراقلا خەندەكلەرگە كۆمۈۋېتىلىدۇ.

9

غايىلىك ۋاندېرۋۆگېل ياشلىرى، بىر زامانلاردا غايىلىرىنى ئاكوپلارغا بىللە ئېلىپ بارغان بولسا، ”ئەركىن پولك“ نىڭ جەڭچىسى بولغان بۇ ياشلار مانا ئەمدى بۇ غايىلىرىنى گېرمانىيە كوچىلىرىغا ئېلىپ چىققان ئىدى. ”بۇ يېڭى ئەۋلادلار ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ جەڭچىلىرى بولۇپ، ئوتتا ياۋروپانىڭ جەۋھىرى. _ دەيدۇ بۇ ياشلار تەرىپىدىن باش تاجى قىلىنغان شائىر ئېرنىست جيۈڭگېر، _ بۇلار يەپ-يېڭى بىر ئىرق، كۈچلۈك، ئەقىللىق، شۇنىڭدەك غايىلىك جەڭچىلەر. ... ئۇلار گېرمانىيىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان جەڭچى. ... ئىسسىق قېنىمىز بىلەن يېڭى تىپ يارىتىشىمىز، پولات مۇشتۇمىمىزغا تايىنىپ ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىشىمىز شەرت.“

جيۈڭگېرنىڭ بۇ سۆزلىرى، ھەقىقەتەنمۇ ئادولف ھىتلېرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەر ئىدى. ميۇنخېن قىزىللار ھۆكۈمىتى ھىتلېرنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ ياتقان نەپرىتىنى ئويغۇتىۋېتىدۇ. ميۇنخېن ئازات قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ھىتلېرنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان، شۇنىڭدەك دۇنيا تارىخىنىڭ ئېقىمىنى بۇرۇۋېتىدىغان بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. 1919-يىلى 28-ئىيۇن كۈنى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ چىققان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ۋېرسال شەرتنامىسىنى ئىمزالايدۇ. گېرمانىيە ھۆكۈمىتى قىلچە كەينىگە سوزماي بۇ شەرتنامىنىڭ پۈتۈن ماددىلىرىنى دەرھال تەستىقلايدۇ. بۇ شەرتنامە ھەقىقەتەنمۇ بەكلا رەھىمسىز تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر شەرتنامە ئىدى. بۇ شەرتنامە بويىچە گېرمانىيە ئۇرۇشنىڭ بارلىق مەسئۇلىيىتىنى يالغۇز ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان، بارلىق ئۇرۇش چىقىملىرىنى ئۆزى يالغۇز تۆلەشكە مەجبۇرلانغان ئىدى. چوڭ-چوڭ ئىمپېرىيە تۇپراقلىرى تارتىپ ئېلىنغان ئىدى. ئالايلۇق، ئالساس-لورائىن رايونى فرانسىيەنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن؛ مالمېدي رايونى بېلگىيەگە كېسىپ بېرىلگەن؛ پوسېننىڭ كۆپ قىسمى بىلەن غەربىي پروسسىيە پولشاغا

كېسىپ بېرىلگەن ئىدى. گېرمانىيە قولىدىكى مۇستەملىكىلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان ئىدى. دانزىگ ئۆز ئالدىغا ئەركىن شتات ھالىغا كەلتۈرۈلگەن؛ سائار، شلېسۋىگ بىلەن شەرقى پروسسىيە خەلقىگە ئومۇمخەلق ئاۋاز بىلەن ئۆز تەغدىرىنى ئەركىن تاللاش ھوقۇقى بېرىلگەن ئىدى. تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكىنى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر رېيىن دەرياسىنى كامىدا 15 يىل ئىشغال قىلىپ تۇرىدىغان، بۇ دەريانىڭ ئۇڭ قىرغىقىدىكى 30 مىل كەڭلىكتىكى يەرلەر ئەسكەرسىز يەر قىلىپ ئايرىلىدىغان بولىدۇ. بۇ شەرتنامىدا يەنە گېرمانىيە سۇئاستى پاراخوتى بىلەن ھەربى ئايروپىلانغا ئىگە بولالمايدىغانلىقى، ئارمىيىدىكى ئەسكەر سانىمۇ يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن چەكلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. شۇنداق قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ غۇرۇرى ھەددىدىن زىيادە دەپسەندە قىلىنغان ئىدى.

بۇ يېڭى كۈچ، يەنى يۈز مىڭ كىشىلىك بۇ يېڭى گېرمانىيە دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسى ئۆزگە تېگىشلىك بولمىغان بەكلا كۆپ ئىشلارغا ئارىلىشىش ھوقۇقىنى دەرھال ئىشقا سالىدۇ. يەنى بۇ ئارمىيىنى بولشېۋىكلارنىڭ تەسىرىدىن ساقلاش مەقسىتىدە قىسمىلار ئىچىدە ئاغدۇرمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سىياسىي پائالىيەتلەرنى تەكشۈرۈش ئورگىنىدىن بىرى قۇرۇلىدۇ. بۇ ئورگان تەكشۈرۈش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىغا جاسۇس كىرگۈزۈش ۋەزىپىلىرىنىمۇ بەلگىلىشىدۇ.83 بۇ ئورگانغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەنگەن كاپىتان كارل مايرنىڭ تاللىغان ئادەملىرى ئارىسىدا ئادولف ھىتلېرمۇ بار ئىدى. ھىتلېر بۇ تۈردىكى ئىشلارغا راستىنلا مۇۋاپىق بىر نامزات ئىدى. ئەمما ماير ئۇنى ئۆرۈش مەزگىلىدە كۆرسەتكەن "ئۆلگىلىك ئىش-ئىزلىرى" ئاساسىدا بۇ ئىشقا تاللىغان ۋە ياكى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ بۇ ئىشقا تاللىغان بولىشىمۇ مۇمكىن. "مەن ھىتلېرنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدە، ئۇ گويا ئىگىسىنى تاپالماي ھالىدىن كەتكەن بىر كۈچۈككىلا ئوخشايتتى. _ دەيدۇ ماير. ئۇ، ھىتلېر ھەققىدىكى تەسىراتى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: _ ھىتلېر ئەگەر ئاز-تولا يېقىن مۇئامىلە قىلىدىغانلا بىرسىنى ئۇچراتسا ئىككىلەنمەيلا ئۆز تەغدىرىنى بۇ ئادەمگە تاپشۇرۇشقا تەييار بىرسىگىلا ئوخشايتتى. ... بۇ ئادەم نېمىس خەلقى بىلەن گېرمانىيە تەغدىرىگە قىزىقىدىغان بىرسىدەك كۆرۈنمەيدۇ."

ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى: ئىنقىلاب نامىدا ئوتتۇرلۇقتا تارقىلىپ يۈرگەن بۇ يۇقۇملۇق كېسەل ھىتلېرنى قاتتىق ئويغا سېلىپ قاتتىق غەم ئىچىدە قالدۇرغان ئىدى. يەنى پانالىق تىلەپ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان بۇ دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە ھېچ قاچان بوگۇنكىدەك كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىغان دېيىشكە بولاتتى. بۇنىڭدىن سەل ئاۋال، ھىتلېرنىڭ

قولىغا ئېرىقچىلىق تەشۋىق قىلىنغان بىر بروشۇر چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ كىتابچىنى بىر ئېھتىمالدا ئېكارت يېزىپ چىققان دېيىش مۇمكىن. بۇ كىتابنى كۆرگەن ھىتلېر، بۇنداق بىر كىتابنى ۋىيېننادىمۇ كۆرگەنلىكىنى ئەسلەيدۇ. "شۇندىن باشلاپ، بىلىپ-بىلمەي ئىلگىرلەش يولۇمنى قايتا تېپىۋالغاندەك ھېس قىلغان ئىدىم." ئۇنىڭ ميۇنخېن كوچىلىرىدا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە بېسىلىپ ياتقان يەھۇدىيلارغا بولغان ئۆچمەنلىك تۇيغۇلىرىنى قايتىدىن قوزغىۋېتىدۇ. يەنى يەھۇدىيلار ھەممىلا يەردە ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقان ئىدى: بولارنىڭ بېشىدا ئېيسنېر دېگەنى بار بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن توللېرغا ئوخشاش ئانارخىست، ئۇنىڭمۇ كەينىدە لېۋىنغا ئوخشاش روسىيەلىك بىر قىزىل پاچاق تۇراتتى. بېرلىندا بولسا روزا روكسېمبۇرگ؛ بۇداپېشتتە بېلا كۇن؛ موسكۋادا بولسا تروتسكى، زىنوۋىيېۋ ۋە كامېنېۋ قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ھوقۇق بېشىدىكىلەردىن ئىدى. ھىتلېر بۇرۇن بۇنداق گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىسا قارا چاپلىغانلىق، ئۇيدۇرما دەپ قارايتتى. مانا ئەندى، بۇلارنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلايدۇ.

بۇ ئىش ئۇچۇن تاللانغان ھىتلېر ۋە باشقا سىياسىي جاسۇسلار ۋەزىپە تاپشۇرۇلۇشتىن ئاۋال، ميۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېت بىگە ئەۋەرتىلىپ ئۇ يەردە مەخسۇس تەربىيىلىنىدۇ. سىياسىي يېتەكچىلەر ئارىسىدا پروفېسسور كارل ئالېكساندېر ۋون مۇللېر بىلەن بىر قاتاردا مىكىسىنى رادىكال ئۆكچىلىق تەلىماتلىرى بىلەن توشقۇزۇۋالغان كونسېرۋاتىپلارمۇ بار ئىدى. ھىتلېر بۇ ھەقتە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ كورۇسقا تاللىنىشىمنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى، بۇ يەردە كۆزقارىشى مېنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان يولداشلار بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەنلىكىم ئىدى. ئەندى مەن ئۇلار بىلەن ھازىرقى ۋەزىيەت ئۈستىدە تەپسىلى پاراڭلىشىپ ماھاكىمە قىلالىشىم مۇمكىن ئىدى. بىز ھەممىمىز مەيلى ھەر تۈرلۈك مەركەزى پارتىيىلەر، سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسى ياكى نويابىر جىنايىتىنى سادىر قىلغان ھەر قانداق بىر پارتىيە-گۇرۇھنىڭ گېرمانىيىنى كەلگۈسىدىكى يىمىرىلىشتىن قۇتقۇزۇپ چىقالمايدىغانلىقىغا كەسكىن ئىشىنەتتۇق. ئۆزىنى 'بۇرژۇئازىيە مىللەتچى تەشكىلات' دەپ ئاتىۋالغان تەشكىلاتنىمۇ ھەر قانچە ياخشى نىيەتلىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەردە بىرەر تەدبىر ئوتتۇرغا قويالالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتۇق."

ھىتلېر، ئۇرۇش دەۋرلىرىدە ۋېستېنكىرچېنېرغا: تىنچلىق دەۋرى كەلگەندە يا رەسسام بولىمەن، يا بولمىسا سىياسىي ھەرىكەتكە قاتنىشىمەن دەپ ئېيتقان ئىدى. ئۇنىڭ يولداشلىرى قايسى سىياسىي پارتىيىگە قاتنىشىشنى ئويلاۋاتىسەن دەپ سورىغىنىدا، "ھېچ

بىرىگە“ دەپ جاۋاپ بەرگەن. كۈرۈستىكى ھىتلېرغا ئوخشاش كۆزقاراشتىكى يولداشلىرى پەقەت يەپ-يېگى بىر ھەركەتلا بىزنىڭ ئارزۇيىمىزنى قاندۇرالىشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتى. ئۇلار بۇنداق بىر ھەرىكەت تەشكىلاتىغا ”سوتسىئالىستىك ئىنقىلابىي پارتىيە“ دەپ نام بېرىشنى پۈتۈشكەن بولۇپ، ”بۇنداق يېڭىچە تەشكىلاتنىڭ ئىجتىمائىي قارىشى چوقۇم بىرەر ئىنقىلاب قوزغىتالىغىدەك كۈچلۈك بولۇشى كېرەك“ دەپ قارايتتى.

پروفېسسور ۋون مۆللېرنىڭ كۆيئوغۇلى ـ سىڭلىسىنىڭ ئېرى لېكتور گوتفرىيېد فېدېرمۇ ئەنە شۇنداق بىر ھەرىكەت باشلاشقا كۈچەپ ئىلھام بەرمەكتە ئىدى. لېكتور فېدېر، ”ئۆسۈم قۇلچىلىقىنى يىمىرىپ تاشلاش“ نى مەقسەت قىلىدىغان ”جەڭگىۋارلار بىرلەشمىسى“ تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى كەسپى قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر ئىقتىسادشۇناس ئىدى. لېكتور فېدېر، بۇ كۈرۈستىكى كۇرسانتلارغا ئاكسىيە بېرژىسى ۋە قەرز كاپىتالىنىڭ ھايانكەشلىك خاراكتېرى بىلەن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ي خاراكتېرى ھەققىدە لېكسىيە بېرىدۇ. ھىتلېر ئۆچۈن ئېيتقاندا، بۇ مەسىلە ھەققەتەنمۇ ئۇنى قىزىقتۇرىدىغان بىر تېما ئىدى. ”مەن فېدېرنىڭ بىرىنچى قېتىملىق لېكسىيىسىنى ئاڭلاپلا ئەندى مەن يېڭى بىر پارتىيە قۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان يەپ- يېڭى ئۇسۇلنى بىلىۋالدىم دەپ ئويلىدىم.“84 ھىتلېر، فېدېرنىڭ ئۆسۈم قۇلچىلىقىغا خاتىمە بېرىش قارىشىدىن ئىلھاملىنىپ ماركسىزمنى قايتىدىن تەتقىق قىلىشقا كىرىشىدۇ ۋە ”كارل ماركس دېگەن بۇ يەھۇدىينىڭ ئۆمۈر بويى تىرىشىپ يېزىپ چىققان ئەسىرىنىڭ ماھىيىتىنى تۇنجى قېتىم ھەقىقى تولۇق چۈشەنمەكتە ئىدىم“ دەيدۇ. ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ماركسنىڭ «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىنى ئاخىرى ئوقۇپ چۈشىنەلىگەنلىكىنى ھېس قىلغان.

بىر قېتىملىق دەرستىن كېيىن، پروفېسسور ۋون مىللېر بىر توپ كۇرسانتلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ”ئۇلار بۇ ئىشقا بەكلا قىزىقىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن ئىدى.

ئەسلىدە، بۇ يىغىلغانلار ئارىسىدا بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىۋېلىپ ئىنتايىن بوش ئاۋازدا ھاياجانلىنىپ گەپ ساتماقتا بولۇپ، سۆزلىگەنسېرى كۈچەپ كېتىۋاتقان ئىكەن. مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاجايىپ بىر تۇيغۇغا كەلگەن ئىدىم. بۇ بىر توپ كۇرسانتلارنى ئەنە شۇ ئادەم گەپ سېتىپ بۇنچە ھاياجانغا سېلىۋەتكەن ئىدى. ئوتتۇرىدا سۆلەۋاتقان بۇ كىشى تاتىراڭغۇ چىراي بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئەسكەرگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى. ئەمما بۇرۇتىنى بەكلا رەتلىك ياساتقان بولۇپ، يوغان كۆك كۆزلىرى تەلۋىلەرچە چاقناپ تۇراتتى“ دەيدۇ پروفېسسور.

”ئوقۇغۇچىلىرىڭ ئارىسىدا تۇغما ناتىق بىرسىنىڭ بارلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟“ دەپ سورايدۇ پروفېسسور مىللېر بايىقى تاتىراڭغۇ چىراي ئەسكەرنى كاپىتان مايىرغا كۆرسىتىپ. كاپىتان مايىرمۇ قىزىقىپ ”هاي هىتلېر، بۇياققا كەل!“ دەپ ئۇنى يېنىغا چاقىرىدۇ. هىتلېر ”هېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغاندەك بىر قىياپەتتە قىسىنغان هالدا كېلەڭسىز قەدەملەر بىلەن ماڭغىنىچە“ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ... شۇندىن كېيىن، هىتلېردا راستىنلا ناتىقلىق قابىلىيەت بارلىقنى هېس قىلغان كاپىتان، كېيىن ميۇنخېندا تۇرۇشاتقان بىر پولكتا سىياسىي تەربىيچىلىككە تەقسىم قىلىدۇ. ”مەن بۇ ئىشقا قاتتىق قىزغىنلىق ۋە چىن قەلبىم بىلەن كىرىشىپ كەتتىم. چۈنكى مەن، تۇيۇقسىزلا نۇرغۇن كىشىلەر ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدىم. شۇ چاققىچە خىيال قىلىپ زادىلا ئىشقا ئاشۇرالماي كېلىۋاتقان ئىشنى ئەنە شۇنداق باشلىۋالغان ئىدىم. يەنى مەن ھەقىقەتەنمۇ سۆزلەش قابىلىيىتىگە ئىگە بىرسى ئىكەنلىكىمنى شۇ چاغدىلا رەسمىي تونىغان ئىدىم.“ شۇندىن كېيىنكى ھەر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا بۇ ئىشتا ھىتلېرنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچى كۈنسايىن ئېشىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى ياخشىلىنىپ ئاخىرى زالدىكى بارلىق بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغىچە ئېنىق ئاڭلانغىدەك جاراڭلىق سۆزلىيەلەيدىغان هالغا كېلىدۇ.

دەسلىۋىدە ئۇنىڭ بىلەن يېقىن بولۇپ ئۆتكەن كىشىلەر هىتلېرنى ئارىمىزغا كىرگۈزۈلگەن بىر جاسۇس بولسا كېرەك دەپ گۇمانلىنىپ يۈرگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ دەسلەپكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى ئۇنچە بەك ئۇگۇشلۇق بولمايدۇ. مەسىلەن تېپىل دېگەن بىر پاكىنەك ئەسكەر ئىلغار كىشىلەرنى ئاشكارە كەمسىتىپ يۈرگىنىدە، هىتلېر بۇ ئەسكەرنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ ئۇنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ كەينىدىن كوچىغىچە قوغلاپ چىقىپ گېرمانىيە دۆلىتىنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈرۈپ كېتىدۇ. هېلىقى ئەسكەر ئۇنىڭ گېپىنى بىلىدىن تېپىۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئېيتقىنا، ئۇلار سېنىڭ كاللاڭغا تۆككەن يۇندىسىنى يۇيۇۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسەن؟“ نەق مەيداندا بولغان بىرسىنىڭ دېيىشىچە، ”بۇ گەپنى ئاڭلىغان گېپى تولا بۇ ناتىق هاڭ-تاڭ بولۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا بىر هازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي كەينىگە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدۇ.“

هىتلېر ھەتتا بىر ياتاقتا تۇرۇشاتقان ئىككى نەپەر جاسۇس بىلەنمۇ ئەپ ئۆتەلمەيدۇ. ياتاقداشلىرى هىتلېر دېگەن بۇ ئادەم بەكلا غەلىتە مىجەزلىك بىرسى ئىكەن دەپ بېرىپ كاپىتان مايىرغا ئەرز قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”بۇ ئادەم كېچىدە بەكلا كۆپ جۆيۈلۈپ چىقىدۇ، ھەتتا جۆيلىپ تالاغا چىقىپمۇ كېتىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن بەكلا زېرىكتۇق.“ كاپىتان ئۇنىڭغا ئايرىم بىر ياتاق تېپىپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ هىتلېر ئىككىنچى قەۋەتتىكى

كىچىك بىر ئۆيگە كۆچۈپ چىقىۋالىدۇ. بۇ ئۆي ئەسلىدە بىر ئىسكىلات بولۇپ، پەنجىرىلىرىمۇ تاختايدا مىخلىۋېتىلگەن قاراڭغۇ ئۆي بولۇشىغا قارىماي ھىتلېر "ئايرىم بىر ئۆيگە ئېرىشكىنىمگە بەكلا خوشال ئىدى." كاپىتان ماير، ھىتلېرنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتتە بەزى ئۇششاق-چۈششەك ئەيىپلىرى بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ نۇتۇق سۆزلەش قابىلىيىتىدىن يەنىلا قايىل ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا مىيۇنخېن سىرتىدا ئالاھىدە بىر ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ. يەنى، لېچفېلد ئۇرۇش ئەسىرلەر لاگىرىدا گېرمانىيىگە مەجبۇرى قايتۇرۇلغان ئەسىرلەرنىڭ "سپارتاكچىلار" غا ئوخشاش قاراشقا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، "تەربىيىلەپ ھەققەتكە قايتۇرۇش" گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ئۇلارنى سوتسىئالىزمغا قارشى ۋەتەنپەرۋەر قىلىپ چىقىش كېرەك ئىدى.

22-ئىيۇل كۈنى بۇ تەشۋىقات گۇرۇپپىسى مىيۇنخېندىن يولغا چىقىدۇ. بەش كۈندىن كېيىن، ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ ئۇ يەردە بىر قېتىملىق ئەمەلىي سىياسىي تەربىيەگە ئېرىشىدۇ. قايتۇرۇلغان بۇ ئۇرۇش ئەسىرلىرى غەزەپ-نەپرەتكە تولغان كىشىلەر بولۇپ، گەپلىرىمۇ قوپال ۋە زەھەرلىك ئىدى. ئۇلار ئالدىنىپ ياشلىق باھرى ۋە ئىستىقباللىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدلىرىنى ئۈزگەن،85 ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى ئاكوپلاردا ھايۋاننىڭ كۈننى كۆرگەن، قايتۇرۇلغاندىن كېيىن يۇرتىدا قالايماقانچىلىق، ئاچارچىلىقنى كۆرگەنلىكىدىن دەرت تۆكەتتى. ھىتلېر ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن "ۋېلشال شەرتنامىسى" نىڭ نومۇسىنى، "نويابىر جىنايەتچىلىرى" نىڭ جىنايىتىنى ھەمدە "يەھۇدىيچىلىق بىلەن ماركسىزم دۇنياۋى سۇيىقەستى" نى تىرىشىپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى بۇ ئىشلارغا بۇرايدۇ. بىرمۇنچە تەقدىرلەش دوكلاتىدا ھىتلېرنىڭ بۇ تۈردىكى خىزمەتلەرگە بولغان قىزغىنلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ ماختىلىدۇ. "ئەگەر راست شۇنداق بولغىنىدا، ھىتلېر ئەپەندى ھەققەتەنمۇ تۇغما خەلق ناتىقى ھېساپلىنىشى كېرەك. _ دەيدۇ كۆزەتكۈچىلەردىن بىرسى باھالاپ كېلىپ، _ بۇ دېمەك، ھىتلېر ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارغا كۆرسەتكەن جەلىپ قىلىش كۈچى ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى دېگەنلىرىگە ئىشەندۈرەلەيدىكەن دېگەن گەپ."

مىيۇنخېنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، گازارمىدىكى ئەسكەرلەرگە ياردەملىشىپ لېكسىيە سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭغا يەنە، يېقىندا مىيۇنخېندا شەكىللەنگەن 50 ئەتراپىدا رادىكال قاراشتىكى تەشكىلاتلارنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىمۇ يۈكلەنگەن ئىدى. بۇ تۈر تەشكىلاتلار ئىرقچى ئۇنسۇرلاردىن، كوممۇنىزمچى ئۇنسۇرلاردىن، رادىكال مىللەتچىلەردىن، ئانارخىستلاردىن ۋە چېكىدىن ئاشقان ۋەتەنپەرۋەرلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. بۇ

تەشكىلاتلار يەنە ”ئىنقىلابى ئوقۇغۇچىلار گۇرۇھى“، ”كوممۇنىزمچىلار سوتسىئالىست جەمئىيىتى“، ”ئۇستارا ئىتتىپاقى“ ۋە ”يېڭى ۋەتەن“ دېگەندەك بىر مۇنچە گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن.

شۇ يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ باشلىرىدا، ھىتلېرنى ئۆزلىرىنى ”نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى“ دەپ ئاتىۋالغان كىچىك بىر سىياسىي تەشكىلاتنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىپ كېلىشكە ئۇيەرتىشىدۇ. يىغىن مۇزاكىرىسىدە شۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان 24 كىشىدىن بىرىنىڭ دېيىشىچە، ھىتلېرمۇ مۇنازىرىدە سۆز ئالغان بولۇپ، ”ھەقىقەتەنمۇ ياخشى سۆزلىگەن ئىدى“ دېگەن بولسىمۇ، ھىتلېر ئۇ ئاخشىمقى يىغىندىن بەك كۆپ نەرسە ئېسىدە قالمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدىمۇ ئۇ يىغىن توغرىلىق قولغا چىققىدەك بىر نېمە دېيەلمىگەن. بۇ پارتىيىنى شۇ يىلى نەچچە ئاي بۇرۇن ميۇنخېن تۆمۈريول زاۋۇدىنىڭ بىر ئۇستىسى بولغان ئانتون دىرېكسلېر دېگەن كىشى قۇرۇپ چىققان ئىدى. بۇ جەھەتتە ھىتلېرنىڭ خەۋىرى بار-يوقلىقىغا بىر نېمە دېيىش قىيىن. ئەمما بۇ پارتىيىنىڭ پروگراممىسى سوتسىئالىزم، مىللەتچىلىك ۋە يەھۇدىي دۈشمەنلىكى قاتارلىق كۆزقاراشلارنىڭ غەلىتە بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن شەكىللەنگەن ئىدى. ئەمما بۇ پارتىيە ئۆزىنى سېھىرلىك بىر نىقاپ ئىچىگە يۈركىۋالغان بولۇپ، گويا بىرمۇنچە ”ئىشچى سىياسىي گۇرۇپپىلار“ دىن تەشكىل تاپقاندەك چىرايلىق نام قويىۋېلىشقان ئىدى. ئەسلىدە، بۇ تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىقىش ئىشى رۇدولف فرېيخېر ۋون سېبوتتېندورفنىڭ پىلانى ئىدى.

سېبوتتېندورفنىڭ ئۆزىمۇ ئاجايىپ سېھىرلىق بىر ئادەم بولۇپ، پاكار بويلۇق، دوغىلاق كەلگەن سېمىز بىرسى ئىدى. ئىككى كۆزى تومپۇيۇپلا چىقىپ قالغان ئىدى. ”ئۇ بىر رەسسام بولۇپ، قۇرۇق نەزەرىيە سېتىپ يۈرشنى خالىمايدىغان، ئەپلاتونىزم ئورنىغا كەيپ-ساپانى بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان“ بىرى ئىدى؛ ”ئاز-تولا قۇرالغا خۇمار بىرسى بولسىمۇ، بۇ قىزىقىشنى ئادەتتە يوشۇرۇپ يۈرەتتى.“ ئۇمۇ خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش كەلگۈسىدە چوقۇم نېمىس دولقۇنى كۆتۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ، ”نېمىس باۋارىيە شۆبىسىنى قۇرۇشتا 'تيۇتونىك تەرتىپ، يەنى نېمىس تەرتىبى' ئورنىتىش“ ئۈچۈن خېلى كۆپ باش قاتۇرغان ئىدى. يەنى، بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولىدىغانلار قەتئىي تۈردە نېمىس بولىشى، شۇنىڭدەك چوقۇم ئۈچ ئەۋلادىغىچە قېنى ساپ نېمىس قېنىدىن بولىشى، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى 'ئىنتېرناتسىيونالىزم ۋە يەھۇدىي مىللىتىگە قارشى كۈرەش' كە ئاكتىپ قاتنىشىش ۋەدىسىنى بەرگەن بولىشى شەرت ئىدى. سېبوتتېندورف، مەملىكەت بويىچە يېيىلغان ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ مەجبۇرلىشى سەۋەبىدىن، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈرۈش مەقسىتىدە دەسلىۋىدە تەشكىلاتىغا ھېچ كاشال چىقارمايدىغان ”تۇلې

جەمئىيىتى" دەيدىغان بىر ئىسىم قويۇپ نىقاپلىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۇزۇن يىللىق ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشمەكچى بولىدۇ: ئىشچىلارنى ئۆزىنىڭ تەرغىپ قىلغان "خەلقچىلىق" (يەنى 'ۋولكىش' دېگەن بۇ سۆز بىر قارىماققا خەلقچىلىق دېگەن مەنىنى بەرگەندەك قىلسىمۇ، ئاساسلىقى ئىرقچىلىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان مىللەتچىلىك بىلەن يېقىن مەنىدىكى بىر سۆز ـ ئا. ھ. ئى) ئىشلىرىغا جەلپ قىلىشنى ئويلىغان. بۇ مەقسەتتە، نۇقۇل تەنتەربىيە خەۋەرلىرى يېزىقچىلىقى بىلانلا شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈلې ئەزاسىغا "ئىشچىلار سىياسىي كۇرژوكى" قۇرۇپ چىقىش يوليورۇقىنى بېرىدۇ. بۇ كىشى ئانتون دىرېكسلېرنى تېپىپ كېلىدۇ. دىرېكسلېر دېگەن بۇ كىشى "مۇكەممەل تىنچلىق" ئۇچۇن ئىسمى بار جىسمى يوق "ئەركىن ئەمگەكچىلەر كومىتىتى" دېگەن ئىشچىلار كۇرژوكىدىن بىرنى قۇرۇپ چىققان ئىدى.86 ئۇلار بۇ كىشى بىلەن بىرلىكتە "نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى" دېگەن يېڭى بىر سىياسىي تەشكىلات قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ پارتىيىنىڭ تەييارلىق يىغىنى شۇ يىلىنىڭ يانۋار باشلىرىدا كىچىك بىر رېستوران ـ فۇرستېنفېلدېرخوفدا چاقىرىلىدۇ. يىغىنغا 24~25 نەپەر كىشى قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دىرېكسلېر بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان زاۋۇتتىن كەلگەن تۆمۈريول ئىشچىلىرى ئىدى. دىرېكسلېر يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا پارتىيىنىڭ ئىككى تۈرلۈك كۆرەش نىشانىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ: بۇ نىشاندىن بىرسى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە خاتىمە بېرىپ، ئىشچىلارنى ماركسىنىڭ ئىنتېرناتسيونالىزمىدىن قۇتۇلدۇرۇش؛ يەنە بىرسى، يۇقىرى تەبىقە سىنىپتىكىلەرگە بۇ پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا بولغان مەسئۇلىيىتىنى تونۇتۇش ئىدى. دىرېكسلېر يەنە "بىزنىڭ بىردىن بىر ئېھتىياجىمىز 'نېمىس مىللىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىش' بولىشى كېرەك" دەپ تەكىتلەيدۇ. ئۇ يەنە كۇرژوكىنىڭ ئىسمىنى "نېمىس مىللىي سوتسىئالىزم پارتىيىسى" (بىر يىل بۇرۇن بوسىمىيەدە قۇرۇلغان، غايىلىرىمۇ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئوخشاش ئىسىملىك بىر پارتىيىنىڭ نامىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ پارتىيىنىڭ بەلگىسىمۇ كرېست ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر) دەپ ئاتاشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما بۇ تەكلىپكە بەزى كىشىلەر قارشى چىقىپ، پارتىيە ئىسمىدىكى "سوتسىئالىزم" دېگەن قىسمىنى كىشىلەر خاتا چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ تۇرىۋالغاچقا نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى دېگەن بۇ ئىسىمنى قوبۇل قىلىشقان ئىدى.

دىرېكسلېر، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇ، تېخنىك ئىشچىلارنى پرولېتارىيات دەپلا تونۇپ قارىماي، ئۇلارنى يەنە ئوتتۇرا تەبىقە سىنىپىغا مەنسۇپ شەھەر ئاھالىسى دەپمۇ قاراش كېرەك دەيتتى. شۇڭا ئوتتۇرا تەبىقە سىنىپىدىكىلەرنى "چوڭ كاپىتالىستلارنى قۇربان قىلىش" ھېسابىغا ئۇلارنى

كېڭەيتىپ كۈچلەندۈرۈشى كېرەك دەپ قارايتتى. بۇ نىزامنامىدا يەھۇدىيلارغا قارشى چىقىشنىمۇ ئىپتىياتلىق بىلەن تىلغا ئېلىنغان ئىدى. يەنى "دۆلەت، نېمىسلارنىڭ ئەخلاقى پرىنسىپ ئۆلچىمىگە زىت كېلىدىغان دىنى ئېتىقات تەربىيىسىنى قوللىماسلىقى كېرەك"، رىئاللىقتا بۇنداق بىر ئىشقا ھەرگىز سۈكۈت قىلماسلىقىمىز كېرەك دەپ قارايتتى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن پارتىيە قۇرۇلۇش يىغىنى تۇلي جەمئىيىتىنىڭ باش شتابىدا چاقىرىلدۇ. روھسىز تەنتەربىيە سەھىپە يازغۇچىسى كارل خاررېر پارتىيە رەئىسلىكىگە، درېكسلېر مۇئاۋىنلىققا سايلىنىدۇ.

بۇ پارتىيىدە 6 كىشىلىك كومۇتېتتىن باشقا ھېچنېمىسىلا بولمىغاچقا، بۇ تەشكىلاتنى بىرەر پارتىيە دەپ ئاتاشنىڭ زادىلا ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. "قىزىللارنىڭ تەھدىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقاچقا يىغىنىمىز مەخپى چاقىرىلدى، _ دەيدۇ درېكسلېر (ئۇ چاغدا درېكسلېر كەسكىن مىجەزلىك ئەمما ئابرويى يوق، ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەر ئىچىگە پېتىپ قالغان بىرسى ئىدى) ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، _ مۇھاكىمە قىلىش، ھۆججەت ئۆگۈنۈش قىلىشتىن باشقا قىلغىدەك تۈزۈك ئىشىمىزمۇ يوق ئىدى. مەن ئۆزەمنىڭ ئويلىغانلىرىمنى «سىياسىي ئۇيغۇنۇشۇم» ناملىق بىر كىتابچە شەكلىگە كەلتۈرگەن ئىدىم. مەن بۇ كىتابچىنى قايسى بىر ئىشچىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن تاللاپ كۆچۈرىۋالغان ئىدىم." ئۇ، روھى ئۇرغۇپ تۇرغان، بۇ كىتابچىنىڭ روھىدىن ئىلھام ئالالايدىغان جاسارەتلىك ھەممە "بىز ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسىنى تېپىپ بېرىدىغان" بىرسىنىڭ تېپىلىشىنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن ئىدى. "بىزگە قابىلىيەتلىك بىر ئادەم لازىم ئىدى. ئۇ ئادەم چوقۇم كۈچلۈك ئەقىدىلىك، قاراقچى مىجەز، ھېچكىمگە بوي سۇنۇشنى خالىمايدىغان رەھىمسىز، ھەرىكەت باشلىتىش جاسارىتى بولغان بىرسى بولۇشى كېرەك" دەپ ئويلايتتى.

12-سىنتەبىر كۈنى، مايىر شىيىر، ھىتلېرنى ئەنە شۇ تايىنى يوق "ئىشچىلار پارتىيىسى" نىڭ يەنە بىر قېتىملىق يىغىنىغا ئىبرىپ قاتنىشىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرەر تەۋەككۈلچىنىڭ بار-يوقلىقىنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەسلىدە، ئۇ يىغىندىكىلەر ئارىسىدا ئۇنداق بىرسىنى ئاختۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنداق قاراقچى چىراي ئادەم دەل ئۆزى ئەۋەرتكەن ئادەمى ئادولفتىن باشقىسى بولىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ كۈنى گۈگۈم ۋاقتىدا، ھىتلېر، ھېررېن كوچىسىدىكى كىچىك بىر قەھۋەخانا _ ستېرنېكېربراۋ قەھۋەخانىسىغا ئېھتىيات بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. قەھۋەخانىدا 40 قا يېقىن ئىشچى يىغىلغان ئىدى. ئاساسى نۇتۇقچىغا شائىر ئېكارت بەلگىلەنگەن بولسىمۇ ئۇ كېسەللىك سەۋەبىدىن يىغىنغا كېلەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاساسلىق دوكلاتچى قىلىپ ئىقتىسادشۇناس

فېدېر بەلگىلەنگەن ئىدى. ئۇ، ”كاپىتالىزمنى قانداق ۋە قايسى ئۇسۇلدا يوقۇتالايمىز“ دېگەن تېمىدا دوكلات بەرمەكتە ئىدى.

ھىتلېر، كۈرۈسقا قاتنىشىش جەريانىدا فېدېرنىڭ لېكسىيىلىرىنى نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭ دوكلاتىنى زوقلىنىپ ئاڭلاپ ئولتۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ تەشكىلاتتىن تۈزۈك بىر تەسىراتقا ئېرىشەلمەيدۇ. روشەنكى، بۇ تەشكىلاتمۇ خۇددى باشقا نۇرغۇنلىغان تەشكىلاتلاردەك كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقاپ كېتىدىغان تەشكىلات پۇرىقىنى بېرىپ تۇرىدىغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. شۇنىڭدەك، بۇ تەشكىلىنىڭ قۇرغۇچىسى ئادەتتىكى بىر ئاممىۋى كلۇبنى قانداق قىلغاندا رەسمى بىر سىياسىي پارتىيىگە ئايلاندۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەيدىغان بىرسى ئىكەنلىك ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇ ئاخشىمقى يىغىندا ھىتلېر ئىچى پۇشۇپ ئارانلا ئولتۇرىدۇ. فېدېرنىڭ سۆزى تۈگىشى ھامان ئۇ دەپ بىر تىنىۋالىدۇ.87 ئارقىدىن يىغىن ئەركىن مۇنازىرىگە ئوچۇق دەپ ئېلان قىلىنغىنىدا ھىتلېر قوپۇپ يىغىندىن چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ-يۇ، قانداقتۇ بىر تۈيغۇلىرى ئۇنى يەنە بىر ئاز ئولتار دەپ تارتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قايتا ئولتۇرىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە مىنۇت ئۆتمەيلا ئوتتۇرلۇقتا بىر پروفېسسور باۋارىيىنى پرۇسسىيەدىن ئايرىپ مۇستەقىل قىلىۋېلىشىمىز كېرەك دەپ قايناپ كېتىدۇ. بۇ گەپلەرگە چىدىماي قالغان ھىتلېر، ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشكە باشلايدۇ. ھىتلېر، جاراڭلىق ئاۋازدا ئىنتايىن كۈچلۈك جۈملىلەر بىلەن بۇ ھەقتە 15 مىنۇتتەك سۆزلەيدۇ. كېيىن ئۇ، ھېلىقى پروفېسسور ”… گېپىم تۈگىمەي تۇرۇپلا سۇغا چۈشكەن ئىتتەك قويرۇقىنى قىسىپ يىغىن زالىدىن چىقىپ كەتتى“ دەيدۇ.

ھىتلېرنىڭ نۇتۇق سۆزلەش قابىلىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئاجايىپ مەنتىقىلىق سۆزلىرىدىن درېكسلېر قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ كاتىپىغا پىچىرلاپ: ”بۇ ئادەم بولىدىغان بىرسىدەك قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنايلى“ دەيدۇ. كېيىن بۇ ئادەم بېرىپ ھىتلېرنى بىر چەتكە تارتىپ ئۆزىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئەمما كېيىن ھىتلېر كۆزئەينەكلىك، كۆرۈنىشىنىڭمۇ تايىنى يوق بۇ كىشىنىڭ فامىلىسىنىمۇ ئەسلىيەلمەيدۇ. ئۇ كىشى خۇددى بىر دىنىي مورتىنىڭ مۇقەددەس كىتابنى تۇتقازغاندەك ھاياجان ئىچىدە ئۆزىنىڭ 40 بەتلىككىلا كېلىدىغان مۇقاۋىسى شاپتول چېچىكى رەڭلىك بروشۇرىنى ھىتلېرنىڭ قولىغا تىقىشتۇرغىنىچە: ”بۇ كىتابنى ئەستايىدىل بىر ئوقۇپ چىقىڭ، ئاندىن قايتا كۆرۈشەيلى“ دېگەندەك بىر نېمىلەر دەپ كۇسۇرلاپ كېتىدۇ.

ھىتلېر گازارمىدىكى ئىككىنچى قەۋەتكە جايلاشقان كىچىك ھۇجرىسىغا كىرىپ خۇددى باشقا كۈنلەردەك كۆزگە ئۇيقۇ كەلمەي، چاشقانلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن پولغا بولكا

ۋە تاماق قالدۇقلىرىنى سىپىش بىلەن مەشغۇل  بولىدۇ. ئادولف يېتىشتىن بۇرۇن بۇنداق چاشقان بېقىشنى ئۆزىگە بىر ئادەت قىلىۋالغان ئىدى. ئۇ ئەسلىمىسىدە ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە "بۇ ئۇششاق جانىۋارلارنىڭ مەززىلىك پۇراپ تۇرغان ئاشقان-تاشقان تاماق قالدۇقلىرى ئەتراپىدا ئولۇشۇپ ئويناقشىپ كېتىشلىرىنى تاماشا قىلىپ جىم يېتىۋالاتتىم. ئاچچىق تۇرمۇش ئەمىلىيىتى جەريانىدا ئاچلىقنىڭ نېمىلىكىنى ياخشى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ چاشقانلارنىڭ يەيدىغانىنى كۆرۈپ خوشاللىقدىن ئويناقشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ياخشى چۈشىنەتتىم."

شۇ كۈنى سەھەر سائەت بەشلەردە، كېچىچە ئۇخلىيالماي چىققان ئادولف، كارىۋىتىدا ياتقىنىچە يەردىكى چاشقانلارنىڭ يەيدىغانىنى تالىشىپ بىر-بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ كېتىشلىرىنى تاماشا قىلىدۇ. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ خىيالىغا ھېلىقى ئىشچىنىڭ، دىرېكسىلېرنىڭ مەجبۇرى تۇتقۇزۇپ قويغان بروشۇرى ئېسىگە كېلىدۇ. ھىتلېر ئىختىيارسىزلا بۇ كىتابنى ۋاراغداشقا باشلايدۇ. كىتابنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئوقۇپلا بۇ كىتابقا قىزىقىپ قالىدۇ. "مەن ئىختىيارسىز ھالدا بۇ كىتابتا ئۆزەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلىرىمنى كۆرگەندەك بولدۇم" دەيدۇ ھىتلېر ئەسلىمىسىدە. ئەتىسى، ئۇ بروشۇردىكى كۆزقاراشلار كاللىسىدىن چىقماي كەچكىچە ئۇنى ئويغا سېلىپ يۈرىدۇ. "مىللى سوتسىئالىزم" ئاتالغۇسى، "يېڭى دۇنيا تۈزۈمى" دېگەن سۆزلەر بىلەن كىتابتىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى پەرەزلەر، يەنى بۇ يېڭى پارتىيە يوقۇتۇپ قويغان غايە، ئىزىلىشكە ئۇچراۋاتقان ھوقۇقسىز ئىشچىلار، ھەتتا دۆلەت كادىرلىرى بىلەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىنىپلاردىن تۆۋەن قاتلامدىكى كىشلەرنىلا ئۆزىگە جەلىپ قىلىشنى تەرغىپ قىلىشى ئۇنى ئۆزۈنغىچە ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، ئۇ، بۇ كىتابنى ئۇنتۇپ بۇ تۇر خىياللاردىن پاتلا قۇتۇلىدۇ. كېيىن بىر كۈنى ئۇ بىر پارچە پوچتا ئاتكىرتكىسى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇنىڭدا ھىتلېرنىڭ "نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى" گە ئەزا قىلىپ قوبۇل قىلىنغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان ئىدى. بۇنىڭدىن ھىتلېر بەكلا ھەيران بولىدۇ. بۇ ئاتكىرتكىدا يەنە، ئۇنى چارشەنبە كۈنى چاقىرىلىدىغان كومىتېت يىغىنىغا قاتنىشىپ بېرىشى تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. ھىتلېر ئۆز ئالدىغا بىر پارتىيە قۇرۇپ چىقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، تەييار باشقا ھەر قانداق بىر پارتىيىگە ئەزا بولۇش نىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ ئاتكىرتكىدىكى تەكلىپنى كۆڭلىدە قاتتىق رەت قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىگە بولغان قىزىقىشىنىمۇ بېسىۋالالماي، بېرىپ بۇ غەلىتە تەشكىلاتنىڭ يىغىنىنى كۆرۈپ باقمايمۇ دېگەن خىيالغا كېلىدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىن يەنە شۇ ھېررىن كوچىسىدا، ئەمما باشقا بىر تۆۋەن دەرىجىلىك

قەھۋىخانا بولغان ئالتىس روزېنباداتا ئۆتكۈزۈلەتتى. ھىتلېر، غوۋۋا يورۇپ تۇرغان بىرمۇ ئادەم يوق تېپ-تىنچ رېستوران زالىدىن كەينى تەرەپكە ئۆتتۇدى، تۆت كىشىنىڭ بىر ئۈستەل ئەتراپىدا ئولتۇشۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى بروشۇرنىڭ ئاپتورىمۇ بار ئىدى. دىرېكسلېر ”نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى“گە شەرەپ بىلەن ئەزا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ (”مانا ئەندى بىزنىڭمۇ گەپكە ئۇستا ئاۋستىرىيىلىك ئەزايىمىزدىن بىرسى بار بولدى!“ دېگەن ئىدى كومىتېت ئەزالىرىدىن بىرسىگە). دىرېكسلېر ئۇنىڭغا، بىز مەملىكەتلىك تەشكىلى رەئىسىمىز خاررېر ئەپەندىنى كۈتۈپ ئولتارغان ئىدۇق دەيدۇ.

تەنتەربىيە خەۋەرلەر يازغۇچىسى بولغان رەئىس ئاخىرى كېلىدۇ. بۇ كىشى تۇغۇلۇشىدىن تارتىپلا مايماق پۇت بىرسى بولۇپ،88 كۆرىنىشى بەكلا سەت، كىيىنىشىمۇ رەتسىز ئىدى. يىغىندا، ئۇ ئاۋال ئالدىنقى يىغىنلارنىڭ يىغىن خاتىرىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئارقىدىن كاسسىر دوكلات قىلىپ، ھازىرچە پارتىيىنىڭ ئارانلا 7 مارك 50 پىنىڭ پۇلى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن كەلگەن خەت-چەكلەر ئوقۇلۇپ ئۇزۇن-ئۇزۇن مۇنازىرە قىلىنىدۇ. بۇ ئىشلار ھىتلېر پەرەز قىلغىنىدىنمۇ بەكرەك زېرىكىشلىك ئىشلار ئىدى. ”نېمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق، ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق! بۇنداق ئەھۋاللار كلۇپلاردىكى ئەڭ ناچار ئەھۋالغا قالغىنىدىنمۇ بەكرەك ناچار بىر ئەھۋال ئىدى! مەن مانا شۇنداق بىر تەشكىلاتقا ئەزا بولامدىكەنمەن؟“ نۆۋەت يېڭى پارتىيە ئەزاسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىگە كەلگىنىدە، ھىتلېر ئۇلاردىن پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ بۈگۈنكى قاراشلىرى ۋە تەشكىلى-پائالىيەتلىرى ھەققىدە بىرمۇنچە سوئاللارنى سورايدۇ. ئاخىرى بۇ پارتىيىنىڭ تۈزۈك بىر نىزامنامىسىمۇ يوق، تەشۋىقات ۋاراقىمۇ تارقىتىپ باقمىغان، ھەتتا ھېچ بولمىغاندا بىرەر رېزىنكە تامغىسىنىڭمۇ يوقلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇلاردا ساپ بىر ئارزۇنىلا بار دېيىشكە بولاتتى. ئۇ، بۇ ھەيئەتلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىدۇ: ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىنىڭ كۆڭلىدە بىرەر سان يوقلىقىنى، پىكىرلىرىنىڭ بەكلا تۇتۇق ئىكەنلىكىنى سېزىدۇ.

ھىتلېر بۇ كۆرگەنلىرىنىڭ ھېچ بىرسىگە رازى بولمىسىمۇ، يەنىلا بۇ تەشكىلگە ئەزا بولايمۇ-بولماي دېگەن مەسىلىدە ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمەيدۇ. بۇ ئىش، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى جاۋاپ بېرىش ئەڭ قىيىن مەسىلىلەردىن بىرى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى كۈن جەريانىدا ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى شەيتىنى تىنماي بىر-بىرسى بىلەن مۇنازىرە قىلىپ ئۇرۇشۇپ چىقىدۇ: ئەقلى ئۇنى دەرھال رەت قىلىشقا ئۈندىسە، تۇيغۇلىرى ماقۇل دە، دەپ تۇرىۋالماقتا ئىدى. ئۇ خېلى بۇرۇنلا چوقۇم سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىش

يولغا كىرىمەن دەپ قەسەم بەرگەن بولسىمۇ، كۆزئالدىدىكى بۇ كۆلكىلىك تەشكىلات ھەققەتەنمۇ تايىنى يوق بىر تەشكىلات ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇنداق بىر ئەۋزەللىكى بارلىقىنى ئىنكار قىلىشقىمۇ بولمايتتى: بۇ تەشكىلات ئەقىدىلىرى قېتىپ كەتكەن رەسمىي بىر تەشكىلات ھالىغا كېلىپ بولالمىغان ئىدى. شۇڭا بۇنداق بىر تەشكىلاتقا قاتنىشىپ، ئۇنى خالىغان شەكىلدە يېتەكلەپ، ئۆزى ھەرىكەت پىلانلاپ تەرەققىي قىلدۇرالىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ تەشكىلات بەكلا كىچىك تەشكىلات بولغاچقا، خالىغىنىچە يېتەكلىيەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچى كامىل ئىدى.

ھىتلېر، بۇ تەشكىلاتنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ يۈرۈپ سەزگەن ئەھۋاللىرىنى كاپىتان مايىرغا دوكلات قىلدۇ. كاپىتانمۇ بۇ ئەھۋاللارنى يۇقىرى دەرىجىلىك بىر قانچە ئوفىتسېر بىلەن بىر نەچچە كاپىتالىستقا مەلۇم قىلدۇ. كاپىتان، ئۇلار بىلەن ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم "تۆت پەسىل" رېستورانىدا باش قوشۇپ گېرمانىيە ھەربىي كۈچلىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشنىڭ ھەر تۈرلۈك چارىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشاتتى. ئۇلار بۇ كىچىك تەشكىلات ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشقاندىن كېيىن، پەقەت نېمىس ئىشچىلىرىنىڭ ھىمايىسىگە تايىنىش ئارقىلىقلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى،بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىچىك تەشكىلات _ «نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى» نى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ تاللىۋېلىپ ھەرىكەت باشلاش قارارىغا كېلىدۇ. كاپىتان مايىرنىڭ دېيىشىچە، بىر كۈنى گېنېرال لۇدېندورىف تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ، ھىتلېرنىڭ بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ، بۇ پارتىيىنى قۇرۇپ چىقىش جەھەتتە ياردەمچى بولۇشىغا رۇخسەت قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

يېڭىدىن تەشكىللەنگەن گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ھەر قانداق بىر سىياسىي تەشكىلاتقا ئەزا بولۇشى ئەسلىدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق ھېسابلىناتتى. ئەمما "لۇدېندورفنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن (ئۇ ھەربىيلەر ئارىسىدا يەنىلا ھۆرمەت قىلىناتتى) بۇ قائىدىنى بۇزۇپ، ھىتلېرگە بۇ ئىشچىلار پارتىيىسىگە قاتنىشىپ ئۇلارنىڭ پارتىيىسىنىڭ كۈچلىنىشىگە ياردەمچى بول، دەپ بۇيرۇق قىلدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادولفقا ھەپتىسىگە بۆگۈنكى پاخاللىشىپ كەتكەن پۇل ھېساۋىدا 20 مارك پۇل بېرىلىدىغان بولدى" دەيدۇ كاپىتان مايىر. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھىتلېر ئەسلىدە ئۆزى قىلماقچى بولۇۋاتقان بىر ئىشنى ۋەزىپە شەكلىدە بۇيرۇق بىلەن تاپشۇرۇپ ئالغان دېيىشكىمۇ بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر "نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى" (نېمىسچە DAP يەنى "داپ" ) نىڭ رەسمىي ئەزاسى بولۇپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىق كىنىشكىسىنى ئالىدۇ.

ھىتلېر سىياسىي پائالىيەتلەرگە قەدەم قويۇش بىلەن تەڭ ئىدىيىۋى جەھەتتىمۇ زور

دەرىجىدە ئىلگىرلەيدۇ. بۇنىمۇ كاپىتان مايىرنىڭ بۇيرۇقىنىڭ بىر نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن. مەسىلەن، بىر قېتىم مائارىپ ساھەسىدىن بىر ئوقۇغۇچى يەھۇدىي تەھدىتى مەسىلىسىگە ئائىت ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتىنىڭ بار-يوقلىقىنى سوراپ خەت يازىدۇ. كاپىتان ماير بۇ ئىشقىمۇ ھىتلېرنى بەلگىلەپ، ئۇنىڭ بۇ مەسىلىگە جاۋاپ تېپىشىنى بۇيرۇق قىلىدۇ. ستېرنىكېربراۋ يىغىنىدىن 4 كۈن ئۆتكەن بىر كۈنى، ھىتلېر ئۇزۇن يېزىلغان بىر پارچە جاۋاپ خەت تەييارلايدۇ. بۇ جاۋاب خەتتە ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ھەيران قالارلىق ئىلگىرلىشى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ يازغان بۇ خېتى پۈتۈنلەي يەھۇدىيلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىنغان سۆزلەر بىلەن تولغان بولۇپ، بۇنداق سۆزلىرىنى كېيىن ھەممە كىشى تولۇق بىلىپ كېتىدۇ: "يەھۇدىيلار دېموكراتىيىنىڭ ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىنى ئالدامچىلىق يولى بىلەن قولغا كەلتۈرىۋالغان؛ ئۇ مەلئۇنلار خەلقنىڭ غورۇرى ئالدىدا ئۆمىلەپ ماڭغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇلار پەقەت پۇل دېگەن بۇ نەرسىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشنىلا بىلىدۇ. ... بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، خەلقىمىزنى بۇ ئىرقنىڭ سىل كېسىلى بىلەن يۇقۇملاندۇرۇشى بىلەن نەتىجىلەنمەكتە."

ھىتلېر بۇ خېتىدە خۇلاسىلاپ كېلىپ، يەھۇدىي دۆشمەنلىك نىزامنامىسىدا ئۇلارنى چەتئەللىك ئىرقتىن كەلگەنلەر دەپ قاراپ، قانۇنى يول بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ بەزى ئالاھىدە ھوقۇقلىرىنى بىكار قىلىشتىن ئىش باشلاش شەرت دەپ قارايدۇ. "شۇنداقتىمۇ، شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىشكە بولىدىكى، ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدىمىز يەھۇدىيلارنى قەتئىي تۈردە سۈپۈرۈپ تاشلاش89 (بۇ يەردە ئىشلىتىلگەن 'ئېنتېرنۇڭ' سۈپۈرۈپ تاشلاش دېگەن مەنىسىدىن باشقا قومۇرۇپ تاشلاش، يەنى يەھۇدىيلارنى گېرمانىيەدىن قوغلاپ چىقىرىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە، ئۇلارنى يۇلۇپ تاشلاش، يەنى يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇش مەنىسىنىمۇ بىلدۈرۈشى مۇمكىن) بولىشى كېرەك" دەيدۇ. بۇ جاۋاب خەت، ھىتلېردىن قالغان تۇنجى سىياسىي ماتېرىيال ھېسابلىناتتى. شۇنىڭدەك يەنە بۇ ماقالىسى ئارقىلىق ھىتلېر يەھۇدىي ئۆچمەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھەقىقى سىياسىي پروگراممىغا ھالىتىگە كەلتۈرگەن ھېسابلىناتتى.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# بىخلىنىش دەۋرى _ سىياسىي ھەرىكەتنىڭ شەكىللىنىشى

# 4. بىر سىياسىي پارتىيىنىڭ دۇنياغا كېلىشى

## 1922~1919

1

ھىتلېر، "مەن بۇ كىچىك گۇرۇپ كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ كەلگەن ۋاقتىمدا، سىياسىي پارتىيە پائالىيەتلىرى ياكى سىياسىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا قىلچە قىينالمىدىم" دەيدۇ. ئەسلىدە شۇ يىلى كۈزدە، ئىشچىلار پارتىيىسى ھىتلېرغا ئۈنىڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان تەشۋىقات سورۇنىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى. خۇددى مانىېرھېيم كۇتۇپخانىسىدا تۈنجى قېتىم ئۇنىڭ ئۆچمەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىپ غايە بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىغىنىدەك، ھەممىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن بۇ بىر ئۇچۇم كىشىلەر ئۇنىڭغا لازىملىق ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچىنى ئاتا قىلغان ئىدى.

ئۇنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى ۋەزىپىسى، ئاساسەن تالىشىپ مۇنازىرىلىشىشتىن باشقا قىلىدىغان ئىشى بولمىغان بۇ تەشكىلاتنى مەخسۇس سىياسىي ئورگان ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئىدى. "پروتوكول پارتىيە كومىتېتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئادەم شۇ 7 نەپەرلا ئادەم ئىدى. شۇڭا بۇ تەشكىلنى بىرەر ئاممىۋى كلۇبتىن باشقا نەرسە ئەمەس دېيىشكىلا بولاتتى." گېزىتلاردا شۇ ۋاقىتتا ھەققىدە ئېلان قىلىنغان چاتما ھىكايىلاردا، _ دەيدۇ ھىتلېر ئەسلىمىسىدە ئۇ كۆڭۈلدىكى قىزىقارلىق تەسۋىرلەپ، _ 1919-يىلقى ميۇنخېندىكى كۆڭۈللىرىمىز ھەققەتەنمۇ مۇشەققەتلىك كۆڭۈلەر ئىدى. چىراقنىڭ يېغى تۈگەي دەپ پىلدىرلاپ تۇرغان، ئەخلەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن، قالايماقانچىلىق، يىرتىق-ياماق كىيىنگەن كىشىلەر، نامرات ئەسكەرلەر، قىسقىسى، شۇ تۆت يىللىق ئۇرۇش بىلەن ئىنقىلاب دېگەن سېسىق نامى پۇر كەتكەن پاجىئە ئاقىۋىتىنىڭ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلىرى ئىدى."

روزنىباردىنىڭ ئارقا ھۇجرىسىدىكى يىغىنخانىدا، ھەر قېتىملىق يىغىندا ئىشلىتىدىغان چىراق پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرىدىغان بىر كىرسىن چىرىقى ئىدى. "بىز يىغىن ئاچقاندا ... قىياپەتلىرىمىز قانداق ئىدى دەيسىلەر؟ بەكلا ۋەيرانە ئىدۇق. ھەربىيچە قىسقا ئىشتان، تولا

بويلىــپ پىتــى قالمىغــان كونــا چاپــان، بېشــىمىزغا كەيگىنىمىــز بىــر-بىرىمىــزنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ياغلىشىپ پارقىراپ كەتكەن قالپاق-كەپكىلەر، ئايىقىمىزغا كەيگىنىمىز تۇلا قونجلاپ تىتىلىپ كەتكەن كونا ئۆتۈك، قولىمىزدا ئۆزىمىز ياسىۋالغان ياغاچ ھاسىسا.“

ئۇ كۈندىكى ئۇنىڭ قىياپىتى  ھەقىقەتەنمۇ خەلق ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەتتى.

”يىغىنىمىــز ھەر دائىــم شــۇ بىــر قــانچە كىشــى بىلەنــلا ئېچىلاتتــى. ... ئــاۋال ئۆزئــارا قېرىنداشلارچە سالاملىشاتتۇق. ئاندىن ھەممە بىــر-بىــرلەپ، 'جايلارغا ئــۇرۇق چېچىلــدى، ھەتتــا بــۇ چېچىلغــان ئــۇرۇقلار يىلتىــز تارتىــپ بىخلىنىشــقا باشــلىدى، دەپ مەلۇمــات بېرىشــەتتى؛94 ئاخىرىــدا ئــۇلار بىزنىــڭ بــۇ ئىشــلارنى ئورتــاق دوكــلات قىلىــش ئىمكــانىمىز يوقمــۇ' دەپ سورىشــاتتى. بىــز ھەر دائىــم ئــايرىم بىــرلا ئورگــان ھالىــدا پــالىيەت قىلىشــنىلا تەكىتلەيتتۇق. پائالىيەت راسخوتى ئۈچۈن بىزدە ئادەتتە ئارانلا بەش مارك پۇلىمىز بولاتتى. ئەممــا ھەر قېتىملىــق پائــالىيىتىمىز ئۈچــۈن ھــېچ بولمىغانــدا 17 مــارك پــۇل خەجلەشــكە مەجبۇر ئىدۇق.“

ھىتلېــر ئــاخىرى كومىتېــت ئەزالىرىنــى چوڭــراق بىــر يىغىــن ئۇيۇشــتۇرۇش ئــارقىلىق پارتىيە ئەزا سانىنى كۆپەيتەلىشىمىز مۇمكىن دەپ قايىل قىلــدۇ. ئــادولف، ھەربىي لاگىــردا روتىسىنىڭ خەت ماشىنكىسىدىن پايدىلىنىپ بۇ قېتىمقى يىغىلىشقا تەكلىپ قىلىنىــدىغان كىشىلەرگە ئۆزى تەلدىغان باغاقلارنى ئــۆز قــولى بىــلەن بېســىپ چىقــدۇ. يەنە بەزىلىــرىگە قولدا يازغان باغاق تەييارلايدۇ. تۇنجى قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ مىتىنگ ئاخشىمى، 7 نەپەر كومىتېــت ئەزاســى ”يىغىنغــا قــانچە ئــادەم كــېلەر“ دەپ پەرەز قىلىشــقا كىرىشــتى. بىــرەر سائەتتەك كۈتۈپ باققان بولسىمۇ يىغىنغا تەكلىــپ قىلىنغــانلاردىن بىرســىمۇ كــۆرۈنمەيتتى.

”يىغىن زالىدا يەنە شۇ 7 كىشى، بىز يەنىلا شۇ بۇرۇنقى 7 كىشــى بىــر-بىرىمىــزگە قارىشىــپ ئولتۇراتتۇق. ...“ شۇندىن كېيىن، ھىتلېر تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىدۇ. باغاقلارنى شــېپىگىرافتا بېسىپ تارقىتىــدۇ. بــۇ قېتىــم يىغىنغــا بىــر قــانچە كىشــى كەلــگەن بولــدى. شــۇنداق قىلىــپ يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى 11 كىشىدىن 13 كىشىگە كۆپەيدى. بىــر كــۈنلىرى يىغىــن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ سانى 34 كىشىگىمۇ يەتتى.

ئــۇلار يىغىــن قاتناشــقۇچىلىرىنىڭ ئىئــانىلىرىنى ئــىلان ســەنئەت ئۈچــۈن ســەرىپ قىلىشىدۇ. ئۇلار يەھۇدىيلارغا قارشى گېزىــت «مۈنچېنېر بېئوباچتېر» گىمۇ ئىلان بېرىــپ، 16-ئــۆكتەبىر كــۈنى خوفبراۋخــاۋس پىۋىخانىســىنىڭ گەمە قەۋىتىــدە ئــاممىۋى يىغىــن چاقىرىدىغانلىقىنى ئۇختۇرۇش قىلىدۇ.

ئەگەر بــۇ قېتىمقــى يىغىلىشــقىمۇ يەنە شــۇ بــۇرۇنقىچىلىكلا ئــادەم قاتنىشــىدىغان بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، بۇ قېتىمقى يىغىــن ئۈچــۈن خەجلەنگەن پــۇل ســەۋەبىدىن ئىشــچىلار

پارتىيىسى ۋەيران بولۇپ تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر ئىدى. بۇنىڭدىن خاررىپ بەكلا ئۇمىتسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما ھىتلېر: قورقما، چوقۇم كېلىدۇ، پەرەز قىلغىنىمىزدىنمۇ ئارتۇق ئادەم كېلىدۇ دەپ ئىشەنچ بىلەن تەسەللى بېرەتتى. ئاخشىمى سائەت 7 لەردە، ئىس-تۈتەك قاپلاپ كەتكەن پىۋىخانا زالىدا يەتمىش نەپەر (ئەسلى تەرجىمىدە 77 نەپەر دەپ ئېلىنغان، ئەمما ھىتلېر ئۆزى «كۈرەش يولۇم» كىتابىدا 117 نەپەردەپ يازغان. ئۇيغۇرچە ئا. بوران تەرجىمىسى «كۈرەش يولۇم» نىڭ بىرىنچى قىسىم تور بەت نۇسخىسىغا قاراڭ _ ئۇ.ت) ئادەم يىغىلغان ئىدى. ئۇ ئاخشىمى كىشىلەر باش نۇتۇقچىغا قانداق باھا بەرگەنلىكى ھەققىدە بۇگۇن قولىمىزدا ھېچقانداق بىر دەلىل يوق. شۇنىسى ئېنىقكى، ھىتلېر سەكرەپ چىقىپ نۇتۇق سۆزلەيدىغان سەھنىدىكى قوپال بىر ئۈستەل ئالدىغا كەلگەن ۋاقتىدا، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى گويا تۈك سوقۇۋەتكەندەك جىمىپ كەتكەنلىكى ئېنىق. پىلان بويىچە ھىتلېرنىڭ نۇتقى ئۇچۇن 20 مىنۇت ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇ سەھنىگە چىقىپ توختىماي يېرىم سائەت سۆزلەيدۇ. ئۇ نۇتقىدا قارىلاشلار، تەھدىت قىلىشلار ۋە ۋەدىلەر بىلەن سۇدەك سۆزلەپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنى يوقۇتۇپلا قويغان بولۇپ، پۈتۈنلەي ھاياجان ئىچىدە قاتتىق ھېسسىياتلىنىپ سۆزلىگەن ئىدى. ئۇ گۈلدىراس ئالقىشلار ئىچىدە جايىغا كېلىپ ئولتۇرغان ۋاقتىدا، چىلىق-چىلىق تەر ئىچىدە قالغان ئىدى. ھىتلېر نۇتقىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن سۆزلىگەن بولغاچقىمىكىن، بۇ نۇتقىدىن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ رازى ئىدى. "بۇ يەردە بۇرۇن مەن ئىچىمدە ھېس قىلىپ ئەمەلىيەتتە سىناق قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بىر ئالاھىدىلىكىمنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن ئىدىم. يەنى، مەن ھەقىقەتەنمۇ بىر ناتىق ئىكەنلىكىمنى تونۇتقان ئىدىم."

بۇ قېتىمقى يىغىن، ئۇنىڭ ھاياتىدا بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسىلا بولۇپ قالماي "نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى" ئۈچۈنمۇ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان ئىدى. قىزغىن ئالقىشلار ئىچىدە يىغىن قاتناشقۇچىلىرى شۇ يەردىلا 300 مارك ئىئانە قىلىشىدۇ. مانا ئەندى، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ ئېلان بېرىپ تېخىمۇ كۆپ شۇئار چاپلاش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. 13-نويابىردا، ئىككىنچى قېتىملىق ئاممىۋى يىغىن ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇلار بۇ قېتىمقى يىغىننى ئېبېرلبراۋ پىۋىخانا زالىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. يىغىنغا 130 دىن ئارتۇق كىشى قاتنىشىدۇ (يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ستۇدېنلار، دۇكانچىلار ۋە ئوفىتسېرلاردىن تەشكىل تاپقان ئىدى). يىغىندا جەمئىي تۆت كىشى نۇتۇق سۆزلەش ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يىغىنغا كىرىش بېلىتى 50 سىنىت قىلىپ بەلگىلەنگەن ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئاممىۋى يىغىنلارغا بىلەت سېتىپ قاتناشتۇرۇش ئىشى سىياسىي پائالىيەتلەردىكى تۇنجى قېتىملىق يېڭىلىق ئىدى. شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ بۇ يىغىنغا

قاتنىشىش ھەۋىسىنى ئاساسلىقى ھىتلېر پەيدا قىلغان ئىدى. نۇتۇق سۆزلىنىپ يېرىمغا كەلگەندە بىر قىسىم قاراقۇرساق كىشىلەر قالايماقان ۋارقىراپ-جارقىرىشىپ يىغىن تەرتىۋىنى بۇزۇۋىشقا ئۇرۇندى. ھېلىمۇ ياخشى، ھىتلېر بۇنداق بىر ئېھتىمال ئۈچۈن بۇرۇنلا تەييارلىق قىلىپ قويغان، يەنى يىغىن تەرتىۋىنى ساقلاش ئۈچۈن قىسىمدىكى سەپداشلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغان بولغاچقا، جېدەل باشلىنىپ بىر قانچە مىنۇتقا قالماي "جېدەل تېرىغۇچىلار يۈز-كۆزىگە مۇش يېيىشىپ بېشىنى قامالىغىنىچە زالدىن قېچىپ چىقىدۇ". نۇتۇقنىڭ يېرىمىدا ئۈزۈلۈپ قېلىشى ھىتلېرنىڭ ھاياجىنىنى تېخىمۇ ئارتتۇرغان ئىدى. ھىتلېر نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا، خەلق ئاممىسىغا "گېرمانىيىنىڭ بۈگۈنكى پاجىئەلىك قىياپىتىنى قەتئىي تۈردە پولاتتەك مۇشتۇم كۈچىگە تايىنىپلا تۈزەش مۇمكىن، شۇنداق كۈنلەر چوقۇم كېلىدۇ!" دەپ خەلقنى غەلىيانغا كۈشكۈرتىدۇ.

ھىتلېر يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئۆزىگە قارىتىۋالغان ئىدى. نۇتۇق سۆزلىگەندە ئۇنىڭ ئاۋازى بەكلا تەبىئى، ھېسسىياتىمۇ بەكلا ئەركىن ئىدى. ئۇنىڭ نۇتۇق سۆزلەشتىكى بۇ ئالاھىدىلىكى، مەخسۇس نەزەرىيەلەرگە تايىنىپ نۇتۇق سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن زىيالىيلارنىڭ نۇتۇق سۆزلەش ئۇسلۇبىدىن تۈپتىن پەرق قىلاتتى. يىغىنغا قاتناشقان بىر ساقچى، ھىتلېرنى كەمستىپ بىر ئېلىپ-ساتارغا ئوخشىتىپ:95 "بۇ ئادەم ۋەزىيەتنى تېزگىنلەشكە بەك ئۇستا ئىكەن. بۇ ئادەم كەلگۈسىدە چوقۇم ئەڭ داڭلىق كەسپى ناتىقلاردىن بىرسىگە ئايلانغىدەك" دەپ باھالاپ دوكلات تەييارلىغان. ئۇنىڭ چاقىرىقلىرى چىن كۆڭلىدىن چىققان گەپلەر بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى. ئۇ يىغىندا، 1918-يىلقى مەغلۇبىيەتنى يەھۇدىيلار پەيدا قىلغان، دەپ ئوچۇق ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق سۆزلەش ئۇسلۇبىغا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ نۇتۇقتا ئىشلەتكەن كوچا تىلى بىلەن ئاكوپ تىلىغا كونا ئەسكەرلەر بەكلا قايىل ئىدى. ئۇلار، مانا بۇ ئادەم بىزگە ئوخشاش جەڭ مەيدانلىرىدا پىلىموتنى، چېگرا سىملىرىنى ۋە پاسكىنىچىلىقتا دېموكراتىيىنى تەڭ كۆرگەن بىرسى ئىكەن، بۇ ئادەم ئالدىنقى سەپلەردىكى مۇقەددەس سەبداشلىقنىڭ قولمۇ-قول ھەرىكەت قىلىش دېگەن ھېسسىياتلارنى نامايەن قىلىشنى بىلىدىغان بىرسى ئىكەن دەپ باھالىشىدۇ.

ئىككى ھەپتىگە قالمايلا يەنە بىر قېتىملىق داغ-دۇغىلىق ئاممۋي يىغىن چاقىرىلىدۇ. بۇ قېتىم يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ سانى 170 كىشىگە يېتىدۇ. 10-دېكابىردا، ئۇلار تېخىمۇ چوڭ بىر پىۋىخانا زالىنى _ "گېرمانىيە ئىمپېرىيىسى" ناملىق پىۋىخانىنى ئىجارىگە ئالىدۇ. گەرچە يىغىن زالىدا رادىياتور بىلەن ئىسىتىش ئەسلەھەسى بارلىقى ئەسكەرتىلگىنىگە قارىماي، كىشىلەر يىغىن تۈگىمەيلا تارقىلىشقا باشلايدۇ. بۇ

چاغدا، بىر قانچە پارتىيە كومىتېت ئەزاسى نارازىلىق بىلدۈرۈپ، يىغىن ئىچىشىمىز بەكلا كۆپ بولۇپ كەتكەچكە بۇ ئەھۋال كۆرۈلىدى دېيىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ پارتىيە ئىچىدە جىددىي تالاش-تارتىش باشلىنىدۇ. ھىتلېر، 700 مىڭ ئاھالىسى بولغان بىر شەھەردە ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئاممىۋى يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇش ئەمەس بەلكى ھەپتىسىگە ئون قېتىم يىغىن ئېچىلسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ دەپ چىڭ تۇرۇپ تالىشىدۇ. ھىتلېر، بىزنىڭ تۇتقان يولىمىز توغرا؛ شۇڭا غەلىبە چوقۇم بىر كۈنى بىزنىڭ بولىدۇ، دەپ تۇرىۋالىدۇ. دېگەنىدەك، ئۇنىڭ چىڭ تۇرىۋېلىشى مۆۋسىنى بېرىدۇ. قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان يىغىن ئورنى ئۇچۇن داچاۋستراس كوچىسىغا جايلاشقان بىر زال تاللىۋېلىنىدۇ. بۇ يەر ھەربىي گازارمىغىمۇ يېقىن بىر يەر ئىدى. يىغىنغا ئەسكەرلەرمۇ تۈركۈم-تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلايدۇ. بۇ قېتىم يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ سانى 200 كىشىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

ھىتلېرنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىناۋىتىنىڭ بۇنچە تېز كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، بەزى كومىتېت ئەزالىرىنى ئەنسىرىتىشكە باشلايدۇ. ئۇلار ھىتلېرنىڭ ۋولقاندەك پارتلاپ ئەركىن قايناپ سۆزلەش ئۇسلۇبىنى ياقتۇرمايتتى. شۇنىڭدەك يەنە تەشكىلگە نۇرغۇنلىغان قوپال ئەسكەرلەرنىمۇ قوبۇل قىلىشقا كىرىشكەچكە، پۈتكۈل تەشكىلاتنىڭ قىياپىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلماقتا ئىدى. سىپايە مىجەزلىك ئەزالار، بۇنداق كېتىۋەرسە چوقۇم بىر كۈنى پارتىيىمىز ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ دەپ ئەنسىرىشەتتى. دىرېكسىلېرمۇ ئەنە شۇنداق ئەنسىرەيدىغانلاردىن بىرى بولۇشىغا قارىماي يەنىلا ھىتلېر بۇ پارتىيىنىڭ بىردىن-بىر ئۈمىدى دەپ چىڭ تۇرىدۇ. شۇڭا، دىرېكسىلېرنىڭ قوللىشى بىلەن ھىتلېر پارتىيىنىڭ تەشۋىقاتقا مەسئۇل ئادىمى ئورنىغا كەلتۈرۈلىدۇ. ۋەزىپىسى ئۆستۈرۈلگەن ھىتلېر، پارتىيە ئىشلىرىدىكى ئۇنۇمسىزلىكلەرنى قاتتىق تەنقىتلەشكە باشلايدۇ. پارتىيىنىڭ يا بىر ئىشخانىسى، يا تۈزۈكرەك ئىشخانا سايمانلىرى بولمىسا بۇ پارتىيە قانداقمۇ ئىش بېجىرەلەيدۇ؟ دەپ سوئال قويىاتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ، ئۇنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقان ستېرنېكېر دېگەن پىۋىخانىدىن ئىشخانا قىلىشقا بولىدىغان بىر ئۆي ھەل قىلىدۇ. گەرچە بۇ ئۆي بەكلا كىچىك، رېستورانىنىڭ كىچىك ھۇجرىسى قىلىپ ئىشلىتىلگەن يەر بولسىمۇ، ئۆي ئىجارىسى ئەرزان بولۇپ، ئايلىق ئىجارىسى ئارانلا 50 مارك ئىدى. ئۆي ئىگىسى ئوتتۇردىكى بۆلۈش ئۇچۇن قويۇلغان تاختايلارنى سۆكۈپ تاشلاپ، كىچىك ئىشخانىغا قارىغاندا مىيىت چىقىرىدىغان بىر زال كۆرۈنىشىگە كەلتۈرگىنىدىمۇ كومىتېتتىكىلەردىن ھېچ كىم نارازىلىق بىلدۈرمەيدۇ. ھىتلېر كاپىتان ماير بەرگەن پۇل بىلەن پارتىيە مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ ئىشخانىغا توك كىرگۈزۈپ لامپۇچكا، تېلېفون ئورنىتىدۇ. ئاندىن ئۈستەل-ئورۇندۇق، كىتاب ئىشكاۋى، قاچا-قۇچا ئىشكاۋى

قاتارلىقلارنىمۇ ئالدۇ. ھىتلېرنىڭ كېيىن قىلغان ئىشى يەنە مەخسۇس ئىش بىجىرگۈچىدىن بىرنى ئېلىپ پۈتۈن كۈن ئىش بىجىرىدىغان قىلىشى ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربى گازارمىدىن بىر ئون بېشى ـ سېرژانتتىن بىرنى تېپىپ كېلىدۇ. بۇ ئەسكەر ئاق كۆڭۈل، قەتئىي سادىق ۋە يۇۋاش بىر ئادەم ئىدى. ئىشقا چۈشكىنىدە ئۆزىنىڭ ئادلېر ماركىلىق سومكا خەت ماشىنكىسىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ.

شۇ يىلى دېكابىردا، ھىتلېر پارتىيە تەشكىلاتىدا ئومۇمى يۈزلۈك ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، تالاش-تارتىشلار ئىچىدە كۈنى ئۆتىدىغان بۇ كلوپنى رەسمى بىر سىياسىي پارتىيە ھالىغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. قالغان ئەزالار بۇ تەشكىلاتنىڭ رادىكال ئوقۇچى خاراكتېرلىق بىر كۇرژۇك ھالىتىدە بولۇشنى خالايدىغان بولغاچقا، مۇتلەق كۆپ كىشىلەر بۇنداق بىر ئىسلاھات يۈرگۈزۈشكە قوشۇلمايدۇ. تەشكىلاتتىكى كىشىلەر ھىتلېرغا ئوخشاش پارتىيىنىڭ تەشۋىقات ھەرىكىتىنى مەقسەت ئەمەس بەلكى ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىكى بىر ۋاستە سۈپىتىدە تونۇغىدەك سەۋىيىدە ئەمەس ئىدى. بۇ چاغدىمۇ ھارغىن درېكسلېر يەنە بىر قېتىم ھىتلېرنى قوللاپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. درېكسلېرنىڭ ئۆيىدە ھىتلېر ئىككىسى پارتىيە لايىھىسى بىلەن نىزامنامىسىنى تۈزۈشكە جىددى كىرىشىپ كېتىدۇ.96 ئۇلار ئىككىسى بۇنىڭ ئۈچۈن تالاش-تارتىش قىلىپ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇلار ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاساسلىقى يەھۇدىيلارغا ئىشەنمەسلىكى ۋە ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئاساسىغا تايانغان دېيىش مۇمكىن ئىدى. درېكسلېرنىڭ دېيىشىچە، يەھۇدىيلار بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن نەچچە قېتىم ئىشسىز قالغاچقا، كېيىن "ئەسەبىي يەھۇدىي دۈشمىنى ۋە ماركسىزم دۈشمىنىگە ئايلانغان" ئىكەن. درېكسلېر ئىنتايىن راھەت ياشاشقا بولىدىغان نىمفېنبۇرگ رايونىدا ئولتۇراتتى. ھىتلېر ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا ترامۋايلىق بېرىپ كېلەتتى. ئۇلار ئىككىسى ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، كەچلىك تامىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. درېكسلېرنىڭ ئايالى ئۇلارنى تاماق يېيىشكە دەپ قايتا-قايتا چىقىلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. "كىچىك قىزىم ھەر دائىم ھىتلېرنىڭ بويىنىغا ئېسىلىۋېلىپ ئوينايتتى. قىزىم ئادولفقا بەكلا ئامراق ئىدى" دەيدۇ درېكسلېر ئەسلەپ كېلىپ. بۇ قىز ئادولفقا ھەققەتەنمۇ تاغىسى ئورنىدا ئامراقلىق قىلاتتى.

1919-يىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاخشىمى، ھىتلېر "بىر باغلام ئارگىنالنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ" درېكسلېرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلىدۇ. بۇ نەرسىلەر پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ لايىھىسى ئىدى. ئىككىسى باش چۆكۈرۈپ بىر قانچە سائەت ھەپىلىشىپ، نىزامنامە لايىھىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىخچام ھالغا كەلتۈرۈشىدۇ. "شۇنداق، بۇ نىزامنامە

ئۇچۇن باش قاتۇرمىز دەپ مىكمىزنىڭ قىتىقى چىقىپ كەتتى“ دەيدۇ درىكسلېر ئەسلىمىسىدە. ئۇلار تاك سەھەردىلا ئاران بۇ ئىشنى پۈتتۈرىدۇ. ھىتلېر ئورنىدىن سەكراپ تۇرغىنىچە ئۇستەلنى مۇشتلاپ، ”ئەندى بۇ قاراشلىرىمىز ۋىتتېنبېرگ دەرۋازىسىغا ئېسىلغان لۇتېر تاختىسىدا يېزىلغانلارغا رىقابەت ئېلان قىلغىدەك ھالغا كەلدى!“ دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ.

بۇ نىزامنامە جەمئىي يىگىرمە بەش ماددىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ھىتلېر بۇ ماددىلارنى ئاممىۋى يىغىندا خەلققە ئاشكارە ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ نىزامنامىنى ئاشكارە ئېلان قىلىشقا كومىتېت ئەزالىرى چوقۇم قوشۇلمايتتى. ئۇلار بۇ نىزامنامىنىڭ نۇرغۇنلىغان ماددىلىرىغا قارشى تۇرۇپلا قالماي، ئاممىۋى يىغىندا ئېلان قىلىنىشىغىمۇ قارشى چىقىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. دەسلەپتە درىكسلېرمۇ شۇنداق قاراشتا بولسىمۇ، يەنىلا ھىتلېرنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ كېيىنكى يىغىندا پۈتۈنلەي ھىتلېرنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ قارشى چىققۇچىلارنىڭ پىكرى پۈتۈنلەي رەت قىلىنىدۇ. ئۇلار ئاممىۋى يىغىن كۈنىنى 1920-يىلىنىڭ 24-غېنۋارىغا بېكىتىشىدۇ.

كۆزنى قاماشتۇرغىدەك قىزىل خەتلىك شۇئار-پىلاكاتلار ۋە يول خەرىتىلىرى پۈتۈن مىيۇنخېن كوچىلىرىغا ئېسىلىدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېرمۇ ئەنسىرىمەكتە ئىدى. يەنى ئۇ، سۆزلەيدىغان نۇتقىنىڭ كىشىلەرنى مۇگىدىتىپ قويۇشىدىن قورقماقتا ئىدى. چوڭ يىغىننىڭ ئېچىلىش ۋاقتى ئاخشىمى سائەت يەتتە يېرىمغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. سائەت يەتتىدىن چارەك ئۆتكەندە، ھىتلېر خوفبراۋخاۋس پىۋىخانىسىنىڭ مۇراسىم زالىغا كىرگىنىدە، زالدا ئىككى مىڭ كىشىلىك يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ تىقلىم-تىقلىم ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىدەك ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قىسمى كوممۇنىستلار ياكى مۇستەقىل سوتسىيالىزمچىلاردىن تەشكىل تاپقانلىقى ئۇنى تېخىمۇ بەك خۇش قىلىۋەتكەن ئىدى. ھىتلېر، دۈشمەن سېپىدىكى يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئارىسىدىكى ھەققىي غايىلىك كىشىلەر چوقۇم ئۇلارنى ھىمايىچىلىرى بولۇپ ئۆزگىرىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ يىغىن تەرتىپىنى قالايمىقان قىلىشىنىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

يىغىن باشلانغىنىدا، زال ئىچىدىكى يىغىن قاتناشقۇچىلىرى تىم-تاس ھالەتكە كېلىدۇ. بىرىنچى بولۇپ سەھنىگە چىققان كىشى مول تەجرىبىلىك خەلق ناتىقى دىڭگفېلدېر  دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ، نۇتقىدا ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ يەھۇدىيلارغا زەربە بېرىپ سۆزلەيدۇ. ئۇ نۇتقىدا شېكسپىير بىلەن شىللېرنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزۈندىلەر ئېلىپ،

ئىنتايىن سىلىقلىق  بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەچكە، كوممۇنىستلارمۇ ئۇنىڭ نۇتقىدىن تولا بەك غەزەپلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن ھىتلېرگە نۆۋەت كېلىدۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سەھنىگە كېلىدۇ. ھېچ كىم قالايماقان ۋارقىراپ ئىسقىرتىشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا بەكلا كونىراپ كەتكەن كونا پاسون كۆك رەڭلىك پەلتۇ بار ئىدى. مۇنداق قارىماققا، ھىتلېرنىڭ بۇ قىياپىتىگە قاراپ ئۇنى ھېچ كىم بىر ناتىققا ئوخشىتالمايتتى. ھىتلېر نۇتقىنى باشلىغىنىدا ئالاھىدە ھاياجان پەيدا قىلىدىغان جۈملىلەرنى ئىشلەتمەي ناھايىتى خاتىرجەم ۋە ئېغىر بېسىقلىق بىلەن سۆزلەيدۇ. ئۇ، ئۆتكەن ئون يىللىق تارىخنى قىسقىچە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئەمما گەپ، ئۇرۇشتىن كېيىن گېرمانىيىنى قاپلىغان ئىنقىلاب بورانلىرى ئۈستىگە كەلگىنىدە ئۇنىڭ ئاۋازى ھاياجان بىلەن جاراڭلاپ چىقىشقا باشلايدۇ؛ قولىنى شىلتىپ سۆزلەشكە كىرىشىدۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقنىماقتا ئىدى. بۇ چاغدا غەزەپلىك ئاۋازلار زالنىڭ بارلىق بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. زال ئىچىدە پىۋا پوتولكىلىرى ھەر تەرەپكە ئۇچۇشقا باشلايدۇ. دەل شۇ پەيتتە شلانكا ۋە قامچىلار بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەر _ ئادولفنىڭ ھەربىيلەردىن كەلگەن ھىمايىچىلىرى "خۇددى قاۋان ئىتنەك ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ، كرۇپ پولات تۆمۈر شىركىتى ئىشلەپ چىقارغان پولات-تۆمۈرلەردىن ياسالغاندەك مۇستەھكەم قورغان بولۇپ ئۇيۇشۇپ، جىدەل تېرىغۇچىلارنى شۇ ھامان ئەدەپلەشكە كىرىشىدۇ". ئۇزۇنغا قالمايلا جىدەل تېرىغۇچىلار ئۆزلىرىنى پۇشخانا سىرتىدا كۆرىدۇ. يىغىن تەرتىۋى بىرئاز تىنجىغان بولسىمۇ، كۆلكە-چاخچاقلار تېخى بېسىقمىغان ئىدى.97 ھىتلېرمۇ نۇتقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. زالدىن كۆتۈرۈلگەن ۋارقىراشلار ئۇنىڭ پەرۋايىغىمۇ كەلمىگەن ئىدى. ئادولق مانىبرھېيمدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا بۇنداق قالايماقانچىلىقلارغا كۆنۈپ كەتكەنلا بولماي، ھەتتا بۇنداق قالايماقانچىلىقتىن ئۆزىگە كۈچمۇ ئالاتتى. ئۇنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق قىياپىتى بىلەن سۆزلىرى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى خاتىرجەم قىلىشقا يەتكەن ئىدى. كۆپچىلىك قايتىدىن گۈلدىراس ئالقىش ياڭرىتىشقا باشلايدۇ. بۇ ئالقىش سادالىرى قارشى چىققۇچىلارنىڭ غۇدۇراشلىرىنى پۈتۈنلەي بېسىپ چۈشىدۇ. ھىتلېر، نۇتقىدا ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تۇننىلاپ پۇل بېسىپ تارقىتىۋاتقانلىقىنى قاتتىق سۆكۈش بىلەن بىرگە، سوتسىئال دېموكرات پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ ئاددى خەلق ئاممىسىدىنلا قورقىدىغانلىقىنى پاش قىلىپ قاتتىق سۆكىدۇ. "ئەگەر فامىلىسى يەھۇدىيچە خۇمىبلىبرگېر ياكى ئىسىدور باخ بولمىغان تۆۋەن تەبىقە خەلق نېمىشقا قىلالايتتى؟" دېگەندەك رەسمى كەسىپى سۆزگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ تۇردىكى يەھۇدىيلارغا قارشى گەپلەرنى دېيىشى بىلەن قارشى تەرەپتىكىلەر بىلەن قوللىغۇچىلارنىڭ بىر-بىرسىگە ھۇجۇم قىلىپ ۋارقىراشلىرى قايتىدىن زالغا بىر

كېلىدۇ. بۇ قېتىم ھىتلېر ھۇجۇمنى شەرقلىق يەھۇدىيلارغا قاراتقىنىدا ئالقىش سادالىرى ۋارقىراش ئاۋازىنى بېسىپ چۈشۈپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر "يوقالسۇن يەھۇدىيلار!" دەپ توۋلىشىپ كېتىدۇ.

ھىتلېر بۇنچە كۆپ ئاما ئالدىدا سۆزلەپ كۆنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاۋازىمۇ ھېلى كۆچىيىپ، ھېلى پەسىيىپ چىقىۋاتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىسىزلىكىنىڭ ئۆزىمۇ كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئايلىنىدۇ.

ئۇنىڭ سەممىي خاراكتېرى خانس فرانك ئىسىملىك يىگىرمە ياشلىق بىر قانۇن ستۇدېنتىنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرىۋېتىدۇ. "بۇ ياش ئۇنىڭ سەممىي ساپ دىللىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، كۆڭلىدىكى گەپلەرنى يۇشۇرماي دېيەلەيدىغان بىرسى ئىكەن، ھەرگىز خەلقنى ئالدايمەن دەپ گەپ ياساپ يۈرمەيدىكەن، ئۆزى تولۇق قايىل بولۇپ كەتمىگەن، ئۆزىمۇ چۈشەنمىگەن نەرسىلەرنى ھەرگىز سۆزلەپ يۈرمەيدىكەن" دەپ باھا بېرىدۇ. بىرىنچى بولۇپ سەھنىگە چىققان كىشىنىڭ ياسالما، ھەشەمەتلىك سۆزلىگەن نۇتۇقىدىن كېيىن، ھىتلېرنىڭ سۆزلىرى پارتلاش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئادەتتە بەكلا قوپال بىلىنگىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئىپادىلەش قابىلىيىتى ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك ئىدى. يىغىننى مەخسۇس قالايمىقانلاشتۇرماقچى بولۇپ كەلگەنلەرمۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ، نۇتقىنى ئاددىي سۆزلەر بىلەن باشلاپ، بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ ماھىيىتىگە يەتكۈزۈپ سۆزلەشكە تىرىشاتتى. ئاۋازىمۇ جاراڭلىق بولۇپ، ئەڭ كەينىدە ئولتۇرغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئېنىق ئاڭلىيالايتتى. فرانكنى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۈرگىنى، "كالللىسى بەك ئىشلەپ كەتمەيدىغان ئەڭ دۆت كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلەيتتى. ... ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش ماھارىتىگە ئىگە بىرسى" ئىكەنلىكى ئىدى.

ھىتلېر، نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا 25 ماددىلىق پروگراممىسىنىڭ مۇھىم نوقتىلىرىنى خەلققە ئوقۇپ بېرىپ، بۇ ماددىلارنى بىر-بىرلەپ ماقۇللىتىدۇ. بۇ پرىنسىپلار يەھۇدىيلاردىن باشقا بارلىق كىشىلەرگە لازىملىق بەزى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يەنى، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرگە بارلىق نېمىسلار بىرلىشىپ بۈيۈك بىر ئىمپېرىيە قۇرۇپ چىقىش لازىملىقىنى؛ نوپۇس ئارتىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى مۇستەملىكىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى؛ دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا نېمىس مىللىتى تەڭ باراۋەر ھوقۇققا ئىگە قىلىنىشى كېرەكلىكىنى؛ ۋېرسال شەرتنامىسىنى چوقۇم ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەكلىكىنى؛ چوقۇم بىر مىللىي قۇراللىق ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش كېرەكلىكىنى؛ قانۇن-

تۈزۈملەرنى كۈچەيتىپ، جىنايەتچىلەرگە قارشى رەھىمسىزلەرچە كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىشچىلار سىنىپىغىمۇ پايدىلىق نەرسىلەر بار ئىدى: ئىشلىمەي چىشلەشنى بىكار قىلىش؛ ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنى ئومۇمنىڭ قىلىش؛ يەرلەرنى مۇسادىرە قىلىپ جامائەت مۈلۈككە ئايلاندۇرۇش؛ چوڭ تىپتىكى زاۋۇت-كارخانىلارنىڭ پايدىسىنى ئىچكى قىسىمدا تەڭ تەقسىم قىلىش دېگەندەكلەر بەلگىلەنگەن ئىدى. ھاللىق سىنىپلارغىمۇ تېگىشلىك نەرسىلەر بار ئىدى: چوڭ تىپتىكى تۈرلۈك ماللار سودا سارايلىرىنى دەرھال جامائەت مۈلۈككە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، تۆۋەن باھادا ئۇششاق تىجارەتچىلەرگە ئىجارىگە بېرىش؛ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياشانغانلارنىڭ تەن ساغلىق سۈپىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاشنى تەكىتلەيدۇ. مىللەتچى ئەقىدىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن بولسا، يەھۇدىيلارنى چەتئەل مۇھاجىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاشكارە ئىش يېرى ئېچىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىش؛ ئەگەر مەملىكەت بويىچە خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىمكانىيىتى بولماي قالغاندا بۇ مۇھاجىرلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش؛ 1914-يىلى 2-ئاۋغۇستتىن باشلاپ چېگرادىن كىرگەن يەھۇدىيلارنى دەرھال قوغلاپ چىقىرىش دەيدىغان مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن ئىدى.

ھىتلېر، ھەر مۇھىم نۇتقىنى ئوقىغىنىدا توختىتىۋېلىپ زالدىكىلەردىن چۈشىنىپ-چۈشەنمىگەنلىكىنى، بۇلارغا قوشۇلۇپ-قوشۇلمايدىغانلىقىنى سوراپ تۇرىدۇ. يىغىندىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قوشۇلىمىز، دەپ توۋلاشسىمۇ، يەنە بىر قىسىملار تەشكىللىك تۈردە مازاق قىلىپ كۈلۈشەتتى. قايسى بىر نارازى بولغۇچى ھەتتا ئورۇنىدۇقىغا چىقىۋېلىپ ۋارقىراپ نارازىلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولىدۇ. بۇ چاغدا قامچا-توخماقلىق تەرتىپ ساقلىغۇچىلار بۇنداقلارنى بىر-بىرلەپ ئەدەپلەپ چىقىدۇ.98 ھىتلېر، توپ-توغرا ئىككى يېرىم سائەت سۆزلەيدۇ. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ سەھنىدىن ئايرىلىۋاتقىنىدا كۆپچىلىك بىرلىكتە ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىشىپ ھۇررا دەپ سادا كۆتۈرۈشىدۇ. يىغىن تۈگىشى بىلەن، پۈتۈن خەلق گۈلدىراس ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىشىۋېتىدۇ. بايىقى ياش، يەنى فرانك، "ئەگەر گېرمانىيىنىڭ تەغدىرىنى قولىدا تۇتالايدىغان بىرەر كىشى بار دېيىلسە، بۇ ئادەم دەل ئادولف ھىتلېر بولغىدەك" دەپ قاتتىق ئىشىنىدۇ.

ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۇ كۈنكى يىغىلىش، قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ قالايماقانلىق تېرىغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قارىغاندا، يىغىن تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر يىغىن ھېسابلىناتتى. كىشىلەر يىغىن زالىدىن تىزىلىپ چىقىۋاتقىنىدا، ھىتلېر، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى يولىنىڭ داغدام ئېچىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ: "مەن، بۈگۈنكى يىغىنىمىز تامام، دەپ ئېلان قىلغان ۋاقتىمدا،

مەنلا ئەمەس، نۇرغۇن كىشىلەر 'ئەندى بۆرە ئىنىدىن چىقىپ كەتتى' دەپ ئويلىماقتا ئىدى. بۇ بۆرە، خەلق ئاممىسىنى ئالداپ ئاقماق قىلىپ يۈرگەنلەرگە قارشى چوقۇم ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان بولماقتا ئىدى.“ ھىتلېر ھەققەتەنمۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر بۆرە ئىدى. يەنى ئادولف دېگەن بۇ ئىسىم، كونا نېمىسچىدا ”تەلەيلىك بۆرە“ دېگەن سۆزدىن كەلگەن بىر ئىسىم ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ”بۆرە“ دېگەن بۇ سۆز، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەققەتەنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىدى. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ يېقىنلىرى ھىتلېرغا بۇ لەقەمنى قويۇۋالدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن، شۇنىڭدەك سىڭلىسى پاۋلا ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ لەقەم ئۇنىڭ مەخپى ئىسمى ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، كۆپلىگەن ھەربىي قوماندانلىق شتاپلىرىدا بۇ لەقەم ھىتلېرنى بىلدۈرىدىغان بىر ئىسىم ھالىغا ئايلىنىدۇ.

ھىتلېرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى شۇ كۈنلەردىكى مىيۇنخېن گېزىتلىرىنى بەك قىزىقتۇرۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى يىغىن، نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئالغا تاشلانغان چوڭ بىر قەدەم ھېسابلىناتتى. شۇ كۈنى پارتىيىگە يېڭىدىن يۈز كىشى ئەزا بولۇپ قوشۇلدۇ. ھىتلېرنىڭ چەك تۇرىۋېلىشى بىلەن، پارتىيىنىڭ تىزىملىك دەپتىرى تۈرغۇزۇلۇپ پارتىيە ئەزالىق كىنىشكىسىمۇ تارقىتىلىدۇ. كىشىلەرگە بۇ پارتىينى راستلا چوڭ بىر پارتىيە ئوخشايدۇ دەيدىغان تۇيغۇغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پارتىيە ئەزالىق تىزىملىكى 501-ئەزا دەپ باشلىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر پارتىيە ئەزا ئىسمىنىڭ باش ھەرپى تەرتىۋى بويىچە تىزىلىدۇ. كەسىپى ”رەسسام“ دەپ يېزىلغان ھىتلېرنىڭ پارتىيە ئەزالىق كىنىشكە نومۇرى 555 ئىدى.

2

شۇندىن ئىتىۋارەن، ئادولف يەپ-يېڭى بىر ھاياتقا قەدەم قويىدۇ. ئۇنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسى كېڭىيىپ، بېرىش-كېلىش قىلىدىغان ئادەملىرىنىڭ تۈرىمۇ كۆپىيىشكە باشلايدۇ. ئەمما بۇ كىشىلەرنىڭ بىرلا ئورتاق نوقتىسى بار ئىدى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى نېمىسلىكنىڭ ھەممە نەرسىسنى ياخشى كۆرۈپ، ماركسىزمنىڭ ھەممە نەرسىسىدىن نەپرەتلىنىدىغان كىشىلەر ئىدى. مىيۇنخېندا بىر ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى بار بولۇپ، ئۇ تەغدىرنىڭ يۇلتۇز تۈركۈملىرى تەرىپىدىن تېزگىنلىنىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بىرى ئىدى. ئۇ يەنە بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ھەر قانداق بىر ئىنسان گۇرۇپپىسى ئارىسىدىن يەھۇدىيلارنى بىر قاراپلا پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئىقتىدارىم بار دەپ سۆزلەپ يۈرەتتى. ئېخمۇ قىزىقى، بۇ

كىشىلەر ئارىسىدىكى كاپىتان ئېرنىست رۆم دېگىنى ئەسلىدە بىر بەچچىۋاز (ھوموسېكسۇئال) بولۇپ، بىر ۋاقىتلاردا روتا كوماندىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئىدى. ئەسلىدە ئۇ ھەقىقەتەنمۇ لاياقەتلىك ئوفىتسېر بولۇپ، خېيىم-خەتەرلىك ۋاقىتلاردا ئىشىنىشكە بولىدىغان سەپداش ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ تورۇقى پاكار، دۇغىلاق سېمىز، چاچلىرىنى ھەر دائىم رەتلىك ياستىپ يۇرىدىغان، كۈلۈشلىرى بەكلا ئۇماق بىرى ئىدى. ئۇنى، ئۇرۇشنىڭ تىرىك مىس ھەيكىلى دېيىشكىلا بولاتتى: ئۇنىڭ بۇرنى ئوق زەربىسىدە پۇچىلىپ كەتكەن، يۈزىدىمۇ چوڭقۇر تاتۇقى بار بولۇپ، ئۇ ھازىر دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر ئوفىسېرى ئىدى. ئۇ، "مەن رەھىمسىز ھەمدە پىششىپ يېتىلمىگەن بىرسى بولغىنىم ئۈچۈن، مېنىڭ قىزىقىدىغان ئىشىم سىلەرنىڭ قىزىقىدىغىنىڭلاردەك ئۇنداق پۇخرالارچە قورۇق گەپ سېتىپ يۈرىدىغان ئىشلار ئەمەس بەلكى ئۇرۇش ۋە توپىلاڭ چىقىرىش" دەپ يۈرەتتى. رۆم بىلەن ھىتلېر ئىككىسى مىللەتچىلىك كۆرۈنۈكى (تۆمۈر مۇشتۇمچىلار كۇرۇزۈكى) نىڭ بىر قېتىملىق مەخپىي يىغىنىدا كۆرۈشكەندىن ئېتىبارەن، رۆم، بۇ پىداكار ئون بېشى ھەقىقەتەنمۇ "نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى" گە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق نامزات ئىكەن، دەپ قەتئىي ئىشەنگەن ئىدى. رۆم، بۇ پارتىيىگە نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنى ئەزا قىلغان بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە ئۇ دېرىكسىلېر-خاررېر تەشكىلىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا خاس ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن دېيىشكە بولاتتى. ئەسلىدە ئۇرۇش-جېدەللىك ئاممىۋى يىغىلىشلارنىڭ يىغىن تەرتىۋىنى ئەنە شۇ ئەسكەرلەر ساقلايتتى. ھىتلېر بىلەن رۆم ئىككىسى ئالدىنقى سەپتە ئەسكەرلەرگە قول-پۇت بولۇپ كۆڭۈل بۆلۈشتە ئەجرىسى بولغان كىشىلەر بولغاچقا، جاپا-مۇشەققەتلىك قانلىق جەڭلەردە ئورتاق ھېسسىياتقا ئىگە يېقىن سەپداشلاردىن بولۇپ قالغان ئىدى. گەرچە يېقىندا رۆم، كاپىتان مايىرنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ھىتلېرنىڭ كوماندىرلىرىدىن بىرسىگە ئايلانغان بولسىمۇ، 99 ئۇ يەنىلا ھىتلېرنى ماڭا سەنلەپ گەپ قىل دەپ چىڭ تۇرىۋالاتتى. ئۇنىڭ ھىتلېر بىلەن بۇنچە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشى نەتىجىسىدە، ھىتلېر باشقا ئوفىسېرلار بىلەنمۇ ئەنە شۇنداق يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ئادەت قىلىۋالدى.

ھىتلېرنىڭ يازغۇچى دىترىخ ئېكارت بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىگىمۇ قىل سىغمايتتى. بۇ ھەقتە ئېكارت مۇنداق دەيدۇ: "يېڭى دەۋرنىڭ سىياسىي داھىلىرى چوقۇم پىلىموت-توپ ئوقىنىڭ ئاۋازىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قابىلىيەتلىك كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك. ... مەن، قىزىللارغا قارشى رەھىمسىز جاۋاپ قايتۇرالايدىغانلا بولىدىكەن، ئۇنداق بىرسى قىلچە ئابرويى يوق بىر مايمۇن بولغىنىدىمۇ قەتئىي ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇرىمەن. خۇددى شۇنىڭدەك، يوقىرى بىلىملىك بىر پروفېسسور، ئەگەر خەلق ئاممىسى

غەزەپلىنىپ ئورۇندۇقلارنى سۇندۇرۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرىۋەتسىمۇ يىغىنىنى تاشلاپ قاچماي تۇرۇپ بىرەلەيدىغانلا بولىدىكەن، مەن يەنىلا بۇ تۈردىكى بىلىملىكلەرنى ھىمايە قىلغۇچىلاردىن بولىمەن، دەيتتى. ... ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەم بويتاق بىرسى بولغاچقا، تەشكىلاتىمىز تېخىمۇ كۆپ خوتۇن-قىزلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلالىشى مۇمكىن!" دەيتتى.

ھىتلېر بىلەن بۇ قېرى زىيالى، ياش جەھەتتىن بەكلا چوڭ پەرق قىلاتتى (ئۇ يازغۇچى، ھىتلېردىن 21 ياش چوڭ ئىدى)، ھەمدە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ تۈپتىن ئوخشىمايدىغان (ئېكارت ئۇنىۋېرسىتېت پۇتتۈرگەن بىلىملىك بىرسى) بولسىمۇ، ئۇ ئىككىسى سىياسىي تونۇشلاردىن بولۇپلا قالماي، كۆڭۈلدىكى تۇرمۇشتىمۇ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا بوسىمىيىلىك ھەمدە تۇغمىدىن تەبىئەتنىلا ياختى بىلىدىغان كىشىلەر ئىدى؛ يەنە كېلىپ ئىككىسىلا مىللەتچى بولۇپ، يەھۇدىيلارغا بەكلا ئۆچ ئىدى. شۇڭا، ئېكارت ئادەتتە نېمىستىن خوتۇن ئالغان بىر يەھۇدىي 3 يىللىق قاماق جازاسىغا كېسىلىشى؛ ئەگەر يەنىلا ئۆزگەرمەي جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرسا، ئۇنىڭغا قەتئىي تۈردە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى كېرەك، دەيتتى.

ئېكارت، رومانتىك بىر ئىنقىلابچى بولۇپ، قەھۋەخانا مۇنازىرىلىرىنىڭ ئۇستىسى ئىدى. ئۇ، بەكلا نازۇك، كىشىلىك تۇرمۇشقا بەكلا تەمكىن، ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق مەھەللە نوچىسى بولۇپ، ھەر دائىم سەھنە بېشىدا كۆرۈنۈپ يۈرەتتى. ئەگەر نۇتۇق سۆزلەش ئۈچۈن ئازىراقلا بىر پۇرسەت بولىدىكەن، مەيلى ئۆي، مەيلى كوچا ياكى قەھۋەخانا بولسۇن قىلچە تارتىنماي ئىنتايىن جەلىپ قىلارلىق نۇتۇق سۆزلەپ كېتەتتى. ئەمما ئۇ زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارى بار بىرسى بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە زابوي ئىدى. ئۇنىڭدىكى بۇنداق چاكىنا ئادەتلەر جەمئىيەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈش يارىلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. ھىتلېر، قىزغىن سۆھبەتلىك، سۇدەك راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بۇ زىيالى بىلەن خۇددى بىر كېمىدىكى دېڭىز قاراقچىلىرىدەك ئايرىلالماس ھالغا كەلگەن ئىدى. ئېكارت بولسا مىيۇنخېننىڭ بىشەم كېچە دۇنياسىدا ھىتلېرغا خال شاھزادىسى ئۈچۈن فالستاف (فالستاف _ شېكسپىير كومېدىيىلىرىدىكى بىر پېرسۇناژ بولۇپ، پو ئېتىشنىڭ سىمۋولى) رولىنى ئويناپ بېرەتتى. يەنى ئېكارت ھىتلېرنىڭ ئۇستازى ھالىغا كەلگەن ئىدى. ئۇ ھىتلېرغا ھەربى پەلتودىن بىرنى سوغا قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ گراماتىكىسىنى تۈزىتىشكە ياردەمچى بولىدۇ؛ ئۇنى ئالى دەرىجىلىك رېستورانت ۋە قەھۋەخانىلارغا باشلاپ بارىدۇ. شۇنىڭدەك ھىتلېرغا داڭلىق ئەدىپ كىشىلەرنى تونۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ (كىشىلەرگە ھىتلېرنى، بۇ كىشى چوقۇم بىر كۈنى گېرمانىيىنى قۇتقۇزىدىغان بىرسىگە ئايلىنىدۇ، دەپ تونۇشتۇراتتى). ئادەتتە ئۇ ئىككىسى ئولتۇرۇپ مۇزىكا، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە سىياسەت

ھەققىدە سائەتلەپ مۇنازىرىلىشىپ سۆزلىشىپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ قوپال يازغۇچى ھىتلېرنىڭ ئۇستىدە ھەققەتەنمۇ نۇرغۇن ئىزلارنى قالدۇرىدۇ.

خوفبراۋخاۋۇس مىتىنگىدىن كېيىنكى بىر قانچە ھەپتىدە ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە بېرلىنگە قاراپ بىر قېتىملىق تەۋەككۇلچىلىك سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ. ۋېيمار سوتسىئالىستىك ھۆكۈمىتى گېنېرال ۋالتېر ۋون لۇتتۋىتز يېتەكچىلىكىدىكى "جەڭگىۋار ئەركىن پولك" نى تارقىتىۋېتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن بولسىمۇ، بۇ ھەربىي قىسىم تارقىلىپ كېتىش ئۇيياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە پايتەختكە يۈرۈش قىلىپ بېرلىننى ئىشغال قىلىۋالىدۇ ھەمدە كاپ ئىسىملىك ئادەتتىكى بىر مەمۇرى ئەمەلدارنى باش ۋەزىر قىلىپ تىكلەيدۇ. ھىتلېر بىلەن ئېكارت ئىككىسى، كاپ ئۆكچىلار گۇرۇھىنىڭ قوزغىلىشى ئىنتايىن زور يۇشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، باۋارىيە بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلابى تەدبىر قوللىنىش ئىمكانىيىتىنىڭ بار-يوقلىقىنى بىكىتىش مەقسىتىدە ئىككىسى بىرلىكتە ئۆز ئىختىيارى بىلەن بېرلىنغا بېرىشنى پىلانلاشقان ئىدى. كاپىتان رۆم بۇ پىلاننى تەستىقلاپ، ئۇ ئىككىسىنى بىر تەنتەربىيە مەشىق ئايروپىلانىغا ئولتارغۇزۇپ يولغا سېلىپ قويغان ئىدى. بۇ ئايروپىلان مەخسۇس ھىتلېرغىلا مەنسۇپ ئايروپىلان ئىدى. ئۇنىڭ لىيوتچىكى لېتنانت روببېرت رىتتېر ۋون گرېيم (ئۇرۇش مەزگىللىرىدىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇستا لىيوتچىكلاردىن بىرى ئىدى. بۇ لىيوتچىك تېخى ياش تۇرۇپلا "ئۇچقۇچىلار بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتى" غا ئېرىشكەن ئىدى. كېيىن ئۇ ھىتلېرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھاۋا ئارمىيە قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ) ئۇلار بېرلىنغا قاراپ ئۇچقان كۈنىسى ھاۋا بەكلا ناچار ئىدى. گەرچە ئۇچقۇچى گرېيمنىڭ ئايروپىلان ئۇچۇرۇش تېخنىكىسىغا گەپ كەتمىسىمۇ، ھىتلېر تىنماي قەي قىلىپ چىقىدۇ. ئوتتۇر يولدا قونۇپ ئۆتىدىغان ئايروپورت ئىش تاشلىغان ئىشچىلار تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىنغىنى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى بېرلىن سەپىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراشقا قىل قالىدۇ. شۇ چاغدا ھىتلېر دەرھال ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئۆزىگە يالغان ساقالدىن بىرنى تاقاپ گىرىم قىلىۋالىدۇ. ئېكارتمۇ ئۆزىنى سودىگەر قىياپىتىدە گىرىم قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىشچىلار ئۇلارنىڭ بېرلىن سەپىرىگە يول قويۇشىدۇ.100 ئايروپىلان بېرلىنغا بېرىپ قونغاندا ھىتلېرنىڭ چىرايى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، "بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ ئايروپىلان دىگەن نەرسىگە چىقمايمەن" دەپ قەسەم قىلىۋېتىدۇ.

گەرچە ئىسيانچىلار 13-مارتتا بىر پايمۇ ئوق ئاتماي بېرلىن دەرۋازىسىدىن كىرەلىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ غەلىبىسى ئاتاقتىكىلا بىر غەلىبە بولۇپ قالىدۇ. يەنى، سالاھىتى بار كىشىلەردىن بىرمۇ ئادەم "باش ۋەزىر" كاپنىڭ كابىنېتىدا ۋەزىپە ئېلىشنى خالىمايدۇ. بۇ قېتىمقى ئالدىراپ-سالدىراپ پىلانلاپ باشلىتىلغان بۇ قوزغىلاڭ،

باشلىنىشىدىن تارتىپلا مەغلۇبىيەتلىك بىر قورغىنلاشقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مەغلۇب بولىشىنى بىرەر قايتارما ھۇجۇم ياكى بىرەر بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى پەيدا قىلغان بولماستىن، پۇتكۇل گېرمانىيە خەلقىگە ئوخشاش بىرلىنىلغلارمۇ ھەربىلەرنىڭ چۇشقۇنلۇق كەيپىيات بىلەن ئوتتۇرغا چىقىشىنى خالىماي، پۈتۈن خەلق ھەربىي ئىسيانچىلارغا قارشى دولقۇنغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەندى بۇنداق ئىنقىلابلارنى قورغاشنىڭ قىلچە مەنىسى يوق دەپ قارىشاتتى. شۇڭا، ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى مەملىكەتلىك ئومۇمى يۇزلۇك ئىش تاشلاش چاقىرىقنى چىقارغان ۋاقتىدا، ئىشچىلار ئۇلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، كاپ ھاكىمىيىتىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. شەھەردە ئېلىكتىر كېسىۋېتىلىدۇ، ترامۋايلار بىلەن مېترولار (يەرئاستى تۆمۈريول قاتنىشى) توختاپ كېتىدۇ، پۈتۈن شەھەردە سۇ توختاپ كەتكەن، كوچىلاردا ئەخلەتلەر يىغىلىپ سېسىشقا باشلىغان؛ ماگازىن-مەمورى ئورگانلار تاقىلىپ كەتكەن ئىدى.

بېرلىندا كېچىلەردە ياكى مۇم يورىقى ئاستىدا ياشىتىلغان كېچىلىك ھايات يەرلىرىلا ئۆز ئىشىنى توختاتماي داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئەسلىدە بۇنىڭدەك چىرىگەن سورۇنلار ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن قايسى بىر سېرىق كىنونىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتۇرغا چىققان ئىدى. بۇ كىنودا 11 ياشلىق بىر تۈركۈم ئۇششاق پاھىشىلەر ئۆزلىرىگە قويۇق گىرىم قىلىشىپ، ئۆزۈن ئۆتۈكلەرنى كىيىپ يۈرىدىغان ئامازونلۇقلارنىڭ خورلىنىش ئارزۇسىنى تېما قىلغان سادىزم ھېكايىلەردىن ئىشلەنگەن كىنو ئىدى. شەھەر ئىچىدە ھەر تۈرلۈك ئىشقىۋازلىقلارغا لايىق، ھەر خىل مىجەزلىكلەرگە ئۇيغۇن قەھۋەخانىلار، رېستورانتلار ـ يەنى ئەر ياكى ئايال بەچچىۋازلار، يالىڭاچ بەدەن خۇمارىدىكىلەر، سادىزم زۇلۇمى قىلغۇچىلار ۋە سادىزم زۇلۇمىغا ئۇچراشنى خالىغۇچىلارغا لايىق سورۇنلار قۇمدەك ئىدى. يالىڭاچ بەدەن ھەۋەسلىنىدىغان ئىشلار قاتارىدا قارىلىدىغان، سەنئەتنىڭ مەقسىدىمۇ ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىلىدىغان، خىيالى دۇنيا يارىتىپ مەس بولىدىغان غەلىتىلىكلەر چېكىگە يەتكەن ئىدى. بېرلىن شەھىرى دادائىزم سەنئەتچىلىرىنىڭ پائالىيەت مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ ئېقىمغا مەنسۇپ شائىر ۋالتېر مېھرىڭگ ئاچچىق ھەجۋى ئىپادە ۋە لەھجىلەردە شېئىر يازغان بولۇپ، بۇ شېئىردا بېرلىنلىقلارنىڭ قورقۇنۇچلۇق ئاقىۋىتى تەسۋىرلەنگەن:

چاققان كېلىڭلار باللار، ھەممە ھۇزۇر ئىچىدە ئۆلۈم مەيدانىغا ئالدىراڭلار،

ئىشتانىېغىڭلارنى چىڭ باغلاپ، يەھۇدىي بۆرىلىرىنى ھايداڭلار.

زەھەرلىك گاز بىلەن كرىست نى كۆتۈرۈپ، جامائەت ئارىسىدا قىرغىن قىلىڭلار!

ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي يۇزلۇك ئىش تاشلاش چاقىرىقى ھەققەتەن

فرانكېنستېين ئاپتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كاپ كۆچلىرى يەر بىلەن يەكسان قىلىنىپ، سولچىلارنىڭ يەنە بىر قېتىملىق توپىلاڭ چىقىرىش دولقۇنى ئۆچۈن يول ئېچىلىدۇ. كوممۇنىستلارنىڭ گېرمانىيە تەۋەسىدە پەيدا قىلغان توپىلاڭلىرى شۇنداق نوقتىلارغا بېرىپ يەتتىكى، پىرىزدېنت ئېبېرت قىزىللارنىڭ ئىسيانىنى يىمىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ئىلاجىسىز نەچچە كۈن ئاۋال ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ كېتىپ قالغان گېنېرال ۋون سېكتنى قۇراللىق كۈچلەر باش قۇماندانلىقىغا تەيىنلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ گېنېرالنىڭ قىلغان بىرىنچى ئىشى تېخى يېڭىلا تارقىتىۋېتىلگەن "ئەركىن كورپۇس قىسمى" ئەسكەرلىرىنى قايتىدىن بىر يەرگە يىغىش بولىدۇ. ۋەزىيەت تەرەققىياتى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئاچچىق كۈلدۈرگىدەك ئىدى: تۆنۈگۈنكى توپىلاڭچى قوشۇن بۈگۈن قانۇننى كۈچەيتىپ تەرتىپ ساقلاش ۋەزىپىسىگە قويۇلۇۋاتاتتى. بۇنداق غەلىتە ئىشلارنى پەقەت دادائىزم دراماتورگىلا يېزىپ چىقالايدىغان كومېدىيىلەردىن ئىدى: ئېبېرتنىڭ "ئەركىن كورپۇس قىسمى" ئەسكەرلىرىگە تارقاتقان مۇكاپات، دەل كاپ ھۆكۈمىتىنىڭ "ئەركىن كورپۇس قىسمى" قا ئېبېرت ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالىسا بەرمەكچى بولغان مۇكاپاتنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن "ئەركىن كورپۇس قىسمى" نىڭ ئالدىدىكى ۋەزىپە بەكلا ئېغىر ئىدى. ساكسونىيە دە سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىۋالغان ئىدى؛ 20-مارت كۈنىگىچە، 50 مىڭ كىشىلىك ئىشچىدىن تەشكىل تاپقان قىزىل ئارمىيە قوشۇنى رۇر رايونىنىڭ كۆپ قىسىم شەھەر رايونىنى ئىشغال قىلىۋالغان ئىدى. يەنە شۇ كۈنى، كومپارتىيىنىڭ «رۇر ساداسى» گېزىتى "غالىپ قىزىل بايراق چوقۇم پۈتۈن مەملىكەت بويىچە لەپىلدەيدۇ"101 دەپ ئېلان قىلىپ، "گېرمانىيە چوقۇم سوۋېت جۇمھۇرىيىتىگە ئايلىنىپ سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن بىرلىشىپ دۇنيا ئىنقىلابى بىلەن دۇنيا سوتسىئالىزم غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ قاڭقىش تاختىسىغا ئايلىنىشى كېرەك!" دەپ ئېلان قىلدۇ.

3-ئاپرېلدا، "ئەركىن كورپۇس قىسمى" قوشۇنلىرى رۇرغا بېسىپ كىرىپ، قىزىل ئارمىيە پوزىتسىيىلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ساق قالغان قىزىل ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى رەھىمسىزلەرچە قىرىپ تاشلايدۇ. "ئەگەر بۇ ئىشنى سىلەرگە سۆزلەپ بەرسەم چوقۇم يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن دېيىشىڭلار مۇمكىن. _ دەپ يازىدۇ 'ئەركىن كورپۇس قىسمى' نىڭ ياش بىر ئەسكىرى ئائىلىسىگە ئەۋەتكەن خېتىدا، _ قىلچە رەھىم قىلمايتتى، ... ھەتتا بىز ئون نەپەر قىزىل ئارمىيە ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان قىزىل كىرىست جەمئىيىتىنىڭ سىستىراسىنىمۇ يېنىڭلاردا تاپانچا بار ئىكەن دېگەننى باھانە قىلىپ ئېتىپ تاشلىدۇق. بىز

بۇ كىچىك قىزلارنى ئۆلتەردۇق. ھەتتا ئۇلارنىڭ جان ئازاۋىدا بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشلىرىنى تەلەپ قىلىپ يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرىنى تاماشا قىلىپ كۆڭلىمىزنى خوش قىلدۇق. ياق، سىلەرگە ھەرگىز رەھىم قىلالمايمىز، قۇراللىق ھەر قانداق بىرسى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز! دەيتتۇق."

ھىتلىر بىلەن ئىبكارت ئىككىسى ھېلىقى كۆڭلىنى ئايلاندۇرۇپ تۇلا قۇستۇرىۋەتكەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېرلىنغا كېلىپ قونغان ۋاقتىدا، كاپ قوزغىلىڭىمۇ ئاخىرلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئىككىسى ئايروپىلاندىن چۈشۈپ ئۇدۇل ئىمپېرىيە باش مىنىستىرلىك بىناسىغا بېرىپ كاپىنىڭ ئاخبارات ۋەكىلى بولغان ۋېنگرىيەلىك يەھۇدىي تىرېبىتش-لىنكولن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ بىر تەۋەككۈلچى ۋېنگر بولۇپ، لۈكچەك مىجەز بىرسى ئىدى. بۇ كىشى بىر ۋاقىتلاردا نيۇيوركتا گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ جاسۇسى دەپ قولغا ئېلىنغان ئىكەن. بۇ ۋېنگر ئۇلارغا كاپىنىڭ ئادەملىرى تېخى يىغىلا قېچىپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ ئىككەيلەن ياخشىسى سالاھىيىتىنى ھېچ كىمگە ئۇختۇرماي يوشۇرۇن تۇتىشى كېرەكلىكىنى، بولمىسا قولغا ئېلىنىش خەۋپىي بارلىقىنى ئېيتىپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. بەزى خەۋەرلەردىن قارىغاندا، شۇ چاغدا ئىبكارت بۇ ئادەمنىڭ بىر يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ ھىتلېرنى نوقۇپ پىچىرلىغان ئاۋازدا: "ئادولف بۇ يەردىن يوقۇلايلى، بۇ يەردە بىزگە پايدىلىق ھېچ ئىش يوق ئىكەن" دېگەنمىش.

شۇنداقتىمۇ، ئۇلار يەنىلا قەلبىدىكى قەھرىمان ھېسابلىنىدىغان لۇدېندورفنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن پايتەختتە بارىدۇ.

بۇ كۈنلەردە لۇدېندورف پۇخراچە ياسىنىپ جەنۇپ تەرەپلەرگە قېچىپ كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ يۈرگەن بولۇپ، شۇ قاتاردا نۇرغۇنلىغان ئوخشاش قاراشتىكى شىمالى گېرمانىيىلىكلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يۈرەتتىكەن. ئۇنىڭ مەخپى ئۇچۇرىشىپ يۈرگەن ئادەملىرى ئارىسىدا "دۇبۇلغىلىقلار" پارتىيىسىدىكىلەرمۇ بار بولۇپ، بۇ تەشكىلاتتىكىلەر كونا ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقان ھەددىدىن تاشقىرى مىللەتچى گۇرھ ئەزالىرى بىلەن يەنە زور مىقداردا سانائەتچىلەر ياردىمىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان ئاممىۋى تەشكىلات رەھبەرلىرىمۇ بار ئىكەن. ئىبكارت، شاگىرتى ھىتلېرنى پىيانو زاۋۇدىنىڭ ئايال خوجايىنى ھېلىنا بېچستېيىن رىياسەتچىلىكىدە تەشكىللەنگەن سالوندىكىلەر بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. بۇ ئايال ھىتلېرنى بىر كۆرۈشتە "گېرمانىيىنى قۇتقازماقچى بولغان بۇ يىگىت" كە مەھلىيا بولۇپ، ئۇنى ئۆز تەۋەسىدىكى تەسىرى كۈچلۈك كىشىلەرگە تونۇشتۇرۇش ۋەدىسىنى بېرىدۇ.

31-مارت كۈنى، ھىتلېر ميۇنخېنغا قايتىپ كېلىدۇ. يەنە شۇ كۈنى، ھىتلېر ھەربى

سەپتىن چىكىنىپ چىقىپ ئاددى بىر پۇخراغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆز تەلىۋى بويىچە بولغان بولۇشى ئېھتىمال. ياكى باشقىلارنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ھەربى سەپتىن چېكىنگەن بولۇشىمۇ بىر ئېھتىمال. ھىتلېر 50 مارك چېكىنىش سوممىسىنى ئېلىپ، بىر پەلتو، بىر شەپكە، بىر قۇر كىيىم، بىر قانچە ئىشتان، ئاياق-پايپاق ۋە ئىچ كىيىملىرىنى چامىدانىغا سېلىپ گازارمىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ ۋاستىچىلىقى بىلەن تېيېرش كوچىسى 41-نومۇرلۇق بىنادىن چاققانغىنە بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ جايلىشىدۇ. بۇ ئۆي ھاللىق سىنىپلار ئولتۇراق رايونىغا تەۋە يەردىكى ئۆي بولۇپ، ئىسار دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر بىنادا ئىدى. بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك 3~4 قەۋەتلىك بىنالار بولۇپ، ئاستى قەۋىتى دۇكان ياكى ئىشخانا قىلىنغان، ئۈستى قەۋەتلىرى چاققان-چاققان ئۆيلەردىن ياكى بويتاقلار ئۆيلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىدى. ھىتلېر ئىجارىگە ئالغان ئۆي بەكلا كىچىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 15 فۇت (4.5 مېتىر ئەتراپىدا _ ئۇ.ت)، كەڭلىكى 8 فۇت (2.5 مېتىرغا يېقىن _ ئۇ.ت) لا كېلەتتى. بۇ ئۆي ئۇنىڭ ۋيېننا مانىېرھېيمدا تۇرغان ئۆيىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئۇزۇنچاق تار بىر ئۆي ئىدى. بۇ ئۆي، بىنادىكى ئەڭ سوغۇق ئۆي بولۇپ، ئۆي غوجايىنى ئېرلاڭگېر، ”بۇ ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان خېرىدارلىرىمنىڭ تولىسى كېسەل بولۇپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا، بۇ ئۆينى ئەندى ھېچكىمگە ئىجارىگە بېرەلمەيدىغان بولىدۇم دەپ ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى ساقلايدىغان ئىسكىلات قىلىپ قويغان ئىدىم“ دەيدۇ.

ھىتلېر تاللىۋالغان بۇ ئۆي، «مىيونخېن كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتى تەھرىراتىغا يېقىن بىر يەردىكى بىنادا بولۇپ، ھىتلېر بۇ يەرنى شۇنىڭ ئۈچۈن تاللاپ ئىجارىگە ئولتۇرغان ئىدى.102 چۇنكى بۇ گېزىت، ئىسمىنى «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» دېگەنگە ئۆزگەرتىپ ئىزچىل تۈردە يەھۇدىيلارغا، ماركسىزمچىلارغا قارشى كانايلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە ئىدى. ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى ئىدىيىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەنە شۇ گېزىتنىڭ تەسىرى ئارقىلىق شەكىللەنگەن دېيىش مۇمكىن. مەسىلەن، تېخى يېقىندىلا بۇ گېزىتتا بېسىلغان بىرىنچى بەت باش ماقالىسىغا «يەھۇدىيلارغا ئۆزىمىزنى تونۇتۇپ قويايلى!» دەپ تېما قويۇلغان بولۇپ، ئاپتور ماقالىسىدا ھەر قانچە رەھىمسىز تەدبىر قوللىنىشقا توغرا كەلگەندىمۇ يەھۇدىيلارنى پۈتكۈل گېرمانىيە تەۋەسىدىن بىرىنىمۇ قويماي تازىلاپ چىقىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. بۇنداق ماقالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى رۇسىيەدىن قېچىپ چىققان مۇساپىرلار يازغان ماقالىلار بولۇپ، ھىتلېر بۇ ماقالىلاردىن كوممۇنىزمنىڭ كۈندىن-كۈنگە خەتەرلىك تۈس ئېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا ئېرىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

هىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ھۇجۇم نىشانى يەھۇدىيلار بىلەن تىنچلىق سۈلھىسىغا قول قويغانلار ئىدى. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىنلا ئاندىن ماركسىزمغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھىتلېر بىلەن ئېكارت ئىككىسى گېرمانىيە كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۆزىنى پىدا قىلىش روھىغا ئاز-تولا قايىل ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ كوممۇنىستلارنى ئۆز يېنىغا قارىتىۋېلىشنى بەكلا ئارزۇ قىلىشاتتى. ئۇ ئىككىسى بىرلىشىپ تەييارلىغان «نېمىسلار ۋە يەھۇدىي بولشېۋىكچىلىكى» دېگەن ماقالىسىغا ئېكارت ھەتتا "نېمىس بولشېۋىكچىلىكى" دېگەن مەزمۇننىمۇ قوشۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ھىتلېر بىلەن بىرگە قاتناشقان بىر قېتىملىق يىغىندا، پارتىيە ئىچىدىكىلەرگە قارىتىپ "گېرمانىيەدىكى كوممۇنىستلار ھەقىقەتەنمۇ غايىلىك، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلمىغان ھالدا گېرمانىيىنى قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشى بىلەن شوغۇللىنىپ كەلمەكتە" دەپ سۆزلىگەن ئىدى.

ئەمما رۇسىيىدىن قېچىپ چىققان مۇساپىرلار بۇنداق مۇرەسسەچىلىككە قەتئىي قارشى ئىدى. ئۇلارنىڭ يازغان ماقالە ياكى سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدا ئېيتقان بولشېۋىك خەۋپى ھەققىدىكى سۆزلىرى ھىتلېرغا كۈندىن-كۈنگە كۈچلۈك تەسىر قىلىشقا باشلايدۇ. شەرقتىن كەلگەن بۇ "ئاخىرزامان مۇخلىسلىرى" ئارىسىدا كىشىنى سۆز بىلەن قايىل قىلىشقا ئەڭ ماھىر بىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئالفرېد روزېنبېرگ، يەنى شۇ ئېستونىيەدىن كەلگەن ياش ئارختېكتور ھەم قوشۇمچە رەسسام ئىدى. بۇ كىشى بىلەن ھىتلېر يېڭى تونۇشقىنىدا بىر-بىرىسىگە ئۇنچىۋالا يېقىن بولۇپ كېتەلمەيدۇ. "ئەگەر مەن ئۇنى بىر كۆرۈپلا پۈتۈنلەي قايىل بولدۇم دېسەم قېپ-قىزىل يالغان گەپ قىلغان بولىمەن. _ دەيدۇ روزېنبېرگ كېيىن ئەسلىگىنىدە. ئەسلىدە ئۇ، ھىتلېرنىڭ مىتىڭلەردە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇنىڭغا قايىل بولغان ئىكەن، _ مەن بۇ يەردە، ئەركىن بىر پۇخرالىق جاسارىتى بىلەن قورۇق قول ئوتتۇرىغا چىقىپ مەخسۇس غايە ئۈچۈن كىشىنى قايىل قىلارلىق كۈرەشكە ئاتلىنالىغان، ئالدىنقى سەپلەردە جەڭ كۆرگەن پىشقەدەم بىر ئەسكەرنى كۆردۈم؛ مەن ئۇنىڭ نۇتقىنى 15 مىنۇت ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئەنە شۇنداق بىر قاراشقا كېلەلىگەن ئىدىم."

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ئاي جەريانىدا روزېنبېرگنىڭ يازغان ماقالىلىرى ئېكارتنىڭ ھەپتىلىك ژۇرنىلى بىلەن باشقا مىللەتچى ژۇرناللاردا كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلىنىشقا ئەگىشىپ، ھىتلېر بىلەن ئىككىسى تېخىمۇ يېقىنلىشىپ بىر-بىرىسىدىن زادىلا ئايرىلالماس ھالغا كېلىدۇ. ھىتلېرغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى، روزېنبېرگنىڭ "بولشېۋىكلار ھەرىكىتى، يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت يەرشارى

خاراكتېرلىق ستراتېگىيىسىنىڭ بىر باسقۇچىدىنلا ئىبارەت“ دېگەن گېپى ئىدى. بۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەلىلىنى تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە خوفبراۋخاۋس چوڭ يىغىنىدىن بىر كۈن كېيىن قولغا چۈشۈرىدۇ. شۇ كۈنىسى، «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتىدا «يەھۇدىي دۆلىتىنى تىرىلدۈرۈش كاتتىلىرى توختامنامىسى» ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ توختامنامىنى ”دۆلەتنى تىرىلدۈرۈش كاتتىلىرى“ شۋېتسارىيىنىڭ باسېل شەھرىدە چاقىرغان قۇرۇلتىيىدا توختام قىلىنغان دەپ پەرەز قىلىنماقتا ئىدى. بۇ ئەسلىدە دۇنيانى بويسۇندۇرۇش سۇيىقەستىنىڭ 24-نۆۋەتلىك مەخپىي قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان بىر دوكلات تېزىسى ئىدى (بۇ ”توختام“ لايىھىسى ئەسلىدە يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ بۇشۇگى ھېسابلىنىدىغان فرانسىيەدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يازغۇچىسى چاررۇسىيىنىڭ بىر ئىشپىيونى ئىكەن. ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتۈپ، يەنى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا روسىيەدە ئېلان قىلىنغان. بۇ توختامنامىنىڭ گېرمانىيىدە تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنىشى ئۇرۇش توختۇتۇش كېلىشىمى ئىمزالىنىپ بىر يىلدىن كېيىنكى ئىش بولۇپ، گېرمانىيىدە تۇرىۋاتقان رۇسىيىلىك مۇھاجىرلار چىقىرىۋاتقان بىر ژۇرنالدا بېسىلغان بولسىمۇ، ئۇ ۋاقىتلاردا تۈزۈك تەسىر قوزغىيالمىغان ئىدى. بۇ كىلىشىمنامە ئەسلىدە ئىختىيارى يازغۇچىلار تەرىپىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقىرىلغان ئۇيدۇرما ھۆججەت ئىدى. ئەمما بۇ ماتېرىيال ئىككىنچى ۋىلھېلىم بىلەن ئىككىنچى نىكولاي تەرىپىدىن گۆھەر تېپىۋالغاندەك ئەتىۋارلىنىدۇ. روسىيە چار پادىشا جەمەتى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېكاتېرىنبۇرگدا، يەنى چار پادىشاسى تۇرغان يەردە بىر پارچە «ماسۇنلار توختامنامىسى»، بىر پارچە «تەۋرات» ۋە بىر پارچە «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» دېگەن كىتاب تېپىلغان ئىدى. _ ئا. ھ. ئى) بۇ «توختامنامە»، ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارغا بولغان بىر تەرەپلىمە قارشى بىلەن يەھۇدىي تەھدىتى ئۇچۇن قىممەتلىك بىر دەلىل، شۇنىڭدەك يەنە روزېنبېرگ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ بۇرۇلۇش نوقتىسى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ھىتلېر، روزېنبېرگنىڭ بولشېۋىكلارغا قارىتا سەگەك بولۇش كېرەك دېگەن گېپىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمايدۇ.103 شۇنداقلا، شۇ كۈنلەرگىچە قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىۋاتقان كوممۇنىزم مەسىلىسى ئاستا-ئاستا پارتىيە ئەقىدىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمىغىمۇ ئايلانغان ئىدى.

بۇ «توختام» نىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەنلەر يالغۇز ھىتلېرلا ئەمەس ئىدى. شۇ يىلىنىڭ ماي ئېيىدا لوندوندا چىقىدىغان «تايمىس» گېزىتىمۇ بۇ ھەقتە ئۇزۇن بىر ماقالە ئېلان قىلىدۇ. ماقالىدا، بۇ «توختامنامە» يەھۇدىينىڭ يەھۇدىيلارغا قارىتىپ يازغان ھەقىقىي ھۆججىتى؛ شۇڭا، بۇ ماتېرىيالغا ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز

كېرەك، دەپ باھا بەرگەن. يەھۇدىي دۈشمەنلىكى، ئەسلىدە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن تەرغىب قىلىنغان بىر قاراش ئىدى؛ «توختامنامە» پۈتكۈل ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەر ئىچىدىلا تارقىلىپ قالماي، يەنە جەنۇبى ۋە شىمالى ئامېرىكا قىتئەلىرىدىمۇ ئېلان قىلىندۇ. بۇمۇ يامان غەرەزلىك يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنى كۈچەيتىۋەتتىدۇ. ئەسىرلەر بويىچە كاتولىكلارنىڭ ئالغان تەربىيىسى ”ئەيسانى يەھۇدىيلار ئۆلتۈردى دېيىش بىلەن باشلىناتتى؛ بۇ دىنىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مورتى بولغان مارتىن لوتېرمۇ يەھۇدىيلارغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، يەھۇدىيلار تەڭرىنى ئىبلىسقا ئوخشىتىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ 'ئۆتكۈر ۋابا، يۇقۇملۇق كېسەللىك، كەمكۈستىسىز ئاپەتنىڭ نەق ئۆزى' دەپ قارايتتى. قىسقىسى، يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار بىلەن پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولغاچقا، ئۇلارغا ئەڭ قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ تاقابىل تۇرۇش كېرەك“، دەيدىغان قاراشتا ئىدى.

ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى، ئاساسلىقى ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ۋە شۇنىڭدەك ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىنقىلاب دەۋرىدىكى كۆزىتىشلىرىدىن كەلگەن بولۇپ (قىزىق يېرى، ھىتلېرنىڭ بۇ ۋاقىتلاردىكى ئۆي خوجايىنى بولغان ئېرلاڭگېرمۇ بىر يەھۇدىي ئىدى. بۇ يەھۇدىي ئۇ كۆڭۈللۈك كۈنلىرىنى ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”مەن ئۇنىڭ بىلەن پەلەمپەيدە ياكى تاشقارقى ئىشىك تۈۋىدە پات-پات دوقۇرۇشۇپ قالاتتىم. ئۇنىڭ، يېنىغا سەپ يۈرىدىغان خاتىرە دەپتىرىنى چىقىرىپ بىر نەرسىلەرنى خاتىرلەپلا يۈرىشىنى كۆرەتتىم. ... مەن ئۇنىڭ بىز توغرىلىق باشقىچە قاراشقا كېلىپ قېلىش ئېھتىمالىنى ھەرگىز پەرەز قىلالمايتتىم.“ _ ئا. ھ. ئى)، ئەمما بۇ تۈر قاراشلىرى يەنە كېلىپ روزېنبېرگ، تۈلي جەمئىيتى ياكى گوبىنېياۋ، لۇتېر ۋە شۇ قاتاردىكى بىر قىسىم داڭلىق يەھۇدىي دۈشمەنلىكىدىكى كىشىلەردىن ئالغان قاراشلىرىنى ئۆز قاراشلىرىغا ياردەمچى بولىدىغان بىرەر خۇلاسە دەپلا قارايتتى. يەنى، ھىتلېر بۇ تۈر كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىدىن شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا لازىم بولىۋاتقان بەزى قاراشلارنىلا قوبۇل قىلىۋالغان دېيىش مۇمكىن. ۋە بەلكىم ئۇنىڭغا ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغان نەرسە يەنىلا شۇ كىچىك بروشۇرلار، ئاغزىدىن زەھەر تامچىپ تۇرىدىغان يەھۇدىي دۈشمىنى قارىشىدىكى پەسكەش ئوكچىل گېزىت-ژۇرناللار بولىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئۇ، بۇرۇندىن تارتىپلا، يەنى ۋېيىننادىكى ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا بۇنىڭدەك پەسكەش نەرسىلەرنى قايىنتىپ ئىچىۋالغاندەك ئوقۇپ يۈرەتتى. بۇ تۈردىكى پەسكەش ماقالىلارنىڭ كاللىسىغا تېرىۋەتكەن ئۇرۇقلار 1920-يىلى 13-ئاۋغۇستتا ميۇنخېندىكى داڭلىق خوفبراۋخاۋس مىتىنگدە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇ قېتىملىق يىغىندا، ھىتلېر "بىز نېمە ئۈچۈن يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرىمىز" دېگەن تېما بويىچە ئىككى سائەت تىنىماي سۆزلەيدۇ. ھىتلېر نۇتقىنىڭ بېشىدىلا "پەقەت پارتىيىمىزلا سىلەرنى يەھۇدىي ھۆكۈمرانلىقى ئاسارىتىدىن ئازات قىلالايدۇ!" دەپ ئوچۇق جاكارلىغان ئىدى. ھىتلېر نۇتقىدا، يەھۇدىيلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تارتىپلا جەمئىيەتنى بۇلغاپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ نۇتقىدا ئالاھىدە مەزمۇن ياكى رىتىم بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى تەشۋىقاتلىرىنىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققەتەنمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئەسلىدە، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويىۋاتقان يەھۇدىي دۈشمەنلىك قارىشى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس بىر قاراش بولۇپ، تارىخ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئەمما ئۇ بۇگۈنكى ھادىسىلەر بىلەن تارىخى ۋەقەلىكلەرنى ئۇستىلىق بىلەن يۇغۇرۇپ دەل ۋاقتىدا غەزەپ-نەپرەتنى قوزغاش ماھارىتىگە ئىگە بىر تالانت ئىگىسى ئىدى. دەرۋەقە، بۇنىڭ پايدىسىنىمۇ كۆردى: شۇ قېتىملىق يىغىندا خەلق ئاممىسى چاۋاك چېلىپ ۋە كۈلكە سادالار بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ ئالقىش ياڭرىتىپ ئون نەچچە قېتىمدەك سۆزىنى بۆلۈپ تۇردى. بولۇپمۇ يەھۇدىيلارنى كۆچمەن قەبىلىلەرگە ئوخشىتىپ "يول توساپ بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان" رەزىللىكنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغانلىقىنى سۆزلىگىنىدە، خەلق ئاممىسى ھەققەتەنمۇ قاتتىق ئەسەبىلەرچە ئالقىشلاپ كەتكەن ئىدى.

ئەستايىدىللىق بىلەن ئالدىن پىلانلاپ يېزىپ چىققان قارىلاش نۇتۇقلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ھىتلېرنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى يەھۇدىيلارغا ھۇجۇم قىلىشلىرىنى ھېچ نېمىگە ئەرزىمەس سۆزلەر دېيىشكە بولاتتى. ئۇ، تۇنجى قېتىم ئاشكارە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يەھۇدىي سۈيىقەستىنىڭ خەلقئارالىق خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇلار تەرغىپ قىلىۋاتقان بارلىق مىللەتلەر باپ-باراۋەر ۋە شۇنىڭدەك خەلقئارالىق ئىتتىپاق _ ئىنتېرناتسيونالىزم قاتارلىقلار ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان بىر سۈيىقەست ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ جەھەتتە يەھۇدىيلارنىڭ رەزىل، ئەخلاقسىز ۋە تەييارتاپ بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى؛ بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار بۇزغۇنچى، بۇلاڭچى ھەمدە "بارلىق مىللەتلەرگە زىيان سالىدىغان زىيانداش ھاشارەتلەر" گە ئايلانغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. شۇ سەۋەپتىن يەھۇدىيلارغا قارشى ئومۇمىي يۈزلۈك قەتئىي كۆرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ. بۇ كۆرەشتە يەھۇدىيلارنى شەرقلىق ياكى غەربلىك، ياخشى ياكى يامان، نامرات ياكى باي دەپ ئايرىپ يۈرمەستىن ھەممىنى بىر خىل تونۇش كېرەكلىكىنى، بۇ كۆرەش بىر يەھۇدىي ئىرقىغا قارشى كۆرەش بولغانلىقى ئۈچۈن قىلچە پەرقلەندۈرمەي يەھۇدىيلا بولىدىكەن ئۇلارغا ئومۇمىي يۈزلۈك قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. "پۈتۈن دۇنيا

پرولېتارلىرى بىرلىشەيلى!“ دېگەن بۇ شۇئار بۇگۈنكى دەۋرگە ماس كەلمەس بولۇپ قالدى؛ شۇڭا بۇگۈنكى جەڭگىۋار شۇئارىمىزنى ”پۈتۈن دۇنيادىكى يەھۇدىيلارغا قارشى خەلقلەر بىرلىشەيلى!“ ”ياۋروپا خەلقى ئازاتلىققا مۇھتاج!“ دېگەندەك ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك دەيدۇ. قىسقىسى، ھىتلېر يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى ”ئۇزۇل-كېسىل بىر تەرەپ قىلىش“ كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.104 گەرچە ھىتلېرنىڭ بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى نىسبەتەن مۇجمەلدەك قىلسىمۇ، يەنىلا ئىنتايىن رەھىمسىز بىر چاقىرىق ئىدى: ”يەھۇدىيلارنى خەلقىمىز ئارىسىدىن تولۇق تازىلىۋېتىشىمىز كېرەك!“ دەپ قاتتىق تەكىتلەيدۇ. ھىتلېر، يەھۇدىيلارغا قارشى كۈرەش قىلىش يولىغا خېلى بۇرۇنلا ئاتلانغان ئىدى. شۇ يىلىنىڭ باشلىرىدىلا «مىيۇنخېن پوچتىسى» گېزىتىدا ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارنى مازاق قىلىپ دوراپ يېزىۋېلىشىنى كۈلكىلىك دەپ ھېساپلاپ، ”ئادولف ھىتلېر خۇددى بىر سېرىك سەنئەتچىسىگىلا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ نۇتۇق سۆزلەش شەكلى بىر سىرىك ئويۇنچىسىنىڭ نەق ئۆزى“ دەپ يازغان ئىدى. ئەمما بۇ قىتىملىق نۇتقىغا قارىتا بۇ گېزىت خېلىلا سەگەك مۇئامىلىدە بولغان بولۇپ، ھىتلېرنىڭ نۇتۇقلىرىنىڭ مۇراسىملاردا ھەقىقەتەنمۇ سېھىرلىك كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان: ”شۇنىڭغا ئىشىنىڭلاركى، ئەگەر ھىتلېرنىڭ نۇتۇقلىرىدا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۇدەك بىرەر نەرسە بار دېيىشكە توغرا كەلسە، مىيۇنخېندا قوزغىلاڭچى ئاممىنى كۆشكۈرتۈپ كەلگەن ئادەم، دەل شۇ ھىتلېردۇر“ دەپ يازىدۇ.

ئەمما ھىتلېر، بۇ جەھەتتە جىدەل پەيدا قىلغۇچى، ئىرقچىلارغا چاقىرىق قىلغۇچى بىرسىلا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىش چاقىرىقىغا قىزىقىدىغان كىشىلەردىن يەنە ئۇلۇغ ئىمپېرىيە قۇرۇشنى ئاخىرقى غايە قىلىشقان كىشىلەر، يەنى كىشىلەر تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ كېلىنگەن ئوتتۇرا تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق شەھەر ئاھالىسىمۇ بار ئىدى. 1913-يىللىرىدىلا، بۇ تۈردىكى كىشىلەر ”پان گېرمان ئىتتىپاقى“ نىڭ باشلىقى ھېينرىك كلاسنىڭ ”يەھۇدىيلار بارلىق خەۋپنىڭ باش مەنبەسى؛ يەھۇدىيلار بىلەن نېمىسلار ئوت بىلەن سۇدەك قەتئىي چىقىشالمايدىغان ئىككى خىل خەلق“ دېگەن سۆزلىرىگە قەتئىي ئىشەنگەن ئىدى. كلاس، ”كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم بىرسى چىقىپ نېمىس خەلقىنى يەھۇدىيلارغا قارشى كۈرەشكە يېتەكلەيدۇ؛ ... بىز ئەنە شۇنداق بىر يېتەكچىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى كۈتمەكتىمىز! سەۋر قىلايلى، زېرىكمەي ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتەيلى، ئۇنداق بىرسى چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ! شۇڭا بۇ كۈرەشتە قەتئىي چېك تۇرىشىمىز كېرەك، بۇ جەھەتتە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ پائالىيەت قىلىشىمىز كېرەك!“ دەپ جاكارلىغان ئىدى.

شۇ كۈنلەردە ھىتلېرنىڭ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنىڭ تىزىسىدىن ئۇنىڭ يەھۇدىيلاردىن ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق قورقىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن: ”قانخور يەھۇدىيلار! ئۇلار خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى يېتەكچىلىرىنى قىرىپ تۈگىتىپ بۇ يەرنى رۇسىيىنىڭ جەسەتخانىسىغا ئايلاندۇرماقتا!“ ”يەھۇدىيلار بۈگۈنكى گېرمانىيىنىڭ مۇستەبىتى ھالىغا كېلىۋېلىشتى؛ بىزنىڭ بۇ كۈرىشىمىز دېموكراتىيە بىلەن مۇستەبىت ئوتتۇرىسىدىكى بىر كۈرەش؛ ياق، بۇ كۈرەش يەھۇدىيلار بىلەن نېمىسلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتۇر. ئىشنىڭ بۇ تەرىپىنى كىم تونۇپ يېتەلىدى؟“ ”ئاكسىيە بازىرى بىلەن ھايانكەشلىككە تايىنىپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن تىنچلىقنىڭ، يەنى پۇل پاخاللىقى دەۋرىدىكى ئاچارچىلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىغا بولغان تەلەپلەرنى، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشىنىڭ غەرىزىنى بىلەمسىلەر؟ بۇلاردىن كىم مەنپەئەتدار بولىۋاتىدۇ؟ يەنە شۇ يەھۇدىيلار! ... بۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيلارنىڭ ئىرقلارنى كەڭ كۆلەملىك قۇرۇتۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان بىر تەييارلىقى! بۇھەرىكەتنىڭ كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولىشى، يەنى كەڭ كۆلەملىك ئاچارچىلىق پەيدا قىلىۋېتىشلىرى ئۇلارنىڭ بۇ غەرىزىنى تولۇق ئىسپاتلىماقتا. بولۇپمۇ ئاچارچىلىق پەيدا قىلىش، ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇيان ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بىر قورالى. ئاچارچىلىق يەھۇدىيلار ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. ...“ ”دۇنيا ئىنقىلابى دېگەنلىك، پۈتۈن دۇنيانىڭ خەلقئارالىق ئاكسىيە بىرژىسىنىڭ غوجايىنلىرىغا، يەنى يەھۇدىي مۇستەبىتلىرىگە ئەل بولۇشى دېگەنلىكتۇر.“

مىسال كەلتۈرۈلگەن بۇ سۆزلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ھىتلېرنىڭ يەھۇدىي قورقۇنچىسى بىلەن يەھۇدىي ئۆچمەنلىكى ئۇنىڭ رەسمى سىياسىي پەلسەپەسى ھالىغا قاراپ تەرەققى قىلماقتا ئىدى. يەنە شۇ ۋاقىتلاردا، تېخى يۇمران بىخ ھالەتتىكى تاشقى سىياسەت چۈشەنچىلىرىمۇ شەكىللەنمەكتە ئىدى. ھىتلېر شۇ يىلى سىنتەبىردە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدا مۇنداق دەيدۇ: ”بىز بۈگۈن پۈت-قولىمىز چۈشەلگەن، مىدىر-سىدىر قىلالماس، ئۈن چىقىرالماس ھالغا كەلتۈرۈلدۇق. بىز گەرچە قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىمىزدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان بولساقمۇ، دۈشمىنىمىز بولغان فرانسۇزلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ھەرگىز قورقۇپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك.“ ھىتلېر يەنە، باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاقداشلىق مەسىلىسىنىمۇ ئويلاپ يۈرگەن ئىدى. ھىتلېر تېخى يېقىندىلا ”بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىزگە دۈشمەن بولىۋاتقان كۈچ ئىتالىيە ياكى باشقا يەردە ئەمەس بەلكى رېيىن دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدا بىزگە خىرىس قىلىپ تۇرماقتا“ دەپ ئېيتقان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، يەھۇدىيلارنىڭ ئىنتېرناتسىونالىزمىغا قارشى تۇنجى قېتىم ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى روزېنبېرگ بىلەن «خىتاپنامە» دىن ئىلھاملىنىپ

شەكىللەنگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھىتلېر، يەھۇدىيلار بىلەن ئىنتېرناتسيولىزمنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ قارايتتى. فرانسىيىگە قارشى ئىتالىيە بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇش يولىنى تاللىۋالغان ئىدى؛ 105 گەرچە بۇ قاراشلىرى ھىتلېرنىڭ دەسلەپكى قاراشلىرى ھېسابلا-نسىمۇ، مەنتىقلىق ھەمدە ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان دىپلوماتىك سىياسەت تىكلەش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى سەرىپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ھىتلېرنىڭ ئۇزۇن-دورا تۈتۈنلىرى بىلەن قاپلانغان جەڭ مەيدانلىرىدىن ئېلىپ كەلگىنى ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلەردە ئەزەلدىن بار چۈشەنچىلەر بىلەن بىر تەرەپلىمە قاراشلار ئىدى؛ كىشىلەرگە بىر مۇنچە ئېغىر جاراھەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن قىزىللار ئىنقىلابىدىن چىقارغان خۇلاسىسى بولسا، پۈخرالاردا ئەزەلدىن بار بولغان چۈشەنچىلەر ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشلار ئىدى. مانا ئەندى، ئۇ ئۆزىنىڭ يوقۇرقىدەك چۈشەنچىلىرىنى رەتكە سېلىپ سىستېمىلاشتۇرماقتا ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم غايىسىغا ئايلىنىۋاتقان، ۋېيىنادىكى جاپا-مۇشەققەتلىك ئۆتكەن كۈنلىرىدە جان تالىشىش جەريانىدا ئادەتتە ئېچىدە ساقلاپ كەلگەن يەھۇدىيلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدا ئەزەلدىن بار نەرسىلەر ئەمەس ئىدى. ئادولف ھىتلېر، ئەمەلىي سىياسىي ساھەلەر بويىچە قەدەمنى تېزلىتىشكە كىرىشىپ، ئاساسەن قۇرۇق قول دېگەندەك پارتىيىنىڭ ئاساسىنى كېڭەيتىشكە كىرىشىدۇ. يەنى، بۇ پارتىيە بولغۇن "مىللىي سوتسىيالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى National Sozialistische Deutsche Arbeiter Partei _ NSDAP " دېگەن نام بىلەن ئاتالماقتا ئىدى (تەرجىمىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا ياپونچىدىن ئېلىنغان "دۆلەت سوتسىئالىزمى گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسى" مەنىسىدە 国家社会主义德国工人党 دەپ تەرجىمە قىلىناتتى. بۇ تەرجىمىدە ئۆز سىياسىي قارىشى بويىچە، ھەر قانداق دۆلەت، پەقەت بىرلا مىللەتكە تەۋە بولىدىغانلىقى، شۇڭا دۆلەت ئۇقۇمى پەقەت شۇ دۆلەتنىڭ غوجايىنى بولغان مىللەتنىلا ئىپادىلەپ، كۆپ مىللەتلىك تەڭ-باراۋەر ئومۇم خەلق دۆلىتى ئۇقۇمىنى قوبۇل قىلمايدىغان شوۋىنىست ئادىتى بويىچە مىللىتى سۆزى بىلەن تەڭ مەنىدىكى دۆلەت ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەچكە، بۇ يەردىمۇ مىللەت ئورنىغا دۆلەت ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دۆلەت تەركىۋىنى شەكىللەندۈرىدىغان خەلق ئاتالغۇسىنىڭمۇ مىللەت ئۇقۇمى يوق. ئۇنىڭ ئورنىغا خانزادىلارنىڭ، دۆلەتنىڭ قۇللىرى مەنىسىدىكى خەلق ئاتالغۇسى _ قىسقارتىلما مەنىداش ئاتالغۇسى 'دۆلەت' ئۇقۇملا بار. ئەمما «كۆرەش يولۇم» نىڭ قايسى بىر تور تەرجىمىسىدە بۇ ئىسىمدىكى "دۆلەت" ئاتالغۇسى ھەيران قالارلىق شەكىلدە ئەسلى مەنىسى بويىچە "مىللىي" دەپ

民族社会主义德国工人党 شەكلىدە نىسبەتەن توغرا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ يەردە، ئۇيغۇرچە تەرجىمىلەردە مۇقىملىشىپ قالغان "دۆلەت سوتسىيالىزم گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسى" دەپ ئېلىش ئورنىغا "مىللىي سوتسىيالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى" دەپ ئېلىشنى توغرا تاپتىم. بۇ يەردە يەنە "مىللى" سۆزى، ئەسلىدە 'مىللەتچى' ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەن، دەپ قارايمەن. شۇڭا، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ "مىللەتچى سوتسىيالىزمنى غايە قىلغان نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى" دەپ چۈشىنىش كېرەك. _ ئۇ.ت). ھىتلېر بۇ ئىسىم ئارقىلىق نېمىس خەلقىنى رىغبەتلەندۈرۈش، قورقۇنچاقلارنى قورقۇتۇش، مىللىي غايىسى ئۈچۈن قان تۆككەن نېمىسلارنى جەلپ قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

خۇددى شۇ مەقسەتتە، ھىتلېر پارتىيە بايرىقىنىمۇ كومپارتىيىنىڭ قىزىل رەڭلىك بايرىقى بىلەن تەڭ تۇرالىشى كېرەك دەپ چىڭ تۇرۇپ، "بىزنىڭ بايرىقىمىز كوممۇنىستلارنىڭ بايرىقىدىنمۇ بەكرەك قىزىل بولۇشى كېرەك" دەيدۇ. دىرېكسلېر بۇ ھەقتە ھىتلېرنىڭ دېگىنىنى ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ بايرىقىمىزنىڭ قىزىل رەڭگى قىزىللارنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىشى، ئەمما ئۇلاردىن ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرۇشى كېرەك، دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ستارنبېرگلىق بىر چىش دوختۇرى يۇرتىدا پارتىيە شۆبىسى قۇرۇلغاندا ئىشلەتكەن كرېست بەلگىلىك بىر بايراقنى ئەۋەرتىدۇ. بۇ بايراقنىڭ رەڭگى قارا-ئاق-قىزىل ئۈچ خىل رەڭدە ئىدى. بايراقتىكى تەتۈر چىشلىق كرېست بەلگىسى، يەنى سانسكرىت يېزىقىدا "ئۇچۇق-ئاشكارە" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بۇ بەلگە، ئۇزۇن مەزگىل تېۋتون رىتسارلىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ كەلگەن، لانز ۋون لىيېبېنفېلس، "تۇلې جەمئىيىتى"، "ئەركىن كورپۇس قىسمى" قاتارىدىكى خېلى كۆپ ئورگانلارمۇ ئىشلەتكەن بىر بەلگە ئىدى. ئەسىرلەر مابەينىدە بۇ بەلگە ياۋروپانىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىق بەلگىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، شىمالى ئامېرىكىنىڭ بەزى قەبىلىلىرىدە قۇياش ياكى ئاخىرزامان بەلگىسى ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلگەن ئىدى. بۇ بەلگە، شۇنىڭدىن كېيىن، بەلكىم مەڭگۈلۈك گۇناھنى بىلدۈرىدىغان بىر سىمۋۇلغا ئايلاندى دېيىش مۇمكىن.

3

كاپ قوزغىلىڭى ۋە شۇنىڭدەك گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرىدا قۇرۇلغان كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى قاتتىق

تەۋرىتىشۋېتىدۇ. ئېيىرت بىلەن "سوتسىيالىزمچىلار كۆپسانلىقى" ئاغمىچىلىق مەيدانى بويىچە "ئەركىن كورپۇس قىسمى" قىسمىلىرىدىن پايدىلىنىپ رۇر رايونىدىكى ئىشچىلارغا قارشى چىقىشى نەتىجىسىدە، ئۇلار بىلەن سولچىل "مۇستەقىل سوتسىيالىزمچىلار" ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. بۇلار 1920-يىلى باش باھاردا، ئاسىيلار، يەنى ئۆز ئىچىدە يەنە كوممۇنىست يېقىنلىرى ۋە كوممۇنىست دۈشمەنلىرى دەپ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈچلىرى بىر-بىرسىگە تەڭ دېگۈدەك ئىدى، ئۇلار "مۇستەقىل سوتسىيالىزمچىلار پارتىيىسى" نىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يۆزلىنىشى بىلەن بۇ پارتىيىنىڭ ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىونال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەش مەقسىتىدە خاللىپىدا بەش كۈن داۋاملاشقان قۇرۇلتاي چاقىردۇ. يىغىندا سۆزگە چىققانلاردىن موسكۋادىن كەلگەن ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ باشلىقى گرېگورى زىنوۋيېۋ كىشىلەرنى ئۆزىگە بەكلا جەلپ قىلىۋالىدۇ. سوۋېتلەرنىڭ ئۇنى بۇ يىغىنغا قاتناشتۇرۇشتىكى مەقسەت، 9 يۈز مىڭ كىشىگە يېقىن گېرمانىيە سوتسىيالىزمچىلىرىنى رادىكال سولچىلار تەرىپىگە تارتىپ كېلىش ئىدى. زىنوۋيېۋ بىر قانچە سائەتلىك نۇتقى جەريانىدا "نېمىسچىنى بۇزۇپ كېكەچلەپ سۆزلىشىگە قارىماي، ئۇنىڭ بۇ نېمىسچە نۇتقى يەنىلا كۈچلۈك تەسىر قوزغىيالىغان ئىدى." ئۇنىڭ نۇتقى كوممۇنىست يېقىنلىرى تەرىپىدىنمۇ قىزغىن ئالقىشلىنىدۇ.

كەينىدىنلا ئوڭچىل-سولچىل ئىككى قانات كىشىلەر شىددەتلىك مۇنازىرىگە چۈشىدۇ.106 بەزى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ مۇنازىرىدە ئوڭچىللىققا مايىل گۇرۇھتىكىلەرنىڭ كۆرسەتكەن دەلىللىرى ئۈستۈنلۈكتە ئىدى. ئەمما دۇنيا ئىنقىلابى ھەققىدىكى كۆزقاراشلارمۇ كىشىلەرنى ھاياجانغا سېلىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغىدەك كۈچتە ئەمەس ئىدى. يىغىندا، 237 ئاۋاز بىلەن لېنىننىڭ شەرتلىرى بويىچە تەشكىل قىلىنغان ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىونالغا قاتنىشىش ماقۇللىنىدۇ. بۇنىڭغا قارشى ئاۋاز سانى 156 ئاۋاز بىلەن چەكلىنىپ قالغاچقا، ئاۋازغا قويۇش ئىشى تاماملانغاندىن كېيىن ئۇلار بىرلىكتە يىغىننى تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ. چىقىپ كەتمىگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كوممۇنىستلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بۇ ۋەكىللەردىن بىرسى ئۆيغىنىپ تىكىرقىغان ھالدا خاللىپىدىن ئايرىلغان ئىدى. بۇ كىشى ئوتتو ستراسسېر دېگەن كىشى ئىدى. بۇ ئادەم زىنوۋيېۋنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغانسىرى پەقەتلا خاتىرجەم بولالماي قالغان ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ گويا يېڭى بىر دۇنيانى قۇتۇلدۇرۇش تەلىماتىنى ئاڭلىغاندەك، يەنى موسكۋا گېرمانىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولىۋاتقانلىقىنى ھېس

قىلغانىدەك بولىدۇم.“ ئوتتو شتراسسېر، ئاكىسى گرېگور بىلەن بىرگە ئۆزۈنىڭ بۇيان سوتسىيالىزم خاھىشىنى قىلىپ يۈرگەن ئىدى. ئۇ ئىككىسى قەتئىي تۈردە شىددەتلىك ئىسلاھات ئۆتكۈزۈش تەرەپدارى بولسىمۇ، بۇنداق بىر ئىسلاھات چەتئەل تەسىرىگە قەتئىي ئۇچرىمايدىغان بىر ئىسلاھات بولۇشىنى، يەنى ئۇلار گېرمانىيىگە خاس سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ جەھەتتە، ئوتتو پەقەت ئىنقىلابىي تۈس ئالغان ”مۇستەقىل سوتسىيالىزمچىلار پارتىيىسى“ ئەزالىرى ئىچىدىلا بۇنداق بىرسىنى تاپقىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى.

ئوتتو، خاللىي يىغىندىن كېيىن پارتىيىسىز بىرسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ پەقەتلا ئارامى بولمىغاچقا، لاندشۇتقا بېرىپ ئاكىسى گرېگور بىلەن بۇ ھەقتە مەسلىھەتلىشىش نىيىتىگە كېلىدۇ. گرېگور ئۇ يەردە ”ئەركىن كورپۇس قىسمى“ شەكلىدە پىيادە ئەسكەرلەر، توپچىلار ئەترىتى، پىلىموتچىلار روتىلىرى بار شەخسىي قوشۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇ، ”بىز ئۆتكۈزگەن ئىنقىلابتا ئەڭ ئېغىر خەۋپ رۇسىيىدىن كېلىدۇ؛ ئەمما ھېچ بىر پارتىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە رۇسىيىگە قارشى تۇرالمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ“ دەپ قارايتتى. ”قورۇق گەپ يوغىلىتىشنىڭ قىلچە پايدىسى يوق، _ دەيدۇ گرېگور، _ چوقۇم ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇشى كېرەك.“ بۇ مەسىلىنى دەرھال مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا بەكلا مۇھىم ئىككى مېھمان كېلىدۇ.

ئوتتو شتراسسېرنىڭ دېيىشىچە، ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن چوڭ بىر ئاپتوۋۇز ئاكىسى گرېگور شتراسسېرنىڭ ئاپتېكىسى ئالدىغا كېلىپ توختىغان. ئاپتوۋۇزدىن ئىككى ئەر كىشى چۈشكەن بولۇپ، ئوتتو ئۇلاردىن ئالدىدا ماڭغان بىرسىنى تونۇۋالغان: بۇ كىشى بارلىق مىللەتچىلەر قەلبىدە قەھرىمان ھېسابلىنىدىغان گېنېرال لۇدېندورف دېگەن كىشى ئىكەن. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغان كىشى تاتىراڭغۇ چىراي، بەكلا قويۇق تار بۇرۇتلۇق بىر يىگىت بولۇپ، ئۇچىسىغا پەقەتلا ياراشمىغان كۆك رەڭلىك پەلتو كىيىۋالغان ئىكەن، ئۇ ئادەم خۇددى ”باتالىيون كوماندىرىنىڭ ئالاقىچىسى“ غىلا ئوخشاپ قالغان. ئۇ كىشى دەل ھىتلېر دېگەن كىشى ئىدى. ”بىز چوقۇم بارلىق مىللەتچىلەرنىڭ تەشكىلاتلىرىنى يىغىپ بىر نوقتىغا كەلتۈرۈپ بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك“ دەيدۇ گېنېرال لۇدېندورف. ئۇ يەنە، سىياسىي تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىغا ھىتلېر ئەپەندى مەسئۇل؛ بۇ مىللەتچى تەشكىلاتلارنىڭ ھەربىي ھوقۇقىغا بولسا لۇدېندورفنىڭ ئۆزى مەسئۇل؛ گرېگور بىلەن ئۇنىڭ ھوجۇمچىلار ئەترىتى ”مىنىڭ قوماندانلىقىمغا بويسۇنىشى، شۇنىڭدەك ھىتلېر ئەپەندىنىڭ پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشى“ كېرەك دەپ تەلەپ قىلىدۇ.

ھىتلېر، گرېگورنى مەملىكەتلىك بىرىنچى رايوننىڭ پارتكوم رەھبىرى بولۇشقا

قوشــۇلىدىغانلىقى، شــۇنىڭدەك تــۆۋەن باۋارىيىنــىڭ پــارتىيە ئىشــلىرىنى ئۇنىڭغــا تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئوتتو ھىتلېرغا قىلچە پەرۋا قىلمايدۇ. بۇ چاغدا ئوتتو گەپ ئارىلاپ، مىللىي سوتسىئالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسى زادى نېمە دەپ سورايدۇ. "مەسىلىنىڭ تۈگۈنى پروگراممىنىڭ قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدا ئەمەس _ دەيدۇ ھىتلېر، _ مۇھىم بولغىنى ھوقۇق." ئوتتو بۇ گەپكە رەددىيە بېرىپ، ھوقۇق-پروگراممىنى ئىجرا قىلىشنىڭ بىر ۋاستىسىدىنلا ئىبارەت، دەيدۇ. "بۇ دېگەنلىرىڭ پۈتۈنلەي زىيالىيلارچە قاراش. _ دەيدۇ ھىتلېر قىسقىچىلا، _ بىز ھوقۇققا مۇھتاجمىز!" روشەنكى، ھىتلېر ئوتتونى پەقەتلا ياراتمايدۇ. كەينىدىنلا ئوتتونى قىزىللارنىڭ تەرىپىنى ئالغان كاپ ھۆكۈمىتىگە قارشى ئادەم ئىكەنسەن دەپ تەنقىتلەيدۇ.

بۇ گەپكە ئوتتو دەرھال رەددىيە بېرىدۇ: ئۇ ئۆزىنى بىر مىللىي سوتسىئالىزمچى دەپ تونىغان بىرسى قانداقلارچە كاپقا ئوخشاش ئەكسىيەتچى بىرسىنى ھىمايە قىلىشى مۇمكىن؟ مەنمۇ خۇددى ھىتلېرنىڭ مىيونخېندا سوۋېت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغىنىدەك بىر سوتسىئالىزمچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بېرلىندا كۆرەش قىلدىم. بىز ئىككىمىزلا تۇتقان يولىمىزنى توغرا دەپ قارىماقتىمىز، ئەمما مېنىڭ تۇتقان يولۇم ھەقىقى توغرا يول، دەيدۇ.107

بۇ چاغدا لۇدېندورف گەپ قىستۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "مىللەتچى مۇخالىپلارنىڭ تۇتقان سىياستى ھەرگىزمۇ كوممۇنىزم سىياستى بولماسلىقى كېرەك. خۇددى شۇنىڭدەك كاپىتالىزم سىياستى بولىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس." ئۇ، قۇراللىق قىسىملارنى نارازەت قىلىش ئىشىنىڭ پۈتۈن ئىشچى ۋە كاپىتالىستلاردىنمۇ ئارتۇق ئاۋارە قىلىدىغان قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ كىشىنى چۆچىتكىدەك بۇ گەپلىرى سۆھبەت مۇھىتىنى پۈتۈنلەي يۇمشىتىۋەتكەچكە، بۇ ئۇچۇرۇشۇشمۇ دوستانە مۇھىت ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ، گرېگور كەسكىن بىر نېمە دېگىلى ئۇنىماي ئويلىشىپ بىر نېمە دېيەلمىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، گرېگور ئىنىسىگە، ھىتلېرنى بەك تونۇپ كەتمىگىنىگە قارىماي يەنىلا لۇدېندورف ۋە ھىتلېر ئىككىسى بىلەن بىرلىشىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ: "مېنىڭچە گېنېرالىمىز ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق تۇردە پايدىلىنىشنى بىلىدۇ. بۇ ئىشتا مەن لۇدېندورفتىن خاتىرجەم بولالايمەن."

ھىتلېرنىــڭ ئوتتــو ستراسســېرغا پــارتىيە پروگراممىســىنى ئاشكارىلاشــنى خالىماسلىقىدىكى سەۋەب، بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا تىگىشلىك بىرەر نەرسە يوقلىقى ياكى ئېغىــز ئېچىشــتىن قېچىۋالغانلىقىــدىن ئەمەس بەلكــى ھەددىــدىن ئــارتۇق جــاھىللىقى، شۇنىڭدەك يەنە بۇرۇن كاپقا قارشى چىققان بىر "ۋەتەن خائىنى" بىلەن بۇ ھەقتە مۇنازىرە

قىلىشنى خالىمىغانلىقىدىن ئىدى. مۇھىمى، ھىتلېرنىڭ بۇ زىيارىتىنىڭ مەقسىدى گرېگور بىلەن ئۇنىڭ تەشكىللەپ چىققان ئارمىيىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىلا مەقسەت قىلىش ئىدى. ھىتلېر ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ چوقۇم بىر كۈنى ئۇنىڭ سېپىگە كېلىپ قوشۇلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. گرېگور ستراسسېر بىلەن ھىتلېر ئوخشاش تىپتىكى ئادەملەردىن ئىدى: ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ باققان تۆۋەن دەرىجىلىك بۇ ئوفىتسېر، خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش بىرىنچى دەرىجىلىك قارا كرېست مېدالىغا ئېرىشكەن بىرى ئىدى. روشەنكى، ئۇمۇ ئەقىدىلىك، قىزغىن مىللەتچى، ھەم ماركسىزمغا، ھەم كاپىتالىزمغا قارشى بىرى ئىدى، شۇنىڭدەك يەنە، يەھۇدىيلار مەسىلىسى ئۇلار ئىككىسىنىڭلا ئومۇرتقىسى ۋە مېڭىسى ھالىغا كېلىپ بولغانلىقىنمۇ سېزىپ بولىدۇ.

ھىتلېر ئۆز ۋاقتىدا تايىنى يوق بىر پارتىيە ھېساپلانغان بەكلا كىچىك گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسىگە ئەزا بولغىنىدىن بويان، گرېگور ستراسسېرنى پارتىيىگە تارتالىغانلىقى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پەقەت بىرسىلا ھېسابلىناتتى. ھىتلېر، بىر يىلغا قالماي بۇ پارتىيىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش بىلەنلا قالماي، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانىنىمۇ 3 مىڭ كىشىگە يەتكۈزىۋېتىدۇ. ئادولف ھىتلېر، پۈتۈن ۋاقتىنى نېمىس مىللىي سوتسىيالىزم ئىشچىلار پارتىيىسىگە بېغىشلىغان ئىدى. ئۇ ھەممە يەرگە بېرىپ نۇتۇق سۆزلەپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ ۋە پارتىيىسىنىڭ بەكلا داڭقىنى چىقىرىۋېتىدۇ. ئۇ ئاساسلىق نۇتۇق سۆزلىگۈچى سۈپىتىدە 80 قېتىمدەك ئاممىۋى يىغىندا سۆزگە چىقىدۇ؛ كاپ قوزغىلىڭى مەزگىلىدە ئېكارت بىلەن بىرگە بېرلىنگە بارىدۇ، مىللىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ سالزبۇرگ يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەيدۇ.

يىغىن سەھنىلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ھەرگىزمۇ ھىتلېرنى مەغرۇرلاندۇرۇپ ئازدۇرالمايدۇ. ئەسلىدە ئۇ، تۇرىۋاتقان ئۆيىدە تىنماي ئالدى-كەينىگە مېڭىپ، دائىم دېگىدەك مۇھاپىزەتچىسى ئۇلرىك گراف (بۇ كىشى بۇرۇن بىر قاسساپ ئىدى) قا ئۆزىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى ئۈستىدە قايناپ، "ئۆزەمنىڭ بىلگەنلىرىمنى چىقىپ خەلقىمگە ئۇختۇرالمايۋاتىمەن. ئۆزەمنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنى خەلقىمگە دەپ بېرەلمەيۋاتىمەن. مەن نېمىشكە نۇتۇق سۆزلەشنى بىلمەيدىغان بىرسى بولۇپ قالغاندىمەن! بىر ناتىق بولالىسامچۇ كاشكى!" دەپ قايناپ كېتەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ نۇتۇق سۆزلەش ئۇسلۇبى بىلەن ئاممىۋى يىغىنلاردا خەلقنىڭ قەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇسۇلىدىن رازى بولمىغاچقا، بۇ ئىككى قابىلىيىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن رەقىپلىرىنىڭ ئاممىۋى يىغىنلىرىغا بېرىپ قاتنىشىپ، ئۇ يەرلەردە ئاساسى ناتىقنىڭ نۇتۇق سۆزلەش ۋاقتىدا "ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبى خۇددى مۇكەممەل يېزىلغان

گېزىت-ژۇرناللاردىكى چاتما ماقالىلار ۋە ئىلمىي ماقالىلاردەك رەتلىك ئىكەنلىكىنى، ھاياجانلىق سۆزلەر يوقلىقىنى، ھەتتا بەزىدە بىر قىسىم چاخچاقلارنىمۇ ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى" سېزىدۇ. شۇ ئارقىلىق بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئامىمىۋى يىغىنلاردا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشقا كېرەكلىكىنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇتۇق تىزىسىنى تېخىمۇ جانلىق ۋە رىغبەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە ھالغا كەلتۈرىدۇ. مۇھىتىنىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن يېقىملىق ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش بىلەن بىرگە، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پىۋا، قىيزا قاتارلىق نەرسىلەرنى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا بىكارغا تارقىتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە پارتىيە مەبلىغى يېتەرلىك بولۇپ بەرگىدەكلا بولىدىكەن، ئاكاردىيون چېلىپ خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ خەلقنى قىزىقتۇرۇپ ماڭىدۇ. ئاندىن خەلق رەسمى قىزىپ جانلانغان پەيتتە ھىتلېر مۇزىكا مارشلار، يەلپۈنۈپ تۇرغان كرىست بەلگىلىك بايراقلار بىلەن بىرگە يىغىن زالىغا كىرىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھىتلېر نۇتقىنى باشلاش ۋاقتىدا ئىنتايىن خاتىرجەم، ئۆزىنى تۇتىۋالغان ھالدا گېپىنى باشلايدۇ. ئاندىن خۇددى بىر ئارتىسقا ئوخشاش خەلق ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتىنى كۈزەتكىنىچە،108 ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ نۇتقىنىڭ رىتمى بىلەن مەزمۇنىنى تەڭشەپ يىغىن مەيدانىدا كۈچلۈك ھاياجان پەيدا قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىنلىقىنى پەقەتلا باستۇرغۇلى بولمايدىغان يوقۇرى پەللىگە كۆتۈرىۋېتىدۇ.

ئامىمىۋى يىغىلىشلاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ تۈر ئۇتۇقلاردىن ھىتلېر يەنىلا رازى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىنمۇ كەڭرى بىر مۇنازىرە سەھنىسى، يەنى ئۆزىگە تەۋە بىر گېزىتنىمۇ بولىشى كېرەك ئىدى. بۇرۇنقى «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» دېگەن گېزىت تۆھمەت چاپلاپ قارىلاشلار بەكلا كۆپلىكى سەۋەبىدىن تاقىلىپ قېلىش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئەنە شۇنداق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بۇ گېزىت، دەل ھىتلېرنىڭ كۆز تىكىپ يۈرگەن گېزىتلاردىن بىرى ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ گېزىتنىڭ مالىيە كىرىزىسكە پېتىپ قېلىشىمۇ ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كۈتىۋاتقىنى ئىدى. 17-دېكابىر تۈن يېرىمىدىن ئاشقان سائەت ئىككىدە، ھىتلېر تۇيۇقسىزلا ئېكارتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قاتتىق ھاياجان ئىچىدە ئۇنىڭغا بۇ گېزىت بەكلا كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ گېزىت قەتئىي تۈردە قولدىن چىقىرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، ئەمما بۇ گېزىتكە كۆز تىكىپ يۈرگەن بىر بۆلگۈنچى تەشكىلات سېتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ پروگراممىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇش غەرىزىدە يۈرگەنلىكىنى، شۇڭا بۇ گېزىتنى، يەنى «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» نى دەرھال ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ سېتىۋېلىشى لازىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ گېزىت ئۈچۈن بەكلا ئەرزان باھا قويۇلغان، يەنى 180 مىڭ ماركىلا باھا قويۇلغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ھىتلېر، بۇنچىلىك پۇلنى ئېكارت باي دوستلىرى ئارىسىدىن چوقۇم يىغالايدۇ دەپ ئىشىنەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 8 دە دىرېكسلېر ئېكارتنىڭ ئىشىكىدە پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتلار دىرېكسلېردەك بىر تۈرمۇش ئادىتى بولغان بىرسى ئۈچۈن پۇل مەسىلىسى ھەققەتەنمۇ قىيىن، تىلغا ئېلىشمۇ تەس بىر پەيت ئىدى. دىرېكسلېر بۇ ھەقتە ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "دەسلىۋىدە ئۇ رەنجىپ ۋارقىراپ چىچاڭشىپ كېتىدۇ. كېيىن ئىككىمىز بىرلىكتە يولغا چۈشتۇق." چۈشكە يېقىن ئۇ ئىككىسى گېنېرال ۋون ئېپىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ (بۇ گېنېرالنىڭ "ئەركىن پولك" قىسىملىرى 1919-يىلى مىيۇنخېندىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ياردەم قىلغان ئىدى). ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭدىن 60 مىڭ مارك ئىئانە ئالىدۇ. قالغان ئىئانىچىلاردىن (يەھۇدىي دۈشمىنى بولغان بىر دوختۇرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) 30 مىڭ مارك ئىئانە توپلايدۇ. دىرېكسلېر ئۆزىلا بۇ گېزىتنىڭ يۈز مىڭ ماركتىن ئارتۇق قەرزىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە، «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتخانىسىنى سېتىۋېلىش رەسمىيەتلىرى پۈتكۈزۈلىدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېر، مىللى سوتسىئالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسىدىكىلەرگە ئاساسلىقى غەلىتە مىجەزلىك بىر يازغۇچىغا ھەمدە قۇرال-سايمان ئىشلەپچىقىرىش كاپىتالىستىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ كېيىنكى يوللارنىڭ تەييارلىقلىرىنى كۆرۈپ قويىدۇ.

4

ئاردىن بىرەر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندە، يەنى 1921-يىلى 22-يانۋار كۈنى نېمىس مىللى سوتسىئالىزم ئىشچىلار پارتىيىسى مىيۇنخېندا بىرىنچى قېتىملىق يىللىق قۇرۇلتىيىنى چاقىرىدۇ. بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت جەريانىدا باۋارىيە ئوڭچىل سىياسىي كۈچلەر ئارىسىدا بۇ پارتىيە ئالاھىدە كۆچلۈك بىر سىياسىي كۈچ ھالىغا كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى، ھىتلېرنىڭ كىشىلەرنى ماگنىتتەك ئۆزىگە جەلپ قىلىش خاراكتېرى ۋە زېھنىگە ئىگە بولغانلىقى ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ھىتلېرنىڭ نۇتۇق ئارقىلىق بۇرۇنقى قۇرۇق پاراڭدىن باشقا قولىدىن تۈزۈك ئىش كەلمەيدىغان بىر تەشكىلاتنى ھەرىكەتكە يېتەكلەش قابىلىيىتىدىن كەلمەكتە ئىدى. دىرېكسلېرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پارتىيىنىڭ كۆپ قىسىم قۇرغۇچىلىرى پارتىيىسىنىڭ بۇ تۈردىكى ئۆزگىرىشىگە تېخىمۇ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلايدۇ. گەرچە ئۇلار ھىتلېرنىڭ ئىنتايىن پاسسىپ بىر تەشكىلاتنى جانلاندۇرۇپ بۇنچە

ئاكتىپ پائالىيەت قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈۋەتكەنلىكىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بولسىمۇ، بۇنداق جانلىنىشنىڭ ھاجىتى بار-يوقلىقى ھەققىدىمۇ ئويلانماي تۇرالمايتتى. يەنى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ھىتلېر پارتىيە ئىچىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئېرىشىپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھىمايىچىلەرنى پارتىيىگە ئەزا قىلغانلىقى – كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، رۆم، ستراسسېر ئاكا-ئۇكىلار، روزېنبېرگ قاتارلىق كىشىلەرنى پارتىيىگە ئېلىپ كىرگەنلىكى زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ھىتلېرنىڭ بىر مۇنچە شەخسى تونۇشلىرى ۋە بىر يولدىكى بەزى كىشىلەر پارتىيىگە ئېلىپ كىرىلگەن بۇ تۈردىكى كونا ئەسكەرلەردىن بەكلا زېرىككەن ئىدى. ئۇلار، ھىتلېرنىڭ بۇ ئادەملىرىدە بوخىمىيىلىك يۈرتۋازلىق خاراكتېر بەكلا ئېغىر دەپ قارىشاتتى. شۇنىڭدەك يەنە قايسى بىر ھەقىقى سوتسىئالىزمچى، بانكىر ۋە فابرىكاتورلار بىلەن، ھەممىدە بېچىستېيىنغا ئوخشاش سوتسىئالىزمچىلار بىلەن بۇنچىۋالا زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ باقتى؟ دەپ غەمدە قېلىشقان ئىدى.

سىرتقى كۆرۈنۈشىدە، بىرىنچى قېتىملىق يىللىق قۇرۇلتايدا ھىتلېر تويلاڭ چىقىرىپ ئاشكارە ھوقۇق تارتىۋېلىش ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللىنىدىغاندەكلا تەسىر پەيدا قىلغان ئىدى. يەنى ئۇنىڭ قورۇق قول ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئارزۇسى ھەققەتەنمۇ مەنتىقىلىقتەك كۆرۈنەتتى.109 چۇنكى ئاران 411 نەپەر ۋەكىللا ميۇنخېنغا يۈرۈش قىلىش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ھىتلېر يەنىلا ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىزغىنلىقىنى بېسىپ كەلمەكتە ئىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سىياسەت ۋە ئۇسۇلغا دائىر مەسىلىلەردىكى بارغانسىرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان پىكىر ئىختىلاۋىنى ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى ئۇنچە بەك چۈشىنىپمۇ كەتمەيتتى. شۇنداق بولغاچقا، كۆرۈنۈشتە قۇرۇلتاي ئىنتايىن ئىنتىپاقلاشقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئىچكى ئەھۋاللاردىن خەۋىرى بار كىشىلەر قۇرۇلتايدا كۆرۈنۈشتە دوستانە مۇزاكىرە قىلغاندەك كۆرۈنۈپ ئاستىرتىن قاتتىق كۈرەش كېتىپ بارغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇنداق بولغاچقا، كۆپچىلىك بىرلىككە كېلىپ 12 كۈندىن كېيىن ھىتلېرنى زىركۇس كروندا مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تەييارلىق قىلدۇ.

شۇ يىلى قىشتا خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ھەققەتەنمۇ بەكلا ناچارلىشىپ كېتىدۇ. گېرمانىيە تەۋەسى بويىچە ئاشلىق بۇلاش ۋەقەلىرى پات-پاتلا كۆرۈلۈپ تۇراتتى. پارىژدىكى "ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئالى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى" گېرمانىيىدىن زور مىقداردا ئۇرۇش چىقىمى تۆلىتىشى جەمئىيەت قالايمىقانچىلىقىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋېتىدۇ. يەنى شۇ چاغلاردا

ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان گېرمانىيە 134 مىليارد مارك ئۇرۇش چىقىمى تۆلەشكە مەجبۇرلانماقتا ئىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر زىمىستان سوغۇقتا ئاچقۇرساق تىترەپ يۈرىشەتتى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىشچىلارنىڭ بىر يىللىق مائاشى ئارانلا قورساق تويغۇزۇشقا يېتەتتىكەن؛ ھەتتا ھاللىق سىنىپلارمۇ قىيىن كۈنلەردە قالغان.

خەلق ئاممىسىنىڭ غەزىپى چېكىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھەر قايسى ئاساسلىق پارتىيىلەر كۆنگىستىراس مەيدانىدا بىرلەشمە نارازىلىق مىتىنگى ئۆتكۈزسەكمۇ-قانداق دەپ مۇزاكىرە قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ تۈر نارازىلىق ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ قىزىللارنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ پارچىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ ھەرىكەتنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرىشىدۇ. 1-غېنىۋاردا ھىتلېر ئۇلاردىن ئاخىرقى قارارغا كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەرىكەت كومىتېتى يېتەرلىك تەشكىللىنىپ بولمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئالدىمىزدىكى ھەپتە ئىچىدە چوقۇم چوڭ يىغىن ئاچىمىز دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ”بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەۋرىم تاشتى. شۇنداق قىلىپ ئۆز ئالدىمىزغا نارازىلىق مىتىنگ ئۆتكۈزۈشكە قارار قىلدۇق“ دەيدۇ ھىتلېر. شۇ كۈنى چۈشتە، ھىتلېر زىركۇس كىرون سىرىك تىياتىر زالىدا ئەتىسى ئاخشىمى مىتىنگ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پۈتىشىدۇ. بۇ تىياتىر سارىيىنىڭ مودىرى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇ كىشى ھىتلېردىن بەكلا تۆۋەن ھەق ئالغان، ھەتتا پەقەتلا پۇل ئالمىغانمىش. ئاندىن پۈتۈنلەي داۋراڭلار بىلەن تولغان ئېلان مەزمۇنىنى ئېغىزچە ئېيتىپ بېرىدۇ. نۇرغۇنلىغان سادىق پارتىيە ئەزالىرى بۇنداق بىر ئېلان سۆزىدىن قاتتىق يىرگىنىپ كېتىدۇ. ئېلاندا بۇ سىرىك تىياتىرخانىسىغا 6 مىڭدىن ئارتۇق كىشى سىغىدىغانلىقى، ۋاقىت بەكلا ئاز قالغاچقا، مىتىنگكە ئۈنىڭدىن ئارتۇق ئادەم چاقىرالىشىمىز ئىمكانىسىز دەپ يېزىلغان ئىدى.

يىغىن ئۆتكۈزۈشى پەيشەنبە چۈشتىن بۇرۇن ئاران تەييار قىلىنىپ كوچىلارغا چاپلىنىدۇ. ئۇ كۈنى يامغۇر ئارىلاش قار يېغىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالغا قاراپ ھىتلېرمۇ غەمگە پېتىپ، تەشۋىقات ۋارىقىنىڭ مەزمۇنىنى دۇدۇقلاپ يۈرۈپ ئارانلا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. ئاندىن بۇ تېزىس بويىچە باستۇرۇپ كېلىشكە بىرسىنى يولغا سالىدۇ. چۈشتىن كېيىن، ئۇلار كىرالىغان ئىككى يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، مەشئەل-پانۇسلارنى، كىرىست بەلگىلىك بايراقلارنى كۆتۈرۈشۈپ شەھەر ئىچىدىن نامايىش قىلىپ ئۆتىدۇ. ھەر ماشىنىدا ئون نەچچە پارتىيە ئەزاسى ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن شۇئار توۋلىغاچ تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ ماڭىدۇ. ميۇنخېن كوچىلىرىدا كوممۇنىست بولمىغانلارنىڭ ئالا-چىپار رەڭلىك تەشۋىقات ماشىنىسىنىڭ كۆرۈلۈشى تۇنجى قېتىملىق ئەھۋال ئىدى. ئىشچىلار ئاھالە رايونىنىڭ بەزىلىرىدە ئۇلارنى مۇش كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن ھاقارەتلەپ ۋارقىرىشىپ

كۆتىۋالدۇ.

ئاخشىمى سائەت يەتتە ئەتراپىدا، ھىتلېر زىركۇس كرونىدىن بەكلا ئۈمىدسىز-لەندۈرىدىغان تېلېفون ئالدۇ: زالدا يىغىلغان ئادەم بەكلا ئاز ئىدى. ئارىدىن ئون مىنۇت ۋاقىت ئۆتكەندە ئەھۋال سەل ياخشىلىنىدۇ. سائەت سەككىزگە چارەك قالغاندا يىغىنغا كەلگەنلەرنىڭ سانى زالنىڭ تۆتتە ئۈچ قىسمىنى تولدۇرۇش بىلەنلا قالماي، كىرىش ئىشىكىدە يەنە ئۆزۈن بىر ئۆچىرەتمۇ بار ئىدى. ھىتلېر نۇتۇق سەھنىسىگە چىققان ۋاقتىدا، خۇددى بۇنىدىن بىر يىل بۇرۇن خوفبراۋخاۋس زالىغا كىرگەن ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش ئىنتايىن ھاياجان ئىچىدە ئىدى. "زالدا مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئادەم قىستىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار خۇددى چوڭ سىنارىيەت بومبىسىغا ئوخشاش ئالدىمدا سوزۇلۇپ ياتاتتى." سىرىك تىياتىرى ھەقىقەتەنمۇ لىق تولغان ئىدى.

"يا ئىستىقبال ـ يا يوقۇلۇش!" ـ بۇ، ھىتلېرنىڭ بۈگۈنكى نۇتقىنىڭ تېمىسى ئىدى.110 ھىتلېر ئىچ-ئىچىدىن خوشال، ئۇنىڭ ئىستىقبالى ئالدىدىكى بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. نۇتقىنى باشلاپ يېرىم سائەت ئۆتمەيلا زالدىكىلەرنىڭ ئۆزگىلا تەۋە كىشىلەر ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىپ ئۇلارنىڭ قەلبىنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە قارىتىۋالدۇ. "ئىستىخىيىلىك پارتىلىغان گۈلدىراس ئالقىش سادالىرى" پات-پاتلا ئۇنىڭ نۇتقىنى بۆلۈپ تۇراتتى. كېيىندىنلا پۈتۈن زال تىمتاس ھالغا كېلىپ، ئىنتايىن ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرىدۇ. "شۇنچە كۆپ ئادەم بولىشىغا قارىماي ئاممىا ئارىسىدا كىشىلەرنىڭ تىنىق تارتىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. نۇتقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سىرىك تىياتىر زالىدىن گۈلدۈرمامىدەك ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى. خەلق ئاممىسى قاتتىق ھاياجان ئىچىدە پۈتۈن كۈچى بىلەن «گېرمانىيە ـ دوتچلاند» دېگەن مارشنى ئېيتىپ كېتىشتى. ئاممىۋى يىغىن، جاراڭلىق ناخشا ساداسى ئىچىدە ئاخىرلاشتى." خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىنلىقىنى قاتتىق ئۆركەشلىتىۋەتكەن ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ بۇ جوشقۇنلۇق مۇھىت ئىچىدە خوشاللىقىدىن ئۆزىنى يوقىتىپلا قويىدۇ. ئۇ، سەھنىدە ئەتراپىنى كۆزەتكەچ 20 مىنۇتتەك تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ مەيدانىنى بوشىتىشىنى تاماشا قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ، ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا زالدىن چىقىپ قار كەچكىنىچە ئۆزىنىڭ ھېلىقى قاراڭغۇ، سوغۇق ھۇجرىسىغا قايتىپ كېتىدۇ.

ھىتلېرنىڭ زىركۇس كرون زالىدا ئوينىغان رولى، مىيۇنخېن گېزىتلىرىدە ھەجۋىلەشتۇرۇلۇپ مازاق قىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە مەدھىيلەشلەرمۇ بار ئىدى. ھىتلېر، مەتبۇئاتلارنىڭ ھاقارەتلىرى بىلەن مەدھىيلەشلىرىنىڭ ھەر ئىككىسىدىنلا خوشال ئىدى. ئۇ، كۈچلۈك قارشى تۇرۇشقا دۇچ كېلىپ زەربىگە ئۇچرىغانلىق ئەھۋالىغا قاراپ

ھەقىقەتەنمۇ خەلقنىڭ چوڭقۇر ھاياجىنىنى قوزغىيالىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. گەرچە جىدەل ماجىرالار ئۇنىڭ تەرىپىدىكىلەردىن كۆرۈلۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ھىتلېرچىلار يەنىلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر مىللەتچىلىك كۈچلىرىنىڭ ئەكە باللىسغا ئايلانغان ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا مىللەتچىلەر ميۇنخېننى ئۆزلىرىنىڭ مەركىزى ھالىغا كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، ساقچى باشلىقى بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ، يەنى سىياسىي باشقارما مۇدىرىنىڭ يوشۇرۇن قوللىشىغىمۇ ئېرىشكەن ئىدى. ئادەتتە، كىشىلەر ساقچى دائىرىلىرىگە ئەرز قىلىپ، ساقچىلار بالدۇر قول سېلىپ ھەرىكەتكە ئاتلانمىغاچقا بۇ پارتىيە مۇقىملىقنى بۇزۇپ كەلمەكتە، ساقچىلار ناتىسستلارنى نازارەت ئاستىغا ئېلىشى كېرەك دەپ تەلەپتىمۇ بولىشىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى ئەمەلدار بۇنداق نارازىلىقلارنى ئىمكان بار باستۇرۇپ تۇرىدۇ. "بىز، بۇ ھەرىكەتنى، يەنى مىللەتچى سوتسىيالىزم ئىشچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇلىدىغان ھەرىكەت قاتارىغا كىرمەسلىكى كېرەك دەپ قارايمىز." شۇندىن ئۈچ يىل كېيىن ھىتلېر سوتلانغىنىدا بۇ ئىككى ئەمەلدار چىقىپ شاھىتلىق قىلىپ، "بىز ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق قىلغان ئىدۇق. بىز ئۇلارنى توسىمىدۇق؛ بىز بىلىپ تۇرۇپ يول قويىدۇق. چۈنكى بىز بۇ پارتىيىدە گېرمانىيىنىڭ قايتا تىرىلىشىنىڭ ئۇندۇرمىلىرىنى كۆرگەن ئىدۇق. بىز باشتىن تارتىپلا بۇ ھەرىكەت ماركسىزم تەرىپىدىن قاتتىق بۇلغىۋېتىلگەن ئىشچىلار ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىدىغانلىقىغا، ئۇ ئىشچىلارنى مىللەتچىلىك سېپىگە قايتۇرۇپ كېلەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتۇق. مانا بۇلار، شۇ ۋاقىتتا مىللەتچى سوتسىيالىزم ھەرىكىتىدىكىلەرنى، ھىتلېر ئەپەندىنى قوغداپ كەلگەنلىكىمىزنىڭ تۈپكى سەۋەبى." (بۇنىڭدەك ئوڭچى كۈچلەرنى قوغدىغانلار بۇلارلا ئەمەس ئىدى. ھىتلېرنى چەكلەشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەربىيلەر، شۇنىڭدەك سوددىيلەر، ساقچى ئەمەلدارلىرى، دۆلەت كادىرلىرى بىلەن يەرلىك مەمورى كادىرلارمۇ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ كېلىۋاتقان مىللەتچىلەرگە ئالاھىدە يېقىنچىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. 1919-يىلى يانۋاردىن تا 1922-يىلى ئىيۇنغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە گېرمانىيە بويىچە يۈز بەرگەن 376 قېتىملىق سىياسىي سۇيىقەست دېلوسى ئىچىدە 22 قېتىمنى سولچىلار پەيدا قىلغان بولسا، 354 قېتىمنى ئوڭچىلار پەيدا قىلغان. ئەمما سولچىلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 180 ئايدىن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، ئوڭچىلار ئارانلا 4 ئايلىق قاماق جازاسىغا كېسىلگەن. بۇ جەريانىدا 10 نەپەر سولچىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بولسا، ئوڭچىلاردىن بىرسىمۇ ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالانمىغان. _ ئا. ھ. ئى)

باۋارىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئۇلارنى قىسمەنلىكتە ئېتىراپ قىلماقتا ئىدى. ھىتلېر بىلەن پارتىيىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى ئوڭچىلار تەرەپ مىنىستىرى گۇستاۋ رىتتېر ۋون كاھر

تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندۇ. بۇ مىنىستىر، باۋارىيىنىڭ ئۆزگىچە غەيرى رەسمى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ۋېيمار ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېسىقتۇرۇلۇشىنى پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سېلىپ توساپ كەلگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، باۋارىيە، ئۆز ئالدىغا پۈچىتا ئىدارىسى بار بولغىنىدەك بىر مۇنچە ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئاخماق شىمالىلىقلاردىن كەلگەن ھەر قانداق بىر يولىيورۇقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىزچىل چىڭ تۇرماقتا ئىدى. بۇ مەسىلىدە، ھىتلېر بىلەن كاھر بەزى ئورتاق قاراشلارغىمۇ كېلىشىدۇ. گەرچە كاھر نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەردە بۇ ”تەلۋە ئاۋستىرىيىلىك“ بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ۋېيمار دائىرىلىرى بىلەن بولغان كۈرىشىدە نېمىس مىللەتچى سوتسىئالىزم ئىشچىلار پارتىيىسى _ SDAPNA، يەنى ناسداپنىڭ بۇ رەھبىرىدىن تەشۋىقات قورالى سۈپىتىدە پايدىلانماقتا ئىدى.111

خەلق ئاممىسىمۇ كاھرنىڭ دوستانە مۇئامىلىدە بولۇپ كېلىشىدىن ھىتلېرنىڭ بۇگۈنكى سىياسىي كۈچلەردىن بىرسىنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇلغانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدىن ھىتلېرمۇ خوشال ئىدى. چۈنكى، ھىتلېر بىلەن ياشنىپ قالغان پارتىيە رەھبىرى ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئىختىلاۋى رەسمى قىزىششقا باشلىغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ باشقىلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك، خەلق ئاممىسىمۇ ھىتلېرغا ئالاھىدە قىزىقىپ كېلىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن، ھىتلېر رەسمى داڭلىق بىرسىگە ئايلانماقتا ئىدى. بۇ ئەھۋاللار شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئادولف پارتىيىنىڭ ئەسلىدىكى غايىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىپلا قالماستىن، يەنە ھاكىمىيەتنى تولۇق قولغا ئېلىش ئويىغىمۇ كەلگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ سىياسىي دۈشمىنى ئۇنىڭ بېرلىندا تۇرىۋاتقان پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ (ئۇ، بۇ يەردىكى مۇتەئەسسىپلەر، مىللەتچىلەر ۋە ئوڭچىل رادىكاللار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشنى كۈچەيتمەكتە ئىدى)، ئاۋگسبۇرگدىكى بىر قىسىم سوتسىئالىستلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە كىرىشكەن ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ قىلچە زىيىنى يوقتەك كۆرۈنسىمۇ، ھىتلېر بۇ ئىشلارنى ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن قىلىنغان بىر سۇيىقەست دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇ دەرھال ميۇنخېنغا قايتىپ ئۇلارنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. 11-ئىيۇل كۈنى، ھىتلېر پارتىيىدىن چېكىنگەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، ھىتلېر ئۆزىنىڭ پارتىيىدىن چېكىنىش سەۋەبىنى ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم شەكلىدە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىغا ئېلان قىلىدۇ. بۇ ئۇلتىماتومىدا، ئەگەر پارتىيىنىڭ رەئىسلىكى بىلەن پارتىيىنى يالغۇز باشقۇرۇش ھوقۇقى ئۆزىگە بېرىلمەيدىكەن، بۇ پارتىيىگە قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: “مېنىڭ بۇنداق تەلەپتە بولۇشۇم ھەرگىزمۇ ھوقۇق تۇتۇشقا ھېرىسمەن بولغانلىقىمدىن ئەمەس. _ دەيدۇ

ھىتلېر، ــ بۇگۈنكى ۋەزىيەت مېنى شۇنداق ئويلاشقا مەجبۇر قىلماقتىكى، ئەگەر پارتىيىمىزدە پولاتتەك كۈچلۈك ئىرادىلىك رەھبەرلىك بولمايدىكەن، ... بۇ پارتىيە ئۆزۈنغا قالماي بۇزۇلۇپ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ: يەنى غەرپتىكى قايسى بىر جەمئىيەتكە ئوخشاپ قېلىپ، مىللەتچى سوتسىئالىزم يولىدىكى نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى بولۇشتىن چىقىپ كېتىدۇ.” مانا بۇ، ھىتلېرنىڭ ئۆرۈش مەيدانىدىن ئېلىپ كەلگەن كۆزقارىشىنىڭ ــ كوماندىرغا شەرتسىز بويسۇنۇش دېگەن رەھبەرلىك پرىنسىپىنىڭ تۈنجى قېتىم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىلىشى ئىدى.

ھىتلېر پارتىيە كومىتېتىدىن 8 كۈنلۈك مۆھلەت ئىچىدە بۇ ھەقتە تەدبىر ئېلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما درېكسلېر قاتتىق غەزەپلىنىپ بۇنداق بىر تەلەپ ئۈستىدە مۇرەسسە قىلىشنى قەتئىي رەت قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا پارتىيە ئىچىدە ئىمزاسىز كىتابچىدىن بىرسى تارقىلىپ يۇرگەنلىكى سەۋەبىدىن ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. بۇ كىتابچىغا «ئادولف ھىتلېر ــ خائىنمۇ؟» دەپ ئىسىم قويۇلغان بولۇپ، ئەمەلىيەت بىلەن پەرەزلەر بىر-بىرسىگە ئارلاشتۇرۇپ يېزىلغان ئۇيدۇرما بولۇپ، ئۇنىڭغا بەكلا ئېغىر كەلگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ كىتابچىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم گەپلەر بەكلا ئۇيدۇرما گەپلەر ئىدى، مەسىلەن ھىتلېر ئۆزىنى ميۇنخېن پادىشاسى دەپ تونۇتماقتا؛ ئاياللار ئۈچۈن بەكلا كۆپ پۇل زايا قىلماقتا؛ ئۇ يەھۇدىيلار سېتىۋېلىپ ئىشلىتىۋاتقان جاسۇس، ... دېگەندەك بەكلا كۈلكىلىك گەپلەر يېزىلغان بولۇپ، بۇنداق گەپلەرگە بەلكىم ئۇ كىتابچىنىڭ ئاپتورىمۇ ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن.

سەككىز كۈنلۈك مۆھلەت توشقان بولسىمۇ، درېكسلېر بىلەن پارتىكوم يەنىلا بۇ تەلەپ بويىچە بىرەر ھەرىكەت قىلىشتىن باش تارتىپ تۇرىۋالدى. كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا ھىتلېرنىڭ بۇ پوپوزىسى كارغا كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئەمما ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق مەخپىي يىغىندا ئېكارتنىڭ درېكسلېرغا قىلغان كېلىشىپ قىلىش ھەققىدە ئېيتقانلىرى كارغا كېلىدۇ، ئەتىمالىم. شۇندىن كېيىن درېكسلېرمۇ ھىتلېرنى قاتماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا بىر گۇرۇھ تەشكىل قىلالايمىزغۇ، دەپ ئويلاپ باشقا كومىتېت ئەزالىرىنى بۇنىڭغا ماقۇل كەلتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار، ھىتلېرنىڭ پارتىيىگە يالغۇز ھۆكۈمران بولۇش ھوقۇقى بېرىلسۇن دېگەن تەلىپىگە ماقۇل كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا رەسمى ئۇختۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاجايىپ چىرايلىق مەدھىيىلەر بىلەن ھىتلېرنى پارتىيىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىش تەكلىۋى بېرىپ، ”سىز پەۋقۇلئاددە بىلىملىك، پارتىيىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن قالتىس پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىپ ئالاھىدە تۆھپە قوشتىڭىز، ھەمدە ئاجايىپ ناتىقسىز. ھەممىمىز بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىزنى بىردەك تەكلىپ قىلىمىز“

دېگەندەك مەدھىلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنىمۇ ئۇنۇتمايدۇ.

ھىتلېرنىڭ پارتىيە رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى رەسمى ئۈستىگە ئېلىشى ئۈچۈن 29-ئىيۇل كۈنى پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي چاقىرىش بەلگىلىنىدۇ. قۇرۇلتايغا ھېرمان ئېسسېر ئىسىملىك بىر باۋارىيىلىك رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. ئېسسېر ياش بىرى بولۇشىغا قارىماي فۈھرېرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك مەسلىھەتچىلەردىن بىرى بولۇپ قالىدۇ. ئېسسېر، ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا بەك ئامراقلىقى بىلەن تونۇلغان بىرسى بولۇپ، ھىتلېر ئۇنى ”قەتئىي يۈگەنلىنىشى شەرت بىر قاۋان“ دەپ ئاتايدۇ. قۇرۇلتايدا، ئېسسېر سۆزگە چىقىپ ھىتلېرنى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا تەغدىم قىلىدۇ.112 ئۇنىڭ كەينىدىن ھىتلېر سەھنىگە چىقىپ، بۇ پارتىيىنىڭ بىرەر چايخانا تەشكىلاتىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىزچىل كۈرەش قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئەسلىتىپ كېلىپ، ”بىز باشقا ھەر قانداق بىر تەشكىلات بىلەن بىرلىششنى خالىمايمىز. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ بىزگە كېلىپ قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرالايمىز. ئەگەر كىمكى بۇ پرىنسىپنى قوبۇل قىلالمايدىكەن، ئۇنداقلارغا يول ئوچۇق: پارتىيىدىن چىقىپ كەتسۇن. _ ھىتلېر بۇ گەپلەرنى ئاۋگۇسبۇرگ گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە، شۇنىڭدەك قالغان شەھەر سىرتىدىكىلەرگە قارىتىپ ئېيتماقتا ئىدى، _ بىزنىڭ بۇ ھەرىكىتىمىز مىۇنخېندىن باشلانغان، شۇڭا قەتئىي تۈردە مىۇنخېندا داۋاملاشتۇرۇلىشى شەرت.“ ئۇ، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا دېرىكسىلېر بىلەن بولغان يېقىن دوستلۇقىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ كېلىپ، پارتىيىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. ئاۋازغا قويۇلۇش نەتىجىسىدە، بىرگە قارشى 543 ئاۋاز بىلەن ھىتلېرنىڭ رەئىسلىكى قوبۇل قىلىنىدۇ.

ھىتلېر بىلەن ئۇنىڭ ”بوخېمىيىلىكلەر قوشۇنى“ ”مىللەتچى سوتسىئالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى“، يەنى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ مۇتلەق ھوقۇقىنى قولغا ئالغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ئاۋانگارتلىرىنىڭ تولۇق قوشۇلىشى نەتىجىسىدە كونا ئۇسلۇپلار ئاساسىدا يېڭى تۈزۈم يولغا قويۇش ئىمكانى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇرۇنقى نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ بارلىق ئەنئەنىلىرى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ. شۇندىن باشلاپ، پارتىيە ئىچىدە ئۇنداق پارلامېنت پاسونىدىكى مۇنازىرىلەر بىلەن دېموكراتىك تەرتىپلەرگە قەتئىي يول قويۇلمايدىغان بولىدۇ. شۇندىن كېيىن، پۈتۈن پارتىيە فۈھرېرنىڭ تۇتقان يولىغا شەرتسىز بوي سۇنىدىغان ھالغا كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھىتلېر ھوقۇقى ئېنىق بولمىغان شەكىل بويىچە ياشانغان پارتىيە قۇرغۇچىسىنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە پەپىلەپ تۇرىدۇ. ئۇ، رەئىسلىك تەختىگە چىققىنىدىن كېيىن پارتىيە ئىچىدە بىرەرمۇ بويرۇق، بىرەرمۇ ئىنتىزام قائىدىسى ئېلان

قىلمايدۇ. ئەكسىنچە، شۇ يىلى يازدا ميۇنخېندا پارتىيە ئىچىدىكى ئۆز تەرەپتارلىرىنى كۆچەيتىش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىپ، تۇيغۇزماستىن بۇرۇن مىتىنگلەردە تەرتىپ ساقلاشقا مەسئۇل بولغان رەھىمسىزلىكتە داڭ چىقارغان بىر گۇرۇپ كىشىلەرنى يىغىپ، ئۇلارنى كېڭەيتىپ تەشكىلى ئىنتىزاملىق، ئۆچىسىغا مەخسۇس ئۇنىفورما كىيدىغان شتات سىرتىدا قۇراللىق قىسىم تەشكىللەشكە كىرىشىدۇ. شتات سىرتىدىكى بۇ ئەترەت ئاۋغۇستىنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلۇپ، "تەنھەرىكەتچىلەر دىۋىزىيونى" دېگەن نامنى ئالىدۇ. پارتىيىنىڭ بىر ئۇقتۇرۇشىدىن قارىغاندا، بۇ دىۋىزىيونىڭ قۇرۇلۇش مەقسىدى "ياش پارتىيە ئەزالىرىنى كۆچلۈك بىر تەشكىلات قوينىغا ئېلىپ، ئۇلاردىن ھۇجۇمچىلار سۈپىتىدە پايدىلىنىش، بۇ ئەترەت پارتىيىنىڭ قوماندانلىقىدا بولىدۇ" دەپ يېزىلغان. ئىككى ئايدىن كېيىن، بۇ ئەترەت مەقسىدىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى بىر ئىسىم _ "ھۇجۇمچىلار ئەترىتى"، يەنى ئېس-ئاچىلار (SA) ئەترىتى دېگەن نامنى ئالىدۇ. ھىتلېر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ھۇجۇمچىلار ئەترىتى ھەرگىزمۇ تەرتىپ ساقلاشنىڭ بىر ۋاستىسى بولۇش بىلەنلا قالمايتتى. بۇ ئەترەت ئۆز ۋاقتىدا يەنە ئۇچىسىغا مەخسۇس ئۇنىفورما كىيىپ كوچىلاردا پاترۇللۇق قىلىپ، پاترۇللارنى ياخشى كۆرىدىغان شەھەر خەلقى ئالدىدا ئۆزىنى نامايىش قىلىپ كۆرسىتىپ بىلەنمۇ مەشغۇل بولاتتى. ئەمما ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولغان رۆم بولسا، بۇ ئەترەتنى رەسمى قۇراللىق قىسىم، ئۆزىنىڭ شەخسى ئارمىيىسى قاتارىدا تونۇيتتى. ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ يادرولۇق كۆچىنى "ئەركىن كورپۇس قىسمى" قىسىملىرىدىن كەلگەنلەر تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى مارشىنى سەل-پەل ئۆزگەرتىپ بۇ ئەترەتنىڭ مارشىغا ئايلاندۇرىۋالغان ئىدى:

بېشىمىزدا كرېست بەلگىلىك مىس قالپاق، بېلىكىمىزدە قارا-ئاق-قىزىل يەڭلىك،

ھىتلېر ئېس-ئاچىلىرى بىز، بۇ نامىمىز ھەممىدىن جاراڭلىق!

پارتىيە ئۆزگىچە تەۋە يېڭى بىر قوشۇنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ قوشۇننى ھىتلېر پۈتۈنلەي ئۆز تېزگىنىگە ئېلىپ، پارتىيىنى تېخىمۇ "ئىنقىلابىي" بولغان يەپ-يېڭى بىر يولغا يېتەكلەپ مېڭىشقا كىرىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ئاي ئىچىدە، ھىتلېر بۇ ئەترەتنى بىر مۇنچە ئاشكارە ئۆكتەملىك ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ. بۇ تۈر قۇتراتقۇلۇقلار مۇنداق قارىماققا قىلچە مەقسەتسىز ئۆزلىكىدىنلا ئوتتۇرىغا چىققان جېدەل-ماجىرالاردەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. يەنى كوچىدا قايسى بىر يەھۇدىي تاياق يەيتتى، قانۇنسىزلىق بىلەن بايراقلىرىنى كۆتۈرۈۋشۇپ كوچىنى بېشىغا كىيىشەتتى، تەشۋىقات كىتاب-ۋاراقلىرىنى تارقىتىشاتتى. يەنە بەزى ئۇششاق جېدەللەرنىمۇ چىقىرىپ تۇرۇشاتتى.

... ئەمما بۇ تۆردىكى ئۇششاق-چۈششەك جەمىيەت تەرتىپنى قالايماقان قىلىۋېتىدىغان ھەرىكەتلەردىن كېيىن، 1921-يىلى 14-سىنتەبىردە ئېغىر بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. بۇ ۋەقە "باۋارىيە پولكى" نىڭ لۆۋېن براۋكېللېر پىۋىخانىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مىتىڭدا يۈز بېرىدۇ.113 "باۋارىيە پولكى" ئەسلىدە فېدېراتسىيىچىلەرنىڭ بىر تەشكىلاتى بولۇپ، ۋېيمار ھۆكۈمىتىنىڭ جەمىيەت قانۇنىنى قوبۇل قىلىشىمۇ، مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت تۈزۈمىگە قارشى ئىدى. بۇ تەشكىلىنىڭ رەھبىرى بولغان كىشى، يەنى ھىتلېر تەرىپىدىن "ئەڭ خەۋپلىك ئۆكتىچى" دەپ قارىغان ئېنجىنېر باللېرستېدت سەھنىگە چىقىپ ئەندىلا نۇتۇق سۆزلەشكە باشلىۋىدى، ھىتلېر داغدام قەدەملەر بىلەن يىغىن زالىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىدىن بۇرۇن نۇرغۇنلىغان پۇخراچە كىيىنگەن ئىس-ئاچلار يىغىن قاتناشقۇچىلىرى قاتارىدا زالغا چاندۇرماي كىرگۈزىۋېتىلگەن ئىدى. ئۇلار ھىتلېرنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ھەممىسى بىردەك ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىراشقىنىچە ھىتلېرغا مەدەت بولۇپ بېرىدۇ. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئارىسىغا كىرگۈزىۋېتىلگەن يۈزلىگەن پارتىيە تەرەپبازلىرىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ھىتلېرنى رىغبەتلەندۈرىدۇ. ھېرمان ئېسېر بىر ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ "باۋارىيىنىڭ بۆگۈنكىدەك قالاق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا بىردىن-بىر سەۋەپچى بولغانلار دەل يەھۇدىيلاردۇر!" دەپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قالغان مىتىڭ قاتناشقۇچىلىرىمۇ تەڭ ۋارقىرىشىپ، باللېرستېدقا "نۇتۇق سۆزلەش ئورنىڭنى ھىتلېرغا ئۆتكۈزۈپ بەر!" دەپ تووۋلىشىدۇ. ئوتتۇرلۇقتا جىدەل چىقىپ كەتمىسۇن دەپ ئويلىغان بىرسى دەرھال چىراقنى ئۆچۈرىۋېتىدۇ. ئەمما قاراڭغۇدا ھەممە تەرەپتىن پات-پاراقچىلىق كۆتۈرۈلۈپ تېخىمۇ قالايماقانچىلىق يۈز بېرىدۇ. چىراق قايتا يېقىلغان ۋاقىتتا، ئىس-ئاچلار سەھنىگە ئېتىلىپ چىقىپ باللېرستېدتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ راسا ئەدەپلىگەندىن كېيىن ئۇنى يىغىن زالىغا چۆرۈپ تاشلىۋېتىدۇ.

ساقچى دائىرىلىرى بۇ قېتىمقى جىدەل تېرىغانلارنى تەكشۈرۈشكە كەلگىنىدە، ھىتلېر تووۋا قىلىش ئۈيافتا تۇرسۇن، ئەكسىنچە "ھېچ ئىش يوق، بىز ئۆز مەقسىدىمىزگە يەتتۇق. باللېرستېدتمۇ نارازىلىق بىلدۈرگىنى يوق" دەپ بىر خىيالدا يوق ئۆز گېپىنى قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. ئەمما بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەنلا ئاخىرلاشماي، ھىتلېر بىلەن ئېسېر ئىككىسى سوتنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرىۋالىدۇ. سوتتا ئۇلارغا جەمئىيەت ئامانلىقىنى قالايماقانلاشتۇرغان دېگەن جىنايەت ئارتىلغان بولسىمۇ، قاتتىق تالاش-تارتىشتىن كېيىن ئۇلار ئىككىسىگە چىقىرىلغان ھۆكۈمدە زورلۇق كۈچىدىن پايدىلانغان، دېگەنلا جىنايەت ئارتىلغان ئىدى. ئەسلىدە 4-نويابىردىمۇ ھىتلېر ميۇنخېننىڭ خوفبراۋخاۋس پىۋىخانىسىدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقىنىدا زوراۋانلىق ھەرىكىتى يۈز بەرگەن ئىدى. ئىش مۇنداق يۈز بەرگەن

ئىدى: ئاخشىمى سائەت سەككىزگە چارەك قالغاندا ھىتلېر زالغا كىردى. بۇ چاغدا پىۋىخانا زالىدا 800 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. ئايالار ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرۇش بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئىمكان بار ماجىرا پەيدا بولىدىغان ئىشىك تەرەپتىن يىراقتا بولۇشى تەلەپ قىلىنغان ئىدى. ئەمما بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش ماگدالېنا شۋېيېر خانىمنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. بۇ ئايال ھىتلېر تۇرىدىغان ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر كۆكتات دۇكىنىنىڭ خوجايىنى بولۇپ، ھىتلېرغا بەكلا سادىق بىرى ئىدى. "مەن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئىدىم، راستىنلا قىلچە قورقمىدىم. جېدەل چىقىدىغانلىقى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. زالدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قىزىللار ئىدى." ئەسلىدە يىغىنغا كەلگەن ھىتلېرغا قارشى بۇ كىشىلەر مافىيې زاۋۇتىدىن، ئىسارىيە نازۇك سائەت ئەسۋاپلار زاۋۇتىدىن ۋە باشقا بەزى زاۋۇتلاردىن كەلگەن يىغىننى قالايماقان قىلىشنى مەقسەت قىلىپ كەلگەن ئىشچىلار ئىدى. بۇ ئىشچىلار سان جەھەتتە ھىتلېر تەرەپتارلىرىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باش مىنىستىر ۋون كاھر ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ مۆتىدىل يۇمشاقباش بىرسى چىققانلىقى سەۋەبىدىن، ناتسىستلار پارتىيىسى بۇندىن كېيىن باۋارىيە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ يۇشۇرۇن قوغدىلىش پۇرسىتىدىنمۇ مەھرۇم قالغان ئىدى.

ھىتلېر زالغا كىرىپ ئەتراپىنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن، پۈتۈن ئىشكىلەر تاقالسۇن دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئەسلىدە ھىتلېر زالغا كىرەر-كىرمەيلا سوتسىئال دېموكرات پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرى ئاللىمۇقاچان كوپ قىسىم ئورۇنلارنى ئىگەللەپ بولغانلىقىنى سېزىپ بولغان ئىدى. ئۇ، ئېس-ئا ئەترەت ئەزالىرى (50 نەپەر ئەتراپىدا) غا "مانا بۈگۈن سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭلارنى سادىقەت كۆرسىتىدىغان ۋاقتىڭلار كەلدى، بۇ يەردىن ئۆلۈكىمىز چىقسا چىقسۇنكى، زالدىن بىرىمىزمۇ ئايرىلمايمىز" دەيدۇ. ئۇلار، ھۇجۇمغا ئۆتۈش قىلىش _ ئەڭ ياخشى مۇداپىيە دېگەن قاراشتا ئىدى. شۇڭا، بىرەر زوراۋانلىق ھەرىكىتى شەپىسى كۆرۈلگىدەكلا بولىدىكەن دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتۈپ زەربە بېرىشكە تەييار ھالدا تۇرۇشاتتى. "سالاملاشقاندا خايل! خايىل! _ بىر-بىرىڭلاردىن كۈچلۈك ياشىسۇن دەپ ئۈچ قېتىم توۋلاپ جاۋاب بېرىشىڭلار كېرەك" دەيدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇخىل رومانتىك بايان قىلىش ئۇسلۇبىنى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىسىدە چىڭ تۇتىدۇ. خۇددى ھىتلېرنىڭ شەكسىز تۆردە شۇنداق ئىپادىدە بولغىنىدەك، ئۇنىڭ تەرەپتارلىرىمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق سادىق مۇئامىلىدە بولۇپ، "ئاكوپلاردىن چىققان، ئىرادىلىك جەڭچىلەرلا ۋەتەننىڭ شان-شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ" دەپ قارايتتى.

ھىتلېر سەھنىگە قاراپ كېتىۋاتقىنىدا، ئىشچىلار قاتتىق توۋلىشىپ ئۇنىڭغا تەھدىت

سېلىشقا باشلايدۇ. ھىتلېر ئۇلارغا پەرۋامۇ قىلماي يولىنى داۋام قىلىدۇ. بۇ چاغدا ھېرمان ئېبسېر يىغىن زالىدا تەرتىپ ئورنىتىش ئۈچۈن ئالدىدا تۇرغان سەھنە ئۈستىلى ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، 114 يىغىن باشلىنىدۇ، كۆپچىلىك تىنچلىنايلى، دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇ سەھنىدىن چۈشىشى بىلەن ھىتلېر سەھنىگە چىقىپ نۇتقىنى باشلىۋېتىدۇ. دەسلىۋىدە يىغىن زالىدىن "ۋەەەت!" دېگەن مازاق قىلىش ئاۋازلىرى كېلىشكە باشلايدۇ. ئەمما سەل تۇرۇپ مەخسۇس ھىتلېرنى شاگخو قىلىش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ كىشىلەرمۇ قۇلاقلىرىنى دىك قىلىپ ھىتلېرنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاشقا كىرىشىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر، يېرىم سائەتتەك قىلچە دەخلىسىز نۇتۇق سۆزلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرى پەيت كۈتۈپ بىر مۇنچە پىۋا قۇتىسىنى قۇرال قىلىش ئۈچۈن ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا يىغىپ تەييار تۇرىشاتتى. تۇيۇقسىز بىرسى سەكرەپ چىقىپ ھىتلېرنىڭ نۇتقىنى بۆلۋېتىدۇ. ھىتلېرمۇ قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە ئۇ كىشىگە رەددىيە بېرىدۇ. زال ئىچىدە غەزەپلىك ۋارقىراپ جارقىراشلار كۆتۈرۈلىدۇ. ئارىدىن بىرسى ئورۇندۇققا چىقىپ "ئەركىنلىك!" دەپ ۋارقىرايدۇ. شۇ ۋاقىتتا پىۋا شىشىسىدىن بىرسى ھىتلېرنىڭ بېشىغا قاراپ ئۇچۇپ كېلىدۇ. كەينىدىنلا يەنە بەش-ئالتىسى ئېتىلىدۇ. بىرسى ئالدى قاتاردىكى ئاياللارغا "دەرھال جوزا ئاستىغا يوشۇرۇنۇڭلار!" دەپ ۋارقىرايدۇ. شۇبېبىر خانىم دەرھال بېشىنى ئېگىدۇ. "ھەر تۈرلۈك ئاۋازلار، پىۋا بوتولكىلىرىنىڭ پاچاقلىنىپ سۇنۇشلىرى، بىر-بىرىنى ئۇرىۋاتقان تاياق ئاۋازلىرى، ئورۇندۇق-ئۈستەللەرنىڭ ئۆرۈلۈپ سۇنغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، باشقا ھېچ نېمىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. زالدا ئىس-ئاچىلار راسا ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى" دەيدۇ بۇ ئايال. نېمە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ بېشىنى كۆتەرگەن بۇ ئايال ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالىدۇ:

ھىتلېر، شۇنچە كۆپ پىۋا بوتولكىلىرىنىڭ ئۇچۇپ كېلىشىگە پەرۋا قىلماي، قىمىرمۇ قىلماي بۇرۇنقى يېرىدە تۇراتتى. سان جەھەتتە بەكلا ئاز ئىس-ئاچىلار ئۆزىنى كۆرسىتىشىپ قىزىللارنىڭ راسا ئەدىۋىنى بەرمەكتە ئىدى. يېرىم سائەتكە قالماي دۈشمەنلەر بىنادىن تازىلاپ چىقىرىلىدۇ. زال ئىچى يېڭىلا سىنارىيەت ئۇقىدا تىتما-تىتما بولۇپ كەتكەندەك ئورۇندۇق-ئۈستەللەر ئۆرۈلگەن، پۈتۈن ئەتراپ پىۋا پوتولكىسى بىلەن تولغان، بۇ قالايماقانچىلىق ئارىسىدا قايتا ھېرمان ئېبسېرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ: "يىغىنىمىز ئۈچۈق، ناتىق سۆزىنى داۋام قىلسۇن!" ھىتلېر نۇتقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئىس-ئاچىلارنىڭ بەزىلىرى يارىلىرىنى تېڭىۋاتقان، يەنە بەزىلىرى نۇسۇلكىلىق سىرتقا توشۇلماقتا ئىدى. ھىتلېرنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ، پۈتۈن ئەتراپتىن ئالقىش-سادا كۆتۈرۈلدى. شۇ چاغدىلا ئىشىكتىن ئالدىراش كىرگەن بىر ساقچى "يىغىندىن تارقىلىڭلار، تارقىلىڭلار!"

دەپ ۋارقىرايدۇ.

5

ھىتلېر، بۇ قېتىمقى خوف پېۋتخانا جىدىلىدىن، قىلچە ئىككىلەنمەي ئولتۇرماي زورلۇق كۈچكە تايىنىپ ھۆججومغا ئۆتتىدىغانلا بولىدىكەنمىز چوقۇم غەلىبە قىلالايمىزكەن، دېگەننى ئېنىق تونۇپ يەتكەن ئىدى . شۇ كۈنى كەچتىكى غالىبىيەت، ھىتلېر بىلەن نىمس مىللەتچى سوتسىئالىزم ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ داڭقىنى پۈتۈن جاھانغا پۇر كەتكۈزدى. شۇنداقتىمۇ پارتىيە ئەزا سانىنىڭ ئارتىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، سەممى، ئاق كۆڭۈل شەھەر ئاھالىسى بۇ تۈردىكى ئىپتىدائىي ئۇسۇللارغا تايىنىپ ۋەقە پەيدا قىلىشلارنى توختىتىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باۋارىيە يېڭى ھۆكۈمىتىمۇ ھىتلېرغا قارىتا جىددى تەدبىر قوللىنىپ چەكلىمە قويۇش يوللىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھىتلېرنىڭ ھەققەتەنمۇ قۇتۇراتقۇلۇق قىلغانلىقىغا دائىر ئېنىق پاكىتلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇھتاج ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى ھۆكۈمەت، ھىتلېرغا ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن يېنىغا تاپانچا ئېلىپ يۈرىدىغان يانفۇرال رۇخسەت قەغىزى بېرىپ ئادىل مۇئامىلىدە بولغانلىقىنىمۇ كۆرسەتمەكتە ئىدى.

ھىتلېرنىڭ زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت بۇ قېتىمقى ھەرىكىتى جەريانىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەتچىلەر بىلەن خەلق ئاممىسى نارازىلىق بىلدۈرۈش شەپىسىنى كۆرستىشكە باشلايدۇ. شۇ يىلىنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئىنتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇش چىقىم مىقدارىنى ئۇستۇرۇپ تۆلىتىش تەلىۋىنى رەت قىلىدۇ. نەتىجىدە فرانسىيە بىلەن بېلگىيە ئارمىيىسى دۇئىسبۇرگ بىلەن دۇسسېلدورفنى ئىشغال قىلىش ئارقىلىق جازالايدۇ. ئىككى ئايدىن كېيىن ئىنتىپاقداش دۆلەتلەر ئاخىرقى ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ، گېرمانىيىنى ئۇرۇش چىقىمى ئۈچۈن ئېكسپورت مىقدارىنىڭ يۈزدە يىگىرمە بەش قىسمى بىلەن قوشۇپ يىلىغا ئىككى مىليارد مارك تۆلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئۇلتىماتومدا يەنە، ئەگەر بۇ تەلەپلىرىمىزگە ماقۇل بولمايدىكەن، رۇر رايونىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىۋالىمىز، دەپ تەھدىت قىلىدۇ.

موتىدىل ھەم كونسېرۋاتىپ ئىچكى كابىنىت بۇن قەتئىي قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بۇ ۋاقىتتا ھۆكۈمەت تېزگىنىدىكى "مەركىزى پارتىيە" ئىنتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بۇ تەلىۋىگە باش ئېگىپ ماقۇل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق تەسلىمچىلىك

ھەرىكىتى ھىتلېرغا ئوخشاش مىللەتچىلەرنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى.115 شۇڭا بۇ تۈر مىللەتچى كۈچلەر مەركىزى پارتىيە رەھبىرى، ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسىغا قول قويغان ”جىنايەتچى“ ماتتىياس ئېرزبېرگېرنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈۋىشتەك بىر مۇنچە زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلدى. قانۇن-تەرتىپنى قوغداش تەلىۋىدە بولغان نېمىسلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ تۈر سۇيىقەست ھەرىكەتلىرىنىڭ قاتىللىرىنى قەھرىمان ھېسابلاپ مەدھىلەشمەكتە ئىدى.

1921-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمىيىتى، پولشانىڭ يۇقىرى سىلېسىيەنى قايتۇرىۋالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى (گېرمانىيىنىڭ بەشتە تۆت قىسىم كانلىرى بىلەن ئېغىر سانائىتى شۇ يەردە ئىدى). بۇمۇ مىللىتچىلەرنى غەزەپلەندۈرگەن يېڭى سەۋەپلەردىن بىرى بولۇپ بېرىدۇ. قىش يېقىنلىششى بىلەن مارك پاخاللىششقا باشلايدۇ، شۇنىڭدەك يەنە بۇ سەۋەپتىن كېلىپ چىققان ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار تۈپەيلى نېمىسلارنىڭ نارازىلىق كەيپىياتلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. 1922-يىلى پاسخا بايرىمى بولغان يەكشەنبە كۈنىدە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ۋالتېر راتېناۋ تۇيۇقسىزلا شەرققە يۈزلىنىپ، راپاللودا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىشىدۇ. بۇمۇ زوراۋانلىق ھەركەت مۇھىتىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. بولشېۋىكلارغا قارشى ھىتلېردەك قاراشتىكىلەر، بۇنداق ئىتتىپاقداشلىقنىڭ ئىمپېرىيىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەچكە، بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. گېرمانىيە سىياسي مۇستەقىللىق ئارقىلىق كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى غەرب ئىتتىپاقداشلىرىغا قاتتىق زەربە پەيدا قىلاتتى. بۇنىمۇ ئۇلار كۆرمەسكە سېلىۋالدى.

گېرمانىيە، روسىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ماقۇل كېلىپ، بىر-بىرسىدىن ئۇرۇش چىقىمى تۆلىتىش تەلىۋىدىن ۋاز كېچىش بىلەن بىرگە يەنە سودا مۇناسىۋىتىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈردىغان بولىدۇ. بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپ بىلەن مۇزاكىرە قىلىشماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا دوستىنىڭ ئىقتىسادىي كېلىشىمگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئۈچىنچى بىر دۆلەت بىلەن ھەر قانداق ئىقتىسادىي كېلىشىم ئىمزالىيالمايدىغانلىقى؛ روسىيەنىڭ زامانىۋى تېخنىكىلارغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى كۆرستىلگەن ئىدى؛ گېرمانىيە بولسا، ۋېرسايىل شەرتنامىسىنىڭ ھەربى كۈچلىرىنى مەلۇم دائىرىدە چەكلەش دەيدىغان ماددىلىرىغا خىلاپلىق قىلىسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق خەلقئارالىق چەكلىمە قويۇش كومىتېتىنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىقىمۇ تىرىشماقتا ئىدى. لېنىن، خېلى بۇرۇنلا گېرمانىيىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىشىگە ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان بولۇپ،

گېرمانىيە دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىنىڭ رەھبىرى گېنېرال خانس ۋون سېكتمۇ ئامالسىز بۇنىڭغا ماقۇل بولغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، ئىككى دۆلەت ھەربى دائىرىلىرىنىڭ بېرىش-كېلىش مۇناسىۋەتلىرى قويۇقلاشقان ئىدى. شۇ ئارقىلىق، كىچىككىنە گېرمانىيە ئارمىيىسى قىزىل ئارمىيىگە ھەربىي تەلىم-تەربىيە بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئالاھىدە يېڭى قۇراللاردىن پايدىلىنىش بىلىملىرىنىمۇ ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى.

بۇ ھەمكارلىقلارنىڭ دائىرىسى قانچىلىك، تەسىرى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى راتېناۋنى تەنقىت قىلغۇچىلار پەقەتلا مۆلچەر قىلالمايتتى. گەرچە ئۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن تۈزۈلگەن بۇ شەرتنامە گېرمانىيىنى قايتىدىن قۇراللاندۇرۇش جەھەتتە كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ بېرىدۇ دەپ ئويلىغان بولىشىغا قارىماي، گېرمانىيە كۈچلۈك بىر ئارمىيىگە ئىگە بولۇش كېرەك دەپ قارايدىغان نېمىسلار بۇنداق ھەمكارلىقنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىك دېيىشىپ، ئۇنى يەنىلا قىزىللىشىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ تەنقىتلىشىدۇ. يەنى ئۇنىڭ بۇ تۈر ھەمكارلىقنى نېمىسلارنىڭ يۈزىگە داغ چۈشەرگەنلىك دېيىشمەكتە ئىدى. ئەسلىدە، راتېناۋ ۋېرسايىل  شەرتنامىسىدا ۋەدە قىلىنغان كىشىنى چۆچۈتكىدەك ئېغىر ئىقتىسادىي  تۆلەم ۋەدىسىگە رىئايە قىلىشقا غەيرەت قىلغانلىقى سەۋەبىدىن خېلى بۇرۇنلا غەرىپلىكلەرگە بويۇن ئېگىشنىڭ تىپىك ئۈلگىسى دەپ قارىلىۋاتقان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ بىر باي يەھۇدىي بولغاچقا، ناتسىستلار تەرىپىدىن يەھۇدىيلارنىڭ دۇنياغا خوجايىن بولۇشى ئۈچۈن يوشۇرۇنچە پىلان تۈزۈش ھىلىمىكرى بىلەن شوغۇللانماقتا دەپ قارىلىندۇ. ئاقىۋەت، 4-ئىيۇندا، ئىقتىدارلىق ۋەتەنپەرۋەر بولغان بۇ ئادەم، ئىككى نەپەر ”ئەركىن كورپۇس قىسمى“ سابىق ئەزاسى تەرىپىدىن ۋەھشىلەرچە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

يەنە شۇ كۈنى، باۋارىيىدىكى بۇ قورقۇنۇچلۇق ھەرىكەتنى پەيدا قىلغانلارنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلمەي قولغا ئېلىنىپ قاماققا ئېلىنىدۇ. ھىتلېر، ئەگەشكۈچىلىرىگە ”بۇندىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن، ئېرۇسالىمدىكى بىر ئۇچۇم زوراۋانمۇ خۇددى بۈگۈنكىدەك بىرسىنى جاللات ئالدىغا سۆرەپ كەلگەن ئىدى“ دەيدۇ. شۇنىڭ كەينىدىنلا ھىتلېرمۇ ”توپىلاڭ قىلىشقا كۈشكۈرتكەن“ دېگەن جىنايەت بىلەن ستادېلخېيم تۈرمىسىگە قامىلىدۇ. گۇندىپاي ئۇنى يۈز يۇيۇش يېرى بار بىر كامىرغا يېتىلەپ كىرىدۇ. ئاندىن ”دوستانىلىق“ بىلەن، باۋارىيىنىڭ ئاتاغلىق دراماتورگى لۇدۋىگ توما، 116 ئىنقىلابچى كۇرت ئېيسنېر قاتارلىق نۇرغۇنلىغان داڭلىق كىشىلەرنىڭمۇ بۇ كامىردا ياتقانلىقنى ئېيتىپ بېرىدۇ. راتېناۋنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىق خەۋرىدىن ھىتلېر ئۇنچە بەك خوشال بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇنداق يالغۇز بېشىغا قىساس ئېلىش ھەرىكەتلىرى، ئۇنىڭچە تىلغا ئالغۇچىلىقى

يوق ئەھمىيەتسىز ئىشلار دەپ ئىپادە بىلدۈرسىمۇ، بۇ سۆيقەستتە ھەرىكەتچى ئۈنىڭ ئۆچۈنمۇ بىر سىياسىي ساۋاق بولدى. شۇندىن كېيىن ئۇمۇ پىكاۋنىڭ كەينىگە كۆچلۈك چىراقلاردىن بىكىتىپ، پىيىغا چۈشكەن ماشىنا شوپۇرنى كۆچلۈك چىراق نۇرى بىلەن كۆزىنى ئاچالماس قىلىۋېتىپ سۆيقەست قىلىشقا ئىمكان بەرمەيدىغان قىلىۋالدى.

شۇ قېتىمقى سۆيقەستتىن كېيىن، ۋېيمار ھۆكۈمىتى ئالدىراپ-تېنەپ «جۇمھۇرىيەتنى قوغداش قانۇنى» نى تۈزۈپ ئېلان قىلدى. بۇ قانۇن، بەكلا رەھىمسىز بىر قانۇن بولۇپ، ئاساسلىقى رادىكال ئوڭچىل تېرروروچىلىقنى چەكلەش مەقسەت قىلىناتتى. شۇڭا، بۇ قانۇن باۋارىيىنىڭ ھەر تۈرلۈك مىللەتچىلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا دۇچ كېلىدۇ. بۇ ھەقتىكى جىدەللەر ئايرىغلى بولمىغىدەك ھالغا كەلگىنىدە، ھىتلېر، ستادېلخېيم تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ. ھىتلېر، داغ-دۇغىلىق سىياسىي سەھنىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ قايىنام-تاشقىنلىق كۆزقاراشلىرىنى قايتىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. تەخمىنەن بەش ھەپتىلىك تۈرمە ھاياتى جەريانىدا ھىتلېرنىڭ كىتاب ئوقۇش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن شوغۇللىنىشتىن باشقا قىلغىدەك باشقا ئىشىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ يەھۇدىيلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى بىلەن يىرگىنىشىنى نىسبەتەن سىستېمىلىق، مەقسەدىمۇ بىر قەدەر ئېنىق بولغان نەزىرىيە ھالىغا كەلتۈرۈش ئىمكانىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ، تۈرمىدىن چىقار-چىقماي ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ «جۇمھۇرىيەتنى قوغداش قانۇنى» غا رەددىيە بېرىش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ، تۈرمىدىن چىققان كۈنىسى «ئەركىن دۆلەتمۇ ياكى قۇللۇقمۇ؟» دېگەن تېمىدا شۇ چاققىچە سۆزلەپ باقمىغان ئىنتايىن ئۆتكۈر نۇتۇقتىن بىرنى سۆزلەيدۇ. بىر قارىماققا، ئۇنىڭ بۇ نۇتقىنىڭ تىغ ئۇچى يېڭى قانۇنغا قارىتىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يەھۇدىيلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دۇنياغا يالغۇز ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھىلىمىكىرى ئۈستىدىن دەرت تۆكۈشىنى ئاساس قىلغان ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭ قانداقلارچە بۇنچە چوڭ ھوقۇقلارغا ئېرىشىۋالغانلىقى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلىرى ھېچ قاچان بۇنچە تولۇق، تەسىرىمۇ بۇنچە كۈچلۈك بولۇپ باقمىغان؛ ھىتلېر يەھۇدىي زوراۋانلىقى ئۈستىدە ھېچقاچان "بۇنچە مەنتىقىلىق، بۇنچە پاكىتلىق" سۆزلەپ باققان ئەمەس ئىدى.

ھىتلېر، ئاۋازىنى پۈتۈن بۈيۈك-پۈچقاقلاردا ئېنىق ئاڭلىغىلى بولىدىغان بۈرگېربراۋكېللېر پىۋىخانىسىدا، جىم ئولتۇرۇپ نۇتقىنى ئاڭلاۋاتقان يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا مىللەتچىلىك ۋە ئاممىۋى كۈچلەرنىڭ غايىسى بىلەن ئىنتېرناتسىيونالىزمچى يەھۇدىيلار غايىسى ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان شىددەتلىك كۈرەشنىڭ پۈتكۈل ياۋروپا قىتئەسى بويىچە كۈچلۈك قانات يېيىۋاتقانلىقى ئۈستىدە توختىلىدۇ. سوتسىئال

دېموكراتىيە بىلەن كوممۇنىزمنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن كىشىمۇ بىر يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى؛ ئاكسىيە بىرژىسى بىلەن ئىشچىلار ھەرىكىتىنى تېزگىنلەپ يۈرگەنلەرنىڭمۇ يەنە شۇ يەھۇدىيلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ھىتلېر سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگىنىدە، ھەتتا سەھنىلەردە ئويۇن قويۇپ يۈرىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ سىكىلەك چېچىنى كەينىگە تاشلاش قىلىقىنىمۇ دوراپ مەتىنگىدىكىلەرنى قاتتىق كۈلدۈرۈۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن خوشال بولغان يىغىن ئەھلى قولاقنى يارغۇدەك ئالقىش كۆتۈرىشىدۇ. ھىتلېر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەھۇدىيلار بۇزغۇنچى، بۇلاڭچى، قان شورىغۇچى! دەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، بولشېۋىك يەھۇدىيلار بوگۇنكى كۈندە ئەڭ ئاخىرقى جەڭگە ئاتلانماقتا، ئۇلار بۇ كۈرەشتە ئىككى تۈرلۈك غايىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ مەقسىدى ”دۆلەتلەرنى قۇرالسىزلاندۇرۇش ھەمدە خەلقنى ئىدىيىۋى قۇرالدىن مەھرۇم قىلىش!“ دەيدۇ (1922-يىلىدىكى ھىتلېر، يەھۇدىيلارغا ھۇجۇم قىلىش جەھەتتە پىكىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە زەھەرلىكلىكى بىلەن گەۋدىلىنەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى شۇ يىللاردا ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتكەن جوزېف ھېل بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن ئىدى. شۇ قېتىمقى سۆھبەتتە خېل، ھىتلېردىن ئەگەر يەھۇدىيلارغا تاقابىل تۇرۇشتا تولۇق ھوقۇقلۇق بولغىنىڭىزدا ئۇلارنى قانداق قىلار ئىدىڭىز؟ دېگەن سوئالنى ئاڭلاپ ھىتلېرنىڭ چىرايى تۈيۈقسىزلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. كۆزىنى دەرھال ھېلىدىن ئېلىپ قىچىپ كۆككە تىكلىگىنىچە ئاۋازىنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىغان. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى كىرىشىپ تىترەپ كېتىدۇ. ”قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى. شۇ پەيتتە گويا مەن ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان مىتىنگ مەيدانىدىكى خەلق ئاممىسى ئىدىم. 'ئەگەر مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە راستىنلا پۈتۈن ھوقۇقنى قولغا ئالالىغىدەك بولسام، مېنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىم، مېنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشىم، يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇش بولاتتى. مەن ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزگىدەك بولسام، ھەممە يەرگە دارلارنى تىكىۋېتەتتىم. مەسىلەن ميۇنخېننىڭ مارىيېن مەيدانىدا، قاتناشقا توسالغۇ بولمىغىدەكلا ئىمكانىيەت بولىدىكەن، بۇنداق دارلارنى كۆپلەپ تىكىۋەتكەن، بۇ دارلارغا يەھۇدىيلارنى بىر-بىرلەپ ئېسىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ جەسەدىنى تا سېسىپ پۇرىمىغىچە داردىن چۈشەرمىگەن بولاتتىم. شۇ شەكىلدە دارغا ئېسىلغانلارنى داۋاملىق يېشىلاپ، تاكى ميۇنخېندا ئەڭ ئاخىرقى بىر يەھۇدىيمۇ دارغا ئېسىلىپ تۈگىگەنگە قەدەر بۇ ئىشنى توختاتمىغان بولار ئىدىم. باشقا شەھەرلىرىمىزدىمۇ بۇ تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ، پۈتۈن ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە بىرمۇ يەھۇدىي قالمىغانغىچە شۇنداق قىلىدۇرغان بولار ئىدىم!' دەيدۇ.“ _ ئا. ھ. ئى). بۇنىڭ ئۈچۈن يەھۇدىيلار ئاشكارە نارازىلىق بىلدۈرۈشكە جاسارەت

كۆرستەلەيدىغانلىكى ئېغىزلارنى تۈۋاقلاشقا ئۇرۇنماقتا دەيدۇ. ھىتلېر، نۇتقىدا يەھۇدىيلار ھەققىدە يوقۇرقىدەك شىكايەتلەر بىلەن بىرەر سائەتتەك توختالغاندىن كېيىنلا ئاندىن رەسمى تېمىسىغا ئۆتىدۇ: "بىزگە مەلۇمكى، بۈگۈن بېرلىندىن كېلىۋاتقان ئاتالمىش «جۇمھۇرىيەتنى قوغداش قانۇنى» دېگىنى پەقەتلا تەنقىتنى باستۇرۇش، كىشىلەرنى سۆزلەش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشنىڭ بىر تەدبىرى."117 شۇنىسى ئېنىقكى، سوتسىئالىزمچى ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئاغزىنى تۈۋاقلاش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، دەيدۇ. ئۇ، يەنە خەلقنى بىۋاستە زوراۋانلىق كۈچ ئىشلىتىشكە چاقىرىق قىلىدۇ. "شۇڭا، مەن بۇ نۇتقىمنى تاماملاشتىن بۇرۇن ئاراڭلاردىكى ياشلارغا مۇنداق يېڭى بىر ئىشقا ئاتلىنىشىنى ئۈمىت قىلىمەن. بۇنداق ئىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىمىزنى تەستىقلايدىغان ئالاھىدە باھانىلىرىمىز بار. بۇرۇنقى پارتىيە، ياشلىرىمىزنى سۆزلەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكىلا يىتەكلەپ كەلگەن بولسا، ئەندى مەن ياشلارنى جىسمانى كۈچىنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن چېنىقىشقا چاقىرىمەن. مەن سىلەرگە شۇنداق چاقىرىق قىلىمەنكى، خەلقنىڭ تەغدىرىنى تۈزەش يولىنى تاپالماي يۈرگەن ياشلار، ئەڭ ئاخىرقى چارىنى ئىشقا سالىدىغانلا بولىدىكەن، بۇ يولنى چوقۇم تاپالايدۇ. ئەگەر پەلسەپەلىك جەھەتتىكىلا تەتقىقاتلار ئىچىگە چۆكۈپ كېتىپ، پۈتۈن ۋاقتىنى كىتابقىلا بېرىۋېتىدىغان ياكى ئىسسىق ئۆچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ۋاقت ئۆتكۈزۈشنىلا ئويلىغىنىدا، بۇنداق بىر ياش، نېمىس بولۇش ھەققىگە ئىگە ئەمەس! سىلەرگە شۇنى چاقىرىق قىلىمەنكى، ھەممىڭلار ھۇجۇمچىلار ئەترىتىگە بېرىپ قوشۇلۇڭلار!"

ئۇ، ئەسكەرتىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ياشلىرىمىزنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىپە ھەقىقەتەنمۇ مۇشەققەتلىك، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بەلكىم ھېچ نېمىگە ئېرىشەلمەسلىكىڭلار، ئەكسىچە ھەممىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. "بىز بىلەن بىر سەپتە كۈرەش قىلىۋاتقان خەلقمۇ ھېچ قانداق بىر ئورۇنغا ئېرىشەلمەسلىكى، بولۇپمۇ قىلچىلىك ماددى مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن. ھەتتا دەل ئەكسىچە تۈرمىلەردە ئۆمۈر بويى چىرىپ يېتىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە رەھبەر بولماقچى بولىۋاتقان بىرسىدە چوقۇم ئېنىق بىر غايە بولىشى كېرەك. ئۇنداق بولماي، پەقەت بىرسىلىرىگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلىپلا بىرسىلىرىگە يىتەكچىلىك قىلىشنى ئويلىغان بولىدىكەن، ئۇنداق بىر رەھبەر ھېچ قانداق بىر ئىشقا ئەسقاتمايدىغان بىرى ھېسابلىنىدۇ." ھىتلېرنىڭ غايە ئۈچۈن جان پىدا قىلىش دېگەن بۇ چاقىرىقى يىغىن زالىدىكىلەرنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرىۋېتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ھەپتە جەريانىدا، ھىتلېر يېڭى قانۇنغا ئىزچىل تۈردە رەددىيە بېرىش ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللىنىدۇ. 16-ئاۋغۇست كۈنىگە كەلگەندە، ھىتلېر

كۆنگستراس مەيدانىدىكى ئاممۋى يىغىنىنىڭ رەسمى چولپانىغا ئايلانغان ئىدى. بۇ قېتىمقى يىغىلىش ئەسلىدە ”ۋەتەن بىرلىكسېپى“ تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر مىتىنگ بولۇپ، مىيۇنخېندىكى ھەر قايسى ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلارنىڭ بىرلىشىپ قاتنىششى بىلەن شەكىللەنگەن ۋېيمار ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى قانۇنىغا ئورتاق نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىنى ئىدى. ھىتلېر قاتارىدىكى كىشىلەر يىغىن مەيدانىغا كېلىشتىن بۇرۇن، يىغىن مەيدانى نىسبەتەن تىنچ ئىدى. تۇيۇقسىز، يىراقتىن ھاياجانلىق داقا-دۇمباقلىق، ناغرا-سۇنايلىق ئىككى ئوركېستېر ئۇمىگى مەيدانغا كىرىپ كېلىدۇ. كەينىدىنلا ئارقىسى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كىرىست بەلگىلىك يەڭلىك تاقىغان كىشىلەر رەتلىك قەدەملەر بىلەن يىغىن مەيدانىغا كىرىدۇ. ئۇلار ئالتى گۇرۇپپىلۇق ئەترەتلەر بولۇپ تىزىلىپ ”سوتسىئالىزم ئىشچىلار پارتىيىسى“ دېگەن 15 تال بايراقنى كۆتۈرۈپ كېلىشىدۇ. نەچچە مىنۇتقا قالماي مەيدان ھاياجانغا تولغان 15 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بىلەن لىق تولىدۇ!

ھىتلېر يىغىن سەھنىسى ئالدىدا پەيدا بولغىنىدا، مەيداندىن كۆتۈرۈلگەن ئالقىش سادالىرى ئۇنچە بەك كۈچلۈكمۇ ئەمەس ئىدى. ئادولف، نۇتۇق سەھنىسىدە بىر مىنۇت ئۈن-تىنسىز تۇرۇپ كېتىدۇ. ئاندىن نۇتقىنى باشلايدۇ. دەسلىۋىدە ئۇ نۇتقىنى بەكلا سىلىق باشلىغان بولۇپ، قىلچىمۇ ھاياجانلانماي سۆزلەيدۇ. يالقۇنلۇق مىللەتچىلەردىن بولغان كۇرت لۈدېك (ئۇ ئەسلىدە ھىتلېرنى شۇ كۈنى تۇنجى قېتىم كۆرىشى ئىدى) كېيىنچە شۇ كۈنكى مەنزىرىنى ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”سەل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى كىشىنىڭ ھېسسىياتىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، پەۋقۇلئاددە تەسىر پەيدا قىلىۋەتكەن ئىدى.“ ئەندى ئۇ ئىنتايىن ۋەھشى، باشقىلا قىياپەتكە كىرگەن بولۇپ، كىچىك ئىككى قولىنى تىنماي شىلتىپ سۆزلەيتتى؛ ئۆتكۈر كۈلرەڭ كۆك كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى؛ بىر تەرەپتىن كىشىلەرگە تەھدىت قىلغاندەك، يەنە بىر تەرەپتىن يالۋۇرغاندەك قىلىقلارنى قىلاتتى، دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، لۈدېكمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ھىتلېرغا مەھلىيا بولۇپ، خۇددى سېزىمىنى يوقاتقان، گىپنوزلانغاندەك ھالغا كېلىپ قالغان. ئاخىرىدا، ھىتلېر دېگەن بۇ ئەسەبىي ئادەم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇيۇقسىزلا تەڭداشسىز بىر ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمان، يەنە بىر لۇتېر بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ”ئۇنىڭ نېمىس ئەرلىرىدە قالدۇرغان تەسىرى، ئۇلارنى دەرھال قولۇڭلارغا قۇرال ئېلىپ ئاتلىنىڭلار دەۋاتقىنىدەك، خۇددى مۇتلەق ھەقىقەت دەپ تونۇلغان ئىنجىل ئايەتلىرىنى تەرغىپ قىلىۋاتقاندەك قاتتىق تەسىر پەيدا قىلىۋەتتى.“ شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر بۇ مەيداندا قارغۇلارچە ساداقەت كۆرسەتىدىغان يەنە بىر ئەگەشكۈچىگە ئېرىشىدۇ.

لۇدىك، شۇ كۈنى ئاخشىمى ھىتلېرنىڭ يەنە بىر قېتىملىق نۇتقىنى ئاڭلايدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن زىركۇس كروندا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىدى. نۇتۇق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، لۇدىك، بىرسى تەرىپىدىن ھىتلېرغا تونۇشتۇرىلىدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېرنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن، چىلىق-چىلىق تەر ئىچىدە قالغان ئىدى. ئۇنىڭ مۆرىسىدە ئاكوپلاردا كىيىدىغان يىرتىلىپ كىرلىشىپ كەتكەن ھەربىي پەلتو يېپىنچاغلىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، 118 لۇدىكنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەم، مىجەزى كەسكىن، غەيرەتلىك بىرسى بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئەتىسى، ئۇ ئۆز تەغدىرىنى قىلچە ئاياپ ئولتۇرماي پۈتۈنلەي ھىتلېرغا تاپشۇرىۋېتىدۇ. ئۇ ئىككىسى تۆت سائەتتەك ئەركىن پاراڭلىشىدۇ. ئاندىن، بىر-بىرسى بىلەن دەبدەبىلىك ھالدا قول ئېلىشىدۇ. ”مەن ئۇنىڭغا روھمۇ ئاتىۋەتكەن ئىدىم“ دەيدۇ لۇدىك.

6

«جۇمھۇرىيەت قوغداش قانۇنى» تۇغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر، شۇنىڭدەك ۋېيمار بىلەن باۋارىيە ئوتتۇرىسىدا كۆنسايىن چوڭقۇرلىشىپ بېرىۋاتقان ھالەت يەنە بىر سىياسىي ئۆزگىرىش پىلانىنى بىخلاندۇرماقتا ئىدى. سىياسىي ئۆزگىرىشنى نامىمۇ چىقمىغان مىيونخېنلىق سەھىيە كادىرى بولغان ئوتتو پىتتىڭگىر ئىسىملىك بىر دوختۇر قوزغاشنى پىلانلايدۇ. بۇ كىشى، نېمىس مىللىي سوتسىيالىزم ئىشچىلار پارتىيىسى بىلەن باشقا مىللەتچى تەشكىلاتلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ باۋارىيە ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئورنىغا سابىق باش مىنىستىر ۋون كاھرنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى تىكلەشنى پىلانلايدۇ.

شۇڭا، كۈرت لۇدىكنى، يەنى ھىتلېر يېقىندا ئۆزىگە قوبۇل قىلغان بۇ يىگىنى مورتىنى بېرلىن تەۋەسىگە بېرىپ ھەمكارلىشىش ئېھتىمالى بار مەخپىي سۈيقەستچىلەرگە ئەڭ ئاخىرقى يولىيورۇقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن يولغا سالىدۇ. لۇدىك گېرمانىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئايلىنىپ ”گېرمانىيىنىڭ پاۋۇل رىۋېر قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ“، مىللەتچىلەرنى ياتقان يېرىدىن تارتىپ تۇرغۇزىدۇ _ كېيىن باۋارىيىدە ھېچ قانداق بىر ھادىسە يۈز بەرمىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقىنىدىن كېيىن، پويىز ئارقىلىق مىيونخېنغا قايتىپ كېلىدۇ، _ بۇ ۋاقىت 1922-يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى، _ دەرھال ماشىنىلىق پىتتىڭگىرنىڭ شتابىغا كېلىپ بۇ دوختۇرنى تاپىدۇ. ”بۇ قانداق بىر سىياسىي ئۆزگىرىش؟“

دەيدۇ لۇدېك ئەيپلىگەن ھالدا. ئەمما "كۆز ئەينەكلىك ھاكاۋۇر" پىتنىگىر، لۇدېكقا پەرۋامۇ قىلماي مەرسەدېس ماركىلىق پىكاۋىغا ئولتۇرغىنىچە دەم ئېلىش ئۇچۇن ئالپىس تاغلىرىغا قاراپ يولىغا راۋان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ قوزغىلاڭ پىلانىمۇ ئۇن-تۇنسىز جىمىپ قالىدۇ. پەقەت سوتسىئالىزم ئىشچىلار پارتىيىسىلا بۇ ھەقتىكى تەييارلىقنى داۋام قىلدۇرىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ داھىيسى قورقۇپ يوشۇرۇنىۋالغان ئىدى. لۇدېك، ئاخىرى بىر بىنانىڭ ۋەيرانە بالكون قەۋىتىدە ھىتلېرنى تاپىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭغا يۇغان بىر بۆرى ئىت بىلەن مۇھاپىزەتچىسى گراف ھەمراھ ئىدى. لۇدېكقا "مەن تەييارلىقمنى پۈتتۈرۈپ بولدۇم. مېنىڭ ئادەملىرىممۇ تەييار! _ دەيدۇ ھىتلېر غەزەپلەنگەن ھالدا، _ بۈنىڭدىن كېيىن، مەن ئۆز ئالدىمغا يالغۇز ھەرىكەت قىلىمەن، دېگىنىچە ھېچكىم ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭماي ئۆزى يالغۇز قالسىمۇ بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىدىغانلىقنى ئېيتىدۇ، _ بۈندىن كېيىن پىتنىگېر دېگەندەك نەرسىلەرگە، ۋەتەن جەمئىيىتى دېگەندەكلەرگە يالۋۇرۇپ يۈرمەيمەن. مەن پەقەت بىرلا پارتىيىگە، ئۆزىمىزنىڭ پارتىيىسىگە تايىنىپلا بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن. ھەي شۇ كاتتا ئەپەندىلەر، شۇ كاتتا بايۋەتچىلەر بىلەن شۇ گېنېراللار _ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىكەن. بۇ ئىشنى ئۆزەم قىلىمەن، يالغۇز قىلىمەن!"

شۇ يىلىنىڭ باشلىرىدا، ھىتلېر، ئارتۇر مۆللېر ۋون دېن برۇك (بۇ كىشى «ئۇچىنچى ئىمپېرىيە» دېگەن بىر كىتاب يېزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى) قا مۇنداق دەپ ئېتىراپ قىلغان ئىدى: "مېنىڭدە سىزدە بار نەرسىلەردىن بىرسىمۇ يوق ئىكەن. سىز گېرمانىيىنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئۇچۇن روھى ئۇزۇق يارىتىپ كېلىۋاتىسىز. ئەمما مەن پەقەت قۇرۇق بىر دۇمباقچىمەن، مېنىڭ قولۇمدىن ئادەم توپلاشتىن باشقا ئىش كەلمەيدىكەن. شۇنداق بولغاچقا ئىككىمىز بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلساق قانداق؟" مۆللېرنىڭ لايىھىلىگىنى بىر خىل مىللىي سوتسىئالىستىك ئاپتونومىيە بولغاچقا، ھىتلېرنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىدۇ. كېيىن ئۇ بىر كەسپىدىشىغا "بۇ مەخلۇق ھەرگىزمۇ بۇ ئورگاننى قولغا ئالالمايدۇ. مەن ئۆزەمنى ئۆلتۈرىۋېلىشقا رازىمەنكى، ئۇنى ئىشخانامدا كۆرۈشنى ھەرگىزمۇ خالىمايمەن" دېگەن.

بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرىمىز دەپ پىتنىگېر تەرىپىدىن ئېزاغا قالدۇرۇلغان ھىتلېر، بۇ ئىشلاردا قەتئىي تۈردە ئۆزەم داھىي بولۇپ ئىش قىلىشىم كېرەك ئىكەن دېگەن تەجرىبىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئويغا كەلگەنلىكىدىن لۇدېك بەكلا خوشال بولىدۇ. شۇڭا ئۇ دەرھال پارتىيىمىز مۇسسولىنىنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلانسا قانداق دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە مۇسسولىن ئىتالىيىنىڭ داھىيسىغا ئايلىنىش يولىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ فاشىزم ھەرىكىتىمۇ ئەسلىدە بىر مىللەتچىلىك ھەرىكىتى، ھەمدە

سوتسىئالىزم ھەرىكىتى، بولشۇېكچىلىققا قارشى بىر ھەرىكەت ھېسابلىناتتى؛ ئۇنىڭ قارا كۆڭلەكلىكلەر پارتىيىسى يېقىندا راۋېننا بىلەن بىرگە ئىتالىيىنىڭ باشقا شەھەرلىرىنىمۇ قولغا ئالغان ئىدى.119 لۇدېك، ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىش مەقسىتىدە، ھىتلېرغا ۋاكالىتەن ئىتالىيىگە بېرىپ مۇسسولىنىنىڭ بىزگە پايدىلىق ئىتتىپاقداش بولۇشقا شەرتى توشامدۇ-توشمامدۇ، بىلىپ كېلىشكە تەييارمەن دەيدۇ.

مۇسسولىن گەرچە ھىتلېر دېگەن بىرسىنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغان بولسىمۇ، يەنىلا لۇدېكنى مىلانىدا قىزغىن كۈتىۋالىدۇ. ۋېرسايىل شەرتنامىسى بىلەن خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە مەسىلىلىرىدە ھىتلېرنىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، يەھۇدىيلارغا قارشى تەدبىر مەسىلىسىدە ئېنىق بىر نېمە دېمەي تىلىنى چايناپ تۇرىۋالىدۇ. لۇدېكقا بەكرەك ياققىنى، مۇسسولىنىدىن، ئەگەر ئىتالىيە ھۆكۈمىتى تەلىۋىگىزگە كۆنمىسە ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق ئىشلىتەرسىزمۇ دەپ سورىغىنىدا، مۇسسولىنىنىڭ بەكلا كەسكىن جاۋاب بېرىشى ئىدى: ”بىز بىر دۆلەت قۇرماقچىمىز. – دەيدۇ خۇددى بىر پادىشاھتەك قەتئىي تەلەپپۇزدا، ـ چۈنكى بۇ، بىزنىڭ غايىمىز.“

لۇدېك، ھىتلېرغا ئىتالىيە زىيارىتىدىن ھەۋەسلەنگەن ھالدا مەلۇمات بېرىپ، مۇسسولىن بىر قانچە ئاي ئىچىدىلا ئىتالىيىنى قولغا ئېلىشى مۇمكىندەك قىلىدۇ، دەيدۇ. ئۇ يەنە، فاشىزم بىلەن ناتسىستىزم ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشاشلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىدۇ. يەنى بۇ ئەقىدىلەرنىڭ ھەر ئىككىسىلا قىزغىن مىللەتچى ئىكەنلىكىنى، ھەر ئىككىسىلا ماركسىزم بىلەن پارلامېنتارىزمغا قارشى ئىكەنلىكىنى، ھەر ئىككىسىلا يېڭى تۈزۈم تىكلەش ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، بۇ ئىككىلا داھى بىر-بىرسىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى، ھەر ئىككىسىنىڭلا خەلق ئارىسىدىن كەلگەنلىكىنى، ئىككىسىلا جەڭ مەيدانىدا پىشىپ يېتىلگەن پىشقەدەم سەركەردىلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ھىتلېرنى ئەڭ بەك قىزىقتۇرغىنى، مۇسسولىنىنىڭمۇ قۇراللىق كۈچكە تايىنىپ ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالماقچى ئىكەنلىكى ئىدى. كېيىن لۇدېك ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: ”ھىتلېر قارا كۆڭلەكلىكلەرنىڭ بولشېۋىكلەشكەن شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇ يەرنى ئىگەللىۋالغانلىقىنى، شەھەر قوغداۋاتقان قىسىملار بىتەرەپ تۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، ھەتتا بەزى يەرلەردە مەردانىلارچە قارا كۆڭلەكلىكلەرگە تۇرىدىغانغا ياتاق ھەل قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭمۇ خىيالىغا بىر نېمە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.“ بۇ ئىش، جاسارەت كۆرسىتىلىدىغانلا بولىدىكەن تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدى!

ھىتلېرمۇ، مۇسسولىن قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىنىڭ تۈرتكىسى ھەمدە باۋارىيە تەۋەسىدىكىلەرنىڭ ئۇنى بارغانسىرى كۆچلۈك ھىمايە قىلىش نەتىجىسىدە، شۇ يىلى كۈزدە قۇراللىق كۈچىنى كۈرستىشكە بەل باغلايدۇ. ئۇ، يۇقىرى باۋارىيىدىكى كوبۇرگ دېگەن كىچىك بىر شەھەرنى قوزغىلاڭ باشلاش نوقتىسى قىلىپ تاللىۋالىدۇ. بۇ شەھەر مىيۇنخېننىڭ شىمالدا 160 مىل يىراقلىقتىكى بىر يەر ئىدى. شۇ كۈنىسى، شۇ يەرلىك بىر قانچە ئامىۋىي جەمئىيەتلەر پائالىيەت تەشكىللەپ "گېرمانىيە كۈنى" نى تەبرىكلىمەكچى بولىۋاتقان ئىدى. بۇ تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق مېھمىنى كوبۇرگ گېرتسوگى بىلەن گېرتسوگ خانىمى ئىدى. ئۇلار ئىككىسىلا ئاشكارە مىللەتچى بولۇپ، گېرتسوگ خانىم يەنە كېلىپ مەرھۇم رۇسىيە ئاق پادىشاھىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئۇلار ھىتلېرنى "بىر قانچە ھەمراسى" بىلەن بىرگە كېلىپ بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. يولغا چىقىشتىن ئاۋال ھىتلېر بۇ مۇراسىمغا تەكلىپ قىلىنىشىنى كەلگ مەنىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. 1922-يىلى 14-ئۆكتەبىر (شەنبە كۈنى) چۈشتىن بۇرۇن، ئالتە يۈزگە يېقىن ئېس-ئاچىلار بىلەن بىرلىكتە (كۆپ قىسمى يول كىراسىنى ئۆزلىرى چىقىرىدۇ) مەخسۇس پويىز بىلەن مىيۇنخېندىن يولغا چىقىدۇ. ئېس-ئاچىلارنىڭ ھەر بىرسى ئىككى كۈنلۈك يەيدىغىنىنى يېنىغا ئېلىپ خۇددى بايرامغا ماڭغاندەك 42 كىشىلىك ئوركېستىر مۇزىكىسىنىڭ رېتىمغا ماسلاشتۇرۇپ ماڭغىنىچە پويىزغا چىقىدۇ.

بۇ كىشىلەر قىزغىن كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن ساياھەتكە چىققاندەك خوشال سەپەر قىلىشىدۇ. ھەتتا ھىتلېر ئولتۇرغان ۋاگوندىمۇ بايرام مەنزىرىسى بار ئىدى. ھىتلېر بىلەن بىرگە كامىردا جەمئى يەتتە كىشى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭ يېقىن ئادەملىرى، ئوڭ-سول قول ياردەمچىلىرى ئىدى: يەنى بۇ كىشىلەر سابىق ئون بېشى (ماكس ئامان)، چېلىشچى (گراف)، ئات سودىگىرى ھەم قاۋاقخانا قوغدىغۇچىسى (كرىستىيان ۋېبېر)، سابىق كوممۇنىست ھەم بروشۇر يازغۇچىسى (ئېسېر)، ئارختېكتور (روزېنبېرگ)، يازغۇچى (ئېكارت) ۋە ئۆزىنى ماجىراچى دەپ ئاتىۋالغان بىرسى (لۈدېك) قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە لۈدېكنى بەكرەك قىزىقتۇرغان ئىككى كىشى بار بولۇپ، بىرسى خوشخۇي مىجەزلىك ئېكارت بولۇپ، "بۇ كىشىنىڭ قابىلىيىتى بىلەن بىلىمى ھەممىنى تالاڭ قالدۇراتتى؛" ئۇنى قىزىقتۇرغانلاردىن يەنە بىرسى بولسا روزېنبېرگ دېگەن مۇز چىراي بىرسى ئىدى. بۇ ئادەم شۇنداق ھۇمىيىپ تىكىلىپ تۇرۇۋالغۇمۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ كىم يوقتەك بۇتتەك قاراپ ئولتۇراتتى.120

پويىز تېخىمۇ كۆپرەك ئادەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن نيۇرېمبېرگدا يېرىم سائەتتەك تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئوركېستىر يەنە بىر قېتىم مۇزىكا باشلايدۇ. پويىزدىكىلەرمۇ

ۋارقىراشقىنىچە پەنجىرىدىن كىرىست بايراقلىرىنى چىقىرىپ لەپىلدىتىشكە باشلايدۇ. تاماشا كۆرگۈچىلەر بۇ كەلگەنلەرنىڭ قايسى سىرىك ئۇمىگى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كېلىپ پويىزنى ئورىۋېلىشىدۇ. يان يولدا توختىغان يەنە بىر پويىز ۋاگونىدىكى يەھۇدىيلار، كرىست بەلگىلىك بايراقلارغا قاراپ چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھىتلېرنىڭ شەخسى شوپۇرلىقىنى قىلىدىغان جولىئوس شرېك "دەرھال يەھۇدىيلار ئارىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ ئۇلارنى بىر مۇنچە ئەدەپلەپ" قىزىق ئويۇن چىقىرىپ بېرىش بىلەن بۇ يەردىكى قىزىقچىلىقلار ئاخىرلىشىدۇ.

پويىز كوبۇرگ ئىستانسىسىغا كىرگىچە ئېس-ئاچىلارنىڭ سانى 8 يۈز گە يەتكەن ئىدى. ھىتلېر سۇرلۇك قىياپەتتە پويىزدىن چۈشىدۇ. ھىتلېر، بۇ يەردىكى سوتسىئالىزمچىلار بىلەن كوممۇنىزىمچىلارنىڭ سانى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ شەھەرنى جەڭ مەيدانى قىلىپ تاللىۋالغان ئىدى. ھىتلېر بۇ يەردە خۇددى مۇسسولىنغا ئوخشاش ئۇلارنى لاگېرلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. تېخى ئەندىلا ئىككى يىللىق باۋارىيىلىككە ئايلانغان كوبۇرگ خەلقى، بۇ كىشىلەرنىڭ ۋارقىراپ-جاقىراشقىنىچە كاناي-سۇنايلىرىنى چېلىشىپ قىزىل بايراقلارنى لەپەڭشىتىپ ھىتلېرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ سەھنىگە چىقىپ كېلىشىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشىدۇ. ئوركېستىر مارشقا چېلىشقا باشلىشى بىلەن تەڭ، ئېس-ئاچىلار مارشقا دەسسىگىنىچە شەھەر ئىچىگە كىرىپ كېلىدۇ. ئەڭ ئالدىدا 8 نەپەر قىسقا خۇرۇم ئىشتانلىق باۋارىيە پالۋانلىرى قولىدا تۆمۈر زىخلىق ھاسسا، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قىزىل ۋە قارا بايراقلار سەپ بولۇپ كېلەمەكتە ئىدى. ھىتلېر بولسا 7 نەپەر ھەمرايى بىلەن بايراقلىقلارنىڭ كەينىدىن پىيادە ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ كەينىدە بايىقى 8 يۈز كىشىلىك ئېس-ئاچىلار قوشۇنى قوللىرىدا شالاڭكا ياكى خەنجەر، رېتىملىك قەدەملەر بىلەن ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۈچىسىدا ئۆڭۈپ كەتكەن ياماق چۈشكەن كۆلرەڭ ھەربى فورما، يەنە بەزىلىرى ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كېيىشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىردىن-بىر ئورتاق بەلگىسى سول بىلىكىدىكى كرىست بەلگىلىك يەڭلىكى ئىدى. ھىتلېرنىڭ قىياپىتىمۇ باشقىلاردىن قىلچە پەرقى يوق ئىدى. بىرلا ئوخشىمايدىغان يېرى، ھىتلېر ھەربى پەلتو كىيىۋالغان بولۇپ، بېلىنى تاسما بىلەن چىڭ باغلىغان، بېشىدا قالپاق، پۇتىغا موزاي تېرىسىدە غەلتە بىر ئۆتۈك كىيىۋالغان ئىدى.

بىر توپ ئىشچى ئىككى تەرەپتىن ئۇلارغا ئېتىلىپ كېلىپ "قاتىللار! بۇلاڭچىلار! دېڭىز قاراقچىلىرى! جىنايەتچىلەر!" دەپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ. ئەمما ناتسىستلار قوشۇنى ئۇلارغا پەرۋايى پەلەك، تەكشى قەدەملەر بىلەن يولىنى داۋام قىلىۋېرىدۇ. يەرلىك ساقچىلار بۇ

نامايىش قوشۇننى شەھەر مەركىزىدىكى خوفبراۋخاۋس پىۋىخانىسىغا باشلاپ بېرىپ ئىشكنى سىرتىدىن قۇلۇپلىماقچى بولغاندا، ھىتلېر ئادەملىرىنى ئاتىش مەيدانىدا چۇشكۈن قىلىمەن دەپ چېلك تۇرىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئېس-ئاچىلار قايتىدىن داقا-دۇمباقلار بىلەن دۇشمەنلىك كۆزى بىلەن قارىشىپ تۇرغان شەھەر خەلقىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ شەھەر سىرتىغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ چاغدا تۇخۇمەك تاشلار ئۇلارنىڭ بېشىغا يامغۇردەك يېغىشقا باشلايدۇ؛ ھىتلېر قامچىسىنى بىرلا ئويىنىتىشۇدى ئېس-ئاچىلار دەرھال شلانكا توخماقلار بىلەن تاش ئاتقان كىشىلەر توپىغا ئېتىلىپ بېرىپ باش-كۆزلىرىگە ئۇرۇشقا باشلايدۇ. كىشىلەر توپى ئۇركۈپ چېكىنىشكە باشلىغاندىن كېيىن قوشۇن ئالغا ئىلگىرلەشنى داۋام قىلىدۇ. نامايىشچىلار قوشۇنى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بىلەن بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمنى چېكىندۇرگەن ئەسكەرلەردەك مەغرۇر قەدەملەر بىلەن ئىلگىرلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى ئەڭ مەغرۇر ھېساپلىغىنى بۇ سىناقتىن ئۆتكەنلىكىدىن خوشال بولۇپ كەتكەن لۇدېك ئىدى. ئۇ، تۆۋەن تەبىقە كىشىلەر ئارىسىدىن ئورۇن ئالالىغانلىقىدىن مەغرۇر ئىدى. "كىيىملىرىنىڭ سۆپىتى قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، كىشىلەر قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنلەر چوقۇم مېنىڭ كېيىمىنى تىككەن تىككۈچىنىمۇ كەچۈرۈم قىلدى ھەقچان."

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، يەنى يەكشەنبە كۈنى، سولچىل ئۇنسۇرلار ئاممۇي نامايىش قىلىپ، "ناتسىستلارنى قوغلاپ چىقىرايلى!" دەپ شۇئار توۋلىشىدۇ. بۇ نارازىلىق نامايىشىغا قاتناشقانلارنىڭ سانى تەخمىنەن ئون مىڭ كىشىگە يېتەتتى. ئۇلار مەيدانغا يىغىلىدۇ. ئەمما ئۆكتىچىلەر قوشۇنى سان جەھەتتىن بەكلا ئۈستۈن بولۇپ ھىتلېرنىڭ پىلاننى ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋېتىش خەۋپى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ، "بىر ھۇجۇم بىلەنلا قىزىللار تېررورچىلىقىنى مەڭگۈلۈك بېسىقتۇرىۋېتىش" قا غەيرەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ ۋاقىتقىچە كۆپىيىپ بىر يېرىم مىڭ كىشىگە يەتكەن ئېس-ئاچىلار قوشۇننى يان يوللار بىلەن مەيداندىن ئايلاندۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ كوبۇرگ شەھەر قەلئەسىگە قاراپ ئىلگىرلىتىدۇ. چۈش ۋاقتىدا، ھىتلېر ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ئەترىتىنى باشلاپ مەيدانغا يېتىپ بارغىنىدا، مەيداندا ئارانلا نەچچە يۈزدەك ئۆكتىچىنىڭ بارلىقىنى كۆرىدۇ. ئالدىنقى كۈنى، شەھەر خەلقى پىيادىلار يولىدا تۇرۇپ ئۈن-تىنسىز نارازىلىق قاراشلىرى بىلەن ئېس-ئاچىلارنىڭ پارات قىلىپ ئۆتىشىنى كۆزىتىشكەن ئىدى. بۈگۈن بولسا، خەلق دېرىزىلىرىگە يۈزلىگەن ئىمپىرىيە بايرىقىنى ئېسىشقان ئىدى.121 يىل بويىدا قاتار تىزىلغان دوستانە كۆرۈنۈشتىكى خەلق، غەلىتە بەلگىلەرنى تاقاشقان مىللەتچى سوتسىئالىزم پارتىيىسى ئەزالىرىنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتىۋالىدۇ. ئۇلار قىزىللارنىڭ كوبۇرگ شەھىرىنىڭ بارلىق

چوڭ-كىچىك كوچىلىرىدىكى ھاكىممۇتلەقلىقىگە خاتىمە بەرگۈزگەن كىشىلەر بولغاچقا، بۈگۈن ئۇلار قەھرىمانلار قاتارىدا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. "مانا بۇ بۇرجۇئازلارنىڭ تىپىك ئۆلگىسى. _ دەيدۇ ھىتلېر يېنىدا كېتىۋاتقانلارغا، _ خەۋپ يېقىنلاشقاندا قورقۇپ قاچىدىغان، ئىش تۈگىگەندە پو ئېتىشىدىغان خاراكتېر، بۇرجۇئازىيىنىڭ تىپىك مىجەزى!"

كوبۇرگ ھىتلېرغا شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، ئۇنىڭ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە مۇسسولىنىدىن قېلىشىدىغان يېرى يوق ئىدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە، مۇسسولىنى يەنە بىر ئۆلگە تىكلەپ بېرىدۇ: 28-ئۆكتەبىر كۈنى، مۇسسولىنىنىڭ قارا كۆڭلەكلىكلىرى رىمغا قاراپ پىيادە يۈرۈش قىلىپ (مۇسسولىنى ئۆزى پويىزلىق)، بۇ شەھەرنى ئىگەللىۋالىدۇ. ئارىدىن 4 كۈن ئۆتكەندە، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدەك، ئېسىر ھىتلېرنىڭ تونۇشتۇرغۇچىسى سۈپىتى بىلەن خوفبراخاۋستىكى زىياپەت زالىدا "گېرمانىيىنىڭ مۇسسولىنى _ بىزنىڭ ھىتلېرىمىز!" دەپ ئېلان قىلىدۇ.122

## 5.شەپقەتسىز ۋە مېھرىبان

## 1922~1923

1

ھىتلېر، 1922-يىلىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئۆز ئەتراپىغا تولۇق سىنىپلارغا مەنسۇپ كىشىلەرنى يىغىشقا كىرىشىدۇ. بۇ كىشىلەر بىر-بىرسىدىن بەكلا كۆپ پەرق قىلاتتى. ئەمما بۇ كىشىلەر بىر-بىرسىدىن بەلگىلىك پەرق قىلىپ تۇرسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئاساسەن ھىتلېرغا ئوخشاش مىللەتچىلىكنى ھىمايە قىلىدىغان، ماركسىزم دېسە دەرھال سۆر باسىدىغان كىشىلەردىن ئىدى. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئىككى نەپەر لىيوتچىكمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى ھېرمان گيۆرىڭ دېگەن كىشى ئىدى. بۇ كىشى بۇرۇن بىرىنچى دەرىجىلىك كۆرەش ئايروپلان لىيوتچىكى، ئاتاغلىق "رىچتوفىن ئۇچقۇچىلار ئۆمىكى" نىڭ ئەڭ ئاخىرقى كوماندىرلىرىدىن بىرى ئىدى؛ يەنە بىرسى رۇدولف ھېس بولۇپ، بۇ كىشى ئۇرۇشنىڭ باشلىرىدا ھىتلېر تۇرغان پولكنىڭ بىر ئوفىتسېرى ئىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ئاۋىئاتسىيە لىيوتچىكى بولغان. گەرچە بۇ كىشىلەرنىڭ ھەر ئىككىسىلا ھاللىق ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى

بولسمۇ، ھىتلېرنى گېرمانىيىنىڭ تەغدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بىردىن-بىر ئادەم دەپ قاتتىق ئىشىنەتتى. ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرى، مىجەز-خاراكتېرلىرى بىر-بىرىدىن تۈپتىن پەرق قىلاتتى.

گېۆرىڭ بەكلا يېقىملىق مىجەزلىك، ئۆزگىچە ھەيۋەتلىك تۇس بېرىشكە ئامراق، ئوچۇق مىجەزلىك، چىقىشقاق، ھەممە ھەر دائىم دوستلىرىنى باشقۇرۇپلا يۈرىدىغان بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى رايونلۇق سوتچى بولغان، كېيىن بىسمارك تەرىپىدىن ئىمپېرىيىنىڭ غەربىي جەنۇبى ئافرىقا ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن؛ ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن بولۇپ، 8 پەرزەنت كۆرگەن ئىدى. گېۆرىڭ باللارنىڭ كەينىدىن ئىككىنچىسى ئىدى. گېۆرىڭ ئەسلى بىر ئىلمى خادىم بولۇشقا قارىماي كەسپىگە بەك قىزىقمايدىغان، پۈتۈن قەلبى بىلەن ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بىرسى ئىدى. ئۇ روھانىي ئاتىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ "پروسسىيە خانلىق ياشلار قوشۇنى" غا قېتىلىپ، جەڭلەردە نام چىقارغان، 27 قېتىم ھاۋا ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ئەڭ يۇقىرى ھەربىي مېدال ـ "تۆھپىكار مېدالى" غا ئېرىشكەن بىرسى ئىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شۋېتسىيە ئاۋاتسىيە شىركىتىنىڭ ئۇچقۇچىسى بولدۇ. گېۆرىڭ نىكاھلىق كارىن ۋون كانتزوۋ دېگەن بىر ئايال بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشىدۇ. كارىنىنىڭ ئاتىسى شۋېتسىيە ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدىن كەلگەن بىرسى بولۇپ، ئاپىسى ئېرلاندىيىلىك بىر ھاراق زاۋۇتى كاپىتالىست ئائىلىسىدىن ئىدى.123 كارىن ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى پۈتتۈرۈشى ھامان گېۆرىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. گېۆرىڭ، ئەسلىدە شۋېتسىيىدە ماكانلىشىپ خاتىرجەم تۇرمۇش كۆچۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇ، "ۋېرسايىل نومۇسىنى تازىلاش، مەغلۇبىيەت نومۇسىنى تازىلاش، پروسسىيە قەلبىنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئۆتكەن دانزىك كورىدورىنى قايتۇرۇۋېلىش" نىلا ئويلاپ، گېرمانىيىگە قايتىپ كېتىش ئارزۇسى ئىچىدە پۇچۇلماقتا ئىدى. ئۇ، ميۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئوقۇشقا كىرىپ، تارىخ پەنلىرى بىلەن سىياسەتشۇناسلىقنى ئۆگىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئەمەلى سىياسەتكە بەكرەك قىزىقاتتى. شۇڭا ئۇ، جەڭ مەيدانلىرىدا چېنىقىپ چىققان ئوفىتسېرلار ئىچىدىن ئۆز ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. "ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى، بۇ ئوفىتسېرلار ياتقىدەك بىرەر جاي تېپىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشىۋاتقىنىدا، 'ھۇ دۆت كالۋالار! ـ دېدىم مەن يىغىندىكىلەرگە، ـ سىلەرچە، شۇنچە چېنىققان بىر ئوفىتسېر ياتقىدەك بىرەر كارىۋاتلىق يەرمۇ تاپالماسمۇ؟ چىرايلىق بىرەر قىز بىلەن بىرگە ياتىدىغانغىمۇ بىرەر ئورۇن تاپالماسمۇ؟ ھۇ ئاناڭنى ...، ئالدىمىزدا قىلىدىغانغا شۇنچە كۆپ ئىش تۇرۇغلۇق مۇزاكىرىگە قويغان نەرسەڭلار شۇمىدى سىلەرنىڭ؟' ـ قايسى بىرسى يۈزىنى

پۇرۇشتۇرۇشۇدى ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى قويدۇم. كۆپچىلىك بۇنىڭدىن قاتتىق بىر كۈلۈشۈپ كەتتى. يىغىنمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.“ شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىنقىلابى پارتىيە قۇرۇپ رەھبەرلىك قىلىش ئارزۇسىغىمۇ خاتىمە بېرىدۇ. 1922-يىلى كۈزدىكى بىر قېتىملىق مىتىنگتە، گيۆرىڭ ئەگەشكىدەك ھەقىقى رەھبەردىن بىرنى تېپىۋالىدۇ. بۇ مىتىنگ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ گېرمانىيىدىن ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىشىغا نارازىلىق كۆرسىتىش مەقسىتىدە كۆنىگسپلاتز مەيدانىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر قېتىملىق ئاممىۋي يىغىن بولۇپ، مىتىنگتە ھەر قايسى پارتىيە-گۇرۇھ ۋەكىللىرى كەينى-كەينىدىن سەھنىگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئارقىدىن، خەلق ئاممىسى نۇتۇق سۆزلىشىنى تەلەپ قىلىپ ”ھىتلېر، ھىتلېر!“ دەپ قاتتىق ۋارقىرىشىدۇ. قىزىق، ئەسلىدە ھىتلېرمۇ دەل گيۆرىڭ بىلەن كارىن ئىككىسىنىڭ يېنىدىلا بىر يەردە تۇرغان ئىكەن (ئۇ ئىككىسى يىل بېشىدا توي قىلىۋالغان ئىدى). دەل شۇ پەيتتە، گيۆرىڭ، ھىتلېرنىڭ ”مەن بۇ قولغا كۆندۈرۈلگەن بۇرجۇئازىيە دېگىز قاراقچىلىرىغا نۇتۇق سۆزلەشنى ھەرگىز خالىمايمەن“ دېگىنىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. شۇ چاغدا، ھىتلېرنىڭ ئۇچىسىدا ھەربى پەلتو، بېلىدە كەمەر بار ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىكى نېمىدۇ-بىر نەرسە گيۆرىڭنى ئۆزىگە تارتقاندەك قىلىدۇ. شۇڭا، گيۆرىڭ بېرىپ نيۇمان ئۆز كوچىگە تايىنىش رېستورانتىدا ئۇلارنىڭ بىر قېتىملىق پارتىيە يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. ”مەنمۇ ئۆزەمنى بىلىپ زالنىڭ كەينى بىر يەردە ئولتارغان ئىدىم. ئىسمىدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا يىغىندا روزېنبېرگ بار ئىدى. ھىتلېر نېمە ئۈچۈن مىتىنگدە سۆزگە چىقمىغانلىقنى چۈشەندۈرۈپ سۆزلەۋاتاتتى: ئۇلاردەك ئۇنداق سىلىق-سىپايە سۆزلىسەڭ، فرانسۇزلارنىڭ خاتىرجەم ئۇخلىشىغىمۇ دەخلى قىلالمايسەن. شۇڭا سەن تەھدىت سېلىۋاتقان كۈچكە نەيزە سانچىلغاندەك كۈچلۈك سۆز قىلالىشىڭ كېرەك، دەيدۇ. شۇنداق، مانا بۇ گەپلەر مېنىڭ ئارزۇيىمدىكى گەپلەر ئىدى. ئۇنىڭ قۇرماقچى بولىۋاتقان پارتىيىسىمۇ گېرمانىيىنى قۇدرەت تاپتۇرالايدىغان، ۋېرسايىل شەرتنامىسىنى پاچاقلاپ تاشلىيالايدىغان بىر پارتىيە بولىشى كېرەك ئىدى. توغرا، _ دېدىم ئىچىمدە، _ مانا مۇشۇنداق بىر پارتىيىلا ماڭا مۇۋاپىق كېلىدۇ! يوقالسۇن ۋېرسايىل شەرتنامىسى! ئاناڭنى، مانا بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى پارتىيە ئىكەن!“

گيۆرىڭ پارتىيە مەركىزىگە كىرىپ پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماس جەدۋىلىنى توشقۇزىدۇ. بۇنداق بىر ئۇرۇش قەھرىمانىنىڭ شۇنچە ۋەيرانە بىر ئىشخانىدا پەيدا بولىشى ھەقىقەتەنمۇ ھەممىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر ۋەقە ئىدى. گيۆرىڭ شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، ”دېگەندەك، بىرسى ماڭا، ھىتلېر دەرھال سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.“ سالاپەتلىك كۆرۈنۈشلۈك گيۆرىڭنى ھىتلېر بىر كۆرۈپلا قايىل بولىشى

ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەم، چاقناپ تۇرغان سۇزۇك كۆزلۈك، ئىگىز بويلۇق، ئاق قىزىل تەنلىك شىمالى ياۋروپالىق بىرسى ئىدى. "ھىتلېر ماڭا، مەن ئېس-ئاچلار ئەترىتىگە مەسئۇل بولىدىغانغا ئادەم تاپالماي يۈرگىنىمنىڭ ئۈستىگە كىرىپ كەلدىڭىز، بۇ ھەقىقەتەنمۇ تەلەي ئىشى، دېدى" دەيدۇ گيۆرىڭ. ئۇلار ئۇنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى بىرەر ئايدىن كېيىن ئېلان قىلساق سىزچە قانداق، دەپ سورىۋىدى، گيۆرىڭ ئالدىرىغىنىچە دەرھال ئىشقا كىرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنى مەشىق قىلدۇرۇش ئىشىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ، بۇ ئەترەتنى رەسمى بىر ھەربى قوشۇن شەكلىدە تەربىيىلەشكە كىرىشىدۇ. "سىلەر بىر ئارمىيە! _ دېدىم مەن ئۇلارغا، _ سىلەر ئۆزەڭلارنى رەسمى بىر ئارمىيە دەپ تونۇڭلار!"

بىر قارىماققا، گيۆرىڭ ھەقىقەتەنمۇ تولۇق بىر نېمىس ھېساۋلىناتتى. شۇنداقتىمۇ ھىتلېرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئالغاندا ئۇنى يەنىلا بىر ئىرقچى دېيىشكە بولمايتتى. ھەتتا ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ بىر مۇنچىسى يەھۇدىي ئىدى. گيۆرىڭنىڭ نېمىس مىللەتچى سوتسىئالىزم ئىشچىلار پارتىيىسىگە كىرگەنلىكى بۇ پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىگە ئەمەس بەلكى ئىنقىلابى ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىغا قىزىققانلىقىدىن بولغان ئىدى. "باشقا پارتىيىلەرمۇ ئىنقىلابى پارتىيىلەر بولغاچقا،124 خالىغان بىر پارتىيىگە كىرەلىشىم مۇمكىن ئىدى" دەيدۇ گيۆرىڭ. ئۇ ئەسلىدە، بىرەر ئەمەلىي ھەرىكەتكىلا قىزىقىدىغان، ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشقا قىزىقىدىغان بىرەر تەشكىلات بولسىلا ئۇنى جەلىپ قىلىۋېرەتتى. ھىتلېرغا لازىم بولغىنىمۇ دەل شۇنداق بىرسى ئىدى. گيۆرىڭ، ئوفتسېر جۇنكېر ۋە باشقا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرى بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋىتى بار بىرسى بولۇپلا قالماي، يەنە نامايىش ۋاقىتلىرىدا، يىغىنلاردا كۆز-كۆز قىلىدىغانغىمۇ لايىق بىرى. زوروۋر تېپىلغاندا بەزى رەھبەرلەر بىۋاستە تەنقىتلەنسىمۇ ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلارغا پەرۋايى پەلەك ئىدى.

ئەمما رۇدولف ھېسنى گيۆرىڭغا زادىلا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ھېس مىسىرنىڭ ئىسكەندەرىيە پورتىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتىسى توپ مال ساتقۇچى ۋە ئېكسپورت قىلغۇچى پۇللۇق چوڭ سودىگەر ئىدى. ئاتىسى ئوغلىنى ئۆزىگە ۋارىسلىق قىلىپ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ھېس ئىلمى خادىم بولۇش يولىنى تاللىۋالىدۇ. ئۇ دەسلىۋىدە باد گودېسبېرگ ياتاقلىق مەكتىۋىدە ئوقۇيدۇ. كېيىن شۋېتسىيىدە سودا سانائەت ئالى مەكتىۋىگە ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇرۇش ئۇنى ئوقۇشنى يېرىم يولدا توختىتىپ ئۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى پەقەتلا خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇمۇ خۇددى گيۆرىڭغا ئوخشاش ميۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ تارىخ، ئىقتىسات ۋە سىياسىي جوغراپىيە

بىلىملىرىنى ئوقۇيدۇ. ئۇمۇ ”نويابىر جىنايەتچىلىرى“ تەرىپىدىن سېتىۋېتىلدۇق دەپ قارايدىغانلاردىن بىرى بولغىنى بىلەن، بۇ جەھەتتە ئۆز ئەقىدىسىدىكى ئىنقىلابى ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىش ئورنىغا ”تۇلپ جەمئىيىتى“ گە ئەزا بولىۋالىدۇ. ئۇ نامايىشلارغا قاتنىشاتتى، كوچىلاردا مىتىنگلەردە نۇتۇقمۇ سۆزلەپ قوياتتى (بەكلا تارتىنچاق بولىشىغا قارىماي يەنىلا كىلىشتۈرۈپ نۇتۇق سۆزلەپ قوياتتى). ”ئەركىن كورپۇس قىسمى“ نىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن باۋارىيە سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۆرىشىگىمۇ قاتناشقان ئىدى.

گيۆرىڭغا ئوخشاش رۇدولفمۇ داھى ئاختۇرۇپ يۈرگەنلەردىن بىرى ئىدى. ئۇنىۋېرسىتېت تىكى ۋاقتىدا ئۇنىڭ يازغان «قانداق بىر داھى گېرمانىيىنى بۈيۈكلۈككە پارلاق كۈنلەرگە يېتەكلىيەلەيدۇ؟» تېمىلىق دېسسېرتاتسىيىسى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىدى. ھېس ئۇ ماقالىسىدا، بۇنداق بىرسى چوقۇم كۈچلۈك مۇستەبىت بىرسى بولىشى، شۇئاردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولىشى، كوچىلاردا نامايىش تەشكىللىيەلەيدىغان، خەلق ئاممىسىنى كۈشكۈرتەلەيدىغان بولىشى كېرەك؛ بۇنداق بىرسى چوقۇم خەلق ئارىسىدىن كەلگەن، ئەمما خەلق ئاممىسى بىلەن قىلچىمۇ ئورتاق نوقتىسى يوق بىرسى بولىشى كېرەك؛ بۇنداق بىرسى خۇددى باشقا ئۇلۇغ كىشىلەرگە ئوخشاش ”ساغلام خاراكتېرلىك“ بولىشى، ”قان تۆكۈلۈشتىن قورقۇپ تۆكۈلۈۋالىدىغان بولماسلىقى؛ بارلىق ھەق-ناھەق ئىشلارنى تۆمۈر مۇشتۇمغا تايىنىپ قانلىق ھەل قىلىش تەرەپتارى بولىشى كېرەك،“ بۇنداق مەقسەتكە يېتىشى ئۈچۈن ”ئۆزىنىڭ دوستلىرىنىمۇ دەسسەپ ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان“ بولىشى، قىلچە يۈز-خاتىرە قىلىپ ئولتۇرماي قانۇن ئىجرا قىلالايدىغان، ”ئېھتىياتچان بولۇش بىلەن بىرگە يەنە سەزگۈرلۈك بىلەن“ خەلق ۋە دۆلەتكە جانلىق مۇئامىلىدە بولۇشنى بىلىدىغان، زۆرۈر تېپىلغاندا ”ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ تۇيۇقى بىلەن ئۇلارنى چەيلەپ ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان“ بولىشى كېرەك، دەپ تەسۋىرلەپ بەرگەن ئىدى.

ھېس، ھىتلېردا بۇ غايىۋى داھىلىق ئالامەتلىرىنىڭ بارلىقىنى سېزىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېرنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى، يېقىن دوستى سۈپىتىدە بىر يىلدىن بېرى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھېس يەنە بىر ئادەمگىمۇ خۇددى شۇنداق ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئىدى. بۇ كىشى گېنېرال كارل خاۋشوفېر ئىسىملىك بىرسى بولۇپ، ئايالى يەھۇدىي ئىدى. بۇ گېنېرال ھەربى مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسى بىلەن توكيو ئەلچىخانىسىدا ئۈچ يىلدەك تۇرغان بولۇپ، ياپونچىنى سۇدەك بىلەتتى. 1911-يىلى ياپونىيىدىن گېرمانىيىگە قايتىپ كەلگەن. بۇ گېنېرال ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاسىيا ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ كەلگەن؛ ئۇ، بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش ياكى

يىمىرىلىشى ئۇ دۆلەت تېزگىنلەپ تۇرغان زېمىنىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە باغلىق دەپ قارايدىغان بىرسى ئىدى. دۇنيا ئۇرۇشى ئۇنىڭ بۇ قارىشىنىڭ بىر ئىسپاتى ھېسابلىناتتى. گېرمانىيىنىڭ قورشاۋغا چۈشۈپ قالغانلىقى، تىنىق تارتالماس ھالغا چۈشۈپ قېلىشى، ئاخىرى بېرىپ ئۇرۇش مەغلۇبىيىتىدىن ئىبارەت نومۇسقا مەھكۇم بولۇشىنىڭ تۈپكى سەۋەبى، دەل بۇ دۆلەتنىڭ ھاياتلىق ماكانىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن كەلگەن دەپ قارايتتى. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن، بۇ گېنېرال ميۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي جۇغراپىيە پروفېسسورى بولۇپ دەرس بېرىدۇ. ئۇ، ئوقۇغۇچىلىرىغا، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىن-بىر ئامىلى ئۆزىنى ئۆزى قامدىيالايدىغان بولۇشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن گېرمانىيە ئۆزىنى ئۆزى قامدىيالايدىغانلا بولۇپ قالماي (خەلق ئىگىلىكىدە مۇستەقىل بولۇش بىلەنلا قالماي)، يەنە يېتەرلىك ھاياتلىق ماكانىغىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك دەپ تەكىتلەپ كۆرسىتەتتى. ھېس، پروفېسسور خاۋشوفېر بىلەن ھىتلېر ئىككىسىنىڭ دېگەنلىرىگە تولۇق قايىل ئىدى. شۇڭا بۇ ئىككىسىنىڭ بىر-بىرسىگە چىڭ يۇغۇرۇلۇپ كېتىشىنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئۇلار ئىككىسىنىڭ زىچ ھەمكارلىشالىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىدا بىر توساق بار ئىدى: پروفېسسورنىڭ ئايالى بىر يەھۇدىي سودىگەرنىڭ قىزى ئىدى. ھېس گەرچە ئىرقچىلىق نەزەرىيىسىگە بويى سۇنىدىغان بىرسى بولسىمۇ، قەلبىدە ئادىمىلىك گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان ھېسسىياتچان بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن، 125 بىر تەرەپتىن پروفېسسورغا چىن قەلبىدىن ئەقىدە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئايالىغىمۇ باشقىچە قاراشتا بولۇشنى خالمايتتى.

ئۇ كۆنلەردە ھېس تازا روناق تېپىۋاتقان ۋاقتلىرى بولۇپ، بىر تەرەپتىن كىچىك پېيىل بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنداق باش-باشتاق رەھىمسىزلەردىنمۇ ئەمەس ئىدى. گەرچە ئۇ، جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە كوچىلاردا قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغان ھەمدە مۇكاپاتلانغان ئىلمىي ماقالىسىنىمۇ قان پۇراپ تۇرىدىغان مەزمۇنلار بىلەن يېزىپ چىققان بىرسى بولسىمۇ، بەربىر ئۇنداق رەھىمسىز جاللات مىجەز بىرسىمۇ ئەمەس ئىدى. ھېس كىتاب بىلەن مۇزىكىنى بەكلا ياخشى كۆرىدىغان، بۇ جەھەتتە قاتتىق مۇنازىرىلىشىپمۇ كېتىدىغان بولغىنى بىلەن، قەھۋەخانا-چايخانىلاردىكى مۇنازىرىلەردىمۇ ئۇنى پات-پاتلا ئۇچرىتىشقا بولاتتى. ھەتتا ئۇمۇ ھىتلېر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئەنە شۇنداق پىۋىخانىلاردىن بىرى بولغان خوفبراۋخاۋۇس ئۇرۇش جەدەللىرى ئارىسىدا ئاڭلاپ بىلگەن ئىدى. ئۇ ئات يۈزلۈك، قويۇق قارا قاشلىق، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان، ئىنچىكە لېۋىنى ھەر دائىم چىڭ يۇمۇپ يۈرىدىغان، ”يېقىن دوستلىرىنىڭمۇ ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىشكە تەييار“ كەسكىن بىرسى ئىدى. ھېس، مىيىقىدا كۈلگەن ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ ھەققىي

قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ قويىاتتى ـ شۇنداق چاغلاردىلا ئىنتايىن ئەقىللىق ۋە سەزگۈر، رەسمى غايىلىك ياش بىرسى بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئىلسە ھېس (ئۇ چاغلاردا ئىلسە پرۆھىل دەپ ئاتىلاتتى) شۇ ۋاقىتلارنى ئەسلەپ كېلىپ، "بەكلا ئاز كۈلىدىغان، تاماكا چەكمەيدىغان، ھاراق ئىچمەيدىغان بىرسى ئىدى.

ئۇرۇش مەغلۇب بولۇپ تۇرۇغلۇقمۇ يەنىلا نومۇس قىلماي ئۇسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئېچىپ يۈرىدىغانلارنى كۆرسە پەقەتلا چىدىمايتتى." ئۇنى پىششىق تونۇيدىغان كىشىلەردىن باشقا، ھەر قانداق بىرسى ئۇچۇن ھېس ھەقىقەتەنمۇ سىرلىق ھېسابلىناتتى. ئۇ، غايە ئۇچۇن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىۋەتكەن ئىدى. ئەمەل تۇتۇشقا پەقەت قىزىقمايدىغان، ئۆزىنى ھىتلېرغا پۈتۈنلەي ئاتىۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە جەھەننەمگە كىرىشكىمۇ تەييار ئىدى.

جۇلىئۇس ستىرېيچېر دېگەن بىرسىمۇ ھىتلېرغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغانلاردىن بىرى ئىدى. يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ھېس بىلەن گېيۆرىڭ ئىككىسىلا فۇھرېرگە قارىغاندا بەكلا ئاجىز ئىدى. ئەمما ستىرېيچېر زەھەرلىك تىلدىن پايدىلىنىش جەھەتتە ھىتلېردىن بەكلا ئېشىپ كېتەتتى. بۇ كىشى بەكلا جىدەلخور، دۈغلاق ۋە پاكىنەك، تاقىرباش، قاپان باش، سالپاڭ قۇلاق بىرسى بولۇپ، كىشىگە بەكلا قوپال كۆرۈنەتتى. ئۇ، مەيلى دەستىخان ئۈستىدە ياكى ياتقىدا بولسۇن، بەكلا ئىشتەيلىك، قارنىغا ئامراق ئىدى. ئۇ بەزىدە بەكلا تېز كۆڭۈل، يېقىملىق بولۇپ كۆرۈنسە، يەنە بەزىدە بەكلا ۋەھشى، بەكلا تەرسا بىرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى. بۇ ئادەم قىلچە قىينالمايلا كۆڭلى يېرىملىقتىن بىراقلا رەھىمسىز بىر مەخلۇققا ئايلىنالايتتى. ئۇمۇ خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش جامائەت ئارىسىدا كۆرۈلۈشى ھامان چوقۇم قولىدا قامچىلىق يۈرەتتى. ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ قامچا تۇتۇپ يۈرىشى بىر-بىرسىدىن تۈپتىن پەرق قىلاتتى. ھىتلېر قامچىسىنى خۇددى يىتلەپ يۈرگەن ئىتىنىڭ تاسمىسىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ يۈرگەنىدەك قامچا سېپىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزىۋېلىپ يۈرەتتى. ئەمما ستىرېيچېر قامچىسىنى ئۇياق-بۇياققا شىلتىپ ھەيۋە قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ستىرېيچېر ياش ۋاقتىلىرىدا "يەھۇدىيلارغا قارشى كىتاب ۋە بروشۇرلار بىلەن لىق تولدۇرۇلغان سومكىسىنى مۈرىسىگە ئېسىۋېلىپ تەرەپمۇ-تەرەپ چېپىپ يۈرەتتىكەن." ئۇنىڭ پۈتۈن نۇتۇقلىرى ھەسەتخورلۇق پۈرىقىغا تولغان بولاتتى. ئۇ سىياسى دۈشمەنلىرىگە ئەڭ پاسكىنا تىللار بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى. بۇ ئادەم يەھۇدىيلار، ئارىيانلارغا قارشى سۈيىقەست پىلانلاپ يۈرىدۇ دەيدىغان گەپلەرگە قەتئىي ئىشىنىدىغان بىرسى بولغاچقا، ئۇنىڭ تىلى چەكسىز تىل-ئاھانەتلىك سۆزلەر بىلەن تولغان بولاتتى.

ئۇمۇ كېيىپ مىللەتچى سوتسىيالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ.

1922-يىلى، بۇ پارتىيىنىڭ نيۇرېمبېرگ ياچېكىسى قۇرۇلىشى بىلەن تەڭ، ستىرېيچېر، يەھۇدىيلارغا مەخسۇس قارشى تۇرىدىغان «ئاتاكىچىلار» دېگەن بىر گېزىت چىقىرىشقا كىرىشىدۇ. بۇ گېزىت خۇددى ۋېيىنادا نەشرى قىلىنغان، ئۆز ۋاقتىدا ياش ھىتلېرغا قاتتىق تەسىرىنى يۇقتۇرۇپ زەھەرلىگەن «شەرق يۇلتۇزى» دېگەن ژۇرنالغا قارىغاندا ھاقارەت قىلىش بىلەن زەھەرخەندىلىك جەھەتلەردە كۆرىنەرلىك ئالغا كەتكەن ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ گېزىت ھىتلېرنىڭ نۇرغۇنلىغان مورتلىرىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر مەنبەگە ئايلىنىدۇ. گەرچە ھىتلېر سېرىق ئەدەبىياتلارغا قاتتىق ئۆچ بىرسى بولغانلىقى سەۋەبلىك ستىرېيچېرنىڭ چەكلىمىسىز شەھۋەتپەرەسلىكنى توغرا تاپمىسىمۇ، بۇ غەلىتە مورتىنىڭ قۇتۇراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن پارتىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنىماي جىدەللىشىشلەرگە يەنىلا بەكلا ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇنىڭدەك، ھىتلېر يەنە ستىرېيچېرنىڭ تولۇپ تاشقان زېھنى كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ئەسەبىلەرچە ساداقىتىگە قاراپ ئۇنىڭدىن يەنىلا مەمنۇن ئىدى. ھىتلېر بۇ ئادەم ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”دېيترىك ئېكارت ماڭا نۇرغۇن قېتىم ستىرېيچېرنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان بىرسى بولغىنى بىلەن نۇرغۇن تەرەپلەردىن بەكلا غەلىتە ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتقان ئىدى. ئۇ يەنە ماڭا، ئەگەر بىز ستىرېيچېردەك بۇنداق كىشىلەرنى قوللاپ بەرمىگىنىمىزدە، مىللىي سوتسىئالىزم ھەرىكىتىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس دەيتتى.“ ھەقىقەتەنمۇ ستىرېيچېر «ئاتاكىچىلار» گېزىتىدە بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپمۇ چىقارغان ئىدى.126 بۇنداق ۋاقىتلاردا ھىتلېر، كۈتۈلمىگەن جاۋاپلارنى بېرەتتى: ”بەزىلەر، ستىرېيچېر يەھۇدىيلارنى قارىلاشتا بەكلا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتتى دېيىشىدىكەن. ئەسلىدە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، يەھۇدىيلار تېخىمۇ پەسكەش، تېخىمۇ ۋەھشى نەرسىلەر بولۇپ، ستىرېيچېرنىڭ بەرگەن باھالىرىدىن مىڭ ھەسسە رەھىمسىز.“

ھىتلېرنىڭ يېقىنلىرى ئەنە شۇنداق ئادەملەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. ئۇنىڭ قوزغىغان ھەرىكىتى جەمئىيەتنىڭ بارلىق تەبىقىلىرى بىلەن چەمبەر-چەست باغلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، ھەر تۈرلۈك كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىيالىغان ئىدى. يەنى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا زىيالىيلار، كوچا نوچىلىرى، ھەر تۈرلۈك غەلىتە كىشىلەر، غايىلىق ئادەملەر، سەرگەندارلار، ياللانما ئەسكەر كوماندىرلىرى، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغانلار ۋە ئىنتىزامغا بويى سۇنمايدىغانلار، ئەمگەكچىلەر ۋە ئاق سۆڭەكلەر قاتارىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا تېپىلاتتى. بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەدەپ-قائىدىلىك بولسا، يەنە بەزىلىرى رەھىمسىز زوراۋان كىشىلەر ئىدى؛ بەزىلىرى لۈكچەك ۋە ھورۇن، يەنە بەزىلىرى ئاق كۆڭۈل ئىشچان كىشىلەردىن تەشكىل تاپاتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ

بەزىسى يازغۇچى، رەسسام، مەدىكار، دۇكاندار، چىش دوختۇرى، ستۇدېنت، ئەسكەر، ھەتتا پوپ ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تەسىرى ھەممە يەرگە تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلى ھەممە ساھەدىكى كىشىلەرنى سىغدۇرالايتتى. يەنى خۇددى ئېكارتقا ئوخشاش زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارلىرىنى سىغدۇرالىسا، يەنە رۆمغا ئوخشاش بەچچىۋازلارنىمۇ سىغدۇرالايتتى. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇچۇن ھىتلېر دېمەك، ھەممە دېمەك بولاتتى. شۇنىڭدەك يەنە يەھۇدىيلارغا، ماركسىزمغا قارشى كىشىلەر بىلەن گېرمانىيىنى گۈللەندۇرۇش ئۇچۇن كۈرەش قىلالايدىغان بارلىق كىشىلەرنى پارتىيىسى ئەتراپىغا توپلاشقا ھەر دائىم تەييار تۇراتتى.

”مېنىڭ ئەڭ خوشال كۈنلىرىم دەل شۇ كۈنلەر ئىدى. ــ دەيدۇ ھىتلېر ئارىدىن 19 يىل ئۆتكەن بىر قېتىم كېچىسى، ئۇ قاتتىق ھاياجان ئىچىدە شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ ئىنتايىن خوشال ھالدا شۇ ۋاقىتلاردا ئۇنى ھىمايە قىلغان كىشىلەر ھەققىدە سۆزلەپ كېتىدۇ، ــ مەن بۇگۈن، شۇ ۋاقىتلاردىكى بەزى كىشىلەرنى تونۇيالمىسىز ئۇچرىتىپ قالسام بەكلا ھاياجانلىنىپ كېتىمەن. ئۇلار مېنى ھەققەتەنمۇ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلغان ئىدى. ئۇ كۈنلەر ھەققەتەنمۇ ھاياجانلىق كۈنلەر ئىدى. كىچىك بىر يايىمچىمۇ كېلىپ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ، ’ھىتلېر ئەپەندىگە بىر قانچە تال تۇخۇم بولسىمۇ سوغات قىلىۋالسام‘ دېيىشىپ كېتەتتى. ... مەن بۇ تۆردىكى سەممىي سادىق كىشىلەرنى راستىنلا بەك ياخشى كۆرىمەن.“

مورتلىرى ئارىسىدىكىلەردىن بەزىلىرى ھەرقانچە پەسكەش كىشىلەر بولسىمۇ ھىتلېر ئۇنىداقلاردىن پەقەتلا ئىچى پۇشمايتتى. بەلكىم ۋىيېننادىكى بېشىدىن ئۆتكەن شۇ پاجىئەلىك كۈنلەرنىڭ خاتىرىسى ئۇچۇنلا پارتىيە مەركىزى ئورنى ئۇچۇن كورنېلىيۇس كوچىسىنى تالىلىۋالغان دېيىش مۇمكىن. پارتىيە مەركىزى قىلىپ تالىلىۋالغان بۇ يەر خېلىلا ئازادە بىر يەر بولۇپ، ئۇ يەر نامراتلىق دەردىدە ياتقىدەك بىرەر يەرنىڭ غىمىدا قالغان كىشىلەرگە زىمىستان سوغۇق قىشنى چىقىرىۋېلىشقا قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىپ تالىلانغان ئىدى. “قىش كېلىشى ھامان، ــ دەيدۇ فىلىپ بوۋھلېر ئەسلەپ كېلىپ، ــ كۈتۈۋېلىش زالى ئىشىسىز پارتىيە ئەزالىرى بىلەن پارتىيىنى ھىمايە قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ ئىسسىنىش ماكانىغا ئايلىنىپ قالاتتى. بۇ كىشىلەر ئۇ يەردە ۋارقىراپ-جارقىرىشىپ قەرت ئويناپ، ۋاقىتنى بەكلا كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشەتتى. بۇ ۋاراڭچۇرۇڭلۇق ئىچىدە ئۆزەڭنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالماي قالىسەن. تاقىلىش ۋاقتىدا بۇ يەرگە مەسئۇل قىلىنغان كرىستىئان ۋېبېر ئۇلارنى قامچىلاپ يۈرۈپ ئاران قوغلاپ چىقىراتتى.“

## 2

1922-يىلى كۈز ئايلىرىدا، ئادولف ھىتلېرنىڭ پائالىيەتلىرى ئىنتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭمۇ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىغان ئىدى. ئامېرىكىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى "توختىماي كۈچلىنىپ بېرىۋاتقان، ئۆزلىرىنى مىللەتچى سوتسىيالىزمچىلار ھەرىكىتى دەپ ئاتىۋالغان ھەرىكەتنىڭ قانچىلىك كۈچى بارلىقىنى مۆلچەرلەپ كېلىش" ۋەزىپىسى بىلەن بېرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانا مۇئاۋىن ھەربى ئەمەلدار كاپىتان ترۇمان شمىدتنى ميۇنخېنغا ئەۋەرتىدۇ. بۇ كىشى يالې ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ۋېست پويىنت ھەربى مەكتىۋى (ئامېرىكا غەربىي ھەربى ئىنستىتۇتى _ ئۇ.ت) نى پۈتتۈرگەن ئالاھىدە مەلۇماتلىق بىرى ئىدى. ئۇنىڭغا يەنە، بېرىپ ھىتلېر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ "ئۇنىڭ مىجەز-خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى، قابىلىيىتى ۋە ئاجىزلىق تەرەپلىرى ھەققىدە مۆلچەرلەپ كېلىش" نى ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭدەك شمىدت يەنە نېمىس مىللەتچى سوتسىيالىزم ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى، ئىستىقبالى ھەققىدىمۇ تەكشۈرۈپ كېلىشى كېرەك ئىدى. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، شمىدت، بىرەر ئامالىنى قىلىپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاپ تېپىپ كېلىشى لازىم ئىدى: "باۋارىيە تەۋەسىنىڭ گېرمانىيىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل دۆلەت بولۇش ئېھتىمالى بارمۇ-يوق؟ ميۇنخېندا يەنە بىر قېتىملىق كومپارتىيە قوزغىلىڭى پارتلاش خەۋپى بارمۇ-يوق؟ ھىتلېرنىڭ سوتسىيالىزمچى ئىشچىلار پارتىيىسى باۋارىيە ھاكىمىيىتىنى تارتىپ ئېلىش ئېھتىمالى بارمۇ-يوق؟ 127 باۋارىيىدە تۇرۇشلۇق دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسى 7-دىۋىزىيىسى گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىگە سادىق بىر ئارمىيىمۇ ياكى بېرلىن بىلەن باۋارىيىگە ئايرىم-ئايرىم ساداقەت كۆرسىتىش ئېھتىمالى بارمۇ؟ ئەگەر ئوڭچىلار ياكى سولچىلار توپىلاڭ چىقارسا ياكى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ قالغىدەك بولسا بۇ دىۋىزىيە كۈچىدىن پايدىلىنىپ باستۇرۇش ئېھتىمالى بارمۇ-يوق؟"

كاپىتان شمىدت، 15-نويابىر چۈشتىن بۇرۇن ميۇنخېنغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ مارىيېنباد مېھمانخانىسىغا جايلاشقاندىن كېيىن، دەرھال لېدېرېر كوچىسىغا جايلاشقان ئا ق ش كونسۇلخانىسىغا بېرىپ كونسۇل ۋاكالەتچىسى روبېرت مۇرفى بىلەن كۆرۈشىدۇ. 28 ياشلىق مۇرفى (بۇ كىشى كېيىن بېلگىيە باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلىنىدۇ) شمىدتقا باۋارىيىنىڭ يېڭى باش مىنىستىرى "ئۇنچە بەك كۈچلۈك بىرسى ئەمەس، ... ئۇنى سابىق باش مىنىستىر كاھرنىڭ "قولىدىكى بىر ئويۇنچۇقلا دېيىش مۇمكىن" دەيدۇ. بۇ كونسۇل

يەنە مۇنداق دەيدۇ: سوتسىئالىزمچى ئىشچىلار پارتىيىسى تېزلىكتە كۈچىيىپ بارماقتا، بۇ پارتىيىنىڭ داھىيسى بولغان كىشى گەرچە ”قارام، تەۋەككۈلچى“ بولغاندەك قىلسىمۇ، ئۇ كىشىنى يەنىلا ”نارازىلىق كۈچلىرىنى قېزىپ چىقىرىۋاتقان“ ساپ نىيەتلىك ئادەم دەپ قاراشقا بولىدىغانلىقىنى، ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم باۋارىيەلىكلەرنىڭ كۆڭلىنى ياخشى بىلىدىغان بىرسى ھېسابلانسىمۇ، ”گېرمانىيە مىللەتچى ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلالىغىدەك قابىلىيىتىنىڭ بار-يوقلۇقىغا ھازىرچە بىر نېمە دېمەك تەس“ لىكىنىمۇ قوشۇمچە قىلىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە، شمىدت قۇرۇغلۇق ئارمىيە قوماندانلىرى بىلەن، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى بىلەن، ۋارىس شاھزادە رۇپپرېچت (بۇ ئادەم ھەققەتەنمۇ قابىلىيەتسىز ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بەزى سىياسىي كۈچى بولۇشى ئېھتىمال) بىلەن، يەنە بىر لىبىرال گېزىت تەھرىرى بىلەن ۋە ماكس ئېرۋىن، ۋون شېۋبنېر رىچتېر (بۇ ئادەم نېمىس ئىرقىدىن بولۇپ، بالتىق دۆلەتلىرىدىن قېچىپ كەلگەن بىر مۇساپىر ئىدى. ئۇ ئايالىنىڭ كىنەزلىك سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ يۇرگەن بىرسى) قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ چىقىدۇ. شېۋبنېر رىچتېر دېگەن بۇ ئادەم روزېنبېرگنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرسى بولۇپ، باشتىن تارتىپلا ھىتلېرغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ كىشى شمىدتقا مۇنداق دەپ كاپالەت بېرىدۇ: پارتىيىنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى مەيدانى ”پۇتونلەي تەشۋىقات مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر ئىش دەپ بىلسىڭىز بولىدۇ.“ شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەم شمىدتنى پارتىيىسىنىڭ يېڭى مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ پارات مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلىدۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى مېھمانخانىدىكى ياتىقىدا ئولتۇرۇپ ”ھەققەتەنمۇ ھەشەمەتلىك بىر يىغىلىش ئىدى. _ دەپ يازىدۇ شمىدت كۈندىلىك خاتىرىسىگە، _ مەن بۇنداق بىر مەنزىرىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن، 1200 نەپەر قاۋۇل يىگىت كونا ئىمپېرىيە بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، بىلەكلىرىگە كرېست بەلگىلىك قىزىل يەڭلىكلەرنى تاقاپ، مۇراسىم قەدەملىرى بىلەن پارات قوبۇل قىلىۋاتقان ھىتلېرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. پارات قوبۇل قىلىش تاماملانغاندىن كېيىن، ھىتلېر بىر نۇتۇق سۆزلىدى. ... ئاندىن 'يەھۇدىيلارغا ئۆلۈم!' دېگەندەك بىر قانچە شۇئار توۋلىدى. كىشىلەر توپى پۈتۈنلەي ئۆزىنى يوقاتقىنىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەنتەنە قىلىشاتتى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق ھاياجانلىق بىر مەنزىرىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.“

شمىدت، ئەتىسى شەنبە كۈنى لۇدېندورف بىلەن ئۆيىدە سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ گېنېرال، بۇرۇن ئۇنىڭ ”ئاۋال رۇسىيىدە بولشېۋىكلار تارمار كەلتۈرۈلگىنىدىلا ئاندىن

گېرمانىيىدىكىلەرنى يوقۇتۇشقا بولىدۇ" دەپ ئويلايدىغانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر چوقۇم ماركسىزم بىلەن تاقابىل تۇرالايدىغان كۈچلۈك بىر ھۆكۈمەتنى قوللىشى شەرت، ... بۇنداق بىر ھۆكۈمەت ھەرگىزمۇ قالايمىقانچىلىق ئىچىگە پېتىپ قالغان مەۋجۇت پارلامېنت شارائىتى ئاستىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھۆكۈمەت بولماسلىقى كېرەك. ... بۇنداق ھۆكۈمەتنى ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرگە تايىنىپلا تەشكىللەش مۇمكىن. ... فاشىزم ھەرىكىتى ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ ئۈزۈكسىز ئۇيغۇنلۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ..." مۇسسولىنى گېرمانىيىنىڭ مىللىي ئىشلىرىغا ھەققەتەنمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

شىمىدت، دۇشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە شىۋبنېر رىچتېر بىلەن كۆرۈشكەن يەردە ھىتلېر بىلەنمۇ كۆرۈشىدۇ. سۆھبەت زالى "شۇنچىلىك ئاددى ئىدىكى، بۇنچە قۇرۇق بىر يەرنىڭ يىغىن زالى بولۇشىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگىسى كەلمەيتتى؛ بۇ يەر خۇددى نيۇيوركتىكى ئەبجەغى چىقىپ كەتكەن ئىجارە ئۆيلەرنىڭ ئارقا مېھمانخانا ئۆيلىرىدىن قىلچە پەرقى يوق ئىدى." بۇ كۆرۈشۇشتىن كېيىن، شىمىدت كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ باش تەرىپىگىلا مۇنۇ سۆزلەرنى يازىدۇ: 128 "مەشھۇر ئۆكتۇچى پارتىيە داھىيسى. مەن بۇنچىۋالا تەلۋە، شۇنىڭدەك يەنە بۇنچە غەرەز ئۇقىدىغان بىرسىنىڭ مۇلاھىزىسىنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن دەپ ئېيتالايمەن. بۇنداق بىر ئادەمنىڭ يىغىن ئاممىسىنى تىزگىنلەش تۇتۇش قابىلىيىتى چوقۇم تەڭداشسىز بولسا كېرەك. ... ھىتلېر ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى 'جىسمانى ۋە ئەقلى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ماركسىزمغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى' دەپ تەرىپلىدى. ئۇ يەنە 'ئەگەر بولشېۋىكچىلارنى باستۇرماقچى بولىدىكەنمىز، ھازىرقىدەك كاپىتالغا قارىتا ھاقارەت قىلىشلار قەتئىي توختۇتۇلىشى؛ پارلامېنت تۈزۈمى ئىبلىپ تاشلىنىشى شەرت؛ پەقەت مۇستەبىتچىلىكلا گېرمانىيىنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزالايدىغان بىر تۈزۈم بولالايدۇ' دەيدۇ." شىمىدت خاتىرىسىگە "بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ماركسىزم بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلماقچى بولىدىكەن، بۇنداق بىر جەڭنى ئا ق ش ياكى ئەنگلىيە تۇپراقلىرىدا قانات يايدۇرغاندىن گېرمانىيە تۇپراقلىرىدا قانات يايدۇرۇش تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. شۇنداق بولغىنىدا، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىگە تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. ئەگەر بىز (ئامېرىكا) گېرمانىيىنىڭ مىللەتچىلىرىنى قوللىمايدىكەنمىز، بولشېۋىكچىلار چوقۇم گېرمانىيىنى بوي سۇندۇرىۋالىدۇ. ئۇ چاغدا، ئۇرۇش چىقمىنى تۆلەش دېيىدىغان مەسىلىمۇ مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بۇ چاغدا روسىيە بىلەن گېرمانىيە بولشېۋىكچىلىكى ئۆزىگە بەكلا تەمەننا قويۇپ، چوقۇم غەرب ئەللىرىگە ھۇجۇم قوزغۇشى مۇمكىن."

هىتلېر يەنە باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى ئېغىزغىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ. كېيىن، بۇ مەسىلىنى شىمىدتنىڭ ئۆزى كەسكىن بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇپ سوئال قويىدۇ. هىتلېر بۇ مەسىلە ھەققىدە ”بىز پەقەت ئۇلارنىڭ گىراژدانلىق ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئىجتىمائىي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىلا تەشەببۇس قىلىمىز“ دېگەن جاۋابى بىلەن شىمىدتنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايدۇ. شىمىدت بۇ قاراشقا ئۆيدىن، گېرمانىيە سىياسىي سەھنىسىدە هىتلېر ئىنتايىن مۇھىم بىر ئامىل ئىكەن دەپ قەتئىي ئىشەنچ بىلەن ئايرىلىدۇ. هىتلېر 22-نويابىر كۈنى نۇتۇق سۆزلەيدىغان بولىدۇ. بۇ يىغىن ئۆچۈن شىمىدت يىغىنغا كىرىش بېلىتىدىن بىرنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ، كۆتۈلمىگەندە بېرلىنغا چاقىرتىلغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ يىغىنغا قاتنىشىش بېلىتىنى بىرسى ئارقىلىق ئېرنىست خانفىستايىنگلغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىدۇ. خانفىستايىنگىل دېگەن بۇ ئادەم ئېگىز بويلۇق، ئۇرۇق ئىنچىكە ئىگەكلىك، غەلىتە مىجەزلىك بولۇپ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بىرسى ئىدى. خانفىستايىنگىل، هىتلېر دېگەن بۇ مەخلۇققا زېھىن سېرىپ قىلىپ نۇتۇقتىن چىقارغان خۇلاسىسىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈشنى خالارمۇ؟ ”پەرىزىمچە، ئۇ بەكلا مۇھىم رول ئوينىشى مۇمكىن. _ دەيدۇ شىمىدت، _ سەن بۇ كىشىنى مەيلى ياخشى كۆر ياكى كۆرمە، ئۇ نېمىنى خالاپ، نېمىنى خالىمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان بىرى ئىكەن.“

شىمىدتنىڭ خانفىستايىنگىلنىڭ ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىگە شۇنچە ئىشەنچ قىلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، بۇ ئادەمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بەكلا ئالاھىدە ئىكەنلىكى ئىدى. خانفىستايىنگىلنىڭ ئاپىسى ئەنگىلىيىنىڭ داڭلىق يېڭى ئائىلىلىرىدىن كېلىپ چىققان، يەنى لودىۋىكلار جەمەتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى؛ خانفىستايىنگىلنىڭ بوۋىلىرىدىن ئىككىسى جەنۇب-شىمال ئۇرۇشى دەۋرىدىكى گېنېراللاردىن بولۇپ، ئۇلاردىن بىرسى يەنە كېلىپ لىنكولننىڭ ئادىيوتانتى بولغان ئىكەن. خانفىستايىنگىللار جەمەتىدە ئىككى نەپەر كىشى ساكس-كوبۇرگ-گوتا كىنەزلىكىدە مەخپىي مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولۇپ، ئۇلار يەنە كېلىپ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى مەھلىياسى ۋە بۇ جەھەتتىكى مۇھىم خېرىدارلاردىن ئىدى. بۇ جەمەتتىكىلەر ميۇنخېندا ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتىنى ئاچقان، شۇنىڭدەك نەپىس گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن داڭق چىقارغان كىشىلەر ئىدى. خانفىستايىنگىلمۇ گۈزەل سەنئەت ۋە مۇزىكا مۇھىتى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى لىلى لېھمان، ۋىلھېلم بۇش، ساراسات، رىچارد ستراۋۇس، فېلىكس ۋېينگارتنېر، ۋىلھېلم باكخاۋۇس، فرىدتجوف نانسېن ۋە مارك تۋايىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇچرىشىش سورۇنى

ھېسابلىنناتتى. ئۇمۇ ھەقىقەتەن ئۇستا پىيانىست ھېسابلىنناتتى. باۋارىيىدىكى داغلىق سالونلاردا كىشىلەر ئۇنىڭ پىيانو پەدىلىرى ئالدىدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان 6.4 غېرىچ گەۋدىسىنى پات-پاتلا كۆرۈپ قالاتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا "ۋىجىك بالا" دەپ بويىنىڭ تەتۈرسىچە لەقەم قويۇۋېلىشقان ئىدى.

يەنە شۇ 22-نويابىر كۈنىسى، خانفىستايىنگىل تراموايغا ئولتۇرۇپ كىندىلكىللىر رېستورانتىغا كېلىدۇ. بۇ رېستورانت L ھەرپى شەكلىدىكى چوڭ بىر رېستورانت بولۇپ، رېستورانت ئىچى ئادەملەر بىلەن مىغىلداپ تۇراتتى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئارىسىدا ئاز ساندا پىنسىيىگە چىققان ئوفىتسېر ۋە ئۇششاق ئەمەلدارلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەرمۇ بار بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ياشلار بىلەن ئىشچىلار ئىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر باۋارىيىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى كىيىپ كەلگەن ئىدى. خانفىستايىنگىل مۇخپىرلار تەۋەسىدىن بىرەر تونۇشۇم بارمىدۇ دەپ شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ بىرەر تونۇش تاپالمايدۇ. شۇنچە قاراپ ھىتلېرنىڭ نەدە ئولتۇرغانلىقىنىمۇ تاپالمايدۇ. بۇ چاغدا بەختكە يارىشا مۇخبىرلاردىن بىرسى ئۇنىڭغا سەھنىدىكى ئۈچ كىشىنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۈچەيلەننىڭ پاكار بويلۇقى ماكس ئامان؛ 129 كۆز ئەينەك تاقىغىنى ئانتون درېكسلېر بولۇپ، ئۈچىنچىسى ھىتلېر ئىدى. ھىتلېر تېز تاپانلىق بەكلا قوپال ھەم ئېغىر ئۇزۇن قونچلۇق ئاياق كىيىۋالغان بولۇپ، ئۈچىسىغا كىراخماللانغان ئاق ياقىلىق قارا كىيىم كىيىۋالغان ئىدى. خانفىستايىنگىل ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭ خىيالىغا بۇ قىياپەت قايسى بىر پوېيز ئىستانسىسىنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەيدىغان يوگۇر-يېتىمچىنىڭ قىياپىتىگە ئوخشايدىغانلىقى كېلىدۇ. ئەمما درېكسلېر شۈبھىسىزكى، ھىتلېرنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇپ ئىنتايىن ئىشەنچىگە تولغان ھالدا تېزلىكتە مۇخپىرلارنىڭ يېنىغا ماڭغىنىدا "ئېنىقكى، ئۇ بىر پۇخراچە كىيىنگەن ئەسكەر" دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ چاغدا قۇلاقنى يارغۇدەك ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ھىتلېر سەھنىگە چىقىپ ئىككى پۇتىنى كېرىپ، قولىنى كەينىچە قوشتۇرۇپ، خۇددى پوستتا تۇرۇۋاتقان بىر ئەسكەردەك تىك تۇرىدۇ. ئۇ، تەمكىن بىر شەكىلدە ئىنتوناتسىيىلىك ئاۋازى بىلەن ئۆتكەن بىر قانچە يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر قۇر ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئاندىن ئۇستىلىق بىلەن گېپىنى ھۆكۈمەتكە بۇرايدۇ. ئەمما ئۇ مازاق قىلىدىغان ياكى تەنقىتلەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتمەيدۇ. ئۇ ۋەقەلىكلەرنى ئەدەپ-قائىدىلىك يوقىرى سەۋىيىلىك نىمىسچە بىلەن ئىنتايىن تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ تىلى ئارىلاپ ۋىيېننا شىۋىسىگىمۇ كېتىپ قالاتتى. ئۇنىڭدىن ئون نەچچە فۇد نېرىسىدا ئولتۇرغان خانفىستايىنگىل ھىتلېرنىڭ

سەممىلىك چاقناپ تۇرغان كەھرىۋا رەڭلىك كۆزلىرىدىن بەكلا قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىدۇ. "ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سەممىي راستچىللىق روھى چاقناپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چارىسىزلىقى بىلەن سۆزسىز يالۋۇرۇشىنىمۇ كۆرىۋېلىشقا بولاتتى." ئۇ نۇتقىنى سۆزلەپ ئون مىنۇتقا قالماي خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە قارىتىپ بولىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرۇشىنى ئىختىيارى قويىۋېتىپ، خۇددى تەجرىبىلىك بىر ئارتىسقا ئوخشاش قوللىرىنى ئوينىتىپ ۋە ئىپادىلىرىدىكى قىلىقلارنى چىقىرىپ ھىلىكار زەھەرلىك سۆزلەر بىلەن كۈچلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە باشلايدۇ. خانپىستانىيىنگەل، يېنىدىكى بىر ئايالنىڭ ھېتلېرغا تىكىلگىنىچە ئاغزى ئېچىلىپلا قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. كېيىن ھەتتا ئاردىن بىر ئايال: "پۈتۈنلەي توغرا، بەك ياخشى سۆزلىدى!" دەپ ۋارقىرىۋېتىدۇ. دەل شۇ پەيتتە خۇددى بۇ ئاياللارغا رەخمەت ئېيتىۋاتقاندەك ھېتلېرنىڭ ئاۋازى تۇيۇقسىزلا كۈچىيىپ جاراڭلاشقا باشلايدۇ. ئۇ يەنە قولىنى رەسمى شىلتىپ ھاۋادا ئويناتقىنىچە دۆلەتنىڭ قىيىن كۈنلەردە قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بېيىش يولىنى تۇتقان كىشىلەرنى قاتتىق سۆكۈپ كېتىدۇ.

ھېتلېر پىشانىسىدىن ئېقىپ چۈشىۋاتقان تەرلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، ساقاللىق بىرسى سۇنغان پىۋىنى ئالىدۇ. مىۇنخېندا پىۋىخۇمارلارنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بەكلا قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى. ئۇ نۇتقىغا قايتقاندىن كېيىن، قوللىرى تېخىمۇ كۈچلۈك ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. ھەر دائىم تۆۋەندىكى ئامما ئارىسىدىن بىرسى چىقىپ ئۇنى تىللاپ ۋارقىراپ كېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ بىردەم جىم تۇرۇپ، خۇددى توپ تۇتقاندەك ئوڭ قولىنى سەل-پەل كۆتۈرۈپ قويۇاتتى ياكى ئۇنىڭغا ۋارقىرىغانغا زەربە بەرگەندەك قىياپەت بىلەن ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ تۇراتتى. "ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى خۇددى قىلىچۋازلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشاش بولۇپ، قارشى تەرەپكە قىلىچ ئۇرغاندەك ياكى ئۇرغان قىلىچنى قايتۇرغاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. يەنە بەزىدە پولات سىمدا ماڭىدىغان ماھارەتلىك دارۋازدەك ئۆزىنى تەڭپۇڭلۇقتا تۇتۇشقا تىرىشاتتى.

يەنە بەزىدە ئۇنى ئۇستا بىر ئىسكىرىپكىچىغىمۇ ئوخشاتقىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسكىرىپكا ئۇستىگە قويغان كامالچىسى مەڭگۈ تارتىپ تۈگۈتكىلى بولمايدىغاندەك نازۇك ئاۋاز چىقىرىپ، تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدىغان ماھارەت بىلەن ئاجايىپ مۇڭلۇق ئاۋاز چىقىرىۋاتقان مۇزىكا نوتىلىرىدەك پىكىرلىرىنى ئىپادىلەشكە تىرىشاتتى. ... ئەمما دۈشمىنىگە قارشى شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن ۋاقىتدا، يەنى يەھۇدىيلار بىلەن قىزىللارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكىنىدە ئۇنىڭدىكى بۇ خىل نازۇك ھەرىكەتلەر پۈتۈنلەي غايىپ بولاتتى. ... بىزنىڭ پىرىنسىپىمىز، ئەگەر سەن نېمىس بولۇشنى خالىمايدىكەنسەن،

كـاللاڭنى مجـبـپ تاشـلايمز. چـۈنكى بـۇ بـر كـۈرەش. كـۈرەش قىلماي ھېچقانداق بـر غەلبىنى قولغا كەلتۈرەلمەيمىز. بۇنداق بـر كۈرەشـتە بـز ئـدىيىۋى كۈرەشـنى ئاساس قىلىپ ھەرىكەت قىلىمىز. شـۇنداقتىمۇ، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا مۇشـتۇمدىن پايدىلىنىشـتىنمۇ چېكىنمەيمىز.“

خانفىستاينگل خـۇددى ھۇشـنى يوقاتقـان ئادەمـدەك ھىتلېرنىـڭ نـۇتقى ئىچـگە كـىرىپلا كەتـكەن ئـىدى. ئـۇ ئـۆزىگە كېلىـپ ئەتراپنـى كۈزىتىشـكە كىرىشـىدۇ. ئـۇ، ئەتراپتىكىلەرنىـڭ بـۇرۇنقى كۆزقاراشـلىرى پۈتـۈنلەي ئۆزگىرىـپ كەتكەنـدەك ھېسسـىياتقا كېلىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن تېخىمۇ بەك ھەيران قالىدۇ: ”تېخى بىر سائەت ئـاۋاللا ۋارقـىراپ-جارقىرىشىپ ئۇنى ھەر تەرەپكە ئىتتىرىشىپ يۈرگەن بۇ كىشىلەر، بـايىقى ۋارقـىراپ تىللاپ يـۈرگەنلەر بىردەمـدىلا ئـۈن-تىنسـىز ھاياجـان ئىچـىدە ھىتلېرنىـڭ نـۇتقىنى ئـاڭلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كـۆردۈم. ھەتتا ئالدىـدىكى پىـۋا ئىسـتاكانىغا قـول ئۇزارتىشـنىمۇ ئۇنۇتقان ھالدا بىرىلىپ ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. خۇددى ئۇلار ھىتلېرنىڭ نۇتقىنىڭ ھەر بىر سـۆزىنى پىـۋا بىلەن قوشۇپ ئىچىۋاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى.“ ”يېنىمدا ئولتۇرغان ياش بىر قىزمۇ ھىتلېـردىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ ئولتۇراتتى. بۇ قىـز خـۇددى بىـر سـۆيگۈنىنىڭ قىـزغىن مـۇھەببەت سـۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتقانـدەكلا قىلاتتـى. ئـۇ پۈتـۈنلەي ئـۆزىنى ئۇنۇتقـان ئـىدى. ھىتلېرنىـڭ تەسىرلەپ بېرىۋاتقان كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ گېرمانىيە تەسـۋىرى ئىچـگە كـىرىپلا كەتـكەن ئىدى.“130 نۇتۇق يوقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا ئۇ نـۇتقى بىـلەن پۈتۈنلەشـكەن بىـر سىماغا ئايلانغان ئىدى. ئـۇ تۇيۇقسـىزلا نـۇتقىنى ئاخىرلاشـتۇرىدۇ. خەلـق ئامىسـى ئـۆزىنى يوقاتقـان ھالـدا ئورۇنـدۇق ئۈسـتەللەرنى مۇشلىشـىپ ئەسـەبىلەرچە ۋارقىرىشـىپ تەنتەنە قىلىشاتتى. ھىتلېرمۇ چارچاپ ھالىدىن كېتىپلا قالغان ئىدى. بۇ مەنزىرە خانفىستاينگلغا ئالدىدىكى بۇ مەنزىرە ”ئۇلۇغ بىـر سـەنئەتچى پۈتـۈن كـۈچىنى سـەرىپ قىلىـپ ئورۇنـدىغان ئوركېستىردىن كېيىن ھالىدىن كېتىپ ئولتۇرۇپ قالغىنىدەك“ بىـر مەنزىرىنـى ئەسـلىتەتتى. ئۇنىـڭ چاچلىرى، بـاش كـۆزى چىلىـق-چىلىـق تەر ئىچىـدە قالغـان ئـىدى. ھەتتـا ئۇنىـڭ كراخمـاللاپ قاتۇرۇۋالغـان ئـاق يـاقىلىرىمۇ تەردە يۇمشـاپ سـالپىيىپ قالغـان ئـىدى (”بىـر قېتىملىـق مـۇھىم نۇتـۇقنى تۈگەتكىنىمـدىن كېـيىن پۈتـۈن بەدىـنىم تەر ئىچىـدە قېلىـپ، ئېغىرلىقىممۇ 3~5 پونت ئازىيىپ كېتەتتى“ دەيدۇ ھىتلېر).

خانفىسـتاينگل ھاياجـان ئىچىـدە سـەھنە ئالـدىغا كېلىـدۇ. ھىتلېـر ئـۇ يەردە كۈلۈمسـىرىگىنىچە ئىنتـايىن كىچىكپىيىللىـق بىـلەن كىشـىلەرنىڭ تەبرىكلىرىنـى قوبـۇل قىلىـدۇ. ”كاپىتـان ترۇمـان شـمىدت سـىزگە چىـن قەلبىـدىن تەبرىكلەيـدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشـۈمنى ئېيتتـى“ دەيـدۇ خانفىستاينگىل. شـمىدىت دېگەن بـۇ ئىسـىم ھىتلېرنـى

قىزىقتۇردى ئەتىمالىم، ھىتلېر دەرھال ئۇنىڭدىن نۇتقى ھەققىدە پىكرىنى سورايدۇ. "شۇنداق، مەن سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزگە پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن. _ دېدى خانفىستاينگىل ھىتلېرنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان بىرەر سۆز قىلىپ سالماسلىقتا ئالاھىدە دىققەت قىلغان ھالدا، _ سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزگە مەن شەخسەن يۈزدە توقسەن بەش قوشۇلىمەن. ھە، قالغان بەش پىرسەنتى، ئۇ توغرىلىق بىز كېيىن يەنە سۆزلىشەرمىز." ئۇنىڭ قوشۇلمايدىغىنى، تەبىئىيكى ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى مەيدانى ئىدى.

"شۇنداق، قالغان ئۇ ئەرزىمەس بەش پىرسەنت ئۈچۈن ئىككىمىز جېدەللىشىپ يۈرمىسەك كېرەك؟" _ دېدى ھىتلېر مۇلايىملىق بىلەن. ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ كىرلىشىپ پۈرلىشىپ كەتكەن قول ياغلىق بىلەن يۈزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتەتتى. بۇ ھەرىكىتى بىلەن ئۇ تېخىمۇ كىچىك پېيىل ۋە دوستانە كۆرۈنەتتى. ئۇ گېپىنى قىرىپ بىر نەچچە قېتىم يۈتىلىۋالغاندىن كېيىن قولىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ قولى "ھەم قاتتىق ھەم قوپال ئىدى. قول سىققاندا "خۇددى ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلەرگە ئوخشاش قولنى چىڭ سىقىپ كۆرۈشەتتى."

شۇ ئاخشىمى، خانفىستاينگىلنىڭ كۆزىگە پەقەتلا ئۇيقۇ كەلمىدى. "شۇ كۈن ئاخشىمقى ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرغان تەسىراتى پەقەتلا خىيالىمدىن چىقمايدۇ. بارلىق مۇتەئەسسىپ سىياسىيونلار بىلەن ناتىقلار ئادەتتىكى ئامىمنىڭ قەلبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى بىلمەيدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ مەغلۇب بولۇشىدىكى تۈپكى سەۋەب. ئەمما ئۆزلىگىدىن يېتىشىپ چىققان ھىتلېر كوممۇنىزمدىن باشقا مۇھىم نوقتىلارنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن خەلققە سۇنالايتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى دەل بىزنىڭ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان نەرسىمىز ئىدى." شۇندىن باشلاپ خانفىستاينگىل ھىتلېرغا ياردەم قىلىشنى نىيەت قىلدۇ.

كاپىتان شىمىدت، بېرلىندا باشلىقىغا مىيۇنخېن سەپىرى توغرىسىدا بىر پارچە دوكلاد سۇندۇ. 5-دېكابىر كۈنىسى، ئەلچىخانا كونسۇلى روبېرت مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرىغا بىر پارچە شەخسى دوكلات سۇندۇ. بۇ دوكلاتتا، "باۋارىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىلىكى ھەققىدە چىقارغان خۇلاسەم: قاچانلا بولمىسۇن چوقۇم ئېغىر پارچىلىنىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئۇرۇش يىللىرى گېرمانىيە سېپىدا جەڭگە قاتناشقان ئاۋستىرىيىلىك ياش ئون بېشى، يەنى بۇ كۈنلەردە فاشىزم ھەرىكىتى دېگەن بىر ھەرىكەت _ 'قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەر پارتىيىسى' گە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھىتلېر، مۇسسولىنى ماڭغانغا ئوخشاش بىر يولدا مەزمۇت قەدەملەر بىلەن غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرلىمەكتە. ئىلگىرى بۇ يەرگە ئۇۋەرتىلگەن مەخسۇس خىزمەتچىمىزدىن بىرىنىڭ بەرگەن دوكلاتىدىن قارىغاندا،

ئادولف ھىتلېر ئالاھىدە قابىلىيەتلىك بىر ناتىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەخلاقى سەۋىيىسى ئۇنچە بەك يۇقىرى بولمىغاندەك قىلغان بىلەن، ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ بىر داھىي بولۇشقا لايىق ئادەم ئىكەن. خۇددى مۇسسولىنىنىڭ قىلغانلىرىدەك بۇ ئادەممۇ سانائەتچىلەرنىڭ زور دەرىجىدە ماددىي ياردىمىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى بەكلا ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىكەن. بۇ ئادەم ئۇ يەرگە بارغان بىزنىڭ بىر ھەربى مەسلىھەتچى ياردەمچىسى بولغان ترومىن شمىدتقا 'بىز كىلەر ئايدىن باشلاپ، بەلكىم بۇ ئىككى ئاي ئىچىدە كەك كۆلەملىك بىر ھەرىكەت قوزغايمىز' دەپ ئېيتقان. شۇڭا ھىتلېر بۇ ئىش ئۈچۈن پۇل ۋە قورال يىغىش ئىشىغا كىرىشكەن، ئۇنىڭ ئىشلىرى بەكلا ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتماقتا."

ئۇ كۈنلەردە باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن ئا ق ش ھۆكۈمەت كابىنىتىدا، 131 بۇ دوكلات ئېنىق بىر تەسىر پەيدا قىلالمىغاچقا بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلدۇ. ئەمما، گېرمانىيىدىكى مىللەتچى سوتسىئالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى ئەزالىرى بىلەن ئېس-ئاچىلارنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغايدۇ. دېكابىر ئوتتۇرلىرىدا، باۋارىيە شىتاتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى كىشىنى قورقاتقىدەك بىر دوكلاد تەييارلايدۇ. بۇ دوكلاتتا، ھىتلېر يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بۇ ھەرىكەت، "شۈبھىسىزكى، كەلگۈسىدە ھۆكۈمەتكە تەھدىت بولۇپ قالىدىغانلىقى مۇقەررەر. ھەتتا بۈگۈنكى ھۆكۈمەت شەكلىگە تەھدىت بولۇپلا قالماي، پۈتكۈل سىياسىي تۈزۈملەرگىمۇ تەھدىت بولىدىغاندەك كۆرۈنمەكتە. چۈنكى ئۇلار يەھۇدىيلارنىڭ، سوتسىئال دېموكرات پارتىيىسىنىڭ ۋە شۇنىڭدەك بانكىرلارنىڭ جىنايىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئاساسىدىكى ھەرىكەتلىرى ئەمەلگە ئاشقىدەكلا بولىدىكەن، كەك كۆلەملىك قان تۆكۈلۈش ۋە قالايىماقانچىلىق يۈز بېرىشى مۇقەررەر" دەپ كۆرسىتىلگەن.

تەخمىنەن يەنە شۇ ۋاقىتلاردا، ئىمپېرىيىنىڭ يېڭى باش مىنىستىر ۋەزىرى ۋىلھېلم كۇنومۇ شۇنىڭغا ئوخشاش جىددىي دوكلادتىن بىرنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ھەيران قالارلىق يېرى، بۇ دوكلاد بولغارىيىنىڭ مىيۇنخېندا تۇرۇۋشلۇق كونسۇلى قولىدىن چىققان بولۇپ، بۇ دوكلاد بولغارىيە كونسۇلى بىلەن ھىتلېر ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاشكارە سۆھبەت ئاساسىدا يېزىلغان ئىدى. بۇ سۆھبەت جەريانىدا ھىتلېر، گېرمانىيە پارلامېنت ھۆكۈمىتى ئۇزۇنغا قالماي گۇمران بولىدۇ؛ چۈنكى، پارلامېت يېتەكچىلىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەي كەلمەكتە. ئوتچى ياكى سولچىلارنىڭ دىكتاتورلىقىدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. گەرچە شىمالى گېرمانىيە چوڭ شەھەرلىرى ئاساسەن سولچىلار تېزگىنى ئاستىدا تۇرغاندەك قىلسىمۇ، نېمىس مىللەتچى سوتسىئالىزم ئىشچىلار

پارتىيىسىگە ھەپتىسىگە مىڭلارچە كىشى ئەزا بولۇپ تىزىملاتماقتا بولۇپ، پارتىيىمىز باۋارىيىدە چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ؛ شۇنىڭدەك، مىيۇنخېنىدىكى مەخپى ساقچىلار ئارىسىدا 75 پىرسەنت ئادەم ئىشچىلار پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، بۇ شەھەردىكى ئادەتتىكى ساقچىلار ئىچىدە تۆتتىن ئۈچ قىسمى بىزنىڭ ئىدىيىمىزنى قوبۇل قىلىدۇ. ھىتلېرنىڭ پەرىزىچە، بولشېۋىكلار شىمالى گېرمانىيىدە تېزگىنىنى قولغا ئېلىۋېلىشى مۇمكىن. بۇ مىللەتنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن باۋارىيىدە چوقۇم بىر ئىنقىلابقا قارشى ھەرىكەت تەشكىل قىلىنىشى زۆرۈر ھالغا كەلدى. شۇ سەۋەپتىن، ئۇلار پولاتتەك ئىرادىلىك بىر مۇستەبىتكە، يەنى "زۆرۈر تېپىلغىنىدا قان ۋە جەسەتلەر قاپلاپ كەتكەن دالادا ئالغا ئىلگىرىلەشكە ھەر دائىم تەييار تۇرالايدىغان" بىر ئادەمگە مۇھتاج ئىكەن.

كەلگۈسى ۋەزىيەت ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ تۈر كىشىنى ئۈمىدسىز - لەندۈرىدىغان پەرەز، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەرىزى ھېسابلانغان بولشېۋىكچىلىكنى تارمار كەلتۈرۈپ، فرانسىيىنىڭ رۇر رايونىنى ئىشغال قىلىش پىلانىغا قارشى تۇرۇشى، باۋارىيىلىك مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋەتەنپەرۋەر مىللەتچىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى ئۇلار "قىزىللار ھۆكمرانلىقى" دەۋرىدىكى قورقۇنۇچلۇق كۈنلەرنىڭ تەمىنى تېتىپ باققان بولغاچقا، رەھىمسىزلەرچە ھەرىكەت قىلىشقا ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان، "سولچىل دوگماتىزم" نى تەرغىپ قىلىدىغان ھەرقانداق قاراشلارغا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەر ھېسابلىناتتى.

3

1923-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە "ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلىتىش كومىتېتى" ئىچىدە تالاش-تارتىش چىقىپ، ئەنگلىيە ۋەكىللىرى بۇ كومىتېتتىن چېكىنىپ چىقىدۇ. بۇ ھادىسە، فرانسىيىگە ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلىتىش مەسىلىسىنى قوراللىق كۈچكە تايىنىپ ھەل قىلىش پۇرسىتىنى بېرىدۇ. 11-يانۋاردا، فرانسىيە بىلەن بېلگىيە قوشۇنلىرى گېرمانىيە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ رۇر رايونىغا بېسىپ كىرىدۇ. بۇ ھەرىكەت گېرمانىيە بويىچە مىللەتچىلىك روھىنىڭ قوزغىلىشىنىلا پەيدا قىلىپ قالماي، ماركىنىڭ پاخاللىشىشىنىمۇ تېزلىتىۋېتىدۇ. ئىككى ھەپتىگە قالماي ماركىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا نىسبىتى 6750:1 دىن 50000:1 گە كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ (1918-يىلى "ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالانغان كۈنى" دىكى نىسبىتى 7.45:1 ئىدى). ۋېيمار ھۆكۈمىتى

"كاپالەت كومىتېتى" نىڭ بىر قېتىملىق بىرلىن سەپىرىنىڭ پويىز بىلىتى ئۈچۈنلا "نەچچە يەشىك 20 ماركىلىق قەغەز پۇلنى 7 نەپەر ئىشخانا خادىمىغا كۆتەرتىپ پويىز ئىستانسىسىغا ئاپارغان."132 مانا ئەندى بۇنچىلىك بىلەت پۇلنى كۆتۈرۈشكە 49 كىشىلىك ھامبال لازىم ئىدى.

رۇر رايونىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى ھەمدە ئىشسىزلىقنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى مىللەتچىلىكنىڭ ئاساسىنى كېڭەيتىپ بېرىپلا قالماي، ھىتلېر ئۈچۈنمۇ نۇرغۇنلىغان ئەگەشكۈچى كۆپەيتىپ بېرىدۇ. ھىتلېر "سوتسىئالىزمچىلار كۆپ سانلىقى" نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا پارتىيە-گۇرۇھلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، ئۆز ئالدىغا نارازىلىق مىتىنگى تەشكىللەشكە كىرىشىدۇ، ئۇ يەنە 27-يانۋار كۈنى، يەنى نېمىس مىللىي سوتسىئالىزم ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ تۇنجى قۇرۇلغان كۈننى خاتىرلەش ئۈچۈنلا 7 قېتىم ئاممىۋى مىتىنگ ئۇيۇشتۇرىدۇ.

گەرچە باۋارىيە ساقچى باشلىقى بۇ تۈردىكى مىتىنگلەر چەكلىمىگە ئۇچرايدىغا - نلىقنى بۇرۇنلا ئۇقتۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، ھىتلېر ئەسلا قورقۇپ قالمايدۇ. ھىتلېر "ئەگەر ساقچى دائىرىلىرى ئوق چىقارماقچى بولسا، مەرھەمەت، ئوق چىقارسۇن، مەن ھەر زامان ئەڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ بېرىمەن!" دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. ھىتلېر راستىنلا دېگىنىنى قىلىدۇ. مىتىنگ كۈنى كەلگەندە، ھىتلېر ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ بۇ مىتىنگ مەيدانىدىن يەنە بىر مىتىنگ مەيدانىغا چېپىپلا يۈردى. "مەيلى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ياكى ئىنقىلاب مەزگىللىرىدە بولسۇن، مەن بۇنچە غەزەپلەنگەن خەلق ئاممىسىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن" دەيدۇ ھىتلېر. ئىلگىرى، لوۋېنبىراخاۋس پىۋىخانىسىدىكى مىتىڭكە قاتناشقان تارىخشۇناس كارل ئالېكساندىر ۋون مۇللېر ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: ھىتلېر چوڭ قەدەملەر بىلەن ئوتتۇر يولدىن مېڭىپ ئۆتكىنىدە پۈتكۈل يىغىن مەيدانىدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ "خايل، ياشىسۇن!" دەپ قاتتىق توۋلاشتى. "ئۇ يېنىمىزدىن ئۆتكىنىدە، مەن ئۇنىڭغا بەكلا يېقىن بىر يەردە تۇراتتىم. ئۇنىڭ كۆرۈنىشى مەن بۇرۇن ئۇنى ياتىقىدا كۆرگەن ۋاقىتىمدىكى ھىتلېرغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ ساغرىپ كەتكەن چىرايىدا قەلبىنىڭ ئۆركەشلەپ تۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ خۇددى بوي سۇندۇرۇشقا تېگىشلىك بىرەر دۈشمەن ئاختۇرىۋاتقاندەك ئەتراپىنى كۆزىتىپ ماڭاتتى. ئەجىبا، ئۇنىڭدىكى بۇ تۈر پەۋقۇلئاددە كۈچنى مۇشۇ خەلق بەرگەنمىدۇ؟ ياكى بولمىسا بۇ كۈچ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن خەلق ئاممىسىغا ئۆتكەنمۇ؟ مەن دەرھال 'شەپقەتسىز ئىرادىنىڭ ئەسەبىيلىكى، ئەمما ھېستېرىيىلەرچە رومانتىكلىق' دەپ يېزىپ قويدۇم."

ئەتىسى، ئۇلار يەنە بىر قېتىم ساقچىلارنىڭ چەكلەش بويرۇقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، 6 مىڭ كىشىلىك ئېس-ئاچىلار قوشۇنى بىلەن بايراق كۆتۈرۈشكىنىچە مارسفېلدقا يېتىپ كېلىدۇ. ئېس-ئاچىلار قارلىق مەيداندا سوغۇقتىن غالىلداپ تىترىشەتتى. بەزىلىرى بېشىغا كۆك رەڭلىك چاڭقى تېيىلىش پوسمىسى كېيىۋالغان، ئۇچىسىغا قوڭۇر رەڭلىك كاژانكا كېيىشكەن، پۇتىغا كۆجەي باغلىغان بولۇپ، قالغانلار كاستيۇملۇق ئىدى. ئۇلار كۆتۈرىۋالغان بايراقلارمۇ رەڭگارەڭ بولۇپ، كرىست بەلگىلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىمۇ بىر-بىرىسىگە ئوخشىمايتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ كېيىم-كېچەكلىرى ھەر تۈرلۈك بولسىمۇ، "دىققەت!" دەپ كوماندا بېرىلىشى بىلەن تەڭ، خۇددى گېرمانىيە پادىشاسىنىڭ پارات قوشۇنلىرىغىلا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياغاچتەك تىك تۇرۇپ قېتىپ قالىدۇ. گەرچە ساقچىلار قالايماقانلىق تېرىغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلىقنى پۇختا قىلغان بولسىمۇ، مەيداندا ھېچ قانداق تەرتىپسىزلىك ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ. ئەسلىدە بۇ ئىككى كۈن جەريانىدا مىتىنگ مەيدانلىرى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چۆچۈتەتتى. يەنى ھېچقانداق بىر ئۇرۇش-جېدەل چىقمىغان، ئاشكارە توپىلاڭمۇ كۆتۈرۈلمىگەن بولۇشىغا قارىماي بۇ نارازىلىق مىتىنگلىرىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ئىدى. ھىتلېرنىڭ ساقچى دائىرىلىرىنى كۆزگە ئىلماي تۇرىۋالغانلىقى، نۇرغۇنلىغان بىتەرەپ مەيداندا تۇرىۋاتقان پارتىيە-تەشكىلات يېتەكچىلەرنىمۇ ئۇنىڭغا مايىللاشتۇرىۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭدەك ميۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ستۇدېنتلىرىنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرىۋەتكەن ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، باۋارىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىناۋىتى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىلىپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن تۈنجى قېتىملىق قاتتىق تىركىششتە غالىپ كەلگەن تەرەپ يەنىلا ھىتلېر بولغان ئىدى.

"ئۇ ھەقىقەتەنمۇ خاسىيەتلىك بىرسى ئىدى. _ دەيدۇ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە ھىتلېرنىڭ مىتىنگگە قاتناشقان ئامېرىكىلىق مۇخبىر لۇدۋېل دېنىني بەرگەن خەۋرىدە، _ ئۇنىڭ نۇتقى ئاددى ئەمما كۈچلۈك ئىدى. ئۇ مۇشتۇمنى چىڭ تۈگكىنىچە ھېلى تۈگۈپ ھېلى ئېچىپ تىنىماي قول شىلتىيتتى. ئۇ مېنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ بەكلا نورمالسىز بىرسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى؛ ئۇنىڭ غەلىتە بىر جۈپ كۆزى، بىنورمال شىلتىپ تۇرىدىغان ئىككى قولى، غەلىتە بىر شەكىلدە باش چايقاشلىرى ھەقىقەتەنمۇ نورمالسىز قىلىقلار ئىدى." ئۇنىڭ شەخسى تۇرمۇشى ھەقىقەتەنمۇ نورمال ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنىلا شۇ بۇرۇنقى تىيېرش كوچىسىدىكى بىنانىڭ قاراڭغۇ ئۆيىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرغان ئۆيى سەل چوڭ كېلىپ قالغاندەك قىلسىمۇ، بۇرۇنقىدەك ئۇنداق سوغۇق ئەمەس، ئەمما ئۆي سايمانلىرى يەنە شۇ بۇرۇنقى ئۆيىدىكىدەك

بەكلا ئاز ئىدى. 133 بۇ ئۆيىنىڭ كەڭلىكى بەك بولۇپ كەتسە ئون فودلا بولۇپ، ئىگىز باشلىق كارىۋىتى، بۇ ئۆينىڭ بىردىن-بىر تار دېرىزىسىمۇ بار ئىدى. يەردە ئەرزان باھالىق كونا كىلىيونكا سېلىنغان؛ كارىۋىتىنىڭ ئۇدۇلىدا ئاددى بىر كىتاب ئىشكاۋى تامغا يۆلەڭلىك ئىدى. تاملار ھەر تۈرلۈك رەسىملەر، گېزىت رەسىملىرى بىلەن قاپلانغان؛ كىتاب ئىشكاۋىنىڭ ئۈستىگە ھەر تۈرلۈك كىتابلار دۆۋىلەنگەن بولۇپ، دۇنيا ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن كىتابلار، گېرمانىيە تارىخى توغرىلىق كىتابلار، شۇنىڭدەك يەنە رەسىملىك ئانسىكلوپىدىيەدىن بىرسىمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كراۋۇسېۋىتىز يازغان ئىمپېراتور فرېدېرىخ قىسقىچە تەرجىمىھالى، خوۋستون ستېۋارت چامبېرلايىننىڭ «ۋاگنېر تەرجىمىھالى»، سۋېن خېدىننىڭ «ئەسلىمىلەر» كىتابى، بىر قانچە پارچە قەھرىمانلار رىۋايىتى، ۋون ۋارتېنبۇرگىنىڭ «دۇنيا تارىخى»، «يەر شەكلى خەرىتىسى» دېگەندەكلەر بار ئىدى. خانفىستايىنگلىنىڭ دېيىشىچە ئىشكاپنىڭ ئاستىنقى قەۋەتىدىكىلەر پۈتۈنلەي رومان بولۇپ، ئارىسىدا ئېدۋارد فۇچس (ئۇ بىر يەھۇدىي) يازغان يېرىم سېرىق ھېكايىلار كىتابى، ھەمدە يەنە بىر پارچە «شەھۋانە سەنئەت تارىخى» دېگەن كىتابمۇ بار ئىكەن.

ھىتلېر ئولتۇرغان ئۆينىڭ غوجايىنى رېيچېرت خانىمنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئىجار ـ بىچىسىنىڭ ئۆيى ھەددىدىن ئارتۇق جىمجىت ئىكەنمىش. ”بەزى ۋاقىتلاردا، نەچچە ھەپتىلەپ قاپىقنى تۈرۈپ ماڭا گەپمۇ قىلماي ئۆتۈپ كېتەتتى. ھەتتا بەزىدە مەن بۇ دۇنيادا يوقتەك چىرايىمغا قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كېتەتتى. ... گەرچە ئۇ ئۆي ئىجارىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ياكى ئالدىن تۆلەپ تۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئۇ بەرىبىر كەمكۈستىسىز بىر بوسمىيىلىك ئىدى.“ شۇنداق بولىشىغا قارىماي ئۇ بەرىبىر ياخشى بىرسى بولغاچقا، ئۆي غوجايىنى ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئەيىپلىرىنى توغرا چۈشىنىپ كەچۈرۈۋېتىش بىلەن بىرگە، كورىدوردا قويۇلغان روياليدىن پايدىلىنىشقىمۇ يول قويغان. ھىتلېرنىڭ تۇرمۇشى بەكلا ئاددى بولۇپ، ئادەتتە 'ۋولف' (بۆرى) ئىسىملىك يۇغان بىر بۆرى ئىتى ئۇنىڭ كەينىدە ئەگىشىپلا يۈرەتتى. ئۇ، ئۇرۇش مەزگىلىدە ”تۈلكىچاق“ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغىنىدىن بۇيان، ئىتنىڭ سادىقلىقىغا ئامراق بولۇپ قالغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ ئىتلارنى بۇنچە ياخشى كۆرىشى ھەققەتەنمۇ پەۋقۇلئاددە بىر ئەھۋال ئىدى. ”بەزى ئىتلار بەكلا دۆت كېلىدۇ. ئەمما ئەقىللىقلىرىمۇ كىشىنى قىزغاندۇرىدۇ“ دەيدۇ. بۇنداق قاراڭغۇلۇق بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ئادولف، ئاپىسنى ۋە ئۇنىڭ ئازاپلىنىپ پاجىئەلىك ئۆلۈپ كېتىشىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرىشى مۇمكىن. ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا ئادولف «ئاپامنى ئەسلەيمەن!» دېگەن بىر شىئېر يېزىپ چىققان ئىدى. بۇ شېئىر ئىشتىن سىرتقى قىزىققۇچىغا خاس پۇراقلار كېلىپ تۇرغان بىر شىئېر بولغاندەك قىلغىنى بىلەن، يەنىلا ئىنتايىن باي مەنىلەرگە ئىگە بىر

شىئېر ھېسابلىناتتى:

ئاپا ياشىنىپ قالدى، دېمەك، مەنمۇ كىچىك ئەمەسمەن دېگەن گەپ.

كىچىكىدە ئويناپ-ئەكىلەپ يۈردۈك، ئەندى ئېغىر مەسئۇلىيەت ئاستىداسەن.

ئاپاڭنىڭ سەممىي سادىق مېھرىبان قاراشلىرى، كۈنسايىن خۇنۇكلىشىپ بارىدۇ.

پۇت-قوللىرى تىلىپ، ئۆزىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ يۈرگىنىدە _ قوللىرىڭنى ئۇزات ئاپاڭغا، باشلىرىنى سىلا، كۆڭلىنى ئال.

قايغۇلۇق كۈنلىرىڭ يېقىنلاشتى، ئاخىرقى قەدەملىرىگە ھەمرا بول.

سورىغىنىغا جاۋاب بەر، يەنە سورىسا يەنە جاۋاب بەر! قايتا-قايتا جاۋاب بەر ھەرگىز جاۋابسىز قويما.

ھەرگىز تىرىكمە، مۇلايىم بول، سىلىق بول! ئاڭلىيالمىسا، ئۇقالمىسا، قايتىلاپ چۈشەندۈر، زېرىكمە.

يامان كۈنلەر بوسوغۇڭدا، ئۇنىڭ يوقىدا، ئاۋازىنىمۇ زار بولىسەن!134

ھىتلېر، ياش ۋاقىتلىرىدا كىشىلەرگە ئارىلاشماي يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بىرسى ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۇرۇشتىن كېيىن بۇنداق يالغۇزلۇقتا ھەرگىزمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. گەرچە ئۇ بۇ قاراڭغۇ ئۆيىدە خۇددى تۈرمىدە ياشىغاندەك يالغۇز ياشىسىمۇ، ميۇنخېندىكى ئەرزان ئاشخانىلاردا، سالونلاردا، قەھۋەخانىلاردا ۋە قاۋاقلاردا پۈتۈنلەي باشقىچە ياشايتتى. ئادولف، ۋېيچارد قەھۋەخانا (خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ يېنىدىكى ئاشخانا)، كارلتون چايخانىسى (برىيىننېر كوچىسىدا يوقىرى تەبىقە كىشىلىرى يىغىلىدىغان جاي) ۋە خېك رېستورانت (گالېرىيېن كوچىسىدا) قاتارلىق جايلارنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرىدىن ئىدى. ئۇ پات-پات دېگىدەك خېك رېستورانتىغا كىرىۋېلىپ تېنىچ بىر بۇلۇڭنى تېپىپ سائەتلەرچە ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ھىتلېر ئەتراپتىكى مۇھىتنى ئەنە شۇنداق يەرلەردە كۆزىتىپ يۈرەتتى.

ئۇ، ھەر دۈشەنبە كۈنى نېيۇمايېر رېستورانتىدا يېقىن سىرداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى. بۇ يەر كونا پاسوندىكى بىر قەھۋەخانا بولۇپ، پېتىر مەيدانىدىكى بىر كوچا دوخمۇشىغا جايلاشقان ۋىكتۇالىيېن بازىرىنىڭ يېنىدا بىر يەر ئىدى. بۇ رېستورانت ئۇزۇن بىر كارىدور شەكلىدىكى ئاشخانا بولۇپ، تاملىرى تاختايلىق، ئورۇندۇقلىرى پولغا مىخلىنىۋېتىلگەن ئىدى. بۇ يەردە دائىملىق خېرىدارلار ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلىدىغان ئورۇندا ئادولف ھىتلېر ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئويلىرىنى مورتلىرىغا سۆزلەپ بېرەتتى (ئاڭلىغۇچىلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللاردىن تەشكىل تاپاتتى)، ئۇلارنىڭ

پىكرىنى ئالاتتى. يەنە شۇ يەردە ئۇلار بىر تەرەپتىن ئەرزان پۇللۇق كەچلىك تاماقلارنى بويرۇتقاچ (بەزىلىرىنى ئۇلار يېنىدا بىرگە ئالغاچ كەلگەن بولاتتى)، سۆزلىشىپ، چاخچاقلاشقاچ ئولتۇرۇپ غىزالىناتتى.

قالغان ئاخشاملىرى، ئادولف، فرانز جوزېف كوچىسىدا تۇرىدىغان دېيتىرىخ ئېكارتنىڭ ئۆيىدە ۋاقتىنى ئۆتكۈزەتتى. "ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ھەقىقەتەنمۇ ئىناق ئۆتەتتى. قاراڭلار، ئۇ كىچىك قىز ئەرنانى ئەكىلىتىشلىرىگە!" بۇ قىزنىڭ ئەسلى ئىسمى ئانىېرل بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆي غوجايىنى ئىدى. ئېكارت ئايالى بىلەن ئايرىم ئۆيدە تۇرىدىغان بولغىنىدىن كېيىن، ئانىېرل بىلەن بىرگە ياشىماقتا ئىدى. ياردەمچىسى بولغان خانفىستايىنگېل بەلكىم بۇ كۇنلەردە ھىتلېر بىلەن ئەڭ كۆپ بىرگە ئۆتىدىغان ئادەم ھېسابلانسا كېرەك. ئۇمۇ پات-پاتلا ھىتلېرنى ۋىللىئام بايارد خالي (بۇ كىشى پرېزدېنت ۋىلسوننىڭ پرىنسىپتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر سىنىپتا ئوقىغان ساۋاقدىشى بولۇپ، خېئارىست گېزىتخانىسىنىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ئەڭ مۇھىم مۇخبىرى) ۋە ۋىلخېلم فۇنىڭ (ئۇنىڭ سالونى نۇرغۇنلىغان مىللەتچى باي سودىگەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇراتتى) دېگەندەك مۇھىم كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇرۇپ قوياتتى. ئادولف، دائىم دېگەندەك خانفىستايىنگېل بىلەن بىرگە ئېلسا بروكمان خانىم ئۇيۇشتۇرغان كەچلىك زىياپەتلىرىگە قاتنىشىپ تۇراتتى. بۇ ئايال ۋېنگرىيىدىكى ئاق سۆڭەك بىر ئائىلىنىڭ قىزى بولۇپ، نەشرىياتچى بىرسى بىلەن توي قىلغان ئىدى. بۇ ئايال ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەمنىڭ سىياسىي ساھەلەردىكى جەلپ قىلىش كۈچىدىن بەكلا تەسىرلىنەتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ھىتلېرنى ھەيرانۇ-ھەس قالدۇراتتى.

خانفىستايىنگېل ئۇنى بېچىستېيىننىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىگە باشلاپ بارغىنىدا (مىۇنخېندىكى بىر مېھمانخانىدا تۇراتتى) ھىتلېر ياردەمچىسىگە: كىيىۋالغان شۇ كۆك چاپىنىمغا قاراپ بەكلا نومۇس قىلىپ كەتتىم، بېچىستېيىن ئەپەندى كەچلىك كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسىلا كاستوم-بۇرۇلكا كىيىپ يۈرىشىدىكەن، كەچلىك زىياپەتكىچە بولغان ئارىلىقتا ساپلا شامپان ئىچىشىدىكەن، دەيدۇ. "سەن تېخى ئۇنىڭ مونچىسىنى كۆرمىدىڭ، مونچا سۈيىنىڭ ئىسسىقلىقىمۇ ئاپتوماتتىك تەڭشىلىدۇ."

خانفىستايىنگېل، تىيىرش كوچىسىدىكى ھىتلېرنىڭ كىچىك ھۇجرىسىنىڭ دائىملىق مېھمانلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. بىر كۈنى، ھىتلېر ئۇنى كارىدورغا چىقىپ (ئۇ يەردە بىر رويال قويۇلغان ئىدى) بىرەر نەرسە چېلىپ بەرسەڭ، ئازراق ھۇزۇرلىنىۋالاي دەپ تەلەپ قىلىدۇ. خانفىستايىنگېل بۇ كونىراپ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان رويال شۇنچە كۆپ

پەدە قاچۇرۇپ تۇرغىنىغا قارىماي، يەنىلا بىر ئامالللارنى قىلىپ باخنىڭ پارچىلىرىدىن بىرنى ئورۇنداپ بېرىدۇ. ھىتلېر مۇزىكا ئاڭلىغاچ تىنماي باش لىڭشىتىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى باشقا يەردە ئىكەنلىكى ئېنىق. خانفىستاينگىل پەدە يۆتكەپ «شائىرلار كېچىلىكى» نىڭ باش مۇزىكىنى چېلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن چالغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ كونراپ ئەججىغى چىقىپ كەتكەن رويالنىڭ پەدىلىرى بەكىرەك بېسۇۋەتسەم تۆكۈلۈپ يۇرمىسۇن دەپ ئېھتىيات قىلاتتى. ئۇ پەدىلەرنى باسقاچ "خۇددى لىسزتىيانغا ئوخشاش كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ ئالاھىدە رومانتىك قىياپەتتە" چېلىشقا كىرىشىدۇ. ھىتلېر مۇزىكىدىن رەسمى ھاياجانلىنىشقا باشلاپ، تار كارىدوردا ئالدى-كەينىگە مېڭىپ كېتىدۇ. ھەتتا قوللىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ خۇددى بىر ئوركېستىر ئۆمىكىگە رېژىسسورلۇق قىلىۋاتقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا باشلايدۇ. "بۇ مۇزىكا ئۇنىڭ روھىنى ئۇيغۇتىۋەتتى. مەن چېلىپ پۈتتۈرگىنىمدە ئۇ رەسمى ھاياجان ئىچىدە قېلىپ، بايىتىنقى غەم-ئەندىشىلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى."135

خانفىستاينگىل، ھىتلېرنىڭ «شائىرلار كېچىلىكى» نى سۆيۈدەك يادقا بىلىدىغانلىقىنى، "غەلىتە بىر ئاۋازدا ئىسقىرتىپ مۇزىكىنىڭ ھەربىر پەدىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلىقى" دىن بەكلا ھەيران قالىدۇ. ھىتلېر يەنە باخ، موزارت بىلەن بىر قاتارداشيۇمان، شوپىن ۋە رىچارد ستراۋسىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى بەكلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ بېتخوۋېن بىلەن ۋاگنېرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سېزىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ۋاگنېر ئەسەرلىرىدىن ھوزۇرلىنىش ۋە ئۇنى چۈشىنىدىغان بىرسى ئىدى، دەيدۇ خانفىستاينگىل. شۇڭا، ئادولف، ئۇنىڭ ئورۇندىغان تىرىستان ۋە لوھېڭگرىن قاتارىدىكى بىر مۇنچە داڭلىق سىمپونىيە پارچىلىرىنى ئاڭلاپ پەقەتلا زېرىكمەيتتى.

خانفىستاينگىلنىڭ پەزىلىتى ھىتلېرنى قىزىقتۇرغاچقا ئەتراپىدىكى باشقا يېقىنلىرىغا ئۇنى ماختاپ تونۇشتۇرۇپ چىقىدۇ. "ئۇ، يېنىدىكى كىشىلەرنى ھىم ئېتىگىلىك ئۆيگە قاماپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ياكى كىملەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. _ دەپ يازىدۇ خانفىستاينگىل ئەسلىمىسىدە، _ ئەمما ئۇ يالغۇز مېنى يېنىغا ئېلىپ ئۆيمۇ-ئۆي ئايلىنىپ يۈرۈپ بۇ مېنىڭ مۇزىكا ئوقۇتقۇچۇم، ماڭا رويال چېلىشنى ئۆگىتىۋاتىدۇ دەيتتى." بىر قېتىم، فوتوگرافچى ھېينرىخ خوفماننىڭ ئۆيىدە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېت ى پۇتبولچىلار مارشىنى چېلىپ بېرىدۇ. ئۇ چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، رىغبەتلەندۈرگۈچىلەر ئەترەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن مۇزىكانتلار ئەترىتى ئامىمنى ھاياجانلاندۇرالايدىكەن. ھەتتا تاماشىبىنلارنى ھىستېرىيە تەلۋىلىرىدەك ۋارقىرتىپ

جارقىرتالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈۋېتىشىدىكەن. شۇنداق دەپ كېلىپ ھىتلېرمۇ دەرھال ھاياجان ئىچىدە قالىدۇ. شۇڭا ئۇ خانفستايىنگىلنى رويال بىلەن قايتا ئورۇنداپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، گېرمانىيە مارشىنى ئامېرىكا مۇزىكىلىرىغا ئوخشاش ھاياجانلىق پەدىلىلەر بويىچە قايتا ئۆزگەرتىپ چىقىش لازىملىقىنى ئېيتىدۇ. "شۇنداق. ــ دەيدۇ ھىتلېر بىر تەرەپتىن ۋارقىراپ يەنە بىر تەرەپتىن خۇددى دۇمباقچىلار ئەترىتىنىڭ رېژىسسورلىرىدەك قولىنى ئويناتقىنىچە، ــ بىزمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. مۇزىكا ئارقىلىق خەلقنى ھاياجانلاندۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك!"

شۇنداق قىلىپ، خانفستايىنگىل بۇ خىل ئاھاڭلارغا ئاساسەن ھوجۇمچىلار ئەترىتى ئۈچۈن بىر قانچە خىل مارش نوتىسى ئىشلەپ چىقىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆزگەرتىش قىلغىنى خارۋارد مارشىدىكى "ئۇر، ئۇر، ئۇر" دېگەن سۆزلىرىنى "خايىل، خايىل!" دېگەنگە ئۆزگەرتكەنلىكى ئىدى. خانفستايىنگىل شۋابىڭدا ئولتۇراتتى. يەنى 1914-يىلى ھىتلېر ئوقۇماقچى بولغان شۇ چوڭ تېپتىكى مەكتەپ بىناسىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر بىنادا تۇراتتى. ھىتلېر ئۇنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدى. بەلكىم ھىتلېرنى بەكرەك قىزىقتۇرىدىغىنى ئۇنىڭ ئايالى ھېلېنا بولىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئايال ئامېرىكىلىق نېمىسلاردىن بولۇپ، ئېگىز بويلۇق، چاچ، كۆز ۋە تەنلىرىنىڭ رەڭگى ھال رەڭدە كىشىنى ئۆزگىچە ئالاھىدە جەلپ قىلىدىغان بىر ئايال ئىدى. ھىتلېر ئۆيگە كېلىشىدە ئۈچىسىدا ئۆزگىچە ئىنتايىن ياراشقان كۆك سارجا كاستوم-بۇرۇلكىسى بار ئىدى. "ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قاملاشقان سالاپەتلىك، ھەتتا سەل-پەل ياسالما كۆرۈنۈشىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ــ دەپ يازىدۇ خانفستايىنگىل ئەسلىمىسىدە، ــ گەپ قىلغىنىدا خۇددى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەردەك بەكلا تارتىنچاق قىياپەتتە ئىدى. ئەسلىدە گېرمانىيىدە ئۇ دەۋرلەردە يوقىرى بىلىملىك، ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانى نىسبەتەن يوقىرى بولغان ئەربابلار ياكى ئىلمى جەھەتتە ئۇتۇق قازانغان كىشىلەرنىڭ گەپ قىلىش شەكلى ئومۇملاشقان بىر دەۋرلەر ئىدى." روشەنكى، ھېلېنانىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى، سالاپەتلىك كۆرۈنىشى بىلەن ئۇنىڭ گۈزەللىكى باشتىن تارتىپلا ھىتلېرنى ئۆزگىچە جەلپ قىلغۇچى ئىدى. ھىتلېر بۇ ئايالنى بەكلا ھۆرمەت قىلاتتى. ھەتتا ئۇنىڭغا چوقۇناتتى دېيىشمۇ ئارتۇق كەتمەيتتى. شۇنىڭدىن ئون يىل ۋاقىت كېيىن ھېلېنا ئىلان قىلىنمىغان ئەسلىمىسىدە 1923-يىلى باھاردا ميۇنخېن كوچىلىرىدا ھىتلېر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان ۋاقىتنى تەسۋىرلەپ كېلىپ: "ئۇ چاغدا ھىتلېر بەكلا ئورۇق، تارتىنچاق بىر يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىق كۆزلىرىدىن كۆڭلى بىر يەردە ئەمەسلىكى چىقىپلا تۇراتتى. ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىمۇ بەكلا ۋەيرانە بولۇپ، ئەرزان باھالىق ئاق كۆڭلەك كىيىپ بويىنىغا قارا رەڭلىك گالۇستۇك تاقىغان، ئۇچىسىدىكى پەلتوسىمۇ بەكلا ياراشمىغان قېنىق كۆك رەڭلىك خۇرۇم

پالشوپكىسى ئۇستىگە كىيگىچلىكى قالمىغان كونا كۆلرەڭ قوڭۇر ھەربىي پەلتو ئىدى. پۇتىغا ئەرزان باھالىق قارا ئاياق كىيىۋالغان، بېشىدىمۇ سۇس كۆلرەڭ كونا شەپكە بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆرۈنىشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتاتتى“ دەپ يازىدۇ.

ھېلېنا شۇ كۈنى رەتسىز كىيىملىك بۇ ھىتلېر دېگەن كىشىنى ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ. ”شۇ كۈندىن باشلاپ، ھىتلېر ئائىلىمىزنىڭ دائىملىق مېھمىنىغا ئايلىنىپ ئائىلىمىزنىڭ راھەت مۇھىتىدىن تەڭ ھوزۇرلىنىشقا باشلايدۇ. 136 ئۆيدە ئوغلۇم بىلەن ئوينايتتى، گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەققىدىكى پىلانلىرى، ئۆمىدلىرى ئۈستىدە سۆزلەپ كېتەتتى. باشقا كىشىلەرمۇ ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ تۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىزنىڭ ئۆيدە بولۇشنى خالايتتى. چۈنكى بىز ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ۋاقىتلىرىمىزدا باشقىلاردەك ئۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ سۇئاللار بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ يۈرمەيتتۇق. شۇنىڭدەك بىرەرسىگە ئۇنى كەلگۈسىدىكى قۇتقازغۇچىمىز دەپ تونۇشتۇرۇپ قۇرۇق ماختاپمۇ كەتمەيتتۇق. ئۇ ئۆيىمىزدە كۆڭلى نېمىنى خالىسا شۇنى قىلالايتتى. مەسىلەن بىر چەتتە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇش ياكى خاتىرە قالدۇرۇش بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنالايتتى. بىز ئۇنى ئۆز بىلىپ، ھەرگىزمۇ ۋاقىتلىق مېھمان مۇئامىلىسى قىلمايتتۇق.“

ھېلېنا، ھىتلېرنى يۇمشاق كۆڭۈللۈك بىر ئادەم دەپلا بىلەتتى. بۇنىڭ بىر سەۋەبى، ھىتلېر ئۇنىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلى ئېگونغا بولغان ئامراقلىقى ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن ئىدى. ”ئېنىقكى، بۇ ئادەم باللارنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئەگەر بۇنى بىر ياسالمىلىق دەپ قاراشقا توۇرا كەلسە، ئۇ ھالدا، بۇ ئادەمنى ئۇستا بىر ئەرتىس دېيىشلا مۇمكىن.“ بىر كۈنىسى، ئوغلى ھىتلېرنى قارشى ئالماقچى بولۇپ ئىشىككىچە يۈگرىپ بارغىنىدا ئورۇندۇققا ئۇسۇۋېلىپ يىغلاپ كېتىدۇ. ”بۇ چاغدا ھىتلېر بالىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ 'سەن مېنىڭ ئاپپاق ئوغلۇم ئېگوننى نېمىشقا يارىلايسەن' دېگىنىچە ئورۇندۇقنى تۈرتۈۋېلىپ ۋارقىراپ يالغاندىن ئۇرۇپ كېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن بالا خوشال بولۇپ يىغىدىن توختاپ قىزىقىنىچە بۇ ئويۇننى تاماشا قىلىشقا باشلايدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ھىتلېر ئۆيىگە كېلىشى بىلەن، چوقۇم بۇ ئويۇننى بىر قېتىم تەكرارلىماي قويمايتتى. ئېگونمۇ بولۇشۇپ 'ئادولف تاغا، بۇ ئەسكى ئورۇندۇقنىڭ سۆڭگۈچىگىمۇ ئۇرۇپ بەرسىڭىز' دەپ يالۋۇرىدىغان بولدى.“

كۈز كەلگەندە، ھىتلېر بىلەن خانفىستايىنگىل ئائىلىسىدىكىلەر پۈتۈنلەي ئۆزلىشىپ تېخىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىشىدىغان بولىدۇ. ھىتلېرمۇ بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ باشقا مورتلىرىنىڭ قىلىقلىرىنى دوراپ (مەسىلەن ئۇنى بەكلا

ئەتىۋارلايدىغان گيۆرىك ئائىلىسىدىكىلەرنى) بىرەتتى ياكى بولمىسا يەردە ئۆمىلەپ ئىگىلگەن بىلەن بىرگە ئوينىاپ كېتەتتى. ھىتلېر ئادەتتە بىر تەرەپتىن شاكىلات ئارىلاشتۇرۇلغان قەھۋە ئىچكەچ پاراڭغا چۈشسە سائەتلەپ گېپى تۈگىمەيتتى. بەزىدە ئۇ "جوھاننىسبېرگېر ھارىقى" نىمۇ ئىچىپ قوياتتى. ئەمما ئۇنىڭغا لىق بىر قوشۇق قۇم شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچەتتى. ئۇلار ئادەتتە بىرلىكتە سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىپمۇ كېلەتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى بىرگە كىنوغا بېرىپ «فرېدېرىكۇس رېكس» دېگەن كىنونىڭ بىرىنچى قىسمىنى كۆرۈپ كېلىدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇ كىنو فىلىمدىكى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سەھنىسى ياشانغان كىنەزنىڭ تەھدىت قىلىپ تۇرۇپ شاھزادىنى كالاڭنى ئالىمەن دەيدىغان يېرى ئىدى. كىنودىن چىقىپ قايتىش يولىدا: "بۇ نېمە دېگەن مەرتلىك، ئىنتىزامنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بۇ ياشانغان پادىشا ئۆز ئوغلىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشتىنمۇ يانمىغىنىنى قاراڭ!" دەپ كىنونى باھالاپ كېتەتتى."گېرمانىيە قانۇنىنىمۇ ئەنە شۇنداق تۇرۇپ ئىجرا قىلىش كېرەك: يا ئۆز ئىختىيارىغا قويىۋەت، يا كاللىسىنى ئال!"

خانفىستاينگىل ئەر-خوتۇن، ھىتلېرنىڭ بۇ تۈردىكى ئىنتايىن رەھىمدىل بىرسىدىن بىراقلا ئىنتايىن ۋەھشى بىرسىگە ئايلىنىپ قېلىشىغا قاراپ ئۇنىڭدىن قورقۇپمۇ قالاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ شەخسى تۇرمۇشى ھەققىدە بەكلا كۆپ سۆزلىشىپ كېتەتتى. مەسىلەن ئائىلىسى، ھىتلېر ئاياللار بىلەن زادى قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشنى خالايدۇ؟ دەيدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بەكلا كۆپ تالىشىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ھىتلېر ئۇلارغا "مېنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، خەلق ئامىسى، پۈتكۈل خەلق، نەق بىر ئايال كىشىگىلا ئوخشايدۇ" دېگەن ئىدى. ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغۇچىلارنى ئايال كىشىگىلا ئوخشىتاتتى. "ئەگەر كىمكى ئامىمنىڭ ئايال مىجەزلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيدىكەن، ئۇنداق بىرسى ھەرگىزمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ناتىق بولالمايدۇ. سەن ئۆزەڭدىن سوراپ باق، ئاياللار ئەرلەردىن زادى نېمە تەلەپ قىلىدۇ؟ ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن تەلەپ قىلىدىغىنى كەسكىنلىك، ئىرادىلىك، كۈچ-ھوقۇق، ھەركەت قىلىش ... ئەگەر سەن ئۇلار بىلەن مۇۋاپىق تۈردە سۆزلىشەلەيدىغانلا بولساڭ، ئايال خەق مەغرۇر ھالدا ئۆزىنى ساڭا قۇربان قىلالايدۇ، چۈنكى، ھەر قانداق بىر ئايال خەق ھېچقاچان مېنىڭ بەرگەن پىداكارلىقىم چېكىگە يەتتى دەپ قارىمايدۇ" دەيتتى. يەنە بىر قېتىمدا ئۇ، مەن ئۆمۈر بويى توي قىلماي ئۆتىمەن دەپ ئوچۇق ئېيتىدۇ. "ۋەتەن مېنىڭ بىردىن-بىر سۆيگۈنۈم، بىردىن بىر ئوبېكتىۋىم" دەيتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنى ھەممە ئاغزىدىن چۈشەرمەيدىغان "دۆلەت ئاتا" (گېرمانىيىنى كۆزدە تۇتماقتا) ئىدى. خانفىستاينگىل ئۇنىڭدىن چاخچاق قىلىپ "سەن نېمشكە بىرەر ئاشنا تېپىۋالمايسەن؟" دەپ سورىۋىدى، "سىياسەتنىڭ ئۆزى بىر ئايال

دېگەن گەپ. ــ دەيدۇ ھىتلېر جاۋابەن، ــ سەن ئۇنى ياخشىلىقچە ياخشى كۆرمەيدىكەنسەن، ئۇ سېنىڭ بېشىڭنى غاجىلاپ تۈگەشتۈرىۋېتىدۇ" دەيدۇ.

ھىتلېرنىڭ بەزى يېقىنلىرى، ئۇ شوپۇرنىڭ قىزى جېنىنى خاۋۇگىنى ئاشنا قىلىپ يۈرىدۇ دەپ گۇمانلىناتتى. ئۇ قىز ھىتلېرغا بەكلا سادىقمىش؛ ھەتتا ئۇ قىز ھىتلېرنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوغدىغۇچىسى بولۇپ قوغداش ئۈچۈن قولتۇقىغا بىر تاپانچا يوشۇرۇپ يۈرگىدەكمىش. ھېلىنا خانفستايىنگىل خانىم بۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمەيتتى. "ماڭغىنە، ئادولف بۇ جەھەتتە ئۇنچىلىك ھەددىدىن ئاشىدىغان شاللاق بىرسى ئەمەس!" دەيتتى.137

ھىتلېرنىڭ شۇ كۈنلەردىكى يېقىنلىرىدىن بىرسى ئۇلارنىڭ بۇنداق دېگەنلىرىگە پەقەتلا قوشۇلمايتتى. ھىتلېرنىڭ باشقا بىر شوپۇرى ئېمىمې ماۋرىسمۇ "مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلماي بىرلىكتە قىز قوغلاپ يۈرەتتۇق" دەيدۇ كېيىن ئەسلەپ كېلىپ. ئۇلار ئىككىسى پات-پاتلا بىرلىكتە سەنئەت ئىنىستىتۇتىغا ياكى رەسىم كۆرگەزمىخانىلىرىغا بېرىپ يالىڭاچ مودېللەرنى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بەزىدە ھىتلېر ئىسمىنى "ۋولف ئەپەندى" دەپ ئاتاپ ماۋرىس بىلەن بىرگە ئاخشاملىرى كوچا-كويلاردا ئايلىنىپ قىز ئاختۇرۇپ يۈرەتتىكەن. ماۋرىس قىزلارنى ئۆزىگە قارىتىشقا ئۇستا بولغاچقا، ھىتلېرگە قىز تونۇشتۇرۇپ يۈرەتتىكەن. ماۋرىسنىڭ دېيىشىچە، ھىتلېر بۇنداق دەللال ۋاستىسىغا تايىنىپ قولغا چۈشەرگەن قىزلارنى ئۆز ئۆيىدە كۈتۈۋالاتتىكەن. ھەتتا يېنىدا بىر تىيىن پۇلى قالمىغان ۋاقىتلىرىدىمۇ دائىم دېگىدەك بۇنداق قىزلارغا گۈل دەستىسى سوۋغا قىلىپ تۇراتتىكەن. ئۇ يەنە "بىز پات-پات بالېت تىياتىرىدىكى ئارتىسلارنىمۇ زىيارەت قىلىپ تۇراتتۇق" دەيدۇ.

بۇ كۈنلەردە خانفستايىنگىل ناتسىستلار پارتىيىسىگە خىزمەت قىلىشنى پۈتۈن كۆڭلۈك ئىشى ھالىتىگە ئايلاندۇرىۋالغان ئىدى. ھىتلېر، (يالغانچىلىق پەلسەپەسى سەۋەبىدىن) بەك كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان مەسلىھەتچىسى روزېنبېرگتىنمۇ قورقماي مەسلىھەت ئالاتتى. خانفستايىنگىلنىڭ، بۇرۇتۇڭنى سەل چوڭايتىۋالساڭ بوپتىكەن، ھازىر بۇنداق كىچىك بۇرۇتلار بەك مودا ئەمەس دەپ ئېيتقان مەسلىھەتىگە قارىتا: ھازىر مودا بولمىغاندەك قىلغىنى بىلەن، مېنىڭ باھانەمدە كەلگۈسىدە چوقۇم مودا بولۇپ كېتىدۇ، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ھىتلېر مەسلىھەتنى رەت قىلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا خانفستايىنگىلدىن قەرزگە پۇل ئېلىپ تۇراتتى. بىر قېتىم ھىتلېر ئۇنىڭدىن ئۆسۈمسىز يۈز مىڭ دوللار قەرز ئالىدۇ. شۇ كۈنلەردە خانفستايىنگىل ئاتا-ئانىسىنىڭ نىيويوركتا ئاچقان سەنئەت رەسىملەر دۇكىنىدىن ئۆزىگە تەۋە پايدا ئۈلۈشىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى. بۇ پۇلنى پاخاللاشقان ماركقا ئالماشتۇرغىنىدا ئۇنىڭ بەكلا كۆپ پۇلى بار بولغان

ھېسابلىناتتى. ھىتلېر ئۈنىڭدىن ئالغان بۇ قەرز پۇلغا ئامېرىكىدا ياسالغان ئىككى يۈرۈش شىپىگىراف ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» نى ھەپتىلىكتىن كۈنلۈك گېزىتقا ئۆزگەرتىدۇ.

خانفىستايىنگىل ھەقىقەتەنمۇ ھىتلېرغا مەرتلىك قىلىپ ياردەمدە بولۇپ يۈرگەن ئىدى. ئەمما ھىتلېر ئۈنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ ئۇ بەكلا يامان كۆرىدىغان دۈشمىنىنى داڭلىق بىرسىگە ئايلىنىدىغان ئورۇنغا تەيىنلەيدۇ. يەنى ھىتلېر، ھەپتىلەپ ئىشقا كەلمەيدۇ دېگەننى باھانە قىلىپ «كۈزەتكۈچىلەر» گېزىتىنىڭ تەھرىرلىكىنى ئېكارتنىڭ قولىدىن ئېلىپ روزېنبېرگكە تاپشۇرىدۇ. بۇ ۋەزىپە، روزېنبېرگنى شەرق مەسىلىلىرى بويىچە پارتىيىنىڭ مۇتەخەسسىسى ھالىغا كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئۇنى شېۋنېر رىچتېرقا ئوخشاش روسىيىدىن قېچىپ چىققانلار ئارىسىدىكى تەسىرىنىمۇ كۈچەيتىپ بېرىدۇ. رىچتېر دېگەن بۇ كىشى بەكلا سىرلىق بىرسى بولۇپ، گېرمانىيىدىكى كاپىتالىستلار ۋە يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىنىڭ ئادەملىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار بولغاچقا، لۇدېندورف ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت باغلىغۇچىلىق رولىنى ئويناشتىن باشقا ھىتلېرنىڭ بارغانسىرى ئەتىۋارلىق مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرسىگە ئايلانماقتا ئىدى. بارلىق روسىيە مۇساپىرلىرى بولشېۋىكلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشماقتا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا كاللىسى چار پادىشانىڭ يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇش ھىلىمكىرلىرى بىلەن تولغان ئىدى. يەنى يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى تېررورلۇق ۋە زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىش دەپ قارايتتى. بۇ تۈردىكى تەۋەككۈلچىلەرنىڭ قارىشىچە، يەھۇدىيلارغا قارشى ئىجتىمائىي ياكى ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنىڭ ھېچقايسى كارغا كەلمەيدىكەن. يەھۇدىيلارنى كەڭ كۆلەمدە قىرىپ تاشلاش ئارقىلىقلا ئۇلاردىن قۇتۇلۇش مۇمكىن دەپ قارىشاتتى.

4

ھىتلېر، 1923-يىلى ئەتىيازدا بەكلا ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئۈنىڭغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغۇاتقىنى پۇل ئىدى. شۇڭا ئۇ، ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ پارتىيىسى ئۈچۈن پۇل يىغىشقا كىرىشىدۇ. ئاپرېلنىڭ باشلىرىدا، ھىتلېر بىلەن خانفىستايىنگىل ئىككىسى ماۋرىس ھايداپ ماڭغان ھىتلېرنىڭ سېلۇۋې ماركىلىق خوجايىنلار پىكاۋىغا ئولتۇرۇپ بېرلىنغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار يولدا نۇرغۇن جايلارنىڭ كوممۇنىستلارنىڭ

تېزگىنلىشىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ساكسونىيەدىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇلار لېيپزىگنىڭ شىمالىغا كەلگەندە قىزىل قوغدىغۇچىلار تەرىپىدىن توسۇۋېلىندۇ. سۇرۇلۇك قىياپەتتىكى خانفستايىنگىل شۇئىتسارىيە پاسپورتىنى چىقىرىپ كۆرسىتىپ، 138 ئامېرىكا شۇۋىسىدىكى نىمىسچىسى بىلەن ئۆزىنىڭ چەتئەللىك قەغەزچىلىك سودىگىرى ئىكەنلىكىنى، گېرمانىيىگە كېلىشتىكى مەقسىدىنىڭ لېيپزىگ يارمەنكىسىگە قاتنىشىش ئىكەنلىكىنى، ماشىنىدىكىلەرنىڭ بىرسى ئۇنىڭ شوپۇرى، يەنە بىرسى بولسا ئۇنىڭ خىزمەتچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھىلىسى ئىشقا يارايدۇ. ئۇلار قىزىل مۇھاپىزەتچىلەردىن قۇتۇلۇپ يولغا چۈشكىنىدە ھىتلېر "ئۇلار مېنى بىلىپ قالسا كاللامنى ئېلىشتىن يانمايتتى" دېگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر خىزمەتچى دەپ تونۇشتۇرۇلىشىدىن بەكلا كۆڭۈلسىز بولغانلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى.

بېرلىندا ئۇلار ھەممىلا يەرگە قاتراپ يۈرۈپ پۇل تىلەش بىلەن قالماي، يەكشەنبە كۈنىسى ھەربى مۇزېي بىلەن دۆلەتلىك گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىخانىسىنىمۇ زىيارەت قىلىپ ئۈلگۈرىدۇ. ئۇلار گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىخانىسىنى زىيارەت قىلغانىدا، ھىتلېر، رېمبراندتىنىڭ «ئالتۇن دۇبۇلغىلىق ئادەم» دېگەن رەسىمى ئالدىدا تۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ، رەسىمدىكى ھەربىلەردەك قەھرىمانلارچە ئىپادىسىگە بەكلا دىققەت قىلىدۇ. ئۇ ھەمرايىغا قاراپ، بۇ رەسىمدىكى قەھرىمان تەسۋىرىنى كۆرسىتىپ بۇ ئۇلۇغ رەسسام "گەرچە ئامستېردامنىڭ يەھۇدىيلار رايونىدا نۇرغۇنلىغان رەسىملەرنى سىزغان بىرسى بولىشىغا قارىماي، ئۇنىڭ تۈيغۇلىرى يەنىلا ئارىيان ئىرقى بىلەن نېمىس مىللىتىدىن كەلگەنلىكىنى دەلىللەپ بەرمەكتە!" دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار لۇنا پاركىدا ئاياللار بوكسۇر مۇسابىقىسىنى كۆرىدۇ. مۇسابىقە جەريانىدا ھىتلېر بەكلا سوغۇق قاراپ تۇرىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي يەنە بىر قانچە مەيدان كۆرەيلى دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. مۇسابىقىنى كۆرۈپ بولۇپ، ھىتلېر يېنىدىكىلەرگە "بوكسۇرچىلىقنى ھەر قانچە ياۋايىلىق دېسىمۇ گېرمانىيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان قېلىچۋازلىق مۇسابىقىسىدىن مىڭ ياخشى ئويۇن دېيىشكە بولىدۇ" دەيدۇ.

ئەتىسى ئۇلار بېرلىندىن ئايرىلىپ، ساكسونىيەدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ يۇرتىغا قايتىدۇ. ھىتلېر سەپەر زېرىكىشىنى چىقىرىش ئۈچۈن يول بويى ۋاگنېر ئوپېراسىنىڭ ھەر بىر پەردىسىنىڭ مۇزىكىسىغا ئىسقىرتىپ ماڭىدۇ. ھەتتا قوللىرىنى ئوينىتىپ ئۇسۇللىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ھەمراھلىرىنى زېرىكتۇرمەيدۇ. ھەتتا ئۇ بىيت بىلەن ئاخىرلاشقان بەكلا ئۇزۇن بىر ئېيتىشىشنىمۇ يادقا دېكلىماتسىيە قىلىپ بېرىپ ئۆزىنى ئۆزى شاڭخو قىلىپ كۈلۈپ كېتىدۇ. خانفستايىنگىل كېيىن ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ھىتلېر خوشال ۋاقىتلىرىدا ئۆزى قايتا ئۆزگەرتىپ چىققان شېئىرلارنى دېكلىماتسىيە قىلىپ بېرىپ

ھەممىمىزنى كۆلدۈرۈپ تىلىقتۇرۇۋەتتى."

ئۇلار رىچارد ۋاگنېرنىڭ يۇرتى بولغان بايرېئۇتتا ئازىراق تۇرۇپ ئۆتتىدۇ. بۇ يەردە ئۇلار ئايەم تىياتىرخانىسىغا كىرىپ چىقىدۇ. تىياتىرخانىغا دەرۋازىۋەن باشلاپ كىرگەن ئىدى. سەھنە دېكلاراتسىيىسى يەنىلا «ئۇچار گوللاندىيىلىك» ئۈچۈن لايىھەلەنگەن پېتى تۇراتتى. 1914-يىلى ئۇرۇش ئېلان قىلىنغاندىن بېرى، بۇ تىياتىر ئىزچىل تۇردە بۇ يەردە ئوينالغان ئىدى. خانفىستايىنگىلمۇ بۇ سەھنە كۆرۈنۈشىنى كۆرگەندىن كېيىن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي "بۇ ئويۇننىڭ ئەك دەسلەپكى سەھنە كۆرۈنىشىنى ئۇنىڭ چوڭ بوۋىسى فېردىناند ھېين لايىھەلەپتىكەن" دەپ ماختىنىۋالىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر ھىتلېرنى پۈتۈنلەي ئۆزگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ. بولۇپمۇ ۋاگنېرنىڭ كۈتۈپخانىسى ئۇنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرىدۇ. كۈتۈپخانا ئىچىدە ۋاگنېرنىڭ سەنئەتچىلەر بىلەن خەزمەتچىلەر دىققىتى ئۈچۈن يازغان بېغىشلىمىسى ھېلىمۇ ئېسىغلىق ئىدى.

شۇ قېتىملىق سەپەرنىڭ ئەك ئاخىرقى كۈنىسى، چۈشلۈك تاماققا توختىغان ۋاقتىدا ھىتلېر، لېيپزىگ شەھەر سىرتىدا كۆرگەن "ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ناپالېئونغا قارشى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسى" نى خاتىرىلەش ئۈچۈن تىكلەنگەن مۇنارە ھەققىدە گەپ قوزغايدۇ. ھىتلېر، بۇ ھەقتە توختىلىپ دېگەن مۇلاھىزىلىرى خانفىستايىنگىلنى قاتتىق ئويغا سېلىپ قويىدۇ. شۇ چاغدا ھىتلېر "كېيىنكى قېتىملىق ئۇرۇشتىكى ئەك مۇھىم بىر ئىش، بىز رۇسىيىنىڭ غەربىدىكى ئاشلىق مەنبەسى بىلەن تەمىنلەش يوللىرىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرۈشىمىز شەرت" دەيدۇ. بۇ گەپلەر، روزېنبېرگ بىلەن قالغان روسسىيىلىك دوستلارنىڭ ھىتلېرغا يەنە ئۆز كېپىنى سىڭدۈرۈشقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. خانفىستايىنگىل بۇنىڭغا قارشى چىقىپ، روسسىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلغانىنىڭ قىلچە پايدىسى يوق. ئەسلى بىزنىڭ دىققەت نەزىرىمىز زور كۆلەملىك سانائەت ئاساسىغا ئېرىشىۋالغان ئامېرىكىغا قارىتىلىشى كېرەك. "ئەگەر سەن ئۇلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويساڭ، ئۇ چاغدا كەلگۈسىنىڭ ئۇرۇشىنى قوزغاتماي تۇرۇپلا ئۇتتۇرۇپ قويغان بولىسەن" دەيدۇ. ھىتلېر بۇ گەپلەرگە ئېنىق بىر نېمە دېمەي دۇدۇقلىغىنىچە ئۆتكۈزىۋېتىدۇ. روشەنكى، بۇ گەپلەرگە تولۇق قايىل بولمىغان ئىدى.

ھىتلېر ميۇنخېنغا يېتىپ كېلەر-كەلمەي دەرھال فرانسىيەنىڭ رۇرنى ئىشغال قىلىۋېلىشىغا قارشى نارازىلىق ھەرىكىتىگە تۇتۇش قىلغان بولىسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئايلاندۇرۇپ كېلىپ بەكرەك قىزىقىدىغان ئىشى، خەلقنى قوزغىلىپ يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرىكەتكە ئاتلىنىشنى كۈشكۈرتىشكە قارىتىدۇ. مەسىلەن، 13-ئاپرېل كۈنى، ھىتلېر ئۇلارنى بىۋاستە تەنقىتلەپ، رۇرنىڭ ئىشغال قىلىۋېلىنىشىغا، ئۇرۇشتا مەغلۇب قىلىنىشقا ھەمدە مال

باھالىرىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگە بىۋاستە سەۋەپچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.139 ئۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”ئاتالمىش دۇنيا تىنچلىقپەرۋەرلىكى“ دېگىنى ئەسلىدە يەھۇدىيلار كەشىپ قىلغان نەرسە؛ پرولېتارلارنىڭ داھىسىمۇ بىر يەھۇدىي (”مانا ساڭا بىر يەھۇدىي!“)؛ ئورتاق ئىقتىسادىي جەمئىيىتى دېگىنىمۇ يەھۇدىيلارنىڭ بىر قورالى (”مانا ساڭا يەنە بىر يەھۇدىي!“)؛ ئەسلىدە يەھۇدىيلار ھىلىمىكىرگە تايىنىپ دۇنيانى قولغا كىرگۈزمەكچى! شۇڭا ئۇلار، ”كونا ۋەدىلەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن روسىيە بىلەن گېرمانىيە چوقۇم ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشى كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانى باش ئەگدۈرۈش لازىم! بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق بىر يالغانچى تەشۋىقات ئورگىنىنى خالىغانچە ھەرىكەت قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ ئاخىرىدا ساقلىنىپ قالغان بىردىن-بىر غايىلىك دۆلەتكە، يەنى گېرمانىيىگە قارشى ئاتلىنالايدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ، دەپ جار سېلىشماقتا! شۇ ئارقىلىق، دۇنيا ئۇرۇشىدا غالىپ چىققىدىغان تەرەپ يەھۇدىيلار بولىدۇ! ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، سىلەر فرانسىيىنىڭ، ئەنگلىيىنىڭ ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشتا غالىپ كېلىشىنى خالايتتىڭلارمۇ؟“ ھىتلېر نۇتقىنى تۈگەتكىنىدە ھاياجان ئىچىدە دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆلگەن ئىككى مىليون نېمىس ئۈچۈن، شۇنىڭدەك مىليونلارچە يېتىم-تۇللار، مېيىپ قالغانلار ئۈچۈن ھەققانىيەت تەلەپ قىلايلى، بۇ مىليونلىغان خەلق ئۈچۈن چوقۇم يېڭى گېرمانىيە قۇرۇپ چىقايلى! دەپ شۇئار توۋلايدۇ.ھىتلېر يەھۇدىيلاردىن نەپرەتلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلاردىن قورقىدىغانلىقى ئۈچۈن، رىياللىقتىن ھالقىپ سۆزلەشكە باشلايدۇ. ئۇ، يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇشتا گەرچە مەنتىقلىق سۆزلەردىن پايدىلىنىپ مەقسەتلىرىنى ئىپادىلىگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەنتىقىنىڭ بارلىق چەكلىرىدىن ئاللىمۇقاچان ئاشۇرىۋەتكەن ئىدى. ئۇ دۇنيانى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ تەسۋىرلىمەكتە ئىدى: ئەسلىدە فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ئۇرۇشتا ھەقىقى مەغلۇپ بولغانلار، گېرمانىيە يەھۇدىيلار تېزگىنىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئاتلانغانلىقى سەۋەبىدىن ئەڭ ئاخىرىدا غەلىبە قىلىدىغىنى چوقۇم گېرمانىيە بولىدۇ، دەيتتى. ئەگەر ھىتلېر بۇ دېيىشلىرى بىلەن ئۆزىنى ئالداۋاتىدۇ دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا، ھىتلېر شۇ قاتاردا تەرەپتارلىرىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن ئالدىماقتا دېيىش كېرەك. ھىتلېر ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇن ئىپتىدائى ھېسسىياتنى ئويغاتماقتا ئىدى، خەلق ئاممىسى مىتىڭدىن ئايرىلغىنىدا ئۇلارنىڭ ئەقلىدە قالغىنى بىرەر ئاقار يۇلتۇزدەك بەكلا ئاز نەرسىلەر ئىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقلىدە قالغىنى پەقەتلا ھىتلېرنىڭ كىرىست ئارمىيىسى سېپىگە قاتنىشىش ئارقىلىق گېرمانىيىنى قۇتقۇزۇش؛ فرانسىيەنى چوقۇم رۇردىن قوغلاپ چىقىرىش، ئەڭ مۇھىمى يەھۇدىيلارنى چوقۇم تىگىشلىك يېرىگە يوللاش دېگەندەكلەر

ئىدى.

ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە، ھىتلېرنىڭ نۇتۇق سۆزلەش ئۇسلۇبىدا زور ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدۇ. ئۇنىڭ قول ھەرىكىتىمۇ نۇتقىغا ئوخشاش كۈرمىك خىل ئۆزگىرىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ خانفىستاينگلنىڭ دىققىتىنى بەكىرەك تارتقىنى ئۇنىڭ بىلىكىنى ئۇشتۇمتۇت يوقىرى كۆتۈرۈشى ئىدى. "ئۇنىڭدا ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ ئوركىستىر رېژىسور خاراكتېرى بار ئىدى. ئادەتتە ئۇلۇغ بىر رېژىسور قولنى تۆۋەنگە سىلكىپ تەڭكەش قىلىپلا قالماي، چوكىسىنى يوقۇرى سىلكىش ئارقىلىقمۇ ئىچكى رىتىم ۋە مەنىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرالىشى مۇمكىن." ھىتلېر نۇتقىدا ئەنە شۇنداق مۇزىكا بىلىملىرى بىلەن تۇيغۇلاردىن پايدىلىنىپ، نۇتقىنى كىشىنى ئۇرغۇتىدىغان مۇزىكا رىتىمىغا ئايلاندۇرۇۋالغان. يەنى ئۇ، نۇتقىنىڭ دەسلەپكى ئۇچتە ئىككى قىسمىدا مارش رىتىمىدا سۆزلىگەن بولسا، قالغان ئۇچتە بىر قىسمىدا رىتىمنى تۇيۇقسىز تېزلىتىپ جوشقۇنلۇق ھالنى پەيدا قىلىشقا تىرىشىدۇ.

ئۇ ئاۋاز تونلىرىنىمۇ ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن تەڭشەپ ئىشلىتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرگەن ئىدى. ئۇ خىيالىدا قايسى بىر رىقابەتچىسىنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك نۇتۇق سۆزلىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى دوراش ئارقىلىق تەتۈر ئىسپاتلاش ئارقىلىقمۇ پەرىزىدىكى بۇ دۈشمىنىنى بىت-چىت قىلىۋېتىش ئۇسۇلىنى ئىشقا سېلىپ ئىنتايىن مۇۋەپپىقىيەتلىك نۇتۇق تەسىرىنى پەيدا قىلالايتتى. ئاندىن قايتا ئۆز تەپەككۇر ئۇسلۇبى بويىچە نۇتقىنى داۋام قىلدۇراتتى.

گەرچە ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ قۇرۇلمىسى بەكلا مۇرەككەپ بولغاندەك قىلسىمۇ، ئاساسلىق مەقسىدى ئورتاق ھاياجان پەيدا قىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاسانلا ماسلىشىپ كەتكىلى بولاتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ بىر مەزمۇن بىلەن يەنە بىر مەزمۇن ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا ھېسسىيات، يەنى غەزەپ، نەپرەت، ۋەھىمە، مۇھەببەت ياكى ئۆچمەنلىكنى قىستۇرۇپ سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن خەلقنى قىلچە زىرىكتۈرمەي بىر تېمىدىن يەنە بىر تېمىغا بەكلا ئاسان ئۆتەلەيتتى. گەرچە ئۇنىڭ نۇتقى بەكلا ئەگرى-توقايلىقلار بىلەن تولغان مۇرەككەپ بىر ۋەقەلىكتەك قىلسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىنتايىن ماھارەتلىك بىر سەنئەتچىنىڭ تاماشىبىنلارنى قايسى بىر ئويۇن سەھنىسى ئىچىدىكى مۇرەككەپ پەردىلەرنى چۈشىنەلىشىگە يېتەكلىيەلىگىنىگە ئوخشاش مەيداندىكى خەلقنىمۇ ئۆزى خالىغان تەرەپلەرگە قاراپ يېتەكلىيەلەپ كېتەلەيتتى.140

ھىتلېردا، مىتىنگ مەيدانىدىكىلەرنى نۇتقىنىڭ مەزمۇنى ئىچىگە تارتىپ كىرەلەيدىغان بەكلا كام ئۇچرايدىغان بىر قابىلىيەتمۇ بار ئىدى. "مەن خەلق ئاممىسىغا نۇتۇق سۆزلىگىنىمدە، بولۇپمۇ پارتىيە ئەزاسى بولمىغانلارغا قارىتا، ياكى قانداقلا بىر

سەۋەپ تۇپەيلىدىن بولمىسۇن پارتىيىمىزدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان كىشىلەرگە خىتاپ قىلغان ۋاقتىمدا، گۇيا ۋەتىنىمىزنىڭ تەغدىرى دەل شۇ كىشىلەرنىڭ قارار قىلىشىغىلا باغلىنىپ قالغاندەك سۆزلەيتتىم. _ دەيدۇ خانفىستايىنگىلغا، _ ئۇ كىشىلەرنى قالغانلار ئالدىدا ئۈلگىلىك رول ئويناپ بېرىشى كېرەكلىكىنى ئىما قىلاتتىم. شۈبھىسىزكى، بۇنداق سۆزلىرىم ئۇلارنىڭ ئابرويپەرەستلىكى بىلەن جاسارىتىنى ئۇرغۇتىۋەتتى. مەن بۇ مەقسەتكە ئېرىشەلىگەنلا بولىدىكەنمەن، قالغان مەسىلىلەر بەكلا ئاسان ھەل بولۇپ كېتەتتى. ئۇ يەنە مۇنداق دەيتتى: مەيلى باي، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن، بارلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۆز ئۆستىگە چۈشكەن ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدىغان بىر تۇيغۇ بولىدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر يەردە ئېغىر مۇگدەش ئىچىگە پېتىپ قېلىش بار ئىكەن، دېمەك مەلۇم بىر يېڭىچە تۇرمۇش شەكلى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى پىداكارلىق كۆرسىتىش ياكى مەلۇم بىر تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكىتى ئاخىرقى خەۋپلىك نوقتىسىغا كېلىپ توختاپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ نوقتىغا كېلىپ قالغانلار ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەۋەككۈل قىلىپ دوغا چىقىشقا تەييار ھالغا كەلگەن كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. مېنىڭ ۋەزىپەم، دەل شۇ ھەۋەسلىرىنى سىياسىي يولغا باشلاشتىنلا ئىبارەت. ئەسلىدە، ھەر قانداق بىر سىياسىي ھەرىكەت ئۆزىنىڭ ھىمايىچىلىرىنى (مەيلى ئۇلار ئايال ياكى ئەر بولسۇن)، ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى ئۆز پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ياكى باشقىلار ئۈچۈن ئەڭ بەختلىك كۈنلەرنى مەقسەت قىلىش ئاساسىغا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ... خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى قانچىكى تۆۋەن بولىدىكەن، ئۇلاردا ئۆز ئورنىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرەر يوقىرى غايىگە ئىنتىلىشىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر مەن ئۇلارنى قايىل قىلالايدىغانلا بولىدىكەنمەن، ئۇلارنى گېرمانىيىنىڭ تەغدىرى خەۋپ ئاستىدا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرەلەيدىغانلا بولىدىكەنمەن، ئۇلار چوقۇم ھەرىكەتنىڭ قەتئىي تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنالايدۇ. شۇڭا بۇنداق بىر ھەرىكەت بارلىق تەبىقە كىشىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىشىمۇ مۇمكىن.“

ھىتلېرنىڭ ھەربىي ۋەزىيەت ھەققىدىكى ئاجايىپ دەبدەبىلىك بىلەن قالتىس ماھارەتلىك ئۇسلۇپتا ئوتتۇرىغا قويغان غەلىتە ئەقىدىلىك ئويۇنلىرىغا قارىتا نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلىرى ئەزەلدىن تەييارلىقى بولاتتى. ئادەتتە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مۇزىكىلار بىلەن لەپىلدەپ تۇرغان بايراقلاردىن باشقا يەنە يېڭى بىر ئۇسلۇپ _ ھىتلېر ئۆز قولى بىلەن لايىھىلەپ چىققان رىم پاسونى بايراق بىلەن سالام پاسونىنىمۇ پەيدا قىلغان ئىدى. بەلكىم بۇ ئىككىسىنىلا مۇسسولىنىنىڭ قېدىمقى رىم كايسەرلىرىدىن ئۈلگە ئالغىنىدىن كۆچۈرۈپ كەلگەن بولىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇ، بىلەك سالمىنى نېمىس

پاسونى سالام دەۋالغان ئىدى. "مەن 'ھاشارەتلەر قۇرۇلتىيى' نىڭ يىغىن مەنزىرىسى تەسۋىرلىرىنى ئوقۇغان ئىدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئەنە شۇنداق نىمىس سالىمى بىلەن لۇتېرغا سالام بېرەركەندۇق. بۇ نەرسىلەر خەلقنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەسىلىنى قۇراللىق ھەل قىلىش يولىنى تۇتماي بەلكى تىنچ كۆرۈشۈشنى تاللىۋالغانلىقىنىڭ بىشارىتى ئىكەندۇق. ... بەلكىم 1921-يىلى (خىتايچىدا 1931-يىلى، دەپ يېزىلغان _ ئۇ.ت) بولسا كېرەك، بىرىمبىندىكى راتسكېللېر پىۋىخانىسىدا بۇ تۈردىكى بىلەك ئۇزارتىپ سالام بېرىشنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئىدىم." بۇنداق بىلەك سالىمىنىڭ كېلىش مەنبەسى نەدىن بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، شاد-خۇراملىق مۇزىكا سادالىرى ياڭرىغان تىنچ يىغىلىشلاردا بۇنداق قول كۆتۈرۈپ "خايىل! _ ياشىسۇن!" دېگەن ئاۋازلار ئىچىدە بىلەك سالىمى بېرىش، ھەقىقەتەنمۇ خەلق ئاممىسىغا، بىز ھەقىقىي نىمىس ئاۋازىنى ئاڭلىماقتىمىز، دېگەن ئىشەنچنى تۇرغۇزاتتى.

ھىتلېر، فرانسىيە بىلەن يەھۇدىيلارغا قارشى ئاشكارە جار سالغان كۈنىسى، باۋارىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئاشكارە زىتىغا تەگكەن كۈنى ئىدى. ئۇ، باۋارىيە باش مىنىستىرىنىڭ زىيارىتىگە باردۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارغان كىشى سابىق ئوفىتسېرلاردىن بىرى بولۇپ، بۇ ئادەم "كۆرەشچان تەشكىل خىزمەت گۇرۇپپىسى" دېگەن شەخسى قۇراللىق قوشۇننىڭ قوماندانى ئىدى. بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى دېگىنى، ئەسلىدە ئوڭچىل ئاكتىپلار گۇرۇھىنىڭ داشقاينىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىككىسى باش مىنىستىرغا ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومىنى تاپشۇرۇپ، ھۆكۈمەتتىن «جۇمھۇرىيەت قوغداش قانۇنى» نى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدۇ. ئەگەر ۋېيمار دائىرىلىرى بۇ تەلەپنى رەت قىلغىدەك بولىدىكەن، ئۇ ھالدا باۋارىيە ئاشكارە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ھېسابلىناتتى.

شۇ كۈنى ئايغا 13 (خىتايچىدا 19-چىسلا، دەپ يېزىلغان _ ئۇ.ت)، جۈمە كۈنى بولىشىغا قارىماي، ھىتلېر شەنبە كۈنى جاۋاب بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدۇ. بۇ تەلەپ جاۋابسىز قالغانلىقى ئۈچۈن، ئوڭچىل رادىكال ھەربىيلەر گۇرۇھى يەكشەنبە كۈنى "ھەربىي مانېۋىر" ئۆتكۈزىدۇ. شۇ كۈنى پاسخا بايرىمى ئىدى. ھىتلېر، ئېستېر بىلەن بىرگە ئۇستى ئوچۇق ماشىنىدا ئۆرە تۇرىدۇ. ھۇجۇمچىلار ئەترىتى _ ئېس-ئاچىلار بىلەن پۇخرا تەرەپپازلار قاتار تىزىلىپ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقىنىدا ھىتلېر بىلەك سالىمى بېرىدۇ.141 گيۆرىڭنىڭ شەخسى پىكاۋى ئىچىدە ئولتۇرۇپ قاراپ تۇرغان ھېلېنا خانفىستايىنگىل، ھىتلېرنىڭ كۆزلىرىدىن غالىپلىق ۋە رازىمەنلىك ئىپادىسى چاقناپ تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. پارات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھىتلېر "چىرايلىق بىر دەستە ئەتىرگۈل" ئېلىپ

خانفىستايىنگىللار ئۆيگە كېلىپ، ھېلىنا خانىمغا تۇغۇلغان كۈنى ئۈچۈن گۈلنى سوغات قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار بىرلىكتە ئولتۇرۇپ خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە بىرەر سائەت چاي ئىچىشىدۇ. بۇ جەرياندا ھىتلېر تىنىماي قىزىق گەپلەرنى قىلىپ ئۇلارنى كۈلدۈرۈپ ئولتۇرىدۇ. ئەمما ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، يەنى نۆۋەت ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەشكە كەلگەندە پەقەتلا ئىچىلالماي جىمىپ كېتىدۇ. ئۇ خانفىستايىنگلغا ئۈستىدە كرېست بەلگىسى بولغان تۇغۇلغان كۈنى تورتلىرىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىداق بەلگە چۈشۈرۈلگەن باشقا ھەرقانداق نەرسىلەرنى ھەرگىز يېمەيلى دەپ قاتتىق جېكىلەيدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ تار ئۆيى كرېست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن تورتلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. "شۇنى ئۇنۇتمىغىنكى، _ دەيدۇ ھىتلېر، _ بۇ بىنا يەھۇدىيلارغا تەۋە بىر بىنا، ئۇلار رەقىبىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۈتۈن تاملىرىنى زەھەر بىلەن مىلاپ بولدى. بۇنى بىر ئويۇن قىلىۋېلىشتى."

دۈشەنبە كۈنى، باش مىنىستىردىن ئاخىرى ھىتلېرغا جاۋاب كېلىدۇ: ئۇ ئۆزى «جۇمھۇرىيەت قوغداش قانۇنى» غا قارشى ئىكەنلىكىنى، ئەمما بۇ قانۇن باۋارىيىنىڭ رەسمى قانۇنى ھالىغا كېلىپ بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى بۇ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتىن باشقىچە بولالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ھىتلېر بىرىنچى ماي كۈنى ئاممىۋى نامايىش چاقىرىقى چىقىرىپ نامايىش ئارقىلىق نارازىلىق بىلدۈرۈش قارارىغا كېلىدۇ. بۇ بىر پارتلاش خاراكتېرلىق خەۋەر ئىدى. چۈنكى «بىرىنچى ماي» كۈنى ئەمگەكچىلەر بىلەن ماركسىزمچىلارنىڭلا مۇقەددەس بايرىمى بولۇپ قالماي، مىيۇنخېننى سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قولىدىن ئازات قىلىنىشىنىڭمۇ يىللىق خاتىرە كۈنى ئىدى. 30-ئاپرېل ئاخشىمى، ئۈچىنچى رادىكال كۈچلەر مىيۇنخېننىڭ ئاساسلىق پويىز ئىستانسىسىنىڭ شىمالىدىكى نەچچە چاقىرىم يەردىكى ئوبېرۋىسېنفېلد نىمىس ئارمىيىسى مەشىق مەيدانى تەرەپكە قاراپ يولغا چۈشىدۇ. تاڭ سۈزۈلگىچە ئۇ يەرگە مىڭغا يېقىن ئادەم يىغىلىپ بولغان ئىدى. ئۇلار سولچىل كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەتراپقا مەخسۇس پوست قويۇۋېتىدۇ. ۋاقىت سائەتلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئەمما بىرەر ھەرىكەت شەپىسى كۆرۈلمەيدۇ. "سائەت 6 بولغاندا، _ دەيدۇ ھىتلېر كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، _ توپ-توپ قىزىللار كېلىپ بىز بىلەن تىركىشىشكە تەييارلاندى. ئۇلارنى كۈشكۈرتىشكە بىر مۇنچە ئادەم ئىشەرتكەن بولسامۇ، ئۇلاردىن بىرەر سادا چىقمىدى." سائەت 9 لاردا شەھەر سىرتىدىن ھەرقايسى ئەترەتلەردىن كەلگەنلەر قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ ئادىمى 1300 كىشىگە يېتىدۇ.

ئۇلار قوراللىق ئىللىق ئاپتاپتا تولا كۈتۈپ زېرىكىپ تىت-تىت بولۇپ كېتىدۇ.

ياۋۇزلاشقان ھىتلېر، قولىدا بىر كاسكا، "قىزىللار نەگە يوقالدى؟" دەپ سورايدۇ. چۈشكە يېقىن بىر ۋاقىتتا، تويۇقسىزلا بىر بۆلۈم ئەسكەرلەر بىلەن كۆك فورمىلىق ساقچىلار كېلىپ قۇراللىق نامايىشچىلارنى قاتمۇ-قات قورشاۋغا ئېلىۋالىدۇ. ئۇلار بىلەن كەلگەنلەر ئارىسىدا غەزەپكە تولغان كاپىتان رۆممۇ بار ئىدى. ئۇھىتلېرغا ئۆزىنىڭ يېقىلا بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئارمىيە گېنېرالىنىڭ يېنىدىن كەلگەنلىكىنى، ئۇ گېنېرال ھىتلېردىن دەرھال قورال تاپشۇرۇشنى كېرەكلىكىنى، بولمىسا ئاقىۋىتىگە پۈتۈنلەي ئۆزى مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

ھىتلېر قاتتىق غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، گرېگور ستراسسېر قاتارلىق كىشىلەرنى ھۆكۈمەت كۈچلىرىگە قارشى تاقابىل تۇرالمايلى، ئەسكەرلەرنى ئاتاكىغا ئاتلاندۇرايلى دېگەن تەلىپىنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. قورال تاپشۇرۇش قارارى ھەقىقەتەنمۇ ئازابلىق بىر قارار ئىدى. ئەمما ھىتلېر ھۇجۇم ئۆتكۈزۈپلا قالىدىكەن، ئۇنىڭ چوقۇم تارمار كەلتۈرۈلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، بۇنداق مەنىسىز قان تۆكۈلۈش ئۆزىنىڭ سىياسىي ساھەدىكى داھىلىق ئورنىنىڭ ئاخىرلىشىشى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قۇربان بولىشى ئېنىق ئىدى. ئوبېرۋېسېنفېلدتىكى چېكىنىشتە ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. شۇۋاقىتتا، ھىتلېرنىڭ قوشۇنى كوممۇنىستلارنىڭ ئاۋانگارت كۈچلىرى بىلەن توقۇنۇشۇشتا ئۇلارنى تىرە-پىرەك قىلىۋېتىش بىلەنلا قالماي، قىزىللارنىڭ بايراقلىرىنىمۇ كۆيدۈرۈپ تاشلىغان ئىدى. بۇ ۋاقىتلار ھىتلېرنىڭ قالتىس يايراپ كەتكەن ۋاقىتلىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ نەق مەيداندا قىسقا بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ نۇتقىدا، بۇ يالقۇن بولشېۋىكلارنىڭ دۇنياۋى يوقۇملۇق كېسىلىنىڭ بىر ئىپادىسى. بۇ يالقۇن، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ھوقۇقنى تارتىپ ئېلىشىنىڭ كىچىككىنە سىگنالىدىن ئىبارەتتۇر دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق ئىنتايىن كۈچلۈك كۈشكۈرتكۈچى نۇتقى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ غەيرەت-جاسارىتىنى ئالاھىدە كۈچەيتىپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر قېتىملىق ئېغىر خاتالىقنى غالىبىيەتكە ئايلاندۇرىۋالىدۇ.142 ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ خوشاللىقى قىسقا ۋاقىتلىق جىمىقىش ھېسابلىناتتى. شۇ ئاخشىمى، ھىتلېرنىڭ ئىنقىلابى ھەرىكىتى ئۇزۇل كېسىل مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. بۇ قېتىملىق مەغلۇبىيەت، ئۇنى بىر مۇنچە سادىق ئەگەشكۈچىلىرىدىن مەھرۇم قالدۇردى. "مەن ھىتلېردىن پۈتۈنلەي ئايرىلىمەن! _ دەيدۇ سابىق 'ئەركىن پولك' كوماندىرى بولغان بىرسى، _ «بىرىنچى ماي» كۈنى ئۇ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. ئەندى بۇ ئادەم مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدۇ!"

ئوبېرۋېيسېنفېلد ۋەقەسىدە مەغلۇب بولغانلار يالغۇز ھىتلېرلا ئەمەس ئىدى. باۋارىيە ھۆكۈمىتى ئۇچۇن ئالغاندىمۇ بۇ ۋەقە ئۇلار ئۇچۇن تېخىمۇ ئېغىر مەغلۇبىيەت، تېخىمۇ

ئېغىر قىيىنچىلىق ھېساپلىناتتى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھىتلېرنى جەمئىيەت ئامانلىقىغا زىيان سالغان دەپ قارىلاپ ئۇنى سوتقا چىقىرىدۇ. ھىتلېر قىلچە تەمتىرىمەي سۇئاللارغا بىرمۇ-بىر جاۋاپ بېرىپ، تەپتىش ئەمەلدارىنى تاقابىل تۇرالماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ھىتلېر بۇ قېتىمقى سوتتا قىلچە باش ئەگمەي قەتئىي ئىرادىلىك بولۇپ، ئاپەتتىن سىياسىي مەنپەئەت چىقىرىۋالىدۇ. مەغلۇبىيەتنى غالىبىيەتكە ئايلاندۇرۇش، ئۇنىڭ مىزانى ھالىغا كېلىدۇ.

شۇنداقتىمۇ نۇرغۇنلىغان چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەر بۇ ۋەقەنى ھىتلېرنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ئاقىۋىتىنىڭ باشلىنىشى دەپ باھالىشىدۇ. روبېرت مۇرفى دەل شۇنداق قارايدىغانلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ يازغان دوكلاتىدا، ناتسىستلار ھەرىكىتىنىڭ يۇزلىنىشى ئاجىزلاش باسقۇچىغا كىردى، دەيدۇ. ئۇ يەنە، خەلق "ھىتلېرنىڭ كۆشكۈرتۈش ھەرىكەتلىرىدىن زېرىكتى، چۈنكى ئۇ ھېچقانداق بىر نەتىجە يارىتالمىدى، ھېچقانداق بىر ئىجابىي يېڭىلىقنىمۇ ئوتتۇرىغا قويالمىدى. ئۇنىڭ يەھۇدىيلىققا قارشى ھەرىكىتى ئۆزىگە بەكلا كۆپ دۈشمەن پەيدا قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ياش تەرەپپازلىرىنىڭ جىدەل تېرىشتىن باشقىنى بىلمەسلىكى جەمئىيەت تەرتىۋىنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى بەكلا بىزار قىلىۋەتكەن ئىدى" دەپ يازىدۇ.

5

مۇرفىنىڭ قاراشلىرى پەقەتلا باۋارىيە يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئىدى. بۇ ئەمەلدارلار «بىرىنچى ماي» دىن كېيىنكى سىياسىي ھەرىكەتلەردىكى تىنجىشنى ھىتلېردىن ھەمدە ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن قۇتۇلغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دەيدىغان خاتا قاراشقا كېلەپ قالغان ئىدى. راس دېگەندەك، بۇ تۇر سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ جىمىقىپ قېلىشى خېلى ئۇزۇن داۋام قىلىدۇ. بۇ جەرياندا بىرلا قېتىم ۋاقتلىق قالايماقانچىلىق يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ۋەقە گېرمانىيىلىك بىر مىللەتچى بولغان ئالبېرت لېئون شلاگېتېر دېگەن بىرسىنىڭ دۇيسبۇرگ ئەتراپىدا فرانسىيىنىڭ رۇر رايونىنى بېسىۋېلىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن تۆمۈر يول پارتلاتقانلىقىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشىدىن كېلىپ چىققان بىر ۋەقە ئىدى. ئۇ كىشى بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن سوتلىنىپ، 26-ماي كۈنى ئېتىپ تاشلىنىدۇ.

خانفىستايىنگىل، كۆپلىگەن ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلارنىڭ كىلەر ھەپتىدە

كۆنگسپلاتز مەيدانىغا يىغىلىپ نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، تاغدا دەم ئېلىۋاتقان ھىتلېرنىڭ دەرھال قايتىپ كېلىپ بۇ ھەرىكەتكە قاتنىششنى لازىملىقىنى ئويلايدۇ. ئۇ دەرھال پويىزغا ئولتۇرۇپ گېرمانىيە-ئاۋسترىيە چېگرىسىغا جايلاشقان ئىنتايىن مەنزىرىلىك ساناتورىيە يېرى بولغان بېرچتېسگادېن ("ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم") غا بېرىپ ھىتلېرنى تاپىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ھىتلېر ئىسمىنى 'ۋولف ئەپەندى' دەپ ئۆزگەرتىپ "مورىتز ئۆتەك" دە تۇرىۋاتقان ئىدى. بۇ ئۆتەك ئوبېرسالزبۇرگدىكى قىيالىق تاغ چوققىسىغا سېلىنغان ئىدى. دەسلىۋىدە ھىتلېر نامايىشقا ھەر تۈرلۈك كىشىلەر قاتنىشىدىغانلىقىنى سەۋەپ قىلىپ كۆرسىتىپ ئۇ نامايىشچىلارغا نۇتۇق سۆزلەشكە بەك قىزىقىپ كەتمەيدۇ. ئەمما خانفستاينگل چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلغاچقا ھىتلېر نۇتۇق سۆزلەشكە ماقۇل بولىدۇ ۋە ئۇ ئىككىسى دەرھال نۇتۇق تېزىسىدىن بىرنى يېزىپ چىقىدۇ.

شۇ ئاخشىمى، خانفستاينگل بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئورنىدىن ئايرىلغان ئېكارت غەزنۇنى باسالماي، ھىتلېر دائىم قامچىسىنى ئوينىتىپ ھەممىلا يەردە قورۇق ھەيۋە قىلىپ يۈرىدۇ؛ داچىنىڭ مۇدىرىنىڭ ئايالى ئالدىدىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ يۈرىدۇ. "ھىتلېرنىڭ بۇ تۈر قىلىقلىرى جىنىمغا تەگدى. _ دەيدۇ، _ مېنىڭچە بولغاندا بۇ ئادەم راستىنلا ساراڭ بولۇپ قاپتۇ." ئۇ يەنە، ھىتلېر ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر تىللار بىلەن بىرلىننى قارىلاش ئارقىلىق، بۇ ئايال ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماقتا: "... ئۇنىڭ بۇزۇپ-چېچىپ يۈرۈشلىرى، 143 شەھۋانىلىق قىلىشلىرى، تەكسىزلىك قىلىشلىرى، ھەشەمەتلىك قىلىش ۋە يەھۇدىي بايلىقىدىن پايدىلىنىشلىرى بەكلا جىنىمغا تەگدى. بۇلىۋاتقان بۇ ئىشلارغا زادىلا ئىشەنگىم كەلمەيدۇ. مەن ھازىر ئۆزەمنى خۇددى تەگرىنىڭ مازارلىقىدا تۇرىۋاتقاندەك، پۇل ئالماشتۇرۇشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغانلارنىڭ ئەيساسى يېنىدا تۇرىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتىمەن" ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قايناپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ھىتلېر شۇ سەۋەپتىن قامچىسىنى ئوينىتىپ يۈرگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇ ئەيسانىڭ قۇتلۇق ۋەزىپىسىگە ئوخشاش پايتەختتە پەيدا بولۇپ پارىخور چىرىگەن كىشىلەرنى ئەدەپلىمەكچى بولغانلىقىنى سۆزلەپ كېتىدۇ.

ھىتلېر، ئەتىسى خانفستاينگل بىلەن بىرگە پويىز ئىستانسىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ھىتلېر ئوبېرسالزبۇرگقا قايتاشىدا "يېقىندا پارتىيە ئورگان گېزىتىمىزنىڭ مۇھەررىرلىكىدىن قالدۇرۇلغان ئېكارت رەسمى ئۆمتىسىز بىرسىگە، قېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىرسىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. _ دەيدۇ، _ شوپېنخاۋئېر ئۇنى قاتتىق گۇمانخور توماسقىلا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭ ئېنىق ئۇققىلى بولمايدىغان بىلجىرلاشلىرىنى ئاڭلىساڭ، مېنى

نەلەرگە باشلاپ ماڭماقچى بولغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالىسەن. قالتىس يول كۆرسەتكۈچىدە-ئۇ! كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى بىلەن غەيرىتىنى ئازايتىپ يوقلا قىلىۋېتىدۇ! غەيرىتىدىن ئايرىلغان خەلق پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدۇ! ھايات دېگەنلىك، كۈرەش قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاندىن ئۇ غەلىتە بىر رىتىم بىلەن «لوھېڭگرىن» ئوپېرىسىدىكى ئاققۇ ئاھاڭىغا ئىسقىرتىشقا كىرىشىپ كەتتى."

تىنچلىقچى ئانتون درېكسلېرمۇ ھىتلېرنىڭ ئوبېرسالزبۇرگدا نۇتۇق سۆزلىشىنى خالىمايتتى. ھىتلېرنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى ئۇلارنى نىمە قىلارنى بىلەلمەس قىلىپ تەمتىرىتىپلا قويغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ئارىسىدا ھەقىقىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىنى قۇرۇش ئورنىغا كاپىتالىستلار بىلەن، بايىۋەتچىلەر بىلەن بانكىرلار بىلەن بەكلا ئىچ قويۇن-تاش قويۇن بولۇپ كېتىشكە قارشى چىقىدىغانلارمۇ ئۇنىڭدىن بەكلا ئەنسىرەشمەكتە ئىدى. ھىتلېرمۇ پارتىيە ئىچىدە يەنە بىر قېتىملىق خائىنلىق يۈز بېرىشى مۇمكىنلىكىنى، يەنى دەسلىۋىدە ھىتلېر ھەققىدە بەكلا يوقىرى ئۈمىدلەرنى كۈتكەن، ئۇنى گېرمانىيىنىڭ يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن داھىيسى دەپ ھۆرمەت قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ نارازىلىقى بىلەن ئۈمىدسىزلىكىدىن پەيدا بولغان قايتا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۆڭلىدە ھېس قىلماقتا ئىدى.

شۇ يىلى سېنتەبىر باشلىرىدا، ھىتلېر ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىش شەكلى بىلەن پەسىيىپ كېتىۋاتقان ئابرويىنى قايتا تىكلەشكە ئاتلىنىدۇ. بۇ ئىش 1~2-سېنتەبىردە نيۇرېمبېرگتا "سېدان ئۇرۇشى" خاتىرە كۈنى بولغان "گېرمانىيە كۈنى" نى خاتىرلەش يىغىنىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇ كۈنى، يۈز مىڭدىن ئارتۇق مىللەتچى بۇ قېدىمى شەھەرگە ئېقىن قىلىپ كوچىلاردا نامايىش قىلىپ يۈرۈش قىلماقتا ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ ساقچى دائىرىلىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، "بۇ قېتىمقى پائالىيەت پەيدا قىلغان قىزغىنلىق 1914-يىلىدىن بۇيان پەقەتلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قىزغىنلىق ئىدى" دېيىلگەن. كوچىلار ناتسىستلار بىلەن تولۇپ تاشقان، باۋارىيە بايراق دېڭىزىغا ئايلانغان، پۈتۈن خەلق "خايىل! _ ياشىسۇن!" دەپ توۋلىشىپ يۈرگەن، لۈدېندورف بىلەن نامايىشقا قاتناشقان قىسىملارنى قارشى ئېلىشىپ ئۇلارغا گۈل-چېچەك ئېتىشىۋاتقان بەكلا قىزغىن مەنزىرە بارلىققا كەلگەن ئىدى. "ئۇرۇشتا مەغلۇب بولغان، پاجىئەلىك مۇھىت ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان، يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولغان، يىمىرىلگەن بۇ خەلق ئازغىنە بولسىمۇ ئۈمىد نۇرى كۆرۈنگەندەك قۇللۇقتىن، نامراتلىقتىن ئازاد بولۇشنىڭ ئازغىنە بولسىمۇ ئۇچقۇنىنى كۆرگەندەك ھاياجانلانماقتا ئىدى. بۇ قېتىمقى مۇراسىم ئەنە شۇنداق

تۈيغۇلارنىڭ ئەركىن ئىپادىسى ئىدى. نۇرغۇنلىغان ئەرلەر، ئاياللار ئۇن سېلىپ يىغلىشىپ، ھېسسىياتلىرىنى بېسىۋالالمايلا قالغان ئىدى."

نامايىشچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ تەرەپتارلىرى ئىدى. ھىتلېر، يىغىن باشلىنىشى بىلەن، سەھنىلەردىن بىرسىگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ھىتلېر بۇ قېتىم كوبۇرگدىكىگە قارىغاندا ئالاھىدە سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى: ئۇچىسىغا كەيگەن كىيىملىرى دەزماللانغان ئالاھىدە رەتلىك، چېچىنىمۇ تەكشى ياساتقان، پۇتىغا كەيگىنىمۇ ئۆزۈن قونجلۇق ئاياق ئەمەس ئىدى. "بىر قانچە ھەپتىگە قالمايلا ھۆشۇۋقمىز قوپىدىغان بولىدى. ـ دەيدۇ ھىتلېر خۇددى ئالدىن كۆرەرلەردەك، ـ بۈگۈن بارلىققا كەلگەن بۇ مەنزىرە دۇنيا ئۆزۈشى مەزگىلدىكىدىنمۇ ئۇلۇق بىر مەنزىرە بولىدۇ. بۇ ھەرىكىتىمىز گېرمانىيە تۇپراقلىرىدا پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن تىكلەنگەن بىر خاتىرە مۇنارىسى بولۇپ قالغۇسى."

ئەتىسى، "گېرمانىيە جەڭگىۋارلار ئىتتىپاقى" قۇرۇلىدۇ. مۇنداق قارىماققا بۇ بىر مىللەتچىلەرنىڭ بىرلەشمىسىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ بىر كەشپىياتى ئىدى: ئۇنىڭ كاتىپى شېۋۋبنېر رىچتېر بولۇپ، ھەربى ئىشلار كاتىۋىشى بولغان كىشى ھىتلېرنىڭ يەنە بىر ياردەمچىسى ئىدى. بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بولغان يەنە بىر ئورگىنىغا رۆم مەسئۇل بولىدۇ؛144 بۇ ئىتتىپاقنىڭ تۈنجى باياناتىنى (فېدېر يېزىپ بەرگەن) خۇددى ھىتلېر ئېيتىپ بەرگەندەكلا قىلاتتى. بۇ باياناتتا پارلامېنت تۈزۈمگە، خەلقئارالىق كاپىتالغا، سىنىپى كۈرەشكە، تىنچلىقچىلىققا، ماركسىزمغا ۋە يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرىمىز دەپ ئېلان قىلىنغان ئىدى.

نيۇرېمبېرگتا "گېرمانىيە كۈنى" نىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى بىلەن "گېرمانىيە پېدائىيلار باتالىئونى" نىڭ قۇرۇلغانلىقى، ھىتلېرنىڭ ئاشكارە ھالدا ئىنقىلابنى باشلىتىدىغان سىياسىي سەھنىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى تولۇق نامايەن قىلماقتا ئىدى. بۇ تەرىپى ئاردىن بىرەر ئاي ۋاقىت ئۆتمەيلا تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ: ھىتلېر بۇ يېڭى تەشكىلىنىڭ رەسمى سىياسىي داھىسىغا ئايلىنىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ "ھەرىكەت پروگراممىسى" دا باۋارىيە ھوقۇقىنى تارتىپ ئېلىش ئاشكارە چاقىرىق قىلىنغان ئىدى. بەزى گەپلەردىن قارىغاندا، ھىتلېر يەنە بىر قېتىملىق ئىنقىلاب قوزغاشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانمىش. ئەمەلىيەتتە، ھىتلېر راستىنلا مەخسەتلىك تۈردە قىزىللارنىڭ قايتا ھوقۇق تارتىۋېلىشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن ھەرىكەت قوزغايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى. "بىزنىڭ بۇ ھەرىكىتىمىزنىڭ ۋەزىپىسى، خۇددى بۇرۇنقى ھەرىكىتىمىزگە ئوخشاش ئىمپېرىيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا تەييارلىق قىلىش. شۇڭاغىدىلا غۇلىتىلغان كونا دەرەختىن

يېڭى نوتىلار شۇڭغۇپ چىقىدۇ.“

باۋارىيە باش مىنىستىرى ئېۋگېن ۋون كنىللىڭ، ھىتلېرنىڭ بەزى چاقىرىقلىرىغا ماقۇل بولغاندەك قىلسىمۇ، ھىتلېرنىڭ ئىسيانچى خەلقنى كۆشكۆرتۈش تاكتىكىسىغا پەقەتلا چىداپ تۇرالمايتتى. كنىللىڭ، 26-سىنتەبىر كۈنى كابىنېتتىكىلەرگە ۋەزىيەت بەكلا جىددى بولغاچقا دەرھال شتات ھەيئەت ئەزاسىدىن بىرنى بەلگىلىشىمىز كېرەك؛ بۇ ئەزا كۆرۈنۈشتە ئىچكى كابىنېتنىڭ باشقۇرۇشىدا ھەرىكەت قىلىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە ”ھوقۇقنى تولۇق ئىشقا سالالايدىغان سالاھىيەتكە ئىگە بولىشى كېرەك“ دەيدۇ. ئۇ يەنە، سابىق باش مىنىستىر كاھرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىشىمىز كېرەك دەيدۇ. بۇنىڭغا ئۇنىڭ بىر قانچە مىللەتچى تەشكىلاتلارنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە كونسىرۋاتىپ كىنەزلەر گۇرۇھىدىكىلەر بىلەن كاتولىك چېركاۋلىرىنىڭ ھۆرمىتىگىمۇ سازاۋەر بىرسى ئىكەنلىكىنى سەۋەپ قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

كاھر، قانۇن-تەرتىپ ئورنىتىش نامىدا بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇنىڭ يولغا قويغان بىرىنچى ھەرىكىتى ئەتىسى ئېچىلماقچى بولغان 14 ناتسىستلار مىتىنگىنى چەكلەش بۇيرىقىنى چىقىرىش بىلەن باشلىنىدۇ. ئادولف ھىتلېر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ھەرىكەت بىر تەھدىت قىلىش ھەرىكىتى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە بىر پۇرسەت ھېسابلىناتتى (ئۇ تېخى يېقىندا شۇتتسارىيەدىن يېنىپ كەلگەن ئىدى). ئەگەر ئۇ گەپ ئاڭلاپ بۇ بۇيرۇققا بوي سۇنغىنىدا پۈتۈنلەي يوقۇلۇش يولىغا كىرگەن بولاتتى. ئەگەر ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندەك بولسا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ مۇھىم سىياسىيوندىن بىرىگە ئايلىنىشى مۇمكىن ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىپ، باشقا بىر ۋاقىتتا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىش مەسلىھەتىنى بېرىدۇ. ئۇلار پارتىيىمىز تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە كۈچەيگەن بىر پارتىيە ھېسابلانمايدۇ، شۇڭا بۇنداق بىر ھەرىكەتكە ئاتلىنىشى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىشاتتى. ئەمما ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغانلار ئۇنى ھەرىكەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ”ئەگەر بۇ قېتىم بىرەر ئىش قىلماي ياتىۋەرگىنىمىزدە جەڭچىلەر بىزدىن قېچىپ كېتىشى مۇمكىن“ دەيدۇ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ مىيونخېن قىسمىنىڭ پولك كوماندىرى. ”ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئىنتىپاق بولۇشىنى ساقلايمەن دەيدىكەنمىز، — دەيدۇ شېۋبنېر رىچتېر، — چوقۇم بىر ئىش قىلغاچ تۇرۇشىمىز كېرەك. بولمىسا تەرەپتارلىرىمىز سولچىل ئاكتىپ كۈچلەر تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.“

تۇرتكىلىك رول ئوينايدىغان بۇ تۈر گەپلەر ھىتلېرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. بۇ

تۇردىكى ھاياجانلىق تۇيغۇلار ئۇنى ئىنقىلاب قىلىش يولىغا باشلايدۇ. ئۇ مىيۇنخېن ۋە ھەر تەرەپتىن ھەرىكەتكە قاتنىشىدىغان ئىتتىپاقداش ئاختۇرۇش ئىشىغا كىرىشىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ھەر تۈرلۈك تەسىرى بار كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئۇ ھەربى باشلىقلار بىلەن، سىياسىي ئەربابلار بىلەن، سانائەت ساھەسىدىكى كىشىلەر ۋە ئەمەلدارلار بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلايدۇ. ئۇ يەنە پارتىيىسىدىكى ئوتتۇرىدا قالغانلار ھەمدە تەۋرىنىپ يۈرگەنلەر بىلەن ۋەدە بېرىش، قورقۇتۇش، چىرايلىق گەپ قىلىش قاتارلىق چارىلاردىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بۇ ئىشقا جەلپ قىلىشقا تىرىشىدۇ. ھىتلېر بۇ ھەقتە دائىم دەيدىغىنى: "بىز بۇ تۆر كىشىلەر بىلەن يارىشىپ ئۆتەلەيدىغانلا بولىدىكەنمىز، ئۇلارمۇ بىز بىلەن بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرلىيەلەيدىغان بولىدۇ."

"ئۇ بىرەر ئىشقا قارار قىلدىمۇ-بولدى، ئۇنى كەينىگە قايتۇرۇشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيتتى. 145 _ دەيدۇ ھېلېنا خانفىستاينىگىل خانىم ئەسلەپ كېلىپ، _ كۆپ ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭ تەرەپپازلىرى ئۇنى بىرەر ئىشقا مەجبۇرلاشقا باشلىشى بىلەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يىراقلارغا تەلپۈنۈپ تۇرغان، يېقىنلىرىنىڭ دىگىنىگە پەرۋە قىلمايدىغان بىر رۇھنى كۆرگەندەك قىلىمەن. خۇددى ئۇنىڭ كاللىسى ئىتىلىپ قالغاندەك، ئۆزىنىڭ پىكرىدىن باشقا ھېچ كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى." شۇ يىلى كۈزدە ئۇنىڭ كۆزىدىكى يىراقلارغا تەلپۈنىدىغان باشقىلارنىڭ دىگىنىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن قارايدىغان تۈرقى پەۋقۇلئاددە بىر نەرسىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئۇ كۆڭلىدە مۇسسولىن بىلەن بىر سىنىشىپ كۆرۈشنى ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ يۈرۈش قىلىش نىشانى بېرلىن ئىدى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىگىلا ئاشكارىلىيالايدىغان تۇيغۇلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئۆكچىل ھەربى تەرەپ باشلىقلىرىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا، ئۇ پۈتۈن باۋارىيىلىكلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بېرلىنغا ھۇجۇم قىلىشقا چاقىرغان ئىدى. "بۈگۈن ناپالىئونغا ئوخشايدىغان بىر قۇتقازغۇچىغا مۇھتاجمىز دەيدىغان ئەقىدە كىشىلەردە بەكلا چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن. _ دەيدۇ بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقانلاردىن بىرسى كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، _ ئۇ يىغىندا، گېرمانىيىنى قۇتقۇزۇش چاقىرقى قەلبىمدە جاراڭلىماقتا، بۇ ۋەزىپە چوقۇم بىر كۈنى ماڭا تاپشۇرۇلىدۇ، دەيتتى. ئاندىن ئۇ، ناپالىئون بىلەن نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆزىنى سېلىشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ ناپالىئونىنىڭ ئېلبا ئارىلىدىن پارىژغا قايتىپ كېلىشىنى ئۆزى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ سۆزلىگەن ئىدى."146

# 6.پۇشخانا ئىسيانى

## 1923

1

1923-يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنى، ھىتلېر كۆڭلىنى بەكلا پاراكەندە قىلىدىغان بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدۇ. بۇ خەتنى "پارتىيىڭلارنىڭ پىشقەدەم ئەزاسى، قاتتىق سادىق بىر پارتىيە ئەزاسى" يازغان. بۇ خەتنى يازغان كىشى، داڭلىق يۇلتۇز پالچىسى ئېلزابېت ئېبېرتىن خانىم تۇزگەن داڭلىق پالچىلىق كالىنداردا، كىشىنى چۆچىتىدىغان بىر ئالدىن كۆرۈش يېزىلغانلىقىنى ئېيتقان. يەنى بۇ كىتاپتا، "1889-يىلى 10-ئاپرېل كۈنى تۇغۇلغان مەلۇم بىر سىياسىي ھەرىكەتچى، _ دېيىلىدۇ بۇ كىتابتا، _ ھەرىكىتىنى ئېھتىيات بىلەن قانات يايدۇرمىغانلىقى سەۋەبىدىن ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قېلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا قەتئىي تېزگىنلەش مۇمكىن بولماي قالىدىغان ئېغىر بىر مەيدان بوھران پەيدا قىلىۋېتىشى مۇمكىن؛ شۇڭا بۇ كىشى ئەستايىدىللىق بىلەن تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. كەلگۈسى يۈز بېرىدىغان ئۇرۇشتا بۇ كىشى مۇتلەق تۈردە داھىلىق رول ئوينايدۇ؛ شۇڭلاشقا بۇ كىشى چوقۇم نېمىس مىللىتى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ" دېگەنلەر يېزىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

گەرچە ئۇ پالچى ئاپال ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرمىگەن بولسىمۇ، ئۇ ئېيتقان ئادەمنىڭ ھىتلېر ئىكەنلىكى ئوپ-ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئاپال ئۇ كۈننىڭ قايسى كۈن ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتمىغان، ئەمما ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. يەنى، ئەگەر يېقىنقى كۈنلەردە ھەرىكەتتە قارامىلىق قىلغىدەكلا بولىدىكەن، ئۆز ھاياتىغا خەۋپ كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقان. ۋىلھېلم ۋۇلف ئىسىملىق يەنە بىر پالچى (بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ پالچى ھىتلېرنىڭ مەخپىي ساقچى ئىدارىسىدا تاپقاقلىق مەسلىھەتچى ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ) مۇ ھىتلېرنىڭ شۇ يىلى كەچ كۈزلەردە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان تەغدىرى ھەققىدە پال سالغان بولۇپ، ئۇ پالدا بۇ كۈننىڭ قايسى كۈن

ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئۇتتۇرغا قويغاان. ئۇمۇ ئۇخشاشلا خەۋپى كۆپ ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن بولۇپ، 1923-يىلى 8~9-نويابىر كۈنلىرى، ئەگەر قىلىدىغان ئىشىدا زوراۋانلىق ھەرىكەت قوللانغىدەك بولسا ئۇنىڭمۇ ئاقىۋىتى يوقۇلۇش خاراكتېرلىك ئاپەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

پالچىلاردىن كەلگەن بۇ تۆردىكى ئالدىن خەۋەرلەر، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئەستايىدىل دىققەت قىلىشقا زورلايدۇ. بىر قانچە گېرمانىيە روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى بىلەن پسىخولوگلارمۇ "پسىخىكىلىق تاپقاقلىق" مەسلىسىگە دىققەت قىلىشقا باشلايدۇ. تېخى يېقىندىلا، شۋېتسارىيە روھى كېسەللىكلەر دوختۇرى كارل گوستاپ جيۇڭ (فرېئۇدنىڭ بىرىنچى ئىزباسارى، ئەمما كېيىن ئۇنىڭ پسىخوئانالىز تەلىماتلىرىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىگە قارشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرغا قويۇپ يېڭىچە پسىخوئانالىز، يەنى ئىپتىدائىي كوللىكتىپ ئاڭ تەلىماتى ئاساسىدا ئۆز يولىنى سىزىپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن، تۇغما ئاجىزلىق تەلىماتىنى ئوتتۇرغا قويغان ئادلېر بىلەن بىرگە فرېئۇدتىن يۈز ئۆرىگەن شاگىرتلار دەپ تونۇلغان. ــ ئۇ.ت) نىڭ سادىق مورتلىرىدىن بىرى بولغان دوكتور ئو. ئا. ھ. شىمىتز،147 پالچىلىق، بەلكىم ئادەممجەزى تەلەپ قىلىدىغان بىر ئېھتىياج بولىشىمۇ مۇمكىن دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما ھىتلېر، پالچى ئېيپودىننىڭ پالنى باھالاپ كېلىپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن "ئۇ ئايال بىلەن يۈلتۇز پاللىرىنىڭ مىنىڭدە نېمە ئىشى بار؟" دەيدۇ.

ھىتلېر بۇنداق پاللارغا مەيلى ئىشەنسۇن ياكى ئىشەنمىسۇن، ئۆزىنىڭ تەغدىرى چوقۇم ئۇنى غەلىبىگە يېتەكلەپ بارالايدىغانلىقىغا ھەقىقەتەنمۇ تولۇق ئىشەنچ قىلاتتى. شۇنىڭدەك يەنە، خۇددى ھېلېنا خانفىستايىنگلىنىڭ دىققىتىنى تارتقىنىدەك، ئېنىق گەپلەردىن باشقا ھەر قانداق گەپكە قۇلاق سالمايتتى. ھىتلېر، يەنە شۇ ئېيىرتىننىڭ يۈلتۇز پىيلى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈنىسى ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئاۋاز ئاڭلايدۇ: ئۇ، ۋاگنېرنىڭ يۇرتىدا، بايرېئۇتنىڭ ۋانفرىيد داچىسىدىكى ۋاقتىدا، شۇ يەردىكى مەرھۇم ۋاگنېرنىڭ 86 ياشلىق تۇل ئايالى كوسىمانى يوقلاپ كىرگەن ئىدى. ۋاگنېرنىڭ ئوغلى سىيېگفرېدنىڭ ئېنگلىز ئايالى ۋېنىفرېد ۋاگنېر، ھىتلېر ۋە ئۇنىڭ ناتسىستلار پارتىيىسىدىكىلەرگە تولۇق قايىل ئىدى. شۇڭا ئۇ ھىتلېرنىڭ يوخلاپ كېلىشىنى بەكلا قىزغىن كۈتتۇالدۇ. ئۇنىڭ 6 ياشلىق قىزى فرىدېلىند، باۋارىيە پاسونىدا قىسقا ئىشتان، قىلىن يۇڭ پايپاق، قىزىل-كۆك يوللۇق كۆڭلەك، كۆك رەڭلىك دومباق بىر چاپان كىيىۋالغان ھىتلېرنى كۆرۈپ بەكلا كۆلكىلىك ھېس قىلىدۇ. "ئۇنىڭ يۈز ئۇستىخىنى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ چىققان، چىرايى تاتارغان، كۆزىنىڭ كۆكلىكىمۇ بەكلا غەلىتە، مۇنداق قارىغاندا خۇددى يېرىم ئاچ-يېرىم توق يۈرسىگىلا ئوخشايتتى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇنىڭدا قانداقتۇ بىر

نەرسە، كۈچلۈك هاياجانلىق ئۈچقۇنلار چاقناپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.“
ھىتلېر بەكلا سۈنئىي ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، مۇزىكا ئۆيى بىلەن كۈتۈپخانا ئۆيىدە ئىزا تارتقان ھالدا تەمتىرىگىنىچە ئالدى كەينىگە مېڭىپ كېتىدۇ. ئۇ تەمتىرىگەنلىكىدىن خۇددى بىر چېركاۋغا كىرىپ قالغاندەك بەكلا ھۇلۇقۇپ كېتىدۇ. كېيىن ئۇ گوللۇكتە ۋاگنېرلار ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ يېقىنقى كۈنلەردە ئويلىغان كەلگۈسى پىلانلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ ”رېتىملىق، ئېنىق قىلىپ سۆزلەيدۇ. ئاۋازىمۇ بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ بارىدۇ. كېيىن، بىز ھەممىمىز ھۇزۇر بىلەن مۇزىكا ئاڭلاۋاتقان قۇشقاچلاردەك ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ئىدۇق. ئەمما بىز ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىدىن بىرىگىمۇ دىققەت قىلمىغان ئىدۇق.“ ھىتلېر كەتكەندىن كېيىن، ۋاگنېر خانىمى ”سىلەر بۇ ئادەمنىڭ چوقۇم بىر كۈنى گېرمانىيىنىڭ قۇتقازغۇچىسىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمىدىڭلارمۇ؟“ دېگىنىدە، سىيېگفرىد ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق كۈلۈپ كەتكەن. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە، ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ئاپ-ئاشكارە بىر ئالدامچى، تۈۋۈقسىز بېيىغان بىر بايۇەتچى ھېسابلىناتتى.
ھىتلېر كوچىنىڭ نېرقى تەرىپىگە ئۆتۈپ ئاجىزلاپ غالتەكلىك ھارۋىغا چۈشۈپ قالغان ياشانغان خوۋستون ستېۋارت چېمبىرلىننى يوقلايدۇ. چېمبىرلىن، ئەنگلىيە دېگىز ئارمىيىسىدىكى گېنېرال پولكوۋنىكنىڭ ئوغلى بولۇپ، گېرمان مىللىتى ئەڭ ئېسىل مىللەت ئىكەن دەپ قاراپ گېرمايىنىگە كېلىپ تۇرۇپ قالغان بىرسى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تالانتلىق ئەمما بەكلا تىرىككەك ئىدى. كىشىلەر ئۇنى بىردەك دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەدىپلىرىدىن بىرى دەپ قارىشاتتى. ئۇ بىر ۋاگنېر ھەۋەسكارى ئىدى. شۇڭا ئۇ ۋاگنېرنىڭ قىزى ئېۋا بىلەن توي قىلغان ئىدى. بۇ ئەنگلىيىلىك ئىرقچى ئالدىن كۆرەر ئادەم ھىتلېردىن شۇنداق قاتتىق تەسىرلەنگەن ئىدىكى، شۇ ئاخشىمى ”بەكلا خاتىرجەم، بەكلا مېزلىك ئۇخلىيالىغان“ لىقىنى، يەنى 1914-يىلى ئاۋغۇستتا قاتتىق زەربە يېگىنىدىن بۇيانقى ئەڭ ھۇزۇرلۇق بىر ئۇيقۇغا غەرق بولالىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ، ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە ھىتلېرغا يازغان بىر خېتىدا، ”بۇ ئۇشتۇمتۇم زەربە مېنىڭ روھى ھالىتىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. گېرمانىيە، تازا ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرىۋاتقان كۈنلىرىدە ھىتلېر چىقىپ كەلدى. بۇ، گېرمانىيىنىڭ قايتىدىن جانلىنىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ بىر ئىسپاتى“ دەپ يازىدۇ.
چېمبىرلىننىڭ بۇ گەپلىرى ھىتلېرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ بەرگەنلىكىدە گەپ يوق. يەنى، ئۇ ئۆزىنى تەغدىرنى قولىغا ئالغان بىرسى دەپ قارىغان ئىدى. تەخمىنەن بىر ھەپتە ۋاقىت ئۆتكەندە، ھىتلېر بىلەن روزېنبېرگ ۋە خانفستاينگىل

ئەر-ئايال تۆتەيلەن باۋارىيىنىڭ تاغلىرى ئىچىدە ماشىنىلىق كېتىۋاتقىنىدا، يولنى قويۇق تۇمان قاپلاپ كەتكەچكە، ئۇلار ئولتۇرغان قىزىل رەڭلىك مەرسەدېس پىكاۋى بىر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ميۇنخېنغا قايتاشىدا يول بويى ھېچ كىم ئۈن چىقارماي جىمىپ كېتىشىدۇ. 148 ھىتلېر، كېيىن ھېلېناغا ”بۇ قېتىمقى قاتناش ۋەقەسىدە قىلچە ھولۇقماي ئولتۇرغانلىقىڭىزنى سەزدىم. راست، بىزگە ھېچ نەرسە بولمايتتى، مېنى يارىلاندۇرالمىغان ۋەقە بۇ بىر قېتىملىقلا ئەمەس. مەن ھەر قېتىمدا خەۋپتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئۆز پىلانىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرلىمەكتىمەن“ دەيدۇ.

2

مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى يالغان كۆرۈنۈشتە ئوتتۇرىغا چىققان بۇ ۋەزىيەتنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولۇپ، بۇنداق بىر ۋەزىيەت ھىتلېرنىڭ ئىشلىرىغا ھەمدە ئۇنىڭ بىرلىنىغا قاراپ يۈرۈش قىلىشىغا پايدىلىق بولۇپمۇ كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۆكتەبىر باشلىرىدا، ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى بىر ماركىنىڭ قىممىتى بۈگۈن 6014300 ماركقا تەڭلىشىپ قالغان ئىدى. بىر تۇخۇمنىڭ باھاسى تەخمىنەن ئالغاندا 1913-يىلقىنىڭ 30 مىليون ھەسسىسىگە تەڭلىشىپ قالغان ئىدى. نۇرغۇنلىغان شەھەرلەردە ھەمدە سودا-سانائەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە تەۋە ”جىددى ھالەت پۇلى“ نى بېسىشىپ قەرزىنى تۆلەشكە كىرىشىدۇ. ئىمپېرىيە بانكىسى بۇنداق ”جىددى ھالەت پۇلى“ نى رەت قىلىشقا ئامالسىز ئىدى ياكى ئۆزىنىڭ تارقاتقان پۇلى بىلەن ئايرىۋاشلاش ئۆلچىمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئۆز پۇلىنى ئۆزى بېسىپ تارقىتىشمۇ بىر شاڭخوغا ئايلانغان ئىدى: ئۆتكەن يىلى دېكابىردا بېسىپ تارقاتقان ماڭ ماركلىق قەغەز پۇلغا بۈگۈن بىر مىليارد مارك دېگەن قىزىل تامغا بېسىلغان ئىدى. باۋارىيە شىتات بانكىسى بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى تارقاتقان 5 يۈز مىليونلۇق قەغەز پۇلغىمۇ 20 مىليارد مارك دېگەن تامغا بېسىپ ئۆزگەرتكەنىدى. بۇ 20 مىليارد مارك پۇلغا ئەسلىدە 8 يۈز دوللار پۇل تېگىشكىلى بولسىمۇ، ئاسترونومىيىلىك رەقەمدىكى كۆرۈنىشى بەك چىرايلىق بولمىغان بۇنداق بىر ۋاراق پۇلى بار بىرسى پۇل تېگىشىدىغان يەرگە كەلگىچە، ئارانلا نەچچە سىنتقا تەڭ ھالغا چۈشۈپ قالاتتى. تەبىئىكى، تېگىشىدىغانغا بىرسىنى تاپالىغىنىدا. كىشىلەر ھەققەتەنمۇ ئەسەبىي ھالغا كېلىپ قالغا بولۇپ، پۇلى بارلاردىن ھېچ كىم يېنىدا پۇلىنى بىرەر سائەت ساقلاپ تۇتالماس ھالغا چۈشۈپ قالغان

ئىدى. ئەگەر بىرەرسى بانكىغا بارىدىغان بىر تراملاۋايغا ئۆلگىرەلمىدىمۇ-بولدى، ئۇ كىشىنىڭ بىر ئايلىق مائاش پۇلى ئەسلىدىكىسىنىڭ تۆتتە بىرىگە، ھەتتا ئۈنىڭدىنمۇ ئاز پۇلغا ئايلىنىپ قالاتتى. بادىندا، بىر ياش يۇگەر-يىتىمچى، ئامېرىكىلىق مۇخپىر ئېرنېست ھېمىنگۋايغا: "مەن رەسمى بىر مېھمانخانا سېتىۋالالىغىدەك پۇل يىغقان ئىدىم، مانا ئەندى، ئۇ پۇلۇمغا تۆت شىشە شامپانسكىمۇ كەلمەيدۇ. ... گېرمانىيىدىكى بۇ پۇل پاخاللىقىنىڭ پەيدا قىلىنىشى ئەسلىدە ئىنتىپاقداش دۆلەتلەرنى ئالداشىنىلا مەقسەت قىلىپ پەيدا قىلىنماقتا. _ دەيدۇ ھېلىقى كۆتكۈچى، _ ئەمما بۇنىڭدىن مەن نېمىگە ئېرىشەلەيمەن؟"

مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ ئېغىر يۈكى نەق پۇل تۆلەشكە كۆچى يەتمەيدىغان كىشلەرنىڭ ئۈستىگە، يەنى ئىشچىلار بىلەن قېرىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئىدى. ئىشچىلار ئاچارچىلىق گىرۋىكىدە قىينالماقتا، ياشانغانلار بىر كېچىدىلا قەلەندەر ھالغا چۈشۈپ قالماقتا ئىدى. قېرىلىق پېنسىيە پۇلغا تايىنىپ كۈن ئالىدىغان پۇخرالار بىلەن پاي چېكى ئۆسۈمى ياكى ستراخۇۋانىيە ئۆسۈمىگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان كىشلەر پۈتۈنلەي يالىڭاچلىنىپ قالغان ئىدى. ئالتۇن ئارقىلىق قىممىتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ كېلىنگەن مارك بىلەن ئاكتسىيە سېتىۋېلىش ئىشلىرىدىمۇ بۇگۈن نەق پۇلغا سېتىۋېلىش يولغا قويۇلغاچقا، تۆلىنىدىغان قەغەز پۇل تىنماي قىممىتىنى يوقۇتۇپ تۇراتتى. ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنە شۇنداق ۋەقە بېشىغا كەلگەن جەنۇبلۇق ئائىلىلەرلا بۇنداق پۇل پاخاللىقىنىڭ قانداق بىر ئاپەت ئىكەنلىكىنى ئەڭ ياخشى بىلەتتى.

بۇ ئىشلاردىن ئەڭ بەك خوشال بولغان كىشلەر بورۇن ئېغىر قەرز ئاستىدا بۇغۇلۇپ قالغان كىشلەر بولۇپ، ئۇلار ئەندى قەرزلىرىنى قىلچە قىممىتى يوق بۇ پاخال پۇللارنى تۆلەش بىلەن شۇنچە ئېغىر قەرز رەقەملىرىدىن بەكلا ئاسان قۇتۇلۇپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشتىن ئەڭ كۆپ پايدىغا ئېرىشىۋاتقانلار يەنىلا ئاكتسىيە بازارلىرىدىكى چوڭ غوجايىنلار، ھايانكەش ئېلىپ ساتارلار، ھەمدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى بىلىدىغان چەتئەللىكلەر بولۇپ، ئۇلار كۆلكىلىك ئەرزان باھالاردا زىبۇ-زىننەت ۋە مۇقىم مۈلۈكلەر سېتىۋېلىشاتتى. ئۇلار بىر قانچە يۈز دوللار خەجلەپلا چوڭ تىپتىكى زاۋۇتلار بىلەن چوڭ-چوڭ بىنا-مېھمان سارايلارنىڭ غوجايىنلىرىغا ئايلىنىۋالاتتى. كىشلەرنىڭ ئۆنچە-مارجان دىگەندەك ئائىلە مىراسلىرىنىڭ پۇلغىمۇ ئارانلا بىرەر ھەپتىلىك يەيدىغان نەرسە كېلەتتى.149 بەزى ئىشلارغا ئادەمنىڭ زادىلا ئىشەنگىسى كەلمەيتتى: بىر ئايال يولدا بىر سىۋەت پۇلنى ئۇنتۇپ قېلىپ كېتىپ قالغان. سەل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئايال پۇلنى ئىستەپ بايىقى يەرگە كەلسە بىرسى ئۇنىڭ پۇلنى پاسكىنا ئېرىقا تۆكۈۋېتىپ سىۋەتنى ئوغرىلاپ كەتكەن؛ ھەپتىلىك مائاشى 2 مىليارد بولغان بىر ئىشچى ئارانلا ئائىلىسى بىر

كۆن يىگىدەك قۇم چامغۇر سېتىپ ئالالىغان. ئاساسلىق يېمەكلىكلەرنىڭ تەمىنلىنىشى ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن، ئەزەلدىن قانۇن ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىپ ئادەتلىنىپ كەلگەن نېمىسلاردا ئېتىزلىقلاردىن قۇمچامغۇر بۇلاپ يەيدىغان ھادىسىلەر ئادەتتىكىلا ئىشلارغا ئايلىنىپ قالغان (ئۇ كۈنلەردە ئەڭ بازىرى ئىتتىك كىنولار ھەرگىزمۇ نېمىسلار ئۆزلىرى لېنتىغا ئالغان فىلىملەر ھېسابلانمايتتى. ئۇ كۈنلەردە د. ۋ. گرىفت تەرىپىدىن لېنتىغا ئېلىنغان فىلىملەر ئەڭ بەك بازارلىق كىنو فىلىمى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ لېنتىغا ئالغان بىر كىنو فىلىمىنىڭ ئىسمى «ھايات _ نېمە دېگەن گۈزەل» دېگەن فىلىم بولۇپ، ئۇنىڭدا نىيىل خامىلتون بىلەن كارول دېمپستېر ئىككىسىنىڭ رول ئېلىشىدىكى كەلگۈسىدە كىچىك بىر پارچە قۇمچامغۇر ئېتىزىغا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزمەكچى بولغان نېمىس ئەر-خوتۇن تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. بۇ كىنو فىلىمنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق سەھنىسىدە، بۇ بىر جۈپ ئەر-خوتۇن يېرىم كېچىدە ئوغۇرلۇقچە قۇمچامغۇرلۇقىغا بېرىپ ھوسۇل يىغىشقا كىرىشكەن بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنى ھارۋۇنغا قوشۇپ ھارۋۇا سۆرەپ ئورمانلىق ئىچىدە كېتىۋاتقىنىدا ئالدىغا بىر توپ قاراقچى چىقىپ قۇمچامغۇرلىرىنى پاك-پاكىزە بۇلاپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ كۈنلەردىكى ئەڭ ياخشى نېمىس كىنو فىلىمى «تىم-تاس كوچىلار» دېگەن كىنو ئىدى. بۇ كىنو فىلىمىدا ئاساسلىق رول ئالغان گرىتا گاربوۋ، ۋىيېننالىق بىر كاپىتالىسىتنىڭ قىزى رولىنى ئوينايدۇ. ۋەقەلىكتە ئاكسىيە بىرژىسىنى تېزگىنلەپ كىرگۈزىۋالغان كىشى جاھاننى مالىماتاڭ قىلىۋېتىپ بۇ ئائىلىنى پۈتۈن مال-مۈلكىدىن ئايرىلغان قەلەندەر ھالغا چۈشۈرۈپ قويغاچقا، بۇ كاپىتالىست ئائىلىسى ئاچارچىلىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ كىنونىڭ يەنە بىر سەھنىسىدە كىشىلەر گۆش دۇكىنى ئالدىدا گۆش ئېلىش ئۈچۈن كېچىچە ئۆچۈرەت تۇتۇپ چىققانلىق ۋەقەسى نەق مەيدان شەكلىدە تەسۋىرلەنگەن. بۇ كىنو فىلىمى قاتتىق غەزەپلەنگەن ئامىنىڭ كىشىلەرنى قاخشىتىپ يۈرۈپ بېيىپ كەتكەن قاسساپقا ھۇجۇم قىلغانلىق سەھنىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ _ ئا. ھ. ئى).

شۇ يىلى يانۋاردىن باشلاپ ھىتلېر پارتىيىسىگە 35 مىڭ نەپەر يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىندۇ. ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگىنىدە، ھىتلېر، ئەندى خەلقىمىز بىر مەيدان ئىنقىلاب قوزغاشقا تەييار ھالغا كېلىپ بولدى، دەپ قارالايدۇ. "مېنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى پانتازىيىلىك خىياللىرىم ۋە پۈتكۈل نېمىس خەلقىنىڭ قىزغىنلىقى مېنى ئەنە شۇنىڭغا مەجبۇرلىماقتا. _ دەيدۇ ھىتلېر نيۇرېمبېرگ مىتىنگىدە، _ ئەندى ھەرىكەت باشلىماقتىن باشقا چارەم قالمىدى." ھىتلېر نۇتۇق سۆزلەپ ھېچقاچان بۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ باقمىغان ئىدى. "ھەيران قالىسەن، بۇ ئادەم نۇتقىنى باشلىغىنىدا مەيداندىكىلەر

ھەقىقەتەنمۇ تىم-تاس بولۇپ ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاشقا باشلايتتى. _ دەپ يازىدۇ، ھىتلېرنىڭ ئەسەبىي مورتىغا ئايلانغان بىر قىز شۇ يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا ئائىلىسىگە يازغان خېتىدە، _ پۈتۈن مىتىنگ مەيدانىغا يىغىلغان خەلق، نۇتۇقنى ئاڭلىيالماي قېلىشىدىن قورقۇپ ھەتتا تىنىقمۇ تارتماي دېگىدەك ئۇنىڭ نۇتقىنى تىڭشايتتى. مېنىڭچە، ھىتلېر قېرى-ياش، ئەر-ئايال بارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئەپسۇن ئوقۇساكېرەك؟" ئۇنىڭ نۇتقىدىن مەس بولۇپ كەتكەن يەنە بىرسى ھىتلېرنىڭ تۆكۈرۈكلىرى چاچرىغىدەك ئارىلىقتىچە ئۇنىڭغا يېقىنلىشالىغان. "بىز ئۈچۈن بۇ ئادەم قويۇنتازدەك كېزىپ يۈرىدىغان بىر جاپاكەش راھىپ. ئەمما ئۇ خەلقنىڭ قەلبىدە يېنىپ تۇرغان ئوت يالقۇننى قانداق قىلغاندا يالقۇنجىتىشنى ئىنتايىن ياخشى بىلىدىغان بىرسى. ئۇ نۇتقىدا مۇنازىرە ئۇسۇلىدىن پايدىلانمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق مۇنازىرە شەكلى كىشىلەرنى قىساس ئوتى ئىچىدە يالقۇنجىتىش جەھەتتە كارغا كەلمەي قالىدۇ. ئۇ ئەسەبىلەرچە قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىناتتى. ئەمما ئۇ يەنىلا قولاق پەردىلىرىنى تىترىتىپ پاك قىلىۋەتكىدەك قايتا-قايتا تەكرارلاشلار، شۇنىڭدەك كىشىنى تەسىرلەندۈرەلىگىدەك ئاھاڭ بويىچە رېتىملىك سۆزلەر بىلەن نۇتۇق سۆزلەيتتى. ھىتلېر بۇ ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىش يولىنى تولۇق ئىگىلىگەن بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق نۇتۇق سۆزلەش ئۇسلۇبى كىشىلەر قەلبىنى كۈچلۈك ئىسكەنجىگە ئېلىۋالالايتتى، شۇنىڭدەك ئېپتىدائى، ياۋايىلارچە ھاياجان يارىتىش تەسىرىنىمۇ پەيدا قىلالايتتى."

باۋارىيىدە، بۇ تۈردىكى كۈشكۈرتۈش خاراكتېرىنى ئالىدىغان نۇتۇقلار پەيدا قىلغان كۈچلۈك بېسىم، قولىدا شۇنچە كۆپ مۇستەبىتلەرچە ھوقۇق بولۇپ تۇرغىنىغا قارىماي، ۋون كاھىرنى ئۆز ۋەزىپىسىنى پەقەتلا ئىجرا قىلالماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. يوقۇرىدىن ئۇنىڭغا ھىتلېرنىڭ زوراۋانلىقىغا چەك قويۇ دەپ تەلەپ قىلىپ تۇرسىمۇ، باۋارىيىدىكى نۇرغۇنلىغان يېتەكچىلەر ئۇنىڭدىن ھىتلېرغا قوپال مۇئامىلىدە بولما دەپ بېسىم ئىشلەتمەكتە ئىدى. باۋارىيىلىكلەرنىڭ تىنچلىق دېگىنى ئەسلىدە مىللەتچىلىك ۋە كونسېرۋاتىپلارنىڭ تىنچلىقى بولۇپ، ھىتلېرنىڭ بۇنچە قوپال ھەرىكەتلىرىنى، ئۇنىڭ بۇنچە ئېغىر نۇتۇقلىرىنى نۇرغۇن كىشىلەر تەنقىت قىلىپ كەلگەنىدەك قىلسىمۇ، ئۇلارمۇ خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش قۇدرەتلىك بىر گېرمانىيە چۈشىنى قىلىشىدىغان، بۇنى تېزىراق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلايدىغان كىشىلەر ئىدى. "بىر قىسىم كىشىلەر بۇرۇنقىدىن ھۆرمەت قىلىپ كەلگەن تۈيغۇلار كىشىلەرنى ئۆزلىكىدىنلا ناتىسىتچىلىق تۈيغۇ يولىغا باشلاپ كېتىشكە سەۋەپ بولماقتا ئىدى. _ دەيدۇ باۋارىيە دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ لىبېرالىست بىر ئەزاسى، _ ئەسلىدە، بۇ كىشىلەرمۇ راستىنلا ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ

قىلدىغان سەممى كىشىلەر ئىدى.“ شۇ سەۋەپتىن، باۋارىيە ساقچى دائىرىلىرى شۇنچە قۇرساق كۆپىكى قىلىپ يۈرگەن بولشىغا قارىماي ھىتلېرنىڭ بۇنچە زوراۋانلىق قىلىشلىرىغا بەك قول ئۇزارتىپ كەتمەيدۇ. باۋارىيىنىڭ قۇرۇغلۇق ئارمىيە قوماندانى گېنېرال ئوتتو ۋون لوسسوۋ بېرلىنىدىن ھىتلېرنى چەكلەش، ئۇنىڭ گېزىتىنى پېچەتلەش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ، بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىپ قارشى چىقىدۇ. لوسسوۋنىڭ داۋاملىق تۈردە بۇ بۇيرۇققا بوي سۇنماي كەلگىنى ئۈچۈن ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. ئەمما بۇ ئىش چوڭقىيىپ باۋارىيە ھۆكۈمىتىنىمۇ غەزەپلەندۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا، باۋارىيە ھۆكۈمىتى بۇ سابىق گېنېرالنى بېرلىننىڭ تەلىۋىنىڭ ئەكسىچە باۋارىيە شىتاتى دۆلەت مۇداپىيە باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەيدۇ.150

ئەتىسى، باۋارىيىدە تۇرۇشلۇق بارلىق قوشۇنلار بىرلىكتە بۇيرۇققا ئىتائەتسىزلىك كۆرسىتىدۇ. يەنى بىر ھېساپتا پۈتۈن ئارمىيە ئىسيان كۆتەرگەندەك بىر ئىش يۈز بېرىدۇ. قىسىملار باۋارىيە ھۆكۈمىتىگە قەسەم بېرىپ، ۋېيمار جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنى بىلدۈرۈشۈپ، ”باۋارىيە بىلەن ئىمپېرىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر قايتىدىن تەكشەلگەن كونسىلا ئاندىن يوقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرغا بوي سۇنۇش پىرىنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن“ دەپ قەسەم قىلىشىدۇ. بۇ بىر قانۇنلۇق، رەسمى بىر ھەرىكەت بولۇپ، زوراۋانلىق كۈچىدىن پايدىلانماي قوزغىغان، ئەمما يەنىلا كەم-كۈستىسىز بىر ئىسيان ھېسابلىناتتى. ”بۇنىڭلىق بىلەن ئىچكى ئۇرۇش چىقمايدۇ. ـ دەيدۇ باۋارىيە ئىچكى كابىنىت ئەزاسى روبېرت مۇرفى بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق خۇسۇسىي سۆھبەتتە، ـ بۇ دۆلەتنىڭ رولى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا سولغا قىيىپ كەتكەن ئىدى. بۇنداق قىيىپ كېتىشتىن ساقلاش ئىشى بۇرۇن ۋە ھازىرمۇ يەنىلا باۋارىيىلىكلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بىر مەسئۇلىيىتى.“

ھەيئەت ئەزاسى ۋون كاھرمۇ ماقالە ئېلان قىلىپ فېدېراتىپ ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ، «ميۇنخېن گېزىتى» دە ئېلان قىلغان بۇ ماقالىسىدا باۋارىيىنىڭ بۇيرۇققا بوي سۇنماسلىقىنى ئاقلاپ كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، باش مىنىستىر گۇستاۋ ستېرېسېماننىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىرىق قىلىدۇ. ستېرېسېمان بولسا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، ئەركىنلىك بىلەن سىياسىي ھوقۇققا چىن قەلبىدىن ئىشىنىدىغان بىرسى ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر مىللەتچى ئىدى. ئۇ قاتتىق تەنقىتلەپ كېلىپ، پرۇسسىيىدە 32 مىڭ نەپەر ماركسىزمچى ھەر خىل مەمۇرى ئورۇنلارنى ئىگەللەپ ئېلىشقان، ”شۇنداق بولغاچقا، مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسەت يۈرگۈزۈش ئىشلىرى پۈتۈنلەي ماركسىزملىق ئۇسۇلدا كېتىۋاتاتتى، يەنى ماركسىزمچىلار شەيئىلەرنىڭ

تەبئىي تەرەققىيات قانۇنىغا زىت ھەرىكەت قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ مەقسىدى مەجبۇرلاش، رىغبەتلەندۈرۈش، كۆشكۈرتۈش ۋە كوچا جېدىلى پەيدا قىلىشتىنلا ئىبارەت. ھازىر تاشقى سىياسەتمۇ خەلقئارالىشىش يولىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە، ئەمما دىپلوماتىيە ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغانلار ھەممىلا يەردە ۋەھىمە تارقىتىشىپ گېرمانىيىنىڭ قايتىدىن كۈچلىنىشىگە يول قويماي كەلمەكتە." ئۇنىڭ بۇ تۇر قاراش ۋە بۇ گەپلىرى خۇددى ھېتلېرنىڭكىنىڭ ئەينى ئىدى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ۋېيمار ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان بولىشىغا قارىماي يەنىلا ئۆز قىسىملىرىغا قوماندانلىق قىلىپ يۈرگەن گېنېرال ۋون لوسسوۋ، بىر قېتىملىق نۇتۇقىدا "ھەممە ئىشلار ئۆز يولىدا بولىشى ئۈچۈن ئۈچ خىللا ئېھتىمال بارلىقىنى، يەنى، بۇرۇنقىدەك ئەبجەغى چىقىپ كەتكەن ھارۋۇنى يەنە شۇ بۇرۇنقى كالا سۆرەش؛ باۋارىيە بىلەن ئىمپېرىيە بىر-بىرىدىن ئايرىلىش؛ ياكى بولمىسا بېرلىنغا يۈرۈش قىلىپ، مەملىكەت بويىچە دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشنى ئېلان قىلىشلاردىن بىرىنى تاللىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ" دېيىدىغان پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھېتلېر بۇ ئۈچ تۈرلۈك پەرەزنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىنى، يەنى بېرلىننى ئىگەللەش يولىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھىمايە قىلىپ چىقىدۇ. باۋارىيىنى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋېلىش ئېھتىمالى ھېتلېرنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر يول ھېسابلىناتتى. چۈنكى باۋارىيە مۇستەقىل بولۇۋېلىشى ھامان، شاھزادە رۇپرېچت پادىشالىقىدىكى مۇنارخىيە ھاكىمىيىتى تىكلىنىشى مۇمكىن دەپ قارايتتى (ھېتلېرغا تەۋە ئىچكى قىسىمدىكىلەرنىڭ پىكرى بىرلىكى بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، كاپىتان رۆم، شاھزادە رۇپرېچت بىلەن ئىككى قېتىم ھەمكارلىشىشقا ئۇرۇنغان ئىدى. بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇنۇشتا، ئۇ رۇپرېچتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ھېتلېر بىلەن قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىق ئورنىتىشنى يالۋۇرۇپ تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، شاھزادە "بەك دوستانە بولمىغان" قىياپەتتە قوبۇل قىلمىغان ئىدى. يەنە بىر قېتىمدا، رۆم شاھزادىگە ھېتلېر، لۇدېندورف ۋە شاھزادە ئۈچى بىرلىشىپ باۋارىيىگە ھۆكمۈرانلىق قىلىش ئارقىلىق بۇ شتاتنى بازا قىلغان ھالدا ھەر قايسى ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ ئورتاق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ شىمالى گېرمانىيىگە قۇراللىق بېسىپ كىرىپ ئىگەللەش تەكلىۋىنى بېرىدۇ. "شاھزادە رۆمغا نېمە دەپ جۆيلۈپ يۈرىسەن؟" دېگەن ئىدى دەيدۇ شاھزادىنىڭ سىياسىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى كېيىن ئەسلەپ كېلىپ _ ئا. ھ. ئى). شۇنداقتىمۇ، ئەگەر باۋارىيە مۇستەقىللىق ئېلان قىلمىسا، دېپوتات ۋون كاھر بىلەن گېنېرال ۋون لوسسوۋ ئىككىسىنى بىزنىڭ سېپىمىزدا تۇرۇپ بېرلىنغا يۈرۈش قىلىشقا ماقۇل قىلالامسەن؟ دەپ

سورايدۇ. روزېنبېرگ بىلەن شېۋبنېر رىچتېر بۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: ئۇلارنىڭ پىلانى بويىچە، 4-نويابىر "گېرمانىيە كۈنى" نى خاتىرىلەش كۈنىدە شاھزادە رۇپپرېچت بىلەن كاھر ئىككىسىنى قاچۇرۇپ كېلىمىز. ئاندىن يۇزلەرچە ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر فېلدھېرنخال زالى ئەتراپىدىكى يوللارنى قامال قىلىمىز. بارلىق مۇھىم كىشىلەرنى زالغا يىغىمىز. ئاندىن ھىتلېر ئوتتۇرىغا چىقىپ تۆۋەندە تۇرغان بۇ ئەسىرلەرگە 151 "قىزىللار ھاكىمىيىتىگە چەك قويۇش ئۈچۈن، باۋارىيىنىڭ ئىمپېرىيىدىن ئايرىلىپ چىقىشىغا چەك قويۇش ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۋالدىم،" دەپ چىرايلىقچە ئېلان قىلىدۇ. روزېنبېرگنىڭ دېيىشىگە ئاساسەن، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ، "بەكلا سىلىق ۋە بەكلا قىسقا ۋاقىت" ئىچىدە تاماملىنىدىغان بولغاچقا، كاھر بىلەن شاھزادە رۇپپرېچت ئىككىسى ھەمكارلاشماقتىن باشقا چارىسى قالمايدىكەن.

خانفستاينگلنىڭ قارىشىچە بۇ بىر "خام خىيال" ئىدى. ئۇ، شاھزادىغا قارىتا يولغا قويۇلىدىغان ھەر قانداق بىر ھۇجۇم، چوقۇم قۇرۇغلۇق ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قىساس ئېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ چىڭ تۇرىۋالدۇ. خانفستاينگل، بۇنداق بىر ئۇرۇنۇشنىڭ نەقەدەر ئەقىلسىزلىق بىلەن تولۇلگەن پاقەتلا ئىشقا ئاشمايدىغان بىر پىلان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، روزېنبېرگنىڭ شەخسىيىتىگىمۇ بىرمۇنچە ھاقارەتلەرنى قىلىدۇ. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، ئەگەر ھىتلېر بۇ تۈردىكى بالتىقلىقلارنىڭ ھىلىمىكىرلىرى كەينىدىن كېتىۋەرگىنىدە بۇ پارتىيە چوقۇم بىر كۈنى يوقۇلۇپ كېتىدۇ، دەيدۇ. ھىتلېر ئادەم بۇلاش پىلانىنىڭ رەت قىلىنىشىغا ماقۇل كەلگەن بولسىمۇ، روزېنبېرگ دېگەن ئىشلارغا دەرھال بىر نېمە دېمەي تۇرىۋالدۇ (ھىتلېر ئادەتتە ئادەملىرىگە بىر خىل گەپ قىلمايتتى. خۇددى ئۇنىڭ خانفستاينگلغا ئېيتقىنىغا ئوخشاش، ئادەم قاچۇرۇش ئىشىدىن ۋاز كېچىشنى مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، روزېنبېرگ قوزغىلاڭنىڭ بەربىر پىلان بويىچە داۋاملىشىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. بۇ ئىش تا "گېرمانىيە كۈنى" گە يېتىپ كەلگىنىدىلا، روزېنبېرگ ئۇ يوللاردا بەكلا كۆپ ھەربىي پاترۇللار ئايلىنىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ، ھىتلېرغا "بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش پىلانىدىن ۋاز كەچمىسەك بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ" دەيدۇ. ھېلىنا خانفستاينگل، ھىتلېرنىڭ مۇنداق بىر ئادىتىنى ئۇزۇندىن بېرى كۆزىتىپ كەلمەكتە ئىدى: ئادەتتە ئەتراپىدىكى مەسلىھەتچىلىرىگە ھېچ نېمىنى ئۇقتۇرماي ئۇلارنى ئاقماق قىلىپ يۈرەتتى. "ئۇ مەلۇم بىر پىلاننى، قايسى بىر قېتىملىق زىيارەت قىلىشنى ياكى يېڭىدىن تونۇشقان كىشىلەرگە بەرگەن بىرەر ئىشنى ھەرگىزمۇ ھەممىگە تەڭ سۆزلەپ يۈرمەيتتى. ھەر خىل پارتىيە ئەزالىرى تۇيۇقسىزلا پۈتۈن ئىشلاردىن خەۋىرى يوقلۇقىنى

سىزىپ قالدىغان بولغاچقا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىپ تۇراتتى. بۇنداق قىلىش، ئۇنىڭ پارتىيىنى بىر قول بىلەن باشقۇرۇپ تۇتۇش تاكتىكىسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىناتتى“ ــ ئا.ھ.ئى). ”بىزنىڭ ئويلىشىدىغان ئەڭ ئالدىنقى مەسىلىمىز بىرلىنغا يۇرۇش قىلىش ئىشى بولىشى كېرەك. ــ خانىفستانگىل ھىتلېرنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئەسلەيدۇ، ــ بىز نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددى ئىشىمىزنى ھەل قىلىۋالغىنىمىزدىن كېيىن، روزىنبېرگنى باشقا بىر ۋەزىپىگە قويمىساق بولمىغىدەك.“

3

بۇ چاغدا، مىنىستىر پرېزدېنت ۋون كىنلىگىنىڭ نازارىتىدا باشقۇرۇلىۋاتقان باۋارىيە ھۆكۈمىتى كاھر، لوسسوۋ ۋە پولكوۋنىك ھانس رىتتېر ۋون سېيسېر قاتارلىق ئۈچ نەپەر ”ۋون“ (ۋون ــ نېمىسچە ئەسلى تەلەپپۇزدا 'فون' دەپ ئوقۇلىدىكەن. ــ ئۇ.ت) ئۈنۋانلىق سىياسىي كاتتىۋاشنىڭ قولىدا ئىدى. بۇلاردىن سېيسېر دېگىنى باۋارىيە ساقچى باشلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر تۈركۈم قابىل ھەم ياش شتاپ باشلىقلىرى يىغىلغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆز ئورنىدىن غەم يېمەيدىغان كىشىلەر ئىدى. قېدىمقى رىم گۇندىپايلىرى مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۈچ نەپەر سىياسىي كاتىۋاش، كۈزەتكۈچى دېگەندىن كۆرە ھەقىقەتەنمۇ مۇستەبىت ھۆكۈمەت باشلىقلىرىغا ئوخشايتتى. گەرچە بۇ ئۈچ نەپەر ئادەم ھەر تۈردىكى كۈچلۈك كونسىرۋاتىپ كىشىلەر بىلەن ئوڭچىل رادىكال كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئۇلار، ھىتلېرنىڭ ئىنقىلاب ستراتېگىيىلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ئەمەس، شۇڭا ئۇنى مۇۋاپىق دەرىجىدە يېتەكلەش ياكى قانۇن بويىچە چەكلەپ تۇرۇش كېرەك دەپ قارىشاتتى. 30-ئۆكتەبىر كۈنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۆلۈنۈش يۈز بېرىدۇ. ھىتلېر، شۇ كۈنى زىركۇس كرونىدا ھاياجان ئىچىگە تولغان مىتىنگ قاتناشقۇچىلىرىغا مۇنداق دەپ ئاشكارە ئېلان قىلىدۇ: بېرلىنغا يۈرۈش قىلماقچى بولىۋاتقانلىقىنى ئۇختۇرىدۇ. ”مەن شۇنداق ئېيتالايمەنكى، ــ دەيدۇ ھىتلېر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، ــ بېرلىن سارىيى ئۈستىدە قارا-ئاق-قىزىل ئۈچ رەڭلىك كرېست بايرىقىمىز لەپىلدىگەن كۈنسىلا گېرمانىيە مەسىلىسى ھەل قىلىنغان بولىدۇ! بىز بۈگۈن بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت پىشىپ يېتىلدى دەپ قارايمىز. بىز خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى جەڭچىلەرگە ئوخشاش نېمىس خەلقىگە بولغان بۇ مەسئۇلىيەتتىن قەتئىي باش تارتماسلىقىمىز كېرەك. بىز بۇيرۇققا قەتئىي بوي سۇنغان ھالدا، رەتلىك قەدەملەر بىلەن

ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك!“

ھىتلېر، بۇ ئۈچ نەپەر سىياسىي كاتىۋاشلار ئارىسىغا زىددىيەت تېرىشنى مەقسەت قىلىپ پولكوۋنىك ۋون سېيسېر بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. 1-نويابىر كۈنى، ئۇلار بىر مال دوختۇرىنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشىدۇ. بۇ مال دوختۇر، ”ئوبېرلاند ئىتتىپاقى“ دەپ ئاتالغان، ھەربىي قىياپەتتە يۇرىدىغان مىللەتچىلەر تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى ئىدى. ئۇ يەردە ھىتلېر، سېيسېرنى كاھر باۋارىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىر پېچكىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولىدۇ.152 كەيىندىنلا ئۇنىڭغا، بىر ھەپتە بۇرۇن تەكلىپ قىلغىنىغا ئوخشاش، سېيسېر بىلەن لوسسوۋ ئىككىسىنىڭ ئۆزى ۋە لۇدېندورف بىلەن بىرلىشىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما سېيسېر دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەتىۋارلىنىپ كېلىنگەن ھەر قانداق بىرسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىمايدىغانلىقىنى، قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھېچ قايسى بۇنداق بىر ھەمكارلىق ئورناتمايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلەيدۇ. ھىتلېرمۇ گەرچە گېنېراللارنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك لۇدېندورفقا قارشى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، پولكوۋنىك دەرىجىسىدىن تۆۋەن بولغان ئوفىتسېرلار لۇدېندورفنى قوللاپ ھەرىكەت قىلىشتا باشلىقلىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ”بۈگۈن ھەرىكەت قىلىشنىڭ تازا پەيتى، _ دەيدۇ ھىتلېر ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىپ، _ خەلقىمىز بەكلا ئېغىر ئىقتىسادىي بېسىم ئاستىدا قالماقتا. ئەگەر بىز دەرھال ھەرىكەتكە ئاتلانمىغىنىمىزدا، خەلقنىڭ كوممۇنىستلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشى ئېھتىمالى بەكلا كۈچلۈك.“

گەرچە سېيسېر بىلەن كاھر ئىككىسىلا ناتسىستلارنى ”بىر دۆۋە سۆپۈرەندىدىن باشقا نەرسە ئەمەس“ دەپ قارىسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ھەرىكەت قوللىنىدۇ. 6-نويابىر كۈنى، بۇ ئۈچ نەپەر سىياسىي كاتتىباش ھەر قايسى مىللەتچىلەر تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىر يەرگە كېلىپ مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. بۇ باش قوشۇشتا كاھر، نۆۋەتتە ھەممىدىن زۆرۈر بولۇپ تۇرىۋاتقىنى، يېڭىدىن مەملىكەتلىك بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىش، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ۋېيمار ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قوشۇلسىمۇ، ھەممە بىرلىكتە ھەمكارلىق ئاساسىدا ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەكلىكىنى، ھەرگىزمۇ بەزى تەشكىلاتلارنىڭ ئۆيلىغىنىدەك ئۆز ئالدىغا ئىختىيارى ھەرىكەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىشىدۇ. كاھر بۇ يەردە ئىسمىنى ئاتاپ كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، بۇ يەردە بەزى تەشكىلاتلار دېگىنىدە ھىتلېرنى كۆزدە تۇتقانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ ئىدى. كاھر يەنە، ئادەتتىكى يوللاردىن پايدىلىنىپ باش مىنىستىر ستىرېسېماننى تەختتىن چۈشۈرۈشكە بولۇش-بولماسلىقى ئېنىق ئەمەس دەپ كېلىپ، ”بۇنىڭ ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە بىر چارە تەييار قىلىشقا

توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ بولدۇق. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر پەۋقۇلئاددە تەدبىر قوللىنىشقا توغرا كەلگىنىدە، كۆپچىلىكنىڭ ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشى بەكلا مۇھىم، كۆپچىلىك ھەر تەرەپتىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىپ تولۇق تەييارلىق قىلىنغان پىلان بويىچە ھەرىكەت قىلىشى، شۇنىڭدەك ھەممە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى كېرەك" دەيدۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن لوسسوۋ سۆز ئالدۇ. ئۇ، كاھىرنىڭ تۇتقان يولىنى، شۇنىڭدەك ھەر قانداق بىر قوزغىلاڭنى قۇراللىق باستۇرۇش كېرەك دەيدىغان جاسارىتىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. "ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىسەك، مەن ئوۋچى بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى ھىمايە قىلىشقا تەييارمەن. ـ دەيدۇ بۇ گېنېرال. يەنى، ئەگەر بۇ ھەرىكەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئېھتىمالى يۈزدە 51 لا بولىدىكەن، بۇ ھەركەتكە قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ـ شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشتا پاراكەندىچىلىكنى قوزغىلاڭغا ئايلاندۇرۇشنىلا ئويلايدىكەنمىز، بۇنداق بىر ھەرىكەت 5~6 كۈن ئىچىدىلا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنداق ئىش بولسا مېنى بۇ ئىشتا يوق ھېساپلاۋېرىڭلار" دەيدۇ. ئۇنداق بولغىنىدا ئۇ پولكوۋنىك ۋون سېيسېر بىلەن بىرگە "پىدائىلار باتالىئونى" بىلەن ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى نوقتىلىق تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. يەنى ئۇنداق ئەھۋالدا باشقىچە يول تۇتىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

شۇ ئاخشىمى، ھىتلېر، ئۆزىنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈش ئۈچۈن شېۋبنېر رىچتېرنىڭ ئۆيىدە بىر قانچە مەسلىھەتچىلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇلار بىرلىكتە كېلەر يەكشەنبە، يەنى 11-نويابىر كۈنىسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە كېلىشىدۇ. بۇ كۈننى ھەرىكەت باشلىنىش كۈنى قىلىپ تاللىۋېلىشىدا مۇنداق تارىخي ۋە رىيال ئىككى تۈرلۈك سەۋەب بار ئىدى: ئۇ كۈنى، گېرمانىيىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنىڭ 5 يىللىق خاتىرە كۈنى ئىدى؛ شۇنىڭدەك ئۇ كۈن يەكشەنبە كۈنى بولغاچقا، بارلىق مەمورى ئىشخانىلار دەم ئېلىشتا بولۇپ، ئەسكەر-ساقچىلارمۇ كۆپ بولمايتتى. شەھەر ئىچىدىكى قاتناشمۇ ئۇنچە بەك قىستاقچىلىق كەتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىس-ئاچلار توسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرلىيەلەيتتى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، بۇ سۇيىقەستچىلەر يەنە بىر قېتىم باش قوشۇش يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ قېتىمقى باش قوشۇش يىغىنىغا "پىدائىيلار باتالىئونى" نىڭ ياشانغان يىتەكچىسىمۇ قاتنىشىدۇ. شۇ قېتىمقى باش قوشۇش يىغىنىغا لۇدېندورفمۇ قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ بۇ يىغىلىشقا قاتناشقانلىقىنى قەتئىي ئىنكار قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ يىغىندا ھىتلېر، گىۆرىڭ ۋە شېۋبنېر رىچتېر قاتارلىقلار چوقۇم

بار ئىدى. ئۇلار قوزغىلاڭچىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى پۈتتۈردى: ئۇلار باۋارىيىنىڭ ھەر قايسى مۇھىم شەھەرلىرىنىڭ پويىز ئىستانسىلىرىنى، پوچتا ئىدارىسى، تېلېگراف ئىدارىسى، رادىئو ئىستانسىسى ۋە شۇنىڭدەك جامائەت ئورۇنلىرى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى ۋە ساقچى ئورۇنلىرىنى ئىگەللەش؛ كوممۇنىزىمچى ۋە سوتسىئالىزمچىلار رەھبەرلىرىنى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ كاتىۋاشلىرىنى ھەممىدە ماگىزىن مەسئۇللىرىنى قولغا ئېلىش قاتارلىق قارارلارنى ئېلىشىدۇ.153 مىيۇنخېنىدا ھىتلېر ئۈستۈنلۈكتە بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا 2 مىڭ 6 يۈز قۇراللىق ساقچىغا تاقابىل تۇرالىغىدەك تۆت مىڭ نەپەر قۇراللىق قوزغىلاڭچى كۈچى بار ئىدى.

شۇ ئاخشىمى ئاۋال ھىتلېر ئىككىنچى قېتىملىق يىغىن چاقىردى. بۇ يىغىنغا يەنە بۇرۇنقى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى پۆھنېر بىلەن ھىتلېرنىڭ بۇرۇنقى ياردەمچىسى ۋىلھېلم فرىكمۇ قاتنىشىدۇ. فرىك ھازىرمۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئادىمى بولۇپ، ھىتلېر بىلەن ئۇنىڭ مورتلىرىنى يۇشۇرۇنچە قوغداپ يۈرەتتى. بۇ سۈيىقەستچىلەر يېڭى ۋەزىيەت تەرەققىياتى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىشىدۇ. بۇنداق يېڭى ۋەزىيەت، ئۇلارنىڭ بۇرۇن تۈزگەن پىلانلىرىنى دەرھال ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەسلىدە، كومىتېت ئەزاسى كاھر، تۇيۇقسىزلا ئەتىسى كەچتە بۈرگېربراۋ پىۋىخانىسىدا "ۋەتەنپەرۋەرلىك نامايىش" ھەققىدە ئاممىۋى يىغىن چاقىرىش ئۇختۇرۇشى تارقىتىدۇ. بۇ مىتىڭنىڭ كۆرۈنۈشتىكى مەقسىدى ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسى مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈشتەك قىلغىنى بىلەن، بىر ئېھتىمالدا، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ مۇھىم ھۆكۈمەت ئادەملىرى ئارىسىدا، ھەربى قوماندانلار ۋە شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئىناۋىتى يۇقىرى كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ئېھتىمالىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرۇنماقچى ئىدى. بۇ مىتىڭگە ھىتلېرنىمۇ تەكلىپ قىلىشىدۇ. روشەنكى، بۇ تەكلىپ چوقۇم بىر قاپقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ياكى بولمىسا، بۇ ئۈچ سىياسىي كاتىۋاش باۋارىيىنى بېرلىندىن ئايرىپ مۇستەقىل قىلىپ، ۋىتتېلسباخ خاندانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىمۇ پىلانلاۋاتقان بولۇشىمۇ ئېھتىمال ئىدى.

ھىتلېر، بۇ ئىش بىز ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بىر پۇرسەت دەپ قاتتىق تۇرۇپ مۇنازىرىلىشىدۇ. ئۇ، مىتىڭ كۈنىسى ئۈچ سىياسىي كاتىۋاش، مىنىستىر ۋون كىنىلىك، شۇنىڭدەك ھۆكۈمەتنىڭ قالغان مۇھىم ئەزالىرى بىرلا سەھنە ئۈستىدە يىغىلىدۇ. ئۇنداقتا بىز نېمە ئۈچۈن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بىراقلا يىغىپ بىر ئۆيگە قامىۋېلىپ بىزنىڭ دېگىنىمىزگە، يەنى بىرلىكتە سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشقا ماقۇل كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنمايمىز؟ ياكى بولمىسا، ئۇلار باش تولغاپ تۇرىۋالغىدەك قىلسا ئۇلارنى بىراقلا قاماپ

قويالايدىكەنمىز؟ ئېنىقكى، ھىتلېر ھەرىكەتنىڭ ئۇنۇمىگە بەكرەك ئەھمىيەت بەرمەكتە ئىدى. ھىتلېر كۆڭلىدە شۇنى ئېنىق ھېس قىلماقتىكى، ئەگەر بۇ ئۇچ نەپەر سىياسىي كاتىۋاشىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ بېرىشىنى قولغا كەلتۈرەلمىگىنىدە، ئۇنىڭ قوزغىماقچى بولىۋاتقان قوزغىلىڭى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھىتلېرنىڭ باۋارىيە ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش نىيىتى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىدى، شىددەتلىك بىر ھەرىكەت قوزغاش ئارقىلىق باۋارىيە خەلقىنى قوزغىتىۋېلىپ بېرلىن بىلەن ئۇنۇملۇك تۇردە تىركىششىلا ئىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۇزۇنىنى كۆزلەيدىغان ئۇنچە تولۇق بىرەر ھەرىكەت پروگراممىسىمۇ يوق بولۇپ، بىر قېتىم تەلەي سىناپ بېقىش ئۈچۈن تەۋەككۇل قىلىشتىنلا ئىبارەت ئىدى.

ئەمما ھىتلېرنىڭ قالغان شېرىكلىرى بۇنداق تەۋەككۇل قىلىش پىلانىغا پەقەتلا قوشۇلمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ يىغىن مۇنازىرىسى بىر قانچە سائەت داۋام قىلدى. ھىتلېر دېگىنىدە قەتئىي چىڭ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، 8-نويابىر تاڭغا يېقىن سائەت ئۈچ بولغاندا، كۆپچىلىك ئىلاجسىز ھىتلېرنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى: ئەڭ كىچىككەندىمۇ بۈرگېربراۋ پىۋىخانىسىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى سەھەرنىڭ سوغۇقىدا غايىپ بولىشى ھامان شېۋبنېر رىچتېر خىزمەتچىسىگە مۇھىم نەشرىيات ئەپكارلىرىغا يازغان بىر قانچە پارچە خەتنى تۇتقۇزۇپ، ئىشخانىلىرى ئېچىلىشى ھامان مەسئۇللىرىغا تاپشۇرۇشنى دەپ تاپىلىدۇ.

ئەتىسى، ھاۋا سوغۇقتىن ئۆتكىدەك سوغۇق بولۇپ، بىر ياندىن شۇرىغان چىقماقتا ئىدى. ئۇ يىلى، باۋارىيەگە بالدۇرلا سوغۇق چۈشۈپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونلار قار شۇرىغان ئىچىدە قالغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان بۇ كۈندە باش ئاغرىقىغا قوشۇلۇپ چىش ئاغرىقىمۇ مىكىسىگە چىققان ئىدى. ھەمرالىرى ئۇنى دەرھال چىش دوختۇرىغا بېرىپ كۆرۈنۈپ باق دەپ نەسىھەت قىلسىمۇ "ياق، بۇنىڭغا ۋاقتىم يوق، بوگۈن پۈتۈن ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ئىنقىلاب ۋاقتى كەلگەن كۈن" دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئىش بۇ يەرگە كەلگەنىدە باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. خانفىستاينگېل ئۇنىڭدىن "ئەگەر ئاغرىقىڭ ئېغىرلىشىپ كەتسە ئىشلىرىمىزنى قانداق قىلىمىز؟" دەپ سورايدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا: "ئەگەر راستىنلا ئاغرىقىم كۈچىيىپ كەتسە ياكى ئۆلۈپ كەتسەم، يۈلتۇزۇم ئۆچكەن، كۈنۈممۇ ئاخىرلاشقان دېگەن گەپ. ئۇ كۈندە ۋەزىپەمنىڭمۇ ئاخىرى كەلگەن بولىدۇ" دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

چۈش ۋاقتىغا يېقىنلاشقاندا، ھۆججەتچىلار ئەترىتىنىڭ بەزىلىرىگە تېلېفوندا،154 بەزىلىرىگە باغاق شەكلىدە ھەرىكەت تەييارلىقىغا ئۆتۈڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. يەنە

بەزىلىرىگە ئادەم ئۆۋەرتىپ بۇيرۇق يەتكۈزىدۇ. بۇيرۇقتا ھەرىكەت تەييارلىقىنى باشلىتىشتىن باشقا ھېچقانداق بىر تەپسىلات ياكى بىرەر ئىزاھاتمۇ بېرىلمىگەن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، ھىتلېرنىڭ نۇرغۇنلىغان يېقىن كىشىلىرىمۇ پىلاندا ئۆزگىرىش بولغانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. چۈش بولغاندا، روزېنبېرگ (ئۇچىسىغا قېنىق بىنەپشە رەڭلىك كۆڭلەك كىيىپ، بوينىغا قىزىل گالۇستۇك چىگىۋالغان ئىدى)، يېڭىدىن بوياپ ھاكلانغان چاققان ئىشخانىسىدا خانفىستايىنگىل بىلەن شۇ كۈنكى «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتىنى مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. بۇ گېزىت بىرىنچى بېتىنىڭ پادىۋال ئۈستىگە پروسىيە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ روسىيە تەرىپىگە ئۆتۈپ ناپالىئونغا قارشى تاۋروگېن قەلئەسى ئۇدۇلىدا تۇرغان گېنېرالنىڭ رەسىمى بېسىلغان ئىدى. رەسىمنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە "جىددى ئەھۋال مەزگىلىدە گېنېرال يورېكتەك بىرسىنى تاپالارمەنمۇ؟" دېگەنلەر يېزىلغان ئىدى. بۇ ئىككى ئادەم، يەنى خانفىستايىنگىل بىلەن روزېنبېرگ بىر-بىرسىنى دېگەندەك ياخشى كۆرۈپ كەتمىسىمۇ، يەنىلا بىرلىكتە ئولتۇرۇپ بۇ رەسىم پەيدا قىلىشى ئېھتىمال بولغان تەسىر ھەققىدە سۆزلىشىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ئۇلار بىرسىنىڭ ئاياق تاۋۇشى بىلەن ئۈنى پۈتكەندەك ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلايدۇ: "كاپىتان گيۆرىڭ نەدە؟" دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئىشىكنى قاتتىق ئېچىپ ھىتلېر كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ھەربى پەلتو، بېلىنى كەمەر بىلەن چىڭ باغلىغان، قولىدا قامچا بار ئىدى. ئۇنىڭ رەڭگى رويى غەزەپتىن كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆيگە ئېتىلغاندەك كىرىپ كېلىدۇ.

"بۇ ئىشنى قەتئىي سىر تۇتۇپ ھېچ كىمگە دېمەسلىك ئۈچۈن قەسەم قىلىڭلار. _ دەيدۇ ھىتلېر ئالدىرىغىنىچە، _ ۋاقىت كەلدى. بۇ ئاخشام ھەرىكەت باشلايمىز!" ئۇ، بۇ ئىككىسىگە ئۆزىگە ھەمرا بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. "يان قۇراللىڭلارنى ئېلىۋېلىڭلار، سائەت 7 دە پىۋىخانا سىرتىدا كۆرۈشەيلى" دەيدۇ. بۇ گەپتىن كېيىن خانفىستايىنگىل ئالدىراش ئۆيىگە بېرىپ ئايالىغا ئوغلى ئېگوننى ئېلىپ تېخى يېڭىلا يېزىدا سالدۇرغان داچىسىغا بېرىۋېلىشنى جېكىلەيدۇ. ئاندىن ھ. ر. كنىكېربوكېرنىمۇ ئۆز ئېچىگە ئالغان ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن مۇخبىرلارغا ھەر قانچە جىددى ئىشلار بولسىمۇ قويۇپ تۇرۇپ بۇ ئاخشامقى مىتىنگنى قاچۇرماڭلار دەپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ.

چۈشتىن كېيىن بولغاندا ھىتلېر ھاياجىنى خېلى بېسىققان، ھېلى قەھۋەخانىسىدا ئولتۇرۇپ كونا دوستى، فوتو رەسىمچى ھېينىخ خوفمان بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ھىتلېر، بۈگۈن خۇددى باشقا كۈنلەردىكىدەك ئادەتتىكىچىلا بىر كۈن بولىدىغاندەك خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، سېرىق كېسىلگە گىرىپتار بولغان

ئېسسېرنى يوخلاپ كېلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ.

ئېسسېرنىڭ ئۆيىدە خوفماننى تالادا كۈتۈپ تۇر دەپ چىقىرىۋېتىپ ئېسسېرغا، "بۈگۈن ئاخشام مەملىكەت بويىچە ئومۇمى يۇزلۇك ئىنقىلاب قوزغاشنى ئېلان قىلماقچىمەن، شۇڭا ياردىمىڭگە مۇهتاجمەن" دەپ پىلاننى ئاشكارىلايدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى سائەت نەق 9 بولغاندا، ئېسسېر قولىدا بىر بايراق، لۆۋېنبراۋخاۋۇس پىۋىخانىسىنىڭ سەھنىسىگە ئېتىلغىنىچە چىقىپ، ناتسيونال نېمىس مىللەتچى سوتسىئالىزم ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاب قوزغايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدىغانغا كېلىشىدۇ. شۇ ئاخشىمى ئۇ زالدا مىللەتچىلەر يىغىنى ئېچىلاتتى.

هىتلېر ئۆيدىن چىقىپ خوفمانغا، ئېسسېر خېلىلا تۇزۇلۇپ قاپتۇ، دەيدۇ. ئاندىن ئىككىسى شىلىلىلىك كوچىسىدا مەقسەتسىز بىر شەكىلدە ئايلىنىپ يۈرىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن گېيۆرگىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. هىتلېر ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ بىر هازا سۆزلىشىدۇ. ئاندىن خوفماننىڭ يېنىغا كېلىپ چىشىم بەكلا ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، دەرهال ئۆيگە قايتمىسام بولمىغىدەك دەيدۇ. بۇ چاغدا خوفمان هېچ نىمىنى ئۇقالماي گاڭگىرىغىنىچە، بۇ ئاخشام سىلەر زادى نېمە ئىش قىلماقچىسىلەر، دەپ هىتلېردىن سورايدۇ. هىتلېر رەسمى تۈردە "مەن بەك ئالدىراشمەن. بۈگۈن بەكلا ئالدىراش بىر ئىش چىقىپ قالدى" دەپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ مەركىزى بىناسىغا قاراپ كېتىپ قالىدۇ.

بۇ چاغدا، هۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر ـ SA چىلار ئىش كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ بەل ۋە بويۇنلىرىدا تاسمىسى بار كۆلرەڭ كاژانكىلارنى كىيىپ، كرىست بەلگىلىك يەڭلىك تاقاپ، كۆلرەڭ چاڭقىيچىلار شەپكىسىنى كىيىپ يان قورال ئاسىدىغان تاسمىلىرىنى باغلىشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئېس-ئاچىلار ئۇنفورمىسى ئىدى. ئۇلار يىغىلىش نوقتىسىغا بېرىش ئۈچۈن تەييار هالغا كېلىدۇ. ئىككىنچى روتىدىن كارل كېسلېر يولىيورۇق بويىچە ئاررزبېرگېر پىۋىخانىسىغا بېرىپ تەييار تۇرىدىغان؛ موزدوز جوزېف رىچتېر خوف پىۋىخانىسىغا ئىئۈەرتىلىدىغان بولىدۇ. "ئوبېرلاند بىرلىكى" نىڭ ئەزالىرىمۇ يولغا چىقىشقا تەييار ئىدى. ئۇلار كرىست بەلگىلىك يەڭلىك ئورنىغا نىپىز قار ماسكىسى تاقىغان بولۇپ، ھەممىسىلا كاسكىلىق ئىدى. ئەڭ مۇهىم بولغان قىسىم، يەنى فۇهرېرنىڭ يۈز كىشىلىك مۇهاپىزەتچىلەر ئەترىتى بولسا 155 توربراۋدا يىغىلىدىغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كوماندىرى ئاغزىدىن موخوركىسىنى چۈشۈرمەي چىشلەپ يۈرىدىغان بىرسى بولۇپ، قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە ئەسكەرلىرنى ئۇچۇغداشقا كىرىشىدۇ: "قايسىڭ چىن قەلبىڭدىن ساداقەت كۆرسەتمەيدىكەنسەن، دەرهال يوقۇلۇش! ـ دەيدۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، ـ بۇ ئاخشام بۈرگېربراۋ پىۋىخانىسىدا ھەر قانداق بىر ۋەقە يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، بىردىن-بىر

ۋەزىــپەڭلار ئەڭ ئالدىــدا تــۇرۇپ ھۇجۇمغــا ئۆتــۈش! بۈگــۈن ھۆكــۈمەتنى تەختــتىن چۈشۈرىمىز!“

قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، بىر پىكاپ كېلىپ شىۋىنبىر رىچتېرنىـڭ ئىشىكى ئالدىـدا توختايدۇ. ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقان كىشى لۇدېندورف ئىدى. ئۇ شىۋىنبىر رىچتېر بىـلەن بىـر قانچە مىنۇت سۆزلىشىپ كېتىپ قالىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، شىـۋىنبىر رىچتېرمـۇ خىزمەتچىسى بىلەن بىرگە ماشىنىلىق ئۈچقاندەك يۈرۈپ كېتىدۇ. ”خانىسىل، شۇنى بىلگىنكى، ـ دەيدۇ شىۋىنبىر رىچتېـر، ـ ئەگەر بۈگـۈن ئىشـلار كـۆتكىنىمىزدەك بولمـاي قالسـا، ئەتە ھەممىمىـز ئۆزىمىزنى تۈرمىدە كۆرىمىز.“ ئۇلار پارتىيە باش شتابىدا ھىتلېـر بىـلەن پارتىيىنىـڭ باشقا رەھبەرلىرىنى ئۇچرىتىدۇ. بىر ھازا مەسلىھەت قىلىشىپ، بەزىلەر ئىككى كىچىـك ماشـىنىغا ئولتۇرۇپ بۈرگېرىراۋ پىۋىخانىسىغا قـاراپ يولغـا چىقىـدۇ. ئـۇلار يولغا چىققـان ۋاقىـت كەچ سـائەت 8 ئەتراپـى ئىـدى. ئـۇ پىۋىخانـا ئىسـار دەرياسـىنىڭ قارشـى قىرغىقىـدا بىـر يەردە بولۇپ، ميۇنخېن شەھەر مەركىزىدىن يېرىم مىلدەك يىراقتا ئىدى. بۇ بىنا رەتسىز سېلىنغان بىر بىنا بولۇپ، ئىككى يېنىدا بىرەردىن كىچىك گۈللۈكى بار ئىدى. بىنا ئىچىدە بىر مـۇنچە رېستۇرانت ۋە قاۋاقخانا بار ئىدى. ئاساسلىق زالنىڭ چوڭلىقى شەھەر ئىچىـدىكى زىركـۇس كروندىن قالسـلا ئەڭ چـوڭ ھېسـابلىناتتى. زال ئىچىـدە نۇرغۇنلىغـان مەزمـۇت يۇمـۇلاق شەكىللىك ياغاچ ئۈستەللەر تىزىۋېتىلگەن بولۇپ، 3 مىڭ كىشى سىغىدىغان بىر زال ئىـدى. ئەمەلدارلار بىرەر چاتاق يۈز بېرىش ئېھتىمالىنى پەرەز قىلغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئاممىسىنى قالايماقانچىلىق چىقارتقۇزماسلىق ئۈچۈن شـەھەر ئىچىـدىن 125 نەپەر سـاقچى كەلتـۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشـقا يەنە يېغىـن قاتناشـقۇچىلىرى ئارىسـىغا بىـر ئـاتلىق ئەسـكەرلەر ئەترىتىنىـڭ ئەسـكەرلىرى بىـلەن خېلـى كـۆپ سـاندا ئوفىتسـېرلارنى ئارلاشــتۇرۇپ ئولتــارغۇزىۋەتكەن ئىــدى. ئەگەر بىــرەر جىــددى ۋەقە يــۈز بەرگــىدەكلا قىلىدىكەن، چارەك مىل يىراقتىكى ھەربى گازارمىـدا بىـر روتـا يېشـىل ئۇنفورمىلىـق شـتات ساقچىلىرىمۇ بۇيرۇق كۈتۈپ ساقلاپ تۇراتتى.

ھىتلېرنىـڭ ماشـىنىلىرى ئىسـار دەرياسـىدىن ئۆتـۈپ بـۇ ياققا قـاراپ يولغا چىققـان ۋاقىتلاردا يىغىن زالىنىڭ چـوڭ ئىشـىكى ئېتىـۋېتىلگەن بولـۇپ، مـۇھىم كىشـلەردىن باشـقا ھېچ كىمنـى ئىچىـگە ئالمـايتتى. بـارلىق ئـورۇنلار ئىگەللىنىپ بولغاچقا، خانفىستاينىڭل باشلاپ كەلگەن بىر مۇنچە چەتئەللىـك مـۇخبىرلارنى زالغا كىرگۈزۈشكە ئامالسىز قالىـدۇ. سائەت 8 دىن بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندە، ھىتلېرنىڭ قىزىل رەڭلىك مەرسەدېس ماركىلىق پىكاۋى بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان شىۋىنبىر رىچتېرنىڭ پىكـاۋى پىۋىخانىغا يېتىـپ كېلىـدۇ. كىشـلەر ئەتراپنـا توپلىشـىپ ئايلىنىـپ يۈرىشـەتتى. بۇنىڭـدىن ھىتلېـر بەكـلا

ئەنسىرەيدۇ. ئۇنىڭ قاراماشىنا ئەترىتى بۇ كىشىلەر ئارىسىدىن بۇسۇپ ئۆتۈپ كېتەلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئىككى پىكاپ دەرۋازىغا قاراپ ئاستا-ئاستا سۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇ ئىشىك بىر مۇنچە ساقچى تەرىپىدىن ساقلىنىۋاتقان ئىدى. ھىتلېر، ھېلىلا يېتىپ كېلىدىغان قىسىملارنىڭ ئۆتەلىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئالدىراش ساقچىلارغا بۇ يەردىن كېتىشلار دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. ئاندىن بىرمۇنچە ئادەمنى ئەگەشتۈرگىنىچە پىۋىخانا دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ. ئىشىككە ئېسىسېرنى ئىشىك ساقلاشقا قويىدۇ. تالاش-تارتىش كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېر ئىچكە كىرىشى ھامان ئىشىكلەر ئىتتىۋېلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئامېرىكىلىق بىر ئايال مۇخپىرنى يىتىلەپ كەلگەن خانفىستايىنگىلمۇ ئىشىكتىن كىرەلمەي سىرتتا قالىدۇ. ئۇ، ”ئەگەر سىلەر چەتئەللىك مۇخپىرلارنى كىرگۈزمەيدىكەن - سىلەر، چوقۇم قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ“ دەپ ساقچىلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئەمما ئۇلارغا يول ئاچتۇرغان ئادەم، ئاغزىغا گېرمانىيىدە ئاز تېپىلىدىغان ئامېرىكا تاماكىسىنى قىستۇرىۋالغان ئامېرىكىلىق مۇخپىرنىڭ ئۆزى بولىدۇ. زال ئىچىدە مېھمانلار ئولتۇرىدىغان يەردىكى بىر تۈۋرۈك يېنىدا تۇرغان ھىتلېر، سەھنە ئەتراپىدىكى مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەرنى كۆزىتىدۇ. سەھنىدە، كاھر نۇتۇق سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ زېرىكىشلىك بىر خىللا ئاۋازدا سۆزلىمەكتە ئىدى. كاھر، ماركسىزمنى تەنقىتلەپ گېرمانىيىنى روناق تاپتۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەرگە چاقىرىق قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى رەسمىي پىشقەدەم بىر ئوقۇتقۇچىغىلا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، گويا ئۇ نۇتۇق ئەمەس دەرس سۆزلەۋاتقاندەكلا كۆرۈنمەكتە ئىدى. زالدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تىنىچ ئولتۇرۇپ ئاڭلىماقتا، ئارىلاپ پىۋا بىلەن زېرىكىشنى باستۇرۇشقا تىرىشماقتا ئىدى.

خانفىستايىنگىل، مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن ھىتلېرمۇ خەققە ئوخشاش پىۋا ئىچكەچ ئولتۇرغان بولسىمىغۇ كاشكى، دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇ كۆتكۈچى بوتكىسىدىن دەرھال 3000000000 ماركقا 3 شىشە پىۋە سېتىۋالدۇ.156 ھىتلېر قوگۇر كىيىملىك ئادەملىرىنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەچ پوتولكىسىدىن يۇتۇملام قوياتتى. ئېس-ئاچىلار بىلەن لىق تولغان قارا ماشىنىمۇ پىۋىخانا سىرتىغا كېلىپ ھەرىكەتلىنىشنى كۈتۈپ تەييار تۇرىدۇ. ئۇلار سائەت سەككىز يېرىم بولۇشى ھامان ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى. كاسكىلىق قوغدىغۇچىلار ئەترىتىمۇ ئاخىرى يېتىپ كېلىدۇ. بۇ، ھەرىكەت باشلاش سىگنالى ئىدى. ئاپتوموبىللار تولۇق بوشاپ، قۇراللىق ناتسىستلار بۇ بىنانى قاتمۇ-قات قورشاۋ ئاستىغا ئېلىۋالىدۇ. سان جەھەتتە بەكلا ئاز ساقچىلار بۇ ئەھۋالدا ئۇن چىقارماي جىمىپ قېلىشىدۇ. ئۇلار سىياسىي كۆرەش ئۈچۈن قىلچە تەييارلىقى بولمىغاچقا ھېچ نېمە دېيەلمەيدۇ.

كاپىتان گېۆرىك باشلاپ كەلگەن قوغدىغۇچىلار ئەترىتىدىكىلەر قاتىرىغا ئىتتىلدىغان تاپانچىلىرىنى تۇتقىنىچە بىناغا بېسىپ كىرىدۇ. ھىتلېرنىڭ قوغدىغۇچىسى ئۈلرىچ گراف قوغدىغۇچىلار ئەترىتىدىكىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ كېيىم ساقلاش بۆلۈمىدە تۇراتتى. شۇڭا ئۇمۇ دەرھال ھىتلېرنىڭ يېنىغا بېرىۋالىدۇ. ھىتلېر ئۈچىسىدىكى ھەربىي پەلتوسىنى سېلىپ تاشلاپ باۋارىيىلىكلەر پاسونىدىكى ئۇزۇن قويرۇقلۇق قارا پەرجىسى بىلەنلا ئولتۇرغىلى چىقىدۇ. گراف، ھىتلېرنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەر دەپ پىچىرلايدۇ. يېنىدا تۇرغانلارنىڭ دېيىشىچە، خۇددى خېرىدارنىڭ ئاشخانا غوجايىنىدىن ياخشىراق بىر ئورۇن تەلەپ قىلغىنىدەك بىر مەنزىرە ئىدى بۇ. 20 دەك ساقچى يولنى توسۇۋالىدۇ. قوغدىغۇچىلار ئەترىتىنىڭ كوماندىرى "يولنى بوشات! نېرىغا ئۆتۈش!" دەپ ۋارقىرايدۇ. ساقچىلارمۇ راھىشلىق بىلەن كەينىگە بۇرۇلغىنىچە، خۇددى ئامېرىكا ساقچى كەسىپداشلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشىتىپ رەتلىك قەدەم بىلەن ئالدى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشىدۇ.

ھىتلېر قولىدىكى پىۋا قۇتىسىنى بىر چەتكە قويۇپ، يېنىدىن بىرۋونىڭ تاپانچىسىنى چىقىرىدۇ. ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەرنىڭ "خايل ھىتلېر! _ ياشىسۇن ھىتلېر!" دەپ تۇۋلاشلىرى ئىچىدە، بۇرۇن قاسساپلىق قىلغان گراف، شېۋبنېر رىچتېر (ئۇنىڭ يىراقنى كۆرمەس كۆزلىرى ئىس تۈتەككە تولغان زالدا بىر تەرەپكە قىيسىلا قالغان ئىدى)، ئۇنىڭ سادىق خىزمەتچىسى، شۇنىڭدەك يەنە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن خانفستايىنگىل، بۇرۇنقى ساقچى ئىدارىسىدا ئىشپىيونلۇق قىلغان، ھازىرقى سودا شىركىتى مۇدىرى ماكس ئامان ۋە شۇنىڭدەك سىياسىي جوغراپىيە پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن، كۆچلۈك غايىلىق رۇدولف ئېسسېر قاتارلىقلارنى ئەگەشتۈرۈپ زالغا كىرىپ كېلىدۇ. ھەر تۈرلۈك كېيىنگەن بۇ نوچىلار قولىدىكى قۇراللىرىنى شىلتىغىنىچە كىشىلەرنى ئىتتىرىپ يۇرۇپ نۇتۇق سەھنىسىگە قارىتىپ يول ئېچىپ ماڭىدۇ. بۇ چاغدا، قوڭۇر كۆڭلەكلىك پارتىيىلىكلەر چىقىش ئىشىكلىرىنى قامال قىلىۋالىدۇ. يەنە بىر قىسمىلىرى پىلىموتلارنى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا قارىتىپ تىكلەپ تەق قىلىشىدۇ. بۇ قالايماقانچىلىق ئىچىدە بىر مۇنچە ئۇستەللەر ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، قايسى بىر كابىنىت ئەزاسى ئۆزىنى ئۇستەل ئاستىغا ئېتىپ يوشۇرۇنىۋالغان ئىدى. بەزى كابىنىت ئەزالىرى قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ ئالدىرىغىنىچە چىقىش ئىشىكى تەرەپكە قاراپ ئېقىن قىلىدۇ. ئەمما ئاگاھلاندۇرۇلغاندىن كېيىن جايىغا قايتىشىدۇ. قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر تاياق يەيدۇ ياكى يەرگە بېسىۋېلىنىپ باش كۆزىگە ئۇرۇپ تېپىپ ياتقۇزۇۋېتىلىدۇ.

ھىتلېر قاتاردىكى بىر توپ كىشىلەرنىڭ يولى توسۇلۇپ قالىدۇ. بۇ قالايماقانچىلىق

ئىچىدە، ھىتلېر بىر ئۇرۇندۇق ئۈستىگە چىقىۋېلىپ تاپانچىسىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ ۋارقىرايدۇ: "تىنچ! تىنچلىنىڭلار!" شۇنىڭغا قارىماي قالايمىقانچىلىق داۋام قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ شىپقا قارىتىپ ئوق چىقىرىدۇ. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ كىشىلەر قورققىنىدىن ئۈنىنمۇ چىقارماي جىمىپ قالىدۇ. ھىتلېر: "مىللى سوتسىئالىزم ئىنقىلابى پارتىلىدى! زال پۈتۈنلەي قورشاۋ ئاستىدا! زالدىن ھېچ كىمنىڭ چىقىشىغا رۇخسەت يوق!" دەپ ۋارقىرايدۇ. ھىتلېرنىڭ تاترىپ كەتكەن يۈزىدىن تەر قۇيۇلماقتا ئىدى. بەزىلەر ئۇنى رەسمى ئىبلىشىپتۇ دېيىشسە، يەنە بەزىلەر ياق، ئۇ ئىچىۋالغان مەس، دېيىشەتتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا بۇ مەنزىرىگە قاراپ كۈلۈشەتتى. ئۇلارغا، قولىغا تاپانچا ئېلىپ ئوتتۇرىغا چىقىۋالغان بۇ ئىنقىلابچىنىڭ ئۇچىسىدىكى سەھەرلىك كېيىم ئۇنىڭغا پەقەتلا ياراشمىغان بولۇپ، ھەققەتەنمۇ كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى. كۆرۈنۈشتە كۈلكىلىك تۇيۇلغىنى بىلەن، ھىتلېر بەكلا جىددى تۇرۇشتە ئىدى. ئۇ، ئۈچ نەپەر سىياسىي كاتىۋاشقا مىنىڭ بىلەن ياندىكى بۆلۈمگە كىرىڭلار، قورقماڭلار، سىلەرگە بىر ئىش بولمايدۇ، دەيدۇ. ئەمما ئۇ ئۈچ كاتىۋاش قىمىرمۇ قىلماي تۇرغان يېرىدا جىم تۇرىشىدۇ. ھىتلېر بىر ئۇستەلنى ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۇلارغا يېقىنلىشىۋىدى، كاھر كەينىگە بىر قەدەم چېكىنىدۇ. سېيسېرنىڭ كانىۋىيى بىلەن يەنە بىر مايور ئالدىغا چىقىپ يان قۇراللىنى چىقىرىۋېلىپ قولنى يانچۇقىغا سالىدۇ. ھىتلېر تاپانچىسىنى دەرھال ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تىرەپ "قولۇڭنى چىقار!" دەپ ۋارقىرايدۇ.

ھىتلېر بۇ ئۈچ نەپەر سىياسىي كاتىۋاش بىلەن يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئالدىدا ۋەدە بېرىپ،157 بۇ ئىشلار ئەڭ كۆپ بولغاندا ئون مىنۇت ئىچىدىلا ھەل قىلىشقا بولىدىغان بىر ئىش، دەيدۇ. بۇ چاغدا، ئۈچ سىياسىي كاتىۋاش بىلەن يەنە ئىككى نەپەر كانىۋاي ھىتلېرغا ئەگىشىپ ياندىكى بۆلۈمگە كىرىدۇ. "چاندۇرماي دىگىنىگە ھە دەپ تۇرۇڭلار" دەيدۇ لوسسوۋ يېنىدىكىلەرگە پىچىرلىغاچ. ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن ھىتلېر تېخىمۇ بەك جىددىلىشىپ كېتىدۇ: "مىنىڭ بۇ قىلىشىمنى كەچۈرگەيسىلەر. ـ دەيدۇ ھىتلېر، ـ شۇنداق قىلماي باشقا ئامالىم يوق." سېيسېر ئۇنىڭغا قوزغىلاڭ كۆتەرمەيمىز دەپ ۋەدە قىلمىغانمىدىڭ، نانكۆر دەپ ئەيىپلەيدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭدىن كېچىرىم سورىغاچ "بۇ قىلغىنىم گېرمانىيىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن" دەيدۇ. ھىتلېر ئۇلارغا: سابىق ساقچى باشلىقى پوھنېر باۋارىيە باش مىنىستىرى بولىدۇ؛ ئوكچى ئاكتىپلار تەشكىلاتى 'پىدائىيلار باتالىئونى' نى ئاساس قىلغان يېڭى دۆلەت ئارمىيىسىگە لۇدېندورف قوماندانلىق قىلىدۇ ھەمدە قوشۇن باشلاپ بېرلىنغا يۈرۈش قىلىدۇ دەيدۇ. ئۇ يەنە قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ كاتىۋاش تېخىمۇ چوڭ ھوقۇق يۈرگۈزىدىغانلىقىغا، يەنى كاھر باۋارىيىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغانلىقىغا؛ لوسسوۋ ئىمپېرىيە قۇرۇغلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىنىد -

نغانلىقىغا؛ سېيسېر بولسا ئىمپېرىيە ئامانلىق ساقلاش مىنىستىرى بولىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىدۇ.

بۇ ئۈچ كاتىۋاش ھىتلېرنىڭ دىگىنىگە ئۇنىمايدۇ. ھىتلېر دەرھال تاپانچىسىنى چىقىرىدۇ (كېيىن ئۇ سوتتا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر چاخچاق ئىدى دەپ تۇرىۋالىدۇ). "قورالىمدا بەش پاي ئوق بار. _ دەيدۇ قوپال بىر ئاۋازدا، _ تۆت پايىنى ۋەتەن ساتقۇچلار ئۈچۈن، قالغان بىر پايىنى، ئەگەر بۇ ئىشتا مەغلۇپ بولسام، ئۆزەمنى ئېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىمەن" دەيدۇ. ئۇ، تاپانچىسىنى گرافقا بېرىدۇ. ئەندى ئۇنىڭ قولىدا ئاپتوماتىك ماۋزوردىن بىرسى بار ئىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، جان ساقلايمەن دېيىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، دەيدۇ كاھر سوغۇققانلىق بىلەن. ئۇ بۇ ئىشتا لۇدېندورفنىڭ قانداق رول ئويناۋاتقانلىقىغىلا قىزىقاتتى. ھىتلېر ھېچ نېمە دېمەيدۇ. ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن بىر قانچە يۇتۇم پىۋا ئىچكەندىن كېيىن، كاھرغا قاراپ قايتا-قايتا كەچۈرۈم سورايدۇ. ئاندىن سالماق قەدەملەر بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. زال ئىچى بەكلا قالايماقانلىشىپ كەتكەن بولۇپ تېزگىنلەش مۇمكىن ئەمەستەكلا كۆرۈنەتتى. ئوتتۇرلۇقتا بىرسى قاتتىق ۋارقىرايدۇ: "خالايىق، بۇ بىر ئويۇن!"

يەنە بىرسى، بۇ بىر مېكسىكا پاسونى ئىنقىلاب! دەپ ۋارقىرايدۇ. زال ئىچىنى قۇلاقنى يارغۇدەك ئىسقىرتىش ۋە مازاق قىلىپكۈلۈشلەر بىر ئالىدۇ. بۇ تولۇر ئاۋازلار گېيۆرىڭنىڭ خۇددى خوجايىنىغا ئوخشاش شىپقا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئېتىشىدىن كېيىنلا ئاندىن بېسىقىدۇ. ئۇ، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىمىزنىڭ نىشانى ھەرگىزمۇ كاھرغا، ئىمپېرىيە دۆلەت ئارمىيىسىگە ياكى ساقچىغا قارىتىلغان ئەمەس، دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزىنى ئاقلىشى كارغا كەلمىگەندىن كېيىن، قىزىقچىلىق قىلىپ "پىۋاڭلار تۈگىمىگەندۇ، يەنە نىمىگە غەم يەيسىلەر؟" دەپ ۋارقىرايدۇ.

زالدىكى بۇ قالايماقانچىلىق ھىتلېرنى ئۈمىدسىزلەندۈرەلمەيدۇ. گەرچە زالدىكىلەر قالايماقان تۈۋلىشىپ غەزەپلىك تىل ياغدۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، ھىتلېر ئۇلارنى ئىنتىرىپ يول ئاچقىنىچە سەھنىگە قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. زالدىكىلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى تېخى بېسىقمىغان ئىدى. ھىتلېر غەزەپ بىلەن ۋارقىرايدۇ: "ئەگەر يەنە تىنجىماي ۋارقىرايدىغان بولساڭلار، ئۈستى قەۋەتتىكى پىلىموتچىلارغا ئوق چىقىرىش بۇيرۇقى بېرىمەن!" شۇنداق قىلىپ زالدىكىلەر ئۇنى شاكخو قىلىشتىن دەرھال توختاپ جىمىيىدۇ. "شۇنىڭدىن كېيىن، _ دەيدۇ، كونسېرۋاتىپ تارىخچى پروفېسسور ۋون مۇللېر شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، _ ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ئىسىل بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ نۇتقى بوگۇنگىچە ھەر قانداق بىر ئارتىسمۇ قىزغانماي تۇرالمىغۇدەك بىر نۇتۇق ئىدى. ئۇ نۇتقىنى ئۆزىنى تۇتىۋالغان

هالدا باشلايدۇ. ئۇ قىلچىمۇ نەپرەتلىك كۆرۈنمەيتتى.“ ھىتلېرنىڭ نۇتقى خۇددى غەلىبە يېقىنلاشقاندەك بىر ۋەزىيەتتىن بىشارەت بەرمەكتە ئىدى. ئۇ زالدىكىلەرگە، مەن كاھىرغا تولۇق ئىشىنىمەن، ئۇ باۋارىيە ھاكىمىيىتى ئۈستىدە تۇرىدىغان پادىشا بولىدۇ دەپ ئامىغا ۋەدە بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئارمىيىمۇ لودېندورفنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرۇلىدىغانلىقى؛ لوسسوۋ قورۇغلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىنىدىغانلىقى؛ سېيسېر ساقچى باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىدۇ. ”گېرمانىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىسى جىنايەت يېرى بابىلغا، يەنى بېرلىنغا يۈرۈش قىلىپ گېرمانىيە خەلقىنى قۇتقۇزۇشتۇر!“ (بابىل ــ «ئىنجىل. دۇنيانىڭ يارىتىلىشى» دا تىلغا ئېلىنغان بىر شەھەر ئىسمى ــ ھاشىيە ئىزاھاتى)

خانفىستانگىل شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، بۇ غەلىتە كىيىنىۋالغان ئادەم، خۇددى باۋارىيە يېزىلىرىدىكى رەسىمخانىلاردا ئۇچرىتىشقا بولىدىغان ئۈستى بېشى چاڭ-توزاڭ بېسىپ كەتكەن ئەيىنەك دېرىزە ئىچىگە قويۇلغان ”شەھەرنىڭ ئەڭ چىرايلىق نىكاھ يىگىتى“ ھەيكىلىگە ئوخشاپ قالغان ھىتلېر، نۇتقىنىڭ بىرىنچى جۈملىسىنى باشلىشى بىلەن تەڭ، 158 دەرىجە خاسىيەتلىك بىرسىگە ئايلانغانلىقىنى، ”بۇ ئەھۋال، خۇددى ستراديۋارىئۇسنىڭ ئىسكروپكىسى قېلىپىدا جىم تۇرغاندا بىر قانچە تاختاي پارچىسىدىن يېپىشتۇرۇپ ياسالغان، ئۈستىگە ئۇچەيدىن ياسالغان بىر قانچە تال تارا تارتىلغان ئادەتتىكى بىر نەرسىدەك تۇرغىنى بىلەن، ئەگەر بۇ نەرسە ئۇستا سازەندىنىڭ قولىغا چۈشۈپلا قالىدىكەن، ئۇنىڭدىن ئىنتايىن مۇڭلۇق مۇزىكىلار ياڭرىغاندەكلا بىر ئىش ئىدى“ دەيدۇ. پروفېسسور ۋون مۇللېر پۈتۈن ئۆمۈرى بويىچە ”بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا، ھەتتە بىر قانچە سېكونت ئىچىدىلا خەلق ئاممىسىنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ شۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى“ پەقەتلا چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇ كېيىن ئېيتىدۇكى، ”نۇرغۇن كىشىلەر ھېلىغىچە قارشىنى تولۇق ئۆزگەرتەلمىگەن بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھىتلېرغا بولغان قارشى تۈپتىن ئۆزگەرگەن ئىدى. ھىتلېر بىر قانچە جۈملە سۆز بىلەنلا ئۇلارنى تولۇق ئۆزگەرتىپ ئۆزىگە قارىتىۋالغان ئىدى. بۇ كىشىلەر خۇددى ئالقىنىنى ئۆرىگەندەكلا تېز ئۆزگىرەلەيتتى. بۇ ئىشتا بىرەر ئەپسۇن باردەكلا بىلىنەتتى. ياكى راستىنلا بىرەر سېھىر بارمىدۇ؟ كەينىدىنلا ھەممە تەنتەنە ئىچىدە قەدەھ سوقۇشتۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ سادا ئىچىدە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئاۋازى چۆكۈپلا كېتىدۇ.“

”كاھىر، لوسسوۋ ۋە سېيسېر ئۇچىسى يان ئۆيدە. ــ دەيدۇ ھىتلېر سەممىلىك بىلەن، ــ ئۇلار ھازىر قايسى يولنى تاللىساق بولار دەپ ئەستايىدىللىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىشىۋاتىدۇ. مەن ئۇلاردىن، سىلەر ئۇچەيلەن خەلقنىڭ تەلىۋىنى قوللامسىلەر دەپ

سورىسام بولامدۇ؟" دەپ زالدىكىلەردىن سورايدۇ.

تۆۋەندە ھەممە بىردەك: "قوشۇلىمىز، شۇنداق سورا!" دەپ چۇقۇرۇشۇپ كېتىدۇ.

"ئەركىن بىر گېرمانىيەگە، _ دەيدۇ ھىتلېر تولۇق قىزغىنلىق بىلەن، _ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرالايدىغان باۋارىيە چوقۇم سىغىپ كېتەلەيدۇ! مەن سىلەرگە شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ئەگەر بىز بۈگۈن گېرمانىيە ئىنقىلابىنى قوزغىيالمىساق، ئەتە تاڭ يورىشى بىلەن تەڭ ھەممىمىز ئۆلگەن بولىمىز!" ھىتلېر خەلق ئاممىسىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاچقا، دەرھال ياندىكى بۆلۈمگە كىرىپ ئۈچ نەپەر كاتتىۋاشنى چاقىرىپ چىقىدۇ.

ئەسلىدە مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان ئادەم، ھىتلېرنىڭ مەرسەدېس ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ بۇرگېربراۋ پىۋىخانىسىغا قاراپ يولغا چىققان ئىدى. بۇ كىشى دەل گېنېرال لۇدېندورف ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ سادىق ئىزباسارى (ئۇ، قىزغىن قوزغىلاڭچىدىن بىرسى ئىدى) بىلەن بىرگە كېلىۋاتقان بولۇپ، يەنە شېۋبنېر رىچتېرمۇ كەينى ئورۇندا ئولتۇراتتى. گەرچە جاھانى قويۇق تۇمان قاپلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ماشىنا يەنىلا ھەيران قالارلىق تېزلىكتە شەھەر ئىچىدىن چىقىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتىدۇ. گېنېرال لۇدېندورفنىڭ پىۋىخانا ئىشىكى ئالدىدا كۆرۈنىشى بىلەن تەڭ، پۈتۈن خەلق "خايىل!" دەپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ. لۇدېندورف ئىشىنىڭ بۇنچە چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بولىۋاتقانلاردىن رازى بولماي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالىدۇ. ھىتلېر دەرھال كۈتىۋېلىش بۆلۈمىدىن چىقىپ لۇدېندورف بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ئۇ ئىككىسى قىسقىچە بىر نېمىلەر دېيىشىپ سۆزلىشىۋالغاندىن كېيىن، لۇدېندورف قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئۈچ كاتتىۋاشنى قايىل قىلىشقا ماقۇل بولۇپ بىرگە يان ئۆيگە كىرىدۇ.

گەرچە ھىتلېرنىڭ ئۆز ئالدىغا قوزغىغان بۇ ھەرىكىتىدىن لۇدېندورف خاپا بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىككى نەپەر كەسپىدىشىغا ئۆزىنىڭ ئورنى بىلەن ئابرويىنى ئىشقا سالىدۇ. "بولدى قويۇڭلار ئەپەندىلەر، _ دەيدۇ ئۇلارغا، _ بىز بىلەن بىرلىشىڭلار. قېنى بۇنىڭغا قول بېرىڭلار" دەپ قولىنى ئۇزارتىدۇ. ئۇنىڭغا ئەڭ ئاۋال قول بەرگەن كىشى گېنېرال ئىدى.

لوسسوۋ قولىنى ئۇزارتىپ، "ماقۇل ئەمسە" دەيدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن پولكوۋنىكمۇ لۇدېندورفقا قولىنى ئۇزارتىدۇ. مەمورى ئەمەلدار بولغان كاھر ئەڭ ئاخىرى قايىل بولغانلاردىن ئىدى. ئەمما ئۇلار سەھنىگە كەلگىنىدە، بىرىنچى بولۇپ نۇتۇق سۆزلىگەن كىشى يەنە شۇ كاھر ئىدى. ئۇ سەھنىدە قىلچە ھېسسىياتسىز تىك تۇرىدۇ. ئۇ يىغىندىكىلەرگە قاراپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان خان سۈپىتىدە باۋارىيە خاندانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەيداندىكى بىر ساقچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ

دېگەن ئوچۇق سۆزلىرىنى ئەسەبىلەرچە ئالقىش سادالىرىلا ئۈزۈپ تۇرغان.

ھىتلېر ئاممىنىڭ بۇنچە قىزغىنلىقىنى كۆرۈپ ئىچ-ئىچىدىن خوشال ئىدى. ھىتلېر ھاياجانغا تولغان ھالدا "بۇندىن 5 يىل بۇرۇن، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ بالىنىسىدا ياتقان بىر قارغۇ ئىدىم. شۇ چاغدا مەن ئۆز ئۆزەمگە، نويابىر جىنايەتچىلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماي، بۈگۈنكىدەك خانىۋەيران قىلىۋېتىلگەن گېرمانىيە خارابىسى ئۈستىدە قۇدرەتلىك، ئەركىن ۋە ھەشەمەتلىك بىر گېرمانىيە قۇرمىغىچە ھەرگىز يولۇمدىن قايتمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئىدىم. قارىغاندا، مەن بۇ قەسىمىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغاندەك قىلىمەن" دەيدۇ.159

ئۇنىڭ كەينىدىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئەمما بەكلا ئېغىر بېسىق لۇدېندورف ئەستايىدىل ھالدا قىسقىلا بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. بۇنىڭدىن پروفېسسور مۇللېرنىڭ ئالغان تەسىراتى، لۇدېندورف، "بۇ ئىش ئۆلۈم-كۆرۈم مەسىلىسى ياكى ساق قالغانلاردىن ئۆلىدىغانلار كۆپ بولىدىغان بىر مەسىلە" ئىكەنلىكىنى ئېنىق پەرق قىلالايدىغان ئادەم ئىكەن دېگەن تەسىراتقا كەلگەن. ھىتلېر ۋەزىيەتنى تولۇق تېزگىنلىۋالغاندىن كېيىن، كەينى-كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كىشىلەر بىلەن بىر-بىرلەپ قول سىقىشىپ خوشلىشىدۇ. كىشىلەر بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، بەلكىم ئىچكەن پىۋىنىڭمۇ كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالماي تەنتەنە قىلىشماقتا ئىدى. بۇ كىشىلەر سەل ئاۋۋالقى مەسخىرە قىلىپ تىللاشلىرىنى پاك پاكىزە ئۇنۇتقان ئىدى. زالدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، «گېرمانىيە ھەممىدىن ئۈستۈن» مارشىنى ئېيتىشىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۆز يېشى قىلىشىدۇ؛ ھەتتا بەزىلەر ھاياجاندىن ناخشىغىمۇ ئېغىزى كەلمەي قالىدۇ. ئەمما شىنتات ساقچىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىرسى كەينىگە ئۆرۈلۈپ: "بۇ يەردە پەقەت ساراڭلار دوختۇرىدىن بىرسىلا كام!" دېگىنى ئاڭلىنىدۇ.

4

ئىسار دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى لوۋېنبراۋ پىۋىخانىسىدىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك قىزغىنلىق كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. پىۋىخانىنىڭ ئاساسلىق زالى ئىككى ئوركېستىر ئۈمىكىنىڭ ئورۇندىغان مۇزىكا ئاۋازىنىڭ پۈتۈن زالغا بىر كەلگىنىدىن باشقا بۇ زالغا يەنە 2 مىڭ نەپەر "پىدائىيلار باتالىئونى" نىڭ ئەزالىرى بىلەن ئېس-ئاچىلار بىلەن لىق تولغان ئىدى.

ئولتۇرغانلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلا يۇزى تاتۇق كاپىتان رۆمنىڭ قىزغىن ئەگەشكۈچىلىرى بولسىمۇ، رۆم يەنىلا كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشالىغان ئاساسلىق ئادەم ئىدى. ئۇ، "خەلقىمىز قىساس ئېلىشقا، شۇنىڭدەك ۋەتەن ساتقۇچىلار بىلەن خەلقىمىزنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ يۇرگەن مەلئۇنلار ئۇستىدىن قىساس ئېلىشقا ئاتلىنىشلار ..." دەپ چاقىرىق قىلاتتى.

كېيىندىنلا كېسەل كارىۋىتىدىن سۆرەلگىنىچە قوپۇپ كەلگەن ئېسسىپىر سەھنىگە چىقىدۇ. پىلاندا ئاز-تولا ئۆزگىرىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېر بىلەن پۇتۇشكىنىدەك قولىدا بايراق كۆتۈرۈپ سەھنىگە ئېتىلىپ چىقمايدۇ، شۇنىڭدەك دەرھاللا ئىنقىلابنى ئېلان قىلىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇ، ھىتلېر قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى كۇتمەكتە ئىدى.

ئاخشىمى سائەت 8 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، يەنى ئۇ نۇتۇق سۆزلەۋاتقىنىدا بۈرگېربراۋ پىۋىخانىسىدىن قىسقىلا بىر تېلېفون كېلىدۇ: "ئىشلارنى خاتىرجەم باشلات!" رۆم مەقسەتلىك ھالدا سەھنىگە چىقىپ ئېسسىپىرنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، كاھر ھاكىمىيىتى بىكار قىلىندى، ئادولف ھىتلېر مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاب قوزغاشنى ئېلان قىلدى! دەپ ۋارقىرايدۇ. دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى شەپكىلىرىدىكى جۇمھۇرىيەت كاكارلىرىنى سۆكۈپ تاشلاپ، ئۇستەل-ئورۇندۇقلار ئۇستىگە سەكرەپ چىققىنىچە ۋارقىرىشىپ تەنتەنە قىلىشقا باشلايدۇ. ئېس-ئاچىلارمۇ بىر-بىرىنى تەبرىكلىشىپ قۇچاغلىشىپ كېتىدۇ. ئوركېستىر دۆلەت گېمنىنى ئورۇندايدۇ. تەنتەنە ئاۋازلىرى بېسىققاندىن كېيىن رۆم ئاممىنى بۈرگېربراۋ پىۋىخانىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلىشقا چاقىرىدۇ. كىشىلەر خۇددى زالغا ئوت كەتكەندەك بىر-بىرسى بىلەن بەسلەشكىنىچە يۇگۈرۈشۈپ پىۋىخانىدىن چىقىپ رەتكە تىزىلىدۇ. ئەسكەرلەر ۋارقىرىشاتتى، خوشاللىقىدىن ھاياجانلىنىپ تەنتەنە قىلىشقىنىچە كوچىغا چىقىپ ئىسار دەرياسى تەرەپكە قاراپ ئېقىن قىلماقتا ئىدى. بۇ ئارىدا ئۈدۈلىدىن بىر موتوسىكىلىت كېلىپ نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئالدىنى توسىۋالىدۇ. ئەسلىدە، بۇ موتوسىكىلىتلىق كىشى ھىتلېرنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇيرۇقتا، رۆمنى قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ مىيۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، شۆنفېلد كوچىسىغا جايلاشقان گېنېرال ۋون لوسسوۋنىڭ قوماندانلىق شتابىنى ئىگەللەش بۇيرۇق قىلىنغان؛ ئېس-ئاچىلار ئەترىتىدىكىلەرگە سانت ئەرنا مەيدانىغا بېرىپ، چېركاۋنىڭ گەمە قەۋىتىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان ئۈچ مىڭ تال مىلتىقنى ئېلىپ گېيىسىڭدا پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلغان ئىدى. شۇڭا، "ئوبېرلاند ئىتتىپاقى ـ پىدائىلار ئىتتىپاقى" دېگەنلەرلا بۈرگېربراۋ پىۋىخانىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ.

رۆمنىڭ قوشۇنى بىر مۇزىكا ئەترىتىنى ئالدىغا سېلىپ برىيېنېر كوچىسىدىن ئۆتۈپ

كېتىۋاتقىنىدا كىشىلەر يىغىلىپ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ تەنتەنە قىلىشىدۇ. قىزغىن بىر ياش مىللەتچى ئىمپېرىيە بايرىقىنى كۆتۈرۈپ قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ مەغرۇر قەدەملەر بىلەن ماڭماقتا بولۇپ، 160 ئۇ ھىتلېرغا ئەمەس بەلكى رۆم بىلەن ستراسسېر ئىككىسىگە بولغان ساداقىتى سەۋەبىدىن ئالدىغا چىقىۋالغان ئىدى. بۇ ياش ھېينرىخ ھىملېر دېگەن كىشى ئىدى. خوشاللىقىدىن ياياراپ كەتكەن ئاممىنىڭ قىزغىنلىقى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھاياجانلاندۇراتتى. ئەسكەرلەر گويا بويسۇندۇرغۇچىلاردەك قىياپەت بىلەن كەڭ كەتكەن لۇدۋىگ كوچىسىدا ئالغا ئىلگىرلەپ ھەربىي رايون بىناسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كېلىدۇ. رۆم قوشۇنىغا يۈرۈشنى توختىتىش بۇيرۇقى بېرىپ، ئۆزى بۇرۇن ئۇزۇن يىللار خىزمەت قىلغان بۇ بىناغا قاراپ ماڭىدۇ. دەرۋازىدا پوستتا تۇرغان ئەسكەرلەر رۆمغا كەينىڭگە قايتمىساڭ ئوق چىقىرىمىز دەپ تەھدىت قىلىپ باققان بولسىمۇ رۆم بۇلارغا پەرۋامۇ قىلماي يولىنى داۋام قىلىدۇ. ئۇدۇل بىناغا كىرىپ ئىككىنچى قەۋەتتىكى دۇۋورنى ئوفىتسېرلىرى ئىشخانىسىغا كىرىدۇ. دىۋورنى ئوفىتسېر مەن پەقەت قوزغۇلاڭچىلارغىلا بوي سۇنىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە بويرۇق قىلىپ بۇ قوزغىلاڭچىلارنى ئىچىگە كىرگۈزىدۇ. رۆم ئىشىككە پوس قويۇپ، پەنجىرىلەرگە پىلىموتلارنى تىكلىۋېتىدۇ. بىنا ئەتراپىنىمۇ تىكەنلىك چېگرا سىملىرى بىلەن توسىۋېتىدۇ. ھەممە ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئاساسەن جايىغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى، ئەمما يالغۇز تېلېفون كوندوكتور ئۆيىلا ئىگەللەنمەيدۇ. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، رۆم، بۇ بۆلۈمنى قوغداش ۋەزىپىسىگە دىۋورنى ئوفىتسېرنى بەلگىلەيدۇ. ئەمما بۇ ئوفىتسېر قىلچىمۇ ئىنقىلاپ ئېڭى بولمىغان بىرى ئىدى.

پىۋىخانىدا بولسا، ئېسسېر "خەلق دۈشمەنلىرى" نى يىغىشتۇرۇپ گۆرۈگە ئېلىۋالىدۇ. ئۇ، زالدا بىر ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ باش مىنىستىر كىنىللىڭ، ساقچى باشلىقى مانتېل ھەمدە شاھزادە رۇپپرېچتىنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىسى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەلدار ۋە ئوفىتسېرلارنىڭ ئىسمىنى بىر-بىرلەپ چاقىرىدۇ. سودىيە گۈرتېردىن باشقا ئىسمى ئاتالغان كىشىلەر خۇددى ئىنتىزامنى بۇزغان ئوقۇغۇچىدەك يۇۋاشلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرىدۇ. ئۇ سودىيە ھولۇققىنىچە زالدىن قېچىپ چىققان بولسىمۇ بەربىر تۇتۇلۇپ بۇ يەرگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى. دەسلىۋىدە ئېسسېر ئۇلارنى بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى كىچىك بىر ئىشخانىغا سولاپ قويغان بولسىمۇ، كېيىن يوقۇرىدىن ئېسسېرغا گۆرۈگە ئېلىنغان كىشىلەرنى ميۇنخېننىڭ جەنۇبى تەرىپىدىكى تېگېرن كۆلى يېقىنىدىكى بىر ئۆيگە سولاپ قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇتۇش بۇيرۇق قىلىنىدۇ. ھىتلېرنىڭ يېقىنلىرىدىن ھەممىسىنىڭلا ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىلىرى بار ئىدى: ماكس ئامان، يەنى ھېلىقى پاكىنەك

كەلگەن، بەكلا سۈرلۈك كوچا نوچىسى بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن بىرىپ قايسى بىر بانكا بىناسىنى ئىشغال قىلىپ يېڭى ھۆكۈمەت مەركىزى بىناسى قىلىشقا تەييار قىلىدۇ. شىۋېنبېر رىچتېر، ئېسسېر ۋە خانفىستايىنگىل قاتارلىقلار ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ كوچىلاردا تەكشۈرۈشكە چىقىپ، ئىنقىلابنىڭ ئەمىلىلىشىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. ئۇلار شەھەر ئىچىنىڭ بەكلا قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر خوشال بولغان بولسا، يەنە نۇرغۇنلىرى نېمە ئىش بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ يۈرۈشەتتى. يەنە بەزىلەر غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ جارقىرىشاتتى. بۇرگېربراۋ پىۋىخانىسىدىن تىنماي بىر-بىرىسگە زىت بۇيرۇقلار كېلىپ تۇرغاچقا، ھەركەتكە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئىچىدىمۇ ئىنتايىن كىشىلەردىن باشقىلار نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىدىن پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى.

مىيۇنخېن ساقچى ئىدارىسى باش كومىتېت رەئىسى بولغان فرىك دېگەن كىشى بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ دەسلىۋىدە ئۇچۇشلۇق بولىشىغا سەۋەپچى بولغان ئاساسلىق ئادەم ھېسابلىناتتى. ئۇ، دېژورنىلىق قىلىۋاتقان ساقچىنى قوزغىلاڭچى قىسىملارغا قايتارما ھۇجۇم قىلماسلىققا قايىل قىلىپ، ئۆزى تېلېفون يېنىدىن ئايرىلماي ساقلاپ، تىنماي تېلېفون قىلىپ ئەھۋال ئۇقۇشقا تىرىشقان، نېمە ئىش بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قايمۇقۇپ كەتكەن ساقچىلارنى ئېغىر بېسىق بولۇشقا كېرەكلىكىنى، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى كۆزىتىپ ھەركەت قىلماي ساقلىشىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق بىر ئەھۋالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ساقچى ئىدارە باشلىقى پۆھنېر ساقچى ئىدارىسىغا كېلىپ قۇراللىق ھەرىكەت قىلماي تۇرۇپلا ساقچى ئىدارىسىنى تارتىپ ئالىدۇ. ئۇ، بىرىنچى بولۇپ ماركسىزمچى بولمىغان ھەر قايسى ئاساسلىق گېزىت مۇخبىرلىرىنى يىغىپ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئاچىدۇ.

ساقچى تەرەپ تېزگىنلىنىپ بولغاچقا، رۆم يەنە ھەربى رايون قوماندانلىق شتاۋىنىمۇ ئىشغال قىلىۋالىدۇ. بېگىبراۋ پىۋىخانىسىدا تۇرۇۋاتقان ھىتلېر، بەكلا خوشال ئىدى. كېيىن، قۇرۇلۇش ئەسكەرلەر گازارمىسى تەرەپتىن كەلگەن دوكلاتتا ئېيتىلىشىچە قوزغىلاڭچىلار قىسىملىرى بىلەن قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلا بېسىقمىغان. ھىتلېر دەرھال تۇرىۋاتقان قوماندانلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ ئۇ يەرگە بېرىپ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولىدۇ. بۇ قارار، ھەققەتەنمۇ ئېغىر خاتا قارار ئىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر تاكتىكا خاتالىقى: گېنېرال لۇدېندورفقا قوزغىلاڭنىڭ قوماندانلىقىنى تاپشۇرۇشى ئىدى.161 ھىتلېر بۇ يەردىن ئايرىلىشى بىلەن تەڭ، گېنېرال ۋون لوسسوۋ لۇدېندورفقا دەرھال ئىشخانامغا قايتىپ بۇيرۇق چۈشەرمىسەم بولمايدۇ دەيدۇ. لۇدېندورفمۇ بۇ تەلەپنى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ، ئۇنىڭ پىۋىخانىدىن ئايرىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن كاھر بىلەن

سېيسېر ئىككىسمۇ بىرگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ھىتلېر ھەربىي گازارما دەرۋازىسىغا ئەندىلا كېلىپ تۇرۇشىغا، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچ قايسىسىغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمەي قوغلىنىدۇ. ئارىدىن بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئامالسىز پىۋىخانىغا قايتىپ كېلىشۋالىدۇ. پىۋىخانىغا كېلىپلا ئۈچ كاتىۋاشىنى بۇ يەردىن قېچىپ كېتىشكە يول قويۇلغانلىقىنى ئۇقىدۇ.

بۇنىڭدىن بەكلا ھەيران قالغان ھىتلېر، نېمىشكە ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشكە يول قويىدۇڭ، لوسسوۋ ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق سالسا قانداق قىلىمىز، دەپ لۇدېندورفقا بىر مۇنچە خاپا بولىدۇ. لۇدېندورف بۇ سابىق ئون بېشىغا تەئەججۇپ بىلەن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن دەيدۇ: ”بىر نېمىس ئوفىتسېرى ھەرگىز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ!“

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دا، مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، ھىتلېرنىڭ روھى قايتىدىن كۆتۈرۈلۈپ ھاياجان ئىچىگە چۆمىدۇ. بۇ كەلگەنلەر پىيادىلار مەكتىۋىدىن كەلگەن ياردەمچى ئەسكەرلىرى بولۇپ، تاللانغان ھەربىي ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. ئەسلىدە، ئەركىن پولكىنىڭ كونا ئەسكىرى لېتىنانت گېرخارد روسباخمۇ بۇ ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئومۇمىي يۈزلۈك قوزغىلاڭغا قېتىلىشقا ماقۇل كەلتۈرۈلگەن ئىدى (بەكلا ئاز كىشى ئۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ). بۇ ياش ئوفىتسېرلار ئۆز قۇماندانلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، روسباخنىڭ (بۇ ئادەممۇ خۇددى رۆمگە ئوخشاش بەچچىۋاز ھەمدە بىر جېدەلخور) يېتەكچىلىك قىلىشىنى قوبۇل قىلىشقان ئىدى. ئۇلار بىلەكلىرىدە كرېست بەلگىلىك يەڭلىك، قوللىرىدا ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ بايرىقى، ئىنتايىن خوشال داقا-دۇمباق، ناغرا-سۇنايلىرىنى چالغىنىچە رەسمى قەدەملەر بىلەن مېڭىپ پىۋىخانىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار پىۋىخانىغا كېلىپ دىققەتتە تۇرۇپ ھەربىي مۇلازىمەتلەر گېنېرالى لۇدېندورف بىلەن ئون بېشى ھىتلېر تەرىپىدىن پارات قوبۇل قىلىنىدۇ. كېيىندىن، تەييارلىق ئوفىتسېرلىرى كومىتېت ئەزاسى كاھرنىڭ ئىشخانا بىناسىنى ئىگەللەش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. قوزغىلاڭچى قىسىمنىڭ يېتەكچىلىرى بولسا ماشىنلىق رومنىڭ قۇماندانلىق شتابى بولغا ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابىغا، يەنى ۋون لوسسوۋنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردە بۇ ئىنقىلابنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. يۇمشاق كىرىسلوۋ ئىچىگە ئەپلىشىپ ئولتۇرىۋالغان لۇدېندورف، دەرھال تېلېفون قىلىپ لوسسوۋ ياكى سېيسېر ئىككىسىدىن بىرىنى تېپىپ كېلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. نەچچە قېتىملاپ تېلېفون قىلىنغان بولسىمۇ ئۇلاردىن ھېچ قايسى ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. شېۋبنېر رىچتېر، بۇ ئىشلار باشقا بىر تۈس ئېلىۋاتامدۇ قانداق؟ دەيدۇ. لوسسوۋ، مەن ئىشخانامغا بېرىم بۇيرۇق چۈشىرىشىم كېرەك

دىمىگەنمىدى؟ ئۇ ھازىر نەدە؟ كاھىر بىلەن سىپىسىر ئىككىسچۇ؟ لۇدىندورف، بۇ ئۈچ نەپەر كاتتىۋاش ئەپەندىلەر پۈتۈن خەلق ئالدىدا قەسەم بەرگەن، گېپىدىن يېنىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ يەنە بىر قېتىم ئېتىراز بىلدۈرىدۇ.

بۇ چاغدا، باۋارىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى مايور ماكس شۋاندنېر رەسمىي قەدەملەر بىلەن مېڭىپ بىناغا كىرىپ كېلىدۇ. ئەسلىدە، ئۇمۇ قوزغىلاڭ ھەققىدىكى كوچا خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغان بولۇپ، دىۋىزىيە ئوفىتسېرىنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. نۆۋەتچى ئوفىتسېر ئۇنىڭغا "بۇ ئىشلار بەكلا پاسكىنا، بەكلا گۇمانلىق ئىشلاردەك قىلىدۇ" دەيدۇ. "مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىمدا، ــ دەيدۇ شۋاندنېر كېيىنكى ئەسلىمىسىدە، ــ كونا ھەربىي فورما كەيگەن، مەيدىسىگە پۈتۈن مېداللىرىنى ئاسقان رۆم ئىشخانىغا قۇيۇندەك كىرىپ ھاسىرىغىنىچە: لوسسوۋ نەگە كەتتى؟ دەپ سورايدۇ. مەن ئۇنىڭغا: بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ تۈنۈگۈن لوسسوۋ بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىم پرىنسىپلىرىغا خىلاپ بىر ھەرىكەت، دەپ دەرھال جاۋاب بەردىم. رۆم سەمىملىك بىلىنىپ تۇرغان بىر ئاۋازدا غەم قىلما، پۈتۈن ئىشلار جايىدا كېتىۋاتىدۇ دەيدۇ. ۋون لوسسوۋ، كاھىر ۋە ۋون سېيسېرلەر بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلغان، ھەممە ھەربىي رايونغا بېرىپ ھىتلېر بىلەن بىر يەرگە كېلىدىغانلىقنى ئېيتىشقان، دەيدۇ. مەنمۇ، ئۇنداقتا بۇ باشقا بىر گەپ ئىكەن دېدىم."

رۆم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، نۆۋەتچى ئوفىتسېر شۋاندنېرنى يېنىغا ئىشارەت قىلىپ ئۇنىڭ قولىقىغا: 162 "قوزغىلاڭ يوققا چىقتى. ــ دەپ پىچىرلايدۇ، ــ لوسسوۋ بىلەن سېيسىر باۋارىيە ئارمىيىسى كوماندىرلىرى بىلەن بىرلىكتە 19-پىيادىلەر پولكىدا، ئۇلار بۇ يەرگە كېلىشى ناتايىن." بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، تا ھازىرغىچە تېزگىنگە ئېلىنمىغان تېلېفون جىرىڭلاپ، كوندوكتور، لوسسوۋنىڭ يېقىن قوماندانلىق شتابى (19-پولك مەركىزى شتاب بىناسىدىن) دىن ئاچقان تېلېفوننى ئۇلاپ بېرىدۇ. تېلېفوندا، لوسسوۋ ئۆزى يېقىندىلا قوللايمەن دەپ ۋەدە بەرگەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قايتارما ھۇجۇم  قىلىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئاۋگۇسبۇرگ، ئىنگولستادت، رېگېنسبۇرگ، لاندشۇت ۋە ئەتراپىدىكى سادىق قىسىملارنىڭ ھەر قايسى باتالىيونلىرىنى دەرھال پويىزلىق يولغا چىقىپ مىيۇنخېنغا يېتىپ كېلىشى ھەققىدە بۇيرۇق بېرىدۇ. شۋاندنېر تېلېفون ئارقىلىق شۇ ھامان ترانسپورتقا مەسئۇل ئوفىتسېرنى تېپىپ، لوسسوۋنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ، ھەممىدە قالغان قىسىملارغىمۇ ئۆزى بىۋاستە تېلېفوندا خەۋەر قىلىدىغانلىقنى ئېيتىدۇ. بۇ بۆلۈمدە قوزغىلاڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى پىلانلىنىۋاتقان بولسا، ياندىكى بۆلۈمدە قوزغىلاڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستى ئىشلەنمەكتە ئىدى. يېرىم كېچە بولغاندىلا سۇيىقەستچىلەر تېلېفون مەركىزىدىكى سىم يوللىرىنى پەقەتلا

قوزغىلاڭچىلار ئىشخانىسىغا باغلاش كېرەكلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا لوسسوۋنىڭ باستۇرۇش ھەققىدىكى بۇيرۇقلىرى تېلېفوندا ئاللىمۇقاچان تەرەپ-تەرەپكە يەتكۈزۈپ بولۇنغان ئىدى.

ھەربىي قىسىملاركوچىلاردا ئۇياقتىن بۇياققا يۆتكۈلۈپ تۇرغان، بارابانچىلىرىمۇ مۇزىكىلىرىنى چېلىپ داغ-دۇغا قىلىشىۋاتقان بولىشىغا قارىماي، كۆپ سانلىق ميۇنخېنلىقلار بۇ شەھەردە يەنە بىر قېتىم ئىنقىلاب پارتلايدىغانلىقىدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. فۈھرېرنىڭ ئەڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن بىرى بولغان ھېينىرىخ خوفمان، فلېدېرماۋسباردىكى پىۋىخانىدا پەۋقۇلئاددە بىر ۋەقە رەسمى يۈز بېرىشكە باشلىغانلىقىدىن قىلچە خەۋىرى يوق، يېرىم كېچىدىلا ئاندىن ئىنقىلاب بولىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇ چاغدا، ھاياجان ئىچىدىكى توپ-توپ ياشلار ئاۋات شەھەر كوچىلىرىدىكى مېھمان كۈتۈشلەردە ئولتۇرۇش تۈزىشىپ يەپ-ئىچىپ غەلىبىنى تەبرىكلىشىدۇ. ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا، كونسۇل ۋەكىلى روبېرت مۇرفى تاشقى ئىشلار مىنىستىرىگە ئىۋەرتمەكچى بولغان تېلېگراممىسىنىڭ ئارگىنالىنى تەييارلىماقتا ئىدى: ... ھىتلېرنىڭ ئېيتقىنىغا ئاساسەن، بۇ قېتىمقى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى بېرلىنغا يۈرۈش قىلىش بولۇپ، سائەت 12 دە ھۇجۇمغا ئۆتمەكچىكەن. ھىتلېر، تاڭ يورۇغىچە يا يېڭى خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان بولىدۇ ياكى ئۆلگەن بولىمىز دېدى. ... (مۇرفى تېخى مەخپىي شىفىر بىلەن تېلېگراممىسىنى ئېۋەرتىشنى تەستىقلىماي تۇرۇپلا، ھىتلېر بىلەن ئۆزى بىۋاستە كۆرۈشۈش تەلىۋىدە بولىدۇ. "بىر قانچە سائەتلىك تالاش-تارتىشتىن كېيىن، ئاخىرى سەھەر سائەت 3 بولغاندا ھىتلېر بىلەن كۆرۈشەلىدىم. ئۇ ماڭا ئىنتايىن خاتىرجەم ھالدا تېلېگراممامنى ئېۋەرتسەڭ بولمايدۇ، دەيدۇ. ئۇ چاغدا، مەنمۇ ئۇنىڭغا نارازىلىقىمنى بىلدۈرگەن بولساممۇ، بۇ بىر رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا دەپ قويۇلغان گەپ ئىدى. چۈنكى مەن بۇ تېلېگراممامنى يوللاش ئۈچۈن شتۇتگارتقا مەخسۇس ئادەم ئىۋەرتىۋەتكەن ئىدىم." _ ئا.ھ.ئى)

ئۇ يەردىكى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشقا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئۆيلىرىدىن ھايداپ كېلىنىپ گۆرۆگە تۇتۇلىۋاتقان كىشىلەرگە نىسبەتەن بۇ كېچە ھەقىقەتەنمۇ ۋەھىمىلىك بىر كېچە ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ فامىلىسى يەھۇدىي ئىسمىغا ئوخشاپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن (ئادرېسلىرىنى تېلېفون نومۇر دەپتىرىدىن تېپىشقان ئىدى)، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ قوشۇر كۆڭلەكلىكلەرنىڭ زىيارەت قىلىنىشىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ھەربىلەرنىڭ بىر ئەترىتى «ميۇنخېن ۋاقتى» گېزىتخانىسىغا (سوتسىئالىستلارغا مەنسۇپ بىر گېزىت) بېسىپ كىرىپ باسما ماشىنىلىرىنى قارا-قويۇق ئۇرۇپ چېقىپ تاشلايدۇ. ھىتلېر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ باسما ماشىنىلىرى

بىزنىڭ ئىشىمىزغا كېرەكلىك! دېگىنىچە قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، بۇنداق ھەرىكەتلەرنى دەرھال توختىتىش كېرەك دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ.

روشەنكى، ھەربىي رايوندا ئۈچ كاتتىۋاش گېپىدىدىن يېنىۋالغانلىقى ئېنىق ئوتتۇردا ئىدى (ئۇلار ئۆچىسىلا بەرگەن قەسىمىنىڭ تەھدىت ئاستىدا بېرىلگەن بىر ۋەدە ئىكەنلىكىنى پۇتۇنلەي ئەسلىرىدىن چىقىرىۋەتكەندەك قىلاتتى)، ۋەزىيەت ھەققەتەنمۇ تېزگىندىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. شىۋبىر-رېچتېر خىزمەتچىسى ئايگنېرنى يېنىغا ئېلىپ سېپىسىرنى ئىزدەپ يولغا چىققان بولسىمۇ ئۇنى تاپالماي قايتىپ كېلىدۇ.163 قايتىپ كەلگىنىدە، ھىتلېرنىڭ "روھى چۈشۈپ كەتكەندەك" ھالدا ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ.

ئايگنېرغا روزېنبېرگنى ئېلىپ قايسى بىر باسمىخانىغا بېرىپ، مۇھىم كىشىلەر بىرلىكتە قول قويۇپ تەييارلىغان يېڭى ھۆكۈمەت ئۇقتۇرۇشىنى بېسىپ چىقىشىنى بۇيرۇيدۇ. روزېنبېرگ بۇ ئىشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئەتىسى گېزىتكە ئۇلگۇرتىشى زۆرۈر بولغان باشماقالىسىنى تەييارلاش ئۈچۈن «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتىگە بارىدۇ. ئۇ يەردە، تەييارلىغان «گېرمانىيە خەلقىگە چاقىرىق» دېگەن باش ماقالىسىدا، خەلققە ئېبېرت ۋە باشقا سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكىلەرنى "مەيلى ئۆلۈك ياكى تىرىك بولسۇن" ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى "مەملىكەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش" تەلىپىنى ئوتتۇرغا قويغان ئىدى.

ئايگنېر ھەربىي رايون قوماندانلىق شتاۋىغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، خوجايىنى ئۇنى دەرھال ئۆيگە بېرىپ شامپانسكى ۋە يېگىدەك بىر نەرسىلەر ئېلىپ كېلىشكە يولغا سالىدۇ. ئۆيگە بېرىپ ئايالى شىۋبنېر-رېچتېر خانىمغا "ھەممە ئىشلار يولىدا كېتىۋاتىدۇ، ئەنسىرىمىسۇن" دەپ ئېيتىپ قويۇشنىمۇ تاپىلايدۇ. ئەمما ۋەزىيەت يامانلىششقا باشلىغان ئىدى. رۆم ئاخىرى ياندىكى بۆلۈمدىن گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ-دە، كىرىپ دېژورنىلىق قىلىۋاتقان ئوفىتسېرنى قولغا ئالىدۇ. ئۇ يەنە بىنادىكى بارلىق ئوفىتسېرلارنى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. ئەمما ھىلمىكىرچى مايور شۋاندنېر مىيۇنخېنغا ئەسكەر يۆتكەش ۋەزىيىسىنى ئادا قىلىپ قايتىپ كىرگىنىدە بىر مەمورى كادىر تەرىپىدىن ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ. شۇڭا ئۇ، ھەربىي ھالەت يولىغا قويۇلۇپ بىنا مۇھاسىرىگە ئېلىنىشتىن ئاۋال غىپلا قىلىپ بىنادىن چىقىپ قۇتۇلۇۋالىدۇ.

دېپوتات ۋون كاھرنىڭ ئىشخانىسىدا قوزغىلاڭچىلار قىسمىنىڭ ھەرىكەت ئىشلىرىمۇ دېگىنىدەك ئوڭۇشلۇق ئەمەس ئىدى. كاھر پۆشخانىدىن قېچىپ قۇتۇلغىنىدىن كېيىن ئىشخانا بىناسىغا كېلىپ ئۇ يەردە قوزغىلاڭنى يىمىرىپ تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇ، بۇ يەردىكى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى

چەكلەشكە قەتئىي ئۇرۇنمايدۇ (چۈنكى ئۇ تېخى يېڭىلا غەزەپلەنگەن شاھزادە رۇپرېچتىنىڭ "ھەر قانداق بەدەل تەلەپ قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر بۇ قېتىمقى ھەرىكەت باستۇرۇپ تاشلانسۇن، زوروۋر تېپىلغاندا قۇراللىق باستۇرۇلسۇن" دېگەن بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى). ئەكسىچە لېيتىنانت روسباچ بىلەن نەچچە مىڭ پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىۋىنىڭ ئوفىتسېر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ توختىماي تەھدىت سېلىپ قورقۇتۇشلىرىغا قارىماي بىنانىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشىغىمۇ ياردەم قىلىدۇ. ئەسلىدە ئىنقىلابى قوشۇن لۇدېندورفنىڭ "ھەرقانچە چىقىم كەتسىمۇ بىنانى ئىگەللەش كېرەك" دېگەن بۇيرۇقىنى جايىغا كەلتۈرۈپ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى. ئەمما بۇ ھەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ساقچىلار بىر-بىرسىگە خىرىس قىلىشىپ ئاۋال قارشى تەرەپ ھۇجۇمغا ئۆتسۇن دەپ بىر-بىرسىگە خىرىس قىلغىنىچە قاراپ تۇرۇشاتتى. ئەمما ھەر ئىككىلا تەرەپ قان تۆكۈلۈشىنى خالىمايتتى. ھەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ساقچىلارغا قارىتىپ ئوق چىقىرىشنى خالىمايتتى. ھەتتا بەكلا كۆپ ساقچى خۇددى ھەربىي مەكتەپ ئوفىتسېرلىرىغا ئوخشاش ھىتلېرغا ئىشىنىدىغانلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇلار پات-پاتلار سۆلەھ ئۈچۈن سۆھبەت قىلىشماقتا ئىدى. كېيىن، ھەرىكەت قوللىنىش تەرەپتارى بولغان روسباچ بۇ ئەھۋالغا چىداپ تۇرالماي ئوفىتسېر ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ ۋارقىرايدۇ: "قانداقگەپ بۇ؟ سىلەر يەنىلا سۆھبەت قىلىپ ئولتاردىڭلارمۇ؟ سىلەر لۇدېندورفنىڭ بەرگەن بۇيرۇقىدىن خەۋىرىڭلار يوقمىدى؟ يەنە نېمىشكە ھەرىكەت قىلماي قاراپ تۇرىسىلەر؟ قىسمىلارغا ئوق چىقىرىش ئۈچۈن بۇيرۇق قىلىنسۇن!"

ئاخىرى، ھەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پوزىتسىيە ئېلىپ ھۇجۇمچىلار ئەترىتى يېرىم ياي شەكلىدە سەپ تۈزىشىدۇ. ئۇلار پىلىموتچىلار ئەترىتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئالغا قاراپ سىلجىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا ساقچى تەرەپ، ئۈچ نەپەر ئىسيانچى ئەسكەر بىناغا كىرسۇن، مۇزاكىرە قىلىشايلى دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ھەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما ئەگەر ئۈچ نەپەر ۋەكىلىمىز ئون مىنۇت ئىچىدە بىنادىن قايتىپ چىقمايدىكەن، ھۇجۇمغا ئۆتىمىز دەپ شەرت قويىدۇ. ئون مىنۇت تولىدۇ. ھەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ تۇرغىنىدا "بارلىق روتىلار كەينىگە چېكىنىڭلار!" دەپ تۇيۇقسىز بۇيرۇق كېلىپ قالىدۇ.164

شۇنداق قىلىپ ئوقۇغۇچى ئەسكەرلەر دەرھال كەينىگە چېكىنىپ قورشاۋنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. بۇيرۇقلارنىڭ تۇتامسىزلىقى سەۋەبىدىن ئەسلىدە غەلىبە قىلىش مۇمكىن بولغان بىر جەڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ھىتلېرنىڭ قوشۇندىكىلەر ئەسلىدە ئۆز تەرىپىگە ئۆتۈپ بولغان ساقچىلارغا قارىتىپ ئوق

چىقىرىشنى بەك خالىمىغانلىقىدىن بولغان ئىدى. ئۇقۇغۇچىلار قىسمىنىڭ شۇنچە قىلغان ھەرىكىتى، كاھىرنى بىر قانچە سائەتلىك قورشاۋدا تۇتۇش رولىنىلا ئوينىغان بولدى. شۇڭا، ئوقۇغۇچى ئەسكەرلەر چېكىنىپ كېتىشى ھامان كاھىرمۇ بىنادىن قوغلاپ چىقىپ 19-پولك ئورنىغا بىرىپ لوسسوۋ ۋە سىپىسېرلار بىلەن بىرلىشىۋالدۇ.
ھەربىي رايون قوماندانلىق شتاۋىدىكىلەر قورشاۋدىن قۇتۇلۇۋالغىنىدىن كېيىن گېنېرال ۋون لوسسوۋ سەھەر سائەت 3 كە 5 قالغاندا، ئەسلىدىكى ئاز بولسىمۇ ئۈمىدلەندۈرۈپ كەلگەن ئۈچ كاتىۋاش قوزغىلاڭغا ئاشكارە قارشى چىقمايدۇ دەيدىغان ئۈمىدلەرنىمۇ يوققا چىقىرىدىغان "گېرمانىيىدىكى بارلىق رادىئو ئىستانسىلىرى" دا تۆۋەندىكىچە ئۇقتۇرۇشنى ئېلان قىلدۇ:

تېلېگراما ئۇقتۇرۇشى مۇنداق ئىدى: شتات دېپوتاتى ۋون كاھىر، پولكوۋنىك ۋون سىپىسېر ۋە گېنېرال ۋون لوسسوۋلار ھىتلېر قوزغىغان قوزغىلاڭنى تارمار كەلتۈردى. قورال تەڭلەپ تۇرۇپ تەھدىت قىلىش ئاستىدا مەجبۇرى ئېلان قىلىنغان ئىنقىلاپنى قوللاش ۋەدىمىز شۇنىڭ بىلەن بىكار قىلىندى. يوقۇرىدا ئىسمى ئاتالغان كىشىلەر ھەققىدىكى خاتا قاراشلارغا ئېتىۋار قىلىنمىسۇن.
— ۋون لوسسوۋ

19-پىيادىلار پولكى شتابىدا كاھىر ئۆزىنى كىرسلوغا تاشلاپ راھەت ئولتۇرغىنىچە پۈتۈن شەھەر ئىچىگە چاپلىنىدىغان ئېلان تېزىسىنى يېزىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ ئاخىرى ھەممىنى قايىل قىلغىدەك ئۇقتۇرۇشتىن بىرنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئالدامچىلىق، گېرمانىيىنىڭ ئۇيغۇنۇشىنى كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان بىر زوراۋانلىققا ئايلاندۇردى. "ئەگەر قارامالارچە خائىنلىق ئۆز مەقسىدىگە يېتەلىسە ئىدى، باۋارىيە گېرمانىيە بىلەن بىرگە چوڭقۇر ھاڭغا ئىتتىرىلگەن بولاتتى." شۇڭا ئۇ، ناتسىستلار پارتىيىسى بىلەن باشقا ئۇچىل تەشكىلاتلارنى تارقىتىۋېتىش بۇيرۇقى چىقىرىدۇ. ئۇ يەنە قوزغىلاڭنىڭ مەسئۇللىرىنى "قىلچە رەھىم قىلماي تېگىشلىك جازاغا تارتىش كېرەك" دەيدۇ. ۋەكىل كاھىرغا بۇ كېچە بەكلا ئۇزۇن قورقۇنۇشلۇق كېچە بولىدۇ.
سەھەر سائەت بەش بولغاندىلا ئاندىن بۇ ئۈچ كاتىۋاشنىڭ قوزغىلاڭنى باستۇرىدىغانلىق خەۋىرى توغرىلىنىپ، دەرھال ھەربىي رايون قوماندانلىق شتاۋىغا يەتكۈزىلىدۇ. بۇ خەۋەرنى، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان پىيادىلار مەكتىۋى قوماندانى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا ھىتلېرغا: ئۈچ كاتىۋاش ۋەدىسىدە تۇرمىدى،

چۈنكى ئۇلار بۇ ۋەدىنىڭ قۇرال تەڭلەپ مەجبۇرلانغانلىقىدىن بىرلىگەنلىكىنى بىلدۈرگەن. گېنېرال ۋون لوسسوۋ قوزغىلاڭنى قۇراللىق باستۇرماقچى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئەگەر ھىتلېر ئۇلارنىڭ شۇنچە ئاسان ۋەدە بەرگەنلىكىگە راستىنلا ھەيران قالغان بولسىمۇ بۇنى چىرايىدا ئىپادىلىمەيدۇ. ئۇ ھەمراھلىرىغا ئۇزۇن بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. گېپىنىڭ ئاخىرىدا، ئەگەر لازىم بولسا ئاخىرغىچە جەڭ قىلىپ، غايىمىز بىلەن بىرگە قۇربان بولۇشقا تەييارمەن دەپ ئېلان قىلىدۇ. ھىتلېر، لۇدېندورفنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن شېۋبنېر رىچتېرقا خىزمەتچىگنى ئېلىپ (ئۇنىڭ خىزمەتچىسىمۇ شامپانسكى بىلەن يەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەن ئىدى) ئۇزلىرى تەيىنلىگەن يېڭى باش مىنىستىر پۆھنېرنى تېپىپ، ئۇنى "ئوبېرلاند" قىسىمىدىن بىرنى ئېلىپ باش ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلىشقا بۇيرۇق قىل دەيدۇ. پۆھنېر ئىنتايىن خوشال ھالدا تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئەسكەرلىرنى ئېلىپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ يېقىنلىرى بىلەنلا باش ساقچى ئىدارىسىغا بېسىپ كىرىدۇ. ئۇلار ئاساسلىق ئىش بېجىرگۈچى مايورنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگىنىدە، ئۇلار ھەيران بولۇپ قېتىپلا قالىدۇ. ئۇلار قولغا ئېلىنغان ئىدى (بۇ خۇددى تۇيۇقسىز بېشىغا كالتەك يېگەندەكلا بىر ئىش ئىدى). پۆھنېرنىڭ بۇرۇنقى ياردەمچىسى بولغان فرىك ئالللىقاچان قولغا ئېلىنىپ باغلىۋېتىلگەن ئىدى.

بۇ چاغدا، ھىتلېر، لۇدېندورف بىلەن قالغان ياردەمچىلىرى پىۋىخانىغا قايتىپ كېتىۋاتقان بولۇپ، ھەربى رايون قوماندانلىق بىناسىنى ساقلاشقا يالغۇز رۆم بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىلا قويۇپ كېتىشىدۇ. ھىتلېر بۇ جەرياندا خېلىلا ئۈمىدسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىن يانمىغان ئىدى. "ئەگەر مەۋەپپەقىيەت قازىنالىساق بەك ياخشى ئىش بولىدۇ. _ دەيدۇ ئۇ ئىچىنى تىڭشىغان ھالدا، _ بولمىسا بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز دارغا ئاسقان بولىمىز."165 ئۇ چاغدا، تېخى تاڭ يورىمىغان ئىدى. ھىتلېر، پوزىتسىيىنى ئىشغال قىلالمىغان قوزغىلاڭچىلارغا پىۋىخانىغا بېرىپ يىغىلىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. قىسىملار تۆت ئەتراپتىن بۇرگېربراۋ پىۋىخانىسىغا كىرىۋاتقىنىدا قار ئارىلاش يامغۇر يېغىشقا باشلاپ قاتتىق سوغۇق بولۇپ كېتىدۇ. ئەسكەرلەر ئىشلار ئوكىدا ماڭمىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقان بولسىمۇ نىمە ئىشلار بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئېنىق بىلەلمەيدۇ. شۇڭلىغا قارىماي، ھېچ بولمىغاندا بىر ئەتىرەت ئېس_ئاچلار ئېكارت يازغان «ستورملىيت» ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلايدۇ: "ئويغۇنايلى گېرمانىيە! بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلايلى نىمسلار!"

5

تاڭ يورۇيدۇ. ئەمما ھەممە ئەتراپ تۇمانلىق، ۋە ھۆل سوغۇق ئىدى. سۆڭەكتىن ئۆتكىدەك سوغۇق قار ئارىلاش يامغۇر ئارىلاپ يېغىپ تۇراتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا چىرايى تۇتۇق ئىدى؛ بۇرگېربراۋ پىۋىخانا زالى تاماكا ئىسىغا تولغان ئىس-تۈتەكلىك ھەمدە بەكلا نەم ئىدى. ئەسكەرلەر يۈزىنىمۇ يۇمىغان، ساقاللىرىنىمۇ قىرمىغان ھالدا قەھۋە، ئىرىمچىك-پەينىر ۋە بولكىلار بىلەن ناشتىغا ئولتۇرۇشتى. تۈنۈگۈنكى ھاياجان، خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۈچ كاتىۋاش ئىنقىلابنى ئاشكارە قارىلىماقتا قۇرۇغلۇق ئارمىيىمۇ قوزغىلاڭغا قېتىلمايدىكەن دەپ ئۇختۇردى. يەنە بىرسى سەھنىگە، يەنى كىشىنىڭ زېھنىدە قالغان بۇ كومېدىيىلىك ۋەقە ئويىنالغان سەھنىگە چىقىپ، بۇرجۇئازىيە بىلەن گېنېراللارنى ۋەتەن خائىنى دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئەيىپلەيدۇ. ئۇ ئاخىرىدا "بېرلىنغا يۈرۈش قىلايلى!" دەپ شوئار تووۋلايدۇ. زال ئىچىدە ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن ئالقىشلاپ چاۋاق چېلىندى. ھىتلېرنىڭ ئادۇوكاتى خانس فرانك، "بۇ پىكىر ھەقىقەتەنمۇ بەكلا رومانتىك، قىلچىمۇ سىياسىلىكى بولمىغان بىر تەكلىپ بولدى" دەپ ئويلايدۇ.

قوزغىلاڭچىلار رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى بىر مەخپىي ئۆيگە كىرىۋالغان ئىدى. لۇدېندورفنىڭ "يۈزىدە قىلچىمۇ ھېسسىيات يوق، خۇددى بىر تىك قىيادەك تىكلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق كۆرۈنەتتى." ئۇ بىر تەرەپتىن ئۈزۈم شارابىنى يۇتۇملىغاچ ناشتا قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇچىسىغا كونا بىر ئاتىش سوكنىي كاژانكا كىيىۋالغان بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇ لوسسوۋنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتنى ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىپ قارىلىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۈنىگمۇ ئۈمىدى قالمايدۇ. "بۈندىن كېيىن مەن گېرمانىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ گېپىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن!" دەپ ۋارقىرىغاندىن كېيىن ئۈن چىقارماي ئولتۇرۇپ كەتتى.

تۈن يېرىمىدا شۇنچە مۇۋەپپىقىيەتلىك باشلانغان سىياسىي ئۆزگىرىش، كۈندۈزنىڭ سوغوقىدا پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلانغاندەك قىلاتتى. ھىتلېرنىڭ كېيىنكى پىلانىدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى، ئۇمۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئۈمىدسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۇ "پىدائىيلار باتالئونى" غا بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ ساقچى ئىدارىسىنى تارتىپ ئېلىش، ئاندىن ئۇ يەردە قولغا ئېلىنغان پۆھبېرنى قۇتقۇزۇپ چىقىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى يەنىلا ئۈمىد كېسىلمىگەندەك كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، ئېس-ئاچىلار

ئەترىتىدىن بىر قوشۇننى يەھۇدىيلار ئاچقان «پاركۇس» باسما زاۋۇتىغا ئەۋەرتىپ، تېخى يېڭىلا بېسىلغان قىممىتى چۈشۈپ كەتكەن يېڭى پۇللارنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىپ كېلىشكە ئەۋەرتىدۇ (گېرمانىيىدە، ھەر بىر ئىنقىلابچى مائاش ئالاتتى). بۇ پۇل جەمئى 146 تىرلىيون 5 مىليارت مارك بولۇپ، نېمىسلارنىڭ ئادىتى بويىچە بۇ مۇسادىرە قىلىنغان پۇللار ئۈچۈن پاركۇس ئاكا-ئۇكىلار قۇرۇق بىر تىلخەتكىلا ئېرىشىدۇ.

بۇ چاغدا، تېخىمۇ كۆپ قوزغىلاڭچى قىسىم قارا ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ باشقا جايلاردىن ميۇنخېنغا يىغىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا سوغۇقتىن توڭلاپ، ئۇزۇن يوللۇق يۈرۈش جەريانىدا قاتتىق ھارغىنلىق ئىچىدە ئىدى. شۇڭىغا قارىماي روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇلار ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. لاندشۇتتىن كەلگەنلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ ئىدى؛ ئۇلار ميۇنخېنغا قاراپ يولغا چىقىپ يول يېرىمىغا كەلگەندە ماشىنىلىق ساقچىلارغا دۇچ كېلىپ ئۆزئارا "خايىل!" دەپ ۋارقىرىشىپ سالامۇ قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ رەھبىرى بولغان كىشى زەھەرلىك چېكىملىك زابويى گرېگور ستراسسېر دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا ئولتۇرۇپ تىپ-تىنىچ 166 ئەمما ھەممە ئالدىراش كېتىۋاتقان كوچىلاردا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇ چاغدا كىمدۇ بىرسى: بۇ يەردىكىلەر ئادەتتىكىدەك ئىشنى قىلىپ يۈرۈپتۇ، "ئىنقىلاب بولغانغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، چوقۇم بىر ئىش بار" دەپ ۋارقىرايدۇ.

ئۇنىڭغا "قېنى بىرىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقمايمىزمۇ" دەپ جاۋاب بېرىدۇ ستراسسېر. ئۇلار پىۋىخانىغا يېتىپ بارغىنىدا، كاپىتان گيۆرىڭ ئالدىغا چىقىپ ستراسسېرغا: "بۇ ھارامتاماقلار، گېپىدە تۇرمىدى، فۇھرېرىمىزگە بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشمىدى، خاتىرجەم بول، خەلق يەنىلا ھىتلېر تەرەپتە. بىز ئىشنى پۈتۈنلەي باشتىن باشلىمساق بولمىدى" دەيدۇ. بۇ ئارىدا تاقىرباش پاكىنەك سېمىز بىرسى پىۋىخانا زالىغا ئالدىرىغىنىچە كىرىپ، ھىتلېرغا ۋاكالىتەن كۆپچىلىككە ئەھۋالدىن مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ كىشى جۇلئۇس ستربىيچېر دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ قولىدىكى قامچىسىنى شىلتىغىنىچە ئىنتايىن بېزەپ تىللار بىلەن گۈرۈلدەپ تىللاپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. ئۇ كۆپچىلىكنى رىغبەتلەندۈرۈشكە، كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرۇشقا تىرىشماقتا ئىدى. قولىدا قۇراللى بولمىغانلارغا قۇرال تارقىتىلىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى قايتا ماشىنىلىق تىگىشلىك ئورۇنلارغا يوللىنىدۇ.

بۇ چاغدا، ھىتلېرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەرتىلگەن "پىدائىيلار باتالىئونى" غا تەۋە قىسىملار، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالماي ھەربى رايون قوماندانلىق شتاپ بىناسىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ساقچىلار بىلەن ئېتىشىپ

قىلىشتىن ساقلىنىش ئۇچۇن بىنا ئالدىدا ئۇلار بىلەن بىر قانچە مىنۇت مۇنازىرە قىلىشىپ ئايرىلغان. ھىتلېر پۈھىبرنى قۇتقۇزۇش ئىشىنى ئۆزىنىڭ سادىق قوغداش ئەترىتىدىكىلەرگە تاپشۇردۇ. قاتتىق پىشىپ يېتىلگەن بەستلىك كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بۇ قىسىم ئەتىگەن سائەت توققۇز يېرىمدا باش ساقچىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، خۇددى بىناغا قارىتىپ كۆچلۈك ھۇجۇم باشلايدىغاندەك قىياپەتتە دەرھال پىلىموتلىرىنى بىناغا قارىتىپ تىكلىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ تۈپىلاڭچىلار يەنىلا قان تۆكۈلۈشىنى خالىمايتتى. ئۇلارمۇ ۋەزىيەتنى ئورۇندىيالماي پۈھبرنىڭ قايتىپ كېلىدۇ. بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇلار بۇرۇنقىدىن ئاسانىراق ئورۇنداشقا بولىدىغان باشقا بىر ۋەزىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ: ئۇلارغا شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئۈستىگە كىرىپ بەلگىلىك بايراق تىكلىشنى رەت قىلىپ تۇرىۋالغان ماركسىزمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت كېڭەش ئەزالىرىنى قولغا ئېلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلىدۇ.

ئۇلار ئوتتۇردىن بىر يول ئېچىپ، كونا پارلامېنت بىناسىغا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ بېشىدا تۇرغان كىشى، يەنى ئاغزىدىن غاڭزىسىنى چۈشۈرمەي يۈرىدىغان كىشى يىغىن زالىنىڭ ئىشىكىنى جالاقشىتىپ ئېچىپ كىرىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا قورال، بارلىق سوتسىئال دېموكرات پارتىيىسىدىكىلەر بىلەن كوممۇنىستلار قولغا ئېلىنىدۇ دەپ توۋلايدۇ. ، ئۇنىڭ دېيىشىچە، تاشقىرىسىدا، يەنى مارىيانپلاتز مەيدانىدا نۇرغۇن كىشىلەر "پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ زالدىن چىقىشىنى مازاق قىلىپ تىل-ھاقارەتلەر بىلەن كۈتۈۋالدى. ئەسلىدە ئۇلار ئەسكەرلىرىمىزنىڭ قوغداپ تۇرغىنى ئۈچۈنلا بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇر-توخماق قىلىنىشىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىز ئارقىلىقلا بىخەتەر ماشىنىغا چىقىپ بۇ يەردىن ئايرىلالىدى."

بۇ ماشىنىلار پۈھبانا يولىغا قاراپ قوزغالغان ۋاقتىدا، بىر نۇتۇق سۆزلىگۈچى خەلق ئاممىسىغا نۇتۇق سۆزلەشكە باشلايدۇ. نۇتۇق ئاڭلاشقا كەلگەنلەر بارغانسىرى كۆپىيىپ يوللارنى توسىۋالغاچقا، سىندىلىڭغا قاراپ ماڭىدىغان 6-يول تراللىبوسى ئورنىدىنمۇ قوزغىلالمايدۇ. ئاساسلىق نۇتۇق سۆزلىگۈچى كىشى ستىرېيچېر ئىدى. بۇ شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ستىرېيچېر، پارلامېنت بىناسى ئۈستىدىكى ئايلانما چوڭ سائەت رەقەملىرىدىنمۇ بەكرەك كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان ئىدى. بۇ چاغدا مەيداندا كىرىست بەلگىلىك بايراقلار بىلەن تولۇپ تاشقان بولۇپ، پارتىيە بايرىقىمۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئۈستىدە لەپىلدەپ تۇراتتى.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى، ھەر ئىككى تەرەپلا يەتكىچە قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، شۇڭدەك نېمە قىلارنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ قېلىشقان ئىدى. شەھەر

ئىچىدىكى بەزى يەرلەردە شەھەر ساقچىلىرى قوزغىلاڭچى قوشۇنلار چاپلىغان شۇئارلارنى سۆكۈپ، توپىلاڭچى قوشۇندىكىلەرنى قولغا ئېلىشقا كىرىشكەن؛ شەھەر مەركىزىدە بولسا توپىلاڭچى قوشۇنلار ساقچىلارنى قولغا ئېلىپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى قارىلايدىغان، ناتسىستلار پارتىيىسىنى تارقىتىۋېتىش ئۇقتۇرۇشلىرىنى سۆكۈپ يۇرمەكتە ئىدى. ھىتلېرنىڭ قوشۇنلىرى قايناق بازار يېرى بولغان ئىسار دەرياسىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كۆۋرۈكلەرنى، شەھەر مەركىزى ۋە تىنچلىق پۈتخانىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدىغان لودىۋىك چوڭ كۆۋرۈكىنىمۇ قوشۇپ ئىگەللەشكەن ئىدى. مۇزىي چوڭ كۆۋرۈكى ئەتراپىدا شەھەر خەلقى ياش توپىلاڭچىلارنى سوراقلا تارتىشقا كىرىشكەن بولۇپ، ئارىدىن بىر ئىشچى چىقىپ ئۇلارغا 167 "سىلەر شەھەر ئىچىدە شۇنچە خەتەرلىك ئويۇنلارنى ئوينىشىڭلارغا ئاتا-ئانىڭلار قوشۇلامدۇ؟" دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇن كىشىلىك بىر ئەترەت ئامالسىز پۈتخانىغا قېچىپ كىلىۋالىدۇ.

ئىسار دەرياسىنىڭ يەنە بىر كۆۋرۈك بېشىدا لاندشۇتتىن كەلگەنلەر ئارىسىدا پىتنە-پاسات پەيلىشقا باشلاپ، "ۋەزىيەت بەكلا يامان، چوقۇم بىرلىرى بىزنى سېتىۋەتكەن!" دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۇرەتتى. ئۇلارنىڭ قورقۇشى ھەقىقەتەنمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. ئەتىگەن سائەت ئوندا، ماش رەڭلىك فورما كەيگەن ئەسكەرلەر قارا ماشىنىلىق يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئەسكەرلەر شتاتلىق دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى بولۇپ، بۇ يەرگە كىلەر-كەلمەي ئىككى ماكسىم پىلىموتنى توپىلاڭچىلارغا قارىتىپ تىكلىشىدۇ. باشلىقلىرى ئوق چىقارماڭلار دەپ بۇيرۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن، قوزغىلاڭچىلار قوشۇندىكىلەرمۇ ئوق چىقارمايدۇ. شتات ئارمىيىسىمۇ يۇقۇرىدىن شۇنداق بۇيرۇق ئالغان، يەنى پوزىتسىيەڭلارنى ئىگەللەپ تەييار تۇرۇڭلار دېگەن بۇيرۇق بىلەن كەلگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۇ يەردە بىر-بىرسىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرىدۇ.

پۈتخانىدا بولسا، توپىلاڭچى قوشۇن كاتىۋاشلىرى ئارىسىدىكى تالاش-تارتىشلار توختىماي داۋام قىلماقتا ئىدى. بۇرۇن لۇدېندورفنىڭ قول ئاستىدا ئەسكەر بولغان پولكوۋنىك ھېرمان كرىبىل، قىسىملارنى گېرمانىيە-ئاۋستىرىيە چېگرا بويىدىكى روزېنخېيمغا چېكىندۈرۈپ بارساق، ئۇ يەردە يەرلىك ئۆكچىل رادىكاللارنى يېنىمىزغا تارتالىشىمىز مۇمكىن، دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. گىۆرىڭ، ئۇ يەر ئۆزىنىڭ يۇرتى بولغاچقا بۇ پىكىرگە قوشۇلىدۇ. گىۆرىڭ، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھىتلېرنى كۈچلۈك قوللايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇ يەردە ئەسكەر ئېلىپ قىسىملارنى كام قىسمىنى تولۇقلىيالىشىمىز، ئاندىن قايتا غەيرەتكە كېلەلىشىمىز مۇمكىن، دەپ قەتئىي ئىشەنچ قىلاتتى. "بۇ ھەرىكەتنى قانداقتۇ بىر قاراڭغۇ يېزا كوچا-جىلغىلىرىدا ئاخىرلاشتۇرۇشقا

بولمايدۇ“ دەپ مەسخىرە بىلەن بۇ تەكلىپكە رەددىيە بېرىدۇ لۇدېندورف. بۇ ئىشقا ھىتلېر قارار بېرىشى لازىم ئىدى. ئۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەي ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئەزەلدىن دوغا چىقىشقا ئادەتلەنگەن تەۋەككۇلچى بىرسى بولغاچقا، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان بۇنداق پارتىزانلىق ئۇرۇشنىڭ بىرەر ئىستىقبالى بولىشىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى بىراقلا غەلىبە قىلىش ياكى بىراقلا گۇمران بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى يولدىن بىرىنى تالالاش ئىدى. شۇڭا، كىرىبېلنىڭ لايىسىنى رەت قىلىدۇ.

كوچىلاردىكى ۋەزىيەت بارغانسىرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي ئۇلار تېخىچىلا تالاش-تارتىش قىلىپ ئولتۇرىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ مۇنازىرىسى چۈشكىچە داۋام قىلىدۇ. ھەربىي رايون قوماندانلىقىدىكى كاپىتان رۆمىمۇ قورۇغلۇق ئارمىيىسى بىلەن ساقچىلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىدۇ. مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان دۈشمەن ئارمىيىسى ئالدىدا، ”پىدائىيلار باتالىئونى“ ئىچىدىكى ياشتا نىسبەتەن چوڭىراق بولغانلىرى ئوق چىقىرىشقا بەك ئالدىراپ كەتمەيدۇ. ئەمما رۆمنىڭ قول ئاستىدىكى 150 نەپەر جەڭچى جەڭ قىلىشقا بەكلا ھەۋەسكار ئىدى.

ھۆكۈمەت قىسىملىرى رۆمغا قارىتا ھۇجۇم باشلىغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىشى بىلەن پىۋىخانىدىكى مۇنازىرىلەرمۇ شۇ ھامان توختايدۇ. روشەنكى، ئەگەر قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى دەرھال ھەرىكەت قىلمايدىغانلا بولىدىكەن، شەرمەندىلەرچە تەسلىم بولماقتىن باشقىچە چىقىش يولى قالمايتتى. لۇدېندورفنىڭ ئېيتىشىچە، قوشۇنلىرىنى مېۈنخېن شەھەر ئىچىگە قاراپ يۈرۈش قىلدۇرۇپ، رۆمنى قۇتۇلدۇرۇش پىكرىنى ئەڭ ئاۋال ئۇ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغانىمىش. ”شەھەر ئىچىگە قاراپ پىيادە ئاتلىنايلى!“ دېگەنمىش. ئەگەر بۇنداق بىر چارە ھەقىقەتەنمۇ لۇدېندورفنىڭ پىكرى بولغىنىدا، بۇ پىكىر ئەسلىدە ھەقىقەتەنمۇ ھىتلېرنىڭ خاراكتېرىغا ئۇيغۇن بىر پىكىر ھېسابلىناتتى. يەنى، بۇنداق بىر ھەرىكەت تەشۋىقات خاراكتېرىنى ئالغان بىر نامايىش بولۇپ، كۈچ كۆرسىتىپ شەھەر خەلقىنى قوزغۇلاڭنى قوللاشقا ئۈندەشنى مەقسەت قىلىدىغان بىر تەدبىر دېيىش مۇمكىن ئىدى. كېيىن ھىتلېر بۇ ئىش توغرىلىق شاھىتلىق قىلغان ۋاقتىدا، ”بىزنىڭ شەھەرگە يۈرۈش قىلىشىمىزدىكى مەقسەت، خەلقنى ئۆزىمىزگە قارىتىش. شۇ ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ رايىنى بىلەلىشىمىز مۇمكىن. ئاندىن كاھل، لوسسوۋ ۋە سېيسېر قاتارلىقلارنىڭ خەلق ئاممىسىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىنىمۇ بىلەلەيمىز. ھەر قانچە بولسىمۇ بۇ ئەپەندىلەر خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنى پىلىموتلار بىلەن قىرغىن قىلغىدەك ئاقماق كىشىلەر ئەمەستۇ؟“ دەيدۇ. دېمەك، شەھەرگە يۈرۈش قىلىش قارارى ئەنە شۇنداق ئېلىنغان ئىدى.

لۇدېندورف، قورۇغلۇق ئارمىيە ئەسكەرلىرى نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئىلگىرلىشىگە

ھەرگىز تۇساللىغۇلۇق قىلمايدۇ دەپ قەتئىي ئىشەنچ قىلاتتى. ئۇ تېخى يېقىندىلا بىر دوستىغا: "باۋارىيە دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسى ماڭا قارشى چىقىدىغانلا بولىكەن، شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ چۈشىدۇ" دەپ كاپالەت بەرگەن ئىدى. ھىتلېرمۇ، مەيلى دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسى ياكى شتاتلىق ساقچىلار بولمىسۇن، ئۇلاردىن ھېچ قايسىسى لۇدېندورفنەك بۇنداق بىر كۆرەش قەھرىمانىغا ئوق چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قاتتىق ئىشەنچ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، نامايىشتا ئەڭ ئالدىدا خەلقنى يېتەكلەپ ماڭماقچى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، دەرھال قارار قىلىپ (شۇ قېتىم مەن ئۆمرۈم بويىچە ئەڭ ئۈمىدسىز، ئەڭ جەسۇر بىر قارار ئالغان ئىدىم، دەيدۇ ھىتلېر) شەھەردىكى ھەر قايسى كۆۋرۈكلەردە تۇرۇۋاتقان قوشۇنلىرىغا ئالدىراش بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 168 پىۋىخانا سىرتىدىمۇ پولكوۋنىك كرىبىل نامايىشچىلارنى بىر يەرگە يىغىشقا كىرىشىدۇ. سائەت ئون بىر يېرىم ئەتراپىدا، يەنى ھىتلېر پىۋىخانىدىن چىقىپ يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئېكارت ئىشخانىغا ئالدىراشلىق بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ ئىككىسى بۇرۇن بىر قېرىنداشتەك يېقىن ئۆتكەن ئىدى. مانا ئەندى، ھىتلېرنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ ئۇنىڭغا مەجبۇرى تۇردە سالام قىلىدۇ. يىغىن زالىنىڭ سىرتىدا خاتالاشقان بۇ يازغۇچى لۇدېندورفقا ئەدەپ بىلەن سالام قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ سوغۇق مۇئامىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ. يەنى گېنېرال ئۇنىڭغا قاراپ "ئادەتتىكىچىلا شەپكىسىنىڭ قىرىنى تۇتۇپ سالام قىلغان بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ."

نامايىشچىلار قوشۇنى دەرھال تەشكىللىنىدۇ. شۇ كۈنى پىۋىخانىغا كەلتۈرۈلگەن ئوركېستىر ئۈمىكىدىكىلەر ناشتىمۇ قىلالمىغان، ئىش ھەققىنىمۇ ئالالمىغان بولغاچقا، خۇددى كۈندىلىك ھۆكۈمەت ئىشىنى بېجىرگىنىدەك رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا ئۇرۇش مەزگىلىدە ھىتلېر تۇرغان پولكىنىڭ مارشى «ھەيۋەتلىك بادىنلىقلار» دېگەن مارشنى ئورۇندىغاندىن كېيىن بىر-بىرلەپ كېتىپ قېلىشقان ئىدى. شۇڭا، نامايىشچىلار قوشۇنىغا يول باشلاپ ماڭىدىغانغا ئوركېستىرمۇ يوق ئىدى. چارىسىز تاللانغان قاۋۇل ئەسكەرلەر بىلەن 8 نەپەر ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇلار كرىست بەلگىلىك قارا-ئاق-قىزىل بايراق كۆتۈرۈپ ئالدىدا مېڭىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بايراقچىلارنىڭ كەينىدىن نامايىشچىلار يېتەكچىلىرى ماڭىدۇ. يەنى ھىتلېر ئوتتۇرىدا، شېۋبنېر رىچتېر بايراقچىلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، لۇدېندورف بولسا سول تەرىپىدە ماڭىدۇ. يېنىدا مىۇنخېن ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ كوماندىرى پولكوۋنىك كرىبىل، كانىۋىيى گراف بىلەن كاپىتان ھېرمان گىۆرىڭ ماڭىدۇ. گىۆرىڭ بېشىغا ئاق رەڭلىك كرىست بەلگىسى چۈشۈرگەن كاسكا، ئۇچىسىغا كېلىشتۈرۈپ قارا خۇرۇم پەلتو كىيىۋالغان، كۆكرىكىگە "شەرەپ ئوردىن" نى كۆرنەرلىك

قىلىپ قادىغان بولۇپ، بىر قاراشتا ھەقىقەتەنمۇ ھەيۋەتلىك ئەمما ئالاھىدە رومانتىك بولۇپ كۆرۈنەتتى. قولغا ئالغان دىپوتاتلارنى گۆرۈگە تۇتۇپ تۇرايلى دېگەن تەكلىۋى رەت قىلىنغان بولغاچقا، دېگەندەك دېگەندەك خوشال كۆرۈنمەيتتى. فۇھرېر، "بىزگە قۇربانلار كېرەك ئەمەس!" دەپ ئۇنىڭ بۇ تەكلىۋىنى رەت قىلغان ئىدى.

ئۇلارنىڭ كەينىدىن تۆتتىن قاتار بولۇپ ئۈچ ئەترەت قوشۇن سەپ تارتىپ ماڭىدۇ. سول تەرەپتە ھىتلېرنىڭ يېقىن كىشىلىك مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى بېشىدا مىس قالپاق، قولىدا كاربىن قۇرال، ئۇستىگە يەنە قول بومبىسىمۇ ئېسىۋېلىشقان ھالدا ماڭىدۇ؛ ئوڭ تەرەپتە "پىدائىيلار باتالىئونى" ماڭىدۇ. ئوتتۇرىدا جەڭلەردە چېنىققان مىيونخېنلىق ھۇجۇمچىلار قىسمى ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەلگەنلەر ھەر خىل ھەر ياڭزا كېيىنگەن كىشىلەر توپى بولۇپ، بەزىلەر ھەربى فورما كەيگەن بولسا، بەزىلىرى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە كېيىلگەن كونىراپ تىتىلىپ كەتكەن ھەربى كىيىملەرنى كىيىشكەن، يەنە بەزىلىرى ئىش كىيىمى ياكى سودىگەرلەرچە ياسانغان ئىدى. پىيادە ئەسكەر مەكتىۋىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھەيۋەتلىك جەڭچىلەر قىياپىتىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ، دۇكاندارلارنىڭ، ئوتتۇرا ياشلىق تىجارەتچىلەرنىڭ ياكى قورقۇنۇچلۇق لۈكچەكلەر ئوتتۇرىسىدا ماڭىدۇ. نامايىشچىلار قوشۇنىدىكى بىردىن بىر ئورتاق بەلگە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا سول قولىدا كرېست بەلگىلىك يەڭلىك بولىشى ئىدى. كوپ قىسىم كىشىلەر مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، نۇرغۇنلىرى شتىكلىرىنىمۇ قاداپ مېڭىشقان ئىدى. باشقا كىشىلەر، بولۇپمۇ ھۇجۇمچىلار ئەتىرىتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىدىلا دېگىدەك يان قۇراللىق ئىدى.

كۆزئەينىكىنى بۇرنىغا ئىلىۋالغان شېۋبنېر-رىچتېر روزېنبېرگنىڭ قولىغا نوقۇپ تۇرۇپ: "قارىغاندا ۋەزىيەت ياخشى ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ" دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ھىتلېردىن ئەنسىرەپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق بىرلىكتە نامايىش قىلىشى بولۇپ قالىدىغانلىقى ئېھتىمالىنى ئېيتىدۇ فۇھرېرنىڭ چىرايىمۇ كەسكىن ئەمما تاتارغان ھالدا كۆرۈنەتتى. قەھرىتان سوغۇقتا، ھىتلېر قالپىقىنى قولىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇچىسىغا ھەممىگە تونۇش بولغان ھەربى پەلتوسىنى كىيىۋالغان ئىدى. لۇدېندورف بولسا ئوۋچىلار كاۋانكىسى كىيىپ، سىرتىغا بىر پەلتو كىيىۋالغان ئىدى. ئۇ ئىنتايىن تەمكىن بىر ھالدا خىزمەتچىسىگە يارىدىرلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئويگە قايتىپ كەت دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ.

چۈش ۋاقتىلىرىدا، تارقاق ئەسكەر ۋە قەھرىمان نامايىشچىلاردىن تەشكىل تاپقان قوشۇن يولغا چىقىدۇ. چارەك ئۆتكەندە، ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن لۇدىۋىك چوڭ كۆرۈكىگە يېتىپ كەلگىنىدە كىچىك بىر ساقچى ئەترىتىگە دۈچ كېلىدۇ. قوزغىلاڭچى

قوشۇننىڭ تاللانغان جەڭچىلىرى ئاستا-ئاستا سۈرۈلۈپ ئالدىغا چىققان ۋاقتىدا، ساقچىلارنىڭ كوماندىرى ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى يۈرۈشتىن توختاڭلار، بولمىسا ئوق چىقىرىلىدۇ دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. ئاندىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ ساقچىلىرىغا قۇراللىرىڭلارنى ئوقلاپ بەتلەپ تۇتۇڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇ ساقچى بۇيرۇق بېرىۋاتقىنىدا نېرىسىدىن ھەربى كاناي ئاۋازى كېلىدۇ. ئاۋانگارت جەڭچىلەر شتىكلىرىنى تەڭلەپ ساقچىلارنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ كېلىپ ساقچىلارغا ۋارقىرايدۇ: "ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارغا ئوق چىقارماڭلار!" 169 ساقچىلار ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ساقچى توسقىدىن بىر پايمۇ ئوق چىقارماي ساق-سالامەت ئۆتۈۋالىدۇ. ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ يولنى ئۇدۇل داۋام قىلىدۇ. زۇبېيىرۇكېن كوچىسى بويى كىشىلەر بىلەن لىق تولغان؛ نۇرغۇنلىرى ئالقىشلىماقتا ھەممە قوللىرىدىكى كىرىست بەلگىلىك بايراقلىرىنى لەپىلدىتىپ نامايىشچىلارنى قارشى ئېلىشاتتى. تاماشىبىنلارمۇ نامايىشچىلار ئارىسىغا قېتىلىشقا باشلايدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىنلىقى نامايىشچىلارغا مەدەت بولۇپ، ئىختىيارسىزلا مارش ئېيتىشقا باشلايدۇ. ئوركىستىر بولمىسىمۇ، نامايىشچىلار ئۆزلىكىدىنلا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «ھۆجۈمچىلار مارشى» نى ئېيتىپ كېتىدۇ. نامايىشچىلار قوشۇنى ئىسارتورغا يېتىپ كەلگەندە، يازغۇچى ئېكارت سول تەرەپ دەرۋازا تۈۋىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا تۇراتتى. ئۇ، نامايىشچىلار قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان جىددىي كۆرۈنۈشتىكى ھىتلېر بىلەن كۆزلىرى بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ: "ئۇ ماڭا تىكىلگىنىچە قاراپ كېتىۋاتاتتى. گويا ماڭا: سەن نەدە قالدىڭ؟ دەپ سوراۋاتقاندەكلا قىلاتتى" دەيدۇ ئېكارت.

بۇ سوغۇق كۈندە، كىشىلەر ئاغزى-بۇرنىدىن قويۇق ھور چىقارغىنىچە توسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرلەيدۇ. چارەك سائەتتىن كېيىن، نامايىشچىلار مارىيېن مەيدانىغا كىرىپ كېلىدۇ. مەيداندا تېخى يېڭىلا مىتىنگ بولۇپ ئۆتكەچكە ئەتراپتا نۇرغۇنلىغان كىرىست بەلگىلىك بايراقلار تېخىچە لەپىلدەپ تۇراتتى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئۈستىدىكى ناتسىستلار بايرىقىمۇ تېخىچىلا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. نۇرغۇنلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك مارشلىرىنى ئېيتىشماقتا ئىدى. بۇ چاغدا، نامايىشچىلار قوشۇنىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ. بەزىلەر دەرھال پىۋىخانىغا قايتىپ كېتىش خىيالىغا كېلىدۇ. ئەمما يەنە بىر قىسىم كىشىلەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرلەپ، بېرىپ رۆمنى قۇتقۇزۇپ چىقىشىمىز كېرەك دەپ چىڭ تۇرىدۇ. بۇ چاغدا پولكوۋنىك كرىبېل، لۇدېندورفنىڭ نامايىشچىلارنى باشلاپ ئوڭغا بۇرۇلۇپ ۋېيىن كوچىسىغا كىرىپ ئودېئونس مەيدانى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. پولكوۋنىك ھەيران قالىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆز-ئۆزىگە "لۇدېندورف ئۇ يولغا قاراپ ماڭغان بولسا، بىزمۇ

ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىشىمىز كېرەك“ دەيدۇ. ئەسلىدە گېنېرال لۇدېندورف بۇنداق بىر يۈرۈشتىكى پىلانلىمىغان بولۇپ، ”ھاياتىمىزنىڭ بەزى پەيتلىرىدە كىشىلەر تۇغما تۇيغۇسىغا تايىنىپ ھەرىكەت قىلىپ قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرىشىنى پەقەتلا ئويلىمايدۇ. ... بىز پەقەتلا رۇم بار يەرگە قاراپ مېڭىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشنىلا ئويلايتتۇق.“

ئۇچىسىغا قوڭۇر رەڭلىك پەلتوسىنى ئارتىۋالغان بەستلىك لۇدېندورف، شۇ ئاندىكى ھاياجىنى بىلەن ئوڭغا قاراپ بۇرۇلۇپ، نامايىشچىلار قوشۇنىنى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشى مۇمكىن بولغان جايغا باشلاپ كېتىۋاتاتتى. بىر قانچە مىنۇتقا قالماي نامايىشچىلار قوشۇنى مىيۇنخېندىكى ئەڭ قاتتىق قوغدىلىدىغان يەرلەردىن بىرى بولغان پارلامېنت بىناسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىدۇ. نامايىشچىلار بۇ يەردە بىر ئەترەت ساقچىلار تەرىپىدىن توسىۋېلىنىدۇ. ئەمما نامايىشچىلار قوشۇنى ”ئەڭ ئۇلۇغ گېرمانىيە“ ناخشىسىنى تووۋلاپ كۆتىرەڭگۈ روھلۇق بىلەن قورقماستىن ئالغا ئىلگىرلەيدۇ.

ۋىنفرېد ۋاگنېر خانىم دېرىزىسىدىن تۆۋەنگە قاراپ كۆزىتىپ تۇرغىنىدا ئەڭ قاتتىق چوقۇنىدىغان ھىتلېرنىڭ لۇدېندورف بىلەن مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ قوماندانلىق شتابى تار يولدىن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەكلا ھەيران بولىدۇ. چۈنكى ئالدى تەرەپتە ئودېئونس مەيدانىدا ئۇششاق گۇرۇپپىلار بويىچە تارقالغان ماش رەڭ كىيىملىك ئەسكەرلەرنىڭ يۈگۈرىشكىنىچە پوزىتسىيىگە ئۆتۈپ نامايىشچىلار قوشۇنىنى توساشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. بۇ تار كوچىدا 8 كىشى مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ ئارانلا ماڭغىلى بولاتتى. ھىتلېر يېنىدىكى شېۋبنېر رىچتېر بىلەن قول تۇتۇشقىنىچە بالاغا تەييار ھالغا كېلىدۇ. لۇدېندورف بولسا ئۆزى يالغۇز داغدام قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتقان بولۇپ، ماڭا ھېچ كىم ئوق چىقىرالمايدۇ دەپ قاتتىق ئىشەنچ قىلاتتى. دەل شۇ پەيتتە ئالدى تەرەپتە لېتنانت فرېيخېر ۋون گودىن كوماندىرلىقىدىكى فېدرال ساقچىلار ئۇنىڭ يولىنى توسىۋالىدۇ. گودىن ئالدىدا كېلىۋاتقان ئەترەتكە قاراپ ۋارقىرايدۇ:

”ئىككىنچى روتا، يۈگۈرۈپ مارش!“ فېدرال ساقچىلىرى تېز قەدەملەر بىلەن ئالدىغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. ئەمما قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى يەنىلا تارقالماي يولىنى داۋام قىلىدۇ. ئۇلار يۈگۈرۈشتىن توختاپ شتىكلىرىنى چىقىرىپ مىلتىق تەڭلەيدۇ ياكى تاپانچىلىرىنى چىقىرىدۇ. گودىن مىلتىقى بىلەن ئىككى شتىكنى قايرىپ تاشلاپ، ”كۆتەرگەن مىلتىقى بىلەن كەينىدىكى ئىككى ئادەمنى ئۇرۇپ يىقىتىدۇ.“ تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. گودىن ئوقنىڭ بېشى ئۇستىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. ئوق بىر ئەسكەرنى يىقىتىدۇ.170 ”روتامدىكى ئەسكەرلەر چۈچۈپ تۇرۇپلا قالدى. قىمىرمۇ قىلمايتتى. كەينىدىنلا مەن بۇيرۇق قىلغىچە قول ئاستىمدىكى ئادەملىرىم ئوق چىقىرىشقا

باشلىدى. ئوق قارشى تەرەپكە يامغۇردەك ئېتىلدى.“

قوزغىلاڭچى قىسىملارمۇ دەرھال قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. كەينىدىنلا نامايىشچىلار قوشۇنى بىلەن يول بويىدىكى تاماشا كۆرگۈچىلەر ھەر تەرەپكە قاراپ پىتىراپ قېچىشقا باشلاپ، ئوتتۇرلۇق پوتۇنلەي قالايماقانلىشىپ كېتىدۇ. بىرىنچى قېتىمدا يېقىلغانلار ئارىسىدا شېۋېنېر-رىچتېرمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆپكىسىگە ئوق يېگەن ئىدى. يەنە بىر يېقىلغان كىشى بولسا گراف بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوق تىگىشتىن بۇرۇن سەكرەپ ئېتىلغىنىچە بىرىپ ھىتلېرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنىڭغا كېلىۋاتقان 5~6 پاي ئوقنى كۆكسى بىلەن توسىۋالىدۇ. ھەتتا گراف يېقىلىپ چۈشۈپتىپ تۇرۇغلۇقمۇ ھىتلېرنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ ئۇنى پوتۇن كۈچى بىلەن تارتىپ يەرگە ياتقۇزىۋالىدۇ. نەتىجىدە ھىتلېرنىڭ سول قولى جايىدىن چىقىپ كېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە شېۋېنېر-رىچتېرمۇ پوتۇن كۈچى بىلەن ھىتلېرنى تارتىپ پىيادىلار يولىغا سۆرەپ بارماقچى بولىدۇ. لۇدېندورفنىڭ سادىق خىزمەتچىسى (ئۇنىڭغا ئۆيگە قايتىپ كەت دەپ بۇيرۇق قىلىنغان بولسىمۇ كەتمىگەن ئىدى) ئاسفالىت يولدا قان ئىچىدە ياتاتتى. ئۇنىڭ دوستى ئايگنېر، يەنى جان تالىشىپ ياتقان شېۋېنېر-رىيچتېرنىڭ خىزمەتچىسى دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا قاراپ ئۆمىلەشكە باشلايدۇ. ئەمما ئالىلمۇ قاچان جېنى چىقىپ بولغان ئىدى. بىرسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ئاتلىغان ئادەم گېنېرال لۇدېندورف ئىدى. گېنېرال بىر قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئوق چىقىرىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ (كۆپ سانلىق دوكلاتلاردا لۇدېندورفنى ئۆلمەس قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلەشكەن بولۇپ، ئۇ باشتىن ئاخىرغىچە تىك تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرلىگەن، ئەمما ھىتلېر بولسا ئەزەلدىن قورقۇنچاق بىرسى ئىدى، دەپ يېزىشىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدا ھىتلېر يەرگە يېتىۋالغان دېيىشەتتى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەسلىدە ھىتلېرمۇ ئوق چىقار-چىقماي ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ ئوقتىن ساقلىنالىشى پوتۇنلەي نورمال ھەرىكەت ھېسابلىناتتى. ئۇ بۇنداق قىلىش ماھارىتىگە ئىگە جەڭلەردە چېنىققان بىرسى ئىدى. ئەمما ئۇ ياتمىدى. پەقەت ئۇنى باشقىلار تارتىپ يەرگە ياتقۇزغان. ئۇنىڭ قولىنىڭ چىقىپ كېتىشى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. روبېرت مۇرفى شاھىتلىق قىلىپ ”لۇدېندورف بىلەن ھىتلېر ئىككىسى پوتۇنلەي ئوخشاش ھەرىكەت قىلىشقان ئىدى؛ ئىككىسىلا مۇشەققەتلىك جەڭ مەيدانىدا پىشىپ يېتىلگەن تەجرىبىلىك ئەسكەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكەن. ئوق چىققاندا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن يەرگە ياتقان“ دەيدۇ. يەنە بىر نەق مەيداندىكى بىرسى، كېچىلىك كۈزەتچى بىرسىمۇ لۇدېندورفنىڭ ئوق چىققاندا ئۆزىنى يەرگە ئاتقانلىقىنى، يەردىكى بىر ئۆلۈكمۇ ياكى بىر ياردارمۇ بىرسىنى ئۆزىگە دالدا قىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. يەنە بىر كېچىلىك

كۈزەتچىمۇ ئوق ئاۋازى كېلىشى بىلەن تەڭ يولدا ئۆرە تۇرغان بىرمۇ ئادەم قالمىغان ئىدى، دەيدۇ _ ئا.ھ.ئى).

ھىتلېر يىقىلىپ چۈشۈپ سول بىلىكىمگە ئوق تەككەن بولسا كېرەك دەپ ئويلايدۇ. سەپداشلىرى تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى قوغداشقا كىرىشىدۇ. نەق مەيداندا 18 ئادەم ئۆلگەن بولۇپ، بۇلاردىن 14 نەپىرى ھىتلېرنىڭ سادىق ئەگەشكۈچىلىرى، قالغان 4 نەپىرى ساقچى ئىدى. شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، بۇ 18 ئادەمنىڭ ھەممىسىلا دىگىدەك مىللىي سوتسىئالىزمنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولسىمۇ ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەردىن ئىدى. نەق مەيداندا نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكەنلىكىنى پەقەت ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا كېتىۋاتقان كىشىلا ئېنىق كۆرەلىگەن بولۇپ، كەينىدە قىستىلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئالدى تەرەپتە پەقەتلا پاراسلىغان ئاۋازلارنىلا ئاڭلىيالايدۇ. كەينىدىنلا قولاقتىن قۇلاققا گەپ تارقىلىشقا باشلاپ، ھىتلېر بىلەن لۇدېندورف ئىككىسىگىلا ئوق تېگىپ ئۆلۈپتۇ دېگەن پىتنىلەر ئىقىپ يۈرۈشكە باشلايدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئارقا-ئارقىدىن كەينىگە چېكىنىشكە باشلايدۇ.

لۇدېندورف داغدام قەدەملەر بىلەن توساقلاردىن بىسىپ ئۆتۈپ بىرىپ بىر لېيتىناتنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. بۇ لېيتنات گېنېرالنى قولغا ئېلىپ، قوماندانلىق شتاۋىغا يالاپ كىرىدۇ. بىناغا كىرىشى بىلەن تەڭ، سەل ئاۋاللا رومانلاردىكى قەھرىمانلاردەك كۆرۈنگەن لۇدېندورف بىراقلا ئەكە چوڭ قىلىنغان بىر بالىغىلا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بىر پولكوۋنىك ئۇنىڭغا، ئائىلىسىدىكىلەرگە گېنېرالنىڭ ساق-سالامەت ئىكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر ئىۋەرتەيلىمۇ دەپ سورىۋىدى، گېنېرال قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپ رەت قىلغىنىچە ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنى 'جانابلىرى' دەپ چاقىرىشىنى چەكلەيدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭغا 'لۇدېندورف ئەپەندى' دەپ خىتاپ قىلىشقا باشلايدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا ئەدەپسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان ساقچى ئەمەلدارى يەنىلا شۇ پاگونلۇق كىيىمىدا يۈرىدىغانلا بولىدىكەن مەڭگۈ ھەربى فورما كەيمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ھىتلېر قاتتىق ئازاپلانغىنىچە يارىلانغان سول بىلىكىنى كۆتىرىۋالىدۇ. ئۇ ئاغرىققا بەرداشلىق بىرىپ، ئاستا-ئاستا مەيداندىن ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى-روھى تاتارغان، چاچلىرىمۇ چۇۋۇلۇپ يۈزىگە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ميۇنخېن ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ سەھىيە قىسمىدىن ئىگىز بويلۇق ياش يىگىت بولغان دوختۇر ۋالتېر شۇلتىز ئۇنىڭغا يول بويى ھەمرا بولىدۇ. پىيادىلار يولىدا ئۇلار بىر كىچىك بالىنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇ بالا يارىلىنىپ قاتتىق قانسىراپ تۇرغان ئىكەن. ھىتلېر ئۇنى كۆتۈرىۋالماقچى بولىۋىدى، شۇلتىز دەرھال ئايالىنىڭ بىر تۇققان ئىنىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ (ئۇ بىر بوتانىك ستۇدېنتى بولۇپ، ئىسمى شوستېر

ئىدى) باللىنى كۆتۈرۈۋېلىشنى تاپىلايدۇ. ئۇلار ماكس جوزېف مەيدانىغا كېلىپ مىڭ تەستە ھىتلېرنىڭ كونا 'سىلۇھ' ماركىلىق ماشىنىسىنى تاپىدۇ.171 ماشىنا داۋالاش ئاسىۋاپلىرى ۋە دورا-دەرمەكلەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. جىددى قۇتقۇزۇش خادىمى بولغان يېشى چوڭ فرانكېل بىلەن شوپۇر بىرلىكتە ئالدىدا ئولتۇرىدۇ. ھىتلېر بىلەن دوختۇر كەينىدە ئولتۇرىدۇ. شوستېر بايىقى ياربدار باللىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يان باسماقتا ئۆرە تۇرىدۇ. ھىتلېر ماشىنى بۈرگېربراۋ پىۋىخانىسىغا ھەيدەشنى بۇيرۇيدۇ. ھىتلېر ئۇ يەردە نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگىسى بار ئىدى. مارىئان مەيدانىدا ئۇلار نۇرغۇنلىغان پىلموتلارنىڭ ئوق چىقىرىۋاتقان بىر يەرگە دۈچ كېلىپ قېلىپ، ئامال يوق بىر قانچە قېتىم يول ئۆزگەرتىپ ماڭىدۇ. لۇدۇگ چوڭ كۆۋرۈكىمۇ قامال قىلىۋېلىنغان بولغاچقا ئىلاجىسىز كەينىگە يانىدۇ. بۇ چاغدا ياربدار بالا ھوشىغا كېلىدۇ. شوستېر دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈپ باللىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئۆزى كېتىپ قالىدۇ. پىكاپ سىندلىنگېرتور مەيدانىغا قاراپ يولىنى داۋام قىلىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلار يەنە جەنۇبىي قەۋرىستانلىقىدىن ئوق ئېتىلىش سەۋەبىدىن يەنە توختاپ قالىدۇ، پىۋىخانىغا ئىلگىرىلەش ئىمكانى بولمىغاچقا ئامالسىز جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، سالزبۇرگ تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ.

گىيۆرىڭنىڭ مەيدىسىگە تاقىغان "شەرەپ ئوردېن" لىرى ئۇنى بالادىن قۇتقۇزۇشقا يارىماي قالىدۇ. ئۇنىڭ پاقالچىقىغا ئوق تەككەن بولۇپ، پىيادىلار يولىدا تولغىنىپ ياتاتتى. كىشلەر ئۇنى قوماندانلىق يولى 25-نومۇرلۇق قوراغا كۆتۈرۈپ كىرىدۇ. قوزغىلاڭچىلاردىن بىرسى ئىشىك قوڭغىرىقىنىڭ يىپىنى تارتىپ سىلكىيدۇ. ئۇلار ئۆي خوجايىنى ئىلسە باللىنىدىن ياربدار قوبۇل قىلىپ قىلالمايدىغانلىقىنى سورايدۇ. "ئەلۋەتتە قوبۇل قىلالايمەن، بىز ئۇلارنىڭ ياربلىرىنى تېڭىپ ساقلاپ بېرەلەيمىز، شۇغىنىسى، دىققەت قىلىڭلار، بۇ يەردە بىر يەھۇدىي ئائىلىسىمۇ بار" دەيدۇ. ئاندىن گىيۆرىڭ ئۈستى قەۋەتكە چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭ يارىسى تېڭىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دوستلىرى كېلىپ ئۇنى باشقا بىر بىخەتەر يەرگە يۆتكەپ كەتكىچە بۇ يەردە يوشۇرۇن تۇرۇشقا ماقۇل بولىشىدۇ. يەھۇدىي ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىتقاچقا گىيۆرىڭ تۇرمىگە سولىنىشىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

6

مارىئان مەيدانىدا، جەڭگىۋارلىق قىياپىتى بىلەن باشلانغان ھەرىكەت گويا قاندداقتۇ بىر قورقۇنۇچلۇق تەبىئى ئاپەت پەيدا بولغاندەك كىشلەر ئەسەبىلەرچە ھەر تەرەپكە

تارقىلىش بىلەن نەتىجىلەندى. بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار قىزىلار ئوتتۇرا مەكتىۋىگە كىرىپ يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كارىۋاتلارنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالغان بولسا، يەنە بەزىلىرى ھاجەتخانىلارغا كىرىپ مۆكۈۋېلىشقان ئىدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بىر ئاشخانىغا كىرىپ ھەر ئەتراپنى قىزىپ قۇرال سىقىدىغان يەر ئاختۇرۇپ، قۇراللىرىنى ئۇچاقلارنىڭ ئاستىغا، ئۇن خالتىلىرىنىڭ ئىچىگە ياكى قەھۋە ئىدىشلىرىغا سۇقۇشقا كىرىشكەن. ساقچىلارمۇ ھەر تەرەپتىن توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ قولغا ئېلىشقا كىرىشىدۇ؛ يۈزلەرچە ئادەم يوللاردا توساپ تەكشۈشتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. قەھۋەخانىنى ساقلاشقا قويۇلغان قوماندانلىق شتابىدىكىلەر بۇ بالا-قازادىن قورقۇپ جان-پېنى چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار بىر پايمۇ ئوق ئاتقىدەك بولماي ساقچىلارغا ئەل بولۇپ، قۇراللىرىنى يىغىپ بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىپ راھەتلىنىشىدۇ. ھەربىي رايون قوماندانلىق شتاۋىدىكى كاپىتان رۆم، قارشىلىق كۆرسەتكەننىڭ قىلچە پايدىسى يوقلىقىنى كۆرۈپ قۇرال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولىدۇ. گەرچە قوزغىلاڭ ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، پېۋىخانىدا غالىبىيىتىنى تەنتەنە قىلىپ قايتىشىۋاتقان ساقچىلار شەھەر خەلقىنىڭ ھاقارىتىگە قالىدۇ. خەلق ئۇلارغا قاراپ ”كۆزدىن يوقۇلۇڭلار، يەھۇدىي مالايلىرى! ۋەتەن ساتقۇچلار! ياۋايى ھايۋانلار! خايىل ھىتلېر! يوقالسۇن كاھر!“ دەپ شۇئار توۋلىشىدۇ.

باش قوماندانلىق مەھكىمىسى ئالدىدا مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرى كەلگەنىگە قارىماي، لاندشۇتكى ھۆججۆمچىلار ئەترىتى تېخىچە ئۆز پوزىتسىيىلىرىنى قولدىن بەرمەي ساقلايدۇ. بۇ يەردىمۇ پىتنە-پاسات گەپلەر يامراشقا باشلايدۇ: لۇدېندورف ئۆلۈپتۇدەك، ھىتلېر ئېغىر يارىلىنىپتۇدەك! گىرىگور ستراسسېر قالدۇق قىسىملارنى يىغىشتۇرۇپ، ”ئاچچىق ئىچىدە كارنىڭ ساتقۇنلىقىدىن قاتتىق روھىي چۈشۈپ“ جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلىدۇ. بىر ئورمانلىقتا ئۇلار مىيۇنخېنلىق ھۆججۆمچىلار ئەترىتىدىكىلەرنىڭ قۇراللىرىنى دەرەخلەرگە ئۇرۇپ پاچاقلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ستراسسېر، بۇ قۇراللار كېيىن يەنە لازىم بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارنى بۇ ھەرىكىتىنى توختىتىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لاندشۇتتىكى ھۆججۆمچىلار ئەترىتىدىكىلەر ئىنتىپاق بولۇشۇپ سۆزلىرى ئالماشتۇرۇپ يېزىلغان «كىرىست بايرىقى بىلەن مىس قالپاق» دېگەن مارشنى توۋلىشىپ روھلۇق ھالدا خاۋۋىتپاخىنخوفقا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ.172 ئۇلار ”سېتىۋېتىلگەن بولساقمۇ يەنىلا ۋەتەنگە سادىقمىز“ دەپ ناخشا ئېيتىپ ماڭىدۇ.

تاشيولدا يەنە بىر قىسىم ھۆججۆمچىلار ئەترەت ئەزالىرى كېتىۋاتاتتى. ئۇلار كىچىك ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ تۇتۇپ كەلگەن مىيۇنخېن شەھەرلىك دېپۇتاتلارنى يالاپ ماڭغان ئىدى. دېپۇتاتلار قاراماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇلغان ئىدى. روزېنخېيمغا ماڭىدىغان تاشيول

بويىدىكى ئورمانلىقتا كەلگەندە ماشىنىلار توختايدۇ. ئەترەت باشلىقى ئەسىرلەرنى ئورمانلىق ئىچىگە ئېلىپ ماڭىدۇ. ئەسىرلەر قورقىنىدىن يۈزلىرى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار "ئەندى بىزنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىمىز كەلگەن ئوخشايدۇ" دەپ ئويلايدۇ. ئەمما ئۇلار ئۈستى بېشىنى ھۆججۆمچىلار ئەترىتىنىڭ كىيىملىرى بىلەن ئالماشتۇرۇشتەك نۇمۇسقا قالدۇرۇلۇشتىن ئارتۇق بىر ئىش كۆرمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھۆججۆمچىلار ئەترىتىدىكىلەر شەھەر پۇخراسى شەكلىدە مېۋنخېنغا قايتىپ كېتەلەيدىغان بولىدۇ. گۆرۈڭگە ئېلىنغان باش مىنىستىر ۋون كىنىللىڭ بىلەن قالغان مۇھىم كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قويۇپ بېرىلىدۇ. ھېس ئۇلارنى ئوڭۇشلۇق ھالدا تېگېرنسىدىكى بىر داچىغا ئاپىرىدۇ. ئەمما ئۇ مېۋنخېنغا تېلېفون قىلىپ ئەھۋال سورىغلى كەتكىنىدە گۆرۈدىكىلەرگە قاراۋاتقان ياش جەڭچى ئۇلارنى ئۆيلىرىگە ماشىنىلىق قايتىپ كېتىشى ئۈچۈن قايىل قىلىنىپ ماشىنىنى گۆرۈڭگە ئېلىنغان كىشىلەرگە بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھېس گۆرۈدىكىلەردىنلا ئايرىلىپ قالغان بولماي ئاپتوموبىلىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

شېۋبنېر-رىچتېرنىڭ خىزمەتچىسى، قۇرالنى يۇشۇرۇپ بولۇپ ئۆتنە ئېلىپ كەلگەن پۇخراچە كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ خوجايىنىنىڭ ئەھۋالى نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىش ئۈچۈن ۋيۇشۇرۇنۇقچە قىرغىنچىلىق بولغان جايغا قايتىپ بارىدۇ. قوماندانلىق بىناسىدا ئۇنى توسىۋېلىشىدۇ؛ ئايگنېر بىر ساقچى ئەمەلدارىغا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىدۇ. "نۇرغۇن تەرەپلەردىن تەلەپ قىلىشىم نەتىجىسىدىلا ئاندىن ئۇلار مېنى كىرىشكە رۇخسەت قىلىشتى. كىرىش ئىشىكى يېنىدا بىر مۇنچە ئۆلۈكلەر قاتار تىزىلغان ئىكەن. مەن بۇنى كۆرۈپ قېيىپلا كەتكەن ئىدىم. مەن بۇ جەسەتلەر ئارىسىدىن خوجايىنىمنى ئاختۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم." ئايگنېر، خوجايىنى يېقىن دوستىنىڭ، يەنى لۇدېندورفنىڭ خىزمەتچىسىنىڭ جەسىدى يېنىغا ياتقۇزۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆرىدۇ. "كۆڭلۈم قاتتىق يېرىم بولدى. پۈتۈنلەي ئۈمىدسىز ھالدا ئىدىم. بولارنى كۆرگەندىن كېيىن ۋيېدېنمايېر كوچىسىدىكى ئۆيگە قايتىپ كەتتىم." شېۋبنېر-رىچتېر خانىم يولدىشىنىڭ نەدىلىكىنى سورىۋېدى ئايگنېر ھۇلۇققىنىچە ئالدىراپ يالغان گەپ ياساپ باققان بولسىمۇ كىلىشتۈرەلمەيدۇ. "مەن خانىمنىڭ: نېمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق، ئەمما مەن يەنە نېمە ئۈچۈن ئوفتسېرلار تەرىپىدىن ئالدىنىپ يۈرىمەن؟ دېگىنى ئېسىمدە."

خانفستاينگل قىلچە ھەرىكەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇ ئۆيدە يالغۇز قالغان ئىدى. سىڭلىسى تېلېفون قىلىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى مېۋنخېن مەركىزىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى، كوچىدا ياخشى تونۇيدىغان ھۆججۆمچىلار ئەترىتىنىڭ قاۋۇل بىر ئەزاسىغا يولۇققانلىقىنى، ئۇنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا ھىتلېر، لۇدېندورف ۋە گېيۆرىڭلارنىڭ قۇربان

بولغانلىقىنى، مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ تۆگەشكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. خانفىستايىنگىل يېرتقا چىقىپ بېقىپ بولماي كەينىگە يېنىپ ئۆيىگە بېرىپ قېچىش تەييارلىقىنى قىلماقچى بولۇۋىدى، بېرزىنتىلىق كىچىك ماشىنا كوچىلۇك تورمۇز قىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توختايدۇ. ئاپتوموبىل ئىچىدە ئامان، ئېيسىبىر، ئېكارت ۋە خوفمان قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە رەسىم تارتىش ئۇستىسى خوفماننىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ئۇ يەردە ھەممە بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىشىپ، خانفىستايىنگىلنىڭ يالغۇز ئاۋستىرىيىگە كەتسۇن دەپ بىردەك كېلىشىدۇ.

ھىتلېر، خانفىستانگىلنىڭ ئۇففىڭ سەھراسىدىكى داچىسىغا بېرىپ يوشۇرۇنۇشىنى ھەرگىز ئويلىمىغان بولسىمۇ، يۈز بەرگەن بەختسىزلىكلەر ئۇنى بۇنىڭغا مەجبۇرلىماقتا ئىدى. مىيۇنخېندىن ئون چاقىرىمدەك يىراقلىقتىكى بۇ يەردە، ھىتلېر ئۆزۈنىغا سوزۇلغان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، تۇيۇقسىزلا "سول بىلىكىمگە ئوق تەگكەندەك قىلىدۇ" دەيدۇ. "قىزىتمىڭىز بارمۇ؟" دەپ سورايدۇ دوختۇر شۇلتىز. "قىزىتمامغۇ يوق، ئەمما بىلىكىمدە ئوق قالغان بولسا كېرەك، ھېچ بولمىغاندا بىلىكىمنىڭ بىر يەرلىرى سۇنغان بولىشىمۇ مۇمكىن" دەيدۇ. ئۇلار ئورمانلىق ئىچىدە ماشىنىنى توختىتىدۇ. دوختۇر، ھىتلېرنىڭ كاژاكىسىنى، ئىككى قات پوپايكىسىنى، گالۇستۇكىنى چىقىرىپ كۆڭلىكىنى مىڭ تەستە سالدۇرىدۇ. شۇلتىز ئۇنىڭ سول بىلىكىنىڭ بەكلا ئېغىر چىقىق ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئەمما ياردەمچىسىمۇ بولمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ماشىنا ئىچىدە چىققان قولنى جايىغا سېلىش ئىمكانىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ، ھىتلېرنىڭ ياردار قولىنى بىر قول ياغلىقى بىلەن تېڭىپ ھەركەت قىلمايدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ. ئاندىن ئاۋستىرىيىگە قېچىپ كېتىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ھىتلېر بۇنى رەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار داۋاملىق جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. ئۇلار مۇرناۋغا يېتىپ كېلەي دېگەندە ھىتلېر،173 خانفىستايىنگىلنىڭ ئۇففىڭدىكى داچىسى ئېيسىگە كېلىدۇ. ئۇ يەر نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان بىر يەردە ئىدى. ئۇ شوپۇرىغا "سېلۋە" ماركىلىق پىكاۋنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويىشنى بۇيرۇيدۇ. ئاندىن ئۇ دوختۇر، جىددى قۇتقۇزۇش خادىمى ئۇچىسى بىرلىكتە ئۇففىڭغا قاراپ ياياق يۈرۈپ كېتىدۇ.

ئۇلار چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە خانفىستايىنگىلنىڭ داچىسىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ داچا تاش بىلەن ياسالغان چاققانغىنە بىر بىنا بولۇپ، كەنتتىكى چىركاۋغا يېقىنلا بىر يەردە ئىدى. ھېلېنا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بۇ ئۈچ نەپەر مېھمىنىنى ئۇستىنكى قەۋەتتىكى مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە باشلاپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېر، لۇدېندورف بىلەن سادىق مۇھاپىزەتچىسى گرافنىڭ قۇربان بولۇشىغا قاتتىق ئۆكۈنىدۇ. ھىتلېر ئۇ ئىككىسىنىڭ يېقىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدى. ئۇ بارغانسىرى ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كېتىدۇ:

لۇدېندورف ئىشەنچلىك بىرى بولغىنى ئۈچۈنلا خىزمەتچىسى ئۆز ھاياتىنى پىدا قىلالىدى؛ گرافمۇ سەممى سادىق بىرسى ئىدى. مانا ئەندى ئۇنداق مۇكەممەل بىر كانۋاينى ھەرگىزمۇ تاپالمايمەن دەيدۇ. ئاسىدىن ئۇ، ئۈچ نەپەر سىياسىي كاتىۋاشىنىڭ خائىنلىق قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىپلەپ، "تىرىكلا بولىدىكەنمەن، ئۆز غايەم يولىدا تەۋرەنمەي ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىمەن" دەپ قەسەم قىلىدۇ.

ھېلېنا ھىتلېرغا، چوقۇم سىلەرنىڭ پېيىڭلارغا چۈشكەن بولىشى مۇمكىن، قولغا ئېلىنىشقا قارشىلىق كۆرسىتەلىشىڭلار ئۈچۈن ياخشىلاپ بىر ئۇخلىۋېلىشىڭلار كېرەك دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. دوختۇر شۇلتىز بىلەن جىددى قۇتقۇزۇش خادىمى ھىتلېرنى يۆلەشتۈرۈپ ئۈستى قەۋەتتىكى بىر ياتاق ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ چىقىپ كەتكەن بىلىكىنى جايىغا سېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆرىدۇ. مۆرىسى بەكلا قاتتىق ئىششىپ كەتكەچكە، بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇنۇشى ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. ئۇلار قايتا سېلىشقا كىرىشكىنىدە ھىتلېرنىڭ چىرايى ئاغرىقتىن پۈرۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ قېتىم ئۇلار بىلىكىنى ئورنىغا سېلىۋالىدۇ. ئاندىن جىددى قۇتقۇزۇش خادىمى ئۇنىڭ مۆرىسىنى بىلىكى بىلەن قوشۇپ داكىدا ياخشىلاپ تېڭىپ بوينىغا ئېسىپ قويىدۇ. ھېلېنا ئىشىك يوچۇقىدىن ھىتلېرنىڭ ۋايسىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ.

چەتئەل گېزىتلىرى ميۇنخېن قوزغىلىڭى توغرىسىدا بەس-بەس بىلەن بۇرمىلانغان خەۋەرلەرنى يوللاش بىلەن مەشغۇل ئىدى: نيۇيورك شەھىرىدە بۇ ۋەقەنى قوراللىق قوزغىلاڭ دەپ ئاتىشىپ، ھىتلېر بۇ قوزغىلاڭدا ئاساسلىق رول ئوينىدى، دەپ خەۋەر يازىدۇ. رىمدا (كۇرت لۇدېك يەنە بىر قېتىم ھىتلېرغا ۋاكالىتەن مۇسسولىنى بىلەن مۇزاكىرە قىلغان)، چۈش ۋاقتىدا ھەر قايسى گېزىتلار "شاھزادە رۇپرېچت، ئىنقىلابى پارتىيىگە ئەزا بولۇپتۇ" دەپ يازىدۇ.

10-نويابىر چۈشتىن بۇرۇن، قوزغىلاڭچىلار يا قولغا ئېلىنىدى يا بولمىسا قېچىپ يوشۇرۇندى. گەرچە تېگېرنسېدا قىسىلىپ قالغان ھېس ئاپتوموبىلسىز قالغان بولسىمۇ ئاخىرىدا ئۇ ئوبىكتىۋى ئىلسە پرۆلغا تېلېفون قىلىش پۇرسىتىنى تېپىپ گۆرۆدىكىلەردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتىدۇ. ئۇنىڭدىن بىرەر ماشىنا تېپىپ خاۋسخوفېرنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشى مۇمكىنمۇ دەپ سورايدۇ. ئىلسى ۋېلىسىپىتلىق ميۇنخېندىن ئۇنىڭغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ يەر ميۇنخېندىن 30 چاقىرىم يىراقتىكى بىر يەر بولغاچقا، ھېس بىلەن بىرگە شەھەرگە قايتىپ كېلىشى ئاسانغا توختىمايتتى. شۇڭا ئۇلاردىن بىرسى ۋېلىسىپىتلىق بىر مەزگىل مېڭىپ ۋالىسىپىتنى يول بويىغا تاشلاپ قويۇپ ئالغا كىتىۋېرەتتى. يەنە بىرسى ۋېلىسىپىت بار يەرگىچە مېڭىپ كېلىپ ۋېلىسىپىتلىق ئالدىدا

ماڭغاندىن ئۆتـۈپ بىـر يەرگە ۋېلىسـىپىتنى بىـر دەرەخـقە يـۆلەپ قويـۇپ كەيىندىكىسـىگە تاشلاپ كىتىۋىرەتتى (بۇ، ھېسنىڭ پىلانى). ئەنە شـۇنداق نۆۋەتلىشىـپ ۋېلىسـىپىت مىنىـپ يـۈرۈپ ئـاخىرى باۋارىيىنىـڭ مەركـىزى بولغـان مېۇنخېنغـا كېلىشىلـىپ، پروفېسسـور خاۋسخوفېرنىڭ ئۆيىگە يېتىشىدۇ. گەرچە بـۇ پروفېسسـور ئۇلارنـىڭ قوزغىغـان بـۇ قېتىمقى قوزغىلىڭىنى ”ئاخماقـانە بىـر ھەرىكەت“ دەپ قارىسـىمۇ، ئـۇ يەنـىلا بـۇ قـاچقۇنىنى ئۆيىـدە ساقلاشـقا مـاقۇل بولـدۇ. پروفېسسـور، گەرچە ھـېس دېگەن بـۇ ئادەمنىـڭ بىـر مـۇنچە يېتەرسىـزلىكلىرى بولغانـدەك قىلسـىمۇ، ئۇنىـڭ ئەۋزەللىكلىـرى، يەنـى ئۇنىـڭ ئەقىللىـق بولغـانلىقى ئەمەس بەلكـى ئۇنىـڭ قەلبـى ۋە مىجەزى ئۇنىڭغـا ياقـاتتى. شـۇڭا پروفېسسـور ھېسـنى بەرىبىـر ياخشـى كـۆرەتتى. ھېسـنىڭ كـۆڭلى بەكـلا يېـرىم بولـدۇ؛ ئەگەر گۆرۈڭدىكىلەرنى يوقۇتۇپ قويمىغان بولسا بەلكىم بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالماقچىمۇ بولىدۇ. ئەمما پروفېسسـور خاۋشـوفېر مىسـال كەلتـۈرۈپ چىـڭ تـۇرۇپ سـۆزلىگەچكە، ئۇنىـڭ ئۆلـۈۋېلىش خىيـالىنى ئاخىرى كاللىسىدىن چىقىرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا، بىرىپ تەسلىم بـول دەپ نەسـىھەت قىلىـدۇ. بـۇ ئاگاھلاندۇرۇشـنى ھـېس ھەرگىزمـۇ قوبـۇل قىلالمـايتتى. بىـر قـانچە كـۈن ئۆتـۈپ، پروفېسسور خاۋشوفېرنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، يېقىن بىر دوستى بىلەن شەھەر سىرتىدا بىـر يەرگە مۆكۈنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاغرىپ يېتىپ قالغـان سـۆيگۈنى ئىلسـېغا قـاراش ئۈچـۈن ئادەتتىكىچە ۋېلىسىپىتلىق شەھەرگە قايتىپ كېلىدۇ. 174

7

ئۇففىڭـدا، ھىتلېرنىـڭ غەم ئەندىشـىلىك ئۈيقىسـىز كېچىلىـرى داۋام قىلماقتـا ئىـدى. خانفستايىنگلمۇ تېخىچىلا ئۆيىگە قايتمىغان ئىـدى. ھىتلېـر ئـاغرىق ئـازاۋىنى پەسـەيتىش ئۈچۈن ئۆي ئىگىسىنىڭ ئەنگلىيە پاسونىدىكى ساياھەت زىلچىسىنى ئۇستىگە چىڭ يـۆگەپ ياتقـان بولسـىمۇ، يەنـىلا كـۆزىگە ئۇيقـۇ كېلىدىغانـدەك ئەمەس ئىـدى. ھىتلېـر، ھېلېنـا خانفسـتايىنگلنى يېنىغـا چاقىرتىـپ، جىـددى قۇتقـۇزۇش خـادىمىنى مېۇنخېنغـا بېرىـپ بېچستېيىننى تېپىـپ كـېلىش ئۈچـۈن ئـەۋەتكەنلىكىنى، ماشىنىسـىنى تېپىـپ ئەكىلەلىسـە ئاۋسـترىيىگە ئۆتـۈپ كېتىـدىغانلىقىنى ئېيتىـدۇ. ھىتلېرنىـڭ مۈرىسـىنى تولـۇق سـاقايتىش ئۈچـۈن كەسىپدىشـى بولغـان داڭلىـق دوختـۇر سـاۋېربرۇخنىڭ ئەسـتايىدىل ئىشـلەيدىغان ياردەمچىسىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن دوختۇر شۇلتزمۇ شەھەرگە قايتىپ كەتكەن ئىدى.

ئەتىسى، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بەكلا ئاستا بىلىنمەكتە ئىدى. بۇنىڭ تەسىرىدە ھەتتا ئايال خىزمەتچىلەرمۇ جىددىيلىشىپ تاماققىمۇ ئولتۇرالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەندىلا 3 ياشقا كىرگەن كىچىك ئېگونلا ئادەتتىكىدەك ئويناپ-كۈلۈپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ يەردىكىلەر بۇ بالىنى تالاغىمۇ چىقارماي ئۆي ئىچىگە سولاپ قويۇشىدۇ. بولمىسا بۇ كىچىك نارسىدە تالاغا چىقىپ خالايىققا، ئادولف تاغام بىزنىڭ ئۆيدە، دەپ ۋارقىراپ يۈرىشى مۇمكىن ئىدى. چۈشكە يېقىن، دوختۇر شۇلتىز داڭلىق كەسىپدىشىنىڭ ياردەمچىسىنى باشلاپ يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ ھىتلېرنىڭ بىلەك-مۈرىلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئەھۋالنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار تېڭىقىنىلا ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. ھىتلېر، شۇلتىزغا تەلىمات بېرىپ، ئۆزى يوق ۋاقىتلاردا تەشكىلات ئىشلىرىغا دىرېكسلېر مەسئۇل بولۇپ تۇرىشىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھېس ۋە لۇدېندورف قاتارلىق كىشىلەرنىمۇ، ئەگەر ئۇلار ساق قالالىغان بولسا بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىپ قويۇشىنى شۇلتىزغا ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇرىدۇ.

دوختۇرلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ھىتلېر ئۆي خوجايىنى خانىمغا، يولدىشىڭىزدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمىدى دەپ قايتا-قايتا تەسەللى بېرىدۇ. ئاندىن ئۇ، سەپداشلىرىنىڭ بېشىغا نېمە ئىشلار كەلگەنلىكىنى ئويلاپ پەقەتلا خاتىرجەم بولالماي قالىدۇ. ئەگەر ئۇ شۇ كۈنى ئاخشىمى راستىنلا ئۇخلىدى دېيىلسىمۇ، ئەتىسى تاڭ سەھەر يېقىندىكى چېركاۋدىن ئاڭلانغان قوڭغۇراق ئاۋازى ئۇنىڭ روھىنى ئويغىتىپ ئۇنى يەنە بىر يېڭى كۈننى قارشى ئېلىشقا مەجبۇرلايتتى. ئۇ كۈنى چىسلاغا 11 بولۇپ، ھەپتىگە يەكشەنبە ئىدى. ھىتلېر چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدىلا ئاندىن ئوتتۇرلۇقتا كۆرۈنىدۇ. قولى بوينىغا تاختاي تېڭىپ ئېسىپ قويۇلغان بولغاچقا، كىيىملىرىنىمۇ كىيەلمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ خانفىستايىنگىلنىڭ قېنىق كۆك رەڭلىك گۈللۈك مونچا يېپىنچىسىغىلا ئورىنىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ مۇمدەك ساغرىپ كەتكەن چىرايىدىن سەل-پەل كۈلكە چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ تۇرقىنى كۆرسىتىپ، مەن ھازىر رەسمىي بىر يالغان رىم دېپوتاتىغىلا ئوخشاپ قالدىم دەپ چاخچاق قىلىدۇ. ئۇ يەنە ھېلىناغا، بىر ۋاقىتلاردا داداممۇ مېنى ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر كىيىمنى كىيىۋالغىنىمنى كۆرۈپ شاڭخو قىلىپ كۈلۈپ كەتكەن ئىدى، دەيدۇ.

چۈشتىن كېيىن، ھىتلېر تېخىچىلا خاتىرجەم بولالماي مېھمانخانا ئۆيىدە ئۇياقتىن بۇياققا تىنماي ماڭاتتى. بىچىستېيىن ماشىنىسىنى تېپىپ كېلەلەرمۇ، دەپ بەكلا پاراكەندە بولۇپ كېتىدۇ. نېمىشكە شۇ چاققىچە كەلمەيدىغاندۇ؟ نەچچە سائەتكە قالماي، ھەتتا شۇ بىر قانچە مىنۇت ئىچىدىلا ساقچىلار ئىزىمنى سۈرۈشتە قىلىپ ئۇففىكىنى تېپىپ كېلىشى

مۇمكىن دەپ ئەنسىرەيتتى. ئاخشىمى گۇگۇم ۋاقتىدا، ئۇ ھېلېنادىن پەنجىرىلەرنىڭ تاقاقلىرىنى چۇشۇرۇپ پەردىنى ئېتىۋېتىشنى ئۆتۈندۇ. ئاندىن، ئۇ ئۆيي ئىچىدە تىنماي ئالدى-كەينىگە مېڭىشقا باشلايدۇ. سائەت بەشتىن ئۆتكەندە تېلېفون جىرىڭلايدۇ. ھېلېنانىڭ قېيىنى ئاپىسى تېلېفون قىلغانىكەن. ئۇمۇ يېقىندىكى بىر داچىدا تۇراتتى. خانفىستايىنگىلنىڭ ئاپىسى تېلېفوندا ئۆيىنى ساقچىلار تىنتىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىۋاتقىنىدا، بىر ساقچى ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن تۇرۇپكىنى ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇزماي، تېلېفوندا ئۆزى ھېلېنا بىلەن گەپلىشىدۇ: مەن ھازىر ئادەملىرىمنى ئېلىپ يېنىڭىزغا بارىمەن.

ھېلېنا تروپكىنى قويۇپ پەلەمپەيلەرنى ئالدىرىماي باسقىنىچە ئۇستى قەۋەتكە چىقىدۇ. ھىتلېرنىڭ ئۇستىدە يەنىلا بايىقى كېلەڭسىز مۇنچا يېپىنچىسى بار ئىدى. ئۇ كارىدوردا تۇرۇپ ياخشى خەۋەر بولىشىنى كۇتۇپ تۇرغان ئىدى. ھېلېنا پىچىرلىغاندەك پەس ئاۋازدا، ساقچىلار ھازىرلا بۇ يەرگە كېلىدىغان بولدى، دەيدۇ. "بىر دەمدىلا ھىتلېر ھۇلۇقۇش ئىچىدە قالىدۇ. ئۇ تىترەپ چىققان ئاۋازدا: 175 'مانا، دېمىدىممۇ، ئەندى ھەممە ئىش تۈگەشتى، داۋاملىق بۇنداق مۆكۈنۇشنىڭ پايدىسى يوق!' دېگىنىچە تارتمىدىن تاپانچىسىنى ئالىدۇ."

"نېمە قىلماقچىسىز؟" ھېلېنا بىرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچىغا ئېسىلىدۇ. ھىتلېرمۇ تاپانچىسىنى چىڭ تۇتىۋالماي قولىنى بوشىتىدۇ. ھېلېنا تاپانچىنى ئېلىۋېلىپ "بىرەر ئوڭۇشسىزلىقتا دۇچ كەلسىڭىزلا ئۇمىدسىزلىنىپ ئۆزىڭىزنى يوقۇتۇپ قويىدىكەنسىز. _ دەيدۇ ئۇنىڭدىن رەنجىپ، _ سىنىڭ كەينىڭىزدىن مېڭىۋاتقان قالغان ئادەملىرىڭىزنى ئويلاڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىزگە ئىشەنچ قىلماقتا. ئەندىلىكتە ئۇلارنى يالغۇز قويسىڭىز، ئۇلار سىزگە بولغان بارلىق ئىشەنچلىرىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. _ دەيدۇ ھېلېنا تەمكىن ھالدا، _ سىز قانداقمۇ ۋەتەن قۇتقۇزىمىز دەپ شۇنچە ئىشىنىپ كەينىڭىزدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان شۇنچە كۆپ كىشىنى ئۇمىتسىزلىك ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ ئۆزىڭىزنى ئېتىۋالالايسىز؟" ھىتلېر ئۇنىڭ بىلەن بىرگە لاسىدە ئولتۇرۇپ قېلىپ، ئايالنىڭ قولىغا بېشىنى قويىدۇ. ھېلېنا چاندۇرماي ئورنىدىن تۇرۇپ قورالنى يۇشۇرۇشقا يەر ئاختۇرۇپ ياندىكى ئۆيگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ خىيالىغا ئۇن ساندۇقى كېلىپ، تاپانچىنى ئۇن ئىچىگە كۆمۈپ دەرھال ھىتلېرنىڭ يېنىغا قايتىپ چىقىدۇ. ھىتلېر ھېلىغىچە بېشىنى چۆكۈرۈپ ئولتۇراتتى.

ھېلېنا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەگەر سىز قاماققا ئېلىنسىڭىز، پارتىيە نېمە ئىشلار بىلەن شوغۇللىنىشى كېرەك دەپ ئويلايسىز؟ مېنىڭچە سىز بۇلارنى يېزىپ چىقىپ يېقىن

سەپداشلىرىڭىزغا تاپشۇرۇپ كېتىشىڭىز كېرەكقۇ دەيمەن؟ سىز بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قانچە ۋاراق قەغەز ئۈستىگە ئىمزايىڭىزنى قويۇڭ يېتەرلىك. قالغان گەپلەرنى مەن سىز ئۈچۈن بىر-بىرلەپ يېزىپ چىقاي. پۈتكەندىن كېيىن مەن ئۇلارنى ئادۋوكاتىڭىزغا تاپشۇراي، سىزنىڭچە قانداق؟ دەيدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەسلەتكىنى ئۈچۈن رەخمەت ئېيتقاندىن كېيىن يولىيورۇقنى ئېيتىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئامانىي سودا تىجارەت كىرىم-چىقىم ئىشلىرىنى شۇنىڭدەك پارتىيە ئىچى مالىيەسىنى چىڭ تۇتىشنى تاپىلايدۇ؛ روزېنبېرگنى "پارتىيە گېزىتىنى ياخشى باشقۇرۇشىنى" تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دېگىنى بۇرۇن دوختۇر شۇلتىز ئارقىلىق يوللىغان يولىيورۇقنىڭ دەل ئەكسىچە بىر يولىيورۇق ئىدى. ئۇ چاغدا "بۇ ھەرىكەتكە سەن رەھبەرلىك قىلىسەن" دېمىگەن ئىدى. خانفىستاينىگلنى چەتئەللىدىكى مۇناسىۋەتلىرىدىن پايدىلىنىپ «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتى بىلەن ياخشى ھەمكارلىشىشنى تاپىلايدۇ. ھېس بىلەن باشقا رەھبەرلەرنى سىياسىي پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تاپىلايدۇ. ھىتلېر بۇ يولىيورۇقلارغا قول قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىنا بۇ ھۆججەتلەرنى ئۇن ساندۇقى ئىچىگە سۇقۇپ قويىدۇ.

سەل ئۆتكەندىن كېيىن سىرتتا ماشىنا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇزۇك-ئۇزۇك ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىنىدۇ. كىشىنى ھەيران قالدۇرۇپ ساقچى ئىتىنىڭ قاۋىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىدۇ. يەنە ئازراق ۋاقىت ئۆتۈپ ئىشىكنىڭ ئۇرۇلغان ئاۋازى كېلىشكە باشلايدۇ. تونۇشتۇرىدۇ. ئاندىن كەچۈرۈم سورىغاچ 'ئۆيىڭىزنى ئاختۇرۇش مۇمكىنمۇ؟' دەپ سورايدۇ.

ھېلىنا ساقچى ئەمەلدارىنى باشلاپ ئۈستى قەۋەتكە چىقىپ مېھمانخانا ئىشىكىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. ھىتلېرنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاش كىيىمى بىلەن مونچا يېپىنچىسى، مىدىرمۇ قىلماي تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت ھىتلېرنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى، ساقچى ئەمەلدارلىرىنى چۈچىتىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچ قايسى ھىتلېرغا يېقىنلىشىشقا پېتىنالمايدۇ. ھېلىنا ئۇلارنى ئۆيگە كىرىڭلار دېگىنىدىن كېيىنلا ساقچىلار ئۆيگە كىرىدۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرىشى بىلەن ھىتلېر پۈتۈنلەي ئېغىر بېسىق ھالىغا كېلىپلا قالماي، "يەنە قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە ھۆكۈمەت بىلەن ئەمەلدارلارنى قارغاشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۈزۈلمەي سۆز يېغىپ، چىرايىمۇ ئىنتايىن سۇرلۇك ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى." تېخى بايامىلا ئىشىك ئېچىلغاندا ياش بىر ساقچى لېيتناتى بىلەن يەنە ئىككى ساقى ئەمەلدارى كىرىپ كېلىدۇ. لېيتنانت ئەدەپ بىلەن ئۆزىنى قەددىنى روسلىيالماي تۇرغان ھىتلېر، ئەندىلىكتە پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىپ بولغان ئىدى. ئۇ تۈيۈقسىزلا گېپىنى توختىتىپ، لېيتناتقا: ۋاقىتنى زايا قىلماي ۋەزىپەڭلارنى بەجا كەلتۈرۈڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇ لېيتنات بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يولغا چىقىشقا

تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ.

ئـۇ كۈنىسـى ھـاۋا بەكـلا سـوغۇق ئـىدى. ئەمـما ھىتلېرنـىڭ پەلتوسـىمۇ يـوق. ئـۇ خانفىستايىنگىلنىڭ پەلتوسىنى كىيىپ ئاندىن يولغا چىقىش دېگەن مەسلىھەتكە كۆنمەي، بايىقى كۆك رەڭلىك مونچا يېپىنچىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ھەربى پەلتوسىنى ئارتىپلا كىيىۋالغان ئىدى. لېتنانت ئۇنىڭغا ھەربى پەلتوسىغا قارا كرىست مېدالىنى تاقىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. ئۇلار بىرلىكتە پەلەمپەيدىن ئاستى قەۋەتكە چۈشىۋاتقىنىدا، ئېگون ئەكىلەپ يۈگۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. "سىلەر دۈشمەنمىدىڭلار، ئادولف تاغامنى تۇتۇپ نېمە قىلماقچىسىلەر؟" دەپ ۋارقىرايدۇ.176 ھىتلېر بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، بالىنىڭ يۈزىنى سىلاپ قويۇپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ھېلېنا ۋە ئۆي خىزمەتچىسى بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ خوشلىشىدۇ. ئاندىن ئىشىك چىقىپ كېتىدۇ. ھېلېنا دېرىزە تۈۋىگە كەلگەندە ساقچى ماشىنىسىنىڭ رايون مەركىزى بولغان ۋېيلھېيىم تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئـۇ ھىتلېرغا ئاخىرقى قېتىم بىر قارىۋالىدۇ: ھىتلېرنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى.

ھىتلېر ئاخشىمى سائەت ئونغا چارەك قالغاندا ۋېيلھېيىمغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇ يەردە ئۇنى رايونلۇق ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىپ رەسمى سوراق قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مىيونخىنىنىڭ غەربىگە 40 چاقىرىم كېلىدىغان لاندسبېرگ تۈرمىسىگە قاماش ئۈچۈن ئالدىراش ئېلىپ مېڭىدۇ. بۇ چاغدا چىلەكتىن قۇيۇلغاندەك قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان، قاتتىق بورانلىق بىر ۋاقىت ئىدى. قاتتىق يامغۇرلۇق بوراندا ھەتتا ئاپتوموبىلمۇ لەپەڭشىگىنىچە كېتىۋاتاتتى. يول بويى ئەگرى-بۈگرى يوللاردا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ھىتلېرنىڭ روھى چۈشكۈن، چىرايى تۇتۇلغان غەم ئىچىدە ئىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ لۇدېندورفنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى سورىغاندىن باشقا (ئۇ ۋاقىتلاردا لۇدېندورف قويۇپ بېرىلگەن ئىدى. ئۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە مەن بىر سىرتتا كۆزىتىپ تۇرغانلا بىرسى ئىدىم، دەپ كاپالەت بېرىدۇ)، يول بويى ئۈن چىقارماي ئولتۇرىدۇ.

لاندسبېرگ تۈرمىسىدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ كېلىپ ھىتلېرنى قۇتقۇزۇپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۈرمە باشلىقى پۈتۈن ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى ئېلىپ بولغان ئىدى. شۇڭلاقتىمۇ ھىتلېرنى ھەممە تەرىپى سىم تور ۋە تۆمۈر رىشاتكىلار بىلەن ئورالغان تۈرمىگە ئېلىپ كىرگەن ۋاقىتىدا پوستا تۇرىدىغان ئەسكەرلەر تېخى كەلمىگەن ئىدى. ئۇنى قەلئە رايونىدىكى 7-نومۇرلۇق كامېرغا سولايدۇ. بۇ كامېر، ئىچىدە مېھمان كۈتۈش بۆلۈمى بولغان بىردىن-بىر كامېر بولۇپ، بۇ "مېھمان كۈتۈۋېلىش بۆلۈمى" گە پەقەت بىرلا پوست قويۇشقا بولغىدەك تار بىر يەر ئىدى. بۇ كامېرنىڭ ئالدىنقى خېرىدارى ئېيسنېرغا

سۈيىقەست قىلغان قاتىل كونت ئاركو ۋاللىي ئىدى. ئۇنى تېخى يېقىندىلا باشقا بىر كامىرغا يۆتكەشكەن ئىدى.

ھىتلېرغا قارايدىغان گۈندىپاي فرانز ھېمرىخ، دائىم دېگىدەك ھىتلېرغا پەلتوسىنى سېلىشقا ياردەملىشىپ تۇرىدۇ. "ئۇ يىمەي-ئىچمەي كارىۋاتتىن چۈشمەي يېتىۋالىدى. مەن ئۇنىڭ ئىشىكنى زىنجىرلەپ بولغۇنۇمدىن كېيىن مېنى سىرتقا چىقىرىۋېتىشتى." ھىتلېر كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغىنىدا شىمالى گېرمانىيىدىكى يالغۇز كىشىلىك تار كارىۋاتتا ھەر تۈرلۈك خىيالى كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆزى ئېچىلىپ كەتكەن كۆڭلەرگىچە ياتقان ئىدى. ئەمما جەنۇبىي گېرمانىيىدىكى بۇ يەردە بولسا، ئۇنىڭغا تۆت تامدىن باشقا ھەمرا يوق ئىدى. شىمالى گېرمانىيىدىن باشلاپ جەنۇبىي گېرمانىيىگە كەلگىچە ئۇ گېرمانىيىنى پۈتۈن بىر ئايلىنىپ چىقىپ، ھەرىكەتنى قايتا باشتىن باشلاش نوقتىسىغا قايتىپ كەلگەن ئىدى.

يېقىندىلا «ئۈچىنچى ئىمپېرىيە» دېگەن كىتاۋنى ئېلان قىلغان يازغۇچى ئارتۇر مۆللېر ۋان دېن بروۈك قوزغىلاڭ خەۋىرىنى ئالغىنىدىن كېيىن "ھىتلېرنىڭ يامان گېپىنى قىلىشقا توغرا كەلسە يەتكىچە گەپ تاپقىلى بولىدۇ. ئەمما كىشىلەر ئۇنىداق قارىمايتتى. خەلق ئۇنى گېرمانىيە ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن كۈرەش قىلغان ئادەم دەپ قارىشىدۇ. ... ھىتلېرنى ۋەيران قىلىۋەتكىنى، ئۇنىڭدا بار بولغان پرولېتارىياتقا خاس ئەسلى قىياپەت ئىدى. ئۇ قانداق قىلغاندا مىللەتچى سوتسىئالىزم ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس تىكلەپ چىققىلى بولىدىغانلىقنى بىلەلمىگەن ئىدى. ئۇنى ئەسەبىيلىكنىڭ سىمووۇلى دېسەك قىلچە ئاشۇرىۋەتكەن ھېسابلانمايمىز" دەيدۇ.

بۇ كۆڭلەردە كىشىلەر ھىتلېر ھەققىدە گەپ قىلىشقانلىرىدا ئۆتكەن زامان پېيلى بىلەن سۆزلىشىدىغانغا ئۆزگەرگەن ئىدى. كىشىلەر شۇندىن باشلاپ ھىتلېرنى گېرمانىيىنىڭ بىر تۈرلۈك سىياسىي كۈچى دەپ قارىماس ھالغا كەلگەن ئىدى. ئەندى كىشىلەر ئۇنى پۈتۈن ئۆشقىنى ئېتىپ بولغان، پاك-پاكىز ئۇتتۇرىۋەتكەن بىر قىمارۋاز ھېساپلىشاتتى. "ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى رەسمى ئاچا يول ئاغزىغا كېلىپ قالدى. _ دەپ يازىدۇ مۆللېر، _ يەر شارىدا، بىزنىڭ ھېچ بىر ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولماي كەلدى. تۈنۈگۈنمۇ ئوڭۇشلۇق ئەمەس ئىدى، بۈگۈنمۇ ئوڭۇشلۇق بولمىدى. بىز ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ بىر ئەۋلات جەريانىدا ھېچ بىر ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولغان ئەمەس. ... بىزنىڭ ھەر بىر پىلانىمىز باشلانغان كۈنىدىن تارتىپلا ناتوغرا بولۇپ ئوتتۇرغا چىقىپ كەلدى. ... پۈتۈن قىلغانلىرىمىز باشتىنلا گويا خاتا قىلىنغاندەك ئىدى. بىز بۇ خاتانى تۈزىتىشكە ئۇرۇنۇپ باقتۇق، ئەمما تۈزىتىمەن دەپ ھەممىنى ۋەيران قىلىپ كەلدۇق. ... بىزنىڭ بۇ

ئىمپېرىيىمىزدە قانداقتۇ بىر گۇناھ تەغدىرى بىزگە ھەمرا بولۇپ يۈرسە كېرەك.“

شۇنداقتىمۇ، مىيۇنخېندا ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بىر بۇيرۇق بارلىق ناتسىستلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە ئىدى: ”مىللى ئىنقىلابىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچى تاماملاندى. بۇ باسقۇچتا پىلان بويىچە گېرمانىيە ھاۋاسى تازىلاندى. بىز قەدىرلىك فۇھرېرىمىز ئادولف ھىتلېرنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن ۋەتەن ساتقۇچلارنىڭ قارشى تۇرغان، ‎177 مىيۇنخېندا سەپداشلىرىمىزدىن بەرپا قىلىنغان پولات قورغان، ۋەتەن سۆيەر تەشكىلاتىمىز بولغان 'پېدائىيلار باتالىئونى'، يولىمىز ھەر قانچە مۇشەققەتلىك بولىشىدىن قەتئىي نەزەر بىر بولۇپ ئۇيۇشتۇق. شۇنداق قىلىپ مىللى ئىنقىلابىمىزنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى باشلاندى.“

ھىتلېر ياش ۋاقىتلىرىدا ئىككى قېتىملىق ئېغىر زەربىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى ۋيېننا گۈزەل سەنئەت ئىنىستىتۇتى ئۇنى مەكتەپكە قوبۇل قىلمىغانلىقى ئىدى. يەنە بىرسى بولسا ئاپىسىدىن ئايرىلىپ قىلىشى ئىدى. كېيىن، ئۇ يەنە ئىككى قېتىملىق ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ: بىرىنچىسى زەھەرلىك گاز بومبىسى زەربىسى بىلەن قارغۇ بولۇپ يېتىپ قالغىنىدا گېرمانىيىنىڭ تەسلىم بولىشى ئىدى. يەنە بىرسى بولسا قوماندانلىق بىناسى ئالدىدا دۇچ كەلگەن بۇ ئاپەت ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى زەربىگە ئۇچرىغىنىدىن كېيىن، پەۋقۇلئاددە ئىرادىلىك بىرسىلا بۇنداق ئېغىر زەربە يېگىنىدىن كېيىن قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، سادىر قىلغان خاتالىقلىرىدىن تەجرىبە ساۋاق يەكۈنلەپ، تەۋرەنمەس غايىسى يولىدا قايتىدىن ئالغا ئىلگىرلىيەلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ بىر قانچە ئاي جەريانىدا، دۇمباقچى بولۇپ رول ئېلىپ كېلىۋاتقان ھىتلېر، پۈتۈنلەي ئۆزگىرىش ياساپ، فۇھرېر بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ھىتلېرغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ.‎177

# ئۈچىنچى بۆلۈم

# شىلىتپىنلۇت

# 7.لاندسبېرگ تۈرمىسىدە181

# 1924~1923

1

ھىتلېر قولغا ئېلىنغان كۈنىسى سەھەردە، ھېلېنا خانفىستايىنگىل ئامېرىكىلىق مۇخبىر خۇبېرت كىنكېربوكېرنىڭ تېلېفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلدۇ. كىنكېربوكېر، ھېلېنادىن ئايالىم دوروتىي تومپسون بىلەن بىرلىكتە ئۇففىڭغا بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلىشقا بولۇش-بولماسلىقنى سورايدۇ. ھېلېنا نائىلاج ئۇنىڭ زىيارەت تەلىپىگە ماقۇل دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھېلېنا قېينى ئاپىسىغا تېلېفون قىلىپ بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرىدۇ. قېينى ئاپىسىنىڭ دادىسى تەرەپ ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىنىڭ گېنېراللىرىدىن ئىدى.

قېيناپىسى ئەزەلدىن تارتىپلا ھەر تۈرلۈك ھاياجانلىق ئىشلارغا قىزىقىدىغان بىر ئايال ئىدى. شۇڭا بۇ قېتىمقى زىيارەت ئىشىغا قاتنىشىۋېلىشنى ئۆزىنىڭ بارلىقنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تېپىلماس بىر پۇرستى دەپ بىلگەچكە، بۇ پۇرسەتنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى. ... شۇنداق قىلىپ، بۇ ئانا ئىنتايىن خوشال بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ مۇخبىردىن ھەر تۈرلۈك سوئاللارنى سورايتتى؛ ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنىمۇ سۆزلەپ كېتىدۇ. "مەن بىر ئىبغىزمۇ گەپ قىلماي جىم ئولتۇرىۋالغىنىم ئۈچۈن، دوروتىي تومپسون مېنى 'ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان تېپىك نېمىس ئائىلە ئايالى بولسا كېرەك' دەپ خاتا چۈشىنىپ قاپتۇ." بۇ مۇخبىرنىڭ بۇنداق ئويغا كەلگەنلىكىنى ئۇزۇنغا قالماي ئېلان قىلغان بىر قېتىملىق ماقالىسىدىن ھېس قىلىش مۇمكىن (ھېلېنا خانفىستايىنگىلنىڭ سالاپەتلىك كۆرۈنىشى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قەينى ئاپىسى بىلەن كىچىك قىزىنىڭ تىنماي ۋىتىلداپ چىقىشى بۇ تارىخشۇناستا خاتا تەسىرات پەيدا قىلىپ قويغان ئىدى _ ئا.ھ.ئى). ئۇلار ماقالىسىدا، ھىتلېر ئۇففىڭدا تۇرغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا خانفىستايىنگىلنىڭ ئاپىسى بىلەن ھېلېنانىڭ سىڭلىسى قارىغان دەپ يازغان.

ئۇلار بۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن، خانفىستايىنگىلنىڭ داچىسىغا قايتىپ كېلىدۇ. ھېلېنا،

كىنكىربوكېرنىڭ ئۆي ئىچىنى رەسىمگە تارتىۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ ھېتلېرنىڭ تاپانچىسى بىلەن ھۆججەتلىرىنى تىقىپ قويغان يېرىدىن ئېلىپ چامادانغا سېلىۋالدۇ. ئاندىن كىنكىربوكېر بىلەن بىرگە مېۈنخېنغا قايتىدۇ. ئۇ يەردە ھېتلېرنىڭ ئادۋوكاتى بىلەن كۆرۈشىدۇ. "بۇلار ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ھۆججەتلىرى. _ دەيدۇ ھېلېنا ئادۋوكاتقا، _ سىز بۇلارنى يەتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىنكى ۋەزىيەتكە قاراپ بىر نېمە قىلارمىز."

لاندسبېرگ دېگەن بۇ كىچىك يەرنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى 5 يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ئۆزگەرمەي ئۆز پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ جاي لېخ دەريا ۋادىسى ئۈستىگە قىستىلىپ قالغان بىر يەر بولۇپ، ئىككى تەرىپى قۇيۇق ئورمانلىق ۋە تىك قىيالىق تاغلار بىلەن قورشالغان ئىدى.182 ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن بېرى بۇ جاي ئىزچىل تۈردە سۇئابىيىلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغدىنىدىغان قورغانلىق رولىنى ئويناپ كەلگەن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ جايدا نۇرغۇنلىغان قېدىمى شەھەر قورغانلىرى بىلەن تاغ ئۈستى قەلئەلەر ساقلىنىپ قالغان. مېۈنخېندىن بۇ تۈرمىگە بارماقچى بولغانلار چوقۇم لېيچ دەرياسىدىكى ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتىشى شەرت ئىدى. لېيچ دەرياسى، ئەسلىدە كىچىك بىر ئۆستەڭدىنلا ئىبارەت ئىدى. لاندسبېرگ تۈرمىسى ئەنە شۇ دەريانىڭ قىرغىقىدىكى قىيالىق تاغ ئۈستىگە سېلىنغان بىر قەلئە ئىدى. بۇ تۈرمە نۇرغۇنلىغان كۇلرەڭ قۇرۇلۇشلاردىن تەشكىل تاپقان بىر تۈرمە بولۇپ، تۆت ئەتراپى قېلىن ھەم ئېگىز تاش قورغانلار بىلەن ئورالغان. بۇ جاي ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بىر يەر بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ئادەتتىكى جىنايەتچىلەرنى قاماش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر قىسمى سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قاماشقا ئىشلىتىلەتتى.

سىياسىي جىنايەتچىلەر رايونىدا، 7-نومۇرلۇق كامېردىكى جىنايەتچى، يەنى ھېتلېر تاماق يېگىلى ئۇنىماي ئاچ يېتىۋالدۇ. كامېر ئىچىدە ھېتلېر تۆگۈلۈپ ياتقىنىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. ئۇ، ھەرگىزمۇ كامېرنىڭ تارلىقى ياكى بىئارام بولغىنىدىن بۇنداق يېتىۋالغان ئەمەس ئىدى. ھېتلېرنىڭ مانېرخېيمدا تۇرۇۋاتقىنىدا ياتقان بۆلۈمى بۇ كامېرنىڭ يېرىمچىلىكمۇ كەلمەيتتى. ھەتتا تېرشتراس كوچىسىدىكى ئۆيىمۇ بۇ كامېردىن قاراڭغۇ ئىدى. كامېردىكى ئاق سىرلىق سىم كارىۋات سەل تارراق بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ يالغۇزلۇقنى خالايدىغان مىجەزى ئۈچۈن ئالغاندىمۇ يەنىلا كۆپ راھەت ئورۇن دېيىشكە بولاتتى؛ ئىككى قاتلىق تۆمۈر رېشاتكىلىق پەنجىرىنى ئالىدىغان بولساقمۇ، ئۆيگە يېتەرلىك كۈن نۇرى چۈشۈپلا قالماي، پەنجىرىدىن كۆرۈنىدىغان ئورمانلىق ۋە چاتقاللىقلار مەنزىرىسىمۇ مېۈنخېندىكى ئۆيى ئالدىدىكى مەنزىرىدىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى ئىدى.

ھىتلېرنىڭ سول بىلىكى قاتتىق ئاغرىپ ئۇنى پەقەتلا ئۇخلاتمايدۇ. تۇرمە دوختۇرى برىنستېيىنېر "ئۇنىڭ سول قولى مۆرىسىدىن چىقىپ كەتكەن، يوقۇرى بىلەك سۆڭىكىگە دەز كەتكەن بولۇپ، بۇ ئەھۋال نېرۋا تومۇرلىرىنى زىدىلەپ ئاغرىق پەيدا قىلغان" دەپ دىئاگنوز قويىدۇ. ئۇنىڭ يارىسىنى داۋالاشنى توختىمىغان بولسىمۇ، دوكتور برىنستېيىنېرنىڭ قارىشىچە ھىتلېر "ئۆمۈر بويى سول بىلىكىنىڭ پىيى تارتىشىپ سىقىراپ ئاغرىشتىن قۇتۇلالماسلىقى مۇمكىن" ئىكەن.

شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ روھى پەسكويغا چۈشۈپ قېلىشىغا بىلىكىنىڭ ئاغرىقىلا سەۋەپچى بولۇپ قالغان ئەمەس، ھەتتا بېرلىنغا يۈرۈش قىلىش ئىشىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋەت بىلەن نەتىجىلىنىشىنى پەرق قىلغانلىقىمۇ ئۇنىڭ روھىي چۈشكۈنلۈكىگە سەۋەب بولغان بىردىن-بىر سەۋەب ئەمەس ئىدى. ئۇنى قىيناۋاتقان باشقا ئىشلارمۇ بار ئىدى، ئۇ، خائىنلارنىڭ خيانەت قىلىشىغا، يەنى ئۈچ كاتتىۋاشنىڭ خيانىتىگە، قورۇغلۇق ئارمىيىسىنىڭ، ھەتتا تەغدىرىنىڭمۇ ئۇڭغا خيانەت قىلغانلىقىنى ئويلاپ ئازاپلانماقتا ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە قوماندانلىق بىناسى ئالدىدىكى تارمار قىلىنىشىنىڭ گېزىتلاردا "چاكىنا پىۋىخانا ئىنقىلابى"، "باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قىياپىتىدە ئورۇش ئويۇنى ئوينىشى" دەپ مازاق قىلىنىپ ھۇجۇم قىلىنىشىمۇ ئۇنىڭغا بەكلا ئېغىر كەلگەن ئىدى. چەتئەل مۇخبىرلىرى ئۇنى "لۇدېندورفنىڭ غەلۋىچى ئۇششاق ئادىيوتانتى"، خاندانلىق سىياسىي ئۆزگۈرۈشىنىڭ قولچۇمىقى دەپ تەسۋىرلىنىشىمۇ ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەن ئىدى. «نيۇيورك ۋاقتى» گېزىتىنىڭ باش سەھىپىسىدە يەنە ئۇنىڭ سىياسىي ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋىرى بېرىلگەن بولۇپ، "ميۇنخېن قوزغىلىڭى ھىتلېر بىلەن ئۇنىڭ مىللىي سوتسىيالىزمىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى" دەپ يازىدۇ. ئاچلىققا، جىسمانى ئازاپلىنىشلارغا بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن بولغىنى بىلەن، مازاق قىلىنىشلار ئەزەلدىن تارتىپ ھىتلېرنىڭ قاتتىق جېنىغا تېگىدىغان ئىشلار ئىدى.

ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى تۇرمىگە يوقلاپ كەلگەنلەرنى قاتتىق چۆچىتىۋېتىدۇ: ھىتلېر، ئورۇغلاپ ياغاچتەكلا بولۇپ قالغان بولماي، يەنە ساغرىپ ھالىدىن كېتىپ قالغان بولۇپ، كۆرگەنلەر ئۇنى تونيالمىغىدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. "مەن ئۇنىڭ تۆمۈر پەنجىرە ئالدىدا خۇددى قېتىپ قالغاندەك قىمىرمۇ قىلماي ئولتۇرۇپ كېتىشىنى كۆرۈپ بەكلا قورققان ئىدىم" دەيدۇ ئانتون درېكسلېر كېيىنكى بىر ئەسلىمىسىدە. ئىككى ھەپتىدىن بۇيان، ھىتلېر بىر قوشۇقمۇ بىر نەرسە يېمىگەن ئىدى. تۇرمە دوختۇرى درېكسلېرغا، ئەگەر مۇشۇ بويىچە ئاچلىق ئېلان قىلىشنى داۋام قىلىۋەرگىنىدە پات يېقىندا ھاياتىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇڭا سابىق باش سېكرتار، بۇرۇن

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان بۇ تەركىدۇنيانە ئادەمنى قۇتقۇزۇپ قېلىش خىيالىدا قايتىدىن 7-نومۇرلۇق كامىرغا كىرىپ ”شارائىت ھەرقانچە ناچار بولسىمۇ بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت بىلەنلا ئۈمىدىڭنى ئۈزۈپ ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە ھەققىڭ يوق؛ پۈتۈن پارتىيە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن يەنىلا ساڭا قاراشلىق، دەپ شۇنچە گەپ قىلغان بولساممۇ، بۇ گەپلىرىم ئۇنىڭ قۇلىقىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. ئۇ پۈتۈنلەي ئۈمىتسىز بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا مەنمۇ ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىغان ئىدىم. مەن ئۇنىڭغا، ئەگەر سېنىڭ بىلەن بىرگە ئالغا ئىلگىرلەشكە ئۇنىمساڭ، ئۇ چاغدا بىز ھەممىمىز بىرلىكتە ئۆلگىنىمىز ياخشى دېدىم.“ شۇ قېتىم دېرىكسلېر نەق بىر سائەت 45 مىنۇت سۆزلەيدۇ. ئاخىرى ئۇ، ”مەن چوقۇم ئۇنى قايىل قىلالىدىم“ دەپ ئويلاپ تۈرمىدىن ئايرىلغان ئىدى.183

بەلكىم، ھىتلېرنىڭ كونا خۇيى تۇتقان بولىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى بىر قانچە كىشى، مەن ھىتلېرنى بۇ ئاچ يېتىۋېلىشتىن قۇتقۇزۇپ قالالىدىم دېيىشمەكتە ئىدى. بۇنداق دېگۈچىلەردىن بىرسى چېخوسلوۋاكىيە ”مىللىي سوتسىيالىزم ئىشچىلار پارتىيىسى“ نىڭ قۇرغۇچىسى بولغان ھانس كنىرش ئىدى. ئۇ ھىتلېرنى يوقلاپ بارغىنىدا، ئۇرۇغلاپ قۇرۇق ئۇستىخان ھالغا كېلىپ قالغان، روھى ھالىتى ناچارلىشىپ كەتكەن ھىتلېر ئۇنى كۆرۈپ سالام بەرگەنمىش؛ كنىرشمۇ، شۇنچە كۆپ ھىمايىچى توپلىغان بۇنچە چوڭ بىر بىر ئىشنى تاشلاپ يېتىۋېلىشنى تەنقىت قىلغانمىش؛ ئۇ ھىتلېرغا، ئەگەر سەن بولمىساڭ بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىپ، پارتىيىمۇ پارچىلىنىپ تۇزۇپ كېتىشى مۇمكىن، دەپ ئېيتقانمىش؛ دەسلىۋىدە ھىتلېر تىنماي باش چايقاپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇ كنىرشتىن ”بۇندىن كېيىن مېنىڭدەك پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بىرسىنىڭ كەينىدىن يەنە كىم ئەگىشىپ ماڭار؟“ دەپ غەم قىلغانلىقىنى ئېيتقانمىش؛ كنىرش ئۇنىڭغا، ئەسلىدە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغىۋەتتى دېيەلەيمىز، شۇڭا سەن ئۆزەڭ ئىشەنچەڭنى يوقۇتۇپ قويماسلىقىڭ كېرەك؛ ئەسلىدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇلۇغ داھىلار مەغلۇبىيەتلەردىن ساۋاق ئېلىپ غەلىبە قىلىپ كەلگەن، دەپ جاۋاب بەرگەنمىش؛ كنىرش، ھىتلېر بۇ دېگەنلىرىمگە قايىل بولغان ئىدى؛ شۇندىن كېيىن تۈرمە دوختۇرىنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەخسە تاماق يېدى؛ تاماق ئۇنىڭغا شۇنداق تېتىپ كەتكەن ئىدىكى، بەكلا مەززە قىلىپ يەيدۇ، ”شۇندىن كېيىن ئۇ، مەن بۇندىن كېيىن كنىرشنىڭ دېگەنلىرىنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقارمايمەن“ دېگەنمىش.

بۇ گەپلەرگە قاراپ ھىتلېرنى قۇتقازغان كىشى كنىرش بولىشى، ياكى دېرىكسلېر

بولىشى (لۈدېكنىڭ دېيىشىچە)، ۋە ياكى بېچستىيىن خانىم بولىشىمۇ مۇمكىن. ھەتتا ھېلېنا خانفىستايىنگىلنى ھىتلېرنىڭ ئۇچىشلىپ قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئالغان بىرسى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ھېلېنا ھىتلېرغا خەت يېزىپ، مەن ئۇففىڭدا ھەرگىزمۇ لاندسبېرگ تۈرمىسىدە ئۆزىنى ئاچ قالدۇرۇپ ئۆلتۇرۇۋالسۇن دەپ ئۆزەڭنى ئېتىۋېلىشىڭغا توسقۇن بولغان ئەمەسمەن؛ سېنىڭ بۇنداق ئۆرۈنۈشۈڭ دۈشمەنلىرىڭنىڭ كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىشىڭ ھېسابلىنىدۇ، دېگەن. "بۇ خەت ئۇنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولغان، _ دەيدۇ ئاۋسترىيىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن خانفىستايىنگىل، _ ھىتلېر ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرى، تۈرلۈك ۋە پىكىرلىرىدىن تارتىپ ھەممە ئىشىغا قاتتىق چوقۇناتتى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇففىڭدا ئوتتۇرىغا چىقىشى، چوقۇم ھېلېنانىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى قايسى بىر باستۇرۇلغان ھەۋەسنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشىغا ياردەمچى بولغان بولىشى، ھېلېنامۇ ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى باستۇرۇلغان قەلبىنىڭ ئارزۇلىرىغا زىچ ماسلىشىپ بەرگەن بولىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، ئۇنىڭ تەشكىللىگەن قوزغىلىڭىنىڭ باستۇرۇۋېتىلىشىدىن كېيىن، ئۇففىڭدىكى ئۇ داچا قانۇن كۈچىدىن قېچىپ يوشۇرۇنۇش ھۇزۇرىنىڭ تەمىنى تېتىتقان بولىشىمۇ مۇمكىن." ھېلېنا يازغان بۇ سۆزلەر شۈبھىسىزكى، ھىتلېردا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان بولىشى ئېنىق. شۇنىڭدەك يەنە ھىتلېر ئۈچۈن نۇرغۇن ياردەملەردە بولۇپ كەلگەن بېخستېيىن خانىمنىڭ تۈرمىگە كېلىپ ئۇنى زىيارەت قىلىشىنىڭ رولىنىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، بەكلا ئاددى ئويلايدىغان دىرېكسىلېرنىڭ ئاددى تىللار بىلەن سۆزلىگەن سۆزلىرى ھىتلېرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھى ھالىتىگە قاتتىق تەسىر قىلغان بولىشى مۇمكىن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كىنىرشىمۇ ئۇنى قايىل قىلالىغان بولىشى كېرەك. ھىتلېرنىڭ ھەپتىلەپ ئاچ ئولتۇرۇۋالغانلىقى راست ئىش بولسىمۇ، ھىتلېرنى تاماق يېيىشكە ماقۇل كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ھېچ نېمە يېمەي ئاچ ئولتۇرۇۋېلىشىنى ھەرگىزمۇ ئۆلۈۋېلىشىنى مەقسەت قىلغان دېيىشكە بولمايتتى.

شۇنداق قىلىپ ھىتلېر تاماق يېيىشكە ماقۇل بولدۇ-يۇ، سوتتا سوراققا تارتىلىشقا ئۇنىماي تۇرىۋالدۇ. دەسلىۋىدە ئۇ سوتلىنىشقا ماقۇل كەلگەن بولسىمۇ، سوراق قىلغۇچى ئالدىغا كېلىشى بىلەن تەڭ مىتمۇ قىلماي جىم بولىۋالدۇ. ئامالسىز قالغان باش پىركراتور، ياردەمچىسى خانس ئېخاردىنى لاندسبېرگ تۈرمىسىگە ئەۋەتىپ "ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر نېمىلەر ئۇندۇرۇشكە تىرىشقىن" دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئەمما ئۇمۇ بۇرۇنقى سوراقچىلارغا ئوخشاش ھىتلېرنىڭ ئاغزىدىن ھېچ نېمە چىقىرالمايدۇ. كېيىن، ئۇ ھىتلېر بىلەن ئۇدۇلمۇ-

ئۇدۇل ئولتۇرۇپ ”خۇددى بىرگە بالىستا ياتقان كىسەللەردەك دوستانە قىياپەتتە سەبىرچانلىق بىلەن سۆزلەشكە كىرىشكەن.“ شۇنىڭغا قارىماي ھىتلىر چىرايىنى تۈرگىنىچە بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلماي ”خۇددى يۇۋاش بىر قويىغا ئوخشاش ئۇنىڭغا پەرۋاسىزلارچە قاراپ ئولتۇرىۋالغان.“ بىر ۋاقىتتا، ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۇستەل ئۇستىگە دۈۋىلەنگەن ھۆججەت خالتىلىرىنى كۆرسىتىپ غەزەپ بىلەن ”ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە تەۋە بۇ تۈردىكى دوكلادلارنىڭ ھېچ قايسى مېنىڭ كەلگۈسىدە قانات يايدۇرماقچى بولغان سىياسىي پائالىيەتلىرىمگە توسالغۇ بولالمايدۇ!“ دەپ گۈكىرەپ كەتكەن.

”شۇنداق بولسۇن. _ دەيدۇ ئىخارد بىردەم سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىغىز ئېچىپ، _ قارىغاندا ھىتلىر ئەپەندى، سىز سوراق خاتىرلىگۈچىسىنى يامان كۆرىدىغان بولسىڭىز كېرەك؟“ دېگىنىچە تۇرمە دائىرىلىرى تېپىپ كەلگەن سوراق خاتىرلىگۈچىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىدۇ. شۇنىڭدەك كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئۇستەلدىكى ئارخىپ خالتىلىرىنىمۇ يىغىشتۇرۇپ چىقارتقۇزىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كامىردا ئۇلار ئىككىسىلا قالىدۇ. بۇ چاغدا ئىخارد ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، مەن بۇ يەرگە ۋەزىپەمنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەن بىرىمەن،184 جانابى ھىتلىر ئەپەندىنىڭ بۇ ھەقتە بىر مەن بىلەن مۇھاكىمە قىلىشقىدەك ھېچ بىر نەرسىسى يوقمىدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئىخاردنىڭ بۇ تۇر ھۆكۈمەت تەرەپ ئادىمى قىياپىتىدىن ۋاز كېچىپ مۇئامىلە قىلىشى ھىتلېرنى ئۆز ھالىغا كەلتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىچىگە يىغىلىپ قالغان پۈتۈن قۇرساق كۆپۈكلىرىنى سۆزلەپ بوشىتىشقا باشلايدۇ. ئۇ، قوزغىلاڭ پىلانىنىڭ قانداق تۈزۈلگەنلىكىنى، قانداق ئىجرا قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ۋە قايسى نەتىجىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا قالماي، يەنە نېمە ئۈچۈن بۇنچە كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. ئۇ سۆز قىلىۋاتقاندا چىرايى تۆمۈردەك كۆكىرىپ كېتەتتى، ئاۋازىمۇ جاراڭلاپ تۇراتتى. ئىخارد ئۇنىڭ مەيداندا نۇرغۇن كىشىلەرگە قاراپ سۆز قىلىۋاتقاندەك سۆزلەپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلىدۇ. بۇ ياردەمچى سوراقچى بەزىدە سوئال سوراپمۇ قوياتتى. ئەگەر سورالغان سوئال ئۇنى بىئارام قىلغىدەك بولسا جىم تۇرىۋېلىپ جاۋاب بەرمەي ئۆتكۈزىۋېتەتتى. ئەمما كەينىدىنلا يەنە باشقا بىر قۇرساق كۆپۈكىنى تۆكۈشكە باشلايدۇ. ئىخارد مىيۇنخېنغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن باشلىقىغا ھەمدە گېئورگ نېيتخاردت (بۇ كىشى كېيىن ھىتلېرنى سوتلاشقا مەسئۇل باش سودىيە بولىدۇ) قا بۇ ھەقتە يازما دوكلاد بېرىدۇ. ئۇنىڭ باشلىقى بولغان كىشى بۇ دوكلاتنى بەكلا تەسىرلىك بىر دوكلاد دەپ قارىغان بولسا، سوتچى بولىدىغان كىشى بولسا ”ھىتلىر تېخى دەيدىغىنىنى دەپ بولالماپتۇ، بەلكىم ئۇ ئاساسلىق دېمەكچى بولغىنىنى سوتقا تارتىلغاندا

دېيىش ئۇچۇن ساقلاۋاتسا كېرەك" دەيدۇ. ئەمما ئېخارد ئۇنىداق دەپ قارىمايتتى. ئۇ، 7-نومۇرلۇق كامېردىكى بۇ مەھبۇسنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بىر نېمە دېيىشكە بەك ئىشەنمەيتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئېسىگە كەلتۈرۈپ سوتچىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئادەم بەكلا كۆپ گەپ قىلىدىكەن. مېنىڭچە بۇنداق بىرسىنىڭ "ئاغزىنى تۇۋاقلاش" ئاسان ئەمەس.

ئادولف ھىتلېرنىڭ قايتا تىرىلگەنلىك خەۋىرى ئۇنىڭ ئاتا بىر ئانا باشقا ئۆگەي ھەدىسى ئانگېلا تەرىپىدىن ئىنىسى قاملىپ بىر ئايدىن كېيىن ئىسپاتلىنىدۇ. ئانگېلا، "دېكابىر باشلىرىدا، ھاۋا تۇتۇق، تۇمان بىلەن قاپلانغان بىر ئاخشىمى" تۈرمىگە ئىنىسىنى يوقلاشقا بارغان. ئۇ ئەسلىدە، ئىنىم ھەقچان ئۇمىدسىزلىك ئىچىگە پېتىپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدى. "مەن ئۆمرۈمدە بويىچە ئۇ مىنۇتلارنى ھەرگىز ئۇنۇتالمايمەن. ــ دەيدۇ ئانگېلا يەنە بىر قېرىندىشى بولغان كىچىك ئالويسقا يازغان خېتىدە، ــ مەن ئادولف بىلەن يېرىم سائەتتەك سۆزلەشتىم، ئۇنىڭ روھى ھالىتى يەنىلا شۇ بۇرۇنقىدەك بەكلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، سالامەتلىكىمۇ ياخشى ئىكەن. گەرچە بىلىكى داۋاملىق ئاغرىپ ئۇنى قىيناپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، غەم قىلماي، ساقايىپ قالىدى دەپ ئولتۇرغان. بۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە ساداقەت كۆرسىتىشىدىن ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق تەسىرلەندىم. مەسىلەن، مەن ئۇ يەرگە بېرىشتىن سەل ئاۋال، بىر ئىسىلزادە ئۇنى زىيارەت قىلىپ چىققان، شۇنىڭدەك يەنە ب شەھەردىكى ۋانفرىيېد داچىسىدىن ئۇنىڭغا بىر بولاق روژدىستۋا ئارچا بايرىملىق سوغاتمۇ كەلگەن ئىكەن. ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى گىگانت تاغدەك تەۋرەنمەس نەتىجە دېيىش كېرەك. ئۇنىڭ غايىسى بىلەن بۇ غايىسىگە يېتىشى پەقەت ۋاقىتقىلا قاراشلىق بىر مەسىلە. تەڭرى بۇ كۈنلەرنىڭ بالدۇرراق كېلىشىگە ياردەم قىلغاي" دېگەنلەر يېزىلغان؛ ئۇ سوغات ئەسلىدە بايرۇتتىكى ۋاگنېرلار ئائىلىسىدىن كەلگەن بىر سوغا ئىدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ۋانفرىيېد ۋاگنېر يەنە بىر سوغات ئەۋەرتكەن بولۇپ، ئىچىدە بىر شېئىرمۇ بار ئىدى. ۋاگنېر خانىم ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى قىلچىمۇ يوقاتماي ساقلىغان. بەزى خەۋەرلەردىن قارىغاندا، "ماڭا ئىشىنىڭلار. – دېگەن ۋاگنېر خانىم بىر توپ كىشىگە، ــ ھەر قانداق بىر ۋەقە يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھىتلېر بەرىبىر كەلگۈسىنىڭ ئۇلۇغلىرىنىڭمۇ ئۇلۇغى بىر ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ھىتلېر بۇنىڭ ئۇچۇن چوقۇم گېرمانىيىنىڭ دوپ دەرەخى ئارىسىدىن قىلىچ ئوينىتىپ چىقىدۇ!"

ھىتلېرنىڭ ئىرقچى ھەمكارلاشقۇچىلىرى ئاخىرقى غەلىبە چوقۇم بىزنىڭ بولىدۇ دەپ ئىشىنىپ، قوشۇنىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەيدۇ. ئۇلار قايتا ئۆزگەرتىشتىن كېيىن

قۇرغـان تەشـكىلاتلىرىغا بەك دىققەت تارتمايـدىغان بىـر ئىسـىم قويۇشـقان بولـۇپ، "خەلق فولكلور كلۇبى"، "خەلق يېڭى يـو ئـاچقۇچى ئاۋانگـارتلىرى"، "گېرمـانىيە سـادىق ئايـاللار ئىتتىپاقى"، "گېرمانىيە پىيادە مىلتىقچىلار ئىتتىپاقى" دېگەندەك ئادەتتىكىچىلا ئىسىملارنى قويۇۋالغـان ئىـدى. بـۇرۇنقى "پـىدائىيلار باتـالىئونى" مـۇ رۆمنـىڭ يېتەكچىلىكـىدە "فرونـت جەمئىيىتى" دېگەنگە ئۆزگەرتىلىپ قايتا ھەرىكەتكە كىرىشكەن (رۆم باشـقا قـوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىكتە ستادېلھېيم تۈرمىسىگە قامالغان ئىدى). مەقسەت، ئەنە شۇنداق بىـر ئىسـىم دالدىسـىدا ئۆزگەرتـىپ تەشـكىل قىلىنغۇاتقـان ھىتلېـر بىـلەن لۇدېنـدورف رەھبەرلىـك گۇرۇھـىدىكى ھەر تۈرلـۈك ئىرقچىلىـق ھەرىـكەت تەشـكىلاتلىرىنىڭ پائـالىيەت قىلالىشـى ئۈچـۈن كۆنلـۈك بولـۇپ بېرىش ئـىدى. ئەممـا ھىتلېـر بۇنـداق تەدبىـرلەردىن رازى بولـۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى ئـون بېشـى ھىتلېرنىـڭ رەھبىـرى دەپ ھېسـابلاپ كېلىۋاتقـان رۆم، ھىتلېرنىڭ بۇنداق نارازىلىقلىرىغا پەرۋامۇ قىلمايدۇ.

ھىتلېرنىڭ سىياسىي پارتىيىسى قانۇن بويىچە تارقىتىۋېتىلگەنـدەك قىلغىنـى بىـلەن، 185 بەربىر يوشۇرۇنچە ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلدۇرۇپ كەلمەكتە بولـۇپ، پائـالىيەت مەركـىزى ئاساسـەن ميۇنخېنـدا ئـىدى. روزېنبېـرگ، ناتسىسـتلار پارتىيىسـىنىڭ ئىزچىـل پائـالىيەت قىلالىشـىغا كاپالەتلىـك قىلىـش ئۈچـۈن ميۇنخېنـدا بىـر كومىتېـت تەشـكىللەپ چىقىدۇ. ئەممـا بـۇ كومىتېتنىـڭ پائـالىيەتلىرى شەخسـى زىـدىيەتلەر ۋە ئـىدىيىۋى پەرقلـەر سـەۋەبىدىن توسـالغۇغا ئـۇچراپ بەكـلا ئاسـتا كېتىۋاتـاتتى. روزېنبېـرگ ئـۆزىنى ھىتلېرنىـڭ سىياسىي ئورۇنباسارى دەپ ھېسابلاپ يۈرگەن بولسـا، سالىسبۇرگقا قوغلانغـان بىـر قىسـىم كىشـىلەر، يەنـى ئەسسېر، ستربېچېر، ئامـان ۋە خانفىسـتايىنگىل قاتـارلىق كىشـىلەر ئـۇنى ئالدامچى دەپ قـاراپ، ئـۇنى ياخشـى كـۆرمەيتتى ھەمـدە ئۇنىڭغـا ھۆرمەتمـۇ قىلىشـمايتتى. ئەممـا ئىشـنىڭ بـۇ تەرىپـى، نـېمە ئۈچـۈن ئۇنىـڭ تاللانغانلىقىنىـڭ بىـر سـەۋەبى بولىشـىمۇ مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئۇ، ھەرگىزمۇ پـارتىيىنى مەڭگـۇ تېزگىنىـدە تۇتۇشـنى خىيـال قىلىـپ يۈرىدىغان كىشىلەردىنمۇ ئەمەس، شـۇنىڭدەك تـۈزۈك ئەگەشكـۈچىسىمۇ يـوق بىـرى ئـىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھىتلېرنىڭ تاللىغىدەك باشقا بىر نامزاتىمۇ يوق ئىدى. گىۆرىـڭ تـېخىچىلا ئاۋسترىيىدە بىر تەرەپتىن پانالىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن يارىسىنى داۋالاپ يۈرمەكتە ئىـدى؛ شـېۋبنېر-رىچتېـر ۋاپـات بولغـان؛ لاندسـبېرگ تۈرمىسـىدىن قويـۇپ بېـرىلگە ئېكـارت، بېرچتېسگادېندا ئاغرىپ ئۆلۈم تۆشىكىدە ياتماقتا؛ ئۇنىڭ ئۈسـتىگە درېكسـلېر يەنە كېلىـپ ھىتلېرنـىڭ پـارتىيىگە بەرگەن يولىيورۇقلىرىغـا قوشـۇلمايتتى. ئەممـا ھىتلېرنـىڭ تولـۇق خاتىرجەم بولىدىغىنى، روزېنبېرگ ئۆزىگە بەكلا سادىق بىرسى ئىدى.

بىـر كـۈنى ئاخشـىمى، روزېنبېـرگ قېلىن قـار قـاپلاپ كەتـكەن ئورمـانلىقتىن ئۆتـۈپ

ئوغرىلىقچە ئاۋسترىيىگە كىرىدۇ. ئۇ يەردە سالزبۇرگقا بېرىۋالغان كىشىلەر بىلەن پىكىرلىشىدۇ: ”مەن يولداشلار بىلەن بىرمۇ-بىر سۆزلىشىپ، ئۇلارغا قايتىدىن جاسارەت بېرىش، ھەر تۈردىكى يالغان-ياۋداق گەپلەرنىڭ ماھىيىتى ئېچىپ كۆرسىتىشكە تىرىشتىم.“ بىر قانچە كۈندىن كېيىن، بۇ قاچقۇنلارنى گەپكە كۆندۈردۈم دەپ ھېسابلاپ، قايتىدىن چاڭقىيلىق چېگرادىن ئۆتۈپ ميۇنخېنغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇ تەرەپتە قالغانلار بۇ ئادەم پەقەتلا قابىلىيىتى يوق دېيىشتە تېخىمۇ چىڭ تۇرىۋېلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز ئالدىغا پىلان تۈزۈشكە، يەنى ساختا پۇل ياساپ ياكى قۇرال ئەتكەسچىلىكى قاتارلىق يوللاردىن پايدىلىنىپ پارتىيىنىڭ مالىيىسىنى قايتىدىن يارىتىش، ھەمدە پىلموتلۇق چېگرادىن يوشۇرۇنۇقچە ئۆتۈپ لاندسبېرگ تۈرمىسىگە ھۇجۇم قىلىش، لۇدېكنى ئامېرىكىغا ئىۋەرتىپ ھىتلېر ئۈچۈن ئىئانە توپلاپ كېلىش دېگەندەك پىلانلارنى تۈزۈشكە كىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈزگەن بۇ پىلانلىرىدىن بىرسىمۇ ئەمەللەشمەيدۇ. ”مەن ھەر قېتىم، ھىتلېر كىلەچەكتە ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىدىغان بىرسىگە ئايلىنىدۇ، دېيىشىم ھامان كىشىلەرنىڭ قاتتىق مازاق قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەن ئىدىم،“ دەيدۇ لۇدېك ئامېرىكا دوكلاتىدا.

ميۇنخېندا بولسا، خەلق ئاممىسى ھىتلېرنى بەكلا چوڭ كۆرەتتى. شۇ يىلى روژدىستىۋا بايرىمىدا، ھەرىكەتكە قاتناشقان بىر قىسىم شۇابىڭلىق رەسساملار بىلوت قەھۋىخانىسىدا قونچاق كىنو «ئادولف ھىتلېر تۈرمىدە» نى قويۇپ  ھىت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشىدۇ. بۇ كىنودا ئېكران ئېچىلىشى بىلەن تەڭ بىر تۈرمە كامىرى كۆرۈنىدۇ. كامىرنىڭ كىچىك پەنجىرىسىنىڭ سىرتىدا قار ئۇچۇشۇپ يۈرگەن، ئۈستەل ئالدىدا ھىتلېر ئولتۇرغان بولۇپ، بېشىنى قاماللاپ يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. كىنودا ئەرلەر خورى «تىپ-تىنىچ كېچىلەر، قۇتلۇق كېچىلەر» تەڭكەش قىلىنغان ئىدى. ئارقىدىنلا بىر پەرىشتە ھەر خىل ھەر ياڭزا چاقناپ تۇرغان بايرام ئارچىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويىدۇ. ئولتۇرغان ئادەم ئاستا-ئاستا بۇرۇلۇپ چىرايىنى كۆرسىتىدۇ. ”تاماشىبىنلارنىڭ نۇرغۇنى ئۇ كۆرۈنۈشتىكى ئادەمنى ھىتلېرنىڭ نەق ئۆزى دەپ ھېساپلىشىدۇ. _ دەيدۇ ھېينرىك خوفمان (بۇ تەسۋىرنى ئۇ لايىھىلىگەن ئىدى) ئەسلەپ كېلىپ، _ پۈتكۈل زالدىكىلەر مىچىلداپ يىغلاپ كېتىدۇ.“ چىراق ياندۇرۇلغاندىن كېيىن، پىرىژوكسىيىچى نۇرغۇنلىغان ئەر ۋە ئاياللارنىڭ كۆزلىرى ياشتىن نەملىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھۇلۇققىنىدىن دەرھال قول ياغلىقىنى ئۇلارغا ئۇزارتىدۇ.

1924-يىلى يېڭى يىل كۈنىسى، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن مەملىكەتلىك پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىغا مەسئۇل ئىمپېرىيە نازارەتچىسى خىجالمار شاخت، ئەنگلىيە بانكىسىنىڭ باشلىقى مونتاگۇ نورمان بىلەن لوندوندا بىر يەرگە كېلىپ گېرمانىيىنىڭ مالىيە

مەسىلىسىنى دەرھال ھەل قىلىش ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. پەۋقۇلئاددە دەۋر پۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان شاخت، مۇزاكىرە باشلىنىشى ھامانلا گېرمانىيىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى قارشى تەرەپكە ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ سۆزىدە، "رۇر كرىزىسى ھەل قىلىنغىدەكلا بولسا، گېرمانىيىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى ئۆكشىلىپ قايتىدىن تەرەققى قىلالىشى مۇمكىن.186 بۇنىڭ ئۈچۈن، گېرمانىيە چوقۇم چەتئەل كرېدىت ياردىمىگە مۇھتاج، شۇڭلىدەك ئىمپېرىيە بانكىسىدىن باشقا ئىككىنچى بىر مەبلەغ سېلىش بانكىسى قۇرۇلۇشى، يەنى پۈتۈنلەي ئالتۇن ئاساسىدا بىر بانكا قۇرۇلۇشى كېرەك. بۇ ئالتۇن ئاساسىدا قۇرۇلىدىغان بانكىنىڭ ئېھتىياجلىق بولغان چەتئەل پۇل مەبلىغىنىڭ يېرىمىنى گېرمانىيىنىڭ ئۆزىدىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. قالغان يېرىمىنى مەن ئەنگلىيە  بانكىسىدىن قەرز ئېلىشنى ئويلىدىم،" دەيدۇ.

شاخت يازغان «ئۇستا سېھىرگەر» ناملىق ئەسلىمىسىدە، نورمان بۇ ئىشقا قىزىقمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كېيىن شاخت يېڭى بانكىنىڭ ئالتۇن مەبلىغى 2 يۈز مىليون مارك بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن بانكا چېكى تارقىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنى "مەن فوند ستېرلىڭ قىممىتى بويىچە چەك تارقىتىمەن" دەيدۇ. نورمان بۇ ئاجايىپ چارىنى ئويلاۋاتقىنىدا، شاخت سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بانكىر ئەپەندىم، بۇنداق تەدبىر بۈيۈك بېرىتانىيەنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئىمپېرىيىسى بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئىقتىسادىي  ھەمكارلىق جەھەتتە قانچىلىك ئىستىقباللىق بىر ئىش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈڭ. ئەگەر بىز ياۋروپادا تىنچلىق تىكلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، چوقۇم يىغىن قارارلىرى بىلەن قۇرۇلتاي خىتاپنامە چەكلىمە چەكلىمىلىرىگە ئۇچۇرىماسلىقىمىز، ياۋروپانىڭ ھەر قايسى ئەللىرى ئىقتىسادىي  جەھەتتە ئۆزئارا تېخىمۇ زىچ باغلانغان بولۇشى شەرت."

ئىككى سوتكا ئىچىدە، نورمان بەش پىرسەنتلىك ئىنتايىن تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن بۇ قەرز پۇلنى تەستىقلاپلا قالماي، لوندوندىكى بىر مۇنچە بانكىرلارنىمۇ بۇ ئىشقا ماقۇل قايىل قىلىدۇ: "ئالتۇن ئاساسىدىكى بانكا باجنى ئۆز ئۈستىگىلا ئالىدىغان بولىدىكەن، قەرز قىممىتىدىن كۆپ ئۈستۈن بولغان بۇ چەكنى قوبۇل قىلىمىز" دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشىدۇ بانكىرلار. ئۇ يۈغان قەلىمىنى بىر قانچە قېتىم جىجىلاش ئارقىلىقلا ئۆزىنى "ئۇستا سېھىرگەر" دەپ ئاتىۋالغان شاخت، ھىتلېرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سىياسىي قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان "ئىختىسادى ئاپەت" دېگەن بۇ قورالنى قولىدىن تارتىپ ئېلىۋالىدۇ.

2

تۇرمە دوختۇرى، ھىتلېرنى جىسمانى جەھەتتە سوراق قىلىنىشقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. 8-يانۋار كۈنىسى دوختۇر برىنستېينېرنىڭ تۈرمە باشلىقىغا بەرگەن پەۋقۇلئاددە دوكلاتىدا ئېنىق قىلىپ بىماردا روھى بۇزۇلۇش ياكى روھى كېسەللىك ئالامەتلىرى يوق دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. نېرۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالاش جەھەتتە ئوقۇپ پىراكتىكا كۆرگەن بۇ دوختۇر، "ھىتلېر ھەر قانداق شارائىت ئاستىدا ئۆزىنى تىزگىنلەپ كېتەلەيدۇ، گەرچە قوزغىلاڭنىڭ غايىسى يېتەرلىك بولماي قالدى دەپ چېكى تۇرىۋالغان بولىشىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن تەپەككۇر قابىلىيىتى كېسىلى سەۋەبىدىن بىرەر دەخلىگە ئۇچرىمىغان،" دەپ خۇلاسە چىقارغان ئىدى.

ھىتلېر، ئىككى يىل ئىلگىرى ستادېلھېيم تۈرمىسىدە قىسقا مۇددەتلىك قامالغان ۋاقتىدا نۇرغۇن تەجرىبىلەرگە ئېرىشكەن ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، لاندىسبېرگدىكى قاتتىق نازارەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغا تۈرمە ھاياتى جەريانىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكەندىكى ئىشلىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىققىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئۇ تىپ-تىنچ كىچىك كامىر ئىچىدە ئويلىنىش ئارقىلىق، بۇرۇنقى خاتالاشقان تەرەپلىرىنى ئاخىرقى ھېساپتا تونۇپ يېتەلىگەن ئىدى. مەسىلەن ئالايلۇق، ئۇ قوزغىغان قوزغىلاڭنى مۇسسولىنىنى دوراپ چاقماق تېزلىكىدە ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىشنى كۆزلەپ بېرلىنغا يۈرۈش قىلىشنىڭ باشلانغۇچ قەدىمى قىلىشنى ئويلىغان ئىدى. "بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇبىيىتىدىن بىر تەجرىبە ساۋاققا ئېرىشتىم. مىللى روھنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدىغان بىر ھەرىكەتتە، ھەر دۆلەت چوقۇم ئۆزىگە خاس شەكىل ۋە ئۇسۇلغا تايىنىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدىم."

ھىتلېر، بۇ قېتىملىق ئېغىر مەغلۇبىيەتلىك تەغدىرىنىڭ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىغا ئىشىنەتتى. "بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ تارمار قىلىنغانلىقى، مىللى سوتسىيالىزم ھەرىكىتى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەلەي ئىدى" دەيدۇ ئۇ كېيىن يازغان ئەسىرىدە. ئۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك سەۋەبنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:187 لۇدېندورف بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىمىز ئەسلىدە "قەتئىي مۇمكىن بولمىغان بىر ئىش ئىدى"؛ پارتىيىمىز تولۇق تەييارلىق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، گېرمانىيە بويىچە تېزلىكتە ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىشتا "ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىمىز مۇقەررەر ئىدى"؛ قوماندانلىق بىناسى ئالدىدا 14 نەپەر يولدىشىمىزنىڭ "قان تۆكۈپ قۇربان بولغانلىقى"، "مىللى سوتسىيالىزمنى ئەڭ ئۇنۇملۇك شەكىلدە تەشۋىق قىلىشىمىز شەرت ئىكەنلىكىنىڭ" تىپىك

بىر مىسالى بولدى.

ھىتلېر، ئۆتكەن بىر قانچە ھەپتە جەريانىدا رىياللىقنى قوبۇل قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماستىن، ئوقۇشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق كىتابلارنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى دېيىش مۇمكىن. مەسىلەن، نىتچې (نىېتزشې)، چېمبىرلىن، رانك، ترېيتشىك ۋە ماركىس قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقىدۇ. ئۇ بىسماركنىڭ ئەسلىمىلىرى بىلەن باشقا نۇرغۇنلىغان دۇنيا ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمە كىتابلارنى قايتىلاپ ئوقۇپ چىقىدۇ. "لاندىسبېرگ، دۆلەت تەمىناتى بىلەن ئالى مەكتەپ ئوقۇغان يېرىم بولۇپ قالغان ئىدى، _ دەيدۇ فرانكىفا. _ شۇنىڭدەك، تۈرمە دېگەن بۇ يەر، ئالى مەكتەپ پروفېسسورلىرى ئۆزىنى كۆرسىتىپ ئادەمنى بىلىم رامكىسى ئىچىگە سولايمەن دەپ ئۇرۇنىدىغانغىمۇ ئىمكان بەرمەيدىغان بىر يەر. ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئادەمدىكى ئەقلىي كۈچ ھامىنى بىلىمنى يېڭىپ چىقالايدىكەن. ئەگەر تەڭرى ئىرادىسى دۇنيانى يارىتىشنى ئەمەس پەقەتلا دۇنيانى تونۇش بىلەنلا كۇپايە قىلغان بولسا ئىدى، تۇ بۈگۈنگىچە بۇرۇختۇمچىلىق ئىچىدە قىلچىمۇ ئىلگىرلىيەلمەي ئىپتىدائىي قالاقلىق ھالىتىدە تۇرۇپ قالغان بولاتتۇق."

ھىتلېر، تۈرمىگە يېڭى قامالغان ۋاقتىدا ھەممە ئوخشىمىسىزلىقلار تەتۈر پىشانىلىقمىدىن بولغان دەپ قارىغان ئىدى؛ مانا ئەندى، بىر قۇر تەپەككۇرقىلغاندىن كېيىن، ئەسلىدە تەغدىرى ئۇنى قۇتقازغانلىقنى تونۇپ يېتىدۇ. خانفىستايىنگلىنىڭ دېيىشىچە (ئۇمۇ باۋارىيىگە قايتىپ كېلىۋالغان ئىدى)، شۇ يىلى يانۋار (ئوچاق) ئېيى ئىچىدە لىنىن ئۆلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن ھىتلېرنىڭ ۋە گېرمانىيىنىڭ تەغدىرى يېڭىدىن بەلگىلىگەنمىش. لېنىننىڭ ئۆلۈمى ھىتلېرنى بەكلا خوش قىلىۋەتكەن بولۇپ، ئۇ خانفىستايىنگلىغا "مانا ئەندى تارىخ قايتا ئۆز ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغانلىقىنى" ئېيتقان. ، بۈيۈك ئىمپېراتور فرېدېرىخ (ھىتلېر ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشىشنى ھەۋەس قىلاتتى) مۇ 1762-يىلى روسىيە چارىچەسى ئېلىزابىتنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خوشاللىقىدىن جاھانغا پاتماي قالغانلىقنى، "مانا ئەندى جاھاننى قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى قاپلايدىغان ۋاقتى كەلگەنلىكىنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندى بويۇن ئېگىدىغان، كوممۇنىزمنىڭ بارلىق قۇرۇلمىلىرى يىمىرىلىدىغانلىقى" نى ئېيتقان.

ھىتلېر، ئون ھەپتىگە قالمايلا پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ بىراقلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، مەن ئەندى چوقۇم گېرمانىيىگە داھى بولىمەن، دەپ ئۆزىگە قەتئىي ئىشەنچ قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىدى. ھەتتا ئۇ (بۇرۇن ئۇ فرانكىفا بۇ ھەقتە

مەخسۇس سۆزلەپ بەرگەن ئىدى) نۇرغۇنلىغان ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ قالتىس پىلانىدىن بىرنى تېپىپ قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ: پۈتۈن مەملىكەت ئىچىدە قاتناش تورلىرىنى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن دۆلەتنى بىر-بىرسىگە تېخىمۇ زىچ باغلانغان ھالغا كەلتۈرۈش؛ كۆپلەپ كىچىك تىپتىكى ئەرزان پىكاپ ئىشلەپچىقىرىپ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىمۇ شەخسى ماشىنا سېتىۋالالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈش كېرەك. 12-فېۋرالدا، ئۇنى ھەمرالىرى بىلەن بىرگە تۇرىۋاتقان تۈرمىدىن چىقىرىپ ميۇنخېنىدىكى تۇتۇپ تۇرۇش پونكىتىغا يالاپ بارغان ۋاقتىدا، مەيلى روھى جەھەتتە بولسۇن ياكى جىسمانى جەھەتتە بولسۇن سوتقا چىقىشنىڭ بارلىق تەييارلىقىنى قىلىپ قويىدۇ. سوتقا چىقىرىش كۈنى 4 كۈن كېيىنگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، شۇ كۈنى ھىتلېرنىڭ تەغدىرى بەلگىلىنىدىغان كۈن بوللاتتى.

ئۇ چاغدا، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ دەپ ئالدىن پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئېبېرتىن خانىمۇ دەل شۇ پەيتلەردە ميۇنخېندا تۇرۇپ يۇلتۇز پالى ھەققىدە بىر پارچە ماقالە يازغان بولۇپ، ھىتلېرغا قايتىدىن پال سالغان ئىدى: ھىتلېرنىڭ مەغلوبىيىتى ھەرگىزمۇ ئۇنى يېقىتالمايدۇ. ئەكسىنچە، ئۇ بىر سۇمۇرۇغ قۇشىغا ئايلىنىپ ئۇچۇدۇ؛ ”يېقىندا يۈز بەرگەن ۋەقە ھىتلېرنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۈچۈن ئىچكى كۈچ يارىتىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، تاشقى كۈچ مەنبەسىگىمۇ ئېرىشتۈرەلەيدۇ؛ بۇ كۈچ، دۇنيا تارىخىنىڭ سائەت ئاسمىسىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك تەۋرىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.“

26-فېۋرال چۈشتىن بۇرۇن، دۇنيانىڭ كۆزى ميۇنخېندا دېيەلمىسەكمۇ، ھېچ بولمىغاندا پۈتكۈل گېرمانىيىنىڭ كۆزى ميۇنخېنغا تىكىلگەن ئىدى. بۇنداق بولىشى، ھىتلېر، لۇدېندورف ۋە باشقا 8 نەپەر ئەيىپلەنگۈچىگە ۋەتەنگە خائىنلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىپلىنىشىنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتى ئۇلارنىڭ شەخسى تەغدىر دائىرىسىدىن ئاللىمۇ قاچان ھالقىپ كەتكەن ئىدى.188 گېرمانىيىدە يېڭىدىن دۇنياغا كېلىۋاتقان كۈچلەر بىلەن دېموكراتىيە، گېرمانىيە بويىچە ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇرۇش قەھرىمانى بولغان داڭلىق بىرسىنى ئاۋستىرىيىدىن ئېقىپ كەلگەن بىر تەلۋە بىلەن بىر قاتاردا سوتلىماقتا ئىدى.

كارىن گيۆرىڭ خانىم، ئىنسبرۇكتىن ئاپىسىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: ”... دەل شۇ پەيتلەردە ميۇنخېندا سوت كېتىۋاتماقتا ... ئاھ تەڭرىم، ئۇنىڭ ھەممە ئىشىنى ئاسان قىلغايسەن، ئۇنىڭغا ھېچ قانداق بىر دەرد كەلتۈرمىگەيسەن.“ بۇ چاغدا، كارىننىڭ قىزىقىۋاتقان بۇ ئادىمى ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كىيىپ، مەيدىسىگە قارا كرېست مېدالىنى ئاسقىنىچە قىزىلخىشتىن سېلىنغان كونا بىنا ئىچىدە، يەنى تاشلاندۇق پىيادە ھەربى

مەكتەپنىڭ چوڭ زالىدا سالاپەتلىك قىياپەتتە ئولتۇراتتى. ھىتلېر، ئالاھىدە روھلۇق ۋە كۆچلۈك غەيرەت بىلەن بۇ كۆرەشكە تەييار تۇرماقتا ئىدى. ھىتلېر، بۇ كۆرەشتە گېيتىننىڭ "تۆمۈر ئۇمۇتى ياكى پولات بازغىنى" غا ئايلىنىشقا تەييار ئىدى.

سوتتا، تۇنجى بولۇپ لۇدېندورفنىڭ ئەيىپنامىسى ئوقۇپ ئۆتۈلگەن بولىشىغا قارىماي، ھىتلېر باشتىن تارتىپلا ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان نوقتىلىق بىرسىگە ئايلانغان ئىدى. قارىلانغۇچىلار قاتارىدا بىرىنچى بولۇپ چاقىرىلغان كىشىمۇ يەنە شۇ ھىتلېر ئىدى. ئۆزىنى ئاقلاشقا كىرىشىشتىن تارتىپلا بازغاندەك ئوتتۇرىغا چىقىش نىيىتىدە ئىدى؛ بىر ھېساباتا، ھىتلېرنى سوتقا قارىلانغۇچى ئەمەس بەلكى قارىلىغۇچى سۈپىتىدە چىقتى دېيىشكىمۇ بولاتتى. ھىتلېر، خۇددى تۆرمىدىكى ۋاقتىدا ئېيتاردقا سۆزلىگىنىدەك جاراڭلىق ئوتتۇرا ئاۋازدا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى قوزغاشقا مەجبۇرلانغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ، نامايىش ھەققىدە، قانلىق زەربە ھەققىدە توختىلىدۇ؛ ئۇ سۆزىدە ئۇففىڭغا قېچىپ بېرىۋالغانلىقىنى، شۇنىڭدەك تۆرمىگە قاملىش جەريانىنى ۋە لاندسبېرگ تۆرمىسىدىكى ئەھۋاللارنىمۇ تەپسىلى بايان قىلىپ چىقىدۇ. ئۇ، مېنىڭ بىردىن بىر ئارمىنىم، قىرغىن قىلىنغان سەبداشلىرىم قاتارىدا قۇربان بولسا ئىدىم كاشكى، دەيدۇ.

ھىتلېر، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ پۈتكۈل مەسئولىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ ("ئۇ ئەپەندى پەقەت مېنىڭ بىلەن ھەمكارلاشقانلا بىر ئادەم"). ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇ، ماڭا يۈكلەنگەن ۋەزىپە – گېرمانىيىنىڭ بۇرۇنقى ئابروينى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، گېرمانىيىنىڭ دۇنيادىكى تېگىشلىك ئورنىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن خەلقنى يېتەكلەپ مېڭىشتىنلا ئىبارەت ئىدى؛ بۇنداق بىرسىنى قانداقمۇ جىنايەتچى دېيەلەيسىلەر؟ ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ھەممە ھۆرمەت قىلىشقا، قەدىرلىنىشكە تېگىشلىك بىر ئېتىقاتنى ئىپادىلىمەكتە بولۇپ، بۇ گەپلەرنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى سوت باشقۇرغۇچىسى بولغان پاكىنەك سودىيە بىلەن پىركراتورنىڭ چىرايىدىنمۇ بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئىككىسىدىن ھېچ بىرى ھىتلېرنىڭ قارىلىغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىغا نارازىلىق بىلدۈرمىدى. ياكى ئۇ ئىككىسى ھىتلېرنىڭ تىنماي نۇتۇق سۆزلىشىگە پەقەتلا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ. ياردەمچى پىركىراتور ئېيتارد، سودىيە بىلەن پىركىراتورنىڭ ھىتلېرنى سۆزلەشتىن توسيالىشىدىن بەك ئۈمىتلەنمەيتتى: سودىيە گېيورگ نېيتخارت قىزغىن مىللەتچى بىرسى بولۇپ، خۇددى ئۇنىڭغا ئوخشاش بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى "پۇخرالار ھەرىكىتى" دەپ قارايدىغان، لۇدېندورفنى گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلىشقا تەييار بىرسى ئىدى؛ شۇنداقتىمۇ، بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى سەۋەپتىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ

ھۇجۇمغا ئۆچراپ قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن پىركراتور، بۇ قىتىملىق سوتتا بەكلا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئەگەر سوت مەھكىمىسىدىكى بۇ ئەمەلدارلارنى ھىتلېرنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان دېيىشكە توغرا كەلسە، ئوسۋارد سپېنگلېرنى بۇنداق تەسىرگە قىلچە يولۇقمىغان بىرسى دېيىشكە بولاتتى. شۇ كۈنكى بىر قېتىملىق سوت ئۇستىدىكى سوزىدە ئۇ ناتسىستلارنى بايراق كۆتۈرۈش، شۇئار تowلاش ۋە نامايىش قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلار دەپ مازاق قىلىدۇ. "شۆبھىسىزكى، بۇ نەرسىلەر ھېسسىياتلىرىنى قاندۇرۇش رولىنى ئوينىيالىغىنى بىلەن، سىياسەت ئۇنداق ھېسسىياتقا باغلىق بىر ھەرىكەت ئەمەس. _ دەيدۇ. ئۇ بۇ قېتىملىق سوتقا _ يېتەرلىك بولمىغان ھىتلېر دېلوسى" دەپ نام بېرىدۇ. بۇ قېتىملىق سوت "ھىتلېر ھەققەتەنمۇ يۇشۇرۇن كايزەر (دۆلەت باشلىقى)" دېگەن قارىشىنى ئىسپاتلاش رولىنىلا ئوينىماقتا دەيدۇ.

ئەتىسى، ۋاقىتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قالغان قارىلانغۇچىلارنى سوتلاش بىلەن ئۆتىدۇ. ئەمما 28-فېۋرال، ھىتلېر يەنە بىر قېتىم سوتتىكىلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ. سوت تەنەپپۇسقا چىققاندىكى بىر قېتىملىق سوراقتا، ھىتلېر بىرلىن بىلەن مېيۇنخېن قىزىللار ھاكىمىيىتىنىڭ قايسى تۈردە چىرىتىلىشىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ھەدەپ تەرغىپ قىلىدۇ. "مېيۇنخېندا، بۇ ھەقتە تېپىك مىساللارنى كۆرەلەيسەن. ئەگەر ئۇيغانغان ساغلام ئاما بولمىسا ئىدى،189 بىز ھەرگىزمۇ قىزىللار دەۋرىدىن قۇتۇلۇپ ئازات بولالمىغان بولار ئىدۇق." ئۇنىڭ بۇ گېپى كۈچلۈك ئەكس تەسىر پەيدا قىلىۋېتىدۇ. بۇ گەپلەر ئۇنىڭ بېرلىنغا يۈرۈش قىلىش ئىشىنىڭ ھەرگىزمۇ خاتا ھەرىكەت بولمايدىغانلىقىنى ئاقلاش سۆزلىرى ئىدى.

سوتنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، ھىتلېر ئىزچىل تۈردە ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىنى ئاقلاش تاكتىكىلىرىنى ئىشقا سېلىپ سودىيەلەرنى ئوينىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە لۇدېندورف بۇ ئويۇننىڭ ئادەتتىكى پېرسوناژلىرىدىن بىرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ، باشقا قارىلانغۇچىلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىمۇ بارغانسىرى ئېنىق ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلايدۇ. "ھىتلېر مېنى تۇيۇق يولغا باشلىماقتا. _ دەيدۇ ئۇ غەزەپ بىلەن سوتتىن كېيىن خانس فرانكقا، _ ھىتلېر ماڭا يالغان ئېيتتى. بۇ ئاخماقانە قوزغىلاڭنى باشلىتىشتىن بۇرۇن ئۇ ماڭا پۈتۈن قورۇغلۇق ئارمىيىسىدىكىلەر يۈزدە يۈز سېنىڭ تەرىپىڭدە تۇرىدۇ دېگەن ئىدى. ... ئۇ بىر تەۋەككۈلچى ناتىقتىن باشقا بىر نېمە ئەمەس ئىكەن!" ئۇنىڭ بۇنچىۋالا غەزەپلىنىپ كېتىشى بەلكىم بۇ تەۋەككۈلچى ناتىق، بۇ رەزىل ئون بېشى پۈتۈن ھەرىكەتلىرىدە ئۆزىنى ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك گېنېرال ھېس قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا

ئۈرۈنغانلىقى ئۈچۈن بولىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. يەنى ھىتلېر بارلىق مەسئۇلىيەتنى يالغۇز ئۆز ئۈستىگىلا ئېلىۋالغىنىدا، لۇدېندورف ئېزچىل تۈردە مەسئۇلىيەتتىن قاچقان بىرسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ بەكلا ھاكاۋۇر ئىدى؛ سوتقا ئۆزىلا ھۆكمىرانلىق قىلىدىغاندەك، بۇ يەر خۇددى بىر ھەربىي سوتتەك تىنماي ئادۋوكاتلار بىلەن سوتچىنى ھاقارەت قىلىپ چىقىدۇ. "ئۇ مەشىق مەيدانىدىكى ۋارقىرىشىغا ئوخشاش تىنماي سوت مەھكىمىسىنى ئەيىپلەيتتى. ــ دەيدۇ ئەنگلىيىلىك مۇخبىر گ. ۋارد پىرىس ئەسلىمىسىدە، ــ ئۇنىڭ ھەر بىر گېپى بەكلا قوپال ئىدى. ئۇ بۇنداق پاسكىنا سۆزلەر بىلەن ۋارقىراپ ھاقارەت قىلىشقا باشلىغىنىدا، ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان پاكىنەك باش سودىيە تىترەپ كېتەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆچكە ساقاللىرىمۇ تەڭ تىترەپ كېتىۋاتقاچقا، ئامالسىز ساقىلىنى قاماللاپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى."

مەتبۇئات ساھەسىدىكى مۇخبىرلار تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالغان بۇ سوتچىغا تېخىمۇ كۆپ قارشى چىقىشقا باشلايدۇ. بەزى چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەر ئۇنىڭ راستىنلا سودىيە ئىكەنلىكىدىنمۇ گۇمانلانماقتا ئىدى. 4-مارت كۈنى، باۋارىيە مىنىستىرلار يىغىنىدا ھەممە بىردەك نېيتخاردتنى تەنقىتلەپ كېتىدۇ. شتات مىنىستىرى شۋېير، قارىلانغۇچى قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى بىلەن شتاتلىق ساقچىغا ئاشكارە داغ تەككۈزۈشى، شتاتلىق ساقچىلارنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىش تۈسىگە ئۆزگەردى، دەيدۇ. يەنە بىر مىنىستىر بۇ سوتنى ئاخىرغىچە باشقۇرۇپ كېتەلىشى ئۈچۈن نېيتخاردتنىڭ قابىلىيىتى بارمۇ-يوق دەپ گۇمان قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ چاغدا، ئۈچىنچى بىر مىنىستىر ئوتتۇرىغا چىقىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلاردا، بولۇپمۇ بېرلىندا، كىشىلەر بۇ قېتىملىق سوتلاش ئۇسۇلىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى دەيدۇ. تۆتىنچى بىر مىنىستىر: ئۇ باش سودىيىنىڭ ھىتلېرغا ئۇدا 4 سائەت تىنماي نۇتۇق سۆزلىشىگە يول قويىغانلىقىغا قارىتا تەنقىدىنى بەرگەن بولسىمۇ، نېيتخاردت ئۇنىڭغا "ھىتلېرنى سۆزلەشتىن قانداق توختىتالايتتىم؟" دەپلا جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ.

ھەر كۈنى سوت تارقالغىنىدا، ھىتلېر يەنە شۇ بىنادىكى كامېرغا قايتۇرۇپ كېلىنەتتى. ئۇ يەردە، ئۇنى بىر-بىرى بىلەن ئەزەلى دۈشمەن بولغان روزېنبېرگ بىلەن خانفىستايىنگىل ئىككىسى يوقلاپ كېلىدۇ. رۆزېنبېرگ ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىز خەۋەردىن بىرنى ئېلىپ كېلىدۇ: يوشۇرۇن پارتىيىنىڭ كۈچلۈك بىر گۇرۇھى بىرلەشكەن خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر قىسمى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ بۇ يىل باھاردا ئۆتكۈزىلىدىغان ئومۇم خەلق سايلىمىغا قاتنىشىمىز دەپ چىڭ تۇرىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنداق بىر ئىش پارتىيىنىڭ پائالىيىتىنى گېرمانىيىنىڭ شىمالى قىسىملىرىغىمۇ كېڭەيتىش ئىمكانىنى بېرىدىغان ئالاھىدىلىكى

بولغاچقا، بۇنداق بىر ھەمكارلىق ئىشى گرېگور ستاسسېر (لاندىشۇتتىن كەلگەن بىر زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى) غا ئوخشاش كىشىلەرنى بەكلا قىزىقتۇرماقتا ئىدى. ستراسسېر، پارتىيە مەملىكەتلىك سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، بۇ ئىشتا روزېنبېرگنى قايىل قىلدۇ. ھىتلېر بۇ ئىشقا مازاق قىلىپ كېتىدۇ. ھىتلېرنىڭ قارىشىچە، مىللىي سوتسىيالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى قانۇنسىز دەپ ئېلان قىلىنغان بۇ دەۋردە، ئۇنىڭ ئۇستىگە پارچىلىنىپ كېتىش ئېھتىمالىغا بەكلا يېقىن بىر ۋاقىتتا، باشقا تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىمەن دېيىش بەكلا خەتەرلىك بىر ئىش ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئەگەر بىرلىشىپ سايلامغا قېتىلىشنى ھىتلېر تۈرمىدە تۇرۇپ تەستىقلاپ بېرىشى شەرت ئىدى. قۇۋ تۈلكە ھىتلېر، ئۇنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بۇ پارتىيە ھوقۇقىنى قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانى بولماي پۇتۇنلەي ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، ئەڭ ياخشىسى پارتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىنى بىر مەزگىل توختىتىپ تۇرۇپ، تۈرمىدىن چىققاندا ئاندىن ئويلىشىش خىيالىدا ئىدى. ھىتلېرنىڭ بۇ ئىشقا قارىتا پىكىرلىرى مازاق قىلىش شەكلىدە ئىدى: ئەگەر پارتىيىمىز ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ سايلامغا قاتنىشىمەن دەپ يۈرگەن بولسا، ئۇنداقتا پارتىيىمىز ئۆزىنى بەكلا پەس كۆرگەن بولىدۇ! "ئەگەر بىز ناتسىستلار پارتىيىسى نامىدا بۇ ئىشقا تەييارلىق قىلماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇنداقتا بىز سايلامغا ئۆلگۈرەلمەيمىز. _ دەپ ئېيتتىم ھىتلېرغا، دەيدۇ روزېنبېرگ كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، _ ئۇنداقتا بىز قايتا قانۇنلۇق ئورۇنغا ئېرىشكەنگىچە كۈتۈپ يېتىپ، شۇ چاغدا پارتىيىمىزنى قايتىدىن قانۇنلۇق تەشكىللەپ چىقىشقا مەجبۇر بولىمىز." روزېنبېرگ ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلغىنىدا، مەن ئۇنى مەجبۇرى بولسىمۇ بۇ ئىشقا قايىل قىلالىدىم دەپ ئويلاپ، پارتىيىنىڭ بىر قېتىملىق خەتەرلىك پارچىلىنىشى ئۈچۈن يول تەييارلاشقا كىرىشىدۇ.

ئەمما خانفستاينگىل بىلەن بولغان كۆرۈشۈش بەكلا دوستانە شەكىلدە ئۆتىدۇ: ئۇ ئۈچ ياشلىق ئوغلى ئېگوننىمۇ يېنىدا بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار بۇرۇنقى پىيادىلار ھەربى مەكتۇپنىڭ بىناسىغا قاراپ يولغا چىققىنىدا، خوشاللىقىدىن ئالدىراپ كەتكەن ئوغلىغا "ئاستىراق ماڭ ئوغلۇم!" دەپ بالىسىنى جىكىلەپ ماڭىدۇ. ئۇ تۈرمىگە بېرىپ ئادولى تاغىسىنى كۆرگىلى بارىدىغانلىقىدىن بەكلا خوشال ئىدى. ئەمما كۈلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئادەم گېرمانىيىنىڭ داھىسىغا ئايلىنىپ، بۇ ئەلنى بۇنداق ئەنسىزچىلىكلەردىن خالاس قىلىشتىشى مۇقەررەر ئىدى. ئۇ خىيالىدا، ئادولى تاغام ھەقچان داق سىمونت يەردىلا ياتسا كېرەك، ئۇنىڭغا چاشقانلاردىن باشقا ھەمرا بولغىدەك ھېچ كىمى بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما ئېگون تۈرمە ئىچىنى كۆرۈپ ئويلىغانلىرىنىڭ بىرسىمۇ توغرا

ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپلا قالىدۇ: ئادولف تاغىسىنىڭ ياتقان كامىرى باغچىسى بار بىر قورانىڭ ئارقا ھويلىسىدەك بەكلا نورمال بىر يەر ئىدى. چوڭلار پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن پەيتتە ئۇ بىر ئۆسەلنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋېلىپ ئۇلارغا قاراپ ئولتۇراتتى. دادىسى بىلەن بۇ تاغىسى بەكلا قىزغىن سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. ئېگون بۇ ئىشلارنى كېيىن ھىتلېرنىڭ ئاۋازى بەكلا جاراڭلاپ چىققانلىقىنى، ھەتتا ئەكس سادالار ياڭرىتىۋەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن كىچىك ئۆستەلمۇ تەۋرەپ كەتكەنلىكىنى ئاران ئەسلىيەلەيدۇ. ھىتلېر بىر ئورۇندۇقنىڭ ئۆستىگە چىقىپ ئىگىز كۆلىرەك كىيىم ئىشكاۋىنىڭ ئۆستىنى سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ بىر قۇتا تاتلىق تورۇم ئېلىپ ئۇلارنى چاي قويۇپ مېھمان قىلغانلىقىمۇ ئېسىگە كېلىدۇ.

گەرچە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ياكى باشقا تەرەپلەردىن ھەر قانچە نارازىلىق كەلگەن بولسىمۇ، بۇ سوت مەھكىمىسى ھىتلېرنىڭ نۇتۇق سۆزلەيدىغان مۇنبىرى بولۇشتىن توختاپ قالمايدۇ. سوت ھۆكۈم چىقىرىشتىن بۇرۇنقى 11-مارت بىلەن 14-مارت ئىككى كۈن ئىچىدە ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى راسا كۆرسىتىۋالىدۇ. رىقابەتچىسى ئەنگلىيىگە نىسبەتەن بۇ يەردىكى تۈزۈم پەقەتلا باشقىچە بولۇپ، قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، بۇ پەيتتە قارىلانغۇچىنىڭ ئۆزۈندىن ئۆزۈن نۇتۇق سۆزلىۋېلىشىغا يول قويۇلاتتى، شۇڭلاشقا شاھىتلارنىمۇ چاقىرىپ خالىغىنىچە سوئال سورىيالايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ھىتلېر ئۈچ كاتىۋاشقا جىنايەتچى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. گېنېرال ۋون لوسسوۋ چاقىرتىلغاندا، ھىتلېر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ۋارقىرىغىنىچە سوئال سوراپ كېتىدۇ. ئىگىز بويلۇق، تاقىرباش گېنېرالمۇ بوش كەلمەيدۇ. ئۇمۇ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى رەت قىلىپ، ئىنچىكە ئۆزۈن بىگىز قولىنى تاپانچا تەڭلىگەندەك بۇ سابىق ئون بېشى ھىتلېرغا تەڭلەپ ھەيۋە قىلىدۇ. ھىتلېرمۇ ئامالسىز ئۇن چىقارماي ئولتۇرۇپ قالىدۇ. سەل تۇرغاندىن كېيىن، قايتا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشقا ماقۇل كەلگەن بۇ ئۈچ ئەپەندىنى قارىلاشقا كىرىشىدۇ.

گېنېرال ۋون لوسسوۋ ئۇنى قەتئىي كۆزگە ئىلمىغان ھالدا ۋارقىراپ تۇرۇپ، سەن دېگەن سىياسىي دۇمباقچىلاردىن قىلچە پەرقىڭ يوق بىرسىسەن! دەيدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېرمۇ ئۇنى ۋارقىراپ تۇرۇپ ھاقارەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئاۋازى شۇنداق قاتتىق چىقىپ كەتتىكى، سوتچىمۇ ئامالسىز ئۇنى ئاۋازىڭنى پەسەيت دەپ ئاگاھلاندۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. دېگەندەك ھىتلېرمۇ ئاۋازىنى پەسەيتىدۇ. ئەمما لوسسوۋ ئۇنىڭغا: سەن دېگەن بىر تەرەپتىن ھېسسىياتىڭ بىلەن ئىش قىلساڭ، يەنە بىر تەرەپتىن رەھىمسىزلىك بىلەن ئىش قىلىدىغان بىرسەن، دېيىشى بىلەن، ھىتلېرمۇ قايتا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايلا

قالــدۇ. بــۇ قېــتىم، پــاپىلار چۆچــكــدىكى قۇتــدىن چىققــان ۋىجىكلــەردەك چىچاڭشــىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. "سىزنىڭ چىرايلىق گېپىڭ نەگە كەتتى؟ ھېسسىياتىڭىز قــاراپ ئــىش قىلىدىغان، رەھىمسىز ھىتلېر مۇشۇمىدى؟"

لوسسوۋ ھىتلېرغــا تىكىلىــپ قــارىغىنىچە ســوغۇققانلىق بىــلەن مۇنــداق دەپ جــاۋاب بېرىدۇ: "ياق ئۇنداق ئەمەس، نىيىتى بۇزۇق ھىتلېر دېيىشىم كېرەك." بۇ گەپتىن كېيىن قايتا بىر مۇنچە تىللاشلار باشلىنىپ كېتىدۇ. لوسسوۋ ئامالسىز باش سودىيىگە قارايدۇ. بۇ چاغدا سوتچىمۇ ھىتلېرغا بىر نىمە دېمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ گېنېرال سوتچىغا تــازىم قىلىــپ ســوت مەيدانىــدىن چىقىــپ كېتىــدۇ. شــۇ چاغــدىلا ســودىيە نىيىتخــاردت دۇدۇقلىغــىنىچە، ھىتلېرنىــڭ بــۇ قىلغىنــى كىشــىنىڭ شەخســىيىتىگە ھۇجــۇم قىلغــانلىق،191 بۇنىڭغــا يــول قويالــمايمىز، دەيــدۇ. "تــوغرا دەيســىز، مەنمــۇ بــۇ تەنقىــدىڭىزنى قوبــۇل قىلــمەن" دەيــدۇ ھىتلېرمۇ مازاق قىلغاندەك ئاۋازدا.

"شۇ قېتىمقى غەلىتە سوتنى ئېسىمگە ئالسام ىلا يىرگىنىپ ئازابلىنىپ كېتىمەن" دەيــدۇ گېرمانىيىلىك بىر مۇخبىر كېيىنكى ئەسلىمىسىدە. ئۇ يەردە يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلار مىنى ئىختىيارسىزلا مىۈنخېندا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق سىياسىي تەنتەنىنى ئەسلەتتى. تىنماي ئەيىپلەنگۈچىگە ئــۆزىنى نۇتــۇق سۆزلىشــىگە يــول قويغــان ســوت، ھىتلېرنىــڭ تــۇنجى قېتىم ئــۆزىنى نۇتــۇق ســۆزلىگىنىدىن كېيىن بىــر كەســىپ ئەھلــى بولمىغــان ســوتچىنىڭ "ھىتلېر دېگەن بۇ كىشى قــالتىس مەرت بىــر ئــادەم ئىــكەن" دەپ ئــېلان قىلغــانلىقىنى ئــۆز قــۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغــان ئىــدىم. ئــۇ ســوتچى بىرســىنىڭ ئوتتۇرىغــا چىقىــپ (بــۇ كىشــى دەل ھىتلېر ئىــدى) ئىمپېرىيىنىــڭ ئــاك يۇقــۇرى سودىيىســىنى مــازاق قىلىشــىغا يــول قويغــان بىــر بــاش سوتچى ئىدى (مەسىلەن "جاناپ، فرىتز ئېبېرت ئەپەندىم ..." دېگەنــدەك گەپلىرىگە يــول قويغان). بىر ئەمەلدار ئوتتۇرىغا چىقىــپ سەپدىشــى بىــلەن ئېنگلىزچە سۆزلىشــۋاتقان بىــر ئــامېرىكىلىق مۇخبىرغــا: "مىنىــڭ ئالدىمــدا نېمىســچە ســۆزلە!" دەپ ۋاقىرىــدى. بىــر ئەيىپلەنگۈچى ئۆزىنى قايسى بىر گېزىتنىڭ كارىكاتۇرىچىسىنىڭ ماتېرىيــالى قىلىنغــانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىنى دېگەندە، ئۇ ســوتنىڭ سودىيىســى ئــۇ مــۇخبىرنى ســوتقا كىرىشــىگە يــول قويمىدى. "يۈز بەرگەن بۇ ئىشلار مىۈنخېن رەسىملەر توپلىمىدىكى چوڭ سىياســي تەنتەنە قىلىش بايرىمىدىلا يۈز بېرىدىغان ئىشلار ئەمەسمىدى؟"

بــۇ تەنتــەنە مــۇھىتى تــا ســوت ئاخىرلاشــقىچە داۋام قىلــدۇ. ھىتلېرنىــڭ پــۇتمەس- تــۈگىمەس ئــۆزىنى ئاقلاشــلىرى ئەڭ ئــاخىرقى قېتىملىــق نۇتقىــدىمۇ ئەڭ يــۇقىرى پەللىــگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق نۇتقىنىڭ بىــر قىســمى ئەيىپلەشــلەر بىــلەن، يەنە بىر قىسمى ئۆزىنى قاچۇرۇش بىلەن، يەنە بىر قىسمى بولسا تىل-ھاقارەتلەر بىــلەن تولغــان

ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇنىڭ نۇتقى باشتىن ئاخىرغىچە كىشىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ تۇراتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىمىنى كۆرسەتكەن ئىدى. گېرمانىيە قانۇنلىرىغا ئاساسەن، ئەيپلەنگۈچى ئەڭ ئاخىرىدا سۆزگە چىقىش ھەققى بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن بولغاچقا، ھىتلېر باشقىلارنىڭ ئۇنى مىللەتچىلىك ھەرىكىتىدىكى سىياسىي دۇمباقچى، ئۇ پەقەتلا قارا نىيەتچى بىرسى دېيىشىنىمۇ تۇيۇپتىن ئىنكار قىلىپ سۆزلەيدۇ. ئۇنى مىنىستىر بولماقچى دەپ قارىلاشنىمۇ بەكلا كۈلكىلىك ۋە بىمەنىلىك دەيدۇ. "باشتىن تارتىپلا مېنىڭ نىشانىم بىرەر مىنىستىر بولۇشتىن مىڭلارچە مەرتىۋە ئۈستۈن. مېنىڭ غايەم ماركسىزمنى بىتچىت قىلىپ تاشلاش. مېنىڭ بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئورۇندىشىم ئالدىدا مىنىستىر دېگەن بۇ تاج، ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىمەنە ۋە كۈلكىلىك بىر نەرسە ھېسابلىنىدۇ." ھىتلېر سەل تۇرىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ئەسلى ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ: "تۇغۇلۇشىدىنلا مۇستەبىت بولغان بىرسىنى ھەرگىزمۇ بىرەر ئىشقا زورلاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بىرسى قىلماقچى بولغان ئىشىنى خالىغىنىچە قىلالايدۇ؛ ئۇنداق بىرسى باشقىلارنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئۆزى زورلاپ ئالغا ئىلگىرلەيدۇ. بۇ يەردە كەمتەرلىك قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ... ئۆزىنى خەلققە ھۆكمرانلىق قىلىشقا ئۈندەلگەن بىرسى كىچىك پېيىل بولىۋېلىشقا ھەققى يوق. ئەگەر سىلەر ماڭا مۇھتاج بولساڭلار ياكى مېنى بىرەر ئىشقا ئۈندىمەكچى بولساڭلار مەن سىلەر بىلەن ھەمكارلىشالىشىم مۇمكىن. ئۇنداق بولمايدىكەن، مېنىڭمۇ ئۆزەمگە تېگىشلىك ئۈستۈمگە ئالىدىغان مەسئۇلىيەتلىرىم بار!"

ھىتلېر سوتقا يەنە مۇنداق دەيدۇ: نويابىر قوزغىلىڭى مەغلۇب قىلىنغان بولسىمۇ، كىشىلەر چوقۇم مېنى گېرمانىيىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن داھىيلىق ئورنىنى سوغات قىلىدۇ. چۈنكى ئارمىيە بىلەن قوزغىلاڭنى ھىمايە قىلىدىغان غايىلىك خەلق چوقۇم بىر كۈنى بىر-بىرسىنى چۈشىنىپ يارىشالايدۇ. "مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۈگۈن كوچىلاردا كىرىست بايرىقىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن خەلق ئاممىسى بىلەن ئۇلارغا ئوق چىقارغان كىشىلەر بىلەن بىر گەۋدە ھالىغا كېلىدىغان دەۋر چوقۇم كېلىدۇ. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى ئاققان قان بىزنى مەڭگۈلۈك ئايرىۋېتەلمەيدۇ. مەن شاھىت بولغان نەق مەيداندا شەھەرلىك ساقچىلارنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئوق چىقارغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ چاغدا شۇنى خوشاللىق بىلەن كۆردۈمكى، ئاۋال ئوق چىقارغانلار ھېچ بولمىغاندا دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىدىكىلەر ئەمەس ئىدى؛ ھەربىيلەر يەنىلا شۇ بۇرۇنقى مەيداندا تۇرغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۆزىنى بولغىمىغان. ھەربىيلەر، مەيلى ئوفىتسېر ياكى ئەسكەر بولسۇن، بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرىدىغان كۈنلەر چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ."

”ھىتلېر ئەپەندىم، _ دەيدۇ سوتچى نىيتخاردت ھىتلېرنىڭ دىگىنىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، _ سىز شەھەرلىك ساقچىلار بۇلغىنىپ كەتكەن دىدىڭىز. مەن سىزنىڭ بۇنداق دىيىشىڭىزگە يول قويالمايمەن.“

ھىتلېر بۇ سوتچىنىڭ دىگەنلىرىگە پەرۋامۇ قىلماي ئۆزىنىڭ نۇتقىنى سۆزلەش بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى كۈچلۈك ئاۋاز بىلەن سۆزلەپ پۈتتۈردۇ: ”بىز بەرپا قىلغان ئارمىيە كۈنسايىن كۈچىيىپ بارماقتا،192 تېزلىك بىلەن كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ بارماقتا. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدىمۇ، مەن يەنىلا مەغرۇرلانغان ھالدا شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، چوقۇم بىر كۈنىسى، بىزنىڭ دەسلەپكى يىغى ئەسكەرلىرىمىز روتىدىن باتالىيونغا، باتالىيوندىن پولكقا، پولكتىن دىۋىزىيىگە تەرەققى قىلىپ، بۇرۇنقى كاكارلىرىنى پاتقاقلار ئىچىدىن تېپىپ قايتا چىكىسىگە تاقايدۇ، بۇرۇنقى بايراقلىرىنى ئالدىمىزدا قايتا لەپىلدىتىدۇ؛ شۇ ۋاقىتتا بىز قايتا `ھۆكۈم چىقىرىدىغان سوت` قا، يەنى تەڭرىنىڭ سوتىغا چىقىپ چۈشىنىش ھاسىل قىلالايمىز. ئەنە شۇ چاغدا، بىز قايتىدىن سوتقا چىقىمىز، ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا بىزگە ھۆكۈم چىقىرالايدىغان سوت ئاۋازى، بىزنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرىمىز ئارىسىدىن، بىزنىڭ قەۋرىلىرىمىز ئارىسىدىن جاراڭلاپ ياڭرايدۇ. چۈنكى، ئەپەندىلەر، بىزگە ھۆكۈم قىلىدىغانلار ھەرگىز سىلەر بولالمايسىلەر؛ بىزنى پەقەت مەڭگۈلۈك تارىخ سوتىلا ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىق.“

تىل بىلەن بولغان بۇ جەڭدە ھىتلېر غالىپ كەلگەن ئىدى. سوت مەھكىمىسى تەنەپپۇسقا چىقىپ قانداق ھۆكۈم چىقىرىش ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشقاندا، نۇرغۇنلىغان كۆزەتكۈچىلەر ھىتلېر چوقۇم گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ دىيىشكەن ئىدى. سودىيە نىيتخاردت، پۈتۈن پاكىتلارغا قارىماي لۇدېندورفنى قويۇۋېتىشتا چىڭ تۇرىدۇ. پۈتكۈل سوت جەريانىدا ئۇغۇرلۇقچە ھىتلېرغا قاراپ ئولتۇرغان سوتچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان قالغان ئۈچ نەپەر كەسىپ ئەھلى بولمىغان سوتچىلار، ئاساسلىق ئەيىپلەنگۈچىنى قويۇپ بېرىشكە بىردەك ماقۇل بولىشىدۇ. ”مىنىڭ ئۆزەمنى ئاقلاش سۆزۈمگە ئاساسەن، _ شۇ قېتىملىق سوت ھۆكۈمنى باھالايدۇ ھىتلېر سوت تۈگەپ خېلى ئۇزۇن بىر ۋاقىتتىن كېيىن، _ ئۇلار كاھل، لوسسوۋ ۋە سېيسېرلارنىڭمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش گۇناھكار ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. كىشىلەر نارازىلىق پىكىرلىرىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ، ئەگەر قويۇپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنغىنىدا، بۇ دىبلو لېيپزىگ سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلۇش خەۋپى بارلىقىنى ئېيتقان. ئىشنىڭ بۇ تەرىپىنى ھۆكۈم چىقارغۇچىلار ئويلانماي بولمايتتى. ئۇلار، مىنىلا گۇناھكار دەپ ھۆكۈم قىلىشسا بۇ ئىش بىر قەدەر بىخەتەر بولىدىغانلىقىنى، شۇنداق بولغاندا يەنە كېلىپ ئۆزلىرىنىمۇ ئاسراپ قالالايدىغانلىقىنى ئويلاپ قارار

بېرىشىدۇ. يەنى ھۆكۈمدىن كېيىن يېرىم يىل ئۆتكەندە مېنى كېچىرىم قىلىشقا ئىش پۈتىدۇ، دەپ قارىغان ئىدى.»

ئاپرېلنىڭ بىرىنچى كۈنى، ياردەمچى سودىيە ئېخارد ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن سوت مەھكىمىسى زالىغا كىرگىنىدە زال ئىچىنىڭ ھەۋەس قىلىدىغان بۇ سىمووۋلۇق ئەركەك ئۈچۈن گۈل تەقدىم قىلماقچى بولغان ئاياللار بىلەن لىق تولغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ دەرھال بوۋىرۇق بېرىپ ئوتتۇرىدىكى گۈللەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ چىقىرىپ تاشلاتقۇزىدۇ. يەنە بىر قىسىم ھىتلېرنى ھىمايە قىلىدىغان ئاياللار ھەتتا ”بىزگە ھىتلېر يۈيۈنغان ۋاننىدا يۇيۇنۇشىمىزغا رۇخسەت بېرىڭ“ دەپ يالۋۇرۇپ تۇرىۋېلىشىدۇ. چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئوندىن كېيىن، ئەيىپلەنگۈچىلەرنى بىر يەرگە توپلاپ رەسىمگە تارتىدۇ. لۇدېندورف پۈتۈنلەي ھەربى كىيىم كىيگەن، بېشىدا مىس قالپاق، چىرايى غەزەپ بىلەن تولۇلگەن ئىدى. ھىتلېر بولسا ئۈچىسىغا ھەربى پەلتوسىنى كەيگەن، كەمەرسىز، يىپەك قالپىقىنى قولىغا ئالغان ھالدا لۇدېندورفنىڭ سول تەرىپىدە تۇراتتى. ھىتلېرنىڭ ھەربى پەلتوسى پاك-پاكىزە يۈيۈپ دەزماللانغان بولۇپ، بىر قارىماققا خۇددى يېڭى پەلتودەكلا كۆرۈنەتتى. چاچ-بۇرۇتىمۇ قىرقىپ تەكشىلەنگەن، چېچى بىر ياندىن ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان ئىدى. كۆرۈنۈشى بەكلا خاتىرجەم، ئۆزگىچە ئىشەنچى تولۇق، سالامەتلىكىمۇ ياخشى، خۇددى ئىشى يۈرۈشۈپ كەتكەن بىر سودىگەرگىلا ئوخشايتتى. ئۇ تۈنجى قېتىم قورساقلىق بولۇپ كۆرۈنگەن بولۇپ، ئېغىرلىقى 170 پوندقا يەتكەن ئىدى.

ئەيىپلەنگۈچىلەر سوتقا يالاپ كەلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، بىنا سىرتىدا نۇرغۇنلىغان ئادەم توپلانغان ئىدى. ھۆكۈمنامىنى ئېلان قىلىش ئىشى بىر ھەر سائەتتەك داۋام قىلىدۇ. ھىتلېرغا (پۆھنېر، كرىيىبېل ۋە ۋېبېر لار بىلەن بىرلىكتە) 5 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىپ، لاندسبېرگ تۈرمىسىگە قاملىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغاندا، سوت زالى ئىچىدىن ھېچ بىر تەنتەنە ئاۋازى چىقمايدۇ. جازا مۇددىتى تۇتۇپ تۇرۇلغان 6 ئاينى چىقىرىپ تاشلاپ يېرىم يىل قىسقارتىلىدۇ. پەرەز قىلىنغاندەك، لۇدېندورف گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ قويۇپ بېرىلىدۇ. لۇدېندورف ئۆزىنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئورنىغا قىلىنغان بۇ ئېتىۋارلىنىشقا نىسبەتەن مەغرۇرلىقنى نامايەن قىلىپ، قوزغىلاڭغا بولغان مەسئۇلىيىتنى ئىنكار قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: ”بۇ قېتىملىق قويۇپ بېرىلىشىم، ماڭا نىسبەتەن بىر ھاقارەتتۇر، بۇ قويۇپ بېرىلىشىمگە ھەرگىزمۇ مېنىڭ ھەربى فورمام بىلەن مەيدەمدىكى ئوردېنلىرىم سەۋەب بولغان دەپ قارىمايمەن.“ ئۇنىڭ بۇنداق قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈشى باش سودىيە نېيتخاردتنى قاتتىق غەزەپلەندۈرۈش بىلەن تەڭ،193 يەنە ئۇنى تەڭسىزلىك ئورۇنغىمۇ چۈشۈرۈپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇ، بۇ قېتىمقى قويۇپ بېرىلىشكە مەسئۇل ئاساسلىق كىشى

ئىدى.

ھىتلېر گۇناھكار دەپ ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ يەنىلا سوتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. سوت، ھىتلېرنى قارشى ئېلىنمايدىغان بىر چەتئەللىك دەپ ئاۋسترىيىگە يالاپ ئاپىرىۋېتىشنى رەت قىلىپ مۇنداق دەپ قارايدۇ: ”ھىتلېر، نېمىسلەشكەن بىر ئاۋسترىيىلىك. سوتىمىز شۇنداق قارايدۇكى، ھىتلېرغا ئوخشىغان ئىدىيىسى، ھېسسىياتىدىن تارتىپ نېمىسلىشىپ بولغان بىرسىگە، ئۇرۇش مەزگىلىدە گېرمانىيە ئارمىيىسىدە پىدائى بولۇپ 4 يىل ئەسكەر بولغان، دۈشمەن ئالدىدا قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ يۇكسەك شان شەرەپكە ئېرىشكەن بىرسىگە، ئۇرۇشتا يارىلىنىپ، سالامەتلىكى بۇزۇلغان شەرەپلىك بىر ھەربىگە، ... 'جۇمھۇرىيەت قوغداش قانۇنى' نى ئىجرا قىلىش ئۇيغۇن ئەمەس.“ سوت مەھكىمىسى ھىتلېرغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولغان ئۈچ نەپەر دۈشمىنىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قارايدۇ. بۇ ھەقتە سوت مەھكىمىسى، ئەگەر كاھل، لوسسوۋ ۋە سېيسېر ئۈچىسى ”ھىتلېرغا بىز سىلەر قوزغىغان قوزغۇلاڭغا قاتنىشىشىمىز قەتئىي مۇمكىن ئەمەس دەپ كېسىپ ئېيتقان، ياكى 8-نويابىر ئاخشىمى، ئەيىپكار قايتا-قايتا تەلەپ قىلىپ ئەمەلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش تەلىپىدە بولغاندا ئەگەر مەلۇم دەرىجىدە ھەمكارلاشقان بولسا ئىدى، بۇنداق بىر پاجىئەلىك ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىپ قېلىشقا بولاتتى.“

ھىتلېرغا چىقىرىلغان ھۆكۈم ئەڭ ئالدى بىلەن ئېلان قىلىنىدۇ. قالغانلارغا چىقىرىلغان ھۆكۈمنامە ئېلان قىلىنغاندا، نامايش يۈز بېرىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇنى دەرھال يالاپ چىقىپ سىرتتا توختىتىلغان پىكاپقا ئولتۇرغۇزىدۇ. گۈگۈم ۋاقتىدا، ھىتلېر 7-نومۇرلۇق تۈرمە كامېرغا يالاپ ئاپىرىپ قاماپ قويۇلىدۇ. ئۇ سوتتىكى ۋاقىتلاردا كامىر ئىچى قايتىدىن ياساپ بېزەلگەن بولۇپ، كىشىنى تېخىمۇ بەك جەلىپ قىلارلىق ھالغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇرۇنقى غەيرىتى كەلمەسكە كەتكەن ئىدى. گۇندىپاي فرانز ھېمرىخ، ”ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ بەتەر ئازاپلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى“ دەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق روھسىز ھالىتى ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ. ئۇزۇنغا قالماي، ئۇ چامادانىدىن يېڭى بىر خاتىرە دەپتىرىنى چىقىرىپ، باش بېتىنىڭ ئۈستىنكى ئوڭ بۇرجىكىگە مۇنداق سۆزلەرنى يازىدۇ: ”دۇنيا يوقۇلۇشقا باشلاپ، پۈتۈن يەرشارى يىمىرىلىپ كەتسىمۇ ھەققانىيەت ئىشلىرىغا بولغان ئىشەنچىم قەتئىي سۇنمايدۇ.“ بۇ ۋەدىسىنىڭ ئاستىغا يەنە مۇنۇ سۆزلەرنىمۇ قوشۇپ قويىدۇ:

مانا بۈگۈن ئىچى تار، شەخسى ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان سوت ئاخىرى تۈگىدى. بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ كۈرەشلىرىم باشلىنىدۇ.

1924-يىلى 1-ئاپرېل _ لاندسبېرگ تۈرمىسى

پەقەت قوزغىلاڭچىلارنىلا تاقەتسىزلەندۈرۈپ كەلگەن سوت ئىشلىرى ئاخىرلاشقان ئىدى. ھىتلىر گەرچە بىر مەيدان تەشۋىقات جېڭىدىن غالىپ چىققان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە ئۇ بەربىر تۈرمىگە قامىلىدۇ. ھىتلېرغا مەلۇمكى، ئەندى ئۇ، بۇ تۈرمىدە تۆت يېرىم يىل قامىلىپ يېتىشى كېرەك ئىدى. گېرمانىيىدىكى بەكلا كۆپ كىشىلەر ھەمدە غەرب دۇنياسىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ھىتلېرنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق ۋە قۇراللىق توپىلاڭ چىقىرىش جىنايىتى بىلەن جازالاندۇرۇلغانلىقى، ھەقىقەتەنمۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ئىدى. لوندوندا چىقىدىغان «تايمىس» گېزىتى بۇ ئىش ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كېلىپ، ”قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ قېتىمقى سوت شۇنى كۆرسەتتىدۇكى، ئىمپېرىيە ئاساسى قانۇنغا قارشى سۇيىقەست ھەرىكەتلىرى باۋارىيىدە ئۇنچە بەك ئېغىر جىنايەت ھېسابلانمايدىكەن.“

3

تۈرمىنىڭ ئۈستىنكى قەۋىتىدە ھىتلېرنىڭ ئىككى نەپەر سېپدىشى قاماقلىق ئىدى. يەنى كاپىتان كرىبېل 8-نومۇرلۇق كامىردا، ”ئوبېرلاند ئىتتىپاقى“ نىڭ رەھبىرى، مالدوختۇر ۋېبېر بولسا 9-نومۇرلۇق كامىردا ئىدى. ھىتلېر ھەر كۈنى دېگىدەك تۆمۈر رىشاتكىلىق كامىر پەنجىرىسىنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرسىمۇ، بۇ يەردىكى تۈرمۇشقا يەنىلا بەرداشلىق بەرگىلى بولاتتى.194 ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 دا، كېچىلىك كۆزەتتە تۇرغان گۈندىپاي ئىشتىن چۈشۈپ ماڭغىنىدا كامىر ئىشىكى ئېچىلاتتى. ھىتلېر كىيىملىرىنى كىيىپ، يۈز-كۆزىنى يۇغاندىن كېيىن كۈتۈپ ئولتۇراتتى (”ئۇ چىش ۋە ئېغىزلىرىنى ئاسراشقا بەكلا دىققەت قىلاتتى. بۇنى ئۇ ئۆرۈۋشتا زەھەرلىك گازدىن زەھەرلىنىش ۋاقتىدىن باشلاپ بىر ئادەت ھالىغا كەلتۈرۈۋالغان ئىدى“). بىرەر سائەتتىن كېيىن، ئىشەنچ قازانغان جىنايەتچىلەرگە ئامىۋى سىياسىي جىنايەتچىلەر بۆلۈمىدە ناشتىلىق بېرىلەتتى. ناشتىدا قەھۋە بىلەن بولكا ياكى پۇرچاق شورپىسى بېرىلەتتى. سائەت 8 بولغاندا ھويلا بىلەن گۆللۈكنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، جىنايەتچىلەرگە ئۇ يەردە چېلىش، بوكسورلۇق مەشقى قىلىشقا ياكى قوش تورنىك ۋە ياغاچ ئاتتا بەدەن چېنىقتۇرۇشقا يول قويۇلاتتى. ھىتلېرنىڭ مۇرىسى يارىلانغان بولغاچقا، ئۇ رېپىرلىق قىلىش بىلەنلا ۋاقىت

ئۆتكۈزەتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، جىنايەتچىلەر گۇللۇكنىڭ ئۇزۇن تار يولىدا ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىشاتتى. گۇللۇكنىڭ يان تەرىپى تۈرمە بىناسى، يەنە بىر تەرىپى 20 فۇت ئېگىزلىكتىكى تۈرمە تېمى بىلەن قورشالغان ئىدى. ھىتلېر بۇ يەردە شىغىللىق يولدا مېڭىپ ئايلىنىشنى ئادەت قىلىۋالىدۇ. ئۇ ھەر دائىم شوپۇرى ئېممىي ماۋرىس بىلەن بىرلىكتە بۇ شىغىللىق يولدا ئايلىناتتى. ئۇ مېڭىپ يۈرۈپ خاتىرىسىگە يېڭى يازغان سىياسىي نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى تەكرارلايتتى. "بەزى ۋاقىتلاردا، _ دەيدۇ فرانز ھېمرىخ ئەسلىمىسىدە، _ بۇرۇن ھۇجۇمچىلار ئەترىتىگە ئەزا بولغان جىنايەتچىلەر بىلەن بىرگە ئايلانغاچ پارتىيە مارشىنى ئېيتىشاتتى. دەسلىۋىدە بىز ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا بەك دىققەت قىلىپ كەتمەپتۇق. يەنى ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنى شىئىر ئوقۇشتىن توسمىغان ئىدۇق. كېيىن بىر كۈنلىرىگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ناخشا ئوقۇيدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ، تىنچلىقنى بۇزۇشقا باشلايدۇ. بىزمۇ شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يىغىلىپ ناخشا ئېيتىشىنى توساشقا باشلىدۇق."

چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بولغاندا، مەھبۇسلار كامېرلىرىغا قايتۇرۇلۇپ كەلگەن خەت-پوسۇلكىلىرى تارقىتىلاتتى. بەكلا كۆپ مىللەتچى تەشكىلاتلار بىلەن ھىتلېرغا چوقۇنغۇچىلار ھەر دائىم يەيدىغان نەرسىلەرنى ئەۋەرتىشەتتى. ھىتلېر ئەپيۇن ئۆرۈكى قوشۇپ تەييارلانغان نېپىز قاتلىما كەلسە بەكلا سۆيۈنۈپ كېتەتتى. بۇ خىل قاتلىما ئاۋستىرىيىگە خاس بىر تۈرلۈك ئالاھىدە يېمەكلىك ئىدى. بۇ خىل قاتلىمىنى ناتسىستلار پارتىيىسىدىن بولغان بىر تۈركۈم ئاياللار ھەر ھەپتە ئەۋەرتىپ تۇراتتى. ئەمما دوكتور ۋېبېر ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: فۇھرېرىمىز ئۆزىگە كەلگەن كاۋاپ، قېيزا ۋە ئىسلانغان سان گۆشلىرىنى ھەمرالىرىغا ئۈلۈشتۈرۈپ بېرەتتى. بولۇپمۇ بىرىنچى قەۋەتتىكى كامېردا تۇرىدىغانلار بۇنداق سوۋغىلاردىن ھەر دائىم نېسىپ بولۇپ تۇراتتى. "ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۈستىنكى قەۋەتتە تۇرىدىغانلار ئاۋانگارت ئۇنسۇرلاردىن ئىدى. شۇنداق، تۈرمىدىمۇ دەرىجىگە ئايرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئىدى. ئۇلار قانۇن ئالدىدا ھوقۇقتا تەڭ باراۋەر بولالمايلا قالماي، بۇ يەردىكى مەھبۇسلۇق تۇرمۇشىدىمۇ تەڭ-باراۋەرلىكى يوق ئىدى."

چۈشكە يېقىن سىياسىي جىنايەتچىلەر ئاممىۋى بۆلۈمدە چۈشلۈك يەيتتى. ئادەتتە ئۇلارنىڭ تامىقى كورىلاردا كەلتۈرۈلەتتى. كورىلار ئۈستەلگە تىزىلغاندىن كېيىن، باشقىلار ئولتۇرماي ئۆرە ئۇرۇنداق كەينىگە ئۆتۈپ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ھىتلېر تاماقخانىغا كىرىشى بىلەن تەڭ، ئوتتۇردىن بىرسى "دىققەت!" دەپ توۋلايتتى. ھىتلېر ئۈستەل ئالدىغا كەلگىنىدىن كېيىن "باشقىلار نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىشەتتى." دەستىخان

ئۇستىدە سىياسىي پاراڭلار بەكلا ئاز بولاتتى. ھىتلېر كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا كىشىلەر بىلەن تىياتىر، سەنئەت ۋە ئاپتوموبىل ھەققىدە پاراڭلاشقاچ تاماق يەيتتى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئۇلار ئۇستەل يىغىشتۇرۇلۇش ۋاقتىدا تاماكا چەككەچ 15 مىنۇتتەك پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئاندىن ھىتلېر دەستىخاندىن تۇرۇپ كامېرىغا قايتاتتى (ئۇ ئەڭ ئۇستى قەۋەتتە تۇراتتى) ياكى كىتاب كۆرۈش، خەت ئوقۇش ياكى كۈندىلىك خاتىرە يېزىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت 4 لەردە يەنە شۇ ئاممىۋى ئۆيدە چاي ياكى قەھۋە ئىچىشەتتى. سائەت 5 كە چارەك قالغاندا گۈللۈك ئىشىكى قايتا ئېچىۋېتىلەتتى. ھىتلېر بەزىدە يالغۇز، بەزىدە ماۋرىس بىلەن بىرگە بىرەر سائەت باغچىدا ئايلىناتتى. سائەت 6 دا مەھبۇسلار ئۆز كامېرلىرىدا كەچلىك تاماقنى يەيتتى. تاماقتا بىلىق، قېيزا ياكى سالات بېرىلەتتى. خالىغانلارغا يېرىم لىتىر پىۋا ياكى ئازىراق ئۈزۈم شارابى سېتىۋېلىپ ئىچىشكە رۇخسەت ئىدى. ئاندىن يەنە بىرەر سائەتتەك بەدەن چېنىقتۇرۇش ياكى ھاۋالىنىپ ھەركەت قىلغاندىن كېيىن، مەھبۇسلار بىر-بىرلەپ ئاممىۋى ئۆيگە يىغىلىپ خوشلىشىپ ھەر قايسى ئۆز كامېرلىرىغا تارقىلاتتى. ئاخشىمى سائەت ئوندا چىراق ئۆچەتتى.

بەزى ۋاقىتلاردا ھىتلېر كۈندىلىك مەشغۇلات سېتكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن كامېرىغا قايتىپ ئۆگىنىش قىلاتتى ياكى مېھمان كۈتەتتى.195 ھىتلېرنىڭ ھەممە نېمىسىگە بەكلا تېز ئېتىقات قىلىدىغان ھالغا كەلگەن ھېمىرىخنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن، ھىتلېر سەپداشلىرىغا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان. ئۇ ھەربى سەپتىن كەلگەن بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىيلەرگە خاس ئىنتىزامچانلىقى ئىگە ئىكەن. تۈرمىدە جىنايەتچىلەر ئارىسىدا بىرەر قېتىممۇ ۋارقىراپ-جارقىرىشىپ جېدەللىشىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمىگەن. "ھىتلېر ھەممىنى باشقۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بارلىقى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ۋە بىزگە قاراش ئىشلىرىغا بەكلا كۆپ ياردىمى تەگدى."

كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا ھىتلېر "بەكلا خوشال" يۈرەتتى. ئەمما بىرەر يامان خەۋەر كېلىپ قالغىدەك بولسا، جىمىپ گەپ قىلماي جىددىيلىشىپ قالاتتى. بولۇپمۇ ئۇنى پارتىيە ئىچىدە يۈز بېرىدىغان تۈگمەس تالاش-تارتىشلار بەكرەك ئەنسىرەتتى. چۈنكى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىش خەۋپى كۈندىن-كۈنگە ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ تۈر بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولغان ئاساسلىق ئامىل ئۇنىڭ ئەتراپتىكىلەرگە بەرگەن يولىيورۇقلىرىنىڭ بەكلا مۇجمەل بولىشى ئىدى. روزېنبېرگ بۇ كۈنلەردە ستراسسېر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ ئاممىۋى گۇرۇھلارنىڭ باۋارىيە شتاتلىق سايلىمىغا قاتنىشىشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىمەكتە ئىدى. تېخىمۇ قىزىقى، لۇدېندورفنىڭ

يـاردىمى ئاسـتىدا ئـۇ ئىككىسـى "مىللـى سوتسـىئالىزم ئەركىنلـىك ھەرىكىتـى" دېـگەن بىـر تەشـكىلات قـۇرۇپ چىقىش بىلەنـلا قالمـاي، يەنە سـايلامغا 32 نەپەر دېپوتـات نـامزاتىنىمۇ چىقىرىشقان ئىدى.

باۋارىيە ئومۇمى سايلىمى ئاپرېل ئېيىدا دەسلەپكى سايلىمنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ سايلامدا ئىسمى چىقمىغان ئادەتتىكى ئامموۋى تەشكىلاتلار كۆتۈلمىگەن نەتىجىنى قولغا كەلتـۈرۈپ، 191 مىـڭ 9 يـۈز ئاۋازغـا ئېرىشـىپ "بـاۋارىيە خەلـق پارتىيىسـى" دىـن قالسـىلا ئىككىنچـى ئورۇنغا ئېرىشىدۇ. بۇ غالىبىيەت، گېۆرىڭ ئەر-خوتۇن ئىككىسىنى بەكلا خـوش قىلىۋېتىـدۇ. گېۆرىڭنىڭ ئايالى كـارىن ئاۋسـترىيىدىن ئاتىسـىغا يازغـان خېتىـدە، "... بـۇ نەتىجـە بىـزگە ئوخشىغان چەت دۆلەتلەردە ياشايدىغانلار ئۆچۈن بىر كەچۈرۈم ھېسـابلىنىدۇ. ئىشـەنمەيلا قالـدىم، بەكـلا خوشـالمەن. بـۇ كـۈنلەردە بىزنـىڭ ئەھـۋالىمىز ھەقىقەتەنمـۇ قـىيىن. پەرىزىمىزچە، شىمالى گېرمانىيىدە، ھىتلېر بىلـەن ئۇنىـڭ پارتىيىسـى تېخىمـۇ كـۆپ ئاۋازغـا ئېرىشەلىشـى مۇمكىنـدەك قىلىـدۇ. قارىغانـدا كۈنلەرنـىڭ بىرىـدە ھىتلېـر چوقـۇم تەخـتكە چىقىدىغاندەك قىلىدۇ. قەدىردان ئاتا، مېنىـڭ ئۇنىڭغـا نەقەدەر ئىشـىنىدىغانلىقىمنى پەرەز قىلالمايسەن. بۇ ئادەم ھەقىقەتەنمۇ ئىسىل بىرسى، ئـۇ ھەقىقەتەنمـۇ بىـر تالانـت ئىگىسـى، ماڭا ئىشەن ئاتا، بۇ ئادەم تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا بېغىشلىغان بەكـلا كـام كۆرۈلـىدىغان بىـر تالانت ئىگىسى!"

ئارىدىن بىرەر ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ، مەملىكەتلىك ئومۇمى سايلام مۆلچەرلەنگەن ئۆتـۈق بىـلەن ئۆتىـدۇ. يېڭىـدىن قۇرۇلغـان "مىللـى سوتسـيالىزم ئەركىنلـىك ھەرىكىتـى" ئىككـى مىليونـدەك ئاۋازغـا ئېرىشـىدۇ. 34 نەپەر نـامزاتتىن ستراسسـېر، رۆم، فېـدېر، فرىـك ۋە لۇدېندورف قاتارلىق كىشـىلەرنىمۇ ئـۆز ئىچىـگە ئالغـان 32 نەپىرى سـايلىنىدۇ. كۈلكىلىـك بولغىنى، بۇرۇن بۇنداق بىر قاراشقا قارشى چىققان ھىتلېر بۇ قېتىمقى سايلام نەتىجىسـىنىڭ قولغا كەلتۈرۈلىشىدە ئاساسلىق ئامىل بولغانلىقى ئىـدى. ئۇنىـڭ سـوتتىكى نـۇتقى "مىللـى سوتسىئالىزم" قارىشىنى نۇرغۇنلىغان سايلىغۇچىلارغا تونۇتقان ئىـدى. ھىتلېـر شـۇ قېتىمقـى سوتتا كۈچلۈك ئىرادە ۋە ئالاھىـدە ئۇنۇملـۈك بىـلەن بايـان قىلغـان كۆزقارىشـىنى بـۇ ئـاۋاز بەرگۈچىلەرگە چوڭقۇر يەرلەشتۈرىۋەتكەن ئىدى. ئەمما بۇ قېتىملىق ئۇتۇقتا تۆھپە قوشـقان تېخىمـۇ چوڭقـۇر، تېخىمـۇ ئـۇزۇن مۇددەتلىـك تەسىـر قالـدۇرالىغان يەنە بىـر ئـامىلمۇ بـار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئىرقچىلىق ئەقىدىلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك كېڭىيىپ بارماقتا ئىدى. شـۇنىڭغا قارىمـاي، مـال باھاسـىنىڭ ئـۆرلەپ كېتىشـى مەملىكـەت بويىچە يولغا قويۇلغان پۇل مۇئامىلە جەھەتتىكى كۈچلۈك ئىسلاھات تۈپەيلىـدىن توسـاپ قىلىنغان، ئـائىلە ۋە دەسمايىسـىدىن ئايرىلىـپ قالغـان ھـاللىق سـىنىپلار بىـلەن ئىشچىلار

سىنىپى ئىچىدىكى ئىشسىزلار بۇ قېتىمقى سايلامغا ئۈنچە بەك قىزىقىپ كەتمەيدۇ.

بۇ قېتىمقى سايلام نەتىجىسىدىن ھىتلېرنىڭ ئۈنچە بەك رازى بولۇپ كەتمىگەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. لۇدېندورىف بۇ قېتىمقى سايلامدا ئۇتتۇغلۇق بولۇپ چىقىشنى ئۆزىنىڭ تۆھپىسى دەپ قارىماقتا؛ شۇڭىدەك، ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكىمۇ ئۇنىڭغا بىر دەسمايە بولۇپ بەرگەن ئىدى. ئەمما ھىتلېر، بىر تەرەپتىن قىزغىن ئالقىشلانغان كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مەجبۇرلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ تەشكىلاتنىڭ ئۆزى قۇرۇپ چىققان قانۇنسىز پارتىيىسىنى يۇتۇپ كېتىشىدىنمۇ ئەنسىرىمەي تۇرالمايتتى. ئۇنىڭ ئەندىشىسى ئاساسسىزمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا، ھەر قايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئارىسىدا بىر تۈرلۈك بىروشۇر تارقىلىپ يۈرەتتى. بۇ كىتابچە مىللىي سوتسىئالىزم ھەرىكەت پارتىيىسىنى خەلق ھەرىكىتىنى "ئېچىپ بەرگەن ئاۋانگارت" دەپ ئېتراپ قىلغاندەك قىلغىنى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى ئېغىر تىللار بىلەن ھاقارەتلەپ، "ئۇلار ھېچ قاچان قۇتقازغۇچىلاردىن بولالمايدۇ" دەپ تەشۋىق قىلىنغان ئىدى.196 بۇلار، ھىتلېرنىڭ سىياسىي ھوقۇقىغا بىر تەھدىت ھېسابلىناتتى. ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۈتۈن بۇ جەريانلار بەكلا ئاچچىق تەسىرات پەيدا قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبە ساۋاقلارغىمۇ ئىگە قىلغان ئىدى. ھىتلېر، ئۆز ھوقۇقىنى كۈچەيتىش ھەققى بارلىقىغا تولۇق ئىشەنچ تۇرغۇزۇلمايدىغانلا بولىدىكەن، ھەرگىز بۇنداق مەيداننى ئىپادىلىمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ھىتلېر يەنە بىر قېتىم ئۆز سېپىدىكىلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. قوزغىلاڭدىن كېيىن پەيدا بولۇپ ئىچىدە تېپىلغۇچىلارنىڭ «خەلق كۆزەتكۈچىلىرى» گېزىتىنىڭ ئىشخانىسىدا، درېكسلېر بىلەن فېدېر ئىككىسى ھىتلېرغا قارشى ھەرىكەت باشلىغان ئىدى. "ئۇ ئىككىسى، ھىتلېر دېگەن بىر مۇستەبىت ھەم بىر روھى كېسەل ئارتىست دەپ ئېلان قىلىش بىلەن تەڭ، ئەگەر پارتىيىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا توغرا كەلسە، ھىتلېرنى قاتتىق تېزگىنلىمەي بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى" دەيدۇ خانفىستاينىگىل ئەسلىمىسىدە. بىر كۈنىسى، درېكسلېر مىيۇنخېندىكى كىچىك بىر باغچىدا خانس فرانك بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ تۈرمىگە قامالغان باشلىقى ھەققىدە توختىماي دەرد تۆكۈپ كەتكەن. "ئۇ ھىلىمىكىر ئىشلىتىپ ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقتا. ئۇ ھېچ بىر ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمايۋاتىدۇ. ئۇ دائىم مېنى چەتكە قېقىپلا كەلمەكتە. ئەندىچۇ، مانا بۈگۈن ئۇ ئاخماقانە قوزغىلاڭنى ئورۇنلاشتۇرۇپ پارتىيىمىزنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتتى!" ئەگەر ھىتلېر تۈرمىدىن چىققۇدەكلا بولىدىكەن، كۆلرەڭ كۆڭلەكلىكلەر قايتىدىن كۈچلارنى ئىگەللەيدىغانلىقى ئېنىق. "گېرمانىيىنىڭ بۇندىن كېيىنكى كۈنلىرى ھەقىقەتەنمۇ

قورقۇنۇچلۇق ئۆتتى. ھىتلېر مېنىڭ سېتىۋەتتى. مەن ئۇنىڭغا قارشى ھەممە يەردە سۆزلەپ يۈرىشىمنىڭ ئەسلى سەۋەبى شۇ ئىدى."

شۇ يىلى ماي ئېيىدا كۇرت لۇدېك چەتئەلدىن ئىئانە توپلاپ قايتىپ كېلىپ ناتسىستلار يەر ئاستى پارتىيىسىنىڭ ئەھۋالىنىڭ بەكلا قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. "پۈتۈن گورۇھلار بىر-بىرسى بىلەن ۋە ئۆز ئىچىدە تىنماي جېدەل قىلىشىپلا يۈرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تۈر دۈشمەنلىشىشلەر ئۆز ئىچىدىلا رەسۋاچىلىقلارنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەب بولۇپ بەرمەي، بۇنداق ئىچكى جېدەللىرىنى كوچىلاردىمۇ سۆرىشىپ يۈرۈپ، ئەتراپتىكى تاماشا كۆرگۈچىلەر ئالدىدا نومۇس قىلىشمايتتى. ئۆزلىرىگە زىيان كەلتۈرىشى بىلەنمۇ كارىمۇ يوق" دەيدۇ. ئۇ، خانفىستاينگىل، ئامىن ۋە ئېسسېرلاردىن پارتىيىنى بۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان ئاساسلىق سەۋەپكارنىڭ روزېنبېرگ ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئەمما روزېنبېرگ پۈتۈنلەي باشقىچە گەپلەرنى قىلىدۇ: "ئۇلار ماڭا ھىتلېرغا ۋاكالىتەن ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكىمنى كۆرەلمەي ھۇجۇم قىلىپ يۈرمەكتە. ھىتلېرمۇ ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا قاراپ بىر نېمە دېمىسىمۇ، ئۇلار ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالماي يۈرمەكتە. ئەگەر ئۇلار مېنى تازىلىۋەتەلىسە، پارتىيە ئىچىدە ئۇلار ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك ئورنىغا كۆتۈرۈلۈشكە تېخىمۇ يېقىنلاشقان بولىدۇ."

لۇدېك، لاندسبېرگ تۈرمىسىگە بېرىپ ھىتلېر بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ قانداق قىلغاندا بۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدىن ساقلىنىشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە يولىيورۇق سورىماقچى بولىدۇ. لۇدېكنىڭ دېيىشىگە ئاساسلانغاندا، ھىتلېر مۇنداق دېگەن: پارتىيىمىز چوقۇم يېڭى بىر ھەرىكەت يولى تەييارلاپ ئىشقا كىرىشتۈرۈشى كېرەك؛ پارتىيىمىزنىڭ كىلەچىكىنى قۇراللىق قوزغىلاڭ ئەمەس بەلكى سايلام ساندۇقىدىن چىقىدىغان ئاۋاز بەلگىلەيدۇ. "مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى تۈپتىن ئۆزگەرگەن بولغاچقا، بۇ يول بىزنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ھەرىكەت يولىمىز ھېسابلىنىدۇ." ھىتلېر پارتىيە ئىچىدىكى تالاش-تارتىشلاردىن ھەرگىز ئۇمىدسىزلىك ھېس قىلمايتتى. "ئۇ ھەققەتەنمۇ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە قارىتا تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ھېسسىياتى ھەققەتەنمۇ يۇقۇملۇق خاراكتېرغا ئىگە ئىدى. شۇڭا، بۇ قەھەتتە مەندە بار گۇمانلارنى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلىدى." شۇنداقتىمۇ پارتىيىنىڭ ئىچىدىكى ئايرىمچىلىق كۆنسايىن كېڭىيىپ بارماقتا ئىدى. بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندە ستراسسېر بىلەن لۇدېندورق ئىككىسى "مىللى سوتسىئالىزم ئەركىنلىك پارتىيىسى" نى ئاساس قىلغان ھالدا، بىرلىككە كەلگەن خەلق پارتىيىسى قۇرۇپ چىقىش كېرەكلىكىنى، مىللى سوتسىئالىزم نېمىس

ئىشچىلار پارتىيىسى بۇ پارتىيىنىڭ تەركىۋى قىسمىغا ئايلىنىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىشىدۇ. بۇ تەكلىپ پارتىيە ئىچىدىكى كۆرەشنى تېخىمۇ ئۆتكۈلەشتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭدەك ھىتلېرنى بۇ جەھەتتە كەسكىن تەدبىر قوللىنىشقىمۇ مەجبۇرلايدۇ. 7-ئىيۇل كۈنى، «خەلق ئەلچىسى» گېزىتىدا "مەن قاماقتا يېتىش جەريانىدا ھېچ قانداق بىر سىياسىي تەشكىلاتقا قاتناشماسلىق ئۈچۈن بۇندىن كېيىن مىللى سوتسىئالىزم ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىشىدىن ئايرىلىمەن. تۈرمىدە ئەسەر يازىمەن دەپ بەكلا ئالدىراش بولغانلىقىم ئۈچۈن، تەرەپتارلىرىمنىڭمۇ يوقلايمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەسلىكىنى ئۈتۈنىمەن" دەپ بايانات ئېلان قىلىدۇ.197

ھەر قايسى گۇرۇھ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر، ھىتلېر كىتاب يازىمەن دېگەننى باھانە قىلىپ پارتىيە ئىچىدىكىلەرنىڭ بىر-بىرسىنى تازىلاشقا كىرىشىدىغان سىياسىي كۆرەشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىشاتتى. ئەمما ھىتلېر «يەھۇدىيلار تەزكىرىسى» دېگەن كىتاب يېزىش ئۈستىدە تۈرمىگە كىرىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئويلىنىپ يۈرەتتى. ئەمما بۇ كۈنلەردە ھىتلېر بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر نەرسە يېزىش خىيالىغا كېلىدۇ. بۇ خىيال ئۇنى ئىزچىل ئويغا سېلىپ، بۇ ئىش ئۇنى سىياسىي پائالىيەتلىرىنى بىر مەزگىل توختىتىپ ئويلىغانلىرىنى كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش خىيالىغا كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇ، كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە ئويلىغانلىرىنى ئۇدۇللۇق يېزىپ يۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماۋزۇسىغا پىكىرلىرىنى سۆزلەپ يازغۇزۇش ئىشىغىمۇ كىرىشكەن ئىدى. ئاندىن، تۈرمىدىكى تىنچ مۇھىت ئىچىدە تۈرمە باشلىقىدىن ئارىيەتكە ئالغان خەت ماشىنكىسىدا ئارگىناللىرىنى ئىككى بارماق بىلەن توكۇلدىتىپ بېسىپ يۈرۈپ كۆچۈرۈشكە كىرىشكەن ئىدى.

گۇندىپاي ھېمرىخ ئەسلىمىسىدە "ئۇ بۆلۈملەرنى بىر-بىرلەپ يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن كەچلىك يىغىلىشتا كۆپچىلىككە ئوقۇپ بېرەتتى" دەيدۇ. بۇ كىتاب كىشىلەر سۆزلەپ يۈرگەندەك ئۇنچىۋالا ياخشى مۇھىت ئىچىدە يېزىلغانمۇ ئەمەس. ئالايلۇق، قاتتىق يامغۇر ياغقاندا دېرىزىگە يامغۇر ئۇرۇپ كامىرغا سۇ كىرىشكە باشلايتتى. بىر كۈنى ئۇ يامغۇر سۈيىدە ھۆل بولۇپ كەتكەن يەرلەرنى سۈرتۈپ قۇرۇتىۋاتقاندا ئۆزىچە قاتتىق كۈلۈپ كېتىدۇ. ئەسلىدە، "ئەسكى-تۈسكىلەر قويۇلغان كۆلچەك ئىچىدە" گۇندىپايلاردىن بىرسى بېقىۋاتقان مۈشۈكنىڭمۇ پاكار ئورۇندۇق ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ھۆل بولۇپ كەتكەن ئورۇندۇقنى ھەدەپ يالاپ قۇرىتىۋاتقانلىقىنى، ھەمدە شۇنچە مەززە قىلىپ يالاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتكەن ئىدى. ئۈستىنكى قەۋەتتە تۇرىدىغان رۇدولف ھېس دېگەن يېقىن كەلگەن بىرسى ھىتلېرنىڭ ئەڭ يارامىلىق ياردەمچىسىگە ئايلىنىدۇ. ھىتلېر قولغا

ئېلىنغاندىن كېيىن، ھېس، پروفېسسور خاۋشوفېرنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ ساقچىغا كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ئىدى. ھىتلېر بىلەن بىر تۈرمىگە قامالغان ھېس، ھەر دائىم ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ مەسلىھەتلەر بېرىپ، قىين ئىشلارنى ھەل قىلىشىپ بېرەتتى ۋە ھىتلېرنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى خاتىرىلەپ بېرەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ يازغانلىرىنى ماشىنكىدا ئۇرۇپ چىقىرىپمۇ بېرەتتى. ۋاگنېر خانىممۇ ھىتلېرغا ماشىنكا قەغىزى، شاپىگراپ قەغىزى، قېرىنداش، سىيا ۋە دۆگەت قاتارلىق نۇرغۇنلىغان يېزىقچىلىق ماتېرىياللىرىنى سىرتتىن كىرگۈزۈپ ياردەم قىلىپ تۇراتتى.

دەسلىۋىدە، بۇ كىتابنى ئادەتتىكى تارىخ كىتاب سۈپىتىدە يېزىش پىلانلانغان بولسىمۇ، بىرىنچى قىسمىدا (دەسلىۋىدە «تۆت يېرىم يىللىق يالغانچىلىق، ئاخماقلىق ۋە ئاجىزلىقلار بىلەن كۈرەش ئەھۋالى» دېگەن ئۇزۇن بىر ئىسىم قويۇلغان ئىدى) ھىتلېرنىڭ باللىق دەۋرى، ۋېيىنادا بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار، قىزىللار ئىنقىلابى، ھەمدە پارتىيىنىڭ مىيۇنخېندىكى دەسلەپكى دەۋرلەردىكى پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ كىتاب، جاپاكەش ياشنىڭ سىياسىي تەربىيە كۆرۈش ھىكايىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؛ شۇنىڭدەك يەنە بۇ كىتاب ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز قابىلىيىتىنى نامايەن قىلىش پۇرسىتىنىمۇ يارىتىپ بەرگەن ئىدى. يەنى ھىتلېر دائىم سۆزلەپ يۈرۈشكە كەتكەن ئۈچ خىل تېما _ يەھۇدىيلار ھەققىدە، ماركسىزم ھەققىدە ۋە ئىرقچىلىق ھەققىدە ئومۇمىي يۈزلۈك بايان قىلىش بىلەنلا قالماي، يەنە پارلامېنت ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ كارغا كەلمەسلىكى ھەققىدە، سىبلىسىنىڭ زىيانلىرى ھەققىدە، سەنئەتنىڭ چېكىنىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە، لوردلار ھاكىمىيەت تۈزۈمى ھەققىدە ۋە شۇنىڭدەك ئۇرۇش مەغلۇبىيىتىنىڭ مەسئۇلىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنىمۇ بايان قىلىپ چىقىدۇ.

سىياسىي نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى رەتلەپ يېزىپ چىقىشنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆگىنىش جەريانى ھېسابلىناتتى. "مەن تۈرمىدە يېتىش جەريانىدا ئۆزەمنىڭ پەلسەپەلىك قاراشلىرىم ئۈچۈن تەبىئىي، تارىخىي ئاساس تىكلەش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدىم. ئەسلىدە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مېنى تۈرمىگە قاماپ بەكلا چوڭ بىر خاتاغا يول قويغان ئىدى: ئەگەر ئۇلار مېنى تىنماي كوچىلاردا نۇتۇق سۆزلەش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، بىلىم ئېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرغان ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ياشىشىمغا يول قويغان بولسا ئىدى، ئەڭ ئاقىلانە جازا بەرگەنلىك ھېسابلىناتتى!"

ھىتلېر تۈرمە خىزمەتچىلىرىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈستىدە يۈرگۈزگەن تەشۋىقاتىمۇ ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولغان ئىدى. ئۇ، تۈرمىدىكى كۆپ ساندىكى خىزمەتچى خادىملارنى مىللىي سوتسىيالىزمچىلار تەرىپىگە تارتىپ كەلگەن بولۇپ، ھەتتا تۈرمە باشلىقىمۇ

ھىتلېرنىڭ كامىرىدىكى چىراقنىڭ تۇن يېرىمىغىچە ئۆچۈرۈلمەسلىكىگە رۇخسەت بېرىدۇ. كۈزىتىش ئىشلىرىمۇ تولا بەك چىڭ تۇتۇلماس ھالغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، مەھبۇسلار ھەتتا ماشىنكىدا بېسىلغان مەخپىي گېزىتمۇ چىقىرىۋېلىشقان. بۇ گېزىت ھەم قىزىقارلىق، ھەم رەسمىي تۈستە بىر گېزىت بولغان ئىدى.

گېزىتنىڭ باشماقالىسى ئادەتتە ھىتلېر تەرىپىدىن يېزىلاتتى. ھىتلېرمۇ بۇ گېزىت ئۈچۈن پات-پاتلا كارىكاتۇرا رەسىملىرىنى سىزىپ تۇراتتى. ئەسلىدە بۇ مەخپىي گېزىت پاش بولماسلىقى كېرەك ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە بەزىلەر ئۆيىدىكىلەرگە يازغان خېتىدە بۇ گېزىت توغرىلىق ئېغىز ئاچقانلىقى سەۋەبىدىن بۇنداق بىر گېزىتنىڭ چىقىرىلىۋاتقانلىقى پاش بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ھېمرىخ تەھرىرات بۆلۈمى بولغان بىرىنچى نومۇرلۇق كامىرغا كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ھېچ نىمە تاپالماي قۇرۇق قول قايتىپ چىققىدۇ.

ھېمرىخنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرسى بىرەرسىنىڭ ئىنقىلاب پىلانلاپ يۈرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كەچلىك يىغىلىشلارنى رازۋېتكا قىلىش ئىدى. ئەمما ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاشقا قويۇلغان كىشىلىرى ھىتلېرنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇزۇنغا قالمايلا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا قىزىقىدىغان بىرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ياردەمچىلىرى بىلەن بىرگە ئىشىك تۈۋىگە يىغىلىۋېلىپ ھىتلېرنىڭ نۇتقىغا ئەستايىدىللىق بىلەن قۇلاق سېلىشقا كىرىشىدۇ. "بىز ئۇنىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن دىققەت قىلىپ ئاڭلايتتۇق. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىزنىڭ جانجان مەنپەئەتلىرىمىزگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە دىگەنلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتۇق. ئۇنىڭ سۆزلىرى بىزگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى."

ھىتلېر ھەر دائىم "خايىل ـ ياشىسۇن!" دەپ يىغىنىنى تۈگىتەتتى. بۇ چاغدا كىشىلەر ئىختىيارسىزلا قوزغىلاڭ كۈنىسى گرېگور ستراسېر گۈرۈپپىسىدىكىلەر ئۆزگەرتىپ ئېيتقان مارشنى ئېيتىپ كېتەتتى:

مەيلى ئۇلار بىزنى سېتىۋەتسۇن، ياكى بىزگە ھايۋان مۇئامىلىسى قىلسۇن،
بىز نىمە قىلىشىمىزنى ياخشى بىلىمىز، ۋەتەنگە سادىقمىز، ھەرگىز چەتتە قالمايمىز.
قەلبىمىزدە ھىتلېر روھى، مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ،
ھىتلېر ھۇجۇمچىلار ئەترىتى، چوقۇم قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ!

ھىتلېر پۈتۈن دىققىتىنى كىتاب يېزىش ئىشىغا مەركەزلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن،

ئادەملىرىنى ئەركىن كۆلكە-چاخچاقلىشىپ يۈرىدىغان ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەرگەن ئىدى. بىر كۈنى ئاخشىمى، ئون نەچچە كىشى ئۆزنىڭغا كونىدىن قالغان بىر دېھقانلار تراگېدىيە ئويۇنى بولغان قازىكالان ئويۇننى ئويناپ كۆرسەتمەكچى بولىشىدۇ. ئۇلار قازاننىڭ قارىسى بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى قارىغا بويىشىپ، كىرلىكلەرگە ئورىنىپ قولىدا لاخشىگىر ۋە سۇپۇرگىلەر، 7-نومۇرلۇق كامىرغا بېسىپ كىرىدۇ. ئۇلار قوللىرىدىكى قۇراللىرىنى شىلتىغىنىچە ھىتلېرنى سوتلانغۇچى بولۇپ بېرىشكە زورلىشىدۇ. ئاندىن ئۇلار باۋارىيە قىزىقچىلىق ئويۇنى پاسونىدا مىۇنخېندىكى سوت مەھكىمىسىنى قايتا ئويناپ كۆرسىتىشىدۇ. ھېمىرىخنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، ھىتلېر بۇ ئويۇنغا قاتنىشىپ سوتلىنىشقا ماقۇل بولغانىكەن. يەنى گېرمانىيە بويىچە يۈز بېرىدىغان ئومۇمى يۈزلۈك ئەركىن نامايىش ئويۇنىغا قاتنىشىشقا ماقۇل بولىدۇ. ئاندىن كۈلۈپ باش چايقىغىنىچە سورۇندىن چىقىپ كامىرىغا كىرىپ ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كېتىدۇ.

دېگەنىدەك ئىخلاسمەن بولمىغان زىيارەتچىلىرىدىن بىرى دەپ قارالغان خانفىستايىنگىل، ھىتلېرنىڭ سەمرىپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، ھىتلېرغا تۈرمىدىكى جىسمانى ھەرىكەتلەرگە كۆپرەك قاتنىشىپ، تاتلىق-تۈرۈملارنى بەك كۆپ يېيىشتىن ئۆزەڭنى قاچۇر دەپ مەسلىھەت قىلغان بولسىمۇ، ھىتلېر ئۇنىڭ بەرگەن ھەرقانداق نەسىھەتلىرىگە كۆرسىتىدىغان بىر باھانىسى بار ئىدى: "رەھبەر بولغان كىشى ئۇنداق تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇرۇقلىيالمايدۇ. نۇتۇق سۆزلەش، ئەڭ ياخشى ئورۇقلاش ئۇسۇلى مېنىڭ ئۈچۈن." خانفىستايىنگىل ئۇنىڭغا بىر قانچە پارچە كىتاب ئالغاچ كەلگەن بولسىمۇ، ھىتلېر بۇ كىتابلار ئارىسىدا يېڭى چىققان كارىكاتۇرا ژۇرنىلى «ھاماقەت» كە بەكلا قىزىقىپ قالىدۇ. بۇ ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا بىر پارچە ھەجۋى رەسىم بېسىلغان بولۇپ، رەسىمدە ئۈچىسىغا پولات دۇبۇلغىلارنى كەيگەن ھىتلېر ئاق ئاتقا مىنىپ بېرلىنغا كىرىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئىدى. بۇ ھەجۋى رەسىمدە ھىتلېر سىر گالاخادقىلا ئوخشىتىلغان (رىۋايات قىلىنىشىچە، ئەنگلىيە پادىشاھى يانو دەۋرىنىڭ يۇمىلاق جوزا چەۋەندازلىرىدىكى ساپ نىيەتلىكنىڭ سىمۇۋۇلى ھېساپلىناتتىكەن _ ھاشىيە ئىزاھاتى): "بۇ شاگىرتلارغا قارا، ئۇلار خالىغىنىچە مازاق قىلىشسۇن، ئەمما مەن چوقۇم بېرلىنغا يۈرۈش قىلىمەن!" دەيدۇ ھىتلېر.

شۇ چاغلاردا ھىتلېر بىر مۇنچە ئايال زىيارەتچىلەرنىمۇ قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا 83 ياشلىق كارولا خوفمان خانىم ئىسىملىك بىر مومايمۇ بار ئىدى (بۇ ئايال، فامىلىسى ئوخشاپ قالغان فوتوگراپچى خوفمان بىلەن قىلچە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى يوق). ھىتلېر بۇ مومايىنى "قەدىرلىكىم، ساداقەتلىك چوك ئانام" دەپ

ئاتايتتى.199 بۇ ئايال پاكا بويلۇق، ئەمما يارىشىملىق بىرسى ئىدى. ئۆتكەن بىر قانچە يىل جەريانىدا، پىنسىيىگە چىققان ئوتتۇرا مەكتەپ مۇئاللىمەسى بولغان خوفمان خانىم، ھىتلېرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى خالىس يۇيۇپ-دەزماللاپ ئۇنىڭ رەتلىك كىيىنىپ يۈرۈشىگە ياردەم بېرىپ كەلگەن بىر ئايال ئىدى. ھەر دائىم ھىتلېرنى تورت-پېچىنە، سېرىقماي-قايماقلار بىلەن بېقىپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇنىڭ كەمپۈت يېگىنىنى كۆرۈپ قالسىلا خۇددى ئاق كۆڭۈل بىر ئانىغا ئوخشاش، ھىتلېرنى يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىدە يۈرۈش تۇرۇشى، تاتلىقلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى ئۆزىنى قانداق تۇتۇشى كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ تىنماي ۋىتىلداپ سۆزلەپ كېتەتتى. بىر قېتىمدا، كارىن گيۆرىڭ خانىم قەرز سورىغىلى ھىتلېرنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، ئۇنىڭغا فۇھرېر رەسمىي بىلەن بىرگە "ھۇجۇمچىلار ئەترىتىمىز قوماندانىنىڭ شەرەپلىك خانىمىغا" دېگەن بېغىشلىما يېزىلغان ئاتكىرتكىنى تۇتقۇزۇپ يولغا سالىدۇ.

ھېسىنىڭ پوتۇشكەن قىزى ئىلسې پرۆل بۇ يەرنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدى. ئىلسې، ھەر يەكشەنبە كۈنى ميۇنخېندىن ۋېلىسىپىتلىق لاندىسبېرگكە كېلەتتى. ئىلسې، بىر قېتىمدا تۈرمىگە ئوغۇرلۇقچە بىر رەسىم ئاپاراتى ئېلىپ كىرىدۇ. ئادەتتە ھىتلېر بىلەن ھېس ئىككىسى پەلەمپەي ئالدىدا ئۇنى كۈتىۋالاتتى. ئىلسې يېتىپ كېلىشى ھامان ھىتلېر ئالدىغا چىقىپ ۋېيىننا پاسوندا ئىنتايىن نازاكەتلىك بىلەن ئېگىلىپ قولىنى يەڭگىل سۆيۈپ قويۇاتتى. ئاندىن ئۇنى قولىدىن يېتىلىگىنىچە ئۇيچە پائالىيەت ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ چوشلۇك تاماققا تەكلىپ قىلاتتى. بىر قېتىم، پويىزلىق ئاپىسىنىمۇ بىرگە تۈرمىگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى ھېسنى ئۇنچە بەك ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى. بولۇپمۇ ھېس تۈرمىگە كىرىپ قالغاندىن كېيىن ئۇنى تېخىمۇ يامان كۆرەتتى. ئەمما ھىتلېرنىڭ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ نازۇك بىر شەكىلدە سۆيۈپ قويىشى مومايىنىڭ پوتۇن كۆزقاراشلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ ئۆزگىرىشىگە يەتكەن ئىدى. "ئاپام، سىياسەت ئىشلىرىغا پەقەتلا قىزىقمايدىغان بىر ئايال ئىدى. ئەمما شۇ قېتىمقى قولىنى سۆيۈپ قويۇش ۋەقەسى سەۋەبىدىن ميۇنخېنغا كېلىپلا پارتىيىگە ئەزا بولۇۋالغان ئىدى" دەيدۇ ئىلسې.

پروفېسسور خاۋشوفېرمۇ ھېسنى يوخلاپ قويۇاتتى. ئۇ، ھېسقا خالفورد ماكىندېر ئەسەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە پارچە سىياسىي جوغراپىيىگە دائىر كىتاب ۋە ماقالىلارنى ئەكىلىپ بېرىدۇ. ئۇ بەزىدە كېلىپ ھىتلېرنىمۇ يوخلاپ چىقاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا ھەرگىز يالغۇز كىرمەيتتى. "مەن ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە مەخسۇس بىرسى بىلەن بىرلىكتە كىرەتتىم. _ دەيدۇ كېيىنكى بىر ئەسلىمىسىدە، _ مېنىڭدە ئۇنىڭ توغرىلىق

ھەردائىم بىر غەلىتە تۇيغۇ بار ئىدى. يەنى ھىتلېردا ئاز مەلۇماتلىق بىرسىنىڭ يوقىرى ئىلمى مەلۇماتلىقلارغا نىسبەتەن ئىشەنمەسلىك بىلەن قارايدىغان بىر مىجەز بارلىقىنى ھېس قىلاتتىم.“ بەلكىم پروفېسسور خاۋشوفېر بۇرۇن ھېسقا، سەن سىياسىي ئىشلارغا ئارلاشمىغىنىڭ تۈزۈك، ئەسلىدە سەن ئۆز ئىلمى ساھەيىڭ ئىچىدە تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرلىگىنىڭ توغرا بولاتتى، دەپ ئېيتقىنىدىن شۇنداق گۇماندا بولۇپ يۈرگەن بولىشىمۇ مۇمكىن. بەلكىم ئۇنىڭ قوزغىلاڭ ھەققىدە ئوچۇق ئىپادە بىلدۈرۈپ، بۇ ھەرىكىتىڭلار تىرادىگىيە خاراكتېرىدىكى بىر خاتالىق ئىدى دەپ باھالىغانلىقى سەۋەبىدىنمۇ شۇنداق ئويغا كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ پروفېسسور، ھىتلېرنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي تەرجىمىھالىنى يېزىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ھەمدە ھاياتلىق ماكانى مەسىلىسى بىلەن جوغراپىيىلىك سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ تالاش-تارتىش قىلغانلىقىنىمۇ ئۇنۇتمىغان ئىدى. ”ئەمما مەن شۇنداق ھېس قىلىمەن، توغرىسى قەتئىي شۇنداق دەپ ئىشىنىمەنكى، ھىتلېر بۇ تۆردىكى مەسىلىلەر ھەققىدە ئازىراقمۇ توغرا قاراشقا ئىگە ئەمەس بىرسى.“ پروفېسسور، ئۇ ئىككىسىنىڭلا سىياسىي جوغراپىيىدىن پەقەتلا بىلىمى يوق ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدىن كېيىن، ئۇلارغا راتزېل ئەسەرلىرى ئىككىنچى نەشرىنىڭ ئاساسلىرىدىن ساۋات بەرگەن بولسىمۇ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. ھىتلېر، سىياسىي جوغراپىيە نەزەرىيىلىرىنىڭ ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان قىسمىغىلا قىزىقاتتى.

گەرچە ھېس بۇ پروفېسسورغا قاتتىق ھۆرمەت قىلىدىغان بولسىمۇ، ھىتلېرغا سادىق بىر كاتىپ بولۇش ھەمدە ھاياتىنى پۈتۈنلەي مىللى سوتسىئالىزم ھەرىكىتىگە بېغىشلاش ئىرادىسىگە كېلىپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۈگۈنكى كۈندە فۇھرېرنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىگە ئايلىنىپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھىتلېرنىڭ پارتىيىگە زىيان كەلتۈرىدىغان مۇنازىرىلەرگە بەكلا ئۆچ ئىكەنلىكىنى، ھەمدە تۈرمىدىكى ۋاقتىنى كىتاب يېزىش بىلەن ئالدىراش ئۆتكۈزگەنلىكىگە شاھىت بولغان ئىدى. 16-ئىيۇل كۈنى، ھېس بىر ئۇنىۋېرسىتېت تىكى دوستىغا يازغان خېتىدا، ھىتلېر ئەپەندى كۈندىلىك سىياسەت ھەققىدە توختىلىشنى خالىمايدۇ، دەپ يازغان. ”ئۇ ھازىر ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىش ئىشىدىن ۋاقتىنچە ئاشكارە تۈردە ئايرىلدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەي تۇرىۋاتقان تاشقىرىدا بولىۋاتقان ئىشلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بەلكىم سىرتتىكىلەرنىڭ پىلانلىرىغا قوشۇلماسلىقىدىنمۇ شۇنداق قىلغان بولىشى مۇمكىن. دېمىسىمۇ بۇنداق بىر ئەھۋالدا تۇرۇپ سىرتتا يۈز بېرىۋاتقان پۈتمەس-تۈگىمەس تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇ، بۇنچە ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا ئارلىششىنىڭ قىلچە

زوْرۇرىيىتى يوق دەپ قارايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئەركىنلىككە چىققان كۈنىسى، پۈتۈن ئىشلارنى قايتىدىن ئۆز يولىغا سالالايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى كامىل ئىدى.“200

گېرمانىيىنىڭ شىمالىدىكى سولچىل ناتسىستلار، ئاممىۋى گورۇھلار بىلەن بىرلىشىش دېيىشكە قەتئىي قارشى ئىدى. ئۇلار ئىرقچىلارنى ”ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۈشمىنى“ دەپ ئەيىبلەشتى. مەلۇم بىر ئوقۇغۇچىلار داھىيسى ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىپ، ئەگەر ئۇلار بىلەن بىرلىشىدىغانلا بولىدىكەنمىز، ”ھەقىقى ناتسىست پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ ئىشچىلار“ ناتسىستلار پارتىيىسىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇردۇ. شىمالدىكى سولچىلار گەرچە ھىتلېرنىڭ بۇنداق بىرلىشىش مۇمكىن ئەمەس دەيدىغان قارىشىغا قوشۇلغاندەك قىلغىنى بىلەن، بەربىر ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى خالىمايتتى. ۋىمار يىغىنى ئېچىلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندە، بىرسى خەت يازدۇ. روشەنكى، بۇ خەت فۈھرېرنى ئوقىسۇن دەپ يېزىلغان خەت ئىدى. بۇ خەتتە، ھىتلېر تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن شىمالى گېرمانىيىگە كېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ، ھېرمان ئېسپېردەك ئادەملەرنى شىماللىقلار ھەرگىز خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنداق بىرسى بىلەن بىرگە كەلمەسلىكىنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەشكەن: ”بىز ھەرگىز 1923-يىلى ميۇنخېندا كۆرۈلگەندەك ھىتلېرنىڭ ئەتراپىغا سەددىچىندەك بىر سېپىل سوقۇپ ئايرىۋېتىلىشىنى ھەرگىز خالىمايمىز. بۇ يەردە ياشايدىغانلار شىماللىقلارنىڭ قىنىدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار سىياسەتتىكى قۇلچىلىققا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ھەرگىزمۇ نىملا دېسە باش ئېگىپ تۇرىدىغان يۇۋاش-يۇمشاقلاردىن ئەمەس. بىز ناتىقلاردىن ئەمەسمىز. شۇڭدەك ئۆز غەممىزنىلا ئويلايدىغان شەخسىيەتچىلەردىنمۇ ئەمەسمىز. ... بىز پەقەت فۈھرېرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇشنىلا تەلەپ قىلىمىز، ... بىز غايىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى پىدا قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمايمىز.“

بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاساسلىق مەسىلەر ئۈستىدە كۆزقاراش پەرقى كۆچىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېر سىياسىي ئىشلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇش ئىرادىسىگە كەلگەن ئىدى. 29-ئىيۇل كۈنى، ئۇ «خەلق ئەلچىسى» گېزىتىغا چىرايلىقچە رەت قىلىش باياناتى بېرىپ، ”مېنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىم ئاۋارە قىلىنماسلىقىمنى تەلەپ قىلىدىغان بىر ئىش بولغاچقا“، بۇندىن كېيىن خەت ئارقىلىق تونۇش-بىلىشلىرىم بىلەن كۆرۈشۈشتىن باشقا مېھمان كۈتەلمەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرمەكچىمەن دەيدۇ. گەرچە ئۇ سىياسىي ئىشلار بىلەن مېھمان كۈتۈشتىن زېرىككىنىم دېسىمۇ، شۇ كۈنى بىر نېمىسنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ كىشى بوخېمىيە قىنىدىن بولغان پارتىيە ئەزاسى ن. س. كۈگلېر دېگەن بىرسى ئىدى. بۇ كىشى ھىتلېرغا مۇنداق مۇھىم بىر ئىشنى ئېيتىدۇ: ”سىزنىڭ يەھۇدىيلار ھەققىدىكى مەيدانىڭىزدا

بىرەر ئۆزگىرىش بولدىمۇ-قانداق؟“ بۇ مەسىلە ھەققەتەنمۇ جان ئالغۇچى بىر مەسىلە ئىدى. ”شۇنداق، ئاز-تولا ئۆزگىرىش بولدى. _ دەيدۇ ھىتلېر ئۇنىڭغا، _ يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇسلۇپ جەھەتتە ھەقىقەتەن ئۆزگەرتىش قىلدىم. مەن بۇگۈن شۇنى ھېس قىلمەقتىمەنكى، بۇگۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا مەن يەھۇدىيلارغا بەكلا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن ئىكەنمەن! مەن بۇ مەسىلىنى كىتاب يېزىش جەريانىدىلا ئاندىن ھېس قىلىپ يېتەلىدىم. ئەگەر بىز غەلىبە قىلماقچى بولىدىكەنمىز، ئەڭ رەھىمسىز بولىشىمىز، يەھۇدىيلارغا قارشى ئەڭ قاتتىققول يول تۇتىشىمىز كېرەك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بۇ ئىش نېمىس خەلقى ئۈچۈنلا مۇھىم ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولۇپ قالماي، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھايات-ماماتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. يەھۇدىيلار پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە زىيان سېلىپ كېلىۋاتقان بىر ھاشارەت ئاپتىدۇر.“

4

ھىتلېر، پۈتۈن ياز بويى ”كۆكۈللۈك كامېرى“ دا راھەت ياشاپ يېڭى بىر كۈرەش ئۈچۈن جىددى تەييارلىق قىلماقتا ئىدى. ئۇ، ۋاقتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى كىتاب يېزىش ئىشىغا ئاتىغان بولۇپ، تۈرمىدىن بالدۇرراق چىقىرىۋېتىلىش ئۈمىدى ئىچىدە ياشايدۇ. 18-سىنتەبىردە، تۈرمە باشلىقى لېيبولد باۋارىيە ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە ھىتلېر ئۈچۈن بەكلا پايدىلىق بىر دوكلات سۇندۇ. شۇنداق قىلىپ تۈرمىدىن قويۇۋېتىلىش ئىشى ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ دوكلاتتا، ھىتلېر بىر قانچە ئايلىق جازا مۇددىتى جەريانىدا ”تەرتىپ ئىنتىزامغا قاتتىق بويى سۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقى“، ”ئىزچىل ھەمكارلىشىپ كېلىۋاتقانلىقى، كىچىك پېيىل، ئېھتىياتچان ئىكەنلىكى، كىشىلەرگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلىدە بولىۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ بۇ ئورۇننىڭ خادىملىرىغا ئالاھىدە سىلىق مۇئامىلىدە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقى“ تەكىتلەنگەن ئىدى. دوكلاتنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا لېيبولد پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: ھىتلېر قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، بۇرۇنقىدەك ئۇنداق زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر ياكى قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن قايتا شۇغۇللانمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ”شۈبھىسىزكى، قاماقتا يېتىش جەريانىدا بۇرۇنقىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 201 ئالاھىدە ئېغىر بېسىق، ئۆزىنى تۇختاتقان، ئويلىنىپ ئىش قىلىدىغان ھالغا ئۆزگەرگەن. ئۇ ئەندى ھازىرقى ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلەر

بىلەن شوغۇللىنىشنى ھەرگىز ئويلىمايدىغان بولدى.“
دەسلىۋدە لىيبولدىنىڭ بۇ تۆردىكى چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىشى، ھىتلېرنىڭ باھارغا قالماي قويۇۋېتىلىشى مۇمكىنلىكىنى بىشارەت قىلماقتا ئىدى. ئەمما باۋارىيە شتاتلىق ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر 22-سېنتەبىر كۈنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە مەخپى دوكلاد يوللاپ، 1-ئۆكتەبىردە ھىتلېرنىڭ قەتئىي قويۇپ بېرىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەگەر ھىتلېر ”پەۋقۇلئاددە ئەھۋال“ بويىچە قويۇپ بېرىلىشكە توغرا كەلسە، بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى يالاپ چېگرىدىن چىقىرىۋېتىش لازىملىقى تەكىتلەنگەن. چۈنكى ئۇ قابىلىيەتلىك بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەركىنلىككە ئېرىشىشى ھامان زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر ئۇنىڭ سەۋەبىدىن قايتىدىن باشلىنىپ كېتىشى مۇمكىن، دېيىلگەن. جىنايى ئىشلار مەھكىمىسى بىرىنچى باشقارمىسىدىكىلەر بۇ تەكلىپكە ئىتىراز قىلىشماي، ھىتلېرنى قەسەم قىلدۇرۇپ تۆرمىدىن چىقىرىشقا بولىدۇ دەپ ئۇختۇرىدۇ. ئەمما ئەدلىيە مىنىستىرى بۇ جىنايەتچى يېقىنلىرى بىلەن كۆرۈشۈش قائىدىلىرىگە خالىغانچە خىلاپلىق قىلغان دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز سۇنىدۇ. بۇ ئەرز ئېتىۋارغا ئېلىنىپ، قەسەم قىلىپ قويۇپ بېرىلىش تەلىۋىمۇ بىرگە رەت قىلىنىدۇ.
ھىتلېر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پېتىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇرۇنقىدەك بۇ تۆر پاسسىپ مىجەزىدىن تېزلا قۇتۇلۇپ قايتىدىن كىتاب يېزىش ئىشى ئىچىگە چۆكۈپ كېتىدۇ. ”ئەتىگەندىن ئاخشىمىغىچە، تا يېرىم كېچىگىچە ئۇنىڭ كامېرىدىن ماشىنكىنىڭ ئاۋازى، ھېسقا ئېيتىپ ماشىنكىدا ئۇرغۇزۇۋاتقان ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى“ دەيدۇ ھېمرىخ ئەسلىمىسىدە. ئۇمۇ فۈھرېر ئۈستىدىكى مەسئۇللۇقىغىمۇ سەل قارىمايدۇ. مىيۇنخېن قوزغىلىڭىنىڭ يىللىق خاتىرە كۈنىسى ھىتلېر ”چوڭقۇر ھېسسىيات“ بىلەن ئامىمۋى ئۆيدىكى سىياسىي جىنايەتچىلەرگە نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ، بىر تەرەپتىن ”بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقى“ نى ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈش سەۋەبلىرىنىمۇ چۈشەندۈرەتتى. ”فۈھرېرنىڭ سەمىمى ساداقەتلىكى بىلەن ئالى پەزىلىتى ئولتۇرغانلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈۋېتىدۇ.“
نويابىر ئېيى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ يېقىندا قەسەم قىلىپ تۆرمىدىن چىقىرىلىشى ھەققىدە بىرەر شەپە كۆرۈنمەيتتى. ئەمما ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئۈمىدسىزلەنمەي غەيرەت بىلەن ئۆز ئىشى بىلەن شوغۇللىنىپ كېتىۋېرىدۇ.
دەل شۇ پەيتلەردە، ھىتلېرنىڭ ئەڭ داڭلىق مورتلىرىدىن بىرسى بولغان گېۆرىڭ، ۋېنىس مېھمانخانىدا تۇرۇپ جىددى لازىم قىلىش ئۈچۈن مۇسسولىنىدىن بىر مىقدار قەرز

ئۇنىڭدۇرۇش ئۇچۇن پائالىيەت قىلماقتا ئىدى. گەرچە گېۆرىڭنىڭ يارىسى تېخى تولۇق ساقىيىپ كەتمىگەن، توختاتماي مىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ دورا يەپ بېرىشى شەرت بولسىمۇ، فۇھرېرگە سادىق بولۇپپۇتۇن كۈچى بىلەن قەرز ئىشىغا كىرىشكەن ئىدى. ئۇ ئالاقە قىلىۋاتقان ئادەم، مۇسسولىنىنىڭ بىر ۋاكالەتچىسى بولغان لىئو نىگرېللى دېگەن كىشى ئىدى. گېۆرىڭ بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن خەت ئالاقە قىلىپ فاشىستلاردىن قەرزگە ئىككى مىليون لىرا پۇل ئېلىش خىيالىنى قىلىپ يۈرەتتى. بۇنىڭ ئۇچۇن مۇسسولىنىنى ھىتلېر تۈرمىدىن چىقار-چىقماي ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكىمۇ ۋەدە بېرىدۇ. بۇنىڭ رەخمىتى ئۇچۇن ناتسىستلار پارتىيىسى ئىتالىيىنىڭ تىرولنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىن تەلىۋىنى ئاشكارە قوللاشقا ماقۇل بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ۋەدىسى بەكلا كۆپ ھىمايىچىلىرىدىن مەھرۇم بولۇشنى، بولۇپمۇ باۋارىيىدە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

روشەنكى، فاشىست كاتىۋاش ئۆزىنىڭ "رىمغا يۈرۈش قىلىشى" دىن ئۇلگە ئالمەن دەپ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بىر سىياسىي پارتىيىنىڭ بۇنچىۋالا قەرزنى قايتۇرالىشىغا بەك ئىشىنىپ كەتمەيتتى. گېۆرىڭنىڭ ئۆتۈنۈشلىرى بىر قېتىملىق چوقانغىلا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. "ئىلگىرى، فاشىستلارمۇ بىزگە ئوخشاش بەكلا ئاجىز، ھەر دائىم مازاق قىلىنىپلا يۈرگەن ئىدى. _ دەيدۇ گېۆرىڭ ئۆزىنى ئاقلىغان ھالدا، _ كىشىلەر ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئىستىقبالى يوق دېگەن گەپلەرگە قەتئىي ئىشەنمەسلىكى كېرەك. ... كۆرىسىلەركى، بىر قانچە يىلغا قالماي بۇ پارتىيە ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىدىغان بىر پارتىيە ھالىغا كېلەلەيدۇ." (1924~1925-يىللىرى ئارىسدا گېۆرىڭنىڭ نىگرېللى بىلەن يېزىشقان خەتلىرى تېخى يېقىندا تېپىلغان بولۇپ، بىن ئې. سۇرىنگىن تەرىپىدىن ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ھۆججەتلەر گېۆرىڭنىڭ بوگۇنگىچە بىلىنمەي كېلىۋاتقان شۇ دەۋرلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھاياتى ھەققىدە يېڭى يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، يەنە ناتسىستلار بىلەن فاشىستلارنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى مۇناسىۋەتتىگە دائىر يېڭى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ _ ھ. ئى).202 گېۆرىڭ، ناتسىستلار پارتىيىسى ئىتالىيىنىڭ جەنۇبى تىرولغا ئوخشاش بۇنداق خەلق رايىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشنى قوللاش ئۈستىدە تەپسىلى ئىزاھات بېرىپ ئۆتىدۇ. ئۇ يەنە، مۇسسولىنىنىڭ ئەنە شۇ ئىككى مىليون لىرا پۇلدىن پايدىلىنىپ نەقەدەر چوڭ پايدىغا ئېرىشىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. "بۇ ئىش سەۋەبىدىن سىز گېزىتلىرىمىزدا قاتتىق مۇبالىغە قىلىپ داۋراڭ قىلىنىشىغىز مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىككى مىليون لىرانى ئەڭ كېچىككەندىمۇ بەش يىل ئىچىدە تولۇق قايتۇرۇپ بولىمىز."

بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، گېۆرىڭ بۇ قەرز پۇلنى تېخىمۇ جىددى تەلەپ قىلىشقا باشلايدۇ. "ئەگەر بۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئىككى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلالىغىنىدا ھەقىقەتەنمۇ ياخشى بىر باشلىنىش بولۇپ قالاتتى. ... مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرىكەت ھەقىقەتەنمۇ خەلقئارالىق خاراكتېرگە ئىگە بىر ھەرىكەت دېگەنلىكتۇر. بارلىق دۆلەتلەر يەھۇدىيلارغا قارشى قوزغىلىشى شەرت."

11-ئايمۇ جىمجىت ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما مۇسسولىن ھېلىغىچىلا بۇ ئىشقا ۋەدە بەرمەي تۇرۇۋالىدۇ (ئېھتىمال ھەرگىزمۇ ئىككى مىليون لىرا قەرز بېرىش خىيالى يوق ئىدى)، فۈھرېرمۇ تۈرمىدىن چىقالمايدۇ. دېكابىر ئوتتۇرلىرىدا، بىر قانچە يولداشلىرى تۈرمىدىن چىقىدۇ. "ھىتلېر قايتا ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئىشىدا كەينى-كەينىدىن ئۈمىدسىز ھالغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا زېھنىنى ئىشقا سېلىپ قايتىدىن ئەسلىگە كېلىدۇ. _ دەيدۇ ھېمرىخ ئەسلىمىسىدە، _ تۈرمىدە قالغانلار غەيرەت قىلىپ روزدېستۋا ئارچا بايرىمىغا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىدۇ." ئۇلار ئاممىۋي بۆلۈمنى بىر باشتىن تۈزەشتۈرۈپ چىقىدۇ. ھەمدە ئوتتۇرىغا بىر زىننەتلەنگەن ئارچىمۇ تىكىدۇ. ئەمما ئۇلار ئارچا بايرىمى ئۈچۈن ئەتراپنى زىننەتلەشكە باشلاشتىن ئاۋال، شتاتلىق پارلامېنتنىڭ ھىتلېرنى تۈرمىدىن چىقىش كاپالىتى بىلەن قويۇۋېتىلىشكە توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغان بارلىق تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىز ئاخىرلىشىدۇ. بەلكىم ھىتلېرنى سوتلاشقا قاتناشقان ئۈچ نەپەر كەسىپ ئەھلى بولمىغان سودىيىلىرىنىڭ ئاشكارە چاقىرىق قىلىشىدىن بولسا كېرەك، 19-دېكابىر كۈنى، باۋارىيە ئالىي سوت مەھكىمىسى ھىتلېرنى قويۇۋېتىش توغرىلىق دەرھال بۇيرۇق قىلىدۇ.

بۇ خەۋەرنى تۈرمە مەسئۇلى لېيبولد بىۋاستە ھىتلېرغا ئۇقتۇرىدۇ. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، تۈرمىدە بىر يىلدىن ئارتۇق قاملىپ ياتقان ھىتلېر، يولداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، يېنىدا بار پۇلىنىڭ ھەممىسىنى (282 مارك) ئۇلارغا تاشلاپ چىقىدۇ. ئۇ يەنە ھېمرىخ بىلەنمۇ قول ئېلىشىپ ئۇنىڭ قىلغان بارلىق ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن رەخمەت ئېيتىپ خوشلىشىدۇ. ئاندىن لېيبولد بىلەنمۇ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا خەيرلىشىدۇ. "مەن لاندىسبېرگتىن ئايرىلىش ۋاقتىمدا ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا يىغلاپ كەتكەن ئىدى! (تۈرمە باشلىقى بىلەن باشقا گۇندىپايلارنى دېمەكچى) _ دەيدۇ ھىتلېر كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، _ ئەمما مەن يىغلىمىدىم. بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز يېنىمىزغا تارتىپ بولغان ئىدۇق."

ئۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق ئىدى. ھىتلېر ئۇنى ئالغىلى كەلگەن ئىككى كىشى بىلەن قىسقىچىلا سالاملىشىدۇ. ئۇلاردىن بىرسى نەشرىياتچى ئادولف مۆللېر بولۇپ، يەنە بىرسى

فوتو رەسىمچىسى خوفمان ئىدى. ئاندىن ئۇ، بىرزىنت قاپلىق ساياھەت جىپىغا چاققانلىق بىلەن چىقىپ ئولتۇردى. سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن جىپنىڭ بىرزىنتى يېپىق ئىدى. تۈرمە ئىچىدە رەسىم تارتىش چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، خوفمان ھىتلېرنىڭ تۈرمىدىكى رەسىمنى تارتالمايدۇ. ئەمما سىرتقا چىققاندىن كېيىن ھىتلېر خوفمانغا ئۇنىڭ رەسىمنى تارتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھىتلېر بۇ قېدىمى پۇراق چىقىپ تۇرغان قەلئە دەرۋازىسى ئالدىدا بىر پارچە رەسىمگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرىدۇ. يولدا خوفمان ھىتلېردىن سورايدۇ: بۇندىن كېيىنكى نېمە ئىش قىلماقچىسىز، ئىشنى نەدىن باشلاشنى ئويلاۋاتىسىز؟ ھىتلېر ئۇنىڭغا: "ئىشنى باشتىن باشلىماقچىمەن، ئىشنى يېڭىدىن باشلايمەن." دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاپتوموبىل ميۇنخېنغا قاراپ كېتىۋاتقىنىدا، ھىتلېرنىڭ كۆڭلى ئازادە، كەيپىمۇ چاغ ئىدى ("نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك ئىش بۇ، مەن يەنە قايتىدىن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرالايدىغان بولدۇم!"). ھىتلېر، مۇللېرغا ماشىنىنى تېخىمۇ تېز ھەيدەشنى ئېيتىدۇ. "بولمايدۇ ئەپەندىم، _ دەيدۇ مۇللېر، _ مەن يەنە 25 يىل ياشىشىم كېرەك!"

ئاپتوموبىل پاسىۋغا يېتىپ كەلگەندە بىر مۇنچە موتوتسىكلىتلىق ناتسىستلار ئالدىغا چىقىپ ھىتلېرنىڭ ماشىنىسىنى قوغداپ شەھەرگە كىرىدۇ. بىر مۇنچە سادىق پارتىيە ئەزالىرى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ھىتلېرنى قارشى ئېلىشقا كەلگەن ئىدى. پەلەمپەي ئالدىدا خوشاللىقىدىن ئويناقشىپ كەتكەن ئىتى ئېتىلغىنىچە كېلىپ ھىتلېرغا ئېسىلىۋېلىشى تاس قالدۇ يېقىلىپ چۈشكىلى. ئۆيىنىڭ ئىچى گۈل-چېچەكلەر بىلەن توشقۇزۇلغان ئىدى. قوشنىسى ئۇنىڭغا بىر دەستىخان يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك تەييارلىغان بولۇپ،203 ئۆستەلدە يەنە ئۈزۈم شارابىمۇ تىكلەگلىك ئىدى. دېمەككى، ئۇ تۈرمىدە ئۇنچە بەك ياخشى كۆتۈلمىگەن ئىكەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇ لاندىسبېرگتا ئۆتكەن كۈنلىرىدىن بەك پۇشايمانمۇ قىلمايتتى. ئەكسىنچە، تۈرمە ھاياتى ئۇنىڭ ئىلگىرلىشى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان دېيىش مۇمكىن ئىدى. "تۈرمىگە كىرگەن كۈنۈم مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىستىخىيىلىك تۈردە تونۇپ كەلگەن ئىكەنمەن. جازا مۇددىتىم جەريانىدا مەن بۇ مەسىلىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تونۇشقا باشلىدىم. يەنى، تۈرمىگە قاملىش جەريانىدا مەن قورقماس ئىرادىگە، كۆتۈرەڭگۈ روھى ھالەتكە ۋە ئۆز تەغدىرىمگە بولغان ئىشەنچە ئېرىشكەن ئىدىم. بۇندىن كېيىن ھېچ قانداق ئىش ئىرادەمنى تەۋرىتەلمەيدۇ."

ھىتلېر تۈرمىدىن ئايرىلغىچە بولغان ئارىلىقتا پايدىسىز ۋەزىيەت ئۇنى چىنىقتۇرغان بولۇپ، بۇ جەريانىدا ھىتلېرنىڭ ئىرادىسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەن ئىدى. پارتىيە ئىچىدىكى تالاش-تارتىشلار بىلەن سىياسىي غەرەزلەرنىڭ كۆرىنەرلىك زىيانلارنى پەيدا قىلغانلىقى ئۇنى نومۇسقا قويمىغان ياكى بۇنىڭدىن قىلچىمۇ بىئارام بولمىغان ئىدى. ئۇ

مىۇنخېنغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، يېپ-يېڭى بىر سىياسىي يول ئېچىش غەيرىتىگە كېلىدۇ. ئۇ ئەندى، بۇرۇنقى خاتالىقلىرىنى قايتا سادىر قىلماسلىقتا ئىرادە باغلايدۇ. بۇرۇنلاردا، ئۇ نامى بار ئەمما ئەمەلى كۈچى يوق بىر داھى ھېسابلىناتتى. يەنى باشقىلار قۇرۇپ چىققان پارتىيە ئۈچۈن چېپىپ يۈرگەن ئىدى. بۇندىن كېيىن، ئۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق داھى بولۇشقا ئىرادە باغلاپ، ئۆزۈنى كۆزلىگەن غايە بويىچە ئىلگىرلەپ، ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە ئۆزى تۈزۈپ چىققان لايىھە بويىچە ھەرىكەت قىلماقچى بولىدۇ.

ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان بىرىنچى ئىشى، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەش بولىدۇ. دېكابىردىكى ئومۇمى سايلامدا، مىللى سوتسىئالىزم گۇرۇھى يىرىمدىن ئارتۇق پارلامېنت ۋەكىلىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. ئاۋاز سانىمۇ 1 مىليون 918 مىڭدىن 907 مىڭغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، ناتسىستلار پارتىيىسى ھېلىغىچىلا قانۇنسىز ھالدا تۇرماقتا بولۇپ، پەقەت يوشۇرۇن پائالىيەت قىلىشقىلا مەجبۇر ئىدى. ئەمما ئىشنىڭ ياخشى تەرىپى، ئۇ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئۇنى يالاپ چېگرادىن چىقىرىۋېتىش ھەققىدىكى ئەرزىمۇ يېقىندىن بېرى ئۇنى تۈرمىدىن چىقىرىش ئۈچۈن يول مېڭىپ يۈرگەن كىشىلەر تەرىپىدىن بىكار قىلدۇرۇلغان ئىدى: ئاۋستىرىيە ھىتلېرنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلىقىمۇ ئەدلىيە مىنىستىرى گۇرتنېرنىڭ قارار چىقىرىشىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مۇقەررەر ئىدى. نۇرغۇنلىغان ئامموى تەشكىلاتلارنىڭ قارىشىدا، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنكى ھىتلېر ئىدىيولوگىسى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان ئاجايىپ بىر ئادەم ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئىرقچىلىق ھەرىكىتى گەرچە دېكابىردىكى سايلامدا مەلۇم دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا داغدۇغىلىق ھالدا تەرەققى قىلماقتا دەپ تونۇلاتتى. بۇ تۈردىكى تەرەققىياتنى پەيدا قىلغان ئامىل يەنە شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ بولغانلىقى ھەققەتەنمۇ قىزىق ئىدى. بۇرۇن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىدە مۆتىدىل تەرەپتىكىلەر بىلەن ئاكتىپ ۋەتەنپەرۋەرلەر تەرىپى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمەي يۈرگەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر، شۇ قېتىمقى بالا تاشلىۋەتكەن قوزغىلاڭغا قىزىقىش تەرىپىدە بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارمۇ رادىكالچىلار تەرىپىگە ئېغىپ كەتكەن ئىدى.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئاساسى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ھالغا كەلگەن ئىدى. گەرچە پارتىيە ئىچىدىكى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭ بارغانسىرى چوڭقۇرلىشىپ بىر-بىرسىنى سۆكۈش ئىشلىرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ھىتلېر ئۇلارنى زىدىيەتلەردىن ھالقىپ ئۆزىگە سادىق بولۇش تەرىپىگە يېتەكلىيەلەيدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى كامىل ئىدى. ھىتلېر رەسمى بىر داھى ھالىغا كېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. خۇددى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرىمۇ خەلق

ھەربىكىتىنىڭ نىشانىنى ھىتلېرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويماقتىن باشقىچە بىرەر يولىمۇ يوق ئىدى. ئادولف ھىتلېردىن ئىبارەت ئەقىدە ئۇچۇن ئۆزىنى پىدا قىلغان بۇ ئومۇمخەلق ئۆلگىسى، خەلققە نىسبەتەن يەنە بىر تەرەپتىن بايرىقىنىڭ، ئەركىنلىكىنىڭ ۋە ئىرقى ساپلىقىنىڭ سىمۋولى ھالىغا كەلگەن ئىدى.

ئۇنىڭ تىپ-تىنىچ، يالغۇز كامىر ئىچىدە كاللىسىدا ئويلىغان نەرسىلىرى، تېخى كۆنۈپ بولالمىغان مىيۇنخېندىكى ئەركىن مۇھىتى بىلەنمۇ ئاساسەن ئوخشاپ كېتەتتى. ئەركىنلىككە چىققان بىرىنچى كۈنى ئاخشىمى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىشنى نەدىن باشلاش كېرەكلىكىنى ئېنىق ئەقلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ. "مېنىڭدە مۇنداق بىر ئادەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم: ھەر قانداق ۋاقىتتا ئارىلاپ مۆرە قاقىدىغان ۋاقىتىم بولۇپ قالىدىكەن. ھەر قانداق بىر ئىش قىلماقچى بولسام ئاۋال بىر مەزگىل ئارام ئېلىشنى تەلەپ قىلىدىكەنمەن. بۇ مىجەزىم مېنى ئىزچىل تۆردە بىئارام قىلىپ كەلمەكتە!" شۇنىڭغا قارىماي ھىتلېر بەربىر ئەقىللىق بىرسى ھېسابلىناتتى. ئۇ، قىسقا بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزىنىڭ "ئەمەلىيەت بىلەن ماسلىشىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى" بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، بىر قانچە ھەپتە خىيال قىلماي يۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن "بىر-بىرى بىلەن ئۆچەكىشىپ يۈرگەن قېرىنداشلىرىنى ياراشتۇرۇش" ۋەزىپىسىنى ئورۇندىماقچى بولىدۇ.

ئۇ، قايتىدىن ئادەتتىكى بىر پۇخرانىڭ ئېغىر بېسىقلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ بىرىنچى قەدەمدە ئارچا بايرىمى ئاخشىمى خانفىستايىنگىل ئەر-خوتۇن ئىككىسىنى زىيارەت قىلىشتىن ئىشنى باشلىماقچى بولىدۇ. 204 ئۇلار ئىسار دەرياسى قارشىسىدىكى بىر ئۆيگە كۆچۈپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئۆي بۇرۇنقى ئۆيىگە قارىغاندا خېلىلا كەڭتاشا بىر ئۆي ئىدى. بۇ رايون خېرزوگ باغچىسىغا يېقىن بىر يەر بولۇپ، مەنزىرىسى ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق ئىدى. بۇ يەر توماس مان قاتارىدىكى داڭلىق يازغۇچىلار ئولتۇراقلاشقان بىر رايون ئىدى. ھىتلېر پىيانو ئۆيىگە كىرىپ كەلگىنىدە، روھى جەھەتتىن جىددىيلىشىپ ئالاق-جالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇ خۇددى يالۋۇرغاندەك قىياپەتتە: "خانفىستايىنگىل، ماڭا «لېيبېستود» نى چېلىپ بەرگىنە" دەيدۇ. خانفىستايىنگىل لىسزتيان تەرىپىدىن ئۆزگەرتىپ تەييارلىغان داڭلىق « ترىستان بىلەن ئىسولد» تىن بىر ئاھاڭنى پۈتۈن زېھنى بىلەن چېلىپ بەرگىنىدىن كېيىنلا ھىتلېر ئاندىن جىددىيچىلىكتىن قۇتۇلۇپ جايىغا كېلىشكە باشلايدۇ. بۇ چاغدا ھېلېنا يېڭى قوشۇلغان قىزى ھېرتانى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ. ھىتلېر بۇۋاققا قاراپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ بىر ھازا بالىنى ئەكىلىتىدۇ. ئاندىن ھېلېنادىن ئۇفىيىڭدا يۈز بەرگەن ئىشلار ئۈچۈن ئەپۇ سورايدۇ. "سىز تونۇشلۇرۇم ئىچىدىكى ئەڭ كونا قاراشلىق بىرسى ئىكەنسىز." ئۇ گەپ قىلغاچ بۇ

روياللخانىغا كۆز ئاتىدۇ. ئۇ گېپىنىڭ يېرىمىنى قىلىپ بولۇپلا تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ ئەتراپقا قاراپ كېتىدۇ. "كەچۈرۈڭ، ــ دەيدۇ ھىتلېر بۇ قىلىقىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، ــ بۇ مىجەز تۇرمىنىڭ يالدامىسى، ئۇ يەردە ھەرقانداق بىر يەردە ھەر دائىم دېگۈدەك شۇ مەرەز گۇندىپايلار كەينىڭدىن سېنى كۆزىتىپ يۈرگىنى يۈرگەن. ــ ھەقىقەتەنمۇ لاندسبېرگ تۈرمىسىدە ھەر دائىم ئىشىك يوچۇقىدىن ئۇنى ماراپ كۆزىتىپ يۈرۈشەتتى. ــ بەك قورقۇنۇچلۇق، بۇنى بىر دېمەڭ! مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇلار بىرەر باھانە تېپىپ مېنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىۋېتىشنىڭلا خىيالىدا يۈرەتتى. مېنىڭ ئىككى ھەپتە ئاچلىق ئېلان قىلغانلىقىمدىن خەۋىرىڭلار بار. ئۇلار بۇنى مېنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىمنىڭ بىر ئىسپاتى قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغانىكەن." (بەلكىم بۇمۇ ئۇنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشىنى توختىتىشقا سەۋەب بولغان ئىشلاردىن بىرسى بولۇشى مۇمكىن)

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئۇلار ئارچا دەرىخى ئاستىغا يوشۇرۇلغان سوغاتلارنى چىقىرىپ تارقىتىدۇ. ئاندىن، ھېلېنا، ھىتلېر ۋە تۈت ياشلىق ئېگون ئۈچىسى پىيانونىڭ ئەتراپىدا ئولۇشۇپ ئولتۇرىدۇ. خانفىستايىنگېل «ستېينۋاي» دىن كەينى-كەينىدىن بىر قانچە ئاھاڭ چالىدۇ. «ئارمىيە مارشى» دېگەن بىر مۇزىكا ھىتلېرنى بەكلا ھاياجانغا سېلىۋېتىدۇ. ئۇ قولىنى كەينىگە قىلىپ خۇددى ھەربىلەردەك ئۆي ئىچىدە چۆگىلەپ يۈرگىنىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇرۇش ۋاقتىدىكى مەنزىرە قايتا نامايەن بولىدۇ. ئۇ يەنە ئېگونغا ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئەھۋاللارنى دوراپ بېرىدۇ: ئۇ، كاتيۇشا ئاۋازىنى، 75 سانتىمېتىر ئېغىزلىق زەمبىرەك ئاۋازىنى ھەمدە پىلىموت ئاۋازىنى دوراپ بېرىدۇ. ئۇ بەزىدە بىرلا خىل ئاۋازنى دورىسا، يەنە بەزىدە بىر قانچە خىل ئاۋازنى قوشۇپ دوراپ بېرەتتى.

ئاندىن ئۇ سىياسەتكە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ قايتىدىن يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇزۇن نۇتقىنى باشلىۋېتىدۇ. خانفىستايىنگېل ئۇنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى قاراشلىرى كونكرېتنى ئىرقچىلىق پۈرىقىنى ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ۋول سترىت، ھەتتا پۈتكۈل ئامېرىكا يەھۇدىيلارنىڭ تىزگىنىگە ئۆتۈپ بولغانمىش. كەينىدىنلا ئۇنىڭ پىكىرلىرى، ئۇنىڭ گېپى تۇيۇقسىزلا لاندسبېرگتىكى يېقىن سەبداشلىرى ھەققىدىكى گەپلەرگە بۇرۇلىدۇ. "ئاھ مېنىڭ شۇ رودىيىم، مېنىڭ شۇ ھېسرلىم، ــ ھىتلېر ھاياجان ئىچىدە ئاۋازىنى قويۇۋېرىدۇ: ــ ئۇلارنىڭ ھازىرغىچە شۇ تۈرمىدە قاملىپ ياتقانلىقىنى ئويلىسام ۋۇجۇدۇم شۈركىنىپ كېتىدۇ!" ھىتلېر ئۆيدىن چىقىش ئالدىدا ھېلېنا بىلەن پىيانو ئۆيىدە بىر ئاز يالغۇز قالىدۇ. ھېلېنا سوفادا ئولتۇرغىنىدا ھىتلېر تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بېشىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا قويۇپ دەيدۇ:

"ماڭا قارايدىغان بىرسى بولسىمغۇ كاشكى!"

”ياق، ياق، ئۇنداق قىلماڭ.“ ھېلېنا ئۇنىڭدىن نېمىشقا توي قىلمىغانلىقىنى سورايدۇ.

”مەن ھەرگىزمۇ توي قىلمايمەن.

چۈنكى مەن، ئۆزەمنى ۋەتەنگە ئاتنۇەتكەن بىرىمەن.“ بۇ ۋاقىتتا ھېلېنا ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ كۆڭلىدە ھىتلېرنى راستىنلا كىچىك بالىغا ئوخشىتىپ قالىدۇ. تەخمىنەن بۇندىن 17 يەتتە يىل بۇرۇنقى مۇشۇ كۈنلەردە ھىتلېر ئاپىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى.

”ئەگەر شۇ پەيتتە بىرەرسى كىرىپ قالغان بولسا ھەقىقەتەنمۇ سەتچىلىك بولاتتى. _ دەيدۇ ھېلېنا كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، _ ئۇنى قاتتىق خىجىل قىلىۋەتكەن بولاتتى. شۇ چاغدا ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قارامىلىق قىلغان ئىدى. راستىنلا بىر قارامىلىق ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولۇپ، مەنمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋەردىم.“[205]

# 8. ھىتلېرنىڭ مەخپى كىتابى

## 1925~1928

1

يېڭى يىل ھارپىسىدا، خوفمان ھىتلېرنى ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان يېڭى يىللىق مەرىكىگە تەكلىپ قىلىدۇ. ھىتلېر بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەمما مەرىكە باشلانغاندىن كېيىن بىر قىز خوفماندىن فۈھرېرگە تېلېفون قىلىپ يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلىپ بېقىشنى ئۆتۈنىدۇ. خوفماننىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ ھىتلېر بۇ قېتىم تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ "ھازىرلا يولغا چىقىمەن، ئەمما يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ئولتۇرۇپ بېرەلمەيمەن" دەپ ئەسكەرتىپ قويىدۇ. مۇراسىمدىكى بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلايدۇ. بولۇپمۇ ئايال مېھمانلار ئۇنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن ھەممىدىن بەك تەقەززار بولماقتا ئىدى. دېگەندەك، ھىتلېر ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي ئولتۇرۇشقا كېلىدۇ. "ھىتلېر مۇراسىملىق كاستيۇم-بۇرۇلكا كىيىۋالغان بولۇپ، كىيىمى ئۇچىسىغا بەكلا ياراشقان ئىدى. ــ دەپ يازىدۇ خوفمان، ــ ھىتلېر ئۇ ۋاقىتلاردا چېچىنى پىشانىسىغا چۈشۈرۈپ تارايدىغان ئادىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ چېچى بەك قويۇق بولمىسىمۇ، ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قىلىپ كۆرسىتىپ تۇراتتى." ئايال مېھمانلار ئۇنىڭ ئويماقتەك بۇرۇتىغا بەكلا ھەۋەسلىنىدۇ.

كېلىشكەن بىر قىز يۈرەكلىك بىلەن ئالدىغا چىقىپ، ھىتلېرنى ئارچا دەرىخىنىڭ تۈۋىگە باشلاپ بېرىپ ئۇنى سۆيۈپ قويىدۇ (ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئارچا دەرىخى روژدېستىۋا بايرىمىدا زىننەتلىنىدىغان دەرەخ تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئارچا بايرىمى كۈنىسى بۇ دەرەخ تۈۋىدىن ئۆتكەن قىزنى ھەرقانداق بىرسى سۆيسە بولاتتى ــ ھاشىيە ئىزاھاتى). "ھىتلېرنىڭ چىرايىدىكى ئالاقىزادىلىك بىلەن قورقۇنۇچلۇق كۆرۈنىشىنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن! ئۇنى سۆيۈپ قويغان ھېلىقى شوخ قىزمۇ بەكلا يەڭگىللىك قىلغانلىقىنى، ئەتراپتىكىلەرنىمۇ بىئارام قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈن

چىقارماي جىمىپ كېتىدۇ. ھىتلېر ھۇلۇقۇپ كىچىك بالىدەك ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالىدۇ. ئۇ كالپۇكىنى چىشلىگىنىچە ئاچچىقىنى ئارانلا بېسىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ، ئەسلىدىلا سوغۇق تۇسكە كىرىپ قالغان مەرىكە سالونى بىراقلا جىمجىتلىق ئىچىگە چۆشۈپ قالىدۇ." خوفمان بۇ ئىشنى كۆلكە بىلەن ئۆتكۈزىۋېتىپ مۇراسىمنى قايتىدىن جانلاندۇرۇشقا تىرىشتى. "ھېلىمۇ ياخشى بۇ سۆيۈپ قويۇش ئىشنى چوڭ ياشلىق بىرسى قىلمىدى. ھىتلېر ئەپەندى، بۇ سەۋەپلىك سىز قىزلاردىن تەلىيىڭىز كەلسە ئەجەپ ئەمەس." بۇ گەپلەرمۇ ھىتلېرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە يەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇ، سورۇندىكىلەر بىلەن ئەدەپ بىلەن سوغۇق بىر شەكىلدە خوشلىشىپ مۇراسىمدىن ئايرىلىدۇ.

ھىتلېر، لاندسبېرگ تۈرمىسىدىن چىققىنىدىن كېيىن يالغۇز دېگىدەك ياشاشقا باشلايدۇ. مەيلى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن ياكى ئىجتىمائى مۇناسىۋەت جەھەتلەردە بولسۇن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە كۆنمىكى ھەققەتەنمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۆز پائالىيىتىنى ئېسىپىر بىلەن پۈھىر ئىككىسىنى ۋاستە قىلىپ كەينىدە تۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىش دائىرىسىدە چەكلەپ،206 ئۆزىنىڭ يېڭى پىلانىنى ئاشكارىلىماي، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىدىن تەلىمات ئېلىش ياكى مۇبارەكلەپ كۆرگىلى كەلگەنلەردىن يىراق تۇرۇپ بىر مەزگىل جىم يۈرۈشنى توغرا تاپىدۇ. شۇ قاتاردا، ئادەتتىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى خاتا ھالدا سوۋۇتۇشتىن ساقلاپ، ئۇلارنى ھىتلېرنىڭ تۈنجى نۇتقىنى ئاڭلايمىز دەپ تەققەززار قىلالىشىمۇ مۇمكىن دەپ ئويلايدۇ.

ھىتلېر، بۇگۈنكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆرۈلگەن شىددەتلىك تەرەققىيات ۋەزىيىتى بىلەن تېخىمۇ تېز تونۇشۇپ چىقىش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى بىر يەرگە يىغىپ تەپەككۇر قىلىشقا مۇھتاج بولغاچقا، ھېچ قانداق توسالغۇ پەيدا بولماسلىقنى ئارزۇ قىلاتتى. فرانسىيىدە بولسا، بۇرۇن رۇرنى ئىشغال قىلىش تەلىۋىدە بولغان ھاكىمىيەت گۇرۇھىدىكىلەرمۇ ھۆكۈمەتتىن چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يارىشىشقا مائىل بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلغان ئىدى. ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەش مەسىلىسىدە، سەل ئاۋال ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر گېرمانىيىنىڭ نىسبەتەن ئادىل قەرز تۆلەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا قوشۇلىدىغانلىقى ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىشقان ئىدى. ئىقتىسادىي سەپلەردە ماركىنىڭ قىممىتى تۇراقلىق ھالغا كەلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۇنداق شىددەتلىك ئۆزگىرىش قالايماقانچىلىقى قايتا يۈز بەرمەس بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. فرانسىيە بىلەن مەسىلىلەرنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش ھەمدە ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىياتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ تۆردىكى ئىككى تۈرلۈك مۇھىم ئىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ھىتلېرنى قولىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر سىياسىي دەسمايىسىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىدىن

دىرەك بېرەتتى.

يەنە بىر جەھەتتە، جەمئىيەتمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىغان بولۇپ، ھىتلېرنىڭ پۈتۈن گېرمانىيە بويىچە قايتىدىن سىياسىي سەھنىگە چىقىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىلغان ئىدى. يەن-تېخنىكىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، نوپۇس تارقاقلىشىشى، شۇنىڭدەك ئۆتكەن ئون يىللىق سانائەتلىشىش جەريانلىرى ھالقىلىق سىنىپىتكىلەرنىڭ پارچىلىنىپ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا ئىدى. ئۇششاق ئېلىپ-ساتارلار، ئۆزىنى ئۆزى قامدىيالايدىغان تىجارەتچىلەر بىلەن پومىشچىكلارمۇ بۇ بوراننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماقتا ئىدى. مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن ۋاقىتلاردا ئەڭ ئېغىر زەربە يېگەنلەر يەنىلا شۇ ئوتتۇرا ھال سەۋىيىلىك سىنىپلار ئىدى. بۇ تۆردىكى كىشىلەر ئىشچىلار سىنىپىغا قارىغاندا نىسبەتەن باياشات ياشاش ئىمكانلىرىغا ئىگە تەبىقە ھېسابلانسىمۇ، بۇ ۋەزىيەت ئۇلارنىڭ تىجەپ قولغا كەلتۈرگەن مەبلىغىنى بىراقلا توزىتىۋېتىدۇ. نۇرغۇنلىرى بۇنداق بەختسىزلىك سەۋەبىدىن قىزىللار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالماقتا ئىدى. نەتىجىدە، بۇرۇنقى ھالقىلىق تەبىقىدىكىلەرنىڭ دەرد-ئەلىمى تېز سۈرئەتتە غەزەپكە ئايلانماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ تۆردىكى كىشىلەرمۇ ھىتلېرنىڭ تەرغىب قىلىپ كېلىۋاتقان يەھۇدىي دۈشمەنلىكى ئەقىدىسىنى ئاسانلا قوبۇل قىلالايدىغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلايدۇ.

بۇ يېڭى يىل، ھىتلېرغا نۇرغۇنلىغان پۇرسەتلەر بىلەن بىر قاتاردا كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارنىمۇ بىرلىكتە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەندىكى مەسىلە، بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا ھىتلېرنىڭ سىياسىي تەغدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ بۇ ئىككى تۈرلۈك ۋەزىيەتكە قانداق تاقابىل تۇرۇشىغا باغلىق ئىدى. بۇ جەھەتتە، ئۇ بىرىنچى قەدەمدە 1925-يىلى 4-يانۋار كۈنى يېڭىدىن باۋارىيىگە باش مىنىستىر بولۇپ تەيىنلەنگەن ھېنرىخ خېلد بىلەن زىتلىششىنى توختىتىشتىن ئىش باشلايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بېرىپ خېلد بىلەن يېرىم سائەتتەك سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، يېڭى ھۆكۈمەتكە سادىق بولىدىغانلىقى، بۇ يېڭى ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىپ قىزىللارغا ئورتاق قارشى تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، ھىتلېر، بۇنىدىن كېيىنكى سىياسىي كۈرەشلەردە قانۇنلۇق ھەرىكەت شەكىللىرى بويىچىلا پائالىيەت قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىدۇ. ھىتلېر بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قىتىملىق سۆھبەتتىن بەكلا خۇشال بولغان خېلد، شۇ كۈنى ئاخشىمى ئەتراپىدىكىلەرگە: ”ئەندى بىز بۇ ۋەھشىي يىرتقۇچنى قولغا كۆندۈرەلىدۇق دەپ قارىساق بولىدۇ. بۇنىدىن كېيىن ئۇنى باغلىغان زىنجىرنى سەل بوش قويىۋېتەلىشىمىز مۇمكىن“ دەيدۇ.

ھىتلېرنىڭ تەييارلىق قىلىش باسقۇچى ۋە سىرت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۆزۈپ تاشلاش باسقۇچى جەريانىدا، ئۇنىڭ بىلەن بەكلا ئاز كىشىلەر مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ، يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالفرېد روزېنبېرگ يوق ئىدى. ئەمما روزېنبېرگ بولسا، ھىتلېرنىڭ ئېسسېر، ئامان، خوفمان ۋە خانفستاينگىل قاتارلىقى كىشىلەر بىلەن دائىم بىرلىكتە ماشىنىلىق سەھرالارنى ئايلىنىپ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ تاللانغان كىشىلەر ئارىسىدىن سىرتتا قالدۇرۇلغانلىقىغا بەكلا نارازى ئىدى. "ھىتلېر ماڭا بەكلا ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇنىڭغا قارىماي، مېنى ياخشى كۆرمەيتتى" دەيدۇ روزېنبېرگ كېيىن رەنجىگەن ھالدا. بۇنىڭ سەۋەبى، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدىن رەنجىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن پارتىيىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەش ئىدى. روزېنبېرگ ئۇنىڭ دوستى كۇرت لۇدېك ئارقىلىق ماقالە يازدۇرۇپ، بىر بولسا ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشلارنى دەرھال توختىتىشلار كېرەك، بولمىسا پارتىيە چوقۇم يوقىلىدۇ، دەپ بۇ ئىشلارنىڭ خەۋپى ھەققىدە ئۇنى ئاگاھلاندۇردى.

لۇدېك ھىتلېرغا بۇ ماقالىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئەۋەتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار تېيېرشتراس كوچىسىدىكى كىچىك ئۆيىدە كۆرۈشىدۇ. ھىتلېر دەسلىۋىدە لۇدېندورفنى بىر مۇنچە قاغىغانىدىن كېيىن، يەھۇدىيلار مەسىلىسى ھەققىدە تىنماي سۆزلەپ كېتىدۇ.207 بۇ گەپلەر تۈگىگەندىن كېيىنلا ئاندىن ماقالە ھەققىدە گەپكە كېلىدۇ. ھىتلېر لۇدېككە ئۇ ۋاقىتلاردا چەتئەلدە بولغاچقا، قوزغىلاڭنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولىشى، شۇنىڭدەك سوتنىڭ تەپسىلاتىدىنمۇ خەۋەردار بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، دەيدۇ. ئۇ، روزېنبېرگنىڭ ئېسسېر بىلەن ئارىمىزغا زىددىيەت سېلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى شاكخو قىلىدۇ ("ئۇ بىر نېمىنىڭ تىرنىقى ئۇستىدىكى سىياسىي تۇيغىلىرى قارىلاپ يۈرگەن نەرسىلەرنىڭ سۆڭىدىكى سىياسىي ھېسسىياتىدىنمۇ كۈچلۈكرەك ئىكەن.")، ئاندىن ئۇ لۇدېككە ئىنتايىن قاتتىق ئەسكەرتىش بېرىپ، سەن روزېنبېرگكە دەپ قوي، "ئۇ ناھەقچىلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۇستىدە ئويۇن ئويناشتىن دەرھال ۋاز كېچىپ، ھەققەت يولىغا قايتىپ كەلسۇن" دەيدۇ.

كۆرۈنۈشتە، ھىتلېر لۇدېكنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى تالاش-تارتىشلارنى ئاخىرلاشتۇرۇش ھەققىدە بەرگەن تەكلىۋىنى رەت قىلغاندەك تۇيغۇ بەرگەندەك قىلسىمۇ، ئەسلىدە ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. پارتىيىنىڭ يارىلىرىنى ساقايتىش جەھەتتىكى غەيرىتى، شۇنىڭدەك باش مىنىستىر خېلدغا بەرگەن ۋەدىسى تېز ئارىدىلا ئۆنۈمىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. 16-فېۋرال كۈنى، باۋارىيە ھۆكۈمىتى جىددى ھالەت بۇيرۇقىنى بىكار قىلىپ، ناتسىستلار پارتىيىسىگە قويۇلغان چەكلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئارىدىن ئون كۈن

ئۆتكەندە «خەلق كۆزەتكۈچىلىرى» گېزىتى قايتىدىن گېزىت بوتكىلىرىدا كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ھىتلېر بۇ گېزىتقا «يېڭى باشلىنىش» تېمىلىق ئۇزۇن بىر پارچە باش ماقالە يېزىپ بېرىدۇ. ئۇ باشماقالىدا بۇندىن كېيىن تەشكىلات ھالقىدا ۋە سىياسەت بويىچە ئىش قىلىمىز، شەخسىي ياكى دىنىي پىكىر ئوخشىماسلىقلىرىغا ھەرگىز قۇلاق سالمايمىز؛ شۇنىڭدەك پارتىيە ئىچىدىكى ھەر قايسى ئاممىۋى تەرەپبازلىقلارغا ياراشتۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، تالاش-تارتىشلار ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ، دەپ يازىدۇ. ھىتلېر ماقالىسىدا، بىز قەتئىي ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق دۈشمىنىمىز بولغان يەھۇدىي ماركسىزمىنى مەغلۇپ قىلىمىز، دەپ تەكىتلەيدۇ. بۇ، يېڭى ئادولف ھىتلېرنىڭ ھەرىكەتكە ئاتلىنىشى ئىدى؛ پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن قەتئىي تۈردە قانۇنلۇق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك يەنە يارىشىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز ئۇسۇلى بويىچە پارتىيە قۇرۇشقا كىرىشىدىغانلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. گەرچە ئۇ ئىلگىرى ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك دۈشمەن ھېسابلىنىدىغان يەھۇدىيلارغا قارشى كۈرەشنى قەتئىي يۇمشاتمايدۇ.

ئەتىسى، يەنى 27-فېۋرالدا، ھىتلېر ئاشكارە تۈردە سىياسەت ساھەسىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ، بۈرگېربراۋكېللېرگە _ ئۇ قوزغىلاڭ باشلاتقان يەرگە _ بېرىپ ئۇ يەردە پارتىيە يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. ئۇ يىغىندا، ئاخشىمى سائەت 8 دە نۇتقىنى باشلايمەن دەپ ئېيتىدۇ؛ ئەمما چۈشتىن كېيىندىن باشلاپلا بۇ پېۋىخانا ئالدى يىغىنغا قاتناشماقچى بولغانلارنىڭ كىرىش ئۈچۈن قاتار ئۈچىرەت تۇتقان كىشىلەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دا ساقچىلار كېلىپ ئىشىكلەرنى ئېتىشكە باشلىغان ۋاقىتتا، زال ئىچىدە تۆت مىڭ كىشىلىك نۇتۇق ئاڭلىغۇچى لىپمۇ-لىق ئولتۇرۇشاتتى. شۇنىڭدەك يەنە مىڭدەك كىشى زالغا كىرەلمەي سىرتتا قالغان ئىدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك يىغىنغا قاتناشقان بولۇپ، پەقەت رۆم، ستراسسېر ۋە روزېنبېرگ قاتارلىق ئۈچ كىشىلا كەلمەيدۇ. ”مەن بۇنداق ئۇيۇنغا قاتنىششنى خالىمايمەن، _ دەيدۇ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن روزېنبېرگ لۇدېككە، _ مەن ھىتلېرنىڭ قېرىنداشلار قۇچاغلىششى، قول ئېلىشىپ بىر-بىرسىگە سالام بېرىش دەيدىغان ئۇيۇنلىرىنى جىق كۆرگەنمەن.“ روزېنبېرگ بەكلا غورۇرلۇق بىرسى بولۇپ، ئۆزىنى چەتتە قالدۇرغان ئۇنداق بىرسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى ھەرگىز خالىمايتتى.

چوڭ زالدىكى مەردانە ھېسسىيات ئاساسەن ئالغاندا قوزغىلاڭ ھارپىسىدىكى ھالەت بىلەن ئوخشاش دېگىدەك ئىدى. ھىتلېر زال ئوتتۇرىسىدىكى يولنى كېسىپ ئۆتۈپ سەھنىگە

چىققىنىدا، قىزغىن تەرەپپازلار ئارقا-ئارقىدىن قوللىرىدىكى پىۋا پوتولكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ھىتلېرغا تەنتەنە قىلىپ، ئۆزئارا قۇچاغلىشىپ كېتىدۇ. ھىتلېرنىڭ كۆزى پارتىيە رەھبەرلىرىدىن ئېشىپ يىراقتىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەنتەنە قىلىشلىرىغا تىكىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىنتايىن جوشقۇنلۇق بولسىمۇ، يەنىلا ھېچ بىر تەرەپنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان گەپلەرنى قىلمايدۇ. ئۇ 1924-يىلقى جەدەل ماجرالاردىن بېرى مىسال كەلتۈرۈپ كىمنىڭ توغرا كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنىمۇ تىلغا ئېلىپ يۈرمەيدۇ. بۇ ھەقتە قەستەن سۆزلىمەي ئۆتكۈزىۋېتىدۇ. ئۇ، لۇدېندورفنى "ھەرىكەتنىڭ ئەڭ سادىق، قىلچە شەخسى مەنپەتنى كۆزلىمەيدىغان دوستىمىز" دەپ ماختاپ، "پىشقەدەم ناتسىستلار پارتىيە ئەزالىرى" ئاممىسىنىڭ كىرىست بەلگىلىك بايراق ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىپ، باش دۈشمىنى بولغان ماركسىزم بىلەن يەھۇدىيلارنى تارمار قىلىشقا تەييار تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرىنىڭ بىرىنچىسى ئېسسىېردەك ئىنقىلابچىلارغا چىقارغان چاقىرىق بولسا، كېيىنكىسى ئاتتون دىرېكسلېر بىلەن نىسبەتەن كونسېرۋاتىپ خەلق ئارىسىدىكى تەرەپپازلارغا مۇراجەت قىلىنغان چاقىرىق ئىدى.208

گېرمانىيىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ھاياجانلىق چاقىرىقلارنى چىقارغاندىن كېيىن ("60~70 مىليونلۇق نوپۇسقا ئىگە ئۇلۇغ بىر مىللەتنى تارمار قىلىش مۇمكىن ئەمەس دەيدىغان قاراش، ساراڭلارچە بىر قاراش. ئەگەر بۇ خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش كۈچىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغىنىدا چوقۇم يىمىرىلىپ يوقۇلىدۇ")، ئۇ دىققەت نەزىرىنى ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان پارتىيىنىڭ رەھبىرى كادىرلىرىغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. ھىتلېر ئۇلاردىن ساداقەتلىك بىلەن ئۆزىنى قوللاپ بېرىشىنىمۇ، ياكى ئۇلار بىلەن يارىشىشنىمۇ تەلەپ قىلمايدۇ. ھىتلېر بۇ كىشىلەرگە، ئەگەر يەھۇدىيلارنى تازىلاش ھەرىكىتىگە قاتنىششنى خالىمايدىغانلار بولسا پارتىيىدىن ئايرىلسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. "ئەگەر كىمدە-كىم مەڭا شەرت قويماقچى بولىدىكەن، مەن ئۇ كىشىلەرگە: 'دوستۇم، ئالدىرىماي تۇر، مەن سىلەرگە قانداق شەرت قويىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ قالىسىلەر'، دەپ جاۋاب بېرىمەن. مەن سىرتقا چىقىپ خەلق ئاممىسىنى قوزغىتىمەن دەپ يۈرمەيمەن. پارتىيىلىك يولداشلار، ماڭا باھا بەرمەكچى بولساڭلار، بىر يىل كۈزەتكەندىن كېيىن ماڭا قارىتا ھۆكۈم چىقىرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر بىر يىل ئىچىدە ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلىسەم مەسىلە يوق. ئەگەر ناۋادا ياخشى باشقۇرالمىسام پارتىيە ھوقۇقىنى سىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. ئەمما شۇ ۋاقىتقىچە بۇ ھەرىكىتىمىزگە يالغۇز مەنلا يېتەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن. پۈتۈن ئىشلارغا يالغۇز مەنلا مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك. بۇ جەرياندا ھېچكىم ماڭا شەرت قويماسلىقى كېرەك. مەن شەرتسىز تۈردە ھەرىكىتىمىز

جەريانىدا كۆرۈلىدىغان بارلىق مەسىلىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى پۈتۈنلەي يالغۇز ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن."

ئۇنىڭ تەلۋىلەرچە ھېسسىياتى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. شۇ ھامان "ياشىسۇن ـ خايىل!" دەپ توۋلاشلار كۆتۈرۈلىدۇ. ئاياللار ھاياجاندىن يىغلاشقا باشلايدۇ؛ كەينىدىكىلەر قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتۈشكە، يەنە بەزىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئورۇندۇق-ئۈستەللەردىن ئاتلاپ ئالدىغا قاراپ سۈرۈلەتتى. بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ بولۇشۇپ كەتكەن دۈشمەنلىرىمۇ ئەندىلىكتە سەلدەك قىستىلىشىپ سەھنىگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىدۇ. نۇرغۇنلىرى كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالماي قالىدۇ. ماكس ئامان ئوتتۇرىغا چىقىپ "ئۆزئارا يەكلەشلەرگە قەتئىي خاتىمە بېرەيلى! ھەممە ھىتلېرنى ھىمايە قىلايلى!" دەپ توۋلايدۇ. گېرمانىيە مىللەتچىلەر پارتىيىسىدىن رۇدولف بۈتمان تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن "بىزنىڭ بارلىق گۇمانلىرىمىز فۇھرېرىمىزنىڭ بۇ نۇتقى بىلەن پۈتۈنلەي تۈگىدى." دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۈتمان تىلغا ئالغان "فۇھرېر" دېگەن بۇ نام، شۇ كۈنلەرگىچە ئوچۇق ئاشكارە ئىشلىتىلمەي، ئۆزئارا دېيىشىپ كېلىنگەنلا بىر سۆز ئىدى. دېمەك، بۈتمان ھىتلېرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تەڭداشسىز غالىپ ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرسىتىپ بەرمەكتە ئىدى. شۇندىن كېيىن، ھىتلېر ئاشكارە تۈردە فۇھرېر، دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ھىتلېر ناتسىستلار پارتىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك پرىنسىپىنىمۇ ئورنىتىپ چىقىدۇ: بىرلا كىشى ھاكىممۇتلەق بولۇش، ئۇنىڭدىن ھېچكىم گۇمان قىلماسلىق!

ھېرىپ چارچاپ ھالى قالمىغان ھىتلېر، شۇ كۈنى ئاخشىمى ۋىنفرېد ۋاگنېر بىلەن بىرگە مېيۇنخېندىن ئايرىلىدۇ. ئۇ بىر قانچە دۇمباقچىسى بىلەن بىرگە ۋاگنېر خانىمنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ بىناسى بەكلا مەخپىي بولغاچقا، بالىلىرى ھىتلېرنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغانلىق ۋەقەسىدىن خېلى يىللار كېيىن ئاندىن خەۋەر تاپىدۇ.

ھىتلېر قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىققان كۈننىڭ ئەتىسى، گېرمانىيىدە ئىنتايىن چوڭ بىر سىياسىي ۋەقە يۈز بېرىدۇ. فرىدېرىخ ئېبېرت ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان مەملىكەتلىك ئومۇمىي سايلامدا، 78 ياشلىق ياشانغان قۇرۇغلۇق ئارمىيە مارشالى ۋون ھىندېنبۇرگ رېسپۇبلىكا ئىككىنچى پرېزىدېنتى بولۇپ سايلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئۇچچى قەھرىمان جۇمھۇرىيەتكە قىلچىمۇ قىزغىنلىقى يوق بىرسى ئىدى. ئۇ، پۈتۈن كۈچى بىلەن بىتەرەپلىكنى ساقلاشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن باشقا، جۇمھۇرىيەت كۈچىنى كۈچەيتىش جەھەتتە قىلچىمۇ كۈچ چىقارمايدۇ. ھۆكۈمەت كابىنېتىدىكى كرىزىس زادىلا تۈگىمەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇ تۈر بوھرانلارنى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار پەيدا

قىلماقتا ئىدى. مەسىلەن، كونسېرۋاتىپلار خوخېنزوللېرنلار جەمەتى ئۆچۈن يوقىرى مىقداردا تۆلەم تۆلەش تەكلىپىنى سۇنغاندا سوتسىيالىزمچىلار تەرەپنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي بۇ تەكلىپ بەربىر ماقۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان خان جەمەتى ئۈچۈن تۆلەم تۆلەش ھەققىدىكى يېڭى بىر قانۇن لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما بۇ قېتىم سوتسىيالىزمچىلار بۇ قانۇننى ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىپ ماقۇللاش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي بۇ قانۇنمۇ ماقۇللىنىدۇ. ھەتتا گېرمانىيە دۆلەت بايرىقىنىڭ رەڭگى قانداق بولىشى كېرەك دېگەن مەسىلىمۇ ئىچكى كابىنېت بوھرانىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ تۈر ئۇششاق ئىشلار، باش مىنىستىر خانس لۇتېرنى ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇرلاش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يەتكەن ئىدى.

دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت ئۆزگىرىشلىرى ھىتلېرنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى كۈچەيتىپ بېرىشىنىڭ يېڭى تۈرتكىلىك كۈچىگە ئايلىنىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ بەرگەندەكلا قىلاتتى.209 ئەمما ھىتلېرنىڭ پۇقرانا سىياسىي پائالىيەتلىرىگە قايتىپ كېلىشى بەكلا ئۇشتۇمتۇت بىلىنىپ، غالىبىيىتىمۇ بەكلا چوڭ بولۇپ كەتكەچكە، باۋارىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا زادىلا چىداپ تۇرالمايدۇ. بۇ ئەھۋال ھىتلېرنىڭ سۆز قابىلىيىتىنىڭ باۋارىيە شتاتى ئۈچۈن نەقەدەر ئېغىر تەھدىت ھالغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ھىتلېر پارتىيىسىگە يېپ-يېڭى جانلىنىش ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ھەرىكەتنى بەكلا تېز، بەكلا ھەددىدىن ئاشۇرۇپ باشلىۋەتكەن ئىدى. بۇنداق بىر ئەھۋالدا، باۋارىيە شتاتلىق ساقچى ئىدارىسى ھىتلېرنىڭ بۇرگېربراۋ پۇۋخانىسىدا "ھاللىق سىنىپلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئەمەس بەلكى جەسەتلەرنىڭ ئۈستىنى چەيلەپ ئۆتۈپ بولسىمۇ ماركسىزم بىلەن يەھۇدىيلارغا قارشىتۇرىمىز" دېگەندەك گەپلىرى ئارقىلىق خەلقنى كۈشكۈرتتى دېگەننى باھانە قىلىپ، مارتنىڭ بېشىدا ئېچىلىدىغان 5 قېتىملىق مىتىنگتە نۇتۇق سۆزلىشىنى چەكلىۋېتىدۇ.

ھىتلېر بۇ چەكلىمىگە بىۋاستە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. "بىز بىلەن ئېلىشماقچى بولغانلار قېنى كېلىپ سىناپ كۆرسۇن. _ دەيدۇ ھىتلېر ساقچى ئەمەلدارىغا، _ كىمدە-كىم بىزگە ھۇجۇم قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ۋەتۇۋەرىكىنى چىقىرىۋېتىمىز. مەن گېرمانىيە خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلماقتىمەن. بۇ جەرياندا تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن مەقسەتكە يېتەلمىسەم قۇراللىق كۈچتىن پايدىلىنىمەن، ئەمما بۇ ئىشتا چوقۇم غەلبە قىلىشىمىز كېرەك. مەن بۇ گېپىمنى ئوتتۇرلۇقتا ھەر تۈرلۈك قۇرۇق گەپلەرنىڭ سىرتتا تارقىلىپ يۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ساقچىلارنىڭ ئالدىدا ئالاھىدە

تەكىتلەپ ئۆچۈق ئېيتىپ قويماقچىمەن.“ بۇ گەپلەرنىڭ قەسەم بېرىپ تۇرمىدىن قويۇۋېتىلگەن بىرسىنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقىغا ھەرگىزمۇ سەل قارىغىلى بولمايتتى. نەتىجىدە، پۇتكۇل باۋارىيىدە ھىتلېرنىڭ نۇتۇق سۆزلىشى پۈتۈنلەي چەكلىنىدىغان بولىدۇ. ئاشكارە ناتىسىستلار مىتىنگلىرىنىڭ تەشكىللىنىشىگە رۇخسەت، ئەمما فۇھرېر نۇتۇق سۆزلىمەكچىلا بولىدىكەن قەتئىي رۇخسەت يوق ئىدى. ئۇزۇنغا قالماي بۇ چەكلەش بۇيرۇقى پۈتۈن گېرمانىيىنىڭ ھەر قايسى شىتاتلىرىغىچە يېيىلىشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېرنىڭ ئەڭ مۇھىم سىياسىي قورالى تارتىپ ئېلىنغان ئىدى. ئامال يوق، نۇتۇق سورۇننى چوڭ باي قولللغۇچىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە يۆتكەشكە مەجبۇر بولىدۇ. خېيىنز خاۋشوفېرنىڭ ئەسلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا _ ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنى ميۇنخېندىكى بىر سالونغا ئاپارغان ئىدى _ ھىتلېر سۆز قىلغان ۋاقتىدا خۇددى خان تاج سىرىك سەھنىسىگە چىققاندەك كۆرۈنەتتى. ئوخشمايدىغان يېرى، بۇ سالونلاردا ئۇ سىرىكچىلەردەك ئۆرە تۇرۇپ ئەمەس ئولتۇرۇپ سۆزلەيتتى. ”نېمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق، ... ئۇ جان-جەھلى بىلەن ۋارقىراپ، قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەپ كېتەتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلمەيتتى.

ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى، خۇددى پاتپۇنغا ئوخشاش گېپى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ سۆزگە بىرلا كىرىشتىمۇ، بولدى، بىر ياكى بىر يېرىم سائەت تىنماي سۆزلەيتتى. ئۇ سۆزلەۋېرىپ ھېرىپ ھالدىن كەتكىندىلا گېپىنى توختىتاتتى. ... ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغىنىدا ھېرىپ ھاسىراپ كېتەتتى. ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن خۇددىئادەتتىكى كىشىلەردەك، بەكلا مۇلايىم بىرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى. ... گويا بايا سۆزلىگەن ئادەم بۇ ئەمەستەك، پۈتۈنلەي باشقا بىرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەكلا بىلىنەتتى. بۇ ئۆزگىرىش شۇنچە تېز ئوتتۇرىغا چىقاتتىكى، يېڭىلا باشقا بىر تۈستە كۆرۈنگەن بۇ ئادەم شۇنچە تېز باشقىلا بىرسى بولۇپ كۆرۈنەتتى.“

بۇ چەكلەش بۇيرۇقى ھىتلېرنى پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ پارتىيىنى قايتىدىن تەشكىللەپ چىقىش ئىشىغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇ، خۇددى بۇرگېربراۋكېللېردىكى ۋاقىتلىرىدەك ھېرىپ چارچىشىغا قارىماي كېيىنى-كېيىندىن يىغىنلارغا قاتنىشىپ، كىشىلەرگە تىنماي نەسىھەتلەر بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسى قاتلام خىزمىتىدىكى ئۇستىلىقىنى ئىشقا سالاتتى، يەنى ئەرلەر بىلەن ئۇچراشقىنىدا ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ سالاملىشىش، ئاياللارغا دۇچ كەلگىنىدە ئۇلارنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويۇش، سانسىزلىغان كىشىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ چىقىشتەك چارىلىرىنى ئىشقا سالاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرىنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە ئىشقا ئاشۇراتتى ھەمدە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە

يەنە، ئېسسېر بىلەن جۇلئۇس ستربېيچېرلەرمۇ ھىتلېرنىڭ بۇ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، باۋارىيىنى بىر باشتىن ئايلىنىپ يۈرۈپ تەشكىلاتلارنى فۇھرېرنىڭ ئەتراپىغا توپلايدۇ.

مارت ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ھىتلېر ئاساسەن ئالغاندا ئاساسى قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى پۈتۈنلەي تېزگىنلەپ بولىدۇ. ئەمما شىمالى گېرمانىيىدە ئۇ پارتىيىنىڭ تەغدىرىنى گرېگور بىلەن ئوتتو ستراسسېرلەرنىڭ قولىغا تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. گرېگور ھەققەتەنمۇ ماھىر تەشكىلاتچى، شۇنىڭدەك تالانتلىق ناتىق ئىدى. ئۇ بىر پارلامېنت ۋەكىلى بولغاچقا، پويىزلاردا ھەقسىز ساياھەت قىلالايتتى. بۈرگېلېراۋكېللېر پىۋىخانىسىدا كىشىلەر قەلبىنى جۇشتۇرىدىغان بىر نۇتۇق سۆزلىگەندىن كېيىن، ئۇ ھىتلېرغا سادىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىدۇ. ئەمما ئوتتو، ئىستىقباللىق ياش مۇخبىر بولغىنى بىلەن ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. ئۇ، ھىتلېر بىلەن ”نىكا كۈنلىرى“ نىڭ، يەنى ئۇنىڭ بىلەن بۇ يېقىنلىقنىڭ قانچىلىك داۋام قىلالىشىنى بىلمەيتتى.

ھىتلېر تۈرمىگە قامالغان ۋاقىتلىرىدىكىدەك ئېھتىياتلىق بىلەن ئىش تۇتۇپ، ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلىنىشقا تىرىشاتتى.210 شۇنىڭدەك ئۇ، بۇ پۇرسەتتىنمۇ ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ. ھىتلېر ئىش ئۈنۈمى ئىنتايىن يۇقىرى، ئەمما تۆۋەن داۋاملىق چىقىرىپ كەتمىگەن ئىككى نەپەر پارتىيە خىزمەتچىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ پارتىيە ئورگانلىرىنى ئىنتايىن پۇختا بىر شەكىلدە قۇرۇپ چىقىۋالىدۇ. بۇ ئىككى ياردەمچىسىدىن بىرسى فىلىپ بوھلېر بولۇپ، يەنە بىرسى فرانز كساۋېر شۋارز ئىدى. بوھلېرنىڭ چىرايى خۇددى مۇشۇكيۈپىلاقنىڭ نەق ئۆزىلا بولۇپ، ھىتلېرغا گەپ قىلغىنىدا ئاۋال چوقۇم ئېگىلىپ تازىم كەلتۈرەتتى. گەرچە ئۇ پارتىيىنىڭ ئىجرائىيە كاتىبى بولغان بىرسى بولسىمۇ، خىزمىتىنىڭ بەكلا زېغىرلىنىپ كېتىشىدىن ئىچى پۇشاتتى. بۇرۇن ميۇنخېن شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە كاسسىر بولۇپ خىزمەت قىلغان شۋارز بولسا، بوگۈنكى كۈندە پارتىيىنىڭ مالىيەسىنى قولىدا تۇتقان بۇغالتىر ئىدى. ئۇ ئىشقا كىرىشكىنىدە خۇددى ھېساپ ماشىنىسىدەك ئىشلەيتتى. يېپىدىن يىڭنىسىغىچە ئىنچىكىلىك بىلەن ھېساپ-كىتاب قىلىپ كېتەتتى. بۇ ئىككى كىشى فۇھرېرگە پۈتۈنلەي سادىق كىشىلەر بولۇپ، پارتىيىنىڭ كام بولسا بولمايدىغان ئادەملىرىگە ئايلىنىدۇ.

بوھلېر بىلەن شۋارز پارتىيىنىڭ ئىچكى تەشكىلىنى ئىنتايىن رەتلىك، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى ھالغا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ھىتلېرمۇ پۈتۈن زېھنىنى پارتىيىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسىي ستراتېگىيىسىنى تەتقىق قىلىش، ماقالىلار يېزىش ھەمدە شىمالى گېرمانىيە تەرەپلەرگە سەپەر قىلىپ، پارتىيىنىڭ مەخپىي يىغىنلىرىغا بىۋاستە قاتنىشىش قاتارىدىكى پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەن

ئىدى. ئۇ يەنە بۇزۇلغان دوستلۇقلارنى ئوڭشاش ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتالايدىغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ جاھىل ئۈنسۇرلارنىڭ كاللىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دۈشمەنلەشكەن تەرەپلەرنى تېزگىنىگە ئېلىپ گېپىدىن چىقماس قىلىش، شۇنىڭدەك شەخسى ئىشلىرىنىمۇ ھەل قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرالايدىغان پۇرسەتلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ يەنە روزىنىبېرگنىڭ قايتىدىن نەشرى قىلىنىشقا باشلىغان «خەلق كۆزەتكۈچىلىرى» گېزىتىدىكى مەسئۇل تەھرىرلىك ۋەزىپىسىنىمۇ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ھەمدە روزىنىبېرگكە خەت يېزىپ ئۇنىڭ جاسارىتىنى مەدھىلەيدۇ: "سەن ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ قىممەتلىك ھەمكارلاشقۇچىسەن" دەپ ماختايدۇ.

يەنە بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھىتلېر يەنە بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان بىر ئىشتىن، ئۇنى ئاۋستىرىيىگە قوغلاپ چىقىرىش مەسىلىسىدىنمۇ قۇتۇلۇپ قالىدۇ. يەنى ئۇ، لىنز دائىرىلىرىگە ئۇدۇللا قىلىپ "مەن بۇندىن كېيىن گېرمانىيە پۇخراسى بولماقچىمەن، شۇڭا مېنى ئاۋستىرىيە گراژدانلىقىدىن چىقىرىۋېتىشكىلارنى تەلەپ قىلىمەن" دەپ خەت يازغان ئىدى. ئارىدىن 3 كۈن ئۆتكەندە، يۇقىرى ئاۋستىرىيە ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا بىر پارچە كۆچمەنلىك ئۇختۇرۇش قەغىزى ئەۋەرتىپ بېرىدۇ. بۇ ئۇختۇرۇشتا "ھىتلېرنىڭ ئاۋستىرىيە دۆلىتىگە ساداقەت كۆرسىتىش مەجبۇرىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى" دەپ ئېيتىلغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر يەتتە يېرىم شىللىڭ پۇل خەجلەپلا چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ تا شۇ كۈنلەرگىچە گېرمانىيە ۋەتەنداشلىقىغا ئۆتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن سايلامغا قاتنىشىش ھوقۇقى يوق ئىدى. دۆلەت ئورگانلىرىدا بىرەر ۋەزىپىنىمۇ ئۈستىگە ئالالمايتتى. ئەمما ئۇ، لازىم بولغىنىدا بۇ مەسىلىنىمۇ ئاسانلا ھەل قىلىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان ئەڭ جىددى مەسىلىلەردىن بىرسى، بويرۇققا پەرۋا قىلماي ئۆز بېشىغا قارار قىلىپ ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن كاپىتان رۆمنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ئىدى. رۆم باشتىن تارتىپلا ھۆججۈمچىلار ئەترىتىنى ھىتلېرنىڭ سىياسىي قۇرالى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىش ئورنىغا بۇ قوشۇننى ئۆزىنىڭ شەخسى قوشۇنى ھالىغا كەلتۈرۈشلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ يۈرمەكتە ئىدى. فۇھرېرى تۈرمىدە ياتقان ۋاقىتلاردا، ئۇ ھۆججۈمچىلار ئەترىتىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يىغىپ باشقىدىن "ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى" دېگەن بىر تەشكىلات تۈزۈپ چىقىۋالغان ئىدى. رۆم، ئەگەر "ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى" نى پارتىيىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە تۇتۇپ تۇرغىنىدا، قوزغىلاڭدىن بۇيانقى بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنىڭ پۈتۈنلەي بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، رۆم

16-ئاپرېل كۈنى ھىتلېرغا بىر پارچە مېمېراندوم سۇندۇ. رۆم بۇ مېمېلاندومىدا 30 مىڭ كىشىلىك بۇ "ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى" نى مەملىكەت بويىچە سىياسىي تەشكىلاتنىڭ ئاساسى قىلىنىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ تەشكىلات چوقۇم رۆمنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكى ئاستىدا بولىشى كېرەك دەپ كۆرسىتىلىش بىلەن بىرگە يەنە، بۇرۇنقى دوستلۇقىنىڭ يۈزىنى قىلىپ ھىتلېرغا ساداقەت قەسىمى بېرىلىدىغانلىقىنىمۇ قوشۇمچە قىلدۇ.

ھىتلېر، ئۆزى تېزگىنىدە تۇتالمايدىغان بىر تەشكىلاتقا تايىنىمەن دېيىشىنىڭ بېشىغا نەقەدەر ئېغىر ئاپەت بولىدىغانلىقنى ئەزەلدىن ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، يېڭى ھۆججۇمچىلار ئەترىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ قولىدىكى بىر قورال ھالىغا كەلتۈرۈش قارارىغا كېلىپ، "ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى" دىن دەرھال ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشىنى تەلەپ قىلدۇ.211 رۆم بۇ تەلەپكە قارىتا ھىتلېرغا قاپ يۈرەكلىك بىلەن بېسىم ئىشلىتىپ، "ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى" ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش ھەققىدە ئىستىپانامىسىنى سۇندۇ. شۇنىڭدەك ھىتلېردىن ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ھەققىدە يازما ئېتىراپنامە يېزىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇ.

رۆم بىر مەزگىل كۈتۈپ بېقىپ، ھىتلېرنىڭ جاۋابىنى كۈتىشكە تاقەت قىلالماي 30-ئاپرېلدا ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم خەت يازدۇ. "بىزنىڭ بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك ۋە جاپالىق كۈنلىرىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن، _ دەپ يازدۇ ئۇ خېتىنىڭ ئاخىرىدا، _ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىزنىڭ يولداشلارچە كۆڭلىڭىزگە رەھمەت ئېيتىمەن، ھەمدە مېنى شەخسى دوستلىقىڭىزنىڭ سىرتىدا قالدۇرماسلىقىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن." بۇ قېتىممۇ ھىتلېرنىڭ جاۋابىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، رۆم ئەتىسى رەسمى ئىستىپا بېرىپ سىياسىي سەھنىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى ئېلان قىلدۇ. ھىتلېر جىم تۇرۇۋېلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ رۆمنى پارتىيىسىز ھالىغا كېلىشى ئۈچۈن مەجبۇرلاپ، ئاخىرى "ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى" دىنمۇ چىقىپ كېتىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزى خالىغىنىچە غايىسى بويىچە كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق يېڭى بىر ھۆججۇمچىلار ئەترىتى قۇرۇپ چىقىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرىۋالدۇ.

بۇ ئەھۋالدىن رۆم بەكلا ھەيران قالدۇ، روھى ھالىتىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. لۇدېكىنىڭ ئېيتىشىدىن قارىغاندا، ئۇ چاغدا رۆم ھەققەتەنمۇ قاتتىق غۇددراپ يۈرگەن. "گەرچە ئۇ ھەر دائىم بىزنىڭ پىكرىمىز بويىچە ئىش قىلىپ، بىزلەرگىمۇ ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلىپ يۈرسىمۇ، بىر ئىش قىلغىنىدا خۇددى پۈتۈن ئىشلارنى ئۇنىڭ ئۆزىلا پىلانلىغاندەك، ئۆزىلا كەشىپ قىلغان ئىشلاردەك قىياپەتتە يۈرەتتى. مەن، باشقىلارنىڭ جۈۋسىدا تەرلەيدىغان بۇنداق بىرسىنى پەقەتلا كۆرمىگەن ئىكەنمەن. بۇ كىشى دائىم ئىككىلىنىپلا يۈرىدىغان،

كېسپ ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى بولمىغان، بىرەر مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقىپ قالسا ئىشنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمىغىدەك دەرىجىگە كەلتۈرۈپ قويىدىغان، ئەھۋال ئېغىرلاشقىنىدا ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردىلا ئاندىن تۇيۇقسىز قارار بېرىدىغان بىر مىجەزى بار ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئۇنىڭ پىكىر يۈرگۈزگىنىدەك، نۇتۇقلىرىدىكىدەك ئۇنچىلىك ئېنىق، مەنتىقىلىق بولالماسلىقى ئىدى. ... ھىتلېر بىرەر ئىش قىلغىنىدا ئۆزى خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر بىرەرسىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا دۇچ كەلگىدەك بولسا، ئۇنىڭ پىكرى ھەر قانچە يوللۇق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر بەرىبىر ۋارقىراپ جارقىراپ خاپا بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارنى قانچىلىك زېرىكتۈرىۋېتىدىغانلىقىدىن قىلچە خەۋىرى يوق، شۇڭىدەك ئۇ ئۆزىنى ئالداپ يۈرگەنلىكىنى، ئەتراپىدىكى تەخسكەشلەرنىمۇ ئالداپ يۈرگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ دۇنيادا نوقسانسىز ئادەم تېپىلمايدىغانلىقىمۇ راس. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىرسى. روشەنكى، ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك ياخشى ئىشلىيەلمەيدۇ." ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر ئون بېشىنى كەڭ قۇرساقلىق بىلەن ئۆز كۆرۈپ سەنلەپ گەپ قىلىدىغان رۆم، ھىتلېرغا قاتتىق قائىل بولۇش بىلەن پەقەتلا كۆزگە ئىلماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل باھا بېرىش ئارىسىدا داۋالغۇپ يۈرەتتى.

2

شۇ يىلى كۈزدە، ھىتلېرنىڭ ئارزۇلىرىدىن ھېچ بولمىغاندا ئىككىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇلاردىن بىرسى، ئۇ بەكلا ئارزۇلاپ كەلگەن قىزىل رەڭلىك بىر يېڭى مەرسەدېس بېنچقا ئېرىشكەن بولۇپ، ھىتلېر بۇ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ جان جىگەر ئاغىنىلىرى بىلەن بىرلىكتە باۋارىيىنىڭ يېزا-سەھرالىرىدا نۇرغۇنلىغان كۆڭۈللۈك كۈنلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. يەنە بىرسى بولسا، ھىتلېر تاغلىق كەنت بېرچتېسگادېندا قوشۇمچە شتاپتىن بىرنى قۇرىۋالىدۇ. ئۇ ھەر دائىم مەنزىرىسى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان يەرلەردە مېڭىسىنى سەگىتىپ قايتىدىن روھى كۈچكە تولغان ھالغا كېلىپ قايتاتتى. ئاددى تۇرمۇش ئۇنى بەكلا قىزىقتۇراتتى. شۇڭا ئۇ پات-پاتلا قىسقا خورۇم ئىشتاننى كىيىۋېلىپ دالالارنى ئايلىنىپ چىقاتتى. "ئۇزۇن ئىشتانلىق يۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ ئازاپلىق بىر ئىش. شۇڭا ئۇ بۇرۇندىن تارتىپلا نۆلدىن تۆۋەن 10 گرادۇسلۇق سوغۇق كۈنلەردىمۇ دائىم دېگىدەك قىسقا خورۇم ئىشتىنىنى كىيىپ ئايلىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنداق قىسقا ئىشتان

ھەقىقەتەنمۇ كىشىگە تەسىرلىگۈسىز ئارامىلىق بېرەتتى.“

دەسلىۋىدە، ھىتلېر ”مورىتز قونالغۇسى“ (ئوبېرسالزبۇرگتىكى بىر ياتاق بىناسى) نىڭ كىچىك بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە تۇرغان ئىدى. بۇ ئۆي ئاساسلىق بىنانىڭ ئۈستىدە ئىدى. بۇ تېپ-تىنچ مۇھىتتا يېزىۋاتقان ئەسىرىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىنى يېزىپ پۈتتۈرۈۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ”ئاۋازغا ئالغۇچى“ سى ئۇنىڭغا شەخسى كاتىپ بولۇپ بەرگەن ھېس ئىدى (ئۇنىڭغا ئېيىغا 3 يۈز مارك ئايلىق بېرەتتى). شۇنىڭدەك يەنە ئۇ باشماقالە يېزىش ۋاقىتلىرىدا تولا بەك يەھۇدىي دۈشمىنى ھېسابلانمايدىغان پوپ ھەمدە سابىق مۇھەررىر بولغان بېمخارد ستېمپفل بىلەن خانفستايىنگلالاردىن ياردەم ئالاتتى.212 خانفستايىنگل ھەر دائىم ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى ”ئەڭ“ دېگەن سۆزلەرنى ئېلىپ تاشلايتتى. ئۇ، كۈچىنىڭ بېرىچى ھىتلېرنى ھېس بىلەن روزېنبېرگ قاتارىدىكى كىشىلەرنىڭ ”يەرلىك كۆزقاراشلىرىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش“ قا تىرىشاتتى. شۇنداقتىمۇ، ھىتلېرمۇ ھەر دائىم ئۇنىڭ ئۆچۈرۈپ تاشلىغانلىرىنى قايتا ئورنىغا يېزىۋېلىپ خانفىشتانگلىنىڭ داتلىنىپ يۇرۇشلىرىگە پەرۋا قىلمايتتى. ”سەن دۇنيانى بىر ئايلىنىپ چىقىشىڭ شەرت. _ دەيتتى خانفشتانگل، _ بولمىسا ئۆزەڭنىڭ دۇنيا قارىشىنى تىكلىيەلمەيسەن.“ ئۇ ھىتلېرنى نۇتۇق سۆزلەشكە رۇخسەت قىلىنمايۋاتقان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چەتكە چىقىپ بىر ئايلىنىپ كېلىشەك بولاتتى دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ: ”3~4 ئاي ۋاقىت سەرىپ قىلساڭلا ئامېرىكا، ياپونىيە، ھىندىستان، فرانسىيە ۋە ئەنگلىيىلەرنى ئايلىنىپ كېلەلەيتتىڭ.“

”ئەگەر مەن، دېگىنىڭدەك دۇنيا ساياھىتىگە چىقىپ كەتسەم بۇ ھەرىكىتىمىزدە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟“ دەيتتى ھىتلېر. ئۇ تۈرمىدە ياتقان ۋاقىتلىرىدا پارتىيە تەشكىلى ھەر تەرەپكە تۇزۇپ كەتكەنلىكىنى، مانا ئەندى بۇ بۆلۈنۈشلەرنى تۈگىتىپ پارتىيىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. خانفستايىنگل ئۇنىڭغا ”سەن دۇنيا ساياھىتىدىن قايتىپ كەلگىنىڭدە كەلگۈسى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ يېڭى پىلانلار بىلەن قايتىپ كېلىشىڭ مۇمكىن.“ دەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرىمۇ ھىتلېرنى تەۋرىتەلمەيدۇ. ”ۋاھ، نېمە دېگەن يېڭى گەپلەر بۇ دېگەنلىرىڭ! _ دەيدۇ ھىتلېر ئۇنىڭغا جاۋابەن، _ ئوبلاپ باق، مەن ئۇ يەردىكىلەردىن نېمىگە ئېرىشەلەيتتىم؟ مەن نېمىشكە ئاۋارە بولۇپ باشقىلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىدىكەمەن؟ بەس، يېشىم ئۇنداق ئىشلارغا يار بەرمىگىدەك دەرىجىگە يەتتى. دېگەنلىرىڭ مېنى قىزىقتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقتىممۇ يوق!“

خانفستايىنگل ئۇنىڭغا ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە ياردەم قىلالايمەن، ئۆگىنىۋالساڭ

كېيىن ئەنگلىيىنىڭ، ئامېرىكىنىڭ گېزىتلىرىنى بىۋاستە ئوقۇيالايدىغان بولساڭ نېمە دېگەن ياخشى، چەتئەل ۋەزىيىتىدىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالساڭ نېمە يامىنى، دەپ ئۇنى قىزىقتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ھەرگىز رەت قىلمىسىمۇ، تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن زادىلا غەيرەت قىلالمايدۇ. ھەتتا بۇ جەھەتتە ھېلېنانىڭ گەپلىرىمۇ بارغانسىرى تەسىر قىلماس ھالغا كەلمەكتە ئىدى. ھېلېنا ھىتلېرغا ۋالىس ئۆگىنىۋالساڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولاتتى، دەپ مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ، ھىتلېر ئۇنىڭ بۇ مەسلىھەتىنى رەت قىلىۋېتىدۇ. "ۋالىس، بىر سىياسەتچىگە پەقەتلا ماس كەلمەيدىغان بىر ئويۇن!" بۇ گېپىگە قارىتا ئۇنىڭ يولدىشى خانفىستاينگىل جاۋاب بېرىپ، ۋاشىنگتون، ناپالىئون، بۈيۈك ئىمپىراتور فرىدېرىخ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا تانسىغا ئامراق ئىدى دېسىمۇ، ھىتلېر يەنىلا ئۇنىماي، "ئاخماقانىلىق، ۋاقىت زايا قىلغانلىق! يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ۋېينالىقلارنىڭ ۋالىسلىرى بەكلا نازۇك، ئەرلەرگە پەقەتلا ماس كەلمەيدىكەن. بۇنداق تانسىلار ئۇلارنىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىپ كېتىشىدە ئاز رول ئوينىمىدى، مەن ۋېينانىڭ يامان كۆرۈشۈمدىكى سەۋەبلەردىن بىرىمۇ ئۇلارنىڭ خوتۇن كىشىدەك غىلجىڭ تانسا ئويناشلىرى."

ئەسلىدە ھىتلېر ھېلېنانىڭ مەسلىھەتىنى رەت قىلىشىدىكى سەۋەب، ئۆتكەن يىلقى ئارچا بايرىمىدا ئۇنىڭغا ماقۇل بولمىغانلىقىدىن كەلمەكتە دېيىشكىمۇ بولاتتى. شۇندىن كېيىن ھىتلېر باشقا ئائىلىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كۆڭلىنى خوش قىلىش تەرىپىگە ئۆزگەرگەن ئىدى. بېرچتېسگادېندا ئۇ ئىجارىگە ئالغان ئۆيىنىڭ ئۈدۈلىدا رېيتېر ئاچا-سىڭىللار ئاچقان بىر گۈل-چېچەك دۇكىنى بار ئىدى (بېرچتېسگادېندا تۇرىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، رەسمى بىر "نوچى خوراز" غىلا ئوخشايتتىكەن). ئۇ ئاچا-سىڭىللارنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى ئاننى، يەنە بىرسىنىڭ بولسا مىتزى ئىدى. ھىتلېر بىر قېتىم مىتزىنى تانسىخانىغا بېرىپ ئويناپ كېلىشكە تەكلىپ قىلغاندا، سەن مېنىڭ 16 ياشلىق سىڭلىمدىن 20 ياش چوڭ تۇرساڭ قانداق بولىدۇ، دەپ ھەدىسى بولغان ئاننى سىڭلىسى مىتزىنىڭ ھىتلېر بىلەن بىرگە تانسىغا بېرىشىغا ئۇنىمايدۇ. ھىتلېر بۇ ئىشتىن كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ھىتلېر بۇ ئاچا-سىڭىل ئىككىسىنى بىرلىكتە پارتىيە يىغىنىغا تەكلىپ قىلىدۇ. خېلى يىللار ئۆتكەندە، مىتزى، ھىتلېرنىڭ بۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىدىكى سەۋەب، ئۆزىنى مىتزىرىم دەپ ئاتاپ، كۆزلىرىنى ئاپىسىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە ئوخشاتقىنىدىن بولغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنى سۆيۈپ قويماقچىمۇ بولغانلىقىنى، ئەمما بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىغانلىقىنى؛ بۇنىدىن كېيىن ئىككىمىز كۆرۈشمەيلى

دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئىككىسى كۆل بويىدا بىرلىكتە سەيلى قىلىپ يۈرگەنلىكى كۆرۈندۇ. دالدىراق بىر يەرگە كەلگەندە، ھېتلېر مىتزىنىڭ بىلىكىدىن ئىككى قوللاپ تۇتۇۋېلىپ سۆيۈۋالغان. مىتزى ئۇنىڭ "مەن سېنى مەجبۇرىي سۆيۈشكە چىقىرىۋەتمىسەم" دېگەنلىكىنى، شۇ چاغدا ھېتلېرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ ئوت بولۇپ يېنىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇزۇنغا قالماي ئۇلار ئىككىسى ئاشنا بولۇپ يۈرىشىدۇ. مىتزى ئۇنىڭغا توي قىلايلى دەپ تەلەپ قىلىسىمۇ، ھېتلېر ئۇنىڭغا مىيۇنخېندىن بىر ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ بىرگە تۇرۇشقىلا ماقۇل بولىدۇ.

ۋىنىفرېد ۋاگنېر ئائىلىسىدە ھېتلېر ئارزۇلايدىغان ئاياللار تېپى باشقا بولۇپ،213 ئۇ ئۆيدە ھېچكىم ھېتلېردىن قورقۇپ چىقىرىشقا ئۇرۇنمايتتى. بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە ھېتلېر بىر قەھرىمان ئىدى. ھېتلېرمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا دۈشمەنلەر تەرىپىدىن سۈيىقەست قىلىپ يوقۇتۇۋېتىلىشكىلا غىمدا قالغان سېھىرلىك ئادەم رولىنى ئويناشقا تىرىشاتتى. شۇڭا ئۇ دائىم دېگۈدەك يېرىم كېچىلەردە ئوغۇرلۇقچە ۋانفرېد داچىسىغا كىرىپ كېلەتتى. "گەرچە تۈن يېرىمدىن ئاشقان بولسىمۇ ھېتلېر ھامىنى باللار ئۆيىگە كىرىپ بىزگە بېشىدىن ئۆتكەن قورقۇنۇچلۇق خېيىم-خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. _ دەيدۇ فرېدېلىند ۋاگنېر ئەسلىمىسىدە، _ بىز ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ قورققىنىمىزدىن قۇيقا چاچلىرىمىز تىك تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ بىزگە تاپانچىسىنى چىقىرىپ كۆرسىتەتتى. ئۇ يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشى شەرت بولغان بۇ تاپانچا بەكلا كىچىك بىر تاپانچا بولۇپ، ئالقىنىغا سىقىپ يوشۇرۇشقا بولغىدەك كىچىك ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي بۇ تاپانچا يەنىلا 20 پاي ئوق يەيتتى." ئاندىن ئۇ باللارغا كۆز قاپىقىدىكى ئىككى تاتۇقنى كۆرسىتىپ، "بۇ يارا ئىزى زەھەرلىك گاز ھۇجۇمىدىن قالغان يالداما" دەيدۇ.

ۋانفرېدد داچىدىكىلەر ئۇنى "ۋولف" دەپلا چاقىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ھېتلېرنى ياخشى كۆرەتتى. ھەتتا يات بىرسىنى كۆرسىلا قاۋاپ كېتىدىغان يېڭىدىن سېتىۋالغان بۆرى ئىتمۇ ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلاتتى. بولۇپمۇ كىچىك باللارنىڭ ھەممىسى ھېتلېرگە ئامراق ئىدى. "ئۇنىڭدا قانداقتۇ بىر سېھىرلىك جەلىپ قىلىش كۈچى باردەكلا ئىدى. ... قىينالمايلا ئۇلارنى ئەتراپىغا توپلىۋالالايتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىزلەرنىڭكىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدىغان بىر تۇرمۇش بولۇپ، بىزگە نىسبەتەن ئۇنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقەتەنمۇ سىرلىق، خۇددى ھېكايىلاردىكىدەك سىرلىق بىر ھايات ئىدى."

18-ئىيۇل كۈنى ئۇنىڭ يازغان كىتاۋىنىڭ بىرىنچى قىسمى ئېخېر نەشرىياتچىلىرى تەرىپىدىن مىيۇنخېندا نەشرى قىلىنىدۇ. ئامانىنىڭ تەكلىۋى بويىچە ئەسلىدىكى بەكلا ئۇزۇن بولغان كىتاب ئىسمى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش «كۈرەش

يولۇم» دەپ ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. كىتاب ھەقىقەتەنمۇ ياخشى سېتىلدى. 1925-يىلىنىڭ يىل ئاخىرغىچە يۈز مىڭ نۇسخا سېتىلدى. ئەمما بۇ كىتاب نەشرى قىلىنىش كۆنلىرىدە ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىتابىنىڭ يېزىلىشى بەكلا چۇۋالچاق، بەكلا ئاددى، رىياللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك ھادىسىلەر ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغە قىلىنىۋېتىلگەن، كىشى ئوقۇسا خۇددى سىياسىي پۇرىقى كۈچلۈك بولغان خىراتىئو ئالگېرنىڭ رومانىغىلا ئوخشايدىكەن، ھەتتا كىتابنىڭ قوشۇمچە ماۋزۇسى بولغان "ھېسابلىشىش" دېگىنىمۇ رومان ئىسمىغا ئوخشاپ قالغان، دېگەندەك نۇرغۇنلىغان تەنقىدلەرگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ياش بىرسىنىڭ ئۆز سىياسىي ئەقىدىسىنى بىرىنچى شەخس بايان شەكلى بويىچە تەپسىلى بايان قىلىپ چىققانلىقى (گەرچە ئۆزى ئۇچۇن بولسىمۇ)، كىتابخانىنىڭ گېرمانىيىدە ئومۇمى يۈزلۈك كېڭىيىۋاتقان خەلق ھەرىكىتى دولقۇنىنى كۆزىتەلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە زور ياردىمى بولاتتى.

ھىتلېر تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن پارتىيىنىڭ سىياسىي ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، يەھۇدىيلارغا قارشى ھاقارەتلىرى بىر مەزگىل بىلىنمەي قالغان ئىدى. بۇ كىتاب، بۇ تۆردىكى ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەش يوللىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ مەسىلىنى يەپ-يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتەرگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۈرمۈشى بىلەن سىياسىي ھاياتى يەھۇدىيلارغا بولغان ئۆچمەنلىك، ئۇلاردىن يىرگىنىش ئاساسىغا شەكىللەنگەنلىكىنى قىلچە يوشۇرماستىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ پاسىۋالك گوسپىتالىدا ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن بابنىڭ ئاخىرىدا يەھۇدىيلارغا ئۆرۈش ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "... كەسكىن بىر جاۋاب بېرىشقا توغرا كەلسە، يەھۇدىيلار بىلەن ھەرگىزمۇ كېلىشىم تۈزگىلى بولمايدۇ. ئۇلار بىلەن سۆزلىشىمەن دېمەي، بىر بولسا ھەممىگە ماقۇللا دېيىش يا بولمىسا ھەممىنى رەت قىلىشتىن بىرسىنى تاللىۋېلىشقىلا بولىدۇ. ... مەنمۇ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ سىياسىي پائالىيەت بىلەن شوغۇللىنىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم." ئەگەر ئۇ سىياسەت سەھنىسىگە چىقىپلا ئالدىكەن، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى رەھىمسىز ئۇسۇللار بىلەن يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بولىدىكەن. ئۇ بۇنى تەكرىنىڭ نامىدا ئىشقا ئاشۇرىدىكەن. "شۇڭا، مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، مېنىڭ يەھۇدىيلارنى تارمار كەلتۈرۈش پائالىيىتىم پۈتۈنلەي ياراتقۇچىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن، قىلماقچى بولغىنىم تەكرىنىڭ كۈتكەن ئىشى." گېرمانىيىدىكى ئىرقچىلىق ئارمىيە ئىچىدە كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، «كۈرەش يولۇم» نىڭ بەزى باب-پاراگرافلىرى ئارمىيە ئىچىدىكىلەرنىڭمۇ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ ئاپتورىمۇ ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ سىموۋۇلىغا ئايلانغان

ئىدى.

3

ھىتلېر، گرېگورستراسسېرغا شىمالى گېرمانىيە تەۋەلىرىدە ناتسىستلار پارتىيىسىنى تەشكىللەشكە تولۇق ھوقۇق بېرىلىشى بەكلا خەتەرلىك بىر ئىش بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئەگەر ستراسسېر شىمالدا قانچىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەرىكەت ئېلىپ بارالىسا شۇنچە خەتەرلىك سىياسىي رەقىپتىن بىرسىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.214 گەرچە ستراسسېرمۇ يەھۇدىيلارغا قارشى بىرسى بولغىنى بىلەن ئەكسىيەتچى بىرىمۇ ھېسابلانمايتتى. ئۇنىڭ سىياسىي كۆزقارىشى تا ئوسۋالد سپېنگلېر بىلەن ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئالدىنقى سەپ سوتسىيالىزمغا ئۇزانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقىدىسىنىڭ ئاساسى پرولېتارىيات داھىيسى چوقۇم ھەربىلىكتىن ئىبارەت ئوتتۇرا يولدا تۇرغان بولۇشى كېرەك دېيدىغان پرىنسىپقا ئاساسلىناتتى. ئۇ ئەسلىدە ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ سول قانىتىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ تەرىپى، ئۇنى ئىنقىلابى كۈچلەرنى قايتا تەشكىللەش جەھەتتە ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ ئىپادىلىنىشىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ قاۋۇل، مۇلايىم، ئامىمنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشكىمۇ ماھىر، شەخسلەرنىمۇ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بىرسى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، شۇ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئاخىرلىرىدا ئۇنىڭ ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن جانلىنىش ۋەزىيىتى ھىتلېرنىڭ كۈتكىنىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن ئىدى. بەزى جايلاردا ياچېكا سانى بىر ھەسسە كۆپەيتىلگەن، ھەتتا يەنە بەزى يەرلەردە ئىككى ھەسسىدەك كۆپەيتىلگەن ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ كۆپ قىسمى ستراسسېرنىڭ مىۇنخېندىكى مۇستەبىت رەھبەرلەرنىڭ تېزگىنلىشىگە بوي سۇنماي ئىشچىلار سىنىپىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىش ئىقتىدارىدىن كەلگەن دېيىش مۇمكىن.

سىنتەبىرنىڭ باشلىرىدا، جەنۇبتىكىلەرگە قارشى كۈرەش ھاگېنىدا ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيە يىغىنىدا ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ يىغىنىنى گرېگور ستراسسېر چاقىرغان بولۇپ، مەقسەد، جەنۇب بىلەن شىمالنى بىرلەشتۈرۈپ مىۇنخېندىكى بىيروكرات ھاكىمىيەتكە قارشى قويۇش ئىدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئىنتايىن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن فۇھرېرنى ئەكسىيەتچى باۋارىيە مەسلىھەتچىلەر قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ گېرمانىيىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈش، گېرمانىيىنى مەڭگۈگە ئىنقىلابى خەلق دۆلىتى ھالىغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. يىغىندا ستراسسېر ئوتتۇرىغا قويغان پروگراممىنى ماقۇللىنىدۇ. ۋەكىللەر تەشكىلى ۋە تەشۋىقات ئىشلىرىدا ئۈنۈملۈك ئىش قىلىشقا

كاپالەتلىك قىلىنىشى ئۈچۈن بىرلىشىشنى قوللاپ ئاۋاز بېرىدۇ. ۋەكىللەر يەنە مىللى بولشېۋىكچىلىككە ئۇيغۇن ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پروگراممىلارنى ئىزاھلايدىغان بىر قاتار ماقالىلارنى بېسىپ تارقىتىشنىمۇ بىرلىكتە تەستىقلايدۇ. بۇ ماتېرىياللارنىڭ تەھرىرلىكىنى جوزېف گيوبېلس دېگەن 29 ياشلىق تالانتلىق بىر ياش ئۈستىگە ئالىدۇ. گيوبېلس، بەكلا تەرتىپسىز ئىش قىلىدىغان ھىملېرنىڭ ئورنىغا ستراسسېرنىڭ كاتىبى قىلىپ كەلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ كىشى 5 غېرىچتەكلا بويى بار پاكار بىرسى بولۇپ، ئېغىرلىقىمۇ 50 كىلوگرامغا يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كىشى كىچىكىدە بالىلار پارالىچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغاچقا بەكلا ئۇرۇق، بىر پۇتىمۇ مايمەق ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك ئالاھىدە قابىلىيەتلىرى بار بىرسى بولۇپ، قەلىمى ئىنتايىن راۋان ئىدى؛ گەرچە ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بەكلا ئاجىز، سالاپىتى يوق بولغىنى بىلەن، سەھنىگە چىقىۋالسا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغىنى يوق ئىدى: ئوتتۇرا ئاۋازلىق، ئىپادىلەش كۈچى ئۈستۈن قول ھەرىكىتى، كىشىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلارلىق قارا كۆزلۈك بىرسى.

گيوبېلس، رېيىن دەرياسى بويىدىكى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇششاق بۇرجۇئازىيە سىنىپىغا تەۋە بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مىجەز-خاراكتېرى ئائىلىسىدىن ياكى چېركاۋدىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئىلمىي ساھەدىن كەلگەن دېيىش مۇمكىن ئىدى. يەنى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەن ئەڭ مۇھىم ئورۇن ميۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇپ، بۇ مەكتەپ، ئۇرۇشتىن كېيىن غايىسىدىن ئايرىلغان نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان بىر ئۇنىۋېرسىتېت ئىدى. ئۇنىڭ بىر پۇتى مايماق بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەسكەرلىكتىن كېچىرىم قىلىنغان، ئەمما ئۇنىڭ چوقۇنىدىغان قەھرىمانى بولسا گەۋدىلىك، قابىلىيەتلىك بىرسى بولغان رىچارد فلىسگېس ئىدى. بۇ كىشى بىر تىنچلىقپەرۋەر، شۇنىڭدەك ئانارخىست بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ گيوبېلسقا سىڭدۈرگەن غايىسى كېيىن گيوبېلسنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. فلىسگېس يەنە گيوبېلسنى دوستويېۋسكىغىمۇ تونۇشتۇرۇپ قويغان ئىدى. دوستويېۋسكىنىڭ بىلگىلى بولماسلىق دۇنيا قارىشى ياش گيوبېلسقا بەكلا كۈچلۈك ئىلھام بولغان ئىدى.

گيوبېلسنى كېيىن ھېيدېلبېرگقا يۆتكەيدۇ. 1921-يىلى، پەلسەپە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن بۇ جايدىن ئايرىلىدۇ. شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە يىل جەريانىدا ئۇ «مىخائىل» دېگەن تەرجىمىھال خاراكتېرلىق بىر رومان، بىر قانچە تىياتىر ئەسىرى ۋە نۇرغۇنلىغان لىرىك شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرىدۇ. تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن بانكىدا خىزمەتچى، كولوگن پايچەك بازىرىدا نازارەتچى، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى

ھەمـــدە ئىشــتىن ســـىرت قىرائەتخانـــا باشقۇرغۇچىســـى قاتارىـــدىكى ئىشـــلار بىلەنمـــۇ شۇغۇللىنىدۇ. گېيوبېلس بۇ نداق توختام سۇدەك تۇرمۇش ئىقىنى ئىچىدە لەيلەپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، ماركسىزمنىڭ ئىنتېرناتسىيونالىزمغە ئۆچ بولغانلىقى سەۋەبىدىن فىلسگېس بىلەن يولىنى ئايرىغان ئىدى. كېيىن خەلق سوتسىئالىزمى يولىغا كىرگىنىدىن كېيىن، ھىتلېردىن (ئۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنىڭ ۋە غايىمىزنىڭ سىمۋولى ئىكەن، دەپ) چوقۇنۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان يەنە بىر فىلسگېس روھىنى تېپىۋالىدۇ.215 شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە گرېگور ستراسسېر بىلەن قىزغىن مۇناسىۋەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ بۇ تۇردىكى يۈز ئۆرۈش ۋە ساداقەت مىجەزلىرىنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنىمۇ بەلگىلەيدۇ.

ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى بۇ تۈر ئىككى ھاڭ ئوتتۇرىسىدا داۋالغۇش، ئۇنىڭدىكى ئىدىيىۋى كۈرەشنى تېخىمۇ مۇرەككەپ بىر ھالغا كەلتۈرىدۇ. گېيوبېلس، نۇرغۇن جەھەتلەردە يەنىلا بىر ئىنقىلابچى ھېسابلىناتتى. ئۇ، كوممۇنىستلارنى مىللى سوتسىئالىزم تەرىپىگە تارتىپ كېلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ. ئۇ، بىر خىل نەزەرىيە، بىر خىل كۆۋرۈك يارىتىپ چىقىش ئىرادىسىگە كەلگەن ئىدى: "ئۇلارنى سول قانىتىن ئوڭ قانىتقا تارتىپ كېلىپ، ئۆزىنى پىدا قىلىشقا تەييار خەلقى تەرەپكە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك" دەيتتى. ئۇمۇ خۇددى گرېگور ستراسسېرغا ئوخشاش، پارتىيە مۇتلەق تۈردە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ھىمايە قىلىشى، بولۇپمۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتى. ھىتلېر بىلەن گېيوبېلسنىڭ ئاساسلىق زىددىيىتى مانا شۇ مەسىلىدە روي بەرگەن ئىدى. گېيوبېلس، كېيىنكى قېتىم شىمالغا يۈرۈش قىلغاندا ھىتلېرغا تەسىر كۆرسىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. يەنى ئۇنىڭغا كومپارتىيە بىلەن ناتسىستلارنىڭ بىردىن-بىر پەرقى _ كوممۇنىستلارنىڭ ئىنتېرناتسىيونالىزمنى يولغا قويماقچى بولۇشىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولىدۇ.

4-نويابىردا، ئاخىرقى ھېساپتا ھىتلېر بىلەن گېيوبېلس ئىككىسى براۋنشۋېگتا ئۇچرىشىدۇ. ھىتلېر گېيوبېلسكە قول ئۇزارتىپ كۆرۈشىدۇ. بۇ قول ئېلىشىشتىن گېيوبېلس چەكسىز خوشاللىق ھېس قىلىدۇ. "مەن ئۇنى تۇنجى كۆرۈشتىلا قەدىناس دوستلاردەك ھېس قىلغان ئىدىم، _ دەپ يازىدۇ گېيوبېلس كۈندىلىك خاتىرىسىگە، _ ئۇنىڭ بىر جۈپ ھەقىق رەڭلىك كۆزى خۇددى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىنىدىن بەكلا خوشال ئىدى. مەن بۇنىڭدىن خۇددى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك خوشاللىق ھېس قىلدىم." ئۇلارنىڭ بۇ تۇنجى كۆرۈشىشى گېيوبېلسنىڭ كېيىن ھىتلېرغا چوقۇنۇشىنىڭ باشلىنىش نوقتىسى بولۇپ قالغان ئىدى. بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار

ئىككىسى پلاۋىندا يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىدۇ. بۇ قېتىم گيوبېلسنىڭ چوققۇنىشى تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى. ”مەن بەكلا خوشالمەن. هىتلېر خۇددى كونا دوستلاردەك سالام قىلىپ مەندىن ئەھۋال سوراپ كەتتى. مەن ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆردۈم.“

ئەمما گيوبېلس ئارىدىن بىر سوتكا ئۆتمەيلا شىمالدا ئاشكارە ھالدا پارتىيىنىڭ مەركىزى تەشكىلىگە خىيانەت قىلىدىغان بىر قېتىملىق يەرلىك مەسئۇل كادىرلار ـ گاۋلېيتېرس يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. ئەسلىدە ئۇنى شىمالغا ئىۋەرتىشتىكى مەقسەت، ستراسسېرغا ياردەملىشىپ پارتىيە پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىش ئارقىلىق، فۈھرېرنى ”ئەكسىيەتچى“ مىيۇنخېن گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنى سولغا مايىللاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. بۇ پروگراممىدا يەرلەرنى يىغىۋېلىپ دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزىۋېلىش، چوڭ پومىشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى يېرى يوق دېھقانلارغا ھەقسىز بۆلۈپ بېرىش، ھەر قايسى شىركەتلەرنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئايلاندۇرۇش تەلەپ قىلىناتتى. بۇ پروگرامما 1926-يىلى 24-يانۋار دىن 25-يانۋار ئارىسىدا خانووەردە ئۆتكۈزۈلىۋاتقان مەسئۇل كادىرلار يىغىنىغا سۇنۇلىدۇ. ئۇ يىغىن بەكلا قاتتىق تالاش-تارتىش ئىچىدە ئۆتكەن بىر يىغىن بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسلىقى ھىتلېرنىڭ ۋاكالىتچىسى گوتفرىيېد فېدېرنىڭ گەۋدىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىققانلىقى سەۋەپچى بولغان ئىدى. گيوبېلسنىڭ قارىشى بويىچە، فېدېر ”كاپىتال بىلەن ئۆسۈمنىڭ قۇلى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىش قارشىسىنىڭ يالغانچىسى، يەنە كېلىپ ھەرىكەتنىڭ مۇھىم پروگرامما لايىھىلىگۈچىسى“ ھېسابلىناتتى. ستراسسېرنىڭ ئاكىسىنىڭ ئېيتىشىچە، يالغۇز روبېرت لېيدىن باشقا بۇ خىلدىكى يەرلىك مەسئۇل كادىرلار يېڭى پروگراممىنىڭ ھەر بىر باب-پاراگرافلىرىنى ئايرىم-ئايرىم ئاۋاز بېرىپ ماقۇللاپ چىقىدۇ. ھەممە نەرسىگە قارشى تۇرۇشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن فېدېر ئەڭ ئاخىرىدا ”مەيلى ھىتلېر بولسۇن ياكى مەن بولاي، بۇنداق بىر پروگراممىنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايمىز“ دەيدۇ. يىغىندىكىلەر ئۇنىڭغا: ”سەن بۇ يەردە پەقەتلا مېھمىنىمىز سۈپىتىدىكىلا بىر ئادەمسەن“ دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي فېدېر يەنىلا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئۇ، ھىتلېرنىڭ ماركسىزمچىلارنىڭ خان ئوردىسىنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش تەلىپىگە قارشى ئىكەنلىكىنى ئېيلان قىلىپ، بۇنىڭ ”يەھۇدىيلارنىڭ بىر ئالدامچىلىقى“ دەپ سۆزلەشكە باشلىشى بىلەن تەڭ، كىشىلەر ۋارقىراشقىنىچە ئۇنى سەھنىدىن قوغلاپ چۈشىرىدۇ. بۇ چاغدا گيوبېلس دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مىيۇنخېن رەھبەرلىك گۇرۇھىدىكىلەرگە غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ سۆزلەپ كېلىپ، ئەگەر ھىتلېر بۇ گۇرۇھتىن ئايالقسىنى ئۈزمەيدىكەن، ئۇنى پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك، دەيدۇ. بۇنداق بىر

ئۇلتىماتومنىڭ تېخى يېقىندىلا ھىتلېرنى "بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم!" دېگەن بىرسىنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقى، ھەقىقەتەنمۇ بىر غەلىتە ئەھۋال ئىدى. بەلكىم گېيوبېلسنىڭ "ھىتلېرنى بەكلا ياخشى كۆرگەن" لىكىنىڭ نەتىجىسىدىن بولسا كېرەك، يەنى مىيۇنخېندىكى بىر ئۇچۇم بىيوروكراتلار ھىتلېرنى ۋەيران بولۇش يولىغا باشلاپ كېتىۋاتىدۇ دەپ قاتتىق ئەنسەنگەنلىكىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ھەر نىمە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، 216 فېدېرىنىڭ بۇ قېتىمقى بۆلۈنۈشكە باشلاپ كەتكەن يىغىن توغرىلىق يازغان دوكلاتىنى كۆرگەن ھىتلېر، ئاخىرىدا ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. بىر يەكشەنبەدە، يەنى 14-غېنۋاردا ھىتلېر پارتىيىنىڭ مەسئۇل كادىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى بامبېرگقا يىغىدۇ. بۇ قېتىملىق مەخپىي يىغىنىنىڭ سەھنىسىدە ئولتۇرغان شىماللىقلار ۋەكىللىرى بەكلا ئەنسىزلىك ئىچىدە ئىدى. سان جەھەتتە جەنۇبلۇقلار مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە ئىدى. ھىتلېر سەھنىگە چىقىپ سۆزلەشكە باشلىشى بىلەن، پۈتۈن يىغىنىنىڭ ئېقىمى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ يولىغا كىردى. ئۇ بامبېرگقا كېلىشتىن ئاۋاللا بۇ يىغىن ھەققىدە تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدى. ھىتلېر، بوگۈن پارتىيە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە بىلەن ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ تەھدىت ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا، ھىتلېر نۇتقىنى باشلار-باشلىمايلا كەسكىن قىلىپ "مەن بۇ پارتىيىنىڭ داھىسى ـ فۇھرېرىمەن، بۇ ھەرىكىتىمىزنىڭ يادروسى مەن. شۇنداق ئىكەن، ناتسىستلار پارتىيىسى ئىچىدە پارلامېنت تۈسىدىكى مۇنازىرىلەرگە ھەرگىز يول قويالمايمەن. بۇ يەردە قانداقتۇ دېموكراتىك يىغىن باسقۇچلىرى دېيىدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. پارتىيىمىز ئىچىدە تەرەپپاز گۇرۇھلارغا ئايرىلىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. ھەر بىر يەرلىك مەسئۇل كادىر، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى پەقەت، ۋە پەقەت يالغۇز فۇھرېرگىلا ساداقىتىنى ئىپادىلىشى شەرت" دەپ تەكىتلەيدۇ.

يىغىن جەريانىدا ھىتلېر ستراسسېر بىلەن گېيوبېلس ئىككىسى توغرىلىق بىر ئېغىزمۇ يامان گەپ قىلمايدۇ. ئۇ، باشقىچە پىكىردە بولغانلارغا زەربە بېرىدىغان ئۇنداق خاتا ئىشنى قىلمايدۇ. بەلكىم، ئۇنىڭ كۆڭلى تۈيغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇ ئىككى كىشى ئۇنىڭغا سادىق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار پەقەتلا ھىتلېرنى ستربېيچېر بىلەن ئېسسېر ئېقىمىدىكىلەردىن ئاجرىتىپ ئېلىشنىلا ئويلايدىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ بامبېرگقا كېلىشتىكى مەقسىدى، ھەرگىزمۇ شىماللىق كادىرلارنى نومۇسقا قالدۇرۇش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىدى ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاشلا ئىدى. ئۇ سولچىلارنىڭ ئۆز گېپى بىلەن سولچىلارغا ئۈستىلىق بىلەن رەددىيە بېرىدۇ. ئاندىن زىدتلىشىپ تۇرۇۋاتقان ھەر ئىككىلا تەرەپكە ئورتاق نوقتىغا كېلىشتىن ئىبارەت يېڭى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ، پارتىيىنى سىياسىي

چەمبەر ئىچىدىن ھالقىپ چىقىپ، داھىغا چوقۇنىدىغان ھالغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھىتلېر، پارتىيىمىزنىڭ بۈرۈنقى پروگراممىسى ”بىزنىڭ ئېتىقادىمىز بىلەن ئىدېيولوگىيىمىزنىڭ ئاساسى؛ ئۇنى ئۆزگەرتىش دېمەك، بىزنىڭ ئىدېيىمىزگە ئېتىقاد قىلغان قۇربانلىرىمىزغا خائىنلىق قىلغانلىق بولىدۇ“ دەپ كۆرسىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مىللىي سوتسىئالىزمنى بىر تۈرلۈك دىن دەپ ئالغاندا، ھىتلېر ئۇنىڭ ئەيساسى ھېسابلىنىدۇ دېگەنلىك بولاتتى. باشقۇرماندانلىق شتاب ئالدىدا كىرىست دارىغا مىخلىنىپ ئۆلگەندىن كېيىن، لاندسبېرگ تۈرمىسىدىن قويۇۋېتىلىپ قايتا تىرىلىپ چىققان ھىتلېر، بەلكىم قايتىدىن جانلىنىپ پارتىيە ۋە دۆلەتنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش نىشانىسى ئۈچۈن يېتەكچىلىك قىلماقتا ئىدى.

شىماللىق كادىرلار ھىتلېرنىڭ نۇتقىنىڭ بۇنچىۋالا ئۆتكۈر بولۇشىنى پەقەتلا كۈتمىگەن بولغاچقا، ئۇلار نۇتۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قېلىشىدۇ. گېۋبېلس بامبېرگقا كېلىشتە ھىتلېرنى سولچىلار تەرىپىگە تارتىپ كېلەلەيمەن دەپ ئويلىغان بولسا، مانا ئەندىلىكتە ئۇلارنىڭ مەيدانىنىمۇ قوللىمايدىغان، بۇ ھەقتە تالاش-تارتىشمۇ قىلمايدىغان بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، پارتىيىنىڭ داھىيسى مەسىلىسىدە ئۇنىڭ بىرلا خىل تاللاش ئىمكانى قالغان ئىدى: ھىتلېرنىڭ فۇھرېر بولۇشىغا قارشى چىقىش ياكى ئۇنى قوبۇل قىلىش. ئەگەر ھىتلېرنى رەت قىلغىدەك بولسا، ئۇنداقتا پارتىيىنىڭ ئۆلۈشى دېمەك بولاتتى. ستراسسېر بۇ ھەقتە قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا يىغىنچاق بىر جاۋابنى بېرىدۇ: مەن مەغلۇپ بولدۇم! گېۋبېلس بولسا، بىر قانچە ئېغىز شۇئار توۋلاشتىن باشقا ھېچ نېمە دېمەيدۇ. ئەمما كۈندىلىك خاتىرىسىگە ”كۆڭلۈم قاتتىق يېرىم بولدى!“ دەپ يازىدۇ.

ھىتلېر، بامبېرگدىكى يارلارنىڭ ساقايتىلىشى پەقەتلا ۋاقىتقا باغلىق ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. ئەمما پارتىيىسىمۇ شۇندىن باشلاپ تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئىتتىپاقلىقىمۇ ئارتىپ بارالايتتى. شۇڭا ئۇ، ئەندى پارتىيىسى ئۈچۈن يادرەم توپلاش يولىغا چۈشەلىشى مۇمكىن ئىدى. فېۋرالنىڭ ئاخىرقى كۈنىسى، ھىتلېر، ئاممىۋى مىتىنگ ھېسابلانما-يدىغانلىقى ئۈچۈن، خامبۇرگدىكى داڭلىق ”ئاتلانتىك ئوكيان مېھمانخانىسى“ نىڭ ”1919-يىل مىللەتچىلەر كلۇبى“ دا نۇتۇق سۆزلەش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىۋالىدۇ. ھىتلېر ئۇ نۇتقىنى ئەسەبىي ئۇنسۇرلارغا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى گېرمانىيە پۇخرالىرىغا قاراتقان ئىدى. دېمەككى، ئۇ لاندسبېرگ تۈرمىسىدىكى ۋاقىتلىرىدا خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى. ئۇ ئەندى خانلىق سىرىك تىياتىرىدىكىدەك نۇتۇق سۆزلەش ئۇسلۇبىنى تاشلاپ، ئۆزىنى تۇتىۋالغان، رېتىملىق شەكىلدە سۆزلەشكە كىرىشىدۇ. ئۇ نۇتقىدا،

گېرمانىيە دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى ماركسىزم؛ قىزىللار دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىپ ئېلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئۇلار بۆگۈنكى كۈندىمۇ گېرمانىيىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ھۆكۈمدارلىق قىلىپ كەلمەكتە، دەيدۇ. ھىتلېر بىر سائەتكە قالمايلا زالدىكى بارلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىپ ئۆزىگە قارىتىۋالدۇ.217 بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھاياجانلاندۇرۇش ياكى كۈشكۈرتۈش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلانماستىن، مەنتىقىدىن پايدىلىنىدۇ؛ ئىرقچىلىقتىن پايدىلانماستىن، ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن، ماددى بايلىقلاردىن ۋە گۆللىنىش ئۈستىدە سۆز قىلىشتىن پايدىلىنىدۇ.

ئەمما ئۇ، ماركسىزم ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىشى ھامان ئۇنىڭ سۆزلەش ئۇسلۇبى كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ: "كۈرەش جەريانىدا، چوقۇم بىر تەرەپ باش ئېگىدۇ. يەنى بۇ كۈرەشتە ئەگەر ماركسىزم ئەمەلدىن قالمىغىنىدا بىز ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولىمىز. ـ ئۇ نۇتقىدا ئاممىۋى ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇش چاقىرىقى قىلىپ، قىزىللارغا قارشى رەھىمسىزلەرچە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ نۇتقىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ـ خۇددى كىشىلەر زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرغىنىدەك، بۇ تۆردىكى ھەرىكەتلەردىمۇ پەقەتلا خەلق ئاممىسىنىڭ مۇشتۇمىغىلا تايىنىشقا، قەتئى تۆردە شۇ ئۇسۇلغا تايىنىشقىلا مەجبۇرمىز. يەنى كىمنىڭ كاللىسى ئەڭ قاتتىق، كىمنىڭ ئىرادىسى ئەڭ مۇستەھكەم، كىمنىڭ غايىسى ئەڭ ئۇلۇغ بولىدىكەن، غەلىبە شۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ." يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاڭلىغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ سۆزلەر ھەزىم قىلىش تەس بولغان بىر دۆۋە قاتتىق گۆشتەك بىلىنىسىمۇ، يەنىلا كۈچلۈك گۈلدۈرماما ئاۋازىدەك گۈلدۈراس ئالقىشقا ئېرىشىدۇ.

ئۇ نۇتقىدا، غەلىبە قىلىمەن دەيدىكەنمىز، بۇ ھەرىكەتنى خۇددى ماركسىزمچىلارغا ئوخشاش كۈچلۈك قانات يايدۇرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. "بۇنىڭدا قىلچە شەك يوق: بىز شۇنى تونۇپ يەتتۇقكى، ئەگەر ماركسىزمچىلار غەلىبە قىلىپ قالغىدەك بولسا، بىز چوقۇم ۋەيران قىلىنىپ يوق قىلىنىمىز. ھېچ كىم بۇنىڭدىن باشقا بىر ئاقىۋەتنى تاما قىلىشمىسۇن. ئەگەر بىز غەلىبە قىلىپ قالساق، بىزمۇ قىلچە رەھىم قىلماستىن ماركسىزمنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇمۇرۇپ تاشلايمىز. شۇڭلاشقا، ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە گېزىتىنى يىرتىپ تاشلىمىغىچە، ئەڭ ئاخىرقى بىر تەشكىلاتىنى پارچىلاپ تاشلىمىغىچە، ئەڭ ئاخىرقى بىر تەربىيىلىنىش مەركىزىنى تاقىۋەتمىگىچە، ئەڭ ئاخىرقى بىر ماركسىزمچىنى ئۆزگەرتىپ بىزنىمىزغا تارتمىغىچە ياكى ئۇنى يوق قىلىۋەتمىگىچە ھەرىكىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ھەرگىز يانمايمىز! بىز ئۈچۈن ئوتتۇرا يول دەيدىغان بىر يول يوق!"

بۇ نۇتۇق ھەقىقەتەنمۇ ئىسىل بىر نۇتۇق ئىدى. بۇ نۇتۇق شۇنى كۆرسەتمەكتىكى،

دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتىكى كەسكىن ۋە قانۇنى كۈرەش جەريانىدا، ھىتلېر ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك تەبىقىلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش يوللىرىنى ئاختۇرۇشقا رەسمى كىرىشكەن ئىدى. ئۇ يەنە، گەرچە بامبېرگ يىغىنىنى چاقىرغان بولسىمۇ، پارتىيىسىنى تېخىچە تولۇق تېزگىنلىيەلىدىم دەپ قارىمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئۆكتىچىلەرنىڭ ئىككى نەپەر يېتەكچىسىگە _ گرېگور ستراسسېر بىلەن گيوبېلسقا قارىتىشقا كىرىشىدۇ. مارتىنىڭ باشلىرىدا، ستراسسېر رەسمى ئەل بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ (گەرچە كۈچلۈك دەرىجىدە ئۆز پىكرىدە قالغان بولسىمۇ): ئۇ، تارقىتىلغان يېڭى پروگراممىنى پۈتۈنلەي يىغىۋېلىش توغرىلىق ئۆز تەرەپتارلىرىغا ئۇختۇرۇش قىلىدۇ.

ھىتلېر، ئاپرېلدا گيوبېلسنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ مەخسۇس ئايروپلان بىلەن ميۇنخېنغا ئۇچىدۇ. گيوبېلس ئىككى كۈن فۈھرېرنىڭ قىممەتلىك مېھمىنى بولۇپ كۈتىۋېلىنغاندىن كېيىن، ھاياجانلىنىپ كېچىچە كۆزىگە ئۇيقا كەلمەيدۇ. ئۈچىنچى كۈنى، ھىتلېر ئۇنى باشلاپ پارتىيە باش شتابىنى زىيارەت قىلدۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم ئولتۇرۇپ ئۈچ سائەت سۆزلىشىدۇ ("قالتىس سۆزلىشىۋالدۇق!"). سۆزلىشىش جەريانىدا بامبېرگ يىغىنىنىڭ ھەر بىر قاراشلىرىنى قايتا بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. گيوبېلس ئاڭلاپ بەكلا ھاياجانلىنىپ، ئۇ قەدەممۇ-قەدەم ھىتلېر تەرىپىگە يېقىنلىشىپ بارىدۇ. ئاخىرى بىراقلا  ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

مەن سوئال قويالتىم، ئۇ ئىنتايىن كېلىشتۈرۈپ جاۋاب بېرىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن. ئىجتىمائى مەسىلىلەردە قاراشلىرى بەكلا يېڭى بولۇپ، ھەممە ئىش ئۇنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ... ئۇ پۈتۈن جەھەتلەردە مېنى خاتىرجەم قىلدى. مەيلى قايسىلا مەسىلىدە بولمىسۇن، قايسى جەھەتتىكى ئىشلاردا بولمىسۇن ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر مەردانە يىگىتلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ شۇنچە ئوت يۈرەك بولۇشى ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ داھىيىم بولۇشقا لايىق ئىدى. مەن ئۆزەمدىن ئۇلۇغ بىر كىشىگە، بىر سىياسي تالانت ئىگىسىگە بويۇن ئەگدىم!

ئۇ ئىنتايىن خوشال ھالدا ميۇنخېندىن ئايرىلىدۇ ("خەير-خوش ميۇنخېن! مەن سېنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن!")، ئۇنى كەچۈرۈم قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنى ۋاقتىنچە لۇر رايونىغا پارتىيىنىڭ مەسئۇل ئەمەلدارى قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

ھىتلېر، ستراسسېر بىلەن گيوبېلسنى ئەيۋەشكە كەلتۈرىۋالغىنىدىن كېيىن، قايتىدىن شىمالغا ئاتلىنىپ ئىقتىسادىي  ياردەم ئاختۇرۇشقا ۋە شىمالدىكى سولچىل پارتىيىلىكلەر ئارىسىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئىشىغا تۇتۇش قىلىدۇ. «بىرىنچى ماي » بايرام كۈنىسى، 218 شۆبىرىندا ھامبۇرگنىڭ 60 چاقىرىم شەرقىدىكى شەھەرلىك ھۆكۈمەت

مەھكىمىسىدە مەخپىي تۈردە ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاشقا كەلگەنلەرگە بىر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەيدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە، چوڭ زال ئالتونا، ھامبۇرگ، بىرېمېن، لۇبېك ۋە لۇنېبۇرگ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن مىللىي سوتسىئالىزم پارتىيىسى ئەزالىرى بىلەن لىق تولغان ئىدى. «ھامبۇرگ خەۋەرلىرى» گېزىتى شۇ كۈنكى ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ كېلىپ، ”ھىتلېر يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، ئۇ يەردە قولاقنى يارغۇدەك ناغرا-سۇناي ئاۋازى ياڭرىدى“ دەپ يازىدۇ.

ھىتلېر بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن يېڭى ئۇسلۇبتا سەھنىدە قانداق تۇرۇش كېرەكلىكىنى مەشىق قىلغان ئىدى. مۆللېرن شۆنخاۋسېننىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، بۇ تۇرۇش شەكلى ياۋروپادا ئەڭ داڭلىق كېيىننى پەرەز قىلغۇچى تاپقاق بولغان ئېرىك جان خانۇسسېن ئۆگۈتۈپ قويغان بىر ئۇسۇل ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، ھىتلېر بىلەن بۇ تاپقاق بېرلىندا داڭلىق ئېسىلزادە ئائىلىسىدە ئۇچرىشىپ كۆرۈشكەن ئىكەن. ئۇلار كۆرۈشكىنىدە خانۇسسېن دەرھال ئۇنىڭغا: ”ئەگەر سىز راستىنلا سىياسىي ساھەگە كىرىشنى ئويلايدىغان بولسىڭىز، ھىتلېر ئەپەندىم، ئۇ ھالدا سىز نېمە ئۈچۈن نۇتۇق سۆزلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالمايسىز؟ _ دەپ سورىغان. ئەسلىدە خانۇسسېن بەدەن تىلى مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئۇ ھىتلېرغا چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، _ سىز ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق سۆزىڭىزنى كۈچلەندۈرۈش جەھەتتە باش قاتۇرماپسىز“ دېگەن. يەنە شۇ مىلىيىن خانۇسسېننىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئىككىسى شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە يىل جەريانىدا پات-پات كۆرۈشۈپ قىسقا مۇددەت بىرگە بولۇشاتتىكەن. خانۇسسېن ھىتلېرغا نۇتۇق سۆزلەشتىكى كەسپىي سىرلارنى ئۆگۈتۈپ قويۇش بىلەنلا قالماي، يەنە ھەمراھلىرىنى تاللاش يوللىرىنىمۇ ئۆگۈتۈپ قويغان. شۇنداقتىمۇ، تا 1932-يىلىنىڭ ئاخىرىدىلا ھىتلېرغا تۇنجى قېتىم پال سالغان بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمۇ جان ئۈزگەن.

4

1926-يىلى ئەتىيازدا، ھىتلېر ھەرىكەتنىڭ مەركىزى ميۇنخېندىكى يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتى بولۇشى، بۇ مەركەز پۈتۈن مەملىكەتتىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشى شەرت، دەيدىغان بىر پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئۆز تىزگىنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىغا ئېلىۋالىدۇ. بۇ پرىنسىپ 22-مايدا بۇرگېربراۋ پۈتۈن پارتىيىلىكلەر قۇرۇلتىيىدا ماقۇللىنىدۇ. بۇ يەردە ھەممىدىن ئۈستۈن

فۈھرېر بولغان ھىتلېرگە بۇنداق بىر ھوقۇق بېرىلىدۇ: ئۇ ھەرقانداق بىر يەرلىك مەسئۇل كادىر ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلىرىنى تاللاش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ يەنە كېلىپ بارلىق دېموكراتىك جەريانلارنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، فۈھرېر پرىنسىپىغا قىلچە سۇرۇشتە قىلماي بوي سۇنۇش دېگەندىن دېرەك بېرەتتى. ھىتلېر، ھەر ئېھتىمالغا قارشى بۇرۇنقى پارتىيە پروگراممىسىدىكى 25 ماددىنىڭ قەتئىي ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. ئۇ ئەندى ئۆز مەقسىتىدىگە يېتىپ خېلىلا خاتىرجەم ھالغا كېلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىدېيولوگىيىسىنى يالغۇز ئۆزىلا بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ھالغا كېلىۋالدى.

گېبېلس كۆڭلىدە پۈتۈنلەي ھىتلېر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆرۈنۈشتە يەنىلا ستراسسېرغا ساداقىتىنى كۆرسىتىپ يۈرمەكتە ئىدى. ستراسسېر، ھازىرغىچە فۈھرېردىن گۇمانلىنىپ يۈرمەكتە ئىدى. 10-ئىيۇندا، گېبېلس كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە مۇنداق دەپ يازدۇ: ئەگەر ئۇ داۋاملىق تۈردە مۇتلەق مۇستەقىل ئورنىدا تۇرالىغىنىدا، ئۇنىڭ ۋاكالەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پەقەتلا بىرلىنگە يۈرۈش قىلىشنىلا خالىشىم كېرەك. ئەمما ئارىدىن ئىككى كېيىنمۇ ۋاقىت ئۆتمەي، ئۇ ھەر قانداق بىر تەكلىپنى قوبۇل قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "ئۇ كۆڭلىدە مەن قورۇق ئۈمىدلەر بىلەن يۈرەلمەيتتىم. بۈگۈن، ھەر قانداق بىر ئىش ئۇنىڭ قارارىنى ئۆلچەم قىلماقتى. ئۇنداقتا ئۇ مېنى راستىنلا كېرەك قىلارمۇ؟" ئەمما ئۇلار ئىككىسى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكىنىدە گېبېلس ئىنتايىن خوشال ھالدا قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش تۇيغۇسى ئىچىگە چۆمگەن ھالدا ئايرىلىدۇ.

ھىتلېرنى بەربىر سۆيۈملۈك بىر يولداش دەپ قارايمەن. ئۇ ھەققەتەنمۇ مەرت بىر يىگىت بولۇپ، كىشى ئۇنى ياخشى كۆرمەي مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىتلېردا تەڭداشسىز ئىدىيىسىنمۇ قوشقاندا ئۇنى ھەققەتەنمۇ سۆيمەي تۇرالمايسەن. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كاللىسىدا ھەر دائىم يېڭى نەرسىلەرنىڭ چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايسەن. ئۇ بىر ناتىق بولۇش سۈپىتى بىلەن، سېھىرلىق قول ئىشارەت ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن، تىل ماھارىتىنى گارمونىك ماسلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە ھەققەتەنمۇ تالانتلىق بىر ناتىق بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئۇ ھەققەتەنمۇ تۇغما قوزغاتقۇچى! ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىش قىلساق چوقۇم دۇنياغا خوجا بولالايسەن. پەقەت ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسەڭلا ئۇ چېرىگەن جۇمھۇرىيەتنى تۈپ يىلتىزىدىن تەۋرىتىۋېتەلەيدۇ. ئۇنىڭ تونۇلغۇن ئوتتۇرىغا قويغان ئىنتايىن كېلىشكەن قەسەم سۆزى:219

"كۆرۈشمىزدە تەڭرى بىزنى ساقلايدۇ. ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن ئەڭ گۈزەل سوۋغىسى

بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزگە بولغان ئۆچمەنلىكىمىزدۇر. شۇنداق ئىكەن، بىزمۇ دۈشمەنلىرىمىزگە پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىشىمىز كېرەك.“

ئىيۇلدا ۋېيماردا چاقىرىلغان پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا، ھىتلېر دۈشمەنلىشىپ يۈرگەن پۈتۈن تەرەپلەرنى ئۆزئارا ياراشتۇرۇۋەتتى. يىغىننى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت، تۈرىنگىيا ھىتلېرغا ئاشكارە نۇتۇق سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىنغان ئاز ساندىكى شتاتلاردىن بىرى بولغانلىقى ئىدى. ئۇ نۇتقىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى (4-ئىيۇل) سۆزلىگەن بولۇپ، نۇتقى سىياسىي پۇراقتىن كۆرە ھېسسىياتقا باي بىر نۇتۇق بولغان ئىدى. ”چوڭقۇر مەنىلىك بولۇش بىلەن بىرگە ھەقىقەتەنمۇ سېھىرلىك بىر نۇتۇق بولدى. _ دەپ يازىدۇ گېۋبېلس خاتىرىسىدە، _ ئۇنىڭ سۆزلىرى خۇددى ئىنجىلنىڭ سۆزلىرىدەك قىممەتلىك ئىدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن بىرگە دائىم قورقۇپ تەمتىرەپلا يۈرىدىغان ۋەھىمىلىك دەۋرلەردىن ئۆتتۇالدۇق. ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. ماڭا مۇشۇنداق بىر نوچى يىگىت بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن تەڭرىگە شۈكرى دەيمەن!“ ھىتلېر سەھنىدىن ئايرىلىۋاتقىنىدا ئالقىش سادالىرى قۇلاقنى ياراتتى، گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى مىنۇتلارچە ياڭراپ تۇردى. ئاندىن ھىتلېر ئۈچىسىغا بەك يارىشىپ كەتمىگەن ھەربىي كىيىمنى كىيىپ، كۆچەي تېڭىلغان پۇتلىرى بىلەن ئاتلىغىنچە بىرزىنتلىق پىكاپنىڭ كەينىگە چىقىپ 3500 نەپەر ھۇجۇمچىلار ئەترىتى ئەزالىرىنى _ گېۋبېلس ھاياجانلانغان ھالدا بۇ ساننى 15 مىڭ نەپەر دەپ ئاشۇرۇپ يازىدۇ) كۆزدىن كۆچۈرىدۇ. ئېس-ئاچىلار ئوڭ بىلىكىنى ئۇزارتىپ بىلەك سالىمى بېرىپ دېگەندەك رەتلىك بولمىغان قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدۇ.

گەرچە كىشىلەرنىڭ غەزىۋى تېخى بېسىلمىغان، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزا سانى تېخى 40 مىڭغا يەتمىگەن بولۇشىغا قارىماي، بۇ قېتىمقى خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ بۇ شەكىلدە يېپىلغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ يەنىلا يېتەرلىك دەرىجىدە داغ-دۇغىلىق ئۆتتى دېيىشكە بولاتتى. بۇ كۈنلەردە ئادەم سانى ھىتلېرنى بەك ئەنسىرىتىپ كەتمەيتتى. گېرمانىيىدە، بۇ كۈنلەردە ناتسىستلار پارتىيىسى ئەڭ كىچىك سىياسىي پارتىيىلەردىن بىرى بولغىنى بىلەن، بۇ قوشۇن ھەقىقەتەنمۇ بىر پولات مۇشتۇم، ھىتلېرغىلا تەۋە بىر پولات مۇشتۇم ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھىتلېر بېرچتېسگادېنغا قايتىپ كېتىپ، ئۇ يەردە بىر تەرەپتىن «كۈرەش يولۇم» نىڭ ئىككىنچى قىسمىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن پارتىيە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن غەيرەت قىلىدۇ: ئۇ ۋېيماردا كۆرسەتكەن ئەپسۇنىنىڭ پۈتۈن

مەملىكەتنىكى ھەر قايسى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تولۇق تېزگىننىگە ئېلىشى ئۈچۈن تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

بۇ تۈردىكى ئىشلارغا بىرسىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ: بۇ كىشى دەل جوزېف گېبېلس ئىدى. ھىتلېر تاغ ئارىسىدىكى ئۈۋىسىغا بېرىپ تۇرىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا گېببېلس كېلىپ ئۇنى يوقلىغان، بۇ جەرياندىمۇ ھىتلېرغا بولغان ھەيرانلىقى تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى. "ئۇ بىر سەبى بالىغىلا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، يۇۋاش، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان بولۇپ كۆرۈنەتتى؛ شۇنىڭدەك مۈشۈككە ئوخشاش قۇۋ، ئەقىللىق، چەبدەس ئىدى؛ يەنە شۇنىڭدەك خۇددى بىر شىرغا ئوخشاش ھۆركىرەپ تۇرىدىغان، قۇدرەتلىك، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. يەنە شۇنىڭدەك بىر سەپداش سۈپىتىدە ھەقىقەتەنمۇ مەرت كۆرۈنەتتى." 25-ئىيۇل كۈنى، يەنى بېرچتېسگادېندىن ئايرىلىدىغان كۈندە ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق بۇرۇلۇش ياساش ۋاقتى كەلگەن ئىدى. "خەير-خوش مېنىڭ ئوبېرسالزبۇرگىم! دەپ يازىدۇ گېببېلس شۇ كۈنى ئاخشىمى كۈندىلىك خاتىرىسىگە، ـ بۇ كۈنلەر مېنىڭ يولۇمدىكى ھەل قىلغۇچ قەدەم تاشلىغان كۈنلىرىم بولۇپ قالدى. چاقناپ تۇرغان بىر يۇلتۇز مېنى ئازاب دېڭىزى ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ چىقاردى! مەن ئەندى مەڭگۈ ئۇنىڭغا تەۋە بىرىمەن. مېنىڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۈمۈتسىزلىكلارمۇ تولۇق يېشىلىپ كەتتى. گېرمانىيە چوقۇم ياشايدۇ، ياشىسۇن ـ خايىل ھىتلېر!"

ھىتلېر ئۇنى تەقەززار قىلىپ ئىككى ئاي ساقلاتقان ئىدى. كېيىن بېرلىنغا ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولغىنىدا، گېببېلس قاتتىق ھاياجان ئىچىدە "ئاخىرى بېكىتىلدىم ـ ۋەزىپەم بېرلىن! ياشىسۇن!" دەپ يازىدۇ خاتىرىسىگە. ئادولف ھىتلېر ئۈچۈن ئالغاندىمۇ بىر ھېساپتا بۇ ئىشنى كىچىك بولسىمۇ ئۇتۇق ھېسابلىش مۇمكىن ئىدى. مۇنداق قارىماققا، ستراسسېرنى پارتىيىنىڭ يوقىرى دەرىجىلىك تەشكىلىگە ئېلىپ كىرىپ ھىتلېر ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ ياراشقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ستراسسېرنىڭ قابىلىيىتى بىلەن ئۇنىڭ كۈچى بەربىر فۈھرېر ئۈچۈن يۇشۇرۇن تەھدىت ھېسابلىناتتى. ستراسسېرنىڭ بېرلىندا شتابى يوق؛ گېببېلسنىڭ بېرلىنغا تەيىنلىنىشى، ئەمەلىيەتتە ھىتلېرنىڭ ستراسسېرنىڭ بۇرۇنقى سادىق كاتىۋىنى ئۇنىڭغا رىقابەتچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئىدى.

7-نويابىردا، گېببېلس بېرلىنغا قاراپ يولغا چىقىپ، ھوقۇق يولىدا ئالغا ئىلگىرلەشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسىدۇ. مەيلى شەخسى تۇرمۇشىدا بولسۇن ياكى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن، گېببېلس يېڭى بىر ھايات يولىدا ئىلگىرلەشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئېلىسە ئىسمىلىك بىر قىز بىلەن بولغان تويى قىلىش ۋەدىسىدىن

يېنىۋالدۇ. 220 بۇرۇن بۇ قىز بىلەن بولغان مۇھەببەتلىك سەرگۈزەشتىلىرى بەكلا بوران-چاپقۇنلۇق ئۆتكەن ئىدى. مىللىي سوتسىئالىزم پارتىيىسىنىڭ ساماسىدا بارغانسىرى يوقىرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقان بۇ يىگى يۈلتۇز، قانداقمۇ يېرىم يەھۇدىي قېنى ئارىلاشقان بىر قىز بىلەن جۈپلىشەلىشى، ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويالىشى مۇمكىن؟

شۇ يىلىنىڭ يىل ئاخىرىغا كەلگىنىدە پارتىيە ئەزا سانى ئاساسەن 50 مىڭ كىشىگە يېقىنلاشقان ئىدى. رۇدولف ھېس كاتىپ، فرانز كساۋېر شۋارز مال-مۈلۈك باشقۇرغۇچىسى، بوۋھلېر كاتىۋات باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن پارتىيە ئىجرائىيە ئورگىنىنىڭ ئىش ئۈنۈمى ھەقىقەتەنمۇ يوقىرى ئىدى (بۇ ۋاقىتلاردىكى پارتىيە ئەزا سانى بەك ئېنىق ئەمەس بولۇپ، شۋارز پارتىيە ئەزا سانىنى مەخسۇس رەت نومۇرى بويىچە جەدۋەللەشتۈرگەن بولۇپ، پارتىيىدىن چېكىنگەن ياكى پارتىيىدىن چىقىرىلغانلار سەۋەبىدىن كامايغان رەقەملەر بەكلا تۇتۇق ئىدى _ ئا. ھ. ئى). ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە يەرلىك مەسئۇل كادىرلار بىلەن باشقا رەھبىرى كادىرلارمۇ تىنماي كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى يوللاپ تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن، بارلىق پارتىيە ئەزالىق بەدىلىنى تولۇق مەركەزگە يوللاپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمايتتى. پارتىيىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنىدا دەسلەپتە ئاران 3 ئاپتوموبىل ۋە 25 نەپەر خىزمەتچى بار بولغان بولسا، ئەندىلىكتە بۇ ئورگان تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ بارماقتا ئىدى. ئەندى بۇ ئورگان دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت ھالىغا كەلمەكتە ئىدى. بۇ ئورگاندا تاشقى ئىشلار بىيروسى، ئەمگەك-ئىشچىلار بىيروسى، سانائەت بىيروسى، يېزائىگىلىك بىيروسى، ئىقتىسادىي بىيرو، ئىچكى ئىشلار بىيروسى، ئەدلىيە بىيروسى، پەن-تېخنىكا بىيروسى ۋە ئاخبارات بىيروسى قاتارلىقلاردىكى بۆلۈملەر ئېچىلغان ئىدى. پارتىيىنىڭ ياردەمچى تەشكىلاتلىرىمۇ قۇرۇلغان ياكى قۇرۇلۇش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان ئىدى. يەنى ھىتلېر ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئوقۇتقۇچىلار بىرلەشمىسى، ئادۋوكاتلار بىرلەشمىسى ۋە شۇنىڭدەك دوختۇرلار بىرلەشمىسى قاتارلىق ياردەمچى تەشكىلاتلار قۇرۇلغان ئىدى.

پارتىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم تايانچ كۈچى يەنىلا ھۇجۇمچىلار ئەترىتى _ ئېس-ئاچىلار ھېسابلىناتتى. ۋېيمار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە يەنە 8 تارماق ئەترەت كۆپەيتىلگەن بولۇپ، بۇلاردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئېس-ئاچىلار ئەترىتى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى ھالىغا كەلگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، فۈھرېرنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقى ئاستىدا يەرلىك ياكى رايونلۇق ھۇجۇمچىلار ئەترەتلىرى ئۆزئارا ھەمكارلىق ئاساسىدا پائالىيەت قىلىش ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى. ھىتلېر ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق يېڭى سىياسىي تىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن

ئۇ يەنە "تۇغما تەشكىلاتچى" ھەمدە قاتتىق ئىنتىزامچان دەپ تونۇلغان فرانز فېففېر ۋون سولومونىنى قانۇنلۇق دەپ تونۇلغان بۇ قۇرالسىز تەشكىلات ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ تاللىۋالدۇ. "ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنى باشتىن تارتىپلا ھېچقانداق مەخپىيەتلىكى بولمىغان ئاشكارە بىر تەشكىلات خاراكتېرىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇنى يوشۇرۇپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ــ دەيدۇ ھىتلېر، فېففېرغا يازغان خېتىدە، ــ بۇ تەشكىلاتنى ئۇچۇق-ئاشكارە ھەرىكەت قىلىپ يۈرەلەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ ئۇنى بىر مەخپى تەشكىلات ئىكەن دەيدىغان ھەر تۈرلۈك پىتنە-پاساتلاردىن ساقلىشىمىز كېرەك. ... شۇنداق بولغىنىدا، بۈگۈن بىزنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىمىزنىڭ قايسى بىر ئىجتىمائى گۇرۇھنىڭ ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىق ھەرىكىتى ئىكەن دېيىشىنىڭ ئالدىنى ئالالىشىمىز مۇمكىن. بۇ بىر دۇنياۋى خاراكتېردىكى ئۇلۇغ بىر ھەرىكەت بولۇپ، بۇ ھەرىكەتنى ماركسىزم بىلەن ئۇنىڭ ئورگانلىرى ۋە پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ پىلان كۆرسىتىپ يۈرگەنلەرگە قارشى بىر مەيدان كۈرەش دەپ تونۇشىمىز كېرەك. بىز ھېچقاچان بىرەر-ئىككى يۈز نەپەر ساداقەتلىك بىلەن مەخپى سۇيىقەست پىلانلىغۇچىغا ھاجىتىمىز يوق. بىزگە لازىم بولغىنى، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان بىزنىڭ دۇنياۋى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئوت يۈرەك جەڭچىلەردۇر. ... بىز چوقۇم ماركسىزمچىلارغا شۇنى تونۇتۇپ قويۇشىمىز كېرەككى، كەلگۈسىدە كوچىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلار خۇددى ناتسىيىستلار پارتىيىسىنىڭ كۆلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم دۆلەتنىڭ غوجايىنىغا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئوخشاش مىللى سوتسىئالىزمچىلار بولۇپ قالىدۇ." ئېس-ئاچىلارنىڭ رەسمى فورمىسى كارىشناۋاي كۆڭلەك، قوڭۇر گالىستۇك قىلىپ تاللىۋېلىندى. بۇ رەڭلىك كىيىمدىن پايدىلىنىش پۈتۈنلەي پەۋقۇلئاددە توغرا كېلىپ قالغان بىر ئىش ئىدى. يەنى بۇنداق فورما ئەسلىدە گېرمانىيىنىڭ شەرقى ئافرىقىدىكى قوشۇنلىرى ئۈچۈن تىكتۈرۈلگەن كىيىم ئىدى. ئۇلارغا ئىشلىتىش پۇرستى بولمىغاچقا ئىسكىلاتلاردا بۇنداق كىيىملەر بەكلا نۇرغۇن بىسىلىپ قالغان ئىكەن. ئۇلارنى بەكلا ئەرزان باھادا كۆپلەپ سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتى بار بولغىنى ئۈچۈنلا بۇ تۈر كىيىم تاللىۋېلىنغان.

1926-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، «كۈرەش يولۇم» نىڭ ئىككىنچى قىسمى نەشرىدىن چىقىدۇ. بۇ تومنىڭ قوشۇمچە تېمىسى "مىللەتچى سوتسىئالىزم ھەرىكىتى" بولۇپ، پارتىيىنىڭ مىۇنخېن قوزغىلىكى دا 25 ماددىلىق پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان كۈندىن بۇيانقى تارىخ ئاساس قىلىنىپ يېزىلغان ئىدى. ئۇ بىر ھېساباتا تەرجىمھالغا قارىغاندا تارىخقا بەكرەك ئوخشاپ كېتەتتى. ماكياۋېللىدىن بۇيان (1469~1527-يىللاردىكى ئىتالىيە سىياسىيونى ۋە يازغۇچىسى ــ ھاشىيە ئىزاھاتى) سىياسەت ھەققىدە بۇنچىدەك

قوللىنىشچان بىر سىياسىي تارىخ كىتاب ئوتتۇرىغا چىقىپ باقمىغان دېيىش مۇمكىن. ھىتلېرنىڭ تەشۋىقات ۋە تەشكىللەش كۆزقارىشى نوقتىسىدىن ئالغاندا، پەقەتلا كوچا جېدەلى قىلىدىغان سەۋىيەدىكى كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا راستىنلا كۆشكۈرتۈش قىممىتىگە ئىگە بىر ئەسەر ئىدى. ئۇنىڭ ئاممىۋى پسىخولوگىيە ئۇستىدىكى تەھلىللىرىدىن قارىغاندا، شۇندىن بىر قانچە يىل بۇرۇن گېرمانىيىدە نەشرى قىلىنغان فرېئۇدنىڭ «كۆپچىلىك پسىخكىسى ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئانالىز» دېگەن كىتاۋىنى چوقۇم ئوقۇغان بولىشى كېرەك. 221 "ئاما بەكلا ئاسان ئىشىنىپ قالىدۇ. _ دەپ يازىدۇ فرېئۇد ئۇ كىتاۋىدا، _ شۇنىڭدەك يەنە، ئۇلارنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشىمۇ بەكلا ئاسان. ئاممىدا تەنقىدىي كۆچ بەكلا ئاز بولغاچقا، ئۇلاردا قارارغا كېلەلمەسلىك دېيدىغان مەسلىمۇ مەۋجۇد ئەمەس. ئاممىۋى سەزگۈلەرنى ئادەتتە بەكلا ئاددى، بەكلا مۇبالىغە قىلىنغان بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئاما بىرەر ئىشتىن گۇمانلىنىشنىڭ نېمىلىكىنى، قارارغا كېلەلمەسلىكنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلەلمەيدۇ." (فرېئۇد _ ئاۋستىرىيىلىك داڭلىق پسىخولوگ، تا بۈگۈنگىچە مۇھىم پسىخولوگىيە ئېقىمى بولۇپ كېلىۋاتقان، ئەمما ئۇيغۇرلارغا ھېلىغىچە مەلۇم بولماي كېلىۋاتقان پسىخوئانالىز تەلىماتى دېگەن يوشۇرۇن ئاڭ رايونى دېيدىغان بىلىنمىگەن تەپەككۇر رايونى پائالىيىتىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئۆزگىچە پسىخولوگىيە ئېقىمىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئا. بوران تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنىپ تور بەتلەرگە قويۇلۇۋاتقان «فرېئۇد شەجەرىسى»، «فرېئۇد تەرجىمىھالى»، «فرېئۇد پسىخوئانالىز يېڭى لېكسىيىلىرى» ۋە «ئۇچىنچى ئېقىم – ماسلوۋ پسىخولوگىيىسى» لەرگە قاراڭ _ ئۇ.ت) ۋىللىيام مىكدووگال بىلەن گۇستاۋ لې بون ئىككىسىمۇ ئىلگىرى بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر پىرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىنمىغان ئىدى. قىزىق يېرى، ھىتلېر ۋىيېننالىق بىر يەھۇدىي بولغان فرېئۇدتىن: ئەگەر ناتىق ئاممىنى تېزگىنىگە ئېلىشنى ئويلايدىكەن، چوقۇم "مۇبالىغىلەشتۈرۈشى، ئوخشاش بىر قاراشنى قايتا-قايتا تەكرارلاشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك" دېگەن تەلىماتنى قوبۇل قىلىۋالغانلىقى ئىدى. فرېئۇدمۇ خەلق ئاممىسى "مەسىلىلەرگە كاجلىق بىلەن بىر تەرەپلىمە قاراشقا مائىل، ئەمما يەنىلا نوپۇزغا بويى سۇنىدۇ. ... ئۇلار، قەھرىمانلاردىن كۈچ-قۇدرەت، ھەتتا زوراۋانلىقنى كۈتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلار يەنە بىرسىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى، ئېزىشىنى، خوجايىنىدىن قورقۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ" دەپ ئېيتىدۇ. ھىتلېر ئۆز ۋەتەندىشى بولغان بىر يەھۇدىيدىن قوبۇل قىلغان نەرسىلىرى ھەققەتەنمۇ ئالاھىدە تېپىك تەلىماتلار ھېسابلىناتتى. ھىتلېر، ۋەتەندىشى فرېئۇدنىڭ نەزەرىيەسى بىلەن ئەقىدىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ھەققەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق بىر

قۇرالغا ئېرىشۋالغان ئىدى.

ھىتلېرنىڭ بۇ كىتابىدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تاشقى سىياسەت قاراشلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋالغان ئىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقان ۋاقىتلاردا، ھىتلېر فرانسىيىنى گېرمانىيىنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنى دەپ تونۇيتتى. 1920-يىلى ئېيۇلدىكى بىر قېتىملىق نۇتقىدا ئۇ ھەتتا "يەھۇدىيلارنى يىغىشتۇرۇپ بولغان ھامان سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق تۈزىشىمىز كېرەك" دېمۇ ئېيتقان ئىدى. بۇ گەپلەرنى قىلىپ ئارىدىن 6 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئىككىنچى قىسمىنىڭ كەينىدىن 2-بابىدا، ھىتلېر فرانسىيىنى ئاساسلىق دۈشمەن دەپ قاراشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن قايتا ئۇرۇش قىلىشقا پۈتۈنلەي قارشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېر، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ تاشقى سىياستىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ دېگەنلىك "بۇ يەرشارىدا گېرمانىيە خەلقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقلىق بولغان تۇپراقلارغا ئىگە قىلىش كېرەك." ئۇ بىر قانچە بەتتىن كېيىن پىكرىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ: "بىز بۇندىن 6 يۈز يىل بۇرۇن ئورۇندىماي تاشلاپ قويغان ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز، نېمىسلارنىڭ چەكسىز تۈردە جەنۇبقا قاراپ كۆچۈش، غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەش ئىشىنى توختىتىشىمىز كېرەك. بىز بۇندىن كېيىن نىشانىمىزنى يوقىرى تەرەپلەرگە بۇراپ، كۆزىمىزنى شەرقتىكى تۇپراقلارغا تىكىشىمىز كېرەك." ئۇنىڭ شەرقتىكى تۇپراقلار دېگىنى، ئاساسلىقى سوۋېت رۇسىيىسىنى كۆزدە تۇتماقتا ئىدى. ئۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ مۇنداق دەيدۇ: سوۋېت رۇسىيىسى "يەھۇدىيلارنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا" پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇشقا باشلىدى، تەغدىر بۇ يەھۇدىيلار تەرىپىدىن بۇلغىنىۋېتىلگەن تۇپراقلارنى ئىستىلا قىلىش ئۈچۈن گېرمانىيىنى تاللىۋالدى.

كېڭەيمىچىلىك قىلىش، تارىختىن بۇيان گېرمانىيىنىڭ خام خىيالى بولۇپ كەلگەن ئىدى. 1906-يىلى، كراۋۇس ۋاگنېر مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ھەر بىر ئۇلۇغ مىللەت يېڭى زېمىنلارغا مۇھتاج. ئۇنداق بىر مىللەت چوقۇم باشقا دۆلەتلەرنىڭ تۇپراقلىرىغا قاراپ كېڭىيىپ بېرىشى كېرەك. ئۇ چوقۇم قىلىچىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ چەتئەللىكلەرنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ قوغلاپ چىقىرىشى كېرەك." ھىتلېرنىڭ تۆھپىسى بولسا، بۇ ئىشنى يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرىكەت بىلەن پۈتۈنلەشتۈرەلىشى ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر مىللەتنىڭ چېگرالىرىنى ئەندى خان ئوردىسى بەلگىلىيەلمەس بولۇپ ئۆزگەردى. بۈگۈنكى ۋەزىيەت "رەھىمسىز يەھۇدىيلار ھەر قايسى مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلماقتا. شۇڭا ئۇلارغا قىلىچ بىلەن قارشى تۇرۇلمىغىنىدا، بىرمۇ مىللەت يەھۇدىيلارنىڭ قارا قولىنى بوغۇزىدىن ئاجرىتىپ ئۇلاردىن قۇتۇلالمايدۇ." شۇنداق ئىكەن، نېمىسلار قىلىچ

كۆچىگە تايىنىش ئارقىلىقلا يەھۇدىيلار تەھدىتىنى يوق قىلالايدۇ، فرانسۇزلارنى، رۇسىيىنى ھەمدە ماركسىزمنى تارمار كەلتۈرۈپ گېرمانىيە بىلەن گېرمانلارنىڭ غايىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرەلەيدۇ. ھىتلېر، پاسىۋالىك گوسىبىتالىدا خىيال كۆرگىنىدىن بېرى، پۈتۈنلەي ئۆزگىچە، سىستېمىسى بولمىغان، ئاساسەن كۆڭلىنىڭ ھېس قىلىشىغىلا تايىنىپ دېگىدەك 7 يىل ئىزدەنگىنىدىن كېيىن ئاخىرى ئەنە شۇنداق بىر خۇلاسىغا كېلەلىگەن ئىدى.

ھېس، بۇ كىتابنى ئېلىپ، ژۇرنىلىستلىرىزدا بۇ ھەقتە بىرەر ئوبزور ئېلان قىلىش ئىمكانىيىتى بارمىدۇ، دەپ سوراش ئۈچۈن پروفېسسور خېينىز خاۋشوفېرنىڭ يېنىغا بارىدۇ. خاۋشوفېر بۇ كىتابنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن "بەكلا خاپا" بولىدۇ، بولۇپمۇ (ئۇنىڭ ئايالى بىر يەھۇدىي بولغاچقىمىكىن) ھىتلېرنىڭ ئىرقچىلىق توغرىلىق ئېيتقان ھاقارەت سۆزلىرىگە بەكلا رەنجىپ كېتىدۇ. 222 شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ھاياتلىق ماكانى نەزەرىيىسى بىلەن ھىتلېرنىڭ شەرقنى ئىستىلا قىلىش قارىشى ئوتتۇرىسىدا بىرەر مۇناسىۋەت بارلىقىنىمۇ ھېس قىلالمايدۇ. كېيىن ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "مەن ئۇ چاغدا ھىتلېر بۇ كىتاۋىنى خۇددى ئوتتۇرىغا چىقىپلا يوقاپ كېتىدىغان باشقا بەزى كىتابلاردەك كىشىلەرنىڭ ھاياجىنىنى قوزغاش ئۈچۈنلا يازغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدىم. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ كىتابنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مېنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق."

ھىتلېر، ئۆزى يازغان بۇ كىتابلىرىنى باشتىن تارتىپ قايتا تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن فرانكقا مۇنداق ئېتىراپ قىلىدۇ: مەن راستىنلا يازغۇچى ئەمەس ئىكەنمەن. "يازغان ۋاقتىمدا مەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئېسىمگە ئالالمىغان ئىدىم." ئۇ يەنە «كۈرەش يولۇم» دېگەن بۇ كىتاۋىنىڭ ئۇنىڭ «خەلق كۆزەتكۈچىلىرى» گېزىتىگە بەرگەن مۇھىم ماقالىلىرىنىڭ توپلىمىدىنلا ئىبارەت دېيىش مۇمكىن، دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. "شۇنىسى ئېنىقكى، ئەگەر مەن 1924-يىلى كەلگۈسىدە باش مىنىستىر بولالايدىغانلىقىمنى بىلەلىگەن بولسا ئىدىم، بۇنداق بىر كىتابنى ھەرگىزمۇ يازمىغان بولاتتىم."

«كۈرەش يولۇم» نىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى نەشرى قىلىنىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھىتلېر خوفبراۋخاۋس پىۋىخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ناتسىستلار ئارچا بايرىمى مۇراسىمىنى يەھۇدىيلارغا قەبىھلەرچە ھۇجۇم قىلىش يىغىنىغا ئايلاندۇرىدۇ. ھىتلېر بۇ مۇراسىمدا "خىرىستوس، دۇنيانىڭ دۈشمىنى بولغان يەھۇدىيلارغا قارشى ئەڭ دەسلەپكى كۈرەشتە ئەڭ ئۇلۇغ بىر جەڭچى بولغان ئىدى" دەيدۇ (ھىتلېر، ئەيسانى ھەرگىزمۇ يەھۇدىي دەپ قارىماستىن، ئۇنى يەھۇدىي دىنىغا بوي سۇنمايدىغان بىرسى دەپ تونۇيتتى. شۇڭا ئەيسانى يەھۇدىي زەھىرى بولغىيالمىغان يېرىم يەھۇدىي دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ

بۇنىڭغا ساپ ئەقىدىگە ئىگە بىرسى، پەقەت يەھۇدىي بوۋىسى بولغانلا بىرسى دېگەندەك ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان بىر باھانىنى كۆرسەتتى). ئەيسا ھەرگىزمۇ تىنچلىق ئەلچىسى ئەمەس، ئۇنىڭ تۇرمۇش غايىسى بىلەن ئۆمۈر بويى ئىلىپ بارغان تەرغىباتى پۈتۈنلەي كاپىتالىزم ھوقۇقىغا قارشى كۈرەش قىلىش ئىدى، ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئۇ بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى يەھۇدىيلار تەرىپىدىن كىرىستكە مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن، دەيدۇ. ئۇ ئاخىرىدا ”خىرىستوس پۈتتۈرەلمىگەن ئىشلارنى، مەن ئادولف ھىتلېر تاماملايدۇ“ دەپ گېپىنى تاماملايدۇ.

ئارىدىن بىر قانچە ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۆزى مېسسىئاھ دەپ ئاتىۋالغان ھىتلېرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سىياسىي قورالى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. 1927-يىلى 5-مارتتا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن باۋارىيەدە ئاشكارە نۇتۇق سۆزلەش چەكلىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. 4 كۈندىن كېيىن، خانلىق سىرىك تىياتىرىدا ھاياجانغا تولغان بىر مۇنچە مىتىنگ قاتناشقۇچىلىرىغا نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئاخشىمى سائەت 8 دىن 3 مىنۇت ئۆتكەندە، تاشقىرىسىدا ”خايىل ھىتلېر!“ دېگەن شۇئار ئاۋازلىرى ياڭرايدۇ. شۇنىڭغا ئۇلۇشۇپلا ئوركىستىر ئۆمىگى ھاياجانلىق مارشلارغا چېلىشقا باشلايدۇ. ھىتلېر ھەربىي فورمىسى بىلەن مەيدانغا كىرىپ كېلىدۇ. كەينىدىن بىر توپ ھەمراھلىرىمۇ بىرگە كىرىپ كېلىدۇ. ھىتلېر، زالدىكىلەرنىڭ تەنتەنىلىك ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئېچىلغان تار يولدىن داغدام قەدەملەر بىلەن سەھنىگە قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. ھىتلېر نۇتۇق سەھنىسىگە چىقىشى بىلەن تەڭ، زال ئىچى تىمتاس بولۇپ كېتىدۇ. 2 يۈز نەپەر كارىشناۋاي كۆڭلەكلىك پارتىيىلىك 2 نەپەر بارابانچى ۋە بىر بايراق كۆتەرگەن كىشىنىڭ باشلاپ مېڭىشى بىلەن مەيدانغا كىرىپ كېلىدۇ. شۇ ھامان ”خايىل!“ دېگەن سادالار گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ، زالدىكى بارلىق كىشىلەر بىلىكىنى كۆتۈرۈپ فاشىست سالىمى بېرىدۇ. سەھنىدە، ھىتلېر جىددىي تۇس ئالغان ھالدا ئوڭ بىلىكىنى ئالدىغا ئۇزارتىدۇ. مۇزىكا ھەمراھلىقىدا بايراقچىلار رىم قوشۇنلىرىغا ئوخشاش چاقناپ تۇرغان گۈل-چەمبىرەكلىك كىرىست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن بۈركۈت بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ سەھنىگە چىقىدۇ. ھۇجۇمچىلار ئەترىتى ئەزالىرى سەھنە ئالدىدا ئولتۇرىدۇ. سەھنىگە چىققانلار بولسا ناتىقنىڭ كەينىدە قېتىپ تىك تۇراتتى.

دەسلىۋىدە، ھىتلېر نۇتقىنى قىلچە ھولۇقماستىن بەكلا ئاستا باشلايدۇ. كەينىدىنلا ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كېتىدۇ. ساقچى دائىرىلىرىنىڭ دوكلاتىدا يېزىلىشىچە، ھىتلېر ھاياجانلىنىپ جىم تۇرالماي ئالدى-كەينىگە مېڭىپ، تىنماي قول ئىشارىتى قىلاتتى. ئۇ ”مىڭ كىشىلىك يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ نۇتقى گۈلدىراس ئالقىش سادالىرى تەرىپىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان ۋاقىتلىرىدا ئىنتايىن

قىزىقارلىق تۈردە ئىككىلا قولىنى ئالدىغا ئۇزارتاتتى. ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پات-پاتلا، 'ياق-ياق' دېگەن سۆزلەر بىلەن ئارتىسلاردەك غەزەپلىنىشىنى كۈچەيتىپ تۇراتتى." بۇ بىر خانۇسسېنچە نۇتۇق ئىدى. ئىككى يېرىم سائەتلىك نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا ھىتلېر گېرمانىيىنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان بوھران ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتتىدۇ. 223 ئۇنىڭ قارشى بويىچە، بۇنچىۋالا قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بىر دۇنيادا پەقەت يەھۇدىيلارلا غالىپ بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى نۇتقى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر نۇتۇق ھېسابلىناتتى. كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغىنى ئۇنىڭ نېمىلەرنى سۆزلىگەنلىكى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ نۇتۇق سۆزلەش ئۇسلۇبىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ئىدى. ئۇ، پەقەت مۇنداق بىر نوقتىغا قەتئىي ئىشىنەتتى: ئۇ، بۇ قېتىم قانۇنلۇق ھالدا ئاخىرقى چەككىچە كىشىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق بۇنچىۋالا زور ئۇتۇققا ئېرىشىپ مەقسىدىگە يېتەلىگەن.

بۇنىڭغا ئوخشىغان مۇھىم نۇتۇقلىرىدا ھىتلېر ھەر دائىم 20 قۇتا مىنېرال سۇيى ئىچىشكە مەجبۇر قالاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىكى ھەر دائىم تەردىن مىچىلداپ كېتەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا، بولۇپمۇ ياز ئايلىرىدا ئۇ نۇتۇق ئۇستىلىدە بىر پارچە مۇز قويىدۇرۇپ ئالقانلىرىنى سوۋۇتاتتى. ئۇ ھەر قېتىم نۇتقىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن دەرھال يانىدىكى ئۆيلەردىن بىرسىگە كىرىپ مونچىغا چۈشۈپ چىقاتتى (بۇنداق بۆلۈملەرنى يىغىن ئورۇنلاشتۇرغۇچىلار تەمىنلەپ تۇراتتى).

## 5

ھىتلېر، بۇ قېتىمقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قاتار نۇتۇقلىرىدا خۇددى گرېگور ستراسسېر ئوتتۇرىغا قويغان سوتسىئالىزم يولىغا ئەمەل قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى؛ كاپىتالىزم بىلەن چىرىك بۇرژۇئازىيە سىنىپىغا ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتىدا ئۇ ھەتتا سولچىلارنىڭ تىلىدا سۆزلەيدۇ. ئەمما ئۇ، شەھەر ئىشچىلىرىنى ناتسىستلار پارتىيىسى تەرىپىگە تارتىش كۈرىشىنى بۇ ئىشقا تېخىمۇ لاياقەتلىك بولغان باشقا بىرسىگە تاپشۇرىدۇ. جوزېف گېوبېلس ئاللىمۇقاچان بېرلىنغا كەتكەن ئىدى. ئۇ مېڭىش ۋاقتىدا ئۆشىنىسگە كونا كىتاب سومكىسىدىن بىرنى ئارتىۋالغان بولۇپ (سومكىنىڭ ئىچىدە پەقەت ئىككى قۇر سىرتقى كىيىم، بىر قانچە كۆڭلەك، بىر نەچچە پارچە كىتاب ۋە بىر دەستە قولىيازما بار ئىدى)، ئالغان بىلىتىمۇ ئۈچىنچى دەرىجىلىك پويىز بىلىتى ئىدى. بېرلىنغا يېتىپ

بارغاندىن كېيىن، بېرلىن رايونىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ بەكلا قالايماقان ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى كۆردى. گېيوبېلس كېيىن بىر ئەسلىمىسىدە "ئۇ كۈنلەردە بېرلىندىكى ئاتاقتا پارتىيە تەشكىلاتلىرى پۈتۈنلەي نامى بار ئىشى يوق بىر تەشكىلات ئىكەنلىكىنى، ھەر خىل ھەر ياغزا كىشىلەر يىغىلىۋالغان بىر ئورۇن ئىكەنلىكىنى، ھەقىقى مىللى سوتسىئالىزم ئىدىيىسىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ نەچچە يۈز كىشىگىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى كۆردۈم" دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ دېگەنلىرى گەرچە ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە يازغانلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئەمەلىيەتكە بەك ماس كەلمەيدىغان بولسىمۇ، بۇ دېگەنلىرىنى يەنىلا ئۇنچە بەك مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەن دەپ قاراشقىمۇ بولمايتتى. پايىتەختتە، پارتىيە يىغىنلىرى دائىم دېگۈدەك بىر-بىرسىنى بەسلىشىپ ھاقارەتلىشىش تۈسىگە كىرىپ، بىر-بىرسىنى شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپ جېدەل قىلىششىلارمۇ ئادەتتىكى ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بىر قېتىمدا گرېگور ستراسسېر، خاگېمان ئىسىملىك بىرسى بىلەن گەپ تالىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئىككىسى ۋارقىرىشىپ قىيقىزىل قىزىرىشىپ كەتكەن. ھەتتا ئاخىرى كېلىپ بۇ جېدەل دوئىلغا چىقىش بىلەن ئاران بېسىققان.

روشەنكى، گېيوبېلسىنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىپە بەكلا قىيىن بىر ۋەزىپە ئىدى. ئۇنىڭ مەسئۇل بولغان تەۋەدىكى مىڭغا يېقىن پارتىيە ئەزاسى ئىچىدە "بىر-بىرسى بىلەن چىقىشالمايلا قالماي"، كوچىلاردا سان جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈن كوممۇنىستلار بىلەن سوتسىئال دېموكرات پارتىيىلىكلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغىمۇ دۇچ كېلەتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى رايونلۇق پارتىيە بىيروسى پوتسدام كوچىسىدىكى بىر بىنا ئىچىدە "پاسكىنا گەمە قەۋىتى" گە جايلاشقان ئىدى. "ھەققەتەنمۇ بەكلا قالايماقان ھالەتتە ئىدى. مالىيە ھېساۋاتلىرى پۈتۈنلەي قالايماقان بولۇپ، بېرلىن رايونلۇق پارتىيە ئورگىنى ئۇ ۋاقىتلاردا ھېچ نېمىسى يوق، ئەمما قەرز ئىچىگە پېتىپ قالغان ئەھۋالدا ئىدى." بۇ خىل ئەھۋال گېيوبېلسنى ئۈمىتسىزلەندۈرمەيلا قالماي، بۇنىڭدىن ئۆزىگە ھەسسىلەپ كۈچ-قۇۋۋەت توپلىغان ئىدى. ئۇ، باش شتابنى نىسبەتەن ياخشىراق بىر يەرگە كۆچۈرۈپ، نورمال پائالىيەت باشلىۋېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بوغالتىر-كاسسىرلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئۆزى بىۋاستە بۇ ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ. 1927-يىلى فېۋرالغا كەلگىچە رايونلۇق پارتىيە بىيروسى قەرزلىرىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپلا قالماي، يەنە ئون مىڭ ماركتەك مۇقىم دەسمايىغىمۇ ئېرىشىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە بىر كونا ماشىنىسىمۇ بار بولىدۇ.

گېيوبېلس، بۇندىن كېيىن پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى كۈچەيتىش ۋاقتى كەلدى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىدىن زېرىككەن خەلق ئاممىسىنىڭ دىققىتىنى تارتىش لازىملىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. "بېرلىنلىقلار كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان خەۋەرلەرنى

ئاڭلاشقا خۇددى بىلىقنىڭ سۇغا مۇھتاج بولغىنىدەك قىزىقىدىغان هالدا ئىدى. _ دەپ يازىدۇ گېيوبېلس، _ ئۇلار ئەنە شۇنداق خەۋەرلەرنى تاما قىلىپ كۆن ئۆتكۈزمەكتە ئىكەن. 224 ئەگەر بۇ نوقتىنى تونۇپ يەتمىگەندە ھەر قانداق بىر سىياسىي تەشۋىقات قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالاتتى.“ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ماقالە يازغىنىدا ياكى نۇتۇق سۆزلىگىنىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىرلىنىلقلارنىڭ تەلىۋىنى كۆزدە تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشكە تىرىشىدۇ. ماقالىلار بىلەن نۇتۇق ئارگىنالىنى يازغاندا كەسكىن ۋە ئېنىق گەپلەر بىلەن ھاياجان پەيدا قىلالىغىدەك يېزىشقا تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ ھۇجۇمچىلار ئەترىتى بولسا كوچىلاردا قىزىللارنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئېلىشىشقا كىرىشىدۇ. بولۇپمۇ بۇ جەھەتتە پايدىلىق پۇرسەتلەرنى ھەرگىزمۇ قولدىن بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى، ”كوچىلارنى بويسۇندۇرالىغانلار چوقۇم خەلق ئاممىسىنىمۇ تىزگىنلىيەلەيدۇ؛ خەلق ئاممىسىنى تىزگىنلىيەلىگەندە دۆلەتنىمۇ تىزگىنلەپ كېتىشكە بولىدۇ“ دېيىش ئىدى.

ئۆي ئىگىسى ئايالىنىڭ دېيىشىچە، گېيوبېلس ھەر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەشتىن ئاۋال چوڭ ئەينەك ئالدىدا نەچچە سائەتلەپ سەھنىدە تۇرۇش قىياپىتىنى مەشىق قىلاتتىكەن. ئۇ سەھنىگە چىققاندىن كېيىن، بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ زور ئىلگىرلىگەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇزۇنغا قالماي ئۇ سەھنىدە تۇرۇشنىڭ ھەر تۈرلۈك قىياپەتلىرىنى پىششىق ئىگەللىۋالىدۇ. يىغىن باشلىنىشتىن ئاۋال ھەر دائىم يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ قانداق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى سوراپ ئېنىق بىلىۋالاتتى. ”مەن سەھنىدە قايسى ئۇسلۇپنى قوللىنىشىم كېرەك؟ مىللەتچى بىرسىمۇ، جەمىيەتتىكى بىرسىمۇ ياكى مەيۈس بىرسى بولىشىم كېرەك؟ تەبىئىكى، بۇ قىياپەتلەرنىڭ ھەممىسى مەندە تەييار.“

ئۇ ھەر دائىم جانلىق تىللاردا سۆزلەپ خەلق ئاممىسىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىشنى بىلەتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ماھارەتلىك ناتىق ئىدى، ئۇ قىزىقچىلىقتىن دەرھال مەيۈس بىرسىگە، ئۇنىڭدىن يەنە تىل-ھاقارەتلەر ياغدۇرىدىغان بىرسىگە ئايلىنالايتتى. ئۇ ھەر دائىم مەخسۇس قىزىللارنى تىرىكتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى ۋارقىراپ-جارقىراپ نارازىلىق بىلدۈرۈشىنى پەيدا قىلىۋىتىپ، كەينىدىنلا بۇ ۋەزىيەتتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىناتتى. ئۇ بىر قېتىم، ”شاۋقۇن پەيدا قىلىش، قارشىلىق كۆرستىشنىڭ ئۈنۈملۈك قۇراللىرىدىن بىرى“ دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، تەشۋىقات بىر تۈرلۈك ھۈنەر ئىدى. ھالبۇكى ئۇ بۇ ھۈنەرنىڭ ئەڭ ئۇستىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ، قولىدىكى مىلىنىڭ دۇنيادىكى بىردىن-بىر ياخشى مال ئىكەنلىكىنى ماختاپ كۆرستىدىغان ئامېرىكا پاسونىدا خېرىدار يىغىشتىن پايدىلىنىپ مىللى سوتسىئالىزمنى بازارغا سالاتتى.

گېيوبېلس، ئىشچىلار ئاھالە رايونى بولغان ۋېددىڭ رايونىدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن

پاسون بويىچە كۆزگە چېلىققىدەك چوڭ خەتلىك قىزىل پلاكاتلارنى تىكلەپ، ”بۇرجۇئازىيە دۆلىتى پات يېقىندا ۋەيران بولىدۇ“ دېگەن تۈيغۇنى تەشۋىق قىلاتتى. گېوببېلس 1927-يىلى 11-غېنۋاردا، نۇرغۇنلىغان ئىشچىلارنى مىتىنگكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى مىتىنگ، كوممۇنىستلار ھەر دائىم ئاممىۋى يىغىن ئاچىدىغان فارۇس چوڭ زالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. بۇ مىتىنگ، كوممۇنىستلارغا قارىتا بىر قېتىملىق ئاشكارە ئۇرۇش ئېلان قىلىش ھېسابلىناتتى. يىغىن رەئىسى يىغىنىمىز ئوچۇق دەپ ئەندىلا ئېلان قىلىپ تۇرۇشىغا، ماركسىزمچى بىر ئىشچى ئوتتۇرىغا چىقىپ، يىغىن تەرتىۋىدىكى بىر نوقتىغا ئىزاھات بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ ۋارقىرايدۇ. رەئىس ئۇنىڭ سوئالىغا پەرۋامۇ قىلمايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم تەلىۋىنى تەكرارلىماقچى بولغىنىدا ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر كېلىپ ئۇنى مەيداندىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان ئۇرۇش-جېدەل باشلىنىپ كېتىدۇ. 83 نەپەر قىزىللار تەرەپدارى ئۇر-توقماق ئاستىدا قالىدۇ. بۇ جېدەلدە ناتسىستلاردىنمۇ ئون كىشى يارىلىنىدۇ. بۇ چاغدا گېوببېلس دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ يارىدارلارنى سەھنىگە چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ دات-پەريادىنى خەلق ئاممىسىغا كۆرسىتىشىنى بۇيرۇيدۇ. بۇنداق قىلساق خەلق ئاممىسىغا بەكلا ياخشى تەسىر كۆرسىتەلەيمىز دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئويۇنىدىن، گېوببېلس ھەققەتەنمۇ ئۇستا بىر تەشۋىقاتچى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن. فارۇس زالىدىكى بۇ كۈرەش، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ نامىنى گېزىتلارنىڭ بىرىنچى بەت سەرلەۋھەسىگە چىقىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇرۇن ھىتلېر ۋە ئۇنىڭ قوزغىغان ھەرىكىتى ھەققىدە بەكلا ئاز خەۋەردار بولۇپ يۈرگەن بېرلىنلىقلارنى ”بېرلىن شەھرىدە يەنە بۇنداقمۇ بىر سىياسىي كۈچ بار ئىكەن-دە“ دېگەن مەلۇماتقا ئىگە قىلىدۇ. بۇ تۇردىكى گېزىت تەشۋىقاتلىرى ئەسلىدە ئۇلارنى قارىلاشنى مەقسەد قىلىپ يېزىلغان بولسىمۇ، كۈتۈلمىگەندە، ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا 2600 نەپەر ئادەم كېلىپ ناتسىستلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشقا ئىلتىماس سۇنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن يەنە 5 يۈز دەك ياش ھۇجۇمچىلار ئەترىتىگە ئەزا بولۇش ئىلتىماسىنى سۇنىدۇ.

مىتىنگە قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى كۈنسايىن ئارتىپ بارىدۇ. ھىتلېر، كلوۋ رېستورانتىدا ئوتتۇرىغا چىققىنىدا ئاممىۋى يىغىلىشقا قاتناشقانلار سانى 5 مىڭ كىشىگە يەتكەن ئىدى. شۇ قېتىمقى ئاممىۋى يىغىن ئەسلىدە ماركسىزمچىلارنىڭ بايرىمى بولغان «بىرىنچى ماي» بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئېچىلغان بىر يىغىن ئىدى. فۇھرېر نۇتقىنى باشلىغان ۋاقتىدىكى قىياپىتى راستىنلا لېنىنىنىڭ قىياپىتىگە ئوخشاپ كەتكەن ئىدى: ”بىز سوتسىيالىزمچىلارمىز، بوگۇنكى كاپىتالىزم ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ دۈشمەنلىرىمىز. كاپىتالىستلار تەكشىز مائاش، ھەقسىز بايلىق ۋە دەسمايىسىغا تايىنىپ

تىقلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىپىپ كېتىشى ھەرگىزمۇ مەسئۇلىيىتىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، قىلغان ئەمگىكىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە ئەھمىيەت بېرىشتىن كەلگەن ئەمەس،225 ئۇلار ئادەمنىڭ قىممىتىنى ناھايىتى نامۇۋاپىق ئۆلچەملەر بىلەن باھالاش ئاساسىدا نامرات پۇخرالارنى ئېكسپالاتاتسىيە قىلىشقا تايىنىپ تىقلىپ كەتمەكتە. بىز، ھەر قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇنداق بىر تۈزۈمنى تۈپتىن ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىرادىسىگە كەلگەن كىشىلەرمىز." كەيىندىنلا ئۇ ھاياتلىق ماكانى يارىتىش ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك توختىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىغا بۇ قارىشىنى كۈچەپ سىڭدۈرۈشقا تىرىشىدۇ. ئۇ نۇتقىنى، گېرمانىيىدە 62 مىليون ئاھالە بار. ئەمما يەر مەيدانىمىز بولسا ئارانلا 450 مىڭ كىلومېتىر چاسا كېلىدۇ. بۇ خەلق بۇنچە تار بىر مۇھىتتا بەكلا قىستىلىپ كەتمەكتە! دەپ داۋام قىلىدۇ. "ئەگەر بىز بۈگۈنكى كۈندە باشقا دۆلەتلەر ئىگە بولىۋالغان يەر مەيدانلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىدەك بولىدىكەنمىز، بىزنىڭ قولىمىزدىكى بۇ يەرنىڭ ھەققەتەنمۇ كۈلكىلىك دەرىجىدە ئاز بىر يەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. ... بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك چارىسى بار: بىر بولسا ئەڭ ئىسىل نەسىللىرىمىزنى قوغلاپ چىقىرىشقا تايىنىپ نوپوسىمىزنى ئازايتىش؛ ياكى بولمىسا ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر قېلىشتىنمۇ قاچماي زېمىن بىلەن نوپۇس پەرقىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش. بۇ ئىككىنچى ئۇسۇل، تەڭرىنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن ئەڭ تەبىئى ئۇسۇلدۇر."

گىيوبېلس، ئەسلىدە قىزىللار ئوتتۇرىغا چىقىپ قالايماقانچىلىق تېرىيدىغانلىقىدىن بەكلا ئۈمىد كۈتكەن ئىدى. ئەمما يىغىن باشتىن ئاخىرى تىپ-تىنىچ ئۆتىدۇ. ھەتتا ئەڭ مۇھىم گېزىتلارمۇ بۇ قېتىمقى نۇتۇق ھەققىدە بىرەر باھادا بولماي جىمىپ كېتىدۇ. پارتىيىنى خەلق ئاممىسىنىڭ نەزىرىدە تۇتۇش مەقسىتىدە ئارىدىن 3 كۈن ئۆتمەي، گىيوبېلس"ھەربىلىكتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەر جەمئىيىتى يىغىن زالى" دا يەنە بىر قېتىملىق مىتىنگ تەشكىللەيدۇ. بۇ يىغىلىش ئۇچۇن ئۇ كۆشكۈرتۈش خاراكتېرىدا يەھۇدىيلارغا قارشى شۇئاردىن بىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ("جاپاكەش خەلقىم! بىزنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ جاكوب گولدشىمىدتمۇ؟") بۇ شۇئارنى نەچچە مىڭ نۇسخا بەستۇرۇپ پۈتۈن بېرلىن شەھەرىگە چاپلىۋېتىدۇ. گولدشىمىدت دېگەن كىشى گېرمانىيىدىكى ئەڭ چوڭ بانكىرلاردىن بىرى بولۇپ، بۇ قېتىمقى يىغىلىشقا ئۇنىمۇ تەكلىپ قىلىشقان ئىدى. ئەسلىدە بۇ كىشى يىغىنغا قاتنىششقا ماقۇل بولغان بولسىمۇ، يىغىلىشقا ئاز قالغاندا، ئۇنىڭ شىركەت يىغىندىكىلەر قارار قوبۇل قىلىپ قاتناشمىسۇن، ئۇنىڭ ئورنىغا شەخسى كاتىۋىنى يوللىسۇن دېگەن قارار ئېلىشىدۇ.

گىيوبېلس، مىتىنگتە ئىنتايىن نازاكەتلىك بىر شەكىلدە بانكىرنى قاتتىق مازاق قىلىپ

يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى قاھقاھلىتىپ كۈلدۈرىۋېتىدۇ. "قارشى ئالىمىز! بىرلىنىلىق ئىشچىلار! _ دەيدۇ ئۇ نۇتقىدا، _ جاكوب گولدشمىدتنىڭ چىرايلىق قىز كاتىپى يىغىلىشىمىزغا قاتناشقىلى كەپتۇ! قىزغىن قارشى ئالىمىز! كاتىپ خانىم، مېنىڭ ھەر بىر سۆزۈمنى خاتىرلەپ ئاۋارە بولماڭ. سىزنىڭ خوجايىنىڭىز ئەتىنىڭ گېزىتلىرىدىن نۇتقىمنى ئوقۇۋالالايدۇ." ئۇ قىلچە مەگىستىمىگەن ھالدا "يەھۇدىي گېزىتلىرى" ۋە "مەتبۇئات ساھەسىدىكى يەھۇدىي كولۇپلىرى" ھەققىدە سۆزلەپ كېتىدۇ. ئارىدىن بىر جىدەل تېرىغۇچى چىقىپ ۋارقىرايدۇ: "سېنىڭمۇ ئۇلاردىن قىلىشقىدەك يېرىڭ يوق!" ۋارقىرىغان كىشى ياشانغان بىر پوپ بولۇپ، تىنماي گېيوبېلسنىڭ گېپىنى بۆلۈپ تۇراتتى. ئاخىرى گېيوبېلس بەرداشلىق بېرەلمەي، ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەرگە ئۇنى ئەدەپلەپ قويۇشنى ئىشارەت قىلىدۇ. پوپ قاتتىق تاياق يەپ يارىلىنىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلىدۇ. گېزىت خەۋەرلىرىدە يارىلانغا كىشىنىڭ كاتولىك دىنىدىكى "ئاق چاشلىق كىشلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر" بىر پوپ ئىكەنلىكى يېزىلىدۇ (ئەسلىدە، ئۇ بىر زابوي ئىدى. ئۇنى سەھنىدىن ھەيدەپ چۈشىرىۋەتكەن شۇ ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇمۇ كېيىنچە ئاكتىپ ناتسىستلاردىن بىرىگە ئايلىنىدۇ). بۇ ئىش جامائەتنىڭ غەزىۋىنى قوزغىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ساقچى ئىدارىسى بۇ ئىش سەۋەبىدىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بېرلىندىكى ناتسىستلار پارتىيىسىنى قانۇنسىز پارتىيە دەپ ئېلان قىلىدۇ.

بۇ چەكلىمە گېيوبېلسنى بەكلا ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ بۇ ئىشتىن نىمە دېيىشنى بىلەلمەيلا قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە "چەكلىگىنىڭلار بىلەن بىز يەنىلا ھاياتتا" دېگەندەك شۇئارلاردىن پايدىلىنىپ ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىلەن يېنىكلىتىشكە تىرىشىدۇ. پارتىيە تەشكىلى ھەرىكەتتى يەر ئاستىغا كۆچۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن ئامالسىز قالغان گېيوبېلس، "تىنىچ كۆل"، "گۈزەل دوپ دەرىخى"، "1927-يىلقى پىيادىلار ئېتىشپاقى" دېگەندەك باللارچە ساددا پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ تەشكىلاتنى نىقاپلاشقا تىرىشىدۇ. ساقچى دائىرىلىرىمۇ ئۇنىڭغا قارشى يەنە بىر ئەكسى بىر بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ناتسىستلارنى پروسىيە تەۋەسىدە ئاشكارە نۇتۇق سۆزلىشنى چەكلىمەكچى بولىشىدۇ.

گېيوبېلس بۇنىڭلىق بىلەن ھۇجۇقۇپ كەتمەيدۇ. ئۇ ژورنال نەشرى قىلىشقا كىرىشىپ، ئۇنىڭغا «ھۇجۇم» دېگەن نامنى بېرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق بايرىمىنى خاتىرلەش كۈنىدە بۇ ژۇرنالنى نەشرىدىن چىقىرىدۇ. ئەمما رىياللىق ئۇنىڭ خىياللىرى بىلەن پەقەتلا ماس كەلمەيدۇ.226 ژۇرنالنىڭ تۈنجى ساندىن باشلاپلا ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپ ژۇرنال چىقىرىشى مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. "بۇ نىمە دېگەن ئېچىنىشلىق شىتات ژۇرنىلى"

دەپ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇ مەغلۇبىيەتنى ئېتىراپ قىلمىغان. "پوتوئىلەي جۆيلۇگەن بىر ژۇرنال!" مۇشتىرى بولغان پارتىيىلىك سانىمۇ نەچچە يۈزدىن ئاشمىغان بولۇپ، گېزىت بوتكىلىرىدا ئارانلا بىر نەچچە نۇسخا سېتىلىش بىلەن چەكلەنگەن ئىدى. ئەمما گېبېلىس ئاساسى روھىنىڭ خاتا ئەمەسلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ كومپارتىيە گېزىتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن مەزمۇنىنى كۆچۈرۈپ بېسىش دېگەندەك چارىلار بىلەن بۇ ژۇرنالنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى.

گېبېلىس بىلەن ستراسسېر ئىككىسىنىڭ ئۆزئارا قاتتىق مۇنازىرە قوزغىشى بىرلىندىكى مەسىلىلەرنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋېتىدۇ. بۇ ئىشلار ئىيۇل ئاخىرلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مىيۇنخېن يىللىق قۇرۇلتىيى ئۈچۈن سەگەك رىيالىزىملىق مۇھىتقا ئېرىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىردۇ. پارتىيىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى تەرەققىياتى كىشىنى بەكلا ئۈمىتسىزلەندۈرەتتى. ھىتلېر يىغىندا بۇ تۆردىكى كىرىزىس ھەققىدە گەپ قىلماي ئەگىشىپ ئۆتۈپ كىتىدۇ. ئۇ ئاساسلىق نىشانىنى ھېچ كىم ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاقلاشقا ئۇرۇنمايدىغان بۇرگېربراۋدىكى يەھۇدىيلارنى قارىلاشقا قارىتىپ سۆزلەيدۇ.

پارتىيىنىڭ پەسكويغا چۈشۈپ قېلىشىغا ھىتلېر گويا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغاندەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم باشقا بىر ئىشى باردەك كۆرۈنۈشتە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ بىر قانچە ئاي ئىچىدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆزىنىڭ ئىدىيۋى سىستېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئىدى. ئۇ خەلق ئاممىسىغا ئىرقچىلىق ئىدىيىسى بىلەن گېرمانىيىنىڭ كەلگۈسىدىكى شەرقتىن تۇپراق ئىگىلەش دېگەن ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن قايتا-قايتىلاپ تىرىشماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دارۋىنىزملىق تەبىئەت قانۇنىيىتى بولغان كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەپ تۈگىتىدۇ دەيدىغان ياللغان قارىشىنى تەكرار-تەكرار تەرغىپ قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى.

نيۇرېمبېرگتا ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيىنىڭ 3 يىللىقىنى خاتىرلەش مۇراسىمىدا ئۇ بۇ پىروگرامىسىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردۇ. 8500 نەپەر فورمىلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تەخمىنەن 20 مىڭدەك پارتىيە ئەزاسى، بۇ قېدىمى شەھەرگە يۇپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. باشقا ۋاقىتلارغا ئوخشاش يىغىن مەيدانى ئالاھىدە داغ-دۇغىلىق كۆرۈنۈشكە كەلتۈرۈلگەن ئىدى. كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ھەربى مارش ئوركېستىر ھەمراللىقىدا، يىغىن قاتناشقۇچىلار بايراقلارنى كۆتۈرۈشۈپ تەرتىپلىك قەدەملەر بىلەن يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كېلىدۇ. 21-ئاۋغۇست يەكشەنبە كۈنى، يەنى تەبرىكلەش مۇراسىمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى، ھىتلېر ھاياتلىق ماكانى چۈشەنچىسىنى يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن باغلاشتۇرۇپ سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى نۇتقى بەكلا

مۇجمەل بولغاچقا، مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇنداق باغلاشتۇرۇپ دېگەنلەرنىڭ تېگىدە نېمە غەرەزنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ھىتلېر، نېمىس خەلقىنىڭ تېخىمۇ كەڭرى ھاياتلىق ماكانىغا ئېرىشىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى تەلىپىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ؛ ئاندىن ئۇ، ھوقۇق، پەقەت ھوقۇقلا يېڭى تۇپراقلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى بولالايدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئۇ، گېرمانىيە ئۈچ تۈرلۈك قورقۇنۇچلۇق كۈچلەر تەرىپىدىن ھوقۇق ئاملى تارتىپ ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئېيتىدۇ. بۇ كۈچلەر ئىنتېرناتسيونالىزم، دېموكراتىيە ۋە تىنچلىقپەرۋەرلىك ئەقىدىلىرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. كەينىدىنلا بۇ ئۈچ خىل ئاملنى ئىرقچىلىق قارىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىدۇ. ئىنتېرناتسيونالىزم، دېموكراتىيە ۋە تىنچلىقپەرۋەرلىك دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا يەھۇدىيلار ئىجاد قىلغان ئۇقۇملار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ھاياتلىق ماكانى نەزەرىيىسى بىلەن يەھۇدىيچىلىقنى قارشى چىقىشنى بىر پۈتۈن ھالغا كەلتۈرىۋالغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ بۇ يېڭى قاراش جەھەتتىكى سىستېمىسىز ئىزدىنىشى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشكە ئازلا قالغان ئىدى.

ھىتلېر، ھېلىغىچىلا تېبرشتراس كوچىسىدىكى شۇ كىچىك ئۆيدە تۇراتتى. گەرچە، گېرمانىيىدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك بەزى ئائىلىلەردە، ھىتلېر گويا قەھرىمانغا ئوخشاش قىممەتلىك مېھمان سۈپىتىدە كۈتۈۋېلىنغان بولسىمۇ، ئۇ تۇرمۇش ئۇسلۇبىنى يەنىلا شۇ بۇرۇنقى قەلەندەرلەر تۇرمۇش سەۋىيىسى بويىچە ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. خۇلۇم-قوشنىلىرىنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بار بولغان بىر قانچە كۆڭلىكى بىلەن بىر قانچە پايپىقىنىمۇ باشقىلار بىلەن تەڭ ئىشلىتەرمىش. بۇ ئاددى ئۆيدە ھىتلېر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن كەمبەغەل ياكى باي مورتلىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئىسىل پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كەڭ قۇرساقلىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويۇش بىلەن، ئۇلارنىڭ ئۆمۈر بويى ھىتلېرغا ساداقەتلىك بولۇشىنى قولغا كەلتۈرىۋالاتتى. ئۇنىڭ كۈچلۈك قول ئېلىشىپ كۆرۈشىشى، ئەمەلىيەتتە چىقىش نوقتىسى قىلىپ مۇئامىلە قىلىشى ھەمدە ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشىمۇ ئەرلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتۈرەتتى.227

ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىمۇ سىياسىي ئۆتكۈرلۈكىنىڭ تىپىك ئۈلگىسىگە ئايلانغان ئىدى. شۇ يىلى كۈزدە خامبۇرگدا بىر قېتىملىق سۆزلىگەن نۇتقىدا يەرلىك ئەمەلدارلاردىن ئالىبېرت كرېبس، ھىتلېرنىڭ قەتئىي تۈردە تېزىسكە قاراپ نۇتۇق سۆزلەيدىغانلىقىنى، ئۇ تېزىسلىرىدا مۇھىم سۆزلەرنى يېزىۋالىدىغانلىقىنى سەزگەن ئىدى. ھەتتا ئادەتتە مۇنداقلا ئاغزىدىن چىقىرىپ قويغاندەك بىلىنگەن سۆزلەرنىمۇ ئالدىن يېزىپ تەييارلىۋالىدىغانلىقىغا دىققەت

قىلغان. ھىتلېر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دېگىنىدەك، بولۇپمۇ ئۆكتىچىلەرنىڭ دەپ يۈرگىنىدەك نۇتقىنى تەييارلىق قىلماي ئۇدۇللۇق سۆزلەيدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نۇتۇق تېزىسلىرى بەكلا رەتلىك يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ قانداق ئۇنۇم قازىنىشىنى، بۇنداق ئۇنۇمنى قانداق قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدىغان بىرسى ئىدى. كرېبس، ھىتلېر ئوچۇق مەيدانلاردا ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى سىناق قىلىدىغانلىقىنى بىلىسىمۇ، فۈھرېر قەلبىدە چوڭ پىلانلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى زادىلا ئۇقالماي قالغان ئىدى. ”ھىتلېر، كونا سۆزلەردىن پايدىلىنىشتىن ساقلانغان، يېڭى سۆز ۋە چۈشەنچىلەرنى ئىشلەتكەندىلا خەلق ئاممىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا بولىدىغانلىقىنى بەكلا ئېنىق بىلەتتى. ئۇنىڭ ئىدىيىسى ھەقىقەتەنمۇ رىغبەتلەندۈرۈش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى ئوخشىمىغان سىياسىي غايىلاردىكى كىشىلەرمۇ قوبۇل قىلالايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ھامبۇرگدا تۇنجى قېتىم ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقتىدا، قىسقىغىنە بىر سائەت ئىچىدىلا گۇمان بىلەن قارايدىغان ياكى ئۆز پىكىرىنى ساقلاپ قالغان يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىمۇ ئالقىشلايدىغان ھالغا كەلتۈرۈشتەلىگەن ئىدى. بۇنداق ئالقىش سادالىرى بارغانسىرى كۈچىيىپ، ئۇنىڭ نۇتقى ئاخىرلىششقا ئاز قالغىنىدا ئالقىش سادالىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. كېيىن، كاللىسى ئەڭ سەگەك ھېسابلىنىدىغان مىتىنگ قاتناشقۇچىلىرىمۇ، گەرچە ھىتلېرغا ۋە ئۇنىڭ ناتسىستلار پارتىيىسىگە يەنىلا قارشى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ھىتلېر ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئارتۇق كىشىلەرگە مەرھەمەتلىك بىرسى بولۇپ چىقاتتى.“

ھىتلېرمۇ ئادەتتىكى نېمىسلارنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجلىرىنى قانداق قىلىپ قاندۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى تىنماي ئىگەللەپ ئۆگىنىپ تۇراتتى. ئۇ بۇگۈن مىيۇنخېن قوزغىلىڭى دەۋرىدىكى كىشىلەرنى قورقىتىپ يۈرىدىغان ئىنقىلابچى ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك خەلق ئارىسىدىكى ئەسەبىلەردىنمۇ ھېسابلانمايتتى. ئۇ ئەندى پۈتۈن زېھنى بىلەن ۋەتىنىنىڭ بەختىيارلىقى ئۈچۈن ئىزدىنىپ يۈرگەن بىر رەھىمدىل ئىنسان ھېسابلىناتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ”ئاساسلىق قىممەت قارىشى بىلەن غايىسى“ كىشىلەرنى ئىشەنچىگە ئىگە قىلالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ قاراشلارنى قوبۇل قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈرەلەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقان خەلقنىڭ بىلەلمەيدىغىنى، ”ئۇنىڭ تىلغا كەلتۈرگەن رەھىمدىل سۆزلىرى“ نىڭ ئەسلىدە ئىنسانىيەت تارىخى بويىچە كۆرۈلگەن ئەڭ ئاكتىپ پروگراممىا نىقاپلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ پروگراممىا ئەسلىدە كەلگۈسىدە ياۋروپا خەرىتىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ، دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا ھەر خىل شەكىلدە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر پروگراممىا ئىدى.

شۇ يىلى كۈزدە، ھىتلېر بېرلىنغا كېلىپ قىسقا مۇددەتلىك تۇرۇپ، گېوبېلس بىلەن ستراسسېر ئوتتۇرسىدىكى تالاش-تارتىشنى بىۋاستە ھەل قىلىپ ئۆتتىدۇ. ئوتتو ستراسسېرنىڭ دېيىشىدى قارىغاندا، ھىتلېر ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن تالاش-تارتىشلارنى توختاتقىن دەپ تەلەپ قىلىدۇ. "ئۇنداقتا بۇنى سەن ئۆزەڭ بېرىپ گېوبېلسقا ئېيتقىن، ئەسلىدە ھەممىلا ئىشتا ئىشنى قىيىنلاشتۇرۇپ يۈرگەن كىشى دەل ئۇنىڭ ئۆزى" دەيدۇ ئۇ قىلچە تەپ تارتماستىن. ئوتتونىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارىشى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ چوڭ قېرىندىشىنىڭ ھىتلېرغا بولغان قارىشىنى ھەرگىز ئۆزگەرتەلمەيتتى. ئەمما فۇھرېر، گرېگورغا ئىشىنىدىغانلىقىنى كۆرستىش ئۈچۈن ئۆزى مەخسۇس بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. ئۇنى پارتىيىگە قايتۇرۇپ كېلىشتىن باشقا، فۇھرېر يەنە ئۇنىڭغا تېخىمۇ يۇقىرى ۋەزىپىنى ئۆستىگە ئېلىشنى ئېيتىدۇ. باۋارىيىدە تۇنجى قېتىم ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقتىدا گرېگور، ھىتلېر بىلەن بىرلىكتە سەھنىدە كۆرۈنىدۇ؛ ئەڭ ئاخىرقى يىللىق يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغان كىشىمۇ يەنە شۇ گرېگور ئىدى. ئىنىسى ئۇنىڭغا ھىتلېرنىڭ ھوقۇقى نىسبەتەن خەتەرلىك بىر باسقۇچقا كېلىپ قالغانلىقى ھەققىدە قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىلى ئۇنىمايدۇ. "قوي بۇنى، _ دەيدۇ ئىنىسى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، _ ئۇمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا ھەرگىز بىر داھى ھېسابلانمايدۇ. ئۇ پەقەت خەلق سەھنىسىدە قارشى ئېلىنىپ كېلىنگەن بىر ئادەم. ئۇنىڭغا يەنىلا تاقابىل تۇرالىشىمىز مۇمكىن." ھىتلېر شاش بىر ئاتقىلا ئوخشايدۇ. "ئۇنىڭ بىزنى يېقىتىپ تاشلىشىغا يول قويماسلىقىمىز، ئۇنى تىزگىنلەپ يۈرۈشىمىز، ئۇنى توغرا يولغا قاراپ يېتەكلەپ يۈرۈشىمىز كېرەك."228

ئەمما ئوتتو ئۇنداق قارىمايتتى. ئۇ، ھىتلېر ھەرگىزمۇ شاش بىر ئات ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر يولۋاس دەپ قارايتتى. "ئەگەر ئۇ سېنى يېقىتىپلا ئالدىمۇ-بولدى، ئۇ سېنى مەڭگۈلۈككە يىمىرىپ تاشلايدۇ." ئىنىسىنىڭ بۇ گېپىگە گرېگور قارشى چىقىپ، مەن بۇ فۇھرېرنى يېتەكلەپ كېتىشنى بىلىمەن، چۈنكى ھىتلېر بەرىبىر "ئاجىز بىر ئادەم، ئۇنىڭ مىجەزى ياخشى، ھەم ساداقەتلىك ھەم يۇۋاش. سەن ئۇنىڭ مېنىڭ دېگەنلىرىمگە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ئۇ ھەر دائىم: گرېگور، يەنە سېنىڭ توغرا چىقتى، ئەگەر سەن بولمىساڭ مەن نېمىگىمۇ ئوخشاپ قالارمەن دەيسەن؟ دەيدۇ. سېنىڭچە ئۇ سترېيچېرغىمۇ بۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ دەپ ئويلامسەن؟"

6

1927-يىلى يىل ئاخىرسىغا كەلگەندە، كۆرۈنۈشتە ھىتلېر كىشىلەر ئۈستىدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغىنىدا ئايرىم-ئايرىم بىر تەرەپ قىلىش بىلەنلا قالماي، كۆللىكتىپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ كېتەلەيتتى. پارتىيىنى قايتا قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسىدە، روشەنكى، ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك مەقسەتنى كۆزلەپ ھەرىكەت قىلىش ئىدى. يەنى بەزى نەرسىلەرنى ئۇ ئېنىق كۆرۈپ يېتەلىگەن بولسا، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى بۇنى كۆرەلمىگەنلىكى ئېنىق ئىدى. مەسىلەن، كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قوزغاپ پارتىيىنىڭ ئاساسىنى كېڭەيتىشتىن ئاۋال، ئۇ چوقۇم بەزى خەلق ئاممىسىنىڭ دەرھال ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەيتتى. بۇ ئاساستا قايتىدىن ئىشچىلار بىلەن شەھەر خەلقىنىڭ ھىمايىسىنى قوزغىتاتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش مۇھىم بولغان يەنە بىر ئىش، ئۇ يەنە مەلۇم بىر ئېنىق دۇنيا قاراشنى يېتەكچى قىلىشقىمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. ئەمما ئۇ، بۇ ئىشنى شۇندىن بىر يىل كېيىنلا ئىشقا ئاشۇرالايدۇ؛ شۇنىڭدەك ئۇ ئېھتىياجلىق بولغان بۇ ئىش ئىككىنچى يىلىلا ئاندىن ئوتتۇرغا چىقىدۇ، يەنى بۇنداق بىر ھادىسە نىيويۇرك شەھىرىدىكى ۋول سترىت  كوچىسىدا يۈز بېرىدۇ.

يېڭى يىلنىڭ كىرىشى بىلەن بېرلىنىدىكى پارتىيە چەكلىمىسىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. كەينىدىنلا گېوبېلسىنىڭ سىياسىي قابىلىيىتى نامايەن بولۇپ، پات يېقىندا باشلىنىدىغان پارلامېنت چوڭ سايلىمىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ زور غالىبىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئاساسلىق قىزىقىدىغىنى ئىشچىلار بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ناتسىلار بىلەن سوتسىئالىزىمچىلاردىن ئارىدىكى تالاش-تارتىشلارغا خاتىمە بېرىشلىرىنى تەلەپ قىلىپ چاقىرىق قىلىدۇ: ”مىللەتچى سوتسىئالىزم بىلەن سوتسىئالىزم ئىككىسى بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ئۇقۇملار بولۇپ، ئۇلار ھەرگىزمۇ بىر-بىرىگە زىت ئۇقۇملاردىن ئەمەس. ئەگەر ئۇلار بىر-بىرسىگە قارشى تۇرۇشنى داۋام قىلدۇرىدىكەن، ئۇلار چوقۇم يوقۇلۇپ كېتىدۇ؛ ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغىنىدىلا ئىنقىلاب قىلالايدۇ، ئالغا ئىلگىرلىيەلەيدۇ.“

20-ماي كۈنىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئومۇمىي سايلام، گېوبېلس ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر غالىبىيەت ھېسابلىناتتى. چۈنكى ئۇ پارلامېنتقا كىرەلىگەن ئىدى. ئەمما فۈھرېر ئۈچۈن بولسا بىر مەغلۇبىيەت ھېسابلىناتتى. چۈنكى پارتىيە ئارانلا 11 نەپەر ۋەكىللىك ئورنىغا ئېرىشىپ ئۇنى پارلامېنت سىرتىدا قالدۇرغان ئىدى. ئۆتكەن ئىككى يىل جەريانىدا ناتسىستلار يۈز مىڭ ئاۋاز بىلەن ئىككى دېپوتات ئورنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇ زىيانغا ھەرگىزمۇ ھىتلېر سەۋەبچى ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك پارتىيىنىڭ ياخشى

تەشـكىللەنمىگەنلىكـىدىنمۇ كۆرۈشـكە بولمـايتتى. بۇنـىڭ ئاساسـلىق سـەۋەبى ئىقتىسـادىي ۋەزىـيـەت ياخشــىلىنىپ، ھەل قىلغــۇچ بــىرەر ۋەقە يــۈز بەرمەســلىكىدىن بۇنــداق بىــر مەغلـۇبىيەت ئوتتۇرغـا چىقمـان ئـىدى. بۇنـدىن كـېيىن "ۋېرسـايىل شەرتنامىسـى" بىـلەن "نويابىر جىنايەتچىلىرى" نى تىلغا ئېلىشقا تايىنىپلا سايلىغۇچى ئاممىنى قولغا كەلتـۈرۈش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سىياسـىي ئەربـابلار ئەڭ ئـاخىرقى پەيـتلەردىلا بەزى يېڭـى يۈزلىنىشلەرنى پەرق قىلالىشى مۇمكىن. سايلام كۈنى ئاخشىمى مىيۇنخېن پارتىيە مەركىزىگە يىغىلىپ سىياسىي بۆسۈشـنى ئىشـقا ئاشـۇرالىغانلىقنى تەبرىكلىمەكچى بولغـان ناتسىسـت غوللـۇق ئۇنسـۇرلىرى مەغلـۇپ بولغـانلىقنى كۆرسـىتىدىغان سـانلىق مەلۇمـاتلارنى كـۆرۈپ پۈتـۈنلەي روھـى چۈشـۈپ كېتـىدۇ. سـايلام خۇلاسـە رەقەملىرىنـى ئـالاقىچى ۋېلىسـىپىتلىق كېلىپ ئۇلارغا تاپشۇرغان ئىدى.

ھىتلېر يېرىم كېچىدىن ئاشقاندىلا ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇ رەقەملەرنـى كـۆرۈپ روھى چۈشۈپ كەتكەنلەرگە ئېتىۋار قىلماي، ھىمايىچىلىرىغا كۈچلۈك مەنتىقىلىـق، ھەتتـا پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك بىر نۇتۇق سۆزلەپ كۆپچىلىكنى ھاڭ-تـاڭ قالدۇرىۋېتـىدۇ. پىشـقەدەم سىياسىيونلار ئەسلىدە داھىلىرىدىنمۇ ئۆزلىرىنىڭ روھى ھـالىتىگە ئوخشـاش ئۈمىدسـىزلىك بىلەن تولغان بىر نۇتۇق ئاڭلايمىز، دەپ ئويلىغـان ئـىدى. ئەممـا ھىتلېـر قالغـان ئىشـچىلار سـىنىپى پارتىيىسـى بولغــان سوتسـىئال دېمــوكراتلار پارتىيىســى بىــلەن كوممۇنىســتلار پارتىيىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇكەممەل نەتىجىلىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ سۆزلەپ كېتىـدۇ. ھىتلېر بۇ ئىككى پارتىيە قولغا كەلتـۈرگەن نەتىجىنـى ھەرگىزمـۇ كىچىـك بىـر نەتـىجە دەپ قارىمايدۇ. شۇنىڭدەك بۇنى ناتسىستلار پارتىيىسـىنىڭ مەغلـۇبىيىتى دەپمـۇ كەتمەيـدۇ. دەل بۇنـىڭ ئەكسـىچە،229 ھىتلېـر بـۇ ئىككـى "دۈشـمەننى" گېرمـانىيە مۆتىـدىل ئوتتـۇر يـول پارتىيىسىنى مەغلۇپ قىلغۇدەك قۇۋۋەتتى دەپ مەدھىيەلەپ، غەلىتىرەك بىلىنسىمۇ يەنىلا بەكلا خۇرسەن بولغانـــدەك قىيـــاپەتنى ئىپادىلەيـــدۇ. ھىتلېـــر سەپداشـــلىرىنىڭ ئەكســـىچە، سىياســـىي ئىستىقبالىنىڭ تېخىمۇ پارلاق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

ئومـۇمى سـايلام ئاخىرلاشـقاندىن كـېيىن، ھىتلېـر ئۆزىنـىڭ ئىلھـام بـۇلىقى بولغـان بېرچتېسگادېنغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئـاخىرى ئوبېرسـالزبۇرگتا مىنىـڭ ئۆيـۈم دەيـدىغان بىـر ماكانغا ـ "ۋاچېنفېلد ئۆيى" دېگەن تۇرالغۇ جايىغا ئېرىشكەن ئـىدى. بـۇ ئـۆي ئـاددى بىـر سەھرا ئۆيى بولۇپ، يوقىرى باۋارىيە تاغلىق رايونىدىكى ئۆيلەر پاسونىدىكى بىر ئۆي ئـىدى: ئۆيىنىڭ تۆت ئەتراپى تاختـاي كارىـدورلۇق بولـۇپ، ئۆگزىسـى بـوران ئۇچـۇرۇپ كەتمىسـۇن دەپ تاختاي ئۆگزە ياپىلاق تاش كاھىشـلار بىـلەن تىزىـپ چىقىلغـان ئـىدى. ئـۇ، بـۇ ئـۆيىنى دەسلەپتە كۆرگىنىدە "ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي مەپتۇن بولغان" ئىدى. تەلـيـگە ئـۆي خوجـايىنى

(مەلۇم بىر سانائەتچىنىڭ مىراسخورى) بىر پارتىيىلىك ناتىسست بولۇپ، ئايلىق ئۆي ئىجارىسى ئۈچۈن ئارانلا يۈز مارك تەلەپ قىلغان ئىدى. ”مەن دەرھال ۋىيېننادىكى ھەدەمگە تېلېفون قىلىپ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇردۇم. ئاندىن ئۇنىڭدىن كېلىپ بۇ ئۆينىڭ ئايال خوجايىنى بولۇپ بېرىشنى ئۆتۈندۇم.“ ئانگېلا ئىككى قىزى فرىيېدل بىلەن ئانگېلا مارىيەنى ئېلىپ دەرھال يېتىپ كېلىدۇ. ئانگېلا مارىيە، يەنە بىر ئىسمى گېلى بەكلا شوخ، سۇس قوڭۇر چاچلىق بىر قىز بولۇپ، 20 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئىدى. ”ئۇ قىز ئۇنىچىۋالامۇ چىرايلىق بىر قىز ھېسابلانمايتتى. — دەيدۇ سەل بۇرۇن ھېس بىلەن توي قىلغان ئىلسى پرۆل ئەسلىمىسىدە، _ ئەمما ئۇ قىزدا راستىنلا ۋىيېننا قىزلىرىدا بولىدىغان داغلىق جەلىپ قىلىش كۈچى بار بىر قىز ئىدى.“ كىشىلەرنىڭ كۆرۈنىشىدىن قۇسۇر تاپمەن دەپلا يۈرىدىغان بىر قانچە كىشى (بۇلارنىڭ ئىچىدە خانفىستايىنگىلمۇ بار ئىدى) بۇ قىز توغرىلىق ”قىلچە ئەقلى بولمىغان، ئەتىدىن كەچكىچە لاغايلاپلا يۈرىدىغان كىچىك بىر قىز بولۇپ، ئۇنىڭدا نە بىر ئەقىل بار، نە بىرخاراكتېر. ئۇنىڭدا بار بولغىنى پەقەتلا ئاددى دىدەكلەردەك قوپال كۆرۈنۈشلۈك ياشلىق باھىرىلا بار ئىدى“ دەپ گەپ تارقىتىپ يۈرۈشەتتى. ئەمما ھىلبىنا خانفىستايىنگىلغا ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەر گېلىگە ئامراق ئىدى. ھىلبىنانىڭ قارىشىچە، ئۇ قىز ”بەكلا جىددى، بەكلا ئەستايىدىل ياخشى قىز“ بولۇپ، ھەرگىزمۇ ھېسسىياتچان، نازلىنىپ يۈرىدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. فوتوگرافچى خوفمان، ”ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بىر قىز بولۇپ، ئۇنىڭ ساددا ۋە گۈزەل قىياپىتى، بىغەم مىجەزى ھەممىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالەتتى“ دەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ قىزى بولغان ھېيىنتتا ئۇنى ”قوپال، راس بىلەن يالغاننى ئايرىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان، گەپ تالىشىشقا ئامراق بىرسى دەپ قارايتتى. شۇنداق دەپ تۇرۇغلۇق يەنە ”كىشىنى ھەۋەسلەندۈرگىدەك ئۇماق“ بولغان گېلى فۈھرېرنىڭ بىردىن-بىر ئامرىقى ئىكەنلىكىگىمۇ قەتئىي ئىشىنەتتى. ”ئەگەر گېلى سۇ ئۈزمەكچى بولىدىكەن، ھىتلېر بۇنى ھەرقانداق يىغىندىنمۇ مۇھىم ئىش ھېسابلايتتى. بىز بىرلىكتە يىمەكلىكلەر بىلەن لىق تولدۇرۇلغان سېۋەتنى كۆتۈرۈپ كۆل بويىغا كېتەتتۇق.“ ئۇ يەردە ھەتتا گېلىمۇ ھىتلېرنى سۇغا چۆمۈلۈشكە ماقۇل قىلالمايتتى. ”ھەر قانداق بىر سىياسىيون سۇ ئۈزۈش كۆلىدە قىپ يالىڭاچ رەسىمگە تارتىلىشنى خالىمايدۇ“ دەيتتى ھىتلېر.

ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا 19 ياش پەرقى بار بولۇپ، فۈھرېرنىڭ بۇرۇنقى ئاشنىسى مىتزى رېيتېر بىلەن تەڭ دېگىدەك ياشتا ئىدى. مىتزىنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا بىر قېتىملىق كۆڭلەش نەتىجىسىدە ئۆتكەن يىلى يازدا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالماقچى بولغان. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش ئۇسۇلى بەكلا غەلىتە بولۇپ، كىر ئېسىش ئاغامچىسىنىڭ بىر ئۇچىنى

ئىشىككە باغلاپ، يەنە بىر ئۇچىنى بويىنغا باغلاپ بوغۇلۇپ ئۆلمەكچى بولغان. ئۇ هوشىدىن كەتكەندىن كېيىن قىينى ئاكىسى (ھەدىسىنىڭ يولدىشى) كىرىپ ئۇنى قۇتقۇزىۋالغان ئىكەن.

گېلى بىلەن بەكلا ئىپتىيات قىلىپ ئوينىشىلىرى جەريانىدا (ھەرگىزمۇ جىنسى مۇناسىۋەت دەرىجىسىگىچە كەلمىگەن بولىشى مۇمكىن) قىزغانغان تەرەپ گېلى ئەمەس بەلكى ھىتلېر ئىدى. "بىر كۈنىسى، ـ دەيدۇ ھېس خانىم ئەسلەپ كېلىپ، ـ گېلى كېيىنكى قېتىملىق 'فاشىك' ئاشۇرۇپ تەنتەنە قىلىش مۇراسىمىدا كىيمەكچى بولغان كىيىمىنىڭ پاسوننى ھىتلېرغا سىزىپ كۆرسىتىدۇ. "بۇنداق بىر كىيىمنى كەيگىنىڭدىن كۆرە قىپ-يالىڭاچ بولۇپ مۇراسىمغا كىرگىنىڭ ياخشىراق" دەيدۇ ئاچچىقىنى بېسىۋالالمىغان ھالدا،230 ئاندىن دەرھال قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان كىيىم شەكلىنى سىزىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ كىيىم پاسوننى كۆرگەن قىز، ھىتلېردىنمۇ بەكرەك ئاچچىقلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ دەرھال رەسىمنى ئېلىپ تالاغا يۈگۈرۈگىنىچە چىقىپ ئىشىكنىجالاققىدە ئېتىۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن ھىتلېر قاتتىق مەيۈسلىنىدۇ. يېرىم سائەت كېيىن قىزنى ئىستەپ ئۇمۇ سىرتقا چىقىدۇ.

يېڭى كىتابنىڭ نەشرىدىن چىقىشى بۇ تۈر لىرىكىلىق ھاياتىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى قىسمەن بولسىمۇ تولۇقلىغان ئىدى. بۇ كىتاب ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپەسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي چۈشەنچىلىرى بىلەن كىشىلىك قاراشلىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئىدى. مۇنداق قارىماققا، بۇ كىتابتا ئېنىق بىرەر سىستېما كۆرۈنمىسىمۇ، ئۇنىڭ سەزگۈلىرى بەكلا ئەمەلىيەتكە ماس كېلىدۇ دېيىشكە بولاتتى؛ ئۇنىڭ ئۆتكەن 4 يىل مابەينىدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى بىلەن سۆھبەتلىرىدىن قارىغاندا، بۇنداق بىر ئىدىيىگە كېلىش ئۈچۈن ئۆز قەلبىنىڭ ئورمانلىقلىرىدا ھارماي-تالماي بىر يول ئېچىپ چىققانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

ماكس ئامانغا يازغان خېتىنىڭ باشتىكى بىر قانچە قۇر سۆزلەردىن قارىغاندا (يەنى "سىياسەت دېگەن شەكىللىنىش جەريانىدىكى بىر تارىخىدۇر" دېگىنىدىن قارىغاندا)، روشەنكى، ئۇ چوڭ بىر تەۋەككۈلچىلىك يولىغا كىرگەن دېيىشكىمۇ بولاتتى. ھىتلېر بۇ كىتاۋىدا چىقارغان مۇھىم بىر خۇلاسە شۇكى، دارۋىندىن ئالغان چۈشەنچىلىرىنى خاتا ئەمەس دەپ قارايتتى. بۇ قاراشلار ئۇنى ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن ھاياتلىق ماكانى قاراشلىرىنى بىر-بىرسىگە زىچ باغلاشتۇرغانلىقىنى كۆرىۋېلىشىمىز مۇمكىن. "ھاياتلىق ماكانىنىڭ چەكلىمىسى كىشىلەرنى ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا مەجبۇرلاپ كەلمەكتە؛ شۇڭلاشقا قارىماي ھاياتلىق ماكانى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بىر ئۆمۈرلۈك

كۈرەش جەريانى يەنە كېلىپ تەدرىجى تەرەققىياتنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ." نەتىجە شۇكى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈ تىنجىمايدىغان بىر كۈرەش روي بېرىدۇ. بۇ كۈرەشنىڭ غالىبىيىتى پەقەتلا كەسكىن، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆزىنى ئىرقى ئۈچۈن، خەلقى ئۈچۈن ۋە قېنىنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن ئاتىيالايدىغان مىللەتكە مەنسۇپ بولىدۇ. ئەگەر ئۆلچەم تۆۋەنلىتىلىدىغانلا بولىدىكەن، ئېسىل قان بىلەن ناچار قان ئارلىشىش ئوتتۇرغا چىقىپ، يوقۇلۇشمۇ بوسۇغىدا دېگەنلىكتۇر. "ئۇ چاغدا، يەھۇدىيلار ھەر تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ئوتتۇرغا چىقىپ، ئىنتېرناتسيونالچى بۇ زەھەر تارقاتقۇچىلار ۋە چىرىتكۈچىلەر پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ بۇ تۈردىكى مىللەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇمۇرۇپ تاشلاپ چىرىتىپ تۈگىتىشكە ئاتلىنىدۇ." مانا بۇ، ھىتلېرنىڭ تۈنجى قېتىم ئەقىدىلىرى ھەققىدە بەرگەن تەپسىلى ئىزاھاتى، شۇڭلىدەك تۈنجى قېتىم ئىرقنىڭ، مىللەتنىڭ ۋە قاننىڭ قىممىتىنى يەھۇدىيلارغا بولغان ئۆچمەنلىك بىلەن يۇغۇرۇپ ئىپادىلىشى ئىدى.

ھىتلېر، «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدا يەھۇدىيلارنى دۇنيا خەلقىنىڭ دۈشمىنى دەپلا ھۇجۇم قىلغان، شۇڭلىدەك شەرققە يۈرۈش قىلىپ ھاياتلىق ماكانغا ئېرىشىشنىڭ غايىسىنى كۈچلۈك تۈردە بايان قىلىپ چىققانلا ئىدى. ئەندى ئۇ، ېيڭى كىتابىدا ئۆزىنىڭ سىياسي ۋە كىشىلىك قاراشلىرىنىڭ يىپ ئۇچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئىزچىل بىر يېڭى ئىدىيىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن (گەرچە بۇرمىلانغان تىنچلىق قىزغىنلىقى بويىچە ئوتتۇرغا قويۇلغان بولسىمۇ) تەييارلىق قىلغان. شۇنداقتىمۇ بۇ قاراشلىرىنى يېڭى كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەتلىرىدىلا بايان قىلىپ پۈتتۈرەلىگەن. "مېنىڭ ۋەزىپەم بۇ يەردە يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەمەس" دەيدۇ ئۇ سىناق نەزرى بىلەن. "يەھۇدىيلاردا بىر تۈرلۈك تۇغما ئالاھىدىلىك بار بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك يەر يۈزىدە ياشاۋاتقان باشقا مىللەتلەرنى بىر-بىرسىدىن ئايرىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ." ئۇلار ھەرگىزمۇ "بەلگىلىك چېگرالىرى بولغان دۆلەت ئىچىدىكى ئايرىم دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان بىر مىللەت ئەمەس. يەھۇدىيلار ئىشلەپچىقىرىشقا تايىنىدىغان ئەمەس بەلكى تەييارتاپ بولۇپ ياشايدىغان بىر خەلق" دەيدۇ. ھىتلېر بۇ گەپلەرنى بۇنىڭدىنمۇ شىددەتلىك تىللاردا نۇرغۇن قېتىم تىلغا ئالغان بولسىمۇ، بۇ يەردە ئۇ تۇيۇقسىزلا يېڭىچە بىر پىكىرگە كەلگەن. "ھەر قانداق بىر مىللەتتە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش تۇغما قىزغىنلىقى بولىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇ قىزغىنلىقتىن ھەرىكەت كۈچى ئالىدۇ. بۇنداق قىزغىنلىق شۇ مىللەتنىڭ يەر يۈزىدىكى بارلىق ھەرىكەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان پوتېنسىيال ئېنېرگىيىسى ھېسابلىنىدۇ. يەھۇدىيلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس."

قىزىق يېرى، ھىتلېر بۇ تۈردىكى ئۆزۈش پۈرىقى بولمىغان سۆزلەردىن ئىزچىل تۈردە

پايدىلىنىدۇ. ئۇ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلارمۇ ھاياتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۆلۈم-كۆرۈم كۈرىشى جەريانىدا باشقا بارلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش ئەنە شۇ ئىچكى ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ؛ ئۇلاردىن تۈپكى پەرقى، يەھۇدىيلارنىڭ مەقسەتلىرى باشقا، دەپ قارايدۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە ھىتلېر گېپىنى دەرھال ئۆزگەرتىدۇ. "يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى بارلىق مىللەتلەرنىڭ سۈپىتىنى بۇزۇشقا تايىنىپ دۇنيانى مىللەتسىزلەشتۈرۈش، ئالىي دەرىجىلىك مىللەتلەرنىڭ ئىرق سەۋىيىسىنى تۆۋەنلەشتۈرۈش، شۇنىڭدەك مەلۇم بىر مىللەتنىڭ زىيالىلار قاتلىمىنى يوقۇتۇپ تاشلاش،231 ھەمدە ئۇلارنىڭ ئورنىنى سۈپەتسىز كىشىلەر ئۇرۇقى بىلەن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ زاغۇن مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەقسىدىگە يېتىشنى كۆزلەيدۇ." ئۇ نىسبەتەن سوغۇققانلىق بىلەن سۆزلەپ كېلىپ، ئۇلاردا ئەنە شۇنداق مۇددا بولغانلىقى سەۋەبىدىن، يەھۇدىيلار ئىنسانىيەت ئۈچۈن تەھدىت ھالىغا كەلمەكتە، دەيدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئاخىرقى نىشانى دۇنيانى بويسۇندۇرۇش بولغانىكەن، ئۇ ھالدا ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى كۈرىشىنى ھەرگىزمۇ نۇقۇل گېرمانىيە ئۈچۈنلا قانات يايدۇرىلىدىغان كۈرەش بولۇپلا قالماي، يەنە كېلىپ بۇ كۈرەش پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مەنپەتىنى كۆزلىگەن بىر كۈرەش بولۇپ قالىدۇ دەپ خۇلاسىلايدۇ.

1928-يىلى يازدا، ھىتلېر ئاخىرى شۇنى تونۇپ يېتىدۇكى، ئۇنىڭ ئەڭ زۆرۈر بولۇپ تۇرىۋاتقان چۈشەنچىسى، يەنى يەھۇدىيلاردىن كېلىدىغان خەۋپ بىلەن گېرمانىيىنىڭ نىسبەتەن كەڭرى ھاياتلىق ماكانىغا بولغان ئېھتىياجى، ئەسلىدە بىر پۈتۈن نەرسە ھېساپلىناتتى. ئەگەر ئىنتايىن مۇھىم بولغان ھاياتلىق ماكانىغا ئېرىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىنمايدىكەن، ئىمپېرىيە يىمىرىلىپ يوقۇلىدۇ؛ ئەگەر يەھۇدىي تەھدىتى يوق قىلىنمايدىكەن، ھاياتلىق ماكانى ئۈچۈن كۈرەشتىن، مەدەنىيەتتىنمۇ ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، نەتىجىدە مىللەتمۇ چىرىپ يوقىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بەلكىم ھىتلېرنىڭ قويىۋالغان ئاخىرقى چېكى مانا بۇ نوقتىنى ئۆلچەم قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان بولىشى ئېھتىمال. بۇ يەنە كېلىپ ھىتلېرنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ جەۋھىرى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر شەرقتە يېڭى ھاياتلىق ماكانىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇش، دەيدىغان ئېغىر ئىككى ئىشقا دۈچ كېلىدۇ. بۇرۇن بىر-بىرسىگە مۇناسىۋەتسىز ئايرىم ئىشلار، شۇنىڭدەك تەڭ ئېلىپ بېرىلىشىمۇ زۆرۈر بولمىغان بۇ ئىككى تۆرلۈك يول، ئەندىلىكتە بىرلا يول ھالىغا كەلتۈرۈپ بىرلەشتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ ئىش خۇددى ھىتلېرنىڭ بىر قانچە ئايدىن بېرى ئوبېرسالزبۇرگتىكى داچىسىدا ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر جۈپ چوققىغىلا ئوخشايتتى: بۇ ئىككى تاغ چوققىسىغا بىرلا ۋاقىتتا چىقىشنى

خىيال قىلىپ كېلىۋاتقاندەك، ئەندىلىكتە بولسا بۇ ئىككى چوققىغا چىقىش يولىنىڭ ئەسلىدە بىرلا يول ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ! شۇنداق قىلىپ ئۇ، پارلاق بىر يولنى كۆرمەكتە ئىدى. ھىتلېردىن بۇرۇنقى يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇستازلاردىن مارتىن لۇتېر قاتارلىقلار بولسا يەھۇدىيلارنى يوقۇتايلى دەپ ئېغىزىدىلا دەپ قويىشاتتى. بۈگۈنكى كۈندە قولىدا كەلگۈسى يول خەرتىسى بولغان ھىتلېر، ئۆلارنىڭ بۇ خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، يەنى ئىككىنچى ھاماندىنمۇ ئۇلۇغ جالالاتقا ئايلىنىش ئارزۇسىدا ئىدى!

ھىتلېر ئۆزىمۇ نەشرى قىلىشنى چەكلىۋەتكەن بۇ يېڭى كىتابى، كېيىنچە "ھىتلېرنىڭ مەخپى ئەسىرى" دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن 32 يىل كېيىن تۇنجى قېتىم ئوتتۇرغا چىقىدۇ. بەلكىم، بۇ كىتاۋنى بەكلا سىرلىق كۆرۈپ، چوقۇنغۇچىلىرىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ دەپ قارىسا كېرەك. مۇرەككەپ چۈشەنىدىغانلار ئۈچۈن بۇ كىتاب يەنە بەكلا ئاشكارە يېزىلغان دەپ قارىسا كېرەك؛ ياكى بولمىسا بۇ كىتابنىڭ قۇرلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان كەڭ كۆلەمدە يەھۇدىي قىرغىنچىلىقى يۈرگۈزۈش پىلانىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بولسا كېرەك. بۇ كىتابنىڭ قۇرلىرى ئارىسىدىن پەس ئىرق ئىنسانلىرىنى يوقۇتۇش ئارزۇسىنىڭ يىپ ئۇچلىرىنىمۇ ئۇچرۇتۇش مۇمكىن. بۇ كىتابنىڭ پۈتۈن بەتلىرى مەقسەتنى ئاشكارىلايدىغان مەزمۇنلار بىلەن تولغان، دەپ قارايدىغانلار "يەھۇدىيلار خەلقئارالىق زەھەر تارقىتىشنىڭ ۋە ئىرقلارنى چىرىتىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇستىلىرى"، ھەمدە "جىنايى تىنچلىقپەرۋەرلىك زەھەرلىك ئوغوت سۈيى بىلەن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشقا جاسارەت كۆرسىتىۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئىدىيىسىنى زەھەرلىگۈچىلەر" دېگەننى تەرغىپ قىلىدىغان كىشىلەر بولىشى مۇمكىن. ئۇ يەنە روسىيەمۇ "ۋىرۇس" يېتىشتۈرمەكتە، ئۇلار، گېرمانىيىدىكى قىستا-قىستاك ئىشچىلار رايونى (ھاياتلىق ماكانىنىڭ يېتەرسىزلىكىنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى) "دۆلەت بەدىنىدىكى بىر يىرىڭلىق ئۆسمە"، "قان بۇلغىنىشى بىلەن ئىرق سۈپىتىنىڭ ناچارلاشتۇرۇشنىڭ، ئىرق سۈپىتىنى تۆۋەنلەشتۈرۈشنىڭ ئۇۋىسى. شۇنداق بولغاچقا بۇ تۈر يىرىڭلىق ئۆسمىلەرنىڭ مەركىزىدە خەلقئارالىق يەھۇدىي ئىرق پارازىتلىرى كۆپۈيۈپ بارماقتا، ئاخىرى بىر كۈنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىدۇ" دەيدۇ.

كىتابتا يەھۇدىيلارنىڭ زەھەر تارقىتىپ چىرىتىش بىلەن شۇغۇللانغانلىق ۋەھىمىسى، ئىككى يەردە شەخسىيەتكە زەربە بېرىش شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ، 1918-يىلى ئىئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ئىمزالىغان رەزىل ئېرزبېرگېرنى خاتا ھالدا "يەھۇدىي خوجايىن بىلەن قىز دىدەكتىن تۇغۇلغان ھارامزەدە" دەپ قارىغان. بەلكىم ئۇ، ئېرزبېرگېرنىڭ ئاتىسىنى دېمەكچى بولسا كېرەك. "ئەگەر بىرسىدە راك ئۆسمىسى پەيدا بولغان، ھەمدە

ئۆلىدىغانلىقى مۇقىملىشىپ بولغان بولسا، ئۇنى ئاپاراتسىيە قىلغاننىڭمۇ پايدىسى يوق. چۈنكى بۇنداق ئاپاراتسىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى بەكلا تۆۋەن" دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق دەپ يېزىشىدا، چوقۇم كۆڭلىدە ئاپىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقانلىقىدىن بولىشى مۇمكىن.

ھىتلېر، بەلكىم ئاتىسىنىڭ قىسمەن يەھۇدىي قېنى ئارلىشىپ قالغان بىرسى بولۇش ئېھتىمالىدىن ئەنسىرەش (بۇمۇ بەلكىم ئۇنىڭ بالا تېپىشتىن قېچىشىغا سەۋەپ بولغان ئامىللاردىن بىرى بولىشىمۇ مۇمكىن)، ئاپىسىنىڭ ئېچىنىشلىق بىر شەكىلدە راك كېسىلىدىن ئۆلۈپ كېتىشى ئۇنىڭ قەلبىنى مۇجۇپ ئازابلاپ كېلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ نەپرىتىنى ۋە ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭدەك يەنە ئاپىسىنى داۋالىغان يەھۇدىي دوختۇرغا بولغان مۇرەككەپ تۇيغۇلىرىمۇ، يەنى ئۇنىڭ ماقۇللىقى ئاستىدا ئۇ دوختۇر يوددىن پايدىلىنىپ ئۇنى قاتتىق ئازاپ ئىچىدە قالدۇرۇپ داۋالىغانلىقى ھەققىدىكى تەسىراتلىرىمۇ، "ھىتلېرنىڭ ئېلان قىلىنمىغان مەخپى كىتابى" غا سىڭدۈرۈلگەن بولىشى مۇمكىن. ئۇ، بۇ كىتابىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ ئۆزۈن ئۆتمەي روھى كېسەللىكلەر دوختۇرغا كۆرۈنگەن. بەلكىم بۇ بىر مۇنداقلا تۇغرا كېلىپ قېلىش بولىشىمۇ مۇمكىن. ھىتلېر، مىيۇنخېندىكى بىر پارتىيىلىكنى، يەنى دوختۇر ئالفېرد شۋېننىگېنى تېپىپ كېلىپ، كاللىسىدىكى "راك كېسىلى قورقۇنچىسى" نى چىقىرىپ تاشلىشىنى تەلەپ قىلغان. بىز بوگۈن بۇ ۋەقەنى ئىسپاتلايدىغان داۋالاش خاتىرىسىنى تاپالمىدۇق. شۇنداقتىمۇ بۇ روھى كېسەللىكلەر دوختۇرى ھىتلېردىكى جىنايەت ئىشلەشنى مەقسەت قىلىدىغان روھى ھالىتىنى مىكىسىدىن تازىلىۋېتىپ كېيىنكى ھىتلېرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن داۋالاش ئېلىپ بېرىشىنىڭ قىممەتلىك پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان. ئۇ دوختۇر بەربىر ھىتلېردىكى راك كېسىلىدىن قورقۇش ھېسسىياتىنىمۇ يوق قىلالمىغان. نەتىجىدە، راك كېسىلىدىن قورقۇش ھېسسىياتى بىلەن يەھۇدىيلارنى يوقۇتۇش دەيدىغان بۇ ئەقىدە، ھىتلېرغا ئۆمۈربويى ھەمراھ بولىدۇ.

# 9. تۇققۇنىنىڭ ئۆلۈمى233

## 1931~1928

1

ھىتلېرنىڭ يېڭى كۆزقاراشلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسىنى دەسلەپتە ئۇنىڭ ۋاكالەتچىسى ئۇستىگە ئالدى. بېرلىندا، جوسېف گېوببېلس يېقىن كۈنلەردىكى سايلام رىقابىتىدە يېڭىلگىنىدىن كېيىن، پۈتۈن كۈچىنى پارتىيىنى قايتا گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا سەرىپ قىلدى. 1928-يىلى يازدا، «ھۇجۇم» دا كەينى كەينىدىن ئۈچ پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ سولچىلارنى قوللاپ ئاۋاز بەرگەن ئىشچىلارغا ياخشىچاق بولۇشقا تىرىشتى. ئۇ ماقالىسىدا كومپارتىيە تىلىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ مۇنداق دېدى: كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان ئىشچىلارنى "تىرىك ئادەم دەپ قاراش مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار ياراتقۇچى كۈچ بولۇشتىن مەھرۇم، ئىجادىي قابىلىيىتىنى يوقاتقان بىر خەلق ھالىغا كەلتۈرۈلگەن. يەنى ئۇلار بىر ماشىنىغا، جەدۋەلدىكى رەت نومۇرلىرىغا، ھېسسىيات ياكى غايە دېگەننى بىلمەيدىغان زاۋۇد ماشىنىلىرىنىڭ خىزمەتكارىغا ئايلاندۇرۇلغان." ئىشچىلارنى پەقەت مىللىي سوتسىئالىزملا ئابرويغا، ئىناۋەتكە ئىگە قىلالايدۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئەھمىيەتكە ئىگە قىلالايدۇ. بۇ تۈر نۇتۇقلىرىغا تايىنىپ گېوببېلس ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ستراسسېرنىڭ شىمالدىكى ئىشچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشۋالغان مۇھىم ئادەملىك رولىنىڭ ئورنىغا ئۆتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، روشەنكى، فۇھرېر ئۈچۈن سىياسىي رىقابەتچىدىن بىرنى يوقۇتۇپ بەرگەن بولدى. ھىتلېرمۇ گېوببېلسنىڭ بۇ تۈردىكى پائالىيەتلىرىدىن رازى بولۇپ، ئۇنىڭ تەرغىپ قىلىۋاتقان سوتسىئالىزم يولىنى ماقۇللاپ، «ھۇجۇم» ژورنىلىنى يېرىم ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بۇ باش مۇھەررىرنى پارتىيىنىڭ تەشۋىقات بيۇروسىنىڭ باشلىقى قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

ھىتلېر، بەزىدە سىياسىي جەھەتتە كىشىلەرنى كەچۈرۈۋېتەلەيتتى. ئەگەر بۇرۇنقى رىقابەتچىلىرى تۈۋە قىلىپ ئۆزگەرگىدەكلا بولىدىكەن، فۇھرېر ئۇلارنى ھەتتا مۇكاپاتلاشقىمۇ تەييار ئىدى. مەسئۇلىيەتنى كاپىتال ئورنىدا پايدىلىنىش، ئۇنىڭ

ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىدى. ھىتلېر، گرېگور ستراسسېرنىڭ مىللىي سوتسىئالىزمنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش پىلانىنى تارمار كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى پارتىيىنى قايتا قۇرۇپ چىقىشقا مەسئۇل قىلىپ بېكىتىدۇ. ستراسسېرمۇ بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ تېزگىنلەش ھوقۇقىنى ئۇچۇقلۇق تۈردە بىر يەرگە توپلاپ ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەڭ ھوقۇقلۇق ئادەملىرىدىن بىرسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ يەنە گيوببېلس بىلەن بىرگە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، يىل ئاخىرىغا كەلگىچە پارتىيە ئەزا سانىنى كۆپەيتىپ يۈز مىڭ كىشى ئەتراپىغا يەتكۈزىدۇ.234

ھىتلېر، شىمالدا قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ تۈردىكى نەتىجىلەرنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن 1928-يىلى 16-نويابىردا بېرلىنغا بارىدۇ. ئۇ يەردە ستادىيومدا مىللەت ۋە دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەيدۇ. قىزىللارنىڭ مىتىنگ مەيدانىنى قالايماقان قىلىش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتقان ھىتلېر، ئۆزىنى قوغداش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قوغدىغۇچى ئەترىتى، يەنى پارتىيە گۋاردىيىسى تاللانغان ياشلاردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. بۇ ياشلارنىڭ يېشى 18 بىلەن 20 ياش ئارىسىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسلا فۈھرېرنى جان تىكىپ قوغدايدىغان يىگىتلەردىن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە پارتىيە گۋاردىيە قوشۇنى، يەنى قىسقارتىپ ئېس-ئېسچىلار (SS) دەپ ئاتىشىدۇ. ستادىيومغا ئون مىڭدەك ئادەم يىغىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھىتلېرنىڭ نۇتۇقلىرىنى نەق مەيدىدا پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغان كىشىلەردىن ئىدى. يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇلغان مىكروفون جاھازلىرىدا كاشىلا كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن دەسلىۋىدە ھىتلېرنىڭ سۆزلىرى دېگەندەك تەسىر قوزغىيالمايدۇ. مەسىلەن، زالنىڭ كەينى تەرىپىدە تۇرغان ئەنگلىيىلىك مۇخبىر سېفتون دېلمېر، ھىتلېرنىڭ نېمە دەپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى زادىلا ئېنىق ئاڭلىيالمايدۇ. بۇ مۇخبىر، ھىتلېرنىڭ نېمىسلارغا ئاپلىسىن يېمەسلىكى توغرىلىق تەۋسىيە قىلىۋاتقانلىقىنىلا ئاڭقىرالايدۇ. ئۇ خاتىرە دەپتىرىگە ”بۇ ئادەم نەق تەلۋىنىڭ ئۆزى“ دېگەن سۆزنى يېزىپ بولۇپلا زالدىن ئايرىلىدۇ. كانايي ئاۋازىنىڭ غىجىلدىشى قۇلاقنى يارغۇدەك كۈچلۈك بولغاچقا، ھىتلېر ئامال يوق مىكروفوننى ئېتىپ قويۇپ ۋارقىراپ تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلەشكە كىرىشىدۇ. بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن، ئۇ قىزىللارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ۋارقىراشلىرىنى تىنجىتىپ يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى پۈتۈنلەي تېزگىنى ئاستىغا ئېلىۋالىدۇ. ”ئەگەر كىمدە-كىم نېمىس خەلقى ئالدىدا مۇشتۇمىنى ئوينىتىشقا ئۇرۇنىدىكەن، بىز ئۇ كىشىنى ئۆز قېرىنداشلىرىمىز سېپىغا مەجبۇرى قوشۇۋالىمىز“ دەيدۇ ھىتلېر. شۇنىڭغا ئۇلاپلا مىللىي چۈشكۈنلىشىش دېگەن بۇ رەزىللىك ھەققىدە توختىلىدۇ. ”ئۇلۇغ بىر دۆلەت مىللىتىنىڭ سۈپىتى چۈشۈش دولقۇنى رەسمى

باشــلاندى. ئۇنــڭ قېــنىلا ئەمەس، ھەتتــا مەدەنىيىتــى بىــلەن ئــۆرپ-ئادەتلىرىنــڭ زەنگىللىششـى تېـزلىكتە كۆچىيىـپ بارماقتـا. دۇنيـا سۈپەتسـىز ئـادەملەر بىـلەن تولۇشـقا باشـلىدى. كىشـىلىك قىممەتـلەر تۆۋەنلەشـكە باشـلىدى؛ ئـاممىۋىي قاراشـلار كۆرۈنەرلىـك تۆردە ئۇلۇغ داھىلارنىڭ ئىدىيىلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشـكە باشـلاپ، كىمنىـڭ ئـادىمى كۆپ بولسا ئۇنى تەگرى دەپ تونۇيدىغان خاھىش يامرىماقتا."

ھىتلېر بوغۇزىنىـڭ قـورۇپ كېتىۋاتقـانلىقىنى ھـېس قىلـدى. بىـر سـائەتتىن بېرى ئـۇ كـۆچەپ ۋاقىـراپ سـۆزلىگەچكە، ھېرىـپ ھالـدىن كېتـدۇ. ئـۇ ئـۆزىنى "تۇرغـان يېرىـدە يىقىلىــپ چۈشــىدىغاندەكلا ھــېس قىلىشــقا باشــلايدۇ." شــۇڭا ئــۇ دەرھــال نــۇتقىنى ئاخىرلاشتۇردى. "بىز سان ئۈستۈنلۈكى دېگەننى قوبۇل قىلمايمىز، بىز ئادەتتىكى ئاممىنىـڭ ھېسسىياتلىق سـۆزلىرىنىمۇ قوبـۇل قىلالمـايمىز؛ بىـز، سـۈپەتلىك ئادەملەرنىـڭ ھۆكـۈمەتنى قولغـا ئېلىشـىنىلا تەرغىـپ قىلىمىـز، بۇنىـڭ ئۈچـۈن تىرىشـىمىز. سـايلامغا قاتنىشـىپ ئـاۋاز بېـرىش بەزى كىشـىلەر ئۈچـۈن ھـېچ قانـداق ئەھمىـيەتكە ئىـگە بولماسـلىقى مـۇمكىن. بۇنداقلاردىن ئارىمىزدىلا يۈزمىڭلارچە ئادەم بار. ئەممـا داھىـدىن ئىبـارەت بىـرلا كىشـىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يۈز مىڭ كىشىمۇ شۇنى بىلـدۈكى، دېموكراتىيە دېگەن نەرسە ئەسلىدە پۈتـۈنلەي ئالـدامچىلىقتىن باشقا نەرسـە ئەمەس." بـۇ سـۆزلەر ماددىنىـڭ جەلـىپ قىلىـش كۈچىنىـڭ ئۈسـتۈنلۈككە ئېرىشـۋېلىشـىنى تەرغىـپ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. "ھىتلېر نۇتۇق سۆزلەۋاتقىنىدا، _ دەيدۇ گېـوببېلس ئۇنىـڭ بـۇ قېتىمقـى نـۇتقىنى باھـالاپ كېلىـپ، _ ئۇنىـڭ سـۆزلىرى ماگنىتنىـڭ تۆمـۈرنى ئـۆزىگە تارتقىنىدەك رول ئويناپ، بارلىق قارشىلىق كۆرسىتىشلەر پۈتـۈنلەي تارمار بولـۇپ كەتتـى. كىشىلەر بىر بولسا ئۇنىڭ دوستىغا ئايلاندى ياكى ئۇنىـڭ دۈشـمىنىگە. ... ئۇنىـڭ كـۈچ-قۇدرىتىنىـڭ سـىرى شـۇ يەردىكـى، ئـۇ مىللـى سوتسىيالىزم ھەرىكىـتىگە ۋە شـۇ ئـارقىلىق گېرمانىيىگە بولغان ساداقىتىگە ئىشىنەتتى."

ئارىـدىن بىـر ئـاي ۋاقىـت ئۆتكەنـدە، بىـرلىن ئۇنىۋېرسـىتېت بـدە سـتۇدېنتلار بىـلەن ئۆتكەزگەن بىر قېتىملىـق سـۆھبەت يىغىنىـدا، ئـامېرىكىلىق ژورنالىسـت لـوۋئىس لوچنېرمـۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئەھۋالنى ھېس قىلـدى. "مېنىـڭ ھىتلېرغـا قارىتـا تـۇنجى قېتىملىـق تەسىراتىم، ئۇنىـڭ ئىنتـايىن پاراسـەتلىك بىـر نـاتىق ئىكەنلىكـى ئىـدى. سىنىئالغۇ ئاپپاراتى ئۇنىڭغـا توغرىلانغىنىـدا، خـۇددى ئۇنىـڭ ئالدىـدا ئاپپـارات يـوقتەك ئۇنىـڭ كەينىـدىن سوكدۇشۇپلا يـۈرگەن رۇدولىف ھـېس بىـلەن ئەسـتايىدىللىق بىـلەن سۆزلىشـىپ ئولتارغـان قىياپىتىنى ئېپادىلەشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى پەرق قىلدىم. ئاپاراتنىـڭ تارتىشـقا ماسلىشـىپ خـۇددى بىرىلـىپ نۇتـۇق تېزىسـى يېزىۋاتقانـدەك قىيـاپەتكە كىرىـپ قەلىمىنى ئوينىتـاتتى.

ئۇنىڭ بۇنداق رول ئوينىشى ھەقىقەتەنمۇ بىر ماھارەت ئىدى. _ دەيدۇ. ھىتلېرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان لوچنېر، ھىتلېرنىڭ ياش ئېتىقاتچىلىرى خۇددى ھۇشىسىزلانغاندەك ئۇنىڭ گېپىنى بىرىلىپ تىڭشايتتى. _ يىغىن مەيدانىدىن ئايرىلغان ۋاقتىمىدا كۆڭلۈمگە مۇنداق پىكىرلەر كەلدى: بۇ ئادەمنىڭ نۇتۇقلىرى ئۇنچىۋالامۇ مۇكەممەل ھېسابلىنىپ كەتمەيدىكەن. ئۇ ھە دىسىلا تىنىماي كۆپتۈرۈپ چوڭ گەپ قىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ گەپلىرى مەردانە ۋە جوشقۇن، شۇڭىدەك بەكلا ئىشەنچ بىلەن سۆزلەيدىكەن. ھەيرانمەن، ئۇ، بۇ ياش زىيالىلارنى قانداقلارچىسىغا ئۆزىگە شۇنچە بەك قارىتىۋالالىدى؟ مېنىڭچە بولغاندا، بۇنچە كۆپ كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ مەنتىقە جەھەتتىكى ئېغىر كامچىلىقلىرىنى سېزەلەيدىغان بىرەرسى چوقۇم چىقىشى كېرەك.“235

ھىتلېرنىڭ سۆزلىرىدىن مەس بولۇپ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويغان بۇ ياش زىيالىلار ئارىسىدا ئالبېرت سپېر دېگەن بىرسىمۇ بار ئىدى. بۇ ياش سانائەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ھىتلېرنىڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىششىنى بەكمۇ خالاپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چىڭ تۇرۇپ يالۋۇرۇشى بىلەن ئىلاجسىز قاتنىشىپ قالغان ئىدى. سپېر، ھىتلېرنى بۇ سۆھبەت يىغىنىغا ھەربىچە كىيىنىپ بىلىكىگە كرىست بەلگىلىك يەڭلىك تاقاپ كېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان ئىدى. ”ئەمما ئۇ ئۇچىسىغا كۆك رەڭلىك كاستۇم-بۇرۇلكا كىيگەن، رەسمى بىر مۇتىۋەر قىياپىتىدە ياسىنىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق دېگەنلىرىدىن شۇنى بىلىشكە بولىدىكى، بۇ ئادەم كىشىگە كۆيۈنۈشنى بىلىدىغان، شۇڭىدەك كەمتەر ۋە يېقىملىق بىرسى ئىكەن.“ سپېر ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىنىڭ خۇددى بىر تارىخ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دەرس سۆزلىگىنىدەك دېگەندەك راۋان ئەمەسلىكىنى، شۇڭىدەك ئۇنچىۋالامۇ جەسسۇر ئەمەسلىكىنى پەرق قىلىدۇ. ”مېنىڭچە، ئۇنىڭدا بەزى جەلىپ قىلارلىق نوقتىلارمۇ يوق ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز دېيىشكە بولمايدىكەن. مەسىلەن ئۇنىڭ ئۆكتىچىلىرىنىڭ تەشۋىقاتلىرىدىكى ھىتلېر بىر ھىستېرىيە خاراكتېرىدىكى كۈشكۈرتكۈچى بىرسى، نۇتۇق سۆزلىسە ۋارقىراپ-جارقىراپ، قول پۇتلىرىمۇ جىم تۇرماي ھەرىكەتلىنىپ سۆزلەپ كېتىدىغان ئەسەبىي ھەربى ئادەم، نۇتقىنى ئاڭلىغۇچىلاردىن ياڭرىغان ئالقىش سادالىرىدىن ئۇنىڭ كاللىسى قىزىپ كېتىدۇ، دېگەنلىرى بىر ھېسابتا راست ئىدى.“ ھىتلېرنىڭ قورقۇنچاقلىق مىجەزى يوقالغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ نۇتقى كىشىلەرنى جەلىپ قىلىپ قايىل قىلىشچانلىقىمۇ ئارتىشقا باشلىغانلىقىنى سېزىدۇ. سپېرمۇ خۇددى باشقىلارغا ئوخشاش ۋۇجۇدى ھاياجاندىن قىزىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ، ھىتلېرنىڭ نۇتقى ئىچىگە چۆكۈپلا كەتكەن ئىدى. ”شۇندىن كېيىن، مەندىكى ئۇنىڭ

توغرىلىق پۈتۈن گۇمانلىرىم پاك-پاكىزە سۈپۈرۈپ تاشلاندى“ دەيدۇ سىپىر.

## 2

ئەگەر پارتىيىنىڭ ئىش ئۆنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىگىنىدە، ھىتلېرنىڭ ئۇسلۇبلىرىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇنداق قارىماققا، 1929-يىلى نيۇرېنبېرگ پارتىيە قۇرۇلتىيى پارتىيىنىڭ قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى كۆرسەتكەندەك، يەنە كېلىپ فۇھرېر ۋە ئۇنىڭ غايىسى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغانلىقىنىڭ ھېسسى جەھەتتىكى بىر ئىسپاتى دېيىشكىمۇ بولاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئىجرائىيە يىغىنلىرىدا پارتىيە تەشكىللىرىنى يەنىلا تېزگىنلەش زۆرۈرلىكىنىمۇ كۆرسەتتى. شۇ يىلى كۈزدە ھىتلېر ستۇدېنتلار بىلەن بۇرجۇئازىيەنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئادەملىرىنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا قوبۇل قىلىشقا تايىنىپ، گېرمانىيە ئوتتۇرا بۇرجۇئازىيىسىنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك شەكىلدە رەھبەرلىك ئورگانلىرىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. گيوبېلس بىلەن ستراسسېرلارغا ئىشچىلار سىنىپىنى قولغا كەلتۈرۈشكە يول قويۇش بىلەن بىرگە، ھىتلېر ئاساسى زېھنىنى پىشقەدەم ئەسكەرلەر بىلەن كاپىتالىست-سودىگەرلەر ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ، بۇ تۈر كىشىلەرنىڭ ھىمايىسى بولماي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ تەختكە چىقالمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ قىلغان بىرىنچى ئىشى ھەقىقەتەنمۇ قىزىق: ئۇ ئاشكارە تۈردە رادىكال مىللەتچى كونا ھەربىيلەر بىلەن، يەنى مىس قالپاقلىقلار پولكى بىلەن ئوڭچىل گېرمانىيە مىللەتچى خەلق پارتىيىسىنىڭ رەئىسى، گېرمانىيە كىنوچىلىق ۋە مەتبۇئاتچىلىق ساھەسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئادەم بولغان ئالفرېد خۇگېنبېرگ بىلەن بىرلىشىپ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەشكە دائىر سېخىلىك بىلەن ئوتتۇرغا قويغان يېڭى لايىھىسى (يەنى ”ياشلار پىلانى“) نى قوبۇل قىلىشقا قارشى چىقىدۇ. بىر قارىماققا، ھىتلېرنىڭ ماڭغان بۇ ئۇرۇقى سولچىلارنىڭ بارلىق يېڭى ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولىغا باشلاپ كېتىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇ، ھەر ئىككىلا تەرەپنى قولىدا تۇتۇپ تۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپلا قالماي، پات يېقىندا يېتىپ كېلىدىغان ”ياشلار پىلانى“ نى ماقۇللاش ھەققىدىكى ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىش كۈنلىرىدە ئۇتتۇق قازىنىشنى ئۈمىد قىلىپ، بۇ ھەقتىكى ھۆكۈمىنىڭ توغرا بىر ھۆكۈم ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلىنىدىغانلىقىغىمۇ

تولۇق ئىشەنچ قىلاتتى.

بۇ جەرياندا، ھىتلېر ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى سانائەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن ئورناتقان بۇ ھەمكارلىق "ئىكاھ " دىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەردىنمۇ بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ھىتلېر بېيىنبېرس كوچىسىدىن ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنانى، يەنى "بارلوۋ سارىيى" نى سېتىۋېلىپ، پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك باش شىتابى قىلىدۇ؛ سىنتەبىر باشلىرىدا، ئۇ جاپاكەش راھىپلاردەك ياشايدىغان ئۆيىدىن ئىسار دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقى بويىدىكى ميۇنخېننىڭ ئەڭ مودا مەھەللىسىگە كۆچۈپ بېرىۋالىدۇ. بۇ يەردىكى ئۆيىدە جەمئىي 9 ئېغىز خانا بار بولۇپ، پۈتۈن ئىككىنچى قەۋەتنى ئىگەللەيتتى. بۇ ئۆي پرىنزرېگېن مەيدانى 16-نومۇرلۇق ئادرېستا ئىدى.236 ئۇ يەنە تېرىش كوچىسىدىكى ئۆي خوجايىنى لېيچېرت خانىم بىلەن ئۇنىڭ ئاپىسى داچس خانىمنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ.

ھىتلېرنىڭ ھەدىسى ئانگېلا بولسا بېرچتېسگادېندىكى ئۆيگە قاراپ قالغان ئىدى (ئەندى ئۇ، بۇ ئۆي-جاينىڭ مۈلۈكدارىغا ئايلانغان ئىدى)، ئەمما ئۇ، قىزى گېلىنى "ئادولف" تاغىسىنىڭ يېڭى ئۆيىدە تۇرۇشقا ماقۇل بولىدۇ (بۇ قىزىمۇ 21 ياشلىق بىر قىزغا ئايلانغان بولۇپ، ميۇنخېندا مېدىتسىنا كەسپىدە ئوقۇيتتى). ھىتلېرنىڭ گېلىغا بولغان مېھرى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، مۇناسىۋىتىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا تاغىلىق رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇچۇق-ئاشكارە ئىشپەش تارتىپ يۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئالاھىدە ئېھتىيات قىلاتتى. بەزىدە ئۇ ئىككىسى ئاشكارە ھالدا تىياتىرخانىلاردا ياكى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھېك رېستورانتىدا كۆزگە چېلىقىپمۇ قالاتتى.بۇ رېستورانت، ھىتلېرنىڭ ئاخشاملىرى دوستلىرى بىلەن يىغىلىپ يىغىن ئېچىپ تۇرىدىغان بىر يەر ئىدى.

خانفستاينگلىنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، ھىتلېر گېلىغا شۇنچە ئامراق ئىدىكى، "ھەر دائىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوڭدىشىپلا يۈرەتتى، كۆزلىرىدىن ئاشىق ئۇچقۇنلىرى پارلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى رەسمىي ئاشىق بولۇپ قالغاندەك كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى." گېلىمۇ ھىتلېرنى ئۆزى بىلەن بىرگە بازار ئايلىنىپ كېلىشكە قىزىقتۇرۇشقا تىرىشاتتى. ھىتلېر خوفمانغا ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دەپ دەرد تۆككەن: "مەن گېلىنىڭ بىردەم قالپاقلارنى، بىردەم ئاياقلارنى كىيىپ سىناشلىرىدىن، قاتلام-قاتلام رەختلەرنى تاللىشىدىن زېرىكتىم. ئۇ ھەتتا ئايال پىركازچىكلار بىلەن يېرىم سائەتتەك رەسمىي مۇڭدىشىپ كېتىدۇ. ئاندىن كۆڭلۈمگە ياقمىدى دەپ، دۇكاندىن قۇرۇق قول قايتىپ چىقىدۇ." ھىتلېر ھەر قېتىم سودا قىلغىلى چىققىنىدا چوقۇم مۇشۇنداق ئىش بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇغلۇق، يەنىلا "ھەر قېتىم يۇۋاش قوزىدەك كەينىدىن ئەگىشىپلا يۈرەتتى."

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ھىتلېر يەنە بىر تەرەپتىن ئىنتايىن چىڭ تۇتىدىغان تاغا ھېسابلىناتتى. ئۇ، تۇغۇلۇشىدىنلا شوخ، جىم تۇرمايدىغان قىزنىڭ ئىجتىمائى پائالىيەتلىرىنى بۇ تۇر رېستۇران بىلەن مېھمانخانا، پىۋىخانا ئارىسىدىلا چەكلەپ تۇتۇشقا تىرىشاتتى. بەزىدە ئۇنىڭ تىياتىر كۆرۈشىگىمۇ يول قويۇاتتى. بۇ قىزنىڭ چىڭ تۇرۇپ يالۋۇرۇشى نەتىجىسىدە بەزىدە ئۇنىڭ تۆۋبە قىلىش مۇراسىم كۈنى ئۇسۇل ئوينىشىغىمۇ ماقۇل بولاتتى. ئەمما بۇنىڭمۇ قاتتىق شەرتى بار ئىدى: ئۇ چوقۇم ماكس ئامان بىلەن خوفمان ئىككىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا بېرىشى، چوقۇم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، يەنى كەچ سائەت 11 دىن بۇرۇن قايتىپ كېلىشى شەرت ئىدى. خوفمان ئۇنى جىكىلەپ، بۇ چەكلىمىلەر قىزنى بەكلا خاپا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن دەيدۇ. ئەمما فۈھرېر جاۋابەن، مېنىڭ بۇ جىيەن قىزىمنى چىڭ تۇتۇش مەجبۇرىيىتىم بار دەيتتى. ”مەن گېلىنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرىمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىمۇ مۇمكىن.“ دەيدۇ-يۇ، يەنە ئۆمۈر بويى خوتۇن ئالماسلىققا ئىرادە باغلىدىم دەپمۇ يۈرەتتى. ئۇ يەنە گېلىنىڭ نەزىرىدە مېنىڭ ئۇنى چىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇشۇم چىڭ تۇتقاندەك بىلىنىشىمۇ مۇمكىن. ئەسلىدە بۇ قىلغىنىم ئەڭ ئاقىلانە ئىش. ”مەن ئۇنى خەتەرلىك كىشىلەرنىڭ، ئالدامچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلىشىم كېرەك.“

جىنسىي مۇناسىۋەتلەردە ھىتلېر ئۇنچە بەك ماھارەتلىك ھېساپلانمايتتى. بۇنى ھېينرىچ خوفماننىڭ 17 ياشلىق قىزىنى سۆيۈپ قوياي دېگىنىدە رەت قىلىنىشىدىنلا كۆرىۋېلىشىمىز مۇمكىن: ھىتلېر، بىر كۈنى ھېينىتىنىڭ ئۆيىدە يالغۇز قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ قىزنىڭ ئېيتىشىچە، ھىتلېر ئۇنىڭغا جىددىيلىك بىلەن ”سېنى سۆيۈپ قويغىم بار“ دەيدۇ. ئادەتتە ئۇ بۇ قىزغا سىزلەپ گەپ قىلاتتى. ئەمما ئۇ كۈنى ئۇنى سەنلەپلا سۆزلەپ كېتىدۇ (”مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. _ دەيدۇ قىز، _ ئۇ ھەر دائىم ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇراتتى. مەن دادامدىن بىرەر نەرسە سورىماقچى بولسام، مەسىلەن چويلاتوپ ئېلىش ئۈچۈن ياكى چاڭقىي تېپىلىشقا بېرىش ئۈچۈن پۇل سورىماقچى بولغىنىمدا ھىتلېر ھەر دائىم مېنىڭ تەرىپىمدە تۇرۇپ گەپ قىلاتتى. ... ئەمما ئۇنى سۆيۈپ قويۇشۇم مۇمكىن ئەمەس“). شۇڭا ئۇ ئەدەپ بىلەن رەت قىلىدۇ. ھىتلېر بىر ئاز جىمىپ قالغاندىن كېيىن، قولىدىكى قامچىسى بىلەن ئالقىنىغا بىرنى ئۇرۇپ، ئاستا ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ.

تېخىمۇ قىزىق يېرى، ئۇنىڭ 17 ياشلىق يەنە بىر قىز بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرىشى ئىدى. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى ئېۋا براۋن بولۇپ، خوفماننىڭ رەسىمخانىسىدا ئىشلەيدىغان بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئوقۇتقۇچى، ئاپىسى بولسا بىر راھىبە ئىدى. ئۇ قىزمۇ خۇددى گېلىغا ئوخشاش مودا بىر قىز بولۇپ، ئىنتايىن شوخ، يېقىملىق، تەنتەربىيىچىدەكلا ھەرىكەتچان

بىر قىز بولۇپ، ئاقسۆڭەكلەر مۇزىكىلىرى ۋە ئوپېرالارنى، ئامېرىكا كومېدىيە مۇزىكىلىرى بىلەن كايزېر ئوپېرالىرىنى ۋە ۋېدېكىند باللىتلىرىنى ياخشى كۆرەتتى.237 ئۇ، گېلىدىن سەل سىمىزلىكى ۋە چىرايلىق چاچلىرى بىلەن پەرقلىنەتتى. "بۇ قىز سىنىپىمىزدا جىدەل تېرىپلا يۈرىدىغان بىر قىز بولۇپ، راستىنى دېسەم، سىنىپتا ئۇنىڭدىن ھەممىمىز قورقاتتۇق. _ دەيدۇ بىر ئوقۇتقۇچى بولغان ۋون ھېيدېنابېر خانىم ئەسلەپ، _ ئەمما ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق قىز بولۇپ، دەرسنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى تېزلا ئىگەللىۋالاتتى، شۇنىڭدەك مۇستەقىل پىكىر قىلىشقىمۇ ماھىر ئىدى."

ئۇ ئىككىسى ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا بىر جۈما كۈنى چۈشتىن كېيىن تونۇشۇپ قالىدۇ. يەنى شۇ كۈنى گۈگۈم ۋاقتىدا ئېۋا رەسىمخانىدا رەسىملەرنى رەتلەش بىلەن مەشغۇل ئىدى. شۇ چاغدا ئېۋا شۇتىغا چىقىۋېلىپ ئىشكاپلارنىڭ ئۈستىدىكى ئالبۇملارنى ئېلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. "دەل شۇ پەيتتە خوجايىن كىرىپ كەلدى، _ دەيدۇ ئېۋا سىڭلىسىغا، _ ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر ئەر كىشىمۇ بىرگە كىرىپ كەلدى. ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇتى بەكلا غەلىتە ئىدى. ئۇچىسىغا ئوچۇق رەڭلىك ئېنگلىز پاسونى پەلتو كىيىۋالغان، قولىدا يوغان بىر سوكنى قالپاق بار ئىدى. ئۇ ئىككىسى ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ماڭا قاراپ ئولتۇرۇشتى. _ يېڭى كەلگەن كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ پاچىقىغا قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، _ ئۇ كۈنى مەن كۆڭلىكىمنىڭ ئېتەكلىرىنى قىسقارتىۋالغان ئىدىم. ئېتەك قىرلىرىنى بەك تەكشى كېسەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلاردىن سەل خىجىللىق ھېس قىلماقتا ئىدىم."

ئېۋا شۇتىدىن چۈشۈۋاتقىنىدا خوفمان ئۇنى يېڭى مېھمانغا تونۇشتۇرىدۇ: "ۋولف ئەپەندى، بۇ قىز بىزنىڭ ئوبدان قىزىمىز ئېۋا خانىم بولىدۇ." ئارىدىن بىر قانچە مىنۇت ئۆتتۈپ ئۇلار ئۈچىسى بىرلىكتە ئولتۇرۇپ پىۋا ئىچكەچ قېيىزىغا ئېغىز تىگىشىدۇ. "قورسىقىم بەكلا ئېچىپ كېتىپتىكەن، شۇڭا قېيىزنى راسا ئىشتاھ بىلەن يېيىشكە كىرىشتىم. ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن پېۋىدىنمۇ ئازىراق ئوتلاپ قويىدۇم. بايىقى يېشى چوڭراق ئادەم مېنى ماختاپ كەتتى. بىز مۇزىكا ھەققىدە گەپ قىلىشتۇق. ئاندىن ستاتس تىياتىرخانىسىدا سەھنىگە چىققان يېڭى بىر تىياتىر ھەققىدە پاراڭلاشتۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ ئادەم خۇددى كۆزلىرى بىلەن مېنى يالماپ يۇتىۋېتىدىغاندەك كۆزۈمگە تىكىلگىنىچە قاراپ ئولتۇراتتى. كېيىن قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە، مەن ئالدىراشلىق بىلەن قايتماقچى بولدۇم. ئۇمۇ مېنى مەرسەدېس ماشىنىسى بىلەن ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي دېۋىدى، رەخمەت ئېيتىپ رەت قىلدىم. ئېيتقىنا، ئۇ مېنى ئۆيگە ئەكىلىپ قويغان بولسا ئاتام نېمىلەرنى دەپ كېتەر ئىدى دەيسەن!" ئەمما ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بارغىنىدا خوفمان ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ "سەن ئۇنىڭ كىملىكىنى پەرق قىلالمىدىڭمۇ؟ ئۇ ھىتلېر! ئادولف ھىتلېر دېگەن كىشى!"

”شۇنداقمۇ؟“ دەيدۇ ئىۋامۇ جاۋابەن.

شۇندىن كېيىن ھىتلېر پات-پاتلا گۈل ياكى تاتلىق-تۈرۈملەر بىلەن رەسىمخانىغا كېلىپ ”رەسىمخانىنىڭ سۆيۈملۈك قىزى بولغان ماشا سوغات قىلىپ تۇرىدىغان بولدى.“ ھىتلېر ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سىرتلاردا ئايلىنىشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ كارلتون قەھۋەخانىسىغا بىرىپ قاراڭغۇ بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكىمۇ بارماس بولىۋالدۇ. شۇنىڭدەك شۇۋابىڭغا كىنو كۆرۈشكىمۇ بارماس بولىۋالدۇ. ئەمما يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ھىتلېر خوفماننىڭ رەسىمخانىسىغا كامدىن-كام بارىدىغان بولدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بەلكىم ئىۋانىڭ بىر قانچە كەسپىدىشىغا پو ئېتىپ ھىتلېرغا ئاشنا بولغانلىقنى، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن تويى قىلىدىغانلىقنى سۆزلەپ يۈرىشى سەۋەب بولغان بولىشى مۇمكىن. خوفمانمۇ بۇ قىزنىڭ ھېچ قاچان ھىتلېرنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ باققان ئەمەسلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئىۋانى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ ئۇچۇغدايدۇ. ئىۋا يىغلاپ تۇرۇپ باشقىلارغا يالغان سۆزلەپ يۈرگەنلىكىنى بويىنغا ئالىدۇ. خوفمان ئۇنىڭغا تەھدىت قىلغان ھالدا، ئەگەر يەنە مۇشۇنداق يالغان سۆزلەپ يۈرگىنىگنى ئاڭلاپلا قالسام سېنى ئىشتىن بوشىتىمەن، دەپ قورقۇتۇپ قويىدۇ.

3

1929-يىلى يىل ئاخىرسىدا گەرچە ئاۋاز بېلىتىنى ساناشتىن بۇرۇن باش مىنىستىر ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ”ياشلار پىلانى“ نىڭ ئومۇمى خەلق ماقۇللاش ئاۋاز نەتىجىسىدە، غالىپ چىققانلار يەنىلا باش مىنىستىر ستىرېسىمان بىلەن ئۇنىڭ مۆتىدىل پىلانى ئىدى. بۇ تەدبىرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھىتلېر بىلەن خۇگېنبېرگنىڭ مىللەتچى خەلق پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئاجىز ئىتتىپاق 21 مىليون ئاۋازغا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئەمما ئۇلار ئارانلا 6 مىليون ئاۋازغا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ مەغلۇبىيەت خۇگېنبېرگ ئۈچۈن ئەجەللىك مەغلۇبىيەت ھېسابلانسىمۇ، ھىتلېر بۇ مەغلۇبىيەتنى ئۇستىلىق بىلەن بىر تۈرلۈك غالىبىيەتكە ئايلاندۇرىۋالدۇ. ھىتلېر قايسى بىر ئىشتا مەغلۇبىيەتكە دۇچ كەلگەن ھەر قانداق بىر كىشىنى ھېچ قاچان قوللاپ يۈرمەيتتى. شۇڭا ئۇ، خۇددى خۇگېنبېرگ بىلەن بۇ تۈر ئىتتىپاقلىقنى قۇرغىنىنى چۈشەنگىلى بولمىغىنىدەك جىدەل چىقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقتىن ئايرىلىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇ يوشۇرۇن تۈردە كۈچ توپلاشقا كىرىشىپ (ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىش جەريانىدا يۈرگۈزگەن تەشۋىقاتلىرى ئۇنىڭ بۇنداق كۈچ

دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ياردىمى بولغان ئىدى)، يېقىندا ئېلىپ بېرىلىدىغان مەملىكەتلىك سايلامغا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىدۇ.238 ئەمما بۇ چاغدا ناتسىستلارغا باھا بېرىدىغان ئەتراپلىق كۆزەتكۈچىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى ماركىز دابېرنون ئەسلىمىسىنىڭ بىر ئىزاھاتىدا فۇھرېرنى باھالاپ ”1924-يىلىدىن بېرى ھىتلېر كىشىلەر نەزىرىدە ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇپ كەتتى“ دەپ يازىدۇ. بېرلىن سىياسىي مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى دوكتور ئارنولد ۋولفېرس بىلەن تارىخشۇناس ئارنولد تويىنبې ئىككىسىلا بۇ قاراشتا ئىدى.

ئەمما ھىتلېرنىڭ ئويلايدىغىنى غالىپ چىقىش بولۇپ، ئۇنىڭ قارشىچە ئەگەر ئىشچىلارنى قايتىدىن ئۆز ھەرىكىتى ئەتراپىغا جەلپ قىلالىسىلا غەلىبە قىلىشتىن گۇمان قالمايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھىتلېر چوقۇم يېڭىچە كۈچلۈك تەشۋىقات ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشى شەرت ئىدى. 1930-يىلىنىڭ باشلىرىدا، قانۇن پاكۇلتېتىنىڭ بىر ستۇدېنتى بېرلىندا ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھىتلېرغىمۇ پۇرسەت تۇغۇلغان ئىدى. بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئىسمى خورست ۋېسسېل بولۇپ، ئەندىلا 21 ياشقا كىرگەن، ئاتىسى بىر پوپ ھەمدە قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. ۋېسسېل ئۆزىنىڭ بۇرجۇئازىيە سىنىپىغا تەۋە ئائىلىسىگە خىيانەت قىلىپ، سادىق قوغۇر كۆڭلەكلىكلەر ئەزاسىغا ئايلانغان ئىدى. بۇ ستۇدېنت، قىزىللار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق كوچا جېدىلىدە ئۆلگەن ئىدى. ئۇ ئۆلۈمىدىن بۇرۇن بىر پارچە شېئىر يېزىپ «غەزەپ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان، كېيىن يەنە بۇ شېئىرغا ئاھاڭ سالغان ئىدى. (خانفىشتانگىل مۇنداق دەپ يازىدۇ: ”بۇ نوتا ئون توققۇزىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرى يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ۋېيىننا قاۋاقلىرىدا چېلىنىدىغان مۇزىكىلارغا ئوخشاپ كېتەتتى.“ ناخشىنىڭ تېكىستى تەخمىنەن ئالىدا تۆۋەندىكىچە:

كۆزلىرىمىز ئۈچراشقاندا، لەۋلىرىمىز تېگىشكەندە،
قەلبىمىز چەمبەرچەست باغلىنىدۇ.

ۋېسسېل بۇ نوتىنى ”نازاكەتلىك مارش“ ھالىغا كەلتۈرۈشتىن باشقا بىر ئىش قىلمىغان ئىدى. _ ئا. ھ. ئى.) بۇ شېئىرنىڭ ئىسمى «بايرىغىمىز لەپىلدەيدۇ!» بولۇپ، قۇربان بولغان يولداشلىرىنى خاتىرلەش يۈزىسىدىن يېزىلغان، يەنى ”قىزىل فرونت بىلەن ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن قۇربان قىلىنغان“ لارغا ئاتاپ يېزىلغان بىر شېئىر ئىدى. ۋېسسېل پاھىشىلىك قىلغان ئەرناغا قاتتىق ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقان

ئىدى. ئۆي خوجايىنى خانىم بۇ ئىككىسىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن كوممۇنىستلارغا يالۋۇرىدۇ. نەتىجىدە، بىر ئۈچۈم قىزىللار بۇ ئاشىق-مەشۇقلار تۇرغان ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. خەۋەرلەردىن قارىغاندا، بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ يىتەكچىسى بولغان كىشى ئەرنانىڭ يېقىن بىر دوستى ئىكەن. ئۇ ئۆيگە بېسىپ كىرىپ ”بىز نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى بىلەمسەن!“ دەپ ۋارقىرىغىنىچە ۋېسسېلنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. كوممۇنىستلار بۇ رەھىمسىز ۋەقەدىن مەنپەتدار بولۇش ئۈچۈن ۋېسسېلغا پاھىشە تونۇشتۇرىدىغان دەللال دەپ تۆھمەت چاپلايدۇ. ئەسلىدە ئۇنداق ئىش يوق ئىدى. ئەمما گېيوبېلس بولسا ۋېسسېلنى بىراقلا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەيساسى دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ تەشۋىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئەسلىدە بۇمۇ بىر يالغانچىلىق ئىدى. ”بۇ يىگىت ئۆزىنىڭ ئائىلىسى بىلەن مېھرىبان ئانىسىدىن يۈز ئۆرۈپ ئۇلارغا ئۆچمەنلىك كۆزى بىلەن قارايدىغان كىشىلەر ئارىسىغا كىلىپ ياشاۋاتقان بىرسى ئىدى. _ دەپ يازىدۇ مۇۋەپپەقىيەتسىز بىر رومانچى بولغان گېيوبېلس، _ ئۇ يەردە، پرولىتارلار ئاھالە رايونىدا، ئىجارىگە ئالغان كىچىك بىر بالكون قەۋىتىدە، بۇ ياش يىگىت ياشلىق باھىرى ئۇرغۇپ تۇرغان ئاددى تۇرمۇش يولىنى باشلىغان ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ سوتسىئالىزم ئەيسانىسى، نامراتلارغا كىشىلەر دىققىتىنى قوزغىماقچى بولغان ئادەم ئىدى!“

سەكراتتا چۈشۈپ قالغان ۋېسسېل قايسى بىر دوختۇرخانىدا ياتقىنىدا، گېيوبېلس شەخسى جىدەلنى سىياسىي سۇيىقەستكە ئايلاندۇرۇپ تەشۋىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ، ستادىيومدا ئۆتكۈزۈلگەن مىتىنگ ئاخىرىدا مىتىنگ قاتناشقۇچىلىرىنى ۋېسسېلنىڭ يازغان شئېرىنى ئېيتقۇزىدۇ: ”رەڭلىك بايرىقىمىز لەپىلدەيدۇ، جەڭ ناغرا-سۇنايلىرى ياڭرايدۇ، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەر مارش تووۋلايدۇ، ناخشىلار بىلەن گېرمانىيە ئىنقىلابىنى مەدھىلەيدۇ، بايراقلىرىنىڭ لەپىلدەشلىرىنى مەدھىلەيدۇ!“ 23-فېۋرالدا، ۋېسسېل ئاخىرى جان ئۈزىدۇ. ”ئۇنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات، ئۇ بىز بىلەن مەڭگۈ بىرگە. _ دەپ يازىدۇ گېيوبېلس، _ ئۇ ھازىرمۇ بىزنىڭ قوشۇنىمىز بىلەن بىرگە ئالغا ئىلگىرلىمەكتە.“239 گېيوبېلس بۇ تەشۋىقات ھەرىكىتىنى يوقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ۋېسسېل ئۈچۈن داغ-دۇغىلىق، ھەشەمەتلىك جانازا مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، مۇراسىمدا ھىتلېرنى بىر نۇتۇق سۆزلەتكۈزۈشنى پىلانلايدۇ. ئەمما بۇنىڭدەك چېكىدىن ئاشۇرۇپ تەشۋىق قىلىش ھەرىكىتىگە فۇھرېر بەك قىزىقمايتتى. گېيرىڭمۇ ھىتلېرغا ئوخشاش ئويلايتتى. ئۇ پارلامېنتتا دېپوتات بولۇپ سايلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۋېتسىيەدە زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارىنى داۋالىتىپ بولۇپ دەرھال گېرمانىيىگە قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ، بېرلىن ۋەزىيىتى يەتكۈچە جىددىيلىشىپ بولدى، فۇھرېرىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە

كاپالەتلىك قىلىشىمىز قىيىنلىشىپ كەتتى، دەپ چىلىك تۇرۇپ تالىشىدۇ. خانفىشتانگىلىنىڭ ئەسلىمىسىدىن قارىغاندا، "ئەگەر دىققەت قىلىنمىسا ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش قىيىن. ھەر نىمە دېگەن بىلەن پارلامېنتتىكى ئادەم سانىمىز ئارانلا 12 كىشى بولۇپ، بەكلا ئاجىز ئەھۋالدىمىز. بۇنچىلىك ئاز كۆپچىكە تايىنىپ بىرەر مەنپەتكە ئېرىشەلىشىمىز ئاسان ئەمەس. ئەگەر ھىتلېر ئېرىلىنغا كەلگىدەك بولىدىكەن، ئۇ ھالدا كومپارتىيە پادىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھىتلېر بۇقا قورقىتىدىغان بىر پارچە قىزىل لاتىلا بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بىز ئۆستىمىزگە ئالالمايمىز." دەپ قارايدىكەن.

ھىتلېر قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، جانازا مۇراسىمى ئۇنىڭسىز ئۆتكۈزۈلدۇ. يۇقۇرقىدەك پەرەز قىلىشتا گېوربېلىڭ خاتالاشمىغان ئىدى. لوزۇنكا ئېسىۋاتقانلار قىزىللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ؛ جانازا قوشۇنى قىزىللار بىلەن ئۇرۇشىدىغان قوشۇن ھالىغا كەلگەن ئىدى. گېوبېلس قەۋرىنىڭ ئالدىدا غەرەزلىك بىلەن "خورست ۋېسسېل!" دەپ توۋلايدۇ، بۇنىڭغا ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر "بار!" دەپ جاۋاب بېرىۋاتقىنىدا، تام ئارقىسىدىن ئېتىلغان تاشلار قەۋرە ئۈستىگە يېغىشقا باشلايدۇ. بۇ ئىشتىن تەشۋىقات ماھىرى گېوبېلس ھەممىدىن بەك خوشال ئىدى. "ئۆلۈك ساندۇقى يەرلىككە قويۇلىۋاتقىنىدا، _ دەپ يازىدۇ گېوبېلس، _ قىزىل لۈكچەكلەر قەۋرىستانلىق دەرۋازىسى سىرتىدا تۇرىۋېلىپ ۋارقىراپ-جارقىراشقا باشلايدۇ ... ۋاپات بولغان يېقىنىمىز، يەنىلا بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرماقتا، ھارغىن قولىنى چىقىرىپ قاراڭغۇ بىر يەرلەردىن بىزگە توۋلىماقتا: قەۋرەمدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئالغا! گېرمانىيە دەل بۇ يولنىڭ ئۇچىدا!"

ئادەتتىكى كىشىلەر بۇ گەپلەردىن قىزىللار بىلەن ناتسىستلار ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق مۇناسىۋەت بارلىقىنى مەڭگۈ پەرەز قىلالمايتتى. ئۇلار گەرچە بىر-بىرسى بىلەن رەھىمسىزلەرچە سوقۇش قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئارىلىرىدا قانداقتۇ بىردىن بىر يولداشلىق ھېسسىياتىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلىشاتتى. پىۋىخانىلاردا ياكى قاۋاقلاردا يۈز بەرگەن ئۇرۇش-جېدەللەر ساقچىلار تەرىپىدىن توسالغىنىدا، ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلىشى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالغۇچىلىقى يوق ئىدى. ئىككىلا تەرەپ ئوخشاش بىر ئىشنىڭ قىزغىنلىقى ئاستىدا ئىدى؛ ھەر ئىككىلا تەرەپ ئەگەر غايىمىز توغرىلا بولىدىكەن تۇتقان يولىمىزمۇ توغرا دەپ ئىشىنەتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىلا بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان سوتسىئالىزم غايىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا پارلامېنت تۈزۈمىگە ئۆچلۈك قىلاتتى. ئالدىنقى يىلقى «بىرىنچى ماي» بايرىمىدا، ئۇلار ئۆزئارا قول تۇتۇشۇپ بىرلىن كوچىلىرىدا بىرلىكتە نامايىش قىلىشقان، ھەر ئىككىلا تەرەپ نامايىشچىلار قوشۇنىنى باستۇرۇشقا ئورتاق نارازىلىق بىلدۈرگەن،

شۇنىڭدەك ”بىزگە ئەركىنلىك كېرەك، بىزگە ئىش كېرەك، بىزگە نان كېرەك!“ دەپ بىرلىكتە شۇئار توۋلاشقان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئۇ يەھۇدىي ساقچى باشلىقى بېرنخارد ۋېيس (گېوببېلس ئۇنى ”ئىسدور“ دەپ ئاتىۋالغان) قا ئۆچ ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ساقچىلارنى ”ئىسدور“ نىڭ قوشۇنى، بارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دەپ قارىشاتتى.

گېوببېلس، خورست ۋېسسېل ۋەقەسىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە مەنپەئەت ئېلىۋالغىنىدىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە، ھىتلېر بىلەن ئوتتو ستراسسېر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىش ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ستراسسېرنىڭ ئىنىسى ميۇنخېنغا بېرىپ پارتىيىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغىنىدىن بىرى، ئوتتومۇ گرېگور قۇرغان 3 گېزىتنىڭ ئەڭ مۇھىم باشماقالە يازغۇچىسىغا ئايلانغان ئىدى. ئۇلار گەرچە ھازىرغىچىلا مىللىي سوتسىيالىزم پلاكاتىنى ئېسىپ يۈرگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئوتتونىڭ داھىغا چوقۇنۇشتىن قۇتۇلۇش ھەققىدىكى مۇنازىرىسىنى تەشۋىق قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. بۇ قاراشلار يەنە كېلىپ ھىتلېرنىڭ قاراشلىرى بىلەن ھەر دائىم توقۇنۇش كېلىپ تۇرماقتا ئىدى. ئاپرېلدا، ئوتتو ستراسسېر، ساكسونىيە مېتاللچىلىق زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۆزقاراش ئوخشىماسلىقى تەرەققىي قىلىپ پەللىگە يەتكەن ئىدى. سانائەتچىلەر، مەسىلەن بىرلەشمە پولات-تۆمۈر زاۋۇتىدىن فرىتز تايسېن ئېقىمىدىكىلەر ھىتلېردىن ئەگەر داۋاملىق ياردەم پۇلىغا ئېرىشمەكچى بولىدىكەنسەن چوقۇم ستراسسېرنى قوغلاپ چىقار دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ.

ھىتلېر، ئاۋال تەھدىت سېلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان بولسىمۇ بىرەر پايدىسى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۆزى بىۋاستە بېرلىنغا بېرىپ، ئۆز سالاھىتىنىڭ تەسىرىنى ئىشقا سېلىشقا ئۇرۇنماقچى بولىدۇ.240 ئۇ ئىككىسى ”سانسۇسى مېھمانخانىسى“ دا ئىككى قېتىم كۆرۈشىدۇ. 7 سائەت ئىچىدە ھىتلېر پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ تەھدىت قىلىش، ئۆزگە تارتىش، ئالداش قاتارىدىكى تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئىككى قېتىملىق كۆرۈشۈش نەتىجىسىدە كۆزقاراشلىرىدىكى ئايرىمچىلىقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىشقا يارىمايدۇ. ئۇلار ھەر ئىككىسىلا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىۋېلىپ بىر-بىرىسىگە زادىلا يول قويۇشمايدۇ. ھىتلېر، ئوتتونى پارتىيىنىڭ تەشۋىقات بېيروسىنىڭ باشلىقى بولۇش تەكلىۋىنى قويغان بولسىمۇ ستراسسېرنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. گەرچە ئۇ ئىككىسى بىرەر كېلىشىمگە كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ستراسسېر بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر پارتىيىدىن دەرھال ئايرىلىپ چىقىپمۇ كەتمەيدۇ. ”يەنىلا

بەزى ئۇمىدلەردە بولغاچقا، ھىتلېرنىڭ مۇھاكىمىلەردىن تەسىرلىنىش ئېھتىماللىقى يوق دېيىشكە بولمايدۇ“ دەپ قارىشاتتى. ھەتتا ھىتلېر ”روزېنبېرگ يولى“ دىن ۋاز كېچىشىمۇ مۇمكىن دەپ ئۈمىد قىلىشاتتى. ئۇلار يەنە بۇ تۈردىكى بۆلۈنۈشنى ئاشكارە بىر ۋەقە ھالىغا كەلتۈرۈشنىمۇ خالىمايتتى. چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىشى پارتىيىنىڭ يېقىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ساكسونىيە ئومۇمى سايلىمىدىن غالىبىيەت بىلەن چىقىشىغا تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىماللىقىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئوتتو ستراسسېرغا شۇنىسى ئايان ئىدىكى، ئەندى ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سوتسىيالىزمچىلىرى داۋاملىق ناتسىستلار پارتىيىسى ئىچىدە قالالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ھىتلېر بۇرۇن ئېتىراپ قىلغىنىدەك، ئۇ مۇسسولىنىنىڭ فاشىزم پرىنسىپلىرىدىن پايدىلانماقچى ۋە كاپىتالىستلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلماقچى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن يەنە ھىتلېر بۇ يېقىنقى ئىدىيىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇجمەل ھالغا كەلتۈرۈۋېتىپ ”بۇ جەھەتتە تۈگىمەس ئىزاھاتلارنى بەرگىلى بولىدىغان بىر ئۇقۇم“ غا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈن سالاھىيىتىنى ئىشقا سېلىشتىن پايدىلىنىپ پارتىيىنى تولۇق تىزگىنلەشكە ئىلىشىش مەقسىدىگە يەتمەكچى ئىدى. ھىتلېر شۇنىمۇ ھېس قىلىدۇكى، ئەگەر مىللىي سوتسىيالىزم كونكرېتنى بىر پروگراممىسى ھالىغا كەلگىدەك بولسا، ئۆزىنىڭ پۈھرىرلىق پرىنسىپلىرىمۇ خەۋپ ئاستىدا قالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ياش ستراسسېرنىڭ تەپ تارتماستىن ئاشكارە تۈردە ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىشكە جۈرئەت قىلالىشىنى، ھىتلېر ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق دەپ ھېسابلايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئاپتوموبىلىنى ھەيدىگىنىچە ميۇنخېنغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن بۇ ھەقتە يا بىرەر باھالاش ئېلان قىلمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئاشكارە ھۇجۇممۇ قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك ئوتتوغا تەھدىتمۇ سالمايدۇ. گەرچە ”بارلىق ئىشلار پۈتۈنلەي ماڭا قاراشلىق بولۇشى كېرەك“ دەپ قارىسىمۇ يەنىلا ئۇنداق ھەرىكەتلەردە بولمايدۇ. پەقەت گېزىتتا (خۇددى گرېگور ستراسسېرنىڭ قىلغىنىدەك) بىرلىندا ”ھېچقانداق بىر تالاش-تارتىش يۈز بەرمىدى، ئوتتو ئىككىمىز بىر پىكىرلىك بولۇشىمىز ئۆزگەرمىدى“ دەپلا خەۋەر بېرىپ قويىدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇ قىلغىنى، يۈز ئۆرۈگەنلەرنى ئاشكارە جازالاش ئەمەس، بەلكى ئوتتونى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان پارتىيە ئەزالىرىنى بىر-بىرلەپ پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى كۆزلىگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. 6-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇ گيوببېلسقا بىر پارچە يوشۇرۇن مەنىلىك يوليورۇق ئەۋەرتىپ، ئوتتو ستراسسېر بىلەن ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى پارتىيىدىن تازىلىۋېتىشنى بۇيرۇيدۇ. ”پارتىيىگە پەقەت مەنىلا رەھبەرلىك قىلالايمەن. — دەپ يازىدۇ ھىتلېر، — مەن مىللەتچى سوتسىيالىزمچىلار

پارتىيىسىنى تېگى ئاجىز بىلەرمەنلەر بىلەن سالونلاردىكى بولشېۋىكلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۆلتۈرىدىغان بىر كلۇب ھالىغا ئايلاندۇرۇشقا ھەرگىز يول قويمايمەن. پارتىيىمىز مەڭگۈگە ئىنتىزامچان بىر تەشكىلات بولۇپ قالىدۇ. پارتىيىمىز ھەرگىزمۇ ئاخماقانە ساپ نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان بىر تەشكىلات ئەمەس. شۇنىڭدەك ئەركىن سايراش يولىغا قويۇلغان سىياسىي جەمئىيەت شەكلىگىمۇ ئۆزگەرمەسلىكى كېرەك. پارتىيىمىز، نېمىس خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ كۈنگە كەلگىنىدە، گېرمانىيىدە سىنىپلىي پەرقلەرمۇ مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. يېڭىدىن دۇنياغا كېلىدىغان گېرمانىيە خەلقى ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان بىر خەلققە ئايلىنىدۇ!" ھىتلېر، شۇ سەۋەپتىن گېوببېلىسقا "بېرلىندىكى ئۇنداق ئۇنسۇرلارنى قىلچە رەھىم قىلماي پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىلسۇن" دەپ يوليورۇق بېرىدۇ. گېوببېلىسمۇ بىر قانچە ھەپتە ئىچىدىلا ھىتلېرنىڭ تەلىماتىنى جايىغا كەلتۈرىدۇ. كېيىن، ستراسسېر بارلىق سوتسىئالىزمچىلارنى ئومۇمى يۈزلۈك پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. ئەمما بۇ چاقىرىققا ئارانلا 24 نەپەر كىشى ئاۋاز قوشىدۇ. ھەتتا ئۇتتۇنىڭ ئۆز ئىنىسىمۇ سوتسىئالىستلارنىڭ ئۇيۇچە چېكىنىشىگە قارشى چىقىدۇ. گرېگور بىلەن يەنە ئىككى نەپەر سولچىل پارتىيە ئەزاسى بىرلىشىپ، "بىز ھىتلېرنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيە ئىنتىزامىغا قەتئىي بوي سۇنىمىز" دەپ ئورتاق بايانات ئېلان قىلىدۇ. گرېگور يېقىنلىرىغا، "مېنىڭ ئۇكام مەڭگۈ بىر قاچقۇن ئەسكەر بولۇپ قالىدۇ. ئۇكامنىڭ پارتىيىدىن ئايرىلغانلىقى، شۇنىڭدەك پارتىيىمىزگە ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشكەنلىكى پۈتۈنلەي ئاخماقانىلىق، تەلۋىلىك قىلغانلىقى ئىدى" دەپ ئېيتقان.

ئوتتو ستراسسېرنىڭ ھىتلېردىن ئاشكارە ئايرىلىش ۋەقەسى، مەتبۇئات ساھەسىنى زىل-زىلىگە كەلتۈرىۋەتكەن بولسىمۇ، پارتىيە ئىچىدە ھېچقانداق بىر سادا پەيدا قىلالمايدۇ. جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۆلۈنۈش كۈرىشىدە ھىتلېر ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياراشتۇرغۇچى رولىنى ئويناپ، پۈتۈن قەلبى بىلەن ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بۇ ئىشتىنمۇ ئۇتۇغلۇق بولۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇ قايتىدىن ئىنتايىن كەڭ قۇرساق پوزىتسىيىدە بولىدۇ.241 ئۇ گرېگور ستراسسېرنى پارتىيە ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى مەۋقەلەرگە كۆتۈرۈپ چىققان، ھەتتا ئوتتو شاھىتلار ئالدىدا ھىتلېرنى ئۇسال قىلماقچى بولغىنىدىمۇ ئوتتۇردىكى زىددىيەتنى ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە، كىشىلەرگە بۇ ئىشتا گويا ئوتتو ئۆزى پارتىيىدىن ئايرىلىشنى تەلەپ قىلغاندەك بىر تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆز ئىچىدە بىر-

بىرى بىلەن ئېلىشىش كۈرىشىگە خاتىمە بېرىلىدۇ. ھىتلېرمۇ پۈتۈن زېھنىنى سىنتەبىردە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك ئومۇمى سايلامغا قارىتىدۇ.

4

1930-يىلى، ھىتلېر ھەممە تەبىقىگە، يەنى دېھقانلارغا، ئىشچىلارغا، ئوقۇغۇچىلارغا، ۋەتەنپەرۋەرلەرگە، ئىرقچىلارغا ۋە شۇنىڭدەك ئوتتۇرا بۇرجۇئا شەھەر ئاھالىلىرىغا ئومۇمى يۈزلۈك بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلىدۇ. ئۇنىڭ كەڭ دائىرىلىك قىزىقىشلىرىنىڭ ئورتاق نۇقتىسى دۇنياۋى ئىقتىسادىي بوھران ئۈستىگە مەركەزلەشكەن ئىدى. بۇ قېتىمقى كرىزىسنى 1929-يىلقى ۋول ستىرىت كوچىسىدىكى توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ (ۋول ستىرىت _ نيۇيوركتىكى دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە پايچېك، ئاكسىسيە بازىرى جايلاشقان كوچا. ئادەتتە ۋول ستىرىت كوچىسى دېگەندە بۇ كوچىغا جايلاشقان ئەنە شۇ پايچېك بازىرى بىناسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ _ ئۇ.ت)، بۇ كرىزىس گېرمانىيىنىڭ كۆرىنەرلىك دەرىجىدە قايتىدىن ئەسلىگە كېلىش دولقۇنىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يوققا چىقىرىۋەتكەن ئىدى. شۇ يىلى ياز ئاخىرلىرىدا گېرمانىيىنىڭ ئىشسىزلار سانى 3 مىليون كىشىگە يەتكەن بولۇپ، شانسۆيلە (باش مىنىستىر _ ئۇ.ت) برۈنىڭنىڭ راسخوتنى قىسقارتىش ئىقتىسادىي سىياسەت ۋەزىيەتنى تېخىمۇ بەتەر قىلىۋېتىدۇ. ھىتلېر كۆڭلىدە، مانا ئەندى سىياسىي جەھەتتە گېرمانىيىنى تېزگىنگە ئېلىش پەيتى كەلدى دەپ ئويلايدۇ. ئۇ، "گېرمانىيە ئىشچىلىرى، ئويغۇنايلى! بوينۇڭلاردىكى زىنجىرنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان پەيت كەلدى!" دەپ ئەينى كومۇنىستلارنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە ئىشچىلارغا چاقىرىق قىلىدۇ. گيوبېلسنىڭ «ھۇجۇم» گېزىتى ئەنە شۇنداق تەشۋىق قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. ھىتلېر دېھقانلار مەنپەتىنى قوغداش ئۈچۈن (دۇنيا بويىچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىشى، دېھقانلارنىڭ ئالىدىغان پايدىسىنى يوق قىلىۋەتكەن ئىدى) ئىچكى باج بىلەن ئىمپورت بېجىنى تەڭشەشنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. يان تاياق بولىدىغانغا ئىشچىلار ئۈيۈشمىسى يوق ئوتتۇرا-تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئۈمىدلەنگەن بولسا، نامراتلىقنى نومۇس بىلىدىغان ئوتتۇرا ھال تەبىقىدىكىلەر ئابرويغا ئېرىشمەكتە ئىدى. ھىتلېر، ئالى مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدىكى غايىلىك ياشلارغا غايىۋى يېڭى بىر دۇنيا ۋەدە قىلىدۇ.

گەرچە غايىلىك ياشلارنىڭ سانى ئۇنچە بەك كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇلار ھىتلېرنىڭ كەلگۈسىدىكى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ساداقەتلىك كادىرلىرى ھېسابلىناتتى. ھىتلېر،

ماتېرىيالىزم بىلەن شەخسىي پەيپەتنى كۆزلەيدىغان لىبىرالىزمغا قارشى تۇرۇشنى، تەڭ باراۋەرلىك ئاستىدىكى جەمئىيەت قۇرۇشنى ۋە ئەمەلىي سوتسىئالىزمنى تەرغىپ قىلىش ئارقىلىق گېرمانىيىنى مەڭگۈ گۈللەپ ياشنىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان سەلەپ ئارمىيىسىنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنىغا ئايلاندۇرۇشنى كۈچەپ تەرغىپ قىلغان ۋاقتىدا، بۇ ياشلار ھىتلېرنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجاندىن ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويىشاتتى. بۇ ياشلار، ھىتلېر ھەقىقى سوتسىئالىستىك بىر ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنگەن ئىدى. ئۇلار شەھەر كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ دۈشمىنى بولغان كومپارتىيە بىلەن ئوخشاش شۇئارنى توۋلىشىدۇ: "بىزگە ئەركىنلىك كېرەك! ئىش كېرەك! نان كېرەك!"

يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان بۇ ئەۋلادلار "شۇنى ھېس قىلماقتىكى، ئىشلار يولىدا كېتىۋاتىدۇ، ئىلگىرىلمەي جىم تۇرۇۋېلىشتەك خەتەرلىك ۋەزىيەت كەلمەسكە كەتتى." بىر ئەگەشكۈچى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر سەن بۇ ھەرىكەتنى ھەقىقى تۈردە بىلمەكچى بولىدىكەنسەن، چوقۇم ئىچىدە ياشىشىڭ كېرەك." بۇگۈن دەل شۇنداق بىر ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن ئىدى. بۇ ۋەزىيەت مۇتلەق كۆپ ساندىكى غايىلىك ياشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان بولۇپ، ھىتلېر بولسا بۇ سادالارنىڭ كۈچىنى چۈشىنىدىغان بىردىن-بىر سىياسىيون ئىدى.

نۇرغۇنلىغان زىيالىلار، جەمئىيەتنىڭ داڭلىق كىشىلىرى، ھەتتا ئوردىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ھىتلېرگە ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرمەكتە ئىدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا، گېرمانىيە پادىشاھىنىڭ گۆدەك بالىسى ئاۋگۇستىن ۋىلھېلم ("ئاۋى") قەدىرلىك سەپدىشى بولغان ھىتلېرغا خەت يېزىپ، "چىن قەلبىمدىن قوبۇل قىلدىم. _ دەيدۇ ھىتلېرغا، بۇ ياش تېخى يېقىندىلا پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان ئىدى، _ مەن قاتتىق ھاياجانغا تولغان بۇ پەيىتتە، تەبىئىي ھالدا سىزنى ئېسىمگە ئالدىم. مەن سىزگە چىن قەلبىمدىن سادىق ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرمەكچىمەن." شاھزادە كوممۇنىزمنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن بەكلا قورقاتتى.242 ئۇنىڭ ئۆزگىرىش ياسىغانلىقى خانزادە فىلىپ ۋون ھېسسېننىمۇ تەسىرلەندۈرگەن ئىدى. بۇ خانزادە گېرمانىيە پادىشاھىنىڭ جىيەنى بولۇپ، ۋىكتورىيە خانىشىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇمۇ كېيىن ئۆزگىرىپ ھىتلېرنى قوللاش تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

1930-يىلى، ھىتلېرمۇ نېمىسلارغا بەزى يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. يەنى ئۇلارغا ئېتىپاقلىق ھېسسىياتىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ھىتلېر قىلچە سىنىپى چەكلىمە كۆرسەتمەستىن ھەممە كىشىنىڭ بۇ ئۇزۇن سەپەرگە قاتنىشىشنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ پەقەت بىرلا شەرتى بار ئىدى: ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن

ھىتلېرغا ئەگەشتى، يەھۇدىيلار بىلەن قىزىللارغا قارشى كۈرەشلەردە، ھاياتلىق ماكانى ۋە گېرمانىيە مەنپەئەتى ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلىدىغان كۈرەشلەردە ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى قالغىچە جان تىكىپ جەڭ قىلىدىغان بولىشى كېرەك ئىدى. "بىزنىڭ قەلبىمىز مەجبۇرلايدىغىنىمۇ 'ھىتلېر، سەن بىزنىڭ ئادىمىمىزسەن' دەپ تۇيلاش ئىدى. _ دەيدۇ كونا بىر پارتىيە ئەزاسى ئەسلىمىسىدە، _ سېنىڭ سۆزلىرىڭ بۇرۇن جەڭ كۆرگەن كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئوخشايدۇ، سەن يۇمشاق ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ كۆنگەن بىرسى ئەمەس، بەلكى خۇددى بىزگە ئوخشاش ھېچكىم ئېتىۋار قىلىپ كەتمەيدىغان، جاپا-مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى تەڭ ياشىغان بىر جەڭچىسەن." ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىلاھى چاقىرىقلارلا ھەر خىل-ھەر رەڭدىكى ئاۋاز بەرگۈچىلەرنىڭ ھېسسىياتلىرىنى قوزغىيالىغان ئىدى. ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ئىشچىلاردىن باشقا ھىتلېر ھېچكىمگە يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش، بولۇپمۇ يەھۇدىيلارنى "تازىلىۋېتىش" مەسىلىسىدە ھەرگىز چىڭ تۇرۇۋالمايدۇ. مەدەنىيەت سەۋىيىسى نىسبەتەن يۇقۇرىراق بولغانلار بىلەن غايىلىك كىشىلەرگە قارىتا بۇ مەسىلە شۇنداقلا دېيىلگەن بىر سۆز ياكى قىلچە ئەھمىيەتسىزلا ئېيتىلغان گەپلەردەك بىلىنەتتى.

شۇ يىلى يازدا، ھىتلېر ھەممىنى ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويىدىغان پىلاننى يولغا قويۇش ئۈچۈن جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ مەلىكەت بويىچە ئايلىنىشقا باشلايدۇ. ساياھىتىنىڭ ئاخىرقى ئالتى ھەپتىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا جەمئىي 20 قېتىم مۇھىم نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ھىتلېر، تۇغما سىياسىيون ھېسابلىناتتى. ئۇ، خەلق ئاممىسى بىلەن بىرگە بولۇش ۋاقىتلىرىدا كىشىلەر بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش، بوۋاقلارنىڭ يۈزىگە سۆيۈپ قويۇش، ئاياللارغا باش ئېگىپ تازىم كەلتۈرۈش قاتارلىقلاردا پۈتۈنلەي تەبىئى ھەرىكەت قىلىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە ئۇلاردىن ئۆزىگە كۈچ-قۇۋۋەتمۇ توپلىيالايتتى. ئۇ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى بىلەن بىرگە تاماق يېيىش ئورنىغا، كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا ئىشچىلار سىنىپى ياكى تۆۋەن تەبىقە كىشىلەر ئارىسىدىكى تەرەپبازلىرى ئارىسىغا چۆكۈپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى. ئۇنىڭ ھەممىگە تەڭ كۆز بىلەن قاراشتەك مۇئامىلىسى تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەر ۋە ئەمگەكچىلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى.

ھىتلېر ھەر تۈردىكى كىشىلەر بىلەن يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم خەت يېزىش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان بولسىمۇ، ئۇ لاندسبېرگدىكى تەجرىبە ساۋاقلىرىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمىغان ئىدى: ئۇ چوقۇم ئاممىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىشى شەرت ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇششاق-چۈشەك ئىشلاردا ئۆزىنى باشقىلارنى

ئەيپلەشكە مەجبۇر قىلىدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىغا يول قويمايتتى. ھىتلېر مىليونېرلار، قىزىللار، ماركسىزمچىلارنى ۋە شۇنىڭدەك ئىشسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرىدىغان، ئوتتۇراھال سىنىپلارنىڭ جوغلانمىلىرىنى پاك-پاكىزە قۇرۇتىۋېتىدىغان ئۇنداق "تۈزۈم" لەرگىمۇ قايتا-قايتىلاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ، سىنىپلار بىلەن سىنىپلارنى زىدىيەتلەشتۈرۈش يولىنى تۇتقان بىرسى بولماستىن، ئەكسىنچە بارلىق تەبىقىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بىرلەشتۈرىدىغان يولنى تۇتقان بىرسى ئىدى.

گېرمانىيە، بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ھەتتا پۈتۈن دۇنيا، بۇنداق بىر چاقىرىققا ھېچقاچان بۇنچىلىك ئەگىشىپ باققان ئەمەس. گېيوبېلس چوڭ زاللاردا، ئون مىڭ كىشى سىغقىدەك چېدىرلاردا ۋە ياكى مەيدانلاردا 6 مىڭ كىشىلىك يىغىنلارنى تەشكىللەيدۇ. شۇنىڭدەك مەشئەللىكلەر نامايىشى ئورۇنلاشتۇرىدۇ؛ مەيلى شەھەر ياكى يېزىلاردا بولمىسۇن، ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىققىدەك قىزىل رەڭلىك شۇئار پىلاكاتلىرىنى چاپلاتقۇزىدۇ. ناتسىستلار چىقارغان گېزىتلاردا ھەر دائىم مەلۇم بىر ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس كىتابچىلارنى قوشۇپ چىقىرىپ تۇرىدۇ، ھەتتا ھەر بېسىشتا نەچچە مىليون نۇسخا بېسىپ پۈتۈن مەملىكەتكە يېيىۋېتىدۇ؛ ئەگەر بۇلارنى سېتىپ بولالمىسا ھەقسىز تارقىتىدۇ.

گېيوبېلس، ئومۇمى خەلق سايلام كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئىشچىلارغا قارىتىپ چىقىرىلغان چۈشەندۈرۈشنامىسىدا سايلامنى قانداق تېزگىنلەيدىغانلىق توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىشچىلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ تۈردىكى ئاگاھلاندۇرۇشلار كۆلكىلىك كۆرۈنگەندەك قىلسىمۇ، يەنىلا كارغا يارايدىغان ئاگاھلاندۇرۇش ھېسابلىناتتى. "چاخچاق قىلغاندەك ئىشلەڭلار، ئەمما ئەستايىدىل ئىشلەڭلار! خۇددى ئادەتتە كىشلەرنىڭ ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرغان بولسا سىلەرمۇ ئۇ قەدىرلىك كەسىپداشلىرىڭلارغا ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تاقابىل تۇرۇڭلار! ئۇلارنى ھاياجانغا سېلىڭلار، ئۇلارنى تىرىكتۈرۈڭلار، ئاندىن ئۇلارنى بۇرنىدىن يېتىلەپ يولۇڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار!" شۇ كۈنى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاۋاز بېرىش نوقتىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ئۆچرەتلەر پەيدا بولۇپ كېتىدۇ. سايلامغا قاتناشقانلارنىڭ سانى 35 مىليون كىشىگە يېتىپ، 1928-يىلىغا قارىغاندا تۆت مىليون كىشى ئارتقان ئىدى. ھىتلېر چۈشتىن كېيىن ميۇنخېندىكى سايلام مەركىزىگە كېلىدۇ.243 ئۇنى قارشى ئېلىشقا چىققان كىشى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ نەشرىياتچىسى ئادولف مۆللېر ئىدى. مۆللېر ھاياجانلانغان ھالدا ھىتلېرغا مۇنداق دەيدۇ: "بىز ئۇتۇپ چىقتۇق! چوقۇم 66 ۋەكىلگە ئېرىشەلەيمىز!" 1928-

يىلدىن بۇيان، ئۇلار ئارانلا 54 ۋەكىللىك ئورۇنغا ئېرىشەلىگەن ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، كۆپەيگەن ۋەكىل سانى ھەققەتەنمۇ ھەيران قالارلىق ئىدى. ئەمما ھىتلېر، ئەگەر گېرمانىيە خەلقى توغرا ئويلىيالىغان بولسا، بۇ سان چوقۇم ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى كېرەك، دەيدۇ. "مېنىڭ ئېچىمدىن چوقۇم يۈز ۋەكىللىك ئورنىغا ئېرىشەلەيمىز دەيدىغان سادا كېلىپ تۇرماقتا!" دەيدۇ. دېگەندەك، ئۇلار 107 نەپەر دېپۇتاتلىق ئورۇنغا ئېرىشكەن ئىدى. "ئۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەشكە تىلىم كاملىق قىلىدۇ! بىزنىڭ دېپۇتات سانىمىز 12 نەپەردىن 107 نەپەرگە كۆپەيگەن ئىدى!"

مىللى سوتسىئالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى ئەزالىرىنى ھەيران قالدۇرغان ئىش، ئۇلارنىڭ ئۆكتىچىلىرىنى يىرگەندۈرۈپ قاتتىق چۆچىتىۋېتىدۇ. بىرەر خاتا بولۇپ يۈرمىسۇن دەپ، مەسئۇل كىشىلەر سايلام بېلەتلىرىنى قايتا-قايتىلاپ ساناپ تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. سېلىشتۇرۇشتىن ھېچ قانداق بىر خاتالىق كۆرۈلمىگەندىن كېيىنلا ئاندىن سايلام نەتىجىسىنى ئېلان قىلىشىدۇ: ناتسىستلار 6 مىليون 371 مىڭ ئاۋازغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئومۇمى ئاۋازنىڭ 18 پىرسەنتتىن ئارتۇقىنى تەشكىل قىلماقتا ئىدى. ئىككى يىلغىمۇ يەتمىگەن قىسقا ۋاقىتتىلا ھىتلېرنىڭ پارتىيىسى 810 مىڭ ئاۋازدىن بىراقلا 6 مىليوندىن ئارتۇق ئاۋازغا ئېرىشىپ ئىمپېرىيىنىڭ ئىككىنچى چوڭ پارتىيىسى ھالىغا كېلىۋالغان ئىدى. ھىتلېرنى سىياسىي سەھنىدە ئۆلدى، دەپ ئېلان قىلىشقىنىدىن كېيىن، سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسى خاتا ھالدا كۆرەش نىشانىسىنى قىزىللارغا قارشى تۇرۇش ئىشىغا مەركەزلەشتۈرىۋالغان ئىدى.

كومپارتىيىمۇ 1 مىليون 326 مىڭ ئاۋازغا ئېرىششتەك زور ئۇتۇقنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. ئەمما سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكىلەر بولسا بۇ قېتىمقى سايلامدا 60 مىڭ ئاۋازدىن مەھرۇم بولىدۇ. بۇ ئەھۋال شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ھىتلېرنىڭ غەلىبىسىنى، ئوتتۇرا ھال سىنىپلار پارتىيىلىرىنىڭ خاتالىششلىرى بەدىلىگە قولغا كەلگەن دېيىشكە بولاتتى. ناتسىستلارنىڭ ئېرىشكەن ئارتۇق ئاۋازلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېھقانلار بىلەن ئوتتۇرا-تۆۋەن دەرىجىلىك سىنىپلاردىن، شۇنىڭدەك گېرمانىيىنىڭ شىمالىدىكى پروتېستانلار تەۋەسىدىن كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ كاتولىكلاردىن قولغا كەلتۈرگەن ئاۋازلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. پۈشخانا قوزغىلىڭىدىن بۇرۇن ھىتلېر ئاساسەن يۈز ئۆرۈگەنلەر ئارىسىدىن، ئويغانغانلار ئارىسىدىن ۋە ئۈمىتسىزلەر ئارىسىدىن ئاۋاز توپلاپ كەلگەن بولسا، مانا ئەندى ھىتلېرنى ياخشى كۆرۈشمىز ئۈچۈن يېتەكچى ئادەم دەپ ئۈمىد قىلغان كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىغا ئېرىشكەن ئىدى. سايلامغا قاتناشقانلارنى ھىتلېر تەرەپكە جەلپ قىلغان سەۋەب ھىتلېرنىڭ ئىلاستىكلىق جەلپ قىلىش كۈچى بىلەن

ئۇنىڭ ئىنتايىن جانلىق نۇتۇقلىرى ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى ئاۋاز ساندۇقلىرىغا باشلاپ كېلەلىگەنلەر ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلغان پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلاملىرىدىكى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ياچېيكا رەھبەرلىرى بىلەن ياچېيكا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ هارماي-تالماي قىلغان خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئۆتكەن بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، خانفىستايىنگىلنىڭ ئاچچىق قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرى ھىتلېرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرغان بولسا، سايلامدا قولغا كەلتۈرگەن ھەيران قالارلىق نەتىجىلەر خانفىستايىنگىلنى قايتىدىن ئەتىۋارلىق ئورۇنغا ئىگە قىلغان ئىدى. ھېس، تېلېفوندا، "ھىتلېر سېنىڭ بىلەن دەرھال كۆرۈشمەكچى" دەپ خەۋەر قىلدى. ھىتلېر، يېرىم سائەتكە قالماي خانفىستايىنگىلنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭدىن پارتىيىنىڭ چەتئەللىك مۇخپىرلارنى كۈتىۋېلىش بىيروسىنىڭ مۇدىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالامسەن، دەپ سورايدۇ. "ئىشلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى بەكلا پارلاق. بىر قانچە ئايغا قالمايلا، كۆپ بولسا بىر-ئىككى يىل ئىچىدىلا مەملىكەت بويىچە ھوقۇققا ئېرىشەلەيمىز، بۇنىڭغا ئەندى ھېچ كىم توسالغۇلۇق قىلالمايدۇ. سېنىڭ مۇناسىۋەت دائىرەڭ بەكلا كەڭ. شۇڭا ئىشلىرىمىز ئۈچۈن بەكلا كۆپ تۆھپە قوشالىشىڭ مۇمكىن."

خانفىستانگىر ھىتلېرنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاردىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەي، ھىتلېر بىلەن بىرلىكتە لېيپزىگقا بارىدۇ. ئۇ يەردە ئۈچ نەپەر ياش ئوفىتسېر ئارمىيە ئىچىدە ناتسىستىزم تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان دەپ سوتقا تارتىلىۋاتقان ئىدى. 25-سېنتەبىردە، ھىتلېر ئۆزى بىۋاستە سوتتا شاھىتلىق قىلىپ، سوتتا ھەممە كىشىنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدىغان ئىنتايىن ئاقلانە، بەكلا ئىككى قىرلىق سۆز قىلىدۇ. ئۇ، تىنچ ئۇسۇلغا تايىنىپ، يەنى سايلامغا قاتنىشىش ۋاستىسى ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئارمىيىگە سادىق بولىدىغانلىقىنى، نومۇس قىلىنارلىق ۋېرساىل شەرتنامىسىنى بىكار قىلىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن "قانۇنسىز تەدبىرلەرگە مۇراجەت قىلىشقا مەجبۇر قالغىدەك بولسىمۇ" قىلچە چېكىنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ نۇتقىنى تۈگىتىپ بولۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى ئىنقىلابچىلارغا قەسەم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھاكىمىيەتنى قولغا ئالار-ئالماي دەرھال مىللىي سوتسىئالىزم سوتىنى قۇرۇپ چىقىمەن. 244 "ئەنە شۇ چاغدا، 1918-يىلىنىڭ نويابىر ئىنقىلابىدىن قىساسىمىزنى ئالىمىز، ئەنە شۇ چاغدا ئۇلارنى جادىغا تۇتىمىز!" دەيدۇ. ئۇ، يەنە بىر قېتىم سىياسىي جەھەتتە جانلىق ئۇسۇلدىن پايدىلانغان بولۇپ، بۇنىڭدىن شەھەر خەلقى بىلەن ئىنقىلابچىلار تەڭلا دېگىدەك قايىل بولىدۇ. شەھەر خەلقىگە تىنچلىقنى ۋەدە قىلغان بولسا، ئىنقىلابچىلارغا قانلىق قىساس ۋەدىسىنى بېرىدۇ.

ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ ئۆنۈمى گېرمانىيە چېگرالىرىدىن ھالقىپ چىقىپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ. ھىتلېر ئەندى گېرمانىيىدىكى ئىككىنچى چوڭ پارتىيىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە سۆزلەۋاتقىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ۋېلشال شەرتنامىسى ھەققىدىكى كۈشكۈرتۈش خاراكتېرىدىكى سۆزلىرى ئادەتتىكى بىر سىياسىيونىنىڭ سۆزلىرىدەك ئەھمىيەتسىز سۆزلەر قاتارىدا قارىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

خانفىستاينگىلمۇ چەتئەللىك مۇخبىرلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قالغان ئىدى. مۇخبىرلار ئۇنىڭدىن بەس-بەس بىلەن گېرمانىيىدىكى يېڭى ئەھۋاللار ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەلىۋىدە بولۇنماقتا ئىدى. ھىتلېرمۇ ئالدىراش-تىنەش لوندوندا چىقىدىغان «يەكشەنبىلىك تىز خەۋەر» گېزىتى ئۈچۈن بىر پارچە ماقالە تەييارلايدۇ. ”بۇ قېتىمقى سايلام، گېرمانىيە خەلقىنىڭ قىزىتمىسىنى ئۆلچىگەندەكلا بىر سايلام بولدى. _ دەيدۇ ھىتلېر ماقالىسىدا، _ پۈتۈن دۇنيا شۇنى ھەيرانلىق ئىچىدە كۆرمەكتىكى، گېرمانىيىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلىمەكتە _ قىزىتمىسى بەكلا يوقۇرى. مەۋجۇت ۋەزىيەت بىلەن چىداش مۇمكىن بولمىغان ئېغىر يۈككە قارشى چىقىش ئۈچۈن بۇ قىزىتما تەبىئىي ھالدا داۋاملىق يوقىرى ئۆرلىمەكتە.“ ھىتلېر ۋېلشال شەرتنامىسى بىلەن ”ياشلار پىلانى“ نىڭ ئۆزگەرتىلىشىنىلا تەلەپ قىلىپ قالماي، يەنە ”بەدىنىمىزدىن بىر پارچە گۆشىمىز شۇلۇۋېلىنغاندەك بىر ۋەقە بولغىنى ئۈچۈن پولشا كورىدورىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشىنى“ مۇ تەلەپ قىلىمىز دەيدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇش قوزغىغۇچى جىنايى جاۋابكار ئىكەنلىكى قەتئىي رەت قىلىپ، پىرىزدېنت ۋالىسۇننىڭ ئۆزى ئىمپېرىيىگە بەرگەن داغدۇغىلىق قەسىمگە خىلاپلىق قىلدى دەپ ئەيىپلەيدۇ. ”ئەگەر گېرمانىيە خەلقى خۇددى بۈگۈنكىدەك جاپا تارتىشنى خالايدىغانلا بولىدىكەن، ئۇلار ئەتىمۇ ئوخشاشلا بۇ جاپانى تارتىپ كېتىۋېرىدۇ. _ ھىتلېر نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنداقتا بىز 'بەس يېتەر' دەپ تۇۋلاپ تۇرۇپ جاپا تارتىشىمىز كېرەككى، ھەرگىز 'بوپتىلا' دەپ تۇرۇپ باشقىلارنىڭ جاپانى ئۈستىمىزگە يۈكلەپ قويىشى بىلەن جاپاغا قالماسلىقىمىز كېرەك.“

بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ھىتلېر ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئۇ لوندوندا چىقىدىغان «تايمىس» گېزىتىنىڭ مۇخبىرىغا ئۆزلىرىنىڭ مۇتلەق تۈردە قانۇن يول قويغان دائىرى ئىچىدە پائالىيەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ”شۇنداق بولغاچقا، ئەگەر بىز سىلەرگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدىغان بولساق، يەنى سىلەر بىزنىڭ ئورنىمىزدا بولسا ئىدىڭلار، ئۇ ھالدا بىزنى ئەيىپلىمەسلىكىڭلار كېرەك. مەن ئەنگلىيىنىڭ ھەرگىزمۇ گېرمانىيىنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمايمەن. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر ئەنگلىيە گېرمانىيىدەك ئەھۋال

ئاستىدا قالغىنىدا، ئەگەر ئەك مۇشەققەتلىك ئەھۋال ئاستىدا قېلىپ ئارقىسىدىن ئوق يېگىدەك بولغىنىدا، ئۇ ھالدا ئەنگلىيە قايتىدىن ئورنىدىن تۇرۇپلا كېتەلىگىدەك بولسا ئۇلار قانداق قىلار بولغىيدى؟ شۇ كۈنلەردە ئەنگلىيىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىرى ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش نىيىتىدە بولغان كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن؟"

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، يەنى 13-ئۆكتەبىر كۈنى، 107 نەپەر قوڭۇر كۆڭلەكلىك ناتسىست دېپۇتاتلىرى قاتار تىزىلىپ پارلامېنت زالىغا كىرىپ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. يوخلىما ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى "بار! خايىل ھىتلېر!" دەپ قاتتىق ئاۋازدا جاۋاب بېرىشىدۇ. سوتسىئالىزمچىلارنىڭ ۋەكىلى بولغان تونى سېنىدېر بۇنداق ۋارقىراپ جاۋاپ بېرىشتىن بەكلا ھەيران قالىدۇ: "مانا بۇلار ئارىيان مىللىتىنىڭ ھەقىقى جەۋھەرلىرى! بۇ بىر تۈركۈم غەلۋىچى، ۋارقىراپ جارقىراپلا يۈرىدىغان ئۈنفورما كىيگەن مەلئۇنلار! مەن ئۇلارنىڭ چىرايىغا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپ سالدىم. مەن ئۇلارنىڭ چىرايىغا قانچىكى سەپ سالسام، ئۇلارنىڭ چىرايىدا كۆرۈلگەن ھالىتىدىن شۇنچە قاتتىق ھەيران قالدىم: بۇ كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كۆزۈمگە جىنايەتچى، چۈشكۈنلۈك ئىچىگە پېتىپ قالغان كىشىلەرنىڭ قىياپىتىدە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇنىڭدەك مەلئۇنلار بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرۇش نېمە دېگەن ئېغىر چۈشكۈنلۈك!"

گرېگور ستراسسېرنىڭ پارلامېنت سەھنىدە سۆزلىگەن سۆزى خېلى تەمكىن سۆزلەنگەن سۆزلەر ئىدى: "قەدىمىمىز مۇشۇ يەرگىچە، يەنى پارلامېنتقىچە. دېموكراتىيە مەۋجۇتلا بولىدىكەن، بىزمۇ شۇ كونا تۈزۈم بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇرمىز. ... ئېھتىياجىمىزغا ئۇيغۇنلا كېلىدىكەن، بىزمۇ ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنى ھىمايە قىلىمىز." ئەمما پايتەخت كوچىلىرىدا يۈز بەرگەن ئىشلار كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرنىڭ سايىسىدەكلا سېزىلمەكتە، 245 فورمىلىق يۈزلىگەن ھۇجۇمچىلار ئەزالىرى يەھۇدىيلارنىڭ دۇكان، قەھۋەخانا ۋە تۈرلۈكماللار ماگازىن دېرىزىلىرىنى يامغۇردەك تاشقا تۇتماقتا ئىدى.

5

ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، سىنتەبىر ئومۇمى سايلىمىغا ئۇلۇشۇپلا كەلگەن خەلقئارالىق تەشۋىقاتلار بىر تەرەپتىن ياخشى ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياخشى بولمىدى دېيىشكە بولاتتى. ھىتلېرنىڭ داڭقى چىقىشقا ئەگىشىپ ئۇنىڭ نەۋرە بالىسى، ئاپىسى بىلەن

بىرلىكتە ئەنگلىيىدە تۇرىۋاتقان ۋىللىيام پاترىك ھىتلېر ئۇشتۇمتۇت ئۇنى يوخلاپ كېلىدۇ. 1909-يىلى، دۇبلىندا كۇتكۇچىلىك قىلىپ يۈرگەن ئۈگەي ئاكىسى ئالوييسچىك، بىرىگ ئېلىزابېت دوۋلىڭ دېگەن ئىرلاندىيىلىك بىر قىز بىلەن توي قىلغان ئىدى. ئالوييسچىك تىنماي ئىش يۆتكەپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن تۇرمۇشى بەكلا جىددىيچىلىك ئىچىدە ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتىدۇ. ئالوييسچىك ئاۋال لىۋېرپولدا بىر كىچىك ئاشخانا ئاچقان ئىدى. كېيىن بۇ ئاشخانىنى سېتىۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىجارىگە بېرىدىغان بىر ئۆيچە ياتاق سېتىۋېلىپ مېھمانخانا خوجايىنى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ ئىشتىمۇ ۋەيران بولغاندىن كېيىن، بىرىنتىۋا ساتىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىرىگ بۇنداق قىيىن تۇرمۇشقا كۆنەلمەي نەچچە قېتىم ئۇنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن ئىدى. ۋىللىيام پاترىك تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئالوييسچىك ئاتىسىنىڭ تۇتقان قاتتىققول يولىنى تۇتۇپ، بالا دېگەننى كىچىكىدىن تارتىپلا چىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇش كېرەك دەپ قاراپ، ئايالى يوق ۋاقىتلاردا بوۋاقنى نەچچە قېتىم قاتتىق ئۇرۇپ قىينىغانلىقى سەۋەبىدىن ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. ۋىلللىيام پاترىك 3 ياشلىق بولغان ۋاقىتلىرىدا بۇ ئائىلە پارچىلىنىپ كېتىدۇ. بىرىگنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، ئالوييسچىك ئۇلارنى تاشلىۋېتىپ ئۆزى يالغۇز گېرمانىيىگە كېتىۋالغانمىش؛ ئەمما ئالوييس يېقىنلىرىغا باشقىچە گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەن بولۇپ، ئايالىم بىر ئىنجېنېرنىڭ كەينىدىن كېتىپ قالدى، بالامنىمۇ ئېلىپ كەتتى، دەپ سۆزلەپ يۈرگەن.

بىرىگ بىلەن ئوغلى ئىككىسى گېزىتلاردا ھىتلېرنىڭ ئومۇمى سايلامدا غەلىبە قىلغانلىق خەۋىرىنى كۆرۈپ، ”بۇ ئىش پۇل يۇلىۋېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قاراپ، ھېرىست گېزىتى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ.“ ھەر نېمە دېگەن بىلەن، ئالوييسچىكمۇ ئائىلىسى ئۈچۈن زادىلا پۇل ئەۋەرتىپ باقمىغاندە! شۇنداق قىلىپ، ئۇلار لوندوندا ھېرىست گېزىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن كېلىشىمنامە ئۈچۈن سۆزلىشىدۇ. ئۆكتەبىر باشلىرىدا، ۋىلللىيام پاترىكنىڭ رەسمى ئامېرىكىدىكى گېزىتلاردا كەينى-كەينىدىن بېسىلىدۇ. بۇ رەسىمگە بېرىلگە چۈشەندۈرۈشتە، ”لوندوندا ئىشلەپ يۈرگەن تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتچى ۋىللىيام پاترىك ھىتلېر گېرمانىيىدىكى يېڭى سىياسىي كاتتىۋاش ئادولف ھىتلېرنىڭ جىيەنى بولىدىكەن. بۇ كىشى لىۋېرپۇلدا تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىك ئاتىسىنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدە بەك كۆپ نەرسە بىلمەيدىكەن“ دەپ يازىدۇ. راس دېمىسىمۇ ئۇ ھىتلېر ھەققىدە تۈزۈك بىر نېمە بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئاتىسىغا خەت يېزىپ، بۇ يېڭى سىياسىي داھىنىڭ ھايات ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ”دادامدىن جاۋاب خەت ئالدىم. _ دەيدۇ خېلى يىللاردىن كېيىن سىتراتېگىيىلىك ئاخبارات

باشقارمىسىدىن كەلگەن زىيارەتچىگە، _ ئاتام خېتىدە، ئادولف ئائىلە يىغىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا مەن ساڭا بۇ خەت بىلەن بىرگە پاراخوت بىلىتىنى قوشۇپ ئەۋەرتتىم. دەرھال كەل، دەپتۇ“ دەپ سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ ئاپىسى بىلەن بىرگە مىيۇنخېنغا بارغىنىدا، ھىتلېرنىڭ ”غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكىدەك“ ھالغا كەلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئانگېلا لاپور بىلەن ئالوييسچىكلارمۇ قاتناشقان ئائىلە يىغىنىدا، ھىتلېر ”مېنىڭ ئىناۋىتىم كۆندىن-كۈنگە ئېشىپ بارماقتا. شۇڭا سىلەر مېنىڭ ئۈستۈمدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئابرويىمدىن پايدىلىنىش خىيالىنى قىلىشقا ھەققىڭلار يوق. _ دەيدۇ. ھىتلېر سۆزىنى داۋام قىلىپ، ئالوييسچىكنىڭ بىرىگ بىلەن ئاجرىشىپ بولالمىغانلىقى، شۇنىڭدەك قايتىدىن يارىشىۋالغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە سىرلىرىنى ھېرست گېزىتىغا ئاشكارىلىۋەتكەنلىكىنى، بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقىغا ئېرىشىش پۇرسىتىنى ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. _ مەن ئەزەلدىن ئۆزەمنىڭ شەخسى ئىشلىرىمنى مەتبۇئاتقا ئاشكارىلىماسلىق ئۈچۈن قاتتىق دىققەت قىلىپ كەلگەنمەن! _ (ۋىلىللىيام پاترىكنىڭ ئارىدىن 9 يىل ئۆتكەندە «پارىژ كەچلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدا دېگەنلىرىگە قارىغاندا) _ مېنىڭ ھايات سىرلىرىمنى بۇ تۈردىكى كىشىلەر بىلمەسلىكى كېرەك. ئۇلار مېنىڭ نەلىك ئىكەنلىكىمنى، قانداق بىر ئائىلىدىن كەلگەنلىكىمنى ھەرگىز بىلمەسلىكى كېرەك. ... شۇ سەۋەپتىن مەنمۇ يازغان كىتابىمدا بۇ ئىشلار ئۈستىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم.246 راستىنلا بۇ ھەقتە گەپ قىلمىغان ئىدىم. ئەمما بۈگۈن قارايدىغان بولساق، ئۇلار مېنىڭ جىيەنىمنى تۇيۇقسىزلا تونۇپ قالغان. ئۇلار مانا ئەندى جاسۇسلىرىنى يوللاپ مېنىڭ يىلتىزىمنى قېزىپ چىقىرىش ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئىشىغا كىرىشىپ كەتكەن.“ ئۇ «پارىژ كەچلىك گېزىتى» دە بېسىلغان ماقالىنى تىلغا ئېلىپ غەزەپ بىلەن مۇنداق دەپ ئېلان قىلىدۇ: ئاتىسى ئالوييسچىك (ئالوييسمۇ بۇ گەپلەرگە بىر نېمە دېمەي جىم ئولتۇرىۋالىدۇ) ئاتىمىز ئالوييس ھىتلېرنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى بولغاچقا، ۋىللىيام پاترىك دېگەن بۇ ئادەم مېنىڭ بىرەر تۇققىنىممۇ ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئاپىسى بىلەن بىرلىكتە (ستىراتېگىيىلىك ئاخبارات باشقارمىسىن كېلىپ زىيارەت قىلغان ئادەمنىڭ گېپىگە ئاساسلانغاندا) دەرھال لوندونغا قايتىپ كېتىشى، ھەمدە ھېرست گېزىتىگە خەۋەر قىلىپ، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى باشقا بىر ئادولف ھىتلېر ئىكەنلىكىنى، بۇ كىشىنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچ قانداق بىر تۇققانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق ھەل قىلىش چارىسىدىن ھىتلېر ”ئىنتايىن مەمنۇن“ بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئانا-بالا ئىككىسىنى ”ئىمكان بار تېزلىكتە ئەنگلىيىگە قايتىپ كېتىشى كېرەكلىكىنى، بۇندىن كېيىن ئۆزى بىلەن بولغان بارلىق

مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزىشى" كېرەكلىكىنى جىكىلىگەندىن كېيىن، ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ مىيۇنخېندىكى چىقىملىرى بىلەن ئۆيىگە قايتىش يول كىراسى ئۈچۈن ئالويسچىكقا 2 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى پۇل تۆتقۇزىدۇ. ئالويسچىك ئۇلارغا مىيۇنخېندا خەجلەيدىغان پۇللىرى بىلەن قاتناش بېلىتىنى ئېلىپ تۇتقۇزىدۇ. ئاشقان پۇلنى يولدا يوقۇتۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئۆز پىتى ئۇلارغا كەينىدىن پوچتىدىن ئەۋەرتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كېيىن ۋىللىيام پاترىك قەسەم قىلغان ھالدا، قالغان پۇلدىن بىر تىيىننىمۇ تاپشۇرۇپ ئالمىدۇق، دەيدۇ (قىزىق يېرى، شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، نيۇيوركتىكى ھېرست مەتبۇئاتى بولغان «ئامېرىكىلىق» تا ئالويسچىك ھىتلېر نامىدا ئادولف ھىتلېر ھەققىدە بىر پارچە ماقالە بېسىلىدۇ. بۇ ماقالىدا، ئالويسچىك ئىنىسىنىڭ ھەققەتەنمۇ ئۇماق، مەرت بىر بالا ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك خىيالپەرەس بىرسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ خىيالى بىلەن رىياللىق ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرقى بارلىقى ھەققىدە توختالغان. ماقالىدا، ئادولف، ئاپىسى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، سىڭلىسىنى ۋېيىناغا ئالدۇرىۋالغان؛ ئۇ يەردە، ئاكا-سىڭىل ئىككىسى رەھىمسىز يوقسۇزلۇق بىلەن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغانمىش؛ ئالويسچىك ماقالىسىنىڭ داۋامىدا مۇنداق دەيدۇ: ئادولف، پاۋلا بىلەن بىرگە تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ھەتتا كوچا تازىلىقى دېگەندەك ئېغىر ۋە پاسكىنا ئىشلارغىمۇ ياق دېمىگەن؛ كېيىن ئادولف مىيۇنخېنغا كېتىپ، ئۇ يەردە ئۆي ئاقلاش، ئۆي بىزەش دېگەندەك ئىشلار بىلەن شوغۇللانغانمىش).

ۋىللىيام پاترىك بىلەن ئاپىسى ئىككىسى ئەنگلىيىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇزۇنغا قالماي، ھىتلېر ئادۋوكاتىنى پرىنزرېگېنتېنپلاتز مەيدانىدىكى ئۆيىگە چاقىرىدۇ. ھىتلېر، ئالدىدا تۇرغان بىر پارچە خەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ خەت 'ئىنتايىن قەبىھ' پۇل ئۇندۇرىۋېلىش دېلوسىغا مۇناسىۋەتلىك بىر پارچە خەت. بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان بىر تۇققىنى پەيدا قىلغان بولۇپ، بۇ ئىش ئۇنىڭ بوۋىلىرىغا بېرىپ چېتىلىدىغان بىر ئىش" دەيدۇ. خانس فرانكنىڭ ئەسلىمىسىدىن قارىغاندا، ھىتلېر ئۆچ تۇققىنىم دەپ ۋىللىيام پاترىك ھىتلېرنى ئىشارەت قىلغان ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ بىر ئىماسىغا ئاساسەن گېزىت ساھەسىدىكىلەر ھىتلېرنىڭ بوۋىلىرىدىن بىرىنىڭ بىر ئىشىغا بەكلا قىزىقىپ قالغان. يەنى ھىتلېرنىڭ قېنىدا مەلۇم مىقداردا يەھۇدىي قېنى بار دەپ گۇمان قىلىناتتى. شۇڭا فۇھرېر بۇ ئىشنىڭ يوشۇرۇن تەكشۈرۈلىشىنى فرانكقا تاپشۇرىدۇ. فراكنىڭ "قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغان بارلىق مەنبەلەر" دىن توپلىغان دوكلادى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى خاتىرجەم قىلىدىغان گەپلەردىن ھېسابلانمايتتى: ھىتلېرنىڭ دادىسى قارىغاندا "لىنز شەھىرى ئەتراپىدىكى لېئوندىڭدىكى شىكىلگرۇبېر فامىلىلىك بىر ئۆي

خىزمەتچىسى قىزدىن تۇغۇلغان نىكاسىز بالىدەك قىلاتتى.“ يەنى بۇ ئايال، يەنى ھىتلېرنىڭ ئاتا تەرەپ مومىسى بولغۇچى ئايال كىراز كەنتىدىكى بىر ئائىلىدە خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ ئۆي خىزمەتچىسى ئايال، ”فرانكېنبېرگېر دېگەن بىر يەھۇدىيغا ئۆي خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلاردا بىر بالا تۇغقانىكەن. 1830-يىللار ئاخىرلىرىدا فرانكېنبېرگېر ئۆزىنىڭ 19 ياشلىق ئوغلىغا ۋاكالىتەن شىكلگرۇبېر فامىلىلىك ئايالغا تۇققان بالىسى ئۈچۈن تۇغۇلغان كۈنىدىن تارتىپ 14 ياشقا كىرگىچە مەلۇم مىقداردا 'ئاتىلىق ياردەم پۇلى' تۆلىگەنمىش.“ شۇنىڭدەك بۇ فرانكېنبېرگېر دېگەن كىشى بىلەن ئۇ ئۆي خىزمەتچىسى ئايال (ھىتلېرنىڭ چوڭ مومىسى) ئۇزۇنغىچە خەت-ئالاقە قىلىشىپ ئۆتكەنىكەن. ”يېزىشقان خەتلىرىدە تەخمىنەن مۇنداق گەپلەر يېزىلغانمىش: شىكلگرۇبېرنىڭ بۇ بالىغا ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغان ۋاقتى، يېرى قاتارلىقلار دەل توغرا كېلىدىغانلىقى بۇ ئىشقا سەۋەپچى بولغان كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولغانلىقى ئۈچۈن، فرانكېنبېرگېرمۇ بۇ ياردەم پۇلىنى بېرىشكە مەجبۇر قالغانمىش.“247 فرانكنىڭ بۇ دوكلاتىدا، ھىتلېرنىڭ ئاتىسىدا يېرىم يەھۇدىي قېنى بارلىقىنى ئىنكار قىلىش ئىمكانىيىتى يوق، دەيدىغان كۆڭۈلسىز بىر خۇلاسە چىقىرىلغان.

فۇھرېر، فرانكنىڭ خۇلاسىسىغا قاتتىق غەزەپ بىلەن نارازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ پەرىشانلىق ئىچىدە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ بوۋىسى نامراتلىق دەردىدە چارىسىز قالغاچقا، فرانكېنبېرگېرنى يالغاندىن ئاتىلىق قىلىش مەجبۇرىيىتىڭ بار دېگەننى باھانە قىلىپ، ياردەم ھېساۋىدا ئۇنىڭدىن خېلى كۆپ پۇل ئۇندۇرىۋالغانىكەن، دەپ ھېكايە توقۇپ چىقىرىدۇ. ھىتلېر، بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن چوڭ ئانىسى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ قەسەم قىلىدۇ . فرانكنىڭ توپلىغان ئىسپاتلىرى ھىتلېرنى ئېغىر ئالاقزادە قىلىۋەتكەنلىكى ئېنىق. بولمىسا ئۇ قانداقمۇ بۇنچىۋالا يالغاندىن بىرنى توقۇپ چىقىرىشى مۇمكىن؟ ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ تۇغۇلغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكىنىگە 40 يىل بولغان ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ چوڭ ئانىسىنىڭ يەھۇدىيدىن راستىنلا پۇل ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ قېنىنىڭ ساپ ئەمەسلىك ئېھتىمالى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى. ئەسلىدە ئادولف ھىتلېردا قىسمەنلىكتە بولسىمۇ يەھۇدىي قېنى ئارىلىشىپ قېلىش ئېھتىمالى بەكلا ئاز ئىدى (كىراز ئۇنىۋېرسىتېت بىدىن نىكولاس پرېرادوۋىچنىڭ تەتقىقاتى فرانكنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتلىرىدا بىر مۇنچە گۇمانلىنىشقا تېگىشلىك نوقتىلارنى كۆرسەتمەكتە. ئاۋستىرىيىنىڭ كىراز دېگەن يېرىنىڭ يەھۇدىيلار تىزىملىك زۇرنىلىدا فرانكېنبېرگېر ياكى فرانك دەيدىغان بىرەرسىنىڭ تىزىمى تېپىلمىغان. بۇ تىزىملىك دەپتەرلىرى 1856-يىلى، يەنى ھىتلېرنىڭ ئاتىسى

تۇغۇلۇپ 19 يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن يەھۇدىيلارنى تىزىملاش باشلانغان. بۇنىڭ سەۋەبى، يەھۇدىيلار 1496-يىلى ستېرىرماركتىن قوغلاپ چىقىرىلغان بولۇپ، 1856-يىلىسىلا ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنغان. پرېرادوۋچىنىڭ دېيىشى بويىچە، ئۇنىڭ ئالدىدا كىرازدا "بىرمۇ يەھۇدىي يوق" ئىكەن. _ ئا.ھ. ئى). ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ ئۆزى قېنىدا يەھۇدىي قېنى بارلىقىدىن قورقىشى ئىدى. تېخىمۇ ئېشەنچ قىلىش ئۇچۈن ھىتلېر بۇ ئىشنى كامىدا قايتا ئىككى قېتىم تەكشۈرتۈپ كۆرگەن. 1917-يىلىدىن تارتىپ ھىتلېرنى تونۇيدىغان ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى شۇخنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، "ئۇ ئۆمۈر بويى 'مېنىڭ قېنىمدا يەھۇدىي قېنى بارمۇ-يوق' دەپ گۇمانلىنىپ ئازاپلىنىپ يۈرگەن. ئۇ دائىم بىز بىلەن بۇ جەھەتتە پاراڭلىشىپ كېتەتتى."
ھىتلېر باشقىلاردىن ئارىيان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەتلەرنى چىقىرتىپلار دەپ تەلەپ قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزى بۇنداق بىر ئىسپاتنى چىقىرالمىغان ئىدى. ئەنە شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋىللىيام پاترىكقا "ئۇلار مېنىڭ نەلىك ئىكەنلىكىم، قانداق بىر ئائىلىدىن كەلگەنلىكىمنى قەتئىي بىلمەسلىكى كېرەك" دېگىنىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئۇنىڭ بۇ تۆردىكى شەخسى باش ئاغرىقلار ھەر قانچە بېشنى قايدۇرۇپ كېتىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھىتلېرنىڭ 1931-يىلى ھەققىدىكى مۆلچەرى يەنىلا ياخشى ئىدى. ئۇ بىر كېچىدىلا ئەڭ كۆپ سېتىلغان كىتابنىڭ ئاپتورىغا ئايلىنىپ قالدۇ. ئۇنىڭ «كۆرەش يولۇم» دېگەن كىتابى نەشرى قىلىنغىنىدىن بۇيان يىلىغا ئارانلا 6 مىڭ نۇسخىدىن سېتىلىپ تۇرغان بولسا، بۇندىن بىر يىل بۇرۇن، كىتابنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئېشىپ بىراقلا 54 مىڭ 86 پارچىغا يېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ كىتاۋى ئۇنى ئايىغى ئۈزۈلمەس ئىقتىسادىي ي مەنبەگە ئىگە قىلدۇ. ئۇندىن باشقا، پارتىيىنىڭ يېڭى مەركىزى بولغان "قوڭۇر بىنا" مۇ يېڭى يىل بايرام كۈنىسى ئېچىلىدۇ. ھىتلېر قاتناشقان يىغىلىشلارنىڭ كىرىملىرى، ئىنئانلار ۋە پارتىيە بەدەل پۇلى قاتارىدىكى ھەر تۈرلۈك يەرلەردىن كەلگەن مەبلەغلەردىن توپلانغان پۇلغا سېتىۋېلىپ بىزەپ چىقىلغان بۇ بىنا، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەمەلى گەۋدىسى ۋە ۋەزىپىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ھىتلېرنىڭ، ھېسنىڭ، گېيوبېلسنىڭ، ستراسسېرنىڭ ۋە پارتىيە گۇۋاردىيىسى (SS) نىڭ ئىشخانىلىرى ئىككىنچى قەۋەتكە ئورۇنلاشقان ئىدى. فۇھرېرنىڭ ئىشخانىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە بويالغان بەكلا چىرايلىق بىر ئىشخانا ئىدى. دېرىزىسى تا شىپىقچە تاقالغان بولۇپ، كۆنگىستراس مەيدانى تۆۋەندە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىشخانىدا مۇسسولىنىنىڭ چوڭ يېرىم ھەيكىلى تىكلەنگەن، تاملاردا بەكلا كۆپ رەسىم ئېسىلغان بولۇپ، بۇ رەسىملەردىن بىر پارچىسى ئىمپېراتور فرېدېرىخنىڭ رەسمى، يەنە بىرسى فۇھرېر تۇرغان پولكىنىڭ تۇنجى

قىيتىم فلاندىرسقا ھۇجۇم قىلغان ۋاقتى تەسۋىرلەنگەن بىر رەسىم ئىدى. "ھىتلېر ئىشخانىسىدا كۆپ ئولتۇرمايتتى. _ دەيدۇ فراك ئەسلىمىسىدە، ئۇنىڭ ئىشلەش سىستېمىسى بەكلا قالايمىقان ئىدى. ئۇ خۇددى قۇيۇنتازدەك تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلسە، ئورنىغا ئولتۇرار-ئولتۇرمايلا يەنە شامالدەك چىقىپ كېتەتتى. ئەگەر ئىشخانىسىغا قامىلىپ قالغىدەك بولسا، ئىشلىرىنى ئالدىراش-تېنەش تۈگۈتۈپ بولۇپلا باشقىلار بىلەن بىرەر سائەت نۇتۇق سۆزلەپ كېتەتتى."

ھىتلېر تۆۋەن قەۋەتتىكى كىچىك تاماقخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى.248 ئۇ يەردە مەخسۇس "فۇھرېر" گە ئاتالغان بىر ئۈستەل بار بولۇپ، يانىدىكى تامدا بىر پارچە دىترىخ ئېكارتنىڭ رەسىمى ئېسىغلىق ئىدى. ھىتلېر كېيىنچە بۇ يەردىنمۇ زېرىكىدۇ. "قوڭۇر بىنا" دىكى ئىشخانا ھاياتى ئۇنىڭ خاراكتېرىگە پەقەتلا ماس كەلمەيتتى. ئۇنىڭ مىجەزى جىم تۇرماي ھەرىكەت قىلىش ئىدى، يەنى ئۆزى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك پارتىيىسى ئۈچۈن خەلقنىڭ ھىمايىسىنى توپلاش، ياكى بولمىسا سىياسىي جەھەتتە ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئىسىل سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزۈشنىلا ئارزۇ قىلاتتى. 1931-يىلى ھىتلېر دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ھەقىقەتەنمۇ قىيىن مەسىلىلەر ئىدى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى پارتىيە قوشۇنىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن كېڭىيىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەر ئىدى. پارتىيىنىڭ كېڭىيىشى، پارتىيە رەھبەرلىك ئورگىنىدىكى ھەر بىر بۆلۈمنى بەكلا كېلەڭسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ھەر قايسى تارماقلار بىر-بىرسى بىلەن سۈركىلىش قىلىپ، بىر-بىرسىدىن قىزغىنىشنى پەيدا قىلىپ تۇراتتى.

ھەممىدىن بەك ئېس-ئاچلار قوشۇنى ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بەكلا كۆپ ئېس-ئاچى ھىتلېرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان قانۇنغا بويى سۇنغان ئاساستا ھەرىكەت قىلىش دېيدىغان تەلىماتىغا ئېتىۋار قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇلار ھەر دائىم زوراۋانلىق كۈچىدىن پايدىلىنىش ئەنئەنىسىدىن پەخىرلىنەتتى. شۇڭا ئۇلار نېمە ئۈچۈن ميۇنخېندىكى مەمۇرى ئەمەلدارلىرىنىڭ دېگىنىگە قۇلاق سېلىش كېرەكلىكىنى پەقەتلا چۈشىنەلمەيتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسلا غايىلىك كىشىلەر بولۇپ، نۇرغۇنلىرى خۇددى رىقابەتچىلىرىدىن بولغان كوممۇنىستلارغا ئوخشاش كۆڭلىدە سوتسىئالىزمنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىنقىلابى روھقا ئىگە ئاكتىپ كىشىلەر ئىدى. بۇ تەرىپى، دەل ھىتلېرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان يېرى ئىدى. ئىشنىڭ بېشىدىلا ھىتلېر ئېس-ئاچلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمەيدۇ. ئۇلار ئېس-ئاچلار ئەترىتىنى پارتىيىنىڭ بىر قوراللىق كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىشسا، ھىتلېر ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، بۇ

قوشـۇننىڭ ئاساسـلىق ۋەزىپىسـى ئـاممىۋى يىغىلىشـلارنى قوغـداش، شـۇنىڭدەك سىياسـىي سـاداقەت تەشـۋىقاتى بىـلەن شـوغۇللىنىش دەپ قـارايتتى. ھىتلېـر بىـلەن ئەڭ ئـاۋۋال كىلىشەلمىگەن كىشى كاپىتان رۆم ئىـدى. ئـۇ ھىتلېـر بىـلەن پىكىـر بىرلىكـى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئـۆز ئىختىيـارى بىـلەن لاتىـن ئامېرىكىسـىغا سۈرگۈنگە بېرىۋالغـان ئىـدى. كېـيىن پېفېـر ۋون سـالومون ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنـى كـۆچەيتىش تەلىۋىـدە بولـۇپ يـاردەمگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇمۇ بۇ ئىشلاردىن قول ئۈزگەن ئىدى.

رەھبەرلەر ئۇتتۇرىسـدا پىكىـر ئىختىلابـى كـۆرۈلىشـى نەتىجىسـىدە، تۆۋەنـدىكى ئەسكەرلەر ئارىسىدىمۇ بىر مۇنچە ئىختىلاپلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا باھـانە بولـۇپ بېرىـدۇ. بۇندىن سەل ئاۋال، بېرلىنـدىكى قوڭـۇر كـۆڭلەكلىكلەر، ئاچـارچىلىق چېكىـۋاتىمىز، ئىشـىمىز ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر، ساقچىلار بىلەن قىزىللارغا قارشى ئۇرۇشۇشلاردا دائىم يارىلىنىپ يـاكى تـۇرمىگە قامىلىـپ تۇرىـۋاتىمىز، بىـز يـالغۇز پـارتىيە مىتىنگلىرىـدىلا كۆزەتچىلىك قىلىشتىن زېرىكتۇق دېگەنلەرنى سـەۋەب قىلىـپ كـۆرسـىتىپ ئىسـيان كۆتۈرىـدۇ. ئۇلارنىـڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئاجىرتىلغان مەبلەغنى كۆپەيتىـپ بېـرىش دېگەنـدەك 7 تۈرلـۈك مۇۋاپىـق تەلىۋىمۇ گېوبېلىس تەرىپىدىن رەت قىلىۋېتىلگەنىدىن كېيىن، بۇ قوشۇندىكىلەر ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي ئەسەبىلىشىپ ھۇجۇمچىلار ئەترىتى ساقلاۋاتقان يەرلىك پارتىيە بىيروسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ ۋەقەدە ھىتلېر ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلاشقىنىدىن كېيىنلا تىنجىيدۇ. ئۇ قوراللىق ھۇجۇمچىلارنىڭ ھەمراللىقىدا ئېبىس-ئېبىسچىلار قوشۇننىڭ يىغىلغان ھەر قايسى يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، كۆپچىلىكنى يارىشىپ قىلىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. ھىتلېر خۇددى بىر كېسەلمەن بوۋاي ۋە بىر كەڭ قورساق ئاتىدەك سۆزلەپ يالۋۇرۇپ ۋەدە بەرسە، يەنە بىـر تەرەپـتىن ئەيـپلەپ يـوروپ ئـۇلارنى تىنجىتىـدۇ. ئـۇ سـۆزلىرىدە قوڭـۇر كۆڭلەكلىكلەرنىڭ 7 تۈرلۈك تەلىۋى ھەققىدە ئارتۇق گەپ قىلماي، بـۇ ئىشلارنى شەخسى مەسىلىلەر قاتارىـدا قاراپ كـۆپچىلىكنى ئـۆزىگە سادىق بولۇشـىغا چاقىرىـدۇ. ئانـدىن ئـۇ، ئـۆزىنى ئېبس-ئاچىلارنىـڭ بـاش قۇمانـدانى دەپ ئېلان قىلىـدۇ. بۇنىڭـدىن ئېبس-ئـاچىلار خوشاللىقىدىن بىردەك تەنتەنە قىلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ بـۇ قېتىمقى قىسقا ۋاقىـت داۋام قىلغان توپىلاڭمۇ ئاخىرلاشقان بولىدۇ. ھىتلېرمۇ بۇ ئىشتىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم بولغانـدىن كېيىن، نۆۋەتتىكى ئاساسلىق ئىشى بولغان سايلام ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ ئېبس-ئېبسچىلارغا رەھبەرلىك قىلمەن دەپ ئېيتقـان ۋەدىسـى ئەسـلىدە قەغەز يۈزىدىكىلا قۇرۇق ۋەدە ئىدى. ئەسلىدە ھىتلېرنىڭ بۇنـداق ئىشلار بىـلەن ھەپىلەشكىدەك ۋاقتىمۇ يوق، بۇنداق بىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا پەقەتلا قىزىقمايتتى. 1931-يىلىنىـڭ كىرىشىگىچە، ئېبس-ئاچىلار يەنىلا تۈزۈك بىـر يىتەكچىسـى يـوق ئەھۋالـدا ئىـدى. 4-يـانۋار

كـۈنى، پـارتىيە تەشـكىلى كاپىتـان رۆمنـى ئـېس-ئـاچلار قوشـۇننىڭ قۇمانـدانلىقىغا تەيىنلىگەنلىكىنـى ئـېلان قىلـدۇ (رۆم، بولشۋىيـدىكى جۇمھـۇرىيەتچىلەرگە ياردەملىشىپ پاراگۋاي بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقىنىدا، پارتىيە تەشكىلى ئۇنى تېخى يېقىنـدىلا بولـىۋىيەدىن چاقىرتىـپ كەلـگەن ئىـدى).249 ھىتلېـر، رۆمنىـڭ 60 مىـڭ كىشـىلىك ئـېس-ئـاچلار تەشكىلاتى ئىچىدە خالىغانچە ھەرىكەت قىلالايدىغان ئەركىن ھوقۇق بېرىلگەندىن كېيىنلا گېرمانىيىگە قايتىشقا ماقۇل بولغان ئىدى. ھىتلېـر ۋاقىتـىنچە SA چىلارنـى ئىنتىزامغا بـوي سۇنغان ئاساستا نامايىشلا قىلىش ۋەزىپىسى بولغان بىر قوشۇن ھالىغا كەلتۈرۈشكە مـاقۇل كەلگەندىن كېيىن بـۇ قابىلىيەتلىك تەشكىلاتچى ۋە رەھبەر، ئـۆز خاھىشـى بـويىچە SA چىلار قوشۇننى قايتا تەشكىللەش ئىشىغا كىرىشىپ كېتىدۇ.

شـۇنداقتىمۇ، ئـىش ئۆتۈمىنـىڭ ئارتتۇرۇلۇشـىغا تـايىنىپلا ئۇزۇنـدىن بېـرى يىغىلىـپ قالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ تۈگىتىش مـۇمكىن ئەمەس ئىـدى. يېقىنـدىلا پـايتەختتە يەنە بىر قېتىملىق ئېغىر بىر توپىلاڭ ھەققىدە تالاش-تارتىش كېتىۋاتقان ئىـدى. بىرلىنـدىكى قوڭـۇر كۆڭلەكلىكلەرنىڭ قىينىچىلىقلىرى ئاساسى جەھەتتىن ئۆزپېتى داۋاملاشماقتا ئىـدى. تەشكىل ئىچىدىكى تەڭسىزلىككە ئوخشـاش مەسـىلىلەر ئۇلارنـىڭ رەھبىرى بولغـان ۋالتېـر ستېننېسنى چىـدىغۇچىلىقنى قويمىغـان ئىـدى. ئـۇ، تەشـكىلنىڭ "مەمورى مۇناسـىۋەتلەر بويىچە ئەمەس بەلكى "بىلىم" ئاساسىدا تەشكىللىنىشنى قايتـا تەلەپ قىلىشـقا باشـلايدۇ. ئـۇ ئاشـكارە تـۇردە "ھىتلېـر نەچـچە ئايـدا بىـر قېـتىم پىلاننـى ئۆزگەرتىـپ يېڭـى-يېڭـى بۇيرۇقلارنى چىقىرىپ كەلمەكتە. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىمىز دىـن مەھـرۇم قالـدۇرۇلماقتىمىز" دەپ ئاچچىقلىنىـدۇ. ستېننېسنىڭ قـول ئاسـتىدىكىلەر بۇنـداق ئۆزگىرىشـلەردىن بىـر نەرسە ئۇقالـماي قـايمۇقۇپ ئەنسىرىشـىپلا يۈرىـدىغان ھالغا كېلىـپ قالغـان ئىـدى. ئـۇلار رەھبىرىنـىڭ دېگەنلىـرىگە قوشۇلسـىمۇ، يەنە بىـر تەرەپـتىن قىلـچە قارشىلىق كۆرسەتمەستىن فۇھرېرنىڭ تەربىيىنى ئېلىشاتتى.

1931-يىلـى 20-فېۋرال كـۈنى، ھىتلېـر بـۇيرۇق چۈشـۈرۈپ، بۇنـدىن كېـيىن ئـېس-ئـاچلار بىـلەن ئـېس-ئېسـچىلار كـوچىلاردا قىـزىللار بىـلەن يەھـۇدىيلارنى دۇمبـالاش ھەرىكىتىنى توختىتۇلار دېگىنىدىن كېيىن، بۇ مەسىلە رەسمى ئاشكارە تىلغا ئېلىنىـدىغان ھالغا كېلىدۇ. "مەن سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنىڭ يېرىم بولغـانلىقىنى، ئاچچىقلانغانلىقىڭلارنى بىلىپ تۇرىۋاتىمەن. ــ دەيدۇ ھىتلېر قوڭـۇر كـۆڭلەكلىكلەرگە، ــ شـۇڭىغا قارىمـاي سىلەر يەنىلا يېنىڭلارغا قـۇرال ئېلىـپ كوچىغا چىقماسلىقىڭلار كېرەك." جەڭچىلەر بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ ۋارقىرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھىتلېرغا قارشى ھېچ قانداق بىـر ھەرىكەتـتە بولمايدۇ. تا كېيىنكى ئايدا ھىتلېر ۋېمار ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنلىرىغا بـوي سـۇنىمىز، بۇنـدىن

كېيىنكى مىتىنگ-نامايىشلارنىڭ ھەممىسى ساقچى ئىدارىسى تەستىقلىغىنىدىن كېيىنلا ئاندىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بولىدۇ ... دېگەن قانۇننى ئەمەل قىلماي دەپ ئېلان قىلغىنىدا، ستېپىنىس ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولغان بۇنداق ھەرىكەتكە قارشى ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنىڭدەك 31-مارت يېرىم كېچىدە ئېس-ئاچلار قوشۇنى رەھبەرلىرى مەخپىي يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك "بۇ ئىشتا ھىتلېرغا قارشى تۇرۇپ، ستېپىنىسنى قوللاش" قا قارار قىلدى.

ھىتلېر، قان تۆكۈلۈش ۋەقەلىرى يۈز بېرىش، ئىچكى قاتماللىق پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىش ھەمدە مەسىلىلەرنىمۇ ھەل قىلىش يولىنى كۆزلەپ ستېپىنىسنى ميۇنخېنغا كېلىپ "قوڭۇر بىنا" دا بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش ئىشىنى تاپشۇرۇۋېلىشىنى بۇيرۇق قىلدى. ئەمما ئۇ ميۇنخېنغا بېرىشنى رەت قىلدى. شۇ سەۋەپتىن ھىتلېر بۇ قوشۇننى توپىلاڭ چىقارغۇچىلار دەپ بېكىتتى. ئارىدىن بىر سوتكا ۋاقىت ئۆتمەيلا، ئاشكارە تىركىشىش ھەرىكىتى ئاخىرلاشتى. بۇ ئىش بىر قېتىملىق زەئىپ توپىلاڭ شەكلىنى ئېلىش بىلەن تىنجىدى. ئەسلىدە ستېپىنىسنىڭ تەلەپ قىلغىنى بۇلغانمىغان پاكىز مىللەتچى سوتسىئالىزم ھەرىكىتى ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق بىر پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ قايسى بىر كىشى ئۈچۈن ئىشلەش ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىدى. "كىمدە-كىم ماڭا ئەگەشمەكچى بولىدىكەن، ئىنتايىن مۇشەققەتلىك بىر يولغا كىرىپ قالغان بولىدۇ. _ دەيدۇ ستېپىنىس قول ئاستىدىكىلەر بىلەن ۋىدالىشىش ۋاقتىدا، _ شۇڭلىغا قارىماي، سىلەرنى مىللەتچى سوتسىئالىزم غايىسى ئۈچۈن ھىتلېرغا ئەگىشىپ مېڭىشىڭلارنى تەكلىپ قىلىمەن. چۈنكى بىز مىللەتچى سوتسىئالىزم ھەرىكىتىنىڭ تۇزۇپ كېتىشىنى ھەرگىز خالىمايمىز."

4-ئاپرېل كۈنى، «ھۇجۇم» بىلەن «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتلىرىدا بىرلا ۋاقىتتا ھىتلېرنىڭ ماقالىسى بېسىلىپ ستېپىنىسنىڭ "قوزغىلاڭ" كۆتىرىشى قاتتىق تەنقىتلىنىدۇ. ئۇ ماقالىسىدا، سوتسىئالىزم ئەزەلدىن ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئاساسى غايىسى بولۇپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، پارتىيە ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان "سالون بولشېۋىكچىلىكى بىلەن سالون سوتسىئالىزمچى ئەبلەخلىرى" نى تەنقىتلەيدۇ. ئۇ يەنە ستېپىنىس دەل شۇنداق ئەبلەخلەردىن بىرى، بۇ ئادەم پۈتۈن ئاماللار بىلەن "كومپارتىيىگىلا خاس دەپ كېسىپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدىغان تىنىماي كۈشكۈرتكۈچىلىك قىلىشلاردا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بىر قاتار چۈشەنچىلەرنى ئېس-ئا تەشكىلاتىغا (بۇ يەرلەردە 'ئېس-ئا' بىلەن 'ئېس-ئېس' نى پەرقلەندۈرمەي بىراقلا ئېس-ئېس دەپ تەرجىمە قىلىۋەتكەن. _ ئۇ.ت) سۆرەپ كىرىشكە ئۇرۇنماقتا" دەپ كۆرسىتىدۇ.

بۇ ماقالىلار بىرلىنىدىكى پارتىيە ئەقىدىلىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەرنى قاتتىق غەزەپلەندۈرۈپتىدۇ. ھىتلىر يەنە بىر قېتىم بىرلىنىغا بىرىپ كېلىشتۈرگۈچى ۋە ئارىغا كىرگۈچى ئىنقىلابچىلىق رولىنى ئوينايدۇ. بۇ قېتىم، ئۇ خانفىستاينگلنىمۇ بىرگە ئېلىپ بارغان ئىدى. خانفىستاينگىل بۇ ھەقتە خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ: ”ھىتلىر چارىسىزلىكتىن شەھەر ئەتراپىدا ئۇياق-بۇياققا چېپىپ كۆزىدىن ياش ئېقتقىنىچە ئۈلارغا يالۋۇراتتى.250 ھىتلىر ئۈلارغا، سىلەر پەقەت ماڭا تايىنىش ئارقىلىقلا ھىمايىگە ئېرىشەلەيسىلەر“ دەپ يالۋۇرىدۇ. نۇرغۇن قېتىملىق كېلىشتۈرۈشلەر ئارقىلىق ئاخىرقى ھېساپتا ئۇ تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغان بولىدۇ.

ئەتىسى، ئۇ ستېننېس بىلەن بىرلىكتە بىر سودا سارايى ــ ساياھەتچىلار مېھمانخانىسىدا تاماق يەيدۇ. ستېننېسنىڭ خانفىستاينگلغا قالدۇرغان تەسراتى، ئۇ توپىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى بىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇپ كۆرۈنگەن ئىدى. ”مەن ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ توغرا نىيەتلىك بىرسى ئىكەن دەپ قارىدىم. ئۇ، كولوگنىدىكى كاردىنال شۇلتىنىڭ جىيەنى ئىدى. ئۇ مېنى دېرىزە تۈۋىگە تارتىپ بىرىپ دەردىنى ئېيتتى. بىزنىڭ ئاۋازىمىز سىرتتىن كەلگەن قاتناش ئاۋازلىرى ئىچىدە يىراققا تۇيۇلمايتتى. ئۇ ماڭا: 'ھىتلىر بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا كۆشكۈرتكۈچىلىك قىلغان كىشىنىڭ دەل ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالغان كىشى ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى يوقمىدۇ؟' دەيدۇ. ئۇ، ھىتلىرنىڭ يېنىدىكى ئادەم دەپ گېبېلسنى دېمەكچى ئىدى. يەنى ھىتلىر ئۇرۇش-جېدەل قىلماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق قىلغان بولسىمۇ، گېبېلس ئىزچىل تۈردە ئۇنى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىشقا ئۈندەپ كەلگەنلىكىنى، ئەمما بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە پۈتۈن گۇنانى ئۈستۈمگە ئارتىپ قويغانلىقنى ئېيتىدۇ.“

ھەر دائىمقىدەك، ھىتلىرنىڭ (SS نى ئۈزىگە ئارقا تىرەك قىلغان ھالدا) ئۇتتۇرىغا چىقىشى قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەرنىڭ، يەنى ئېس-ئاچىلارنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ تۈر ئىتتىپاقلىق ئاسانلىقچە يىمىرىلىدىغان بىر ئىتتىپاقلىقمۇ ئەمەس ئىدى. ستېننېس ۋە ئۇنىڭ بىر ئۇچۇم قوللىغۇچىلىرىنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىقى ھېچقانداق بىر داۋالغۇش پەيدا قىلالمايدۇ. گېبېلسمۇ ئۈستىگە سۇ يۇقتۇرماي ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىدۇ. ئەمما ستېننېستىن باشقا نۇرغۇن كىشىلەر، بۇ قېتىمقى توپىلاڭدا گېبېلسنىڭ سۈيقەستچى رولىنى ئوينىدى دەپ قارىشىدۇ. ”مەسىلەن ئالايلى، ئەگەر ئانا بولغۇچى بىرسىنىڭ نۇرغۇن باللىسى بار بولۇپ، ئۇ باللىرىدىن بىرسى تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان دەيلى، بۇ يەردە ئەگەر ئانا بولغۇچى ئەقىل بىلەن مۇئامىلە قىلسا چوقۇم ئۇ باللىسىنى يېتىلەپ، ئۇنى يېنىدىن ئاجراتماي بىرلىكتە

ئېلىپ يۈرگەن بولاتتى.“

تۆيۈق يولغا كىرىپ قالغان باللارنى توغرا يولغا قايتۇرۇپ كېلىشتە قۇراللىق كۈچتىن پايدىلانغانلىقنى ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، ستېپنېپسىنىڭ بىرلىنىدىكى ئېس-ئېسچىلارغا مەسئۇل بولۇش ۋەزىپىسىنى ئېس-ئاچىلار ئادىمىدىن بىرسىگە ئېلىپ بىرىدۇ. فۇھرېر تۈزۈمى بويىچە قوغدىلىۋاتقانلارنىڭ ھوقۇقى يېتەرلىك دەرىجىدە كەڭ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشتىن ئېس-ئاچىلار قاتتىق خوشال ئىدى. ”بىز ھېچكىمنى خوش قىلالماي زەربە يەپلا يۈرىدىغان كىشىلەرمىز. _ دەيدۇ ئېس-ئېسچىلار كاتىۋشى ھېنرىك ھىملېر بىر قانچە ھەپتە كېيىن چاقىرىلغان بىر قېتىملىق ئېس-ئېس رەھبەرلىرى يىغىنىدا، _ بىز ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر بۇلۇڭدا قېلىشىمىز مۇمكىن. يەنى بىز باشقىلارنىڭ رەخمەت ئېيتىپ ماختىشىنى ئۈمىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. شۇنىڭغا قارىماي، بىزنىڭ فۇھرېرىمىز ئېس-ئېسنىڭ قىممىتىنى ياخشى بىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئەكە باللىرىمىز، بىز ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم تەشكىلات ھېسابلىنىمىز. چۈنكى بىز فۇھرېرىمىزنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويۇپ باقمىدۇق.“

شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، ئوتتۇرلۇقتا كېلىشتۈرگۈچىلىك رولىنى ئوينىغان ھىتلېرمۇ تۆيۈق يولغا كىرىپ قالغان ياكى ئىككىلىنىپ يۈرگەن ئېس-ئاچىلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى قايتا ئۈستىگە ئېلىشىنى قارشى ئېلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقتىمۇ بەكلا مۇستەقىل روھقا ئىگە بولغانلىرىنى بۇ قاتارغا كىرگۈزۈشنى خالىمايتتى. ھىتلېر ئۇنىڭدىكى قەتئىي تازىلىۋېتىش كېرەك، ئۇلارنىڭ ئورنىغا سادىق ئەگەشكۈچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك دەپ قارايتتى. ھىتلېرنىڭ بۇ تۆردىكى كەڭ قۇرساق مۇئامىلىسىنىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەر دائىم ئۆزگەرمىگەن ئىدى. گەرچە نۇرغۇنلىغان قوشۇر كۆڭلەكلىكلەر ھىتلېرغا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قانۇنلۇق ھەرىكەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش دەيدىغان تەلىۋىدىن ئۈمىدسىزلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەيسالارچە باياناتى ئالدىدا، بۇ تۆردىكى قاراشلارمۇ تورۇپ يوقالغان ئىدى. ھىتلېر، ”مانا مەن بىر ئېس-ئا ئەتىرىتىمەن، مانا مەن بىر ئېس-ئېسمەن. سىلەر بولساڭلار ئەنە شۇ SS ۋە SA ئەزالىرىسىلەر. بۇ ئىككى قوشۇندا، مەن سىلەرنىڭ ئوتتۇرۇڭلاردا تۇرىمەن“ دەيدۇ.

ئېس-ئاچىلار ئەترىتىدە ئەندىلا تەرتىپ ئەسلىگە كېلىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ رەھبىرى بولغان كاپىتان رۆم بەچچىۋازلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ دېگەن سۆز-چۆچەكلەر سەۋەبىدىن قاتتىق زەربە يەيدۇ. بۇرۇنلاردا، ھىتلېر بۇنىڭغا ئوخشاش ئەرز-شىكايەتلەرنى بىراقلا رەت قىلىۋېتەتتى. ”ھۇجۇمچىلار ئەترىتى، مەخسۇس بەلگىلەنگەن سىياسىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەشكىل قىلىنغان بىر قوشۇن. بۇ قوشۇن ھەرگىزمۇ

ساپ قىزلاردىن تەشكىل تاپقان ئەخلاقلىق بىر ئورگان بولماستىن، قالاملارچە ئۇرۇۋشىدىغان يىگىتلەردىن تەشكىل تاپقان بىرلەشكەن بىر گەۋدە.“ دەيدۇ. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىپ، قايسى بىرىلىرىنىڭ شەخسى تۇرمۇشى ئۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە شەخسى ئىش؛ ئەگەر ئۇ كىشى مىللى سوتسىئالىزم ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىگە پۇتلىكاشاڭلىق قىلمايدىغانلا بولىدىكەن، ئۇنداق بىرسىنىڭ شەخسى ئىشلىرىغا پەرۋا قىلماسلىق كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

شۇنداقتىمۇ، بۇ سەتچىلىك خەۋەرلىرى پارتىيە ئىچىدە بىر ۋەقە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. كىشىلەر بۇ ئىش ھەققىدە ئۆزئارا پىچىرلىشىپ يۈرەتتى. ستېننېس قوزغىلىڭى ۋاقتىدا تازىلىۋېتىلگەن ئوفىتسېرلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ئومۇمى يۈزلۈك ھالدا رۆمنىڭ بەچچىۋاز ھەمرالىرىغا تاپشۇرۇلدى دەپ يۈرۈشەتتى. بۇ تۈردىكى ئەيپلەشلەرگە قارىتا رۆم، خۇددى ئىبس-ئاچىلار ئەترىتى زوراۋانلىق قىلىش خاتالىقى سادىر قىلغىنىدا ئەيىپلەنگەن ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش، پەرۋامۇ قىلماي يۈرۈۋېرىدۇ. ”قەدىرلىك دىلمىر ئەپەندى، راس، مەن بۇرۇن ھۆججۈمچىلار ئەترىتىدىكىلەرگە ھەققەتەنمۇ قوپال مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن ئىدىم، ئاسانلا خاپا بولۇپ كېتەتتىم. ئەمما بۇندىن كېيىن كۆرۈپ قالىسىز، مېنىڭ قول ئاستىمدىكىلەر بۇندىن كېيىن قائىدە-تۈزۈملەرگە، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، ئەرتىپلىك بىر قوشۇنغا ئايلىنىدۇ! مېنىڭ ۋەزىپەم، كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىگە ئاسان يولۇقىدىغان مىليونلىغان ئىشسىز ئىشچىلارنى ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىشتىن ساقلاش، ئۇلارنى ئەرتىپلىك پۇخرالاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق گېرمانىيىنى قوغداش، شۇ ئارقىلىق مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بولشېۋىك دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇۋشتىن ئىبارەت.“ رۆم، بۇ گەپلەرنى ئاپرېل ئاخىرىدا لوندوندا چىقىدىغان «تېز خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى دېلمىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئېيتقان. بۇ مۇخبىر ئۇنى ئەسكەرتىپ، ”ئويغۇنۇڭلار نېمسلار!“، ”يوقالسۇن يەھۇدىيلار!“ دېگەندەك ۋارقىراپ چالۋاقىشىنى تەرتىپ ئىنتىزامغا بويسۇنغانلىق ئىپادىسى دەپ قارىمايمەن دەيدۇ.

”ھە، ئۇ شۇئارلار، سىز بۇ شۇئارلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشكە قاراپلا چۈشىنىۋالىسىز، سىز بۇ شۇئارلارنىڭ مەنىسىنىڭ يېرىمىنىلا چۈشىنەلىگەن بولۇپ قالىسىز. _ دەيدۇ رۆم. ئاندىن ئۇ مۇخبىرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان باشقا گەپلەرنىمۇ قىلىدۇ، _ مەن ھازىر ئۇنداق داۋراڭ قىلىپ غەلۋە تېرىيدىغان، تەرتىپ ئىنتىزامغا بوي سۇنمايدىغان كىشىلەرنى ھۆججۈمچىلار ئەترىتىدىن تازىلاش ئىشىنى باشلىۋەتتىم. بۇنداق بىر قوشۇن ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ تۈردىكى تازىلاشلارنىڭ چوقۇم پايدىسى بولىدۇ دەپ قارايمەن.“ ئۇ ئۆزىنىڭ بىرلىنىغا كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇنىڭ ئۇچۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. رۆم

چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، پايتەختتە بۇرۇن بىر توپىلاڭ يۈز بەرگەن، بۇ توپىلاڭغا كاپىتان ستېپنېس رەھبەرلىك قىلغان ئىدى. بۇ ئادەم رەسمى سارائ بىرسى، ئۇ ئۆزىنى چاغلىماي ھىتلېرنىڭ سالاھىتىگە قارشى چىقماقچى بولغان ئىدى، دەيدۇ. رۆمۇ دىلمېرغا كاپالەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: توپىلاڭچىلار بىسىقتۇرۇۋېتىلدى. ھازىر ھەممە ئىش ئۆز رېتىگە چۈشتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ۋاقىت ئۆتۈپ، رۆم، دىلمېرنى "قوڭۇر بىنا" غا بېرىپ فۇھرېرنى بىر زىيارەت قىلىپ كېلىش دەپ تەكلىپ قىلدۇ. دىلمېر بېرىپ ھىتلېرنى زىيارەت قىلغان ۋاقىتتا، ھىتلېر ئۇنىڭغا: ئۆزىنىڭ ئىككى تۈرلۈك تەلىۋىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلدۇ: بۇ تەلەپلەردىن بىرسى گېرمانىيىدىن ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەشنى بىكار قىلدۇرغۇزۇش بولۇپ، يەنە بىر تەلىۋى "شەرقتە ئەركىن پائالىيەت قىلالايدىغان بولۇش". ئۇ گېرمانىيىنىڭ بۇرۇنقى چېگراسىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياكى قولدىن چىقىپ كەتكەن مۇستەملىكىلىرىنى گېرمانىيىگە قايتۇرۇپ كېلىشكە بەك قىزىقمايدىغانلىقىنى، ئۇ پەقەت نەچچە مىليونلۇق ئارتۇق گېرمانىيە نوپۇسىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىگىچە تارقىلىپ يەرلەشتۈرۈشنىلا تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ. دىلمېر ھىتلېردىن، سىز قانداقلارچە پولشا تۇپرىقىغا تاجاۋۇز قىلمىغان ئاساستا سوۋېت تۇپراقلىرىغا كىرەلەيسىز؟ دەپ سورايدۇ. ھىتلېر بۇ سوئالغا قىسقىلا قىلىپ: "بۇنىڭمۇ بىر ئامالى تېپىلىپ قالار" دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

دەل شۇ پەيتتە، پادىشا ئوۋگۇست ۋىلھېلم كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ ھاياجان ئىچىدە، 1931-يىلىنىڭ دەسلەپكى تۆت ئېيىدا 2400 نەپەر قوڭۇر كۆڭلەكلىك جەڭچىمىز ماركسىزمچىلار بىلەن ئۇرۇشۇشتا يارىلانغان ياكى قۇربان بولغانلىقىنى ئېلان قىلدۇ. "فۇھرېرىم، _ دەيدۇ خانزادە، _ بۇ بىر ئىچكى ئۇرۇش!" "توغرا دەيسىز، _ دەيدۇ ھىتلېر دەرھال جاۋاب بېرىپ، _ بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ئىچكى ئۇرۇش." مۇخپىر دىلمېر، ھىتلېرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۇچىغا چىققان بىر زوراۋان ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، دەرھال قولىغا قەلەم ئېلىپ سوھبەت ھەققىدە ماقالە يېزىشقا كىرىشىدۇ. بۇ ماقالىسى 3-ماي كۈنى گېزىتتا بېسىلىدۇ. ئۇ ماقالىسىدا، "گېرمانىيە ياۋروپا فاشىزم لاگېرىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن جىددى تەييارلىق قىلماقتا" دېگەن پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

6

1931-يىلى ياز ئايلىرىدا، ھىتلېر پارتىيىسىنىڭ ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇش بىلەن بىرگە، كۆرەشنىڭ مۇھىم نوقتىسىنى سىتېنىس توپلىشىدا ئاشكارىلىنىپ چىققان ئاجىز نوقتىلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىپس-ئانى قايتىدىن رەتلەپ چىقىشقا قارىتىدۇ. بۇ كۈنلەردە يەنە، بىر شەخسى ئىشىمۇ ئۇنى قاتتىق ئەنسىرىتىپ كەلمەكتە ئىدى.252 ھىتلېر، شوپۇرى ھەممە سەپىدىشى بولغان ماۋرىسنىڭ ئۇنىڭ جىيەنى گېلى بىلەن يوشۇرۇنچە تويى قىلىشقا كىلىشىپ قويغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇ قىز ئىرچىل تۈردە ئۇنىڭ پرىنزرېگېنتېنپلاتز مەيدانىدىكى ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، قىزنىڭ بارلىق ھەرىكىتى ئۇنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا ۋە ھەرىكەتلىرىمۇ چەكلىنىپ تۇرغان ئىدى. قىزىق يېرى، بۇ ئىشنى فۇھرېرنىڭ ئۆزى ماۋرىسقا مەسلىھەت قىلغانلىقى ئىدى. ”سىلەر توي قىلغاندىن كېيىن مەن ھەر كۈنى ئاخشىمى كېلىپ ئۆيىۋىڭلاردا سىلەر بىلەن بىرگە كەچلىك تاماق يەيمەن“ دەپ بۇ يىگىتنى رىغبەتلەندۈرۈپمۇ تۇراتتى. ”مەن ئۇنىڭ بۇ دېگىنىنى ئاڭلاپ گېلى بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم. _ دېگەن ئىدى ماۋرىس بىرىسگە، _ مەن بۇ قىزنى باشقىلارغا ئوخشاشلا ياخشى كۆرىمەن. گېلىمۇ توي قىلىش تەلىۋىمنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.“ يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بويان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقانلار ئۇ ئىككىسىنىڭ راستىنلا بىر-بىرىسىنى ياخشى كۆرىدۇ دېيىشتى. ماۋرىس بىر كۈنى گيوبېلىسقا بۇ قاملاشمىغان مۇھەببەتلىشىش ئىشىدىن پۇشمان قىلغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتىدۇ. ئاخىرى ماۋرىس غەيرەتكە كېلىپ بۇ ئىشنى ھىتلېرغا ئېيتىدۇ. ھىتلېر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا ماۋرىسنى ماڭا ساداقىتىڭ يوق ئىكەن دەپ ئەيىپلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ شوپۇرلۇق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ.

فۇھرېرغا يېقىنلىشالايدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ھىتلېر قىزنىڭ غېمىنى قىلىدىغان تاغىلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋاتقان بىرسىلا ئىدى. ”ئۇنىڭ بۇ قىزنى ياخشى كۆرۈشى ئاتىلىق مېھرىنى بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. _ دەيدۇ ئۆي باشقۇرغۇچىسى ئاننى ۋىنتېر خانىم ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن گېپىدە چىڭ تۇرۇپ. _ ھىتلېر بۇ قىزنىڭ بەختلىك بولىشىنىلا ئويلايتتى. گېلى دېگەن بۇ قىز ھەر تەرەپكە كۆز تاشلاپلا يۈرىدىغان بىر قىز. ھەممە كىشىنى قولغا چۈشەرسەم دەپلا يۈرەتتى. ھەتتا ھىتلېرنىمۇ قىزىقتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ يۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ ھىتلېر ئۇنى ئاسراشتىن نېرى ئۆتكەن ئەمەس.“ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، گېلىنى ھىتلېرنىڭ قولىدىكى بىر ئەسىر دېيىش مۇمكىن ئىدى. ھىتلېر بۇ قىزغا ئەركىنلىكتىن باشقا نېمىنىلا تەلەپ قىلسا بېرەتتى. ھەتتا مۇزىكا دەرسى ئاڭلاشقا ماڭغىنىدىمۇ چوقۇم ئىشەنچلىك بىرسى ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ بىرگە بېرىشى شەرت ئىدى. گېلى بىر قېتىم قايسى بىر تۇققىنىغا دەرد تۆكۈپ: ”كۈنلىرىم ھەققەتەنمۇ بەكلا

قىسنچىلىق ئىچىدە قالدى. ھېتلېر نەگىلا بارسا مېنى بىللە ھەمرا بولۇپ بەر دەپ چىڭ تۇرىۋالدۇ. بۇنىڭدىن گېلى بەكلا ئىچىم سىقىلىپ كەتتى. بولۇپمۇ گرېگور بىلەن ستراسسېر ئىككىسى مېنىڭ ھېتلېر بىلەن ئاشكارە ھەمرا بولۇپ بىرگە يۈرۈشۈمنى پەقەتلا توغرى تاپمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، بۇ ئىشلار مېنىڭ باشقا يىگىتلەر بىلەن يېقىنلىششىمنىمۇ چەكلىمەكتە."

بىر كۈنى ئاخشىمى، خانفستاينگىل ئەر-خوتۇن رېسىدېنز تىياتىرخانىسىدا ھېتلېر بىلەن گېلى ئىككىس بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ تۆتەيلەن بىرلىكتە شىۋاررژالدېر قەھۋەخانىسىدا كىچىلىك تاماق يېيىشىدۇ. خانفستاينگىل، گېلىنىڭ "بۇ بىرلىكتە يۈرۈشتىن بەكلا زېرىككەنلىكىنى، ئۇستەللەردە ئولتۇرغان كىشىلەرنى تىنماي كۈزىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى" سېزىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ، بۇ قىز ھېتلېر بىلەن مەجبورىيەت ئاساسىدىلا بىرگە ھەمرا بولۇپ يۈرگەنلىنى تۇيۇپ قالىدۇ.

خانفستاينگىل خانىمۇ، گېلى دېگەن بۇ قىزنىڭ بەكلا ئېغىر بېسىم ئاستىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلغان. "بۇ قىز تۇرمۇشىدا ئۆزى خالىغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەي يۈرگەندەك قىلىدۇ" دېگەن تۇيغۇغا كەلگەن. ئەمما ۋىنتېر خانىم بولسا، گېلى ھېتلېرنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىدۇ. "بۇ قىز تەبىئىكى ھېتلېر خانىمى بولۇش خىيالىدىلا ئىدى. ھېتلېر بۇنىڭغا ئەلۋەتتە لايىق كېلەتتى. ... شۇغىنىسى بۇ قىز ھەممىلا كىشىگە بەكلا يەڭگىلتەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بىر قىز بولۇپ، ئۇنىڭدا قىزلارغا خاس ساپلىق يوق."

شۇنىسى ئېنىقكى، گېلى ھەقىقەتەنمۇ تاغىسىنىڭ ئابرويىدىن نەپ ئېلىپ يۈرگەنلا بىر قىز ئىدى. ھەر قېتىم ھېك قەھۋەخانىسىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغىنىدا ئۇلارنىڭ ئۈستىلى ھەۋەسكارلار تەرىپىدىن ئورىۋېلىناتتى. بۇلارنىڭ كۆپۈنچى ئاياللار ئىدى. بۇ ئاياللار كېلىپ ھېتلېرنىڭ قولىنى سۆيۈشۈپ ئۇنىڭدىن خاتىرە قالدۇرغىدەك بىرەر نەرسە ئۇندۇرىۋېلىشقا تىرىشاتتى. يەنە شۇنىسىمۇ ئېنىقكى، فۇھرېرنىڭ ئۆزىمۇ گېلىنى ياخشى كۆرۈش دەرىجىسى بىر تاغىنىڭ جىيەننى ياخشى كۆرۈش دەرىجىسىدىن بەكلا كۆپ ھالقىپ كېتىشىدىنىمۇ خوشال كۆرۈنەتتى. "ھېتلېر ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ــ دەپ كېيىن ئېيتىدۇ ماۋرىس، ــ ئەمما بۇ سۆيگۈ بەكلا غەلىتە بىر ياخشى كۆرۈش، ئاشكارە ئىپادىلەشتىن قورقىدىغان بىر تۈرلۈك سۆيگۈ ئىدى. چۈنكى ئۇ غۇرۇرى بەكلا كۈچلۈك بىرسى بولغاچقا ئاياللارغا ھەۋەس قىلىشنەك ئاجىزلىقنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بىرسىمۇ ئەمەس ئىدى."

يەنە بەزىلەر، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ئىشقىي مۇناسىۋەتلەر بار دەپ قارىشاتتى. ئوتتو ستراسسېر يەنە كوچىدا ئېقىپ يۈرگەن سۆز-چۆچەكلەر ئاساسىدا بىر پارچە ماقالىمۇ

يىزىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چەكتىن ئېشىپ كەتكەن جىنسىي مۇناسىۋەتلەر بارلىقىنى كۆرسىتىپ كۆرسەتتىدۇ.253 ئەمما بۇنداق گەپلەرگە ھىتلېرنىڭ يامان گېپىنى ئاڭلاشقا ئامراق كىشلەرلا ئىشىنىشى مۇمكىن ئىدى. راست دېگەندەك، ھىتلېر بۇ جىيەن قىزىنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا جىنسىي مۇناسىۋەت بولۇش ئېھتىمالىنى يوق دېيىش مۇمكىن. ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم بەكلا كونسېرۋاتىپ بىرسى بولۇپ، ھەر قانداق بىر ئايالنىڭ كەينىدىن ئاشكارە قوغلىشىپ يۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. شۇنىڭدەك ئۇمۇ بۇ جەھەتتە ھەر دائىم ئېھتىيات قىلىپ يۈرەتتى، يەنى ئۇ ھەرگىزمۇ ئالتۇن ساندۇقتا ئوينىشىنى ساقلايدىغان بىرسى ئەمەس. ھىتلېر ئاشنىسىنى ئۆيىدە ساقلاپ، بولۇپمۇ ئۇگەي ھەدىسىنىڭ قىزىنى ئاشنا تۇتۇپ ئۆيىدە ساقلاپ سىياسىي ھاياتىنى ۋەيران قىلىۋېتىشنى ھەرگىز خالىمايتتى.

سىنتەبىر ئېيى كىرىشى بىلەن، گېلى يەنە بىر يىگىت بىلەن ئىشىپەش تارتىشقا باشلايدۇ. بۇ يىگىت، ئاۋستىرىيىلىك بىر رەسسام ئىدى. ئۇ ئىككىسى بىر كۆرۈشتىلا بىر-بىرىگە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. كرىستا شرۆدېر ( ھىتلېرنىڭ كاتىپى) نىڭ دېيىشىچە، ئۇ يىگىت شۇ ھامان قىزغا توي قىلىشنى تەكلىپ قىلغان. بىر قېتىمدا گېلى، بىر ئاۋستىرىيىلىك رەسسام بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەنلىكىنى، بۇ ئىشتىن بەكلا سىقىلىپ بەختسىز رومانتىك مۇھەببەت ئىچىگە پېتىپ قالغانلىقى ھەققىدە خوفمان خانىمغا سۆز ئېچىپ بولۇپ دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىپ: ”شۇنداق، بۇ شۇنچىلىكلا بىر ئىش ئىدى! بىز ئايال خەق بۇنداق ئىشلاردا ھەقىقەتەنمۇ چارىسىز ئىكەنمىز. قويۇڭ بۇ گەپلەرنى، باشقا گەپلەرنى قىلىشايلى!“ دەپ گېپىنى ئۈزىۋەتكەن. ئەمما بۇ ئىشتىن ھىتلېر خەۋەر تاپار-تاپمايلا دەرھال ئۇنى مەجبورلاپ، ئۇ رەسسام بىلەن بولغان بارلىق بېرىش-كېلىشىگنى دەرھال توختات دەپ زورلايدۇ. روشەنكى، ئۇنىڭ بۇنداق قاتتىق گەپ قىلالىشىدا چوقۇم ھەدىسى ئانگېلانىڭ ماقۇللىغىنى ئالغان بولىشى كېرەك.

سىنتەبىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، گېلى مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسىغا تېلېفون قىلىپ بۇندىن كېيىن دەرسكە قاتنىشالمايدىغانلىقىنى، ۋىيىنناغا مېڭىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇختۇرىدۇ. ئاندىن دەرھال بېرچتېسگادېنغا ئاپىسىنى كۆرگىلى بارىدۇ. ئۇ ئەندىلا كېلىشىگە تاغىسى ”ئالف“ تىن تېلېفون كېلىپ ئۇنى دەرھال ميۇنخېنغا قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. گېلى دەرھال قايتىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ميۇنخېنغا يىتىپ كەلگىنىدە ھىتلېرنىڭ ميۇنخېندىن ئايرىلىپ يەرلىك مەسئۇل كادىرلار بىلەن ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىنغا قاتنىشش ئۈچۈن يولغا چىقماقچى بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ”مېنى بىكاردىن-بىكارغا قورۇق يول

ماڭغۇزدۇك“ دەپ تاغىسىدىن قاتتىق رەنجىيدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا، مەن بولماي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ ۋېيىنناغا بارالمايسەن، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان گېلىنىڭ تاغىسىغا بولغان رەنجىشى دەرھال قاتتىق ئۆچمەنلىككە ئايلىنىدۇ. 17-سىنتەبىر كۈنى، ئىككىسى بىرگە ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يەپ (ئىتالىيە لەغمىنى) ئولتۇرۇپمۇ تالاش-تارتىشى بېسىقمايدۇ. ئاشخانا ئۆيدە تۇرغان ۋىنتېر خانىم ئۇلار ئىككىسىنىڭ بارغانسېرى قاتتىق ۋارقىرىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئۇ قىز تامىقىنى تاشلاپ تاماق يېيىش ئۆيىدىن ئېتىلىپ چىققىنىدا چىرايىنىڭ غەزەپتىن قىپ-قىزىل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن.

گېلى ياتىقىدىن چىقماي يېتىۋالىدۇ. كېيىن، تاغىسىنىڭ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆيدىن چىقىپ ئۇنىڭ كەينىدىن زالغا چىقىدۇ. تۆۋەندە ھىتلېر بىلەن بىرگە يولغا چىقماقچى بولۇپ خوفمان كۈتۈپ تۇراتتى. گېلى سول قولىغا بىر نېمە ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا نېمە بارلىقىنى رېيچېت خانىم ئېنىق پەرق قىلالمايدۇ. ”خەيرى-خوش ئالق تاغا! _ دەيدۇ گېلى ۋارقىراپ، _ خەير-خوش خوفمان ئەپەندىم.!“

ھىتلېر دەرۋازا تۆۋەدە توختاپ ئارقىغا قاراپ بىر دەم تۇرۇپ قالىدۇ. ئاندىن قايتىپ بىناغا كىرىپ پەلەمپەيدىن ئۈستىگە چىقىدۇ. ئۇ گېلىنىڭ يۈزىنى سىلاپ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلايدۇ. ئەمما گېلى قىمىرمۇ قىلماي غەزەپتىن بۇتتەك قېتىپلا قالغان ئىدى. كېيىن گېلى ئۆي خىزمەتچىسىگە: ”راستىنى دېسەم، بۇ تاغام بىلەن قىلچىمۇ ئورتاق نوقتىمىز يوق“ دەيدۇ. ھىتلېرنىڭ شوپۇرى جۇلئوس شرېك مەرسەدېس ماركىلىق پىكاپنى ھەيدەپ پرىنزرېگېنتېنستراس كوچىسىدا كېتىۋاتقىنىدا، ماشىنىدا ئولتۇرغان ھىتلېر بېشىنى چۆكۈرۈپ گەپمۇ قىلماي جىم ئولتۇراتتى. ئۇ تۇيۇقسىز بۇرۇلۇپ خوفمانغا قاراپ: ”نېمە ئۈچۈندۇ، ئۆزەمنى بەكلا بىئاراملىق ھېس قىلىۋاتىمەن“ دەيدۇ. خوفمانمۇ فۆھرېرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، بۇنىڭ سەۋەبى بەلكىم ئالپىس شامىلىدىن بولسا كېرەك، دەيدۇ. ھىتلېر ئۈن چىقارمايدۇ. مەرسەدېس نيۇرېمبېرگكە قاراپ يولىنى داۋام قىلىدۇ.

ھىتلېرنىڭ ئۆيدە رېيچېرت خانىم ئاشخانا ئۆيدە تۇرۇپ بىر نەرسىنىڭ چېقىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ”بەلكىم گېلى گىرىم ئۈستىلىدىكى ئەتىر قۇتىسىنى دىققەتسىزلىكتىن يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى ھەقچان، شۇنىڭ چېقىلغان ئاۋازى بۇ“ دەيدۇ ئاپىسىغا. بىر ئېھتىمالدا گېلى ھىتلېرنىڭ پەلتو يانچۇقىنى ئاختۇرىۋاتقىنىدا بىر نېمىگە تېگىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.254 ئۇ تاغىسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە خەت تېپىۋالىدۇ. خەت زەڭگەر قەغەزگە يېزىلغان بىر خەت ئىدى. بۇ ئەسلىدە ئېۋا براۋىننىڭ ھىتلېرغا يازغان خېتى ئىدى. بىر قانچە ئاي ئىلگىرى، ھىتلېر ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قايتا

ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بەكلا يوشۇرۇن بولغاچقا، بۇ ئىشتىن كىملەر پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى، ئانىنى ۋىنتېر خانىم كىلىنىڭ ئۇ خەتنى يىرتىپ تۆت پارچە قىلىپ تاشلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالغان. ھەممە ئىشقا چېپىلىپ سوراپ تۇرىۋالىدىغان ۋىنتېر خانىم ئۇ خەت پارچىلىرىنى تېپىپ چاپلاپ قايتا بىرلەشتۈردۇ. خەت تەخمىنەن مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

سۆيۈملۈك ھىتلېر ئەپەندىم، مېنى تىياتىر كۆرۈشكە ئاپارغىنىڭىز ئۈچۈن قايتا بىر قېتىم رەخمەت ئېيتىمەن. ئۇ ئاخشىمى ھەقىقەتەنمۇ ئېسىمدىن چىقمايدىغان بىر ئاخشام بولغانىدى. سىزگە بولغان ھېسسىياتىم سەۋەبىدىن ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق ھاياجان ئىچىدىمەن.

شۇڭا سىزنى قايتا كۆرۈشكە تەقەززارمەن.

_ سىزنىڭ ئىۋايىڭىز گېلى

ئىشكنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ مېنى ھېچ كىم ئاۋارە قىلمىسۇن دەيدۇ. گەرچە ئۇ قاتتىق خاپا ھالدا بولسىمۇ، ۋىنتېر خانىم ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ ئەنسىرىمىگەن ئىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى، ۋىنتېر خانىم بۇرۇنقى كۈنلەردىكىدەك ئىشىنى تۈگىتىپ ئۆيىگە قايتىدۇ. رىيچېرت خانىم بولسا قىزى بىلەن ئويچە ياتاقتا ئۇخلاپ قالىدۇ. خېلى كەچ بىر ۋاقىتلاردا، بوغۇق بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك قىلغان بولسىمۇ بەك دىققەت قىلىپ كەتمەي يېتىۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ "ئەكە" قىزنىڭ مىجەزىگە كۆنۈپ قالغان ئىدى.

ئەمما ئەتىسى ئەتىگەندە رىيچېرت خانىم گېلىنىڭ ئىشكى يەنىلا ئىچىدىن تاقاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇ دەرھال ماكس ئامان بىلەن فرانز شۋاززغا تېلېفون قىلىدۇ. ئۇلار ئىككىسى بىر قۇلۇپچىنى تېپىپ ئىشىكنى ئاچتۇرىدۇ. گېلى يەردە، سافانىڭ يېنىدا ياتقان بولۇپ، ياندا 6.34 مىللى مېترلىق بىر تاپانچا بولۇپ، ئوق ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئۆتكەن.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، نيۇرېمبېرگتا ھىتلېر بىلەن خوفمان يېڭىلا دوتچې خوف، يەنى گېرمان مېھمانسارىيىدىن چىقىپ ھامبۇرگقا قاراپ يولغا چىققان ئىدى. مەرسەدېس ماركىلىق پىكاپ ئەندىلا شەھەردىن چىققىنىدا ھىتلېر كەينىدىن بىر كىچىك ماشىنا ئۇلارنى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ بىرەر ھۇجۇمغا ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن شوپۇرى شىرىكقا ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاشۇر دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ كەينىدىكى پىكاپنىڭ بىر تاكسى ئىكەنلىكىنى، شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كىشىنىڭ گېرمان مېھمانخانىسىنىڭ بىر كۈتكۈچىسى ئىكەنلىكىنى پەرق قىلىپ قالىدۇ. ئۇ

كۆتكۆچى ھېلىغىچىلا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ماشىنىنى توختۇتۇشلار دېگەن بەلگىنى بېرىۋاتاتتى. ئۇلار ماشىنىنى توختاتقىنىدا، كۆتكۆچى كېلىپ ھېتلېرغا ھېس ئەپەندى مېۇنخېندىن تېلېفون قىلىپ سىزنى ئىستەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، بىزمۇ تېلېفوننى قويىۋەتمەي سىزنى چاقىرغىلى كەلدۇق دەيدۇ. ھېتلېر دەرھال مېھمانخانىغا قايتىدۇ. قالپىقى بىلەن قامچىسىنى بىر ئورۇندۇق ئۈستىگە چۆرۈپ تاشلىغىنىچە بېرىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالىدۇ. تېلېفون بوتكىسىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق قالغانلىقى ئۈچۈن، ھېتلېرنىڭ دېگەن گەپلىرىنى خوفمانىمۇ ئاڭلاپ تۇرىدۇ: "ھە، مەن ھېتلېر، نېمە بولدى؟ _ دەيدۇ. سەل تۇرۇۋېلىپ، _ ئاھ، تەڭرىم! نېمە دېگەن قورقۇنۇشلۇق گەپ بۇ! _ دەپ قاتتىق ۋارقىرايدۇ، _ ھېس، دېگىنە، دېگەنلىرىڭ راس گەپمۇ ياكى ... ئۇ ھازىر تىرىكمۇ؟" دەپ سورايدۇ. ئەمما يا تېلېفون يولىدا بىرەر كاشىلا كۆرۈلدى ياكى بولمىسا ھېس تىروپكىنى قويىۋەتكەن بولىشى كېرەك، ئاۋاز ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى.

"ھېتلېرنىڭ قاتتىق پاراكەندە بولىشى باشقىلارغىمۇ تەسىر قىلغان ئىدى. _ دەيدۇ خوفمان ئەسلىمىسىدە، _ شوپۇرىمىز ماي پېدالىنى بولىشىغا بېسىپ كىچىك ماشىنىنى مېۇنخېنغا قاراپ ئۇچقاندەك غۇيۇلداپ ھەيدەيدۇ. كەينىنى كۆرۈش ئەينىكىدىن ھېتلېرنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. ئۇ لېۋىنى چىڭ چىشلەپ، ئالدىغا قاراپ تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نېمە كۆرۈنمەيدىغانلىقى ئېنىق." ئۇلار ھېتلېرنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگىنىدە گېلىنىڭ جەسىدى ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى. شەنبە كۈنى بولغاچقا، بۇ ۋەقەنى ھېچ قانداق بىر گېزىت ئېلان قىلمىغان ئىدى. بۇ ئىش دۈشەنبە كۈنىگە كەلگەندىلا ئاندىن گېزىتلاردا خەۋەر بولۇپ بېسىلىدۇ. بەزىلەر دارىتمىلاپ كېلىپ، ھېتلېر بۇ جىيەن قىزىنى تاشلىۋەتكەن بولغاچقا قىز چىدىماي ئۆلىۋالغان دېيىشكەندى. يەنە بەزىلەر، ئەدلىيە مىنىستىرى پاكىتلارنى يوقۇتىۋەتكەن دەپ يېزىشقان ئىدى.255 سوتسىئالىزمچىلارنىڭ گېزىتى بولغان «مېۇنخېن پوچتىسى» گېزىتى ئۇزۇن بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، گېلى بىلەن ھېتلېر ئىككىسىنى ھەر دائىم ئۇرۇشۇپ تۇراتتى دەپ تەپسىلى توختالغان. ئۇلار يەنە بىر قېتىم بۇ قىزنىڭ بۇرنىنى ھېتلېر ئۇرۇپ سۇندۇرىۋەتكەنىكەن، قىزنىڭ بەدىنىدە ھېتلېرنىڭ خارلىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان يارا ئىزلىرىمۇ بار ئىكەن دەپ يېزىشىدۇ (گېلىنى ھېتلېر ئۆلتەرگەن بولىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى گېلى ئۆلگەن ۋاقىتلاردا ھېتلېر نيۇرېمبېرگدا ئىدى؛ شۇنىڭدەك ئۇنى سەتچىلىكنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھېتلېر ھەمرالىرىغا بۇيرۇق قىلىپ ئۆلتۈرگۈزگەن بولىشىنىمۇ قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى شۇنداق بولغان دەپ پەرەز قىلىنغىنىدىمۇ ئۇنى فۇھرېر ئۆز ئۆيىدە ئەمەس سىرتتا بىر يەرلەردە ئۇجۇقتۇرغۇزۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى.

ھىتلېرنىــڭ بەزى ئەگەشــكۈچىلىرى، گېبلىنىــڭ ئۆلــۈمى پۈتــۈنلەي پەۋقۇلئــاددە بىــر ۋەقە بولۇشــى كېــرەك، يەنــى قانــداقتۇ بىــرەر ئــاۋازدىن ئۈركــۈپ كېتىــپ، قورققىنىــدىن ئــۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغــان بولۇشــى مــۇمكىن دېيىشــەتتى. يەنە بىــر قاراشــتا، بــۇ قىــز تاپــانچىنى ئوينــاپ ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىز ئوق چىقىپ كېتىشىدىن ئۆلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ئوتتۇردىكى دەلىللەردىن قارىغاندا، ئەڭ مەنتىقلىق خۇلاسە ــ بۇ قىز ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان دېيىشكىلا بولاتتى. ئۆلتۈرىلىشىنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، بىر تۈرلۈك ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پېتىپ قېلىپ ياكى كۈندەشلىك قىلىپ، ۋەياكى باشقا نــامەلۇم بىــرەر سەۋەپ بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغــان بولۇشــى كېــرەك دېيىشــكىلا بــولاتتى. ۋىللىيــام پاترىــك ھىتلېرنىڭ ئاپىسى خانفىستايىنگىلغا، ”ئــائىلە جەمەتىمىزدىكىلەرگە بــۇ ۋەقەنىــڭ ســەۋەبى بەش قولدەك ئايان: لىنزدىكى بىر يەھۇدىي، يەنى بىر رەسىم ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى ھامىلدار قىلىــپ قويغاچقــا ئــۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغــان“ دەپ ئېيتقــان. 1971-يىلقــى بىــر قېتىملىــق كۆرۈشۈشتە فۇھرېرنىڭ يەنە بىر نەۋرە ئىنىسى بولغان خانس ھىتلېر بۇ گەپلەرنى قەتئىي رەت قىلدۇ.ــ ئا.ھ.ئى).

ھىتلېر قاتتىق ئۈمىتسىز، قاتتىق سەتچىلىك ئىچىدە قالدۇ. ئۇ فرانكقا ”بــۇ قېتىمقى تۆھمەت چاپلاش ھەرىكىتىگە زادىلا بەرداشلىق بىرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇندىن كېيىن قەتئىي گېزىت كۆرمەيدىغانلىقىنى، بۇندىن كېيىن سىياسىي پائالىيەتلەردىن قەتئىي تــۈردە قول ئۈزۈپ، جامائەت ئارىسىغا پەقەتلا چىقماسلىق ئۈچۈن سىياسىي سەپتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىشىنىمۇ ئويلىغانلىقىنى“ ئېيتقانمىش. بــۇنچە ئېغىــر ئۈمىدســىزلىك ئىچىــدە قالغــان ھىتلېر، خوفمان بىلەن بىرلىكتە سەھرالارغا قېچىپ كەتكەن. يەنى ئۆزىنىڭ نەشرىياتچىسى بولغان ئادولف مۈللېرنىــڭ تېگېرنسېيدىكى داچىسىغا بېرىۋالــدۇ. داچىغا يېتىپ بارغانــدا ئۇنىڭ شوپۇرى خوفماننىڭ قۇلىقىغا، ”ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالمىسۇن دەپ ئۇنىڭ ناگىنىنى تىقىپ قويدۇم“ دەپ پىچىرلايدۇ. ئۇ داچىغا كىرەر كىرمەي قولىنى ئارقىغا قىلغىنىچە ئۆي ئىچىدە توختىماي ئالدى-كەينىگە مېڭىشقا باشلايدۇ. خوفمان ئۇنىڭدىن نېمە يېگىسى بارلىقىنى سورىغىنىدا، ھىتلېر ھېچ نېمە يېگىسى يوقلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى چايقايدۇ. ئۇ سائەتلەپ شۇنداق ئالدى-كەينىگە مېڭىپ تا يېرىم كېچىگىچە توختىمايدۇ. تاڭ يورۇشقا ئاز قالغان بىر ۋاقىتتا خوفمان كىلىپ ئۇ تۇرىۋاتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى سىلىق چېكىدۇ. ئىچىدىن بىرەر تىۋىش كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئىشىكنى ئۆزى ئېچىپلا ئىچىگە كىرىدۇ. قارىسا ھىتلېر ھېلىغىچە قولىنى كەينىگە قىلىپ دېرىزىدىن يىراقلارغا تىكىلگىنىچە مېڭىشتىن توختىمىغانلىقىنى كۆرىدۇ.

خوفمان ئۆيىگە تېلېفون قىلىپ ئىتالىيانچە لەغمەننى قانداق ئېتىش كېرەكلىكىنى

سورايدۇ. ھىتلېر بۇنداق لەغمەننى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئەمما ھىتلېر يەنىلا تاماق يېيىشكە ئۇنىمايدۇ. ئۇ ھېچ قانداق بىر نەرسە يېمەي ئىچمەي يەنە ئىككى كۈن ئۆي ئىچىدە مېڭىپلا يۈرىدۇ. ئارىدا بىر قېتىم تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ بىرسىدىن كەلگەن تېلېفونغا جاۋاب بېرىدۇ. تېلېفون قىلغان كىشى فرانك بولۇپ، ئۇ تېلېفوندا، تەدبىر قوللىنىپ، يەنى قانۇندىن پايدىلىنىپ گېزىت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۇنداق پەسكەشلەرچە قارا چاپلاش ھەرىكىتىگە چەكلىمە قويدۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ھارغىن بىر ئاۋازدا: ”رەخمەت ساڭا. مەن چوقۇم قايتىدىن ئەسلىمگە كېلىشكە تىرىشىمەن. مەن سېنىڭ بۇ قىلغان ياخشىلىقىڭنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن“ دەيدۇ.

خەۋەر ئاخىرى مۆللېرنىڭ داچىسىغا يېتىپ كېلىدۇ: گېلىنىڭ مېيىتى ۋېيىننادا يەرلىككە قويۇلغان؛ دەپنە مۇراسىمىغا رۆم، مۆللېر، ھىملېر ۋە شۇنىڭدەك ئۆزىنى مىللەتچى سوتسىئالىزم پارتىيىسىنىڭ ۋېيىننا مەسئۇلى دەپ تونۇشتۇرغان ياش ئالفرېد فراۋئېنفېلد دېگەندەك كىشىلەر قاتناشقان ئىدى. ھىتلېر سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن يۇرتىغا قايتىشى چەكلەنگەن بولسىمۇ، قولغا ئېلىنىش خەۋپىگە قارىماي ئۇ يەرگە بارماقچى بولىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، شوپۇرى شرېكنىڭ شوپۇرلۇقىدا مەرسەدېس بىلەن ئاۋسترىيىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. خوفمان ئۆزى يالغۇز كەينى ئورۇندا ئولتۇرىدۇ. ئۇلار گەرچە قىلىشماي ئاۋسترىيە چېگراسىغا قاراپ ماشىنىلىق يۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدە مۇھاپىزەتچىلىرى ئولتۇرغان بىر چوڭ ماشىنىمۇ بىرگە كېلىدۇ. ئۇلار يېتىپ بارغان ۋاقىتدا تاڭ يورۇشقا باشلىغان ئىدى.

ئۇلار ۋېيىننا شەھەر سىرتىغا يېتىپ كەلگىنىدە، مەرسەدېس ماتەم يېرى ئۈچۈن بەكلا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، فراۋئېنفولد ئۇلار ئۈچۈن باشقا بىر كىچىك ماشىنا تەييارلاپ قويغان ئىدى. ئۇلار سۈكۈت ئىچىدە مەركىزى قەۋرىستانلىققا يېتىپ كېلىدۇ. ھىتلېر قەۋرە ئۈستىگە گۈل قويىدۇ. قەۋرە تېشىغا مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغان ئىدى:256

سۆيۈملۈك قىزىمىز گېلى
بۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇسىغا ماڭدى، ئۇ بىزنىڭ نۇرىمىز ئىدى
1908-يىلى 4-ئىيۇندا تۇغۇلۇپ، 1931-يىلى 18-سىنتەبىردە ۋاپات بولغان
راۋباللار ئائىلىسى

ھىتلېر، فراۋئېنفېلدنىڭ داچىسىغا كېتىۋېتىپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، تىياتىرخانا ئالدىدىن ئۆتكىلى بولارمۇ، دەپ سورايدۇ. فراۋئېنفېلد، ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا

كېلىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ”ھە، مەيلى ئايلان ئەمسە“ دەيدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا ”ئىچكە كىرەلمىسەكمۇ ھېچقىسى يوق، يېنىدىن ئۆتسەكمۇ ماقۇل، ماڭغىنا يېتىدۇ“ دەيدۇ. ھىتلېر، فراۋنفېلدىنىڭ ئۆيىدە تويغىچە ناشتا (نانئۇشتا) قىلىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ ئېغىر بېسىقلىق بىلەن گەپ باشلايدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى پاجىئە ئۈستىدە گەپ قىلماي، گېرمانىيىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى بىلەن ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى كەسكىن، ئىشەنچكە تولغان ئىدى. ئۇ يەنە فراۋنفېلدقا، ئەڭ كېچىككەندە 1933-يىلى، پولەكلەر دانزىگنى ئىشغال قىلىۋېلىشتىن بۇرۇن چوقۇم گېرمانىيىدە ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. يولغا چىقىپ ئۆزىنىڭ پىكاۋىغا ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭ، ئۇ قايتىدىن ئالدىغا قاراپ تىكىلگىنىچە جىم ئولتۇرىدۇ. بىر ۋاقىتلارغا كېلىپ ئۇ ئاۋازلىق ئويلىنىۋاتقاندەك گەپ قىلىدۇ: ”شۇنداق، ئەندى بۇ كۈرەشنى باشلىۋېتىشىمىز كېرەك. بىز چوقۇم بۇ كۈرەشتە ئۇتۇپ چىقىشىمىز كېرەك. ياق، بىز چوقۇم يېڭىپ چىقىمىز!“

ئارىدىن بىر-ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ھىتلېر مەسئۇل كادىرلار يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئاپتوموبىللىق شىمالغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. يولدا ھەمرالىرى بىلەن بىرلىكتە كىچىك بىر مېھمانخانىغا چۈشۈپ بىر كېچە قونىدۇ. ئەتىسى ناشتىدا ھىتلېر ئىسلانغان توڭگۇز پۇتى بوچىسى ــ ژامبون يېيىشنى رەت قىلىدۇ. ”ئادەم خۇددى ئۆلۈك گۆشى يېگەندەك ھېس قىلىدىكەن!“ دەيدۇ گىيۆرىڭغا. شۇندىن ئېتىۋارەن، ھىتلېر پەقەتلا گۆش يېمەس بولىۋالىدۇ. (ھىتلېر بۇنداق گەپنى بۇرۇنمۇ دېگەن، بۇندىن كېيىن گۆش يېمەيمەن دېگەن ئىدى. ھېس خانىمنىڭ دېيىشىچە، بۇ قېتىم ئۇ ۋەدىسىدە تۇرالىغان بولۇپ، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئىرىمچىك-پەيىنىردىن باشقا ئاغزىغا پەقەتلا گۆش ئالمايدۇ. ”بۇ ئىش بەكلا تۇيۇقسىز بولدى! بۇرۇن ئۇ گۆشخۇمار بىرى ئىدى، بۇنى چۈشىنىش ياكى بۇ قىلغىنىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.“)

ھامبۇرگقا بارغاندا ئۇ بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. مىتىڭگە قاتناشقۇچىلار بەكلا كۆپ، شۇنىڭدەك بەكلا قىزغىن ئىدى. ئۇنىڭ نۇتقى خۇددى بۇرۇنقىدەكلا كۈچلۈك ۋە مۇكەممەل بولدى. ئۇ بۇرۇنقى ئىككى قېتىمقىسىدەك، يەنى بىرىنچى قېتىمدا پاسۋالكتا، يەنە بىر قېتىمدا لاندسبېرگتىكىدەك قايتىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خىيالىغا كىرىپ ئازاپلانغان ئىدى. بەلكىم بۇمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى يېڭىلىشى بولسا كېرەك؟ چۈنكى ئۇ، ھەر قېتىمقىسىدا چوڭقۇر ھاڭدىن قايتىپ چىقىپ قايتىدىن روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالغا كېلىپ، يېپ-يېڭى نىشانغا قاراپ ئىلگىرلەيتتى. دېمەك ئۇ، بۇ قېتىم ئۈچىنچى قېتىم قايتا تىرىلگەن ھېسابلىناتتى.

# تۆتىنچى بۆلۈم

# قوڭغۇر كۆڭلەكلىكلەر ئىنقىلابى

# 10."ئوڭۇمۇ_چۇشۇم؟"

## 1931~1933.1.30

1

هىتلېر، گېلىنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك كۆڭلى يېرىملىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، شىمالدا چاقىرىلغان پارتىيە رەھبىرى كادىرلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن پارتىيىنىڭ بەكلا مۇھىم يىغىنى بولغاچقا، يىغىنغا پارتىيىنىڭ يەرلىك مەسئۇللىرى بىلەن ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرىلا قاتناشتۇرۇلغان ئىدى. يىغىن ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەن بىر يىغىن بولىدۇ. بۇ يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، پارتىيەنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىشى تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. "پارتىيىمىز، بۈگۈن بىردەك ئىتتىپاق هالىغا كەلدى. _ دەيدۇ هىتلېر يىغىندىن بىر قانچە كۈن كېيىن، _ يەرلىك پارتىيە مەسئۇللىرى بىلەن سىياسىي رەھبەرلەر ئىستىخىيىلىك بىر شەكىلدە ئەڭ توغرا قارارلارنى ئېلىشتى." يىغىن نەتىجىلىرىدىن بىرسى، پارتىيە "بارلىق ھۇرۇنلارنى، چىرىگەن ئۇنسۇرلارنى ۋە كارغا كەلمەسلەرنى" تازىلاپ چىقارغان ئىدى؛ پارتىيە ئورگانلىرى يىغىنچاقلانغان؛ پارتىيە قۇرۇلمىسى مۇستەھكەملەنگەن، هىتلېرنىڭ شەخسى هوقۇقىنى كۈچەيتىلگەن ئىدى.

پارتىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى رەتكە سېلىنغاندىن كېيىن، هىتلېر تېخىمۇ ئەركىن هالغا كېلىپ مەملىكەت بويىچە سىياسىي پائالىيەتلەرگە تولۇق ئاتلىنىش ئىمكانىغا ئېرىشەلەيدۇ. 1931-يىلى 14-ئۆكتەبىر كۈنى، پرېزىدېنت هىندېنبۇرگنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى بولغان گېنېرال كۇرت ۋون شلېيچېرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن، هىتلېر بۇ مارشال "بوۋاي" بىلەن كۆرۈشىدۇ. هىتلېر، هىندېنبۇرگنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپلا قالىدۇ. هىندېنبۇرگ بويى ئالتە يېرىم چارەك، ئاۋازى توم ۋە جاراڭلىق، بەستلىك كۆرۈنۈشتىكى بىر ئادەم ئىدى. هىتلېرنىڭ گېپى بەكلا ئۇزاپ كەتكەچكە، بۇ قۇرۇغلۇق ئارمىيە مارشالى ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا،

كۆرۈشۈشتىن كېيىن ھىندېنبۇرگ شلېيچېرغا ئاچچىق بىلەن مۇنداق دېگەنىمىش: ھىتلېر دېگەن بۇ كىشى بەكلا غەلىتى بىر مەخلۇق ئىكەن، ئۇ ھەرگىزمۇ باش مىنىستىر بولالمايدۇ، بەك بولۇپ كەتسە ئۇنى پوچتا-تېلېگراف مىنىستىرى قىلىشقىلا بولار، دېگەن. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان بىر كۆرۈشۈش بولغان بولسىمۇ، شلېيچېر يەنىلا ھىتلېردىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن ئىدى. ھىتلېر ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. بولۇپمۇ يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن ئومۇمى سايلامدا فۇھرېرنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ مىللى سوتسىئالىزم پروگراممىسىمۇ ئۇنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغان ئىدى. "ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ قىزىق بىر ئادەم ئىكەن. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ سۆز قابىلىيىتى ئۈستۈن بىرى ئىكەن. ـ بۇ گەپلەر ئۇنىڭ ھىتلېرگە بەرگەن باھاسى ئىدى. ـ ئۇنىڭ پىلانىدىن قارىغاندا،260 بۇ ئادەم ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى كۆكلەردە كۆرسە كېرەك. ئۇنى رىيال دۇنياغا قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولساق، چوقۇم ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ يۇرىشىڭ كېرەك." شلېيچېر ـ بۇ ئىسىم نېمىسچە "سۆيقەستچى" دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ تۇر قىزىقىشى ئۇنى چوڭقۇر پاتقاققا پاتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئىچىدە بۇ كونا ئون بېشىنى خالىغانچە يېتەكلەپ كېتەلەيدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنەتتى.

ھىتلېرمۇ ئادەتتە ئۆزىنى باشقىلارنىڭ تۇۋەن مۆلچەرلىشىنى خالايتتى. ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭدىن-كۆڭگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە ئۈگۈمسىزلىققا ئۇچرىشى، نۇرغۇنلىغان نېمىسلارنى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ. ئەمما ھىتلېر شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە ئاي جەرياندا بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ھىمايىچى ئاساس تىكلەيدۇ. ئۇ يەنە چەتئەللىكلەرنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىۋاستە ئامېرىكا خەلقىگە خىتاپ قىلىشقىمۇ تىرىشىپ كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشى ھەقىقەتەنمۇ مىسلىسىز بىر ھەرىكەت ئىدى. ھىتلېر، 11-دېكابىر جۇما ئاخشىمى كولومبىيە رادىئو شىركىتىدە ئامېرىكا خەلقىگە پارتىيىسىنىڭ "تۇتقان يولى، ئەھمىيىتى ۋە غايىسى" ھەققىدە چۈشەنچە بەرمەكچى بولسىمۇ ئۇنىڭ رادىئودا سۆزلەش ۋاقتىغا ئاز قالغاندا گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق رادىئو نۇتقىنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھىتلېرنىڭ رادىئو نۇتقىنىڭ ئېنگلىزچە تەرجىمىسى ھېرستنىڭ ھەر قايسى گېزىتلىرىغا بېسىلىپ بولىدۇ. كىشىلەر ھىتلېرنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى رادىكال سىياسەت تۇتقان قىسمىغا بەكرەك قىزىققان ئىدى. بۇ نۇتۇق تىزىسىدە ھىتلېر ئامېرىكا خەلقىدىن ئۆزىنى مۇداپىيە قىلىش تۈيغۇلىرى ئاساسىدا "دۇنياۋى ۋاباغا قارشى تۇرۇش" ئىشىدا، يەنى بولشېۋىكچىلىككە قارشى كۈرەش جەريانىدا ئۆزى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىد

قىلىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن ئىدى.

1932-يىلى يېڭى يىل بايرام كۈنى، ھىتلېر ميۇنخېندا بىر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ مىتىنگ قاتناشقۇچى خەلق ئاممىسىغا، بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر دۇنيا بەرپا قىلىش كۈرىشى جەريانىدا تەڭرى چوقۇم ئۇنىڭ تەرىپىدە بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. «ئىنجىل»دا، سوغوق مۇئامىلە قىلىدىغانلار تۆكۈلۈپ تاشلىنىدۇ دېيىلمىگەنمىدى؟ يەنە شۇ پەيتلەردە ھىتلېر قانداقتۇ بىر غالىبىيەتنى قولغا كەلتۈرىدۇ _ ھىندېنبۇرگنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ھىتلېرنى دەرھال بېرلىنغا تەكلىپ قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىدى، ھىتلېردىن مارشال ھىندېنبۇرگنىڭ پىرېزىدېنتلىق مۇددىتىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن ھەمكارلىقتا بولۇشنى تەلەپ قىلىش ئىدى. ئەمما بۇ تەلەپ ھىتلېرنىڭ ئارزۇسىغا تۈپتىن زىت بىر تەلەپ ئىدى. چۈنكى، بۇنداق بولغىنىدا مەلۇم مىقتاردىكى ئاۋاز بىلەن باش مىنىستىر برۈنىڭنىڭ يۈرگۈزمەكچى بولىۋاتقان ھەر تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى قوللاپ ئاۋاز بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. بۇنداق بىر تەلەپنى رەت قىلىپ ھىندېنبۇرگ بىلەن ئاشكارە رىقابەتلىشىش دېمەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ خەتەرلىك بىر دوغا چىقىش ھېسابلىناتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ پۈتكۈل سىياسىي ئىستىقبالىنى دوغا تىكىپ مىنىستىرلىك سايلىمىغا قاتنىشىش تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. ”بوۋاي“ ھەقىقەتەنمۇ بەكلا غەلىتە بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ كونسېرۋاتىپلىقى نۇرغۇنلىغان ئوڭچىلارنىڭ ئاۋازىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلاتتى. شۇنىڭدەك يەنە ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنى ئاشكارە ھىمايە قىلىپ، ھىتلېردەك رادىكال ئەقىدىلىكلەرگە قارشى تۇرغىنىدا مۆتىدىل تەرەپتىكىلەر بىلەن دېموكراتچى تەرەپتىكىلەرنىمۇ ئۆزىگە جەلىپ قىلىش پۇرسىتى تۇغۇلۇشى مۇمكىن ئىدى.

گېببېلس، كېيىنچە بۇ كۈنلەردىكى ۋەزىيەت ھەققىدە كۈندىلىك خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: ”... ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئويۇن دامكا ئويۇنى رەسمى باشلاندى.“ ئۇ ھىتلېرنى غەيرەتلەندۈرۈپ بۇ قېتىمقى تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكىتىگە كۈشكۈرتىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر خىيالى قانداق قىلىپ سايلام ھەرىكىتى ئۈچۈن يېتەرلىك مەبلەغ توپلىۋېلىشتىلا قالغان ئىدى. ھىتلېر، گېرمانىيىنىڭ پولات-تۆمۈر مەركىزى بولغان دۈسسېلدورفتىكى باغچا مېھمانخانىسىدا بىر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەپ، بۇ مەسىلىنى بىراقلا ھەل قىلىۋالىدۇ. يېقىنقى كۈنلەردە بەلگۈلەنگەن ”تەسىرى كۈچلۈك بولغان سودىگەرلەر ئارىسىدا سىستېمىلىق خىزمەت ئىشلەش“ قارارىغا ئاساسەن، فرىتز تايسېننىڭ تەكلىۋى بويىچە، 17-يانۋار كۈنى سانائەتچىلەر كلۇبىدىكى تەسىرى كۈچلۈك كىشىلەرگە بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ.

ھىتلېر، دۈسسېلدورف نۇتقىنى سۆزلەشتىن بۇرۇن بىر قېتىملىق يوشۇرۇن سۆھبەت

جەرياندا سىياسىي پروگراممىسغا چوڭ ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزگەن ئىدى. ئۇ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، ئەركىن باشقۇرۇش دېگەندەك تەشەببۇسلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە ئومۇمىي يۈزلۈك ئېگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى بىر پىلاننى _ بىر قاتار ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى پىلانىنى بىلەن ئارمىيىنى قايتىدىن قۇراللاندۇرۇش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەكىتلەش بىلەن بىر قاتاردا، چوڭ سودا سانائەتچى كاتىۋاشلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەكلىۋىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەكلىۋىنى ئوتتۇرغا قويدى. بىر سائەتكە قالماي، ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاۋاتقانلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىشقا باشلايدۇ. ھىتلېر نۇتقى ئارقىلىق بۇ تۈردىكى ئەمەلىيەتنى چىقىش نوقتىسى قىلىدىغان سودىگەرلەرگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە تېگىپ ئۆتكەن ئىدى. مەسىلەن، ئۇ شەخسىي مۈلۈككە ئىگە بولۇش ئۇلارنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتتى.261 شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كوممۇنىزم تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرغا چىقىدىغان قورقۇنۇشلۇق بىر مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ ئۆتتى. ”ئەگەر بۇنىڭ ئالدى ئېلىنمايدىكەن، خۇددى خرىستىئانلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردە كۆرۈلگىنىدەك، بولشېۋىكچىلىك دۇنيانىڭ قىياپىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. ... يەنى ئەگەر بۇ ھەرىكەت داۋاملىق تەرەققى قىلىپ بارغىنىدا، ھازىردىن باشلاپ 3 يۈز يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە، كىشىلەر لېنىننى 1917-يىللارنىڭ ئىنقىلابچىسى قاتارىدا تونۇيدىغانلا بولۇپ ئۆزگەرمەي ھەتتا پۇساغا چوقۇنغاندەك لېنىنغا چوقۇنۇش ۋەزىيىتى ئوتتۇرغا چىقىدۇ.“ ئۇ يەنە ئىقتىسادىي بوھران مىليونلىغان ئىشسىزلار بىلەن ھەممىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان نېمىس خەلقىنى يول تاپالماي قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كوممۇنىزمچىلاردىن بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدۇ؛ بۇ مەسىلە گېرمانىيىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ جىددىي مەسىلىلىرىدىن بىرى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىشى ھەرگىزمۇ ئىقتىسادىي قانۇنلارغا تايىنىش بولماستىن ھاكىمىيەتكە تايىنىش ئىشىدۇر؛ ناتسىستلار پارتىيىسى، ۋە پەقەت ناتسىستلار پارتىيىسىلا بۇنداق قىزىللار ئېقىنىنى توساشقا تەييار ۋە بۇنى توساشنى خالايدۇ. ئەگەر مىللىي سوتسىئالىزم بولمايدىكەن، گېرمانىيىدە ئوتتۇرا تەبىقە دەيدىغان بىر سىنىپ مەۋجۇت بولماي قالىدۇ؛ ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ بارلىقلا دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى، روناق تېپىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ، دەيدۇ.

ھىتلېرنىڭ نۇتقى ھېچ قاچان بۈگۈنكى نۇتقىدەك بۇنچە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىپ باققان ئەمەس. ئۇ نۇتقىدا ھېسسىيات بىلەن مەنتىقىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ پايدىلىنىدۇ. ئۇ، ھېلى بولشېۋىكچىلىكنىڭ قورقۇنۇشلۇق تەسۋىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا بىخەتەرلىك

ئېلىپ كەلگەن تۇرۇمنىڭ ئاغدۇرۇلىشىدىن كېيىنكى قورقۇنۇشلۇق ۋەزىيەت بىلەن كىشىلەرنى قورقۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكىدىن ياردەم تەلەپ قىلاتتى. يەنى، ئەگەر ئۆز سانائىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭ تەرەققى قىلىشىنى خالايدىكەن، ئۇلارغا چوقۇم بىر مۇستەبىت چىقىپ ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇپ بېرىشى ۋە گېرمانىيەگە رەھبەر بولۇپ بېرىشى، ئاخىرىدا گېرمانىيەنى قايتىدىن دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈشكە موھتاج بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى 50 يىل مابەينىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇتۇقلار بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن بايلىقلارنىڭ تۈزۈپ يوقاپ كېتىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆيلىرىگە قايتىپ بارا-بارماي ئۇنىڭغا، يەنى خەلق ئاممىسىنى قۇتقۇزۇش ۋەدىسىنى بېرىۋاتقان بۇ ئادەمگە ئىئانە قىلىش تەييارلىقىنى قىلىشقا كىرىشىدۇ.

2

ھىندېنبۇرگ، فېۋرالنىڭ ئوتتۇرلىرىدا يەنە بىر قېتىملىق پرېزدېنت سايلىمىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. مانا بۇ، ھىتلېرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان بىر مەسىلە ئىدى. روشەنكى، ناتسىستلار سايلام مۇسابىقىسىگە قاتناشماقچى بولىدىكەن، چوقۇم بىر نامزات كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى. ناتسىستلار پارتىيىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇنداق بىر نامزات پەقەت ھىتلېرلا بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرسى بۇنداق بىر پۇرسەتتىن بىرەر نەتىجە چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ھىتلېر يەنىلا بۇ ئىشقا جاسارەت قىلالماي كەلمەكتە ئىدى. "شۇنداق ئەمەسمۇ، مەن چوقۇم تەختكە چىقالايمەن، باشقىلار مېنىڭ ئالدىمدا بىر-بىرلەپ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ھېلىتىنلا ھېس قىلالماقتىمەن. _ دەيدۇ بىر كۈنى فرانكقا، _ مەن ئۆزەمنى كۆڭلەرنىڭ بىرىدە باش مىنىستېر بولىدىغان بىر ئادەم دەپ كۆرمەكتىمەن، مەن چوقۇم بولالايمەن دەپ ھېسابلايمەن. شۇنداقتىمۇ ئۆزەمنى ھېچ قاچان پرېزدېنت بولالايمەن دەپ كۆزئالدىمغا كەلتۈرەلمەيمەن، مەن زادىلا پرېزدېنت بولالايدىغان بىرسى ئەمەسمەن." ئۇنىڭ بۇنداق ئەنسىرىشىنى ئاساسسىز دېيىشكە بولمايتتى. ئۇ بۇ ئىشتا توپ-توغرا ئىككى ھەپتە تەۋرىنىپ بىر پىكىرگە كېلەلمەي يۈرىدۇ. ئاخىرىدا گيوبېلس ئۇنى بۇ ئىشقا قايىل قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دەرھال سايلام مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش لاياقىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ. ئۇ

ناتسىستلار پارتىيىسى ئىچكى سىياسەت بىيرو باشلىقى براۋنشۋېيگىنىڭ يول مېڭىشى نەتىجىسىدە گېرمانىيە پۇخرالىقىغا ئۆتىدۇ. ئاندىن بۇ شىتاتنىڭ پارلامېنت ۋەكىللىكىنىمۇ قولىغا كەلتۈرىدۇ. ھىتلېر، ئەتىسى، يەنى 27-فېۋرال، 15 كۈندىن كېيىن پرېزىدېنت نامزاتى بولۇپ سايلامغا قاتنىشىدىغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلىدۇ.

ئىقتىسادىي ي بوھران بىلەن سىياسىي ئۆچمەنلىكلەر گېرمانىيىنى رەسمىي بىر ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندۇرىۋەتكەن دېيىشكە بولاتتى. "بېرلىن ئىچكى ئۇرۇش ھالىتىگە كىرىپ قالغان ئىدى. ـ دەپ يازىدۇ كرىستوفېر ئىشىېرۋود، ـ ئۆچمەنلىكلەر خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پات-پاتلا ھەممە يەردە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ: بۇنداق دۈشمەنلىشىشلەر كوچا-دوخمۇشلىرىدا، چوڭ-كىچىك مېھمانخانىلاردا، كىنوخانىلاردا، تانسىخانىلاردا، سۇ ئۈزۈش كۆللىرىدە، ... ھەممىلا يەردە يۈز بېرىپ تۇراتتى؛ يېرىم كېچىلەردە، ناشتىدىن كېيىن، چۈشلۈك تاماق ۋاقتلىرىدا جىدەللەر كۆرۈلۈپ تۇراتتى. پىچاقتا قارشى پىچاق بىلەن، توخماقلارغا قارشى سۇنۇق بوتۇلكىلار بىلەن،262 مىق قادالغان توخماقتا قارشى ئورۇندۇق پۇتلىرى بىلەن بىر-بىرسىگە ھۇجۇم قىلىشاتتى؛ ئېتىشقان ئوقلار ئېلان-سەنئەت تاختايلىرىنى ئۆتمە-تۆشۈك قىلىۋەتكەن، ئوقلار ھاجەتخانا قاڭالتىر ئۆگزىسىدىن قاڭقىپ ھەر تەرەپكە چاچراپ تۇراتتى، ... رەسمىي بىر جەڭ مەيدانى ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن ئىدى."

ئۆچمەنلىكلەر خۇددى ۋابادەك پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تارقالماقتا ئىدى. ئىقتىسادىي كرىزىستىن زىيان تارتقانلار ئۆزىدىن تەلەيلىك بولغان كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىشاتتى. دۇكان تاقاشقا مەجبۇرلانغان ئۇششاق دۇكاندارلار چوڭ-چوڭ تۈرلۈك ماللار ماگىزىن خوجايىنلىرىنى قاغىشاتتى؛ مىليونلىغان ئىشسىزلار ئىش تاپالىغانلار بىلەن "خوجايىنلار" غا ئۆچمەنلىك قىلىشاتتى؛ ئون مىڭلىغان ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەن ستۇدېنتلار كەلگۈسى ئىستىقبالىنىڭ توسىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، ئۈمىدسىزلىكتىن كېلىپ چىققان غەزەپلىك ھېسسىياتلىرىنى ھەر تۈردىكى ئادەم ئېلىش ئورۇنلىرىنى قاغاش ئارقىلىق باستۇرۇشاتتى. ئىقتىسادىي بوھران پۈتۈن ساھەدىكى تەبىقىلەرگە دېگىدەك زەربە بەرمەكتە ئىدى. دېھقانلار ئۈستىدىكى باج-سېلىقلار كۆتۈرەلمىگىدەك ئېغىر يۈك ئاستىدا ئېزىلمەكتە، كالىدەك ئىشلىگىنىگە قارىماي دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى شۇنداق تۆۋەن ئىدىكى، چىقىمنى قاپلىيالمايتتى. شۇڭا دېھقانلار شەھەرلىكلەرگە ئۆچمەنلىك كۆزى بىلەن قارىشاتتى؛ بۇنىڭ ئەكسىچە سانى كۈنسايىن ئارتىپ كېتىۋاتقان ئىشسىز "ئاق ياقىلىقلار" مۇ دېھقانلارغا ھەسەتخورلۇق قىلاتتى ـ ھەر نېمە دېگەن بىلەن دېھقانلارنىڭ يېغىقىدەك ھوسۇلى بار-دە!

نۇرغۇنلىغان چوڭ شەھەرلەردە ئىشسىز ئىشچىلار شەھەر ئەتراپىدا ئوچۇقچىلىقتا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشەتتى. كوچا-دوخمۇشلاردا تىلەمچىلەر دەستىدىن ئۆتكىلى بولمايتتى؛ ئومۇمى سايلام ھارپىسىغىچە، ئىشسىزلار جەدۋىلىنى توشقۇزغانلار سانى 6 مىليونغا يەتكەن بولۇپ، بۇلاردىن باشقا يەنە نەچچە مىليونلۇق كۆنلۈكچىلەر قوشۇنى ياكى ئىشسىزلىق جەدۋىلى توشقۇزۇشنى خالىمايدىغانلارمۇ بار ئىدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر زەربە يەپ ۋەيران بولغان نۇرغۇن كىشىلەر بۇ پاجىئەدىن قۇتۇلۇشتا ئادولف ھىتلېرنىڭ سايلىنىشنى بىردىن-بىر ئۈمىد دەپ قاراشماقتا ئىدى. ھىتلېر ئەزەلدىن ۋېيمار ھۆكۈمىتى بىلەن ئەزەلدىن ياراشماسلىق يولىنى تۇتۇپ كەلگەنلىكى، شۇنىڭدەك قىلچە تەۋرەنمەي ئاشكارە تۈردە ۋىلشال شەرتنامىسىغا ھەمدە قىزىللار تەھدىتىگە قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، گەرچە ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم سانائەت كاپىتالىستلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەك قويۇق ئىكەن دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەر ھەر قانچە يامراپ يۈرسىمۇ، كىشىلەر بۇنداق گەپلەرگە پەرۋا قىلىشماي ئۇمۇدىنى ھىتلېرنىڭ ئۈستىگە قويۇشقان ئىدى. ھىتلېرنىڭ شۇئارى بەكلا ئاددى ئىدى: "ئەركىنلىك ئۈچۈن، بولكا ئۈچۈن!" پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كۆتۈرۈلگەن بۇ قالايماقانچىلىق ئىچىدە قەتئى چىڭ تۇرۇپ گېرمانىيە ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق چىقىش يولىنى ئوتتۇرغا قويىمەن دەپ قەتئى ۋەدە بېرىدۇ. ھىندېنبۇرگ تەرەتارلىرى بولسا ھەممە يەرگە ئېلان چاپلاپ سايلامدا ئاۋاز بېرىدىغان خەلقتىن ئۇنىڭ بۇرۇنقى ياخشىلىقلىرىنى ئۇنۇتماسلىقىقا چاقىرىق قىلماقتا ئىدى: "ئۇ بۇرۇن سىلەرگە ئىشەندى، ئەندى سىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىڭلار." گېۋبېلس بولسا بۇنداق شۇئارلارغا "ھىندېنبۇرگنى ھۆرمەت قىلىش، ھىتلېرنى سايلاش" دېگەن شۇئار بىلەن رەددىيە بېرەتتى.

فۈھرېر، ئاساسى دىققىتىنى پۈتۈنلەي خانىۋەيران بولغان ئوتتۇرا ياشلىقلار بىلەن غايىلىك ياشلار ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇ جاپادىن قورقماي ھەممە يەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ نۇتۇق سۆزلەپ، بۇ ئىككى تۈر كىشىلەردىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەر تۈرلۈك ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ. گېۋبېلسنىڭ مېڭىسىنىڭ قىتىقى چىقىپ كەتكىچە باش قاتۇرۇپ ئويلاپ تاپقان تەشۋىقات ھەركىتى ھەققەتەنمۇ ئىجادى خاراكتېردىكى بىر ئەسەر ئىدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ناتسىستلار شۇئارى چاپلانمىغان تام قالمىدى دېيىشكە بولاتتى؛ خەلق ئاممىسىغا ئايروپىلاندىن تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىلدۇ؛ ئۆيىدە پاتىپون بولغان كىشىلەرگە 50 مىڭ پارچە تەشۋىقات ناخشا تەخسىسى ئەۋەرتىلدۇ؛ ئاخشاملىرى ئاممىۋى مەيدانلاردا ھىتلېر بىلەن گېۋبېلسنىڭ نۇتقى لېنتىغا ئېلىنغان "ئاۋازلىق كىنو فىلىم" لىرىنى قويۇپ بېرىدۇ.

شۇنىڭغا قارىماي بۇ ھەرىكەت پىلانىنىڭ مۇھىم نوقتىسى يەنىلا كىشىنى ھارغۇزۇپ ھالىدىن كەتكۈزىۋېتىدىغان ئۇتتۇق سۆزلەش كۆنىلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلىشىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئىدى. مارتىنىڭ دەسلەپكى ئۈن كۈنىدە ھىتلېر بىلەن گېيوبېلس ئىككىسى ئاساسەن ھەر كۈنى دېگىدەك مۇھىم نۇتۇق سۆزلەش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئادەتتە بۇنداق نۇتۇق سۆزلەش قېتىم سانى كۈنىگە ئىككى ياكى ئۈچ قېتىمغىمۇ يېتەتتى.

شۇ ۋاقىتلاردا يەنە، ھىندېنبۇرگچىلارنىڭ لاگېرى بولسا ئېغىر قالايماقانچىلىق ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ. ئۇلار ئىشنىڭ بېشىدىلا ئۆز ئىچىدە بۆلۈنۈپ گۇرۇھ بولۇشقا باشلايدۇ. كىشىلەرمۇ ئۆزئارا پىرىزدېنتنىڭ ئوغلى ئوسكار مەخپى تۈردە كاتولىك مورتىلىقنى قوبۇل قىلىپتۇ، ئۇ يەنە سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپتۇ دېگەندەك گەپلەرنى تارقىتىشقا باشلايدۇ؛ ھىندېبېنبۇرگ تەرەپتە ئىچكى بۆلۈنۈش كۈنسايىن ئارتماقتا ئىدى. تېخىمۇ بىمەنە بولغىنى، بەزىلەر ھىندېنبۇرگنىڭ ئوتتۇرا ياشقا كىرىپ قالغان ئىككى قىزىنى سوتسىئالىزمچىلار ستۇدېنتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى ئىكەن دەپ گەپ تارقىتىپ ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشىدۇ. ھىندېنبۇرگ تەرەپتىكىلەرنىڭ ۋاقتى بۇنداق يالغان-ياۋداق گەپلەرنى ئېنىقلاش ۋە رەددىيە بېرىش ئۈستىگە مەركەزلىشىپ قېلىپ، ھىتلېرنىڭ سىياسەتلىرىگە قارىتا ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋاقت ئاجرىتالماس ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق يالغان گەپلەرنى رەت قىلغانسېرى بۇنداق يالغانلار تېخىمۇ راستتەك تۇيۇلۇشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىندېنبۇرگ تەرەپتارلىرى بىر-بىرسى بىلەن تىنماي مۇنازىرىلىشىپ يۈرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ.263 ھىندېنبۇرگنىڭ ئۆزىمۇ سايلامدا ئاۋاز تويلاش ئۈچۈن تۈزۈك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەتمەيدۇ. ئۇ سايلامغا ئۈچ كۈن قالغان ۋاقىتتا جامائەت ئالدىدا بىرلا قېتىم كۆرۈنۈپ قويىدۇ. يەنە كېلىپ شۇ بىر قېتىملىق سۆزلىگەن نۇتقىدىمۇ، نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان سىياسىي كۆز قاراشتىكى نېمىسلارنىڭ داۋاملىق ۋەزىپىدە تۇرۇپ بېرىشىمنى، ھوقۇقىنىڭ سولچىلارنىڭ ياكى ئوڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن توسالغۇ بولۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلغىنى ئۈچۈنلا بۇ قېتىمقى سايلام رىقابىتىگە قاتناشماقتىمەن، دېگەندەك بىمەنە گەپلەرنى قىلىدۇ.

سايلامدىن بىر كۈن ئاۋال، يەنى 13-مارت گۇگۇم ۋاقتىدا سايلام ساندۇقىدىن چىققان رەقەملەر ھىندېنبۇرگنىڭ ھىتلېردىن ئۈستۈن ئاۋازغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. گېيوبېلسقا ئوخشاش پارتىيە ئەسكەرلىرى سايلامدىن بەكلا ئۈمىدۋار ئىدى: بۇ قېتىم ھىتلېر چوقۇم پىرىزدېنت تەختىگە ئولتۇرىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. ئەمما ئۇلارغا تاشلانغان سايلام بىلەت سانىنىڭ پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالىدۇ. تۈن يېرىمى سائەت بىر بولغاندا ئاۋاز سانى ئېنىق ئوتتۇرغا

چىقىدۇ. ھىندېنبۇرگ 7 مىليون ئاۋاز بىلەن ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن بولۇپ، زوّرۇر بولغان ئاۋاز سانىغا ئارانلا 350 مىڭ ئاۋاز كام قالغان ئىدى. گەرچە بۇ ئىككى رەھبەر ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قېتىم سايلام ئۆتكۈزۈلىشى لازىم بولىسىمۇ، گېيوبېلس "ھوقۇققا ئېرىشىش خىيالىمىز ھازىرچە يوققا چىقتى" دەپ قارايدۇ.

ئەمما ھىتلېر ئۇنداق قارىمايتتى. ئۇ يېقىن سىرداشلىرى بىلەن بىرلىكتە خېلى قەھۋەخانىسىدا ئاخىرغىچە چىداپ كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ ئالدىراش قەھۋەخانىدىن چىقىپ "قوڭۇر بىنا" غا كېلىپ ئىغىزچە بىر باياناتت ئېلان قىلىپ، كىچىكتۇرمەستىن مىللى سوتسىئالىزم گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسىنى دەرھال ئاخىرقى سايلام ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. "تۇنجى باسقۇچلۇق سايلام ئاخىرلاشتى. ئىككىنچى باسقۇچلۇق سايلام مۇسابىقىسى بۈگۈن باشلىنىدۇ. بۇ قېتىم ئۆزەم بىۋاستە مەيدانغا چۈشۈپ بۇ قېتىمقى سايلام مۇسابىقىسىغا يېتەكچىلىك قىلىمەن!" ھىتلېر ئۈمىدسىزلىك روھى ھالىتىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلغان بولۇپ، گېيوبېلس بىلەن بىرلىكتە بىر ھەپتىلىك بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ پارتىيىنىڭ يەرلىك مەسئۇل خادىملىرىغا، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە پارتىيە گېزىتىنىڭ تەھرىرلىرى قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا نۇرغۇن قېتىم نۇتۇق سۆزلەپ ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ. يىغىنغا قاتناشقان بارلىق كىشىلەر، كېيىنكى قېتىملىق سايلامدا ھىتلېر چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، دەيدىغان ئىشەنچە كېلىدۇ.

ئەمما ئاخىرقى باسقۇچلۇق سايلام تەھدىت ئاستىدا قالىدۇ. بۇ تەھدىتكە سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ گېزىتى «مىيۇنخېن پوچتىسى» دا رۆم بىلەن بىر پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسى ئوتتۇرىسىدا يېزىشقان خەتلەرنىڭ تۇيۇقسىزلا ئېلان قىلىنىشى سەۋەپ بولىدۇ. بۇ خەتلەردە، ئۇ ئىككىسىنىڭلا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ھەۋسىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ: ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئوخشاش جىنسلىقلار مۇناسىۋىتىگە، ھەمدە يۇلتۇز پالچىلىققا قىزىقىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان ئىدى. تەپسىلى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى قولغا كەلگەندىن كېيىن، خانس فرانك شەخسىگە ھاقارەت سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بۇ گېزىت ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلىدۇ. بۇ چاغدا، رۆممۇ ئامالسىز بۇ گەپلەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ _ ئۇ شەرمەندىلەرچە، ئايلاندۇرۇپ يۇپۇرتۇپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ "قوش جىنسلىق" ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ ئادۋوكاتى بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن تارتىپ ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى قۇرىدىغانلارنى ھېس-تۇيغۇسىز ئادەملەر دەپ قارايتتى. "ئەندى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ _ دەيدۇ فرانك ئەسلىمىسىدە، _ رۆمنىڭ كۆرۈنۈشى دەل ئەكسىنچە قەھرىمانلىق چىقىپ تۇرىدىغان، داۋاملىق ئالغا

ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ھەربىر ئادەم تىپىغا ئىگە بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزى يارا-تاتۇقلار بىلەن قاپلانغان، كۆكرىكىنى كېرىپ مەردانىلارچە ماڭىدىغان بىرسى. تاشقى كۆرۈنۈشىدە رۆم ھەققەتەنمۇ كام-كۈستىسىز بىر ئەركەك ئىدى.“

ھىتلېرمۇ ئۆزۈندىن بېرى رۆمنىڭ ئوخشاش جىنسى مۇناسىۋەتكە پەرۋا قىلماي يۈرگەن ئىدى. ئۇ يىللاردا، ئۇنىڭ بۇنداق مۇئامىلىدە بولۇشىنى ھەققەتەنمۇ قالتىس مەرتلىك دېيىشكە بولاتتى. ئەمما ئۇ قولىدىكى رەسمى پاكىتلارنى كۆرگىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى غەزەپتىن مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەندەك سەكرەپ كېتىش بولىدۇ. ئۇ مىڭ تەستە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ”بۇ ئىشلار ھەممىنى مالىماتاڭ قىلىۋەتتى، نېمە دېگەن قورقۇنۇشلۇق ئىشلار بۇ! ئۇ ھەققەتەنمۇ ئادەم ئەمەس پەسكەش بىر نېمە ئىكەن! ئۇ بىر ھايۋان! ھەتتا ھايۋاندىنمۇ بەتەر، ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى ھايۋانمۇ قىلمايدۇ!“ ئۇ ئادۋوكاتىدىن رۆمنىڭ ياش يىگىتلەر بىلەن ئۆسمۈر باللارنى ”دەپسەندە قىلىپ-قىلمىغانلىقىنى سورايدۇ. ئادۋوكات، بۇ ھەقتە بىرەر ۋەقە يۈز بەرگەنلىكى ھەققىدە پاكىت ئۇچرىتالمىدۇق، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھىتلېر سەل جايىغا كېلىدۇ. ”ئەگەر شۇنداق بىرەر ۋەقە بولغانلىقى ئىسپاتلىنىدىكەن، ئۇنىڭغا قەتئىي رەھىم قىلماسلىق كېرەك. ياش يىگىتلەر ئارىسىدا ... رۆمنىڭ قىلىپ يۈرگەن بۇ ئىشلىرى، ... ئۇ باللارنى زىيەنكەشلىككە ئۇچرىغانلار دېيەلمەيمىزمۇ؟“ فرانك بۇنداق بىر دەللىمىز يوق، دەپ كاپالەت بېرىدۇ.264 ”ئۇنداقتا، بىز ئەمدى رۆمنى ساقلاپ قېلىش-قالماسلىق مەسىلىسىنى ئويلىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇ راستىلا ئۆسمۈرلەرگىمۇ چېقىلغان بولسا، ئۇنداقتا، تەڭرى جازاسىنى بەرگەي! ئۇنداق ئىش بارلىقى ئىسپاتلىنىشى ھامان ئۇنى سەپتىن قوغلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك!“

رۆم ھەققىدىكى بۇ سەتچىلىك ھىتلېرنىڭ دىققىتىنى چېچىۋېتىدۇ. ئەمما ئاخىرقى سايلام مۇسابىقە پائالىيىتى باشلىنىشى بىلەن، ھىتلېر بۇ سەتچىلىكنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئۇ خۇددى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدەك قايتىدىن زېھنى ئۇرغۇپ تۇرغان ئۇمىدۋار بىرسىگە ئايلىنىدۇ. ئاخىرقى سايلامغا ئارانلا بىر ھەپتە ۋاقىت قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئايروپىلان بىلەن مىتىنگ مەيدانلىرىغا ئۇچۇپ كۈنىگە 3~4 قېتىمدىن نۇتۇق سۆزلەشكە كىرىشىدۇ.

ھىتلېر بۇ قېتىمقى مىتىنگ سەپەرلىرىدە ئەنگىلىيىلىك مۇخبىر سېفتون دېلمېر بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى بىرگە ھەمرا بولۇپ بېرىشلىرىنى تەكلىپ قىلىدۇ. گەرچە ھاۋارايى شارائىتلىرى بەكلا ناچار، كۈندىلىك پروگراممىلىرىمۇ بەكلا كۆپ بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا پىلانلانغان مىتىنگلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېچىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق غەيرىتى بۇ

ئەنگلىيىلىك مۇخبىرغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. ھىتلېر ھەر بىر شەھەرگە بارغىنىدا ئەتراپى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدىغان ئاياللار تەرىپىدىن زىچ قورشاپ ئېلىناتتى. كوبلېنز شەھىرىگە بارغاندا پوېيز ۋاگونىنىڭ كارىدورىدا ئىككى قىز ھىتلېرنىڭ ئالدىنى توسۇۋالىدۇ. دېلمېر ئۇ ئىككى قىزنىڭ ھىتلېر تۇرىدىغان بۆلۈمدە ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا يىغلاپ چىقىرىشۋاتقانلىقىنى، ھىتلېر ئۇلارنى چىقارماي بىر چەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. دېلمېر ئۇ كومپارتمانغا كىرگەن ۋاقتىدا ھىتلېرنىڭ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قىزلارنىڭ ئالدىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ دېلمېرنى كۆرمىگەندەك، بىر-پ دېرىزە پەردىسىنى بىر يانغا قايرىپ پوېيز كۆتۈش سۇپىسىدىكى كىشىلەر توپىغا كۆز يۈگۈرتىدۇ. "ئۇنىڭ ئۆيقىسىز كۆزلىرى خۇددى يايغا ئوخشاش ئەتراپىنى پىلجىكتىردەك كۆزەتكەش كىشىلەرنىڭ كۆزىدىلا يىندىكى ئىككى قىزدىن ئالغان ھاياجانلىنىشىنى ئېپادىلەپ تۇراتتى، شۇنىڭدەك بۇ ھېسسىياتنى يەنە كىشىلەر ئۇستىگە يايماقتا ئىدى."

بۇنداق كەسكىن سايلام رىقابىتى جەريانىدا ھىتلېر ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى كامىدىن-كام ئاشكارىقىلايتتى. ھامبۇرگنىڭ يەرلىك مەسئۇللىرىدىن ئالبېرت كرېبس بۇنىڭدەك باشقا بىر مەنزىرىنىمۇ كۆرگەن ئىدى. ئۇ فۆھرېرىنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى سۆزلىگەن نۇتقى بېسىلغان گېزىتنى قولىدا تۇتقىنىچە فۆھرېر چۈشكەن "ئاتلانتىك مېھمانخانىسى" دىكى ياتىقىغا كىرىدۇ. ھىتلېر ھاياجان بىلەن "مېنىڭ ئۆمىچىم، ئۆمىچىم كەلدى!" دېگىنىچە ئالبېرت كرېبسنى قارشى ئالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ گەپنى ئاۋال ھىتلېر باشلاپ بەرگەن بولغاچقا، شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ خۇددى شاتۇتقا ئوخشاش بۇ گەپنى دوراشقا باشلايدۇ. كرېبس فۆھرېرىنىڭ ئالدىغا كېلىشى بىلەن تەك ناشتىلىق پۇرچاق يامىسى ئۇماچمۇ كەلتۈرۈلگەن ئىدى (ياۋروپا ۋە دۇنيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدىكى كىشىلەردە ئادەتتە رەسمىي تاماقتىن بۇرۇن بىرخىل يېسى پۇرچاق يامىسىدا ئېتىلگەن پۇرچاق شورپىسى، يەنى ئۇماچ ئىچىش ئادىتى بار _ ئۇ.ت). ھىتلېر پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۆمىچىنى ئىچىشكە كىرىشىدۇ. كۆرۈنۈشىدىن ھىتلېر بەكلا چارچاپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە غەم ئىچىدە كۆرۈنەتتى. ھىتلېر ئۆمىچىنى ئىچكەچ بېشىنى كۆتۈرۈپ كرېبسقا قاراپ ئۇنىڭ گۆشسىز تاماق يېيىش ئادىتىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ھەۋەس بىلەن بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى سۆزلەپ، "ئەنسىزلىك مىجەزىدىن كەلگەن قورقۇش كېسەللىك ئالامەتلىرى" نى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

ھىتلېر، كرېبسنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ باشقىلاردەك نورمال بىرسى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇ ئۆزىنى تونجى قېتىم بۇنداق ئاشكارىلىماقتا ئىدى (ئەسلىدە نېمىس تىلىدا 'كرېبس' دېگەن بۇ سۆز 'راك كېسىلى' دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە). ھىتلېر ئۇنىڭغا

سەممىلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ: تۇرمۇشۇمدا بىر مۇنچە ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلمەكتە: مەندە جىددى تەرلەش، ھەر دائىم قاتتىق ھاياجانلىنىش، ھارغىنلىقتىن پۇت-قولۇم تىترەش، شۇنىڭدەك يەنە پات-پاتلا ئاشقازىنىم ئاغرىش دېگەندەكلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى دەيدۇ. ھىتلېر، ئاشقازىنىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كېتىشى چوقۇم راك كېسىلىنىڭ بىر ئالامىتى بولىشى ئېھتىمالىنى، شۇڭا، زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىنى تېزلىكتە پۈتتۈرمىسە، ئۇلارنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ۋاقتى قالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ”مېنىڭ ئىشلارنى كەينىگە سۈرىگىدەك كۆپ ۋاقتىم يوق. _ ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇمىچىنى ئىچكەچ گېپىنى داۋام قىلىدۇ، _ ئەگەر مېنىڭ يېتەرلىك ۋاقتىم بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا بۇنچە ئالدىراپ نامزات بولمەن دېيىشىمنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. 'بوۋىمىز' (ھىندېنبۇرگنى دېمەكچى) نىڭ ۋاقتىمۇ ئازىيىپ بارماقتا. ئەمما مەن ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلالمايمەن، بىر يىلنىمۇ ئىسراپ قىلىشقا ھەققىم يوق. مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز تەختكە چىقىشىم كېرەك، قالغان شۇ ئازغىنە ئۆمۈرۈمدە بولسىمۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەكلا كۆپ مەسىلىلەرنى پۈتتەرمىسەم بولمايدۇ. شۇڭا مەن چوقۇم تېزلىكتە ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشىم شەرت! قولغا كەلتۈرمىسەم قەتئى بولمايدۇ!“ ھىتلېر تۇيۇقسىزلا بۇ ھەتىكى گېپىنى توختىتىدۇ. كىرېبس بۇ ھەققتىكى پىكرىنى ئۇتتۇرغا قويۇپ مۇنداق مۇلاھىزە قىلىدۇ: ”كىشىلەر، ھىتلېر قايتىدىن روھلىنىپ ئۆز ئەسلىگە كەلدى، دېيىشىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ چىراي شەكلىدىكى ئىپادىلىرىدىن ھەمدە سۆز قىلغاندىكى ئاۋازىدىنلا ھېس قىلالىشىمىز مۇمكىن.265 ئۇنىڭدىكى ئۇمىدسىزلىك قىياپەتلەر پۈتۈنلەي تۈگەپ، نورمال ھالىتىدىكى ھىتلېر قايتا فۈھرېر ھالىدىكى ھىتلېرغا ئۆزگەرمەكتە ئىدى.“

ھىتلېر خەلق ئاممىسى ئارىسىدا روھى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش بىرىنىڭ كۆرۈنۈشىنى بېرىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ھىندېنبۇرگ كۈچلىرىمۇ ئۈنسىز-ساداسىز سايلام رىقابىتىگە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ قېتىم ھىندېنبۇرگ بىرەر قېتىممۇ نۇتۇق سۆزلەشكە چىقمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئوتتۇرغا چىقماسلىقى كىشىلەر ئارىسىدا پات يېقىندا ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن دەيدىغان گەپلەرنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. كىشىلەر يەنە ئۆز ئىچىدە پىچىرلىشىپ ئەگەر ھىندېنبۇرگ قايتىدىن سايلانغىدەك بولسا پېنسىيە پۇلىمىز بىلەن مائاشىمىزنىڭ يېرىمىنى تۇتۇپ قېلىشى، ئىشسىزلىق قۇتقۇزۇش پۇلىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىشى مۇمكىن، دەپ غۇدۇراشقا باشلايدۇ. سايلام ھارپىسىدا، قارىغاندا ھىتلېرنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ھەتتا ھىتلېرنى شاخو قىلىپ مازاق قىلىپ يۈرگەن سېپىنگلېرمۇ مىللى سوتسىئالىزم پارتىيىسىنى قوللاپ ئاۋاز بېرىش قارارىغا كەلگەن ئىدى. چۈنكى ”ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم بىر ئاخماق، شۇنداقتىمۇ مىللى سوتسىئالىزم پارتىيىسىنى

يەنىلا قوللاشقا تېگىشلىك بىر پارتىيە“ دەپ قارايتتى. 10-ئاپرېل يەكشەنبە كۈنى، ھىتلېر 2 مىليون ئاۋاز كۆپەيتىپ جەمئىي 13 مىليون 418 مىڭ 51 ئاۋازغا ئېرىشتى. گەرچە ياشانغان مارشال ئاۋاز سانىنى ئارانلا 7 يۈز مىڭ بىلەت كۆپەيتەلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا 53 پىرسەنت لىك ئاۋازغا ئېرىشىپ مۇقىم ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلىگەن ئىدى. كومپارتىيىنىڭ ئالغان ئاۋازى بۇرۇنقىدىن ئازىيىپ كېتىدۇ. سايلامغا قاتناشقان خەلقنىڭ تۆتتە بىرىدىن ئارتۇقراق قىسمى يا گېيوبېلسنىڭ گېپىگە كىرىپ ھىتلېرغا ئاۋاز بەرگەن يا بولمىسا ھىندېنبۇرگقا ئاۋاز بەرگەن. نەتىجىدە ھىتلېرنى پىرېزدېنت سارىيىغا كىرىشتىن چەكلەپ قويغان ئىدى.

لوندوندا، «كۈندىلىك خەۋەرلەر تېلېگراممىسى» گېزىتى ھىتلېر دېگەن بۇ ئاپەتتىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ دېگەن پەرىزنى باسىدۇ. مىيۇنخېندا بولسا، داھىغا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان سپېنگلېر بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسى دېرىزىسىگە كىرىست بەلگىلىك بايراق ئاسىدۇ. ھەمىدە ”كىمدە-كىم خەلقنى ئازاپقا قويىدىغان پۈرسەتكە ئىگە بولىدىكەن، بۇ پۈرسەتنى قولدىن بەرمىسۇن“ دېمەكتە ئىدى.

3

ئومۇمى سايلام ئاخىرلىشىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، برۇنىڭ باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ”SS بىلەن SA چىلار قانۇنسىز تەشكىلات“ دېگەن بۇيرۇقنى ئېلان قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. بۇنداق بىر بۇيرۇقنى ئېلان قىلىشتىكى مەقسەت، سىياسىي جەھەتتە تېخى يۇمران ھالەتتىكى باش مىنىستېرنى ۋەيران قىلىش ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشى بىرەر نەتىجە بېرىش ئورنىغا ئۆكچىلارنىڭ شىددەتلىك نارازىلىق بىلدۈرۈشىگە سەۋەپ بولىدۇ. بۇ ئەھۋال، كۆڭلىدە سىياسىي غەرەز پۈككەن گېنېرال ۋون شلېيچېرنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈپ كېلىۋاتقان بىر پۈرسەت ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ناتسىستلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ئەمما ئۇلارغا ھېچقانداق بىر ھوقۇق بەرمەيدىغان ئۆكچىل ھۆكۈمەتتىن بىرنى قۇرغۇزۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. ھەر نېمە دېگەن بىلەن شلېيچېرنىڭ نەزىرىدە ھىتلېر دېگىنى بەرىبىر ئادەتتىكى ئون بېشى ھەمدە بۇرنىدىن يېتىلەپ مېڭىشقا بولىدىغان بىرسىلا ھېسابلىناتتى: بۇ ئادەم، چوڭلار بىر قولدىن يېتىلەپ ماڭىدىغان بالىدىن باشقا بىرسى ئەمەس ئىدى.

شلېيچېر، شۇ يىلى ماي ئېيىدا فوھرېر بىلەن يوشۇرۇنچە ئۇچرىشىپ، ئەگەر ھىتلېر

يېڭى ئوڭچىلار ھۆكۈمىتىگە قارشى چىقمايدىغانلا بولىدىكەن پارتىيە گۇۋاردىيىسى (ئېس-ئېسچىلار، SS) بىلەن ھۇجۇمچىلار ئەترىتى (ئېس-ئا، SA) نى چەكلەش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار شۇنداق كىلىشتى. ماينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، شلېيچېر باي ھەم مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقۇرى سالاپەتلىك چەۋەندازلاردىن فرانز ۋون پاپېن دېگەن بىرسىنى قۇرماقچى بولغان ھۆكۈمەتكە سىمووۇللۇق بىر باش مىنىستىر قىلىپ تاللىۋالدى. پاپېن دېگەن بۇ ئادەم بۇرۇن باش قوماندانلىق شتاپ باشلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئالغان، ھەمدە پروسىيە شتاتلىق دېپوتات بىرسى ئىدى. پاپېننىڭ بۇ ئىشقا بەرگەن ئىنكاسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر جاۋاپ بولدى: "مەن ئۆزەمنىڭ بۇ ئىشقا لايىق بولۇپ-بولمايدىغانلىقىمغا قىلچىمۇ ئىشەنچىم يوق." شۇنداقتىمۇ، بىر قانچە منۇتلۇق خىزمەت ئىشلىنىشتىن كېيىن، ئۇ بۇ ئىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر نامزات ھالىغا كېلىدۇ. پاپېن نىمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەرق قىلىپ بولغىچە ئۆزىنى ھىندېنبۇرگنىڭ ئالدا كۆرىدۇ.

"قەدىرلىك پاپېن ئەپەندىم، ياخشى كەپسىز. _ دەيدۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ئاتلارچە مېھرىبانلىق بىلەن، _ سىز چوقۇم مىنىڭ بۇ قېيىن ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتىۋېلىشىم ئۈچۈن ياردەم قىلغايسىز." مارشال، پاپېننىڭ بۇرۇن ئاتلىق ئەسكەرلەر ئوفىتسېرى بولغانلىقىنى، ئىقتىسادىي ي جەھەتتە باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالمايدىغان بىرسى ئىكەنلىكىنى، دالالاردا ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن بىر داڭلىق كاۋاللېر ئىكەنلىكىنى،266 دېپلوماتىيە ساھەسىدىمۇ بەزى تەجرىبىلەرگە ئىگە بىرسى ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ھىندېنبۇرگ، بۇ ئادەمنىڭ ھەربىلەرگە خاس پەزىلىتى بىلەن ئەپەندىلەرچە قىياپىتىنى كۆرۈپ بەكلا خوشال ئىدى. پاپېن يەنە بىر قېتىم، مەن بۇ ئىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان نامزات ھېسابلانمايمەن، دەپ تەكرارلايدۇ. بۇ قېتىمقىسىدا، ھىندېنبۇرگ بىر قانچە ئېغىز گەپ بىلەنلا ئۇنى قايىل قىلىدۇ: "سىز دېگەن بىر ھەربى ئادەمسىز. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەسكەرلىك بۇرچىڭنى پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن ئادا قىلغان بىرىسىز. ۋەتەن چاقىرىق قىلسا، پرۇسىيىلىكنىڭ بېرىدىغان پەقەت بىرلا جاۋابى بولىشى كېرەك: خوپ، بويسۇنىمەن!"

ھىتلېر مېكلېنبېرگتا ھەپتىلىك دەم ئېلىۋاتقان كۈنى گېوبېلس تېلېفون بېرىپ، ھىندېنبۇرگ بۇگۈن چۈشتىن كېيىن سىزنى قوبۇل قىلماقچى بوپتۇ، دەپ خەۋەر بېرىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئالغان فۇھرېر ئالدىراش پايتەختكە قاراپ ئاتلىنىدۇ. بېرلىنغا بارغىنىدا پىرېزدېنت ئۇنىڭغا، پاپېنى باش مىنىستىرلىققا تەيىنلىگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ (شلېيچېر بىلەن بۇ ھەقتە ئاللىمۇقاچان سۆزلىشىپ قويغاچقا، بۇ خەۋەر ھىتلېرغا يېڭىلىق

ھېسابلانمايتتى). مارشال ئۇنىڭدىن پاپېننى قوللاپ-قۇۋۋەتلەشنى سورايدۇ. ھىتلېرنىڭ قەستەن قىلغان "قوللايمەن" دەپ جاۋاب بېرىشى بىلەن، بۇ قىسقىچە كۆرۈشۈش ئاخىرلاشتى.

شۆبھىسىزكى، شلېيچېر بۇ قارارنى پۈتۈنلەي گېرمانىيىنىڭ ئۇلۇغۋار مەنپەئەتى ئۈچۈن دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇ، بىرىنچى بىر قېتىم يۈمشاقباش بىرسى بولغاچقا، ھىتلېرنى تېزگىنلەپ كېتىشكە كۈچى يەتمەيدۇ، دەپ قارايتتى. بەكلا كۆپ ھەربىلەرگە ئوخشاش شلېيچېرمۇ قۇرۇغلۇق ئارمىيە بۇنداق بىر تەلۈكىگە تاقابىل تۇرالىشى مۇمكىن بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كۈچلۈك مىللەتچى بىر ئارمىيە قۇرۇپ چىقىشقا بولىدىغانلىقىغا بەكلا ئىشەنچ قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، شلېيچېر بىرىنچى قەدەملىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ھېساپتا ئىدى. ئەمما، خۇددى ھەر دائىم ماچياۋېللىدىن ئۆتۈپ كېتىش خىيالىدا يۈرگەن كىشىلەرگە ئوخشاش (ماچياۋېللى _ 1469~1527-يىللاردىكى ئىتالىيە سىياسەتچىسى، ئۇستا ھىلىمكىرچى _ ھاشىيە ئىزاھاتى)، ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى بەكلا ئەقىللىك ھېسابلايتتى. ئەمما بۇ قىلغىنى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا پايدا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇ، ھىتلېرنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتنى قوللايمەن دەپ بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ۋاقىتلىق بىر ۋەدە ئىكەنلىكىنى ئۇزۇن ئۆتمەي سېزىپ قالىدۇ.

ئۇ، ئەگەر پاپېن گېپىدە تۇرۇپ پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش، شۇنىڭدەك مىللىي سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنى باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەبىرىنى ئالغىنىدىلا ئۇنى قوللاپ بېرىدىغانلىقىنى، بولمىسا ئۇنى قوللاشقا يېقىن يولمايدىغانلىقى بىلدۈرىدۇ. پاپېنمۇ ئۇنىڭ دېگىنىدەك ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ھىتلېر يەنىلا ئۇنىڭ خىزمىتىنى قوللىماي تۇرىۋالىدۇ. ھەتتا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قايتىدىن كوچىلاردا قىزىللار بىلەن ئۇرۇشۇش ھەرىكىتىنى تەستىقلاپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر قايتىدىن پۈتكۈل گېرمانىيەنى قاپلايدۇ. پەقەت 7-ئايدىلا ئۇرۇش-جېدەللەردە 30 نەپىرى قىزىللار، 38 نەپىرى ناتسىستلار بولۇپ جەمئىي ئۆلگەن ئادەم سانى 86 كىشىگە يېتىدۇ . ھەر ئىككىلا تەرەپ جېدەل چىقىرىشقا ئۆزىنى ئۇرۇپ يۈرىشەتتى. تومۇز ئىسسىق كۈنلەردە ئۇششاق-چۈششەك ئۇرۇش-جېدەللەر كۈچىيىپ رەسمىي بىر ئۇرۇش ھالىنى ئېلىشقا باشلايدۇ. 10-ئىيۇل كۈنى، يەنى يەكشەنبە كۈنى 18 نەپەر ساقچى ئۆلتۈرۈلىدۇ؛ ئارىدىن 7 كۈن ئۆتۈپ، بىر توپ ناتسىستلار ساقچىلارنىڭ ھىمايىسىدا نامايىش قىلىپ ئالتونا ئىشچىلار ئاھالە رايونىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا بىنالارنىڭ ئۈستى ۋە پەنجىرىلەردىن قاتىرىسىغا ئوق ئېتىلىپ نامايىشچىلار قوشۇنىنى تارقىتىۋېتىدۇ. نامايىشچىلارمۇ ئوق چىقىرىپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئۇ توقۇنۇشتا 19 نەپەر ئادەم

ئۆلۈپ، 285 نەپەر ئادەم ياردار بولغان.

شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن كېيىن، پاپېن پرېزىدېنتنىڭ جىددى ھالەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، يەنى ۋېيمار ئاساسى قانۇنىنىڭ 48-ماددا بەلگىلىمىسى بويىچە جىددى ھالەت ئېلان قىلىدۇ. بۇ ماددا بۇرۇنمۇ كۆپ قېتىم ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، 1923-يىلقى ئىقتىسادىي ي بوھران دەۋرىدە ئېبېرتمۇ بۇ قانۇن كۈچىدىن پايدىلىنىپ 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى بىكار قىلغان؛ برۈنىڭمۇ نەچچە قېتىم بۇ ماددىدىن پايدىلىنىپ گېزىتلارنى پېچەتلىگەن ئىدى. شۇڭا پاپېنمۇ پىروسسىيە ھۆكۈمىتى قىزىللارغا تاقابىل تۇرۇشقا كۈچى يەتمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ ئۆزىنى پىروسسىيە ئىمپېرىيە گوبېرناتورى دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ دېمەك، بۇ شىتاتنىڭ پارلامېنتى، ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، شۇنىڭدەك ھەر قايسى شىتاتلاردىمۇ ئاساسىقانۇندا بەلگىلەنگەن پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا ھوقۇقتىن پايدىلىنىش دېگەن بەلگىلىمىدە چېك تۇرغىنىدىلا خەلققە بىرەر تەسىرى بولىشى مۇمكىن ئىدى.

4

پارلامېنت سايلىمى ئۈچۈن 31-ئىيۇل كۈنى بېكىتىلىدۇ. بۇ يەنە بىر قېتىملىق ئايلىنىپ يۈرۈپ تەشۋىقات ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش دېگەنلىك ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، بۇ ھىتلېرنى ئىككىنچى قېتىم ”گېرمانىيەنى ئاسماندىن ئايلىنىپ چىقىشى“ دىن دېرەك بېرەتتى.267 شۇڭا ھىتلېر يەنە بىر قېتىم بىر ئايروپىلان كىرالاپ يەنە شۇ بۇرۇنقى لىيوتچىكى بىلەن ئۇچىدۇ. ئەمەلىيەت، خانس باۋۇر ھەرقانداق بىر ھاۋا شارائىتىدا ئۇچالايدىغان قابىلىيەتلىك بىر ئۇچقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ئىدى. يەنى ئۇلار نەچچە قېتىم قار-شىۋىرغانلىق، قاتتىق يامغۇر ياققان ۋە پۈتۈن جاھاننى تۇمان قاپلاپ كەتكەن ئەھۋاللاردىمۇ ئايروپىلاننى مەجبۇرى قوندۇرۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېجىرىدۇ. شۇندىن باشلاپ ھىتلېر باشقا بىرسى ھەيدەيدىغان ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇشقا ئۇنىمايدىغان بولۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ يەنە ئىككىنچى بىر شوپۇرىمۇ بار بولۇپ، ئۇ شوپۇر مەخسۇس ھىتلېرنىڭ ماشىنىسىنىلا ھەيدەيدەيتتى. بۇ شوپۇر 21 ياشلىق ئېرىك كېمپكا دېگەن ياش بىر يىگىت ئىدى. كېمپكا گېرمانىيىنىڭ غەربى ئۇچىدا ھىتلېر ئولتۇرغان ئايروپىلاننىڭ قونۇشىنى ساقلىسا، يەنە بىر شوپۇرى جولئۇس شرېك شەرقىدە ساقلاپ تۇراتتى. بۇ قېتىمقى ئومۇمى سايلام رىقابىتىدە بۇ ئىككى شوپۇر جەمئى 50 مىڭ

كىلومېتىردىن ئارتۇق يول باسقان بولۇپ، بۇ يولنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى توپا يول ئىدى. ھېتلېر كېمپكانى ئۆز تۇغقىنىدەك كۆرەتتى. باۋۇرغىمۇ ئوخشاشلا يېقىنلىق كۆرسىتەتتى. بىر ھەپتىلىك جاپالىق كۆرەشتىن كېيىن ھېتلېر ھەمرالىرى بىلەن بىرگە ۋېيمارغا كېلىپ ئازراق دەم ئېلىشقا قارار قىلدى. ھېتلېر بۇ ئارىدا باۋۇرنى يېنىغا ئېلىپ باغچىدا سەيلە قىلغاچ پاراڭلاشتى. بۇ باغچا، ئۇنىڭ چۈشكەن بىلوېدىرې مېھمانخانىسىنىڭ ساقلىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى بىر باغچا ئىدى. ئۇ باغچىدا قالغان ھەمرالىرىدىن يىراقلاشقاندىن كېيىن باۋۇرنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە كۆرەشچى ئايروپىلان لېيتچىكى بولغان چەرياندىكى ئىشلارنى ھېكايە قىلغۇزۇپ ئۇنىڭ بىلەن توپ-توغرا بىر سائەت پاراڭلاشتى. ئاندىن يەرلىك مەسئۇللاردىن ساۋكېلغا قالغان كىشىلەرنى بىرلىكتە شەھەرگە باشلاپ بېرىشىنى، شۇنىڭدەك چۈشتىن كېيىن قەھۋە ئىچىش ۋاقتىدا 15 نەپەر قىز چاقىرىپ كېلىپ مېھمانلارغا ھەمرا قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ چاغدا، ھېتلېرنىڭ بىلوېدىرې رېستورانىدا تاماق يېدىغانلىق خەۋىرى تارقىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، چىرايلىق كىيىنگەن ئاياللار بىر-بىرلەپ رېستورانت ئىشىكىدىن ھېتلېرنى كۆرۈش ئۈچۈن ماراشقا باشلايدۇ. ھېتلېر ھاياجانلانغىنىدىن يېنىدا ئولتۇرغان باۋۇرنى نوقۇيدۇ: "قارىغىنە باۋۇر، ئۇ تەرەپتە تۇرغان كىچىك قىزغا قارا، ئۇ قىز راستىنلا پەرىزاتتەك چىرايلىق قىز ئىكەن!" باۋۇر فۇھرېرگە ئىچى ئاغرىپ كېتىدۇ. "ئامال قانچە، بىزنىڭ فۇھرېرىمىز قىزلارنى يىراقتىن كۆزىتىشكىلا مەجبۇر، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىغا يېقىنلىشالمايدۇ" دەيدۇ. "شۇنداق دېگىنە باۋۇر" دەيدۇ ھېتلېرمۇ قىزىقچىلىق قىلغان ھالدا.

شەھەردىن چاقىرتىلغان 15 نەپەر قىزمۇ يېتىپ كېلىدۇ. ئەمما بۇ قىزلار ئۆز ھەمرالىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ خۇددىنى يوقاتقان ھالدا ھېتلېرغا تىكىلىپ قالىدۇ. ھېتلېر بۇ ھالەتتىن بەكلا ئوڭايسىزلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەممەيلەن بىرلىكتە "سەنئەتكارلار قەھۋىخانىسى" غا بارايلى دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. كىشىلەر قاتار بولۇپ ماشىنىلارغا چىقىدۇ. فۇھرېردىن باشقىلار ھېچ بولمىغاندا بىرسى بىردىن قىزنى قۇچىقىغا ئېلىشقان ئىدى. ئەمما ئۇزۇنغا قالمايلا بۇ قەھۋىخانىدىكى قىز-ئاياللارمۇ كېلىپ ھېتلېرنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالىدۇ. بىر مەزگىللىك پاتىپاراقچىلىقتىن كېيىن ھېتلېر، خانفشتانگلغا پىيانو چېلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئەمما ئۇ بىر-ئىككى نوتىنى ئاڭلاپلا ئەتىكى نۇتۇققا تەييارلىق قىلمىسام بولمايدۇ دەپ سورۇندىن چىقىپ كېتىدۇ.

ھېتلېر، سايلام رىقابىتىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ھەپتىسىدە 50 تەك شەھەردە نۇتۇق سۆزلەيدۇ، ئۇ بارغانلا يېرىدە قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. بىر قېتىمدا ئۇ، باۋۇر قاراڭغۇلۇقتا قونۇشقا يەر تاللايمەن دەپ بەكلا كۆپ ئاۋارە بولۇپ ۋاقتنى ئۇزارتىۋەتكەنلىكى

سەۋەبىدىن ىسترالسۇندتا ئۇن مىڭدەك يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى يامغۇردا نەق 6 سائەت ساقلىتىپ قويدۇ. مىتىنگ قاتناشقۇچىلىرى ئۇنىڭ نۇتقىغا شۇنچە مەس بولۇپ كېتىشىنىڭ بىر سەۋەبى، ئىقتىسادىي پالەچلىك پۈتۈن مەملىكەتكە يامراپ كەتكەنلىكى ئىدى. 11 ياشلىق ئېگون خانفستاينگىل ميۇنخېن شەھەر سىرتىدىكى بىر كاتتا چېدىردا ھىتلېرنىڭ خەلق ئاممىسىغا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىنى ئاڭلىغان ئىدى. "ئۇ ئاممىنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان بولۇپ، خەلق ئاممىسى پات-پاتلا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىتىپ تۇراتتى" دەيدۇ. ئۇ يەنە نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا نامراتلارمۇ، بايۋەتچىلەرمۇ بار ئىدى؛ ھەتتا پروفېسسورلار بىلەن ئىشچىلارمۇ بار ئىدى. نۇتۇقنىڭ دەسلىۋىدە كۆپچىلىك قارشى تەرەپ ئادەملەرنىڭمۇ بۇ مىتىنگە قاتناشقانلىقىنى كۆرۈپ سەل خاترجەمسىزلىك ھېس قىلىشىسمۇ، ئۆزۈنغا قالمايلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر پۈتۈن ھالغا كېلىشىپ ئەسەبىلەرچە ئالقىش ياڭرىتىپ تەنتەنىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئېگون ئۇ يەردە بىر-بىرسىگە بەك ماس كەلمەيدىغان قالغان بىر جۈپ ئەر-خوتۇننىڭ، يەنى ئۇلارنىڭ بىرسى پروفېسسور، يەنە بىرسى ئايال خىزمەتچىسى، چېدىردىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. "ھەممە ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ھالدا ۋارقىرىشىپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقىنىدا، ئۇلار ئىككىسىمۇ ھاياجان ئىچىدە ئۆزئارا قىزغىن سۆزلىشىپ كېتىۋاتقان ئىدى.268 ئادولف ھىتلېر ئەنە شۇنداق سېھىرلىك كۈچكە ئىگە بىرسى." كېيىن ئېگوننى دادىسى يېتىلەپ "قوڭۇر بىنا" غا ئېلىپ كېلىدۇ. "ئەندى شوخلۇق قىلما ئوغلۇم. _ دەيدۇ دادىسى ئوغلىغا، _ بىر ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپنى تاماشا قىلغىن." ئالاقىچى ماشىنىكىدا ئۇرۇپ چىقىرىلغان بىر تىزىق ئارگىنالنى گېوبېلسقا تاپشۇرۇپ، بۇ ھىتلېر سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ خاتىرىسى، يېڭىراقتا ماشىنىكىدا ئۇرۇپ چىقىرىلدى، دەيدۇ. فۇھرېر كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپ ئىشخانىسىدا ئىش ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇرىدۇ. گېوبېلس ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئىلان قىلىشقا تەييار قىلىش ئۈچۈن بىرلىكتە ئارگىنالنى تەھرىرلەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھىتلېر بىر تەرەپتىن قېرىنداش بىلەن خاتىرە يازسا، بىر تەرەپتىن ئۆز-ئۆزىگە غودۇڭشۇپ 'بۇ يېرى ياخشى بوپتۇ، ... مانا بۇ گەپلەر ئىنتايىن كۈچلۈك ئىپادىلىنىپتۇ، ... بۇنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك ...' دەيتتى. تېخى بىر سائەت ئاۋاللا ئۇمۇرىدىكى ئەڭ ھېسسىياتلىق نۇتقىدىن بىرنى سۆزلەپ كەلگەن ئىدى. ئۇ نۇتۇقىدا چاقىرىق قىلاتتى، يالۋۇراتتى، ئاچچىغلىناتتى. مانا ئەندى، ئۇ بايىقى قىياپىتىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇتۇپ مەن ئۇچراتقان ھەر قانداق بىرسىگە ئوخشاش بەكلا تىنچ، بەكلا مېھرىبان بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى.

سايلام پائالىيىتى جەريانىدا ھىتلېر يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇشنى بىرەر ۋەقە ئورنىدا

قارىمىغان ئىدى. ئۇ، ھەقىقەتەنمۇ يەھۇدىيلارغا ئۆچ ئىدى. بۇ تەرىپى ھەممىگە مەلۇم بىر ئەھۋال. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىشقا ئۇنچە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيتتى. يەنى ھىتلېر بۇ مەسىلىنى مەنتىقلىق بىر سەۋىيە بىلەن چەكلەپ تۇتۇپ بەرسىلا ئۇلارغا يېتەتتى. كۆپ ساندىكى نېمىسلار، ئادۋوكاتلىق قىلىدىغان يەھۇدىيلار بەك كۆپىيىپ كەتتى دەپ ئويلىنەتتى. ئۇلار يەنە يەھۇدىيلارنىڭ تۇرلۇك ماللار سودا سارايلىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش ساھەلىرىنى تېزگىنلىۋالغانلىقىغا قارشى ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، يەھۇدىيلار گويا سەل تاشقىنىدەك شەرقتىن ئېقىپ كىرىشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ يەھۇدىيلار گېرمانىيىگە شەرق يەھۇدىيلىرىنىڭ كىيىم پاسونى بىلەن ئادەتلىرىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. كۆپلىگەن گېرمانىيىلىك يەھۇدىيلارمۇ بۇ ھالەتتىن يىرگىنىپ دەرت تۆكۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى نەپىرى، يەنى داڭلىق ئىككى يەھۇدىي بانكىرى يېقىندىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئەمگەك ئىشلار مىنىستىرىدىن شەرق يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنى قوبۇل قىلىشنى توختۇتۇش تەلىۋىدە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار، بۇ يەھۇدىيلار بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن چوقۇم يوشۇرۇن يەھۇدىي دۆشمەنلىكىنى ئۇلغايتىدۇ دەپ قارىشاتتى. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى ئاۋال گېرمانىيىلىك، ئاندىن يەھۇدىي دەپ تونۇشاتتى. ئۇلار گېرمانىيە ئىگىلىكى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك زىچ باغلانغان بولغاچقا، مەۋجۇت ئىجتىمائى يەكلىنىشكە چىداشلىق بېرىپ كېتەلەيتتى. ھەر نېمە دېگەن بىلەن، شۇنچە كەڭ قورساق دەپ قارىلىۋاتقان ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىدىمۇ يەھۇدىيلار ئەڭ ئىسىل كلۇب ۋە مېھمانخانىلاردىن چەتكە قېقىلىپ قوبۇل قىلىنمايدىغان يەردە گېرمانىيىدىكىلەر نېمىگە ئەرزىيتتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللى سوتسىئالىزمغا بەرداشلىق بېرىۋاتقانلار يەھۇدىيلارلا ئەمەستە! يېقىندا، بىر توپ پەلەستىنلىك رادىكاللارمۇ ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيچىلىققا قارشى ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ناتسىستلار ھەرىكىتىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان بىر ھەرىكەت، چۈنكى بۇ ھەرىكەت گېرمانىيىنى ئوت بالا ئاپەتلەردىن قۇتقۇزالايدۇ، دەپ ئېلانمۇ قىلىشقان ئىدى.

31-ئىيۇلدا (گەرچە ۋېيىنادا بىر گېزىت "ياشىسۇن شىكىلگرۇبېر!" دېگەن تېمىدا چوڭ خەتلىك بىر خەۋەر بېسىپ ھىتلېرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئاشكارىلىۋەتكەنلىكىگە قارىماي) (1932-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئاۋستىرىيە باش مىنىستىرى دولفۇس ۋېيىننا «يەكشەنبىلىك ۋە دۈشەنبىلىك گېزىت» تەھرىرلىرىنى كۈشكۈرتۈپ ھىتلېرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى. ئۇلار ھىتلېرنىڭ ئۆز دادىسىنىڭ بىر نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ھۆججەتنى قولغا چۈشۈرگەن بولغاچقا بۇ خەۋەر ئارقىلىق گېرمانىيىدىكى سايلامغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈمىدىدە يوقۇرقىدەك تېما

بىلەن خەۋەر بەرگەن. _ ئا.ھ.ئى)، ناتسىستلار سايلامدا 13 مىليون 702 مىڭ 779 ئاۋازغا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ سان ئۇلارغا رەقىب بولغىدەك كۈچكە ئىگە دەپ قارالغان ئىككى رىقابەتچىسى، يەنى سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئېرىشكەن ئاۋاز يىغىندىسىدىنمۇ 5 يۈز مىڭ ئارتۇق ئىدى. ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ 37.3 پىرسەنت ئاۋازغا ئېرىشكەنلىك غالىبىيىتىدىن روھلانغان ھىتلېر، پارتىيىسىگە ئۆزىنىڭ باش مىنىستىرلىك سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىش تەكلىۋىنى بېرىدۇ.

ئەمما گيۆرىڭ بۇ تەكلىپكە قارشى چىقىدۇ. ستراسسېر بولسا، ھىتلېرنىڭ تەكلىۋى بويىچە ھەرىكەت قىلىنغاندا ئۇنىڭ باشقا ئوڭچىل پارتىيىلەر بىلەن بىرلىشىپ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزەمەن دەيدىغان سىياسىي تى پۈتۈنلەي ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆزلەپ، ھىتلېرنىڭ تەكلىۋىنى قوللىمايدۇ. ئەمما ھىتلېر ھوقۇق ئۈچۈن بەكلا ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ھەرگىز قايىل قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئۇلار دەرھال بېرلىنغا ئادەم يوللاپ ھىتلېرنىڭ باش مىنىستىرلىك نامزاتى بولۇپ سايلامغا قاتنىشىش تەلىۋىنى شلېيچېرغا يەتكۈزىدۇ.269 ئەمما بۇ گېنېرال، ھىندېنبۇرگ بۇنداق بىر شەرەپنى سابىق ئون بېشى بىرسىگە بېرىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ دەپ ئويلىغىنى ئۈچۈن بۇ گەپكە ئىشەنگىسى كەلمەيدۇ. بۇ گېنېرال ھىتلېرنى بۇنداق "خام خىيالنىڭ كەينىگە كىرىپ يۈرمەي بۇ پىلانىڭدىن ۋاز كەچ" دەيدىغان خىيال بىلەن ھىتلېرنى سۆزلىشىش ئۈچۈن مېكلېنبۇرگقا تەكلىپ قىلىدۇ. 5-ئاۋغۇست كۈنى، بۇ ئىككى ئادەم پايتەخت ئەتراپىدىكى فۇرستېنبېرگ ھەربى گازارمىسىدا ئۇچرىشىدۇ. بۇ كۆرۈشۈشتە ھىتلېر باش مىنىستىر بولۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، يەنە قانۇن چىقىرىپ دۆلەتنى باشقۇرۇشقا تولۇق ھوقۇقلۇق دەيدىغا بۇيرۇقنى بىرنى ئېلان قىلىنىشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپ ماھىيەتتە مۇستەبىت ھۆكۈمران بولىمەن دېيىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت ھەقىقەتەنمۇ ئۇتۇقلۇق بولىدۇ. ھەتتا ھىتلېرمۇ ھىندېنبۇرگ پىكرىدىن يېنىپ ئۆزىنى قوللاش مۇمكىنلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. بۇ خوشاللىنارلىق كۈننىڭ قالغان قىسمىدا ھىتلېر تامغا بىر پلاكات مىخلاپ، بۇ قېتىمقى تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە كۆرۈشۈش ئۈچۈن خاتىرە قالدۇرۇپ قويۇشنىمۇ تەكلىپ قىلىدۇ.

ھىتلېر بۇ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھېسسىياتى بىلەن ئوبېرسالزبېرگقا قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما گيوبېلس، بىزنىڭ ھوقۇققا ئېرىشەلىشىمىز ئۇنداق ئاسانغا توختىمايدۇ دەپ ئويلىغاچقا، بۇنداق گەپلەرگە ھىتلېر قىزىققاندەك قىزىقىپ كەتمەيدۇ. گيوبېلس پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەتكە ئاتلىنىش تەرەپتارى بولۇپ، ئۇنداق سىلىق يوللار بىلەن ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىقىشنى ئويلىمايتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ تۈر قىزغىنلىقى ناتسىستلار

گۇرۇھىدىكىلەرگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. "پۈتۈن پارتىيە ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىشقا تەييار. _ دەپ يازىدۇ 8-ئاۋغۇست كۈندىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە، _ بۇنىڭ ئۈچۈن ھۇجۇمچىلار ئەترىتى ئۆز يەرلىرىنى تاشلاپ يولغا چىقتى." 10-ئاۋغۇست كۈنى، ھىندېنبۇرگ يېزىدىكى داچىسىدىن ئايرىلىپ بېرلىنگە قاراپ يولغا چىققان ۋاقىتىدا پايتەخت ئاساسەن يېرىم قورشاۋغا ئېلىنغان ھالدا ئىدى. بۇ كىرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پاپېن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىدۇ. ئەمما ھىتلېرنىڭ باش مىنىستىر بولۇشى مەسىلىسىدە ھىندېنبۇرگ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ. تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلۈپ چىققان بۇ ئاۋستىرىيىلىك، ئۆز ئالدىغا شىلىپىچېرغا بەرگەن ھەر خىل ۋەدىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ھىتلېردىمۇ ھۆكۈمەتنى باشقۇرالىغىدەك بىرەر تەجرىبە يوق، ھەتتا ئۆزىنىڭ پارتىيىسى ئىچىدىكى مىڭىسى قىزىپ كەتكەن ئۇنسۇرلارنىمۇ تىزگىنلىيەلمەي يۈرمەكتە دېگەن گەپلەر ئۇنى قايمۇقتۇرۇپلا قويىدۇ. شۇڭا پرېزدېنت ھىندېنبۇرگ، ھىتلېرنى يىغىنغا تەكلىپ قىلىشنىمۇ رەت قىلىپتۇ دېگەن گەپلەر تارقىلىدۇ.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، يەنى 13-ئاۋغۇست كۈنى، ھىتلېر بېرلىن باش شىتابى قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان كايزېرخوف مېھمانسارىيىغا چۈشىدۇ. مېھمان كۈتۈش سالونىدىكى تېلېفون كۆن بويى تىنماي جىرىڭلاپ تېلېفون كېلىپ بۇ يەرنى خۇددى بىر جەڭ مەيدانى قوماندانلىق شىتابىدەك ھالغا كەلتۈرىۋېتىدۇ. مېھمان كۈتۈشنىڭ ئايلانما ئىشىكى كىرگەن-چىققانلارنىڭ كۆپلىكىدىن تىنماي چۆگىلەپ تۇرىدۇ. مېھمانساراي كۈتىۋېلىش زالىمۇ قاينىغان قازاندەك مىغىلداپ كېتىدۇ. ئاساسلىق بىنادا فۈھرېرنىڭ كونۋىيى بىلەن ياردەمچىلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان جىددى ھالەت ئىشخانىسىدا خەت ماشىنكىلىرى تىنماي تاراخشىپ ئىشلەپ تۇراتتى. يەرلىك ۋە چەتئەل گېزىت ۋاكالەتچىلىرى ھىتلېرنىڭ بىرىنچى ئاخبارات باياناتچىسى بولغان ئوتتو دىترىخ ۋە خانفىستاينگلنىڭ ئەتراپىنى تولۇق قورشىۋالغان بولۇپ، قىزىق خەۋەر ھالىغا كەلگەن ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەمنىڭ سۆھبەت ئېلان قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرىۋېلىشقان ئىدى.

ھىتلېر، چۈش ۋاقتىدا شلېيچېر بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇ گېنېرال ئۇنىڭغا، ھىندېنبۇرگ سىزنى ئورۇنباسار باش مىنىستىرلىققا تەيىنلىنىشىڭىزلا تەستىقلىشى مۇمكىن، دەيدۇ. ھىتلېر قاتتىق ئاچچىغلىنىپ شلېيچېرنى، گېپىڭدە تۇرمىدىڭ، دەپ كايىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي ئورنىدىن سەكرىگىنىچە تۇرۇپ غۇيۇلداپ چىقىپ كېتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن، پاپېننىڭ ئىشخانىسىغا كېلىپ ھۆكۈمەت كونا تۈزۈمگە يول قويىدى دەپ ئۇنى ئەيىپلەپ كېتىدۇ. پاپېن، ھىتلېرنىڭ بۇ خىل ھە دىسىلا كىشىگە ۋارقىراپ-جارقىراپ ئەيىپلەپ كېتىشىگە قاراپ ھەيران قالىدۇ. "پرېزدېنتىمىز سىزنى باش مىنىستىرلىككە

تەيىنلەش نىيىتى يوق. ــ دەيدۇ پاپېن، ــ بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ سىنى تېخى تولۇق تونۇپ كېتەلمىگەنلىكىدە.“ ئەمما ھىتلېر ھەرگىزمۇ پارچە نانغا ماقۇل دەيدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. ھىتلېر ئۇنىڭغا، مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ماركسىزمچىلار پارتىيىسىنى يوقۇتۇشقا تىرىشىماقچىمەن. ئەمما مەن تولۇق ھوقۇقنا ئېرىشىپ ئۆز ئۇسۇلۇم بويىچە ھەرىكەت قىلالمىسام، بۇ مەقسىدىمنى ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمايمەن، دەيدۇ. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر قان تۆكۈلۈشتىن ھەرگىزمۇ ساقلىنالمايدۇ. بۇ تارىخنىڭ بىزگە قالدۇرغان ساۋىقى. مۇسسولىنى رىمغا يۈرۈش قىلغان ۋاقىتدا ئىتالىيە پادىشاھى ئۇنىڭغا باش مىنىستىر ئورۇنباسارلىقنى تەكلىپ قىلمىغانمىدى؟270

ھىتلېر غەزەپلەنگەن ھالدا باش مىنىستىر بىناسىدىن چىقىپ ئۇدۇل گېوبېلس تۇرغان يەرگە كېلىدۇ. ئۇ يەردە، قاتتىق غەزەپلىنىپ غودۇرىغىنىچە ئۇمىدسىز بىر شەكىلدە ھىندېنبۇرگنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتىدۇ. ئاخىرى، چۈشتىن كېيىن سائەت 3 لەردە پاپېننىڭ ئىچكى ئىشلار كاتىۋىدىن تېلېفون كېلىدۇ. ھىتلېر پەقەت بىرلا ئىشنى سورايدۇ: ھىندېنبۇرگ مېنى باش مىنىستىر قىلامدىكەن-قىلمامدىكەن؟ كاتىپ ئۇنىڭغا ھىندېنبۇرگنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپى بار ئوخشايدۇ دېگەن گەپنىلا قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى قوبۇل قىلىش پىرىزدېنت مەھكىمىسىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا بەكلا ئاددى ئەمما رەسمى تۈردە ئۆتىدۇ. ھىندېنبۇرگ ھىتلېردەك بۇنداق بىرسىنى شۇنچە مۇھىم بىر ۋەزىپىگە تەيىنلىمەسلىك ئىرادىسىگە كەلگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ پاپېن بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىشىگە قارشى ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ”شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلپىنى قاندۇرماقچى“ بولىدۇ. ھىندېنبۇرگ ئېھتىيات بىلەن مىللى سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىششىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھىتلېرمۇ خۇددى شۇنداق ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىپ، بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانىم يوق، مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ پارتىيىنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى تەكىتلەيمەنكى، مەن يېڭى كابىنېت تەشكىل قىلىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىمەن، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرلىكىنى شەخسەن ئۆزەم ئۈستۈمگە ئېلىشىم شەرت، دەيدۇ.

”بۇ مۇمكىن ئەمەس! ــ دەيدۇ ھىندېنبۇرگ ۋارقىراپ، ــ مەيلى تەڭرى ئالدىدا ياكى ۋىجدانىم ۋە ۋەتەن ئالدىدا بولسۇن ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن ھوقۇقلىرىنى بىر پارتىيىگە تۇتقۇزۇپ قويۇشنىڭ مەسئۇلىيەتنى ھەرگىزمۇ ئۈستۈمگە ئالالمايمەن.“ ھىتلېر باشقا ئامال يوقلۇقنى ئېيتىپ ئەپسۇسلىنىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. ”ئۇنداقتا سەن ئۆكتىچى سەپتە تۇرماقچىمۇ؟“ سورايدۇ پىرىزدېنت. ”باشقا ئامال يوق“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ فۇھرېر.

ھىندېنبۇرگ ھېسسىياتىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا، ناتسىستلار بىلەن ساقچىلار

ئوتتۇرىسىدا يېقىنقى كۈنلەردە سۈركۈلۈش يۈز بەرگەنلىكىدىن بەكلا كۆڭۈلسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. يوقۇرقىدەك قارارغا كېلىشىمدە بۇ ۋەقە مېنى تېخىمۇ بەك ئويلاندۇرۇپ قويغانلىقىمۇ بىر ئەمەلىيەت. يەنى دېمەكچىمەنكى، مىللىي سوتسىئالىزم پارتىيىسى ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنى تېزگىنلەش ئاسان ئەمەستەك قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن سىزنى يەنىلا بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىۋىدە كۆرۈشنى خالىدىم، دەيدۇ. ئاندىن يەنە ھىتلېرنى بىر ئاز ئۈچۈغداپ قويىدۇ. بۇ ئەسلىدە بىر مارشالنىڭ سابىق ئون بېشىدىن بىرسىنى تەنقىتلىگىنىدەكلا بىر ئىش ئىدى. "مەن سىزنى شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەنكى، بىر ئۆكتىچى بولۇشىڭ ئۈچۈن چوقۇم مەرت بولۇشىڭ كېرەك، ئۇنۇتمىغىنكى، سەن ۋەتەن ئۈچۈن مەسئولىيەتنى ئۈستۈڭگە ئالغان بىرسەن. سەن ۋەتەنپەرۋەر بىرى سەن. بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانىم يوق. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر خۇددى ھۇجۇمچىلار ئەترىتى بۇرۇن قىلغىنىدەك قايتىدىن تېررورلۇق بىلەن ياكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، ئۇ ھالدا مەنمۇ قاتتىق تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇرمەن."

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى خېلىلا قاتتىق گەپلەر بولسىمۇ، ئاخىرىدا بۇ قاتتىق تىگىپ كېتىشىنى بىر ئاز بولسىمۇ يۇمشىتىش مەقسىتىدە قوشۇپ قويىدۇ: "بىز ئىككىمىزلا پىشقەدەم ھەربىيلەرمىز. شۇڭا ھەمكارلىق ئاساسىدا ئىش قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ تۇتقان يولىمىز چوقۇم ئورتاق نوقتىغا ئىگە دەپ قارايمەن. شۇنداق بولغاچقا، مەنمۇ ساڭا سەپداشلىق قولۇمنى ئۇزارتماقچىمەن." پىشقەدەم مارشالنىڭ بۇ دېگەنلىرى ھىتلېرنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن بولسىمۇ، كىتابخانىدىن چىقىپلا ئاچچىقىنى پاپېنىدىن ئالىدۇ: بۈگۈنكىدەك نومۇسقا قېلىشىمغا پۈتۈنلەي سەن سەۋەپچى بولدۇڭ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى بەلكىم پىرېزدېنتنىڭ ئاغدۇرۇلىشىغا سەۋەپ بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا مەن بۇندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ھەر قانداق بىر ئىشقا ھەرگىز مەسئۇل ئەمەسمەن.

ھىتلېر، گېوبېلس تۇرغان يەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خانفىستايىنگىل ئۇنىڭ "چىرايى تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئۇزۇنغىچە سەپراسى قايتمىغان" لىقىنى ئېيتىدۇ. قىزىق يېرى، بىر ئازدىن كېيىن ھىتلېر تۇيۇقسىزلا قايتا روھلىنىپ، ئورۇنباسار باش مىنىستىرلىقنى قوبۇل قىلىش كېرەكمۇ قانداق، دەپ بۇ ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى دەڭسەشكە باشلايدۇ. "مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، پاپېن بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنىڭمۇ يامىنى يوق. بۇنى قىياس قىلدىم. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇمۇ بىر ھەربى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بەكلا دۆت بىر نېمە. ـ ئۇ سەل ئويلىنىپ تۇرىۋالغاندىن كېيىن دەيدۇ، ـ قارىغاندا پاپېن راستىنلا ماڭا بىر يولداش بولالىشى مۇمكىنىدەك كۆرۈنىدۇ.271 شۇنى

ئۇنۇتمايلى، ئەگەر ئۇ باش مىنىستىرلىكتە ئايالى بىلەن قولتۇقلاشقىنىچە قالغان ئۆمرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشنىلا ئويلاپ ھوقۇقنى ھەقىقى تۈردە ماشا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلا بولىدىكەن، مۇئاۋىن باش مىنىستىر بولۇشىمنىڭ باش مىنىستىرلىك بىلەن نېمە پەرقى؟"

كوچىلاردا گېزىتچى باللار ۋارقىرىغىنىچە گېزىت تېمىسىنى خەۋەر قىلىپ گېزىت سېتىشقا كىرىشىدۇ: «قورقۇنۇشلۇق تەنقىت، ھىتلېر دەككىسىنى يېدى: ھىتلېر ئىمپېرىيە پرېزىدېنتىنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرىدى» گېزىتلاردا ھىتلېرنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى تەلەپ قىلغانلىقى يېزىلغان بولۇپ، بۇ گەپلەر كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ئاخباراتقا ئاساسەن يېزىلغان خەۋەر ئىدى. بۇ ئاخباراتنىڭ شۇنچە تېز ئېلان قىلىنىشى چوقۇم ئالدىن تەييارلىقى بار بىر ئىش بولىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ئىشتىن ھىتلېر قاتتىق خاپا بولىدۇ. ئۇ، ھىندېنبۇرگنىڭ تەنقىتلىرىنى پۈتۈنلەي بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ. ھىتلېر، ھەربىيلەر بىلەن سىياسەتچىلەر "مېنى ئاخماق قىلىشتى" دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭغا دۈشمەن بولغان قايسى بىر ئەدەبى ئاخبارات يازغۇچىسى بۇ گەپلەرگە قوشۇلىدۇ. "مىللى سوتسىئالىزم پارتىيىسىدىكىلەر ھاكىمىيەت بوسۇغۇسىدا. _ دەپ يازىدۇ رۇدولف ئولدېن، _ ئۇلار سىياسىي كىلىشىش سۆھبىتىگە قاتناشقان بولسىمۇ كۆزگە ئىلىنمىدى، ھەممە تەڭ باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشەلمىدى، يەنە بىر قېتىم بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈلدى، قارىغاندا ئۇلار يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولىدىغان بولدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ غەزەپلىنىشىنى چۈشۈنۈشكە بولىدۇ، ئۇلار ھەقلىق ئىدى. گەرچە نۇرغۇنلىغان ئىشىكلەر ئۇلار ئۈچۈن چوڭ ئېچىق، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، 'سالاھىيەتلىك كىشىلەر' تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىدى. بۇ 'ھۆرمەتلىك جاناپلار'، ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى خالىماي ئۇلارنى ئاخماق قىلىشقىلا ئۇرۇنماقتا."

پاپېننىڭ ئاخباراتىدىن شلېيچېرمۇ ھاڭ-تاڭ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ يەنىلا ئەڭ ياخشى چارە ناتسىستلارنى ھۆكۈمەتكە قاتناشتۇرۇش دېگەنگە ئىشىنەتتى. ئۇ دەرھال فۇھرېرگە گەپ ئەۋەتىپ، كېلىشىمگە كېلىش پۇرسىتى تېخى تۈگىمىدى، دەيدۇ. ئۇ ھىتلېر بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچۇرۇشۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ھىتلېر بۇ تەلەپنى قەتئى رەت قىلىدۇ. ئۆزىگە بەكلا ئىشەنگەن بۇ گېنېرال رەت قىلىنغانلىقىدىن بەكلا ھەيران قالىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، بىر دوستى بۇ گېنېرالنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، بەكلا چىچىلىپ كەتكەنلىكىنى، گېپىنىڭمۇ قولاشماي قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ دېگىنىنى ئاخىرى چۈشەنگەندەك قىلىدۇ: "ھىتلېرنىڭ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىشى ياخشى بولدى. ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئادولف ھىتلېرغا تۇتقۇزغىلى بولمايتتى" دەيدۇ.

پۈتكۈل شەھەردىكى ئىس-ئاچلار خىلىدىن بىرى چىشىنى چىشلەپ ئۆزىنى ئارانلا

تۇتۇپ تۇرماقتا ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي پارتىيە ئۇلارنى ھەرىكەتكە ئاتلىنىشقا يول قويماي ئۆز ئورنىدىن قىمىرمۇ قىلدۇرمىغان ئىدى. مانا ئەندى ئۇلارنىڭ چىداشلىق بەرگۈچىلىكى قالماي، دەرھال ھەرىكەتكە ئاتلىنايلى دەپ غەلۋە قىلىشقا كىرىشىدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېر دەرھال ھۇشىنى يىغىۋېلىپ ئېغىر بېسىق ھالغا كېلىدۇ. ئۇ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ كوماندىرلىرىنى گېيوبېلسىنىڭ تۇرغان يېرىگە چاقىرتىپ، ھازىر ھوقۇق تارتىۋالىدىغان پەيت ئەمەس، بۇنداق بىر ئەھۋالدا قوزغىلاڭ قىلىدىكەنمىز، ئاقىۋىتى چوقۇم ئېغىر ۋەيران بولۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، دەپ ئۇلارنى قايىل قىلغانلىقى مەلۇم. كوماندىرلار گەرچە ھىتلېرنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بۇ سەۋەپتىن ھىتلېرنىڭ ئابرويىغىمۇ بەلگىلىك داغ چۈشكەن ئىدى. بارلىق قىسىملار ئىككى ھەپتىلىك دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ.

شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە، ھىتلېر جەنۇپقا قاراپ يولغا چىقىپ سالىزبۇرگقا قايتىپ كېتىدۇ. شرېك قاراڭغۇلۇقتا ئەگرى-توقاي يوللاردا يول تېپىپ ئىلگىرلەيدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭمۇ چىقارماي بېشىنى چۆكۈرۈپ ئولتۇرىۋالىدۇ. كېيىن، خانفىستايىنگىل ئۇنىڭ ئۆزىچە بىر نېمىلەر دەپ غۇدۇڭشىغىنىنى ئاڭلاپ قالىدۇ: "قېنى قاراپ باقايلى، بەلكىم بۇنداق بولغىنى تېخىمۇ ياخشىدۇر." "ئۇنىڭ مۇگىدەش ئىچىدە تەغدىرگە تەن بېرىپ غۇدۇڭشۇشلىرى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بىكار بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى." فۇھرېر ھەر نېمە دېگەن بىلەن قول ئاستىدىكى كىشىلىرىگە قارىغاندا ئەقىللىق ۋە ئۆزىنى بېسىۋالايدىغان بىرسى ئىدى. شۇڭا ئۇ پات-پاتلا "بىز ئۆزىمىز باشلىغان ئىشنى پەقەت ئۆزىمىزلا پۈتتۈرەلىشىمىز مۇمكىن، ... مەن بىرەر قورغان ئىچىدە قورشاۋغا ئېلىنىشقا رازىمەنكى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئەسىر بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن. ... بۇندىن كېيىن بىزمۇ ئىش دېگەننى مانا مۇنداق قىلىش كېرەك، دېيەلەيدىغان بولىمىز" دېگەندەك گەپلەر بىلەن قول ئاستىدىكىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، باشقىلار بوۋاقنىلا كۆزدە تۇتقان بولسا، ھىتلېر يىراقنى كۆزلىيەلەيدىغان بىرسى بولۇشىدىن كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن.272 ھىندېنبۇرگنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشقا تايىنىپ بىر قېتىملىق دۆ تىككەن بولسىمۇ، يېڭىلىپ قالغان ئىدى. ئەمما ئۇ، تەغدىرىنىڭ ئۇنى بۇ قېتىم ئۆتكەلدىن ئۆتىۋېلىشى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى.

5

ئاردىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا ھىتلېر بۇ ئۇشۇقسىزلىقتىن ئۆزىنى ئوڭشاپ قايتا ئەسلىگە كېلىۋالدى. ھەتتا بۇ قېتىم تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالدا ئوتتۇرغا چىقتى. ئەمما بۇ كرىزىس پەيتىدە بېرچتېسگادېندا ھىتلېرنى كۆرگەن ھەر قانداق بىرسى ئۇنداق قارىمايتتى. بۇلاردىن بىرسى جۇاچىم ۋون رىببېنتروپ دېگەن كىشى ئىدى. رىببېنتروپ، پاپېننىڭ دوستى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىكى مەقسىدى، ئەسلىدە باش مىنىستىر بىلەن فۈھرېر ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتنى تۈزەش ئىدى. ئەمما ئۇ بېرچتېسگادېنغا كېلىپ بىرەر سائەتمۇ ئۆتمەي ھىتلېرنىڭ مورتىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. "ئۇ چاغدا ھەقىقەتەنمۇ مۇزاكىرە قىلىش ياكى كېلىشىم قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىغان ئىدى. ـ دەيدۇ رىببېنتروپ كېيىنچە شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، ـ ئۇ، نەق مەيداندا بولغانلارنىڭ ھەممىسى ماقۇللايدىغان سۆزلەر بىلەن مەسىلىنى پاكىتلار بىلەن بايان قىلىپ چىققان ئىدى. ئۇ ھېچكىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان مۇستەقىل پىكىرلىك بىرسى ئىدى. ھەرگىزمۇ سۇلھى-سالا قىلمايتتى." بۇ يەرگە ياراشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن رىببېنتروپ، بۇ يەردىن ئايرىلغان ۋاقتىدا پەقەت ھىتلېرلا گېرمانىيىنى كوممۇنىزمدىن قۇتۇلدۇرالايدۇ دەپ قەتئىي ئىشەنچكە كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇزۇنغا قالماي ئۇمۇ ناتسىستلار پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ.

شۇندىن بىر قانچە كۈن كېيىن، يەنى 17-ئاۋغۇست كۈنى، بىر نەچچە ئامېرىكىلىق مۇخبىر ھىتلېر بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىدۇ. پىلان بويىچە لويىس لوچنېر، ھ. ۋ. كالتېنبورن ۋە كاھل ۋون ۋىگاند ئۈچىسى بىرلىكتە فۈھرېرنى زىيارەت قىلىشنى پىلانلاشقان ئىدى. ئەمما ھېرست مەتبۇئاتىنىڭ ۋاكالەتچىسى بولغان ۋىگاند ئۆزى ئايرىم زىيارەت قىلىش تەلىپىنى قويۇپ تۇرىۋالىدۇ. 15 مىنۇت ئۆتكەندە، ۋىگاند قاتتىق خاپا ھالدا چۈشكەن مېھمان سارىيىغا، يەنى ۋاسىنفېرد بىناسىنىڭ يېقىندىكى مېھمان سارايغا قايتىپ كېلىدۇ. "بۇ ئەبلەخ ھەرگىزمۇ تۈزەلمىگىدەك. ـ دەيدۇ قالغان ئىككى ھەمراھىغا، ـ مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىم كۆرۈشكىنىمدە ئاۋالقىسىدىنمۇ بەتتەر بولۇپ ئۆزگىرىۋالغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھېچ قانداق گەپ ئالالمىدىم. سەن ئۇنىڭغا بىر سوئال قويىدۇڭمۇ-بولدى، ئۇ تىنماي چالۋاقاپ ئۇتتۇق سۆزلەپ كېتىدۇ. بۇ قېتىمقى زىيارىتىم ھەقىقەتەنمۇ ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىقتىن باشقا ئىش ئەمەس" دەپ قايناپ كېتىدۇ.

كالتېنبورن بىلەن لوچنېر ئىككىسى كورىدوردىن ئىشىككە قاراپ كېتىۋاتقىنىدا ئىشىكتىن كىرىۋاتقان ھىتلېر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ. كالتېنبورن دەرھال كىشىنى بەكلا بىزار قىلىدىغان سوئالدىن بىرنى سورايدۇ: "يەھۇدىيلارغا دۈشمەن كۆزى بىلەن

قارايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. سىزدىن سورايدىغىنىم، سىز گېرمانىيىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن باشقا دۆلەتلەردىن كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىيلارنى پەرىقلەندۈرۈپ قارامسىز؟"

ھىتلېرنىڭ چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرى گويا كالتېنبورننىڭ كۆڭلىدىكىنى كۆرۈپ تۇرغاندەكلا ئىدى. "بىز گېرمانىيىنىڭ مونرويى نەزەرىيىسىگە ئىشىنىمىز. _ دەيدۇ ھىتلېر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، _ سىز كەلگۈسى كۆچمەنلەرنى ھېساپقا ئالمىدىڭىز، يەنى سىلەر قوبۇل قىلمىغان كۆچمەنلەرنى ھېساپقا ئالمىدىڭلار. سىلەر كۆچمەن سانىنى بەلگىلىك بىر ساندا چەكلەپ تۇتۇشنى خالايسىلەر. سىلەر كۆچمەنلەرگە بەلگىلىك سالامەتلىك چەكلىمىسى بولۇشى كېرەك دەپ چىڭ تۇرسىلەر" دەيدۇ. گېرمانىيەنىڭ باشقا دۆلەتلەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ غەمىنى قىلغىدەك ھالى يوقلىقىنى، گېرمانىيىدىكى دۆلەتكە قارشى ئۇنسۇرلارغىلا دىققەت قىلىدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ، "بىز دۆلىتىمىزگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇسۇل بويىچىلا ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى بەلگىلەيمىز" دەيدۇ.

لوچنېر گەپنىڭ تېمىسىنى نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ئۈستىگە بۇرايدۇ: ھىتلېر ئەپەندىم، سىز راستىنلا ھىندېنبۇرگدىن تەلەپ قىلغان موسسولىن ھاكىمىيىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھاكىمىيەت كۈچىگە ئىگە مىللىي سوتسىئالىزم ھاكىمىيىتى قۇرۇش تەلىۋىدە بولامسىز؟ دەپ سوئال قويىدۇ. ھىتلېر بۇنداق بىر سودىلىشىش تەلىپىدە بولغانلىقىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ، ئەمما كېيىندىنلا قەتئىي قىلىپ "پۈتۈن ھوقۇقنا ئېرىشىش ھەققىنى تەلەپ قىلىمەن" دەيدۇ. ئۇنىڭ دۇدۇقلىغان ھالدا دېگەنلىرى گويا ھوقۇقنى قولغا ئېلىپ بولغان بىرسىدەك، شۇنىڭدەك گېرمانىيەدە تىكلىنىدىغان ھۆكۈمرانلىقنىڭ شەكلى ھەققىدە توختالدى. ئۇ، بۇنداق ھاكىمىيەت قەتئىي تۈردە بىر تۇراقلىق مۇستەبىتلىك ئاساسىدا قۇرۇلىدىغان ھۆكۈمەت بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.273 پارلامېنت تۈزۈمى ھەرگىزمۇ ياۋروپا قۇرۇلقىنىڭ مەھسۇلى ئەمەسلىكىنى، بۇنداق بىر تۈزۈم ياۋروپانىڭ ئەنئەنىسىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى، "شۇڭلاقتىمۇ بىز ھاكىمىيەتنى قوپاللىق بىلەن بىرەر مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە ئالماشتۇرۇش تەرەپتارىمۇ ئەمەسمىز." ھۆكۈمەت چوقۇم خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇشى كېرەك. "ئۇلى يوق قوپ-قۇرۇق ھاكىمىيەت قۇرۇشنىڭمۇ ئىمكانىيىتى يوقتە! ئەگەر بىر ھاكىمىيەت خەلقتىن كۈچ-قۇۋۋەت ئالمىغانلا بولىدىكەن، ئۇنداق بىر دۆلەت چەتتىن كىرگەن بىرەر كىرىزىسقا دۇچ كەلگەندە مەغلۇبىيەتتىن ھەرگىزمۇ قۇتۇلالمايدۇ."

يېڭى پارلامېنتنىڭ ئېچىلىش مۇراسىم كۈنىسى مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى بەكلا رەتلىك ۋە ئەدەپلىك ئىدى. ئۆكتىچىلەر سۆزگە چىققىنىدا ئۇلار جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى. پارلامېنت مەسئۇلىنى سايلاش ۋاقتىدىمۇ ئۇلار مۇخالىپ تەرەپتارلىرى

بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تۇردىكى ئۆلگىلىك ئىش-ھەرىكەتلىرى ئاخىرى مۇئەسسىنى بېرىدۇ. مەركىزى پارتىيىنىڭ قوللاپ بېرىشى نەتىجىسىدە، گىيۆرىڭ پارلامېنت باشلىقى بولۇپ سايلىنىدۇ. پارلامېنت زالىدا كىشىلەر تىنچ ۋە مەسىلە ھەل قىلىش تەرەپتارى بولۇپ بىر قانچە كۈننى ئۆتكۈزىدۇ. گېرمانىيىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئاخىرقى ھېساپتا خىلىلا مۇقىم ھالغا كەلگەن ئىدى. بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ ئادولىق ھىتلېرغا ئاپىرىن ئوقۇماي بولمايتتى. ئەمما ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتمەيلا ھىتلېر تۇيۇقسىز يولىنى ئۆزگەرتىدۇ. روشەنكى، ئۇنىڭ قېنى قايتىدىن قىزىشقا باشلىغان ئىدى. كومپارتىيىلىكلەر پاپېن كابىنېتىغا ئىشەنمەسلىك تەكلىپىنى بېرىدۇ. ھىتلېر ناتسىستلار ۋەكىللىرىنىڭ بۇ ئىشقا قارشى چىقماسلىقىنى بۇيرۇيدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىن بەس-بەستە ۋارقىراپ-جارقىرىششلار بىلەن ئۆتىدۇ. پاپېن، دەرھال يىغىن زالىدىن ئايرىلىپ ھىندېنبۇرگدىن پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش ھۆججىتىگە قول قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ زالغا قايتىپ كىرگىنىدە، پارلامېنت رەئىسى گىيۆرىڭ ئۇنى كۆرمىگەنگە سالىدۇ. بۇنىڭدىن پاپېن قاتتىق خاپا بولۇپ قولىدىكى ھۆججەتنى رەئىسنىڭ ئالدىغا چۆرۈپ تاشلايدۇ. گىيۆرىڭ بۇنىمۇ كۆرمىگەن بولۇۋېلىپ، ھۆكۈمەتنى تەستىقلاش ئۈچۈن ئاۋاز بېرىش باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئاۋاز نەتىجىسىدە پاپېن پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغانلىقى ئوتتۇرغا چىقىدۇ: ئۇنىڭ قۇرغان ھۆكۈمىتى 512 ئاۋازغا قارشى ئارانلا 42 ئاۋازغا ئېرىشەلەيدۇ.

كۈتۈلمىگەن سىياسىي ئۆزگىرىشتىن غالىبىيەت بىلەن چىققان ھىتلېر خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە پاتماي قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ تولۇق ئىشەنچ بىلەن قايتا ئومۇمى سايلامغا تەييارلىنىش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشىدۇ. ھىتلېر بۇ سەھنىدە يەنە بىر قېتىم ئىككى يۈزلىملىك ئويۇن ئوينايدۇ. بۇ قېتىمقى سەھرۋازلىق ئويۇنىنى نەق مەيداندا كۆزىتىپ تۇرغانلاردىن بىرسى، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىدىن بىرى بولغان ئاۋسترو-ۋېنگر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شاھزادىسى ئىدى. بېرلىندا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئوچۇق مەيدان مىتىنگىدە، ئوتتو ۋون ھابسبۇرگ ئىزچىل تۈردە ھىتلېرگە ھاقارەت ياغدۇرۇپ كېلىۋاتقان كومپارتىيىلىكلەر بىلەن بىرلىكتە كىشىلەر توپىنىڭ بىر چېتىدا قاراپ تۇراتتى. ھىتلېر سەھنىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇ نۇتقىنى باشلاشقا ئۆلگۈرمەستىنلا ئۆزىنى ھاقارەتلەپ يۈرگەن بايىقى كىشىلەرگە كۆزى چۈشىدۇ-دە، ”گېپىنىڭ بېشىدىلا تىغ ئۇچىنى ئۇلارغا قارىتىدۇ. ئۇنىڭدا ھەقىقەتەنمۇ بىر تۈر جەلىپ قىلارلىق تالانت كۈچى يوشۇرۇنغان ئىدى.“ ئۇنىڭ نۇتقى ئاخىرلىشاي دېگەن بىر ۋاقىتتا، ئەتراپىدىكى كومپارتىيىلىكلەرنىڭمۇ بىرگە قوشۇلۇپ ھىتلېرنى ھىمايە قىلىپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ياش ھابسبۇرگ بەكلا

ھەيران قالدۇ.

گەرچە ھىتلېردا ئامىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلارلىق بىر تالانت كۆچى بارلىقىنى بىلەن، ئۇنىڭ سايلام رىقابەت پائالىيەتلىرىنىڭ سۈرئىتى دېگەندەك تېز ئىلگىرىلىمەيۋاتاتتى. بۇنىڭ بىر سەۋەبى شۇكى، پارتىيىنىڭ مالىيە ۋە ئادەم كۈچى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەي كېلىۋاتقان بولۇپ، رەسمىي ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان دېيىشكىمۇ بولاتتى. گويا ئاخىرقى چىقماس سايلاملار نىمىسلارنىڭ قىزغىنلىقىنى چوڭقۇر ھاڭغا پاتۇرۇۋەتكەندەك يوقۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. گېيوبېلسىنىڭمۇ بۇرۇنقى سايلام كۈنلىرىدىكىدەك ئۇنداق قىزغىنلىقنى قايتا پەيدا قىلالىغۇدەك كۈچى قالمىغان بولۇپ، چوڭ-كىچىك مىتىنگلارغا قاتنىشىدىغان كىشىلەرنىڭ سانىمۇ كۆنسايىن ئازىيىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. سېپىنگلېرنىلا مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بۇ ئاخىرقى چىقماس سايلام پائالىيەتلىرى ئۇنى بەكلا تىرىكتۈرۈۋەتكەن ئىدى. بۇرۇن ھىتلېرغا ئاز-تولا ئىشىنىپ ئۇنى قوللاپ كەلگەن بولسا، مانا ئەندى ئۇمۇ مازاق قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. شۇ يىلى كۈزدە مۇنداق دەپ يازدۇ: گېرمانىيىدە ھەقىقى كايزېر يوق ئىكەن. ئەمما ئىسمى جىسمىغا لايىق فۇھرېرقورقماي ۋارقىراپ يۈرىدىغان بىرسى ئەمەس بەلكى قەھرىمان بىرى بولۇشى شەرت.

ھىتلېر سايلام ھەرىكىتىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن بۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ بېشىغا يەنە بىر قېتىم بەختسىزلىك كېلىدۇ. 1-نويابىر كۈنى، نەچچە ئايدىن بېرى ئىزچىل تۈردە ھىتلېرغا ئاشنا بولۇپ يۈرگەن ئېۋا براۋنمۇ خۇددى گېلى راۋبالغا ئوخشاش تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالىدۇ.274 ئېۋا ئۇنى ئەسەبىلەرچە ياخشى كۆرەتتى. ئەمما ھىتلېر بولسا سايلام ئالدىراشچىلىقىدا ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇشقا پەقەتلا ۋاقىت چىقىرالماي قالغان ئىدى. ھىتلېر بۇرۇن ئېۋاغا ئارىلاپ قىسقا خەتلەرنى ئەۋەرتىپ تۇرغان بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن يازىدىغان قىسقا خەتلىرىمۇ بەكلا ئازىيىپ كەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ بۇ يېقىندا ئېۋاغا ئۆچلۈك قىلىپ كېلىۋاتقان بىر كۈندەش قىز، فۇھرېرنىڭ سايلام پائالىيىتى كۈنلىرىدە چىرايلىق قىزلار بىلەن بىرگە چۈشكەن رەسىملىرىنى ئۇنىڭغا ئەۋەرتىپ بېرىدۇ.

پەرىشتىلەر بايرىمى كۈنى (1-نويابىر) يېرىم كېچىدىن ئەندىلا ئاشقان بىر ۋاقىتتا، ئېۋا براۋن ھىتلېرغا بىر پارچە ۋىدالىشىش خېتىنى يېزىپ قويۇپ تاپانچا بىلەن بويىنىغا قارىتىپ ئېتىپ ئارتېرىيە قان تومۇرىنى ئۈزىۋېتىدۇ. ئاندىن ئۆملىگىنىچە مېڭ تەستە تېلېفوننىڭ يېنىغا بېرىپ ھاسىرىغىنىچە تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى پلاتقا تېلېفون قىلىدۇ: مەن تاپانچا بىلەن يۈرىكىمگە قارىتىپ ئۆزەمنى ئېتىۋالدىم!

ھىتلېر سايلام ئىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ بىر دەستە گۈل تۇتقىنىچە ئېۋانى

داۋالاۋاتقان شەخسى دوختۇرخانىغا يېتىپ كېلىدۇ. "سىزچە براۋن خانىم قىز ئۆزىنى ئېتىۋېلىشىدىكى مەقسەت سىزنىڭ بىمارىڭىز بولۇش ۋاستىسى ئارقىلىق مېنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىش ئۈچۈن دېيىشكە بولارمۇ، قانداق دەيسىز؟" دەپ دوختۇر پىلاتتىن سورايدۇ. دوختۇر ئۇنىڭغا، قارىغاندا بۇ قىز رەسمىلا ئۆلىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن. بۇ قىز ماڭا ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، شۇڭا بۇ ھاياتنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى، دەپ ئويلاپ بىراقلا ئۆلۈپ تۈگەشمەكچى بولغاندەك قىلىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھىتلېر، دوختۇر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىرگە كەلگەن خوفمانغا قاراپ: "ئاڭلىدىڭمۇ، بۇ قىز مېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالماقچى بولغان. ئەمما مەن ئۇنى خاپا قىلمىغان تۇرسام، نېمىشكە ئۆلىۋالماقچى بولىدۇ؟ ـ ئۇ خاتىرجەم بولالماي ئالدى كەينىگە ماڭغىنىچە ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ كېتىدۇ، ـ دېمەك، مەن بۇ قىزغا كۆڭۈل بۆلۈشۈم كېرەك ئىكەن." ئەمما خوفمان بۇ گەپكە قوشۇلماي، بۇ ئىش باھانىسىدە سىنى ھېچكىم ئاۋارە قىلالمايدۇ، دەيدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭغا "ئويلاپ باق، بۇنىڭغا ھېچ كىمنى ئىشەندۈرەلمەيسەن" دەيدۇ. ھىتلېر كىشىلىك تۇرمۇشتىن خېلىلا ساۋادى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ، قىزنىڭ قايتا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالماسلىقىغا كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟ دەپ ئويلايتتى.

ئەسلىدىنلا سايلام پائالىيەتلىرى چىققىلى بولماس بىر داشقايناققا ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە ھىتلېرنىڭ دىققىتىنى چېچىۋېتىدۇ. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ھىتلېر يەنە بىر ئاۋارىچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. گېيوبېلس ئۆزى باشلاپ قىزلار بىلەن بىرلىكتە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىمۇ تەستىقلىمىغان بىرلىن ترانسپورت ئىشچىلىرىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك چوڭ ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، بىرلىكدىغان ئىش ھەققىنى سائەتىگە بىر سېنت ئەتراپىدا كۆپەيتىپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ ئەسلىدىكى غايىلىرى ئىچىدە نۇرغۇن جەھەتلەردە ئوخشاشلىقلار بار بولغاچقا، بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى بۇندىن بۇرۇنمۇ بولغان ئىدى. شۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن كېيىن ھاۋا تۇتۇلۇپ سوغوق ساقچى توسىقى ئالدىدا يېتىپ قويۇپ بىرلىكتە تاماق يېيىشىدۇ. ئۇلار مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ، ئىش تاشلاشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارغا قارشى تاش ئېتىشىپ، تراموۋاي رېلىسلىرىنى قومۇرۇپ تاشلاپ، بىر مۇنچە يەرلەرگە توساق قۇرۇپ چىقىشىدۇ.

بولۇپ كەتكەچكە، مىللىي سوتسىئالىزم پارتىيىسىدىكىلەر بىلەن كومپارتىيىلىكلەر سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇرغان ئوچۇقچۇلۇقتا ھىتلېر ئۆزىنىڭ كالۋا مورتىنىڭ بۇنداق بىر ھەرىكەت باشلاتقانلىقىنى ئاشكارە ئەيىپلەشكە ئامالسىز قالىدۇ، ئەمما بۇ ئىش سەۋەبىدىن شۇنچە كۆپ ئوتتۇرا تەبىقە سايلىغۇچىلىرىنى قاچۇرۇپ قويغانلىقىدىن

غەزەپلىنىپ يېرىلىپ كەتكىدەك ھالغا كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى دەرھال يىغىشتۇرۇشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. ”ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر بىزگە بولشېۋىكچىلار دەپ بوھتان قىلىپ ھۇجۇم قىلماقتا. ئەسلىدە بىزنىڭمۇ تاقەت قىلغۇچىلىقىمىز قالمىغان ئىدى. _ دەپ يازىدۇ گيوببېلس كۈندىلىك خاتىرىسىدە چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، _ ئەگەر بىز بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاشقا پەرۋاسىز قارايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بىزنىڭ ئىشچىلار سېپى ئىچىدىكى ئورنىمىز زەئىپلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.“ گيوببېلسنىڭ بۇن دۆتلۈكى، بۇرجۇئازىيە سىنىپىنىڭ تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ياردەملىرىنىڭ ئازىيىپ كېتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يەكشەنبە كۈنكى سايلامدا، يەنى 6-نويابىردا، ھىتلېر 2 مىليوندىن ئارتۇق ئاۋازدىن مەھرۇم بولىدۇ. پارلامېنت ئىچىدىمۇ 34 دېپوتات ئورنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. نەتىجىدە مەركىزى پارتىيە بىلەنلا ھەمكارلىشىپ كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. مۇھىمى، بۇ ئىش ھىتلېرنىڭ داغدۇغىلىق ھەرىكىتىنىڭ كەينىگە چېكىنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىشى بولۇپ، 275 سايلام ساندۇقىغا تايىنىپ ھوقۇققا ئېرىشىش ستراتېگىيىسىنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتەتتى.

بەزى گەپلەردىن قارىغاندا، ھىتلېر بۇ كۈنلەردە يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدىغانلىقى بىلەن پارتىيىسىدىكىلەرگە تەھدىت سالغانمىش. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان ھىتلېردىن بۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىشى ئېھتىمالغا بەكلا يېقىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن قايتىدىن ئەسلىگە كېلىپ ئۆزىنى روھلاندۇرۇش ئۇسۇلى قايتىدىن ئوتتۇرغا چىقىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا ھىتلېر قايتىدىن ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. ئۇ قايتىدىن سېفتون دېلمېر بىلەن كۆرۈشۈشنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىدا ئۇ ئاساسەن ئىشەنچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولغان دېيىشكە بولاتتى. بۇ زىيارەت ۋېيماردىكى ”پىل مېھمان سارىيى“ نىڭ ئارقا بۆلۈملىرىدىن بىرسىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. سۆھبەتلىشىش جەريانىدا ھىتلېر تۇيۇقسىزلا كېپىنى سياسىي مەسىلىلەردىن ئوتتۇردا تارقىلىپ يۈرگەن بىر سۆز-چۆچەككە، يەنى ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيىدە بىر مونارخىيىلىك تۈزۈم تىكلىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەرگە بۇرايدۇ. بۇ گەپتىن بۇ ئەنگلىيىلىك بەكلا ھەيران قالىدۇ. دېلمېر، مەن بۇ گەپنى بىرىنچى قېتىم سىزدىن ئاڭلاۋاتىمەن، دەيدۇ. ”ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى گېرمانىيىدە تەرتىپ تىكلىنىپ مۇقىملىق ئورنىتىلىشىغىلا قىزىقىدۇ دەپ قارايمەن.“

”توغرا، دېگىنىڭىز بەكلا توغرا گەپ. _ دەيدۇ ھىتلېر، ئەگەر بىرسى چىقىپ خوخېنزوللېرن خاندانلىق ئائىلىسىنى قايتا تىرىلدۈرگىنىدە، گېرمانىيە يېڭىدىن ئوت-

يالقۇنى ئىچىدە قېلىشى ئېنىق. مەن پات يېقىندا ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىمەن. شۇڭا مەن، خالىلىق سارىيىدىكىلەرنىڭ ئۈستۈمگە مىنىۋېلىپ چاپتۇرۇپ يۈرىدىغان ئات بولۇشىنى ھەرگىز خالىمايمەن." ھىتلېرنىڭ بۇ ئاچچىق گېپى، بەلكىم يېقىندا دۈچ كەلگەن بىر قېتىملىق ئىزاغا قالغانلىقىدىن، يەنى پوتسدامدا، بىر شاھزادە بولغان سېشىلېي بىلەن كۆرۈشكەنلىكىدىن نومۇس قىلىپ دېيىلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇقېتىم، كۆرۈشۈش ئاخىرلىشىپ ھىتلېر يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرسى، شاھزادىنىڭ "دەرھال دېرىزىنى ئېچىۋەت، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بۇلغىنىپ كەتتى!" دېگىنىنى ئاڭلاپ قالغان بولۇپ، فۇھرېر بۇ ھەيكەلنىڭ ئۇنى داۋاملىق نومۇسقا قويۇشىنى تېزگىنلىيەلمەي كەلمەكتە ئىدى.

6

پاپېننىڭ پارلامېنتتىكى دېپوتات سانى باشقىلارنىڭكىدىن بەكلا ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ھىتلېرنىڭ مەغلۇبىيىتىمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بولالمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقنى ئۈچرىغانلىقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ھىتلېرغا خەت يېزىپ مۇنداق دەيدۇ: يېقىنقى سايلام نەتىجىسى پۈتۈن گېرمانىيە بويىچە ئىتتىپاق بولۇشىمىز ئۈچۈن يېڭى بىر پۇرسەت سۇنماقتا. "بىز ئەندى سايلام رىقابىتى مەيدانلىرىدا ئوتتۇرغا چىققان ئاچچىقلارنى ئۇنۇتۇپ، ئىككىمىز بىرلىكتە خىزمەت قىلىش ئويىمىز بولغان دۆلەت مەنپەتى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتەيلى." ئاۋغۇستتىكى كۆرۈشۈشنىڭ ئەسلىملىرى بەكلا ئاچچىق ئىدى. شۇڭا ھىتلېرنىڭ جاۋاب خېتى ئۇنى ئەيىپلەش بىلەن تولغان ئىدى. ھىتلېر، فۇھرېر بىلەن مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئارقىلىق كىشىلەرگە خاتا چۈشەنچە بەرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ پاپېننىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈش تەكلىۋىنى رەت قىلىدۇ. سىزنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكىنىمدىن كېيىن، سەن، مېنى ھەممە ھوقۇقنى ماڭا تاپشۇر دېدى دەپ ئاشكارە ئېلان قىلدىڭ. ئەمەلىيەتتە مەن پەقەت رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنىلا تەلەپ قىلغان ئەمەسمىدىم؟ ئۇنىڭدىن باشقا، مەن ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا 13-ئاۋغۇست ئويۇننىڭ قايتا ئوينىلىشىغا يول قويالمايمەن. يەنى سەن، ھىندېنبۇرگ بىلەن بىرلىكتە قەتئىي تۈردە مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشىم كېرەك دېمىگەنمىدىڭ؟ "ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، سەندىن ئۈستۈڭگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنى تەلەپ قىلغىنىمدا بۇ تەكلىۋىمنى ئاڭلاشنى

خالمىغان ئىدىك. ئەمما مەن ئۆزەمگە تېگىشلىك ۋەزىپىنى ئورۇندىدىم. ئەكسىنچە، سەن بىر باش مىنىستىر بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن، ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن ئالدامچىلىق قىلدىڭ. مېنىڭ ئارزۇيىمغىمۇ قارىماي، مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمنىمۇ ئاڭلىماي، مېنى شۇنچە ئوڭاي ئىمپېرىيە پرىزدېنتى بىلەن ئايرىم سۆزلەششكە ماقۇل كەلتۈرۈۋالغان ئىدىڭ. ... ئەندى مەن بۇنداق ئۆيۈننىڭ قايتا ئوينىلىشىغا ئىمكان بەرمەيمەن."

پاپېن بۇ تۈردە رەت قىلىنغاندىن كېيىن، 17-نويابىر چۈشتىن كېيىن ھىندېنبۇرگقا دوكلات قىلدۇ.276 ئۇ، ھىتلېرنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بولىدىغان ھەر قانداق بىر بىرلىشىش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، دەيدۇ. پرىزدېنت ئۇنىڭ سۇنغان ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئەتىسى خۇگېنبېرگتىن ھىتلېرنىڭ باش مىنىستىرلىككە تەيىنلىنىش ھەققىدىكى پىكرىنى بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلدۇ. خۇگېنبېرگ بولسا ئەندى ھىتلېرغا ئىشەنمەس بولۇپ ئۆزگىرىۋالغان ئىدى. "مېنىڭچە، ئۇنىڭ سىياسىي ي ۋەقەلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ھەرگىزمۇ تۇتقۇزۇشقا بولمايدۇ. نېمىلا بولسا بولسۇن، مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن." مارشال يەنە مەسلىھەتچىسى مېيسنېردىن بۇ ھەقتىكى پىكرىنى سورىغىنىدا مەسلىھەتچىسىدىن ھىتلېرنىڭ مىۈنخېندا تۇرغان ۋاقتلىرىدا سىرچىلىق قىلىپ يۈرگەنلىكى راسمۇ دەپ سورايدۇ. ئەمما مەسلىھەتچىسىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئاق چاچلىق كەتكەن خۇگېنبېرگ قا قارايدۇ. "قەدىرلىك ياش دوستۇم، سەن بىر ھېسابتا مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىمنى ئۇتتۇرغا قويدۇڭ. _ دەيدۇ. بۇ رىۋايەتنىڭ جەمئىيەتتە تارقىلىشى ئۇچۇن كۈچ چىقىرىشنى تەلەپ قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: _ بىز بىر سىرچىنى بىسمارك ئولتۇرغان بۇ ئورۇنغا ئولتۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز كېرەك."

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن ھىتلېرنىڭ چىڭ تۇرىۋېلىشى بىلەن ھىندېنبۇرگ ئىككىسى ئايرىم كۆرۈشىدۇ. سۆزلىشىش باشتىن تارتىپلا بەكلا ناچار باشلىنىدۇ. ھىندېنبۇرگ ھىتلېرنى ئەيىپلەپ، ناتسىست ياشلىرىنىڭ شەرقى پروسسىيەدە خالىغانچە ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. "يېقىن كۈنلەردىلا ئۇلار تاننېبېرگتا 'ئويغان، تېز ئويغان! دېگەنىدەك بىر نېملەرنى دەپ ۋارقىرىشىپ يۈرىدۇ. ئۇلار مېنى مۈگىدەپ قالغان دەپ قارايدىغان ئوخشايدۇ!" ھىتلېر ئۇنىڭغا قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىڭ بۇ دېگەنلىرىدە ھېچ قانداق يامان غەرىزى يوقلۇقىنى، ئۇلار مىللى سوتسىئالىزم پارتىيىسىنىڭ "گېرمانىيە، تېز ئويغىنايلى" دېگەن بۇرۇنقى شۇئارىنىلا توۋلىشىپ يۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئاردىن بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندە مېيسنېر كىرىپ كېلىدۇ. سۆھبەت بىر- بىرسىگە زەھەر سانچىغاندەك گەپلەر بىلەن داۋاملىشىدۇ. ھىتلېر پارتىيىسىز بىر كابىنىتتا

ۋەزىپە ئۆتەش نىيىتىدە ئەمەسلىكىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ باش مىنىستىر بولغىنىدىلا بۇنداق بىر ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. "ۋەتەن مەنپەتى سەۋەبىدىن پارتىيىمىز بۇ ئىشتا بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشقا ھەرگىز يول قويالمايدۇ. _ دەيدۇ ھىتلېر، _ يەنى پارتىيىمىز مېنى چوقۇم باش مىنىستىر بولغانلىقىمنى كۆرۈشى كېرەك." ناتسىستلار بىلەن كومپارتىيە بىرلىشىپ بېرلىندا ترانسپورت ئىشچىلىرى ئىش تاشلاش ھەرىكىتى قوزغىغانلىقىغا نېمە دەيسەن؟ سورايدۇ ھىندېنبۇرگ. "مەن بۇرۇن قول ئاستىمدىكى ئادەملىرىمگە قارىتا ئاز-تولا سەۋر قىلىپ كەلگەنلىكىم راس. _ دەيدۇ ھىتلېر جاۋابەن، _ ئەمما ئىش تاشلاش بەربىر پارتىلايتتى. ئەگەر مەن ئۇلار تەرىپىدە تۇرمىغان بولسام، ئۇچاغدا مەنمۇ ئىشچىلارنىڭ ھىمايە قىلىشىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئادەملىرىمنىڭ ئۇلارغا قېتىلىشىنى گېرمانىيە مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن ھەرىكەت دەپ قارايمەن" دەپ ئېنىق ئېيتىدۇ.

ھىندېنبۇرگ بۇ "سىرچى" غا زادىلا ئىشەنمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. "مەن ساڭا يەنىلا ئۆز تەلەپنى تەكرارلايمەن: ماڭا ياردەمچى بولغىن. _ بۇ دېگىنى ھىتلېرنى ئۆزىگە سادىق بولۇشىنى ئاشكارە تەلەپ قىلغىنى ئىدى، _ مەن سېنىڭ ۋە بۇ پارتىيىنىڭ غايىلىرىدىن ھەقىقەتەنمۇ قايىلمەن، مەن سېنىڭ ۋە پارتىيىڭنىڭ ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن" دەيدۇ. شۇنداق دەپ تۇرۇغلۇق يەنىلا ھىتلېرنى باش مىنىستىرلىككە تەيىنلەشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. تەبىئىكى، ئەگەر ئۇ كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشەلىگىنىدە مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسى ھۆكۈمەتنى خالىغىنىچە قۇرالىشى مۇمكىنلىكىنىمۇ قوشۇپ قويىدۇ.

ھىتلېر ئىككى تىزىغا قويغان ئالقىنىنى چىڭ توگۈپ ۋارقىرايدۇ: "مارشال ئەپەندىم! باشقا پارتىيىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈشۈمنى تەلەپ قىلغان ئىكەنسىز، ئۇ ھالدا ئاۋال ماڭا ھوقۇق بېرىشىڭىز كېرەك. مارشال ئەپەندىم، بۇنىڭ مەنتىقىغا سىغمايدىغان ھېچ قانداق يېرى يوق!" ئۇ ئاچچىقىنى زادىلا يوشۇرالماي قالىدۇ. ھىندېنبۇرگ مازاق قىلغىنىچە كۈلۈپ كېتىدۇ.

ھىتلېرنىڭ بارلىقى بىلەن ئۆي ئىچى تىمتاس بولۇپ ھېچ بىر ئاۋاز چىقمايدۇ. ھەممەيلەن جىددىي تۇسكە كىرگەن ئىدى. "مارشال ئەپەندىم. _ ھىتلېر ئاخىرى ئېغىز ئاچىدۇ، _ سىز مېنى مۇستەبىت ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىدۇ دەپ ئويلايدىغان ئوخشايسىز. ئەسلىدە مېنىڭ ئۇنداق بىر نىيىتىم يوق. ئەگەر سىز مېنىڭدىن پارلامېنتتا مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشىپ كەل دەپ تەلەپ قىلماقچى بولىدىكەنسىز، ئۇ چاغدا مەن پارلامېنتقا بىر قانۇن لايىھىسى سۇنۇپ مېنى پەۋقۇلئاددە ۋە جىددىي ئىشلارنى ھەل

قىلىشىم ئۈچۈن ۋەزىپىگە تەيىنلەڭلار دەپ تەلەپ قىلىمەن.“ ئۇ ھەقىقەتەنمۇ پارلامېنتتىن بۇنداق بىر بۇيرۇق چىقارتقۇزۇشقا كۈچى يېتەتتى. شۇنداق بولغاندا، مەسىلىمۇ ھەل بولغان ھېسابلىناتتى.277

بۇنداق بىر ئىشنى ھىندېنبۇرگ ھەرگىز قوبۇل قىلالمايتتى. شۇڭا ئۇ ھىتلېردىن يەنە بىر قېتىم ئەسكەرلىك مەسئۇلىيىتى بىلەن تەلەپ قىلىپ، بۇ ئىشنى ئىككىسى ئارىسىدا ھەل قىلىپ پۈتتۈرۈشنى ئۆتۈنۈپ سورايدۇ. ھىندېنبۇرگ ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۆلارنى بىرلىكتە تۇتۇپ كەلگەن ”كونا سەپداشلىق تۇيغۇلىرى“ نى ئىشقا سېلىپ ھىتلېرنى تەسىرلەندۈرۈشكە تىرىشىپ كۆرىدۇ. ”بۇ ئىشتا ھەر ئىككىمىزلا بىر-بىرىمىزگە ئازىراقتىن يول قويۇشساق، ئىككىمىز يەنىلا ئورتاق ھەمكارلىق ئاساسىدا ئىش قىلالايمىز دەپ ئىشىنىمەن.“ ھىتلېر پرىنزىدېنتنىڭ يېنىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇ خۇددى بۇرۇنقىدەك قىلچىمۇ يول قويماي تۇرىۋالغان ھىندېنبۇرگ بولسا مەن بۇ سابىق ئون بېشىنى تەسىرلەندۈرەلىدىم دەپ ئويلاپ مېيسنېرغا مۇنداق دەيدۇ: ”قارىغاندا بۇ ھىتلېر دېگەن ئادەم ئىش قائىدىلىرىنى ئاستا-ئاستا ئۆگىنىۋالىدىغاندەك قىلىدۇ.“ ئەمما ھىتلېرنى باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەش تەلەپلىرى ھىندېنبۇرگقا ھەر تەرەپتىن توختىماي كېلىپ تۇرغاچقا، ھىندېنبۇرگمۇ ئىككى كۈن كېيىن ھىتلېر بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈش زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە، ھىتلېر ئەستايىدىللىق بىلەن تەييارلانغان بىر پارچە باياناتى بىلەن كېلىدۇ. بۇ باياناتتا، پارلامېنت تۈزۈمى ئۆڭۈشسىز بولۇپ چىقتى؛ بۇ تۈزۈم خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلالماس ھالغا كەلدى؛ پەقەت مىللى سوتسىيالىزم پارتىيىسىلا كوممۇنىزمنى چەكلىيەلەيدۇ، شۇڭا ھىندېنبۇرگ ھىتلېرنى ھۆكۈمەت باش مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىشى لازىم دەپ تەلەپ قىلىنغان ئىدى.

ھىندېنبۇرگ يەنە بىر قېتىم ھىتلېردىن تەلەپ قىلىپ، پارلامېنتتا كۆپ سانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈشنى، شۇ چاغدىلا ئۇنى باش مىنىستىرلىككە تەيىنلىيەلەيدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ھىتلېر بۇ مەسىلىھەتكە ئۇنچە بەك قىزغىن مۇئامىلىدە بولمايدۇ. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش ئارانلا 10 مىنۇت داۋاملاشقان بولۇپ، سۆزلىشىش پرىزىدېنتنىڭ ئەڭ مۇھىمى دوستلۇق دەپ تەكىتلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە كۈن جەرياندا ھىتلېر بىلەن مېيسنېر ئۇزۇن يېزىلغان خەت ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئىزچىل تۈردە باش مىنىستىرلىققا تەيىنلىنىشنى چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىشى، ھەتتا پاپېنغا ئوخشاش تولۇق ھوقۇقلۇق باش مىنىستىرلىقنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغاچقا، ئورتاق بىر كېلىشىمگە كېلىش تىرىشچانلىقىدىن بىرەر نەتىجە چىقمايدۇ. بۇنداق قاتماللىق ۋەزىيەت، تەسىر دائىرىسى كۈچلۈك بولغان بىر

قىسىم سودا سانائەتچىلەر كاتتىۋاشلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ ھەقتە ھىندىنبۇرگقا بىۋاستە بېسىم ئىشلىتىشكە كىرىشىدۇ. بۇ تۆردىكى كاتتىۋاشلار ئەزەلدىن مىللىي سوتسىئالىزم پارتىيىسىگە ماددىي جەھەتتە ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار، ئەگەر مىللىي سوتسىئالىزم پارتىيىسى تەختكە چىققۇدەك بولسا، ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. مەسىلەن، ھىتلېر بىر ۋاقىتلاردا ئى. گ. فاربېنغا كاپالەت بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ئۇنىڭ قۇرىدىغان ھۆكۈمىتى چوقۇم ئۇنىڭ سىنتېتىك كىرېسىن ئىشلەپچىقىرىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. شۇ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئىزچىل تۆردە "دوست جەمئىيەت" دەپ تونۇپ كەلگەن كايسېرخوف دېگەن ئىتتىپاقتا قىلغان بىر قېتىملىق مەخپىي نۇتقىدا، ھىتلېر بارلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىلەن قالغان پارتىيىلەرنى تارقىتىۋېتىشكە ماقۇل كەلگەن ئىدى.

نويابىرنىڭ ئاخىرىدا، 39 نەپەر داڭلىق سودا سانائەتچى (خىجالمار شاخت، سابىق باش مىنىستىر گۇنو، ۋە شۇنىڭدەك كرۇپ، سىيمەنس، بوش، تايسىن، ۋورمان ۋە ۋۆگلېرغا ئوخشاش سانائەت كاتتىۋاشلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان) كاتتىۋاشلار بىرلىشىپ ئىمزا يىغىپ پىرىزدېنتقا خەت يېزىپ، ھىتلېرنى گېرمانىيە باش مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ. بۇ تۆردىكى رىياللىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەر ھىتلېرغا بولۇشۇپ ناتسىستلار ئۈچۈن دوغا چىقىدۇ. ئۇلار، ھىتلېرنىڭ سوتسىئالىزم دېگىنى بىر ئالدامچىلىق، ئەگەر ئۇ تەختكە چىقىپلا ئالىدىكەن، دەرھال كاپىتالىزمنىڭ قۇرالىغا ئايلىنىدۇ دەپ قاتتىق ئىشەنچ قىلىشاتتى (بۇ ۋاقىتتا، ھىتلېر گېرمانىيە كارخانىچىلىرىدىن مەنپەئەتلىنىپ كېلىۋاتقان ئاساسلىق بىرسىمۇ ھېسابلانمايتتى. "ھەر تۈرلۈك قوللاشلاردىن كېيىن، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، گېرمانىيە كارخانىچىلىرىنىڭ مالىيە ياردىمىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا ناتسىستلارغا قارشى ئىشلىتىلگەن" دەپ يازىدۇ خ. ئا. تۇرنېر. ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئاساسلىق كىرىمى يەنىلا پارتىيە بەدەل پۇلىدىن كەلمەكتە ئىدى ــ ئا. ھ. ئى).

پارلامېنت تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى ئورگانلىرى گېرمانىيىنى سىياسىي جەھەتتە ئىلگىرلىيەلمەي بىر ئىزدا توختاپ قېلىشقا سەۋەب بولماقتا ئىدى. ھىندىنبۇرگ، قاتماللىق ئىچىگە چۈشۈپ قالغان بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا پارلامېنت ئىچىدە ھەمكارلىق ئاساسىدا يېڭى كابىنېت تەشكىل قىلىش ئىمكانى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.278 "مەن سېنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ھەر دائىم تەييارمەن" دەيدۇ ھىندىنبۇرگ ئاچچىق بىلەن مەركىزى پارتىيە رەئىسى پاپېنغا. پاپېنمۇ ئۆزىنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن

ھىندېنبۇرگنى رىغبەتلەندۈردى. ئۇنىڭ بۇ تۇر ئىپادىسى ھىندېنبۇرگنى خوش قىلغۇچىتتى. پاپېن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: "ئەگەر مەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ تېگىشلىك ئىشەنچىگە ئېرىشەلمىگەن بولسام، ئۆزەمنى ھەرگىزمۇ گېرمانىيىنىڭ ئالدىغا قويۇپ تىركىشىپ تۇرۇۋالمايمەن. شۇ سەۋەپتىن ئۆزەمدىن يەنىلا مەغرۇرلىنىمەن." ھەر تەرەپتىن كەلگەن تەلەپلەر ئۇنى ئۇمىتسىزلەندۈرۈپ كېلىۋاتقاچقا، 1-دېكابىر كۈنى پاپېن بىلەن يېقىندىن دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەنگەن شلېيچېرنى ئىشخانىسىغا چاقىردى. ئۇ ئىككىسى چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دا يېتىپ كېلىپ، مېيسنېر ۋە ئوسكار ۋون ھىندېنبۇرگ ئىككىسى بىلەن بىر قاتاردا پرېزىدېنت ئۈستىلى ئەتراپىدا يېرىم دائىرى بولۇپ ئولتۇردى. پاپېن سۆز ئېلىپ، ھىتلېر ھۆكۈمەت كابېنتىنىڭ باش مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەنگەندىلا ئاندىن بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇڭا مەن، كابېنتىمنىڭ ۋاقىتلىق ھوقۇق يۈرگۈزۈپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىمەن، دېدى. پاپېن، ئۆزىنىڭ پارلامېنتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، پارلامېنتنى بىر مەزگىل تاقىۋېتىش زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ جەريان پرېزىدېنتنىڭ ئاساسى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت قىلىدىغان بىر جەريان بولۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەمما ۋەزىيەت بەكلا جىددى بولغاچقا، بۇنداق تەدبىر قوللىنىشتا يېتەرلىك باھانىسىمۇ بار ئىدى. ئەگەر ساقچى تەرەپ تەرتىپنى ساقلىيالمىغىنىدا، ئۇ ھالدا قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى ئوتتۇرغا چىقىپ ۋەزىيەتنى تىزگىنلەشكە كىرىشىشى مۇمكىن ئىدى.

"مىلتىق نەيزىسىنى تەگلەپ تۇرۇپ بەكلا كۆپ مەسىلىنى ھەل قىلالىشىمىز مۇمكىن. _ دېدى شلېيچېر رەھىمسىزلەرچە، _ ئەمما سىلەرنىڭ قىلالمايدىغان بىر ئىشىڭىزمۇ بار، ئۇزۇنغىچە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالالمايسەن." بۇ دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى، پاپېننىڭ بۇ پىلانىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ بىر پىلانىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ: مەن پاپېننىڭ ئورنىغا باش مىنىستىر بولسام بۇ مەسىلە ھەل بولىدۇ، دېدى. يەنى شۇنداق قىلغاندا ناتسىستلا ئۆز ئىچىدە ئىككى تەرەپ بولۇپ پارچىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇ چاغدا ئۇمۇ پارلامېنت ئىچىدە كۆپ سانلىق ئاۋازنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ گرېگور ستراسسېر بىلەن بىر قاتاردا ئۇنىڭ بىر-ئىككى سادىق كىشىلىرىنى يېڭى كابېنتتا ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئارقىلىق ناتسىستلار دېپوتاتلىرىنىڭ 60 نەپىرىنىڭ ئاۋازىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىنلىكىنى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن قالغان بۇرجۇئازىيە پارتىيىلىرىمۇ ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بىر قانچە ھەپتىدىن بېرى پاپېن، شلېيچېرنىڭ "بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدەك ئۇنداق سەمىمى، ئوچۇق كۆڭۈل مۇئامىلىدە بولماي كېلىۋاتقانلىقىنى"، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەت "كۆرنەرلىك دەرىجىدە سوغۇقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى" ھېس قىلماقتا ئىدى. شۇنداق بولسىغا قارىماي، بۇرۇن ئۇنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۈچۈن ياردەم قىلغان بۇ گېنېرالنىڭ يەنە كېلىپ ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىشىنى تەلەپ قىلىشىدىن ھەيران بولۇپ ھاڭۋېقىپلا قالدۇ. پاپېننىڭ يولغا قويۇپ كەلگەن سىياسەتلىرىنى شلېيچېر ئىزچىل تۈردە قوللاپ قۇۋۋەتلەپ كەلگەن، ھەتتا بەزى سىياسەتلەرنى ئۇنىڭ ئۆزى ئوتتۇرغا قويغان پىلانلار ئىدى. پاپېن ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى ئاقلاپ، بۇ دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرىنىڭ پىلانلىرى پىرېزدېنتنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن پارلامېنت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ياخشىلىنىپ قېلىشىدىن ياندۇرۇشنى مەقسەد قىلىپ تۈزۈلگەن ئۇزۇن مۇددەتلىك بىر پىلان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشىدۇ.

بۇ تۈر مۇزاكىرىلەر ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىزچىل داۋام قىلىپ كېلىۋاتقاچقا، ھىندېنبۇرگ چارچاپ ھالى قالمايدۇ. ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي مۇنازىرە ئاخىرلاشقىچە تىك ئولتۇرۇپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پاپېنغا مۇنداق دەيدۇ: "باش مىنىستىر ئەپەندى، مەن سىزنى يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن دەرھال مۇزاكىرە باشلىتىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن. مەن قۇرۇلىدىغان يېڭى ھۆكۈمەتكە سىزنىڭ پىلانىڭىز بويىچە ئىش قىلىشنى بۇيرۇيمەن."

بۇ گەپتىن شلېيچېر ھېچ نېمە ئۇقالماي ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ پاپېن بىلەن بىرگە پىرېزدېنت ئىشخانىسىدىن ئايرىلغان ۋاقتىدا، پاپېن ئۇنىڭغا ۋەزىپىسىدە يەنە بىر قانچە ئاي قېلىپ ئاساس قانۇنى تۈزىتىش ھەمدە پارلامېنت مۇقىملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى پۈتتۈرىۋېلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. "شۇ چاغدا مەنمۇ ئىستىپا بەرسەم، سەن ھۆكۈمەتنى قولۇڭغا ئالساڭ، شۇنداق بولغاندا، سەنمۇ ئىشنى باشلىغان كۈنۈڭدىن تارتىپلا خاتىرجەم شەكىلدە ۋەزىپەڭنى ئادا قىلالايدىغان بولىسەن. سېنىڭچە قانداق؟"

شلېيچېر بۇ تەكلىپنى سوغۇققانلىق بىلەن بىر بىرلەپ رەت قىلىدۇ. ئاندىن خۇددى لۇتېرنىڭ "ئېۋورمس يىغىنى" دىن ئايرىلغىنىغا ئوخشاش (1521-يىلى چاقىرىلغان "ئېۋورمس يىغىنى" دا مارتىن لۇتېر كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى) "ھەي راھىپ، ھەي راھىپ، سەن خەتەرلىك يول تاللىۋالدىڭ" دەيدۇ.279

ئەتىسى چاقىرىلغان ئىچكى كابىنېت يىغىنىدا بۇ مەسىلە بەكلا كۆڭۈلسىز ھەمدە ئاشكارە بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. پاپېن تۈنۈگۈن كەچتىكى پىرېزدېنت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇزاكىرە ئەھۋالىنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈپ، شلېيچېرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ پىكىرىنى سورايدۇ. شلېيچېر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەگەر پاپېن رەھبەرلىكىدە بىر يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغىدەك بولسا پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە قالايماقانچىلىق پارتلاپ

چىقىشى مۇقەررەر؛ ئەگەر ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرىپ بولسا، ساقچىلار بىلەن قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىمۇ قانۇن تۈزۈم بىلەن تەرتىپ ئىنتىزامنى ساقلىيالماي قېلىشى مۇمكىن دەپ جاكارلايدۇ. ئۇ يەنە بۇ ئىشلارنى بىر قۇر تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، باش قوماندانلىق شتابتىكىلەر ساقچىلار بىلەن پەۋقۇلئاددە ماھارەتلىك قىسىملارغا ئوخشاش يەرلىك قىسىملار ناتىسىتلار سىڭىپ كىرىشى بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن بولغاچقا، قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى ھىتلېر قوزغايدىغان قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئامالسىز قېلىشى مۇمكىن، دېگەن خۇلاسىغا كەلدى دەيدۇ.

ھېچ بىر مىنىستىر قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىنىڭ بۇ تۈردىكى پەرىزىگە قارىتا قارشى پىكىر بىلدۈرەلمەيدۇ. شۇڭا پاپېن دەرھال پرېزىدېنت ئىشخانىسىغا چېپىپ بارىدۇ. ئالدىنقى كۈنلىرىدىكى كۆڭۈللۈك ئىشلاردىن چارچاپ ھالى قالمىغان ھىندېنبۇرگ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي پاپېننىڭ قۇرساق كۆپۈكى قىلىپ دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلايدۇ. "قەدىرلىك پاپېن. ــ دەيدۇ ھىندېنبۇرگ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بۇرۇنقى ئىشەنچىنىڭ قالمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ــ ئەگەر مەن مۇشۇ تاپتا پىكرىمنى ئۆزگەرتسەم مېنى چوقۇم بەكلا پەسكەش بىرسى ئىكەن دەپ قارىشىڭ مۇمكىن. ئەمما مەن بەكلا قېرىپ كەتتىم. ئۆلۈم بوسۇغۇسىغا كېلىپ قالغان ئادەممەن. شۇڭا بۇنداق بىر ئىچكى ئۇرۇشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستۈمگە ئالالىغىدەك كۈچ-قۇۋۋەت مەندە يوق. ئامال يوق، شۇ شلېيچېر دېگەن ئەپەندىنىڭ تەڭرى نامىدا تەلەي سىناپ بېقىشىنى كۆزىتەيلى" دەيدۇ.

ھىندېنبۇرگ ھاسىسىغا تايانغىنىچە مىڭ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ تەمتىرەپ ماڭغىنىچە پاپېننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى سىقىدۇ. بۇنىڭدىن پاپېن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. ئۇ، بوۋاينىڭ ئىككى كۆزىدىن مۆنچاقتەك ياش تامچىسىنىڭ تۆكۈلۈپ ئىككى مەڭزىگە ئېقىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بىر قانچە سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مارشال بىرسىدىن خەيرلىشى خاتىرىسى سۈپىتىدە پاپېنغا بىر پارچە رەسىم ئەۋەرتىدۇ. رەسىم ئۈستىدە: "مېنىڭ بىر سەبداشىم بار بولدى!" دېگەن سۆزلەر يېزىلغان ئىدى. بۇ سۆز ئەسلىدە داڭلىق ھەربىي مارشىنى ئېلىنغان شېئىر ئىسمى ئىدى.

شلېيچېر پرېزىدېنتنىڭ يېنىغا كىرىدۇ. پرېزىدېنت ئۇنىڭغا يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئەمما شلېيچېر: "مەن دېگەن سىزنىڭ ئېغىلىڭىزدىكى ئەڭ ئاخىرى جەڭگە سالىدىغان بىر ئايغىرمەن. شۇڭا مېنى ھازىرچە زايا قىلماي ساقلىشىڭىز كېرەك" دەپ نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ھىندېنبۇرگ ئەگەر بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلمايدىغان بولساڭ ئىستىپا بېرىمەن دەپ قورقۇتقاندىن كېيىنلا شلېيچېر تەييىنلەنگەن بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ راستىنلا شۇنداق دېگەن ئىدى. بەلكىم دېگىنىدەك ئامالسىزلىقتىن بۇ ۋەزىپىنى

قوبۇل قىلغاندۇ. ھىندىنبۇرگ شۇندىلا راھەت بىر نەپەس ئېلىپ كۆلۈمسىرىگىنىچە ئۇنى تەبرىكلەيدۇ. ئاندىن بۇ ئىش ئۈچۈنمۇ بىر باشقا بىرسىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئەمما بۇ قېتىم نەقىل كەلتۈرگىنى لاتىنچە بىر جۈملە ئىدى: "بىر پۈتمىز گۆرگە ساڭگىلىغان كىشلەر سىزنى تەبرىكلەيمىز!"

شۇنداق قىلىپ، 1932- يىلى 2- دېكابىر كۈنى، كۇرت ۋون شلېيچېر 1890- يىلى بىسمارك ۋەزىپىگە ئولتۇرغىنىدىن بۇيۇنقى بىرىنچى قېتىم بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن گېنېرال بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى قىلغان ئىشى گرېگور ستراسسېرنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ (ئۇ ئىككىسى قايسى بىر چىش دوختۇرىنىڭ ئۆيىدە تونۇشۇپ قالغان ئىدى) ئورۇنباسار باش مىنىستىر ۋە قوشۇمچە پروسىيە شتاتىنىڭ باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ تەكلىپ ستراسسېرنى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا قىزىقتۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھىتلېرغا سادىق بىرسى بولغاچقا، بۇ ھەقتە باشلىقىم بىلەن سۆزلىشىپ ئاندىن جاۋاب بېرەي دەيدۇ. ئەمما ئۇ، فۈھرېرىنىڭ ئەتراپى قاتتىق قورشاۋ ئاستىدا ئىكەنلىكىنى، بۇ قورشاۋغا ئالغان كىشلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ئاخماق سادىقەتمەنلەر بىلەن تەخسىكەش كىشلەر ئىكەنلىكىنى، ئەنە شۇنداق كىشلەر فۈھرېرنى تېزگىنىدە تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ تۈر كىشلەرنىڭ بۇ ئىشتىنمۇ ئاز-تولا خەۋەر تېپىپ قالغانلىقىنى باش مىنىستىرغا تىنمايدۇ. تېخى يېقىندىلا ستراسسېر خاپا بولۇپ فرانكقا مۇنداق دەرتلەنگەن ئىدى: "ھىندىنبۇرگ دېگەن بۇ ئادەم ئىنتايىن ھۆرمەتلىك بىر بوۋاي. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ چىن كۆڭلىدىن مېنى ھۆكۈمەت ئىچىدە ۋەزىپە ئۆتەپ بېرىشىمنى ئېيتقان. ئەمما لوھېڭگرىن- ھىتلېرنىڭ ئەتراپى بىر ئۈچۈم غەلىتى كۆرۈنۈشلۈك مەلئۇنلار تەرىپىدىن ئوراپ ئالغان. ھەي فرانك، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ: گيۆرىڭ دېگىنى رەھىمسىز ۋە شەخسىيەتچى بىر مەخلۇق، ئەگەر ئۇ بىرەر ۋەزىپىگە تەيىنلەنگىدەكلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ گېرمانىيە ھەققىدە باش قاتۇرىدىغانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. گيوببېلس دېگىنى رەسمى بىر ئالۋاستى، ئىككى يۈزلىمچى بىرسى. رۆم دېگىنى رەسىملا بىر توڭگۇز. مانا بۇلار فۈھرېرنىڭ پىشقەدەم مۇھاپىزەتچىلىرى. ئاھ، نېمە دېگەن قورقۇنۇشلۇق!"280

شلېيچېر-ستراسسېر ئىككىسىنىڭ مەخپى ئۇچرىشىشى پاپېن ئىشخانىسىدىكى كىشلەر تەرىپىدىن سېزىلىپ قالىدۇ. ئۇلار بۇ خەۋەرنى بىر مۇخبىرغا ئاشكارلىۋېتىدۇ. ئۇ مۇخبىر يەنە بۇ خەۋەرنى خانفستاينگلغا يەتكۈزىدۇ، خانفستاينگل بولسا بۇ گەپلەرنى ھىتلېرغا سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پاپېن، توغرىسى پاپېننىڭ سابىق خىزمەتچىلىرى شلېيچېر مەسىلىسىدە گەپ تارقىتىشقا باشلايدۇ. ئەمما بۇ ئىشلاردىن ئەڭ ئاۋال زىيان

تارتقۇچى كىشى ستراسسېر بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ھىتلېرغا بولغان ساداقىتىنى بۇزماي شلېيچېر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان ئىدى. بۇ ئىشتا ئۇ پارتىيىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنىڭ، بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتنىشىش بەدىلىگە بولىسمۇ دەرھال ھوقۇق ئۇستىگە چىقىش دەيدىغان تونۇشتا ئىدى.

ھىتلېر بولسا بۇرۇنلا ستراسسېردىن گۇمانلىنىپ يۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنداق بىر گۇماندا قېلىشىغا گېوببېلس سەۋەپچى بولغان ئىدى. چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ھىتلېر تەبىئى ھالدا بۇ ئىشنى خائىنلىق قىلىش دەپ قارىماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ نىسبەتەن مۆتىدىل مەسىلىھەتچىلىرى بولسا شلېيچېرنىڭ يېڭى تەكلىۋىنى ئويلىشىپ كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. يەنى فۇھرېرنىڭ ئورۇنباسار باش مىنىستىرلىقنى ئۇستىگە ئېلىش تەرىپىدە ئىدى. 15-دىكابىر (ئەسلى ئېنگلىزچە ئارگىنالدا 5-دېكابىر _ ئۇ.ت) كۈنى، پارتىيە كايسېرخوفتا بىر قېتىملىق رەھبىرى كادىرلار يىغىنى چاقىرىدۇ. بوران-چاپقۇنلۇق ئۆتكەن بۇ يىغىندا، ستراسسېر فۇھرېرنى بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىڭ دەپ چىڭ تۇرۇپ يالۋۇرىدۇ. ئەمما گېوببېلس بىلەن گۆرىڭ ئىككىسى بۇنداق بىر سودىلىشىشقا قەتئىي قارشى چىقىدۇ. ھىتلېرمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ. ستراسسېر ئۇلارنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ: ئەگەر يېڭى ھۆكۈمەت مىللى سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەندە شلېيچېرنىڭ پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش مۇمكىن. ئەمما ستراسسېرنىڭ ”خائىنلىق قىلىشى“ دىن قاتتىق رەنجىگەن ھىتلېر، بۇ مەسىلىنىڭ داۋاملىق تالاش-تارتىش قىلىنىشىنى رەت قىلىدۇ.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ستراسسېر كايسېرخوفتا ھىتلېر بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشىدۇ. ھىتلېر بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە ستراسسېرنىڭ خائىنلىق ھەرىكىتىنى ئاشكارە ئەيىپلەيدۇ. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ستراسسېر جاۋابەن مۇنداق دېگەن: ”ھىتلېر ئەپەندىم، ئەگەر يۈز ئۆرۈشنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، مەن ھەر قانداق بىر گەپ توشۇغۇچىلاردىن ئاشۇرىۋەتكەن يېرىم يوق. مېنىڭ لايىھەم پارتىيىنىڭ تېخىمۇ بەتەر خاراپ بولۇشىغا يول قويۇش ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.“ ئۇ قاتتىق ئاچچىغلانغانلىقىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي يىغىنىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ، تاكسىغا ئولتۇرۇپ ئېكسسېلسىيور مېھمان كۇتۇشكە قايتىپ كېتىدۇ. ستراسسېر ياتىقىغا كىرىپمۇ ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي يالغۇز ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ئەتىسى، يەنى 8-دېكابىردا، ھىتلېرغا بىر پارچە خەت يېزىپ، فۇھرېرىم ماڭا بولغان ئىشەنچىنى يوقۇتۇپتۇ. بۇنداق بىر ئەھۋالدا پارتىيە ئىچىدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرىمدىن ئىستىپا بېرىشتىن باشقا چارەم قالمىدى، دەپ ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ خېتىدە، ئاشكارە ئوتتۇرغا چىقىپ يۈز ئۆرۈش تەشەببۇسىدا بولمايدۇ.

ئەكسىنچە، پارتىيىنىڭ بارلىق كادىرلىرىنى ئۆز ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ۋەزىپىسىنى ئورۇندۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ستراسسېر بۇ خىتنى ئۆزى بىۋاستە ھىتلېرگە تاپشۇرۇشنى ئەپ كۆرمەي پوچتىدىن ئەۋەتىۋېتىدۇ. ئاندىن ياتىقىدا ھىتلېردىن تېلېفون كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ.

گېۋبېلسنىڭ دېيىشى بويىچە ئالغاندا، بۇ خەت كايسېرخوف ئۇستىگە بومبا چۈشكەندەك كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىۋېتىدۇ. ھىتلېرمۇ بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ بىر مەزگىل نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ستراسسېرغا تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقىمۇ كۆڭلى ئۇنمايدۇ. ئېنىقكى، ستراسسېر يارىشىپ قېلىش يولىنى ئۆچۈق قويغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ پارلامېنتتىكى بىر كىشىلىك ئورنىنى بوشىتىپ بېرىش ياكى پارتىيە ئەزالىقىدىن ۋاز كېچىشنى پەقەتلا خالىمايتتى. كايسېرخوفتىن بىرەر خەۋەر كەلمىگەچكە، ستراسسېر نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇ يەردە يېقىنلىرى بىلەن بىرگە بىر ئاز پىۋا ئىچكەندىن كېيىن كېچىلىك پويىز بىلەن مىيۇنخېنغا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ھىتلېر گېۋبېلسنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. "بىز خوشال بولمىز دەپمۇ بولالمىغان ئىدۇق. ــ دەپ يازىدۇ گېۋبېلس كۈندىلىك خاتىرىسىگە، ــ ھەممىمىزنىڭلا كۆڭلى يېرىم ئىدى. بۇرۇن قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تۇزۇپ كېتىپ، پارتىيىمىز پارچىلىنىپ چېچىلىشقا باشلىغانلىقى بىزكۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىدى." تۈن يېرىمىدىن ئېشىپ سائەت ئىككى بولغاندا روبېرت لېيدىن تېلېفون كېلىپ، پارتىيە ئىچىدىكى كىشلەر ئارىسىدا كۆرۈنەرلىك تەۋرىنىش ۋە خاتىرجەمسىزلىكلەر كۆرۈلمەكتە، دەپ خەۋەر قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ فۇھرېرنى دەرھال كايسېرخوفقا قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ئۈندەپ كۆرۈشنى ئۆتۈنىدۇ. ھىتلېرمۇ دەرھال ئۇ يەرگە يېتىپ بارىدۇ. ئەمما ئەتىگەنلىك گېزىتلارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، پارتىيە ئىچىدە خۇددى قازان قاينىغاندەك پات-پاراقچىلىق بولۇپ كېتىدۇ.281 يەنى، گېزىتلاردا ستراسسېرنىڭ ئىستىپا بەرگەنلىكى ھەققىدە سەرلەۋھەلىك خەۋەرلەر بېسىلغان ئىدى! ھىتلېر، بۇ خەۋەرنى چوقۇم ستراسسېرنىڭ ئۆزى "يەھۇدىي گېزىتلىرى" غا ئاشكارىلىۋەتكەن دەپ قەتئىي ئىشىنىدۇ. ئۇ غەزەپلەنگەنلىكىدىن كېكەچلەپ، گرېگور "غەلىبە قىلىشقا بەش مىنۇت قالغاندا بىزنى كەينىمىزدىن پىچاقلىدى" دەپ قايناپ كېتىدۇ. ئاندىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆزىدىن ياش تۆككىنىچە ئولتۇرۇپ كېتىدۇ.

"بۇنداق بىر رەزىللىك بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگىنىنى قارىمامدىغان. ــ دەپ خاتىرە قالدۇرىدۇ گېۋبېلس، ــ بۇ بىر خائىنلىق! خائىنلىق، خائىنلىق قىلىش! ... فۇھرېرىمىز

نەچچە سائەتلەپ مېھمان كۈتۈشنىكى ياتاقتا تىنماي ئالدى-كەينىگە مېڭىپ يۈرمەكتە! ... بىر قېتىم، ئۇ مېڭىشتىن توختاپ، 'ئەگەر پارتىيە پارچىلىنىپ كەتكىدەك بولىدىكەن، مەن 3 مىنۇت ئىچىدە ئۆزەمنى ئېتىۋېلىپ پۈتۈن ئىشلىرىمغا خاتىمە بېرىمەن'! دەپ قايناپ كەتتى."

كېيىن، بىرسى ئووتۇرغا چىقىپ، ئىش بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەن، بىزنىڭ قىلىدىغان ئەڭ ئاقىلانە ئىشىمىز ستراسسېرنى تېپىپ كېلىپ بۇ جېدەلنى ئاخىرلاشتۇرۇش بولىشى كېرەك دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر شوپۇرى شرېكقا "ھەر قانداق بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ" دەرھال ستراسسېرنى تېپىپ كەل دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا ستراسسېر مىيۇنخېندىكى ئۆيىگە كىرىپ بولغان ئىدى. ستراسسېر ئالدىراش نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ دەم ئېلىش ئۈچۈن ئىتالىيىگە قاراپ يولغا چىقىش تەييارلىقىنى قىلىدۇ. دەل شۇ ئەسنادا بىر دوستى ئۇنى يوقلاپ كېلىدۇ. ئۇ دوستىغا قەتئىي قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "مەن دېگەن پارتىيىمىز تەرىپىدىن ئۈستۈمدىن ئۆلۈم پەرمانى چىقىرىلغان بىر ئادەممەن." شۇڭا ئۇ بۇ يېقىن دوستىغا بۇندىن كېيىن مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ يۈرمىگىن، "ھەر قانداق بىر ۋەقە يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر بۇ دېگەنلىرىمنى قەتئىي ئۇنۇتما: بۇگۈندىن ئېتىبارەن، گېرمانىيە بىر ئاۋستىرىيىلىكنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ ئاۋستىرىيىلىك ئادەم، قېپقىزىل تۇغما يالغانچى، ئۇ ئارمىيىدە ئوفىتسېر بولۇپ قان كۆرگەن بەكلا رەھىمسىز، غەلىتە مىجەزلىك بىر مەخلۇق. شۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئىشىنىڭ ئەڭ يامان تەرىپى، ئۇ بىر ئادەم قېلىپىغا پۈركىنىۋالغان ئالۋاستى." ئىچكى قىسمىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ستراسسېر بۇنداق تىللار بىلەن ھىتلېرنى قارىلايدىغان ئىككىنچى ئىدى. شۇڭلىغا قارىماي، ستراسسېر فۇھرېرنى يەنىلا ھۆرمەت قىلاتتى. بۇندىن سەل ئاۋال، ئۇ روزېنبېرگكە مۇنداق دېگەن: "مېنىڭ ھاياتىم ھىتلېرغا بېغىشلانغان، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلىمەن؛ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئادىمى قاتارىدا گۆرگە كىرىشنى ئۈمىد قىلىمەن."

شۇ كۈنىسى، پارتىيىنىڭ رەھبىرى كادىرلىرى بىلەن يەرلىك كادىرلىرى پارلامېنت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا يىغىلىپ، ستراسسېرنى تەنقىت قىلىشىدۇ. ھىتلېر يەنىلا ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي ياش ئېقىتىپ تۇرۇپ، ستراسسېرنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن بەكلا ھەيران ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. گېۋبېلسنىڭ دېيىشىگە ئاساسەن، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى "ئۆزلىكىدىن فۇھرېرنى تەبرىكلىشىپ، بىر-بىرلەپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى سىقىدۇ. شۇنىڭدەك ھەر قانداق بىر ۋەقە يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ ئۇلۇغ غايىسىدىن يانماي ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاخىرغىچە كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. شۇنداق قىلىپ،

ستراسسېر پۈتۈنلەي يېتىم ھالغا چۈشۈرۈلۈپ، بىر مورددىن پەرقى يوق بىرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ."

ئەسلىدە ستراسسېرنىڭ بۇ تۇر ھاياجان ئىچىدە قىلغان ھەرىكىتىنى ھەرگىز خائىنلىق قىلغانلىق دەپ قاراشقا بولمايتتى. ئۇنىڭ بىردىن-بىر مەقسىدى فۈھرېرنى گېيوبېلسقا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشلا ئىدى. ئۇ ھېچ قانداق بىر تەرەپكە ۋەكىللىك قىلمايتتى. شۇڭلاشقا مۇھىم ئورۇندىكى پارتىيىلىكلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرلىكتە ئۇيۇشۇپ كەتكەن بىر ئىشمۇ يوق. شۇڭا ئۇنى دەپ پارتىيە ئىچىدە تازىلاش ئېلىپ بېرىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. ھىتلېر: ستراسسېر كىشىللىك سەۋەبىدىن ئۆچ ھەپتىلىك دەم ئېلىش ئۈچۈن ئايرىلدى. بۇ ئىش تەشكىلنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن بىر ئىش، دەپ ئېلان قىلدى. شۇنداقتىمۇ، پارتىيە ئەزالىرى فۈھرېرنىڭ ستراسسېرغا ئىشەنمەس ھالغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ھەممىيلەن ستراسسېرغا ئىشەنمەس بولىدۇ.

ئىشلا بۇ شەكىلدە بىر تەرەپ بولىشىغا قارىماي، ھىتلېر يەنىلا بۇ شاھزادىسىنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكىدىن بەكلا كۆڭلى يېرىم ئىدى. شۇڭا ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ستراسسېرنى ئەقلىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىدۇ. دېكابىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ھىتلېر ئۆزۈن بىر دوكلات خاتىرسىنى ئېلان قىلىپ، ستراسسېرنىڭ ھوقۇقلىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە تارقىتىۋەتكەنلىكىنى ئۇختۇرىدۇ. شۇندىن كېيىن، ھىتلېر پارتىيە ئىچىدە بىرەرسىنىڭ بۇنچە چوڭ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدىغان بولىدۇ. ستراسسېرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋەزىپىلىرى ھېسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. چۈنكى ھېس "ئاساسى ئىدىيىسى بىلەن مەقسىتىنى (ھىتلېرنىڭ ئىدىيىسىنى دېمەكچى) ئەڭ پىششىق بىلىدىغان بىرسى ھېسابلىناتتى."282

گەرچە فۈھرېر پارتىيىنىڭ تېزگىنىنى قايتىدىن قولغا ئالغان بولسىمۇ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى يەنىلا خاتىرجەم بولالمىغان، روھى ھالىتىمۇ بەكلا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ سىياسىي ئىستىقبالغا بولغان ئۈمىدلىرى سوۋۇشقا باشلىغان ئىدى. "ھۇجۇمچىلار ئەترىتى بىلەن پارتىيە كادىرلىرىنى ئېنىق بىر يۆلۈنۈشتە تۇتۇش بەكلا قىيىنلىشىپ كەتتى" دەپ يازىدۇ گېيوبېلس 15-دېكابىردىكى كۈندىلىك خاتىرسىگە. 24-دېكابىر كۈنكى كۈندىلىك خاتىرسىدا بولسا ئۇ يەنە مۇنۇلارنى يازىدۇ: "يالغۇز ئولتۇرۇپ بولغان ئىشلارنى ئويلاپ غەم قىلىشقا باشلىدىم. جاپا مۇشەققەتلىك ئۆتكەن كۈنلەر، قاپقاراڭغۇ كېلەچەك. ئۈمىتسىزلىك، قورقۇنۇشلۇق يالغۇزلۇق مىنى قىينىماقتا. بارلىق ئۈمىدلەر، بارلىق پۇرسەتلەر پۈتۈنلەي يوقالدى."

ھىتلېرمۇ خۇددى شۇنىڭدەك كۆڭلى يېرىم ئەھۋالدا ئىدى. ئۇنىڭ مەيۈسلۈك روھى ھالىتى، شۈبھىسىزكى، يەنە شۇ ئارچا بايرىمى ۋاقتى كەلگەن كۈنلەردىكى بۇرۇختۇرمىلىقتىن تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ (كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئۇ خىزمەتچىسىگە مۇنداق دېگەن: ئۇ زادىلا ئۆزىنى ئۇخشىۋالالماي قالغاچقا، ئارچا بايرىمى ئۈچۈن ئۆي بېزەشكىمۇ قولى بارماس بولۇپ قالغان. ھىتلېر، ئاپام دەل مۇشۇنداق ئارچا بايرىمى چىراقلىرى بىلەن بېزەلگەن دەرەخ تۈۋىدە يېتىپ جان ئۈزدى دەپ چۈشەندۈرگەن).

”بارلىق ئۈمىدلىرىم يوق بولدى. ـ دەيدۇ ۋاگنېر خانىمغا ئارچا بايرىمى ئۈچۈن ئېيۋەرتكەن سوغىتىغا رەخمەت ئېيتىپ يازغان خېتىدە، ـ ئويلىغانلىرىمنىڭ ھېچقايسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدىم. ئەندى مەندە ھېچقانداق بىر ئۈمىد قالمىدى، دۈشمەنلىرىم بەكلا كۈچلۈك چىقتى. ئەگەر مەن بارلىق نەرسىلىرىمدىن مەھرۇم بولغانلىقىمنى ھېس قىلىشىم ھامان، مېنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىمنى سىز ياخشى بىلىسىز. مەن ئەزەلدىن شۇنداق قىلىشقا غەيرەت قىلىشنى ئويلاپ كەلگەنمەن. مەغلۇبىيەت، بۇنىڭغا مەن ھەرگىزمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. ئۇنداق بىر ئەھۋالدا بىر پاي ئوق بىلەن ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن دېگەن ۋەدەمنى ئىجرا قىلىشتىن يانمايمەن.“

ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ھىتلېر ئۆزىنى ئالداپ يۈرىدۇ، مانا ئەندى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئۆلۈمىنى تەنتەنە قىلىپ تەبرىكلىمەكتە دەپ قارىشاتتى. ”ھىتلېر تۈگەشتى. يەنى ئۇ بىر كۈشكۈرتكۈچى سۈپىتىدە ياكى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىلگىرلەش غەيرىتىگە ئىگە ئازسانلىقلار داھىسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى مۇستەبىت بولۇش ئېھتىمالى بولغان بىرسى سۈپىتىدە تۈگەشتى. ـ دەپ يازىدۇ ۋىللىيام بۇللىت پرېزدېنت بولۇپ سايلانغان فرانكلىن روزېۋېلتقا ئېۋەرتكەن 11 بەتلىك ئۇزۇن دوكلاتىدا، ـ ھىتلېرنىڭ تەسىرى تېزلىكتە ئاجىزلاشماقتا. ھۆكۈمەتمۇ ئەندى ناتسىستلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئەنسىرىمەس بولدى.“

مۈللېرن-شۆنخاۋسېنىنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھىتلېر يەنە بىر قېتىم خانۇسسېنىدىن پال بېقىپ بېرىشنى تەلەب قىلغان. بۇ مەشھۇر يۇلتۇز پالچىسى ئۇنىڭغا بىر قېتىم پال سېلىپ بەكلا توغرا تاپالىغان ئىدى. ئۇ پال سېلىپ كېلىپ، گەرچە ھىتلېرنىڭ يۇلتۇزى يېقىن كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا پايدىلىق ھالەتكە كېلىدىغاندەك قىلسىمۇ، ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن توسالغۇلارغا دۈچ كېلەرمىش. خەۋەرلەردىن قارىغاندا، خانۇسسېن، ھىتلېرغا پەقەت بىرلا نەرسە ئۇنىڭ بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرەلىشى مۇمكىن دېگەن؛ ئۇ نەرسە يىلتىزى ئادەم شەكلىدىكى ماندراكگۈل بولۇپ، بۇ گۈل ھىتلېر تۇغۇلغان كىچىك شەھەردىكى بىر قاسساپنىڭ بېغىدا ئۆسىدىكەن؛ ئۇ گۈلنى تولۇنئاي كېچىسىدىلا تاپقىلى بولارمىش؛ خانۇسسېن غەيرەت كۆرسىتىپ بۇ ئاجايىپ

ۋەزىپىنى ئورۇنداشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئىپتىشلاردىن قارىغاندا، ئۇ 1933-يىلى يېگى يىل بايرام كۈنىسى يوقۇرى سالسبىرگىنىڭ ۋاشىنفىلد زالىغا قايتىپ كېلىپ ھىتلېر بىلەن كۆرۈشكەنمىش. تەبرىكلەش مۇراسىمىدا ئۇ ئەكەلگەن ماندراگۈلنى بىر قانچە مىسرا قوشاق قوشۇپ ھىتلېرغا سۇنغان. بۇقوشاقتا، ھىتلېرنىڭ 30-يانۋار كۈنىدىن باشلاپ تەختكە چىقىپ ھوقۇق يۈرگۈزىدىغانلىقى ئالدىن كۆرسىتىلگەنمىش. بۇ قوشاق تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

غايە يولى تولۇق ئېچىلمىدى، مۇۋاپىق ياردەمچىلەر يىغىلىپ بولمىدى،

بۇ يول ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۈچ دۆلەتتە، بانكا ئارقىلىق، ھەممە يۇرۇشۇپ كېتىدۇ!

ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى، جاناب مەقسىدىگە يېتىدۇ _ جانابىنىڭ بۇرۇلۇش نوقتىسى بولىدۇ، بۇ يولدا سۇمرۇغنىڭ يولىدىن ئەمەس، چۈمۈلە يولىغا تايىنىدۇ!

سوغۇق شامالدا يوپۇرماقلار شىلدىرلايدۇ، تۆكۈلگەن غازاڭلار ئۇچۇشىدۇ،

دەل-دەرەخلەر غۇلاپ، شاخلىرى قاراسلاپ سۇنىدۇ!283

ئەگەر ھىتلېرنى بۇ ئالدىن پەرەزگە ئىشەنگەن دېيىشكە توغرا كەلسىمۇ، _ بۇ خەۋەر گېزىتقا بېسىلىپ قاتتىق مازاق قىلىنغان _ بۇنداق بىر ئىشقا ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلىدە بولمىغان بىرلا داڭلىق ياۋروپالىق ئۇ ئەمەس ئىدى. يۇلتۇز پالچىسى لوئىس گاۋرىك، رىم پاپىسى ئونىنچى لىئوغا (تەرجىمىدە 5- بولۇپ قالغان _ ئۇ.ت) سەن چوقۇم پاپىلىق تەختىگە چىقالايسەن دەپ ئېيتقانىكەن. نوستراداام (نوستراداام _ بۇندىن 4 ئەسىر بۇرۇنقى ياۋروپانىڭ داڭلىق پالچىسى. ئۇنىڭ تۆت مىسرالىق شېئىردىن تۈزۈلگەن مىڭ كۇپلىتتەك تاپقاقلىق كىتابىدىكى بەزى مىسرالارغا قاراپ ناپالئون، ھىتلېر، ھەتتا نيۇيورك 11-سىنتەبىر قوش كېزەك بىنا ۋەقەسىگىچە بولغان چوڭ ئادەم ۋە ۋەقەلەرنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلىگەن دېيىشىدۇ. ئۇ يەنە 2012.12.21 كۈنى ئاخىرزامانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر بالايى-ئاپەت بولىشىنىمۇ ئالدىن مۆلچەرلىگەن دەپ قارىلىدۇ _ ئۇ.ت) مۇ بىرىنچى ھېنىرىنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىنى توپ-توغرا تېپىپ چىققان ئىكەن. بەزى گەپلەرگە قارىغاندا، پيېر لې كلېركمۇ ناپالئونغا چوقۇم پادىشا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. نېمىلا بولسا بولسۇن، خانۇسسېننىڭ بۇ ئالدىن پەرەز قىلىپ توقىغان قوشىقىنىڭ 3- ۋە 4- مىسرالىرى چوقۇم ھىتلېرنى قاتتىق ھەيران قالدۇرىۋەتكەن بولىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ تېخى يېڭىلا ئۈچ كۈن ئىچىدە سابىق باش مىنىستىر ۋون پاپېن بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈش تەكلىۋىنى تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، كۆرۈشۈش ئورنى ئۈچۈن بانكىر بارون كۇرت ۋون شرۆدېرنىڭ ئۆيى بېكىتىلگەن ئىدى. بۇ شرۆدېر دېگەن ئادەم، ھىندېنبۇرگتىن ھىتلېرنى

باش مىنىستىرلىقتا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلغان 39 نەپەر كىشىدىن بىرسى ئىدى. بۇ ئالدىن پەرەز شۇنچىلىك ئىنىق ئوتتۇرغا چىققانلىقىنىڭ مەنتىقلىق چۈشەندۈرۈلۈشى ئۈچۈن، خانۇسىپىنى، خۇددى ئۇنىڭ بۇرۇنقى كەسىپداشلىرىغا ئوخشاش، ھەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق ئالدامچى، دېيىشلا قالىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىن ئېيتىشى چوقۇم بەكلا ئىشەنچىلىك مەنبەدىن بۇ خەۋەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شۇ ئاساستا پال باققان دېيىشلا مۇمكىن. شۇنىڭغا دېققەت قىلايلى، بۇ يەردە "بانكا ئارقىلىق" دېگىنى "Durchdie Bank" سۆزىنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، "ئومۇمىيۈزلۈك" دېگەننىمۇ بىلدۈرىدىغان بىر ئىدىئوم ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۆزنى "بارلىق ئىشلار تەلتۆكۈس ئۆزگىرىدۇ" دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. بەلكىم، قاقۋاش خانۇسىپىن بىر قانچە خىل ئېھتىماللىقنى چىقىرىش مەقسىتىدە بۇ خىل مۇجمەل ئىدىئومنى مەخسۇس ئىشلەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، ھىتلېر مېيۇنخېنىدا "شىئىر كەچلىكى" گە قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھېس ئەر-خوتۇن بىلەن ئېۋا براۋن بىرگە ھەمرا بولغان ئىدى. ئۇ يەردىن چىقىپ ئۇلار خانفىستايىنگىلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قەھۋە ئىچىشىدۇ. "ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ بەكلا مۇلايىم يېقىملىق. ــ دەپ يازىدۇ خانفىستانگىل، ــ بۇ كېچە بىزگە 20-يىللاردا تونجى قېتىم كۆرۈشكەن ۋاقتلىرىمىزدىكى مەنزىرىنى ئەسلەتتى. ئۇ ئاخشىمقى ئوركېستىر دىرىژورلىقىنى خانس كناپپېرتشبۇش ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ھىتلېر ئۇنداق تونىنى ۋە ئۇ تۈردىكى چۈشەندۈرۈشنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى ئۈچۈن تىنماي تالىشىپ باھالاپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ باھاسىنى ھەقىقەتەنمۇ يامان ئەمەس بىر باھا دېيىشكە بولاتتى. نۇرغۇن قىسىملىرىنى غىڭشىپ دوراپ بېرەلەيتتى ياكى ئىسقىرتىپ بېرەلەيتتى. تەبىكى سۆزلىرىنىمۇ سۇدەك يادلىۋالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشەندۈرەلەيتتى." فۈھرېر قىزىقالىق قىلىپ بۇرۇنقى كۈنلەرنى ئەسلەيدۇ. كېيىن، تىياتىرخانىدىن ئايرىلىشتىن ئاۋال سۆز قالدۇرۇش دەپتىرىگە ئىمزا قويۇپ، ئاستىغا ئېنىق قىلىپ ئاي-كۈننى قوشۇپ قويىدۇ. ئاندىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ خانفىستايىنگىلغا قارىغىنىچە ھاياجاننى ئاران بېسىپ: "بۇ يىل بىزنىڭ يىلىمىز بولىدۇ. بۇ ھەقتە ساڭا خەت ئارقىلىق تەپسىلى چۈشەندۈرۈش بېرىمەن!"

## 7

ھىتلېر بەلگىلەنگەن 4-يانۋاردا كولوگنىدىكى بارون ۋون شرۆدېرنىڭ ئۆيىدە پاپېن

بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇ كۆرۈشۈش مەخپىي بىر ئۇچۇرۇشۇش بولىدىغانلىقى پىلانلىنىپ ھەر قايسى تەرەپلەر كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن شۇنچە ئەستايىدىل پىلانلاشقان بولسىمۇ خەۋىرى يەنىلا تارقىلىپ كېتىدۇ. شۇ كۈنى، بېرلىن گېزىتلىرىدىن بىرسىنىڭ مۇخبىرى (بۇ مۇخبىر ھىتلېرنىڭ بىر مۇھاپىزەتچىسىنى پۇل بېرىپ قولغا چۈشۈرىۋالغان)، ھىتلېر بىلەن پاپېن ئايرىم-ئايرىم ھالدا شرودېرنىڭ قوراسىغا كىرىۋاتقىنىدا ئۇ ئىككىسىنىڭ رەسىمىنى تارتىۋالغان. بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئىككى سائەت داۋام قىلىدۇ. دەسلىۋىدە، پاپېن، ھىتلېر-پاپېن ھۆكۈمىتى قۇرۇپ چىقىپ شلېيچېر ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، بۇ ھۆكۈمەتتە پاپېن بىلەن ھىتلېر ئىككىسى پۈتۈنلەي تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇش دېگەندەك تەكلىپلەرنى بېرىدۇ. ھىتلېر بەكلا ھەيران قالغان بۇ تەكلىپ ئۈستىدە ئۇزۇن بىر جاۋاب بېرىدۇ: ئەگەر مەن باش مىنىستىر بولدىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقى باشلىقى ھېسابلانغان بولىمەن. ئۇ چاغدا مەنمۇ سىزنىڭ بەزى ئادەملىرىڭىزنى مىنىستىر قىلىپ تەيىنلىشىم مۇمكىن.284 ئەمما بۇنىڭ بىر شەرتى بار: بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملىرىڭىز سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىلىكلەرنى، كومپارتىيەلىكلەرنى ۋە يەھۇدىيلارنى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىش سىياسىي تىمىزگە قوشۇلۇشى كېرەك. شرودېرنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا ئۇ ئىككىسى "پىرىنسىپ جەھەتتە بىر كېلىشىمگە كېلەلىگەن؛" ئۇلار بۇ يەردىن ئايرىلىش ۋاقتىدا، ئىككىسى ئەدەپ بىلەن ئۆزئارا قول ئېلىشىپ خوشلاشقان.

شلېيچېر، ئۇ ئىككىسىنىڭ قول ئېلىشىپ تۇرغان رەسىمىنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا پىرىزدېنت مەھكىمىسىگە كىرىپ پاپېننى خائىنلىق قىلدى دەپ پىرىزدېنتقا شىكايەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، پىرىزدېنتتىن پاپېننى بۇندىن كېيىن مەن بولماي تۇرۇپ قوبۇل قىلماسلىق دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بۇ بوۋاي پاپېندىن ئىبارەت بۇ جاسارەتلىك چەۋەندازغا بەكلا ئامراقلىق قىلاتتى. شۇڭا پاپېننىڭ ئۆزىنى ئالدايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئەكسىچە، پاپېننى ھىتلېر بىلەن داۋاملىق غەيرى رەسمى تۈردە كۆرۈشۈپ تۇرۇشنى، ھەمدە ئۇنىڭ كاتىۋىدىن بۇ سۆھبەت ئەھۋالىنى ۋون شلېيچېردىن يوشۇرۇن تۇتۇشنى تاپىلىمىغان بولاتتى.

ھىندېنبۇرگ، ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شلېيچېرنىڭ ئابرويىنى تېخىمۇ چۈشۈرىۋېتىدۇ: شلېيچېر، شەرقى گېرمانىيىدە ۋەيران بولغان جۇڭكېرلار (يومېشچىكلار) نىڭ زېمىننى مۇسادىرە قىلىشنى پىلانلايدۇ؛ ئەمما ھىندېنبۇرگ بۇ پىلانغا قارشى چىقىپ، جۇڭكېرلارنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ. دېگەندەك، ئۇ ھىندېنبۇرگ تەرىپىدىن قول ئاستىدىكى بىر ئەسكەر قاتارىدا مۇئامىلىگە ئۇچرىماقتا ئىدى، ئەمما ئۇمۇ پاجىئەلىك بىر سىياسىي خاتالىق سادىر قىلىدۇ. يەنى مارشال بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە ھەددىدىن

تاشقىرى ئاچچىغلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ تويلاك چىقارغان جوڭگكېرلار بىلەن بىرىش-كېلىش قىلىشنى رەت قىلىپلا قالماي، ئۇلارغا قارشى ئاشكارە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. نەتىجىدە، ھىندېنبۇرگنىڭ مېھمان كۈتۈش ئۆيى دەرت تۆكۈپ كەلگەن جوڭگكېرلار ئائىلە تاۋابەتلىرى بىلەن لىق توشۇپ، ئۇنىڭدىن شلېيچېر ھۆكۈمىتىنى تارقىتىۋېتىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىشىدۇ. ئىشلار بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. شلېيچېر يەنە ھەربىلەرنىڭ غەزىۋىنىمۇ ئۆزىگە دۈشمەن قارىتىۋالغان ئىدى. گېنېرال شلېيچېر شۇنى ئۇنۇتماسلىقى كېرەك ئىدىكى، جوڭگكېرلار بىلەن ئوفىتسېرلار ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق غايە ئۈچۈن زىچ ھەمكارلىقى 2 يۈز يىلدىن ئارتۇق بىر تارىخ!

شلېيچېرنىڭ بۇ تۈردىكى ئاخماقانە ھەرىكىتىدىن مەنپەئەت كۆرگەن كىشى يەنىلا ئادولف ھىتلېر ئىدى. ھىتلېر كۈنسايىن كۈچىيىپ كېتىۋاتقان نارازىلىق ھېسسىياتلاردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، لىپ تەۋەسسىدە سايلامدا ئۇتتۇپ چىقىدۇ. ئۇ، بۇ قېتىمقى كىچىككىنە بىر ھەرىكەتنى مەملىكەتلىك ئومۇمى سايلام قاتارىدا كۆرۈپ، پارتىيىنىڭ پۈتۈن كۈچلىرىنى بۇ ئىشقا سالغان ئىدى. شۇ ئارقىلىق نىسبەتەن زور بىر ئۇتۇققا ئېرىشىش ئارقىلىق ئەمەلى كۈچكە تايىنىپ ھىندېنبۇرگ ۋە پاپېن ئىككىسىنى كېلىشىم تۈزۈشكە قىستاشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. نويابىر مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا قايتىدىن ئابروي قازىنىشنى كۆزلەپ لىپنىڭ بارلىق شەھەر ۋە بازارلىرىدا نۇتۇق سۆزلەش ھەرىكىتىنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇ بارغانلا يېرىدە قىزغىن قارشى ئېلىنىپ تۇرىدۇ. 15-يانۋاردا، 39.6 پىرسەنتلىك خەلق ئاۋازىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنى 17 پىرسەنت كۆپەيتىدۇ. بۇ شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ھىتلېرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئومۇمىي سايلام كۈنىسى ھىتلېر ۋېيمارغا كېلىپ ”خوشاللىقىدىن خۇددى كىچىك بالىدەكلا يايراپ كېتىدۇ.“ ئۇ، بۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەت ”مۆلچەرلىگۈسىز مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر غالىبىيەت“ دەپ ئېيتىدۇ. ئۇ بەكلا ئىشەنچكە تولغانلىقى ئۈچۈن ئەتىسى ستراسسېر (ئۇ ئىتالىيىدىكى دەم ئېلىشنى تۈگىتىپ ميۇنخېنغا قايتىپ كەلگەن ئىدى) بىلەن بولغان زىددىيىتىنىمۇ ئاشكارە ئېلان قىلىۋېتىدۇ. ئۇ، 3 سائەت داۋام قىلغان يەرلىك مەسئۇل كادىرلىرىغا سۆزلىگەن نۇتقىدا، خائىنلىق قىلدى دەپ ستراسسېرغا ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ستراسسېر بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى تولۇق ئۈزۈش بىلەنلا قالماي ”پارتىيە ئىچىدىكى بارلىق مەغلۇبىيەت قارىشىدىكى ئۇنسۇرلارنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى“ ئىكەنلىكىنىمۇ خەلق ئاممىسىغا بىلدۈرۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ نۇتقىنى كىشىلەر ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن ئاڭلايدۇ. پارتىيە ئىچىدە بىر قىسىم بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ستراسسېرغا ئەگىشىپ فۇھرېرغا تاقابىل تۇرماقچى

بولغان بولسىمۇ، فۈھرېرنىڭ بۇنداق بىر جىدەل ئىچىگە كىرىش نىيىتى يوق ئىدى. ستراسسېرمۇ مۇناسىۋىتى بۇزۇلغانلىقى سەۋەبىدىن پارلامېنتىكى دېپۇتاتلىق ئورنىدىن ۋاز كېچىپ ماشىنىسى بىلەن مىيۇنخېنغا قايتىپ كېتىدۇ.

ئاخىرى ستراسسېر سىياسىي سەھنىدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىشى نەتىجىسىدە ھىتلېرمۇ ئاخىرقى ھېسابتا خاتىرجەم بولىدۇ.285 ھىتلېر كېلىشىشنى مەقسەت قىلىپ 18-يانىۋار ئاخشىمى يەنە بىر قېتىم پاپېن بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلار بېرلىن شەھەر سىرتىدىكى داھلېم دېگەن يەردىكى جۇاچىم ۋون رىببېنتروپنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيىدە كۆرۈشىدۇ. ئۇلار مۇتلەق مەخپىي بولسۇن ئۈچۈن پاپېننى رىببېنتروپنىڭ ماشىنىسىدا ئېلىپ كېلىدۇ. ھىتلېرنىڭ ماشىنىسى ئۇدۇللا گەرەجگە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ، رۆم ۋە ھىملېر بىلەن بىرلىكتە باغ تەرەپتىن چوڭ قەدەملەر بىلەن بىناغا كىرىپ كېتىدۇ.

”ھىتلېر باش مىنىستىر بولۇشتا قەتئىي چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ـ دەپ يازىدۇ رىببېنتروپ خانىم شۇ قېتىمقى يىغىن خاتىرىسىگە، ـ پاپېن بۇ مۇمكىن ئەمەس دەپ قايتا تەكىتلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھىندېنبۇرگقا بۇنىڭدىن ئارتۇق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق كۆرۈشۈش توغرىلىق ھېچ نىمە دېمەيدۇ. جۇاچىم ئۇنىڭغا ھىندېنبۇرگنىڭ ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىش تەكلىۋىنى بېرىدۇ.“ مۇزاكىرە ھېچقانداق بىر نەتىجىگە كېلىنمەيلا تاماملىنىدۇ. ھىتلېرنىڭ جاھىللىقى پاپېننى بەكلا ئۇڭايسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەمما بۇ ئۆيىنىڭ ئايال خوجايىنى ئۇنداق ھېسابلىمايتتى. رىببېنتروپ خانىم يولدىشى بىلەن ئوخشاش ھىتلېردىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ”ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم ھەقىقى مەرت ئادەم ئىكەن، قالتىس نوچى بىر ئادەم ئىكەن“ دەيدۇ.

8

شلېيچېر ئورنىنى ساقلاپ قېلىشتا كۈندىن-كۈنگە قىينالماقتا ئىدى. 20-يانىۋار كۈنىگە كەلگەندە ئۇ مەيلى ئوڭچى ياكى سولچى بولسۇن، بارلىق پارتىيىلەرگە دېگىدەك دۈشمەن كۆزى بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق چېكىدىن ئاشقان ھالىتى پاپېن ئۈچۈن تېپىلماس بىر پۇرسەت ئىدى. شلېيچېر ئىستىپا بەرگىنىدىن بۇيان، بۇ سابىق باش مىنىستىر پات-پات ئۇنىڭ قوشنىسى ھىندېنبۇرگ ئاتا-بالا ئىككىسىنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ مەيۈس ئائىلىسىگە بىر ئاز بولسىمۇ خوشاللىق قېتىپ تۇراتتى. ئەمما بۇگۈن ئۇنىڭ قارىغا پۈركەلگەن پرېزدېنت باغچىسىغا كىرىپ كېلىشىدە باشقا ئېنىق بىر مەقسەت بار ئىدى. بۇ

قېتىم ئۇ پىرېزىدېنتنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان خەۋەر بېرەلمەيدۇ. بۈگۈن ئۇنىڭغا ھىتلېر بىلەن كۆرۈشۈش ئەھۋالىدىن تەپسىلى دوكلات بېرىدۇ. پاپېن يەنە مۇتەئەسسىپ پارتىيىلەرنىڭ بىرلىشىپ كېتىش ئېھتىمالى بارلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پاپېن پىرېزىدېنتقا يالۋۇرۇش شەكلىدە بىر تەكلىپ بېرىدۇ: بىز نېمە ئۈچۈن ھىتلېرگە باش مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى بەرمەيدىكەنمىز؟ ئۇ سىزنىڭ دېگەن يولىڭىزدىن چىقمىسىلا بولىدىغۇ؟

بۇ ئىشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ پىرېزىدېنتتىن ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئوغلىدىن كەلمەكتە ئىدى. يەنى ئوغلى ھىتلېرنى ئوچۇق ئاشكارە كۆزگە ئىلمايتتى. ئەمما ئوسكارنىڭ بۇ تۈردىكى ھېسسىياتى ئىدىيولوگىيە جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىن كەلمەكتە ئىدى، . ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوسكار ھىتلېر بىلەن سۆھبەتلىشىش تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، 22-يانۋار يەكشەنبە كۈنى ئاخشىمى رىببېنتروپنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيىدە كۆرۈشىدىغانغا كېلىشىدۇ.

ئۇلار، ئوسكار بىلەن بىرگە دادىسىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مېيسنېر بىلەن بىرگە بېرىشنى كېلىشىدۇ. باش مىنىستىر ۋون شلېيچېردىن سىر تۇتۇش مەقسىتىدە، ئۇ ئاخشىمى ئۇلار ئاۋال پرۇسسىيە شىتاتلىق تىياتىرخانىغا بېرىپ تىياتىر كۆرىدىغان بولىدۇ. شۇ ئاخشىمى بۇ تىياتىرخانىدا ۋاگنېرنىڭ دەسلەپكى سەھنە ئەسەرلىرىدىن «پەرىزاتقا يولۇقۇش» دېگەن سەھنە ئەسىرى ئوينىلاتتى. ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە تىياتىرخانىغا يېتىپ بارغىنىدا "فىكۇس سايىسى" كوچىسىدىن سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق شىۋىرغان ئۇرۇپ تۇراتتى. پەردە ئېچىلىشقىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇلار بىر قانچە سائەت ئاۋال ناتسىستلارنىڭ كومپارتىيە مەركىزى شىتابى ئالدىدا ئۆتكۈزگەن نامايىش ھەققىدە پاراڭلىشىدۇ. شلېيچېر 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن كۆڭلەكلىكلەرنىڭ نامايىش ئۆيۈشتۇرۇشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلىپ، قىزىللارنىڭ قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈشىگە رۇخسەت بەرمىگەن ئىدى. كېيىن ئۇ ساقچى ئەترەتلىرىنى چىقىرىپ، بىرۇۋنىڭ ۋە پىلىموتلارنى ئىشقا سېلىپ نامايىشچىلار قوشۇنىنى قوغداشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

پەردە ئارىسى دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئوسكار بىلەن ئايالى ئىككىسى بەكلا جىق تونۇشلىرىغا سالام بېرىپ،286 ئۆزىنى ھەممىنىڭ ئالدىدا مەن بۇ يەردە دەيدىغان تۈيغۇ قالدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما پەردە چۈشۈرۈلۈپ ئەڭ ئاخىرقى بىر مەيدان ئۈچۈن تەييارلىق باشلانغان ۋاقتىدا ئوسكار بىلەن مېيسنېر ئىككىسى يان ئىشىكتىن غىپلا قىلىپ تىياتىرخانىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما ئايالى بۇرۇنقى ئورنىدىن ئايرىلماي ئولتۇرۇۋېرىدۇ. ئۇلار سىرتقا چىقىپ تاكسى توساپ يولغا چىقىدۇ. ئەمما تاكسى يولغا چىققاندىن كېيىنلا ئاندىن بارىدىغان يېرىنى تاكسىچىغا ئېيتىدۇ. پىشىگە چۈشۈۋالغان بىرەرسىنىڭ

يوقلىقىدىن خاتىرجەم بولغىنىدىن كېيىنلا شلىپېچېرنىڭ ئادەملىرىنى ئېزىقتۇرۇۋەتكەنلىكىگە ئىشىنىپ خاتىرجەم يولنى داۋام قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن رىبىنتروپنىڭ ئۆيىگە خېلى يىراق بىر يەردە تاكسىدىن چۈشۈپ قېلىپ قالغان يولنى قار كېچىپ پىيادە ماڭىدۇ. خېلى ئايلىنىشتىن كېيىن ئاران رىبىنتروپنىڭ ئۆيىنى تېپىپ بارىدۇ.

پاپېن، ھىتلېر، گېۆرىڭ ۋە فرىك قاتارلىقلار مېھمان كۈتۈش ئۆيىدە ئۇلارنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ھەممەيلەن بەكلا جىددى قىياپەتتە ئىدى. ئۇلار بىر-بىرسى بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ھىتلېر تۇيۇقسىزلا ئۇسكارغا ئىككىمىز ئايرىم كۆرۈشسەك قانداق دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. مېيسنېر ئېغىز ئېچىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئۇسكار بىلەن ھىتلېر ئىككىسى يانداكى ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن رىبىنتروپ ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ قويىدۇ. كېيىن كىچىك ھىندېنبۇرگنىڭ ئېيتىشىچە، ھىتلېر باشتىن تارتىپلا گەپنى قولدىن بەرمىگەن بولۇپ، ئۇ گەپنى پەقەت ھىتلېر ئۆزىنىڭلا گېرمانىيىنى قىزىللار قولىدىن قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى، پەقەت ئۆزىلا كۈچلۈك باش مىنىستىرلىق رولىنى ئوينىيالايدىغانلىقىنى، مىللى سوتسىئالىزم پارتىيىسىنىڭ قوللىشى بولماي تۇرۇپ قالغان ھېچ بىر پارتىيە ھۆكۈمەتنى تۇتۇپ تۇرالمايدىغانلىقى ھەققىدىكى مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرىۋالغان.

ئارىدىن بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇ ئىككىسى مېھمانخانا ئۆيىگە قايتىپ چىقىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭلا چىرايى جىددى تۈستە ئىدى. ئاندىن ھەممە بىرلىكتە دەستىخانغا يىغىلىپ كەچلىك تاماققا ئولتۇرىدۇ. قولىغا پەلەي كىيىۋالغان خىزمەتچى ھەممىنىڭ ئالدىغا بىردىن كۈمۈش چىنا قويۇپ چىقىدۇ. قاچىلاردا تۇزلانغان سۈرلەنگەن گۆشلۈك پۇرچاق شورپىسى توشقۇزۇلغان ئىدى. ھىتلېر مىنېرال سۇيى ئىچىدۇ. قالغان مېھمانلار بولسا شامپانسكى ئىچىشىدۇ. سورۇنغا ئەڭ كېيىن كېلىپ قوشۇلغان كىچىك ھىندېنبۇرگ بىلەن مېيسنېر ئىككىسى يەنە ئەڭ بالدۇر ئايرىلىدۇ. تۈن يېرىمىدا تالادا قار-شۇرىغان ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. تاكسى يولغا چۈشكەندىن كېيىن، مېيسنېر ھەمراھىنىڭ "بەكلا جىمىپ قالغانلىقىنى، ئامال يوق، ھىتلېرنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇشتىن باشقا چارە قالمىدى، دېگەنلا گەپنى قىلدى. پەرىزىمچە، ھىتلېر بۇ ياشنى ئوكۇشلۇق تۈردە ئۆزىگە قارىتىۋالغاندەك قىلىدۇ." ئەسلىدە ئەھۋال بۇنىڭدىنمۇ ئاددى بولۇشى مۇمكىن. بىر ئېھتىمالدا ھىتلېر ھەممە بىلىپ كەتكەن بىر مەخپىيەتلىكتىن پايدىلىنىپ يوقۇرى تەبىقە كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلارنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋېتىش بىلەن تەھدىت قىلغان بولۇشى مۇمكىن: بۇندىن 6 يىل بۇرۇن، جۇڭكېرلارنىڭ مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت بىر مىقدار "شەرق تەرەپكە ياردەم قىلىش مەبلىغى" ئايرىغان ئىدى. بۇ قانۇنغا تايىنىپ پرىزدېنت ۋون ھىندېنبۇرگ خېلى كۆپ مىقداردا پارا ئۇندۇرۇۋېلىش بىلەنلا قالماي

(خەۋەرلەردىن قارىغاندا بۇ پۇل 620 مىڭ مارك)، يەنە بۇ مەبلەغنى ئوسكارنىڭ نامىغا يازدۇرۇش ئارقىلىق ئېغىر باج تۆلەشتىنمۇ قۇتۇلۇۋالغان. ھەتتا ئۆتۈنۈپ بېرىش پۇلىمۇ تۆلىمىگەن. بۇلار ئۇنى تەھدىت قىلىشقا يېتەرلىك ئىدى. گەرچە بۇ ئىشتا گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغان تەقدىردىمۇ بەرىبىر ھىندېنبۇرگنىڭ ئابرويىنى تۆكۈشكە يېتىپ ئاشىدىغان دەلىل ھېسابلىناتتى.

پاپېن، ھىتلېرنىڭ ئوسكارغا كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغانلىقىنى بىر قاراپلا سېزىۋالدى. ئوسكار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پاپېن فۇھرېرگە ساداقەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ھىتلېرنىڭ باش مىنىستىر بولۇشىنى قوللاش ۋەدىسىنى بېرىپلا قالماي، ھەر قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر مەن باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىنى تەلەپ قىلمايمەن دەپ قەسەم قىلىپ بېرىدۇ. يوشۇرۇن كۆرۈشۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھىتلېر ھەمراھلىرى بىلەن مەغرۇر قەدەملەر بىلەن ماشىنىسىنى قويغان گەرەجگە كىرىدۇ. ئەمما ئۇ شلېيچېرنىڭ ئادەملىرىنىڭ پېيىغا چۈشىشىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان ئىدى. ئەتىسى سەھەردە، شلېيچېر، مېيسنېرغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنى مازاق قىلغان ھالدا مۇنداق دەپ سورايدۇ: ئاخشامقى ئادەم بېشىغا بىر چىنىدىن تارقىتىلغان كەچلىك تاماق كۆڭلۈڭگە ياقتىمۇ؟ گېنېرال شلېيچېر، بەكلا ئۇستا ھېيلىمىكىرچى بولغاچقا، ئەندى دەرھال ھەرىكەتكە ئاتلانمىغىنىدا بەكلا كېچىكىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ ھىندېنبۇرگقا ناتسىستلارنى تېزگىنلەش ئۈچۈن "ھەربىي دىكتاتۇرلۇق" نى ئىشقا كىرىشتۈرمىسە بولمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ ئومۇمى سايلام ئېلىپ بېرىش ئىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىشى ئۈچۈن ئۇنى ماقۇل قىلىشقا كۈچەپ ئۆرۈنىدۇ. ئەمما شلېيچېرنىڭ تۈگىمەس پىلانلىرىدىن ئاللىمۇ قاچان زېرىككەن ھىندېنبۇرگ، بۇنداق پەۋقۇلئاددە تەدبىر قوللىنىشنى قەتئىي رەت قىلىپ تۇرىۋالدۇ.287

شلېيچېرنىڭ ھەربىي دىكتاتۇرلۇق يۈرگۈزمەكچى بولىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تارقىلىشىدىن كېيىن، سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن مەركەزى پارتىيە شلېيچېرنى خەلق دۈشمىنى دەپ ئېلان قىلىشىدۇ. ئۇلار، شلېيچېرنىڭ بۇ پىلانى ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ بىر پىلان بولۇش بىلەنلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتا يەنە "ئاشكارە تۇپىلاڭ چىقىرىش" دەپ ئاشكارە بايانات بېرىشىدۇ. بۇ تۈردىكى قارشى پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن شلېيچېرمۇ، ئەسلىدە مەن ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان بىر نىيىتىم يوق ئىدى دەپ ئاشكارە بايانات بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئۆرۈنۈشىنىڭ قىلچە رولى بولمايدۇ. ھەتتا بۇنداق بايانات بېرىشىنىڭ ئۆزىلا چوڭ بىر خاتالىق سادىر قىلغانلىقى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ بۇ باياناتى ھۇگېنبېرگ بىلەن مىللەتچى پارتىيىنى قاتتىق

غەزەپلەندۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار شۇ ھامات شلېيچېرنى قوللاشتىن ۋاز كېچىدۇ.

ۋەزىيەتنىڭ تۇيۇقسىزلا بۇ تۈردە ئۆزگىرىش قىلىپ ھىتلېرغا پايدىلىق تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىگەچكە، ھىتلېرمۇ 27-يانۋار كۈنى دەرھال بېرلىنغا قايتىدۇ. ئەمما پايتەختتىكى سىياسىي ۋەزىيەتتىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ھىتلېر، رىببېنتروپقا بېرلىندىن دەرھال ئايرىلىشىم كېرەك دەيدۇ. "جۇۋاچىم ئۇنىڭغا ھوگېنبېرگ بىلەن بىرلىشىپ مىللەتچى بىرلىكسەپ قۇرۇش تەكلىۋىنى بېرىدۇ. _ دەپ يازىدۇ رىببېنتروپنىڭ ئايالى، _ ھىتلېر ئۇنىڭغا، مەن مارشالغا دېيىدىغان گەپلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەپ بولدۇم. ئەندى يەنە قوشۇمچە قىلغىدەك گېپىم قالمىدى، دەيدۇ. جۇۋاچىم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغاچ، ئەڭ ئاخىرقى تەدبىرنىمۇ ئىشقا سېلىشىڭ كېرەك، ۋەزىيەت تېخى ئۈنچىۋالا ئۈمىدسىزلەنگىدەك ئەھۋالدا ئەمەس" دەيدۇ.

ھىتلېر شۇ كۈنكى پاپېن بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشقا تەستە ماقۇل بولىدۇ. ئەمما كۆرۈشۈشنىڭ بارلىق تەييارلىقلىرى پۈتكەن بىر ۋاقىتتا ئەركىن سۆزلىشىش ئىمكانىيى يوقلىقنى باھانە قىلىپ كۆرۈشۈشتىن يالتىيۋالىدۇ. ئۇ نېمە دېيىدىكىن دەپ، مەن چوقۇم بېرلىندىن ئايرىلىمەن دەپ بايانات بەرگەن بولسىمۇ، بايانلاتىدا يەنىلا رىببېنتروپنىڭ ماڭا ۋاكالىتەن پاپېن بىلەن كۆرۈشۈشكە قوشۇلىمەن دەيدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، رىببېنتروپ بىردىن بىر ھەل قىلىش چارىسى _ ھىتلېرنى باش مىنىستىرلىككە تەيىنلەش، دېگىنىگە پاپېننى مىڭ تەستە قايىل قىلىدۇ. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن پاپېن بۇ پىكرنى ھىندېنبۇرگقا يەتكۈزىدۇ. ئەمما مارشال بۇنىڭدىن ئارسالدا بولۇپ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. بىر قانچە ئايدىن بېرى، ھىتلېرنى باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەڭ دېيىدىغان تەلەپلەر رەسمى بىر ئېقىن بولۇپ بېشىنى ئاغرىتىپ كەلمەكتە ئىدى. تېخى يېقىندىلا ئوغلىمۇ ئەنە شۇنداق خۇلاسىغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئىدى. گەرچە بۇ مارشال بۇ "چېخ ئونبېشى" غا قارىتا _ ھىندېنبۇرگ ھىتلېرنى دائىم شۇنداق دەپ ئاتايتتى _ يەنىلا ئۇنىڭدىن بەكلا يىرگىنىپ يۈرەتتى. قارىغاندا، بۇ ياشانغان كىشى ئاخىرى ھىتلېرغا ماقۇل بولمىسا بولمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

بۇ چاغدا، شلېيچېر ھۆكۈمەت كابىنېتىنى يىغىپ يىغىن ئېچىشقا كىرىشىدۇ: ئۇ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە، ھىندېنبۇرگتىن بۇيرۇق چىقىرىپ پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش تەلىۋىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرغا قويۇپ بېقىش تەكلىۋىنى بېرىدىغانلىقىنى. ئەگەر بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغىدەك قىلسا، ھۆكۈمەت باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ پرېزىدېنت ھىندېنبۇرگنىڭ قوبۇل قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىننى ۋاقىتلىق توختىتىدۇ. بۇ قېتىملىق كۆرۈشۈش ئارانلا 10 مىنۇت

داۋام قىلدۇ. ھىندېنبۇرگتىن پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلالارسىزمۇ دەپ سورىۋىدى، پرېزدېنت ئۇنىڭغا "ياق، ئۇنداق قىلالمايمەن!" دەپ كېسىپلا جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي شلېيچېر، ئۇنداقتا بىردىن-بىر چارە ھىتلېرنىڭ ھۆكۈمەت كابىنېتى تەشكىللىشىگە ماقۇل بولۇش يولىلا قالدى، دەيدۇ. ھىندېنبۇرگ، شلېيچېر ھۆكۈمىتى كۆپ سانلىقنىڭ ماقۇللىقىنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. بەلكىم ئۇ سابىق ئون بېشى گېرمانىيىنى مۇقىملىقتا ئېرىشتۈرۈشنىڭ كۆپ سانلىق قوللىغۇچىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش چارىسىنى قىلالىشى مۇمكىن، دەپ، شلېيچېر ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن غەزەپلەنگەن ھالدا ئۆز-ئۆزىگە: بۇ مەسىلە ھەققىدە داۋاملىق تالاش-تارتىش قىلىشتىن زېرىكتىم دەپ غۇدۇڭشىيدۇ.

ھىندېنبۇرگ پۇتۇنلەي ھالىدىن كەتكەن قىياپەتتە: "قارار قىلماقچى بولغان بۇ ئىشنىڭ توغرا بولۇپ-بولمىغانلىقىنى مەنمۇ بىلەلمىدىم. _ دەيدۇ بوۋاي يوقۇرىغا ئىشارەت قىلىپ باش مىنىستىرغا، _ قەدىرلىك شلېيچېر، بۇ قارارىمنىڭ توغرا بولۇپ-بولمىغانلىقىنى ئۇ ئالەمگە بارغىنىمدا شۇ ھامان بىلەلىشىم مۇمكىن. مەن دېگەن بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان بىرسىمەن. ئۇ ئالەمگە بارغىنىمدا قىلغان ئىشلىرىمدىن پۇشايمان قىلىش-قىلماسلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن."

"مېنىڭچە بولغاندا، جانابلىرى، _ دەيدۇ شلېيچېر ئېچىتقان بىر تىلدا، _ بۇ قېتىمقى خائىنلارچە قوزغىلاڭدىن كېيىن سىزنىڭ ئۇ ئالەمگە قاراپ سەپەر قىلىش-قىلالماسلىقىڭىزغىمۇ بىر نېمە دېيىش تەس بولىدىغاندەك قىلىدۇ."288

گۆڭگۈم چۈشۈشتىن بۇرۇن، پاپېن بىلەن ئوسكار، مېيسىنېرلار بىرلىكتە يەنە بىر قېتىم پرېزدېنت كابىنېتىغا كىلىدۇ. ھىندېنبۇرگ پاپېننى باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەش تەكلىۋىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بۇ ئۈچ نەپەر مەسلىھەتچى بىرلىكتە، بىردىن-بىر چارە ھىتلېر، دەپ تەكىتلىشىدۇ. "ئۇنداقتا، ھەر قانچە ئۆچلۈك قىلسامۇ ھىتلېر دېگەن بۇ نەرسىنى تەيىنلەمەكتىن باشقا چارە يوق دەڭلا؟" دەيدۇ بوۋاي گۇڭگۇلدىغىنىچە. شۇنداقتىمۇ، قۇرۇلىدىغان يېڭى ھۆكۈمەت كابىنېتىدا چوقۇم گېنېرال ۋېرنېر ۋون بلومبېرگ دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىشى شەرت دەپ چىڭ تۇرىدۇ. ھىندېنبۇرق، بۇ ئادەمنى "پىقىملىق مۇئامىلە قىلىدىغان، سىياسەت بىلەن كارى بولمايدىغان، ھەربىلىككە قاتتىق ئىشتىياق باغلىغان ئادەم" دەپ قارايتتى. شۇنىڭدەك يەنە مۇئاۋىن باش مىنىستىرلىقنى پاپېن ئۆستىگە ئالىدىغان بولىشى كېرەك دەپ تەكىتلەيدۇ. ئەندىكى ئىش، بۇ نامزاتلارنى ھىتلېرغا قانداق قىلىپ قوبۇل قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئىدى.

ئەتسى، يەنى يەكشەنبە چۈشتىن بۇرۇن، پاپېن ھىتلېرنى قوبۇل قىلىدۇ. ھىتلېر پۈتۈنلەي ماقۇل كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ _ شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ تەلىۋىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۇنۇتمايدۇ: يېڭىدىن ئومۇمى سايلام ئۆتكۈزۈش، ھەممە تولۇق ھوقۇقلۇق بولۇش پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا بۇرۇنقى كايىسېرلەرنىڭ ھوقۇقىدىنمۇ ئارتۇق باش مىنىستىرلىق ھوقۇقى بېرىلىش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. چۈشتىن كېيىن بولغاندا، پاپېن ھىندېنبۇرگقا دوكلاد قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەر بۇنداق بىر يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىشقا ماقۇل كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، ھىتلېرنىڭ قايتىدىن ئومۇمى سايلام ئۆتكۈزۈش تەلىۋى بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ بۇ تەلىۋىنى مۇۋاپىق تەلەپ دەپ قارايمەن، دەيدۇ. ئاندىن ھىتلېرنىڭ ۋەدىسىنى تەكىتلەپ، بۇ قېتىمقى سايلام ئەڭ ئاخىرقى سايلام بولۇپ قالىدۇ، دەيدۇ.

بۇ خەۋەرنى ئالغان گىۆرىڭ، خوشاللىقىدىن ياىراپ كېتىدۇ. ئۇ دەرھال گىوببېلسىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ (ھىتلېر ئۇ يەردە قەھۋە ئىچىپ ئولتۇراتتى). بۇ خوش خەۋەرنى بىرىنچى بولۇپ ھىتلېرگە ئۇقتۇرىدۇ. گىوببېلسىنىڭ شۇ كۈنكى خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە، ئۇلار ئۈچىسى خوشاللىقىدىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئۈزۈنغىچە ئولتۇرۇپ كېتىشكەن. ئاندىن ئۇلار قوزغىلىپ قىزغىنلىق بىلەن قول ئېلىشىپ ئۆزئارا بىر-بىرىنى تەبرىكلەشكەن. ئۇلار ئۈچىسى بىر-بىرسىنىڭ قولىنى قويىۋەتمەي تۇپلىشىپ تۇرغىنىدا، ماگدا گىوببېلس خانىم يىغلا دوخاپكىدىن چىققان بىر لىگەن مېۋىلىك باققالىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ بۇ قىزغىن مەنزىرىنى تېخىمۇ قىزىتىپ بېرىدۇ. تۇيۇقسىزلا بىرسى شىلىپچىردىن خەۋەر كەلتۈرۈپ، ئەگەر ھىندېنبۇرگ فۇھرېرنى باش مىنىستىرلىككە تەيىنلىمەكچى بولىدىكەن، ھەربىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى مۇمكىنلىكىن دەپ ئۇقتۇرىدۇ. قىزغىن تەبرىكلەشلەر دەرھال جىمىپ قالىدۇ. ھىتلېر بىلەن گىۆرىڭ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تېپىرلاپلا قالىدۇ. ئەمما پوتسىدام بىلەن بېرلىن ھەربى گازارمىسىدىكى ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى تېپىپ ھەربى قىسىملارنىڭ جىددى ھالەتكە ئۆتۈپ-ئۆتمىگەنلىكىنى سوراۋشتە قىلىپ بېقىش ھېچ كىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئىدى. ئەكسىنچە، ھىتلېر دەرھال بېرلىندىكى ھۇجۇمچىلار ئەترىتى قوماندانىغا تېلېفون قىلىپ شۇ يەردىكى بارلىق ئېس-ئاچىلارنى جىددى ھالەتكە ئۆتكۈزۈش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كىملەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشىمىز كېرەك؟ سورايدۇ ھىتلېر. بۇنىڭغا يەنە ئۆزى جاۋاب بېرىپ، پاپېن، ئوسكار ۋون ھىندېنبۇرگ ۋە مېيسنېرلارنى خەۋەرلەندۈرۈش كېرەك، دەيدۇ. گىوببېلس بىلەن گىۆرىڭ ئىككىسى ئالدىراشلىق بىلەن ۋەزىپە ئادا قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىشۋاتقىنىدا، ھىتلېر ناتىسىتىن بىر ساقچى مايورىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭغا ”6 باتالىيون ساقچى قىسىمنى ۋىلھېلم كوچىسىنى ئىشغال

قىلىشقا تەييار ھالغا كەلتۈرۈش" يولىيورۇقىنى بىرىدۇ. ئاخىرىدا، جەنۇۋەدىن پويىزلىق قايتىپ كېلىۋاتقان دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىنىدىغان گېنېرال ۋون بلومبېرگكە بېرلىن پويىز ئىستانسىسىدا پويىزدىن چۈشىشى ھامان دەرھال پرېزدېنت مەھكىمىسىگە بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش قەسىمى قىلىشنى ئېيتىدۇ. شۇنداق بولغاندا ھەر قانداق بىر قۇراللىق قوشۇنلار تويلىكنى باستۇرۇشقا تەييار ھالغا كەلگىلى بولاتتى.

ھەربى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش ھەققىدىكى گەپلەر دەرھال ھۆكۈمەت ئىچىگە تارقىلىپ، پايتەخت پۈتۈن بىر كېچە ئەنسىزلىك ئىچىدە قالىدۇ. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، يەنى 30-يانۋار دۈشەنبە كۈنكى ئەنسىزچىلىك ئىچىدە پاپېننىڭ سارىيىدا يەنە بىر قېتىم قاتتىق مۇنازىرە قوزغىلىپ كېتىدۇ. مىللەتچىللەر پارتىيىسىنىڭ رەئىسى بولغان ھۇگېنبېرگ ھىتلېرنىڭ يېڭىدىن ئومۇمى سايلام ئۆتكۈزۈش تەلىۋىگە قەتئىي قارشى چىقىدۇ.289 قارىغاندا، بۇ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭمۇ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارالمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ھۇگېنبېرگ ئۇزۇنغىچە چىڭ تۇرۇپ تالىشىپ تۇرىۋالىدۇ. پاپېن ئۈمىدسىز بىر ھالدا ۋارقىرايدۇ: "ئەگەر سائەت 11 غىچە يېڭى ھۆكۈمەت يەنىلا قۇرۇلۇپ بولالمايدىكەن، ھەربىلەر قوزغىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا شلېيچېر ھەربى مۇستەبىتلىكنى تىكلىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ!" ھۇگېنبېرگ، "بۇ خەۋەرنى نەدىن ئالدىڭ؟" دەپ سورىشىدۇ، پاپېن تىت-تىت بولغان ھالدا ۋارقىراپ ئېيتىدۇ: "كىچىك ھىندېنبۇرگ شۇنداق دەيدۇ!"

دەل شۇ ۋاقىتتا، پاپېننىڭ سارىيى سىرتىدىن "خايىل!" دېگەن ئاۋاز كېلىپ، كەينىدىنلا ھىتلېر بىلەن گېۆرىڭ كىرىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا سائەت 10 دىن 35 مىنۇت ئۆتكەن ئىدى. پاپېن، ھەممەيلەن بىرلىكتە باش مىنىستىرلىك سارىيىغا ماڭايلى، دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار قېلىن قار قاپلاپ كەتكەن باش مىنىستىرلىق سارىيى گۈللۈكىدىن ئۆتۈپ مېيسنېرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىدۇ. ئۇ يەردە، قالغان مىنىستىر نامزاتلىرىغا يولۇقىدۇ. ھەممەيلەن پرېزدېنت كابىنىتىغا كىرىشنى كۈتۈپ تۇرغان پەيتتە پايدىلىنىپ پاپېن ئومۇمى سايلام مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

"ئومۇمى سايلام ئۆتكۈزۈش دېدىڭىزمۇ؟" ھۇگېنبېرگ بۇنداق بىر گەپكە ئورۇن قالمىدى دېسەك بولىدۇ، دەيدۇ. ھىتلېر ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، فۈھرېرنىڭ يالۋۇرۇشلىرى ئۇنى تېخىمۇ چىڭىتىۋېتىدۇ. ھىتلېر بۇ ياشانغان كىشىنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە، ئۇنى ئۆزگەرتمىنى بېسىۋېلىش، دەپ نەسىھەت بەرگەچ، سايلام نەتىجىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى ئۆزگەرتمەيمىز دەپ ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا "ياق" دېگەن جاۋابنى ئالىدۇ.

دەل شۇ پەيتتە، مېيسنېر كىرىپ كېلىپ، "ئەپەندىلەر، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن 5

مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. _ دەيدۇ، _ پىرىزدېنتىمىز ۋاقىتقا بەكلا دىققەت قىلىدۇ.“ پاپېن، ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئالدىدا تۇرىۋاتقىنىدا بۇ بىرلەشمىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك قىلىدۇ. ”جانابى كابىنېت ۋەزىرى ئەپەندى. _ دەيدۇ ئۆتۈنۈش بىلەن، _ سىز، مىلك بىر بالالاردا كىلىشىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن ۋەتەن بىرلىكىنى دوغا تىكىشنى ئويلىمايدىغانسىز ھەر ھالدا؟ سىز بىر نېمىسنىڭ تەنتەنىلىك بىلەن بەرگەن ۋەدىسىدىن گۇمان قىلمايدىغانسىز ھەر ھالدا!“

ھۇگېنبېرگ يەنىلا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئۇ، بۇنىڭغا چىدىماي سائەتكە قارىغىنىچە ئالدىراش چىقىپ كېتىۋاتقان مېيسنېرنى كۆرۈپلا ئاندىن جىمىيدۇ. ”پىرىزدېنت ئۆزىنى بەك ساقلىتىۋەتمەڭلار دەيدۇ. _ ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ، _ ھازىر سائەت 11 دىن چارەك ئۆتتى. بوۋاي ئىشخانىدىن ئايرىلىشنى خالىمىسىلەر بولمىسا، تېز بولايلى!“

ھىتلېر يەنە بىر قېتىم ھۇگېنبېرگنىڭ قولىنى سىقىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ مەركىزى پارتىيىسى ۋە باۋارىيە خەلق پارتىيىسى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ پارلامېنت كۆپ سانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ كەڭرى ئاساسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھۇگېنبېرگ ئۇنىڭغا، ئۇنداقتا بۇ ئىشقا ھىندېنبۇرگ قارار قىلسۇن، دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىگە بەلكىم مېيسنېرنىڭ پات-پاتلا قولىدىكى سائەتنى كۆرسەتكەنلىكى سەۋەب بولدى ھەقچان. ھىتلېرمۇ دەرھال بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. بۇ چاغدا گيۆرىڭ ۋارقىرايدۇ: ”ئىش پۈتتى!“ شۇنداق قىلىپ ئۇلار قاتارلىشىپ پىرىزدېنت كابىنېتىغا كىرىدۇ.

ھىندېنبۇرگ ھىتلېرغا ئۆچلىكىدىن ئۇنىڭ باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەنگەنلىك قارارىنى ئۆز ئاغزىدىن بەرمەيدۇ. باش مىنىستىرنى كۆزگە ئىلمايدىغان بۇنداق مۇئامىلە تۈنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. ھىندېنبۇرگ، يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەت كابىنېتىنى تەبرىكلەش سۆزىنىمۇ سۆزلىمەيدۇ. ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ كەلگۈسى ۋەزىپىلىرىنىمۇ بايان قىلماي ئىشنى تۈگىتىدۇ. قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمى خۇددى مەجبۇرى نىكاھ قىلىنغاندەك بەكلا ئاددى ئۆتىدۇ. ئەمما ھىتلېر تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بۇنداق بىر پەيتتە ئۈن-تىنسىز چىقىپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ يەردە بىر نۇتۇق سۆزلىۋېتىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن ھەممە ھەيران قالىدۇ. ئۇ، ۋېيمار ئاساسى قانۇنىنى قوغدايمەن دەپ تەنتەنە بىلەن جاكارلىغاندىن كېيىن، پارلامېنتتا كۆپسانلىق ئاۋازنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىغا كاپالەت بېرىپ، پىرىزدېنتنىڭ جىددى ھالەت بۇيرۇقىغا قول قويۇشىنىڭ ھاجىتى قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.290 شۇنىڭدەك يەنە ئىقتىسادىي كرىزىس مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىپ، پاجىئەلىك تالاش-تارتىشلار نەتىجىسىدە پارچىمۇ-پارچە بۆلۈنۈپ كەتكەن گېرمانىيىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ قايتا بىرلىككە

كەلتۈرۈدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈردى. ئاندىن ئۇ سەل تۇرىۋېلىپ ھىندېنبۇرگنىڭ بۇنىڭغا بىرەر ئىپادە بىلدۈرۈشىنى كۈتۈپ باقتى. ئەمما بۇ مارشال خۇددى ئەندى قىسىملار تارقالسا بولىدۇ دېگەندەك قىياپەتتە، "بۇندىن كېيىنكى ئىشلار ئەپەندىلەر، تەڭرى بىلەن بىرگە ئالغا ئىلگىرلەش!"خانۇسسىپىنىڭ ئالدىن ئېيتقان پەرىزىنى ئەمەلگە ئاشتى دېيىشكە بولاتتى، ئەگەر دېگىنىنى پەرەز دېيىشكە بولغىنىدا. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ ئوقۇمىغان، گۈزەل سەنئەتلەر ئىنىستىتۇتىغىمۇ قوبۇل قىلىنمىغان، ۋىيىننا كوچىلىرىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بۇ ئادەم، 1933-يىلى 30-يانۋار كۈندە، گېرمانىيىنىڭ باش مىنىستىرى بولغان ئىدى. ھىتلېر كۆڭلى چېچىلغان ھالدا پرېزدېنت كابىنېتىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا خوفمانىنى كۆردى. ئەسلىدە ئۇ خوفمانىنى قەسەم بېرىش مۇراسىمىنىڭ رەسىمىنى تارتقۇزۇش ئۈچۈن بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ھىتلېر ئۇنىڭ چوققىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ ۋارقىراپ كېتىدۇ: "ئاھ تەڭرىم، قارىماسەن، مەن سېنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغىنىمنى. ئەندى بەكلا كېچىكىپ قالدىڭ خوفمان!" ئۇ دەرھال كايىسېرخوفقا قايتىپ كېتىشى لازىم بولىۋاتقاچقا، يېڭى كابىنېت ئەمەلدارلىرىغىمۇ بىر نېمە دېيىشكە ۋاقت چىقىرالمايدۇ. ئۇ ماشىنىسىدا تىك تۇرغىنىچە ئۇنى تەبرىكلەشكە كەلگەن كىشىلەر توپى ئىچىدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ مورتلىرى تولا توۋلىشىپ ئاۋازلىرىمۇ پۈتۈپ كەتكەن ئىدى.

"بىز ئۇتتۇپ چىقتۇق!" ئۇ مېھمان كۈتۈشتە ئۇنى ساقلاپ تۇرغان سىرداشلىرىغا تەنتەنە بىلەن جاراڭلىق ئاۋازدا ۋارقىرايدۇ. كىشىلەر غۇژژىدە كېلىپ ئۇنى ئورىۋېلىشىدۇ. ئۇ ئەر-ئايال خىزمەتچىلىرى بىلەن، چوڭ كاپىتالىست ۋە ئۇلارنىڭ خانىملىرى بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ چىقىدۇ.

خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ ھەر ساھە كىشىلىرى ھەر تۈرلۈك باھالاردا بولۇشىدۇ. مۆتىدىل تەرەپتىكى كىشىلەر قورقىنىدىن پۇت-قولىدا جان قالمايدۇ. ئادەتتىكى نېمىسلار بولسا بۈلتۈرقى پارلامېنت قالايماقانچىلىقىغا قارىغاندا ھەر نېمە دېگەن بىلەن بۇ قېتىمقىسى نىسبەتەن ياخشىراق دېيىشەتتى. غايىلىق ياشلار، ئىشىدىن ئايرىلىپ قالغان كاسىپلار، ئېغىر غەم ئىچىدە قالغان ۋەتەنپەرۋەرلەر، شۇنىڭدەك مىللەتچىلەر بولسا بۇ يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىدىن بەكلا خوشال ئىدى. ئۇلارنىڭ خىياللىرى ئىشقا ئېشىش ئالدىدا ئىدى. مىيۇنخېندا بولسا، ئېگون خانفىستاينىگل ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ سىنىپىغا كىرىپ بۇ خەۋەرنى ۋارقىرىغىنىچە ئېلان قىلىدۇ. "كۆرۈڭ! _ ئۇ بىر دوستىغا قاراپ ۋارقىرايدۇ، _ بىز غەلىبە قىلدۇق! بىز ھوقۇقنى قولغا كەلتۈردۇق!" ئۇ بۇ گەپنى دەپ بولۇپلا كۆرتنىڭ بىر يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالىدۇ. كۆرتمۇ شۇنداقلا بىر كۈلۈپ قويۇپ، "سېنىڭ ئۈچۈن خوشالمەن دوستۇم، مەنمۇ سىلەرنىڭ

قاتارىڭلاردىن بىرى بولۇشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلار ئىدىم“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئادولف ھىتلېرنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز كۆتۈرلۈپ چىقىشىغا ھەيران قالغانلار يەنىلا شۇ بېرلىندىكى قوڭغۇر كۆڭلەكلىك تەرەپتارلار ئىدى. ئۇلار شۇنچە ئۇزۇن يىل مابەينىدە بەكلا نامرات تۇرمۇش كۆچۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار يەنە پايتەخت كوچىلىرىدا ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماي دائىم دېگۈدەك فۇھرېرنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە ئىدى. مانا ئەندى، ئۇلارنىڭ غايىلىرىمۇ بىراقلا ئەمەلگە ئاشقان ھېسابلىناتتى. شۇنداقتىمۇ مۇتلەق كۆپ كىشىلەر بۇ ئاخشام مەشئەل كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىدىغانلىقنى گېزىت خەۋەرلىرىدىنلا خەۋەر تاپىدۇ.

پولتون بەستلىك قاۋۇل ئىس-ئاچلار بىلەن ئىس-ئىسچىلار رەسمى ئۇنفورمىلىرىنى كىيىشىپ كوچىغا چىقىدۇ. خېلى كۆپ كىشىلەر بولغان يەنە ساقچىلار بىلەن توقۇنۇش يۈز بېرىدىغان بولىدى دەپ قاراشقان بولسىمۇ، ئۇلار ساقچىلارنىڭمۇ خوشال، چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغانلىقىنى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ مەيدىسىگە كرېست بەلگىلىك ئىزنەكلەرنى تاقاپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قىلىشىدۇ. ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر مەشئەل كۆتۈرۈشۈپ گۈگۈم ۋاقتىدىن باشلاپلا تىيرگارتېنىدىن يولغا چىقىپ، قەدەملىرىنى ئوركېستىرانىڭ ھەربى مارشقا تەڭكەش قىلىپ ئىنتايىن رەتلىك شەكىلدە قاتارلىشىپ براندېنبۇرگ دەرۋازىسىدىن ئۆتىدۇ. مىڭلىغان دۆلەت مۇداپىيە ئەسكەرلىرىمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ. ۋاقىت سائەتلەپ ئۆتمەكتە، ئۇلار «ۋېسسېل ئورمىنى» مارشى بىلەن باشقا مارشلارنى تووۋلاشقىنىچە رەتلىك شەكىلدە ۋىلھېلم چوڭ كوچىسىدىن ئۆتىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن ھىندېنبۇرگقا سالام كەلتۈرۈشىدۇ. ھىندېنبۇرگ پرېزدېنت مەھكىمىسىنىڭ دېرىزىدە نامايىشچىلارنى كۈزەتمەكتە ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن، نامايىشچىلار ھىتلېر تۇرغان پەنجىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بېرىشىدۇ. ھىتلېر باش مىنىستىر مەھكىمە بىناسىنىڭ بىر دېرىزىسىدە تۇرغىنىچە قاتتىق ھاياجان ئىچىدە مەشئەلچىلەرنى كۈزەتمەكتە ئىدى.

ۋىلھېلم كوچىسىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى دەرەخلەر يامىشىۋالغان باللار بىلەن تولغان ئىدى.291 ئۇششاق باللارمۇ خۇددى ئۈزۈم تالليرىدەك تۆمۈر رىشاتكىلارغا يامىشىپ چىقىۋېلىشقان ئىدى. بۇ قەھرىتان سوغۇق كېچىدە مەشئەل يالقۇنى پولتون كېچە قاراڭغۇلۇقىنى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتكەن بولۇپ، كۆرگەن كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ھاياجانغا سالاتتى. بارابان ئاۋازلىرىمۇ قولاقنى يارغىدەك ياڭرايتتى. قىزغىن مەنزىرە بارغانسىرى يۇقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇستا ئارتىس بولغان گىيوبېلس تەرىپىدىن ئالدىن رېتىس قىلىپ ئوينالغان ئۇيۇنلار ئىدى.  ھەتتا ھىتلېرمۇ

ھەيران بولۇپ يېنىدىكىلەردىن سورايدۇ: "قىسقىغىنە بىر قانچە سائەت ئىچىدە بۇ ئۇن مىڭلارچە مەشئەلنى نەدىنمۇ تاپقاندۇ؟" ئۇ پاكىنەك دوكتور يەنە رادىئو ئىستانسىسىنىمۇ تېزگىنلىۋالغان ئىدى. ئۇ نەق مەيدان ئاڭلىتىشى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى بۇ مەشئەل نامايىش مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلاندۇرماقتا ئىدى.

پاپېن ھىتلېرنىڭ كەينىدە تۇرغىنىچە بۇ مەشئەل نامايىشىنى كۆزىتىدۇ. ئۇ، بۇ نامايىشچىلارنىڭ ھىندېنبۇرگ تۇرغان دېرىزە ئالدىغا كەلگىنىدە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سالام بەرسە، ھىتلېر بار پەنجىرىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە ئۆزىنى تۇتىۋالالمىغان ھالدا تەنتەنە قىلىپ كېتىشكەنلىكىنى سېزىدۇ. "ئوتتۇردىكى پەرق ھەقىقەتەنمۇ بەكلا روشەن ئىدى، بۇ خۇددى ئۆلۈۋاتقان ھۆكمرانلىقتىن يەپ-يېڭى ئىنقىلابى كۈچ تۇغۇلۇۋاتقاندەك بىر مەنزىرىنى ئەسلىتەتتى. ... بۇ ھەقىقەتەنمۇ بەكلا ئاجايىپ بىر تەسىرات. بۇ يەردە مەڭگۈ توختىمايدىغان غالىبىيەت ئالقىش سادالىرى ياڭرىماقتا، 'تەبرىكلەيمىز! تەبرىكلەر! غالىبىيەتنى تەبرىكلەيمىز!' دېگەن سادالار خۇددى قانداقتۇ بىر ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىدەك قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا جاراڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى." ھىتلېر بۇرۇلۇپ پاپېن بىلەن پاراڭلاشقىنىدا ئاۋازى بوغۇلۇپ قېلىۋاتاتتى. "ۋون پاپېن ئەپەندىم، ئۈستىمىزدىكى ۋەزىپە ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر! مەقسەتكە يەتمىگەچە ھەرگىز بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلمايلى."

كىشنى ھاياجانغا سالىدىغان شۇ كېچىسى، ئادۋوكات خانس فرانكمۇ ھىتلېرنىڭ كەينىدە تۇراتتى. "تەڭرى بىلىدۇ، شۇ كۈنى قەلبىمىز ھەقىقەتەنمۇ ساپ ئىدى. _ دەيدۇ فرانك كېيىن دارغا ئېسىلىش ئالدىدا، _ ئەگەر شۇ كۈنى بىرەرسى قوپۇپ بىزگە كەلگۈسىدە بېشىمىزغا بۇنداق كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتسا ئىدى، ئۇنداق گەپلەرگە ھېچكىم ئىشەنمىگەن بولار ئىدى. ئۇنداق گەپلەرگە ئەڭ ئالدى بىلەن ئىشەنمەيدىغانلاردىن بىرى دەل مەن ئىدىم. شۇ كۈنى ھەقىقەتەنمۇ پارلاق، ھەقىقەتەنمۇ بەختلىك بىر كۈن ئىدى." دېرىزىنىڭ پەس تەرىپىدە غەلىبىنى تەنتەنە قىلىشىۋاتقان كىشىلەر خوشاللىقىدىن ھاياجانلىنىپ كۆز ياشلىرىنى تۇتىۋالالماي قېلىشقان ئىدى. "ھەممە كىشى ئوخشاش ھېسسىياتتا كەلگۈسىمىز پارلاق دەپ ئويلايتتى. _ دەيدۇ ئىلگىرى ستېننېس بىلەن بىرلىكتە توپىلاڭغا قاتناشقان قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەر ئەزاسى بولغان بىرسى ئۆز ئەسلىمىسىدە، _ شۇ پەيتتە، تۇرمۇشىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىمكانىيىتى يوق. ئەمما ئۇلار چوقۇم ياخشى بولىدۇ دەپ ئىشىنەتتى. ئۇلار باشقىلاتىن ئۈمىدۋار ھالغا كەلگەن ئىدى. مېنىڭچە بولغاندا، شۇ كۈنلەردە گېرمانىيە خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش بىزگە ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە سۆيگۈ بەخش ئېتەلەيدىغان باشقا بىرسىنى ئوتتۇرغا

چىقىرالمىغان ئىدى.“

”ئۇ ئاخشىمقى غەلىتە تۈيغۇلىرىمىدىن بەزىلىرى تا بۈگۈنگىچە ماڭا ھەمرا بولۇپ كەلمەكتە. _ دەپ يازىدۇ شۇ چاغدا ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرگە نامايىشقا قاتناشقان مىلتا ماشمان، _ شۇ كۈندىكى ئاجايىپ ئاياق تاۋۇشلىرى، قارا-قىزىل رەڭلەردىكى بايراقلاردىن شەكىللەنگەن ھەشەمەتلىك مەنزىرىلەر، كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىدىن ئەكس ئېتىۋاتقان مەشئەل جىلۋىسى، شۇ ۋاقىتتا نېمە دېگەن ھاياجانلىق، نېمە دېگەن سەممىي كۆرۈنۈشلەر ئىدى-ھە! ئەمما بۈگۈن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە ئۇ كۆرۈنۈشلەر ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق ناخشا سادالىرى ئىكەندۇق. ...“ مۇتلەق كۆپ ساندىكى چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەر بۇ ئەھۋالنى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ، دەپ قاراشقان ئىدى. ”ئوت دەرياسى فرانسىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئېقىن بولۇپ ئۆتىۋاتقىنىدا، _ دەپ يازىدۇ فرانسىيە باش ئەلچىسى فرانچويىس پونسېت _ مەن ئىنتايىن ئېغىر غەم ۋە قورقۇنۇشلۇق سەزگۈلەر ئىچىدە بۇ ئوت يالقۇنىنى كۆزەتكەن ئىدىم.“

شۇ كېچىسى، ھېس، گىۆرىڭ، گېوبېلس، رۆم ۋە فرانك قاتارلىقلار ھىتلېر بىلەن بىرگە كىچىك بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ كېچىلىك تاماققا ئولتۇرۇشقان ئىدى. ھىتلېر ھاياجاندىن توختىماي سۆزلەيتتى. ”بۈگۈن بىر قىسىم چەتئەللىك كىشىلەر مېنى 'خرىستوسقا قارشى' تۇردى دېيىشمەكتە. ئەسلىدە، مېنىڭ بىردىن-بىر قارشى تۇرىدىغان ئادىمىم لېنىن. _ دەيدۇ فرانكنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ھىندېنبۇرگنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ كېلىشنى ئويلايدىكەن. _ بۈگۈن مەن ئۈنىڭغا، بۈگۈن مەن باش مىنىستىر بولساممۇ سىز مېنىڭ قەلبىمدە خۇددى بۇرۇنقىدەكلا بىر قەھرىمان ھېسابلىنىسىز. مەن سىزنىڭ ئەسكىرىڭىز بولغان ۋاقتىدىكىگە ئوخشاشلا سىزگە سادىق بولىمەن دېگىنىمدە بوۋاي بۇ گېپىمدىن بەكلا خوشال بولۇپ كەتتى،“ دەيدۇ. ئۇ تىنماي سۆزلەيتتى.292 ئۇ گەپنى بىراقلا كوممۇنىزم تەرەپكە بۇرىدى. ”بۈگۈن، 'قىزىل بىرلىن' دېگەنگە خاتىمە بېرىلگەن كۈن. كىشىلەر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە باشقا چىقىش يولى تاپالمىغىنىدىلا ئاندىن 'قىزىللىشىش' يولىغا كىرىپ قالىدۇ. ئۆزلىرىنى ئادەتتە بىز خەلقنىڭ ھىمايىچىلىرىمىز، دېيىشىۋالغان كىشىلەر يەنە كېلىپ خەلققە ئەڭ بەك ئەدەپسىز مۇئامىلىدە بولىدىغانلاردۇر. خەلقنىڭ ھېسسىياتى خېلى كۆپ جەھەتلەردە ئاياللارنىڭ ھېسسىياتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. _ كۆپچىلىك سىرتقا چىقىپ گۈللۈكتە كېتىۋاتقىنىدىمۇ ھىتلېرنىڭ ئاغزى بېسىقمىغان ئىدى. _ بۇ باش مىنىستىر مەھكىمىسى، _ دەيدۇ ھىتلېر، _ خۇددى بىر كوبا تاماكا قۇتىسىغىلا ئوخشاپ قالغان. مېھمان كۈتۈشكىمۇ قەتئىي ماس كەلمەيدىكەن. شۇڭا بىز بۇ يەرنى پۈتۈنلەي يېڭىلاپ چىقىشىمىز كېرەك.“

شۇ ئاخشىمى، ئىچ-ئىچىدىن خوشال بولۇپ كەتكەن گېببېلس مۇنداق دەپ خاتىرە قالدۇرىدۇ: ”بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر چۆچەكە ئوخشايتتى. ... خۇددى چۆچەكلەردىكىدەكلا بىر كۈن. ... يەپ-يېڭى بىر ئىمپېرىيە دۇنياغا كەلدى. 14 يىللىق تىرىشچانلىق ئاخىرى ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىنى بەردى. گېرمانىيە ئىنقىلابى رەسمىي باشلاندى!“ ئەمما شۇ كۈنى ئاخشىمى، بۇ نۇقتىنى گېرمان خەلقى ئارىسىدا بەكلا ئاز كىشى ھېس قىلالىغان ئىدى. بەلكىم ھېچىرىخ ھېيىن بىر ئەسىردەك ۋاقىت بۇرۇن يېزىپ قالدۇرغان ئالدىن پەرەز خاراكتېرىدىكى مۇنۇ گەپلەرنى بەلكىم ھېچكىممۇ ئېسىگە كەلتۈرەلمىگەن بولسا كېرەك؟ ”گېرمانىيىدە ياڭرايدىغان گۈلدۈرماما ساداسى ھەقىقى گېرمانلارنىڭ ساداسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ سادانىڭ ياڭرىشى ئۇچۇن كۈتەيلى. ئەمما ئۇ سادا چوقۇم پارتلاپ چىقىدۇ؛ بۇ گۈلدۈرماما ئاۋازى ياڭرىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ كۈچى مىسلىسىز بولۇپ، خۇددى تارىختا پەقەتلا ئاڭلىنىپ باقمىغان بىر ئاۋازغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق بىر پەيت چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. ... شۇ چاغدا ئوينىلىدىغان بىر مەيدان فرانسىيە ئويۇننى كىچىك بىر مىسرالىق ئويۇن ئورنىغىلا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ... بۇنىڭدىن گۇمان قىلىش ھاجەتسىز؛ بۇنداق بىر پەيت چوقۇم كېلىدۇ.“

# 11. ئېزىپ كېتىش

# 1934.6~1933

”مەيلى بىر مىللەت ياكى بىر ئايال بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشىنى ھەرگىز كەچۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئەڭ بۇرۇن يېتىپ كېلىدىغان تەۋەككۈلچى ئۇنى يېقىتىپ ئۇستىگە مىنىدۇ.“

_ كارل ماركس

1

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، گېبېبلس خانىم ھىتلېرنى تەبرىكلەپ گۈل سوغا قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ھىتلېر مېھمان كۈتۈش ياتىقىدا پەنجىرىدىن سىرتقا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ، ئاستا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، تەنتەنىلىك بىلەن گۈلنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ”بۇ ماڭا قىلىنغان تۇنجى قېتىملىق گۈل سوۋغىسى. سىز مېنى تەبرىكلىگەن تۇنجى ئايال كىشى ھېسابلىنىسىز.“ ئۇ ھاياجاندىن كېكەچلەپلا قالىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئۆز دېيىشى بويىچە، ئاغزىغا گەپ كەلمەي كېكەچلەپلا قالغانمىش. سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك قىلىپ ”مانا ئەندى كىشىلەر مېنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇئاۋىنلىق ئورنىنى رەت قىلغانلىقىمنى چۈشەنگەن بولىشى كېرەك. ئۆزۈڭدىن بۇيان، ھەتتا پارتىيىمىزنىڭ ئەزالىرىمۇ مېنى چۈشىنەلمەي كەلگەن ئىدى.“ ئۇ خېلىغىچە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپ كېتىدۇ. ئاندىن دەرھال ئىشىككە قاراپ ماڭىدۇ. گېبېبلس خانىم ئۇنىڭ ”شۇنداق، مەن بىر ئاز يالغۇز قېلىشنى خالاۋاتىمەن“ دېگىنىنى ئاڭلىغاندەك بولىدۇ.

ئۇ، يۇز بېرىۋاتقان بۇ ھادىسىلارنى مۇقەررەر بىر تەغدىر، بۇرۇندىن بەلگىلىنىپ بولغان يولدا تاشلانغان بىر قەدەم، دەپ قارايتتى. ئەمما ئۇنىڭغا ھوقۇقنى تۇتقازغان كىشىلەر بولسا ھىتلېرنى ئۇلارنىڭ قولىدىكى بىر ئويۇنچۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ قارىشاتتى. ئالايلۇق، پاپېن ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە مۇنداق دەپ پو ئاتىدۇ: ”بۇ ئادەم،

بىز يالغۇز قالغان ئادەمدىن باشقا بىرسى ئەمەس. _ ئاندىن ئۇ يەنە ئۆزىنى ماختاپ يۈرىدىغان دوستلىرىغا، _ سىلەر مەندىن يەنە نېمە تەلەپ قىلىسىلەر؟ ھىندېنبۇرگ ماڭا ئىشىنىدۇ. ئىككى ئايغا قالماي بىز ھىتلېرنى مەڭگۈگە بىر بۇلۇڭغا قىستاپ قويىمىز. شۇ چاغدا ئۇ ھەر قانچە تىپىرلىسىمۇ كارغا كەلمەيدۇ!" دەپ كۆرەڭلەيدۇ.

پاپېن ۋەكىللىك قىلىۋاتقان پومېشچىكلار بولسا بىز بىر مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى سېتىۋالدۇق دېيىشمەكتە ئىدى.294 ئەمما ھىتلېر ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ قولىدا ئويۇنچاق بولۇشقا ماقۇل دەيدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ، دەرھال تۇتۇش قىلىپ مۇستەبىتلىك ئۈچۈن ئۇل ھازىرلاش ئىشىغا كىرىشىدۇ. ئۇ ئاۋال مەركىزى پارتىيىسى ئوتتۇرغا قويغان بىر قاتار مەسىلە ۋە تەلەپلەرنى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىدۇ. ھىتلېر، بىزنىڭ بۇ پارتىيە بىلەن كېلىشىمگە كېلىش پائالىيىتىمىز مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى، شۇڭا يېڭىدىن سايلام ئۆتكۈزۈش بەكلا مۇھىم بولماقتا، دەيدۇ. كەينىدىنلا پاپېننىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ھىندېنبۇرگنى پارلامېنتنى تارقاتقۇزۇشقا ماقال كەلتۈرىۋالىدۇ.

دەسلەپتە يولغان قويۇلىۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بارلىقىنى نۇرغۇن كىشىلەر ھېس قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇرجۇئازىيە ئەركىنلىك تەرەپدار گېزىتلىرىنىڭ باش ماقالىلىرى بۇنداق ئىنقىلاب خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى زادىلا پەرەز قىلالمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇلار ھىتلېرنىڭ ھۆكۈمەت كابىنېتىدا بەك بولۇپ كەتسە ئىككى نەپەر ناتسىست كۆپەيتىۋېلىشىدىن، يەنى گىيۆرىڭ بىلەن فرىكنى كابىنېتقا كىرگۈزگىنىدىن باشقا ھېچقانچە بىر ئۆزگىرىش قىلالىغىنى يوق، دەپ قارىشاتتى. "ھۆكۈمەت كابىنېتىنىڭ تەشكىللىنىش ئەھۋالىدىن قارايدىغان بولساق، ھىتلېر ئەپەندىم نىسبەتەن كۆچلۈك چەكلىنىشنى قوبۇل قىلماي ئامالى يوقتەك كۆرۈنمەكتە. _ دەپ يازىدۇ شۇ كۈنكى «فرانكفۇرت» گېزىتى مەغرۇرلانغان ھالدا. ئۇلار ئارىدىن ئىككى سوتكا ئۆتمەيلا قايتىدىن باھا بېرىپ، _ روشەنكى، ھۆكۈمەت باش مىنىستىر ئەتراپىدا ئەمەس بەلكى شۆگېنبېرگنىڭ دېگىنى بويىچە ھەرىكەت قىلماقتا." ھەتتا سوتسىئال دېموكرات پارتىيىسىدىكىلەرمۇ قىلچە ھەيرانلىق ھېس قىلمىغان ئىدى. كىشىلەر ئومۇمى يۈزلۈك ھالدا ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم پارلامېنتتا ئۈچتە ئىككىدىن ئارتۇق كۆپ سانلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ ۋېيمار ئاساسى قانۇننى ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرالىغىدەك كۈچكە ئىگە ئەمەس، دەپ ئىشىنەتتى.

«نيۇيۇرك ۋاقتى» گېزىتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاراشتا ئىدى: "ھۆكۈمەت كابىنېتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ھىتلېر ئەپەندى ئۈچۈن قىلچىمۇ پۇرسەت قالدۇرمىدى. ئەندى ئۇ مۇستەبىت بولۇش ئۈچۈن پۇرسەت كەلدى دەپ خوشاللىنالمايدىغان بولدى" دەپ يازىدۇ. ئەنگلىيە باش ئەلچىسىمۇ يوللىغان دوكلاتىدا "ئومۇملۇق جەھەتتىن

ئالغاندا، مەتبۇئات ساھەسى ھىتلېرنىڭ باش مىنىستىرلىققا تەيىنلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ ئىشقا ئەڭ مۇۋاپىق سوغۇققانلىق پوزىتسىيىدە بولماقتا، ئەمما جامائەتچىلىك بۇ خەۋەرگە قارىتا بەك قىزغىن ئىنكاس قايتۇرمىدى“ دەپ يازىدۇ.

بۇ تۈر كۆزەتكۈچىلەرنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ھىتلېرنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ، دەپ كاپالەت بېرىپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە، ھىتلېر 1-فېۋرالدا سايلىغۇچىلىرىغا رادىئو نۇتقى سۆزلەيدۇ. ئۇ نۇتقىدا بىر مۇنچە كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان ئەمما بەكلا مۇتەئەسسىپ سۆزلىرىنىڭ تىگىدە ئىنقىلابى مەقسەتلىرىنى يۇپيۇتۇپ بولسىمۇ ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. ئۇ رادىئو نۇتقىدا ئېنىق قىلىپ: مېنىڭ بىردىن-بىر مەقسىدىم، بۈرۈنقى ئىسىل ئەخلاقى پەزىلىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىنلا ئىبارەت، دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ نۇتقىدا يەھۇدىيلارنى بىر تەرەپ قىلىش پىلانى ھەققىدە پەقەتلا ئېغىز ئاچمايدۇ. ئەسلىدە ئۇ ئادەتتىكى پۇخرالارغا زىيان كەلتۈرگىدەك ياكى ئۇلارنى ئۈركىتىپ قويىدىغان بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى.

ھىتلېر رادىئو نۇتقىنى سۆزلەۋاتقان مەزگىلدە، ئامېرىكىنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق ۋاقىتلىق ۋاكالەتچىسى مەلۇم بىر ئادەم بىلەن بىرگە كەچلىك زىياپەت ئۈستىدە ئولتۇراتتى. بۇ كىشى، بۇرۇن ھىتلېرنىڭ تەختكە چىقىشىغا ياردەمدە بولغان ئىمپېرىيە بانكىسىنىڭ كاتتىۋېشى ھىجالمار شاخت دېگەن بىرسى بولۇپ، بۇ ئادەم خالىغان بىر ئادەمنى پادىشاھ تەختىگە ئولتارغۇزالىغدەك كۈچكە ئىگە بىرسى ئىدى.

شاخت بۇ ئامېرىكىلىققا سىرىنى ئاشكارىلاپ، مەن ھىتلېر سۇلالىسىنىڭ مالىيە ۋە ئىقتىسادىي مەسلىھەتچىسىمەن؛ ناتسىستلار ”ئۆزلىرىنىڭ ئۇ مەشھۇر دەبدەبىلىك ئىسلاھاتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىيىتىدە ئەمەس. شۇڭا، بارلىق چوڭ سودىگەرلەر بۇ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ھېچ قانداق بىر ئىشقا كىرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ بۇ ھۆكۈمەتكە ئىچىنماقتا“ دەيدۇ.

ئۇنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى بەكلا مۇبالىغە بىر سۆز بولسىمۇ، ئەسلىدە بۇ سۆز ھىتلېرنىڭ سانائەتچىلەر بىلەن ئارمىيىنىڭ قوللىشى بولماي تۇرۇپ باش مىنىستىر بولالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئوفىتسېرلار ئىنتىپاقىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەر كارل دۆنىتز (دېڭىز ئارمىيىسى ئىچىدە تىنماي ئۆسۈپ كېلىۋاتقان ئىستىقباللىق بىر ياش) نىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلسىمۇ، ئۇلار ھىتلېر بىلەن قىزىللار ئوتتۇرسىدىن بىرىنى تاللىۋالغانلىقىنىلا كۆرسىتەتتى.

ئارمىيە تەرەپنىڭ ھىتلېرنى قوللىشىدىكى سەۋەپ، خۇددى سانائەتچىلەرگە ئوخشاش ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەشنىلا مەقسەت قىلغانلىقى ئىدى. بۇ تەرىپىنى ھىتلېرمۇ ئېنىق بىلەتتى.

ھىتلېر گېنېراللارنى ئۇنچە بەك يوقۇرى باھالاپمۇ كەتمەيتتى. ھىتلېر خېلى كېيىنكى بىر ۋاقىتلاردا مۇنداق دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ: "مەن باش مىنىستىر بولۇشتىن ئاۋال باش قوماندانلىق شتاۋىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا قاۋان ئىتقا ئوخشايدىغان ھەممە ئادەمگە خىرىس قىلىپ يۈرىدىغان كىشىلەر ئىدى، شۇڭا ئۇلارنى چىڭ تۇتۇپ يېتىلەپ يۈرۈش كېرەك، دەپ قارايتتىم." شۇ سەۋەپتىنمىدۇ، بوگۇنگە كەلگىچە ئۇنىڭ گېنېراللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زادىلا ياخشى ئەمەس ئىدى. ميونخېندىكى ۋاقتىدا لوسسوۋ ئۇنىڭغا "خىيانەت قىلغان" ئىدى؛ شلېيچېر بولسا ئۇنىڭ باش مىنىستىر بولۇشىغا قاتتىق توسقۇنلۇق قىلغان.295 ئەندىلىكتە بولسا، ئۇ ھوقۇقنى قولغا ئالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ پۈتۈن ئامالار بىلەن ئارمىيە تەرەپ بىلەن يارىششقا، ئۇلارنى گېرمانىيىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرشقا نىيەت باغلايدۇ.

ھىتلېر باش مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇپ تۆتىنچى كۈنى ئاخشىمى، بىرىنچى قەدەملىك پىلاننى ئىشقا كىرىشتىردۇ: ئۇ گېنېرال ۋون خامېرستېيىننىڭ ئۆيىدىكى كەچلىك زىياپەتكە تەكلىپ قىلىندۇ (ئەسلىدە بۇ گېنېرالمۇ بۇرۇن ناتسىستلارنى ئاشكارە تۈردە كۆزگە ئىلماي كەلگەن بىرسى ئىدى). بۇ قېتىمقى كەچلىك زىياپەت يىغىلىدىن دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەنگەن ۋون بلومبىرگ تەرىپىدىن قوماندانلار ساھەسىنىڭ رەھبەرلىرىگە تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر زىياپەت ئىدى. زىياپەت ئاخىرىدا ھىتلېر ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز قىلىدۇ. ھىتلېر دەسلىۋىدە بۇ كىشىلەر ئارىسىدا سەل ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە بولۇپ گېپىنى يۇمشىتىپ سۆزلەيدۇ. ئۇ ئاۋال دۆلەتنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابى ھەرگىزمۇ ئېكىسپورتنى كۈچەيتىش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى پۈتۈن دۇنيادا ئومۇمىي يۈزلۈك مەھسۇلات ئارتۇقلۇق ھاكىم بىر ئەھۋال شەكىللەنگەن بولۇپ، گېرمانىيىنىڭ بۇرۇنقى خېرىدارلىرى ئۆز بازارلىرىنى تەرەققى قىلدۇرىۋالغان بولغاچقا، ئىشسىزلىك بىلەن ئىقتىسادىي چېكىنىش تاكى گېرمانىيە ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كۈنىگىچە ئىزچىل داۋاملىششى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

زالدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بەكلا قايىل بولىدۇ. مەسىلىنى بۇ شەكىلدە ھەل قىلىش ئولتۇرغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئارزۇسى ئىدى. ھىتلېر سۆزنى داۋام قىلىپ، تىنچلىقپەرۋەرلىك، ماركسىزم ۋە شۇنىڭدەك "خۇددى راك كېسىلىدەك يامراپ كېتىۋاتقان دېموكراتىيە" چوقۇم تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىنىشى

كېرەك؛ گېرمانىيە گۈللىنىشكە مۇھتاج، بۇ جەرياندا قايتىدىن قۇراللىنىش بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ۋەزىپە بولىشى كېرەك؛ ۋەتىنىمىز قايتىدىن روناق تاپىدىغانلا بولىدىكەن، "چوقۇم شەرقتىكى تۇپراقلارنى بويسۇندۇرۇشى، شۇنىڭدەك ئۇ يەرلەرنى قىلچە رەھىم قىلماي نېمىسلاشتۇرۇشى شەرت." كەلگۈسى ئۈچۈن تۈزۈلگەن بۇ لايىھىسىدىن كىشىلەرنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ھىتلېر مۇنداق ۋەدە بېرىدۇ: سىلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسەتلىرىدىن ھەرگىز غەم قىلماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى توپىلاڭلارنى ھەربى كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ باستۇرۇش نىيىتىم يوق؛ بۇندىن كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە ھەربى قىسىملار "ئۆزىنىڭ ئاساسلىق غايىسى بولغان تاجاۋۇزغا ئۇچرىغاندا ۋەتەننى قوغداشنى مەقسەت قىلىپ مەشىقنى كۈچەيتسىلا بولىدۇ" دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ئېس-ئاچىلار ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، ۋەتىنىمىزدە "پەقەت ئارمىيىنىڭلا قورال تۇتۇش ھوقۇقىغا ئىگە دېيىدىغان پىرىنسىپ قەتئىي ئۆزگەرتىلمەيدۇ" دەپ كاپالەت بېرىدۇ.

دېگىز ئارمىيە ئادمىرالى ئېرىك رايدېرنىڭ ھىتلېرغا بولغان تەسىراتى بەكلا ياخشى بولىدۇ. ئۇ، باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىدەك ئويلايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمما فرىدرىخ فروم بىلەن ۋېرنېر ۋون فرىتش قاتاردىكى گېنېراللار ئىستىلا قىلىش دېگەن بۇ سۆزدىن ئۈركۈپ كەتكەن بولسا، مارشال ۋىلھېلم رىتتېر ۋون لېب ھىتلېر بىرنى سېتىۋالماقچى، دەپ قارايدۇ. كېيىن ئۇ مازاق قىلىپ، "ئەگەر مال ئىگىسى مېلىنىڭ ياخشىلىقىغا ئىشەنسە ئىدى، مېلىنى ماختاپ ۋارقىراپ يۈرمىگەن بولاتتى" دەيدۇ.

گەرچە ھەربىلەرنىڭ باھالىرى ھەرخىل بولسىمۇ، ھىتلېر بۇ يەردىكىلەر ئارىسىدىن يەنىلا ئۆزىگە ئەگىشىدىغان يېڭى كىشىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىگەن ئىدى. يەنى بۇ يېڭى ھۆكۈمەت ھەربى دىكتاتورلۇق تىكلەپ، خانلىق تۈزۈمنى قايتا تىكلەپ چىقىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى يولغا قويۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلار مىللى سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ ئىسلاھات قىلىشىنى ماقۇللاشقا تەييار تۇرسا؛ نۇرغۇنلىغان قورقۇنچاق كىشىلەر مارشال ۋون ھىندېنبۇرگقا بولغان ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىتائەت قىلىش يولىنى تاللىۋېلىشقان ئىدى.

ھىتلېر بۇرۇن كۆزگە ئىلمىغان، ئاساسى قانۇندا بەلگىلەنگەن جىددى ھالەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ "گېرمانىيە خەلقىنى قوغداش ئاساسى مەقسەت قىلىنىدۇ" دېگەننى باھانە قىلىپ، "سىياسي يىغىلىشلار بىلەن تەشۋىقات ئەپكارلىرىنى قاتتىق تىزگىنلەش" دېيىدىغان بىر قانۇننى ماقۇللاتقۇزىۋالىدۇ. مەيلى پاپېن ياكى باشقا كابىنېت ئەزالىرى ھىتلېرنىڭ بۇ تەكلىپىگە پەقەتلا نارازىلىق بىلدۈرمەيدۇ. بۇ ھەقتىكى بىردەك پىكىر بىرلىكى ئالدىدا ھىندېنبۇرگمۇ ئامالسىز كۆنۈپ بۇ قانۇننى تەستىقلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بۇندىن سەل ئاۋال، يەنە بىر جىددى ھالەت قانۇنىنىمۇ ماقۇللىتىۋالغان، يەنى پروسسىيە ھۆكۈمەت باشلىقى ئورنىغا ئۆز نامزاتىنى ئالماشتۇرىۋالغان ئىدى. كىشىلەر بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ھىتلېرنىڭ بۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى بەكلا قايىل قىلارلىق بىر جاۋاب ئىدى.296 يەنى يېڭىدىن پروسسىيە باش مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەنگەن پاپېن، يېڭىدىن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگە گۆرىڭنى باشقۇرۇپ كېتەلىشى پۇتۇنلەي مۇمكىن دەپ ئىشەندۈردى. ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا، شۇ ئارقىلىق ھىتلېر مۇستەبىتلىك يولىغا قاراپ ماڭغان يولنىڭ ئىككىنچى قەدىمىنىمۇ پۈتتۈرىۋالغان ئىدى.

گېرمانىيەدە يېڭىدىن يوقۇرى بىر تەبىقە كىشىلەر ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلىغان ئىدى. ھامبۇرگ باشلىقى ئەنە شۇنداق يېڭى تەبىقىنىڭ بىر مەھسۇلى ھېسابلىناتتى. يەنى ئۇ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئارىسىدىن بىر كىچىدىلا كۆتۈرلۈپ چىققان مىڭلارچە يېڭى يوقۇرى تەبىقە كىشىلىرىدىن بىرسى ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار، ئادۋوكاتلار ۋە سودىگەرلەرمۇ دۆلەت رەھبىرى بولالايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. ئېغىر تۇرمۇش ئىچىدە ياشاۋاتقان بۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتە شۇنچىۋالا تېز يۈكسىلىپ يوقۇرى ئەمەلدارلار قاتلىمىغا كىرىپ كېلىشى بۇرۇن زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئەھۋال بولۇپ، بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا كونا ناتسىست جەڭچىلىرى، ھىتلېر بىلەن پارتىيىگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر ئىدى. مانا بۇگۈن بۇ تۈر كىشىلەر ساداقىتىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىدى.

ئەسلىدە، ھىتلېرگە ئوخشاش بىرسىنىڭ ئۆزىنى پارتىيە داھىسى دەپ تونۇپ، ئاخىرى پۈتۈن تەييارلىق ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ باش مىنىستىرلىك ئورنىغا تەييار ھالغا كېلەلىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا بۇرۇن گېرمانىيەدە زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئەھۋال دېيىش مۇمكىن. ناتسىستلار پارتىيىسىگە كەلسەك، ئۇلاردىكى ئەھۋال باشقا ئىدى. يەنى، ئۇلار ماگنېتتەك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە، شۇنىڭدەك ھوقۇققا ۋە ئورۇنغا ئېرىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسىغا تايىنىپ بۇ مەقسەتكە قاراپ پۇختا قەدەملەر بىلەن ئىزچىل ئالغا ئىلگىرلىمەكتە ئىدى. توغرا، بۇ تۈردىكى يېڭىچە ئاق سۆڭەكلەر شۇ يەرنىڭ تۆۋەن سەۋىيىسىگە ئاساسەن مىللى سوتسىئالىزم ئىنقىلابى بىلەن شوغۇللىنىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما بۇ ھەرىكەت مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئۆزگىچە تەغدىرى، لىبراللارنىڭ ۋە سولچىلارنىڭ قالايماقانچىلىق ئىچىدە قالغانلىقىدىن بۇنداق بىر ھەرىكەتنى قانات يايدۇرالىغانلىقىنىڭ مۇقەررەر بىر نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن ئىدى.

ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى كېلەڭسىز شەكىلدە يېزا-شەھەرلەر ۋە شتاتلاردىكى

ئورگانلارنى تەشكىللەش بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۇلارنىڭ فۇھرېرى مەغلۇب قىلىنغان رىقابەتچىلىرى ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۇ ئادەم ئادەتتىكى پۇخرالار ئالدىدا بەكلا كىچىك پېيىل، ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە ۋەيرانە قىياپىتىنى ئىپادىلەيتتى. دەسلىۋىدە، ئۇنىڭ بۇ تۇردىكى ئىپادىلىرىنى بىر تۈرلۈك ئاجىزلىق دەپ قاراشقان ئىدى. ئەمما، ئۇزۇنغا قالماي، بۇ ئادەم ئۆزىنى مەڭگۈستمەيدىغان ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ”ھۆكۈمەت كابىنېت يىغىنىدا كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ تۈر خاراكتېرىگە قايىل بولماي تۇرالمايتتى. ـ دەيدۇ بۇرۇن مالىيە مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىدە بولغان رودېز تەتقىقاتچىسى گېرتسوگ لۇتز شۋېرىن ۋون كروسىگك ئەسلەپ كېلىپ، ـ بۇ ئادەم خۇددى يالقۇنلۇق ھاياجان ئىچىدە بارلىق مۇھاكىمىچىلارنى تىزگىنىدە تۇتالايتتى: ئۇنىڭ زېھنى بەكلا كۈچلۈك بولۇپ، مۇھاكىمە جەريانىدا سورالغان ئەڭ بۇرۇنقى مەسىلىلەرگىمۇ تۈپ-تۈغرا جاۋاپلارنى بېرەلەيتتى؛ ئۇ، مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا بەكلا ئەستايىدىللىق بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى؛ ئۇنىڭ زېھنى بەكلا ئوچۇق بولۇپ، ئەڭ مۇرەككەپ مەسىلىلەرنىمۇ ئاددى بىر فورمىلا ھالىغا، يەنى بەزىدە بەكلا ئاددى فورمۇلا ھالىغا كەلتۈرەلەيتتى؛ ئۇنىڭدا ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەن مۇھاكىمىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ يىغىنچاق خۇلاسىلاشتەك قابىلىيەت بار ئىدى؛ شۇنىڭدەك بىر قىسىم ھەممىگە مەلۇم بولغان، ئۇزۇن مەزگىل مۇھاكىمە قىلىنغان ئەمما ھېچ بىر نەتىجىگە ئېرىشىلمىگەن مەسىلىلەرنىمۇ يېڭىچە بىر نوقتىدا تۇرۇپ كۆزىتىشتەك ئەقلى قابىلىيىتىگىمۇ ئىگە ئىدى.“

لۇتز شۋېرىن ۋون كروسىگك بىلەن باشقا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بۇنچە كۈچلۈك ئىقتىدارلىق بىر ئادەم بىلەن زادىلا ئۇچرىشىپ باقمىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭغا تولۇق قايىل بولۇغانلىقىدىن ھەيران قىلىش ھاجەتسىز. شۇ ئايقى «كۆزەتكۈچىلەر رەسىملىك ژۇرنىلى» دا بىر پارچە كارىكاتۇرا بېسىلغان بولۇپ، بۇ ھەجۋى رەسىم ئۇنىڭ ئەمەلدارلار تەبىقىسى ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئىدى. ئەندى ئۇ بۇرۇنقىدەك ئۇنداق رەتسىز كىيىنگەن، پۇرلىشىپ كەتكەن ھەربى پەلتۇ كىيىپ يۈرىدىغان، قولىغا بىر قامچا ئېلىپ يۈرىدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. ئەندى ئۇ، كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان، تولۇق ئىشەنچلىك، ئۇچىسىغىمۇ يەرلىك ئەڭ ئېسىل رەختتىلەردىن يارىشىملىق تىكىلگەن لىغىرلاپ تۇرىدىغان پەلتو كەيگەن بىرسى، يەنى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر سىمۋۇل ھالىغا كەلگەن ئىدى.

2

گەرچە ئـۇ غالــىپ چىققــان بولســىمۇ، ھوقـۇق تۇتـۇپ 6 ھەپتــىدىن كېــيىن قوڭـۇر كـۆڭلەكلىكلەر ئىنقىلابىنىــڭ تەغــدىرى تــېخىچىلا ئېنىــق ئەمەس ئىــدى.297 پروســىيە ھۆكۈمىتى جىددى تۈردە تارقىتىۋېتىلىشى باشقا شىتاتلارنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغايدۇ. فېۋرالنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، گىۆرىك پروسىيە ساقچىلىرى ئارىسىدا شىددەتلىك تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، ئىشەنچىسىز دەپ قارىغان كىشىلەرنىنىڭ ھەممىسىنى تازىلاپ چىقىرىدۇ. ئۇ ساقچى ئەترەتلىــرىگە "ھەر قانــداق بەدەل تۆلەشــتىن قەتئىــى نەزەر ئــېس-ئــېس ئەترىتى، ئــېس-ئاچىلار ۋە دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىگە دۈشمەنلىك ھېسسىياتىدا بولىــدىغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئورنى ئېلىنىسۇن. چۈنكى بۇ تەشكىللەر ئىچىدە دۆلەتكە پايــدىلىق نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بار. ... ساقچىلارنىڭ ۋەزىپىسى، ھەر تۈرلـۈك مىللى سوتسىئالىزم تەشۋىقاتىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن تەييار ھالغا كېلىشى كېرەك" دېگەن بۇيرۇقنى چۈشىرىدۇ.

كەيىنىدىنلا ئـۇ يەنە بىر ئۇختۇرۇش چىقىرىدۇ. بـۇ ئۇختۇرۇشنىڭ ئاساسى مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: "دۆلەتكە دۈشمەنلىك كۆزىدە قارايــدىغان ھەر تـۈردىكى تەشكىلاتلار" غا قارىتا ساقچىلار كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىشى، شۇنىڭدەك بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دائىم قـۇرال ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى؛ ئەگەر "ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا سەل قارالغان" تەغدىردە جازاغــا تارتىلىــدىغانلىقى تىلغــا ئېلىنغــان ئىــدى. بــۇ دېگەنلىــك، كوممۇنىســتلارغا، ماركسىزمچىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ھېسداشچىلىرىغا ئاشكارە ئۇرۇش ئېلان قىلىنغانلىقتىن دېرەك بېرەتتى.

خـۇددى پرۇسىــيىدە بولغىنىــدەك كىچىكىــرەك باشـقا 7 شــتاتتىمۇ بـۇ ئىـش يولغـا قويۇلغان بولسىمۇ، نىسبەتەن چوڭىراق شىتاتلار، يەنـى مىللـى سوتسىئالىزمنىڭ تۇغۇلغـان يېرى بولغان باۋارىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان شتاتلار ھىتلېر ھۆكـۈمىتىگە بويـۇن ئېگىشنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كوممۇنىستلار يەنە خەلق ئاممىسىنى ناتسىستلارغا قارشى تىركىشىشكە چاقىرىدۇ. 21-فـېۋرال كـۈنى، «قىزىـل ئەسـكەرلەر ئىتتىپـاقى» يەنە "ياش پرولېتار" لارنى ئېس-ئېسچىلار بىلەن ئـېس-ئـاچىلارنى قۇرالسىزلاندۇرۇش ئۈچـۈن ھەرىكەتكە ئاتلىنىشلار دەپ كۈشكۈرتۈشكە كىرىشىدۇ: "كەلگۈسىنىڭ قىزىـل ئارمىيىســىدە، ھەر بىر يولداش كوماندىر ھېسابلىنىدۇ! بـۇ بىزنىــڭ سىـۋېتلەر ئىتتىپـاقى قىزىـل ئـارمىيە جەڭچىلىرىگە بەرگەن قەسىمىمىز. مەيلى پىلىموت بولسۇن، مەيلـى تاپانچا يـاكى تـۈرمىلەر بىزنىـڭ جەڭگـىۋارلىقىمىزنى سـۇندۇرالمايدۇ. بىـز ئەتىنىـڭ خوجايىنلىرىمىزا!" بىـر قـانچە كۈندىن كېيىن، كومپارتىيە ئورگىنىنىــڭ كـانىيى بولغـان «قىزىـل دېڭىـزچىلار» زوراۋانلىـق ھەرىكەتـلەرگە ئاشـكارە تـۈردە چـاقىرىق قىلىـدۇ: "ئىشـچى قېرىنداشـلار، ئىسـتىھكاملارنى

ئىگەللەڭلار! غەلىبىگە قاراپ ئالغا! قورالىڭلارنى ئوقلاڭلار! گراناتلىرىڭلارنىڭ پىلىكىنى تارتىڭلار!"

بۇ تۆردىكى ئىنقىلابى شۇئارلار گەرچە پەقەت شۇئاردىنلا ئىبارەت بولسىمۇ، گېيۆرىڭ بۇنىڭغا بەكلا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ، يەنى ئۇلارغا قارشى رەسمى ھەرىكەتكە ئاتلىنىدۇ. گېيۆرىڭ 24-فېۋرالدا بېرلىندىكى "كارل لىيبكېنت بىناسى" غا ھۇجۇم قىلىدۇ. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ باياناتىدا ساقچىلار بۇ يەردە كومپارتىيە قوزغىلاڭ پىلانىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. خانۇسسېن، 26-فېۋرال ئاخشىمى بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب چوقۇم بىر ئۇرۇش ئوت-يالقۇنىنىڭ پارتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېگەن پەرىزنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ، پايتەختتىكى تەسىر دائىرىسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئەربابلار قاتناشقان بىر قېتىملىق داغدۇغىلىق يىغىندا، مەن پروخ تۈتۈنلىرىنى كۆرمەكتىمەن، ... بۇ ئوت-يالقۇندىن چىقىدىغىنى پەقەت ئالۋاستىلا بولىشى مۇمكىن، ... ئۇنىڭ كەينىدىنلا بېرلىندىكى بىر بىنا ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالدى دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. يىغىندىكى ئالدىنقى كۈنى راستىنلا ھۆكۈمەت بىناسىغا ئۈچ قېتىم ئوت قويىماقچى بولغانلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان كىشىلەرگە، بۇ سۆزلەر قاتتىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئوت قويغۇچى كىشى 24 ياشلىق مارىنۇس ۋان دېر لۇب دېگەن بىر گوللاندىيىلىك ئىدى. ئۇ كىشى پارلامېنت بىناسىنى قەتئىي كۆيدۈرمەن دەپ ئىرادە باغلىغان. بۇ ئادەم بەستلىك، ئەمما ھەرىكەتلىرى كالاكپاي بىرسى بولۇپ، كاپىتالىزمغا نارازىلىقنى بىنالارغا ئوت قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان. تۆت يىل ئاۋال، كومپارتىيىدىن يىرگىنگەنلىكى ئۈچۈن پارتىيىدىنچېكىنىپ چىقىپ، "خەلقئارا كومپارتىيىسى" گە قاتناشقان. بۇ تەشكىلات، موسكۋانىڭ يۈرگۈزگەن سىياسەتلىرىگە قارشى ۋەيرانە كىچىك بىر تەشكىلات ئىدى. لۇب، تېخى بىر ھەپتە ئاۋاللا بېرلىنغا كېلىپ، دەسلىۋىدە بۇ يەردە چوقۇم چوڭ بىر ۋەقە پەيدا قىلىشقا بولىدىكەن دەپ ئويلىغان. ئەمما ئۇ سوتسىئال دېموكرات پارتىيىسى بىلەن كومپارتىيە ئۇيۇشتۇرغان نامايىشقا قاتناشقاندىن كېيىن، گېرمانىيە ئىنقىلابىنى كىشىنى چۆچۈتكىدەك ۋەقە پەيدا قىلىش ئارقىلىقلا قوزغاشقا بولىدىكەن دېگەن ئويغا كېلىدۇ.298 شۇڭا ئۇ، بىغەم گېرمانىيە خەلقى ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ لاۋۇلداپ يېنىشىنى كۆرگەندىن كېيىنلا قوزغىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈشى مۇمكىن دەيدۇ.

ئۈچ قېتىملىق ئوت قويۇش پىلانى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ ئۇ يەنىلا ئۈمىدىنى يوقاتمايدۇ. شۇڭا ئۇ، دۈشەنبە كۈنى چۈش ۋاقتىدا، يەنى 27-فېۋرال كۈنىسى، تۆت بولاق ئوت قويۇش دورىسىنى ئېلىپ مۆللېر كوچىسىدىكى بىر ماگىزىنغا كىرىۋالغان. ئۇ

يەردىن پىيادە مېڭىپ پارلامېنت سارىيىغا بېرىۋالغان. ئۇنىڭ كىيىملىرى بەكلا ۋەيرانە بولۇپ، كىيگەن ئىشتىنى بەكلا قىسقا، بېشىغا ئىگىز قالپاق كەيگەن ھەقىقەتەنمۇ بىچارە بىر قىياپەتتە ئىدى. بۇ ئادەم بەكلا چىرايلىق بىزەلگەن، گۈمبەزسى ئەينەك بىلەن قاپلانغان پارلامېنت سارىيىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆزىتىشكە كىرىشىدۇ. غەرب تەرەپتىكى ئىشىكى بەكلا ئاز ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ شۇ يەردىن كىرىشنىڭ ئەڭ بىخەتەر ئىكەنلىكىنى سېزىدۇ. ئۇ كۈنى ھاۋا بەكلا سوغۇق بولۇپ، سۆڭەكتىن ئۆتكىدەك سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ بەدىنىنى ئىسسىتىۋېلىش ئۈچۈن پوچتىخانىغا كىرىپ يېرىم سائەتتەك ئولتۇرىدۇ. ئاندىن سىرتقا چىقىپ بىر مەزگىل ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ئاخشىمى سائەت 9 لاردا پارلامېنت بىناسى بار يەرگە قايتىپ كېلىدۇ. غەرپ ئىشىكىدە بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بىر ئاز كۈتۈپ باققاندىن كېيىن، تامغا يامىشىپ يۈرۈپ ئىككىنچى قەۋەت بالكونىغا چىقىۋالىدۇ.

ئاخشىمى سائەت توققۇز يېرىم بولغاندا ئىلاھىيەت ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋېدىغان بىر ستۇدېنت ئۆيىگە قايتىش يولىدا پارلامېنت بىناسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىنا ئىچىدە چېقىلغان ئەينەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالىدۇ ھەمدە بىر كۆلەڭگىنى كۆرگەندەك قىلىدۇ. بۇ سايە قولىغا بىر مەشئەل ئېلىۋالغان ئىدى. شۇڭا بۇ ستۇدېنت دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن يۈگرەپ كېتىۋاتقىنىدا، سارايىنىڭ غەربى شىمال بۇرجىكىدە بىر ئون بېشى ساقچىنى ئۇچرىتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. بۇ ئون بېشىمۇ چېقىلغان دېرىزە ئەينەك پارچىلىرى بىلەن دېرىزە ئىچىدە ئوت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرىدۇ. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي نەچچە مىنۇت ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كېتىپ ئاندىن بېرىپ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن چېپىپ كىتىدۇ. كەچ سائەت ئوندا بىرىنچى تۈركۈم پاژارنىك ماشىنىسى يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا يىغىن زالى ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالغان ئىدى.

خانفىستايىنگىلنىڭ بېرلىندىكى ئۆيى دەل پارلامېنت بىناسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ ئۆيىدە ياتقان ئىدى. بىناغا قارايدىغان كىشىنىڭ چىقراپ ۋارقىرىشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن خانفىستايىنگىل ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن قارايدۇ. ئۇ پارلامېنت بىناسىدىكى ئوت يالقۇننى كۆرۈپ دەرھال گيوبېلسنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلىدۇ. بۇ چاغدا گيوبېلسنىڭ ئۆيىدە زىياپەت قايناپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا گيوبېلس بۇ گەپنى ئاڭلاپ چاخچاق قىلما دېگىنىدە خانفىستايىنگىل ئاچچىغلىنىپ "ئىشەنمىسەڭ ئۆزەڭ كىلىپ كۆر!" دەپ تۇرۇپكىنى قويىۋېتىدۇ. سەل ئۆتكەندە تېلېفون جىرىڭلايدۇ. گيوبېلس تىلېفون قىلغان ئىدى. "يېڭىراقتا مەن سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى فۇھرېرىمىزگە ئېيتتىم. زادى نېمە ئىش بوپتۇ؟ دەپ سوراپ كەتتى. بۇنداق چاخچاق قىلما."

تېلېفونىدىكى ئاۋازىدىن مەلۇمكى، گېوبېلس ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەنمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ گەپتىن بەكلا كۆڭۈلسىز بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى خانىفىستاينىگىلىنىڭ جىنىغا تېگىدۇ: "پارلامېنت بىناسى لاۋۇلداپ كۆيمەكتە. ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىدىكىلەرمۇ يېتىپ كەلدى" دەپ قايتا تىرۇپكىنى ئېتىپ كارىۋىتىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ ئاغرىقىنىڭ غېمى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ چاغدا ھىتلېرمۇ تېئىرگارتېن تەرەپنىڭ كۆك يۈزى قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، "بۇ ئىشنى چوقۇم كوممۇنىستلار قىلغان!" دەپ ۋارقىرىغىنىچە گېوبېلس بىلەن بىرلىكتە ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن يەرگە قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇلار يېنىپ كۆل بولغان بىنا ئالدىغا كېلىپ تېخىچە ئىس-تۈتەك بېسقمىغان بىنا ئىچىدە گېۆرىڭ بىلەن ئۇچرىشىدۇ. گېۆرىڭ قوڭۇر شەپكىسىنى پىشانىسىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇچىسىدا تۆگە يۇڭ سوكنى پەلتۇسى بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆرۈنىشى بەكلا ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئوت كەتكەن يەرگە كەلگەنلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ بەرگەن تۇنجى بۇيرۇقى ھەققەتەنمۇ قىزىق ئىدى: "گىلەملەرنى قۇتقۇزۇڭلار!" ئۇ ھىتلېرغا بۇ ئىش چوقۇم كوممۇنىستلارنىڭ قىلغان ئىشى، "ئوت كېتىشتىن 20 مىنۇت ئاۋال بىر قىسىم كوممۇنىستلار ۋەكىللىرى پارلامېنت بىناسىدا قالغان ئىكەن. بىز ئوت قويغۇچىدىن بىرىنى قولغا ئالدۇق" دەيدۇ.

"كىمكەن ئۇ؟" ئالدراپ سورايدۇ گېوبېلس. گېۆرىڭ مەغرۇر ھالدا: "بىز تېخى ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق، ئەمما خاتىرجەم بولۇڭ، بىز چوقۇم ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر نېمىلەرنى يۇلۇپ ئالالايمىز، دوكتور ئەپەندىم."

"باشقا جامائەت بىنالىرىدا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟" سورايدۇ ھىتلېر.

"مەن قالغان بىنالارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تەدبىر ئالدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ساقچىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈردۈم.299 ھەممە بىناغا ئالاھىدە پوستلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتىم. ھەر قانداق بىر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىگە تاقابىل تۇرالايمىز."

ئۇلار سۇ كېچىپ كۆيگەن كۆللەرنى دەسسەپ كۆيۈپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن يەرلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ بىر قۇر ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئاندىن ئاچچىق ئىس پۇرۇقى قاپلاپ كەتكەن بىر زالغا كىرىدۇ. بىر ساقچى قۇرالى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئاسما چىراقلار گۇمۇرۇلۇپ چۈشىشى مۇمكىن دەپ ھىتلېرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. باش مىنىستىر ھىتلېر ئالدىرىغىنىچە بۇ ئوت ئاپىتىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۇخبىر سېفتون دېلمېرنى تېپىپ كۆرۈشىدۇ. "تەڭرى ساقلىسۇن، بۇ رەزىللىكنى چوقۇم كومپارتىيە قىلغان. _ دەيدۇ بۇ مۇخبىرغا. ھىتلېرنىڭ بۇ گېپى بىر خىل ئالدىن سىگنال ئىدى. ھىتلېرنىڭ بۇ دېگىنىدىن جىنايەتنى كىم قىلغانلىقىغا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيدىغانلىقىنى، بۇ گېپى

پەقەت ئۇنىڭ ئارزۇسىلا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، _ دېلمېر ئەپەندىم، سىز كۆرىۋاتقان بۇ مەنزىرە گېرمانىيىنىڭ ئۇلۇغ بىر تارىخى بۇرۇلۇش نوقتىسىدا تۇرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دېمەكچىمەنكى، بۇ قېتىمقى ئوت قويۇش ۋەقەسى بۇ بۇرۇلۇشنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. _ ئۇ يەردە بىر سۇ خورتۇمىنى دەسسىۋالغان بولسىمۇ دەلدەڭشىمەي مەزمۇت دەسسەپ گېپىنى داۋام قىلىدۇ، _ ئەگەر كوممۇنىستلار ياۋروپانى تېزگىنىگە كىرگۈزىۋالغىدەكلا بولسا، 6 ئايدا، ياق مەن نېمىلەرنى دەپ يۈرىمەن، ئىككى ئايغا قالمايلا پۈتكۈل ياۋروپا قۇرۇغلۇقى مانا بۇ بىنا خارابىسىدەك ئوت-يالقۇن ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ.“

ئۇلار پەلەمپەي ئارقىلىق يەنە بىر قەۋەتكە چىققىنىدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا پاپېن چىقىپ كېلىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ھېررېن كلۇبىدا ھىندېنبۇرگقا زىياپەت بېرىۋاتقان بولۇپ، بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ھامان دەرھال بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا كۇلرەڭ يىرىك سوكنى پەلتو، بېشىغا قارا رەڭلىك ھومبۇرگ قالپىقى كىيىۋالغان بولۇپ، پاجىئەلىك مەنزىرىگە قاراپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قالىدۇ. ”بۇ تەڭرىنىڭ بىزگە بەرگەن بىر ئىشارىتى ئەمەسمۇ ئورۇنباسار باش مىنىستىر ئەپەندىم! _ دەيدۇ ھىتلېر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، _ ئەگەر بۇ ئوت قويۇش ۋەقەسىنى كومپارتىيە پەيدا قىلغانلا بولىدىكەن، ئىشىنىمەنكى ئۇلاردىن باشقىسى بولىشى مۇمكىن ئەمەس! ئۇ ھالدا بىز چوقۇم ئۇ زىيانلىق ھاشارەتلەرنى تۆمۈر مۇشتۇمىمىز بىلەن ئېزىپ تاشلىشىمىز شەرت!“ پاپېن، گېۆرىڭنىڭ گىلەملەرنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ چوڭقۇر بىر تىنىۋالىدۇ. ھىتلېر بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپ قانداق تەدبىر قوللىنىش مەسلىسىنى بېكىتىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇنى گېۆرىڭنىڭ ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما پاپېن ئەدەپ بىلەن كەسكىن رەت قىلغان ھالدا: ”مەن بۇ ئىش توغرىلىق ئاۋال ھىندېنبۇرگقا مەلۇمات بېرىشىم كېرەك“ دەيدۇ.

بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتى ھىتلېرنى پۈتۈنلەي ئۆزگىچە جەلىپ قىلىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. ھىتلېر پارلامېنت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا بارغاندىن كېيىن مەرمەر رىشاتكىغا مىنگىنىچە تۆۋەندىكى بۇ ئاپەتكە نەزەر سېلىپ، ئوت-يالقۇنغا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. بۇ چاغدا، ھۆكۈمەت كابىنېتىنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىرى، ئەمەلدارلىرى ۋە مۇھىم كادىرلىرى (بېرلىن شەھەر باشلىقى، شاھزادە ئاۋۋى، ساقچى باشلىقى ۋە ئەنگلىيە باش ئەلچىسى قاتارلىق كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان) كەينى-كەينىدىن كېلىشكە باشلايدۇ. دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولغان كىشى كىرىپ كېلىدۇ. پىروسسىيە ھۆكۈمىتى ئىچكى ئىشلار ئامانلىق ساقلاش مۇدىرى رۇدولف دېيلس فۈھرېر بىلەن گېۆرىڭ ئىككىسىگە دوكلات بېرىپ، ئوت قويغۇچىنىڭ بىر گوللاندىيىلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ۋان دېر لۇب ئىكەنلىكىنى، ئۇنى پارلامېنت سارىيى ئىچىدە تۇتىۋالغانلىقىنى

ئېيتىدۇ. بۇ ئادەم يېرىم يالىڭاچلانغان بولۇپ، سوراقچىلاردىن بىرى ئۇنىڭدىن "نېمىشكە ئوت قويدۇڭ؟" دەپ قاتتىق ۋارقىراپ سورىغىنىدا، بۇ ئاكتىپ ياش "نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن" دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

گېۆرىڭ، بىر تەرەپتىن شۇئار توۋلىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇيرۇق قىلغاچ، "بۇ بىر كوممۇنىستلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ باشلىنىشى. شۇڭا بىر مىنۇتمۇ ۋاقىتنى زايا قىلماسلىقىمىز كېرەك. ..." ھىتلېر ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزىۋېتىدۇ: "ئۇلارغا ئۆزىمىزنى تونۇتۇپ قويۇشىمىز كېرەك! كىمكى بىزگە توسقۇنلۇق قىلماقچى بولىدىكەن، چوقۇم ئۇنى يوقۇتىشىمىز كېرەك! _ ئۇ بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، يۈزلىرى قىپ-قىزىل قىزىرىپ كېتىدۇ، _ گېرمانىيە خەلقى ئۆزۈنىدىن بېرى بەكلا يۇمشاقلىق قىلىپ كەلدى. ئەمەل تۇتتۇۋاتقان كوممۇنىستلار بەھەيدارلىرىنى بىر-بىرلەپ ئېتىپ تاشلاش كېرەك.300 قۇرۇلتاي ۋەكىلى بولىۋالغانلىرىنى بۇ كېچە يىغىپ دارغا ئېسىش كېرەك. كومپارتىيىنىڭ دوستلىرىنى پۈتۈنلەي قاماۋېتىش كېرەك. بۇنداق بىر تەدبىر سوتسىئال دېموكرات پارتىيىسىدىكىلەر بىلەن دۆلەتكە زىيانلىق ھاشارەتلەرگىمۇ ئۈيغۇن!" دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ.

دېيلس، فوھرېرگە مۇنداق دەيدۇ: ئوت قويغۇچى ئۆزىنىڭ كوممۇنىستلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى، پارلامېنت بىناسىغا ئوت قويۇش ئىشى ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇزقىلغان ئىشى ئىكەنلىكىنى دەپ چىڭ تۇرىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. دېيلس يەنە، ئۇنىڭ ئىقراسى ھەقىقەتەنمۇ راست گەپتەك قىلىدۇ. يەنى بۇ كىشى بىر ساراڭ ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

"بۇ سۇيقەستچى ھەقىقەتەن بەكلا ھىلىگەر بىر نېمە ئىكەن. بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ ئۇزۇستىلىق بىلەن پىلانلانغان بىر ۋەقە. _ دەيدۇ ھىتلېر سوغۇققانلىق بىلەن. كەينىدىنلا ۋارقىرىغىنىچە تىللاپ كېتىدۇ: _ بىردىن-بىر ئېھتىماللىق شۇكى، ئۇلار بىزنى قىلچىمۇ كۆزگە ئىلمىغان. شۇنىڭدەك گېرمانىيە خەلقىنىمۇ كۆزگە ئىلمىغان. ئۇلار چاشقان تۆشىكىگە كىرىپ يوشۇرنۇۋالغان بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تەنتەنە قىلىشلىرىغا قۇلىقىنى يۇپۇرىۋېلىشقان. مانا ئەندى ئۇلار چاشقان تۆشىكىدىن چىقماقچى بولماقتا!" دېيلس ئۇنىڭغا، كوممۇنىستلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاۋاتىدۇ دېيىش ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان بەكلا كۈلكىلىك گەپ ئىكەنلىكىنى، نۇرغۇنلىغان كومپارتىيە خائىنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش دېگىنىنىڭ قۇرۇق قەغەز يۈزىدىكىلا گەپلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى دەيدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭ گېپىگە زادىلا قۇلاق سالمايدۇ. ئۇ قايتا گۆكۈرەپ تىللاپ كېتىدۇ: "بۇ توڭگۇز كۈچۈكلىرى، ... ماڭا ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتىش كېرەك ئەمەس، ئېنىقكى، كومپارتىيە گېرمانىيىنىڭ ئۇلغا ئوت قويۇۋېتىشتەك رەزىل ئىككى يۈزلىمىلىكىنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاممىنى كۈشكۈرتۈش

تەشۋىقاتى بىلەن شوغۇللانغانلىقىنىڭ بىر ئىشارىتى!“ دەپ قاياناپ كېتىدۇ.

گۇلدۇرماملىق ئۆتكەن بۇ يىغىن كېچە سائەت 11 غىچە داۋام قىلىدۇ. كەينىدىنلا پىروسىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ ئۆيىدە يەنە بىر يىغىن ئېچىپ، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. ئاندىن ھىتلېر، بۇ قېتىمقى ئوت قويۇش ۋەقەسىنى قايسى تۈردە ئېلان قىلىشنى كۆرمەكچى بولۇپ «خەلق كۆزەتكۈچىلىرى» گېزىتىنىڭ شۇ يەردىكى شۆبىسىگە بارىدۇ. ”ئۇلار مېنى نەق يېرىم سائەت ساقلاتتى. ئىچىدە بىر قانچە تەھرىر ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئاخىرى بىر ياردەمچى تەھرىر چىقىپ كەلدى. ئۇ بەكلا ھارغىن كۆرۈنەتتى.“ ھىتلېر دەرھال گېۋبېلسنى چاقىرتىپ كېلىدۇ. كېيىنكى سان ئۈچۈن ماقالە تەييارلاش ئۈچۈن ئىككىسى تاڭ سۈزۈلگىچە باش قاتۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇلار قىزىللارنىڭ ”ئامىمنىڭ قورقۇشتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي يۈرگەن“ پەيتىدىن پايدىلىنىپ ھوقۇق تارتىۋېلىشنى پىلانلاپ يۈرگەنلىكىنى ئەيىپلەش ئۈچۈن ماقالە تەييارلىشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېۆرىڭمۇ پىروسىيە ئورگان گېزىتىگە خەۋەر يازغان كىشىگە ۋارقىراپ-جارقىراپ كېتىدۇ. بۇ خەۋەر ئارانلا 20 قۇر يېزىلغان بولۇپ، خەۋەردە پەقەت بىرلا ئوت قويغۇچىنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان ئىدى. گېۆرىڭ خەۋەر ئارگىنالىغا مۇنداقلا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ۋارقىراپ كېتىدۇ: ”پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ! بۇ يازغىنىڭ ساقچى دوكلاتى ئۈچۈن بەلكىم ئەڭ مۇۋاپىق بىر دوكلات ھېسابلىنىشى مۇمكىن. ئەمما ھەرگىزمۇ مەن كۈتكەن بىر خەۋەر ھېسابلانمايدۇ! ياق، پەقەتلا قاملاشماپتۇ!“ دېگىنىچە كۆك رەڭلىك قېرىنداشتىن بىرنى ئېلىپ يۈز قاداق كۆيدۈرگۈچى ماددا دېگەننى مىڭ قاداق دەپ ئۆزگەرتىدۇ. يازغۇچى بۇنىڭغا بىر ئادەم قانداقسىگە بۇنچە ئېغىر يۈكنى كۆتىرەلەيدۇ، دەپ نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. گېۆرىڭ ئۇنىڭغا قاراپ مازاق قىلغان ھالدا: ”مۇمكىن بولمايدىغان ھېچ قانداق ئىش يوق. بىز نېمىشكە بىرلا ئادەم بار ئىدى دەيدىكەنمىز؟ ئون ئادەم بار ئىدى، ھەتتا 20 ئادەم بار ئىدى دېسەكچۇ؟ سەل يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋرىڭ يوقمۇ قانداق؟ بۇ دېگەن كومپارتىيىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش سىگنالى!“ گېۆرىڭ بۇ خەۋەرنى قايتىدىن يېزىپ، ۋان دېر لۇبنىڭ شېرىكلىرى پارلامېنت ۋەكىللىرىدىن بولغان ئىككى نەپەر كوممۇنىست دەپ كۆرسىتىدۇ. ماقالىنى تەييارلىغان كىشى بۇ بىر رەسمى ھۆججەت بولمىغنى بىلەن بىر پارچە سىياسىي ھۆججەت ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن گېۆرىڭدىن قول قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالىدۇ: ”سىز ئىمزالىسىڭىزلا مەن ئۇنى خەۋەرلەر بۆلۈمىگە تاپشۇرىمەن. ئۇلارمۇ بىسىشقا چوقۇم ماقۇل بولىدۇ.“ گېۆرىڭ نائىلاج 'G' (”گېۆرىڭ“ نىڭ باش ھەرپى) شەكلىدە ئىمزا قويۇپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا بارلىق ساقچى دائىرىلىرىغا تەۋە رادىئو ئىستانسىلىرى پارلامېنت

ئىچىدىكى كومپارتىيە دېپۇتاتلىرىنى، شۇنىڭدەك شتاتلىق ۋە شەھەرلىك پارلامېنتلاردىكى كومپارتىيە دېپۇتاتلىرىنى قولغا ئېلىش،301 كومپارتىيە كادىرلىرىنىمۇ تۇتۇش، بارلىق قىزىللار گېزىتلىرىنى پۈتۈنلەي پىچەتلەش ھەققىدە جار سېلىشقا كىرىشىدۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمىقى ۋەقەنىڭ تەسىرىدىن يۈرەكلەنگەن ھىتلېر ئۆزىنىڭ ئەڭ كېيىن تارقاتقان چەكلەش بۇيرۇقىنى يەتتە قات ئاسمانغا چۆرىۋېتىدۇ. ئەتىسى چۈشكە يېقىن، ھىتلېر ئاشكارە تۈردە ھەربى ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈش كۈرىشىنى باشلىۋېتىدۇ. ھۆكۈمەت كابىنېت يىغىنى باشلىنىشتىن ئاۋال ھەر قايسى ۋازارەت مىنىستىرلىرى دەرىجىسى بويىچە قاتار تىزىلىپ بىر-بىرلەپ باش مىنىستىر ھىتلېرغا سالام بېرىشىدۇ (بۇ ئەسلىدە كابىنېت يىغىنى باشلىنىشتىن بۇرۇن بېجىرىلىدىغان بىر ئەنئەنە ئىدى). ئاندىن ئۇ ئۆز بېشىغا مۇستەبىتلەرچە يىغىن باشقۇرىدۇ. ئۇ، نۆۋەتتىكى بوھران بىزنى "قىلچە رەھىم قىلماي"، "قانۇنغىمۇ قارىماي" كومپارتىيىدىن "ھېساب ئېلىشىمىز" نى تەقەززا قىلماقتا دەپ ئۆۋقتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ، دۆلەتنىڭ قىزىللارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچىرىشىدىن ساقلىنىش جىددىي ھالەت قانۇنىدىن بىرنى قوبۇل قىلىش، شۇنىڭدەك بۇنداق بىر قانۇن كۆرۈنۈشتە ئېھتىياتتىلا مەقسەت قىلىدىغان بىر قانۇن بولۇپ كۆرۈنىشى كېرەكلىكىنى، ھەمدە بەك كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيدىغان بىر قانۇن بولىشى كېرەكلىكىنى تەكلىپ قىلىدۇ. يەنى، بۇ قانۇن بەكلا سىلىق بىر شەكىلدە "بۇ بىر ئالاھىدە تەدبىر بولۇپ، گېرمانىيە خەلقىنىڭ ئارخىپ-ھۆججەتلىرىنى قوغداشنىلا مەقسەت قىلىدۇ" دېگەندەك سىلىق سۆزلەر بىلەن يېزىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما فرانك بۇ قانۇننىڭ دەسلەپكى لايىھە نۇسخىسىنى ئوقۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، كىشىلەر شۇنى ھېس قىلىشتىكى، بۇ قانۇن ئەسلىدە دېموكراتىك جەمئىيەتنىڭ خەلققە بەرگەن كۆپ ساندىكى ھوقۇقلىرىنى تارتىپ ئېلىنىدىغانلىقىنىڭ بىر بەلگىسى ئىدى. يەنى ئالدى بىلەن بۇ قانۇن ۋېيمار ئاساسى قانۇنى بەلگىلىگەن پۇخرالارنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنى، يەنى سۆز قىلىش ئەركىنلىكىنى، نەشرىيات ئەركىنلىكىنى، ئائىلىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى، خەت-ئالاقە ۋە تېلېفوندا سۆزلىشىشنىڭ مەخپىيەتلىكىنى، يىغىلىش، جەمئىيەت ئۇيۇشتۇرۇش ئەركىنلىكىنى ۋە شۇنىڭدەك شەخسى مۈلۈكلەرنىڭ دەخلىسىزلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئاخىرىدا بۇ قانۇن يەنە ئىمپېرىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى تەرتىپ-ئىنتىزامنى ساقلىيالمايۋاتقان شتاتلىق ھۆكۈمەتلەرنىمۇ ۋاقىتلىق تىزگىنلەپ ئالالايدىغانلىقىنىمۇ بەلگىلىگەن ئىدى. يىغىندا بىرمۇ مىنىستىر ئوتتۇرىغا چىقىپ پۇخرالارنىڭ ھوقۇقىنى تارتىپ ئېلىنىشىغا قارشى تۇرمايدۇ؛ يالقۇز پاپېنلا ئەگەر ھەر قايسى شتاتلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالغىنىمىزدا قاتتىق ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى سالغان بولۇپ قالمايمىزمۇ، بولۇپمۇ باۋارىيە شتاتىدا شۇنداق

بولماسمۇ، دەپ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پاپېننىڭ بۇ ئۇخشىمىغان پىكرىمۇ بىردەملىكلا تىكرقاشىنى پەيدا قىلىپ ئۆتۈلۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلغىلى بولمايدىغان قەغەز يۈزىدىلا قالىدىغان ئاز-تولا ئۆزگەرتىش بېرىلىپلا ئۆتكۈزۈۋېتىلىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، ھىتلېر پاپېن بىلەن بىرلىكتە ھىندېنبۇرگنى كۆرگىلى كىرىدۇ. ئۇ يەردە فۇھرېر بۇ قانۇن ئۈستىدە چۈشەندۈرۈش بېرىپ، قىزىللار ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن بۇنداق بىر قانۇن چىقىرىش بەكلا زۆرۈر دەپ تەكىتلەيدۇ. پاپېن بىلەن مېسنېر ھېچقانداق بىر ئىپادە بىلدۈرمەيدۇ. شۇڭا پرېزىدېنت گەپمۇ قىلماي بۇ ھۆججەتنى ئىمزالاپ بېرىدۇ.

شۇ سەۋەپتىن «دۆلەت پەۋقۇلئاددە قانۇنى» كونسېرۋاتىپلارنىڭ كۈچلۈك ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ھەربى ئىشلار تەدبىرىنىڭ ئورنىغا ھەربى دىكتاتورلۇق شارائىتى ئاستىدا باش قوماندانلىقلا بېرىلىدىغان ھوقۇقنى ھۆكۈمەت كابىنېتى قولىغا ئالغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش ئىدى. مۇنداق قارىماققا، بۇ تۈردىكى ھوقۇقنىڭمۇ ئۈنچە بەك قورققىدەك يېرى يوق كۆرۈنەتتى. چۈنكى كابىنېتتا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان تەرەپ ھېچقاچان مىللى سوتسىئالىزمچىلار پارتىيىسى ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ قانۇن ماقۇللانغان بولدى، ئەمما ۋاقىت قىستاپ قالغانلىقى ھەمدە كۈچلۈك ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ئەھۋال ئاستىدا بۇرۇنقىدەك پۇخرالار ھوقۇقنى ئازايتىش تەكلىپىنى كەم ئورنىغا قويغانلىقى بىلىنمىگەنىدەك، بۇ قېتىمقى پۇخرالار ھوقۇقىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى پەرق قىلالايدىغان ھېچ كەم يوق ئىدى. بۇ ئىشلار بەلكىم ھىتلېرنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەت تىكلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان بىر سۈيىقەستلىك پىلانى ئەمەس بەلكىم تارىخنىڭ تەساددىپلىق ئالاھىدىلىكىنىڭ بىر بىشارىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتى ۋەقەسى ھىتلېرنى چېكىدىن ئاشقان جىددىيلىشىش ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويغان بولۇش بىلەنلا قالماي، ھەقىقەتەنمۇ كوممۇنىستىك ئىنقىلابتىن ئۈلگىدەك قورقىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسەتمەكتە ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ھىتلېرنىڭ غەلىتە ھەرىكەتلىرى، شۇنىڭدەك گېۋرىڭ بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشالايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ھەرگىزمۇ رەسمى باش قاتۇرۇپ پىلانلانغان سۈيىقەستچىلەر پىلانى بولۇشى ناتايىن. ھىتلېرنىڭ پارتىيىسى ھەرگىز ئۇركۈپ كېتىشنىڭ ئىپادىسى ئەمەس بەلكى ۋەزىپىسىگە بولغان ھەۋەسىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بىر مىجەز دېيىش كېرەك. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتى ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى قىزىللار بىلەن يەھۇدىيلار ھەققىدە دەپ يۈرگەنلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى ھېسابلىناتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىنكى ئىجرائەتلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان بىر قىتىملىق توپىلاڭنى باستۇرۇشنىڭ جىددى تەدبىرلىرى ئىدى.302 بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى ھىتلېرنىڭ بارلىق ھوقۇقلارنى قولغا كىرگۈزۈش يولىدىكى بىر ئالغاتاشلىغان قەدەم بولۇپ قالدى. شۇندىن باشلاپ، ماشىنا-ماشىنا ئېس-ئاچىلار بىلەن ئېس-ئېسچىلار ئالدىراش قەسەم بېرىشىپ پەۋقۇلئاددە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتا ساقچىلارنىڭ يېقىن ياردەمچىلىرىگە ئايلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ دەرھال ئاتلىنىپ بۇرۇنلا ئادرېسلىرىنى ئىگەللەپ بولغان كومپارتىيە ھۆجرىلىرى بىلەن پۇقىخانىلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇلارنى ماشىنا-ماشىنا قولغا ئېلىپ تۈرمە ياكى گەمە قەۋەت سوراقخانىلارغا قامىۋېتىشىپ، رەسمى ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان كوممۇنىستلار بىلەن سوتسىئال سېموكراتچىلارنىڭ سانى ئۈچ مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئايرودروم، كېمە پورتلىرى قاتارلىق يەرلەر قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپ، يويىزلارمۇ چېگرا لاردا قاتتىق تەكشۈرۈلۈشكە باشلىنىدۇ.

گىيۆرىڭ شۇ كۈنى ھەققەتەنمۇ تېرىسىگە پاتماي قالىدۇ. ئەتىسى، پروسسىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۈپىتى بىلەن رادىئو نۇتقى سۆزلەپ كومپارتىيىنىڭ "ئېغىر سۇيىقەست قىلىش جىنايى قىلمىشلىرى" نى ئەيىپلەيدۇ. ئۇ ئەيىپنامىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئېس-ئاچىلار بىلەن ئېس-ئېسچىلار ئۇنفورمىسىنى كىيىپ دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايى ھەرىكەت ۋە تېررورلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن شوغۇللىنىش پىلانلىرىنى تۈزۈشكەن. پارلامېنت بىناسىنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى، كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ چوڭ ئاپەتلەرنى پەيدا قىلىشىنىڭ بىر سىگنالى ئىدى. بۇنداق ھەرىكەتلەر بىلەن شوغۇللىنىشتىكى مەقسەت، ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى باشقا تەرەپلەرگە بۇرىۋېتىپ، خەلقنى ئىنقىلابچىلارنىڭ بۇرنىدىن يېتىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىشتىن باشقا ئەمەس. ئەمما مەملىكەت خەلقى بۇنىڭلىق بىلەن قورقۇپ پاراكەندە بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. بىز كوممۇنىستلارغا شۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىمىزكى، ئىرادىمىز ھەرگىز سۇنمايدۇ. بىز سىلەردەكلەرنىڭ ھىلىمىكىرلىرىنى پۈتۈنلەي يىمىرىپ تاشلاش كۈچىگە ئىگىمىز!"

ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرىگە گېرمانىيىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر قايىلدەك قىلغىنى بىلەن چەتئەللىك ئەرباپلار ئۇنىڭ بۇ تۇر ئالدامچىلىقلىرىغا ئۇنچە ئاسان ئىشىنىپ كەتمەيتتى: "كومپارتىيە بىلەن بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىنى بىر-بىرسىگە باغلاشقا ئۇرۇنۇش پۈتۈنلەي ئاخماقلىق. _ دەپ يازىدۇ لوندوندا چىقىدىغان «ئاخبارات تېزىسلىرى» گېزىتى، _ دېپلوماتىيە ساھەسى بىلەن ئاخبارات ساھەسىدىكى ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ئەنە شۇنداق قاراشتا. كىشىلەر، پارلامېنت بىناسىغا ئوت قويۇۋېتىش ۋەقەسىنى ناتسىستلارنىڭ

ئۆزلىرى مەخسۇس پەيدا قىلغان بىر ۋەقە، شۇ ئارقىلىق ئۇلار كومپارتىيىنى باستۇرۇشنىڭ باھانىسى قىلىشماقچى، دەپ قارىماقتا."

ئەتىسى، يەنى 2-مارت كۈنى، سېفتون دېلمېر ھىتلېرنى زىيارەت قىلىپ بۇنىڭدىن بۇنداق دېيىشكە جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ھىتلېر چەتئەللىك مۇخبىرلارنى ۋارقىراپ-جارقىراپ تىللىغىنىچە، ئەسلىدە سىلەر ئورتاق دۈشمىنىمىز بولغان كومپارتىيىنىڭ قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرىگە قارشى چىققانلىقىمىز ئۈچۈن بىزدىن قالايماقان سوئال سوراپ يۈرمەي بىزدىن تەسىرلىنىشىڭلار، رەھمەت ئېيتىشىڭلار كېرەك ئىدى، دەيدۇ. دېلمېر سۆز قىستۇرۇپ، كەڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىش كىشىلەر ئارىسىدا قاتتىق قورقۇنۇچ پەيدا قىلىۋەتتى، كىشىلەر ھىتلېر ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈستىدە قانلىق قىساس ئېلىشنى پىلانلاۋاتىدۇ دېيىشمەكتە، دەيدۇ. "ماڭا سان بارتولومېۋ كېچىسىنىڭ ھاجىتى يوق. _ دەيدۇ ھىتلېر ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، _ ھازىر ئۇلار ئۈچۈن سوت ئېچىلدى، دۆلەت دۈشمەنلىرى سوتتا سوتلىنىدۇ. سوت مەھكىمىسى بارلىق سۈيىقەستلەرنى ئوتتۇرغا چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلالايدۇ." (بارتولومېۋ _ ئەيسانىڭ 12 ھاۋارىلىرىدىن بىرى. 1572-يىلى 24-ئاۋغۇست كۈنى ئاخشىمى، فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى كاتولىكلار كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىنغان. شۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىق "بارتولومېۋ چوڭ قىرغىنچىلىقى" دەپ ئاتالغان _ ھاشىيە ئىزاھاتى) دېلمېر، ھىتلېردىن: مېنىڭچە بولغاندا، سىز قانۇنلۇق ئۇسۇل بىلەن ئۆز دۈشمەنلىرىڭىزنى ئۆلتۈرمەكچى، شۇنداقمۇ؟ يۇقىرىلار ھوقۇقىنى مەڭگۈلۈك ئەمەلدىن قالدى دېسەك بولامدۇ؟ دەپ سورايدۇ. "ياق، كومپارتىيە تەھدىتى پۈتۈنلەي يوق قىلىنغاندىن كېيىن ھەممە ئىش قايتا ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. _ دەپ جاۋاب بېرىدۇ ھىتلېر، _ بىزدە قانۇنلار بەكلا يۇمشاق بولۇپ قاپتۇ. بۇنداق قانۇنغا تايىنىپ بولشېۋىكلارنىڭ جەھەننەمگە تېز ۋە كۈچلۈك تاقابىل تۇرالماي كەلدىم. مەنمۇ نورمال ۋەزىيەتنىڭ تېزراق ئەسلىگە كېلىشىنى خالايمەن. ئەمما ئاۋال كوممۇنىزمنى قۇمۇرۇپ تاشلىشىمىز شەرت."

كۈنلەرنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ پۈتكۈل ياۋروپادا كىشىلەر پارلامېنت سارىيىغا ئوت قويۇش دېلوسىنىڭ ناتسىستلارنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىگە بارغانسىرى ئىشىنىشكە باشلايدۇ. ئاشكارىلانغان بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، گېۆرىڭنىڭ بىناسى بىلەن پارلامېنت سارىيى ئوتتۇرىسىدا بىر يەر ئاستى تونېلى بارلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن كىشىلەر قاتتىق ھەيران قالدى. بۇ ھەيرانلىق كىشىلەرنى بۇنداق ۋەقەنىڭ ئۆزلىرى پەيدا قىلغان دېگەن گەپلەرگە ئىشىنىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بۇ ھەقتە بەكلا كۈچلۈك ئىنكاسلار قوزغىلىپ كېتىدۇ. ئەمما بۇنداق داۋراڭلارنىڭ ئوتتۇرغا

چىقىشى ھىتلېرنى ۋان دېر لۇب بىلەن كومپارتىيە گۇمانلىق ئۇنسۇرلىرى ئۇستىدىكى سوت ئىشلىرىنى تېزلەشتۈرۈشكە ئالدىرىتىدۇ. گەرچە ساقچى دائىرىلىرى ئوبيېكتىپ دوكلات سۇنۇپ "بۇ دېلو شۈبھىسىزكى لۇب يالغۇز ئىشلىگەن بىر جىنايەت دېلوسى" دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ قىلچە رولى بولمايدۇ.303 ئەسلىدىلا ھىتلېرنىڭ بۇ دېلونى تېز بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئالدىرىغانلىقى ئاخماقانىلىق ئىدى. دەرۋەقە، ھىتلېر ھەر قانچە ئالدىرىغان بولسىمۇ، بۇ دېلونىڭ سوتلىنىشى نەچچە ئايغىچە سوزۇلۇپ ئايغى چىقمايدۇ. بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلىشى ئۇنىڭ ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلىرىگە بىر باھانە بولۇپ بېرىدۇ.

3

شۇنىڭغا قارىماي پارلامېنت بىناسىنىڭ كۆيدۈرۈلۈش دېلوسى يەنىلا قىسقا مەزگىللىك بولسىمۇ ھىتلېرغا پايدىلىق بىر ۋەقە ھېسابلىناتتى. چۈنكى سايلام كۈنلىرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئوت ئاپتى كۆپ سانلىق نېمىسلارنىڭ ئىنقىلابتىن ئۈركىشىنى كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. تۈركۈم-تۈركۈملەپ قوشۇر كۆچلەكلىكلەر كومپارتىيىلىكلەرنىڭ سايلام رىقابىتى تەشۋىقات پىلاكاتلىرىنى سۆكۈپ تاشلاپ، ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ پىلاكاتلىرىنى قاداپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا، بۇنىڭغا قارشى تۇرغىدەك ھېچ كىم يوق دېيىشكە بولاتتى. ھىتلېرمۇ كومپارتىيىنى قانۇنسىز تەشكىلات دەپ ئېلان قىلىشتەك سىياسىي خاتالىقنىمۇ سادىر قىلمايدۇ. ئۇ پەقەتلا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋازىنىڭ سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسى قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى سايلامدىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىشقا قالدۇرغان ئىدى. ناتسىستلار پۈتۈن مەملىكەت تەۋەسىدە كەڭ كۆلەمدە تېررورلۇق خەۋەرلىرىنى تارقىتىپ، قىزىللار كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ مەملىكىتىمىزنى قان دەرياسى ئىچىگە پاتۇرىۋەتمەكچى، شۇڭا سايلىغۇچى پۇخرالار مىللى سوتسىئالىزم پارتىيىسىگە ھوقۇق بېرىشى لازىم دەپ خەلققە چاقىرىق قىلىدۇ. گيۆرىڭ تېخىمۇ ئوچۇق ھالدا "يۇرتداشلار، قانۇنى جەھەتتىكى ھەر قانداق ئويلىنىش مېنىڭ تەدبىر ئېلىشىمنى قىلچە تەۋرىتەلمەيدۇ" دەيدۇ. 3-مارت كۈنى، يەنى سايلامغا ئىككى كۈن قالغاندا، گيۆرىڭ فرانكفورتتا خەلق ئاممىسىغا يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ھەر قانداق بىر مەمۇرى ئورگان مېنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرگەن تەدبىرلىرىمنى توختىتالمايدۇ. چۈنكى مەن قانۇندىن ئەنسىرەپ يۈرمەيمەن، مېنىڭ ۋەزىپەم ۋەيران قىلىش، يوق قىلىش. بۇ بىر قالايماقانچىلىققا قارشى كۈرەش، مەن ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ يۈرمەستىنلا بۇ بىر

مەيدان كۆرەشنى قانات يايدۇرۇمەن. بۇرجۇئازىيە دۆلەتلىرىمۇ چوقۇم شۇنداق قىلغان بولاتتى. تەبىكى مەنمۇ دۆلەت ھوقۇقى بىلەن ساقچى كۈچلىرىدىن ئەڭ يوقۇرى چەك دائىرىسىدە پايدىلىنىشىم مۇمكىن. قەدىرلىك كوممۇنىست ئەپەندىلەر، شۇڭا سىلەر ھەرگىزمۇ مىنى خاتا مۆلچەرلەپ يۈرمەڭلار. بۇ كۈرەش جەريانىدا مەن قوۋۇر كۆڭلەكلىكلەرنى جان تىكىپ كۆرەش قىلىشى ئۈچۈن يىتەكچىلىك قىلىمەن. ئەندى مەن كانىيىڭلارغا ئېسىلغىنىم ئېسىلغان!"

بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ قىلچە يوشۇرماي مەقسىدىنى ئوتتۇرغا قويىشى ئىدى: قانۇن سىرتىدا رەھىمسىزلەرچە زورلۇق كۈچىنى ئىشقا سالىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىشى، پەقەتلا پارلامېنت بىناسىغا ئوت قويۇلۇش ۋەقەسىدىن ئىلھام ئالغانلىقىنىڭ بىر نەتىجىسى ئىدى. ناتسىستلارنىڭ بەختىگە پاپېن-ھىندېنبۇرگ ئېقىمىدىكىلەر، شۇنىڭدەك سانائەتچىلەر، بەزىدە بۇ تۈردىكى كىشىنى چۆچۈتكىدەك سۆزلەرگە سۈكۈت قىلىش بىلەنلا قالماي، ھىتلېرنىڭ سايلام ھەرىكىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ بېرىدۇ. پىروسىيە مالىيە نازىرى ئاۋستىرىيىدىن كەلگەن بىر زىيارەتچىگە "ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدىغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر" شۆبېرىن ۋون كروسىگقا ئوخشاش كىشىلەر ھۆكۈمەت تەركىۋىدە قالىدىغانلىلا ئىش بولىدىكەن، ناتسىستلارنىڭ غەلىبە قىلالىشىنىڭ مەڭگۈ ئىمكانى يوق، دېيىشەتتى. گېۆرىڭ بىلەن گېۆببېلس قاتارىدىكى كومىدىيەچىلەرنىڭ ھاياجانلىنىپ سۆزلىگەن سۆزلىرىگە بەك ئېتىۋار قىلىپ كېتىش ھاجەتسىز، چۈنكى "ئەمەلىيەتتە ئىشقا مەسئۇل بولىدىغانلار بەرىبىر كونسىرۋاتىپ كىشىلەر بولۇپ، ھىتلېر ئارىلاشماي بىر چەتتە تۇرۇپ بېرىشتىن باشقا چارىسى يوق" دەپ قارىشاتتى.

سانائەتچىلەرمۇ ھىتلېرنى تىزگىنلىيەلىگىدەك كۈچكە ئىگىمىز دەپ قاتتىق ئىشەنچ قىلىشاتتى. تېخى يېقىندىلا ئۆتكۈزۈلگەن بىر يىغىندا 25 نەپەر سانائەتچى ئوتتۇرغا چىقىپ بۇ قېتىمقى سايلامنىڭ چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويۇشقان ئىدى. گىرۇپ ۋون بوھلېن، سانائەتچىلەرگە ۋاكالىتەن ھىتلېرنى ئىزچىل قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن گېۆرىڭمۇ ئوتتۇرغا چىقىپ ئىنئانە يىغىش تەكلىۋىنى بېرىدۇ: "ئەگەر جانابلار بىزگە ئىشىنىدىغانلا بولىدىكەن، بۇ قېتىمقى سايلامدىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە، بەلكىم يۈز يىلغىچە قايتا سايلام بولمايدۇ، شۇنداق بولغىنىدا بىز تەلەپ قىلغان پىداكارلىقلارنى تېخىمۇ ئاسان ئۈستىمىزگە ئالالايمىز" دەيدۇ.304 بانكىر شاخت دېموكراتىك تۈزۈمگە بۇنداق تەھدىت سېلىشنى خاتا ھالدا ئۆزلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن كاپالەت دەپ قاراپ: "ئەپەندىلەر، قېنى ئەمسە، ھەممەيلەن ھەميانلىرىڭلارنى ئوتتۇرغا تۆكۈڭلار!" دەيدۇ. سانائەتچىلەر بۇ گەپتىن كېيىن بىر-بىرسىنىڭ قۇلىقىغا كۇسىلدىشىشقا

باشلايدۇ. قىرى كرۇپ پۇتكۈل رۇرلۇقلارغا ۋاكالىتەن بىر مىليون مارك (تەخمىنەن 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى) ئىئانە قىلىدۇ، ئى. گ. فاربېننىڭ ۋاكالەتچىسى 4 يۈز مىڭ مارك ئىئانە بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قالغانلارمۇ بېرىدىغىنىنى ئوتتۇرغا قويۇپ، جەمئىي 3 مىليون مارك پۇل يىغىلىدۇ.

بۇنچە پۇل بولىشى بىلەن، مىللىي سوتسىئالىزم پارتىيىسىگە قوشۇلۇپ ھەمكارلىق تىكلىگەن قالغان ئىككى پارتىيىمۇ مەملىكەت بويىچە كۈچلۈك تەشۋىقات ھەرىكىتىنى قوزغىۋېتىدۇ. مىللىي سوتسىئالىزم پارتىيىسىنىڭ ئاساسلىق نۇتۇقلىرى ئومۇمەن ھالدا رادىئو ئىستانسىسى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىدۇ. ئۆيىدە رادىئوسى بولمىغان سايلىغۇچىلارغا كوچا-دوخمۇشلار ۋە مەيدانلاردا كاناي ئورنىتىپ تەشۋىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەدىلىرى بىلەن تەھدىتلىرى پۈتۈنلەي بۇ رادىئو كانايلىرى ئارقىلىق تارقىلىشقا باشلايدۇ. ھىتلېر دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى قانۇنلۇق گەپلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن پات-پات ھىندېنبۇرگنىڭ ئىسمىنى نۇتقىدا زىكىر قىلىپ تۇراتتى. بىر قانچە ئاي ئاۋال، دەل شۇ ئادەملەر بۇ قېرى بوۋاينى كالۋا دېيىشكەن بولسا، مانا ئەندى ئۇنى چەكسىز كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بىر قەھرىمان قىلىپ كۆرسىتىشىدۇ.

پارتىيە ئەزالىرى سايلامدا ئۈستۈن ئاۋازغا ئېرىشىپ ھاكىمىيەت كۈچىنى ئېخىمۇ كۈچەيتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغان بۇ ھەرىكەتكە قىزغىنلىق بىلەن ئاتلىنىدۇ. ئېس-ئاچلار بىلەن ئېس-ئېسچىلار بۇرۇنقىدەك ئۇنداق ساقچىلار باستۇرۇۋېتەرمۇ دەيدىغان غەم-ئەندىشىدىن قۇتۇلغان ئىدى. ئەكسىچە، ساقچىلار بۇ ئېس-ئاچلار بىلەن ئېس-ئېسچىلارنى ئۆزلىرىگە ياردەمچى كۈچ دەپ قارىشىپ، بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك نامى ئاستىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشلىرىنىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋالىدۇ.

ھىتلېر نۇتۇقلىرىدا ئۆكتىچىلەرنىڭ قولغا چىققىدەك بىرەر پروگراممىسى يوق دەپ تەنقىت قىلىسىمۇ، ئۆزىمۇ بىرەر لايىھىنى ئوتتۇرغا قويالمايدۇ. ئۇ پەقەتلا تۆت يىللىق ھاكىمىيەت ئۈستىدە قېلىشنىلا تەلەپ قىلىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئىقتىدارىنى ئىسپاتلاشقىلا تىرىشىدۇ. سايلام ھارپىسىدا، گېبېلس سايلام كۈنىنى ”مىللىي ئويغۇنۇش كۈنى“ دەپ ئاتاپ، يېرىم كۈنلۈك بايرام كۈنىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ھەممىلا ئادەم ھىتلېرنى قوللايدىغاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ھىتلېرنى ياشلارنىڭ غايىسى، ۋەتەنپەرۋەرلەردەك بايرىقىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ يول باشلاپ ماڭىدىغان بىرسى دەپ تونۇيتتى. موسكۋانىڭ ئىنقىلابچىلارنى قوللىشىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا پەقەت ئىككىلا يول قالغان ئىدى: گېرمانىيە بىر بولسا قىزىللىشىش يولىدا مېڭىشى، يا بولمىسا قوڭۇرلىشىش يولىدا

مىڭشى كېرەك ئىدى. ئەمما قوڭۇرلىشىش كىشىلەرنى تېخىمۇ بەكرەك جەلپ قىلىشقا ئۇرىنىدىغانلىقلىرىنى. بۇرۇنلاردا باشقىلارنى تەنقىتلەپ كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەر، مەسىلەن كېيىن فىدراتىپ گېرمانىيىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق پرېزىدېنتى بولغان تېئودور خېۇس، ھىتلېرنىڭ كۆرۈنەرلىك يۇمشاپ قالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويالىغىدەك بولۇپ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. "ئۇنىڭ ئەسەبىي سۆزلىرى خېلىلا ئازىيىپ قالدى. ئۇ ئەندى يەھۇدىيلارغا ئوت پۈشكۈرمەس بولدى. تۆت سائەتلىك نۇتقى ئىچىدە بىر ھەر قېتىممۇ يەھۇدىي سۆزىنى تىلغا ئالمىدى" دەيدۇ. ھەتتا بەزى يەھۇدىيلارمۇ ھىتلېرنى قوللاپ چىقىدۇ؛ «مەملىكەتلىك يەھۇدىيلار بىرلەشمىسى» فۇھرېرنىڭ شەرقتىن كەلگەن يەھۇدىي ئېلىپ ساتارلىرنىڭ گېرمانىيىگە كىرىشىنى چەكلىشىنى تىلغا ئالمايلا قالماي ئۇنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىنى قوللاشقا كىرىشكەن ئىدى.

گەرچە، كۆرۈنۈشتە سۆزلەر يېتەرلىك سۆزلەنگەن، سايلام رىقابىتى جەريانىدىمۇ زور مىقداردا پۇل ۋە زېھىن سەرىپ قىلىنغان بولىشىغا قارىماي، مىللىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ ئېرىشكەن ئاۋازى ئارانلا 43.9 پىرسەنت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمۇ ئۇلارغا پارلامېنتتا بەكلا ئاز ئۇستۇنلۇك ساقلاش ئىمكانىيىتىنىلا بېرىدۇ. گەرچە قولغا كەلتۈرۈلگەن غالىبىيەت بەكلا كىچىك بولسىمۇ، شۇنچىلىك ئاۋازمۇ ھىتلېرنىڭ خەلقتىن تەلەپ قىلغان، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قولغا كىرگۈزەلمەيۋاتقان شىتاتلارنى تېزگىنلەشكە يېتەرلىك ھوقۇقا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەرگەن ئىدى. بىرلىنىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، باۋارىيىدىكى ناتسىستلار تېخىمۇ كۈچلۈك ئوتتۇرىغا چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار مىيۇنخېندىكى ئېس-ئاچلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. 9-مارت چۈشتە، ئۇچىسىغا ئېس-ئاچلار ئۇنىفورمىسى كەيگەن كاپىتان رۆمنىڭ ھەمرالىقىدا يەرلىك مەسئۇل كادىرلىرىدىن ئادولف ۋاگنېر شىتاتلىق پرېزىدېنت خېلدىنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىدۇ.305 ئۇلار خېلدىتىن گېنېرال رىتتېر ۋون ئېپىنى شىتاتلىق باش گوبېرناتور قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ گېنېرال 1919-يىلى سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىگە ياردەملەشكەن بىرسى ئىدى.

خېلد بېرلىنغا تېلېگراممىا يوللاپ بۇ تەلەپكە قارىتا نارازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما گېنېرال ئېپ باش گوبېرناتورلۇققا تەيىنلىنىپ بولدى دېگەن جاۋاپنى ئالىدۇ. غانلىق جاۋابى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ قايتىدىن ھىندېنبۇرگقا نارازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھىندېنبۇرگنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن بۇ بوۋاينىڭ نەقەدەر چارىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن: ھىندېنبۇرگ بەرگەن جاۋابىدا، بۇندىن كېيىن خېلد ھەر قانداق بىر تەلەپتە بولماقچى بولسا، بىۋاستە ھىتلېرغا بىلدۈرۈشى كېرەكلىكىنى تەلەب قىلغان.

شۇنداق قىلىپ، باۋارىيىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا قانۇنى بىر شەكىلدە رەسمى ناتسىستلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. قالغان شتاتلارمۇ خۇددى شۇنداق باسقۇچلار ئارقىلىق، يەنى تۆۋەندىن تەھدىت سېلىش، بېرلىن تېلگراممىا ئۇەرتىپ مۇداخىلە قىلىش دېگەندەك ۋاستىلار بىلەن بىرمۇ-بىر ناتسىستلار قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ھىتلېر، باۋارىيىدە ھوقۇقنى تارتىپ ئالغان كۈنىسى مىيونخىنغا قاراپ ئۇچىدۇ. ئۇ مىيۇنخېندا داغ-دۇغىلىق قارشى ئېلىنىدۇ. ئۇ ئىنتايىن مەغرۇر ھالدا: ”گېرمانىيىدە، مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئەڭ بەك ياقىدىغان شەھەر مىيۇنخېن. بىر ياش، بىر ئەسكەر، بىر سىياسەتچى بولۇش دەۋرلىرىمنىڭ ھەممىسى مانا بۇ شەھەردە بىخلانغان. بۇ شەھەر 1923-يىلى قۇربان بولغان يولداشلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن قۇتلۇقلانغان بىر شەھەر“ دەيدۇ. ئۇ يەنە يەرلىك كادىرلارغا يوليورۇق بېرىپ، ئەگەر پارتىيىسىز زاتلارنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش ھېسابىغا بولسىمۇ چوقۇم مۇقىم ھاكىمىيەت تىكلىشلىشى شەرت، دەيدۇ. ”ئەپەندىلەر، سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار ئىنتايىن ئېغىر. _ دەيدۇ ھىتلېر، _ ئەمما ئىمپېرىيە ھاكىمىيتى بۇندىن كېيىن باۋارىيىنىڭ ئۆزىگە خاس ھەرىكەتلىرىنىڭ ياكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ قالايماقان چىقىرىپ كاشىلا تۇغدۇرۇشىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالماسلىقى كېرەك. بۇ مەسىلە دۆلەت سىياسىي تىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. مەن چوقۇم بىسمارك ئاخىرلاشتۇرالماي قالغان ۋەزىپىلەرنى تاماملىشىمىز شەرت: ئىمپېرىيىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن پايدىلىقلا بولىدىكەن، شتاتمۇ ھەقىقى مەنىسى بىلەن شتات ھېسابلىنالايدۇ.“

كېيىن بىرىسى ھىتلېردىن، 1924-يىلى ئۇنى سوتلىغان ۋاقىتتا بىردىن-بىر كۆچلۈك پىركراتور بولغان كىشىنى قانداق قىلىسىز دەپ سورىغىنىدا، ھىتلېر، ”ئۇ ۋاقىتتىكى پروكراتور گەرچە قاتتىققول بىرسى بولغىنى بىلەن ئىنتايىن ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان ئەخلاقلىق بىرسى ئىدى. شۇڭا ئۇ كىشى ئەدلىيە ساھەسىدە ئىشلەۋەرسۇن“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

كۆپلىگەن چەتئەللىك كىشىلەر، خاتا ھالدا ھىتلېر گېرمانىيە بويىچە ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ بولدى دەپ ئىشىنەتتى. ئەسلىدە ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم، ھەر قانچە مۇكەممەل بىر سىياسەتچى ھېسابلانسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھاكىمىيەتنى قادەممۇ-قەدەم قولغا كەلتۈرگەن، شۇنىڭدەك بىر-بىرلەپ خەلقنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ ھوقۇققا ئېرىشىپ كەلگەن بىرسى ئىدى. فرانكتىن ”ھوقۇق دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ _ دەپ سورايدۇ ھىتلېر ، ئاندىن ئۆزى جاۋاب بېرىپ، _ ھوقۇق ئەسلىدە يوقۇرىغا يامىشىشنىڭ بىر پەلەمپىيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. يەنى بىر پەلەمپەيدىن يەنە بىر پەلەمپەيگە ئاتلاشنىڭ ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغان بىر پەلەمپەيدىن باشقا نەرسە ئەمەس“ دەيدۇ. شۇ سەۋەپتىن

گېرمانىيە جەمئىيەتىدىكى ھەر قايسى قاتلام زاتلارغا يول قويۇش ئۇنىڭ بىر ئۇدۇمى ھالىغا كەلگەن ئىدى. ھىتلېر، خوخېنزوللېرنلار ئائىلىسى بىلەن ھىندېنبۇرگقا ھۆرمەت كۆرسىتىش مەقسىتىدە پوتسدام رايونىدىكى ھەممە ئەتىۋارلىشىدىغان چېركاۋ زالىنى 21-مارت كۈنى يېڭى پارلامېنتنىڭ ئېچىلىش مۇراسىم يېرى قىلىپ تاللىۋالدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق تاللىشى، بىرىنچى فرېدېرىخ ۋىلھېلمىدىن كۈچلۈك غۇرۇرلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ يەر، ئىمپراتور فرېدېرىخنىڭ قەۋرىسى بولغان قەدىمى شەھەر، يەنە كېلىپ پروسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر شەھەر ھېسابلىناتتى. 21-مارت كۈنى، پۈتۈن شەھەر كىرىست بەلگىلىك بايراقلار، ھەمدە كونا ئىمپېرىيىنىڭ قارا-ئاق-قىزىل ئۈچ رەڭلىك بايرىقى بىلەن ھەشەمەتلىك تۈردە بېزىۋېتىلدۇ. ئەتىيازنىڭ ئىللىق قۇياش نۇرى ئاستىدا گۈلدۈرلەپ ئېتىلغان سالىوت توپ ئاۋازى ئاستىدا قۇرۇغلۇق ئارمىيە، ئېس-ئاچىلار ئەترىتى بىلەن ئېس-ئېسچىلار قوشۇنى سەپ ئۈزۈيۈشتۇرۇپ ھەيۋەتلىك قەدەملەر بىلەن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ موتوتسىكلىت ئەترىتى بىلەن بىرگە چېركاۋ قوڭغۇراق سادالىرى ئاستىدا ئۇ چېركاۋغا قاراپ پارات قىلدۇ.

پرۇسسىيىنىڭ قوڭۇر رەڭلىك مارشال ئۇنفورمىسىنى كەيگەن ھىندېنبۇرگنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنىشى ئوتتۇردا كۆرىنىشى ھامان، پۈتكۈل مەيداندىكىلەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىشدۇ. ھىندېنبۇرگ بىر قولىدا ھاسسا، يەنە بىر قولىدا مارشاللىق توخمىقى، ھەيۋەت بىلەن تەمكىن قەدەملەر بىلەن ئالدىرىماي ئالغا ئىلگىرلەيدۇ.306 ئۇ مېڭىپ ئىمپاراتور تەختىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە بۇرۇلۇپ تەختىگە قارىغىنىچە مارشاللىق توخمىقىنى كۆتۈرۈپ كايسېرنىڭ بوش تۇرغان تەختىگە ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. ئىمپىراتورنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن تۇغقانلىرى بولسا ئۇنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ. بۇ مارشالنىڭ گەۋدىسى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ۋىجىك ھىتلېرنى پۈتۈنلەي كۆرۈنمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ھىتلېرمۇ مۇراسىم كاستومى بىلەن ئەنسىز بىر ئەھۋالدا كۆرۈنەتتى. فرانسىيە باش ئەلچىسى فرانچوئىز پونسېتنىڭ قارىشىچە ھىتلېر "خۇددى قورقۇنچاق بىر ناتونۇش ئادەمنىڭ كۆرىنەرلىك بىر قوغدىغۇچىسىدەك قىياپەتتە سەھنىدىكىلەرنى تونۇشتۇرۇپ يۈرگەن بىرسىدەكلا كۆرۈنەتتى" دەيدۇ.

ئۇ ئىككىسى ئۇدۇل ئولتۇرۇشىدۇ. ھىندېنبۇرگ يېنىدىن كۆزئەينىكىنى چىقىرىپ قولىدىكى تېزىسنى ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. ئۇ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئۈستىدىكى ۋەزىپە بەكلا مۇرەككەپ ھەمدە بەكلا ئېغىر بىر ۋەزىپە. شۇنداق بولغاچقا قايتىدىن پروسىيەنىڭ كونا ئىنتىزامىنى، كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ چاقىرىق قىلدۇ.

ھىتلېرنىڭ نۇتقىنى، تۆۋەندە قىستىلىپ ئولتۇرۇشقان كىشىلەرگە قىلىنغان خىتاپ دېيىشتىن كۆرە ئۆيلىرىدە رادىئو ئالدىدا ئولتۇرۇپ نۇتۇق ئاڭلاۋاتقان كىشىلەرگە قىلىنىۋاتقان خىتاپ دېيىش تېخىمۇ توغرا بولاتتى. ئۇ، ئۇرۇشنى كايسېر بىلەن گېرمانىيە ئۈستىگە مەجبۇرى تېڭىشقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىشى ئىقتىسادىي چېكىنىش بىلەن ئىشسىزلىكنى پەيدا قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس دەيدۇ. ھىتلېر نۇتقىدا كەلگۈسى پىلانى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، خۇددى ھىندېنبۇرگ يەنىلا ئەسكەر ۋاقتىدىكىدەك ئۇنىڭ بىر قوماندانى دەپ تونۇغاندەك بۇ گېنېرالغا قاراپ ئۇنىڭغا ئىما قىلىدۇ. ئۇ ھىندېنبۇرگنى ماختاپ ئۆچۈرۈپ، سىز ئارمىيىمىزنىڭ قوماندانى، خەلقنىڭ داھىسى، "سىز بىزنىڭ گېرمانىيىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىمىزغا قوشۇلماقتىسىز، بۇ بىزنىڭ بەختىمىز" دەپ مەدھىيىلەر ئوقۇيدۇ.

ھەتتا ئۇ ھىندېنبۇرگنىڭ ئورۇندۇقى ئالدىغا بېرىپ ئېگىلگىنىچە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىدۇ. بۇنىڭدىن ياشانغان ھىندېنبۇرگ قاتتىق تەسىرلىنىپ ئاستا ئالدىغا قاراپ سىلجىيدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن ئوغلى بىلەن كانسۇيى كەلمەكتە ئىدى. كانسۇاي ماڭغىنىچە ئىمپىراتور فرېدېرىخ بىلەن بىرىنچى فرېدېرىخ ۋىلھېلمنىڭ قەۋرىسى ئىككىلا قەۋرە تېشىغا گۈل چەمبىرەك قويىدۇ. بۇ چاغدا ھۆرمەت سالىيوت توپلىرى گۈمبۈرلەيدۇ.

گېوبېلس ئۆزى بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرغان بۇ خاتىرلەش مۇراسىمى مۆلچەرلەنگەن ئۈنۈمگە ئېرىشكەن ئىدى. مەيداندىكى بارلىق كىشىلەر، يەنى ھەربىيلەر، پومېشچىكلار، مونارخىستلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ھىتلېر ھىندېنبۇرگقا قاتتىق ھۆرمەت بىلدۈرىدىكەن، ئۇنىڭغا چەكسىز چوقۇنىدىكەن، ئۇ چوقۇم پرۇسسىيىنىڭ غايىسىگە ئەمەل قىلىدىغان بىرى ئىكەن، دەپ ئىشىنىدۇ. ۋاھالەنكى، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتمەيلا، ئەمەلىي كۈزەتكۈچىلەرگە مەن ھېچكىمنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق ئەمەسمەن، دەپ ئېيتىدۇ. مەيدان ئۆزگەرگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى مەيدان بېرلىن كرول ئوپېراسى ئىدى. ئۇ يەرنىڭ مۇھىتىمۇ پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ، ئېس-ئاچىلار ئەترىتى بىلەن ئېس-ئېسچىلار قوشۇنى ھەرقايسى زاللاردا ئايلىنىپ يۈرىشەتتى. سەھنىنىڭ كەينىگە چوڭ كرېست بەلگىلىك بايراق ئېسىلغان بولۇپ، كىشىلەرگە گېرمانىيىنىڭ خوجايىنىنىڭ ئەسلىدە كىم ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتمەكتە ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە، پارلامېنت باشلىقى گېۆرىڭ پارلامېنت يىغىنىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇ قىسقىلا بىر تەبرىكلەش نۇتقى سۆزلىگەندىن كېيىن، «ئويغان گېرمانىيە!» دېگەن شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىدۇ. كەينىدىنلا ھىتلېرنى سۆزگە تەكلىپ قىلىدۇ. ھىتلېر ئۈچىسىغا

پارتىيىسىنىڭ ئاددى قوغۇر رەڭلىك فورمىسىنى كىيىۋالغان ئىدى.
يىغىن زالى بىر مەزگىل ئىمتاس بولۇپ كېتىدۇ. ئاندىن ھەممە بىرلىكتە "ياشىسۇن غەلىبە!" دەپ توۋلىشىدۇ. شۇئار ئاۋازلىرى ئەسەبىيلەرچە كۆتۈرۈلگەن گۈلدۈرلىگەن ئالقىش سادالىرى بىلەن بىرلىشىپ زالنى بىر ئالىدۇ. ھىتلېر سوزۇلغان سانسىز بىلەك سالاملىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ داغدام قەدەملەر بىلەن سەھنىگە چىقىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم پارلامېنتتا كۆرۈنۈشى ئىدى. ئۇ ئارگىنال بويىچە نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئەمما بۇ ئارگىنال سۆز تاللاش نۇقتىسىدىن ئالغاندا بەكلا ئېھتىيات بىلەن يېزىلغان ھەممە بەكلا سىلىق بىر نۇتۇق ھېساپلانسىمۇ، بۇ ئارگىنال ھەقىقەتەنمۇ ئېسىل يېزىلغان بىر نۇتۇق تىزىسى ھېسابلىناتتى. ھىتلېر نۇتقىدا خۇسۇسىي مۈلۈكلەرگە ۋە شەخسلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرىدىغانلىقىنى؛ دېھقانلار بىلەن ئوتتۇرا ھال سىنىپلارغا ياردەم كاپالىتى بېرىدىغانلىقىنى؛ ئىشسىزلىققا خاتىمە بېرىدىغانلىقىنى؛ فرانسىيە، ئەنگلىيە، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەنمۇ يارىشىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىلەرنى بېرىدۇ. ئەمما بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پارلامېنتنىڭ «ئىمپېرىيە ۋە خەلق مۈشكۈلىنى ئازايتىش قانۇنى» نىڭ ماقۇللىنىشىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.307 بۇنداق بىر ھوقۇق بېرىلىش، ھىتلېرغا ۋاقىتلىق بولسىمۇ چەكسىز ھوقۇق بېغىشلىيالايتتى. ئەمما ئۇ بۇ قانۇننى قولاققا بەكلا يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ بايان قىلىش بىلەن بىرگە، "پەۋقۇلئاددە مەجبۇر قالغاندا، بۇنداق بىر تەدبىرنى ئىشقا سالماي بولمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەندىلا" ئاندىن بۇنداق پەۋقۇلئاددە ھوقۇقتىن پايدىلىنىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.
ھىتلېر، پارلامېنتقا، پىرىزدېنتقا ۋە شۇنىڭدەك ھەرقايسى شىتاتلار بىلەن دىنى جەمئىيەتلەرگە ئۇلارنىڭ ھەر قانداق بىر ھوقۇقىغا دەخلى تەئەررۇز كەلتۈرمەيدىغانلىقىغا كاپالەت بېرىپ بولۇپ، ئارقىدىنلا بۇ تۆردىكى كاپالەتلىرىنى بىراقلا ئۆچۈرۈپ تاشلايدىغان كەسكىن سۆزلەر بىلەن نۇتقىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئەگەر پارلامېنت بۇ تۆردىكى "دوستانە ھەمكارلىشىش پۇرسىتى" بېرىشنى رەت قىلغىدەك بولىدىكەن، يېڭى ھۆكۈمەت ئۆز پىرىنسىپلىرى بويىچە كۆرەش قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: "دېپوتات جاناپلار، كۆرەش قىلىش ياكى يارىشىش ئىشى جانابلارنىڭ قانداق قارار بېرىشىڭىزلارغا باغلىق."
يىغىن تەنەپپۇسقا چىققىنىدا، بۇ تەدبىرگە قارشى چىقىدىغان دۈشمەنلىرى بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىشكە پۈتۈشىدۇ. يىغىن قايتا باشلىنىشى بىلەن تەڭ، سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ داھىسى كورىدورلاردىكى قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەرنىڭ ("بىزگە ھوقۇق بېرىلىش قانۇنى كېرەك، يەنى بىزگە ئوت قويۇپ، قىرغىنچىلىق قىلىش ھوقۇقى كېرەك!" دېگەن)

رىتىملىق ۋارقىراشلىرى ئاستىدا نۇتۇق سۆزلەپ، بۇنداق بىر قانۇننىڭ چىقىرىلىشىغا دادىل نارازىلىق بىلدۈردى. ھىتلېرمۇ پاپېننىڭ توسقىنىغا قارىماي ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسى كىشىنى ئىختىيارسىز ھالدا بۇرۇنقى يىللاردا مىيۇنخېن پىۋىخانا قوزغىلىڭى ۋاقتىدىكى قىياپىتىنى ئەسلەتكۈزەتتى. ئۇ مازاق قىلىش ئاھاڭىدا تىل-ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. "مەن سىلەرنىڭ سايلام بىلەتلىرىڭلارغا ئېھتىياجلىق ئەمەسمەن. گېرمانىيە ھامىنى ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ. ئەمما بۇ ئىشتا سىلەرگە ھاجەتمەن ئەمەس. سىلەر بىزنى ھەرگىز بۇرژۇئازىيىگە ئوخشىتىۋالماڭلار. گېرمانىيىنىڭ يۇلتۇزى پارلاشقا باشلىدى، سىلەر يىمىرىلىش يولىغا كىردىڭلار. سىلەرنىڭ ئۆلۈم سىگناللىڭلار ئاللىمۇ قاچان چېلىنىپ بولدى."

ھىتلېرنىڭ بۇ تۈردىكى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشى سوتسىئال دېموكرات پارتىيىسىدىكىلەرگىلا زەربە بولۇپ تەگمەستىن، يەنە مەركەز پارتىيىسىدىكىلەرنىمۇ ھولۇقتۇرۇپ قويىدۇ. ئارقىدىن ئاۋازغا قويۇش باشلىنىدۇ. گىيۆرىڭ ئاۋاز بېرىش نەتىجىسىنى ئېلان قىلغان ۋاقىتتا (441 كىشى قوللاپ، 94 كىشى قارشى ئاۋاز بېرىپ، قوللاپ ئاۋاز بەرگەنلەر سانى لازىم بولغان ئۈچتە ئىككىلىك ئاۋاز چېكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ) مىللى سوتسىئالىزمچىلار پارتىيىسىدىكىلەر خۇددى پۇتبول مۇسابىقىسىدە ئاخىرقى سېكونتتا ئۇلار تەرەپ بولغان كوماندا ھەل قىلغۇچ بىر توپ كىرگۈزىۋالغىنىدەك بىراقلا ئورنىدىن تۇرۇپ تەنتەنە قىلىپ ۋارقىراشىپ كېتىدۇ. ئۇلار بىلەكلىرىنى كەڭ ئېچىپ «ئىسار ئورمىنى» مارشىنى ئېيتىپ كېتىدۇ:

"تۇغىمىز لەپىلدەيدۇ! ئېس-ئاچىلار ئالغا باسىدۇ، مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ،
تەكشى قەدەملەر بىلەن، ئىشەنچلىك ھالدا ..."

شۇنداق قىلىپ قىلچە قارشى ئاۋاز كۆرۈلمەي دېگەندەك دېموكراتىيە گېرمانىيە پارلامېنتىدا بىراقلا ئۆچۈرۈپ تاشلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت سوتسىئال دېموكرات پارتىيىسىدىكىلەرلا قارشى ئاۋاز بېرەلەيدۇ. قالغان پارتىيە-گۇرۇھلار ھىتلېر ھازىرچە قولدىن چىقىرىشنى خالىمايدىغان بۇ ھوقۇقنى ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. ئۇلار تۇتقازغان بۇ ھوقۇق، ھىتلېرغا بەكلا ئېھتىياجلىق، ئاساسەن ئىشلەتمەي بىر چەتكە تاشلاپ قويۇش خىيالىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان بىر ھوقۇق ئىدى.

ھىندېنبۇرگمۇ مەركەز پارتىيە داھىسىغا خەت يېزىپ ھىتلېرنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ خېتىدە "پىقىر سىلەرگە شۇنى بىلدۈرمەكچىكى، باش مىنىستىر ماڭا رەسمى ئاساسى قانۇن مەجبۇرىيىتى بولمىغان ئەھۋاللاردا مېنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەي پەۋقۇلئاددە ھوقۇق قانۇندىن پايدىلىنىپ تەدبىر قوللىنىشقا ئۇرۇنمايدىغانلىقى ھەققىدە

ئوچۇق ئىپادە بىلدۈردى“ دەيدۇ. بۇ گەپلەر ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ سەممىي ئېيتىلغان گەپلەر بولغاچقا، ۋاقىتنچە ئۆزلىرىنى سېتىۋېتىلدۇق دەپ قارىغان مەركەز پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلى تىندۇرۇلغان ئىدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى نېمىسلارمۇ قايتىدىن ئىشەنچ تىكلىگەن بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر بىر-بىرسى بىلەن بەسلىشىپ دېگۈدەك ناتسىستلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشقا كىرىشىدۇ. يەنە نۇرغۇنلىرى نىسبەتەن يۇشۇرۇن بولسىمۇ ئۇلارنى قوللاشقا باشلايدۇ. مەمۇرى كادىرلار بىلەن مەمۇرى ئەمەلدارلار (باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەمۇرى كادىرلىرى بىلەن مەمۇرى ئەمەلدارلىرىدىن قىلچە پەرقى يوق) خۇددى كونسىرۋاتىپ بىر پارتىيە غالىپ چىققاندەك، ۋەزىپە ئورنىدىن قەتئىي ئايرىلماي ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ نورمال پائالىيىتى ساقلاشقا تىرىشىدۇ.308

ناتسىستلار پارتىيىسى پارلامېنتتا غالىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇرۇن ھىتلېرنى مەخپىي تۈردە قوللاپ كەلگەن سانائەتچىلەر ئەندىلىكتە ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. پولات تۆمۈر تىرىستى ئالفرېد كرۇپ كوچىلاردا مىللى سوتسىئالىزمچى تونۇشلىرىغا ئاشكارە سالام قىلىپ يۈرىدىغان بولىدۇ. ئۇ ھىتلېرغا ئېۋەرتكەن تەبرىك خېتىدە، مەن ۋە كەسپداشلىرىم شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، گېرمانىيە ئاخىرى ”مۇقىم ھاكىمىيەت ئاساسىنى تىكلىيەلىدى“ دەيدۇ. ھىتلېرمۇ كرۇپقا رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى گېرمانىيە سانائەت ساھەسىنىڭ چار پادىشاسى قىلىپ تاللاش ئارقىلىق چوڭ كارخانىلار بىلەن مىللى سوتسىئالىزم پارتىيىسىنىڭ نىكاھلىنىشىنى تەستىقلىغان بولىدۇ. ھىتلېرنىڭ ئىمپېرىيە بانكىسىنىڭ كاتىۋاشلىقىغا ھىجالمار شاختنى تاللىۋالغانلىقىمۇ ھەرگىز بىر تەساددىپىلىق ئەمەس ئىدى. ئىنتايىن قابىلىيەتلىك پۇل مۇئامىلە مۇتەخەسسىسى بولغان بۇ كىشى بۇرۇن ھىتلېرنىڭ سانائەتچىلەر ساھەسىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشىغا ياردەم قىلىپ كەلگەن بىرسى بولۇپ، ئۇمۇ خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش دېموكراتىيە بىلەن سوتسىئالىزمغا ئۆچ بىرسى ئىدى (ھىتلېرنىڭ مالىيە ۋەزىرىمۇ بۇ ئادەمنى پۇل مۇئامىلە ساھەسىنىڭ بىر تالانتى دەپ تونۇيدىغانلىقى ئۈچۈن، شاخت دېگەن بۇ نامزاتنى دەرھال تەستىقلايدۇ. ”شۇنىڭدەك يەنە، _ دەيدۇ شۋېرىن ۋون كروسىگ ئەسلىمىسىدە، _ بۇ ئادەم مەن بىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق يالغانچىدىن بىرسى. ئۇ بىرەر ھەقىقەتنى تاكى ئۆزىنىڭ توغرا دەپ قارىغان ھالىغا كەلگىچە سوزۇپ ئۆزگەرتىۋېتەلەيتتى.“

ھىتلېر ئۇنى نامزاتلىققا تاللاشتىن ئاۋال ئۇنىڭدىن، مېنىڭ ئومۇم مۆلۈك قۇرۇلۇش پىلانىم بىلەن گېرمانىيىنى قايتىدىن قوراللاندۇرۇش پىلانىم ئۈچۈن بانكا قانچىلىك پۇل ئايرىپ ياردەم قىلالىشى مۇمكىن دەپ سورىغىنىدا، شاخت كونكرېت بىرەر رەقەم بېرىشىنى رەت قىلغان بولسىمۇ، ”كوچىدا بىرمۇ ئىشسىز قالمىغان ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن

قانچىلىك پۇل لازىم بولسا ئىمپېرىيە بانكىسى شۇنچىلىك پۇل بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ،“ دەپ كېسىپ ئېيتقان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، بۇ ۋەزىپىنى قولغا كەلتۈردۇ. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى ھامان ”مېفو“ زايومىنى تارقىتىدۇ. ــ بۇ ئىسىم 4 نەپەر ھەربىي ماشىنا سودىگىرىنىڭ بىرلىكىدىن شەكىللەنگەن ”مېتاللچىلىق تەتقىقات ھەسسىدارلار شىركىتى“ نىڭ قىسقارتىلمىسى ئىدى. ــ بۇ زايوم دۆلەت كاپالەتلىكى بىر زايوم بولۇپ، ئاساسلىقى ھۆكۈمەت تەرەپتىن ھۆددىگە بېرىلگەن كىشىگە بېرىلىدىغان، قىسقا ۋاقىتلىق قەرز پۇلدىن پەرقى يوق 5 يىلغىچە كېچىكتۈرۈپ تۆلىنىشى مۇمكىن بولغان بىر زايوم ئىدى. شاختنىڭ بۇ پىلانى، ھۆكۈمەتكە مۇددەتسىز كىرىدىت كاپالىتى بېرىش بولۇپ، ھىتلېرنى گېرمانىيىنى كەڭ كۆلەمدە قۇراللاندۇرۇش ئىمكانىغا ئىگە قىلالايتتى.

تەبىئىكى، فۇھرېر ئۇچۇن خىزمەت قىلىشنى خالايدىغانلار يالغۇز مەمۇرى ئەمەلدار ۋە سانائەتچىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتى. نۇرغۇنلىغان زىيالىلار بىلەن ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارمۇ گېرمانىيىنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئۇچۇن ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن ئىدى. بۇ تۈردىكى كىشىلەر ئارىسىدا پەيلوسوپ كرېيك بىلەن باۋملېر، شائىر بروك بىلەن بىندىڭ، شۇنىڭدەك يەنە گېرمانىيىنىڭ داڭلىق دراماتورگى گېرخارت خاۋپتمان دېگەن كىشىمۇ بار بولۇپ، ئۇ ھەر قانداق بىر ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن قەتئى نەزەر، ئىناۋىتىدىن ۋاز كېچىشنى ئەسلا خالىمايدىغان بىرسى ئىدى.

شۇ يىلى باش باھاردا، رۇدولف بىندىڭ ”بىز چوقۇم ۋەتەن ئۇچۇن خىزمەت قىلىشىمىز شەرت. بىز ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئالمىشىشنى باھانە قىلىپ تەتقىقات يۇرتلىرىدىن ئايرىلىشقا ھەققىمىز يوق. خاۋپتمانمۇ مېنىڭ بۇ پىكرىمنى قوللاپ مېنى چەكسىز خوشال قىلدى. ئىنستىتۇتتا سىياسىي تەتقىقات ئەركىنلىكىنى ئەمەس بەلكى ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى قوغداش كېرەك“ دەپ يازىدۇ. ئەنە شۇنداق ھەمكارلىق روھى تۇپەيلىدىن خاۋپتمان بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن پەنجىرىسىگە كىرىست بايرىقىنى ئېسىۋالىدۇ. يەنە بىر قانچە ئايدىن كېيىن، ئۇ خارولد نىكولسونغا، گېرمانىيىمۇ خۇددى ئىتالىيىگە ئوخشاش ”ئۆزىنى ئازات قىلىش“ يولىغا كىرىشى كېرەك دەپ ئىشەنچ بىلەن ئېيتىدۇ.

4

ئىنقىلاب داۋاملاشماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىنقىلاب، قان تۆكۈلۈش كۆرۈلمىگەن بىر ئىنقىلاب بولۇپ كۆرۈنگەچكە، نۇرغۇنلىغان نېمىسلار بۇ قېتىمقى ”قوڭۇر رەڭلىك ئىنقىلاب“ نىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە كىشىلەرنى بەك جەلىپ قىلىپ كەتمەيدىغان

"تەڭشەش" دەپ ئات قويۇلغانلىقنى چۈشەنەلمىگەن ياكى چۈشەنمىگەن خالىمىغان ئىدى.309 قارىماققا، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانى ھەققەتەنمۇ تولا بەك ئەنسىزلىك پەيدا قىلماي راۋان ئىلگىرلەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەسلىدە بۇ ئىشلار گېرمانىيىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائى تۇرمۇشىنى ناتسىستلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىش، شۇنىڭدەك مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئورنىتىشقا شارائىت يارىتىشتىن باشقا مەنىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ ئىشقا قارىتا ئۈنچە بەك كۈچلۈك قارشىلىق كۆرۈلمەسلىكىدىكى ئاساسى سەۋەب، ھىتلېرنىڭ قانۇندا چىڭ تۇرۇپ كېلىشى سەۋەپ بولغان دېيىش مۇمكىن. شۇنداق بولغاچقا، ئۆكتىچىلەر ھىتلېرنىڭ قورماقچى بولىۋاتقىنى ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچى ئىدى. ھوقۇق بېرىش قانۇنىنى يولغا قويۇلغان بىرىنچى كۈنىدە، سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسى ھەر قايسى جايلاردىكى نىيرولىرىغا بىر يۇرۇش يولىيورۇق يوللاپ، سوتسىئال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نەقەدەر ئاخماقانە ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ئېنىق ئوچۇق كۆرسەتمەكتە ئىدى. ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەر بىلەن ئادەتتىكى مەسىلىلەرگە قانداق جاۋاپ بېرىلىشى ئۈستىدە بۇ يولىيورۇقتا تەپسىلى چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن بولۇپ، پەقەت يولغا قويۇلۇۋاتقان ناتسىستلار ئىنقىلابىغا قانداق قاراش مەسىلىسى ھەققىدە بەكلا ئاز توختالغان. ناتسىستلار كېچىدە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە قورال ئاختۇرۇش ئۈچۈن كىرگىنىدە، شۇنىڭدەك مىڭلىغان كومپارتىيىلىكلەر بىلەن كومپارتىيە گۇمانلىق ئادەملىرىنى تۈرمىلەرگە قاماشقا كىرىشكەن ۋاقىتىدا، ئەسلىدە دېموكراتىيىنى قوغداشنىڭ قورغىنى ھېساپلىنىدىغان سوتسىئال دېموكرات پارتىيىسى بولسا پارتىيە ئەزالىرىغا خاتا ھېساب-كىتاب قىلىشقا ئۈرۈنماڭلار دەپ ئاگاھلاندۇرماقتا ئىدى!

"پوتكول شەھەر ۋەھىمىلىك ۋاباغا گىرىپتار بولغان، ھەممە كىشى گەپ سۆزلەردىمۇ بەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەن ئىدى. _ دەپ يازىدۇ شۇ يىلى ئەتىيازدا ئىشىبرۇود بىرلىنىغا يازغان خېتىدە، _ مەن بۇ ئەھۋاللارنى خۇددى تارقىلىشچان زۇكام بولغاندەك ئىچ-ئىچىمدىن ھېس قىلماقتىمەن. ... پوتكول شەھەر خەلقى ئۇ ئاخشىمى قانۇنسىز ئادەم تۇتۇشلار يۈز بەردى، ئېس-ئاچىلار گازارمىلاردا كىشىلەرنى ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇپ قىيناپ لىنىنىنىڭ رەسىمىگە تۈكۈرۈشكە، ئابدىمىلىك يېغى ئىچىرىشكە، سىبىسپ كەتكەن كونا پايپاق يېيىشكە زورلىماقتا، ئۇلارنىڭ غەزەپلىك نارازىلىق سادالىرى ھۆكۈمەت تەرەپتىن قاتتىق تۈنجۇقتۇرۇلماقتا، ھۆكۈمەت تەرەپمۇ تۈمەنلىگەن كىشىلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئۇلارغا قارشى تەشۋىقاتلارغا كىرىشتى" دەپ كۈسۈرلىشاتتى.

پايتەخت ئەتراپىدا، بولۇپمۇ كىچىك شەھەر-بازارلاردا كىشىلەر بىر قاتار ئامىۋى

يىغىلىش، نامايىش ۋە ھەشەمەتلىك كۈرۈنۈشلەر ئارقىلىق كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ ھېچ نېمىنى پەرق قىلالماس ھالغا كەلتۈرۈۋېتىلگەن ئىدى. ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ئۆز ئىختىيارى بىلەن "ھەمكارلاشتۇرۇلۇپ" مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيە تەشكىلىگە قوشماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھەر بىر پۇخرا ئاستا-ئاستا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن چېتىلىپ قالغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرمەكتە ئىدى. تونۇشلۇق كونا كوچا ئىسىملىرىمۇ يېڭىلىنىلگەن ئىدى؛ ئالايلۇق، خېرنېدىكى مەيدان رادۇسپلاتزنىڭ ئىسمى ئادولف ھىتلېرپلاتز دەپ، بېيبىستراس يولىنىڭ ئىسمى ھېرمان گېۆرىڭ يولى دەپ ئۆزگەرتىلدى. ھەر ھەپتىدە دېگىدەك بىرەر يېڭى تەشكىلات پەيدا بولۇپ تۇراتتى: ئالايلۇق قانداقتۇ ئانىلار يېزا مەكتىۋى، ئانا-بالا پاراۋانلىق تەشكىلاتى، باللار لاگېرى، يىمەكلىك بىلەن تەمىنلەش پاراۋانلىق تەشكىلاتى دېگەندەك ناملاردا نۇرغۇن تەشكىلاتلار ئۇنۇپ چىقماقتا ئىدى.

ھىتلېرنىڭ پۇخرالارنى ئۆزىنى سايلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش تىرىشچانلىقى مەغلۇپ بولۇپ ئارىدىن بىرەر ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇ تېخىمۇ ئاكتىپ ھەمكارلىق ئۇسۇلىنى ئىشقا سېلىپ ۋاقتىنچە بولسىمۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى نېمىسلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئىشىرۋود، بۇ ئاقكۆڭۈل پۇخرالار ياش ئېبس-ئاچىلارغا قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان مۇئامىلىدە بولغان ئىدى. بۇ ياشلار "ئۆتۈكلۈك كوچمۇ-كوچا ئايلىنىپ ۋېلىشال شەرتنامىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بەل باغلاشقان، ياز كېلىۋاتقاچقا ئۇلارنىڭ روھمۇ بەكلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ھىتلېر ئۇششاق تىجارەتچىلەرنى قوغدايمىز دەپ كاپالەت بەرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ياخشى كۈنلىرى يېقىن كۈنلەردە كېلىدىغانلىقى ھەققىدە گېزىتلاردا تىنماي تەشۋىق قىلىنىپ تۇرغانلىقى ... ئۇچۇن ئۇششاق تىجارەتچىلەر خۇددى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشاش ئىچىدىن بىر يەرلىرىدىن خوشال ۋە ھاياجانغا تولغان، ئۇلارنىڭ تىجارەت رەقىبلىرى بولغان يەھۇدىيلار، ئازسانلىقلار، ئۇلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز ماركىسىزمچىلارنى دۆلەتنى مەغلۇبىيەتكە باشلىغانلار، مال باھاسىنىڭ ئۆسىشىگە سەۋەبچى بولغانلار دەپ قارىلىپ، ئۇلارغا جىرىمانە جازاسى بېرىشىدىغانلىقىنى سۆزلىشىپ يۈرەتتى."310

ھۆكۈمەت ئالماشقاندىن باشلاپ، يەھۇدىيلار بىلەن ماركىسىزمچىلار سىستېمىلىق تۈردە زىيانكەشلىككە ئۇچراشقا باشلايدۇ. ئۆيىدە بىرەر تال نان توغرايدىغان پىچاق چىقىپ قالدىمۇ بولدى، قاتىللىق قۇرالى ساقلىغان دەپلا ھۆكۈم قىلىشۇنەتتى. ئالبېرت ئەيىنشتېيىننىڭ بانكىغا قويغان ئامانەت پۇللىرىمۇ مۇسادىرە قىلىنغان ئىدى. گېرمانىيىدە، بۇ تۈردىكى گەپ-سۆزلەرنىڭ پۈتۈنلەي چەتئەللىكلەر توقۇپ چىققان ئۇيدۇرما تەشۋىقاتلار دەپ تەشۋىق قىلىنغان بولسا، ئامېرىكىدا ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى خۇل

ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ داھىسىغا گېرمانىيىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ۋەقەلىرى "ئەمەلىيەتتە ئاخىرلاشتى" دەپ كاپالەت بېرىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، چەتئەلدىكى ئانارخىست ئەرباپلارنىڭ چاقىرىقلىرىدىن ھىتلېر يەنىلا بەكلا ئىنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇ، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا يەھۇدىيلىرى يامان غەرەزلىك تەشۋىقاتلىرىنى توختاتمايدىغانلا بولىدىكەن، گېرمانىيىدىكى يەھۇدىي سودا ساھەسىدىكىلەر بەكلا ئېغىر كۈنلەرگە قالىدۇ دەپ ئېلان قىلىدۇ.

شۇنىڭغا قارىماي نارازىلىق سادالىرى بەربىر تىنجىمايدۇ. 1-ئاپرېل كۈنى، ھىتلېر "شۇنداق قارايمەنكى، مېنىڭ بۇگۈنكى ھەرىكىتىم تەڭرىنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق بىر ھەرىكەت: يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش تەگرى يولىدا كۈرەش قىلغانلىق،" ھازىرقىسى دەسلەپكى بىر سىناقتىنلا ئىبارەت دېگەن سۆزلەر بىلەن نارازىلىقنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق ھىتلېر، بىر ھېساباتا ۋەتەنداشلىرى ئۇنىڭ قانچىلىك ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويالايدىغانلىقىنى سىنىۋالغان بولىدى. چەكلىمە يولغا قويۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى كۈنىسى، ئىتالىيە باش ئەلچىسى سېررۇتى، مۇسسولىنى نامىدا ھىتلېردىن يەھۇدىيلارغا بولغان مۇئامىلىسىنى يۇمشىتىش تەۋسىيىسىنى بەرگىنىدە ھىتلېر، ئىتالىيىدە يەھۇدىيلارنىڭ سانى بەكلا ئاز بولغاچقا، پىرىزدېنتىڭلار يەھۇدىي مەسىلىسىنى بەك بىلىپ كەتمەيدىكەن، ئەمما مەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە "ھەر قايسى نوقتىلاردىن نۇرغۇن يىل تەتقىق قىلىپ چىققانلىقىم ئۈچۈن بۇ ئىشنى مەن ئەڭ ياخشى بىلىمەن. بۇنداق بىر تەتقىقات ئىشى بىلەن مەندىن باشقا ھېچ كىم بۇنچە چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ باقمىغان" دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ يەنە "قەتئى ئىشەنچ" "بىلەن مۇنداق دەيدۇ: "مېنى يەھۇدىيلارنى يەر شارىدىن تولۇق تازىلىۋەتكىنىم سەۋەبىدىن بەش-ئالتە ئەسىردىن كېيىن ئىنسىم ھەر بىر دۆلەتنىڭ ھۆرمەت بىلەن خاتىرىلەيدىغان بىر نامغا ئايلىنىمەن."

شۇندىن باشلاپ كۈپلىگەن يەھۇدىيلار ئاچقان دۇكان ۋە ئىشخانىلارنىڭ ئىشىكىدە چوقۇم بىر قانچە نەپەر قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەر ئايلىنىپ يۈرىدۇ. گەرچە زوراۋانلىق ۋەقەلىرى بەك كۆپ كۆرۈلمىگەندەك قىلىسمۇ، ياش ئېس-ئاچىلار خېرىدارلارنى كىرىۋاتقىنىڭلار يەھۇدىيلارنىڭ ئاچقان ماگىزىنى دەپ سىلىق ئەسكەرتىپ قوياتتى. "يولدىن ئۆتىۋاتقان كىشىلەر بۇنداق ئەھۋاللارنى بەكلا قىزىق ھېس قىلىشىپ بۇ ياشلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋېلىپ تاماشا قىلىشاتتى ياكى بۇنداق ئىشلارغا پەرۋايى پەلەك ئۆتۈپ كېتىشەتتى" دەيدۇ ئىشېرۋۇد بىر تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىنى كۆزىتىشكە بارغىنىدا. بۇ ماگىزىنغا نۇرغۇن كىشىلەر كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا ئىشېرۋۇدمۇ بۇ ماگىزىنغا كىرىپ پۇرچاق ئۇنى قاسىرمىقىدىن بىر خالتا سېتىۋېلىپ ئالغان نەرسىسىنى پولاڭلىتىپ تۇتقىنىچە دۇكاندىن

چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئىس-ئاچىلار ئەترىتىدىن بولغان بىر ياش كېلىپ ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرگىنىنى بىلدۈرۈپ ئالىيىپ قارايدۇ. گەرچە بۇنداق چەكلەش ھەرىكەتلىرى قايسى بىر تەشكىلاتلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ تۇرغان بولسىمۇ (بۇ تۆردىكى تەشكىلاتلار دېھقانلاردىن ھىمايە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ چاقىرىق قىلىشقان ئىدى)، تۆرلۈك ماللار سودا سارايلىرىنى شۇنىڭدەك بانكىلارنى چەكلىيەلمەيتتى. ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، بۇنداق چەكلىمە قويۇش ھەرىكەتلىرى ئاخىرلىشىدۇ.

ھىندېنبۇرگمۇ يەھۇدىيلارغا قارشى تەدبىر قوللىنىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ. شۇڭا ئۇ باش مىنىستىرغا ئېغىر سۆزلەر بىلەن بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇرۇشقا قاتناشقان يەھۇدىي كونا ئەسكەرلىرىنىڭ پەس كۆرۈلۈشىنى ئەيىپلەيدۇ. "ئەگەر ئۇلار گېرمانىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋە قان تۆكۈشكە ئەرزىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەر قايسى سەپلەردە ۋەتەن ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىشكىمۇ لاياقىتى بولۇشى كېرەك." ئەپسۇسكى، بۇ بوۋاي ھەرگىزمۇ ھىتلېرغا رەقىب بولالايدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھىتلېر ئۇنىڭغا، "قانۇن ساھەسى بىلەن سەھىيە ئىشلىرى ساھەسىنىڭ يۈزدە سەكسەن قىسمىنى ئىگەللىۋالغان يەھۇدىيلار، مانا ئەندى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغىمۇ سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. قېدىمى پروسسىيە شتاتىنىڭ يەھۇدىيلاردىن بولغاناي ساقلىنىپ كېلەلىگەنلىكىنىڭ بىر سەۋەبى، جامائەت ئىشلىرى ئورۇنلىرىدا چەكلىك مىقداردا يەھۇدىيلارنىڭ ئىشقا ئېلىنىشىغا يول قويۇلغانلىقىدىن كەلمەكتە. ئوفېتسېرلارر ئېتتىپاقى ئاساسەن ئالغاندا ئۇلاردىن ساپ تۇتۇلۇپ كېلىندى، ئوفىتسېرلار ئېتتىپاقى ئاساسەن ئالغاندا مۇتلەق ساپلىقنى قوغداپ كېلىۋاتىدۇ،" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ قاراشقا پىشقەدەم مارشال ھىندېنبۇرگ قايىل بولماي تۇرالمايتتى.311 بۇ نوقتىدا، شۇنىڭدەك ئۇرۇشقا قاتناشقان كونا ئەسكەرلەر جەمئىيىتى ئۈچۈن ئويلىغان بىر قىسىم تۇتۇق ۋەدىلىرى، ئۇنىڭ 7-ئاپرېلدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يەھۇدىيلارنىڭ ھەر قايسى جامائەت خىزمەت ئورۇنلىرىدىكى ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلۇشىنى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ قانۇن ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىش ئەركىنلىكىگە چەكلىمە قويۇش قانۇنىنى چىقىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. يەنە شۇ كۈنى، ھىتلېر دوختۇرلار ئىتتىپاقىغا، مەن سىلەرنىڭ بۇگۈنكى دۆچ كېلىۋاتقا قىيىنچىلىقلارنى چۈشىنىمەن. بولۇپمۇ ياش دوختۇر كاملىق قىلىدىغان قىيىنچىلىقلارنى تېخىمۇ بەك چۈشىنىمەن، دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى بىسلىق دۇنيا قارىشىنى ئۇستىلىق بىلەن ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويىۋالغان ئىدى. "بىز دەل شۇ ياشلارنى كۆزدە تۇتقانلىقىمىز ئۈچۈن، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ يات مىللەتلەرنى باستۇرۇش تەدبىرى ئېلىشقا، بۇ ياشلىرىمىزنىڭمۇ دوختۇرلۇق ساھەسىدە ياشاش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش ئېھتىمالى

ئۇستىدە تىرىششقا مەجبۇر بولماقتىمىز. ... بۇ تۇردىكى مىللى ساپلاشتۇرۇش ئىشى، بەلكىم بىر قانچە ئەسىر سەرىپ قىلىش ئارقىلىق ئاندىن تاماملاشقا بولىدىغان بىر خىزمەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇھىم بولغىنى، بىز كەلگۈسى سىياسىي تەرەققىيات ئۇچۇن ئۇل ھازىرلاپ تۇرالىشىمىزدۇر.“

ئاردىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندە، «گېرمانىيە مەكتەپلىرىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق زىچلىقىغا قارشى قانۇن» غا ئاساسەن، ئالىي مەكتەپلەردىكى يەھۇدىيلار سانى ئازايتىلدى. ئېكسپوپ بېرىنىڭ بىلەن كاتولىك دىنىنىڭ مۇھىم زاتلىرىدىن ستېپىنمان ھەزرەتلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە، ھىتلېر بۇ جەھەتتە ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇلار بىلەن چىڭ تۇرۇپ مۇنازىرىلىشىدۇ. ھىتلېر بۇ ئىككى نەپەر پوپقا شۇنى ئەسلىتىدۇ: دىنى جەمئىيەت بۇرۇنلاردا يەھۇدىيلارنىڭ تارقاق ئولتۇراقلىششىنى چەكلەپ، ئۇلارنىڭ يىغىلىپ بىرلىكتە ئولتۇراقلىششىغىلا رۇخسەت قىلاتتى. شۇنىڭدەك يەھۇدىيلارنىڭ خىرىستىيانلار بىلەن بىر يەردە ئىشلىشىگىمۇ يول قويمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ قارىشىدا يەھۇدىيلار ”دۆلەت بىلەن دىنى جەمئىيەتلەرنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تېخىمۇ كۆپ يەھۇدىينى قوغلاپ چىقىرىش، بولۇپمۇ ئۇلارنى ئىلمىي ئورۇنلاردىن ھەمدە جامائەت خىزمىتى ئورۇنلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك“ ئىكەن. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى رىم پاپىسىنىڭ نەچچە ئەسىر مابەينىدىن قىلالمايۋاتقان ئىشنى پۇتتۇرۇپ بېرىشتىن باشقا مەنىگە ئىگە ئەمەسكەن.

شۇندىن باشلاپ نۇرغۇنلىغان يەھۇدىي گېرمانىيىدىن ئايرىلىشقا باشلايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر يەھۇدىيلارغا قارشى پىلان ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىگە قارشى بىر ھەرىكەت ھېسابلانمايدىكەن. نۇرغۇن ئەسىر مابەينىدە ئۇلار كۆچلۈك ئېقىم پەيدا قىلىش ئۇسۇلىغا تايىنىپ ھايات قالماقتا ئىدى. گېيوتى بىلەن بىتخوۋېنلارنى چىقىرالىغان بىر مىللەت يەنە نېمە نېمىگە ئېھتىياجلىق؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ھىتلېرنىڭ ھەققىي مەقسىدى شەرق يەھۇدىيلىرىغا قارشى تۇرۇشتىنلا ئىبارەت ئىدى.

مىللى سوتسىئالىزم پارتىيىسى كۆرۈنۈشتە غەلىبە قازانغاندەك قىلسىمۇ، ئەسلىدە ئۇلار ئۆز ئىچىدە پەقەتلا ئىتتىپاق ئەمەس، تەشكىلى جەھەتتىنمۇ بەكلا تارقاق ئىدى. بۇ پارتىيە ھوقۇقنى قولغا ئالغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ كادىرلار قۇرۇلمىسى بەكلا زەئىپ ئىدى. مۇھىم ۋەزىپىلەردىكى ”پىششەددەم جەڭچىلەر“ بەكلا كۆپ ئىدى. بۇ پارتىيە بەكلا تېز تەرەققى قىلىۋاتقان بولۇپ، پارتىيە ئەزا سانى بىر يېرىم مىليون كىشىگە يەتكەن، شۇنىڭدەك يەنە بىر مىليون كىشى پارتىيىگە كىرىش ئۇچۇن ئىلتىماسىنىڭ تەستىقلىنىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئەمما پارتىيىنىڭ بۇنچىۋالا چوكىيىپ كېتىشىگە ھىتلېر پەقەتلا رازى

ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ، 1-ماي كۈنى شۋاررغا پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدا ئىبارەت ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىش ئۈچۈن قوبۇل قىلمادەپ بۇيرۇق بېرىدۇ.

بۇ ئىشمۇ ھىتلېرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ، بىرىنچى ماي كۈنىنى ”مىللى ئەمگەكچىلەر بايرام كۈنى“ دەپ ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ كۈننى ئىشچىلار بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق بايرام كۈنى قىلىپ تەبرىكلەشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، تېمپېلخوف ئايرىدرومىدا كاتتا ئاممىۋى يىغىن تەشكىللەيدۇ. يىغىن قاتناشقۇچى ئىشچى سانى نەچچە تۈمەنگە يېتىپ، ئەمگەكچىلەر داھىلىرىمۇ بۇ يىغىنغا قاتنىشىدۇ. ئۇلار بۇ مىتىنگىدە فۈھرېرنىڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىناۋىتى بىلەن مىللى ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى بايانىنى ئاڭلايدۇ.

مەيداندا فۈھرېرگە قارىتىپ چوڭ پىرژېكتىرلار يېقىلغاندىن باشقا، قالغان يەرلەر پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇقتا قالدۇرۇلغان بولۇپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ھۇلۇقىنىدىن ئۆن-تىۋىشسىز جىمىپ كەتكەن ئىدى. گەرچە ئۇ ئادەتتىكىدەك سۆزلەۋاتقان بولسىمۇ، كىشىلەرگە ھەققەتەنمۇ قاتتىق ھاياجان ئىچىدە كۈچلۈك تەسىرلىنىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ نۇتقى ئاخىرلاشقىنىدا ئىشچىلار قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ، گويا ئۇلارنىڭ قولىغا دۇنيانى تۇتقۇزۇپ قويغاندەك تەنتەنە قىلىشىپ كەتكەن ئىدى.312 ئىشچىلار ئۇنىڭ سۆزلىرى تەرىپىدىن سېھىرلىنىشتىن ئەسلىگە كەلمەي تۇرۇپلا «ۋېسسېل ئورمىنى مارشى» نى ئېيتىشقا باشلايدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىنلىقى ئەندىلا بېسىقىشى بىلەن، كۆك يۈزىدە ھەر رەڭلىك ساليۇتلار پارتلاشقا باشلايدۇ. ”بۇ ھەققەتەنمۇ مەردانە، كۆركەملىك بىر ئۇيۇن بولغان ئىدى. — دەپ يازىدۇ فرانسىيە باش ئەلچىسى ئەسلىمىسىدە، — مىتىنگ مەيدانىدىن ئايرىلغان ۋاقىتتا مەيلى گېرمانىيىلىكلەر بولسۇن ياكى چەتئەللىك مېھمانلار بولسۇن، ھەممە بىردەك بىر قېتىملىق يارىشىش ھەمكارلىق دولقۇنى پۈتكۈل ئۈچىنچى ئىمپېرىيە تەۋەسىگە يېيىلدى، دەپ ئىشەنگەن ئىدى.“

ئەتىسى، ساقچىلارنىڭ ھەمكارلىقى ئاستىدا ئېس-ئاچىلار بىلەن ئېس-ئېسچىلار پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئىشخانىلىرىنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. تېخى تۈنۈگۈنلا يېقى ھۆكۈمەتنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش ۋەدىسىنى بەرگەن ئەمگەكچىلەر داھىلىرى بۈگۈن ئۆيلىرىدە قولغا ئېلىنغان ئىدى؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئارخىپلىرى ۋە بانكا ئامانەت پۇللىرى پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ ئىشچىلار گېزىتلىرىمۇ پېچەتلەپ تاشلىنىدۇ. ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن تەڭ، ئەمگەكچىلەر ئۇيۇشمىلىرى تەشكىللىك ئاساستا پۈتكۈل گېرمانىيە تەۋەسىدە براقلا يوق قىلىندى. ئەمما ھىتلېر

ئىشچىلارغا ۋەدە قىلىپ، يېڭىچە گېرمانىيە ئەمگەكچىلەر بىرلىك سىپىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئىشچىلارنىڭ ھوقۇقلىرى مۇھاپىزەت قىلىنىدىغانلىقى، تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ پاراۋان ئۆتىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر قوزغىلاڭمۇ پارتلىمايدۇ، تەشكىللىك بىرەر نارازىلىق ھەرىكىتىمۇ كۆرۈلمەيدۇ. تا ئاي ئاخىرىغىچە، شۇنچە چوڭ ئەمگەكچىلەر قوشۇنى كىرىست بەلگىلىك بايراقلار كەينىدىن ئالغا ئىلگىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ سەپلىرى قىلچە قالايمىقانلاشماي كەتمەيدۇ؛ ئەكسىچە ئۆزلىكىدىنلا قىزغىنلىقتىن قوشۇرلۇققا ئۆزگىرەپ بولىدۇ.

شۇنچە زور ئۇتۇق ھىتلېرنى قىلچىمۇ ھاياجانلاندۇرۇپ قالماي ئەكسىنچە تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ ئۆزگۈرۈپ، پارتىيىسىنىڭ ئاكتىپلىرىنى نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەس قىلىپ قايمۇقتۇرۇپلا قويىدۇ. بۇ نوقتىنى ماي ئوتتۇرلىرىدا فرانكلىن دېلانو روزىۋېلتنىڭ دۇنيا تىنچلىقى چاقىرىقىغا بەرگەن جاۋابىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ھىتلېر بۇ جاۋابىدا، پرېزىدېنت ئامېرىكىنى ياۋروپا مۇناسىۋىتى ئىچىگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق تىنچلىقنىڭ كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈلۈشىنى تەكلىپ قىلغان بولۇپ، بۇ تەكلىپنى گېرمانىيە قارشى ئېلىشى مۇمكىن دېيىلگەن. دېمەك، ھىتلېر تەختكە چىققان دەسلەپكى كۈنلىرىدىكى ئۇرۇشخۇمار تەلەپلىرىدىن ۋاز كەچكەندەك كۆرۈنەتتى. ”گېرمانىيە ھۆكۈمىتى باشقا ئەللەرنىڭ بارلىق قىينچىلىق مەسىلىرى ھەققىدە تىنچلىق كېلىشىمگە كېلىشنى خالايدۇ. گېرمانىيە شۇنى ئېنىق بىلىدۇكى، ياۋروپادىكى ھەر قانداق بىر قۇراللىق ھەرىكەت، بۇنداق ھەرىكەت تولۇق غالىبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىدىغان بىر ھەرىكەت بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرىدىغىنىغا سېلىشتۇرغاندا بېرىلىدىغان قۇربان پەۋقۇلئاددە ئۈستۈن بولىدىغانلىقى ئېنىق. (ھىتلېر بۇ يەردە پرېزىدېنتنىڭ مەردانىلارچە يېڭىچە سىياسەت يۈرگۈزۈش ئۇسلۇبىغا قايىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ــ ئا.ھ.ئى) ــ مەن بۇ جەھەتتە روزىۋېلت ئەپەندىگە ھېسداشلىقىمنى بىلدۈرمەكچىمەن.“ ئارىدىن ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ «نيۇيورك ۋاقتى» گېزىتىنىڭ بىر مۇخبىرىغا ”ئۇ پارلامېنت زالى بىلەن دۆلەت ئورگانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ بىۋاستە ئۆز تۇتقان يولىدا ماڭالىغانلىق جاسارىتىگە قايىلمەن. ــ دەيدۇ. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ: ــ مەن ياۋروپادىكى مەقسىدىم بىلەن يولغا قويغان تەدبىرلىرىمنى پرېزىدېنت روزىۋېلت چۈشىنىشكە جاسارەت قىلالايدىغان بىردىن-بىر داھىي دەپ تونۇيمەن.“

ھىتلېر ئۆز پارتىيىسىدىكى كىشىلەرنى تولۇق تېزگىنى ئاستىغا ئالالىغىنىدىلا ئاندىن بۇنداق كەسكىن بۇرۇلۇش ياسىيالىشى مۇمكىن ئىدى. ”مەن ئاڭلىغان ھىتلېر نۇتۇقلىرى ئىچىدە بۇ قېتىم ئاڭلىغانلىرىم ئەڭ ياخشىسى دەپ يازىدۇ لوچنېر بالىلىرىغا يازغان

خېتىدە، _ مېنىڭ ھەر دائىم چۈشىنەلمەي كېلىۋاتقىنىم، بۇ ناتىسىستلار قانداقلارچىسىغا ئۆز ئۆكتىچىلىرىنى بىراقلا تازىلىۋېتەلىگەنلىكى مەسىلىسى ئىدى. يەنى ستىرىپسىمان بىلەن برۇنىڭلارغا بۇنچىۋالا تەسەللى بەرگىدەك بىر نۇتۇقنى سۆزلىيەلىگەنلىكىگە ھەيرانمەن! ھەر نېمە دېگەن بىلەن، بۇ ئىش دىكتاتۇلۇق يۈرگۈزۈشتىكى قىزىقارلىق بىر ئىش ھېسابلانسا كېرەك؟ يەنى تاشقى سىياسەتكە بېرىپ چېتىلىدىغانلىقى ئىش بولىدىكەن، بۇ ئادەملەر بىراقلا قوزىدەك يۇۋاشلىشىپ كېتىدىكەن. مەسىلەن مۇسسولىن، ھىتلېر، ستالىن، پىلسودىسكى (جوزېف پىلسۇدىسكى، 1867-يىلى تۇغۇلۇپ 1935-يىلى ۋاپات بولغان پولشا گېنېرالى ۋە سىياسىي يونى؛ 1918~1922-يىللار ئارىسىدا پولشا پرېزىدېنتى بولغان؛ پروفېسسور ئابدۇللا ئەھەت ئەنجاننىڭ «چەتئەللەردە تۈركىستان ئۆچۈن كۈرەشلەر» دېگەن يېقىنقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇساپىرلارنىڭ مۇھاجىرەتتە سوۋېتكە قارشى پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن ئەسىرىگە ئاساسلانغاندا، _ بۇ كىتاب ئا. بوران تەرىپىدىن 2006-يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ پۈتكۈزۈلگەن ۋە بەزى ئۇيغۇرچە ئىنتېرنېت تورلىرىغا قويۇلغان _ شەرقىي ياۋروپا سابىق سوۋېت مۇستەملىكىسى مۇھاجىرلىرىدىن باشقا كاپكازلارنى ئاساس قىلغان سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ سوۋېتكە قارشى مۇھاجىرەتتىكى سىياسىي پائالىيەتلىرىگە مەخسۇس ماددىي ياردەملەردە بولغان بىرسى. _ ئۇ.ت) قاتارىدىكىلەر شۇنداق مىجەزلىك كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇلار دۆلەتنى ئىچىدە ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش جەريانىدا بەكلا كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا چەت دۆلەتلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىش جەريانىدا، ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىش ئېھتىمالى بولىدىغانلىقى ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئىمكان بار ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشىدىكەن. روشەنكى، ھىتلېر ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدىكەن."

ھىتلېرنىڭ بۇ نۇتقى غەرب دۇنياسىغىلا بىر تەسەللى بولۇپ قالماي، ھىندېنبۇرگقىمۇ يېڭى باش مىنىستىرغا ئىشىنىشكە بولىدىغان ئادەم دېگەن كاپالەتنى بەرگەن ئىدى. بۇ چاغقا كەلگەندە، ھىتلېر بۇ بوۋايغا ھەققەتەنمۇ ياخشى كۆرۈنۈۋالغان ئىدى. ھىتلېر، ھىندېنبۇرگقا قارىتا ئىنتايىن ئەدەپلىك، رائىش كۆرۈنۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ قاراشلىرى بىلەن مەنتىقىلىق كۈچى بۇ قېرى بوۋاينىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىزلىرىنىمۇ سىرىپ سۈپۈرۈپ تاشلىغان ئىدى.313 "ئىلگىرلىشىمىزنىڭ تېزلىكى سەۋەبىدىن، _ دەيدۇ ھىتلېر كېيىنكى بىر ئەسلىمىسىدە، _ ئۈچ ھەپتىگە قالمايلا بۇ ئادەم خۇددى مېھرىبان ئاتىلاردەك مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەن ئىدى."

ھىندېنبۇرگ ھىتلېرنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىپ ھىتلېرنىڭ پۈتۈن ھوقۇقلارنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشى يولىدا ھېچ قانداق توسالغۇ پەيدا قىلمايدىغان ھالغا كەلگەن ئىدى. ياز

ئايلىرىنىڭ كىرىشى بىلەن، بىر قاتار يېڭى قانۇنلار ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ گېرمانىيىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بولغان ئىدى. ”ھەل بولىشى مۇمكىن بولمايدىغان قان-تەر مۇناسىۋىتىنى قوغداش“ ھەققىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىنى چەكلەش قانۇنى چىقىرىلىپ ئاۋال دېھقانچىلىق تەشكىلاتلىرى بويى سۇندۇرۇلىدۇ. بۇ قانۇن ”ئىرىق ئاساس“ دەيدىغان ئۇلتۇراقلىشىش سىياسىتى بىلەن بىرلىكتە، ھىتلېرغا شەرقى رايونلارنى بويى سۇندۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بېرىپ، پەقەت نېمىسلارنىلا جايلاشتۇرۇش دېگەن ئۇسۇلى ئاساسىدا بۇ جايلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئاساسى تىكلەنگەن ئىدى. ھۆكۈمەت، مىللى سوتسىئالىزم پارتىيىسىنىڭ قولىدىكى ۋىلايەت ۋە شتات ھاكىمىيەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى دېھقانلار سىياسىي  تەشكىلاتلار ئارقىلىق (بۇنداق يەرلەر غەلىتە بىر شەكىلدە «ئىمپېرىيە ئۇزۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىش يەرلىرى» دەپ ئاتىلىشقان)، بۇ يەرلەردىكى ئېتىزلىقلارنى قاتتىق تېزگىنلەپ تۇتۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشى بىلەن، ھىتلېرمۇ گېرمانىيىنىڭ ئىقتىسادىي نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. 3-مارت كۈنى «ئىمپېرىيە يەرلىك ماللار سودىسى ۋە قول سانائەت قانۇنى» ماقۇللىنىپ بىر ئايغا قالمايلا بۇ قانۇن ”گېرمانىيە سودا-سانائەتچىلەر جەمئىيىتى“ نىڭ رولىنى ئويناشقا باشلايدۇ. بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغىنى، 1-ئىيۇل كۈنى ”گېرمانىيە سودا ساھەسى ئادولف ھىتلېر فوندى“ نىڭ قۇرۇلغانلىقى بولۇپ، بۇ فوند سانائەت ساھەسى بىلەن ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ھەر ئىككىسىنىلا مەنپەئەتكە ئىگە قىلغان ئىدى. بازار بىلەن مال باھاسى سىياسىي تىننىڭ تېزگىنلىنىشى بىلەن تەشكىللىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلىشى نەتىجىسىدە، گېرمانىيە سانائەتچىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ دېگىنىدىن چىقمايدىغان بىر يولغا كىرىدۇ.

بۇ چاغدا، ھىتلېر يەنە بىر باسقۇچقا، يەنى ئەڭ مۇھىم ھېسابلانغان بىر باسقۇچقا، _ سىياسىي  رىقابەتچىلىرىنى يوقۇتۇش تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كومپارتىيە ئاللا بۇرۇن يوقۇتۇلغان؛ 22-ئىيۇل كۈنى، ”مىللەتىمىز ۋە دۆلىتىمىزگە دۈشمەنلىك قاراشتا بولغان“ دېگەننى باھانە قىلىپ سوتسىئال دېموكرات پارتىيىسىنى قانۇنسىز پارتىيە دەپ ئېلان قىلىدۇ. پارلامېنت تەركىۋىدىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. ئۇرغۇنلىغان سوتسىئال دېموكرات پارتىيە داھىلىرى چېكىدىن ئاشقان ئۇنسۇرلار دەپ قالپاق كەيگۈزۈلگەن باشقا ئۇنسۇرلار بىلەن بىر قاتاردا يېڭىدىن قۇرۇلغان لاگېرلارغا سولىنىپ تىلىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە مىللەتچى پارتىيىمۇ ئۆزلىكىدىنلا تارقىلىپ كېتىدۇ. يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، يەنى ھىتلېر ھەر قايسى ئىمپېرىيە ۋاللىرىغا ”بۇندىن كېيىن بىز دېموكراتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرىنىمۇ

پاك-پاكىزە تازىلىۋېتىشىمىز كېرەك“ دەپ يولىيورۇق بېرىۋاتقان كۈنلەردە، گېرمانىيە خەلق پارتىيىسىمۇ تارقىلىپ كېتىدۇ.

بۇ كۈنلەرگە كەلگەندە، ھىتلېر ھۆكۈمەت كابىنېتىدا يەنە بەش نەپەر ناتسىست ئەزا كۆپەيتىۋالىدۇ. شۇڭا، ھىتلېر گېرمانىيىنى بىر پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشنى ئوتتۇرغا قويغىنىدا، ئۇنىڭغا قارشى چىقىدىغان تۈزۈك ئادەم قالمايدۇ. پارلامېنتنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى تارتىپ ئېلىپ، پارلامېنت تۈزۈمىنى بۇزمىلاپ كۆرسەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ يېڭى تەكلىپ ئاساس قانۇننى ئىناۋەتكە ئالمايلا قالماي، ھەتتا ھوقۇقا تەيىنلەش قانۇنىنىمۇ بىر تىيىن قىلىۋەتكەن ئىدى. ”بىز ھۆكۈمەت كابىنېتىدا بۇ تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلغىنىمىزدا تۈزۈك بىر قارشىلىق كۆرۈلمىدى“ دەيدۇ پاپېن ئەسلىمىسىدە. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر، بۇ قانۇن بىردەك ئاۋاز بىلەن تەستىقلاندى، دەپ ئېلان قىلىدۇ. 14-ئىيۇن فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ خاتىرە كۈنىسى، بۇ تەكلىپ رەسمى قانۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى.

گېرمانىيىمۇ، خۇددى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئوخشاش بىرلا پارتىيە ھاكىمىيەت سورايدىغان بىر دۆلەتكە ئايلىنىپ، پارتىيىنىمۇ پەقەت بىرلا ئادەم قولىدا تۇتىدىغان بولىدۇ. ئەمما پارتىيىنى تېزگىنىدە تۇتىدىغان بۇ ئادەم پۈتۈنلەي خۇراپاتلار ۋە خام خىياللار دۇنياسىدا لەيلەپ يۈرگەن بىر ئادەم ئىدى.314

5

گېرمانىيىنىڭ ھەر بىر مەھەلە-يېزىسىدا قىزىل-قارا رەڭلىك كىرىست بەلگىلىك ۋە كونا ئىمپېرىيىنىڭ قارا-ئاق-قىزىل بايراقلىرى لەپىلدەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. ھىتلېر سېتىۋېلىش، يىغىۋېلىش قاتارىدىكى تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ ئىنقىلاپ قىلىش چۈشەنچىسى ئىنقىلاپنىڭ تەرتىپلىك، قانۇنلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا مۇھتاج بولىۋاتقان دۆلەت ئىچىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. مانا ئەندى، پۈتۈن خەلق فۈھرېرنىڭ ئېس-ئاچىلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئوڭ-سول قولى دەپ تونىيدىغان بولۇپ ئۆزگەرمەكتە؛ ھەر بىر مۇھىم ئورۇن دېگىدەك ناتسىستلار ياكى ئۇلارنىڭ تېزگىنىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان؛ مەيلى سىنىپلاردا ياكى چىركاۋلاردا بولسۇن، قوڭۇر رەڭلىك ئىنقىلاب ئومۇمىي يۈزلۈك مەدىھىلىنىدىغان ۋە تەبرىكلىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى.

ھىتلېر سۆزىنى داۋام قىلىپ كېلىپ، داۋالغۇچلار ئۆتكۈنچى ھادىسە، دەيدۇ. ”ئىنقىلاب ھەرگىزمۇ بۇ ھالەتتە داۋاملاشمايدۇ.“ ئۇ دۆلەتنى بىر پارتىيە دىكتاتۇر تۈزۈمى

بىلەن باشقۇرۇشنى ئېلان قىلىش ئالدىدا، ئۇ ھەر قايسى شتات گوبىرناتورلىرىغا "ئىنقىلاب پەيدا قىلغان ھاياجان دولقۇننى بېخەتەر ئۆزگەرتىش يولىغا يېتەكلەپ مېڭىشىمىز كېرەك" دەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى بىردىن بىر ئۆلچەم پارتىيىلىك بولۇش-بولماسلىقى ئەمەس بەلكى قابىلىيىتىنىڭ بولۇش-بولماسلىقىغا باغلىق دەپ كۆرسىتىدۇ.

ھىتلىر ھەرگىزمۇ قان تۆكۈلىدىغان قوزغىلاڭ ئېلىپ بېرىشنى، شۇنىڭدەك بارلىق ئاددى پۇخرالارنى ياكى سانائەتچىلەرنى چەتتە قالدۇرىدىغان بىر ئىسلاھاتنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ ئۆز يەرلىك ئەمەلدارلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش پرىنسىپىنى بەلگىلەپ چىقىدۇ. "ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىز چوقۇم تېزلىكتە بىراقلا بوي سۇندۇرۇش يولىنى تۇتىشىمىز شەرت. ئىقتىسادىي ساھەدە بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز چوقۇم باشقا تەرەققىيات پرىنسىپلىرى بويىچە بەلگىلىنىشى كېرەك. بۇ جەرياندا ئىلگىرلەش پەقەتلا تەدرىجى ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ بەك ئالدىراخسانلىق قىلىپ بار بولغان شارائىتلارنى ۋەيران قىلىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. ئەگەر شارائىتلار ۋەيران بولسا بىزنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئاساسىمىزمۇ يوقالغان بولىدۇ." ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرى ھىتلىرنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ھىمايىچىسى بولغان ئېس-ئاچلارغا بەكلا تەتۈر ئاڭلىنىدىغان گەپلەر ئىدى. ھەتتا ئۇلار بۇ گەپتىن قولغا قورال ئېلىپ نارازىلىقنى ئىپادىلەشكىمۇ ئىنتىلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق بولىشى، ئۇلار ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، چوقۇم كۆڭلەرنىڭ بىردە غەنىمەتلەرنى بۆلۈشىدىغان كۆڭلەر كېلىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئىدى. ئەمما ھىتلىر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قارارنى ئالىدۇ. ئۇ، بۇ ئىنقىلابنى يوقۇرىدىن تۆۋەنگىچە پۈتۈنلەي بۇرمىلىۋەتكەن بولۇپ، بۇ ئىشنى پۈتۈنلەي خاھىشى ۋە كۈچىگە تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرماقتا ئىدى.

ھىتلىر، ئىقتىسادىي ئىنقىلاپ تاماملاندى دەپ ئېلان قىلىپ، پارتىيىلىك ئىقتىسادچى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئورنىغا چوڭ سودىگەرلەر ۋەكىللىرىنى ئالماشتۇرىدۇ. ھىتلىرنىڭ يولغا قويغان سوتسىئالىزمى ھېچ قانداق بىر سوتسىئالىزمغا ئوخشىمايدىغان بىر تۈزۈم بولۇش بىلەن بىرگە، بۇ تۈزۈم پۈتۈنلەي ھىتلىرنىڭ يوشۇرۇن مەقسىدى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان بىر تۈزۈم ئىدى. ئۇنىڭ تەشكىللىك ئىگىلىك چۈشەنچىسى ھەقىقى سوتسىئالىزم بىلەن بەكلا ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئەمما، بۇ تۈزۈم تېخىمۇ ئۇلۇغ غايىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلالىغىنىدىلا ئاندىن بىر سوتسىئالىزمچى بولۇشقا رازى ئىدى.

ئۇنىڭ خۇسۇسى مۈلۈكنى كۆزگە ئىلماسلىقى ھەرگىزمۇ ئىنقىلابىي شەكىلدە بىر كەمسىتىش بولماستىن پۈتۈنلەي بوسمىيە شەكلىدىكى بىر كەمسىتىش ئىدى. ئۇنىڭ

ئارزۇسى گېرمانىينى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۆز تەقدىرىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك مىقداردا كاپىتالغا ئېرىشىپ قايتىدىن قۇراللىنىش ۋە ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشلا ئىدى. ئۇ لېنىنچى ئەمەس بەلكى بىر كايسېرچى ئىدى. ئۇ سوتسىئالىزمدىن پايدىلىنىپ ئامىنى قوزغاشنىلا ئويلايتتى. شۇڭا، ئەگەر ئۇ كاپىتالىزم خەلق ئاممىسىنى قوزغىتالايدۇ دەپ قوبۇل قىلسا ئىدى، ئۇ چوقۇم كاپىتالىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولاتتى. ھىتلېر ئۈچۈن، پەقەت گېرمانىينى قۇتقۇزۇشقىلا بولىدىكەن، ھەرگىزمۇ ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايتتى.

مۇنداق قارىماققا، ئۇ گويا بىر ئىشچىلار سىنىپى جەمئىيىتىنى ياراتقاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئىشچىلار، ھىتلېرنى ھەم ئەسكەر، ھەم بىر ئەمگەكچى دەپ بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ھىتلېرنى ئەنە شۇ شەكىلدە تەشۋىق قىلىشتى. شۇنداق بولغاندا، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئىزاغا قالدۇرۇلغان، ئادەتتە يەنە ئىقتىسادىي ۋەيران بولۇش گىرۋىكىگە كېلىپ قېلىپ جاپاكەش مىليونلىغان نېمىسلار ھەم ئەسكەر، ھەم ئىشچى بولغان بۇنداق بىر قەھرىمان بىلەن ئۈچۈرشىشى ھامانلا بىر-بىرسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىشكەن ئىدى.315 بارغانچە كۆپ كومپارتىيىلىكلەر گەرچە ئۆز داھىلىرى لاگېرلارغا قامىلىپ كەن بولسىمۇ يەنىلا مىللى سوتسىئالىزم تۈزۈمى ئىچىدە تىگىشلىك بىر ئورۇنغا ئېرىشەلەيلىكنى ھېس قىلىشماقتا ئىدى. ھىتلېرنىڭ سوتسىئالىزمى بىلەن ماركسىزمنىڭ سوتسىئالىزمى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئۇقۇم دېگەن ئېنىقلىمىسىنى چۈشىنىشمۇ ئۇنچە بەك تەس ئەمەستى: "گېرمانىيە سوتسىئالىزمى نېمىسلار رەھبەرلىكىدىكى سوتسىئالىزم، خەلقارا سوتسىئالىزمى بولسا يەھۇدىيلارنىڭ بىر قۇرالىدىنلا ئىبارەت" دەپ قارايتتى.

1933-يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، ھىتلېر ئاساسەن ئالغاندا مۇتلەق كۆپ قىسىم نېمىسلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغان ئىدى. بۇرجۇئازىيە بىلەن ئىشچىلار، ھەربىلەر بىلەن سىياسىي ساھەدىكىلەر، ئېرىقچىلار ۋە شۇنىڭدەك مەملىكەت ئىچىدىكى بىر قىسىم ئىنتايىن ئەقىللىق كىشىلەر كەينى-كەينىدىن ناتسىستلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشقا باشلاپ، پارتىيە ئۆزلىكىدىن زورىيىشقا باشلايدۇ. ھوقۇق ئادەمنى چىرىتىدىغانلىقى ئەزەلدىن كىشلۋاتقان بىر سىياسىي پرىنسىپ؛ شۇنداقتىمۇ ھوقۇق يەنە ئادەمنى مۇقەددەس ھالغىمۇ كەلتۈرۈپېتەلەيدۇ. تېخى بىر يىل ئاۋاللا كوچىلاردا زومىلىق قىلىپ يۈرگەن ھىتلېرنى ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تەمىنلىگەن ھوقۇق كۈچى سەۋەبىدىن ھەممە كىشى ھۆرمەت قىلىدىغان بىرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. بەزى نېمىسلار بايلىق ھەۋسىنىڭ كەينىگە چۈشۈپ ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بولسىمۇ، نۇرغۇنلىغان نېمىسلار غايە دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇنىڭغا قىزىقماقتا ئىدى. بۇ ئىسلاھات ھەرىكىتى ئاساسەن ئالغاندا

پۈتكۈل گېرمانىيىنى قاپلىماقتا ئىدى. شۇنىڭدەك، ئىقتىسادمۇ ياخشىلىنىشقا باشلاپ، چوڭ شەھەر كوچىلىرىدىن تىلەمچىلەرنىمۇ تاپقىلى بولماس ھالغا كەلگەن ئىدى.

تېخىمۇ كۆپ زىيالى ۋە سەنئەتچى ھىتلېرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىشكە باشلايدۇ. ھەتتا ئوپېرا يازغۇچىسى بولغان گېرخارت خۇپتمانىمۇ باشقىلاردىن پەرقلىق قىياپەتتە بولسىمۇ يەنىلا ھىتلېرنىڭ ئالدىدا ئىگىلىپ تازىم قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەن ئىدى. شۇ يىلى ئىيۇلدا سپېنگلېر بىلەن ھىتلېر بىر يېرىم سائەت سۆھبەتلىشىپ فرانسىيىنىڭ سىياسىي تى ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىدۇ. ئۇ ئىككىسى يېڭى دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىگە ئوخشاشلا نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىشىدۇ. ئۇلار ئايرىلىش ئالدىدا ھىتلېر بۇ يازغۇچىغا "مېنىڭچە پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنى مەلۇم بىر سىياسەت ئۈستىگە جەلىپ قىلىش بەكلا مۇھىم ئىكەن" دەيدۇ. سپېنگلېر مۇ ھىتلېرنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلىدۇ. گەرچە فۇھرېر ئادەتتىكىدەك گەپلەرنى قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ راست گەپ قىلىدىغان بىرسى ئىكەن، دەيدۇ ئۇ يازغۇچى ھىتلېر بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن. رىچارد ستراۋس ھىتلېر ياخشى كۆرىدىغان كومپوزىتورلاردىن ھېساپلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇمۇ گېرمانىيىنىڭ ئۆزگىرىش ياسىغانلىقىدىن رازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. «روسىن كاۋاللېرى» بېرلىنىدا تۇنجى قېتىم ئوينالغىنىدا ھىتلېرمۇ كۆرگىلى بارغان بولۇپ، پەردە ئارىسى دەم ئېلىش ۋاقتىدا لوژدا ستراۋسنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ستراۋس چەكسىز خوشاللىققا چۆمىدۇ.

چىركاۋ "شاھزادىلىرى" ھىتلېرنى مەدھىلەپ مۇكاپات ئېلىشقا تېخىمۇ تەلپۈنىدۇ. "ھىتلېر كىمنى قانداق ھەيدەش كېرەكلىكىنى ياخشى بىلىدىكەن" دەيدۇ يېقىندا قانۇنسىز دەپ ئېلان قىلىنغان كاتولىكلار پارتىيىسىنىڭ داھىسى، كاردىنال لودۋىگ كاس ھىتلېر بىلەن ئۇچراشقىنىدا، "ئۇ باش مىنىستىر بولۇشتىن ئاۋال مەن ئۇنىڭ بىلەن پات-پاتلا كۆرۈشۈپ تۇراتتىم. بۇ كىشى پىكىرلىرى ئوچۇق، يۈكسەك غايىدا چىڭ تۇرىدىغان، ھەمدە رىياللىقىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان بىر ئادەم. ئۇ ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. ...، تەرتىپنى ساقلىيالايدىغانلا بولىدىكەن، كىملا باشقۇرسا مەيلى ئەمەسمۇ." ئون بىرىنچى پاپا ئۇسمۇ ئەنە شۇنداق پرىنسىپنى ھىمايە قىلىدىغانلاردىن بىرسى ئىدى. بۇ نوقتىنى 20-ئىيۇلدا ھىتلېر بىلەن ۋاتىكان ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان دىنى كېلىشىم تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ كېلىشىمدە، كاردىناللار بىلەن دىنى زاتلارنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرماسلىققا ماقۇل بولىدۇ. ھىتلېرمۇ پۈتۈن مەملىكەت تەۋەسىدىكى گۇنا چىقىرىش مەكتەپلىرىگە تولۇق ئەركىنلىك بېرىدىغان بولىدۇ. بۇنداق بىر ھوقۇققا ئېرىشكەنلىك كاتولىك دىنىنىڭ بەكلا چوڭ ئۇتۇقى ھېسابلىناتتى. پاپا ھەزرەتلىرى ھىتلېرنىڭ ۋەكىلى فرانز ۋون پاپېنغا "چىن قەلبىمدىن قارشى ئالىمەن، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كوممۇنىزمغا،

رۇسىيىدىكى ھەر خىل-ھەر رەڭدىكى خىيالپەرەستلىكتىن خىيالپەرەستلىككە قارىتا قىلچە يول قويماي قارشى تۇرىدىغان بىر رەھبىرنىڭ بولغانلىقىدىن ھەقىقەتەنمۇ چەكسىز خۇشالمەن“ دەيدۇ.

ۋاتىكان، ئىنتايىن مۇكەممەل بىر ھەمراغا ئېرىشكەنلىكىدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ، تەڭرىدىن بۇ ھەمرايىنى، يەنى ئۇچىنچى ئىمپىرىيىنى ئامان قىلسۇن، دەپ دۇئا ئوقۇيدۇ.316 پاپا تېخىمۇ ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئۆتۈپ، گېرمانىيىدىكى بارلىق ئېكسپوپلارنى مىللىي سوتسىئالىزم پارتىيە ھۆكۈمىتىگە ساداقەت كۆرستىشىنى بۇيرۇيدۇ. ئۇ يېڭى دۇئاسىنى ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ: ”مەن بۇ ئىلاھى ۋەزىپەمدە تۇرغان مۇددەت بويىچە گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پاراۋانلىق ئۈچۈن دۇئا قىلىپ ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ۋاقتىمدا ئىمپىرىيىنى بوھرانغا قويىدىغان ھەرىكەتلەردىن قەتئىي ساقلىنىمەن.“

گېرمانىيە جەمئىيىتىدىكى ھەر قاتلام كىشىلەر يېڭى ھۆكۈمەتنى قوللاپ قۇۋۋەتلەشنىڭ باھانىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش يولىغا كىرىشكەن ئىدى. فۇھرېر خەلق ئاممىسىنىڭ كۆچلۈك ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئىدى. كىشىلەر سېپتالىغا ئېقىن قىلىپ فۇھرېرنىڭ يۈرتىنى سىغىنىپ كېلىشلىرى بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالى ئىدى. كىشىلەر يەنە ھىتلېرنىڭ باللىق دەۋرلىرىدە يازلىق دەم ئېلىش ئۈچۈن بېرىپ تۇرىدىغان يېزا ئۆيىنى زىيارەت قىلىشنىمۇ بوش قويمىغان ئىدى. ئۇلار بۇ سەھرا ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە ئارتىلىپ چىقىپ رەسىمگە تارتىشاتتى، گويا ئۇچىدە قانداقتۇ بىر مۇقەددەس سۇ بارەدەك، قورادىكى تەكىنىدە قوللىرىنى يۇيۇشاتتى. ئۇلار يەنە تاش پارچىلىرى بىلەن سېلىنغان ئاشلىق ئامبىرىنىڭ تاش پارچىلىرىدىن پارچىلار سۇندۇرۇپ خاتىرە ئۈچۈن ساقلىۋېلىشاتتى. ئۇلار بۇ يەردىن خاتىرە ئۈچۈن دەپ ئالغىلى بولىدىغان ھەممە نەرسىنى ئېلىپ مېڭىشاتتى. ئۇ قورانىڭ بوگۇنكى خوجايىنى ئېتىزدىن قايتىپ قوراسىغا كىرگىنىدە زىيارەتكە كەلگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالاتتى. ”خۇددى بازارغا يىغىلغاندەكلا مىغ-مىغ ئادەم يىغىلىپ كېتەتتى _ دەيدۇ جوھان ستۈتز شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، _ زىيارەتچىلەر بىر تەرەپتىن كاللارنىڭ دۆمبىسىگە كىرىست بەلگىسىنى سىزىپ، بىر تەرەپتىن ھىتلېرنى مەدھىلەيدىغان ناخشىلارنى ئېيتىپ كەنت ئىچىدە ئايلىنىپ زىيارەت قىلىشاتتى. ئۆزۈڭغا قالماي ئۇ يەر تالان-تاراجدا قالغاندەك خارابە بىر يەرگە ئايلىنىپ قالدى.“

1933-يىلى ئىيۇلنىڭ ئاخىرلىرىدا ھىتلېر ۋاقىت چىقىرىپ بايرۇتنى يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلىپ، رىچارد بىلەن كوزىما ۋاگنېر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سېيگفرىيدنىڭ قەۋرىسىگە تەزىيە چەمبىرىكى قويۇپ كېلىدۇ. ئۇ يەنە ئۇ يەردىكى يىلدا بىر كېلىدىغان بايرامغىمۇ قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ زىيارىتى باش مىنىستىر بولغىنىدىن كېيىن ۋاگنېرنىڭ يۇرتىغا قىلغان

تۇنجى زىيارىتى ئىدى. ئۇ ۋانفرىيېدنىڭ كۈتۈپخانىسىنى ئايلىنىپ ئۇنىڭغا بولغان قىزغىن ھېسسىياتىنى قاندۇردى. "سىز مېنى بۇنىدىن ئون يىل بۇرۇن دەل بۇ ئۆيدە قوبۇل قىلغان ئىدىڭىز. _ دېدى ھىتلېر ۋىنىفرېيد ۋاگنېرغا. ئاندىن ئۇ چىرايىنى تۈرۈپ دېدى: _ ئەگەر شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشمىسا ئىدى، بۈگۈن ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان بولاتتى. ئۇ يىللىرى مېنىڭ پىشمىغان بۇ ئىشقا تازا ماس كېلىدىغان ۋاقىتلار ئىدى. مانا ئەندى مەن بۇ ئىش ئۈچۈن بەكلا قېرىپ كەتتىم. بەكلا كۆپ ۋاقتىم زايا بولۇپ كەتتى. شۇڭا بۇ زايا بولغان ۋاقىتلارنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇرمەن. _ ئۇنىڭ مەيۈسلىنىشى قانداق تېز ئىپادىلەنگەن بولسا شۇنداق تېز غايىپ بولدى. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ۋەزىپىدە يەنە 22 يىل ئولتۇرالايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەيدۇ. _ شۇ چاغدىلا مەن بۇ ئىشتىن پېنسىيىگە چىقىشىم مۇمكىن. ئەمما بۈگۈن، ھۆكۈمەت كابىنېتىنىڭ بىھۇدە بىشىمنى ئاغرىتىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ھوقۇقنى ئېھتىياجلىقمەن. ئۇلار ھازىر ئۆزلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىشقا تولۇق ھەققىمىز بار دەپ قاراۋاتىدۇ." ئۇ گۆشسىز چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرغىنىدا، ئەگەر پۈتۈن ھوقۇقلارنى قولغا كىرگۈزۈپ بولالىسام، چىركاۋلارنى تارقىتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ مال-مۈلكلىرىنى مۇسادىرە قىلدۇرىۋېتىمەن دەپ پىلانىنى ئاشكارىلايدۇ.

شۇ يىلى يازلاردا، ھىتلېر ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى يوقۇرى سالزبۇرگدىكى سەھرا داچىسىدا ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ خانفىستايىنگىل ئائىلىسىنى ۋاچېنفېلدقا بېرىپ دەم ئېلىشقا تەكلىپ قىلغان ئىدى. ئەمما خانفىستايىنگىل بەك ئالدىراش ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ ھېلېنا بىلەن ئېگون (ئۇ چاغدا ئېگونمۇ 12 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى) ئىككىسىنى ئەۋەرتكەن ئىدى. ئۇلار مىيۇنخېندىن ماشىنىلىق يولغا چىقىدۇ. ھىتلېر يول بويى شوپۇرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋالىدۇ. روسېنخېيم ئەتراپىدىكى قىيالىق بىر تاغ يولىغا كەلگەندە ماشىنا ماتورى تۇيۇقسىز قاتتىق بىر پارتلاش ئاۋازى چىقىرىپ توختاپ قالىدۇ. 7 نەپەر مۇھاپىزەتچى ئاپتوماتلىرىنى كۆتەرگىنىچە دەرھال كىلىپ كاشىلا چىققان ماشىنىنىڭ ئەتراپىنى مۇھاپىزەت قىلىشىدۇ. شوپۇر كىمپكا ئالدىراش ماتورنى تەكشۈرىدۇ، ھىتلېرمۇ ئۇنىڭغا پىلجىكتىر تۇتۇپ بېرىدۇ. "فۇھرېرىم، يەنە شۇ كونا چاتاق. _ دېدى شوپۇرى، _ كوممۇنىست ئۇنسۇرلاردىن بىرەرسى بېنزىن باكىغا شېكەر پارچىسى سېلىۋېتىپتۇ."317

ھىتلېر قوغدىغۇچىلىرىغا مۇھاپىزەتنى كۈچەيتىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىپ، شوپۇرنىڭ بىر دېتالنى سۆكۈشكە قاراپ ھاياجان بىلەن بىر ياندا تۇرىدۇ. شوپۇر بىر تەرەپتىن پولەپ يەنە بىر تەرەپتىن ئىچىگە تارتىپ شوراپ يەرگە بېنزىن ئارىلاش شېكەر پارچىلىرىنى

تۆكۈردۇ.

باشقا مەغرۇر ئائىلىلەرگە ئوخشاش ھىتلېرمۇ ھېلىنا بىلەن ئېگون ئىككىسىنى بېرگە ئېلىپ ۋاچېنفېلدنى زىيارەت قىلدۇ. ئۇنىڭ جايلاشقان ئۆيى ئىككىنچى قەۋەتتە بولۇپ، سارىسبۇرگقا ئۇدۇل قاراپ تۇراتتى. بۇ ئۆينىڭ بىزەكلىرى خۇددى باشقا ئۆيلەردىكىدەك بەكلا ئاددى ئىدى. "ئۆيدە چاققان بىر يېزىق ئۈستىلى بىلەن بىر قانچە ئادەتتىكىدەك كىتاب ئىشكاپلىرى قويۇلغان ئىدى. _ دەيدۇ ئېگون كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، _ مەن ھىتلېر قانداق كىتابلارنى ئوقۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغانلىقىغا قىزىقىپ تەكچىلەرگە قاراپ ھەيران قالغان ئىدىم." راست دېگەندەك كىتاب تەكچىلىرىدىكى كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى كارل ماي يازغان ھاياجانلىق غەرب پادىچىلار ھېكايىلىرى ھەققىدىكى كىتابلار بولۇپ، ئەسلىدە بۇ تۈر كىتابلار باش مىنىستىر بولغان بىرسىگە قارىغاندا ئەينى ۋاقىتتىكى 12 ياشلىق ئېگوننىڭ ئوقۇشقا ئۈيغۇن كېلىدىغان كىتابلار ئىدى.

خانفستايىنگىل ئانا-بالا ئىككىسى بۇ ئۆيگە مېھمان بولسىمۇ، يېقىندىكى مېھمانخانىلاردا ياكى ساياھەتچىلەر تۈرىدىغان ئۆيلەرگە چۈشكەن پارتىيە ئەزالىرىمۇ كېلىپ فۈھرېرنى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. "گېۆرىڭ ھىتلېردىن ئايرىلماي دېگەندەك بېرگە يۈرەتتى. ئۇ ئىككىسى دائىم دېگۈدەك باغچىدىكى خىش ياتقۇزۇلغان تار يولدا ماڭغىنىچە مەخپىي سۆھبەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ماڭىدىغان يولى ئەنە شۇ تار يوللا ئىدى. ئەگەر ئۇلار بىنانىڭ ئالدىدىكى كارىدوردا ئولتۇرۇپ مۇڭداشقانلىرىدا ئېگون يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە قۇلاق موللىسى بولۇپمۇ قالاتتى. گەپنى ئەڭ كۆپ قىلىدىغىنى گېۆرىڭ ئىدى: 'مەن يېقىندا 20 كىشىنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى تەستىقلىدىم ...' دېگىننى ئاڭلاپ قالدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇ شۇنداق بىر نىمە دېگەندەك قىلغانىتى. بۇ گەپلەرنى ئاپامۇ ئاڭلىغان. مەن ئاپام ئىككىمىز بۇ گەپلەردىن بەكلا چۆچۈپ ھەيران قالغان ئىدۇق: شۇنچە ھەشەمەتلىك دۆلەت ئىجرائىيتىنىڭ كەينىدە بۇنداق قورقۇنۇشلۇق ئىشلارنىڭمۇ بارلىقى قانداق بولغىنى؟"

ئۇلار بىرلىكتە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشەتتى. ياماقخانا ئاستىنقى قەۋەتكە جايلاشقان بولۇپ، ئاددى ئەمما ئازادە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئېگون ئانگىلانىڭ ئەتكەن ئاۋسترىيە تاماقلىرىغا كۆنەلمىگەن ئىدى. بولۇپمۇ پۇرچاق تامىقىغا بەكلا ئۆچ ئىدى. چۈنكى بۇ تاماقنى سۈت، ئۇن ۋە ئازىراق شېكەر قوشۇپ يېيىشكە توغرا كېلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئېگون دەستىخاننىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە ئىدى. "ئۇلار مۇزىكىدىن، سىياسەتتىن، ھەتتا خىتاي سەنئىتىدىنمۇ پاراڭ قىلىپ كېتىشەتتى. ئەسلىدە، ئۇلارنىڭ دېيىشمەيدىغان گېپى يوق

دېسمۇ بولاتتى. ئەسلىدە، ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ كۆڭلى ئۇچۇق بىرسى ھېسابلىناتتى. يەنى دېمەكچى بولغىنىم، ئۇ ئۆزىنى ھەممىلا يەردە بىر داھى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشىنى خالىمايتتى. ئادەتتە ھىتلېر كىشىلەر بىلەن بەك پاراڭلىشىپ كەتمەيتتى. ئۇ ئادەتتە پاراڭلىشىپ قالغاندا بىر بولسا جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى ياكى بولمىسا رەسمىي نۇتۇق سۆزلەپ كېتىدىغان بىرسىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنى كاتولىك دىنىنىڭ ھوكمرانىغىلا ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى. ئەمما بۇ يەردە، يەنى ئۇنىڭ بۇ يېزىدىكى داچىسىدا خۇددى ئادەتتىكى بىر ئۆي خوجايىنى قىياپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ نورمال بىرسىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئادەتتە ئاپتوموبىللار ھەققىدە، ماتورلار ھەققىدە، ھەر خىل تىپتىكى كىملەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ تېخنىكىلىق تۈزۈلىشى ھەققىدە كۆپرەك پاراڭ قىلاتتى.»

بۇ چاغدا، ھىتلېرنىڭ بۇ داچىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئەتراپقا تارقىلىپ كېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ساياھەتچىلەر بۇ يەرگە قاراپ ئېقىن قىلىشقا باشلايدۇ. ئەمما ئۇ باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، ئۆيىگە يېكىنىۋېلىپ پەقەتلا سىرتقا چىقماس بولىۋالىدۇ. بىر كۈنى، بىر توپ ئادەم ئېگوننى يېنىغا چاقىرىشىپ ھىتلېرنى سىرتقا چىقىرالارسەنمۇ دەپ سورىشىدۇ. 12 ياشلىق ئېگون يۈگۈرگىنىچە فۈھرېرنىڭ يېنىغا چىقىپ بەكلا نورمالسىز بىر تۈستە "ھىتلېر ئەپەندىم، بىر توپ سەممىي ئادەملەر كورىدوردا سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇلار سىزنى كۆرۈشكە بەكلا تەققەززار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ" دەيدۇ.

ھىتلېر قاھقاھلاپ كۈلگىنىچە، ئېگون بىلەن بىرگە سىرتقا چىقىپ كەلگەنلەر بىلەن سالاملىشىدۇ. "زىيارەتكە كەلگەن بۇ كىشىلەر ھىتلېرنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشكىلى قىل قالىدۇ. ھىتلېر ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ كىشىلەر ماڭا ئالاھىدە مەمنۇن بولۇپ رەخمىتىنى بىلدۈرۈشتى. ئارىدىن ھىستېرىيىلىك ئايالدىن بىرسى ھىتلېر دەسسىگەن شېغىللاردىن بىر ئۇچۇم ئېلىپ ئەينەك دورا قۇتىسىغا قاچىلاپ كۆكسىنىڭ ئاستىغا قىستۇرىۋالغانلىقىنىمۇ كۆردۈم" دەيدۇ.318 كېيىن ئىشىك تۈۋىگە يەنە بىر مۇنچە ئادەم كېلىپ ئېگونغا بىر مۇنچە كارتۇچكا، ئاتكرىتكا، رەسىم ۋە خەتلەرنى تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. ئېگون بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ دەرھال ھىتلېرنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇن-تۈنسىز بىر تال قېرىنداش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ. "ئاھ تەڭرىم! _ دەيدۇ ھىتلېر كۈلگىنىچە، _ ئوغلۇم، ئەندى بۇ ئىشتا ماڭا يېپىشقىنىڭ يېپىشقان، شۇنداقمۇ؟"

ھىتلېر تاغدىن چۈشۈپ بېرلىنغا قايتقىنىدىن كېيىن، يەنە شۇ خىل مۇلايىم كۆرۈنۈشى بويىچە كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشقا تەييار ئىدى. شۇ يىلى ئاۋغۇستتا، ھىتلېر ئېگوننىڭ دادىسىنىڭ ھىتلېرغا قارشى بىر كارىكاتۇرىلار توپلى نەشرى قىلىشىنى

تەستىقلايدۇ. بۇ ھەجۋى رەسىملەر گېرمانىيەدىكى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى گېزىت-ژۇرناللاردىن يىغىلغان رەسىملەر ئىدى. بۇ رەسىم توپلىمىنىڭ ئىسمى «ئاق قەغەز ئۈستىدە قارا سىيا» بولۇپ، مۇقاۋىسىغا ھىتلېرنىڭ رەسىمى سىزىلغان، رەسىمدىكى ھىتلېر ئۆزىنى تەنقىت قىلىۋاتقانلارغا قاراپ قاھقاھلاپ كۈلۈۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ كارىكاتۇرلار خانفىستايىنگىل تەرىپىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن تاللاپ چىقىلغان رەسىملەر بولۇپ، بەزىلىرى ھەجۋىلەشتۈرۈلگەن رەسىملەر بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۇنى قاتتىق مازاق قىلىپ سىزىلغان، يىقىنقى ئون يىل مابەينىدە سىزىلغان ئەڭ ياخشى رەسىملەر ئىدى. خانفىستايىنگىل كىرىش سۆزىنىڭ باش قىسمىدا ھىتلېرنىڭ قاتتىق چوقۇنىدىغان قەھرىمانى ئىمپېراتور فرىدېرىخنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: "بۇ كىتابچىنى پەسرەك بىر يەرگە تىزىپ قويۇڭ." ئۇ كىرىش سۆزىدە بۇ گەپنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ بۇ كىتاب ھەققى ھىتلېر بىلەن ئۇيدۇرما ھىتلېرنى پەرقلەندۈرۈش جەھەتتىكى بىر سىناق، دەيدۇ.

بۇنداق بىر تەشۋىقات كىتابچىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى گيۇبېلسنى قاتتىق ئۆركەشتۈرىدۇ. خانفىستايىنگىل بۇنىڭ ئۈچۈن ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا ئەنگىلىيىلىكلەر بىلەن ئامېرىكىلىقلار ئارىسىدا ياخشى تەسىرات قالدۇرالىشىمىز مۇمكىن دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ. دېگەندەك بۇ ئىش ھىتلېر ھەققىدىكى قاراشلارنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەر ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم ئۈنچىۋالا رەھىمسىز بىرسى بولماستىن كۆكسى-قارنى كەڭرى بىرسى ئىكەن دەپ ھېسابلىشىدۇ. "فۇھرېر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر گېرمانىيەدە تېز سۈرئەت بىلەن يېيىلىشقا باشلىغان بولۇپ، — دەپ باھا يازىدۇ «ئەدەبىي كۆچۈرمىلەر» ژورنىلى، — ياۋروپادىكى بىر قىسىم بىتەرەپ گېزىت ۋە ژۇرناللار بولسا گېرمانىيىنىڭ بۇ مۇستەبىتى ھەققىدە ساپلا كۈلكىلىك نەرسىلەرنىلا ئېلان قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار ھىتلېرنى ھىلىگەر بىرسى دەپ قارىشىپ، ئۇنىڭ كەسكىن پىكىرلىك بولۇشىنى مازاق قىلىپ كۈلكە قىلىشىۋېلىشقان ئىدى." كۈرەش جەريانىدا ئاجىز تەرەپتە تۇرغانلار ئۈچۈن ئەزەلدىن ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنگىلىيىلىكلەر فۇھرېرنىڭ قەرز تۆلەش بىلەن چېگرا مەسىلىلىرىدە فرانسۇزلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ھىتلېر تەرەپتە تۇرۇپ ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشىپ بېرىدۇ. لورد لوتىيان ئاقلاپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى زوراۋانلىقلىرىنى، "گېرمانىيىلىكلەرنىڭ دۇنيا ئۇرۇشى مابەينىدە چەتئەللىكلەر تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىشىغا قارىتا قايتۇرغان بىر تۇرلۇك ئىنكاسى دېيىش كېرەك." ئەنگىلىيىنىڭ ۋېلشال شەرتنامىسىغا قارىتا قارشى پىكرىدە بولۇشى گېرمانىيەدىن قالسىلا ئەڭ كۈچلۈك

بولۇپ كەلگەن ئىدى.

ھىتلېر ئەنە شۇنداق يۇمشاق كۆڭۈلۈك كۆرۈنۈش بىلەن ئۆزىنىڭ تاشقى سىياسەتلىرىنى تۈزىتىشكە كىرىشىدۇ. ھىتلېرنىڭ تاشقى سىياسەتلىرىگە ئاساس بولىۋاتقان تۈپكى ئىككى تەلىمات، ئۇنىڭ ئىرقچىلىق كۆزقارىشى بىلەن ھاياتلىق ماكان كۆزقارىشى ئىدى. ئۇ بەزىدە تۇيۇقسىز بۇلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولۇپ تۇراتتى. ئەمما ئاخىرىدا ئۇ يەنىلا شەرقتە ھاياتلىق ماكانىغا ئېرىشىش قارىشى بىلەن مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مىجەزىدىن يىراقلىشالمايدۇ. ھىتلېر ھەر دائىم ئەنگلىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىر ھەمرا قاتارىدا ئۆزىنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى كىرىست ئارمىيىسى سېپىگە قوشۇۋېلىشنىلا ئويلايتتى. بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئۇ چوقۇم ئېنگلىزلارنى ئىشەندۈرەلىشى، يەنى ئىمپېرىيە خەلقارالىق سودا بىلەن يەرشارى بويىچە دېڭىزلاردا زوراۋانلىق قىلىش غەرىزىدىن ۋاز كەچكەنلىكىگە ئېنگلىزلارنى ئىشەندۈرىشى شەرت ئىدى. قىسقىسى، گېرمانىيە ياۋروپا قىتئەسىنى تېزگىنى ئاستىغا ئېلىپ كوممۇنىزمغا قارشى قەلئە ھالىغا كېلىپ، دېڭىز-ئوكيانلارنى بولسا ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاشلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى. ئۇ شەرقتە يۈرۈش قىلىشتىن ئاۋال، ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىۋېلىش مەقسىتىدە ئىتالىيەدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئىتالىيە، ناتسىستلار پىرىنسىپى سەۋەبىدىن ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتاتتى. شۇنىڭدەك مۇسسولىنىنىڭ ئاق دېڭىز (ئوتتۇرا دېڭىزى، ئوتتۇرا دېڭىز _ ئۇ.ت) دا قارانىيتى بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارمۇ خۇددى گېرمانىيىگە ئوخشاش فرانسىيىگە دۈشمەن كۆزى بىلەن قاراپ كەلمەكتە ئىدى.

ھىتلېرنىڭ ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىدىن مىراس قىلىپ ئالغان دىپلوماتىيە خادىملىرى ھەر خىل سىنىپلارغا تەۋە كىشىلەردىن تەشكىل قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دىپلوماتىيە ئۇسلۇبىدىن بەكلا ئۇركۈپ يۈرىشەتتى.319 شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خېلى كۆپ قىسىم دىپلوماتلار ھەر تۈرلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ئاساسلىق غايىلىرىگە قوشۇلاتتى. شۇنىڭدەك ئۇلار ھىتلېردىن ھەمدە ئۇنىڭ سوتسىيالىزم شوئارىدىن پايدىلىنىپ ئۆز مەقسەدىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز دەپ ئىزاھلىشاتتى. ”ئادەتتىكى كىشىلەر شۇنى ئارزۇ قىلاتتى ۋە شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، _ دەيدۇ كەسىپى دىپلومات خېربېرت ۋون دىركسېن ئەسلىمىسىدە، _ تۈزەلمەس ئىنقىلابى پارتىيىلىكلەر ۋاقتى-ۋاقتىدا تازىلىنىپ تۇرۇلۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولسا، ھوقۇق دېگەن بۇ مىزلىك شاراپنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغانلىقى ھەمدە ھوقۇقتىن كەلگەن راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇلارمۇ تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ئىشلارنى قىلالايدىغان بولالىشى، كۆزقاراشلىرىدىمۇ مۇتەئەسسىپلىككە قاراپ ئۆزگىرىش ياسىشى مۇمكىن ئىدى.“

شۇڭلاشقا، دېركسېن قاتارىدىكى كەسپداشلارنىڭ ھەممىسى "نورماللىشىش جەريانىدا ئۆلارغا ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار" دەپ ئويلايتتى. ھىتلېر تاشقى ئىشلارنى باشقۇرۇش جەھەتلەردىمۇ خۇددى سانائەتچىلەر بىلەن ھەربىي تەرەپتىكىلەرنى يېتەكلەپ ماڭغىنىدەك قۇۋ بىرسى ئىدى. ئۇ، ھۆكۈمەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن بىر يەھۇدىي بىلەن يەنە بىر يەھۇدىي بىلەن توي قىلغان بىرسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بارلىق ئەمەلدارلارنى بۇرۇنقى ئورنىدا قېلىشقا يول قويىدۇ. ئۇ يەنە ئەگەر گېرمانىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارلاشمايدىغانلا بولىدىكەن، ئىمپېرىيە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ شۇ يەردىن يېتىشىپ چىققان كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە قارشى ئىكەنلىكى ئۇنىڭ رۇسىيىگە قارشى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقنى، شۇنىڭدەك سەممى ۋە ئىشەنچلىك بولۇشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇ يەنە مەخپىي تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەختكە چىقىشىدىن ئاۋال تۈزۈلگەن ئۆزۈن مۇددەتلىك قەرز كېلىشىمىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىشقىمۇ رازى ئىكەنلىكىنى ئىما قىلىدۇ.

1933-يىلى كۈز ئايلىرىغا كەلگەندە، ھىتلېر بۇ تۈردىكى ئېھتىياتچان خەلقارا ئويۇنلارنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئويناپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر جەمئىيىتىدىن چېكىنىپ چىقىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. ئەسلىدىنلا بۇ جەمئىيەنىڭ قايتىدىن قۇراللىنىش جەھەتتە يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان سىياسىي تىنىڭ ئۆزىلا بەكلا قالايمان بىر سىياسەت ئىدى. "بىز بۇ جەمئىيەتتىن چوقۇم چېكىنىپ چىقىشىمىز كېرەك. _ دەيدۇ ھىتلېر پاپېنغا ئالاھىدە ھاياجان ئىچىدە، _ بۇ جەھەتتىكى باشقا غەملەردە بولۇشىمىز پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز." ھىندېنبۇرگ بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىدىن چېكىنىپ چىقىش ئاقىلانىلىق ھېسابلىنارمۇ دەپ سورىغىنىدا، ھىتلېر گېپىدە چىڭ تۇرغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: گېرمانىيىنىڭ پۈتۈنلەي باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولۇشىنى ئويلايدىكەنمىز، بۇ جەمئىيەتتىن چېكىنىپ چىقىشىمىز مۇتلەق زۆرۈر. ھىندېنبۇرگ بوۋاي ئەنسىرەپ تۇرسىمۇ نائىلاج بۇنىڭغا ماقۇل بولىدۇ. چوڭ ئىككى پارچە يەرنىڭ ھوسۇلى ئۈچۈن بېرىلگەن سوۋغات ۋە شۇ قاتاردا ھىتلېر بىلەن گيۆرىڭنىڭ ئېغىزچە كاپالەت بېرىشى بىلەن، يەنى ئىمپېرىيە بىلەن پرۇسىيە مەبلىغىدىن ھەر بىر پارچە يەر ئۈچۈن 4 يۈز مىڭ ماركتىن پاراۋانلىق ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا قىلىنغان ياردەملەر بوۋاينى تەسرلەندۈرگەن بولسا كېرەك، دەرھال ماقۇل بولىدۇ.

14-ئۆكتەبىر كۈنى، ھىتلېر رادىئو ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا گېرمانىيە بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىنىڭ يىغىنلىرىغا قاتناشمايدىغانلىقىنى، جەمئىيەتتىنمۇ چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. "بۇنداق تەڭسىز ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان بىر تەشكىلاتتا

ئۆزىنىڭ ئىسمى يېزىلىپ بۇنداق بىر تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى بولۇش، 65 مىليونلۇق بىر خەلققە نىسبەتەن، ئىناۋەتنى قىزغىن سۆيىدىغان بىر دۆلەت ئۈچۈن، ئابرويىنى قىزغىن سۆيىدىغان بىر ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەرگىزمۇ يول قويۇشقا بولمايدىغان بىر نومۇستۇر.“

ئۇنىڭ بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمىيىتىگە قىلغان بۇ ھۇجۇمىنى ھەقسىزلىق دېيىشكىمۇ بولمايتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ مەغلۇپ قىلىنغان بىر دۆلەتنى كەمسىتىدىغان بىر تەشكىلاتتىن چېكىنىپ چىقىشى غەرب دۇنياسىغا ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ۋېلشال شەرتنامىسىنى رەت قىلغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى دېيىش مۇمكىن. ئۇ قائىدىدىن چىقىپ فرانسۇزلارغا تىنچلىق ئارزۇسىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە گېرمانىيىنىڭ فرانسىيە بىلەن يارىشىپ قېلىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ.

ھىتلېرنىڭ تېز تاكتىكا ئۆزگەرتىش قىلىشى ماھىيەتتە بىر قىماردا دوغا چىققانلىقى ئىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ تەلىپى تىنچلىق، شۇنىڭدەك قىمار قەتئىي ئۇتىدىغان بىر قىمار ھېسابلىناتتى. كۇتۇلمىگەندە، ئېنگلىزلارمۇ ئۇنى ئەيىپلەش ئورنىغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. خۇرتۇۋد لوردى ئېلۇن لوردلار كامېرىسىدا (يوقۇرى كامېرادا) ”... ئېتراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، ئۆتكەن 415 يىل مابەينىدە،320 بىز ۋە باشقا دۆلەتلەر گېرمانىيىگە ئاقىلانە ۋە ئادالەتلىك مۇئامىلىدە بولمىدۇق. بۇنداق مۇئامىلە، گېرمانىيىنى ئۆز تۇپراقلىرى سىرتىدا ئۇرۇش قوزغاش ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋاقتىدا، گېرمانىيە ئىگە بولۇشقا پۇتۇنلەي ھەقلىق بىر مۇئامىلە ئىدى.“

ھىتلېر، ئۆزىنىڭ بۇ قارارىنى ئاي ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئومۇم خەلق ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق قارار قىلىشقا تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇنداق ھەل قىلىش چارىسى، ھىتلېرنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە مەملىكەت ئىچىدە كەڭ كۆلەملىك قوللاپ قۇۋۋەتلەشنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تىپىك ئۇسۇلى ئىدى. بۇ قارارنى ئېلان قىلىپ بىر قانچە سائەت ئۆتمەي تەبرىكلەش خەتلىرى ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا تاغارلاپ كېلىشكە باشلايدۇ. ”كاتولىك ھەرىكىتى“ تەشكىلاتى يەنە تېلېگرامما يوللاپ، فۇھرېرنىڭ قارارىنى ”ھەممە بىردەك“ قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ”فۇھرېرنىڭ بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ يامان نىيەتلىك بولغانلىقىدىن ئەمەس _ دەيدۇ گېرمانىيىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپلىرىدىن بىرسى بولغان مارتىن ھېيدېگىر ئوقۇغۇچىلىرىغا، _ شۇنىڭدەك ھەرگىزمۇ قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىنىڭمۇ نەتىجىسى ئەمەس، شۇنىڭدەك جاھىللىق بىلەن قارغۇلارچە ئېلىنغان بىر قارارمۇ ئەمەس، يەنە شۇنىڭدەك زوراۋانلىق كۈچىدىن پايدىلىنىش

ھەۋەسسىدىن كەلگەن قارارمۇ ئەمەس. بۇ قارار ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ تەغدىرىنى شەرتسىز تۈردە قولغا ئېلىش كۆزلەنگەن ئېنىق مەسئۇلىيەت قارىشى ئارزۇسىنىڭلا بىر نەتىجىسى، خالاس.“ (ھىيىدېگىر ئۇ ۋاقىتلاردا بىر ناتسىست ئىدى. بىر قانچە ئاي ئۆتمەيلا بۇ پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىۋالىدۇ.)

ھىتلېر ئىككى يۈزلىمە دىپلوماتىك سىياسەت يۈرگۈزۈشتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ. 18-ئۆكتەبىر كۈنى، «كۈندىلىك پوچتا خەۋەرلىرى» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى ۋارد پرىسىنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتىدا، ئۇ ئىنتايىن يۇمشاق، مەنتىقىلىق ۋە كۆڭۈل ئاياۋىدىغان تىلدا سۆزلەرنى قىلىدۇ. گەرچە نېمىسلار ”گېرمانىيىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ داۋاملىشىشىغا بۇندىن كېيىن ھەرگىز يول قويالمايدىغان بولسىمۇ، ئىككىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىمۇ قەتئىي خالىمايدۇ“ دەيدۇ.

ئاخبارات مۇخبىرلىرىغا بەرگەن كاپالىتى دىپلوماتىيە ساھەسىدىكىلەرگە بەك تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلمەيدۇ. گېرمانىيىنىڭ ئىتالىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئەۋەرتكەن تېلېگراممىسىدا، مۇسسولىنى ”بىزنىڭ بۇ يول قويۇشىمىزدىن بەكلا ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ھەمدە بۇنىڭغا ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلىدىغانلىقىنى“ بىلدۈردى. مۇسسولىنى گېرمانىيىنىڭ بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىدىن چېكىنىپ چىقىشى ئۇنىڭ ئابرويىغا قاتتىق زەربە بولىدۇ، شۇڭىدەك ”گېرمانىيە نۆۋەتتىكى بۇ قاتمال ۋەزىيەتتىن قۇتۇلالىشىمۇ تەس، كەلگۈسىدە قانداق ھەرىكەت قىلسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدىم“ دەيدۇ.

ھىتلېر، مۇسسولىنىنىڭ بۇ ئاچچىغلىنىشىغا ئەھمىيەت بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا يېقىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىش جەريانىدا پۈتۈن زېھنى بىلەن كىشىنى قايىل قىلالىغىدەك ھوقۇق بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ھەرىكەتكە ئاتلانغان ئىدى. ئۇ يەنىلا رىقابەت مەقسىتىدە پارتىيىنىڭ ماددى ۋە ئادەم كۈچىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى ئۇنىڭ بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىدىن چېكىنىپ چىقىشنى قوللاشقا قايىل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. دىنى جەمئىيەتتىكىلەرمۇ بۇ ئىشتا ئۇنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈرۈشىدۇ. باۋارىيىدىكى ھەر بىر راھىپ كاردىنال فاۋۇلھابېرنى ماقۇللاپ ئاۋاز بېرىشكە ئۈندەيدىغان باياناتلار بېرىشىدۇ: ”شۇنداق قىلىپ، كاتولىكلار ئۆزلىرىنىڭ خەلقىگە، ۋەتىنىگە سادىق ئىكەنلىكىنى قايتا ئىپادە قىلىۋالغان، ئۇلارنىڭ فۇھرېرنىڭ گېرمانىيە خەلقىنى ئۇرۇش ۋەھىمىسى بىلەن بولشېۋىكچىلىك ۋەھىمىسى ئاستىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشىنى قوللايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈرگەن، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەت تەرتىۋىنى مۇستەھكەملەش، ئىشسىزلارغىمۇ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىشتەك

يىراقنى كۆرەر كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىشىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنىمۇ يەنە بىر قېتىم تەكىتلىشىدۇ.“ بۇ قارار خەلق ئاممىسىنىڭ مەغلۇبىيەتتىن كېلىپ چىققان كىشلەر قەلبىنى مۇجۇپ كېلىۋاتقان ۋەيلشال شەرتنامىسىغا بولغان ئورتاق غەزىۋىنى ئىپادىلەپ بەرمەكتە ئىدى. ھىتلېر ئومۇم خەلق ئاۋاز بېرىش كۈننى 12-دېكابىرغا توغرىلىغانلىقىنىڭ بىر سەۋەبىمۇ ئەسلىدە بۇ كۈن، ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسى ئىمزالانغان كۈننىڭ ئەتىسكى خاتىرە كۈنى بولۇشى ئىدى.

ئۇ، گويا بارلىق سىنىپلار بىر ئائىلە ھېسابلىنىدىغىنىدەك، ھەرقايسى تەبىقە كىشىلىرىگە چاقىرىق قىلىدۇ. ”دۇنيا جامائەتچىلىكى ئارىسىدا قايتىدىن قەد كۆتىرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بۇ پەيتلەردە، ئىچكى جەھەتتە جىدەل قىلىپ تۇرىۋالساڭلار، بۇنىڭ ھېسابىنى ئۆتىيەلمەي قالىسىلەر.“ ئۇ سېيمېن شىركىتى زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرىغا ”ئەگەر سىلەر گېرمانىيىنى قايتىدىن سەرگەردان ھالىتىدە كۆرۈشنى خالىمايدىكەنسىلەر، ئۇنداقتا گېرمانىيە چوقۇم ھوقۇقتا باراۋەر ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق گېرمانىيەلىك بىردەك ئىتتىپاقلىششى شەرت.321 شۇڭا مېنىڭ سىلەرگە داھىلىق قىلىشىمنى قوبۇل قىلغايسىلەر. مەن سىلەرگە گېرمانىيىگە يېتەكچىلىك قىلىش قابىلىيىتىم بارلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتىم. مەن ھەر قانداق بىر سىنىپ ياكى گۇرۇھقا تەۋە ئەمەسمەن. مەن پەقەت سىلەرگىلا مەنسۇپمەن.“

سايلام ھارپىسىدا، ھىندېنبۇرگ ھىتلېر بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ. چۈنكى بوۋاي ھىتلېر تەرەپتىن بەكلا كۆپ مەنپەتكە ئېرىشكەنىدى. ”ئەتە، ھەممىڭلار مىللى غۇرۇر ھېسسىياتىڭلارنى ئۇتتۇرغا قويۇپ، ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بىر گەۋدە ھالىغا كېلىڭلار! _ ئۇ رادىئو نۇتقىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، _ تەڭ باراۋەرلىك پىرىنسىپى ئۈچۈن، شەرەپلىك تىنچلىق ئۈچۈن مېنىڭ، يەنى باش مىنىستىر ھەققىدە پىكىرىڭلارنى ئوتتۇرغا قويۇڭلار. بىز تەڭرىنىڭمۇ ياردىمى بىلەن گېرمانىيەنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىدۇق، بىز بۇ ئىتتىپاقلىقنى مەڭگۈ ساقلايمىز، دەپ دۇنياغا ئۇقتۇرۇڭلار!“

بۇنداق بىر تەلەپكە ۋەتەنپەرۋەرلەردىن بەك كۆپ قارشىلىق كەلمەيتتى. ئەتىسى، ئاۋاز سانى ئېلىنغاندىن كېيىنكى نەتىجە شۇنى كۆرسەتتىكى، 95.1 پىرسەنت كىشى فۈھرېرنىڭ تاشقى سىياسەت ئۇسلۇبىنى قوللاپ ئاۋاز بەرگەن ئىدى. پارلامېنتتىكى ئاۋازغا قويۇلۇشتىمۇ 92.2 پىرسەنت ئاۋاز بىلەن پارلامېنتتىكى بىردىن-بىر پارتىيە بولغان مىللى سوتسىئالىزم پارتىيىسىنى قوللاپ ئاۋاز بېرىشكەن. گەرچە بىر قىسىم چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەر بۇنداق بىر نەتىجىنى مازاق قىلىپ كۈلۈشكەن بولسىمۇ (ھەتتا داچاۋ جازا

لاگىرىدىكى 2242 نەپەر ئادەمدىن 2154 نەپىرى فۇھرېرنى قوللاپ ئاۋاز بەرگەن!)، بۇ رەقەملەر گېرمانىيە خەلقىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئۆلچەيدىغان بىر بارومېتر ھېسابلىناتتى. تاشقى مۇناسىۋەت سىياسەتلىرىدە ئادولف ھىتلېر قىماردا ئۇتتۇپ چىقىش بىلەنلا قالماي، ئۆزىنىڭ خەلقى ئالدىدىكى ئورنىنىمۇ مۇستەھكەملىۋالغان ئىدى. ئۇ قولغا كەلتۈرگەن ھوقۇق ھەممىنى بېسىپ چۈشكەن بىر ھوقۇق ئىدى. شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە پارتىيە بىلەن دۆلەتنى بىر پۈتۈن ھالغا كەلتۈرىدىغان يەنە بىر قانۇن ماقۇللىنىپ، "مىللى سوتسىئالىزم پارتىيىسى گېرمانىيە دۆلەت ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، دۆلەت بىلەن بىر پۈتۈن بولۇپ يۇغۇرۇلغان ئايرىلماس بىر پۈتۈنلۈك ھالىغا كەلدى" دەپ بېكىتىلدۇ.

پۈتۈن گېرمانىيە نوپۇسىنى يىغقى ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىۋالغىنىدىن كېيىن، ھىتلېرنىڭ گېرمانىيەنى بىر پۈتۈنلەشتۈرۈش سىياسىي تى ئاساسەن تاماملىغان ھېسابلاندى. فۇھرېر، ماقۇللىشنى قولغا كەلتۈرۈش (ئەلۋەتتە تەھدىت سېلىشلار بىلەن بىر قاتاردا) ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئىنتايىن كۈچلۈك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرەلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھەقىقى مۇستەبىت دەرىجىسىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدى. سەۋەبى، بۇنداق مۇستەبىتلىكتە ئارمىيە تەرەپ، ھەتتا كېسەل بولۇپ يېتىۋالغان ھىندېنبۇرگمۇ قارشى چىقىشى مۇمكىن ئىدى. نېمىلا بولسا بولسۇن، ھىتلېر گېرمانىيىنى مۇستەبىتلىك يولىغا باشلىۋالدى دېيىشكە بولاتتى. نېمىسلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنى قامچىلاپ ھەيدەپ يۈرۈپ ئۇلارنى ئىقتىسادىي بوھراندىن قۇتقازغان ھەمدە ۋېلشال شەرتنامىسىدىن ئىبارەت ئېغىر نومۇسنى تازىلىغان بىر سىيگفرىيد (گېرمانىيە رىۋايەتلىرىدىكى بىر ئەفسانىۋى قەھرىمان) قىمۇ ئېھتىياجى يوق ئىدى.

تەبىئىكى، باستۇرۇش بولمىغان بولسا بۇ ئىشنى پۈتتۈرۈشمۇ مۇمكىن بولمايتتى. يىغىۋېلىش لاگېرى_ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازا لاگېرى (بۇ سۆز برىتانىيەنىڭ بوئېر ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئوتتۇرغا چىقىرىۋالغان بىر ئىسىم بولۇپ، نېمىسچىغا كىرگەن ئاتالغۇ) پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىغا كېڭەيتىلگەن بولۇپ، كىشىلەر بۇنداق لاگېرلارنى ئادەتتىكى ئەھۋال دەپ بەك ھەيران قالماس ھالغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇنداق لاگېرلار مەيلى ئىچكى جەھەتتە ياكى تاشقى جەھەتتە بولسۇن جازالاپ قورقۇتۇش يېرى ھېسابلىناتتى. ماركسىزمچىلار بىلەن سوتسىئال دېموكراتىيە پارتىيىلىرىنىڭ گېزىت، باسمىخانا قاتارلىقى مەتبۇئات يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىۋالغاندىن كېيىن، گېزىتلاردا رەسمى تۈردە نارازىلىق بىلدۈرۈش ھادىسىلىرىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. مۇھەررىرلەر بىلەن نەشرىياتچىلار تىزگىنلەنمەكتە ئىدى. گېرمانىيە ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ مۇستەقىل

گېزىت چىقىرىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىزنالىرىمۇ قالمىغان ئىدى. مەتبۇئات ئەركىنلىكى بىلەن بىر قاتاردا سوپۇروپ تاشلانغانلار ئارىسىدا يەنە ئەدەبىيات-سەنئەت، رادىئو ئاڭلىتىش، تىياتىر، مۇزىكا، كىنو ۋە گۈزەل سەنئەتلەرمۇ بار ئىدى.

1933-يىلىنىڭ دېكابىر ئېيىغا كەلگىنىدە، گېرمانىيە مۇستەبىتچىلىكىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان ئىدى. بۇ ئىشلار تېررورلۇق ئۇچۇن ئەمەس بەلكى دەۋرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئىنتىپاقلىق ئارزۇسى ئۇچۇن ئىشلەنمەكتە ئىدى. كونا ئەقىدىلەرگە بوي سۇنۇشنىمۇ ھەرگىز سىنىپى كۈرەش مەسىلىسى دەپ قاراشقا بولمايتتى. چۈنكى بۇنداق ئىشلار ئالىملار ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت بولغان، ئىشچىلار ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى. "بىز، شۇ ئارقىلىق مىللى روھقا ماسلىشىش، ھۆكۈمەت بىلەن سەممىي ھەمكارلىق ئورنىتىشنى ئارزۇ قىلىمىز. _ دېيدۇ گېرمانىيە ماتېماتىكا جەمئىيىتى رەئىسى كەسپداشلىرىغا،322 _ ھەر بىر نېمىس خوشاللىق بىلەن مىللى سوتسىئالىزم ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ داھىسى باش مىنىستىر ئادولف ھىتلېرغا شەرتسىز خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك."

شۇ سەۋەپتىن، گېرمانىيە جەمئىيىتىدىكى ھەر بىر تەبىقە ۋە ھەر قايسى سەپلەرنىڭ مۇستەبىتلىك تۈزۈمى ئارقىلىق بىر گەۋدە بولۇپ ئوتتۇرغا چىقىشى زۆرۈرى ئەھۋال ھېسابلىناتتى. گەرچە باشقا ئەل ۋە باشقا مىللەتلەر ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېسابلاشقاندەك قىلسىمۇ بۇ تۆر ئەنگۆشتەر گېرمانلارغىلا خاس بىر ئەھۋال بولۇپ، يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ باستۇرۇش خاراكتېرىمۇ تىۋتون تىپىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىناتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىككىسى ئىقتىسادىي ، جوغراپىيىۋى مۇھىتلاردا دەۋرنىڭ تەقەززاسى بىلەن بىر پۈتۈن ھالغا كەلگەنلىكىنىڭ بىر نەتىجىسى ئىدى. مىللى سوتسىئالىزمنىڭ ئۆشنىسىگە مىنىۋېلىپ ئالغا ئىلگىرلەۋاتقان نېمىس خەلقى، تەرتىپ-ئىنتىزامنى سۆيۈش، سەممىي سادىق روھ جەھەتلەردە بىر-بىرسىدىن پەرىقلىنىپ تۇرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك رەھىمسىزلىك ۋە مەغرۇرلىنىش جەھەتلەردىمۇ بىر-بىرسىدىن پەرقلىنەتتى.

6

ھىتلېرنىڭ كەينى-كەينىدىن قولغا كەلتۈرگەن ئۇتتۇغلىرىنى تەنتەنە قىلىش جەريانىدا قۇلاقنى يارغىدەك باشقىچە ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يەنى پارلامېنت بىناسىغا ئوت قويۇش ۋەقەسىنىڭ دېلوسىنى سوتلاش ئىشلىرى ئۆزراپ كېتىۋاتقانلىقى ئىدى. بۇ دېلو تاكى كۈز ئايلىرىنىڭ بىرىنچى كۈنىگىچە سوزۇلۇپ ئاندىن سوت ئېچىلىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا، گېرمانىيە كومپارتىيىسى ئەزالىرى دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم

كىشىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇت قويۇش دېلوسىنى پەيدا قىلغۇچىلار دېگەن ئىشەنچىگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇنىڭ بىر سەۋەبى، ئۇلار ئاۋال پارىژدا بىر پارچە ھىتلېرنىڭ تېروررچىلىقىنى پاش قىلىدىغان بىر كىتاب نەشرى قىلىدۇ. ئەمما بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى پەرەزلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىدى. "بىز بۇ جەھەتتە بىۋاستە ئىسپاتقا ئىگە ئەمەسمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر شاھىت تاپالمىدۇق. پەقەت قاراڭغۇلۇقتا گېرمانىيە بىلەن ئالاقىلىشىش ئىمكانىغىلا ئىگىمىز. _ دەيدۇ ئارتۇر كويىستلېر كېيىن ئېتىراپ قىلىپ، _ ئەسلىدە ھەققى ئەھۋالنىڭ قانداق ئىكەنلىكىدىن پەقەتلا خەۋىرىمىز يوق."

بۇ تۈردىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تۈردىكى چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن كوممۇنىستلار ئۆز ئالدىغا بىر سوت ئۇيۇشتۇرۇپ 1933-يىلى 14-سىنتەبىر كۈنى لوندوندا سوت ئېچىپ، ئەنگلىيىدىن د. ن. پرىت بىلەن ئامېرىكىدىن ئارتۇر گارفىيېلد ھايس قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خالقئارالىق سوت ھەيئىتى تەرىپىدىن سوتلىنىدۇ. ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا داڭلىق كىشىلەردىن گېورگ بېرنارد شاۋ دېگەن داڭلىق بىر كىشىمۇ بار بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ ئەسەرلىرىگە ھىتلېر بەكلا قىزىقاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «پەرىزات جېنى» دېگەن ئەسىرىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. بېرنارد شاۋ سوت ھەيئىتىدە ئورۇن ئېلىشنى رەت قىلىپ، پەقەت ئوخشىمىغان پىكىرلىك بىرى بولۇپ ئوتتۇرغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ: "ئەگەر جىنايەتچىنى توخماق ئورنىدا پايدىلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتنى دۇمبالاشقا ئۇرۇنغانلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ تەغدىرى ئاللمۇقاچان بېكىتىلىپ بولۇنغان ھېسابلىنىدۇ" دەيدۇ. ئۆز ئالدىغا تەشكىللەنگەن بۇ سوت ھەيئىتى 6 كۈن سوتلىغاندىن كېيىن بۇرۇنلا بەلگىلىنىپ بولغان ھۆكۈمنى ئېلان قىلىدۇ: "پارلامېنت بىناسى مىللى سوتسىئالىزم پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلدى، دېگەن گۇمانلارغا بەكلا كۆپ مۇجمەللىكلەر ساقلانماقتا."

ئەتىسى، گېرمانىيىدىكى سوت لېيپزىگتا ئېچىلىدۇ. گيۆرىڭ بىۋاستە قول سېلىپ قارىلىغۇچى بولۇپ 4 نەپەر قارىلانغۇچى كومپارتىيىلىكنى قارىلاپ ۋەتەنۋەرلىكنى چىقىرىۋېتىدۇ. گيۆرىڭ جان-جەھلى بىلەن ۋارقىراپ گېورگى دىمتىرووۋنى ئەيىپلەشكە باشلايدۇ (بۇ كىشى كېيىن بولغارىيىنىڭ باش مىنىستىرى بولىدۇ): "سېنى لۈكچەك! سوت تۈگىگەندە چوقۇم ئەدىۋىڭنى بېرىمىز!" گيۆرىڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سۆزىگە چىقىش ھەققى بار بولسىمۇ، غەلبە كوممۇنىستلار تەرەپتە ئىدى. يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى سوت تەرىپىدىن گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۆزىنىڭ بىردىن-بىر جىنايەتچى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىۋالغان ۋان دېر لۇب ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئىشقا مۇناسىۋەتسىز كىشىلەر بۇ گوللاندىيىلىك ناتسىستلار ئىشقا سالغان بىر

قۇرالىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ ئوت قويۇش مەقسىدى ئوت قويۇلۇشنى باھانە قىلىپ قىزىللارنى يوقۇتۇش، دەپ قارىشىدۇ.323 بۇللۇك بىلەن شىرىر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان تارىخچىلارمۇ بۇ قاراشقا قوشىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ پەرەزلىرى فرىتز توبىياسنىڭ كىتابى نەشرى قىلىنىشتىن بۇرۇنقى پەرەزلىرى ئىدى. توبىياسنىڭ كىتابى بەكلا ئىنچىكىلىك بىلەن يېزىلغان بولۇپ، كومپارتىيە بىلەن ناتسىستلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا بۇ قېتىمقى ئوت قويۇش ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئوت قويۇۋچى يالغۇز لۇب، دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان ئىدى. براچېر قاتارىدىكى كۆپلىگەن تارىخچىلار توبىياسنىڭ كىتاۋىغا گۇمان بىلەن قارىشىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتلىرى خانس مومسېننىڭ كۆرسەتكەن پاكىتلىرىغا ئوخشاش ئىدى. مومسېننىڭ سالاھىيەتلىك ماقالىسى، شۇ دەۋردىكى تارىخ تەتقىقات يۇرتىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ تەتقىقات يۇرتى بولسا ناتسىستلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئوڭايلىقچە ئىشىنىپ كېتىدىغان بىر ئورۇن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە لۇبنىڭ تارىخى ۋە سوت خاتىرىسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى، ئۇنىڭ ئەقلى كۈچى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇراتتىكەن. چۈنكى ئۇ يالغۇز ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر سەرگەردان ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

لېيپزىگ سوتىنىڭ ھۆكۈمى گەرچە چەتئەل مەتبۇئاتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندەك قىلىسىمۇ، سوت مەھكىمىسى يەنىلا ئۆزىگە خاس بەزى مۇستەقىل پىكىرلىك ئالاھىدىلىكىنىمۇ ساقلاپ قالالىغانلىقىنى كۆرسەتتى. گىۆرىڭ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ كەتكەن بولۇپ، سودىيەنىڭ بۇ قىلغىنى بەكلا ئېغىر سەتچىلىك ("سەن بۇنىڭ ئورنىغا سوتلىنىۋاتقانلارنى كومۇنىستلار ئەمەس بەلكى ناتسىستلار دېسەڭلا تۈگىمەمتى!") دەيدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى ئۇنىڭ ئەسلى غەرىزىنى ئاشكارىلاپ بېرەتتى: "قەدىرلىك گىۆرىڭ، بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت بىر مەسىلە. بىز پات ئارىدا ئۇ ئەبلەخلەرنى چوقۇم بىزنىڭ دېگىنىمىز بويىچە ئىش قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرەلەيمىز. ھەر نېمە دېگەن بىلەن، ئۇ ئەبلەخلەرنىڭ پېنسىيىگە چىقىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالدى. شۇ چاغدا، ئۇ يەرگە ئۆز ئادەملىرىمىزنى قويۇۋېلىشىمىز مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ قېرى پىرىزدېنتىمىز ھاياتلا بولىدىكەن، بۇ جەھەتتە قولىمىزدىن باشقا چارە كەلمەيدۇ."

خانفىستايىنگىل، باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىدە چۈشلۈك تاماق ئۈستىدە، ئىختىيارسىزلا بۇ تۇر گەپلەرگە قۇلاق موللىسى بولۇپ قالدىم دەيدۇ. شۇ يىلى كۈزدە، ئۇ ھىتلېرنىڭ غەرب دۇنياسى قوبۇل قىلالايدىغان بىر يولدا مېڭىشىنى ئۈمىد قىلىپ قايتا تىرىشىپ باقىدۇ. ئۇ، ئامېرىكا باش ئەلچىسىنىڭ قىزى، شوخ مارتا دودقا تېلېفون قىلىپ:

”ھىتلېرنىڭ بىرەر ئامېرىكىلىق ئايالى بولىشى كېرەك. بۇنداق سۆيۈملۈك بىر قىز چوقۇم ياۋروپانىڭ پۈتكۈل تەغدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلىشى مۇمكىن. مارتا، سىز ئەنە شۇنداق بىر ئايال بولالايسىز!“ دەيدۇ (ئەمما فۇھرېرنىڭ باشقا نۇرغۇن سىرداشلىرىغا ئوخشاش خانفىستاينگلمۇ ھىتلېرنىڭ ئاللىمۇقاچان ئېۋا براۋن دېگەن بىر ئاشنىسىنىڭ بارلىقىنى، ئەمما ئۇنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويغانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى).

”ئالدىغا كەلگەن بۇنداق بىر پۇرسەتتىن“ مارتا بەكلا ”ھاياجانلىنىپ“ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ”ياۋروپا تارىخىنى ئۆزگەرتىش“ ئۈچۈن فۇھرېر بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولىدۇ. كايزېرخوف مېھمانخانىسىنىڭ چايسالونىدا، ھىتلېر مارتانىڭ قولىنى سۆيۈپ تۇرۇپ ھۆلۈقۈش ئىچىدە بىر نەچچە ئېغىز بىر نىمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشۇپ قويىدۇ. مارتامۇ ئۆزىنىڭ ياۋروپانىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئادىمى بىلەن يۈزمۇ-يۈز قارىشىپ بىر دەستىخاندا ئولتۇرغانلىقىغا پەقەتلا ئىشىنەلمەي قالىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭغا ”بەكلا كىچىك پېئىل، ئوتتۇرا تەبىقە كۆرۈنۈشلۈك، بەكلا جىمغۇر، ھەممە بەكلا تارتىنچاق كۆرۈنەتتى. شۇنىڭغا قارىماي غەلىتە بىر شەكىلدە مۇلايىم، كىشىنى جەلىپ قىلارلىق، تەقەززار قىلىدىغان تۇيغۇمۇ بېرەتتى.“ دەيدۇ مارتا كەچلىك تاماقتا ھىتلېرنىڭ ئۇنىڭدا قالدۇرغان تەسىراتى ھەققىدە توختىلىپ. بۇ گەپلەردىن مارتانىڭ ئاتىسى ”قىزىمنىڭ بەكلا ئاسان ھاياجانلىنىپ كېتىدىغان مىجەزى ماڭا بەكلا قىزىقارلىق تۇيۇلغاچقا“، ئۇنىڭغا بۇنداق ئۇلۇغ بىرسى سۆيگەن قولىنى يۇيۇلماي مەڭگۈ ساقلا دەپ چاقچاق قىلىدۇ.

باش ئەلچى دودقا ھىتلېر ئۇنچە بەك تەسىر قالدۇرالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەنگلىيىلىك كەسىپداشلىرى ھىتلېرغا بەكلا ئەستايىدىل تاقابىل تۇرۇشقا كىرىشكەن ئىدى. ئۇلار فۇھرېرنىڭ قايتىدىن قۇراللىنىش تەلىپى ھەققىدە ئالاھىدە يول قويۇش تەرەپدە بولىدىغانلىقىنى ھەممە بۇ ھەقتە دەرھال بىرەر كېلىشىم تۈزۈۋېلىشكە ئالدىرىشىدۇ. بۇ ئىش، 1934-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيە ۋەزىرى لورد ئانتونىي ئېدېن بېرلىننى زىيارەت قىلغىنىدا ئېنىق ئوتتۇرغا چىقىدۇ. ئېدېننىڭ ھىتلېر ھەققىدىكى تەسىراتى سەل باشقىچە بولۇپ،324 ئۇ، ھەرگىزمۇ سىياسىي ي كۆشكۆرتكۈچىلا ئەمەس ئىكەن دەپ قارىغان. ”بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان بىرسى ئىكەن. ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش ۋاقتىمۇ بەكلا ئۇزۇن بولۇپ، كۆرۈشۈش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇرىشىغا ئەگىشىپ، سۆھبەتنىڭ ئاساسى تېمىسىنى تولۇق تېزگىنلەپ ئېلىۋالالايدىكەن“ دەيدۇ. خەلقئارالىق كاپالەت مەسىلىسىدە گېرمانىيىنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى پەقەتلا ئۆزىنى مۇداپىيە قىلىش ئېھتىماللىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى؛ ئەگەر بۇنداق بىر كېلىشىمنامە ئىمزالىنىدىغانلا بولىدىكەن، ھىتلېر دەرھال ئىس-ئاچلار بىلەن ئىس-ئىسچىلارنىڭ

قۇرالنى يىغىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەتىسى، يەنى 21-فېۋرال كۈنى ھىتلېر پەقەتلا كۆرۈلمىگەن بىر مۇئامىلىدە بولىدۇ: ئۇ ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسىغا بىرىپ چۈشلۈك تاماق يەيدۇ. بۇ ھەرىكىتى بىلەن ھىتلېر يارىشىۋېلىشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. بۇ ئۇنىڭ چەتئەل باش ئەلچىخانىسىغا تۇنجى قېتىم كىرىشى ئىدى. تاماق ۋاقتىدا ئۇ ئەنگلىيە تاماقلىرى بىلەن ئىچىملىكلىرىگە بەك قىزىقىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدىكى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلەر ھەققىدە سۆز ئېچىلىشى ھامان، ”چەكلىمىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ بەكلا ئوچۇق بولۇپ كېتىدۇ.“ ئېدېن بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ھەربى سەپتىن چېكىنگەنلەر قايتا بىر ئۇرۇش پارتىلاپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ.“ ”پۈتۈنلەي توغرا.“ ھىتلېرمۇ بۇ گەپكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ھىتلېر پىكرىنى تەپسىلى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئۇ، قوشنىلىرىنىڭ قولىدا بار ئايروپىلان سانىنىڭ پەقەتلا يۈزدە 30 قىسمىغا تەڭ ئايروپىلانغا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن تەڭ، يەنە گېرمانىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ سانى فرانسىيە ئايروپىلان سانىنىڭ 60 پىرسەنت نىدىن ھەرگىز ئېشىپ كەتمەسلىككە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھىتلېرنىڭ خوشال ھالدا ئېبس-ئاچىلار بىلەن ئېبس-ئېبسچىلار قوشۇننىڭ سانىنى ئازايتىشنى ئۆزلىكىدىنلا ئوتتۇرغا قويۇشىدىن ئېدېن بەكلا ھەيران قالىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”ئۇنىڭ ئاساسى ساۋادى بىلەن سىياسىي تۇغما قابىلىيىتى ئۇنى ھەرگىزمۇ دۆلەت ئىچىدە ئىككىنچى بىر ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەرگىز، ياق ھەرگىزمۇ ماقۇللىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى!“

بۇ مەۋسۇم يول قويۇش پەسلىمۇ قانداق، ھىتلېر يەنە بىر قېتىم دوستلۇق قىياپىتىنى كۆرسىتىدۇ: ئۇ 14-مارت كۈنى ئامېرىكىلىقلارغىمۇ بۇ قىياپىتىنى كۆرسەتتى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋون نېۋرات نيۇ-يوركتا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلغا تېلېگراما يوللاپ، ئۇنى باش ئەلچى دودقا تۆۋەندىكىچە بىر مەلۇماتنى ئۇقتۇرىدۇ. باش ئەلچى دود ”مانخاتتان“ پاراخوتى بىلەن نيۇ-يوركقا يېتىپ بېرىش ئالدىدا ئىدى:

ئىمپېرىيە باش مىنىستىرى دود ئەپەندىدىن پرېزىدېنت روزېۋېلتقا سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ پرېزىدېنتنىڭ ئامېرىكا خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆرسەتكەن قەھرىمانلارچە تىرىشچانلىقنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

پرېزىدېنت ئىقتىسادىي بوھراننى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك كۈرەش قىلغان بولۇپ، پۈتۈن گېرمانىيە خەلقى ئىنتايىن قىزغىن قىزىقىش ۋە قايىللىق بىلەن ئۇنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى تەنتەنە قىلىشماقتا. باش مىنىستىر پرېزىدېنتنىڭ پىكىرلىرىگە

قوشۇلدۇ. يەنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىنتىزامچانلىق قاتارىدىكى گۈزەل پەزىلەتلەر پۇتكۇل ئا ق ش ۋە گېرمانىيەگە، پۇتكۇل مىللەتنىڭ ئەڭ ئالى ئۆلچىمى بولىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. پرىزدېنتنىڭ ھەر بىر گراژدان ئۇچۇن ئوتتۇرغا قويغان بۇ ئەخلاقى تەلەپلىرى دەل گېرمانىيە پەلسەپەسىنىڭ روھى تىرىكى. خەلقىمىزنىڭ "خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى بىرىنچى، شەخسى مەنپەئەتنى كەينىگە قويۇش" دېگەن شۇئارى بۇ نوقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

يوللانغان سالام، ھېچ قاچان دېگەن يېرىگە بارالمايدۇ. بۇ سالام قۇلاققا قاتتىق ئاڭلىنىش بىلەن بىرگە ئېۋەرتىلگەن ۋاقتىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. بىر ھەپتە ئاۋال، "ئامېرىكا يەھۇدىيلار جەمىيتى" مادىسون مەيدان باغچىسىدا تەقلىدى سوت ئۆتكۈزۈلۈپ، "مەدەنىي ھىتلېرىزم، ھىتلېر ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنلىرى ۋە ئىجرائىتىنىڭ ئىزلىرى" دېگەن تېمىدا سۆزلەنگەن ئىدى. ئاتاغلىق ئادۋوكات سامۇئېل سىيىبۇري "مەدەنى" ئادۋوكاتلىق رولىنى ئوينايدۇ. شاھىتلار قاتارىدا مايور فيوريللو لا گۇۋاردىيا،325 ئال شمىدت ۋە رايموند مولېي قاتارلىقلار رول ئالىدۇ. خەلق ئاممىسى ھەممە بىر ئېغىزدىن "مەدەنىيەت" چوقۇم غالىپ دەپ تووۋلاشتى.

7

ھىتلېرنىڭ ئىس-ئىچلار بىلەن ئىس-ئىسچىلار قوشۇننى قىسقارتىش ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسى فرانسىيىنى مەلۇم دەرىجىدە خاتىرجەم قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى ھىتلېرنىڭ قايتىدىن قۇراللىنىش پىلانىنىڭ يالغۇز مۇداپىيىلىنىشنىلا مەقسەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. "ئەنگلىيىلىكلەر كىلىشىمگە كېلىش ئۈچۈن بەكلا ئالدىراپ كېتىشتى. _ دەيدۇ باش ئەلچى فرانچوېز-پونسېت ئەسلىمىسىدە، _ ئۇلار بىزگە كەينى-كەينىدىن نوتا يوللاپ، بىزنى ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ، قايسى تۈردە كاپالەت بېرىلسە بىزنىڭ گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە قايتىدىن قۇراللىنىشىغا ماقۇل كېلىشىمىزنى قولغا كەلتۈرەلىشىنىڭ يولىنى قىلىشقان ئىدى." ئەمما ئېنگلىزلار ئۆز ئىچىدە بۇ ئىشقا بەكلا دىققەت قىلىشماقتا، بولۇپمۇ گېرمانىيىنىڭ تېزلىكتە ھاۋا ئارمىيىسىنى تەرەققى قىلدۇرۇشىنىڭ سەۋەبىگە بەكرەك قىزىقماقتا، شۇنداقتىمۇ يېڭى ئىمپېرىيىنىڭ ئەھۋالىغا يەنىلا ئاشكارە تۈردە ھېسداشلىق بىلدۈرمەكتە، نۇرغۇن كىشىلەر ھىتلېرنى ئۇرۇش قوزغاش يولىدا كېتىۋاتىدۇ دېيىشلىرىنى مازاق قىلىشماقتا ئىدى.

باش ئەلچى فرانچوېز-پونسېت گېرمانىيىگە يول قويۇش دەيدىغان پىكىرگە

قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ”چەكلىك تۈردە، تېزگىنلەشكە بولىدىغان قايتىدىن قۇراللىنىش چەكسىز تۈردە، چەكلىمە قويۇلمايدىغان ۋە بېسىم قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان قايتا قۇراللىنىشقا قارىغاندا مىڭ ئەۋزەل!“ ئۇنىڭ قارىشىچە كېلىشىملا بولىدىكەن، بۇنداق بىر كېلىشىم ھەر قانچە ئاددىي بىر كېلىشىمنامە بولغىنىدىمۇ يوقتىن ياخشى دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ بۇ باشلىقنىڭ بۇ ھەقتىكى ماقۇللىقىنى ئېلىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىدۇ. ئاپرېلنىڭ باشلىرىدا، ئۇ بىۋاستە پارىژغا بېرىپ ئۆز پىكرىنى باشلىقىغا بىۋاستە سۇنىدۇ. شۇنداقتىمۇ باش مىنىستىر دوۋمېرگۇي بىلەن كۆرۈشكىنىدە ”بۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايسەن“ دەپ گەپنى كېسىپ ئېيتىپ، بىر قانچە قېتىم گەپنى يەنە بۇ مەسىلىگە بۇرىغىنىغا قارىماي باش مىنىستىر بەرىبىر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلىۋېتىدۇ. فرانسىيىنىڭ قارارى بويىچە، ئۇلار گېرمانىيىنىڭ يامان نىيىتىنى چەكلەش مەقسىتىدە شەرقتە ناتسىستلارغا قارشى بىر گۇرۇھ تەشكىللەپ چىقىش ئىدى. پولشا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە چېخوسلوۋاكىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بۇ ئۇزۇن زىنجىرنىڭ بىرەر ھالقىسىنى تەشكىل قىلىشى، بۇ زەنجىر ئايلىنىپ كېلىپ ”فرانسىيىدىن ئىبارەت ئانا مېكىيان“ ئۈچۈن تۇخۇم باستۇرۇپ بېرىدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

شۇ يىلى كۈزدە، سوۋېت-فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلىدۇ. ھىتلېر بولسا بۇ ھالقا ئىمپېرىيىنىڭ قورشاۋغا ئېلىنىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلايدۇ. ھىتلېر، مەسلىھەت ئۈستىدە تۇرىۋاتقان بۇ گۇرۇھقا تاقابىل تۇرالىشى ئۈچۈن كۈچلۈك بىر ئىتتىپاقداشقا ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇنداق بىر ئىتتىپاقداش بولالايدىغان نامزاتلاردىن بىرسى ئىتالىيە ئىدى. ئەمما بۇ دۆلەتنىڭ رەھبىرى 1924-يىلى ھىتلېرغا نەچچە مىليون لىرا پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇشنى رەت قىلغىنىدىن بويان بۇنداق بىر ئىتتىپاقداشلىققا بەك قىزىقماي كەلمەكتە ئىدى. باشقىلارغا يالۋۇرۇش ھىتلېر بەكلا ئېغىر كەلسىمۇ، تەكەببۇرلىنىش ئورنىغا ئېھتىياج ئۈچۈن يول قويۇشتىن باشقا چارىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ يەنە بىر قېتىم تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ھىتلېر ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ مۇسسولىنىغا خەت يېزىپ مۇنداق دەيدۇ: ”... پېقىر جانابىڭىزنىڭ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە تىرىشچانلىقلىرىڭىزغا قايىل بولغانلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، سەممىي دوستلۇق روھى بويىچە جانابىڭىز بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنى ئۈمىت قىلىمەن. ئىككى دۆلەت ئاڭ-پىكىر جەھەتتە ئۆز ئارا زىچ باغلانغان بولغاچقا، ئورتاق مەنپەئەتلەر ئاساسىدا مۇۋاپىق تۈردە ھەمكارلىق ئورنىتىدىغانلا بولىدىكەنمىز، بىز ئىككى دۆلەت ياۋروپانىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن قىياس قىلىنماس تۆھپىلەرنى قوشالايمىز.“ ئۇ چۈشەندۈرۈپ كېلىپ گېرمانىيە قۇرالسىزلاندۇرۇلغانلىقى سەۋەبىدىن، باشقا دۆلەتلەردىنمۇ ئۇرۇش تەييارلىقى

چىقمىنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، دەيدۇ. كەينىدىنلا ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى قاراشلىرىنى تەپسىلى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ خىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەش مەقسىتىدە بۇ خەتنى گېۆرگىنى ئىتالىيىگە ئۆەرتىپ بىۋاستە مۇسسولىنىغا تاپشۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندە، ھىتلىرنىڭ چەتئەل ئاخبارات كاتىۋى، شۇنىڭدەك غەيرى رەسمى ھاجىلار زىيارەت ۋەزىرلىك ۋەزىپىسى بولغان خانفىستايىنگلمۇ مۇسسولىنىنى زىيارەت قىلىشقا بىرىپ ئۇنىڭغا فۇھرىر بىلەن كۆرۈشۈش مەسلىھەتىنى بىرىدۇ:326 ”ھەر ئىككىڭلار ۋاگنېر ھەۋەسكارى بولغىنىڭلار ئۈچۈن، ئورتاق نوقتىغا ئىگە كىشىلەر ھېسابلىنىسىلەر. _ دەپ ئېيتقانلىقىنى ئەسلەيدۇ خانفىستايىنگىل، _ ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر سىز ئۇنى ۋېنىستىكى رىچارد ۋاگنېرنىڭ ۋاپات بولغان يېرى ۋېندرامىن مەيدانىغا تەكلىپ قىلسىڭىز نەقەدەر ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولاتتى! سىزنىڭ ئۆزۈن يىللىق تەجرىبىلىرىڭىزدىن ئۇمۇ مەنپەئەتلەنگەن، بەكلا جىددى ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرىۋاتقان گېرمانىيىدىن سىرتقا چىقىپ ياۋروپا مەسىلىلىرىنى كۆزىتىش قابىلىيىتىگىمۇ ئېرىشەلىگەن بولاتتى.“ مۇسسولىنى بۇنداق بىر پىلانغا قارشى چىقىپمۇ كەتمەي، ھىتلىرنى زىيارەتكە تەكلىپ قىلىدۇ. ھىتلىر كۆرۈنۈشتە بىر مەزگىل رەخمەت ئېيتىپ زىيارەت تەكلىپىنى رەت قىلغان بولسىمۇ يەنىلا تەكلىپنى قوبۇل قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇچرىشىش باشتىن تارتىپلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئىتالىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى فىلىپپو بوجانو بۇ ھەقتە توختىلىپ، مۇسسولىنىنىڭ غەربىزى ياۋروپادا گېپى بولىۋاتقان بۇ سىياسىي يوننى بىر كۆرۈپ بېقىش غەرىزىدە ئىكەنلىكىنى ئويلايدىكەن. ”ھىتلىر دېگەن بۇ ئادەم كاللىسى قېيىپ كەتكەن بىر ئاخماق ئىكەن. _ دەيدۇ بوجانوغا، _ ئۇ كاللىسىنى سىياسىي ي ۋە پەلسەپەلىك ئاتالغۇلار بىلەن لىق تولدۇرۇۋاپتۇ، ھەممە بۇ نەرسىلەرنىمۇ قىلچە سىستېمىسى يوق قاچىلىۋاپتۇ. مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن ساقلاپ ھوقۇق ئۇستىگە چىققانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن بىر سىياسىي قىزىقچى بولۇپ ئوتتۇرغا چىققانلىقىنى، يەنى سايلام مۇسابىقىسى دەمدۇ، قانۇنلۇق ھوقۇقنى چىقىش دەمدۇ ئەيتەۋىر سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن نىمىشكە شۇنچە كۆپ شوغۇللانغانلىقىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم. ئاخماقانىلىك-تە بۇ قىلىپ يۇرگەنلىرى! ئەگەر بىز رىمغا يۇرۇش قىلمىغان بولساق فاشىست ئىتالىيىدە مەڭگۈ ئوتتۇرغا چىقالماس ئىدۇق. بىز ھەقىقەتەنمۇ تولۇپ تاشقان جوشقۇنلۇقتا ئىگىمىز. ئەمما ھىتلىر ئەپەندى قۇرۇق پولا ئاتىدىكەن.“

بۇ تۇر كۆزگە ئىلمايدىغان ئېپادىلىرى سىرتقا تارقىلىپ، ئىتالىيە تەشۋىقات

ئەپكارلىرىمۇ بۇنىڭغا ماسلىشىپ بېرىدۇ: ”بۇ غەلىتە مىجەزلىك ھىتلېر دېگەن بۇ ئاجايىپ مەخلۇققا قاراڭلار.“ 14-ئىيۇن كۈنى، لىدو ئايرودرومىدا ”جۇنكېر“ تىپلىق ئايروپلاندىن چۈشۈۋاتقان ئۈچىسىغا يۇڭ سارجىدىن كاستوم بۇرۇلكا كەيگەن، ئۈستىگە كونا بىر ھەربىي پەلتۇنى يېپىنچاقلىۋالغان ھىتلېر، خۇددى ئۈمىدسىز ھالدا خېرىدا ئاختۇرۇپ يۈرگەن بىر ئېلىپ ساتارغىلا ئوخشايتتى. ئەمما ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئايروپورتقا كەلگەن مۇسسولىنى بولسا ئۈچىسىغا قارا كۆڭلەك كەيگەن، پۇتىدا ئۆتۈك، بېلىگە چاقناپ تۇرغان ئالتۇن بەلۋاغ باغلىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدە رەتلىك ئۈنىفورملىق ئىتالىيە ئەسكەرلىرى تىزىلىپ تۇراتتى. مۇسسولىنى غاچچىدە قولىنى كۆتۈرۈپ كونا رىم پاسونىدا سالام بېرىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قولىنى قاتتىق شىلتىپ ئۇزارتقان بولغاچقا بەكلا كۈچلۈك كۆرۈنگەن ئىدى. مۇخبىر ھ. ر. كنىكېربوكېر ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ ”بىلەك سالىمى قىلىمەن دەپ قاتتىق شىلتىپ بىلىكىنى چىقىرىۋالدىمۇ قانداق“ دەپ ئويلايدۇ.

ھىتلېر قورۇنغىنىچە چىقىپ گويا ناماقۇل بولغاندەك ياكى ناتىسستىچە قول كۆتۈرۈپ رەخمەت بىلدۈرگەندەك قولىنى يەڭگىل كۆتۈرۈپ بىلەك سالىمى بېرىدۇ. روشەنكى، مۇسسولىنىنىڭ بۇ تۆر ئويۇنلىرى ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ رەسۋا قىلىۋېتىدۇ. كۈچلۈك كۈن نۇرى ئاستىدا ئۇ كۆزىنى چىملىدىتىپ، كېلەڭسىزلىك بىلەن پەشتاخ پەلەمپىيىدىن چۈشۈپ كۆڭۈلدىكىدەك بۇ ئادىمى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ”مەن ئۇلاردىن 3 يارد يىراقتا تۇرغان بولساممۇ، ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر مېنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان ئىدى. — دەپ يازىدۇ كنىكېربوكېر، — بىر-بىرسىگە تەكەللۇپ قىمىسا بولمايدىغان كۆرۈنۈشنىڭ كەينىدە مۇسسولىنىنىڭ كۆزلىرىدىن مازاق قىلىۋاتقان روھى قىياپەتنى، ھىتلېرنىڭ كۆزلىرىدىن بولسا زەردىسى قايناپ تۇرغانلىقىنى سەزدىم.“ ساھىپخان ھىتلېرنى باشلاپ بىر قاتار ھەربىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتىۋاتقىنىدىمۇ، ھىتلېر بۇ تۆر قىيىن ئەھۋالدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بولۇپ، تەمتىرەپ خۇددى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇنجى قېتىم چوڭ بىر كەچلىك زىياپەتكە قاتنىشىۋاتقىنىدەك قىلىقلارنى قىلاتتى. ئۇ بېشىدىكى يېڭى قاسقان شەپكىسىنى قانداق قىلىشىنى بىلەلمەيلا قالىدۇ. ئۇ ئاۋال شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ ئىتالىيە دۆلەت بايرىقىغا سالام كەلتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇ شەپكىسىنى قايتا كەيمەكچى بولىدۇ-يۇ، يەنە بىر قولىغا يۆتكەپ قامالالاپ تۇتۇپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ مۇسسولىنى بىلەن كېتىۋاتقىنىدىمۇ خۇددى كۆلدىن چىققان قىزىق چامغۇرنى بىر قولىدىن يەنە بىر قولىغا ئېتىپ سوۋۇتىۋاتقاندەك قولىدىكى شەپكىسىنى تىنماي ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا يۆتكەيتتى. بۇ چاغدا مۇسسولىنى سۆزگە كىرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ نېمىسچىسى بەكلا قاملاشمىغان ئىدى.

ۋېنىسقا بارغىنى يەنە شۇنداق كۆلكىلىك ئىشلىتىن بىرسى كۆرۈلىدۇ. ساياھەت قولۇقىغا چىقىش ۋاقتىدا ھىتلېر تەمتىرىگىنىچە مۇسسولىنىنى ئاۋال سىز چىقىڭ، دەپ يول بەرمەكچى بولىدۇ. ئەمما ساھىپخانلىق قىلىشقا ماھىر مۇسسولىن بولسا دەرھال بىر يانغا ئۆتۈپ خۇددى توخونى كاتەككە ھەيدەۋاتقاندەك قىلىق قىلىپ قول ئىشارىتى بىلەن ھىتلېرنى ئاۋال سىز چىقىڭ دەپ ئۇنى قولۇۋاققا ئۈندەيدۇ.327 مېھمانخانىدىمۇ ئۇ لىفىتتىن سەكرەپ دېگىدەك چىقىپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئالدىدا يۈرۈپ كېتىدۇ. "مۇسسولىن بولسا قالتىس قىياپەت بىلەن ئالچاڭلىغىنىچە لىفىتتىن چىقىپ، ھەممىنىڭ دىققىتى ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە كېرىلىپ غادايغىنىچە ئەتراپقا كۆز تاشلايدۇ. ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۇ ئىتالىيىنىڭ باش مىنىستىرى-دە!"

ھىتلېر ياتىقىغا كىرەر-كىرمەي يېپىندىكى مەسلىھەتچىلىرىگە قاراپ ۋارقىراپ تىللاپ كېتىدۇ: مۇسسولىن شۇنچە ھەشەمەتلىك كىيىنىۋالغانىكەن، نېمىشقا ماڭا پۇخراچە كىيىنىشنى تەۋسىيە قىلغان ئىدىڭلار! ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا پەرىشان ئىدى. ئۇ ساھىپخان بىلەن دەسلەپكى سۆھبىتىدىلا يەنە بىر مەيدان پالاكەتكە دۇچ كېلىدۇ. مۇسسولىن سۆھبەت جەريانىدا پۈتۈنلەي ھاكىم ئورۇنغا ئۆتىۋالغان بولۇپ، ئۇ گەپنى ئاۋسترىيە مەسىلىسىگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ نېمىسچىنى بۇزۇپ تازا ئېنىق ئۇققىلى بولمايدىغان بىر شەكىلدە سۆزلەيتتى. شۇڭا ھىتلېر بەزىدە ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇقالقاي قالاتتى. خۇددى شۇنىڭدەك مۇسسولىنمۇ ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئاۋسترىيە شىۋىسىدىكى نېمىسچىسىنى خاتا چۈشىنىۋالاتتى. ئەتىسى، ھىتلېر بىلەن مۇسسولىن ئىككىسى سان ماركو مەيدانىدا فاشىستلار قىسمىنىڭ پاراتىنى قوبۇل قىلىشىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ ئالدىدىن پارات قىلىپ ئۆتىۋاتقان ئىككى قىسىم ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا رەئىس سەھنىسىنىڭ يېنىدىن بىز ئۆتىمىز دېسە بىز ئۆتىمىز دېيىشىپ تالاش-تارتىش يۈز بېرىدۇ. ئاخىرى بۇ ئىككى قىسىم كېلىشەلمەي بىر-بىرسىگە قىسىلىشىپ بىرلا ۋاقىتتا رەئىس سەھنىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ بىر مۇنچە پات-پاراقچىلىق پەيدا قىلىۋېتىدۇ. بۇ چاغدا ئوركېستىر ئۆمىگىمۇ مۇشۇك مياۋلىغاندەك قاتتىق چىقىراپ كاناي چېلىپ كېتىدۇ. پاراتتىن كېيىن ھىتلېر يېڭى كانىۋيى لېتېنات فرىتز ۋىيېدېمانغا "بۇنداق قالايماقان بىر ھەربى قىسىمنىڭ قانچىلىك قىممىتى بولار" دەپ سورايدۇ. ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ھىتلېر تۇرغان قىسىمدا كانىۋايلىق قىلغان ۋىيېدېمان : "بىر قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىغا پاراتتىن ئۆتىشىگە قاراپلا باھا بېرەلمەيمىز" دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

"ئەمما بۇ جاۋابتىن ھىتلېرنى پەقەتلا قايىل بولمايدۇ. ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ بىر ھەربى پاراخوتنىڭ خادىسىغا دېڭىز پلوتىنىڭ بايرىقى ئېسىلماي دېڭىزچىلارنىڭ

رەڭگارەڭ مايكا-تامباللىرىنىڭ ئېسىلغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالىدۇ.»

ئىككى مۇستەبىت ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى، شۇنىڭدەك ئەڭ مۇھىم بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەتنى لىدو گولۇف تۇپى چىملىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇشى، بىر ئاخماقنىڭ ياكى بىرەر ئۇستا سىرىكچىنىڭلا قىلىدىغان ئىشى ئىدى. «مەن شۇنىڭغا دىققەت قىلدىمكى، _ دەيدۇ بوجانو ئەسلىمىسىدە، _ ھىتلېر تىنماي سۆزلەيتتى. ھەتتا بەكلا ھاياجانلىنىپ سۆزلەيتتى. مۇسسولىنى بىر ياندا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. چىرايىدىنمۇ قايىل بولمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.» ئىككى سائەتكىچە داۋام قىلغان بۇ سۆھبەت جەريانىدا بوجانو مۇسسولىنىنىڭ ئېغىز ئاچقانلىقىنى ئاساسەن تۇيمايدۇ. «ھىتلېر ئاغزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان چاچرىتىپ سۆزلەپ كەتكەچكە ساھىپخان ئۇنىڭدىن زېرىككەن ئىدى. شۇ ئاخشىمى، رەسمى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئوتتۇرلىقىدا ھېچ كىم بىلەن كۆرۈشمەيدىغانلىقىنى تاپىلاپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كۆل بويىدىكى مۇراسىم مەيدانىدىن ئايرىلىدۇ.»

ھىتلېرنىڭ بۇنىڭدىن بەكلا كۆڭلى قالىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ مۇسسولىنى تەرىپىدىن سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، شۇنىڭدەك دىپلوماتىيە جەھەتتىمۇ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغان ئىدى. فۈھرېر، ئاۋستىرىيىنىڭ (ھىتلېر، كەلگۈسىدە ئاۋۇستىرىيەنى چوقۇم ئىمپىرىيىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىدۇ دەپ قارايتتى) تولۇق مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغىنىغا قارىماي مۇسسولىنىدىن ھەربى كۈچىنى ئازايتىش مەسىلىسىدە ئېنىق قوللاش كاپالىتىنىمۇ ئالالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەنە شۇنداق پەيتتە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋون نېۇرات ھەر قايسى چەتئەل ئەلچىلەر ئۇمىكىدىكىلەرگە بىر پارچە ئۇقتۇرۇش تارقاتقىنىدا. ھەر قايسى چەتئەللىك دىپلوماتلار كۈلكىلىك تۇيۇلغان بۇ ئۇختۇرۇشنى ئوقۇشقا كىرىشكەن ئىدى:

«... ئىمپىرىيە باش مىنىستىرى ۋېنىس زىيارىتى جەريانىدا ئالاھىدە قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىندى. كۈتۈۋېلىش ھەقىقەتەنمۇ دوستانە كەيپىياتتا ئۆتتى، جامائەتچىلىككىمۇ بۇ زىيارەتتىن چوڭقۇر تەسىرات ئالدى. ...328 ھىتلېر بىلەن مۇسسولىنى ئىككىسى بەكلا چىقىشىپ ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەخسى دوستلۇق ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشتىنمۇ ئېشىپ كەتتى. سۆھبەتلەر ئىنتايىن باي مەزمۇنلۇق، شۇنىڭدەك بەكلا يېقىملىق ئۆتتى. ئىككى تەرەپ ئىككى خىل قاراش ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەتتىن كېلىپ چىققان بارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆزئۈن مۇددەتلىك كېلىشىمگە كېلىشتى. ئەمما رەسمى كېلىشىم ھازىرچە تەييار بولمىغاچقا ئىمزالانماي قالدى. ...»

شۇ چاغدا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى دۆلەت ئىشلار كاتىبى ئېرنىست ۋون ۋىزساكىر

مەلۇم بىر شۆبىتسىيە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بىلەن ئۆتكۈزگەن شەخسى سۆھبىتىدە، ”بۇ ئىككىسىنىڭ تېخىمۇ زىچ ھەمكارلىشىپ كېتەلىشىگە پەقەتلا ئىشەنچىم يوق“ دەيدۇ.

# 12. ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاپ

_ ”بارلىق ئىنقىلابلار، ئاخىرى بىرىپ ئۆز قىزىنىمۇ يۇتۇپ كېتىدۇ.“
1934-يىلى فېۋرال~ئاۋغۇست 329

1

ھىتلېرنىڭ ئېس-ئاچىلار سانىنى ئازايتىشقا بەرگەن كاپالىتى ھەقىقەتەنمۇ راست ۋەدە ئىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئېس-ئاچىلار نامايەندە قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆز بېشىمچىلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان ئىدى. يېقىنقى بىر قانچە ئاي مابەينىدە ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ قوماندانى كاپىتان رۆم قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى رەسمى ھەربى قىسىم قىلىپ ئۆزگەرتىش تەلىۋىنى قويۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ تۈر تەلىۋىگە تەبىكى ئارمىيە تەرەپ قارشى ئىدى.

ھىتلېر، ئەگەر ھەربى ئەمەلدارلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشەلمىگىنىدە ئاخىرقى غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پەقەتلا مۇمكىنچىلىكى يوقلىقىنى، شۇڭا ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئىزچىل ساقلاپ قالالىشىدىكى ئەڭ ياخشى چارىنىڭ ھەربى تەرەپ رەھبەرلىرىنى ھىمايە قىلىش ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن ”ۋەتىنىمىزدە دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىلا قورال تۇتۇش ھوقۇقىغا ئىگە؛ ئېس-ئاچىلار پەقەت خەلق ئاممىسىنىڭ سىياسىي تەربىيىلىنىشىگىلا مەسئۇل بولىشى كېرەك.“ دەپ ئېلان قىلدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى 4 ملىيون قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەرنى قاتتىق غەزەپلەندۇرىۋېتىدۇ، ئۇلارنى پارتىيە ئىچىدە جەنوب-شىمال ئىككى تەرەپ ئوتتۇرسىدىكى ئۇزۇن يىللىق كۈرەش ۋەزىيىتى سەۋەبىنى قايتا ئېسىغا كەلتۈرۈۋېتىدۇ. بىر تەرەپتىن ئۇلار يەنىلا ھىتلېر دېگەن بۇ مەنىۋي داھىسىغا ساداقەت كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن كىشىلەر ھىتلېر ”قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەر ئىنقىلابى“ دىن يۈز ئۆرۈپ، ئوڭچىلار تەرەپكە قىيىپ كەتتى دەپ قارىشاتتى.

ئۇلار ئۆزىنى پارتىيە ئىچىدىكى ئاكتىپ كۈچلەرنىڭ سىموۋۇلى دەپ قارىشىپ،

ھوقۇققا ئېرىشكەندىن بۇيانقى بىر يىل مابەينىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىسلاھاتلاردىن قىلچە رازى ئەمەس ئىدى. بىر قانچە ئايدىن بېرى رۆم (”ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالمىغانلاردىلا غايە بولالايدۇ“ دەپ قاراپ) ئىزچىل تۈردە ”ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب“نى تەرغىپ قىلىپ، شۇنداق قىلغاندىلا بۇ جەھەتتە كۈرەش قىلىپ كەلگەن ئىقتىمائى ۋە ماددى مەنپەئەتلەرگە ئېرىشەلەيمىز دەپ كۈشكۈرتىپ يۈرمەكتە ئىدى. ”ئەگەر كىمدە-كىم ئېس-ئاچىلارنىڭ ۋەزىپىسى تاماملاندى دەپ ھېسابلايدىكەن، _ دەيدۇ رۆم، دانىبلوف ئايرودرومىدا 8 مىڭ كىشىلىك قوشۇر كۆڭلەكلىكلەرگە سۆزلىگەن نۇتقىدا،330 _ ئۇ كىشى بىزنىڭ ھازىرمۇ مەيداندا ئىكەنلىكىمىزنى، شۇنىڭدەك ھەر قانداق بىر ۋەقە يۈز بېرىشىدىن قەتئى نەزەر بۇ مەيداندىن يوقالمايدىغانلىقىمىزنى ئۇيلاپ قويسۇن.“

گەرچە مۇتلەق كۆپ قىسىم پارتىيە ئەزالىرى كاپىتالىزمغا، كونسېرۋاتىپلىققا قارشى ھېسسىياتلارغا ئىگە بولسىمۇ، ئەڭ رادىكال، ئەڭ قىزغىن بولغانلار يەنىلا شۇ ئېس-ئاچىلار ئىدى. رۆم پو ئېتىپ، ئۆزىنىڭ ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭلا مىللى سوتسىئالىزمنىڭ ھەقىقى قوغدىغۇچىلىرى (”بىز گېرمانىيە ئىنقىلابىنىڭ چىرىمەسلىكىنىڭ بىردىن-بىر كاپالەتچىلىرىمىز“) ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا تەرغىپ قىلماقتا ئىدى.

گەرچە ھىتلېر بۇ تۈر رادىكاللارغا ھېسداشلىق قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئەقلى گېرمانىيە ئىقتىسادي ئاپەت ئىچىدىن قۇتۇلۇپ قايتا ئەسلىگە كەلمىگىچە، شۇنىڭدەك قايتىدىن قۇراللىق كۈچىنى قۇرۇپ چىقمىغىچە تېخىمۇ ئىلگىرلەپ ئىنقىلاپ قىلىمىز دېيىش قۇرۇق گەپ دېيىتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن سانائەت ساھەسى بىلەن ئارمىيىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بولماي تۇرۇپ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھىتلېر رۆمنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىش مەقسىتىدە ئۇنى ھۆكۈمەت كابىنتىدا مەنسەپسىز مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىمەكچى ھەمدە دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى بولۇش تەلىۋىگە ماقۇل بولغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ھىتلېر 1934-يىلى يېڭى يىل بايرام كۈنى رۆمغا تەغدىرلەش خېتى يازدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇ تەغدىرلەش خېتى قالتىس كېلىشتۈرۈپ يېزىلغان بولۇپ، خېتىدە تەكەللۇپ قىلىپ پۈتۈنلەي ئىككىنچى شەخس يېقىنلىقىنى كۆرسىتىدىغان ”سەن“ سۆزىنى ئىشلەتكەن ئىدى. ھىتلېرنىڭ ئەسلى مەقسىدى بىر تەرەپتىن ئۇنى ماختاش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ ئۇنى ۋەتەن قوغداش ئىشىنى دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىگە تاپشۇر دەپ ئاگاھلاندۇرغىنى ئىدى. ئەمما رۆم ئۇنىڭ بۇ غەرىزىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇ، ھىتلېر ماڭا مەدەت بېرىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ تېخىمۇ قورقماي ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگىرىپ، ھەتتا دۆلەت ئامانلىقىنى قوغداش ئىشى ئېس-ئاچىلارنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپىسى دەپ، دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىقىغا

بىر پارچە نوتا يوللايدۇ.

ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى زىددىيەتنى بەكلا كۈچەيتىۋېتىدۇ. بۇ ئىش توغرىلىق گېنېرال ۋون بلومبېرگ ھىتلېرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ھۆكۈم قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. 1934-يىلى فېۋرالنىڭ ئاخىرقى كۈنى، ھىتلېر كەيپىسىزلىك ئىچىدە ئېس-ئاچلار بىلەن دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسى رەھبەرلىرىنى دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىكىنىڭ گرانىت تۈرۈكلۈك تەربىيىلەش زالىغا يىغىنغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ "تەسىرلىك ئەمما ئۈمىتسىزلەنگەنلىك" ھېسساتا بىلەن تولغان نۇتقى ئارقىلىق ھەر ئىككىلا تەرەپنى يارىشىپ قىلىشقا ئۈندەپ كېلىپ، پارتىيىمىز ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلدى؛ ئەمما 8 يىلدىن كېيىن ئىقتىساد قايتىدىن كېيىنگە چېكىنىپ كېتىشى مۇمكىن؛ ئارتىپ كەتكەن نوپۇس ئۈچۈن ھاياتلىق ماكانى يارىتىش ئارقىلىقلا بۇ چېكىنىشتىن ساقلىنىش مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋال غەربتە، ئاندىن شەرقتە قىسقا مۇددەتلىك ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ مۇتلەق غەلىبە قىلىشتەك ھەربى ھەرىكەت قىلىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ جەھەتتە رۆمنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان خەلق ئەسكەرلىرىگە تايىنىش يولى "دۆلەت مۇداپىيىسى ئۈچۈن پەقەتلا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر يول"؛ بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى خەلق ئارمىيىسى بەرپا قىلىپ، بۇ ئارمىيىنى قاتتىق مەشق قىلدۇرۇش، ھەمدە ئەڭ يېڭى تىپلىق قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇش. شۇنداق ئىكەن، ئېس-ئاچلار ئۆز پائالىيەت دائىرىسىنى مۇتلەق تۈردە ئىچكى سىياسىي ئىشلار دائىرىسى ئىچىدە چەكلەپ تۇتۇشى شەرت، دەيدۇ.

بۇ چاغدا، ھىتلېر بلومبېرگ بىلەن رۆم ئىككىسىنىڭ يۈزىگە قارىتىپ تۈزۈپ دەرھال كېلىشىم ئىمزالىشى ئۈچۈن مەجبۇرلايدۇ. ئېس-ئاچلار ئەترىتىگە ئىككى يېرىم ۋەزىپە يۈكلىنىدۇ: بىرىنچىسى، چېگرا بويى ساقچىلىق رولىنى ئويناش؛ ئىككىنچىسى بولسا 18 ياشتىن 21 ياشقىچە بولغان ياشلارنىڭ ھەربى مەشىق ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش؛ قالغان يېرىم ئىش بولسا 21 ياشتىن 26 ياشقىچە بولغان ھەربى سەپتە ۋەزىپە ئۆتىمىگەن ياشلارنى "ئېس-ئاچلار تەنتەربىيىسى" مەشقى قىلدۇرۇش، يەنى بۇ دېگىنى تەشكىللىك ھالدا ھەربى مەشىق قىلىشنىڭ مەخپى بەلگىسى ئىدى.

رۆم ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ بىر زەربە ئىدى. شۇنداقتىمۇ رۆم يىغىندىن كېيىن ھەممەيلەننى ئۆيىگە يارىشىپ قىلىش چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ (ئۇنىڭ تۈرىۋاتقان ئۆيى بۇرۇنقى بىر مىليونېرنىڭ بىناسى ئىدى). "ھىتلېر بۇ مېھماندارچىلىققا قاتناشمايدۇ. _ دەيدۇ گېنېرال ۋون ۋېيچىش ئەسلىمىسىدە، _ تاماقلىرى بەكلا تەملىك ئىدى. ئەمما سورۇن بەكلا سوغۇق. ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئارىدىكى دوستانىلىق قايتا ئەسلىگە كەلگەندەك

كـۆرۈنەتتى.331 كىشـــلەر ھىتلېرنـــىڭ پـــارتىيە ئىچىـــدىكى ھوقۇقىنـــىڭ بەكـــلا چـوڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئالغان قارارى ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنى تېزگىنلەش رولىنى ئوينىيالايدۇ دەپ قاراشتى."

ھەربىـــلە ئـــۇزاپ چىقـــپ كېتىشـــى بىـــلەن تەڭ، رۆم مەسـىلىكىدىن بولسـا كېـرەك، ئىچىدىكى ئاچچىق رەسمى پارتلاپ چىقىـدۇ: "ئـۇ ئۇچـىغا چىققـان بەغەرەز ئـون بېشـىنىڭ دېگەنلىـرى بىـر تېـيىن! _ دەيـدۇ ھەمرالىرىغا، _ مەن ھەرگىزمۇ بۇنـداق بىـر كېلىشـىمگە رىئـايە قىلمـايمەن. ھىتلېـر دېـگەن بىـر سـاتقۇن، ھـېچ بولمىغانـدا ئۇنىمـۇ دەم ئېلىشـقا چىقىرىۋېتىش كېرەك . ... ئەگەر ھىتلېر بارلا بولىدىكەن، مەقسىدىمىز ھەرگىزمـۇ ئەمەلـگە ئاشمايدۇ. شۇڭا بىز ئۇنى قاتاردىن چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك." ئۇنىڭ ھەمرالىرى ئارىسىدىن ھېچ بولمىغاندا بىرسى بولسىمۇ بۇ گەپلەردىن قـاتتىق چۆچـۈپ كېتىـدۇ. بـۇ كىشـى ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ بىر ئەترەت باشلىقى بولۇپ، ئىسمى ۋىكتور لۇتز دېـگەن بىرسـى ئىـدى. بۇ ئەترەت باشلىقى رۆمنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بۇنداق دېيىش ھەققى سـاتقۇنلۇق دەپ قـاراپ، بولغـان گەپلەرنـى ھېسـقا مەلـۇم قىلىـدۇ. فۈھرېرنـىڭ كـانۇيىي بولغـان ھـېس بـۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر نـېمە قىلىشـقىمۇ پېتىنالمـاي تەمتىـرەپلا قالىـدۇ. شـۇڭا ۋىكتـور ئـۆزى بىۋاسـتە يوقـۇرى سالسـبۇرگقا بېرىـپ ھۇجـۇمچىلار ئەترىتىـدىكى يوقـۇرى دەرىجىلىـك رەھبەرلىكى ئىچىدىكى بۇ تۆر ئېغىر نارازىلىقلارنى ھىتلېرنىڭ ئۆزىگە ئېيتىـدۇ. فۈھرېر بـۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئېغىربېسىقلىق بىلەن بىر نېمە دېمەيدۇ. "بـۇ ۋەزىيەتنىـڭ تەرەققى قىلىشـىنى كۈزىتىشـىمىز كېـرەك." ھىتلېـر گويـا ئىنتـايىن ياخشـى كۆرىـدىغان ھۇجـــۇمچىلار ئەترىتـــىدىكىلەرنىڭ تـــوپىلاڭ چىقىرىـــدىغانلىق ئېھتىمـــالى بارلىقىغـــا ئىشـەنمەيدىغاندەك ئـارتۇق بىـر نـېمە دېمەيـدۇ. ئەممـا ئـۇ ئارىـدىن بىـر قـانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، رۆمنىڭ باھالىرىنى كەسكىن رەت قىلىـدۇ: "تـۆردە قوڭـۇر رەڭلىكلەرنـى كۆلرەڭ فورمىلىقلار (ھەربىلەرنى دېمەكچى) دولقۇنى ئىچىگە پاتۇرىۋېتىشىمىز كېـرەك. _ دەيدۇ ھىتلېر، _ يېڭى قىسىملارنىڭ رەڭگى قوڭۇر ئەمەس كۆلرەڭ."

رۆم بۇنىڭغـا قارشـى ھۇجۇمغا ئۆتىـدۇ. ئاپرىلـدا، بېرلىنـدا مـۇخبىرلارنى كۈتـۈۋېلىش يىغىنـى چاقىرىـدۇ. يىغىنغـا چەتئەللىـك مـۇخبىرلاردىن باشـقا يەنە ھەر قايسـى ئەل دىپلوماتىيە ئۆمەكلىرىنىڭ ئەزالىرىمۇ قاتناشتۇرۇلىدۇ. رۆم دۈپ-دۈمۈلاق، پاكـار، ۋۇجـۇدى كۈچ-قـۇۋۋەتكە تولغـان، كۆرۈنۈشـى سـۈرلۈك، گەپ-سـۆزلىرىمۇ ھەيـۋە قىلغانـدەك قوپـال، گويـا ھەممـە ئۇنىڭغـا بـوي سۇنۇشـقا مەجبـۇر قىيـاپەتتە كـۆرۈنەتتى. ئـۇ چەتئەللىـك مۇخبىرلارغـا: "ھۇجـۇمچىلار ئەترىتـى گېرمـانىيە ئىنقىلابىنـىڭ ئـىرادە ۋە ئىدىيىسـىنىڭ نامايەندىسى. _ دەيـدۇ. ئەممـا ئۇنـىڭ كېيىنكـى دېگەنلىـرى خـۇددى ھىتلېرنـى ئاڭلىسـۇن

دەپ ئېيتىلغاندەكلا گەپلەر ئىدى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، پارتىيە ئىچىدىكى ئېس-ئاچىلارغا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەكسىيەتچىلەر بىلەن بۇرجۇئازىيىنىڭ مۇتەئەسسىپلىرىدۇر، دەيدۇ. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، _ پەقەت ھۇجۇمچىلار ئەترىتىلا مىللى سوتسىئالىزم ئىنقىلابىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ!“ دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ.

پارتىيە گوۋاردىيىسى (پارتىيە قوغدىغۇچىلىرى، ئېس-ئېسچىلار قوشۇنى، ياكى قىسقارتىلىپ ئېس-ئېس دەپلا ئاتىلىدۇ. _ ئۇ.ت) ئىچىدە رۆمنىڭ يوشۇرۇن دۈشمەنلىرىمۇ ئۇنى بىت-چىت قىلىۋېتىش ئۈچۈن سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلەرگە ئاتلانغان ئىدى. بۇ ئىشنىڭ بېشىدا ئېس-ئېسچىلار كاتتىبېشى ئەمەس بەلكى پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە بۆلۈم ئاتامانلىرىدىن رېيىنخارد ھېيدرىخ بار ئىدى. مۇنداق قارىماققا بۇ ئەھۋال بەكلا غەلىتە كۆرۈنگەندەك قىلىسىمۇ، يەنى بىر قانچە كۈندىن بۇيان ھىملېر ئېس-ئاچىلار بىلەن ئاشكارە زىتلىشىپ قالغىنىدا پارتىيىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىش خەۋپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن دەپ قارىغاچقا بۇ تۈر سۈيىقەستنى قوللاشنى خالىمايتتى. شۇنىڭغا قارىماي بۇنداق بىر سۈيىقەست ئىچىدە گېۆرىڭنىڭمۇ بارلىقىدىن خەۋەر تاپقىنىدىن كېيىن ئۇمۇ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ بۇ جەھەتتە سىناق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. گېۆرىڭ فۈھرېرنىڭ يېقىن سىرداشى بولۇش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈنىدىن ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان پرۇسسىيە شتاتلىق مەخپى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسى بېرىلگەن بىرسى ئىدى [مەخپى ساقچى _ (Geheimes Staatspolizeiamt) پوچتىخانىدىكىلەر ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بۇ تەشكىلات ئىسمىنى قىسقارتىپ گېستاپو دەپلا ئاتاپ تامغا ئويۇۋالغان بولۇپ، ئېغىز تىلىدىمۇ شۇ قىسقارتىلما نامى بويىچە ”گېستاپو“ دەپ ئاتىلىدۇ _ ئا.ھ ئى]. ھىملېر بۇ پارتىيە چاپارمەنلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ گېستاپونىڭ كاتتىبېشى بولىۋالىدۇ. كەينىدىنلا ئۇ ئېس-ئېسچىلارنىڭ بارلىق ئورگانلىرىغا يوشۇرۇنۇقچە، ئېس-ئاچىلار بىلەن ئاشكارە كۆرەش قىلىدىغان ۋاقتىنىڭ يېقىنىدا پارتىلايدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىۋېتىدۇ. ھېيدرىخ دوكلاتىدا رۆمنىڭ خائىنلىق قىلىش سۈيىقەستى پىلانلاۋاتقانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن ماتېرىياللارنى قولغا چۈشەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ كۆرەش رەسمى بىكىتىلىدۇ.332 ئەسلىدە، رۆم بۇنداق بىر توپىلاڭ قىلىشنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى، ”بىر 'ئالتۇن قەپەز' تەييارلاپ فۈھرېرنى يامان غەرەزلىك مەسلىھەتچىلەر قورشاۋىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش، ھىتلېرغا بېسىم قىلىپ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنى ئىمپېرىيە تەۋەسىدە مۇۋاپىق ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈش“ نىلا ئويلايتتى. ئۇنىڭ قوزغىغىنى بىر قېتىملىق ئەسەبىلىك ئۇرۇشىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ھەرگىزمۇ ساتقۇنلۇق ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ تەھدىت خاراكتېرىدىكى گەپ-سۆزلىرى ھەممىنى

ئالاقىزادە قىلىۋېتىشىنىڭ مەنبەسىگە ئايلانغان ئىدى. 4-ئىيۇندا ھىتلېر رۆمنى باش مىنىستىرلىككە چاقىرتىدۇ. ھىتلېرنىڭ دېيىشى بويىچە، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى 5 سائەت داۋاملاشقان بولۇپ، "مەن ئۇنىڭدىن بۇنداق تەلۋىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئۆزى خالاپ قارشى چىقىشنى ئۆتۈنۈپ تەلەپ قىلدىم. شۇنىڭدەك يەنە ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى توساشنى تەلەپ قىلدىم. ھەر قانداق بىر ئىش بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇنداق بىر ئىش ئاقىۋەتتە چوقۇم پالاكەت بىلەنلا نەتىجىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ... شتاپ باشلىقى ماڭا، سىزگە بېرىلگەن دوكلاتنىڭ بىر قىسمى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى، بىر قىسىم يەرلىرىنىڭ بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئۆز ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ۋەزىيەتنى قايتا ئوڭشايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ ئۇ يېنىمدىن ئايرىلدى" دەيدۇ.

گەرچە بۇ كۆرۈشۈشنىڭ سىرتىدا شاھىتتىن بىرسى بار، يەنى پاپېننىڭ ئادىيۇتانتى تېشىدا ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئۇ كىشى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ "ئۇ ئىككىسى ۋارقىرىشىپ سوقۇشۇپ كەتكەن ئىدى" دېسىمۇ، ھىتلېرنىڭ دېگەنلىرىدىن سوقۇشۇپ قالغانلىقى توغرىلىق ھېچقانداق بىر يىپ ئۇچى كۆرۈنمەيتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا رۆم ئۇ يەردىن يېرىم كېچىدە چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ يەردىن ئايرىلغىنىدا ھىتلېرنىڭ ئىس-ئاچچىلارغا ھېسداشلىق قىلغاندەك قىلغىنى بىلەن ھەربى تەرەپنىڭ بېسىمى سەۋەبلىك پائالىيىتىنى قىسىپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ھىتلېرمۇ رۆم بىلەن خوشال-خۇرام قول ئېلىشىپ ئايرىلغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقى مەلۇم. بۇنداق ئېھتىماللىقنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى پەۋقۇلئاددە ۋەزىيە بۆلۈمىنىڭ شۇ چاغدىكى دوكلاتىدا فۇرېر بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە SA بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلالىغانلىقى يېزىلغان.

ھەر ئىككىلا تەرەپ ھۆججەتچىلار ئەترىتىنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك بىر ئاي دەم ئېلىش قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇقنى بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىنىشىغا بىردەك كېلىشكەن ئىدى. بۇ خەۋەر گېرمانىيە ئاخبارات ئىدارىسى تەرىپىدىن 7-ئىيۇندا ئېلان قىلىنىدۇ. ئەتىسى گېرمانىيە ئاخبارات ئىدارىسى "قوماندان رۆمنىڭ بۇيرۇقى" دېگەن بەكلا مۇجمەل بىر بۇيرۇق ئېلان قىلىپ "بىر قانچە ھەپتىدىن بۇيان رۆمنىڭ كېشىنى بەكلا ئازابلايدىغان نېرۋا سىستېمىسىدا بىر كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ سالامەتلىكى بەكلا ناچارلىشىپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا دوختۇرلارنىڭ تەكلىۋى بويىچە سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بالىنىستا يېتىپ داۋالاشقا مەجبۇر" ئىكەنلىكى ئېلان قىلىنىدۇ.

بۇ ئىككى خەۋەردىن ھەربى تەرەپ بەكلا خاتىرجەم بولىدۇ. ئۇلار بۇ خەۋەردىن رۆمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقىنىڭ بىر سىگنالىنى سەزگەن ئىدى. ئەمما ھېيدرىخ

بۇ خەۋەردىن بەكلا ھەيران بولدۇ. ئەسلىدە ئۇ 3 ھەپتە ۋاقىت بىرلىسلا ئىس-ئاچىلارغا قارشى ھەرىكەت پىلانىنى ئورۇنداپ بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ ئىككى خەۋەر ھىتلېرنى كەسكىن تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇرلايدۇ. رۆمنىڭ ئىنى كىلىنى بىلەن باشقا كىشىلەر رۆمنى ئەسكەرتىپ، سىرتتا گىيۆرىڭ-گىيوببېلس-ھىملېر ئۈچىسى بىرلىشىپ ئۇنى جايلىۋېتىش پىلانىنى تۈزگەنلىكى ھەققىدە گەپ تارقىلىپ يۈرىدۇ دەپ ئەسكەرتىدۇ. "ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىشلارنىڭ چاتاق بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك. - دەيدۇ ئەسلىمىسىدە ئىنى كېلىن، _ شۇنىڭغا قارىماي ئۇ يەنىلا ئۇلاردىن گۇمانلانماي پەرۋاسىز يۈرۈۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇ، ھىتلېردىن ھەرگىز گۇمانلانمايتتى."

2

ۋېنىستا مۇسسولىنى بىلەن ئۇچراشقىنىدا كۆزگە ئىلىنماي دۆلەتكە قايتىپ كەلگەن ھىتلېر، بىر قانچە سائەتتىن كېيىن، پۈتۈنلەي باشقىچە بىرسىنىڭ نارازىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ. 17-ئىيۇندا، كۆڭۈللۈك بىر يەكشەنبە كۈنى، پاپېن، ماربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ لېكسىيە سۆزلەيدىغان بولىدۇ. پاپېن ئالتە ئاي ئىلگىرى بىرىمىن كلۇبىدا بەس مۇنازىرە پەيدا قىلىدىغان بىر دوكلات سۆزلىگەنلىكى سەۋەبىدىن،333 كىشىلەر مۇئاۋىن باش مىنىستىرنىڭ دوكلاتىغا ئاز-تولا قىزىقىش بىلەن قارايتتى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بۇ مۇئاۋىن باش مىنىستىر كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ پىكى ھاكىمىيەت قانۇن پرىنسىپلارنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك جەمئىيەتلەرگە نۇرغۇنلىغان چەكلىمىلەرنى قويۇۋاتقانلىقىنى، گېرمانىيە ۋەزىيىتى بارغانسېرى تىنچسىزلىنىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. شۇڭا ئۇ دوكلاد زالىغا كىرىپ كەلگىنىدە، زال ستۇدېنتلار بىلەن پروفېسسورلار تەرىپىدىن لىق تولدۇرۇلغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ يەر-بۇ يەردە ئولتۇرغان چەسنچە كىيىنگەن ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرىمۇ بار ئىدى ئەلۋەتتە. زال ئىچىدىكى كىشىلەر ئۇمۇمەن ئۈمىدۋارلىققا تولغان ئىدى. پاپېن سۆزىنىڭ بېشىدىلا ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن تېزگىن ئاستىدىكى گېزىت ساھەسىدىكىلەرگە، بولۇپمۇ گىيوببېلسقا ھۇجۇم قىلىدۇ.

بۇ گەپلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق ئادىمىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئالقىش ئاغزى ئىچىپ ھاڭۋېقىپلا قىلىشىدۇ. ئەمما بۇ گەپلەر تېخى ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۇ نۇتقىدا ناتسىستلارغا قارىغۇلارچە ئەگەشكەنلەر بىلەن قۇرۇق گەپ سېتىپ يۈرىدىغانلارنى بىر پارتىيە باشقۇرۇش

تۈزۈمى بىلەن قوشۇپ بىر قۇر ئۇچۇغداپ چىققاندىن كېيىن، ھىتلېرنى رۆمنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋېتىنى ئۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلدۇ: "بىزنىڭ ماركسىزمغا قارشى ئىنقىلاب قىلىشىمىزدىكى مەقسىدىمىز ماركسىزم پروگراممىسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈنمىدى؟ ... ئەگەر بىر دۆلەتتىكى خەلق تارىختا نام قالدۇرماقچى بولىدىكەن، تۆۋەندە يۈز بېرىۋاتقان تۆگىمەس توپىلاڭلارغا يول قويماسلىقنىڭ جاپاسىنى تارتىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندە ھەرىكەتلەرمۇ توختاشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇ چاغدا مۇستەھكەم جەمئىيەت قۇرۇلمىسىمۇ مەيدانغا كېلىشكە باشلايدۇ."

ئوتتۇرلۇقتا بىر قانچە ناتىسسىت پاتىيە ئەزاسى سەكرەپ چىقىپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭغا نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاۋازى گۇلدۇرمامىدەك كۆتۈرۈلگەن چاۋاك ئاۋازى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئاڭلانماي قالىدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بۇ دوكلاتنىڭ قىسمەن ئابزاسلىرىنى پەقەت «فرانكفورت» گېزىتلا ئېلان قىلالايدۇ. گېيوبېلس بۇ دوكلات بېسىلغان «فرانكفورت» گېزىتىنى پۈتۈنلەي يىغىۋېلىپ سۈرۈشتە قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ دوكلاتنىڭ رادىئودا تەكرار ئاڭلىتىشىنىمۇ چەكلەيدۇ (ئەسلىدە رادىئودا بۇ دوكلادنى قايتا ئاڭلىتىدىغانلىقىنى ئۇختۇرغان ئىدى). ئەمما بۇ دوكلاتنىڭ تولۇق نۇسخىسى جەمىيەتكە چىقىپ كېتىپ دەرھال چەتئەلدە ئېلان قىلىنىپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك دولقۇن پەيدا قىلىۋېتىدۇ. مۇئاۋىن باش مىنىستىر ھامبۇرگنىڭ ئات مۇسابىقە مەيدانىدا ئوتتۇرغا چىققىنىدا كىشىلەر بىردەك تەنتەنە قىلىشىپ "ماربۇرگقا مۇبارەك بولسۇن!" دەپ شۇئار توۋلىشىدۇ.

بۇنىڭغا ھىتلېر دەسلەپكى بىر قانچە كۈن گەپ قىلمايدۇ. ئەمما جىمجىتلىقنى بۇزغۇچى يەنە پاپېننىڭ ئۆزى بولىدۇ. ئۇ : ئەگەر گېيوبېلس دوكلاتىمنى قايتا ئېلان قىلىشنى چەكلەش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدىكەن، ۋەزىپەمدىن ئىستىپا بېرىمەن! دەپ تەھدىت قىلىدۇ. ھىتلېر مۇئاۋىن باش مىنىستىرنى ئۆزەڭگىنى بېسىۋال دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. ھىتلېر، گېيوبېلس ھەققەتەن بەكلا خاتا قىلغان دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. كەينىدىنلا ھۆججەتچىلار ئەترىتىدىكىلەرنى بۇيرۇققا بويى سۇنمايۋاتىدۇ دەپ ئۇنىڭ دوكلاتىنى تەستىقلىغان قىياپەتتە ھۆججەتچىلار ئەترىتىدىكىلەرنى قاتتىق سۆكۈپ كېتىدۇ. ھىتلېر پاپېنغا بۇ چەكلەش بۇيرۇقىنى چوقۇم ئەمەلدىن قالدۇرغۇزىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ، پاپېندىن ھازىرچە ئىستىپا خېتىنى سۇنماسلىقنى، ئىككىسى بىرلىكتە نيۇدېكقا بېرىپ ھىندىنبۇرگ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئاندىن بۇ مەسىلىنى ئويلاششاق دەپ يالۋۇرىدۇ.

پاپېن كۆتۈشكە ماقۇل بولغان بولسىمۇ، ھىتلېر يەنىلا ئۆزى بىلگىنىچە ئىش

قىلىۋېرىدۇ. ئەتىسى، يەنى 21-ئىيۇندا، ئۆزى يالغۇز ئالدىراپ-سالدىراپ نيۇدىپكقا بارىدۇ، چەكلىمىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ. ئىپلان قىلغان بۇ سەپىرىنىڭ مەقسىدى ھەققىدە توختىلىپ، ھىندېنبۇرگقا يېقىندا مۇسسولىنى بىلەن كۆرۈشۈش ئەھۋالىدىن دوكلاد بېرىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئەمما ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىن بولغىنى، بوۋاي بىلەن كۆرۈشۈش ۋاقتىدا پۈتلۈشۈپ يۈرمىسۇن دەپ پاپېننىڭمۇ قوبۇل قىلىنىشتا بىرگە بولۇشىنى خالىمىغانلىقى بولۇشى مۇمكىن. ياكى بولمىسا ئۇنىڭ يالغۇز بېرىشى بەلكىم ھىندېنبۇرگنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى كۆزىتىش، ئۇنىڭ يەنە قانچىلىك ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئىزباسارىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولالىشىنى كۆرۈپ كېلىش بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چوقۇم ھەربى تەرەپنىڭ قوللىشىغا مۇھتاج ئىدى. قىزىق يېرى، ھىندېنبۇرگنىڭ داچىسىنىڭ پەلەمپىيىدە بىرىنچى بولۇپ دوقۇرۇشۇپ قالغان كىشى دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى بلومبېرگ ئىدى. ھاۋا شۇنچە ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي بلومبېرگ ئۈچىسىغا تولۇق ئەسكىرى ئۇنىفورما كىيىۋالغان ئىدى.

پىرىزدېنتنىڭ فۈھرېرنى قوبۇل قىلىشىدا ئۆزگىچە چۈشلۈق باھانىسىمۇ بار ئىدى. ئۇ پاپېننىڭ سۆزلىگەن نۇتقى پەيدا قىلغان قالايماقانچىلىقنىڭ زادى قايسى دەرىجىگىچە بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولغان بولسىمۇ، بۇ يەردە ھىندېنبۇرگ ئەمەس بەلكى بلومبېرگ سۆزلەپ كېتىدۇ (ئۇ چىرايىنى تۈرۈپ غادىيىپ ئولتۇرىۋالغان ئىدى). ئۇ، بىز ئالدى بىلەن ئىچكى يارىشىشنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىشىمىز كېرەك دەپ ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئەگەر ھىتلېر نۆۋەتتىكى چىداش مۇمكىن بولمايدىغان بۇنداق جىددىيچىلىك ۋەزىيىتىنى دەرھال تۈزىتەلمەيدىكەن، پىرىزدېنت دەرھال ھەربى ھالەت بۇيرۇقى ئېلان قىلىشى،334 يەنە كېلىپ بۇ بۇيرۇقنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئىشىنى ھەربى تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك دەيدۇ. ئۇ رۆمدىن ھەمدە ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاپ ھەققىدە پەقەتلا ئېغىز ئاچمايدۇ، ئەسلىدە بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپ يۈرۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. قوبۇل قىلىنىش ئارانلا 4 مىنۇت داۋام قىلىپ كۆرۈشۈش تاماملانغانلىقى ئۇقتۇرۇلىدۇ. ھىتلېر دەرھال بېرلىنغا قاراپ ئۇچىدۇ. ئۇ قايتىش يولىدىكى تىپ-تىنچ مۇھىتتا ئولتۇرۇپ رۆمنى خىيالىغا كەلتۈرىدۇ. ”بىر قانچە ئايدىن بېرى مەن بۇ ھەقتە قايتا-قايتا ئويلىنىپ كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمەي يۈرگەن ئىدىم. – دەيدۇ ھىتلېر ئاردىن نەچچە ئاي ئۆتۈپ پارلامېنتقا چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، – چۈنكى مەن ئۇ چاغدا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك خىيال ئىچىدە ئىدىم: بىرىنچىسى، مەن ھەر قانچە قىلىپمۇ شۇنچە سەمىمىلىك ئاساسىغا تىكلەنگەن مۇناسىۋىتىمىزنىڭ بۇنچە ئاخماقانە ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرالىشىغا زادىلا ئىشەنگىم كەلمەيتتى. ئۇنىدىن قالسا، مەن كۆڭلۈمدە ھەرىكىتىمىز

بىلەن ھۇجۇمچىلار ئەترىتىمىزنى كېلىشەلمەسلىك سەۋەبىدىن نومۇسقا قالدۇرۇشنى خالىمايتتىم، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇنداق ترادىگىيىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ھەمدە بۇ ئىشنى تۈگۈنۈشۈپ قالماي تۇرۇپ ھەل قىلىشنى ئويلىغان ئىدىم.“

شۇ كۈنى ئاخشىمى، ھىتلېر قەتئىي تەدبىر قوللىنىش غەيرىتىگە كېلىدۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە، نەچچە ئاي بۇرۇنلا رۆمدىن ئېھتىيات قىلىش توغرىلىق ئەسكەرتىش بەرگەن ۋېكتور لۇتزغا دەرھال باش مىنىستىرلىققا كەل دەپ تېلېگىرامما يوللايدۇ. ”ھىتلېر مېنى قىرائەتخانىسىغا باشلاپ كىردى. _ دەپ يازىدۇ لوز كۈندىلىك خاتىرىسىگە، _ ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن تۇتقىنىچە ماڭا ئىشنى پۈتتۈرگەن كۆڭگىچە مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلىشىم توغرىلىق قەسەم قىلدۇردى.“ ھىتلېر خېلىلا ھاياجان ئىچىدە، رۆم ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنى قايتىدىن قۇراللاندۇرۇپ ھەربىلەرگە قارشى چىقىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى قەتئىي ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى سىرىنى ئاشكارىلايدۇ. ”فۈھرېرىم ماڭا، بۇنداق ئىشلارغا ئەزەلدىن ئارىلىشىپ قالمىغانلىقىمنى، شۇڭا مىيۇنخېننىڭ ھەر قانداق بىر بۇيرۇقنى قوبۇل قىلماي ئۇنىڭ يولىيورۇقى بويىچىلا ئىش قىلىشىمنى ئېيتتى.“

شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھېيدرىخ بىلەن ھىملېر ئىككىسى پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سېلىپ رۆمنى ئۆزلىكىدىن قاپقانغا چۈشۈشنى پىلانلاپ يۈرۈشەتتى. شۇ كۈنىسى، ھىملېر ئېس-ئېسچىلار كاتىۋاشلىرىدىن بىرى بولغان فرېيخېر ۋون ئېبېرېشتېيىننى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا رۆمنىڭ ئىسيان قىلىشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئېبېرشتېيىن بۇ ئىشتىن ھەر قايسى ھەربىي رايون قوماندانلىرىنى خەۋەردار قىلىپ، ئۆزى قىسىملارنى بىرەر جىددىي ئەھۋال كۆرۈلگىنىدە تەييار بولىشى ئۈچۈن گازارمىلىرىدا قىسىملىرىنى ”ئەستايىدىللىق بىلەن جىددىي ھالەتتە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتىشى“ نى بۇيرۇيدۇ. قىسىملارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش بۇيرۇقى بىر قانچە سائەت ئىچىدىلا تۆۋەنگە يەتكۈزۈلىدۇ: ھەربىي قىسىم باش شىتاپ مۇدىرى ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا ئېس-ئاچىلار ئەترىتىدىكىلەرنىڭ سىياسىي ي ئۆزگىرىش قىلىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا ئىكەنلىكىنى، ھەر قايسى تارماق قىسىملارنىڭ ئارمىيەنى ھىمايە قىلىدىغان ئېس-ئېسچىلارغا كېرەكلىك قۇراللارنى تارقىتىلىشىنى خەۋەر قىلىۋېتىدۇ.

بۇ چاغدا، ھىتلېرمۇ رۆمنىڭ مەخپى توپىلاڭ قىلىشىغا پۈتۈنلەي ئىشىنىدۇ. ئۇ دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى ۋون بلومبېرگقا بارلىق ئېس-ئاچىلار ئەترىتى قۇماندانلىرىنى باد ۋېيسقا چاقىرتىلىشىنى ئېيتىدۇ. بۇ يەر بىر ئارشاڭ يېرى بولۇپ، تېگېمسىي دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بىر يەر ئىدى. رۆم ئەنە شۇ يەردە داۋالىنىپ دەم ئېلىۋاتاتتى. ھىتلېر سۆزىنى داۋام قىلىپ، ئۇلار تولۇق يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۆزى بىۋاستە قولغا

ئېلىپ "ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشنى" تاپىلايدۇ. قىسىملار بارلىق ھەرىكەت تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئاۋال دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسى باش قوماندانى گېنېرال فرىيچېر ۋېرنېر ۋون فرىتش پۈتۈن قىسىملارنى دەم ئېلىشلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، بارلىق ئوفىتسېر-جەڭچىلەر گازارمىلارغا قايتىپ كېلىش دېگەندەك ئۇرۇش تەييارلىقى بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

يەنە شۇ پەيتلەردە، ھېس رادىئودا مەملىكەت بويىچە ئۇلاپ ئاڭلىتىش پروگراممىسىدىن پايدىلىنىپ قاملاشتۇرۇپ بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ.335 بۇ نۇتۇق، بىر تەرەپتىن رۆمغا ئاگاھلاندۇرۇش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇش خاراكتېرىنى ئالغان ئىدى. "ئەقىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنغۇچىلارغا لەنەتلەر بولسۇن! توپىلاڭ قىلىشقا تايىنىپ ئىنقىلابقا تۆھپە قوشىمىز دېگۈچىلەرگە لەنەتلەر بولسۇن!" ئۇ كەينىدىنلا بۇ تۈردىكى مەخپىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ "ئاخماقانە خىيالپەرەستلەر" دەيدۇ. بۇ رادىئو نۇتقىنى ھىتلېرنىڭ نۇتقى دېيىشكىمۇ بولاتتى. چۈنكى بۇ نۇتۇقتا رۆمنى ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاپ دېگەن خىيالدىن ۋاز كېچىپ، قايتىدىن سەپكە قايتىپ كېلىشكە ئۈندىگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. ئەتىسى، ھېرمان گېورىڭ تېخىمۇ ئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئېلان قىلىدۇ: كىمدە-كىم ھىتلېرغا بولغان ئىشەنچنى يوقۇتىدىكەن، ئۇنداق بىرسى چوقۇم "كاللىسى بىلەن بەدەل تۆلەيدۇ!" باد ۋېيسسېدە تۇرىۋاتقان رۆم، تاشقىرىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى كېسىۋېتىلگەن بولسىمۇ بۇ تۈردىكى ئېھتىماللىقلاردىن ئاز-تولا خەۋەردار بولىشى كېرەك ئىدى. 28-ئاپرېل كۈنى، گېرمانىيە ئوفىتسېرلار ئىتتىپاقى رۆمنى ئىتتىپاقتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئەسلىدە بۇمۇ رۆم ئۈچۈن بىر بىشارەت ئىدى.

بىرلىندا بولسا، بىر مەيدان كوزۇر كۆرسىتىلىدىغانلىقى توغرىلىق ھەممە يەردە گەپ-سۆز تارقىلىشقا باشلىدى. يەنە شۇكۈنى، سېفتون دېلمېر، پاپېننىڭ ئاخبارات مەسلىھەتچى ياردەمچىسىدىن ھىتلېرنىڭ ئالدىغىمۇ ماڭماي كەينىگىمۇ چېكىنمەي بىر ئىزدا تۇرىۋېلىشى توغرىسىدىكى بىرىنچى قول خەۋەرگە ئېرىشىدۇ. "ھىندېنبۇرگنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جىددى كۈرەش قىلماقتىمىز" دەيدۇ چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، ھىتلېر بىر تەرەپ، مۇئاۋىن باش مىنىستىر بىلەن باشقا مۇتەئەسسىپلەر يەنە بىر تەرەپ بولۇپ بۇ كۈرەشكە ئاتلانغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە كېيىنكى ھۆكۈمەت كابىنتى يىغىنىدا چوقۇم كوزۇرلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پاپېن، ھىتلېرنى رۆم بىلەن ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاپ شېرىكلىرى قىلىۋاتقان "تېررورلۇق تۈسىنى ئالغان ئانارخىزم" نى "باستۇرۇشقا زورلىماقچى"، دەيدۇ. ئەگەردە فۇھرېر بۇنى رەت قىلغىدەك بولىدىكەن،

پاپىن گۇرۇھى ئىستىپا بېرىدىغانلىقىنى، ھىندېنبۇرگمۇ ھىتلېرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ ھاكىمىيەتنى ئارمىيىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ”ۋەزىيەت مەيلى قايسى تۈردە تەرەققىي قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، خوجايىنىم، ھىتلېرنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋالغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئەگەر ھىتلېر ماقۇل كەلگىدەكلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ھوقۇقى يوق بولغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇنى رەت قىلىدىكەن، ئارمىيە كېلىپ ھۆكۈمەتنى ئۆتكۈزىۋالىدۇ، بۇ بىر ئوت-بالا ۋەقەگە ئايلىنىپ كېتىشىدىن دېرەك بېرەلگىنىدىمۇ بىز ھىتلېرنىڭ بۇنى رەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!“

بۇ چاغدا، فۇھرېر ئېسىپدا تۇرىۋاتقان بولۇپ، ئۇ يەردە يەنە يەرلىك ئەمەلدارلاردىن بىرىنىڭ تويى مەرىكىسىگە قاتنىشىۋاتاتتى. كۆرۈنۈشتە ھىتلېر خۇددى دەم ئېلىش كۈنلىرىنىڭ لەززىتىنى چىقىرىۋاتقاندەك ئىدى. ئەمما باشقا بىر مېھمان، يەنى لۇتز بەكلا ئېغىر غەمدە ئىچىدە قالىدۇ: ”مېنىڭچە، _ دەپ يازىدۇ لۇتز كۈندىلىك خاتىرىسىگە، _ فۇھرېرنىڭ بېرلىندا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن خەۋىرى بار ئىدى، بىراق ئۇ تېلېفون ئالاقىسىغا تايىنىپلا خەۋەر ئالالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈلۈپ، ئۇ ئىشنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىپ قەدىمنى تېخىمۇ تېزلەشتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئىشنىڭ بۇ تەرىپى بەزىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلەتتى.“

راس دېگەندەك، بۇ قېتىمقى سۈيىقەستنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا تېلېفون ھەقىقەتەنمۇ بەكلا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھىتلېر بىلەن گىوربىڭ يىگىت بىلەن كىلىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ توي مۇراسىم ناشتىسىغا قاتنىشىۋاتقىنىدا ھىملېر بېرلىندىن تېلېفون قىلىپ كىشىنى چۆچىتىدىغان بىر قاتار دوكلاتلارنى ئوقۇپ بېرىدۇ. گىوربىڭ ئويلىغاندەك ئېس-ئاچلار ئەتىرتى سۈيىقەستى بولغانلىقىنى بىلگىنىدىن كېيىن، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا باش لىڭشىتىپ ماختاپ كېتىدۇ. ئەمما ھىتلېر قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئالدىراش-تىنەش شۇ يەردە قۇرغان شتابىغا قايتىپ كېتىدۇ. ”مېھمان سارايى ياتىقىدا تېلېفون تىنماي جىرىڭلايتتى. _ دەيدۇ لۇتز، ئۇنىمۇ ئالدىراش چاقىرتىپ كېلىشكەن ئىدى، _ فۇھرېر چوڭقۇر ئويغا پېتىپ قالىدۇ، ئېنىقكى، ئۇ ئەندى ھەرىكەتكە ئاتلانمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.“

گىوربىڭنىڭ كاتىپى ھىملېرنىڭ قوغۇر كۆڭلەكلىكلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تېخىمۇ ئېنىق خەۋەرلىرىنى ئېلىپ ئالدىراش يېتىپ كېلىدۇ. بۇ خەۋەر يىغىندىكىلەرنى دەرھال جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. بۇ دوكلات بىلەن بىر قاتاردا ھېيدىرىخنىڭ بىر ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىمىنىڭ دوكلاتىمۇ بىرلىكتە ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى.336

بۇ دوكلاتتا رۆمنىڭ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەر تېخى يېڭىلا بىر دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنى ھاقارەت قىلغانلىق ئەھۋالى يېزىلغان يېرى ئوقۇلغىنىدا ھىتلېر بەرداشلىق بېرەلمەيلا قالدۇ. ”ئەندى مېنىڭ بەرداشلىق بەرگىچىلىكىم قالمىدى، مەن ئۇلارغا بىر ئۆلگە بولۇپ ئۆزەمنى كۆرسىتىپ قويۇشۇم كېرەك“ دەپ قايناپ كېتىدۇ. ئۇ گيورىڭغا بۇيرۇق قىلىپ، سەن دەرھال بېرلىنغا قايت، مەخپى ئىشارەتنى ئېلىشىڭ ھامان (مەخپى بەلگە ”ھەسەل قۇشى“) ھەرىكەتكە ئاتلان، دەيدۇ. كەينىدىنلا باد ۋېيسسىدا تۇرىۋاتقان رۆمغا بىۋاستە تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ چەتئەللىكلەرنى پاراكەندە قىلغانلىق توغرىسىدىكى ئىشلارنى قاتتىق تەنقىت قىلىدۇ. ئۇ قىسمەن ئاچچىغلانغان توندا بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويالمايمەن دەيدۇ. ئاندىن رۆمغا بارلىق ھۇجۇمچىلار ئەترىتى رەھبەرلىرىنى باد ۋېيسسىغا توپلىغىن، مەن ئۇلارغا بىر نۇتۇق سۆزلەيمەن، ۋاقتى ئىككى كۈندىن كېيىن چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دا بولسۇن، دەيدۇ.

بۇ قېتىملىق تېلېفوندا كۆرۈشۈش رۆمنى پەقەتلا ئەنسىرەتمىگەن ئىدى. ياكى مۇنداق ئېيتقاندا، رۆم يالغاندىن غەم قىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان دېيىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇ دەستىخانغا قايتىپ ئولتۇرغىنىدا ”بەكلا مەغرۇر كۆرۈنەتتى“. ئۇ مېھمانلارغا (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گېنېرال ۋون ئېپمۇ بار ئىدى)، ھىتلېر 30-ئىيۇندا ھۇجۇمچىلار ئەترىتى رەھبەرلىرى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان بولدى، دەيدۇ. ئاندىن مەغرۇرلانغان قىياپەتتە، بۇ ئىش ئۇنىڭغا ”گيوبېلسنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئاشكارىلاش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ“ دەپ كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. ئۇ، ھۇجۇمچىلار ئەترىتى بىلەن ھەربى قىسىملارغا ئىشىنىشكە بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ بۇ تۆردىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان گەپ-سۆزلىرى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئۇ خام خىياللار قايىنمىغا پېتىپ قالغان ياكى بولمىسا بېشىدا چۆگىلەپ يۈرگەن بالا-قازالاردىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى.

گيورىڭ بېرلىنغا قايتار-قايتماي، سۇيىقەست يەنە بىر بالداق يوقۇرى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، يەنى 29-ئىيۇن جۈمە كۈنى، پرۇسىيە ساقچى قىسىملىرى بىلەن فۈھرېرغا سادىق ئېس-ئېسچىلار قىسىملىرىغا جىددى ھالەتكە ئۆتۈپ تۇرۇشلىرىنى بۇيرۇق قىلىدۇ. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ئۇ، ھىتلېرنىڭ جىددى ھالەت ئېلان قىلىشىنى باھانە قىلىپ پرۇسىيە ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىغا يىغىۋېلىپ، سىلېزىيە ھوقۇقىنى ئېس-ئاچىلار شەرقىي جەنۇبى رايونلۇق قۇماندانىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭغا بىر قىسىم قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەر يېتەكچىلىرىنى قولغا ئېلىپ، ھۇجۇمچىلار قۇماندانلىق شىتابىنىڭ بارلىق مۇھاپىزەتچىلەرنى قۇرالسىزلاندۇرۇش ۋە برېسلاۋ ساقچى مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ.

ئۇ ۋاقىتتا، ئارمىيىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ھەربىي ھالەت بۇيرۇقىمۇ كۆچكە ئىگە بولىدۇ. ئەمما نۇرغۇنلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللار يەنىلا رۆمنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش غەرىزى بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بىر ھەربىي ئەمەلدار بېرلىنغا قاراپ ئۇچۇپ، شتاپ باش قۇماندان ۋون فرىتىشقا بۇ قارىشىنى بىۋاستە بايان قىلىدۇ. بۇنداق بىر ئېھتىماللىقتىن گۇمان قىلغان بۇ گېنېرال، سىلېزىيە ھەربىي رايون قۇماندانى گېنېرال ئېۋالد ۋون كلېيىست دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ، شۇ يەردىكى گېنېرال لۇدۋىگ بېكنىڭ ئالدىدىلا فرىتىشقا سىلېزىيە ئىس-ئاچىلىرى رەھبىرى (رۆمنىڭ يېقىن دوستى) ئۇنىڭغا قوغۇر كۆڭلەكلىكلەرنىڭ ھەرىكەت تەييارلىقى ھەربىلەرنىڭ ئۇلارغا قارشى جىددى تەييارلىقتا كەچكەنلىكىگە كۆرسەتكەن بىر ئىنكاسىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى دەيدۇ. كلېيىستمۇ ئىس-ئاچىلار بىلەن ئارمىيىنى بىر-بىرسىگە قارشى كۈشكۈرتۈپ بىر-بىرسىنى قىرىپ تۈگۈتىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ئۈچىنچى بىرسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ دېگىنىدىكى بۇ ئۈچىنچى كىشى ھىملېر ئىدى. فرىتىش بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئارمىيە ئىشخانا مۇدىرى گېنېرال ۋون رېيچېناۋنى چاقىرتىپ كېلىدۇ. بۇ كىشى، 1933-يىلىدىن بۇرۇن سادىق ناتسىست بىرى ئىدى. بۇ گېنېرال ئىنتايىن ئەدەپلىك، تىپىك پرۇسىيە گېنېرالى بولۇپ، ئۇ ھېچ قاچان يېنىدىن ئايرىمايدىغان يالاڭ كۆزلۈك كۆزەينەك تاقاپ يۈرىدىغان، مېڭىش-تۇرۇش ۋە ئىش-ھەرىكىتىدە قەتئىي تەمتىرىمەيدىغان بىرى ئىدى. ئۇ كلېيىستىڭ بايانىنى تەپسىلى ئاڭلىغاندىن كېيىن: "بۇلار ھەقىقەتەنمۇ راست گەپلەردەك قىلىدۇ، ئەمما بەكلا كېچىكىپ قالغان" دەيدۇ.

بۇ چاغدا، ھەربىي قىسىملار ۋاستىسى بىلەن يالغان دوكلاد، ئۆزگەرتىلگەن ھۆججەت قاتارىدىكى ئۇيدۇرما گەپ-سۆزلەر يېغى پاكىت سۈپىتىدە سەلدەك كېلىشكە باشلىغان بولۇپ، قارا نىيەت توماس (توماس _ ئەيسانىڭ 12-ھاۋارىسى) لا ئىشىنىدىغان تۈردىكى يالغان-ياۋداق خەۋەرلەر  بولۇپ، بۇنداق سۆزلەر ئارىسىدا، قوزغىلاڭ ئۇچۇشلۇق بولغاندىن كېيىن رۆم، فرىتزدىن باشلاپ بارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللارنى ئۇجۇقتۇرماقچى ياكى ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىماقچى ئىكەنلىكىگە ھەممە ئىشىنىدۇ.337 بۇنداق ئۇيدۇرما ئۇجۇقتۇرۇش تىزىملىكى قولدىن-قولغا تارقىلىپ، يالغان گەپلەرمۇ راس گەپتەكلا بولۇپ كەتكەن ئىدى. شۇ كۈنكى «خەلق كۈزەتكۈچىلىرى» گېزىتى دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى بلومبېرگنىڭ بىر پارچە خېتىنى بېسىپ، بۇنداق خىيالى مەنزىرىنى تېخىمۇ ئىشەندۈرەرلىك ھالغا كەلتۈرۈپتىدۇ. ئۇ خەتتە، ھەربىلەر باش مىنىستىرنى قەتئىي ساداقەتلىك بىلەن قوغدايدۇ، دەپ ئېلان بەرگەن ئىدى.

ئەگەر رۆم بۇ ماقالىنى ئوقىدى دەپ قارىغىنىمىزدا، روشەنكى، ئۇ بۇ ماقالىدا ئۆزگە

ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىۋاتقانلىقىنى پەقەتلا ھېس قىلالمىغان دېگەن گەپ. ئۇ باد ۋېيسسېدا قۇتلۇق كۆڭلەرنىڭ سەھىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئىچىگە چۆكۈپ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويغان، ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ مۇھىم ئادەملىرى ئۇنىڭ تۇرغان يېرىگە كېلىپ ئۇنى زىيارەت قىلىشنى قوبۇل قىلىپ بىر خىيالدا يوق كەلگەنلەرگە نازاكىتىنى بىلدۈرۈپ سالاملىشىپ ئولتۇرغان؛ شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇنقى فۇھرېر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىدىن بەكلا رازى بولۇپ ئولتۇرىدۇ دېيىش كېرەك. ئۇرۇش مەزگىللىرىدە بىرگە بولغان كونا سەبدىشى، بوگۇنكى بىر گېنېرال ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەگەر ھەربى قىسىملار توپىلاڭ قىلغان ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەرگە ئوق چىقارمىسا ئۆزىنىڭ ئەجەللىك خاتالىق ئۆتكۈزگەن ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقىنىدىمۇ ئۇ يەنىلا يەنىلا بىر خىيالدا يوق خاتىرجەم يۈرۈۋېرىدۇ. رۆمنىڭ شۇ كۈنى ئاخشىمقى ھەرىكەتلىرى ھەرگىزمۇ بىر توپىلاڭ قىلىدىغان بىرسىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ خوشال ئولتۇرۇپ "تاروك" كورتىنى ئويناپ (بۇ ئويۇن باۋارىيىدە ئوينىلىدىغان ئۈچ كىشىلىك بىر قەرت ئويۇنى) بولغىنىدىن كېيىن، دوختۇرى ئۇنىڭغا نېرۋا خاراكتېرلىق ئاغرىق پەسەيتكۈچى ئوكۇل سالغىنىدىن كېيىن خاتىرجەم ھالدا ئۇخلاش ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ.

ئەمما ھىتلېرنىڭ ئەھۋالى پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. باد گودېسبېرگدىكى درېسېن مېھمانخانىسىدا ھىتلېرنىڭ ياتقى پۈتۈنلەي ئۇرۇش ھارپىسىدىكى ھەربى قوماندانلىق شتابىغىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ خۇددى ئەڭ باشتىكى ھەربى قوماندانىدەك، ئەمما كەسكىن قارار ئالالماي تۇرغان بىر گېنېرالغا ئوخشايتتى. تۈن يېرىمىدىن بۇرۇن، ئۇ ئېس-ئېسچىلار قىسمىنىڭ كوماندىرى جوزېف (سېپ) قا، دېيتىرىخ ئىككى روتا ئەسكەر ئېلىپ باد ۋېيسسېغا قاراپ يۈرۈش قىلسۇن دېگەن بۇيرۇقنى بېرىدۇ. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، بىرسى بېرلىندىن، يەنە بىرسى ميۇنخېندىن بولۇپ ئىككى تېلېفون كېلىپ قالغاچقا، پىلاننى تېخىمۇ تىزلەشتۈرۈشكە ئۆزگەرتىدۇ. باشتىكى تېلېفون ھىملېردىن كەلگەن بولۇپ (ھىملېر تېخى بايىلا رىببېنتروپقا "ئەندى رۆمنىڭ ئىشى تۈگىدى" دېگەن ئىدى)، بېرلىندىكى ئېس-ئاچىلار ئەترىتىدىكىلەر چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە ئىسيان باشلىتىپ، ھۆكۈمەت بىناسىنى ئىشغال قىلىشنى پىلانلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېر قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى "ھە ...، ھە ..." دەپ ئاڭلاپ باشقا گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، تېلېفون تىروپكىسىنى جايىغا قويار-قويماي ۋارقىراپ كېتىدۇ: "بۇ بىر ئىسيان!" قارىغاندا، بېرلىندىكى ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى كارل ئېرنىست پىلان بويىچە باد ۋېيسسېغا قاراپ ئاتلىنىش ئورنىغا بېرلىندا قېلىپ توپىلاڭغا قوماندانلىق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى! (ئەسلىدە ئۇ بىرېيمېن دېگەن يەردە شېرىن ئاي ساياھىتىگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى).

بۇ چاغدا يەنە بىر تېلېفون كېلىپ فۇھرېرنىڭ كەينى-كەينىدىن ۋارقىراپ جارقىرىشنى ئۈزۈۋېتىدۇ. تېلېفون باۋارىيە يەرلىك مەسئۇلى ئادولف ۋاگنېردىن كەلگەن ئىدى. ئۇ تېلېفوندا، غەلۋە قىلىپ يۈرگەن ھۆججەتچىلار ئەترىتىدىكىلەر كوچىغا چىقىپ كەتتى، ئۇلار يەنە "ئارمىيە بىزگە قارشى ئىكەن!" دەپ ۋارقىراشىدۇ (ھەقىقەتەنمۇ بىر قىسىم ھەربىي قىسىملار سېھىرلىك بىر كىتاپچىدا "ئېس-ئاچىلار، كوچىغا چىقايلى! فۇھرېر بىزنى قوللىماس بوپتۇ!" دېگەن گەپلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلگەن ئىكەن).

ئەندى ھىتلېرنىڭ غەزىۋى ھۆدۈقۈشقا ئايلىنىدۇ. مانا بۇ رۆمنىڭ تۇپىلاڭ چىقارغانلىقىنىڭ جانلىق پاكىتى ئىدى. "مەن ئاخىرى ئۇنى ئېنىق تونۇپ يەتتىم. ـ دەيدۇ ھىتلېر كېيىنچە، ـ ئەگەر بىرلا ئادەم بىزگە قارشى ھەرىكەت قىلغىدەك بولسىمۇ چوقۇم ئۇنىڭ كاتتۇېشىغا (رۆمنى دېمەكچى) قارشى تۇرىشىمىز شەرت، ئۇ بۇرۇن ماڭا ساداقىتىنى ئىپادىلىگەن بىرسى ئىدى، شۇڭلاقتىمۇ بەكلا مەنمەنچى ئىدى. شۇڭا مەن چوقۇم ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىشىم كېرەك."

ھىتلېر تۇيۇقسىز قارارىنى ئۆزگەرتىپ: باد ۋېيسسېقا بېرىپ "بۇ بىر ئۇۋا خائىنلار" نى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ قارارى يېنىدىكى سەبداشلىرىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ. ھىتلېر شەخسى ليوتچىكىغا دەرھال ئايروپلاننى تەييارلا دەپ بۇيرۇق قىلىۋېتىپ، ئىشىك ئالدىدا ئالدى-كەينىگە مېڭىشقا باشلايدۇ. رۆم قانداقلارچە بۇنداق بىر ئىشقا كىرىشىدۇ؟ ئۇ قانداقلارچە داھىسىغا ئۆرۈيدۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا زادىلا ئەقلىنى يەتكۈزەلمەيدۇ.338

3

ھىتلېر ئىگىلىگىنىچە بېرىپ ئۈچ موتورلۇق "جۇنكېر-52" ئايروپلانغا چىقىدۇ. بۇ ئايروپلان بۇرۇنقى ئايروپلاننىڭ موتورىدا كاشىلا كۆرۈلگەنلىكى سەۋەبلىك ۋاقتىلىق ئالماشتۇرۇلغان ئايروپلان ئىدى. ئايروپلاننىڭ قوزغالغان ۋاقتى سەھەر 2 ئەتراپى ئىدى. ئۇ ئايروپلانغا چىقىپ سىرتتىكى تۈم قاراڭغۇلۇققا تىكىلگىنىچە ئورنىدا قىمىرمۇ قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئاخبارات مۇدىرى ئوتتو دېيتىرىخ "يۈز بەرگەن ئىشلاردىن پەقەتلا خەۋىرى يوق" ئىدى. كېيىن بىر مۇھاپىزەتچى ھەممەيلەن قورالىڭلارنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ تەييار تۇتۇڭلار، دېگىنىدىلا بىر ئىشلار بولىۋاتقانلىقىنى ئويلايدۇ.

ھەقىقى ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان لۇتز كۆڭلىدە رۆمنى ئويلايتتى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى

غىڭشىپ ناخشا ئېيتىدۇ:

ئاھ شەپەق، ئاھ شەپەق، سەن بىزنىڭ ئەتىگەنلىك ئىشىمىزغا ئۈندەيسەن،
تۈنۈگۈن مەغرۇر ئات ئۈستىدە، بۈگۈن كۆكرىكى ئوق بىلەن ئۆتمە-تۆشۈك.

شۇ كۈنى ئاخشىمى سىم-سىم يامغۇر تىنماي يېغىپ تۇراتتى. تاڭ يورۇغاندا ئايروپلان گۈڭگۈم يورۇقتا يوقۇرى ۋىيسىبىنفېلد ئايرودرومىنىڭ نەملىشىپ كەتكەن ئۇچۇش يولىغا قوندى. بۇ بىر ھەربى ئايرودروم بولۇپ، بۇندىن 12 يىل ئاۋال ھىتلېر دەل بۇ يەردە ساقچى ۋە ھەربىلەر بىلەن سۈركۈلۈش چىقىپ نۇمۇسقا قالدۇرۇلغان ئىدى. قوماندان يولىيوروق بېرىپ، فۈھرېرنىڭ D-2600 نومۇرلۇق ئايروپلانى قونۇشقا ئاز قالغىنىدا دەرھال ھۆججۈمچىلار ئەترىتىنىڭ رەھبىرىگە خەۋەر بېرىش كېرەكلىكىنى تاپىلىغانلىقى سەۋەبىدىن ئايرودروم باشلىقىنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم ئىدى. ئاخىرقى مىنۇتتىلا ئايروپلان ئالماشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېرنىڭ ئايروپلانى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي خەۋەر قىلنىمىغاچقا ئايرودرومغا كېلىپ قارشى ئېلىشقا بەكلا ئاز ئادەم كەلگەن ئىدى. يەنى پارتىيىنىڭ بەزى مۇھىم كىشلىرى بىلەن بىر قانچە ئوفىتسېرلا كەلگەن ئىدى. "بۇ مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈلسىز بىر كۈنۈم، _ دەيدۇ ھىتلېر كەلگەنلەرگە، _ مەن ئۆزەم بىۋاستە باد ۋىيسسىگە بېرىپ ئەڭ ئېغىر جازالىنىشنى كۆزەتمەكچىمەن."

ھىتلېر پىكاپلىق باۋارىيىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشىدۇ. باۋارىيە شتات باشلىقى ۋە قوشۇمچە ئىچكى سىياسىي ئىشلار مىنىستىرى ۋاگنېر ئۇنىڭ كەينىدە ماڭىدۇ. فۈھرېر بىناغا كىرگىنىدە شۇنداق تېز قەدەملەر بىلەن ماڭىدىكى، ئۈستىگە ئارتىۋالغان پەلتوسىنىڭ پەشلىرى كۆتۈرۈلۈپ لەپىلدەپ ئۇچۇپ تۇراتتى. ئۇ چوڭ قەدەملەر بىلەن پەلەمپەيدىن چىقىپ ئۇدۇل ۋاگنېرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىدۇ. ئۇ مېھمان كۈتۈش زالىغا كىرگىنىدە يوقۇرى باۋارىيە ھۆججۈمچىلار ئەترىتىنىڭ كاتتىۋېشى شاپپىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا چاس بېرىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلغىنىچە بېرىپ ۋارقىرايدۇ: "بۇنى سولىۋېتىڭلار! _ ئۇنىڭ ئاغزىدىن قاتتىق ھاقارەت سۆزلەر يېغىشقا باشلايدۇ، _ خائىنلار، ۋەتەن ساتقۇچلار، بولۇپمۇ سىلەر ئېس-ئا ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرى! _ ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەر كىچىك كىتاپچىلارنىڭ كۈشكۈرتىشىدە كوچىغا چىقىپ نارازىلىق بىلدۈرگەن ئىدى، _ سەن، سەن قولغا ئېلىندىڭ، سېنى ئېتىپ تاشلاش كېرەك!"

سەھەر سائەت 6 دا فۈھرېر "يەنىلا كىشىنى چۆچۈتكىدەك ھاياجان ئىچىدە" بىنادىن چىقىدۇ. پىلان بويىچە قۇراللىق ياردەمچى بولۇپ كېلىدىغان قۇراللىق گۇرۇپپىكىلەر

ئۆلتۈرۈلگەن يەنە بىر ئايروپىلان تېخى يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، فۇھرېر ئۇلارنى كۈتۈشكە تاقەتسىز ئىدى. ئۇ ئالدىراش كېمپكانىڭ پىكاۋغا چىقىپ بۆرۈنقىدەك شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. شوپۇرغا ئۇدۇل باد ۋېيسسىپگە قاراپ ھەيدەشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇلار يولغا چىقىشى بىلەن تەڭ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن شىرىكنىڭ ماشىنىسىمۇ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار جەمئىي 8~9 دەك كىشى بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا يەنە فۇھرېرنىڭ ئايال كاتىۋى شىرۆدېر خانىممۇ بار ئىدى. كەينىدە ئولتۇرغان گېوببلىس ئېس-ئاچىلارنىڭ سۈيىقەستى ھەققىدە تىنماي سۆزلەيتتى. بۇ چاغدا ھىتلېر بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئالدىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى. بۇ چاغدا قوياش ئۇپۇق سىزىقىنى قاپلىغان بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۆرۈنىدۇ. قارىغاندا بۇگۈن "ھىتلېرغا لايىق ھاۋا بولىدىغاندەك ئىدى."

بىرەر سائەتكىمۇ قالماي، ئۇلار تېگېرسىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەر ئالپىس تاغلىرىنىڭ جىلغا ئېغىزىغا قىسىلىپ قالغان بىر يەر بولۇپ، 339 سەھەرلىك تۇمان ئىچىدە ھەممە يەردىن سۈپسۈزۈك سۇلار چىپىلداپ ئېقىپ تۇراتتى. "خانسپلپاۋۇل مېھمان كۈتۈشكە قاراپ هايدا. _ دەيدۇ ھىتلېر شوپۇر كېمپكاغا، _ ھازىر ئۇ يەردە رەسمىي رەزىل بىر پىلان تۈزۈلمەكتە، شۇڭا بىز دەرھال خانسپلپاۋۇل سارىيىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇستىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىرىپ ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋېتىشىمىز كېرەك." بۇ چاغدا ۋاقىت ئەتىگەن سائەت 7 گە يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ، چىركاۋ قوڭغۇراقلىرىمۇ چېلىنىشقا باشلاپ، مۆمىن ئەر-ئاياللارنى سەھەرلىك مىسساغا چاقىرماقتا ئىدى. شوپۇر كېمپكا ئاپتوموبىلنى ئۇن چىقارماي بەكلا ئاستا ھەيدەپ مېھمان سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېھتىيات بىلەن توختىتىدۇ. ئەمما ئۇ بىنانىڭ بەزى دېرىزىلىرىنىڭ يېپىق ئىكەنلىكىنى كۆپ قىسمىنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى، ئىشىكتىمۇ پوس قويۇلمىغانلىقىنى كۆرىدۇ. ھىتلېر ماشىنىدىن چۈشۈپ بىرىنچى بولۇپ بىناغا كىرىدۇ. بىرىنچى قەۋەتتە ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. زىياپەت زالىمۇ بوش ئىدى. زالدا چۈشلۈك زىياپەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىنغان ئىدى. ئۆي خوجايىنى خانىم پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئايال ئالدىدا فۇھرېرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ ئالدىرىغىنىچە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭىزنى قارشى ئالىمىز، بىزگە شەرەپ كەلتۈردىڭىز، دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ھىتلېر ئۇنىڭغا دەرھال رۆھمنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىشنى ئېيتىدۇ.

ھىتلېر بىلەن بىرگە كەلگەنلەر دەرھال ئىشىك-دېرىزىلەرنى ساقلاشقا كىرىشىدۇ. ئارىدىن پۇخراچە كىيىنگەن بىرسى رۆھمنىڭ ياتىقى ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى چېكىدۇ. ھىتلېر قولىدا تاپانچا ئۆيگە كىرىدۇ. فۇھرېرنىڭ كەينىدە تۇرغان كېمپكا، رۆھمنىڭ ئۇيقۇدىن ئېچىپ كەتكەن كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ھۇلۇققىنىدىن نىمە قىلارىنى بىلەلمەي

گاگگىرىغىنىچە ئەتراپقا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ كېچە ياتىقىدا يالغۇز ياتقان ئىكەن.

"ئېرنىست، _ دەيدۇ ھىتلېر، _ سەن قولغا ئېلىنىدىڭ." ھىتلېر ئۇنى سەنلەپلا سۆزلەيدۇ. ھىتلېر بۇ گەپلەرنى دېگىنىدە بايىقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىكى خاپىلىقلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. "ھىتلېر سەل جىددىلەشكەندەك كۆرۈنسىمۇ، بەك ھاياجانلانغاندەك ئەمەس ئىدى." ئۇ قىسقىلا قىلىپ رۆمنى ۋەتەن ساتقۇچلۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىپلەپ، دەرھال ئۇچىسىغا بىر نەرسىلەر كىيىشنى بۇيرۇيدۇ. رۆم بىر تەرەپتىن قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلايدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇنى كۆتمەيلا ياتاقتىن چىقىدۇ. شۇڭا رۆمنىڭ بۇ دېگەنلىرى قۇرۇق تامغا سۆزلىگەندەكلا بىر ئىش بولغان ئىدى. ئۆيدە قالغىنى بايىقى چەسنىچە كېيىنگەن كىشىلا قالغان ئىدى.

فوھرېر بېرىپ ئۇدۇلدىكى ئىشىكنى ئۇرىدۇ. ئىشىك ئېچىلىپ، ئىچىدىن خېينېس ئىسىملىك بىر ئەترەت باشلىقى ئۇيقا چىراي چىقىپ ئەتراپقا قاراپ ھاڭۋېقىپلا قالىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدە بىرگە ياتقان ياش بىر يىگىت تۇراتتى. ئۇ بالا شوپۇرى ئىدى. گېوببېلس "بۇ مەنزىرە مېنى قاتتىق يىرگەندۈردى، ھەتتا ھۆ قىلىۋېتىشكە تاس قالدىم" دەپ يازىدۇ خاتىرىسىگە.

ھىتلېر، لۇتزنى قورال بارمۇ-يوق تەكشۈرۈپ چىق دەپ ئۇزى دەرھال ياندىكى ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. "لۇتز، مەن ھېچ نېمە قىلمىدىم! _ دەپ ۋارقىرايدۇ خېينېس، _ ماڭا ياردەم قىل!" لۇتز جاۋابەن "مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ" دەپ خۇددى مەجبۇرلانغاندەك گېپىنى قايتا تەكرارلايدۇ. بەلكىم غەزەپلەنگەنلىكىدىن ياكى بەكلا چۆچۈپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ئەيتەۋىر، خېينېس كىيىنىشنى رەت قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. ھىتلېر نېرىقى ئىشىكتىن قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئەگەر ئۇنىماي تۇرىۋالساڭ دەرھال ئېتىپ تاشلىنىسەن، دېگىنىدىن كېيىنلا كىيىمنى كىيىشكە كىرىشىدۇ. ئۇ رۆم ۋە قالغان ھەمرالىرى بىلەن بىرگە كىر يۇيۇش ئۆيىگە قاماپ قويۇلىدۇ. ئۇلار بىلەن بىر قاتاردا قامالغانلار ئارىسىدا يەنە ئون نەچچە نەپەر ئېس-ئا كۆزەتچىلىرىمۇ بار ئىدى (فوھرېر ياتىقىغا بېسىپ كىرگىنىدە ئۇلار تاتلىق ئۇيقىدا ئىدى)، خېينېسنىڭ شوپۇرى بىلەن بىرگە نەق مەيداندا تۇتۇلغان كىلشكەن بىر قانچە ياش بالىلارمۇ بار ئىدى.

ھىتلېر كېيىنكى قەدەملىك ھەرىكەتلەرنى مۇھاكىمە قىلغاچ، كېمپكاغا يېقىنىدىكى بىر مېھمانسارايغا بېرىپ رۆمنىڭ شوپۇرى ھەم نەۋرە ئىنىسى بولغان ماكس ۋوگېلنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. ۋوگېل ياتىقىدا بىر قىز بىلەن ياتقان ئىكەن. ئەسلىدە شۇ كۈنى

سەھەردە بۇنداقلىرىدىن شۇ بىرسىلا بار ئىدى. ۋوگېل، كېمپكانىڭ يېقىن دوستى بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۆچۈن بەربىر ئىدى. شۇڭا ئۇ كەچۈرۈم سورىغىنىچە ئۇنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇلار ماشىنا گەرەجىگە يېقىنلاشقىنىدا كېمپكاغا بەكلا غەلىتى بىر تەلەپ قويىدۇ: 340 "رومنىڭ ماشىنىسىنى بىر ھەيدەپ باقسام بولامدۇ؟" كېمپكا ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويمايدۇ. شۇڭا كېمپكا ماشىنىنىڭ يېنىغا چىقىۋېلىپ ۋوگېرنى يولدا بىر قانچە قېتىم ئايلىنىۋېلىشقا يول قويىدۇ.

كېمپكا ئەسىرنى يالاپ خانسېلپاۋۇل سارىيىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە 40 تەك ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ ئادەملىرى ئولتۇرغان بىر قاراماشىنا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ قۇراللىق SA چىلار مىيۇنخېندىن كەلگەن رومنىڭ "قوماندانلىق شتاب مۇھاپىزەتچىلىرى" دىن ئىدى. ئۇلارنىڭ قوماندانى تېخىچىلا كىرخانىدا قاماقلىق ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇ ئەسكەرلەر بەكلا مەيۈسلەنگەن ئىدى. ھىتلېرنىڭ كونىۋېيى بولغان ۋىلھېلم برۈكنېر ئۇلارنى دەرھال مىيۇنخېنغا قايتىپ كېتىشلار، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئەمما كەلگەنلەر ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلگىنىچە قارىشىدۇ. قارىغاندا بىر قېتىملىق توقۇنۇشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنەتتى.

بۇ چاغدا ھىتلېر ئالدىغا ئۆتىدۇ: "برۈكنېرنىڭ دېگىنىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ _ ئۇ گېپىنى يۇمشىتىپ سۆزلىگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر بۇيرۇق ئىدى. ھىتلېر بۇ مۇھاپىزەتچىلەرنى دەرھال مىيۇنخېنغا قايتىپ كېتىشىنى بۇيرۇيدۇ، _ يولدا سىلەر ئېس-ئېسچىلارغا دۇچ كېلىشىڭلار مۇمكىن. شۇلار سىلەرنى قۇراللىسىزلاندۇرسۇن." ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرغىنى ھىتلېرنىڭ گېپىگە قارىغاندا ئۇنىڭ تۇتقان مۇئامىلىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ كەلگەن قارا ماشىنا قايتىپ كېتىدۇ.

مەھبۇسلار ئىككى ئاپتوۋۇزغا چىقىرىلىدۇ. قۇراللىق كىشىلەرنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن ئاپتوۋۇزلار يولغا چىقىدۇ. ھىتلېرنىڭ مەرسەدېس ماركىلىق پىكاۋى ئالدىدا يول باشلاپ ماڭىدۇ. زىيارەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىققان SA چىلارنىڭ ھەممىسىنى ھىتلېر يولدا توسىۋېلىپ ئۇلارنى بىرمۇ-بىر سوراق قىلىپ چىقىدۇ. گېۋىبېلسنىڭ ئالدىراش رەتلەپ چىققان تىزىملىكىدە ئىسمى بارلارنىڭ ھەممىسى قۇراللىسىزلاندۇرۇلۇپ ماشىنا قاتارىغا كىرىپ ئەگىشىپ مېڭىشقا بۇيرۇق قىلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ماشىنا قاتارى بارغانسىرى ئۇزىرايدۇ. ماشىنا ئەترىتى "قوڭۇر بىنا" غا يېتىپ كەلگىنىدە سائەتمۇ توققۇز يېرىم بولۇپ قالغان ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، ھەربى قىسىملار بۇ بىنانىڭ ئەتراپىغا مۇداپىيە لىنىيەسى قۇرۇپ بولىدۇ. ھىتلېر ھەربى قىسىملارنىڭ ياردەمگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن رەخمىتىنى بىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇ

ئەسكەرلەردىن پايدىلىنىپ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىگە قارشى چىقىش نىيىتى يوقلىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلەيدۇ. ھىتلېر بىناغا كىرەر-كىرمەي گېبىبېلسقا تېلېفوندا مەخپى شىفىرنى گېيۆرىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇشنى بۇيرۇيدۇ. شۇنداق قەلەپ تازىلاش ئىشى باشلىنىدۇ. "بۇ قېتىمقى توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا قارىتىپ ئوق چىقىرىلىشىنى، شۇنىڭدەك ئائىلىمىزنىڭ قۇدۇقىقا زەھەر تاشلىغان قارا قوللارنى، شۇنىڭدەك سىرتتا زەھەر چاچقان قارا قوللارنى بىرنىمۇ قويماي تولۇق قىرىپ تاشلاشنى بۇيرۇق قىلىمەن." ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ئاپىسىنىڭ زەھەرلىك ئۆسمىدە ئۆلگەنلىكىنى ئەسلەتتى ھەقچان، بۇ ئىشتا دوختۇر بلوكمۇ ھىتلېرنىڭ ھېسسىياتىنى بەكلا قوچقۇتقەن ئىدى.

ئىبىس-ئاچىلار تۇتۇپ كەلگەن ئىبىس-ئىبىس يېتەكچىلىرى ستادىيلىقىيىم تۈرمىسىگە توشۇپ كېتىدۇ. تېخىچىلا قوگۇر بىنادا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ يېتەكچىلىرى، مەسىلەن رۆم قاتارلىق كىشىلەر ھىتلېر بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغان بولسىمۇ رەت قىلىنىدۇ، ئۇلار قايتىدىن گېبىبېلس بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىشىدۇ.بۇ چاغدا گېبىبېلس گېيۆرىڭ بىلەن تېلېفون سۆزلىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تېلېفون كۆرۈشىشى تۈگىمەي تۇرۇپ ئەڭ ئاخىرقى جىنايەتچىمۇ بىرۋىنىڭ ماشىنىسىغا يالاپ چىقىرىلىپ ستادىيلىقىيىم تۈرمىسىگە ئېلىپ مېڭىلىدۇ. رۆم يالغۇز كىشىلىك بىر كامىرغا قامالغان بولۇپ، بۇ كامىر پۈتخانا قوزغىلىڭى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن قامالغان كامىرغا يېقىنلا بىر يەردە ئىدى.

قوگۇر بىنادا گېنېرال ۋون ئېپ، رۆمنى ھەربى سوتقا تاپشۇرۇپ سوتلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ھىتلېر ھەرگىز خاترجەم بولالمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئەتىگەن قاق سەھەردە ۋارقىراپ-جارقىراپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشتىن باشقا بىر نېمە قىلالمايدۇ. ئۇ، رۆم دېگەن پاكىتلىرى تولۇق، جىنايىتىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن بولمىغان، ئۆلۈم بىلەن جازالاندۇرۇلسىمۇ ئازلىق قىلىدىغان ۋەتەن ساتقۇچ، دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قايناپ كېتىشى گېنېرال ئېپنى بەكلا ھەيران قالغان بولسىمۇ بەربىر ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. ئۇ بىنادىن چىقىۋېتىپ يېنىدىكى كونۋېيىغا "ئۇ ئېلىشىپ قاپتۇ!" دەپ پىچىرلايدۇ.

ئۇزۇنغا قالماي، يەنى سائەت ئون بىر يېرىم بولغاندا، ئازادە يىغىن زالىدا ھۇجۇمچىلار ئەترەت باشلىقلار يىغىنى باشلىنىدۇ. بۇ چاغدا، ھىتلېر تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمىگەن بولغاچقا،341 ئۇنىڭ ساراسىمە ئىچىدىكى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا قارىتىپ سۆزلىگەن سۆزلىرىمۇ ئىبىس-ئاچىلارغا بولغان غەزەپ-نەپرەتلىنىشتىن باشقا بىر نېمە دېيەلمەيدۇ، گەپلىرىمۇ باش-ئايىقى قولاشماي قالىدۇ. بىر سائەتتەك سوزۇلغان ۋالاقلاش جەريانىدا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغانلار خاترجەم بولالماي ھەممىسى ئۆرە تۇرۇپ

ئۇنىڭغا قولاق سالاتتى. ھىتلېر ئاغزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان چاچراتقىنىچە سۆزلەپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن قايسى بىر يىغىن قاتناشقۇچى "بەكلاھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، پات-پاتلا تۆكۈلۈۋاتقان يۇتۇپ قويىدۇ." ھىتلېر، رۆمنى مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، گېرمانىيىنى ئىككى قوللاپ دۈشمەنلەرگە سۇنماقچى، دەپ ئەيىپلەيدۇ. ئۇ ئاخىرىدا، رۆم ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى "ئېتىپ تاشلانسۇن!" دەيدۇ.

ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ئىشى تېخى باشلانمىغان ئىدى. سەۋەبى، ھىتلېر تېخىچە سېپ دىيېترىخ (مۇھاپىزەتچىلەر قوماندانى) نىڭ كېلىپ جازانى ئىجرا قىلىشنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇزۇنغا قالماي دىيېترىخمۇ يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن چىرايى تۇرۇلۇپ كەتكەن ھىتلېرغا كېچىككەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ كېتىدۇ: ماشىنىسىنىڭ چاقى كونا، يولمۇ ئوڭغۇل-دوڭغۇل بولغاچقا ئىتتىك ھەيدىگىلى بولمىدى، دەپ سەۋەب كۆرسىتىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ كېچىككەنلىكى قالغانلىقىدىن رەنجىگەن بولسىمۇ، ئۇ كۆپ ھېچ قانداق بىر بۇيرۇق چۈشەرمەيدۇ. ئۇ دىيېترىخقا بۇ ھەقتە مەسلىھەتچىلىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن بۇ جىنايەتچىلەرنىڭ تەغدىرىنى بەلگىلىشىمىز كېرەك، شۇڭا خاتىرجەم بولۇپ بۇيرۇقنى كۈتكىن دەيدۇ. ئۈچ سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ بۇيرۇق چۈشەرمەيدۇ.

گەرچە ھىتلېر ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىرلىرىدىكى كەسىپداشلىرى جىنايەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈش ئىشىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. ھىملېر — ھېيدرىخ — گۆرىڭ ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھقا لازىم بولغۇۋاتقىنى يەنە شۇ مەخپى بەلگە ("ھەرە قۇشى") ئىدى. مەخپى بەلگە يېتىپ كېلىشى ھامان خىلىدىن بىرى پىلانلاپ كېلىۋاتقان سۈيىقەستنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەييار تۇرىشاتتى. پايېن گۆرىڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كۆرۈشمەكچى بولغىنىدا، بۇ يەر "ھەممە تەرەپ ئاپتومات تۇتقان SS پوستلىرى تەرىپىدىن قورشاپ بولۇنغانلىقى" نى كۆرۈپ بۇ ئىشلاردىن بەكلا زېرىككەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ يەنە ھىتلېرنىڭ گۆرىڭغا پايتەختتىكى قوزغىلاڭچىلارنى تۈنجۇقتۇرۇش ھوقۇقىنىمۇ بېرىلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. بىر مۇئاۋىن باش مىنىستىر بولۇش سۈپىتى بىلەن پايېن، باش مىنىستىر يوق ۋاقىتلاردا بۇ ھوقۇق ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشلاردىن قاتتىق نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ھىندېنبۇرگنىڭ جىددى ھالەت ئېلان قىلىپ دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىنى يۆتكەپ كېلىپ قانۇنسىز تۈزۈمنى قوغداپ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش تەلۋىدە چىڭ تۇرىدۇ. گۆرىڭ ئۇنداقلىشنى قەتئى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇ ھىملېرنىڭ ئېس-ئېسچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋەزىيەتنى پۈتۈنلەي تىزگىنلىيەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىڭ

تۇردى. بۇنىڭغا پاپىن چىلىك تۇرۇپ قايتا نارازىلىقنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گېپى گىيۆرىڭ تەرىپىدىن ئىزچىل بۆلۈۋېتىلدى. گىيۆرىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرنى دەرھال ئۆيىگە قايتىپ ئۆز بىخەتەرلىكىنىڭ غېمىنى قىلىشنى ئېيتتى. پاپىن ئۆيىگە تېخى يېتىپ بارماي تۇرۇپلا بېرلىن كوچىلىرىدا ھەممە تەرەپتىن ماشىنا سىگناللىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ھەممىلا يەردە يېڭى ھاكىمىيەت دۈشمەنلىرى قولغا ئېلىنماقتا ئىدى. قىسىملاردىن بىرسى كېلىپ پاپىننىڭ ئىشخانىسىنى قورشاۋغا ئېلىپ پاپىننىڭ ئاخبارات مەسئۇلىنى ئېتىپ تاشلاپ قالغان خىزمەتچىلەرنى قولغا ئالدى. ئەسلىدە مۇئاۋىن باش مىنىستىرنىڭمۇ بېشىغا دەرت كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۆيىگە كىرگەندە ئۆيىنىڭ بىر تۈرمىگە ئايلانغانلىقىنى، ئۆيىنىڭ تېلېفون لىنىيىسىنىڭمۇ ئۈزۈۋېتىلگەنلىكىنى، مېھمانخانىسىدىمۇ ساقچى مەسئۇلىدىن بىرسى ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ساقچى ئەمەلدارى ئۇنىڭغا، سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشىڭىزغا رۇخسەت يوق دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئۇ كۈنى ، ھاۋا بەكلا ئىسسىق شەنبە كۈنى ئىدى. شۇڭا بېرلىنلىقلاردىن بەكلا ئاز كىشى پەۋقۇلئاددە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. تيېرگارتېنىدىكى تىنچلىق دەرەخ سايىسىدا ۋاقىت ئۆتكۈزىۋاتقان بەكلا كۆپ كىشى ئۇچۇن كۈننىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ ھاۋانىڭ تېخىمۇ ئىسسىپ بېرىشى بەكرەك باش ئاغرىتىدىغان ئىشلار ھېسابلىناتتى. مۇخپىر دېلمېر ھېچ نېمە چۈشەنمەي چۈشتىن بۇرۇنقى زىيارەت پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئالدىراش ئىشخانىسىغا قايتىدۇ. ئۇ يولدا، "مەن يەنە نېمىشقا 'ھىتلېرنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ خەۋپى' دېگەن خەۋەرنى يازىمەن دەپ ئاۋارە بولىمەنكى، بۇ ئىش بېشىمنى دوغا تىككىنىمدىن باشقا نېمىگە ئەسقاتىدۇ" دەپ تىنماي غۇدۇڭشىيتتى. ئەگەر ھېچ بىر ۋەقە يۈز بەرمىسە قانداق قىلىمەن؟ ئەمما ماشىنىسى ساقچىلار قامال قىلىۋالغان يولدا توسالغۇنىدىلا كالىلىسىدىكى پۇتۇن غەملەر يوق بولىدۇ. "قارىغاندا بىر ئىشلار بولغان." مىس قالپاقلىق، ئاپتوماتلىق ساقچىلار رۆمنىڭ بېرلىن تيېرگارتېنستراس چېتىدىكى ھەشەمەتلىك قوراسىنى قورشاپ بولغان ئىدى.

شەھەر سىرتىدا، گېنېرال ۋون شلېيچېرنىڭ ئاشپىزى ئىككى نەپەر گېستاپونى باشلاپ بۇ سابىق باش مىنىستىرنىڭ كىتابخانىسىغا كىردى.342 چاقىرىلمىغان مېھمانلاردىن بىرسى "شلېيچېر دېگەن سىزمۇ" دەپ سورىۋىدى، بۇ سابىق باش مىنىستىر "ھەئە، مەن ..." دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چىقمايلا كەلگەن بۇ ئىككى كىشى دەرھال ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. بىر بۇلۇڭدا رادىئو ئاڭلاپ ئولتۇرغان شلېيچېر خانىم ئېتىلغىنىچە يىقىلغان يولدىشى تەرەپكە يۈگۈرگەن بولسىمۇ يولدىشىغا يېقىنلاشماي تۇرۇپلا ئوق تېگىپ ئۇمۇ يەرگە يىغىلىپ قالدى. شلېيچېر شۇ ھامان، ئايالى بولسا دوختۇرخانىدا

جان ئۈزىدۇ.

مىۇنخېندا بولسا، رۆم بىلەن ئۇنىڭ ھەمرالىرىغا ئاخىرى قانداق بىر ھۆكۈم چىقىرىش كېرەكلىكى ئۈستىدە ھىتلېر تېخىچىلا ئېنىق بىرەر قارارغا كېلەلمەي تۇراتتى. يىغىن زالىدىكى ۋارقىرىشىپ تالاش-تارتىش قىلىشلار سىرتتا تۇرغان سېپ دىيېترىخقىمۇ ئىككى قاتلىق ئىشىك سىرتىدىن ئېنىق ئاڭلىنىدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت بەش ئەتراپىدا يىغىن زالىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ. ھېسىنىڭ ياردەمچىسى مارتىن بورمان ئىچىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ دىيېترىخنى باشلاپ ھىتلېرنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىدۇ. ”گازارمىغا قايتقىن“ دەيدۇ ھىتلېر. ئاندىن دىيېترىخقا خۇددى ۋۇجۇدىدىن سىقىپ چىقىرىلغاندەك بۇيرۇقتىن بىرنى بېرىدۇ: ”بىر ئوفىتسېر ۋە 6 نەپەر ئەسكەر تاللا، بىرىپ ئېس-ئاچىلار رەھبىرىگە ۋەتەنگە خائىنلىق قىلغانلىق جىنايىتىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىجرا قىل.“

دىيېترىخ، بورمان تۇتقۇزغان تىزىملىكنى بىر قۇر كۆزدىن كۆچۈرىدۇ. ستادېلھېيمغا قامالغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئىسمى بۇ تىزىملىكتە ئىدى. ئەمما ھىتلېر ئۇلار ئارىسىدىن 12 ئىسمىنى تاللاپ ئىشارەت قىلىپ، خېينېس بىلەن يوقۇرى باۋارىيە SA چىلار كاتتىبېشىنىڭ ئىسمىمۇ بۇ بەلگە سىلىنغانلار ئارىسىدا ئىدى. ئەمما بۇ ئون ئىككى ئىسىم ئارىسىدا ئېرنىست رۆمنىڭ ئىسمى كۆرۈنمەيتتى. قارىغاندا ھىتلېر تېخىچىلا رۆمغا ئۇلاردەك بىر جازا بېرىشكە جاسارەت قىلالمايۋاتقان ئىدى.

باۋارىيە ئەدلىيە مىنىستىرى خانس فرانك نۇرغۇنلىغان ئېس-ئاچىلار رەھبەرلىرىنىڭ ستادېلھېيمغا قاماپ قويۇلغانلىق ئىشىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇ يەرگە ئۆزى بىۋاستە بېرىپ ئۇلارنىڭ دېلوسىنى ئۆتكۈزۈپ ئالماقچى بولىدۇ. ئۇ يەرگە بارغىنىدىن كېيىن، ئېس-ئاچىلار جىنايەتچىلىرىنى شتاتلىق ساقچى ئەترىتىنىڭ كۆزىتىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىش بۇيرۇقىنى بېرىپ رۆمنىڭ كامېرىغا كىرىدۇ.

”قانداق گەپ بۇ؟ ــ سورايدۇ رۆم، ــ بۇ يەردە نېمە ئىشلار بولىۋاتىدۇ؟“

فرانك بۇ ئىشلاردا بەك كۆپ نەرسە بىلمەيتتى. شۇڭلىدەك ئۇنىڭغا ئارتۇق ۋەدىمۇ بېرەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ پۈتۈن ئىشلارنىڭ قانۇنى يوللار بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشىنىلا ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. رۆم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يامان ئاقىۋەتكە قېلىشقا تەييارلىق قىلىپ قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ”مەن ئۆلۈش ياكى ياشاش ھەققىدە غەم قىلمايمەن. شۇڭا سېنىڭدىن تەلەپ قىلىمەن، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ غېمىنى قىلىپ قويساڭ. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئايال. شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى پۈتۈنلەي ماڭا قاراشلىق ئىدى.“ فرانك كامېر ئىشىكىنى ئېچىۋاتقىنىدا رۆم ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىققىنىچە ”بارلىق ئىنقىلاپلاردا ئۆز قىزىنىمۇ يۇتۇپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ“ دەيدۇ.

فرانىك يېڭىلا ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇشىدى، سېپ دېيترىخ بىر كەسپدىشى بىلەن بىرگە كىرىپ، بۇيرۇق بويىچە بىر قىسىم ھۆججەتلەر ئەترىتى رەھبەرلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئۇ يېنىدىن ھىتلېر بىۋاستە كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىققان تىزىملىكنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. فرانىك تىزىملىكتە قاراپ تۇرۇپلا قالدى: "ھەر قانداق ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بۇ كىشىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە بولمايتتى" دېدى. دېيترىخ ئۇنىڭغا، بۇ بۇيرۇق بىۋاستە ھىتلېردىن دېدى. فرانىك بۇ ئىشلارنى قايتا سۈرۈشتە قىلىپ بېقىش ئۈچۈن قوشۇر بىناغا تېلېفون قىلىشى ئۈچۈن ملك تەستە ئۇنى قايىل قىلدى. دېيترىخ دەسلىۋىدە ھېس بىلەن سۆزلىشىدى. ئاندىن تروپكىنى فرانكقا ئۇزارتىدى: "ھىتلېرنىڭ ساڭا دېدىغان گېپى بار ئىكەن."

تۇروپكىدىن ھە دېگەندىلا ھىتلېرنىڭ قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلىگەن ئاۋازى كېلىدۇ. "سەن مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىۋاتامسەن قانداق؟ ياكى بولمىسا بۇ جىنايەتچىلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ يۈرەمسەن؟ مەن بۇ نەرسىلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىماقچى!"

فرانك نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بۇ ئىشتا بىرەر يازما بۇيرۇقمۇ بولمىسا، مېنىڭ كۆرگىنىم پەقەت 6 كىشىلىك بىر تىزىملىك، دېدى. "تىزىملىكتىكى ئىشارەتلەرنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن قويدۇم _ دېدى ھىتلېر سەل يۇمشىغاندەك قىلىپ،343 _ بۇلار ئىمپېرىيىمىزگە قارشى چىققان جىنايەتچىلەر. مەن بۇ ئىمپېرىيىنىڭ باش مىنىستىرىمەن. بۇ دېگەن ئىمپېرىيىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار، بۇنداق ئىشلارغا سېنىڭ چات كىرىۋېلىش ھەققىڭ يوق."

ستادېلھېيمدا بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئالتە نەپەر زىيانكەشلىككە ئۇچۇرغۇچى قوراغا يالاپ چىقىرىلدى. ھەر بىرسىنى ئىككى نەپەر ساقچى يالاپ ماڭدى. "فۇھرېرىمىز، ئىمپېرىيە باش مىنىستىرى سىلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. _ دەپ تووۋلايدۇ بىر پارتىيە گۇۋاردىيە باشلىقى، _ دەرھال ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىسۇن." يوقۇرى باۋارىيە ھۆججەتلەر ئەترىتى باشلىقى ئاۋگۇست شىنېيدىخۇبېر جاللاتنىڭ ئەسلىدە دېيترىخ ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىغىنىچە: "سېپ ھەي دوستۇم، بۇ يەردە زادى نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟ بىز پۈتۈنلەي گۇناھسىز ئىدۇققۇ!" دېدى. دېيترىخ قاپىقنى تۈرگىنىچە دىققەت تۇرىشىغا ئۆتتى: "فۇھرېرىمىز سېنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى! خايىل ھىتلېر!" دەپ ۋارقىرايدۇ.

بىرىنچى بولۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان كىشى جاللات ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. ئۇ كىشى كۆزنى ئېتىشقا ئۇنىمايدۇ. قوروىدا ئوق ئاۋازى ياڭرايدۇ. كېيىنكى

ئىككى كىشىمۇ كۆزىنىڭ تېگىلىشىغا ئۇنىمايدۇ. دېيترىخ بىر قانچە كىشىنى ئېتىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. نۆۋەت شىنىپىدىخۇبېرغا كەلگەندە ئۇ يىراقلىشىدۇ: "بۇ ئىشلارغا ئەندى چىدىيالمايمەن!"

هىتلېر ئولتۇرغان پىكاپ ئايرىدرومغا قاراپ يولغا چىققىنىدا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى. "رۆمنى كېچىردىم. ــ دەيدۇ هىتلېر ئۇنى ئۆزۈتۈپ چىققان گېنېرال ۋون ئېپقا ۋەدە بېرىپ، ــ ئۇنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىنىڭ يۈزىنى قىلدىم." هىتلېر "جۇنكېر-52" ئايروپىلانىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇرىدۇ. باۋر ئايروپىلاننى هەيدەپ بېرلىنغا قاراپ ئۇچىدۇ. هىتلېر يول بويى بېشىنى چۆكۈرۈپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇرىدۇ.

ئادەتتىكى بېرلىنلىقلارغا دۆلەتنىڭ داۋالغۇچ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان هېچ قانداق بىر ئىشارەت كۆرۈنمەيتتى. توغرا، شەهەر ئىچىدە هەققەتەنمۇ هەر تۈرلۈك گەپ-سۆزلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. چارلوتتېنبۇرگېر چاۋسې كوچىسىغا ساقچى ئىدارىسىنىڭ يول توساق ئورۇنلاشتۇرۇپتىلگى هەمدە ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ تۇرغان هەربى ماشىنىلار سەۋەبىدىن بولسا كېرەك قاتناش راۋانلىقى توسۇلۇپ قېلىش ئەهۋاللىرى كۆرۈلگەن ئىدى. كىشىلەر يەنە ئۆيمۇ-ئۆي ئاختۇرۇلۇپ ئادەم تۇتۇش ۋەقەلىرى بولىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ تۈردىكى زوراۋانلىق هەرىكەتلەر يەنىلا يوشۇرۇن كېتىۋاتاتتى. گېنېرال ۋون شلېيچېر بىلەن ئاياللىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بەكلا ئاز كىشى بىلەتتى. خۇددى شۇنىڭدەك گرېگور ستراسسېرنىڭ چۈشلۈك تاماق دەستىرخانى ئۈستىدە قولغا ئېلىنىپ گېستاپو تۈرمىسىنىڭ 16-نومۇرلۇق كامېرغا قامالغانلىقىدىنمۇ بەكلا ئاز كىشى خەۋەردار ئىدى. ئۇ يەردە قاراڭغۇلۇقتا يوشۇرۇنغان جاللاتلار دېرىزە سىرتىدىن كامېرغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ ستراسسېرنى خۇددى قەپەزدىكى چاشقاندەك ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا قوغلاپ يۈرۈپ ئېتىپ يارادار قىلىدۇ. يەنە بىرجاللات كامېرغا كىرىپ ئۇنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، گيوببلس بىلەن گيۆرىڭنىڭ دۈشمىنى يوقۇتۇلىدۇ. ئەمما بۇ ئۆلگەنلەر ئاخىرقى تىنىقىغىچە فۇهرېرگە سادىق قالىدۇ.

بېرلىندىكى تازىلاش هەرىكىتىنىڭ بېشىدا گيۆرىڭ بار ئىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن گيۆرىڭ تەشۋىقات مىنىستىرلىكىدە چەتئەللىك مۇخبىرلارغا قىسقىچە ئەهۋال تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ. "گيۆرىڭ رەتلىك ئۇنىفورما كەيگىنىچە كەلگەن ئىدى. ــ دەپ يازىدۇ بىر گېستاپو ئەمەلدارى، ــ ئۇ سەهنىگە ئادەتتىكى قەدەملەر بىلەن ئەمەس بەلكى ئۇششاق قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ سۆزىنى باشلاشتىن ئاۋال تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇش مەقسىتىدە خېلى ئۇزۇن سۈكۈتتە تۇرىدۇ. ئاندىن خۇددى ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورققاندەك سەل ئالدىغا ئېگىلىپ بىر قولى بىلەن ئىككىنى

تۇتقىنىچە ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىدۇ.“ ئۇنىڭ گېپى شىلىپىچىر بىلەن رۆم ئۇستىگە كەلگىنىدە، ستراسسېرنىڭ سۈيىقەست قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىشقا باشلىغىنىدا بىرسى ئۇنىڭدىن سابىق باش مىنىستىرنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ. ”ئۇ بەكلا ئاخماقلىق قىلدى. ھالىغا باقماي قارشىلىق كۆرسەتتى. _ گيۆرىڭ گەپ قىلىۋاتقىنىدا قايسى بىر خاتىرىلىگۈچىنىڭ يازغىنىدەك چىرايىدىن بۆرىنىڭ كۈلۈمسىرىشى نامايەن بولىدۇ، _ ئۇ ئۆلدى“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.344

شۇكۈنى كەچتە گېرمانىيە دۆلەت ئاخبارات ئىدارىسى د ن ب فۈھرېرنىڭ ۋېكتور لۇتزغا يوللىغان بىر پارچە تېلېگراممىسىنى ئېلان قىلىپ بۇ قېتىمقى تازىلاشنى ئاقىلماقچى، يەنە بىر تەرەپتىن لۇتزنى رۆمنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئۇۋەرتىلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ تېلېگراممىدا ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ يېڭى قۇماندانى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىگە ئون نەچچە ماددىلىق ”ۋەزىپىلىرى“ نى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بىرىنچى ماددىلىق ۋەزىپىدە ”مەن ئېس-ئاچىلار قۇماندانىنى قەتئىي تۈردە بۇيرۇققا بوي سۇنۇشى ھەمدە ئىنتىزامغا قەتئىي بوي سۇنۇشنى تەلەپ قىلىمەن. ھەر بىر ئېس-ئاچىدىنمۇ شۇنداق تەلەپتە بولىمەن.“ دەيدۇ. ئۇ يەنە ئالى دەرىجىلىك پىكاپلاردا ياكى ئۈستى ئوچۇق پىكاپلاردا ئولتۇرۇپ ۋەزىپە ئۆتەشنى مەقسەت قىلىدىغان ساياھەتلەردە بولۇشتەك ھەرىكەتلەرنى، ھەشەمەتلىك مېھماندارچىلىق قىلىشلارنى، ھاراقكەشلىك قىلىشلارنى ھەمدە ئوچۇق يەرلەردە جېدەل چىقىرىشلارنى قاتتىق چەكلەيدىغانلىقىنى تىلغا كەلتۈرىدۇ. _ مەن يەنە مۇنداق بىر نەرسىنى ئالاھىدە تەلەپ قىلىمەن: ھەر بىر ئانا ئۆز بالىسىنى ھۇجۇمچىلار ئەترىتىگە، پارتىيىگە ياكى 'ھىتلېر ياشلار ئىتتىپاقى' غا قىلچە ئەنسىرىمەي تاپشۇرۇشىنى تەلەپ قىلىمەن. سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلاركى، بالىلىرىڭلار ئۇ يەرلەردە ھەرگىزمۇ ئەخلاقسىز بىرسى بولۇپ يېتىلىش پۇرسىتى بولمايدۇ.” شۇڭا ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئەگەر يولدىن چىقىدىغانلا بولىدىكەن، ئۇنداق كىشى چوقۇم ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىن ھەمدە پارتىيىدىن قوغلىنىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، مەن ھۇجۇمچىلار ئەترىتى رەھبەرلىرىدىن كۆلكىلىك ۋە ئاخماقانە بىر گورىللا مايمۇنى ئەمەس بەلكى رەسمى بىر ئادەم بولۇشىنى تەلەپ قىلىمەن، دەيدۇ. بۇنداق بىر پەيتتە بۇ گەپلەرنى ئوتتۇرغا قويغانلىقى، نۇرغۇنلىغان چەتئەللىك كۈزەتكۈچىلەرنىڭ كۈچلۈك مازاق قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئەمما ئادەتتىكى نېمىسلار بولسا ئەدەپ بىلەن رازىلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ، فۈھرېرى بىلەن بىردەك ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكىلەرنىڭ جاھاننى بېشىغا كىيىپ يۈرگەنلىكىدىن زىرىككەنلىكىنى ئىپادىلىشىپ ئۇھ دەپ ئەركىن بىر نەپەس ئېلىۋالغانلىقىنى ئىپادىلىشىدۇ.

ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چاقىرىق قىلىپ، ھەر بىر ئېس-ئاچىلار ئەترىتى رەھبىرىدىن "دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىگە قەتئىي سەممىمىي سادىق بولۇشىنى، ھەرگىز ئۆلارغا ئىككى يۈزلىمىلىك قىلماسلىقىنى"، شۇ ئارقىلىق "ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يېتەكچى، ھەقىقىي بىر دوست ۋە ھەقىقىي بىر يولداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى كېرەكلىكىنى" تەلەپ قىلدى. ئاخىرىدا، ھۇجۇمچىلار ئەترىتىدىكى پىشقەدەملەرنى بىر قۇر ماختاپ ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى "بۇرۇن گېرمانىيىدىكى خەلق قەلبىنى قولغا كەلتۈرەلىگەنلەر مۇتلەق تۈردە 1933-يىلىدىن بۇرۇن ياكى شۇنىڭغا يېقىن بىر قانچە ئاي ئىچىدە ئېس-ئاچىلار قوشۇنىغا ئەزا بولغان ئەقىللىق كىشىلەر ئەمەس" دېگەندەك مەدھىلەردىن كېيىن، تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ شەخسىي مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنى تىلغا ئالدى: "مەن ھەر بىر پارتىيە گۇۋاردىيىسى ئەسكىرىنىڭ پۈتۈن قەلبى بىلەن تەربىيىلىنىپ چىقىشىنى، يۇكسەك دەرىجىدە يېتىشىپ چىققان مىللىي سوتسىيالىزم جەڭچىسىگە ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن" دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

شۇ ئاخشىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم سانى كىشىنى چۆچۈتكىدەك رەقەملەرگە يېتىدۇ. شلېيچېرنىڭ دوستى گېنېرال ۋون برېدوۋ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. برېسلاۋنىڭ ۋاكالىتەن ساقچى باشلىقى بىرسىلىرى تەرىپىدىن قىسقا ئاپتومات بىلەن ئېتىپ تىتما-تىتما قىلىۋېتىلگەن؛ يەنە بىر ئېس-ئېس ئاتلىق ئەسكەر ئوفتسېرى تاماكا چېكىش بۆلۈمىدە سۇيىقەستكە ئۇچرىغان. پاپېننىڭ يېقىنقى كۈنلەردە تالاش-تارتىش پەيدا قىلغۇەتكەن نۇتقىنى قەلەمگە ئالغان خىزمەتچىسى گېستاپو تۈرمىسىنىڭ گەمىسىدە ئۆلۈكى قالدى. بۇ تۈرمە شاھزادە ئالبېرېچتستراس كوچىسىغا جايلاشقان ئىدى.SS چىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا لىختېرفېلد باررراك گازارمىسىدىمۇ مەھبۇسلار ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ يەردە قاتناش مىنىستىرى، "كاتولىك ھەرىكىتى" تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى، شۇنىڭدەك يېڭى توي قىلغان ئەمما شىرىن ئاي ساياھىتىدىن تۇتۇپ كېلىنگەن كارل ئېرنست قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئۆلتۈرۈلدى. ئېرنست ئاخىرقى تىنىقىدا "خايىل ھىتلېر!" دەپ شۇئار توۋلىۋالدى.

SA چىلار ئەترىتى قالايمىقانچىلىق ئىچىگە پېتىپ قالدى. بەزى ئورگانلىرى جىددىي ھالەتكە ئۆتۈپ يان قورال تارقىتىلغان، يەنە بۇيرۇق بويىچە ۋەتەن ساتقۇچلارنى ئاختۇرۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان، نەتىجىدە ئېس-ئېسلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈرۈلۈپ قولغا ئېلىنغان ئىدى. قالغانلار بولسا كوچىلاردا ھەمىلىرىنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇپ يارىدار قىلىنغان، بەزىلىرى نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلانغان ئىدى. يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسمى كوچىلارغا ئېلان چىقىرىلىپ، قولغا ئېلىنىدىغانلىقى ياكى ئېتىپ

تاشـلىنىدىغانلىقى ھەققــىدە ئۇختۇرۇشــلار چاپلىنىــدۇ. شــۇڭلىغا قارىمــاي SS چــلار ئىچـىدىكى ئـاغىنىلىرى تەرىپـىدىن ھىمـايىگە ئېلىنىشى نەتىجىسـىدە ئۆلۈمـدىن قۇتۇلـۇپ قالغـانلارمۇ يـوق ئەمەس ئـىدى. ئـۆزلىرىنى پارتىيىسـى ئۈچـۈن ھەمـمە نەرسـەمنى قۇربـان قىلىشۋەتتىم دەپ يۈرگەن نەچچە ئون مىڭ كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بـۇ كـۈن دەھشـەتلىك بىر كېچە بولۇپلا قالماي، بارلىق غايىلىرىدىن مەھرۇم بولغان بىر كېچە ئىدى.

ئاخشىمى سائەت ئون بولغاندىلا ھىتلېر ئولتۇرغان ئايروپلان تېمپېلخوف ئايرودرومىغا كېلىپ قوندۇ. ئايرودرومدا ئۇنى قارشى ئېلىشقا بەكـلا ئـاز كىشى چىققان ئـىدى. قارشى ئالغىلى پەقەت گېيۆرىڭ، ھىملېر، فرىك ۋە بىر قانچە گېستاپو ئەمەلـدارى بىلـەن بىـر نەپەر ساقچىلا بار ئىدى. ئايروپلانـدىن بىرىنچـى بولـۇپ فـۈھرېر چۈشـىدۇ. ئـۇ ئۈچىسـىغا قوڭـۇر رەڭلىـك بىـر كـۆڭلەك كىيىۋالغـان بولـۇپ، بوينىغا كېپىـنەك تۈگـۈن گالۇسـتۇك تاقىغـان، ئۇستىگە خـۇرۇم كاژانكا كەيـگەن، ئايىقـىدا ھەربـى ئۆتـۈك بـار ئـىدى. "ئـۇ شەپكىسـىنى كەيمىگەن بولۇپ، چىرايى تاتارغان، ساقىلىنىمۇ چۈشەرمىگەن، ساغرىپ ئېشىپ قالغانـدەك كۆرۈنەتتى" دەيدۇ بىر گېستاپو ئەمەلدارى ئەسلەپ.345 ھىتلېر ھەممەيلەن بىلەن بىر قۇر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن، گېيۆرىـڭ بىـلەن ھىملېرنـى بىـر چەتـكە تارتىـپ ئۇلارنىڭ دوكلاتىنى تەپسىلى ئـاڭلاپ چىقىـدۇ. ھىملېـر ئۇنىڭغا بىـر تىزىملىـك ئۇزارتىـدۇ. ئۇنىڭ بارمىقى تىزىملىكتە ئاستا-ئاستا تۆۋەنلەپ مىڭىۋاتقان ۋاقىتىدا ھىملېر بىلەن گېيۆرىڭ ئىككىسى بىر چەتتە تۇرۇپ پىچىرلىشىـپ گەپكە كىرىشىـدۇ. ئـۇ ئۈچىسى ماشىنىغا قـاراپ ماڭغىنىـدا (ئۇلارنـىڭ كەينىـدىن بىـر مۇھـاپىزەتچى يـىراقتىن ئەگىشـىپ ماڭـىدۇ)، ھىتلېـر ئۇلارغا رۆم ئۆلتۈرۈلمەيدۇ دەپ ئاشكارىلايدۇ. ئۇ، بۇرۇن گېنېرال ۋون ئېپقا بۇنىـڭ ئۈچـۈن كاپالەت بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. گېيۆرىڭ بىلەن ھىملېر بۇنىڭ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى، ئەگەر تويىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى بولغـان بىرسـى كېچىـرىم قىلىنىغـىدەك بولسا، پۈتـۈن بىـر كۈنلۈك قىرغىنچىلىقنى بەزىلەر مازاق قىلىشى مـۇمكىن دېيىشـىدۇ. پىكـاپ قوزغىلىـپ يولغا چىققىنىدىمۇ بۇ ئۈچەيلەننىڭ تالاش-تارتىشى بېسىقمايدۇ.

4

پىرىزدېنـت ۋون ھىنـدېنبۇرگ مەھبۇسـلارنىڭ ئۆلتۈرۈلـۈش ئىشـىغا پەرۋا قىلمايـدۇ. ئۇنىـڭ بـۇ ئىشـلار ھەققـىدىكى تـۇنجى ئىنكاسـى مىيسـنېرغا ۋارقىـرىغىنىچە مۇنـداق دېـيىش بولـدۇ: "مەن سـاڭا بـۇرۇنلا دېمىگەنمىـدىم، بـۇ بـاش مىنىسـتىرغا ئەخلاقسـىز ھەمـدە خەتەرلىك رۆم دېگەن بۇ نەرسىنى قامىۋەت دەپ نۇرغۇن قېتىم ئېيتتىم. ئەپسۇسكى ئـۇ بـۇ

دىگەنلىرىمگە پەقەتلا قۇلاق سالمىدى. مانا قارا، بۈگۈن بۇ ئىش سەۋەبىدىن شۇنچە كۆپ قان تۆكۈلدى!"

ئەتىسى، يەنى 1-ئىيۇل كۈنى، سالقىن بىر كۈن بولدۇ. بېرلىنلىقلار خۇددى ئادەتتىكى بىر يەكشەنبە كۈنىدەك بالاچاقىسىنى يېتىلىشىپ كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلار ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ 5-6 نەپەر ۋەتەن ساتقۇچنى ئېتىپ تاشلىغانلىق ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ ئاددىيلا ئېلان قىلىنىپ، SS چىلار داۋاملىق يوللاپ تۇرۇلۇشىنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بەكلا ئاز كىشى پەرق قىلالايدۇ. فۇھرېرنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىغا يېقىن يولىيالايدىغان كىشىلەر بولسا، فۇھرېر ئۆمرىدىكى بوران-چاپقۇنلۇق كۈنلىرىنىڭ ئەڭ پاجىئەلىك كىرىزىسلىرىدىن بىرىنى باشتىن كۆچۈرۈۋاتقانلىقىدىن ئېنىق خەۋەردار ئىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بۇ بوھران ئەڭ يوقىرى پەللىگە چىقىپ، ھىتلېر ئامالسىزلىقتىن رۆمغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش بۇيرۇقىنى تەستىقلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھىتلېرنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش بۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسىمۇ ئىپادىلەنگەن ئىدى. ئۇ بىرگادا كوماندىرى تېئودور ئېيكقا يولىيۇرۇق بېرىپ، رۆمغا ئۆزىنى ئېتىۋېلىش پۇرسىتى بېرىلىشنى جىكىلەيدۇ.

ئېيك، ھىتلېرنىڭ ئېغىزچە بۇيرۇقىنى ئېلىپ، قول ئاستىدىن ئىككى نەپەر ئادىمى بىلەن بىرگە ستادېلخېيمغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا تېخى قاراڭغۇ چۈشمىگەن ئىدى. دەسلىۋىدە، تۈرمە باشلىقى تۇنۇشتۇرۇشۇڭ يوق ئىكەن دەپ رۆمنى تاپشۇرۇشقا ئۇنىماي تۇرىۋالىدۇ. ئېيك ئۇنىڭغا قاراپ قاتتىق ۋارقىرىغىنىدىن كېيىنلا تۈرمە باشلىقى ئامالسىز يول قويۇپ، بىر گۈندىپايغا 3 نەپەر ئېس-ئېسچىنى يېقى بىنانىڭ 474-نومۇرلۇق كامىرغا باشلاپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. رۆم كامېردا ئىسسىقتا چىپىلداپ تەرلەپ روھى چۈشكەن ھالدا تۆمۈر كارىۋاتتا كۆڭلەكسىز ئولتۇراتتى.

"جېنىڭدىن ئايرىلىدىغان بولدۇڭ. _ دەيدۇ ئېيك، _ فۇھرېر ساڭا ئۆزەڭنىڭ توغرا قارار قىلىشىڭ ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بەردى" دېگىنىچە، بىرلا پاي ئوق سېلىنغان تاپانچىنى ئۈستەل ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ كامىردىن چىقىپ كېتىدۇ. ئېيك كورىدوردا 15 مىنۇتتەك ساقلاپ تۇرغان بولسىمۇ ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىمايدۇ. شۇڭا ئۇ دەرھال يان قورالىنى چىقىرىپ، ئىككى نەپەر ياردەمچىسى بىلەن بىرلىكتە كامىرغا بېسىپ كىرىدۇ. "شتاپ باشلىقى، تەييارلىنىڭ!" دەپ ۋارقىرايدۇ ئېيك. ئەمما ئۇ ياردەمچىسىنىڭ قولى تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا "ئۆزەڭنى بېسىۋال، ئالدىرىماي قارىغا ئال" دەيدۇ. بۇ تار كامىردىن قۇلاقنى يارغىدەك ئىككى پاي ئوق ئاۋازى كېلىدۇ. رۆم يىقىلىپ چۈشۈپ _فۇھرېرىم! _ دەپ تەستە ئېڭرايدۇ، _ فۇھرېرىم!"

"بۇنى بۇرۇنراق ئويلىنىشلىك كېرەك ئىدى، ئەندى كېچىكتىڭ!" دەيدۇ ئېيك. بۇ، چۈشتىن كېيىن سائەت 6 بولغان ۋاقىتلار ئىدى. ئەسلى قائىدە بويىچە ئەك ئاۋال ئۆلۈشكە تېگىشلىك بۇ ئادەم ئەك ئاخىردا ئۆلمەكتە ئىدى.346 رۆمنىڭ ئۆلىشى بىلەن تەك، بېرلىن رايونى، يەنى لىچتېرفېلد گازارمىسى بىلەن كولۇمبىيە بىناسى (بۇ يەر بۇرۇن بىر تۈرمە بولۇپ، كېيىن ئېس-ئېس جازاخانىسىغا ئايلاندۇرۇلغان) دىكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر تىزىمىدىكى تېخىچە ئۆلتۈرۈلمىگەنلەرمۇ ئۆلتۈرۈلۈشكە تەييار قىلىندۇ.

پاپېن، ھوقۇقتا تۇتقاندىن كېيىنكى دوستلىرى بىلەن چەتئەللىكلەر ھەر دائىم ماشىنىلىق ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ بەزىدە كۆرۈنۈپ بەزىدە غايىپ بولاتتى. پاپېن يەنىلا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىدىن قالمىغان ئىدى. يەكشەنبە كۈنى، باش ئەلچى دود ئۇنىڭ ئىشىكىگە "ئۇزۇنغا قالماي سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلىمەن" دېگەن سۆزلەر يېزىلغان بىر پارچە ئىسىم كارتۇشكىسى تاشلاپ قويىدۇ. دودنىڭ ھېس قىلىشىچە، پاپېن دېگەن بۇ ئادەم سەممىيىتى يوق بىر توخو يۈرەك ھېساپلىناتتى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئىسىم كارتۇشكىسىنى تاشلاپ قويۇشىدىكى مەقسىدى، "ناتسىستلارنىڭ يۈرگۈزىۋاتقان زوراۋانلىقلىرىغا نارازىلىقىنى بىلدۈرۈش" نى مەقسەت قىلاتتى.

كىشىلەر يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن يەنىلا تولۇق خەۋەردار ئەمەس ئىدى. شۇ كۈن ئاخشىمى گيۆرىڭنىڭ بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىق ھەققىدە ئۆزۈندىن ئۇزۇن چۈشەندۈرۈش بەرگەن بولسىمۇ بەربىر ئەسلى مەقسىدىنى بىۇقتۇرالمايدۇ. "تازىلاش ھەرىكىتى قىلچە رەھىم قىلىنماي داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. پۈتۈن خەلققە كاپالەت بېرىپ مەملىكەت ئىچى تىنچ، فۇھرېرمۇ ۋەزىيەتنى پۈتۈنلەي ئۆز تىزگىنىگە ئېلىپ بولدى" گيۆرىڭ ئەنە شۇنداق ئېلان قىلغان ئىدى. ئېس-ئاچلار ئارىسىدىكى خۇدىنى بىلەلمەي قالغانلارغا تولۇق زەربە بېرىلىدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ، "خەلقىمىز شۇنى ئېنىق بىلىشى كېرەككى، بىزنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن قىلغان ئىشلىرىمىز پۈتۈنلەي خەلقىمىزنىڭ مەنپەتى ئۈچۈندۇر." ئۇلارنىڭ ئېلان قىلغىنىمۇ خۇددى ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقان كۆپ ساندىكى ئۇقتۇرۇشلىرىغا ئوخشاش ھەققەت بىلەن ئۇيدۇرمىلارنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ، خەلق ئاممىسىغا ئۇلار ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان نەرسىلەرگە ئىشىنىشنى مەجبۇرلايدىغان پۇرسەت بەرگەن ئىدى: ئەنسىرىگىدەك ھېچ ئىش يوق. بىز پەقەت رەھىمسىز ئەمما زۆرۈر بولغان بىر ئىشنىلا ئورۇندىغان بولدۇق. بۇ ئىشتا قوللانغان ئۇسۇلىمىز يەنىلا ئۇچۇق ئاشكارە ۋە ئىنساپ بىلەن ئىش قىلىش. مەقسەت ئوخشاشلا دۆلەت مەنپەئەتى.

ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىنىپ كەينىدىنلا گېنېرال ۋون بلومبېرگنىڭ دۆلەت مۇداپىيە

ئارمىيىسىگە بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، فۇھرېرگە پولتولىەي سادىق قالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. "ئىچكى سىياسىي كۆرەش" لەردىن بىتەرەپمىز دېيىشكە نۇرغۇنلار ئىشەنمىسىمۇ، يەنىلا ئارمىيە بىلەن ئادولف ھىتلېر گۆش بىلەن سۆڭەكتەك بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ جانلىق ئىسپاتى ئىدى.

گەرچى گېنېرال بلومبۇرگمۇ خەلق ئاممىسىغا كىرىزىس ئۆتۈپ كەتتى دەپ كاپالەت بەرگەن بولسىمۇ، بۇ تۇردىكى قىرغىنچىلىقلار تا 2-ئىيۇل سەھەرگىچە داۋام قىلدۇ. كولۇمبىيە بىناسىدا، بىر پراكتىكانت ئوفىتسېر ئەترەت باشلىقى كارل شرېيېرنى كامېردىن چاقىرىپ چىقىدۇ. بۇ پراكتىكانت ئوفىتسېر ئۇنىڭغا "فۇھرېرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ساڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى" دەپ ئۇقتۇردۇ. شرېيېرمۇ 3 نەپەر يولداشنىڭ يالاپ چىقىرىلىپ ئېتىپ تاشلانغانلىقىنى كۆرگەن بولۇپ، بۇ ئىشلار ھەر يېرىم سائەتتە بىر بولۇپ ئىدى. ئوفىتسېر ئۇنىڭغا: "سەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش تۇربىدا باش-كۆزۈڭنى يۇۋالساڭ يەڭگىللىشىپ كىشلەرگە ياخشى تەسىر قالدۇرالايدىغان بولىسەن" دەيدۇ. شرېيېرنى يالاپ پەلەمپەيدىن چۈشۈردۇ. ئاندىن بىر چاققان يوك ماشىنىسىغا چىقىرىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان لىچتېرفېلدقا ئېلىپ مېڭىلىدۇ. دەل شۇ پەيتتە بىر مەرسەدېس پىكاپ يېتىپ كېلىپ، ماشىنىدىن بىر ئېس-ئېس ئەترىتى ئوفىتسېرى سەكرەپ چۈشىدۇ. بۇ ئوفىتسېر ئالدىرىغىنىچە ئالدىدىكى ماشىنىغا سىگنال بېرىدۇ. "توختاڭلار! ماشىنىنى توختىتىڭلار! _ دەپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ. ئۇ ئوفىتسېر ۋارقىرىغىنىچە، _ بۇ ئىش توختىتىلسۇن! فۇھرېر ھىندېنبۇرگقا بۇندىن كېيىن ئۆلۈم جازاسى بولمايدۇ دەپ ۋەدە قىلدى" دەيدۇ. بۇ چاغ، سەھەر سائەت 4 بولغان ۋاقىتلار ئىدى. سوتلانماستىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم سانى تەخمىنەن يۈز كىشىگە، بەلكىم 2 يۈز كىشىگە يەتكەن بولىشىمۇ مۇمكىن، ئېنىق سانىنى ھەرگىز بىلگىلى بولمايتتى.

دۈشەنبە كۈنى، ھاۋا بەكلا ئىسسىق ئىدى. بۇ كۈنى ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى ھەممىلا كىشى ئىچىدىن خوشال بولۇشۇپ رەھمەتسىز ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنىڭ ئاخىرى باش ئەگدۈرۈلگەنلىكىنى تەنتەنە قىلىشماقتا ئىدى. "رۆم بىلەن ئۇنىڭ تۇيۇقسىز بېسىپ كەتكەن ئوفىتسېرلىرىنى ھېچكىم خالىمايتتى. - دەپ يازىدۇ مۇخبىر دېلمېر ئەسلىمىسىدە،347 _ بۇ نەرسىلەر كايسېر دەۋرىدىكى پرۇسىيە مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېرلىرىدىنمۇ بەكىرەك مەنمەنچى، ئۇلاردىنمۇ بەك ئادەمنى كۆزگە ئىلمەيدىغان، ئۇلاردىنمۇ بەكىرەك ئادەتتىكى پۇخرالارغا زومىلىق قىلىپ شىلىپ يەيدىغان كونا ئاشخانا-ساراي خوجايىنلىرى ۋە تاغدا ئۇتۇن كولايدىغانلاردىنمۇ بەكىرەك رەھىمسىز ئىدى. ئۇلار يېپ-يېڭى، ئىسىل موتوسىكلېتلارغا مىنىشىپ كوچىنى بېشىغا كىيىشەتتى. گېرمانىيىدىكى تۆۋەن تەبىقە

كىشىلىرى ئۇلارنى موتۇسىكلىتلىرى بىلەن قوشۇپ يامان كۆرەتتى ۋە ئۇلاردىن قورقاتتى."
بۇ لۈكچەكلەرنى تازىلىۋەتكەن ھىتلېر ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىر قەھرىمانغا ئايلانغان ئىدى.
ھىندېنبۇرگ يەنىلا چوڭقۇر غەم ئىچىگە پېتىپ قالغان ئىدى. گېنېرال ۋون شلېيچېر بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئۇنى بەكلا ئەنسىرەتكەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى تەكشۈرتۈش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى، ئۇلار قولغا ئېلىنىشقا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلدى دەيدۇ. بۇ گەپنى ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ قوبۇل قىلالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھىندېنبۇرگ ھەر قانداق قىلىپمۇ ئاچچىقىنى چىقىرالماي، ئامالسىز ناتىسىستلار تەييارلاپ چىققان ھىتلېرگە يوللىنىدىغان تەبرىك تېلېگراممىسىغا قول قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ تېلېگراممىدا مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

"ماڭا سۇنۇلغان نۇرغۇنلىغان دوكلاتلاردىن خەۋەر تېپىشىمچە، كەسكىن ھەرىكەت قوللانغانلىقىڭىز ۋە قىلچە قورقماي ئۆزىڭىز بىۋاستە ئارىلىشىپ بىر تەرەپ قىلىشىڭىز نەتىجىسىدە بىر قېتىملىق ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىش دېلوسى بىخ ھالىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلگەن. سىز گېرمانىيىنى بالا-قازادىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەن شەخسەن سىزنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن ۋە سىزگە مىننەتتار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرىمەن."

قوللاپ قۇۋۋەتلەپ بېرىدىغان بۇنداق بىر ھۆججەتكە ئېرىشكەن ھىتلېر، گويا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرگەندەك ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ.

5

بۇ قېتىملىق تازىلاش ھەرىكىتى گەرچە دۆلەت ئىچىدە ماقۇللانغان بولسىمۇ، چەتئەللەردە ئۇنچىۋالا قوللاشقا ئېرىشەلمەيدۇ. چەتئەل مەتبۇئاتلىرىدا ئۆتكۈر ماقالىلار بىلەن كۈچلۈك ئوبزورلار ئارقا-ئارقىدىن كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. چەتئەلدىكى ھۆجۇملار ھىتلېرنى ھەر قانچە تەمتىرىتىپ قويىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسلى قىزىقىدىغان مۇھىم مەسىلە ئادەملىرى ئارىسىدىكى ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئېھتىمالى مەسىلىسى ئىدى. بۇ تۈردىكى قورقۇشلار كىشىلەرنىڭ كوچا دوخمۇشلىرىدا ئۆزئارا پىچىرلىشىپ يۈرۈشلىرىدىن مەلۇم بولماقتا ئىدى: ئالايلۇق، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردىن بىرى ھىتلېرنىڭ ئەزەلىي دۈشمىنى، باۋارىيە شىتاتىنىڭ ۋالىيسى ۋون كاھر پىۋىخانا قوزغىلىڭى دەۋرىدىكى "ۋەدىسىدە تۇرمىغان" ئۈچ كاتتىۋاشنىڭ بىرى ئىدى؛ مۇزىكا ئوبزورچىسى دوكتور ۋىللى شمىد ئۆيىدە سىللو

چىلىۋاتقاندا قولغا ئېلىنىپ، كېيىن يەنە يەرلىك ئېس-ئاچلارنىڭ كاتتىۋىشى ۋىلھېلم شمىد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

بۇ تۆردىكى گۇمانغا قويىدىغان ئىشلار تېخى يۇمران بىخلىنىش ھالەتتە تۇرغان بولسىمۇ، بۇ تۆردىكى گۇمانلار يەنىلا ھىتلېرنىڭ خاترجەمسىزلىكىنى كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. كونا دوستىنى، كونا سەبدىشىنى تازىلىۋەتكەنلىكى ھەققەتەنمۇ ئۇنى قورقۇپ ئاشكارە سىرتتا يۈرەلمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇ سادىق ئادىمگە ئايلانغان ھېس ئارقىلىق يوشۇرۇن تۈردە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ يىتىم قالغان بالا-چاقىسى بىلەن ئاتا-ئانىسى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىغا نەپىقە بېرىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ (تەبىئىكى بۇ ئىشى ئۇنىڭ پۇشايمىنىدىن پەيدا بولغان). ھېس پۈتۈن ماھارىتىنى كۆرسىتىپ مۇزىكا ئوبزورچىسىنىڭ ئايالىنى قايىل قىلىپ، ئېرىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان دەپ تونۇشىنى تەلەپ قىلىدى. ئۇنىڭغا يەنە ئىمپېرىيە چوقۇم پىنسىيە پۇلى بېرىدۇ دەيدۇ. ستراسسېر خانىم بىلەن رۆمنىڭ ئاپىسى پىنسىيە پۇلى ئېلىش ۋەدىسىنى ئالىدۇ. شۇنداقتىمۇ رۆمنىڭ ئاپىسى بۇنى قەتئىي رەت قىلىدۇ ــ ئۇ ئوغلىنىڭ بىر بەچچىۋاز ئىكەنلىكىگە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيدۇ (بۇگۈنكە كەلگىچە ئۇنىڭ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىمۇ ئىزچىل تۈردە ئىنكار قىلىپ كېلىدۇ). بۇ ئانا ئوغلىنى ئۆلتەرگەن قاتىلدىن بىر تىيىنمۇ پۇل ئېلىشنى خالىمايتتى.

ھىتلېر يەنە پاپېن بىلەنمۇ يارىشىپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىپ، 348 ئۇنى 3-ئىيۇلدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كابىنېت جىددىي يىغىنىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى ھېچ قاچان قولغا ئېلىپ باقمىغاندەك قىياپەتنى ئىپادىلەيدۇ. ھىتلېر ئۆزىنى تىخىمۇ مۇلايىم كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، مۇئاۋىن باش مىنىستىرنى ئادەتتىكىدەك ئورنىدا ئولتۇرۇۋېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. پاپېن قاتتىق خاپا ھالدا، بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس دەپ چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈش تەلىپىنى قويىدۇ. ئۇ ئىككىسى سۆزلەشمەكچى بولۇپ ياندىكى بۆلۈمگە كىرىدۇ. ئىشىكنى تاقىغاندىن كېيىن پاپېن ئۆيىگە كىرىپ ئادەم تۇتۇش، ئۆزىنىڭ ئاخبارات ئەمەلدارىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى بىرمۇ-بىر سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشلار ئۈچۈن دەرھال قانۇن بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىشىنى، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ دەرھال ئىستىپا بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى سىلىقلىق بىلەن رەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دەرھال بىندلېر كوچىسىغا بېرىپ كونا دوستى گېنېرال ۋون فىرىتش بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇ شتاپ باشلىقى پاپېننى كۆرۈپ چەكچەيگىنىچە خۇددى بىر جىن كۆرگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ كېتىدۇ. ”كۆرۈپ تۇرۇۋېسەن، مەن تېخى ئۆلمىدىم ــ دەيدۇ پاپېن، ــ ئەمما تازىلاشنى توساش ۋاقتى كەلدى.“ ئۇ

فرىتشقا تازىلاشنى توساش تەلىۋىنى سىز ئاۋال ئوتتۇرىغا قويمىغانمىدىڭىز، _ دەپ سورايدۇ. شتاب باشلىقى ئۇڭايسىزلانغان ھالدا "بلومبېرگ ياكى ھىندېنبۇرگنىڭ ئىنىق بۇيرۇقى بولماي تۇرۇپ ھەرىكەتكە ئاتلىنىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىدۇ. بلومبېرگ بۇ ئىشقا ئارىلىششقا قەتئىي قارشى تۇرغان بولسا، ھىندېنبۇرگ ئوتتۇرلۇقتا پەقەتلا كۆرۈنمەيتتى.

ئىچكى كابىنېت يىغىنىدا گېنېرال ۋون بلومبېرگ ھەربىي قىسىملارغا ۋاكالىتەن ھىتلېرنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلارنى بۇنچە تېز يىمىرىپ تاشلىغانلىقىنى تەبرىكلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، گېنېرالنىڭ بۇنداق ماختاشلىرى ھىتلېر ئۈچۈن بۇ رەھىمسىز ھەرىكەتنىي پايدىلىق ھەرىكەت دەپ ماختىۋېلىش ئىمكانىيتىنى تۇغدۇرۇپ بەرگەن ئىدى. "كېمىدە توپىلاڭ چىققىنىدا، _ دەيدۇ شۋېرىن ۋون كروسىك ئۇنىڭ گېپىنى ئەسلەپ، _ كېمە كاپىتانى قۇرۇقلۇقتا چىقىپ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماسلىقى كېرەك. شۇڭا كاپىتان ۋەقە يۈز بېرىشى ھامان ئۆز ۋاقتىدا ھەرىكەتكە ئاتلىنىشى زۆرۈر."

ئىچكى كابىنېت ئەزالىرى (ئەدلىيە مىنىستىرىمۇ بۇ يىغىنغا قاتناشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆكتىچىل ئىدىيىلىك بىر دوستىمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلاردىن ئىدى) نىڭ ھېچبىرى بۇ تازىلاشقا نارازىلىق كۆرسەتمەيدۇ. ھەتتا بۇ ئەمەلدارلار تازىلاش زۆرۈر ئىدى دەپ قارىشىپ بۇ ھەقتە بىر قانۇن چىقىرىش ئىشىغا كىرىشىدۇ. يەنى 30-ئىيۇن، 1-ئىيۇل ۋە 2-ئىيۇل كۈنلىرى ئىجرا قىلىنغان تەدبىرلەرنى قانۇنلۇق ھەرىكەت، ۋەتەننى قوداش يولىدىكى كېرەكلىك تەدبىر دەپ بېكىتىلگەن قانۇندىن بىرنى ئېلان قىلىشىدۇ.

ئىستىپا بېرىشنى تەلەپ قىلغانلار يالغۇز پاپېن بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. باۋارىيە ئەدلىيە مىنىستىرى فرانكمۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئەمەلىنىڭ ئىلىپ تاشلىنىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدۇ. "مىللىتىمىز ئوكيان ئوتتۇرسىدا كېتىۋېتىپ كېمىسىنى تاشلاپ كەتسۇنمۇ؟ _ دەيدۇ ھىتلېر ئاچچىغلانغان ھالدا، _ مەنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان، ئەمما مەن ھەممىڭلارنى بىر نوقتىدا بىرلەشتۈرۈشكە مەجبۇرمەن. ئۇنۇتمايلى، بىز دېگەن جەڭ قىلىۋاتقان بىر قوشۇن." ئۇ يەنە "ئادالەت بىلەن ئىنقىلاب ئوت بىلەن سۇدەك بىر-بىرسى بىلەن چىقىشالمايدۇ." "شۇڭلاشقا ھەر قانداق بىر ئىنقىلابتا چوقۇم زىيانغا ئۇچرايدىغانلار بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك!" ھىتلېر، تازىلاش ئىشىدىن فرانكنىڭ ھەممىدىن بەك كۆڭۈلسىز ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىسىمۇ، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

"مېنىڭ دۈشمەنلىرىم بەكلا كۆپ ئىكەن. شۇڭا بۇگۈن مەن پۈتۈنلەي ئۆز ھوقۇق سالاھىتىمنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىش ئىلىپ بېرىشقا مەجبۇرمەن." فرانك ئۇنىڭغا ساقچى تەرەپنىڭ كۈچى بەكلا چوكىيىپ كەتكەن. نۇرغۇنلىغان پارتىيە ئەزالىرىمۇ قانۇننى ئۆز

چاڭگىللىغا ئېلىۋالغان، دەيدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا جاۋابەن "سىياسىي ي ئېھتىياجنى باشقا ئورگانلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەندىلا قانۇن بىلەن نازارەت قىلغۇچىلار جەمئىيەت ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىش قىلالايدىغان بولىدۇ!" دەيدۇ.

يىغۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ كونسايىن كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈستىدىمۇ ھىتلېرنىڭ بېرىدىغان جاۋابى تەييار ئىدى: "ئەگەر مېنىڭمۇ خۇددى موسكۋالىقلارغا ئوخشاش چەكسىز كەتكەن سىبىرىيىدەك يېرىم بولسا ئىدى، ئۇنداقتا جازا لاگېرلىرىغىمۇ ھاجىتىم چۈشمەيتتى. ... دۇنيادا كىم ئوتتۇرغا چىقىپ بولشېۋىكلەرنىڭ مىليونلىغان كىشىگە زىيانكەشلىك قىلغانلىقى ئۈستىدە سۆز قىلىپ باقالىدى؟349 دۇنيادىكى يەھۇدىي مەتبۇئاتلىرىنىڭ مېنىڭ پىيىمگە چۈشۈۋالغانلىقىنىڭ تۈپكى سەۋەبى، مېنىڭ بىر يەھۇدىي دۈشمىنى بولغانلىقىمدىندۇر. ستالىن ئەپەندى بولسا بۇ يەھۇدىيلارنىڭ جان-جىگەر دوستى." فرانك، ئىستىپا سوراش ئىلتىماسىنى يىرتىپ پارچە-پارچە قىلىۋېتىدۇ.

ئەمما پاپىنى قايىل قىلىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئاخبارات ئەمەلدارىنىڭ جەسىدىنى، يەنى جەسەت كۈل قۇتىسىنى شىئۆنبىرگ قەبرىستانلىقىغا قويۇپ مۇۋاپىق بىر جانازە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش تەلىۋىدە چىڭ تۇرىدۇ. ھىملېر ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: بۇنداق قىلساڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش قىلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ بېرىشىڭ مۇمكىن. ئەمما پاپېن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ. پاپېن جانازە مۇراسىمىدا كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر نۇتۇق سۆزلەش بىلانىلا قالماي، فۇھرېرغا تىنماي خەت يېزىپ، 4 نەپەر قول ئاستىدىكى ئادىمىنى ئىزچىل ھالدا قاماقتا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئۇنىڭغا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئۇ خېتىدە يەنە ئۆزىنىڭ ئاخبارات مەسئۇلىنىڭ ئۆلۈمىنى ئاشكارە تەكشۈرۈش تەلىۋىنىمۇ ئوتتۇرغا قويىدۇ. ھىتلېر بولسا، تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ ئېغىر بېسىقلىقىنىڭ تىپىك ئۈلگىسىنى ياراتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ پاپېنى بۇ ئىشتا ئۇنچە ئالدىراقسانلىق قىلماي، دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. ئۇ پاپېنغا، پارلامېنت ئالدىمىزدىكى ئىككى سوتكا ئىچىدە تازىلاش ھەققىدە ئومۇمى يۈزلۈك مەلۇمات ئېلىش پەۋقۇلئاددە يىغىنى چاقىرماقچى بولىۋاتقانلىقىنى، ئەنە شۇ چاغدا فۇھرېرلىق سالاھىتى بىلەن "چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىلگەن قىزغىنلىق" جەريانىدا كۆرۈلگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ۋەقەلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

13-ئىيۇل جۈمە كۈنى، كرول تىياتىرخانىسىنىڭ ئەتراپى (شۇ چاغدىكى ۋاقىتلىق پارلامېنت زالى - ئۇ.ت) قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنىدۇ. پىشقەدەم دىپلوماتلاردىن بىرسى بۇ تۈردىكى قاتتىق قامال قىلىش ئەھۋالىغا باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "باشقا

دۆلەتلەردە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئوت-بالا ئىچىدە قالدىغان ئەھۋاللىرىنى كۆپ كۆرگەن بولسامۇ، ھەتتا چار پادىشا ھۆكۈمىتى ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋال ئاستىدا قالغان ۋاقىتلاردىمۇ بۇنىڭدەك بىر ئەھۋالنى كۆرمىگەن ئىدىم.“ باش مىنىستىرلىكتىن تارتىپ تا سەھنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يولنىڭ ئىككى قاسنىقى ساقچىلار بىلەن ئىس-ئىسچىلار قوشۇنى تەرىپىدىن قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنغان بولۇپ، تىياتىرخانىنىڭ ھەر بىر دەم ئېلىش زالىمۇ قايتا-قايتا تەكشۈرۈلۈپ تۇراتتى. چوڭ-كىچىك كىرىش ئىشىكلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا مىس قالپاقلىق قېلىچلىق ھەربىلەر كۈزەتمەكتە، يىغىن زالىنىڭ ئىچىدىمۇ نۇرغۇن پۇخراچە كىيىنگەنكىشىلەر تەرىپىدىن يوشۇرۇن كۈزىتىلمەكتە ئىدى. ”ئامېرىكا، فرانسىيە ۋە رۇسسىيە باش ئەلچىلىرىنىڭ ھەممىسىلا بۇ يىغىنغا قاتنىشىشنى رەت قىلىدۇ. ھاكىمىيەت تىكلىۋالغان كىشىلەر ئارىسىدا ئەنسىزلىك، ھەم دۈشمەنلىك ھەم ۋەھىمىلىك كىشىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلمەيدىغان ھېچ كىم قالمىغان ئىدى.“

ئەتىگەن سائەت 8 دە، چىرايى تۇرگەن ھىتلېر مۇنبەرگە چىقىپ كېلىدۇ. ئۇ گويا ئۈستەل ئۆرۈلۈپ كەتمىسۇن دېگەندەك مۇنبەر ئۈستىلىگە ئىككى قوللاپ تىرىنىۋالغان ئىدى. ئاندىن ئۇ بىر قولىنى ئالدىغا ئۇزارتىپ سىلكىگىنىچە بىلەك سالىمى بېرىدۇ. ئاندىن ئۇ گويا يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا ئەندى مەن ۋەزىيەتنى تېزگىنلەپ بولدۇم دېگەننى بىلدۈرىدىغاندەك باشقا ۋاقىتلارغا قارىغاندا بەكرەك ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ نۇتقىنى باشلايدۇ. ئۇ، تازىلاش ھەققىدە كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا چۈشەندۈرۈش بېرىدۇ. ئۇ چۈشەندۈرۈپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەر قايسى گۇرۇھلار ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىش ھەرىكىتىگە ئاتلانغىنى ئۈچۈن بۇ قېتىمقى تازىلاش بەكلا زۆرۈر ئىدى. ھىتلېر بۇ گۇرۇھلارنى ”بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلار“، ”دۆلەتنىڭ كېسەلمەن دۈشمەنلىرى“ دەپ ئاتايدۇ. بۇ دېگىنى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىنىڭ بىر تەسۋىرى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىي تىدە ئوينىغان رولىنىڭمۇ بىر تەسۋىرى دېيىش مۇمكىن ئىدى. ئۇ تۇغما ھىكايىچىدەك قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تولۇق بايان قىلىپ، بۇتوپلاڭچىلارنى باستۇرۇش قارارىغا قانداق كەلگەنلىكىنى، باستۇرۇشقا قانداقلارچە ئۆزىنىڭ بىۋاستە قاتنىشىشقا مەجبۇر قالغانلىقىنى قىزىقارلىق قىلىپ بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوينىغان ئۇيۇنى تىياتىرخانا ئىچىدىكى ھەر بىر ئادەمنى ئەپسۇن ئوقۇپ ئۆزىگە قارىتىۋالغاندەك ھالغا كەلتۈرىۋېتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ ئويۇنغا چەتئەللىك كۈزەتكۈچىلەر دەسسىمەيدۇ. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كىشىلەر رادىئودىن ئۇنىڭ نۇتقىنى بېرىلىپ تىڭشاپ، ئۇلارنىمۇ ئوخشاشلا جىن چاپلاشقاندەك سېھىرلەپ ئوڭ-سولىنى بىلەلمەس

قىلىۋېتىدۇ. ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسىدا بولسا، گېرمانىيە باش مىنىستىرىنىڭ نۇتقىنى بۇنىدىن كېيىن قەتئىي ئاڭلىمايمەن، ھۆكۈمەت ئىشلا بولمايدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيمەن دەپ قەسەم قىلىۋەتكەن باش ئەلچى دود ("بۇ ئادەمنى كۆرسەملا قورقۇنۇچلۇق ھېسسىياتلارغا كېلىپ قالىمەن" دەيتتى) مۇ ھىتلېرنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، باش ئەلچى ھىتلېرنىڭ بىر قانچە مەمورى ئەمەلدار بىلەن بىر قانچە پارتىيىلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 74 نەپەر پىلانلىغۇچى بۇ قېتىمقى سىپسىق پۈرىقى جاھانغا پۇر كەتكەن ھەرىكەتتە ئۆلدى دېگىنىگە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيدۇ. شۇنىڭدەك قولغا ئېلىنغان جىنايەتچىلەرنى "قىلچە نومۇس قىلماي خارلىغان" ئۈچ نەپەر ئېس-ئېس ئۆلتۈرۈلدى دېگىنىگىمۇ ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ پايپىنىڭ ئاخباراتچىسىغا ئوخشاش بىگۇنا كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارمۇ جازاسىنى كۆردى دېگەندەك ئەڭ ئاخىرقى گەپلىرى پاپېننى قايىل قىلغاندەك قىلاتتى.350 بۇ تۈردىكى يارىشىپ قىلىش روھى بۇدداچە كەچۈرۈم قىلىش قىياپىتى توپىلاڭغا قاتناشقان ئەمما ھېلىغىچە جازاغا تارتىلمىغان كىشىلەرگىچە كېڭەيتىلىشى مۇمكىنلىكىنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى. "گېرمانىيە خەلقىگە لازىم بولىۋاتقان ئىنگۇشتەر ئىچكى تەرتىپ ۋە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تىنچلىقنى بەرپا قىلىش. بىز ھەممەيلەن بۇنىڭ ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئېلىشنى ئۈمىت قىلىمەن. بۇنداق بىر تارىخى بۇرۇلۇش نوقتىسىدا تۇرىۋاتقىنىمىزدا، شەخسەن مەن ئۆتكەن 24 ئىچىدە يۈز بەرگەن پۈتۈن ئىشلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستۈمگە ئالىمەن. بۇ بىر سوتكا ئىچىدە شەخسەن مەن تىتىكلىك بىلەن ئەڭ ئازاپلىق قارارىمنى ئالالىدىم. بۇ دۇنيا بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى، يەنى  نېمىس خەلقى بىلەن نېمىس ئىمپېرىيىسىنى قانداق قىلغاندا قولىمىزدا چىڭ تۇتالىشىمىزنى ئەنسىرەش بىلەن ئۇيلاۋاتقان ۋاقتىمىزدا، تەغدىر مېنى قايتا بىر قېتىم تەربىيەگە ئىگە قىلدى!"

مەخسۇس تاللانغان يىغىن قاتناشقۇچىلىرى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇشۇپ قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىدۇ. دەل شۇنداق ھاياجان پەللىگە كۆتۈرۈلگەن پەيتتە، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسلىق مەقسىدىمۇ تاماملىنىدۇ: پارلامېنتتا "دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش جىددى تەدبىرى" نامىدىكى قىرغىنچىلىقنى قانۇنلۇق قىلىپ كۆرسىتىدىغان قانۇن لايىھىسىنى ھەممە بىر ئېغىزدىن ماقۇللاشتى. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر ۋەقە يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن قىرغىنچىلىق ئۈچۈن رۇخسەت قەغىزىگە ئېرىشكەن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر-يېرىم ئېغىز بولسىمۇ قارشى پىكىر ئوتتۇرغا چىقمىدى. قانۇن تۈزگۈچىلەر ھىتلېرنى گويا بىر خۇدادەك قانۇننىڭ بىردىن-بىر مەنبەسى دەپ مەدھىيىلەشتى.

ھىتلېرنىڭ ئېس-ئاچىلار ئەترىتىنى رەھىمسىزلەرچە تازىلاش، ھەربىي تەرەپتىن ۋون

شىلېيچېر بىلەن ۋون برېدوۋتىن ئىبارەت ئىككى نەپەر گېنېرالنى ئۆلتۈرۈش ئىشىنى تەستىقلىغان كىشى يالغۇز دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى ۋون بلومبېرگ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئوفىتسېرلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى نەپەر يولدىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە قىلچە پەرۋا قىلماسلىقى، ھىتلېرنىڭ قىلغانلىرىنى كۆرمەسكە سالغانلىقى، قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئىشى مەملىكەت ئىچىدە تىنچلىقنى كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىدى دەپ قارىغانلىقىدىن ئىدى. "بىزنىڭ بۇ ئىشلاردىن چىقارغان خۇلاسىمىز شۇكى، ـ دەيدۇ كارل دۆنىتز كېيىنكى بىر ئەسلىمىسىدە، ـ ئۇلار پۈتۈنلەي ئىچكى كابىنېت قارارىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ قارارنامە، دۆلەت جىددى ھالەت قارار ماددىلىرى ئاساسىدا قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، قانۇنى جەھەتتىن ئىجرا قىلىنىدىغان بارلىق تەدبىرلەر تەستىقلانغان ئىدى."

ئوفىتسېرلارنىڭ ھېسسىياتى ئادەتتىكى ئەسكەرلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ھەربىي قىسىملار نامايىشقا چىقىدۇ. ھىتلېرنىڭ ئۈستى ئوچۇق پىكاۋى بىر بۆلۈم ئەسكەرلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ئەسكەرلەر شۇئار توۋلىشىپ ھىتلېرنى قارشى ئېلىشىدۇ. "بۇ تۈردىكى ئۆزلىكىدىن تەشكىللەنگەن نامايىشلار، ـ دەپ يازىدۇ فرانسىيىلىك ئەلچىخانا ھەربىي مەسلىھەتچىسى دوكلاتىدا، ـ گېرمانىيە ئارمىيىسى ئىچىدە بەكلا كام كۆرۈلىدىغان ئەھۋال."

بۇ ئىشلارغا نارازىلىق بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالايدىغان ئوفىتسېرلار ئارانلا بىر قانچە ئوفىتسېر بىلەنلا چەكلەنگەن، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى بولغان كىشىنىڭ يېشىمۇ ھىندېنبۇرگ بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئىدى. مەشھۇر ئوفىتسېر، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ئاۋگۇست ۋون ماكېنسېن پرېزدېنتقا نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭدىن بۇ تۈردىكى قانلىق تازىلاش ھەرىكەتلىرىنى توساش تەلىپىدە بولغان ئىدى. ئەمما ھەر قېتىمدىلا بوۋاينىڭ ئاغرىق ئىكەنلىكىنى، تېلېفونغا چىقالمايدىغانلىقىنىلا تىلغا ئالاتتى. ئۇ پرېزدېنت بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپىدە بولۇپ ئۇدا بىر قانچە قېتىم ئوخشىمىغان ئۈچرىغاندىن كېيىن ئامالسىز ئۆزى بىۋاستە ھىتلېرنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ نورمال تەرتىپىنى قايتىدىن تىكلىشى ھەققىدە تەلەپتە بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرى فۈھرېرنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇ ھىتلېر ئالدىدا گەپ قىلالماي ئۆزۈنىچە ھاياجان ئىچىدە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ: "بەلكىم سىز دېگەندەك بولىشى مۇمكىن فۈھرېرىم، ئەمما ماڭىمۇ ئامال قانچە؟ يېنىۋېلىشقا ئامالسىزمەن."

ماكېنسېن ھەققى ئەھۋالنى ھىندېنبۇرگقا ئۇقتۇرۇپ قويۇش غەيرىتىگە كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ بىر پارچە ئەسلەتمە دوكلادى تەييارلاشقا ياردەملىشىم شىلېيچېر بىلەن برېدوۋدىن

ئىبارەت ئىككى نەپەر گېنېرالنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش جەريانىنى تەپسىلى بايان قىلىش بىلەن بىرگە،351 جىنايەتچىلەرنى سوراۋشتە قىلىپ تۇتۇپ كېلىپ جازاغا تارتىش تەلىۋىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. بۇ دوكلاتتا يەنە پىرىزدېنتنى بلومبېرگ، گېوبېلس، لىي، نېۋرات ۋە شۇنىڭدەك يەنە ئىككى نەپەر ناتسىست ئۇنسۇرنى ھۆكۈمەت كابىنېتىدىن چىقىرىۋېتىش، دۆلەت ھوقۇقىنى نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىدىن بىرگە تاپشۇرۇش ھەققىدە پىرىزدېنتنى ئۈندەيدۇ. ئەمما بۇ ئىسىملار ئارىسىدا ھىتلېرنىڭ ئىسمى يوق بولۇپ، ئېھتىمال ئۇنى ھەربىي دىكتاتۇرلۇق ئاستىدا داۋاملىق باش مىنىستىرلىقتا تۇرۇپ بېرىشنى ئۈمىد قىلغان بولسا كېرەك؟

بۇ ئەسلەتمە دوكلادىنىڭ ئاخىرقى قىسمى ھەققەتەنمۇ ئالاھىدە ھېسسىياتلىق يېزىلغان ئىدى: "جانابىلىرى گېرمانىيىنى ئۇدا ئۈچ قېتىم ئوت-بالالاردىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدىڭىز؛ تاننېنبېرگتا، ئۇرۇشتىن كېيىن ۋە شۇنىڭدەك سىزنىڭ ئىمپېرىيە پىرىزدېنتى بولۇپ سايلانغىنىڭىزدىن كېيىن بۇنداق ئۇزۇق قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان ئىدىڭىز. ھەزرەتلىرى، ئەندى سىزدىن تۆتىنچى قېتىم گېرمانىيىنى قۇتقۇزۇپ قالسىڭىز! بۇ مېمۇراندۇمغا قول قويغان گېنېرال ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار تا ئاخىرقى نەپەسى قالغىچە قەتئى چىڭ تۇرۇپ سىزگە ۋە ۋەتەنگە سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ." ماكېنسېن باش قوماندانلىق شتابىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ 24 نەپەر گېنېرال ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدارلارنىڭ ئىمزاسىنى توپلىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھىندېنبۇرگ ۋە شلېيچېر بىلەن بىر كورپۇستا تۇرغانلار ئىدى. بۇ ئەسلەتمىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئۇچۇن 18-ئىيۇل دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، 20-چىسلا كۈنىسىلا ئاران نېۋدېكقا يەتكۈزۈلگەن بولىشىغا قارىماي بۇ ئۇرۇنۇشنىڭمۇ قىلچە رولى بولمايدۇ. بۇ مېمراندۇم بەلكىم پىرىزدېنتنىڭ ئەتراپىدىكى كىشلەر تەرىپىدىن باستۇرۇپ قويۇلغان بولىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا پىرىزدېنت بۇ ئەسلەتمىنى ئوقىغان تەغدىردىمۇ، ئۇ ھېچقانداق بىر تەدبىر قوللىنالماسلىقى ئېنىق ئىدى.

قارىغاندا گېرمانىيىدە تەسىر دائىرىسى بار ھەر قايسى ئىجتىمائى قاتلاملار بىر بولسا قورقۇپ يۈرەكزادە بولۇپ كەتكەن، يا بولمىسا ئۆلارنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ھىتلېر تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن دېيىش مۇمكىن. ئەسلىدە، ھىتلېرنىڭ بېشىغا بالا بولۇشقا تېگىشلىك بۇ ئىش ئاخىرى ئۇنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن بىر تۆرلۈك غەلىبىسىگە ئايلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى تازىلاش ئۇنى ئۆزۈندىن بېرى بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان پارتىيە ئىچىدىكى بۆلۈنۈش تەرەپدارلىرىنىڭ ھەرىكىتىدىن بىراقلا قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى نەتىجىسىدە ئېس-ئاچىلار قايتىدىن مەڭگۈلۈك باش كۆتۈرەلمەيدۇ.

ئىس-ئاچىلارنىڭ بۇ مەغلۇبىيىتى ھىملېرنىڭ ئۈتۈۋقىغا ئايلىندۇ. ماكېنسېننىڭ مىمراندۇمى نېۋدېكقا يېتىپ بارغان كۈنى، ھىتلېر ئىس-ئىس قىسمىنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى قۇراللىق قوشۇن تەشكىللەشكە رۇخسەت بېرىلىدىغان مۇستەقىل بىر تەشكىلات شەكلىگە ئۆزگەرتىدۇ. بۇ ھەرىكەت، ھەربى تەرەپ ئۈچۈن قاتتىق بىر زەربە بولىدۇ. ھەربى دائىرىلەرSA چىلارنى قانلىق باستۇرۇشنى پەخىرلىنىپ تەستىقلىغان بولسا، مانا ئەندى ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بىر رەقىپكە دۇچ كېلىۋاتاتتى.

بۇ ئىشتا پارتىيىنىڭ تۆلىگەن بەدىلىنى بەك يوقىرى دېيىشكىمۇ بولمايتتى: بۇ پارتىيە نۇرغۇنلىغان قىزغىن پارتىيە ئەزالىرىدىن، يەنى ئىس-ئاچىلارنىڭ غايىلىك كىشىلىرىدىنلا ئايرىلىپ قالغان ئىدى. "شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، بىز ھەممىدىن مەھرۇم بولدۇق. - دەيدۇ ھېين رۇك (ھېين رۇك كېيىنچە ھىتلېرنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى ئوتتو سكورزېنىيىنىڭ پارتىزانلار ئەترىتىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك لېيتىنانتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ)، _ بىز ئاشخانا ئۆيىدە پالاز ئۈستىدە ياتىدىغان، ئەتىسى ناشتىلىق ئۈچۈن ئۇچەيلەنگە ئارانلا ئون سىنتلىق كالا گۆشى تىلىمى تېگىدىغان كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالدۇق." ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈش جەريانىدا رۇك جەمئىي 20 قېتىم قولغا ئېلىنغان ئىدى. شۇڭلاقتىمۇ ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىشلارنى ئۇنچە بەك ئالاھىدە سەرگۈزەشتىلەر دەپ كېتىشكىمۇ بولمايتتى. "ئۇچقىنى ئېيتسام، ئەسلىدە بىز سېتىۋېتىلگەن ئىدۇق. بىزنىڭ تەلەپ قىلغىنىمىز بىر يېڭى جەمئىيەت ئىدى. ئەمەلىيەتچۇ؟ بىز تۇيۇقسىز ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئەسلىدە بىز تەرەپتە ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. خايىل! ياشىسۇن ۋەتەنپەرۋەرلىك! ئەندى ھېچ بىر ئىنقىلاپقا ئېھتىياجىمىز يوق، دېيىشمەكتە. ئەسلىدە 30-ئىيۇن كۈنى ھەرىكىتىمىزنىڭ مۇقەررەر بىر نەتىجىسى ئىدى. ئەمما ھەرىكىتىمىز بۇگۈنكى كۈندە ھىتلېرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا دۇچ كەلمەكتە." رۇكقا ئوخشاش بۇنداق كىشىلەر رۆم ئەسلىدە ھىتلېرنى ئىنقىلاپنىڭ بۇرۇنقى يولىغا، يەنى سوتسىئالىزم يولىغا قايتۇرۇپ كېلىشنىلا ئويلايتتى دېگەنگە قەتئىي ئىشىنەتتى. "بۇ ھىتلېر دېگەن نەرسە، ئۆز سېپى ئىچىدىن ھەقىقى دۈشمەن كىشىلەرنى پەيدا قىلىۋالدى. مېنىڭ ۋە دوستلىرىم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئادەم بولۇش نوقتىسىدا ھىتلېرنىڭ ئىشى تۈگىدى دېيىشكىلا بولىدۇ."

ئىس-ئاچىلارنىڭ رەھبىرى بولغان باشقا بىر ياش، يەنى ۋېرنېر نيۇمانمۇ يوقۇرقىدەك غايىسىنى يوقاتقان، بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىپ يۈرگەنلەردىن بىرى ئىدى. گەرچە ئۇ كېيىنچە گيوببېلسنىڭ خۇسۇسى كاتىبى بولالىغان بولسىمۇ،352 بولغان بۇ ئىشلارنى ئۇ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقىرالمايتتى. "رۆم ۋەقەسى، _ دەيدۇ يېقىندا، _ ئۇچىنچى ئىمپېرىيىنىڭ

تەرەققىياتى ئۈچۈن بەكلا مۇھىم بىر ۋەقە ئىدى. چۈنكى بۇ ۋەقە تۈنجى قېتىملىق قانۇننى كۆزگە ئىلمايدىغان قانۇنسىز بىر ھەرىكەت، دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىنىڭ تەستىقىنى ئالغان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قانۇنچىلارنىڭ تەستىقىنى ئالغان بىر ھەرىكەت. بۇ ۋەقە ئەسلىدە قانۇنسىزلىقنىڭ، قانۇنى ئىنتىزامنى كۆزگە ئىلمىغانلىقنىڭ ئۆلگىسى ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي بۇنداق قانۇنسىزلىققا ھېچ كىم ئوتتۇرغا چىقىپ 'بۇ ئىش مەشەگىچىلىك' دېگەندەك بىر نىمە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ھەتتا چىركاۋلارمۇ بۇ ھەقتە ئۈننى چىقارمىدى. ئەمما بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگەندەك بولغانلاردىن خەۋىرى بار كىشىلەر ئىدى. يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ھەممە كىشى دېگەندەك بىلىپ تۇراتتى. مېنىڭچە، بۇ ھادىسىلەر ئىشنىڭ خاتىمىسى، بۇندىن كېيىن ھەرگىز تۈزەلمەيدۇ.“

شۇنداق بولغاچقا، ھىتلېر ئۈچۈن تەنتەنە قىلىشنىڭ تازا چىكىدە تۇرىۋاتقان شۇ كۈنلەر ئۇنىڭ سىيېدا ئاچچىق يارا ئىزلىرى ساقلانغان دەۋر دېيىش مۇمكىن. ئون مىڭلارچە ئەڭ ئاكتىپ ناتسىستلار شۇ كۈنكى نومۇسلۇق ۋەقەنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. ئۆزىنى ھىتلېر تەرىپىدىن سېتىۋېتىلدۇق دەپ ھېسابلىشىدىغان ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرى يوشۇرۇن شەكىلدە ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرماقتىمىز دەپ ئېلان قىلىشتى. ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئېس-ئېسچىلارغا بولغان دۈشمەنلىك ھېسسىياتى ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ ئىش ستېتىندىكى پرۇسسېنخوف رېستتورانىدا كۆرۈلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ۋېكتور لۇتز 20 دەك ئېس-ئاچى ۋە 3 نەپەر ئېس-ئېس قۇماندانى ئۇ يەردە پىۋا ئىچىپ ئولتۇرىشاتتى. ”كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم 29-ئىيۇل كۈندىكى قانۇنسىز ھەرىكەتنىڭ قىساسىنى ئالىمىز“ دەيدۇ ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ يېڭى قۇماندانى ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن كۆڭلىدىكى گەپنى ئاشكارىلاپ. ”رۆمنى ئەدەپلىگەنلەر ھىملېر بىلەن ئۇنىڭ ئېس-ئېسلىرى.“ ”قايسى بىرىڭلار رۆم قىلالىغان ئىشلارنى تىرىشىپ قىلالىدىڭلار؟ ئېس-ئاچىلار قىلالىدىمۇ؟ بۇ تۈردىكى ئىشلار ھېچ قاچان ھۇجۇمچىلار ئەترىتىنىڭ ئەسىرى ئەمەس. ھېچ بولمىغاندا بۇ ئىشلارنى ھۇجۇمچىلار ئەترىتى يالغۇز قىلغان دېيەلمەيسىلەر. يەنە بىر تەرەپ قىلغان ئىشلار تېخىمۇ بەك ناچار ئىدى. مەن ساڭا بۇنداق ئىشلارنى قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىرمۇ-بىر ساناپ كۆرسىتىپ بېرەيمۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىرمۇ-بىر ئېيتىپ بېرەلەيمەن!“ ئوتتۇرلۇقتا بىر ئېس-ئېس مەس بولۇپ قالغان لۇتزنى تىنجىتىشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ ئۇ گېپىدىن توختىمايدۇ. ”مەن بۇ گەپلەرنى دېيىشتىن قورقمايمەن. مەيلى مېنى ئەتىلا ئىشتىن ھايدىسۇن ياكى ئاپىرىپ جازا لاگېرلىرىغا سولىۋەتسۇن، دېيىشتىن ھەرگىز يانمايمەن!“

6

بىرەر ئاي ئاۋال، يەنى ھىتلېرنىڭ مەغلوبىيەت بىلەن نەتىجىلەنگەن ئىتالىيە سەپىرى كۈنلىرىدە، فۈھرېر مۇسسولىنىغا ئاۋستىرىيىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ھۆرمەت قىلىمەن دەپ كاپالەت بەرگەن ئىدى. بۇ ئەسلىدە ھەقىقەتەنمۇ چوڭ يول قويۇش ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىنى ”گېرمانىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈش“ ئارقىلىق بۈيۈك گېرمانىيە دۆلىتىنى بەرپا قىلىش ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم غايىلىرىدىن بىرى ئىدى. گەرچە ئۇ بۇنىڭدىن ۋاز كەچكەنلىكى ھەققىدە ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېس-ئېس تەشكىلاتى ئاۋستىرىيىدىكى ناتسىستلارغا پۇل ۋە ئەقىدە جەھەتتىكى ياردەملىرىنى زادىلا توختاتمايدۇ. ئاۋستىرىيە ناتسىستلىرى بولسا گېرمانىيىنىڭ پارتلاتقۇچ دورىلىرىدىن پايدىلىنىپ تۆمۈر يول ۋە ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى پارتلىتىش، گېرمانىيىنىڭ قورالىدىن پايدىلىنىپ باش مىنىستىر ئېنگېلبېرت دولفۇسنىڭ ھىمايىچىلىرىنى ئۆلتۈرۈشتەك تېررورلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە ئىدى. تېخىمۇ كۆلكىلىك يېرى، پاكار بويلۇق دولفۇس ئەسلى بىر مىللەتچى، مۇستەبىت ئەكسىيەتچى بىرى ئىدى. ئۇ، پارلامېنت ھۆكۈمىتىگە خاتىمە بېرىش ۋاستىسىغا تايىنىپ ناتسىستلار بىلەن سوتسىيالىزمغا زەربە بەرگەن بىرى ئىدى. شۇ يىلىنىڭ باشلىرىدا، دولفۇس سولچىلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ، سوتسىيالىزمچىلارنىڭ قايسى بىر يەر-مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى بىناسىنى ئىشغال قىلىشىغا قارشى ئۇلار تەسلىم بولمىغىچە توپقا تۇتۇشنى توختاتمىغان ئىدى.353 شۇ كۈنلەردىن باشلاپ، ئۇ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ يەرلىك ناتسىستلارنى يوقۇتۇش ئىشىغا تۇتۇش قىلىدۇ. مۇسسولىن ئۇنىڭغا ھىتلېرنى ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى چەكلەپ تۇتۇپ تۇرۇش ۋەدىسىنى بەرگەنلىكى دولفۇسنىڭ ناتسىستلارنى باستۇرۇشتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتكەن ئىدى.

رۆم ۋەقەسىدىن كېيىن ئوتتۇرلۇقتا بەكلا كۆپ سۆزلەر تارقىلىپ يۈرگەنلىكىدىنمۇ قانداق، ئاۋستىرىيىلىك ناتسىستلار بىر ھېسابتا بۇ تۈر سۆز-چۆچەكلەردىن ئىلھام ئېلىپ بىۋاستە ھەرىكەت پەيدا قىلىش يولىغا كىرىشىدۇ. يەنە بىر ئېھتىماللىق بولسا، گەرچە نەق پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاشقا بولمىسىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ تۈردىكى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ھىتلېر تەستىقلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. نېمىلا بولسا بولسۇن، ئۇلار ئۈشتۈمتۈت 25-ئىيۇل كۈنىسى ”يازلىق بايرام ھەرىكىتى“ دېگەن پارول بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. چۈش ۋاقتىدا 150 نەپەر ئاۋسترىيە ئارمىيىسىنىڭ ھەربى فورمىسىنى كەيگەن ناتسىستلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئەترىتى بالخاۋسپلاتز مەيدانىدىكى باش مىنىستىرلىق

بىناسىغا باستۇرۇپ كىرىپ دولفۇس بىلەن ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنى قولغا ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قۇلىقىغا بۇ خەۋەر بىرسى تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن ھۆكۈمەت كابىنېتىنىڭ ئىككى نەپەر ئادىمىدىن باشقا بارلىق كىشىلەر قېچىپ قۇتۇلىدۇ. شۇنداقتىمۇ جاسارەتلىك دولفۇس قاچمىغان ئىدى. ئۇ بوغىزىغا ئوق تېگىپ يارىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا تەككەن ئوق 6 چارەك ئارىلىقتىن ئېتىلغان ئىدى. ئۇ يارىلىنىپ قارايدىغان بىرسى يوق قان ئىچىدە ياتقىنىدا، قالغان توپىلاڭچىلار رادىئو ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىستىپا بەرگەنلىكى ھەققىدىكى يالغان خەۋەرنى تارقىتىشىدۇ.

قوزغىلاڭ خەۋىرى بېرلىنغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوفىتسېرلار بۇ ۋەقەدىن قاتتىق خوشال بولۇپ كېتىشىدۇ. گېرمانىيە ئاخبارات ئىدارىسى دەرھال بىر پارچە باياناتنى تەييارلاپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ باياناتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى خەلقنىڭ ھەققانى تەلىۋى تەبىي ھالدا قوزغىلاڭنى كەلتۈرۈپ چىقاردى دېيىشى ئىدى. ”ساقلىنىش مۇمكىن بولمىغان ۋەقە ئاخىرى پارتىلاپ چىقتى. ئاۋستىرىيىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن نېمىسلار غەيرەتكە كېلىپ قوزغىلىپ، ئۇلارنى ئېزىپ كېلىۋاتقان كۈچلەرگە، ئۇلارنى چەكلىگۈچىلەرگە ۋە ئۇلارنى جازالىغۇچىلارغا قارشى ھەرىكەتكە ئاتلاندى.“ دېيىلگەن ئىدى. شۇ كۈنى بايرۇتتا ۋاگنېرنى خاتىرلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىۋاتقان ھىتلېر، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەسلىۋىدە قىلچە ھەيران بولمىغاندەك ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ يۈرىدۇ. چۈشتىن كېيىن بولغىنىدا، ئۇ قوزغىلاڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئەكس تەسىردىن ئەنسىرەشكە باشلايدۇ. مۇسسولىنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن، شۇڭا ئۇ كېلىپ ئالاھىدە قوشۇننى ئىشقا سېلىپ ھەربى مۇداخىلە يۈرگۈزۈپ قېلىشى مۇمكىنمىدۇ؟ (ئەسلىدە مۇسسولىنى بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ غەزەپلىنىشىغا ھىتلېرنىڭ گېپىدە تۇرماسلىقىلا سەۋەب بولغان بولماستىن، ئۆزىنىڭ باشقا شەخسى سەۋەبلىرىمۇ بار ئىدى. يەنى دولفۇسنىڭ ئايالى بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە مۇسسولىنىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىۋاتقان، دولفۇسنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئاچچىق خەۋەرنى ئۇنىڭ ئايالىغىمۇ مۇسسولىنى يەتكۈزۈشكە مەجبۇر قالغان ئىدى.) شۇ كۈنى ئاخشىمى، ھىتلېر بىلەن ۋاگنېرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىرلىكتە ئۆزىگە تەۋە لوژدا بىرلىكتە كۆرۈنىدۇ. ئۇلار بىرلىكتە «رېيىن دەرياسى ئالتۇنلىرى» دېگەن سەھنە ئەسەرنى كۆرىدۇ. ئەمما ھىتلېر بۇ ئويۇننى بېرىلىپ كۆرەلىدىمۇ، بىر نېمە دېمەك تەس. چۈنكى مېھمانخانا زالىغا كىرىۋېلىپ تېلېفون ئاڭلاۋاتقان شاۋۇب ياكى برۇكنېر پات-پاتلا كېلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ئاخبارات مەزمونىدىن مەلۇمات بېرىپ تۇراتتى. ئارىدا بىر قېتىملىق مەلۇماتتىن ئۇ بەكلا خاتىرجەم بولالماي قالىدۇ: ئۇ مەلۇماتتا، مۇسسولىنى چېگرا بويىغا پىيادە

قىسملار بىلەن ئايروپىلانلارنى يۆتكەپ كېلىپ، ئاۋسترىيىگە ياردەم بېرىش ۋەدىسىنى ئىپلان قىلغانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى. سەھنىدە پەردە ئاستا-ئاستا چۈشۈۋاتقان ۋاقىتلاردا ۋەزىيەت ئەھۋالى تېخىمۇ ئېنىق ھالغا كەلگەن ئىدى: ۋېيىننا قورغىنلىقى مەغلۇپ بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئىدى. ھىتلېر ۋاگنېرلار ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن ۋاقىتلاردا بولسا، ياش فرېدېلىند ئۇنىڭ ئەنسىرەپ جىم ئولتۇرالمايلا قالغانلىقىنى سەزگەن بولۇپ، گەپلىرىمۇ بىر-بىرىگە ماسلاشماي قالغانلىقىنى سېزىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسى مەقسىدى گويا يېقىن ئەتراپىتىكى سەنئەتچىلەر رېستورانتىغا كىتىپ ئۇ يەردىكى داڭلىق ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىش ئارقىلىق ئاۋستىرالىيىدىكى ناتسىستلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن مىنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتىم يوق، دېگەن تەسىراتنى بەرمەكچى بولغاندەكلا قىلاتتى.

شۇ كۈنى كېچىدە، بېرلىندىن باش مىنىستىر دولفۇسنىڭ چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دا ئۆلگەنلىكىنى، ئەمما توپىلاڭچىلارنىڭ بېسىقتۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر كېلىدۇ. ھىتلېر دەرھال ۋىلھېلم كوچىسىغا تېلېفون قىلىپ دۆلەت ئىشلار كاتىپى بۈلوۋدىن تەپسىلى ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىلىدۇ. بۈلوۋ ئۇنىڭغا گېرمانىيىنىڭ ئاۋسترىيىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى رېيىت قولغا ئېلىنغان قاتىلنى ساق-سالامەت گېرمانىيە چېگرا بويىغا قايتۇرۇپ كېلىۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ سۆھبەت ئۆتكۈزىۋاتقانلىقى ئېيتقىنىدا، ھىتلېر ۋارقىراپ كېتىدۇ: رېيىت نىمە ئۈچۈن كېلىشتۈرگۈچىلىك رولىنى ئويناش ئىشىغا كىرىشىدىكەن، بۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭ نىمە مۇناسىۋىتى بار؟ ئاخشىمى سائەت 11 دا، فۈھرېر يەنە بىر قېتىم بۈلوۋغا تېلېفون قىلىپ، قولغا ئېلىنغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەپسىلى ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىدۇ.354 ”ئىمپېرىيە باش مىنىستىرىم، _ دەپ جاۋاب بېرىدۇ بۈلوۋ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئەسلەتمە ھۆججىتىدە يېزىلىشىچە، _ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلماقچى بولغان سۈيىقەستچى نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنى قايسى بىر يىغىۋېلىش لاگېرىغا ئاپىرىپ قاماپ قويغان“ دەيدۇ.

ھىتلېر ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاچقا، ئامالسىز پاپېندىن ياردەم سوراپ (تېخى يېقىندىلا ئۇنىڭ ئۆيىدە ئادەم تۇتۇپ ئۇنى ئېغىر شەرمەندە قىلىۋەتكەن ئىدى)، ئۇنىڭدىن رېيىتنىڭ ئورنىغا دەرھال باشقا بىرسىنى قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بۇنىڭغا پاپېن قوشۇلمايدۇ. ھىتلېر بولسا پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك نامىدا ئۇنىڭغا: سەنمۇ ھېچ بولمىغاندا بۇ ئىش ھەققىدە ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل سۆزلىشەلىشىڭ مۇمكىنغۇ؟ دەپ يالۋۇرىدۇ. نىمە ئۈچۈن مېنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانىمغا ئولتۇرۇپ بايرۇتقا ئۇچمايسەن؟ پاپېن فۈھرېرنىڭ قايتا-قايتا چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىشىغا تەڭ كېلەلمەي، ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن ئوغلى بىلەن بىرلىكتە تېمپېلخوف ئايرودرومىدىن ئۇچىدۇ. جەنۇبقا قاراپ

ئۇچىۋاتقىنىدا پاپىنىڭ كۆڭلى بەكلا پەرىشان ئىدى. نېمە ئۈچۈن ھىتلېر شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئارىسىدىن يالغۇز ئۆزىنىلا تاللىۋالىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى بۇرۇن ئاۋستىرىيە يەر ئاستى ناتسىستلار تېررورلۇق ھەرىكىتىگە قارشى چىققىنى ئۈچۈنلىمىدۇ ياكى دولفۇس بىلەن شەخسى مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقى ئۈچۈنمىدۇ؟ ئۇ ئاۋستىرىيىگە يېتىپ بارغاندا فۈھرېرنىڭ "تىت-تىت بولۇپ ھېستېرىيىلىك ئانورماللىق ھالەتكە كېلىپ قالغان، ئاۋستىرىيە ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ كالۋا، قاراملىقىنى تىنماي ئەيىپلەپ كەتكەن، شۇڭا ئۇنىمۇ بۇنداق قورقۇنۇشلۇق بىر ۋەزىيەت ئىچىگە سۆرەپ كىرگەن" لىكىنى ھېس قىلىدۇ. دەسلىۋىدە ھىتلېر پاپېننىڭ قويغان شەرتلىرىنى رەت قىلىپ تۇرىۋالغان ئىدى: ھىتلېر ئىۋەرتكەن ئادىمىنىڭ ئاۋستىرىيە ناتسىستلار پارتىيىسىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىدىگە تەيىنلىنىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغان ئىدى. ئەمما پاپېن "ئۇنىڭ بىلەن مەن ئىككىمىزدىن كىمنى تاللىماقچىسىز؟" دەپ سورىغىنىدا ھىتلېر ئۇنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بولغان. شۇندىن كېيىنلا پاپېن بۇ ئىشنى قوبۇل قىلغان ئىدى. ئۇ كۈتۈۋېلىش زالىدا كونا دوستى خىجالمار شاختنى يولۇقتۇرىدۇ. بۇ كىشى ئىمپېرىيە بانكىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، فۈھرېر بىلەن كۆرۈشىدىغان بولۇپ كۈتىۋاتقان ئىدى. ئۇمۇ مۇھىم بىر ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولۇپ، ئىقتىسادىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولۇش ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. شاخت ئىمپېرىيىنىڭ تەرەققى قىلىش سۈرئىتىدىن بەكلا نارازى، بولۇپمۇ يېقىندىن بۇيانقى تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ بەكلا كېڭەيتىلىۋېتىشىدىن نارازى ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇمۇ خۇددى پاپېنغا ئوخشاش ھىتلېر تەرىپىدىن قايىل قىلىنغان ئىدى. ئۇ كېيىن بۇ ھەقتە توختالغىنىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: ئىمپېرىيىگە بىر ئۆلۈش ھەسسە قوشۇشنى دەپ بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "ئىچىدە تۇرۇپ تاشقىرىدىكىلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ كىچىككىنە بولسىمۇ بىرەر پۇرستى بارلا بولىدىكەن، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر بىر پائالىيىتىدىن پايدىلىنىپ بۇ تۈردىكى تۈزۈمنىڭ چېكىدىن ئاشقان تەرەپلىرى بىلەن ئىچىدە تۇرۇپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ھۆكۈمەت سىياسەتلىرىنىڭ توغرا يولدا مېڭىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئويلىغان" ئىدى. خۇددى پاپېنغا ئوخشاش، ۋاقتىنچە بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ تۇرۇشقا ماقۇل كەلگەنلىكىنى ئېيتقان. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ شەرتلىرىنى سۇئال قويۇش تەرىقىسىدە ئىپادىلىۋالىدۇ: " مەن بۇ ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئېلىشتىن ئاۋال يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمنى ئويلايسىز؟"

"ئىقتىسادىي ئىشلاردا، يەھۇدىيلار بۇرۇنقىدەك ئۆز ئىشىنى قىلىۋەرسۇن" دەيدۇ ۋەزىيەتكە ماسلىشىشقا ماھىر ھىتلېر.

دىپلوماتىيە ساھەسىدە پاپىنەك بىرسىنىڭ ياردىمى بولغانلىقى، ھەربىي تەييارلىقلار جەھەتتە بولسا شاخت تەك مۇشۇنداق بىر قابىلىيەتلىك بىرسىنىڭ ياردىمى بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ھىتلېر دولفۇسنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن كېلىپ چىققان چەتئەل تەنقىدىدەك قىيىن ئۆتكەلدىنمۇ تىنچ-ئامان ئۆتۈۋالالايدىغانلىقىنى ئويلايتتى. بۇ ئىشتا ئەڭ قاتتىق ھۇجۇم مۇسسولىنىدىن كەلمەكتە ئىدى. مۇسسولىن ئاۋستىرىيە مۇئاۋىن باش مىنىستىرى شاھزادە ئېرنىست رۈدىگېر ۋون ستارھېمبېرگقا تېلېگرامما يوللاپ ئىتالىيە ئاۋستىرىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئۆزى بىۋاستە ۋىيېنناغا بېرىپ بۇ تۈر ھېسسىياتىنى يۈزتۈرانە ئىپادىلەيدۇ. "ئەگەر بۇ قاتىل ۋە بەچچىۋازلار دۆلىتى ياۋروپانى ئاياق ئاستى قىلغىدەكلا بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، پۈتكۈل ياۋروپادا مەدەنىيەتمۇ تۈگەشكەن بولىدۇ" دەيدۇ ستارھېمبېرگقا. كېيىنىدىنلا ئۇ يەنە ھىتلېرنى ۋىيېننا توپىلىڭىدا كۆشكۈرتكۈچىلىك قىلدى دەپ ھۇجۇم قىلىدۇ. ستارھېمبېرگنىڭ دېيىشىچە ئاساسلانغاندا، مۇسسولىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىدىن ھەتتا كۆز قارچۇغىمۇ ئويناپ كەتكەن. "ھىتلېر، دولفۇسقا سۇيىقەست قىلغان قاتىلنىڭ نەق ئۆزى. 355 ئۇ بىر جىنايەتچى، بۇ ئىشتىكى مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى شەرت." ئۇ يەنە ھىتلېرنى "ۋەھشى جىنسىي چۈشكۈنلەشكۈچى، خەتەرلىك ئاخماق" دەيدۇ؛ ناتسىستچىلىق بولسا "قېدىمقى نېمىس قەبىلىلىرىنىڭ ئىپتىدائى ئورمانلىقىدىكى رىمنىڭ لاتىن مەدەنىيىتىگە قارشى كۆرەش قىلىدىغان بىر ئىنقىلاپ،" ئۇنى ھەرگىزمۇ فاشىزىم بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ، دەيدۇ. "ئەلۋەتتىكى تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتە مەلۇم ئوخشاشلىقلارغىمۇ ئىگە. بۇ ئىككىلا ئەقىدە دىكتاتۇرلۇق ھاكىمىيەت تۈزۈمى، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىئالىزم شەكلىنى ئالغان. ھەر ئىككىلا تۈزۈم لىبېرالىزمغا قارشى. شۇنداقتىمۇ، فاشىزم ھاكىمىيىتى ئىتالىيە خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ئىچىدە ئىنتايىن مۇستەھكەم ئاساسلارغا ئىگە. فاشىزم شەخسنىڭ ھوقۇقىنى، دىنىي ۋە ئائىلىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئەمما مىللىي سوتسىئالىزمچىلىق بولسا ۋەھشىي ياۋايىلىق ھەرىكىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ ياۋايىلار قەبىلىسى بىلەن ئوخشاش بىر مال بولۇپ، شەخسىي ھوقۇقنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، قەبىلە باشلىقىنىڭ خەلقنىڭ ئۆلۈم-كۆرۈم مەسىلىلىرىنى ئالقىنىدا تۇتۇۋالىدىغان تۈزۈمىنىڭ نەق ئۆزى. شۇڭا ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋىتى مۇقەررەر تۈردە كۆيدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاش ۋە تەھدىت سېلىشتىن باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. _ ئۇ ھاياجانلىنىپ ۋارقىراپ كېتىدۇ، _ ھىتلېرنىڭ 30-ئىيۇن كۈنىسى دۇنياغا كۆرسەتكەن ۋەھشىلەرچە، رەزىللەرچە ئويۇنىغان ئۇيۇنغا، دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر دۆلەت يول قويالمايدىغان بىر رەزىللىك.

بۇنداق رەزىللىككە پەقەتلا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە تەييار تۇرغان بىر ئۇچۇم ئىپتىدائى نىمسلارلا يول قويۇشى مۇمكىن!" ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: دولفۇسنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى بەلكىم بىر ھېساباتا ياخشى بولدى. ھەر قايسى زومىگەر دۆلەتلەر بەلكىم گېرمانىيىنىڭ خەتەرلىك بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلىشى، شۇ ئارقىلىق ھىتلېرغا قارشى بۈيۈك ئىتتىپاق تۈزەلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرلىك سەپ تۈزۈش بىردىن-بىر چارە. "ھىتلېر كەلگۈسىدە گېرمانىيىنى قۇراللاندۇرۇشى ھەمدە ئۇرۇش قوزغىشى مۇمكىن. يەنى بۇ ئىشلار ئىككى-ئۈچ يىلغا قالماي ئوتتۇرغا چىقىشى مۇمكىن. مەن يالغۇز بېشىمغا ھىتلېرغا تەڭ كېلەلمەيمەن. شۇڭا بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشىمىز، تېزىراق تۈتۈش قىلىشىمىز شەرت."

مۇسسولىنىنىڭ ھىتلېر ۋە گېرمانىيىگە بولغان ئۆچلىكى شۇ دەرىجىگە يېتىپ يەتكەنكى، ھەتتا بۇنى ئاشكارە سورۇنلاردىمۇ ئىپادىلىيەلىگىدەك ھالغا كەلگەن ئىدى. "ئالپس تاغلىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى بەزى دوگما قاراشلارغا باھا بېرىشىمىز ئۈچۈن بىزنىڭ ئۈچ مىڭ يىللىق تارىخىمىز بىزگە پەۋقۇلئاددە ئۈستۈن ھوقۇقلارنى ئاتا قىلماقتا. بۇ دوگمىلار كايسار، ۋىرگىل ۋە ئاۋگۇستوسلار رىمنىڭ روناق تاپقان دەۋرلەردە ئۇلارغا ئۆگۈتۈلگەنمۇ ياكى پۈتۈنلەي قارا ساۋات خەلقنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرى تەرىپىدىن ئۇلارغا ئۆگۈتۈلگەنمۇ." مۇسسولىن بۇ سۆزلەرنى بەشىنچى نۆۋەتلىك ئاق دېڭىز خەلقئارا يارمەنكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا بىر تانكىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قىلغان. مەسىلەن نېمىس خەلقىنى تەسۋىرلەشتە ئىشلىتىلگەن "بەچچىۋاز"، "سۈيىقەستچى قاتىل" قاتارىدىكى سۆزلەرمۇ ئىتالىيە مەتبۇئاتلىرىدا پات-پاتلا كۆرۈلىدىغان بولدى.

7

تازىلاشتىن كېيىن چىققان قاتتىق ئۈركۈش، كەينىدىنلا شۇنىڭغا ئوخشاش تېز ئوتتۇرغا چىققان دولفۇسنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسى قاتارلىقلار ھىندېنبۇرگنىڭ سالامەتلىكىگە قاتتىق تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى يېقىتىپلا قويدۇ. ئۇنىڭ ياتقان كارىۋىتى ئادەتتىكىچىلا بىر سىم كارىۋات بولۇپ، مەن دېگەن بىر ئەسكەر، ئىزچىل تۆردە قاتتىلما كارىۋاتتا يېتىپ ئادەتلەنگەن بىرسىمەن، دەپ راھەت بىر لۆم-لۆم كارىۋاتتا ياتقۇزۇلۇشقا زادىلا ئۇنىمايدۇ. توڭلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ ئەسكەرلەر تون كەيمەيدۇ دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە قېلىن پەلتودىن بىرنى سېتىۋېلىپ كىيىشكىمۇ ئۇنىمايدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇنداق نەرسىلەرگە خەجلەيدىغان پۇلىمۇ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلۈم بوسۇغىسىغا كېلىپ

قالغان بىرسى ئىدى.

فوھرېر، ھىندېنبۇرگنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ تېزلىكتە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان كۈنلەردىمۇ بايرۇتتا تۇرىۋېرىدۇ. ئۇ 1-ئاۋغۇست كۈنى نېۋدېك قا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەمرا بولۇپ كەلگەنلەردىن پەقەت ئىككى نەپەر جامائەت مۇناسىۋەتلەر مۇتەخەسسىسلا بار دېيىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ھەمرالىرى قېرى مەرت تەرىپىدىنمۇ قىزغىن كۈتىۋېلىنمايدۇ. ئوسكار ۋون ھىندېنبۇرگ فوھرېرنى پرېزدېنت ياتقان ئۆيگە باشلاپ كىرىدۇ. "دادا، _ دەيدۇ ئوسكار، _ ئىمپېرىيە باش مىنىستىرى سىزنى يوقلاپ كەپتۇ." كارىۋاتتا ياتقان ھىندېنبۇرگ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ئۈن چىقارمايدۇ. ئوسكار گېپىنى قايتا تەكرارلايدۇ. مارشال كۆزىنىمۇ ئاچماي "نېمىشكە بالدۇرراق كەلمىدىڭ؟" دەيدۇ.

"پرېزدېنتىمىز نېمە دېمەكچى؟" ھىتلېر پىچىرلاپ ئوسكاردىن سورايدۇ.

"ئىمپېرىيە باش مىنىستىرى ئاران بۈگۈن ۋاقىت ئاجرىتالىغان ئىكەن." دەيدۇ ئوسكار دادىسىغا. ھىندېنبۇرگ غىڭشىغان ھالدا "ھە، شۇنداقمۇ، ئۇقتۇم" دەيدۇ. بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن ئوسكار "ئاتا، ئىمپېرىيە باش مىنىستىرىنىڭ سەن بىلەن مۇزاكىرىلەشمەكچى بولغان بىرقانچە ئىشى بار ئىكەن" دەيدۇ.

بۇ قېتىم بوۋاي تۇيۇقسىز كۆزلىرىنى ئېچىپ ھىتلېرغا تىكىلىدۇ. ئاندىن كۆزىنى قايتا يۇمۇپ گەپمۇ قىلمايدۇ. بەلكىم پرېزدېنت، ئىمپېرىيە باش مىنىستىرى دېگەننى ئاڭلاپ مېنىڭ پاپېنىم كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك؟

ھىتلېر پرېزدېنتنىڭ ئۆيىدىن چىققىنىدا "لېۋىنى چىڭ چىشلىۋالغان" بولۇپ، كۆرگەن ئەھۋاللار توغرىلىق ھېچ كىمگە بىر نېمە دېگىسى يوق ئىدى. شۇ ئاخشىمى، ئۇ ھەمرالىرى بىلەن بىرلىكتە فىنكېنستېيىن قورۇقىغا چۈشۈپ قونىدۇ. بۇ يەر ناپالىئون بىلەن گراف خانىمى ۋالېۋسكا شېرىن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزگەن يەرئىدى. ساھىپخان ھىتلېرنى "كىچىك مىلادشىي سېرژانت" كارىۋىتىدا يېتىشنى مەسلىھەت قىلغان بولسىمۇ، ھىتلېر بۇ شەرەپنى كەسكىن رەت قىلىدۇ.

ئەتىسى، ھىندېنبۇرگ تېخى ھايات تۇرىۋاتقانلىقىغا قارىماي ھىتلېر ئىچكى كابىنتتا پرېزدېنت ئىشخانىسى بىلەن باش مىنىستىر ئىشخانىسىنى بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە قانۇن ماقۇللىتىدۇ. بۇ قانۇن لايىھىسىگە ھەممە بىردەك قوللاپ ئاۋاز بېرىدۇ؛ پاپېن يىغىندا بولمىغاچقا، ئۇنىڭ نامىدا باشقا بىرسى ۋاكالىتەن قول قويىدۇ. بۇ تەدبىر ھىندېنبۇرگ ۋاپات بولغان كۈنىسى كۈچكە ئىگە قىلىپ بەلگىلىنىدۇ – ئەسلىدە ھىندېنبۇرگ شۇندىن بىر قانچە مىنۇت ئاۋۋاللا ۋاپات بولغان ئىدى. بوۋاي ساكرات ئۈستىدە ياتقىنىدا ئاغزىدىن

چىققان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز گېپى: "ئاھ كايسېرىم، ... ئاھ ۋەتىنىم!" بولدى. ئۇ ھېلىقى سىم كارىۋاتتا «ئىنجىل» نى چىڭ قامىلىغىنىچە بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

ھىتلېر بۇ قېتىمقى تىنچ سىياسىي ئۆزگىرىشكە رەھمەت ئېيتىشى كېرەك: ئۇ ئەندى گېرمانىيە فۇھرېرى ۋە ئىمپېرىيە باش مىنىستىرى دېگەن قوش تاجغا ئېرىشكەن ئىدى. بۇ دېگەنلىك، ئۇ ئەندى ئۈچ خىل ئارمىيىنىڭ ئالى قوماندانى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىشى گېنېرال ۋون بلومبېرگ بىلەن ئۈچ خىل ئارمىيە باش قوماندانلىرى بىلەن كۆرۈشۈش بولدى. "بىز ئۇنىڭ كىتابخانىسىغا يىغىلدۇق. - دەيدۇ دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى ئېرىك رايدېر كېيىنكى ۋاقىتلاردا گۇۋاھلىقتىن ئۆتكىنىدە، _ ھىتلېر بىزنى ئۈستەل يېنىغا چاقىرىپ، تارتىنماڭلار، ياسالمىلىق قىلىشىڭلارنىڭمۇ ھاجىتى يوق، دېدى. بىز ئۇنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلدۇق. ئۇ ئۈچ خىل ئارمىيە ئالىي قوماندانى ۋە دۆلەت فۇھرېرى سالاھىيتى بىلەن بىزگە قەسەم سۆزىنى ئوقۇدى. بىز ئۇنى جۈملىمۇ جۈملە تەكرارلاپ قەسەم قىلىشتۇق."

بۇ تۆت كىشىنىڭ ئوقۇغان قەسەم سۆزى مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى: "مەن تەڭرى ئالدىدا شۇنداق دەپ قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئىمپېرىيە فۇھرېرى ۋە قۇراللىق كۈچلەر ئالىي قوماندانى ئادولف ھىتلېر ۋە ئىمپېرىيە خەلقىگە شەرتسىز بوي سۇنىمەن. مەن بىر جەسسۇر ئەسكەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆلگىچە قەسىمىمدىن يانمايمەن دەپ قەسەم بېرىمەن." بۇ قەسەم ھەقىقەتەنمۇ بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قەسەم ئىدى. بۇرۇنقى قەسەملەر پەقەت ئاساسىي قانۇن ۋە پرېزىدېنتقىلا سادىق بولىدىغانلىق ھەققىدە قەسەم بېرىلەتتى. بۇنداق مەلۇم بىرسىنىڭ ئىسىم-فامىلىسىنى ئاتاپ تۇرۇپ قەسەم بېرىش، فۇھرېر بىلەن ھەر بىر دېڭىز، قۇرۇغلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيىسى ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا شەخسى مۇناسىۋەت تىكلىنىشىنى كۆرسىتەتتى. شۇنىڭغا قارىماي ھېچ بىر ئوفىتسېر بۇ قەسەم تېكىستىگە قارىتا بىرەر-يېرىم ئېغىز نارازىلىق بىلدۈرمىدى ياكى بۇنداق ھېچ بىر يەردە كۆرۈلۈپ باقمىغان سۆزلەر بىلەن قەسەم قىلىشقا ھېچ كىم نېمە ئۈچۈن دەپ سوئال قويۇپ باقمىدى. بۇ ئىش تاماملىنىشتىن بۇرۇن ئۈچ خىل ئارمىيە كوماندىر-جەڭچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق شەخسكە ساداقەتنى بىلدۈرۈش قەسىمى قىلىشىدۇ.

ھىندېنبۇرگنىڭ دەپنە مۇراسىمىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى 6-ئاۋغۇست كۈنى كرول تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. خەلق ھىندېنبۇرگنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈشۈپ كۆلرەڭ، قوڭۇر رەڭلىك ۋە قارا راڭلىك ئۇنىفورما كىيىشكەن ئېس-ئاچلار بىلەن ئېس-ئېسلار قىسمىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدۇ. بۇ پىكىر ئىختىلاپى بولغان قوشۇنلار فۇھرېرغا ساداقەت بىلدۈرىدىغان ئوخشاش قەسەم ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىدۇ. ماتەم مۇراسىمىدا گۆتتېردامېرۇڭ ماتەم

مۇزىكىسى چېلىنىدۇ. بۇنداق مۇزىكىنىڭ چېلىنىشى ھەقىقەتەنمۇ سىمووۇل خاراكتېرلىك بىر ئىش ئىدى.

ئەتىسى چۈشتە ھىندېنبۇرگ يەرلىككە قويۇلىدۇ. مېيىتى ھىندېنبۇرگنىڭ ۋەسىيەت قىلغىنىدەك نېۋدېكقا كۆمۈلمەيدۇ. ھىتلېرنىڭ چىك تۇرىۋېلىشى نەتىجىسىدە مارشال ئەڭ چوڭ غالىبىيەت قازانغان تاننېنبېرگقا دەپنە قىلىنىدۇ. ھىندېنبۇرگنىڭ مېيىتى ئەرۋاھلار سۈپىتى ئۈستىگە - ئۇرۇش خاتىرە مۇنارىسىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدۇ. بۇ بىر ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۈستىدە 8 تال تۆت قىرلىق 60 چارەك ئېگىزلىكىدە مۇنار تىكلەنگەن، بۇ مۇنارلارنىڭ ئۈستىدە بىردىن مەشئەل تىكلەكلىك ئىدى. بۇ ئانت باش ئەلچى فرانچويس-پونسېتقا ئىختىيارسىز ھالدا تيۈتون رىتسارلىرى تەرىپىدىن تىكلەنگەن شەھەر قەلئەسىنى ئەسلىتىدۇ.

ھىتلېر چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ تاۋۇتنى ئۇزىتىدۇ. ئۇ مىكرافون ئالدىغا كەلگەندىلا ئاندىن قايسى كونۋېينىڭ بىرسى نۇتۇق ئورگىنالىنى ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقنى پەرق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىكرافون ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ قالىدىغان بەكلا پەرىشان ھالەت يۈز بېرىدۇ. نېمىشكە كۆتۈپ تۇرۇشى ھەققىدە ياۋروپانىڭ ھەر قايسى رادىئو ئاڭلىغۇچىلىرى پەقەتلا چۈشىنەلمەي قالغانلىقى ئېنىق. ئەمما ھىتلېر تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، دەرھال ئارگىنالسىز بىر تەزىيە نۇتقى سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ نۇتقىنى مۇخپىر لوچنېر مەن ئاڭلىغان ھىتلېرنىڭ ئەڭ ئاددى نۇتۇقلىرىدىن بىرى دەپ باھالايدۇ. ھىتلېر نۇتقىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ھىندېنبۇرگنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ۋە سىياسىي جەھەتتە قولغان كەلگەن نەتىجىلىرىنى ئالاھىدە ماختاپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ نۇتۇقتا ئىشلەتكەن سۆزلىرى لوتېرانىنىڭ ئۆلچەملىك ئورتودوكس تەرەپتارلىرىغا ماس كېلىدىغان بولماستىن بەلكى ۋاگنېر مورتلىرىنىڭ قەھرىمانلىقلىرىغا ماس كېلەتتى: "بۈگۈن سىزنى قەھرىمانلار ماكانىغا يوللايمىز!"

ماتەم مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھىتلېر ھىندېنبۇرگنىڭ قىزلىرىنىڭ قولىنى سىقىپ چىقىدۇ. سۇرلۇك دەپنە مۇراسىمىنىڭ _ ئەگەر بۇ داغ-دۇغىلار بىر پۇرسەتپەرەسلىك ئۇچۇنلا ئورۇنلاشتۇرۇلمىغانلا بولسا _ تۆرتكىسى ئاستىدا، گېنېرال ۋون بلومبېرگ ھاياجانلانغان ھالدا، بۇندىن كېيىن ئۈچ ئارمىيە ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى ھىتلېر بىلەن سۆزلەشكىنىدە ئادەتتىكىدەك "ھىتلېر ئەپەندى" دەپ ئاتىماي "فۇھرېرىم" دېيىلى دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ. ھىتلېر بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ بولۇپ بېرلىنغا قايتىدۇ. بېرلىندا، ھوقۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېلىش ئۈچۈن پاپېنغا تېلېفون قىلىپ، بوۋاي بىرەر سىياسىي ۋەسىيەت قالدۇرۇپ-قالدۇرمىغانلىقى سۈرۈشتە قىلىدۇ. پاپېن، كىچىك

ھىندېنبۇرگدىن سوراپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھىتلېر پاپېنغا: "ئەگەر بۇنداق بىر ھۆججەتنى دەرھال ماڭا تاپشۇرالىسىڭىز، سىزگە چەكسىز مىننەتدار بولاتتىم" دەپ تەكەللۇپ كۆرسەتتى. پاپېنمۇ دەرھال يېقىن كاتىبلىرىدىن بىرىنى نېۋدېكقا ئەۋەتتى. كاتىپ پاپېنغا پېچەتلەنگەن ئىككى پارچە خەت كەلتۈردى. پاپېنمۇ بۇ خەتلەرنى شۇ ھامان ھىتلېرغا يەتكۈزۈپ بەردى. پاپېن، بۇ خەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن چوقۇم ھىتلېر كۆڭۈلسىز بولىدۇ دەپ ئويلايتتى. ھىتلېرمۇ سوغۇق بىر قىياپەتتە، "بۇ ئىككى پارچە خەت مەرھۇم پرېزدېنتىمىزنىڭ ماڭا يازغان شەخسىي خېتى ئىكەن. ئۇنى ئېلان قىلىش-قىلماسلىق، ئېلان قىلىشقا توغرا كەلسە قاچان ئېلان قىلىش ئىشىنى ئۆزەم كېيىن ئويلىشىمەن" دەيدۇ. نەتىجىدە ئوتتۇرلۇقتا ھىتلېر بۇ ئىككى پارچە خەتنى مەقسەتلىك تۈردە باستۇرۇپ قويىدى، دەيدىغان سۆز-چۆچەك تارقىلىشقا باشلايدۇ. چەتئەللىك مۇخبىرلار بۇ ھەقتە پۈتۈن شەھەردە داۋراڭ قىلىشقا باشلىغىنىدىن كېيىن خانىفستايىنگل ئامالسىز بۇ ئىشنى چاي ۋاقتىدا ھىتلېرغا ئېيتىدۇ. "سەن شۇ چەتئەللىك مۇخبىرلىرىڭغا دەپ قوي، بىز ئۇ خەتلەرنى رەسمىي تۈردە ئېلان قىلغانغىچە كۈتۈپ تۇرسۇن. _ دەيدۇ ھىتلېر ئۇنىڭ گېپىگە رەددىيە بېرىپ، _ ئۇلاردەك يالغان گەپ تارقاتقۇچىلارنىڭ دېگەنلىرىگە پەرۋايىم پەلەك."

15-ئاۋغۇست كۈنىسى، بۇ ۋەسىيەتنامىنى ئاخىرى ئېلان قىلىدۇ. ۋەسىيەتنامىدا ھىتلېر ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى مەدھىلىنىش بىلەن بىرگە، ئارمىيەنى يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ "سىموۋۇلى، تەۋرەنمەس ھىمايىچىسى" بولۇشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى تەكىتلەنگەن. پايتەختتىكى بىر قىسىم كىشىلەر بۇ ھۆججەت ھىندېنبۇرگنىڭ ئەسلىمىلىرى ئىچىدىن تاللاپ ۋە ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇپ چىقىرىلغان ھۆججەت، بۇ ئىشتا ئوسكار ۋون ھىندېنبۇرگ ۋە دادىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن مېيسنېر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ تەييارلاشقانلىقىنى كۆرسەتتى. كېيىن، ئوسكار رادىئو ئارقىلىق پۈتۈن گېرمانىيىگە رادىئو نۇتقى سۆزلەيدۇ. ئۇ نۇتقىدا، دادىسىنىڭ ئەزەلدىن ھىتلېرنى ھىمايە قىلىپ كەلگەنلىكىنى ھەققىدە قەسەم قىلىدۇ.358 ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى بىر ھېسابتا تارقىلىپ يۈرگەن گەپ-سۆزلەرنى راست ئوخشايدۇ دەيدىغان گۇمانغىمۇ كەلتۈرۈپ قويىدۇ. گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسىلا بىر مازاق قىلىش بولسىمۇ، ئوسكار بۇ مەسىلىدە راستىنلا يالغان گەپ قىلمىغان ئىدى. ھىندېنبۇرگ ھەقىقەتەنمۇ ھىتلېر ھاكىمىيىتىنىڭ قىسمەن تەرەپلىرىنى ياقتۇرمىغاندەك قىلسىمۇ، بەربىر ھىتلېرنى ئۆزىنىڭ ئىز باسارى دەپ قارايتتى.

بۇ ۋاقىتتا ھىتلېر ئاللىمۇ قاچان گېرمانىيە ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ كۈچلۈك

ھىمايىسىگە ئېرىشىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوسكارنىڭ بۇنداق نۇتۇق سۆزلەپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ھەتتا "گېرمانىيە يەھۇدىيلار مەملىكەتلىك جەمىيىتى" مۇ باياناتلا ئېلان قىلىپ ھىتلېرنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بولغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، 19-ئاۋغۇست كۈنىسى، ئاساسان 90 پىرسەنت گېرمان ئەركىن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق ئادولف ھىتلېرنى ھىندېنبۇرگنىڭ ئىز باسارى دەپ تونۇپ بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەنلىكى، ھىتلېرنىڭ پراگراممىسى بىلەن ئۇنىڭ رەھبەرلىكىنىمۇ تەستىقلىغىنى بولۇپ، ھىتلېرنى مۇستەبىتلىككە قاراپ يەنىمۇ ئىلگىرلىشىگە تۈرتكە بولۇپ بېرىدۇ.

# 13. ئىرادىنىڭ غەلىبىسى

## 1935~1934

1

ھىتلېر، ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىش سايلىمىدا غالىب چىققاندىن كېيىن تا ياز ئاياغلاشقان كۈنلەرگىچە بىرچېتىسگادىنغا بېكىنىۋېلىپ دەم ئالدۇ. ئۇ بەكلا ياخشى كۆرىدىغان يوقۇرى سالزبۇرگتا دائىم سىرتلاردا سەيلى قىلىپ ئايلىنىپ سائەتلەپ مېڭىپ يۈرەتتى. شۇنىڭدەك يەنە كېتىۋاتقان يەرلىردە كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ كېتەتتى. بۇ تۈردىكى دەم ئېلىش ئۇسۇلى ھىتلېرنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۇسۇللىرىدىن بىرى ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنە پات يېقىندا نيۇرېمبېرگدا ئۆتكۈزۈلىدىغان پارتىيىنىڭ تۈغۈلغان كۈنىنى خاتىرلەش مۇراسىمى ئۈچۈنمۇ ئالدىن تەييارلىققا كىرىشىدۇ. چۈنكى بۇ قېتىمقى مۇراسىم يىغىنى رۆم ۋەقەسىدە تازىلاش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاچچىق خاتىرىلەر تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىنىمۇ يوق دېيىشكە بولمايتتى. بۇنداق بىر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇ بۇندىن كېيىن دائىم پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان قورقۇتۇش، ۋەدە بېرىش ۋە يارىشىش شەكلىنى ئالغان نۇتۇق سۆزلەش شەكلىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىشنى ئويلايدۇ. دۆلەتنى يەنىلا مۇقىم دېيىشكە بولمايتتى. سېپىنگلېرغا ئوخشاش مىللى سوتسىئالىزمغا ئامال يوق ماقۇل بولغان زىيالىلار ئەندىلىكتە ئۇنىڭ دۈشمىنىگە ئايلانماقتا ئىدى.

ھىتلېرنى ئەنسىرىتىپ كېلىۋاتقان يەنە بىر ئىش، چەتئەل مۇخبىرلىرى بولۇپ، ئۇلار تازىلاش ماتېرىيالغا ئېرىشىش ئۈچۈن بەكلا ئالدىراپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. ئۇلار بۇ ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈرۈشى ھامان، ھىتلېر ھاكىمىيىتىنى ئەيىپلەش ياكى ئۇنىڭ ئۆلىنى قېزىشقا ئۇرۇنىشى مۇقەررەر ئىدى. دوروتى تومپسون «خارپېر بازىرى» گېزىتىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىدۇ. "بۇنى بىر مەيدان ئىنقىلاپ دېيىشكە بولمايدۇ." مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئوبېرامېرگاۋغا كېلىپ سەھنىلەشتۈرۈلگەن بىر زىيانكەشلىككە ئۇچرۇغۇچى تېما قىلىنغان ئويۇننى كۆرگەن ئامېرىكىلىق بىر زىيارەتچى (بۇ ئەسەر، يەھۇدىيلارنى ئەيسانىڭ ئۆلۈمىگە مەسئۇل بولىشى كېرەكلىكى تەسۋىرلەنگەن بىر سەھنە ئەسىرى ئىدى. بۇ ئويۇن

1975-يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن ئۆزگەرتىلىپ مەسئۇلىيەت مەغلۇبىيەت ئەلچىسى لۇسفېرنىڭ، شەيتاننىڭ ئۇستىگە يۈكلەنگەن _ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ئۇنىڭغا قايتا-قايتا "بۇ يەردە قايتا تىرىلىش دېگىنى، ئۇلار ھىتلېرنى تەڭرى دەپ تونىغانلىقى ئىدى. بۇ گەپكە مەيلى ئىشەن، مەيلى ئىشەنمە، يېنىمدا ئولتۇرۇپ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئويۇننى كۆرۈۋاتقان بىر نېمىس ئايال، ئۇيۇننىڭ كىرىست تاختىسىغا ئەيسانى باغلاۋاتقان يېرىگە كەلگەندە 'مانا بۇ _ ھىتلېر. مانا بۇ كىشى بىزنىڭ فۇھرېرىمىز، نەقلا بىزنىڭ ھىتلېر' دېدى. ئويۇندا يەھۇدىي چوڭىغا 30 سوملۇق كۈمۈش پۇلنى بەرگەن يېرىگە كەلگەندە، يېنىمدىكى ئايال يەنە، مانا بۇ رۆمنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ داھىمىزنى ئەنە شۇ رۆم ساتتى،" دەيدۇ. تومپسوننىڭ دېگەنلىرى، باش ئەلچى دودنىڭ 23-ئاۋغۇست كۈنى كۈندىلىك خاتىرىسىدە يازغان بۇ تىياتىر ئەھۋالى تەسۋىرىگە ئاساسەن ئوخشاش ئىدى: "ئەيسا رەھىمسىز يەھۇدىي سوتى ئالدىدا سوتلىنىۋاتقىنىدا، ئۇچىسىغا رەتلىك كىيىنگەن، كۆرۈنىشمۇسۇرلۇك بىر نېمىس ماڭا: 'بۇ تەسۋىردىكى كىشى بىزنىڭ ھىتلېرىمىز' دېدى" 360 زالنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇرغان مېنىڭ يىراق بىر تۇغقىنىم ئىدا خورنىي ئويۇن تۈگىگەندە ماڭا "يەھۇدى چوڭى 30 سوملۇق كۈمۈش پۇلنى يىغىۋاتقان يېرىگە كەلگەندە يېنىمدا ئولتۇرغان بىر ئايال 'مانا بۇ رۆم' دېگەنلىكىنى تۇيۇپ قالغان ئىدىم. پەرىزىمچە، نېمىس تاماشىبىنلار ئىچىدە ھېچ بولمىغاندا يېرىمىدەك كىشى ھىتلېرنى گېرمانىيە مەسىھى دەپ قارايدىغاندەك قىلىدۇ."

پارتىيە ئىچىدە قېلىشقا مەجبۇرى بولغان بەكلا كۆپ ئېس-ئاچىلار ئارىسىدىكىلەر پۈتۈنلەي بۇنىڭ تەتۈرسىچە قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھىتلېر مەسىھكە ئەمەس بەلكى يەھۇدىي چوڭىغا بەكرەك ئوخشايدىكەن. رۆم ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ماكس جۇتنېر ھىتلېر بىلەن پات يېقىندا كېلىدىغان پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇش كۈنى خاتىرىسىنى قانداق ئۆتكۈزۈش مەسلىسىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقىنىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا مەرھۇم باشلىقىنى قاتتىق ماختاپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن ھىتلېر قاتتىق رەنجىپ، "سەن نېمىشكە ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى يەنە تىلغا ئېلىپ يۈرىسەن؟ بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار دەپ قارىيالامتىڭ؟ رۆمغىمۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ بولدى" دەيدۇ ۋارقىرىغىنىچە. بۇ گەپتىن قاتتىق ھەيران قالغان جۇتنېر ئۇنىڭ دېگىنىگە رەددىيە بېرىپ، ئەگەر راستىنلا رۆمنىڭ پەزىلىتى ناچار بولسا ئىدى، فۇھرېرىمىزمۇ ئۇنى ھەرگىز شتاپ باش قۇماندانى قىلىپ تاللىۋالماس ئىدى ھەقچان؟ دەيدۇ. ھىتلېرمۇ دەرھال پارتىيىسىنى ئۆزگەرتىپ جۇتنېر نىڭ مۆرىسىنى قاققىنىچە "راس دەيسەن، شۇنداقتىمۇ پۈتۈن بۇ جەريانلارنى سېنىڭ بىلىپ كېتەلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. رۆم بىلەن شلىيچېر ئىككىسى مېنىڭ

ئۆستۈمدىن ئىسيان قىلماقچى بولغان. شۇڭا ئۇلارنى باستۇرماي ئىلاجىم يوق ئىدى. مەن ئەسلىدە سوتقا تاپشۇرۇپ تەكشۈرۈپ چىقىشنى ئويلىغان ئىدىم، ئەمما ۋەزىيەت تەرەققىياتى مېنى ئامالسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن ئېس-ئاچىلار رەھبەرلىرى مېنىڭ پىكرىم ئېلىنماي تۇرۇپ ئېتىپ تاشلانغان. پۈتۈن دۇنيا بۇ مەسىلىنى تەشۋىق قىلىشقا كىرىشتى. بۇ ئىشتا مەسئۇلىيەت پۈتۈنلەي مېنىڭ ئۈستۈمدە.“

ھىتلېر، ئالفرېد سپېر دېگەن ياش بىرسىنى تاللاپ نيۇرېنبۇرگتا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەشەمەتلىك ئۇيۇننىڭ سەھنە نازارەتچىلىكىگە تەيىنلەيدۇ. روشەنكى، بۇ قېتىمقى كۆرسىتىلىدىغان ئويۇن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش، شۇنىڭدەك پارتىيىنى قايتىدىن ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. سپېر، زېپپېلىن تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ ۋاقىتلىق سەھنىسىنى پۈتۈنلەي سۆكۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پېرگامۇم ئىلاھىي سارىيىنىڭ مۇنبىرىدىن ئىلھام ئېلىپ ئۇزۇنلۇقى 1300 گەز، ئېگىزلىكى 80 گەز كېلىدىغان تاش پەشتاق تىكلەيدۇ. تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ ئۈستىگە قاناتلىرىنى كېرىپ تۇرغان يۈز گەز كەڭلىكتە قانات كېرىپ تۇرغان بۈركۈتنى بىرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئەتراپىنى كرېست بەلگىلىك بايراقلار بىلەن تولدۇرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ھەر 40 گەز ئارىلىققا بىردىن 25 مىڭ گەز يىراققىچە يورۇتالايدىغان جەمئىي 130 دانە پروژېكتور ئورۇنلاشتۇرماقچى بولىدۇ. ئەمما گىيۆرىڭ بۇ پروژېكتورلارنى ستراتېگىيىلىك زاپاس چىراق بولغاچقا ئۆتنە بېرىشكە ئۇنىماي تۇرىۋالىدۇ. ئەمما ھىتلېر سپېر تەرىپىدە تۇرۇپ ئېلىپ بېرىدۇ. ”ئەگەر بۇنداق بىر ئىشقا شۇنچە كۆپ پىلىجېكتىر ئىشلىتىدىغان بولساق، باشقا دۆلەتلەر بۇلاردا نېمە دېگەن كۆپ پروژېكتو بار ھە؟ دەپ ھەيران قېلىشى مۇمكىن،“ دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇنىڭ خىيال دۇنياسى ھەقىقەتەنمۇ رىيال تەشۋىقات سەۋىيىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالسۇن، شۇنىڭدەك يەنە ئېكسپورت قىلىشقىمۇ يول ئېچىلسۇن ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ، داڭلىق ئايال ئارتىس ۋە قوشۇمچە رېژىسسور لېنى رېيفېنستاھلنى خاتىرە بولالىغىدەك ھۆججەتلىك فىلىمدىن بىرنى لېنتىغا ئېلىپ چىقىشى ئۈچۈن تەكلىپ قىلىدۇ. ھىتلېر بۇ ئايالنىڭ ئەسەرلىرىگە بەكلا قىزىقاتتى. نىبولۇپىمۇ ئۇنىڭ «زەڭگەر رەڭلىك نۇر» دېگەن فىلمىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ھىتلېر بۇ رېژىسسورغا، ئەگەر 1934-يىلقى پارتىيە قۇرۇلۇش خاتىرە كۈنى ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر ھىكايە فىلىم بىلەن تەڭ ئۇزۇنلۇقتا بىر ھۆججەتلىك فىلىم لېنتىغا ئېلىپ چىقالىغىنىدا، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەر ئۈچۈن تولۇق ھەكارلىق ئورنىتالايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلىدۇ. بۇ ئايال ھىتلېردىن شۇنچە بىزار بولىشىغا قارىماي ئىلاجىسىز ماقۇللۇقنى

بىلدۈرىدۇ. ئەمما بۇ رېژىسسور ھىتلېردىن ئايرىلا-ئايرىلمايلا مەن ژورنال فىلىم ئىشلىيەلمەيمەن دەپ تۇرىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشنىڭ رېژىسسورلۇقىنى ئۆزىنىڭ ھەمكارلاشقۇچىلىرىدىن بىرىگە بېرىۋېتىپ، ئىسپانىيىگە كىنو لېنتىغا ئېلىش ئۈچۈن كېتىپ قالىدۇ. ئۇ ئىسپانىيىدىكى ئىشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگىنىدە نيۇرېنبۇرگ يىغىنىغا ئارانلا ئىككى ھەپتىدەك ۋاقىت قالغان ئىدى. ئۇ قايتىپ كەلگىنىدە ھېسسىنىڭ خېتىنى ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتىكەن. خەتتە فۇھرېر بۇ ئايالنىڭ تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى باشقا بىرسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق ھەيران بولغان ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن دەرھال كۆرۈشۈش تەلىپىدە بولغانلىقى يېزىلغان.

ھىتلېر بۇ ئىش سەۋەبىدىن ئايال رېژىسسورغا رەنجىش ئورنىغا ئۇنىڭ بۇ ئىشنى پۈتتۈرۈپ بېرىشى ئۈچۈن چىرايلىق گەپلەر بىلەن يالۋۇرىدۇ. "سىز بۇ ئىش ئۈچۈن ئۆمرىڭىزنىڭ ئارانلا 6 كۈننى سەرىپ قىلىسىز" دەيدۇ. ئەمما رېژىسسور نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئەگەر بۇ ئىشنى مونتاژ قىلىشلار بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا 6 ئايدا ئاران تۈگەتكىلى بولىدىغان ئېغىر بىر ئىش دەيدۇ. بۇ گەپتىن كېيىن ھىتلېر ئۇنىڭغا "مۇنداق دەڭ، ئەمما سىز يەنىلا بەكلا ياش كۆرۈنىسىز!" دەيدۇ.361 ئايال رېژىسسور بۇنداق بىر فىلىمنى لېنتىغا ئېلىش ئىشى ئۇنىڭغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، "مەن پارتىيە ئەزاسى ئەمەسمەن. ھەتتا ئېس-ئاچىلار بىلەن ئېس-ئېسچىلارنىمۇ بىر-بىرسىدىن ئايرىيالمايدىغان بىرىمەن" دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ.

"دەل شۇنداق بولغاچقا مەن بۇ ئىشنى سىزگە تاپشۇرغان ئىدىم. ـ دەيدۇ ھىتلېر، ـ شۇنداق بولغىنىدىلا كىشىلەر بۇ كىنودىن يېپ-يېڭى مەزمۇنلارغا ئېرىشەلەيدۇ." ھىتلېرنىڭ چېك تۇرۇپ خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە، بۇ ئايال بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بۇ 6 كۈنلۈك پىلان ئۈچۈن ئالاھىدە قىزىقىش پەيدا قىلىشنى كۆزلەپ ھەر تۈرلۈك كۆرۈنۈشلەرنى لايىھىلەپ چىقىدۇ: يەنى ئۇ بۇ فىلىم ئۈچۈن ئايروپىلان، كران، غالتەكلىك تېيىلىش ئايىقى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىشنى پىلانغا كىرگۈزىدۇ. ئۇ يەنە ئەڭ ئېگىز بايراق خادىسىغا كىچىك تىپتىكى بىر لىفىت سۇپىسىنىمۇ ئورنىتىدىغان بولىدۇ. يىغىن ئېچىلىشتىن ئاۋۋالقى بىر ھەپتە جەريانىدا ئۇ 120 كىشىلىك لېنتىغا ئېلىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 16 نەپەر لېنتىغا ئالغۇچى بار) نيۇرېنبۇرگقا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ، ھىتلېردىن ۋەدە قىلغان بارلىق ياردەملەرنى ئالىدۇ. ھەتتا شەھەردىكى ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن باشقا ئاممىۋى ئەسلىھەلەرمۇ ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بېرىلىدۇ.

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى نيۇرېنبۇرگقا قاراپ سەلدەك كەلمەكتە ئىدى. بۇ ئادەملەر

بۇندىن بىر قانچە ئاي ئاۋاللا ئەستايىدىللىق بىلەن تاللانغان ئادەملەر ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ ھەر بىرسىنىڭ مەخسۇس نومۇرى، ئولتۇرۇشى ئۈچۈن مەخسۇس بەلگىلەنگەن ئاپتوموبىل، ئالدىن بەلگىلەنگەن كوزۇپتىكى ئورنى، نيۇرېمبېرگ ئەتراپىدىكى چوڭ چېدىردا يەنە ئۇلارنىڭ يېتىشى ئۈچۈن ياتاق ئورنىمۇ بەلگىلەنگەن ئىدى. 4-سىنتەبىر كۈنى يىغىن مۇراسىمى رەسمى ئېچىلىش ۋاقتىدا، تۇمەنلىگەن پارتىيە ئەزالىرى رىپىدىس مەشىقلىرىنىمۇ پۈتتۈرۈپ بولغان ئىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى، فۇھرېر كونا شەھەرلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدە قىسقا بىر تەبرىك نۇتقى سۆزلىگەندىن كېيىن، خانفىستايىنگىل ئۆزۈن بىر نۇتۇق سۆزلەپ چەتئەللىك گېزىت-ژۇرناللاردىن ”گېرمانىيىدە يوز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزمەي يالغۇز خەۋەر بېرىش بىلەنلا مەشغۇل بولغايسىلەر“ دەپ ئۆتۈندى. ھىتلېر چۈشكەن ”گېرمان سارىيى“ نىڭ ئەتراپى ئون مىڭدەك پارتىيىلىك تەرىپىدىن يەرگە يىڭنە ئاتسا چۈشمىگىدەك لىق توشقۇزۇلغان ئىدى. ئۇلار رەتلىك شەكىلدە ”بىزگە فۇھرېر كېرەك!“ دەپ تا ھىتلېر بالكونىدا كۆرۈنگەنگىچە ۋارقىرىشىدۇ. ئۇلاردىكى چېكىدىن ئاشقان قىزغىن چىراي شەكلى ۋىللىيام ل. شىرېر (ئەينى ۋاقىتتا «دۇنياغا يۈزلىنىش» گېزىتىدا ئىشلەيدىغان) غا لۇيىزىيانا شتاتىدىكى ”مۇقەددەس سەيلى“ گە چىققانلارنىڭ چىرايىدىكى ئەسەبىلەرچە ھېسسىياتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ.

ئەتىسى سەھەردە ھىتلېر، لۇيىتپولد ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ يەردە ئۇ بىرەر ناتىققا قارىغاندا ھۆرمەتكە سازاۋەر نىشان بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇ مەيدانغا تېز قەدەملەر بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن گېۆرىڭ، گېوبېلس، ھېس، ھىملېر ۋە يەنە بىر قانچە ئادىيۇتانتمۇ بىرگە كەلمەكتە ئىدى. ئوركېستىر «بادىنۋېلېر مارشى» نى ئورۇندايدۇ. كىشىنى ئالاھىدە ھاياجانلاندۇرىدىغان «ئېگمونت» مارشىنىڭ باش قىسمى ئورۇندالغاندىن كېيىن، ھېس مۇنبەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ 1923-يىلقى قوزغىلىشتىكى قۇربانلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى بىرمۇ بىر ئوقۇپ چىقىدۇ. ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك ئاڭلىغۇچىلارغا نىسبەتەن _ تەبىئىكى چەتئەللىك مۇخبىرلاردىن باشقىلار _ بۇ ۋەقە ھەقىقەتەنمۇ ھاياجانلىق بىر سەرگۈزەشت ھېسابلىناتتى. ئەڭ مۇھىم سۆز يەرلىك ئەمەلدار ۋاگنېر تەرىپىدىن ئوقۇپ ئۆتۈلىدۇ. يەنى ئۇ ھىتلېرنىڭ بىر پارچە ئومۇمىي ئۇختۇرۇشىنى ئېلان قىلىدۇ. ۋاگنېرنىڭ ئاۋازى ھىتلېرنىڭ ئاۋازىغا بەكلا ئوخشاپ كېتىدىغان بولغاچقا، بەزى رادىئو ئاڭلىغۇچىلار ۋاگنېرنىڭ ئاۋازىنى راستىنلا ھىتلېرنىڭ ئاۋازى دەپ تونۇپ قالىدۇ. ”بۇنىڭدىن كېيىنكى مىڭ يىل ئۈچۈن گېرمانىيىنىڭ تۇرمۇش شەكلى رەسمى تۈردە قارارلاشتى دەپ قارىساق بولىدۇ. _ دەيدۇ ۋاگنېر ئۇختۇرۇشنى ئوقۇپ كېلىپ، _ بىز

ئۆچۈن ئېيتقاندا داۋالغۇشلار بىلەن تولغان 19-ئەسىر ئاخىرلاشتى دېسەك بولىدۇ. بۇندىن كېيىنكى مىڭ يىل ئىچىدە گېرمانىيىدە قايتا ئىنقىلاپ يۈز بەرمەيدۇ.“

ھىتلېرغا چوقۇنغۇچىلار توختىماي دېگىدەك ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىپ ھىتلېرنى مەس قىلىۋەتكىدەك ھالەتكە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا غەم-ئەندىشىدىن ئىبارام بولماقتا ئىدى. يەنى بايرام كۈننى تەبرىكلەشكە كەلگەن ئېس-ئاچىلار ئارىسىدا نۇرغۇن كىشلەر غەزەپ ۋە ئۈيغۇنۇش ھېسسىياتى بىلەن كەلگەن ئىدى. ئۇ مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشنى ھەتتا خەتەرلىك بىر ئەھۋالغا قېلىشنى ئويلىسىلا جىددىلىشىپ بەزىدە ئۆزىمۇ غەزەپلىنىپ كېتەتتى. بىر قېتىم، پارتىيە مەسئۇللىرى پات-پات كېلىپ تۇرىدىغان بىر رېستۇرانغا كىرىپ تاماق يەۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىزلا خانىس فرانكقا بۇرۇلۇپ سورايدۇ: ”30-ئىيۇن كۈنى سەن مىيۇنخېنىدا قول سېلىشنى كېچىكتۈرۈپ مېنى بەكلا خاپا قىلىۋەتتىڭ!“ دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا فرانك يەنە بىر قېتىم ئىستىپا بېرىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، ھىتلېر چىداشلىق بېرەلمەي ئۇنىڭ گېپىنى كېسىپ، ”نەچچە ھەپتە ئىچىدە شتات قانۇنى دېگەن بۇنداق كۈلكىلىك قانۇنغا خاتىمە بېرىلىدۇ،“362 ئىمپېرىيە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ باۋارىيە ۋە باشقا شىتاتلارنىڭ ھەممىسىنى قەتئىي بوي سۇنىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىمىز دەيدۇ. زېرىكىشلىك جىمجىتلىقتىن كېيىن ھىتلېر ئورنىدىن تۇرغىنىچە ئۇ يەردىن ئايرىلغان ئىدى.

يىغىلىش بارغانسىرى كىشىنى ھاياجانلاندۇرۇپ تۇرغاچقا، ھىتلېر قايتىدىن كۈتۈرەڭگۈ روھ ھالىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى 7-چىسلا ئاخشى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئاخشىمى، 2 يۈز مىڭ سادىق پارتىيىلىك 2 يۈز نەچچە مىڭ بايراق كۆتەرگىنىچە زېپپېلىن ستادىيومىنى لىق تولدۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى شۇنچە رەتلىك تەشكىللەنگەن ئىدىكى، خۇددى ھەربىلەردەكلا رەتلىك تىزىلغان ئىدى. سېپىرنىڭ 130 دانە كۈچلۈك پرېژوكتورنىڭ رولى مۆلچەرلىگەندىنمۇ كۈچلۈك ھەيرانلىق يارىتىۋېتىدۇ. ”تەنتەربىيە مەيدانى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتىۋېتىلگەن بولۇپ، گويا يورۇپ تۇرغان ئىنتايىن چوڭ ئاق تۈۋرۈكلەر بىلەن قورشالغان بىر زالغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. _ دەيدۇ سېپىر كېيىنكى ئەسلىمىسىدە، _ ھەيۋەتلىك نۇر تېمىدىن بەزىدە خۇددى سۈزۈك كۆزلۈك مودەنگۈلى دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگىنىدەك شالاڭ بۇلۇتلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتۈپ قالاتتى.“ كىشىنى ئۆركۈتكىدەك جىمجىتلىقتا ھىتلېرنىڭ ئاۋازى مىكروفون ئارقىلىق پۈتۈن مەيداندا ياڭراپ، ھەقىقەتەنمۇ سۈرلۈك ئۈنۈم پەيدا قىلىۋەتكەن ئىدى. ”بىز قۇدرەت تاپتۇق، بۇندىن كېيىن تېخىمۇ قۇدرەت تاپىمىز!“ دەيدۇ ھىتلېر نۇتقىدا. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ھەم بىر ۋەدە، شۇنىڭدەك بىر تەھدىت مەنىسىگىمۇ ئىگە ئىدى.

لىنى رىيفىنستاھل بىلەن سىن ئالغۇچىلار بۇ كۆرۈنۈشلەرنى 10 نەچچە تەرەپتىن لىنتىغا ئېلىۋالىدۇ. لىنتىغا ئېلىش جەريانىدا ھەممىلا ئىشقا چېپىلىشىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەر گىيوبېلسىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن فۇھرېرىدىن يوشۇرۇن بۇ ئايالنىڭ ئىشلىرىغا توسالغۇلۇق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار تىنىماي لىنتىغا ئالغۇچىلارغا دەخىل قىلىپ، ئۇلارنى ئەڭ مۇۋاپىق كۆرۈنۈش ئالغىلى بولىدىغان يەرلەرگە يېقىن يولاتمايدۇ، ھەتتا بىر قانچە يەردە لىنتىغا ئېلىش نوقتىلىرىنىمۇ سۆكۈۋېتىدۇ.

ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ ئىپس-ئاچىلار بىرەر ئىنكاس قايتۇرۇپ قىلىشى مۇمكىنلىكىدىن ئەنسىرەپ قالىدۇ. ئىككى كۈن ئۆتكەندە، 50 مىڭ نەپەر ئىپس-ئاچىلار ستادىيوم ئىچىگە يىغىلىدۇ؛ ھىتلېرمۇ بۇنداق بىر ئىشقا ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدى. "تەنتەربىيە سارىيىدىكى ۋەزىيەت ھەققەتەنمۇ جىددى كۆرۈنمەكتە ئىدى. _ دەيدۇ شىرېر كېيىنكى بىر ئەسلىمىسىدە، _ مەن، فۇھرېرنىڭمۇ نۇرغۇن ساندا ئۆز ئىپس-ئىپسلىرىنى ئالدىغا يىغىپ، ئىپس-ئاچىلار ئوتتۇرىسىغا بىر توساق قويىۋالغانلىقىغا دىققەت قىلدىم." ئۇ يەنە كۆڭلىدە بۇنچە كۆپ ئادەم ئارىسىدا بىرەرسى چىقىپ فۇھرېرنىڭ "ھەسەل مىلانغان توخماقتەك" گەپلىرى ئۈچۈن يان قورالىرىنى چىقىرىپ قالارمۇ دەپ غەمدە قالىدۇ. فۇھرېر نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا بارلىق رۇم سۆيىقەستى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىپس-ئاچىلارنى تولۇق كېچۈرۈم قىلىۋېتىدۇ.

يىغىن ھېچ قانداق بىر پەۋقۇلئاددە ۋەقە يۈز بەرمەستىن ئاخىرلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى (10-سېنتەبىر) دىكى ئەڭ ئاخىرقى كۆرسىتىشنىڭمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ئىدى. بۇ كۈننى ئارمىيە قۇرۇلۇش كۈنى قىلىپ بەلگىلىگەن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ يېڭى تىپلىق قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇلغان ماشىنىلاشقان قىسىملار كەڭ كەتكەن چىملىقتا ئىنتايىن مۇكەممەل مانېۋىر كۆرسىتىدۇ. دۇنيا ئۇرۇشىدىن بېرى گېرمانىيەدە، تۇنجى قېتىم جامائەتچىلىك ئالدىدا قۇراللىق كۈچلىرىنى نامايىش قىلماقتا ئىدى. بۇ قېتىمقى نەق مەيدان ئۇرۇش مانېۋىرىنى كۆرگەن 3 يۈز مىڭ كىشىلىك تاماشىبىن ئۆزىنى يوقاتقىچە تەنتەنە قىلىشىدۇ. شىرېر شۇ كۈنكى ئەھۋالنى كۈندىلىك خاتىرىسىدە مۇنداق ئىپادىلىگەن ئىدى: ھەربى ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىش روھى ھەرگىزمۇ خوخېنزوللېنلار جەمەتىنىڭلا مەھسۇلى ئەمەس ئىدى. "بۇ روھ بارلىق نېمىسلارنىڭ كاللىسىدا بار بىر روھ ئىدى. بۈگۈن، ئۇلارنىڭ مانېۋىر كۆرۈشى خۇددى كىچىك باللارنىڭ قوغۇشۇندا قويۇپ چىقىرىلغان ئۇيۇنچۇق ئەسكەرلەرنى تىزىپ ئويۇن ئۇينىشىغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى."

ھىتلېرمۇ خۇددى خەلق ئاممىسىغا ئوخشاش بۇ كۆڭۈل ئېچىشتىن مەس بولۇپ

كەتكەن ئىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى نۇتقىنى تاماملىغىنىدىن كېيىن، خەلق ئاممىسىنىڭ تەنتەنە ساداسى ئۇزۇنغىچە بولۇتلارنى يېرىپ كۆكتە ئەكس سادا ياڭرىتىدۇ.

ھېسىنىڭ ئاۋازى ئاخىرى ئاڭلىنىدۇ: ئۇ ناتسىستلار پارتىيىسىگە ۋاكالىتەن فۇھرېرى بىلەن خوشلىشىدۇ. "پارتىيە دېمەك — ھىتلېر دېگەنلىكتۇر. _ دەيدۇ ھېس، _ ھىتلېر دېمەك — گېرمانىيە دېمەكتۇر، گېرمانىيە دېمەك _ ھىتلېر دېمەكتۇر. ھىتلېرغا تەنتەنە قىلايلى! ياشىسۇن غالىبىيەت! ياشىسۇن غالىبىيەت! ياشىسۇن ھىتلېرنىڭ غالىبىيىتىنى!" ساراڭلاردەك تەلۋە ھالغا كەلگەن خەلق ئاممىسى رىتىملىك بىر شەكىلدە "خايىل!" دەپ توۋلىشاتتى. بۇ ۋاقىت ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان، كىشىنىڭ قېنىنى قىزدۇرىدىغان بىر ۋەزىيەت ئىدى. ئەمما ھىتلېرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ۋەزىيەت كىشىنى چاچلىرىنى تىك تۇرغۇزىۋېتىدىغان، ۋەھشى بىر ھايۋاننىڭ ھۆكىرىشىنى، غار ئىچىدى ئاڭلىنىۋاتقان قورقۇنۇشلۇق بىر چىقىرىغان ئاۋازنىلا ئەسلىتەتتى.

فۇھرېر بىلەن ئارمىيىنىڭ نىكاھلىنىشىنىڭ ئەڭ كۆركەملىك سەھنىسى بۇنىڭدىن ئارتۇق بىر مەرىكە ھالغا كېلەلمەس ئىدى. شۇنىڭدەك، ئۇمۇ يوقۇرى دەرىجىلىك گېنېراللار بىلەن يارىشىش قىياپىتىنىمۇ كۆرسەتكەن ئىدى. شۇ كۈنى ئاخشى، ئۇ چۈشكەن مېھمان ساراي ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن ھەشەمەتلىك ھەربىي پاراتتىن كېيىن، ھىتلېر گېنېراللارنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ. "سىلەرنىڭ پارتىيىمىز ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ناتوغرا نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى تەنقىتلەيدىغانلىقىڭلاردىن خەۋىرىم بار. _ دەيدۇ ئەينى ۋاقىتدا ھىتلېرنىڭ سۆزلىرىنى جۈملىمۇ-جۈملە خاتىرلىۋالغان گېنېرال ۋون ۋېيچىسىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە خاتىرلەنگەن ھىتلېرنىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، - بۇ دېگىنىڭلار يۈزدە-يۈز توغرا ئىدى، بۇنىڭغا مەنمۇ قوشۇلىمەن. ئەمما سىلەر شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىڭلار كېرەككى، كۈرەش جەريانىدا زىيالىلار تەبىقىسى مېنى قاتارغا ئالمىدى، شۇڭا، مېنىڭ بىلەن بىرگە كۈرەش قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سەۋىيىسى يوقۇرى بولمىغان كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ئىدى. مەنمۇ ئىزچىل تۈردە بۇ تۈردىكى يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى تۈزىتىشكە تىرىشىپ كەلدىم. شۇنداقتىمۇ، خۇددى يېڭى قۇراللىق قوشۇنىمىزدىكى ئوفىتسېر-گېنېراللار ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر قانچە يىل ۋاقىت سەرىپ قىلىشقا توغرا كېلىۋاتقىنىغا ئوخشاش، پارتىيىمىزدىمۇ سۈپەتلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ۋاقىت سەرىپ قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك." ئۇنىڭ دېگەنلىرى راستىنلا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. چۈنكى، ۋېيچىسىنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، "ئۇ سۆزلىرىنىڭ

ئاكلىغۇچىلارنىڭ تەلىۋىگە ماسلاشتۇرۇپ سۆزلەش جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ ماھارەتلىك بىرسى ئىدى."

ھىتلېر كېيىن يەنە ھەربىي گازارمىلارنى زىيارەت قىلىدۇ. ئۇ يەردە بۇ پېشقەدەم ئون بېشى ئەسكەرلەر بىلەن كۆلكە-چاخچاقلار بىلەن ئۆزۈش دەۋرىدىكى كۈنلىرى ھەققىدە قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىدۇ. مېھمان سارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى، شۇڭا ئۇ يېقىن سىرداشلىرى بىلەن بىرلىكتە كېچىلىك غىزاغا ئولتۇرغىنىدا، ئەسكەرلەر بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرى ھەققىدە تەپسىلى بايان قىلىپ سۆزلىشىپ ئولتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ بىر ھەپتە جەريانىدىكى ھېرىپ-چارچاشلىرىنىڭ ئاخىرىنى چىقارغان ھېسابلاندى. ئۇنىڭ بۇ شەكىلدە هاردۇق چىقىرىشى ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ مۇۋاپىق بىر خاتىمە بولۇپ قالغان ئىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ھىتلېرنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن پىرىزدېنت مەھكىمىسىدە كۈتىۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھىتلېر خوشاللىقىدىن چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن قېچىپ يۈرگەن بىر مۇنچە دىپلوماتىك ئەمەلدارلار بۇ يىغى پىرىزدېنتنى رەسمى تۈردە تەبرىكلەشمەي تۇرالمايدۇ. باش ئەلچى دود "مەن ئۇنىڭ بۇنچىۋالا خوشال بولىشىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. ھىتلېر ھەر قايسى ئەللەر ۋەكىللىرىگە بىرمۇ بىر سالام بېرىپ چىقتى" دەيدۇ. گەرچە بۇرۇن بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەرگەن، ئۆزىمۇ ئەنسىرەش ئىچىدە قالغان ۋاقىتلىرى بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ نيۇرېمبېرگتا پىلانلىغان بارلىق پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالىغان ئىدى. پارتىيە قايتىدىن ئىتتىپاق ھالغا كەلتۈرۈلۈپ، خەلق بىلەن ئارمىيىمۇ ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتكەن ئىدى.

گەرچە گېيوبېلس توسالغۇلۇق قىلىپ باققان بولسىمۇ، پارتىيىنىڭ خاتىرە مۇنارىسى ئاساسەن ھېچ قانچە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي پۈتكۈزۈلگەن ئىدى. لېنى رېيفېنستاھل بىلەن ئۇنىڭ سىن ئالغۇچىلىرى نەچچە ئون مىڭ گەز ئۇزۇنلۇقتا قالتىس قىممەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى لېنتىغا ئېلىۋالغان ئىدى. بۇ فىلىم مونتاژ قىلىنىش جەريانىدا نارازىلىقلار ئۇ ئايالنىڭ بېشىغا سەل بولۇپ ئاقىدۇ. بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئاساسى قىسمى كۆرۈنۈشلەردە ئورۇن ئالالمىغان پارتىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن تەشۋىقات يېتەرلىك بولماي قاپتۇ دەپ نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەردىن كەلمەكتە ئىدى. ئەمما لېنى ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ئۆزگەرتىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. شۇڭا ھىتلېر ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارنى ياراشتۇرۇش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي قالغان رەھبەرلەرنىڭ رەسىملىرىنى فىلىم ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش، رېيفېنستاھلنىڭ سەنئەت پىرىنسىپىغا زىت كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەكلىپىنى قەتئىي

رەت قىلدۇ. ئەمما ھىتلېرمۇ ئۆز گېپىدە قەتئىي چىڭ تۇرىۋالدۇ. لېنىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئەينى ۋاقىتدا تېپېرلىغىنىچە ۋارقىراپ كەتكەن: "ئۇنداقتا بۇ ئىشنى مەن قىلالمايمەن!" "سىز كىمگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى ئۇنۇتماڭ" دەيدۇ ھىتلېر. شۇنىڭغا قارىماي لېنىنىڭ ئەقىدىسى شۇنچە مۇستەھكەم ئىدىكى، ھىتلېرمۇ ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى ھەرگىز ئىنكار قىلالمايتتى. نەتىجىدە، فىلىم تەييار بولۇپ تۇنجى قويۇلۇشىدىلا ھېچقانداق تۈزىتىش كىرگۈزۈلمىگەنلىكى مەلۇم بولدى. لېنى باشقا بىرەر ئىسىم تاپالمىغاچقا، بۇ فىلىمگە «گېرمانىيىنىڭ مۆۋەپپەقىيەتلىرى» دەپ نام بېرىدۇ. تۇنجى ئېكرانغا قويۇلۇش مۇراسىمىدا، پارتىيە ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا بەكلا سوغۇق مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، بۇ رېژىسسورىيەنىڭ ئەشەددى تەنقىتلىگۈچىسى بولغان ئوبزورچى گيوبېلسمۇ كىنونىڭ ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئۇتۇققا ئېرىشكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇ. بۇ فىلىمدىكى تەشۋىقات ئۇسلۇبى فۇھرېر بىلەن مىللىي سوتسىئالىزم ھەرىكىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان ھەر قانداق بىر كىنودىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇردا ئىدى. بۇ فىلىم شۇ يىلى ئەڭ ياخشى فىلىم مۇكاپاتى بولغان "بىرىنچى ماي مەدەنىيەت ئۇتۇقى" مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ كىنو ئەڭ مۇھىم ھۆججەتلىك فىلىم دەپ قارالدى. 1937-يىلى پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن "دۇنيا كىنو-فىلىم يەرمەنكىسى" دىمۇ بۇ فىلىم مەزمۇنى جەھەتتىنلا ئەمەس سەنئەت نوقتىسىدىمۇ بىر ئالتۇن ھەيكەل مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ.

2

شۇندىن باشلاپ كوچىلاردا لېنى رېيفېنستاھل ھىتلېرنىڭ ئاشنىسى ئىكەن، دەيدىغان گەپلەر تارقىلىشقا باشلايدۇ. ھىتلېرغا بۇ تۈردە ھۇجۇم قىلىشلار قالغانلىرىغا ئوخشاش، مەسىلەن ئۇنىڭ بىر قىسىم داڭلىق سەنئەتچىلەردىن ئولگا تشېخوۋا، لىل داگوۋېر ۋە پولا نېگرى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە يېتىپتۇ دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرگە ئوخشاش تۈزۈك ئىسپاتى يوق ئىشلار ئىدى. ھىتلېرنىڭ بۇ تۈردىكى چىرايلىق قىزلاردىن ئاختۇرۇپ يۈرگىنى جىنسى تەلەپ ئەمەس بەلكى قەلبىدە بېسىلىپ ياتقان بوھېمىيە تۇغما ئارزۇسىنىڭ قوزغىتىلىشىنى ئاختۇرۇش ئىدى.

لورد رېدېسدالىنىڭ قىزى ئۇنتىيى مىتفورد ئەنگلىيىدىن تېخى يېڭىلا كەلگەن ئىدى. ئۇ ميونخېندا سەنئەت ئۆگىنىشى ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. بۇ ۋاقىت دەل يېڭى گېرمانىيىنىڭ ھاياجانغا تولغان بىر دەۋرلىرى ئىدى. ھىتلېر ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويغان كۈندىن ئېتىۋارەن، بۇ قىز مىللىي سوتسىئالىزمنىڭ پۈتۈن قەلبى بىلەن مەدھىلەيدىغان بىرسىگە

ئايلىندۇ. ئۇ مىجەزى شوخ، كۆڭۈلى ئوچۇق، ئالتۇنـدەك سېرىق چـاچلىق بىـر قـىز بولـۇپ، بەزىدە ئىنتايىن قوپال، كىشىنى چۆچۈتكىدەك گەپلەرنىمۇ قىلىپ سالاتتى. ئۇنـىڭ تۇرمـۇش ھەققـىدىكى ئـۆزگىچە قاراشـلىرى ۋە شـۇنىڭدەك شـوخ ۋە يۇمۇرلـۇق مـىجەزى (ئـۇلار بەش ئاچـا-سـىڭىل ھەممىسـىلا بىـر-بىـرىگە قۇيـۇپ قويغانـدەك ئوخشىشـاتتى) ھىتلېـر ئۇچـۇن ئېيتقانـدا پۈتـۈنلەي يېڭـى بولـۇپ، كىشـىگە يېڭىلىـق تۇيغۇسـى بېرەتتـى. ئـۇ ھەر دائـىم ھىتلېرنـىڭ ئەتراپىنـى ئـايلىنىپلا يـۈرەتتى. شـۇڭا سـۆز-چـۆچەكلەر يەنە قايتىـدىن بـاش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. ئەمما بۇ قىزنى ھىتلېرنىڭ ئاشنىسى دېگەن گەپلەرمۇ قالغان قـۇرۇق گەپلەرگە ئوخشاش ئىسپاتى يوق گەپلەردىن ئىدى.

ھىتلېر ھوقۇقىنىڭ ئارتىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى كـۆپ ئاياللارنـىڭ ئۇنـىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى سېزىدۇ. بەلكىم ئۇنىڭ قىزىقىش ساھەسىنىڭ كۆلىمى كېڭىيىپ بېرىشىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ كونا ئـۇلپىتى بېچستېيىن خانىمنـىڭ كۆڭلىدە شـىلىكى تۇتـىدۇ. بـۇ خـانىم ئـۇنى ئوچـۇق-ئاشـكارە تەنقىـتلەپ ئۇنـىڭ بەزى ئىسـلاھاتلىرىنى ئەيىپلەشـكە كىرىشـىدۇ. فرىيدېلىنـد ۋاگنېرنـىڭ دېيىشـىچە ئـۇ ئـادەتتە قـولىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنى 'ساراڭ بولـۇپ قالـدىڭىزمۇ' دەپ سـوراپتىكەن، ئاندىن ئـاغزىنى بـۇزۇپ تىلـلاپ، ھىتلېرنى ئامالسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. "ھىتلېر ۋەھشىلەرچە تىل-ئاھـانەت ئىچىـدە خاتالىق ئۆتكەزگەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدەك خىجىل بولۇپ تۇرۇپلا قالاتتى."

ھىتلېرنىڭ نەزەرداىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئېۋا براۋن ھەممىدىن بەكـرەك ھەسرەت ئىچىدە قالدۇ. ھىتلېر تەختكە ئولتۇرۇپ بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا، ھىتلېر ئېۋاغا 21 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنى سوۋغىسى سۈپىتىدە بىر تال نىكاھ ئـۈزۈكى بىـلەن قوشـۇپ بىـر جۈپ ھالقا ۋە ياقۇت كۆزلۈك بىر تـال بىلەيـزۈك سـوغات قىلغـان ئىـدى. ئەمما بـۇ سـوغات ئاشنىسى ئېۋا بىلەن توي قىلىش نىيىتى بارلىقىنى كۆرسەتمەيتتى. ھەتتا شـۇندىن باشـلاپ ئـۇ ئېـۋا بىـلەن بـۇرۇنقىـدىنمۇ ئـاز ئۇچرىشـىدىغان بولـدۇ. بەزىـدە بىرلىنـدىن ئاشنىسـىغا تېلېفون بېرىـپ قويىـدىغان ۋاقىتلىرىمـۇ بولـۇپ قـالاتتى _ ئـادەتتە ئـاممىۋى تېلېفوندىن تېلېفون قىلاتتى. ئېۋامـۇ ئاتـا-ئانىسـىغا ھىتلېـر بىـلەن بولغـان مۇناسـىۋىتىنىڭ قايسى دەرىجىدە قۇيۇقلاشقانلىق ئەھۋالىنى بىلدۈرمەسلىك ئۇچـۇن، ئاتـا ئانىسـىنى مـاقۇل قىلىـپ ياتاق ئۆيىگە بىر تېلېفون ئورنىتىۋالغان ئىدى. ھىتلېر ميۇنخېنغا بارسىلا ئېۋانى تۇرىۋاتقـان يېرىگە چاقىرتاتتى. شۇنداقتىمۇ، بېرچتېسگادېندا ئېـۋا كۆپـۈنچە ھـالالاردا ئوچـۇق ئاشـكارە كۆرۈنۈپ يۈرەلىشى ئۈچۈن مېھمانسارايغا چۈشەتتى.

1934-يىلى كۈز ئايلىرىدا، ئېۋانـىڭ ئـۆزۈنىچە چىرايـى ئېچىلماي قالغـانىتتى.ئۇنـىڭ ھىتلېـر بىـلەن تـوي قىلـىش خىيـالى يوققا چىقماقتـا بولـۇپ، ھىتلېـر ئۇنىڭغـا، ئـۈچىنچى

ئىمپېرىيىسىنىڭ داھىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئائىلە ئىچىدىكى ئىشلار ئىچىگە پېتىپ قالماي، ئۆزىنى چوقۇم دۆلەتكە ئاتىۋېتىشى كېرەكلىكىنى ئىپاتلىدى. ئەسلىدە ھىتلېر رەسمى بىر پاپىغا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇرۇن ئۇنىڭ كاپىتان ۋىيېدېمانغا كۆرسەتكەن باھانىسى بەكلا ئوچۇق ئىدى. ھىتلېر بىر كۈنى ئاخشىمى، شۇنداق، مەنمۇ ئائىلە تۇرمۇشىنى خالايمەن. ئەمما تويى قىلىشقا ئالغىدەكلا بولىدىكەنمەن، ئۇ ھالدا نۇرغۇنلىغان ئاياللارنىڭ ئاۋاز بېرىشىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىمەن. شۇڭا، مىيۇنخېندىن 3 نەپەر قىز تېپىپ ئەتراپىمدا چۆگۈلتۈپ يۈرسەملا يېتىدۇ، دەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ كاتىپى كرىستا شرودېرغا ئاشكارىلىغان گەپلىرى تېخىمۇ ئوچۇق ئىدى. "ئېۋا ھەقىقەتەنمۇ ياخشى قىز. ــ دەيدۇ ھىتلېر، ــ شۇنداقتىمۇ مېنىڭ ھاياتىمدا پەقەت گېلىلا مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەۋەسىمنى قوزغىيالىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا مەن ئېۋا بىلەن ھەرگىز تويى قىلىشنى ئويلىمايمەن. مېنىڭ ھاياتىم بىلەن ئاياللارنى بىر-بىرسىگە باغلاپ تۇرالايدىغان بىردىن-بىر ئايال گېلى ئىدى."

ھىتلېرنىڭ ئەنگلىيىدىكى يەڭگىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ كۈندىن-كۈنگە چىدىغىلى بولمىغىدەك ھالغا كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا بىر ئانا باشقا ئاكىسى ئالويسنىڭ بۇرۇنقى ئايالى برىگىد ھىتلېرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھەددىدىن تاشقىرى قىيىنچىلىق ئىچىگە پېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئاتاغلىق تۇغقىنىدىن ياردەم تەلەپ قىلماقچى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئوغلى ۋىللىيام پاترىكنى ئېلىپ گېرمانىيىگە كېلىپ ھىتلېرنى تاپىدۇ. ھىتلېردىن "خاتىرجەم تۇرمۇش قامداش ئۈچۈن ئازراق پۇل ياردەم" تەلۋىدە بولىدۇ. ھىتلېر بۇ ئانا-بالا ئىككىسىنى بېرچتېسگادېنغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار فۇھرېرنىڭ ھەدىسى ئانگېلا تەرپىدىن "قاتتىق ھاقارەتلىنىپ"، ئۇنىڭ ئاتىسىنى ھىتلېرنىڭ "تاغىسىمۇ ئەمەس" دېيىشىنى ئاڭلاپ پاترىك قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ (ئارىدىن بىر قانچە يىل ۋاقىت ئۆتكەندە پاترىك ستراتېگىيىلىك ئاخبارات باشقارمىسىغا بۇ ۋەقەنى ئېيتىپ بەرگەن. ۋىللىيام پاترىك ئاپىسى بىلەن بىرلىكتە ئاخىرى ئا ق ش غا بېرىپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىدە ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيدۇ. ئۇ ھازىر نيۇيورك يېقىنىدىكى بىر يەردە فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ ياشىماقتا. ئادولف ئىسمىلىك بىر ئوغلى بار ــ ئا.ھ.ئىزاھاتى).

شۇ قاتاردا ھىتلېرنىڭ خېلى كۆپ ۋاقتى دىپلوماتىك سىياسەتلەر ئۈستىگە سەرىپ قىلىنىدۇ. دىپلوماتىيە ساھەسىدە غالىپ كېلىش-كېلەلمەسلىكىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەلى كۈچ ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېرمۇ ئىمپېرىيىنى بىر كېچىدىلا قايتىدىن قۇرالالىدۇرۇپ چىقىش خام خىيالى ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ. جەنۇۋەدە

ئۆتكۈزۈلگەن ئەسكەر قىسقارتىش سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئىس-تۈتەكلىرىدىن پايدىلانغان ھىتلېر، تېزلىكتە گېرمانىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك قۇراللىق كۈچلىرىنى قۇرۇشقا كىرىشىدۇ. نيۇرېمبېرگتا ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىي مانېۋىر جەريانىدا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسلىرى ئۇنى قاتتىق ئىلھاملاندۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۈچ ھەپتە ئۆتمەي يۈز مىڭ كىشىلىك قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىنى ئىككى ھەسسە كۆپەيتىش توغرىلىق يۇشۇرۇن بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. مەخپىي بۇيرۇق چۈشكەن كۈنلا 70 مىڭ كىشى ھەربىي سەپكە قوبۇل قىلىنىپ، دۆلەت مۇداپىيە خام چوتى 654 مىليون ماركقا كۆپەيتىلدۇ.

قاتتىق مەخپىيەتلىك تەدبىرلىرى ئېلىنغانلىقىغا قارىماي، تۈيۈقسىزلا 9 كورپۇس قوماندانلىق شتابى ، 14 پىيادىلار دىۋىزىيىسى ۋە 7 ماشىنىلاشقان باتالىيون قۇرۇلغانلىقى بۇنداق قىلىش ۋېرسال شەرتنامىسىغا خىلاپ دېگەندەك كوچا گەپلىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىمۇ توساپ قالالمايتتى، ئەلۋەتتە. تارقىلىپ يۈرگەن بۇ تۈر گەپ-سۆزلەرگە ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ ناچارلىشىشى قوشۇلۇپ ھىتلېر بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، گېرمانىيەنىڭ ھەربىي كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئەنگلىيە -فرانسىيە ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئىتتىپاقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگىمۇ تۈرتكە بولىشى ئېنىق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن پاكتلار شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئەنگلىيە ئارتۇق تەۋەككۈلچىلىككىمۇ تەييار تۇرۇش خىيالى يوق ئىدى. ”ھېچقانداق بىر دۆلەت، بولۇپمۇ ئەنگلىيە ، _ دەيدۇ ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرىنىڭ شەخسى كاتىبى شۇ يىلى كۈزدە ۋون بىسمارك پادىشاھى ئوتتوغا مۇنۇلارنى ئاشكارىلىغان، _ باشقا دۆلەتلەر مەنپەتى ئۈچۈن چەتئەلدە جەڭ قىلىشنى خالىمايدۇ“. ھىتلېر بۈيۈك بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقىش نىيىتى يوق ئىدى،366 ئەكسىچە ئۇنىڭ بارلىق دىپلوماتىيىلىك سىياسىي تى ئەنگلىيىنىڭ يول قويۇشى (دوستانىلىقى ئەمەس) ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىۋاستە ھېسسىداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىي مەقسەد ئىدى.

19-دېكابىر ئۆتكۈزۈلگەن رەسمى كەچلىك زىياپىتى ئۇلارنى بۇ جەھەتتە ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشنىڭ بىر قەدىمى ئىدى. زىياپەتكە قاتناشقان 25 كىشىلىك مېھمان ئىچىدىكى 4 نەپىرى ئەنگلىيەلىك بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى ئانگلو-گېرمان دوستلۇق جەمىيىتىنىڭ داڭلىق ئەزاسى لورد روتېرمېر بىلەن ئوغلى، روتېرمېرنىڭ كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە گېزىتى «كۈندىلىك پوچتا» نىڭ مۇھەررىرى ۋارد ئىدى. بۇ قېتىمقى كەچلىك زىياپەت ئۈچۈن ھىتلېرمۇ پارتىيە فورمىسى كىيىش ئورنىغا ئۆزگىچە ئالاھىدە زىياپەت كىيىمى تىكتۈرۈپ كىيىۋالغان ئىدى. مېھمانلار دەستۇرخان ئەتراپىغا جايلىشىپ يەڭگىل كەچلىك غىزاغا

(توخو كاۋپى) يىپىشكە باشلىغان ۋاقتىدا، ھىتلېر سۆز قىلىدۇ: "لاندسبېرگ تۈرمىسىدىن چىققىنىمغا بۈگۈن توپ-توغرا ئون يىل بوپتۇ. ــ ئۇ، تۈرمىدە تۈرمە باشلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بارلىق خىزمەتچىلەر دېگۈدەك مىللىي سوتسىيالىزمچىلارغا ئايلىنىپ بولغانلىقىنى دەپ كېلىپ، ــ باۋارىيە ھۆكۈمىتى بۈنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن، كۆپ قىسىم خىزمەتچىلەرنى ساقچى مەكتىپىگە ئاپىرىش ئارقىلىق ئۇلارنى جازالاندۇرغان ئىدى. ئەمما يىرىم يىلغا قالمايلا ئۇ يەرمۇ مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىگە ئەزا قوبۇل قىلىش مەركىزىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. باۋارىيىلىكلەر ئامال قىلالماي بۇ يەرنىمۇ پىچەتلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى."

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ھىتلېر تاماكا چەكمەيدىغان مېھمانلارنى يەنە بىر ئېغىز ئۆيگە باشلايدۇ. لورد روتېرمېر بىلەن رىببېنتروپ ۋە بىر قانچە ئايال مېھمان ھىتلېرغا ئەگىشىدۇ. بۇندىن سەل ئاۋال يىرىم يەھۇدىي قېنى بار خانزادە ستېفانىيە ۋون خوخېنلوخ خانىم ھىتلېرنى بۇ چوڭ گېزىتنىڭ غوجايىنىغا تونۇشتۇرۇپ قويغان ئىدى. رودېرمېر بىلەن ھىتلېر ئىككىسىلا بولشېۋىزمغا ئۆچ ئادەملەر بولغاچقا، ھىتلېر بۇ گېزىت پادىشاھىنى تېزلا ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغان ئىدى. بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، سائار سايلام رايونىدىكى يۈزدە 90 سايلىغۇچى (كاتولىك دىنىنىڭ رىغبەتلەندۇرۇشى ئارقىلىق) گېرمانىيە بىلەن بىرلىشىپ كېتىشنى قوللاپ ئاۋاز بەرگىنىدە، «كۈندىلىك پوچتا» گېزىتى ئالاھىدە سەرلەۋھە بىلەن تەبرىكلەيدۇ. 1935-يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرلىرىدا ھىتلېر ئىككى نەپەر تېخىمۇ دوستانا مۇئامىلىدە بولۇپ يۈرگەن ئەنگلىيىلىك ئەربابنى قوبۇل قىلىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرسى خورتۇودلىق لورد ئاللېن بولۇپ، ئۇ، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى رامساي ماكدونالتنىڭ سالىمىنى ئېلىپ كەلگەن. يەنە بىرسى ماركىز لوتىيان بولۇپ، ئۇ ھىتلېرنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىدىن شۇنچە چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ئىدىكى، ئۇ ھىتلېرغا ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى تاشقى ئىشلار ۋەزىرى سىر جون سىمونغىمۇ يۇقتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت ئىشلەپ فۈھرېرنىڭ راستچىل بىرى ئىكەنلىكىگە ئۇنىمۇ ئىشەندۈرمەكچى بولغان.

سائارنىڭ تىنچ يول بىلەن گېرمانىيە قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنىشىدىن ھەتتا فرانسىيىمۇ ئۈستىدىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك ھېس قىلىپ، گېرمانىيىگە ھەربىي تەييارلىق جەھەتتىكى باراۋەرلىك ۋە شەرقى لوكارنوۋ قاتارىدىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنى مەقسەت قىلىدىغان رەسمىي ئورتاق تەكلىپتىن بىرنى تاپشۇرىدۇ. (ئون يىل بۇرۇن لوكارنوۋدا ئىمزالانغان شەرتنامىنىڭ ئاساسى تېمىسى بىر ئەھدىنامە ئىدى. بۇ ئەھدىنامىدا ئەسكەرسىز رىنېلاندنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ئىمزالىغان دۆلەتلەر گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە بېلگىيە ئوتتۇرىسىدىكى چېگرالىرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ دەپ كاپالەت

بېرىلگەن ئىدى. - ئا.ھ. ئىزاھاتى). ھىتلېر 14-فېۋرال كۈنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ: ھەربىي تەييارلىقلار سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ گېرمانىيە بىلەن ئەنگلىيە دەسلەپكى قەدەمدە مۇزاكىرە قىلىشقاندىن كېيىن ئاندىن فرانسىيە بىلەن ئومۇمىي يۈزلۈك سۆھبەت ئۆتكۈزسە تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سىر جون سىمون، بۇنىڭ ئۈچۈن مارتنىڭ باشلىرىدا بېرلىنغا كېلىشكە ماقۇل بولدى. ئۇنىڭ بېرلىنغا كېلىپ زىيارەتتە بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر بېرلىندىكى چەتئەللىك ئەربابلار ئارىسىدا مەمنۇنىيەتلىك مۇھىت ياراتقاندەك قىلسىمۇ، شەرىپ 5-مارت كۈنىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يازدۇ: سىمون ئەسلىدە ئۆگۈنلۈككە بۇ يەرگە كېلىپ نېمىسلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، بۈگۈن ئەتىگەن نېۋرات ئېنگلىزلارغا، بۈگۈن ھىتلېرغا سوغۇق تېگىپ قالغاچقا سىموننىڭ گېرمانىيە زىيارىتى كېچىكتۈرۈلدى، دەپ ئۇختۇردى. ئەسلىدە شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋېلھېلم كوچىسىنى ئازىراقلا تەكشۈرۈپ كۆرىدىغانلا بولسا، بۇ ئىشنىڭ ئەسلىدە 'دىپلوماتىك سوغۇق تېگىپ قېلىش' بولۇپ،367 ئەنگلىيە ئېلان قىلغان ئاق تاشلىق كىتابىدا گېرمانىينى ھەربىي تەييارلىقلارنى تېزلىتىۋاتىدۇ دەپ ئەيىپلەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

بۇ باھا ھەقىقەتەنمۇ ھىتلېرنىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ ئەنگلىيىلىكلەرنى تېخىمۇ بەك چۆچۈتكىنى، ھىتلېر بىلەن بىرلىكتە تەبرىكلەش ئۈچۈن سارغا بارغىنىدا بۇ يىراقتىكى تۈپراقنى رەسمىي ئىشغال قىلىش ئىشىغا ياردەمچى بولغان يەرلىك ئاھالىنىڭ چەكسىز قىزغىنلىق كۆرسەتكەنلىكى ئىدى. 10-مارت كۈنى، ھىتلېر دىپلوماتىك شاخمات تاختىسىدا يەنە بىر ئۇرۇقنى ئالدىغا سۈردى. ئۇ، «كۈندىلىك پوچتا» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى پروسقا ئۆزى ئايرىم ئۇچۇر بېرىپ، پات يېقىندا گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ رەسمىي قۇراللىق ئارمىيە تۈرلىرىنىڭ بىرى ھالىغا كېلىدۇ، دېدى. خۇددى ھىتلېرنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك مەيلى ئەنگلىيە تەرەپتىن ياكى فرانسىيە تەرەپتىن بولمىسۇن ھېچ قايسىسىدىن رەسمىي بىرەر ئەيىپنامە كەلمەيدۇ. ئەكسىنچە، بۇ ئىشتىن ئاز-تولا خەۋىرى بولغان سىر جون سىمون، ئاۋام پالاتاسىنى خەۋەرلەندۈرۈپ، فۇھرېر زۇكامدىن ساقىيىشى ھامان پىلان بويىچە بېرلىن زىيارىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئىشقا قارىتا فرانسىيە، دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرىنىڭ تەكلىۋى بويىچە ھەربىي قىسىملارنىڭ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى ئۇزارتىش ئىمكانىيىتى بىلدۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ تۇردىكى شامالغا دال بولالمايدىغان ئاجىز ئىنكاسلىرىنى ھىتلېر قول ئاستىدىكى قوماندانلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشمەي تۇرۇپلا يالغۇز ئۆزى ئاغزىنى تۇۋاقلىۋېتىدۇ. 15-مارت چۈشتىن بۇرۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىندىكى ئادىيۇتانتىغا ميۇنخېندىكى "تۆت پەسىل مېھمان سارىيى" دا كۆرۈشەيلى دەپ خەۋەر يوللايدۇ. كۆرۈشۈشتە ئۇ ئادىيۇتانتىغا قايتىدىن ئەسكەر ئېلىش ۋە قۇراللىق كۈچلەرنى كېڭەيتىپ قۇرۇش خەۋىرىنى ئېلان قىلىشى ئۈچۈن يوليورۇق بېرىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، دۆلەت مۇداپىيە كومىتېتى يىغىن چاقىرىپ، ھىتلېرنىڭ ئۇلارنى پاراكەندە قىلغۇدەك ئەسكەر ئېلىش پىلانى ئۈستىدە مۇزاكىرىسىنى باشلىۋېتىدۇ. گېنېرال ۋون بلومبېرگ ھەر قايسى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بۇ ئىش ھەققىدە بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىنكاسلىرىغا بەكرەك قىزىقماقتا ئىدى. رىبېنتروپ بولسا، بۇنىڭدىن ئەنسىرىگىدەك ھېچ بىر يېرى يوق دەپ قاراپ، گېنېراللارنىڭ بۇ تۇر غېمىنى قىتىغمۇ ئېلىپ قويمايدۇ. ئەمما بلومبېرگ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ: "سىزنىڭ بۇ دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ!" دېگىنىچە رىبېنتروپنىڭ سۆزىگە قاتتىق نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ پۈتۈن بىر ئاخشام بۇ پىلانغا قارشى چىقىدۇ ئەتىسى سەھەردە فرىتشنى بىرگە ئېلىپ ھىتلېرغا دوكلاد قىلىشقا بارغىنىدا ئۇنىڭ قارشى پىكىرلىرى ھىتلېر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي تىنجىتىلىدۇ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، يەنى شەنبە كۈنى يۈزدەك چەتئەللىك مۇخبىر تەشۋىقات مىنىستىرلىكىنىڭ يىغىن زالىغا يىغىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈيۈقسىزلا بۇ يەرگە چاقىرتىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھېچقايسى بىلمەيتتى. شۇڭا زالدىكى مۇھىت خېلىلا جىددى تۈس ئالغان ئىدى. بۇ ئارىدا گيوبېلس كىرىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ھەممەيلەن "قارىغاندا ئىشلار ھەقىقەتەنمۇ جىددى ئوخشايدۇ" دېگەن ئويغا كېلىدۇ. گيوبېلس يېڭى بىر بۇيرۇقنى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. ئۇ، پۈتۈن سەپلەر بويىچە ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىپ تىنچ دەۋرلەردىكى ئەسكەرىي كۈچىنى 3 يۈز مىڭغا يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇنداق بولۇشىنى ھەممەيلەن دېگىدەك پەرەز قىلىشسىمۇ يەنىلا كىشىنى چۆچۈتكىدەك بىر خەۋەر ھېسابلىناتتى. گيوبېلسنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىشى تېخى ئاخىرلاشمىغان بولسىمۇ لوچېر بىلەن بىر قانچە مۇخبىر بۇ خەۋەرنى تارقىتىش ئۈچۈن ئالدىراش كورىدوردىكى تېلېفونلارغا قاراپ يۈگۈرىشىدۇ.

دەل شۇ پەيتتە فرانسىيە باش ئەلچىسى پىرىزدېنت مەھكىمىسىنىڭ فوۋھرېر قىرائەتخانىسىدا بۇ ھەقتىكى بىرىنچى قول مەلۇماتلارغا ئىگە بولغان ئىدى. فرانچويس پونسېت نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، بۇ ئۇقتۇرۇش ۋېلشال شەرتنامىسىغا قوپاللىق بىلەن خىلاپلىق قىلىنغانلىق، گېرمانىيىنىڭ ئالدىنئالا فرانسىيە بىلەن كۆرۈشمەي ياكى مۇزاكىرە

قىلىشماي تۇرۇپلا فرانسىيىنى بۇ ئىشقا قوشۇلغان دەپ ئېلان قىلىنىشى ھەققەتەنمۇ كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ، دەيدۇ.

ھىتلېر ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تەنتەنىلىك ھالدا قەتئىي ئىنكار قىلىپ، بىزنىڭ كۆتكىنىمىز پۈتۈنلەي ئۆزىمىزنى قوغداشنى مەقسەت قىلغانلىق دەيدۇ. فرانسىيىدىن قورققاچقا، كېيىن يوقلىقنى، ئۇنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنى كوممۇنىزم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ روسىيىلىكلەرنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كېتىدۇ.368 شۇنداق قىلىپ، باش ئەلچى ئۇ يەردىن ئايرىلغان ۋاقىتتا ھىتلېرنىڭ فرانسىيىگە ياكى ئەنگلىيىگە قارشى بىرەر ئۇرۇش قوزغاش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىغا ئاساسەن ئىشەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ يوقاتماقچى بولۇۋاتقىنى سوۋېت ھاكىمىيىتى ئىكەن دەيدىغان قاراش بىلەن ئۇ يەردىن ئايرىلىدۇ.

فرانسىيىنىڭ، گېرمانىيىنىڭ قايتا قۇراللىق پوپوزا قىلىشىغا بەرگەن جاۋابىنى مىللەتلەر جەمىيىتى _ ئاتالمىش قىلچە رولى بولمىغان بىر چاقىرىق چىقىرىشى دەپلا چۈشىنىش مۇمكىن ئىدى. 25-مارت چۈشتىن بۇرۇن، ئەنگلىيە دائىرىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى دوستانە مۇھىت ئىچىدە ھىتلېر بىلەن كۆرۈشىدۇ. تۇنجى قېتىم فۇھرېرنىڭ تەرجىمانلىق ئىشىنى ئۈستىگە ئالغان پاۋۇل شمىدت، فۇھرېرنىڭ سىر جون سىمونغا، ئەدېنغا ۋە باش ئەلچى سىر ئېرىك فىپپسلارغا سالام بېرىۋاتقان ۋاقىتتىكى ئىللىق چىراي كۆرۈنۈشى "بەكلا دوستانە" ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىدۇ. ئۇلار باش مىنىستىرلىق مەھكىمىسىنىڭ پاكار ئۈستەلى ئالدىدا ئولتۇردى. نەق مەيداندا يەنە نېۋرات بىلەن رىبېنتروپمۇ بار ئىدى.

سىمون، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن خەلقئارا ئەھدىنامىلەرنى بۇزۇۋاتقىنى تىنچلىق، شۇڭا گېرمانىيىنىڭ باشقا ياۋروپا ئەللىرى بىلەن ھەمكارلىق ئاساسىدا بۇ نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىشىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئارزۇ قىلىدۇ، دەپ بىلدۈرىدۇ. ئەنگلىيىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى - ئەنگلىيە جامائەتچىلىكى ئىكەنلىكىنى، خۇددى گېرمانىيىنىڭ "بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمىيىتىدىن چېكىنىپ چىقىشى، ئاۋسترىيە ھەققىدە ۋە بەزى بىر تەرەپلىمە باياناتلىرى" غا ئوخشاش ئىشلاردىن "بەكلا خاتىرجەم ئەمەس" لىكىنى، ئەنگلىيە "ھەرگىزمۇ گېرمانىيىگە قارشى ئەمەسلىكىنى، ئەمما تىنچلىقنى تەھدىت سالىدىغان ھەر قانداق بىر ئىشقا قەتئىي قارشى" ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

شمىدتنىڭ قابىلىيەتلىك بىر تەرجىمان ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان، شۇڭىدەك ئۆزىمۇ نېمىس تىلىغا پۇختا بولغان ئەدېن ئەسلەپ كېلىپ، "ھىتلېر بەكلا ئۇستىلىق بىلەن جاۋاب بەرگەن بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئالاھىدە ئۆتۈنۈشتەك ھېسسىي قىلدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن

گېپىنىڭ ئارىسىدا تەھدىتمۇ يوشۇرۇنغان ئىدى" دەيدۇ. ئىككىنچى نۆۋەتلىك سۆھبەتتە فۇھرېرنىڭ خاراكتېرى ئەدىنغا "بەكلا ناچار تەسىر قالدۇردۇ." "مىنىڭچە بولغاندا، ئۇ گويا پاسسىپ ئورۇندا تۇرغاندەك، كىشىنى زادىلا قايىل قىلالمايتتى، شۇنىڭدەك ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىشكە بەكلا ئۇستا." شۇنىڭدەك يەنە ئەدېن ھىتلېرنىڭ يىغىن باشقۇرۇش ئۇسۇلىغىمۇ بەكلا قايىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، "قىلچە تەمتىرىمەستىن، خاتىرە قالدۇرۇپمۇ ئولتۇرمايدىكەن؛ ئۇ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان بىرسىنىڭ تۇتقان يولىغا بەكلا ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلىدىكەن" دەيدۇ.

ئىشىنىشكە بولىدىغان ئەمما كىشىنى قايىل قىلالمىسىمۇ يەنىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى بىرمۇ بىر چۈشەندۈرۈپ ئۆتتىدۇ. مەسىلەن ئۇ ھېچ قاچان ۋېرسال شەرتنامىسى دەيدىغان بۇنداق بىر ھۆججەتكە قول قويمىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ۋېرسال شەرتنامىسىغا خىلاپلىق قىلغان دەيدىغان مەسىلىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئۇ چەكچەيگىنىچە سىر جونغا تىكىلىپ مۇنداق قوشۇمچە قىلىدۇ: مەن ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ھەرگىزمۇ ئۇنداق بىر ئىشنى قىلمايمەن.

گېرمانىيەمۇ ھېچ قاچان ئۇنداق شەرتنامىغا خىلاپلىق قىلىپ باققىنى يوق - بەلكىم ۋوتېرلو ئوپېراتسىيىسىدە پروسىيە ئارمىيىسى ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە ياردەمگە بېرىش ئىشىدا شۇنداق بىر ئىش بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما شۇ قېتىمقىسىدىمۇ گېنېرال ۋىلىنگتون بۇ ئىشقا زادىلا نارازىلىق بىلدۈرۈپ باققان ئەمەس. "ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقىنىدىن بۇيان، ھىتلېرنى ئەڭ بەك خوشال قىلىۋەتكەن بىر قېتىملىقى ھېسابلىنىشى مۇمكىن" دەيدۇ ئەدېن باھالاپ كېلىپ، "مىنىڭچە بولغاندا بۇ نوقتىنى ھەقىقەتەنمۇ ئۆتكۈر بىر شەكىلدە ئوتتۇرغا قويغان بولۇپ، بۇ گەپلەرنى دېگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ چىرايىدا قىلچىمۇ كۈلۈمسىرەش يوق ئىدى."

چۈشتىن بۇرۇنقى سۆھبەت جەريانىدا، ھىتلېر ئېغىر بېسىق ۋە ئەدەپ بىلەن دېگەنلىرىنى ئاقلاشتا چىڭ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەرىپى يالغۇز ئەنگلىيىلىكلەرنىلا ھەيران قالدۇرۇپ قالماي ئۇنىڭ تەرجىمانىنىمۇ خېلى بەك ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەمما چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، سۆھبەت لىتۋىيە مەسىلىسىدە شەرق بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈلگەنلىكى ئوتتۇرغا قويۇلۇشى ۋاقتىدا ھىتلېر ئېغىربېسىقلىقىنى يوقۇتۇپ ۋارقىراپ كېتىدۇ: "لىتۋىيە مەسىلىسى بىزگە قىلچە مۇناسىۋەتسىز!" دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. ھازىر ئۇ يەردە نېمىس ئازسانلىقلىرىغا قارىتا سۇيىقەستلىك سوت كېتىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، ئاۋازىمۇ قوپاللىششقا باشلايدۇ. ھەتتا ر تاۋۇشىنىمۇ تولۇق تەلەپپۇز قىلىدۇ. "ئۇلار مېمېل سىزنقى بويىچە نېمىس

ئازسانلىقلىرىنى ھەيدەشكە كىرىشتى.369 ھەر قانداق بىر ئەھۋال ئاستىدا بىز بۇنداق بىر دۆلەت بىلەن ھەرگىزمۇ شەرتنامە تۈزۈشمەيمىز!" دەيدۇ غەزەپ بىلەن. ئارىدىن سەل ئۆتكەندە، ئۇنىڭدىكى غەزەپلىنىش تىنجىپ، قايتىدىن ئەدەپلىك قىياپەتتىكى بىر سۆھبەتچىگە ئايلىنىدۇ. بۇ قېتىم، ئۇ ئىدىئولوگىيىلىك ئاساسلار بويىچە تەنقىتلەشكە كىرىشىدۇ. "مىللىي سوتسىئالىزم بىلەن بولشېۋىكچىلىك ئوتتۇرىسىدا ھەر قانداق بىر مۇناسىۋەتنىڭ بولىشى مۇمكىن ئەمەس!" دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ ئۇ ئېغىر بېسىقلىق بىلەن.

شۇ ئاخشامقى زىياپەتتە ھىتلېرنىڭ روھى بەكلا كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، ئەدىپ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە قىزغىن سۆزلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئويس دەرياسى قىرغاقلىرىدا ئۆزئارا قىرغىن قىلىش جەڭلىرىدە بولۇپ باققان ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىككىسى تاماق تىزىملىك دەپتىرىنىڭ كەينىگە ئۇرۇش مەيدانىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ تۇرۇپ ئۆزئارا سۆزلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىۋاتقانلىرىدىن بەزى گەپلەرنى يېنىدا ئولتۇرغان فرانچويس پونسېتمۇ ئوغۇرلۇقچە تىڭشىۋالغان بولغاچقا، تاماقتىن كېيىن ئەدىپتىن، سەن راستىنلا ھىتلېرنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقانمىدىڭ؟ دەپ سورايدۇ. ئەدىپ ئۇنىڭغا شۇنداقتەك قىلىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگىنىدە، فرانسىيە باش ئەلچىسى چاخچاق قىلىپ: "سەن ئۇنى سېغىنغاندەك تۇرىسەن، ئەسلى سەن ئۇنى ئېتىپ تاشلىغان بولساڭ ياخشى ئىش قىلغان بولاتتىڭكەن" دەيدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، ئەدىپ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يېزىپ قويىدۇ: "ئاقىۋېتى بەكلا ناچار بولدى. بارلىق مىجەزلىرى بىلەن ئۆزىنى تېزگىنلىشى بۇندىن بىر يىل بۇرۇنقىسىغا سېلىشتۇرغاندا پەقەتلا ئوخشىمايتتى. روشەنكى، ئۇلار ئەندى قايتىدىن پرۇسسىيە روھى بويىچە ئۆزىنى قۇراللاندۇرۇپ چىققان ياكى ھېچ بولمىغاندا شۇنداق قىلماقتا دېيىش مۇمكىن. ئەمما رۇسىيە رەسمى بىر ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قالغان."

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 10 دا، سىر سىمون قۇراللىق قىسىملارنىڭ قۇراللىنىشى ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ يىغىندا ھازىرقى دېڭىز ئارمىيە شەرتنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەنگلىيە يېقىندا ھەر قايسى چوڭ دۆلەتلەر بىلەن ئايرىم-ئايرىم مۇزاكىرە قىلىشىپ چوڭ تىپتىكى دېڭىز ئارمىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈش زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى ئويلىماقتا ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ يىغىنغا گېرمانىيىنىڭمۇ لوندونغا كېلىپ بۇنىڭغا ئوخشاش رەسمى بولمىغان مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىششىنى تەكلىپ قىلىدۇ. ھىتلېر بۇ تەكلىپنى دەرھال قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ، بۇرۇن باش ئەلچى فىپپىسقا دېگەن مەسىلىنىمۇ قايتا تەكىتلەيدۇ: گېرمانىيىنىڭ پىلوت توننىژىنى ئەنگلىيە دېڭىز فلوت توننىژىنىڭ 35پىرسەنت قىسمى بويىچە چەكلىنىشىنى تەكلىپ

قىلىدۇ. بۇ تەلەپلەردىن "بىرەر پۇرسەت ياكى جوغراپىيىلىك ئەۋزەللىك" يارىتىلىپ ئۇلارنى كۆچەيتىپ بېرىشى مۇمكىن بولىدىغان "فرانسىيە ياكى ئىتالىيەنىڭ پىلوتلىرىدىن ئۇستۇن ھالغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى پەيدا قىلالايدىغان ئەۋزەللىكنى پەقەتلا كۆرەلمىگەنلىكىنى" ئويلايدۇ.

بۇ چاغدا، ھىتلېر ئىنتايىن قىزىق بىر شەكىلدە بىر پارچە تېلېگراممىنى چىقىرىپ غەزەپ بىلەن ئوقۇپ كېتىدۇ. كىشىنى ھەيران قالدۇردىغىنى، بايىقى مۇلايىم سىياسەتچى بىراقلا غالجىر بىرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ تېلېگراممىدا ۋەتەنگە خائىنلىق قىلغان دېيىلگەن لىتۋىيىلىك نېمىسلارنىڭ قىلمىشى ئۇستىدىن ھۆكۈم ئېلان قىلىنغانلىقى يېزىلغان ئىدى. ھىتلېر ئاچچىقلانغان ھالدا ئەگەر ۋېلشال شەرتنامىسى ئەنگلىيىنىڭ بىر قىسىم تۇپراقلىرىنى زورلۇق كۈچى بىلەن لىتۋىيە دېگەندەك بىر دۆلەتكە كېسىپ بېرىلسە، ئەنگلىيە  قانداق قىلار بولغىيدى؟ ئەگەر ئېنگلىزلارنىڭ ئەنگلىزدەك ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈنلا قاتتىق تەن جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ كەينىدىن قامىۋېتىلسە قانداق قىلار؟ دەپ سورايدۇ.

ئەمما ھىتلېرنىڭ بۇ تۈر غەزىۋى بەكلا تېز غايىپ بولۇپ قايتىدىن مۇلايىم ۋە نورمال ھالىتىگە كېلىدۇ. ئاندىن ئۇ، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئەنگلىيە  ۋە فرانسىيە بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالايدىغان ھالغا كېلىشنىلا تەلەپ قىلىدۇ. چۈش ۋاقتىدا، ئۇلار ئەنگلىيە  ئەلچىخانىسىدا تاتلىق-تۈرۈم بىر نەرسىلەر يېيىشىدۇ. بۇمۇ فۇھرېرنىڭ ئىككىنچى قېتىم چەتئەل ئەلچىخانىسىغا كىرىشى ھېسابلىناتتى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بىرلىكتە باش مىنىستىرلىق مەھكىمىسىگە قايتىپ كېلىدۇ. ھىتلېر، رۇسىيىنىڭ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەش غەرىزىدىن دەرت تۆكىدۇ. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئاچچىق تىللار بىلەن چېخوسلوۋاكىيىنى "رۇسلارنىڭ بىزگە ئۇزارتقان قولى" دەپ ھاقارەتلەپ كېتىدۇ. ئۇ يەنە ھەربىي تەييارلىق مەسىلىسىدە، گېرمانىيە پەقەتلا تەڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنىلا تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلەيدۇ. سىمون بىلەن ئەدېن ئىككىسىلا سەۋرچانلىق بىلەن، سوغۇققانلىق بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق سىپايە قىياپىتى شىمىتنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. "ئەگەر بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن گېرمانىيە ۋەكىللەر ئۆمۈكى ھىتلېرنىڭ بۈگۈن ئوتتۇرىغا قويغىنىغا ئوخشاش بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا ئىدى، گويا مۇتلەق ھەققانىيەت ھۆكۈم سۈرىشى ۋەيرانچىلىققا دۇچ كەلگەندەك جاھان ئۇگدا-دۇمدە بولۇپ كەتكەن بولار ئىدى. بۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈپ مەنمۇ ئىختىيارسىز ھالدا بۇ قېتىم تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى قوللانغان كىلىشىم سۆھبىتى ئۇسۇلىنى ھىتلېر ئەندى بولغۇلۇق بولدى دەپ قوقمايلا دەيدىغانىنى

دەپ يۇرەمدۇ قانداق، دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم."

ھىتلېر، شۇ كۈنى ئاخشىمى باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىدە زىياپەتكە رىياسەتچىلىك قىلدۇ. ئۇ بۇرۇن بىلىككە كىرىست بەلگىلىك يەڭلىك تاقاپ قوڭۇر رەڭلىك چاپان كىيىپ كىرەتتى، ئەمما ئۇ بۈگۈن قويۇرۇقلۇق كاستوم بۇرۇلكا، يەنى فراك كەيگەن ئىدى. ئۇنىڭ تەرجىمانىنىڭ قارىشىچە، ھىتلېر "ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلارلىق بىر ساھىپخان بولۇپ كۆرۈنۈپ، گويا چوڭ بىر بىر باي ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىرسىدەك سالاپەت بىلەن مېھمانلار ئارىسىدا تىنماي ئايلىنىپ يۈرەتتى."370

زىياپەتتىن كېيىن، ھىتلېر ۋىنفىلىد ۋاگنېرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر گۇرۇپ دوستلىرىغا خوشاللىق ئىچىدە دىپلوماتىك ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ خۇددى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدەك بىردەم چاۋاك چالسا، بىردەم تىزلىرىنى ئۇرۇپ كېتەتتى. "ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئادەملەردە بۇ ئىنگلىزلار، _ دەيتتى ئۇ، _ يالغان گەپ قىلماقچى بولسىمۇ يالغانىنى قالتىس كىلىشتۈرۈپ سۆزلەيدۇ-دە بۇ ئىنگلىز دىگەنلەر، بۇ جەھەتتە ئۇلار بىخىل فرانسۇزلاردىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ."

سۆھبەت تاماملىنىپ ئەتىسى، ھىتلېر ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن بولغان نىسبەت 35پىرسەنتتە تۇتىلىدىغان بولغانلىقىنى دېڭىز ئارمىيە باش قوماندانىغا ئېيتىپ، پىلان بويىچە دېڭىز ئارمىيە قۇرۇلۇش ئىشىغا كىرىشكىن دەپ يوليورۇق بېرىدۇ. "شۇنداقتىمۇ، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ باشقا چوڭ دۆلەتلەر بىلەن بولغان قىينچىلىق ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن بۇ ئىشنى داۋراڭ قىلماڭلار" دەيدۇ. ھىتلېر، ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن ئىناق ۋە ھەمكارلىشىپ ئۆتۈشكە غەيرەت قىلىش، شۇنىڭدەك گېرمانىيىنىڭ ئەھۋالىغا ھېسسىداشلىق قىلىش كۈچىگە ئىگە گۇرۇژدانلارغا داۋاملىق تۈردە ياخشىچاق بولۇشتا چىڭ تۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئافرېل ئىچىدە، ئۇ مىيۇنخېندىكى تۇرالغۇ جايىدا سىر ئوسۋالد موسلېيغا چۈشلۈك زىياپەت بېرىدۇ. موسلېي ئىشچىلار پارتىيىسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، "ئەنگلىيە فاشىستلار ئىتتىپاقى" نىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئۇ ھىتلېر ئۈستىدە باھالاپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇنىڭ كىشىنى جەلىپ قىلارلىق مۇئامىلىلىرى پۈتۈنلەي غايىپ بولدى؛ بەلكىم بۇ دىگەنلىرىم مۇۋاپىق بولمىغان بىر سۆز ھېسابلىنىشىمۇ مۇمكىن. نېمىلا بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەندى ئۇ ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىمەن دەپ ئورۇنۇپ يۈرمەس ھالغا كەلگەن. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ نورمال كۆرۈنۈشتە بولۇپ، پۈتكۈل زىياپەت جەريانىدا ماڭا ئىزچىل تۈردە ھەتتا ئاياللاردەك سىلىق سىپايە مۇئامىلىدە بولدى."

لوندوندا بولسا، گېرمانىيە ئىشلىرىغا سادىق بەكلا مۇھىم بىرسى قايتىدىن بۇرۇنقى

ھېسسىداشلىقنى تەكىتلەشكە باشلايدۇ. بۇ كىشى دەل شاھزادە ۋالېس ئىدى. بۇ تەخت ۋارىسى، باش ئەلچى خوئېش بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق ئۇزۇن سۆھبەتتە "قايتىدىن گېرمانىيىنىڭ تېگىشلىك ئورنى ۋە ئىستىقبالىغا ئېرىشتۈرۈلىشىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىمەن" دەيدۇ.

3

بېرلىندا، ھېرمان گېۆرىڭ بىلەن ئايال سەنئەتچى ئېممىي سوننېمان ئىككىسى توي تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن (ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئايالى كارىن ئۇزۇن مۇددەت كېسەل بولۇپ 1931-يىلى ۋاپات بولىدۇ)، بېسىق خەلقارالىق ئىشلارمۇ ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى. ھەر قايسى تەشكىلاتلار بىلەن ئۇنى ئەتىۋارلاشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەرنىڭ قىلغان سوغاتلىرى ئۇنىڭغا قاراپ سەلدەك ئېقىپ كېلىشكە باشلايدۇ. مۇزېينىڭ ئۇنىڭغا ئەۋەرتكەن رەسىم "مەڭگۈلۈك كىرىدىت" دېگەن رەسىم بولۇپ، رەسىملەر ئارىسىدا كراناخنىڭ ئىككى پارچە قىممەتلىك ماي بوياق رەسىملىرىمۇ بار ئىدى. شەرقنىڭ زىلچە-گىلەملىرى، كۈمۈش ئۈستەل ۋە ھالقا-ئۈزۈكلەردىن باشقا يەنە ساكسونىيە ئەتىرلىرى، قاراڭغۇ ئورمانلىق گىلاس ھارىقى، ئىرىمچىك ۋە ھەتتا كالىلارمۇ بار ئىدى. ئۇششاق سوغاتلار بېرلىندىكى قوراسىدا كۆرگەزمىگە قويۇلىدى. چوڭراق سوغاتلار بولسا يۇك ماشىنىسى بىلەن پايتەختتىن يېقىنلىرىدىكى بىر قورۇققا — زالنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئايالىنىڭ نامىدا ئاتالغان بولۇپ، ئىسمىنىڭ ھەرپلىرى سەل پەرق قىلاتتى — كارىن زالىغا توشۇپ كېلىندى.

10-ئاپرېل كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن توي مۇراسىمىنى ھەققەتەنمۇ بىر خوللىيۋود ئەسىرى دېيىشكە بولاتتى. بۇ ئەسەر رادىئودا پەردىمۇ-پەردە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاڭلىتىلغان. ھەشەمەتلىك توي مۇراسىمى — بىر نەپەر ئېپىسكوپ (باش روھانى) تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان بولۇپ، فۈھرېر ئۆزى بىۋاستە نىكا شاھىتى بولىدۇ — ئىككى پارچە لەگلەكنىڭ ئېۋانگېلىكال كاتېدرالىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۇچۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەسلىدە بىر بىر ئۇچقۇچى پەسكە شۇڭغۇۋاتقىنىدا ئىختىيارسىز رەۋىشتە قويۇپ بەرگەن ئىككى لەگلەك بولۇپ، توي مەرىكىسى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق بىر ئىش ئىدى. يېڭى كېلىن بىلەن يېڭى كۈيئوغۇل ئىككىسى ئۇچلۇق مۇنارلىق چېركاۋدىن چىقىپ كېلىۋاتقىنىدا ھەربىي ئوركېستىر «لوھېڭگرىن» مارشىنى ئورۇندايدۇ. چېركاۋ سىرتىدا يىگىت بىلەن قىز قىلىچلاردىن شەكىللەنگەن كېمىر ئاستىدىن ئۆتۈپ قولاقنى يارغۇدەك

ئالقىشلار بىلەن ئۇزىتىلدۇ. خەلق ئاممىسى يەنە رىم پاسونى سالمى بىلەن ئۇلارغا سالام بېرىدۇ.

گيۆرىڭ، ئەتىسى لوچىنىر بىلەن يەنە 5 نەپەر مۇخپىرنى باش قۇماندانلىق مەھكىمىسىدە قوبۇلغان سوغاتلارنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ”جانابلار، _ دەيدۇ گيۆرىڭ مۇخبىرلارغا، _ خەلقىمنىڭ ماڭا سوغات قىلغان سوۋغىلىرىنى كۆرۈپ بېقىشىڭلارنى مەقسەت قىلىپ سىلەرنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلدىم. خۇددى پادىشاھقا قىلىنغان سوۋغىلارغىلا ئوخشايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ ئەپەندىلەر؟“ لوچىنىر قىزىغا يازغان خېتىدە ”ھەر نېمە دېگەن بىلەن گيۆرىڭ ئاچ قالارمەنمۇ دەپ غەمدە قالمايدۇ. ناۋادا ئۇ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە كەمبەغەللىشىپ كەتكۈدەك بولسا، بۇ سوۋغىلارنى ھېچ بولمىغاندا بىر مىليونغا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ پۇلغا رەنگە قويغىلى بولىدىغان بايلىققا ئايلىنىدۇ.“

گيۆرىڭنىڭ بۇ تۆردىكى ئويۇنلىرى، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئىتالىيە يىغىنلىرى ئەينى كۈندە سترېسادا چاقىرىلىشى تۈپەيلىدىن ئەھمىيىتى ئازىيىپ كېتىدۇ. ھىتلېر ئەسلىدە فرانسىيىنىڭ تەكلىۋىنى قالغان ئىككى دۆلەت قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ دەل ئەكسىچە نەتىجە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يىغىن بىرلەشمە ئاخباراتتىن بىرنى ئېلان قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ قايتىدىن قۇراللىنىشى قانۇنسىز دەپ ئەيىپلىنىش بىلەن بىرگە، لوكارنو پرىنسىپىغا سادىق قېلىشنى تەكىتلىشىدۇ. يىغىنغا لاۋال، ماكدونالد ۋە مۇسسولىنىنىڭمۇ قاتناشقانلىقى بۇ ئاخباراتنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئۈستۈرۈۋېتىدۇ. ئەسلىدە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ فرانسىيىنى يېتىم قالدۇرۇشنى ئويلىغان ھىتلېر، ئۆزىنىڭ يېتىم قېلىش خەۋپى بارلىقىنى ھېس قىلىپ قالىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتمەيلا فرانسىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئىمزالىشىپ، گېرمانىيىنىڭ يېتىم قالدۇرۇلۇش خەۋپىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. سوۋېت-فرانسىيە شەرتنامىسى فۇھرېرنىڭ ئاساسلىق ستراتېگىيىسى بىلەن تۈپتىن زىت كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېر قايتىدىن پۈتۈن كۈچى بىلەن دوستى لورد روتېرمېرغا كاپالەت بېرىپ ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيىدىن ئەنسىرەپ يۈرىشىنىڭ قىلچە ئورنى يوق دەپ كۆرسىتىدۇ. 3-ماي كۈنى، ھىتلېر مۇنداق دەپ يازىدۇ: پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىن تارتىپلا ئەنگلىيە بىلەن ھەمكارلىششنى پىلانلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ”ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە بۇنداق بىر كېلىشىم تۈپەيلىدىن تىنچلىقىلا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپلا قالماي بەلكى دۇنيادىكى يۈز يىگىرمە مىليون ئەك قىممەتلىك ئىنسانلارنىڭ ئارزۇسىغىمۇ ۋەكىللىك قىلالىغان بولاتتى. ئەنگلىيە تارىختا مۇستەملىكىچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتە تەڭدىشى يوق قابىلىيەتكە

ۋە شۇنىڭدەك تەڭداشسىز دېڭىز ئارمىيە كۈچىنى دۇنيادىكى تۇنجى تۆركۈم مىللىتارىست دۆلەت كۈچى بىلەن بىرلەشتۈرەلىشى مۇمكىن.“

روتېرمېرنى قايىل قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ گېزىتىدا ئۇ ئىزچىل تۈردە گېرمانىيەنى ئەڭ يېقىملىق قىلىپ تەسۋىرلەپ بەرمەكتە ئىدى. ئەمما ئەنگلىيىنىڭ ئاساسى قارىشى يەنىلا قورقۇش ئىچىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتاتتى. ماكدونالد ھىتلېرنىڭ ماي ئوتتۇرلىرىدا مۇھىم بىر نۇتۇق ئېلان قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقىنىدا، ئۇ بۇ نۇتۇققا قىزىقىدىغانلىقىنى ھەمدە بۇ نۇتۇق ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئاۋام پالاتاسىدا ھەربى تەييارلىق مەسىلىسىدە مۇنازىرە قوزغاشنى قارار قىلىدۇ.

ھىتلېر ھەممىنى ئۈركىتىۋەتكىدەك بۇ نۇتقىنى 21-مايدا سۆزلەيدۇ. ھىتلېر يەنە بىر قېتىم دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدۇ. شۇ كۈنى ئەتىگىنىدە ئۇ مەخپى مۇداپىيىلىنىش قانۇنىنىدىن بىرنى ئېلان قىلىپ، شاختىنى مەخسۇس ئۇرۇش ئىقتىسادىي غا مەسئۇل بولۇشقا تەيىنلەش بىلەن بىرگە، قۇراللىق قىسىملارنى قايتا تەشكىللەپ چىقىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن ئىدى. ئۇ، بۇ قانۇنغا ئاساسەن دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىنى رەسمى قۇراللىق كۈچ قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسىگە ئۇنىڭ ئۆزى ئەڭ ئالىي باش قۇماندان بولىدىغانلىقىنى؛ بلومبېرگنىڭ ئۇنۋانىنىمۇ دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرىدىن ئۇرۇش مىنىستىرىغا ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇنى قۇراللىق كۈچلەر باش قۇماندانلىقى دەرىجىسىگە ئۆزگەرتكەنلىكىنى؛ بېكنىڭ تېخى ئاشكارىلانمىغان ئارمىيە باشلىقى دەرىجىسىنىمۇ شتاپ باش قۇماندانغا ئۆزگەرتكەنلىكىنى قارار قىلىدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئۆز ئىچىدە بولسىمۇ قارىغا ئويۇنى ھەقىقى قارىغا ھالىغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى (يەنى ئىسمى جىسمىغا لايىق قۇماندان ھالىغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى).

شۇنداقتىمۇ ھىتلېر شۇ كۈنى ئاخشىمى مىكرافوننىڭ ئالدىغا ئۆتكەن ۋاقتىدا، ئۇ قايتىدىن ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلىدىغان، ھەمدە تېپىك سىلىق سىياسىيە بىر قىياپەتكە كىرىۋالغان ئىدى. ئۇ نۇتقىدا، بىزنىڭ ئاساسلىق مۇددايىمىز تىنچلىق، بىز ھېچ قانداق بىر ئىشغالىيەت خام خىيالىدىمۇ ئەمەسمىز، دەيدۇ. ئۇ نۇتقىدا ئۇرۇش پەقەت دۆلەت باغچىسىنى ۋەيران قىلىشتىن باشقا ئاقىۋەت كەلتۈرەلمەيدۇ، دەپ ئېلان قىلىدۇ.

ئۇ ”گېرمانىيە تىنچلىققا مۇھتاج، تىنچلىقتىن باشقىنى ئارزۇ قىلمايدۇ“ دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، ھەر قايسى قوشنا ئەللەر بىلەن (تەبىئىكى، ۋاپاسىزلىق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىققان لىتۋىيە بۇنىڭ سىرتىدا) ئىككى تەرەپ ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالايدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك لوكارنو ئەھدىنامىسىغا ئەمەل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇ يەنە، بىرگە ئېھتىياجلىق بولغىنى

ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە كۈچىنىڭ 35 پىرسەنت قىسمىغا تەڭ كەلگۈدەك دېڭىز فلوتىمىز بولسىلا كۇپايە، دەپ كۆرسەتتى. بۇ بىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىمىزلا بولۇپ قالىدۇ دەپ ۋەدە بەردى. "گېرمانىيە ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ تەلەپ ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىمىز بولۇپ، بۇ ئۆلچەمنى مەڭگۈ ئۆزگەرتمەيمىز" دەپ قەسەم قىلدى.

چەتئەلدىكى نۇرغۇنلىغان تەسىر دائىرىسى بار كىشىلەر ئارىسىدا، ئۇنىڭ دېگەنلىرى يۈزەكى قىممىتى بويىچە قوبۇل قىلىندى. لوندوندا چىقىدىغان «تايمىس» گېزىتى، ئۇنىڭ نۇتقى "مۇۋاپىق، تۈز ۋە كەڭ كۆلەملىك" دەپ يازدى. مۇشۇ بىرلا مەسىلىنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ ھىتلېر يالغۇزلۇق ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، پات يېقىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان دېڭىز ئارمىيە يىغىنىدا گېرمانىيىنىڭ تەلەپلىرىنى ھېسسىداشلىق نوقتىسىدا تۇرۇپ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى دېيىشكە بولاتتى. بۇ يىغىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە چاقىرىلىپ، جاۋاچىم ۋون رىببېنتىروپ گېرمانىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ بارىدىغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. ياپونىيىنىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق دېڭىز ئارمىيە ھەربى ئەمەلدارى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ياخشى بىر مەسلىھەتتە بولۇنغان ئىدى. شۇڭا لىببېنتىروپ يىغىندا ئۆزگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا ئولتۇردى. بۇ ياپونلۇق دېڭىز ئارمىيە ئەمەلدارىنىڭ گېرمانىيىلىك كەسپىدىشىغا دېگەنلىرى ئەسلىدە مۇنداق بىر ئىش ئىدى: 1921-يىلى ياپونىيە تەرەپ ۋاشىنگتونغا يىغىنغا بارغىنىدا ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن بىر پارچە كېلىشىم تۈزىيەلەيدىغانلىقىغا خاتا ھالدا ئىشىنىپ قالغان. "ئاقىۋەتتە بولسا، ئەنگلىيىلىكلەر بىزنىڭ دىپلوماتىك خادىملىرىمىز بىلەن دېڭىز ئارمىيە مۇتەخەسسىسلىرىمىز ئارىسىغا زىددىيەت سېلىپ بىر-بىرسىگە دۈشمەن قىلىۋېتىشكەن. شۇنداق قىلىپ بىز ھېچ بىر ئىشنى باشقا چىقىرالماي قايتىپ كەلگەن ئىدۇق." دەيدۇ. شۇڭا بۇ ياپونلۇق مەسلىھەت بېرىپ، گېرمانىيە پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ ئېنىق بىر تەلەپتە قەتئىي چىڭ تۇرىدىغانلا بولىدىكەن، مەسىلەن 35پىرسەنت نىسبىتىدە چىڭ تۇرىدىغانلا بولىدىكەن، يىغىنىنىڭ داۋاملىشىشى خەۋپ ئاستىدا قالغىدەك بولغىنىدىمۇ دېگىنىدىن يانماي چىڭ تۇرالايدىغانلا بولىدىكەن، ئەنگلىيىلىكلەرمۇ بۇ نىمىسلارنى كېيىدىن قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى پەملەپ ئاستا-ئاستا ئۇلارغا يول قويۇشقا باشلايدۇ، ھەتتا بۇ جەريانىدا ئۆزىنىڭ بۇ رەقىبىگە بولغان ھۆرمىتىمۇ كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ، دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى.

يىغىن چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئوندا باشلىنىپ، يىغىنغا سىمون رىئاسەتچىلىك قىلدى. سىمون خۇددى بۇرۇنقىدەك مۇلايىم، سىلىقلىق بىلەن يىغىن باشقۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇ، بۇ يىغىننىڭ ۋەزىپىسى پات يېقىندا يېتىپ كېلىدىغان ھەر قايسى چوڭ دېڭىز

ئارمىيىسى بار كۈچلۈك دۆلەتلەر يىغىنىغا ئاساس يارىتىشتىن ئىبارەت؛ ئۇنداق بولمىغىنىدا ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ھەربىي تەييارلىق مۇسابىقىسى بەكلا كۈچىيىپ كېتىشى مۇمكىن؛ بۇنىڭ ئۈچۈن يالغۇز تونناژ سانىنى چەكلەشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭغا قوشۇپ بىر قىسىم خەتەرلىك كېمىلەردىنمۇ قۇتۇلۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

رىببېنتروپ، ياپون ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ مەسلىھەتكە ئاساسەن باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە مۇزاكىرە يۈرگۈزۈشنى قەتئىي رەت قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن 35 پىرسەنتلىك نىسبەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىلا مەقسەت قىلىپ گېپىدە چىڭ تۇردى. ”ئەگەر ئەنگلىيە ھۆكۈمتى بىزنىڭ بۇ شەرتىمىزنى دەرھال قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىكەن، ئۇنداقتا بىزنىڭ بۇ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇشىمىزنىڭ قىلچە قىممىتى قالمايدۇ. بىز بۇ ھەقتە دەرھال بىر قارارغا كېلىنىشىنى قەتئىي تەلەپ قىلىمىز،“ دەيدۇ. ئەگەر ئەنگلىيە تەرەپ بۇ نىسبەتنى قوبۇل قىلىدىغانلا بولىدىكەن، دېڭىز ئارمىيىسى قۇرۇش پىلانىنىڭ قالغان تېخنىكىلىق مەسىلىلىرىنى دەرھال ھەل قىلىش يولىدا كۈچ چىقىرىدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

رىببېنتروپنىڭ ئېنگلىزچە سەۋىيىسى شۇنچە ياخشى بولغىنىغا قارىماي، يەنىلا شمىدتنى تەرجىمانلىققا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. ئەمما باشلىقىنىڭ تەپ تارتمايلا ھە دېگەندە، ھەتتا بۇ جەرياندا قىلچىمۇ دىپلوماتىيىلىك قائىدىلەرگە رىئايە قىلماي، كۈنتەرتىپكە قويۇلغان ئەڭ قىيىن مەسىلىنى دەرھال ھەل قىلىنسۇن دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۋېلىشىغا شمىدت بەكلا ھەيران ئىدى. بۇ تەرجىمان، بىزنىڭ بۇ باشلىقىمىز، يەنى رىببېنتروپ يا دىپلوماتىيىدە قىلچە تەجرىبىسى يوق بىرسى، يا بولمىسا بۇيرۇققا قارىغۇلارچە بويسۇنىدىغان بىرسى بولسا كېرەك دەپ ھەيران قالدى. ئەسلىدە رىببېنتروپ ياپون ئەسكىرى ئەمەلدارلىرىنىڭ ھىلە ئىشلىتىش تەكلىۋى بويىچىلا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولماستىن، بەلكى ھىتلېرنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئۇتۇغلۇق بىر شەكىلدە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان كىشىنى ساراسىمىگە سالىدىغان بىر تاكتىكىدىنمۇ پايدىلانماقتا ئىدى. يەنى ھىتلېرنىڭ ئىككى ھەپتە ئاۋۋالقى ئېيتقانلىرى توشقاننى سەۋزە بىلەن ئالدىغانلىقى بولسا، مانا بۈگۈن تەھدىت قىلىپ رەسمىي توخماق كۆتۈرۈپ چىققانلىقى ئىدى.

شمىدت، رىببېنتروپنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، سىموننىڭ يۈز-كۆزى قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى سېزىدۇ. سىمون، سۆھبەتنىڭ باشلىنىشىدىلا بۇنداق بىر شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇش بەكلا نورمالسىز بىر ئەھۋال. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا دېيىدىغانغا گەپ قالمىدى، دەپ قاتتىق گەپلەرنى قىلغاچ ئورنىدىن تۇرۇپ قوپاللىق بىلەن تازىم كەلتۈرۈپ يىغىن مەيدانىدىن ئايرىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ سورۇن بىر مەزگىل بەكلا سوغۇق

كۆرۈنۈشكە پۈركىنىدۇ. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، سىر روبېرت كرايگېي سىموننىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئەنگلىيىگە ۋاكالىتەن بۇنداق بىر شەرتكە قەتئىي قارشى چىقىدۇ. ئەمما ئىرادىلىك رىببېنتروپمۇ قىلچە يول قويماي گېپىدە چىڭ تۇرىدۇ. چۈشتىن كېيىن، ئۇلار يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكەن بولسىمۇ قىلچە ئىلگىرىلەش بولمايدۇ. شىمىدت، ئەندى بۇ سۆھبەت چوقۇم بۇزۇلۇپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلايدۇ. ئەندى ئۇنىڭ خىيالىغا بىرلىنىغا ئۇچۇش ئۈچۈن ھاۋا شارائىتىنىڭ ئۇيغۇن بولۇپ-بولماسلىقىلا كەلمەكتە ئىدى. ئەمما ئۇنى يەنە ھەيران قالدۇرغىنى، ئىنگلىزلار كۆرۈشۈشنى ئەتە چۈشتىن بۇرۇن داۋاملاشتۇرايلى، دەپ ئېلان قىلىشى بولدى. ئەتىسى سۆھبەت يىغىنى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە دېڭىز ئارمىيە بىيروسىنىڭ يىغىن زالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى.

بۇ زال، چوڭ بىر يىغىن زالى بولۇپ، تاملىرى تاختايلار بىلەن بېزەلگەن بىر مەجلىسخانا ئىدى. زالدا ئۇزۇن بىر ئۇستەل قويۇلغان بولۇپ، ئەتراپىغا قىزىل سىرلاغلىق ئورۇندۇقلار تىزىلغان ئىدى. شىمىدت بۇنداق دوستانە مۇھىتتىن بەكلا غەلىتىلىك ھېس قىلىپ تۇراتتى. ئويلىمىغان يەردىن كىشىلەرنى قورقۇتقىدەك كۆرۈنۈشتىكى كرايگېي، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋون رىببېنتروپ ئەپەندىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ، دەپ ئېلان قىلغان ۋاقىتىدا، شىمىدتنىڭ ھەيرانلىقى ئارتىپ چۆچۈشكە ئۆزگىرىدۇ ("مەن ئاڭلىغانلىرىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم!"). 6-ئىيۇن كۈنىسى، سىر جون يىغىنغا قايتىپ كىرىدۇ؛ ئۇ گويا ھېچقانداق بىر ئىش يۈز بەرمىگەندەك يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ گېرمانىيە تەرەپ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھېسابلاندى. بارلىق كېلىشىملەر دوستانە كەيپىيات ئىچىدە ئىمزالاندى. بۇ ئارىدا رىببېنتروپتىكى "چىدىغۇسىز قوپال كۆرۈنۈشى" دىنمۇ ئەسەر قالمىغان، پۈتۈنلەي سالاپەتلىك بىرسىگە ئايلانغان ئىدى. ئەنگلىيە تەرەپ گېرمانىيىنىڭ ئەنگلىيە ئىگە بولغان دېڭىز فلوتىنىڭ 35پىرسەنت قىسمىغا تەڭ كېلىدىغان تونناژغا ئىگە بولىشىغا ماقۇل بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە گېرمانىيە ئۈچۈن 45 پىرسەنت قىسمىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى بولىشى ئۈچۈنمۇ يول قويۇلغان ئىدى. رىببېنتروپ گېرمانىيىگە قايتقىنىدا رەسمىي بىر ئىستىلاچى قەھرىمان سۈپىتىدە قارشى ئېلىنىدۇ. سۆھبەت شىرەسىدە گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بارلىق مەخپىي نىشانىغا يەتكەنلىكى، ھىتلېرنى بىر ئەمەلىيەتچى كىشىلىكتىن بىر سىياسەتشۇناسقا ئايلاندۇرىۋەتكەن ئىدى. ئىنتىپاقداش دۆلەت دېگەنلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە ھالدا ھەرىكەت قىلغانلىقى (شۇنىڭدەك بۇ ئىشنىڭ دەل ۋوتېرلو خاتىرە كۈنى ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقى) دىن نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالغان فرانسىيە، دەرھال لوندونغا ئاچچىق بىر نوتا يوللايدۇ. ئەمما ئەنگلىيىدىكى جامائەت پىكرى بۇ ئىشنى ئومۇمىي يۈزلۈك ھىمايە قىلغاندەك كۆرۈنمەكتە

(ۋىنستون چېرچىل بۇنداق بىر قارارغا قارشى بولۇپ، ئۇ بۇنداق بىر شەرتنامە، ئۇنىڭچە بولغاندا ئەنگلىيىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بېرىلگەن بىر زەربە ھېسابلىنىدىكەن). ھەتتا ھىتلېرغا دۈشمەن كۆزى بىلەن قارايدىغان سىياسىي يونىلارمۇ بۇنداق بىر شەرتنامىنى قوللاپ چىققان ئىدى.

شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇنداق بىر شەرتنامىنىڭ ئىمزالانغانلىقى شاھزادە ۋالېسنى ئىچ-ئىچىدىن خوشال قىلىۋېتىدۇ. شەرتنامە ئىمزالانغان كۈنىسى بۇ شاھزادە، باش ئەلچى خويىشقا (ئاسكوت، خانىش بىلەن بىرگە چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرغىنىدا)، يېقىنقى بىر قېتىملىق بەس مۇنازىرە قوزغىغان نۇتقىدا نېمىسلارنىڭ ئەنگلىيىلىك ماھىرلار بىلەن ئۇچراشقىنىدا بۇنى "پۈتۈنلەي مەن ئۆزەم ئوتتۇرغا قويغان ئىدىم" دەيدۇ.374 (ئەمما ئۇنىڭ تىلغا ئالماي يوشۇرغىنى، بۇ مەسىلە توغرىلىق پادىشاھ تەرىپىدىن ئەيىپلىنىشى بولۇپ، "قەدىرلىك ئوغلۇم، مەن ساڭا ھەر دائىم جېكىلەيدىغىنىم، سەن ھەرگىزمۇ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىۋالما دېگەنلىكىمنى ئۇنۇتتۇڭمۇ، بولۇپمۇ دىپلوماتىيىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە قەتئىي ئارىلاشما دېمىگەنمىدىم؟ سېنىڭ تۈنۈگۈن ئېلان قىلغان كۆزقارىشىڭ ھەر قانچە سەزگۈرلۈك بىلەن ئوتتۇرغا قويۇلغان بولسىدىن قەتئىي نەزەر، بىلىشىمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قاراشلىرىغا تۈپتىن زىت." بۇندىن كېيىن ئەگەر ھۆكۈمەت بىلەن مەسلىھەتلەشمەي تۇرۇپ بۇنداق تالاش-تارتىش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە نۇتۇق سۆزلىشىگە قەتئىي يول قويۇلمايدۇ، دەيدۇ. ئاتىسىنىڭ بۇ تۈر ئەيىپلىشى ئۇنى ھەر قانچە بىئارام قىلسىمۇ بەربىر شاھزادىنىڭ ئېغىزىنى تىۋاقلاشقا يەتمىگەن. شاھزادە ئۇنىڭ كەينىدىنلا يەنە بىر تالاش-تارتىش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان مەسىلە ئۈستىدە نۇتۇق سۆزلەپ، لوندون ناھىيىلىك پارلامېنتىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى تەۋەسىدە مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاياق-توقماقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قانداق بىر قۇرال ئىشلىتىشىگە چەكلىمە قويىشىغا قارشى نۇتۇق سۆزلەيدۇ). شاھزادە ۋالېس قوشۇمچە قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ھەممىگە مەلۇمكى، سىياسىي يونىلارنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇلار بەكلا قورقۇنچاق ھەمدە كەسكىن قارار بېرىشتىن بەكلا ئەنسىرەش مىجەزلىك بولىشى. ئەسلىدە مۇۋاپىق پەيتلەردە ئوچۇق سۆزلۈك بولۇش، ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا چەكلىمە دائىرىسىدىن ئېشىپ كېتىدىغاندەك ئىش بولغىنىدىمۇ، بۇنداق ئوچۇق سۆزلۈك بولۇش قورقۇنچاقلىق ۋە ئىشنى كەينىگە سوزۇشقا قارىغاندا ئۆنۈمى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ." ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرى تېلېگرامما ئارقىلىق ۋىلھېلم كوچىسىغا يەتكۈزۈلگىنىدە، ئۇ يەردە ئەسلىدىنلا ئاشۇرىۋېتىلگەن ئەنگلىيە نىڭ گېرمانىيىگە يېقىنلىق ھېسسىياتلىرىغا يەنە بىر مۇبالىغە سۆزى قوشۇلۇپ، فۈھرېرنىڭ

كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى يېتەرسىز قالدى دەيدىغان پەرەزلەرنى تېخمۇ كۈچەيتىپ بېرىدۇ. يەنى، ئەندى ئەنگلىيە نىڭ يول قويۇشى بۇندىن كېيىن چەكلىمىسىز يول قويۇش بولۇپ ئۆزگىرىدۇ دېگەنگە ئايلىنىدۇ.

لوندون شەرتنامىسىغا قارىتا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئىنكاسمۇ ئاساسەن فرانسىيىنىڭ كۆرسەتكەن كۈچلۈك ئىنكاسىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ شەرتنامە بۇنداق بىر پەرەزنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە ئىدى. يەنى ئەنگلىيە  هۆكۈمەتلىرى ئەينى ۋاقىتتا پارلامېنت بۇ شەرتنامىنى قوللاپ تەستىقلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئېرىشمەكچى بولغان ھەرقانداق نەتىجىنىڭ قانداقتۇر بىر ساختا ئىكەنلىكى بىلىنگەن ئىدى.

پەرەزنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە ئىدى. يەنى ئەنگلىيە  هۆكۈمۈران تەبىقىسى ئىچىدىكى تەختكە ۋارىسلىق قىلماقچى بولىۋاتقان شاھزادىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى ئۇنسۇرلار، گېرمانىيىنىڭ بالتىق دېڭىزىدىكى دېڭىز ئارمىيە كۈچلىرىنى كۈچەيتىشكە ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشىغا، يىراق شەرقتە بولسا ياپونىيىنىڭ قارا نىيىتى ئۈچۈن ھەم نەپەس بولۇشىغا ياردەمچى بولۇش ئېھتىمالى مەۋجۇت ئىدى. گەرچە بۇ ئىشتا كۈچلۈك ئەنسىرەشلەر بار بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا ھىتلېر بىلەن سودا شەرتنامىسى ئىمزالىشىدۇ. ھىتلېرمۇ سوۋېتكە بېرىدىغان كرېدىت مىقتارىنى 2 يۈز مىليون ماركقا ئۆستۈرۈپ، كەلگۈسى ئون يىل ئىچىدە بۇ رەقەمنى 5 يۈز مىليونغا ئۆستۈرۈشنى پىلانلايدۇ. بۇ دېمەكلىك، ھاياتلىق بوشلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش خىيالىدىن يېنىۋالغان دېگەندىن دېرەك بەرمەيتتى. ئەكسىنچە، بۇ پىلانلار خەلقارالىق دېپلوماتىيىلىك ئۆيۈنلىرىدىن بىرىسىلا ئىدى، خالاس. بۇنىڭ سەۋەبى، غەرب بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش، شەرق بىلەن سودا قىلىشىش بىلەن بىرگە، گېرمانىيىنىڭ قايتىدىن قۇراللىنىشىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەخپىي شارائىتلاردا قانات يايدۇرۇشىنىلا مەقسەت قىلاتتى. بۇ خىل قۇراللىنىش سۈرئىتى نۇرغۇنلىغان چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلىرىنىڭ پەرەز قىلغىنىدىنمۇ كۆپ تېز كېتىۋاتاتتى ئىدى.

4

ئادولف ھىتلېرنىڭ سىياسىي  تۇرمۇش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئارىلىشىش دائىرىسىمۇ كېڭەيمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىككى قاتلام يېقىن كىشىلەر شەكىللەنمەكتە بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرسى گېوبېلس، گېۆرىڭ، ھەسىس (ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى) قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان يېقىنلىرى؛ يەنە بىرسى بولسا تېخىمۇ بەكرەك خۇسۇسىي خاراكتېر ئالغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار شوپۇرى، كاتىبى، خىزمەتچىسى ۋە شۇنىڭدەك قالغان يېنىدا يۈرىدىغان يېقىن كىشىلەردىن تەشكىل تاپاتتى. ئەڭ ئىچكى قاتلىمىدا بولسا بىر نەپەر بىناكارلىق ئىنژېنېرى بولغان سپېر، بىر نەپەر ئۇچقۇچىسى

بولغان باۋۇر قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا يەنە نىسبەتەن ياش ھەربىي ئىشلار ئادىيۇتانتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئالايلۇق، دىڭىز ئارمىيە لېيتېنانتى ۋون پۇتكامىر، قۇرۇغلۇق ئارمىيە ۋەكىلى نىكولاۋۇس ۋون بىلوۋ قاتارىدىكى ئوخشىمىغان سەۋىيەلىك كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەر ئىككىلا قاتلامغا تەۋە كىشىلەر ھېسابلىناتتى. بۇنداقلاردىن ئەڭ بەك كۆزگە چېلىققىنى مارتىن بورمان ئىدى. بۇ كىشى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ھېسقا ئەگەشكەن بىرسى بولۇپ، ھازىر ھېسنىڭ بىرلىندا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئىدى. بورمان، شۇ باھانىدا فۇھرېرغا يېقىنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بىرى بولۇپ، فۇھرېرنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ھارماي-تالماي خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. گەرچە بورماننى كۆپ قىسىم نېمىسلار بەك بىلىپ كەتمىسىمۇ، ھېرىپ چارچاشنى بىلمەيدىغان بورمان ھىتلېرنىڭ سايىسىدەك كەينىدىن قالماي فۇھرېرنىڭ ھەر بىر ئىغىز گېپىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭىغا ياكى كىچىك خاتىرە دەپتىرىگە يېزىپ يۈرەتتى.

ھىتلېر ئەنە شۇ ئىككى قاتلام كىشىلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. بەزىدە يەنە نۇرغۇنلىغان يۇقۇرى دەرىجىلىك مەمۇرى ئەمەلدارلار ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار ئارىسىغا چۆكۈپمۇ كېتەتتى. ئۇنىڭ بىسىپ ئولتۇرۇپ ئەستايىدىللىق بىلەن ئالىي دەرىجىلىك ئىشخانا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىشى ئۇنىڭ بەرداشلىق بىرەلمەيدىغان بىردىن بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇ كىچىدە ئىشلەشكە ئامراق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئادەتتە چۈشكە يېقىنلا ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرالايتتى. ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇرا-ئولتۇرمايلا ئۇتتۇ دىيتىرىخ توپلىغان ھەر قايسى گېزىتلارنىڭ مۇھىم قىسىملىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئالدىراشلىق بىلەن چۈشلۈك غىزالىنىش ئۈچۈن چىقىپ كېتەتتى. تاماقتىن قايتىپ كىلىپ پۈتۈن زىھنى بىلەن قىزىقىدىغان ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ھەل قىلىشقا كىرىشىپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنى قىزىقتۇرمايدىغان ئىشلارنى كەينىگە سوزۇپ ئىشتىن چۈشۈشكە يېقىن ئاندىن ئۇ مەسىلىلەرنى قولغا ئالاتتى. ئۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سپىر ۋە گېيسلېر ئىككىسى بىلەن بىرلىن، ميونخېن ۋە لىنز قاتارىدىكى شەھەرلەرنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ كېتەتتى. بۇنداق مۇھاكىمىلەر سائەتلەپ ئۇزاپ كېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ھىندېنبۇرگدىن باشلاپ دۆلەت ئىشلىرى كاتىبى بولۇپ كېلىۋاتقان خانس لامىرس بىلەن ئوتتو مېيسنېر ئىككىسى دۆلەت باشلىقلا قارار قىلالايدىغان ئىشلارنى ساقلاپ تاقەتسىزلىنىپ بىر چەتتە كۈتۈشكە مەجبۇر ئىدى.

ئۇنىڭ خىزمەت ئۇسلۇبىغا كاپىتان ۋىيدېمان بەكلا ئەھمىيەت بېرەتتى. مۇھىم بىرەر قارار ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ شەخسى ئايۇتانتى ئۇنى ئولتارغۇزۇپ ھۆججەتلەرنى بىر قۇر

كۆرۈپ چىقىشقا ئۈندەشتە ھەقىقەتەنمۇ بەك قىينىلىپ كېتەتتى. ”ئۇنىڭچە بولغاندا، - دەيدۇ ۋېيدېمان كۈندىلىك خاتىرىسىدە، _ نۇرغۇنلىغان ئىشلار چېپىلىۋالمىسىمۇ ئۇ مەسىلىلەر ئۆزلىكىدىن يوروۇشۇپ كېتىۋېرىدىكەن. بۇ جەھەتتە ئۇ ھەقىقەتەنمۇ راس دەيتتى. مەسىلە، بۇ تۇردىكى ئىشلارنى قايسى ئۇسۇل بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقىلا باغلىق ئىدى. زىيارەتچىلەرنى كۈتىۋېلىشتا ئۇلارنى تاللاش ئىشىدا ئۇنىڭ مەنمەنچىلىكىنى زادىلا تېزگىنلىگىلى بولمايتتى. بەزى ئەمەلدارلار كۈتىۋېلىش بۆلۈمىدە كۈنلەرچە ساقلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ھىتلېرنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا مۇيەسسەر بولالايتتى. ئەمما ئەگەردە قايسى بىر كونا دوستلىرىدىن بىرەرسى كېلىپ ئۇنى زىيارەت قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇ دەرھال مېھمىنىنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىپ، دېمەكچە بولغانلىرىنى تاماق ئۈستىدە ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، مەسىلىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تاماق ئۈستىدىلا ھەل بولۇپ كېتەتتى.“

ئەسلىدە ھىتلېرنىڭ ئىش جەدۋىلى بەكلا تەرتىپسىز بولۇپ، تېخىمۇ مۇرەككەپ بولغان خەلقارالىق مەسىلىلەرنى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قوچۇپلا ۋېتەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئاساسەن ئاشىنىسى بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ ئاساسەن ۋاقىت چىقىرالماي قالاتتى. ئادولف ھىتلېرنىڭ سۆيگۈسى ئېۋا براۋننىڭ ھاياتىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ھىتلېر ئېۋاغا ئۆزىنىڭ ئىمپېرىيە رەھبىرى بولۇش مۇددىتى ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىزمۇ توي قىلالمايدىغانلىقىنى كېسىپ ئېيتىدۇ. ”مېنىڭ ئۈچۈن توي قىلىش دېمەك، پۈتۈنلەي ۋەيران بولىشىمدىن دېرەك بېرىدۇ. - دەيدۇ ئارىدىن 7 يىل ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇ ئۆزىنىڭ سىرداشلىرىغا، _ ئەر-خوتۇنلار ئارىسىدا چوقۇم بىر-بىرىنى خاتا چۈشىنىپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئەر بولغۇچى كىشى ئايالى مېنىڭ ھەققىم دەپ تونىغان ۋاقتىنى ئۇنىڭغا تولۇق بېرەلمىدىكىمۇ دەرھال خاتا چۈشىنىپ قېلىش ئوتتۇرغا چىقىدۇ.“ ئايال كىشى پەقەت ئېرى ئۈچۈنلا ياشايدۇ، ئايال كىشىمۇ يولدىشىنىڭ ئەنە شۇنداق بولىشىنى ئارزۇ قىلىپ يۈرىدۇ. ئەركىشى ئايالىنىڭ روھىي قۇلى، ئۇنى خالىغانچە باشقۇرماقچى بولىدۇ. ”مەن شۇ سەۋەپتىن توي قىلغاندىن كېيىنكى بەختتىن بەھرى ئالالمايمەن. مەن پەقەت سەل قارىلىپ بىر چەتكە قايرىپ قويۇلغان ئايالىمنىڭ نەپرىتىگىلا ئېرىشەلىشىم مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالغا قالمايمەن دەيدىكەنمەن، ئۇ ھالدا خىزمەتلىرىمنى بولىشىغا قويىۋېتىشىمگىلا توغرا كېلىدۇ. ... توي قىلىشنىڭ بىر يامان تەرىپى، ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى پەيدا قىلىپ چىقىشىدۇر. شۇنداق بولغاچقا، بىرەر ئاشنا تۇتۇش ئايالى بولغانغا قارىغاندا مىڭ ياخشى. شۇنداق قىلغاندا يۈكى يەڭگىللىشىپ، بارلىق ئىشلارنى بەرگەن ھوقۇق سەۋىيىسى ئۈستىگە قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.“ ئۇ، بۇ

گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ ئىككى نەپەر ئوتتۇرا ياشلىق قىز كاتىپلىرىدىن جوھاننا ۋولف بىلەن كرىستا شرودېر چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىدۇ: "بايا دېگەنلىرىم ئەلۋەتتىكى نىسبەتەن يوقۇرى دەرىجىلىك كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتىلغان گەپلەر!"

ئېۋا ئەسلىدە كۆڭلى يېرىملا بولۇپ يۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ مىلىك تەستە ۋاقىت چىقىرىپ كۆرۈشكىلى كېلىدىغان ئاشىنىسىنىڭ بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۇنى كۆرگىلى كېلىشى، ئۇنىڭ ۋاقتىنچە بولسىمۇ دەردىنى يەڭگىللىتىشكە يېتىپ ئاشاتتى. "تونۇشقان ئويلىمىغان يەردە ئۇ مېنى كۆرگىلى كەلدى. _ دەپ يازىدۇ ئېۋا 18-فېۋرالدىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە، _ ئاخشىمى ۋاقتىمىز ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ... ئۇ مېنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتىكى، مېنى ھەقىقەتەنمۇ چەكسىز بەخت ئىچىگە چۆمدۈردى. مەڭگۈ مۇشۇنداق بولىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلار ئىدىم-ھە! _ ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ ئۇ خاتىرىسىگە يەنە مۇنۇلارنى يازىدۇ، _ مەن قايتىدىن ئۆلگىدەك قاتتىق ئازاپ ئىچىدە قالدىم. مېنىڭ ئۇنىڭغا خەت يېزىش ئىمكانىم يوق. بۇ كۈندىلىك خاتىرەم مېنىڭ ئۇچۇن بىردىن-بىر دەرت تۆكىدىغان يېرىم بولۇپ قالدى." ھىتلېر شەنبە كۈنى كەلگەن ئىدى. ئەمما ئۇ "بىر قانچە سائەتلىك لەززەتلىك مىنۇتتىن كېيىن"، يەنە قاچان كېلىدىغانلىقىنىمۇ دېمەي كېتىپ قالدى. "مەن خۇددى تىكەن ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالغاندەك ھەردائىم قېشىمغا كېلىپ قالىدىغاندەكلا تۇيغۇ ئىچىدىمەن."

بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئېۋا بەكلا قالايماقان، باش-ئايىقىنىڭ تايىنى يوق، خۇددى ئالدىراشچىلىقتا يېزىلغاندەك ياكى بەكلا كۈچلۈك ھېسسىيات بېسىمى ئاستىدا قالغاندەك، كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يازىدۇ:

"سەككىز كۈندىن بېرى ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالالمىدىم. مەن ھەقىقەتەنمۇ بىرەر كېسەل بولۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. نېمىشكە بەدىنىمدە بىرەر كاشىلا پەيدا بولمايدىغاندۇ، مەن نېمىشكە بۇنچە دەرتكە چىدايدىغاندىمەن؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن پەقەتلا تونۇشمىغان بولسام نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى؛ مەن پۈتۈنلەي ئۈمۈدسىز ھالغا چۈشۈپ قالدىم. ئەندى مەن بېرىپ ئۇيقا دورىسى سېتىۋالىمەن. ھېچ بولمىغاندا ئېغىر مۈگدەش ئىچىدە بۇنچە كۆپ ئىشلارنى ئويلىيالماس ھالغا كېلىۋالىسام بولمايدۇ ... ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ سۆيگۈ قەرزىدىن خالاس قىلماي مېنى شۇنچىۋالا ئازاپقا قويىدىغاندۇ؟"

ئارىدىن يەنە بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە ئېۋا يەنە سۆيگۈنىنىڭ تەرىپىنى ئالىدىغان باھانە تېپىپ چىقىدۇ: "ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا ئالدىراش." ئەمما ھىتلېر ئۇنى "تۆت پەسىل مېھمان سارىيى" غا تەكلىپ قىلغىنىدا بولسا، ئۇنىڭ "تاقەت

قىلىپ كۆتۈش" دەيدىغان ئىرادىسى پۈتۈنلەي توزۇپ كېتىدۇ.

"مەن ئۇنىڭ يېنىدا 3 سائەت بىرگە ئولتۇرۇۋالدىم، ئەمما ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدىم. ئايرىلىش ۋاقتىدا، بۇرۇنقىدەك ئىچكە پۇل سېلىنغان بىر كونۋېرت تۇتقۇزۇپ قويدى. ئەمما ئۇ بۇ لىپاپ ئىچىگە بىر قانچە ئېغىز بولسىمۇ ئەۋھالسوراش سۆزلىرىنى ياكى چىرايلىق گەپلەردىن بىر قانچىنى يېزىپ قويغان بولسىمىغۇ كاشكى، بۇنىڭدىن مېنىڭ نەقەدەر يايراپ كېتىدىغانلىقىمنى ئۇ بىلمەيدىغانمىدۇ؟ ھەي، مېنىڭچە ئۇنىڭ ئەقلىگە بۇنداق ئىشلار كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ."

ئاي ئاخىرىدا، ئۇ كوچا گەپلىرىدىن ھېتلېرنىڭ ۋالكۈري لەقەملىك يەنە بىر ئايالنى تېپىۋالغانلىقى ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەرنى ئاڭلىغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ يالغۇزلۇق تۇيغۇسى ئۇچىغا چىققان كۆڭدەشلىككە ئۆزگىرەيدۇ.

"... مېنىڭچە، ئۇ ماڭا بۇ توغرىلىق پەقەتلا تىنمايتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى ماڭا قىلغان بىر ناھەقچىلىك. ئۇ ئەسلىدە مېنى چۈشىنىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ قەلبىنى باشقا بىرسىگە بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالغىدەك بولسىمۇ مەن ئۇنىڭغا پۈتلىكاشاڭ بولۇپ يۈرمەيتتىمغۇ!"

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئېۋا قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ھېتلېرغا يالۋۇرۇش خاراكتېرىدا بىر پارچە خەت يازغاندىن كېيىن، كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يازىدۇ: "... ئەگەر مەن بۇ ئاخشام سائەت 10 غىچە جاۋابقا ئېرىشەلمىسەم، ئۇ چاغدا مەن 25 دانە دورىنى بىراقلا يۇتىۋېلىپ ئۇيقا ئىچىدە ئاستا-ئاستا نېرىقى ئالەمگە كېتىپ قالىمەن.

ئۈچ ئايدىن بېرى ئۇ ماڭا تەسەللى قىلىپ بولسىمۇ بىرەر پارچە خەت يازمىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى، ئۇنىڭ دائىم كۆرستىپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ مۇھەببىتى ھېسابلىنالارمۇ؟

ئەگەر ئۇنىڭ كاللىسى بۇ كۈنلەردە سىياسىي مەسىلىلەر بىلەن لىق توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ چوقۇم بىر پۇرسەتنى تېپىپ مەن بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنى يەڭگىللەشتۈرىۋالالىشى مۇمكىن ئىدىغۇ! بۇلتۇر شۇنداق بولمىغانمىدى؟ رۆم بىلەن ئىتالىيە ئۇنىڭغا شۇنچە ئالدىراشچىلىقتىمۇ ماڭا ۋاقىت ئاجرىتىش پۇرسىتىنى بېرەلىگەن ئىدىغۇ؟ راس دېگەندەك، بۇ ئالدىراشچىلىقنىڭ كەينىدە باشقا بىرەر ئىش بارمۇ قانداق؟

بۇنىڭغا مەن سەۋەبچى ئەمەسمەن، ياق، ھەرگىز!

بەلكىم بۇ ئىشنىڭ تېگىدە باشقا بىر ئايال بارمۇ-قانداق _ ئەمما بۇنىڭغا ۋولكېر دېگەن قىز سەۋەب بولالىشى ناتايىن. ياق، ئۇنداق بىرىنىڭ بولىشى مۇمكىن ئەمەس. ئوتتۇرلۇقتا شۇنچە كۆپ قىزلار ئايلىنىپ يۈرمەمدۇ؟ ئۇنداق بىر قىزنىڭ بولىشى مۇمكىن ئەمەس!

بۇنىڭغا باشقا بىر ئىش سەۋەپ بولغۇاتامدۇ-يا؟ بىلەلمىدىم.“
ئارىدىن بىر قانچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئېۋا كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئەڭ ئاخىرقى جۈملىسى بولغان ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان مۇنداق بىرقانچە قۇر سۆزلەرنى يازىدۇ:

قەدىرلىك تەڭرىم، بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ماڭا قارىماي كېتىپ قېلىشىدىن بەكلا قورقىمەن. بۇ ئىشتا ماڭا بىرەرسى ياردەم قىلالامسۇ؟ھەممە ئىشلار ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە تولغان، نېمە دېگەن دەھشەت! بەلكىم يازغان خېتىم يامان ۋاقىتدا ئۇنىڭ قولىغا تېگىپ قالدىمۇ-يا؟ ياكى ئۇنىڭغا ھەرگىز خەت يازماسلىقىم كېرەك.
نېملا بولسا بولسۇن، بۇنداق بۇرۇختۇرمىلىقتا يۈرگەندىن ئۆلۈپلا كەتسەم كاشكى!
قەدىرلىك تەڭرىم، مەڭا ياردەم قىلغايسەن! بۈگۈن مېنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىتىپ سۆزلىشىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغايسەن! ئەتىگە قالسا بەكلا كېچىكىدۇ.

ئېۋا براۋن خەۋەرسىز مۇھىم بىر ئىش يۈز بەرگەن ئىدى: ھىتلېر ئۇنىڭدىن كەلگەن ۋىدالىشىش خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقتىدا ئوپراتسىيە ئۈستىلىدە ياتاتتى. يېقىنقى بىر قانچە ئايدىن بۇيان ئۇنىڭ كېلى ئاغرىپ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ سۆزلەيدىغان نۇتقىنىڭ كۆپلىكى، شۇنىڭدەك نۇتۇقلىرىنىڭ چەكسىز ئۇزۇراپ كېتىشى ئۇنىڭ ئاۋازىنى پۈتتۈرۈپ قويغان ئىدى. بۇنى ئاز دەپ گېلىگە بىر نەرسە ئۆنۈپ چىققاندەكمۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى قورقۇشى قايتىدىن باش كۆتەرگەن ئىدى. سېپىرنىڭ دېيىشىچە، بىر قانچە ئايدىن بېرى ھىتلېر داۋاملىق ئىمپراتور ئۈچىنچى پىتېرنىڭ بوغۇز راكىدىن ئۆلگەنلىكى ھەققىدە گەپلەرنى قىلىدىغان بولۇۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ گېلىنىڭ ئاغرىقىدىن باشقا يەنە ئاشقازان ئاغرىقىمۇ قوشۇلۇپ ئۇنى قىينىماقتا ئىدى. يەنى ئۇ ياش ۋاقتلىرىدا ۋىيېننادا كۆرۈلگەن كېسىلىدەك ئاغرىقا مۇمتالا بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىزچىل تۆردە نئو بالىستول دورىسىنى ئىچىپ يۈرەتتى. روشەنكى، ئۇنىڭ ئىچكەن دورا مىقدارى چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ دورا يېپىشقان مايلىق بىر دورا ئىدى. بىر قېتىم، ئۇ بۇ دورا سەۋەبىدىن زەھەرلىنىپ قېلىپ بەكلا پاراكەندە بولۇپ كەتكەن، شۇڭا ئۇ دەرھال دوختۇر گراۋىتزىنى چاقىرتىپ كېلىدۇ. ئۇ دوختۇرغا بېشىم ئاغرىيدۇ، بېشىم قايدۇ، قۇلىقىم غۇڭۇلدايدۇ ۋە كۆزۈم تورلىشىۋالىدۇ دەپ دەرتلىنىدۇ. 23-مارت كۈنى، يەنى فۇھرېر ئىنتايىن مۇھىم دىپلوماتىك نۇتقىنى ئېلان قىلىپ ئىككى كۈن كېيىن، بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىز بۆلۈم باشلىقى پروفېسسور كارل ۋون ئەيكېن فۇھرېرنىڭ ئاۋاز پەردىسىدىن

بىر سانتىمېتر چوڭلۇقتا نەپەسلىنىش ئورگان پارچىسىنى كېسىپ ئالىدۇ. بۇ بىر كىچىك دائىرىلىك (باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىدىلا ئۆتكۈزۈلگەن) ئاپاراتسىيە بولۇپ، تىنچلاندۇرغۇچى سۈپىتىدە ئاز مىقداردا تىنچلاندۇرغۇچى مورفىن قوللىنىلغان. شۇنىڭغا قارىماي، ھىتلېر يەنىلا 14 سائەت ئىنتايىن مەززە قىلىپ ئوخلىۋالىدۇ. "مەن شۇ چاغدا بەكلا ئەنسىرىگەن ئىدىم" دەيدۇ ئەيكېن كېيىن ئاشكارىلاپ. ئاپاراتسىيىدىن كېيىن، پروفېسسور ئەيكېن بىر قانچە كۈن قاتتىق ۋارقىراپ گەپ قىلماسلىقى، كېيىنمۇ بەك ھاياجانلىنىشلاردىن ساقلىنىشى كېرەك دەپ مەسلىھەت قىلغان بولسىمۇ، ھىتلېر نۇتۇق باشلىشى ھامان بۇنداق نەسىھەتلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالاتتى (بۇ مەلۇمات 1938-يىلى 14-نويابىردىكى «دەۋر» گېزىتىدىن ئېلىنغان. بۇ گېزىت، بۇرۇن ھىتلېرنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىز مۇتەخەسسىسى، ۋېينالىق پروفېسسور ھېينىرىخ ۋون نىيۇمانغا بوغۇزنى تەكشۈرتمەكچى بولغان، ئەمما بۇ پروفېسسور ساپ يەھۇدىي بولغاچقا، ئۇنىڭ تەكشۈرۈشنى رەت قىلغانلىقىنى يازىدۇ - ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ئەيكېن بىمارىغا، ئۇنىڭدىن كېسىپ ئالغان نەپەسلىنىش بوغۇزىدىكى گۆش پارچىسىنىڭ "ئادەتتىكى گۆش پارچىسى ئىكەنلىكىنى، يەنى ياخشى خاراكتېرلىك بىر توقۇلما" ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ھىتلېرنى خاتىرجەم قىلماقچى بولغان. شۇنىڭغا قارىماي، ھىتلېر يەنىلا ئاپىسىنىڭكىدەك راك ئۆسمىسى بولۇپ يۇغۇراپ كېتىشىدىن قورقۇپ غەمدىن قۇتۇلالمىغان. ھىتلېرنىڭ ئېۋاغا خەت يازماسلىقى ياكى ئادىيۇتانتى ئارقىلىق بولسىمۇ تېلېفون بەرگۈزۈپ ئۇنى خاتىرجەم قىلىدىغان بىر قانچە ئېغىز گەپ يوللىماسلىقىدىكى سەۋەب، بەلكىم ئۇنىڭ كاللىسى ئۆزىنىڭ كېسەللىكى ئۈستىدىكى غەمگە مەركەزلىشىپ قالغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن.

ئەمما ئېۋا قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پېتىپ قېلىپ تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يۈرگەچكە، 29-ماي كۈنى سەھەردە 20 تال "ۋانوفورم" (تىنچلاندۇرۇش دورىسى) ئىچىۋالىدۇ. سىڭلىسى ئىلسې ھەدىسىنىڭ ھوشسىزلىنىپ ئويغانماي ياتقانلىقىنى سېزىپ قالىدۇ. ئىلسې ئەسلىدە بىر تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ قولىدا كۈتكۈچى بولۇپ ئىشلەپ باققان بولغاچقا ئاز-تولا تېز قۇتقۇزۇش بىلىمىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ ھەدىسىگە تېز قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللانغاندىن كېيىن، ھەدىسى بەكلا ئىشەنچ قىلىدىغان مەسئۇل دوختۇر مارتىن ماركسقا دەرھال تېلېفون قىلىدۇ.378 ئىلسې، ئېۋانىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى دوختۇر داۋالاۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاختۇرۇپ تېپىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇ، ھەدىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى مەخپى تۇتۇش ھەمدە دوختۇر ماركسنىڭمۇ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالماسلىقىنى كۆزلەپ ھەدىسىنىڭ

خاتىرىسىدىكى بىر قانچە مۇھىم بەتلەرنى يىرتىپ تاشلايدۇ. ئەسلىدە بۇ دوختۇرمۇ بىر يەھۇدىي ئىدى. شۇڭىدەك ئىلىسى يەنە دادىسىنىڭ بۇ ئىشلارغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈشىدىن، ھەمدە فۇھرېرنىڭمۇ ئاشنىسىنىڭ روھى ھالىتىنىڭ نورمال بولۇش-بولماسلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشىدىن قورققاچقا، ھەدەمنىڭ بۇ قىلىقى ئويىنغاندەك بىر ئىش ئىدى دەپ تۇرىۋالىدۇ. ھەر نىمە دېگەن بىلەن، ئىۋانىڭ يىگەن دورىسىنىڭ خۇسۇسىيتى ۋېرونالغا قارىغاندا يەڭگىلرەك بىر ئۇيقا دورىسى ھېسابلىناتتى. دېمەك، ئىۋا ئاچا-سىڭىللار ئۆيگە قايتقىندا چوقۇم بىرسىلىرىنىڭ كەچلىك سالامغا كىرىشىدىن قورقاتتى.

دوختۇر ماركس مۇ كېيىسىلىك سەۋەبىنى ھەددىدىن تاشقىرى چارچاپ كەتكەن بولغاچقا، كۆپىرەك ئۇيقا دورىسى ئىچىپ سالغان دەپ دىئاگنوز قويۇپ بېرىدۇ. ھىتلېرمۇ بۇ چۈشەندۈرۈشكە ماقۇل بولىدۇ (ئەمما ئىرسي برۇن، فۇھرېر ئىشنىڭ تېگىنى پەرەز قىلىپ بىلىۋالغان دەپ قەتئى ئىشىنەتتى). ھەر قانداق ئەھۋال بولىشىدىن قەتئى نەزەر، بۇ قېتىمقى "تويۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقە" تىل بىلەن ئىپادىلىيەلمىگەن ھېسسىياتىنى ئىپادىلىۋېلىشتەك ئۈنۈمنى بەرگەن ئىدى.

شۇ يىلى يازدا، ئىۋا ئۆزىنىڭ تىگىشلىك ئورنىنى تېپىۋالغان ئىدى. يەنى، 1935-يىلى 19-ئاۋغۇست كۈنى، ئۇ سىڭلىسى گرېتىل بىلەن بىرلىكتە 3 ئېغىزلىق بىر يۈرۈش ئۆيگە كۆچۈپ چىقىۋالىدۇ. بۇ ئۆي مۇھىتى بەكلا خاتىرجەم بولغان بوگېنخاۋسېن ئاھالىلار رايونىدىكى بىر بىنادا بولۇپ، فۇھرېرنىڭ ميۇنخېندىكى ئۆيىدىن كۆرۈنگىدەكلا بىر يەردە ئىدى. ئۆي ئىجارىسىنى خوفمان ۋاستىسى ئارقىلىق تۆلەپ تۇراتتى. ھىتلېر يەنە بىر مۇنچە ئۆي جابدۇقلىرىنىمۇ ئىلىپ ئۆينى يېڭىدىن كىلىشتۈرۈپ ياسىتىپ بېرىدۇ.

ھىتلېر ئادەتتە بۇ ئۆيدە بەكلا ئاز بولاتتى. ئەگەر ئۇ بۇ يەرگە كەلمەكچى بولسىمۇ خوشنىلار ئۇخلاپ بولغىنىدىلا ئاندىن باراتتى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، مەخپى ساقچىلار بىنانىڭ ئىچى-تېشىنى مەخپى قوغداپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىۋا بىلەن بولغان كۆرۈشىشىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش يەنىلا ئاسان ئەمەس ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ بوغۇز ئاغرىقى ئۇنى يەنىلا قىيناپ كېلىۋاتقاچقا، پات-پات گېلىنى قاتتىق قىرىپ تۇرۇشقىمۇ مەجبۇر ئىدى. ئىۋا بۇ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كېلىشتىن سەل ئاۋال ئۇ بېرچتېسگادېندىن بىر دوختۇر تېپىپ بوغۇزىدا يەنە بىر نىمە باردەك قىلىدۇ، دەپ ئېيتىدۇ. ئۇ دوختۇرغا بىرسى ئۇنىڭغا گۈل سوغات قىلغىنىدا بارمىقىغا گۈلنىڭ تىكىنى سانچىپ كېتىپ، ئۇ تىكەننى چىشى بىلەن چىقارغانلىقىنى، تىكەننى چىشلاپ چىقارغاندىن كېيىن دىققەتسىزلىكىدىن ئۇنى يۇتىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەمما دوختۇر ئۇنىڭ گېلىدىن ھېچنىمە تاپالماي، ئىككى يېرىم پىرسەنتلىك كۈمۈش نىترات ئېرىتمىسى بىلەن ئاغزىنى

چايقاشنى بۇيرىغان ئىكەن. ئەمما ھىتلېر قايتىدىن پروفېسسور ۋون ئەيكېنغا، بۇغۇزۇمدا راك ئۆسمىسى ئۆنۈپ چىققانمۇ قانداق دەپ ئېيتىدۇ. شۇڭا دوختۇر بىر مۇنچە ئەۋرىشكىنى پاكولتىتتىكى بىر كەسىپدىشىغا تەكشۈرۈش ئۈچۈن بېرىدۇ (پروفېسسور ئەيكېن بۇ توقۇلما ئەۋرىشكىسىنىڭ بىمار ئادولف مۇللېر ئىسىملىك بىرسىدىن ئالغانلىقىنى ئېيتقان). 21-ئاۋغۇست كۈنى، ئەۋرىشكە تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقىدۇ: "ئادولف مۇللېر" نىڭ ئەنسىرىگىنىنىڭ ئەكسىچە ئەۋرىشكە پارچىسى ياخشى خاراكتېرلىك بىر توقۇلما ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ.

ھىتلېرنىڭ غېمى شۇنىڭ بىلەن خېلى پەسەيگەندەك كۆرۈنەتتى. يەنى ھېچ بولمىغاندا ھازىرچە ئازايغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭغا قارىماي يەنىلا ئىۋانى كۆرۈش ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. چۈنكى ئۇ 1935-يىلى نيۇرېمبېرگتا پارتىيىنىڭ قۇرۇلغان كۈنى ئۈچۈن تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ كېچىلەردە بىرىپ ئىۋانى زىيارەت قىلىپ كېلىدىغان ئىشىمۇ نۇرغۇنلىغان سۆز-چۆچەكلەرنىڭ پەيدا بولىشىغا، بۇ يەنە كېلىپ سىياسىي جەھەتتە ئۇنىڭغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدىغان گەپ-سۆزلەرنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەپ بولۇشى ئېھتىمال ئىدى. ئىۋانىڭ بۇ يېقىنلاردا ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكى باشقا بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى بۇ ئىشقا بەكلا كۆڭۈل بولۈپ، قىزىنىڭ مۇناسىۋەت قىلىۋاتقان كىشىسى گېرمانىيە دۆلەت داھىسى بولىشىدىن قەتئى نەزەر، بەربىر بۇ ئىشتىن نومۇس قىلىپ يۈرەتتى. 7-سىنتەبىر كۈنى فرىتز براۋن غەيرەتكە كېلىپ ھىتلېرغا بىر پارچە خەت يېزىپ قىزىم ئىۋانى ئائىلە قويىنغا قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز دەپ تەلەپ قويىدۇ. براۋن ئەپەندى بۇ ئىشتا بەكلا ئېھتىياتچان پازىتسىيىدە بولۇپ، بۇ خېتىنى خوفماندىن فۇھرېرغا يەتكۈزۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بۇ رەسىم تارتىش ئۇستىسى بولغان خوفمان، ئېھتىيات قىلىشتا ئىۋانىڭ دادىسىدىنمۇ قېلىشمايدىغان بىرسى بولۇپ، خەتنى ھىتلېرغا ئەمەس ئىۋاغىلا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. ئىۋا خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ كۆرۈپ، دادىسىغا مەخسۇس مۇنداق بىر تەسىرات قالدۇرۇشقا تىرىشىدۇ: فۇھرېر بۇ خەتنى ئوقۇپ چىققان، ئەمما جاۋاب بېرىش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلمىغان. براۋن خانىممۇ يولدىشىدىن يوشۇرۇنچە ھىتلېرغا شۇنداقراق بىر پارچە خەت يېزىپ بىۋاستە ھىتلېرنىڭ ئۆزىگە ئەۋەرتكەن بولسىمۇ ھېچ قانداق جاۋاب ئالالمىغان ئىدى.

ھىتلېرنىڭ نيۇرېمبېرگتىكى مۇھىم نۇتقى 11-سىنتەبىر سۆزلەندى. ئۇ ئەسلىدە مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن چاقىرىقتا بولىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چاقىرىقى يەھۇدىيلارغا قارىتا يەنە بىر قېتىملىق ھۇجۇم قىلىشقا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئۇ يەھۇدىيلارغا

ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، يەھۇدىيلار ھېچ قاچان ئۆزگە تەۋە بىرەر سانائەت يارىتىپ باققان ئەمەس، شۇنىڭدەك بۇنداق بىر سەنئەتنى مەڭگۈ پەيدا قىلالمايدۇ، دەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان ھۇجۇمى شۇنچىلىك سىلىق-سىپايە تۈسكە كەلتۈرۈلگەن ئىدىكى، چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەر ئۇنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى پروگراممىسى باشقا چوڭ دۆلەتلەرگە كاپالەت بەرگىنىدەك راستىنلا ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ قانداق دېگەن گۇمانىنىمۇ پەيدا قىلغان ئىدى. ئەمما ئەسلىدە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، غەرب بارغانسېرى كۈچلۈك تۈردە گېرمانىيە ماللىرىنى چەكلەش ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ بېرىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن، نەق 16 يىل ئاۋال ئېلان قىلغىنىدەك، بىر قىسىم قانۇنى تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىش پەيتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى داۋراڭ قىلدۇ. 13-سىنتەبىردە، ھىتلېر، بىر سوتكا ئىچىدە «نېمىس قېنى ۋە ئىناۋىتىنى قوغداش قانۇنى» دېگەن بىر قانۇن تۈزۈش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدۇ.

بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان كىشىلەر شۇ ھامان يەھۇدىيلارنىڭ "گېرمانلار ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىرق" گراژدانلىرى بىلەن توي قىلىش ياكى نىكاسىز مۇناسىۋەتتە بولىشنى چەكلەش قانۇندىن بىرنى لايىھىلەپ چىقىدۇ. ھىتلېرمۇ مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ يېڭى بۇيرۇقنى يەتكۈزىدۇ. بۇ بۇيرۇقتا ئۇلاردىن «ئىمپېرىيە گراژدانلار قانۇنى» دىن بىرنى لايىھىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. لايىھە تۈزگۈچىلەر مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكىچە باش قاتۇرۇپ، قەغىزى تۈگىسە كونا بۇيرۇتۇش قەغەزلىرىنىڭ كەينىگە يېزىپ يۈرۈپ بولسىمۇ 15-سىنتەبىر كۈنى سەھەر سائەت ئىككى يېرىم بولغىنىدىلا، ئاندىن ھەممە بىردەك قوشۇلغان "نېمىس ياكى نېمىسلارغا مۇناسىۋەتلىك قاندىكىلەرلا" گراژدان بولۇش سالاھىتىگە ئىگە دېيىدىغان قانۇندىن بىرنى تۈزۈپ پۈتكۈزىدۇ.

قانۇننىڭ قالغان ماددىلىرى بەك كۆپ تالاش-تارتىش قىلىنمايلا ماقۇللىنىدۇ. شۇڭا، ئەتىسە ئەتىگەن سائەت 9 دا، ھىتلېر نيۇرىمبېرگتا ئۆتكۈزۈلگەن پەۋقۇلئاددە يىغىندا دوكلات بېرىدۇ. ئۇ نۇتقىدا، بۇ قانۇنلارنىڭ ماقۇللانغانلىقى، ئەسلىدە يەھۇدىيلارغا پايدىلىق دەيدۇ. بۇنداق بىر قائىدە، بەلكىم "نېمىسلار بىلەن يەھۇدىيلار ئۆزئارا يول قويۇشالايدىغان مۇناسىۋەت تىكلىيەلىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىشى مۇمكىن" لىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى سىلىق-سىپايە گەپلىرىنىڭ كەينىدىنلا قاتتىق تەھدىت سالىدىغان سۆزلەر ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلايدۇ: "ئەگەر بۇ ئارزۇيىمىز ئىشقا ئاشۇرۇلماي قالىدىكەن، يەھۇدىيلار مەملىكەت ئىچى-سىرتىدا ئوت قويۇرۇغلۇق قىلىش پائالىيەتلىرىنى توختاتماي داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، بىز بۇ قاراشلىرىمىزنى قايتىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقىشقا مەجبۇرمىز."

5

ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ تەلەيلىك ئىدى. بېنىتو مۇسسولىنىنىڭ ئاخماقانە ھەرىكىتى دۇنيانىڭ دىققىتىنى ھىتلېرنىڭ يېقىندىن بۇيانقى يەھۇدىيلارغا قارشى چىقىشى بىلەن قانۇنسىز ئەسكەر كۆپەيتىش ئۇستىدىن بىراقلا ئۆزىگە تارتىۋالدى. 3-ئۆكتەبىردە، ئىتالىيە ھەبەشىستانغا بېسىپ كىردى. بۇھەرىكەت پۈتكۈل دۇنيانىڭ قاتتىق نەپرىتىنى قوزغايدۇ. بىر مەدەنىي دۆلەت، قانداقلارچىسىغا قالاق بىر قەبىلە خەلقىنى ئاتلىق ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى ۋە تانكىلارغا قارشى جەڭ قىلىشقا قىستىيالايدۇ؟ ئۆزلىرى يولغا قويغان تىنجىتىش پىلانلىرىنى پاك-پاكىزە ئۇنتۇپ كەتكەن ئەنگلىيە بىلەن ئا ق ش ئىككىسى بۇ ھەرىكەتنى ھەممىدىن بەك داۋراڭ قىلىپ تىللاشقا كىرىشىدۇ. ئەنگلىيە بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمىيىتىدە باشلامچى بولۇپ ئىتالىيىگە چەكلىك تۈردە ئىقتىسادىي چەكلىمە قويۇش تەلىۋىدە بولىدۇ. گەرچە گېرمانىيە ئىچىدە ئىتالىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى چىقىپ ئېفىيوپىيىگە ھېسسىداشلىق قىلىدىغان ئاۋازلار ھەر تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، ھىتلېر يەنىلا شاھ خايلە سېلاسىيىگە ئاشكارە ياردەم قىلىشنى رەت قىلىپ، 380 ئۇنىڭغا ئاستىرتىن ھەربىي ياردەم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، ھىتلېر يەنە مۇسسولىنىغا خامئەشيا يەتكۈزۈشكە كىرىشىپ، ئىتالىيە (بىلەن ئەنگلىيە ) ئىككىسىنى ھالىدىن كەتكۈزۈپ، گېرمانىيىنى تېخىمۇ كۆپ ئەركىن ھەرىكەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش پىلانى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇسسولىنىغا قىلغان ياردىمىنىڭ مەقسىدىمۇ ئەنگلىيىنىڭ بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمىيىتىنى كۆزگە ئىلماسلىق ھەرىكىتىگە قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى سىناپ كۆرۈش ئىدى. بۇ جەھەتتە ئەنگلىيە قىساس ئېلىش ھەرىكىتىگە ئاتلانمايدىغانلىقى تېزلا ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال ھىتلېرنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ بەرگەنلىكىدە شەك يوق. يەنى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزەشكە تەييار ئىكەنلىكىنى سېزىدۇ.

ھىتلېر، ۋەزىيەتنى تېزگىنلەش ھەمدە ئۆزىنى كونترول قىلىش ئېلىش مەقسىتىدە ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ئولتۇرىۋالىدۇ. كۈز پەسلىنىڭ ئاخىرقى 4 ھەپتىسى بويىچە ئۇ پەقەتلا ئاشكارە ئوتتۇرغا چىقمايدۇ. روزېنبېرگ، فۈھرېرىمىز ئاغرىپ قالسا كېرەك دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئارچا بايرىمىدىن بۇرۇنقى كەيپىياتى تۈۋەنلىك مىجەزىنىڭ باشلىنىشى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىدۇ. ھەتتا بەزىلەر ھىتلېرنىڭ كىشىنى بىئارام قىلىدىغان بىر ھەل قىلغۇچ تەدبىرگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى، بۇ تەدبىر يەنە كېلىپ

ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئىستىقبالىغا ۋە مىللىي سوتسىئالىزم ھەرىكىتىنىڭ نىشانىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشماقتا ئىدى. ھىتلېر ئاساسەن ئالغاندا قەتئىي نىيەتكە كەلگەن ھالەتتە ئىدى. ئۇ پارتىيىسى بىلەن بىرلىكتە گېرمانىيە جەمىيىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى تېزگىنلەپ بولغان بولسىمۇ، "قوڭۇر رەڭلىك ئىنقىلاب" مەدىرىمۇ قىلماي بىر ئىزدا توختاپ قالغان ئەھۋالدا ئىدى. شۇڭا ئۇ دىپلوماتىيە سىياسىي تىنى پىدا قىلىش ھېسابىغا بولسىمۇ دۆلەت ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئېقىشىغا تاشلاپ قويغاندەك ئىدى. ئۇ ئەندى يېڭىلىق يارىتىش يولىدا ئەمەس بەلكى ئەكسىيەتچىل يولغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. شۇڭا، جامائەتچىلىكنىڭ پارتىيىگە بولغان قىزىقىشى بەكلا تۆۋەنلەپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلار سانى بەكلا ئازىيىپ كەتكەن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك ئۇنداق ئاكتىپ ئەمەس ئىدى.

1936-يىلى 3-يانۋار كۈنى، ھىتلېر يەرلىك مەسئۇللار بىلەن ئىمپېرىيە مەسئۇللىرى يىغىنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن ھازىرقى يۈز بەرگەن ئەھۋاللارغا قارىتا سۈكۈتتە تۇرۇپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ نۇتقىدا گېرمانىيىنى پۈتۈن سەپلەر بويىچە قايتىدىن قۇراللاندۇرۇش پىلانىنى ئاشكارە ئوتتۇرغا قويىدۇ. شۇنىڭدەك كۆڭلىدە پىلانلىغان گېرمانىيىنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى تەسۋىرلەپ ئۆتىدۇ. ئاندىن، ئۇ پارتىيىنىڭ ئالدىنقى بىر قانچە يىل جەريانىدا دۇچ كەلگەن بۆلۈنۈش ۋاقتىدىكى ئۈمىدسىزلىك ئەھۋالىنى ئەسلىتىپ كېلىپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىدىن پارتىيە رەھبەرلىك قاتلىمىدا "بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇش، ھەممە ئۆزىگە سادىق بولۇش" شەرت ئىكەنلىكىنى، بولمىسا بۇنچە غايىلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ يالغۇزلۇشتىن كېيىنلا ھېسسىياتلىق سۆزلەشكە كىرىشىپ، ئۇلاردىن مۇتلەق سادىق بولۇشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ 1932-يىلىسىدىكىدەك ئىنتايىن ئۇتتۇغلۇق بىلەن نەتىجىلەنگەن ئۇسۇلى ـ بولمىسا ئۆلۈۋالىمەن - دەپ تەھدىت سېلىش ئۇسۇلىنىمۇ ئىشقا سالىدۇ. بۇنىڭدىن يىغىندىكىلەر قورقۇپ تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپلا قېلىشىدۇ. يىغىن رەئىسى ھېس دەرھال سەھنىگە چىقىپ سىز نەگە بارسىڭىز زالدىكىلەرمۇ قىلچە ئويلىنىپ يۈرمەي كەينىڭىزدىن شۇ يەرگە قاراپ ماڭىدۇ، دەپ يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا ۋاكالىتەن ۋەدە بېرىدۇ.

فۈھرېرنىڭ روھى قايتىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. فېۋرالنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، ئىككىنچى قەدەملىك ھەرىكىتى ئۈچۈن ـ يەنى ھەربىي كۈچلەردىن خالىي رايون بولغان رېنبلاندىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق ئىشلىرىنى پۈتتۈرىدۇ. بۇ قۇراللىنىدۇرۇلغان

رىن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى گېرمانىيىگە تەۋە زېمىنلار بىلەن رىن دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىنى بويلاپ 30 مىللىق نىسبەتەن ئۇزۇن يەرلەر بولغان كولوگىن، دۇسسېلدورف ۋە بوننى قاتارلىق 3 شەھەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 20-يانۋار ئاخشىمى ئەنگلىيە پادىشاھى بەشىنچى گېئورگ ۋاپات بولىدۇ. بۇ پادىشاھنىڭ ۋاپاتى ھىتلېرنىڭ قارا نىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ بېرىدۇ. گېورگنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ۋىندسور شاھزادىسى سەككىزىنچى ئېدۋارد تەختكە ۋارىسلىق قىلىدۇ. بۇ ئادەم ئۆزگىچە خاراكتېرلىق، ئۆزى قارار چىقىرىشقا ئامراق مىجەزدە بىرى بولۇپ، گېرمانىيە خەلقىگە ئومۇمىي يۈزلۈك ھېسسىداشلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشىنىڭ تۇنجى رادىئو نۇتقىدا ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئېلان قىلىدۇ. ئەتىسى، ۋاشىنگتوندىن كەلگەن خەۋەرلەر بۇ نۇتقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى ئىدى. خانس لوتېر، ۋېلخېلمىستراس كوچىسىغا تېلېگراممىا يوللاپ، ئا ق ش ھۆكۈمىتى مەھكىمىسى غەربىي ياۋروپا ئىشلىرى باشقارما باشلىقى يېڭىدىن تەيىنلەنگەن پادىشاھنىڭ بىر قېتىملىق "پەۋقۇلئاددە ئوچۇق سۆھبىتىدىن ۋاقىپ بولىشىچە، پادىشاھ "فرانسىيىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى قايتا جانلاندۇرۇش ۋە ئەنگلىيىنى فرانسىيىنىڭ ھارۋىسىغا چېتىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىشلىرىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ..."، فرانسىيىنىڭ گېرمانىيىنى مەجبۇرى تىزلاندۇرۇش ئۇرۇنۇشىغا تېخىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك گېرمانىيىنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈلگەنلىكىگە ھېسسىداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئېدۋارد تەختكە چىققان بىر ئاي ئىچىدە دۇك كوببۇرگ پادىشاھ بىلەن ئۈچ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، پادىشا ئېدۋاردنىڭ بۇ جەھەتتىكى كاپالىتىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ چىققان. "مەن ئۇنىڭدىن مۇنداق بىر سوئال سورىدىم: ئەگەر باش مىنىستىر بالدۇين بىلەن ئادولف ھىتلېر سۆھبەتكە ئولتۇرغىدەك بولسا، بۇ ئىش كەلگۈسىدىكى گېرمانىيە-ئەنگلىيە مۇناسىۋىتى ئۈچۈن پايدىلىق بولامسۇ؟ _ دەيدۇ دۇك دوكلاتىدا، _ بۇنىڭغا پادىشاھنىڭ بەرگەن جاۋابى مۇنداق ئىدى: 'بۇ يەردە پادىشاھ كىم؟ مەنمۇ ياكى بالدۇينمۇ؟ مەن ھىتلېر بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىپ كۆرۈشنى ئويلىدىم. بۇ كۆرۈشۈش گېرمانىيىدە بولسۇن ياكى بۇ يەردە بولسۇن مېنىڭ ئۈچۈن ئوخشاش. سىز مېنىڭ بۇ دېگەنلىرىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويغايسىز' دېدى."

ئەنگلىيىنىڭ بۇ تۈردىكى رىغبەتلەندۈرۈشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىتالىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىگە قارىتا قوللانغان تەدبىرىنىڭ غەيرىتى بار ئەمما كۈچى يوق بولۇپ تۇرغانلىقى فۇھرېرنىڭ رېنبلاندىنى ئىشغال قىلىۋېلىشىغا جاسارەت بەرمەكتە ئىدى. دېمەككى ئەنگلىيە كۈچ ئارقىلىق مۇسسولىنىنى چەكلەشكە

قوشۇلمىغان ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇمۇ مۇسسولىنىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئىزىدىن بېسىپ ماڭغىدەك بولسا، ئەنگلىيە ئەڭ كۆپ بولسا ئاشكارە نارازىلىق بىلدۈرۈپ قويۇشتىن نېرىغا ئۆتەلمەيدۇ، دەپ قارايتتى. 12-فېۋرال كۈنى، ھىتلېر پارىژدا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىك ۋەكىلىنى چاقىرتىپ كۆرۈشۈپ، فرانسىيىنىڭ رېنلاندىنى قايتىدىن ئەسكەر تۇرغۇزۇش رايونىغا ئايلاندۇرۇشقا قانداق پوزىتسىيىدە بولىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىرلىشىدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ھىتلېر يەنە گېنېرال ۋون فرىتش بىلەن ھەربىي ھەرىكەت مەسىلىسى ئۈستىدە سۆزلىشىدۇ. قۇرۇغلۇق ئارمىيە شتاب قوماندانى بۇ ھەقتە نېمىشقا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ كۆرمەيمىز دەپ، بۇ ئىشقا قىلچىمۇ قىزىقمايدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا سۆھبەت ئۆتكۈزمىز دېسەك نەچچە ھەپتە ۋاقىت سەرىپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئۇ يەنە، بىز پەقەت سىمۋوللۇق خاراكتېردىلا بىر ھەرىكەت قوللىنىپ كۆرمەكچىمىز؛ 9 پىيادىلار باتالىيونى بىلەن بىر قىسىم توپچىلار ئەترىتىنى رېنلاندقا كىرگۈزۈشىمىز ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟ دەپ سورايدۇ. فرىتش "ئىككى كۈن" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئەگەرئازىراقلا ئۇرۇش پارتلاش خەۋپى بولىدىكەن، ئۇ ھالدا قەتئىي ھەرىكەتكە كىرىشمەسلىكىمىز كېرەك دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ھىتلېر ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە پىرىنسىپ جەھەتتە قوشۇلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىتالىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچى ئۇلرىچ ھاسسەلنى چاقىرتىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ھازىر "ئىنتايىن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىشنى ئويلىشىۋاتىمەن." گېرمانىيە پارىژ تەستىقلىغان فرانسىيە-سوۋېت ئىتتىپاقى شەرتنامىسىنى باھانە قىلىپ لوكارنو ئەھدىنامىسىنى ئەيىپلىيەلەرمىزمۇ ھەمدە رېنلاندتا ئەسكەر تۇرغۇزالارمىزمۇ؟" بۇ چاغدا ھاسسەلنىڭ رەسمىي ئەسلەتمىسىگە ئاساسلانغاندا، فۇھرېرنىڭ ئاشكارىلەشىچە، ئۇ 1937-يىلى كۆزدە رېنلاندىنى ئىشغال قىلىشنىڭ مۇۋاپىق پەيتى ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا ئويتۇرغا قويغانىكەن. ئەمما سىياسىي ي تەرەققىيات ئۇنى پسىخولوگىيىلىك گۇمانخورلىقى پەيتىنىڭ كېلىپ-كەلمىگەنلىكىدىن گۇمانلاندۇرغان بولۇشى مۇمكىن. "ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، مۇسسولىنىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن لوكارنو ئەھدىنامىسىغا قارشى كېلىپ قالىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ لوكارنو ئەھدىنامىسىنى تەنقىتلەشكە بولارمۇ دەپ سورايدۇ، كەينىدىنلا ئۇنى ئۇلگە قىلساقچۇ دەپ سورايدۇ."

مەيلى قانداقلا ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھىتلېر بۇ چاغدا چوقۇم غەيرەت قىلىپ ھەرىكەتكە ئاتلىنىشنى ئويلىسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن فرانسىيىلىكلەرگە ئۆزىنىڭ تىنچلىق مەقسىدى بويىچە بۇنداق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلماقچى بولىۋاتقانلىقىغا كاپالەتلىك قىلماقچى بولىدۇ. "ئىككى دۆلەت دوستانە مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش، بۇ ئىككى دۆلەت

ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى ئېنىقمۇ؟" 21-فېۋرالدا، ئۇ مۇخبىر بېرتراند دې جوۋېنېلغا مۇنداق دەيدۇ: "مەن فرانسىيە بىلەن بولغان جىددى ۋەزىيەتنى پەسەيتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ... سەن گېرمانىيە تاجاۋۇز قىلىش ئېھتىمالى بار دېگىنىڭدە بەكلا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتكەن بولىسەن." بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تىنچىغان فرانسۇز، ئەسلىدە فۇھرېرنىڭ كېيىن جوۋېنېل تەرىپىدىن «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىنىڭ تەنقىتلىنىشىگە جاۋاب بېرىپ: "سەن مېنىڭدىن بۇ كىتابنى قايتا تۈزىتىپ چىق دېگىنىڭدە، گويا مېنى كىتاۋىنى تۈزىتىپ قايتا نەشىر قىلدۇرۇشنى ئويلايدىغان بىر يازغۇچىغا ئوخشىتىۋالغان ئوخشايسەن. مەن بىر سىياسىي يون، يازغۇچى ئەمەس. ... ئويلايمەنكى، بۇ ئۇلۇغ ئەسىرگە تارىخ قايتا تۈزىتىش بېرىدۇ!"

باش ئەلچى ھاسسەل، ھىتلېرنىڭ فرانسىيە-سوۋېت ئىتتىپاقى شەرتنامىسىنىڭ تەستىقلىنىشىغا ئالاھىدە دىققەت بىلەن كۆزىتىدىغانلىقىنى پەقەت ئەتىسى مۇسسولىنىغا يەتكۈزىدۇ. مۇسسولىنى بۇنىڭغا جاۋابەن، مەنمۇ بۇنداق بىر شەرتنامە تۈزۈلىشىگە قوشۇلمايمەن دېگەن بولىسىمۇ، بۇنداق بىر شەرتنامىنىڭ ئىتالىيە بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دېگىنى ھېچ بولمىغاندا ئەگەر گېرمانىيە لوكارنو ئەھدىنامىسىنى ئەيىپلىگىنىدە مۇسسولىن بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرىدىغانلىقىندىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، فۇھرېر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ "قىشلىق مەشىق ھەرىكىتى" نى باشلاتقۇزىدۇ. 2-مارت كۈنى، بلومبېرگ ئۈچ ئارمىيىگە تەييارلىق قىلىش بۇيرۇقىنى تارقىتىپ، "Z-كۈنى" قىسىملارنى رېنلاند ئەسكەرسىز رايونغا بېسىپ كىرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. 3-چېسلا، بلومبېرگ "Z-كۈنى" نى 7-مارت، يەنى شەنبە كۈنى قىلىپ بېكىتىدۇ. سەھنە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى پۈتكەن ئىدى. ئەمما مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھىتلېر جاسارىتىنى تىكلىيەلمەي قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەربى ئىشلار كونۋېيى پولكوۋنىك فرىيېدرىخ خوسباختىن ھەرىكەت كۈنىنى كەينىگە سۈرۈش ئىمكانىيىتى بارمۇ-يوق دەپ سورايدۇ. پولكوۋنىك بۇ سوئالغا مۇمكىن دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھىتلېرنىڭ كەينىدىنلا دېگەن گېپى بەكلا غەلىتە ئىدى: "قىشلىق مەشىق ھەرىكىتى" نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدىغان ئەڭ يېقىن كۈننىڭ قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىق دەيدۇ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئەدېن لوندونغا قايتىپ كېتىدۇ. شۇ ئاخشىمى، ئۇ ئىچكى كابىنېتقا دوكلات قىلىپ، فرانسۇزلار رېنلاندقا بولغان ھوقۇقى مەسىلىسىدە بىزدىن ياردەم تەلەپ قىلىشى ئاتىدۇ دەپ ئېيتىدۇ. "ئەنگلىيە خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئىش شۆبھىلىنىشكە تېگىشلىك بىر ئىش. _ دەيدۇ ئۇ ئەسلىمىسىدە

باھالاپ كېلىپ، ــ ئۇ چاغدا، گېرمانىيىنىڭ رىنبلاندىنى ئىشغال قىلىۋېلىشىغا قارشى چىقىش ئۈچۈن فرانسىيە بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغۇچىلارنى ئەنگلىيىدە مىلك كىشى ئارىسىدىن بىر كىشىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى.“

ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق، فۇھرېرغا يېقىنچىلىق قىلغان ئەنگلىيە ئەمەس بەلكى دەل فرانسىيە ئىدى. فۇھرېرمۇ شۇ كۈنى ئاخشىمى ”كېچىچە كۆزىگە ئۇيقا كەلمەي ئۆتكۈزىدۇ“. ”مەن تاڭ ئاتقىچە بۇ مەسىلىنى قايتا ئويلاندىم. ــ دەيدۇ كېيىن بىر كۈنلىرى خوفمانغا سىرىنى ئاشكارىلاپ، ــ يەنى شۇ بىرلا مەسىلىنى، بۇ ئىشقا فرانسىيە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىن؟ ئۇلار بىزنىڭ كىچىككىنە بىر قانچە باتالىيونىمىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە قارشى ھەرىكەت قوللىنارمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئۆزەمدىن قايتا-قايتا سورايتتىم. ئەگەر مەن بىر فرانسۇز بولسا ئىدىم، قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىمنى ياخشى بىلەتتىم: مەن ئۇلارغا قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ، رېن دەرياسىدىن بىرمۇ نېمىس ئەسكىرىنىڭ ئۆتىشىگە يول قويمىغان بولاتتىم.“

جۇمە كۈنى، يەنى ”Z-كۈنى“ نىڭ ئالدىنقى كۈنى، مۇناسىۋەتلىك ئەرباپلاردىن بىرسى ”ئەتە چۈشتە پارلامېنت يىغىنى بار“ دەپ ئېلان قىلىدۇ. بىرلىنىدىكى دىپلوماتىك ساھەدىكىلەر، قاربغاندا چوقۇم بىر ئىش بار، دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. شۇ ئاخشىمى، تەشۋىقات مىنىستىرلىكى گېرمانىيىنىڭ مۇھىم گېزىتلىرىنىڭ يېزىق مۇخبىرلىرى بىلەن فوتو مۇخبىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ مىنىستىرلىكتە ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىنغا تەكلىپ قىلىدۇ. مۇخبىرلا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىدىن پەقەتلا خەۋەرسىز ئىدى. گېوبېلس ئۇلارغا، ئەتە مەخپى يولغا چىقىمىز، شۇڭا بىز سىلەرنى ئەتىگىچە يىغىپ تۇتۇپ تۇرۇشقا مەجبۇرمىز، دەپ ئۇقتۇرىدۇ. فۇھرېر بولسا بۇ كېچىمۇئۇخلىيالماي، ئاددىي تۆمۈر كارىۋىتىدا ئۇياققا ئۆرۈلۈپ-بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئاران تاڭ ئاتقۇزىدۇ. ئۇ، كېچىچە فرانسىيە قانداق ئىنكاس قايتۇرار دېگەندىن باشقىنى ئويلىمايتتى. ئەنگلىيىدىن پەقەتلا غەم قىلمايتتى؛ شەنبە كۈننى تاللىۋېلىشىدىكى مەقسەت، شەنبە كۈنى بىرمۇ مەمۇرى كادىر ئىشقا چىقمايدىغان كۈن ئىدى. ”ئۇلار دۈشەنبە كۈنلا ئىشقا چۈشىدۇ. ــ دەيدۇ فرىتز ۋىيدېمانغا، ــ ئۇ كۈنگىچە ئۇلاردىكى ھاياجانمۇ خېلى بېسىققان بولىدۇ!“

شەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە، بىر ئالاھىدە ئالدىن يۈرەر قوشۇن تېمپىلخوف ئايرودرومىغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. ئۇ يەردە ”جۇڭكېر“ تىپلىق بىر ترانسپورت ئايروپىلانى ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئايروپىلان قوزغالغاندىن كېيىنمۇ مۇخبىرلار ئۇلارنىڭ نەگە قاراپ ئۇچقىنىدىن خەۋەر تاپالمايدۇ. ھەتتا لىيوتچىكمۇ ئايروپىلاننى نەگە قارىتىپ ھەيدەيدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئايروپىلان ھەيدىگۈچىسى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىلا

ئاندىن ئىشنىڭ سىرىنى بىلىپ، نەگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيدۇ.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈندا، گېرمانىيە باش ئەلچىسى بېرىپ ئەدېن بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇلار يەنە بىر ئەنگلىيە-گېرمانىيە شەرتنامىسى ئۈستىدە بىر ھازا مۇزاكىرە قىلىشقاندىن كېيىن، خويىش تۈيۈقسىزلا مۇنداق دەيدۇ: ”مەن سىزگە ئىنتايىن مۇھىم بىر خەۋەرنى ئۇختۇرىمەن. بەلكىم بۇ خەۋەرنىڭ باش تەرىپى سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ياقماي قېلىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ كېيىنكى قىسمى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان تەكلىپلەرگە قارىغاندا بەكلا مۇۋاپىق بىر تەكلىپ دەپ قارايمەن.“ شۇنداق دەپ بولۇپ ئۇ بىر پارچە مېمراندۇمنى ئوقۇيدۇ: فرانسىيە-سوۋېت شەرتنامىسىنىڭ لوكارنو ئەھدىنامىسىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئەيىپلەپ ئۆتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، گېرمانىيە رېنىلاند ئەسكەرسىز رايونىنى قايتۇرىۋېلىشنى قارار قىلدى دەپ بىلدۈرىدۇ. خويىش ئەسلەتمىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھىتلېرغەرب ئەللىرى بىلەن ئايرىم-ئايرىم ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالاش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، شۇندىن كېيىن ئۇمۇ بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىگە قايتىپ كىرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئەدېن، رېنىلاند ھەرىكىتىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ گېرمانىيىنىڭ تەكلىۋىنى ئەستايىدىل ئويلىشىپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: گېرمانىيە بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىگە قارىتا قانداق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقى مەسىلىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، خويىش، گېرمانىيىنىڭ بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىگە قايتىپ كېلىشتە ھېچقانداق بىر قوشۇمچە تەلەپتە بولمايدۇ. ئاندىن ئۇ خۇددى ھېچ قانداق بىر ئىش يۈز بەرمىگەندەك، ”رېنىلاند مەسىلىسىگە كەلسەك، گېرمانىيە ئۇ يەرگە پەقەت بىر قانچە ئالدىن يۈرۈش قىلىش ئۆتۈشتاق ئەترەتلىرىنىلا يوللىدى، خالاس.“ خويىش قوزغىلىپ مېڭىشى بىلەن تەڭ، ئەدېن دەرھال فرانسىيە باش ئەلچىسىنى قوبۇل قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ ھەرىكىتىگە قاتتىق ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەدېن مۇنداق دەيدۇ: لوكارنوۋ ئەھدىنامىسىنى ئەيىپلىشى ھەققەتەنمۇ ”ئەپسۇسلىنارلىق“، ئەمما بۇ ئىش ئەنگلىيە ئىچكى كابىنىتى ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش. مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەت ئەھكاملىرى سەھرالاردىكى داچىلىرىغا دەم ئېلىشقا كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئىشنى دۆشەنبىگىچە كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇرمىز.

ئەدېن ئىتالىيە ۋە بېلگىيە دىپلوماتىك ۋەكىللىرى بىلەن قىسقىچە كۆرۈشكەندىن كېيىن، باش ۋەزىر بالدۋېنغا تېلېفون قىلىدۇ. ئاندىن دەرھال باش ۋەزىر سارىيىغا بېرىپ

ئۇنىڭغا بىۋاستە دوكلاد قىلىدۇ. ”گەرچە ئۇ فرانسىيىگە دوستانە كۆز بىلەن قارايدىغان بولسىمۇ، ــ دەيدۇ ئەدىبىن شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كېلىپ، ــ ئەگەر فرانسىيە ھەربىي ھەرىكەت قوللانماقچى بولىدىكەن، ئەنگىلىيىنىڭ فرانسىيىنى قوللىمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. مېنىڭمۇ ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلۇشتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭغا، لوكارنو مەسىلىسى ھەققىدە ھىتلېر مېنىڭ بىلەن سەممىيلىك بىلەن سۆزلەشكەن ئىدى. ئەندى مەن ئۇنىڭ گېپىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن، دېدىم. ... بالدۋىنمۇ بۇندىن كېيىن ھىتلېرغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا كۈتۈپ بېقىشقا، فرانسۇزلارنىڭ قانداقراق بىر تەدبىر قوللىنىشىنى كۆرۈپ ئاندىن بىر نېمە دېيىشكە ماقۇل كېلىدۇ.“

چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بىر يېرىملاردا، ئالدىن يوروش قىلىش قىسىملىرىنى ئېلىپ ماڭغان ”جۇنكېر“ تىپلىق ئايروپىلان كولوگنىغا قونۇپ يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مۇخبىرلار مىڭلارچە گېرمانىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلەر بىلەن بىرلىكتە رېن دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى تۇتاشتۇرىدىغان خوخېنزوللېرن كۆۋرۈكى ئۈستىگە كېلىدۇ. 18 يىل بۇرۇن قۇرالسىزلاندۇرۇلغان گېرمانىيە ئارمىيىسى فرانسىيىدىن چېكىنىپ چىققىنىدا روھى چۈشكۈن ھالدا بۇ كۆۋرۈكتىن مېڭىپ ئۆتكەن ئىدى. تۇيۇقسىزلا كىشىلەرگە ئەسكەرلەرنىڭ ئاياق تاۋۇشلىرى، تۆمۈر چاقلارنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى ھەمدە ئاتلارنىڭ تۇياق تاۋۇشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلايدۇ. بىرىنچى تۈركۈم گېرمانىيە ئارمىيىسى كۆۋرۈككە كىرگەن ۋاقىتتا،384 خەلق ئاممىسى ئارىسىدىن كەينى-كەينىدىن ئالقىش سادالىرى ياڭرايدۇ. بىر قانچە ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا قالغان قىسىملارمۇ كامىدا بەش كۆۋرۈك ئارقىلىق رېن دەرياسىدىن ئۆتىدۇ. ”قىشلىق مەشىق ھەرىكىتى“ گە جەمئىي 19 باتالىيون ئەسكەر قاتناشقان بولسىمۇ، بۇ قىسىملاردىن پەقەت 3 باتالىيونلا رېن دەرياسىدىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، بۇ كىچىك قىسىم پەيدا قىلغان ھاياجان (نېمىسلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە)، ۋەھىمە (فرانسۇزلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە) نىڭ ھەر ئىككىسىلا مىسلىسىز ئىدى.

بۇ چاغدا، كرول تىياتىرخانىسى ئىچىدە، ھىتلېر پارلامېنتقا نۇتۇق سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ نۇتقى گۈلدىراس ئالقىش سادالىرى بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ (دىپلوماتىك ۋەكىللەر قاتارىدا ئولتۇرغانلار بۇنىڭ سىرتىدا، ئەلۋەتتە). ئۇ سۆز قىلىۋاتقىنىدا پۈتۈن زال تىمتاس بولۇپ كېتەتتى. رېتېر ئاگېنتلىقى مۇخبىرى، تېخى يېقىندىلا ۋىللىيامس ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ستۇدېنت رىچارد ھېلمس، ”خۇددى مۇشۇك ياپىلاقتەك“ ھىتلېرغا تىكىلىپ قالغان ئىدى. فۈھرېر ۋېلشال شەرتنامىسىنىڭ تەكسىز بىر شەرتنامە ئىكەنلىكى ھەققىدە

ئالاھىدە داۋراك قىلىپ سۆزلىگىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ سۈرئىتى ئاستىلاشقا باشلايدۇ. ئۇ ئىنتايىن جىددىيلەشكەن ھالدا مىكرافون ئۈستىلى كەينىدە قول ياغلىقىنى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا تىنىماي يۆتكەيتتى. خۇددى جىق يەۋىلىپ ھەزىم قىلالمايۋاتقان بىرسىدەك يۈز كۆزى تاتىرىپ كەتكەن، كۆرۈنۈشمۇ بەكلا سۇنئى ئىدى. شۇندىن كېيىن، ئۇ ئالدىرىماي ئاۋازىنى پەسەيتىپ "دەل مۇشۇ پەيتتە، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئالغا ئىلگىرلىمەكتە" دەيدۇ.

تىياتىرخانا ئىچى تۇيۇقسىزلا رەسمى بىر ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئايلىنىپ قالدۇ.

ئەمەلىيەتتە بولسا، شۇ پەيتلەردە بايىقى 3 باتالىيون نېمىس ئەسكەرلىرى رىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ بولغان ئىدى - شۇنداقتىمۇ ئۇلارغا، مۇبادا فرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەدەكلا بولىدىكەن، بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ بىر تەرەپتىن چېكىنىپ چىقىڭلار دەيدىغان بۇيرۇقنىمۇ تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى.

# بەشىنچى بۆلۈم

# ئىككى يۈزلىمە ئۇرۇش

# 14.جۆيلۈپ قىلغان قەسەم

## 1937.1~1936.3

1

1936-يىلى 7-ماي، يەنى شەنبە كۈنى، گېرمانىيە ئارمىيىسى رېنلاندقا بېسىپ كىرگە ۋاقتىدا، لوندون دائىرىلىرى بىرەر ھەرىكەت قوللىنىشنى ئەستايىدىل ئويلىشىپ كۆرمىدى. فرانچويس پونسېت بېرلىندا تۇرۇپ ئەنگلىيىنىڭ "كۆچلۈك ھەرىكەت قوللىنىش" غا كۈچەپ ئۈندەپ باقىدۇ. دەرۋەقە، بۇ تۈردىكى ئۈندەشلەر فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى ئويغاتتى ھەقچان، ھۆكۈمەتمۇ باشتتاپ قوماندانلىقىنىڭ بىرەر ھەرىكەت قوللىنىشى ئۈچۈن ئالدىرىتىدۇ. بۇ تۈردىكى بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ كونسېرۋاتىپلىقى قورقۇنچاقلىق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئىدى. گېنېرال گاملېن ئەسكەرتىپ، "بىرەر ئۇرۇش ھەرىكىتى، ئۇ مەيلى ھەر قانچە چەكلىك ھەرىكەت بولىشىدىن قەتئىي نەزەر پەرەز قىلىشقا بولمايدىغان خەتەرلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئەگەر ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكى ئېلان قىلىنماي تۇرۇپ تۈيۈقسىز تەدبىر قوللىنىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس" دەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ماگنوت مۇداپىيە لىنيەسىگە 13 دىۋىزىيە ئۇۋەرتىلىشىگە ماقۇل كېلىدۇ.

بۇ ئەسلىدە قورقۇنچاقلىقنىڭ بىر تۈرلۈك ئىپادىسى ھېسابلانسىمۇ، ئەمما بۇ ھەرىكەت گاملېننىڭ بېرلىندىكى رەقىپلىرىنى قاتتىق ئۈركىتىۋېتىدۇ. گېنېرال بلومبېرگ يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ھىتلېردىن ھېچ بولمىغاندا بىرمۇ ئاخېن، تىرىر ۋە سائاربروكېندىن ئەسكەر چېكىندۈرەيلى دەپ يالۋۇرىدۇ. ئۇ ھىتلېرغا، ئەگەر فرانسىيە ھۇجۇم قىلغىدەكلا بولسا، گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئۇرۇشنى توختىتىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەخلاقىي ۋە ھەربىي جەھەتتە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە سەۋەپ بولىشى مۇمكىن دەيدۇ. گەرچە قاتتىق تەشۋىش ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، ھىتلېر قىلچە تەۋرەنمەيدۇ. ئۇ، بلومبېرگقا قاراپ باقايلى، ئەگەر زورۇر تېپىلسا ئەتە ئەسكەر

چېكىندۈرسەكمۇ ئۆلگۈرىمىز، دەيدۇ. گەرچە فرانسىيە باش مىنىستىرى كۈچلۈك قارشى تۇرىدىغانلىق ھەققىدە رادىئو نۇتقى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ھىتلېر بەربىر ئىرادىسىدىن يانمايدۇ. فرانسىيە باش مىنىستىرى نۇتقىدا، ستراسبۇرگ گېرمانىيە توپ ئوقلىرىنىڭ تەھدىتى ئاستىدىلا تۇرىدىكەن، فرانسىيە تەرەپ ھەرگىز سۆبەتكە ئولتۇرمايدۇ، دەيدۇ.

دۈشەنبە كۈنى، يىگىرمە بەش مىڭ نەپەر گېرمانىيە ئەسكىرى رىنىلاندقا كىرىپ كېلىدۇ. پاستورلار ئىسرىقدانلىرىنى پولاتكەشتىقىنىچە ئۇلارغا دۇئا ئوقۇيدۇ. فرانسۇزلارنىڭ ئېغىزىدىلا ھەيۋە قىلىپ قويغانلىقى، ھىتلېرنى قاتتىق ئەنسىرەتكەن ئىدى. ئۇ كېيىن ئېتراپ قىلىپ، ئەگەر بۇنداق بىر بىسىم ئاستىدا ئوتتۇز يىل قالغىدەك بولسام ھەققەتەنمۇ بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتىم دەيدۇ. ھىتلېر، گېرمانىيە قوشۇنلىرى رىنىلاندقا كىرىپ ئىككى سوتكا ئۆتكەندە تەرجىمانىغا "بۇ ۋاقىت ئۆمرۈمدە ئەڭ قاتتىق بېشىم قاتقان بىر پەيت ئىدى، ... ئەگەر فرانسىيە قىساس ھەرىكىتىگە ئاتلانغان بولسا، بىزمۇ ئامالسىز قۇيرۇقىمىزنى قىسىپ ئىز چىقارماي چېكىنىشكە مەجبۇر قالاتتۇق. چۈنكى بىزنىڭ ئەسكىرى كۈچىمىز بەكلا يېتەرسىز، ھەتتا كۈچسىز قارشىلىق كۆرستىشكىمۇ قۇربىمىز يەتمەس ئىدى" دەيدۇ. ئۇ، كۆرەڭلىگەن ھالدا ئىشغال قىلىنغان رايونلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە بېرىپ ھېچ قانداق نورمالسىزلىقنىڭ يوقلىقىنى كۆرىدۇ. ھىتلېر، كۆڭلى-كۆكسى ئازادە ھالدا مەخسۇس ۋاگونغا ئولتۇرۇپ قايتىپ كېلىۋېتىپ "ئۇلۇغ تەڭرىم، ھەممە ئىش شۇنچە ئوڭۇشلۇق، ھەققەتەنمۇ كىشىنى خاتىرجەم قىلىدىغان بىر ئىش بولدى" دەپ خېلى بەك ئارام تېپىپ قالىدۇ. ئۇ ۋاگوندا پو ئاتقىنىچە تىنماي سۆزلەپ ماڭىدۇ: "دېمىدىممۇ، بۇ دۇنيا ئەقىللىق قەھرىمان كىشىلەرگە مەنسۇپ بىر دۇنيا دەپ. ئۇنداق كىشىلەرنى تەڭرى ئۆزى ساقلايدۇ." ئۇ دەرھال ئەتراپىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلىپ، ۋاگنېرنىڭ «پارسفال» تەخسىسىنى قويغۇزىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئاڭلىغاچ سۆزگە كىرىشىدۇ: مېنىڭ ئىشەنچىم مانا مۇشۇ تىياترنىڭ تەسىرىدىن تىكلەنگەن، دەيدۇ. ئۇ، ئەگەر ئەنگلىيە -فرانسىيە ئىككىسى بىرلىشىپ كۈچلۈك سەپ شەكىللەندۈرگىدەك بولسا ئىدى، گېرمانىيە تەرەپ ئۇرۇشماي تۇرۇپلا مەغلۇپ بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئەمما بىز بۇنداق بىر ئالجوقا مۇستەبىتنىڭ بۇنداق بىر پەرىزىگە قوشۇلۇشنىڭ پەقەتلا ئىمكانى يوق.

[ئېنگلىزچىدىن تەرجىمان بۇ يەردە بىر ئابزاسنى چۈشۈرۈپ قويغان بولۇپ، بۇ ئابزاس ئېنگلىزچە ئارگىنالدىن كۆچۈرۈلدى:

In Paris the Locarno powers convened with results so inconelusive that Freign Minister Flaudin flew to London for help. The attitude there was typified by Lord Lothian`s remark: "The

Germans, after all, are only going into their own back garden." Neville Chamberlain, being groomed to succeed Baldwin as Prime Minister, emphasized to Flandin that public opinion was against enforeing any sanctions and then wrote in his diary, "Ilis view is that, if a firm front is maintained by France and England, Germany will yield without war. We cannot accept this as a reliable estimate of a [".mad dictator`s reaction

قىزىق يېرى، ئۇنىڭدىكى بۇنداق ئۈمىدسىز مىجەزلەر ئەتىسى، يەنى 12-مارت كۈنى پۈتۈنلەي يوق بولىدۇ. ئەتىسى، بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمىيىتى لوندوندا يىغىن چاقىرىدۇ. ئۇلار يىغىندا بىردەك قارار ماقۇللاپ گېرمانىيىنى شەرتنامىغا خىلاپلىق قىلدى دەپ ئەيىپلەيدۇ. 3 نەپەر ھەربى مەسلىھەتچى ھۇلۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي شۇ ھامان بېرلىنغا تېلېگراممىا يوللاپ بۇ ئەيىپنامىدىن بېرلىننى خەۋەردار قىلىدۇ. بلومبېرگ تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ شۇ ھامان بېرىپ فۈھرېر بىلەن كۆرۈشىدۇ. فۈھرېر تېلېگراممىغا قاراپمۇ قويماي ئۇنى پۇرلاپ يانچۇقىغا سېلىۋالىدۇ. بلومبېرگ، ھىتلېردىن مۇرەسسە قىلىشايلى دەپ ئۆتۈنگەن بولسىمۇ ھىتلېر كەسكىن رەت قىلىش بىلەن بىرگە، بلومبېرگقا قوپال ھالدا، بۇندىن كېيىن سىياسىي ي ئىشلارغا ئارىلىشىۋالما دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇ گېنېرالغا: سىياسەتلەرنى ئۇرۇش مىنىستىرلىكى ئەمەس بەلكى ئىمپىرىيە باش مىنىستىرلىك كابىنتى بەلگىلەيدۇ دەيدۇ. ئۇنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گېنېراللارغا قارىغاندا بەكىرەك ئۇرۇشخۇمار ئىدى. شۇڭا نېۋرات، ھەر قانداق بىر مۇرەسسەلىششكە قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى نېۋرات، فۈھرېرغا سەۋر قىلىپ كۈتۈپ تۇرايلى، رىنېلاندتىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشتىن ئاۋال چەتئەل دائىرىلىرىنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى، دەيدۇ.

فۈھرېر تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ دېگەن بۇ گېپىگە قوشۇلىدۇ. كەيىندىنلا، ھىتلېر مىيۇنخېندا مىتىنگدىكىلەرگە "مەن سىلەرگە ئۈيقىسىدا جۆيلۈپ كوچىغا چىقىپ كەتكەن بىرسىنىڭ كاپالىتىنى بېرىمەنكى، مەن قەتئىي تۈردە تەڭرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلدىم." بۇ ئىشتىن بىر قانچە سائەت ۋاقىت ئۆتكەندە، رىببېنتروپ، بوھران ئۆتۈپ كەتتى، ئەدىن سوھبەتكىلا قىزىقىدىغانلىقىنى دەپ يۈرگەندەك قىلىدۇ، دەپ لوندوندىن خەۋەر بېرىدۇ.

بۇ خەۋەردىن فۈھرېر يايراپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ كۈنلەردە باشقا بىرسى گېرمانىيە دۆلەت باشلىقى بولغان بولسا قانداق بولۇپ كېتەر بولغىيدى؟ كېيىن فۈھرېر بۇ ھەقتىكى

كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، سىلەرمۇ دېيەلىشىڭلار مۇمكىنكى، ئۇنداق بىرسى قورقۇنچتىن ئەرۋايى ئۇچۇپ ئۆزىنى يوقۇتۇپلا قويغان بولاتتى. ئامال يوق، مەن بۇ ئىشتا يالغان گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم: مەن ئۇنۇمنى چىقارماي جىم بولۇۋالغانلىقىم، قىلچە تەۋرەنمىگەنلىكىم ئۇچۇنلا قۇتۇلۇپ قالالىدۇق. مەن تەھدىت قىلغان ھالدا ئەگەر ۋەزىيەت بىر سوتكا ئىچىدە ئاز-تولا يۇمشىمايدىكەن، ئۇ ھالدا مەن بىر سوتكا ئىچىدە رېينىلاندقا يەنە 6 دىۋىزىيە ئەسكەر يوللايمەن دەپ تەھدىت قىلغان ئىدىم. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ يەرگە ئىۋەرتكىدەك قولىمىزدا ئاران 4 بىرگادىلا ئەسكەر قالغان ئىدى.“

ھىتلېر ئەڭ ئاجىز بىر ھالقىسىنى قولىدا تۇتۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسىنى ئوڭۇشلۇق تۈردە تەھدىت بىلەن ئۇندۇرۇۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئەگەر تايىنىدىغانغا كەيىندە بىرەر قۇراللىق كۈچى بولماي تۇرۇپ قۇرۇق گەپلەر بىلەن خەلقارالىق ئەيىپلەشنىڭ قىلچە رولى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە باشقا گېنېراللارغا سېلىشتۇرغاندا ئۆزىنىڭ سىياسىي قابىلىيىتىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى غەلىبە، ئۇنىڭ ئۆز تەغدىرىگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ بېرىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بىر غالىبىيەت ھېسابلىناتتى. ئۇ يەنە، ئىرادىسى مۇستەھكەم، قۇرال ئىشلىتىشتىن قورقمايدىغان بىرسى، يەنە بىر قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى قايىنىمىغا كىرىپ قېلىشتىن قورقۇپ جان-پېنى چىقىپ كېتىدىغان رەقىبىگە قارشى قانچىلىك تىركىشىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلىپ قالغان ئىدى.

شۇنىڭدەك ھىتلېر يەنە رېينىلاند ۋەقەسىدىن مەملىكەت ئىچىدە ھوقۇقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىۋېلىش جەھەتتىمۇ ئىنتايىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلاندى. ئۇ پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، بۇ سىياسىي تىنى خەلققە ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق قارارلاشتۇرماقچى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى خەلق ئاۋازغا قويۇش ئىشى ھەرگىز سايلام ھېسابلانمايتتى، بەلكى كۆك يۈزىدە ”ھىندېنبۇرگ“ ھاۋا شارى (ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرىس بەلگىسىنى سىزىپ توشقۇزۇۋەتكەن) بىلەن ھەر قايسى شەھەرلەردە غالىبىيەت نامايىشى قىلىپ ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ. ”مەن ھېچ قاچان ھوقۇق تارتىپ ئالغىنىم يوق. _ دەيدۇ كارلسرۇخ ئاممىسىغا، _ مەن ۋىژدانىم بىلەن خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەشنى مەقسەت قىلغان ئاساستا ئىش قىلىپ كەلدىم. مەن، خەلقىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاشتا چىڭ تۇرۇۋشۇم، ئۇلارنى دۇنيادا قايتىدىن شانلىق بىر ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈشكە يېتەكچى بولۇشۇم شەرت. ئەگەر مېنىڭ سەۋەبىمدىن خەلقىمىز قايتىدىن بېھۇدە غەم-ئەندىشە ئىچىدە، ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدە قالىدىغانلا ئىش

بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، مەن ئۆلۈغ تەڭرىمدىن مېنى جازالىشىنى تىلەيمەن.“

29-مارت كۈنى، بىر پايمۇ ئوق ئاتماي، 98.8 پىرسەنت سايلامغا قاتناشقان خەلق ھىتلېرنى قوللاپ ئاۋاز بېرىدۇ.

دۇنيادا، ھېچ قانداق بىر دۆلەت داھىسى بۇنچە كۆپ خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئۇچراپ باقمىغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، 3 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە ھىتلېر باشقا دۆلەتلەردىن مەرھەمەت تىلەيدىغان بىر ئەلنى ئۇلارغا خىرىس قىلالايدىغان بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرالىغان ئىدى. ئۇرنىنىڭ بۇنداق يۈكسىلىشىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان بىردىن-بىر دۆلەت ئەنگلىيىدىن باشقىسى يوق دېيەرلىك ئىدى. ۋېلش ئۇقۇمۇشلۇق ئەربابلار مۇناسىۋەتىدە ئەڭ كەڭ ئورۇنغا ئىگە توماس جونېس، غەيرى-رەسمى باش ئەلچى سالاھىتى بىلەن گېرمانىيىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى زىيارەت بېكىتى داھلېم ئىدى. باش ئەلچى ئۇ يەردە بالدۇىن بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان رىببېنتروپنىڭ ئۆنى باش ۋەزىر بىلەن بىرلىكتە بولۇشىغا رىغبەتلەندۈرۈپ كەلگەنلىكىنى بەك ياخشى بىلەتتى.

”بالدۇىن ئەپەندىنى ھىتلېر بىلەن ئۇچرىشىپ كۆرۈشۈپ باقسا دەپ ئويلايمەن. _ دەپ يازغان جونېس كۈندىلىك خاتىرىسىدە رىببېنتروپنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، _ گەپ قىلغىنىدا ئۆنى ھەرگىزمۇ بىر مۇستەبىتكە ئوخشىتىش مۇمكىن ئەمەس. بەلكى ئۆنى بالدۇىن ئەپەندىگە بەكرەك ئوخشىتىشقا بولاتتى. بىز مۇزاكىرە قىلماقچى بولىۋاتقان بۇ مەسىلە بىر قانچە ئەۋلاد ئادەمنىڭ تەغدىرىنى بەلگىلەيدىغان بىر مەسىلە. ... بالدۇىن ئەپەندى ھىتلېرنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرغا ۋاستىچى قويماي ئۆز قۇلىقى بىلەن بىۋاستە ئاڭلاپ بېقىشى لازىم. ھىتلېر چوقۇم ئۇنىڭ پوتۇنلەي ھەققانىيەت ئاساسىدا سۆھبەتلىشىدىغانلىقى چوقۇم. _ رىببېنتروپ فۈھرېرنى ئادەتتىكى بىر ئادەم قاتارىدا تەسۋىرلەپ كۆرسىتىشكە كۆچەپ ئۇرۇنغان ئىدى، _ ئۇنىڭ قەلبى كونسېرۋاتىپ، ئادەتتىكى بىر رەسسامغا ئوخشاش مۇزىكىنى ۋە رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرۈپ ئاددى-سادىدا ياشاپ كەلمەكتە. _ دەيدۇ رىببېنتروپ، _ دىپلوماتىك سىياسەت جەھەتتە پەقەت ھىتلېرلا ۋون رىببېنتروپنىڭ پىكرىنى ئاڭلايدىكەن.“

”باش قوماندانلىق شتابىدىكىلەرچۇ؟“ دەپ سورايدۇ جونېس.

”ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى ئىچىدە، پومىشچىكلار _ جۇنكېرلار تەسىر كۆرسىتەلمەس ھالغا كېلىپ بوغان. _ دەيدۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جاۋابەن، _ قايتىدىن ئەسكەر ئېلىشنى ئەندى ھىتلېرنىڭ ئۆزىلا بەلگىلەپ، قىسملار بۇ ئىشقا ئارىلىشالماس ھالغا كەلدى. مىللىي سوتسىئالىزمنىڭ ئاساسى ئىدىيىسى ھەرگىزمۇ باشقىلارنى بوي سۇندۇرۇش

ياكى ئۇلارغا ھۆكمرانلىق قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرالايدىغان ھالغا كېلىش."

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، يەنى 17-ماي كۈنىسى، ئۇلار ھىتلېر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بېرلىنغا قاراپ ئۇچتى. ئۇلار بىلەن بىرگە يولغا چىققانلاردىن بىرسى تەرجىمان شمىدت ئىدى. يەكشەنبە كۈنى چۈشتە، تۆتەيلەن ھىتلېرنىڭ تۇرالغۇسىدىكى ئازادە مېھمان كۈتۈش ئۆيىدە ئۇچراشتى. جونس، بۇ مېھمانخانا ئۆيى رەسمى بىر ۋىكتورىيە پاسونىدىكى ئۆيلەرگە ئوخشايدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. "بىز راستىنلا گلاسگوۋنىڭ تېرراس _ ئۆگزە باغچىسىغا، يەنى 1880-يىلىدىكى بىر سودىگەرنىڭ مېھمانخانا ئۆيىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق." جونس، بالدۇيننىڭ گېرمانىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئويلايدىغانلىقىنى، ئەمما "ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراقلىقى" نى ئېيتتى. ئىتالىيەنىڭ يېقىندىن بۇيان ھەبەشىستان _ ئېفىئوپىيىدە قولغا كەلتۈرگەن غالىبىيىتى گەرچە بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمىيىتىدىكى نۇرغۇنلىغان ھىمايە قىلغۇچىلىرىنى ئۆركىتىۋەتكەن بولسىمۇ، نۇرغۇنلىغان ئېنگلىزلار بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمىيىتىگە قاتتىق ئىشىنەتتى.

ھىتلېر جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: دېمەككى، ئېنگلىزلارمۇ ئىككى تەرەپ بولۇپ بۆلۈنۈۋالغان، ئۇلارنىڭ بىر تەرىپى ھازىرقى بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمىيىتىنىڭ كۈچەيتىلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىكىلەر بۇ تەشكىلاتنى كونسېرۋاتىپ بىر تەشكىلاتقا ئايلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشىدىكەن. ئۇ ئىككىنچى تەرەپتىكىلەرنىڭ سىياسىي تىنى قوللاپ، ئېنىق بولمىغان بىرەر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئېفىئوپىيە ۋەقەسىنىڭ ساۋاقلىرى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئەگەر بىرەر خەلقارالىق تەشكىلات بولمىغىنىدا مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى تېخىمۇ ياخشىراق بولغىدەك دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق دېدى: "بىرلەشكەن دۆلەتلەر جەمىيىتىنىڭ رولى ئېفىئوپىيىلىكلەرگە ئۈمىت بېغىشلاپ، باشقا ئەللەرنى ئالداش، گويا جەنۇۋەدە بەزى ئۆزگەرمەس تەدبىرلەرنى ئېلىش بىلەن بىرگە ئىتالىيىنى قىچىپ قۇتۇلۇشقا ئۈندەش بولىدىغاندەك قىلدى." ئۇنىڭ بۇ قارشى، ئۆزىنىڭ رىنېلاندىكى دو تىكىشنى تەرىپلىشى دېيىش مۇمكىن. ئەگەر جونس بۇ نوقتىنى تونۇپ يېتەلىدى دېيىشكە بولسا، ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېيىلمىگەن. بىر يېرىم سائەتلىك كۆرۈشۈش ئاخىرلاشتى. بۇنىڭ نەتىجىسى ئۇلار ئۆزئارا ئىشەنچە تىكلەشتى دېيىشكىلا بولاتتى. "مەن، بالدۇين ئەپەندىنى تارتىنچاق ۋە كىچىك پېيىل سىياسىيون دەپ قارايتتىم. باش ۋەزىر بولغىنىمغا ھەممە كىشى ھەيران قالىدىكەن، بۇگۈنگە كەلگىچە، بۇنداق ھەيران قىلىشتىن

تېخى قۇتۇلالمىدىم.“ بۇ دېگەنلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەندە، فۇھرېرمۇ ”راست دەيسىز، مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم“ دەيدۇ.

بۇ كۈنلەر ھىتلېرنىڭ ئەڭ بىئارام بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرى ئىدى. ئۇنىڭ شوپۇرى شىرېك يېقىندا قاتناش ۋەقەسىدە ئۆلۈپ كېتىپ، ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىينىلىپ يۈرىدۇ. جونېس بىلەن كۆرۈشۈپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ دوختۇر براندتقا دەرت تۆكۈپ سول قۇلىقى غۇڭۇلدايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، غۇڭۇلداش ئاۋازىنىڭمۇ تۆمۈرنىڭ ئۇرۇلغان ئاۋازىغا ئوخشاش بەكلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىن دەرت تۆكىدۇ. دوختۇر براندت ئۇنىڭغا يېتىشتىن بۇرۇن ئازىراق ئايلىنىپ ئاندىن يېتىشى كېرەكلىكىنى، ئايىقىنى ئىلمان سۇ ۋە سوغۇق سۇدا ئالماشتۇرۇپ يۇيۇپ بېرىشىنى، ئاندىن بىر قانچە تال تەسىرى ئاز ئۇيقۇ دورىسى ئىچىپ يېتىشنى مەسلىھەت قىلىدۇ. ھىتلېر بۇرۇن راستىنلا ئۇيقۇ دورىسى ئىچىپ يۈرگەن ئىدى. فۇھرېر، ئۆز پىلانى بويىچە يېڭىدىن لايىھلاپ سېلىنغان باش مىنىستىرلىك مەھكىمە بىناسى ئىچىدە تۇرمۇش قائىدىلىرىغا تېخىمۇ قاتتىق رىئايە قىلىپ ياشاشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ ئاخشىمى ئاددى سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ياتاق ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى چىڭ ئېتىۋالاتتى. بۇ ئۆيدىكى بىردىن-بىر بېزەك، ئاپىسىنىڭ ماي بوياق رەسىمى - كونا بىر رەسىمگە قاراپ سىزىلغان بىر پارچە رەسىملا ئېسىغلىق ئىدى. كارىۋىتىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە كىچىك بىر توپمۇچكا قويۇلغان ئىدى. ئۇ بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئەر خىزمەتچىسى بولغان كارل كراۋۇسقا، مەن نەدە يېتىشمىدىن قەتئىي نەزەر، چوقۇم كارىۋىتىمنىڭ ئوخشاش تەرىپىگە بىر ئۈستەل قويۇپ قويىسەن دەپ جېكىلىگەن ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە سائىتىنى چوقۇم ئۆزى ئېلىپ ئادەتلەنگەن بولۇپ، كېيىم كەيگەندىمۇ خىزمەتچىسىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلمايتتى. ئۇ كىيىمنى كىيىپ تۈزەشتۈرىۋالمىغىچە سىرتقا چىقمايتتى. ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ كراۋۇسقا سالام بەرگىنىدىن كېيىن ئۆزى كىتاپخانىسىغا كىرىپ ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئولتۇراتتى. ئۇ ئادەتتە ئىككى ئىستاكان كالا سۈتى، ئون تالدەك پېچىنە ۋە نەچچە پارچە بەكمۇ تاتلىق بولمىغان شاكىلات بىلەن ناشتا قىلىشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىدى. ئۇ ئۆرە تۇرۇپ ناشتا قىلاتتى ھەمدە بىر تەرەپتىن ناشتا قىلغاچ ئاخبارات ئىدارىسى يەتكۈزگەن ماتېرىياللارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقاتتى. ئۇ ئادەتتە ناشتىلىق ئۈچۈن 5 مىنۇتلا ۋاقىت سەرىپ، ئۇدۇل ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتەتتى.

ئالدىراش بولغان بۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ بىردىن-بىر كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىشى ھەر ئاخشىمى ئازادە مېھمانخانا ئۆيىدە ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈشلا ئىدى. كراۋۇس كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا 5~6 يۈرۈش كىنو ئىسمى يېزىلغان بىر ۋاراق كىنو تىزىملىكىنى چىقىرىپ

بىرەتتى. ھىتلېر بۇ تېزىملىكتىن بىرنى تاللاپ كۆرەتتى. ئەگەر تاللىغان كىنو فىلىمى ئۇنى زېرىكتۈرۈپ قويغىنىدا، "نېمە دېگەن قالايماقان فىلىم بۇ!" دەپ قايغىنىدىچە دەرھال فىلىمنى ئالماشتۇرۇپ كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايال ئارتىسى گرېتا گاربو ئىسىملىك بىر ئايال ئىدى. سىر ئىۋون كىركپاترىكنىڭ ئېيتىشىچە، ھىتلېر "«بېنگاللىق بىر مەرگەننىڭ ھاياتى» دېگەن فىلىمنى بەكلا ياخشى كۆرەتتىكەن. ئۇ، بۇ كىنونى ئۈدا ئۈچ قېتىم كۆرگەن. ئۇنىڭ بۇ كىنونى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىغا، بۇ فىلىمدا بىر قانچە ئېنگلىزنىڭ قانداق قىلىپ بىر دۆلەتنى قۇل قىلىۋالالىغانلىقى تەسۋىرلەنگەنلىكى سەۋەپچى بولغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇنەۋۋەر بىر مىللەت دەل شۇنداق ھەرىكەت قىلىشى لازىم ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا، بۇ فىلىم ئىس-ئىبسچىلار چوقۇم كۆرۈشكە تېگىشلىك بىر كىنوغا ئايلانغان." ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىنولىرى يەنىلا فرانسىيە فىلىملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىنولىرىدا ئۇششاق بۇرجۇئازىيىنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولىدىكەن. "بۇ كىنولارنى ئاشكارە قويغىلى بولماسلىقى ھەققەتەنمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش" دەيدۇ فرېيدېلىند ۋاگنېرغا، گېيوبېلىس ئىشخانىسىدا تېخى كېسىپ تازىلانمىغان فىلىملەرنىڭ ھەممىسىنىلا ۋاگنېر مەسئۇل بولۇپ تەكشۈرۈپ چىقاتتى.

ھىتلېرنىڭ سالامەتلىكىدە ياخشىلىنىش ئىشارەتلىرى كۆرۈلمىگەچكە، دوختۇر براندت ئۇنىڭغا بىر ھەپتە دەم ئېلىشقا چىقىشنى، ئەڭ ياخشىسى ئۇخلىيالايدىغان يەر بولغان بېرچتېسگادېنغا بېرىپ دەم ئېلىش تەكلىۋىنى بېرىدۇ. ھىتلېر دوختۇرنىڭ تەۋسىيىسىگە قۇلاق سالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ئاي جەريانىدا ئۇ ۋاچېنفېلدتىكى ئۆيىگە ئىمكان بار كۆپرەك بارىدىغان بولىدۇ. شۇ يىلى يازدا، ئۇ يەنە بىر قېتىم ۋاگنېرنى خاتىرلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ مىتفورد بىلەن سىڭلىسى ديانامۇ شۇ يەردە بولغاچقا، ۋاگنېر خانىم ئۇلارنىمۇ بىرلىكتە چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىۋىدى، بۇنىڭدىن ھىتلېر بەكلا خوش بولۇپ كېتىدۇ. "بىلىسىز، ئۇنىڭنىڭ تۇرمۇش پۇلى ئىيىغا ئارانلا يۈز مارك ئەتراپىدا. _ فرېيدېلىند ۋاگنېرنىڭ دېيىشىچە ھىتلېر شۇنداق دېگەن ئىكەن، _ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ تۇرمۇش پۇلى مەنبەسىنى ئۈزۈپ ئۇنى ئەنگلىيىگە قايتۇرۇپ كېتىشكە ئۇرۇنغان. ئۇمۇ ئەنگلىيىگە بىر-ئىككى قېتىم قايتىپ كەتكەن بولىسىمۇ، ھەر قېتىم ئۇ يەردىن قېچىپ كېلىۋالغان."

22-ئىيۇن ئاخشىمى، چەتئەلدە تۇرىۋاتقان ناتسىستلار پارتىيىسىگە تەۋە تەشكىلاتنىڭ سىرتىدىكى ئىككى نەپەر نېمىسنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ زىيارەت قىلىشى، بايرۇتتىكى قىشلاق ھاياتىنىڭ مەززىسىنى چىقىرىۋاتقانلارنىڭ پەيزىنى قاچۇرىدۇ. يەنى كەلگەنلەر ئىسپانىيىلىك فرانكو ئىسىملىك بىر گېنېرالنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ

گېنېرال جۇمھۇرىيەتچىلەر ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ، "قىزىللار ئارمىيىسى" گە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن ھەربى قىسىملىرىنى ئافرىقىغا توشۇپ ئاپىرىۋېلىشقا بەكلا ئېھتىياجلىق ئىدى. ھىتلېر دەرھال گېۆرىڭنى چاقىرتىپ كېلىدۇ _ گېۆرىڭمۇ بۇ چاغدا بايرۇتتا خاتىرلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىۋاتقان ئىدى. گېۆرىڭ، ھىتلېرنى فرانكونى قوللاش ھەققىدە ئۈندەيدۇ. بۇنىڭغا مۇنداق ئىككى سەۋەپنى كۆرسىتىدۇ: بىرىنچىدىن، كوممۇنىزمنىڭ يېيىلىپ كېتىشىنى توساشقا بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى بولسا "يېڭى ھاۋا ئارمىيىمىزنى چېنىقتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيمىز" دەيدۇ. بۇ گەپ بويىچە ھىتلېر بىر قىسىم ترانسپورت ئايروپىلانلىرى بىلەن بىر قاتاردا خېلى كۆپ كۆرەشچى ئايروپىلان، بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە زېنىت توپچىلارنى ئەۋەرتىپ سىنىماقچى بولىدۇ _ ئۇ پەقەت شۇنچىلىكلا ياردەمدە بولىدۇ. ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىنى ئۇزۇنغا سوزۇش ئىشى گېرمانىيىگىلا پايدىلىق بولۇپ قالماي، شۇنىڭدەك يەنە مۇسسولىنىنىمۇ چەكلەپ _ يەنى مۇسسولىن بۇ چاغدا فرانكوغا زور كۆلەمدە ياردەم قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى _ فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ يېقىن مۇناسىۋەت تىكلەش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرەلىشى، بۇ جەرياندا يىتىم قالدۇرۇلغان مۇسسولىنىمۇ گېرمانىيەگە يېقىنلىشىشتىن باشقا چىقىش يولى قالمىغان بولاتتى.

رىبېنتروپ بولسا، ھىتلېرغا بۇ ئىشقا ئارىلاشمىغىنىمىز ياخشى دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. بىز ئۇ يەردىن ھېچ قانداق بىر نامغا ئېرىشەلمەيمىز، دەيتتى. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە "قايتىدىن ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى مۇرەككەپلەشتۈرىۋېلىشتىنمۇ قورقاتتى. چۈنكى ئەنگلىيە چوقۇم گېرمانىيىنىڭ بۇ ئىشقا قول تىقىشىدىن رازى بولماسلىقى مۇمكىن" دەپ قارايتتى. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، مىللى سوتسىئالىزمچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، فرانكوغا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتىمىز بولىشى كېرەك؛ ئەگەر ئىسپانىيە كومپارتىيىنىڭ دۇنياسىغا ئايلىنىپ كەتكىدەك بولسا (ھېلىمۇ ئۇ يەرنى سولچىلار تىزگىنلەپ تۇرماقتا)، فرانسىيىنىڭ بولشېۋىكلىشىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ؛ "ئەگەر كۈچلۈك شەرق سوۋېت گۇرۇھى بىلەن غەرب فاشىستلار گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا قىستىلىپ قېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۇجۇم قىلغىدەك بولسا ئوتتۇردا قېلىپ تۈگىشىمىز" دەيدۇ.

2

شۇ يىلى يازدا، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بېرلىندا ئۆتكۈزۈلىدۇ. گېرمانىيە يەھۇدىيلارغا قارشى سىياسەت يولغا قويۇۋاتقان بولغاچقا، ئەنگلىيە ، ئامېرىكا ۋە فرانسىيە

ئۈچىسى بۇنى قاتتىق توساپ باققان بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىغان ئىدى. ھىتلېر بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ناتسىستلارنىڭ ئۈتۈقلىرىنى كۆرسىتىدىغان بىر كۆرگەزمە ھالىغا كەلتۈرۈشكە ئالدىراپ تۇرغۇن جەھەتلەردە يول قويۇشلارغىمۇ ماقۇل كېلىدۇ. مەسىلەن يەھۇدىيلارنىڭ سىمۋوللى ھالىغا كەلگەن شەمشەر ماھىرى ھېلېنا مايېر، دۆگۈر توپ يۇلتۇزى رودى بال قاتارلىقلارنىمۇ ئىمپېرىيىگە ۋاكالىتەن بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇرۇشقا ماقۇل كېلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر يەھۇدىي بولغان كاپىتان ۋولفگاڭ فۈرستنېر ئولىمپىك كەنتى قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىللەش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، تاشيول بويلىرىدىكى يەھۇدىيلارغا قارشى پلاكاتلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ كىرىپ دەم ئېلىپ داۋالىنىشى چەكلىنىدىغان ساناتورىيىلەرگە ئېسىلغان ئېلان تاختايلىرىنىڭ ھەممىسى سۆكۈپ تاشلىنىدۇ. بېرلىندا، ستىرېيچېرنىڭ «ئاۋانگارد» گېزىتىمۇ گېزىت بوتكىلىرىدىن غايىپ بولىدۇ. ئەسلىدە يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرىكەتلەر پۈتۈنلەي توختىتىلغان ئىدى. ئۇلار بۇ تۈردىكى يارىشىپ قېلىشنىڭ ئۆلگىلىرىنى خەلقارا كۆچەپ تەشۋىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. ھەتتا تۇرغۇنلىغان چەتئەللىك بېرلىنغا ئېقىن قىلغىنىدا ئۇلار قىزغىن كۈتۈۋېلىنىدۇ.

1-ئاۋغۇست كۈنكى ئېچىلىش مۇراسىمىدا كۆك يۈزى سۈپ-سۈزۈك، بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھىتلېر مۇسابىقە ئەترىتىنى باشلاپ ۋىياترۇمپالاس — غالىبىيەت كوچىسىدىن ئۆتۈپ ستادىيومغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئىلاندەك ئۇزۇن سوزۇلغان ئاپتوموبىل تىزمىسى، 40 مىڭ ئېس-ئاچى ۋە باشقا مۇھاپىزەتچى قىسىملارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئون چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى كوچىدا ئاستا ئالغا ئىلگىرلەيدۇ. قوشۇن ستادىيومغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۈچىسىغا بەكلا ئاددى فورما كەيگەن ھىتلېر ئىككى نەپەر ئولىمپىك ئەمەلدارى بىلەن بىرلىكتە ئالدىغا چىقىپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن بولغارىيە پادىشاھى، شۋېتسىيە تەخت ۋارىسى، گرېتسىيە تەخت ۋارىسى، ئىتالىيە تەخت ۋارىسى ۋە شۇنىڭدەك مۇسسولىنىنىڭ ئوغلى قاتارلىق كىشىلەر ئىز بېسىپ كېلىدۇ. ئۇلار يەر ئاستى يولىنى بويلاپ مېڭىپ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەنتەربىيە سارىيىغا كىرىپ كېلىدۇ. ستادىيومدىكى 30 دانە كانايدىن ياڭرىغان دوخوۋوي ئوركېستىر كۈتۈۋېلىش مۇزىكا ئاۋازى ياڭرايدۇ. بۇ تارىلىق ۋە يەللىك چالغۇلار ئوركېستىرىغا رىچارد ستراۋس رىژىسسورلۇق قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە 3 مىڭ كىشىلىك خور ئۆمىكىمۇ بار ئىدى. ئۇلار «دېۋچلاند ئۈبېر ئالللېس — گېرمانىيە ھەممىدىن ئۈستۈن»، «خورست ۋېسسېل لىيد — ۋېسەل ئورمان مارشى» بىلەن ستراۋسنىڭ بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۈچۈن ئىجات قىلغان «ئولىمپىك مارشى» نى ئورۇندايدۇ. ھىتلېر رەسمى ئورنىنى ئالغان ۋاقىتىدا

110 مىڭ تاماشىبىن ھەممە بىرلىكتە تەنتەنە قىلىشىدۇ. بەزى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر ئولىمپىك سالىمىنى بېرىپ ئۆتكىنىدە، يەنى ئوڭ بىلىكىنى ئالدىغا ئۇزارتىپ سالام بەرگىنىدە تاماشىبىنلار قاتتىق يايراپ كېتىدۇ. ئەمما ئاۋسترىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ سالامنى ئۆزگەرتىپ ناتسىستلارنىڭ بىلەك سالامىغا ئۆزگەرتىۋالىدۇ. بولغارىيىلىكلەر تېخىمۇ ئاشكارە ئوتتۇرغا چىقىپ تىك قەدەملەر بىلەن مارشقا دەسسەپ ماڭىدۇ. 250 كىشىدىن تەشكىل تاپقان فرانسىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى مەيدانغا كىرگىنىدە ئالقىش سادالىرى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەرگەن سالىمى ئولىمپىك پاسوندا ئەمەس بەلكى قېدىمقى رىم پاسوندا ئىدى. چىغ قالپاق كىيىشكەن ئىنگلىزلار مەيدانغا كىرگىنىدە پەقەتلا "ئوڭغا بۇرۇل" دېگەن بۇيرۇق ئاڭلىنىپ سەھنىگە تەتۈر قاراپ مېڭىشىدۇ، نۇرغۇنلىغان تاماشىبىنلار بۇنىڭدىن بەكلا كۆڭۈلسىز بولىدۇ. ئالقىشقا ئەڭ ئاز ئېرىشكەن سپورچىلار ئۆمىكى ئا ق ش ئۆمىكى بولۇپ، بەزى تاماشىبىنلار ھەتتا ئۇلارغا قارىتىپ ئەدەپسىزلەرچە يەرنى تېپىپ كېتىدۇ. ئۇلارمۇ رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىدە پەقەتلا "ئوڭغا بۇرۇل" دېگەن بۇيرۇققا ئەمەل قىلىپ ئۆتىشىدۇ. ئۇلار ھەتتا بايرىقىنىمۇ ئەگمەي تىك تۇتۇپ مېڭىشىدۇ.

ئەتىسى، نېمىسلاردىن ھانس ۋۆلك ئولىمپىك چۆيۈن توپ ئېتىش بىيگى رېكورتىنى ياراتقىنىدا ھىتلېر مەخسۇس كېلىپ ئۇنى تەبرىكلەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئون مىڭ مېترلىق ئۇزۇنغا يۈگرەشتە بىيگى رېكورت ياراتقان ئۈچ نەپەر فىنلاندىيىلىك بىلەن نەيزە ئېتىش چېمپىيونى ۋە ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن گېرمانىيىلىك ئايال تەنھەركەتچىلەرنىمۇ تەبرىكلەيدۇ. ئىگىزگە سەكرەش تۈرىدە بارلىق گېرمانىيىلىك تەنھەركەتچىلەر شاللىنىپ چىققان ۋاقتىغا كەلگىنىدە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى. ھىتلېر بۇ تۈردە ئۇتۇۋققا ئېرىشكەن ئۈچ نەپەر ئامېرىكىلىق تەنھەركەت ماھىرلىرى _ بۇلاردىن ئىككى نەپىرى نېگىر _ بىلەن قول ئېلىشىشنى كۈتمەيلا ستادىيۇمدىن ئايرىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى ھىتلېرغا ئۇنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى مېھمان بولغانلىقى سەۋەبىدىن بارلىق غالىپ كەلگەن تەنھەركەت ماھىرلىرىنى تەبرىكلىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ھىتلېر ئاخىرقى يولنى تاللاپ، تۆت دانە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن جېسسې ئوۋېنس بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىماي كېتىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن پايدىلانغان بەزى ئاخباراتچىلار فۈھرېر بۇ ئۇلۇغ نېگىر تەنتەربىيە ماھىرىغا سوغۇق پوزىتسىيىدە بولغانلىقى ھەققىدە كۆچەپ تەرغىبات قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئەمما ئوۋېنس ئاخباراتچىلارنىڭ بۇ تۈردىكى گەپ-سۆزلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ھىتلېر ھەققەتەن ئۇنى تەبرىكلەپ كەلگەنلىكى ئېيتىپ، "مەن باش مىنىستىرنىڭ ئالدىدىن ئۆتىۋاتقىنىمدا، ئۇ

ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا قول ئىشارىتى قىلدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قول ئىشارىتى بىلەن قايتۇرۇپ سالام بەردىم. مېنىڭچە ئاپتورنىڭ گېرمانىيىنى بۇنداق تەنقىت قىلىشى ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىدىغان كىشىلەردىن قىزغىنىشنىڭ بىر ئىپادىسى دەپ قارايمەن.“

فۇھرېر پۈتۈن يىنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىلىرىنى دىڭگىدەك تولۇق كۆرۈپ ئولتۇردۇ. ھەتتا ئۇ مۇسابىقە كۆرۈش جەريانىدا بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىدىن يېنىدىكىلەر قاتتىق ھەيران قالدۇردۇ. ھەر قېتىم گېرمانىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ماھارەت كۆرسىتىش ۋاقتىدا ئۇ ھەققەتەنمۇ يوز كۆزلىرىنى پورۇشتۇرگىنىچە باللاردەك قىزغىنلىق بىلەن بىرىلىپ مۇسابىقە كۆرەتتى (ھەتتا دۇگۇر توپ مۇسابىقىسى باشلانغاندا بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇسابىقىنى ئاخىرغىچە كۆرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. مۇسابىقە تۈگىگەندىن كېيىن نەتىجىسىنى باشقىلاردىن سوراپ بىلىدۇ). تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 16-ئاۋغۇست كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. ھىتلېرمۇ يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. ئوركېستىر ئۆمىكى «ئولىمپىك مۇسابىقىسى يېپىلىش مارشى» نى ئورۇنلىغان ۋاقىتتا، تەنھەرىكەتچىلەر مۇزىكا ئاۋازىغا قوشۇلۇپ قىزغىنلىق بىلەن ئۇسسۇلغا دەسسەپ تاماشىبىنلار بىلەن ئىنتايىن قىزغىن بىر مۇھىت ئىچىدە خوشلىشىدۇ. مەيداندا بىرسى ھىتلېرغا - يېپىلىش مۇراسىمىدا ئۇنىڭ باشقا ئىشى يوق ئىدى – ”غەلىبىنى تەبرىكلەيمىز!“ دەپ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ پۈتۈن مەيداندىن ”غالىبىيەت ئۈچۈن! ئادولف ھىتلېر، غالىبىيەتكە مۇبارەك بولسۇن!“ دەپ ئالقىش سادالىرى ياڭرىتىدۇ.

گەرچە شەرتكە بەك توشۇپ كەتمىسىمۇ، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ھەققەتەنمۇ ناتسىستلارنىڭ بىر غەلىبىسى ئىدى. نېمىس خەلقى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئالتۇن مېداللارنى قولغا كەلتۈرگەن (33 تال) ۋە كۆپ ساندىكى كۈمۈش-مىس مېداللارنىمۇ سىرىپ سۈپۈرگەن بولۇپ، قىزىق يېرى، نېمىسلار 57 پىرسەنتلىك ئۈستۈنلۈك قازىنىپ ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن ئا ق ش نىڭ ئالدىغا ئۆتكەن ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، نۇرغۇنلىغان تاماشىبىن گېرمانىيىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولغانلىقىدىن ھەممە خوشال، ھىتلېرنىڭ ئىمپېرىيىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ھالدا ئايرىلىشى ئىدى. گېرمانىيىنىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسى جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى لېنى يېفېنستاھلىنىڭ تارتقان ئىككى قىسىملىق ھۆججەتلىك فىلىم ئارقىلىق تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەن ئىدى. گەرچە گېيوببېلس بۇنىڭغىمۇ توسقۇنلۇق قىلماقچى ھەتتا ئۇنى مەيدانغا كىرىشتىن مەنئى قىلماقچى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن بىر فىلىم تارتىشقا مۇۋەپپەق بولالايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆزئارا تەبرىكلىشىش داغ-دۇغىلىرى جەريانىدا ئوتتۇرلۇقتا بىر

تىرادىگىيمۇ ئۇتتۇرغا چىقىدۇ: يەنى بۇ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقە كەنتىنى قۇرۇشقا مەسئۇل بولغان كاپىتان فۇرسنېر بىر يەھۇدىي بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئاخىرقى مىنۇتلاردا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدۇ. ئۇ ئورنىغا قويۇلغان كىشى ئۆچۈن ئۆيۈشتۈرۇلغان تەبرىكلەش زىياپىتىدىن كېيىن تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالىدۇ.

3

رىنېلاند سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، فۈھرېر تاشقى سىياسەت ئىشلىرى بىلەن تېخىمۇ بېرىلىپ شۇغۇللىنىدىغان بولىدۇ. ئۇ ئەندى مەملىكەت ئىچى مەسىلىلىرىنى ئۆز ئېقىشىغا قويۇپ بېرىپ چاتقى بولماي، پارتىيە بىلەن دۆلەتنى نۆۋەتتىكى كىشىنى ۋەس-ۋەسىگە سالىدىغان ۋەزىيەتتى مەجبۇرى قوبۇل قىلدۇرۇشتەك يولنى تۇتۇپ كېتىۋېرىدۇ.394 شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۆزىمۇ پارتىيە ئىچىدىكى كونا سەپداشلىرىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىشقا باشلاپ، "ئۇلارنى ئۆزى بىۋاستە چاقىرىدىغانغا مەجبۇر بولمىغىچە ئىشكىنى چىڭ تاقىۋېلىپ مېھمان كۈتۈشنى رەت قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ. _ دەيدۇ دىيېترىخ ئەسلىمىسىدە، _ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ پۈتۈن ئامىللار بىلەن ھەقەمسايلىرى ئوتتۇرىسىغا توسالغۇ پەيدا قىلىشقا كىرىشىدۇ. ... ئەندى ئۇ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىغا قارشى تۇرىدىغان ھەرقانداق بىر پىكىرگە تاقەت قىلالمايدىغان، بولۇپمۇ تۇغرىلىقى گۇمانلىق بولغان ھەر قانداق بىر ئىشقا قەتئى تاقىتى يوق بولۇپ ئۆزگەرمەكتە ئىدى."

شۇ يىلى يازدا، «ھازىرقى زامان تارىخى» نىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى ئىگناتىيۇس فاير، ۋاچېنفېلد ھويلىسىغا كېلىپ ھىتلېرنى زىيارەت قىلغىنىدا فۈھرېرنىڭ ئۆتكەن يىلغا قارىغاندا خېلىلا قېرىلىق يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ ۋېيىنادىكى كۈنلىرى ھەققىدە، مۇزىكا ۋە رەسىم سىزىش ھەققىدە، ھەتتا رۇم گۈرۈھىنىڭ ئەھۋاللىرى ھەققىدە تىنىماي سۆزلىسىمۇ، سىياسىي ۋە ئىستىقبال ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. ئۇ يوقۇرى سالسبۇرگنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى ھەققىدە ئالاھىدە ماختاپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ پەقەت بۇ يەردىلا "ھەقىقى نەپەس ئالالايدىكەنمەن، ھەقىقى تەپەككۇر بىلەن شۇغۇللىنالايدىكەنمەن، ھەقىقى تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىيالايدىكەنمەن، ... مەن بۇ يەردە بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى ئۆزەمنى ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنى ئەسلىيەلەيدىكەنمەن، ئەگەر بۇنىڭ ئۈچۈن ئازىراقلا كۈچۈم قالغىدەكلا بولسا، ئەلۋەتتە. ئاھ، تەڭرى ۋە يۇلتۇزلىرىم ماڭا مەڭگۈ ھەمرا بولالىسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى!" دەپ سۆزلەپ كېتىدۇ.

ئۇ ھەدىسى ئانگېلا بىلەن بىرگە ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا ئولتۇرۇپ سالسبۇرگنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى مەززە قىلىپ تاماشا قىلغان ۋاقىتلىرىدىمۇ ئوخشاشلا غەمكىن بولۇپ كۆرۈنەتتى. بەزىلەر ئۇنىڭ بۇرۇن خوشنا بىر دېھقاننى ئالدىۋالغانلىقىنى، بىر ئۆي سايمىنى سودىسىدا ئۇ دېھقاننىڭ مىڭ مارك پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغانلىقىنى دېيىشەتتى. بۇنداق گەپلەرگىمۇ چىرايىنى تۈرگىنىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئۆتكۈزىۋېتەتتى. "ماڭا قارا ئادولف، — دېدى ئانگېلا، — ئۇ ئىش ئۇنچىۋالا يامان ئىشمۇ ئەمەس. يەنە نەچچە ئون يىل ئۆتكەندە سەنمۇ قېرىپ يوقۇرى سالسبۇرگلۇق بىر بوۋايغا ئايلىنىپ قالغىنىڭدا، كىشىلەر مىڭ ماركنى، ئۇ پۇل مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنچە بەك مۇھىم ئىش ھېسابلىماي كەتمەس بولىدۇ!" ھىتلېر بۇ گەپلەرگىمۇ ئۈندىمەي ئولتۇرىدۇ. ئاندىن ھەدىسىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئالماپ، "ئالدى بىلەن شۇ مىڭ مارك ئەتراپىدىكى پۇل مەسىلىسى بوگۈنكى كۈندە راستىنلا بىر مەسىلىگە ئايلاندى. بولمىسا مەن ھەرگىزمۇ يوقۇرى سالسبۇرگلۇق بىر بوۋاي ھالىغا كېلەلمەيمەن. چۈنكى قەدىرلىك ئانگېلا، مېنىڭ ئۇنچىۋالا كۆپ ۋاقتىم قالمىدى."

شۇ يىلى ياز ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، ئۇلار ئىككىسىنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتى ئۆزگىرىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئانگېلا ئىنىسىنىڭ ئېۋا براۋن بىلەن بولغان ئۇنداق قىزغىن مۇناسىۋىتى (باشقا يەردە ئۇ قىزنى "ھېلىقى دۆت كالۋا" دەپلا ئاتايتتى) گە بارغانسىرى نارازى بولۇپ يۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا ھىتلېر بىلەن ئۇنىڭ ئاشىنىسى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇشلىرى ئۇتۇقسىزلىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئېۋا ئىككىنچى قېتىم ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشىدىن كېيىن، ھىتلېر ئاشىنىسىغا تېخىمۇ يېقىن بولۇپ كەتكەن ئىدى. تېخى يېقىندىلا، ئۇ سىڭلىسى تۇرىدىغان يەرگە يېقىنلا بىر يەردىن ئېۋا ئۈچۈن كەڭتاشا ئىككى قەۋەتلىك بىنا سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن بېرىدۇ. 30 مىڭ ماركلىق ئۆي پۇلىنى خوفمان تۆلىگەن ئىدى. سېتىۋالغان بۇ ئۆينى ئېۋاغا تاپشۇرۇشى، كۆرۈنۈشتە سىڭلىسى ئىككىسىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن تارتقان رەسىملىرىگە تۆلىگەن ئىش ھەققى ھېسابلىناتتى. ھىتلېرمۇ بەزىدە ئېۋانى يوقۇرى سالسبۇرگقا بىرگە ئېلىپ كېلەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا، ئانگېلا ئېۋا بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن "قەدىرلىك خانىم" دېيىشنىڭ ئورنىغا سوغۇقلا "خانىم" دەپ قوياتتى. ئانگېلا كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا ۋاچىنفېلدتا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئېغىز ئۆي تۇتۇپ قويمايدىغان بولغاچقا، ئېۋامۇ ئامال يوق پلاتېرخوف مېھمان سارىيىدىن ئۆزىگە بىر ياتاق تۇتۇشقا مەجبۇر قالاتتى.

كۈز ئايلىرىدا، ئانگېلا ئاتا بىر ئانا باشقا بۇ ئىنىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەكلا

يامانلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئاخىرى ئۆي خوجايىنلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىش قارارىغا كېلىدۇ. بەزى گەپ-سۆزلەردىن قارىغاندا، ھىتلېر، ئانگېلانى ئېۋا سەۋەبىدىن ئىشتىن چىقارغانمىش. ئەمما ئائىلە كىشىلىرىنىڭ دېيىشىچە، ئاساسلىق تالاش-تارتىشلار ئانگېلانىڭ قايتىدىن تويي قىلماقچى بولغانلىقىدىن ئوتتۇرىغا چىققانمىش. ھىتلېر ھەدىسىنى ۋاچىنفېلدتا داۋاملىق ئۆي خوجايىنلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئانگېلا قەتئى ئۇنىماي، درېسدېندا قۇرۇلغان "دۆلەتلىك بىناكارلىق جەمىيىتى" نىڭ مۇدىرى، پروفېسسور مارتىن خاممىتزش بىلەن تويي قىلىپ كېتىپ قالىدۇ (فۇھرېرنىڭ يەنە بىر نەۋرە ئىنىسى خانس ھىتلېرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ يەنە بىر جېدىلى، ئانگېلا ئاشكارە ئوتتۇرلاردا يۇرۇشتە چىلىڭ تۇرىۋالغان. "ئۇ ئۆزىنى مۇھىم بىرسى دەپ تونۇتۇشنى ئويلايدىكەن. ... ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا زادىلا چىدىمايدىكەن."

ئۇنىڭ ئاپا تەرەپ بىر تۇغقىنى بولغان فرىتز پاۋلى بۇ ھەقتە تېخىمۇ بەتتەر ئىشەنچسىز گەپلەرنى قىلىدۇ. ئۇ ھىتلېرنىڭ بىر يەھۇدىي ئايال بىلەن تويي قىلىۋالغانلىقىنى، بۇئىشنى ھەممىگە ئاشكارىلىۋېتىمەن دەپ يۇرىدىغان ئاجايىپ قىزىقچى بىرى ئىكەن. شۇڭا ئۇ، بۇ ئىشنى كارتوچكا شەكلىدە بېسىپ تارقىتىۋېتىدىغانلىقىنى، ئۇ يەنە ئايالىنىڭ روسىنتال دېگەن قىزلىق فامىلىسى نىمۇ ھىتلېرلار شەجەرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر شېخى قىلىپ كۆرسىتىكەن. شۇنىڭدەك يەنە، مانا بۇ ئادولف ھىتلېرنىڭ يەھۇدىي قانداشلىقىنىڭ بىر كۆرۈنىشى دەپ ئاتىۋاغان. يەنە بىر پىتنە-پاسات گەپلەردە بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ سىڭلىسى پاۋلانى قىزغىنىمىشكەن. ئەمما ئۇرۇشتىن كېيىن پاۋلا بۇنى قەتئى رەت قىلىدۇ. ھىتلېر ھەققىدىكى يامان گەپلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋيېنناغا يېتىپ بارغان ۋاقتىدا، پاۋلا فامىلىسىنى ئورىقا ئۆزگەرتىۋالغان. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ يەنىلا ئىشتىن چىقىرىۋېتىلگەن. "مەن مىيۇنخېنغا بېرىپ تۇرمۇشۇمدىكى قىيىنچىلىقلارنى ئاكامغا ئېيتتىم. ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى بەكلا ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، بۇندىن كېيىن تۇرمۇشۇڭغا پۇتۇنلەي مەن مەسئۇل بولىمەن دەپ ئېيتتى" دەيدۇ پاۋلا. ئادولف ئۇنىڭغا ئېيىغا 250 مارك بېرىپ تۇرغان. 1938-يىلىغا كەلگەندە بۇ پۇلنى 5 يۈز ماركقا ئۆستۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر يىلى روژدېستۋا بايرىمىدا ئۇنىڭغا 3 مىڭ مارك قىممىتىدە سوغات ئەۋەرتىپ تۇرغان، شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭغا بىر ئۆيمۇ ئېلىپ ياردەم قىلغان. ئۇ بەزىدە ئارىلاپ يوقۇرى سالسبۇرگقا بېرىپ ئاكىسى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەتتىكەن. ئەمما ھەر قېتىمدا ئارانلا ئىككى ھەپتە تۇرۇپ كېلەلەيتتىكەن. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئېلان قىلغان خەۋىرىدىن قارىغاندا فۇھرېر "بەكلا ئالدىراش" بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ھەدىسىنىڭ تويىغىمۇ قاتنىشالمىغان - ئا.ھ.ئىزاھاتى).

شۇنداق قىلىپ، ئىۋا ۋاچىنفىلدىنىڭ بىردىن-بىر ئايال خوجايىنىغا ئايلانغان (ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇ يەردىكى ئۆي پۇتۇنلەي يىڭىدىن سېلىنماقتا ئىدى). ھىتلېرنىڭ يازلىق سارىيى قىلىنىدىغان ۋاچىنفىلد تېخىمۇ كېڭىيىشى، يەنى بۇ يەر يۇقۇرى دەرىجىلىك دىپلوماتىك سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە ئۇۋاپىق كېلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈلۈشى لازىم ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىۋا ئۇچۇنمۇ ئايرىم بىر ياتاق ئۆيى، بىر ئىغىز گىرىم ئۆيى ۋە بىر مونچا ئۆيى تەييارلىنىدۇ. بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىلا ھىتلېرنىڭ ياتاق ئۆيى بىلەن كىتاپخانىسىغا يانداش سېلىنىدۇ. بۇ ھەشەمەتلىك بىنانى سېلىش (بىنانىڭ ئىسمى بېرگخوفقا ئۆزگەرتىلىدۇ)، شۇنىڭدەك تاغ بويىغا ھەشەمەتلىك ئەسلىھەلەرنى سېلىش ئىشىنى پۈتۈنلەي مارتىن بورمان ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئىش باشلانغاندىن كېيىن بورمان بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ھەر بىر ئۇششاق-چۈششەكلىرىگىچە بىر-بىرلەپ زىنغىرلاپ تەكشۈرۈپ يۈرۈپ راستىنلا چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىدۇ. بىر قېتىم ھىتلېر چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرۇپ، تاماقتىغا دورا-دەرمەكلەردىن سېپىۋېتىپ قاتاردا بىر خىلنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي سورايدۇ. بورمان دەرھال تامىقنى تاشلاپ قويۇپ دەك چىققىنىچە بېرلىنغا تېلېپون قىلىپ ئۇ نەرسىنىڭ تەپسىلى تەركىۋىنى سورايدۇ. ئاردىن بىر قانچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، كۆڭلى باشقا يەردە، تېتىقۇ ئىشنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەن ھىتلېرغا كېلىپ رەسمى تۈردە دوكلات قىلىدۇ: ”فۇھرېرىم، سىز سورىغان بايىقى تەملەندۇرگۈچنىڭ تەركىۋى مۇنداق ئىكەن: ...“ ئەمما ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۇنچىۋالا قىزغىن بولماي، بەكلا قوپال ئىدى. بىر قېتىمدا، ئۇ ھېسىنىڭ خۇسۇسى كاتىبى ھىلدېگارد فاتقا ئىغىزچە يوليورۇق بېرىۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا كاتىپتىن كۆزئەينىكنى ئېلىۋېتشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بۇنىڭغا كاتىپ ئۇنىمىغىنىدا بورمان دەرھال ئۇنىڭ كۆزئەينىكنى يۇلۇپ ئېلىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىدۇ: ”مانا قارا، كۆزئەينەكسىز تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدىكەنسەن!“

بورماننىڭ بۇنچە كۆپتۈرۈۋېتىدىغان مىجەزىگە قاراپ باشقىلار ئۇنى ئاستا-ئاستا كۆزگە ئىلماس بولۇۋالىدۇ. ئېسىرمۇ شەرەپ بىلەن تۇۋەن دەرىجىلىك بىر خىزمەتكە يۆتكىۋېتىلىدۇ ـ يەنى ئۇ ساياھەت ئاگېنتى قىلىپ يۆتكىۋېتىلىدۇ. روزېنبېرگنىمۇ ئالدىغا چىقالمايدىغان ئىشلارغا قويۇلىدۇ. ھەتتا خانفىستايىنگلگىمۇ سوغۇق مۇئامىلىگە دۇچ كېلىشكە باشلايدۇ. خانفىستايىنگل كىشىنىڭ يۈزىنى قىلمايدىغان ئۇدۇل سۆزلۈك بىرى بولغاچقا، ئۇمۇ پارتىيە ئىچىدە گۇمانلىق ئۇنسۇر دەپ قارىلىدىغان، ھەتتا قارا تىزىملىككە چۈشۈپ قاپتۇ دېيىدىغان مىش-مىش گەپلەرمۇ تارقىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 1936-يىلى، ھېلېنانىڭ ئۇنىڭدىن ئاجرىشىشى تەستىقلانغىنىدىن كېيىن، خانفىستايىنگل

بىلەن ھىتلېر ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇناسىۋىتىمۇ ئۈزۈلگەن ھېسابتا ئىدى. ھىتلېر ئۇلارنىڭ ئايرىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقىنىدا، ئىتتىكلا "شۇنداقمۇ، ئۇ ھالدا مەن ھېلىھاغا دەرھال بىر تېلېگرامما يوللاپ بەخت تىلىسەم بولغىدەك. _ دېگەن بولسىمۇ، دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىپ، _ ياق، ئۇنداق قىلسام بولمىغىدەك. _ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ _ خانفستايىنگىل خانىم دېگەن گېرمانىيىدە كام تېپىلىدىغان ھەقىقى ئېسىلزادە ئاياللاردىن بىرى" دەپ قوشۇپ قويىدۇ. شۇندىن كېيىن ھىتلېر بۇ ئايالغا ھەر تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ گۈل ئەۋەرتىشنى توختاتمايدۇ.

خانفستايىنگىل كۆڭلىدىكى ئەنسىرەشلىرىنى ئوغلى ئېگوڭغا سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا ئوغلىمۇ 15 ياشقا كىرگەن ئىدى. شۇ يىلى يازدا، ئاتا-بالا ئىككىسى ستارنبېرگ كۆلىدە ساياھەت قىلىۋېتىپ كۆل ئوتتۇرىسىغا كەلگىنىدە يەلكەن چۈشۈرۈپ قېيىقنى توختىتىدۇ. "ئوغلۇم، ساڭا دېمەكچى بولغانلىرىمنى ئېسىڭدا چىڭ تۇت، دېگەنلىرىمدىن بىر ئېغىزىنىمۇ ئېسىڭدىن چىقارما: ۋەزىيەت ياخشى ئەمەس. دەسلىۋىدە بىز ھەممىمىز بۇ ھەرىكەتكە تولۇق ئىشەنگەن ئىدۇق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مەن ھازىرمۇ بۇنىڭغا ئىشىنىشكە تىرىشىپ كەلمەكتىمەن. _ دەيدۇ ئوغلىغا. ئۇ، نۇرغۇنلىغان خىيانەتچىلىك، چىرىكلىشىشلەرنى كۆرىۋاتقانلىقىنى، ھىتلېرمۇ بىر ئۈچۈم ئىپلاس جىنايەتچىلەر ۋە پو ئېتىپ يالاقچىلىق قىلىدىغان كىشلەرنىڭلا گېپىنى ئاڭلايدىغان بولۇۋالغانلىقىنى، _ ئەگەر مۇشۇ بويىچە مېڭىۋەرسە چوقۇم ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز، يەنى ئېنگلىزلار ۋە ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولىمىز. بۇ ئاقىۋەتتە گېرمانىيە ۋە پۈتۈن دۇنياغا تەھدىت كېلىشى مۇمكىن." نۆۋەتتە مەملىكەت ئىچىدىكى ئەھۋاللار پۈتۈنلەي قالايماقانلىشىپ كەتتى. چۈنكى ئەمەلدارلارنىڭ كەينىدە بىر ئۈچۈم كېرەككە كەلمەس كىشىلەر يىغىلىۋالغان. "تەڭرى بىلىدۇ، مەن ھىتلېر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنى سەزگۈر بولۇشقا ئۈندەپ باقتىم." ئەمما دېگەنلىرىم ئۇنىڭ قۇلىقىغىمۇ كىرىپ چىقمىدى. "ۋەزىيەتنىڭ ئېنىق بولماسلىقىدىن ئەنسىرىمە دەپلا تۇرىۋالدى. ئۇ ۋەزىيەتنى چوقۇم چۈشىنىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردارلا بولىدىكەن، مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك." ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: ئەزەلى دۈشمىنىم ئامېنىڭ پۈلغا خىيانەت قىلدى دېگەن تۆھمەت بىلەن ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى، "ئەمما ئۇلار بۇ ئىشنى قاملاشتۇرالماي ئاخىرى مەغلۇب بولدى، مەنمۇ ئۆزمنى تولۇق ئاقلاپ چىقتىم، شۇنىڭغا قارىماي دۈشمەنلىرىم زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتىدىن تېخىچە يانغىنى يوق، پات يېقىندا مەنمۇ جېنىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن، ئۇلار ھامىنى بىر كۈنى مېنى تازىلىۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ" دەيدۇ.

بۇ گەپلەرگە ئوغلىمۇ تولا بەك ھەيران ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇمۇ ھىتلېرنىڭ ئۆزگىرىپ بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۇقالمايۋاتقىنى، دادىسىنىڭ نېمىشقا شۇ چاققىچە قېچىپ بۇ بالادىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنماسلىقى ئىدى. خانفستاينگىل ئۇنىڭغا، بۇ ئىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا پارتىيىنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ياردەمچى بولغان، نەچچە قېتىم سىياسىي ۋە جىسمانى جەھەتتە فۇھرېرنى خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى، ”ھەممىمىزنىڭ بۇ ئىشلاردا مەسئۇلىيىتىمىز بار. ئەسلىدە ئىشلىرىمىزنىڭ ئاساسى ۋە يۈزدە توقسەن بەش پىرسەنت غايىمىز ياخشى ئىدى. شۇڭا پۈتۈنلەي ئۇمىد ئۈزۈشىتىشكىمۇ بولمايدۇ دەپ قارايتتىم.“

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار ئىككىسى قېچىش پىلانىنىمۇ تۈزدۇ. بۇ پىلانىنىڭ مەخپى بەلگىسى ئۈچۈن مۇشۇ قېتىقنىڭ ئىسمىنى تاللىۋالدۇ. ئەگەر يېزىشقان خەتلىرىنىڭ بېشىغا ”بەلكىم“ دەپ يېزىلغان بولسا، ئېگوڭنىڭ پويىزغا ئولتۇرۇپ شۋىتسارىيىگە بېرىۋال دىگەننى بىلدۈرەتتى. ئۇ يولغا چىققاندا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دىمەسلىكنى، ھەتتا ئاپىسىغا دىيىشكىمۇ بولمايدىغانلىقىنى تاپىلايدۇ. ئاپىسى دادىسىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئېگوڭ ئاپىسىنىڭ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولاتتى. ھىتلېر ئاپىسىنى چوقۇم بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ”شۇڭا خۇددى ھېچ نېمىنى بىلمىگەن كىشى بولىۋېلىپ، داۋراڭ قىلىپ ۋاقىتنى ئۇزارتىپ  يۇرمەي غىپلا قىلىپ كېتىپ قىلىشى“ نى تاپىلايدۇ.

دىگەندەك، يېرىم يىلغا قالماي بۇنداق خەتەر يېتىپ كېلىدۇ. خانفستاينگىلنى ئىسپانىيىدىكى گېرمانىيىلىك مۇخپىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش مەقسىتىدە دەرھال ئىسپانىيىگە قاراپ ئۇچۇشقا بۇيرۇق كېلىدۇ. ئەمما ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈشى ھامان، لىيوتچىك خانفستاينگىلغا: مەن بۇيرۇق بويىچە بارسېلونا بىلەن مادرىت ئوتتۇرىسىدىكى ”قىزىللار رايونى“ غا كەلگەندە ئايروپىلاندىن پاراشوتلۇق ئاتلاش ئۈچۈن بۇيرۇق ئالدىم، دەيدۇ. خانفستاينگىل ۋارقىرىغىنىچە، بۇ دېگىنىڭىز مېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىق! دەيدۇ. ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان لىيوتچىك، بۇ بۇيرۇقنى ئايروپىلان كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا گېيۆرىڭ قول قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇزۇنغا قالماي ئايروپىلاننىڭ بىر ماتورىدىن غاچىلدىغان ئاۋازلار كېلىشكە باشلايدۇ. ئۇچقۇچى ئايروپىلاندا كاشىلا چىققانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن ئۇ خانفستاينگىلغا چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن قاراپ مۇنداق دەيدۇ: مەن دەرھال كىچىكرەك بىر ئايروپورت تېپىپ قونۇشقا تىرىشاي. ئۇ ئايروپىلاننى يەرگە قوندۇرغاندىن كېيىن، خانفستاينگلمۇ يالغاندىن بىرلىنغا ئەھۋالدىن مەلۇمات

بەرمەكچى بولۇپ تېلېفون بوتكىسىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇ تېلېفون بوتكىسىدىن چىقىپ ئۇچقۇچىغا، فۈھرېر ئۇنى دەرھال ئۇففىگىغا قايتىپ كېلىشنى بۇيرىدى دەيدۇ. شۇڭا ئۇ ميۇنخېنغا ماڭىدىغان كېچىلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقىپ، ئەتىسى سەھەردە زۈرىخ _ سيۇرىخ پويىزغا ئالمىشىۋالىدۇ. شۇ يەردە ئۇ ئوغلىغا شىفىرلىق بىر پارچە خەت ئەۋەرتىدۇ. ئېگونمۇ بىر قانچە قۇر كىيىم-كېچەكنى قاتلاپ فۈھرېرنىڭ بىر پارچە رەسىمنى يېنىغا ئېلىپ سيۇرىخقا ماڭىدىغان پويىزغا چىقىدۇ. ئۇ پويىز ۋاگونىنىڭ ھاجەتخانىسىدا بىر قانچە سائەت يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. يېرىم كېچىدە ئۇ دادىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. (تا يېقىنلارغىچە شۇ قېتىمقى ئايروپىلان كاشىلىسىنى خانفىستايىنگىلغا قارا چاپلاش ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئۆيدۈرۈپ چىقارغان بىر قېتىملىق چاقچىقى دەپ قاراش بار ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىسپانىيىدە جەڭ قىلىۋاتقان نېمىس قوشۇنلىرىنى جاسارەتلەندۈرۈشكە زىيانلىق بىر نۇتۇق سۆزلىگەن. ئەمما خانفىستايىنگىلنىڭ 1970-يىلى نەشرى قىلدۇرغان «ئاق ئۆي بىلەن قوڭۇر ئۆي ئوتتۇرسىدا» دېگەن كىتابىدا، ئاپتور گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيە گېنېراللىرىدىن بولغان گېنېرال ۋون شىۋەنبېكنىڭ بىر پارچە خېتىنى بېرىدۇ. بۇ خەت، شۇ قېتىملىق ئايروپىلان ھادىسىسىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر قېتىملىق سۈيىقەست ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. _ ئا.ھ.ئىزاھاتى)

4

شەخسى مۇئامىلىلەردە گەرچە ھىتلېر نۇرغۇن قېتىم كۆڭلى پاراكەندە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ گېرمانىيە ھەممىدىن ئۈستۈن دېگەن يولدا ھەرگىز ئىككىلىنىپ يۈرمەيتتى. 1936-يىلى يازدا، ئۇ ئىنتايىن قورقۇنۇشلۇق بىر مەسىلىنى قەلەمگە ئالىدۇ، يەنى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ھەققىدە ئۇزۇن بىر پارچە مېمراندۇم تەييارلايدۇ. بۇ ئەسلەتمىنى ئۈچ نۇسخا كۆچۈرۈپ گيۆرىڭ بىلەن بلومبېرگلارغا بىر نۇسخىدىن بېرىپ، قالغان نۇسخىسىنى ئۆزىگە ئېلىپ قالغان ئىدى. ھىتلېر بۇ مېمراندۇمدا، گېرمانىيىنىڭ قانچىلىك يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بولىدىكەن، ھەربى كۈچىمۇ شۇنىڭغا ماس كۈچلىنىشى كېرەك. بۇ ئىنتايىن جىددى بىر ۋەزىپە بولۇپ، ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. گېرمانىيە خام ئەشياسى يېتەرسىز بىر دۆلەت بولۇپلا قالماي، نوپۇسىمۇ ئارتىپ كەتكەن، ئۆزىنىڭلا تۇپرىقىغا تايانغىنىدا ئۆز-ئۆزىنى بېقىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. "بۇنداق گەپنى تەكرارلاۋېرىشنىڭ قىلچىمۇ ئەھمىيىتى يوق. بىز بۈگۈندىن باشلاپ بۇ ئىشنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرالىغىنىمىزدىلا، كەلگۈسىدە بىر كۈنى بۇ مەسىلىنى ئاخىرقى

ھېسابتا ھەل قىلالىشىمىز مۇمكىن. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆزىمىزنى ئازىراق يەڭگىللەشتۈرۈۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ھاياتلىق ماكانىمىزنى كېڭەيتىش، ياكى دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ خام ئەشيا ۋە يېمەكلىك مەنبەسىنى كېڭەيتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. _ ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ، _ ئاخىرقى ھېسابتا خام ئەشيا يېتەرسىزلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىشى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. بۇ مەسىلىنى يەنە بىر قېتىملىق چوڭ ئۇرۇش بولغىنىدا ھەل قىلىشنى كۈتكىنىمىزدىن كۆرە، بۈگۈنكىدەك تىنچلىق پەيتىدە بۇ مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇشىمىز ۋە بۇ ئىشنى ھەل قىلىشقا تۇتۇش قىلىشىمىز ئەڭ ئاقىلانىلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئېھتىياجلىرىمىزمۇ بار بولسىمۇ، ئۇلارنىمۇ ھەل قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ۋە سىناق قىلىش ئىشىغا كىرىشىش لازىم. بىز ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تەمىنلىيەلەيدىغان ئىقتىسادىي ئىگىلىكىمىزنى تىكلىۋېلىش ئارقىلىق مۇنۇ نىشانلارغا يېتىۋېلىشىمىز شەرت: بىرىنچى نىشانىمىز، گېرمانىيە ئارمىيىسى تۆت يىل ئىچىدە چوقۇم ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈۋېلىشى؛ ئىككىنچى نىشانىمىز، گېرمانىيە ئىگىلىكى يەنە تۆت يىل ئىچىدە چوقۇم ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ بولىشى شەرت.“

شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، ئۇ يەنە ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى مۇستەھكەملىۋېلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يۈرگىنىدە،، بۇنچە كۈچلۈك غەيرەت-شىجائەتكە ئىگە ۋە شۇنچە قۇۋ رەھبىرگە تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە ئېنگلىزلار كەينى-كەينىدىن ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر دۆت ئىكەنلىكىنىمۇ ئىپادىلەپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار، يول قويۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ۋاستىلىرىغا تايىنىپ ھىتلېرنى يولغا سېلىۋالالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئەمما ھىتلېر بولسا ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدىلا ئېنگلىزلارنىڭ خاتالىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلار بىلەن مادارە قىلىپ يۈرۈپ كېلىشىم تۈزۈۋالالىغان، شۇنىڭدەك يەنە ئىنتايىن مۇجمەل بىر شەكىلدە شەرتنامىغىمۇ ئىمزا قويدۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇمىد ۋە ئاق نىيەتلىك ئەنگلىيە دۆلەت ئەربابلىرى داۋاملىق گېرمانىيىگە قاراپ ئېقىن قىلماقتا ئىدى. گېرمانىيىدىن قايتىپ كەلگەن تارىخشۇناس ئارنولد تويىنبي ئاخىرقى ھېسابتا ھىتلېرنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىغا ئىگە بىرسى دەپ ئىشىنىپ قالغان. ۋېرسال ئەھدىنامىسىنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى، ئۇرۇش مەزگىلىدىكى باش ۋەزىر داۋىد لويد گيورگمۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ”گېرمانىيە پادىشاھسىنى دارغا ئېسىش“ شۇئارىنى توۋلاپ كەلگەن بىرسى بولىشىغا قارىماي، ئۇمۇ شۇنداق بىر قاراشتا ئىدى. 4-سىنتەبىر چۈشتىن كېيىن، ھىتلېر بېرگخوف پەلەمپىيىدە تۇرۇپ ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن

كۆتۈۋالىدۇ. "ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن شەخسەن مەن ئەزەلدىن قىزغىن بولۇپ كەلگەنمەن. ــ دەيدۇ لويد گېورگ، ــ ئۇرۇش ئاخىرلاشقان ۋاقىتتىدا مەن شەخسەن بۇ جەھەتتە قايتىدىن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىدىم."398 ئۇ يەنە ئەگەر ھازىردىن باشلاپ ھەرىكەتكە كېلىپ كېيىنكى بىر قانچە ئاي ئىچىدە بىر كېلىشىم ئىمزالانمىغىنىدا ئىككى دۆلەت چوقۇم زىتلىشىش يولىغا كىرىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

"پېقىرمۇ بۇ پىكىرىڭىزگە چىن قەلبىمدىن قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن." دەيدۇ ھىتلېرمۇ جاۋابەن. ئۆزىنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدىلا بۇنداق بىر ئىتتىپاقداشلىقنى خام خىيال قىلىپ كەلگەنلىكىنى، بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئىتتىپاقداشلىقى، ئاساسەن بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىدىن مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى، كەلگۈسى ئىلغارلىققا تەھدىت بولىدىغىنى بولشېۋىكچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ، ئالدىراش قوشۇمچە قىلىپ، بۇ دېگەنلىرىنىڭ خىيالىي پەرەزدىكى ۋەھىمە ئەمەسلىكىنى، بۇ بىر ئەمەلىي مەۋجۇت خەۋپ ئىكەنلىكىنى، شۇنداق ئىكەن، غەربىي ياۋروپا چوقۇم بىر پۈتۈن ئىتتىپاق ھالىغا كېلىپ، بولشېۋىكچىلىككە قارشى چىقىشى زۆرۈرلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇ يەردە بولشېۋىكلارنىڭ ئىسپانىيىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا كىرىشكەنلىكىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. "مەن نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا غەم يەپ كېتىمەن؟ مەن ھەرگىزمۇ رۇسىيىنىڭ گېرمانىيىگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرىمەيمەن. ئەمما ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك بولشېۋىكلىشىپ كەتسە، ئۇ ھالدا ئىقتىسادىي ي نوقتىدىن ئالغاندا، ۋەتىنىمىز قانداق بولۇپ كېتەر؟ بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە بىرلا پارتلاشقا قاراشلىق تۇرماقتا."

مېھمان ئۇزاپ چىققاندىن كېيىن، ھىتلېر يەنە بىر يېقىنى خېيىنس لىنگقا مۇنداق دەيدۇ: سابىق باش ۋەزىرنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئەنگلىيە  خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە تەسلىم بولۇشقا بەكلا يېقىنلاپ كەلگەن ئىدى. "مەن لويد گېورگقا بۇ دېگىنىڭىزغا قوشۇلىمەن. ئەمما گېرمانىيىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەت، 'سائەت ئون ئىككىگە بەش مىنۇت قالغىنىدا تەسلىم بولغانلىقى' نى دېدىم. مېھمان ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلغان: راست دېگەنىدەك گېرمانىيە بەكلا بالدۇر تەسلىم بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئەمما مەن ئۇنىڭغا، ئەگەر گېرمانىيە بىلەن ئەنگلىيە  قايتا ئۇرۇش قىلغۇدەك بولسا، مەن فۈھرېر بولۇپلا تۇرىدىكەنمەن، گېرمانىيە چوقۇم سائەت ئون ئىككىدىن بەش مىنۇت ئۆتكەنگىچە ئۇرۇشنى توختاتمايدۇ، دېدىم."

شىمدت باش ۋەزىرگە ھەمرا بولۇپ مېھمانخانىغا قايتىپ كېتىدۇ. مېھمانخانا

كىرىشىدە، لويدنىڭ قىزى شاڭخو قىلىپ ۋارقىرايدۇ "ھىتلېرنى قارشى ئالايلى!" سابىق باش ۋەزىر بۇنىڭغا قىلچىمۇ كۆلمەيدۇ. "تەبىئىكى ھىتلېرنى قارشى ئالىمىز! _ دەيدۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي، _ مەنمۇ شۇنداق دەيمەن، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ بىر ئادەم ئىكەن!"

شۇنداق دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدىكى، 1936-يىلقى نيۇرېمبېرگتا ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيە قۇرۇلغان كۈننى خاتىرلەش مۇراسىمىدا لويد گيورگ قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. بۇ قىممەتلىك خاتىرلەش پائالىيىتى بۇرۇنقىلاردىن ئالاھىدە كۆركەملىك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى دېمەيلا تۇرايلى، بۇ مۇراسىم يەنە مۇنداق ئىككى چوڭ ھەرىكەتنىڭمۇ سىمۋوللۇغا ئايلانغان ئىدى: ئۆز-ئۆزىنى قامداشنى غايە قىلىپ يولغا قويۇلغان "تۆت يىللىق پىلان" ۋە "قالايمىقانچىلىق چىقىرىدىغان كۈچلەر" دەپ نام بېرىلگەن بولشېۋىكچىلىككە قارشى يۈرۈش قىلىش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش. يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ھاۋا ئوچۇق بولىدۇ. نيۇرېمبېرگنىڭ ئىنتايىن كاتتا ستادىيومىدا، ھىتلېر بۇ يەرگە يىغىلغان 160 مىڭ نەپەر قوشۇن كۆڭلىكلىك پارتىيە مۇرتلىرى بىلەن ئېس-ئېسچىلارغا قارىتىپ نۇتۇق سۆزلەپ، بولشېۋىك خەۋپى ئۈستىدە بەكلا كۆپ سۆزلەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئۈستى ئوچۇق مەرسېدېس پىكاپقا ئولتۇرۇپ شەھەرگە قايتىدۇ. ئۇ يول بويى تار كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كىشىلەر بىلەن بالكونلارغا چىقىپ ئۇنىڭغا تەنتەنە قىلىشىۋاتقان قوڭۇر كۆڭلەكلىكلەرگە قول ئىشارىتى قىلىپ سالام بېرىپ ئۆتىدۇ. تاسىسى ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى رىچارد ھېلمسنىڭ پىكاۋىمۇ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ. 5~6 نەپەر داڭلىق گېزىت مۇخبىرلىرىمۇ ھېلمس بىلەن بىرگە كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا نيۇرېمبېرگ قەلئەسىدە فۇھرېر بىلەن بىرگە چۈشلۈك تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلىنغان ئىدى.

"بىز ئۇ يەرگە يېتىپ بارغىنىمىزدا، _ دەيدۇ ھېلمس شۇ پەيتنى ئەسلىگىنىدە، _ مەنمۇ ئۆزەمنى مەغرۇر تەلۋىدىن بىرى دەپ ھېس قىلماقتا ئىدىم. ئۇ يەردىكى شۇنچە قىزغىن ئالقىش سادالىرى مېنىڭ ئۇچۇن كۆتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئۆزەمنى خۇددى 10 فۇت (بىر فۇت تەخمىنەن 30.5 سانتىمېتىر) قا ئۆسۈپ ئېگىزلەپ كەتكەندەكلا ھېس قىلماقتا ئىدىم!"

مېھمانلار شەھەر قەلئەسىنىڭ ئېگىز مۇنارىسىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە، ھىتلېرنىڭ ئۇنچىۋالامۇ كۈچلۈك بىرسى ئەمەسلىكىنى كۆرىدۇ. ھېلمسقا يەنىلا ھىتلېرنىڭ خۇش پېئىل چىقىشقاق مۇئامىلىسى قاتتىق تەسىر قالدۇرغان ئىدى. سەل ئىلگىركى ۋاقىتلاردىكىدەك ئۇنداق كۆز چاقنىتىدىغان ياسالمىلىق قىلىشلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ قالماي، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە تەمتىرەپ پۇت-قوللىرىمۇ تىنماي تەۋرىنىپ تۇراتتى.

ئالدىمىزدا تۇرغان بۇ كىشىنىڭ تېخى باياتىنلا تەلۋىلەرچە قىزغىن ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلگەن ئىس-ئاچلارغا بىلىكىنى شىلتىپ، "سىلەرنىڭ مېنى، نەچچە ئون مىليون كىشى ئارىسىدىكى مېنىڭدەك نامسىز بىرسىنى تونۇپ قالالىغىنىڭلار، بۇ دەۋرنىڭ بىر مۆجىزىسى! _ دەپ قاتتىق توۋلىغان كىشىنىڭ دەل بۇ كىشى ئىكەنلىكىگە ئادەمنىڭ پەقەتلا ئىشەنگىسى كەلمەيتتى." تەبىئىكى، ئارىدىن بىرەرسى چىقىپ بولشېۋىكلار ھەققىدە بىر نىمە دېيىشكە باشلىشى بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ گەپلەر سۇدەك پۇتمەس-تۈگىمەس بىر شەكىلدە ئېقىپ چىقىشقا باشلايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يەنە قايتىدىن بايىقى ناتىق ھالىغا قايتىپ كېلەتتى. ئۇ، موسكۋا بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سېلىپ ياۋروپانى تېزگىنلىمەكچى ئىكەنلىكىنى، ئەمما گېرمانىيە بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ يول قويالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "كىشىلەر، بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە تەلۋىلەرچە بولشېۋىكچىلىققا قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى چۈشىنەلمەي كەلمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىزنىڭ يەنە ئىتالىيىمىز بار. بىز ھەممىمىز ئىسپانىيىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى كۆرگەن كىشىلەرمىز" دەپ بولشېۋىكلارنى سۆكۈشكە كىرىشىدۇ. تۆۋەندىكى يوللاردا كىشىلەر تەرتىپلىك بىر شەكىلدە "بىز فۈھرېرىمىزنى كۆرۈشىمىز كېرەك!" دەپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ. شۇڭا ھىتلېرمۇ مۇنارىدىن ئۆزىنى كۆرسىتىپ ھەۋەسكارلىرىغا سالام بېرىدۇ.

ھېلمىس قايتىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئالغاندا، ئۇنىڭ مۇنار ئۈستىدە كۆرگەنلىرى تەنتەربىيە سارىيىدا كۆرگەنلىرىگە سېلىشتۇرغاندا بەكلا چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردە كۆرگىنى، ھەقىقەتەنمۇ "كىشىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭ پىلانىنىمۇ مۇۋاپىق بىر پىلان دېيىشكە بولاتتى."

يىغىنىنىڭ ئاخىرقى كۈنى، خەلق ئاممىسى زور كۆلەملىك ھەربىي مانېۋىرنى تاماشا قىلىدۇ. تەقلىدى ئايروپىلان ئۇرۇشى كۆرسىتىشى بىلەن ئەڭ يېقىنقى زامانىۋىلاشقان زېنىت پىلموت ئۇنۇمىنى كۆرسىتىش نومۇرىدىن كېيىن، ستادىيومدا بىر مەيدان ھەقىقىي ئۇرۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماشىنىلاشقان جەڭ نومۇرى كۆرسىتىلدى. شۇندىن كېيىن پارتىيە قۇرۇلۇش كۈنىنى خاتىرىلەش مۇراسىمىمۇ ئاخىرلىشىدۇ. يەنى بىر تەرەپتىن تىنچلىققا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق يېڭى نىشان ئېلان قىلىنىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن قورقۇنۇشلۇق قۇراللىق كۈچ تەھدىتى نامايىش قىلىنىدى. فۈھرېرنىڭ ئىزچىل توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلار پارتىيىنىڭ سادىق مۇرتلىرىلا بولۇپ قالماي، ھەتتا لويد گيورگمۇ گېرمانىيىدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىغا شەكسىز ئىشىنىپ قايتقان ئىدى. «كۈندىلىك تېز خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ بىر پارچە ماقالىسىدا، ھىتلېر يالغۇز بېشىغا گېرمانىيىنى ئوت-بالا

ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ چىقالىغان؛ ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تۇغما داھىي بولۇشقا لايىق، قەتئىي ئىرادىلىك، ھارماس قەھرىمان خاراكتېرگە ئىگە، ياشانغانلارنىڭلا ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ قالماي، يەنە ياشلارنىڭمۇ چوقۇنىدىغان بىر ئادىمىغا ئايلانغان، دەپ يازىدۇ.

يېڭى باشلانغان بۇ سەپەردە لويد گېورگ رەسمىي ئاخماق قىلىنىپ ئويۇنغا دەسسىتىلگەن ئىدى. بۇندىن ئىلگىرى، ھىتلېر ئىتالىيە بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان ئىدى. ئۇ خانس فرانكىنى رىمغا ئىۋەرتىپ، مۇسسولىنىنى گېرمانىيىگە كېلىپ زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ھەتتا ئۇنى ئىتالىيىنىڭ مۇستەبىتى سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى فاشىزمنىڭ قۇرغۇچىسى سۈپىتىدە زىيارەتكە كېلىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ چاغدا، مۇسسولىن چىن قەلبىدىن گېرمانىيە بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەشنى ئارزۇ قىلماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ، گېرمانىيە زىيارىتى ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىقلارنى قىلىش مەقسىدىدە كۆيئۈولى، ئىتالىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گراف گالېئاززو سىئانونى 21-ئۆكتەبىردە ئايروپلان بىلەن بېرلىنغا ئىۋەرتىدۇ. سىئانو دەسلەۋدە گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى نېۋرات بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. ئىتالىيىلىكلەرنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، نېۋرات، رىبېنتروپنىڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەنگلىيە -گېرمانىيە دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى تىكلەش خىيالى ھەققىدە مەسخىرىدە بولغان. سىئانو يەنە يېڭى لوكارنوۋ ئەھدىنامىسىنى ئىمزالاشقىمۇ ئوخشاشلا ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، ئىتالىيىنى بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىدە قىلىپ "بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش ئارقىلىق ئورتاق مەقسەتكە يېتىش" تەكلىپىنى بېرىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن، سىئانو بېرگخوفتا ھىتلېر بىلەن كۆرۈشىدۇ. ھىتلېر، قارشى تەرەپنى قايمۇقتۇرۇش مەقسىتىدە: "مۇسسولىن دۇنيادىكى بىرىنچى نومۇرلۇق سىياسىي يون. شۇڭا قالغان كىشىلەرنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغۇلى بولمايدۇ" دەيدۇ. ئاندىن ئۇ، نېمىس خەلقى بىلەن لاتىن خەلق بىر-بىرىنى چۈشىنىدىغان ئىككى خەلق. ئەگەر ئۇلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئىتتىپاقداشلىق ئورنىتالايدىغانلا بولىدىكەن، بولشېۋىكچىلىق بىلەن غەرب دېموكراتىيىسىگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيدىغان ھېچ كىم چىقمايدۇ، دەيدۇ.

كۆيئۈغلىنى ئەنگلىيە -گېرمانىيە مۇناسىۋىتىگە زىددىيەت سېلىش ھوقۇقىنى بەرگەن مۇسسولىن، ئىتالىيە قولغا چۈشەرگەن بىر پارچە ھۆججەتنى سىئانوغا تاپشۇرىدۇ. بۇ ھۆججەت، ئەنگلىيىنىڭ بېرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنىڭ لوندونغا يوللىغان تېلېگراممىسى ئىدى. تېلېگراممىدا ھىتلېر ھۆكۈمىتى خەتەرلىك بىر تەۋەككۈلچى دېيىلگەن. فۇھرېر بۇ تېلېگراممىنى ئوقۇپ غەزەپتىن قايناپ كېتىدۇ: "ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ قارشى بويىچە دۇنيادا ئىككى دۆلەت تەۋەككۈلچىلەر تەرىپىدىن يېتەكچىلىك

قىلىنماقتىمىش. بۇلارنىڭ بىرسى گېرمانىيە، يەنە بىرسى بولسا ئىتالىيەمىش! ھالبۇكى، ئېنگلىزلار بۈيۈك بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇش ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ يېتەكچىسىمۇ بىر تەۋەككۈلچى ئەمەسمىدى؟ بۈگۈنكى ئەنگلىيە، ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسىلا كارغا كەلمەس نەرسىلەر." ئۇ سىئانوغا گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ قايتىدىن قۇراللىنىش سۈرئىتى ئېخىمۇ تېز ئىلگىرلەۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئەنگلىيىدىن ئەنسىرەپ يۈرۈشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق، 1939-يىلىغا بارغاندا، گېرمانىيە ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، 4~5 يىل ئىچىدە ئۇرۇش تەييارلىقىمىز تەييار بولۇش دەرىجىسىدىن ئاللىمۇ قاچان ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ، دەپ ۋەدە بېرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، سىئانو بىلەن نېۋرات بېرلىنىدا بىر مەخپى كېلىشىم ئىمزالاپ يېڭى مۇناسىۋەت تىكلەش بىلەن بىرگە، كەڭ كۆلەملىك ھەمكارلىق ئورنىتىشنى قارار قىلىشىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، مۇسسولىن مىلاندىكى دۇئومو مەيدانىدا سۆزلىگەن بىر نۇتقىدا بۇ مەسىلە ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەندە ئىشلەتكەن سۆزلىرى غەربلىكلەرنىڭ قۇلىقىغا بەكلا يامان ئاڭلىنىدۇ: "... بېرلىن بىلەن رىمنىڭ بىر ئوق بولۇپ شەكىللىنىشى ھەرگىزمۇ بىر توساق قويۇش بولماستىن، بەلكى بىر ئوق مەركىزى قۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ، تىنچلىقنى قوغداش ھەمكارلىقنى ئورنىتىشقا ئىرادىسى بولغانلىكى بىر ياۋروپا دۆلىتى مانا بۇ ئوق ئەتراپىدا ئايلىنالايدۇ."

1936-يىلى كۈز ئايلىرىدىن كېيىن، ھىتلېر ئاساسلىقى ئىسپانىيە غېمىدا قالغان ئىدى. بۇنىڭ ئالدىدا، فۇھرېر، فرانكوغا سانى ئاز بولسىمۇ ئەھمىيىتى چوڭ تەمىنات يەتكۈزۈپ كەلگەن ئىدى. ئەندىلىكتە، ھىتلېر ئۇنىڭغا زور مىقداردا ياردەم بېرىش مەسىلىسىنى ئويلايدۇ. نويابىردا، قوزغىلاڭچى قوشۇنلار ستراتېگىيىلىك جەھەتلەردە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئالاھىدە ئۇرۇش ئايروپىلان گۇرۇپپىسىنى يوللاپ جەڭگە كىرىشتۈرىدۇ. 18-نويابىردا، ھىتلېر بىلەن مۇسسولىن ئىككىسى ئاخىرىدا فرانكو ھۆكۈمىتىنى ئىسپانىيىنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمىتى دەپ ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ھىتلېرنى ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىشقا ئۈندەۋاتقان ۋاقىتىدا، شۇ ۋاقىتتا تۆت يىللىق پىلانغا مەسئۇل بولىۋاتقان گيۆرىڭ، ئىسپانىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنى بىر مەيدان رەسمى توقۇنۇشنىڭ بىشارىتى دەپ قارىماقتا ئىدى. 2-دېكابىر كۈنى، گەرچە ئۇ كۈنلەردە تېخى بىرىنچى پاي ئوق تېخى رەسمى ئېتىلمىغان بولسىمۇ، ئۇ، ھاۋا ئارمىيىسى ئوفىتسېرلار يىغىنىدا "بىز ئەندى رەسمى ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرماقتىمىز" دەيدۇ. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، يېڭى يىلدىن باشلاپ "بارلىق ئايروپىلان زاۋۇدلىرى خۇددى سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى ئېلان قىلىنغاندەك پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا

كىرىشسۇن" دەيدۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بېرلىندا بىر قىسىم سانائەتچىلەر بىلەن يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا سۆزلىگەن سۆزىدە، بۇنى قىلچە يوشۇرماستىن قايتا تەكرارلايدۇ. گېۆرىڭ، "بۇ ئۇرۇش ئەڭ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىشىمىزنى، ئىشلەپچىقىرىش قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. قايتىدىن قۇراللىنىشنىڭ ھېچ قانداق چېكى يوق. بۇ جەرياندا بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىككىلا يول بار: يا غەلىبە، يا ئۆلۈم!" دەيدۇ.

گېۆرىڭنىڭ بۇ تۈر سۆزلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، فرانكونىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ۋەكىلى گېنېرال ۋىلھېلم فاۋپېل كىشىنى خاتىرجەمسىز قىلىدىغان مۇنداق بىر خەۋەرنى ئېلىپ كېلىدۇ: ئەگەر دەرھال بىر دىۋىزىيە گېرمان قوشۇنى بىلەن بىر نەپەر ئىنستروكتور ئەۋەرتىلمەيدىكەن، ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالىمىز. ئەمما ۋىلھېلم كوچىسى بۇنداق تەكلىپكە پەرۋامۇ قىلمايدۇ. شۇڭا فاۋپېل بۇ ئىشنى فۈھرېرغا يۈزتۇرانە ئوتتۇرغا قويىدۇ. 21-دېكابىر كۈنى، ئۇ ھىتلېربىلەن باش مىنىستىرلىق مەھكىمىسىدە كۆرۈشىدۇ. كۆرۈشۈشتە گېۆرىڭ، بلومبېرگ، خوسباخ، فىرىتىش ۋە شۇنىڭدەك تېخى يېڭىلا ئىسپانىيەدىن قايتىپ كەلگەن فرانكونىڭ باش قوماندانلىق شتابىدا ھەربى ئىشلار ۋەكىلى بولۇپ تۇرىۋاتقان پودپولكوۋنىك ۋالتېر ۋارلىمونت قاتارلىق كىشىلەر ھازىر بولغان ئىدى.401 فاۋپېل، شۇنچە ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇ ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھىتلېردىن 3 دىۋىزىيە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەرتىشنى ئۆتۈنىدۇ. ھىتلېر، ۋارلىمونتنىڭ پىكرىنى سورايدۇ. ۋارلىمونت، بۇ دېگەن بىر مەيدان ئىچكى ئۇرۇش، شۇنداق ئىكەن، فرانكو ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بۇ ئۇرۇشنى يېڭىشى لازىم؛ ئىسپانىيە بىلەن گېرمانىيە ئىككى دۆلەت ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەمكارلىق ئورنىتالىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش. بېرىلىۋاتقان ھەربى ياردەملەرمۇ قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشنى ساقلاشقا تولۇق يېتىدىغان بىر ياردەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە فرانكو مۇ ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىيەلىسە چوقۇم جىددى ۋەزىيەتنى ئۇڭشاپ كېتەلەيدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. قالغان ھەربىلەرمۇ ۋارلىمونتنىڭ يوقۇرقى قاراشلىرىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ھىتلېرمۇ كۆپچىلىكنىڭ بۇ تالاش-تارتىشتىن چىقارغان خۇلاسىسىغا قوشۇلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: گېرمانىيە كەڭ كۆلەملىك ياردەمچى قوشۇن ئەۋەرتىش نىيىتىدە ئەمەس. بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ھەربى ئىشلار سەۋەپ بولغان بولماستىن بەلكى سىياسىي ئىشلار سەۋەپ بولماقتا. كەينىدىنلا ئوچۇق قىلىپ، ئۇنىڭ ئەڭ خالىمايدىغىنى، فرانكونىڭ تېزلىكتە غەلىبە قىلىشى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئىسپانىيىنىڭ ئۇزۇنغىچە جاپالىق ئۇرۇش قىلىشى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى گېرمانىيىنىڭ يۈرەكلىك ھالدا

قايتىدىن قۇراللىنىش پىلانىدىن ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىغا بۇرىتۇەتكەن ئىدى. ئەمما ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە ئىسپانىيەگە ئىزچىل ياردەم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىپ كەلگەن؛ ئەگەر ھەربى جەھەتتىكى پاجىئە كۆزگە كۆرۈنگىدەكلا بولىدىكەن، ھەربى ياردىمنى كۆپەيتىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇنىڭ دېگەن ئاخىرقى گېپى ھەقىقەتەنمۇ بىر ھىلىگەرلىك ئىدى. ئۇ ئەسلىدە كەڭ كۆلەملىك ھەربى ياردەم قىلىش شەرىپىنى مۇسسولىنىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن ئىدى. يەنى، ئەگەر ئىتالىيە ئىسپانىيە مەسىلىسىدە قانچىكى چوڭقۇرلاپ پېتىپ قالىدىكەن، مۇسسولىنىمۇ گېرمانىيىگە شۇنچە بەك مۇھتاج ھالغا كەلگەن بولاتتى. ئەگەر بۇ توقۇنۇش ئۇزۇنغىچە توختىماي داۋاملىشۇەرگىنىدە، ئىتالىيە مەيلى ئىغىزىدا ياكى ھەرىكىتىدە بولسۇن چوقۇم ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى ئۇچۇن ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى.

ھىتلېر ئۇچۇن ئېيتقاندا ئۇنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ غەلىبىسى 1936 ـ يىلى قولغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئۇچۇن تۆلەنگەن بەدەل يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇ يىلدا ئەنگىلىيە ئەس-ھۇشىنى يوقۇتۇپلا قويغان بولسا، ئىتالىيىنىڭمۇ ئىشى پۈتۈپ گېرمانىيەنىڭ تەڭسىز شېرىكى ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ يەنە ياپونىيىنىمۇ قايىل قىلىپ ئۇلار بىلەن «كوممۇنىزمغا قارشى خەلقئارا شەرتنامىسى» نى ئىمزالىۋالدۇ. بۇ شەرتنامە ئىنتايىن مۇجمەل سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەخپى كېلىشىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالماقتا ئىدى. يەنى، ئۆزئارا قوللاش، بىرلىكتە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش دەيدىغان بىر شەرتىمۇ بار ئىدى. بۇ كېلىشىم بىلەن ئىككى تەرەپ قەتئى زۆرۈر بىر ۋەزىپە ئەمەسلىكىنى ئېتراپ قىلىشىسىمۇ، گېرمانىيىنىڭ قايتىدىن قۇراللىنىشىنى قانۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى تەشۋىقات ستراتېگىيىسى نوقتىسىدىن ئالغاندا، ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر كېلىشىم ئىدى.

ئۇ ۋاقىتلاردىكى بىردىن-بىر قىيىن ئەھۋال ئەنگىلىيىنىڭ ئاساسى قانۇن تۈزۈلۈش بوھرانىلا ئاجىز بىر نوقتا بولىشى ئىدى. بۇ بوھران، ئەنگىلىيە پادىشاھىنىڭ ۋاللىس ۋارفېيد سىمپسون خانىمى بىلەن توي قىلىشىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بىر بوھران ئىدى. ئۇ باش مىنىستىر بالدۋىنغا "مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر پادىشاھ سۈپىتىدە توي قىلدىم، ھەمدە بۇ نىكاھ ئىشىنىڭ ئۇقۇۇشلۇق داۋام قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر بۇ توي ئىشىغا ھۆكۈمەت تەرەپ قارشى چىققىدەك بولىدىكەن، ـ بالدۋىن، ئىبدۋاردقا ھۆكۈمەت بۇ نىكاھ ئىشىغا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن، ـ مەن تەختتىن ۋازكېچىشكە تەييارمەن" دەيدۇ. ئاممىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېگىدەك سەككىزىنچى ئىبدۋاردقا ھېسسىداشلىق بىلدۈرەتتى. ئەمما باش مىنىستىر ۋە چېركاۋ دېگىنىدە چىڭ تۇرۇپ بۇ نىكاھ ئىشىغا

زادىلا قوشۇلمايدۇ.

كەلگۈسىدە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان كىلىشىم تۈزۈش سۆھبىتىدە فۇھرېرنىڭ تايىنىدىغىنى دەل بۇ پادىشانىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە باغلىق بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بوھران، رىببېنتروپنىڭ بەكلا بېشىنى ئاغرىتىدىغان بىر كىرزىس ھالىغا كەلگەن ئىدى. "بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈمىدىمىز بۇ پادىشاھقا باغلىق!" دەيدۇ رىببېنتروپ گېرمانىيە ئاخبارات ئىدارىسىغا ۋاكالىتەن گېرمانىيە ئەلچىخانىسىدا ئاخبارات ئاگېنتى بولۇپ تۇرۇۋاتقان فرىتز ھېسقا. ھېس دېگەن بۇ كىشى ئەنگلىيە ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى دەپ تونۇلغان ھەمدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەكىلى ھېسابلىنىدىغان، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مەخپى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بىرسى، يەنى، غەيرى رەسمى ھالدا ئەنگلىيە دائىرىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ يۈرگەن، بولۇپمۇ ۋەزىرنىڭ سانائەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى سىر خوراس ۋىلسون بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ يۈرگەن كىشى ئىدى. رىببېنتروپ ئۆزۈنىغا قالماي ھېسنى چاقىرتىپ، "سېنىڭچە، بۇ ئىش بىر سۈيىقەست بولىشى، بىزنىڭ بۇ دۆلەتتىكى ئاڭ ئاخىرقى ئورنىمىزنى تارتىپ ئالماقچى بولغان بىر ئىش بولىشى مۇمكىنمۇ؟" دەپ سورايدۇ. ئۇ تېخى يېڭىلا فۇھرېر بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەن بولۇپ، فۇھرېر ئۇنىڭ بولمىسا تەختتىن چېكىنمەن دېگەن سۆزىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ بەكلا تۇتۇق بىر ئىش ئىدى. يەنى ئۇ گېرمانىيە گېزىت ساھەسىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلىپ بۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماسلىقنى تاپىلايدۇ. ھىتلېرنىڭ غەيرىتى رىببېنتروپقا خاتىرجەملىك بەرگەن ئىدى. "قاراپ تۇرغىن، ــ دەيدۇ پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ــ بۇ ئىشتا فۇھرېرنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. يەنى بۇ ئىشنىڭ ئېنىق بولماي تۇرۇۋاتقان تەرىپى چوقۇم ئېنىقلىنىدۇ، ئەنگلىيە پادىشاھى بىزنىڭ بۇ قېتىمقى بوھراندا شۇنداق تاكتىكا قوللانغانلىقىمىز، شۇنچە ئېھتىياتلىق بىلەن ئىش قىلغانلىقىمىزغا چىن كۆڭلىدىن رەخمەت بىلدۈرىدۇ."

9-دېكابىر ئاخشىمى، ئېۋارد «تەختتىن چېكىنىش ھۆججىتى» گە قول قويۇپ، ئەنگلىيە تارىخىدىكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن پادىشاھلىقتىن ۋاز كەچكەن بىردىن-بىر شاھزادىغا ئايلىنىدۇ. شۇ ئاخشىمى، بىر قېتىملىق تەسىرلىك رادىئو نۇتقىدا ئۇ پۈخرالىرىغا ۋە پۈتۈن دۇنياغا، "مېنىڭ قارىشىم شۇكى، ئۆزەمنى ھەر قانچە ئىرادىلىك دەپ ھېسابلىغىنىمدىمۇ، چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىدىغان سۆيگۈنۈمنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە ئۇنىڭ ياردىمى بولماي تۇرۇپ پادىشاھ ئۈستىگە چۈشكەن ئېغىر يۈكنى كۆتۈرەلىشىم، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشىم مۇمكىن ئەمەس" دەپ نۇتۇق سۆزلەيدۇ.

ھىتلېر، بەزىلەرنىڭ گۈزەل ۋەتەن تۇپراقلىرىدىن گۈزەل بىر قىزنى ئۈستۈن

كۆرىدىغانلىقىغا زادىلا ئەقىل يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ باش ئەلچىسى رىببىنتروپقا تېلېفون قىلىپ، (بۇنى ھېستىن ئاڭلايمىز) بەكلا پەرىشان ھالدا مۇنداق دەپ ئۇققۇرىدۇ: مەغلۇب بولغانلىقىمىزنى قوبۇل قىلماي ئامال قانچە؟ بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ، بۇ ئۇيۇنغا خاتىمە بېرىشكە مەجبۇرمىز دەيدۇ. "ئەنگلىيە پادىشاھى تەختىنى تاشلاپ چىقتى. بۇندىن كېيىن ئەنگلىيىدە بىز بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى خالايدىغان باشقا بىرسى چىقىشى ناتايىن. سەنمۇ ئۆزەڭنىڭ پائالىيەت قىلىش ئەھۋالىڭدىن مەلۇمات يوللاپ باققىن. ئەگەر سېنىڭ بۇ ئىشتا بىرەر رولۇڭ بولمايدىغاندەك كۆرۈنسە ئوچۇق ئېيت، مەنمۇ سېنى بۇ ئىشتا ئەيىپكە بۇيرىمايمەن." دەيدۇ.

5

گەرچە ھىتلېر بۇ ئىشتا قاتتىق ئۈمىتسىزلىك ئىچىگە پېتىپ قالغان بولسىمۇ، 1936-يىلىنى يەنىلا ئۇنىڭغا زور ئۇتۇقلارنى ئېلىپ كەلگەن بىر يىل دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ گېيۆربىڭ خانىمغا دېيىشىدىن قارىغاندا، بۇ يىلقى ئارچا بايرىمى "ئۆزۈن يىللاردىن بېرى ئۇنى ھەقىقى تۇردە خوشال قىلغان بىر قېتىملىق بايرام ھېساپلىنىدىكەن. "مېنىڭچە، بۇ قېتىمقى بايرام مېنى ئەڭ خوشال قىلغان بىر قېتىملىق كىرىستوس بايرىمى بولدى" دەيدۇ. گەرچە ئۇنى ئاشقازان كېسىلى قاتتىق ئازاپلاۋاتقان، شۇنىڭدەك ئۇيقۇسىزلىق بىلەن ھەل تەمرەتكىنىڭ دەردىنى تارتىپ چىققان بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭلىرى ناھايىتى كۆتۈللۈك ئۆتكەن ئىدى. 25-دېكابىر كۈنى، ئۇ فوتوگرافچى خوفماننىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق بىر دوختۇر تاللاپ، ئۇنى ئۆزىگە مەڭگۈلۈك خۇسۇسىي دوختۇرى قىلىۋالىدۇ. بۇ دوختۇرنىڭ ئىسمى تېئو مورېل بولۇپ، ئەسلى بىر تېرە كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئۇ بېرلىننىڭ كۇرفۇرستېنىدام يولىدا دوختۇرخانا ئېچىۋالغان بولۇپ، ئىشى بەكلا يۈرۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ بىمارلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى كىنوچىلىق ساھەسىدىكىلەر بىلەن تىياتىرچىلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ داڭلىق كىشىلىرىدىن تەشكىل تاپاتتى. بۇ دوختۇر بەكلا قارامتۇل، سېمىز، يۇمىلاق يۈزلۈك، كۆزىمۇ يوقۇرى دەرىجىلىك يىراقنى كۆرەلمەيدىغان قېلىن كۆزئەينەكلىك بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ قولىمۇ قىلغا تولغان بەكلا قوپال ۋە يوغان، تىرناقلىرى دائىم دېگىدەك كىرلىشىپ قارىداپ كەتكەن ھالدا يۈرەتتى. داۋالاش ۋاقىتلىرىدا بەزىدە بەكلا بىخەستەلىك قىلىپ كېتەتتى. بەزىلەر ئۇنى، يېڭىلا ئۇستەل سۈرتۈپ تاشلاپ قويغان داكىدا ئاغرىقنىڭ بېلىكىنى تاڭىدىغان؛ دېزىنكسىيە قىلمايلا بىر تال يىڭنىنى ئىككى كېسەلگە قايتا-قايتا ئىشلىتىۋېرىدىغان بىرسى دېيىشەتتى.

گېرمانىيىدە شۇنچە كۆپ دوختۇر بار تۇرۇغلۇق ھىتلېر نېمە ئۈچۈن بۇ دوختۇرنىلا تاللىۋالدۇ؟ ئېھتىمال، مورېل خانىم بىلەن ئېۋا براۋننىڭ يېقىنلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. ھىتلېر ھەربىي سەپتىن چېكىنگىنىدىن بۇيان قىپ يالغاچ بولۇپ سالامەتلىك تەكشۈرتىشى مۇشۇ تۈنجى قېتىملىقى ئىدى. ھىتلېرنىڭ قورسىقى دائىم ئاغرىيتتى. مورېل دىياگنوز قويۇپ ئاشقازان يارىسى بىلەن ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسى كېسىلى بار دەپ خۇلاسە چىقىردۇ. ئۇنىڭغا "مۇتافلور" بىلەن "گاللېسترول" دېگەن ئىككى خىل دورىنى بۇيرۇپ بېرىدۇ. ھىتلېر يەنە مېتېئورىزم (قورسىقى چىڭقىلىش) دېگەن كېسەلگىمۇ گىرىپتار بولغانلىقى ئۈچۈن تىنماي يەل چىقىرىپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك ئۇ ئېزىچىل گۆشسىز تاماق يېگۈچى بولغىنى ئۈچۈن، كېسەلمۇ كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن دوختۇر مورېل ئۇنىڭغا كوكسىگالاكسىئوس كومىلچى يەڭ دەپ رېتسىپ يېزىپ بېرىدۇ. بۇ تۆردىكى كومۇلاچ تەركىۋىدە بروتسىن بار ئىدى. ئەمما دوختۇر مورېل بۇ دورىنىڭ تەركىۋىدە بۇنداق بىر ماددىنىڭ بارلىقىدىن خەۋىرى يوق تۇرۇغلۇق، ئۇنىڭغا بۇ دورىدىن ھەر قېتىمدا 2 دىن 4 تالغىچە ئىچىشنى بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، مورېل ئۇنىڭغا دائىم كۆپلەپ ۋىتامىن ئىچىپ تۇرۇشنىمۇ بۇيرۇيدۇ. ھەتتا دائىم دېگىدەك بۇ دورىنى گلىكوزا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئارتېرىيەدىن ئاسما ئوكۇل قىلىپ بەدىنىنى كۈچلەندۈرمەكچى بولىدۇ.

گېرمانىيە تەۋەسىدىكى ئەڭ ئابرويلۇق ئىككى نەپەر مۇتەخەسسىس، يەنى بىرسى گېرمانىيە قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى دوختۇر گراۋىتز، يەنە بىرسى بېرلىن خەير-ساخاۋەت دوختۇرخانىسىنىڭ قوشۇمچە پروفېسسورى دوختۇر بېرگمان ئىككىسىلا ھىتلېرنىڭ ئاشقازان ئاغرىقى بىلەن ئاغرىپ ئاياق كىيىشكىمۇ ئىمكان بەرمەيۋاتقان ھۆل تەمرەتكىسىنى داۋالاپ ساقايتالمىغان ئىدى. ئەمما ھېلىقى مورېل دېگەن دوختۇر ئۇنىڭغا مەن بىر يىل ئىچىدە سىزنىڭ بۇ ئىككى كېسەللىكنى داۋالاپ ساقايتىشقا ۋەدە بېرىمەن دەيدۇ. شۇنداق دەپ، بىر ئايغا قالمايلا ئۇنىڭدىكى بۇ كېسەللىكلەرنى ساقايتىۋېتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ھىتلېر خۇشاللىقىدىن بۇ دوختۇر بىر مۆجىزە يارىتىپ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى دەپ تەنتەنىلىك بىلەن جاكارلايدۇ. "گراۋىتز بىلەن بېرگمان ئىككىسىلا مېنى ئاچ قالدۇرۇپ، ماڭا چاي بىلەن پېچىنىدىن باشقا نەرسىگە يېقىن يولاتمىغان ئىدى. ... شۇڭا مېنىڭ تەن سالامەتلىكىم ئاجىزلاپ ھەتتا ياستۇقتا يېتىپ ئىشلەشكىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىگىدەك ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. كېيىن، مورېل كېلىپ سالامەتلىكىمنى ئەسلىگە كەلتۈردى" دېيىش ئارقىلىق تەن سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى پۈتۈنلەي مورېلغا مەنسۇپ قىلىۋېتىدۇ. ھەتتا چىش مىلىكىنىڭ ياخشىلىنىشىنىمۇ مورېلنىڭ مودافلور

ئوكۇلى قىلغانلىقىغا مەنسۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ چىش دوختۇرى ھيوگو بلاشكىنىڭ ئۇۋۇلاپ بېرىشىنىڭ تەسىرىدىن ياخشىلىنىپ قالغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ.

1937-يىلى 30-يانۋار كۈنى، ھىتلېر ، باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەنگەنلىكىنىڭ 4 يىللىقىنى خاتىرلەش يۈزىسىدىن پارلامېنتتا نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ ئىنتايىن تېتىك ۋە روھلۇق بولۇپ، قارىماققا ئەسلىدىكىسىدىن خېلىلا ياش كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى قايتا تەكرارلايدۇ: "بۈگۈن، مەن چوقۇم تەڭرىگە رەھمىتىمنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك. تەڭرىمنىڭ ئىلتىپاتى بىلەنلا دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى نامسىز بىر ئەسكەرنى مۆۋەپپەقىيەتلىك تۈردە شەرىپىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىغا يېتەكلەپ ماڭدى." بۇ قېتىمقى نۇتۇق ھەرگىزمۇ بىر تەھدىت ئەمەس، بەلكى بىر ۋەدە بولغانلىقى ئۈچۈن، بەكلا كۆپ ئەكس تەسىر پەيدا قىلىۋېتىدۇ. بۇنداق بولۇشى، بۇ قېتىمقى پۇ ئېتىۋېلىشىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ رىيال ئاساسلىرى بار ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى 4 يىل ئىچىدە، ھىتلېر ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. خۇددى روزۋېلتقا ئوخشاش، ھىتلېرمۇ كىرىمى نىسبەتەن تۆۋەن بولغان كىشىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سالالىغان؛ يەنە شۇ روزۋېلتقا ئوخشاش ئۆز ھېسسىياتىغا تايىنىپ، كلاسسىك نەزەرىيىلەر ئاساسىدا كىشىنى تەمتىرىتىپ ئالاقزادە قىلىۋېتىدىغان ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ ئىقتىسادىي چېكىنىش ھەققىدە بىلىدىغانلىرى بەكلا ئاز ئىكەن دەيدىغان خۇلاسىغا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ ئىككىلا رەھبەر ئەنئەنىلەرگە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەي، ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققى قىلدۇرۇپ ئىشسىزلىقنى ئازايتىشقا تىرىشىدۇ ("ھىتلېر يەنە ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي سىياسەتنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلىگەن" دەيدۇ ئىقتىسادشۇناس ج. كېننېت گالبرايت 1973-يىلى بەرگەن باھاسىدا، - ... ئۇ، ئىش ھەققى بىلەن باھانى بىرلا ۋاقىتتا تېزگىنلەپ تۇرغاندىلا، تىزلىكتە تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولىدىغانلىقى تونۇپ يەتكەن. ئىقتىسادىي جەھەتتە قورقۇنۇچ ئاستىدا قالغان بىر دۆلەت، خۇددى ئامېرىكىلىقلار روزۋېلتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشالىغىنىدەك ھىتلېرنىڭ چاقىرىقىغىمۇ ئاۋاز قوشالىغان. بۇھەقىقەتەنمۇ نورمال بىر ئىش ھېسابلىناتتى." بەلكىم، ھىتلېر ئىقتىسادتىن تۈزۈك خەۋىرى يوق، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلىپ كەتمەيدىغان بىرسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. "ئەمما ئىقتىسادىي ي جەھەتتە، ئەگەر سەن توغرا يولدىلا مېڭىپ، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلەلمىگەن بولۇشىڭدىن قەتئىي نەزەر، سېنىڭ بۇنداق بىر يولنى تاللىۋېلىشىڭ ھەقىقەتەنمۇ قالتىس بىر ئىش قىلغانلىقىڭ ھېسابلىنىدۇ" _ ئا.ھ.ئىزاھاتى). ھىتلېر يەنە يوقۇرى سۈرئەتلىك تاش يول تورىنى قۇرۇپ چىقىپ، دۆلەتنىڭ

قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە كىرىشكەن ئىدى. يەنى ئادەتتە پۈتۈن مەملىكەتنى تۇتاشتۇرۇپ بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئومۇمىي يۈزلۈك سەپەرۋەرلىك قوزغاشقىمۇ پايدىلىق بولغان ئىدى. ئادەتتىكى خەلقنىڭمۇ ”ئاپتوموبىلدىن پايدىلىنىپ سەپەر قىلالىشى“ نى كۆزدە تۇتۇپ، ”خەلق ماشىنىسى“ نى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بۇنداق ماشىنا چىدامىلىق، ئۆمۈرى ئۇزۇن، ئەرزان بولغاچقا، ئادەتتىكى بىر سىمۇ سېتىۋالالىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ، فېردىناند پورشېدىن تۆت كىشىلىك، ھەر 40 مىل (بىر مىل تەخمىنەن 1.61 كىلومېتىرغا تەڭ _ ئۇ.ت) دا بىر گاللون (بىر گاللون تەخمىنەن 4.55 لىترغا تەڭ _ ئۇ.ت) يېقىلغۇ سەرىپ قىلىدىغان، ماتورى ھاۋا ئارقىلىق سوۋۇتۇلىدىغان، قىش كۈنلىرى توڭلاپ قالمايدىغان پىكاپتىن بىرنى لايىھەلەپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، ئۇ كەلگۈسى يېڭىلىقلار ئۈچۈنمۇ بەزى تەسەۋۋۇرلىرىنى كۆتۈلگە پۈكىدۇ. چوڭ شەھەرلەردە، مۇتلەق تۈردە ئاپتوماتىك يەر ئاستى ماشىنا ساقلاش يەرلىرىنى، كۆپ مىقتاردا ئىختىيارى تاللاپ مال سېتىۋېلىش مەركەزلىرىنى، باغچىلارنى، كۆكەرتىلگەن مەيدانلارنى قۇرۇپ چىقىش كېرەكلىكىنى، شۇنىڭدەك مۇھىتنىڭ بۇلغۇنىشىنىڭ كەسكىن ئالدى ئېلىنىشىنى پىلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش مىجەزى (بەلكىم راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشتىن قورققانلىقىدىن بولسا كېرەك)، مۇھىت تازىلىقىغا ھەددىدىن ئارتۇق كۆڭۈل بۆلۈشىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇ سانائەتچىلەرنى مۇھىتقا زەھەرلىك گاز قويۇۋېتىشنى پۈتۈنلەي توختىتىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرى ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. رۇر ئويمانلىقىدا بەزى زاۋۇتلار بۇلغىنىشتىن ساقلىنىش ئەسلىھەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان؛ يېڭى قۇرۇلغانلىكى زاۋۇتلاردا سۇ مەنبەلىرىنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەسلىھەلىرى بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ.

ئۇنىڭ شەھەر پىلانىغا بولغان قىزىقىشى كىچىك شەھەر ۋە يېزىلارنى پىلانلاشقىچە كېڭەيتىلگەن. ئۇ يېقىنلىرىغا، ئەڭ مۇھىمى بوش مەيدان مۇھىتىنىڭ بارلىقى (بۇ ئۇنىڭ يەنە بىر قىزىقىدىغان تەرىپى ئىدى)، ”بىزدىكى بىناكارلىق ئىنژېنېرلار لايىھە تۈزگەن ۋاقىتتا بوش مەيدان مەسىلىسىنىمۇ ئويلاشقانلىقىدىن خوشالمەن. شۇنداق بولغاندىلا، بىز خۇددى زۇكاۋ بىلەن كىلىسىنكىرچېن قاتارلىق جايلاردا كۆرگىنىمىزدەك شۇنچە كۆپ، ھەتتا ئۆي ئۈستىگە ئۆي سېلىۋالىدىغان، قىستا-قىستاڭ شەھەرلەرنى سېلىۋېلىشقىمۇ مەجبۇر قالمايمىز. ئەگەر مېنى ئەنە شۇنىڭدەك قىلچە گۈزەللىكى بولمىغان بىر شەھەرگە سۈرگۈن قىلىۋەتكىدەك بولىدىكەن، خۇددى ئۆز ۋەتىنىمدىن قېچىپ چىققىنىمدەك پۈتۈنلەي ئۈمىدىمنى يوقۇتۇپ قويۇشۇم، كۆڭۈل ئازادىلىكىمدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىم تۇرغانلا گەپ. شۇنداق ئىكەن، مەن، ئەڭ ئاددىي بىر شەھەر بولغىنىدىمۇ بىر شەھەرنى

ئاز-تولا مەدەنىيەت پۈرىقى بولغان، گۈزەللىك تۇيغۇسى بولىدىغان بولسىمۇ شەكىلگە كەلتۈرۈشكە، ئاندىن بۇنداق شەھەرلەرنىڭ ئازادلىق دەرىجىسىنى ئاستا-ئاستا ياخشىلاشقا غەيرەت قىلىمەن."

ياشلارنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشىمۇ ئېتىۋارلىنىش ھەققىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. مائارىپ تۈزۈمىدە تۈپكى ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تەبىئىي پەن بىلىملىرى بويىچە مەخسۇس تەربىيىلەش يولغا قويۇلىدۇ. كلاسسىك بولمىغان دەرسلەر بىلەن ھۆمانىزم ئالىي مەكتەپلىرىدىكى تەييارلىق دەرسلىرىمۇ تەڭ دەرىجىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇلىدۇ. تەنتەربىيە، ئىرق بىئولوگىيىسى ئاساس دەرس سۈپىتىدە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. شۇنىڭدەك گېرمانىيە تارىخى بىلەن ئەدەبىياتىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولىدۇ. بەزى دەرسلەر، مەسىلەن قېدىمقى زامان تىلى بىلەن پەن بىلىملىرىمۇ بۇنىڭ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. "بىزنىڭ تەربىيىلەش مەقسىدىمىز كىشىلىك خاراكتېر يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. _ دەپ يازىدۇ قايسى بىر ناتسىست مائارىپشۇناس، _ بىز بالىلىرىمىزنى ھەرگىزمۇ بىرەر قارى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى خالىمايمىز. ... شۇنداق ئىكەن، بىز پەرزەنتلىرىمىزنى 'ئون فۇت ئاز بىلىملىك بولسا مەيلىكى، ئون كالورىيە ئارتۇق خاراكتېرلىق بولۇپ يېتىلسۇن' دەپ ئارزۇ قىلىشىمىز كېرەك!"

مىجەز-خاراكتېرنى چېنىقتۇرۇش جەريانىدا ھىتلېر يېرىم ئىلاھ ھالىغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. مەسىلەن ئالايلۇق، كىلوگىندىكى باللار چۈشلۈك تاماقنا ئولتۇرۇشتىن ئاۋال چوقۇم مۇنۇ شېئىرنى دېكلاماتسىيا قىلىپ ئوقۇشى شەرت قىلىنغان:

داھىمىز، فۈھرېرىمىز، تەڭرى ماڭا ئاتا قىلغان فۈھرېرىم،
ھاياتلا بولىدىكەنمەن مېنى ساقلىغايسەن!
گېرمانىيىنى ئوت-بالالاردىن قۇتۇلدۇردۇڭ؛
بولكىمىزغا كاپالەتلىك قىلدىڭ، رەخمىتىمىز چەكسىز.
ھەممە مېنى تاشلىۋەتسىمۇ، سەن قوغدايسەن مېنى ھەر دائىم.
داھىمىز، فۈھرېرىمىز، مېنىڭ ئەقىدەم، مېنىڭ ماياكىمسەن!
خايىل، ياشا فۈھرېرىم!

ئەنگلىيە باش ئەلچىسى فىپپس لوندونغا يوللىغان دوكلاتىدا، "... گېرمانىيەنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى گېرمانىيىنى قوغداش مەقسىتىدە ئەقلىي ۋە جىسمانى

جەھەتلەردە ئەستايىدىللىق بىلەن تەربىيىلەنمەكتە. ... ئەمما قورقىدىغىنىم، بۇ قېتىمقى ياكى كېيىنكى خالىغان بىر قېتىمقى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى چىقىپ ئۇلاردىن ۋەتەن قوغداش چاقىرىقىنى چىقىرىشى ھامان، بۇ ئوقۇغۇچىلار چەتئەل تۇپراقلىرىدا ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە ئۇ يەرلەردە قۇربان بولۇشقا بەكلا ماس كەلتۈرۈپ يېتىشتۈرۈلمەكتە.“ بۇنداق بىر ئالامەت ”ئۆسمۈرلەر تەلىم-تەربىيىسى“ دىن باشلانغان، يەنى، ”ھىتلىر ياشلار ئىتتىپاقى“ دېگەن نام ئاستىدا، 10 بىلەن 14 ياش ئارىسىدىكى ئۆسمۈرلەر ئەنە شۇ شەكىلدە تەربىيىلەنمەكتە.“'ئۆسمۈر تەلىم-تەربىيىسى' يېقىندىن بۇيان يولغا قويۇلماقتا بولغان مەڭگۈلۈك، رەھىمسىز ھەقىقەتنىڭ بىر ئاملى. _ دەپ يازىدۇ، بۇ ھەقتە چىققان بروشۇرنىڭ ئاپتورى، _ بىز ئۈچۈن، بىرەر بۇيرۇققا ياكى بىرەر يولىيورۇققا بويى سۇنۇش، مۇقەددەس بىر ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ھەر بىر بۇيرۇق مەسئۇل كىشىدىن كەلگەن. بۇ مەسئۇل كىشى بولسا بىزنىڭ قەتئى ئىشىنىدىغان ئادىمىمىز فۇھرېرنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ... شۇنداق ئىكەن، گېرمانىيىدىكى بارلىق قېرى-ياش ۋە ئاتا-ئانىلار، بىز سىلەرنىڭ ئاۋانگارتلىرىڭلار بولىمىز. بىز گېرمانىيە ئۆسمۈرلىرىنىڭ يېتەكچىلىرى، سىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىڭلارنى چېنىقتۇرۇپ تەربىيىلەپ، ئۇلارنى پائال ھەرىكەت قىلىدىغان، غەلىبە قىلىشقا ماھىر كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىمىز. بىز ئۇلارنى قاتتىق تەلەپچان مەكتەپلەردە ئۇلارنىڭ پولات مۇشتلىرىنى چېنىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى، يەنى گېرمانىيىگە بولغان ئىشەنچىنى يېتىلدۈرۈپ چىقىمىز.“

ھەر ئوغۇل ”ھىتلىر ياشلار ئىتتىپاقى“ غا ئەزا بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قولىدا ”ئىسسىق قېنىم ۋە شەرىپىم“ دېگەن خەت ئويۇلغان بىردىن خەنجىرى بولىدۇ. بۇ ئۇلارغا، ئەندى سەن قوغۇر كۆڭلەك كىيىش بىلەنلا قالماي، بۇنى قۇراللىق قوغداشقا مەجبۇرسەن دېگەننىمۇ بىلدۈرەتتى. ”بۇ دېگەنلىك، بىز ھەر قانداق بىرسىنىڭ بىزگە قارىتا ھەرقانداق بىر ھەرىكەت قوللىنىشىغا يول قويمايمىز، دېگەنلىكتۇر.“ تېخى يېقىندىلا، ئەنگلىيىگە قېچىپ بېرىۋالغان بىر ”ھىتلىر ياشلار ئىتتىپاقى“ ئەزاسى ”بىز ھەر قانداق بىر پوخرادىن يۇكسەك ئورۇنغا ئىگىمىز. ئەگەر ئۇلار ياساللىق قىلىشقا پېتىنىدىغانلا بولىدىكەن، بىز ئۇلارنى ئۇرۇپ مىجىقنى چىقىرىۋېتەلەيمىز“ دەيدۇ.

1933-يىلىدىن بۇرۇنقى ”ھىتلىر ياشلار ئىتتىپاقى“ نىڭ نىشانى، ھەر قايسى تەبىقە ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەشۋىقات ئارقىلىق قايىل قىلىش چارىسىغا تايىنىپ ئۇلارنى كومپارتىيىنىڭ ھەر تۈرلۈك تەشكىلاتلىرىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈش؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈش ئىدى. كېيىن، بۇ تەشكىلىنىڭ ۋەزىپىسى بەدىنىنى چېنىقتۇرۇپ، سىياسىي تەربىيىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى

فۇھرېرگە ۋە مىللىتىگە خىزمەت قىلدىغان ھالغا كەلتۈرۈشكە ئۈزگەرتىلدى. شۇنداقتىمۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىدىلىرىنىڭ ئەكسىنچە ئۇلار ئۇ يەردە ھەربىي مەشىق بىلەن شۇغۇللانمايتتى. ھىتلېرنىڭ ئادىيوتانتى خارتمان لاۋتېرباچېرنىڭ دېيىشىچە، "ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ فورمىسى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىدىن بۇرۇنلا بار ئىدى، بۇنداق فورمىلار گېرمانىيىدىلا بار بولۇپ قالماي، باشقا ئەللەردىمۇ بار."

ئىدىيىۋى جەھەتتە ھەمدە جىسمانىي جەھەتتە پۈتۈن خەلقنى كەلگۈسىگە تەييارلاش ئىشىدا، ھىتلېر 4 يىل ئىچىدە پۈتۈن خەلقنىڭ سالامەتلىك سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى. بۇ جەھەتتە ھەتتا چەتئەللىكلەرنىمۇ قاتتىق تەسىرلەندۈردى. "بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئازايغان بولۇپ، بۈيۈك بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسىدىكى بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتىدىنمۇ تۆۋەن ھالغا كەلگەن." ھىتلېر ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن 7 قېتىم گېرمانىيىنى زىيارەت قىلغان ئەنگلىيە  پارلامېنت ئەزاسى سىر ئارنولد ۋىلسون مۇنداق دەپ يازىدۇ: "تۇبېركۇليۇز ۋە باشقا كېسەللىكلەر زور دەرىجىدە ئازايدى. جىنايەتچىلەرنى سوتلايدىغان سوتچىلار ھېچ قاچان بوگۈنكىدەك بۇنچىۋالا بىكارچىلىقتا قىلىپ باققان ئەمەس، تۈرمىلەرمۇ ھېچ قاچان ھازىرقىدەك بۇنچە بوش قېلىپ باققان ئەمەس. گېرمانىيە ياشلىرىنىڭ بۇنچە ساغلام كۆرۈنىشى ھەقىقەتەنمۇ مەدھىلەشكە ئەرزىيدىغان خۇشاللىنارلىق بىر ئەھۋال. ھەتتا ئەڭ يوقسۇل كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىمۇ خېلىلا تۈزۈلۈپ قالغان؛ ئۇلارنىڭ چىرايىدىنلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىمۇ ھەقىقەتەن خۇشاللىققا تولغان."

ئىش ئورنى شارائىتلىرىمۇ ياخشىلانغان بولۇپ، ئىش يەرلىرىنىڭ پەنجىرىلىرى كۆپەيتىلگەن، قىستا-قىستاڭچىلىقمۇ ئازايتىلغان، قول يۇيۇش بۆلۈملىرىمۇ ياخشىلانغان. "ھەممە يەرنى گۈزەللەشتۈرۈش" شۇئارى ئاستىدا، ھەممە ئىشخانا-سېخلار رەتلىك، پاك-پاكىزە ھالغا كەلتۈرۈلگەن. گۈللۈك ۋە چىمەنلىكلەر كۆپەيتىلىپ، ئەمگەكچىلەر ئۆز مۇھىتىنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيدىغان ھالغا كەلگەن. قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ تۈردىكى خىزمەتلەر ھەقىقەتەنمۇ كۆزگە كۆرۈنىدىغان ئەمەلىي نەتىجىلەر بولۇپ، ھەرگىزمۇ خامخىيال ئەمەس ئىدى. ئىشچىلار ھېچ قاچان بۇنچىۋالا ئەتىۋارلىققا ئېرىشىپ باقمىغان ئىدى. روبېرت لېينىڭ چاقىرىقى بىلەن "ئەمگەكچىلەر فرونتى" نىڭ "كۆڭۈللۈك ئىشلەش" پىلانى ئوتتۇرغا قويۇلۇپ، ئىشچىلار مۇزىكا ئاڭلاش، تىياتىرخانىلاردا ئويۇن كۆرۈش، كۆرگەزمىلەرنى زىيارەت قىلىش، تانسا ئويناش، كىنو كۆرۈش ۋە چوڭلار كۇرۇسلىرىغا قاتنىشىشلاردا ياردەم تەمىناتى ئېلىش قاتارلىق پاراۋانلىق ئىشلىرى يولغا قويۇلغان. بوگۈنكى كۈندە، ئەڭ بېخىل ئەمگەكچى ۋە ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرىمۇ بۇرۇن

خىيالىغمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان ھەشەمەتلىك ساياھەت كېمىلىرىگە ئولتۇرۇپ ساياھەتلەرگە چىقالايدىغان بولغان.

"ئىشچىلار شۇنى كۆرمەكتىكى، بىز ھەقىقەتەنمۇ چىن كۆڭلىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىشكە باشلىدى. _ دەيدۇ لېي، _ ئۇلار ، گېرمانىيە ۋەكىلى بولۇپ چەتكە چىقىدىغانلار ئەندىلىكتە ھەرگىزمۇ 'بىلىملىكلەر تەبىقىسى' دىنلا تەشكىللەنگەن بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى، بىز دۇنياغا گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپى تونۇتۇلغانلىقىنى كۆرمەكتە." گېرمانىيىدە بولسا، كىشىلەر يەنە نۇرغۇنلىغان سىنىپلاندۇرۇلمىغان كېمىلەر ياسىلىپ، خوجايىنلار، ئاق ياقىلىقلار بىلەن ئىشچىلار تەڭ دەرىجىدە بۇ تۈردىكى ئەسلىھەلەردىن پايدىلانماقتا. ھىتلېر 30-يانۋار كۈنى پارلامېنتقا سۆزلىگەن نۇتقىدا "گېرمانىيە ھازىر تۆپتىن ئۆزگىرىش ياسىدى ۋە بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلمەكتە. بۇ ئەمەلى ئۈنۈملەر ئەسلى مەنىسى بويىچە ئەڭ يۇقۇرى دېموكراتىيە ھېسابلىنىدۇ، دەرۋەقە دېموكراتىيە دېگەن بۇ نەرسە بىرەر قىممەتكە ئىگىلا بولغىنىدا" دەيدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇ سۆزلىرى دەل بۇ تۈردىكى ئىجتىمائىي دېموكراتىيە روھىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە ئىدى.

ھىتلېر ھەر قايسى تەبىقە خەلقلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىششقا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىدۇ. ئەلۋەتتىكى بۇ ئىتتىپاقلىق ئىچىدە يەھۇدىيلارغا ئورۇن يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تۈر سوتسىئالىزم دەپ نام بەرگەن ھەرىكىتى ھېچ قاچان بايلارنى ھەمدە ئوتتۇرا تەبىقىدىكىلەرنىمۇ چەتكە قاقمايتتى. "بۇرجۇئازىيە سىنىپىدىكىلەر ھەرگىز ئۆزلىرىنى مائارىپ ياكى دەسمايىدىن بەلگىلىك تۈردە مەنپەتدار بولغۇچىلار، ماركسنىڭ مۆلۈك قارىشى بويىچە ئىشچىلاردىن ئايرىم بىر تەبىقە دەپ قارىۋالمىسۇن." ئۇ زىيارەتكە كەلگەن بىرسىگە "بۇرجۇئازىيە سىنىپى خۇددى ئىشچىلارغا ئوخشاش جەمئىيەت پاراۋانلىقىغا ماسلىششى شەرت" دەيدۇ. ئەمەلىيەت جەريانىدا بۇ تۈردىكى كۆزقاراش ئىشچىلارنى غۇرۇرلاندۇرۇپ، ھىتلېرنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرلىك دېگەن نەزەرىيىسىنى كۈچەيتىپ بەرمەكتە ئىدى. جامائەت تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئۇنى بىر بىناكارلىق ئىشچىسى، رەسسام ۋە ئوقۇغۇچى دېگەندەك خەلق ئاممىسىنىڭ ئادەتتىكى بىر ئەزاسى، شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغان ئادەتتىكى بىرسى، ئۇنىڭ يەپ ئىچىدىغانلىرىمۇ بەكلا ئاددى دەپ تەشۋىق قىلىدۇ. ئۇ ھەرقانداق بىر پەخرى ئۇنۋان قوبۇل قىلىشنى قەتئى تۈردە رەت قىلىدۇ. ئۇ زاۋۇدلاردا ئىشچىلارغا سۆزلىگىنىدە ھەر دائىم "بىز" دەپ باشلاپ، ئۇلارنى ماختاپ ئۈچۈرغىنىچە مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش يەر مۈلكىم يوق، پاي چېكىم يوق بىرسىمەن، دەيدۇ. ئەمما ئۇ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابىنىڭ ئۇنى بىر مىليونېرغا

ئايلاندۇرغانلىقىدىن ھەرگىز ئىغىز ئاچمايتتى.

بۇنىڭدەك باراۋەرلىك روھىنى ھەتتا قۇراللىق كۈچلەر ئارىسىدىمۇ پەرق قىلىشقا بولاتتى. دائىملىق ئارمىيە ئىچىدە كوماندىر-جەڭچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يولداشلىق تۇيغۇلىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئالاھىدە كۈچلۈك ئىدى؛ ئېس-ئېسچىلار قوشۇنى دېموكراتىيىنىڭ نەمۇنىسى ھالىغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ يەردە، مەرتىۋە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر يوقۇتۇلغان، ئۇ يەردە ھەممە كىشى مەن ئۈچۈن، مەن ھەممە كىشى ئۈچۈن دەيدىغان قېرىنداشلىق تۇيغۇسىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇنداق بىر ئەھۋال مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ئوفىتسېرلىرى ئۈچۈن ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان بىر قاراش ھېسابلانمايتتى. ھەممىدىن بەكرەك باراۋەرلىكنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغانلار "ياشلار ئەمگەك مۇلازىمىتى" ئىدى. يەنى، 17 بىلەن 25 ياش ئارىسىدىكى قىز-ئوغۇل ياشلار، سىنىپ پەرقىگە قارىماي قەتئىي تۈردە "خەلق ۋە ۋەتەن ئۈچۈن" بىر مەزگىل ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى ياكى دېھقان، ئىشچى بولۇپ ئىشلىشى شەرت ئىدى. بۇنداق قىلىش ئەسلىدە ئىشسىزلىقنى ئازايتىش مەقسىتە قىلىنغان بولسىمۇ، روزبېۋىلت ئوتتۇرغا قويغان نىشانغا ئوخشاپ كېتىدىغان "ئامموۋى خەلق ئەسكىرى" دىن ئاللىمۇ قاچان ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ بىر تۈرلۈك ئىپادىسى ھالىغا كەلگەن ئىدى. ئەمگەك لاگېرلىرىنىڭ تېمىغا ھەر دائىم بايراقلار، فۇھرېر بىلەن باشقا رەھبەرلەرنىڭ رەسىملىرى ئېسىلغان بولاتتى، شۇنىڭدەك ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك "گېرمانىيە ساڭا مۇھتاج، سەنمۇ گېرمانىيەگە مۇھتاج"، "خەلق ھەممىدىن ئۈستۈن، ئۇنىڭ ئالدىدا سەن ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيسەن"، "ئەمگەك قىلىش گېرمانىيە ياشلىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى" دېگەندەك ھاياجانغا سالىدىغان پلاكات-شۇئارلار ئېسىلاتتى. قايسى بىر ئەمگەك لاگېرىدا ئامېرىكىلىق زىيارەتچى گ. س. كوكس ئىنتايىن مۇھىم مۇنداق ئىككى پارچە پلاكاتنى ئۇچرىتىدۇ. بۇلاردىن بىرسى ھىتلېر ئۆزىۋىدىسى بولۇپ، "يەھۇدىيلار ھەرگىز نېمىس ھېسابلانمايدۇ، ئۇلار پەقەتلا سودىگەر، پۇخرا ئەمەس بەلكى تازىلىنىشقا تېگىشلىكلەر" دېيىلگەن؛ يەنە بىرسى، ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا ئېسىلغان بولۇپ، كانتنىڭ ئۆزىۋىدىسى ئىدى: "ئەقلىگنى ئىشلىتىشكە تىرىش". كوكس يەنە شۇنىمۇ كۆردىكى، چېنىقىشقا قاتناشقانلارنىڭ كەيپىياتى بەكلا يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، "ئۇلارنىڭ تېنى ساغلام، كىيىم-كېچىكى پۈتۈن ۋە يېمەك-ئىچمىكى مول ئىكەنلىكىنى، بۇلار، نۇرغۇن ياشلار ئۆزىدىن بۇيان ئېرىشەلمەي كەلگەن باياشات تۇرمۇشلار ئىدى. ئۇلار شۇنچە ئالدىراش ئىشلەيتتىكى، بىر-بىرسى بىلەن پاراڭلاشقىدەكمۇ ۋاقىتلىرى يوق ئىدى."

ھىتلېر ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققان دەسلەپكى 4 يىل جەريانىدا پۈتۈن مەملىكەتنى

بىرلىككە كەلتۈرەلىگەنلىكى، بەلكىم ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىشى مۇمكىن. دىپلوماتىيە ئەمەلدارى گېورگ كەننان باشلىقىغا مۇنداق دەپ ئەسكەرتىدۇ: ھىتلېر ھېچ قاچان ۋاقىتنى كەينىگە ياندۇرغان بىرسى ئەمەس. "گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرەلىگەن. بۇ پۈتۈنلەي تۇغرا. بۇلار بوناپارت بىلەن ئۈچىنچى ناپالېئونمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىشلار، بۇ ئىش ۋېرسالدا تاماملانغان. ئەندى ئۇ ئالاھىدىچىلىكىنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن سىنىپى پەرقلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇمۇرۇپ تاشلىماقچى. ھىتلېرنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشتە ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمگىچە تۆۋەنلىتىپ بۇ ئىشلارنى پۈتتۈردى دېيىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتكىمۇ ماس كەلمەيدۇ. گېرمانىيىنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكى بىر پاكىت. ھىتلېر ئەندى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇ ياراتقان ئىتتىپاقلىق داۋاملىق ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سىرتتىن كېلىدىغان مۇداخىلىيىنى چەكلەش ئىشىمۇ داۋاملىق ساقلىنىپ قالىدۇ. يەنى قەتئىي ساقلىنىدۇ. قىزغىنىش، تۇراقسىزلىق، ئۆزىنى پەس كۆرۈش، شۇنىڭدەك بۇنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان ياۋروپاغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئاچكۆزلىكى، مانا بۇلار مۇتلەق كۆپ ساندىكى نېمىسلاردا بار بولغان ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر."

گېرمانىيە مەسىلىسىنى ئوبيېكتىپ بىر شەكىلدە تەتقىق قىلىدىغان بىرمۇ كۆزەتكۈچى ھىتلېر قولغا كەلتۈرگە بۇ تۆردىكى زور ئۇتۇقلارنى ھەرگىز يوققا چىقىرالمايدۇ. گەرچە ئەمگەكچىلەر ئاممىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن مەھرۇم قالغان بولسىمۇ، كاپىتال تەرەپمۇ سىياسىي جەھەتتە تەشكىللىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ھەر بىر كىشى ھوقۇق بىلەن ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان، دۆلەت بولسا باراۋەرلىك بىلەن ئىناۋەتنى قولغا كەلتۈرەلىگەن ئىدى. ئەمما ھىتلېرنىڭ پروگراممىسى ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەل پۇخرالارنىڭ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇشى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ: گەرچە ئۇ ئىجادى بىر ئۇسلۇبتا دۆلەتنى ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىشسىزلىققا خاتىمە بېرەلىگەن بولسىمۇ، ئۇ ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىي نەزەر قايتىدىن قۇراللىنىشنى تېزلىتەلىگەنلىكى سەۋەبىدىن، ۋەيرانچىلىق يوشۇرۇنغان ئىقتىسادىي كرىزىسنى گېرمانىيىنىڭ ئۈستىگە مەجبۇرى تاڭغان ئىدى. شاخت دېگەن بۇ ئەقىللىق ئادەم، پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ھىتلېر بىلەن ئارمىيە تەرەپنىڭ گېرمانىيە ئىقتىسادىي نى مۇستەقىل قىلىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە قارشى تۇرىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇرۇش مىنىستىرلىكىنى رەت قىلىپ، ل. گ. فاربېننىڭ سۈنئىي كاۋچۇك ئىشلەپچىقىرىش پىلانىغا قارشى چىقىدۇ. كەينىدىنلا بلومبېرگنىڭ يېقىلغۇ مېيى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش تەلىۋىنىمۇ رەت قىلىدۇ. بۇ تۆردىكى ئىشلار تىنچلىق

دەۋردىكى خەلق ئىگىلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىدىغان بولىدىغانلىقىدىن بەكلا ئەنسىرىگەچكە، ئۇلارغا قارشى چىقىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما 1936-يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە شاختىنىڭ تەسىرى تەدرىجى ھالدا يوقۇلۇشقا باشلايدۇ. ھىتلېرنىڭ قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىنى 36 دىۋىزىيىگە كېڭەيتىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىشى خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەكشۈرۈلۈشىنى قالايماقان قىلىۋەتكەن ئىدى. بۇنىڭغا مۇنداق ئىككى مەسىلە سەۋەبچى بولىدۇ: ئىمپورت باھاسى 9 پىرسەنت ئارتىپ، ئېكسپورت باھاسى ئەكسىنچە 9 پىرسەنت تۆۋەنلەپ كەتكەن ئىدى؛ دېھقانچىلىق ئۇدا ئىككى يىل ھوسۇل تۆۋەنلەش ھادىسىسىگە دۇچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، گېرمانىيە يېزائىگىلىكى دۆلەتنىڭ تەلەپنى قاندۇرۇشقا كۈچى يەتمەي قالدۇ. خام ئەشيا جوغلانمىسى بارغانسىرى ئازىيىپ كېتىپ، بازاردا كىشىنى خاتىرجەمسىز قىلىدىغان يىمەكلىك بىلەن يېقىلغۇ يېتەرسىزلىك ئەھۋالى كېلىپ چىقماقتا ئىدى. رۇسىيە بۇ ئىككى تۈرلۈك توۋارنىڭ ئېكسپورتىغا ئىمبارگو قويغانلىقى، شۇنىڭدەك رومىنىيەمۇ باھانى ئۆستۈرۈۋالغانلىقى، بۇ كىرىزىسنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. مەركىزى ئىسىنىش، يۇرۇتۇش، سىلىغلاشتۇرۇش مايلىرى قاتارلىقلارنىڭ تەمىنلىنىشى، شۇنىڭدەك سەلەركە تەمىناتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈلۈپ، ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان بۇ تۈر ماددىلار بۇ يېتىشمەسلىكنىڭ ئورنىنى ئالالماي كەلمەكتە ئىدى.

بۇ تۈردىكى جىددى ئەھۋاللار، ھىتلېرنى 1936-يىلى ياز ئوتتۇرلىرىدا يوقۇرقىدەك ئۆزۈش مەزگىلىدىكى ئىقتىساد پىلانىنى ئوتتۇرغا قويۇشقا تۈرتكە بولۇپ بېرىدۇ. ھىتلېرنىڭ يېقىلغۇ ماي جوغلانما كىرىزىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرغا قويغان تەدبىرى، يەنى ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش پىرىنسىپىنى خېلى يىللاردىن كېيىن ئا ق ش ئىشقا كىرىشتۈرىدۇ. ھىتلېر، گېرمانىيىنىڭ بوگۇنكى تېرىتورىيە دائىرىسى ئىچىدە ئۆزىنى ئۆزى قامداش مەسىلىسىگە تولۇق جاۋاب بېرەلىگىدەك يېتەرلىك خامئەشيا ئىشلەپ چىقىرىش ئىمكانىيىتىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرە ئىچىدە بۇ تۈر مەسىلىلەرنى ئۆز يېرىدە ھەل قىلىشقا پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدۇ. ئۇ، گېرمانىيە شەرققە قاراپ كېڭىيەلىگىنىدىلا مۇتلەق تۈردە ئۆزىنى قامداش مەسىلىسى ئاخىرقى ھېساباتا ھەل قىلىنىشى مۇمكىن دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ شاختىنىڭ پىكىرلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ سىنتېتىك كاۋۇچۇك ئىشلەپچىقىرىش، تۆمۈر رودىسى ئىشلەپ چىقىرىش، ماي، توقۇمچىلىق ۋە بەش خىل مېتال مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئارتتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، بىر يېرىم يىل ئىچىدە يېقىلغۇ كىرىزىسى مەسىلىسى ھەل قىلىنىشى كېرەك دەپ قەتئىي چىڭ تۇرىدۇ.

مۇتەخەسسىسلەر، ئەگەر بۇنداق بىر پىلان يولغا قويۇلىدىكەن، ئۇ ھالدا

ئىشلەپچىقىرىش تەننەرقى پەۋقۇلئاددە ئارتىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ئۇنى ئىزچىل تۈردە ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىدۇ. ئەمما ھىتلېر بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سالماي قولىقىنى يوپۇرۇپ كېتىۋېرىدۇ. سانائەت ساھەسىدىكىلەر ھىتلېرنىڭ خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىشىنى كۆپەيتىش ئورنىغا قۇرال ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا ھەر تەرەپتىن قوزغىلىپ نارازىلىقنى ئىپادىلىشىدۇ. ئەمما ھىتلېر بۇ تۈر نارازىلىقلارغىمۇ قۇلىقىنى يۇپۇرۇۋېلىپ يۈرۈۋېرىدۇ. ھەتتا بۇنىڭ ئەكسىنچە، ھىتلېر، دۆلەت كۈچىدىن پايدىلىنىپ چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشنى رەت قىلىشلىرىغا قارشى مۇداخىلە قىلىشقىمۇ تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ھىتلېر، ”مالىيە بىلەن ئىقتىساد، ۋە شۇنىڭدەك بارلىق نەزەرىيىلەرنىڭ ھەممىسىلا خەلقىمىزنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىش كۈرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولىشى كېرەك“ دەپ ئېلان قىلىدۇ. ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئىش بىر جاسارەت قىلىش مەسىلىسىلا ئىدى. شۇڭا ئۇ ”ھەربىي ئىشلار بىلەن سىياسىي  سەپەرۋەرلىككە نىسبەتەن“ ئىقتىسادىي ي سەپەرۋەرلىك ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قورۇغلۇق ئارمىيىسىنى 4 يىل ئىچىدە ئۇرۇش قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلا ئىش بولىدىكەن، ئىقتىسادىي  سەپەرۋەرلىكنى قانداق قانات يايدۇرۇش كېرەكلىكىگە قەتئىي ئارىلاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مانا بۇ، ھىتلېرنىڭ 1936-يىلى نيۇرېمبېرگ قۇرۇلتىيىدا ئېلان قىلغان 4 يىللىق پىلانى ئىدى. قۇرۇلتاي يېپىلىپ بىر ئايدىن كېيىن، ئۇ گۆرىڭنى بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس مەسئۇل قىلىپ تاللايدۇ. قىزىق يېرى، ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشقان ئادەملىرى ئارىسىدا پەقەت بىرلا كىشى كونا پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، قالغان يوقۇرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىگىلا ھەمكارلىشىشنى خالايدىغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، سانائەتچىلەر ۋەكىللىرى ۋە باش قوماندانلىق  شتاپىنىڭ گېنېراللىرى تەيىنلەنگەن ئىدى. بۇ شۇنى بىلدۈرمەكتىكى، ئۆزىگە ھەم ھىتلېرغا سادىق گۆرىڭدىن باشقا، ناتسىستلار پارتىيىسى خەلق ئىگىلىكى پائالىيىتىنىڭ سىياسەت بەلگىلەش دائىرىسى سىرتىدا قالدۇرۇلغان ئىدى.

بىر قېتىملىق مەملىكەت بويىچە سەپەرۋەرلىك چاقىرىقى نۇتقىدا، گۆرىڭ ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار چوقۇم پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شوغۇللىنىشى، كەشپىياتچىلار چوقۇم دۆلەت باشقۇرىشىنى قوبۇل قىلىشى، سودىگەرلەر ”پايدىنى كۆزلىمەي مۇستەقىل ۋە كۈچلۈك گېرمانىيە ئىگىلىكى قۇرۇپ چىقىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى ئۆيلىشى“ لازىم دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەردىن پايدىلىنىش

ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ، كېيىن ئامېرىكا پرېزىدېنتلىكىگە سايلىنىدىغان بىرسىنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى نەقىل كەلتۈرۈپ گېرمانىيە خەلقى ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا دۆلەتكە خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. "بىز ھەر بىرىمىز ھەر كۈنى ئۆزىمىزگە مۇنداق بىر سوئالنى قويۇشىمىز كېرەك: مەن نېمە قىلالىشىم مۇمكىن، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك تۆھپە يارىتىش ئۈچۈن نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟"

ئىككى ئايدىن كېيىن، ھىتلېر بىر قىسىم سانائەتچىلەرنىڭ مۇھىم كىشىلىرىگە بىۋاستە كۆچلۈك چاقىرىق قىلىپ، ئۇلارنى گېۋرىڭغا ئىشىنىشى كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئورۇندىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "گېۋرىڭ بۇ ئىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق نامزاتى، ئۇ كۆچلۈك غەيرەتلىك پولاتتەك ئىرادىگە ئىگە بىرسى." يەنە شۇ قېتىمقى يىغىندا گېۋرىڭمۇ سانائەتچىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ھازىرقى مەسىلە، قانداق قىلغاندا ئەرزان ئىشلەپ چىقارغىلى بولار دەيدىغان مەسىلە ئەمەس. بەلكى قانداق قىلغاندا قەتئىي ئىشلەپچىقىرىشقا بولار دەيدىغان مەسىلىنى ئويلىنىشىمىز كېرەك. تاشقى پرووۋتنى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىسى بىلەنمۇ چاتىقى يوق ئىكەنلىكىنى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئەمما ھېچ قانداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن كىشىلەرلا سوتقا تارتىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ.

"مەن بۇ تۆردىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە قالايماقان ھەرىكەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنى ئەيىپلىمەي تۇرالمايمەن.409 _ دەپ يازىدۇ شاخت، _ شۇڭىدەك يەنە بۇ تۆردىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكلەرنى ئادەت قىلىۋاتقان، قانۇننى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قالايماقان قىلىۋېتىدىغان ھەرىكەتلەرگە قارشىمەن." ئۇ، 60 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنى مۇراسىمىدا سۆزلىگەن بىر نۇتقىدا ئەنە شۇنداق سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئۇ يەنە گېۋرىڭنىڭ بىردىن-بىر مۇھىم ئىش ئىشلەپچىقىرىش، دېگەن سۆزىنىمۇ تەنقىتلەيدۇ. "ئەگەر بىر پارچە ئېتىزلىقتا يۈز قاداق (ئەنگلىيە ئېغىرلىق ئۆلچىمى بولۇپ، بىر قاداق تەخمىنەن 0.454 كىلو گرامغا تەڭ _ ئۇ.ت) ئۇرۇغ چېچىپ كۈزدە ئۇ يەردىن بۇنىڭ تۆتتە ئۈچىگە تەڭ كېلىدىغان 75 قاداق ھوسۇل ئالغىدەك بولسا، ئۇ ھالدا، بۇنداق بىر ئىش ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەقىل يەتكۈزگىلى بولمايدىغان ئاخماقانە ئىش قىلىنغانلىق ھېسابلىنىشى كېرەك." بۇ بىر نەزەردىن چۈشۈپ قېلىۋاتقان ئەمەلدارنىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقى. ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتۈپ، شاخت ئىقتىسادىي مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. نەتىجىدە گېۋرىڭنىڭ خالىغانچە ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ، فۇھرېرنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى قايتا قۇراللىنىش ئىگىلىكىگە ئايلاندۇرۇش پىلانىنى، يەنى ھىتلېرنىڭ ئۇرۇشقا خىزمەت قىلىشىنىڭ تولۇق قۇرالى ھالىغا

كەلتۈرۈلگەن پىلاننى كۈچەپ ئىجرا قىلىشقا كىرىشىدۇ.

ئەگەر ھىتلېر 1937-يىلى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ئىدى، يەنى ئۇ تەختكە چىقىپ 4-يىلىسى ئۆلۈپ كەتسە ئىدى، ھەر قانچە ئىپىر ئىقتىسادىي ي كىرىزىسلارغا دۇچ كەلگەن بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، قىلچە شۈبھە يوقكى، ھىتلېر ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەردىن بىرى قاتارىدا گېرمانىيە تارىخىغا يېزىلىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. پۈتكۈل ياۋروپادىمۇ، مىليونلارچە ئىنسان ئۇنىڭغا شۇنداق كۈچلۈك قايىل ئىدىكى، بىرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ تازىم قىلغىدەك ھالغا كەلگەن ئىدى. گېرترۇد ستېين (ئۇنىڭچە بولغاندا ھەتتا روزىۋېلتنىمۇ ئۇنىڭغا قارىغاندا كىشىنى زېرىكتۈرىۋېتىدىغان بىرسى دېيىش مۇمكىن ئىكەن) نىڭ قارىشىچە، ھىتلېر نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا لايىق بىرسى ھېسابلىناتتىكەن. گېورگ بېرنارد شاۋ مەتبۇئاتلاردا ماقالە ئېلان قىلىپ، ھىتلېر بىلەن باشقا مۇستەبىتلەرنى ئاقلايدۇ. ئۇ ئېلان قىلغان فاشىزم توغرىسىدىكى نۇتقى، ئۇنىڭ "فابىئان جەمىيىتى" (بۇ گۇرۇھ، تىنچلىق ۋە پەيدىن-پەي سوتسىئالىزمنى ئىلگىرى سۈرۈش تەلىماتىنى تەرغىپ قىلىدىغان بىر گۇرۇھ بولۇپ، 1884-يىلى ئەنگلىيىدە قۇرۇلغان ـ ھ.ئىزاھاتى) گە تەۋە كىشىلەرچە دەر غەزەپ بولۇپ كەتكەن، شۇنىڭدەك سۈرگۈن قىلىۋېتىلگەن فاشىزمغا قارشى جەڭچىلەر تەرپىدىنمۇ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان، ئېغىر تەنقىتلەنگەن سۆزلەر بىلەن يېزىلغان خەتلەر كەينى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلايدۇ. يەنە بىر ئاشكارە ئەگەشكۈچى بولغان كىشى شۇتسىيىلىك داڭلىق ئېكسپېدىتسىيىچى بولغان سۋېن ھېدىن ئىدى. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: ھىتلېر ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ھارماس-تالماس قىزغىنلىققا ئىگە بىرسى، ئۇ ئۇلۇغ سىياسىي قاراشقا ئىگە، قىلچە خاتالاشماستىن كەلگۈسى پەرەزلەرنى قىلالايدىغان، "ھەققەتەنمۇ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ پاراۋانلىقىنى ئويلايدىغان بىرسى ھېسابلىنىدۇ." ھېدىننىڭ ئۆزىمۇ 16 دەن بىر ئۆلۈش يەھۇدىي قېنى ئارىلاشقان بىرسى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن پەخىرلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى قاراشلىرىنى ئاقلاپ كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ جەھەتتە قاتتىق تەدبىر قوللىنىشىغىمۇ قارشى ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سەن ھەقىقەت مەيدانىدا تۇرۇپ ئۇرۇش توختىغاندىن بۇيانقى يەھۇدىلارنىڭ قىلغان ئىش-ئىزلىرىنى كۆزىتىدىغانلا بولساڭ، نېمىسلارنىڭ نېمىشكە بۇنچىۋالا يەھۇدىي دۈشمىنى بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلەيتتىڭ. "قەيەردە مەغلۇبىيەتچىلىك بىلەن قۇللارچە باش ئېگىش سىياسىي تى بار بولىدىكەن، شۇ يەردە بۇ ئىشلارنىڭ ئاساسلىق ھىمايىچىلىرىنىڭ يەھۇدىلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايدىغانلىقىڭ ئېنىق. كوممۇنىزم بىلەن بولشېۋىكچىلىكنىڭ ئاۋانگارتلىرىمۇ چوقۇم يەھۇدىيلاردىن بولۇپ چىقىدۇ. بۇ بىر

قانۇنىيەت.“ ئۇنىڭ ھىتلېر قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ھەققىدىكى چىقارغان خۇلاسىسىنى گىيوبېلسنىڭ ماقالىلىرىدىن كۆچۈرۈۋالغان دېيىش مۇمكىن.

”قىسقىغىنە 4 يىل ئىچىدە خەلقنى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدىكى ئورۇنىدىن ئۆزىنى تونىغان، ئويغانغان، مەغرۇر، ئىنتىزامچان ۋە ھۆكمىرانلارغا ئايلاندۇرالىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا يۇرتداشلىرىنىڭ رەھمىتىنى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغاشقا يېتىپ ئاشىدۇ.“ ھىتلېر شەخسى ھالدىكى چەتئەللىكلەرنىلا رىغبەتلەندۈرۈپ قالماستىن، پۈتكۈل ياۋروپادا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولىشى ۋە تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۈلگە بولۇپمۇ بېرىدۇ. بۇلاردىن ئەڭ مۇھىم بولغىنى ”ئەنگلىيە  فاشىستلار بىرلەشمىسى“، يەنى قارا كىيىملىكلەر پارتىيىسى دېگەنلەرنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. تېخى يېقىندىلا، ھىتلېر قارا كىيىملىكلەر پارتىيىسى رەھبىرى بولغان سىر ئوسۋالد موزلېي بىلەن دېئانا مىتفوردنىڭ توي مۇراسىمىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن چوشلۇك زىياپەتكە قاتنىشىدۇ. فرانسىيەدە، ئۇ يەردە، يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرىكەت ئۇزۇندىن بېرى مىللەتچىلىكنىڭ، خانىغا سادىقلىقنىڭ بىر شەكلى ھالىغا كەلگەن بولۇپ، بەزىدە يەنە كاتولىكچىلىكنىڭمۇ بىر تەرىپى ھالىغا كەلمەكتە ئىدى. يەنى چارلىس ماۋرراس رەھبەرلىكىدىكى ”فرانسىيە ھەرىكەت جەمىيتى“ مۇ روناق تېپىشقا باشلايدۇ. ئاندرې مالراۋكس ھەمدە كىرويكس دې فېۋ دېگەندەك تالانتلىق بىر قىسىم يازغۇچىلار ئارىسىدا ھەققەتەنمۇ كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان ئىدى. ئۇندىن باشقا، فرانسىيەدە يەنە پولكوۋنىك فرانچويىس دې لا روكيو رەھبەرلىكىدىكى كونا پاسون رادىكال ئوقچى تەشكىلات بولغان ”تۆمۈر كىرىست“، شۇنىڭدەك بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بەش-ئالتە تەشكىلات پائالىيەتتە ئىدى. گەرچە ئەمەلىيەت جەريانىدىكى فاشىستلار بۇ تۈردىكى كونا قېلىپقا چاپلىشىۋالغۇ - چىلاردىن بىزار بولغاندەك قىلسىمۇ، ھىتلېر بىلەن مۇسسولىنىنىڭ ئېلان قىلغان قاراشلىرى بىلەن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئۈچۈن سەپەرۋەرلىك رولىنى ئوينىغان ئىدى. ئۇلار ئەركىن دۆلەتكە قارشى، دېموكراتىيە بىلەن پارلامېنت تۈزۈمىگە قارشى ئىدى.

بىلگىيدە بولسا، كېيىن ئۆزىنى ھىتلېر روھىنىڭ پارچىسى دەپ ئاتىۋالىدىغان ياش لېئون دېگرېل ”خالىق پارتىيىسى“ نى قۇرۇپ، ئۇنى كومۇنىزمغا قارشى قەلئە دەپ ھېسابلايدۇ. ”بىزنىڭ بۇ ھەرىكىتىمىز، _ دەيدۇ خىلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن باھالاپ كېلىپ، _ مىلتىقلىقلار جەمىيتى خاراكتېرىدىكى بىر تەشكىلات بولۇپ، ئۇ ھەرگىز بىر فاشىست خاراكتېرىدا سىياسىي  تەشكىلات ئەمەس، ئۇ بىر ئاتاڭ قۇرۇلمىسى خاراكتېردىكى بىر ھەرىكەتتۇر“ دەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، خالىق دېگەنلىك بىر خىل دەۋر ئىللىتىگە

قارشى بىر ھەرىكەت ئىكەن؛ ئۇ بىر سىياسىي ئىسلاھات بىلەن سىياسىي ي ھەققانىيەت ھەرىكىتى ھېسابلىنىدىكەن؛ ئۇ، قالايماقانچىلىقتا، قابىلىيەتسىزلىككە، ۋەزىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىق، تەۋرىنىپ يۈرۈش ۋە شۇنىڭدەك، بۇ تەرىپى ئەڭ مۇھىم ــ بولشېۋىكچىلىككە قارشى بىر كۈرەش ھېسابلىنىدىكەن.

فاشىزم تەسىرى ئامېرىكىغىمۇ يېتىپ بارىدۇ. ئامېرىكىدا "گېرمانىيە-ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىقى" ئەزالىرى ئاشكارە تۈردە ناتسىستلار فورمىسىنى، يەنى ئاق كۆڭلەك، قارا گالۇستۇك، ئۆتۈك كىيىشىپ كرېست بەلگىلىك يەڭلىك تاقاپ يۈرەتتى. ختايدا بولسا، جاڭ كەيشى "كۆك كۆڭلەكلىكلەر جەمىيىتى" دېگەن بىر تاللانغانلار گۇرۇپپىسىنى مەخپى تۈردە تەشكىللەپ چىقىدۇ. "بۇگۈنكى كۈندە فاشىزم قالاقلىق دەپ قارالماقتا. ــ دەيدۇ نۇرغۇن يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر تەشكىلات ئەزاسى، ــ ئەمما ئۇ كۈنلەردە بۇ ئەقىدە ختاينى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ئىلغار تەدبىرى ھېسابلىناتتى." بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق غايىسى، روشەنكى، مىللەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى قوغداش ئىدى. "فاشىزم يوقۇلۇۋاتقان بىر مىللەتنى قايتا ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالالىشىنىڭ بىردىن-بىر قورالى ئىدى." كۆك كۆڭلەكلىكلەر جەمىيىتىنىڭ زۇرنىلى بولغان «جەمئىيەت خەۋەرلىرى» نىڭ بىر باش ماقالىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: "بۇ ئەقىدە، ئىتالىيە بىلەن گېرمانىيىنى قۇتقۇزۇپ قالالىدى. ... شۇڭا، فاشىزمنىڭ زوراۋانلىق كۈچتىن پايدىلىنىپ كۈرەش قىلىش روھىدىن باشقا ئىتالىيە بىلەن گېرمانىيىدە يولغا قويۇلغىنىدەك باشقا ماگدىغان يولىمۇ يوق ئىدى." جاڭ كەيشىمۇ بۇ ئەقىدىگە بەكلا قىزىققان ئىدى. "فاشىزم ختاينى قۇتقۇزالارمۇ؟ ــ جاڭ كەيشى سورايدۇ بەزى كۆك كۆڭلەكلىكلەردىن ۋە بۇ سوئالغا ئۆزى جاۋاپ بېرىدۇ، ــ چوقۇم قۇتقۇزالايدۇ! فاشىزم ئەقىدىسى بۈگۈنكى ختايغا بەكلا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر ئەقىدە." گەرچە ئۇ ئاشكارە سورۇنلاردا ياۋروپالىقلارنى رەت قىلىدىغان، دېموكراتىيىنىمۇ يامان كۆرىدىغان بولسىمۇ، ھىتلېرنىڭ فۇھرېرلىك تۈزۈمىگە بەكلا ئىشەنچ قىلاتتى ("نەچچە ئون يىلدىن بېرى مەن دېموكراتىيە بىلەن ئىدىيىۋى ئەركىنلىك تەرغىباتلىرىغا بەكلا ھەۋەس قىلغان بولسامۇ، ئۇيىنىڭدىن ھېچ قانداق بىر مەنپەت ئالالمىدىم").

"فاشىزمنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ــ دەيدۇ جاڭ كەيشى ھىتلېر تەختكە چىقىپ 8 ئايدىن كېيىن پارتىيە مەسئۇل خادىملىرىغا، ــ ئۇلار ئۇلۇغ داھىسىغا مۇتلەق ئىشىنىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىشىدۇر." بۇنداق بىر داھىغا تولۇق ئىشىنىشتىن باشقا، مىللەتنىڭ روناق تېپىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. "شۇنداق ئىكەن، ئارتۇق گەپنىڭ ئورنى يوق، داھى، ئىنقىلابى روھقا ئىگە ئۇلۇغ ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇنداق بىر داھى پۈتكۈل پارتىيە ئەزالىرىغا قەتئىي تۈردە ئۈلگە بولالايدۇ.شۇنىڭدەك، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى

ھەممىنى قۇربان قىلىپ، بىۋاستە داھىسى ۋە پارتىيىسى ئۈچۈن كۈچ چىقارماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ بۇ ئىشى ماھىيەتتە جەمئىيەت ئۈچۈن، مىللىتى ئۈچۈن ۋە ئىنقىلاپ ئۈچۈن كۈچ چىقارغانلىق ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ ئىنقىلاۋى پارتىيىگە ئەزا بولۇپ قاتناشقان كۈنۈمدىن ئېتىبارەن، ئۆز ھوقۇقىمنى، ھاياتىمنى، ئەركىنلىكىمنى ۋە بەختىمنى بۇ پارتىيىگە ۋە ئۇنىڭ داھىسىغا ئاتىۋەتكەن ئىدىم. ... شۇنداق بولغاچقا، مەن ئۆزەمنى ھەقىقى فاشىست دەپ تونۇشقا ھەقلىقمەن."

ھىتلېرنىڭ تەختكە چىققىنىدىن بويانقى تۆنجى 4 يىل جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى، ئۇخشاش ئەقىدىدىكى كىشىلەرنى زور دەرىجىدە رىغبەتلەندۈرىۋەتكەن ئىدى. فاشىزم ئەقىدىسى كۆڭلىدە نارازىلىق يوشۇرۇنغان ياكى پۇخرالىق ھوقۇقى تارتىپ ئېلىنغان خەلقنىلا ئۆزىگە جەلىپ قىلغان بولماستىن، كۆڭلىدە ياخشىلىقتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، دۆلەت ۋە خەلقنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان كىشىلەرنىمۇ ئۆزىگە جەلىپ قىلغان ئىدى. ئۇ، زور كۆلەمدىكى ياشلار بىلەن زىيالىلارنىمۇ ئۆز تەرىپىگە تارتىپ كەتكەن ئىدى.411 ئۇلارغا، بۇرجۇئازىيىنىڭ ئەركىنلىكىگە قارىغاندا فاشىزم بەكرەك يېڭىلىق تۇيۇلاتتى. گەرچە ھەر قايسى ئەللەردىكى فاشىزمچىلارنىڭ ئىسىملىرى بىر-بىرسىدىن پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، فاشىزمنى يولغا قويىۋاتقان بارلىق كىشىلەر (ھىتلېر بىلەن مۇسسولىنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) بىردەك شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ھەر قانداق بىر ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئى نەزەر، مىللى روھنىڭ بىرلىككە كېلەلىشى چوقۇم ھەر قانداق ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشقا يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇلار يەنە بۇنداق بىر غايە، ھەر قانداق شەكىلدە ئوتتۇرغا چىققان بولىشىدىن قەتئى نەزەر، قىلچە تەنقىتلەشكە بولمايدىغان بىردىن-بىر ھەققانىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، دەپ قارىشاتتى.

# 15.”ئىنسان نېمە دېگەن ئاجىز مەخلۇق“

## 1938.2~1937.2

1

ھىتلېر، 1937-يىلى 30-يانۋار نۇتۇقىدىن كېيىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە تۇغما قابىلىيىتىنى ئېخىمۇ ئوچۇق ئوتتۇرغا قويىدىغان بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. بۇ نۇتۇقنى ۋوگېلساڭدا سۆزلىگەن بولۇپ، يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بولسا ھەر يەردىن كەلگەن 8 يۈز نەپەر جىددى سىياسىي تەربىيىگە مۇھتاج ئەڭ ئاۋانگارت ئۇنىسۇرلاردىن تەركىپ تاپقان ۋىلايەت دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئىدى. ئەسلىدە بۇ ئىچكى قىسىمغا سۆزلىنىدىغان تەكرار ئۆزىنى ئېتراپ قىلىش خاراكتېرىدىكى ئوچۇق نۇتۇق ئىدى. ھىتلېر نۇتقىدا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك نىشانىنى كۆزلىگەن ئىدى: بىر تەرەپتىن بۇ پارتىيە تايانچىلىرىغا تەربىيە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ۋەزىپىسىنى قانداق قىلغاندا تاماملىيالىشىنى ئۆگۈتۈش بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۈچ مىڭ نەپەر ئەستايىدىللىق بىلەن تاللانغان ياشلارغا سىياسىي ي تەربىيە بېرىش كۇرۇسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى تەبرىكلەش ئىدى. يەنى ئۇنىڭ مەقسىدى، بۇ ياشلار ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلالايدىغان بىرەرسى بولۇش ئۈمىدىنى كۆتۈش ئىدى.

ئۇ بەئەينى مىتېرنىخ ياكى ماچىياۋېللىنىڭ ئوغلىنى تەربىيىلىگىنىگە ئوخشاش، ئۇلارنى سىياسەت بىلەن دىپلوماتىيىلىك ھۈنەردىن قانداق پايدىلىنىش، ئەمەلىيەت جەريانىدا خەلق ئاممىسىنى قانداق قىلغاندا قولىدا ئويناتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئىزچىل ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلاتتى. ”بىر تەشكىلات تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنىڭ شەخسى ئەركىنلىكلىرىنى باستۇرۇش ئارقىلىق ھەممىگە مەنپەئەت كەلتۈرەلەيدىغان بولغىنىدىلا ئاندىن ئىستىقبالى بار بىر تەشكىلات بولالايدۇ.“ بىۇنداق بىر تەشكىلاتنىڭ مىللەتتىن ئۈستۈن ھوقۇققا يول قويالماسلىقىدىكى سەۋەپ دەل مۇشۇ يەردە. ”ئۇنداق بىرسى كىم بولىشىدىن قەتئى نەزەر، ھەتتا دىنىي ئۇيۇشما بولسىمۇ ئۇنىڭغا يول قويۇش مۇمكىن ئەمەس.“ ئۇ، ھاكىمۇتلەقلىق بىلەن دېموكراتىيىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كېلىپ، دېموكراتىيىنى كىشىلەرنى ھەر قايسى ئۆزى بىلگەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرىدىغان

بىر چۈمۈلە ئۇۋىسىغا ئوخشىتىدۇ؛ بۇ دېموكراتچىلار خىيالىغا كەلگەننى قىلىپ يۈرىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلار قىلچە قىممىتى بولمىغان كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. "ئۇلار بەكلا ئاجىز، بىر تېيىنگىمۇ ئەرزىمەيدىغان، قىلچە قارشىلىق كۆچى بولمىغان كىشىلەردۇر." ئادەتتىكى بىرسىنى تېخىمۇ يۇقۇرى دەرىجىلىك بىرسىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەرغىب قىلىش، ھەقىقەتەنمۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك. ئويلاپ كۆرەيلى، ئەگەر ئەڭ ئاخىرقى سىياسەت بەلگىلەشنىڭ ئېغىر يۈكىنى، ئالايلۇق رىيېنلاند كىرىزىسىنى ھەل قىلىشتەك ئېغىر بىر ۋەزىپىنى "ھاشارەتتەك بۇنچىۋالا زەئىپ كىشىلەر" ئۈستىگە يۈكلەپ قويۇلغاندا قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقار؟ "پەقەت يەھۇدىيلارلا بۇنداق بىر ئاخماقانىلىقنى ئويلاپ تېپىشى مۇمكىن."

ئۇ، كەينىدىنلا كەلگۈسى داھىسىنى تاللاش مەسىلى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنداق بىرسىنىڭ ئىجتىمائى ئورنى بىلەن مال-مۈلكىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. بۇ جەھەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى كۆزدە تۇتماقتا ئىدى. "ئۇنداق بىر داھى ئۇچۇن بىردىن-بىر زۆرۈر بولغىنى ئۇنىڭدىكى قابىلىيەت مەسىلىسىدۇر. ئۇنداق بىرىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ كىم بولۇشىنىڭمۇ قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ساپ ئابستىراكىت تەپەككۇرنىڭمۇ قىلچە قىممىتى يوق. فۇھرېر بولىدىغانىبىرسى چوقۇم رەھبەرلىك قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بىرسى بولۇشى شەرت. ئۇنداق بىرسى قەتئى تۈردە 'چوقۇم مۇشۇنداق قىلىشىمىز كېرەك، بۇنىسى ماڭا ئايان' دېيەلەيدىغان بولۇشى شەرت. ئۇنداق بىرسى يولغا قويۇلىدىغان پىلاننى ئىجرا قىلغۇچى كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشەلەيدىغان بىرى بولۇشى، ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ بۇ ھەقتە كەسكىن قارار چىقىرالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئاخىرقى قارارنى چوقۇم ئۇ داھى بەلگىلەيدىغان بولۇشى شەرت." ئېيتىپ بېقىڭلار، يەنە قايسى ھەقىقى دېموكراتىيە بۇنىڭدىنمۇ ياخشى نەتىجىنى يارىتالىشى مۇمكىن؟

ھىتلېر يىغىندا بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەمەلى يوليورۇقلارنى بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، گېپىنى تۈيۈقسىزلا يەھۇدىيلار تەھدىتى ئۈستىگە بۇرايدۇ. گەرچە ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىككى بىسلىق، مۇجمەل بولغاندەك قىلسىمۇ، يىغىن زالىدىكى ھەربىر كىشى بىلىپ تۇرۇپ غىڭ قىلىشمايتتى. "مەن ئۆزەمنى ئېلىپ ئېيتسام، بىرەر قەدەمنى باسقىنىمدىن كېيىن ھەرگىز كەينىگە يېنىۋېلىشقا مەجبۇر قىلىپ ئىشلىرىمىزغا زىيان كەلتۈرۈشنى قىلمايمەن. ھەممىڭلارغا مەلۇمكى، مەن ئادەتتە خەۋپ-خەتەرگە قاراپ تەۋەككۈل قىلغىنىمدىمۇ ھەرگىز بىرەر قەدەمنىمۇ ئارتۇق باسمايمەن. بىز ئۆزىمىزدىن تىنماي شۇنى سورىشىمىز كېرەك: 'مەن بۇ ئىشنا نېمە پايدىغا ئېرىشەلەيمەن، نېمىنى قولغا

كەلتۈرەلمەيمەن؟' “ بۇ چاغدا زال ئىچىدە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ ئالقىش ياڭرايدۇ. شۇڭا ھىتلېرمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ھاياجان بىلەن ئۇلارغا جاۋاب بېرىدۇ: ”مەن ھەرگىزمۇ رەقىبىمنى دۈشمەن دەپ چاقىرمايمەن. مېنىڭ بۇ يەردە دېگىنىم، ھەرگىزمۇ كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتى قىلىپ ئۇرۇشۇپ ئويناش ئەمەس. ئەكسىنچە، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، 'مەن سېنى مەغلۇپ قىلىمەن. مەن ئەقلىمنى ئىشلىتىپ سېنى بۇلۇڭغا قىستايمەن. ئەگەر مەن بىرلا قېلىچ ئۇرۇش بىلەن يوروۇكۇڭنى يېرىۋېتەلمەيدىكەنمەن، ئۇ ھالدا سېنىڭ قىلىڭغىمۇ تەگمەي پۇرسەت كۈتىمەن. شۇنداق قىلىش كېرەك.' “ ئۇنىڭ ئاخىرىدا دېگەن گېپىنىڭ مەنىسى، شۈبھىسىزكى، يەھۇدىيلارنى قىرغىن قىلىش ئۇسۇلى بويىچە مەسىلىنى ھەل قىلىش دېگەنلىك ئىدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان زالدىكىلەر ئۆزلىكىدىنلا قانخورلارچە توۋلىشىپ ئۇنىڭ ئاۋازىنى كۆمۈۋېتىدۇ. شۇ قېتىملىق كىشىنى قورقۇتۇپ شۈركۈندۈرىۋەتكىدەك چالۋاقاپ ئەسەبىلەرچە كۈلۈپ كېتىشلىرى ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى ئاگاھلاندۇرىدىغان بولۇپ ئاۋاز لېنتىسىدا ساقلىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ۋەھشىلەرچە ئىپتىدائى ياۋايىلىقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ خاتىرىلەر كىشىلەرنى بۇ تۈردىكى ئەسەبىلەرچە ۋارقىراشلار بىلەن رىمدىكى يۇمۇلاق تىياتىرخانىلاردا تاماشىبىنلار گلادىئاتورلارنىڭ يىقىلىپ ئۆلۈشلىرىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ كېتىشلىرىگە نېمە دېگەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ!

ئەسەبىلەرچە ۋارقىراشلار تىنجىغاندىن كېيىن، ھىتلېر قايتىدىن مۇلايىملىشىپ، باشقىلاتىن بىر دۆۋە ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىشقا بولىدىغان ئۇسلۇپلارنى مىسال قىلىپ گويا بايىقى دېگەن سۆزلىرىنى مەخپى ساقلىۋېلىشى كېرەكلىكىنى بىشارەت قىلغاندەك قىلاتتى. ئۇ نۇتقىنى تۈگىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇمىي يۈزلۈك قۇراللىنىش چاقىرىقىنى چىقىرىدۇ: ”مېنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىم، گېرمانىيە خەلقىنى قايتىدىن كۈچلىنىپ، ياۋروپادىكى ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەمەس بەلكى ئەڭ كۈچلۈك مىللەتكە ئايلاندۇرۇش!“ زالدا ئولتۇرغانلار ئارىسىدىن توختىماي گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرايدۇ. ”ھەر قانچە ئەھمىيەتسىز قۇربان بېرىشكە توغرا كەلگىنىدىمۇ، مېنىڭچە بولغاندا، بۇمۇ گېرمانىيە تارىخىنىڭ ئاخىرى ھېسابلانمايدۇ؛ بەلكى كەينىدىن سانىغاندا ئىككىنچى باپلا بولالايدۇ. ئاخىرقى بابنى بىز ئۆزىمىز يېزىپ چىقىمىز!“

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن مورتلىرىدىن باشقا ھېچكىمگە بۇنچە ئاشكارە سۆزلەپ باققان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلەش شەكلىمۇ بەكلا ئەركىن بولۇپ، ھەتتا تۈزۈك ھاياجانلىنىپمۇ كەتمەيدۇ. قىسقا مەزگىللىك ھاياجانلىنىشلار ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا.

يەنى ئۇ بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق يەھۇدىيلارغا يولغا قويماقچى بولغان قورقۇنۇشلۇق پىلاننى ئاشكارىلىغان ئىدى. شۇنچىلىك ئېيتقانلىرىنىڭ ئۆزىلا يەتكىچە قورقۇنۇشلۇق گەپلەر ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن قورۇق گەپلەرنى چىقىرىپ تاشلىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ بۇ نۇتقى، ھەقىقەتەنمۇ بەكلا سوغۇققانلىق بىلەن سۆزلەنگەن سۆزلەر بولۇپ، ئۇ بۇنىڭ ئۆچۈن بۇرۇنلا تەييارلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرستەتتى. يەنى ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى نۇتقى مۇتلەق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىۋاتقان بىرسىنىڭ سۆزلەيدىغان نۇتۇقلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى.

2

ئاساسەن تولۇق مۇستەبىت ھالغا كېلىپ بولغان ھىتلېر، يەنىلا بىر رەسسام ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۆچۈن ئېيتقاندا سەنئەت بىلەن سىياسەت ئايرىلماس بىر پۈتۈنلۈك ھېسابلىناتتى. ناتسىسىزم سەنئېتى بىلەن بىناكارلىقنى ئىجرا قىلىشى ئۆچۈن ئۇنىڭ بىرىنچى قەدەمدە قىلغان ئىشى، باۋخاۋۇس ئارخىكتور ئېقىمى تەشكىلاتىنى تارقىتىۋېتىش بولدۇ. بۇ تەشكىلات دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان مەزگىللەردە قۇرۇلغان بىر تەشكىلات بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنى بىناكارلىق ئېنجېنېرى ۋولتېر گروپىئوس قۇرۇپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىدى، رەسىمچىلىق، ھەيكەلتاراشلىق، سانائەت لايىھىسى ۋە بىناكارلىق سەنئىتى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا بىر تۈرلۈك ئەمەلى بىناكارلىق ئېقىمىنى بەرپا قىلىش ئىدى. بۇ ئېقىم ئۆزگە ياۋروپانىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك بىر قىسىم بىناكارلىق ئېنجېنېرى ۋە رەسساملىرىنىمۇ ئۆزىگە جەلىپ قىلغان (ئالايلۇق كلېي، كاندىنسكى، فېينېنگېر ۋە موندرىئان قاتارىدىكى كىشىلەرنى ئەتراپىغا توپلىغان) ھازىرقى زامان ئېقىمىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ئىدى. شۇڭا، بۇنداق بىر ئېقىم، كلاسسىك ئېقىم بىلەن رومانتىك ئېقىمغا مەنسۇپ ھىتلېر ئۆچۈن ھەقىقەتەنمۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھكارلىق شەپىسى ھېسابلىناتتى.

ئۇ، بۇ ساھەدە بىناكارلىق ئېنجېنېرى پروفېسسور پاۋۇل لۇدىۋىگ تروستقا ھەممىدىن بەك ھۆرمەت قىلاتتى. ”مەن بۇنىڭدىن بۇرۇن سىزغان نەرسىلىرىمگە زادىلا چىداپ تۇرالماس ھالغا كەلگەن ئىدىم. _ دەيدۇ ھىتلېر كېيىنچە سېپىيرغا ئېتىراپ قىلىپ، _ ئۇنىڭدەك بىرسىگە دۇچ كەلگەنلىكىم، مەن ئۆچۈن ھەقىقەتەنمۇ قالتىس بىر تەلەي ئىدى!“ ئۇ پروفېسسوردىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بولۇپ، تروستنىڭ ياش ۋە لەۋەن ئايالىغا «ئەگەر تەختكە چىقالىسا ھەمدە گېرمانىيە خەلقىنىڭ داھىسى بولغىنىدىن كېيىن» چوقۇم

بىرىپ ئىرىنى زىيارەت قىلدىغانلىقىنى ئېيتقان. چۈنكى ئۇنىڭ ئىرىنىڭ قالتىس ئىجادىيەتلىرى "چۈشىنىشلىك، كۆچلۈك، نازۇك" ئىكەنلىكىنى ئويلايتتىكەن (ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدە سپېيىر دائىم دېگىدەك ھىتلېر بىلەن ھەمرا بولۇپ تروستنىڭ ئىشخانىسىغا بىرىپ يوقلاپ تۇراتتىكەن. شۇنىڭدەك بۇ پروفېسسورنى "ئىككىنچى ئوقۇتقۇچۇم" دەپ قارايتتىكەن. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى "بەكلا يېقىن" ئىكەندۇق. ئەمما تروست خانىم ئىرىنىڭ ھىتلېر بىلەن يېقىنلىقىنى قەتئىي رەت قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. مەن ئۇ ئايالنى 1971-يىلى زىيارەت قىلىپ بارغىنىمدا، بۇ خانىم ماڭا، سپېيىر يولدىشىنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان، پەقەتلا يولدىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن پروفېسسورنىڭ مىيۇنخېندىكى ئىشخانىسىنى زىيارەت قىلىشقا ئاپىرىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. _ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ھىتلېرنىڭ ئېسىدە ئەڭ چوڭقۇر ئورۇنلىشىپ كەتكەن قۇرۇلۇش بەلكىم مىيۇنخېن ئۈچۈن لايىھىلىنىپ سېلىنغان گېرمانىيە سەنئەت سارىيى بولسا كېرەك _ بۇ بىنا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىئانىسى بىلەن سېلىنغان ئىدى. ھىتلېر، 1933-يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۇل سېلىش مۇراسىمغا قاتناشقان ئىدى. مۇراسىم باشلىنىشتىن ئاۋال، ئۇن مىڭلىغان ئېس-ئاچلار ئەترىتى، ئېس-ئېسچىلار قوشۇنى ۋە ھىتلېر ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى پرىنزرېگېنتېن كوچىسىنى بويلاپ تا قۇرۇلۇش ئورنىغا يېتىپ بارغىچە نامايىش قىلىپ ماڭغان ئىدى. سىمونت نازارەتچىلىرى بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە كىيىملەرنى كىيىشىپ فۈھرېرنى قارشى ئېلىشقان ئىدى. ئوركېستىر «شىئېر مۇراسىمى _ دىي مېيستېرسىنگېر» نىڭ مۇقەددىمىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ھىتلېر نۇتۇق سۆزلەپ، گېرمانىيە مەدەنىيەت ۋەزىپىسىنىڭ نەزەرىيىسى ئۈستىدە قايتا توختىلىدۇ. ئاندىن مىيۇنخېنغا "گېرمانىيە سەنئەت مەركىزى" دېگەن ئېسىل نامنى بېرىدۇ. كەينىدىنلا بۇ سەنئەت سارىيىنىڭ ئۇلىنى سېلىش مۇراسىمىنى باشلىغىنىدا كىشىلەرنىڭ كۆڭلى بىراقلا سوۋۇپ قالىدۇ _ يەنى ئۇنىڭ قولىدىكى كۈمۈش بولقا بەك كۈچەپ ئۇرۇلغانلىقى ئۈچۈنمىكىن سۇنۇپ كېتىدۇ. كىشىلەر دەرھال جىمىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئادەت بويىچە ئەگەر ئۇل سېلىش مۇراسىمدا ئىشلىتىلىدىغان بولقا زەخىملەنسە، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىنجېنېرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ بىر بىشارىتى دەپ قوبۇل قىلىناتتى. گېيوبېلس بۇ ئىشنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزىۋەتمەكچى بولۇپ "فۈھرېرىمىز بولقا ئۇرغىنىدا قالتىس كۈچەپ ئۇرىۋېتىدۇ" دەپ ئېيتقان بولسىمۇ، ھىتلېر بۇ ئىشنى ئۇنداق چاخچاق قاتارىدا ئۆتكۈزىۋەتكىلى بولىدىغان ئىشلاردىن ھېسابلىمايتتى. چۈنكى، ھىتلېر بۇ ئىشنى بىرەر يامانلىقنىڭ شەپىسى دەپ قارايتتى. تروستمۇ ئىچىدىن بىر قورقۇش ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇ يۈرەك سانجىقىدىن بالنىسقا يېتىپ قېلىپ، بىر قانچە ئاي ئۆتمەيلا ئۆپكە يالۇغى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

تروست خانىم يولدىشىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ھىتلېر ھەر قېتىم ميۇنخېنغا بارغىنىدا مۇئەللىق تۈردە تروست خانىمنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ ئۇ ئايالنى يوقلاپ چىقاتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاللىمۇقاچان بىناكارلىق بىلىمىگە قىزىقىشىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئايال ئۆزىگە بەكلا قاتتىق ئىشىنىدىغان، گېپىمۇ ئۆدۈل بىر ئايال ئىدى. بىر كۈنى، بىرسى ئۇنىڭدىن سېپىرغا قانداق قارايسىز دەپ سورىۋىدى، ئۇ بۇرۇلۇپ ھىتلېرغا، ئەگەر ھىتلېر ئەپەندى يولدۇشۇمغا يۈز مېترلىق ئېگىزلىكتە بىر بىنا لايىھەلەپ چىقىشنى تەلەپ قىلغىدەك بولسا، پروفېسسور تروست ئويلىنىپ كۆرۈپ ئەتىسى ئۇنىڭغا، بىناكارلىق ۋە ئىستېتىك نوقتىسىدىن ئېيتقاندا بۇنداق بىر بىنا ئەڭ كۆپ بولغاندا 96 مېتىردىن ئېگىز بولماسلىقى كېرەك دەپ مەلۇمات بېرىشى مۇمكىن. "ئەمما سىز سېپىردىن 'مەن سەندىن ئېگىزلىكى يۈز مېتىر كېلىدىغان بىر بىنا لايىھىسى تەلەپ قىلىمەن' دېسە، ئۇ سىزگە دەرھال 'فۇھرېرىم، مەن سىزگە ئىككى يۈز مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر بىنا لايىھىسىنى سۇنىمەن!' دەپ جاۋاپ بېرىدىغانلىقى ئېنىق. سىزمۇ ئۇنىڭغا 'بۇ ئىشتا مەن سېنى لايىق كۆردۈم!' دېيىشىڭىز ئېنىق" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھىتلېر بۇ گەپلەردىن رەنجىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە باشقىلار بىلەن قوشۇلۇپ قاھ-قاھلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ. "ئۇ ھەر دائىم قاھ-قاھلاپ كۈلۈشنى ياخشى كۆرەتتى. ــ دەيدۇ تروست خانىم ئەسلىمىسىدە، ــ راستىنى ئېيتسام، ھىتلېردا ھەقىقەتەنمۇ يۇمۇرلۇق ھېسسىيات بار ئىدى. يەنى ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قىزىقچىلىق مىجەز ھەرگىزمۇ سېپىرنىڭ دېگىنىدەك كىنايە ئەمەس بەلكى ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىن كېلىدىغان بىر مىجەز ئىدى."

تروست خانىمنىڭ بۇ تۈردىكى رەددىيىلىرى ھەرگىزمۇ ھىتلېرنى بىزار قىلمايتتى. بۇنىڭغا ھىتلېرنىڭ ئادىيۇتانتلىرى بەكلا ھەيران ئىدى. بۇ ئايال بىلەن مۇنازىرە قىلىشقىنىدا ھىتلېر دائىم ھاياجان ئىچىدە قالاتتى. ئەمما، خاتىرلەشكە ئەرزىيدىغان بىر قېتىملىق سورۇن بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەلۋەتتە. 1937-يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، گېرمانىيە سەنئەت سارىيى رەسمى پۈتۈپ چىقىدۇ. بۇ بىنانىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتچۈن، ئۇلار بۇ سارايدا بىر قېتىملىق چوڭ تىپتا سەنئەت كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. بۇنىڭ ئۆچۈن كۆرگەزمىگە قويۇلىدىغان نەرسىلەرنى باھالىغۇچى كىشىلەر تاللايدىغان بولىدۇ (بۇ ھەيئەتتە تروست خانىممۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە). بىر مۇنچە مودېرنىست رەسىملەر بۇ كۆرگەزمىگە تاللىنىدۇ. ھىتلېر بۇ رەسىملەرنىڭ ھەممىسىلا ئەدەپسىزلىك ئىپادىلەنگەن رەسىملەر ئىكەن دەپ قاراپ، ئېچىلىش مۇراسىمىنىڭ ئالدىنقى

كۆنى تروست خانىم بىلەن كۆرگەزمە زالىدا قاتتىق تالىشىپ قالىدۇ. خانىم ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، بۇ ئەسەرلەر گېرمانىيە گۈزەل سەنئىتىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر، شۇڭا بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ياخشى ئەسەرلەر، دەيدۇ. ئۇ، رەت قىلىنىۋېتىلگەن بىر پارچە رەسىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، "بۇ رەسىملەرنىڭ ھەممىسىلا كۈلرەڭ ئۈمىدسىزلىك رەڭگىنى ئىپادىلەيدىغان رەسىملەر. شۇڭا بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ بۇنداق ئەسەرلەرنى قوبۇل قىلالمايدۇ" دەيدۇ. كۆرسەتكەن رەسىمنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ ساغىرىپ قالغان ئىدى. ھىتلېر چوڭ بىر پارچە رەسىمنى كۆرسىتىپ ـ بۇ رەسىمدە بىر ئەر تاغ بېشىدا ئىسكىرىپكا چېلىۋاتاتتى - ئۇنداقتا بۇ رەسىم نېمىشكە تاللانماي قالدى؟ دەپ سورايدۇ. "ئۇنى تاللاشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ـ دەيدۇ رەددىيە بەرگەن ھالدا خانىم، ـ بۇ رەسىم ھەددىدىن ئارتۇق چىرايلىق سىزىلغان بولغاچقا، كۆرگەزمىگە قويۇش ئۈچۈن بەكلا ئارتۇقچىلىق قىلىدۇ" دەيدۇ. خانىم يەنە ھىتلېردىن، ئىككىنچى قېتىم زەربە بەرگىنىمدىن كېيىنلا ئاندىن قايسى بىر رەسسامنى قوبۇل قىلدىڭىز؟ دەپ سورايدۇ. بۇ تالاش-تارتىش بەكلا ئەۋجىگە چىقىپ، ھەمرالىرىنىڭ ھەممىسىلا قورقىنىدىن داجىپ بىر چەتكە ئۆتىۋېلىشىدۇ. ھىتلېرنىڭ ئاۋازى باشتىن ئاخىرى نورمال بولغىنى بىلەن، پوزىتسىيىسى بەكلا سوغۇق ئىدى. شۇڭىدەك بەكلا ئەستايىدىل كۆرىنەتتى. تروست خانىم بۇ تۈردىكى ۋەھىملىك شەپلەرنى ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ ئۆزىنىڭ سەنئەت قارىشىغا خىلاپلىق قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. "دېمەككى، بىزنىڭ تاللىغان ئەسەرلىرىمىزنى تەستىقلىمايدىغانلىقىڭىز ئېنىق، شۇنىڭدەك بۇ جەھەتتە قاراشلىرىڭىزمۇ ئوخشىمىغان ئىكەن، ئۇنداقتا، مەنمۇ بۇ باھالاش ھەيئىتىدىن ئايرىلىشنى تەلەپ قىلىمەن" دەيدۇ. ھىتلېرمۇ ئۇنىڭ بىلەن سوغۇق بىر قىياپەتتە "يولىڭىز ئوچۇق بولسۇن" دەپ خوشلىشىدۇ. ئاندىن ئەسەر تاللاش ۋەزىپىسىنى فوتوگرافچى خوفمانغا تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندە، ھىتلېر ئارىدا ھېچ قانداق بىر ئىش ئۆتۈلمىگەندەك تروست خانىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كېلىدۇ.

18-ئىيۇل (ئەسلى تەرجىمىدە 10-ئىيول بولۇپ قالغان ـ ئۇ.ت) كۆرگەزمە ئېچىلىش مۇراسىم كۈنى، ميۇنخېننىڭ بارلىق چوڭ-كىچىك كوچىلىرىدا گېرمانىيىنىڭ ئىككى مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنى تەنتەنە قىلغۇچى نامايىشچىلار قوشۇنى بىلەن لىق تولىدۇ. مەيدىسىگە يوغان كرېست بەلگىلىرى چۈشۈرۈلگەن تېۋۇتون رېتسارلىرى قىياپىتىدىكىلەر چوڭ بىر پارچە قىزىل قوياش چاقپىلىكىنى كۆتەرگىنىچە يۈرىشىدۇ. قالغانلار قەلەي قاپلانغان چوڭ تىپتىكى كرېست دەرىخى مودېلىنى كۆتۈرۈشۈپ ماڭىدۇ ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ بىر كائىنات دەرىخى بولۇپ، جەننەتنى يەرنى ۋە دوزاخنى بىرلەشتۈرگەن

بىر دەرەخمىش. كونا پاسوندىكى كۆرگەزمىلەرگە سىلىشتۇرغاندا بۇ قىتىمقى كۆرگەزمە كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈش تۇيغۇلىرىنى ئۇنچە بەك ئۇيغۇتۇپ بېرەلمىگەن ئىدى. ئەڭ مودېرنىست رەسساملار قاتارىدىكى رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېشىپ چۈشەلمەيتتى. كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئەسەرلەر ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان ياخشى ئەسەرلەرنىڭ بارلىقىغا، بولۇپمۇ ھەيكەللەرنىڭ بارلىقىغا قارىماي مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلەر يەنىلا خىيالىي ياكى غورۇرى پەلەككە يەتكەن ئەسەرلەردىن ئىبارەت ئىدى. يەنى بۇ رەسىملەر بىر بولسا سەھرا پۇرىقى چىقىپ تۇرغان ياكى بولمىسا يېزا تۇرمۇشى غايىسى بىلەن تولغان رەسىملەر بولۇپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى گېرمانىيە تۇرمۇشىنىڭ جاپالىق كۈنلىرى تەسۋىرى يوق دېيەرلىك ئىدى.

ھىتلېر ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا گېرمانىيە سەنئەت سارىيى خەلقئارا سەنئەت ئۆچۈن لايىھىلىنىپ قۇرۇلغان بىر يەر ئەمەس، بەلكى گېرمان خەلقىنىڭ سەنئىتىگە مەنسۇپ بىر يەر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇ نۇتقىدا، رەسسامنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەرگىزمۇ ئۆتمۈشتىن قىيالماسلىق ياكى ئۆتمۈشنى بۇرمىلاش، ئۇنى سەت كۆرسىتىش ئەمەس. "بۈگۈنكى يېڭى دەۋر يېڭى ئادەملەرنى يارىتىشقا مۇھتاج. ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسىلا تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ بەستلىك بولۇشى كېرەك؛ تۇرمۇشقا قارىتا يېڭىچە تۇيغۇلاردا بولۇشى، يېڭىچە خوشاللىق ھېس قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك."416 چىرىك مودېرنىستلار نېمىنى ئۇتتۇرغا چىقىرالىدى؟ "غەلىتى ئاقساقلارنى ياكى دەلدۈشلەرنى يارىتالىدى؛ ئۇلار ئايال سىزماقچى بولغىنىدا، كىشىنى تېخىمۇ بىزار قىلىدىغان رەسىملەرنى سىزىشماقتا؛ ئەگەر ئەرنى سىزماقچى بولسا، ئۇلارنى بەكرەك ھايۋانغا ئوخشىتىپ سىزىشقا ئۇرۇنماقتا؛ ئەگەر بىرەر باللىنى سىزماقچى بولىدىكەن، ئۇ باللار، ئەگەر ئۇلار بۈگۈنمۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان بولىدىكەن، ئۇلارنى تەكرىنىڭ قارىلاش ئوبيېكتىغا ئايلىنىدىغان قىلىپ سىزماقتا." ئەگەر بۇ "سەنئەتچى" لەر شەيئىلەرنى ھەقىقەتەنمۇ شۇ تەرىقىدە كۆزىتىدىغان كىشىلەردىن بولغىنىدا، "ئۇ ھالدا، كىشىلەر ئۇلاردىن مۇنداق دەپ سوراشى مۇمكىن: سىلەردىكى بۇنداق كۆرۈش نوقسانلىقى نەدىن كەلگەن؟ ئەگەر بۇ بىر ئىرسىي نوقسانلىق بولغىنىدا، ئۇ ھالدا، بۇنىڭغا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى مەسئۇل بولۇپ، بۇ تۈردىكى كۆرۈش قۇۋۋىتىدىكى ئېغىر نوقسانلىق كۆرۈلگەن كىشىلەرنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقى كېرەك. ياكى بولمىسا، ئەگەر سىلەر رىياللىققا ئىشەنمەيدىغان كىشىلەردىن بولىدىكەنسىلەر، ئۆزەڭلارنىڭ ھىلەڭلارنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈستىگە يۈكلىمەكچى بولىدىكەنسىلەر، ئۇ ھالدا، بۇ ئىش سوتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدىغان بىر جىنايى ئىشلار قاتارىغا تەۋە دېلوغا

ئايلىنىدۇ.“ ئۇ تەھدىت قىلغىنىچە ۋارقىراپ، كۆرۈش قۇۋۋىتى كەمتۈك بولغان مودېرنىست رەسساملارنىڭ يارىتىش قابىلىيىتىنى تارتىپ ئالىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك، قالغان سەنئەتكارلارنىمۇ خەۋپلىك جىنايەتچى دەپ قانۇننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھېچ قانداق بىر ئىش ئۇنىڭ سەنئەتنىڭ مۇھىملىقىغا بولغا قاراشلىرىنى بۇنچە ئېنىق ئوتتۇرغا چىقىرىپ بېرەلمەيتتى. ھىتلېر، گېرمانىيىدىكى ئەڭ داڭلىق سەنئەتكارلارنى ئەنە شۇ كاتېگورىيىگە كىرگۈزىدۇ، ھەتتا مىللى سوتسىئالىزمغا ھېسسىداشلىق قىلىدىغان ئىپادىچىلىك ئېقىمىنىڭ ئۇستازى ئېمىل نولدىنمۇ بۇ قاتارغا كىرگۈزۈېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھىتلېر بۇ تۆردىكى رەسساملارنى باستۇرماقچى بولىدۇ. نولىد، بارلاخ ، فېيىنىگېر، كورىنت ۋە گروسز قاتارىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىدۇ؛ بىر قىسىم چەتئەللىك رەسساملار (ئالايلۇق، پىكاسسو، ماتىسسى، ۋان گوگ، براكۇۋ ۋە سېزاننىي قاتارىدىكى رەسساملار) نىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئوخشاشلا پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش 730 ئەتراپىدىكى رەسىم بىرلا ۋاقىتتا مىيۇنخېندا ”چىرىك سەنئەت“ نامىدا كۆرگەزمە قىلىنىدۇ. بۇ تۆردىكى رەسىملەر رامكىغا ئېلىنمايلا قالماستىن بەلكى يانلىرىغا ”كېسەلمەن روھى ھالەتتىكىلەر تەبىئەتنى مانا مۇشۇنداق كۆرىدۇ،“ ”يەھۇدىي كۆزىدە بىر دېھقاننىڭ كۆرۈنىشى“ دېگەندەك قوپال، ئەدەپسىز چۈشەندۈرۈلۈشلەر بىلەن قوشۇپ قالايماقان تاملارغا ئېسىۋېتىشىدۇ. كۆرگەزمىدە يەنە بىر قىسىم قارا تەنلىكلەر سەنئىتىنىڭ تەسىرىنى يۇقتۇرۇۋالغان رەسىملەرمۇ چۈشەندۈرۈلگەن. يەنە بىر قىسىم رەسىملەر ماركسىزم ئىدىيىسى تەسۋىرلەنگەن دېيىلگەن بولسا، يەنە بىر قىسىملاردا يەھۇدىي رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلىپ كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئىدى.

كۆرگەزمىگە قويۇلغان رەسىملەر ئارىسىدا يەنە ساراڭلار سىزغان رەسىملەرمۇ بار بولۇپ، بۇلارنى مودېرنىست رەسساملار ئىجادىيىتى ئۇلاردىنمۇ قالايماقان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدىلا قويۇلغان ئىدى. كوكوشكا ئىجات قىلغان ئىككى پارچە تېز سىزما پورترېت رېسىمنى رەسمى بىر ساراڭ سىزغان تەسىراتچىلار ئېقىمى رەسسامىنىڭ باش رەسمى بىلەن بىرلىكتە ئېسىپ قويۇشقان. ”بۇ رەسساملارنىڭ رەسىملىرىنى ھەر بىر نېمىس كېلىپ ئۇلارنىڭ يۈزىگە تۈكۈرسۇن دەپ رەسىملىرى بىلەن بىرلىكتە يوّگەپ قويۇش كېرەك ئىدى“ دەيدۇ بىر زىيارەتچى غەزىۋىنى بېسىۋالالمىغان ھالدا. گەرچە بۇنىڭدەك زەھەرخەندىلەرچە ھۇجۇم قىلىشلار ھەر قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرسىمۇ، بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە، داۋاملىق مەملىكەت بويىچە ئايلاندۇرۇپ كۆرگەزمە قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ رەسىملەرنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىككى مىليون كىشىنى كىرىش بېلىتى سېتىۋېلىشقا جەلىپ

قىلدۇ. بۇ سان، قاتار تىزىلىپ گېرمانىيە سەنئەت سارىيىغا كىرىپ ھىتلېرنىڭ مەرھەمىتى بىلەن خەلققە سۇنۇلغان گېرمانىيە سەنئىتىنىڭ ئەڭ داڭلىق رەسساملىرىدىن بەھرى ئالماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ سانىدىنمۇ 4 ھەسسە ئارتىپ كېتىدۇ. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇ ئىككى مىليون كىشى ئارىسىدا، نۇرغۇن كىشىلەر پەسكەش رىكلام سەنئىتىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن كۆرگەزمىگە كەلگەن كىشىلەر ئىدى. ئەمما، نۇرغۇنلىرى چەكلىۋېتىلگەن داڭلىق رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر قېتىم كۆرىۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ بولسىمۇ بۇنداق كۆرگەزمىلەرنى زىيارەت قىلغان دېيىشكە بولاتتى.

3

شۇ يىلقى پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 6-سېنتەبىردە چاقىرىلىدۇ. ھىتلېر دۈشەنبە چۈشتىن كېيىن نيۇرېمبېرگقا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ يەردە سادىق مۇھاپىزەتچى قوشۇننى كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن ئاپتوموبىللىق شەھەرگە كىرىپ كېلىدۇ. شەھەر ئىچىنىڭ ھەممە يەرلىرىدە بايراقلار لەپىلدەپ تۇراتتى؛ چېركاۋ قوڭغۇراقلىرى تەكشى ياڭرىماقتا؛ ھەممە يەر تەنتەنە قىلىشقان خەلق ئاممىسى بىلەن تولغان ئىدى. ئەتىسى، «بادېنۋېيلېر مارشى» ئوركېسترا ئاۋازى بىلەن تەڭ، ھىتلېر خۇددى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدەك يىغىن زالىدا كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ باياناممىسىنى ئېلان قىلىدىغان ۋاگنېر ھىتلېرنىڭ يەنە بىر كانىيى ھېسابلىناتتى. ئۇ، بولشېۋىكلارنىڭ زوراۋانلىقى، ئۇلارنىڭ قان تۆكۈشى بىلەن مىللى سوتسىئالىزم ئىنقىلابىنىڭ مۆتىدىللىقىنى بىر-بىرسىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرسەتكەندىن كېيىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۆتكەنكى بىر يىل مابەينىدە شەرق ۋە غەربتە كوممۇنىزم قالايماقانچىلىقىنى تېرىشقا ئۇرۇنىدىغان بىرلەشمە ھەرىكەتلەر يۈز بېرىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىسى ئېنىق ھەممىدە كىشىنى خاتىرجەم قىلىدىغىنى، "پۈتۈن دۇنيا ئەتراپىرىغا ئوت يېقىشقا كىرىشتى. ئەمما مىللى سوتسىئالىستىك گېرمانىيە بۇ ئوت يالقۇنى ئىچىدىن خۇددى پىلاتىنادەك چاقنىغىنىچە قەت كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ." گېرمانىيە تىنچ، ئادىل بىر شەكىلدە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا كىرىشىۋاتقىنىدا، قالغان ئەللەردە يەھۇدىي بولشېۋىكچىلىكىنىڭ كۈشكۈرتكۈچىلىرى قوزغىغان ئىش تاشلاش ۋە تېررورچىلىقلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا لىغشىپ قالدى.

بۇ قېتىمقى نۇتقىنى مەقسىدى خەلق ئاممىسىنى ھاياجانغا سېلىشلا بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقاق روھىنى قوزغىتىش ئەمەس، شۇڭلىدەك ئۇنىڭ ئۆزى بىر ئىتتىپاقداش دۆلەتكە خوشامەتچىلىك قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلماقتا ئىدى. يەنى، ئۇنىڭغا مەلۇم

بولغىنىدەك، توقۇنۇشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىنىتو مۇسسولىنى گېرمانىيىنى زىيارەت قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. ئەمما مۇنداق ئىككى شەرتى بار ئىدى: ئۇ كەچلىك پۇخراچە كىيىمنى ئالماي كېلىدىغان؛ ئۇنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرستى يارىتىلىشى قاتارلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئۇ ئۇچىسىغا مەخسۇس بۇ قېتىمقى زىيارىتى ئۈچۈن تىكتۈرگەن يىپ-يېڭى فاشىستچە خەلق ئەسكەر فورمىسىنى كىيىپ، 23-سېنتەبىر ئىتالىيىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ يولغا چىققانلارنىڭ سانى يۈز كىشىگە يېتەتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇچىسىغا ئاددى پارتىيە فورمىسى كەيگەن ساھىپخان مىيۇنخېن پويىز ئىستانسىسىدا مۇسسولىنىنى كۈتىۋالىدۇ. ھىتلېر ئىككى قولىنى ئۇزارتىپ ئۇنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چاغدا ناغرا-سۇنايلا گۈمبۈرلەپ چېلىنىشقا باشلاپ، خەلق ئاممىسى بىردەك "فۇھرېرىمىز!"، "باش مىنىستىرىمىز!" دەپ توۋلىشىدۇ.

مۇسسولىنى ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە پويىز ئىستانسىسىغا سېلىنغان قىزىل گىلەم ئۈستىدە ئاستا-ئاستا ئىلگىرلەيدۇ. ئاندىن تەنتەنە ئىچىدە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ فۇھرېرنىڭ تۇرغان يېرىگە كېتىدۇ. يەنى پرىنزرېگېنتېن مەيدانىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ يەردە، ئۇ ئىككىسى تۇنجى سۆھبىتىنى باشلايدۇ. مۇسسولىنى نېمىس تىلىدا سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن، تەرجىمان شمىدت بۇ ئىككى ئادەمنى بىر-بىرسىگە سىڭلىشتۇرۇش پۇرستىگە ئېرىشەلەيدۇ. ھىتلېرنىڭ چاچلىرى شامالدا پاخپىيىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ بوسمىيە پاسوندىكى تاشقى كۆرۈنۈشى بىلەن قوشۇلۇپ بەكلا رەتسىز كۆرۈنەتتى. "ئۇ بەكلا قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىراپ سۆزلىگىنى ئۈچۈن، بەزىدە ھەتتا ئۇنى پۇتۇپمۇ قالاتتى. مەيلى ماڭا گەپ قىلغىنىدا ياكى مۇسسولىنىغا گەپ قىلغىنىدا بولمىسۇن، ئۇ دائىم ر ھەرپىنى قاتتىق تىتىرىتىپ چىقىراتتى. بەزىدە، ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى تۇيۇقسىزلا چاقناپ كېتەتتى. يەنە بەزىدە تۇيۇقسىزلا نۇرسىزلىنىپ دىققىتى چېچىلىپ كەتكەندەك ھالغا كېلىپ قالاتتى." ئەمما مۇسسولىنى تولىمۇ پەرقلىق ئىدى. "ئۇنى بەدىنى تىك، كۈچلۈك ئىرادىلىق، سۆز قىلغاندىمۇ مۆرىسى تىنماي چايقىلىپ تۇراتتى. كايسەر شەكلىدىكى كاللىسى قېدىمقى رىملىقلارنىڭ كوپىيەسىدەكلا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ چېكىسى كەڭ، كالپۇكلىرىمۇ قېلىن ۋە چوڭ، تۆت بۇرجەكلىك يوغان ئېڭەكلىرى ئالدىغا چىقىپ تۇراتتى. بولشېۋىكلارنى ياكى بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمىيىتىنى تىللاش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگىنىدە، ئۇنىڭ سۆزلىرى ھىتلېرنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق بولۇپ ئۆزگىرەيدۇ. ئۇنىڭ ھېسسىيات بىلەن تولغان چىرايىدا غەزەپ، مەڭسىتمەسلىك، قەتئى ئىرادە ۋە قۇۋۋ ھالىتى نۆۋەتلىشىپ ئىپادىلىنەتتى. ئۇنىڭ كۆرۈنىشى لاتىنلىقلارغا خاس ياسالمىلىق قىياپەتنى ئىپادىلەپ تۇراتتى." شۇنىڭغا قارىماي،

ئۇنىڭ سۆزلىرى نەق جايىدا ئېيتىلىپ، بىرەر ئېغىزمۇ ئارتۇق گېپى يوق، بىرەر ئېغىزمۇ كام يېرى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسىدىكى ئۆزگىچىلىكمۇ شىمدىتقا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ كۈلكىسىدە بولسا ئادەتتە مازاق قىلىش يوشۇرۇنغان بولسا، مۇسسولىنى ئىچىدىن چىقىرىپ كۈلگەندەك بەكلا تەبىئى كۈلەلەيتتى.

بىر سائەتتەك داۋاملاشقان بۇ قىممەتلىك كۆرۈشۈش جەريانىدا، ئۇلار ياپونىيىگە دوستانە مۇئامىلە كۆرسىتىش، فرانكونى قوللاپ، ئەنگلىيە -فرانسىيە ئىككىسىنىڭ غەربىزنى بىت-چىت قىلىشقا ئومۇمىيلىق جەھەتتە قوشۇلىدىغان بولىدۇ. بۇ، بۇ قېتىمقى زىيارەتنىڭ بىردىن-بىر سىياسىي سۆھبەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەتتى، ھىتلېرمۇ شۇنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى: ئەنگلىيىنى كېڭەيمىچىلىك پىلانىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى قوزغاشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈش، بۇ ئىش مەيلى مەخپى ئېلىپ بېرىلىدىغان، ھېچ بىر ئىشقا يارىمىغىدەك بولغىنىدىمۇ بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىش كېرەك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئىدى. شۇندىن باشلاپ مۇسسولىنى ئالدىراشلىق بىلەن بىر قاتار زىيارەتلەردە بولۇپ، بىر تەرەپتىن كاتتا زىياپەتلەرگە قاتناشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشكارە ئوتتۇرىغىمۇ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە ئېس-ئېسچىلار قوشۇنىنىڭ پاراتتىن ئۆتۈش چوڭ نامايىشلىرىنىمۇ كۆزدىن كۆچۈردۇ.[418] بۇ پائالىيەتلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان بىر پائالىيەت ئىدى. ئۇ، قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىنىڭ مېكلەنبۇرگىدىكى مانېۋىرىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كرۇپنىڭ ئېسسېندا قۇرغان چوڭ تېپتىكى زاۋۇتىنىمۇ زىيارەت قىلىدۇ. 28-سىنتەبىر چۈشتىن كېيىن، زىيارەت ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە چىقىدۇ: ئىككى مۇستەبىت ئايرىم-ئايرىم ئولتۇرغان ئىككى پويىز نىشانىغا، يەنى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مەيدانىنىڭ يېنىدىكى پويىز ئىستانسىسىغا ئاز قالغاندا، ھىتلېر ئولتۇرغان مەخسۇس پويىز يەنە بىر رېلىس بويىچە مۇسسولىنى ئولتۇرغان مەخسۇس پويىز بىلەن تەڭ قاتار بولۇپ 15 مىنۇتتەك بىرگە ماڭىدۇ. ئىككىلا پويىزنىڭ ماشىنىستى ئىككى پويىزنى تەڭ ھەيدەش ئۈچۈن نۇرغۇن كۈن مەشىق قىلغان ئىدى. شۇڭا، بۇ قېتىمقى ھەيدەش ھەرىكىتى بەكلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولۇپ، ئىتالىيانلار بىلەن نېمىسلار ۋاگونلارنىڭ ئوچۇق دېرىزىدىن بىر-بىرسىگە قارىشىپ سۆھبەتمۇ قىلىشىدۇ. كېيىن، ھىتلېر ئولتۇرغان مەخسۇس پويىز سۈرئىتىنى تىزلىتىپ _ بۇنى ھېس قىلىشمۇ تەس ئىدى _ مۇسسولىنى ئولتۇرغان مەخسۇس پويىزدىن بىر قانچە مىنۇت بالدۇر بېكەتكە كىرىپ توختايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر پلاتفورمىدىن ئۆتۈپ مۇسسولىنى ئولتۇرغان پويىز توختىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزارتىپ كۈتىۋالالايدۇ. بۇنىڭ ئۈنۈمى شۇنداق ياخشى بولغان ئىدىكى، بۇنىڭغا ئەسكەرلەرنىڭ قەدەملەپ مارشقا دەسسەپ مېڭىشلىرى قوشۇلۇپ ھىتلېر كۈتكەن تەنتەنىلىك مەنزىرىنى يارىتىپ بەرگەن

ئىدى.

تېخىمۇ مۇھىمى، پويىز ئىستانسىسىدىن بىرلىن شەھەر مەركىزىگىچە غالىبىيەت يولىنىڭ ئىككى بويىدىكى مىليونلىغان خەلق ئاممىسى ـ ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى مەخسۇس پويىز بىلەن ھەر قايسى شتاتلاردىن كەلتۈرۈلگەن كىشىلەر ئىدى ـ يول بويى ئۇلارنى قارشى ئېلىشىدۇ. شەھەر مەركىزىدە فاشىستلار بىلەن مىللەتچى سوتسىئالىزم پارتىيىسىنىڭ بايراقلىرى ئېسىۋېتىلگەن ئىدى. بەزىدە بايراقلار ئۇزۇنسىغا ئۆگزىدىن يولغىچە ئېسىۋېتىلگەن ئىدى. ھەر بىر مەيداندا مۇنارلار تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە گېرمانىيە دۆلەت گېربى بىلەن فاشىستلار گېربى نۇۋەتلىشىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ كۈنى يەرلىك خەلقنىڭمۇ كۈتۈۋېلىش قوشۇنىغا قاتنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ئىشخانىلار چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتكىچىلا ئىشلەيدىغان قىلىپ بەلگىلەنگەن ئىدى. يەرلىك دائىرىلەر 60 مىڭ ئېس-ئېسچىنى ئاجرىتىپ قىزغىن ئالقىش بىلەن تەنتەنە قىلىشىۋاتقان خەلق ئاممىسىنىڭ تەرتىپ-ئىنتىزامىنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلىندۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئېس-ئېسچىلارنى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن يىغىپ كەلگەن ئىدى. قوغداش تەدبىرلىرى ئىنتايىن چىڭ تۇتۇلغان بولۇپ، خەلق ئاممىسى ئارىسىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن پۇخراچە كىيىنگەنلەرنىڭ كۆپلىكى گېرمانىيە تارىخىدا زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان دېيىشكە بولاتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە، سپرې دەرياسىغىمۇ قۇراللىق بىر قانچە چوڭ پاراخوت چارلاپ يۈرەتتى.

ئىككى نەپەر مۇستەبىت مۆرىنى مۆرىگە تىرىشىپ ئۈستى ئوچۇق پىكاپ ئۈستىدە تۇرىشاتتى. قارشى ئالغۇچى قوشۇنمۇ ئىستىخىيىلىك تۈردە ئۇلارغا تەنتەنە ياغدۇرۇشاتتى. بۇ ھالەت ھەققەتەنمۇ مۇسسولىنىنى چەكسىز خوشال قىلىۋېتىدۇ. ئەتىسىدىكى كۈتۈۋېلىش زىياپىتى تېخىمۇ داغ-دۇغىلىق ئۆتىدۇ. يەنى ھىتلېر بىلەن مۇسسولىن ئىككىسى قايتىدىن ئولىمپىك تەنھەركەت مەيدانىغا قايتىپ، ئۇ يەردە مۇسسولىن خەلق بىلەن ئۇچراشتۇرۇلىدۇ (بۇنىڭ ئۈچۈن ھىتلېر ۋەدە قىلغان ئىدى). بۇ قېتىم، ھىتلېر، مۇسسولىننى خوش قىلىش ئۈچۈن ئۇنى مەيدانغا كىرىشتە ئالدىدا ماڭغۇزىدۇ. ئاندىن، ھىتلېر "دەل شۇ پەيتتە چوڭقۇر ھېسسىياتلار بىلەن بۇ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقەدىن ھوزۇر ئېلىۋاتقان 115 مىليون ئىككى دۆلەت خەلقى" گە قارىتىپ قىسقا بىر ئېچىلىش مۇراسىمى سۆزلەيدۇ. ئۇ سۆزىدە، ئۇنىڭ جەمىيىتى "بىر ئەقىدە جەمىيىتىلا بولۇپ قالماي، بەلكى يەنە ھەرىكەت جەمىيىتىدۇر. گېرمانىيە يەنە بىر قېتىم دۇنياۋى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالماقتا. بىز ئىككى دۆلەتنىڭ كۈچى ... ياۋروپا مەدەنىيىتىنى قوغداشنىڭ ئەڭ چوڭ كاپالىتى، مەدەنىيەتكە سادىق بىر كۈچ، بۇزغۇنچى كۈچلەرگە قارشى بىر قۇراللىق كۈچ"

دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

مۇسسولىنى داغدام قادەملەر بىلەن مىكرافون ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇ نېمىسچە سۆزلەيمەن دەپ چىڭ تۇرىۋالغانلىقى، شۇنىڭدەك شۇنچە ھەيۋەتلىك مەيدان ئۇنى قاتتىق ھاياجانغا سېلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ سۆزلىگەنسىرى تىزلىشىپ، مەيداندىكىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بەكلا ئاز چۈشىنەتتى. "بېرلىن _ رىم ئوق مەركىزى، _ دەيدۇ مۇسسولىنى يوقىرى ئاۋازدا، _ 1935-يىلى كۈزدە قۇرۇلغان ئىدى. بۇ ئىككى يىل مابەينىدە، بۇ ئوق مەركىزى بىز ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنى تېخىمۇزىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياۋروپا تىنچلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن ئاكتىپ رول ئوينىماقتا." ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ بۇ يەرگە زىيارەت قىلىشى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكىچە بىر دىپلوماتىك زىيارەت ياكى سياسىي زىيارەت ئەمەس. بەلكى بىر خىل نىشاندىكى ئىككى خىل ئىنقىلابنىڭ ئىتتىپاقلاشقانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى.

تۇيۇقسىزلا، تەنتەربىيە مەيدانىغا چىلەكتە قۇيۇۋەتكەندەك يامغۇر يېغىپ كېتىپ، مۇسسولىنىنىڭ نۇتۇق تېزىسى يامغۇردا ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. "نۆۋەتتىكى دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ، ھەقىقى دېموكراتىك دۆلەت گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىدۇر. _ دەيدۇ مۇسسولىنى. پۈتۈنلەي يامغۇر ئاستىدا قالغان مىكرافون بىلەن ئاۋاز ساندۇقى ئۇنىڭ ئاۋازىنى بۇزىۋېتىدۇ. ئۇ قەتئىيلىك بىلەن نۇتقىنى داۋام قىلىدۇ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىمۇ قىلچە تەۋرەنمەي ئاخىرغىچە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاپ بېرىدۇ. _ مېنىڭ بىر دوستۇم بار، مەن ئۇنىڭ بىلەن تا ئاخىرغىچە جاپا-مۇشەققەتنى تەڭ تارتىپ، جاپالىق كۈنلەردە بىرگە بولىمەن."

يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئوتتۇرلۇق تېخىمۇ قالايماقانلىشىپ كېتىدۇ. خەلق ئامىسسىنىڭ ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇ ئۆزى يالغۇز ئۈستى ئوچۇق پىكاپقا ئولتۇرۇپ ئاستا سۈرئەت بىلەن بېرلىننى ئايلىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ يامغۇرلۇقمۇ كەيمىگەن ئىدى. شەھەرگە قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، ئۇ رەسمى سۇغا چۈشكەن توخودەكلا قىياپەتكە كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇ يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىمى بىلەن ياتىقىغا كىرىدۇ _ ياتىقىدا يۇيۇنۇش ئۈچۈن ئىسسىق سۇمۇ يوق ئىدى. ئۇ زۇكام بولۇپ قالمىغان بولسىمۇ كېچىدە پەقەتلا ياخشى ئۇخلىيالمايدۇ. ئەتىسى، ئۇ بەكلا ھارغىن، روھى تۈۋەن بولۇپلا يۈرىدۇ. تا پويىزغا ئولتۇرۇپ گېرمانىيىدىن ئايرىلىپ دۆلىتىگە قايتىپ كېتىۋاتقىنىدىلا روھى ھالىتى ياخشىلىنىشقا باشلايدۇ. گېرمانىيەگە زىيارەتكە كېلىش ۋاقتىدا ئەسلىدە ھىتلېرنى كۆزگە ئىلمايدىغان بىر روھى ھالەتتە كەلگەن ئىدى. تويمۇ قىلمىغان، بالا-چاقىسىمۇ يوق، ھەتتا بىرەر ئاشنىسىمۇ بولمىغان بىر ئەر كىشىگە قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن؟ ئەممە ئۇ گېرمانىيىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ئۇ گېرمانىيىدە كۆرگەن بارلىق نەرسىلەردىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا ئايرىلىدۇ. گەرچە ئۇ ئېۋا براۋننى كۆرمىگەن

بولسىمۇ چوقۇم ئۇ خام خىيال قىلىپ كېلىۋاتقان ھوقۇقتىنمۇ چوڭ ھوقۇققا ئېرىشىپ بولغانلىقىنى كۆرگەنلىكى ئېنىق. شۇندىن ئېتىۋارەن، بۇ ئىككى مۇستەبىتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇچىدا-دۇمىدە بولۇپ، ئاكا بولۇپ كېلىۋاتقان مۇسسولىنى ئەندىلىكتە ئۇكا بولغان ھىتلېرنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان ئىدى. شۋىتسارىيىلىك روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى كارل گۇستاف جۇڭ (يەنى يۇڭ، پسىخوئانالىزشۇناس _ ئۇ. ت)، بۇ ئىككى مۇستەبىتنى كۆرۈپ، مۇسسولىنىغا قارىغاندا ھىتلېر گويا بىر ماشىنا ئادەمگىلا ئوخشايدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلار ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىسىدىن ئاسمان-زېمىن پەرق قىلىدىغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلىدۇ. "ھىتلېرنىڭ خۇددى راس ئادەم كۆچۈرۈلمىسىگىلا ئوخشايدىغانلىقىنى، ئەمما مۇسسولىنىنىڭ خۇددى بىرەر ئەمەلدارنىڭ قۇيرۇقىدەك كېيىندىن قالمايدىغان، ۋۇجۇدىنىڭ ھەرىكىتىنى بۇزۇپ قويماسلىقىنىلا ئويلايدىغاندەك بىرسى" ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان.

بېرلىندا، ئۇ ئىككىسى ھېچ بىر شەرتنامە ئىمزالاشمايدۇ. شۇڭىدەك ئاخىرقى بىرلەشمە ئاخباراتمۇ ئېلان قىلىشمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى چەتئەللىك ۋەكىللەر ئۈمۈكىدىكىلەرگە قىلغان ئۇقتۇرۇشىدا ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ئىككى دۆلەتنىڭ ھەر قانداق بىر تەرىپى قارشى تەرەپنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئەنگلىيە بىلەن تېخىمۇ يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتالمايدىغانلىقىنى؛ ئىتالىيە ئاق دېڭىزدا _ ئوتتۇرا دېڭىزدا ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدىغانلىقى، گېرمانىيە بولسا ئاۋستىرىيىدە تەڭ ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولالايدىغانلىقى بىلدۈرۈلىدۇ.

بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇسسولىنىغا ئوخشاش ھىتلېرمۇ بەكلا رازى ئىدى. چۈنكى ئۇ يەنىلا مۇسسولىنىغا قاتتىق ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلار ئىككىسى باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە سۆزلىگەن قەدەھ كۆتۈرۈش نۇتقى قوشما باياناتى ئېلان قىلىشتىنمۇ كۆپ ئەھمىيەتلىك بولغان ئىدى. ھىتلېر يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ كېلىپ، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سىياسىي غايىلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى، سەمىمىي دوستلۇقىنىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ؛ ئۇنىڭ مېھمىنى بۇنىڭغا جاۋابەن گېرمەنىيە-ئىتالىيە ئىتتىپاقى ئىنتايىن جانلىق بىر ئىتتىپاقلىق، ئىنتايىن ئاكتىپ بىر ئىتتىپاقلىق ئىكەنلىكىنى. ئىككى دۆلەت "بىر-بىرسىنى ئايرىۋېتىش ئۇرۇنۇشلار ئالدىدا قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغانلىقى" نى تەكىتلەيدۇ. "ئوق مەركىزى" رىياللىققا ئايلانغىنىدىن كېيىن، ھىتلېر كېيىنكى باسقۇچلۇق ھەرىكەتلەرگە كىرىشىدۇ.

4

ئۆكتەبىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ھىتلېر بىر قىسىم رايونلارنىڭ تەشۋىقات مەسئۇللىرىغا ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ئۆمۈرى بەك ئۇزۇن ئەمەس دەيدۇ. بۇ ھەققەتەنمۇ سەل قارىلىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن مەۋجۇت مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ ھاياتلىق مۇھىتى مەسىلىسىنى چوقۇم تېز ئارىدا ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مۇھىم بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردۇ. ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ، "بۇگۈن مەن، ئۆزەمنى چىمەنلىكتە قىيىق ئېتىپ يۈرگەن بىر تەخەيدەكلا ھېس قىلماقتىمەن" دەيدۇ ھىتلېر (؟! لۇغاتقا سىلىشتۇرۇپ قايتا تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك ـ ئۇ.ت).

بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1937-يىلى 5-نويابىر كۈنى، ھىتلېر ھەربى كاتتىۋاشلىرىنى قورۇغلۇق ئارمىيە ئادىيۇتانتى خوسباخ شۇنىڭدەك يەنە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى نېۋرات قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلدۇ. بىر قارىماققا بۇ قىتىمقى كۆرۈشۈشنىڭ سەۋەبى بلومبېرگ بىلەن گېۆرىڭ ئوتتۇرسىدا كۆنساين ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان خام ئەشيا تالىشىش جېدىلىنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇرۇش مىنىستىرى بلومبېرگ، گېۆرىڭنىڭ 4 يىللىق پىلان مۇددىرى بولۇش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپلىمە ھالدا ھاۋا ئارمىيىسى قورۇلۇشىغا تۇتۇش قىلغانلىقىدىن قاتتىق ئاچچىغلىنىپ، مەنبەنىڭ قىسىۋېتىش مەسىلىسىگە چەكلىمە قويۇلسۇن دەپ فۇھرېردىن تەلەپ قىلدۇ.

يىغىن ئېچىلىشقا ئاز قالغىنىدا، ھىتلېر گېۆرىڭ بىلەن ئايرىپ كۆرۈشۈپ، گېۆرىڭنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن بۇ قېتىمقى يىغىندا "گېنېرال ۋون فرىتىشقا بېسىم ئىشلىتىش" نى نىشانلىشىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بۇ گېنېرال دۆلەتنىڭ قايتىدىن قۇراللىنىش ئىشىدىن رازى ئەمەس ئىدى. ئۇ: "ئەگەر بلومبېرگ ئەپەندىمۇ بىرلىكتە گېنېرال فرىتىشقا بېسىم قىلغىدەك بولسا، بۇنىڭمۇ بىرەر يامان يېرى يوق" دەيدۇ. گېۆرىڭ يىغىنغا نېۋراتنىڭمۇ قاتنىشىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىدا، ھىتلېر ئۇنىڭغا، "مەن بۇ قېتىمقى يىغىننى ئۇنچىۋالا ھەربى ئىشلار يىغىنى ھالىغا كەلتۈرۈپ قويۇشنى خالىمىدىم. پەقەت باش قوماندان فرىتىشقا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن قۇراللىنىش باسقۇچىنى تېزلەتمەي بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشنىلا ئارزۇ قىلىمەن" دەپ جاۋاب بەرگەن.

ھىتلېر بۇنىڭدەك بىر گەپنى راستىنلا قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ھىتلېرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئىككى تەرەپتە تالاش-تارتىش كۆرۈلگىنىدە ئەزەلدىن بىر تەرەپكە بولۇشۇپ يەنە بىر تەرەپنى بېسىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەن بىرسى ئىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تە يىغىن باشلانغىنىدا، ھىتلېر تالاش-تارتىش پەيدا قىلغان مەسىلە ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئۆزىنىڭ تاشقى سىياسىي تى ئۈستىدىلا گەپ يورغىلىتىپ تۇرىۋالدى. ئۇنىڭ ھوشيار مۇئامىلىسىدىن قارىغاندا، ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ قېتىمقى يىغىن ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئادەتتىكىدەك بىر يىغىن ھېسابلانمايتتى. شۇڭا ئۇ كۆپچىلىكتىن بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ مەزمۇنىنى قاتتىق مەخپىي ساقلىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى (بەلكىم گېۆرىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇشنىڭ ئادەتتىكى بىر ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشىدۇ. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يىغىن قاتناشقۇچىلىرىدىن "گېرمانىيە سىياسىي تىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇش مەقسىدىدە، پەۋقۇلئاددە ئۆلۈپ تارتىپ كەتكىنىدە، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سۆزلىگەن سۆزىنى ئۇنىڭ بىر ۋەسىيىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى كېرەكلىكىنى" تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەل تۇرۇپ پولكوۋنىك خوسباخ ئالدىن تەييارلانغان تەپسىلاتلارنى كۆپچىلىككە ئوقۇپ بېرىدۇ. كەينىدىنلا ھىتلېر مۇنداق دەيدۇ: گېرمانىيە سىياسىي تىنىڭ مەقسىدى مىللىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، مىللىتىنىڭ ھاياتلىق ماكانىنى قوغداش ۋە كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە، گېرمانىيىنىڭ ئىستىقبالى يېتەرلىك ھاياتلىق ماكانىنى قولغا كەلتۈرۈش-كەلتۈرەلمەسلىكىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى، بۇنداق بىر ھاياتلىق ماكانىنى پەقەت ياۋروپادىلا تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. "ئەزەلدىن تارتىپ ئىگىسى يوق ماكان دېيىدىغان گەپ بولۇپ باققان ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنداق بىر گەپ يوق. شۇنداق ئىكەن، بۇنداق يەرگە مۇھتاج ھۇجۇم قىلغۇچىلار چوقۇم ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلار قولىدىن بۇنداق يەرنى تارتىپ ئېلىشقا مەجبۇر. گېرمانىيە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە بولسا، قانداق بىر يەردىن ئەڭ تۆۋەن بەدەل تۆلەپ ئەڭ چوڭ مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن دېيىدىغان مەسىلىدىنلا ئىبارەتتۇر." بۇ گەپتىن كېيىن يىغىن قاتناشقۇچىلىرى قاتتىق چۈچۈپ كېتىدۇ. ھىتلېر كەينىدىنلا يەنە مۇنداق دەيدۇ: گېرمانىيەنىڭ مەسىلىسى "پەقەت قۇرال كۈچى بىلەنلا ھەل قىلىشقا بولىدىغان بىر مەسىلە. شۇنداق ئىكەن، بۇنداق بىر ئىشنىڭ خەۋپ-خەتەرسىز بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئېتىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك." ئەندىكى مەسىلە، بۇنداق بىر ئىشنى قايسى ۋاقىتتا ۋە قايسى تۈردىكى بىر ئۇسۇلۇپ بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: گېرمانىيىنىڭ كۈچى كەلگۈسىدىكى تەخمىنەن 6 يىل ئىچىدە ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە يېتىدۇ. شۇ ۋاقىت كەلگىنىدە، گېرمانىيىنىڭ ھەربى ئەسلىھەلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىدۇ. شۇ چاغقا كەلگەندە، باشقا دۆلەتلەر يەنە قايتىدىن

قۇراللىنىش ھەرىكىتىنى باشلىۋېتىشى مۇمكىن. باشقا ئەللەر تېخى مۇداپىيە باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ گېرمانىيە دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتۈش يولىنى تاللىۋېلىشى كېرەك. "ئەگەر شۇ چاغدىمۇ فۇھرېر ھايات بولىدىكەن، ئۇ بۇ ئىرادىسىدىن ھەرگىزمۇ يانمايدۇ. ئەڭ كېچىككەندە 1943~1945 يىللار ئارىسىدا گېرمانىيىنىڭ ھاياتلىق ماكان مەسىلىسىنى چوقۇم ھەل قىلىدۇ."

ھىتلېر، سۆزىنى قولىدىكى تېزىسقا قارىماي دېگىدەك سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھەر تۈرلۈك ئىش ۋە رەقەملەر توختاۋسىز تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىدىن ھەممە ھەيران قالىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ھىتلېردىكى بۇنداق تۇغما قابىلىيەتنى كايسەر، ناپالېئون ۋە لېنىنلارنىڭكى بىلەنلا سېلىشتۇرغىلى بولارمىش. بارون ۋون نېۋرات قېتىپلا قالغان بولۇپ، قالغان گېنېراللار بولسا خۇددى يىڭنە كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قالغاندەكلا بولۇپ قالغان ئىدى. خاتىرە قالدۇرۇش ماھارىتى بولمىغان خوسباخ بولسا فۇھرېرنىڭ دېگەنلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن خاتىرلىۋېلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ھىتلېر سۆزىنى داۋام قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ بىرىنچى نىشانى چېخوسلوۋاكىيە بىلەن ئاۋستىرىيىنى ئىشغال قىلىش بولۇپ، شۇ ئارقىلىق شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قانىتىنى مۇستەھكەملەشتۇر. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىشكە بولىدىكى، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسى "چېخلارنى يوشۇرۇنچە دەپتەردىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغانلىقى ئېنىق." ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بېشىدىكى ئىشلار بەكلا كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئۆز مەسىلىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالماي ئاۋارە. شۇڭا ئۇلارنىڭ گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغىدەك ماجالى يوق. ھىتلېر يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: چېخلارنىڭ مۇداپىيىلىنىش تەدبىرلىرى كۈنسايىن كۈچەيتىلمەكتە، ئاۋستىرىيىنىڭ قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىمۇ كۈنسايىن كۈچلىنىپ كېتىۋاتماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كاپالەت بېرىدۇ: ئەگەر يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى دۆلەتنى يۇتۇۋالىدىغانلا بولىدىكەنمىز، زور كۆلەمدىكى ئاشلىق بۇ ئىككى دۆلەتتىن ئىمپېرىيىمىزگە توختىماي توشۇلۇشقا باشلايدۇ. بۇ دېمەك، "چېگرالارنى قىسقارتىش بىلەن تەڭ، يەنە مۇستەھكەملەش دېگەنلىك بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇ يەرگە قارىتىلغان ئەسكەرلىرىمىزنى باشقا يەرلەرگە يۆتكەپ ئىشلىتەلىشىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ." شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، قىسملىرىمىزنىڭ شتاتىنى 12 دېۋىزىيىلىك يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرەلىشىمىز مۇمكىن. يەنى، ھەر مىليون ئاھالە ئۈچۈن بىر دېۋىزىيە قۇرۇپ چىقالايمىز دېگەنلىكتۇر. چېخلارنى تارمار كەلتۈرىشىمىزگە ئىتالىيانلار ھەرگىز قارشى تۇرمايدۇ. ئەمما ئاۋستىرىيەگە كەلگىنىدە قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىغا كەلسەك، ئۇنىڭغا ھازىرچە بىر نېمە دېمەك تەس. يەنى، بۇ ئىشتا ئاساسلىقى

مۇسسولىنىنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا يەنىلا ھايات بولۇش-بولماسلىقىغا باغلىق. ”پولشالىقلارنىڭ قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى ھەرىكىتىمىزنىڭ چاقماق تېزلىكىدە تاماملىنىشىغا باغلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ (قىزىق يېرى، شۇندىن بىر قانچە كۈن ئاۋاللا ھىتلېر قوشنىسى بولغان پولشا بىلەن ئازسانلىق مىللەتلەر شەرتنامىسى ئىمزالاشقان ئىدى). رۇسسىيەنى ئارقا تېرەك قىلغان پولشا، غالىبىيەتكە ئېرىشكەن گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى خالىمايدۇ.“ خۇددى شۇنىڭدەك، ئەگەر رۇسىيە ئوتتۇرغا چىقىپ مۇداخىلىدە بولماقچى بولىدىكەن، گېرمانىيە ئۇلارغا قارشى چاخماق تېزلىكىدە ھۇجۇم بىلەن زەربە بېرىشى كېرەك.

ھىتلېر سۆزىنى تۈگەتكەن ۋاقىتلاردا، ئاستا-ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى. ھىتلېر ئولتۇرغانلاردىن قانداق پىكرى بارلىقىنى سورايدۇ. بلومبېرگ بىلەن فىرتىش ئىككىسى بىرلىكتە ھىتلېرنىڭ ئىشغال قىلىش پىلانىغا قارشى چىقىدۇ. ئۇ ئىككىسى ھىتلېرنى ھەرگىزمۇ فرانسىيە بىلەن گېرمانىيىنى زىتلەشتۈرۈۋالماسلىقىمىز كېرەك، دەپ ئەسكەرتىدۇ.فرانسىيە قوشۇنلىرى بىلەن ئىتالىيە ئىككىسى ئۇرۇشقا بەك چېتىلىپ قېلىشى ناتايىن، ئۇلار بەربىر گېرمانىيىنىڭ غەربىدىكى كۈچلۈك دۈشمەنلەر ھېسابلىنىدۇ، دەيدۇ. بلومبېرگ نارازىلىق بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: چېخلارنىڭ مۇداپىيە سىپى ماگنوت مۇداپىيە سېپىگە ئوخشاشلا مۇستەھكەم بىر لىنىيە. ئۇلارنىڭ بۇ مۇداپىيە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتەلىشىمىز بەكلا قىيىن بىر ئىش. ئۇ يەنە فىرتىش بىلەن بىرلىكتە، بۇ دېگەنلىرىنى قايتىدىن بايان قىلىشىدۇ. فىرتىش كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا، دەم ئېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. يەنى ئۇ يېقىندىلا ئانگىنا ياللۇغى بولۇپ قالغاچقا مىسىرغا بېرىپ دەم ئېلىپ كېلىشنى پىلانلاپ يۈرگەن ئىدى، ئەمما فۇھرېر ئۇنىڭغا دەم ئېلىشنىڭ بىكار قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق دەيدۇ. ئۇرۇش ئېھتىمالىنى يوق دېيىشكە بولمىسىمۇ، بۇنچە تېز ئارىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ھىتلېر، گيۆرىڭدىن بۇ قاراشلارغا رەددىيە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزى جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. مۇھاكىمىلەر بەكلا قىزغىن داۋام قىلىدۇ. خوسباخ بۇ مۇھاكىمە مەزمۇنلىرىنى خاتىرىلەپ يېتىشەلمەيلا قالىدۇ: «شۇنداقتىمۇ، ــ دەيدۇ كېيىنكى بىر ئەسلىمىسىدە، ــ شۇنى ئېنىق ئەسلىيەلەيمەنكى، مەيلى مەزمۇن ياكى شەكىل جەھەتتە بولمىسۇن، ئىككىلا تەرەپ ھەققەتەنمۇ قاتتىق تالاش-تارتىش قىلىشىپ كېتىدۇ. ھىتلېرنىڭ چىرايىدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات ئىپادىلىرىمۇ تىنماي ئۆزگىرىپ تۇراتتى. دېمەككى، ئۇمۇ بۇ مەسىلىلەردىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئىدى. بلومبېرگ بىلەن فىرتىش ئىككىسى ھەر بىر نوقتىنى ھىتلېرغا تەپسىلى ئۇقتۇرۇشقا تىرىشىپ، ئۇنىڭ سىياسىي تى

دۆچ كېلىشۋاتقان مەسىلە ھەرگىزمۇ ماقۇللىنىش ياكى ئالقىشلىنىش ئەمەس بەلكى رىياللىققا زىت كېلىشۋاتقانلىقىدۇر» دەپ كۆرسەتتىدۇ. نېۋرات مۇ بەكلا سوغۇق پوزىتسىيە بىلدۈردى. ئۇ ئەسكەرتىپ، فىرانسىيە بىلەن ئىتالىيە ھەرگىز فۇھرېرىم تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك قەتئىي ئۇرۇش ئېلان قىلىشى ناتايىن، دەيدۇ. دېڭىز ئارمىيە مارشالى رايدېر مۇنازىرىگە قاتناشقاندەك قىلىسمۇ، روشەنكى، ئۇمۇ بۇ ئىشقا گۇمان بىلەن قارايدىغانلاردىن ئىدى.

يىغىن ئاخشىمى سائەت سەككىزدىن چارەك ئۆتكەندە ئاخىرلىشىدۇ. ھىتلېر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گېۆرىڭ، مارشال رايدېرنى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭ شۆبھىلىرىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن چۈشەندۈرۈش بېرىدۇ. قىزىق يېرى، تېخى يېڭىلا قارشى پىكىردە بولۇپ كەلگەن بلومبېرگ، بۇ دېڭىز ئارمىيە مارشالىغا فۇھرېرنىڭ دېگەنلىرىگە بەك ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولۇپ كەتمەسلىكنى ئېيتىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ: فۇھرېرنىڭ ئۇ گەپلىرى، فرىتشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشنىلا مەقسەت قىلىپ سۆزلەنگەن سۆزلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ھەربى تەييارلىقلارنى تېزلەشتۈرۈشنىلا ئارزۇ قىلىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. يەنى گېرمانىيە ھەرگىزمۇ ئەنگلىيە بىلەن دېڭىزلاردا توقۇنۇشۇپ قالمايدۇ دەپ ئېيتىدۇ. رايدېر باش مىنىستىر مەھكىمە بىناسىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا خۇددى ئۈستىدىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغىنىدەك، ھىتلېرنىڭ راستىنلا ئۇرۇش قوزغاش نىيىتىنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ھەر نېمە دېگەن بىلەن، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ھەربى ۋەزىپە ئۆتىيەلىگىدەك بىرەرمۇ ھەربى پاراخوتى يوق ئىدى. شۇنىڭدەك قۇرۇغلۇق ئارمىيە بىلەن ھاۋا ئارمىيىسىنىڭمۇ قىلچە تەييارلىقى يوق ھالدا تۇرغانلىقى ئېنىق ئىدى. ”بىزنىڭ قۇراللىنىشىمىز ھەرگىزمۇ ئۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشنىلا مەقسەت قىلاتتى. _ دەيدۇ ئەسلىمىسىدە، _ بۇنداق ئويلاش ئۈچىغا چىققان ساراڭلىق.“

يەنە بىر بىتەرەپتىن، نېۋرات بولسا ھىتلېرنىڭ دېگەنلىرىدىن قىلچە گۇمان قىلمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىشخانىسىغا قايتىپ كەلگىنىدىلا بۇ گەپلەرنىڭ نېمە مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىپ دوختۇر چاقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ۋىجدان ئازاۋىنىڭ تۈرتكىسىدە 48 سائەت ۋاقتىمۇ ئۆتمەستىن (بۇ ئىش تۆپەيلىدىن ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى بىر قانچە قېتىم قوزغۇلۇپ كەتكەن ئىدى) مەخپىيەتلىك ھەققىدىكى قەسەمنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، گېنېرال بېك بىلەن گېنېرال فرىتش ئىككىسىنى بېندلېر كوچىسىغا چاقىرىپ ھىتلېرنى ئۇرۇش پىلانىدىن ۋاز كەچتۈرۈشنىڭ يوللىرىنى مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. بۇ ئىككى گېنېرال بۇنىڭ ئۈچۈن قولىدىن كەلگىنىچە تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ؛ ئەگەر يۈزدە 50 تىن ئارتۇق غەلىبە قىلىش

ھوقۇقى بولمايدىغانلا بولىدىكەن، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۇرۇشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ئۇلار ئۈچىسى فرىتشنىڭ قايتىدىن فۈھرېرغا ئەگەر ئۇرۇش قوزغاپ قالغىدەك بولسا، بۇ ئىش ھەربى نوقتىدىن ئالغاندا پۈتۈنلەي ئاخماقانە ھەرىكەت بولىدىغانلىقىغا بىردەك كېلىشىۋالىدۇ. ئاندىن نېۋرات يەنە بىر قېتىم فۈھرېر بىلەن سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىدۇ.

فرىتش 9-نويابىر كۈنى بېرگخوفتا ھىتلېر بىلەن كۆرۈشكەن ئىدى. شۇ قېتىملىق كۆرۈشۈشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغانلىقى ھەققىدە بىرەر خاتىرە قالدۇرمىغان بولسىمۇ، شۇ كۈنى يېقىن دوستى بارون خانىمى ۋون شۇتزبار خانىمغا يازغان خېتىدە مۇنۇلارنى يازغان ئىدى: "يېڭى مەسىلىلەر كەينى-كەينىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى، مەن يولغا چىقىشتىن ئاۋال بۇ ئىشلارنى چوقۇم ھەل قىلىشقا مەجبۇرمەن. مەن راستىنلا بەكلا چارچاپ كەتتىم. مېنىڭ روھى ئەھۋالىم سەن كۆرگەن تاشقى كۆرۈنۈشۈمدىن بەكلا ئېغىر." بىر قانچە سائەتتىن كېيىن، ئۇ مىسىرغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ قاراشلىرى ھېچ قانچە تەسىر پەيدا قىلالمىغانلىقى ئېنىق. ھىتلېر، نېۋراتنى كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ.

شۇ قېتىمقى مۇھىم يىغىندا ھىتلېر راستىنلا كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلغانمىدۇ؟ راستىنلا گيۆرىڭنىڭ ئېيتقىنىدەك، بلومبېرگ بىلەن رايدېر ئىككىسى ئىشەنگىنىدەك بىر ئويۇن ئوينىغان بولىشى مۇمكىنمىدى؟ ياكى مۇنداق ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قەلبىدىن چىقىۋاتقان كام كۆرۈلىدىغان بىر تۆيغۇمىدى؟ ئۇنىڭ ئىپلان قىلمىغان ئەسىرى (بىسىلمىغان كېيىنكى «كۆرۈش يولۇم» كىتابىنى دېمەكچى ـ ئۇ.ت) دىن قارىغاندا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئىپلان قىلغان نۇرغۇنلىغان نۇتۇق ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىق ماكانى، يەھۇدىيلار ھەققىدە ئېيتقانلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى پۈتۈنلەي كۆڭلىدىكى گەپلەر دېيىش مۇمكىن ئىدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتمەي، ئۇ سونتوفېندا يەنە بىر نۇتۇق سۆزلەپ، ئوخشاشلا سىياسىي ستۇدېنتلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەگەر يېتەرلىك ھاياتلىق ماكانىمىز بولمايدىكەن، گېرمانىيە مەۋجۇت بولالمايدۇ، بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم تەۋەككۈلچىلىك ئۇرۇشى قوزغاشقا مەجبۇرمىز دەيدۇ.

ئۇنىڭ شۇ قېتىمقى ھەل قىلغۇچ يىغىندا سۆزلىگەن سۆزلىرى گەرچە ئۇرۇش تەسەۋۋۇرلىرى ھېسابلانمىسىمۇ، بۇ تەسۋىر شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتىكى، ئەگەر دىپلوماتىيىلىك تەھدىتلەر ئۈنۈملۈك بولماي قالغىدەك بولسا، ئۇنىڭ قايسى تۈردە بىر ھەرىكەتتىن پايدىلىنىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرەتتى. گەرچە چوڭ بىر تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا توغرا كەلگىنىدىمۇ، ئۇ يەنىلا بىر قېتىملىق دىپلوماتىيىلىك ئۇرۇشنى باشلىتىدىغان غەيرەتكە كەلگەن ئىدى. 1943-يىلغا بارغاندا، مەيلى دىپلوماتىيىلىك

پوپوزا قىلىش ياكى بىر قاتار چاقماق تېزلىكىدە ئۇرۇش قوزغاش جەھەتتە بولسۇن، چوقۇم بىر قىسىم ئۇششاق، دەسلەپكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىشى شەرت ئىدى: ئاۋال چېخوسلوۋاكىيىنى، ئاندىن پولشا بىلەن فرانسىيىنى بىر تەرەپ قىلىشى شەرت ئىدى. ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەنگلىيىنى بىتەرەپ ھالدا تۇتۇپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغىدەك قىلسا، ئۇ بەربىر ئەنگلىيىنى ھەربى جەھەتتە ئەدەپلەش ئارقىلىق، ئۇنى چوڭ قۇرۇغلۇقتىكى ئىشلارغا تىلىنى ئۇزارتماسلىقىقا زورلىماقچى؛423 شۇ ئارقىلىق، 1943-يىلىدا، ئۇ يولىدىكى بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىغان، ئۇرۇش قوزغاشنىڭ بارلىق شارائىتىنى تەييارلىيالىغان بولاتتى. يەنى بىرىنچى ئورۇندىكى دۈشمىنى رۇسىيىنى تارمار قىلىشنىڭ يولىنى ئېچىۋالالىغان بولاتتى. قانداقلا بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ ئەنە شۇنداق ئۇرۇشقاقلىق يولىنى تاللىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ دو تىكىش خاراكتېرىدىن ئالىدىغان بولساق، ئۇ راستىنلا تەۋەككۈلچىلىك يولىغا كىرىپ، 1938-يىلىسىلا مېڭىشنى پىلانلىغان يولغا مېڭىش تەييارلىقىغا كىرىشكەن ئىدى.

5

ئەنگلىيىدە بولسا، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش ۋەزىر گېرمانىيىگە قارىتا تېخىمۇ مۇرەسسەچى قىياپەتنى ئىپادىلەيدۇ. ”بىزنىڭ نىشانىمىز، _ دەپ يازىدۇدۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشتىن سەل بۇرۇن چېمبېرلىن، _ بىزگە كېرەكلىك سىياسىي ي كاپالەتنى قولغا كەلتۈرۈش، مەسىلىلەرنى ئومۇمىي يۈزلۈك ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئەگەر سۆھبەت بۇزۇلۇپ كەتسىمۇ بىز بۇزۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى گېرمانىيىنىڭ بىزنىڭ سىياسىي  ساھەدە ئوتتۇرغا قويغان مۇۋاپىق تەلەپلىرىمىزنى رەت قىلغانلىقىدىن بۇزۇلدى دەپ قارىشىمىز كېرەك.“ چېمبېرلىن (چامبېرلايىن) زېھنى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئىرادىسى كۈچلۈك، شۇنىڭدەك بەكلا ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى ھامان، دەرھال ئالدىنقى باش ۋەزىر بۇرۋېيننىڭ دىپلوماتىيە سىياسىي تىنى تېخىمۇ مۆتىدىل ھالغا ئۆزگەرتىدۇ. ”مېنىڭچە، بىر تەرەپتىن قۇراللىق ھەرىكەت قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت قوش سىياسەتنى يۈرگۈزۈش، بىزنىڭ قېيىن ئۆتكەلدىن بىخەتەر ئۆتۈشۈلىشىمىزغا يېتەكچى بولالايدۇ.“ ئۇ ئۆزىنىڭ بىر پارچە شەخسى خېتىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ”ئەگەر تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ بېرىشكە ماقۇل بولسىلا كۇپايە.“ ئۇ خۇددى شىركەت باش دىرېكتورىدەك كابىنىتنى باشقۇرغىنىدا، تاشقى ئىشلار ۋەزىرى

ئەدىبنى تېزگىنلەش تەس ئەمەس دەپ قارايتتى. يەنى، ئەدىبنى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان شەرتلەر ئاساسىدا ھىتلېر بىلەن كېلىشىمگە كېلەلىشىدىن يەنىلا گۇمانلىناتتى.

چىمبېرلىن گېرمانىيە بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنى خالايدىغانلىق خەۋىرىنى ئاشكارە ئېلان قىلغىنىدىن كېيىن، گېرمانىيە شۇ يىلى كۈزدە ئۇلارنىڭ سەممىيىتىنى بىر قېتىم سىناق قىلىپ باقىدۇ. ئەنگلىيە پارلامېنت باشلىقى لورد خالىفاكس ئىمپېرىيە ئوۋچىلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھېرمان گيۆرىڭنىڭ بېرلىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوۋچىلىق كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىپ بېرىشى تەكلىپ قىلىنغان ئالتۇن ھەل بىلەن بېسىلغان بىر پارچە تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. خالىفاكس بولسا مېدلىيتون ئوۋچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغاچقا، ئۇنى مەخسەتلىك ھالدا تەكلىپ قىلىشقان ئىدى. گېرمانىيە تەرەپ خالىفاكس بىلەن ھىتلېرنى كۆرۈشتۈرۈشكە ۋەدە بەرگەنلىكى ئۈچۈن چىمبېرلىنمۇ بۇ كۆرگەزمىگە بېرىشنى پۈتۈنلەي قوللايدۇ.

شۇڭا، خالىفاكس فۈھرېرنىڭ ئۆزى بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلىش نىيىتىنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە ئەنگلىيىدىن ئايرىلىپ گېرمانىيىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئەپسۇسكى، بىر ئەلچى بولۇش سۈپىتى بىلەن خالىفاكس بەك مۇۋاپىق نامزات ھېسابلانمايتتى. گەرچە ئۇ تۈز كۆڭۈل، ئىخلاسمەن ھەم تەرسا بىرسى بولغىنى بىلەن، گېرمانىيە تارىخى بىلەن ھىتلېرنىڭ مىجەز-خاراكتېرى ھەققىدىكى بىلىدىغانلىرى بەكلا ئاز ئىدى. ھەتتا «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتابنىمۇ ئوقۇپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە گيۆرىڭ"ھەم كۆڭلى تۈز، ھەم جەلپ قىلىش كۈچى كۈچلۈك، خۇددى يېشى چوڭلاپ كەتكەن بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغىلا ئوخشايدىغان، ئۆزىگە نىسبەتەن ھەرىكەتچان ۋە ئېپتىخارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بىرسى ئىدى. ... ئۇ بىر ھازىرقى زامان روبىن خودى بولۇپ، بىزگە نىسبەتەن ھەرخىل قىزىقىشلىرى بولغان كىشى تەسىراتىنى بېرەتتى: يەنى ئۇنى بىر كىنو چولپىنى، قاراقچى بېشى، مال-مۈلۈككە ھەۋەس قىلىدىغان بىر پومىشچىك، باش ۋېزىر، پارتىيە باش مەسلىھەتچىسى ۋە بىر چاتسۋورت ئوۋچىلىق مەيدانىنىڭ كۈزەتچىسى ... دېيىش مۇمكىن." گيوبېلسقا كەلگەندە، ئۇنىڭدىن قاتتىق يىرگىنىشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بىر تەسىرات بولمىدى. "مېنىڭچە بولغاندا، بۇنىڭ سەۋەبى مەندىكى ھەر تۈرلۈك ئېنىك يېتەرسىزلىكلەر سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بىر تۇيغۇ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ رىياللىق ھامان رىياللىق. ئۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ."

ئۇنىڭدىكى بۇ تۈر تەسىراتلار، شۇنىڭدەك يەنە بېرلىنلىقلارنىڭ ئۇنى دوستانە كۈتۈۋالغان (بېرلىنلىقلارنىڭ ئۇنىڭغا لورد ھالالىفاكس دەپ لەقەم قويۇشقان ئىدى. ھالالى

دېگىنى نېمىسچىدا تالىلىهون _ هاراۋا، پەيتۇن مەنىسىنى بىلدۈرەتتى!)، ئۇنىڭ ئۈچۈن 9-نويابىر چۈشتىن بۇرۇن بېرگخوفتا فۈھرېر بىلەن كۆرۈشۈشى ئۈچۈن ئىنتايىن تولۇق ئەدىيىۋى تەييارلىق پۇرسىتى بەرگەن ئىدى. خالىفاكس ماشىنا دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىۋىدى، كۆزىگە قارا ئىشتان كەيگەن بىر جۈپ پۇت كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا قىلىن قار بىلەن قاپلانغان پەلەمپەيگە يۆلەپ چىقىرىش ئۈچۈن ياردەمچى يوللىغانمۇ قانداق دەيدىغان خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرسى "ئالدىڭىزدا تۇرغان كىشى فۈھرېر، ئۇ فۈھرېر" دەپ ۋارقىرىغىنىدىلا ئاندىن بايىقى ئىككى پۇتنىڭ كىمنىڭ پۇتى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

بويتۇرقى ئىگىز، تاياقتەك ياداڭغۇ كەلگەن بۇ ئېنگلىز، ئالدىراش ماشىنىدىن چۈشۈپ يۈزبىدىن دوستانىلارچە كۈلكە يېغىپ تۇرغان ھىتلېر بىلەن كۆرۈشىدۇ. ھىتلېر، خالىفاكس بىلەن بېرلىنىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىنىڭ ئەمەلدارى سىر ئېۋون كىركپاترىك ئىككىسىنى ئاۋال ئۆيلەرنى زىيارەت قىلدۇرمەن دەپ چېك تۇرىدۇ. ئاندىن كىتاپخانىسىدىكى پاكارلىقىدىن ئولتۇرۇش بەكلا ئەپسىز بولغان شىرە ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىدۇ. "مەن سىزگە لوندوندىن ھېچ قانداق بىر يېڭى تەكلىپ ئېلىپ كېلەلمىدىم. - دەيدۇ خالىفاكس، _ مېنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىم، ئاساسلىقى گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسي ۋەزىيەتكە قانداق قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىشنى، شۇنىڭدەك مەسىلە ھەل قىلىش ئېھتىماللىنىڭ بار-يوقلىقىنى بىلىپ بېقىشنىلا مەقسەت قىلىدۇ."

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان فۈھرېرنىڭ چىرايى تۇتۇلىدۇ. تەرجىمان شىمىدت كۆڭلىدە ئەندى فۈھرېر گەپمۇ قىلماي جىم ئولتۇرىۋېلىپ، ئىچىدىن ئاچچىقلىنىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ تەتۈرسىچە، فۈھرېر بىر قاتار "قەتئىي شەرتسىز تەلەپلەر" نى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېتىدۇ. ئۇ، گېرمانىيەنىڭ قانداقتۇ تەلەپلىرىنى ئاشكارە ئېلان قىلىۋېتىپ، خالىفاكسنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولدى، دەپ ئەنگلىيە مەتبۇئاتلىرىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. خالىفاكس بولسا زورمۇ زور ئەنگلىيە مەتبۇئاتلىرىنىڭ خەۋەر ئەركىنلىكىنى ئاقلاشقا تىرىشىدۇ. ھىتلېرمۇ يوشۇرماستىن بۇنداق گەپلەرگە بىزار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

خالىفاكس ئىنتايىن تەمكىن، ئاجايىپ ئەدەپ بىلەن مىجەزى غەلىتە ھىتلېر بىلەن يارىشىشقا تىرىشىپ كۆرىدۇ. ئۇ، ساھىپخانىنىڭ كوممۇنىزىمنى گېرمانىيىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى ماختاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ فرانسىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ بىرلىكتە تىنچلىق ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس تىكلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن ئۇ بىر دېپلوماتىك خاتالىق سادىر قىلىدۇ. ئەدېن ئۇنىڭغا ئوتتۇرا ياۋروپا بىلەن شەرقى ياۋروپا

ۋەزىيىتى مەسىلىسىنى قەتئىي تىلغا ئالماسلىقنى ئېيتقان ئىدى. ئەمما يارىشىشنى مەقسەت قىلىپ بۇ مەسىلىنى ھىتلېرغا ئېيتىدۇ. يەنى ئۇ ئىنتايىن ساددىلىق بىلەن ئەنگلىيىنىڭ غەرەزىنى ئاشكارىلاپ قويغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ھىتلېرمۇ ئۆز كۆڭلىدە جىددى ئېھتىياجلىرىنىڭ ھېساۋىنى قىلىشقا باشلايدۇ: ئاۋستىرىيە بىلەن زىچ بىرلىشىپ، چېخوسلۇۋاكىيەنىڭ سۇدېتېن رايونىدىكى نېمىسلارنى باستۇرۇشنى توختۇتۇش؛ گېرمانىيە، بۇ رايونلاردىكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئاساسلىق ئىمپورت قىلغۇچىسى سەۋەبىدىن، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنوب قىسمى بىلەن شەرق قىسمىغىچە ئەركىن تەرەققى قىلدۇرۇش. ئۇنىڭ قاراشلىرى بىر-بىرىگە باغلىنىشلىقتەك قىلغىنى بىلەن بەكلا ئىشەنچىسىز گەپلەر ئىدى. شۇڭا دەرھال ۋارقىراپ ھاقارەت قىلىشقا باشلايدۇ: "غەرب دۆلەتلىرى شەرقىي جەنوب ياۋروپادا ماڭا قايتا-قايتا توسالغۇ پەيدا قىلماقتا. شۇنىڭدەك يەنە ھېچ قاچان خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن سىياسىي غەرەزلەرنى ماڭا تېڭىشقا ئۇرۇنماقتا!"

خالىفاكس ماھارەتلىك بىلەن تەكىتلەپ، ئەنگلىيە ئەزەلدىن ھەر قانداق قۇراللىق ھەل قىلىش چارىسىنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ كەلدى، دەپ تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. كەينىدىنلا، ئۇ بەكلا بىخەستەلىك بىلەن مۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلىدۇ: "بۇ، ئاۋستىرىيىگىمۇ ماس كېلىدۇ." ئۇنىڭ بۇ دېگىنى خۇددى تىگىپ كەتكەن قوڭغۇراق ئاۋازىدەك سادا پەيدا قىلىۋېتىدۇ. ھىتلېر ھاياجانلانغان ھالدا بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، ئاۋستىرىيە توغرىسىدا گېرمانىيە ھېچ قاچان قۇرال ئىشلىتىشنى ئويلاشقان ئەمەس؛ گېرمانىيە بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش ئىشى بولسا ئاۋستىرىيە خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ تەلىۋى، دەيدۇ.

يىغىن تەنەپپۇسقا چىقىپ چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرغان ۋاقىتدا، شىمىدت، ئەندى تىنچلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ئىشلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى دەپ پەرەز قىلىدۇ. "ھىتلېرنىڭ غەزىۋى تا شۇ چاققىچە پەسەيمىگەن ئىدى. - دەيدۇ كىركپاترىك ئەسلىمىسىدە، _ نېۋرات پەقەتلا خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئەمما لورد خالىفاكس تەرجىمان بولماي تۇرۇپ سۆزلىشەلمەيتتى. مەن سۆھبەتنىڭ داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچەپ باققان بولساممۇ بىرەر نەتىجىسى بولمىدى. ھىتلېر قەتئىي ئېغىز ئاچماي ئولتۇرۇۋالدى. ئۇلار ئاقىۋەتتە ئېچىنىشلىق تۈردە تارمار كەلتۈرۈلدى." گەرچە ئۇ ئېغىز ئاچقاندەك قىلسىمۇ، ھىتلېرنىڭ گەپلىرى بەكلا زەھەرلىك ئىدى. ھەتتا قوپاللىشىپ ئەدەپسىزلىك قىلىش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يەتكەن ئىدى. خالىفاكسنى نېمىسلار ياخشى كۆرىدىغان گەپلەرگە بۇرايدۇ، يەنى ئۇۋچىلىق ھەققىدە گەپ باشلىغاندىن كېيىن،425 ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "مەن

ئۇۋ قىلمەن دېيىشكىلارنىڭ قىلچە مەنىسى يوقكەن. چۈنكى سىز پۈتۈنلەي زامانىۋى قۇرال بىلەن قۇراللىنىپ ئۇۋ قىلىمەن دەيدىكەنسىز، ئەمما سىز ئۇۋلىماقچى بولغان بىچارە ھايۋاننىڭ قولىدا تومۇرنىڭ سۇنىقمۇ يوق. شۇڭا سىزگە ئۇنىڭدىن قىلچە خەۋپ كەلمەيدۇ.“ ئۇ مەسخىرە قىلغان ھالدا كۆپچىلىكنى ئوۋغا چىقمەن دەپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ئورنىغا قۇشخانىغا كىرىپ كالا بوغۇزلىغىنىڭلار تېخىمۇ ياخشى بولماسمۇ؟ دەپ يول كۆرسىتىدۇ. ”قىسقىسى، _ دەيدۇ كىركپاترىك ئەسلەپ كېلىپ، _ ئۇنىڭ ئىپادىسى باشتىن ئاخىرى ئەكە يېتىشتۈرۈلگەن، ھېچ نېمىنىڭ تايىنى يوقلا رەنجىپ كېتىدىغان بىر كىچىك بالىدەكلا قىلىقلارنى قىلاتتى.“

ئۇلار ھەممىسى ئاستى قەۋەتكە چۈشىدۇ. ھېتلېر چوڭ بىر ئىستاكان شاكىلات ئىچىملىكى ئۈستىگە بىر مۇنچە پىشلاق قويۇپ ئىچىدۇ؛ باشقىلار قەھۋە ئىچىشىدۇ. بۇ يەردە ھەممىنىڭ كۆڭلى بىر قەدەر كۆتۈرۈلگەندەك كۆرۈنەتتى. بولۇپمۇ بىر قانچە ئىس-ئىپچىنىڭ رەسىملىك چوڭ قاناتلىق پەنجىرىنى ئاۋاز چىقارماي پولغا چۈشۈرۈپ، ئۆي ئىچى پەنجىرە قاپقاقلىرىنى ھەم ئېتىۋېتىشى بىلەن كىشىلەر ئۆزلىرىنى خېلىلا يەڭگىل ھېس قىلىشىدۇ.

بېرلىنگە قاراپ ماڭغان كەچلىك پويىزدا، نېۋرات ئەنگلىيىلىك ئىككى مېھمان بىلەن بىرلىكتە چاي ئىچىپ ماڭىدۇ. ئەپسۇسكى فۇھرېر چارچاپ كېتىپتۇ، ئەسلىدىنلا سالامەتلىكى تازا دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى؛ شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا چەتئەللىك مېھمانلار بىلەن كۆرۈشەلىدى. بۇمۇ ياخشى بولغىنى، دەيدۇ. كامىرا ئىچىدە يالغۇز ئۇلار ئىككىسىلا قالغىنىدا، خالىفاكس، كىركپاترىكقا ھېتلېر مېنى قايمۇقتۇرۇپلا قويدى، دەپ سىرىنى ئېيتىدۇ. ”ئوخشىمىغان ئىككى دۆلەتتىن بولغان، بىر-بىرىنىڭ گېپىنى بىلمەي تەرجىمانغا تايىنىپ سۆھبەت قىلىشىدىغان ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتتىن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق نەتىجە كۈتۈش مۇمكىنمىدۇ؟ _ ئۇلاردىن بىرسى باشقىلارغا ئاسانلا ئېشىنىپ قالىدىغان بىرسى بولغىنىدا بۇنىڭدىن ئارتۇق نەتىجە كۈتۈش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خالىفاكس شۇ كۈنىسى كۈندىلىك خاتىرىسىگە يازغان قاراشلىرى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. «ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرغان تەسىرى، مېنىڭچە ئۇ، بۇگۈنكى قولغا كەلتۈرگەنلىرى ئۈچۈن بەكلا كۆپ مۇشكۈللەرنى باشتىن كەچۈرۈپ مىلىك تەستە ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئېنىق. ئەمما ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يەنىلا ئۆزلىرى ياراتقان دۇنياسىدا، غەلىتە يىرى، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى خىيال قىلىپ خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىدۇر. ئۇ يەنىلا ئۆزىگە خاس سۆزلەملەرنى ئىشلىتىشتە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ كەلمەكتە. يەنى، ’كوللىكتىپ بىخەتەرلىك‘ دەمدۇ، ’ئومۇمىي

يۈزلۈك ھەل قىلىش' دەمدۇ، 'ھەربى ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش' دەمدۇ، 'ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى' دەمدۇ، ئىش قىلىپ بىر مۇنچە قۇرۇق گەپلەرگە چەك ئېسىلىۋالغان. بۇ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ياۋروپانىڭ ھەر تۈرلۈك قىينچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشتا ئۈنۈملۈك بىرەر ئىستىقبال ۋەدە قىلالمايدىغان نەرسىلەر."

لوندونغا قايتقىنىدىن كېيىن (يولغا چىقىشتىن ئاۋال، ئۇ يەنە گىۆرىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ئىدى. گىۆرىڭ ئۇنىڭغا "بىز ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا قورال ئىشلىتىشكە ئۇرۇنمايمىز" دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدى)، خالىفاكىس، مەن گېرمانىيىنى تولۇق چۈشەنگەنلىكىمگە ئىشەنچ قىلالىتى. يەنى، ئۇ يارىشىش سىياسىتىگە قوشۇلۇلغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ قايتىدۇ. ئۇ كەسسىپداشلىرىغا، فۇھرېر "ھەقىقەتەنمۇ قالىس سەممىي ئادەم ئىكەن" دەيدۇ. ئۇ پارلامېنتتا بۇ قېتىمقى زىيارىتى ھەققىدە بەرگەن دوكلاتىدا، "نېمىسلارنىڭ دەرھال تەۋەككۈلچىلىك قىلىش دەيدىغان بىرەر سىياسىي تى يوق ئىكەن. ئۇلار ھازىر ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ غېمىدا ئالدىراش ئىكەن. گېرمانىيە ھېلىغىچىلا ئىنقىلاپ دەۋرىنى ياشىماقتا" دەيدۇ.

ئەمما ئۇنىڭ شەخسى كاتىبى نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولالماي گاڭگىراپلا قالغان ئىدى. "ھەيرانمەن. _ دەپ يازىدۇ بۇ كاتىپ، _ ئالىي مەزھەپ پىرىنسىپى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان خالىفاكىسنىڭ، ھىتلېرنىڭ ئويۇنلىرىغا قىلچە ھەيرانلىق ھېس قىلماي، نېمىسلارنى كەچۈرۈشنىڭلا غېمىدا يۈرىشى ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە. كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىدىغان پاكىتلارنى بەكلا ئاسان كۆرمەسكە سالالايدىكەن، كۆڭلىدە بىرەر غەشلىك بولغىدەك قىلسىمۇ ئۇنى بەكلا ئاقلانىلىق بىلەن، ھەتتا بەكلا سۇنئىيلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتەلەيدىكەن."

ئەمما خالىفاكىسنىڭ قايىل قىلىش ئىشىدا ھىتلېرنىڭ چۈشەندۈرىشى پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ، پۈتۈنلەي ئۆزگىچە قاراشقا ئىگە ئىدى: "مېنىڭ دائىم دەپ يۈرگىنىمدەك، ئېنگلىزلار مېنىڭ بىلەن بىر ئىشتاننىڭ پۇشقىغا پۇت سېلىپ يۈرگەنلەردۇر. ئۇلارنىڭ سىياسىي تىدە ئۇلار يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان يېتەكچى پىرىنسىپى مېنىڭ پىرىنسىپلىرىمغا پۈتۈنلەي ئوخشايدىكەن. بۇ دېمەك، بولشېۋىكلارنى چوقۇم تارمار كەلتۈرۈش لازىم دېگەنلىكتۇر."

ھىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆتكەن قېتىمقى روژدېستىۋا بايرىمىدىكىگە ئوخشاش بۇ يىلقى بايرام ھەرگىزمۇ قاپقىنى تۈرۈپلا يۈرىدىغان بىر مىلاد بايرىمى ھېسابلانمايتتى. ئادولفنىڭ خىزمەتچىسىنىڭ دېيىشىچە، نوئېل بايرىمىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ۋە بەكلا خوشال ئىدى. مىيۇنخېندىكى ئۆيىدە ئادولف بىلەن خىزمەتچىسى كىراۋۇس

ئىككىسى بىرلىكتە پولدا يۇگۇنگىنىچە ئولتۇرۇپ يېگى روژدېستىۋا سوۋغاتلىرىنى يىغىۋاتقىنىدا، كراۋۇس دىققەتسىزلىكىدىن خوجايىنىنىڭ باش بارمىقىنى قوشۇپ چېگىۋېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن ھىتلېر كۇلۇپ كېتىپ خىزمەتچىسىنىڭ مۆرىسىنى قاققىنىچە، "ماڭ بىرىپ كەچلىك تاماقتا كىيىدىغان كىيىمىنى ئېلىپ كەل" دەپ بۇيرۇيدۇ. فۇھرېر، خىزمەتچىسى بىلەن بىرلىكتە بۇ قىممەتلىك روژدېستىۋا بايرىمىنى ياخشىلاپ ئۆتكۈزىۋېلىشنى ئويلايتتى. ئۇلار ئىككىسى بىر سۇيىقەستچىگە ئوخشاش ئېس-ئېس مۇھاپىزەتچىلىرىدىن يوشۇرۇن پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشىدۇ. ئاندىن سىرتتا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان تاكسىغا ئولتۇرىدۇ. "بىزنى ھېچ كىم كۆرمىدى، شۇنداقمۇ؟" دەيدۇ ھىتلېر چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن. "مەن ئەسلىدە شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇراي دېگەن ئىدىم، ئەمما ھىتلېر مېنى بىلىكىمدىن تارتىپ چۈشىرىۋېتىپ ئۆزى ئالدىغا چىقىۋالدى. مەنمۇ ئامالسىز تاكسىنىڭ كەينىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ بەردىم." تاكسى ميۇنخېن شەھەر ئىچىدە تىنماي يولىنى ئۆزگەرتىپ ئىككى سائەتتەك ئايلانغىنىدىن كېيىن، ئاخىرى ھىتلېر شوپۇرغا بارىدىغان ئادرىسنى ئېيتىپ بېرىدۇ: "لۇيىتپولد قەھۋەخانىسىغا ھايدا."

تاكسى شوپۇرى ماشىنىسىغا چىققان خېرىدارىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ كىشىلەردىن قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن ئارانلا تۇرغان ئىدى. مېھمەنخانا ئالدىغا كەلگەندە ماشىنىسىنى توختىتىپ كىرا پۇلىنى ئېلىۋالغىنىدىن كېيىن، ئۇھ، دېگىنىچە دەرھال ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالىدۇ. "تاكسى شوپۇرى بىزنى راستىنلا بەكلا غەلىتە كىشىلەر دەپ ئويلاپ قالدى ھەقىچان. _ دەيدۇ كراۋۇس شۇ كۈننى ئەسلەپ، _ شوپۇر راستىنلا توغرا ئويلىغان ئىدى. دېمىسىمۇ بۇ قىممەتلىك ساياھىتىمىزدىن مەنمۇ بەكلا ھەيران قالغان ئىدىم." ھىتلېر مېھمانخانىغا كىرمەي كۆنىگسپلاتز مەيدانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ، كراۋۇسنىڭ ھۇلۇققىنىچە ئالدى-كەينىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، "قورقما، ئادولف ھىتلېرنى ئۆز بېشىغا ميۇنخېن كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ دەپ ھېچ كىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ" دەپ ئۇنى خاتىرجەم قىلماقچى بولىدۇ. ھىتلېر شۇنداق دېگىنى بىلەن، بىرەرسى يېنىدىن ئۆتۈپ قالسا ئۇ يەنىلا بېشىنى ئېگىپ يۈزىنى كۆرسەتمەسلىككە تىرىشاتتى. بۇ چاغدا مۆلدۈر يېغىشقا باشلايدۇ. ھىتلېر، ئايىقى مۆلدۈردىن تېيىلىپ بولمىغاچقا خىزمەتچىسىنى قولتۇقلىۋالىدۇ. ئۇلار توختىماي ئالدىغا قاراپ ماڭاتتى. شۇ مېڭىشتا ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالىدۇ. شۇ قېتىم ئادولف پوسلاردىن ئۇستىلىق بىلەن قۇتۇلۇپ ئۆتەلىگەنلىكى ۋە كوچىلاردا ھېچ كىمگە تۇيدۇرماي ئايلىنىپ يۈرەلىگەنلىكىدىن خۇددى كىچىك بالىدەك خوشال بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئەمما ئۇ ئەتىسى ھىملېر بۇ خىزمەتچىنى قاتتىق ئەيىپلەپ كېتىدۇ: "سەن بۇنداق خەتەرلىك ئۇيۇنغا

قىتئەلىماسلىقلىق كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن فۇھرېر بۇنىڭغا ئوخشاش ھەر قانداق بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ھەرىكەت قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ قارشى تۇرغىنىغىمۇ قارىماي چوقۇم ماڭا مەلۇمات بېرىسەن" دەپ بۇيرۇق قىلدى.

6

يىل ئاخىرسىدا، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چەمبېرلىن خاتىرجەم قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزۈلىدىغانلا بولىدىكەن ياۋروپادا ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىق بەرپا قىلىشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ھەتتا تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئەدېن (بۇنىڭدىن گۇمانلانسىمۇ) مۇ تەييارلىغان تەكلىپ لايىھىسىدە «گېرمانىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك تەدبىرى» دىمۇ ئەنە شۇ خىل ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. بۇ تەكلىپ لايىھىسى 1938-يىلى يېڭى يىل بايرام كۈنى سۇنۇلغان بولۇپ، "خالىفاكس بىلەن ھىتلېر ئەپەندى ئىككىسىنىڭ سۆھبىتى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئەگەر بىز گېرمانىيە مەسىلىسىنى بىراقلا ھەل قىلىشنى ئويلايدىكەنمىز، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئەمەس بەلكى بىز چوقۇم ھەرىكەتكە كېلىپ بەزى كونكرېتنى لايىھىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ... شۇنداق ئىكەن، ئىككىنچى قېتىملىق ھەرىكەت بىز تەرەپتىن بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىز يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتىن پەيدا بولغان ئۈمىدىمىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدىكەنمىز، بىز چوقۇم بىرەر ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇرمىز. بىز بۇ ئىشنى ئىزچىل كەينىگە سوزۇپ يۈرمەي، تېنىماي ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك" دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئەدېن ئوتتۇرىغا قويغان "كونكرېتنى لايىھە" دە ئەسلىدە ئەنگلىيىگە تەۋە بولمىغان، يەنى بىلگىيە بىلەن پورتۇگالىيىگە تەۋە ئافرىقادىكى مۇئەييەن كۆپ قىسىم تۇپراقلارنى ھىتلېرغا سوغات قىلىش تەكلىۋى ئىدى. ئەمما ھىتلېر بۇنداق ئەرزانغا سېتىۋالغىلى بولىدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ خالىفاكس بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەنگلىيە تەرەپ گېرمانىيىنىڭ شەرق ۋە شەرقىي جەنۇبقا كېڭىيىش ھەرىكىتىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشى، پەقەتلا كۆرۈنۈشتە قانۇنلۇق بىر ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىسىلا كۇپايە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، روشەنكى، فرىتىش، بلومبېرگ ۋە قالغان كونا ھەربىي رەھبەرلەر بۇنداق بىر تەۋەككۈلچى سىياسەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاپەتتىن قورقۇشۇپ، ئۆزۈش تەھدىتىنى دىپلوماتىك قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىشنى ئويلىسىلا چارىلىرى تاتىرىپ كېتەتتى. شۇنداق بولغاچقا،

ئۇلارنىڭ فۇھرېر بىلەن تىركىشىپ قېلىشى بىر مۇقەررەرلىك ئىدى.

بۇقېتىمقى كرىزىس ئەرنا گرۇئېن خانىم تەرىپىدىن تېخىمۇ تىزلەشتۈرۈلدى. بۇ ئايال بۇرۇن بىر فاھىشە بولۇپ، ھازىر ئۇ بلومبېرگ ئىشخانىسىنىڭ بىر ماشىنىستى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ تېزلا 6 يىلدىن بېرى بويتاق يۈرگەن بۇقۇرۇغلۇق ئارمىيە مارشالى، بۇ ئايالنى نىكاھىغا ئېلىش قارارىغا كېلىدۇ. ئوفىتسېرلار قانۇنىغا ئاساسەن، ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەتتا ئۆيىدىكى كىر يۇغۇچى خىزمەتچى ئايالنى خوتۇنلۇققا ئېلىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىق ھېسابلىناتتى.

12-يانۋار كۈنى، گيۆرىڭ بىلەن ھىتلېرنىڭ نىكاھ شاھىتلىقى بىلەن بۇ قۇرۇغلۇق ئارمىيە مارشالى ماشىنىستى بىلەن ئۆرۈش مىنىستىرلىكىنىڭ بىر بۆلۈمىدە نىكا مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما بۇ يېڭى جۈپ شىرىن ئاي ساياھىتىگە يۈرۈپ كەتكىنىدە، بلومبېرگنىڭ بۇ ياش ئايالىنىڭ كونا ئىشلىرى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەر ھەر تەرەپكە يېيىلىشقا باشلايدۇ. بۇ ئايالنىڭ ئارخىۋىدا بېرلىن ساقچىسى ئۇنىڭ فاھىشە بولغانلىق ئىش ئىزلىرىنى تېپىپلا قالماي، ئۇنىڭ يەنە يالىڭاچ رەسىمگە چۈشكەنلىكىنىمۇ تېپىپ چىقىشىدۇ. بۇ تۈردىكى ماتېرىياللارنىڭ تېپىلىشى ھىتلېرنى بەكلا ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۇنى قاتتىق غەزەپلەندۈرۈپ، غەمگە پاتۇرىۋېتىدۇ. ئۇ، بلومبېرگنىڭ ئوتتۇرلۇقتا تارقىلىپ يۈرىشى ئېھتىمال بولغان ھەر قانداق بىر پىتنە-پاساتنى يوققا چىقىرىشنى مەقسەت قىلىپ مېنى بۇ نىكادا شاھىتلىق قىلدۇرۇغان ئىكەن، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ گيۆرىڭغا ئەرنانىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى قۇرۇغلۇق ئارمىيە مارشالغا ئېيتىپ قويۇشنى بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇ، بۇ قېتىمقى نىكانى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ماقۇل بولىدىغانلا بولسا، بۇ سەتچىلىكنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يوللىرىنى يەنىلا تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى؛ بولمىسا بلومبېرگنى ئىشىدىن چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇنىڭ ئورنىغا كېلىدىغان ۋارىس تەبىئىي ھالدا فىرىتش ئىدى. ئەمما بۇ كىشى فۇھرېرنىڭ سىياسىي تىگە تېخىمۇ بەك قارشى چىقىدىغان بىرسى ئىدى. بۇنداق بىر ئېھتىماللىقنى ئويلىغان گيۆرىڭ، فرىتشنىڭ ئىككى نەپەر ”ھىتلېر ياشلىرى“ بىلەن بىر نەپەر باۋارىيە ئەسكىرى ئارىسىدا نامى پۇر كەتكەن ئەر فاھىشىگە بەچچىۋازلىق جىنايىتى سادىر قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھىملېر بىلەن ھېيدىرىخ تەمىنلىگەن ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىگە كېلىدۇ. بۇ ھىتلېرغا ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن تۈزۈك ھەمكارلاشقىلى ئۇنىماي كېلىۋاتقان باش قوماندانىنى كۆزدىن يوقۇتۇشىنىڭ باھانىسىنى ئاختۇرۇپ يۈرگىنىدە يەتكۈزۈلگەن مۇھىم پاكىتلار بولۇپ رول ئوينايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر قىلچە نەسىھەت قىلىپ يۈرمەيلا بۇ پاكىتلارنى ئىشقا سالىدۇ.

گيۆرىڭ ئىشخانىدىن چىقىۋاتقىنىدا بۇ ئىشتىن ھەققەتەنمۇ قاتتىق خوشال بولغانلىقى ئېنىق. مانا شۇ بىرلا ھۆنىرى بىلەن ئۇرۇش مىنىستىرى بلومبېرگ بىلەن ئۇنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىز باسارى بولىدىغان ئادىمىمۇ بىرلىكتە كۆزدىن يوقۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا گيۆرىڭنىڭ ئۆزى ئەڭ ئۈمىدلىك ئىز باسارغا ئايلانغان ئىدى. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، فۈھرېرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومىنى بلومبېرگقا ئۇختۇرىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇنىڭ نىكاھىنى ئەناۋەتسىز دەپ ئېلان قىلىشقا قەتئىي ئۇنىمايدۇ.

بېندلېر كوچىسىدا، گېنېراللارغا توختىماي پاھىشىلەردىن قىلىقسىز تېلېفونلار كېلىشكە باشلايدۇ. يەنى ئۇلار سابىق كەسىبدېشىنىڭ شۇنچە چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىدىن خوشاللىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە ئىدى. ۋون شلېيچېر بىلەن برېدوۋدىن ئىبارەت ئىككى گېنېرالنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئىشىنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتكۈزىۋەتكەن ئوفىتسېرلار ئىتتىپاقى، ئابرويىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بۇنداق بىر ئىشقا ھەرگىزمۇ كەچۈرۈم قىلالمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پىكىر بىرلىكىگە كېلىپ، ئەگەر بلومبېرگ ئوفىتسېرلار ئىتتىپاقىدا ئىسمى ئۆچۈرۈلىشنى قوبۇل قىلمىغىنىدا دەرھال ئىستىپا بېرىشى، شۇنىڭدەك ئايالى بىلەنمۇ ئاجرىشىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئۇلار فرىتشىنى ھىتلېرنىڭ ئالدىغا ئەۋەرتىپ بۇ تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ (ئەسلىدە فۈھرېرمۇ شۇنداق ئويلاپ ئولتۇراتتىكەن)، شۇنىڭغا قارىماي، بۇ ئىشتىن يەنىلا قاتتىق خاپا ئىدى. "ئۇ ئىشخانىسىدا تىنماي ئالدى-كەينىگە ماڭاتتى. _ دەيدۇ ھىتلېرنىڭ مەخسۇس ئاديۇتانتى ۋېيدېمان ئەسلىمىسىدە، _ ئۇ ئىككى قولىنى كەينىچە قوشتۇرىۋالغان، كۆڭلى بەكلا يېرىم بولغان ئىدى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى 'ئەگەر گېرمانىيىنىڭ بىر قورۇقلۇق ئارمىيە مارشالى بىر ئالدامچى بىلەن نىكاھلاندى دېمەك، بۇ دۇنيادا ھەر قانداق بىر ئىشنى يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولمىغىدەك!' دەپ تىنماي غۇدۇڭشۇيتتى."

ئۇ، خوسباخنى يېنىغا چاقىرتىپ، ئىككىسى بىرلىكتە نامزات مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئاديۇتانتى بەچچىۋازلىق ھەققىدىكى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان پاكىتلار چوقۇم ئۇيدۇرۇلغان بولىشى مۇمكىن دەپ قاراپ فرىتشىكە قارشى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ تالاش-تارتىشى تۈگىمەي تا يېرىم كېچىگەچە داۋام قىلىدۇ. خوسباخ ھىتلېرنىڭ يېنىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا فرىتشىنى بۇ مەسىلىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىشىنى ئۆتۈنىدۇ. بۇنىڭغا ھىتلېرنىڭ جاۋابى ياق، قەتئىي بولمايدۇ بولۇپ، ئۇنىڭغا دەرھال بۇنداق قىلىشقا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما خوسباخ يەنىلا ئۇدۇل فرىتشىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالىدۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان گېنېرال ئۆزىنى بۇنداق دەپ قارىلىغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ قايناپ كېتىدۇ. "ئەگەر ھىتلېر مېنى

يوقاتماقچى بولىدىكەن، - دەيدۇ ۋارقىراپ، _ ماڭا مەقسىدىنى دېسۇن يېتەر، مەن دەرھال ئىستىپا بېرىمەن!"

"بىر ئايال كىشى بىر دۆلەتنىڭ، شۇ ئارقىلىق يەنە دۇنيانىڭ تارىخىغا نېمە دېگەن زور تەسىر كۆرسىتەلىگەن-ھە! بۇ يەنە كېلىپ بىلىپ-بىلمەيلا كۆرسەتكەن بىر تەسىر! بۇنىڭغا ئىشەنمەك ھەقىقەتەنمۇ تەس" دەپ يازىدۇ پولكوۋنىك جودل ئەتىسى، يەنى 26-يانۋاردىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خوسباخ جاسارەتلىنىپ بۆيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ فرىتىش بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ھىتلېرغا مەلۇم قىلىدۇ. ھەيران قالارلىق يېرى، بۇ گەپكە ھىتلېر قىلچىمۇ خاپا بولمايدۇ. گويا ئۇ، فرىتىشنىڭ پەرۋاسىزلارچە قىلغان باياناتىدىن رازى بولغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەندى ئۇنى ئۇرۇش مىنىستىرى قىلىپ كۆرسەتمەسلىكنىڭ ھېچ بىر سەۋەبى قالمىدى دەيدۇ. ئۇ گېنېرال فرىتىشنى پەۋقۇلئاددە ماختاش بىلەنلا قالماي، ھېچ قاچان ئۇنى يوقۇتۇش نىيىتىدە بولۇپ باققان ئەمەسمەن دەپ قەسەم قىلىدۇ. ئەمما ئارىدىن بىر قانچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ھىتلېر قايتا خوسباخنى يېنىغا چاقىرىپ، فرىتىشنى تىللاپ ۋەتۋەرىكنى چىقىرىۋېتىدۇ. خوسباخ ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ بىرەر ھەرىكەت قوللىنىپ قالماسلىقنى، ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىپ دېگەنلىرىنى سىپلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ئاندىن بىر نېمە دېيىشى ھەققىدە يالۋۇرىدۇ. فۈھرېرمۇ بۇ مەسىلىھەتكە مىڭ تەستە ماقۇل بولۇپ شۇ ئاخشىمى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشىدىغان بولىدۇ. تاڭ ئاتقاندا ۋىيىدىمانمۇ ھىتلېرنىڭ يېنىغا كىرىپ كۆرۈشۈپ تەكلىپتىن بىرنى بېرىپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەكلىۋىگە قايىل بولمايدۇ. ئەسلىدە، گىيۆرىڭ ئۆزىنى ئۇرۇش مىنىستىرى نامزاتلىقىغا كۆرسىتىشكە ۋىيىدىماننى ماقۇل كەلتۈرىۋالغان ئىدى.

ھىتلېر ئۇنىڭغا: "قەتئى بولمايدۇ! گىيۆرىڭ دېگەن كۆزدىن كۆچۈرۈشنىمۇ تۈزۈك قاملاشتۇرالمايدىغان بىرسى. بۇ جەھەتتە مەن ئۇنىڭكىدىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىكەنمەن تېخى!" دەيدۇ.

شۇ كۈنى كەچرەك ۋاقىتتا، ھىتلېر يەنە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان تەكلىپتىن بىرنى ئاڭلايدۇ. ئۇ چاغدا، ھىتلېر ئەپسۇسلانغان ھالدا بلومبېرگقا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئۇختۇرۇۋاتقان ئىدى. نازاكەت نوقتىسىدا ئۇنىڭدىن ئورنىغا بىرەر ئىز باسار كۆرسىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بلومبېرگ ئۇنىڭغا بۇ ئىش ئۈچۈن گىيۆرىڭنى تەكلىپ قىلىدۇ. يەنى ئۆزىنى ۋەيران قىلىش ئىشلىرىغا ياردەمچى بولغان بىرسىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا كۆرسىتىۋاتاتتى. بۇ قېتىم ھىتلېر قىلچىمۇ يوشۇرماي ئۇدۇللا، گىيۆرىڭ دېگەن بۇ ئادەمدە پەقەتلا ئۆزىنى بېسىۋالالمايدۇ، ھەم بەكلا ھورۇن، دەيدۇ. ئۇنىڭداقتا، دەيدۇ

بلومبېرگ، فۇھرېرىم ئۆزىڭىز نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش مىنىستىرى ۋەزىپىسىنى ئۆز قولىڭىزدا تۇتمايسىز؟ دەپ سورايدۇ. روشەنكى، بلومبېرگ بۇ گەپنى ئۇنىڭغا يامان غەرەز بىلەن دېگەن ئىدى. ئەگەر ھىتلېر ئۈچ ئارمىيە ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالغىنىدا، ئۆزىنى سېپتۇەتكەن ئوفىتسېرلار ئىتتىپاقىنى زەئىپلەشتۈرۈش مۇددىاسىغا ئېرىشەلىگەن ھېسابلىناتتى.

ھىتلېر بۇ تەكلىپنى يا رەت قىلماي يا ماقۇل بولماي گەپنى ئەگىتىپ تۇرىۋالىدۇ. كېيىن ئۇ ئۈچ ئارمىيە ھوقۇقىنى كىمگە تاپشۇرساق مۇۋاپىق بولار دەپ قايتا سورايدۇ. بلومبېرگ بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر نامزات كۆرسىتەلمەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھىتلېر ئۇنىڭدىن "ئادەملىرىڭگە كىم مەسئۇل بولىۋاتىدۇ؟" دەپ سورايدۇ. بلومبېرگ، گېنېرال ۋىلھېلم كېيتېل ئومۇمىي يۈزلۈك باشقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئالدىراپ قوشۇمچە قىلىدۇ: قىزىنىڭ كەلگۈسى قېينى ئاتىسى بولىدىغان بىرسىنىڭ بۇنداق مۇھىم بىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، "ئۇ دېگەن ئىشخانامدىكى ئىشلارغىلا قاراپ يۈرگەن بىرسى" دەيدۇ.

"ئۇنداقتا بۇ ئادەم دەل مېنىڭ ئىستىگەن ئادىمىم ئىكەن!" دەيدۇ ھىتلېر.

شۇ كۈنى چۈشتە، بىر قارىماققا "پۈتۈنلەي روھى چۈشۈپ ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن" بلومبېرگ ئىشخانىسىغا قايتىپ كېلىپ، يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كېيتېلغا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ ئايالىنىڭ بۇرۇن شەرمەندىلەرچە ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان بىرسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، "ئەمما يالغۇز بۇنداق گەپلەرلا بىر ئايالدىن ئاجرىشىشنىڭ باھانىسى بولالماسلىقى كېرەكقۇ؟" ئۇ ئۆزىنىڭ ھىتلېر بىلەن سىلىق-سىپايىلىق بىلەن ئايرىلغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئەگەر ئۇرۇش بولۇپ قالغىدەك قىلسا دەرھال فۇھرېرنىڭ يېنىدا بولىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.429 كېيتېل ئۇنىڭغا بالىلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ ئايالدىن ئاجرىشىپ كېتىشنى مەسلىھەت قىلىدۇ. بلومبېرگ ئۇنىڭغا، بىزنىڭ توي قىلىشىمىز بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىزنىڭ نەتىجىسى، "ئەگەر ئاجرىشىشقا توغرا كەلسە، ئاجراشقىنىمدىن مېڭەمگە بىر پاي ئوق ئېتىپ تۈگەشكىنىم ياخشىراق" دەپ دوق قىلىپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇ كۆزلىرى ياشقا تولغان ھالدا ئىشخانىسىدىن يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كېتىدۇ.

كېيتېل، چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە ھىتلېرنىڭ رەسمىي سىزىش ئۆيىگە چاقىرتىلىدۇ. ھىتلېر ئاغرىنغان ھالدا ئۆزىنىڭ بەكلا يالغۇز قالغانلىقىنى، شۇڭا كېيتېلنىڭ ئۇنى چوقۇم قوللاپ بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ گېپىنى سەل ھاياجان ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇپ، بلومبېرگقا بەكلا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ياردىمى

بولغاچقىلا ئىشلىرىنىڭ ئۈگۈشلۈك بولىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن ئۇ يەنە ئاغرىنىشىنى داۋام قىلىپ، ئۇلار مېنى نىكاھ شاھىتلىقىغا ئاپىرىپ مېنى ئالدىۋېتىشتى.

ئەمەلگە ئاشمايدىغان بۇنداق بىر نىكاھنى ئوفىتسېرلار ئېتىراپ قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ كېيتېل ئامالسىز: راست دەيسىز، ئۇلار قوبۇل قىلالمايتتى، دەيدۇ. كېيىنكى سۇئالى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا كەلتۈرۈلۈش مەسىلىسى ھەققىدە ئىدى. كېيتېل كىمنىمۇ كۆرسىتەلىشى مۇمكىن؟ شۇڭا ئۇمۇ خۇددى بىلومبىرگقا ئوخشاش گېيۆرىڭنى كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ نامزاتلىقىنى يەنە بىر قېتىم رەت قىلىدۇ. كېيتېلنىڭ يەنە بىر نامزاتى فرىتش ئىدى. فۇھرېر ئۇستىلنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر پارچە ئەدلىيە مىنىستىرى ئىمزا قويىغان ئەرزنامىنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئەرزنامىدا فرىتشنى بەچچىۋازلىق جىنايىتى بىلەن قارىلىغان ئىدى. ھىتلېر ئۇنىڭغا، بۇندىن بۇرۇنمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر شىكايەتنامىنى باستۇرىۋەتكەنلىكىنى، ئەمما بۇ قېتىم ھەربىي ساھەدە ئەڭ ئالىي ھوقۇق بېرىلىشى كېرەك بولغان مۇھىم مەسىلىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋال فرىتش بىلەن يالغۇز سۆزلىشىپ، ئۇنىڭدىن بۇنداق بىر جىنايەت سادىر قىلغان-قىلمىغانلىقىنى ئۆزىدىن سوراپ كۆرىمەن. قېنى ئۇنىڭ بۇ مەسىلىگە قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىغا قاراپ باقارمىز دەيدۇ.

بۇ قېتىمقى ئۆزنى ئاقلاش ھەققىدىكى كۆرۈشۈش شۇ كۈنى فۇھرېرنىڭ قىرائەتخانىسىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىككى نەپەر "ھىتلېر ياشلىرى" بىلەن "باۋارىيە ئەسكىرى" گە بەچچىۋازلىق قىلغانلىقىنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە فرىتش، ھېچ نىمىدىن خەۋىرىم يوق دەيدۇ. ئۇ ئۆز خىيالىدا فۇھرېر ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى نەپەر "ھىتلېر ياشلىرى" بىلەن بىرگە قىلغان ئاخماقانە ئىشنى سورىسا كېرەك دەپ ئويلاپ، بۇنچە تايىنى يوق بىر ئىشنى شۇنچە چوڭايتىپ يۈرۈشكە قاتتىق خاپا بولىدۇ. ئۇ چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، مەن بەزىدە بۇ ئىككى ياشنى چاقىرىپ تاماققا تەكلىپ قىلىپ قوياتتىم. ئاندىن ئۇلارغا خەرىتە كۆرۈشنى ئۆگىتەتتىم. ئەگەر ئۇلاردىن كىمكى بىرسى دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرمىگەنلىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭ سۆڭىگە سىزغۇچۇم بىلەن نوقۇپ قوياتتىم، دەيدۇ.

ھىتلېر بۇ ئىككى ياش ھەققىدە تېخىچە ھېچ نىمە ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەن. شۇڭا ئۇ فرىتشنى دەرھال شىتاپتىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. بۇنىڭدىن فرىتش ھەيران بولۇپ داڭ قېتىپلا قالىدۇ. ئۇ تېخى باش مىنىسترلىكتىن ئايرىلماي تۇرۇپلا ھىتلېر ئۇنىڭ مەخسۇس ئادىيوتانتىغا بايىقى ھادىسىنى ھاياجان ئىچىدە بايان قىلىپ بېرىدۇ: "ئويلاپ باق ۋىيىدېمان، ئۇ ئويناپ يۈرگەن ياش باللارنىڭ ئىككى ئەمەس بەلكى تۆت نەپەر

ئىكەنلىكىنى تۇيۇقسىزلا بىلىپ قالدىم! بۇ ئىشنى يوشۇرغىدەك يېرى قالماپتۇ.“
ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، كېيتېل ھىتلېرغا فرىتش ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ سىرتقىمۇ چىقماي قاملىپ ئولتۇرىۋالدى دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. ھىتلېر تېخىچىلا خاتىرجەم ئەمەس بولۇپ، ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنىلا شۇ ئىز باسار مەسىلىسى بار ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ، ئەڭ ئالىي قوماندانلىق ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋېلىش، كېيتېلنى ئۆزىنىڭ شتاپ باشلىقى قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، يەنە بىر كۆڭۈلسىز ئىش يۈز بېرىدۇ. خوسباخ كۆرۈنۈشتە بوي سۇنغاندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ھىتلېرنىڭ تەلىۋىنىڭ ئەكسىچە فرىتشقا ئەھۋالدىن مەلۇمات بېرىۋېتىدۇ. شۇڭا ھىتلېر ئامال يوق مەڭگۈ ئۇچراشماسلىق ئۈچۈن ئۇنىمۇ ئىشتىن چىقىرىۋېتىدۇ.
خوسباخنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى، ۋىيدېماننى خوسباخنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ھەم ھەيران قالدۇرىدۇ ھەم خاپا قىلىدۇ. ئۇ فۈھرېرنى ئىستەپ تاپىدۇ. بۇ چاغدا ھىتلېر قىشلىق باغچىدا تىت-تىت بولغىنىچە ئالدى-كەينىگە مېڭىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. ”فۈھرېرىم، ـ دەيدۇۋىيدېمان قاتتىق ھاياجان بىلەن، ـ سىز بۇگۈن بىرسىگە بەكلا ئۇۋال قىلدىڭىز!“ ”سەن كىمگە ئۇۋال قىلدىڭ دەيسەن؟“ ”پولكوۋنىك خوسباخقا!“ ”توغرا دەيسەن ۋىيدېمان، - ھىتلېر ئاخىرى ئېتىراپ قىلغان ھالدا، ـ دېگىنىڭ توغرا، بۈگۈن مەن باش شتاپ دېگەن بۇ 'ماشىنا' نىڭ كەينىدىكى 'ئادەم' ھېسابلانغان خوسباخنى يېڭىلا تونىيالىدىم. ئۇنىڭغا ئېيتقىن، مەن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايمەن. ئەمما مەن ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىق قارارىمنى بىكار قىلالمايمەن. شۇڭا ئۇ ئاق دېڭىزغا بارسۇن. ئۇنىڭغا دەپ قوي، ئۇ كېلىپ مېنىڭ بىلەن بىرگە كەچلىك تاماق يېسۇن. مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ بارلىق ئېسىل تەرەپلىرىنى تولۇق كۆرسىتىپ بىر پارچە تونۇشتۇرۇش يېزىپ بېرەي.“ ئەمما ئۇنىڭ ئەپۇ قىلىش مىجەزى دەرھال يوقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ قاچان بىرەر تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەرمەيدۇ. ”ئۇ نەرسە ھېچ ئىش قىلىپ بەرگىنى يوق. ئۇ ماڭا يالغان گەپ قىلىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلىپ بەرمىدى. ـ دەيدۇ ھىتلېر، ـ مەن ئۇنى شتاپقا مەڭگۈ يېقىن يولاتمايمەن!“ (كېيىن، ھىتلېر ئۇنى بىر قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېراللىقىغا تەستىقلاپ، بىر كورپۇسقا قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىگە قويىدۇ).
ھىتلېر شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ھەپتە جەريانىدا، بلومبېرگ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش، يەنى فرىتش سەتچىلىكىدىن قالغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئالدى بىلەن، ئۇ گېستاپوغا فرىتش دېلوسىنى ئومۇمىي يۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقىشقا بۇيرۇپ، ئاندىن پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلىپ باش قوماندان تاللاپ چىقىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ ئاخىرىدا باش قوماندانلىق ئۈچۈن گېنېرال ۋالتېر ۋون براۋچىتشىنى

ئۇيغۇن كۆرىدۇ (بۇ ئادەم ھىتلېرنىڭ ھەممە تەرىپىگە قايىل بولىشىغا قارىماي، تېخىچىلا ناتسىستلار پارتىيىسىگە ئەزا بولمىغان ئىدى)، شۇنىڭغا قارىماي يالغاندىن بىرىنچى بولۇپ رېيچېناۋنى تاللىدىم دەيدۇ. قۇرۇغلۇق ئارمىيە ۋەكىلى گېنېرال گېرد ۋون رۇندىستېدت بۇ نامزاتقا قەتئى قارشى چىقىدۇ. ئوفىتسېرلار ئىتتىپاقىنىڭ قارىشىچە رېيچېناۋ ئۇچىغا چىققان ناتسىست بولۇپلا قالماي، يەنە ئارمىيە ئىچىدىكى ئەڭ رادىكال ئۇنسۇرلاردىن بىرى ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنىشكە ئۇيغۇن كەلمەيدىكەن. رۇندىستېدت بولسا بېكنى نامزات قىلىپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ بۇنىڭغا ھىتلېر قوشۇلمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ كېيىنكى نامزاتى تەبىئىي ھالدا براۋچىتش ئىدى. بۇ ئىش ئاخىرى بىرىپ سودىلىشىش ئىشىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ قېتىم، رۇندىستېدت فۇھرېرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان نامزاتىنى قۇرۇغلۇق ئارمىيە قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان بىر نامزات دەيدۇ.

ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا پۈتمەيدۇ. براۋچىتش بەكلا مۇھىم بىر ئىشنى بارلىقنى ئاشكارىلايدۇ: ئۇنىڭ بېشى جىددى بىر ئىش سەۋەبىدىن بالادا قالغان بولۇپ، بۇ ئىش ھەل قىلىنماي ئۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەسلىدە ئۇ ئايالى بىلەن ئاجرىشىش جىددىي ئىچىگە پېتىپ قالغان بولۇپ، ئايالى ئۇنىڭدىن خېلى كۆپ ئاجرىشىش پۇلى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. ئەمما ئۇ پۈتۈنلەي قەرزگە بوغۇلغان ئەھۋالدا بولغاچقا، ئايالىغا ئۇنچىلىك كۆپ پۇل تۆلىگىدەك مادارى يوق ئىدى. ھىتلېر ئۇنىڭغا 80 مىڭ مارك پۇل بېرىپلا قالماي، يەنە ۋون براۋچىتش خانىمنى بۇ پۇلنى ئېلىپ ئاجرىشىشقا ماقۇل بولۇشقا كۆندۈرىدۇ. ھىتلېر ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇ سودا ئۇيغۇن بىر سودا ھېسابلىناتتى. چۈنكى ئۇ بۇ سودىلىشىش ئارقىلىق مەڭگۈ رەخمەت ئېيتىدىغان بىر باش قوماندانغا ئېرىشىش بىلەنلا قالماي، يەنە، ئورلىچ ۋون خاسسەلنىڭ دېيىشى بويىچە، براۋچىتش ئېلىشنى پىلانلاپ يۈرگەن خانىمغا ئېرىشكەن، يەنى چارلوت شمىدت دېگەن بۇ ئايال، "يۈزدە ئىككى يۈز ئەشەددى ناتسىست بىر ئايال" ئىدى. ھىتلېرنىڭ زىرىكمەي قايىل قىلىشقا كۈچ چىقىرىشى ھەممە كۆپ سانلىق پىشقەدەم گېنېراللارنىڭ تەۋرىنىپ يۈرگەنلىكى نەتىجىسىدە، بۇ قېتىمقى كىرىزىس ئاخىرى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىنىدۇ.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بۇ قېتىملىق توپىلىڭى تۆۋەن قاتلامغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەنلىكى ئىدى. فرىتشنىڭ يېقىن دوستى ۋە شۇنىڭدەك بلومبېرگ بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىۋەتكەن ئوفىتسېرلار ئارىسىدا بۇ قېتىمقى سەتچىلىكتىن خەۋىرى بارلارنىڭ سانى بەكلا ئاز ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ۋەزىپە ئۈستىدىكى گېنېراللار 1938-يىلى 4-فېۋرال كۈنى بېرلىنغا كېلىپ يىغىنغا قاتنىشىش ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك بۇ ئىشلاردىن ھەيران

قىلىشقان ئىدى. چۈنكى ئۇلار بۇ ئۆزگۈرۈشلەرنى ئەتىگەنلىك گېزىتلاردىنلا خەۋەر تاپقان ئىدى. ئۇلار باش مىنىستىرلىق زالىغا چاقىرتىلىپ ھىتلېر فرىتشنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى شۇنىڭدەك بلومبېرگنى نېمە ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغانلىق سەۋەبىنى بىرمۇ-بىر گېنېراللارغا ئۇقتۇرۇپ ئۆتىدۇ. يەنى بلومبېرگ ئەسلىدە بەختسىز بىر توي سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان ئىدى. "بىز بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قېلىشتۇق _ دەپ ئەسلەيدۇ ھېينز گۇدېرىئان، _ بىز بۇ ئىككى نەپەر يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرنى ياخشى بىلەتتۇق. ئۇلار ئىككىسىلا ئوچۇق-يورۇق كىشىلەر ئىدى. بۇنداق ئېغىر قارىلىنىشتىن ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى. بۇ گەپلەرنىڭ ھېچبىرسىگە ئىشەنگىمىز كەلمىدى. ئەمما بىزنىڭ بىرىنچى ئىنكاسىمىز، گېرمانىيە دۆلىتىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ئادىمىمۇ ھەرگىز يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ يۈرىدىغان بىرسى ئەمەس، دېيىشلا بولدى."

گەرچە ئوفىتسېرلار ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا يوۋاشلىق بىلەن ھىتلېرنىڭ قۇرۇغلۇق ئارمىيىنى قايتا تەشكىللىشىنى قوبۇل قىلىشتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى، بىر قېتىملىق ئىچكى كابىنېت يىغىنىدا، ھىتلېر ئۈچ ئارمىيىنى ئۆتكۈزۈپ ئالغانلىقىنى قانۇنلۇق ھالغا كەلتۈرىۋالىدۇ. ئۇ، كېيتېل بىلەن براۋچىتشىنى ئىچكى كابىنىتىكىلەرگە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، قۇراللىق كۈچلەرگە بۇندىن كېيىن ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ يىغىن ئىچكى كابىنىتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يىغىنى بولۇپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۈن-تۈنسىز ئۇنىڭ دېگىنىنى تەستىقلىشىدۇ.

يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا، گېرمانىيە خەلقى رادىئو ئارقىلىق فۈھرېر تارقاتقان مۇھىم قانۇندىن خەۋەر تېپىشىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلار يەنە بلومبېرگ بىلەن فرىتشنىڭمۇ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى، 16 نەپەر يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرنىڭمۇ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى، 44 نەپەر يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرنىڭ باشقا ۋەززىپىلەرگە يۆتكىۋېتىلگەنلىكىدىنمۇ خەۋەر تاپىدۇ. گيۆرىڭنىڭ ئۇرۇش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەنمىگەنلىكىگە تەسەللى بېرىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا ھاۋا ئارمىيە مارشاللىق ئۇنۋانىنى بېرىش ئارقىلىق كۆڭلى ئېلىنغان ئىدى. بۇ قېتىمقى تازىلاش دولقۇنى دىپلوماتىيە ساھەسىگىمۇ بېرىپ چېتىلغان ئىدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى نېۋراتنىڭ ئورنىغا رىببېنتروپ تەيىنلىنىدۇ. بۇ كىشى، ئەگەر بىر سائەت ۋاقتىمىزنىمۇ ئەنگلىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىش تەييارلىقى ئۈچۈن سەرىپ قىلمايدىكەنمىز، گېرمانىيە بىر سائەتنى قولدىن بېرىپ قويغان ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارايدىغان بىرسى ئىدى. تېخى يېقىندىلا، ئۇ ھىيىدلېرغا مۇنداق دېگەن ئىدى: ئەنگلىيە گېرمانىيىنىڭ كۈچلىنىپ كېتىشىگە چىدىمايدىغانلىقى

سەۋەبلىك، ئەنگلىيە-گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا شەرتنامە تۈزۈش ئېھتىمالىمۇ مەۋجۇت ئەمەس، "ئىش بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندە، ئۇلار چوقۇم ئۇرۇش قوزغايدۇ" دەپ ئېيتقان ئىدى.

بۇ كۈن، گېرمانىيە تارىخىدىكى ئۇنتۇلماس بىر كۈن ئىدى. گېرمانىيە قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىدىكى ئىككى نەپەر ئەڭ كۈچلۈك ئادەم تازىلىۋېتىلگەن، يەنە ئىككى نەپەر ھەربى رەھبەر، يەنى كېيتېل بىلەن براۋچىتش ئىككىسى ھىتلېرغا چەكسىز رەخمەت بىلدۈرگەن، ھىتلېرنىڭ ھەر قانداق تەلىۋىنى قەتئى جايىغا كەلتۈرىدىغان كىشىلەر بولۇپ قالغان ئىدى.

ھىتلېر ئىچكى كابىنېتنىڭ نۇتقىنى تاماملىغاندىن كېيىن، مايور رۇدولف شمۇندت ۋە يېڭىدىن قۇرۇغلۇق ئارمىيە ئادىيۇتانتلىقىغا كەلتۈرۈلگەن گېرخاردى ئەنگېللار بىلەن بىرلىكتە پىكاپلىق بېرچتېسگادېنغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. خوسباخنىڭ ئورنىغا مايور شمۇندت تەيىنلەنگەن بولۇپ، ھەربى ئىشلا ئادىيۇتانت مۇدىرلىقىغا كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، «خەلق كۈزەتكۈچلىرى» گېزىتىنىڭ باش تېمىسىنى كۆرۈپ چوقۇم گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىشى مۇقەررەر. چۈنكى بۇ باش تېما مۇنداق قويۇلغان ئىدى:

بارلىق ھوقۇق فۇھرېرىمىزنىڭ قولىدا!

ئۇ، گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تەڭداشسىز مۇستەبىتىگە ئايلاندى. ئەندى ئۇ، ئەڭ ئاخىرقى سەپەرگە تەييارلانماقتا.

# 16. كونا يۇرتىغا قايتىش

## 1938.4~1938.2

1

ۋېيىننادا، كىشىلەر ھىتلېرنىڭ قان تۆكمەستىن تازىلاش ئېلىپ بېرىشى ھەققىدىكى ئەكس سادالارنى شۇ ھامان ھېس قىلىشقان ئىدى. گېرمانىيە ئەلچىخانىسىدا، فرانز ۋون پاپېن ــ بۇرۇنقى باش مىنىستىر، ھازىر ئۇ كىچىك بىر دۆلەتنىڭ ئەھمىيەتسىز بىر ئەلچى ــ تېلېفونغا چاقىرتىلدۇ. تېلېفوننى باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسى كاتىبى لامىېرس ئاچىدۇ. "فۇھرېر سىزگە ۋېيىننادىكى ۋەزىپىڭىزنىڭ تاماملانغانلىقىنى ئۇختۇرماقچى، ــ دەيدۇ كاتىپ، ــ مېنىڭچە سىزگە بۇ خەۋەرنى گېزىتتىن كۆرگەن ۋاقتىڭىزغا ئۇدۇللاپ ئۇختۇرماقچى." پاپېن بۇ گەپتىن ئۇنى ئىچىگە چۆكۈپلا كېتىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا بۇ ئەرزىمەس ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىشقا ئۇندەش ئارقىلىق دولفۇسنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن كېيىن خەتەرلىك كىرىزىس ۋەزىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنىغا زەربە بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. "قارىغاندا، مەن ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ پۈتتۈرگەن بولسام كېرەك. شۇڭا ماڭا ھاجىتى قالمىغانلىقى ئېنىق." ئۇ ئازاپلانغان ھالدا شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ يوقۇرقىدەك گەپلەرنى قىلىدۇ. "يۈز بەرگەن ئىشلاردىن تولۇق خەۋەر تېپىش مەقسىتىدە" دەرھال بېرچتېسگادېنغا ئاتلىنىدۇ. پاپېن ئۇ يەرگە بارغىنىدا، ھىتلېرنىڭ ھەم چارچاپ ھالى قالمىغانلىقىنى، ھەمدە قۇرساق كۆپىكى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. "ئۇنىڭ يېنىغا كىرگىنىمدە كۆزلىرى قىتىپلا قالغان بولۇپ، كۆڭلىمۇ جايىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ قۇرۇق گەپلەر بىلەن تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ، ۋەزىپەمدىن قالدۇرۇلغانلىقىمنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرەتتى." دەسلىۋىدە، روھى چىچىلاڭغۇ ھالەتتىكى فۇھرېر دېيىلگەن گەپلىرىنىڭ مەنىسىگە بەك دىققەت قىلىپ كەتمىدى. پاپېن كېيىن سۆز ئېچىپ، ئاۋستىرىيە باش مىنىستىرى كۇرت ۋون شىيۇشنىگ بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىش ئارقىلىقلا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلغۇاتقان بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەل قىلالىشىمىز مۇمكىن دەيدۇ. شۇ چاغدىلا، ھىتلېر ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە دىققەت قىلىدۇ.

"ياخشى ئويلاپسىز" دەيدۇ ھىتلېر. ئاندىن ئۇ پاپېننى دەرھال ۋېيىنناغا قايتىپ

بىرىپ، ئۇلارنىڭ تېز ئارىدا كۆرۈشۈشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بۇيرۇيدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا: ”مەن مەسىلىلەرنى سۆزلىشىپ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن شىۈشنىگ ئەپەندىنى گېرمانىيىگە كېلىشكە خوشاللىق بىلەن تەكلىپ قىلىمەن.“

شىۈشنىگ، پاپېننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ يەنىلا كۆڭلى دېگەندەك خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گۇيدو شمىدتقا ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بۇنىڭغا ماقۇل دېيىشىمدە ”ئاۋال بىرەر ھەرىكەتكە كىرىشىش ئارقىلىق سىياسىي ي ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ شۇ ئارقىلىق خەلقئارالىق ۋەزىيەتنىڭ ئاۋسترىيىگە پايدىلىق ھالغا كېلىشىنى كۈتۈش ئۈچۈن ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىدىم.“ ئۇ يەنە كىنايە قىلىپ: ئەمما مەن سۆھبەت ئۈستىلىدە ھىتلېر بىلەن بىر قاتاردا بىرەر روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭمۇ بىرگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم، دەيدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنداق بىر زومىگەرگە تاقابىل تۇرۇشتا شىۈشنىگ ھەقىقەتەنمۇ توغرا تاللانغان بىرى ھېسابلانمايتتى. ئۇ ئىخلاسمەن بىر كاتولىك، بىر زىيالى، شۇنىڭدەك ئابروي قوغلاشمايدىغان، كۆڭلىدە يامانلىقى يوق مەرت بىرى ئىدى. ھىتلېر بىلەن تاقابىل تۇرۇشتا ئۇ ھەقىقەتەنمۇ پايدىسىز ئورۇندا تۇراتتى.

11-فېۋرال ئاخشىمى، شىۈشنىگ، گۇيدو شمىدتنىڭ ھەمراھلىقىدا سالزبۇرگقا قاراپ ماڭىدىغان كىچىلىك پويىزغا ئولتۇردى. پويىز موزارتنىڭ تۇغۇلغان يېرىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، ياتاق ۋاگونى ئايرىۋېتىلدى. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، ئىككىسى ماشىنىلىق بۇ قېدىمى شەھەرنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئايرودرومدىن ئۆتۈپ، سالزاخ دەرياسىدىن ئۆتۈپ گېرمانىيە چېگرا بويىغا يېتىپ كېلىدۇ. پاپېن شۇ يەردە ئۇلارنى ساقلايدىغان بولۇپ، ئۇنى ھىتلېرچە سالام بىلەن ئۇزىتىپ قالىدۇ. گېرمانىيە تاموژنا خادىملىرىمۇ تىك تۇرغىنىچە بىلەك سالىمى بېرىشىدۇ. ئاۋسترىيىلىك مېھمانلارمۇ قانۇنغا خىلاپ بولغىنىغا قارىماي ئوخشاش پاسوندا سالام بېرىپ سالامغا جاۋاپ قايتۇرىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چۈچۈتكىدەك بىر بىشارەت ئىدى. ئۇزۇنغا قالماي يەنە بىر يامانلىقنىڭ بىشارىتى كۆرۈلدى. پاپېن، ئۈچ نەپەر گېنېرالمۇ ‘بەكلا تۇيۇقسىز’ بېرگخوفقا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئاۋسترىيىلىك مېھمانلار باشقىچە ئويدا بولماس دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر شۇ پەيتتە ئۆزى دولفۇسنىڭ ئورنىدا بولسا ئىدى، بەلكىم شىۈشنىگ نارازىلىق بىلدۈرەلىگەن بولار ئىدى. ئەمما بۇ كىشى ئوتتۇرلۇقنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىنى خالىمايدىغان، ھەمدە ھىتلېرنى رەنجىتىشنىمۇ خالىمايدىغان بىرسى ئىدى. ”مەسىلە يوق. گېنېراللارنىڭ بولۇشى ماڭا بەرىبىر ـ دەيدۇ شىۈشنىگ، ـ شۇنداقتىمۇ بۇ ئىش بەكلا غەلىتە.“

ئاپتوموبىل بېرچتېسگادېن يېنىغا كەلگىنىدە، ماشىنا تۇيۇقسىزلا سولغا بۇرۇلۇپ،

يوقۇرى سالزبۇرگ تۇۋىگە كېلىدۇ. ئۇ يەردە كۆتۈپ تۇرغان يېرىم زەنجىرتاپانلىق ماشىنا، ئۇلارنى ئېلىپ تىك ۋە تار قىيالىق يوللاردىن ئايلاندۇرۇپ بىرگخوفقا ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار يول ئۈستىدە ئۆگزىسىنى قار قاپلىغان قاتار كەتكەن رەتلىك دېھقان ئۆيلىرى بىلەن كونا بىر چېركاۋ ئالدىدىن ئۆتىدۇ. ئاندىن ئىس-ئىسچىلار گازارما ئۆيلىرى كۆرۈنىدۇ. گازارما ئۆيلەرنىڭ بەزىسى تېخى پۈتمىگەن ئىدى. زەنجىر تاپان ماشىنا تۆيۈقسىزلا بۇرۇلۇپ، بىرگخوفنىڭ ھەشەمەتلىك پەلەمپىيى ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ.

ھىتلېر بىر قولىنى ئۇزاتقىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاراپ كېلىدۇ. ھىتلېر راستىنلا مېھرىبان ۋە يېقىملىق بىر ساھىپخان بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. ھىتلېر كەينىدە تۇرغان ئۈچ نەپەر گېنېرالنى ئاۋسترىيە باش مىنىستىرىغا تونۇشتۇرۇپ بولۇپ ئۇلارنى باشلاپ ئىككىنچى قەۋەتتىكى كىتابخانىسىغا كىرىدۇ. ئۇ يەردە، فۇھرېرنىڭ چىرايى تۇيۇقسىزلا ئۆزگىرەپ، ئۇنىڭ مېھرلىك مۇلايىم قىياپىتى بىراقلا غايىپ بولىدۇ. ئۇ قوپاللىق بىلەن ئاۋسترىيىنىڭ ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلىپ يېقىن قوشنىدارچىلىق سىياسىي تىي يۈرگۈزمىگەنلىكى بىلەن ئەيىپلەپ كېتىدۇ. گېرمانىيە بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمئىيىتىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىنمۇ ئاۋسترىيە يەنىلا خاتىرجەم بىر قىياپەتتە بۇ جەمئىيەتتە قالىۋەردى. بۇ قىلغىنى دوستانىلىقنىڭ ئىپادىسىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئاۋسترىيە ھېچ قاچان، قىلچىلىكمۇ گېرمانىيىگە ياردەمدە بولۇپ باققان ئەمەس، ھەرگىز. ئاۋسترىيىنىڭ پۈتۈن تارىخى ئەسلىدە تىنماي خائىنلىق قىلىش بىلەن تولغان تارىخ. ”مەن ساقا شۇنى ئېيتىپ قۇيايكى، شىۇشنىگ ئەپەندى، مەن بۇ ئىشلارغا بىر خاتىمە بېرىش ئىرادىسىگە كەلدىم. گېرمانىيە ئىمپېرىيىسى كۈچلۈك بىر دۆلەت، ئەگەر ئۇ چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولىدىكەن، ھېچ كىم بۇنىڭغا ئۇنى چېقىرالمايدۇ.“

شىۇشنىگ ئۆزىنى تۇتىۋالغان ھالدا ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاۋسترىيىنىڭ پۈتۈن تارىخى ئەسلىدە گېرمانىيە تارىخىنىڭ بۆلۈنمەس تەركىۋى قىسمى، ھەتتا ئەڭ مۇھىم قىسمى ئىدى. ”بۇ جەھەتتە، ئاۋسترىيىنىڭ قوشقان تۆھپىسىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىيەلمەيسىز.“

”پۈتۈنلەي نۆلگە تەڭ! ئۇقۇپ قوي، پۈتۈنلەي نۆلگە تەڭ!“ ھىتلېر قاتتىق ۋارقىرايدۇ، مۇنداق قارىماققا ئۇ ئاۋسترىيىدە تۇغۇلغان، ئۇ يەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغان بىرسىگە زادىلا ئوخشىماي قالغان ئىدى. كېيىن شىۇشنىگ پېتخوۋېننىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ھىتلېرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ: پېتخوۋېن تۆۋەنكى رېينېلاندلىق. ”مەن شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، بۇ ئىشلار ئەندى بۇ ھالەتتە ھەرگىز داۋام قىلالمايدۇ. مەن تارىخى بىر ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالغان بىرسىمەن. مەن بۇ ۋەزىپەمنى چوقۇم ئورۇندايمەن. چۈنكى تەڭرى مېنى بۇ ۋەزىپىنى

ئورۇندىشىمنى بەلگىلىگەن. مەن بۇنداق بىر ۋەزىپەمنىڭ بارلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن. بۇ ۋەزىپە مېنىڭ ھاياتىم. ... سەن بۇگۈنكى گېرمانىيەگە كۆزلىرىڭنى ئېچىپ قاراپ باق، شيۇشىنىگ ئەپەندى، سەن شۇ چاغدا گېرمانىيىنىڭ بىرلا ئىرادىسىنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيسەن.“ ئۇنىڭ مېڭىۋاتقان بۇ يولى بۇرۇنقى نېمىسلار زادىلا مېڭىپ باقمىغان ئەڭ قىيىن بىر يول، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىمۇ گېرمانىيە تارىخىدىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ نەتىجىلەردىندۇر، بۇ ئۇتۇق، ھەر قانداق بىر نېمىس قولىغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقتىنمۇ چوڭ بىر ئۇتۇق. شۇنىڭدەك بۇ ئۇتۇقلارنىڭ ھەممىسىدىلا قۇرال كۈچىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇتۇقلار! ”مەن نېمىس خەلقىنىڭ سۆيگۈسىگە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرلىمەكتىمەن. گېرمانىيىدە، مەيلى قاچانلا بولمىسۇن، مەن قوغدىغۇچىلارنى كەينىمگە سېلىپ يۈرمەيمۇ ئەركىن ھەرىكەت قىلالايمەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى سەن بىلەمسەن؟ بۇنىڭ سەۋەبى گېرمانىيە خەلقى مېنى سۆيىدۇ، ماڭا ئىشىنىدۇ.“

ئۇ ئاۋستىرىيىنىڭ گېرمانىيە چېگرا ئېغىزلىرىدا ئىستىھكاملىرىنى كۈچەيتىشكە كىرىشكەنلىكىنى، چېكىدىن ئاشقان ئاخماقانلىق بىلەن ئىمپېرىيىگە تۇتىشىدىغان كۆرۈك ۋە تاش يوللارغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى ئەيىپلەيدۇ. ”سەن بىزنى توساپ قالالايدىغانلىقىڭغا ياكى ئارمىيىمىزنىڭ ھۇجۇمىنى يېرىم سائەتلىككە بولسىمۇ كېچىكتۈرەلەيدىغانلىقىڭغا راستىنلا ئىشىنىدىغان ھالدا ئەممەستۇرسەن ھەر ھالدا؟ بەلكىم، بىر كۈنى سەھەر ئۇيغۇنۇپ كۆزۈڭنى ئاچقىنىڭدا خۇددى ئەتىياز بورىنىغا ئوخشاش ساڭا ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇشىمىز ئۇچۇن بىزنىڭ ۋىيېنناغا كىرىپ بولغانلىقىمىزنى كۆرىشىڭمۇ مۇمكىن بەلكىم! بۇنداق بىر ھەرىكەت قان تۆكۈلۈشتىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئاۋستىرىيىنىڭ بۇنداق بىر تەغدىرگە دۇچ كېلىشىنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايمەن.“

شيۇشنىگ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاۋسترىيە ھەرگىزمۇ دۇنيادىن يېتىم ھالەتتە ئەمەس. ئاۋستىرىيىگە باستۇرۇپ كىرىش دېمەك ئۇرۇش دېمەكتۇر. بۇ گەپكە ھىتلېر مازاق قىلىپ كۈلۈپ كېتىدۇ: ھېچ كىم ئاۋسترىيە ئۈچۈن بارمىقىنىمۇ ئويىنتىپ قويمايدۇ. يەنى ئىتالىيە، ئەنگلىيە سىلەر بىلەن ھەرگىز كارى بولمايدۇ. فرانسىيىمۇ چاتىقى بولمايدۇ. ”ئويلاپ باق، شيۇشنىگ ئەپەندىم. _ ھىتلېرنىڭ ئاۋازى سەل پەسەيگەن ئىدى، _ ياخشىراق ئويلىنىپ باق، مەن سېنى بۈگۈن چۈشتىن كېيىنگىچىلا كۈتەلەيمەن. مەن قانداق دېگەن بولسام سەنمۇ شۇنداق قىلىشىڭ شەرت. مەن بىرنى بىر دەيدىغان ئادەممەن. مەن قورقۇش دېگەننى بىلمەيدىغان ئادەممەن. مېنىڭ باشتىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلىرىم بۇنىڭغا گۇۋاھ.“

ئۇنىڭ بۇ ھۆنىرى راستىنلا شىۋىشىنگنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەن ئىدى. ئۇ تاماكا چەكمەكچى بولدىيۇ، بىرسىلىرىنىڭ ئۇنى فۈھرېرنىڭ ئالدىدا ھەرگىز تاماكا چەكمە دېگەن ئەسكەرتىشىنى ئېسىگە ئالدۇ. ئاخىرى ئۇ ھىتلېردىن زادى مەندىن نېمىنى تەلەپ قىلماقچى؟ دەپ سورايدۇ. "بۇ ھەقتە ... - ھىتلېر تۇيۇقسىزلا سۆھبەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلىپ، _ بىز بۇ ھەقتە چۈشتىن كېيىن مۇزاكىرە قىلىشايلى بولمىسا" دېگىنىچە ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ يىپىنى تارتىدۇ. ئىشىك ئاۋاز چىقارماي سىرتقا قاراپ ئېچىلدى. ئۇلار تاماقخانىدا چۈشلۈك تاماق يېيىشتى. ئۇچىسىغان ئاپئاق فورما كېيىشكەن ئېس-ئېسچىلار بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇلارنى كۈتۈشكە تەييار تۇراتتى. باشقىلار بار يەردە ھىتلېر مېھمانلىرىغا بەكلا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىپ، سۆزلىرىمۇ بەكلا سىلىق، سۆھبەت جەريانىدىمۇ مۇھىم بولمىغان باشقا ئىشلار ئۈستىدە پاراڭ قىلىپ ئولتۇردى.

ئۇلار قەھۋىلىرىنى يېقىندىكى قىشلىق گۈللۈك ئىچىدە، يەنى تۆت ئەتراپى تام بىلەن توسالغان باغ ئىچىدە ئىچىشتى. بۇ چاغدا ساھىپخان تۇيۇقسىزلا مېھمانلار بىلەن خوشلىشىپ، رىببېنتروپ بىلەن بىرگە كىتاپخانىسىغا كىرىپ كېتىشتى. ھىتلېر ئايرىلىشى بىلەن تەڭ، شىۋىشىنگنىڭ ۋۇجۇدىمۇ خېلىلا يەڭگىللىك ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ كەينى-كەينىدىن ئۇلاپ تاماكا چېكىشكە كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇمۇ بايىقى ئۈچ نەپەر گېنېرال بىلەن سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. قىزىق، بۇ ئۈچ نەپەر گېنېرالدىن ھېچ بىرى ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە چاقىرتىلغانلىقىنى بىلمەيتتى. ۋاقىت چۈشتىن كېيىن سائەت 4 كە يېقىنلاشقاندىلا شىۋىشىنگ كىچىك بىر بۆلۈمگە باشلىنىپ رىببېنتروپ بىلەن كۆرۈشىدۇ. رىببېنتروپ ئۇنىڭغا ماشىنكىدا بېسىلغان ئىككى ۋاراق كېلىشىم لايىھىسىنى ئۇزارتىدۇ. بۇ ئەسلىدە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم ئىدى. ئۇنىڭدا، قاماقتىكى دولفۇسقا سۇيىقەست قىلغان قاتىلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مىللى سوتسىئالىزىم پارتىيە ئەزالىرىنى ئۈچ كۈن ئىچىدە قويۇپ بەرگىنىدە، خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان بارلىق مەمورى ياكى ھەربى ئەمەلدارلارنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنىدە گېرمانىيە قايتىدىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاۋسترىيىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ بېرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مۆتىدىل پان گېرمانچى ئارتۇر سېيس-ئىنكيۇۋارتنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا تولۇق ھوقۇقلۇق، چەكسىز تۈردە ئاۋسترىيە ساقچى قىسىملىرىنى تېزگىنلەش ھوقۇقى بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان؛ يەنە بىر "مۆتىدىل" ئاۋسترىيە ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ مورتىنى دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىشى تەلەپ قىلىنغان؛435 "مەتبۇئات ساھەسىدا ئۇرۇش توختىتىش" نىڭ بىر تەركىۋى سۈپىتىدە ھازىرقى تەشۋىقات

باشلىقنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش تەلەپ قىلىنغان.
شىۋشىنگنىڭ قارىشىچە، بۇ تۆردىكى يول قويۇشلار ماھىيەتتە ئاۋستىرىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا ئۇ غەزىۋىنى ئارانلا بېسىۋېلىپ، خۇددى ئادىل ھەم سوغۇققان بىر ئادۋوكاتتەك ئوتتۇرغا قويۇلغان ھەر بىر ماددا ئۈستىدە بىرمۇ-بىر تالاش-تارتىش قىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ مىڭ بىر بالالاردا رىببېنتروپتىن بىر قانچە ئۇششاق-چۈششەك يول قويۇشلارنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئەمما دەل شۇ پەيتتە بىرسى كىرىپ ھىتلېر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ساقلاپ قالدى، دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ.
ھىتلېر رەسمى سىزىش ئۆيىدە ھاياجان ئىچىدە تىنماي ئالدى-كەينىگە ماڭاتتى. "شىۋشىنگ ئەپەندىم. _ ھىتلېر ئۇنى يەنىلا 'ۋون' دېگەن ھۆرمىتى بىلەن خىتاب قىلماسلىقتا چىڭ تۇراتتى، _ مەن ئاخىرقى قېتىم سىناپ باقاي. _ دېگىنىچە يەنە بىر پارچە كېلىشىم لايىھىسىنى شىۋشىنگنىڭ ئالدىغا سۈرىدۇ، _ بۇ لىھيىھىنى گەپمۇ قىلماي قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك. بىر تال چېكىتىنىمۇ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا بۇ كېلىشىمنامىغا ئۈچ كۈن ئىچىدە قول قويۇشىڭىز كېرەك. بولمىسا بىزنىڭ بۇ كۆرۈشۈشىمىزنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى قالمايدۇ. ئەگەر سىز ئىمزالاشقا ئۇنىمىساڭىز، ئۇ ھالدا ئاخشاملىقتا كېيىنكى باسقۇچتا نېمىلەر قىلىشىم كېرەكلىكى ھەققىدە ئويلىشىمەن."
شىۋشىنگ قول قويۇشنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر قول قويغىدەك بولساممۇ، بەربىر قۇرۇق قەغەزدىن باشقا بىر نېمە بولمايدۇ. چۈنكى، ئاساسىي قانۇنىمىزدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن پەقەت پرېزىدېنتىمىز مىكلاستلا ئىچكى كابىنېت ئەزاسىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە چوڭ كېچىرىم ئېلان قىلىش ھوقۇقى بار. ئۇمۇ بۇ ھۆججەتتە بەلگىلەنگەن ۋاقىت چەكلىمىسىگە بويى سۇنۇشقا كاپالەتلىك قىلالىشى ناتايىن."
"ئەمما سەن بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشىڭ كېرەك!"
"مەنمۇ بۇ ئىشقا كاپالەت بېرەلىشىم ناتايىن، ئىمپېرىيە باش مىنىستىرى ئەپەندىم."
شىۋشىنگنىڭ پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا سېلىپ دېگىنىدەك سودىيەلەرچە پاسوندا بەرگەن جاۋابىغا ھىتلېر غەزەپلەنگىنىچە ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويغىدەك ھالغا كېلىدۇ. ئۇ دەرھال ئىشىككە ئېتىلغىنىچە بېرىپ ۋارقىرايدۇ: "گېنېرال كېيتېل! _ ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ شىۋشىنگقا قاراپ، _ بىز قايتا كۆرۈشەيلى" دەيدۇ. قىشلىق گۈللۈكتە تۇرغان كېيتېل ھىتلېرنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇددى ئىگىسىگە سادىق بىر ئىتقا ئوخشاش شاپاشلاپ بىناغا كىرىپ ئۈستى قەۋەتكە چىقىدۇ. ئۇ سىرتقا چىقىۋاتقان شىۋشىنگ بىلەن رەسىم سىزىش ئىشخانىسى ئالدىدا دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ. كېيتېل

ھاسىرىغىنىچە كىرىپ ھىتلېردىن نېمە خىزمەت دەپ سورايدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا ”ھېچ ئىش يوق! كىرىپ بىر چەتتە ئولتۇرساڭلا بولىدۇ“ دەيدۇ. كېيىتېل نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكىنىنى بىلەلمەي، گەپ قىلماي بىرىپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرىدۇ. شۇندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەسىپداشلىرى ئۇنىڭغا 'سادىق مالاي' مەنىسىدىكى 'لاكاي' دەپ لەقەم قويىۋالىدۇ.

ھىتلېرنىڭ پوپوزا قىلغانلىقىدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، شىيۇشىنىگ قىشلىق گۈللۈككە كىرگىنىدە يۈرىكى پوكۇلداپ قانتىق ئالاقىزادە بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بولغان ئىشلارنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى شمىدتقا بىر قۇر سۆزلەپ ئۆتىدۇ. شمىدت ئۇنىڭغا: ئەگەر ”بەش مىنۇت ئىچىدە بىزنى قولغا ئالغىدەك بولسا، بۇنىڭمۇ قىلچە ھەيران قالغۇچىلىقى يوق بىر ئىش بولغىدەك ئەمەسە“ دەيدۇ.

ئۇستىنكى قەۋەتتە بولسا، يەنە بىر ئاۋستىرىيىلىك، مۆتىدىل ناتسىست، شۇنىڭدەك يەنە بىر سەنئەت ئوبزورچىسى بولغان بىرسى ھىتلېرغا ”شىيۇشىنىگ بەكلا ئېھتىياتچان، دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرىدىغان بىر ئادەم“ دەيدۇ. بۇ گەپ ھىتلېرغا تەسىر قىلدى ئەتىمالىم، دەرھال چاخماق تېزلىكىدە تاكتىكا ئۆزگىرىشى قىلىدۇ. بۇ قېتىم، شىيۇشىنىگ قايتىدىن ئىشخانىغا كىرگىنىدە، ھىتلېر قايتىدىن كەڭ قۇرساق ئەپۇچان بىر ھىتلېرغا ئايلىنىۋالغان ئىدى. ”مەن پىكرىمنى ئۆزگەرتىش قارارىغا كەلدىم. _ دەيدۇ ھىتلېر، _ بۇنداق پىكىر ئۆزگەرتىشىم ھاياتىمدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش. شۇنداقتىمۇ مەن سىزنى ئاگاھلاندۇرىمەن، بۇ سىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق پۇرسىتىڭ. مەن ساڭا يەنە 3 كۈنلۈك مۆھلەت بېرەي. ئۈچ كۈن توشقان كۈنىسى شەرتنامە كۈچكە ئىگە ھېسابلىنىدۇ.“

ھىتلېرنىڭ ئىككى قېتىم تۇتۇشۇپ، ئىككى قېتىم ئۆركىتىشىدىن كېيىن، كىچىككىنە بىر يول قويۇشتا بولىشى ئەمەلىيەتتىكى مۇئامىلىسىدىنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتلىك بولغان ئىدى: شىيۇشىنىگ كېلىشىمنى ئىمزالاشقا ماقۇل بولىدۇ. تۈزىتىلگەن كېلىشىم نۇسخىسى ماشىنكىدا كۆچۈرۈلۈشكە بېرىلگەندىن كېيىن، ھىتلېر قايتىدىن سەممى ساھىپخان ھالىغا ئۆزگەرگەن ئىدى. يەنى تېخى يېڭىلا يوقۇرى باھادا مەلۇم بىر سەنئەت ئەسىرىنى سېتىشقا چىقىرىپ ، بۇ ئەسەر سۈپەتلىك ۋە ئەرزان دەپ مىلىنى ماختايدىغان بىر سودىگەرگە ئوخشاش ”ماڭا ئىشىنىڭ، باش مىنىستىر ئەپەندى، سىز ئەڭ ياخشى ئىش قىلدىڭىز.

بۇندىن كېيىنكى بەش يىل جەريانىدا بىز مانا بۇ شەرتنامىغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىدىغان بولىمىز.“

ئىككى تەرەپ بۇ (ئىككى نۇسخا تەييارلانغان) كېلىشىمنامىغا قول قويغان ۋاقىتلاردا كەچ كىرىپ قالغان ئىدى. شۇڭا ھىتلېر، شىيۇشىنىگ بىلەن شمىدت ئىككىسىنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار دەرھال سالزبۇرگقا قايتمىساق بولمايدۇ، دېگەننى

باھانە قىلىپ تاماققا قېلىشنى سىلىق رەت قىلىدۇ. ئۇ ئىككىسى پاپىننىڭ ھەمرالىقىدا قويۇق تۇمان ئىچىدە پىكاپتا ئۇن-تۇنسىز ئولتارغىنىچە كېچىلەپ سالزبۇرگقا قايتىدۇ. ئاخىرى پاپىن ئېغىز ئاچىدۇ: ”بۇنداق ئوك-سولىنىڭ تايىنى يوق بىرسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ نەقەدەر تەس ئىكەنلىكىنى بەلكىم سىزمۇ ھېس قىلغانسىز، باش مىنىستىر ئەپەندىم. _ ئەمما ئۇ دەرھال قوشۇمچە قىلىپ، _ ئىشىنىڭ، كېيىنكى قېتىم چوقۇم بۇنىڭدىن ياخشىراق بولىدۇ، سىزگىمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، فۇھرېر بەزىدە ھەققەتەنمۇ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ.“ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان شىۇشنىگ، ئەندى قايتا كۆرۈشۈش دېيىدىغان بىر ئىشمۇ قالمىدى، دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

بېرگخوفتا، ھىتلېر يەنە بىر قېتىملىق تەھدىت سېلىش ئىشىغا كىرىشىدۇ. ئۇ، بۇنىدىن كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە گېرمانىيە-ئاۋسترىيە چېگرا بويىدا تەقلىدى بېسىپ كىرىش مانېۋىرى ئۆتكۈزۈش توغرىلىق گېنېراللىرىغا يوليورۇق بېرىدۇ. ھىتلېر بۇ تۈردىكى ھۇجۇم قىلىش تەھدىتى ئاۋسترىيە پرېزىدېنتى مىكلاسنى بۇ كېلىشىمنامىنى تەستىقلىشى ئۈچۈن ھەيدەكچىلىك رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەگەر شىۇشنىگ بۇ ئىشلارنى سېزىپ قالسىمۇ، ھىتلېر ئۈچۈن بەرىبىر: ”شىۇشنىگ دېگەن بۇ ئادەم مەن ئويلىغاندىكىدىنمۇ ئىرادىلىك بىرسى ئىكەن. _ دەپ يازىدۇ كۈندىلىك خاتىرىسىگە، _ كېيتېلنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى ئۇنى راستىنلا ئۈركىتەلىدى. ئەمما مەن ئۇنىڭ كېلىشىمنامىغا قول قويۇشىنى قورقۇپ بويۇن ئەگكەنلىكى دەپ قارىمايمەن. بۇ ئادەمگە بەكلا ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ھېسسىياتىنىڭ قايتىدىن ئۆزگىرەپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئەيسا جەمىيىتىدىكى قېرىنداشلىرىغا ھەرگىز ئىشىنىشكە بولمايدۇ.“

2

شىۇشنىگ، بۇ كېلىشىمنامىنى كەسپداشلىرى ۋە پرېزىدېنت مىكلاسنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزىمەن دەيدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن توپ-توغرا ئۈچ كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىشىغا توغرا كېلەتتى. بۇ باش مىنىستىر ۋېيىنناغا قايتىپ كىرگەن كۈنى يەكشەنبە كۈنىگە توغرا كەلگەن ئىدى. سەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، يەنى 15-چىسلا بۇ كېلىشىمنامىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ دەرھال بىرىپ پرېزىدېنت مىكلاس بىلەن مۇزاكىرە قىلىدۇ. پرېزىدېنت قولغا ئېلىنغان ناتسىستلارغا ئالاھىدە كېچىرىم قىلىشقا ماقۇل كەلگەن بولسىمۇ، سېيس-ئىنكيۇۋارتنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىككە تەيىنلەشكە قەتئىي قارشى

چىقىدۇ: مەن ساقچىلار بىلەن ئارمىيىنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويالمايمەن. مەن ئۇنىڭغا باشقا خىزمەت بېرىشىم مۇمكىن، دەيدۇ پىرىزدېنت.

بېرچتېسگادېندا ئۆتكۈزۈلگەن مەخپىي كۆرۈشۈش توغرىسىدىكى خەۋەر تېزلىكتە ئاۋستىرىيىدىكى غەيرى رەسمىي پارلامېنت _ چوڭ-كىچىك ھەر قايسى قەھۋىخانىلارغا يېيىلىشقا باشلايدۇ. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە خاتىرجەمسىزلىك يامراشقا باشلايدۇ. ئىچكى كابىنېت ئەزالىرى ئارىسىدا كەسكىن تالاش-تارتىشلار،كۆرۈلۈشكە باشلاپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەزالار شىۇشنىگ، ھىتلېرنىڭ بېرگخوفتا كىشىنى ئاخماق قىلىپ ئوينىغان ياۋايىلارچە تاكتىكىسىنى دۇنياغا ئاشكارىلىۋەتسۇن دېيىشسە، يەنە بىر قىسىملار باش مىنىستىرنىڭ ئېھتىياتچان ۋە ئېغىر بېسىقلىقنى مەدھىيىلىشىدۇ. ھىتلېرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومىغا 24 سائەت ۋاقىت قالغاندا، بۇ ھەقتە خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى تالاش-تارتىشلا بەكلا كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن پىرىزدېنت ئىشخانىسىدا جىددى يىغىن چاقىرىلىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ئىككى نەپەر ئاساسلىق رول ئالغۇچىلاردىن باشقا، يەنە ۋيېننا شەھەر باشلىقى، دۆلەت بانكىسى باشلىقى ۋە بىر نەپەر سابىق پىرىزدېنتمۇ بار ئىدى. ئۇلار ۋەزىيەتنى بىر قۇر دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، شىۇشنىگ ئۈچ مادددىلىق ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: بىرىنچىسى، قايتىدىن بىر باش مىنىستىر تاللاپ چىقىش، شۇنداق قىلغاندا بېرگخوفتا بەرگەن ۋەدىنى ئۈستىگە ئالمايدىغان بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، يېڭى باش مىنىستىر رەھبەرلىكى ئاستىدا كېلىشىمنامىنى ئىجرا قىلىش؛ ئۈچىنچىسى بولسا، شىۇشنىگ رەھبەرلىكىدە كېلىشىمنامىنى ئىجرا قىلىش.

چېگرالاردىن گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ بېسىپ كىرىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى دوكلاتلارنىڭ تىنماي كېلىپ تۇرۇشى سەۋەبىدىن، يىغىن زالىدىكىلەر ئارىسىدا ئۈمىدسىزلىك ھېسسىياتلىرى بارغانسېرى كۈچلىنىپ كېتىدۇ، بۇندىن كېيىنكى تالاش-تارتىشلار تېخىمۇ كۈچىيىپ، بىر يەرلىرىگە كېلىپ پەقەتلا قولاشمىغان گەپلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. ھەتتا ، ھىتلېرنىڭ تۈگۈلگان يۇرتى براۋناۋنى گېرمانىيىگە بۆلۈپ بېرىش دېگەندەك ئىجرا قىلىش پۈتۈنلەي مۇمكىن بولمايدىغان تەكلىپلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. شىۇشنىگ، ئەگەر ھىتلېرنىڭ تەلەپلىرىدىن خالىغان بىرسىنى قوبۇل قىلمىغاندا، ھىتلېر چوقۇم ئاۋستىرىيىگە بېسىپ كىرىشى مۇمكىنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. مىكلاس ئاخىرى ئېغىر بېسىم ئاستىدا ئامالسىز باش مىنىستىرنىڭ تەكلىۋىنىڭ ئاخىرقىسىغا ماقۇل بولىدۇ: شىۇشنىگ ۋەزىپىسىدە قېلىپ بېرچتېسگادىن شەرتنامىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

فۈھرېرنىڭ بېرگخوفتا ئوتتۇرىغا قويغان تېپشىمىقى بىلەن چېگرا بويلىرىدا ئېلىپ

بارغان تەقلىدى بىسىپ كىرىش ئويۇنلىرى ئاۋستىرىيىلىكلەرنى قاتتىق ئۈركىتىۋېتىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى، يېڭى كابىنېت قەسەم بېرىم ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئەتىسى، يەنى 15-فېۋرال كۈنى ھەققى ئەھۋال قىسمەن بولسىمۇ ئاۋستىرىيىنىڭ چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ھەر قايسى ۋاكالەت ئورۇنلىرىغا مەخپى تۈردە تارقىتىلىدۇ. بۇ ئۇختۇرۇش ئاشكارە شىفىرلىق تېلېگراممىا تىلى بىلەن تارقىتىلغان بولۇپ، تېلېگراممىدا گېرمانىيە تەلۋىنى كەينى-كەينىدىن كۆپەيتىپ تۇرغانلىقى، شۇنىڭدەك ھىتلېرنىڭ ئىغىزچە بىسىم ئىشلىتىشى سەۋەبىدىن، گېرمانىيە-ئاۋستىرىيە ئىككى تەرەپ بىرچېتىسگادېندا كەسكىن پىكىر ئىختىلابى يۈز بەرگەن. پەقەت بىر قانچە سائەتكە سوزۇلغان سۆھبەتلەر ئارقىلىقلا كىلىشىمنامىنىڭ ئاساسى ئوتتۇرغا قويۇلغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئاۋستىرىيە ھۆكۈمىتى ئىۋەرتىلگەن تېلېگراممىا ئۇقتۇرۇشىدىكى سۆزلەرنىڭ بەكلا ئىغىر بولۇپ كەتكىنىنى كۆزدە تۇتۇپ كەينىدىنلا قوشۇمچە تېلېگراممىا يوللاپ، تېلېگراممىا تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ "ئالدىنقى قېتىمقى تېلېگراممىدا تىلغا ئېلىنغان بىرچېتىسگادېن سۆھبىتىدە ئوتتۇرغا چىققان قىيىنچىلىق مەسىلىسىنى شەخسەن ئۆزى پايدىلىنىشنى ئەسكەرتىدۇ."

ۋېيىننادا، خەلق ئاممىسىنىڭ ساداسى كۈنسايىن كۈچىيىپ شىۋۇشىنىگدىن بىرچېتىسگادېن سۆھبىتىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئەمما باش مىنىستىر يەكشەنبە كۈنى ھىتلېر پارلامېنتتا نۇتۇق ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى سۈكۈت قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە ۋەدە قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، ئاشكارىلاشنى خالىمايدۇ. ئۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەرىپىنى ساقلاپ قالىدۇ.

گېرمانىيە ئەلچىخانىسى بېرلىنغا تېلېفون قىلىپ، بۇ كىلىشىمنامىنىڭ "سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە كەلتۈرۈپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەر تۈپەيلىدىن ۋېيىننادا بەكلا ئىغىر داۋالغۇچلار يۈز بەرمەكتە، ... پۈتۈن شەھەر خۇددى چۇۋۇلغان چۈمۈلە ئۇۋىسىغا ئوخشاپ قالدى، ... نۇرغۇنلىغان يەھۇدىيلار چەتكە قېچىش تەييارلىقىغا كىرىشتى" دەپ خەۋەر بېرىدۇ. مەخپى ساقچىمۇ بۇ ئەھۋالنى توغرىلاپ مەلۇمات بېرىدۇ. مەلۇم بىر ئىشپىيون 18-فېۋرال كۈنى ھېيدىرىخقا خەۋەر يوللاپ، ئاۋستىرىيە باش مىنىستىرى يەھۇدىيلار بىلەن كاتولىكلاردىن كەلگەن كۈچلۈك بىسىم ئاستىدا قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. "يەھۇدىيلار ئاساسلىقى ئاكسىيە بىرژىسى- ھەسسەدارلىق بىلىتى بازىرى ئارقىلىق ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، پۇل مۇئامىلىسىگە بىسىم قىلىشقا كىرىشتى. 1938-يىلى 17-فېۋرالدىن بېرى كاپىتال زور مىقداردا سىرتقا قاراپ ئېقىشقا باشلاپ، ئاۋستىرىيىنىڭ شۋېتسارىيە بىلەن لوندونىدىكى، شۇنىڭدەك يەنە باشقا دۆلەتلەردىكى ئاكتسىيە بىلەتلىرىنىڭ قىممىتى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتتى. زور مىقداردىكى ئاۋستىرىيە پۇلى قانۇنسىز ھالدا چەتكە چىقىرىلىدۇ،

ئاكسىيە بىرژىسىمۇ تۇنۇگۇندىن باشلاپلا تاقىلىپ قالدى“ دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

20-فېۋرال كۈنى، ھىتلېر پارلامېنتتا كىشىلەر ئۇزۇندىن بېرى تەشنا بولۇپ كەلگەن نۇتقىنى سۆزلەيدۇ. بۇ نۇتۇقمۇ ئاۋسترىيە رادىئودا ئۇلاپ ئاڭلىتىلىدۇ. ئۇ نۇتقىدا شىۋۇشنىگ بىلەن ”ياۋروپا تىنچلىق ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلىق“ نى ئېيتقىنىدىن كېيىن، ئاۋسترىيىنىڭ چېگراسى ئىچىدىكى ”نېمىس ئازسانلىق مىللىتى“ نى بوزەك قىلغانلىقنى ئەيىپلەيدۇ. ئۇ نۇتقىدا، ”ئاڭلىق قاراشقا ئىگە دۇنيانىڭ كۈچلۈك دۆلىتى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ پۈتكۈل نېمىس مىللىتى ئىدىيىۋى قاراشلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولۇشى ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىقتا بولۇشى سەۋەبىدىنلا ئۆز يېنىدا ئىزچىل تۈردە قىيىن ئەھۋال ئاستىغا چۈشۈپ قېلىشىغا ھەرگىزمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ“ غانلىقنى تەكىتلەيدۇ.

ئۇ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ئاشۇرۇپ مۇبالىغە قىلىش بىلەن بىرگە، پاكىتلار بىلەن سانلىق مەلۇماتلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ، خان تاج تىياتىرخانىسىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى ھېچ نېمىنى پەرق قىلالماس ھاڭۋاقتىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ”جاراڭلىق ئاۋازلىق نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن ھاياجانلانغان دەرىجىگە يېتىپ يەتكەن ئىدى: ئۇ، ھەممىنىڭ تۇرقىنى بىراقلا ئۆزگەرتىۋەتتەلەيدىغان بىرسىگە ئايلىنىدۇ. بىز دۈچ كېلىۋاتقان بۇ ھادىسىلەر ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزىۋى كۆرۈنۈش دەيدۇ.“ بۇ سۆزلەر نېمىسلارنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيىلىك كۆزەتكۈچى مايور فرانسىس يېتس-بىرووننىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەر ئىدى.

ۋىيېننادا، ”ئاخىرى تۈگىمەس نۇتقى“ نى سۆزلەۋاتقىنىدا، مۇخبىر گ. ئې. ر. گېدىي خەلق ئاممىسىنىڭ بۇنىڭغا قانداق قارايدىغانلىقىنى كۆزەتمەكچى بولۇپ كوچىلارنى ئايلىنىپ كۆرىدۇ. ۋىيېننا بىر ئۆلۈك شەھەرگە ئايلانغان بولۇپ، چاپ-چاپ بازارلاردىمۇ ئۇ ئارانلا 10 ئادەمنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن رادىئو ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. يەرلىك ناتسىستلار، ھىتلېرنىڭ ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن بەكلا خوشال ئىدى. ھىتلېرنىڭ نۇتقى تۈگىشى ھامان، ئۇلار بىرلىكتە ”غالىبىيەتنى تەبرىكلەيمىز! غالىبىيەتنى ئالقىشلايمىز! خايىل ھىتلېر! ياشىسۇن ھىتلېر!“ دەپ تەنتەنە قىلىپ شۇئار توۋلاشقا باشلايدۇ.

گېدىي تاكسىدىن بىرنى چاقىرىپ گېرمانىيە ئەلچىخانىسىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ. بۇ يەر بىر ھەرىكەت مەركىزى نوقتىسى ئىدى. ئەلچىخانىغا ئاز قالغاندا، ئۇ قايتىدىن ”غالىبىيەتنى تەبرىكلەيمىز!“ دېگەن رىتىملىق توۋلانغان ئاۋازلارنى ئاڭلايدۇ. ”يىراقلاردا تەرتىپلىك لەززەتكە سالغان ئاۋازلار ئاڭلانماقتا بولۇپ، بۇ تۈر ئاۋازلار گويا يۈرەك

سوقۇشـــدەك تەرتىپلىــك ياڭرىماقتــا؛ داۋاملىــق ئىلگىرلىگەنــدە، قايســى بىــر ھەربىــي گازارمىــدىن بەك ئېنىــق ئاڭلانمىســىمۇ ئەممــا يەنــىلا تەرتىپلىــك چىقىۋاتقــان گــۈكىرىگەن ئاۋازلارنى ئاڭلاشقا بولاتتى: ئائائاھ-ئاھ! ئائائاھ-ئاھ! ئائائاھ-ئاھ! ! دېگەن بــۇ تەرتىپلىــك ئاۋازلار نىمە دېگەنلىكىنىمۇ پەرق قىلغىلى بولماي قالاتتى. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ  تۇغان ھىتلېرنىڭ نۇتقى تەرىپىدىن تېشىلىپ بىر ئېغىز ئېچىلغان، بۇ ئېغىزدىن قوڭۇر رەڭلىك قان ئېقىپ چىقىپ ۋېيننانىڭ بارلىق چوڭ-كىچىك كوچىلىرىنى توشقۇزماقتا ئىدى.“

رىمدا بولسا، كىشىلەر بىر تۈرلۈك ھېسسىداشلىق ۋە ئەپۇچانلىق ھېسسىياتى بىلەن بۇ قېتىمقى نۇتۇققا مۇئامىلە قىلىشسىمۇ، ئاستىرتىن يەنــىلا ئاۋســترىيىنىڭ مۇســتەقىللىقىغا كاپالەتلىــك قىلالمىغــانلىقى ئۈچــۈن ئۇلارغــا كۆڭــۈل بۆلىشــەتتى. گېرمانىيىنــىڭ رىمــدا تۇرۇۋشلۇق ۋاقىتلىق ۋاكالەتچىسى دوكلاتــدا، ھىتلېر 1936-يىلى ئىمزالىغان شــەرتنامىغا خىلاپلىق قىلدى، بــۇ ئىشنى ئىتالىيە بىلەنمۇ مەسلىھەتلەشــمىدى، ئىتالىيــانلار بۇنىڭــدىن بەكلا خاپا؛ ئەگەر بىرلىن ”بۇ تۇر ئۇسۇل بىلەن ئىزچىل تــۆردە قــارامىلىق قىلــدىكەن“، بــۇ ئىش ئاقىۋەتتە ”ئوق مەركىزى“ نىڭ پارچىلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەيدۇ.

شىيۇشــنىگ، شــۇندىن تــۆت كــۈن كېيىــن  ھىتلېرغــا جــاۋاب بېرىــدۇ. ئــۇ بــۇ جــاۋابىنى فېدراتسىيە پارلامېنتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىم نۇتقىــدا بەرگەن بولــۇپ، بــۇ جــاۋاب ئىككىــلا دۆلەتتە رادىئو ئارقىلىق ئېلان قىلىنىدۇ. پارلامېنت سەھنىسى ئاۋستىرىيىنىڭ رەڭگى بولغان قىزىل-ئاق-قىزىل رەڭدە نۇرغۇنلىغان تۇرۇۋېتىن شــەكىللەنگەن ئىــدى. مۇنبەر يېنىغا گــۈل چەمبىرەك ئىچىگە ئېلىنغان ۋاپات بولغــان دولفۇســنىڭ يېرىم چۈشكەن رەســمى قويۇلغــان ئىدى. باش مىنىستىر گەرچە بېشىنى تىك تۇتۇپ كۆكرىكىنى كەرگىنىچە مۇنبەرگە چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بېسىپ تۇرغان روھى قىياپىتى خرىستىيانلار كېڭىشىنىڭ بىــر ئالىمىنــىڭ روھى قىياپىتىگىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ نۇتقى دۈشمىنلىك پۇرىقى بىلەن تولغان بولىشــى نۇتــق سۆزلىنىشــتىن بــۇرۇنلا تارقىلىــپ كەتكەنلىكــى ئۈچــۈن، ئۇنــىڭ ســەھنىگە چىقىشى ھامان كىشىلەر ”شىيۇشنىگ! شىيۇشنىگ!“ دەپ تۇۋلاشقا باشلايدۇ. ”يىغىننىڭ بىردىن-بىر كۈن تەرتىپى، _ دەپ باشلايدۇ نۇتقىنى ھارغىن بىــر قىياپەتتە، _ ئاۋسترىيە.“ ئۇنىڭ بــۇ ســۆزىمۇ گۈلــدىراس ئــالقىش ســادالىرى بىــلەن كۆمۈلــۈپ كەتتــى. شىيۇشــنىگ بۇنىڭــدىن قــاتتىق ھاياجانلىنىــدۇ. ئــۇ ئايــال پادىشــا مــارىيە تېرېســادىن تارتىــپ دولفۇس قاتارىدىكى ئاۋسترىيە مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان كىشىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ نۇتقى ھېچ قاچــان بــۇنچە كەسكىن، بــۇنچە يــالقۇنلۇق بولــۇپ باقمىغــان بولۇپ، كىشىلەرنى ھاياجانــدىن يىغلىتىۋېتىــدۇ. بىرگخوفتا ھىتلېرنىــڭ بــوزەك قىلىنىشىغا ئۇچرىغىنىدا بۇ زىيالىنىڭ مۇلايىم ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئــۆزىنى تۇتىۋالالىغــان يــول قويۇش

مجەزىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇ بىرچىتېسگادىن كىلىشمى ھەققىدە توختىلىشى بىلەن، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ تۆۋەن ئىدى. "بىز يول قويىدۇق، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى چېكىگىچە يول قويىدۇق. بىز يول قويۇشتا قەتئىي توختاپ قىلىشىمىز كېرەك بولغان نوقتىغا كەلگىچە 'پەقەت شۇنچىلىكلا بولىشى كېرەككى، بۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمىسۇن' دەيدىغان نوقتىغا كەلگىچە يول قويىدۇق. _ ئۇ كەينىدىن يەنە مۇنداق دەپ ئېلان قىلدۇ: _ ئاۋسترىيىنىڭ شۇئارى مىللەتچىلىكمۇ ئەمەس، سوتسىيالىزمۇ ئەمەس. ئاۋستراليىنىڭ شۇئارى ۋەتەنپەرۋەرلىك!" مىللەتلەر ئەركىنلىككە مۇھتاج، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋسترىيىلىكلەر ئاخىرغىچە جەڭ قىلماي ئامالى يوق. ئۇ نۇتقىنى مۇنۇ جەڭگىۋار شۇئارلار بىلەن تاماملايدۇ: "قىزىل-ئاق-قىزىل! ئۆلسەكمۇ تىز پۈكمەيمىز! ھەممە ئاۋسترىيە ئۈچۈن!"

كابىنت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىدۇ. ئۇلارنىڭ تەنتەنە ئاۋازى تاشقىرىدىكى كىشىلەرگىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئوتتۇردا بىرسى «تەڭرى ساقلىسۇن» مارشىنى باشلاپ بېرىدۇ؛ بۇ يالغۇز كىشىلىك ناخشا دەرھال خور بولۇپ رەسمى نەرە تارتىشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار يەنە شيۇشنىگنىڭ يۇرتى بولغان تىرولنىڭ قوزغىلاڭچىلار مارشى بولغان «ئاندىرياس خوفېر» نى ئېيتىشىدۇ. كوچىلاردىكى قىزغىنلىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېيىلىپ، بىر تولۇلۇك ئۈمىدۋارلىققا ئايلىنىدۇ. ھەتتا پارىژمۇ بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ئىدى. ئەتىسى، فرانسىيە ئاۋام پالاتاسى دىپلوماتىيە سىياسىي تى مۇنازىرىسىدا، فرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئاۋسترىيىنىڭ مۇستەقىللىقى "ياۋروپا تەڭپۇڭلىقىنىڭ ئايرىلماس ئاملى" دەپ ئېلان قىلىدۇ. ھەتتا بىر پارلامېنت ئەزاسى قورقماي مۆلچەرىنى ئوتتۇرغا قويۇپ، "فرانسىيىنىڭ تەغدىرىنى دوناي دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى بەلگىلەيدۇ" دەپ ئېيتىشقىمۇ جاسارەت قىلىدۇ.

ئاۋسترىيە تەۋەسىدە بولسا، يەرلىك ناتسىستلار نامايىش باشلىۋېتىدۇ. قالايماقانچىلىقنىڭ مەركىزى گراز بولۇپ، ئۇ يەردە شيۇشنىگ نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئۈستىدە كرىست بەلگىلىك بايراق لەپىلدەشكە باشلايدۇ. ئۇلار شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈش مەنى قىلىنىدۇ، دەيدىغان بۇيرۇقىغا ئېتىبار قىلماستىن ھەپتە ئاخىرىدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 65 مىڭ نەپەر پارتىيىلىك قاتنىشىدىغان بىر مىتىنگ ئۆتكۈزۈلىدۇ دەپ ئېلان قىلىشىدۇ. شيۇشنىگ دەرھال بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇپ، گرازغا ئەسكەر، بومباردىمان ئايروپىلانى ۋە بىرونىكلارنى يوللايدۇ. ناتسىستلار چارىسىز قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ مىتىنگنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ ھەرىكەتلەردىن شيۇشنىگ پەقەتلا رازى ئەمەس ئىدى. بۇ قېتىمكى توپىلاڭنى ئەسلىدە قوزغىلوق ئارمىيىسى ئەمەس بەلكى

سېپىس-ئىنكېۋۇۋارتىنىڭ ساقچى قىسىملىرى بېرىپ تىنجىتىشى كېرەك ئىدى.

3

ھىتلېرنىڭ ئاۋستىرىيىنى تەھدىت قىلىپ قورقۇتقانلىقى فرانسۇزلارنىڭمۇ غەزىپىنى قوزغايدۇ. فرانسىيە لوندونغا ، ئىككى دۆلەت بىرلىكتە گېرمانىيىگە ئۆلتىماتوم تاپشۇرۇپ نارازىلىق بىلدۈرۈشنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ تەكلىپ بەكلا يامان بىر ۋاقىتتا لوندونغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ئانتونىي ئەدېن تېخى يېڭىلا ئىستىپا بەرگەن بولۇپ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ۋاقىتنىچە مەسئۇلى يوق بىر ۋاقىتلار ئىدى. ئاۋستىرىيە ۋەقەسى تېخى ئەنگلىيە جامائەتچىلىكىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىمىغان بولۇپ، باش ۋەزىرمۇ گېرمانىيىگە قارىتا خاتىرجەم قىلىش سىياسىي تى يۈرگۈزۈش ئۈچۈ ئاۋارە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاۋستىرىيە ۋەقەسىنىڭ ئەھمىيىتىنى تىنماي تۆۋەن كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان لوندوندا چىقىدىغان «تايمىس» گېزىتىمۇ چېمبېرلىننى كۈشكۈرتۈپ، "تۇيۇقسىز جەھەتتىن ئالغاندا، _ دەپ يازىدۇ باش ماقالىسىدا، _ نېمىس تىللىق بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولىدىغان ئەڭ تەبىئى ئىش، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىسىنى چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىدىن باشقا بىر ئىش بولالمايدۇ." گېيوبېلس، "ئاۋستىرىيە ھەرگىز نېمىس خەلقىگە قارشى ئەمەس" دەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇنىڭدىنمۇ قايىل قىلارلىق باشقا گەپ يوق دەپ قارىشاتتى.

ئالدىنقى يىلى كۈزدە، فرانكلىن د. روزېۋېلت بارلىق تاجاۋۇزچىلارنى ئەيىپلىگەن ئىدى. ئەمما روزېۋېلتنىڭ بۇ قىلغىنىمۇ چېمبېرلىن (چامبېرلايىن _ ئۇ.ت) نىڭ يارىشىپ ئۆتۈش سىياسىي تىگە قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن روزېۋېلت يەنە ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا ياپونىيە، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىگە قارىتا "كارانتىن _ قامال قىلىش، خالىمىغان ماللارنىڭ كىرىشىنى توساش" يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئاقىدىغان بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما بۇ تەكلىپمۇ چېمبېرلىننى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمەيدۇ. كەينىدىن روزېۋېلت دېڭىز ئارمىيە ئۇرۇش پىلانى تۈزۈش باشقارما باشلىقى كاپىتان لويېر ئىنگېرسوللنى لوندونغا ئەۋەتىپ، پرېزىدېنتنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ياپونىيىگە دېڭىز ئۈستىدە ئۆزئۆن مۇددەت قامال قىلىش ئىمكانىيىتىنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئېنىقلاشقا يوللايدۇ. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇپ، ئىنگېرسوللغا، بىز "ياپونىيىنىڭ بارلىق دېڭىز يوللىرى ئالاقىسىنى قامال قىلىشقا تەييارلىق قىلماقتىمىز. بىز قامال قىلماقچى بولىۋاتقان دېڭىز ساھەسى تەخمىنەن ئالغاندا

سىنگاپوردىن باشلىنىپ، شەرقى ھىندى تاقىم ئاراللىرى، يېڭى گىۋىنىيە، يېڭى ھېبرىدېس تاقىم ئاراللىرىدىن تا ئاۋستىرالىيە بىلەن يېڭى زىلاندىيىنىڭ شەرقىغىچە سوزۇلىدۇ،“ دەيدۇ. ئەمما باش ۋەزىر چەمبېرلىن 1938-يىلىنىڭ باشلىرىدا روزېۋېلتنىڭ يەنە بىر تەكلىۋىنى رەت قىلغاچقا بۇ پىلانمۇ بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئەسلىدە، روزېۋېلت ئەنگلىيىنى بىر قېتىملىق خەلقئارالىق يىغىنغا تەكلىپ قىلىپ دۇنيا قانۇنىنىڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشماقچى بولغان ئىدى. روزېۋېلتنىڭ كېيىنچە شۇ قېتىملىق يىغىندا ئامېرىكىغا، ”باندىت دۆلەت“ دەپ نام بەرگەنلىكىنى ئاز-تولا ھېس قىلغاندەك بولىدۇ. پرېزدېنت دەسلىۋىدە، چەمبېرلىننىڭ يىغىنغا قاتنىششىنى رەت قىلغانلىقىغا ھەيران قالغان، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنىڭ مەنىسىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمىگەن ئىدى. كېيىنچە، ئىشلار ئېنىق ئاشكارە ئوتتۇرغا چىقىدۇ؛ ئەسلىدە، ئەنگلىيە  شۇ قېتىمقى خەلقئارالىق يىغىنغا قاتنىششىنى رەت قىلىشىدىكى سەۋەب، ئەنگلىيە  شۇ ۋاقىتلاردا مەيلى شەرق ياكى ياۋروپادا بولسۇن، ”كارانتىن“ ھەرىكىتىگە قاتنىششىنى خالىمايتتى. چەمبېرلىننىڭ رەت قىلىشى روزېۋېلتقا بەكلا ئېغىر بىر زەربە بولىدۇ، ئەسلىدە پوتكۇل يەر شارى بويىچە يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن تاجاۋۇزچىلىقنى چەكلەش ئېھتىمالى بولىدىغان، نەتىجىدە تارىخ ئېقىمىنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن بولىدىغان بۇ تۈردىكى قاتتىق قول دېپلوماتىيىلىك سىياسي تىدبىر ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، روزېۋېلت، ئامېرىكىنىڭ بۇرۇنقىدەك سىرت بىلەن كارى بولماي يالغۇز تۇرۇۋېلىش ھالىتىنىڭ ساقلىنىشىغا يول قويىدۇ.

شۇنداق بولغاچقا، مارتنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، بۈيۈك بېرىتانىيە پادىشالىقى يارىشىپ ئۆتۈش سىياسي تىنى قەتئى چىڭ تۇرۇپ ئىجرا قىلىش يولىدىن قايتماس ھالغا كېلىدۇ. 3-مارت كۈنى، ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سىر نېۋىل ھېندېرسون باش مىنىستىرلىكنى زىيارەت قىلىپ، ھىتلېرغا ئەنگلىيە  ھۆكۈمىتى پرىنسىپ جەھەتتە گېرمانىيە بىلەن ھەل بولماي تۇرىۋاتقان بارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. گەرچە ھېندېرسون ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە دوستانە ۋە مۇتلەق ھەققانىيەتچى قىياپىتىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، ”ئۇنىڭ تولۇق ئەنگلىيە  تۆرىلىرىگە خاس سۆلىتى“ گە ”ھەر قانچە قىلغان بىلەن 'ئادەتتىكى قىياپەتلىك' رىببېنتروپ بىلەن ھىتلېر ئىككىسى زادىلا تاقەت قىلالماي قالىدۇ“ دەيدۇ تەرجىمان شمىدت ئەسلىمىسىدە.

ھېندېرسون توپ-توغرا 10 مىنۇت سۆزلەپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە ئۆزىنىڭ بۇ زىيارىتىنىڭ تۆۋەندىكىچە مەقسىدىنى ئۇقتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالايدۇ: چىن كۆڭلىدىن

ئىككى دۆلەت مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلاشنى نىيەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى مىلىك تەستە ئۇقتۇرۇپ بولدۇ. ئۇ سۆزىدە، قۇرال-ئۈسكۈنىلەر بىلەن بومباردىمانغا چەك قويۇش دېگەندەك ئىغىر مەسىلىلەرنى، شۇنىڭدەك چېخ ۋە ئاۋستىرىيە مەسىلىلىرىنى تىنچ يولدا ھەل قىلىش جەھەتتە ئەنگلىيە بەزى يول قويۇشلارغا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. شۇنداق بولغاندا، ھىتلېر ياۋروپانىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن تىنچلىقى ئۈچۈن قانچىلىك تۆھپە قوشالايدۇ؟ دەپ سورايدۇ.

ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزۇن بايان قىلىشى جەريانىدا فۈھرېر كرېسلودا ئىگىلگىنىچە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ جىم ئولتۇرىۋالىدۇ.

ھېندېرسون گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ھىتلېر ئاچچىقلانغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: شىۋۇشنىگنى پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئاۋسترىيىلىكلا ھىمايە قىلماقتا؛ ئەنگلىيە نېمە ئۈچۈن ھەققانىي تۈردە ھەل قىلىشقا قارشى چىقىشتا چىڭ تۇرىۋالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ”نېمىس خەلقىنىڭ ئۆي ئىچى ئىشلىرى“ غا ئارىلىشىپ يۈرىدۇ؟ ئۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئۆتۈپ مۇنداق دەپ ئەيىپلەيدۇ: شۇنىسى ئېنىقكى، فرانسىيە-سوۋېت ئىتتىپاقى شەرتنامىسى بىلەن چېخ-سوۋېت ئىتتىپاقى شەرتنامىسىنىڭ ھەر ئىككىسىلا گېرمانىيىگە تەھدىت ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ، گېرمانىيىنىڭ قايتىدىن قۇراللىنىش يولىغا ماڭغانلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى. شۇنداق ئىكەن، قۇرال چەكلەش دەرىجىسىنى رۇسلارنىڭ قانداق قىلىشىغا قاراپ بەلگىلىشىمىز كېرەك. بۇ ئىش يەنە كېلىپ تۇۋەندىكىدەك مەسىلىلەر سەۋەبىدىنمۇ تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىلدى: كىشىلەر بىر تەرەپتىن سوۋېتلەرگە ئوخشاش ياۋايىلار بىلەن تۈزۈشكەن شەرتنامىغا ئىشەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ياۋايى بىرسىنىڭ مەلۇم بىر ماتېماتىك فورمۇلا چۈشەنچىسىگە ئىشىنىدىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈزۈلىدىغان ھەر قانداق بىر شەرتنامە بىر تىيىنگە ئەرزىمەس شەرتنامىدۇر. شۇنداق ئىكەن، بىز ھەرگىز رۇسىيىنىڭ ياۋروپاغا قەدەم بېسىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

ھىتلېر ئۇيياقتىن-بۇيياقتىن سۆزلەپ يۈرۈپ ئىككى سائەت كاپشىيدۇ. ئاخىرىدا، ”مۇجمەل جاۋاپلار“ بىلەن ئاۋستىرىيە مەسىلىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ. ئەتىسى، ھىتلېر ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىقتىساد مەسلىھەتچىسى بولغان ۋىلھېلم كاپىلېرنى ئاۋستىرىيىگە ئىۋەرتىدۇ. ئۇ، ئاۋستىرىيىگە يېڭى تەلەپلەرنى كۆتۈرۈپ بارىدۇ. يەنى ئۇ بېرچتېسگادېنىدا تىزىملىكتىن چىقىرىۋېتىلگەن بارلىق تەلەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى تەلەپلەر بىلەن ۋىيىنناغا بارىدۇ. ئۇ يەردە ھىتلېرنىڭ شەخسى ۋەكىلى سۈپىتىدە شىۋۇشنىگ بىلەن كۆرۈشىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ ئاساسلىق قىزىقىدىغىنى ئىقتىسادىي مەسىلىلەر بولۇپ، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ گېرمانىيە بىلەن ئاۋسترىيىنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنى ئىككى

دۆلەت مالىيىسى ئۈچۈن بىر زۆرۈرىيەت دەپ تەرغىپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ تۇتقان يولى بىر بۇلاڭ-تالاڭ قىلغۇچى ئەمەس بەلكى بىر رەھىمدىل بىرسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. "فۇھرېرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئارزۇلىغىنى، ـ دەيدۇ كامپلېر ئەسلىمىسىدە، ـ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش، يەنى مۇنداق ئېيتقاندا، ئۇنى ئاۋسترىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۆچلەرگە تايىنىپ ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىدى. ئەگەر بۇ ئىشنىڭ ئىمكانىيىتى بار بولغىنىدا، بۇ ئىشقا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە گېرمانىيىنى ئاشكارە تۇردە قاتارغا قوشۇۋالماسلىق". بۇ سۈيۈملۈك كامپلېر بۇلاردىن خۇلاسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ جەرياننى تېزلىتىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەن ئىدى.

شىۋشنىگ، كامپۇلېرنىڭ ئوتتۇرغا قويۇپ تۇرىۋالغان ناتسىستلاردىن بىرىنى دەرھال ئىقتىسادىي مىنىستىرلىككە تەيىنلەش، «خەلق كۆزەتكۈچىلىرى» گېزىتىنى چەكلەش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مىللى سوتسىئالىزم پارتىيىسىنى قانۇنلۇق دەپ ئېلان قىلىش قاتاردىكى بىر مۇنچە تەلەپكە كۆچلۈك ئىنكاس قايتۇرىدۇ. شىۋشنىگ قەدىتتىق قۇرسقى كۆپۈپ گۇمان قىلىپ سورايدۇ: ئاردىن ئۈچ ھەپتە ۋاقىت ئۆتمەستىن ھىتلېر نېمە سەۋەپتىن كىشىگە مەجبۇرى تاڭىدىغان بىر مۇنچە تەلەپلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ؟ پەقەت ئاۋسترىيىنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك مۇستەقىللىقىنى ئېتراپ قىلىش ئاساسىدىلا ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى ئاۋسترىيىدىكى ناتسىستلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتالىشى مۇمكىن دەيدۇ. شىۋشنىگنىڭ ئەسلىمىسىدە شۇ قېتىمقى سۆھبەت "قىلچە نەتىجىسىز" بولغان، ئەمما كامپېلېر بۇنى ۋەتەن ئىچىگە دوكلات قىلغىنىدا "كۆرۈشۈش دەسلىۋىدە بوران-چاپقۇنلۇق گۈلدۈرماما چىقىرىپ باشلانغان بولسىمۇ، سۆزلىشىش ئاخىرلىشىش ۋاقتىغا كەلگەندە يارىشىش ھاۋاسى بىلەن تولدى" دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭغا بەرگەن تەسىرات بولسا، "شىۋشنىگ ھەرگىز زورلۇق كۈچىگە باش ئېگىدىغان بىرسى ئەمەس ئىكەن. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنغاندا، ئۇ ئىشەنچىنى يوقاتمىغىنىدىمۇ خېلى كۆپ مەسىلىلەردە بىز بىلەن ھەمكارلىشىدىغان بىرسى ئىكەن. بىز بىرچېتېسگادېن شەرتنامىسى مەسىلىسىدە بىز ئۇنىڭ ساداقىتىگە تايىنىشىمىز مۇمكىن." ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا دوكلاد بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاۋسترىيە پارتىيىسى زور دەرىجىدە ئىلگىلەشلەرگە ئېرىشمەكتە ئىكەن. بولۇپمۇ گرازدا، ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ يۈزدە 80 پىرسەنت قىسمى مىللى سوتسىئالىزمغا ئەقىدە باغلىغان كىشىلەر ئىكەن. "ھازىر، بىز ھەرىكىتىمىزنى ئاستىلىتىش ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى شىۋشنىگ تەرىپىدىن تارتىپ كېلىشكە ھەرىكەت قىلىشىمىزغا توغرا كەلمەكتە."

شىۋشنىگنىڭ ناتسىستلارغا يول قويۇشى يېقىندىن قالايماقانچىلىقلارنىڭ پەيدا

بولىشىنىلا كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاۋستىرىيىنى بىر تولۇلۇك ئىلان قىلىنمىغان ئىچكى ئۇرۇش ھالىتىگە سۆرەپ كىرىشكىلا يارىغان ئىدى. ئاخشىمى ۋىيېننادا، ئىس-ئاچىلار بىلەن ناتسىستلارغا ھېسسىداشلىق قىلىدىغانلار ”غالىبىيەتنى تەبرىكلەيمىز! غالىبىيىتىمىزنى تەبرىكلەيمىز!“ دەپ ۋارقىراشقان بولسا، ئەتىسى ”خايىل ھىتلېر!“ دەپ ۋارقىرىشىپ دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يەھۇدىيلار ئولتۇراق رايونى بولغان لېيوپولدستادت ئالاھىدە رايونىغا بېسىپ كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ رىقابەتچىلىرى بولسا ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇپ ”ياشىسۇن شىيۇشنىگ!“، ”ئۆلسەكمۇ تىز پۈكمەيمىز، قىزىل-ئاق-قىزىل!“ دەپ توۋلىشاتتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پات-پاتلا توقۇنۇش پەيدا بولۇپ، ساقچىلار توقماقلىرىنى ئوينىتىپ يېتىپ كەلگىنىدىلا توقۇنۇشلار توختايدۇ. ئادەتتە، ساقچىلار باش مىنىستىر شىيۇشنىگقا قارىغاندا كۆپرەك ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سېيس-ئىنكيۇۋارتقا ساداقىتىنى كۆرسىتىپ كەلگىنى ئۈچۈن تاياق يەيدىغانلار دائىم دېگۈدەك ۋەتەنپەرۋەرلەر بولۇپ چىقاتتى. شىيۇشنىگ ئۈمىدسىز بىر ئەھۋالدا 7-مارت كۈنى مۇسسولىنىغا چاقىرىق قىلىپ، ھازىرقى ۋەزىيەتنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئومۇمىي خەلق سايلىمى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرمەن، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. مۇسسولىنىمۇ بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە جاۋاب يوللايدۇ. گېۆرىڭ بۇرۇن ئۇنىڭغا قۇرال ئىشلەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن، شىيۇشنىگنى ئومۇمخەلق سايلىمى ئۆتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرۈپ خەت يازىدۇ. چەتئەل كۈچلىرى تەرىپىدىن تاجاۋۇز تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقان، مەملىكەت ئىچىدە بولسا بەكلا يول قويۇۋەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئىشچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىۋاتقان، بەكلا قاتتىق چەكلىمە قويغانلىقى سەۋەبىدىن ناتسىستلارنىڭمۇ ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتقان بىر باش مىنىستىر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق بىر خەت ئۇنى ئىتالىيانلاردىن ئۈمىدسىزلىنىشنىلا كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ، مۇسسولىنىنىڭ نەسىھىتىگە قىلچە پەرۋا قىلماسلىق ئىرادىسىگە كېلىدۇ.

9-مارت كۈنى، شىيۇشنىگ، تىرولىيان شەھىرىنىڭ ئىنشىرۇك دېگەن يېرىدە ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىش ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. شىيۇشنىگ، ئۈچىسىغا ئاۋستىرىيەنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمى (قوڭۇر چاپان، يېشىل ئاسما كۆڭلەك) نى كىيىپ، شەھەر ئىچى مەيدانىنىڭ سەھنە مۇنبىرىگە چىقىپ قاتتىق ھېسسىيات بىلەن پۈتۈن مەملىكەت گراژدانلىرى 4 كۈندىن كېيىن سايلام ئۆتكۈزۈلىدىغان نوقتىلارغا بېرىپ مۇنداق بىر سۇئالغا جاۋاب بېرىشىنى: يەنى ”سىلەر نېمىسلارغا تەۋە ئەركىن، مۇستەقىل، ئىناق، خرىستوسقا ئېتىقات قىلىدىغان، ئىتتىپاقلاشقان ئاۋستىرىيىنىڭ قوغدىلىشىنى قوللامسىلەر؟“ دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىتىمقى بىر ئالىم سۆيۈپتىدە ئەمەس بەلكى بىر ناتىق

سۇپىتىدە نۇتۇق سۆزلىشى ئىككىنچى قېتىملىقى ئىدى. "تىروللىق ۋە ئاۋستىرىيىلىك يۇرتداشلار، تىروليان ئۈچۈن، ئاۋسترىيە ئۈچۈن 'قوللايمەن' دەپ جاۋاب بېرىڭلار!" ئۇ، شۇنداق دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، تىرول شۇۋسى بىلەن ئاندرياس خوفېرنىڭ پىدائىيلارغا ناپالئونغا قارشى ئاتاكىغا ئۆتۈش چاقىرىقى بولغان مەشھۇر سۆز بىلەن نۇتقىنى تاماملايدۇ: "جەڭچىلەر، جەڭ قىلىش ۋاقتىڭلار كەلدى!" يىگىرمە مىڭ كىشىلىك ئەگەشكۈچىسى بىر ئېغىزدىن قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىمىز! دەپ توۋلىشىدۇ. رادىئو ئالدىدا ئاڭلاۋاتقان كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىمۇ دەرغەزەپكە كەلگەن ئىدى. ئەمما، شاھزادە ستارخېمبېرگ ھاڭۋاقىنىچە ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالىدۇ. "شيۇشنىگنىڭ ئىشى تۈگەشتى. _ دەيدۇ ئاۋسترىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ئايالىغا، _ ئەمما ئاۋسترىيىمىز تۈگەشمىسىلا بولاتتى. ھىتلېر ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىگە ھەرگىز يول قويىدىغان بىرى ئەمەس."

خۇددى ئۇنىڭ قورققىنىدەك، بۇ ئېلان قىلىش فۇھرېرنىڭ قاتتىق تەدبىر قوللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەركىن ۋە ئىتتىپاقلاشقان ئاۋسترىيە ئۈچۈن ئاۋاز بېرىش ئىشى شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۈكى، _ بۇ ئاۋاز بېرىشنىڭ ئاقىۋىتىمۇ شۇنىڭغا ئېلىپ بارىدۇ _ ئەگەر بۇ پىلان ھىتلېر تەرىپىدىن بىر چەتكە قىيىپ قويۇلمايدىغانلا بولىدىكەن، پەقەتلا قوشۇلۇشنى كېچىكتۈرۈش رولىنىلا ئوينايدۇ، خالاس. ئاۋسترىيىنى قوشۇۋېلىش ئىشى شەرققە قاراپ كېڭىيىشنىڭ زۆرۈرى شەرتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىش ئىشى ھىتلېرنىڭ ھاياتلىق ماكانى پىلانىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىشى مۇمكىن ئىدى. ھىتلېر بۇنداق بىر قارشى چىقىشقا ھەرگىزمۇ چىداپ تۇرالمايتتى. 10-مارت چۈشتىن بۇرۇن، ھىتلېر گېنېرال كېيتېلغا ئاۋسترىيە مەسىلىسى شۇنچە "ئېغىر" بىر مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن سەن بۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق تەييارلىقتا تۇرغىن، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. كېيتېل كېيىنكى ئەسلىمىسىدە، باش قوماندانلىق شتاب بۇ ھەقتە بۇرۇنلا "ئوتتو ئوپېراتسىيىسى" دەيدىغان بىر پىلان تەييارلاپ قويغان ئىدى. يەنى ئوتتو ۋون ھابسبۇرگنىڭ قايتىدىن ئاۋسترىيە تەختىگە چىقىشىدىن ساقلىنىشنى بىلدۈرىدىغان بىر پىلاننى تەييارلاپ قويغان ئىدى. "تەييارلىقنى باشلات!" دەيدۇ فۇھرېر بۇيرۇق قىلىپ.

كېيتېل، دەرھال بېندلېر كوچىسىدىكى باش قوماندانلىق شتابىغا _ ئوك ۋ غا قايتىدۇ. ئەمما ئۇ "ئوتتو ئوپېراتسىيىسى" نىڭ ئەسلىدە قەغەز يۈزىدىلا بىر ئۇرۇش پىلانى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىدۇ. دەرھال تۈزىتىش قىلىپ فۇھرېرغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلىقىدىن بەكلا پۇشمان بولىدۇ. ئەمما پۇشماننى ئالىدىغان قاچا يوق. ئامالسىز ئاۋسترىيىگە بېسىپ كىرىشنىڭ مۇمكىن بولۇپ-بولماسلىقى ھەققىدىكى

لايىھە ۋەزىپىسىنى گېنېرال بىكقا تاپشۇرىدۇ. "بىزنىڭ بۇ جەھەتتە قىلچىمۇ تەييارلىقىمىز يوق تۇرسا، - دەيدۇ بېك رەنجىگەن ھالدا، _ ھېچ قانداق بىر تەييارلىق كۆرۈلمىگەن، قىلچىمۇ تەييارلىق قىلىنمىغان." بېك، ھىتلېرغا مەلۇمات بېرىپ، ئاۋستىرىيىگە قۇراللىق باستۇرۇپ كىرىش ئۈچۈن ئىككى كورپۇس تەييارلىشىمىزغا، شۇنىڭدەك يەنە ئىككىنچى بىرووْنىڭ دىۋىزىيىسىنى سەپلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. ھىتلېر بۇ گېنېرالغا، بۇ دېگەن قىسملىرىڭ شەنبە كۈنى، يەنى 12-مارت كۈنى چېگرادىن بۆسۈپ ئۆتىدىغانغا تەييارلىنىپ تۇرسۇن دەيدۇ. بېك بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. بىر كەسپىي ھەربىي ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىككى سوتكا ئىچىدە بۇنداق بىر ھەربىي ئوپېراتسىيە تەييارلىقىنى پۈتتۈرەمەن دېيىش ھەرگىز مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. شۇڭا بېك بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بۇ دېمەك بوْگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دىن بۇرۇن بۇيرۇقنى ھەر قايسى قىسىملارغا تارقىتىپ بولۇش دېگەنلىك، دەيدۇ. شۇنداق قىل ئەمىسە، دەيدۇ ئىشتىن سىرتقى ستراتېگىيىچى ھىتلېر.

فۇھرېرنىڭ ئەندىشىسى ئارقا سەپ مەسىلىسى ئەمەس بەلكى ئىتالىيىنىڭ بۇ ئىشقا قانداق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقى ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال مۇسسولىنىغا قارىتىپ بىر پارچە خەت يازدۇرىدۇ.443 ئۇ خېتىدە ئاۋستىرىيە ھازىر رەسمىي ھۆكۈمەتسىز بىر يەرگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا، بۇنىڭغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ ئولتۇرالمايمەن. "مەن بىر گېرمان ئىمپېرىيىسىنىڭ فۇھرېرى ۋە باش مىنىستىرىمەن. شۇنىڭدەك قالايماقانلىشىپ كېتىۋاتقان ئۇ يەرلەرنىڭ بىر پەرزەنتىمەن. مەن ئۆز ئۈستۈمگە چۈشكەن ئۇلۇغ ۋەزىپەمنى ئادا قىلىشنى كۆزلەپ ... يۇرتۇمدىكى قانۇنى ئىنتىزامنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۇ يەردىكى خەلقنى ئۆز ھۆكۈمى بويىچە، پۈتۈنلەي توغرا ۋە ئېنىق تالالىشى، ئۇچۇق ئاشكارە ئۇسلۇپتا ئۆز تەغدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلىشى ئۈچۈن غەيرەت كۆرسەتمەكچىمەن." گېرمانىيىمۇ بۇرۇن ئىتالىيە قېيىن كۈنلەردە قالغىنىدا، يەنى ھەبەشىستان ئۇرۇشى جەريانىدا ياردەمدە بولغانلىقىنى مۇسسولىنىغا ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. مەن، ئىتالىيە بىلەن ئىمپېرىيىمىز ئوتتۇرىسىدىكى چېگرانىڭ بىرىنېر جىلغىسىنى پاسىل قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. شۇ ئارقىلىق ئىتالىيىنىڭ بىزنى قوللىشىنىڭ قەرزىنى تۆلىگەن ھېسابلىنىمەن. "بۇ قارارىم ئەندى ئۆزگەرمەيدۇ. شۇڭا بۇ قارارىمدىن قىلچە گۇمانلىنىشقىمۇ بولمايدۇ." چۈشتە، ھىتلېر خەتنى چاپلاپ بولۇپ شاھزادە فىلىپ ۋون ھېسسېنغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا بۇ خەتنى قەتئىي بىۋاستە مۇسسولىنىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشنى تاپىلايدۇ. شاھزادە يەنە ئۆزىنىڭ رىمدىكى باغچىسىغا تىكىش ئۈچۈن بىر سېۋەت گۈل-چېچەك ئالغاچ ماڭىدۇ. ئۇ مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن يولغا سېلىنغان بولۇپ، يېنىدا ئېلىپ كېتىۋاتقان خەتنىڭ

قانچىلىك مۇھىم بىر خەت ئىكەنلىكىدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى.

ئاۋسترىيە تەۋەسىدىكى پۈتۈن يول كۆرسەتكۈچ تاختىلىرىغا ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشلار چاپلىنىپتىلىگەن ئىدى. چوڭ كانايلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان قارا ماشىنىلار يېزا-قىشلاقلاردا قاتراپ يۈرۈپ پۇخرالارنىڭ يەكشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاۋاز بېرىشتە چوقۇم "قوشۇلىمەن" دېگەن ئاۋاز بېرىشى تەلەپ قىلىنماقتا ئىدى. ۋىيېننادا بولسا، ۋەتەنپەرۋەرلەر ناتسىستلاردىنمۇ بەكرەك غەلىۋە قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. تۈركۈم-تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر كوچىلارغا تۆكۈلۈپ، "ياشىسۇن شىيۇشنىگ!" "ياشىسۇن ھۆرلۈك!" ۋە يەنە "بۇ يەكشەنبە، ئاۋاز بېرىش كۈنى، ھەممەيلەن قوللاپ ئاۋاز بېرەيلى!" دېگەن شۇئارلارنى توۋلاشماقتا ئىدى.

ئاممىنىڭ قىزغىنلىقى شىيۇشنىگنى قاتتىق رىغبەتلەندۈرۈۋەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىزچىل تۈردە كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىشقا كىرىشكەن ئىدى. (ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سېيس-ئىنكيۇۋارت، ئومۇمخەلق ئاۋازغا سېلىش ھەرىكىتى بىرچېتىسگادېن كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىنغانلىق، دەپ تەنقىتلىگىنىدە) "مەن ھېچ قاچان ۋە ھەرگىز بىر قورچاق بولالمايمەن!" دەپ جاۋاپ يازدۇ شىيۇشنىگ، "دۆلەت ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتە خاراپ قىلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، جانابىلىرى مېنى قول قوشتۇرۇپ قاراپ ئولتۇرىدۇ دەپ ئويلاپ قالمىغايسىز." ئۇ خېتىنىڭ ئاخىرىدا، بۇ مىنىستىردىن بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان بىر مىنىستىر سۈپىتىم بىلەن دەرھال تەدبىر قوللىنىپ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى يوقۇتۇشىم شەرت، ئۇنداق بولمايدىكەن، قارشى كۈچلەرنى ھەرگىزمۇ توساپ قالالمايمىز دەپ جىددى تەلەپ قىلىدۇ.

گەرچە، ئادەتتىكى كىشىلەر سېيس-ئىنكيۇۋارتنى ھىتلېر گۇماشتىسى دەپ ھېسابلاشسىمۇ، ئاۋسترىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئۇمۇ بەكلا ئەھمىيەت بېرەتتى. گەرچە ئۇ ئاۋسترىيە ناتسىستلىرىنىڭ قىسمەن سىياسەتلىرىگە ھېسسداشلىق بىلدۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن، ناتسىستلارمۇ ئۇنى ھېچ قاچان ئۆز ئادىمى ھېسابلاشمايتتى. ئەدىبىۋى قاراش جەھەتتە ۋە تەبىئىتىدە ئۇ بەرىبىر شىيۇشنىگقا يېقىنراق بىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسىلا ئۆزلىرىنى ۋەتەنپەرۋەرمەن دەپ ھېسابلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا سادىق خرىستىيان مۇرتى ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا زىيالى، مۇزىكاخۇمار مەدەنىيەتلىك كىشىلەردىن ئىدى. سېيس-ئىنكيۇۋارت رادىئو ئارقىلىق ھىمايىچىلىرىنى يەكشەنبە كۈنىدىكى ئومۇم خەلق ئاۋاز بېرىشتە قوللاپ ئاۋاز بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان نۇتۇق سۆزلەشنى قوبۇل قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ناتسىستلارغا قارىغاندا بەكرەك ۋەتەن سۆيىدىغان بىرسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، شيۇشىنگ ”ئىنتايىن رازىمەنلىك ھېسسىياتى“ بىلەن خاتىرجەم كارىۋىتىغا چىقىپ يېتىپ ئۇخلايدۇ. يەنى ئۇ، ناتسىستلارنىڭ ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىشىغا تەھدىت سېلىشىدىن قۇتۇلدۇق دەپ بەكلا خاتىرجەم ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئېنىق خەۋىرى يوق ئىش شۇكى، بۇ پەيتتە سېيىس-ئىنكيۇۋارتنىڭ پارتىيە ئىچىدە ھېچ قانچە ئىناۋىتىنىڭ قالمىغانلىقىدىن ئاساسەن خەۋىرى يوق ئىدى. ئاۋستىرىيىلىك ناتسىستلار ئىچىدىكى جاھىل كۈچلەر توّتىن-توّتىن بولۇپ كوچىغا چىقىپ قالايماقانچىلىق يۈز بېرىۋاتقان مەركەزلەردىن بىرى _ گېرمانىيە ساياھەت ئىدارىسىغا قاراپ يۈپۈرلۈپ بارىدۇ. بۇ بىنانىڭ ئۈستىگە ھىتلېرنىڭ بالادەك يوغان يېرىم چۈشكەن رەسىمى ئېسىلغان ئىدى. ئۇلار ”بىر مىللەت، بىر ئىمپېرىيە، بىر فۈھرېر!“ دەپ توۋلىشىدۇ. دەسلىۋىدە، ۋەتەنپەرۋەرلەر (سان جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئۈچتە بىرىگە تەڭ كېلەتتى) ئۇلارنىڭ بۇ تۈردىكى توۋلاشلىرىنى ھەقىقەتەنمۇ قىزىق ھېس قىلىشقان ئىدى. كەينىدىنلا نۇرغۇنلىغان دەرىزە ئەينەكلىرى تاش ئېتىپ سۇندۇرۇلىدۇ. بىر چەتتە تۇرغان ساقچىلار دەرھال سەپ بولۇپ قورشاپ توساق شەكىللەندۈرۈپ، تېخىمۇ ئېغىر زىيان سېلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولىدۇ. ناتسىستلار قاتتىق ۋارقىراپ جارقىراشقىنىدا ساقچىلار پەرۋامۇ قىلىشمايدۇ، ئەكسىنچە پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا كىرىشكەنىدى. ئاخىرىدا، سان جەھەتتە ئاز بولغان كىرىست يەڭلىك تاقىغان ناتسىستلار كوچىغا چىقىدۇ.

4

11-مارت سەھەر سائەت 2 دە، ئۆزگەرتىش قىلىنغان، بۇرۇنقىدەك ”ئوتتو ئوپېراتسىيىسى“ دەپ ئاتالغان بېسىپ كىرىش پىلانى تارقىتىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنى ھىتلېر ئۆزى بىۋاستە تېزگىنلەيدۇ. ”ئەگەر باشقا تەدبىرلەر ئۈنۈمسىز بولماي قالغىدەك بولسا، - دېيىلىدۇ بۇ پىلاندا، _ ئاۋستىرىيىگە تەقلىدى قوراللىق باستۇرۇپ كىرىش ھەرىكىتى بويىچە ئاساسى قانۇن تۈزۈش شەرت-شارائىتىنى يارىتىپ، گېرمانىيىگە يېقىنچىلىق قىلىدىغان ئاھالىلارغا داۋاملىق زوراۋانلىق قىلىشنى چەكلىنىدۇ.“ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قىسىملار 12-چېسلا چۈش ۋاقتى ئەتراپىدا تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ”بىز يەنىلا ئەملى باستۇرۇپ كىرىش ۋاقتىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالىمىز. قىسىملارنىڭ ھەرىكىتى، بىزنىڭ ئەسلىدە ئۇرۇش قوزغاپ ئاۋستىرىيىلىك قېرىنداشلىرىمىزغا قارشى تۇرىدىغان بىر خىيالىمىز يوق، دەيدىغان تەسىرات بېرىلىشى كېرەك.“

سەھەر سائەت 5 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، شىيۇشىنگنىڭ كارىۋات بېشىدىكى تېلېفون جىرىڭلاپ كېتىدۇ. تېلېفوننى ساقچى باشلىقى قىلغان بولۇپ، سالزبۇرگدىكى گېرمانىيە چېگراسى تاقىۋېتىلگەنلىكىنى، تۆمۈر يول قاتنىشى پۈتۈنلەي توختىتىلغانلىقىنى دوكلات قىلىدۇ. شىيۇشىنگ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ بالخاۋۇز مەيدانىدىكى باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ يەردە مىيۇنخېن رايونىدىكى گېرمانىيە دېۋىزىيىسىنىڭ سەپەرۋەر قىلىنغانلىقى، ئىگەللىنىشلەردىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ھەرىكەت نىشانىسىنىڭ ئاۋسترىيە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. گېرمانىيە گېزىتلىرىنىڭ تېلېگراما خەۋەرلىرىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ھەيران قالارلىق ئىدى: ئالايلۇق، ئۇلار، كومپارتىيىسىنىڭ بايراقلىرى ۋيېننا ئاسمىنىدا لەپىلدەۋاتقانلىقى، توپلاشقانلار "ياشىسۇن موسكۋا!"، "ياشىسۇن شىيۇشىنگ!" دەپ توۋلىشىپ يۈرگەنلىكى ھەققىدە خەۋەرلەر بېرىشكەن ئىدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 بولغاندا، شىيۇشىنگنىڭ ئورنى يوق مىنىستىرى گلايس-خورستېناۋ، ھىتلېر بىلەن كۆرۈشنىڭ يازما يولىيورۇقنى ئېلىپ بالخاۋز مەيدانىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن كىشى سېيس-ئىنكيۇۋارت ئىدى (ئۇ خورستېناۋنى كۈتۈۋالغىلى ئاسپېرن ئايرودرومىدا ئالدىغا چىققان ئىدى). سېيس-ئىنكيۇۋات قاتتىق ھەيران بولۇپ بېرلىننىڭ تەلىۋىنى دوكلات قىلىدۇ: شىيۇشىنگ چوقۇم ئىستىپا بېرىشى، ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىشىنى چوقۇم ئىككى ھەپتە كېچىكتۈرۈشى، خۇددى سائار پۇخرالىرىنىڭ ئاۋاز بەرگىنىگە ئوخشاش "قانۇنلۇق ئاۋاز بېرىش" نىڭ ئۈتتۈرىغا چىقىشىنى كۈتۈشى شەرت. ئەگەر گيۆرىڭ چۈش ئەتراپىدا تېلېفون ئارقىلىق جاۋابقا ئېرىشەلمىگىنىدە، ئۇ ھالدا سېيس-ئىنكيۇۋارتنى چەكلىنىشكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن تېلېفونغا چىقالمىغان دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئۇ ھالدا گيۆرىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن "مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىدىغانلىقى" بىلدۈرۈلگەن. بۇ چاغدا سائەت ئون بىر يېرىم بولۇپ قالغان ئىدى. سېيس-ئىنكيۇۋات گەپ ئۇققىدىغان بىرى بولغاچقا، فۇھرېرنىڭ نامىدا مۆھلەتنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىگىچە ئۇزارتىدۇ.

شىيۇشىنگ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ئېھتىمالىنى دەڭسەپ كۆرىدۇ. ئۇ ساقچى باشلىقىغا تېلېفون قىلىۋىدى، ساقچى باشلىقى ئۇنىڭغا، ۋيېننا ئاۋالقىدەكلا تىنىچ ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ شەھەر ئىچىدە بىر ئېھتىيات ئىستىھكامى قۇرۇپ چىققانلىقىنى، بۇ توساقنى "ئىمكان بار يىراقتا سېلىش" نى پىلانلىغانلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ. ئەمما نۇرغۇنلىغان ناتسىست ساقچى خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ساقچىغا تايىنىش ئىمكانىغا ئىگە ئەمەسلىكىنىمۇ تىلغا ئالىدۇ. ئەنە شۇنداق

تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان بىر ئەھۋال ئاستىدا، شيۇشىنىگ بىر قېتىملىق "يېقىن ھۆكۈمەت كابىنېت" يىغىنى ئاچىدۇ، يەنى ئۆزىگە يېقىن مەسلىھەتچىلەر يىغىنى ئېچىپ جىددى ئەھۋالغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىدۇ. شيۇشىنىگ بۇ ھەقتە ئۈچ تۈرلۈك چارىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: بىرىنچىسى، ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى قەتئىي قوبۇل قىلماي، دەرھال دۇنيا ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە چاقىرىق قىلىش؛ ئىككىنچىسى، ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزى دەرھال ئىستىپا بېرىش؛ ئەخىرقى تەدبىر بولسا، كېلىشىش، يەنى ھىتلېرنىڭ ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى تەلىپىنى قوبۇل قىلىش، ئەمما بۇنىدىن باشقا بارلىق تەلەپلەرنى قەتئىي رەت قىلىش. ئۇلار مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئاخىرقى چارىنى تاللىۋېلىشىدۇ.

بۇ چاغدا ۋاقىتمۇ چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بولاي دەپ قالغان ئىدى. بىر پەستىن كېيىن، بايىقى ئىككى نەپەر مەھشەر كۈننىڭ ئەلچىلىرى، يەنى سېيس-ئىنكيۇۋات بىلەن گىلايس-خورستېناۋ ئىككىسى قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار بۇنىداق ياراشتۇرۇش دېگەن چارىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شيۇشىنىگ ئامالسىز پوتونلەي باش ئىگىش ياكى قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت كۆڭۈلسىز چارىدىن بىرىنى تاللىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ئالدىراش-تېنەش پىرزىدېنت مىكلاس بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ ئىشخانىغا قايتىپ بۇ قارارنى "يېقىن ئىچكى كابىنېت" تىكىلەرگە ئۇقتۇرىدۇ. ئولتۇرغانلار بىر مەزگىل نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ كېتىشىدۇ. بۇ جىمجىتلىقتا، كوچىدا قارا ماشىنىدىن كاناي ئارقىلىق ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىش ھەققىدە تەشۋىقات قىلىۋاتقان ئاۋازلار ئاڭلىناماقتا ئىدى. كەينىدىنلا "ئاھ سېنىڭ ۋە مېنىڭ ئاۋسترىيەم!" دېگەن ناخشا ئاڭلىنىدۇ.

سەل ئۆتكەندىن كېيىن باش مىنىستىر شيۇشىنىگ، سېيس-ئىنكيۇۋارت بىلەن گىلايس-خورستېناۋ ئىككىسىگە: ھىتلېرنىڭ ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش ۋاقتىنى كەينىگە سوزۇش ھەققىدىكى تەلىپى ماقۇل كۆرۈلدى، دەپ ئۇقتۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ خۇددى ئاخشىمى سائەت 8 دىن باشلاپ كوچىغا چىقىش مەنئى قىلىنىش دېگەندەك كەڭ دائىرىلىك بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى ئېلىشقىمۇ مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئىككى نەپەر ئەلچى بۇلارغا كۆڭۈل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قايتىپ چىقىپ گېۋرىڭغا تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر بېرىشكە ماڭىدۇ (كېيىن، ئىنتىپاقداش دۆلەتلەر دائىرىلىرى ئىمپېرىيە باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىدىن شۇ قېتىمقى تېلېفون خاتىرىسى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە كۈندىكى بىرلىن بىلەن ھەر قايسى

ئەللەر پايتەختلەرگە قىلىنغان تېلېفون خاتىرىلىرىنى تىپىشۇالدۇ _ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

”باش مىنىستىر شىۋشىنگنىڭ بۇ تەدبىرلىرى كىشىنى پەقەتلا قايىل قىلالمايدۇ“ دەپ جاۋاپ بېرىدۇ گېۆرىڭ. ئۇ گېپىنى تۆگۆتۇپلا تېلېفون تروپكىسىنى قويىۋېتىپ بۇ ھەقتە قانداق قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ھىتلېر بىلەن بۇ ھەقتە مەسلىھەت قىلىپ ئىش قىلىشى كېرەك ئىدى، _ پاپېننىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، ھىتلېر بۇ چاغدا ئاساسەن ”ھىستېرىيىلىك ھالەتكە كىرىپ قالغان“ ئىدى، _ ئەمما ئۇ مەسلىھەتلەشمىگەن بولۇپ، ئۆزى بىلگىنى بويىچە ئىش قىلىدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن سەل ئاشقاندا، ئۇ قايتا سېيىس-ئىنكىۋۋارت بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشىدۇ. ”بىرلىن باش مىنىستىر شىۋشىنگ ئالغان قارارلارغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ“ دەيدۇ. خوشال-خورام كۆرۈنگەن گېۆرىڭنىڭ چىرايىدا، شىۋشىنگ بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى كابىنېتىنى دەرھال ئىستىپا بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان قىياپەت يۇشۇرۇنغان ئىدى. ئۇمۇ بۇ تەلەپنى قايتا تەكىتلەيدۇ: بېرلىنغا تېلېگراممىا يوللاپ، گېرمانىيىنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىشلار، دەيدۇ.

ئىككى نەپەر مىنىستىر مەغرۇرانە قىياپەت بىلەن ئىشخانىسىغا قايتىپ كىرىدۇ. قالغان ئەمەلدارلار ئۇ چوڭ ئېغىزلىق ئىشخانىدا يىغىلىپ ئۇلارنى كۈتمەكتە ئىدى. ”رەڭگى ئۆڭۈپ قاتتىق تەمتىرەپ كەتكەن“سېيىس-ئىنكىۋۋارت، خاتىرە دەپتىرىنى ئېچىپ، گېۆرىڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومىنى بىلدۈرىدۇ. كەينىدىنلا، ئۇ يەرگە يىغىلغان كىشىلەر ئۇنىڭغا تەرەپ-تەرەپتىن سوئال قويۇپ سېيىس-ئىنكىۋۋارتنى قاچىدىغان يەر تاپالماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ”بۇنى مەندىن سورىماڭلار، _ دەيدۇ كۆڭلى قاتتىق يېرىم ھالدا، _ مەن پەقەت ئۇلارغا شاتۇتلۇق قىلىپ بېرىۋاتقانلا بىرىمەن. يەنى مېنى تېلېفون ئۇلاپ بېرىۋاتقان بىر تېلېفون كوندوكتور قىزى رولىدىكى بىرسىكەن دەپلا بىلىڭلار.“ ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ ، ئەگەر ئىككى سائەت ئىچىدە ئۆزىنى باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەشمەيدىكەن، گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئاۋستىرىيىگە بېسىپ كىرىدۇ، دەيدۇ.

ۋېيىنادا، خۇددى ھېچ بىر ئىش يۈز بەرمىگەندەك ھەممە ئىشلار ئۆز يولىدا كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئايروپىلانلار شەھەر ئۈستىدە ئايلىنىپ پۇخرالارنى يەكشەنبە كۈنى ”ماقۇل ئاۋازى بېرىشى ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرىدىغان تەشۋىقات ۋارقىلىرى بىلەن تولدۇرىۋېتىدۇ. كوچىدا، ”ۋەتەن فرونتى“ نىڭ قارا ماشىنىلىرى ئۆتىۋاتقىنىدا، كىشىلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك شوئارلىرىنى توۋلىشىپ ئۇلارغا بولەك سالىمى بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈرىشەتتى. ھەتتا بىر-بىرسى بىلەن قەتئىي تونۇشمايدىغان كىشىلەرمۇ ئۆزئارا ”ئاۋسترىيە ئۈچۈن“ دەپ ئەھۋال سورىشاتتى. بىر مەزگىل پۈتۈن مەملىكەت گويا بىر گەۋدە

هالىغا كەلگەن ئىدى. تۇيۇقسىزلا، ھەر قايسى رادىئو ئىستانسىسىلىرى قويۇۋاتقان كۆڭۈللۈك ۋالىس مۇزىكىسى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك مارشلىرىنى بىراقلا توختىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر بۇيرۇق ئېلان قىلىندۇ: 1915-يىلى تۇغۇلغان تىوي قىلمىغان زاپاستىكى ئەسكەرلەر دەرھال تىزىمغا ئالدۇرۇپ ئەسكەرلىككە قاتناشسۇن. بۇ ئۇختۇرۇش ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇنغا قالماي، باشلىرىغا مىس قالپاق كىيىشكەن ئەسكەرلەر قارا ماشىنىلارغا ئولتۇرۇشۇپ گېرمانىيە چېگرىسىغا قاراپ سەلدەك ئېقىن قىلىدۇ.

ئۈمىدسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان شىۋشىنگ، لوندوندىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ لوندوندىكىلەرگە ، ئۆزىنىڭ قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھىتلېرنىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل بولۇشتىن باشقا چارىسى قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، "ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق ھەرىكەت قىلىشى ھەققىدە دەرھال پىكرىنى ئوتتۇرغا قويۇشى" نى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ھەممىدىن قىزىق يېرى، بۇ تېلېگرامما چېمبېرلىننىڭ قولىغا يەتكەن ۋاقىتتا، چېمبېرلىن تايمىس كوچىسى 10-نومۇردا رىببېنتروپ ئەر-ئايال ئىككىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن زىياپەت بېرىۋاتقان پەيتكە توغرا كېلىدۇ. چېمبېرلىن، يېقىندىن تەيىنلەنگەن تاشقى ئىشلار ۋەزىرىم لورد خالىفاكس ئىككىمىزنىڭ سىز بىلەن دېيىشىدىغان ئايرىم گېپىمىز بار ئىدى دەپ رىببېنتروپنى سوغوق بىر شەكىلدە كىتاپخانىسىغا تەكلىپ قىلىدۇ. "بۇ قېتىمقى مۇزاكىرە، _ دەپ دوكلات قىلىدۇ ھىتلېرغا رىببېنتروپ شۇ قېتىمقى مۇزاكىرە ھەققىدە، _ بەكلا جىددى بىر شەكىلدە ئۆتتى. ئادەتتە ئۆزىنى بېسىۋېلىشنى بىلىدىغان لورد خالىفاكس چېمبېرلىندىنمۇ بەكرەك جىددىلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما چېمبېرلىن ھېچ بولمىغاندا كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ ئەقلى چېچىلمىغان قىياپەتنى ئىپادىلەشكە تىرىشتى" دەيدۇ. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ۋېيىنادىن كەلگەن تېلېگراممىنى ئوقۇپ بولغىنىدا، رىببېنتروپ "مەن بۇنداق بىر ئەھۋال بولغىنىدىن پەقەتلا خەۋىرىم يوق" دەپ تۇرىۋالىدۇ. ھەتتا ئۇ، بۇ تۇردىكى خەۋەرلەرنىڭ راست-يالغانلىقىغا بىر نېمە دېمەكمۇ تەس، دەپ قارىشىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ، ئەگەر بۇ ۋەقە راست شۇنداق بولغىنىدا، "مېنىڭچە ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنى تىنچ يولدا ھەل قىلىش" دەيدۇ.

بۇ گەپ، ھىتلېر بىلەن دوستانا ئۆتۈش ئارزۇسىدا بولۇپ يۈرگەن چېمبېرلىننى خېلىلا ئارام تاپتۇرىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى شىۋشىنگ ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكىدەك بولۇپ "مانا بىز تاجاۋۇز تەھدىتىگە دۇچ كەلمەكتىمىز" دەپ ئەيىپلىگەن بولسىمۇ چېمبېرلىن يەنىلا رىببېنتروپنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، ھازىرچە گېرمانىيىنىڭ قۇرال ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە بىرەر ئاساسىمىز يوق دەيدۇ. ئاندىن، چېمبېرلىن، لورد

خالىفاكسقا ئاۋسترىيە ھۆكۈمىتىگە تېلېفون بېرىشىنى بۇيرۇيدۇ. روشەنكى، بۇ تېلېگراممىا ئۇنىڭ ئۆزىنى قاچۇرغىنىنى ئىپادىلەپ تۇرۇشىدا گەپ يوق ئىدى: "ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى باش مىنىستىر جانابلىرىغا دۆلىتىنى خەتەرگە قويىدىغان ھەر قانداق بىر ھەرىكەتكە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدىغان بىر مەسئۇلىيىتى يوق. شۇڭلاشقا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئاۋسترىيىنىڭ خەۋپكە دۇچ كېلىمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىمۇ كاپالەت بېرەلمەيدۇ."

شىيۇشنىگ ئەسلىدىنلا خامخىيالغا ئىمىد باغلايدىغان ئادەم ئەمەس. يەنى ئۇ ئەنگلىيە ياكى ئىتالىيىنىڭ ياردەمدىنمۇ ئۈمىدلىنىپ كەتمەيتتى. شۇڭا ئۇ چۈشتىن كېيىن سائەت 4 لەردە ئىستىپاسىنى سۇندۇ. پرېزدېنت مىكلاس چارىسىز ئۇنىڭ ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، سېيىس-ئىنكىۋۋارتنى باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەش بۇيرۇقى چىقىرىشنىمۇ قەتئىي رەت قىلدۇ. ئۇ ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى باش مىنىستىرلىككە تاللىغان بولسىمۇ، قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدۇ. قۇرالىق قىسىملار گېنېرال باش قوماندانى، سابىق خرىستىيان سوتسىئال پارتىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرىمۇ بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلماي سىلىق رەت قىلدۇ. بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدىغانغا بىرەرمۇ ئادەم چىقمىغاچقا، پرېزدېنت مىكلاس شىيۇشنىگتىن بۇ ئىشنى قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشنى تەلەپ قىلدۇ. مەن ئەندى "مەيلى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەندى كايىنىنىڭ قېرىندىشى ياپەسنى ئۆلتۈرۈش ئىشىغا ئارىلاشمايمەن" دەپ بۇ تەلەپنى شىيۇشنىگمۇ رەت قىلدۇ («ئىنجىل» گە ئاساسەن، كايىن بىلەن ياپەس ئىككىسى ئادەم بىلەن ھاۋۋانىڭ تۇنجى ۋەكەنجى ئوغلى _ ھاشىيە ئىزاھاتى) ئەمما پرېزدېنت ھەيران بولغان ھالدا "ئەندى چۈشەندىم، سىلەر ھەممىڭلار مېنى يالغۇز تاشلاپ قويماقچى ئىكەنسىلەر" دېگىنىدە، شىيۇشنىگ نائىلاج باشقا بىرسى سايلانغىچە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان باش مىنىستىر سۈپىتىدە ۋاقىتلىق ۋەزىپىسىدە قېلىشقا ماقۇل بولىدۇ. شىيۇشنىگ گېپىنى تۈگىتىپ ئىشخانىدىن چىقىپ ئۆز ئىشخانىسىدا نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشىدۇ.

چۈشتىن كېيىن، قارارگاھقا چۈشكەندە ئەگىشىپ باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسى ئىچىدىكى تۇيغۇلار بەرداشلىق بەرگىلى بولمىغىدەك ھالغا كېلىدۇ. بېرلىننىڭ بېسىمى، بولۇپمۇ گېيۆرىڭ (ئۇ گويا سۇسىز قالغان بېلىقنىڭ سۇغا ئېرىشكىنىدەك جانلىنىپ كەتكەن ئىدى) نىڭ بېسىمى توختىماي ئارتىپ بارماقتا ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە، قۇرۇغلۇق ئارمىيە مارشالى تېلېفوندا بىر يەر ئاستى ناتسىست رەھبىرى بولغان ئۇۋدىلو كلوبوكنىكقا يېڭى ھۆكۈمەت كابىنېتى چوقۇم سائەت يەتتە يېرىمدىن بۇرۇن تەشكىللىنىپ

بولىشى شەرت دەپ قاتتىق ۋارقىرايتتى. گيۆرىك، بۇ ئاخشام سائەت 7 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە سىپىس-ئىنكىۋۋارت چوقۇم فۇھرېرگە تېلېفون قىلىپ ھۆكۈمەت كابىنېتىنىڭ قۇرۇلۇپ بولغانلىقىدىن خەۋەرلەندۈرسۇن دەيدۇ. ئاندىن ئۇ، ئۆز سىڭلىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىچكى كابىنېت مىنىستىرلىرى تىزىملىكىنى ئېغىزچە ئېيتىپ بېرىدۇ. يەنە بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، سىپىس-ئىنكىۋۋارت بىۋاستە گيۆرىك بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ،447 مىكلاس، شيۇشنىگنىڭ ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلدى، ئەمما گېرمانىيەنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن سابىق باش مىنىستىر سۇيىتى بىلەن ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ. گيۆرىڭ غەزەپلەنگەن ھالدا، مىكلاسقا ئېيت، دەرھال گېرمانىيىنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلسۇن. بولمىسا، ”چېگرا بويىچە ساقلاپ تۇرغان گېرمانىيە ئەسكەرلىرى ئومۇمى يۈزلۈك چېگرادىن ئۆتۈپ ئالغا ئىلگىرلەيدۇ، ئۇ چاغدا ئاۋستىرىيە دېگەن بىر دۆلەت مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. ... ئۇنىڭغا ئېيتقىن، بىز ئۇنىڭغا چاخچاق قىلىۋاتقىنىمىز يوق! ئەگەر بىز سېنىڭ سائەت يەتتە يېرىمدىن بۇرۇن باش مىنىستىرلىككە ئاتالغىنىڭنى ئاڭلىساق، چېگرادىن ئۆتۈش بۇيرۇقى ئەمەلدىن قالىدۇ، گېرمانىيە قوشۇنلىرىمۇ بىز تەرەپتە قالىدۇ“ دەيدۇ. شۇنىڭدەك، سىپىس-ئىنكىۋۋارت دەرھال پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مىللى سوتسىيالىزم پارتىيە ئەزالىرىنى كوچىغا چىقىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئاخىرىدا، ”ئەگەر مىكلاس 4 سائەت ئىچىدە ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ يەتمەيدىكەن، مەن ئۇنىڭغا 4 مىنۇت ئىچىدە تونىتىپ قويىمەن!“ دەيدۇ.

”خوپ، دېگىنىڭىزچە بولسۇن!“ دەيدۇ سىپىس-ئىنكىۋۋارت قاتتىق خاپا ھالدا.

سائەت يەتتە يېرىم بولمايلا گيۆرىڭ دوكلات ئالىدۇ. بىر سائەتكە قالماي، گيۆرىڭ، مىكلاس يەنىلا سىپىس-ئىنكىۋۋارتنى باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى رەت قىلىپ تۇرىۋالغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئالىدۇ: ”كېپىمنى ئاڭلا، _ دەيدۇ گيۆرىڭ سىپىس-ئىنكىۋۋارتقا ۋارقىرىغىنىچە، _ مەن يەنە بىر قانچە مىنۇت ساقلاپ باقاي. تېلېفونىڭنى كۈتىمەن. سەن كونسۇلخانىنىڭ ئالاھىدە تېلېفونى ئارقىلىق مىنىڭ بىلەن كۆرۈشكىن. ئەمما تېز بولۇشۇڭ كېرەك. كېچىكتۈرسەڭ مەن بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالالمايمەن. ئەسلىدە، ئۇ مىنىڭ بىر مىنۇتمۇ ئارتۇق ساقلاتقۇزۇشۇمغا ئۇنىمايۋاتىدۇ. _ ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرى، كىشىگە بۇيرۇقتا بوي سۇنىۋاتقان بىرسى قىياپىتىنىلا بەرگەندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما، بەلكىم ئەڭ ئېھتىمال بولغىنى، ئۇ ئەسلىدە ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىۋاتقاندەكلا قىلاتتى. چۈنكى، بۇ چاغدا ھىتلېر بۇ ئىشنى زادى پۈتتۈرمسەك بولمايدۇ، دەپ ئالدىراپ كەتكىنىمۇ يوق ئىدى. _ شۇ چاغدىمۇ سىپنى تەيىنلەشكە ئۇنىماي

تۇرنىۋالـىدىكەن، ئـۇ چاغـدا سـەن قۇراللىـق ھوقـۇق تارتىۋېلىشـىڭ كېـرەك. شـۇنداق قىـل، ماقۇلمۇ؟“

ناتسىستلار بىرلىنىڭ چاقىرىقىغا ئـاۋاز قوشـۇپ، كـوچىلاردا ھوقـۇق تارتىـپ ئېلىشقا كىرىشكەن ئىدى. شەھەر ئىچىگە بۆسـۈپ كىـرگەن بىـر ئۇچـۇم پـارتىيە مـورتلىرى ماتغاچ ”ياشىسۇن ھىتلېر! ياشىسـۇن غەلـىبە! شىيۇشـنىگ دارغـا ئېسىلسـۇن!“ دېگەنـدەك شـۇئارلار توۋلايتتى. باش مىنىسترلىكتە قامىلىپ قالغان شىيۇشنىگ بـۇ شـۇئارلارنى ئـاڭلاپلا قالمـاي، ئالغـا ئىلگىرلەۋاتقـان ئايـاق تاۋۇشـلىرىنىمۇ ئاڭلايـدۇ. ئـۇ كۆڭلىـدە، مانـا بـۇ باسـتۇرۇپ كىرىشنىڭ شەپىسى دەپ ئويلاپ دەرھال پرىزدېنت ئىشخانىسىغا يېتىپ بېرىـپ پرىزدېنتتىقا ئاخىرقى قېتىم تەلەپتە بولىدۇ. ئەممـا مىكـلاس ناتسىسـت پارتىيىسـىدىن بولغـان بىرسـىنى باش مىنىستىر قىلىپ تەيىنلەشكە قەتئىي قوشۇلماي چىڭ تۇرىۋالىدۇ. شىيۇشنىگ قايتا-قايتا يـالۋۇرۇپ تۇرىۋالغىنـىدىن كېـيىن، پرىزدېنـت ئـاخىرى: ”ئەمىسـە سـىلەر مېنـى تاشـلاپ كېـتىڭلار، ھەممىڭـلار يوقۇلـۇڭلار!“ دەيـدۇ. شىيۇشـنىگ يەنىـلا سـپىس-ئىنكيۇۋارتـىدىنمۇ مۇۋاپىق باشقا بىرەر نامزات تاپالمايدۇ. شۇڭا ئۇ، سپىس-ئىنكيۇۋارت دېـگەن بـۇ ئـادەم بىـر كاتولىـك، شـۇنىڭدەك ئـۇنى ھەمـمە سـادىق ۋە ئىشـەنچلىك دەپ قارىشـىدۇ. شـۇڭا ئـۇ، ئىنكيـۇۋارتى رادىئـو ئـارقىلىق پۈتـۈن مەملىكەتـكە رادىئـو نـۇتقى ئـېلان قىلىشـى ھەققىـدە تەكلىپ بېرىدۇ.

شىيۇشنىگ دەرھـال بىنانىـڭ پەلەمپىيى يېنىـدىكى ”ئـايرىم بۆلـۈم“ گە كىرىـدۇ (بـاش مىنىسترلىك يېرى بىرىنچى قەۋەتتە ئىدى). ”ئايرىم بۆلۈم“ نىڭ ئوتتۇرىسىدا بىـر مىكرافون تىكلەكلىـك بولـۇپ، دولقـۇس ئۆلتـۈرۈلگەن يەردىـن 5 قەدەممـدەك نېرىـدا بىـر يەر ئىـدى. ئاخشىمى سائەت يەتتىدىن ئەللىك مىنۇت ئۆتكەندە، شىيۇشنىگ مىكرافون ئالـدىغا كېلىـدۇ. بۆلۈمـدە غۇژۇلـدىغان ئـاۋاز ياڭرايـدۇ. ئـۇ مىكرانغـا قـاراپ گېرمانىيىنىـڭ ئەڭ ئـاخىرقى ئۇلتىمـاتومى ھەققىـدە توختىلىـدۇ. پۈتـۈن ئاۋسـترىيە تەۋەسـىدە كىشـىلەر پۈتـۈن دىققىتـى بىلەن رادىئوغا قولاق سېلىشىدۇ. ۋىللىئام شىرېر بۇ نۇتۇقنى پۈتۈن ئۆمرى بويىچە ئاڭلىغان ئەڭ ھاياجانلىق بىر قېتىملىق نۇتۇق دەپ تەرىپلەيدۇ. ”پرىزدېنت مىكلاس، مەندىن پۈتـۈن ئاۋسترىيە خەلقىگە بىز قۇراللىق كۈچ تەرىپىدىن باش ئەگدۇرۇلـدۇق دەپ ئۇختۇرۇشـمىنى، تەلەپ قىلدى. بىز ھەر قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، يەنى بوگۈنكىدەك ئەڭ ئاخىرقى پەيتلەر كەلگەندىمۇ، بىـز نـېمىس خەلقىنىـڭ ئۆزئـارا قـان تۆكۈشـىنى خالىمـايمىز؛ شـۇڭا، بىـز ئـۆز قوشۇنلىـرىمىز ئـارمىيىمىزگە ئەگەر بېسىـپ كىرگـۈچىلەرگە دۈچ كەلگىنىـدە ئۇرۇشماستىن كەينىگە چېكىنىپ داۋاملىـق بـۇيرۇق كۈتـۈڭلار دەپ بۇلىيـورۇق بەردۇق، دەپ ئېيتىشمىنى تەلەپ قىلدى. _ شىرېر ، شىيۇشنىگ قاتتىق كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئاۋازى تىترەپ

يىغا ئاۋازىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، شيۇشىنىڭ ئۆز ھېسسىياتىغا ئىگە بولالايدۇ.

_ شۇنداق بولغاچقا، _ دەيدۇ شيۇشىنىڭ نۇتقىنى ئاخىرلاشتۇرۇۋېتىپ، _ مەن نېمىسلارنىڭ ۋىدالىشىش ئۇسلۇبى بويىچە، شۇنىڭدەك ئۆزەمنىڭ چىن دىلىم بىلەن ئۇمىد قىلىش ئۇسلۇبىم بويىچە 'تەڭرىم ئاۋستىرىيىنى قوغدىغايسەن!' دەپ تىلەكتە بولۇپ، ئاۋستىرىيە خەلقى بىلەن ۋىدالاشماقچىمەن."

بۆلۈم ئىچى بىر ھازا سۈكۈت ئىچىگە چۆمدى. مەدەنىيەت تەشۋىقات مەسئۇلى بولغان خاممېرستېين-ئېكۇرد ئىسىملىك بىرسى، _ بۇ فامىلە كونا نېمىس ئاقسۆڭەكلىرىگە مەنسۇپ بىر فامىلە ئىدى _ ھاسسىسىغا تايانغىنىچە ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ مىكرافونغا قاراپ تووۋلايدۇ: "ياشىسۇن ئاۋستىرىيە! مەن بۇگۈن ئۆزەمنى بىر نېمىس دەپ ھېسابلاشتىن نومۇس قىلىمەن!" ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر قانچە تېخنىك خادىم ئالدىن تەخسىگە ئېلىپ قويۇلغان دۆلەت گىمنىنى قويىدۇ، _ بۇ شېئىر خوررېيدىنىڭ يازغان شېئىرى بولۇپ، ئاساسەن ئالغاندا «گېرمانىيە ھەممىدىن ئۈستۈن» دېگەن مارشىنىڭ مىسرالىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

سېيس-ئىنكىۋۋارت "قاراڭغۇ بۆلۈم" دىن يۈگۈرگەندەك ئالدىرىغىنىچە چىقىدۇ. چۈنكى ئۇ سائەت سەككىزگە ئۈچ مىنۇت قالغاندا گيۆرىڭ بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشىشى كېرەك ئىدى. "بۇ يەردىكى ھۆكۈمەت تېخى يىقىلا ئىستىپا بەردى! _ دەپ دوكلات بېرىدۇ. _ ئاۋستىرىيە ئارمىيىسى چېگرادىن كەينىگە چېكىنىۋاتىدۇ، بۇ يەردىكى جانابلار بېسىپ كىرىشنى كۈتۈپ ئولتۇرماقتا."

گيۆرىڭ ئۇنىڭ ھېلىغىچە باش مىنىستىرلىقنا تەيىنلەنمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرھال قايناپ كېتىدۇ: "خوپ ئەمىسە! سەن چوقۇم ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىشىڭ كېرەك. ئىشنىڭ ئۇ تەرىپى ساڭا قالدى. مەن ھازىر ساڭا ئېيتىدىغانلىرىمنى دەرھال ھەر قايسى مەسئۇل خادىملارغا يەتكۈزگىن: كىمكى گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قارشىلىق كۆرسەتمەكچى، كىمكى قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن تەشكىللىنىدىكەن، ئۇ ئادەم بىزنىڭ سوتىمىزنىڭ جازالىشىغا ئۇچرايدۇ. _ سېيس-ئىنكىۋۋارت بۇ گەپكە تولۇق ئىشىنىپ كېتەلمىگەن ھالدا قارشىلىق بىلدۈرىدۇ، دەرھال گيۆرىڭنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن جىمىقتۇرۇلىدۇ، _ خوپ شۇنداق بولسۇن. سەن بىزنىڭ رەسمى بۇيرۇقىمىزنى تاپشۇرۇۋالغۇچى ھېسابلىنىسەن."

باش مىنىستىر مەھكىمىسىنىڭ سىرتىدا تەخمىنەن يۈز مىڭدەك ۋەتەنپەرۋەر يىغىلغان ئىدى. ئەر-ئايال ناتسىست قوللىغۇچىلىرى بولسا بىر تەرەپتىن رەتلىك ھالدا فۇھرېرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ شۇئار تووۋلاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەشئەللەرنى ئويناتقىنىچە

خوشاللىقىدىن سەكرەپ تەنتەنە قىلىشاتتى. بۇ ئەھۋال ۋەتەنپەرۋەرلەر سېپى ئارىسىدىمۇ قاتتىق غۇل-غۇلا پەيدا قىلىۋېتىدۇ. شەھەر ئىچىدە، بەزى ناتسىست ھىمايىچىلىرى تېخىمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن ناخشا توۋلاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن "يەھۇدىيلارنى يوقۇتايلى! ياشىسۇن ھىتلېر! ياشىسۇن غالىبىيەت! يەھۇدىيلارنى قىرىپ تاشلايلى! شىۋشىنىگنى دارغا ئاسايلى! ياشىسۇن سېيىس-ئىنكىۋۋارت!" دەپ شۇئار توۋلىشىدۇ.

ۋيېنناغا ئىككى قېتىم ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم يوللاپ ۋەزىيەتنى مەجبۇرى تېزگىنلەشكە ئۇرۇنۇپ يۈرگەن بۇئارىدا گيۆرىڭ ئىزچىل تۇردە، ھەر قانداق بىر ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر مۇتلەق تۇردە ئاۋستىرىيەگە بېسىپ كىرىشىمىز شەرت دەپ ھىتلېرنى جاسارەتلەندۈرمەكتە ئىدى. قۇھرېر تا سائەت 8 دىن چارەك ئۆتكىچە ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ. كېيىن، ئۇ گيۆرىڭ بىلەن بىرلىكتە سەيلىگە چىققان ۋاقتىدا بىر ساقچى گېنېرالنىڭ پاقالچىقىغا شاپىلاقلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالىدۇ. "مانا ئەندى ھەرىكەت باشلىساق بولىدۇ!" دەپ توۋلايدۇ. يېرىم سائەتتىن كېيىن، ھىتلېر "ئوتتو ئوپېراتسىيىسى" ئۇچۇن "ئىككىنچى نومۇرلۇق ئومۇمىي بۇيرۇق" نى ئىمزالاپ، "ئاۋستىرىيىنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە قان تۆكۈلۈشنى توساش" ئۈچۈن گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئاۋستىرىيەگە بېسىپ كىرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.

ھىتلېر ئومۇمىي بۇيرۇققا قول قويۇپ 3 مىنۇت ۋاقىت ئۆتكەندە، گيۆرىڭ قىشلىق گۈل باغچىسىدا تېلېفون ئارقىلىق ئىقتىسادىي مۇتەخەسسىس كېپلېرغا قايتىدىن بۇيرۇق بېرىدۇ. سېيىس-ئىنكىۋۋارت چوقۇم ئاۋستىرىيە شتاتلىق ھۆكۈمەت نامىدا تېلېگراممىا يوللىسۇن، ئاۋستىرىيەگە دەرھال ئەسكەر يوللاپ، ئاۋستىرىيىنىڭ قانۇن-تۈزۈمىنى ۋە تەرتىپ-ئىنتىزامىنى قوغدىشىغا ياردەم قىلسۇن دەپ ئۇقتۇرىدۇ. سېيىس-ئىنكىۋۋارت بۇ ئىشنى چوقۇم دەرھال ھەل قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دەپ ئەسكەرتىدۇ: "ئۇنىڭ راستىنلا بىر تېلېگراممىا يوللاپ يۈرىشىنىڭ ھاجىتى يوق، يوللىدىم دېسىلا كۇپايە، دېگىنىمنى ئۇقتۇڭمۇ؟"

بۇ گەپلەرنى نېۋرات ئوغرىلۇقچە ئاڭلىۋېلىپ دەرھال مېھمان كۈتۈش زالىدىكى كىشىلەر ئارىسىغا يېيىۋېتىدۇ. "ئاھ تەڭرىم! _ پاپېن ئۆزىنى تۇتىۋالالماي ۋارقىراپ تاشلايدۇ، _ دىققەت، بۇ تېلېگراممىا ئىشنى ھەرگىزمۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئېمس تېلېگراممىسىغا ئايلاندۇرۋالمىغاي!" (بۇ دېگىنى ئەسلىدە 1870-يىلى فرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ پرۇسىيە پادىشاھى ۋىلھېلمغا يوللىغان قارشى چىقىش ئىمكانىسىز بىر تېلېگراممىنى كۆزدە تۇتماقتا. شۇ چاغدا، پادىشاھ ۋىلھېلم ئېمس دەرياسىدا ساياھەت

قىلىۋاتاتتى. بۇ تېلېگراممىا قىسقارتىلىپ بىسمارك تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئىدى. قىسقارتىلغاندىن كېيىنكى بۇ تېلېگراممىا فرانسىيىنىڭ تەلىپىنى بەكلا ھاقارەت تۇسىگە كەلتۈرۈۋەتكەن بولغاچقا، بۇ سەۋەبتىن پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشىنىڭ پارتىلىشى تېزلىتىلگەن ئىدى. _ ئا.ھ.ئىزاھاتى) پاپىن بۇ ئىشقا بەكلا كۆڭۈل بولگەچكە، بۇرۇلۇپ يېنىدىكى كاپىتان ۋىيېدېماندىن سورايدۇ: "ئاۋستىرىيىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق نېمىنى ئىسپاتلىماقچىمىز؟ بۇ ئىش پەقەتلا پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىمىزگە دۈشمەن قىلىۋېلىشىمىزنىلا كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئەسلىدە ساقچىلارنىلا ھەرىكەتلەندۈرۈشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلاتتى." ۋىيېدېمانمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلىدۇ. ئەمما نېۋرات بۇ ئىشنى بۇنچە پاجىئەلىك كۆرسىتىشنىڭ نېمە ھاجىتى، "ئۇزۇن يىلدىن بۇيان، ھىتلېر ئەڭ سەرخىل دىۋىزىيىسىنى ئاۋستىرىيىگە كىرگۈزۈشنى خام خىيال قىلىپ يۈرەتتى. نېمىشكە ئۇنىڭ خوشال بولۇشىغا چىدىماي قالدىڭلار؟" دەپ ئۇ ئىنكاسىنى ئەيىبلەپ كېتىدۇ.

گىيۆرىڭنىڭ ئىغىزچە بايانى بويىچە ئاۋستىرىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى نامىدا گېرمانىيىدىن دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم تەلەپ قىلىش تېلېگراممىسى، دەل ھىتلېرنى خوشال قىلىپ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان بىر تېلېگرامما ھېسابلىناتتى. بۇمۇ بىر تۇرلۇك ئاۋال ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ياردەم قىلىشنىڭ بىر ئۈلگىسى ئىدى. بۇنداق بىر تەلەپ ھىتلېر بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى ئۈچۈن ئازات قىلغۇچى دەيدىغان نىقاپقا پۈركىنىشى ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەت بولۇپ بېرىدۇ. ئۇ ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن قىسىملىرىنى ئاۋستىرىيىگە قاراپ داغدام قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇ جەرياندا پەقەت بىرلا ئىش كام قالغان بولۇپ، مۇسسولىنى تېخىچە بۇ ئىشقا كاپالەت بەرمىگەن ئىدى. سائەت 10 دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە، شاھزادە فىلىپ ۋون خېسىن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قىلىدۇ. "مەن تېخى يېڭىلا ۋېنېزىيە سارىيىدىن كەلدىم. _ دەيدۇ ھىتلېرغا، ھىتلېرنىڭ قەلبى ھاياجاندىن چوقۇم قاتتىق دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن _ باش مىنىستىر مۇسسولىن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى ئىنكاسى بەكلە ياخشى ئىدى. ئۇ سىزگە سەممىي سالام يوللىدى." مانا بۇ خەۋەر مۇسسولىنىنىڭ كاپالەت بەرگەنلىكى ھېسابلانغان ئىدى. ئەسلىدە، ئاۋستىرىيە مەسىلىسى ئۇنى پەقەتلا قىزىقتۇرالماس ھالغا كېلىپ بولغان ئىدى.

ھىتلېر بۇ خەۋەردىن خوشال بولۇپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ: "مۇسسولىنىغا مەن ئۇنىڭ بۇ دېگىنىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويغان بولسىڭىز. _ ئۇ ھاياجانلىنىپ سۆزىنى تەكرارلاپ كېتىدۇ، _ ھەر قانداق بىر ۋەقە يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن، مەڭگۈ-مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن! _ ئۇ زادىلا ئۆزىنى تۇتىۋالالماي

قالغان ئىدى. ـ گېپىمنى ئاڭلاڭ، ئۇ خالىغان بىر ئىش توغرىلىق شەرتنامە ئىمزالاشنى خالىسا دەرھال قول قويىمەن. بىزنىڭ ئەھۋالىمىز سەل ئاۋالقىدەك ئۈنچىلىك قورقۇنۇشلۇق ئەمەس. يەنى دېمەكچى بولغىنىم، ھەربى ئىشلار جەھەتتە بىز ناۋادا بىرەرسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغىدەك بولساق بۇرۇنقى قورقۇشلىرىمىز غايىپ بولىدۇ دېمەكچىمەن. سىز ئۇنىڭغا قايتا دەپ قويۇڭ، مەن چىن قەلبىمدىن ئۇنىڭغا رەخمەت ئېيتىمەن. مەن ئۇنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن! ـ ئۇنىڭ ئېغىزى ئېچىلدىمۇ، بولدى، گېپىنى زادىلا توختىتالماي قالدۇ، ـ ئەگەر ئۇ بىرەر ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغىدەك بولسا ياكى بىرەر بوھرانغا دۇچ كەلگىدەك بولسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەر ئىشتا بىللىمەن، ھايات-ماماتتا بىللىمەن. ھەر قانداق ۋەقە بولىشىدىن قەتئى نەزەر، ئەگەر پۈتۈن دۇنيا قوزغىلىپ ئۇنىڭغا قارشى ئاتلانغىنىدىمۇ مەن مەڭگۈ ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالىمەن. ...“

ۋيېننادا بولسا، يېڭى باش مىنىستىرنىڭ بىرىنچى قىلغان چوڭ ئىشى كېپلېردىن ھىتلېرنىڭ بېسىپ كىرىش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ئۈچۈن دەرھال خىزمەت ئىشلەش؛ ئاندىن، سېيس-ئىنكىۋۋارت دىققىتىنى شىۋشىنگغا قارىتىش بولىدۇ. ئۇ سابىق باش مىنىستىرنىڭ ئاۋستىرىيەگە قوشقان تۆھپىلىرى ئۈچۈن رەخمەت ئېيتىدۇ. چوڭ-كىچىك كوچىلارنىڭ ھەممىسىدىلا تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىۋاتقان ناتسىستلار بىلەن توشۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ”سىز بىرەر چەتئەل باش ئەلچىخانىسىغا بېرىشنى ياكى كوچىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ۋېنگرىيە باش ئەلچىخانىسىغا كىرىۋېلىشنى ئويلاۋاتامسىز قانداق؟“

شىۋشىنگ ئۆيىگە قايتماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىنىڭ بىرىنچى قەۋەتتىكى پەلەمپىيى ئالدىغا كەلگىنىدە ئىككى قاتار بولۇپ تىزىلغان كىرىس بەلگىلىك يەڭلىك تاقىغان يۇخرا مۇھاپىزەتچىلەرنى كۆرىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇ تۈنجى قېتىم باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىنىڭ ئىشغال قىلىنىپ بولۇنغانلىقىنى سېزىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ ناتسىست بىلەك سالىمى بېرىشىدۇ. ئەمما بۇ سابىق باش مىنىستىر ئۇلارغا قارىمىغان بولۇپ پەلەمپەيدىن چۈشۈشنى داۋام قىلىۋېرىدۇ. بىنادىن چىققىنىدا ھەربىلەرمۇ ئۇنىڭغا چاس بېرىپ سالام قىلىشىدۇ. شىۋشىنگ ئۇلارغا بىر-ئىككى ئېغىز رەخمەت ئېيتىپ خوشلىشىش سۆزى ئېيتقاندىن كېيىن، سېيس-ئىنكىۋۋارتنىڭ پىكاۋىغا چىقىپ ئولتۇرىدۇ. ماشىنا ئاستا-ئاستا قوزغىلىشى بىلەن، ياش ناتسىست مورتىدىن بىرسى پىكاپنىڭ دەسسىگۈچىگە سەكرەپ چىقىپ، سابىق باش مىنىستىرنى بىرەر ئىش بولمىسۇن دەپ كىشىلەر توپى ئارىسىدىن قوغداپ ئۆتىدۇ.

بېرلىندا بولسا، سېيس-ئىنكىۋۋارتنىڭ گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ توختىتىلىشى

توغرىسىدىكى تەلۋى تېلېفون ئارقىلىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يەتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن، كېنىپلىرمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ تەلۋى قۇرۇغلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شىتابى بىلەن باش مىنىستىرلىققا يەتكۈزۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ تەرەپنىڭ تېلېفون مۇنازىرىسى باشلىنىدۇ: ۋېيىننا بېسىپ كىرىشنى توختۇتۇش تەلىۋىدە بولماقتا. سىزنىڭ بۇ تەلىۋىڭىز رىيال ئاساسى بار بىر تەلەپمۇ؟ بۇ تەلىۋىڭىزنى ھىتلېرغا يەتكۈزۈشنى خالامسىز؟ ھىتلېر ئىككى سائەت ئاۋال رىم بىلەن تېلېفون كۆرۈشكەندىن كېيىن باش مىنىستىرلىق مەھكىمىسىگە قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ھاياجىنى بېسىقمىغان ئىدى.

سەھەر سائەت ئىككى يېرىم بولغاندا ھىتلېر ئۇيقۇسىدىن ئۇيغۇتۇلىدۇ. ئۇ بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ، ئۆرلىپ كارىۋىتىغا چىقىپ يېتىۋالىدۇ. ئەمما بېسىپ كىرىش دەيدىغان بۇ غەلىتە ھەرىكەت سەۋەبىدىن پەقەتلا خاتىرجەم بولالماي قالغان گېنېراللار، ھەر تۈرلۈك خىياللار بىلەن مەشغۇل ئىدى. سەھەر سائەت 4 ئەتراپىدا، باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىككىنچى باش قوماندانى گېنېرال ۋون ۋېيباخن گېنېرال كېيتېلغا تېلېفون قىلىپ، "ھىتلېرغا خىزمەت ئىشلەپ ئاۋستىرىيەگە بېسىپ كىرىش پىلانىدىن ۋاز كەچتۈرسەڭ" دەپ يالۋۇرىدۇ. كېيتېل ماقۇل شۇنداق قىلاي دەپ جاۋاپ بېرىپ قويۇپ، سەل ئۆتمەيلا ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ ھىتلېر بۇ تەلەپنى يەنە بىر قېتىم رەت قىلىۋەتتى، دەپ ئۇقتۇرىدۇ. ئەسلىدە ئۇ ھىتلېرغا تېلېفون قىلغان ئەمەس ئىدى. "بۇ ئىشلاردىن ھىتلېرنىڭ قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى."

كېيتېل كېيىنكى ۋاقىتلاردا "ئەگەردە ھىتلېر بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپسا ئىدى، ئۇنىڭ قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىنىڭ گېنېراللىرىغا بولغان قارىشى پۈتۈنلەي يامانلىشىپ كەتكەن بولار ئىدى. شۇڭا مەن ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئۆزئارا رەنجىپ يۈرۈشىنى خالىمىدىم" دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.

قۇرۇغلۇق ئارمىيە شتاپ قوماندانى براۋچىتش بىلەن ۋېيباخن تىنماي تېلېفون قىلىپ يالۋۇرۇپ تۇرىۋالغاچقا، ئۇ كېچىسى كېيتېل ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ "جەھەننەم كېچىسى" گە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. براۋچىتشنىڭ ئۆزىمۇ بەكلا ئۈمىدسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان؛ ۋېيباخن بولسا پەقەتلا خاتىرجەم بولالماي تۇرۇپلا يوقۇرى ئاۋازدا دۇئا قىلسا، تۇرۇپلا بېشىمىزغا چوڭ بىر بالا تېپىۋالدۇق دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى. ئاندىن يەنە جىمىپ قالاتتى. جودل ئۇنى ئۆزەڭنى تۇتىۋال دېگىنى بىلەن، ئۇ ئۆزى ئىشخانىسىغا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋېلىپ سىيا قۇتىسىنى ئىشىككە ئېتىپ ئاچچىقىنى چىقىرىپ ئۇلارغا تەھدىت قىلغىنىچە ۋارقىرايدۇ: "ئەگەر قايسىڭ كىرىدىكەنسەن چوقۇم ئېتىپ تاشلايمەن!"

5

شەمبە كۈنى قاق سەھەردە، ھىتلېر، ئۆزىنىڭ يۇرتىغا يۈرۈش قىلىشىنىڭ غالىبىيىتىنى تەنتەنە قىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كىيىتىل بىلەن بىرلىكتە ميۇنخېنغا قاراپ ئۈچىدۇ. يولغا چىقىشتىن ئاۋال، بىر ئۇختۇرۇشقا ئىمزا قويۇپ بەرگەن ئىدى. بۇ ئۇختۇرۇشتا ئۇنىڭ دېيىشىدىكى بۇ قېتىمقى بوھراننى پەيدا قىلىشقا سەۋەپ بولغان ھەر تۈرلۈك ۋەقەلەرنى بىر-بىرلەپ ساناپ كۆرسىتىدۇ. "بۈگۈن سەھەردىن باشلاپ، گېرمانىيە قۇراللىق كۈچلىرى ئاۋستىريە چېگراسىنى بۆسۈپ ئۆتتى. ۋيېننا يېڭى مىللى سوتسىئالىزم پارتىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاساسەن، گېرمانىيە موتورلاشقان قىسىملىرى بىلەن پىيادىلار قوشۇنى، شۇنىڭدەك كۆكتە پەرۋاز قىلغان ئايروپىلانلىرىمىز ئاۋستىريە خەلقىنىڭ بالدۇرىراق ھەقىقى گراجدانلىق سوپىتى بىلەن ئومۇم خەلق ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قوغداش مەقسىتىدە بۇ ئەلگە كىردى." ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسى ئىشلىرىنىمۇ بۇ ئۇقتۇرۇشقا قوشۇپ قويىدۇ: "مەن ئىمپېرىيە فۈھرېرى ۋە باش مىنىستىرى بولۇش ھەمدە ئەركىن گېرمانىيە پۇخراسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئىنتايىن بەختلىك ھالدا تۇغۇلغان يۇرتۇمنىڭ تۇپراقلىرىغا قەدەم قويىمەن."

ئەتىگەن سائەت 8 دە، گېرمانىيە قوشۇنلىرى خۇددى سەلدەك ئاۋستىرىيىگە بېسىپ كىرىدۇ. بەزى چېگرا پونكىتلىرى يەرلىك خەلق تەرىپىدىن سۆكۈۋېتىلگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى تاجاۋۇز خۇددى دالا يۈرىشى قىلىۋاتقان ھەربى مانېۋىردەكلا كۆرۈنەتتى. مەسىلەن ئالايلۇق، ئىككىنچى برووننىڭ دىۋىزىيىسى «بايدېكېر ساياھەت كۆرسەتمىسى» خەرىتىسىگە قاراپ ئالغا ئىلگىرلىمەكتە بولۇپ، ئۇلار يەنە يول بويىدىكى يەرلىك بېنزىن پونكىتلىرىدىن يېقىلغۇ توشقۇزۇپ ماڭماقتا ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى ئاۋستىرىيىگە بېسىپ كىرگىنىدىن كېيىن، يەرلىك ئاياللار بىلەن باللار خوشال-خورام تەنتەنە قىلىشىپ، ئۇلارغا گۈل-چېچەكلەر ئېتىشاتتى. ناتسىستلارنىڭ تانكىلىرى ئىككى يىنغا ھەر ئىككىلا دۆلەتنىڭ بايرىقىنى قادىۋېلىشقان بولۇپ، يەنە بەزىلىرى شاخ-يوپۇرماقلار بىلەن تانكىلىرىنى بېزەشكەن ئىدى. "پۇخرالار بىزنىڭ دوست سۈپىتى بىلەن كەلگىنىمىزنى كۆرمەكتە ئىدى. — دەيدۇ گېنېرال ھېينز گۇدېرىئان كېيىن ئەسلەپ كېلىپ، — بارغانلا يېرىمىزدە قىزغىن قارشى ئېلىنىۋاتتۇق." ھەر بىر شەھەر ۋە يېزا-قىشلاقلاردا ھەر بىر ئائىلە ئىشىك يېنىغا كىرىست بەلگىلىك بايراقلارنى ئېسىشقان ھالدا ئىنتايىن جۇشقۇنلۇق بىلەن نېمىسلارنى

قىزغىن قارشى ئېلىشىدۇ. "كىشىلەر ئۆزئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى، قۇچاغلىشىپ سۆيۈشەتتى، ھەتتا كۆزلىرىدىن خوشاللىق كۆز ياشلىرى ئېقىتاتتى." ۋېيىنناغا قاراپ ئىلگىرلەشنىڭ بىردىن-بىر توسالغۇسى، يول بويى بۇزۇلۇپ يېتىپ كەتكەن تانكىلار بىلەن قارا ماشىنىلارنىڭ يولنى توسۇۋېلىشى ئىدى.

ھىتلېر چۈش ۋاقتىلاردا ميۇنخېنغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەمرالىقىدىكى ماشىنا ئەترىتى مۈلدورف (براۋناۋغا بىر سائەتكە يەتمەيدىغان يىراقتا بىر يەر) قا قاراپ يولغا چۈشىدۇ. بېسىپ كىرىۋاتقان قىسىملارنىڭ قوماندانى گېنېرال ۋون بوك ھىتلېرغا مۇنداق دەپ دوكلاد بېرىدۇ: بىز ھېچ قانداق بىر قارشىلىققا دۇچ كەلمىدۇق. ئىن دەرياسىدىن ئۆتىدىغان يولدا ماشىنىلار بىلەن تاماشا كۆرگۈچى كىشىلەر بىلەن لىق تولغانلىقى ئۈچۈن، ھىتلېرنىڭ ماشىنا ئەترىتى چۈشتىن كېيىنكى بىر ۋاقىتلاردىلا ئاران دەريادىن ئۆتۈپ بولىدۇ. براۋناۋدا، ھىتلېرنىڭ ماشىنىسى شۇنداق ئاستا مېڭىشقا مەجبۇر بولىدىكى، پىيادە ماڭغاندىمۇ ئاستا كېتىۋاتاتتى. خوشاللىقىدىن خۇدىنى يوقاتقان كىشىلەر گويا ھىتلېر قانداقتۇ بىر خىزىرغا ئوخشاش بىر-بىرسىنى قىستىشىپ ماشىنىسىنى بىر سىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. ماشىنا بۇ قېدىمى شەھەرنىڭ كىچىك شەھەر دەرۋازىسىدىن ئاستا-ئاستا ئۆتۈپ، پوممېر ئىن مېھمانسارىيىغا قاراپ يولنى داۋام قىلىدۇ. بۇ سارىي بۇندىن 49 يىل بۇرۇن ئادولفنىڭ تۇغۇلغان يېرى ئىدى. ھىتلېر، قىزغىن تەنتەنە قىلىۋاتقان كىشلەرنىڭ ھەمرالىقىدا ئۆز ھەمرالىرى بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا پىششىق تونۇش بولغان تۇپراقلارغا قاراپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. لامباچتا، ئۇ يەردىكى كونراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن چېركاۋ (بۇ چېركاۋنىڭ ئىككى تەرىپىگە كرىست بەلگىلىك بايراق ئېسىلغان) ئالدىغا كەلگەندە، ھىتلېر شوپۇرىغا ماشىنىنى توختىتىشنى بۇيرۇيدۇ. بىر ۋاقىتلاردا ھىتلېر مانا بۇ بىنادا مۇزىكا كۇرسى ئالغان ئىدى.

لوندوندا بولسا، ئىچكى كابىنېت جىددى يىغىن چاقىرىدۇ. چېمبېرلىنىنىڭ ئەنسىرەش ئىچىدە چىقارغان ھۆكۈمى، بۇ بىرلىشىشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، "... ھەر قايسى چوڭ دۆلەتلەر 'ئەگەر سەن ئاۋستىرىيىگە قارشى ئۇرۇش ئاچىدىكەنسەن، ئۇ چاغدا ئالدىڭدا بىزگە دۇچ كېلىسەن' دېيەلىگەن بولسائىدى، بۇنداق بىرلىشىشتىن ساقلىنىش مۇمكىن بولاتتى. _ ئاما بۇنداق بىر ئىشنىڭ مۇمكىن بولىشىنى قىياس قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇ خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ، _ بۇ ئىش بەرىبىر ۋاقتى ئۆتۈپ بوسۇغىغا كېلىپ بولغان بىر ئىش ئىدى." بۇ ئىش بەرىبىر ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ بولغاچقا، ئۇ بۇ ئىشنى ئەھمىيەت بەرگىچىلىكى يوق كىچىك ئىش دەپ دەپتىردىن ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ.

ھىتلېرنىڭ ھاياجان ئىچىدە يۇرتىغا قايتىش يۈرۈشىنىڭ بىرىنچى قەدىمى لىنزدا

تاماملىنىدۇ (قانچىلىغان كېچىلەرنى ئۇ يالغۇز بېشىغا لىنىز كوچىلىرىدا ئايلىنىپ ئۆتكەزگەن ئىدى-ھە!) بۇ چاغدا كەچمۇ كىرىپ قالغان ئىدى. بازار مەيدانىدا ساقلاپ تۇرغان يۈز مىڭدەك شەھەر ئاھالىسى ھىتلېرنىڭ ماشىنا ئەترىتىنى ئەسەبىلەرچە تەنتەنە بىلەن قورشىۋېلىشقان بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن ئادىيۇتانتلىرىنى بەكلا ھەيران قالدۇردۇ. فۇھرېر بىلەن يېڭى باش مىنىستىر شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ بالكونىدا كۆرۈنگىنىدە، خەلق ئاممىسى گويا ئەس ھۇشىنى يوقاتقاندەك قىزغىن تەنتەنە قىلىشىدۇ. "پۈتكۈل مۇھىت خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك قىزغىن ھاياجانلىنىشلار ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەنىدى" دەپ ئېيتىدۇ كېيتېل ئەسلىمىسىدە. ھىتلېرنىڭ كۆزلىرىدىن خۇددى بۇلاقتىن تۆكۈلگەندەك ياش تۆكۈلەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان گۇدېرىئان "ئۇ ھەرگىزمۇ كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆز يېشى تۆككىنى يوق" دەپ قەتئىي ئىشىنچ قىلىدۇ.

ھىتلېر، قىسقىچىلا يۇرتىنى سېغىنىش نۇتقى سۆزلەپ بولۇپ، تۇۋەن قەۋەتتىكى ۋېيىنزىنگېر مېھمان سارىيىغا قايتىپ كىرىدۇ. مېھمان ساراي خوجايىنى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر يۇرۇش ئۆيىنى بوشىتىپ بېرىدۇ. ساھىپخانىنىڭ بۇ ئۆيى پوستى چىقىرىلىپ قۇرۇتۇلغان ھايۋان ئەۋرىشكىلىرى بىلەن تولغان ئىدى. ئۇۋچىلىقنى يامان كۆرىدىغان ھىتلېر، تۈنجى قېتىم شىمالى قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ بېشىغا پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ.452 ئۇنىڭ ياتىدىغان چوڭ كارىۋات بېشىدا بىر پارچە كونا پاسون رامكىغا ئېلىنغان جوزېفىن باكېرنىڭ پورترېت رەسىمى ئېسىغلىق ئىدى _ بۇ رەسىم ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان رەسىملىرىدىن ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇنداق كۆڭلىنى خوش قىلالمايدىغان مۇھىت ئاستىدا سېيىس-ئىنكىۋۋارت بىلەن بەزى ئىشلار ھەققىدە سۆزلەشكەن بولسىمۇ، بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ.

ھىتلېر، يۇرتىغا قايتىپ بارغىچە بولغان ۋاقت ئىچىدە بىرلىشىشنىڭ مەنىسىنى تېخى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كېتەلمىگەن ئىدى. ئۇ پەقەت بۇ بىرلىشىشنى خۇددى بۇرۇنقى ئاۋسترو-ۋېنگر ئىمپېرىيىسىدىكىگە ئوخشاش ئاجىز باغلار بىلەن باغلانغان بىر فېردېراتىپ دۆلەتلا بولىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما، بىر كۈندىن بۇيانقى كۆرۈۋاتقان بۇ قىزغىنلىقلار، ئۇنىڭ چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۇ خىزمەتچىسىگە: "بۇ بىر تەغدىر مەسىلىسى، لىنىگ. مەن ھامىنى بىر كۈن پۈتكۈل نېمىسلارنى ئۇلۇغ گېرمان ئىمپېرىيىسى ئاستىغا يىغىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، چوقۇم فۇھرېر بولۇشقا بېكىتىۋېتىلگەن بىرىمەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟" دەيدۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، سېيىس-ئىنكىۋۋارت پايىتەختكە قايتىپ كېتىدۇ. ئۇ يەردە،

ۋېيېننا ناتسىستلىرىنىڭ فۈھرېرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن يىغىلىپ تەييار تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار مەشئەل نامايىشى قىلىشماقچى بولغان ئىكەن. ئەمما نامايىشچىلار تولا تەنتەنە قىلىپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئىكەن. گېنېرال گۇدېرىئاننىڭ تانكا قىسىملىرى قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇنلا لىنزدىن يولغا چىققان بولسىمۇ، قار يېغىۋاتقان ھەمدە يول ياساش ئىشى بولىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، نەچچە مىللىق يولنى ملىك تەستە بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئالدىن يۈرۈش قىلىش قىسىملىرى 50 تەك تانكىنى يوللارغا تاشلاپ قويۇپ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندىلا ئاندىن ۋېيېنناغا كىرىپ كېلىدۇ. گۇدېرىئان، ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقان بولىشىغا قارىماي كوچىلار نامايىشچى شەھەر ئاھالىسى بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇ. نامايىشچىلار بىرىنچى تۆركۈم گېرمانىيە ئەسكەرلىرىنى كۆرۈشى بىلەن تەڭ، شۇ ھامات قىزغىنلىق بىلەن تەنتەنە قىلىشقا باشلايدۇ. بېسىپ كىرگەن قىسىملار ئاۋسترىيە ئوركىستىر ئۆمىكىنىڭ يول باشلىشى بىلەن تىياتىرخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدۇ. كىشىلەر يېڭى گۈل-چېچەك ۋە پۈتۈپ كەتكەن ئاۋازلاردا ۋارقىرىشىپ ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىشىپ ئۇلارنى قارشى ئالماقتا ئىدى. قىزغىنلىق ئىچىگە چۆمگەن شەھەر خەلقى گېنېرال گۇدېرىئاننىڭ پەلتوسىدىكى تۈگمىلەرنى سۆكۈۋېلىپ خاتىرە قالدۇرۇشقا تىرىشاتتى. ھەتتا بۇ گېنېرالنى چۈشكۈن قىلغان يېرىگىچە كۆتۈرۈپ ئاپىرىشىدۇ. ئەمما كۈن چىققاندىن كېيىن گېرمانىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ يېمەكلىكلەر ماگازىنلىرىغا يۇپۇرلۇپ كىرىپ سېرىق ياغ، قېيزا ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ھە دەپ سېتىۋېلىپ قۇرۇتۇپلا قويىشىغا شەھەر خەلقى بەكلا ھەيران قالىدۇ.

يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، گيۆرىڭ لوندوندىكى رىببېنتروپ بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ، ھىتلېرنىڭ ھەشەمەتلىك قارشى ئېلىنغانلىقى ھەققىدىكى ئەھۋاللاردىن مەلۇمات بېرىدۇ. گيۆرىڭ، ئاۋسترىيىگە ياكى مىكلاسقا ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم بېرىلگەنلىكى ھەققىدىكى گەپلەرنىڭ پۈتۈنلەي يالغان گەپ ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىدۇ. رىببېنتروپ بۇ ئىشلار ھەققىدە قىلچە ئېغىز ئاچماي ئۇنىڭغا جاۋابەن ئاۋسترىيىدە يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئادەتتىكى ئېنگلىزلارنىڭ ھەققى تۈردە قىزىقمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، رىببېنتروپ خوشاللىقتىن كېيىن، بۇ ئىشقا ئاز-تولا قىزىقىپ سورايدۇ: ئەگەر بىرەر خەۋىپ ياكى ئاۋارىچىلىقا ئوخشاش ئىشلار يۈز بەرگىدەك قىلسا فۈھرېرىمىز ھەزىم قىلىپ كېتەلەرمىدى؟

گيۆرىڭ ئاللىمۇقاچان ئايروپىلان بىلەن ئاۋسترىيىگە خەۋەرچى يوللاپ، ھىتلېرنى ئامالىنىڭ بارىچە بۇرۇنقى پىلانىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇۇشقويۇشغا ئۈندەشكە ئۇرۇنىدۇ: ”ئەگەر قىزغىنلىق راستىنلا شۇنچە يوقۇرى بولغىنىدا، _ دەيدۇ تەكلىپ بېرىپ، _ بىز نېمە

ئۇچۇن بۇ ئىشنى ئاخىرغىچە تولۇق پۈتتۈرمەيدىكەنمىز؟“ بەلكىم، ھىتلېر گېيۆرىڭنىڭ يېقىنقى كۈنلەردە قىلغانلىرىدىن پەقەتلا خەۋىرى بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى؛ ئەمما يەنە بىر ئېھتىمالدا، ھىتلېر بىرەر خاتالىق پەيدا بولۇپ قالغىنىدا ئۆزى مەسئۇلىيەتتىن قېچىشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاۋا ئارمىيە مارشالىغا مەخسۇس ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا يول قويۇپ بەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ قەلبى ئەزەلدىن بىر-بىرسىگە زىچ باغلانغان ئىدى. ھىتلېرمۇ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكى بىر ئەمەلدارغا گېرمانىيە-ئاۋستىرىيە بىرلىشىشى ھەققىدە بىر قانۇن لايىھىسى تۈزۈپ چىقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان ئىدى. چۈش ۋاقتىدا بۇنداق بىر قانۇن لايىھىسى تۈزۈپ چىقىرىلىدۇ. ماقۇللانغاندىن كېيىن، ھىتلېر ئۇنى ۋېيىننادا تۇرىۋاتقان سېيس-ئىنكيۇۋارتقا تەستىقلاپ يوللاپ بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن شۇ كۈنى تەستىقلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

دەسلىۋىدە، سېيس-ئىنكيۇۋارت بۇنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. ئەمما يېڭى باش مىنىستىر بۇنداق بىر قانۇن تۈزۈلگەنلىكىدىن يەنىلا قاتتىق خوشال بولىدۇ.453 يەنە بىر تەرەپتىن، ھىتلېرمۇ بىر ئاي ئىچىدە ئىمزاسىز ئەركىن ئاۋاز يولىغا قويۇلۇپ بۇ قانۇننى ماقۇللىتىدىغانلىقىنى بېكىتىدۇ. سېيس-ئىنكيۇۋارت بۇنداق بىر قانۇن تۈزۈشتىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، ”ئىنتايىن قىممەتلىك بىر قانۇنغا ئايلىنىشىغا قاتتىق ئىشەنچ قىلىپ ئىچكى كابىنىتتىكىلەرنى بۇنداق بىر قانۇننى ساقلاتماي دەرھال تەستىقلىشىغا ئۈندەيدۇ. بۇنىڭغا ئاۋستىرىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ بىرلەشتۈرۈلىشىنى ”خەلقنىڭ ئارزۇسى“ نى يەردە قويمايلى دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ. ئىچكى كابىنىتمۇ دۆلەتنى ھىتلېرغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە بىردەك قوشۇلىدۇ. ئەمما پىرىزدېنت مىكلاس يەنە بىر قېتىم توسالغۇلۇق قىلىپ يول قويماي ھۆججەتكە قول قويۇشتىن باش تارتىپ، ”ھوقۇق يۈرگۈزۈش جەھەتتە چەكلىمىگە دۇچ كەلدىم“ دەپ تۇرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن بۇ باھانىسى ھوقۇقنى باش مىنىستىرغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە سەۋەب بولىدىغان قانۇننىڭ تۈزۈلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ھىتلېر بىرلەشتۈرۈش ئىشى قانۇن ئارقىلىق بېكىتىلىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلىسىمۇ، كۆڭلىدە يەنىلا مۇھىم بىر تۈگۈن قالغان ئىدى. ئۇ شاھزادە ۋون ھېسسېن بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكىنىدىن بېرى، مۇسسولىنىنىڭ رەسمى تۈردە تەستىقلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، رىمدىن بىرەر ئېغىزمۇ خەۋەر كەلمەيدۇ. ئەسلىدە، گېرمانىيە-ئاۋستىرىيە بىرلىشىش خەۋىرى مۇسسولىنىنى ئۇچۇقتۇرۇپلا قويغان ئىدى. ئۇ ۋارقىرىغىنىچە: ”ھۆ سېنى ئۆلمەيدىغان نېمىس!“ ئاخىرى ئۇ ئۆز ئەسلىگە

كېلىپ بىر ئاز تىنجىپ، يەكشەنبە كۈنى قىسقىلا بىر تېلېگىرامما يوللايدۇ:

"سىزنىڭ ئاۋسترىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلۇبىڭىزنى شەخسەن تەبرىكلەيمەن. مەن بۇ ھەقتە شيۇشنىگنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدىم."

بۇ تېلېگىراممىنى ئالغان فۇھرېرنىڭ خوشاللىقىغا ھەقىقەتەنمۇ گەپ كەتمەيتتى. ئۇمۇ قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا ئۇنىڭكىدىنمۇ قىسقا قىلىپ بىر پارچە تېلېگىراممىا يوللايدۇ:

"مۇسسولىنىغا، مەن بۇ دېگىنىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن."

فۇھرېر، بۇ غالىبىيەتتىن ئېۋا براۋنمۇ بىرگە ھوزۇرلانسۇن دەپ ئۇيلاپ، ئۇنىمۇ دەرھال ۋيېنناغا چاقىرتىدۇ.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ يېقىندىكى لېئونىدىڭنى كۆرۈپ كېلىدۇ. ئۇ لىنىگ بىلەن بىرلىكتە، ئاتا-ئانىسىنىڭ قەۋرىسىگە _ كونا ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىسىدىكى قەۋرىستانلىققا بارىدۇ. ئادولف، خىزمەتچىسىنىڭ قولىدىكى گۈل چەمبىرەكنى ئېلىپ، مەن بۇ يەردە ئازىراق ماتەم تۇتماقچىمەن دەپ، ئۇنى قالغان ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە قەۋرىستانلىقنىڭ سىرتىدا ساقلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇ، قولىدىكى گۈل چەمبىرەكنى قەۋرە تېشىغا يۆلەپ قويۇپ، بىر ئاز ماتەم تۇرۇشىدا سۈكۈت ئىچىدە تۇرىۋالىدۇ. ئاندىن داۋاملىق سۈكۈت ئىچىدە گەپمۇ قىلماي يۆرۈپ كېتىدۇ. بۇ يەر ئادولفنىڭ بالا ۋاقتىدا ئۆيىدىن ئايرىلىپ سەرگەردانلىق يولىغا قەدەم قويغان يەر ئىدى. ئۇ شۇنچە ئازاپلانغان بولسىمۇ قەتئىي چىرايىدىن بىلىندۇرمەيدۇ. ھەتتا ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگىمۇ بىلىندۇرمەيدۇ. ئۇ، ئەينى ۋاقتىدىكى خاگېمۇللېر دەيدىغان بىر ساۋاقدىشىنى تونۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاز مۇڭدىشىدۇ. كېيىن، ئۇ لىنزدىكى مېھمانخانىدا بۇرۇنقى كۇنلىرىدىكى دوستلىرى بىلەن يىغىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر نەپەر سائەت رېمونتچى، ۋە ئۇنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى دوكتور خۇمبېرمۇ بار ئىدى.

شۇ ئاخشىمى، ھۆكۈمەت باش مىنىستىرىغا ئەمەس بەلكى بىر خىزمەتچىگىلا ئوخشاپ قالغان سېيىس-ئىنكيۇۋارت ھىتلېرنىڭ تۇرغان ئۆيىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاۋسترىيىنىڭ گېرمانىيىگە تەۋە بىر شتات ھالىغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان قانۇننىڭ ماقۇللانغانلىق خەۋىرىنى ئالغىنىدا، ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن ئۆزىنى تۇتىۋالالماي يىغلاپ تاشلايدۇ. "بەك ياخشى بولدى. _ ئۇنىڭ ئاغزىغا مىڭ تەستە گەپ كېلىدۇ، _ قالتىس چوڭ بىر سىياسىي ھەرىكەت قان تۆكۈلمەي ھەل قىلىندى." شۇنداق قىلىپ، ئاۋسترىيىنىڭ مۇستەقىللىقىمۇ شۇ كۈنى خاتىمە بېرىلگەن ئىدى. 13-مارت يەكشەنبە كۈنى، يەنى شيۇشنىگ ئومۇم خەلق ئاۋازغا قويۇش ئۇسۇلى بويىچە ئاۋسترىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى چىڭىتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلغان كۈنىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

## 6

سىگمۇند فرېئۇد ئائىلىسىدىكىلەرگە: ئەگەر ناتسىستلار ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىپلا ئالىدىكەن، ئائىلىمىز بويىچە ئاۋستىرىيەدىن چىقىپ كېتىمىز دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئەمما دەل شۇ كۈنى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنگلىيىلىك كەسىپدىشى دوختۇر ئېرنېست جونېسقا مۇنداق دەيدۇ: "بۇ يەر مېنىڭ ئىش ئورنۇم. شۇڭا مەن بۇ يەردىن ئايرىلسام بولمايدۇ." بۇ گەپ جونېسقا "تىتانىك" پاراخوتىنىڭ كاپىتانى ھەققىدىكى بىر ھېكايىنى ئەسلىتىدۇ. كىشىلەر ئۇ پاراخوت باشلىقىدىن سىز نېمىشقا پاراخوتىڭىزنى تاشلىۋېتىسىز دەپ سورىغىنىدا، پاراخوت باشلىقى: "مەن ھېچقاچان پاراخوتۇمنى تاشلىۋەتمىدىم. ئەمما پاراخوتۇم مېنى تاشلىۋەتتى" دەيدۇ. فرېئۇد بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى. ئۇ، ئاۋستىرىيە ئەندى مەۋجۇت ئەمەس دەپ ئېتىراپ قىلدى. شۇڭا ئەنگلىيە دېگەن بۇ "كىچىكىمدىن تارتىپ كېتىشنى ئارزۇلاپ كەلگەن يېرىم" گە كېتىشكە ماقۇل بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئاۋستىرىيەدىن بەك بالدۇر قاچمايدۇ. رودولف ھېسنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقى ئاستىدا مىللەتچى سوتسىئالىزم پارتىيىسىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت مۇناسىۋەتى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىغا ئاساسەن ئاۋستىرىيىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئىشلىرى باشلىنىتىلىدۇ. ئەڭ رەھىمسىزلەرچە يۈرگۈزۈلگەن ھەرىكەت يەنىلا ھىملېر يىتەكچىلىكىدىكى ساقچىلارنىڭ تازىلاش سوغىسى ھېسابلىناتتى. يەنى بۇ ھەرىكەت سىياسىي جەھەتتىكى ئۆكتىچىلەرگە قىلىنغان زىيانكەشلىك ھەرىكىتى ئەڭ رەھىمسىزلارچە ھەرىكەت ھېسابلىناتتى. گېستاپو كاتتىبېشى ھېيدرىخ، موررىن مەيدانىدا پەيدا بولۇپ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ؛ ئۇنىڭ قولئاستىدىكى ئىشپىيونلىرى قانۇن كىتابلىرىنى ھەممىدە ئاۋستىرىيە مەخپىي ساقچى ئىدارە باشلىقىدىن قولغا كەلتۈرگەن ئارخىپلارنى تەكشۈرۈش ئىشىغا كىرىشىدۇ. بۇ يەردە ئەڭ كامىدا بىر قېتىم سىياسىي سۇيىقەست دېلوسى يۈز بېرىدۇ: يەنى پاپېننىڭ يېقىن سىردىشى ۋە مەسلىھەتچىسى _ گېرمانىيە باش ئەلچىخانا كونسۇلى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

يەرلىك AS چىلار يەھۇدىيلارغا قارىتا زىيانكەشلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىنى باشلىۋەتكەن بولۇپ، ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن، ئىشخانىلىرىدىن سۆرەپ چىقىشىپ كېسىلاتا سۈيى بىلەن تاملارغا ۋە پىيادىلار يولىغا يېزىلغان (شىيۇشىنگنىڭ) تەشۋىقات شۇئارلىرىنى يۇيۇشقا زورلايدۇ. يەنە بەزىلەرنى تۇتۇپ كېلىپ AS ئەترىتىنىڭ گازارمىلىرىدىكى تەرەتخانىلارنى ۋە يوللارنى تازىلاتقۇزىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تۈردىكى يەھۇدىيلارنى بوزەك

قىلىشنى كۆپلىگەن گېرمانىيە ئارمىيىسىدىكى ئوفىتسېرلار پەقەتلا خالىمايدۇ. مۇخپىر گېدىي، ئىككى نەپەر ئوفىتسېرنىڭ "ياشانغان ئىككى نەپەر يەھۇدىينىڭ پىيادىلار يولىنى يۇپ تازىلاشقا ئىشلىتىدىغان چىلەكلىرىنى تېپىپ ئۆرۈۋېتىپ، سىلەر ئۆيىڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار، دېگەنلىكىنى، ھەمدە ئۇلارغا نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان ناتسىست AS لارنى تىللاپ ۋەتۆۋەرىكىنى چىقىرىۋەتكەن" لىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.

بۇ تۆردىكى مەنزىرىلەر مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋيېننالىقلارنىڭ قىزغىنلىقىغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار يەنىلا شۇ ئۆتكەن 48 سائەتتە يۈز بەرگەن ھەر تۆرلۈك ۋەقەلەر پەيدا قىلغان ھاياجان ئىچىدە ياشىماقتا ئىدى. "بۇ يەردە، كىشىلەر يېڭى ھۆكۈمەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى ئاۋستىرىيىنى ئىمپېرىيە بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش ھەققىدىكى قارارىنى قىزغىن تەنتەنە قىلىشماقتا ئىدى. بۇ تەرىپىنى ھەرگىزمۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايتتى. _ دەيدۇ ئەنگلىيە باش ئەلچىسى دۆشەنبە كۈنى بارون خالىفاكسقا ئېۋەرتكەن تېلېگراممىسىدا، _ ھىتلېر ئەپەندى بۇ ھەرىكىتى بىلەن ئاۋستىرىيە خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشلىشىغا ئېرىشتى دېگەن بولسا، بۇنداق ئالقىشلىنىش پۈتۈنلەي ھەقلىق." بۇنداق دېيىشكە ھەققى بار ئىدى. قوشۇلۇپ كېتىش بەلكىم ئىشسىزلىققا خاتىمە بېرەلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتىكى ئىشسىزلار سانى 6 يۈز مىڭغا يېتەتتى. ئىشسىزلىقتىن ئەڭ ئېغىر زەربە يېگەنلەر يەنىلا مەدىكارلار بىلەن نۇرغۇنلىغان دوختۇرلار بولۇپ، ئۇلار كوچا-كوچىدا تىلەمچىلىك قىلماقتا ئىدى.

شۇ كۈنى چۈشكە يېقىن بىر ۋاقىتلاردا ھىتلېر ۋيېنناغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. يول بويى خەلق ئاممىسى بەكلا كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول بويى بۇزۇلغان ماشىنا ۋە تانكىلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇ سائەتتە ئارانلا 20 مىلدىن ئىلگىرلىيەلەيدۇ. شۇڭا ماشىنا ئەترىتى پايتەخت يېنىغا يېتىپ بارغان ۋاقىتتا چۈشتىن كېيىن سائەت 5 بولۇپ قالغان ئىدى. چېركاۋلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن بىنالارغا ئاۋستىرىيە ۋە گېرمانىيە بايراقلىرى ئېسىۋېتىلگەن ئىدى. ھىتلېر شەھەرگە كىرىش ۋاقتىدا ئولتۇرغان ماشىنا ئۈستى ئوچۇق پىكاپ بولۇپ، ئۇ ماشىنىدا تىك تۇرغىنىچە بىر بىلىكىنى ئالدىغا ئۇزارتىپ كېتىۋاتاتتى. قاتار تىزىلىپ يول بويىدا تۇرغان خەلق ئاممىسى ھىتلېرنى كۆرىشى ھامان ئاۋازى پۈتۈپ كەتكىچە قاتتىق ۋارقىرىشىپ تەنتەنە قىلىشاتتى. تەنتەنە قىلىش سادالىرى ھەقىقەتەنمۇ يوقۇرى پەللىگە يەتكەن بولۇپ، بۇ تەنتەنىلەر پۈتۈنلەي ئىستىخىيىلىق قوزغالغان خوشاللىق ئىدى. ئۇنىڭ ماشىنىسى "ئىمپېرىيە مېھمان سارىيى" ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ. ھىتلېر مېھمانخانىغا كىرىۋېتىپ ئۆزىنىڭ يەنە بىر خام خىيالىنىڭمۇ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى: ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا، بۇ مېھمانخانىغا كىرىشنى قاتتىق ئارزۇ قىلاتتى.

مانا بۇگۈن، مېھمانخانا قىزىل يوللۇق رەختلەر بىلەن بېزىتىلگەن بولۇپ، ئۇلاردا يەنە ئۈنىڭ بەلگىسى بولغان كىرىست بەلگىلىرى چۈشۈرۈلگەن ئىدى.

كىشىلەر تىنماي تۇۋلىشاتتى، ئۇلارنىڭ تۇۋلىغانلىرى قىدىمقى گېرمان قەدەھ سۆزلىرى ئاساسىدا ئۆزگەرتىلگەن بىخچە سۆزلەر ئىدى: "بىز قايتمايمىز، بىز قايتمايمىز، فۇھرېرىم تېز سۆزلىسۇن!" ھىتلېر ئامال يوق ياتىقىدىن چىقىپ بالكونغا چىقىدۇ. خەلق ئاممىسى قاتتىق تۇۋلىشىپ توختىماي تەنتەنە قىلىشاتتى. ھىتلېر ئۇلارغا سالام قىلىدۇ. بىلەك سالىمىمۇ بېرىدۇ. ئاندىن ياتىقىغا كىرىدۇ. ئەمما خەلق ئاممىسى يەنىلا رىتىملىق تۆردە شۇئار تۇۋلىشىپ ھىتلېرنى بالكونغا چىقىشنى تەلەپ قىلىپ سائەتلەرچە تارقالغىلى ئۇنىمايدۇ.

دەسلىۋىدە، ئۇ بەكلا خاتىرجەم بولۇپ، گويا كەينى ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان ئالقىش سادالىرىدىن پۈتۈنلەي مەس بولۇپ كەتكەن، بەكلا ئاز گەپ قىلاتتى. ئەمما بارغانسىرى قاراڭغۇلۇق قاپلىشىغا ئەگىشىپ (ھىتلېرنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرسى خەلقئارا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخپىرى پېيررى خۇسقا دېيىشىچە)، ئىختىيارسىز ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئىمپېرىيە مېھمانخانىسى ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى ئەسلەپ بەرگەن: "ئۇ كۈنلەردە مەن چوڭ زالدىكى چىراقلار بىلەن ئاسما چىراقلارنى سىرتتىن كۆرۈپ تۇراتتىم. ئەمما مەن زالغا كىرەلمەيدىغانلىقىمنىمۇ بىلەتتىم. بىر كۈنى ئاخشىمى، قاتتىق قار يېغىپ، يەرلەر نەچچە فۇت قېلىنلىقتا قار بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ مەنمۇ قار تازىلاپ پۇل تېپىشنىڭ بىر پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن ئىدىم. ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك. بىز 5~6 كىشى شۇ يەردە تۇراتتۇق. ئۇلار بىزنى ئىمپېرىيە مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدىكى پىيادىلار يولىدىكى قارلارنى تازىلىتىشقا تۇتقان ئىدى." شۇ كۈنى ئاخشىمى، ھابسبۇرگ خاندانلىق جەمەتى مېھمانخانا ئىچىدە زىياپەت بېرىۋاتقان ئىكەن. "مەن شۇ چاغدا كارل بىلەن زىتانىڭ ماشىنىسىدىن چۈشۈپ قىزىل زىلچە ئۈستىدە ماڭغىنىچە مەغرۇر قەدەملەر بىلەن مېھمانخانا زالىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. بىز قەلەندەرلەر پۈتۈن ئەتراپتىكى قارلارنى تازىلاپ پاكىزلاپ تۇراتتۇق، ھەر قېتىم ئېسىلزادىلار مېھمانخانىغا كىرىشىدە ئۇلارغا قالپىقىمىزنى قولىمىزغا ئېلىپ ئەگىلىپ تازىم كەلتۈرۈشكە مەجبۇر ئىدۇق. ئۇلار بىزگە پەرۋامۇ قىلماي ئۆتۈپ كېتەتتى. بىز پەقەت ئۇلارنىڭ كەينىدە قالغان ئەتتىر پۇرىقىنىلا پۇراپ قالاتتۇق. ئەسلىدە بىزمۇ خۇددى شۇلارغا ئوخشاش مۇھىم ئادەم ھېسابلىناتتۇق. يەنى قار تازىلاش ئىشىنى ۋىيېنادا ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ئىشلاردىن ھېسابلىناتتى. ئۇ ئاخشى قار تىنماي يېغىپ تۇردى. بىزمۇ تىنماي قار تازىلايتتۇق. شۇنىڭغا قارىماي، بۇ مېھمانخانىدىكىلەر بىزگە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئىسسىق قەھۋە سۇنۇپ

قويمىدى.“ مېھمانخانا ئىچىدىكى خوش مۇزىكا ئاۋازى ئۇنىڭ قاتتىق كۆڭلىنى يېرىم قىلىۋەتكەن بولۇپ، تۇرمۇشتىكى بۇنداق تەڭسىزلىكلەرگە قاتتىق غەزەپلەنگەن. ”شۇ كۈنى ئاخشىمى، مەن چوقۇم بىر كۈنى بۇ ئىمپېرىيە مېھمان سارىيىغا قايتا كېلىمەن، بۇ يەردە مەنمۇ قىزىل زىلچىلار ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتىمەن، ھەشەمەتلىك چىراقلار يورۇتۇپ تۇرغان مېھمانخانا زالىغا كىرىدىغان بولىمەن، ئۇ يەردە ھاپىسبۇرگ جەمەتى تانسا ئوينىغان يەرگە بېرىپ دەسسەيمەن دەپ ئۆز-ئۆزەمگە قەسەم قىلغان ئىدىم. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا بۇ يەرگە قانداق قىلىپ، قاچان كىرەلەيدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. شۇنىڭغا قارىماي ئەنە شۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىشىنى ئىزچىل كۈتكەن ئىدىم. مانا بۈگۈن، ئاخىرى شۇ چاغدا دېگەن قەسىمىمنى جايىغا كەلتۈرۈپ بۇ يەردە تۇرماقتىمەن.“

ئۇ، سەيشەنبە ئەتىگىنى ئويغانغىنىدا، ئۇنىڭ ئاشقازىنىمۇ لىنزىدىكىدەك ئۇنداق ئاۋارە قىلمايتتى. ھېلىدىن مەيداندا ئۆتكۈزۈلگەن 200 مىڭ كىشى قاتناشقان قارشى ئېلىش يىغىنىدا ئىنتايىن تەسىرلىك بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ نۇتقىدا، ھازىر ئۇلارنىڭ ئالدىدا يېڭى بىر ۋەزىپە تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ دۆلىتىمۇ يېڭى بىر نامغا، ”ئوستمارك دۆلىتى“ دېگەن نامغا ئېرىشكەنلىكىنى سۆزلىدى. ئەمما بۇ ۋەزىپە بىلەن بۇ دۆلەت ئىسمىنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئۆز تارىخىدىن كەلگەن، ئەسلىدە شەرقتىن كەلگەن زەربە قىدىمقى شەرقىي مارك دۆلىتىنىڭ چېگرالىرىدىلا تارمار كەلتۈرۈلگەن ئىدى. مەيلى يېڭى ۋەزىپىسى بولسۇن ياكى يېڭى دۆلەت ئىسمى بولسۇن، ھەر ئىككىسىلا مىتىنگ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ قىزغىنلىقىنى پەسەيتەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قىزغىن تەنتەنە سادالىرى مېيۇنخېندىكى ھەر قانداق بىر مىتىنگدىكى كىشىلەرنىڭ تەنتەنىسىدىن تۆۋەن قېلىشمايتتى. ھىتلېر نۇتقىنى تاماملىغاندىن كېيىن يېنىدىكى دېكتورغا پەس ئاۋازدا: ”ئىمپېرىيىنىڭ ئاۋستىرىيە گوبېرناتورى سېيس-ئىنكيۇۋارتنى سۆزگە تەكلىپ قىلمىز، دەپ ئېلان قىلىڭ“ دەيدۇ. بۇ گەپتىن ھېچ كىم بۇ باش مىنىستىردەك ھەيرانلىق ھېس قىلمىغان بولسا كېرەك: باش مىنىستىرلىقتىن بىراقلا شىتات گوبېرناتورىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى! يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ تەنتەنىسى بېسىقمىغان ئىدى. سېيس-ئىنكيۇۋارتمۇ چارىسىز دەرىجىسىنىڭ چۈشۈرۈلگەنلىكىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنداق بىر پەيتتە ئادولف ھىتلېر ھەرگىزمۇ خاتا گەپ قىلىپ سالمايتتى.

كەينىدىنلا نامايىش باشلىنىدۇ. گېنېرال ۋون بوك ئاتلىق، ئاۋستىرىيىلىك گېنېراللار بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشكىنىچە (ئاۋستىرىيە ئارمىيىسى يېڭىلا گېرمانىيە قۇرۇغلۇق ئارمىيىسگە قوبۇل قىلىنغان ئىدى) ماڭىدۇ. نامايىشچىلار قوشۇنى قىشلىق سارايى بىلەن ئاتار نەيزىدەك قاتار تىزىلغان تۆمۈر رىشاتكا ئالدىدىن ئۆتىدۇ. داغدۇغىلىق نامايىش

ئارىلىقىدا، ئاق كۆكۈل كاتولىك مورتى بولغان پاپىن ھىتلېرغا، ئەگەر بۇ يەردىكى دىنى جەمىيەتلەرمۇ خۇددى گېرمانىيە دىنى جەمىيەتلەرگە ئوخشاش زەربە يەيدىغان بولسا، بۇ قوشۇلۇپ كېتىش ئىشى چوقۇم توزۇپ كېتىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.

"ئەنسىرەشىنىڭ ھاجىتى يوق. _ دەيدۇ ھىتلېر، پاپىنغا، _ بۇنى مەن ھەرقانداق بىرسىدىنمۇ ياخشى بىلىمەن."

شۇ كۈنى كەچرەك ۋاقىتتا، كاردىنال ئىننىتزېر كرىس ئىشارىتى قىلغاچ ھىتلېردىن ئەھۋال سورايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر چېركاۋلار ئۆز ئەركىنلىكىنى ساقلاپ قالالايدىغانلا بولىدىكەن، ئاۋستىرىيە كاتولىكلىرى "بۈيۈك ئىمپېرىيىنىڭ ئەڭ سادىق ئوغلانلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. بۇگۈنكىدەك داغدۇغىلىق كۈنلەردە، ئۇلار چوقۇم بۈيۈك ئىمپېرىيىنىڭ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىندى" دەيدۇ. پاپىننىڭ دېيىشىچە، ھىتلېر بۇ كاردىنالنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك سۆزلىرىنى ئالقىلاپ بەكلا خۇشال، دەرھال ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول كۆرۈشكىنىچە: "نېمىنى تەلەپ قىلسىڭىز شۇنى بېرىشكە تەييارمەن" دەيدۇ.

ئېۋا براۋنمۇ بۇ غالىبىيەت پەيتىنىڭ خوشاللىقىدىن بەھرىمەن بولۇپ، سىڭلىسى ئېرىسقا پوچتىدىن ئاتكىرتكىدىن بىرنى يوللايدۇ. ئېۋا بۇ ئاتكىرتكىدا "مەن ئېلىشىپلا قالدىم" دەپ يازغان ئىدى. ئۇ، ئانىسى ۋە ئەڭ يېقىن قىز دوستى ھېلدا شنايدېر بىلەن بىرلىكتە ۋيېنناغا كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز بىر ياتاق ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ياتىقى ئاشنىسىنىڭ ياتىقىغا ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل بولۇپ، ئارىدا بىر كورىدور ئايرىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ خالى ئۇچرىشىشىنىڭ مەخپىيىتىنى ھىتلېرغا ھەمرا بولۇپ يۈرگەن ئادىيۇتانتمۇ بىلمەيتتى. شۇ كۈنى گۇگۇم ۋاقتىدا، ھىتلېر دەرھال ميۇنخېنغا قايتقان بولسىمۇ، ئېۋانى يېنىغا ئالمايدۇ.

ئەتىسى، بىرلىندا كىشىلەر ئۇنى بويى سۇندۇرغۇچى قەھرىمان قاتارىدا قارشى ئالىدۇ. "پوتكۇل شەھەر ئەس-ھۇشىنى يوقاتقان ھالدا چەكسىز ھاياجان ئىچىدە ئىدى. _ دەپ يازىدۇ لوچنېر ئائىلىسىدىكىلەرگە يازغان خېتىدا، _ بولۇپمۇ ياش ئۇغۇل-قىزلار ھەممىدىن بەكرەك ھېسسىيىلىك ھالەتتە ئىدى." ھىتلېر كۆرەڭلىگەن ھالدا گېرمانىيە-ئاۋستىرىيىنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى ئىشى ئۆستىدە توختىلىپ،"گېرمانىيە بۈيۈك بىر گېرمانىيە ھالىغا كەلدى، ئۇ بۇندىن كېيىنمۇ شۇ پېتى مەۋجۇت بولىدۇ. _ دەيدۇ، _ تەڭرى ئۇنى ئاۋستىرىيىلىكلەر بىلەن بىرگە قوشۇلۇپ كېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى تاللىۋالغانلىقىدىن چەكسىز خوشال ئىكەنلىكىنى، يەنى ئاۋستىرىيە دېگەن بۇ ئەڭ بەختسىز تۇپراقلار مانا بۇگۈن ئەڭ بەختلىك بىر يەرگە ئايلاندى".

شۇنداقتىمۇ، مەملىكەت ئىچىدە بولسا ئىشلار ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنچىۋالا

ئۇگۇشلۇق ھېسابلانمايتتى. شيۇشنىگ ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش كۈننى ئېلان قىلىپ كېچىكتۈرۈلگەن، فلېيچېرقا قارىتا ھەربى سوت ئاخىرى ئېچىلغان بولسىمۇ، فلېيچېرنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى تېزلا ئوتتۇرغا چىقىدۇ. بۇ ئىش ھىتلېرنى بەكلا شەرمەندە قىلىۋېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ غالىبىيەتنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىش ئۈسۇلىغا تايىنىپ خەلقنىڭ دىققىتىنى بۇنداق ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرۇشتەك مەڭگۈ مودىدىن قالمايدىغان بىر تۈرلۈك سىياسىي ي ئۇيۇن كەشىپ قىلىۋالغان ئىدى. ئۇ، ئالدىراشلىق بىلەن پارلامېنت يىغىنى چاقىرىپ، ئاۋىستىرىيىدىكى ئۇلۇغ ۋەقەنى دوكلات قىلىدۇ. ئۇ دوكلاتىدا، 3 كۈن ئىچىدە، "بىر پايمۇ ئوق چىقارمىغان ئەھۋال ئاستىدا بارلىق ئاۋىستىرىيە خەلقى ئۇنى تەبرىكلەيدىغان ۋەزىيەتنى يارىتالىدۇق" دەيدۇ. 10-ئافرېل كۈنى، پۈتكۈل نېمىس مىللىتى، يەنى بۈيۈك گېرمان ئىمپېرىيىسى، مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا تۇنجى قېتىم ئاۋاز بېرىش ساندۇقى ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى ئىسپاتلىماقچى. ئۇنىڭ بىردىن-بىر تەلىبى، ئۇ 4 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئىچكى جەھەتتىن تېخى يېڭىلا سىرتتىن قولغا كەلتۈرگەن بۇ قوشۇلۇپ كېتىش ئىشىنى مۇستەھكەملەپ بولۇش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. گېرمانىيە تەۋەسى ئىچىدە، فۈھرېر نېمە قىلغان ياكى كەلگۈسىدە يەنە نېمىلەرنى قىلماقچى بولىۋاتقانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، كىشىلەر دەرھال تەستىقلاپ تۇراتتى. ئەنە شۇنداق مۇتلەق ئىشەنچ قىلىدىغان ئەھۋال ئاستىدا، ھىتلېر 25-مارت كۈنى كېكشىبۇرگتا ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىش سايلىمى ئۆتكۈزىدۇ. "مىللى سوتسىئالىزم ئىدىيىسى، _ دەيدۇ ھىتلېر، _ كىچىككىنە گېرمانىيە ساھەسىدىن مەڭگۈ ھالقىپ چىقالىدى."

ئومۇمى سايلامدىن بۇرۇنقى ئون كۈننى ھىتلېر ئۆز يۇرتىدا يۇرتىدا ئۆتكۈزىدۇ. ھىملېر بىلەن ھېيدرىخ ئاساسەن ئالغاندا ئاۋىستىرىيىنىڭ بىخەتەرلىك سىستېمىسىنى پۈتۈنلەي تەشكىللەپ چىقىدۇ. (ئاۋىستىرىيىدىكى بىخەتەرلىك ئورگانلىرى فۈھرېرنىڭ شەخسىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ماتېرىياللارنى قاتتىق ئېھتىياتچانلىق بىلەن قىلچە زىرىكمەي يىغىشقا كىرىشىدۇ. بەزى گەپ-سۆزلەردىن قارىغاندا، تارۋىنس بىلەن شيۇشنىگ ئىككىسىمۇ بەكلا كۆپ ماتېرىيال توپلىۋالغان. بۇ ماتېرىياللارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ھىتلېرنىڭ بوۋىسى يەھۇدىي بولۇشى ئېھتىماللىقىنى كۆرسىتەتتى. گىلى لاپور بىر ئېھتىمالدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ئۇرۇش مەزگىللىرىدىكى خىزمەتلىرىمۇ پارتىيىنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى كۆككە كۆتۈرۈشكىنىدەك ئۇنچىۋالا مەدىھلەشكە ئەرزىگۈدەك خىزمەتلەردىن ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەكتە. ئەگەر بۇ ماتېرىياللارنى قۇرۇق سۆز-چۆچەكلەرنى ئاساس قىلغان دېيىلگىنىدىمۇ، ئۇنىڭ سىياسىي ي ھاياتى جەريانىدىكى قايسى بىر خەۋپلىك دەۋرلەرنى ئوتتۇرغا چىقىرىپ قالغىدەكلا بولىدىكەن، فۈھرېرنىڭ

ئىناۋىتىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھىتلېر ھەققىدىكى بىر قىسىم قارىلاشلارمۇ تولۇق ئاساسقا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئالايلۇق، كىشىلەر ئۇنىڭ ئاۋستىرىيىنى تارتىپ ئېلىشىدىن كېيىن ئۇزۇنغا قالماي ئاتىسىنىڭ تۇغۇلغان يېرى بولغان كەنتنى بوۋىلىرىنىڭ قەۋرىلىرى ۋە ئۇنى ئەسلىتىشكە مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەرسىلەر بىلەن قوشۇپ توپ-زەمبىرەكلەر بىلەن تويقا تۇتۇپ توپ-تۇز قىلىۋېتىپتۇ، دېگەن گەپلەرگە ئومۇمىي يۈزلۈك ئىشىنىپ يۈرگەن ئىدى. راست دېگەندەك، بۇگۇن ئۇ كەنت ھەقىقەتەنمۇ تۈپ-تۈز قىلىۋېتىلگەن. ئەمما ئۇنى ھىتلېر ۋەيران قىلىۋەتكەن بولماستىن، بەلكى ئۇرۇشتىن كېيىن رۇسلار چېقىپ تۈزلىۋەتكەن. 1941-يىلى، گېرمانىيە قوشۇنلىرى بۇ كەنت بىلەن ئەتراپىنى قورشاپ ھەربىي بازا قىلىپ قۇرۇپ چىققان ئىدى. رۇسلار ئۇ يەرگە يېتىپ بارغىنىدا، بۇ كەنتتىكى قورۇق ۋە ئۆي-ۋارانلار قىلچە بۇزۇلماي ئۆز پېتى ساقلانماقتا ئىدى. _ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ھىتلېرنى قارشى ئېلىش دولقۇنى تېخى بېسىقمىغان ئىدى. كاردىنال ئېنىتزېر بىلەن يەنە 5 نەپەر باش روھانىي بىرلىشىپ ئىمزالىغان خىتابنامىدا (يېقىندىن تەيىنلەنگەن ئاۋستىرىيە شتات گوبېرناتورىغا يوللاپ بېرىلگەن)، ئاۋستىرىيە كاتولىكلىرىنى سايلامدا ئاۋاز بېرىشى لازىم دەپ يوليورۇق بېرىلىدۇ: ”شۇنىسى ئېنىقكى، پۈخرالارنىڭ ئاۋاز بېرىش كۈنى، بىزگە قاراشلىق مۇقەددەس ۋەزىپىدىكى كىشىلىرىمىز بىزنىڭ گېرمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر نېمىسى بولۇپ قالىدىغان كۈنىمىز ھېسابلىنىپلا قالماستىن، شۇنىڭدەك يەنە مىللىتىمىزنىڭ بىر بۇرچىدۇر. بىز، بارلىق خىرىستىيانلارنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.“

نەگىلا بارسا شۇ يەردە ھىتلېر بىر نىجات يۇلتۇزى، قۇتقازغۇچى ۋە فۇھرېر _ دۆلەت باشلىقى سۈپىتىدە قارشى ئېلىناتتى. 8-ئافرېل كۈنى، ھىتلېر يەنە بىر قېتىم لىنزغا كېلىپ، يەنە بىر قېتىم ئەسەبىلەرچە قارشى ئېلىنىدۇ. ۋېنزگ مېھمانخانىسىنىڭ كۈتۈۋېلىش چوڭ زالى شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ھىتلېرنى كۆرىمىز دەپ ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن يەرگە يىڭنە ئاتسا چۈشمىگۈدەك قىستا-قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادولفنىڭ ياش ۋاقتىدىكى يېقىن دوستى كوستېر كۇبىبشېكمۇ بار ئىدى. ھىتلېرنىڭ ”ئىشخانا مۇدىرى“ ئالبېرت بورمان ئۇنىڭغا فۇھرېرنىڭ سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى ئەمەس، شۇڭا بۇگۇن سېنى قوبۇل قىلالمايدۇ، شۇڭا ئەتە كېلىپ چۈشلۈك تاماق يەپ كەتسەڭ قانداق؟ دەيدۇ. 9-چىسلا كۈنى، ھىتلېر كۇبىشېكنى كۆرەر-كۆرمەي ”كوستېر!“ دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. كۇبىشېك ئۇنىڭغا ئوڭ قولىنى ئۇزارتىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق چىڭ سىقىپ كۆرۈشىدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ھازىر ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇش دېگەن نەرسىنىڭ پەقەتلا يوقلىقىنى

ئېيتىدۇ. ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىچە، دوناي دەرياسىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلغان پولات كۆرۈككە قارايدۇ. "بۇ سەت كۆرۈۈك يەنىلا ئۆز يېرىدە تۇرۇپتۇ! ئەندى ئۇ ئۇزۇن ياشىيالمايدۇ. ئىشەن ماڭا كۇبىشېك!" كەينىدىنلا ئۇ بۇرۇن ئۆزى لىنز ئۇچۇن بېكىتىپ چىققان پىلاننى تەپسىلى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى: بۇ يەرگە ھەققەتەنمۇ چوڭ بىر كۆرۈك لازىم، يەنە بىر يېڭى تىياتىرخانىدىن بىرنى سېلىش كېرەك. بۇ يەرگە بىرۈكناغا يۈز كېلەلىگىدەك زامانىۋى مۇزىكا زالىدىن بىرنى سېلىش كېرەك. ئۇ لىنزدا يېڭىدىن بىر سىمپونىيە ئوركىستىر ئۇيۇشتۇرۇش قۇرۇپ چىقىش توغرىلىق توختالغىنىدا، ئۇنىڭ ئېسىگە كۇبىشېكنىڭ ئۈلۈغۋار غايىسى كېلىدۇ. دېگەنىدەك سەن بۇ چاققىچە نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈردۈڭ؟ دەپ سورايدۇ. كۇبىشېك ئۇنىڭغا بەكلا قىينالغان ھالدا ئېيتىپ بازىرىدا ئادەتتىكى كادىر بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، ئۇرۇش مېنى مۇزىكا يولىدىن ئازات قىلىۋەتتى. بولمىسا ئاچ قالغان بولاتتىم. شۇنداقتىمۇ ھازىر بىر ئىشتىن سىرتقى سىمفونىيە ئوركېستىر ئۇيۇشمىسىغا رېژىسسورلۇقمۇ قىلىپ يۈرىمەن. ئۈچ ئوغلۇمدا قارىغاندا ئاز-تولا مۇزىكا تالانتى بار كۆرۈنىدۇ، دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھىتلېر ئۇنىڭغا، مەن بۇنىدىن كېيىن سېنىڭ ئۇ ئۈچ ئوغلۇڭنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولىمەن، دەپ ئۆزى بىناشلاپ سۆز ئاچىدۇ. "مەن تالانتلىق بالىلارنىڭ بىزنىڭ كۆرگەن ئۇ مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى كۆرۈشكە يول قويمايمەن. سەن بىزنىڭ ۋېيىنادا قانداق كۈنلەرنى كۆرگەنلىكىمىزنى ئەڭ ياخشى بىلىسەن."

ئۇ ئىككىسى بىرەر سائەت سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، فۇھرېر ئورنىدىن تۇرىدۇ. كۇبىشېك بەلكىم كۆرۈشۈش مۇشۇنچىلىك بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. ئەسلىدە، ھىتلېر ئادىيۇتانتىنى چاقىرغىلى تۇرغان ئىدى. ئۇ ئادىيۇتانتىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا كۇبىشېكنىڭ ئۈچ ئوغلىنى قانداق قىلغاندا بىرۈكنا مۇزىكا ئىنىستىتۇتىغا كىرگۈزۈپ مۇزىكا ئۆگىنىشى ھەققىدە يولیورۇق بېرىدۇ. كۆرۈشۈش تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. ھىتلېر كۇبىشېكنىڭ ئالغاچ كەلگەن ئەسەرلەرنى ـ رەسىم، خەت-چەك ۋە شۇنىڭدەك ئاتكىرتكىلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، بۇ كونا دوستىغا ئۆزى ھەققىدە بىر كىتاپ يېزىپ چىقىش مەسلىھەتىنى بېرىدۇ. ئاخىرىدا، ئۇ كۇبىشېكنىڭ قولىنى سىققىنىچە، بۇندىن كېيىن بىز پات-پات كۆرۈشۈپ تۇرىمىز، دەيدۇ.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن، ھىتلېر ۋېيىناغا، ياش ۋاقىتلىرىدا خام خىيال قىلىشقان شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ۋېيىنادا، ئۇ بۇ قېتىمقى سايلام پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇتقىنى سۆزلەيدۇ. ئۇ نۇتقىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋستىرىيىدە تۇغۇلغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ، "شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بىر ياش بالىنى بۇ

يەردىن ئىمپېرىيىگە ئىۋەرتىپ ئۆسۈپ-يېتىلدۈردى. ئۇنى بىر مىللى داھىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاخىرى ئۆز يۇرتىنى ئىمپېرىيە قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بۇ بىر، تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى“ دەيدۇ.

ئەتىسى ئۆتكۈزۈلگەن سايلام نەتىجىسى مۆلچەرلەنگەنىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. ئاۋستىرىيىدە، 99.73 پىرسەنت سايلىغۇچى بىرلىشىپ كېتىشكە قوشۇلۇپ ئاۋاز بېرىدۇ. گېرمانىيىدە بولسا، بو سان 99.2 پىرسەنت ئىدى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن پارلامېنت ئەزاسى نامزاتلىرىدىن 99.8 پىرسەنت قىسمىنى ماقۇللاپ ئاۋاز بەرگەن ئىدى. ھىتلېرنىڭ جاسارەتلىك ھەرىكىتى (گيۆرىڭنىڭ ئالاھىدە كۈچلۈك بېسىمى نەتىجىسى)، ئاساسەن ئالغاندا گېرمانىيە-ئاۋستىرىيە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ بىردەك ماقۇللىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. ”مېنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، _ دەيدۇ ھىتلېر، _ بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ پەخىرلىنىدىغان پەيت ھېسابلىنىدۇ“ بۇ نەتىجىمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى، يەنى ئۇنىڭ توغرا يولدا ماڭغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدى. ئەندى ئۇ، بۇ يولدىن كېيىنكى نىشانغا، يەنى چېخوسلوۋاكىيە نىشانىغا قاراپ ئىلگىرلىشى كېرەك ئىدى.

# 17. تىغ ئۈستىدە

## 1938.10~1938.5

1

ھىتلېر ئاۋستىرىيىگە قاراپ يۈرۈش قىلىشتىن ئاۋالا، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ گېرمانىيە ئازسانلىق مىللەتلىرى ئۈستىدە "ئېغىر زىيانكەشلىك" قىلىشقا زادىلا يول قويغىلى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرۈپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى قولدىن كېتىپ قېلىشى ئېھتىمال بولغان خەلقى بىلەن ئۇلارنىڭ يېرىنى ئىمپېرىيىگە قايتۇرۇۋېلىش دېگەن قەسىمى بىلەن بىردەكتەك قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئاساسلىق كۆڭۈل بولىدىغىنى يەنىلا چېخوسلوۋاكىيىنىڭ جوغراپىيىلىك ۋە سىياسىي جەھەتتە تەھدىت بولۇپ قېلىشى ئىدى. ھىتلېر بۇ قارىشنى ئاقلاپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: چېخ ئۆرۈۋېتىشتىن كېيىن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تەرىپىدىن بىر قوللاپ ئۆيدۈرۈپ چىقارغان بىر دۆلەت. بۇ يېرىم ئارال بۆرۈنقى ئىمپېرىيە تۇپراقلىرىغا قايتۇرۇپ كېلىنىشى كېرەك؛ بۇ دۆلەت بىركۈن مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۇلار ئىمپېرىيىنىڭ شەرقىگە بىر كۈن تەھدىت بولۇپ قالىدۇ.

ھىتلېر، بىر ھېساپتا چېخنى يالغۇز ئۆز قەلبىگە سانچىلغان خەنجەر دەپلا قارىماي، بەلكى گېرمانىيىنىڭ قەلبىگە سانچىلغان بىر خەنجەر، دەپ قارايتتى. غەرب بىلەن شەرق ئىككىلا تەرەپ بىرلا ۋاقىتتا ئىمپېرىيىنىڭ نەق بىلىدىن كېلىۋاتقان ۋەھىمە نېمىسلارغا "يېشىل پىلان" دەيدىغان ھەربىي جەھەتتىكى تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى تۈزگۈزىدۇ: چېخوسلوۋاكىيىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش. ئەمما، ئىككى يىلدىن بېرى، "يېشىل پىلان" پەقەتلا قەغەز يۈزىدىكى ئۆرۈۋېتىش باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئەمما ئاۋستىرىيىنى ئاسانلا قولغا كەلتۈرۈش ئىشى بۇ پىلانلارنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بىر كېچىدىلا، ھىتلېر ياۋروپا كۈچلىرىنىڭ تەكپۈكلىقنى بۇزۇپ تاشلاشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان ئىدى. ئەگەر چېخوسلوۋاكىيىگە قىستۇرۇپ كىرىۋېلىپ كۈچلۈك مۇداپىيە سىستېمىسىنى بۇزۇپ تاشلىيالىغىدەك بولغىنىدا، گېرمانىيە قوشۇنلىرىنى پولشاغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق قىلىش ياكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قاراپ ئىلگىرلەشنىڭ يوللىرى داغدام ئېچىلغان بولاتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا كېرەك بولغىنى

بىرەر بېسىپ كىرىش باھانىسىنى تېپىشتىن باشقىچە بولىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مانا بۇگۇن ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن تەييار بىر باھانە تېپىۋالغان ئىدى: گېرمانىيە-ئاۋستىرىيە بىرلەشتۈرۈلىشىنىڭ رىغبەتلەشتۈرۈشى ئاستىدا، سۇدېتلاند رايونىدا ياشايدىغان ئۈچ يېرىم مىليون نېمىس ئۆچۈنمۇ خۇددى يوقۇرقىدەك قوشۇېلىش تەلۇۋىدە بولىشى مۇمكىن ھالغا كەلگەن ئىدى. ئۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېغىر ئېزىلىش ئاستىدا ياشاۋاتقانلىقىنى بۇنىڭغا سەۋەپ قىلىپ كۆرسىتەلىشى مۇمكىن ئىدى (بۇ مەسىلە تېخى تالاش-تارتىش ئىچىدىكى بىر مەسىلە). ئۇلارنىڭ داد-پەريادلىرى، شۇنىڭدەك چېخلارنىڭ ھەممە نەرسىسگە يامان كۆز بىلەن قاراشتەك ئادەتلىرى، بۇ كىچىككىنە جۇمھۇرىيەتنىڭ غۇرۇرى ئېزىلىپ تۈردە ھەسسىلەپ دەپسەندە قىلىنىپ كېلىنمەكتە ئىدى. يېقىنقى ئۈچ يىل مابەينىدە، ھىتلېرنىڭ يوشۇرۇن ماددى ياردىمگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان كانلاد خانلېين يېتەكچىلىكىدىكى سۇدېتلاند ناتسىستلار پارتىيىسى، بۇ كۆنلەردە نېمىس ئاز سانلىق مىللەت ھەرىكىتىنى پۈتۈنلەي ئۆز تېزگىنىگە ئېلىۋالغان ئىدى.

1938-يىلى مارت ئېيىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، فۇھرېر، خانلېيىننى ئۆزىنىڭ شەخسى ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلەيدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنى چېخ ھۆكۈمىتىگە ئۇلار قوبۇل قىلالمايدىغان تەلەپلەرنى قويۇشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ ئۇلارغا بېرىۋاتقا ياردىمى كېلەچەك ئۈچۈن ئالدىن بىشارەت خاراكتېرىگە ئىگە ياردەم بولىدۇ. ھىتلېر، بۇ ستراتېگىيە كەلگۈسىدە مەڭگۈ تىنجىمايدىغان بىر داۋالغۇش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلىپ، ئاخىرىدا گېرمانىيىنى بۇ يەردە پەيدا بولىدىغان ئىچكى ئۇرۇشقا چەكلىمە قويۇش، سۇدېتلاند رايونىدىكى گېرمانىيە گراژدانلىرىنىڭ ھاياتىنى قوغداشنىڭ "بىر زۆرۈرىيەت" ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، قۇراللىق مۇداخىلە ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىلىشىنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى.

گەرچە گىتلېرنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن باھانىسى تەييار بولغاندەك قىلسىمۇ، فرانسىيە، ئەنگلىيە ياكى رۇسىيىدىن قورقۇپ بەكلا ئەنسىرەيدىغان بولغاچقا، يەنىلا ئاز-تولا ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ يۈرەتتى. بۇنچىۋالا كۈچلۈك رەقىپلەر ئالدىدا ئۇنىڭ بىردىن-بىر ئىنتىپاقدىشىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى تېخىمۇ زۆرۈر ھالغا كەلگەن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، 1938-يىلى 2-ماي كۈنى، تاشقى دىپلوماتلىك ئەمەلدارلىرى، ھەربى قۇماندانلىرى، بىخەتەرلىككە مەسئۇل كىشىلىرى، پارتىيە رەھبەرلىرى ۋە ئاخباراتچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 5 يۈز كىشىلىك ھەيۋەتلىك بىر زىيارەت ئۆمىكى بىلەن رىمغا ئاتلىنىپ ئۇلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ يولغا چىقىدۇ.

ھىتلېر، بېرلىندىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ھەر خىل خىياللار ئىچىگە پېتىپ قالغان ئىدى. بىر تامچىمۇ قان ئېقتىماي تۇرۇپ رېيىنلاند بىلەن ئاۋستىرىيىنى بويى سۇندۇرىۋالغانلىقىدىن

قولغا كەلتۈرگەن خوشاللىق تۇيغۇلىرى، دوختۇر پومولىرنىڭ ”مودافلو“ دىن پايدىلىنىپ ”مۆجىزەۋى“ بىر شەكىلدە ئۇنىڭ ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ ئىزچىل تۈردە قوزغىلىپ تۇرۇشىنى ساقايتىۋەتكەنلىكى سەۋەبىدىن كۆپ بېسىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىرەر بەختسىزلىككە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، رىمگە بارىدىغان يېزىغا ئولتۇرۇشتىن ئاۋال بىر قانچە سائەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ ۋەسىيەتنامە يېزىپ قالدۇرىدۇ. يەنى ئۇ، «كۆرەش يولۇم» دېگەن كىتابىنىڭ ئۆزىدىنلا بەكلا كۆپ بايلىقلا ئېرىشكەن ئىدى. (1943-يىلىغىچە، ئېخبىر ۋىلاگىنىڭ ھىتلېرغا بەرگەن قەلەم ھەققىنىڭ ئۆزىلا 5 مىليون 525 مىڭ گېرمانىيە ماركىغا يەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۈلكىنى، بىرگخوف داچىسىنى، شەخسى ئۆي مۈلۈك ۋە فوتو رەسىملىرىنىڭ ھەممىسىنى پارتىيىگە قالدۇرغان بولۇپ، ئېۋا براۋن بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئاچا-سىڭلىسىغا ھەر يىلى ئايرىم-ئايرىم 12 مىڭ مارك تۇرمۇش پۇلى بېرىدىغان، ئالويىسقا 60 مىڭ مارك بېرىدىغان، سېپتالدىكى ھەر قايسى يېقىن تۇغقانلىرىغا، ۋىنت خانىمغا ۋە ئۆزىنىڭ خىزمەتچىلىرىگىمۇ تېگىشلىك مىراس تەقسىم قىلىدۇ. ئۇ پارتىيىسىگە يولىيورۇق بېرىپ، ئىككى نەپەر ئادىيۇتاتىمغا، يەنى بىرۇكنا بىلەن ۋېيىدىمان ئىككىسىنىڭ ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرغىچە بولغان تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشلار دەپ تاپىلايدۇ.)

فۇھرېر بىلەن بىرگە سەپەر قىلغانلار جەمئى 5 ۋاگونغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار بىرونار جىلغىسىدا گۈل-چېچەك، بايراقلار بىلەن، شۇنىڭدەك يەنە ئىتالىيە ئەسكەرلىرى ۋە فاشىست ئارمىيىسى سېپى بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ. ئوركېستىر ئۆمىگى ئىككىلا ئەلنىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئورۇندايدۇ، پىستوئىيە گېرتسوگى پادىشاغا ۋاكالىتەن ئۇلارنى قارشى ئالغىلى چىقىدۇ. ئاندىن نېمىسلارنىڭ پويىز ئىشلونى ئىتالىيىگە كىرىپ كېلىدۇ. تۆمۈر يول بويلىرىغا ھۆرمەت قاراۋۇللىرى لىق تۇرغۇزۇلغان ئىدى. ھەر ئۆيىنىڭ ئۈستىدە فۇھرېرنى مەدھىلەيدىغان ۋە گېرمانىيە-ئىتالىيە دوستلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان پىلاكاتلار ئېسىۋېتىلگەن ياكى بولمىسا بايراقلار بىلەن بېزەلگەن ئىدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى رىمغا يېقىنلاشقان ۋاقىتدا، ھىتلېر ئادىيۇتاتىدىن بىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ۋاگونمۇ-ۋاگون ھەر ئادەمگە ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن تەلىمات بېرىدۇ. - بۇ تەلىماتنى لىنگ بىر چەتتە تۇرۇپ ئاڭلاپ قالىدۇ _ ئۇ تەلىماتىدا، رىمغا بارغىنىمىزدا بىزنى بەكلا پاكار بويلۇق بىرسى چىقىپ كۈتىۋېلىشى مۇمكىن، شۇڭا بۇ ئادەمگە ھەممەيلەن ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىشى، ئۇ كىشىنى مازاق قىلماسلىقى شەرت، دەيدۇ.

”بۇ بىر بۇيرۇق. بۇ پارىپا ئىتالىيىنىڭ پادىشاھىسى بولىدۇ.“

پويىز بۇ قېتىمقى زىيارەتچىلەر ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان سانپاۋلو پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ بارغىنىدا، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى. پويىز ئىستانسىسى

بىناسىنىڭ ئۈستىدە بايراقلار لەپىلدەپ تۇراتتى. ھىتلېرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققان كىشى مۇسسولىنى ئەمەس بەلكى پادىشاھ ۋىكتور ئەممېر ئىدى. بۇنىڭدىن ھىتلېرنىڭ دەرھال كەيپى ئۇچدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋال پادىشاھ ھەزرەتلىرىنى پەيتونغا چىقىرىپ پەادىشاھنى خوشال قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. 4 ئات قېتىلغان پەيتون قېدىمقى رىم غالىبىيەت يولىدا تاراخشىپ ئىلگىرلەيدۇ. چىراقلار بىلەن يورۇتۇلغان فونتان يېنىدىن ئۆتىدۇ. يۇپ-يورۇق پروژېكتور نۇرى بىلەن مەشئەللەر كېچىنى كۈندۈزدەك يورىتىۋەتكەن ئىدى؛ چىراقلار بىلەن بېزەلگەن رىمنىڭ يۇملاق قەدىمى تىياتىر مەيدانى گويا يېنىۋاتقان ئوت يالقۇنىغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. يول بويى كىشىلەر بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئۇلار مېھمانلارغا قاراپ تەنتەنە قىلىشاتتى. پەيتونلار بىر يەرگە كەلگىنىدە، بىر قىسىم ئافرىقا ئاتلىق ئەسكەرلىرى خۇددى ”قۇملۇق ناخشىسى“ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققاندەك تۇيۇقسىزلا مېھمانلارغا قاراپ ئات چاپتۇرىدۇ. ئەمما ھىتلېر بۇنىڭدىن ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق دەپ ھېس قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئولتارغىنى بەكلا قېدىمى پاسوندىكى بىر ھارۋا ئىدى. ساۋوي كىنەزلىكىنىڭ بۇ جاناپلىرى ئاپتوموبىل دېگەن بۇ سۆزنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانمۇ قانداق؟ كۈيلىنار ئوردىسىدىكى ئۆيلەرمۇ ئۇنى قىلچە قىزىقتۇرالمىغان ئىدى. بۇ ئوردا سارىيى خۇددى بىر مۇزېيغا ئوخشاش ھەم قاراڭغۇ، ھەم ئەپسىز ئىدى.

ھىتلېر باشتىن تارتىپلا ۋىكتور ئەممېر بىلەن كېلىشەلمەي قالىدۇ. بۇ خاننىڭ ئاشكارە ھالدا ئىپادىلىگەن سوغۇق مۇئامىلىسىمۇ ھىتلېرنى بەكلا بىزار قىلغان ئىدى. ئۇ، مۇسسولىن سەن ئۆزەڭ چىقىپ ساھىپخانلىق قىلساڭ بولمامتى، دەپ تىنماي ۋايسايتتى. كۈيلىناردا ئۆتكۈزۈلگەن ھاردۇق چىقىرىش زىياپىتىمۇ ئۇنىڭدىكى بۇ تۇر ھالەتنى قىلچە ئازالتالمايدۇ. ھىتلېر بەكلا بىئارام بولغان ھالدا كۆزلىرىنى پاقىرتىپ ئۇياق-بۇياققا قارايتتى. ئۇنى ئۆزىدىن ئېگىز بويلۇق خانىش قولتۇقلىۋالغان، پاكىنەك پادىشاھ بولسا ئېگىز بويلۇق باش ھەربى ۋالىنىڭ خانىمىنى قولتۇقلىۋالغان ئىدى. ئۇلار تۆتەيلەن ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك بىر كۆرۈنۈشنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. بۇنى ھىتلېرمۇ كۆڭلىدە ھېس قىلىپ تۇراتتى. خانىش زىياپەت زالىغا كىرگەن ۋاقتىدا، ئىتالىيانلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ تازىم قىلاتتى ياكى بولمىسا بېشى يەرگە تەككىچە ئېگىلىپ تازىم قىلىشاتتى. ھەتتا بىر نەچچىسى كېلىپ ئۇنىڭ ئىشتانلىرىدىن سۆيۈپمۇ كېتىشتى. بۇ تۈردىكى كىشىنى بىزار قىلىدىغان ”قاتتىق جازا“ لار تامامىلانغاندىن كېيىن، ھىتلېر ئۈچقۇچىسىغا ئايرىم بىر يەردە، ئۇ مىنۇتلار ”ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇشلۇق بىر مىنۇتلار ئىدى. مەن ئۈچۈن بۇنداق رەسمىيەتلەر ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇش. مەن بۇنداق نەرسىلەرگە ھەرگىزمۇ كۆنەلمىگىدەكمەن“ دەيدۇ.

زىياپەتكە ئولتۇرغان ۋاقتىدا، ھىتلېر بىلەن خانىش بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمايدۇ. ھىتلېر بۇ خانىشنىڭ بوينىغا ئېسىۋالغان ئۇ يۇغان كىرىستتىن بەكلا ھۇزۇرسىزلىنىدۇ. ھىتلېر، مېنىڭچە بۇ خانىش بۇ نەرسىنى قەستەنگە بوينىغا ئېسىۋېلىپ مېنى خاپا قىلماقچى بولىشى كېرەك دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەنلا قالماي، خان جەمەتىدىكىلەر ئەدەپنىڭ سىرتىغىمۇ چىقىشقا باشلىغان ئىدى. پادىشاھ يەنە پىتنە-پاسات تارقىتىپ مېھمانلىرىنى غەرەزلىك ھالدا رەنجىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇ تۇر قۇرۇق گەپلەردىن بىرىدە، فۇھرېر، كۈيلىنارغا كەلگەن كۆنىنىڭ ئاخشىمىسىلا خوتۇن تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغانمىش. ”بۇ بىر چەكسىز غەلىتىلىك. _ دەپ يازىدۇ چىيانو كۆندىلىك خاتىرىسىگە، _ گويا ئايال كىشى ئۇنىڭغا قارىتىپ تۇرۇپ يوتقان-كۆرپىلەرنى سېلىپ بەرمىسە ئۇيقىسى كەلمەيدىكەن. بۇ يەردە بۇنداق بىر ئايال تېپىش بەكلا تەس بولغاچقا، كېيىن مېھمانخانا خىزمەتچىسىدىن بىرنى تېپىپ بېرىپ بۇ ئىشنى ئاران ھەل قىلالىغان. ئەگەر بۇ ئەھۋال راست بولغىنىدا، بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ قىزىقارلىق بىر ئىش ئىكەن، شۇنىڭدەك بۇنىڭغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇنداق بىر ئىش راس بولغان ئىشمىدۇ؟ بۇ بىر پادىشاھنىڭ يامان غەرىزى ھېسابلانماسمۇ؟ پادىشاھمۇ ھىتلېر دائىم ھاياجانلاندۇرۇش ئوكۇلى ۋە مەست قىلىش ئوكۇلى ئۇرۇپ تۇرىدىكەن،دېگەن گەپلەرنى دېمىگەنمىدى؟“ ئاخىردىكى قارىلىنىشى ئەمەلىيەت ئىدى. يەنى كارىۋاتقا ئورۇن سېلىش ئىشى دېگىنى توغرا ئىدى _ بىز بۇنىڭغا ئىشىنىشكە ھەقلىقمىز. شۇنداقتىمۇ، بۇمۇ ئەسلىدە پادىشاھنىڭ يامان غەرەز بىلەن ئېيتقان گەپلىرى ئىدى. بىر قانچە كۆندىن كېيىن، ھىتلېرنىڭ ھەمرالىرى نابلىستا «ئايىدا» نى كۆرگىنىدە، بۇنىڭدەك يامان قاراش يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرغا چىقىدۇ. ئۇيۇننىڭ بىرىنچى پەردىسى چۈشكەندىن كېيىن، تاماشىبىنلار خانلىق جەمەئەتكە تەۋە لوژدا ئولتۇرغان قىممەتلىك مېھمانلارنىڭ باشلاپ بەرسۇن دەپ قەستەن چاۋاق چالماي تۇرىۋالىدۇ. ھىتلېر ئوڭايسىزلانغان ھالدا بۇرۇلۇپ پادىشاھقا قاراپ ئازراق بولسىمۇ ئىلھامغا ئېرىشىدۇ. ”بۇ پادىشاھ دىمىقىنى قېقىپ ماقۇللۇق بېرىدۇ. _ دەپ يازىدۇ لويىس روشنا، _ ياسالما قىياپەتتە بولسىمۇ ھىتلېردىن بىرەر خاتىرجەمسىزلىك ئىپادىلەنمىدى.“

تىياتىر تۈگىگەندىن كېيىن، ھىتلېر پىلان بويىچە گېرمانىيىنىڭ مۇستەملىكىسى ئىچىدىكى ناتسىستلارنىڭ مەشىق قىلىشىنى كۆزدىن كۆچۈرمەكچى بولغان ئىدى. ئەمما ئۇ فراك كېيىۋالغىنى ئۈچۈن لىنگنى بىر ھەربى شەپكە بىلەن بىر يۈرۈش ھەربى فورما بىلەن ئالدىغا چىقىشنى بۇيرىغان بولسىمۇ، پادىشاھنىڭ ئادىيۇتانتى لىنگقا رىمغا قايتىدىغان پويىزنىڭ كېلىشىگە نەچچە مىنۇتلا قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ھىتلېر ئۇنى ساقلاپ تۇرغان پارتىيىلىكلىرنى ئىمتىسزلەندۈرمەسلىك ئۈچۈن دەرھال كوچىغا چىقىپ، خۇددى

بىر كوماندىرغا ئوخشاش بىلىكنى ئۈزارتىپ سالام بەرگەچ قوشۇننى بويلاپ ئالدىغا ئىلگىرلەيدۇ. ئادەتتىكى قائىدە بويىچە ئۇ ئەسلىدە سول قولىنى باش بارمىقىنى بەل تاسمىسىغا قىستۇرغىنىچە سالام بېرىشى كېرەك ئىدى، ئەمما بۇنداق ئىشتانغا كەمەر باغلانمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئامالسىز بىر قولىدا بېلىنى تۇتقىنىچە سالام قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ تۇرقى ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ شەپكىسىز بۇ تۇرقى تېۋتونلاردىن بولغان خراچىياۋ ماكس قىلا ئوخشاش كاستومىنىڭ ئۈزۈن قالغاچ قۇيرۇقى كەينىدە لەپىلدەپ تۇراتتى. ”گېرمانىيە فۈھرېرى قوشۇمچە ئىمپېرىيە باش مىنىستىرى بولغان بۇ ئادەم، _ دەپ يازىدۇ ۋېيدېمان، _ خۇددى ئىشى يۈرۈشۈپ كەتكەن ئاشخانا سەركارىغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. بەلكىم ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كۈلكىگە قالىدىغانلىقىدىن خەۋىرى بولىشى چوقۇم.“ ھىتلېر پويىزغا چىقىشى ھامان پۈتۈن قورساق كۆپۈكلىرىنى رىببېنتروپقا تۆكۈشكە باشلايدۇ. رىببېنتروپ بولسا مۇراسىم باشلىقىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە فۈھرېرگە سادىق بولمىغانلىقىدىن رەنجىيتتى.

ھىتلېر رىمغا قايتقىنىدىن كېيىنلا ئاندىن بۇرۇنقى ئەسلىگە كېلىدۇ. 7-ماي كۈنى ۋېنىس سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە، ھىتلېر ئىنتايىن كۈچلۈك بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. گراف چيانوۋ، ئۇنىڭ بۇ نۇتقى ”قالتىس مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىدى. ئۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىنى بىراقلا قىزغىنلىققا ئايلاندۇرىۋەتتى.“ ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن فلورنى سوۋغا سۈپىتىدە ئېگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ مەرتلىك بىلەن بېرىلگەن بىر سوغات ئىدى. ئەمما بۇ ئىش ئۇنىڭ ۋەتەنداشلىرى، بولۇپمۇ باۋارىيىلىكلەرنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى.

1924-يىلى، ئۇ لاندسبېرگ تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان ۋاقىتلىرىدىلا، ئۇ گىيۆرىڭ ئارقىلىق بۇنىڭغا ئوخشاش سوۋغا بېرىشنى ئوتتۇرغا قويغان ئىدى. ئۇ قېتىم، ئىتالىيىنىڭ بۇ يەرنى تالىشىپ ئوت-بالا بولۇشۇپ كەتكەن زېمىن تەلىپى ئۈچۈن ئىتالىيىدىن ئىككى مىليون لىرا تەلەپ قىلغان بولسىمۇ بىر تىيىنگىمۇ ئېرىشەلمەي، بۇ ئىش ھىتلېرنىڭ كاللىسىدىن يىللاردىن بېرى چىقماي ئۇنىڭ جۇدۇنىنى قوزغاپ كەلمەكتە ئىدى. مۇسسولىنىنىڭ قارىشىچە، بۇ ئاخشامقى سوۋغات قانداقتۇ بىر نەرسىنىڭ ئىشارىتىدەكلا بىلىنەتتى: بۇ قېتىم، تېخىمۇ چوڭ بىر بەدەل ساقلاۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

ھىتلېر ئىتالىيىگە يېتىپ بارغىنىدىن كېيىن، بۇ قېتىمقى نۇتقىلا ھەقىقى سىياسىي مەنىدىكى بىرىنچى قىلغان ئىشى ھېسابلىناتتى. مۇسسولىنىنىڭ پادىشاھنى ساھىپخان سۈپىتىدە ئوتتۇرغا چىقىرىپ ئۆزى كەينىدە تۇرىۋېلىپ، مېھمانلىرىنى پائالىيەت بىلەن قىلچە ۋاقىت ئاجرىتالماس ھالغا كەلتۈرۈپ پىلان تۈزۈپ، ھىتلېرنى كېچە-كۈندۈز بىكار

بولالماس ھالغا كەلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق بىلەن قىلىنغان بىر ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى. شۇنداق بولغىنىدىلا ئەستايىدىل مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ قالالىشى مۇمكىن ئىدى. كېيىن، رىبېنتروپ سىئانوغا بىر پارچە ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈش شەرتنامە لايىسى تەكلىۋىنى سۇندۇ. سىئانوبۇ تەكلىپ لايىھىسىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ بۇ ھەقتە ئۈندىمەي جىم تۇرۇۋالدۇ. ئەسلىدە، مۇسسولىنىنىڭ كۆيئوغلى بۇ ھەقتە كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يازماقتا ئىدى: ”باش مىنىستىر ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈش كېلىشىمىگە كېلىشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. بىز چوقۇم بۇنداق بىر ئىتتىپاقداشلىق ئورنىتىشىمىز كېرەك دەيتتى. چۈنكى ئۇ، غەرپنىڭ دېموكراتىيىسىگە ئىشەنمەسلىكنىڭ مىڭلارچە باھانىسىنى كۆرسىتەلەيتتى.“

ئەڭ مۇھىمى، ھىتلېر ئاخىرى پۈرسەت تېپىپ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىسىنى، يەنى چېخ مەسىلىسىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. مۇسسولىن بۇ ھەقتە ئاساسەن قىلچە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بىر تۈيغۇنى ئىپادىلەيدۇ: بۇ كىچىككىنە دۆلەت ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلچە ئەھمىيىتى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ دىققەت نەزىرى ئەسلىدە باشقا يەردە ئىدى. ھىتلېر ئۇنىڭدىن بۇنداق بىر كاپالەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇرۇن ئۇچرىغان ھەقىقى ۋە پەرەز قىلىنغان كۆزگە ئىلىنماسلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئەرزىيدىغان بىر كاپالەت دەپ ھېسابلاپ، ئۆزىنى باشقا ئىشلاردىن ئازات قىلىپ كېيىنكى پىلاننى پۈتتۈرۈشكە تۇتۇش قىلىش مۇمكىنلىكىنى ئويلايدۇ.

پىرېزدېنت بېنېس ۋە چېخنىڭ قالغان رەھبىرى خادىملىرىنىڭ ھەممىسىلا ھىتلېر چېخقا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ئۈچۈن ھەرگىز تەۋەككۈل قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇ، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى چوڭ بىر ئۇرۇش پارتلاشقا سەۋەپ بولىدىغانلىقىدىن قورقىدۇ، ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن ھۇجۇمغا ئۆتكىدەك بولسا، فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە رۇسىيە ئۇنى بىر ئامال قىلىپ توسماي قالارمۇ، دەيدىغان قۇرۇق خىيالدا يۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ئۈچ دۆلەت ئۇنداق بىر قوغدىغۇچى دۆلەتلىك رولىنى ئويناش خىيالى زادىلا يوق ئىدى. ”سەن پەقەت خەرىتىگە قارىساڭلا چۈشىنەلەيسەن. ــ دەپ يازىدۇ چىمبېرلىن بۇ ئىشتىن سەل ئىلگىرى سىڭلىسىغا يازغان خېتىدە، ــ نېمىسلار ئەگەر راستىنلا چېخوسلوۋاكىيىنى دەپسەندە قىلىش نىيىتىگە كەلگەن بولسا، مەيلى بىز ياكى فرانسىيە ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكمۇ ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالالىشى ناتايىن. ... شۇنداق بولغاچقا، بىزمۇ چېخوسلوۋاكىيىگە ياردەم قىلىدىغان بىر نىيىتىمىز يوق. يەنى، ئۇلارغا ياردەم قىلىمەن دېيىش پەقەتلا گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ بىر باھانىسىلا بولۇپ بېرەلىشى مۇمكىن. بىز مۇۋاپىق بىر ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشۇپ ئالدىمىزدا

تىزلىنىپ يالۋۇرىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرەلىشىمىزدىن بۇرۇن، بىز بۇنداق بىر ئىشقا ھەرگىز قول سالالمايمىز. ئەمما مەن بۇنداق بىر مەنزىرىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىش ئېھتىمالىنى زادىلا كۆرەلمىدىم. شۇنداق بولغاچقا، مەن چېخوسلوۋاكىيىگە كاپالەت بېرىش دەيدىغان خىيالدىن ۋاز كەچتىم. شۇنىڭدەك فرانسىيىنىڭمۇ چېخ ھەققىدە ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىگىمۇ بىرەر كاپالەت بېرىشنى خالىمايمەن.“ ئەنگلىيە باش ۋەزىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئارىسالدى بولۇشى فرانسىيە رەھبەرلىرىنى بەكلا ئەنسىرىتىشكە باشلايدۇ. گەرچە ئۇلار كەينى-كەينىدىن دادىللىق بىلەن باياناتلارنى ئېلان قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، سەزگۈر كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، رېيىنلاندنىڭ ئىشغال قىلىنىشىدىن بېرى دىپلوماتىيە سىياسىي تى جەھەتتە ئىزچىل تۈردە ئەنگلىيىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان فرانسىيىنىڭ دەرھال بىرىپ چېخنى قوغداشقا ئاتلىنىشى ناتايىن ئىدى. ئۈچىنچى بىر قوغداش ئېھتىمالى بولغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بولسا، بارلىق پۈرسەتلەردىن پايدىلىنىپ ئەنگلىيە -فرانسىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ نىيەتلىرى بىلەن تىركىشىپ قېلىشنى ئاشكارە تۈردە ئۈندەپ، ئۆزى كەينىگە ئۆتتۈرۈپ ھېچ ئىش قىلماي كەلمەكتە ئىدى. ستالىن بولسا ھىتلېرنى ئۆزى قول سېلىپ تېزگىنلەش ئورنىغا غەرب دۇنياسىنىڭ تېزگىنلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. 6-ماي كۈنى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پراگادا تۇرۇشلۇق ۋاكالەتچىسى ئامېرىكا باش ئەلچىسىگە ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: فرانسىيىنىڭ چېخوسلوۋاكىيىگە ھەربى ياردەم قىلىش قارارىنى ئالمايدىغانلا بولىدىكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەرگىزمۇ بۇ ئىشقا ئاۋال قول سالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنى قايسى يول بىلەن چېخقا ئاپىرالىشى مۇمكىن؟ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرسىنى پولشا بىلەن رومىنىيە ئايرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك؛ بۇ ئىككىلا دۆلەت قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۆز تۇپراقلىرىنى بېسىپ ئۆتۈشىنى رەت قىلىدۇ _ ئۇلارنىڭ بۇنداق ئويلايدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، ستالىن، بىنېيىسقا ئاستىرتىن ۋەدە بېرىپ، ”فرانسىيە ئۇنىڭغا ھەربى ياردەم بەرمىگەن، پولشا بىلەن رومىنىيە ئىككىسى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ تەۋەلىكىدىن ئۆتۈپ چېخوسلوۋاكىيىگە بېرىشىغا رۇخسەت قىلمىغان تەغدىردىمۇ“، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا ئۇنىڭغا ھەربى ياردەمدە بولۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نىيەتلىرىدىن بىر قىسمى ئىدى: ئۇلار پۈتۈن دۇنيادىكى ئەركىنلىكچىلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى قورشاۋ ئاستىدا قالغان بۇ قەھرىمان كىچىك دۆلەتنىڭ ھەقىقى قوغدىغۇچىسى دېگەنگە ئىشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلارمۇ خۇددى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىگە ئوخشاشلا ئۇلارغا

دەرھال ياردەم بېرىشنى خالىمايتتى. ھىتلېر بۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەرەز قىلىپ بولغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇسسولىنى ئۇنىڭغا سوكۇت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدىغان بولغاچقا، قوراللىق قوشۇننى چېخوسلوۋاكىيىگە باستۇرۇپ كىرمەكچى بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇ گيوبېلىسقا، بۇ تەلەيسىز دۆلەتكە قارشى جىددى شەكىلدە تەشۋىقات ھۇجۇمى باشلىتىشنى بۇيرۇيدۇ. "ئەنە شۇنداق بىر كۈن" پات يېقىندا يېتىپ كېلىدىكەن دېگەن گەپ-سۆزلەر تارقىلىپ يۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن، سودېت رايونىدىكى نېمىسلارمۇ پائالىيەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرىدۇ. بۇ گەپلەر قۇرۇق گەپ بولىسىمۇ، 19-ماي بىلەن 20-ماي كۈنى ھىتلېر ئارمىيىسى چېخ چېگرا بويلىرىدا سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈپتىدەك دەيدىغان كىشىنى چۆچىتىدىغان خەۋەر تارقىلىپ، يوقۇرقىدەك يالغان گەپلەرنىمۇ راستقا چىقىرىۋېتىدۇ. كەلگەن بۇ خەۋەردە، ھىتلېرنىڭ 11 پىيادىلار دىۋىزىيىسى بىلەن 4 برووۋنىڭ دىۋىزىيىسى ھەيۋەت بىلەن موسىمىيە چېگراسىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ، گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيە قىسىملىرى شىلشىيىنىڭ جەنۇبى بىلەن ئاۋستىرىيىنىڭ شىمالىدا ھۇجۇمغا ئۆتۈش پوزىتسىيىسىگە ئۆتۈپتۇ، دېيىلگەن ئىدى.

20-چىسلادا، جوما كۈنى چۈشتىن كېيىن، بېنېيىس ئىچكى كابىنېت يىغىنى بىلەن ئالى دۆلەت مۇداپىيە كومىتېت جىددى يىغىنى چاقىرىدۇ. ئاخشىمى سائەت 9 دىن سەل ئۆتكەندە، ئىتتىپاقدىشى فرانسىيە بىلەن مۇزاكىرىلەشمىگەن بىر ئەھۋالدا، چېخىيەدە "قىسمەن سەپەرۋەرلىك" بويرۇقى ئېلان قىلىدۇ. شەنبە كۈنى سەھەردە، چېخ قوشۇنلىرى چېگرا قوغداش مۇھىم ئىيغىزلىرى بىلەن سۇدېتلاند رايونىنى ئىگەللەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ياۋروپادا 1914-يىلىدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان قىزىق بوھران پەيدا بولىدى. كىچىك بىر دۆلەتنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىر كۈچلۈك دۆلەتكە قارشى ھەرىكەت قوللىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق دۇنيا خەلقىگە، ياۋروپا كۈچلۈك ھاكىمىيەتلەر سىياسىي ي ئويۇنىدا چېخنىڭ ئالدىدا بىرمۇ پېچكا بولمايدىغانلىقنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بولىدۇ. چېخوسلوۋاكىيىنىڭ بۇ تۇردىكى ھەرىكىتى، ئۇنىڭ ھىمايىچىسى بولغان ئەنگىلىيە بىلەن فرانسىيىنى ئۇنىڭ كەينىدا قالقان بولۇپ بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ.

نەتىجىدە، فرانسىيە باش مىنىستىرى دالادى گېرمانىيە باش ئەلچىسىنى چاقىرتىپ كۆرۈشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇستەل ئۇستىدىكى سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقىنى كۆرسىتىدۇ. "بۇ ھۆججەت ئۇستىگە قول قويۇپ قويماسلىقىم، _ دەيدۇ دالادى باش ئەلچىگە، _ سىزگە قاراشلىق جانابلىرى." بېرلىندا، ئەنگلىيە باش ئەلچىسى خاندېرسون مۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋون رىبېنتروپقا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "فرانسىيە چېخوسلوۋاكىيە ئۈچۈن بەلگىلىك بىر مەسئۇلىيەتنى ئۇستىگە ئالغان ئەھۋالدا. ئەگەر بۇ

مەسئۇلىيەتنى ئورۇنداشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغان ئەھۋالغا كەلگەندە، ئەنگلىيە خانلىق ھۆكۈمىتىمۇ ۋەزىيەتنىڭ ئۇنى بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالماسلىققا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ.» رىببېنتروپ ئەنگلىيىنى ئاساسلىق دۈشمىنى دەپ ھېسابلاپ، قاتتىق غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغىنىچە، گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ چېخ چېگراسىغا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ دېيىدىغان گەپلەرنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىدۇ. ئەگەر ئەنگلىيە-فرانسىيە ئىككىسى ئەگەر «ئەسەبىلەرچە» گېرمانىيىگە قوراللىق قارشى تۇرۇش دەرىجىسىگىچە يېتىپ كەلگەن بولسا، «ئۇ ھالدا، بىزمۇ قايتىدىن ئۆلۈم-كۆرۈم ئورۇشقا كىرىشكە مەجبۇرمىز.» دەيدۇ.

شۇ كۈنى كەچتە، رىببېنتروپ مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن بېرلىندىن ئايرىلىپ، بېستگادېنغا ئۇچۇپ بېرىپ ھىتلېر بىلەن مۇزاكىرە قىلىدۇ. ھىتلېرمۇ خۇددى تاشقى ئىشلار مىنىستىرىگە ئوخشاش غەزىپىدىن قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، گېرمانىيە چېخوسلوۋاكىيىگە قارىتا ھېچ قانداق بىر نىسبەتەن زور كۆلەملىك ھەربىي قىسىملارنى يۆتكەش ياكى بىر يەرگە يىغىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانمىغان ئىدى. بۇنداق گەپلەرنى كىم تېپىپ يۈرگەندۇ؟ بۇ يالغاننى بەلكىم كوممۇنىستلار ئويدۇرۇپ چىققان بولىشىمۇ، چېخلارنىڭ ئۆزى پەيدا قىلغان بولىشىمۇ، ياكى ھىتلېرگ قارشى گورۇھلار ئويدۇرغان بولىشىمۇ مۇمكىن ئىدى ـ بۇ گورۇھ ئۆزىنى مالىيە سېھرگەرى دەپ ئاتىۋالغان شاختىبلەن گېرمانىيە ئاخبارات كاتىۋىشى دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى كانارىس قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئېھتىمۇ كۈچلۈك بىر ئېھتىماللىق، ھۆلۈقۈشنىڭ ئۆزىلا كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

غەرب گېزىتلىرى مۇنداق دەپ خەۋەر تارقىتىدۇ: چەتئەل بېسىمىغا دۇچ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن فۈھرېر تاجاۋۇز قىلىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار فۈھرېرنى نومۇسقا قالدۇرۇش خاتالىقىنى سادىر قىلىدۇ. «ھىتلېر ھېچ قاچان قوراللىق كۈچ يولىغا ماڭغان ئەمەس. ـ دەپ يازىدۇ ۋېيزسۇكېر، ـ شۇنداق بولغاچقا بۇ يەردە ئەمەلدىن قالدۇرۇش دېگەن مەسىلىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. يامان يېرى، چەتئەل گېزىتلىرىنىڭ بۇ تۇردىكى ئېغۋاگەرچىلىكى ھىتلېرنى راستىنلا ھەرىكەتكە كېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇندىن كېيىن، ھىتلېرنى چېخ مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىنىقۇراللىق كۈچكە تايىنىشتا قەتئى چىڭ تۇرىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.»

ھەپتە ئاخىرى كەلمەي تۇرۇپلا، ھىتلېر تېزلىكتە شىددەتلىك ھەرىكەتكە ئاتلىنىدۇ. 28-ماي كۈنى، ئۇ بىر قېتىملىق يەۋقۇلئاددە يىغىن چاقىرىدۇ. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئارىسىدا ئىككى نەپەر ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربىي ئىشلار داھىيسىمۇ بار بولۇپ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن باشقا مۇھىم ئەربابلارمۇ يىغىنغا قاتناشقان

ئىدى. پەۋقۇلئاددە كۆپ خەلق ئاممىسى باش مىنىستىرلىق مەھكىمە بىناسىنىڭ قىشلىق باغچىسى سىرتىغا توپلانغان ۋاقىتدا كۆپچىلىك، ھىتلېر چوقۇم دەرھال يېڭى ھەربى تەدبىر قوللىنىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. روھى ھالىتى بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەن گيۆرىڭ، كاپىتان ۋىيېدېماننى بىر چەتكە تارتىپ "فۇھرېر نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ بۇ دېگىنى فرانسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز دېگەنلىك ئەمەسمۇ!" دەيدۇ. ئۇ يەنە، قۇرۇقلۇق ئارمىيە تېخى ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ بولالمىغانلىقىنى، شۇڭا بۇ ئىشنى باش قوماندانلىق شتاب قوماندانىغا ئېيتىدىغانلىقىنى دەيدۇ.

ھىتلېر سۆزىنى باشلايدۇ. ئۇ ناھايىتى خاتىرجەم شەكىلدە سۆزگە كىرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرى پارتلاش خاراكتېرىدىكى گەپلەر ئىدى: "چېخوسلوۋاكىيىنى خەرىتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلايمىز. بۇ جەھەتتە مەن ھەرگىز ئىرادەمدىن قايتمايمەن. ... بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشقا سالىدىغان تەدبىرىمىزگە بەلكىم سىلەردەك پىشقەدەم گېنېراللار دەرھال ماقۇل بولۇپ كېتەلىشىڭلار ناتايىن." ئۇ چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، بۇ قېتىمقى ھۇجۇم، ھاياتلىق ماكانىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ، تېخىمۇ كەڭرى ستراتېگىيىنىڭ پەقەت بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. شۇڭا گېرمانىيە ئەگەر ھاياتلىق ماكانىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەرىققە قاراپ يۈرۈش قىلىشقا مەجبۇر ھالغا كەلگەن ۋاقىتدا، چېخوسلوۋاكىيە ئارقا سەپ ئۈچۈن بىر تەھدىت بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن، چېخنى چوقۇم يوقۇتۇش كېرەك بولىدىغانلىقىنى، ئەنگلىيە  بىلەن فرانسىيە ئىككىسى ئۇرۇش قىلىشنى خالىماي تۇرىۋاتقا، رۇسىيە بولسا بۇ ئىشقا ئارىلىششنى خالىماي تۇرىۋاتقان، ئىتالىيىمۇ بۇ ئىشقا قىزىقماي تۇرغان بوگۈنكى پەيت، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق پۇرسەت، دەپ كۆرستىدۇ.

ھىتلېر سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، گيۆرىڭنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كېتىدۇ. ئۇ دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ ھىتلېرنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ سىلكىپ كېتىدۇ. "فۇھرېرىم، _ تېخى بۇنىڭدىن بىر سائەت ئاۋاللا ئۇنى توساشقا قەسەم قىلغان گيۆرىڭ ئەندى ئاۋازىنى كۆتەرگىنىچە، _ سىزنىڭ ئوتتۇرغا قويغان بۇ ستراتېگىيىڭىز دۇنيادا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر پىلان ئىدى. شۇڭا مەن بۇ پىلانىڭىز ئۈچۈن سىزنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن!" دېمىسىمۇ بۇ پىلان ھەققىدە ھېچ كىمدىن بىرەر نارازىلىق پىكىر ئوتتۇرغا چۈشمىدى. ھەتتا مۇزاكىرە قىلىش زۆرۈرىيىتىنىمۇ ھېس قىلىشماستىن ھەممە بىردەك ماقۇللايدۇ. گيۆرىڭ بىلەن ھىتلېر ئىككىسى بىر بۇلۇڭدا تۇرغان كېيىتېل، براۋچىتش ۋە بېكنىڭ يېنىغا بارىدۇ. "بىز ئالدى بىلەن شەرق تەرەپنىڭ (چېخوسلوۋاكىيىنى دېمەكچى) ۋەزىيىتىگە توقۇنۇپ كۆرەيلى. ئاندىن، مەن سىلەرگە 3~4 يىل تەييارلىق ۋاقتى بېرىمەن. شۇ چاغدا، بىز يەنە

غەربنىڭ ۋەزىيىتىگىمۇ تىگىش قىلالايمىز" دەيدۇ ھىتلېر.

شۇ چاغدا بۇ ئۈچ نەپەر گېنېرال ھېچ نېمە دېمىگىنى بىلەن، ئەتىسى، بېك بۇ ستراتېگىيىنى قاتتىق تەنقىتلەپ بىر پارچە ئەسلەتمە تەييارلاپ چىقىدۇ. ئۇ بۇ مېمراندۇمدا بۈگۈنكى كۈندىكى گېرمانىيىنىڭ ئەھۋالىنى 1914-يىلىدىكىدىن كۈچلۈك دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى، بۈگۈن گېرمانىيە بەكلا ئاسان ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئاستىدا تۇرغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ھەتتا بۇلاردىنمۇ مۇھىم بولىۋاتقىنى، گېرمانىيە بۈگۈن چېخوسلوۋاكىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت تۆت ئىتتىپاقداشقا دۈچ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. "گېرمانىيىنىڭ رەقىپلىرى، _ دەيدۇ بېك خۇلاسىلاپ كېلىپ، _ ۋاقىت ۋە بوشلۇق جەھەتتە تولۇق ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنى ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچ جەھەتلەردىمۇ گېرمانىيە بىلەن ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى ئاللىمۇ قاچان بېسىپ چۈشەلىگىدەك كۈچكە ئىگە."

30-ماي كۈنى، بېك بۇ ئۇمىدسىزلىك بىلەن تولغان باھاسىنى براۋچىتشقا تاپشۇرىدۇ. براۋچىتش بۇ ئىشنى قايسى شەكىلدە فۈھرېرگە ئۇقتۇرساق ئۇنىڭ ئىش قىلغان بولىمىز دەپ كېيتېلدىن سورايدۇ. كېيتېل ئۇنىڭغا، ھىتلېرنىڭ بۇ يەردىكى فرانسىيىنىڭ مۇداخىلە قىلغان ۋاقىتىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسى تەھلىلىنى ھىتلېر بەربىر قاراپمۇ قويماي تاشلاپ قويىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدەك سىياسىي تەھلىل قىسمىنى قىسقارتىۋېتىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. براۋنىشىت ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزگەرتىش قىلىدۇ ۋە گيۇتېربورگ توپچى قىسىم ھەربى مەكتىپىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يىغىن جەريانىدا قىسقارتىپ تەييارلىغان ھۆججەتنى ھىتلېرغا سۇنىدۇ. فۈھرېر بۇ ماتېرىيالنى ئوقۇپ بېقىپ، بۇ دوكلارت قىلچىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇنىڭدا فرانسىيىنىڭ ھەربى كۈچى بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن، دەپ قاتتىق قارشى چىقىدۇ. "بۇ، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن يەنە بىر قېتىملىق ئاپەت. _ دەپ يازىدۇ كېيتېل، _ بۇ ئىش براۋچىتشنى يەنە بىر قېتىم ئۈمىدىنى يوقۇتۇشىغا دەۋەپ بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەن. ئەمما فۈھرېر بۇ ئىشنى براۋچىتشتىن كۆرمەي بېك بىلەن باش قۇماندانلىق شتاپىتىن كۆرىدۇ." ھىتلېر ھەممە كىشىنىڭ دېگىنىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، چېخوسلوۋاكىيىگە قۇراللىق تاقابىل تۇرۇش قارارىنى ئالىدۇ، شۇنىڭدەك قۇرۇقلۇق ئارمىيىگە 1-ئۆكتەبىردە ھەرىكەتكە ئاتلىنىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، "يېشىل پىلان" نىڭ تۆتىنچى ھۆججىتى ئەمەلىلەشتۈرۈلىدىغان بولىدۇ.

فرانسىيە چېگرا بويىغا "غەرب سېپىلى" مۇداپىيە سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى سۈرئەتلىك تاش يول ياسىغان فىلىتش تود ئۈستىگە ئېلىپ تېز سۈرئەتتە ئىش

باشلىنىۋېتىدۇ. شەرقى سەپتە چېخوسلوۋاكىيىگە چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قوزغاشقا ئوڭايلىق يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەڭ ئاز ئەسكىرى كۈچ بىلەن فرانسىيىنىڭ يولىنى توساش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن، 500 مىڭ كىشى بۇ قۇرۇلۇشنى جىددى تۈردە ياساشقا كىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، فۇھرېرنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، "تەھدىت سېلىش ئۇسۇلىغا تايىنىپ چېخلارنى قورقۇتۇش، ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىنى خورىتىۋېتىش؛ يەنە بىر جەھەتتە مىللى تەشكىلاتلىرىمىزغا قۇراللىق كۈچلەر ھەرىكىتىگە قانداق قىلغاندا ياردەمچى بولۇشنى بىلدۈرۈش، شۇ ئارقىلىق بىتەرەپچىلەرگە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى بىزگە پايدىلىق تەرەپكە بۇراش قاتارلىقلارنى مەقسەت قىلغان ئاساستا گېرمانىيىمۇ ئۆزىنىڭ تەشۋىقات ئۇرۇشىنى جىددىيلەشتۈرىدۇ.

گيۇتېربۇرگ يىغىنى جەريانىدا، گېرمانىيىنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنىڭ ئېيتۇرتكەن ئالاقىلىرىمۇ ھىتلېرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش غەيرىتىنى كۈچەيتىپ بەرگەن ئىدى. گراف ۋون د. شۇلېنبۇرگنىڭ دوكلاتىدا، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ مەقسەتلىك ھالدا توقۇنۇشتىن ساقلىنىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى، مۇۋاپىق بىر دائىرە ئىچىدە يول قويۇش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. "بۇ جەھەتتە بوگۇنكى كۈندە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەر قانداق بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ ئۇرۇش قايىنىمىغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك ئىكەنلىكىدە بىردەك قاراشقا كېلىپ بولدى. سەۋەبى، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت بەكلا قىيىن بولغاچقا ئىككى سەپتە جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتىن قورقۇش ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللىگەنلىكىدىندۇر."

ياۋروپا بوھرانىنىڭ سەھنىسى رەسمى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇنغان ئىدى. بۇ سەھنە، ماي ۋەقەسىنى ھېچ نېمىگە ئەرزىمەس بىر ئىش ھالىغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

2

گەرچە "يېشىل پىلان" ئەمەللەشتۈرۈشكە قويۇلغان بولسىمۇ، ھىتلېر يەنىلا ئۆزىنىڭدىن سودىلىشىش دەسمايىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىشنىنى مەقسەت قىلماقتا ئىدى. ھازىرقى مەسىلە بولسا، ئۇ بۇ ئۇرۇش يارىنىڭ گىرداۋىغا قانچىلىك يېقىنلىشىپ قالغانلىق مەسىلىسى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشنىڭ كېلەر يىل ياز كىرىشىدە يۈز بېرىشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلىدۇ. ھەتتا ئېنىقراق ئېيتقاندا، بۇ ئۇرۇشنى زادى قانچىلىك يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ بىلەلمەي يۈرگەن بولىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ، بۇ ئىشتىمۇ خۇددى

رىبېنلاند بىلەن ئاۋستىرىيە كىرىزىسى ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش ئۆز سەزگۈسىگىلا تايانماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسى ئادىيۇتانتى كاپىتان ۋىيېدېماننى ئىيۇن ئېيى ئىچىدە لوندونغا يولغا سېلىپ، لورد خالىفاكس بىلەن غەيرى رەسمى سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ بىر بەكلا ئۆزگىچە ئىزدىنىش خاراكتېرىدىكى بىر ۋەزىپە بولۇپ، ۋىيېدېماننىڭ شەخسى مۇناسىۋىتى، يېرىم يەھۇدىي قېنىدىن بولغان دىيۇك خوخېنلو خانىم مەخپى شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرغان بىر ئۇچرىشىش بولۇپ، پوتونلەي رىببېنتروپقا بىلدۈرمەي ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر كۆرۈشۈش ئىدى. ۋىيېدېماننىڭ رەسمى ۋەزىپىسى بولسا، گىيۆرىڭنىڭ ئەنگلىيىدە رەسمى دۆلەت زىيارىتىدە بولۇشىنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى ئىزدىنىش ئىدى. ئەمما ھىتلېرمۇ ئۇنىڭغا بىۋاستە يوليورۇق بېرىپ، خالىفاكسقا: نۆۋەتتىكى ھەل قىلغۇچ مەسىلە سودېت رايونىدىكى نېمىسلارنىڭ قاتتىق يەكلىنىشكە ئۇچراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، "ئەگەر بۇ ئىش پات يېقىندا قايىل بولغىدەك ھەل قىلىنمايدىكەن، مەن قورال كۈچىدىن پايدىلىنىپ ھەل قىلىشقا مەجبۇرمەن. شۇڭا سەن خالىفاكسقا بۇ دېگەنلىرىمنى ئېيتىپ قوي!" دەيدۇ.

ئىيۇننىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ۋىيېدېمان ھىتلېرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى بايان قىلىدۇ. ئەمما خالىفاكس ئەدەپ بىلەن جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ۋاقىت چېكى بېكىتىپ كېلىشتىن ئاۋال نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ يەنە پرىنسىپ جەھەتتە گىيۆرىڭنىڭ زىيارەتكە كېلىشىگە ماقۇل بولۇش بىلەن بىرگە، بەكلا مۇجمەل بىر شەكىلدە فۇھرېرنىڭ ئۆزىمۇ پادىشاھنىڭ مېھمىنى بولۇپ زىيارەتكە كېلىشى ئۈچۈن تەكلىپ قىلىدۇ. ۋىيېدېمان ئىنتايىن خوشال ھالدا ئايروپىلان بىلەن گېرمانىيىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما ۋىيېدېمان ئەنگلىيە  سەپىرىدىن فۇھرېرگە دوكلات بېرىش ئۈچۈن بېرگخوفتا نەچچە سائەت ساقلاپ ئولتۇرىدۇ. ئەمما فۇھرېر سىرتتا ئۇننىتي مېيفورت بىلەن بىرلىكتە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ھىتلېر قايتىپ كىرگەندىن كېيىن تاقەتسىزلىك بىلەنۋىيېدېماننىڭ دوكلاتىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئەنگلىيىلىكلەر گىيۆرىڭنىڭ لوندونغا زىيارەت قىلىشىغا ماقۇل بولغانىكەن، ئۇنداقتا "بارمىسۇن! ئەندى بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق!" دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. خالىفاكس مەسىلىسى ھەققىدە ئۇنىڭ بىر ئېغىزمۇ گېپىنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. "مەن تا ھازىرغىچە چۈشىنەلمىگىنىم، _ دەيدۇ ۋىيېدېمانئەسلىمىسىدە، _ ھىتلېرنىڭ بۇنداق ئۆزگىرەپ قىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇننىتي مېيفورت ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەر دەپ پىچىرلىۋەتكەنمۇ ياكى گىيۆرىڭنىڭ بۇ ئۇتۇقىدىن پايدىلىنىپ بەكلا چوڭ سىياسىي كۈچكە ئېرىشىۋېلىشىدىن قورققانمۇ قانداق، بىلمىدىم، ئىش قىلىپ، مەن ئۇنىڭغا ئاڭلاشنى خالىمىغان بۇ دوكلاتىمنى زادىلا سۆزلەپ بېرەلمىدىم.

بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن، چەمبېرلىنىنىڭ سۇدېتلاند رايونىنى گېرمانىيىگە كېسىپ

بىرىش ئۈيىدا ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر پارچە دوكلات يوللىغانلىقى سەۋەبىدىن، ۋىلھېلم كوچىسىنىڭ مەخپى ۋەكىلى فرىتز ھېس، رىببىنتروپ تەرىپىدىن لوندوندىن چاقىرتىلدۇ. ھېسنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، "ماڭا بۇنداق بىر نەرسىنى يوللىغىنىڭنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟" دېگەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئەيىنى ۋاقىتتا. قارىغاندا فۇھرېر، ئەگەر ئەنگلىيە قۇراللىنىشنى تاماللىشى ھامان، گېرمانىيىنى يىمىرىپ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋېتىدىغانلىقىغا بەكلا ئىشىنەتتى. بۇندىن سەل ئىلگىرى فۇھرېر رىببىنتروپقا مۇنداق دېگەن ئىدى: "بۈگۈن خەلقئارالىق ئار-نومۇس دېگەن نەرسە قالمىدى، ئالدىغا نېمىلا كەلسە شۇنى ئۇرۇش غەنىمىتى دەپ بۇلاپ تالاشماقتا. مەن ئەندى بۇنى بىر تەجرىبە ساۋاق قىلىمەن." شۇڭا ئۇ، ئېنگلىزلار بىزنى ئىسكەنجىگە ئېلىشتىن ئاۋال ئۇلارنىڭ ئىدىۋنى بېرىشىمىز كېرەك، دېگەن.

ھېس چۈشەندۈرۈپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: چېمبىرلىننىڭ شەخسى مەسلىھەتچىسى ئۇنىڭغا لوندوندا چىقىدىغان «تايمس» گېزىتىدا ئېلان قىلىنغان ئەنگلىيە گېرمانىيىگە پايدىلىق ھەل قىلىش چارىسىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكى ھەققىدىكى باش ماقالىنىڭ باش ۋەزىر ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان بىر ماقالە ئىكەنلىكىنى غەيرى تەسمى بىر شەكىلدە فۇھرېرغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى. بۇ ھەقتە كۆڭلىدە سان بولغىنىدىن كېيىن، ھىتلېر قۇراللىق كۈچ بىلەن تەھدىت قىلماي تۇرۇپمۇ سۇدېتلاندتىكى نېمىسلارنى ئاپتونومىيىگە ئېرىشتۈرۈش مۇمكىنمۇ قانداق؟ دەيدۇ. "ئاپتونومىيىمۇ؟ _ دەپ ۋارقىرايدۇ رىببىنتروپ، _ ئەندى ئاپتونومىيە دەيدىغان نەرسىلەرگە ئورۇن يوق." گېرمانىيە قوشۇنلىرى ھەرىكەتكە ئۆتۈپتۇ دېگەن يالغان گەپلەر ئوتتۇرغا چىقىشتىن ئاۋال، بەلكىم ھىتلېر ئاپتونومىيە بىلەنلا رازى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ھازىر بۇ بىزگە يەتمەيدۇ. ھېس بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن "ئۇنىڭ بەدىنى سوغۇق تەرگە چۆمدۇ." ئۇ تۇنجى قېتىم، ئۇرۇش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىغا كېلىپ قاپتۇ، دەپ ھېس قىلدۇ. ئۇ، مەن چوقۇم تىنچ يول بىلەن سۇدېتلاند رايونىنى بۆلۈپ ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلالايمەن دەپ ئېيتقىن، دەپ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىگە يالۋۇرىدۇ. رىببىنتروپ بۇ گەپتىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، چوقۇم ھىتلېر بىلەن بۇ ھەقتە كۆرۈشىمەن دەپ ۋەدە بېرىدۇ. ئەتىسى، ئۇ ھېسنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا، فۇھرېرىمىز چېخلارنىڭ ھەربى بازىلارنى ئىككى قوللاپ تاپشۇرۇپ بېرىدۇ دېگەن گېپى مازاق قىلىپ كۈلۈپ كەتتى، دەيدۇ. ھىتلېر ئۇنىڭغا "مەن ئۇلارنىڭ بۇنچە ئاخماق ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمەن!" دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ھىتلېرنىڭ ئىرادىسى شۇنچە چىڭ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گېنېراللىرى بولسا

ئۇنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىي تىگە ئېزچىل قارشى چىقىپ كەلمەكتە ئىدى. بېك قايغۇرۇش بىلەن تولغان پەرەزلەرنى ئاشكارە تارقىتىش بىلەن مەشغۇل ئىدى: يېڭى ئۇرۇشتا، كىمنىڭ باش جىنايەتچى ئىكەنلىكى مەسىلىسى ئالدىنقى قېتىملىق ئۇرۇشقا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ مۇھىم؛ ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى 1918-يىلقى مەغلۇبىيەتتىنمۇ پاجىئەلىك بولىدۇ، دەپ يازدى. ئىيۇندا، ئۇ براۋچىتىش ئۇچۇن ئۇچىنچى قېتىملىق ئۇزۇن بىر پارچە مېمراندۇم ئارقىلىق تەييارلاپ چىقىدۇ. بېك بۇ مېمراندۇمدا، مەن شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، چېخوسلوۋاكىيىگە ھۇجۇم قىلىش چوقۇم يەنە بىر قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەيدۇ. "بۇنداق بىر ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىدە، ھەربىي ئىشلاردىلا مەغلۇبىيەت ئۇتتۇرغا چىقىپ قالماي، يەنە گېرمانىيە ئومۇمىي يۈزلۈك ئاپەت ئىچىدە قالىدۇ." ئۇ داۋام قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: خەلقىمىز بۇنداق بىر ئۇرۇشنى ھەرگىز خالىمايدۇ؛ قۇرۇقلۇق ئارمىيىمىزدىمۇ بۇنداق بىر ئۇرۇش ئۇچۇن ئىدىيىۋى تەييارلىقى يوق.

16-ئىيۇن كۈنى، بېك بۇ ھۆججەتنى يوقۇرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋاقىتىدا، ئۇ تېخىمۇ مەردانە سۆزلەرنى قىلىدۇ ــ بېك، براۋچىتىشتىن ھەربىي ئىشلار جەھەتتە بۇ ئىشنى چەكلەش ھەرىكىتىنى تەشكىللەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ بۇ مېمراندومنىڭ مۇھاكىمە قىسمىدا "تارىخ چوقۇم بۇ ئىشنىڭ جىنايىتىنى سىلەرنىڭ ئۇستۇڭلارغا يۈكلەپ قويىدۇ. ... ئەگەر كۆپچىلىك قەتئىي ئىرادىلىك ھەرىكەت قىلىدىغانلا بولىدىكەن، بۇنداق بىر ئۇرۇش سىياسىي تىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئىمكانىيىتى يوققا چىقىدۇ. ... ۋەزىيەت ھەققەتەنمۇ جىددى" دەپ تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ.

ئاۋغۇست باشلىرىدا، براۋچىتىش كۆپچىلىكنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىر قېتىملىق قۇرۇغلۇق ئارمىيە يوقۇرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلار يىغىنى چاقىرىدۇ. ئۇ، يىغىندا بۇ مېمراندومنى ئوقۇۋۇپ ئۆتىپ، ئەگەر چېخقا بېسىپ كىرىدىغان بولساق چوڭ بىر ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، گېرمانىيە چوقۇم مەغلۇب قىلىنىشى مۇمكىن دېگەن پەرزىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئۇ يەنە سۇدېتنى دەپلا مىللىتىمىزنىڭ تەغدىرىنى تەۋەككۇل قىلىشقا ئەرزىمدۇ؟ دەيدۇ. كۆپچىلىك بىرلىكتە مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئارمىيە بىلەن خەلق ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا ئۇرۇشقا قارشى. گېنېراللارمۇ، قۇرۇغلۇق ئارمىيىمىزنىڭ بۈگۈنكى چېنىقىش ۋە قۇرۇللىنىشلىرىغا ئاساسلانغاندا بەلكىم چىخلارنى يېڭىپ چىقالىشىمىز مۇمكىن بولار، ئەمما ياۋروپا كۈچلۈك دۆلەتلەر ئىتتىپاقىنى مىغلۇپ قىلالىشىمىز ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، دېگەن قاراشقا قوشۇلىدۇ. يىغىندا پەقەت ئىككى تۈرلۈكلا قارشى پىكىر ئوتتۇرغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارمۇ ئىنتايىن سىلىغلىق بىلەن ئوتتۇرغا قويۇلغان پىكىرلەر ئىدى. بۇلاردىن بىرسى بولغان گېنېرال بۇش ھەربىي قىسىملار سىياسىي ي ئىشلارغا ئارىلىشىۋالماسلىقى

كېرەك دەپ دەپدىغان كونا مۇقامنى تەكرارلىغان بولسا، بىرىنچى بولۇپ ناتسست بولۇپ ئۆزگەرگەن گېنېرال لېيشيو بولسا خىزمەتداشلىرىغا، بىز ھىتلېر بىلەن ھەممىمىز بىرلىكتە ئەمەس بەلكى ئايرىم ئولتۇرۇپ مۇنازىرە قىلىپ كۆرىشىمىز كېرەك دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە براۋچىتش ماقۇل بولۇپ فۇھرېر بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئادەم بايا كەسىپداشلىرىغا سۆزلىگىنىدەك دەپدىغىنىنى ھىتلېرغا چىڭ تۇرۇپ بايان قىلىش-قىلماسلىقى يەنىلا گۇمانلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش ئىدى. چۈنكى، ئۇ گەپلىرىنى ئەگىشىپ ئېيتقاندەك قىلسىمۇ، قاتتىق نارازىلىقلارنى پەيدا قىلىپ، براۋچىتشنى قائىدە-تۈزۈملەرنى قايتىدىن تەكىتلىشكە مەجبۇرلىغان.

گېنېراللارنىڭ ئىنكار قىلىش مۇئامىلىسى ھىتلېرنى بوشىتىپلا قويىدۇ. ھىتلېر، 10-ئاۋغۇست كۈنى باش قوماندان قاتارىدىكى كىشىلەرنى بېرگخوفقا چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي نەزەرىيىسىنى ماختاپ تىنماي ئۈچ سائەت سۆزلىگەن بولسىمۇ گېنېراللار بەربىر ئۇنىڭ دىگەنلىرىنى پەرۋايىغىمۇ ئېلىپ قويۇشمايدۇ. ئەمما كۆپچىلىكنىڭ بىرلىكتە قارشى چىقىشى ھىتلېرنى نىيىتىدىن يېنىۋېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش تۇرماق، ئەكسىنچە ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىۋېتىدۇ. ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جيۇتېربوُرگ ئەتراپىدا بىر قېتىملىق توپچى قىسىملار مانېۋىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ بولۇپ يوقۇرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارنى ئاشخانىغا چاقىرتىپ كېلىپ، كۆزدە چېخ مەسىلىسىنى قۇراللىق ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.

ئۇ كۆپچىلىككە، چېمبېرلىن بىلەن دالادى تەختتىن چۈشمەيدىغانلا بولىدىكەن، ھەرگىزمۇ چوڭ ئۇرۇش پارتلىمايدۇ، دەپ كاپالەت بېرىدۇ. ئۇ نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا مېنىڭ بۇ پەرىزىم چوقۇم ئەمەلدە ئىسپاتلىنىدۇ، دەپ كۆپچىلىكنى ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن سوۋېت ئىنتىپاقى باش ئەلچىسى مايىسكى، خالىفاكسقا مۇنداق دەيدۇ: گېرمانىيىنىڭ سىياسىي تىنى "ئەڭ كامىدا 50 پىرسەنت قىسمىنى پويوزا قىلىش" دېيىش مۇمكىن. "تىنچلىققا ھەققى تۇردە خەۋپ كەلتۈرىۋاتقىنى" ئەنگلىيە -فرانسىيە ئىككىسىنىڭ مۇجمەل مۇئامىلىدە بولىشى بولۇپ، ئۇلار مەيلى گېرمانىيىنىڭ ئىچكى ياكى تاشقى كۈچلىرىنى ھەددىدىن ئارتۇق مۆلچەر قىلماقتا. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، پومرانىيەدىن كەلگەن بىر دېھقانچىلىق مەيدان خوجايىنىمۇ ئېنگلىزلارغا يېڭى بىر بېسىم پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئادەم ئېۋارد ۋون كرىيسىر-شمانجىن دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇلۇغ شائىر كرىست-شىمانجىننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولغان مۇنارخىست بىرسى ئىدى. ئۇزۇندىن بېرى بۇ ئادەم بىر ھىتلېر دۈشمىنى ھېسابلىناتتى. بۇ كىشى ئادمىرال پولكوۋنىك تېپىپ بەرگەن پاسپورت بىلەن گېرمانىيە باش قوماندانلىق شتابىدىكى

مۆتىدىل تەرەپتىكىلەرنىڭ ۋەكىلى سىۋىپتىدە لوندونغا كەلگەن ئىدى. بۇ مۆتىدىل تەرەپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا ھىتلېرنىڭ تاجاۋۇزىنى توساشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇ كۈنى گۈگۈم ۋاقتىدا، ئۇ خالىفاكسنىڭ ئاساسلىق دىپلوماتىيە مەسلىھەتچىسى سىر روبېرت ۋېنشىتات بىلەن شەخسىي سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. كرىست ئېنىق قىلىپ شۇنى ئۇقتۇرىدۇ: ئەگەر ئەنگلىيە ئوتتۇرىغا چىقىپ توسىمايدىغانلا بولىدىكەن، چوقۇم ئۇرۇش پارتلايدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: گېرمانىيىدە پەقەت بىرلا ئېكستىرېمىزمىست (چېكىدىن ئاشقان ئەقىدىچىلىك - ئۇ.ت) بار. "ھىتلېرنىڭ غەيرىتى ئۇنچىۋالا كۈچلۈك ئەمەس. گېرمانىيە قۇرۇغلۇق ئارمىيىسىدىكى گېنېراللارنىڭ ھەممىسىلا مېنىڭ دوستلىرىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بۇنى ياخشى بىلىدۇ. پاقەت شۇلارلا بۇنى ئېنىق بىلىپ تۇرماقتا. شۇڭىدەك ئۇلار يەنە مىنانىڭ پارتلايدىغان ۋاقتىدىنمۇ خەۋەردار."

"يەنى، سەن، گيوبېلس بىلەن ھىملېر قاتارىدىكىلەرمۇ ھىتلېرنى ئۇرۇشقا كۈشكۈرتەلمەيدۇ دېمەكچىمۇ سەن؟" دەپ سورايدۇ ۋېنشىتات.

"مەن سىزگە قايتا تەكىتلەپ ئېيتىمەنكى، مەن ئۇلارنى ھەرگىز ھېسابقا قاتمايمەن. بۇنداق بىر قارارنى پەقەت ھىتلېرنىڭ ئۆزىلا ئالالايدۇ. ... بارلىق گېنېراللار ئۇرۇشقان جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرسىمۇ، قارشى چىقىشقا كۈچى يەتمەيدۇ _ چەتئەل كۈچلىرىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دېمەكچىمەن. بايام سىزگە ئېيتقىنىمدەك، ئۇلار ھۇجۇم قىلىشنىڭ نەق كۈنىنى بىلىدۇ. ئۇ كۈنى ھۇجۇم قىلماقتىن باشقا چارىسى يوق."

بۇ كۈننىڭ قايسى كۈنى ئىكەنلىكىنى سورىغىنىدا، كرىست كۈلۈپ كېتىدۇ. "ھە، دېمەك سەن بۇ كۈننى چوقۇم بىلىسەن، شۇنداقمۇ؟" ۋېنشىتات ئايلاندۇرۇپ بىرمۇنچە سۆزلەپ يۈرۈپ ئەنگلىيە رەھبەرلىرىنىڭ بۇنداق بىر ئاخباراتقا تېخى ئېرىشەلمىگەنلىكىگە ئاخىرى ئىشەنچ قىلىدۇ. "ئەگەر 27-سىنتەبىردىن كېيىن ھەرىكەت قىلىشقا توغرا كەلسە بەكلا كېچىككەن بولىدۇ." ئۇرۇشنى چەكلەش ۋاقتى ئەڭ كېچىككەندىمۇ 9-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېچىكمەسلىكى قالماسلىقى كېرەك. ئەنگلىيە -فرانسىيە ھەرگىزمۇ قورۇق داۋراڭ قىلىپ يۈرمىگەنلىكىنى ھىتلېرغا چوقۇم بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك. ئەنگلىيە چوقۇم بىر نەپەر مۇھىم سىياسىي يۈزنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ سۆزلىتىشى، ئۇنىڭ سۆزى گېرمانىيە خەلقىگە قارىتىلغان بولىشى، سۆزىدە ئۇرۇشنىڭ ۋەھىمىسىنى نوقتىلىق تەكىتلەپ كۆرسىتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ.

ۋېنشىتات يىغىن ئەھۋالىنى دەرھال تەپسىلى بىر دوكلات ھالىغا كەلتۈرۈپ چېمبېرلىنغا تاپشۇرىدۇ.

شۇنىڭغا قارىماي، چىمبىرلىنىنىڭ پۈتۈن قەلبى بىلەن يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلىپ يول قويىشى تۆپەيلىدىن، فىنشىتاتنىڭ مۇھاكىمىلىرىنى پەرۋايىغا ئالمايدۇ. ئەتىسى، خاندىرسون بىرلىنىدىن تىلىگرامما يوللاپ، ئۇنىڭ بۇ مەيداننى تېخىمۇ چىڭىتىۋېتىدۇ. بۇ باش ئەلچىنىڭ قاراشلىرى، ئۇرۇش يەھەدىتى ھىتلېردىن كەلگەن بولماي (چۈنكى ئۇ ھەربىلەرگە تەك كېلەلمەيتتى)، "بەلكى ئۇرۇش تەييارلىقىغا كۈچەپ تەييارلىق قىلىپ كېلىۋاتقان كۈچلەردىن كېلىۋاتقانلىقىنى، يەنى گېرمانىيە بىلەن چېختىكى چېكىدىن ئاشقان ئۇنسۇرلار، كوممۇنىستلار ۋە شۇنىڭدەك باشقا تەسىرگە ئىگە كۈچلەر بىلەن چەتئەللىك ئادەتتىكى ناتسىستچىلىققا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان كۈچلەردىن كەلگەنلىكىگە ئىشىنەتتى." ئۇ لوندونغا نەسىھەت قىلىپ، "ھەرگىزمۇ ھىتلېر ئەپەندىنى يارغا قىستاپ ئۇنىڭ ئابروينى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى چېكىدىن ئاشقان كۈچلەرگە تىز پۈكىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويماسلىقى كېرەكلى" نى ئېيتىدۇ.

كرىستىنىڭ قاراشلىرى بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا بەك كۆپ پەرق يوق ئىدى. مەملىكەت ئىچىدە ھىتلېر ئۇرۇشقا قارشى كۈچلەرنىڭ ئېغىر قورشاۋى ئىچىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارنى بەربىر قايىل قىلالمىغان ئىدى. ئۇرۇشقا قارشى تۇرىدىغانلارنىڭ ئاساسلىق بېشى بولغان گېنېرال بېك يەنە قايتىدىن ئىستىپا تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، براۋچىتىش قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشقا بارماسلىق بىلەن تەستىقلىنىشىنى كۈتىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھىتلېر ئۇنىڭ ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما "دېپلوماتىك سىياسەت جەھەتتىكى سەۋەبلەر" تۈپەيلىدىن، بۇ ئىشنى جامائەتچىلىكنىڭ بىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بۇ ئىستىپا مەسىلىسىنى مەخپىي تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سادىق بىر نېمىس بولغان بېك، بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتۇشقا ماقۇل بولىدۇ. ئەمما ئۇ ھىتلېرغا قارشى گۇرۇھتىكىلەرنى داۋاملىق قوللاپ تۇرىدۇ. ــ بۇ گۇرۇھ فۇھرېرنى ئەڭ ئاخىرىدا "يېشىل پىلان" نى ئىجرا قىلىش بۇيرۇقىنى بېرىدىغان ۋاقتىدا قولغا ئېلىشنى يوشۇرۇن تۈردە پىلانلىشىدۇ. بۇنچىۋالا كۆپ مەمورى ئەمەلدارلار بىلەن گېنېراللارنىڭ بىر ھەپتە يوشۇرۇن سۇيىقەست پىلانلىشىپ ھۆكۈمەتنى قۇراللىق ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغانلىقى، تارىختا بەكلا ئاز كۆرۈلىدىغان بىر ھادىسە ئىدى. بۇ قېتىمقى سۇيىقەستچىلەر ئىچىدە بېرلىن ھەربىي رايون قوماندانى گېنېرال ئېرۋىن ۋون ۋىسلىبىن، ئادمىرال پولكوۋنىك كانارىس (بۇرۇنمۇ ئۇ كرىستقا پاسپورت تېپىپ بەرگەن ئىدى)، سابىق قۇرۇغلۇق ئارمىيە باش قوماندانى گېنېرال كۇرت ۋون خامىستېين، شۇنىڭدەك بېكنىڭ ئورنىغا باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن فرانىز خارد قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. خارد،

يوشۇرۇن تۈردە ئىككىنچى بىر سۆھبەت قىلغۇچىنى لوندونغا يولغا سېلىپ، كرىستىنىڭ بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى قايتىدىن تەكرارلايدۇ. _ بۇ قېتىمقىسىمۇ قىلچە كارغا كەلمەيدۇ. بۇ تۈر سۈيىقەستكە يەنە شاختىبلەن باشقا يەنە خاسخوفنىڭ چوڭ ئوغلى ۋە شۇنىڭدەك تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇھىم بىر ئەمەلدارى _ مەسىلەن سېيدور كارتمۇ بار بولۇپ، بۇ كىشى دىپلوماتىك ئۇمەكتە رىببىنتروپ ئۈستىدە تۆھمەت گەپ تارقاتقانلار _ قاتارىدىكى مەمورى ئەمەلدارلارمۇ چېتىلغان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار فۇھرېرغا ئاشكارە تۈردە بېسىم قىلىشنى كۈچەيتىشىدۇ. ئاۋغۇستنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بىر قېتىملىق شەخسى كەچلىك زىياپەتتىن كېيىن، ۋېيزسۈكېرھېسنى بىر يانغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا، ئەگەر فۇھرېر قۇراللىق كۈچ بىلەن سۇدېت مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولىدىكەن، گېرمانىيە چوقۇم غەرب بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر ھالغا كېلىدۇ، دەپ ئەسكەرتىش قىلىدۇ. ھېس بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى دەرھال ھىتلېرغا يەتكۈزىدۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مالىيە مىنىستىرى شۋېرىن ۋون كروسىگكمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئاگاھلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ”مەن ئەنگلىيە بىلەن ئىنگلىزلار بىلەن ئۇزۇندىن بۇيان تونۇشلۇقمەن. دەپ يازىدۇ بۇ ئوكسفورتنى پۈتتۈرگەن كىشى، _ مېنىڭچە بولغانىمدا، ئۇلارنىڭ كەينى-كەينىدىن بەرگەن باياناتلىرىدىكى ئىپادىسىدىن قارىغاندا، گەرچە بۇ باياناتلار ئىنگلىز پاسونىدا ئىنتايىن دىققەت بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسىدىن قەتئى نەزەر، روشەنكى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشقا مۇداخىلە قىلىشى ھەرگىزمۇ قۇرۇق تەھدىت سېلىشلا ئەمەس ئىدى. خالىفاكس بىلەن چېمبېرلىن ئىككىسى ئۇرۇشنى ھەرگىزمۇ خالىمايدىغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ كەينىدە كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆتىدىغان ئۇرۇشخۇمار چېرچىل بىلەن ئەدېنلارمۇ بار ئىدى.“

ئۇ، ھىتلېرنى چىداپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ: مېنىڭچە ۋاقىت چوقۇم گېرمانىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. گېرمانىيىنىڭ قايتىدىن قۇراللىنىشى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى ئىتتىپاقداشلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى سۈرئىتىدىن تېز بولماقتا ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، فرانسىيىمۇ بارغانسېرى چېخوسلوۋاكىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بۇزۇشنى خالايدىغان ھالغا كەلمەكتە ئىدى؛ ئا ق ش دىمۇ ئىمپېرىيىنىڭ يەھۇدىي تەشۋىقاتىغا قارشى تۇرىدىغان پۇراقلار كېلىپ تۇرماقتا ئىدى. ”بۇ دېمەك، كۈتۈش ئارقىلىقلا غەلىبە قىلىشقا بولىدۇ دېگەنلىك. بۇ يەنە نېمە ئۈچۈن كوممۇنىست ئۇنسۇرلار، يەھۇدىيلار ۋە چېخلارنىڭ بۇگۈنكى كۈندە تەلۋىلەرچە بىزنى ئۇرۇش مەيدانىغا ئىتتىرىشقا ئۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنىڭ تۈپكى سەۋەبى.“

يوقۇرقىدەك ئاگاھلاندۇرۇشلار ھىتلېرغا تۈزۈكرەك تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ھىتلېر، پۈتۈن قەلبى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئويلىماقتا ئىدى. شۇ يىلى ياز ئايلىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، قۇرۇغلۇق ئارمىيە مانېۋىرىنى كۆزدىن كۆچۈرگىنىدىن كېيىن، ئۇ پەلىيى بىلەن پۈتىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ، يېنىدىكى ئىككى ئاديۇتانتىغا مۇنداق دەيدۇ: ئۇرۇش دېگەن دۇنيانىڭ ئاتىسى، "ھەر ئەۋلات بىر قېتىم جەڭ كۆرۈشى كېرەك" دەيدۇ.

3-سىنتەبىر كۈنى، ئۇ براۋچىتش بىلەن كېيتېل ئىككىسىنى بېرگخوفقا چاقىرىپ، ئۇ يەردە "يېشىل پىلان" نىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. ئۇ، ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانىسىنىڭ چېخلارنىڭ مۇداپىيە سىستېمىسىنىڭ نەق مەركىزى دائىرىسىدىن تاللىۋالغانلىقىنى، شۇنىڭدەك بۇ ھۇجۇمنى ئىككىنچى كورپۇس ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇ رەنجىگەن ھالدا: ھۇجۇمنى بۇنداق چىڭ مۇداپىيىلەنگەن ئىستىھكاملار رايونىدىن باشلاش بىھۇدە قۇربانلارغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، بۇ چوقۇم ۋالېتىن ئىككىنچىسىنىڭ، شۇنىڭدەك چېخلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بىر ئورۇنلاشتۇرۇش. بۇنى 10- كورپۇسنىڭ بوسىمىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئۆزگەرتسەك توغرا قىلغان بولىمىز، دەيدۇ. براۋچىتشىبۇنىڭدىن ئالمالسىزلارچە باش تولغاپ، موتورلاشقان قىسىملارنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، زاپاس قىسىملار كامچىل، ھەر دەرىجىلىك قوماندانلارنىڭ مەشىق قىلىشى يېتەرلىك ئەمەس دېگەندەك باھانىلار بىلەن قارشى چىقىدۇ. ئەمما ھىتلېر بۇ گەپلەرگە پەقەتلا قولاق سالماي، بۇنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەتچىلىك ئېڭى قارىشىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ قاراپ، 10-كورپۇسقا موتورلاشقان دىۋىزىيە بىلەن بىرۋىنىڭ دىۋىزىيىسىنى قوشۇپ بېرىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ.

بۇ يەردىكى جەسۇر كىشى ھىتلېرنىڭ گېنېراللىرى ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ سابىق ئون بېشى ھىتلېر بولۇپ چىقىدۇ. كۆزەتكۈچىلەرمۇ ھىتلېرنىڭ بۇ ئىشنى نيۇرېمبېرگپارتىيە قۇرۇلتىيىدا ئاشكارە ئېلان قىلىۋېتىشىدىن بەكلا ئەنسىرىگەن ئىدى. "مەيلى گېرمانىيە بولسۇن ياكى باشقا يەردە بولسۇن، ـ دەپ يازىدۇ ھېندېرسون بىر شەخسى خېتىدا، ـ خەلقمۇ بىزگە ئوخشاش خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. دېموكراتىك بىر دۆلەتنىڭ داھىسى، مۇستەبىتى تېخمۇ مۇستەبىتلىشىپ بارماقتا، شۇنىڭدەك ئاشكارە بۇ يولدا كىرىتىۋاتماقتا."

شۇ يىلقى نيۇرېمبېرگ پارتىيە قۇرۇلتىيى جەريانىدا، ناتسىستلار قۇراللىق كۈچى بىلەن ئىنتىزامچانلىقىنى كەڭ كۆلەمدە نامايەن قىلغان ئىدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي كۈندىن-كۈنگە تەرەققى قىلىۋاتقان سىياسىي بوھراننىڭ بىشارىتى بولۇپ قالغان ئىدى. 1938-يىلقى بايرام نامىمۇ دەل بۇنىڭغا ماس كېلەتتى: "بۈيۈك گېرمانىيە تۇنجى قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى"، بىزەك ماتېرىياللىرىمۇ بۇنى كۆرسىتەمەكتە ئىدى. ھىتلېر، ئارىدىن 140 يىل

ئۆتكەنــدە بىرىنچــى ئىمپېرىيىنــىڭ بەلگىــسىنى، يەنــى خــان تــاجىنى، ئىمپېــرىيە گــۇۋھەر ساقىسىنى، خان كىمەرىنى ۋە خان شەمشىرىنى ۋىيېننادىن ئالدۇرۇپ كېلىشقا بۇيرۇغان ئىدى. ئۇ، قۇرۇلتايــدىكىلەرگە بــۇ ئىمپېرىيىنــىڭ ســىمۋوللىرىنى تونۇشــتۇرۇپ كېلىــپ، شــۇنداق دەپ دەبدەبىلىك قەسەم بېرىدۇ: بۇ قىممەتلىك نەرسىلەر مەڭگۈلۈككە نيۇرېمبېرگتا ساقلىنىدۇ.

ئەمما ئۇ مەيلى ئېچىلىش نۇتقىدا بولسۇن ياكى ئەتىسى چۈشتىن كېيىن بارلىق چەتئەل ئۇمەكلىرىنى قوبۇل قىلغىنىــدىمۇ ئۇرۇش توغرىلىــق بىــر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ. چەتئەل ئۇمەكلىرىنىڭ ۋەكىللىرىــدىن بىــرى بولغــان فرانسۇۋا پونسېت سۆزلىگەن سۆزىدە ئۇنىڭغا چوڭقۇر رەخمەت ئېيتىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك نۇتقىنى تاماملىغىنىدا بىر سىياسىي يۇنىنىڭ ئەڭ چوڭ شەرىپى، مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى ھەم بۇ جەرياندا بىرمۇ ئانىنىڭ كــۆز يېشى قىلىشىغا سەۋەب بولمىغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ۋېيــدېماننىڭ دېيىشــىچە، ھىتلېــر بــۇ سۆزلەرگە "رەزىل بىر كۈلكە بىلەن جاۋاب بەرگەن."

نيۇرېمبېرگىيغىنىــدا ھىتلېرنــىڭ خەلقارا سىياســىي تــى مەسىلىسى ھەققىــدە ئــاغزىنى چىــڭ يۇمىۋالغــانلىقى، ھەر تــۈردىكى پەرەز ۋە ســۆز-چۆچەكلەرنــىڭ ئوتتۇرغــا چىقىشــىغا سەۋەب بولۇپ بېرىدۇ. بۇ گەپلەردىــن بىرىسى ھېندېرسونغا قارىتىلغان گەپلەر ئىدى. بــۇ سۆز-چــۆچەكتە ھېندېرســوننىڭ ھىتلېــر "بەكــلا ئېغىــر ئېلىشىــپ قالغــان"، ئــۇ ھەر قانــداق بەدەل تۆلىنىشــىدىن قەتئىــى نەزەر ئــۇرۇش قوزغىمــاقچى دېگەنلىكــى بولــۇپ، شــۇنىڭدىن كېيىنكى بىــر ســوتكا ئىچىــدە ھېندېرســوننىڭ ئېھتىياتسىــز يېقىن مەسلىھەتچىسى، ســۇدېت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئەنگلىيە -گېرمانىيە ھەمكارلىقى شەرت، دەپ ئېيتىدۇ. گېۆرىــڭ، "مەن ئــاي ئاخىرىــدا ئــوۋ ئوۋلاشــقا چىقىــمەن، شــۇڭا چېخلارنــىڭ ئــوۋ قىلىــپ يــۈرگەن يەرلىرىمدە قالايمانچىلىق چىقىرىپ ئوۋچىلىق پىلانىمغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن" دەيدۇ. "مېنىڭچە بولغاندا، بۇ راستىنلا بەكلا ئەنسىرىتىدىغان بىر ئىش. ــ دەيدۇ دوكلاتىــدا گۇمــان بىــلەن قارايــدىغان ھېندېرسون، ــ ئۇنىــڭ ھىتلېرنــىڭ چېكىــدىن ئېشىپ كېتىشىگە يول قويۇش-قويماسلىقىدىن خاتىرجەم ئەمەسمەن."

ھېندېرسون بۇ تۈردىكى كۆرۈشۈشلەر بىلەن ئالدىراش بولۇپ يۈرەەن ۋاقىتتا، ئــۇ بىــر پارچە يولىيورۇق تاپشۇرۇپ ئالىــدۇ: ئــۇز نامىــدا ھىتلېرغــا مۇنــداق بىــر ئاگاھلانــدۇرۇش بەر: ئەگەر ئومۇمى يۈزلۈك توقۇنۇش يۈز بەرگىــدەك قىلىــدىكەن، ئەنگلىــيە "بىــر چەتتــە قــاراپ تۇرالمايــدۇ". ھېندېرســون رەت قىلىــپ، فــۈھرېر رەســمى ســاراڭلىق دەرىجىســىگە كېلىــپ قالغان بىرسى، ئەگەر يەنە بىر قېتىملىق بوھران پەيــدا بولىــدىغانلا بولىــدىكەن، ئــۇ چوقــۇم قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن بېسىققان بولىدۇ دەيدۇ.

ھىتلېــر بولســا، ئەنگلىــيە چېخوســلوۋاكىيە مەسىلىســى ئۈســتىدە تەۋەككــۈل قىلىــپ

ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدە ئەمەس، دەپ قەتئىي ئىشەنچ قىلاتتى. شۇ سەۋەبلىك، ئۇ ھېچ نېمىگە قارىماي ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى يولغا قويماقچى بولدى. بۇ قارار ھەققەتەنمۇ ئاقىلانە بىر مۆلچەر، بىۋاستە كۆرۈش ۋە قارشى چىقىلماس بىر ھاياجاننىڭ بىرلەشمىسى ئىدى. "ساڭا مەلۇم، مەن دېگەن بىر سەرگەردان، شۇڭا مەن چوقۇم تىغ ئۇستىدە مېڭىپ ياردىن ئۆتىشىم كېرەك. _ دەيدۇ ھىتلېر فرانكقا، _ ئەمما مەن بۇ ياردىن چوقۇم ئۆتىمەن دەپ تۇرۇپ ئۆتىشىم كېرەك." ئىنگلىزلار ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەسلىك قارارىنى ئېلىپ بىر قانچە سائەتتىن كېيىن، ھىتلېر براۋچىتش، كېيتېل ۋە خاردلارنى نيۇرېمبېرگقا چاقىرتىپ كېلىدۇ. 9-سىنتەبىر يېرىم كېچىدىن ئاۋال، ئۇلار گېرمانىيە (دوچلاند _ ئۇ.ت) مېھمانخانىسىدا ئۇچرىشىپ، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش قوماندان تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى "يېشىل پىلان" نى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى يەنىلا ئىككىنچى كورپۇسقا بېرىلگەن ئىدى. ئەمما بۇ قېتىمقى پىلاندا راستىنلا مۇزاكىرە قىلىش ۋاقتىدا تىلغا ئېلىنمىغان ئىككى تەرەپتىن قىسىش تاكتىكىسىمۇ ئوتتۇرغا قويۇلغان ئىدى. ھىتلېر، بۇ ھەققەتەنمۇ ئاقىلانە پىكىر دەپ ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، "ئەمما يەنىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقىغا بىر نېمە دېيىش تەس. سىياسىي نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تېز ئۇرۇش قىلىپ تېز بىر تەرەپ قىلىشقا بەكلا ئېھتىياجىمىز بار. سىياسىي جەھەتتە، بىرىنچى ھەپتىسى غالىبىيەتنى بەلگىلەيدىغان، چوقۇم كەڭ كۆلەملىك توپراقنى قولغا كەلتۈرۈش زۆرۈر بولغان بىر ھەپتە ھېسابلىنىدۇ."

ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: گېرمانىيىنىڭ ھوۋىتزېرلىرى (بىر تۈرلۈك كىچىك چاشما ئوقلۇق توپ _ ئۇ.ت) چېخلارنىڭ ئىستىھكاملىرىنى ۋەيران قىلىشقا كۇچى يەتمەيدۇ. ئەمما بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، بۇ پىلاندا ئوتتۇرغا قويۇلغان ھۇجۇم ئامىللىرى تىلغا ئېلىنمىغان.

ھىتلېر توختىماستىن خارد بىلەن براۋچىتش ئىككىسىنى تەنقىتلەپ، كېيتېلنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ. ئۇ ھىتلېر ئوتتۇرغا قويغان ھەممە نەرسىگە ماقۇل بولۇپ بولغان ئىدى. سەھەر سائەت 3 تە، ھىتلېر زادىلا تاقەت قىلالماي، كەسكىنلىك بىلەن گېنېراللىرىغا پىلان بويىچە ھەركەت قىلىشلار دەپ بۇيرۇق قىلىپ، ئۇلارنى سوغۇق ۋە رەنجىش ئىچىدە يولغا سالىدۇ. ئۇ ئۇچىسى ئۆتۈشمە يەر ئاستى يولىدا ئۇسلۇق ئىچىۋاتقىنىدا، خارد ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي سورايدۇ: "ئۇ زادى نېمە قىلماقچى؟"

"ئەگەر سەن راستىنلا بىلەلمىگەن بولساڭ، _ دەيدۇ پىشانىسى تۈرۈلۈپ كەتكەن كېيتېل ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىپ، _ مەن ساڭا راستىنلا ئىچ ئاغرىتىپ قالدىم!"

ئۇ ئىككىسى شۇ ھامان مۇنازىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ، براۋچىتش دەرھال ئارىغا كىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۈچ نەپەر كاتتىباش بىرلىكتە ھىتلېرنىڭ تەلىۋى بويىچە

ھەرىكەت قىلىشقا تەييارلىق قىلدۇ. خارد يېڭى بۇيرۇق تەييارلاۋاتقىنىدا، كېيتېلبراۋچىتشنى بىر چەتكە تارتىپ: "سەن بۇ ئۇرۇش باشلانماي تۇرۇپلا مەغلۇب بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇغلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن (ھىتلېرنى دېمەكچى) جىدەل قىلىشىسەن؟ ھېچ كىم بۇ ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلىشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشنى داۋاراڭ قىلىپ كەينىدىن ھەرىكەت قىلىپ يۈرۈشىڭگە ئەرزىمەيدۇ" دەيدۇ.

بۇ مەسىلىھەتلەرنىڭ بىرىلىشى بىلەن، كېيتېرگە بېرىلگەن "قويرۇق" دېگەن لەقەم تېخىمۇ تېز يېيىلىشقا باشلايدۇ. شۇندىن كېيىنكىيتېل ئۆز باشلىقىغا تېخىمۇ نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ، براۋچىتشتىن بەكلا ئۈمىتسىزلەنگەنلىكىنى دەپ يۈرىدۇ. ياۋدېر بۇنىڭغا قوشۇپ كۈندىلىك خاتىرىسگە مۇنداق دەپ يازىدۇ: "قورۇغلۇق ئارمىيىسى ئىچىدە بىرلا ھەربى ئىنتىزامغا بوي سۇنمايدىغان ئامىل بار بولۇپ، بۇ ئامىل گېنېراللار. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشىدىن كەلمەكتە. چۈنكى ئۇلار فۇھرېرنىڭ تالانتىنى پەرق قىلالمىغان بولۇپ، ئۇلاردا بىر تەرەپتىن ئىشەنچى يېتەرسىز بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنتىزامغا بوي سۇنۇش قارىشى يوق ئىدى. ... ئۇلار يەنىلا ھىتلېرنى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى بىر ئون بېشى دەپلا قاراپ كەلمەكتە بولۇپ، ئۇنى بىسماركتىن بۇيان ئوتتۇرغا چىققان ئەڭ ئۇلۇغ سىياسىي يون دەپ تونۇمىغان ئىدى."

ئەتىسى، چېخوسلوۋاكىيىگە ھەرىكەت قوللىنىدىغانلىقىنى ئاشكارە ئېلان قىلغان كىشى ھىتلېر ئەمەس بەلكى گېۆرىك بولۇپ چىقىدۇ. "ياۋروپانىڭ ھېچ نېمىگە ئەرزىمەس كىچىك بىر دۆلىتى بولغان بۇ دۆلەت، _ دەيدۇ گېۆرىك، _ ئىنسانىيەت ھاياتىغا بەرداشلىق بېرەلمەي كەلمەكتە. مەدەنىيىتى بولمىغان سۈپىتى يوق بىر مىللەت بولغان چېخلار _ ئۇلارنىڭ نەدىن كېلىپ قالغانلىقىنى ھېچ كىم بىلمەيدۇ – مەدەنىيەتلىك بىر مىللەتنى بوزەك قىلىپ كەلمەكتە. كىشىلەر شۇنى كۆرمەكتىكى، ئۇلارنىڭ كەينىدە موسكۋالىقلار بىلەن بىرلىكتە تۇرىۋاتقانلار يەھۇدىي ئالۋاستىلىرىنىڭ مەڭگۈ غايىپ بولمايدىغان شۇ چىرايلار!"

ئەگەر بۇ گەپلەر ھىتلېرنىڭ ئاغزىدىن چىققان بولسا ئىدى، ياۋروپا چوقۇم قورقىنىدىن غالىداپ تىترەپ كەتكەن بولار ئىدى. ئەمما، پرېزىدېنت بېنېسمۇ گېۆرىڭنىڭ بۇ تۈر تىل-ئاھانەتلىرىگە پىسەنت قىلمايدۇ. "مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بۇگۈن بىزگە لازىم بولىدىغان ئەخلاقى كۈچ، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ئۆزئارا ئىشىنىشتىن باشقىسى ئەمەس." دەيدۇ بېنېس چېخچە ۋە نېمىسچە سۆزلىگەن رادىئو نۇتقىدا. كېيىن ۋىلھېلم شىرا رادىئو ئىستانسىسىنىڭ چوڭ زالىدا بۇ پرېزىدېنت بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ

قالدۇ. بۇ ئامېرىكىلىق مۇخبىر بىنىيسقا، سىز بىر قاراقچى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرسىزۇ، جاسارىتىڭىز يوق ئىكەن، دەيدۇ. ئۇ باھالاپ كېلىپ، بىنىيسىنىڭ چىرايى "چاك تۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ سۆزلىگىنىدەك ئۇنچىۋالا كۆڭلى شاد ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بەكلا قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بىلەتتى. بۇنىڭغا مەنمۇ قەتئىي ئىشىنىمەن."

ئاشكارە سورۇنلاردا چىمبېرلىن بۇنداق گەپلەرگە بەك ئىشىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. 11-سىنتەبىر كۈنى، باش ۋەزىر بىر توپ مۇخبىرغا مۇنداق دەيدۇ: "ھىتلېر ئەپەندى ئۆزىنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىنى يەنە بىر قېتىم ئىپادىلىدى. بۇنىڭ راست-يالغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ يۈرۈشنىڭ ئۆزى بىر خاتالىقتۇر." ئەمما ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بىر پارچە شەخسىي خېتىدە ئەنسىرىشىنى ئىپادىلەپ كېلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ماڭا شۇنىسى ئېنىق مەلۇمكى، ئەگەر ۋەزىيەت ئاخىرى بېرىپ كەينىگە يانغىدەك بولۇپ تاجاۋۇزچىلىق يۈز بېرىپ قالسا، ۋىنىستوننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نۇرغۇن كىشىلەر ئەنگلىيە  ھۆكۈمىتى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك دېيىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلاردا راستىنلا جاسارەت دېگەن نەرسە بار بولىدىكەن، ھىتلېرغا: ئەگەر سەن قورال ئىشلىتىدىغانلا بولىدىكەنسەن، بىز ساڭا قارشى دەرھال ئۇرۇش ئېلان قىلىمىز، دېيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر شۇنداق قىلالىسا، ھىتلېرنى چەكلەش مۇمكىن بولاتتى. – ئەمما ئۇنىڭ قارشى بويىچە، ئۇرۇش بىلەن تىنچلىقتىن ئىبارەت بۇنداق بىر ھايات-ماماتلىقتا مۇناسىۋەتلىك سىياسەت بەلگىلەش ھوقۇقى، ـ بىزنىڭ قولىمىزدىن يەنە بىر دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى، ھەتتا بىر ئۇرۇشخۇمارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن." بۇنداق قاراش بىر خاتا قاراش ئىدى.

نيۇرېمبېرگپارتىيە قۇرۇلتىيى 12-سىنتەبىر كۈنى يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ مۇراسىم، ھىتلېرنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئېلان قىلىنىشىدىن قورقۇۋاتقان نۇتقىنى ئېلان قىلىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسىتى ئىدى. ئاخشىمى سائەت 7 دىن بۇرۇن، ھىتلېر كاتتا ئۇستى ئوچۇق ستادىيومغا كېلىپ، "ياشىسۇن غالىبىيىتىمىز!" دېگەن شۇئارلار ئىچىدە، چوڭ پروژېكتورلار ئاستىدە ئوك بىلىكىنى ئۇزارتىپ سالام بېرىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىغا تىكىلگەن بولۇپ، ئاستا-ئاستا رەئىس سەھنىسىگە قاراپ ماڭىدۇ. ئۇ نۇتقىنىڭ بېشىدا پارتىيىنىڭ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ئۈستىدىلا توختىلىدۇ. بۇ چاغدا، بەزى چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەر ئەندى ئۇ نۆۋەتتىكى قىزىق تېما ئۈستىدە توختالمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئۈمىتسىزلەنگەن ئىدى. ئەمما ھىتلېر تۇيۇقسىزلا چېخلارنى سۆۆشكە كىرىشىدۇ: "مەن گېرمانىيىنىڭ قەلبى بولغان تەۋەدە ئىككىنچى بىر پەلەستىننىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىغا ھەرگىزمۇ چىداپ تۇرالمايمەن. بىچارە ئەرەبلەر بىر تەرەپتىن قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنقىمۇ

يوق، يەنە بىر تەرەپتىن چەتكە قېقىلغان ئەھۋالدا قالغان. ئەمما چېخوسلوۋاكىيىدە ياشايدىغان نېمىسلار ئۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قالمايدۇ. كىشىلەر بۇنداق بىر ئەمەلىيەتكە دىققەت قىلىشى كېرەك.“

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئارىسىدىن ”ياشىسۇن غەلىبە! ياشىسۇن غەلىبە!“ دېگەن گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ پەيت، پۈتۈن دۇنيا بىر ھەپتىدىن بېرى كۈتۈپ تۇرغان بىر پەيت ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ھەر زامان جىددى بۇرۇلۇش ياساپ بىۋاستە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى ئوتتۇرغا قويىدۇ، دەپ ئويلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ پەقەتلا سۇدېتلاند رايونىدىكى نېمىسلار ئۈچۈن ھەققانىيەت قولىنى ئۇزارتىدىغانلىقىنىلا ئېيتىدۇ. نۇتقىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋاقتىدا، ھىتلېر تەھدىت سېلىش ئورنىغا قورقىتىش يولىنى تاللىۋالىدۇ: ”ئەگەر بۇ ئىشىمىز بىزنىڭ ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە تەسىر كۆرسەتكىدەك ياكى بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلغىدەك بولسا، بىز بۇنىڭغا ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز، ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەرگىزمۇ بىزدە ئەمەس!“

فرانسۇزلار، ئېنگلىزلار ۋە چېخلار ھىتلېر بۇ گەپلىرىنى دەپ بولۇپ، دېگىنىنى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىگە ئۆتۈشىدىن بەكلا قورقىشاتتى. كىشىلەر مۇنداق دەپ قارىشىدۇ: ھىتلېرنىڭ غەزىپى بىلەن ئۇنىڭ داۋراڭ قىلىشى گېرمانىيىدىكى چېكىدىن ئاشقان ئۇنسۇرلارغا سۈر كۆرستىش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى بۇ مەسىلىنى تىنچ يوللار بىلەن ھەل قىلىۋېلىش ئىدى. مۇسسولىنىمۇ شۇنداق ئويلايتتى. شۇڭا ئۇمۇ رادىئودا ھىتلېرنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: ”مەن ئۇنىڭ تەھدىت خاراكتېرى تېخىمۇ كۈچلۈكرەك نۇتۇق سۆزلىشىنى خالايتتىم. ... نېمىدىن قورقاتتى؟“

3

شۇنداقتىمۇ، كۆڭۈللۈك ۋە ساغلام ھېسسىيات ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. ھىتلېرنىڭ ھەققانىيەتسىزلىككە قارشى سۆزلىرى سۇدېتلاند رايونىدىكى نېمىسلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ، نارازىلىق نامايىشى ئۇيۇشتۇرىدۇ. چۈشتىن بۇرۇن بولغاندا پۈتۈن ئېبېگېر شەھرىگە كرېست بەلگىلىك بايراقلارنى ئېسىپ تولدۇرىۋېتىدۇ. ئون مىڭدىن ئارتۇق نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەر كوچىلاردا ”بىزگە ئەركىنلىك كېرەك“ دېگەن شۇئارلارنى توۋلاپ يۈرۈش قىلىدۇ. شىتاتلىق ساقچىلار نامايىشچىلارغا ئوق چىقىرىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ئوندىن ئارتۇق كىشىنى ياردار قىلىدۇ. بىر سوتكىغا قالماي قانلىق پاراكەندىچىلىك پۈتكۈل سۇدېت

سۇدېتلاند رايونىغا يېيىلىپ، ئۆلگەن ئادەم سانى 21 نەپەرگە يېتىدۇ. خانرېيىندىكى ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش چاقىرىقىدىن ئىلھاملانغان سۇدېتلاند رايونىدىكى نېمىسلار ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى باشلاش بىلەن بىرگە، باج تۆلەشنى رەت قىلىدۇ. پاراگا دائىرىلىرى سۇدېتلاندنى قورشاۋ ئاستىغا ئېلىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىدۇ. چېگرا بويى رايونلاردا بولسا يەنە ھەربى ھالەت يولغا قويۇلۇپ، تەخمىنەن كۆپ سۇدېتلاند نېمىسلىرى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. پۈتكۈل ياۋروپادا: ھىتلېر يەنە بىر قېتىم ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپتۇ، ياكى ئەتىسى دەرھال بېسىپ كىرمەكچى بوپتۇ، دېگەن پىتنە-پاسات گەپلەر قايتىدىن تارقىلىشقا باشلايدۇ. بۇ گەپلەردىن پارىژ بىلەن لوندون دائىرىلىرى قورقىنىدىن روھى ئۇچۇپلا كېتىدۇ. شۇ ئاخشىمى، دالادى چەمبېرلىنغا جىددى خەت ئەۋەرتىپ، ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىي نەزەر چېخوسلوۋاكىيىگە تاجاۋۇز قىلىنىشتىن ساقلىنىشىمىز شەرت، ئۇنداق بولمايدىكەن، فرانسىيە كېلىشىمنامىدا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى ئورۇنداشقا مەجبۇر بولىدۇ، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ، دەرھال ھىتلېرنى تەكلىپ قىلىپ كۆرۈشۈپ، مۇۋاپىق بىرەر ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىش تەكلىۋىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ.

بۇ ھەقتە چەمبېرلىن ئاددىلا بىر جاۋاپ بېرىپ، ”تېخى يېقىندىلا مەن بىر قارارغا كەلگەن ئىدىم. مېنىڭچە بۇ قارارىم چوقۇم پايدىلىق بىر قارار ھېسابلىنىدۇ. ... نۆۋەتتە، بۇ قارارىمنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە سىزگە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئەمما ئۇزۇنغا قالماي سىزنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرىمەن“ دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ جاۋابىدىن دالادى نەچچە سائەتقىچە چەمبېرلىننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالىدۇ. غۇ كۈنى ئاخشىمى، چەمبېرلىن ھىتلېرغا تېلېگراممىا يوللاپ، يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ھىتلېر بۇنىڭدىن بىر تەرەپتىن ھەيران قالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچىدىن خوشال بولۇپ، مىردۇننى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان مەنىلىك بىر ئىدىئوم بىلەن ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتدىكى ھېسسىياتىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ: ”مەن ئاسماندىن چۈشتۈم!“ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ھىتلېر چەمبېرلىنغا جاۋاب تېلېگراممىا يوللاپ، ئۇنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئەتىسى چۈشتە بېشتىسگاردىنىدا ئۇچرىششىنى تەكلىپ قىلىدۇ.

ئەنگىلىيىدە خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان دەسلەپكى ئىنكاسى، خاتىرجەم بولۇپ چوڭقۇر بىرنى تىنىۋېلىش بولىدۇ. كەينىدىنلا، تىنچلىقنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ باش ۋەزىرى بۇنچە ئىجادى بىر ھەرىكەت قوللىنىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىدىن ھەممە خوشاللىق ئىچىگە چۆمىدۇ. پراگادا بولسا، گېزىت ساتقۇچى باللار ”پەۋقۇلئاددە خەۋەر!

بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئادىمى ھىتلېرغا يالۋۇرۇپ ئالدىغا بارغىدەك!" دەپ كوچىلاردا ۋارقىراشقا باشلايدۇ. چېخ پوخرالىرى بولسا پرېزىدېنتلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تىركىشىدىغانلىقىنى قوللاپ ئۆزلىكىدىن ئۇيۇشۇپ كوچىلاردا نامايىشقا قىلىدۇ. رىمدا، مۇسسولىنى كۈيئوغلى لورد سىئانو "ئەندى ئۇرۇش بولمايدىغان بولدى، ئەمما ئەنگلىيىنىڭ ئابرويى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەتتى" دەيدۇ.

شۇ كۈنى سەھەردە، يەنى 15-سېنتەبىردە، چەمبېرلىن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەنتەنە سادالىرى ئاستىدا تاننىن كوچىسى 10-نومۇردىن ئايرىلىدۇ. باش ۋەزىر كرويدوندا ئايروپىلانغا چىقىشتىن ئاۋال، خالىفاكىس ۋە قالغان مۇھىم ئادەملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەنگلىيە رادىئو شىركىتى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "پېقىرنىڭ تۇتقان سىياسىي تىنچلىقنى قوغداش بولۇپ كەلدى. پېقىرنىڭ تەكلىپىنىڭ دەرھال قوبۇل قىلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىيەت، مېنى رىغبەتلەندۈردى ھەمدە بۇ كۈنكى زىيارىتىمدىن بەلگىلىك بىر نەتىجە ئېلىش ئۈمىدىنى پەيدا قىلدى."

ئاخشىمى سائەت 8 لەردە، روكشىد ئىركترا ئىسىملىك ئايروپىلان قوزغىلىپ كۆككە كۆتۈرۈلىدۇ. باش ۋەزىر بۇ يىل 69 ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ، ئايروپىلان بىلەن بۇنچە ئۇزۇن يولغا چىقىشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى. شۇڭا ئۇ خۇددى كىچىك بالىدەكلا ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما ئۇنى بىر قېرى بالا دەپ خالىغانچە بوزەك قىلىشقا بولىدىغان بىرسى دەپ ئويلىماڭ. چەمبېرلىن سودىلىشىشقا ئىنتايىن ئۇستا بىرسى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "مېنىڭ ئۇسلۇبىم، ئاۋال ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدىغان مۇۋاپىق بىر يولنى بەلگىلىۋېلىش، ئاندىن قالغان ئىشلارنى بۇ جەريان ئىچىگە بىر-بىرلەپ كىرگۈزۈشتۇر."

چەمبېرلىننىڭ ئاتىسى ئەسلى بىر سودىگەر بولۇپ، سودىسى بەكلا ئۇتۇقلۇق ئىدى. كېيىن بىر سەكرەپلا ئاتاغلىق سىياسىي يونغا ئايلىنىدۇ. چەمبېرلىنمۇ خۇددى ئاتىسىغا ئوخشاشلا ئەنگلىيە دۆلەت دىنىغا ئىخلاسمەن بولۇپ، ۋىكتورىيە دەۋرىنىڭ جەمئىيەت ئەخلاقى پرىنسىپلىرىنىڭ بىر نامايەندىسى ئىدى. ئۇ يادىكغۇ ئەمما سالاپەتلىك، سوغوق كۆلۈمسىرەپ تۇرىدىغان ئەمما مەنسىتمەيدىغان، كىشىگە سۇرلۇك كۆرۈنۈشلۈك بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى قىياپىتى كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا كىشىلەرگە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرىنى ئەسلىتەتتى. پەقەت ئۇنىڭ بىلەن سىرداش كىشىلا ئۇنىڭ قاتتىق تاشقى كۆرۈنىشى ھەددىدىن ئارتۇق ھەممە ئىشقا دىققەت قىلىدىغان ئادىتىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ساۋۇتتەك قىياپىتىنىڭ ئاستىدا خوش پېئىللىق بىلەن سەزگۈرلۈك يوشۇرۇنغان ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى.

ھازىرقى مەسىلە، بۇنىڭدەك بىرسى، شۇنىڭدەك ھىتلېرنى يېرىم سارائ، شۇڭا ئېھتىيات بىلەن تاقابىل تۇرۇش كېرەك دەپ ئىشىنىدىغان بىرسى بۇنداق بىر ۋەزىيەتنى ئوڭشىيالىشى مۇمكىنمىدۇ؟ چىمبېرلىن لوندون ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتىۋاتقىنىدا "كۆڭلى بىر ئاز ئەندىشە ئىچىدە" قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ قولىدا بەزى كۆچلۈك كوزۇرلارنىڭ بارلىقىنى ئويلىغىنىدا، كۆڭلى قايتىدىن خاتىرجەم بولۇشقا باشلايدۇ. ئۇ، فۈھرېر بىلەن ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇپ سۆزلىشەلىگىنىدىلا، چوقۇم چېخوسلوۋاكىيىگە ھېچ بىر ئىش بولمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن بىر ئايروپىلاندا ئۇچقانلاردىن بىرىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ "خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاش تەمكىنلەشسىز، سۆكۈت ئىچىدە، ئېغىر بېسىق، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان" ھالەتتە ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئون ئىككى يېرىمدا، ئايروپىلان ميۇنخېن ئايرودرومىغا قونىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھېندېرسون قارشى ئالغىلى چىقىدۇ. ھېندېرسون، باش ۋەزىرنىڭ شۇ ياشقا كىرىپ قالغان تۇرۇغلۇقمۇ يەنىلا تېتىك روھلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. "مېنىڭ بەدىنىم يەنىلا ئىنتايىن ساغلام" دەيدۇ ئۇنىڭغا.

گەرچە سىم-سىم يامغۇر يېغىپ تۇرغان بولسىمۇ، ميۇنخېن پويىز ئىستانسىسىغا بارىدىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا يەنىلا كىشىلەر توپى بىلەن لىق تولغان ئىدى. ئۇلار قىزغىنلىق بىلەن تىنىماي "ياشىسۇن!" دەپ تووۋلاشقاچ، بېلىكىنى ئۇزارتىپ سالام قىلىشاتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت 4 ئەتراپىدىلا، چىمبېرلىن ھەمراھلىرى بىلەن بېرگخوف داچىسىنىڭ تىك ئەگرى-توقاي يولىغا قاراپ يولغا چۈشىدۇ. تاغ چوققىسى قويۇق تۇمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ ھەممە ئەتراپ قاراڭغۇلۇق ئىدى. كەينىدىنلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىدۇ. ساھىپخان بولغان ھىتلېر، ئۆيگە كىرىدىغان پەلەمپەي تۆۋىدە ئىنتايىن ئەدەپلىك ھالدا تۇراتتى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن چاي ئىچكەچ ياسالما بىر شەكىلدە بىر-بىرسى بىلەن چاخچاق قىلىشىدۇ. تۇيۇقسىز، ھىتلېر مېھمىنىدىن كۆرۈشۈشنىڭ كۆن تەرتىپىگە قانداق پىكىرى بارلىقىنى سوراپ قالىدۇ. چىمبېرلىن، ئىككىمىز ئايرىم سۆزلىششىنى ئارزۇ قىلاتتىم دەيدۇ. ھىتلېر باش ۋەزىرنى باشلاپ تەرجىمانى شىمىدت بىلەن بىرگە ئۈستىنكى قەۋەتتىكى كىتاپخانىسىغا چىقىدۇ. رىبېنتروپنى تۆۋەندە قالدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ رەڭگى دەرھال تۇتۇلىدۇ.

ئاساسەن زىننەتلەنمىگەن ئاددى ياسىداقلانغان بۇ ياغاچ ئۆيدە ھىتلېر ئېغىر بېسىقلىق بىلەن بۆگۈنكى بوھراننىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان بىر قاتار ھادىسىلەرنى ساناپ كۆرسىتىدۇ. چىمبېرلىن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى پۈتۈن زىھنى بىلەن

ئاگلاپ، دوستانە تەبەسسۇم بىلەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ ئولتۇردى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇ ھىتلېرنىڭ چىرايىغا تىكىلگىنىچە مۇنداق دېدى: سىزلا قورال ئىشلەتمىسىڭىز، مەنمۇ گېرمانىيىنى ئاقلاپ مۇزاكىرە قىلىشىم مۇمكىن.

"قورال ئىشلىتىش! ــ دېدى بۇ گەپ بىلەن ھاياجانلىنىشقا باشلىغان ھىتلېر ــ كىم ئۇرۇشىمەن دەپتۇ؟ سۇدېت رايونىدا نېمىسلارغا قارىتىپ قورال ئىشلەتكەن دەل شۇ بېنىس ئەمەسمىدى؟" تاغ شاملى ھوۋلىماقتا، يامغۇر دېرىزىگە تاراسلاپ تاگمەكتە، ھىتلېر ھېچ توختىماستىن سۆزلىمەكتە ئىدى. چىمبىرلىن ئاخىرى ئامال يوق ھىتلېرنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەڭسەپ كۆرمەكچى بولۇپ ئۇنى سۆزدىن توختاتماقچى بولدى. "مەن ئەندى تاقەت قىلغۇچىلىقىم قالمىدى. ــ دەپ تووۋلايدۇ، ــ مەن بۇ ئىشنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن چوقۇم ھەل قىلىشىم كېرەك. ــ شىمىدت بۇ سۆزلەرنى ئاگلاپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. بۇ قېتىمقىسى، فۇھرېرنىڭ تۇنجى قېتىم بىر چەتئەل سىياسىي يۇنىغا بۇنداق ۋارقىراپ گەپ قىلىشى ئىدى، ــ مەن بۇ ئىشنى ئۆزەم بىۋاستە ھەل قىلىشىم كېرەك" دېدى ھىتلېر.

چىمبىرلىن بۇ گەپلەردىن قاتتىق ھەيران قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا كەسكىن قىلىپ مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: "ئەگەر مەن خاتا چۈشىنىۋالمىغان بولسام، سىز چوقۇم چېخوسلوۋاكىيىگە قارشى تەييارلىقتاسىز، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا، مېنى نېمە ئۈچۈن بېرشتېسگاردېنغا كەل دېگەن ئىدىڭىز؟" ئۇنداقتا مېنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىم پۇتۇنلەي ۋاقىت ئىسراپ قىلىش بولۇپ قالامدۇ؟ چىمبىرلىن سۆزلىشىش بۇ ئەھۋالغا كەلگەندىن كېيىن، دەرھال ئەنگلىيىگە قايتىپ كېتىشىنىڭ ئەڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، "قالغان گەپلەرنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق." دېدى.

ھىتلېر بۇنداق بىر قارشىلىق كۆرىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمىغان بولغاچقا، بىر دەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. شىمىدت بۇ چاغدا، ھىتلېر راستىنلا قورال-ياراغ ئىشلىتەرمۇ، بۇ پەيت ھىتلېرنى سىنايدىغان بىر پەيت، دەپ ئويلايدۇ. بۇ تەرجىمان ھىتلېرغا قايغۇلۇق ۋە ئەنسىرەش بىلەن قارايدۇ: تىنچلىق مەسىلىسى تىغ ئۇستىدە قالغان ئىدى. شىمىدتنى ھەيران قالدۇرغىنى، ھىتلېر ئىككى پۇتنى كەرگىنىچە، "سۇدېت مەسىلىسىنى ئويلىغىنىمىزدا، ــ دېدۇ تەمكىنلىك بىلەن، ــ ئەگەر سىز مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىنى دېيدىغان پرىنسىپنى ئېتىراپ قىلىدىغانلا بولىدىكەنسىز، ئۇ ھالدا، بىز بۇ مەسىلە ئۇستىدە داۋاملىق سۆزلىشەلىشىمىز مۇمكىن. قېنى، بۇ پرىنسىپ ئەمەلىيەتتە قانداق يولغا قويۇلىشىنى كۆرۈپ باقايلى."

ئۇنىڭ كەينىدىنلا يەنە بىر كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر ئىش يۈز بېرىدۇ. چىمبىرلىن

بۇنىڭغا دەرھال ماقۇللۇق بەرمەي، سۇدېتنا ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىش ئۆتكۈزۈشتە بەكلا كۆپ ئەمەلى قىيىنچىلىقلار بار. ھەيران قالارلىق يېرى، ھىتلېر بۇ گەپلەرگە دەرھال ئاچچىقلانمايدۇ. شىمىدت كۆڭلىدە، فۇھرېر بەلكىم چىمبېرلىنىنىڭ جىدەل قىلىپ قايتىپ كېتىقمەن دەپ تەھدىت قىلىشىدىن قورقۇپ قالدى ھەقچان، دەپ ئويلايدۇ. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى، ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش مەسىلىسىنى خىزمەتداشلىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلىشماي تۇرۇپ ھىتلېرغا جاۋاب بېرەلىشى تەس ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. "شۇڭا، مەن بۇ قېتىمقى سۆزلىشىشنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرساق، مەن دەرھال ئەنگلىيىگە قايتىپ خىزمەتداشلىرىم بىلەن مۇزاكىرلىشىشىم كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىنلا سىز بىلەن كۆرۈشەلىشىم مۇمكىن."

شىمىدت، بىرىنچى جۈملىنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ھىتلېر ئەنسىزلەشكەندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما بىر ئازدىن كېيىن چىمبېرلىنىنىڭ قايتىدىن كۆرۈشۈشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى خېلىلا ئەركىن ھېس قىلىپ چىرايىغا تەبەسسۇم كىرىدۇ-دە، ئۇنىڭغا دەرھال ماقۇل بولىدۇ. چىمبېرلىن ئۇنىڭدىن "بۇ جەرياندا ۋەزىيەت قانداق بولىدۇ" دەپ سورىۋىدى، ھىتلېر قىلچە تەمتىرىمەستىن كاپالەت بېرىپ، "پەۋقۇلئاددە زوراۋانلىق ھەرىكىتى كۆرۈلمەيدىغانلا بولىدىكەن،" ھەرگىزمۇ ئەسكەر كىرگۈزۈش بۇيرۇقى بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بۇ گەپلەردىن كېيىن، 3 سائەتلىك سۆزلىشىش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بىنادىن چىققان ۋاقتىدا، ئۇلار ئىككىسى ئۆزئارا ئەدەپلىك ھالدا سۆزلىشىدۇ. ھىتلېر باش ۋەزىردىن دۆلىتىگە قايتىشتىن بۇرۇن مەنزىرىلىك يەرلەرنى زىيارەت قىلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما چىنبېرلىن ۋاقتى بەكلا قىسلىقنى باھانە قىلىپ "ھاياتقا تەھدىت بار بىر ئەھۋالدا بۇنىڭغا ۋاقىت ئاجرىتالمايمەن" دەيدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بېگخوفتىن خوشال-خورام ئايرىلىدۇ. "مەن ئىنتايىن كۈچلۈك ئىشەنچ تىكلىيەلىدىم. مانا بۇ، مېنىڭ ئەسلى غايەم ئىدى. _ دەپ يازىدۇ سىڭلىسىغا يازغان خېتىدە، _ مەن ئۆزەمنى ئالسام، گەرچە مەن ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر تۈرلۈك سوغۇقلۇق بىلەن رەھىمسىزلىك ھېس قىلغان بولساممۇ، مەندە يەنىلا ئەگەر ئۇ كاپالەت بېرىدىغانلا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا يەنىلا ئىشىنىشكە بولىدىغان ئادەم دەپ قارايمەن."

چىمبېرلىن دۆلىتىگە قايتقىنىدىن كېيىن ئۇنىڭغا كۈچلۈك مەدھىيەلەر ئوقۇلىدى. ئەنگلىيىنىڭ باش تاجى ھېسابلىنىدىغان شائىر جون مىسفىيېرد مەخسۇس ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر بېغىشلىما شېئىر يازىدۇ:

پروپېئوم ئوغلىنىڭ مېيتى ئۈچۈن، ئاركىلىس بىلەن كۆرۈشكەندەك؛
سەنمۇ قاراڭغۇلۇقلار ئىچىدە، تەڭرى يولىدا سەپەر قىلدىڭ،

يىگىتنىڭ لىمجان بەدىنىنى جەڭدىن ساقلاش ئۈچۈن، ئۇرۇش تېخى باشلانماي تۇرۇپ!

(شېئىردىكى پروپېئوم دېگىنى تروپلۇقلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى. ئۆلتۈرۈلگەن ئوغلىنىڭ مېيتىنى ئېلىش ئۈچۈن قەھرىمان ئاركىلىس بىلەن كۆرۈشكەن. ئاركىلىس دېگىنى يونان ئەپسانىلىرىدا ئوق ئۆتمەس، قىلىچ كەسمەس باتۇر.)

ۋاشىنگتوندا بولسا، روزېۋېلت بۇ ئىشلارغا بەكلا كۆڭۈل بۆلمەكتە ئىدى. پرېزدېنت، بۇ تۈردىكى سۆزلىششلەرنىڭ پارتىلىشىدىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش رولىنىلا ئويناپ قېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، بىر قېتىملىق ئىچكى كابىنېت يىغىنىدا روزېۋېلت ئەنگلىيە باش ۋەزىرىنىڭ "ھەر قانداق بەدەل تۆلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر تىنچلىق تىلەش" تەك تىلىكىدىن بەكلا ئەپسۇسلىنىدىغانلىقى بىلدۈرىدۇ، ھەمدە كەسكىن ۋە ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن خىلود ئېيكىسقا مۇنداق دەيدۇ: روشەنكى، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسى چېخلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىشى، ئاندىن "ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرگەنلىكىدىن قانغا بويالغان قوللىرىنى يۇيۇش" قا مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن. ھەپتە ئاخىرى پۈتۈشكە ئاز قالغاندا، ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېتىدىمۇ چەمبېرلىنغا قارشى ھېسسىياتلار كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، چەمبېرلىن يەنىلا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جوزېف كېنېدى باش ۋەزىرگە بىر ئالدىن پەرەز خاراكتېرىدىكى بىر دوكلات سۇنىدۇ. بۇ دوكلات داڭلىق ئۇچقۇچى چارلس لىندبېرگ بىرىيقىندا گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىدىن قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيە كۈچىنىڭ بەكلا قۇدرەتلىك ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان ئىدى. كېنېدىغا ئوخشاش، چەمبېرلىنمۇ بۇنىڭدىن قاتتىق ھاياجانلانغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇرۇش تەييارلىقىنىڭ بەكلا يېتەرسىز بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئەنگلىيە داۋاملىق تىنچلاندۇرۇش سىياسىي تىنى يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر ئىدى.

18-سىنتەبىر كۈنى، چەمبېرلىن ئەنگلىيىگە كېلىپ بۇ مەسىلىنى مۇزالىرە قىلىشقا كەلگەن دالادى يېتەكچىلىكىدىكى ۋەكىللەر ئۇمىكىدىكىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: "بۇ يەر قەتئىي تۈردە گېرمانىيىگە كېسىپ بېرىلىشى شەرت. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر چېخ ھۆكۈمىتى چېگرانى قايتىدىن تەكشۈرۈش زۆرۈرىيىتىنى ئېتىراپ قىلمىغىچە، چېخوسلوۋاكىيىنى

ئوتتۇردىن ئىككىگە بۆلۈۋتەلىشىمىز بەكلا تەس.“

دالادىمۇ چېخلارغا ئازىراق ”دوستانە بىسىم“ قىلىنىسلا، ئۇلار ”سۇدېت رايونىنىڭ بىر قىسمى“ نى ئايرىپ بېرەلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېخلارغا شۇنىمۇ چۈشەندۇرۇپ قويۇش كېرەككى، بۆلۈپ بەرگەندىن قالغان قىسمى مەلۇم بىر شەكىلدە خەلقئارالىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغان، گېرمانىيىمۇ چوقۇم بۇنداق كاپالەتلەندۇرۇلۇشكە قاتنىشىدىغان بولىشى شەرت. چەمبىرلىن دەسلەۋدە بۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمەي، سوۋېت ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتىن كېيىنلا ئاندىن ماقۇل كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ فرانسۇزلار قايتىپ كېتىپ يەنىلا خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئەمما چەمبىرلىن بۇنىڭدىن بەكلا مەمنۇن ئىدى. ”بۇنىڭ ئىستىقبالى بەكرەك ئەندىشە پەيدا قىلىدىغاندەك قىلىسمۇ، ــ دەپ يازىدۇ سىڭلىسىغا يازغان خېتىدە، ــ مەن ھەممىدىن بەك ئەنسىرەيدىغان ئىش يوقالغان ھېسابلاندى. مېنىڭچە بولغاندا ئۆزىمىزنى ئەيىپلەيدىغان ھېچ بىر ئىش يوق. ئەكسىنچە بۇگۈنگە كەلگىچە، ۋەزىيەت مەن تەلەپ قىلغاندەك تەرەققى قىلدى.“

شۇنداقتىمۇ، بۇ ئىشلاردا يەنە بىر كىشىنى كۆڭۈلسىز قىلىدىغان بىر ئىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشى كېرەك ئىدى: چېخلارغا سۇدېتنى چوقۇم بۆلۈپ بېرىۋېتىشى شەرتلىكنى بىلدۇرۇش كېرەك ئىدى؛ ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئەنگلىيە ئەلچىسى بۇ تەكلىپنى پىرىزدېنت بېنىسقا ئۇقتۇرغان ۋاقىتتا، ئۇ قاتتىق ھولۇقۇپ كەتكەن بولۇپ، دەسلەۋدە بۇنداق بىر ئىشنى مۇزاكىرە قىلىشتىن باش تارتقان. ئەنگلىيە ئەلچىسى سىر باسىر نيۇتون ئۇڭايسىزلىق ھېس قىلغان بولسىمۇ، چەمبىرلىن ئىككى سوتكا ئىچىدە ھىتلېر بىلەن قايتىدىن سۆھبەتكە ئولتۇرىدىغانلىقنى ئېيتىپ، بۇ ئىشنى تېز ئارىدا ماقۇللىشى كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئېيتىدۇ. بېنىس غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇنى ئەيىپلەپ، مېنىڭ ۋەتىنىمنى تاشلىۋەتتىڭلار، دەيدۇ. ئۇ يەنە، ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئۇنىڭ ئېرىشكەن كاپالىتى ئەسلىدە قەغەز يۈزىدىكى قۇرۇق گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ پىرىزدېنت، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرغا قويغان ھەل قىلىش چارىسىنىڭ بۇنىڭلىق بىلەنلا توگىمەيدىغانلىقى، بۇنىڭ پەقەت ھىتلېرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا چېخقا ھۆكمۇرانلىق قىلىشىنىڭ بىر جەريانىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىدىن قورقاتتى. بېنىس بۇ گەپلەرنى ئالدىن دەپ قويغان بولسىمۇ، نيۇتون ۋەتىنىگە يوللىغان دوكلاتىدا، مېنىڭچە بېنىس ”بۇ تەدبىرنى رەت قىلىشقا قارىغاندا قوبۇل قىلىشقا مايىللىقنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ خەلقىگە نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىر شەرتنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرىدىغان سەۋەبلەرگە ئۇ تولۇق قايىل ئىدى“ دەپ بىلدۈرىدۇ.

دۈشەنبە كۈنى، چەمبىرلىن پۈتۈن كۈن ئەنسىرەش ئىچىدە ئۇ يەردىن كېلىدىغان

جاۋابنى كۈتۈپ ئولتۇردۇ. بىنىس بولسا يەنە بىر تەرەپكە _ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن يالۋۇرۇشقا كىرىشكەن ئىدى. سەيشەنبە كۈنى، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىسىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مەسىلىنى ئوتتۇرغا قويدۇ: ئەگەر فرانسىيە شەرتنامىدا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى ئىجرا قىلماقچى بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئۆز ئۈستىگە چۈشكەن مەسئۇلىيىتىنى ئورۇندىيالامۇ؟ ئەگەر ھىتلېر ھۇجۇم قىلىپ قالسا، شۇنىڭدەك فرانسىيە باش تارتقىدەك قىلسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمىيىتىنى چېخوسلوۋاكىيىنى قوللاشقا چاقىرىق قىلالارمۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئاخشىمى سائەت 7 دە، بۇ ھەققە موسكۋا ئاخىرى ئېنىق جاۋابنى بېرىدۇ؛ 45 مىنۇتتىن كېيىن، چېخ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كروفدا نيۇتونغا، ھۆكۈمىتىم ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسىنىڭ بەرگەن تەكلىۋىنى رەت قىلدۇ، دەپ ئۇقتۇردۇ.

ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا چېخ باش مىنىستىرى خودىسا قايتىدىن فرانسىيە ئەلچىسىنى چاقىرتىدۇ. ئۇ لاكۋاردىن پارىژدا تۇرۇپ ئەگەر ئۇرۇش پارتلاپ قالغىدەك بولسا فرانسىيە شەرتنامىدىن چىقىپ كېتىدۇ دەپ بايانات بەرگەن بىر پارچە تېلېگرامما يوللىۋېتىپ كېلىشنى ئۆتۈنىدۇ. باش مىنىستىر ئۇنىڭغا "بۇ، تىنچلىق تەلەپ قىلىشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى" دەيدۇ. ئۇ يەنە لاكۋارغا، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بىنىسنىڭ نىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكەن بىر ھەرىكەت دەپ كاپالەت بېرىدۇ. ئەسلىدە ئۇ يالغان گەپ قىلغان ئىدى.

لاكۋا بۇ خەۋەرنى دەرھال پارىژغا تېلېگرامما ئارقىلىق ئۇقتۇرىدۇ. نيۇتونمۇ بۇ خەۋەرنى تېلېگرامما ئارقىلىق لوندونغا ئۇقتۇرىدۇ.

نيۇتون بۇ تېلېگراممىدا، خالىفاكس ئوتتۇرغا چىقىپ بىنىسقا بىر پارچە مەيۈسلۈك مەدىھەنامە يوللاپ، ئۇنىڭدىن "دەرھال قىلچە يوشۇرماي" ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىشى كېرەكلىكىنى، "بولمىسا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقىنى" ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

گەرچە ۋاقىت يېرىم كېچە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، خالىفاكس يەنىلا دەرھال تاننىن كوچىسى 10- نومۇرغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. يېرىم كېچىدىن كېيىن، ئۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە قايتىپ كېلىپ نيۇتونغا يولىيورۇق يوللاپ، ئۇنى بىنىسنىڭ قايتا ئويلىنىپ كۆرىشى كېرەكلىكىنى، بولمىسا چېمبېرلىن ھىتلېر بىلەن ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتنى كېچىكتۈرىدىغانلىقىنى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى تاپىلايدۇ.

سەھەر سائەت 2 دە، نيۇتون فرانسىيىلىك كەسپىدىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا خلادكىن

سارىيىغا كېلىپ چېخ پىرىزدېنتى بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇ چاغدا مۆگىدەش ئىچىدە ياتقان بېنى ئۇيغۇتۇلىدۇ. ئۇ لاكۋانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش بىلەن "خۇددى بېشىغا توخماق تەككەندەك" بولۇپ، دەرھال ھوشىدىن كېتىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، سېتىۋېتىلگەن بۇ پىرىزدېنت، چوشتە جاۋاب بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ.

دەسلەپتە ئەنگلىيە -فرانسىيە تەكلىۋىنى قوبۇل قىلغانلىقنى ئىپادىلىگەنلىك گېپى خودىسانىڭ ئاغزىدىن تارقىلىدۇ. ئۇ نيۇتونغا ئايلاندۇرۇپ يوروپ بۇ گەپنى بىلدۈرۈپ، چېخنىڭ جاۋابى ئېنىق ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىش ھەققىدىكى رەسمى جاۋابنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭغا تاپشۇرىلىدىغانلىقنى ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. ئەمما مۇنازىرە تا گۈگۈم ۋاقتىغىچە داۋام قىلىدۇ. بۇ چاغدا، نيۇتون بىلەن لاكۋا ئىككىسى تەڭ ۋاقىتتا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە چاقىرتىلىدۇ. بۇ ئىككى ئەلچى ھەر بىرى بىردىن ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ ئېلىشىدۇ. بۇ ئۇلتىماتومدا، چېخوسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتى "ئەپسۇس بىلەن" ئەنگلىيە-فرانسىيە ئىككىسىنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن ئىدى.

شۇ ئاخشىمى، بېنىس ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، تەسلىم بولغانلىقنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ ئۇقتۇرۇش نۇرغۇن غەرپلىكلەرنى بەكلا نومۇسقا قالدۇرىۋېتىدۇ. بۇ ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

دوست ئىتتىپاقداشلىرىمىزنىڭ بەرمەكچى بولغان ياردىمىگە ئاساسەن ماقۇللۇق بىلدۈرگەن ئىدۇق. ئەمما، قوراللىق بېسىم قىلىش ئىشى كۆرۈلىدىغانلا بولىدىكەن، روشەنكى، ياۋروپا بوھرانىنىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىشى ئېنىق. شۇڭا، دوستلىرىمىز ئاگاھلاندۇرۇپ، بىزنىڭ قۇربان بېرىشكە تەييار بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى، ئەركىنلىك بىلەن تىنچلىقنى سېتىۋېلىش ئىشىنىڭ ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقنى، ... ئېيتتى. جۇمھۇرىيەت پىرىزدېنتىمىز بىلەن ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ماڭغىدەك باشقا يولى قالمىدى. بىز ھېچكىمدىن ياردەم ئالالمايدىغان يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدۇق.

شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر ۋاستىچىلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بىر قېتىملىق غالىبىيەتنى قولغا كەلتۈرىۋالىدۇ.

4

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، يەنى 21-سىنتەبىر كۈنى، چىمبېرلىن ئايروپىلانغا چىقىشتىن ئاۋۋال مۇخپىرلارغا مۇنداق دەيدۇ: "چېخوسلوۋاكىيە مەسىلىسىنىڭ

مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن ھەل قىلىنىشى ئەنگلىيە -گېرمانىيە ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ ئاساسلىق ئالدىنقى شەرتى؛ شۇنىڭدەك يەنە ياۋروپا تىنچلىقىنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلىنماس ئاساسى. پىقىرنىڭ غايىسىمۇ دەل شۇ ياۋروپا تىنچلىقى ئىدى، بۇ قېتىمقى سەپىرىمىدىمۇ ياۋروپا تىنچلىقى ئۈچۈن بىر يول ئېچىلىپ قالسا دەپ ئۈمىد قىلىمەن."

بۇ قېتىم، ئىككى دۆلەت رەھبىرى رېين دەريا بويىدىكى گېدىرسبۇرگ ئارشىڭدا كۆرۈشىدۇ. باش ۋەزىر ئولتۇرغان ئايروپلان كولوگىندا قونۇش ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئالدىغا قارشى ئالغىلى چىققانلار ئارىسىدا يەرلىك مۇھىم رەھبەرلەرمۇ بار ئىدى. ئايرودرومدا يەنە ھۆرمەت قاراۋۇللىرىمۇ بار ئىدى؛ ئېس-ئاچىلار ئوركېستىر ئەترىتى «تەڭرى پادىشىنى قوغدىسۇن» نى ئورۇندايدۇ. مۇراسىم تاماملانغاندىن كېيىن ئېنگلىزلار ماشىنىلىق قونالغۇ يېرى بولغان پېتىرسبۇرگ مېھمانخانىسىغا كېلىدۇ. بۇ مېھمانخانا دەريا قىرغىقىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تاغ چوققىسىغا سېلىنغان بىر مېھمانخانا بولۇپ، گېدىرسبۇرگ بىلەن ئارىسىنى دەريا ئايرىپ تۇراتتى. ھىتلىر قەھۋە ئىچىش ئۈچۈن بۇ مېھمانخانىغا پات-پات كېلىپ تۇراتتى. بۇ مېھمانخانىنىڭ ئەتراپىدىكى مەنزىرىنىڭ گۈزەللىكىگە گەپ كەتمەيتتى. بۇ قېتىم، ئۇ ئېنگلىز مېھمانلىرىنى بۇ مېھمانخانىدا يېتىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. ئۇلارنى دىراشىنفېرس يېزىسىنىڭ مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىشىنى مەقسەت قىلىپ بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، رېين دەرياسىنى بويلاپ 50 مىلدەك ماڭغاندىن كېيىن، رىۋايەتلەردىكى جادۇگەر خوتۇن تېشى بار يەرگە بارغىلى بولاتتى.

بالكوندىن قارىغاندا چىمبېرلىن دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى دىرېيسىن مېخمانخانىسىنى كۆرەلەيتتى؛ تۈنجى قېتىملىق سۆھبەت چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە ئەنە شۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ. يېرىم كۈندەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ماشىنىلىق قىيالىق تاغ يولىنى بويلاپ دەريا بويىغا كېلىپ، ئۇ يەردىن كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتىدۇ. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى بىرەر تۈمەندەك تاماشا كۆرگۈچىلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇلار ئۇلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن دەريادىن ئۆتۈۋاتقان كىچىك كېمىگە تىكىلىپ قالغان ئىدى. بۇ يەردىكى بۇ مەنزىرە كىشىگە ئۇنتۇلمىغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ. بۇ يەردىكى بۇ مەنزىرە كىشىگە ئۇنتۇلمىغۇسىز لاردىكى قولۋاق مۇسابىقىسىنى ئەسلىتەتتى.

دىرېيسىن مېھمانخانىسى غەربىي قىرغاقتا جايلاشقان ئىدى. چىمبېرلىن ھەمرالىرى بىلەن كېمە بىلەن ئۇ يەرگە تېزلا يېتىپ كېلىدۇ. ھىتلىر ئەزەلدىن خۇشخۇي بىر ساھىبخان ئىدى. ئۇ ئاۋال ئۇلاردىن پېتىرسبۇرگتىكى ياتاقلار ئۇلارغا ياققان-ياقمىغانلىقىنى سورايدۇ. ئەمما، يىغىن زالىدا قوي يۇڭىدا توقۇلغان گىلەم سېلىنغان ئۆزۈن سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرا-ئولتۇرمايلا رەسمىي سۆھبەتكە كىرىشىپ كېتىدۇ. چىمبېرلىن ئالدى

بىلەن ئۇنىڭ فرانسۇزلار بىلەن بىرلىكتە چېخلاردىن تالىشىپ يۇرۇپ مىڭ تەستە قولغا كەلتۈرگەن يول قويۇشلارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ ئۆتتى. ئاندىن زېمىننى ئۆتكۈزۈش ئىشىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ۋە مۇرەككەپ پىلانىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەنگلىيە ـفرانسىيە ئىككىسىنىڭ چېخلارغا بەرگەن كاپالەتنامىسىنىمۇ تىلغا ئالدۇ. ئۇ كېيىنى تۇگىشىپ ئورۇندۇقىغا يۆلەنگىنىدە گويا (شىمىدت نىڭ ئۆيىدا) "بۇ بەش كۈندىن بۇيانقى قىلغان ئىشلىرىم يارامدىكەن؟" دېگەندەك، ئۇنىڭ چىرايىدىن قايىل بولغانلىقى ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى.

شىمىدتنى ھەيران قالدۇرغىنى، ھىتلېرنىڭ خاتىرجەملىك بىلەن، ھەتتا ئەپسۇسلانغاندەك قىياپەت بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشى ئىدى: "مېنى كەچۈرۈپ چىمبېرلىن ئەپەندىم. مەن سىز بىلەن بۇ جەھەتتە قايتا مۇزاكىرە قىلالمايمەن. چۈنكى بۇ يېقىن كۈنلەردىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە، بۇ تۈردىكى ھەل قىلىش چارىسى كارغا كەلمەس بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتتى."

بۇ گەپتىن كېيىن باش ۋەزىر شاپىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. شىمىدت بۇ پەيتتە، باش ۋەزىرنىڭ قويۇق قاشلىرى تېگىدىكى مۇلايىم كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاقناپ كەتكەنلىكىنى سېزىدۇ. ئۇ دەرغەزەپ بولغىنىچە، چۈشىنەلمىدىم! بۇنداق ھەل قىلىش ئۇسۇلى فۇھرېرنىڭ بېشىسگاردىندا ئوتتۇرىغا قويغان تەلىۋىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئىدىغۇ.

ھىتلېر دۇدۇقلىغىنىچە، پولشا بىلەن ۋېنگرىيە ئىككىسى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپتىن قانائەت ھاسىل قىلىشتىن بۇرۇن چېخلار بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالاش ئىمكانى يوق دەپ يالغان گەپ قىلىدۇ. ئۇ، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسىنىڭ تەكلىپىنى بىر-بىرلەپ رەددىيە بېرىدۇ، شۇنىڭدەك كەسكىنلىك بىلەن "ئەندى" گېرمانىيە سۇدېتنى ئىشغال قىلىشى كېرەك دەپ كەسكىنلىك بىلەن تەلەپ قىلىدۇ.

چىمبېرلىن بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، ھىتلېرنىڭ بۇ تۈردىكى مۇئامىلىسىنىڭ ئۇنى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈرگەنلىكىنى شۇنىڭدەك بۇ دېگەنلىرىدىن نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇ تەلىپى يېڭى بىر تەلەپ بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىسگاردىندا ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىدىن بەكلە ئېشىپ كەتكەن بىر تەلەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق گېرمانىيە زىيارىتىدىن چىقىدىغان پىلانلار فۇھرېرنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا تولۇق يېتەتتى؛ ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى سىياسىي ھاياتىنى خەۋپكە قويۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ چاغدا، سىر ئى. ۋون كىركپاترىك باش ۋەزىرگە بىر پارچە قەغەز ئۇزارتىدۇ. ئۇنىڭدا گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئېگىردا چېگرادىن

ئۆتكەنلىكى يېزىلغان ئىدى. چېمبېرلىن دەرھال بۇ نوقتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇۋالدۇ. باش ۋەزىر، بۇنداق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىدىن ھەر ئىككىلا تەرەپ ساقلىنالىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. ئۇ فۇھرېرنى "پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن، تەرتىپلىك ھالدا، تىنچ بىر شەكىلدە مەسىلىنى ھەل قىلىپ، ئوق چىقىرىپ ۋەقە سادىر قىلىشلارنىڭ تىنچلىق ئىشلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرىۋېتىشىگە يول قويماسلىق" ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشىشنى ئېيتتى. ئۇ ھىتلېردىن، سىزدە بىزنى پرىنسىپ جەھەتتە كېلىشىمگە كېلەلىشىمىز ئۈچۈن قانداق مەسلىھەت بېرەلەيسىز، دەپ سورايدۇ.

ھىتلېرنىڭ بەرگەن جاۋابى چېمبېرلىننىڭ سوۋۇتۇپلا قويىدۇ: گېرمانىيە قوشۇنلىرى دەرھال سۇدېتنى ئىشغال قىلىدۇ، چېگرا سىزىقى بۇندىن كېيىن ئومۇم خەلق ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ تەلەپ چېخنىڭ تەل-تۆكۈس تەسلىم بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن كەسكىن تالاش تارتىش قىلىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار خېلى ۋاقىتلارغىچە تىل ئۇرۇشى قىلىشقاندىن كېيىن، يەنە ئېگىردىن خەۋەر كېلىدۇ (بۇ قېتىمقى خەۋەر ھىتلېرغا كەلگەن ئىدى). خەۋەردە، 12 نەپەر نېمىس ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بىلدۈرۈلگەن ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ھىتلېرنىڭ قايتىدىن قايناپ كېتىدىغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى. ئۇ چېخلارنىڭ نەقەدەر ئېغىر ناھەقچىلىق قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە قايناپ كېتىدۇ. كەينىدىنلا ئۇ قەسەم بېرىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر پراگا بولشېۋىكلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ گۆرۈدىكى ئادەملىرىمىزنى داۋاملىق ئېتىپ ئۆلتۈرىدىغانلا بولىدىكەن، دەرھال ھەربى مۇداخىلە قىلىشقا مەجبۇرمەن."

سۆزلىشىش 3 سائەتتەك داۋام قىلىپ، بىر-بىرسىدىن كۆڭۈلسىز بولغان ھالدا ئايرىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئەتىسى داۋاملىق سۆزلىشىشنى قارارلاشتۇرىشىدۇ.

باش ۋەزىر، قىيىق بىلەن رېيىن دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ماشىنىلىق مېھمانخانىغا قايتىش جەريانىدا چىرايىغا چىقمىغاندەك قىلغىنى بىلەن ئىچىدىن قاتتىق غەزىۋى ئۆرلەپ تۇراتتى. شۇ ۋاقىتتىلا ئۇ سۆھبەت بۇزۇلۇپ قايتىپ كەتسە خاتا بولارمۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ھىتلېر تەرسالىقىنىڭ چېكىگە يەتكەنمۇ ياكى ئۇنىڭ رەھىمدىللىق بىلەن رەھىمسىزلىقتىن ئىبارەت قوش خاراكتېر بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر راس شۇنداق بىرسى بولغىنىدا، چېمبېرلىننىڭ بۇنداق تىركىشىش ۋەزىيىتىدىن بۇسۇپ چىقىش مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. مەسىلە، قانداق قىلىپ ئۇنداق بىر ۋەزىيەتنى يارىتىش مۇمكىنلىكىدە قالغان ئىدى.

يېغىنغا قاتنىشىۋاتقانلار ئىچىدە، يالغۇز ئۇلا ھىتلېرنىڭ ئەقلىنىڭ جايىدا بولۇپ

بولمىغانلىقىدىن گۇمان قىلىدىغان كىشى ئەمەس ئىدى. دېرىيس مېھمانخانىسىدا بىر قانچە ئاخباراتچى مۇخبىرلىرى، چېخ بوھرانى فۇھرېرنى كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ قەبىھلەشتۈرۈۋەتكەچكە پولغا يېتىۋېلىپ گىلەمنىڭ قىرىنى غاجىلايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان دېگەن پىتنە-پاساتلارنى تارقىتىشقا باشلايدۇ. ئەسلىدە بۇ گەپ فۇھرېرنىڭ بىر نەپەر ئادىيۇتانتىنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپ ئىدى. بۇ ئادىيۇتانت، فۇھرېر چېچىلىپ شۇ ھالغا كېلىپ قالدىكى، "يەرگە يېتىپ گىلەمنى چىشلەپ تىتقىدەك" بولۇپ كەتتى، دېگەن ئىمىش. "گىلەم چىشلەش" سۆزى ئەسلىدە بىر قوپاللىراق يەرلىك شىۋە سۆزى ئىدى؛ بەزى مۇخبىرلار بۇ سۆزنى ئوقۇلۇشى بويىچە چۈشىنىۋېلىشقان. ئەسلىدە بۇ سۆزگە "تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىش" دەپ مەنا بېرىلىشى كېرەك ئىدى. بۇنچىلىك ساۋادسىزلىق، فۇھرېرنىڭ ئادىيۇتانتلىرى (ئەسلىدە ئۇلار فۇھرېرنىڭ ئاچچىقى كەلگەن ۋاقىتلارغا بەكلا كام دۇچ كېلەتتى) غا بەكلا كۈلكىلىك بىلىنگەن ئىدى. ھىتلېر ئاچچىقى كەلگەن ۋاقتىدا، ئادەتتە يېرىم سائەت سەپسەتە سېتىپ كېتەتتى. بەزىدە قاتتىق ۋارقىراپ كەتكىدەك قىلسىمۇ، يەنىلا بىردەمدىلا بېسىقىپ قالاتتى. "بۇنداق قاتتىق ئاچچىقلىنىپ كەتكەن ۋاقىتلارنىڭ نۇرغۇن قىسمىدا مەنمۇ نەق مەيداندا بولاتتىم. _ دەيدۇ ۋېيدېرمان، _ مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئۇنىڭ ئاچچىقلانغان ۋاقتى بەكلا تەتۈر مىجەزلىك، ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ۋارقىراپ-جارقىرىشى بىلەن پەقەتلا پەرقى يوق."

بەزى سىرداشلىرى ھىتلېرنىڭ ئاچچىقلىنىشى گېپىنى ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەگەر راست شۇنداق بولغىنىدا، ئۇ ھالدا شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ئاچچىقلانغىنىدا ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ رەقىبى مۇداپىيەدە تۇرغان ئىدى. ئەسلىدە، چەمبەرلىنمۇ بىر پارچە مۇرەسسەلىشىش خېتى يازغان ئىدى. ئۇ خېتىدە ھىتلېر ئوتتۇرىغا چىقىپ چېخلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ بېقىشىنى تەكلىپ قىلىپ، سۇدېت رايونىدىكى نېمىسلارنىڭ ئۆزلىكىدىن قانۇنى تەرتىپى يولغا قويۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولۇش-بولماسلىقىنى سورايدۇ.

23-چىسلا ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، بۇ خەت قارشى قىرغاققا ئۆتكۈزۈلدى. ھىتلېر قىلچە مۇرەسسە قىلىش نىيىتى بولمىغاچقا، بۇ تەكلىپ ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى كەسكىن رەت قىلىش دەپ قارايدۇ. ھىتلېر، رىبېنتروپ ۋە باشقا مەسلىھەتچىلىرى بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان "شىددەتلىك" مۇھاكىمە يۈرگۈزگىنىدىن كېيىن، بەك دوستانە بولمىغان بىر پارچە جاۋاپ خەت يازىدۇ. ئۇ خېتىدە يېغىن ئۈستىلىدە سۆزلىگەن سۆزلىرىنى قايتا تەكرارلىغان ئىدى. بۇ خەت بەكلا ئۇزۇن يېزىلغاچقا، تەرجىمە قىلىپ ئوقۇشقا ۋاقىت يەتمەيدىغان بولغاچقا، ھىتلېر شىمىدتقا خەتنى ئېلىپ چەمبىرلىن بىلەن كۆرۈشۈپ

كېلىشىنى، ھەمدە خەتنى يۇزتۇرانە تۇرۇپ ئېغىزچە تەرجىمە قىلىپ ئوقۇپ بېرىشىنى بۇيرۇيدۇ. شىمىدت قولتىقىدا چوڭ بىر لىپاپنى قىستۇرغىنىچە چۈشتىن كېيىن سائەت 3 ئەتراپىدا درېيسىن مېھمانخانىسىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇ پېتېرسبۇرگ مېھمانخانىسىغا ئاز قالغاندا مېھمانخانا ئىشىكىدە بىر مۇنچە مۇخبىرلارنىڭ يىغىلىۋالغانلىقىنى كۆرىدۇ. بىر مۇخبىر "سىز بۇ يەرگە تىنچلىق خېتى ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ ياكى ئۇرۇش خېتى؟" دەپ سورايدۇ. شىمىدت ئالاھىدە ئېھتىياتچانلىق قىلىپ كىرىپكىنىمۇ قاقماي كىرىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا چىمبېرلىن بالكوندا تۇراتتى. شىمىدتنى دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ چىقىرىشىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن، چىمبېرلىن ھېندېرسون بىلەن ئىككىسى ئەندىشى ئىچىدە تىنىماي ئالدى-كەينىگە مېڭىشقا باشلايدۇ. شىمىدتنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ باش ۋەزىر دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ گويا ئادەتتىكىچە مېڭىپ يۈرگەندەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ.

شىمىدت قايتىپ كەلگىنىدە ھىتلېر ئۇنىڭدىن ئالدىراش سورايدۇ: "ئۇ نېمە دېدى؟ ئۇ مېنىڭ خېتىمگە قانداق قارىدى؟" ئۇ چىمبېرلىنىنىڭ ھاياجانلانماي ھەم ئاچچىقلانماي تۇرغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، خاتىرجەم بىر تىنىۋالىدۇ. بىر سائەتكە قالماي، چىمبېرلىن ئىككى كىشىنى دەريادىن ئۆتۈپ ھىتلېرغا جاۋابىنى بېرىشكە يولغا سالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خېتى ھەم مۇرەسسە قىلىش مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خاپىلىقىنىمۇ ئىپادىلىگەن بولۇپ، دىپلوماتىيىلىك ئەدەپ قائىدىلەرگە بەك ھۆرمەت قىلىپ كەتمىگەن ئىدى. ئاۋال، ھىتلېرنىڭ تەكلىۋىنى چېخلارغا يەتكۈزىدىغانلىقىغا ماقۇل كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭدىن مەقسىدىنى تەپسىلىي بايان قىلغان بىر مېمراندۇم يېزىپ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئۇ، فۈھرېرنىڭ مېمراندۇمىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشى ھامان دەرھال ئەنگلىيىگە قايتىدىغانلىقىنى تەكلىپ قىلغان.

ئۇلار ئىككىنچى قېتىم سۆھبەتكە ئولتۇرىدۇ. بۇ بەلكىم چىمبېرلىنىنىڭ قايتىش تەھدىتى قىلغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭلا ماقۇل كېلىشى بىلەن چىمبېرلىن شۇ ئاخشىمى درېيسىن مېھمانخانىسىغا بېرىپ بىر تەرەپتىن مېمراندومنى ئالماقچى، يەنە بىر تەرەپتىن ھىتلېرنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەندۈرىشىنى ئاڭلىماقچى بولىدۇ. سۆھبەت ئاخشىمى سائەت 10 ئەتراپىدا باشلىناتتى. يىغىنغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى كۆپەيتىلگەنلىكى ئۈچۈن، يىغىن كىچىك بىر ئاشخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھېندېرسون، كىركپاترىك، رىبىنتروپ ۋە ۋېيزسۆكېر قاتارلىق كىشىلەر ھىتلېر بىلەن چىمبېرلىن ئەتراپىدا يېرىم يۇملاق بولۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ئەركىن ئازادە ئولتۇرۇشقان ئىدى. مېمراندومنى شىمىدت تەرجىمە قىلىپ ئوقۇيدۇ. ھىتلېر، چېخ ئارمىيىسى خەرىتىدە (بۇ خەرىتە مېمراندۇمنىڭ قوشۇمچە بېتى ئىدى) كۆرسىتىلگەن يەرلەردىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى؛

ئەسكەر چېكىندۈرۈش ئىشى 26-سىنتەبىر كۈنى باشلىنىشى، 28-كۈنى سۇدېتنى رەسمى گېرمانىيىگە كېسىپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىندۇ.

"بۇ رەسمى ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم دېمەكتۇر!" دەيدۇ چەمبېررلىن ۋارقىرىغىنىچە، شۇنىڭدەك ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ بۇنىڭغا نارازىلىق كۆرسىتىدۇ.

"بۇ بىر بۇيرۇق!" نېمىس تىلىدىن ماختىنىشىنى ياخشى كۆرىدىغان ھېندېرسون نېمىس تىلىغا ماسلىشىپ جاۋاپ بېرىدۇ. چەمبېرلىن بۇنداق بىر ھۆججەتنى چېخلارغا يېرىشتنى رەت قىلىدۇ. ئۇ، مەزمونى ھەققىدە بىر نېمە دېمەي تۇرۇپ، تەلەپۇزىنىڭ ئۆزىلا بىتەرەپچىلەرنىڭ غەزىۋىنى قوزغاشقا يېتىپ ئاشىدۇ، دەيدۇ. ئۇ خۇددى فۇھرېر ئۇنىڭ بۇي سۇنماس بىر قول ئاستىدىكى كادىرىغا ئوخشاش ھىتلېرغا رەنجىشكە باشلايدۇ. ھىتلېرنىڭ مۇداپىيەگە ئۆتكەن پەيتلەر بەكلا ئاز ئىدى. بۇ قېتىمدىمۇ شۇنداق بەكلا قىسقا ۋاقىت داۋام قىلىدۇ. ئۇنىڭ كېيىندىن ئوتتۇرغا قويۇلغان كۈنتەرتىپ مەسىلىسى ئۈستىدە بۇ جەدۋەلنىڭ چېخلارغا بېرىلگەن ۋاقىت بەكلا ئاز بولغىنى سەۋەبىدىن سۇدېتتىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش ھەمدە ئۇ يەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس دېيىشىپ يەنە ئۈچ نەپەر ئېنگىلىيىلىك سىياسىي يۇنىنىڭ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشىغا دۇچ كېلىدۇ. بۇ پىلان ئىجرا قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ھەمدە خەتەرلىك بىر پىلان بولغاچقا، بۇ پىلان بىر مەيدان ياۋروپا ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، دېيىشەتتى.

شۇ سەۋەبتىن كېلىشىم سۆھبىتى قايتىدىن توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. بۇ چاغدا، بىر نەپەر ئادىيۇتانت كىرىپ، فۇھرېرغا بىر پارچە تېلېگراممىنى سۇنىدۇ. فۇھرېر بۇ تېلېگراممىغا مۇنداقلا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى شمىدتقا بېرىدۇ. شمىدت ئۇنى ئۇنلۇك قىلىپ ئېنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ ئوقۇيدۇ: "بېنىس تېخى يېڭىلا رادىئو ئارقىلىق ھەر قايسى چېخ قىسىملىرىغا ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلدى."

ئەڭ ئاخىرىدا جىمجىتلىقنى بۇزغان كىشى ھىتلېر بولىدۇ: "ئاڭلاپمۇ باقمىغان بۇنداق ئېغۋاگەرچىلىك يۈز بەرگەن ئىكەن، _ دەيدۇ ھىتلېر ئىنتايىن پەس ئاۋازدا، _ مەن ئەلۋەتتە سۆزۈمدە تۇرىمەن، سۆھبەت جەريانىدا چېخوسلوۋاكىيىگە قارشى ھەرىكەت قىلمايمەن. ھەر قانداق بىر ئىش بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، چەمبېرلىن ئەپەندى، سىز گېرمانىيىدە تۇرىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا مەن ھەرگىز ئۇنداق بىر ئىش يۈز بەرمەيدۇ." بۇ گەپلەرنى، ئۇ ئىنتايىن خاتىرجەم بىر شەكىلدە سۆزلىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ تۇرقى كىشنى قايمۇقتۇرۇپ قويياتتى. ئەمما فۇھرېرنىڭ كېيىندىنلا دېگەن گېپى ئۇنداق خاتا چۈشىنىپ قالغىدەك گەپ ئەمەس ئىدى. ئۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ، چېخنىڭ ئومۇمىي سەپەرۋەرلىكى پۈتۈن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىۋەتتى. چەمبېرلىن ئالدىراشلىق بىلەن

سەپەرۋەرلىك دېگىنى ھەرگىز ھۇجۇم قىلىش تەدبىرى بولىشى ناتايىن، بەك بولۇپ كەتسە بىر ئالدىن ئېلىش تەدبىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھىتلېر بۇ گەپكە، مېنىڭچە بولغاندا، بۇ ئومۇمى سەپەرۋەرلىك ئىشى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، چېخلاردا ھېچ بىر تۇپراقتىن ۋاز كېچىش نىيىتى يوق، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. چېمبېرلىن بۇنداق قاراشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيدۇ. ئۇ، چېخلار پىرىنسىپ جەھەتتە سۇدېتتا ئاپتونومىيە يولغا قويۇشنى قوبۇل قىلىشتى. شۇڭا ئۇلار ھەرگىزمۇ دېگەن گېپىدىن يېنىۋالىدىغان، بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى دەيدىغان كىشىلەردىن ئەمەس دەپ ھېچخلارنىڭ تەرىپىنى قىلىشقا تىرىشىدۇ.

"ئۇنداقتا يەنە نېمە ئۈچۈن ئومۇمي سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلغىدەك؟" دەپ ئۇلاپلا سورايدۇ ھىتلېر.

"ئاۋال ئومۇمي سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلغانلار گېرمانىيە ئەمەسمىدى؟" دەيدۇ باش ۋەزىر.

ئۇنىمۇ ئومۇمي سەپەرۋەرلىك دەپ قارىۋالغانمىدىڭىز؟ فۇھرېر ئېچىتىپ تۇرۇپ رەددىيە بېرىدۇ. كەينىدىنلا، ئۇ يەنە بىر قېتىم تەھدىت قىلغان ھالدا: بۇ قېتىمقى بوھران ئۇزۇن داۋام قىلىپ كېتەلمەيدۇ، دەيدۇ. ئۇ، بىر خىل نېمىس كونا گېپىنى تەمسىل قىلىپ: "تېررورلۇقنىڭ مۇدداسى غايىسىز تېررورلۇققا تايانغان" دەيدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم دېگىنى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرى دېگەن بۇ گېپىگە ۋەكىللىك قىلماقتا ئىدى.

چېمبېرلىن ئۇنىڭغا، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، داۋاملىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىمىزنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى قالمىدى. "چۈنكى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن شۇنى كۆرمەكتىمەنكى، بۇ ئادەم ياۋروپا تىنچلىقى ئۈچۈن كۆتكەن بارلىق ئۈمىدلىرى پۈتۈنلەي گۇمران بولدى، ئەندى بۇ ئادەم ئېغىر غەم بىلەن ئەنگلىيىگە قايتماقچى بولماقا. ئەمما ئۇنىڭ ۋىژدانى ئەينەكتەك سۈزۈك؛ تىنچلىق ئۈچۈن، پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇ ئادەم ھىتلېر ئەپەندىدىن بىرەر ئىجابى جاۋابقا ئېرىشەلمىدى."

ھىتلېرنىڭ ھەممىدىن بەك قورقىدىغىنى، ئۇنىڭ پېشنى قېقىپ كېتىپ قېلىشى ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئالدىراپ-سالدىراپ ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىپ، مەن سۆھبەت جەريانىدا چېخوسلوۋاكىيىگە ھەرگىز باستۇرۇپ كىرمەيمەن، دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ گېپى خۇددى گۈلدۈرمامىدەك ھاۋانى پاك-پاكىزە تازىلىۋېتىدۇ. "سىزنى خوش بولسۇن دەپ، چېمبېرلىن ئەپەندى، _ دەيدۇ ھىتلېر بىر ھازا سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، _ كۈن تەرتىپ مەسىلىسىدە پېقىر سىزگە يول قوياي. مەن ئادەتتە بىرەرسىگە ئاسانلىقچە يول قويمايتتىم. سىز مېنىڭ يول قويۇشۇمغا مۇيەسسەر بولغۇچىلاردىن بىرى بولدىڭىز: مەن 1-ئۆكتەبىر كۈنىنى

ئەسكەر چېكىندۈرۈش كۈنى قىلىپ بېكىتىلىشىگە يول قويىدۇم.“

ئۇلار قالغان مەسىلىلەر ئۈستىدە يەنە بىر ھازا سۆزلەشكەندىن كېيىن، چېمبېرلىن بۇ قېتىمقى ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى چېخلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا ماقۇل بولىدۇ. ۋاقىت كېچە سائەت بىر يېرىم بولغاچقا، ھەممەيلەن يىغىننى توختىتىپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن تارقىلىدۇ.

فۇھرېر، باش ۋەزىرنىڭ تىنچلىق ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئاۋارە بولغانلىقى ئۈچۈن رەخمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىپ، ”چېخ مەسىلىسى ئۇنىڭ ياۋروپادا ئوتتۇرغا قويغان ئەڭ ئاخىرقى زېمىن تەلىپى بولۇپ قېلىشىغا ئىلاجىسىز ماقۇل ئىكەنلىكىنى“ بىلدۈرىدۇ.

چېمبېرلىن سەمىمىلىك بىلەن ”خەير-خوش“ دېگىنىدىن كېيىن گېرمانىيىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ مېھمانخانا ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر، ئۇنىڭ چىرايىدا قىلچىمۇ خاپا بولغانلىق ئالامىتىنى كۆرمەيدۇ.

5

چەمبېرلىن، بىر قانچە سائەت ئۇخلاپ كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغىنىدىن كېيىن لودونغا قاراپ ئۇچۇپ، ئەتىسى دەرھال ئىچكى كابىنېت ئومۇمى يىغىنى چاقىرىدۇ. ئۇ ھۆكۈمەت ئەزالىرىغا چۈشەندۈرۈپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بىز باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى بىلمەكچە بولىدىكەنمىز، چوقۇم ئۇلارنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقىنى بىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە، ھىتلېر ئەپەندىم ”ئۇ ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىزچىل تۈردە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت قىلىۋاتقان ئادەمنى مەقسەتلىك ئالدايدىغان بىرسى ئەمەس.“ ئەگەر ئۇلار ئىشەنگەن ئادەمنى ئالدىماقچى بولىدىكەن، ”ئۇلارنىڭ مەھرۇم بولىدىغىنى، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرسىدا مەۋجۇت بولغان ھەر تۈرلۈك پىكىر ئايرىمىلىقلىرى بىلەن گېرمانىيە بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلىش پۇرسىتى بولىدۇ،“ بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەكلا چوڭ تىرادگىيە ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ تايمىس دەرياسى بويىچە گېرمانىيە بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنىڭ تەقلىدى ئۇچۇش يولىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ ۋەزىپىسىنى تۈگۈتۈپ دۆلىتىگە قايتىش مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قاتتىق بىر ۋەھىمە نامايەن بولىدۇ: ”بۇ چاغدا مىڭلىغان ئائىلىلەر بۇ بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ ئاستىدا قالىدۇ. مەن ئۆز-ئۆزەمگە: بىز بۇ خەلقئە قانچىلىك مۇداپىيە تەدبىرلىرىنى

بىرەلىشىمىز مۇمكىن؟ دەپ سوراپ باقتىم. مەن ئويلايمەنكى، بىز بۇگۈن چىقىشى مۇمكىن بولىدىغان بىرەر ئۇرۇشنى چەكلىيەلىگىدەك ئۇرۇشقا ئاتلىنىشقا ھېچقانداق كۈچىمىز يوق."

ئىچكى كابىنىتتا، ئۇ ھېچ قاچان بۇنچە كۈچلۈك قارشىلىققا دۇچ كېلىپ باققان ئەمەس ئىدى. دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىدىن لورد داۋىد گۇپ فۇھرېرنىڭ كاپالىتىگە قەتئىي ئىشەنمەيدۇ. ئۇ، دەرھال ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك يولغا قويۇلۇشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. چىمبېرلىن كابىنىتتىكىلەرگە كۈچەپ نەسىھەت قىلىپ، بۇ تۈردىكى قارارلارنى كېچىكتۈرۈپ ئېلىش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. يىغىندا ئالدى بىلەن قىسمەن سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلغان فرانسىيە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈش قارارىنى ئېلىشىدۇ.

يەكشەنبە كۈنى ئىچكى كابىنىت يەنە بىر قېتىم يىغىلغان ۋاقىتتا قايتىدىن يېڭى قارشى پىكىرلەر ئوتتۇرغا چىقىدۇ. "مەن كۆڭلۈمدىكى تولۇق نى ھەر قانچە قىلىپمۇ يېشەلمىدىم. _ دەيدۇ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى خالىفاكس، _ ھېس قىلىشىمچە، ھىتلېر ئەپەندى بىزگە ھېچ نەرسە بەرمەي ئولتۇرۇپ بۇيرۇق قىلىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىدى. ئۇ گويا ئۇرۇشماي تۇرۇپلا غەلىبە قىلغاندەك ھالەتتە." ناتسىستىزم مەۋجۇتلا بولىدىكەن، تىنچلىقنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

ئىلگىرى چىمبېرلىننى قوللاپ كەلگەن لورد ھېرشىممۇ بۇ چاغدا تاشقى ئىشلار ۋەزىرىنىڭ پىكىرىگە قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەم مۇنازىرە باشلىنىدۇ. ستانخوپ بىلەن مۇم ئىككى لورد چېخقا بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق ھىتلېرنىڭ مېمراندومىنى قوبۇل قىلغۇزۇش كېرەكلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ. لورد ۋېنتدون بولسا ئەخلاقى نوقتىدىن چىقىپ ئولتۇرۇپ بۇنداق بىر تەكلىپنى رەت قىلىدۇ. ئىچكى كابىنىتتىكىلەرنىڭ پىكىرلىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، چىمبېرلىن ئىچكى كابىنىت تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇ، قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش پىكرىدىن بىرىنى تاللاشقا چېخلار ئۆزلىرى قارار قىلىشسۇن، دەپ بېكىتىدۇ.

ئىچكى كابىنت يىغىنى تېخى يېڭىلا پىكىر بىرلىكىدە كېلەلمەي تاماملىنىشى بىلەن، چىمبېرلىن كىشىنى كۆڭۈلسىز قىلىدىغان يەنە بىر ئىشقا دۇچ كېلىدۇ. چېخ باش ئەلچىسى ياڭ ماسالىك زىيارەتكە كېلىپ، قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. بۇ باش ئەلچى، ھىتلىرنىڭ مېمراندۇرۇمىنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭ چېخ ھۆكۈمىتىنى "ھاڭ تاڭ قالدۇرىۋەتكەن" لىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە، بۇ مېمراندۇم ئەمەلىيەتتە بىر ئەڭ ئاخرقى ئۇلتىماتوم بولۇپ، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ مىللى مەۋجۇدىيىتىنى قوغداشنىڭ ھەرقانداق بىر ھوقۇقىنى تارتىپ ئالغانلىق، "ھۆكۈمىتىم بۇنىڭدەك يېڭىچە رەزىل تەلەپلەرگە قارشى رۇرىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇش دولقۇنىنى قوزغاشقا مەجبۇر. بىز ئەنە شۇنداق

قىلماقچىمىز، بىزنى تەگرى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي،" دەيدۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، فرانسىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىمۇ ۋەزىيەتنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن قايتا لوندونغا كېلىدۇ. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى دالادى، فرانسىيە ھىتلېرنىڭ سۇدېت رايونىنى ئىشغال قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى ئېتراپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. چەمبېرلىن ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىگە قارىتا، يەنى "ئەگەر ھىتلېر ستراتېگىيىلىك نوقتىدىن ئويلىنىپ بىر تەرەپلىمە چېگرا سىزىقىنى چېخوسلوۋاكىيىنىڭ ئۈستىگە مەجبۇرى تاڭماقچى بولىدىكەن، سىلەر فرانسۇزلار ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلامسىلەر؟" دېگەن سوئالغا ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابى بەكلا مۇجمەل ئىدى. چەمبېرلىن ئۇنىڭ ئېنىق ئىپادە بىلدۈرۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دالادى بولسا، "بىر مەزگىللىك ئەسكەر يىغىنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن، فرانسىيە قۇرۇغلۇقتا ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن" دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

چەمبېرلىننىڭ ئىچكى كابىنتى بىلەن مۇزاكىرە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن يىغىن يېرىم سائەت يېرىمدا توختىتىلىدۇ. "ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئېھتىماللىقلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا بولىدىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارماي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ خاتىرجەم بولمايمەن. ـ دەيدۇ كابىنت ئەزالىرىغا ـ شۇڭا، مەن شۇنى تەكلىپ قىلىمەنكى، مېنىڭ ھىتلېر ئەپەندى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت ئاساسىدا، ئۆز نامىمدا ھىتلېرغا خەت يازىمەن." بۇ خەتتە ئورتاق بىر كومىتېت قۇرۇپ چىقىپ، چېگرالارنىڭمۇ قوبۇل قىلالايدىغان تەكلىپنى قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى مۇزاكىرە قىلىش تەكلىۋىنى بېرىدۇ. بۇ خەتنى سىر خوراس ۋالىسون فۇھرېرغا يەتكۈزىدىغان بولىدۇ. "ئەگەر ھىتلېر ئەپەندى بۇ خەتكە پەقەتلا جاۋاب بەرمەسلىككە ئۇرۇنغىنىدا، سىر خوراس ۋالىسون ماڭا ۋاكالىتەن تۆۋەندىكى پىكىرىمنى يەتكۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە: يەنى، بۇ چاقىرىقنامە رەت قىلىنغىدەك بولغىنىدا، فرانسىيە ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ، ئىش شۇ نوقتىغا بارغىنىدا، بىزمۇ بۇ ئۇرۇشتىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىپ تۇرالىشىمىز مۇمكىن بولماي قېلىشى مۇمكىن."

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، يەنى 26-سېنتەبىر كۈنى، ھىتلېرنىڭ "يەھۇدىيلارنىڭ ئۆتمۈشىنى سېغىنىش ھىسسىياتى بار" دەپ ئاتىغان سىر ۋالىسون، بۇ خەتنى ئېلىپ بېرلىنگە قاراپ ئاتلىنىدۇ. (ۋالىسون، 1968-يىلى مۆخپىر كېرىن كروسقا "ئۇ ھىتلېرنىڭ يەھۇدىيلارغا بولغان ھىسسىياتىنى بىلەتتى. ئۇنىڭدىن مۇنداق دەپمۇ سورىغان: 'سىز ياخشى كۆرىدىغان بىرەر يەھۇدىيغا ئۇچراپ باققانمىدىڭىز؟'") فۇھرېر خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرىدۇ. ئەمما ئۇ بارغانسىرى خاتىرجەم بولالماي قالىدۇ. ئۇ، گېدىسبۇرگ مېمراندومىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرتلەرنىڭ ئەنگلىيە جامائەتچىلىكىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالماي ۋارقىراپ كېتىدۇ:

”بولدى قوي، بۇلارنى دىگىنىڭنىڭ قىلچە پايدىسى يوق!“

بۇ ئىشمۇ سىر ۋالىسوننى تۇختىتالمايدۇ. يەنى ھىتلېر ”چىداپ تۇرالماي ۋارقىراپ كەتكەن، شۇنىڭدەك كىشىنى زىرىكتۇرىدىغان قول ئىشارەتلىرىنى قىلىپ تۇرغان“ بولسىمۇ، ئۇ تەرجىمان شىمىدتنى چىمبېرلىنىنىڭ خېتىنى تولۇق ئوقۇپ بېرىشىنى بۇيرۇيدۇ، شىمىدت ”چېخوسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتى بۇ تەكلىپنى قەتئىي قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى“ دىگەن يەرگە كەلگىنىدە، ھىتلېر ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە، ئىشىككە قاراپ يۈردى، ”ھەر قانچە دىگەن بىلەن بەربىر“ دەپ تىنماي غۇدۇڭشىيتتى.

”بۇنداق مەنزىرە بەكلا ئالاھىدە بولىدۇ. – دەيدۇ شىمىدت ئەسلەپ كېلىپ، _ بولۇپمۇ ئۇ ئىشىك تۇۋىگە يېتىپ بارغىنىدا ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ نەقەدەر ئەدەپسىزلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ئەتىمالىم، ئۆزىنى خۇددى گەپ ئاڭلىماس بىر بالىغا ئوخشىتىدۇ. شۇڭا ئۇ قايتىدىن جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.“ ئۇ مىڭ تەستە ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرۇپ، شىمىدتنىڭ خەتنى ئوقۇپ بولىشى ئۈچۈن ئىشارەت بېرىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇ ئاچچىقنى زادىلا بېسىۋالالماي قالىدۇ. دىپلوماتىك سورۇندا ئۇنىڭ بۇنچىۋالا غەزەپلىنىپ كېتىشىنى، تەرجىمان شىمىدت پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ھىتلېر ۋارقىرىغىنىچە نېمىسلارنىڭ دۇچ كەلگەن مۇئامىلىسى، ھەر قانچە بىر ئالۋاستىغا ئوخشاپ قالغىنىدىمۇ، تۈركلەرگىمۇ كىشىلەر بۇنچە قوپال مۇئامىلە قىلمىغان بولاتتى، دەيدۇ.

”1-ئۆكتەبىر كۈنى كەلگەندە، مەن چېخوسلوۋاكىينى خالىغىنىمچە بىر تەرەپ قىلىمەن! _ دەپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ ھىتلېر. _ ئەگەر فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئىككىسى مەن بىلەن ئۇرۇشماقچى بولىدىكەن، ئىختىيار ئۆزىدە، مەن ھەرگىزمۇ ياق دىمەيمەن.“ ھىتلېر ئاچچىقى سەل بېسىققاندىن كېيىن، چېخلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا 2 سوتكا ئىچىدە گېردىسبۇرگ مېمراندومىدا كۆرسىتىلگەن ھەر قايسى ماددىلارنى قوبۇل قىلىشى كېرەك دەپ چىڭ تۇرىدۇ.

ئۇ يەنە، نېمىلا بولسا بولسۇن، گېرمانىيە ئارمىيىسى 1-ئۆكتەبىردە چوقۇم سۇدېتنى ئىشغال قىلىدۇ، دەپ قوشۇپ قويىدۇ.

ئۇنىڭ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ئاچچىقى تا ئاخشامغىچە يانمايدۇ. ھەتتا ستادىئومغا بارغىچە داۋام قىلىدۇ. ھىتلېرنىڭ بۇنچىۋالا چېكىدىن ئېشىپ ئاغزىدىن زەھەر چاچراپ تۇرىشى بەكلا كام كۆرۈلەتتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى بېنىس ئىدى.

”بۇ مەسىلە پەقەتلا بېنىس ئەپەندىنىڭلا ئىشى بولۇپ، ھەرگىزمۇ چېخوسلوۋاكىيە مەسىلىسى ئەمەس!“ پۈتۈن زېھنى بىلەن نېمىس ئاسسانلىق مىللىتىنى يوقاتماقچى بولىۋاتقان كىشى دەل ئۇنىڭ ئۆزى؛ چېخوسلوۋاكىينى بولشېۋىكلار ئۈچۈن خىزمەت

قىلدۇرىۋاتقان كىشىمۇ يەنە شۇ بىنىس ئەپەندىنىڭ ئۆزى! "ئۇ ھازىر يوقۇرى ئورۇننى ئىگەللىۋالغان، تىنچلىق ياكى ئۇرۇشتىن بىرنى تاللىۋېلىشى شەرت! بولمىسا ھازىرلا بىزنىڭ شەرتلىرىمىزنى قوبۇل قىلىشى، ئاخىرىدا ئەركىنلىكنى نېمىسلارغا قايتۇرۇپ بېرىشى شەرت، ئۇنداق بولمايدىكەن، بىز بۇ ئەركىنلىكنى ئۆزىمىز قولغا كەلتۈرىمىز!" بۇگۈن پۈتكۈل نېمىسلار، _ "1918-يىلىدىكى ۋەزىيەت بىلەن بۇگۈنكى ۋەزىيەت ئاسمان-زېمىن پەرق قىلىدۇ!" _ بىر-بىرىدەك ئىتتىپاقلاشقان ھالەتتە تۇرماقتا. "بىز بۇنىڭ ئۈچۈن تولۇق غەيرەتكە كەلدۇق! قېنى بىنىس ئەپەندىم بۇنىڭدىن بىرسىنى تاللىۋالسۇن!"

ھىتلېر ئەندىلا ئورنىغا بېرىپ ئولتىرىۋىدى، گېيوبېلس سەكرەپ چىقىپ "شۇنىسى ئېنىقكى، 1918-يىلى مەڭگۈ تەكرارلانمايدۇ!" بۇ گەپنى ئاڭلىشى ھامان ھىتلېر ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئۇيۇك قولى بىلەن مىكرافون ئۈستىلىنى ئۇرغىنىچە "توغرا دەيدۇ!" دەپ ۋارقىرىۋېتىپ قايتا ئورنىغا ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ باش-كۆزى تەرگە چۆمۈپ پىشانىسىدىن تۆۋەنە رەسمى ئاقماقتا ئىدى _ ئۇ پۈتۈنلەي ھالسىزلىنىپ كەتكەن ئىدى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى تىنچلىقتىن ئۈمىدلىنىپ يۈرگەن كىشىلەرنى پۈتۈنلەي ئۈمىدسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. لوندوندا، ئىشچىلار بىرگىنىخام سارىيىنىڭ ئەتراپىدا ئاكوپ كولاشقا باشلايدۇ؛ شۇنىڭدەك يەنە ھاۋا ھوجۇمىدىن مۇداپىيلىنىش تەشۋىقات رەسىملىرىمۇ چاپلانماقتا ئىدى. روزېۋېلتنىڭ دوستى باش ئەلچى بۇلىت پارىژدىن ۋاشىنگتونغا تېلېفون قىلىپ، "مىنىڭچە، جومە كۈنى يېرىم كېچىدىن باشلاپ، يۈزدە 95 پىرسەنت ئۇرۇش بولىدۇ" دەيدۇ. ئامېرىكا پرېزدېنتى لوندوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى جوزېپ كېنېدىنىڭ ئاغزىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال ھىتلېرغا تېلېگىراما يوللاپ (ئىككى كۈن ئىچىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق تېلېگىراممىسى) داۋاملىق سۆھبەت ئۆتكۈزىشنى ئۆتۈنىدۇ.

چىمبېرلىنمۇ گېزىتتا بايانات ئېلان قىلىش شەكلى بىلەنفۇھرېرغا قايتا چاقىرىق قىلىدۇ. چىمبېرلىن گېزىتتا، ئەگەر گېرمانىيە قۇراللىق كۈچ ئىشلەتمەيدىغانلا بولىدىكەن، ئەنگلىيە چېخلارنىڭ سۇدېتتىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش ۋەدىسىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ۋالىسون بۇ يىغى تەكلىپنى ئېلىپ گېرمانىيە باش مىنىستىرلىق مەھكىمىسىگە يەنە بىر قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، ھىتلېر مۇزاكىرە قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. چېخلارنىڭ ماڭىدىغان ئىككىلا يولى قالدى: گېرمانىيىنىڭ تەكلىۋىنى يا قوبۇل قىلىشى كېرەك ياكى بولمىسا رەت قىلىشى كېرەك. "ئەگەر ئۇلار رەت قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغانلا بولىدىكەن، مەن چېخوسلوۋاكىيىنىڭ مىجىغىنى چىقىرىۋېتىمەن!" ئەگەر بىنىس ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت

ئىككىــدىن بــۇرۇن ئەل كۆتەرمەيــدىكەن، ئــۇ ھالــدا مەن ھەربــى قىســملارنى ســۇدېتقا باستۇرۇپ كىرىشكە بۇيرۇق قىلىمەن، دەپ تەھدىت سالىدۇ.

سىر خوراس تۈيۈقسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر پارچە باياناتنى ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. شىمىدتنىڭ تەرجىمىسى بەكلا ئاستا ھەمدە ھىتلېرنى مۇھىم نۇقتىلىرىنى تولۇق ئىگىلىۋالسۇن دەپ تۇرۇپ توختاپ، تۇرۇپ كۆتۈرۈلۈپ بەكلا دولقۇنلۇق تەرجىمە قىلىدۇ: "ئەگەر فرانسىيە شەرتنامىدىكى ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن گېرمانىيە بىلەن دۈشمەنلىشىش ھەرىكىتىگە ئاكتىپلىق بىلەن ئارىلىشىدىغانلا بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، بىرىتانىيە خاندانلىقىمۇ فرانسىيىنى قوللىماقتىن باشقا چارىسى يوق." بۇنىڭدىن ھىتلېر قاتتىق غەزەپلىنىپ كېتىدۇ: "ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسى ئەگەر بىز بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولىدىكەن، خالىغىنىنى قىلسۇن. مەن ئۇلاردىن قىلچە قورقۇپ قالمايمەن. مەن كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان بارلىق ئەھۋاللارغا تەييارلىق قىلىپ قويىدۇم. بۈگۈن كۈنگە سەيشەنبە، كېلەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە كۈنىسى، بىز ھەممىمىز ئۇرۇش قىلىدىغان بولىمىز."

ۋالېسون داۋاملىق سۆزلىمەكچى بولىۋىدى، ھېندېرسون دەرھال ئىشارەت قىلىپ زورلىرىيتى يوق دەيدۇ. ۋېدالىشىشتىن بۇرۇن، سىر ۋالېسون فۇھرېر بىلەن بىر قانچە مىنۇت ئايرىم سۆزلىشىۋالىدۇ. ئاندىن ھەر قانداق بەدەل تەلەپ قىلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر، بىر قېتىملىق بالايى ئاپەتتىن ساقلىنىشىمىز لازىم دەپ بىلدۈرىدۇ. "مەن ئامال قىلىپ ئۇ چېخلارنى سەگىتىپ قويۇۋشقا تىرىشىمەن" دەپ ۋەدە قىلىدۇ.

"ئۇنداقتا مەن سىزنى قوللايمەن" دەيدۇ ھىتلېر. ئۇ، ئەنگلىيە بۇندىن كېيىن مېنىڭدەك بىر ياخشى دوست تاپالمايدۇ، دەپ تەكىتلەيدۇ.

ئالدىنقى ئاخشىمى، گەرچە ستادىيومدىكى خەلق ئاممىسى ئىنتايىن قىزغىن كۆرۈنەەندەك قىلسىمۇ، ۋىلىيام شىرانىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا (ئۇ بالكوندا تۇرۇپ رادىئو ئاڭلىتىشى ئۈچۈن دىكتورلۇق قىلماقتا ئىدى)، تەنتەربىيە سارىيىدا ئۇرۇش قىزغىنلىقى كۆرۈلمىگەن بولۇپ، "ئاممىنىڭ قىزغىنلىقى بەكلا مۇلايىم بولۇپ، قارىغاندا ھىتلېرنىڭ دېگەنلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەندەك قىلماقتا ئىدى." چارشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن گۈگۈم ۋاقتىدا، بىر موتورلاشقان قىسىم بېرلىن شەھىرىگە كىرىپ كېلىدۇ. ئىشتىن چۈشكەن كىشىلەر ئۇلارنى قارشى ئېلىپ تەنتەنە قىلىشمايلا قالماستىن ھەتتا مۇتلەق كۆپ قىسمى ئالدىراش مېترولارغا كىرىۋېلىشىدۇ. ئاز بىر قىسمى يەر ئاستى تۆمۈر يولى تونېلىغا كىرىۋالمىغان بولسىمۇ يەنىلا سۈكۈت ئىچىدە قىسىملارنىڭ ئۆتىشىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدى. بۇمۇ خەلق ئارىسىدا ئۇرۇش قىزغىنلىقىنىڭ كۆرۈلمىگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى.

كاپىتان ۋېيدېمانىڭ خەلق ئاممىسىدىكى قىزغىنلىقىنىڭ تۆۋەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدى. ئۇ باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىگە كىرىۋېتىپ "سىرتتا ماتەم مۇراسىمى بولىۋاتقانىدەك" دەپ ئويلاپ قالغان. "ئاستراق! ـ دەپ پىچىرلايدۇ بىر ئادىيۇتانت ئۇنىڭغا، ـ ئۇ دېرىزە تۈۋىدە قاراپ تۇرىدۇ." ھىتلېر يەنجىرىدىن قىسىملارنىڭ ئۆتۈشىگە قاراپ ئويلانماقتا ئىدى.

كېيىن، بەزىلەر ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىگە: "مەن ھازىرچە بۇ دۆلەت ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغىيالمىغىدەكمەن" دېگىنىنى ئاڭلاپ قالغان. بەلكىم دەل شۇنداق ئويدا بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ئۇ چىمبېرلىنغا بىر پارچە نوتا تاپشۇرغان بولىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ نوتا ھەققەتەنمۇ بىر يارىشىپ قېلىش نوتىسى ئىدى.

يىراقتىكى گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىش تەييارلىقى بولمىغان ئەنگلىيىدە، باش ۋەزىر چىمبېرلىن پۈتۈن مەملىكەتكە رادىئو نۇتقى سۆزلەشكە تەييارلىق قىلماقتا ئىدى. ئەنگلىيىدە، ئۇنىڭ تىنچلاندۇرۇش سىياسىتى تىنى تەنقىت قىلىدىغان غەزەپلىك سادالار كۈنسايىن كۈچىيىپ بارماقتا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇ سىياسىتى تىدىن گۇمانلىنىشنىڭ ئازاۋىنى چەكمەكتە ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 دە، ئۇ مۇنبەرگە قاراپ يېقىنلىشىشتىن ئاۋال، يەنى ئەنگلىيە دېڭىز فلوتىغا ئومۇمىي يۈزلۈك سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، "مەن ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ تاپانلىرىمنى ئۇپراپ كەتتى. ـ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ قورقۇنچىسىنى ئاشكارە ئېلان قىلىدۇ، ـ نېمە دېگەن ۋەھىمىلىك، نېمە دېگەن چۈشەنگىلى بولمايدىغان، نېمە دېگەن ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئىشلار بۇ! شۇنچە يىراقتىكى بىر دۆلەتتە، بىز قەتئى تونۇشمايدىغان بىر خەلق بىلەن گەپ تالىشىپ قالغانلىقىمىز سەۋەبىدىنلا بىز بۇ يەردە ئاغزىمىزغا زەھەردىن ساقلىنىش ماسكىلىرىنى تاقاشقا مەجبۇر بولماقتىمىز! بولۇپمۇ، پىرىنسىپ جەھەتتىن ھەل بولۇپ بولغان بىر تالاش-تارتىش بۈگۈن ئۇرۇش باھانىسىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى نېمە دېيىشىمىز كېرەك؟ ـ ئۇ كەينىدىنلا خەلقىگە بۇنىڭدىن چوڭ يول قويۇشقا تەييار تۇرۇشنى تاپىلايدۇ. ـ چوڭقۇر قەلبىمدە مەن يەنىلا تىنچلىقسۆيەر بىرى ئىكەنلىكىم ئېنىق. مېنىڭچە بولغاندا، دۆلەتلەر ئارا توقۇنۇش قىلىش دېمەك، بىر قار باسقانلىق دېمەكتۇر. ئەمما قايسى بىر دۆلەت قۇراللىق دۇنيادا يالغۇز زوراۋانلىق قىلىمەن دەپ نىيەت قىلغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغانلا بولىدىكەنمەن، مېنىڭچە، بىز ئۇنداق بىر كۈچكە تاقابىل تۇرۇش مەجبۇرىيىتىمىز بولىشى كېرەك. ئۇنداق بىر ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا، ئىشىنىمەنكى، ئەركىن كىشىلەر ھەرگىزمۇ ياشىيالمايدۇ. ئەمما ئۇرۇش ھەققەتەنمۇ قورقۇنۇشلۇق بىر ھادىسە. بىز ئۇرۇش سېپىگە ئاتلىنىشىمىزدىن بۇرۇن، چوقۇم بۇ ھەقتە ئېنىق تونۇشقا

كەلگەن بولىشىمىز شەرت. چوقۇم قىل ئۇستىدە تۇرغىنىمىزدىلا ئاندىن جەڭ قىلىشنى ئويلىنىشىمىز شەرت.»

شۇندىن ئىككى سائەت ئۆتكەندە، ھىتلېرنىڭ خېتى يېتىپ كېلىدۇ ــ بۇ خەت، باش ۋەزىرنى قايتىدىن ئۇمىدلەندۈرىدۇ. خۇددى ئادەتتىكى خەتلەردەك، بۇ خەتمۇ باشلىنىشىدىن تارتىپلا چېخلارغا ھاقارەت قىلىش بىلەن باشلانغان ئىدى؛ ئاندىن ئۇ ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن چەمبېرلىنىنىڭ داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، «پىراگانى ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە بولسىمۇ ئەقلىنى تېپىۋېلىشى ئۈچۈن نەسىھەت قىلىش» تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۇرىۋاتقان چەمبېرلىنىنىڭ قارىشىدا ئوتتۇرلۇقتىكى تالاش-تارتىش پەرقى ھەقىقەتەنمۇ ئازايغاندەك كۆرۈنەتتى.

شۇڭا ئۇ ئالدىراش-تېنەش بىر پارچە جاۋاب خەت يېزىپ فۇھرېر بىلەن قايتا بىر كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. «مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، بىز چوقۇم بىر ھەپتە ئىچىدە بىر كېلىشىم ھاسىل قىلالايمىز. ... مەن، ئۆزۈڭىزدىن بىرى قىلىپ قالغان مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنى دەپ نەچچە كۈنلۈك ۋاقىتنى ئۆزارتىپ، مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان دۇنيا ئۇرۇشى قوزغاشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشكە رازى بولىدىغانلىقىڭىزغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمەن.»

باش ۋەزىر كەينىدىنلا يەنە مۇسسولىنىغا قارىتىپ بىر پارچە خەت يېزىپ، يېقىندا ھىتلېرغا قىلغان چاقىرىقنامىسىنى بىلدۈرىدۇ.

«مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، جانابلىرى گېرمانىيە باش مىنىستىرىگە خەۋەر قىلىپ، ئۆزىڭىز ۋەكىللىكنى ئۈستىڭىزگە ئېلىپ، مېنىڭ تەكلىۋىمنى قوبۇل قىلغۇزۇشقا ياردەمچى بولىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمەن. چۈنكى، بۇ تەكلىۋىم ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىگە ئۇرۇش پارتلىمىسۇن دەپ تەلەپ قىلىدۇ.» شۇڭا، ئۇ قايتىدىن ئۈمىد ئىچىدە ھېرىش-چارچاشقا قارىماي تا يېرىم كېچىگىچە ئىشلەپ، ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن پارلامېنتتا ئوقۇيدىغان نۇتقىنى تەييارلايدۇ. بۇ كۈن يەنە كېلىۋ ھىتلېرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومىنىڭ توشىدىغىنىغا بىر كۈن قالغان ۋاقىت ئىدى.

28-سىنتەبىر چارشەنبە كۈنى، ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇشلۇق بىر كۈن ئىدى. بوھراننىڭ مەركەزى رايونى بولغان بېرلىننىڭ كۈنى، ئەسەبىلەرچە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە باشلىنىدۇ. سەھەر سائەت 8 دە، فرانسىيە باش ئەلچىسى فرانسۇا پونسېتېي يېڭى بىر تەكلىپنى سۇنۇش ئۈچۈن فۇھرېر بىلەن جىددى كۆرۈشۈش تەلۋىدە بولۇپ ۋېيزسوكېرغا تېلېفون قىلىدۇ. ۋېيزسوكېر دەرھال كېنسخوف مېھمانخانىسىغا بارىدۇ. ــ بۇ يەردە ئۇنىڭ باشلىقى تۇراتتى. ئەمما رىبېنتروپ، «ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىش ئېھتىمالىنى

چوقۇم پارىژ ئورۇنلاشتۇرغان،“ دەپ قاياناپ كېتىدۇ.

ۋېيزسۇكېرنىڭ ئېيتىشى بويىچە، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ”ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئىختىلابى بەكلا ئاز، شۇڭلاشقا سۆھبەت يەنىلا قوشۇۋېلىشقا ئېرىشىدىغان ئىشتەك ئۆسۈپ كۆرۈلدى. بۇنچە كىچىك بىر ئىش ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغاش، ھەقىقەتەنمۇ چېكىدىن ئاشقان ئاخماقانىلىق بىر ئىش،“ دەيدۇ.

”بۇنداق ئىشنى فۇھرېرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قويۇپ بېرىشىمىز كېرەك!“ دەپ گۆكرەيدۇ رىببېنتروپ. ئاندىن ئۇ ئىككىسى خاپا ھالدا بىرلىكتە باش مىنىستىرلىك مەھكىمىسىگە قاراپ ماڭىدۇ.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئونلاردا، يەنى ھىتلېرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نوتىسىغا 4 سائەت قالغاندا، فرانسۇا پونسېتپى ھېندېرسونغا بىر تېلېفون قىلىپ، ئەھۋالنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىدىن قورقۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ فۇھرېر بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپى تېخى تەستىقلانمىغان ئىدى. روشەنكى، فۇھرېر بۇگۈنچە ھەر قايسى ئەللەر ئەلچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتى يوق ئىدى. ھېندېرسون بۇ ئارىدا ئۇنىڭغا ياردەملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن گېۆرىڭغا تېلېفون قىلىپ، ھىتلېرنىڭ فرانسۇا پونسېتپى بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەمما پونسېتپىنىڭ يا ئۇرۇش قىلىش، يا تىنچلىق توغرىلىق يېڭى تەكلىپ بىلەن بارغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما گېۆرىڭ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىدۇ. بۇندىن سەل ئاۋال ۋىيىناغا باستۇرۇپ كىرگەن بۇ ئادەم، ئەندىلىكتە ئارىنى تۈزەيدىغان كىشى بولۇپ ئوتتۇرغا چىقىۋالغان ئىدى. ”سەن بىر ئېغىزمۇ ئارتۇق گەپ قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. ــ دەيدۇ گېۆرىڭ، ــ مەن دەرھال بېرىپ فۇھرېر بىلەن كۆرۈشەي!“

شىمىدت، باش مىنىستىرلىكتە كىشىلەرنىڭ بۇنچە ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكىنى بۇرۇن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ”ئالدىراشلىق بىلەن كېلىپ فۇھرېر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان ئۇنىڭ مىنىستېرلىرى بىلەن گېنېراللار، ئۆزىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنى، ھەمرا قىلىپ ئېلىپ يۈرىدىغان ئادىيۇتانت، ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېر ياكى ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ باشلىقلىرىنى ئەگىشتۈرۈپ كېلىپ، ئۆرە تۇرۇپ كۈتۈشۈۋاتقانلارنى، ئولتۇرغانلارنى بۇ يەردە كۆرۈش مۇمكىن ئىدى.“ ھىتلېر بولسا، ھېلى ئۇ ياققا، ھېلى بۇياققا چاپقىنىچە، ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئاڭاھلاندۇرۇشلىرىغا پەقەتلا قۇلاق سالمايتتى. گېۆرىڭ ئۇنىڭ بىلەن تالاش تارتىش قىلىشقا كەلگەن ۋاقىتلاردا بولسا، ھىتلېر قىشلىق باغچىغا كىرىۋالغان ئىدى. گېۆرىڭ، ئۇ زالدا سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى نېۋراتنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىمۇ بىرگە

قىزىقتۇرۇپ بىرلىكتە ھىتلېر بىلەن كۆرۈشۈشكە ئېلىپ ماڭىدۇ. ئەمما يىغىنخانىغا كىرىشى ھامانلا مۇنازىرىنىڭ ئېغىر يۈكى نېۋراتىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. "فۈھرېرىم، _ دەيدۇ، _ ئەھۋال قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر سىز يەنىلا ئۇرۇش قوزغىتامسىز؟ بۇ قىلغىنىڭىز تازىمۇ قاملاشمىدى!"

رىبېنتروپ بولسا، فۈھرېرنىڭ چاقىرتىشنى تاما قىلىپ قىشلىق باغچىنىڭ سىرتىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. بۇ چاغدا گۆرىڭ باغچىدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا غەزەبلەنگەن ھالدا كېلىدۇ: "ۋون رىبېنتروپ ئەپەندى، ئەگەر ئۇرۇش پارتلاپ قالغىدەك بولسا، مەن گېرمانىيە خەلقىگە بىرىنچى بولۇپ بۇ ئىشنى ئۇرۇش قوزغىلىش دەرىجىسىگىچە كېلىشكە سەۋەب بولغان كىشى رىبېنتروپ، دەپ ئېيتىمەن!" بىر مۇنچە ئادىيۇتانتلارنىڭ ئالدىدىلا بۇ ئىككى يوقۇرى دەرىجىلىك رەھبەر بىر-بىرسىگە تەھدىت قىلىپ تىللاشقىنىچە ئۆزئارا ۋارقىراپ تاكاللىشىپ كېتىدۇ. رىبېنتروپ گۆرىڭنى ئۇرۇشتىن قورقىدۇ دەپ ئەيىپلىسە، گۆرىڭ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، ئەگەر فۈھرېر"ھۇجۇم!" دەپ بىرلا بۇيرۇق قىلىدىكەن، مەن يول باشلىغۇچى ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىمەن. ئەمما بىر شەرتىم بار: سىز رىبېنتروپ چوقۇم مېنىڭ كەينىمدە ئولتۇرىشىڭىز كېرەك! دەيدۇ. "ئەگەر ۋەزىيەتنىڭ بۇنچىۋالا ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتمىغىنىمىزدا، _ دەيدۇ ۋېيدېمانئەسلىمىسىدە، _ بۇ ئىككى 'نېرۋا ئارتىسلار' ئادەتتە رىيتىستىن ۋاقتىدىكى سەھنە كۆرۈنىشىدىكىدەك بىر-بىرسىگە ھۇجۇم قىلىشلىرى ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك ئىدى."

ئارىدىن بىر مەھەل ۋاقىت ئۆتۈپ چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 بولغان ۋاقىتتا، رىبېنتروپ ئاخىرى چاقىرتىلىپ فرانسۇا پونسېتېي بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەتكە قاتنىششى ئۈچۈن قىشلىق باغچىغا كىرىدۇ. بۇ فرانسىيە باش ئەلچىسى خەرىتىنى پولاڭشىتىپ تۇرۇپ، ئەگەر چېخوسلوۋاكىيىگە ھۇجۇم قىلغىنىڭلاردا بۇ ئۇرۇش چوقۇم پۈتكۈل ياۋروپاغا يامراپ كېتىدۇ، دەپ ئالدىن پەرىزىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. "تەبىئىكى، سىز خۇددى بىزنىڭ سىزنى مۇقەررەر تۈردە مەغلۇپ قىلالايدىغانلىقىمىزغا بولغان ئىشەنچىمىزنىڭ بارلىقىغا ئوخشاش چوقۇم غالىپ كېلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىسىز. ئەمما سىزنىڭ ئاساسلىق تەلىپىڭىز ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپلا مەقسەتكە يېتىش بولۇپ تۇرۇغلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا تەۋەككۈل قىلىپ قالدىڭىز؟"

روشەنكى، فرانسۇا پونسېتېينىڭ بۇ گېپى ۋەزىيەتنى ئاستا-ئاستا يۇمشىتىپ، تىنچلىق ئۈچۈن پايدىلىق تەرەپكە بۇرايدۇ. بۇ گەپتىن كېيىن ھىتلېر ئۇنداق قاتتىق غەزەپلىنىشتىن توختايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ فرانسۇزنىڭ لوگىكىسىغا جاۋاب بېرەلمىگەن ئىدى. تۇيۇقسىز بىر ئادىيۇتانت سۆز قىستۇرۇپ، باش ئەلچى ئاتولىك رىمدىن بىر پارچە جىددى خەت ئېلىپ

كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئاتورىك فۇھرېرنىڭ قىشلىق باغچىدىن چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋشى ھامان يىراقتىنلا قىلچە تەكەللۇپ قىلىپ يۈرمەي قاتتىق ئاۋازدا، مەن مۇسسولىنىنىڭ جىددى خېتىنى ئېلىپ كەلدىم! دەپ توۋلايدۇ. "ئىتالىيە باش مىنىستىرى سىزگە، ھەر قانداق بىر قارار ئالغان بولسىڭىزدىن قەتئى نەزەر، فۇھرېر، فاشىست ئىتالىيىسى ھەر دائىم سىزگە قالقان بولۇپ بېرىدۇ ــ دەيدۇ. ئاندىن سەل تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلىپ، ــ شۇنداقتىمۇ، ئىتالىيە باش مىنىستىرى، سىزنىڭ يەنىلا ئەنگلىيىنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىشىڭىز مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى مەسلىھەت قىلىپ، ئومۇمى سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلماي تۇرسا دەپ ئۆتۈندى،" دەيدۇ.

"سىز ئىتالىيە باش مىنىستىرىگە ئېيتىپ قويۇڭ، مەن ئۇنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلدىم." ھىتلېر شۇنداق دەپ بولۇپ بۇرۇلۇپ قىشلىق باغچىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ، باغچىغا كىرىپ فرانسۇا پونسېتپيگە، مۇسسولىن يىغىراقتا مېنىڭدىن ئۇنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ قىلماسلىقىمنى سوراپتۇ، دەيدۇ. ئەمما ئۇ مۇسسولىنىغا ماقۇللۇق بەرگەنلىكىدىنى تىلغا ئالمايدۇ. ئۇ ئىككىسى داۋاملىق سۆزلىشىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ھىتلېرنىڭ كۆڭلى يەنىلا بىر قارارغا كېلەلمەي تۇراتتى. روشەنكى، ئۇ كۆڭلىدە يەنىلا مۇسسولىنىنىڭ پىكرىنى ئويلاناتقا ئىدى. ئارىدىن سەل ئۆتكەندە، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆرۈۋشۈشىمىز مۇشۇنچىلىك بولسۇن، دەپ ئېيتىدۇ. فرانسۇا بىنېسى ئۇنىڭدىن، مەن ھۆكۈمىتىمگە فۇھرېرنىڭ ئىرادىسى ئۆزگەرمەيدىكەن دەپ خەۋەر بەرسەم بولامدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ھىتلېر كۆڭلى ئارامدا ئەمەس ھالدا جاۋاب بېرىپ، بۇنىڭغا مەن چۈشتىن كېيىن جاۋاب بېرەي، دەيدۇ.

چۈشتىن كېيىن كىشىلەر قايتىدىن بىر-بىرلەپ قىشلىق باغچىغا كىرىشكە باشلايدۇ. چۈش ۋاقتىدىن سەل ئۆتكەندە، ھېندېرسون كۆتۈۋېلىش بۆلۈمىدە كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ قىشلىق سارايغا كىرىپ كېلىدۇ. "قارىغاندا ئىشلار ئاسانلىشىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ ــ دەيدۇ بىر نېمىس دوست پىچىرلاپ تۇرۇپ، ــ پەقەت بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلىسىلا بولىدۇ." يىغىنخانىدا، ھىتلېر بىرلىپ ئاگلاپ ئولتۇرىدۇ. شىمىدت چىمبېرلىنىنىڭ تەكلىۋىنى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇماقتا ئىدى: ئۇ دەرھال بېرلىنغا كېلىپ ھىتلېر بىلەن مۇزاكىرە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ھىتلېر، مەن ئاۋال مۇسسولىن بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشىم كېرەك دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

مۇسسولىن بۇ پىكرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ يەنە، كۆپچىلىكنىڭ ميۇنخېندا يىغىلىپ باش قوشۇشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. ھىتلېر بۇ تەكلىپكە ماقۇل دېگەندىن

كېيىن، ئالدىراشلىق بىلەن دالدى بىلەن چىمبىرلىنغا تەكلىپ يوللايدۇ. چىمبىرلىنگە يوللانغان تەكلىپ قەغىزى ئۇنىڭ ئاۋام پالاتاسىدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقىنىدا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا، مارىيە خانىش خالىفاكى، بورۋىن ۋە باشقا مۇھىم كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە كورىدوردا تۇراتتى. چىمبىرلىن تېخى يېقىنلا ھىتلېرنىڭ مۇسسولىنىنىڭ ئومۇمى سەپەرۋەرلىك چىقىرىش ئىشىنى كېچىكتۈرۈش تورىسىدىكى تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ تۇرۇشىغا، مالىيە ۋەزىرى ئۇنىڭغا ئىككى ئىلىك كېلىدىغان بىر پارچە قەغەز سۇنىدۇ. باش ۋەزىر بۇ قەغەزنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ چىرايى دەرھال ئۆزگىرەيدۇ. ئۇ گېپىنى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئىش شۇنىڭلىق بىلەنلا قالمىدى، مېنىڭ جانابلىرىڭىزغا دەيدىغان يەنە بىر گېپىم بار. مەن يەنە ھىتلېر ئەپەندىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ئۇ مېنى ئەتە چۈشتىن بۇرۇن ميۇنخېندا كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۇ يەنە مۇسسولىن بىلەن دالادى ئەپەندىلەرنىمۇ تەكلىپ قىلغان.“ ئوتتۇرلۇقتا كىمدۇ بىرسى ”باش ۋەزىر ئۈچۈن تەڭرىگە شۈكرىلەر ياش ئالغان ھالدا بىرىپ (بەزىلىرى چىمبىرلىننى مەنىستىمگەندەك) باش ۋەزىرنىڭ قولىنى ھەدەپ سىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.“ ”ئاۋام پالاتا ئەزالىرى ئارىسىدا بىر قىسىم ئاز سانلىق كىشىلەر بۇ ئىشقا قىلچىمۇ ھاياجانلانمايدۇ. بۇنداقلاردىن بىرسى ۋىنىستون چېرچىل ئىدى.“ ”چېخوسلوۋاكىيە قانداق بولىدۇ؟“ بەزىلەر ئۇنىڭ ئېچىنغان ھالدا ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغان. ”بۇ يەردىكىلەردىن ھېچ كىم ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشنى ئويلايدىغانلار يوقمىدۇ؟“

دېموكراتىك دۆلەتلەردە، خەلق خۇددى ئۈستىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك ئارام تاپقان بولسا، ئۇنداق ھېس قىلمىغانلارنىڭ سانى بەكلا ئاز ئىدى. پارىژ، لوندون ۋە نيۇيورك قاتارلىق شەھەر كوچىلىرىدا كىشىلەر خوشال ھالدا بوھراننىڭ تاماملانغانلىقى ھەققىدىكى گېزىتلارنىڭ ئالاھىدە خەۋەر سانلىرىنى تالىشىپ سېتىۋېلىپ ئوقۇيتتى. باش ئەلچى بۇلىت پارىژدىن دوستى روزېۋېلتقا يازغان خېتىدە ”بۈگۈن ئاخشام، مەن ھەققى تۈردە ئۆزەمنى يەڭگىل ھېس قىلماقتىمەن. كىمنىلا كۆرسەم قۇچاغلاپ كۆرۈشكىم كېلىدۇ. مەن ھازىر سىزنىڭ تاقىر بېشىڭىزدىن كۈچلۈك بىرنى سۆيۈۋېلىش ئۈچۈن ئاق سارايدا بولۇشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم!“ پرېزدېنت روزېۋېلت، ۋاشىنگتوندىن چىمبىرلىنغا ئىككىلا بەكلا قىسقا جاۋاب يوللايدۇ: ياخشى ئادەم.

باش ۋەزىر يەنە بىر پرېزدېنت بىنېسىيدىن سەل ئۇزۇنراق يېزىلغان بىر تېلېگرامما – بىر ئۆتۈنۈشنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ: ”پېقىر چىن قەلبىم بىلەن سىز چىمبىرلىن ئەپەندىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بىز سەممىيلىك بىلەن تىنچلىق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى ئارزۇ قىلىمىز. شۇڭا، مەن سىزلەردىن ئۆتۈنىمەن، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ

مىۇنخېندا ھېچ بىر قارار ئالمىغايسىزلەر.“

مۇتلەق كۆپ سانلىق نېمىسلارمۇ ياڭگىل بىر نەپەس ئېلىۋالغانىدەك ھېس قىلىشقان بولسىمۇ، ھىتلېرغا قارشى گۇرۇھتىكىلەر بولسا ھەيران قېلىپ تۇرۇپلا قېلىشقان ئىدى. بۇ يېڭى خەۋەر ئۇلارنىڭ ھىتلېرنى قۇرال كۈچىگە تايىنىپ قولغا ئېلىش، ھەمدە ھەربى ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىش پىلانلىرىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكەن ئىدى. خارد مىۇنخېندا يىغىن ئۆتكۈزۈلىدىغانلىق ھەققىدىكى خەۋەرنى بىلگىنىدىن كېيىن، ”بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس“ دەپ ھېس قىلىدۇ.

چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دا، ئاممىنىڭ قىزغىن تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە ئىتالىيە باش مىنىستىرىنىڭ ھەشەمەتلىك مەخسۇس پويىزى رىمدىن ئايرىلىپ گېرمانىيەگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ ئىنتايىن روھلۇق، كۆز-قاشلىرى ئويناپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇ، تىنچلىق ئۈچۈن قۇتقازغۇچى سۈپىتىدە پۈتۈن دۇنيانىڭ تەنتەنە قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان، شۇڭدەك ھىتلېرنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ رەخمىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. مۇسسولىن يەنە، بىر مەيدان دىپلوماتىك ئۇرۇشتا ئەنگلىيىنى يېڭىپ چىققانلىقىنىمۇ ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ سىئانو بىلەن بىرلىكتە كەچلىك تاماققا ئولتۇرغان ۋاقتىدا، ئۇلارنى دوستانىلىق بىلەن مازاق قىلىپ كۈلۈپ كېتىدۇ: ”ئەگەر بىرەر خەلق ھايۋانلارغا چوقۇنۇشتىن بۇگۈنكى ھالەتكە كېلەلىگەن، ئۇلارغا ئۆي ۋە دوختۇرخانا سېلىش، قەۋرە قاتۇرۇش، ھەتتا شاتۇتلارغىمۇ مىراس قالدۇرىدىغانھالغا كەلگەن بىر دۆلەت، ئىشەنگىنكى، ئۇ دۆلەت رەسمى چىرىگەن بىر دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قالغان گەپلەرنى دېمەيلا تۇرايلى، ئەنگلىيە جەمئىيىتىنىڭ يەنە بىر ئاقۇۋەتى شۇكى، 4 مىليون ئايال ئارتۇق بولۇپ قالغان بولۇپ، بۇ 4 مىليون ئايالنىڭ جىنسى تەلۋى قاندۇرۇلماي، ئۇلار ئۈچۈن بىر مۇنچە سۇئىي مەسىلە پەيدا قىلىۋەتكەن _ مەقسەت، ئۇلارنىڭ بىرەر ئەر كىشىنى باغرىغا ئېلىش ئىمكانى بولمىغاچقا زىھنىگە تەسەللى بېرىش ياكى ئۇنى ھاياجانلاندۇرماقچى بولۇشتىنلا ئىبارەت. ئۇلار ئامالسىز پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى قۇچاغلاشقا مەجبۇر بولغان.“

6

ئەتىسى، 29-سىنتەبىر سەھەردە، فۇھرېرمىۇنخېنغا بېرىپ چېگرا ئوتتۇرسىدا مۇسسولىننى كۈتىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى بىر ئىستىپاقدىشىغا قىلىنغان بىر ھۆرمەتلا

بولۇپ قالماستىن، يەنە ۋەزىيەتنىڭ يېقىندىن بۇيانقى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن مۇسسولىنىغا سۆزلەپ بېرىش پۇرسىتىنىمۇ قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. بۇ ئىككى مۇستەبىت فۇھرېرنىڭ مەخسۇس پويىزىغا ئولتۇرۇپ باۋارىيە مەركىزىگە يېتىپ بارغىنىدا، ھىتلېر ئاشكارىلاپ مۇنداق دەيدۇ: "'غەرپ سېپىلى' ياسىلىشقا باشلىدى دېمەك، ئۇ تەرەپتىن كېلىدىغان ھۇجۇمنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، شۇڭا ئۇ تەرەپتىن خاتىرجەممەن. ئەگەر ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسى راستىنلا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشتەك ئاخماق ھالغا كېلىپ قالغىدەكلا بولىدىكەن، ئۇ ھالدا دۈشمەن ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكى قىلىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا ئۇرۇش ئاخىرلاشقان ھېسابلىنىدۇ." دەيدۇ.

مىيۇنخېن يىغىنىغا قاتنىشىدىغان قالغان ئىككى نەپەر ئەزا ئايروپىلانلىق كېلىدۇ. چىمبېرلىن خېستوندىن ئايرىلىش ۋاقتىدا سىم-سىم يامغۇر يېغىشقا باشلايدۇ. ئۇ مۇخبىرلارغا: "كىچىك ۋاقتىمدا مەن ھەر دائىم 'بىرىنچى قېتىمدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىساڭ، ئۇ ھالدا قايتا-قايتا تىرىش!' دەيتتىم. مانا بۇ، مېنىڭ ھازىرقى قىلىۋاتقىنىم. مەن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا، خۇددى خوسپار 'تۆتىنچى ھېنرىگ' تا سۆزلىگىنىگە ئوخشاش، 'مۇشەققەتلىك توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ' بۇ گۈلنى ئۈزەلىدۇق يەنى بىخەتەرلىكنى قولغا كەلتۈرەلىدۇق، دېيەلەيدىغان بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن." دەيدۇ.

فرانسىيە باش مىنىستىرى "ياشىسۇن دالادى!"، "ياشىسۇن تىنچلىق!" دېگەن شۇئار سادالىرى ئىچىدە رىبگاي ئايرودرومىدا ئايروپىلانغا چىقىدۇ. ئايروپىلان قويۇق تۇمان ئىچىدە ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دىن چارەك ئۆتكەندە، بۇ قوش ماتورلۇق ئايروپىلان مىيۇنخېن ئايرودرومىغا كېلىپ قونىدۇ. فرانسۇۋا پونسېتېي بولسا دالادىنىڭ ئايروپىلاندىن چۈشكە قاراپ تۇراتتى. ئۇ، دالادىنىڭ قاپىقى چىڭ تۈرۈلۈك، كۆز قاپىقىدىكى قورۇقلارمۇ چوڭقۇرلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئايرىلىش ۋاقتىدا، شەھەر ئىچى بەكلا جىددى ۋە سۈرلۈك ھالدا قالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى، نېمىسلارنىڭ شۇنچە يايراپ كەتكەنلىكى ئىدى. بۇ نېمىسلار ئۇلارنىمۇ خۇددى قەھرىمانلارنى كۈتىۋالغاندەك قىزغىن ئالقىش ئىچىدە كۈتىۋېلىشىدۇ.

چىمبېرلىن بولسا چۈش ۋاقتىدىن بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندە كېلىپ قونىدۇ. ئۇمۇ رىچنا مېھمان كۈتىشكە قاراپ يولغا چىققىنىدا يول بويى داغدۇغا بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ. ئۇ مېھمان سارىيىدا بىر قانچە مىنۇت تۇرغاندىن كېيىن ئۈستى ئوچۇق پىكاپ بىلەن يېڭىدىن سېلىنغان فۇھرېر بىناسىغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن ئەنە شۇ يېڭى بىنادا ئېچىلاتتى. بۇ فۇھرېر بىناسى مىللى سوتسىئالىزم پارتىيىسىنىڭ كۆنگرېسستراس مەيدانىنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان بىنالاردىن بىرسى بولۇپ، چوڭ تاشلار بىلەن بەكلا

ھەيۋەتلىك سېلىنغان بولۇپ، بىنانىڭ مەركىزى زالى ھەيران قالغىدەك كەڭتاشا، ئېگىزلىكى 65 فۇت، كەڭلىكى يۈز فۇت كېلەتتى. زالدا ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئىككى تاش پەلەمپەي بار بولۇپ، بۇ پەلەمپەيلەر ئۈدۈل يىغىن زالىغا تۇتىشاتتى.

چېمبېرلىن بىلەن قالغان ئىككى نەپەر كەسپىدىشى قارا رەڭلىك كاستوم كەيگەن بولۇپ، ئۇلار يىغىن زالىغا ئاۋال كىرىدۇ.

ئارقىدىن مۇسسولىن كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ بېشىنى تىك تۇتۇپ مەيدىسىنى كەرگىنىچە يەڭگىل قەدەملەر بىلەن خۇددى بۇ يەرنىڭ ساھىپخانىدەك بەكلا ئەركىن ھەرىكەت قىلاتتى. ئەڭ ئاخىرى يېتىپ كەلگەن كىشى فۇھرېر ئىدى. ئۇ كەسكىن ئەمما غەلىتە بىر قاراش بىلەن دالادىغا خىلىلا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىنى ئاشخانا زالىدىكى ئۈزۈن سۇپىلىق ئۈستەل ئالدىغا ئەركىن سورۇن تەييارلانغان ئىدى. ئۇلار تاماقخانىغا كىرگەندىن كېيىن بىر-بىرىسىگە كۆز يۈگۈرتىشىپ سىپايىلىق بىلەن، ئەمما سوغۇق بىر شەكىلدە قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ھىتلېر، مۇلايىم ۋە سەممىي قىياپەت بىلەن كۆرۈنۈشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. مېھمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى نېمىسچە سۆزلەشنى بىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئەركىن سۆزلىشىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، قاشلىرىنى تۈرگىنىچە مېھمانلارغا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

مېھمانلار ئېھتىياتلىق بىلەن ئىختىيارى تاللاش تامىقىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھىتلېر كۆپچىلىكنى تۆت چاسا بىر بۆلۈمگە باشلاپ كىرىدۇ. بۇ ئۆيدىن كۆنگىستراسمەيدانىنى يوقۇرىدىن كۆزىتىشكە بولاتتى. بۇ ئۆي بەكلا ھەشەمەتلىك بولۇپ، پۈتۈن تاملار خۇرۇم بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئەتراپتا بىر مۇنچە تەشتەك ۋە ھەر تۈرلۈك رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن ئىدى. تامدا يەنە مەرمەردىن ياسالغان بىر تام مەشمۇ بار بولۇپ، ئۇچاقنىڭ ئۈستىگە لۇمباخ سىزغان چوڭ بىر پارچە بىسمارك رەسمى ئېسىلغان ئىدى.

تەييارلىق ئىشلىرى بەكلا يېتەرسىز، شۇنىڭدەك تەشكىللەش ئىشلىرىمۇ ياخشى ئىشلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، يىغىن باشلىنار-باشلانمايلا تەرتىپسىزلىشىشكە باشلاپ، ئاخىرى بىرىپ ھېچ نېمىنى ئۇققىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ. يىغىنىنىڭ نە بىر رەئىسى، نە بىر كۈنتەرتىپى بار ئىدى. شۇنىڭدەك كۆپچىلىك ماقۇللىغان بىرەر تەرتىپمۇ يوق بولغاچقا، يىغىن ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىيارى سۆھبەت تۈسىگە كىرىپ قالىدۇ. ئوتتۇردا يەنە سۇدېت رايونىنىڭ مال-مۈلكى ئۈچۈن چېگرالارغا تۆلەم بېرىش مەسىلىسى تالاش-تارتىشى پەيدا بولۇپ، چېمبېرلىن بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ تىنماي سۆزلىمەكتە ئىدى. بۇ ئەھۋال ھىتلېرنىڭ بەكلا ئارامىنى

بۇزۇۋېتىدۇ. ئۇ ئاخىرى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ: ”جاناپلار، بىزنىڭ ۋاقتىمىز بەكلا قىممەتلىك، بۇ يىغىندا بۇنداق تايىنى يوق ئۇششاق ئىشلارغا ۋاقىت سەرپ قىلالمايمىز،“ دەيدۇ.

بۇ چاغدا مۇسسولىن سۇدىيە مەسلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ بىر پارچە يازما لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدىن كېيىن، يىغىن ئاز-تولا بىر رېتىمگە كىرىشكە باشلايدۇ (بۇ لايىھە ئەسلىدە نېمىسلار تەرىپىدىن يېزىلغان بىر تەكلىپ لايىھەسى ئىدى. ئەمما مۇسسولىن بۇ لايىھەنى ئۆزىنىڭ لايىھىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ). بۇ چاغدا ۋاقىت چۈشتىن كېيىن سائەت 3 بولۇپ قالغان بولۇپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى چۈشلۈك تاماققا چىقىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىشماقتا ئىدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، يىغىن تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ، پۈتۈنلەي تەرتىپسىز ھالغا كىرىپ قالىدۇ. ئادەتتە 3~4 كىشى تەڭلا سۆزلەپ شىمىدتنى تەرجىمە قىلالماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

شۇڭا ئۇ، سۆز ئالغان كىشىنىڭ سۆزى يىغىندا سۆزلىگۈچىلەرنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ ئولتۇرۇپ بولغىنىدىن كېيىنلا ئاندىن داۋاملاشتۇرۇشى كېرەكلىكىدە چىڭ تۇرىۋالىدۇ. دېرىزىنىڭ سىرتىدا تۇرتۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆزىدە، ئۇنىڭ تۇرقى خۇددى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن سىنىپ ئىنتىزامىنى تۈزەشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بىر باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرىغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئەھۋالنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋەتكىنى، يىغىنغا مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭمۇ يىغىن زالىغا كىرىشكە باشلىشى ئىدى. گېۋرىڭ، فرانسۋا پونسېتىي، ھېندېرسون، ئاتورلىك، ۋېيزسىۆكېرقاتارلىق كىشىلەر يانلىرىغا خاتىرە قالدۇرغۇچىسى، كاتىپ ۋە ھەمرالىرىنى ئېلىپ ئىختىيارى بىر شەكىلدە يىغىن زالىغا كىرىپ كېلىشىدۇ. ئۇلار مەيدانغا كىرىشى ھامان ئاساسلىق يىغىن قاتناشقۇچىلىرى قىياپىتىدە ئولتۇرۇشىدۇ. ئەمما ئاساسلىق يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بولسا چوڭ تام مەش ئالدىغا يېرىم دائىرە بولۇپ ئولتۇرۇشقان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، پۈتكۈل يىغىن سورۇنى بىر ھېساپتا خۇددى ئالاھىدە چوڭ قىمار سورۇنىدا چاقپىلەك ئۈستىگە ئېتىلغان ھۇشۇقنىڭ پىرقىراپ بېرىپ چۈشىدىغان ئورنىنى كۈزىتىۋاتقان مەنزىرىگىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

يىغىننى مۇسسولىن باشقۇرماقتا ئىدى. ئۇ تۆت خىل تىلنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بىرسى بولۇپ، قالغان ئۈچ نەپەر يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئارانلا ئۆز ئانا تىلىدىلا سۆزلەشنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ مۇسسولىن ئىنگلىزچىنى بەكلا قىينىلىپ سۆزلىيەلەيتتى. فرانسۇزچىسى ئىتالىيانچىسىدىن پەرقسىز راۋان، ئەمما نېمىسچىسىنى باشقىلار ئاڭلاپ ئوقالىشقا بىر نېمە دېمەكمۇ تەس ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ خۇددى بىرىنچى ئورۇندىكى تەرجىمانغا، تەرتىپسىز بىر خور ئۆمىكىنىڭ رېژىسسورىغا ئوخشاش، ماڭلا بويى سۇنۇقلار دەپ تەلەپ قويىدىغان ئەمما مۇلايىم ۋە يېقىملىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. ئۇ

نىمسچە ھىتلېرغا سۇئال قويىدۇ. بەرگەن جاۋابلىرىنى ئۆز پېتىچە ئەمەس بەلكى ئاساسى مەنىسىنى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ۋەكىللىرىگە تەرجىمە قىلىپ يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ”شۇ كۈنى مەن ھەققەتەنمۇ كۆڭۈللۈك ۋاقىت ئۆتكۈزگەن ئىدىم. دەيدۇ كېيىنچە ئېس-ئېس كاپىتانى دورمانغا (ئۇنى تەرجىمانلىققا ئېلىۋالغان ئىدى)، _ پۈتۈن كىشىلەر دالادى ياكى چېمبېرلىنغا ئەمەس، بەلكى ماڭىلا قاراپ قالغان ئىدى. ئۇ سورۇن ھەققەتەنمۇ بىر كايسېر قاتناشقان يىغىن سورۇنىغىلا ئوخشاپ قالغان. بولار ئېسىڭىزدىدۇ؟“

گۈگۈم چۈشۈشكە ئاز قالغاندا، يىغىن سورۇنىنىڭ ھاۋاسى تېخىمۇ جىددى تۈس ئېلىشقا باشلايدۇ. كېيىن، ئەنگلىيە ئاخىرى بىر پارچە تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئۇنىڭدا سۇدېت ئومۇمىي خەلق ئاۋازغا قويۇلۇشى ۋە چېخنىڭ يېڭى چېگراسىنى خەلقارالىق كاپالەتكە ئىگە قىلىش شەرتىدىن باشقا قالغان شەرتلەر پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىنغان ئىدى. مۇزاكىرىلەر – ئۇزۇۋۇنغا سوزۇلغان ئەمما ئۇنچە بەك شىددەتلىك بولمىغان مۇزاكىرىلەر يوقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە، دورماننى يۇزىگە چۈمپەردە تاقىغان سېھىرلىك بىر ئايال كۆرۈشۈش تەلىۋى بىلەن سىرتقا چاقىرتىلىدۇ. كۈزەتچىخانىدا بۇ ئايالنىڭ ئەسلىدە باشئەلچى ئاتولىكىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ئايال، ھىتلېر ئەپەندىنىڭ ”قىلچە كىچىكتۈرمەي دەرھال“ يىغىننىڭ داۋاملىشىش ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا دەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئايال بۇرۇن رولىتودىكى تاۋاپ قىلغۇچى چىركاۋدا مەريەم ئانىغا نىيىتىنى بىلدۈرگەن: ئەگەر يىغىننىڭ ئېچىلىشى ئوڭۇشلۇق داۋام قىلغان بولسا، دۇنيا تىنچلىقى ساقلانغان ھېسابلىنىپ، بىر تال ئالتۇن رەڭلىك چوڭ بىر موم بىلەن كېلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغانىكەن. پويىزىنىڭ قوزغۇلىشىغا ئازانلا يېرىم سائەت قالغان ئىدى.

دورمان بۇ ئىشنى ئۇدۇل بېرىپ ھىتلېردىن سورىيالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا بېرىپ مۇسسولىن ياكى سىئانودىن سوراش قانداق بولاركىن، دەيدۇ. ياق، ئۇلاردىن سورىساڭ بولمايدۇ؛ بولمىغاندا سەن بېرىپ بىلمەيدىغىنى يوق ھىملېردىن سورىغىن، دەيدۇ ئۇ خانىم. دورمان ئامال يوق بېرىپ ئىمپېرىيە فۇھرېرىغا بۇ گەپنى دەيدۇ. ”دەسلۇۋدە ئۇ بۇ گەپكە ھەيران قالىدۇ. ھەم قىزىق بىر ئىش دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ماڭا، تىنچلىق كاپالەتكە ئېرىشتى، دەپ ئېيتقىن، دېدى.“

قارىغاندا كېلىشىمگە قول قويۇش مۇمكىن بولىدىغان ھالغا كەلگەندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىر قانچە نوقتىنى ئېنىقلىۋېلىش زۆرۈر ئىدى. بۇ چاققا كەلگەندە كەچ كىرىپ سائەتمۇ 8 بولۇپ قالغان ئىدى. ھىتلېرنىڭ تاقىتى قالمايدۇ. ئۇ ئەسلىدە يىغىننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن زىياپەت تەييارلىتىپ قويغان ئىدى. ئەمما ۋاقىتنىڭ

ئۈزۈرشى بىلەن دەستۇرخان ئاللمۇقاچان سۈۋۈپ كېتىدۇ. ھىتلېر مۇزاكىرىنىڭ يەنە بىر قانچە سائەت داۋام قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ يىغىننى توختىتىپ، ئاۋال زىياپەتكە قاتنىشىش تەكلىپ قىلىدۇ. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ۋەكىللىرى بۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمىتىگە تېلېفون قىلىشى كېرەكلىكىنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭ تەكلىۋىنى سىلىقلىق بىلەن رەت قىلىشىدۇ. ئەمما شىمىدت بولسا، ئۇلارنىڭ زىياپەتكە قاتنىشىشقا كۆۋڭلى يوقلۇقىنى ھېس قىلىدۇ. "تىنچلىق قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئابرويى بەكلا ئېغىر زەدىلەنگەن ئىدى." ئەنگلىيە ۋەكىللىرى

ئالدىراش "لېجنا" مېھمانخانىسىغا، فرانسۇزلار بولسا "تۆت پەسىل" مېھمان كۈتۈشكە قايتىشىدۇ. ئۇلار قايتىپ بېرىپ تاماقلىرىنى ياتىقىغا يەتكۈزۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا نېمىسلار بولسا ئىتالىيانلار بىلەن بىرلىكتە فۇھرېر بىناسىدا شامپانسكى ۋە باشقا ئېسىل تائاملار بىلەن غالىبىيىتىنى تەبرىكلىشىدۇ.

ۋەكىللەر قايتىپ كېتىپ مەسلىھەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە تام مەش ئالدىغا يىغىلىپ ئولتۇرغان ۋاقىتتا، سائەتمۇ كەچ 10 دىن ئېشىپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ كېلىشىمنامىنى يەنە قايتىدىن تەپسىلى تۈزىتىپ چىقىشىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشنى تولا كەينىگە سۆرەپ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندىلا ئاندىن پۈتتۈرەلىگەن ئىدى. "ئەسلىدە بۇ كېلىشىمنامە ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ بولغان دېيىشكە بولاتتى. _ دەيدۇ گېۆرىڭ كېيىنچە ئامېرىكىلىق بىر پسىخولوگقا، _ مەيلى چېمبېرلىن بولسۇن ياكى دالادى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرسى چېخوسلوۋاكىيىنى قوتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ھەر قانداق بىر پىداكارلىق كۆرسىتىش ياكى تەۋەككۈلچىلىك قىلىش نىيىتىدە ئەمەس ئىدى. بۇ تەرىپى ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى. چېخوسلوۋاكىيىنىڭ تەقدىرى 3 سائەت ئىچىدىلا بەلگىلىنىپ بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىشنى ئۇزارتىپ تالاش-تارتىش قىلىشى 'كاپالەت بېرىش' دېگەن گەپ ئۈستىدىلا بولغان. ... چېمبېرلىنىنىڭ دىققىتى ئىككى نوقتا ئۈستىگە مەركەزلىشىپ قالغان؛ دالادى بولسا ھېچ بىر ئىشقا دىققەت قىلىپ باقمىدى. ئۇ چېھە ئىش قىلماي ئولتۇرۇپلا بېرىدۇ. _ (گېۆرىڭ كىرىسلوغا سىرىلىپ يۆلەنگىنىچە ئىچى پۇشۇپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ ئولتۇراتتى.) – ئۇنىڭ قىلغىنى باش لىڭشىتىش بىلەن بولۇپ، بىرەر تالمۇ قارشى پىكىر قاتناشتۇرۇپ باقمىدى. ھىتلېر بۇ ئىشلارنى ئەنە شۇنداق بەكلا ئاسان باشقۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلىسام بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەكلا ھەيران قالىمەن. ھەر نېمە دېگەن بىلەن، ئۇلارمۇ سكودا شىركىتى قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ سۇدېتتا ھەربى زاۋۇتلارنى قۇرغان، چېخوسلوۋاكىيە پۈتۈنلەي بىزنىڭ تىزگىنىمىزدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. ... ئۇ، سۇدېت ئەتراپىدىكى بىر قىسىم ھەربى ئەسلىھەلەرنى سۇدېت ئىشغال قىلىنغىنىدىن كېيىن

دەرھال يۆتكەپ كېتىشى كېرەكلىكىنى تەكلىپ قىلغىنىدا، ۋاھ، ئەندى بۇلار قاتتىق نارازىلىق كۆرسىتىپ جېدەل قىلىپ تۇرىۋالىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغان ئىدىم. نەدىكىنى، كۆزنى ئالايتىپمۇ قويۇشمىدى. بىز ئالماقچى بولغان ھەممە نەرسىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدۇق. ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈلمىزدىكىدەك بىر ئىش بولغان ئىدى. بىز ئۇ نەتىجىلەرنى ئەنە شۇنداق قولغا كەلتۈرگەن ئىدۇق.“ (ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىدا، قايىل بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بارمىقى بىلەن قاس چىقىرىپمۇ قويدى.)

تۈن يېرىمى سائەت بىر يېرىم بولغاندا، ھەممە كىشى قوبۇل قىلالايدىغان ھۆججەت رەسمى تۈردە قىزىل ياغاچ سۈپىسى ئۈستىگە، ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن بىر سىيا ئىدىشىنىڭ يېنىغا قويۇلدى. كىلىشىمنامىدا، بىرىنچى ئۆكتەبىردىن باشلاپ سۇدېتتىكى چېكىنىش ئىشلىرى 4 باسقۇچتا تاماملىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنىڭدەك يەنە خەلقئارالىق بىر كومىتېت قۇرۇلۇپ، قايسى تەۋەلەردە ئومۇمخەلق ئاۋازى يولغا قويۇلىدىغانلىقىنى، ھەمدە چېگرانىڭ ئاخىرىدا قانداق بەلگىلىنىدىغانلىقىمۇ كۆرسىتىلگەن ئىدى.

ھىتلېر تولۇق قايىل بولغاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. بىرىنچى بولۇپ قول قويغان كىشى ئۇ ئىدى. ئەمما ئۇ سىيا كوزىسىنىڭ قۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال يېڭىسىنى كەلتۈرگۈزىدۇ. يىغىنغا ئەڭ كەينىدە كىرگەن ھىتلېر، مانا ئەندى سورۇندىن ئاڭ ئاۋال ئايرىلغان كىشى يەنە شۇ ھىتلېر بولغان ئىدى. ”ھىتلېرنىڭ كۆزلىرىدىن غالىبىيەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان ھالدا داغدام قەدەملەر بىلەن فۇھرېر بىناسىنىڭ كەڭتاشا پەلەمپەيدىن چۈشۈپ بىنادىن ئايرىلدۇ.“ بۇ ۋاقىتتىكى مەنزىرە، شۇ يەردە بولغان مۇخپىر ۋىلىيام شىراغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى.

چېمبېرلىن بىلەن دالادى ئىككىسى بىنادا يەنە خېلى ئۇزۇن بىر ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن ئايرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر ئىدى: ئۇلار چېخنىڭ تەقدىرىنى چېخلارغا يەتكۈزۈشى كېرەك ئىدى – چېخلارنىڭ ئىككى نەپەر ۋەكىلى پۈتۈن كۈن تاقەتسىزلىك ئىچىدە ئۇلارنى كۈتمەكتە ئىدى. يېرىم كېچىدىن ئاشقان، سائەت سەھەر 2 دىن چارەك ئۆتكەندە، ئۇ ئىككى ۋەكىل چېمبېرلىن چۈشكەن مېھمان كۈتۈتۇشتىكى ياتىقىغا باشلاپ كىرىلىدۇ. بۇ ئىككى نەپەر ۋەكىل ھۆكۈمنامىنى ئاڭلاپ تۇرغان ۋاقىتتا، ياتاقنىڭ ھاۋاسى كىشىنى نەپەس ئالدۇرمىغىدەك دەرىجىدە بوغۇق ئىدى. چېمبېرلىن بىر مۇنچە سەپسەتە سېتىپ ئۇلارغا چۈشەندۈردى. دالادى بولسا بىر پارچە توختامنامىنى بۇ چېخ ۋەكىللىرىگە ئۇزارتىدۇ. بۇ چاغدا چېمبېرلىن بىرنى چۈشكۈرىۋالىدۇ. چېخلاردىن بىرسى يىغلىۋېتىدۇ. ”ئەپەندىلەر، _ دەيدۇ فرانسۇا پونسېتېي تەسەللى بەرگەچ،

_ بۇ ئىشلار ئىشنىڭ ئاخىرقىسى ھېسابلانمايدۇ. بۇ تېخى ھېكايىنىڭ تېخى باشلىنىش قىسمى. بۇ ھېكايە چوقۇم كونا ئىشلارنىمۇ چۇۋۇپ ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ."

دالادى ئۆيىغا ئىغان ۋاقىتتا، مېھمان كۈتۈشنىڭ سىرتىدىن كىلىۋاتقان تەنتەنە سادالىرىنى ئاڭلاپ ئۆگى ئۆچۈپلا كېتىدۇ. سىرتتىكىلەر بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇسۇل ئوينايتتى. ئۇلار "قەدىرلىك دالادىي قورچاق تېز چىقىپ بىزنى كۆرگىن" دەپ توۋلىشىدۇ. دالادى ئامالسىز ياتاقتىن چىقىپ بالكونغا بېرىپ كىشىلەرگە كۆرۈنىدۇ.

شۇ كۈنى كەچ ۋاقىتلاردا، دالادى ئۈستى ئوچۇق پىكاپلىق ھىتلېر تۇرغان يەرگە ئاخىرقى سۆزلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. يول بويى مىۇنخېن خەلقىنىڭ ئالقىش سادالىرىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئەنگلىيە باش ۋەزىرىنىڭ بۇ قېتىملىق گېرمانىيە سەپىرى تېخىمۇ مۇھىم بولغان يەنە بىر ۋەزىپىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئۇ بىر پارچە قىسقىچە باياناتنى لايىھىسىنى يېزىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ھىتلېرنىڭ قول قويۇشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. بۇ بايانات فۈھرېر بىناسىدا ئىمزالانغان كېلىشىمنامىنىڭ مەزمۇنىدىنمۇ كۆپ تەلەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا ئىدى. بۇ باياناتتا، ئىككى دۆلەت مەڭگۈ بىر-بىرسى بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىق ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. "ئەگەر بۇنىڭغا قول قويۇپ بەرىغانلا بولىدىكەن، _ دەيدۇ ئەتىگەنلىك ناشتىدا پارلامېنت كاتىبىغا، _ بۇ بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىدىغانلا بولىدىكەن، بىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىش قىلىنغانلىق بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا قول قويۇشتىن باش تارتقىنىدا، بىزنىڭ ئا ق ش نى ھىتلېرنىڭ قانداق بىرسى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈش ئاساسىغا ئېرىشكەن بولىمىز."

ھىتلېر بۇ مېمراندۇمنىڭ تەرجىمىسىنى ئاڭلاپ بولۇپ، شۇ ھامات "چاتاق يوق!" دەپ قايتا-قايتا ئېيتقىنىچە تۇلا بەك تىركىشىپ تۇرمايلا قول قويۇپ بېرىدۇ. چېمبېرلىن بۇ باياناتنىڭ بىر نۇسخىسىنى ھىتلېرغا تۇتقۇزۇپ، يەنە بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ئېلىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن، چېمبېرلىن ھىتلېرنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش قىزغىن ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ. ئەمما شىمىدت، گەرچە ھىتلېر بۇنىڭغا كۆرۈنۈشتە ماقۇل بولغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە مەجبۇرى قوشۇلغانلىقى ئېنىق؛ ھىتلېر، چېمبېرلىننى خوشال قىلىش ئۈچۈنلا بۇ باياناتقا قول قويۇپ بەردى دەپ ئويلايمەن. ھىتلېر بۇ يەردە ئۆزىگە قارىتا بىر-بىرسىگە زىت تەسىراتلارنى تارقىتىشنى ئويلىسا كېرەك دەپ قارايمەن. ئۇ خوشلۇقىدىن ئەر خىزمەتچىسىگە، باش ۋەزىر شۇنچە ياشىنىپ قالغان تۇرۇقلۇق يەنىلا ئۆزى بىلەن كۆرۈشكىلى مەخسۇس بۇ يەرلەرگىچە كەلدى. "شۇڭا مەن ئۇنىڭغىمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە نەرسە بەردىم دېسەم بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەندى قايتا ئالدىراپ كېلىپ يۈرمەسلىكى مۇمكىن"

دېگەن. شۇنداقتىمۇ، سەل ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاديۇتانتى گېنېرال مايور گېرخاد ئىنگېلغا، ”مەن بۇ بوۋاينى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، شۇڭا مەن بۇ ئادەم بىلەن داۋاملىق سۆھبەت قىلىپ تۇرۇشنى خالايمەن. ــ دەيدۇ. ئۇ يەنە ئىنگېرغا كاپالەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ، ــ ھەرگىزمۇ تەھدىت يوشۇرۇنغان ھېچ قانداق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىش خىيالىدا ئەمەسمەن. پولشا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىشى بىر يەرگە قېچىپ كەتمىگەندىكىن، باشقا خىياللارنى تاشلاپ مەن ئاۋال قولغا كەلتۈرگەن بۇ ئۇتۇقلىرىمنى سىڭدۈرۈپ بولماىمۇ، قانداق دەيسەن؟“

چەمبېرلىن ئولتۇرغان ئايروپلان سەھەر سائەت 5 تىن 38 مىنۇت ئۆتكەندە خوستونغا قوندى. چەمبېرلىن ئايروپلان ئىشىكىدىن چىقىپ كۆلۈمسىرىگەن قىياپەتتە ھىتلېر بىلەن بىرلىكتە ئىمزالاشقان قولىدىكى ھۆججەتنى پولاڭشىتىدۇ. ”مەن بۇنى قولغا كەلتۈردۈم! ــ دەيدۇ خالىفاكسقا ۋارقىرىغىنىچە، ــ مەن بۇنى قولغا كەلتۈردۈم!“ ئامىمىنىڭ تەنتەنە سادالىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياڭرىماقتا ئىدى. ئۇ دەرھال كىشىلەرگە ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ ئۇنىڭغا يازغان خېتىنى ئوقۇيدۇ. خەتتە ئۇنى ”دەرھال بۇكىڭخام ئوردىسىغا كېلىپ سىزنىڭ مېيۇنخېن سەپىرىدە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىڭىزغا چىن قەلبىمدىن تەبرىكلىشىمگە پۇرسەت بەرگەيسىز،“ دەپ يېزىلغان ئىدى. ئايروپورتتىن ئوردا سارىيىغا بارغىچە بولغان يول ئۈستىدە ئۇ ئىنتايىن كاتتا قارشى ئېلىنىدۇ ــ بۇ بىر قەھرىمانلار ئۇچۇرلا كۆرۈلىدىغان قارشى ئېلىش بولۇپ، بۇنداق كۈتۈۋېلىش ئەنگلىيە تارىخىدىمۇ بەكلا كام كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئىدى. ئۇ بىر شەخسى خېتىدە بۇ مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ كېلىپ، كوچىدا ”باشتىن ئاخىرى ھەر ساھە كىشىلىرى لىق تولغان ئىدى. ئۇلار قاتتىق سادالار بىلەن تەبرىكلەشمەكتە، ۋارقىراپ ئۇنىمۇ پۇتۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار ماشىنامنىڭ دەسسەيدىغان يېرىگە ئېتىلىپ چىقىپ دېرىزىنى چېكىشەتتى، ئەينەكتىن قولىنى ئۇزارتىپ مەن بىلەن قول ئېلىشاتتى“ دەپ يازىدۇ.

پوتكول ئەنگلىيە دېگىدەك ئۇنى تەبرىكلىمەكتە، ئۇنىڭغا رەھمىتىنى بىلدۈرمەكتە ئىدى. ”جەڭ مەيداندىن غالىبىيەت بىلەن قايتقان بىرمۇ فاتىخ بۇنىڭدىن ئارتۇق شۆھرەتكە ئېرىشىپ باققان ئەمەس“ دەپ يازىدۇ لوندون «تايمىس» گېزىتى ئوبزورىدا.

تاننىن كوچىسى 10-نومۇر ئالدىدا، ئۇ كىشىلەر توپى ئەرىپىدىن قورشىۋېلىنىدۇ. كىشىلەر پۇتۇن كوچى بىلەن ۋارقىرىشىپ تەنتەنە قىلىشىپ ھەرگىز تارقىلىپ كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. چەمبېرلىن ئامالسىز، ئېچىق بىر دېرىزە ئالدىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. تەنتەنە سادالىرى بارغانسىرى كۈچىيىپ، ئاخىرى ”سىز ھەققەتەنمۇ ياخشى ئادەم!“ دېگەن ساداغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ دېرىزە تۈۋىدە تۇرغىنىچە ھاياجاندىن

قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. بۇ دىرىزە ئەسلىدە 1878-يىلى دىسلىلىنىڭ بىرلىن يىغىنىدىن قايتىپ كېلىپ "شەرەپلىك تىنچلىق" نى ئېلان قىلغان ۋاقتىدا تۇرغان پەنجىرىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. ئۇ، "دۆلىتىمىز تارىخىدا بۇ ھەقىقەتەنمۇ شەرەپلىك بىر تىنچلىق ھېسابلىنىدۇ. تىنچلىق ئىككى قېتىم گېرمانىيىدىن تاننىن كوچىسىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى زامانىمىزغا تىنچلىق كەلگەنلىكى دەپ قارايمەن" دەيدۇ.

بىر قانچە ھەپتىدىن بۇيانقى بوھران ئاخىرى ئاياقلاشقان ئىدى. ئەنگلىيىدە بەكلا ئاز كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ نەتىجىدىن ھەممە كىشى خوشال ئىدى.

ئەمما، چېخ يېڭى باش مىنىستىرى گېنېرال ئىو. شىلوۋى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، رادىئو ئارقىلىق بىز تاشلىۋېتىلدۇق، ياردەمسىز يالغۇز قالدۇرۇلدۇق، بۇ نۆۋەتتىكى ھۆكۈمەت ميۇنخېننىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قالغان ۋاقتىدا، پراگادا بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ كىم تەنتەنە قىلىشمايدۇ. بۇ گېنېرال، بۇ بىر "ۋەتەن تۇپرىقىنىڭ كېسىپ بېرىۋېتىلىشى بىلەن دۆلەتنىڭ يىمىرىلىپ كېتىشى ئوتتۇرىسىدا بولغان تاللاشنىڭ نەتىجىسى" دەيدۇ.

7

مۇسسولىنىمۇ كاتتا مۇراسىم بىلەن قارشى ئېلىندى. بۇ قېتىمقى قارشى ئېلىش، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دېيىشى بويىچە، 20 يىللىق فاشىزم ھاياتىم جەريانىدىكى ئەڭ كاتتا بىر قېتىملىق قارشى ئېلىنىشىم ھېسابلىنىدۇ، دەيدۇ. ھەر بىر پويىز ئىستانسىسى ۋە كېسىشمە يوللاردا، ساناقسىز ئىنسانلار ئۇنىڭ پويىزىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئىنتايىن ساداقەتلىك بىلەن قارشى ئالدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر يەنە ئۇنى تىزلىنىپ تازىم قىلغىنىچە قارشى ئالدۇ. رىمدا، ئۇ ئۈستى ئوچۇق پىكاپ بىلەن دۆلەت كوچىسىدا ئاستا سۈرئەت بىلەن ئىلگىرلەيدۇ. يېشىل يوپۇرماقلار بىلەن بېزەلگەن غالىبىيەت دەرۋازىسى ئاستىدىن ئۆتتۇۋاتقىنىدا – ئۇ پەقەت كايسېرنىڭلا ئېرىشەلەيدىغان قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالىغان. ماشىنا كالونىيىسى ۋېنىس مەيدانىغا كىرىپ كەلگىنىدە، ھەممە بىردەك "داھىمىز! داھىمىز!" دەپ توۋلىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى نوقتا بولغان بالكوندا كۆرۈلگەن ۋاقتىدا، ئاممىنىڭ تەنتەنە سادالىرى قۇلاقنى ياراتتى. بۇنداق بىر مەنزىرە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بۇنداق بىر قارشى ئېلىنىشقا ھېچ قاچان مۇيەسسەر بولۇپ باقمىغان ئىدى.

شۇنىڭغا قارىماي، ميۇنخېن يىغىنىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى ئارىسىدا دۇنيانىڭ ھەممىدىن بەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان كىشىسى يەنىلا چەمبېرلىن ئىدى. ئۇنىڭ ئورۇق

ۋۇجۇدى ۋە ئىلمەك بۇرنى، ھەر بىر كىشىگە تونۇشلۇق بولغان تىنچلىقنىڭ سىمۋولى ھالىغا كەلگەن ئىدى. سابىق شاھزادە ۋىلىش ئۇنىڭغا مەخپىي مەكتۇپ ئەۋەرتىپ، ”تىنچلىقنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى“ ئۈچۈن رەخمىتىنى بىلدۈرگەن. تەختتىن چۈشۈرۈلگەن گېرمانىيە پادىشاسىمۇ مارىيە خانىشقا مەكتۇپ ئەۋەرتىپ، “قەتئىي ئىشىنىمەنكى، باش ۋەزىر بىر قېتىملىق ئەڭ قورقۇنۇشلۇق ئاپەتتىن ساقلاپ قالدى. ... بۇ بىر تەغدىر ھەم تەڭرىنىڭ كۆرسەتمىسى“ دەپ يازىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى نېمىسلارمۇ ئەنە شۇنداق ھېسسىياتقا ئىگە ئىدى. كىشىلەر بىرىنچى ئۆكتەبىر كۈنى ساھەر ئويغانغىنىدا، ھەممە كىشى دېگىدەك “ئۇلارنىڭ ئارمىيىسى سۇدېتقا بېسىپ كىرگىنىدە قىلچە توسالغۇغا يولۇقمىغاي، دەپ دۇئا قىلىشتى. تاڭ سۈزۈلگەندە، ھىتلېرنىڭ مەخسۇس پويىزى چېخوسلوۋاكىيە چېگرىسىغا يېتىپ بارىدۇ. بىرىنچى بولۇپ ھىتلېرغا ساداقىتىنى بىدۈرگەن گېنېرال _ يەنى لېشئو – ئۇنىڭغا دوكلاد قىلغاندا ئىشلەتكەن سۆزلىرى، ۋىيېدېماننى قاتتىق ھەيران قالدۇرىۋەتكەن ئىدى: ”فۇھرېرىم، قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى بۈگۈن جەڭچىلەرنىڭ ئەڭ ئالى قوماندانىغا بىر قېتىملىق ئەڭ زور قۇربانلىق بېرىشكە ئاتلاندى. يەنى ئۇلار بىر پايمۇ ئوق چىقارماي دۈشمەن زېمىنىگە قاراپ ئىلگىرلەشكە باشلىدى!“ دەيدۇ.

ۋىيېدېمانىر گېرمانىيە گېنېرالىنىڭ بۇنداق ئاخماقانە گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرىدىغانلىقىغا پەقەتلا ئىشەنمەيتتى. بۇ چەغدا يەنە بىر گېنېرالمۇ سۆز قىستۇرۇپ، ”شۇنداق، فۇھرېرىم، بۈگۈن سەھەر مەن بۇرۇنقى تۇرغان پولكىمغا باردىم. چېخلارنىڭ ئاددى ئۆيلىرىگە ھۇجۇم قىلىش چەكلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن نۇرغۇن جەڭچىلەر چىدىماي يىغلىۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم!“ دەيدۇ.

ھىتلېر ئۇلارغا: ”ئەمما تەسلىمىيەتچىلەر ماڭا ئىزچىل تۈردە غۇدىراپ، مېنىڭ سىياسىي يولۇم چوقۇم بىر مەيدان ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېگەنىدەك بىر نېمىلەرنى بىلجىرلاشقان ئىدى!“ دەيدۇ. بۇنداق گەپلەر، يەنە كېلىپ شۇنچە قاتتىق ئېيتىلغان بۇ گەپلەر، ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان ۋىيېدېماننى قاتتىق ھەيران قالدۇرىۋېتىدۇ: ئۇ تەسلىمچىلەر دەپ كىمنى دەيدىغاندۇ؟

باش ۋەزىرلىكتە، ئۆتكەن بىر قانچە سائەتلىك جىددى ۋە ھارغۇزغۇچى پائالىيەتلەر چىمبېرلىننى چارچىتىپ پۈتۈنلەيھالىدىن كەتكۈزىۋەتكەن ئىدى. ”مەن ھاياتىم جەريانىدا ھېچ قاچان بۇنچە چارچىغان ئەمەس ئىدىم. مېنىڭ نېرۋىلىرىم يىمىرلىپ كېتىشكە قىل قالغان ئىدى. _ دەپ ئىخرا بولۇپ يازىدۇ چىمبېرلىن بىر پارچە خېتىدە، _ مان قايتىدىن ئەسلىمگە كېلىۋالمىسام بولمايدۇ. چۈنكى، مەن يەنە پارلامېنتتا يەنە بىر قېتىم ئازاپلىنىشقا

مەجبۇرمەن.“ 3-ئۆكتەبىر دۈشەنبە كۈنى، پالاتا يىغىنى ئېچىلىدۇ. شۇ چاققا كەلگىچە، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاياجىنى بېسىقىپ قالغان، نۇمۇس ئورنىنى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ قالغانلىقتىن كەلگەن يەڭگىللىك ھېسسىياتى ئىگەللىگەن ئىدى. تۇۋەن پالاتادا، داف كۇپ ئىستېپانامە سۇنۇپ، ئىچكى كابىنېتتىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ميۇنخېن مەسىلىسىدىكى بەس مۇنازىرىنى قوزغايدۇ. ئۇ، چېخوسلوۋاكىيىگە تاجاۋۇز قىلىش چوقۇم بىر قېتىملىق ياۋروپا ئۇرۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ دەيدۇ. ”باش ۋەزىر ئېزچىل تۈردە مۇۋاپىق سۆزلەر ئارقىلىق ھىتلېر ئەپەندىنى قايىل قىلىش مۇمكىن دەپ ئىشىنىدۇ. ئەمما مېنىڭ ئىشىنىدىغىنىم بولسا، ھىتلېر دېگەن بۇ ئادەم تۆمۈر مۇشتۇملۇق سۆزلەرنىلا ياخشى كۆرىدۇ.“

قاتتىق ھارغىن ھەمدە بەكلا غەزەپلەنگەن چەمبىرلىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا، مېنىڭ فۇھرېر سارىيىدا ھىتلېر بىلەن كېلىشىمنامە تۈزۈشكەنلىكىمىز ھەققەتەنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتلىك. ھەر ئىككىلا تەرەپتە سەممىيلىك بىلەن ياخشى تىلەكلەر مەۋجۇت؛ ھىتلېر بۇ نوقتىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ كۆرسەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆز گېپىدە تۇرماسلىقى ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىتىپ ئالقىش ياڭراتقاندەك قىلىسىمۇ، يەنىلا قىزغىنلىقى دېگەندەك يوقۇرى ئەمەس ئىدى. چۈنكى پوتكول قورۇلتايىنى بىر تۈرلۈك ھەسرەتلىنىش تۇيغۇسى قاپلىۋالغان ئىدى. مۇنازىرىلىشىش 3 كۈنگىچە داۋام قىلىدۇ، بۇ جەرياندا چېرچىلنىڭ ھىمايە قىلىپ چىققان ئەيىپلىشى مۇنازىرىنى يوقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ”ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى، چېخوسلوۋاكىيە، سۈكۈت ئىچىدە، قاتتىق مەيۈسلەنگەن ھالدا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە پېتىپ قالدى. ئۇلار پارچىلىنىپ تىتىلغىنىچە بىر چەتتە تاشلىنىپ قالدى“ دەيدۇ چېرچىل.

سادىق ۋە جەسۇر ئەنگلىيە خەلقى، بۇ شەرتنامىدىن خەۋەر تاپقىنىدا، ئۆزلىكىدىن ھەم شادلىققا چۆمسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلىنى ياسىشىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇ قىلچىمۇ قىزغانمايدۇ. ”شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ھەققى ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك. ئۇلار، ئۆزۈندىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ مۇداپىيەلىنىش كۈچىنىڭ يېتەرسىز بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭدەك بۇ جەھەتتە بەكلا ئېغىر سەل قاراش بولۇپ كەلەۋاتقانلىقىنى بىلىشى كېرەك؛ ئۇلار يەنە گەرچە ئۇرۇش پارتىلىمىغاندەك قىلغىنى بىلەن، بىز يەنىلا بەكلا ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىلدۇق، بۇنىڭ تەسىرى بەكلا چوڭقۇر، ... بۇ ئىش شۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىدى دەپ ئويلاپ قالماسلىقى، بۇ تېخى ھېسابلىشىشنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك.“

بۇنىڭ ئالدىدا، چەمبىرلىن بىلەن ئۇنى چەكلەپ تۇرغان قول ئاستىدىكىلەر شەرقى

ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسىم (ھىتلېرنىڭ كاپالەت بەرگەن قىسمى) مەسىلىسىدە تۈزۈتۈلگەندىن كېيىنكى ھەل قىلىش چارىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. ئەمما تا بۈگۈنگىچە روشەنكى، فۈھرېرنىڭ پىلانى بۇ تەدبىر بىلەن تۈپتىن زىت، شۇڭىدەك ياراشتۇرۇش ئىمكانىيىتىمۇ يوق ھالدا تۇرماقتا. چېمبېرلىن بىلەن ئۇنىڭ قوغدىنىش كۆڭلىكى ئاجىزلىقىنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالماقتا. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئەنسىرىتىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئادولف ھىتلېردىن ياردەم تىلىدى. ئۇ مەخپىي شەكىلدە ھىتلېرغا خەت يېزىپ، فۈھرېرنىڭ شۇ كۈنى تەنتەربىيە سارىيىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا ”ئەنگلىيە جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش جەھەتتە باش ۋەزىرنى بەلگىلىك بىر شەكىلدە قوللاپ بېرىشىنىڭ مۇمكىن بولۇپ بولماسلىقى“ نى ئېيتقىنىدا، ھىتلېر بۇنىڭغا دەرھال ماقۇل بولۇپ، چېمبېرلىنغا پارلامېنت ئىچىدە قاتتىق ھۇجۇم قىلىۋاتقانلارغا قارشى شىددەت بىلەن رەددىيە بېرىدۇ. ئەسلىدە بۇنداق بىر كۆڭۈل ياساش بىلەن بۇنداق بىر ياردەم ئەسلىدە بىھاجەت ئىدى. ئەتىسى، يەنى 6-ئۆكتەبىر كۈنى تۆۋەن پالاتا ئالدىراشلىق بىلەن چېمبېرلىننىڭ سىياسىي تىنى تەستىقلايدۇ. بۇ سىياسەت بويىچە، يېقىنقى بوھران جەريانىدا ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ قېلىندى. ئاۋاز نەتىجىسى 366 نەپەر قوللاپ ئاۋاز بەرگەن بولسا، 144 قارشى ئاۋاز بېرىدۇ. 35 نەپەر خائىنلىق قىلغۇچى _ بۇلارنىڭ ئارىسىدا گۇب، ئېيتىن ۋە چېرچىلمۇ بار _ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىدۇ.

يوقۇرىقى ئۈچ نەپەر كىشىنىڭ ھۇجۇم قىلىشلىرى بېرلىندا بەكلا ئېغىر تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ھىرلېر ئۇ ئۈچەيلەننىڭ چېمبېرلىنغا قىلغان ھۇجۇملىرىنىڭ ھەر بىر سۆزىنى كىشىلىككە قىلىنغان ھاقارات دەپ قارايدۇ. بۇ شەرتنامىنى ئىمزالاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئىنتايىن خوشال ھالدا فۈھرېر بىناسىدىن چىقىۋېتىپ چېخ مەسىلىسى بىراقلا مەڭگۈلۈك ھەل قىلىنغانلىقىغا ئىشىنەتتى. _ بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئادىيۇتانتى بىلەن ھەمرالىرىنىڭ ھەممىسىلا قوشۇلاتتى. ئۇمۇ بۇنداق بىر سودىدا چىن كۆڭلىدىن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان بولغان ئىدى.

ئەمما ئەنگلىيىدىكى بىرلىشىپ ئەيىپلەش سادالىرى بۇلارنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ۋىلھېلم كوچىسىدا، بۇ ھەقتە ئوتتۇرىغا چىققان ھەر تۈردىكى گەپ-سۆزلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ قولىقىغا يېتىشكە باشلىغانلىقىنى، رىببېنتروپ بىلەن ھىملېر ئىككىسى ھىتلېرنىڭ چېچىلغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ مىيۇنخېندا ئۇ غەرب دېموكراتىك ئەللىرىنىڭ ئۇرۇش ۋەھىمىسى پسىخولوگىيىسىدىن تولۇق پايدىلانمىدى، ئەنگلىيىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسىدى ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق بۇندىن كېيىن قۇراللىنىش ياخشىلانغاندىن كېيىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش، دېگەندەك گەپلەرنى ھىتلېرغا

يەتكۈزگەنلىك توغرىلىق گەپلەر ئېقىپ يۈرەتتى.

فرانسۋا پونسېتىي بۇ تۈردىكى نارازىلىق ھېسسىياتلىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھىتلېرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېغىر بېسىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھىتلېرنىڭ فرانسىيە بىلەن چىمبىرلىن بىلەن ئىمزالاشقىنىدەك بىر كېلىشىم ئىمزالىشىنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىدۇ. "مېنىڭچە بولغاندا، ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ كېلىشىملەرنىڭ ئىمزالىنىش ئېھتىمالى بارلىقى بارلىقى ئېنىق. بۇ تۈردىكى كېلىشىمنامىلار بەلكىم ئىقتىسادىي جەھەتتە، ياكى مالىيە جەھەتتە ئوتتۇرىغا چىقىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بەلكىم بۇ تۈر كېلىشىملەر ياۋروپانىڭ تەشكىللىنىشىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ قاراشلىرىنى زوراۋانلىقسىز ھەرىكەت مەنزىرىسىگە ۋە يۈزلىنىشىگە يېتەكلەشنى ئارزۇ قىلىمەن."

ئەمما ھىتلېر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەم ئىكەن. (بىرتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ كونا نامى) نىڭ ئۆزىنى ئالدىۋەتكەنلىكىگە يا رەسمى ئىشىنەتتى يا بولمىسا ئۆزىنى ئىشەندۈرۈپ يۈرەتتى. 9-ئۆكتەبىر كۈنى، ئۇ ساربروكېندا ئىنتايىن رەھىمسىزلەرچە سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىدا بۇنداق خىيالنى پۈرىتىپ ئۆتۈپ، ئەنگلىيىنىڭ مۇئامىلىسىنى بىر ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مۇئامىلىسىگە ئوخشىتىدۇ. ئۇ كەينىدىنلا چېرچىل، گوب ۋە ئىيتىن قاتارلىق قارا نىيەتلىك ئۈچ نەپەر ھارىۋاكەشلەرگە ھۇجۇم قىلغىنىدا ئىشلەتكەن سۆزلىرىنىڭ زەھەرلىكلىكى تەنتەربىيە سارىيىدا سۆزلىگەن نۇتقىدىكىدىنمۇ كۆپ ئېغىر ئىدى.ئۈچ كۈندىن كېيىن، ھىتلېرنىڭ تىللاشلىرى ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە، مىيۇنخېن كېلىشىمىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس قۇرۇلغان خەلقئارالىق كومىتېت ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق ئومۇمىي خەلق ئاۋازغا قويۇش سايلىمى ئۆتكۈزمەسلىككە بىردەك قوشۇلغان ئىدى.

بۇ كومىتېت ئەزالىرى ئاللىمۇقاچان ھىتلېرنىڭ تەلۇكىگە بويۇن ئېگىپ بولغان، يەنى 1910-يىلقى نوپۇس تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇ رايونلارنىڭ ئىمپېرىيىگە كېسىپ بېرىلىشى كېرەكلىكىگە قارار بېرىشكەن ئىدى. ئەھۋال بارغانسىرى روشەنلىشىشكە باشلايدۇ: ئەسلىدىكى شەرتنامە ئاللىمۇقاچان بۇرمىلىنىپ بولغان بولۇپ، چېخلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇداپىيە لىنىيىسىنىمۇ تارتتۇرۇپ قويغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئۆكتەبىر ئوتتۇرلىرىدا، فرانسۋا پونسېتىي ھىتلېرنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مەنتىقلىق بولۇشقا چاقىرىدۇ. بۇ چاقىرىقنى ئۇ رىمغا يۆتكىلىپ يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئاۋال فۈھرېر بىلەن ئۆتكۈزگەن خوشلىشىش زىياپىتىدە سۆزلىگەن ئىدى. ھىتلېر بۇ باش ئەلچىنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، ئۇ فرانسىيە باش ئەلچىسىنىڭ يەتتە يىلدىن

بىرى بىرلىندا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە رەخمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى كىرىستان تاغ بىشىغا (تەكشىلىكتىن بىر مىل ئىگىزلىككە) سېلىنغان چايخانىسىغا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ چايخانا، بورماننىڭ زىرىكمەي قۇماندانلىقى ئاستىدا سېلىنغان بىر چايخانا بولۇپ، ئىپتىشلارغا قارىغاندا بۇ چايخانىنىڭ سېلىنىشى ئۈچۈن ئۈچ مىليون مارك پۇل ئىشلىتىلگەن. بىناكارلىق نوقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر يېڭىلىق ھېسابلىناتتى. بىرگخوفتىكى تاغ بىشىغىچە بولغان 5 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى ئاسفالت يولنىڭ ياسىلىشىمۇ ئەنە شۇنداق بىر يېڭىلىق ھېسابلىناتتى. بۇ يول بەكلا ئەگرى-توقاي بىر يول بولۇپ، ئاساسەن تاغ ئارىسىدىن تاشلارنى پارتلىتىپ يۈرۈپ ئېچىلغان بىر يول ئىدى. بۇنى ياساش جەريانىدا ھەتتا بىر قانچە ئادەممۇ قازادا ئۆلگەن ئىكەن. فرانسۇا پونسېتپي ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، بۇ يول بويىچە تاغقا يامىشىپ چىقىپ تاغ چوققىسىنىڭ ئاستىدىن ئۈيۈپ ياسالغان تۇنېل ئىچىگە كىرىدۇ. كورىدورنىڭ ئۈچىغا بارغاندىن كېيىن، سېرىق مىس بىلەن زىننەتلەنگەن يان تۇتقۇچلۇق پەلەمپەي لىفتىگە چىقىدۇ. بۇ لىفتنىڭ ئۆلى پۈتۈنلەي گرانت تاش ئۈستىگە ئۈيۈپ ياسالغان ئىدى. يوقۇرى ئۆرلەپ تەخمىنەن 400 فۇت كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، فرانسۇا پونسېتپي بىر ئارىلىققا كىلىپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ ئارىلىقتىكى تىرەكلەرنىڭ ھەممىسىلا كونا رىم پاسونى تۈرۈكلەر ئىدى. بۇ كورىدورنىڭ ئۈچى بىرىپ يۇملاق بىر ئەينەك زالغا تۇتىشاتتى. ئاغزى ئوچۇق چوڭ تام مەشتە لىمدەك چوڭلۇقتا كۆتەكلەر يېنىپ تۇراتتى. زالنىڭ ئەتراپى تاغ تىزمىلىرى بىلەن قورشالغان بولۇپ، بۇ فرانسۇز گويا ئۆزىنى بىر ئاسمان بوشلۇقىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ. كەچ كۈزنىڭ ئىللىق كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرغان بۇ مەنزىرە، كىشىنى خۇددى بىر خىيالى ئەرشىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدۇرۇپ ھەقىقەتەنمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.

فرانسىيە باش ئەلچىسى بىلەن فۈھرېر ئىككىسى ئەنە شۇنداق ئاجايىپ مەنزىرىلىك بىر مۇھىتتا تۇرماقتا ئىدى ــ ھىتلېر بۇ يەرگە بۇرۇن نەچچە قېتىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ يەرنىڭ ھەشەمەتلىك مەنزىرىسىدىن زىرىكىشكە باشلىغان ئىدى. يەنى بۇ قېتىم ئۇنىڭ بۇ يەردە ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى بولۇپ قالىدۇ. ھىتلېر تاتارغان، بەكلا ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئۇ، ميۇنخېن شەرتنامىسىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتلەر ئۆزىنى بەكلا ئۇمىتسىزلەندۈرۈپ قويغانلىقىنى، بوھراننىڭ خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى، ئەسلىدە ئەگەر ۋەزىيەت ياخشىلانمايدىغانلا بولىدىكەن، بۇ بوھران تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا، بىرتانىيە "قولغا قۇرال ئالايلى دەپ كۆچەپ تەھدىت سالماقتا دەيدۇ.

باش ئەلچى ئۇنىڭغا، تىنچلىق ساقلانغاندىن كېيىن كىشىلەر بەكلا ھاياجانلىنىپ

كېتىشتى؛ شۇڭا تەبىئىي ھالدا بەزى قارشىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان گەپ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىتلېرنىڭ ئۆزىمۇ سارىبۇكىندا قاتتىق سۆزلىگەن ئېغىر نۇتقىمۇ بۇنداق بىر تەسىرنىڭ يېيىلىشىغا سەۋەب بولۇپ بەرگەنلىكىنى، يەنى چېخلارنىڭ قۇربانلىقى پەقەتلا گېرمانىيىنىڭ ئىشتىيىنى ئېچىپ بەرگەنلىكىنى، شۇڭلاشقا، ميۇنخېن ئەھدىنامىسىغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئورنىنى ئۈستۈرۈپ بەرگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ھىتلېر ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرىگە رەددىيە بېرىدۇ. بوگۇنكى ئاۋارىچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنگلىزلار پەيدا قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ فرانسىيىگە قارشى بىرمۇ ئېغىز گەپ قىلمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھىتلېر، چېخلارغا قارىتا مۇئامىلە قىلىش ئۇسلۇبىنى ئاقلاشقا تىرىشىۋاتقىنىدا، فرانسۇا پونسېتىيئۇنىڭ گېپىنى كېسىپ، ئۆتكەن ئىشلارنى تەكىتلەۋەرمەسلىكىنى، مۇھىم بولىۋاتقىنى كېلەچەكتىكى ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. دېموكراتىك دۆلەتلەر بىلەن مۇستەبىت دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۆزئارا دوستانە مۇناسىۋەت قۇرۇپ ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى، "تەدرىجى تۈردە ياۋروپانى تېخىمۇ مۇقىم، تېخىمۇ نورمال يولغا قاراپ تەرەققى قىلىشقا يېتەكلەش مۇمكىنلىكىنى" كۆرسەتمەكتە، دەيدۇ. گېپىنىڭ كېسىۋېتىلىشى، ياكى بۇ دېيىشلىرىگە ھىتلېر قىلچە نارازىلىق ئىپادىسىدە بولمايدۇ. ئەكسىنچە، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە تەييارلىق قىلىپ قويدۇم، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

فرانسۇا پونسېتىيتاغدىن چۈشۈۋېتىپ بۇ قېتىمقى سۆھبەتنى قايتا كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزىدۇ. "نەيرەڭۋازلىق قىلىپ ھېچ نېمىنى ئاڭلىماس بولىۋالىدىغان بەكلا زىددىيەتلىك بەكلا تۇراقسىز بىرسى ئىكەن. ـ دەپ يازىدۇ پارىژغا سۇنغان دوكلاتىدا، ـ ئۇ ئىنتايىن سىلىق، تەبىئەت مەنزىرىسىنى ياخشى كۆرىدىغان، دەستىخاندا ئولتۇرۇپ ياۋروپا سىياسىيتىنى مۇھاكىمە قىلىشقىنىدا ھەممە دېگىنى ئورۇنلۇق كۆرۈنگىنى بىلەن، يەنە شۇ ئادەم تۇيۇقسىزلا ھەددىدىن تاشقىرى ئەسەبى، خۇدنى يوقۇتۇپ ھېچ نېمىنى ئويلىمايدىغان، پۈتۈنلەي يامان نىيەتلىك بىرسىگە ئايلىنىپ قالالايدىكەن. بەزىدە ئۇ گلوبۇس خەرىتىسى ئالدىدا تۇرۇۋېلىپ ھەر قايسى ئەللەرنىڭ، ھەر قايسى قىتئەلەرنىڭ تارىخى بىلەن جوغراپىيىلىك ئورنىنى بىراقلا ئۆزگەرتىۋېتىشنى خىيال قىلىدىغان رەسمى ئەقلىدىن ئازغان تەڭرى قىياپىتىگە كىرىپمۇ قالالايدىكەن. يەنە بەزىدە پۈتۈن قەلبى بىلەن ئەڭ ئۇلۇغ خاتىرە مۇنارىسى تىكلەش ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى تىنچلىق قەھرىمانى قىياپىتىدە خام خىيال قىلىپ كېتىدىكەن."

فوھرېردە كۆرۈلگەن بۇ تۈردىكى ئاشكارە زىتلىقلار نۇرغۇنلىغان چەتئەللىكلەر نەزىرىدە ئۇ چوقۇم بىر ساراڭ دېگەن ئۇقۇمنى پەيدا قىلاتتى. ئەنە شۇنداق ئويلايدىغانلار

قاتارىدا شۇ كۈنلەردە لوندونغا بېرىۋالغان سىگمۇند فرېئۇد دېگەن بىرىمۇ بار ئىدى. "ساراڭنىڭ نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىغا كېسىپ ھۆكۈم قىلماق بەكلا تەس. _ دەيدۇ فرېئۇد ئۆزىنىڭ ئامېرىكىلىق بىر مورتىغا، _ ساڭا مەلۇم بولغىنىدەك ئۇ بىر ئاۋستىرىيىلىك، ئۇ ئاۋستىرىيىدە نۇرغۇن يىللارنى بەكلا جاپالىق ئۆتكەزگەن بىرسى؛" شۇڭا ھىتلېر ئاۋستىرىيىنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىشتا كاللىسى بەكلا قىزىپ كەتكەن.

ھىتلېرنىڭ بۇرۇنقى بىر ئەگەشكۈچىسى بولغان خانفىستايىنگىل گېرمانىيىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە نۇرغۇن قېتىم فۇھرېر ئۈستىدە بىرلىكتە مۇھاكىمە-ئانالىز قىلىشقان دوكتور كارل گۇستاۋ جيۇڭ (جيۇڭ _ يۇڭ دەپمۇ ئوقۇلىدۇ، _ پسىخوئانالىز ئىلمىنىڭ كەشپىياتچىسى سىگمۇن فرېئۇدنىڭ ئەڭ مۇھىم شاگىرتى ۋە سابىق ئىزباسارى بولغان شىۋىتسىيىلىك. كېيىن فرېئۇدنىڭ ئادەم روھى كۈچىنىڭ مەنبەسى جىنسى ھەۋەس كۈچى ئاساسىدا شەكىللەنگەن لىبىدو دەيدىغان قارىشىغا تەنقىدى پىكىر قىلىپ ئۆزىنىڭ تارىخى يۇشۇرۇن ئاڭ ياكى كوللىكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ، يەنى تارىختىن بۇيان جوغلىنىپ كېلىۋاتقان كوللىكتىپنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ خاتىرىلەر جوغلانمىسى ئىنسان روھى كۈچ تۈرتكىسىدۇر، دېگەنىدەك بىر يېڭىچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەتىجىدە ئۇستازىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ، فرېئۇدنىڭ يەنە بىر مۇھىم شاگىرتى بولغان ئادلېر ئوتتۇرىغا قويغان كىشىلىك پسىخوئانالىز تەلىماتىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى يېڭىچە سوتسىئال پسىخولوگىيە، ھەتتا مىللىي پسىخولوگىيە ئانالىز ئۇسۇلى ھېسابلىنىدىغان كوللىكتىپ يۇشۇرۇن ئاڭ تەلىماتىنى ۋە شۇ ئاساستا ئاتاغلىق كىشىلەرنى ۋە ئىنسانىيەت روھىي پائالىيەت ھادىسىلىرىنىڭ نەتىجىسى بولغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەرن ئانالىز قىلىشنىڭ سوتسىئال پسىخوئانالىز ئۇسلۇبىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. _ ئۇ.ت) نىڭ بولسا بۇ جەھەتتە يەنىمۇ باشقىچە كۆزقاراشلىرى بار ئىدى. دوكتور جيۇڭ، شۇ يىلى ئۆكتەبىردە پراگادىن قايتىپ كەلگەن دوكتور ھ. ر. نىكقا مۇنداق دەيدۇ: "مىدىتسىنادا، ھىتلېر، مىجەزنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئادەم تىپىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈنىشىدىن بىرەر كۈچ-قۇۋۋەت ئىپادىلەنمەيدۇ؛ ئۇنىڭ كۆرۈنىشىدىكى تىپىك ئالاھىدىلىك، ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ مۆگىدەپ قالغانلىقى. ئۇنىڭ چېخوسلوۋاكىيە كرىزىسىدا تارتىلغان رەسىمىدە مەن ئۇنىڭ بۇنداق مۆگۈدەش ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلغان ئىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئالدىن پەرەز قىلغۇچىنىڭ روھى ھالىتى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى." دوكتور نىك بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جيۇڭدىن سورايدۇ: نېمە ئۈچۈن ھىتلېرغا ھەر بىر نېمىس دېگىدەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چوقۇنۇپ كېتەلەيدۇ-يۇ، ئۇنىڭغا دىققىتىنى بەرگەن بىرمۇ چەتئەللىك يوق دېيەرلىك؟ "ئۇ دېگەن بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنىڭ بىلىنمىگەن ئېڭىدا گېرمانىيە تەغدىرى ھەققىدىكى

ئويلىرى بىلەن ھېسسىياتلىرىنى ھەر بىر نېمىسقا ئۇقتۇرالىغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغىنىدىن كېيىن، ھەر بىر گېرمانىيە روھىنى رەڭدار بوياق بىلەن تىپىك گېرمانىيە بىزارلىقىنى بويىۋېتەلىگەن _ گېرمانىيە باشقىلاردىن پەس تۇرىدۇ، ئىككىنچى دەرىجىدىكى ئادەملەر، زىياپەتكە دائىم كېچىكىپ كېلىدىغان كىشىلەر، دەيدىغان ئۆزىنى پەس كۆرۈش روھىنى سىڭدۈرىۋېتىدۇ. ئەسلىدە ھىتلېرنىڭ كۈچى سىياسىي كۈچ ئەمەس بەلكى بىر تۈرلۈك سېھرىگەرنىڭ كۈچىدەك بىر كۈچ.“ ھىتلېرنىڭ سىرى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ (يۇشۇرۇن ئاڭ، ۋىيېننالىق ئاتاغلىق پسىخولوگنىڭ پسىخوئانالىز تەلىماتى ئاساسىدا ئادەم تەپەككۇر دائىرىسى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدىكەن، بۇلار كىشىنىڭ ئۆزىگە بىلىنىدىغان مەۋھۇم رايون، يەنى ئاشكارە ئاڭ ۋە بىلىنمەس مەۋھۇم رايون، يەنى يوشۇرۇن ئاڭ دەپ ئاتىلىدىكەن. ئا. بوران تەرجىمە قىلىپ تور بەتلىرىگە قويۇلۇۋاتقان «فرېئۇد تەرجىمھالى» غا قاراڭ. _ ئۇ.ت) ھەرىكىتى تەرىپىدىن باشقۇرۇشىغا يول قويالايدىغانلىقىدۇر. ئۇنى مۇنداق بىرسىگە ئوخشىتالىشىمىز مۇمكىن: بۇنداق بىر ئادەم پۈتۈن دىققىتىنى بىر يەرگە توپلاپ قانداقتۇ بىر يەرلەردىن كېلىۋاتقان سېھىرلىك پىچىرلىغان تەكلىپلەرنى ئاڭلىيالايدۇ. “ئاندىن بۇ تەكلىپ بويىچە ھەرىكەت قىلالايدۇ. بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئوبيېكتىۋىمىزنىڭ ئەھۋالغا باغلاشتۇرۇپ ئېيتقىنىمىزدا، گەرچە بىزدىكى يۇشۇرۇن ئاڭ بەزىدە چۈش ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرسىتەلىسىمۇ، بىزنىڭ زېھنىمىز، بىزنىڭ پىكىر قىلىش يەرلىرىمىز بەك كۆپ بولغاچقا، يۇشۇرۇن ئاڭ ئۇچۇرلىرىغا بەك بوي سۇنۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ھىتلېر بۇلارنى ئاڭلاپلا قالماي، ئۇنىڭغا يەنە بويمۇ سۇنىدۇ. ھەقىقى رەھبەر ئەسلىدە دائىم دېگىدەك رەھبەرلىك قىلىنغان بىرسىدۇر.“ ھىتلېرنىڭ ئېيتىۋاتقىنى پۈتۈنلەي تېۋتونلار ”ناخشىسى“ بولۇپ، بۇنداق بىر ”ناخشا“ نېمىسلارنىڭ قۇلىقىغا بەكلا خۇشياقاتتى. شۇڭا، نېمىسلار ھىتلېرنى ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىلى ھېساپلاشتى. ھىتلېر ئەسلىدە ئېپتىدائى ئادەملىكنى كۈشكۈرتەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بىر سىياسىي يون، نېمىسلارنىڭ تارىخي قەبىلىلىرىنىڭ بۈگۈنكى ساداچىسى ئىدى.

جيۇڭ، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسى چېخلارغا بەرگەن يېڭى كاپالەتلىك ۋەدىسى بويىچە ئىش قىلىشنى خالىمايدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ”ئۆزىنىڭ گېپىدە تۇرىدىغان بىرمۇ دۆلەت يوق. دۆلەت دېگەن نېمە قىلارنى بىلەلمەي مىغىلداپ تۇرىدىغان چوڭ بىر يۇپۇرماق قۇرتىغىلا ئوخشايدۇ. ئۇ نېمىگە ئەگىششى كېرەك؟ بەلكىم تەغدىرگە. دۆلەت دېگەندە ۋىژدان دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭدا ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش دەيدىغان بىر مەجبۇرىيەتمۇ يوق.“ شۇنداق بولغاچقا، يەنە نېمە ئۈچۈن ھىتلېردىن

ۋەدىسىدە تۇرۇشنى ئۈمىت قىلىش كېرەك؟ چۈنكى، ھىتلېر دېمەك _ دۆلەت دېمەكتۇر“ دەيدۇ بۇ ئاتاغلىق پسىخولوگ.

داۋامىنى ئىككىنچى كىتاپتىن ئوقۇۋېلىڭ.

ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن

{2013-يىلى دېكابىر}